# ئۇيغۇر تىلىنىڭ

# ئىزاھلىق لۇغىتى

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر تىل-يېزىق
خىزمىتى كومىتېتى لۇغەت بۆلۈمى تۈزگەن

## ۋ — ي

مىللەتلەر نەشرىياتى
1998

تۈزگۈچىلەر:
**ئابلىز ياقۇپ، غەنىزات غەيۇرانى، ھەمدۇللا ئابدۇراخمان، ئىسمائىل قادىر، پەرھات نۇر، ئابلىز ئەمەت، ئەسقەر ئابدۇقادىر، ئابدۇزاھىر تاھىر، ئابلىكىم رېھىمجان**

مەسئۇل مۇھەررىرلەر:
**ئابلىز ياقۇپ، غەنىزات غەيۇرانى**

كوررېكتورلار:
**ئابلىز ئەمەت، ئەلانۇر ئىمىن**

كومپيۇتېردا خەت كىرگۈزگۈچى:
**رەيھان ھامۇت**

# مۇندەرىجە

**لۇغەت تېكستى:**


ۋ ........ 1
ئې ........ 60
ئى ........ 141
ي ........ 395


**قوشۇمچە :**


ئۇيغۇر تىلىدىكى سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچىلار ........ 787
ئۇيغۇر تىلىدىكى سۆز تۈرلىگۈچى قوشۇمچىلار ........ 795
ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرى ........ 807
شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ يېزىدىن يۇقىرى مەمۇرىي رايونلارغا بۆلۈنۈشى ........ 883
ئەبجەد ھېسابى ۋە ھەرپىنىڭ رەقەم بويىچە ئىپادىلىنىش جەدۋىلى ........ 900
ئەبجەد ھېسابى بويىچە يىل ھېسابلاش جەدۋىلى ........ 901
مىلادىيە، ھىجرىيە، شەمسىيە ئايلىرى ۋە مەۋسۇملارنىڭ ئايلار بويىچە بۆلۈنۈشى بىلەن
باشلىنىش ۋاقتى، مۆچەللەر جەدۋىلى ........ 902
ئۆلچەم بىرلىكلىرى ........ 903

# ۋ

**ۋ** ① ئۇيغۇر ئېلىپبەسىنىڭ 29-ھەرپى. ② رەت تەرتىپى جەھەتتە يىگىرمە توققۇزىنچىنى كۆرسىتىدۇ.

**ۋابا** ئى (ئە) <تىب> ① تېز تارقىلىشچان ئۆتكۈر يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئومۇمىي نامى: ۋابا تارقالماق. ۋابا ئىلاھى. ② كۆچمە. ئاپەت، كۈلپەت قاتارلىق كۆڭۈلسىز ھادىسىلەر: شەرقتىن بىر سادا كەلدى، شۇئىرغان جۇت ھاۋا كەلدى. تۆتەك باسقان ئاراللاردىن، سېرىق شەيتان ۋابا كەلدى.

**ۋابا كېسىلى** <تىب> ← **ۋابا.**

**ۋابا ئىلاھى** رىۋايەتلەردىكى ۋابا كېسىلىنى تارقىتىدىغان بىر ئىلاھ: ۋابا ئىلاھىنى ئۇزىتىش.

**ۋابال** ئى (ئە) يېزت. ئۇۋال: رەھىم قىلىڭ بەگ، خۇدا يولىدا ۋابال ئەمەسمۇ بۇ گۆدەككە. * — دەرھال ئۆزىڭىزنى بىر ياققا ئېلىڭ، بىزگە ۋابالىڭىز قالمىسۇن، ئۇ سىزنى كۆرسە ھالاك قىلىدۇ، — دېدى. * بۇ يەردىن تېز كېتىڭ، ئۇ كېلىپ قالسا سىزگە ۋابال قىلىۋېتىدۇ.

**ۋابال بولماق** يېز ت. ئۇۋال بولماق: سېپىل ياقىسى پوتەي، يۇرتىنىڭ كاتتىسى دوتەي. خار بولدۇم، ۋابال بولدۇم، دەرد دەردىدىن مەن كېتەي. * — تەقسىر، مۇنداق قىلىنسا بۇ بىچارىگە كۆپ ۋابال بولۇرمىكىن؟ قايتىدىن بىر تەكشۈرۈپ كۆرۈلسە، — دېدى ئۇ قازىغا.

**ۋابال قىلماق** ئۇۋال قىلماق: ئۇ خەلققە مەجبۇرىي ئەلتېرە يىغدۇرۇپ، خەلقنىڭ ئالغان باھاسىدىن كەم ھېسابلاپ، كۆپ كىشىلەرگە ۋابال قىلدى.

**ۋاپا** ئى (ئە) دوستىغا، يارىغا ۋە يېقىن كىشىلىرىگە بولغان ساداقەت؛ كۆيۈم، سۆزىدە قەتئىي تۇرۇش، ۋەدىسىگە ئەمەل قىلىش: ۋاپاغا جاپا قىلماق. * چىرايلىقتا ۋاپا يوق (ماقال). * ئىت ۋاپا، خوتۇن جاپا (ماقال). * ۋاپا تاق، جاپا جۈپ (ماقال). * ھۆي ۋاپاسىز مۇناپىق! — دېدى رەيھان ئۇنىڭ ئارقىسىدىن نەپرەتلەنگەن ھالدا.

**ۋاپاغا جاپا قىلماق** ياخشىلىققا يامانلىق

قىلماق: — سەن ئەتراپىڭدىكى مەككارلارنىڭ ئىشى بىلەن مېنى تېخىمۇ ئېغىر كۆڭۈلەرگە سېلىپ، ۋاپاغا جاپا قىلدىڭ، خەير ئەمدى، مەن ئۆز يۇرتۇمغا كېتىۋالاي، — دەپ يولغا راۋان بولۇپتۇ.

**ۋاپا قىلماق** ساداقەتنى كۆرسەتمەك، ۋەدىسىگە ئەمەل قىلماق: مەن ۋەدەمگە ۋاپا قىلىمەن.

**ۋاپات** ئى (ئە) ئۆلۈم: ھېلىقى ئۆيدىكى قىز نۆردۈننىڭ ۋاپات بولغان ئۇستىسىنىڭ قىزى ئىكەن.

**ۋاپات بولماق** ئۆلمەك، جان ئۈزمەك: ئۇ تۈنۈگۈن ۋاپات بولدى.

**ۋاپات قىلماق** ۋاپات بولماق، ئۆلمەك: ئاڭلىدىم، دادىڭىز ۋاپات قىلىپ كېتىپتۇ، — دېدى ئۇ تەسەللى بېرىپ.

**ۋاپادار** (ئە+پ) سۈپ. ① ئەھدىسىنى بۇزمايدىغان، سۆزىگە، ۋەدىسىگە قاتتىق ئەمەل قىلىدىغان؛ سەممىي، سادىق: ۋاپاسىز قېرىنداشتىن، ۋاپادار ئاشنا ياخشى (ماقال). * ئۇنىڭ ۋاپادار ئادىمى مەن، باينىڭ ھويلىسىدا مەندىن باشقا كىممۇ ئۇنىڭ ھالىغا يېتەتتى. ② ئى. سادىق ھەمراھى، جۈپتى: كۆز مۇنچىقىم، ۋاپادارىم ياخشى قال.

**ۋاپادارلىق** «ۋاپادار» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: ئۇ سېنىڭ سېنىڭ ۋە مېنىڭ بالامنىڭ ھالىدىن ياخشى خەۋەر ئېلىپ بىزگە ۋاپادارلىق قىلىدىغۇ، سەن بۇنىمۇ چۈشەنمەمەسەن؟

**ۋاپاسىز** سۈپ. ۋاپاسى يوق، ۋاپا قىلمايدىغان، كۆيۈمسىز: ۋاپاسىز ئادەم. * بۇ ۋاپاسىز قىزنىڭ قىلغان ئەلەمنى ئويلاپ قەلبىمدە چەكسىز غەزەپ-نەپرەت ئۇچقۇنلىرى ياندى.

**ۋاپاسىزلىق** «ۋاپاسىز» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: مەن ئۆزۈم ئىشەنگەن بىر يىگىتتىن چوڭ ۋاپاسىزلىق كۆردۈم.

**ۋاپاسىزلىق قىلماق** ۋەدىسىدە، سۆزىدە تۇرماي يېنىۋالماق: ئۆلۈممۇ مەن بىچارىدىن نەپرەتلەنگەندەك ئوخشاش، ئۇمۇ ماڭا ۋاپاسىزلىق قىلدى.

**ۋاپالىق** سۈپ. ۋاپا قىلىدىغان، ۋاپادار: دوست دېگەننى سىناپ تۇت، شۇ چاغدا ۋاپالىق دوست تۇتالايسەن. // جۇدالىقتىن دەرد چەككەن، ۋاپالىقىم ياخشى قال.

**ۋاپانامە** ئى (ئە+پ) ۋاپا توغرىسىدا يېزىلغان خەت: بەۋەتكەن ھەر ۋاپانامەڭ جېنىمغا بىر ئارام بولدى، مۇناسىپ كۆتمىسەم ئەمدى، قويامدۇ مېنى ۋىجدانىم؟

**ۋاپباغ** ئى (ئە+پ) سەيلە-تاماشا قىلىدىغان باغ: بۇ يەر ياڭاق پۇشتى ماكانىنىڭ ۋاپباغى بولمىسا، چوپچوڭ تۇرۇپ يول ئۈستىدە قۇمغا ئېغناپ ياتقىنى نېمىسى؟

**ۋاپباغنىڭ ئۈجمىسى ئەمەس** بىكارغا خالىغانچە يەپ-ئىچىدىغان نەرسە ئەمەس: ھوي، ھېچ تۈزۈت قىلمايلا سوقۇۋېرىسەنغۇ، بۇ ۋاپباغنىڭ ئۈجمىسى ئەمەس.

**ۋاپۇرۇش** ئى (پ) مەخسۇس ئاياغ كىيىمى تىجارىتى قىلىدىغان سودىگەر.

**ۋاپۇرۇشلۇق** ئى. ئاياغ كىيىمى سودىسى بىلەن شۇغۇللىنىش: مېنىڭ تېرىپۇرۇشلۇق قىلىشتىن بۇرۇن خېلى ئۇزاق بىرمەزگىل ۋاپۇرۇشلۇق قىلىپ يۈرگىنىمنى بىلەمسىلەرغۇ؟

**ۋات** I مىق [ر<ئىنگ] <فىز> ئېلېكتىرنىڭ قۇۋۋەت بىرلىكى. ئېلېكتىر بېسىمى 1 ۋولت، ئۆتكەن توك 1 ئامپېر بولغان چاغدا، قۇۋۋەت 1 ۋات بولىدۇ. بۇ نام ئەنگلىيىلىك ئىختىراچى ۋات ( James Watt ) نى خاتىرىلەش يۈزىسىدىن بېرىلگەن.

**ۋات** II تەق ← **ۋات-ۋات.**

**ۋات** III ئى. تايلاندنىڭ پۇل بىرلىكى.

**ۋاتلىق** سۈپ. مەلۇم ۋات توك كۈچىگە

ئىگە بولغان، مەلۇم ۋات توك كېتىدىغان: 15 ۋاتلىق لامپۇچكا.

**ۋاتمېتىر** ئى (ر) <فىز> ئېلېكتر توكىنىڭ قۇۋۋىتىنى ئۆلچەيدىغان ئەسۋاب. بىر فازىلىق ھەم ئۈچ فازىلىقتىن ئىبارەت ئىككى تىپلىق بولىدۇ.

**ۋات-ۋات** ئورۇنسىز تولا سۆزلەيدىغان، يۇقىرى ئاۋاز بىلەن تولا گەپ قىلىدىغان، ۋاتىلداق: كوساباي دېھقاننىڭ ۋات-ۋات ئايالى تور ياغلىققا ئورنىپ كىرىپ كەلدى. * ۋات-ۋات ئايالىنىڭمۇ چىرايلىق تەسەللىسى بار.

**ۋاتېرپاس** ئى (ر<گوللاند) <بىن> ← شەيتان.

**ۋاتىلداتماق** «ۋاتىلدىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: — بۇرادەر، ئايالىڭىزنى تولا ۋاتىلداتماي بۇ يەردىن ئېلىپ كېتىڭ، — دېدىم مەن ئۇنىڭغا.

**ۋاتىلداشماق** «ۋاتىلدىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئاياللار ۋاتىلدىشىپ كەتتى.

**ۋاتىلداق** سۈپ. يۇقىرى ئاۋازدا تولا سۆزلەيدىغان: ۋاتىلداق ئادەم. * ھەي ۋاتىلداق، قۇلىقىمنى ئاغرىتىپ، ئارامىمنى بۇزدۇڭ.

**ۋاتىلدىماق** پ. ئورۇنسىز تولا سۆزلىمەك، يۇقىرى ئاۋازدا ئورۇنسىز گەپنى جىق قىلماق: ئەمەت كۆرۈك ئاغزى-ئاغزىغا تەگمەي ۋاتىلداپ كەتتى.

**ۋاجىپ** سۈپ (ئە) دىنىي جەھەتتىن بويىچە ئورۇندىلىشى مەجبۇرىي بولغان؛ مەجبۇرىي: — پادىشاھنىڭ ئەمرى ۋاجىپ. قۇرئانشەرىپتىمۇ پادىشاھنىڭ خىزمىتىدە بولماق ۋاجىپ، دېيىلگەن، — دېدى ۋەزىر.

**ۋاجىپلىق** «ۋاجىپ» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى.

**ۋاچ** تەق. بەزىبىر ھەرىكەتنىڭ تېز بولۇشىدىن پەيدا بولغان ئاۋاز: تاۋۇز «ۋاچ» قىلىپ يېرىلدى. * ئىتنىڭ كېتىپ بارغان ماشىنا تۇيۇقسىز «ۋاچ» قىلىپ توختاپ قالدى.

**ۋاچچىدە** ① رەۋ «ۋاچ» قىلىپ، «ۋاچ» قىلغان ھالدا: قولۇمدىكى تاۋۇز يەرگە چۈشۈپ ۋاچچىدە يېرىلىپ كەتتى. ② سۈپ. كۆچمە. نۇرغۇن، جىق، تولا: پۇل دېگەن ئۇنىڭدا ۋاچچىدە.

**ۋاچ-ۋۇچ** «ۋاچ» قىلغان ۋە ياكى شۇ خىلدىكى ئاۋازلار.

**ۋاچىر** تەق. قۇشقاچ، قارلىغاچ قاتارلىق قۇشلارنىڭ سايرىشىدىن چىققان ئاۋاز.

**ۋاچىر-ۋاچىر** «ۋاچىر» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى: قۇشقاچلارنىڭ ۋاچىر-ۋاچىر سايرىشى يېزىنىڭ جىمجىتلىقىنى بۇزاتتى.

**ۋاچىر-ۋۇچۇر** «ۋاچىر» قىلغان ۋە ياكى شۇ خىلدىكى ئاۋازلار: قۇشقاچلارنىڭ ۋاچىر-ۋۇچۇر سايراشلىرى خامانىنى بىر ئالغانىدى.

**ۋاچىلداتماق** «ۋاچىلدىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: مەن ۋاچىلدىتىپ قار كېچىپ مەكتەپ دەرۋازىسىدىن چىقتىم.

**ۋاچىلداشماق** «ۋاچىلدىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**ۋاچىلدىماق** پ «ۋاچ» قىلماق، «ۋاچ» قىلغان ئاۋازنى چىقارماق.

**ۋاخ** مىق. قېتىم: مەن بۈگۈن بىر ۋاخ تاماق يېدىم.

**ۋاخان** سۈپ. دىئال. پاكار، پەتەك.

**ۋاخلىق** ئى. ساناق سانلاردىن كېيىن كېلىپ مىقدارنى بىلدۈرىدۇ: بىر ۋاخلىق تاماق. * مەن بىر يىللىق كۈرسنى

تۆگەتكىچە ھەر كۈندە ئۈچ ۋاخلىق تامىقىمنى شۇ دوستۇمنىڭ ئۆيىدە يېدىم.

**ۋاخنا** ئى. شوتا، كارىۋات، ئورۇندۇق ۋە شۇ تىپتىكى نەرسىلەرنىڭ ئارىلىقلىرىغا بېكىتىلگەن بالداق.

**ۋاخنا قىلماق** ① بالداق بېكىتمەك، ئورناتماق. ② كۆچمە. بىرەر ھالەتتىن قۇتۇلۇش ياكى يۇقىرى ئۆرلەش ئۈچۈن شارائىت يارىتىپ بەرمەك: مەن سىلەرنىڭ ئالغا بېسىشىڭلارنى ئارزۇ قىلىمەن. ئەگەر مېنى ئاياپ ئولتۇرماستىن بىرەر ۋاخنا قىلىپ، مەندىن ئاتلاپ ئۆتۈپ، يۈكسەك، يىراق يەرلەرگە قاراپ ماڭمايدىغان بولساڭلار، خاتا ئىش قىلغان بولىسىلەر.

**ۋادەرىخ** ئىم (پ) ئىسىت، ئەپسۇس: ھۆركىرەپ ئۆتتۈم ئەمەلىنىڭ بارىدا يولۋاس بولۇپ، قايسى كۈن چۈشتۈم شۇ ئان ئۆچتى ئۈنۈم تىمتاس بولۇپ. يا يۈرەكتىن ئالدى دەرد دوختۇرغا باردىم ۋادەرىخ! يا ئۇدۇل مەسچىتكە كىردىم، ئەل ئارا چىقماس بولۇپ.

**ۋادەرىخا** ئىم (پ) ۋاي ئىسىت، ۋاي ئەپسۇس: — ۋادەرىخا، مۇنداقمۇ دەردلىك غۇلاملار بولۇرمۇ، — دەپتۇ پادىشاھ. * قانداق چىدار خان غوجا ئەل-يۇرتنىڭ زارىغا. ۋادەرىخا! بۇ قىسمەت تەگدى كۆڭۈل تارىغا.

**ۋادەك** ئى (پ) ئۆي-ئىمارەتلەرنىڭ ئەتراپىنى توسۇش ئۈچۈن ياسىلىدىغان جازا؛ رېشاتكا، سالاسۇن ۋە شۇ رېشاتكا، سالاسۇننى تەشكىل قىلغۇچى بالدىقى: ئۇ ۋادەككە يېقىنلاپ كېلىپ قورۇغا نەزەر سالدى.

**ۋادەك ئۆي** تاملىرىغا كېسەك ئىشلەتمەي شاخ-شۇمبىلارنى رېشاتكىغا ئوخشاش چىتلاپ ئۈنى سامانلىق لاي بىلەن سۇۋاپ ياسىلىدىغان ئۆي: بۇرۇنقى ۋادەك ئۆيلەرنىڭ ئورنىغا يېڭى ئۆيلەر قەد كۆتۈرۈپتۇ.

**ۋادەكلەتمەك** «ۋادەكلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**ۋادەكلىمەك** پ. ۋادەك بىلەن توسماق، قورشىماق: ئۇ قورۇسىنى ۋادەكلىدى.

**ۋادو** ئى (خەن) <بن> بىناكارلىق قۇرۇلۇشىدا خىش پارچىلاش ۋە تام قوپۇرۇش جەريانىدا ئىشلىتىلىدىغان چەيدو شەكىللىك تۆمۈر ئەسۋاب.

**ۋادى** ئى (ئە) <سۇ> ① بىرەر سۇ سىستېمىسىنىڭ غول ۋە تارماق ئېقىملىرى ئېقىپ ئۆتىدىغان پۈتۈن دائىرە. مەسىلەن، تارىم ۋادىسى، ئىلى ۋادىسى، ئېرتىش ۋادىسى قاتارلىقلار. ۋادىنىڭ سۈيى ئۇنىڭ سۇ بۆلگۈچ سىزىقى ئىچىدىن يىغىلىدۇ، قوشنا ۋادىلار ئوتتۇرىسىدىكى سۇ بۆلگۈچ سىزىقى بىلەن چېگرىلىنىدۇ. ② دەريا بويلاپ سوزۇلغان ياكى تاغلار ئارىسىدىكى كەڭ تۈزلەڭلىك. ئومۇمەن زىرائەت تېرىلىدىغان، دەل-دەرەخ ئۆسىدىغان كەڭ جاي.

**ۋار** I تەق. كىشىلەر ۋارقىرىغاندا ياكى كۆچەپ سۆزلىگەندە، يىغلىغاندا چىقىدىغان ئاۋاز.

**ۋار** II مىق (ئىنگ) <فىز> ئىشسىز قۇۋۋەتنىڭ بىرلىكى. بىر ساپ ئىندۇكتىپلىق (ياكى ساپ سىغىم) نىڭ ئىككى ئۇچىدىكى ئېلېكتر بېسىمى 1 ۋولت، ئۇنىڭدىن ئۆتكەن ئىشسىز توك 1 ئامپېر بولسا، ئۇ ھالدا ئىندۇكتىپلىق (ياكى ساپ ئېلېكتر سىغىمى) غا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئىشسىز قۇۋۋەت 1 ۋار بولىدۇ.

**ۋاراتا** ئى (ر) <تەن> پۇتبول، مۇز توپ قاتارلىق تەنھەرىكەتلەردە توپ مەيدانىنىڭ ئىككى بېشىغا ئورنىتىلغان دەرۋازا

رامكىسى شەكلىدىكى جازا. ئۇ توپ كىرگۈزۈش نىشانى بولۇپ، ئارقىغا تور ئېسىلغان بولىدۇ. ئۇرۇلغان توپ كىرسە، تور ئىچىدە سولىنىپ قالىدۇ.

**ۋاراتار** ئى (ر) <تەن> پۇتبول، مۇز توپ قاتارلىق تەنھەرىكەتلەردە ئۆز تەرىپى-نىڭ دەرۋازىسىنى مۇداپىئە قىلغۇچى تەنھەرىكەتچى. ئاساسىي ۋەزىپىسى ئۆز تەرىپىنىڭ ۋاراتاسىنى بېقىپ، توپ كىرىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشتىن ئىبارەت.

**ۋاراتوك** ئى (ر) <ماشىن> دامكرات، كۆلۈچ قاتارلىقلارنىڭ قول بىلەن ھەرى-كەتلەندۈرۈلىدىغان تۇتقۇچ قىسمى، سېپى.

**ۋاراس** تەق. قاتتىق، چۈرۈك نەرسىلەر سۇنغاندا چىقىدىغان ئاۋاز.

**ۋاراس-ۋاراس** «ۋاراس» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى.

**ۋاراس-ۋۇرۇس** «ۋاراس» قىلغان ۋە ياكى شۇ خىلدىكى ئاۋازلار: ئورمان ئىچىدىن ۋاراس-ۋۇرۇس قىلىپ ياغاچ سۇنغان ئاۋازلار ئاڭلاندى.

**ۋاراسلاتماق** «ۋاراسلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**ۋاراسلىماق** پ «ۋاراس» قىلغان ئاۋازنى چىقارماق، «ۋاراس-ۋاراس» قىلماق: ياغاچلارنىڭ ۋاراسلاپ سۇنغان ئاۋازى ئاڭلاندى.

**ۋاراق** I ئى (ئە) ① كىتاب، گېزىت، ژۇرنال قاتارلىقلارنىڭ ئىككى بېتىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھەربىر پارچىسى، بۆلىكى: دەپتەرنىڭ ۋاراقلىرى تۈگەپ، ئاخىرقى بېتىلا بوش قالغانىدى. ② مىق. ساناق سانلار بىلەن كېلىپ مىقدارنى بىلدۈرىدۇ: بىر ۋاراق قەغەز.

**ۋاراق** II تەق. سۇيۇق نەرسىلەر قاينىغاندا چىقىدىغان ئاۋاز.

**ۋاراقچە** ئى ① كىچىك ۋاراق: ئۇ خەت يېزىلغان ۋاراقچىنى قولۇمغا تۇتقۇزۇپ قويۇپ ئاستا كېتىپ قالدى. ② مەلۇم مەزمۇندىكى تەشۋىقات تېكىستى چۈشۈرۈلگەن قەغەز: -كوچىدا تەشۋىقات ۋاراقچىلىرى ئۇچۇپ يۈرەتتى.

**ۋاراقچى** ئى. ئەمەلىي ئىش قىلمايدىغان كەچكىچە كىتاب ئاختۇرۇپ يۈرىدىغان ئادەم: موللىنىڭ يامىنى ۋاراقچى (ماقال).

**ۋاراقشىماق** پ «ۋاراق-ۋاراق» قىلغان ئاۋازنى چىقارماق، «ۋاراق-ۋاراق» قىلماق: چىرايلىق ياساندى پامىر قۆچقى، قايندى ۋاراقشىپ ھايات بۇلىقى.

**ۋاراقلاتقۇزماق** I «ۋاراقلىماق I» پېئىلىنىڭ قوش مەجبۇرىي دەرىجىسى: شېئىردىكى گۈزەل تىل-ئىبارىلەر بىلەن سۆزلەنگەن شېئىرىي ئوبراز بىزنى ئىختىيارسىز ھالدا بالىلىق دەۋرىمىزگە قايتۇرۇپ بالىلىق دەۋرىنىڭ سەھىپىلىرىنى ۋاراقلاتقۇزدى.

**ۋاراقلاتقۇزماق** II «ۋاراقلىماق» پېئىلىنىڭ قوش مەجبۇرىي دەرىجىسي: ئۇ قازاندىكى سۇنى ۋاراقلاتقۇزۇپ قايناتتى.

**ۋاراقلاتماق** I «ۋاراقلىماق I» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: موماي بالىسىغا كىتابنىڭ بېتىنى ۋاراقلاتتى.

**ۋاراقلاتماق** II «ۋاراقلىماق II» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇ سۇنى ۋاراقلىتىپ قاينىتىۋاتاتتى.

**ۋاراقلاشماق** «ۋاراقلىماق I» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار كىتابلىرىنى ۋاراقلىشىپ ئولتۇراتتى.

**ۋاراقلانماق** «ۋاراقلىماق I» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئالىم كۆڭلىدە ئۇنىڭ قولىدا شاراقشىپ ۋاراقلىنىۋاتقان لەنتى ئەرزىلەرنىڭ پاتراق ئوقۇلۇپ تۈگىشىنى تىلەيتتى.

**ۋاراقلىماق** I پ. كىتاب، گېزىت-ژۇرناللار-نىڭ ھەربىر ۋارىقىنى ئۆرۈمەك، ئاچماق: مەن خاتىرەمنى ۋاراقلىدىم، ئۇنىڭدىكى ھەربىر سۆز ياشلىقىمنى ئەسلىتەتتى.

**ۋاراقلىماق** II «ۋاراق-ۋاراق» قىلغان ئاۋازنى چىقارماق، ۋاراقشىماق: قازاندىكى سۇ ۋاراقلاپ قايناۋاتاتتى.

**ۋاراقلىق** سۈپ. ۋارىقى بار، ۋاراقچا يېزىلغان: ئون ۋاراقلىق دەپتەر. * ماجۇڭيى يۇڭ قەلەمدە يېزىلغان بىرنەچچە ۋاراقلىق خەنزۇچە خەتنى ئوقۇپ بولۇپ ئۇنى ھەمراھىغا بەردى.

**ۋاراق-ۋاراق** «ۋاراق II» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى: قازاندىكى قايناق سۇ ۋاراق-ۋاراق قاينايتتى.

**ۋاراڭ** تەق → **ۋاراڭ-چۇرۇڭ.**

**ۋاراڭ-چۇرۇڭ** جىق كىشىلەر تەرىپىدىن قىلىنغان تەرتىپسىز گەپ-سۆزلەر، ئاۋازلار: ھويلىدىن ئاڭلىنىۋاتقان ۋاراڭ-چۇرۇڭ-لار ئۇنىڭ ھەيرانلىقىنى تېخىمۇ ئاشۇرۇۋەتتى.

**ۋاراڭ-چۇرۇڭ قىلماق** تەرتىپسىز گەپ-سۆز قىلماق، ۋاراڭ-چۇرۇڭ چىقارماق: مەكتەپ ئىچىدىن ئۇششاق بالىلارنىڭ ۋاراڭ-چۇرۇڭ قىلىۋاتقان ئاۋازى ئاڭلىنىپ تۇراتتى.

**ۋاراڭ-چۇرۇڭ كۆتۈرۈلمەك** قاتتىق، قالايمىقان ئاۋازلار چىقماق: مەجلىسخانىدا ۋاراڭ-چۇرۇڭ كۆتۈرۈلدى.

**ۋاراڭلاشماق** پ. ۋاراڭ-چۇرۇڭ قىلغان ئاۋازنى چىقارماق، ۋاراڭ-چۇرۇڭ قىلماق: ئادەملەرنىڭ ۋاراڭلىشىپ سۆزلىشىشلىرى، قاقاھ-لاپ كۈلۈشلىرى سارايىنى بىر ئالدى.

**ۋاراڭ-ۋاراڭ** «ۋاراڭ» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى.

**ۋاران** ئى (ر>لات) <زوئول> → **ۋاران كەسلەنچۈكى.**

**ۋاران كەسلەنچۈكى** <زوئول> سۆرەلگۈچى ھايۋان. ئۇزۇنلۇقى ئىككى مېتىر ئەتراپىدا. دۈمبىسى قارا قوڭۇر، قورسىقى سەل ئۇچلۇق، تۆت پۇتى كۈچلۈك كېلىدۇ. سۇغا يېقىن جايدا ياشايدۇ، ئۇششاق ھايۋانلار بىلەن ئوزۇقلىنىدۇ، سۇ ئۈزەلەيدۇ ۋە دەرەخكە چىقالايدۇ. تېرىسىدىن خۇرۇم ئىشلىگىلى بولىدۇ. ئىسسىق بەلباغ رايونلىرىدىن چىقىدۇ.

**ۋارت** تەق. بىرنەرسىلەر يىرتىلغاندا، سۇكۇلگەندە چىقىدىغان ئاۋاز.

**ۋارتتىدە** رەۋ «ۋارت» قىلىپ، «ۋارت» قىلغان ھالدا: كۆڭلىكىنىڭ تۈگمىسىنى يېشىشكىمۇ ئۈلگۈرمەي ۋارتتىدە يىرتتى.

**ۋارردىدە** رەۋ «ۋار» قىلىپ، «ۋار» قىلغان ھالدا: قىز ئۆزىنى ئانىسىنىڭ قۇچىقىغا ئېتىپ ۋارردىدە يىغلاپ تاشلىدى.

**ۋارس** تەق. قاتتىق نەرسىلەر سۇنغاندا چىقىدىغان ئاۋاز.

**ۋارسىلداتماق** «ۋارسىلدىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: بەزى ئۇستاملار تاڭگازىنى ئېلىپ شۇ زامانلا ۋارسىلدىتىپ يەپ مەززە قىلىشتى.

**ۋارسىلدىماق** پ «ۋارس-ۋارس» قىلغان ئاۋازنى چىقارماق: ئۆي لىملىرى ۋارسىلداپ سۇنۇشقا باشلىدى.

**ۋارقىراپ-جارقىراپ** ۋارقىراپ ھەم جارقىراپ؛ قالايمىقان توۋلاپ: ئۇلار بازارنى چۆكىلەپ، ۋارقىراپ-جارقىراپ ھالدىن كېتىپتۇ. * سورۇندىكىلەر ئابلەقنىڭ ۋارقىراپ-جارقىراپ

قىلغان سۆزلىرىدىن بىزار بولۇشتى.

**ۋارقىراتماق** «ۋارقىرىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇنى كەچ ئەلياتقۇغا توغرىلاپ، خەندەك يېنىدىن كېتىۋاتقان چاغدا ۋارقىراتماي بوغۇپ ئۆلتۈرۈپ، خەندەك ئىچىگە تاشلىۋەتتۇق.

**ۋارقىراش-جارقىراش** ۋارقىراش ھەم جارقىراش؛ قالايمىقان، ئالتاغىل توۋلاش: ۋارقىراش-جارقىراش ئەۋجىگە چىقتى.

**ۋارقىراشماق** «ۋارقىرىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار ئالتاغىل ۋارقىرىشىپ جاھاننى بىر ئالدى. * سورۇندىكىلەرنىڭ كۆپچىلىكى «توغرا-توغرا» دەپ ۋارقىراشتى.

**ۋارقىرىغاق** سۈپ. تولا ۋارقىرايدىغان: بىزنىڭ زاۋۇتىمىزدىمۇ ئۇنداق ۋارقىرىغاقلاردىن يوق دەمسەن؟

**ۋارقىرىماق** پ. يۇقىرى ئاۋاز بىلەن توۋلىماق: — ئەگەر راستىڭنى ئېيتمىساڭ كاللاڭنى ئالىمەن، — دەپ ۋارقىراپتۇ شاھ.

**ۋارونكا** ئى (ر) سۇيۇقلۇق ياكى پاراشوك، دانىچە ھالەتتىكى نەرسىلەرنى ئاغزى كىچىك قاچا، بوتۇلكا قاتارلىقلارغا قۇيۇش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان ئەسۋاب. ئادەتتە بىر دانە كېسىك كونۇس شەكلىدىكى قاچا بىلەن بىر دانە نەيچىدىن تۈزۈلىدۇ.

**ۋارۇنا** ئى (ر<سانس) <دىن> ← **كۆك تەڭرى.**

**ۋار-ۋار** «ۋار» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى: ئۇ ئەتراپتىكىلەرگە ۋار-ۋار ۋارقىرايتتى.

**ۋار-ۋار قىلماق** ئۈنلۈك توۋلىماق، ۋارقىراپ-جارقىرىماق: نېمە ئەتىدىن كەچكىچە ۋار-ۋار قىلىسەن؟

**ۋار-ۋۇر** «ۋار» قىلغان ۋە ياكى شۇ خىلدىكى ئاۋازلار: بىزنىڭ تاماشىمىزنى كۆرۈپ تۇرغان باللار شۇ ھامان ۋار-ۋۇر ۋارقىراشتى.

**ۋارىئاتسىيە** ئى (ر<لات) <مۇز> ئاھاڭ شەكلىنىڭ بىر خىلى. بۇنىڭدا تېما باشتىن-ئاياغ بايان قىلغاندىن كېيىن، باشتىن-ئاياغ يەنە بىرقانچە قېتىم قايتا تەكرارلىنىدۇ، لېكىن ھەر قېتىمقى تەكرارلىنىشلاردا ئۆزگىرىشلەر بولۇپ تۇرىدۇ. ۋارىئاتسىيە ئوخشاش بولمىغان ئوبرازلارنى بىرلەشتۈرۈپ ياكى بىر ئوبرازنىڭ نۇرغۇن تەرەپلىرىنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ.

**ۋارىئاتسىيىلەشتۈرمەك** «ۋارىئاتسىيىلەشمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**ۋارىئاتسىيىلەشتۈرۈلمەك** «ۋارىئاتسىيىلەشتۈرمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئۇ خوتەن سەنىمى بىلەن «چەبىيات مۇقامى» سەنىمىنىڭ نوتىسىنى سېلىشتۇرۇپ، سەنەم نەغمە شەكىللىرىنىڭ ئەلنەغمىلىك ئاساسى بىردەك ئىكەنلىكىنى، بىر مەنبەدىن ۋارىئاتسىيىلەشتۈرۈلگەنلىكىنى كۆرسىتىپ ئۆتكەن.

**ۋارىئاتسىيىلەشمەك** پ. باشقا بىر تۈرگە، نۇسخىغا، شەكىلگە كەلمەك، ئۆزگەرمەك.

**ۋارىئاتسىيىلىك** سۈپ. ئۆزگىرىشچان، ئۆزگىرىدىغان: ۋارىئاتسىيىلىك ئۇسسۇل.

**ۋارىئاتسىيىلىك ئۇسسۇل** <ئۇس> كلاسسىك قوش كىشىلىك بالېت ئۇسسۇلىدا ئەر-ئايال ئۆز ئالدىغا ئوينايدىغان مۇكەممەل ھالەتتىكى يالغۇز ياكى قوش كىشىلىك ئۇسسۇل شەكلى. ئۇسسۇللۇق تىياتىرلارنىڭ مەلۇم بىر بۆلىكىنى ئورۇنلاشتا قوللىنىلىدۇ.

**ۋارىس** ئى (ئە) ① مىراس ئېلىش ھوقۇقىغا ئىگە بولغان شەخس، مىراسخور. ② كۆچمە. ئالدىنقىلارنىڭ ئىشلىرىنى داۋاملاشتۇرغۇچى، ئىزىنى باسقۇچى، ئىزباسار: سەن ئەسلىدە ئابنۇس ئارىلىنىڭ

ئىگىسى، شاھ ئارمانۇسنىڭ ۋارىسى ئىدى. * سىلەرنىڭ يېشىڭلارمۇ بىر يەرگە بېرىپ قالدى، ۋارىسىڭلار بولمىسا قانداق بولىدۇ؟ شۇڭا ياشلارنى تەربىيىلەشكە ئەھمىيەت بېرىڭلار. ③ ئەرلەرنىڭ ئىسمى.

**ۋارىس بولماق** بىر كىشىنىڭ ئورنىغا ئولتۇرماق، ئىزباسار بولماق: شاھ ئۆلگەندىن كېيىن ئۇنىڭ ئوغلى ۋارىس بولۇپتۇ. * – مەنمۇ چوڭ بولسام بوۋامنىڭ ۋارىسى بولىمەن، – دېدى ئۇ شوخلۇق قىلىپ.

**ۋارىستىس** ئى (ئىنگ) <گېئول> ئالپىس تاغ تىزمىلىرىدىكى بىر تاغنىڭ نامى.

**ۋارىستىس ھەرىكىتى** <گېئول> قەدىمكى ھايات ئېراسىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە يۈز بەرگەن يەر پوستى ھەرىكەتلىرىنىڭ ئومۇمىي نامى. بۇ قېتىمقى ھەرىكەت قەدىمكى ھايات ئېراسىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلى ۋە ئۇنىڭدىن بۇرۇن يەر پوستىدا پۈرمىلىنىش، ئۆزگىرىش ۋە ئۈزۈلۈ قاتارلىق ھادىسىلەرنىڭ كېلىپ چىقىشىغا سەۋەبچى بولغان. تەڭرىتاغ، ئالتاي تاغلىرى ۋە ئورال، ئاپپالاچىيە تاغ تىزمىلىرى مۇشۇ قېتىمقى ھەرىكەت نەتىجىسىدە شەكىللەنگەن.

**ۋارىسچانلىق** سۈپ. ۋارىسلىق قىلىش خۇسۇسىيىتى: توي مۇراسىمىنىڭ شەكلى ۋە قائىدە-يوسۇنى ئەڭ مۇستەھكەم بولۇپ، ۋارىسچانلىقى ئەڭ ئۇزۇندۇر.

**ۋارىسلىق** «ۋارىس» سۆزى ① ② لارنىڭ ئابستراكت ئىسىم شەكلى: ئالدىنقىلارنىڭ ئىشلىرىغا ۋارىسلىق قىلىشىمىز كېرەك.

**ۋارىسلىق تەرتىپى** <قا> قانۇنىي ۋارىسلىق قىلغۇچىلارنىڭ رەت بويىچە ۋارىسلىق قىلىش تەرتىپى

**ۋارىسلىق قىلماق** ئىگىلىمەك، ئورنىنى باسماق، داۋاملاشتۇرماق: بىز ئالدىنقىلارنىڭ ئىشلىرىغا ۋارىسلىق قىلىپ، كېيىنكىلەرگە يول ئېچىشىمىز لازىم. * ۋەزىرنىڭ مەقسىتى مەلىكىنى ئوغلىغا ئېلىپ بېرىش ئارقىلىق تەختكە ۋارىسلىق قىلىش ئىكەن.

**ۋارىسلىق ھوقۇقى** <قا> ئۆلگۈچىنىڭ مىراسىنى قانۇن بويىچە تاپشۇرۇپ ئېلىش ھوقۇقى. ۋارىسلىق قىلغۇچى بىلەن مەلۇم تۇغقانچىلىق مۇناسىۋىتى بولغان كىشىلەر ياكى ئۆلگۈچىنىڭ ۋەسىيىتى بىلەن بەلگىلەنگەن كىشىلەرنىڭ ھەممىسىدە ۋارىسلىق ھوقۇقى بولىدۇ.

**ۋارىنە** ئى (ر) مېۋىلەرنى شېكەر قىيامى بىلەن قاينىتىپ تەييارلايدىغان بىر خىل شېرىن يېمەكلىك؛ مۇراببا: ۋارىنە قايناتماق. ئەنجۈر ۋارىنىسى.

**ۋارىئومېتىر** ئى (ر<لات) <فىز> ئۆزگىرىشچان ئىندۇكتور.

**ۋارى-ۋارى** ① ۋارقىراش-جارقىراش: قانداق تۈگىمەيدىغان ۋارى-ۋارى بۇ؟ ② جەڭگى-جېدەل: ئۇ قانداق قىلىدۇ، مېھمان چاقىراي دېسە، خوتۇنىنىڭ ئەھۋالى شۇنداق، تۆت ئادەمنى ئۇزاتقۇچە ۋارى-ۋارى.

**ۋارى-ۋارى قىلماق** ئۈنلۈك ۋارقىرىماق؛ جېدەل قىلماق: — نېمە ۋارى-ۋارى قىلىسەن؟ – دېدى ئۇ.

**ۋارىيانت** ئى (ر<لات) ① <تىل> ئەينى بىر فونېما بىرقانچە كونكرېت تاۋۇش ئېلېمېنتى ئارقىلىق ئۆز ئىپادىسىنى كۆرسىتىدۇ؛ بۇ بىرقانچە تاۋۇش ئېلېمېنتى ئۆزئارا مەنە پەرقلەندۈرۈشمەيدۇ؛ مۇشۇنداق تاۋۇشلار فونېمىغا نىسبەتەن ۋارىيانت بولىدۇ. ② بىر خىل نەرسىنىڭ يەنە بىر خىل شەكلى.

**ۋارىيانتلىق** سۈپ. ۋارىيانتى بار، ۋارىيانتقا ئىگە: «ھىجاز مۇقامى» كۆپ ۋارىيانتلىق بىر خىل تۈركىي نەغمە.

**ۋاز** ← **ۋاز كەچمەك**.

**ۋاز كەچمەك** ① ئىگىلىك ياكى پايدىلىنىش ھوقۇقىدىن كەچمەك: ئۇ ئاتىسىدىن قالغان مىراستىن ۋاز كەچتى. ② مەشغۇل بولۇۋاتقان ئىش-ھەرىكەتتىن، ئوي-خىيالدىن يالتايماق، يانماق: گۈزەللىكى بىلەن ئۇزاق مەسلىھەتلەشتۇق، ئاخىر گۈزەللىكىمۇ ئوقۇشتىن ۋاز كەچتى. * ئۇ ئىلگىرىكى پىكرىدىن ۋاز كەچتى. ③ يۈز ئۆرۈمەك، تانماق: ئۇ ئاتا-ئانىسىدىن ۋاز كېچىپ يىراق يۇرتلارغا كەتتى. * كىچىك ئىشلارنى دەپ قوشنىلاردىن ۋاز كەچكىلى بولماس.

**ۋازا** ئى (ر<فران) مېۋە-چېۋە، قەنت-گېزەك سالىدىغان قاچا: ئۈستەلدىكى ۋازىدا لىق كەمپۈت بار ئىدى.

**ۋازارەت** ئى (ئە) بەزى پادىشاھلىق تۈزۈمىدىكى دۆلەتلەرنىڭ ۋەزىر باشچىلىقىدىكى رەھبەرلىك ئاپپاراتى. دەرىجە جەھەتتىن مىنىستىرلىققا تەڭ.

**ۋازۇ** ئى <ئىرق> مۇشۇ نام بىلەن ئاتالغان مىللەت ۋە بۇ مىللەتكە مەنسۇپ كىشى.

**ۋازۇ تىلى** <تىل> ۋازۇلار ئىشلىتىدىغان تىل. بۇ تىل جەنۇبىي ئاسىيا تىللىرى سىستېمىسىغا كىرىدۇ. مەملىكىتىمىزدە يۈننەن ئۆلكىسىنىڭ، چەت ئەلدە بىرمىنىڭ بەزى جايلىرىدا ئىشلىتىلىدۇ.

**ۋازۇچە** ① سۈپ. ۋازۇلارنىڭ تىلى، ئەدەبىياتى ۋە مەدەنىيىتىگە ئائىت: ۋازۇچە كىيىم. ۋازۇچە ئادەت. ۋازۇچە ئۇسسۇل. ② ئى. ۋازۇ تىلى: ۋازۇچىنى ئۆگەنمەك. ۋازۇچىنى ياخشى سۆزلىمەك. ③ رەۋ. ۋازۇ تىلى ئارقىلىق، ۋازۇ تىلىدا: ئۇلار ۋازۇچە سۆزلىشىپلا كەتتى.

**ۋازۇلار** ئى <ئىرق> ۋازۇ مىللىتى، ۋازۇ خەلقى. ئۇلار دۆلىتىمىزدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ بىرى بولۇپ، يۈننەن ئۆلكىسىنىڭ ساڭيۈەن، شىمېڭ قاتارلىق جايلىرىغا؛ چەت ئەللەردىن بىرمىنىڭ بىر قىسىم رايونلىرىغا ئولتۇراقلاشقان.

**ۋازېلىن** ئى (ر<فران) <خىم> موم بىلەن مازوت (ئېغىرماي) نىڭ ئارىلاشمىسى، يەنى سۈس سېرىق رەڭلىك يېرىم تىنىق، يېرىم قاتتىق ھالەتتىكى ماددا. چەككىلەنگەندىن كېيىن، ئاق رەڭگە ئۆزگىرىدۇ. دورىگەرلىكتە سىقما ماي ياساشتا ئىشلىتىلىدۇ؛ سانائەتتە داتلىششتىن ساقلىغۇچى ۋە سۈركىلىشنى ئازايتقۇچى ماي ئورنىدا ئىشلىتىلىدۇ.

**ۋاژ** تەق. چۈشىن، ھەرە قاتارلىقلار بىر يەرگە توپلىشۋېلىپ ھەرىكەت قىلغاندا چىقىدىغان ئاۋاز.

**ۋاژژىدە** رەۋ «ۋاژ» قىلىپ، «ۋاژ» قىلغان ھالدا.

**ۋاژ-ۋاژ** ① «ۋاژ» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى. ② كۆچمە. قايناق، قايناپ تۇرغان، قىزىق: شۇندىن كېيىن بۇ تۆتەيلەن ۋاژ-ۋاژ بازاردىكى ئادەملەر ئارىسىغا كىرىپ كەتتى.

**ۋاژ-ۋۇژ** «ۋاژ» قىلغان ۋە ياكى شۇ خىلدىكى ئاۋازلار: يىراقتىكى ۋاژ-ۋۇژلارنى ھېسابقا ئالمىغاندا، دەريا بويى تىپتىنچ ئىدى.

**ۋاژىلداتماق** «ۋاژىلدىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**ۋاژىلداشماق** «ۋاژىلدىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**ۋاژىلدىماق** پ «ۋاژ» قىلغان ئاۋازنى چىقارماق، «ۋاژ» قىلماق: ۋاژىلداپ

يامراپ يۇرگەن چۈشنلەر دەستىدىن جوزىدىكى تائامنىمۇ يېيىشكە كىشىنىڭ كۆڭلى تارتمايتتى.

**ۋاس** تەق. ئارغامچا، يىپ قاتارلىقلار ئۈزۈلگەندە ياكى قامچا ئۇرغاندا چىقىدىغان ئاۋاز.

**ۋاسا** ئى (پ) <بىن> يەرلىك ئۇسۇلدا ئۆي ياپقاندا جەگىنىڭ ئۈستىگە قويۇلىدىغان توغرا بالداق. لىم ئارىلىقىغا ئۆلچەپ كېسىپ، تەكشىلەپ قويۇلىدۇ.

**ۋاسا تاق** بىر ۋاسا پاتقۇدەك ئارىلىق تاشلاپ شالاڭ قويۇلغان ۋاسا.

**ۋاسا جۈپ** <بىن> بىر-بىرىگە ياندىشىتۇرۇپ ئارىلىق قالدۇرماي سىجىل قويۇلغان ۋاسا: ئۇ ئۆيىنى ۋاسا جۈپ قىلىپ چىرايلىق يېپىۋالدى.

**ۋاسالغۇ** ئى <بوت> ئۈجمىنىڭ قۇرۇتۇلغان مېۋىسى، قۇرۇتۇلغان ئۈجمە، ئۈجمە قېقى.

**ۋاسسىدە** رەۋ «ۋاس» قىلغان ئاۋازنى چىقىرىپ، «ۋاس» قىلغان ھالدا: ئارغامچا ۋاسسىدە ئۈزۈلۈپ كەتتى.

**ۋاسكېتبول** ئى (ر<ئىنگ) <تەن> ① توپ تۈرلىرى تەنھەرىكىتىنىڭ بىر تۈرى. بۇنىڭدا توپنى قارشى تەرەپ مۇداپىئە قىلىپ تۇرغان گار ئۈستىدىكى تۆمۈر چەمبىرەككە ئېتىپ كىرگۈزۈپ نومۇرغا ئېرىشىدۇ. ئېرىشكەن نومۇر سانى كۆپلەر غەلىبە قىلغان بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ② ۋاسكېتبول تەنھەرىكىتىدە ئىشلىتىلىدىغان توپ. تېشى خۇرۇم، كامېرى رېزىنكىدىن قىلىنىدۇ. پۈتۈنلەي رېزىنكىدىن ياسالغان توپلارمۇ بولىدۇ.

**ۋاس-ۋاس** «ۋاس» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى.

**ۋاس-ۋاسچىلىق** جىددىيچىلىك، قىسچىلىق؛ بىئاراملىق، خاتىرجەمسىزلىك: بۇنداق ۋاس-ۋاسچىلىقتا بىرەر تال ئوكۇل ياكى بىرەر تال دورىنى كىچىككى توخۇدىن تارتىپ چوڭى بورداق ئېرىككە تەڭ قىلىۋىدىك، دېھقان دېگەن گول خەق، ساقايسا دورىدىن، ئۆلسە خۇدادىن كۆرىدۇ.

**ۋاستە** ئى (ئە) ① بىرەر مەقسەتكە ئېرىشىش ياكى بىرەر ئىشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن دەستەك بولۇپ خىزمەت قىلىدىغان نەرسە، قورال؛ ئىش-ھەرىكەت قورالى: تۇرمۇش ۋاستىلىرى. قاتناش ۋاستىلىرى. ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرى. * تىل ئىنسانلارنىڭ ئالاقىلىشىش ۋاستىسىدۇر. * دۆلىتىمىزنىڭ قانۇنلىرى پارتىيىنىڭ سىياسەتلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتىكى بىر خىل ۋاستە. * ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆگىنىش نەتىجىسىنى تەكشۈرۈش ۋە باھالاش ئوقۇتقۇچىنىڭ ئۆز ئوقۇتۇش خىزمىتىنى تەكشۈرۈشىنىڭ مۇھىم بىر ۋاستىسى. ② <فىز> بىر خىل ماددا ئىچىدە يەنە بىر خىل ماددا مەۋجۇت بولغاندا، ئالدىنقى ماددا كېيىنكى ماددىنىڭ ۋاستىسى بولىدۇ. بەزى دولقۇنلۇق ھەرىكەتلەردە، بۇ دولقۇننى تارقىتىدىغان ماددىلار شۇ دولقۇننىڭ ۋاستىسى بولىدۇ. ③ ئوتتۇرىدا تۇرۇپ پۈتۈشتۈرۈش رولىنى ئوينىغۇچى؛ ۋاستىچى: ساتتار ئاكىنىڭ ۋاستىسى بىلەن تونۇشۇپمۇ قالدۇق.

**ۋاستە كېلىش** <تىل> تۈرغۇن سۆزلەرنىڭ، ئاساسەن، ئىسىملارنىڭ بەلگىلىك گراماتىكىلىق شەكىللەر ئارقىلىق پېئىلغا بېقىنىپ كېلىپ، پېئىل ئىپادىلىگەن ھەرىكەتنىڭ ۋاستىسى ياكى ئۇسۇلى، شۇنداقلا قورالى قاتارلىق مەنىلەرنى ئىپادىلەپ كېلىدىغان گراماتىكىلىق كاتېگورىيىسى.

**ۋاستپەرەس** ئى. ۋاستپەرەسلىك

تەرەپدارى ياكى ئۇنى ياقلىغۇچى.

**ۋاستىپەرەسلىك** ئى <پەلس> ئەكسىيەتچىل سۇبيېكتىپ ئىدېئالىزملىق پەلسەپە، يەنى سۇبيېكتىپ ئىدېئالىزملىقنىڭ ھازىرقى زاماندىكى ئۆزگەرگەن تۈرى. ئۇنىڭ ئاساسچىسى دېيۇئى. ئۇ دىئالېكتىكىلىق ماتېرىيالىزم ۋە تارىخىي ماتېرىيالىزم پەلسەپىسىگە ھەمدە ئۇلار تەرىپىدىن ئىسپاتلانغان ئىنقىلابىي سىنىپىي كۆرەش نەزەرىيىسى ۋە ئەمەلىيىتىگە جان-جەھلى بىلەن قارشى تۇرىدۇ، بارلىق ئىدېئالىزمغا ئوخشاشلا ماددىنىڭ ئوبيېكتىپ چىنلىق ئىكەنلىكىنى ئىنكار قىلىدۇ.

**ۋاستىچى** ئى. بىرەر ئىشنى بېجىرىش ياكى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن ۋاستە بولۇپ خىزمەت قىلىدىغان شەخس؛ ۋەكىل، ئەلچى: — بۇ ئىشنى ئورۇندىشقا ئۇ ئوتتۇرىدا خالىس ۋاستىچى بولسۇن، — دېدى قاسىم. * بىرنەچچە تىللانى ئۇنىڭ قولىغا سۇنۇپ، ماڭا ۋاستىچى بولۇشنى سورىدىم.

**ۋاستىچىلىك** «ۋاستىچى» سۆزىنىڭ ئابستراكت ئىسىم شەكلى: شەرق بىلەن غەرب ئوتتۇرىسىدا ۋاستىچىلىك رول ئوينىغان.

**ۋاستىچىلىك قىلماق** ۋاستىچىلىك رول ئوينىماق، ۋاستىچى بولماق: مەسچىتكە كىرىشتە دىققەت بىلەن قارىسام، ئۇلارنىڭ بىرى دۇكىنىمغا قىز بىلەن بىللە بېرىپ، ئارىمىزدا ۋاستىچىلىك قىلغان قۇل ئىكەن.

**ۋاستىسىز** سۈپ. ۋاستىسى يوق؛ بىۋاستە، توغرىدىن-توغرا، ئۇدۇل: مەن تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ يېزىغا قايتقاندىن كېيىن ماڭا دېھقانلار بىلەن ۋاستىسىز كەڭ ئۇچرىشىش ئىمكانىيىتى تۇغۇلدى.

**ۋاستىلىك** ① سۈپ. ۋاستە ئارقىلىق، ۋاستە قىلغان: ۋاستىلىك تەجرىبە. * ئۇنىڭ بىۋاستە ئىپادىسى يوشۇرۇنغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ھامان ۋاستىلىك ھالدا باشقا جەھەتلەردىن ئازراق بولسىمۇ ئىپچىلىپ قالىدۇ. ② رەۋ. مەلۇم نەرسىنى ۋاستە قىلىپ، ۋاستە قىلغان ھالدا: ئىلغار ئەدىبلەرنىڭ مۇنەۋۋەر شېئىرلىرى تارىختا خەلق كۆرىشى بىلەن ۋاستىلىك ياكى ۋاستىسىز بىر سەپتە تۇرۇپ كەلدى.

**ۋاستىلىك ئەقلىي خۇلاسە** <لوگ> ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن ئارتۇق ھۆكۈمدىن يەكۈن چىقىرىلغان خۇلاسە.

**ۋاستىلىك باج** <مال> سېتىلغان تاۋار (ئاساسلىقى كۈندىلىك بۇيۇملار) ياكى مۇلازىمەت خاراكتېرىدىكى كەسپلەردىن ئېلىنىدىغان باج. ئۇنى باج تاپشۇرغۇچىلار ئۈستىگە ئالماي، ئىستېمالچىلار ۋاستىلىك ھالدا ئۈستىگە ئالغان بولىدۇ.

**ۋاستىلىك پىلان** <س ئىق> سوتسىيالىستىك دۆلەتلەرنىڭ كارخانا ئورۇنلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش پائالىيىتىنى پىلان جەھەتتىن باشقۇرىدىغان بىر خىل ئۇسۇلى. بۇنىڭدا، دۆلەت بۇ ئورۇنلارغا بىۋاستە ۋەزىپە بەلگىلەپ بەرمەيدۇ، بەلكى مۇناسىۋەتلىك سىياسەت، قانۇن ۋە پەرمانلارنى ئېلان قىلىش، ھەر خىل ئىگىلىك تەشكىلاتلىرىنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇش، ھەر خىل ئىقتىسادىي پىشاڭلاردىن پايدىلىنىش، ھەر خىل ئىقتىسادىي تەدبىرلەرنى قوللىنىش ئارقىلىق بۇ ئورۇنلارنىڭ ۋەزىپىسىنى دۆلەت پىلانى يولىغا سالىدۇ.

**ۋاستىلىك تەجرىبە** <پەلس> كىتابتىن ياكى باشقىلاردىن ئىگە بولغان بىلىمنى بىلدۈرىدۇ. «بىۋاستە تەجرىبە»

گە نىسبەتەن ئېيتىلىدۇ.

**ۋاستىلىك دەلىل-ئىسپات** <قا> ئەنزىدىكى مۇھىم پاكىتلار بىلەن بىۋاستە مۇناسىۋىتى بولغان ماتېرىياللار. ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكى شۇكى، ئۇ ئەنزىگە بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك بولغان پاكىتلارنى ئىسپاتلاپ بېرەلمەيدۇ، پەقەت ئەنزە بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان ئايرىم ئەھۋاللار ياكى قىسىملارنىلا ئىسپاتلاپ بېرەلەيدۇ. مۇبادا ۋاستىلىك دەلىل-ئىسپاتلاردىن بىرقانچىنى بىرلەشتۈرۈپ ئومۇملاشتۇرۇپ تەھلىل قىلغاندا ۋە خۇلاسە چىقارغاندا، ئەنزىدىكى مۇھىم پاكىتلارنى ئېنىقلىغىلى بولىدۇ.

**ۋاستىلىك سايلام** <قا> سايلام ئېلىپ بېرىشتىكى بىر خىل ئۇسۇل. بۇنىڭدا، دۆلەتنىڭ ۋاكالەتچىلىك ئورگانلىرىدىكى ۋەكىللەرنى ياكى زۇڭتۇڭنى سايلىغۇچى خەلق بىۋاستە بېلەت تاشلاپ سايلىماستىن، ئالدى بىلەن ۋەكىل سايلىۋالىدۇ، ئاندىن كېيىن بۇ ۋەكىللەر بېلەت تاشلاپ سايلاپ چىقىدۇ.

**ۋاستىلىك سودا** <سودا> ① تاۋارنى قولدىن قولغا ئۆتكۈزۈش شەكلىدە قىلىنغان سودا. ② تاۋارنى بىر پورتتىن يەنە بىر پورتقا ياكى بىر دۆلەت ئارقىلىق يەنە بىر دۆلەتكە توشۇش ئارقىلىق قىلىنغان سودا.

**ۋاستىلىك ئوغۇت** <دېھ> تۇپراقلارنى ئۆزگەرتىش ياكى ئورگانىك ماددىلارنىڭ پارچىلىنىشىغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان، ئوزۇقلۇق قىلىشقا بولمايدىغان، ئۆسۈملۈك بىۋاستە قوبۇل قىلالمايدىغان ئوغۇتلار. مەسىلەن، هاك، گەج قاتارلىقلار.

**ۋاسىدەميان** ئى (ۋاسا+دەم+يان) ئارىلىق قويۇپ تىزىلغان ۋاسا.

**ۋاسىل** ئى (ئە) ← **ۋاسىل بولماق.**

**ۋاسىل بولماق** يېزت. ئېرىشمەك، يەتمەك: دېمەك، بۇ مۇددىئامۇ بولدى هاسىل، ئەگەر قاچىسا بولۇشسا يارغا ۋاسىل.

**ۋاسىلدىماق** پ «ۋاس» قىلغان ئاۋازنى چىقارماق، «ۋاس» قىلماق: كېمە ئارغامچىلىرى ۋاسىلداپ ئۈزۈلۈشكە باشلىدى.

**ۋاش** تەق. مەلۇم نەرسىلەرنىڭ تېز هەرىكىتىدىن پەيدا بولغان ئاۋاز.

**ۋاشاق** ئى. دوغاپ ئەتكەندە مۇز چوقۇش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان تىغلىق ئەسۋاب.

**ۋاشاڭ** ئى. قوغۇن-تاۋۇزلار ئۈزۈلۈپ ئاخىرلاشقاندا قوغۇنلۇقتىكى قالدى-قاتتى سويىملارنى خالىغانچە ئۈزۈپ يىغىشتۇرۇش ئىشى؛ پاساڭ: ۋاشاڭ بولماق. ۋاشاڭ قىلماق.

**ۋاشاڭ بولماق** قوغۇنلۇقتىكى قوغۇن-تاۋۇزلار ئۈزۈلۈپ ئاخىرلاشقاندىن كېيىن قالدى-قاتتى سويىملار خالىغانچە ئۈزۈلۈپ يىغىشتۇرۇلماق: ۋاشاڭ بولغان قوغۇنلۇق بارىكى ئەتراپىدىكى گۈللەرمۇ قانداقتۇر بويۇنلىرى قىسىلغان، مۇڭ باسقاندەك كۆرۈنەتتى.

**ۋاشاڭ قىلماق** قوغۇنلۇقتىكى قوغۇن-تاۋۇزلار ئۈزۈلۈپ ئاخىرلاشقاندىن كېيىن قالدى-قاتتى سويىملارنى خالىغانچە ئۈزۈپ يىغىۋالماق، پاساڭدىماق.

**ۋاشاڭداتماق** «ۋاشاڭدىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**ۋاشاڭداشماق** «ۋاشاڭدىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**ۋاشاڭدالماق** «ۋاشاڭدىماق» پېئىلىنىڭ مەجهۇل دەرىجىسى.

**ۋاشاڭدىماق** پ. قوغۇنلۇقتىكى قوغۇن-تاۋۇزلار ئۈزۈلۈپ ئاخىرلاشقاندىن

كېيىن قالدى-قاتتى سويىملارنى خالىغانچە ئۆزمەك، ۋاشاڭ قىلماق: قوشنىمىزنىڭ قوغۇنلۇقنى ۋاشاڭداپ بىر قاپ سويما تاپتىم.

**ۋاشات** ئى. غەم، ئەندىشە: ۋاشات قىلماق.

**ۋاشات قىلماق** غەم-ئەندىشە قىلماق: توغرا بېرىپ كۆرۈپ كەل. لېكىن-زە، بالى-لىرىڭدىن ۋاشات قىلما. * بۇ ئىشتىن تولا ۋاشات قىلماڭ.

**ۋاش-ۋاش** «ۋاش» سۆزىنىڭ تەكرار-لىنىشى: شىۋىرغان ھۆركىرىمەكتە. باغ دېرىزىسىدىن ھېلىدىن-ھېلىغا ۋاش-ۋاش قىلغان ئاچچىق ئاۋاز كېلىپ تۇرىدۇ.

**ۋاش-ۋۇش** «ۋاش» قىلغان ۋە ياكى شۇ خىلدىكى ئاۋازلار: ئەتراپ جىمجىت ئىدى. پەقەت 50—60 مېتىر يىراقلىقتا ئوتلاۋاتقان ئاتلارنىڭ ۋاش-ۋۇش قىلغان ئاۋازىلا ئاڭلىنىپ تۇراتتى.

**ۋاشىلدا تماق** «ۋاشىلدىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: كامىلجان قوش چىشلىق ساپاننى راسا ۋاشىلدىتىپ ھەيدە-ۋاتاتتى.

**ۋاشىلدا شماق** «ۋاشىلدىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**ۋاشىلدىماق** پ «ۋاش-ۋاش» قىلغان ئاۋازنى چىقارماق، «ۋاش-ۋاش» قىلماق: سادىقنىڭ تومۇرىدىكى قان ۋاشىلداپ ئۆركەشلىمەكتە، نەپسى قىسىلماقتا.

**ۋاغجىر** سۆپ. دىئال. بۇدۇر، بۇجۇغۇر.

**ۋاق** I ئى. كېچىككەن، ۋاقتىدىن ئۆتكەن؛ ۋاقت جەھەتتىن كېيىن: ۋاق بولماق. ۋاق قالماق.

**ۋاق قالماق** كېچىكىپ قالماق، كېچىكمەك: دەرسكە ۋاق قالماق. يىغىنغا ۋاق قالماق. * ئۆيگە بېرىپ چاي ئىچىپ كېلىدىغانلار ئىمكان بار ۋاق قالمايلى.

**ۋاق** II تەق. ① تاياق ۋە شۇ قاتارلىق نەرسىلەر بىلەن باشقا نەرسىلەرنى ئۇرغاندا چىققان ئاۋاز. ② كەكلىك، مېكىيان قاتارلىقلار سايرىغاندا چىقارغان ئاۋاز.

**ۋاقاقلاتماق** «ۋاقاقلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**ۋاقاقلاشماق** «ۋاقاقلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: تۆيۈقسىز كاتەكتىكى توخۇلار ۋاقاقلىشىپ كەتتى.

**ۋاقاقلىماق** پ «ۋاق-ۋاق» قىلغان ئاۋازنى چىقارماق، «ۋاق-ۋاق» قىل-ماق: قەپەستىكى كەكلىكلەر بىر-بىرىگە قاراپ ۋاقاقلاپ سايراپ كەتتى.

**ۋاقتانىۋاق** ئى (ۋاقتەن+ۋاقت) ۋاقت، پۇر-سەت، پەيت: ۋاقتانىۋاق كەلگەندە، بىزگە خىيانەت قىلىپ، مېنىڭ بېشىمنىمۇ بىراۋغا سېتىشى چوقۇم.

**ۋاقتىدا** رەۋ. شۇ ۋاقت، شۇ پەيتنىڭ ئۆزىدە، ۋاقتىنى ئۆتكۈزمەي: — بولار ئىش بولدى، ئەمدى ۋاقتىدا كۆمۈۋېتىڭلار، پۇراپ كەتمىگەي يەنە، — دېدى تۆمۈر خەلپە ئاتقا مىنىۋېتىپ.

**ۋاقتى-سائىتى** پۇرسىتى، پەيتى، ۋاقتى: كۆپ ئۆتمەي شاھ مەلىكىسى ھامىلدار بولۇپ، ۋاقتى-سائىتى يەتكەندە بىر ئوغۇل تۇغۇپتۇ. * ئەمما ئۇ ئاغزىدا «نېمىگە ئالدىرايسەن؟ ۋاقتى-سائىتى كەلگەندە ئاندىن بىرنېمە دېيىشمەمدۇق» دەپ قوياتتى.

**ۋاقتى — سائىتى توشماق** بىرەر ئىش-ھەرىكەتنى قىلىشنىڭ ۋاقتى يېتىپ كەلمەك، پەيتى بولماق: كۆپ ئۆتمەي، مەلىكىنىڭ ۋاقتى-سائىتى توشۇپ، كۆزى يورۇپتۇ.

**ۋاقتى-سائىتى كەلگەندە** ۋاقتى، پەيتى يەتكەندە؛ پۇرسىتى بولغاندا: سېنىڭ

بۇ ئىشنىڭ ۋاقتى-سائىتى كەلگەندە بىر گەپ بولۇر.

**ۋاقتى-سائىتى يەتمەك** ← **ۋاقتى سائىتى توشماق**: ۋاقتى-سائىتى يېتىپ كەلگۈچە، ھېچكىم بىلمىگىنى تۈزۈك.

**ۋاقتى-قەرەلى** ← **ۋاقتى-سائىتى**: بارىمەن دېسە بارىۋەرسۇن، ۋاقتى-قەرەلى كەلگەندە ئۆزۈم بېرىپ قايتۇرۇپ كېلەرمەن، — دېدى ئۇ.

**ۋاقتى-قەرەلى كەلمەك** پۇرسىتى، پەيتى بولماق: پىشقان ئالما شېخىدىن ئۆزى چۈشكەندەك، ۋاقتى-قەرەلى كەلگەندە، مەن ئۆزۈم سەكرەپ چۈشىمەن.

**ۋاقتى-قەرەلى يەتمەك** پۇرسىتى، پەيتى بولماق: خاماندا كۆرۈشەيلى دېگەنىدىڭغۇ، ۋاقتى-قەرەلى يەتمەي كېلىپسەن.

**ۋاقتىنچە** رەۋ. بىرمەزگىل، ۋاقىتلىق، ھازىرچە: بۇ تەدبىرنىڭ ئەمەلگە ئاشۇرۇلۇشىنى ۋاقتىنچە كەينىگە كېچىكتۈردى.

**ۋاقتى-ۋاقتىدا** پات-پات، ئۆز ۋاقتىدا: بىز خىزمەتلەرنى ۋاقتى-ۋاقتىدا تەكشۈرۈپ تۇرۇشىمىز لازىم.

**ۋاقچە** رەۋ. كېيىن، ئالدىرىماي: ئىشچان خوتۇن سەھەر تۇرۇپ چېچىنى تارايدۇ، ھۇرۇن خوتۇن ۋاقچە تۇرۇپ كۆلۈكىنى كولايدۇ (ماقال).

**ۋاقىدە** رەۋ «ۋاق» قىلىپ، «ۋاق» قىلغان ھالدا: ئۇ جوزىغا ۋاقىدە بىرنى ئۇرۇپ چېچىلىپ سۆزلەپ كەتتى.

**ۋاقلىق** رەۋ. دەل ۋاقتىدىن كېيىنرەك، ۋاقتىنى ئۆتكۈزۈپ، كېچىكىپ، كېچىكتۈرۈپ: ئىشقا ۋاقلىق بارماق. ۋاقلىق كەلمەك. * بىز بۈگۈن ئەتىگەنلىك تاماقنى ۋاقلىق يېدۇق. * ئۇ ئاخشىمى كەچ ياتقاچقا، ئەتىگىنى ئورنىدىن ۋاقلىق تۇردى.

**ۋاق-ۋاق** «ۋاق II» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى: ئۇ ۋاق-ۋاق قىلىپ يۇڭ ساۋاۋاتاتتى.

**ۋاق-ۋۇق** «ۋاق» قىلغان ۋە ياكى شۇ خىلدىكى ئاۋازلار: ئۇلار تېز بولۇڭلار، تارتىڭلار» دەپ، كەينىدىن ئىتتىرىپ، ۋاق-ۋۇق ئۇرۇپ ھەيدىشىپ كېتەتتى.

**ۋاقىپ** سۈپ (ئە) بولۇپ ئۆتكەن ياكى بولىدىغان ۋەقە-ھادىسىدىن، مەخپىي نەرسە، سىر قاتارلىقلاردىن خەۋىرى بولغان؛ خەۋەردار: ھاتەم خەتنى ئېلىپ ئېچىپ ئوقۇپ مەزمۇنىدىن ۋاقىپ بولدى.

**ۋاقىپ بولماق** خەۋەر تاپماق، خەۋەرلەنمەك: يازغان خېتىڭنى تاپشۇرۇۋېلىپ، مەزمۇنىدىن ۋاقىپ بولدۇم.

**ۋاقىپلاندۇرماق** «ۋاقىپلانماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ماموت تامغا مىخلانغان چېرتيوژ بىلەن كۆپچىلىكنى ۋاقىپلاندۇردى.

**ۋاقىپلاندۇرۇشماق** «ۋاقىپلاندۇرماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**ۋاقىپلاندۇرۇلماق** «ۋاقىپلاندۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**ۋاقىپلانماق** پ. خەۋەر تاپماق، خەۋەردار بولماق، خەۋەرلەنمەك: ئاق كۆڭۈل ئايال بۇنىڭدىن ۋاقىپلىنىپ، كۆزى قىيمىغان ھالدا ئۆكسۈپ يىغلاپتۇ. * مەن ھەممىنىڭ مەزمۇنىدىن ۋاقىپلانغان. سىز بۇنىڭ بىلەن نېمە دېمەكچى بولسىز، مەقسىتىڭىز ئۆزىنى ئېيتىڭ.

**ۋاقىت** ئى (ئە) ① زامانىنىڭ ئەسىرلەر، يىللار، سائەتلەر، مىنۇتلار ۋە شۇ قاتارلىقلار بىلەن ئۆلچەنگەن بۆلىكى؛ چاغ. ② ئوبيېكتىپ ۋەقە-ھادىسىلەرنىڭ زاماندا قانچىلىك داۋام ئېتىپ تۇرۇشىنى بىلدۈرىدىغان بۆلىكى. ③ بىر جاينىڭ ئۆزىگە خاس زامان ئۆلچىمى: ئۈرۈمچى ۋاقتى. بېيجىڭ ۋاقتى. ④ يىل، ئاي، كۈن

ۋە شۇ قاتارلىقلارنىڭ بەلگىلىك پەيتى، كەز: ياز ۋاقتى. قىش ۋاقتى. سوغ ۋاقتى. ⑤ پەيت، پۇرسەت: هازىر مېنىڭ ۋاقتىم يوق. * ۋاقتىڭ بولسا كېلىپ ئولتۇرۇپ كەت. ⑥ بىرەر ئىش، ۋەقە، هادىسە ۋە شۇ قاتارلىقلار سادىر بولىدىغان ياكى بولغان پۇرسەت ئارىلىقى، مەزگىل: تاماق ۋاقتى. ئىنقىلاب ۋاقتى. خىزمەت ۋاقتى. ⑦ مەلۇم مۇددەت: پاسپورتىنىڭ تېخى ۋاقتى بار. ⑧ <قا> دەۋا سۇبيېكتى ۋە باشقا دەۋا ئىشتىراكچىلىرىنىڭ بىرلىكتە دەۋا پائالىيىتى ئېلىپ بارىدىغان ۋاقت كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

**ۋاقتى ئەمەس** پەيتى كەلمىدى: ۋاقتى ئەمەس، شۇڭا بىرمەزگىل كۈتەيلى.

**ۋاقتى بار** ① چولىسى تېگىدۇ، بوش ۋاقتى بار: مۇئەللىمنىڭ ئۆيىگە بارايلى دېگەنىدۇق. ۋاقتىڭ بارمۇ؟ بىللە بارايلى. ② پەيتى كەلمىدى، پەيتى ئەمەس: تېخى ۋاقتى بار، ۋاقتى كەلگەندە هېسابلىشارمىز.

**ۋاقتى تەگمەك** چولىسى تەگمەك، بىكار ۋاقتى چىقماق: قاچان ۋاقتىڭ تېگىدۇ، بۇ بىر چوڭ ئىش، ۋاقتىدا هەل قىلىۋەتكىنىمىز تۈزۈك.

**ۋاقتى چاغ** خۇشال-خۇرام، كەيپى ساز، كەيپى جايىدا: توختىنىڭ ۋاقتى چاغ، كۆڭلى خۇشاللىققا تولغانىدى.

**ۋاقتى خۇش** ← **ۋاقتى چاغ**: بۈگۈن ئۇنىڭ ۋاقتى خۇش كۆرۈنەتتى.

**ۋاقتى قىس** بىكار ۋاقتى يوق، بىكار ۋاقتى ناهايىتى ئاز: ئۇنىڭ ۋاقتى قىس بولسىمۇ، يەنىلا بىزنى يوقلاپ كېلىپتۇ.

**ۋاقتى كەلسە** پۇرسەت بولسا، پۇرسەت كەلسە: بۇ ئايال ۋاقتى كەلسە، ئەرلەر بىلەن تەڭ مۇشتلىشىپ، پىچاقلىشىپ هۆددىسىدىن چىقاتتى.

**ۋاقتى كەلگەندە** پۇرسىتى، پەيتى بولغاندا؛ ئۆز نۆۋىتىدە: بۇ ئىشلار توغرىسىدا ۋاقتى كەلگەندە يەنە سۆزلىشەرسىز. * بىز ئۇنى ئۆزگەرتسەك، ۋاقتى كەلگەندە جاۋاب بەرمەك تەس بولارمىكىن.

**ۋاقتى كەلمەك** پۇرسىتى، پەيتى بولماق: – ئاچايلى، – دېدى سابىر، – ئەمدى ۋاقتى كەلدى.

**ۋاقتى كېلىپ** ← **ۋاقتى كەلگەندە**: ۋاقتى كېلىپ بىرەر ئىش يۈز بەرسە سىز مەسئۇل بولامسىز؟

**ۋاقتى ئۆتمەك** ئىشتىن چىقماق، كارغا كەلمەس بولۇپ قالماق؛ مودىدىن قالماق: بۇ دورىنىڭ ۋاقتى ئۆتتى. * بۇ كىيىملەرنىڭ هازىر ۋاقتى ئۆتتى.

**ۋاقتى يەتمەك** ① ۋاقتى چىقماق: بازارغا بېرىپ كەلسەك، ۋاقتىڭ يېتەمدۇ. ② پۇرسىتى، پەيتى بولماق: ئەمدى بۇ ئادەتنى تۈگىتىشنىڭ ۋاقتى يەتتىغۇ دەيمەن.

**ۋاقت بەلبېغى** <جۇغ> ← **ۋاقت رايونى**.

**ۋاقت پەرقى** <ئاستر> ① ئوتتۇرىچە قۇياش ۋاقتى بىلەن هەقىقىي قۇياش ۋاقتى ئوتتۇرىسىدىكى پەرق. بۇ خىل پەرق بىر يىل ئىچىدە ئۈزلۈكسىز ئۆزگىرىپ، ئەڭ چوڭ مۇسبەت قىممىتى 14 مىنۇت، 24 سېكۇنتقا؛ ئەڭ چوڭ مەنپىي قىممىتى 16 مىنۇت، 24 سېكۇنتقا يېتىدۇ، تۆت قېتىم نۆلگە تەڭ بولىدۇ. ② ئوخشاش بولمىغان ۋاقت رايونلىرى ئارىسىدىكى پەرق.

**ۋاقت چىقارماق** مەلۇم بىر ئىشنى قىلىشقا بەلگىلىك ۋاقت ئاجراتماق:

ئەزالار ۋاقتنى چىك تۇتۇپ ئىشلەپ، قىشلىق سۇ قۇرۇلۇشىغا كۆپرەك ۋاقت چىقىرىشقا ئالدىراۋاتىدۇ.

**ۋاقت رايونى** <ئاستر> ← **ئۆلچەم ملىك ۋاقت رايونى.**

**ۋاقت سەرىپى** <مۇز> ئاۋاز ئىگىلىگەن ۋاقتنىڭ ئۇزۇن-قىسقىلىقى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ئاۋازنىڭ مۇتلەق ۋاقت-سەرىپى سېكۇنت بىلەن ھىسابلىنىدۇ. نىسپىي ۋاقت سەرىپى مۇزىكىلىق مەنتىق مۇناسىۋەتنى ئاساس قىلىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى مۇزىكا ئەمەلىيىتىدە مۇھىم ئىپادىلەش ۋاستىسى ھىسابلىنىدۇ.

**ۋاقتقا قاراپ بېرىلىدىغان ئىش ھەققى** <س ئىق> ئىش ھەققىنىڭ ئاساسىي شەكىللىرىدىن بىرى، يەنى ئەمگەكچىنىڭ ئەمگەك ۋاقتىغا قاراپ بېرىلىدىغان ئىش ھەققى. ئۇ سائەتلىك ئىش ھەققى، كۈنلۈك ئىش ھەققى، ھەپتىلىك ئىش ھەققى ۋە ئايلىق ئىش ھەققى قاتارلىقلارغا بۆلىنىدۇ.

**ۋاقت ناملىرى** <تىل> ۋاقتنى بىلدۈرىدىغان ئىسىملار. مەسىلەن، ئۆتمۈش، ھازىر، كەلگۈسى، كېلەچەك، ئەتىگەن، بۈگۈن، بۇلتۇر، ئۈزا، كۈز، قىش، يەكشەنبە ..... دېگەنلەردەك.

**ۋاقتنى ئالماق** كۆپ ۋاقت كەتمەك: ئاسان كۆرۈنگەندەك قىلغان بىلەن قول سالغاندا ۋاقتنى ئالىدىغان ئىش بۇ.

**ۋاقتنى قولدىن بەرمەسلىك** ۋاقتنى چىڭ تۇتماق: ياشلار ئۆگىنىشتە ۋاقتنى قولدىن بەرمەسلىك لازىم.

**ۋاقتسىز** رەۋ. ۋاقتى بولماي، ۋاقتىدىن بۇرۇن؛ بىمەھەل: ۋاقتسىز خازان بولماق.

* مەن بۇنداق ۋاقتسىز ئەجەلدىن كۆڭلۈمگە ئېچىنىش تۇيغۇسىنى كەلتۈرەلمىگەن بولار ئىدىم. * ۋاقتسىز كېلىپ قالغانلىقىم ئۈچۈن مېنى كەچۈرۈڭلار؟

**ۋاقتلىق** سۈپ ① بىر مەزگىللىك: پەقەت غەرب تەرەپتىكى قەشقەر دەرۋازىسىلا قېچىشقا ئەپلىك بولسۇن ئۈچۈن ۋاقتلىق غورۇلاپ قويۇلغانىدى. ② رەسمىي ئەمەس، رەسمىيلەشمىگەن: ۋاقتلىق ئىشچى.

**ۋاقتلىق ئىشچى** <س ئىق> ۋاقتلىق ياكى زەربىدارلىق خىزمەتلىرىنى ئورۇنلاش ئۈچۈن قوبۇل قىلىنغان ئىشچى. دۆلىتىمىزنىڭ ئەمگەككە مۇناسىۋەتلىك قانۇن-قائىدىلىرىدە كارخانا، كەسپىي ئورۇنلار، بەزى ۋاقتلىق ۋەزىپىلەرنى ئورۇنلاش ياكى ئىشلەپچىقىرىش ۋە ئاساسىي قۇرۇلۇشلاردا دەماللىققا بىرقىسىم ئاددىي ئىشچىلارنى كۆپەيتىش ۋە بەزى پەسىللىك خاراكتېرلىك كۈچلۈك بولغان ئىشلارنى ئورۇنلاش ئۈچۈن ۋاقتلىق ئىشچى ئىشلىتىشكە رۇخسەت قىلىنىدىغانلىقى بەلگىلەنگەن.

**ۋاقىلداتماق** «ۋاقىلدىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇ ئېتىلىپ بېرىپ ئۆچاق بېشىدىن كۆسەينى ئالدى-دە، روزىنى ۋاقىلدىتىپ ئۇرۇشقا باشلىدى.

**ۋاقىلداشماق** «ۋاقىلدىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**ۋاقىلدىماق** پ «ۋاق-ۋاق» قىلغان ئاۋازنى چىقارماق، «ۋاق-ۋاق» قىلماق.

**ۋاقىئىي** سۈپ (ئە) ھەقىقەتەن يۈز بەرگەن؛ ھەقىقىي، چىن، رېئال: ۋاقىئىي ھېكايە. ۋاقىئىي نىكاھ.

**ۋاك** تەق. بەزى نەرسىلەرنىڭ يىمىرىلىشىدىن چىققان ئاۋاز: پىچاقنى سىلىشىم بىلەنلا

قوغۇن «ۋاڭ» قىلىپ يېرىلىپ كەتتى.

**ۋاڭ دېمەك** يېڭىلگەنلىكىگە تەن بەرمەك؛ بەرداشلىق بېرەلمىگەنلىكىنى ئىقرار قىلماق: بۇ ئىشمۇ بولمىغاندا قۇرۇلۇشلاردا ئەرلەر ۋاڭ دەيدىغان ئېغىر ئىشلارنى قىلىشقىمۇ مەجبۇر بولدى. * ئۇ بىردەم ئېلىشىپ، ئاخىرى ۋاڭ دېدى.

**ۋاكالەت** ئى (ئە) شەخس، تەشكىلات، دۆلەت ئورگانلىرى قاتارلىقلار نامىدىن ئىش قىلىش، ۋەكىللىك ھوقۇقى: ھاي، مۇسۇلمانلار! مەن يۇرتنىڭ ئاتىسى چىڭ گاڭ غوجام ھەزرەتلىرىنىڭ ۋاكالەتلىرى بىلەن سىزلەردىن ئەھۋال سوراپ كەلدىم.

**ۋاكالەتچى** ئى ① بىرەر شەخسكە، تەشكىلاتقا ياكى دۆلەتكە ۋاكالىتەن ئىش بېجىرگۈچى ئادەم: ئۇ ئويۇن-تاماشىغا شۇنچىلىك ئامراق ئىدىكى، شەھەردىكى ئۈچ دۇكىنىنى ۋاكالەتچىگە، ئۆيۋاقىسىنى سېپىتقا تاشلاپ قويۇپلا ئىككى-ئۈچ كۈنلەپ چىقىپمۇ كېتەتتى. ② <قا> دەۋالاشقۇچىنىڭ نامىدا، دەۋالاشقۇچىغا ۋاكالىتەن مەلۇم خىلدىكى پائالىيەت بىلەن شۇغۇللانغۇچى كىشى.

**ۋاكالەتچىلىك** ئى. ۋاكالەتلىك قىلىش ئىشى: خەلق ئارىسىدا يەنە بىر خىل «ۋاكالەتچىلىك سودا» شەكلى بولۇپ، ئۇنىڭدا ۋاكالەتچى سودىگەر مەلۇم دەسمايە سېلىپ يېزا-قىشلاقلار تۇرمۇشىغا لازىملىق بولغان چەرچىماللارنى سودىگەرلەردىن ئارىيەت ئېلىپ دۇكان ئاچقان.

**ۋاكالەتچىلىك توختامى** <سودا> قانۇن بەلگىلىمىسى ياكى قانۇنىي ھەرىكەتلەر ئارقىلىق باشقىلارغا ۋاكالىتەن ئىش بېجىرىش بويىچە تۈزۈلگەن ئىقتىسادىي توختام.

**ۋاكالەتچىلىك ھوقۇقى** <قا> A تەرەپ (ۋاكالەتچى) نىڭ B تەرەپ (ۋاكالەتچىلىك قىلىنغۇچى) ئۈچۈن قانۇنىي ھەرىكەتنىڭ ئاقىۋىتىگە بىۋاسىتە ۋاكالەتچىلىك قىلىش سالاھىيىتى.

**ۋاكالەتخانا** ئى (ئە+پ) بىر دۆلەتنىڭ باشقا بىر دۆلەتتە تەسىس قىلغان ۋە شۇ دۆلەتكە ۋاكالىتەن ئىش بېجىرىدىغان قانۇنلۇق ئورگىنى: مۇشۇ مۇناسىۋەت بىلەن 6-ئاينىڭ 29-كۈنى ماكېدونىيىنىڭ ئالبانىيىدىكى ۋاكالەتخانىسى ۋاقىتىنچە تاقىۋېتىلدى.

**ۋاكالەتلىك** ① «ۋاكالەت» سۆزىنىڭ ئابستراكت ئىسىم شەكلى: بۇلارنىڭ ھەربىرى بىردىن ئاھاڭنىڭ ئىسمىگە ۋاكالەتلىك قىلىدۇ. ② سۈپ. ۋاكالىتەن ئىش-بېجىرىدىغان، ۋەكىللىك قىلىدىغان: ۋاكالەتلىك ئورگان.

**ۋاكالەتلىك قىلماق** كېپىل بولماق: بولىدۇ، سىلەر ۋاكالەتلىك قىلساڭلار رۇخسەت قىلىمىز.

**ۋاكالەتنامە** ئى (ئە+پ) ۋەكىللىك ھوقۇقىنى ئىسپاتلىغۇچى ھۆججەت.

**ۋاكالىتەن** رەۋ (ئە) باشقىلارنىڭ ئورنىدا، باشقىلارغا ۋەكىل بولۇپ، باشقىلارنىڭ ھاۋالىسى بويىچە: ۋاكالىتەن ئىشلىمەك. ۋاكالىتەن باشقۇرماق. * مەن قادىرغا ۋاكالىتەن سىزگە رەھمەت ئېيتىمەن.

**ۋاكالىتەن سېتىش** <سودا> سودا كارخانىلىرىنىڭ باشقا ئورۇنلارنىڭ ھاۋالىسىگە بىنائەن تاۋارلارنى ۋاكالىتەن ساتىدىغان كەسپى.

**ۋاكالىتەن سېتىۋېلىش** <سودا>

سودا كارخانىلىرىنىڭ باشقا ئورۇنلارنىڭ ھاۋالىسىگە بىنائەن تاۋارلارنى ۋاكالىتەن سېتىۋېلىش كەسپى.

**ۋاكالىتەن ۋارىسلىق قىلىش** <قا> ۋارىسلىق جەھەتتە ئالدىدا تۇرغۇچى ۋارىس ۋارىسلىق قىلىشتىن بۇرۇن ئۆلۈپ كەتسە ياكى ۋارىسلىق قىلىش ھوقۇقىدىن مەھرۇم بولغان بولسا، ئۇ ئېلىشقا تېگىشلىك مىراس ئۈلۈشىنى ئۇنىڭ بىۋاستە قان-قېرىنداش تۇغقانلىرى ۋاكالىتەن ئالىدىغان ۋارىسلىق قىلىش شەكلى.

**ۋاكسىنا** ئى (ر<لات) <تب> ئورگانىزمدا ئىممونىتېت كۈچىنى ھاسىل قىلالايدىغان باكتېرىيىلىك ياسالما. ئۇنى ئادەم ۋە ھايۋانلارغا ئىشلەتكەندە ئۇلاردا ئىممونىتېتنىڭ كۈچىنى ئاشۇرۇش ئارقىلىق ئالاقىدار يۇقۇملۇق كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ.

**ۋاككىدە** رەۋ «ۋاك» قىلىپ، «ۋاك» قىلغان ھالدا: ئۇ قوغۇن پىشقاندا، چۆنەك-لەرنى ئارىلاپ قوغۇننىڭ ۋاككىدە قىلىپ ئېتىلغان ئاۋازىنى ئاڭلاشنى ياخشى كۆرەتتى.

**ۋاكۇئۇل** ئى (ر<لات) <بئول> ھۈجەيرە ماددىسى ئىچىدىكى كۆپۈكسىمان تۈزۈلمە. ئۇ ئەتراپىدىكى نېپىز پەردىسى ئارقىلىق ھۈجەيرە ماددىسىدىن ئايرىلىپ تۇرىدۇ. ۋاكۇئۇللارنىڭ ئىچىدە سۇيۇق ماددىلار بولىدۇ.

**ۋاكۇئۇم** ئى (ر<لات) <فىز> ① ھاۋا يوق ياكى ناھايىتى ئاز ھاۋا بولغان ھالەت. ② شۇ خىل ھالەتتىكى بوشلۇق.

**ۋاكۇئۇم بوشلۇق** <فىز> ← **ۋاكۇئۇم.**

**ۋاكۇئۇم پومپىسى** <فىز> ھىم قاچا ئىچىدىكى گازنى مېخانىكىلىق، فىزىكىلىق ۋە خىمىيىلىك ياكى فىزوخىمىيىلىك ئۇسۇل-لاردىن پايدىلىنىپ تارتىپ چىقىرىپ، قاچا ئىچىنى ۋاكۇئۇمغا ئايلاندۇرىدىغان ئۈسكۈنە.

**ۋاكۇئۇم قۇدۇق** <سۇ> ئىچىدىكى ھاۋانى تارتىپ چىقىرىۋېتىپ ۋاكۇئۇم (مەنپىي بېسىم) ھاسىل قىلىش ئارقىلىق ئەتراپىدىكى سۇنى سۈمۈرۈپ، تارتىپ چىقىرىدىغان قۇدۇق.

**ۋاكۇئۇم كوندېنساتور** <فىز> ۋاكۇئۇم بوشلۇق ۋاستە قىلىنىدىغان كوندېنساتور.

**ۋاكۇئۇم لامپا** <فىز> ← **ئېلېكترون لامپا.**

**ۋاكۇئۇممېتىر** ئى (ر<لات+گرېك) <فىز> گازلارنىڭ بىر ئاتموسفېرا بېسىمدىن كىچىك بېسىمنى ئۆلچەيدىغان ئەسۋاب. مۇتلەق ۋاكۇئۇممېتىر ۋە نىسپىي ۋاكۇ-ئۇممېتىر دەپ ئىككى خىل بولىدۇ.

**ۋاك-ۋاك** «ۋاك» سۆزىنىڭ تەكرارلىنى-شى: ھەسەلخان قوغۇننى ئېلىپ بۇرنىدىن قانغىچە پۇرىدى-دە، ئاندىن كېيىن بوشلا ئۇرۇۋىدى، قوغۇن ۋاك-ۋاك قىلىپ تۆت پارچە بولدى.

**ۋاگون** ئى (ر<ئىنگ) <قاتن> ① پويىزنىڭ ئادەم ۋە يۈك توشۇش ئۈچۈن بەلگىلەن-گەن ھەربىر بۆلىكى. ② ئىش ئورنى، كان رايونى قاتارلىقلاردا ئىشلىتىلىدىغان بىر خىل توشۇش ئۈسكۈنىسى، شەكلى ۋارونكىغا ئوخشايدۇ، ئاستىدا چاقلىرى بولىدۇ. ئادەتتە رېلىس ئۈستىدە ماڭىدۇ.

**ۋاگون چاتقۇچ** <قاتن> پويىز ۋاگونلىرى-نى بىر-بىرىگە چاتىدىغان ئېلمەك. زەنجىر شەكلىدە بولۇپ، ۋاگوننى سۆ-رەش ۋە بۇفېرلىق رول ئوينايدۇ.

**ۋاگونچاق** ئى ① كىچىك ۋاگون. ② ئەمگەك مەيدانى ۋە كانلاردا ئىشلىتىلىدىغان توشۇش قورالى. ياسىلىشى تراپىتسىيە شەكىللىك بولۇپ ئاستىدا چاقلىرى بار، رېلىس ئۈستىدە ماڭىدۇ.

**ۋاگونچى** ئى. ۋاگونچاقنى باشقۇرىدىغان ۋە ھەيدەيدىغان ئادەم.

**ۋاگونلۇق** سۈپ. ۋاگونى بار، ۋاگون چېتىلغان: ئەگەر تۆمۈر يولدىن زاۋۇت تەرەپكە ئۇچۇق ۋاگونلۇق پاراۋۇز ئۆتسە، ئوقنى ئالغان بولىدۇ.

**ۋاڭ** I تەق. بىرەر نەرسىنىڭ ئېتىلىشى، يېرىلىشى، پارتلىشى ۋە تۇيۇقسىز تېگىشىدىن ھاسىل بولغان ئاۋاز: مىلتىق «ۋاڭ» قىلىپ ئېتىلدى. * باينى قانداق ئۇرۇۋەتكەنلىكىنى ئۆزىمۇ سەزمەي قالدى، «ۋاڭ» قىلىپ بازغاندەك تەگكەن بىر مۇشت بىلەن باي ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىغا گۈپ قىلىپ ئۇچۇپ چۈشتى.

**ۋاڭ** II ئى (خەن) خان، پادىشاھ.

**ۋاڭئەنشى** ئى <تارخ> ئېلىمىزنىڭ شىمالىي سۇڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن سىياسىيون، ئەدىب ۋە مۇتەپەككۇر.

**ۋاڭ ئەنشى قانۇن ئىسلاھاتى** <تارخ> شىمالىي سۇڭ سۇلالىسىدىكى سىياسىي ئىسلاھات. شىمالىي سۇڭ سۇلالىسىنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا يەرنى ئۆزىنىڭ قىلىۋېلىش جىددىيلىشىپ، كەڭ دېھقانلار كۈندىن-كۈنگە نامراتلىشىدۇ. سىنىپىي زىددىيەت ئۆتكۈرلىشىپ، فېئوداللىق دۆلەتتە مالىيە كرىزىسىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. شىنىڭنىڭ 2-يىلى (1069-يىلى) شېنزۇڭ ۋاڭ ئەنشىنى سىياسىي ئىشلارغا قاتناشتۇرۇپ، بىر يىلدىن كېيىن باش ۋەزىرلىككە بەلگىلەيدۇ. ۋاڭئەنشى قانۇنغا ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈپ بىر يۈرۈش ئىسلاھاتلارنى ئېلىپ بارغاندىن كېيىن، دۆلەتنىڭ مالىيە ئەھۋالى ياخشىلىنىشقا يۈزلىنىدۇ. بۇ ئۆزگىرىشلەر ھۆكۈمرانلار سىنىپى ئىچىدە جىددىي كۈرەشنى شەكىللەندۈرىدۇ. نەتىجىدە شىنىڭنىڭ 9-يىلى ۋاڭئەنشى خىزمىتىدىن ئېلىپ تاشلىنىدۇ. يۈەنفېڭنىڭ 8-يىلى شېنزۇڭ ئۆلگەندىن كېيىن يېڭى قانۇن بىكار قىلىنىدۇ.

**ۋاڭ-چۇڭ** قالايمىقان، ئېگىز-پەس ئاۋازلار: نىجاتنىڭ سۆزى قاقاھلاپ كۈلگەن كۆپچىلىكنىڭ ۋاڭ-چۇڭى بىلەن بۆلۈنۈپ كەتتى. * ئۇلار ۋاڭ-چۇڭ، خۇش-چاقچاق بىلەن ئۈزۈملۈك باغقا يېتىپمۇ كەلدى.

**ۋاڭشىتماق** «ۋاڭشىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: دەريا تەرەپتە سۇ چاقپېلەكنى ۋاڭشىتىپ ئۇرۇپ چاقماقتا ئىدى.

**ۋاڭشىغاق** سۈپ. تولا ۋاڭشىيدىغان، ۋاڭ-ۋاڭ قىلغان ئاۋازنى چىقىرىدىغان.

**ۋاڭشىماق** پ «ۋاڭ-ۋاڭ» قىلغان ئاۋازنى چىقارماق: ئارقا-ئارقىدىن ۋاڭشىپ ئېتىلغان مىلتىق ئاۋازلىرى كەينىمىزدىكى تاغ جىلغىلىرىدا كۈچلۈك ئەكس سادا قوزغاپ قالدى.

**ۋاڭشيا** ئى <جۇغ> ئاۋمېن يېنىدىكى بىر جاينىڭ نامى.

**ۋاڭشيا شەرتنامىسى** <تارىخ> ئامېرىكا جۇڭگوغا تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەندىن كېيىن چىڭ ھۆكۈمىتىنى مەجبۇرلاپ تۈنجى قېتىم ئىمزالىغان تەڭ ھوقۇقسىز شەرتنامە. بۇ 1844-يىلى 7-ئاينىڭ 3-كۈنى ئىمزالانغان. ئۇنىڭ مەزمۇنى:

« ئامېرىكا كونسۇللىرىنىڭ ھۆكۈم چىقىرىش دائىرىسىنى كېڭەيتىش، ئامېرىكا ھەربىي پاراخوتلىرى جۇڭگونىڭ ھەرقايسى پورتلىرىغا ئىختىيارىي كىرىپ چىقىش، < سودا تەكشۈرۈش >كە كەلگەندە جۇڭگو ئەمەلدارلىرى كۈتۈۋېلىش، ئامېرىكا جۇڭگودىكى سودا پورتلىرىدا يەرنى ئىجارىگە ئېلىپ قۇرۇلۇش قىلىش، يەنى دوختۇرخانا، چېركاۋلارنى سېلىشقا رۇخسەت قىلىنىش » دېگەنلەردىن ئىبارەت.

**ۋاڭ-گۇڭ** پادىشاھ ۋە ئۇنىڭ خانىشى، ئائىلە تاۋابىئاتلىرى.

**ۋاڭڭىدە** رەۋ. ۋاڭ قىلىپ، ۋاڭ قىلغان ھالدا.

**ۋاڭلىق** ① ئى. مەلۇم بىر تۈزۈمدىكى ھاكىمىيەت، خانلىق: ھازىر پەرىدىن بەگنىڭ ۋەلىئەھدىسى يوق، دەپ ئوردىدا ۋاڭلىقنى تالىشىۋاتىدۇ. ② سۈپ. ۋاڭلارغا خاس؛ ۋاڭنىڭ ئىگىدارچىلىقىدىكى، ۋاڭغا تەۋە: ۋاڭلىق تۈزۈم، ۋاڭلىق يەر.

**ۋاڭ-ۋاڭ** « ۋاڭ I » سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى.

**ۋاڭىلداتماق** « ۋاڭىلدىماق » پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**ۋاڭىلداشماق** « ۋاڭىلدىماق » پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**ۋاڭىلدىماق** پ « ۋاڭ-ۋاڭ » قىلغان ئاۋازنى چىقارماق، « ۋاڭ-ۋاڭ » قىلماق: ئېگىز تۈرخۇن جىيەك تارتقان كۆك يۈزىگە، سېخىلار ئارا موتۇر ئۈنى ۋاڭىلدايدۇ.

**ۋال** تەق. ئوت، چىراغ قاتارلىقلارنىڭ بىردىنلا يېنىش، چاقناش ھالىتى: ھاۋا گۈلدۈرلەپ « ۋال » قىلىپ چاقماق چاقتى. * سۇمۇرغ قىز دەرھال بىر ئالتۇن قۇلۇپنى تاشلىغانىكەن، « ۋال » قىلىپ سۇ يولۋىسىنىڭ بويىغا سېلىنىپتۇ-دە، سۇ يولۋىسى مىدىر قىلالماي يېتىپ قېلىپتۇ.

**ۋالاق** تەق. قاپاق ۋە شۇنىڭدەك نەرسىلەردىن سۇ تۆكۈلگەندە چىقىدىغان ئاۋاز.

**ۋالاقتەگكۈر** سۈپ (ۋالاق+تەگكۈر) ئادەمگە خۇشياقمايدىغان گەپلەرنى تولا قىلىدىغان، تولا سۆزلەيدىغان: گەپ قىلسا ۋالاقتەگكۈر دەيدۇ، گەپ قىلمىسا مۆرىمەس دەيدۇ (ماقال). * قېرىغىنىڭدا بەكمۇ ۋالاقتەگكۈر بولۇپ قېلىپسەن.

**ۋالاقتەگكۈرلۈك** ئى. تولا سۆزلەش ئادىتى: مۇھەببەت ماجىراسىدا ئۈچىنچى ئورۇندا تۇرغان كىشى يامان ئاتلىق بولۇپ قالماسلىق ئۈچۈن ئاستىراق سۆزلىشى ۋە ۋالاقتەگكۈرلۈك قىلماسلىقى كېرەك.

**ۋالاقشتماق** « ۋالاقشىماق » پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**ۋالاقشىماق** پ. تولا گەپ قىلماق، تولا سۆزلىمەك: نېمە ۋالاقشىيسەن كەچكىچە. * — سەن تولا ۋالاقشىما، — دېدى بەختىنىسا قولىغا سۈپۈرگە ئېلىپ.

**ۋالاقلاتقۇزماق** « ۋالاقلىماق » پېئىلىنىڭ قوش مەجبۇرىي دەرىجىسى: سەن ئۇنى تولا ۋالاقلاتقۇزماي، يولۇڭغا ماڭساڭ بولمامدۇ؟!

**ۋالاقلاتماق** « ۋالاقلىماق » پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ماتورلارنىڭ شاۋقۇن - سۈرەنلىرى ساتتارغا تۈن بويى ئارام بەرمەيدۇ. خوتۇننى ئويغىتىۋېتىپ ۋالاقلىتىدۇ.

**ۋالاقلاشماق** « ۋالاقلىماق » پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: — تولا ۋالاقلاشماي، ھارۋاڭنى ھەيدەش، — دېدى ئاتلىق چېرىك

زەردە بىلەن.

**ۋالاقلىماق** پ. جىق سۆزلىمەك، گەپ ساتماق: ئۇ يېڭى دەۋرنى كونا دەۋرنىڭ ئورنىغا ئالماشتۇرۇش، تۈزۈملەرنى باشقىدىن تىكلەش توغرۇلۇق ئۇزاق ۋالاقلىدى.

**ۋالاق-ۋالاق** «ۋالاق» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى.

**ۋالاق-ۋۇلۇق** «ۋالاق» قىلغان ۋە شۇ خىلدىكى ئاۋازلار: ئۇ زۆھرەمنى تىللاپ، چېچىدىن تۇتۇۋېلىپ ۋالاق-ۋۇلۇق ئۇرۇۋەتتى.

**ۋالەك** ئى. دىئال. كىچىك تۇلۇق، تۇلۇقچە.

**ۋالتورنا** ئى (ر<نېم) <مۇز> مىس بىلەن ياسالغان يەللىك چالغۇ ئەسۋابى، ۋالتورنىنىڭ تۈرى ناھايىتى كۆپ، ھازىرقى دۇخوۋوي ئوركېستىر ۋە ھەربىي ئوركېستىرلاردا كۆپىنچە F كوئيلۇك، 4 تەپكىلىك يېڭىچە ۋالتورنىلار ئىشلىتىلىدۇ. نوتىسى G بەلگە بىلەن يېزىلىدۇ. ئەمەلىي ئاۋاز ئېگىزلىكى نوتىدىن ساپ 5 گرادۇس تۆۋەن كېلىدۇ، تۆۋەن ئاۋاز قىسمىدا F بەلگىلىك نوتا ئىشلىتىلىدۇ.

**ۋاللاھۇئەلەم** (ئە) خۇدا بىلىدۇ دېگەن مەنىدىكى ئىبارە: ۋاللاھۇئەلەم، شۇ تەرەپلەردە ئېغىر شەرئى خىلاپ گۇناھلىق ئىشلار بولۇۋاتسا كېرەك.

**ۋاللەي** ئى. بالىلار ئويۇنىنىڭ بىر خىلى. بۇ ئويۇنغا قاتناشقۇچىلار ئىككى تەرەپ بولۇپ، بىر مېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى، كىچىك بالىنىڭ بىلىكىدەك توملۇقتىكى بىر كالتەك ھەم ئۇزۇنلۇقى 20 سانتىمېتىر، توملۇقى باش بارماقتىن تومراق بىر ياكى ئىككى بالىچۇق (ۋاللەي) بىلەن تۈز كەتكەن ئوچۇق مەيداندا ئوينىلىدۇ.

**ۋاللىدە** رەۋ «ۋال» قىلىپ، «ۋال» قىلغان ھالدا: بۇ گەپنى ئاڭلاپ كۆڭلۈم ۋاللىدە يورۇپ كەتتى. * ئۇ كۆن نۇرىدا ۋاللىدە بىر چاقنايدۇ-دە، ھەش-پەش دېگۈچە كۆزدىن غايىب بولىدۇ.

**ۋالۇن** ئى (ر) <گېئول> تۈرلۈك سەۋەبلەر بىلەن تاغدىن سىيرىلىپ چۈشكەن چوڭ تاشلار.

**ۋال-ۋال** «ۋال» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى.

**ۋال-ۋۇل** «ۋال» قىلىپ يورۇش، چاقناش ھالىتى: دەل شۇ چاغدا، كوچىدا ۋال-ۋۇل قىلىپ يېقىلغان قول چىراغلىرىنىڭ نۇرى چاقناپ كەتتى.

**ۋالېنت** ئى (ر<لات) <خىم> بىر خىل ئېلېمېنتنىڭ بىر ئاتومى بەلگىلىك ساندىكى ھىدروگېن ئاتومى (ھەرقانداق بىر خىل بىر ۋالېنتلىق ئېلېمېنتنىڭ ئاتومى) بىلەن بىرىكىدۇ، ياكى بەلگىلىك ساندىكى ھىدروگېن ئاتومى بىلەن ئورۇن ئالماشتۇرىدۇ، بۇ سان شۇ ئېلېمېنتنىڭ ۋالېنتى بولىدۇ. مەسىلەن، ھىدروخلوردىكى بىر خلور ئاتومىنىڭ ۋالېنتى بىر. بىر خىل ئېلېمېنت بىر خىل ياكى بىرقانچە خىل ۋالېنتلىققا ئىگە، مەسىلەن، گۈڭگۈرت ئىككى، تۆت ۋە ئالتە ۋالېنتلىق بولىدۇ.

**ۋالېنتلىق** ① سۈپ. مۇئەييەن ۋالېنت خۇسۇسىيىتىگە ئىگە بولغان: ئىككى ۋالېنتلىق خىمىيۋى ئېلېمېنت. ② ئى. بىرەر ئېلېمېنت ئاتومىنىڭ باشقا ئېلېمېنت ئاتوملىرى بىلەن بىرىكىش قابىلىيىتى.

**ۋالېنتلىق ئېلېكترون** <خىم> ئادەتتە ئاتومىنىڭ ئەڭ سىرتقى قەۋىتىدىكى ئېلېكترونلارنى كۆرسىتىدۇ، ئاتومىنىڭ ۋالېنتى ھەم ئۇنىڭ خىمىيۋى خۇسۇ-

سىيتى بۇ قەۋەتتىكى ئېلېكترونلارنىڭ
سانى تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ.

**ۋالبول** ئى (ر<ئىنگ) <تەن> ① توپ
تورلىرى تەنھەرىكىتىنىڭ بىرى. مەيدانى
تىك تۆت بۇلۇڭ شەكىللىك، ئوتتۇرىغا
ئېگىز سېتكا ئېسىلغان. بۇنىڭدا مۇسابىقە
قىلغۇچى ئىككى تەرەپ (ھەر تەرەپتە،
ئالتە ئادەمدىن بولىدۇ) مەيداننىڭ
ئىككى تەرىپىدە تۇرۇپ، توپنى قولى
بىلەن ئۇرۇپ سېتكىنىڭ ئۈستىدىن
ئۆتكۈزۈپ ئوينىشىدۇ. ② ۋالبول تەنھە-
رىكىتىدە ئىشلىتىلىدىغان توپ. تېشى كالا
خۇرۇمى ياكى سۈنئىي خۇرۇمدا ياسال-
غان، كامېرى رېزىنكە، چوڭلۇقى پۇتبولغا
ئوخشايدۇ.

**ۋالبولچى** ئى. ۋالبول ئوينايدىغان
تەنھەرىكەتچى: ئىمتىھان تۈزۈمىنىڭ بىكار
قىلىنىشى ئۇنىڭ ۋالبولچى بولۇش ئارزۇسىغا
يول ئېچىپ بەرگەندەك بولدى.

**ۋالس** ئى (ر<فران) <مۇز> ① ئاۋسترىيە
خەلق ئۇسسۇلىدىن كېلىپ چىقىپ تەرەق-
قىي قىلغان تانسا-ئۇسسۇل مۇزىكىسى.
ئۇدارى $\frac{3}{4}$ لىك بولۇپ، رىتمى يېنىك،
تېز، مېلودىيىسى راۋان كېلىدۇ، بىرىنچى
ئۇدارنىڭ قاتتىق ئاۋازى تەكىتلىنىپ
بېرىلىدۇ. تارىلىش دائىرىسى ناھايىتى
كەڭ، تۈرى ناھايىتى كۆپ ئاھاڭدۇر.
ھازىر ناخشا ۋالسى، شەھەر تانسا
ۋالسى، مۇزىكا يېغىلىشلىرىدا چېلىنىدىغان
ۋالس، ھەتتا سىمفونىيە مۇزىكىلىرىغا
باپ قىلىپ كىرگۈزگەن ۋالسلارمۇ بار.
② شۇ خىل مۇزىكىغا ئوينىلىدىغان
تانسا.

**ۋاللداتماق** «ۋاللدىماق» پېئىلىنىڭ
مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇ قولىدىكى ئەينەك
پارچىسىنى كۈن نۇرىدا ۋاللدىتىپ ئويناۋاتاتتى.

**ۋاللدىماق** پ «ۋال-ۋال» قىلماق،
«ۋال-ۋال» قىلىپ نۇر چاچماق: ئۇ
ئويغىنىپ كۆزىنى ئاچتى-دە، چۆچۈپ كەتتى.
چۈنكى ئۇنىڭ ئۇيقۇلۇق كۆزلىرى ۋاللدىغان
قولچىراغ شولىلىرىنى كۆرگەنىدى.

**ۋالىۋاش** ① سۈپ. قالايمىقان: مەن ئېيتىپ
قوياي، تويى دېگەن قىيامەت جۇمۇڭلار،
ئەتىگەنلىككە مېھمانلار شۇنداق كېلىشكە
باشلايدۇكى، ۋاي-ۋۇي!... ئۇ چاغدا ۋالىۋاش
بولۇپ كەتسەڭ تازىمۇ سەتچىلىك بولىدۇ.
② ئى. ئالدىراش: دادام نەچچە كۈن
ۋالىۋاش بولۇپ، ھەممە نەرسىنى ئۆرۈپ-چۆ-
رۈپ يۈرۈپ، ئاخىر بۇ خالتىنى تاپتى.

**ۋالىۋاشچىلىق** ئى. قالايمىقانچىلىق: بۇ
ۋالىۋاشچىلىقتا، ھەرقانچە دانا، ھەرقانچە
ئەقىللىق ئادەممۇ ئوڭ-سولنى، ھەق-ناھەقنى،
توغرا-خاتانى پەرق ئەتمەكى مۇشكۇل ئىدى.

**ۋالىي** ئى (ئە) ۋىلايەت باشلىقى.

**ۋالىيلىق** ئى ① ۋالىيلاردا بولىدىغان،
ۋالىيلارغا خاس: ئۇنىڭ ۋالىيلىق ئىمتىيازى
ئاجىزلىشىپ، قۇرۇق جازا ۋە ھوقۇقسىز قورچاق
ئەمەلدار بولۇپ قالدى. ② ئى. ۋالىيغا
يۈكلەنگەن ئەمەل، ۋەزىپە: ۋالىيلىق
قىلماق.

**ۋانادىي** ئى (ر) <خىم> مېتال ئېلېمېنت.
بەلگىسى V (Vanadium). كۈمۈشتەك
ئاپئاق، ئادەتتىكى تېمپېراتۇرىدا ئاسان
ئوكسىدلانمايدۇ. ۋانادىي بىلەن پولاتنىڭ
قېتىشمىسى ۋانادىيلىق پولات دېيىلىدۇ،
سانائەتتە قوللىنىلىشى ناھايىتى كەڭ.

**ۋانكومىتسىن** ئى (ئىنگ) <تىب> ئانتىبىئوتىكلار-
نىڭ بىر خىلى. كۆپ ئىشلىتىلىدىغانلىرى
ۋانكومىتسىننىڭ خلورىد كىسلاتا تۇزلىرى
بولۇپ، قوڭۇر رەڭلىك، پاراشوك ھالىتىدە

كېلىدۇ. ئادەتتە باشقا ئانتىبىئوتىكلارنىڭ دورىغا قارشى خۇسۇسىيەتكە ئىگە ئۆزگىرىشچان شارچە باكتېرىيىلىرىنىڭ يۇقۇملاندۇرۇشىنى داۋالاش رولىنى ئوينايدۇ.

**ۋانا** ئى (د) ① يۇيۇنۇش ئۈچۈن مەخسۇس ياسالغان چوڭ، ئۇزۇن داس: ۋانىدا يۇيۇنماق. مۇنچىغا ۋانا بېكىتمەك. ② كۆچمە. بەدەننى سۇ، ھاۋا ياكى ئاپتاپ تەسىرىدىن بەھرىمەن قىلىش يولى بىلەن داۋالاش: قۇياش ۋاننىسى. ھاۋا ۋاننىسى.

**ۋاننىلىق** سۈپ. ۋاننىسى بار، ۋاننا ئورنىتىلغان: ۋاننىلىق ئۆي.

**ۋانىل** ئى (ر<فران<ئىسپان) <بوت> ① تۆلكىمايىقى ئائىلىسىدىكى بىر خىل ئۆسۈملۈك. ئامېرىكا قىتئەسىنىڭ ئىسسىق بەلباغ رايونلىرىدىن چىقىدۇ. مېۋىسىدىن چەككىلەپ ئېلىنغان پۇراقلىق ماتېرىيالنى ماروژنىغا ئىشلەتكىلى بولىدۇ. ② شۇ خىل ئۆسۈملۈكنىڭ مېۋىسى.

**ۋانىلىن** ئى (ر<فران<ئىسپان) <خىم> مۇئەتتەرنىڭ بىر خىلى. مەلۇم ئۆسۈملۈكلەر تەركىبىدە ساقلىنىدۇ. ھازىر كۆپىنچە سۈنئىي ئۇسۇلدا بىرىكتۈرۈش يولى بىلەن ئىشلىنىدۇ. ئادەتتە پەرداز بۇيۇملىرى ۋە يېمەكلىكلەرگە ماتېرىيال قىلىنىدۇ.

**ۋاھ** ئىم. كىشىلەرنىڭ مەلۇم نەرسىلەرنى بەكمۇ ياقتۇرۇش ئىماسىنى بىلدۈرىدۇ: ۋاھ، ناھايىتى ياخشى ئىش ئىكەن بۇ. * ۋاھ، تازا لايىق كەلدى.

**ۋاھابى** ئى (ئە) <دىن> ← **ۋاھابىلار.**

**ۋاھابىلار** ئى <دىن> سۈننىي مەزھىپى ئىچىدىكى بىر مەزھەپ. قۇرغۇچىسى مۇھەممەد بىننى ئابدۇلۋاھاب. بۇ مەزھەپ ھازىر سەئۇدى ئەرەبىستانىنىڭ رەسمىي مەزھىپى بولۇپ، سەئۇدى ئەرەبىستانىنىڭ سىرتىغا تارقالمىغان. ھەنبەلىيلەرنىڭ 5 تىن 4 قىسمى ۋاھابىلاردۇر.

**ۋاھە** ئى (ئە) <جۇغ> چۆل ۋە يېرىم چۆللەردىكى دەرەخ ئۆسۈملۈكلەر رايونى، تۈزسىز سۇ بىلەن سۇغىرىلىدىغان جايلار.

**ۋاھ-ۋاھ** «ۋاھ» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى: ۋاھ-ۋاھ! نېمىدېگەن گۈزەل جاي بۇ!

**ۋائىز** ئى (ئە) ① <دىن> دىنىي مەزمۇندا ۋەز ئېيتقۇچى، ۋەزخان. ② نەسىھەت يۈزىسىدىن تەشۋىق-تەرغىبات ئېلىپ بارغۇچى، نۇتۇق سۆزلىگۈچى كىشى؛ ناتىق.

**ۋائىزلىق** «ۋائىز» سۆزىنىڭ ئابستراكت ئىسىم شەكلى: ئۇ ۋائىزلىقتا ۋايىغا يەتكەن مەرىپەتپەرۋەر دىنىي زات ئىدى.

**ۋاي** ئىم ① قاراتما سۆزلەرنىڭ ئالدىدا كېلىپ قاقشاش، ھەسرەتلىنىش ئىماسىنى بىلدۈرىدۇ: ۋاي دوستۇم، ئۇ كۈنلەردە مۇنداق ئىشلار كىمنىڭ بېشىغا كەلمىگەن. ② قاراتما سۆزلەرنىڭ ئالدىدا كېلىپ، جىملەش ئىماسىنى بىلدۈرىدۇ: ۋاي سادەتخان! ئەمدى كەلدىڭىزمۇ؟ سازچىلار سىزدىن رەنجىشتى. ③ ئوڭايسىزلىنىش ئىماسىنى بىلدۈرىدۇ: ۋاي ئەپەندىم، بۇ نېمە قىلغانلىرى. ④ جىددىيلىشىش ئىماسىنى بىلدۈرىدۇ: ۋاي، ئۇلار كېلىپ قالدى! چاپسان بولۇڭلار. ⑤ ئاغرىش ئىماسىنى بىلدۈرۈپ، ئاغرىغان ئەزانى بىلدۈرىدىغان سۆزنىڭ ئالدىدا كېلىدۇ: ۋاي قولۇم! قولۇمنى دەسسىۋالدىڭ. ⑥ ۋاپات بولغان كىشى ئۈچۈن يىغلىغاندا

شۇ كىشىنىڭ ئىسمى ياكى ئىسمى ئورنىدا ئىشلىتىلگەن سۆزنىڭ ئالدىدا كېلىپ يىغىنى كۈچەيتىدۇ: تۇيۇقسىز يان ھويلىدىن ۋاي ئاتام، ۋاي قېرىندىشىم دېگەن يىغا ئاۋازى چىقتى.

**ۋاي ئاتام** ① باش قېتىش ئىماسىنى بىلدۈرىدۇ: ۋاي ئاتام، مۇنچە كۆپ ئادەمنى نەگە پاتقۇزارمىز. ② ئەجەبلىنىش ئىماسىنى بىلدۈرىدۇ: ۋاي ئاتام، نېمانداق قاراڭغۇ ئۆي بۇ.

**ۋاي ئاللا** بىرەر ئىشتىن ھەيران قالغانلىقنى بىلدۈرىدۇ: ھېلىقى ئەر-خوتۇن قورقۇپ كېتىپ ۋاي ئاللا، بۇ نېمە كارامەت دەپ ئۆيدىن يۈگۈرۈپ چىقتى.

**ۋاي ئاللىيەي** ← **ۋاي ئاللا**: — ۋاي ئاللىيەي، دېسىڭىزا، قايسى ھېلىقى؟

**ۋاي ئانام** ← **ۋاي ئاتام**: — ۋاي ئانام، بۇ جۇۋاينىمەككە بولۇپ بەردىمۇ نېمە، — دېدى گۈلبوستان.

**ۋاي تېخى** بىرەر ئىش-ھەرىكەتكە، سۆزگە ئانچە ئىشەنمەسلىكنى بىلدۈرىدۇ: — كېچە-كۈندۈز مېنىڭ خىيالىم سىلەردە، — دېدى نۇرۇم. — ۋاي تېخى، ئۇستىلىق دېگەن مانا، — دېدى غۇنچەم جاۋابەن.

**ۋاي خۇدايىمەي** ① بىرەر ئىش-ھەرىكەتتىن ئەنسىرەشنى بىلدۈرىدۇ: ۋاي خۇدايىمەي، ئەمدى قانداق قىلارمەن؟ ② بىرەر ئىشتىن، نەرسىدىن ھەيران قېلىشنى بىلدۈرىدۇ: ۋاي خۇدايىمەي، كىچىكلا قىزغۇ بۇ، كەل سىڭلىم ساڭا نېمە بولدى. ③ بىرەر ئىشقا، نەرسىگە پىسەنت قىلماسلىقنى بىلدۈرىدۇ: ۋاي خۇدايىمەي، پۇل كەتسە كەتمەمدۇ.

**ۋاي دېمەك** چوڭ كۆرمەك، ئەتىۋارلىماق: ۋاي دەپ قويساق ئەجەب ئۆزىنى كۆرسەتتى بۇ ئاداش.

**ۋاي سالماق** ۋايەي، ۋايجان دەپ قاقشىماق، داد-پەرياد قىلماق: باھارخان كىچىككىنە قىزنىڭ ۋاي سالغىنىغا قارىماي، ئۇنىڭ يېرىلغان پۇتلىرىنى چىراغ يېغى بىلەن داغلاۋاتقانىدى.

**ۋاي قوۋۇرغام** بىر كىمنى مەنسىتمەسلىك، مازاق قىلىش ئىماسىنى بىلدۈرىدۇ: ۋاي قوۋۇرغام، تېخى چىقىپ كېتىمەن دەپ بىزنى قورقۇتماقچىمىكەن.

**ۋاي ئىست** بىرەر ئىشقا، نەرسىگە بولغان ئېچىنىشنى بىلدۈرىدۇ: ئۇلار: — شۇنداق قىلىپ ئەمدى مەلىكىنى ئېلىپ كېتىدىغان بولدى، ۋاي ئىست، — دېيىشىپ ھەسرەت چېكىپتۇ.

**ۋاي ئىستەي** «ۋاي ئىست» دېگەن بىرىكمىنىڭ كۈچەيتىلىپ ئېيتىلىشى: ۋاي ئىستەي، غۇنچەمدەك چىرايلىق، چېچەن قىز باينىڭ شۇ قوپال، ماڭقا ئوغلىغا خوتۇن بولۇپ كېتەرمۇ.

**ۋايە** ئى (پ) ← **ۋايىغا يەتمەك**.

**ۋايىغا يەتمەك** ① قۇرامىغا، بالاغەتكە توشماق: — قىزىمىزمۇ ۋايىغا يېتىپ قالدى، ئەمدى توي تەييارلىقى قىلمىساق بولماس، — دېدى بوۋاي. ② كامالەتكە يەتمەك: ئۇ ئىلىم ساھەسىدە ۋايىغا يەتكەن ئەرباب ئىدى.

**ۋايتاڭ** ئىم (ۋاي+تاڭ) جۈملىدە «پەقەتلا بىلمەيمەن، زادىلا خەۋىرىم يوق ئە-كەن» دېگەندەك ئېنىقسىزلىق جاۋاب ئىماسىنى بىلدۈرىدۇ: — بىر-ئىككى كۈن ئۆيگە قايتمايمەن، قويلارغا ياخشى قارىغىن، ئاپاڭ قويىنى كىم ئەكەلدى؟ دەپ سورىسا، «ۋايتاڭ» دەپ دولاڭنى چىقىرىپ تۇرغىن، — دېدىم ئۇنىڭغا.

**ۋايناگەي** ئىم (ۋاي+تاگەي) «ۋاي ناڭ» سۆزىنىڭ كۆچەيتىلىپ ئېيتىلىشى.

**ۋايتوۋا** ئىم (ۋاي+توۋا) ① بىرەر نەرسىدىن ھەيران بولۇش، ئەجەبلىنىش ئىماسىنى بىلدۈرىدۇ: ۋايتوۋا، ئۇ قىز شۇنچە قىلىپ يۈرسىمۇ كۆز قىرىنى سېلىپ قويمىغىنىنى قارا ئۇنىڭ. ② قاتتىق قورقۇش ئىماسىنى بىلدۈرىدۇ: ئۇ تېخى بىر تاياق يېمەستىنلا «ۋايتوۋا» دەپ ۋارقىراپ كەتتى.

**ۋايجان** ئىم (ۋاي+جان) ① ئاغرىش ئىماسىنى بىلدۈرىدۇ: ۋايجان، بېشىم بەك ئاغرىپ كېتىۋاتىدۇ. ② چارچاش، ئۇسساش، ئېچىرقاش قاتارلىق ھالسىزلىنىش ئىماسىنى بىلدۈرىدۇ: ۋايجان، بەك ھېرىپ كەتتىم. * ۋايجان، قورسىقىم بەك ئېچىپ كەتتى. * ۋايجان، بەك ئۇسساپ كەتتىم. ③ قورقۇش، چۆچۈش، ھەيران قېلىش ئىماسىنى بىلدۈرىدۇ: ۋايجان، نېمىدېگەن سەت ھايۋان بۇ. ④ پىسەنت قىلماسلىق ئىماسىنى بىلدۈرىدۇ: ۋايجان، نېمانچە قىلاتتۇق ئۇنىڭغا، يامىنى كەلسە تۆت تەڭگىنى ئارتۇق خەجلەرمىز.

**ۋايجېنى چىقماق** ئەيجىقى چىقماق، كاردىن چىقماق؛ ھالىدىن كەتمەك؛ ئەدىپىنى يېمەك: ئېشەك بۇنداق بولار دەپ ھەرگىز ئويلىمىغان ئىكەنمەن. كەچكىچە قوش سۆرەپ ۋايجېنى چىقىپ كېتىپتۇ. * ئۇنى ئۇرۇپ ۋايجېنىنى چىقىرىۋەتتى.

**ۋايجانەي** ئىم (ۋاي+جانەي) «ۋايجان» سۆزىنىڭ كۆچەيتىلىپ ئېيتىلىشى: ۋايجانەي، پۇل-پۇل دەپ، بىز دۇكان ئاچاتتۇقمۇ؟

**ۋايجانلاتماق** «ۋايجانلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: دەسلىپىدە بىردىن مۇشت بىلەن بىرقانچىسىنى ۋايجانلاتقان بولسامۇ بارا-بارا بۇ ئون نەچچە ئادەمگە تەڭ كېلەلمەي قالدىم.

**ۋايجانلىماق** پ «ۋايجان» دەپ ۋارقىرىماق: سىدىق قازى كالچىنىڭ چۇشۇپ قالغانلىقىغا قارىماي ۋايجانلاپ قاچتى. * ساقىي توپا ئۇستىدە ئۇزاققىچە كۆزىنى ئاچماي ۋايجانلاپ يېتىۋالدى.

**ۋايداد** ئىم (ۋاي+داد) ۋارقىراشنى، داد-پەرياد سېلىشنى بىلدۈرىدۇ: ئۇ ۋايداد سېلىپ ئۆمىلىگىنىچە تالاغا چىقتى-دە، ئۆزىنىڭ چاپەرمەنلىرىگە ۋارقىرىدى.

**ۋايدادلىماق** پ «ۋايداد» دەپ ۋارقىرىماق، داد-پەرياد قىلماق: بېلىنىڭ ئاغرىشىدىن سىگارىيان بولۇپ قالغان مىجىت ۋايدادلاپ ئاران ماڭاتتى.

**ۋايساتماق** «ۋايسىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**ۋايساشماق** «ۋايسىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**ۋايسىماق** پ. قاقشىماق، زارلانماق: ئۇ ئاچچىق ئاغرىقتىن ۋايساپ تولغىنىپ، يەنە بىر نەچچىنى دوملاپ كۆلتۈك قاردا يېتىپ قالدى.

**ۋاي-ۋاي** «ۋاي» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى: نېسى ئېلىشتا ھاي-ھاي، پۇلنى بېرىشتە ۋاي-ۋاي (ماقال). * ۋاي-ۋاي، ئۇنىڭ قوللىرىدىكى قوش-قوش ئۈزۈك، ئېسىل ھالقا، بۇلاپكا!

**ۋايۋايلاتماق** «ۋايلايلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇنىڭدىكى ھەممە پۇلۇمنى ۋايۋايلىتىپ تۇرۇپ ئېلىۋالدىم.

**ۋايۋايلاشماق** «ۋايۋايلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: پۇت-قوللىرى قايرىلغان چېرىكلەر ۋاي-ۋايلىشىپ ياتاتتى.

**ۋايۋايلىماق** پ «ۋاي، ۋاي» دەپ ۋارقىرىماق، قاقشىماق، زارلانماق: ئىمرەم-

نىڭ ۋاي-ۋايلاپ نالە قىلىشلىرى، چىرقىراشلىرى ئانىنىڭ قۇلىقىغا كىرمەيتتى.

**ۋاي-ۋۇي** ① بىرەر ئىشتىن، نەرسىدىن بىزار بولۇش، خالىماسلىق ئىماسىنى بىلدۈرىدۇ: ئايالىڭنىڭ خېتىمۇ؟ ۋاي-ۋۇي، سېنى خاتىرجەم قىلماق ئەجەبمۇ تەسكە چۈشۈۋاتىدىغۇ تالڭ. * ۋاي-ۋۇي، مۇنۇ ئاداشنىڭ مەمەدانلىقىنى. ② بىرەر نەرسىگە ھەيران بولۇش ئىماسىنى بىلدۈرىدۇ: ۋاي-ۋۇي، نېمىدېگەن گۈزەل-يەر بۇ! ③ بىرەر كىمنى مەسخىرە قىلىش ئىماسىنى بىلدۈرىدۇ: ۋاي-ۋۇي، چىقىپ كېتىمەن دەپ بىزنى قورقۇتماقچىمۇ سەن؟

**ۋايبەي** ئىم ① ئاغرىش ئىماسىنى بىلدۈرىدۇ: ۋايبەي، قولۇم! قولۇمنى ئىشىك قىسىۋالدى! ② پىسەنت قىلماسلىق ئىماسىنى بىلدۈرىدۇ: ۋايبەي، جان بولسا جاھان، ئاش بولسا قازان، پۇل، پۇل دەپ دۇكان ئاچاتتۇقمۇ. ③ نارازى بولۇش ئىماسىنى بىلدۈرىدۇ: — ۋايبەي، كىشىنىڭ جانلىق مېلىنى تۇتامدىغان، — دېدى زورىخان. * ۋايبەي، كۆيئوغۇل ئوغۇل بولماس، كۆلدە تام بولماس، دەپتىكەن، ئۆز باغرىدىن چۈشمىگەن بالىنى بالا ئەتكىلى بولامدۇ؟

**ۋايىز** (توغرىسى: ۋائىز) ← **ۋائىز.**

**ۋە** باغل (ئە) تەڭداش بۆلەكلەر ۋە جۈملىلەرنى بىر-بىرىگە باغلاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ: بۇگۈنكى يىغىنغا ئەركىن، سەمەت ۋە توختىلار قاتناشتى. * ئۆي كىچىك بولسىمۇ پاكىز ۋە يورۇق ئىدى. * ئۇ ئالما، ئۈزۈم ۋە نەشپۈت ئالدى.

**ۋەئەلەيكۇم** ئى (ئە) ← **ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام.**

**ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام** كىشىلەرنىڭ بىر-بىرى بىلەن ئۇچراشقاندا تىنچلىق-ئامانلىق، ھال-ئەھۋال سوراش يۈزىسىدىن ئىشلىتىدىغان «ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم» دېگەن سۆزگە جاۋابەن ئىشلىتىلىدىغان سۆز بولۇپ، لۇغەت مەنىسى «سىزمۇ ھەم تىنچ-ئامان بولۇڭ» دېگەنلىكتۇر: — ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، بالام، يول بولسۇن؟ — دەپ سوراپتۇ بوۋاي.

**ۋەتەن** ئى (ئە) ① ئۆزى تۇغۇلۇپ ئۆسكەن، كىندىك قېنى تۆكۈلگەن جاي، يۇرت، دىيار: ۋەتىنىم غۇلجا. ۋەتىنىم قەشقەر. * بەختىڭ قەيەردە ئېچىلسا، شۇ يەردە ۋەتەن تۇت. * بىر شەھەردە ۋەتەن تۇتۇپ تۇراي دېسەڭ، چوڭ شەھەردە تۇر. ② ئۆزى تۇغۇلۇپ ئۆسكەن ياكى ئۆزىنى ئۇنىڭ گراژدانى دەپ ھېسابلىغان مەملىكەت، دۆلەت: ۋەتىنىم جۇڭخۇا ئېلى، مەن ئۇنىڭ پەرزەنتىمەن.

**ۋەتەن ساتقۇچ** ۋەتىنىدىن ۋاز كېچىپ، ۋەتىنىنىڭ مەنپەئەتلىرىنى باشقا ئەللەرگە سېتىپ، باشقا ئەللەر ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان كىشى، ساتقىن: ۋەتەن ساتقۇچ ئوغرىلارنى قىر-چاپ قىلايلى!

**ۋەتەنپەرۋەر** ئى (ئە+پ) ئۆز ۋەتىنىنى، خەلقىنى سۆيىدىغان، ۋەتىنىنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن جان پىدا قىلىدىغان كىشى: بۇ مەھبۇس پېشقەدەم ۋەتەنپەرۋەر تۇردىئاخۇن خەلپە ئىدى.

**ۋەتەنپەرۋەرلىك** ئى. ۋەتەنگە سادىق بولۇش ۋە ئۇنى سۆيۈش ئىدىيىسى، خىسلىتى: ۋەتەنپەرۋەرلىك روھىمىزنى جارى قىلدۇرۇپ، ئۆز خىزمىتىمىزگە سادىق بولايلى.

**ۋەتەنداش** ئى (ئە+پ) ۋەتىنى بىر، بىر ۋەتەندە تۇغۇلۇپ ئۆسكەن كىشىلەر: بۈگۈن يەنە كۆردۈم ئۆمىدنى، ۋەتىنىمدە، ۋەتەنداشلاردا.

**ۋەتەنداشلىق** «ۋەتەنداش» سۆزىنىڭ ئابستراكت ئىسىم شەكلى.

**ۋەتەنسىز** سۈپ. ۋەتىنى يوق، دائىم كۆچۈپ يۈرىدىغان: ۋەتەنسىز كىشىنىڭ دىلى مەڭگۈ كىر، ئۆزگىلەر ۋەتىنى ئۆز ۋەتەنگە يات.

**ۋەتەنسىزلىك** «ۋەتەنسىز» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: ئۇلار ئادەتتە زۇۋان سۈرمىگەن بىلەن ۋەتەنسىزلىك ھەسرىتىدە كۆيىدىكەن، يۇرتىنى سېغىنىدىكەن.

**ۋەتەنلىك** سۈپ. ۋەتىنى بار، ۋەتىنى بولغان: بارا-بارا، يېڭىباشتىن كۆپىيىپ، بولغانىمىش ۋەتەنلىك ۋە خاقانلىق.

**ۋەتۈۋەرەك** I ئى ← **ۋەتۈۋەرىكى چىقماق.**

**ۋەتۈۋەرىكى چىقماق** كونىراپ، يىرتىلىپ، كېرەكسىز بولۇپ قالماق، ئەبجىقى چىقماق؛ بەربات بولماق: مېنىڭ كىتابلىرىم ئوقۇپ بولۇشۇم بىلەنلا ۋەتۈۋەرىكى چىقىپ كېتەتتى. * ئۇ ھەر قېتىم يېڭى كىيىم ئېلىپ بەرسە، بىر ئايغا قالماي ۋەتۈۋەرىكىنى چىقىرىۋېتەتتى.

**ۋەتۈۋەرەك** II ئى. دىئال. لەگلەك.

**ۋەج** ئى (ئە) ① سەۋەب، مۇددىئا، مەقسەت؛ باھانە: بايا زىياپەتتە ئىسلام ئەقىدىسىنى تېخىمۇ مۇستەھكەملەش ۋەجىدىن يۇرت پۇقرالىرىغا بىر كاتتا مەدرىسە بىنا قىلىپ بېرىمەن، دېگەنلىرىدە مەن كەم ئەقىل تېخى ھەيران بولۇپتىمەن. * — ئەگەر شەك كەلتۈرىدىغان بولسا، بۇنىڭ ۋەجىنى جامائەت ئالدىدا ئېيتسۇن، — دېدى ئۇ كىشى. ② مال-مۈلۈك، دەپنە-دۇنيا: ۋەجىڭگە بېقىپ خەجلىك بولسۇن (ماقال). * — نەچچىلىك ۋەجى بار ئىكەن؟ — سورىدى سېكرىتار.

**ۋەج قىلماق** باھانە-سەۋەب قىلماق: باشلىق روزىنىڭ ۋاقتىلىق ئىشچى ئىكەنلىكىنى ۋەج قىلىپ پىكرىمگە قوشۇلمىدى.

**ۋەج كۆرسەتمەك** باھانە-سەۋەب كۆرسەتمەك: مەنمۇ ئاۋۇ كۈنى سىزگە قومۇرۇۋېتەيلى دېسەم، تىل چاينىغانتىڭىز، ھازىرمۇ يەنە ھاكىمنىڭ سۆزىگە ۋەج كۆرسەتكىنىڭىزنى، قاراڭ.

**ۋەجلىك** «ۋەج» سۆزىنىڭ ئابستراكت ئىسىم شەكلى: شۇ ۋەجلىك ئىشىمىز ئارقىدا قالدى.

**ۋەخپە** (ئە) ① ئى. مۈلۈك ئىگىسى تەرىپىدىن مەسچىت، مەدرىسە، مازارلارنىڭ ئىختىيارىغا تەقدىم قىلىنغان مۈلۈك (يەر، سۇ، ئۆي-ئىمارەت، مال-چارۋا قاتارلىقلار): بۇ يۇرتنىڭ زاراخەتمىسىدە، مەيلى ئۇ مازار ۋەخپىسىنىڭ كىرىمى بىلەن ئۆتكۈزۈلسۇن ياكى باي، نامراتلارنىڭ نامىدا ئۆتكۈزۈلسۇن، ئوماچلا ئېتىلەتتى. ② سۈپ. مۈلۈك ئىگىسى تەرىپىدىن مەسچىت، مەدرىس، مازارلارنىڭ ئىختىيارىغا تەقدىم قىلىنغان: ۋەخپە يەر.

**ۋەخپە ئەۋلاد** ئۆز ئەۋلادىغا ۋەخپە قىلىنغان بىرەر مەسچىت، مەدرىسە، مازارغا تېگىشلىك ئۈلۈشنى تاپشۇرىدىغان، ئەمما ساتالمايدىغان يەر.

**ۋەخپە قىلماق** بەلگىلىك مىقداردىكى يەر-سۇ، ياكى ئۆي-ئىمارەت ۋە ياكى مال-چارۋىنى بىرەر مەسچىت، مەدرىسە ياكى مازارنىڭ ئىختىيارىغا بەرمەك: ئۇ كىشى ناھىيىمىزدىكى چوڭ خانىقاغا يەشمو يەرنى ۋەخپە قىلغانىدى.

**ۋەخپە مۇتلەق** كىم تېرىسا بولىدىغان، ئەمما بىرەر مەدرىسە، بىرەر ئورۇنغا تېگىشلىك ئۈلۈشنى تاپشۇرىدىغان يەر.

**ۋەخپە يەر** شەخسىي ئىگىدارچىلىقتىن

خالىي، مەلۇم بىر كوللېكتىپ (مەسچىت، مەدرىسە، مازار قاتارلىقلار) نىڭ ئىختىيارىدىكى يەر. بۇ ۋەخپە مۇتلەق، ۋەخپە ئەۋلاد دەپ ئىككىگە بۆلىنىدۇ.

**ۋەدا** ئى (سانس) <دىن> بۇددا دىنىدىكى ئاسمان ئىلاھىنىڭ نامى.

**ۋەدە** ئى (ئە) بىرەر ئىشنى قىلىش ئۈچۈن دېيىلگەن قەتئىي سۆز، لەۋز: ئەتىسى بامدات نامىزىدىن كېيىن، ھاجى ئىشان ۋەدە بويىچە رابى ۋىت-ۋىتنى ھىسامىدىن داموللىنىڭ ئالدىغا باشلاپ ئېلىپ كىردى. * دەستە گۈلنى يارغا بەردىم، غۇنچىسى، بەرگى بىلەن. سەن تېخى نادان ئىكەنسەن، مەن تېخى ۋەدەم بىلەن.

**ۋەدە بەرمەك** بىرەر ئىشنى، بىرەر ۋەزىپىنى ئورۇنلاش ھەققىدە قەتئىي سۆز قىلماق: ئانام بىلەن دادام مۇندىن كېيىن بۇ يەسلىگە پات-پات كېلىپ تۇرۇشقا ۋەدە بەردى.

**ۋەدە قىلماق** ۋەدە بەرمەك: — شامەخسۇت ۋاڭ، ۋەدە قىلغان يامبۇ-كۈمۈشلەرنى ماڭا تېزرەك ئېلىپ بېرىڭلار، ۋاقتىدىراق يۇرتۇمغا كېتەۋالاي، — دېدى چېرىك باشلىقى. * تاغقا چىقتىم سۇ ئىچەي دەپ، تاغ سۈيىنىڭ تەمى يوق. بىر سۆيەي دەپ ۋەدە قىلسام، بىر سۆيگۈدەك ھالى يوق.

**ۋەدىسىدە تۇرماق** قىلغان سۆزىگە ئەمەل قىلماق: ئۇ ئۆز ۋەدىسىدە تۇرىدىغان ئادەم، ئۇنىڭدىن گۇمانلانمىساقمۇ بولىدۇ.

**ۋەدىسىگە ئەمەل قىلماق** قىلغان سۆزىنى ئەمەلگە ئاشۇرماق، ۋەدىسىدە تۇرماق: ئۇلارنى ۋەدىسىگە ئەمەل قىلدۇ، دەپ ئىشىنىش، ئۆتۈپ كەتكەن ئەخمەقلىق ئىدى.

**ۋەدىگە ۋاپا قىلماق** سۆزىدە تۇرماق، ۋەدىسىگە ئەمەل قىلماق: ئىت بىلەن مۈشۈكمۇ ۋەدىسىگە ۋاپا قىلىپ، ئۇلارنىڭ بوسۇغىسىنى ساقلاپتۇ.

**ۋەدىمىز ۋەدە** «ۋەدىمىزدە تۇرىمىز، لەۋزىمىزدىن يانمايمىز» دېگەن مەنىدىكى ئىبارە: — بولدى، ۋەدىمىز ۋەدە، — دېيىشتى ئۇلار قول ئېلىشىپ.

**ۋەدىنى بۇزماق** بەرگەن ۋەدىسىدىن يېنىۋالماق: — شۇنداق قىلىپ ۋەدەڭنى بۇزدۇڭمۇ؟ — دەپ سورىدى ئۇ مەندىن.

**ۋەدىش** ئى. دىئال. ئادەتلىنىش، كۆنۈش.

**ۋەدىلەشمەك** پ. بىر-بىرىگە ۋەدە بەرمەك، ئەھدىلەشمەك؛ كېلىشمەك: باللار مېنى كۆرۈش بىلەنلا ۋەدىلىشىپ قويغاندەك تەڭلا بېشىنى كۆتۈرۈپ قاراشتى. * ئۇلار كۆزلۈككە توي قىلىشقا ۋەدىلەشتى.

**ۋەدىلىك** سۈپ. ۋەدە قىلغان، ۋەدىلەشكەن: ۋەدىلىك سۆز ئاقتى شۇ ئايدىڭ كېچە ئاي پاتقۇچە، ئويغىتىپ بۇرتنى خوراز چىللاپ سۆزلۈك تاڭ ئاتقۇچە.

**ۋەدىنامە** ئى (ئە+پ) بىرەر ئىشنى جەزمەن قىلىش ھەققىدە يېزىلغان ھۆججەت؛ يازما ۋەدە؛ ئەھدىنامە: ۋەدىنامە يازماق.

**ۋەدىئىزم** ئى (ر) <دىن> مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 2000-يىللار بىلەن 1500-يىللار ئارىسىدا ھىندىستاننى ئىشغال قىلغان ۋە ئۆزلىرىنى «ئاريا» دەپ ئاتىغان ھىندى-ياۋروپا قوۋملىرى دەسلەپ ئېتىقاد قىلغان دىن. بۇ دىندا روھ ئۆلمەس دەپ قارىلىپ ئىبادەتتە قۇربانلىق مۇراسىمى مۇھىم ئورۇننى ئىگىلەيدۇ. ئىلاھلىرى كۆپ بولۇپ، شۇ ئىلاھلار ئۈستىدە

تۇرىدىغان يەنە بىر ئەڭ ئۇلۇغ ئىلاھ بار دەپ قارىلىدۇ.

**ۋەرەقە** ئى (ئە) ئاممىنىڭ بىلىشى ئۈچۈن تارقىتىلىدىغان، مەلۇم مەزمۇن خاتىرىلەنگەن تەشۋىقات قەغىزى: ئوقۇغۇچىلار ياتاق، سىنىپلارنىڭ ئىشىك دېرىزىلىرىگە چوڭ خەتلەر بىلەن يېزىلغان ۋەرەقەلەرنى چاپلىدى.

**ۋەز** ئى (ئە) ① بىرەر مەسىلە ھەققىدە باشقىلارغا، ئاممىغا سۆزلەنگەن سۆز، نۇتۇق: ئىمامنىڭ قەبرە بېشىدا قىلغان ۋەزلىرى مۇسىبەتتىكىلەرنىڭ دىللىرىنى ئەزدى. ② پەند-نەسىھەت، تەربىيە: بۇ ۋەزلەر خالىقنىڭ قۇلىقىغا گويا مۈشت ئۇرغاندەك ئاڭلىناتتى.

**ۋەز ئېيتماق** پەند-نەسىھەت قىلماق؛ تەربىيە بەرمەك: ئۇنىڭ ئەمەتكە ئېيتقان ۋەزى ئاخىر ئۆز رولىنى جارى قىلدى. * ئىمام خۇتبىغا چىقىپ، ۋەز ئېيتىشقا باشلىدى.

**ۋەز ئوقۇماق** ← **ۋەز ئېيتماق**: قانداق تۈگىمىگەن ئەنسىزلىك بۇ، كېچە-كېچىلەپ يۈرۈپ خەلققە ۋەز ئوقۇيلا، ئەتىسى يەنە ئەپەندىچىلىك قىلىلا، بولدى، ئەمدى قويسىلا.

**ۋەزچى** ئى. ۋەز ئېيتىدىغان كىشى: ئۇ يۇرت ئىچىدىكى مەشھۇر ۋەزچى ئىدى.

**ۋەزخان** ئى (ئە+پ) ۋەز ئېيتىدىغان كىشى، ۋەزچى: ۋەزچى كەلگۈن يامراش بىلەن تەڭ، ھەممە يەردە ئاپئاق سەللىلىك، بىلەككىلىرىگە تەسۋى ئاسقان، قوللىرىدا قۇرئان تۇتقان دۇئاگوي ۋەزخانلار پەيدا بولدى.

**ۋەزخانا** ئى (ئە+پ) ۋەز-نەسىھەت قىلىدىغان ئۆي: بولدى ھوي، سېنىڭ ۋەزخاناڭ ئەمەس بۇ!

**ۋەزخانلىق** ئى. ۋەز ئېيتىش ئىشى: قىسمەت چورۇق يۇسۇپ چوڭنىڭ ئۆزىگە ۋەزخانلىق قىلىشىنى ياقتۇرمىدى. * مەسچىت سەيناسى بىلەن قەبرىلەر ئارىلىقىدىكى بوش مەيداندا مەدداھ-ۋائىزلار ئەتراپىغا ئادەملەرنى توپلاپ ۋەزخانلىق قىلىشاتتى.

**ۋەزمىن** سۈپ (پ) ئېغىر بېسىق، سالماق: سۇتۇق بۇغراخاننىڭ ئاخىرقى سۆزى شۇنداق ئەستايىدىل ۋەزمىن ئاڭلاندى، سورۇندىكىلەر ئىختىيارسىز قايىل بولدى. * رۇستەم ۋەزمىن يىگىت ئىدى.

**ۋەزمىنلەشمەك** پ. ۋەزمىن ھالەتكە كەلمەك، ۋەزمىن بولۇپ كەتمەك: ئۇ چوڭايغانسېرى ۋەزمىنلىشىپ كەتتى.

**ۋەزمىنلىك** ئى. ئېغىر-بېسىقلىق، سالماقلىق: — راست ئېيتىدىلا ھاجىم، — دېدى تۆمۈر خەلپە ۋەزمىنلىك بىلەن، — ئەل-يۇرتقا تىنچلىق كېرەك. * — قاسىم ئەپەندى توغرا ئېيتىپتۇ، ھاجىم، — دېدى جامىسىن دورجى ۋەزمىنلىك بىلەن.

**ۋەز-نەسىھەت** ۋەز ۋە نەسىھەت: ئۇ بۇنداق ۋەز-نەسىھەتلەرنى ناھايىتى كۆپ ئاڭلىدى.

**ۋەزىپە** ئى (ئە) ① زىممىسىگە يۈكلەنگەن، ئۆتەشكە تېگىشلىك بولغان مەجبۇرىيەت، ئىش، خىزمەت: بۇ — تەشكىل ماڭا تاپشۇرغان جىددىي ۋەزىپە. * — ۋەزىپە ئېغىر! — دېدى ئۇ چىرايىغا يېڭىباشتىن جىددىي تۈس بېرىپ. ② مەنسەپ، ئەمەل: ۋەزىپىگە تەيىنلىمەك. ۋەزىپىگە قويماق.

**ۋەزىپىنى ئادا قىلالماسلىق جىنايىتى** <قا> دۆلەت خادىملىرىنىڭ خىزمەت ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ، قانۇنغا خىلاپلىق

قىلغان، ئىنتىزامنى بۇزغان ياكى خىزمەت-كە ئېتىبارسىز قاراپ، ئېغىر دەرىجىدە مەسئۇلىيەتسىزلىك قىلىش بىلەن دۆلەت ئورگىنىنىڭ نورمال پائالىيىتىگە دەخلى يەتكۈزگەن، دۆلەت ۋە خەلق مەنپە-ئەتىگە يەتكۈزگەن زىيىنى ئېغىر بولغان قىلمىشنى كۆرسىتىدۇ.

**ۋەزىپىسىز** سۈپ. ۋەزىپىسى يوق، ۋەزىپە يۈكلەنمىگەن.

**ۋەزىپىلىك** سۈپ. ۋەزىپىسى بار، ۋەزىپە يۈكلەنگەن.

**ۋەزىر** ئى (ئە) ① بەزى ئىسلام مەملە-كەتلىرىنىڭ پادىشاھ ۋە خان سارايلىرىدى-كى ئالىي مەنسەپ ئىگىسى: ئوڭ قول ۋەزىر، سول قول ۋەزىر. ② بەزى شەرق مەملىكەتلىرىدىكى مىنىستىر: باش ۋەزىر، مالىيە ۋەزىرى.

**ۋەزىرئەزەم** ئى (ئە) تارس. باش ۋەزىر: — ۋەزىرئەزەم ئەمىر ھەزرەتلىرىنى مەسلىھەت-كە چىللايدۇ، — دەپ مەلۇم قىلدى خەۋەرچى.

**ۋەزىرلىك** ئى. ۋەزىرگە يۈكلەنگەن ۋەزىپە، ئەمەل: كېيىن ھەرقايسىسى بىر ھەپتىدىن ۋەزىرلىك قىلىشىدىكەن.

**ۋەزىر-ۋۇزرا** ۋەزىر ۋە شۇ قاتاردىكى ئەمەلدارلار: بىرچاغدا پادىشاھ نۇرغۇن ۋەزىر-ۋۇزرالىرى بىلەن بوۋاينىڭ ئۆيىگە كېلىپتۇ.

**ۋەزىن (ۋەزنى)** ئى (ئە) ① ئېغىرلىق: يۈك ۋەزنى. مالنىڭ تىرىك ۋەزنى. * ئوتنىڭ ۋەزنى مۇتلەق يەڭگىل بولغاچقا، ھەر دائىم يۇقىرى ئۆرلەيدۇ. * تۆپىراق ۋەزىن جەھەت-تىن مۇتلەق ئېغىر جىسىم، كەيپىياتى، قۇرۇق سوغۇق ھېسابلىنىدۇ. ② كۆچمە. ئابرۇي، نوپۇز، ئېتىبار، سالماق: ئۇلار ئۆزلىرى ياراتماقچى بولغان پېرسوناژ تىلىنىڭ ۋەزنىنى كۆچەيتىشنىلا ئويلاپ ئىشچىنى زىيالىيغا، دېھقاننى كادىرغا ئوخشاش سۆزلىتىپ قويىدۇ. ③ <ئەد> شېئىرنىڭ رىتىم ئاھاڭى ۋە تۈزۈلۈشىنى بەلگىلىگۈچى بوغۇملار سانى ۋە جايلىشىشى؛ شېئىر ئۆلچەملىرى: ئارۇز ۋەزنى. بارماق ۋەزىن. * رۇبائىيدىكى مىسرانىڭ ھەممىسى بىر خىل ۋەزىندە يېزىلىشى شەرت قىلىنمايدۇ. * مۇقام مۇزىكىلىرىدا نەغمەلەرنىڭ ئۇدارلىق تاكت مەسىلىسى خۇددى مۇقام تېكىستلىرىدە نەزمە-لەرنىڭ ۋەزنى مەسىلىسىدەك مۇھىم مەسىلە. ④ <مۇز> مۇزىكا ئەسەرلىرىدە ئۇنىڭ رىتىم ئاھاڭىنى ۋە تۈزۈلۈشىنى بەلگىلىگۈچى رىتىملىق بىرىكمىلەر سانى ۋە جايلىشىشى.

**ۋەزىنسىز** سۈپ. ۋەزنى يوق، ۋەزنى بولمىغان: ۋەزىنسىز شېئىر.

**ۋەزىنلىك** سۈپ. ۋەزنى بار، ۋەزنى بولغان: ۋەزىنلىك شېئىر.

**ۋەزىنلىك شېئىر** <ئەد> بەلگىلىك شېئىرىي ۋەزنىگە ئىگە بولغان، بەلگىلىك ئۆلچەمدە يېزىلغان: ئارۇز ۋەزىنلىك شېئىر.

**ۋەزىنلىك ئوتتۇرىچە سان** <مات> ئەگەر $n$ دانە سان ئىچىدە $\chi_1$ بولسا $f_1$ قېتىم، $\chi_k$ بولسا $f_k$ قېتىم تەكرارلانسا ھەممىدە $f_1+\ldots+f_k=n$ بولسا، بۇ $n$ دانە ساننىڭ ئوتتۇرىچە سانى

$$\bar{\chi}=\frac{\chi_1 f_1+\chi_2 f_2+\cdots+\chi_k f_k}{n}=\frac{1}{n}\sum_{i=1}^{k}\chi_i f_i$$

نى $\chi_1$، ...، $\chi_k$ لارنىڭ ۋەزىنلىك ئوتتۇرىچە سانى دېيىمىز. بۇنىڭدىكى $f_1$، ...، $f_k$ لار ئايرىم-ئايرىم $\chi_1$، ...، $\chi_k$ لارنىڭ ۋەزنى دېيىلىدۇ.

**ۋەزىيەت** ئى (ئە) ① مەۋجۇت بولغان ياكى بىرەر پەيتتە پەيدا بولغان شەرت-شارائىت، ئەھۋال: سىياسىي

ۋەزىيەت. ئىقتىسادىي ۋەزىيەت. خەلقئارا ۋەزىيەت. * بىزنىڭ ھازىرقى ۋەزىيىتىمىز خۇددى مەھمۇد سىجاڭ ئېيتقاندەك، ئۇنىڭ بىلەن ئىتتىپاق ئۆتۈشنى تەلەپ قىلىدۇ. * ناھىيىمىزنىڭ ئىقتىسادىي ۋەزىيىتىنى بەك ناچار ۋە بەك ياخشى دەپ كەتكىلى بولمايدۇ، ۋەزىيىمىز داۋاملىق ياخشىلىققا قاراپ يۈزلىنىش.

**ۋەسسالام** سۆپ (ئە) «گەپ تامام، باشقا گەپ يوق، گەپ شۇ، گەپ تۈگىدى» دېگەن مەنىدىكى سۆز: ئىش تامام-ۋەسسالام. * باشقا ئىلاجىنى تېپىش كېرەك — ۋەسسالام.

**ۋەسۋەسە** ئى (ئە) ① غەم-ئەندىشە، تەشۋىش؛ كىشىنى ۋەھىمىگە، ھاياجانغا سالىدىغان ئوي-خىياللار: ھاجى ئىشان ماش رەڭ ھەرىبىي كىيىم، قىزىل يۇلتۇزى بار شەپكە كىيگەن ئادەمنى كۆرۈپ، دەسلەپ داڭقىتىپ قالدى ۋە ئۇنىڭ «مۆھتەرەمقارى» ئىكەنلىكىنى تونۇپ، ۋەسۋەسە بىلەن ئەتراپقا قارىدى. * شۇنىڭ بىلەن شاھزادە ئۇزمۇخ مەختۇمسۇلانى كۆرمەي تۇرۇپ ئىشق ۋەسۋەسىگە چۈشۈپتۇ. ② كىشىنى يولدىن ئازدۇرىدىغان گەپ-سۆز، ھەرىكەت: ئەرنى قېرىتىدىغان نەرسە شەيتاننىڭ ۋەسۋەسىسى.

**ۋەسۋەسىگە چۈشمەك** غەم-ئەندىشىدە قالماق، ۋەھىملىك، قورقۇنچلۇق خىياللاردا بولماق: ھەربىي ئەمەلدارلار ۋەسۋەسىگە چۈشتى. * ئەگەر ئۇ توختاپ قالسا، خۇددى ئەزرائىلدىن بېشارەت كەلگەندەك ۋەسۋەسىگە چۈشەتتى.

**ۋەسۋەسىگە سالماق** ① ۋەھىملىك قورقۇنچلۇق خىياللارنى پەيدا قىلماق، غەم-ئەندىشىگە، ۋەھىمىگە قويماق: بۇ گەپ ھاجى ئىشاننىڭ ئىجارە كېمەيتىش ھەرىكىتىنىڭ ئالدىدا «خىزىر» قىياپىتىگە كىرىۋېلىپ كېچىدە مەسۇدىخاننى قورقۇتۇپ، ۋەسۋەسىگە سېلىپ، قىسمەت چورۇق ئالدىدا شەرمەندە بولغان قىلمىشلىرىنى ئېسىگە سالدى. ② قۇتراتماق، كۈشكۈرتمەك؛ ئازدۇرماق: مېنى يات ئەلگە بېرىپ باي بولۇپ كېلىش ۋەسۋەسىگە سالدىڭ. * لەنىتى شەيتان مېنى ۋەسۋەسىگە سالغاچقا، بىرنەچچە قاپ ئاشلىقنى بىر يەرگە كۆمگەندىم.

**ۋەسۋەسىچىلىك** ئى. ۋەسۋەسە، ۋەھىمە، قورقۇنچ قاپلىغان ھالەت؛ ئەھۋال: ئۇ ئويغىنىش بىلەن تەڭ ئۇنىڭ كۆڭلىدىكى ھېلىقى ۋەسۋەسىچىلىك يەنە قوزغالدى.

**ۋەسۋەسىلىك** سۆپ. ۋەسۋەسە قاپلىغان، ۋەسۋەسە ئىچىدە قالغان: ۋەسۋەسىلىك خىياللار ئۇنى ئۆڭكۈرنىڭ مۇزدەك تاش تاملىرىغا چاپلاپ قويغاندى. * ئۇلار بۇگۈن دەل مۇشۇ ۋەسۋەسىلىك سۆزنىڭ يىلتىزىنى قېزىپ يۈرەتتى.

**ۋەسىقە** ئى (ئە) مال-مۈلۈك سېتىۋالغانلىق ھەققىدىكى ھۆججەت؛ گۇۋاھنامە: بۇلغار تاشلىق قېلىن كىتابلار، قولىيازمىلار ۋە كۆك ماتاغا ئوراپ قويۇلغان نۇرغۇن خەت-چەك، ۋەسىقىلەر ئۆز رېتى بويىچە قويۇلغانىدى.

**ۋەسقىسى يوق** سۆزىدە تۇرمايدىغان، گېپىنىڭ تايىنى يوق، تۇتۇرۇقسىز، تۇتامى يوق: ئۇ تازا ۋەسقىسى يوق نېمە ئىكەن. * ئانار ئۇنى «ۋەسقىسى يوق سارالڭ، بۆرە قانجۇق» دەپ تىللاپ قازناقتىن قوغلاپ چىقاردى.

**ۋەسقىسىز** سۆپ ← **ۋەسقىسى يوق**: — نېمىدېگەن ۋەسقىسىز نېمە ئۇ، — دېدى بىرى ئۇ كەتكەندىن كېيىن.

**ۋەسىل (ۋەسلى)** ئى (ئە) ① ئۇچرىشىش، قوشۇلۇش، بىرلىشىش، ئېرىشىش (يار

ھەققىدە) : يارنىڭ ۋەسىل جامالىنى تىلەيدۇ
نۆۋىتى، رەھمە قىلغىل مەن غېرىبقا بار
ئىمكانىم ساڭا. ② دىدار، جامال: رازى
ئىدىم كۆرۈپ ئۆلسەم ۋەسلىڭنى، ياشلىق
ئىزىم قالغان ئەلۋەك ماكاندا. ③ كۆچمە.
مال-مۈلۈك، بايلىق: ئوغلىغا ھەسەل ئېلىپ
بېرىۋېتىپ دېھقاننىڭ ۋەسلى ئازلاپ، پۇلى
تۈگەپتۇ. * ۋەسلىم كەتسۇ مەيلى، قىزىمنىڭ
بەختى ئۈچۈن مەن ھەممىنى قۇربان قىلى-
مەن. ④ كۆچمە. قىممىتى: ئوسمايلامنىڭ
ئون كۆڭلىكى بار، بىر كۆڭلەكچىلىك ۋەسلى
يوق (ماقال).

**ۋەسلىگە يەتمەك** دىدارلاشماق، دىدار
كۆرۈشمەك: مەشۇقلارنىڭ جامىدىن ماڭا
تۇت شاراب، ئىچەي قېنىپ، ۋەسلىگە يېتەي
قارا كۆز.

**ۋەسلە** ئى (ئە) يىزت. باھانە، سەۋەب:
ھاتەم قادىر خۇداغا ئاجىزلىقنى ۋەسلە
قىلىپ پاناھلىق تىلىدى.

**ۋەسىي** ئى (ئە) <قا> ۋايىغا يەتمىگەن
يېتىم باللارغا غەمخورلۇق قىلىشنى ۋە
ئۇلارغا مىراس قالغان مال-مۈلۈككە
(باللار ۋايىغا يەتكۈچە) قاراپ تۇرۇش-
نى ئۆز ئۈستىگە ئالغان كىشى.

**ۋەسىيەت** ئى (ئە) ① ئۆلگۈچىنىڭ بالا-چاقا
ياكى يېقىنلىرىغا ئېيتىپ ياكى يېزىپ
قالدۇرغان تاپشۇرۇقى، نەسىھىتى:
بوۋاي باللىرىغا: — بۈندىن كېيىن ھەر
قېتىم چاي ئىچكەندە قەنت سالماي ئىچمەڭلار،
بۇ مېنىڭ ۋەسىيىتىم، — دەپتۇ. * ئۈچ ئاي
ئۆتكەندىن كېيىن خان ئانا ۋاپات بولدى.
ھېيت كۈندىكى ئەردەم سۆزلىرى ئەمدى
ۋەسىيەت بولۇپ قالدى. ② <قا> ئۆلگۈچى
ھايات ۋاقتىدا يېزىپ ياكى باشقىلارغا
ئاغزاكى ھاۋالە قىلىپ قويغان، قانۇندا

بەلگىلەنگەن ئۇسۇللار بويىچە مىراسلىرى-
نى ۋە باشقا ئىشلىرىنى بىر تەرەپ
قىلدىغان ھەمدە ئۆلگەن ۋاقتىدا كۈچكە
ئىگە بولىدىغان قانۇنىي تاپشۇرۇق.

**ۋەسىيەت قىلماق** مەرھۇم بالا-چاقا
ياكى يېقىنلىرىغا مەلۇم بىر ئىشنى يېزىپ
ياكى ئېيتىپ قالدۇرماق، تاپشۇرماق؛
نەسىھەت قىلماق: ئۇ جان ئۈزۈش ئالدىدا
قورۇ-جايىغا كىچىك ئوغلىنىڭ ۋارىسلىق قىلىشنى
ۋەسىيەت قىلغان.

**ۋەسىيەت قىلىنغان ھەدىيە** <قا>
ئۆلگۈچى ھايات ۋاقتىدا ئۆز مۈلكىنىڭ
بىر قىسمىنى ياكى ھەممىسىنى ۋەسىيەت
ئارقىلىق قىلغان ھەدىيە. لېكىن ھەدى-
يە قىلغۇچى ۋاپات بولغاندا ئاندىن
كۈچكە ئىگە بولىدۇ. بۇ بىرلا تەرەپنىڭ
ئىشى بولۇپ، ھەدىيە ۋەسىيەت قىلىن-
غۇچىنىڭ ماقۇللۇقىسىز كۈچكە ئىگە
بولۇۋېرىدۇ.

**ۋەسىيەتلىك** سۈپ. ۋەسىيەت قىلىنغان،
ۋەسىيىتى بولغان.

**ۋەسىيەتلىك ۋارىسلىق** <قا> ۋەسىيەت
شەكلى بويىچە بولىدىغان ۋارىسلىق.
مىراسقا بۇنداق ۋارىسلىق قىلغۇچى
«بەلگىلەنگەن ۋارىس» دەپ ئاتىلىدۇ.
مەملىكىتىمىزدە پۇقرالار يازما ياكى
ئېغىزچە ۋەسىيەت قىلىپ، مىراسىنىڭ
بىر قىسمىنى ياكى ھەممىسىنى قانۇنىي
ۋارىسلار ئىچىدىكى بىر كىشىنىڭ، بىرنەچ-
چە كىشىنىڭ ياكى قانۇنىي ۋارىسلاردىن
باشقا كىشىنىڭ ۋارىسلىق قىلىشنى
بەلگىلەيدۇ.

**ۋەسىيەتنامە** ئى (ئە+پ) مەرھۇمنىڭ
ۋارىسلىرى ياكى يېقىن كىشىلىرىگە
قالدۇرغان يازما ۋەسىيىتى؛ ۋەسىيەت

يېزىلغان قەغەز، ۋەسىيەت ھۆججىتى: ئۇ مەرھۇم ئانىسىنىڭ ۋەسىيەتنامىسىنى بىر ئوقۇپ چىقىشنى تەلەپ قىلدى.

**ۋەسىيلىك** ئى <قا> ۋەسىي ئۈستىگە ئالغان ئىش، مەجبۇرىيەت.

**ۋەسىيلىك قىلىش** <قا> ياش قۇرامىغا يەتمىگەن بالا ۋە روھىي كېسەللەرنىڭ كىشىلىك ھوقۇقى، مال-مۈلكى ۋە باشقا بارلىق قانۇنلۇق ھوقۇق-مەنپەئەتىنى نازارەت قىلىش ۋە قوغداش.

**ۋەششەمسى** ئى (ئە) تۈنەك كېچىلىرى ياغ كۆيدۈرۈپ ئېيتىدىغان قوشاق: بىز چوماقنىڭ ياغقا چىلانغان بېشىغا ئوت تۇتاشتۇ- رۇپ، مەھەللىمىزدىكى ئۇششاق باللار بىلەن ۋەششەمسى قىچقىرىپ ماڭدۇق.

**ۋەقە** ئى (ئە) ① تارىختا ياكى جەمئىيەتتە يۈز بەرگەن، بولۇپ ئۆتكەن ھادىسە، ئىش: شىشەن ۋەقەسى. * شاھزادە بولغان ۋەقەنى ئاتىسىغا دەپ بېرىپتۇ. ② تاسادىپىي يۈز بەرگەن ھادىسە، كېلىشمەسلىك: كوچىدا قاتناش ۋەقەسى يۈز بېرىپتۇ. * شاھزادە بولغان ۋەقەنى ئاتىسىغا دەپ بېرىپتۇ.

**ۋەقەسىز** سۈپ. ۋەقە سادىر بولمىغان، ۋەقە يۈز بەرمىگەن: ۋەقەسىز بۇ ھېكايىنى قانداق مۇۋەپپەقىيەتلىك يازغىلى بولىدۇ.

**ۋەقەلىك** ① سۈپ. ۋەقەسى بار، مەلۇم ۋەقەگە ئىگە بولغان: ۋەقەلىك شېئىرلار. * بۇ ئۇسلۇب ياخشىلىق بىلەن يامانلىق ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەشنى ئىپادىلەيدىغان ۋەقەلىك ئۇسلۇبتۇر. ② ئى <ئە> ئەدەبىي ئەسەرلەردە تەسۋىرلەنگەن مەلۇم تۇرمۇش بۆلىكى.

**ۋەقەلىك تىياتىر** <تىيا> XVIII ئەسىرنىڭ ئاخىرىدىن XIX ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە ياۋروپادا دەۋر سۈرگەن بىر خىل تىياتىر شەكلى. كۆپلىرى غەلىتە، مۇبالىغە قىلىنغان ۋەقەلىك ھەم ئەپسانە تۈسىنى ئالغان بولۇپ، ئۇنىڭدا تراگېدىيىلىك ۋە كومېدىيىلىك كۆرۈنۈشلەرنى قىستۇرۇش ئارقىلىق يامانلار جازالىنىدۇ، ياخشىلار مەدھىيىلىنى- دۇ. ھەمدە ياخشىلىق بىلەن يامانلىق ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەش مەۋھۇم ھالەتتە ئىپادە قىلىنىدۇ.

**ۋەقەلىك رەسىم** <گ سەن> مەلۇم ۋەقەلىك تەسۋىرلەنگەن رەسىم.

**ۋەقەلىك شېئىر** <ئەد> ← **سۇژېتلىق شېئىر**.

**ۋەقەلىك ئۇسلۇب** <ئۇس> مەلۇم ئاددىي ۋەقەلىك ئىپادە قىلىنغان ئۇسلۇب - شەكلى.

**ۋەقەلىك يىپ ئۇچى** <ئەد> بايان خاراكتېرلىك ئەدەبىيات-سەنئەت ئەسەرلىرى (ھېكايە، دراما، كىنو)دى- كى بىر پۈتۈن ۋەقەلىك قاتارلىقلارنىڭ پېرسوناژلار تەرەققىياتى، ئىش-پائالىيىتى، مۇناسىۋىتى (بىر پۈتۈن باغلىنىشى)نى كۆرسىتىدۇ.

**ۋەكىل** ئى (ئە) ① بىرەر كوللېكتىپ ياكى شەخس نامىدىن ئىش بېجىرىشكە تەيىنلەنگەن، ياكى سايلانغان، ئۇنىڭ پايدا-مەنپەئەتىنى قوغداپ خىزمەت قىلىدىغان كىشى: يۈسۈپ تەيجى ۋاڭغا ۋەكىل بولۇپ كەلگەنىدى. ② بىرەر دۆلەت ياكى تەشكىلاتنىڭ ۋاكالىتى بىلەن باشقا دۆلەتتە تۇرۇپ، شۇ دۆلەت ياكى تەشكىلاتنىڭ نامىدىن ۋاكالىتەن ئىش بېجىرىشكە تەيىنلەنگەن خادىم؛ ئەلچى، كونسۇل: دىپلوماتىك ۋەكىل.

تۈركىيە ۋەكىلى. ۋەكىل تەيىنلىمەك. ③ <قا> كارخانا، كەسىپى ئورۇنلار، ئىدارە تەشكىلاتلارغا ۋاكالىتەن ھەق تەلەپ ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈپ، ھەق تەلەپ مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلغۇچى كىشى.

**ۋەكىل بولماق** ۋەكىللىك رولىنى ئۆتىمەك، ۋەكىللىك قىلماق: ئۇ ئوقۇغۇچىلار ۋەكىلى بولۇپ يىغىنغا قاتناشتى.

**ۋەكىللىك** «ۋەكىل» سۆزىنىڭ ئابستراكت ئىسىم شەكلى: ھېيتگاھ جامەسى – ئىسلام دىنىغا خاس ۋەكىللىك خاراكتېرىغا ئىگە قەدىمىي بىنا.

**ۋەكىللىك خەلق ئۇسسۇلى** <ئۇس> ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ پىششىقلاپ ئىشلىشىدىن ئۆتكەن، ئۇسلۇبى گەۋدىلىك بولغان ھەمدە ۋەكىللىك خاراكتېرىگە ئىگە ئۇسسۇللىرى.

**ۋەكىللىك قىلماق** ۋەكىل بولماق: قانۇن ھۆكۈمران سىنىپلارنىڭ ئىرادىسىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ.

**ۋەكىللىك ئوخشىتىش** <ئەد> ستىلىستىكىلىق ۋاستىلەرنىڭ بىرى، ئۇ يوشۇرۇن ئوخشىتىشقا قارىغاندا ئوخشىتىشنىڭ تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇلغان شەكلى بولۇپ، ئۇنىڭدا ئوخشىتىلغۇچى كۆرۈنمەيدۇ، ئوخشاتقۇچى شەيئى ئوخشىتىلغۇچى شەيئىگە ۋەكىللىك قىلىپ كېلىدۇ. مەسىلەن «ئىچ ئات تارتسا، يانداق تارتماسلىق، يانداق تارتسا ئىچ ئات تارتماسلىق» دېگەن جۈملىدە «قەدەم بىرلىكى. پىكىر بىرلىكى» دىن ئىبارەت ئوخشىتىلغۇچى يوشۇرۇن ئىپادىلەنگەن.

**ۋەلەك** I ئى. دىئال. ھارۋىغا قوشۇلغان يان ئاتنىڭ ئىككى يېنىدىكى ئارغامچىنى ھارۋىنىڭ ئوقى بىلەن تۇتاشتۇرۇپ تۇرىدىغان ئىككى بېشى بەلدەكلىك ياغاچ.

**ۋەلەك** II ئى. دىئال ① قۇلاق كەستى. ② ھارامدىن بولغان بالا.

**ۋەلىئەھد** ئى (ئە) <تارىخ> تەخت ۋارىسى، ئورۇن باسار.

**ۋەلىئەھدلىك** ئى. تەختكە ۋارىسلىق، ئورۇنباسارلىق: چوڭ ئوغلۇمنى ۋەلىئەھدلىكتىن قالدۇرۇپ، كىچىك ئوغلۇمنى مىراسخور قىلاي دېسەم، رەسمىيەت-قائىدىگە توغرا كەلمەيدۇ.

**ۋەلەدىزىنا** ئى (ئە) ھارامدىن بولغان بالا، نىكاھسىز تۇغۇلغان بالا.

**ۋەلىي** ئى (ئە) يېزت ① قوغدىغۇچى، نازارەت قىلغۇچى، مەسئۇل بولغۇچى، باشقۇرغۇچى. ② دىنىي ئەقىدە بويىچە تەڭرىنىڭ قۇدرىتى بىلەن بولىدىغان ھەرقانداق ۋەقە-ھادىسە ياكى غايىبانە ئىشلارنى ئالدىن بىلىدىغان ئۇلۇغ شەخس؛ ئەۋلىيا: تەركىدۇنيا ۋەلىيلەر، بىگانىلەر، بەخراماتلىقتا ئۆتتى ناخشىدىن لەززەتلىنىپ. * كۆرۈپ ھەيرەتتە قالدىم بۇ ئەجەب خەلق – زىمىنىنى ئالەم، ئەگەر مەشرەپ دېسەڭ مەشرەپ، دېسەڭ زېھنىي ۋەلىي گويا. ③ دوست: ۋەلىي ئاللا. ④ خوجا، ئىگە: ۋەلىي نېمەت. ⑤ ئەرلەرنىڭ ئىسمى.

**ۋەلىي نېمەت** يېزت. نېمەت ئىگىسى، نېمەت خوجىسى.

**ۋەلىيلىك** «ۋەلىي» سۆزىنىڭ ئابستراكت ئىسىم شەكلى.

**ۋەلىيۇللا** ئى (ئە) ئاللانىڭ دوستى.

**ۋەنزە** ئى (خەن) بىر خىل يېمەكلىك. ئادەتتە بېلىق، گۆش قاتارلىقلارنى قىيما

قىلىپ، دورا-دەرمەكلەرنى قوشۇپ كاللەك ھالەتكە كەلتۈرۈش ئارقىلىق تەييارلىنىدۇ.

**ۋەھاكازا** تىر (ئە) شۇ قاتارلىق، قاتارلىقلار: يەنە شۇ نامۇۋاپىق خىزمەت ئۇسۇلى، بۇلارنى يېپىپ تۇرغىنى زىياپەت، سوۋغات ۋەھاكازالار.

**ۋەھالەنكى** باغل (ئە+پ) تەگداش، لېكىن قارىمۇقارشى مەنىلىك جۈملىلەرنى باغلاپ، ئالدىنقى جۈملىدىكى ئۇقۇمغا نىسبەتەن كېيىنكى جۈملىدىكى ئۇقۇمدا بولىدىغان بۇرۇلۇشنى بىلدۈرىدۇ: ئاۋغۇستنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا كېزىك كېسىلى دەھشەتلىك پەللىگە يەتتى، ۋەھالەنكى، ۋراچ ئابدۇرىشتمۇ قۇتقۇزۇش جەريانىدا كېسەل يۇقۇپ ئۆلۈپ كەتتى. * مەن ئۇنىڭدىن شۇنچە ئۈمىد كۈتكەنىدىم، ۋەھالەنكى، ئۇ ئۈمىدىمنى يەردە قويدى.

**ۋەھشەت** ئى (ئە) يېزت. كىشىنى ۋەھىمىگە، غەم-ئەندىشىگە سالىدىغان ياۋۇزلۇق، ۋەھشىيلىك، قورقۇنچ دەھشەت: ۋادەرىخ، نەقىسمەت بۇ شۇنچە دەھشەت، سۇلغايمۇ چېچەك ئاچماي ۋىسال مۆھلەت؟! خۇدايا، ئۆزۈڭ بىر كۈچ قىلغىن ئىلتىپات، بۇ ۋەھشەت قىسمىتىدىن ئەيلە ئازاد! * يەتتە خىل زەھەرنىڭ بىرىدۇر غەيۋەت، بەزىلەر ئۈچۈن ئۇ ھۇنەر ۋە سەنئەت. ھەرىلەر بال بېرەر، ئاھۇلار ئىپار، سېنىڭدىن نېمىشقا چىقىدۇ ۋەھشەت.

**ۋەھشەت سالماق** قورقۇنچ، ۋەھىمىگە دۇچار قىلماق: ھەممىنىڭ يۈرىكىگە ۋەھشەت سېلىپ كەلگەن شەگگەن يامۇلى بۆگۈن تىغ زەربىدىن سەكراتقا چۈشكەن يولۋاستەك سۈرىنى يوقاتقانىدى.

**ۋەھشىي** سۈپ (ئە) ① ئىنسانلىق قىياپىتىنى يوقاتقان، ئۆتۈپ كەتكەن زالىم، قانخور: ۋەھشىي ئادەم. * قارا، ئۇ نېمىدېگەن ۋەھشىي-ھە؟ لېكىن مەن ئۇنى دەسلەپتە كۆرۈپ، كۆزلىرىمگە ئىشەنمەي قالدىم، كېيىن قارىسام ئۇ راستتىنلا ئىلىيار ئىكەن. ② يىرتقۇچ: ئەتراپىدا كېيىكلەر ۋە ھەر خىل ۋەھشىي ھايۋانلار ئوتلاپ يۈرگەنىكەن.

**ۋەھشىيانە** ئى (ئە+پ) ۋەھشىيلەرگە خاس، ۋەھشىيلەردەك، ۋەھشىيلەرچە: گومىندا گچىلار ئەسىرگە چۈشۈپ قالغان كىشىلەرنى قولىدىن دەرەخكە مىخلاپ ۋەھشىيانە ھالدا ئۆلتۈرۈۋېتىپ قاچقانىكەن.

**ۋەھشىيلەرچە** رەۋ. ۋەھشىيلەرگە خاس، ۋەھشىيلەردەك، ۋەھشىيانە: ناتونۇش كىشى ئۇنىڭغا ۋەھشىيلەرچە تىكىلىپ قارىدى. * ئۇلار ئارقىسىدىنلا قىلىچ، شەمشەر، نەيزىلىرىنى كۆتۈرۈپ چىقىپ ۋەھشىيلەرچە ئېلىشتى.

**ۋەھشىيلەشمەك** پ. ۋەھشىي ھالەتكە كەلمەك، ۋەھشىي بولماق: دۈشمەن شۇنچىلىك ۋەھشىيلەشتىكى، ئۇچراتقانىنىڭ ھەممىسىنى ئۆلتۈردى. * زامانقۇل تېخىمۇ ۋەھشىيلىشىپ، يانچۇقىدىكى ئىنچىكە سىمنى ئالدى-دە، پەزىلەتنىڭ گېلىدىن بوغۇپ، ۋارقىرىيالماس قىلىپ قويدى.

**ۋەھشىيلىك** ئى. ۋەھشىيانە ھەرىكەت، قىلىق، ئىش: ۋەھشىيلىك كۆچەيگەنسېرى، خەلقنىڭ قولىغا قورال ئالىدىغان كۈنى شۇنچە يېقىنلىشىدۇ.

**ۋەھىي** ئى (ئە) <دىن> دىنىي چۈشەنچىدە خۇدا تەرىپىدىن جەبرائىل ئەلەيھىسسالام ئارقىلىق پەيغەمبەرلەرگە كەلگەن خەۋەر، بۇيرۇق ۋە شۇ قاتارلىقلار: ھېسامىدىن داموللا «<قۇرئان كەلىمىسى> ئاللادىن كەلگەن ۋەھىي» دەپ تۇرۇپ

ئۇزاق سۆزلىدى.

**ۋەھىم** ئى (ئە) قورقۇنچ، ۋەھىمە: ئەنسىز خەۋەرلەر كىشىلەر ئارىسىدا ۋەھىمە تارقىتىپ غۇلغۇلا كۆتۈرەتتى.

**ۋەھىم قىلماق** ۋەھىمىگە چۈشمەك، قورقماق: شۇڭا ئۆلۈمدىن قىلمايمەن ۋەھىم، ئەمەستۇر كۆڭلۈم غەمدە-غۇسسىدە. مېنىڭ ئۆلۈمۈم – ئۆلمەسلىك، چۈنكى قەلبىم لىقمۇلىق بەخت ھېسسىدە.

**ۋەھىمە** ئى (ئە) قاتتىق قورقۇش، غەم-ئەندىشە، ئەنسىزلىك نەتىجىسىدە پەيدا بولغان روھىي ھالەت: شۇنىڭ ئۈچۈن پۈتۈن ئەل-يۇرت خۇددى باستۇرۇپ كېلىۋاتقان دەھشەتلىك بىر كەلكۈنگە دۇچ كېلىپ قالغاندەك قاتتىق ۋەھىمە ئىچىدە قالدى.

**ۋەھىمە چۈشمەك** قورقۇنچ، ئەنسىزلىك پەيدا بولماق: ئۇ كۈنىمۇ شاھزادە قەمەرۇززامان شىكاردىن قايتىپ كەلمىگەندىن كېيىن، شاھنىڭ يۈرىكىگە ۋەھىمە چۈشۈپتۇ.

**ۋەھىمىگە چۈشمەك** غەم-ئەندىشىدە قالماق، قورقماق: «بۇ قارا باتۇرنى يوقاتمىسام ئاخىرى مېنىڭ جېنىمغا زامىن بولىدۇ» دەپ ۋەھىمىگە چۈشۈپتۇ شاھ.

**ۋەھىمە سالماق** قورقۇنچ، ئەنسىزلىك پەيدا قىلماق: ياسىنىنىڭ ئاۋازىدىكى بىر خىل قەتئىيلىك ساقىنىڭ كۆڭلىگە ۋەھىمە سالدى.

**ۋەھىمىگە سالماق** قورقۇتماق، ئەنسىزلىككە دۇچار قىلماق: ماشىنىنىڭ ئەنسىز سىگنالى پۈتۈن مەھەللىنى ۋەھىمىگە سالدى.

**ۋەھىمسىز** سۈپ. ۋەھىمىسى يوق، قورقۇش پەيدا قىلمىغان؛ تىنچ: ۋەھىمسىز كۈنلەر.

**ۋەھىملىك** سۈپ. ۋەھىمە باسقان، ۋەھىمە قاپلىغان؛ دەھشەتلىك، قورقۇنچلۇق: كاللامدا ھەر خىل ۋەھىملىك پىكىرلەر ھۆكۈم سۈرۈشكە باشلىدى. * بۇ ئايال بەزىدە جىددىي، ۋەھىملىك بولۇۋالاتتى.

**ۋەي** ئىم. چاقىرىش ئىماسىنى بىلدۈرىدۇ: ۋەي نۆۋەتچىمۇ سىز؟ رازۋېدكا بۆلۈمىگە ئۇقتۇرۇڭ، ھەممىيلەن يىغىلسۇن، ۋەزىپە بار، ھازىرلا يېتىپ بارىمەن.

**ۋەيت** ئىم ① كۈلكە-چاقچاقتىكى ھېس-ھاياجاننى بىلدۈرىدۇ. ② زاڭلىق قىلىش، مازاق قىلىش ئىماسىنى بىلدۈرىدۇ.

**ۋەيت-ۋەيت** «ۋەيت» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى: ئاشخانىدا باشلانغان «ۋەيت-ۋەيت» كۈلكىسى پۈتۈن يولۇچىلارنىڭ دىققىتىنى تارتتى.

**ۋەيران** سۈپ (پ) ① پۈتۈنلەي بۇزۇلغان، خارابىغا ئايلانغان: – ئەگەر بۇنىڭ تەلىپىنى قوبۇل قىلمىساق، پۈتۈن تەختىمىز ۋەيران، ئۆزىمىز سەرسان بولۇپ كېتىمىز، – دېيىشتى ۋەزىرلەر. ② كۆچمە. خاراب، ئېچىنىشلىق، ئازابلىق: قاراپ كۆردىكى ھالى بەكمۇ ۋەيران، پۈتۈنلەي قۇم، توپا-چاڭغا مىلەنگەن. * ئالدى خەتنى بار بىساتىمنى قوشۇپ، مېنى قىلماس مۇنچە ۋەيران دەپتىمەن.

**ۋەيران بولماق** ① بۇزۇلماق: بۇنىڭ ئاقىۋىتىدە يۈزلىگەن ئائىلىلەرنىڭ ئۆيلىرى بىر تۇتاش ۋەيران بولۇپ كەتتى. ② پۈتۈن مال-مۈلكىدىن ئايرىلماق، سولماق: ۋەيران بولغان سودىگەر. ۋەيران بولغان ئاقسۆڭەك. ③ مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىماق: ئۇنىڭ ئەسكەرلىرى ۋەيران بولۇپ بەدەر قاچتى. ④ خورلۇق تارتماق، خورلانماق: مەن پەقەت ئۆزۈمنىڭ ۋەيران بولغان قەلبىمنىلا ئېلىپ بارالايمەن.

**ۋەيران بولۇش** <س ئىق> كارخانىلارنىڭ سۇنۇشى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. بۇنداق ۋاقىتتا، كارخانا ياكى ھەقدارلار سوت ئورگانلىرىغا ئىلتىماس سۇنسا، سوت

ئۇلارنىڭ ئىلتىماسىغا ئاساسەن، ۋەيران بولغان كارخانىنىڭ مال-مۈلكىنى باھاغا سۇندۇرۇپ، ھەقدارلارغا قايتۇرۇپ بېرىدۇ، كەم قالغان تەرەپلىرىنى قايتا تولۇقلاپ بەرمەيدۇ.

**ۋەيران قىلماق** ① بۇزماق: مۇشۇ تاپتا ئىشنى توختىتىش — ئامبارنى ۋەيران قىلىش، 10 مىڭ ئادەمنىڭ ئالتە ئايدىن بۇيانقى ئەمگىكىنى بىكار قىلىۋەتكەنلىك، ئىدى. * ئۇ بىزنىڭ ئۆيىمىزنى ۋەيران قىلدى. ② بىتچىت قىلماق، يوقىتا چىقارماق: بۇ كۈرەش جاھانگىرلىكنى ئاجىزلاشتۇرىدىغان، ۋەيران قىلىدىغان كۈرەش ئىدى.

**ۋەيران قىلىش ئۇرۇشى** <ھەرب> دۈشمەنىنىڭ قاتناش لىنىيىسى، خەۋەرلە-شىش ئەسلىھەلىرى، قۇرۇلۇش ئەسلىھەلى-رى، تايانچ پونكىتلىرىنى بۇزغۇنچىلىقتا ئۇچرىتىدىغان ۋە ئۇلارغا ھۇجۇم قىلىدىغان ئۇرۇش. ئادەتتە بۇزغۇچىلىقتا ئۇچرىتىش ئۇرۇشى دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

**ۋەيرانە** (پ) ① سۈپ. بۇزۇلغان، ۋەيران بولغان، ۋەيران: مۇشۇك تاملىرى تۆكۈلۈپ تۇرىدىغان، ۋەيرانە بىر ئۆينىڭ ئالدىدا توختاپتۇ. ② سۈپ. پەرىشان، روھىي چۈشكۈن: نەزەر ئۆيگە كېلىپ، قوشنىلىرىدىن بولغان ئەھۋالنى ئاڭلاپ داد-پەرياد سېلىپ، ۋەيرانە بولۇپ تۇرغانىكەن. * ئاۋازىڭنى ئاڭلاپ، يارىم، بولدۇم ۋەيرانە. ئاشىق ئۇتى يامان ئىكەن، قىلدى دىۋانە. ③ سۈپ. رەتسىز، چېچىلاڭغۇ، قالايمىقان: ۋەيرانە ئادەم. // ئۇ ئىلگىرىدىن ۋەيرانە يۈرىدىغان بىرنېمە. ④ ئى. ۋەيران بول-غان، بۇزۇلغان، خارابىلىقتا ئايلانغان جاي: ئەپەندىم قۇشلارنىڭ تىلىنى بىلمەن دەپ يۈرگەن كۈنلىرىدە پادىشاھ ئۇنى بىللە

ئوۋغا ئېلىپ چىقىپتۇ، يولدا ئۇلارغا بىر ۋەيرانىدا سايراپ تۇرغان ھۇقۇش ئۇچراپتۇ.

**ۋەيرانچىلىق** ئى. ۋەيران بولغان، بۇزۇلغان ھالەت: بىز شۇ چاغدىكى ۋەيرانچىلىقنى كۆرۈپ كۆزىمىزگە ئىشەنمەي قالدۇق.

**ۋەيرانلاشماق** پ. ۋەيران بولماق، ۋەيران ھالەتكە كەلمەك.

**ۋەيرانلىق** ئى ① ۋەيران بولغان جاي، ئورۇن: ئىجادكار يېڭى ئەۋلادىمىز، ۋەتەن ئىشقىدا پەرھات بىز، شۇڭا ۋەيرانلىق ئاۋات، باياۋان باغۋاران بولدى. ② ۋەيران بولۇش، بۇزۇلۇش: ئاچلىق، ۋەيرانلىق نەتىجىسىدە ئۇلارنىڭ يېقىن ئارىدا ھالاك بولۇشى تۇرغان گەپ.

**ۋەيلۇن** ئى (ئە) دوزاخنىڭ بىرىنىڭ نامى يەنى ئوت ئەڭ كۈچلۈك كۆيىدىغان، چوڭقۇر دوزاخ: ۋەيلۇن دېگەن دوزاخنىڭ تۆۋرۈكى ئۆرۈلۈپ كەتكەنىدى، مانا شۇنىڭغا لايىق تۆۋرۈك تېپىش ئۈچۈن مېنى خۇدا بۇ دۇنياغا ئەۋەتتى. * ئىچكىنىمگە بىر قەدەھ كۆيسەم كۆيەي ۋەيلۇندا، تۇرغىنىمدا ئىچىدە بۈگۈن بەخت ھۆرمەتتە.

**ۋراچ** ئى (ر) <تىب> مېدىتسىنا ئىلمىدىن ئالىي مەلۇماتقا ئىگە بولغان كىشى، دوختۇر: بالىلار كېسەللىكلىرى ۋراچى.

**ۋراچلىق** ئى <تىب> ۋراچقا يۈكلەنگەن ۋەزىپە، خىزمەت: ۋراچلىق قىلماق.

**ۋونكا** ئى (ر) روسىيەدە ئىشلەنگەن ھاراق. ئالىي دەرىجىلىك ئىسپىرتقا سۇ قوشۇش ئارقىلىق تەييارلىنىدۇ. ئۇنىڭ ئىسپىرت تەركىبى 36% — 60% كىچە بولىدۇ.

**ۋودوپروۋود** ئى (ر) <سۇ> سانائەت ۋە تۇرمۇش ئېھتىياجلىرىنى سۇ بىلەن تەمىنلەش ئۈچۈن قۇرۇلغان سۇ تۇرۇبىلىرى،

ناسوس پونكىتلىرى قاتارلىقلار سىستېمىسى.

**ۋودورود** ئى (ر) <خىم> ھىدروگېن: ۋودورود بومبىسى.

**ۋودورود بومبىسى** <ھەرپ> يادرو قوراللىرىنىڭ بىر خىلى. ھىدروگېنىنىڭ ئىزوتوپلىرى بولغان دېيتېرىي بىلەن تىرىتىي ماتېرىيال قىلىنىدۇ. بۇنىڭدا ئالاھىدە ياسالغان ئاتوم بومبىسى پارتلىتىش قوزغۇلمىسى قىلىنىدۇ. ئاتوم بومبىسى پارتلىغاندا، ھاسىل بولغان يۇقىرى ھارارەت دېيتېرىي بىلەن تىرىتىينى پولىمېرلىنىش رېئاكسىيىسىگە كىرىشتۇرۇپ ۋە گېلىي نۇكلونىنى ھاسىل قىلىپ، شىددەتلىك پارتلاشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ۋودورد بومبىسىنىڭ كۈچ-قۇدرىتى ئاتوم بومبىسىنىڭكىدىن كۆپ زور بولىدۇ.

**ۋوسپالېنىيە** ئى (ر) <تىب> ← **ياللۇغ.**

**ۋوگزال** ئى (ر) <قاتن> پويىز ئىستانسىلىرىدىكى چوڭ بىنا؛ ئىستانسا ئىچى: ۋوگزال سۇپىسى. * پاراۋوز قاتتىق بىر سىگنال بەردى-دە، تۇرخۇنىدىن ئاپئاق ئىس چىقىپ، بىلىنەر-بىلىنمەس سىلجىپ تۇرۇپ گۈپۈلدەپ يۈرۈپ كەتتى. ئانچە ئۆتمەي قايناۋاتقان قازانغا سۇ قۇيۇۋەتكەندەك ۋوگزال چۆلدەرەپ قالدى.

**ۋولت** مىق (ر<ئىتال) <فىز> ئېلېكتر بېسىم بىرلىكى. 1 ئامپېر توك قارشىلىقى 1 ئوم بولغان ئۆتكۈزگۈچتىن ئۆتكەندە، ئۆتكۈزگۈچنىڭ ئىككى ئۇچىدىكى ئېلېكتر بېسىمى 1 ۋولت بولىدۇ. بۇ بىرلىك نامى ئىتالىيە فىزىكا ئالىمى ۋولتا (Alessandro Volta) نى خاتىرىلەش يۈزىسىدىن بېرىلگەن.

**ۋولتا** ئى <فىز> ئىتالىيىلىك فىزىكا ۋە خىمىيە ئالىمى. ئۇ مېتاللارنىڭ تېگىشىشىدىن توك ھاسىل بولۇش ھادىسىسىنى تەتقىق قىلىپ ۋولتا باتارېيىسىنى كەشىپ قىلغان. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە كوندېنساتورلۇق ئېلېكتروسكوپنى ۋە ئېلېكترىزاتورنى كەشىپ قىلغان. سۇنىڭ ئېلېكتروزلىنىشىنى تاپقان. ئۇنى خاتىرىلەش يۈزىسىدىن ئېلېكتر يۈرگۈزگۈچى، كۈچ، پوتېنسىئال ۋە توك بېسىملىرىنىڭ بىرلىكى ئۇنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان.

**ۋولتا باتارېيىسى** <فىز> ← **ئىپتىدائىي باتارېيە.**

**ۋولتا ئېلېمېنتى** <فىز> ← **ئىپتىدائىي باتارېيە.**

**ۋولتاژ** ئى (ر) <فىز> ← **ئېلېكتر بېسىمى.**

**ۋولت-ئامپېر** (ر<ئىتال+فران) <فىز> توك قۇۋۋىتى بىرلىكى. ئۇنىڭ سانلىق قىممىتى ئېلېكتر زەنجىرىدىكى بېسىم ۋە توكنىڭ كۆپەيتمىسىگە باراۋەر. ئۆزگىرىشچان توكنىڭ كۈچىنىشى دەۋرلىك ئۆزگىرىپ تۇرىدىغانلىقتىن، ئۇنىڭ ۋولت-ئامپېرىنىڭ قىممىتى ئەمەلىي ئۈنۈملۈك قىممەتتىن كىچىك بولىدۇ.

**ۋولتمېتىر** ئى (ر<ئىتال+گرېك) <فىز> ئېلېكتر زەنجىرىنىڭ ئىككى نۇقتا ئارىسىدىكى ئېلېكتر بېسىمىنى ئۆلچەيدىغان ئەسۋاب.

**ۋولف** ئى <كېئول> 1863 — 1925-يىللىرى ياشىغان رۇس ئالىمى.

**ۋولف تورى** <كېئول> بىر خىل ئېكۋاتور شەكلىدىكى «قۇتۇپتىن چۈشۈرۈلگەن بەلباغ تەكشىلىك پروېكسىيە» تورى، رۇس ئالىمى ۋولف ئىجاد قىلغان بولغاچقا، شۇنداق ئاتالغان. كرىستاللارنى پروېكسىيىلەشتە نۇقتا سىزىق، يۈزلەر ئارىسىدىكى بۇلۇڭ ئارىلىق مۇناسىۋەتنى سېخېما بىلەن چۈشەندۈرۈشتە ئىشلىتىلى-

ـدۇ. ئاسترونومىيە، دېڭىز قاتنىشى تۈزۈلمە گېئولوگىيىسى قاتارلىق پەنلەردە ئىشلىتىلىدۇ.

**ۋولفرام** ئى (ر<لات) <خىم> مېتال ئېلېمېنت. بەلگىسى W (wolifram). كۈل رەڭ ياكى قوڭۇر قارا رەڭلىك، قاتتىق، بىراق چۈرۈك كرىستال. يۇقىرى تېمپېراتۇرىغا چىداملىق. لامپۇچكا قىلى ۋە ئالاھىدە قېتىشما پولاتلارنى ئىشلەشتە قوللىنىدۇ.

**ۋولفرام چېچىكى** <گېئول> بىر خىل مىنېرال. خىمىيىلىك تەركىبى $H_2WO_4$. يانتۇ ياقلىق كرىستال كۆپىنچە قاسىراقسىمان، تالقانسىمان ۋە يۇقۇندىسىمان ھالەتلىرىدە بولىدۇ، رەڭگى سېرىق ياكى يېشىل، ئۈنچە پارقىراقلىقىدا، قاتتىقلىقى 1 — 2، ئاجراشچانلىقى (001) گە پاراللېل تولۇق. سېلىشتۇرما ئېغىرلىقى 5.5، ۋولفرام كان ياتىملىرىنىڭ ئوكسىدلىنىش بەلبېغىدا ئۇچرايدۇ.

**ۋولفرام چىراغ** <فىز> ۋاكۇئۇمدىكى ۋولفرام سىمىدىن پايدىلىنىپ توك ئۆتكۈزۈش ئارقىلىق يورۇيدىغان چىراغ.

**ۋولفراملىق** سۈپ. تەركىبىدە ياكى ئىچىدە ۋولفرام بولغان، ۋولفرامغا ئىگە: ۋولفراملىق لامپۇچكا.

**ۋولفراملىق لامپۇچكا** <فىز> ← **ۋولفرام چىراغ**.

**ۋولفرامىت** ئى (ر<لات) <گېئول> بىر خىل مىنېرال. خىمىيىلىك تەركىبى $(Mn.Fe)WO_4$. يەنى $MnWO_4$ ۋە $FeWO_4$ نىڭ تۈرلۈك ماددىلىق ئوخشاش ھالەت قاتارىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى مەھسۇلات. يەككە ياقلىق كرىستال سىستېمىسىدا بولۇپ، كرىستالى قېلىن تاختىسىمان ياكى تۈۋرۈكسىمان بولىدۇ. رەڭگى قوڭۇر قارا، سىزىق ئىزى قوڭۇر رەڭلىك، يېرىم مېتال پارقىراقلىقىدا، قاتتىقلىقى 4.5 — 5.5، سېلىشتۇرما ئېغىرلىقى 6.7 — 7.5، چۈرۈك، {010} غا پاراللېل، تولۇق ئاجراشچانلىققا ئىگە، ئاجىز ماگنىتلىقى بار. ئاساسەن يۇقىرى تېمپېراتۇرىلىق ئىسسىق ئېرىتمىلىك كۋارتس تومۇرلىرىدا ئۇچرايدۇ. ۋولفرام رودىسى ھېسابلىنىدۇ.

**ۋولقان** ئى (ر<لات) <گېئول> ← **يانار تاغ**.

**ۋولگار** سۈپ (ر) ① ئۆتۈپ كەتكەن قوپال؛ خۇنۈك: ۋولگار سۆز. ② تولىمۇ ئاددىيلاشتۇرۇلغان، ساختىلاشتۇرۇلغان، چاكىنىلاشتۇرۇلغان، بۇزۇلغان: ۋولگار ماتېرىيالىزم.

**ۋولگار سۆز** <تىل> ← **ۋولگارىزم**.

**ۋولگار ماتېرىيالىزم** <پەلس> بۇرژۇئازىيىنىڭ بىر خىل ئەكسىيەتچىل پەلسەپىۋى ئېقىمى. ئۇنىڭ ئاساسىي خۇسۇسىيىتى شۇكى، ئۇ ماتېرىيالىزمنى چاكىنىلاشتۇرىدۇ، ماددا بىلەن ئاڭنىڭ پەرقىنى يوققا چىقىرىپ، ئاڭنى ئادەم بەدىنىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى فىزىكىلىق، خىمىيىلىك، فىزىئولوگىيىلىك جەريانلارغا يىغىنچاقلايدۇ.

**ۋولگارىزم** ئى (ر<لات) ① <تىل> ئەدەبىي تىلدا ئىشلىتىلگەن قوپال سۆز ياكى ئىبارىلەر. ② <ئەد> ئەدەبىياتتا ھەددىدىن ئارتۇق قوپال، يىرىك سۆز-ئىبارىلەرنى قوللىنىش؛ ئەسەردە بەكمۇ ئاددىيلاشتۇرۇۋېتىش، ساختىلاشتۇرۇپ، رېئاللىقنى بۇزۇپ، چاكىنىلاشتۇرۇپ ئىپادە قىلىش؛ چاكىنىلاشتۇرۇش.

**ۋوللاستون** ئى <فىز> مىلادىيە 1766 — 1828 - يىلللىرى ياشىغان ئەنگلىيە فىزىكا ھەم خىمىيە ئالىمى.

**ۋوللاستون پرىزمىسى** <فىز> سىزىقلىق قۇتۇپلانغان يورۇقلۇق ھاسىل قىلىشقا ئىشلىتىلىدىغان ئوپتىك ئېلېمېنت. ئوپتىك ئوقلىرى ئۆزئارا تىك بولغان تىك بۇلۇڭلۇق ئىككى دانە كالتسىت پرىزمىدىن تۈزۈلگەن.

**ۋوللاستونىت** ئى (ر) <گېئول> بىر خىل مىنېرال. خىمىيلىك تەركىبى $CaSiO_3$ . ئۈچ ياقلىق كرىستال سىستېمىسىدا، كرىستاللىرى تارىشىسمان، كۆپىنچە چاچما نۇرسىمان ياكى تالالىق قۇراماق ھالىتىدە بولىدۇ. سەل ئاچ كۈل رەڭ ياكى ئاچ قىزىلراق، ئاق رەڭلىك. {100} گە ۋە {001} گە پاراللېل، ئاجراشچانلىقى بار. ئەينەك پارقىراقلىقتا، قاتتىقلىقى 5 — 4.5، سېلىشتۇرما ئېغىرلىقى 2.91 — 2.78 بولىدۇ. تېگىش ئورۇن ئالمىشىپ ئايىنغان مىنېرال. كۆپىنچە ھاك تاش بىلەن كىسلاتالىق بۆسمىلەرنىڭ تېگىشكەن بەلبېغىدا ئۇچرايدۇ.

**ۋولۋوكس** ئى (ر<لات) <بوت> يېشىل يۇسۇنلەرنىڭ بىر تىپى، ئورۇقدىشى، تاتلىق سۇلاردا ياشايدۇ، ئۆسۈملۈك تېنى نۇرغۇنلىغان ھۈجەيرىلەردىن تۈزۈلىدۇ. ھۈجەيرىسىدە ئىككى تال قامچا تۈكى بولىدۇ، ھەرىكەت قىلالايدۇ. جىنسسىز ياكى جىنسلىق كۆپىيىدۇ.

**ۋولىنكا** ئى (ر) <مۇز> بىر خىل دۇخوۋوي چالغۇ. يەل خالتىسى، پۈۋلەش نەيچىسى ۋە بىرنەچچە تال تىللىق نەيچىلەردىن تۈزۈلىدۇ. ياۋروپاغا تارقالغان.

**ۋون** ئى. چاۋشيەنىڭ پۇل بىرلىكى.

**ۋوھ** ئىم. ھارۋىغا قېتىلغان ئاتنى توختىتىش ئىماسىنى بىلدۈرىدۇ.

**ۋوھ-ۋوھ** «ۋوھ» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى: يۈز قەدەم ماڭا-ماڭماي كەينىمدىن «ۋوھ-ۋوھ! توختا جانىۋار» دېگەن ئاۋاز ئاڭلاندى.

**ۋوي** ئىم. ھەيران قېلىش، ئەجەبلىنىش ئىماسىنى بىلدۈرىدۇ: ۋوي نېمە قىلغىنىڭ بۇ، ئادەمنى خىجىل قىلىپ.

**ۋوي-ۋوي** «ۋوي» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى.

**ۋۇ** I ئىم. غەزەپ-نەپرەت ھېس-تۇيغۇسىنى بىلدۈرىدۇ: ۋۇ مۇناپىق! ئەمدى سورىمىغىنى شۇ قېلىپتۇ-دە، ئۇنىڭ.

**ۋۇ** II ئى (خەن) <تارىخ> ← **ۋۇ پادىشاھلىقى.**

**ۋۇ پادىشاھلىقى** <تارىخ> ① ھازىرقى جياڭسۇ ئۆلكىسىنىڭ جەنۇبى، جېجياڭ ئۆلكىسىنىڭ شىمالىي قىسىملىرىنى ئىلكىگە ئالغان، كېيىن خەيخې دەرياسى ۋادىسىغىچە كېڭەيگەن جۇ سۇلالىسىنىڭ نامى. ② مىلادىيە 222 — 280 - يىللىرى سۈن چۈەن قۇرغان، چاڭجياڭ دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا، تۆۋەن ساھىلى ۋە شەرقىي-جەنۇبىي دېڭىز بويلىرىنى ئىلكىگە ئالغان ئۈچ پادىشاھلىقنىڭ بىرى.

**ۋۇ خانلىقى** <تارىخ> ← **ۋۇ پادىشاھلىقى.**

**ۋۇجۇ** ئى (خەن) <تارىخ> ← **ۋۇجۇ خانلىقى.**

**ۋۇجۇ خانلىقى** <تارىخ> مىلادىيە 690 - يىلى ۋۇزېتيەن قۇرغان خانلىق. مىلادىيە 705 - يىلى ۋۇزېتيەنىڭ ئوغلى خۇرۇڭ تەختكە ئولتۇرۇپ، خانلىقنىڭ تاڭ دېگەن نامىنى ئەسلىگە كەلتۈرگەن.

**ۋۇجۇد** ئى (ئە) ئادەمنىڭ پۈتۈن بارلىقى، جېنى ھەم تېنى، جىسمى، گەۋدىسى:

ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىن كۈچ-قۇۋۋەت ئۇرغۇپ تۇراتتى. * قەمەرنىڭ ۋۇجۇدى سىمابتەك ئېرىپ، پۇت-قولىدىن ماغدۇر كەتكەندەك بولدى.

**ۋۇجۇدقا چىقماق** ئەمەلگە ئاشماق: يۇرتداشلار قەتئىي نىيەتكە كەلسە، بۇ ئىش جەزمەن ۋۇجۇدقا چىقىدۇ. * بىزنىڭ كۆرۈشمىز كەلگۈچە خەلقنىڭ ياردىمى ئارقىلىق ۋۇجۇدقا چىقىدۇ.

**ۋۇجۇدقا كەلمەك** بارلىققا كەلمەك، پەيدا بولماق؛ ئەمەلگە ئاشماق: ئۈمىد-ئارزۇلار رېئاللىق بىلەن زىچ بىرلەشـ-كەندىلا جەزمەن ۋۇجۇدقا كېلىدۇ.

**ۋۇجۇدىيەت** ئى (ئە) ① مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان بارلىق نەرسە، شەيئى، مەۋجۇدىيەت. ② <پەلس> جاھانگىرلىك دەۋرىدىكى بىر خىل چۈشكۈن سۇبيېكتىپ ئىدېئالىستىك پەلسەپۋى پىكىر ئېقىمى. ئۇنىڭ ئاساسىي ۋەزىپىسى ئىجتىمائىي ئاڭنى بۇلغاش ۋە پرولېتارىياتنىڭ ئىنقىلا-بىي تەشكىلاتىغا قارشى تۇرۇشتىن ئىبارەت. بۇ تەلىماتنى دانىيە پەيلاسوپى كېركېگور (1813 — 1855) بەرپا قىلدىغان.

**ۋۇچاڭ** ئى <جۇغ> خۇبېي ئۆلكىسىدىكى بىر شەھەر.

**ۋۇچاڭ قوزغىلىڭى** <تارىخ> 1911-يىلىدىـ-كى چىڭخەي ئىنقىلابى مەزگىلىدە خۇبېي ئۆلكىسىنىڭ ۋۇچاڭ دېگەن جايىدا ئۇيۇشتۇرۇلغان قوزغىلاڭ.

**ۋۇزرا** ئى (ئە) ۋەزىرلەر ۋە شۇ قاتارلىق ئەمەلدارلار: شاھ تەختتە ئولتۇرىدۇ. ئەتراپىدا ۋەزىر، ۋۇزرالار، بەگلەر ئىككى ياندا ئولتۇرۇشىدۇ.

**ۋۇشۇي** ئى (خەن) <ئاستر> ← **ۋۇشۇي** يىلى.

**ۋۇشۇي سىياسىي ئۆزگىرىش** <تارىخ> 1898-يىلى (گۇاڭشۈينىڭ 24-يىلى) سىشى تەيخۇ ۋۇشۇي قانۇن ئىسلاھاتىغا قارشى قوزغىغان سىياسىي ئۆزگىرىش.

**ۋۇشۇي قانۇن ئىسلاھاتى** <تارىخ> 1898-يىلىدىكى بۇرژۇئا ئىسلاھاتچىلىرىنىڭ سىياسىي ھەرىكىتى. جۇڭگو-ياپونىيە جياۋۇ ئۇرۇشىدىن كېيىن، مىللەت دۇچ كەلگەن خەۋپ ئېغىرلىشىدۇ. كاڭ يۇۋېي، لياڭ چىچاۋ ۋەكىللىكىدىكى مىللىي بۇرژۇئازىيىنىڭ يۇقىرى قاتلىمى ۋە تەرەققىيپەرۋەر زاتلار، فېئودالىزم ھۆكۈمـ-رانلىق ئاساسىغا چىقالماسلىق ئالدىنقى شەرتى بىلەن، پادىشاھلىق ئاساسىي قانۇنلۇق سىياسىتىنى يولغا قويۇش، جۇڭخۇا مىللىتىنى خەۋپتىن قۇتۇلدۇرۇش، مىللىي كاپىتالىزمنى تەرەققىي قىلدۇرۇشـ-نى تەشەببۇس قىلىدۇ. بېيجىڭدا ئىمتىـ-ھانغا قاتنىشىش ئۈچۈن كەلگەن جۈيرىنـ-لەردىن 1300دىن ئارتۇق كىشىنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ گۇاڭشۈيخانغا مەكتۇپ سۇنۇپ، «سىمونسكى شەرتنامىسى»نى ئىمزالاشقا قارشى تۇرىدۇ ھەمدە «قانۇن ئۆزگەرتىپ، قۇدرەت تېپىش»قا چاقىرىق قىلىپ، قۇدرەت تېپىش ئىلمىي جەمئىيىتىنى ئۇيۇشتۇرۇپ، يېڭىلىقنى ياقلاش ھەرىكىتىنى قوزغايدۇ. كاڭ يۇۋېي ۋەكىللىكىدىكى سىياسىي كۈچلەر ۋېڭ توڭخې قاتارلىق پادىشاھ تەرەپ ۋەزىرلەرنىڭ قوللىشىغا ئېرىشىدۇ. 1897-يىلىـ-نىڭ ئاخىرلىرى، گېرمانىيە جياجۇ قولتۇقىـ-نى بېسىۋالىدۇ. جاھانگىرلارنىڭ جۇڭگونى بۆلۈۋېلىش خەۋپى كۈنسېرى كۈچىيىدۇ، كاڭ يۇۋېي ئىككىنچى يىلى 1-ئايدا

6-قېتىم مەكتۇپ سۇنۇپ، قانۇن ئۆزگەر-تىشنى تەلەپ قىلدۇ. شۇ يىلى 4-ئايدا، - بېيجىڭدا ۋەتەننى قوغداش، مىللەتنى قوغداش، دىننى قوغداشنى مەقسەت قىلغان ۋەتەننى قوغداش ئۇيۇشمىسىنى قۇردۇ. گۇاڭشۈيخان قانۇن ئۆزگەرتىش توغرىسىدىكى تەشەببۇسلارنى قوبۇل قىلدۇ. يېڭىلىقنى ياقلىغۇچىلارنى ئىشقا قويۇپ، 6-ئايدىن 9-ئايغا قەدەر يېڭىلىقنى ياقلايدىغان بىر قاتار ئەمر-پەر-مانلارنى ئېلان قىلدۇ. يېڭى سىياسەتنى يولغا قويدۇ. گۇاڭشۈيخانى يېڭىلىقنى ياقلىغۇچىلاردىن پايدىلىنىپ، خان ئانا تەرەپ قولىدىن ئالىي ھوقۇقنى تارتىۋالماقچى بولىدۇ. سىشى تەيخۇ ۋەكىل-لىكىدىكى كونىلىقنى ياقلىغۇچىلار قانۇن ئۆزگەرتىشكە قارشى تۇردۇ. 9-ئاينىڭ 21-كۈنى سىياسىي ئۆزگىرىش قوزغاپ، گۇاڭشۈيخاننى نەزەربەند ئاستىغا ئېلىپ، يېڭىلىقنى ياقلىغۇچىلارنى ئۆلتۈردۇ. قانۇن ئۆزگەرتىش ھەرىكىتى شۇنىڭ بىلەن مەغلۇپ بولىدۇ.

**ۋۇشۇي يىلى** <ئاستر> مەملىكىتىمىزنىڭ يىل ھېسابىدا، 60 يىلنى بىرلىك قىلغان دەۋرىيلىك مۇچەل كالېندارىدىكى 35-دەۋرىي يىلنىڭ نامى. ئۇيغۇرچە «ئىت يىلى» دېگەن مەنىدە. بۇ گۇاڭشۈينىڭ 24-يىلى، مىلادىيە ھېسابىدا 1898-يىلغا توغرا كېلىدۇ.

**ۋۇڭ** تەق. يىراقتىن ئاڭلانغان ۋە قۇلاقتىن چىققان ئاۋاز.

**ۋۇڭىلدىماق** پ «ۋۇڭ» قىلغان ئاۋازنى چىقارماق، «ۋۇڭ» قىلماق.

**ۋۇلا** I ئى (ژاڭزۇچە) <تارىخ> ① دېموكراتىك ئىنقىلابتىن بۇرۇنقى شىزاڭدا، خان سارايلىرىدا ياكى يانچى خوجايىنلى-رى ئۈچۈن يانچىلار قىلىدىغان مەجبۇرىي ئەمگەك. مۇھىمى دېھقانچىلىق، يۈك توشۇش، ئۇنىڭدىن باشقا، يەنە خىلمۇخىل ئۇششاق-چۈششەك يۈگۈر-يېتىم ئىشلار. ② يۇقىرىقى خىلدىكى مەجبۇرىي ئەمگەكلەرنى قىلغۇچى.

**ۋۇلا** II ئى (مانجۇچە) شەرقىي شىمالدىكى ئۆلكىلەردە رەسىم بولۇپ قالغان قىشلىق تېرە ئاياغ كىيىمى. ئىچىگە ۋۇلا ئوتى سېلىنىدۇ.

**ۋۇلا ئوتى** <بوت> شەرقىي شىمالدىكى ئۆلكىلەردە ئۆسىدىغان كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. يوپۇرمىقى ئىنچىكە، ئۇزۇن بولىدۇ. غول ۋە يوپۇر-ماقلىرى قۇرۇتۇلغاندىن كېيىن ئاياغ كىيىم ئىچىگە پېتەك ئورنىدا سېلىنىدۇ. ئۇنىڭ ئىسسىقلىقنى ساقلاش رولى بار. كىشىلەر ئۇنى شەرقىي شىمالنىڭ ئۈچ چوڭ ئەڭگۈشتىرىنىڭ بىرى دەپ قارايدۇ.

**ۋۇمەن** ئى <ئىرق> قەدىمكى مىللەت. تاڭ سۇلالىسى زامانىدا بۇ مىللەت يۈننەن، سىچۈەن ئۆلكىلىرىنىڭ جەنۇبىي، گۇيجۇ ئۆلكىسىنىڭ غەربىي قىسىملىرىدا ياشىغان. بىر بۆلىكى چارۋىچىلىق ۋە يېرىم دېھقانچىلىق، بىلەن يەنە بىر بۆلىكى دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان. ئۇلارنىڭ ھازىرقى لى، ناشى، لى سۇغا ئوخشاش مىللەتلەر بىلەن ئۇرۇق-داشلىق مۇناسىۋىتى بار.

**ۋۇي** ئىم ① ھەيران قېلىش، ئەجەبلىنىش ئىماسىنى بىلدۈرىدۇ: ۋۇي، سۇنۇپ كەتتىغۇ بۇ! * ۋۇي پۇتۇمدا مېڭىپ يۈرگەن نېمە

بۇ؟ ② چاقىرىش، ئەيىبلەش ئىماسىنى بىلدۈرىدۇ: – ۋۇي بۇرنىغا سۇ كىرمىگەن ساراڭ، تېخى قوي باقماقچىمۇسەن؟

**ۋۇيىن** ئى (خەن) <ئاستر> → **ۋۇيىن يىلى**.

**ۋۇيىن يىلى** مەملىكىتىمىزنىڭ يىل ھېسابىدا 60 يىلنى بىرلىك قىلغان دەۋرىيلىك مۇچەل كالېندارىدىكى ئون بەشىنچى دەۋرىي يىلنىڭ نامى. ئۇيغۇرچە «يولۋاس يىلى» دېگەن مەنىدە. بۇ چىيەنلۇڭنىڭ 23-يىلى، مىلادىيە ھېسابىدا 1758-يىلغا توغرا كېلىدۇ.

**ۋي** «ۋ» ھەرپىنىڭ نامى.

**ۋېبېر** مىق <فىز> ماگنىت ئېقىمىنىڭ ئەمەلىي بىرلىكى، بۇ نام گېرمانىيە فىزىكا ئالىمى ۋېبېر (Wilhelm Eduard weber) نى خاتىرىلەش يۈزىسىدىن بېرىلگەن. ئەگەر ماگنىت ئىندۇكسىيە كۈچىنىشلىكى 1 تېسلا (ۋېبېر1 / مېتىر²) بولۇپ، ماگنىت كۈچ سىزىقلىرىنىڭ يۆنىلىشىدىكى تەكشىلىكتە تىك بولسا، ھەربىر كۋادرات مېتىردىكى ماگنىت ئېقىمى 1 ۋېبېر بولىدۇ. يەنى: 1 ۋېبېر= $10^8$ ماكسۋېل.

**ۋېتا** ئى <مات> مىلادىيە 1540 — 1603-يىللىرى ياشىغان فرانسىيە ماتېماتىكا ئالىمى. 1559-يىلى تەڭلىمىنىڭ يىلتىزلىرى بىلەن كوئېففىتسېنتلىرىنىڭ مۇناسىۋىتى ھەققىدىكى تېئورېما – ۋېتا تېئورېمىسىنى ئوتتۇرىغا قويغان. بۇنىڭدىن باشقا، ئۇ ئالگېبرادا سانلىق مىقدارلانى جۈملىدىن بېرىلگەن سانلار بىلەن نامەلۇم سانلارنى ھەرپ بىلەن ئىپادىلەشنى ھەممىدىن بۇرۇن قوللانغان.

**ۋېتا تېئورېمىسى** <مات> بىر نامەلۇملۇق ئىككىنچى دەرىجىلىك تەڭلىمىنىڭ ئىككى يىلتىزىنىڭ يىغىندىسى ئۇنىڭ بىرىنچى دەرىجىلىك ئەزاسىنىڭ كوئېففىتسېنتىنى ئىككىنچى دەرىجىلىك ئەزاسىنىڭ ئوئېففىتسېنتىغا بۆلگەندە كېلىپ چىققان بۆلۈنمىنىڭ قارىمۇقارشى سانىغا تەڭ؛ ئىككى يىلتىزنىڭ كۆپەيتمىسى ئۇنىڭ تۇراقلىق ئەزاسىنى ئىككىنچى دەرىجىلىك ئەزاسىنىڭ كوئېففىتسېنتىغا بۆلگەندە كېلىپ چىققان بۆلۈنمىگە تەڭ، يەنى $\chi_1$ ۋە $\chi_2$ نى تەڭلىمە $a\chi^2+b\chi+C=0$ ( $a\neq0$ ) نىڭ ئىككى يىلتىزى دېسەك، ئۇ ھالدا $\chi_1\chi_2=\frac{c}{a}$ , $\chi_1+\chi_2=-\frac{b}{a}$ بولىدۇ. يىلتىزلار بىلەن كوئېففىتسېنتلارنىڭ بۇ خىل مۇناسىۋىتى ۋېتا تېئورېمىسى دەپ ئاتىلىدۇ.

**ۋېچىركا** ئى (ر) توي-تۆكۈنلەردە بولىدىغان قىز-يىگىتلەرنىڭ كەچكى ئولتۇرۇشى: — سەن پەرىزاتنىڭ ئۆيىدىكى ۋېچىركىنى ئەسلەپ كۆر، — دېدى ئۇ كاملغا.

**ۋېدا** ئى (سانس) <دىن> براخما دىنى ۋە ھىندى دىنىنىڭ ئەڭ قەدىمىي مۇقەددەس كىتابلىرى. تەخمىنەن مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 2000-يىلدىن 1000-يىلغىچە ئارىلىقتا كىتاب بولۇپ شەكىللەنگەن. ئاڭلاشلارغا قارىغاندا، قەدىمكى ھۆر-پەرىلەر خۇدانىڭ ۋەھىيلىرىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن قايتىدىن رەتلەپ چىققانىكەن. ئۇ قەدىمكى سانسكرىت تىلىدا يېزىلغان، مەزمۇنى ئاساسەن ئىلاھلارغا بولغان مەدھىيە، تەزىيە سۆزلىرى، ئەپسۇن قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ كىتابلار ھىندىستاننىڭ غەربىي شىمالىغ تارقالغان.

**ۋېدائىزم** ئى (سانس+ر) <دىن> ھىندىستاننىڭ قەدىمكى دىنلىرىدىن بىرى. تەخمىنەن مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 2000-يىللى قەدىمكى ھىندىستاننىڭ غەربىي شىمالىدا كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن ھايات كەچۈرگەن ئارىيانلارنىڭ ئېتىقادىدىن ئۆزگىرىپ كەلگەن كۆپ خۇدالىقدىن بولۇپ، ئۇنىڭدا ئىلاھلاشتۇرۇلغان تۇرلۇك تەبىئىي كۈچ ۋە ئاتا-بوۋىلار، قەھرىمان شەخسلەر ئېتىقاد ئوبيېكتى قىلىنغان.

**ۋېرتۇشكا** ئى (ر) <سۇ> سۇ ئېقىمىنىڭ تېزلىكىنى ئۆلچەشتە ئىشلىتىلىدىغان ئەسۋاب. تۇرلىرى كۆپ بولۇپ، ئادەتتە چاشكا شەكىللىك ۋە ئايلانما شەكىللىك ۋېرتۇشكا دېگەن تۇرلىرى كۆپ ئىشلىتىلىدۇ.

**ۋېرتىكال** سۈپ (ر<لات) <مات> تۆۋەندىن يۇقىرىغا ياكى يۇقىرىدىن تۆۋەنگە تىك يۆنەلگەن؛ تىك: ۋېرتىكال سىزىق. ۋېرتىكال راۋاجلانغان بۇلۇتلار.

**ۋېرتىكال بەلباغلىق** <جۇغ> ئېگىز تاغ رايونىنىڭ تەبىئىي جۇغراپىيىلىك ھادىسىلەرنىڭ ئېگىزلىكنىڭ ئېشىپ بېرىشىغا ئەگىشىپ تەدرىجىي ئۆزگىرىپ بېرىش قانۇنىيىتى.

**ۋېرتىكال تەكشىلىك** <مات> ۋېرتىكال سىزىقنى ئۆز ئىچىگە ئالغان تەكشىلىك.

**ۋېرتىكال جۇغراپىيىلىك بەلباغ** <جۇغ> تېمپېراتۇرىنىڭ ئېگىزلىككە ئەگىشىپ ئۆزگىرىپ بېرىشى شەكىللەندۈرگەن ئېگىزلىك بويىچە بەلباغسىمان تارقالغان جۇغراپىيىلىك ئومۇمىي گەۋدە.

**ۋېرتىكال راۋاجلانغان بۇلۇتلار** <مېتېئور> بۇلۇتلارنى تۇرگە ئايرىشتا، ئاستىنىڭ يەر بىلەن بولغان ئارىلىقى 2500 مېتىردىن تۆۋەن بولغان ھەمدە ياي ھالىتىدە تارىلىپ، ۋېرتىكال يۆنىلىشتە يۇقىرىغا قاراپ راۋاجلانغان بۇلۇتلار كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

**ۋېرتىكال سىزىق** <مات> گورىزونتال تەكشىلىككە تىك تۇرغان سىزىق.

**ۋېرتىكال ھاۋا بېسىم گرادېنت كۈچى** <جۇغ> ھاۋا بېسىمى گرادېنت كۈچىنىڭ ۋېرتكال يۆنىلىشتىكى سالمىقى.

**ۋېرتىكال ئىقلىم بەلبېغى** <جۇغ> ئىقلىم ئامىللىرىنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن ئېگىزلىك بويىچە بۆلۈنگەن بەلباغ.

**ۋېرسېتكا** ئى (ر) <مەت> ① مىق مەتبەئەدە تىزىلىپ پۈتكەن بەت نۇسخىسى. ② ھەرپ تىزىش، بەت ياساش، خاتاسىنى ئوڭلاش قاتارلىقلاردا ئىشلىتىلىدىغان سايمان. ئۇنىڭدا توغرىسىغا قويۇلغان رېزبىلىق قۇلاق بىلەن بېكىتىلىدىغان تاقاق بولۇپ، ئوڭ ۋە سولغا سۈرۈش ئارقىلىق تېكىست قۇرىنىڭ ئۇزۇن-قىسقىلىقىغا لايىقلاشتۇرغىلى بولىدۇ. ئۇ ئادەتتە مىس ياكى پولاتتىن ياسىلىدۇ.

**ۋېرسېرا** ئى (ر<لات) <مات> ← **ۋېرسېرا سىزىقى.**

**ۋېرسېرا سىزىقى** <مات> تەكشىلىكتىكى تىك بۇلۇڭلۇق كوئوردىنات سىستېمىسىدا $y=\dfrac{a^3}{\chi^2+a^2}$ تەڭلىمە ئىپادىلىگەن ئەگرى سىزىق.

**ۋېرمكۇلت** ئى (ر<فران) <گېئول> بىر خىل مىنېرال. ئاساسلىق تەركىبى ماگنىي، ئاليۇمىن، سىلىتسىي، تۆمۈر قاتارلىقلار بولۇپ، كۆپىنچە قوڭۇر كېلىدۇ. شەكلى چىرىمتالىغا ئوخشاپ كەتسمۇ،

لېكىن ئېلاستىكلىقى بولمايدۇ، ئىسسىقلىققا يولۇققاندا كۆپىدۇ، ئاۋاز توسۇش ۋە ئىسسىقلىق ئۆتكۈزمەسلىك خۇسۇسىيىتى ياخشى. ئادەتتە بىناكارلىق قۇرۇلۇشى ۋە مېتاللورگىيە سانائىتى قاتارلىق ساھەلەردە كەڭ ئىشلىتىلىدۇ.

**ۋېزوۋېئان** ئى (د) <گېئول> بىر خىل مىنېرال. ئۇنىڭ خىمىيىلىك تەركىبى $Ca_{10}(Mg,Fe)_2Al_4(Si_2O_7)_2(SiO_4)_5(OH,F)_4$. تۆت ياقلىق كرىستال سىستېمىسىدا بولۇپ، كرىستاللىرى تۈۋرۈكسىمان، قۇرامىساقى دانىلىق، كالتەكسىمان، زىچ كالتەك ھالىتىدە كېلىدۇ، رەڭگى سېرىق، يېشىل ياكى جىگەر رەڭ قوڭۇر، ئەينەك پارقىراقلىقىدا، قاتتىقلىقى 6.5، سېلىشتۇرما ئېغىرلىقى 3.44 – 3.34، ھاكتاش ياكى دولومىت جىنسلارنىڭ تېگىپ ئورۇن ئالماشتۇرغان كان ياتمىلىرىدا ئۇچرايدۇ.

**ۋېكتور** ئى(ر<لات) <فىز> چوڭ-كىچىكلىكى ھەم يۆنىلىشى بولغان فىزىكىلىق مىقدار. مەسىلەن، تېزلىك، ھەرىكەت مىقدارى، كۈچ قاتارلىق.

**ۋېكتورلۇق** سۈپ. ۋېكتورغا ئىگە، ۋېكتورنى ئۆز ئىچىگە ئالغان: ۋېكتورلۇق مەيدان.

**ۋېكتورلۇق ئالگېبرا** <مات> ۋېكتورلار ئۈستىدىكى ئالگېبرالىق ئەمەللەرنى تەتقىق قىلىدىغان پەن.

**ۋېكتورلۇق ئانالىز** <مات> ماتېماتىكىنىڭ ۋېكتورلۇق ئالگېبرا ئاساسىدا ۋېكتورلۇق فۇنكسىيە لىمىتى، دىففېرېنسىئالى، ئىنتېگ-رالى قاتارلىق ئەمەللەرنى تەتقىق قىلىدىغان بىر تارمىقى.

**ۋېكتورلۇق تەڭمۇتەڭلىك** <مات> ھەرقانداق ئەھۋالدا تەڭلىكنىڭ ئىككى تەرىپى ھامان (مەڭگۈ) تەڭ بولىدىغان ۋېكتورلۇق تەڭلىك، مەسىلەن، $\vec{a}-\vec{b}=\vec{a}+(-\vec{b})$ ، $\vec{a}+\vec{b}=\vec{b}+\vec{a}$

**ۋېكتورلۇق تەڭلىك** <مات> بىر تەڭلىك ۋە بىرقانچە ۋېكتورلارنىڭ مۇناسىۋىتىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئىپادە. مەسىلەن، $\vec{a}+\vec{b}=\vec{c}$ ، $\vec{v_1}\cdot\vec{v_2}=m$ ( m سانلىق مىقدار ) $\vec{a}\times\vec{b}=\vec{d}$.

**ۋېكتورلۇق تەڭلىمە** <مات> نامەلۇم ۋېكتورنى ئۆز ئىچىگە ئالغان تەڭلىمە. مەسىلەن، $a.X=C$ ۋە $a\times X=d$ قاتارلىقلار.

**ۋېكتورلۇق مەيدان** <فىز> فىزىكىلىق مىقدار ياكى ماتېماتىكىلىق فۇنكسىيەلەرنىڭ بوشلۇقتىكى تەقسىملىنىشى «مەيدان» دەپ ئاتىلىدۇ. ئەگەر مۇھاكىمە قىلىنىدى-غان مەسىلىلەردىكى فىزىكىلىق مىقدار ياكى فۇنكسىيەلەر ۋېكتور بولسا، بۇلارغا مۇناسىۋەتلىك بولغان مەيدان «ۋېكتور-لۇق مەيدان» دەپ ئاتىلىدۇ. مەسى-لەن، تارتىشىش مەيدانى، ماگنىت مەيدانى، ئېلېكتر مەيدانى، تېزلىك مەيدانى قاتارلىقلار.

**ۋېكتورلۇق ئىپادە** <مات> بىرقانچە ۋېكتورنى ۋېكتورلار ئۈستىدىكى ئەمەل بەلگىلىرى ÷، ×، —، + ئارقىلىق تۇتاشتۇرۇشتىن ھاسىل بولغان ئىپادە.

**ۋېكتورمېتىر** ئى ( ر<لات) <فىز> ۋېكتورنى ئۆلچەشتە ئىشلىتىلىدىغان ئەسۋاب.

**ۋېكسىل** ئى (ر<نېم) <مال> مەلۇم شەكىلگە ئىگە قەرز ھۆججىتى، يەنى قەرزدارنىڭ قەرزنى بەلگىلەنگەن مۇددەتتە تۆلەش توغرىسىدا بەرگەن ھۆججىتى، ئۇنىڭغا سوممىسى ئېنىق يېزىلىدۇ.

**ۋېگېتاتىۋ** سۈپ (د) <بىئول> ھايۋان ۋە

ئۆسۈملۈكلەرنىڭ ئۆزۈقلىنىشى، ئۆسۈشى
ۋە كۆپىيىشى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدى-
غان: ۋېگېتاتىۋ نېرۋا. ۋېگېتاتىۋ ئەزالار.

**ۋېگېتاتىۋ ئەزالار** <بوت> يۇقىرى
دەرىجىلىك ئۆسۈملۈكلەرنىڭ ئوزۇقلۇق
ياساش، ئوزۇقلۇق توشۇش ۋە ئوزۇقلۇقنى
زاپاس ساقلاشقا مەسئۇل بولغان
ئەزالىرى. مەسىلەن، غول، يىلتىز،
يوپۇرماق قاتارلىق ئۈچ ئەزا ۋېگېتاتىۋ
ئەزا دېيىلىدۇ.

**ۋېگېتاتىۋ شېخى** <بوت> ئۆسۈملۈكلەر-
نىڭ يوپۇرماق بىخى بولىدىغان، گۈل
بىخى بولمايدىغان ياكى گۈل بىخى
ناھايىتى ئاز بولىدىغان شېخى. ئۇ
بىۋاسىتە گۈل ھاسىل قىلالمايدۇ،
ئادەتتە، ئاساسىي غولنىڭ تۆۋەندىكى
قولتۇق بىختىن يېتىلىدۇ. ئۇ ھەر خىل
يېڭى نوتىلارنى ئۆستۈرۈپ چىقىرىپ
دەرەخ باراقسىنىنى تەشكىل قىلىدىغان
ۋە مېۋىلەش يۈزىنى كېڭەيتىدىغان
مۇھىم شاختۇر.

**ۋېگېتاتىۋ كۆپىيىش** <بوت> ئۆسۈملۈكلەر-
نىڭ غەيرىي جىنسىي يول بىلەن،
يەنى قەلەمچە قىلىش ياكى ئۇلاشقا
ئوخشاش يوللار بىلەن كۆپىيىشى.

**ۋېگېتاتىۋ نېرۋا** <ئانات> ئەتراپ نېرۋا
سىستېمىسىنىڭ بىر قىسمى. يىلىك ئوتتۇرا
مېڭە، ئۇزۇندىن ئۆزىراپ چىقىپ، ھەرقاي-
سى ئىچكى ئەزالارغا تارقىلىدۇ. ئۇ
كىرگۈچى ۋە چىققۇچى نېرۋا تالالىرىنى
ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، بۇ ئىككى
خىل نېرۋا تالالىرى ئارقىلىق مېڭە ھەم
يۇلۇن بىلەن مۇناسىۋەت باغلايدۇ
ھەمدە ئىچكى ئەزالارنىڭ پائالىيىتىنى
تەڭشەش رولىنى ئوينايدۇ. ئۇ يەنە
سىمپاتىك نېرۋا بىلەن پاراسىمپاتىك
نېرۋىدىن ئىبارەت ئىككى قىسمنى ئۆز
ئىچىگە ئالىدۇ.

**ۋېگېتاتىۋ نېرۋا سىستېمىسى** <ئانات>
نېرۋا سىستېمىسىنىڭ يېمەكلىكلەرنى
ھەزىم قىلىش، قان ئايلىنىش ئورگانلىرى
پائالىيىتىنى، شۇنىڭدەك ئورگانىزمدىكى
مېتابولىزمنى باشقۇرۇشقا قاتنىشىدىغان
قىسمى.

**ۋېگېتاتىۋ ئورمانلار** <ئورم> ←
**ئىككىلەمچى ئورمانلار.**

**ۋېگېتاتىۋ ئۆسۈش** <بوت> ئۆسۈملۈكلەر-
نىڭ يىلتىز، غول ۋە يوپۇرماقتىن ئىبارەت
ۋېگېتاتىۋ ئەزالىرىنىڭ ئۆسۈشىگە قارىتا
ئېيتىلىدۇ.

**ۋېلسىپىت** ئى (ر<لات) ئىككى چاقلىق بىر
خىل قاتناش قورالى. ئادەم ئۈستىگە
مىنىپ ئىككى پۇتى بىلەن تەپكىنى
تېپىش ئارقىلىق ھەيدەيدۇ.

**ۋېلسىپىت تەنھەرىكىتى** <تەن>
تەنھەرىكەت تۈرلىرىدىن بىرى. بۇنىڭدا
مۇسابىقە ئالاھىدە ئىشلەنگەن ۋېلسىپىت-
لەر ئارقىلىق تاشيول، مۇسابىقە مەيدا-
نى، دالا قاتارلىق بىرنەچچە تۈر بويىچە
ئۆتكۈزۈلىدۇ. ئەرلەرنىڭ 25، 50، 100،
150، 200 كىلومېتىرلىق بولۇپ، باشلى-
نىش-ئاياغلىشىش نۇقتىسى بىرلا جايدا
بولىدۇ. يولى ھالقا شەكىللىك ياكى
بېرىپ-قايتىدىغان تاق لىنىيىلىك بولىدۇ.
مەيدان مۇسابىقىسى ئادەتتە مەخسۇس
ياسالغان ھەمدە مەلۇم يانتۇلۇققا ئىگە
بولغان ھالقىسىمان مەيداندا ئۆتكۈزۈلىدۇ.
ئۇ 1 كىلومېتىرلىق، 2 كىلومېتىرلىق ۋە
5 كىلومېتىرلىق يەككە تۈر ھەم 2
كىلومېتىرلىق (ئاياللارنىڭ)، 4 كىلومېتىر-

لىق (ئەرلەرنىڭ) كوللېكتىپ تۈرلىرىگە ئايرىلىدۇ.

**ۋېلسىپىت مۇسابىقىسى** <تەن> ← **ۋېلسىپىت تەنھەرىكىتى.**

**ۋېلسىپىتچى** ئى ① ۋېلسىپىت بىلەن مۇسابىقىلاشقۇچى. ② ۋېلسىپىت رېمونت قىلغۇچى كىشى.

**ۋېلسىپىتلىك** ① سۈپ. ۋېلسىپىتى بار، ۋېلسىپىتقا ئىگە: ۋېلسىپىتلىك ئادەم. * ئۇ ھازىر ۋېلسىپىتلىك بولۇپ قالدى. ② سۈپ. ۋېلسىپىت مىنگەن: تار يولدا مەن بىر ۋېلسىپىتلىك ئايالنىڭ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالدىم. ③ رەۋ. ۋېلسىپىت مىنگەن ھالدا: ئۇ بۇ يەرگە ۋېلسىپىتلىك كەلدى.

**ۋېن** ئى <مات> مىلادىيە 1834 — 1923-يىللىرى ياشىغان لوگىكىشۇناس. توپلامنى تۇتۇق ئەگرى سىزىق بىلەن ئىپادىلەش ئۇسۇلىنى ئىجاد قىلغان.

**ۋېن شەكلى** <مات> تەكشىلىكتىكى بىر تۇيۇق ئەگرى سىزىق (مەسىلەن، چەمبەر، تىك تۆت تەرەپلىك قاتارلىقلار) بىلەن قورشالغان شەكىل. بىر توپلام ياكى ھۆكۈم جۈملىنى ئىپادىلەشتە قوللىنىلىدۇ.

**ۋېنا** ئى (ر<لات) <ئانات> قان سۈيۈقلۇقىنى يۈرەككە قايتۇرۇپ كېلىدىغان تومۇر. ئۇنىڭ ئىچىدىكى قان تەركىبىدە كاربون (IV) ئوكسىد كۆپرەك بولۇپ، رەڭگى توق قىزىل كېلىدۇ.

**ۋېناپورتا** ئى (ر<لات) <ئانات> ئاشقازان، ئۈچەي تال ئۈيقۇلۇق، ئۆت خالتىسى قاتارلىقلاردىكى ۋېنالارنىڭ قوشۇلۇشىدىن تۈزۈلگەن چوڭراق ۋېنا. ئۇ يەنە جىگەرگە كىرگەندىن كېيىن نۇرغۇنلىغان كىچىك ۋېنالارغا ئايرىلىپ كېتىدۇ.

**ۋېنتۇرىمېتىر** ئى (ئىنگ) <فىز> ھىم تۇرۇبا ئىچىدىكى ئاقار جىسىملارنىڭ ئېقىش مىقدارىنى ئۆلچەيدىغان ئەسۋاب. ئۇ تار تۇرۇبا ۋە بېسىم پەرقىنى ئۆلچەيدىغان قۇرۇلمىلاردىن تەركىب تاپىدۇ.

**ۋېنتىل** ئى (ر<نېم) <ماشىن> كامېر ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش نەرسىلەرگە يەل بېرىش ياكى ماشىنىلاردا ھاۋا يۈرۈپ تۇرۇش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان تۇرۇبكا.

**ۋېنتىل نەيچىسى** <ماشىن> ۋېنتىل ئۈچىغا كىيدۈرۈلىدىغان رېزىنكە نەيچە.

**ۋېنگىر** ئى <ئىرق> مۇشۇ نام بىلەن ئاتالغان مىللەت ۋە بۇ مىللەتكە مەنسۇپ كىشى.

**ۋېنگىر تىلى** <تىل> ۋېنگىرلار ئىشلىتىلىدىغان تىل. بۇ تىل ئورال تىللىرى سىستېمىسى فىن-ئۇگۇر تىللىرى تۈركۈمىنىڭ ئۇگۇر تىلى تارمىقىغا تەۋە بولۇپ، ۋېنگىرىيىدە، ئۇنىڭدىن قالسا رۇمىنىيە، سابىق يۇگوسلاۋىيە ھەم چېخوسلوۋاكىيىدىكى ۋېنگىرلار ئارىسىدا قوللىنىلىدۇ.

**ۋېنگىرچە** ① سۈپ. ۋېنگىرلارنىڭ تىلى، ئەدەبىياتى ۋە مەدەنىيىگە ئائىت؛ ۋېنگىر خەلقىغە خاس بولغان: ۋېنگىرچە كىيىم، ۋېنگىرچە ئۇسسۇل. ② ئى. ۋېنگىر تىلى ياكى يېزىقى: ۋېنگىرچىنى ئۆگەنمەك. ③ رەۋ. ۋېنگىر تىلىنى ئىشلىتىپ، ۋېنگىر تىلىدا: ئۇلار ۋېنگىرچە سۆزلىشىپ كەتتى.

**ۋېنگىرلار** ئى <ئىرق> ۋېنگىر مىللىتى، ۋېنگىر خەلقى، ئۇلار ۋېنگىرىيىنىڭ ئاساسىي ئاھالىسىنى تەشكىل قىلغان بولۇپ، ئۇنىڭدىن باشقا يەنە رۇمىنىيە، سابىق يۇگوسلاۋىيە ھەم چېخوسلوۋاكىيىدىمۇ ياشايدۇ.

**ۋېنېرا** ئى (ر<لات) <ئاستر> قۇياش سىستېمىسىدىكى قۇياشقا يېقىن ئىككىنچى پلانېتا. قۇياشنى ئومۇمىي ئايلىنىش دەۋرى 244.7 كۈن. ئۆز ئوقىدا ئايلىنىش دەۋرى 243 كۈن بولۇپ، شەرقتىن غەربكە قاراپ تەتۈر ئايلىنىدۇ. ۋېنېرا چوڭ پلانېتلار ئارىسىدىكى قۇياشقا ئەڭ يېقىن تۇرغان بىر پلانېتا. ئۇيغۇر، قازاق تىللىرىدا ئۇنى چولپان يۇلتۇزمۇ دەيدۇ. ئەتىگەندە شەرقتىن ئەڭ يورۇق بولۇپ كۆرۈنىدۇ. ناماز شامدا غەربتە يورۇق يۇلتۇز بولۇپ كۆرۈنىدۇ.

**ۋېنېرا يىلى** <ئاستر> ئاسترونومىيىلىك يىلنامە بويىچە ۋېنېرانىڭ قۇياش ئەتراپىنى بىر قېتىم ئايلىنىپ چىقىشى ئۈچۈن كەتكەن ۋاقىت. ئۇ 224.7 كۈنگە تەڭ بولىدۇ.

**ۋېي** ئى (خەن) <تارىخ> ← **ۋېي خانلىقى**.

**ۋېي خانلىقى** <تارىخ> ① جۇ سۇلالىسى دەۋرىدىكى پادىشاھلىقنىڭ نامى. تېررىتورىيىسىگە ھازىرقى خېنەن ئۆلكىسىنىڭ شىمالىي قىسمى، شەنشى ئۆلكىسىنىڭ غەربىي-جەنۇبىي قىسمى ۋە خېبېي ئۆلكىسىنىڭ جەنۇبىي قىسمى قاتارلىق جايلار كىرگەن. ② ئۈچ پادىشاھلىقنىڭ بىرى، مىلادىيە 220 — 265 يىللىرى ساۋبېي تەرىپىدىن قۇرۇلغان. بۇ خانلىقنىڭ تېررىتورىيىسىگە ھازىرقى خۋاڭخې دەرياسى ۋادىسىدىكى ھەرقايسى ئۆلكىلەر ۋە خۇبېي، ئەنخۇي، جياڭسۇ ئۆلكىسىنىڭ شىمالىي قىسمى، لياۋنىڭ ئۆلكىسىنىڭ ئوتتۇرا قىسىملىرى كىرگەن.

**ۋېيمانىزم-مورگانىزم** <پەلس> فىزىئولوگىيىدىكى دارۋىنىزمغا قارشى ئەكسىيەتچىل مەزھەپ. ئۇ فىزىئولوگ ۋېيسمان (1834 — 1914) بىلەن مورگان (1866 — 1945) نىڭ نامى بىلەن ئاتالغان. ئۇ يېڭى دارۋىنىزم دېگەن ساختا ۋىۋىسكا بىلەن ئۆزىنىڭ ئىدېئالىستىك ۋە مېتافىزىكىلىق ماھىيىتىنى يوشۇرىدۇ. ئۇ X IX -ئەسىرنىڭ ئاخىرى ۋە X X -ئەسىرنىڭ باشلىرىدا پەيدا بولغان.

**ۋىبراتور** ئى (ر<لات) <فىز> ئېلېكترودىنامىك ئۇسۇلدىن پايدىلىنىپ مېخانىكىلىق تەۋرىنىش ھاسىل قىلىدىغان قۇرۇلما. تېزلىنىشى مەلۇم بولغان مېخانىكىلىق تەۋرىنىش ھاسىل قىلالايدۇ. ئۇ ئادەتتە ئاكسېلېرومېترنى توغرىلاشقا ئىشلىتىلىدۇ. ۋىبراتور يەنە ئېلېكتروئاكوستىك ئەسۋابلارنىڭ تەۋرىنىشكە بەرداشلىق بېرىش ئىقتىدارىنى ئۆلچەش ۋە ئېلېكترونلۇق ئۈسكۈنىلەرنىڭ دائىملىق تەۋرىنىش تەجرىبىلىرىنى ئىشلەش جەھەتلەردىمۇ ئىشلىتىلىدۇ.

**ۋىبروگراف** ئى (ر<لات) <فىز> ئاۋاز چىقارغۇچى جىسىمنىڭ تەۋرىنىش ئەھۋالىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان ئەسۋاب.

**ۋىبرومېتىر** ئى (ر<لات+گرېك) <فىز> جىسىمنىڭ تەۋرىنىش پارامېترلىرىنى ئۆلچەشتە ئىشلىتىلىدىغان ئەسۋاب.

**ۋىت** تەق. بىر خىل يېنىك، ئىنچىكە ئاۋاز.

**ۋىتافون** ئى (ر<لات) <فىز> مىكروفون ئارقىلىق ئاۋاز سىڭدۈرىدىغان موم پەردىلىك پلاستىنكا.

**ۋىتامىن** ئى (ر<لات) <بىئول> ھايۋان ۋە ئادەملەرنىڭ ئوزۇقلىنىشى، ئۆسۈشى

ئۇچۇن ئېھتىياجلىق، مىقدارى ئاز،
ئورگانىڭ خىمىيۋى بىرىكمە. ئۇ ئورگا-
نىزمنىڭ ماددا ئالماشتۇرۇشى، ئۆسۈپ
يېتىلىشى ۋە ساغلاملىقىغا نىسبەتەن
ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.
ۋىتامىن كەم بولۇشىدىن ئورگانىزمنىڭ
فىزىئولوگىيىلىك قابىلىيىتىنىڭ توسقۇنلۇققا
ئۇچرىشى بىلەن بەزى كېسەللەرمۇ
كېلىپ چىقىدۇ. ۋىتامىن ئادەتتە يېمەك-
لىكلەردىن قوبۇل قىلىنىدۇ. ئېھتىياجلىق
مىقدارىدىن ئېشىپ كەتسە، بەدەندە
ساقلانماستىن تاشقىرىغا چىقىرىپ تاشلى-
نىدۇ.

**ۋىتامىن $B_2$** <بىئول> ۋىتامىننىڭ بىر
خىلى، يەنى ئازراق ئاچچىق تەملىك
سېرىق رەڭدىكى كرىستال. ۋىتامىن $B_2$
يېتەرسىز بولغاندا، ئېغىز شىللىق پەردە
ياللۇغى، تېرە ياللۇغى، كۆز كېسىلى،
قان كەملىك كېسەللىكلىرىگە گىرىپتار
بولىدۇ. ۋىتامىن $B_2$ بېغىر، ئېچەيتقۇدا،
سۈتلۈك يېمەكلىكلەر تەركىبىدە ۋە قارا
ئاشلىقتا كۆپ بولىدۇ.

**ۋىتامىن ئازلىق كېسىلى** <تىب> ۋىتامىن
يېتىشمەسلىكتىن كېلىپ چىقىدىغان تۈرلۈك
كېسەللىكلەرنىڭ ئومۇمىي نامى. ئادەتتە
ئۇ قايسى خىل ۋىتامىننىڭ كەملىكىگە
ئاساسەن بېكىتىلىدۇ. مەسىلەن، ۋىتا-
مىن A كەم بولغاندا ناماز شام قارىغۇلۇ-
قى ۋە كۆز قۇرغاقلىشىش كېسەللىكلىرى؛
ۋىتامىن C كەم بولغاندا قان بۇزۇلۇش
كېسىلى قاتارلىقلار كېلىپ چىقىدۇ.

**ۋىتامىن يېتىشمەسلىك كېسىلى** <تىب>
← **ۋىتامىن ئازلىق كېسىلى.**

**ۋىتامىنسىز** سۈپ. تەركىبىدە ۋىتامىن يوق
ياكى كەم بولغان: ۋىتامىنسىز ئوزۇقلۇق.

**ۋىتامىنسىزلىق** «ۋىتامىنسىز» سۆزىنىڭ
ئىسىم شەكلى: ۋىتامىنسىزلىق كېسىلى.

**ۋىتامىنلىق** سۈپ. تەركىبىدە ۋىتامىنى بار،
ۋىتامىنى بولغان: ۋىتامىنلىق يېمەكلىكلەر.

**ۋىتۋالاق** تەق. بۆدۈنە سايرىغاندا چىقىدى-
غان ئاۋاز: بۆدۈنەمنىڭ ماكانى يوق، نەگە
بارسا ۋىتۋالاق (ماقال).

**ۋىتۋالداق** (توغرىسى: ۋىتۋالاق) ←
**ۋىتۋالاق.**

**ۋىت-ۋىت** ① «ۋىت» سۆزىنىڭ تەكرار-
لىنىشى. ② ئۇششاق سۆزنى تولا قىلىدى-
غان غەيۋەتخور: بۇ ئىش بولۇپ ئەتىسىلا
كوچىنى ۋىت-ۋىت خوتۇنلارنىڭ سۆزى بىر ئالدى.

**ۋىتېرىت** ئى (رىئېنگ) <گېئول> بىر خىل
مىنېرال. خىمىيىلىك تەركىبى $B_9CO_3$.
يانتۇ ياقلىق كرىستال سىستېمىسىدا،
كرىستاللىرى ساختا ئالتە ياقلىق قوش
پىرامىدا شەكلىدە، قۇرامىساقلىرى زىچ
كاللەك، دانلىق، شارسىمان بولىدۇ.
رەڭسىز ياكى سەل كۆل رەڭ، سەل
سېرىق رەڭلىك، ئەينەك پارقىراقلىقىدا،
قاتتىقلىقى 3 — 3.5، چۈرۈك، سېلىشتۇرما
ئېغىرلىقى 4.2 — 4.3، تۇز كىسلاتاسىدا
ئېرىيدۇ. كۆپ كۆپۈك ھاسىل قىلىدۇ.
ئىسسىق ئېرىتمىلىك كان تومۇرلىرىدا ۋە
يىمىرىلىش پوستىدا ئۇچرايدۇ.

**ۋىتىر** ئى (ئە) <دىن> ← **ۋىتىر نامىزى.**

**ۋىتىر نامىزى** <دىن> ناماز خۇپتەندىن
كېيىن ئوقۇلىدىغان ئۈچ رەكەتلىك ناماز.

**ۋىتىلداتماق** «ۋىتىلدىماق» پېئىلىنىڭ
مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**ۋىتىلداشماق** «ۋىتىلدىماق» پېئىلىنىڭ
ئۆملۈك دەرىجىسى.

**ۋىتىلداق** سۈپ. تولا ۋىتىلدايدىغان،
ئۇششاق سۆزنى كۆپ قىلىدىغان: ۋىتىلداق

خوتۇن.

**ۋىتىلداقلىق** ئى. تولا سۆزلەش ئادىتى.

**ۋىتىلدىماق** پ. ئورۇنسىز گەپ قىلماق، ئۇششاق سۆزلىمەك: ئاپىسىنىڭ ۋىتىلدىشىدىن بىزار بولغان قىز نائىلاج كۆڭلى تارتمىغان يىگىتكە ماقۇل بولدى.

**ۋىجدان** ئى (ئە) كىشىنىڭ ئۆز ھەرىكىتى، قىلمىشى، يۈرۈش-تۇرۇشى ھەققىدە جەمئىيەت ۋە خەلق ئالدىدىكى مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى؛ ئىنساپ، دىيانەت: ۋىجدان بىلەن ئىش قىلماق. ۋىجدان بىلەن ياشىماق. * ئاددىي چاغلىما ۋىجدان ئىشنى، ۋىجدان سىنايدۇ ھەربىر كىشىنى. ۋىجدانلىق ئادەم ھەققەت ئۈچۈن، ئۆلۈم ئالدىدا ئەگمەس بېشىنى.

**ۋىجدان ئازابى** روھىي جەھەتتىكى ئازابلىنىش، روھىي بېسىم: ئۆزۈمنىڭ قىلغانلىرىمنى بىرمۇبىر كۆز ئالدىمدىن ئۆتكۈزۈپ ۋىجدان ئازابىدا قالدىم.

**ۋىجدانى بار** ھەق-ئادالەتنى قوللايدىغان، ناھەقچىلىككە قارشى تۇرىدىغان، ۋىجدانلىق؛ ۋىجدانى بار ئادەم.

**ۋىجدانى كۆتۈرمەسلىك** ۋىجدانى يول قويماسلىق: خۇشامەت قىلىشنى ۋىجدانىم كۆتۈرمەيدۇ.

**ۋىجدانى قايىنىماق** ھەق-ئادالەت ھېسسىياتى قوزغالماق: بېشىمىزدىن تىل-ھاقارەت، تاياق-توقماق كەتمىسە بۇنىڭغا ۋىجدانىڭلار قايىنىمامدۇ.

**ۋىجدانىنى ساتماق** ھەق-ئادالەت يولىدا ئۆزىنىڭ ئىنسانىي ھېسسىياتىنى يوقاتماق: رازىيە، ئۇنىڭ پۇل ۋە دۆلىتىنى ئۆزىگە قارىتىۋېلىش ئۈچۈن، ئار-نومۇسىنى، ۋىجدانىنى ساتىدۇ.

**ۋىجدانى يوق** ھەق-ئادالەتنى قوللىمايدىغان، ۋىجدانسىز: سەن ئۇنى بىلمەيدىكەنسەن، ئۇ ۋىجدانى يوق بىرنېمە.

**ۋىجدانەن** رەۋ (ئە) ۋىجدان بىلەن، ساپ دىللىق بىلەن: نۇرەك باخشى گۇناھسىز ئۆلۈپ كەتكەن سۆيگۈنىنىڭ قەبرىسى ئالدىدا ۋىجدانەن بەرگەن قەسىمگە بىنائەن، ئۆمۈرۋايەت ئۇنىڭغا قارىلىق تۇتۇپ، ئۆيلىنىش ئويىدا بولمىدى.

**ۋىجدانسىز** سۈپ. ۋىجدانى يوق، ۋىجدان بىلەن ئىش قىلمايدىغان: ۋىجدانسىز ئادەم. * كېيىن ئۇقسام، مېنى ئۇرغان ھېلىقى ۋىجدانسىز ئۆيدىكىلەرنىڭ مېنى بېرمەكچى بولغان ئادىمى ئىكەن.

**ۋىجدانسىزلىق** «ۋىجدانسىز» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: لېكىن مەن بۇنداق ۋىجدانسىزلىق ئۈچۈن تۆرەلمىگەن ئوخشايمەن.

**ۋىجدانلىق** سۈپ. ۋىجدانى بار، ۋىجدان بىلەن ئىش قىلىدىغان: ۋىجدانلىق ئادەم. * رەيھان دادىسىنىڭ ئۇنداق ئەمەسلىكىگە، پاك ۋىجدانلىق، سەممىي ئادەم ئىكەنلىكىگە ئىشىنەتتى.

**ۋىجدانىي** سۈپ (ئە) ۋىجدانغا باغلىق بولغان؛ ۋىجدانغا، ئىنساپقا ئائىت: تېببىي ئەخلاق ئەسلىدە ئىنسانپەرۋەرلىكنىڭ ئاساسىي گەۋدىسى بولۇپ، ئۇ ئىنسانلارغا خاس بولغان تەبىئىي ۋە ۋىجدانىي سۈپەتتۇر. * بۇ ئۆزىنى ھەقىقىي ئىنسان دەپ ئاتىغان ھەربىر كىشىنىڭ قىلىشقا تېگىشلىك ۋىجدانىي بۇرچى.

**ۋىجىك** سۈپ. جۇغى كىچىك، بويى دېگەندەك ئۆسمىگەن ھەم ئورۇق: ۋىجىك ئادەم. * پانۇسنىڭ غۇۋا نۇرى ئۆزىنىڭ ۋىجىك جۇغىنى ئارانلا يورۇتۇپ تۇراتتى.

**ۋىجىكلە شىتۇرمەك** «ۋىجىكلە شمەك» پىئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: مۇنىرد-

دىن خوجا ئۆپكە كېسىلى بىلەن ئاغرىغاندىن بېرى، بۇ غاجىلغۇچ نىجىس كېسەل ئۇنى دېيەرلىك ئورۇقلىتىپ خېلىلا ۋىجىكلەشتۈرۈۋەتكەن، بېلىنى ئېگىپ ئالدىغا بىلىنەرلىك مۈكچەيتىپ قويغانىدى.

**ۋىجىكلەشمەك** پ. ۋىجىك ھالەتكە كەلمەك، ۋىجىك بولماق، ۋىجىكلىمەك: ئۇ كېسەل دەردىدە كۈندىن-كۈنگە ۋىجىكلىشىپ كەتتى.

**ۋىجىكلىمەك** پ ← **ۋىجىكلەشمەك**: ئۇنىڭ بۇرۇنقى قامەتلىك تەقى-تۇرقىدىن ئەسەر قالمىدى، بارغانچە ۋىجىكلەپ، جىسمانىي كۈچ-قۇۋۋىتىدىن ئومۇمەن مەھرۇم بولۇپ قالدى.

**ۋىچ** تەق. قارلىغاچ قاتارلىق قۇشلار سايرىغاندا چىققان ئاۋاز.

**ۋىچ-ۋىچ** «ۋىچ» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى.

**ۋىچىر** تەق. قۇشقاچ قاتارلىق قۇشلار سايرىغاندا چىقىدىغان ئاۋاز.

**ۋىچىرلاتماق** «ۋىچىرلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**ۋىچىرلاشماق** «ۋىچىرلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: يول بويىدىكى قېرى سۆگەتكە قونۇۋالغان قۇشقاچلار شاختىن-شاخقا سەكرىشىپ ئۆزئارا ۋىچىرلىشاتتى.

**ۋىچىرلىماق** پ «ۋىچىر-ۋىچىر» قىلغان ئاۋازنى چىقارماق، «ۋىچىر-ۋىچىر» قىلىپ سايرىماق: دەرەخ شاخلىرىدىكى قۇشقاچلار خۇددى بىر ئىش ئۈستىدە گەپ تالىشىۋاتقان بالىلاردەك بەس-بەستە ۋىچىرلايدۇ. * قۇشقاچلار ۋىچىرلايدۇ، قۇرغۇي كەلگەن ئوخشايدۇ. يۈرەكلەر جىغىلدايدۇ، يارىم كەلگەن ئوخشايدۇ.

**ۋىچىر-ۋىچىر** «ۋىچىر» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى.

**ۋىدا** ئى (ئە) ئايرىلىش، جۇدالىشىش.

**ۋىدالاشماق** پ ① مەڭگۈلۈك ئايرىلماق، ئۆلمەك: بۇ رەسىمنى مەرھۇم ئايالى سەتبەرگىگە كۆرسەتكۈسى كېلەتتى، ئەپسۇسكى ئۇ ئۇلاردىن ۋىدالاشقانىدى. ② ئۆلۈم ئالدىدا خوشلاشماق: دارغا يېقىن كەلگەندە بۇ ئوغۇل: «ئانام بىلەن ۋىدالىشىۋالسام، دەيدىغان گېپىمنى دەۋالسام» دەپ پادىشاھدىن تىلەپتۇ. پادىشاھ ئۇنىڭ ئانىسى بىلەن كۆرۈشۈۋېلىشىغا ئىجازەت قىلىپتۇ. ③ مېيىتنى يۇيۇشتىن بۇرۇن ئۆلگۈچىنىڭ بالا-چاقا، ئۇرۇق-تۇغقانلىرى مېيىتنىڭ يېنىغا كىرىپ رازىلىق بىلدۈرمەك، خوشلاشماق، ئۇزاتماق.

**ۋىدالىششماق** «ۋىدالاشماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: قىرائەت ئوقۇلۇپ بولغاندىن كېيىن ئۇلار ئاستا-ئاستا يول ئېلىپ قەبرە بىلەن ۋىدالىشىشتى.

**ۋىدالىق** ئى. ئايرىلىش، خەيرلىشىش: كامىر ئىشىكى ئالدىدا قەھرىمانلار مۇتەللىپكە ئاخىرقى ۋىدالىق سۆزلىرىنى قىلدى.

**ۋىدېمان** ئى. گېرمانىيىلىك فىزىكا ئالىمى. ئۇ 1826-يىلدىن 1899-يىلغىچە ياشىغان.

**ۋىدېمان-فرانتس قانۇنى** <فىز> گېرمانىيىلىك فىزىكا ئالىمى ۋىدېمان (Gustav Heinrich Wiedemann) (1826—1899) بىلەن فرانتس (R. Franz) 1853-يىلى تەجرىبە ئارقىلىق بېكىتكەن قانۇن. ئۇنىڭ مەزمۇنى: ئوخشاش تېمپېراتۇرىدا بارلىق ساپ مېتاللارنىڭ ئىسسىقلىق ئۆتكۈزۈشچانلىقى بىلەن ئېلېكتر ئۆتكۈزۈشچانلىقىنىڭ نىسبىتى مېتاللارنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىگە مۇناسىۋەتسىز بولغان بىر تۇراقلىق مىقدار دېگەندىن ئىبارەت.

**ۋىدىس** ئى (ر<لات) <بوت> ئۈزۈم

ئائىلىسىدىكى يوپۇرماق تاشلايدىغان پېلەك غوللۇق ئۆسۈملۈك. شاخلىرى ئىنچىكە، ئۇزۇن ھەم قىرلىق كېلىدۇ. يوپۇرمىقى كەڭ، تۇخۇم شەكلىدە بولۇپ، ئۇچىنى بەشكىچە چوڭقۇر يېرىلىدۇ. گۈل رەڭگى كونۇسسىمان، شىرنىلىك مېۋىسى قېنىق بىنەپشە رەڭدە بولىدۇ. غول تالالىرىدىن ئارغامچا ئەشكىلى بولىدۇ.

**ۋىدىموس** ئى (ر) ئىدارە، ئورگان، تەشكىلات قاتارلىقلاردا تۆرلۈك مەقسەت-لەر ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان جەدۋەل، گرافا قاتارلىقلارنىڭ ئومۇمىي نامى: ئۇنىڭ بىلىدىغىنى كۈنىگە سەككىز سائەت ئاپتوبۇستا ئولتۇرۇپ يولۇچىلارغا بېلەت سېتىش، ئاي ئاخىرىدا كاسسىر ئالدىغا بېرىپ ۋىدىموسقا قول قويۇش، يىغىن، ئۆگىنىشلەردە بىر بۇلۇڭغا كىرىۋېلىپ تور توقۇش قاتارلىقلار ئىدى.

**ۋىدىئو** ئى (ر<لات) <فىز> ① تېلېۋىزىيە، تېلېۋىزور. ② كۆرۈنمە چاستوتا.

**ۋىدىئولۇق** ① سۈپ. تېلېۋىزىيىگە، كۆرۈنمە چاستوتىغا ئائىت؛ كۆرۈنمە چاستوتىغا ئىگە. ② رەۋ. كۆرۈنمە چاستوتا ئارقىلىق: ۋىدىئولۇق كۆرسىتىش كارتىسى.

**ۋىدىئولۇق كۆرسىتىش كارتىسى** <فىز> كۆرۈنمە چاستوتىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان كارتا.

**ۋىرتوئىكا** ئى (ر) <سۈ> ئېقىن سۇنىڭ ئېقىش سۈرئىتى بىلەن كىنىتىك ئېنېرگىيە-سى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت ئارقىلىق، سۇنىڭ ئېقىش سۈرئىتىنى ئۆلچەيدىغان ئەسۋاب.

**ۋىرۇس** ئى (ر<لات) <بىئول> ① كېسەل مىكروبىدىن كىچىك ۋە ئېلېكترونلۇق مىكروسكوپ ئارقىلىلا كۆرگىلى بولىدىغان بىر خىل كېسەل قوزغاتقۇچى تەنچە. مىكروب سۈزگۈچتىنمۇ ئۆتۈپ كېتەلەيدۇ. چېچەك، قىزىل، مېڭە ياللۇغى، كالا ۋاباسى قاتارلىق كېسەللەرنى ئوخشاش بولمىغان ۋىرۇسلار كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ② <فىز> نورمال ئىشلەۋاتقان كومپيۇتېر پروگراممىلىرىنى ئۆزگەرتىۋېتەلەيدىغان ۋە بۇزۇۋېتەلەيدىغان ئالاھىدە بىر خىل يۇمشاق ماتېرىيال پروگراممىلىرىنىڭ ئوبرازلاشتۇرۇپ ئاتىلىشى.

**ۋىرۇسلۇق** سۈپ. ۋىرۇسى بار، ۋىرۇسى بولغان: تۇغۇت مەزگىلىدە بوۋاق B تىپلىق جىگەر ياللۇغى ۋىرۇسىدىن بۇلغانغان قان بىلەن ئۇچرىشىش ياكى بۇنداق ۋىرۇسلۇق قاننى يۇتۇۋېلىش سەۋەبىدىن B تىپلىق جىگەر ياللۇغى ۋىرۇسىدىن يۇقۇملىنىدۇ.

**ۋىرۇسلۇق جىگەر ياللۇغى** <تىب> ۋىرۇس كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان، ئۈچەي يوللىرىنىڭ يۇقۇملۇق كېسەللىكى. «A تىپلىق جىگەر ياللۇغى» ۋە «B تىپلىق جىگەر ياللۇغى» دەپ ئىككىگە ئايرىلىدۇ. ئۇنىڭ ئىشتەي تۇتۇلۇش، كۆڭۈل ئاينىش، قورساق قىسمى ئاغرىش، ماغدۇرسىزلىق، جىگەر دائىرىسى ئاغ-رىش، جىگەر ئىششىش، سېرىقلىق پەيدا بولۇش ۋە قىزىتىش قاتارلىق ئالامەتلىرى بولىدۇ.

**ۋىرۇسلۇق كېسەللىكلەر** <تىب> ۋىرۇسلار بىلەن يۇقۇملىنىش ئارقىلىق پەيدا بولغان كېسەللىكلەر.

**ۋىرۇسئولوگىيە** ئى (ر<لات+گرېك) <بىئول> ۋىرۇسلارنىڭ مورفولوگىيىلىك تۈزۈلۈشى، كۆپىيىشى، ئىرسىيەت ئۆزگىرىشى قاتارلىق بىئولوگىيىلىك ئالاھىدىلىكىنى ھەمدە ۋىرۇسلۇق كېسەللىكلەرنىڭ كېلىپ چىقىشى ۋە تەرەققىيات قانۇنىيىتىنى تەتقىق قىلىدىغان پەن.

**ۋىزا** ئى (ر<لات) <ت ئش> ① بىر دۆلەتنىڭ ئاساسىي باشقۇرغۇچى ئورگىنىنىڭ ئۆز دۆلىتى ياكى باشقا دۆلەت پۇقرالىرىنىڭ قولىدىكى پاسپورت ياكى باشقا ساياھەت گۇۋاھنامىلىرىغا، ئۆز دۆلىتىگە كىرىپ-چىقىشىغا قوشۇلۇپ قويغان قولى ياكى باسقان تامغىسى. ② شۇ خىل رەسمىيەتتىن ئۆتكەن پاسپورت ياكى گۇۋاھنامە.

**ۋىزۋوت** ئى (ر) كونا <ھەرب> ← **پەي** III.

**ۋىژ** تەق. ئۆتۈپ كەتكەن ئوق ۋە سوغۇق شامال قاتارلىقلاردىن چىقىدىغان ئاۋاز.

**ۋىژژىدە** رەۋ «ۋىژ» قىلىپ، «ۋىژ» قىلغان» ھالدا: قۇلاق تۈۋىدىن ۋىژژىدە ئوق ئۆتۈپ كەتتى.

**ۋىژ-ۋىژ** «ۋىژ» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى: پاڭ-پۇڭ قىلغان ئاۋازدىن ۋە تامنىڭ ئۈستىدىن ۋىژ-ۋىژ قىلىپ ئۆتۈپ كېتىۋاتقان ئوقلاردىن قورقۇپ پۇت-قولۇمدا جان قالمىدى. * جاندىن ئۆتىدىغان ۋىژ-ۋىژ سوغۇق ئادەمنى ئۈششۈك ھەرىدەك چاقاتتى.

**ۋىژىلداتماق** «ۋىژىلدىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**ۋىژىلداشماق** «ۋىژىلدىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇ تولغىنىپ، سىلجىپ ئالغا باسماقتا ئىدى، ئەتراپلىرىغا ئوقلار ۋىژىلدىشىپ چۈشۈپ تۇراتتى.

**ۋىژىلدىماق** پ «ۋىژ-ۋىژ» قىلغان ئاۋازنى چىقارماق، «ۋىژ-ۋىژ» قىلماق: ئۇ ھازىر ۋىژىلداپ ئۇچۇۋاتقان ئوقلار، پارتىلاۋاتقان بومبىلارغا پىسەنتمۇ قىلمايدۇ. * ئەتراپتا شىۋىرغاننىڭ ۋىژىلدىغان ئاۋازىدىن باشقا ھېچبىر ئاۋاز ئاڭلانمايتتى.

**ۋىسال** ئى (ئە) ① ئۇچرىشىش، كۆرۈشۈش، ئېرىشىش؛ ۋەسىل (سۆيگەن يارى ھەققىدە): گاھىدا چۈشىدە چۈشەپ دىلبەرنى، ئۆتكۈزگەن ئۇيقۇسىز تالاي كېچىنى. ھامان بىر ۋىسالنىڭ شېرىن خىيالى، كۆيدۈرگەن تومۇزدەك ئۇنىڭ ئىچىنى. * كەل، ئىچەيلى بىللە بىز شېرىن ۋىسال جامىدا مەي، ئەي ۋاپادارىم، مېنىڭ بەختىم-باھارىم، مەرھابا. ② جامال، چىراي، ھۆسن: —ئەلۋەتتە، ئۇ ۋىسالىمغا ئاشىق بولغاي، — دېدى مەلىكە.

**ۋىسال تاپماق** ئۇچراشماق، جەم بولماق: مەلىكە ھۆسنەبانۇ بىلەن مۇنىرە ۋىسال تېپىپ، مۇرادلىرى ھاسىل بولدى.

**ۋىسالغا يەتمەك** ئىشق-مۇھەببىتىگە ئېرىشمەك، مۇھەببىتىگە مۇيەسسەر بولماق؛ دىدار كۆرۈشمەك: ئاشىق كىشى ئۈچۈن يۇرتنىڭ يېتى يوق، ئەل ئوغلى ئۈچۈن ھەممە يەر ماكان، مەن سىزنىڭ ۋىسالىڭىزغا يەتكىلى كەلدىم. * ئۇ ئاخىرى سول قول ۋەزىرنى جىمىقتۇرۇۋېتىپ، بۇ ئايالنىڭ ۋىسالىغا يېتىش كويىغا چۈشۈپتۇ.

**ۋىسالسىز** رەۋ. ۋىسالغا يېتەلمەي، ئۇچرىشالماي: جىنايەت ئىدى ۋاپا، ۋىجدان، گۈزەل رۇخسارمۇ ئۇ چاغدا، تالاي پەرھات بىلەن شېرىن ۋىسالسىز ئۆتتى غەم-داغدا.

**ۋىستېرىيە** ئى (لات) <بىئول> ← **ۋىستېرىيە پېلىكى**.

**ۋىستېرىيە پېلىكى** <بوت> پۇرچاق ئائىلىسىدىكى يۆپۈرماق تاشلايدىغان ياغاچ غوللۇق ئۆسۈملۈك. غولى يۆگىمەچ غول، يوپۇرمىقى پەيسىمان مۇرەككەپ يوپۇرماق، كىچىك يوپۇرمىقى ئۇزۇن ئېللىپس شەكىللىك. گۈلى سۆسۈن ۋە ئومۇمىي گۈل رېتىدە، چوكا مېۋىسى چوڭ، ئۇزۇن ھەم قاتتىق، سىرتقى يۈزىدە تۈۋىتى بار. ئادەتتە مەنزىرە ئۆسۈملۈكى قىلىنىدۇ.

**ۋىستېرىيە چىڭگىلىكى** <بوت> ← **ۋىستېرىيە پېلىكى**.

**ۋىسكوزا** ئى (ر<لات) <خىم> ① سۇنئىي يىپەك قىلىش ئۈچۈن سېللۇلوزىدىن تەييارلانغان قويۇق يېپىشقاق ماددا. ② يۇقىرىقى ماددىدىن تەييارلانغان سۇنئىي يىپەك. ③ شۇ خىل يىپەكتىن توقۇلغان رەخت.

**ۋىسكوزىمېتىر** ئى (ر<لات) <فىز> ئاقار جىسىملارنىڭ يېپىشقاقلىقىنى ئۆلچەيدىغان ئەسۋاب.

**ۋىسمان** ئى <بىئول> گېرمانىيە بىئولوگى، يەنى «يېڭى دارۋىن تەلىماتى»نىڭ ئاساسچىسى. ئۇ چىۋىنلەرنىڭ ئۈۋۇلىيوتسىيەسى، سۇ بۆرگىسىنىڭ كۆپىيىش پائالىيەتلىرى، چاشقان قۇيرۇقىنى كېسىۋېتىشنىڭ ئىرسىيەتكە كۆرسىتىدىغان تەسىرى قاتارلىق جەھەتلەردە سىستېمىلىق تەتقىقاتلارنى ئېلىپ بارغان.

**ۋىسمانىزم** ئى (ر) <بىئول> ۋىسمان ئوتتۇرىغا قويغان ئىرسىيەت ۋە يېتىلىش توغرىسىدىكى تەلىمات. ئادەتتە ئۇ تەشەببۇس قىلغان نەسىل ماددىسىنىڭ ئۆزلۈكسىزلىكى، كۆپىيىش ھۈجەيرىلىرى بىلەن تەن ھۈجەيرىسىنىڭ پارچىلىنىشى ھەم ئۇلارنىڭ ئىرسىي تارقىلىش جەھەتتىكى ئۆزئارا مۇناسىۋىتى ۋە ئېرىشىلگەن خۇسۇسىيەتنىڭ ئىرسىيەت قالماسلىقى قاتارلىق ئوقۇملار كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

**ۋىسمۇت** ئى (ر<نېم) <خىم> مېتال ئېلېمېنت. خىمىيىۋى بەلگىسى (bismuthum) B1 . قاتتىق ھەم چۈرۈك. قېتىشمىسىنىڭ ئېرىش دەرىجىسى ناھايىتى تۆۋەن بولۇپ، ئۇنىڭدىن بىخەتەرلىك سىمى ۋە پار قازىنىنىڭ بىخەتەرلىك قاپقىقىنى ياساشقا بولىدۇ.

**ۋىسمۇت چېچەكى** <گېئول> بىر خىل مىنېرال. خىمىيىلىك تەركىبى $Bi_2O_3$ . ئۈچ ياقلىق كرىستال سىستېمىسىدا بولۇپ، كۆپىنچە توپسىمان ياكى تالقانسىمان كېلىدۇ. رەڭگى بۇغداينىڭكىدەك ياكى يېشىلغا مايىل سېرىق، قاتتىقلىقى 1 ــ 2، سېلىشتۇرما ئېغىرلىقى 4 ــ 6.3. بولىدۇ.

**ۋىسمۇتىن** ئى (ر<نېم) <گېئول> بىر خىل مىنېرال. خىمىيىلىك تەركىبى $Bi_2S_3$ . يانتۇ ياقلىق كرىستال سىستېمىسىدا بولۇپ، كۆپىنچە ئۇزۇن تۈۋرۈكسىمان ياكى يىڭنىسىمان كرىستال ھالىتىدە كېلىدۇ. كرىستاللىرىنىڭ يۈزىدە بويىلما سىزىقلىرى بولىدۇ. سەل كۆل رەڭ ئاق. تاشقى يۈزىدە كۆپىنچە سېرىق ياكى داغلىق قاچىما رەڭلىرى بار. مېتال پارقىراقلىقىدا. ئاجراشچانلىقى {010} غا پاراللېل، تولۇق؛ قاتتىقلىقى 2 ــ 2.5، سېلىشتۇرما ئېغىرلىقى 6.4 ــ 6.6. يۇقىرى تېمپېراتۇرىلىق ئىسسىق ئېرىتمىلىك كان ياتقۇلىرىدا ئۇچرايدۇ. ئادەتتە ئۇ ۋىسمۇت تاۋلاش خام ئەشياسى قىلىنىدۇ.

**ۋىش** تەق. قۇشقاچ، قارلىغاچ قاتارلىق قۇشلار ئۇچقاندا ياكى يىلان ماڭغاندا چىقىدىغان ئاۋاز.

**ۋىششىدە** رەۋ «ۋىش» قىلىپ، «ۋىش» قىلغان ھالدا.

**ۋىشكا** ئى (ر) مۇنار شەكلىدىكى چوڭ، ئېگىز قۇرۇلما؛ جاھاز: پاراشۇت ۋىشكىسى. نېفىت ۋىشكىسى. * ئۇ قولىدىكى بىر ۋاراق قەغەزنى پۇرلاپلا يانچۇقىغا تىقتى-دە، بۇرغىلاش سەھنىسىدىن چۈشۈپ، 40 نەچچە مېتىر ئېگىزلىكتىكى ۋىشكىغا ياماشتى.

**ۋىشنۇ** ئى (سانس) <دىن> ھىندى دىنىدى-

كى بىر ئىلاھنىڭ نامى. ھىندى دىنىدا ۋىشنۇ دۇنيانى قوغدىغۇچى ئىلاھ دەپ قارىلىدۇ.

**ۋىش-ۋىش** «ۋىش» سۆزىنىڭ تەكرار-لىنىشى.

**ۋىشىلداتماق** «ۋىشىلدىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**ۋىشىلدىماق** پ «ۋىش» قىلغان ئاۋازنى چىقارماق، «ۋىش» قىلماق: قارلىغاچلار ۋىشىلداپ پەس ئۇچماقتا ئىدى. * يىلان سۇرلۇك ۋىشىلداپ ماڭغىنىچە ئەركىنگە ئېتىلدى.

**ۋىق** تەق. چىۋىق قاتارلىق ئىنچىكە نەرسىلەر بىلەن يۇمشاق نەرسىلەرنى ئۇرغاندا چىقىدىغان ئاۋاز.

**ۋىقىلداتماق** «ۋىقىلدىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**ۋىقىلداشماق** «ۋىقىلدىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**ۋىقىلدىماق** پ «ۋىق» قىلغان ئاۋازنى چىقارماق، «ۋىق» قىلماق.

**ۋىكسترېمىيە** ئى (ر <لات) <بوت> ← **ۋىكسترېمىيە چاتقىلى.**

**ۋىكسترېمىيە چاتقىلى** <بوت> مازايئون ئائىلىسىدىكى يوپۇرماق تاشلايدىغان چاتقال. يوپۇرمىقى ئۇزۇن ھەم ئېللىپسسى-مان تۇمۇنە شەكىلدە بولۇپ، ئۇدۇل ئۆسىدۇ. گۈلى سېرىق ۋە باشاقسىمان گۈل رېتىدە، ئۇچكىلىك مېۋىسى قارا رەڭدە. قوۋزاق تاالالىرىدىن قەغەز ئىشلىگىلى بولىدۇ.

**ۋىكلىيۇچاتېل** ئى (ر) <فىز> ئېلېكتر توكىنى ئۈزۈش ۋە ئۇلاش ئۈچۈن ئورنى-تىلىدىغان ئەسۋاب.

**ۋىكلىيۇچاتېل ئالگېبراسى** <مات> ۋىكلىيۇچاتېللارنىڭ پاراللېل ۋە ئارقىمۇ ئارقا ئۇلىنىشىدىن ھاسىل بولغان توك يولىدىكى ئۇلىنىش-ئۈزۈلۈش ئەھۋاللىرىنى تەتقىق قىلىدىغان پەن.

**ۋىڭ** تەق. چىۋىن ئۇچقاندا ياكى ئېتىلغان ئوق ھاۋانى يېرىپ ماڭغاندا چىقىدىغان ئاۋاز: ۋىڭ قىلىپ ئۇچماق. * بىر پاي ئوق قۇلاق تۈۋىدىن ۋىڭ قىلىپ ئۆتۈپ كەتتى.

**ۋىڭىدە** رەۋ «ۋىڭ» قىلىپ، «ۋىڭ» قىلغان ھالدا: ئوق قۇلاق تۈۋىمدىن ۋىڭىدە ئۆتۈپ كەتتى.

**ۋىڭ-ۋىڭ** «ۋىڭ» سۆزىنىڭ تەكرارلىنى-شى: ۋىڭ-ۋىڭ قىلغان ئوق ئاۋازلىرى يىقىنلا يەردىن ئاڭلىناتتى.

**ۋىڭىلداتماق** «ۋىڭىلدىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**ۋىڭىلداشماق** «ۋىڭىلدىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**ۋىڭىلدىماق** پ «ۋىڭ» قىلغان ئاۋازنى چىقارماق، «ۋىڭ» قىلماق: ئالماسىنىڭ قۇلىقىنىڭ تۈۋىدىن بىرنەچچە تال ئوق ۋىڭىلداپ ئۆتۈپ كەتتى. * ئۇ پالاقنى كۆتۈرۈشىگە چىۋىن ۋىڭىلداپ ئۇچۇپ كەتتى.

**ۋىل** تەق. يۈزىنىڭ بىردىنلا قىزىرىش، ئوتنىڭ يالقۇنجاش، سۇنىڭ ئاستا، سۇس قايناش ھالىتى قاتارلىقلارنى بىلدۈرىدۇ.

**ۋىلايەت** ئى (ئە) مەملىكىتىمىزنىڭ ئۆلكە، ئاپتونوم رايونلىرىدىكى بىرنەچچە ناھىيە، شەھەرلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان مەمۇرىي تېررىتورىيە: قەشقەر ۋىلايىتى. ئاقسۇ ۋىلايىتى. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى.

**ۋىلايەتلىك** سۈپ. ۋىلايەتكە تەۋە بولغان، ۋىلايەت ئىلكىدىكى، ۋىلايەت قارمىقىدى-كى: ۋىلايەتلىك مائارىپ ئىدارىسى. ۋىلايەتلىك سوت مەھكىمىسى.

**ۋىلكا** ئى (ر) تاماق يېيىشكە ئىشلىتىدىغان ئارا شەكىللىك كىچىك بۇيۇم.

**ۋىللىدە** رەۋ «ۋىل» قىلىپ، «ۋىل» قىلغان هالدا: رەيهان سادىق دېگەن ئىسمنى ئاڭلاپ، قورۇنغانىدەك ۋىللىدە قىزاردى، ئۇزۇن كىرپىكلىرىنى پەسكە تاشلاپ كۆزىنى يۇمدى.

**ۋىل-ۋىل** «ۋىل» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى: ئۇزۇن كەتكەن كۆز يەتمەس سايلىق خۇددى تۈتۈنسىز يالقۇن ئىچىدە كۆيۈۋاتقاندەك ۋىل-ۋىل يالىلداپ تۇراتتى. * ئانا ئۇنىڭ ئاق-سېرىق مەڭزىنىڭ ۋىل-ۋىل قىزىرىشىدىن تەڭلىكتە قالغانلىقىنى سەزدى-دە، ئوغلىغا بىرهازا غىچە تىكىلدى.

**ۋىلىق** تەق. كىچىك باللارنىڭ ۋە قىزلارنىڭ يېقىملىق كۈلۈش هالىتى.

**ۋىلىققىدە** رەۋ «ۋىلىق» قىلىپ، «ۋىلىق» قىلغان هالدا: ئۇ ۋىلىققىدە كۈلدى، مەن ئۇنىڭ كۈلكىسىنى تۇنجى قېتىم كۆرۈشۈم ئىدى.

**ۋىلىقلىماق** پ «ۋىلىق-ۋىلىق» قىلماق: بالا ۋىلىقلاپ كۈلۈپ، ئۈزۈمنى بىراقلا ئاغزىغا ئېلىپ بېرىۋىدى، ساپىقىدىن ئايرىلغان ئۈزۈم دانچىلىرى يەرگە تۆكۈلۈپ چۇشۇشكە باشلىدى. * ئايال ۋىلىقلاپ كۈلۈۋەتتى.

**ۋىلىق-ۋىلىق** «ۋىلىق» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى: قىزنىڭ چىرايلىرى پۇرۇشۇپ ۋىلىق-ۋىلىق كۈلدى. * ۋىلىق-ۋىلىق كۈلدۈڭ، ئەللەي بالام، ئەللەي. تايىتاڭ-تايىتاڭ يۇردۇڭ، ئەللەي بالام، ئەللەي.

**ۋىلىلدىماق** پ «ۋىل-ۋىل» قىلماق: خىجىل بولغىنىمدىن يۈزلىرىم ئوتتا كۆيگەنىدەك ۋىلىلدىدى. * ئەلىنىڭ تەردىن هۆل بولغان مەڭزى ۋىلىلداپ يانماقتا ئىدى.

**ۋىن** ئى. گېرمانىيىلىك فىزىكا ئالىمى.

**ۋىن سىلجىش قانۇنى** <فىز> قارا جىسىم رادىئاتسىيە سپېكترىدا ئەڭ چوڭ سپېكتىر رادىئاتسىيە زىچلىقىغا ماس كېلىدىغان دولقۇن ئۇزۇنلۇقى بىلەن قارا جىسىمنىڭ مۇتلەق تېمپېراتۇرىسىنىڭ تەتۈر تاناسىپ بولۇش قانۇنىيىتى.

**ۋىن فورمۇلىسى** <فىز> قارا جىسىم رادىئاتسىيىسىدىكى سپېكتىر رادىئاتسىيە زىچلىقىنىڭ دولقۇن ئۇزۇنلۇقى بويىچە تەقسىملىنىش فورمۇلىسى، يەنى:

$. M_1=C_1\lambda^{-5}e \times p(-C/\lambda T)$

**ۋىنايا** ئى (سانس) <دىن> بۇددا نوملىرىنىڭ ئۈچىنچى قىسمى. راهىبلار رىئايە قىلىشقا تېگىشلىك ئەمرىمەرۇپ، قائىدە-يوسۇنلارنى مەزمۇن قىلىدۇ.

**ۋىنتا** ئى (ر) <ماشىن> ① بۇرما، رېزبا: ۋىنتا چىقارماق. ② ئايلانما رېزبىلىق چىڭىتىش دېتالى: ۋىنتا بىلەن چىڭىتماق.

**ۋىنتىسى بوش** ← **ۋىنتىسى كەم.**

**ۋىنتىسى كەم** ئەقلى-هوشى جايىدا ئەمەس، كاللىسى تازا ئىشلىمەيدىغان؛ دۆتەك: — ئۇنىڭ ئازراق ۋىنتىسى كەم نىمە، ئۇنىڭ سۆزلىرىنى كۆڭۈللىرىگە ئالمىسىلا، — دېدى ئۇ كۆڭلۈمنى ياساپ.

**ۋىنتىسىمان** سۈپ. ۋىنتا شەكىلدىكى، ۋىنتىگە ئوخشاش: ۋىنتىسىمان دىسلوكاتسىيە.

**ۋىنتىسىمان دىسلوكاتسىيە** <فىز> كرىستالدىكى دىسلوكاتسىيىنىڭ بىر خىل ئاساسلىق تىپى، يەنى كرىستالنىڭ ئىككى قىسمى ئۆزئارا نىسپىي تېيىلغاندىكى تېيىلىش يۆنىلىشى بىلەن بۇ خىل تېيىلىشتىن شەكىللەنگەن دىسلوكاتسىيە سىزىقى ئۆزئارا پاراللېل بولغان دىسلوكاتسىيە.

**ۋىنتىلاتقۇزماق** «ۋىنتىلىماق» پېئىلىنىڭ قوش مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**ۋىنتىلاتماق** «ۋىنتىلىماق» پېئىلىنىڭ

مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**ۋىنتىلاشماق** «ۋىنتىلماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**ۋىنتىلانماق** «ۋىنتىلماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**ۋىنتىلىق** سۈپ. ۋىنتىسى بار، ۋىنتىغا ئىگە؛ ۋىنتا چىقىرىلغان: ۋىنتىلىق مىكرومېتىر.

**ۋىنتىلىق مىكرومېتىر** <فىز> دېتاللارنىڭ ئۆلچەملىرىنى ئۆلچەيدىغان بىر خىل نازۇك ئۆلچەش ئەسۋابى. ئۇ ئازقىلىق ئۇزۇنلۇقنى ئۆلچىگەندە $0.01mm$ ئېنىقلىقىچە ئۆلچىگىلى بولىدۇ. ئۇ بۇرمىسىمان ھەرىكەتتىن پايدىلىنىپ بولتا (ئۇستىگە بۇرمىسىمان ئىز، يەنى رېزبا ئويۇلغان تاياقچە) نىڭ ئىنتايىن كىچىك تۈز سىزىقلىق يۆتكىلىشىنى چوڭايتىپ ئۇنى كىيدۈرمە سىلىندىرنىڭ بۇلۇڭلۇق يۆتكىلىشىگە ئايلاندۇرۇش پرىنسىپىغا ئاساسەن ياسالغان.

**ۋىنتىلماق** پ. ۋىنتا بىلەن چىڭىتماق، ۋىنتا بېكىتمەك.

**ۋىنو** ئى (ر) ئاساسەن ئۈزۈمدىن تەييارلىنىدىغان ئىسپىرتلىق ئىچىملىك، ھاراق، مەي، شاراب: ۋىنو ئىچمەك. قىزىل ۋىنو.

**ۋىنو كىسلاتاسى** <خىم> ← **تارترات كىسلاتاسى.**

**ۋىنوچىلىق** ئى. ۋىنو ياساش ئىشى: دۇنيادا ئۈزۈمچىلىك بىرىنچى قېتىم مۇشۇ رايوندا كەشىپ قىلىنغان، شۇنىڭ بىلەن ۋىنوچىلىقمۇ ئالدى بىلەن مۇشۇ رايوندا بارلىققا كەلگەن.

**ۋىنىل** ئى (ر<لات) <خىم> ئېتىلېن ($H_2C=CH_2$) مولېكۇلىسىنىڭ بىر دانە ھىدروگېن ئاتومىنى ئاز يوقىتىشى ئارقىلىق كېلىپ چىققان دەپ قارىلىدىغان رادىكال گۇرۇپپىسى ($H_2C=CH-$).

**ۋىنىل ئاتسېتىلېن** <خىم> تەركىبىدە بىرلا ۋاقىتتا قوش بېغى ۋە ئۈچ بېغى بولغان، تويۇنمىغان ھىدرو كاربون. خىمىيىۋىي فورمۇلىسى $CH_2=CH-C\equiv CH$. ئادەتتىكى تېمپېراتۇرىدا رەڭسىز گاز. غىدىقلاش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە، ئاسان سۇيۇقلىنىدۇ. خۇسۇسىيىتى ئاكتىپ بولۇپ، ئاسان قوشۇۋالىدۇ ۋە پولىمېرلىنىدۇ. 1، 3- بۇتادىئېن ۋە 2- خلور-1، 3- بۇتادىئېن قاتارلىق سىنتېتىك كاۋچۇكلارنىڭ مونومېرى، يەنى ئىككى مولېكۇلا ئاتسېتىلېننىڭ كاتالىزاتور تەسىرىدە پولىمېرلانغان مەھسۇلى.

**ۋىنىل خلورىد** <خىم> ھوشسىزلاندۇرۇش رولى بولغان، ئاسان سۇيۇقلىنىدىغان رەڭسىز گاز. خىمىيىۋىي فورمۇلىسى $CH_2=CHCl$. يورۇقلۇق ياكى كاتالىزاتور مەۋجۇت شارائىتتا ئاسان پولىمېرلىنىدۇ. ئۇ پولىۋىنىل خلورىد تەييارلىنىدىغان مونومېر ھېسابلىنىدۇ.

**ۋىنىل سىئانىد** <خىم> رەڭسىز، كۆيىدىغان، غىدىقلىغۇچى پۇرىقى بار، زەھەرلىك سۇيۇقلۇق. ئاكرىلونىترىل خىمىيىۋىي فورمۇلىسى $CH_2=CHCN$. سېلىشتۇرما ئېغىرلىقى، 0.8060 (20/4°C) قايناش نۇقتىسى، 77.3～77.4°C -83～-84°C. سۇدا ئازراق ئېرىيدۇ، ئادەتتىكى ئورگانىك ئېرىتكۈچىلەردە ياخشى ئېرىيدۇ، ئاسان پولىمېرلىنىدۇ. پولىۋىنىل سىئانىد تالاسى (سۇنئىي قوي يۇڭى)، مايغا چىدامىلىق نىترىل بۇتادىئېن كاۋچۇكى، سىنتېتىك يېلىم قاتارلىقلارنى ئېلىشتا ئىشلىتىلىدۇ

**ۋىنىلون** ئى (ر<لات) <خىم> ئاتسىتىلىن، ئېتىلېن، ئاتسىتات كىسلاتاسى ۋە پورمال-

ـدىگەنتىنى خام ئەشيا قىلىپ سىنتېز
قىلىنغان تالا. خۇسۇسىيىتى پاختا تالاسىغا
ئوخشىشىپ كېتىدۇ، كۆچىنىشچانلىقى يۇقى-
رى، سۇركىلىشكە چىدامىلىقراق، يېنىك.
ئۇ سىنتېتىك تالالار ئىچىدە سۇ سۈمۈ-
رۈشچانلىقى كۈچلۈكرەك، تالالارنىڭ بىرى
ھېسابلىنىدۇ. يازلىق كىيىملەرنى تىكىشكە
باپ كېلىدۇ. ئادەتتە ئۇنىڭدىن ئارغامچا،
بېلىق تورى قاتارلىقلار ئىشلىنىدۇ.

**ۋىئولېت** ئى (ر<لات) <بوت> ← **ۋىئولېت گۈلى.**

**ۋىئولېت گۈلى** <بوت> ① كىرېست
گۈللۈكلەر ئائىلىسىدىكى ئىككى يىللىق
ياكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق
ئۆسۈملۈك. يوپۇرمىقى يۇملاق ياكى
تەتۈر تۇخۇم شەكىللىك، گۈلى بىغىر
رەڭ، ئاچ قىزىل، ئاچ سېرىق ياكى
ئاق بولۇپ، ئومۇم گۈل رېتىدە كېلىدۇ.
مېۋىسى ئۇزۇن، ئىنچىكە بولىدۇ. ئادەتتە
مەنزىرە ئۆسۈملۈكى قىلىنىدۇ. ② شۇ
خىل ئۆسۈملۈكنىڭ گۈلى.

**ۋىۋىسكا** ئى (ر) ھۆكۈمەت ئورۇنلىرى ۋە
كوللېكتىپ ئورۇنلارنىڭ نامىنى يېزىپ
ئېسىش ۋە دەرۋازا بېشىغا ئېسىپ قويىدى-
غان جاھاز: بىرچاغدا ئابدۇراخماننىڭ كۆزى
بىر ماگىزىننىڭ ئىشىكىگە ئېسىلغان ھەيۋەتلىك
ۋىۋىسكىغا چۈشتى.

**ۋېي** ئىم. ھەيران قېلىش، نارازى بولۇش
قاتارلىق ئىمالارنى بىلدۈرىدۇ: ۋېي، ماۋۇ
ئاداشنىڭ قىلغان ئىشلىرىنى. * ۋېي،
شۇنچىلىكمىدى ھالىڭلار.

**ۋېيەي** ئىم. بۇ سۆزنى كۆپىنچە خوتۇن-قىز-
لار قوللىنىلىدىغان بولۇپ: ① ئىزا تار-
تىش، ئوڭايسىزلىنىش ئىمالىرىنى بىلدۈر-
دۇ: ۋېيەي، سىز بىر بويتاق، مەن بىر
تۇل ئايال، قانداق مېھمان بولىمەن ئەمسە؟
* ۋېيەي، خەق نېمە دەپ قالغاندۇ؟ ②
نارازى بولۇش ئىماسىنى بىلدۈرىدۇ:
زورىخان: ئۇ كۈنى سىلەر ھاشارغا بارمىدىڭلار
دەپ ۋالاقلاۋاتىدۇ. غۇنچە: ۋېيەي، ئۆستەڭگە
دەپ باغدىن نەچچە هارۋا شاخ كېسىپ
كەتتىغۇ... ③ چۆچۈش، قورقۇش ئىمالىرىنى
بىلدۈرىدۇ: — ۋېيەي، كىم بۇ؟ — دېدى
رازىيە ئۇشتۇمتۇت پەيدا بولغان كۆلەڭگۈنى
كۆرۈپ.

**ۋېيخە يۋېي** ئى <جۇغ> شەندۇڭ ئۆلكىسىدى-
كى بىر شەھەرنىڭ نامى.

**ۋېيخە يۋېي ئۇرۇشى** <تارىخ>
جۇڭگو-ياپونىيە جاۋۇ ئۇرۇشى داۋامىدىكى
بىر قېتىملىق ئۇرۇش. 1895-يىلى 1-ئايدا
ياپونىيە ئارمىيىسى شەندۇڭ ئۆلكىسىنىڭ
رۇڭچېڭ دېگەن يېرىدىن قۇرۇقلۇققا
چىقىپ، ۋېيخە يۋېيگە تۇيۇقسىز ھۇجۇم
قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا،
ياپونىيە فلوتى پورتنى قامال قىلىۋالىدۇ،
شىمالىي ئوكيان فلوتى ئالدى ۋە ئارقا
تەرەپتىن دۈشمەننىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرايدۇ.
لى خۇڭجاڭ تىز پۈكۈپ سۈلھ قىلىشنى
تەلەپ قىلىپ، ئۇرۇش قىلىشتىن ئۆزىنى
قاچۇرۇپلا قالماي، قارشىلىق كۆرسىتىشكىمۇ
رۇخسەت قىلمايدۇ، ۋەتەنپەرۋەر ئەسكەر-
لەر ۋە كوماندىرلار پائال قارشىلىق
كۆرسەتكەن بولسىمۇ، ئاخىرىدا مەغلۇ-
بىيەتنى ئوڭشىيالمايدۇ. 2-ئايدا دېڭىز
ئارمىيە تىدوسى دىڭ رۇچاڭ تەسلىم
بولۇشنى رەت قىلىپ، زەھەر ئىچىپ
ئۆلۈۋالىدۇ، قالغان 11 كېمىنى ياپون
قوشۇنلىرى بۇلاپ كېتىدۇ، شۇنىڭ بىلەن
لى خوڭجاڭ باشقۇرۇشىدىكى شىمالىي
ئوكيان دېڭىز ئارمىيىسى پۈتۈنلەي

گۇمران بولىدۇ.

**ۋېيخۇا** ئى <جۇغ> شەنشى ئۆلكىسىدىكى
ۋېينەن، خۇاشيەن ناھىيىلىرىنىڭ
قىسقارتىلغان نامى.

**ۋېيخۇا قوزغىلىڭى** <تارىخ> 1928-يىلى
ئەتىيازدا كوممۇنىست ليۇجىدەن، شېي
زىچاڭ قاتارلىقلار شەنشى ئۆلكىسىنىڭ
ۋېنيەن، خۇاشيەن ئەترابلىرىدىكى
سىياسىي قوغداش ئەترىتى ۋە جۇڭشەن
مەكتىپىنىڭ مىڭدىن ئارتۇق ئادىمىنى
باشلاپ، شۇ يەردىكى دېھقانلارغا
ماسلىشىپ ئۆتكۈزگەن قوراللىق قوزغىلاڭ.
قوزغىلاڭدىن كېيىن، غەربىي شىمال
ئىشچى-دېھقانلار ئىنقىلابىي ئارمىيىسى
ۋە ئىشچى-دېھقانلار دېموكراتىك ھاكى-
مىيىتى قۇرۇلدۇ. بىر ئايدىن كۆپرەك
كۈرەش قىلىش ئارقىلىق، گومىنداڭ
ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ ئۇستۇن ئەسكىرىي
كۈچىنىڭ قورشاپ ھۇجۇم قىلىشى ئارقىسى-
دا مەغلۇپ بولدى. قالغان قىسىملار
شەنشى-گەنسۇ چېگرىسى ئەترابىدا
قوراللىق كۈرەشنى داۋاملاشتۇرۇشتا
چىڭ تۇردى. كېيىن، ليۇجىدەن رەھبەر-
لىكىدىكى پارتىزانلار ئۇرۇش قىلىپ
شەنشىگە كەلگەن غەربىي شەنشى
پارتىزانلىرى بىلەن بىرلىكتە «جاھان-
گىرلىككە قارشى ئىتتىپاقداشلار ئارمىيە-
سى» نى تەشكىللىدى، بۇ قوشۇن
داۋاملىق زورىيىپ، 1932-يىلى ئاخىرىدا
قىزىل 26-ئارمىيە بولۇپ قۇرۇلدى.

# ئې

**ئې** ① ئۇيغۇر ئېلىپبەسىنىڭ ئوتتۇزىنچى ھەرپى. ② شۇ ھەرپنىڭ نامى. ③ رەت تەرتىپى جەھەتتە ئوتتۇزىنچىنى كۆرسىتىدۇ.

**ئېپتۇنىي** ئى (ر<لات) <خىم> رادىئوئاكتىپلىق مېتال ئېلېمېنت. بەلگىسى NP ( neptunium ). نېيترون ئارقىلىق ئۇرانىنى بومباردىمان قىلىش ئارقىلىق ئېلىنىدۇ. ئەڭ ئۇراقلىق ئىزوتوپىنىڭ يېرىم يېمىرىلىش دەۋرى تەخمىنەن 2 مىليون 200 مىڭ يىل.


**ئېپوپېيە** ئى (ر<گرېك) <ئەد> چوڭ تارىخىي ۋەقەلەر تەسۋىرلەنگەن بەدىئىي ئەسەرلەر.

**ئېپوس** ئى (ر<گرېك) ① بەدىئىي ئەدەبىياتنىڭ لىرىكا ۋە دىرامىدىن ئايرىلىپ تۇرىدىغان يەنە بىر تۈرى، يەنى ۋەقەلەرنى كەڭ ھېكايە قىلىش ئۇسۇلى بىلەن ئىپادىلەيدىغان ئەدەبىي ئەسەرلەر مەجمۇئەسى. ② خەلق ئاغزاكى ئىجادىيىتىدە قەھرىمانلىق ۋە قەھرىمانلار ھەققىدىكى داستانلار مەجمۇئەسى. مەسىلەن، « ئوغۇزنامە » ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى ئېپتىنىڭ، تارىخىي ئەھۋالىنى ۋە قەھرىمانلىق خۇسۇسىيىتىنى ئەكس ئەتتۇرگۈچى ئېپوس ھېسابلىنىدۇ.

**ئېپوكسى** سۈپ (ر<گرېك) <خىم> تەركىبىدە بىر دانە ئوكسىگېن ئاتومى ۋە ئىككى دانە كاربون ئاتومىدىن تۈزۈلگەن ئۈچ ئاساسلىق ھالقا بولغان: ئېپوكسى گۇرۇپپا. ئېپوكسى يېلىم.

**ئېپوكسى گۇرۇپپا** <خىم> بىر دانە ئوكسىگېن ئاتومى ۋە ئىككى دانە كاربون ئاتومىنىڭ ئۈچ ئاساسلىق ھالقىسىدىن ئىبارەت بولغان گۇرۇپپا.

**ئېپوكسى يېلىم** <خىم> تەركىبىدە ئېپوكسى گۇرۇپپا




بولغان يېلىملەرنىڭ ئومۇمىي نامى. ئاساسەن ئېپوكسىخلوروپروپان بىلەن كۆپ ئاساسلىق فېنول قاتارلىقلارنىڭ

كوندىنسىيلىنىپ پولىمېرلىنىشى ئارقىلىق ھاسىل قىلىنىدۇ. ئىسسىقلىققا بولغان چىداملىقلىقى، ئىزولياتورلۇق خۇسۇسىيىتى، قاتتىقلىقى ۋە ئەۋرىشىملىكى ياخشى. مېتال ۋە مېتاللوئىد ماتېرىياللار (مەسىلەن، فارفور، شىشە، ياغاچ قاتارلىقلار)نى يېپىشتۇرۇش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

**ئېپىتاكسىيە** ئى (ر<گرېك) <فىز> يېرىم ئۆتكۈزگۈچ دېتاللىرىنى ياساش تېخنىكىسىدا يېرىم ئۆتكۈزگۈچ مونوكرىستال پەردىسىنى ئۆستۈرۈشنىڭ بىر خىل ئۇسۇلى. ئادەتتە گاز فازىلىق ئېپىتاكسىيە، سۇيۇق فازىلىق ئېپىتاكسىيە ۋە مولېكۇلا دەستىلىك ئېپىتاكسىيە قاتارلىق بىرقانچە خىلغا بۆلۈنىدۇ.

**ئېپىتېلىي** ئى (ر<گرېك) <ئانات> كۆپ ھۈجەيرىلىك ھايۋانلار تېنىنىڭ يۈزىنى ۋە ئۇنىڭ بارلىق كاۋاك ئەزالىرىنىڭ ئىچكى توقۇلمىلار يۈزىنى ئوراپ تۇرىدىغان توقۇلما.

**ئېپىتېت** ئى (ر<گرېك) <ئەد> نەرسە، ھادىسىلەرنىڭ روشەن ئوبرازىنى بېرىش، شەيئىلەرنىڭ ئېنىق ھالەتلىرىنى، سۈپىتىنى گەۋدىلەندۈرۈپ تەرىپلەش ئۈچۈن قوللىنىلىدىغان سۆز ياكى ئىبارە.

**ئېپىي-جېپىي** بىرەر جاي، ئىش، نەرسە قاتارلىقلارنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى، يوللىرى، ئامال-چارىلىرى: چۈشكە يېقىن ئىشنىڭ ئېپىي-جېپىينى بىلىدىغان كىشىلەرنىڭ بىر توپى سۈپۈرگىچاخۇننىڭ باشلامچىلىقىدا قالماقدۆڭ تەرەپكە قاراپ يول ئالدى. * ئىشخانىغا بۇ يەرنىڭ ئېپىي-جېپىينى بىلىدىغان قېرىلار توشۇپ كېتىپتۇ.

**ئېپىي-جېپىينى بىلمەك** ئومۇمىي ئەھۋالىنى، چارە-ئامالىنى، يولىنى بىلمەك: مەن بۇ يەرنىڭ ئېپىي-جېپىينى بىلىپ بولغۇچە خېلى ۋاقىت ئۆتتى. * سەن بۇ ئىشنىڭ ئېپىي-جېپىينى بىلىۋاپسەن، ئەمدى قورقماي ئىشلەۋەرسەڭ بولىدۇ.

**ئېپىدە** رەۋ. لايىقىدا، مۇۋاپىق: شۇلار ئۈچۈن بىرەر ئېپىدە نەرسە ئېلىپ چىققاي دەپ بازارغا كىرسەم، بۇ نەرسە ئەرزانلا ئۇچراپ قالدى.

**ئېپىدوت** ئى (ر<گرېك) <گېئول> بىر خىل مىنېرال. خىمىيىلىك تەركىبى $.Ga_2(Al, te)_3(Si_2O_7)(SiO_4)OlOH$. يەككە ياقلىق كرىستال سىستېمىسىدا بولۇپ، كرىستاللىرى تۈۋرۈكسىمان، قۇرامسىقى دانلىق، چاچما نۇر شەكلىدە كېلىدۇ. رەڭگى يېشىل، يېشىلغا مايىل سېرىق. ئەينەك پارقىراقلىقىدا. {100} غا پاراللېل، تولۇق ئاجرىشچانلىققا ئىگە. قاتتىقلىقى 6 — 7، سېلىشتۇرما ئېغىرلىقى 3.35 — 3.39.

**ئېپىدېرما** ئى (ر<گرېك) <بىئول> ① تېرىنىڭ سىرتقى قەۋىتى. ② ئۆسۈملۈكلەرنىڭ تېنى يۈزىدىكى ئەڭ دەسلەپتە ئۆسكەن قوغدىغۇچى توقۇلما. ئاددىي قەۋەتلىك رەڭسىز، تەكشى ۋە تىرىك ھۈجەيرىلەردىن قۇرۇلغان.

**ئېپىزوت** ئى (ر<گرېك) <ئەد> ① ئايرىم تۇرمۇش ھادىسىسى. ② رومان، دراما، سېنارىيە قاتارلىق بەدىئىي ئەسەرلەرنىڭ نىسبىي مۇستەقىللىققا ئىگە بولغان بىر تەركىبىي قىسمى.

**ئېپىسكوپ** ئى (ر<گرېك) <دىن> خرىستىئان دىنىي چېركاۋلىرىدىكى ئالىي ئۇنۋان ۋە شۇ ئۇنۋانغا ئىگە بولغان شەخس.

**ئېپىسكوپلۇق** ئى ① ئېپىسكوپ ئېرىشكەن دەرىجە، ئەمەل. ② ئېپىسكوپ قىلىدىغان ئىش، خىزمەت: بۇلتۇر رۇمىنىيىگە بارغىنىمدا ئۇنىڭ ئېپىسكوپلۇق قىلىۋاتقان يەرلىرىدە بولدۇم.

**ئېپىفىز** ئى (ر<گرېك) <ئانات> ئۇزۇن سۆڭەكلەرنىڭ ئىككى ئۇچىنى كۆرسىتىدۇ. ئۆسمۈرلۈك دەۋرىدە، سۆڭەك ئۇچى ۋە سۆڭەك غولى ئارىلىقىدا بىر قەۋەت كۆمۈرچەك پلاستىنكىسى بولىدۇ. چوڭلاردا بۇ پلاستىنكا قاتتىقلىشىپ ئۇچ ۋە غوللار قوشۇلۇپ كېتىدۇ.

**ئېپىك** سۈپ (ر) <ئەد> ① ئېپوسقا ئائىت، ئېپوستا بولىدىغان، ئېپوستا تەسۋىرلەنگەن: ئېپىك قەھرىمان. ② ئېپوستىن ئىبارەت بولغان؛ ۋەقەلىككە ئىگە: ئېپىك داستان.

**ئېپىك ئەسەر** <ئەد> كونكرېت ئادەم ھەم ۋەقەلىكلەر ئاساسىي مەزمۇن قىلىنغان تۈرلۈك بەدىئىي ئەسەرلەرنىڭ ئومۇمىي نامى.

**ئېپىك داستان** <ئەد> داستاننىڭ بىر خىل شەكلى. ئۇنىڭدا كونكرېت ئادەم ۋە كونكرېت ۋەقە ئاساس قىلىنىپ، بەلگىلىك ئوبيېكتىپ رېئاللىق ئەكس ئەتتۈرۈلىدۇ.

**ئېپىك شېئىر** <ئەد> ھەر خىل كونكرېت ئادەم ۋە ۋەقەلىكلەر ئاساسىي مەزمۇن قىلىنىدىغان بىر خىل شېئىرىي ئەسەر. ئۇنىڭدا مۇكەممەل ھېكايە سۇژېتى ۋە پېرسوناژلار ئوبرازى بولىدۇ.

**ئېپىگراف** ئى (ر<گرېك) <ئەد> ئەسەرنىڭ ياكى شۇ ئەسەر ئىچىدىكى قىسىم، بابلارنىڭ بېشىدا كېلىپ، پۈتۈن ئەسەرنىڭ ياكى قىسىم، بابلارنىڭ مەزمۇنىغا ۋەكىللىك قىلالايدىغان جۈملىلەر، ئۈزۈندىلەر، شېئىرىي پارچىلار، ئەقلىيە سۆزلەر، قوشاق ۋە ماقال-تەمسىللەر.

**ئېپىلوگ** ئى (ر<گرېك) <ئەد> بەدىئىي ئەسەرلەرنىڭ ۋەقەلىك ئەكس ئەتتۈرۈلۈپ بولغاندىن كېيىنكى ئىشتىراك قىلغۇچىلارنىڭ تەقدىرى توغرىسىدا بايان قىلىنغان قىسمى، خاتىمە.

**ئېپى-مەلە** دىئال. قولۇم-قوشنا.

**ئېتالون** ئى (ر<فران) <خىم> بەلگىلەنگەن ئۆلچەم بىرلىكىنىڭ ئېنىق نەمۇنىسى، ئۈلگىسى.

**ئېتان** ئى (ر<گرېك) <خىم> ئورگانىك بىرىكمە، يەنى ئالكانلارنىڭ بىر خىلى. مولېكۇلا فورمۇلىسى $C_2H_6$. رەڭسىز، پۇراقسىز، يېنىشچان گاز. تەبىئىي گازلاردا ساقلىنىدۇ. ئادەتتە ئورگانىك بىرىكمىلەرنى سىنتېزلاشتا ئىشلىتىلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا يېقىلغۇمۇ قىلىنىدۇ.

**ئېتانول** ئى (ر<گرېك) <خىم> ئورگانىك بىرىكمە، يەنى ئىسپىرتلارنىڭ بىر خىلى، مولېكۇلا فورمۇلىسى $C_2H_5OH$. رەڭسىز يېنىشچان سۇيۇقلۇق، ئالاھىدە پۇراققا ئىگە، قەنتلىك ماددىلارنى ئېچىتىپ دىستىللەش ئارقىلىق ئېلىنىدۇ، ئېتىلىندىن پايدىلىنىپمۇ ئېلىش مۇمكىن. سىنتېتىك كاۋچۇك سۇلياۋ ۋە بوياق قاتارلىق ماتېرىياللارنى ئىشلەشتە قوللىنىلىدۇ، يەنە خىمىيە سانائىتىدە كۆپ قوللىنىلىدىغان ئېرىتكۈچى ھېسابلىنىدۇ. مىكروبلارنى ئۆلتۈرۈش رولىغا ئىگە بولۇپ، دېزىنفېكسىيىلەشكە، چىرىشنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا ئىشلىتىلىدۇ.

**ئېتەك** ئى ① كىيىمنىڭ ئاستىنقى كەڭ

تەرىپى: ياقىلار ئېتەك بولدى، ئېتەكلەر ياقا (بولدى) (ماقال). * كۆڭنى ئېتەك بىلەن ياپقىلى بولماس (ماقال). * مايسىخان شاپتۇللارنى ئېتىكىگە تېرىشكە باشلىدى. ② تاغنىڭ تۈز يەرگە يېقىن قىسمى، تاغنىڭ تۆۋەن تەرىپى: بىرقانچە ۋاقىتتىن كېيىن ھاتەم بىر تاغ ئېتىكىدە ئارام ئالدى. ③ كۆچمە. تەۋەلىكىدىكى زېمىن، يەر؛ باغىر: ۋەتەن ئېتىكى. * مەن يەكەن، قاغىلىقنىڭ ئېتەكلىرىگە بېرىپ سەھرالارنى ئايلىنىپ يۇرتداشلار بىلەن كۆرۈشتۈم.

**ئېتەك سالدى قىلماق** دىئال. يىغىش قىلماق، پۇل ياكى نەرسە كېرەكلەرنى چىقىرىشماق.

**ئېتەك كۆتۈرمىسى** كىيىم ئېتىكىنىڭ پاراللېل سىزىقتىن كۆتۈرۈلگەن قىسمى.

**ئېتەك ياپماق ← چاپان ياپماق:** ئۇ قىزغا بۆلەكچىلا ئېتەك يېپىپ كەتتىڭ كۆڭلۈڭ چۈشۈپ قالدىمۇ قانداق؟

**ئېتىكىنى ياپماق** تۇرمۇشىنى يولغا سېلىۋالماق، ھال-كۈنىنى ياخشىلىۋالماق: ئېسىگىنىڭ باردا ئېتىكىڭنى ياپ (ماقال).

**ئېتىكى ئوتلۇق** يۈرۈش-تۇرۇشى، گەپ-سۆزى، خۇلق-مىجەزىدىن كىشىلەر ئاسانلا سۆز-چۆچەك تاپىدىغان، كىشىلەر كۆزىگە ئاسان چېلىقىدىغان، تۆھمەتكە قالىدىغان: ئېتىكى ئوتلۇق ئايال. ئېتىكى ئوتلۇق بالا.

**ئېتەكسىز** سۈپ. ئېتىكى يوق، ئېتىكى بولمىغان: ئېتەكسىز كۆڭلەك.

**ئېتەكلەپ** رەۋ. ئېتىكىگە سېلىپ، ئېتىكىگە قاچىلاپ: بىر توپ قىزلار باغدا ئېتەكلەپ ئالما توشۇۋاتاتتى. * ئۇنىڭ كالىسىنى سېغىپ ئېلىپ كېتىدىغانلار، كۆكتاتلىرىنى ئېتەكلەپ توشۇپ كېتىدىغان ئاياللار بۇ مەھەللىدە خېلىلا كۆپ ئىدى.

**ئېتەكلىك** سۈپ. ئېتىكى بار، ئېتىكى بولغان: ئۇ قىز كەڭ ئېتەكلىك قارا ئەتلەس كۆڭلەك كىيىۋالغانىدى.

**ئېتنوگراف** ئى (ر <گرېك) <ئەد> بىرەر مىللەتنىڭ كېلىپ چىقىشى، تۇرمۇش ئۆرپ-ئادىتى، ماددىي ۋە مەنىۋى ھەمدە ئىجتىمائىي مەدەنىيىتىنىڭ بارلىققا كېلىشىدىن تارتىپ رېئال ھالىتىچە كۆزدىتىپ، تەتقىق قىلىدىغان شەخس.

**ئېتنوگرافىيە** ئى (ر<گرېك) <ئەد> ① بىرەر مىللەتنىڭ كېلىپ چىقىشى، تۇرمۇش ئۆرپ-ئادىتى، ماددىي، مەنىۋى ۋە ئىجتىمائىي مەدەنىيىتىنى بىۋاسىتە كۆزىتىش يولى بىلەن ئۆگىنىدىغان ساھە. ② بىرەر مىللەتنىڭ ياكى بىرەر تېررىتورىيىدىكى بىرقانچە مىللەتنىڭ تۇرمۇشى، مەدەنىيىتى ۋە ئۆرپ-ئادەتلىرىگە خاس خۇسۇسىيەتلىرىنىڭ يىغىندىسى.

**ئېتنوگرافىيىلىك** سۈپ. ئېتنوگرافىيىگە ئائىت: ئېتنوگرافىيىلىك ماتېرىيال. ئېتنوگرافىيىلىك ئۆچېرىك.

**ئېتنولوگىيە** ئى (ر <گرېك) مىللەتلەرنىڭ ئورتاق گەۋدىسىنى ئوبيېكت قىلغان ھالدا ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيىتىنى تەتقىق قىلىدىغان پەن.

**ئېتنولوگىيىلىك** سۈپ. ئېتنوگرافىيىگە ئائىت: ئېتنولوگىيىلىك ماتېرىيال. ئېتنوگرافىيىلىك ئۆچېرىك.

**ئېتىنېگلىكول** ئى (ر<گرېك) <خىم> ئورگانىك بىرىكمە، يەنى رەڭسىز، ھىدسىز، شېرىن، يېپىشقاق قويۇق سۇيۇقلۇق. خىمىيىۋى فورمۇلىسى $COCH_2 — CH_2OH$. سۇ، ئېتانول ۋە ئاتسېتون بىلەن ئارىلىشىپ ئېرىيدۇ. سۇنىڭ مۇزلاش نۇقتىسىنى زور

دەرىجىدە تۆۋەنلىتىدۇ. ئېرىتكۈچى، توڭلاشتىن ساقلىغۇچى سۈيۇقلۇق قىلىنىدۇ. شۇنىڭدەك پولىئېستېر يىپلىرى قاتارلىقلار سىنتېزلىنىدىغان خام ئەشيا قىلىنىدۇ.

**ئېتنىك** سۈپ (ر) كېلىپ چىقىش جەھەتتىن بىرەر خەلققە ئائىت ياكى خاس بولغان: ئېتنىك تەركىب. ئاھالىسىنىڭ ئېتنىك سوستاۋى.

**ئېتىن** ئى (ر <گرېك) <خىم> ئەڭ ئاددىي ئالكىن. رەڭسىز، سەل-پەل شېرىن، سۇدا ناچار ئېرىيدىغان يېنىشچان گاز. خىمىيۋى خۇسۇسىيىتى ئاكتىپ، ئوكسىد-لىنىش، قوشۇۋېلىش ۋە پولىمېرلىنىش قاتارلىق رېئاكسىيىلەرگە ئاسان كىرىشى-دۇ. ئادەتتە چالا پىشقان مېۋىلەرنى پىشۇرۇشتا ئىشلىتىلىدۇ. ئۇ يەنە ئېتانول، ئېتانال، پولىئېتىن قاتارلىقلارنى ئىشلەشتا خام ئەشيا قىلىنىدۇ.

**ئېتىبار** ئى (ئە) ① بىرەر نەرسىگە قارىتىلغان دىققەت، نەزەر؛ پەرۋا: ئېتىبار قىلماق. * بىزنىڭ ياتاققا ئادەم كۆپ كىرىپ-چىقىپ تۇرغاچقا، كىرگەن كىشىگە ئېتىبار قىلماستىن ئۆز ئىشىمىز بىلەن بولاتتۇق. * مۇنەۋۋەر بۇ كىشىگە ئانچە ئېتىبار بېرىپمۇ كەتمىدى. ② نەزەرگە ئېلىش: ۋاقىت ئېتىبارى بىلەن بىز ئۇنى كۈتمىدۇق. ③ قەدىر، قىممەت، ئىززەت: سىز بالا دەردىنى تارتمىغان، شۇنىڭ ئۈچۈن ئالدىڭىزدا ئېتىبارى يوق. * ناخشا-مۇزىكىنىڭ ئېتىبارى بولۇشى كېرەك، ئەلۋەتتە. ④ كۆڭۈل بۆلۈش: مىللەتلەرنىڭ مەنپەئىتىگە تەڭ ئېتىبار بەرمەيدىغان بولساق، مىللەتنىڭ ئىتتىپاقلىقىنىمۇ ياخشىلىيالمايمىز. * تەشكىل نەسىردىن ئاكىنىڭ قېرىلىقىنى ئېتىبارغا ئېلىپ ئۇنىڭغا بىر يۈرۈش يېڭى ئۆي بەردى.

**ئېتىبار بەرمەك** كۆڭۈل بۆلمەك: باشقىلار نېمە قىلسا شۇنى قىلسۇن، لېكىن سۇنى تەقسىم قىلىشتا بىزگە كۆپرەك ئېتىبار بەرمىسە بولمايدۇ.

**ئېتىبارغا ئالماق** ھېسابقا ئالماق، نەزەرگە ئالماق: ئۇ ھەرقانداق سۆز قىلىدىغان بولسا، شاھ ئۇنىڭ سۆزىنى ئېتىبارغا ئالىدىكەن. * شاھ بۇ ئادەمنىڭ قابىلىيىتىنى ئېتىبارغا ئېلىپ، گۇناھىدىن كېچىپ مىرزا بولۇشقا بۇيرۇدى.

**ئېتىبار قىلماق** دىققەت قىلماق، نەزەرگە ئالماق، غەمخورلۇق قىلماق، كۆيۈنمەك: پۇرچان ئۇنىڭ سۆزلىرىگە ئانچە ئېتىبار قىلمايلا، شەپكىنى كىيىپ ئىشىك تەرەپكە ماڭدى. * بىز ساڭا ئېتىبار قىلىپ دوختۇرغا كەتكەن پۇلنى كۆتۈرۈۋەتتۇق.

**ئېتىبارەن** تىر (ئە) چىقىش كېلىش قوشۇمچى-سى «-دىن، -تىن» بىلەن بىللە كېلىپ، «-دىن بېرى، -دىن بۇيان، -دىن باشلاپ» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ: مەھەللىدىكىلەر ئۇنى شۇندىن ئېتىبارەن «قىزىل بۇرۇن» دەپ ئاتايدىغان بولۇشتى. * مەرھابا ئاشۇ سائەتتىن ئېتىبارەن تېخىمۇ زور غەيرەتكە كەلدى.

**ئېتىبارسىز** سۈپ. ئېتىبارى يوق، ئېتىبارى بولمىغان: تىلغا ئىختىيار بەرسەڭ، ئەلگە ئېتىبارسىز بولىسەن (ماقال). * ئۇ تىلغا ئالغۇچىلىكى يوق، ئېتىبارسىز ئىشقۇ.

**ئېتىبارسىز قارىماق** كۆڭۈل بۆلمەسلىك، نەزەرگە ئالماسلىق: — ھەي، بۇلار بۇ ئىشقا ئېتىبارسىز قاراپتۇ-دە، — دېدى بوۋاي ئەپسۇسلىنىپ.

**ئېتىبارسىزلىق** «ئېتىبارسىز» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: ئېتىبارسىزلىق قىلماق.

**ئېتىبارلىق** سۈپ. ئېتىبارى بار، ئېتىبارى بولغان: ھەرقانچە ناتىق بولساڭمۇ، ئۆز بىلگىنىڭدىن ئۆزۈڭنى تۆۋەن كۆرسەت، شۇندىلا سۆزۈڭ ئېتىبارلىق بولىدۇ.

**ئېتىراپ** ئى (ئە) بىرەر گەپ، ئىش-ھەرىكەت قاتارلىقلارنى توغرا دەپ بىلىش: ئېتىراپ قىلماق. * ئەلۋەتتە، مەن ئۆزۈمنىڭ ۋەيران بولغانلىقىمنى ئېتىراپ قىلىشنىمۇ خالىمايمەن.

**ئېتىراپ قىلماق** بىرەر گەپ-سۆز، ئىش-ھەرىكەت قاتارلىقلارنى توغرا دەپ بىلمەك: سىز مېنىڭ بۇ گەپلەرنى خاتا دېمىگەنلىكىمنى ئېتىراپ قىلىڭ، ھېچبولمىغاندا مېنىڭ مۇھەببىتىمنى سەزگەنلىكىڭىزنى، ئويلىغانلىقىڭىزنى ئېتىراپ قىلىڭ.

**ئېتىراز** ئى (ئە) بىرەر نەرسە، ئىش-ھەرىكەت قاتارلىقلارغا بولغان نارازىلىق، قارشىلىق: ئېتىراز بىلدۈرمەك. * زۇبەيدە ئىسمىلىك بۇ چوكان ئاتىسىنىڭ بۇ شەرتىگە ئېتىراز بىلدۈرەلمەيتتى.

**ئېتىراز بىلدۈرمەك** قارشىلىق قىلماق، نارازىلىق قىلماق: — ياق، — ئېتىراز بىلدۈردى قىز، — قولىمىزغا قورال ئېلىپ، ئالدىنقى سەپكە بارمىغۇچە بىزنىڭ غەزىپىمىز ھەرگىز بېسىلمايدۇ. * كەلدى نورۇز، كەلدى كۆكلەم، كەلدى كۆتكەن ئەتىياز، ماڭدى قىش ھەم ئانچە بىلدۈرمەي باھارغا ئېتىراز.

**ئېتىرازسىز** رەۋ. ئېتىراز بىلدۈرمەي، قارشىلىقسىز: ئۇ بۇ پىكىرلەرنى ئېتىرازسىز قوبۇل قىلدى.

**ئېتىز** ئى. دېھقانچىلىق زىرائەتلىرى تېرىلىدىغان قىر بىلەن بۆلەكلەرگە بۆلۈنگەن يەر: تۆگە ئېتىز بۇزسا ھېچ گەپ يوق، توخۇ پالاقلىسا ۋاراڭ-چۇرۇڭ (ماقال). * بۇ كۆز يەتمەس ئېتىزلارنىڭ بۇغداي، تېرىقلىرىنى كىملەر ئوردى.

**ئېتىز پەرۋىشى** زىرائەت تېرىلىپ بولغاندىن تارتىپ ئورۇۋالغۇچە ئىشلىنىدىغان بارلىق دېھقانچىلىق ئەمگەكلىرى. مەسىلەن، مايسا تاقلاش، ئوت ئوتاش، سۇغىرىش، پۇتاش، قوشۇمچە ئوغۇتلاش، ھاشارات يوقىتىش قاتارلىقلار.

**ئېتىز چاشقىنى** <زوئول> ئېتىزلاردا ياشايدىغان چاشقانلار. خىللىرى كۆپ. مەسىلەن، سېرىق چاشقان، قىسقا قۇيرۇق قارىغۇ چاشقان قاتارلىقلار. تېرىسىنىڭ رەڭگى قوڭۇر، سارغۇچ قوڭۇر ياكى كۈل رەڭ كېلىدۇ. زىرائەتلەرگە زىيان سالىدۇ. بەزىلىرى چاشقان كېسىلى تارقىتىدۇ.

**ئېتىز زىرائەتلىرى** <بوت> چوڭ ئېتىزلاردا تېرىلىدىغان زىرائەتلەر. مەسىلەن، بۇغداي، ئاق قوناق، كۆممىقوناق، كېۋەز، چارۋا ئوت-چۆپلىرى قاتارلىقلار.

**ئېتىز سۇندۇكى** <زوئول> بىر خىل قۇش، تېنىنىڭ ئۇستۈنكى قىسمى توق قوڭۇر بولۇپ، قارا داغلىرى بولىدۇ. ئاستىنقى قىسمى ئاچ قوڭۇر، كۆكرەك قىسمىدا قارا يولچىلىرى بولىدۇ. ئارقا پۇتىنىڭ پەنجىسى ناھايىتى ئۇزۇن كېلىدۇ. ئادەتتە بالا چېكەتكە ھەم ئۇچار چېكەتكە قاتارلىقلار بىلەن ئوزۇقلىنىدۇ. پايدىلىق قۇش.

**ئېتىز قۇلۇلىسى** <زوئول> قورساق پۇتلۇقلار كلاسى، ئېتىز قۇلۇلىسى ئائىلىسىدىكى ھايۋان. قېپىنىڭ سىرتى پارقىراق كېلىدۇ. تۇرلىرى كۆپ. دۆلىتىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن چىقىدۇ. گۆشىنى

ئىستېمال قىلغىلى، قېپىنىڭ تالقىنىنى ئۆي ھايۋانلىرىغا يەم قىلغىلى بولىدۇ.

**ئېتىزلىق** ئى. ئېتىز قىلىنغان، ئېتىزغا ئايلاندۇرۇلغان يەر، ئېتىز: مۇرات ھويلىنىڭ ئارقىسىدىكى ئېتىزلىقتا بېدە ئورۇۋاتقان مەسۇم ئاتىنىڭ يېنىغا كەلدى.

**ئېتىزلىق قومۇشى** <بوت> باشاقلىقلار ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. شەكلى قومۇشقا ئوخشايدۇ، يەر ئاستى غولى يامراپ ئۆسىدۇ. يوپۇرمىقى ئۇزۇن، گۈل باشقى سۆسۈن رەڭلىك، سۇ بويىدا ئۆسىدۇ. غولىدىن بورا، ملەگزە توقۇشقا بولىدۇ. قەغەز ياساش ماتېرىيالى قىلىشقىمۇ بولىدۇ.

**ئېتىزلىق قىرىقبوغۇمى** <بوت> قىرىقبوغۇم ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. يىلتىزسىمان غولى قوڭۇر رەڭدە، بېشى شاخلانمايدىغان كۆپىيىش غولى چىقىرىدۇ. ئۇچىدا پەي قەلەمگە ئوخشاش سپورا خالتىلىق باشقى بولىدۇ. يەر ئۈستى قىسمى تىبابەتتە دورا قىلىنىدۇ. قان توختىتىش سۈيدۈك ھەيدەش رولىغا ئىگە.

**ئېتىز-ئېرىق** ئېتىز ۋە ئېرىق: بۇ دۆي كۆپ يىللاردىن بۇيان ئېتىز-ئېرىق ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا ئەھمىيەت بەرگەچكە، ھوسۇلى يىللاپ ئاشتى.

**ئېتىز ئېرىق ئاساسىي قۇرۇلۇشى** <س ئىق> دېھقانچىلىقتا كېرەكلىك يەرلەردە ئېلىپ بېرىلىدىغان تۈپ خاراكتېرلىك قۇرۇلۇش. ئۇنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى: يەرلەرنى تۈزلەش، پەلەمپەي ئېتىز ياساش، يانتۇ يەرلەرنى ئۆزگەر-تىش؛ يەرنى چوڭقۇر ئاغدۇرۇپ شورىنى تىزگىنلەش، تۇپراقنى ياخشىلاش؛ سۇ ئىنشائاتلىرى ياساپ سۇ چىقىرىۋېتىش - سۇغىرىش كۆلىمىنى ئاشۇرۇش؛ دەرەخ تىكىپ ئورمان بىنا قىلىش، ئوت-چۆپ تېرىش، سۇ ۋە تۇپىنى ساقلاش، بوراندىن مۇداپىئەلىنىپ قۇمنى تۇراق-لاشتۇرۇش قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

**ئېتىز-ئېرىق ئىشلىرى** دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىدا ئېلىپ بېرىلىدىغان يەر ھەيدەش، سۇغىرىش، تېرىش، ئورۇش، يىغىش، تېپىش قاتارلىق ئىشلار: ئەمدى ئېتىز-ئېرىقنىڭ ئىشىنى مىرزەخمەت بىلەن ھاۋاز قىلىدىغان بولدى.

**ئېتىش** ① «ئاتماق» پېئىلىنىڭ يەنە بىر خىل ئىسمىدىشى. ② ئى. سوقۇش، ئۇرۇش، جەڭ: تاڭ ئاتارغا يېقىن ئېتىش باشلاندى.

**ئېتىش دائىرىسى** <ھەرب> ئېتىش قوراللىرى ئېتىلغان ۋاقىتتا ئوقنىڭ يېتىپ بارالايدىغان دائىرىسى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

**ئېتىش قوراللىرى** <ھەرب> پارتلىتىش دورىلىرى ئارقىلىق پارتلايدىغان ياكى كۆيۈش خاراكتېرىدىكى ماتېرىياللار ئارقىلىق بۇزۇش، ۋەيران قىلىش رولىنى ئوينىيالايدىغان قوراللار. مەسىلەن، مىلتىق، زەمبىرەك، خوجىيەنتۇڭ، گرانات قاتارلىق.

**ئېتىش نۇقتىسى** <ھەرب> يېنىك، ئېغىر پىلىموت، بىۋاستە قارىغا ئالىدىغان زەمبىرەك قاتارلىقلارنى ئورۇنلاشتۇرىدىغان ۋە ئاتىدىغان ئورۇن.

**ئېتىشماق** ① «ئاتماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئىككى تەرەپنىڭ ئارىلىقى بارغانسېرى تارىيىپ، ئېتىشىش باشلاندى. ② بىر-بىرى بىلەن تەگىشىپ قالماق، دېيىشىپ قالماق؛ جېدەللەشمەك: ئۇزۇن

بولدى ئۇلار ئېتىشىپ يۈرگىلى.

**ئېتىشمەك** I «ئەتمەك I» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار كۈن پېتىشى بىلەن سېپىل دەرۋازىسىنى ئېتىشىپ بىرمۇ ئىنساننى كىرگۈزمىدى.

**ئېتىشمەك** II «ئەتمەك II» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**ئېتىشۋازلىق** ئى. ئوقىيا، مىلتىق قاتارلىق ئېتىش قوراللىرى ئارقىلىق ئېلىپ بېرىلىدىغان جەڭ؛ ئۇرۇش: ئەگەر راستىنلا ئېتىشۋازلىق بولۇپ قالسا، قانداق قىلارمىز؟

**ئېتىقاد** ئى (ئە) ① بىرەر مەسىلىككە، ئىدېئولوگىيىگە، كۆز قاراشقا؛ بىرەر كىم ياكى بىرەر نەرسىگە بولغان ئىشەنچ، ئۇنىڭغا باغلانغان ئۈمىد: گۈل دېگەنگە گۈل بولامدۇ، قاتى-قاتى بولمىسا. يار دېگەنگە يار بولامدۇ ئېتىقادى بولمىسا. ② خۇداغا ياكى بىرەر غەيرىي تەبىئي كۈچكە بولغان ئىشىنىش: دىنىي ئېتىقاد. * بۇ ئادەمنىڭ ئېتىقادى كۈچلۈك.

**ئېتىقاد قىلماق** ئىشەنمەك، ئۈمىد باغلىماق: مانا بۇلار زەيتۇنەمنىڭ ئەزەلدىن ئېتىقاد قىلىپ كېلىۋاتقان ۋە بۇندىن كېيىنمۇ مەڭگۈ ئېتىقاد قىلىدىغان چىن ئەقىدىسى.

**ئېتىقادچى** ئى. بىرەر گۇرۇھ، بىرەر مەسىلەك، بىرەر شەخس قاتارلىقلارغا ئېتىقاد قىلىدىغان كىشى.

**ئېتىقادچىلىق** ① «ئېتىقادچى» سۆزىنىڭ ئابستراكت ئىسىم شەكلى. ② ئى <پەلس> ئىلىم ئورنىغا ئېتىقادنى دەسسىتىدىغان بىر خىل ئىدېئالىستىك دۇنيا قاراش. مەسىلەن، ئوتتۇرا ئەسىردىكى ياۋروپادىكى مەدرىسە پەلسەپىسىگە ئوخشاش، ئېتىقادچىلىق ئېكسپلاتاتسىيە قىلغۇچى سىنىپلارنىڭ ئەمگەكچى ئاممىنى ئەخمەق قىلىش، ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمرانلىقنى قوغداشتىكى بىر خىل قورالى.

**ئېتىقادلىق** سۈپ. مەلۇم نەرسىگە ئېتىقادى بار، ئېتىقادى بولغان: گۈل ئېچىلسا نە بولۇر، بەرگى ئېچىلسا نە بولۇر. ئېتىقادلىق يار بىلەن، داغلار كۆتۈرسە نە بولۇر.

**ئېتىك** سۈپ. ئېتىلگەن، تاقالغان: ئىشىك ئېتىك. دېرىزە ئېتىك.

**ئېتىك تام** <تىيا> يېقىنقى زاماننىڭ ئەينەك زامكىلىق سەھنىسى ئومۇملاشقاندىن كېيىن، ئادەتتە تەسۋىرلەنگەن رېئال ئۆينىڭ ئىچكى دېكوراتسىيىسىنىڭ ئۈچ تېمىلا كۆرۈنۈپ، سەھنە ئېغىزى تەرەپتىكى بىر تېمى مەۋجۇت بولمايدۇ. مانا بۇ ئېتىك دېيىلىدۇ.

**ئېتىك سىستېما** <فىز> سىرتقى مۇھىت بىلەن ماددا ئالماشتۇرمايدىغان، لېكىن ئېنېرگىيە ئالماشتۇرىدىغان تېرمودىنامىكىلىق سىستېما. مەسىلەن، قاچا ئىچىگە قاچىلىنىپ ھەم ئېتىۋېتىلگەن گاز سىرتقى مۇھىت بىلەن ماددا ئالماشتۇرالمايدۇ. لېكىن ئېنېرگىيە ئالماشتۇرالايدۇ. بۇ ۋاقىتتا بۇ گاز بىر ئېتىك سىستېما بولىدۇ.

**ئېتىكا** ئى (ر<لات) <پەلس> ئەخلاق ۋە ئۇنىڭ مەنبەسى، تەرەققىياتى، كىشىلەر ھەرىكىتىنىڭ مىزانى، كىشىلەرنىڭ بىر-بىرىگە، كىشىلەرنىڭ جەمئىيەتكە، دۆلەتكە ئۆتەشكە تېگىشلىك مەجبۇرىيەتى قاتارلىقلار توغرىسىدىكى تەلىمات. ماركسىزملىق پەلسەپە ئەخلاقنىڭ پەيدا بولۇشى، راۋاجلىنىشىنىڭ ئوبيېكتىپ قانۇنىيىتىنى ئېچىپ بېرىپ، ئىلمىي ئېتىكىنى بەرپا قىلدى.

**ئېتىكاپ** ئى (ئە) <دىن> مەسچىت ياكى خالىي ئىبادەت ئورۇنلىرىغا كىرىۋېلىپ

قىلىدىغان بىر خىل يوشۇرۇن ئىبادەت شەكلى: ئېتىكاپتا ئولتۇرماق.

**ئېتىكاپتا ئولتۇرماق** مۇسۇلمانلارنىڭ خانىقا، مازار، مەسچىت قاتارلىق جايلاردا مەلۇم مۇددەت خالىي ئولتۇرۇپ خۇداغا تائەت-ئىبادەت قىلىش پائالىيىتىنى كۆرسىتىدۇ: ئۇ قالغان ئۆمرىنىڭ ھەممىسىدە ئېتىكاپتا ئولتۇرۇپ، دۇئا-تەلەپ قىلغان بىلەنمۇ ئاللانىڭ بۇنداق ئېغىر گۇناھىنى مەغپىرەت قىلمايدىغانلىقىغا كۆزى يېتەتتى.

**ئېتىكاپخانا** ئى (ئە+پ) ئېتىكاپ قىلىدىغان ئۆي: تۆگىچى دەرھال مەلىكىگە بىر ئېتىكاپخانا تەييارلاپ بېرىپتۇ، مەلىكە شۇ ئېتىكاپخانىدا ئىبادەتكە مەشغۇل بولۇپتۇ.

**ئېتىكلىك** سۈپ. ئېتىۋېتىلگەن، تاقىۋېتىلگەن، ئېتىلگەن: سېپىل دەرۋازىسى چىڭ ئېتىكلىك ئىدى.

**ئېتىل** ئى (ر<گرېك) <خىم> ئېتان مولېكۇلىسى ($CH_3CH_3$) دىن بىر ئاتوم ھىدروگېنىنى ئېلىپ تاشلىغاندا ھاسىل بولغان بىر ۋالېنتلىق رادىكال، يەنى $CH_3CH_2^-$.

**ئېتىل ئاتسېتات** <خىم> ئورگانىك بىرىكمە، يەنى رەڭسىز سۇيۇقلۇق. خىمىيۋى فورمۇلىسى $CH_3COO_2H_5$. ئالما ھىدىغا ئىگە. ئاسان ئوت ئالىدۇ، سۇدا ئازراق ئېرىيدۇ. ھورى ھاۋا بىلەن پارتلايدىغان ئارىلاشما پەيدا قىلىدۇ. خۇشبۇي ماتېرىياللار ۋە سىر سانائىتىدە ئېرىتكۈچى قىلىنىدۇ. ئۇ يەنە ئورگانىك سىنتېزنىڭ مۇھىم خام ئەشياسىدۇر.

**ئېتىل ئېفىر** <خىم> ئورگانىك بىرىكمە، يەنى ئېفىرلارنىڭ بىرى. مولېكۇلا فورمۇلىسى $C_2H_5OC_2H_5$. رەڭسىز ئۇچۇشچان سۇيۇقلۇق. ئالاھىدە پۇراققا ئىگە، ئاسان يانىدۇ. ناھايىتى كەڭ قوللىنىلىدۇ. دورىگەرلىكتە ھوشسىزلاندۇرغۇچى دورا قىلىنىدۇ.

**ئېتىل ئىسپىرتى** <خىم> ئورگانىك بىرىكمە، يەنى ئىسپىرتلارنىڭ بىر خىلى. مولېكۇلا فورمۇلىسى $C_2H_5OH$. رەڭسىز يېنىشچان سۇيۇقلۇق. ئالاھىدە پۇراققا ئىگە. قەنتلىك ماددىلارنى ئېچىتىپ دىستىلەش ئارقىلىق ئېلىنىدۇ. ئېتىلېندىن پايدىلىنىپمۇ ئېلىش مۇمكىن. سىنتېتىك كاۋچۇك، سۇلياۋ، بوياق قاتارلىق ماتېرىياللارنى ئىشلەشكە ئىشلىتىلىدۇ. «ئېتىل ئالكوگول» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

**ئېتىلدۇرماق** «ئېتىلماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**ئېتىلغان** «ئېتىلماق» پېئىلىنىڭ سۈپەتداشى: ئېتىلغان جىسىم.

**ئېتىلغان جىسىم** <فىز> ھاۋانىڭ خالىغان تەرىپىگە قارىتىپ ئېتىلغان جىسىم كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ھاۋانىڭ قارشىلىق كۈچىنىڭ تەسىرى بىلەن، ئېتىلغان جىسىمنىڭ يەرگە چۈشۈشتىن ئىلگىرى باسقان ئارىلىقى ھاۋانىڭ قارشىلىقى بولمىغان ئەھۋالدىن قىسقا بولىدۇ.

**ئېتىلما** سۈپ. ئېتىلىدىغان، ئېتىلىپ چىقىدىغان: ئېتىلما جىنس.

**ئېتىلما جىنس** <گېئول> ماگما ئېتىلىپ چىقىپ يەر يۈزىدە قېتىشقاندىن كېيىن ھاسىل بولغان تاغ جىنسى.

**ئېتىلما ئېقىن** <فىز> تۆشۈك ياكى تۇرۇبا ئېغىزىدىن يۇقىرى سۈرئەت بىلەن ئېتىلىپ چىققان دەستىسىمان ئاقار جىسىم. ھاۋادىكى سۇيۇقلۇقلارنىڭ ئېتىلما ئېقىنى ئەركىن ئېتىلما ئېقىن دەپ ئاتىلىدۇ.

**ئېتىلماق** «ئاتماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل

دەرىجىسى: بوۋاينىڭ چىرايى بارغانچە جىددىي تۈس ئالدى. ئۇ خۇددى پىلموت ئېتىلغاندەك توختىماي سۆزلەيتتى. * ئۇنىڭ ئاران تۇتۇپ تۇرغان كۆز ياشلىرى ئاخىرى ئېتىلىپ چىقتى.

**ئېتىلىپ چىقىش** <جۇغ> ۋولقان ئىچكى قىسمىدىكى ماگمىنىڭ تۇيۇقسىز يەر پوستىنى يېرىپ، ئەتراپقا چېچىلىپ چىقىشى.

**ئېتىلمەك I** «ئەتمەك I» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: تۆشۈك ئېتىلمەك. * ئۇنىڭ تومپايغان قورساقلىرىغا چاپىنىنىڭ پەشلىرى يەتمىگەنلىكتىن، ئارانلا بىر تۈگمىسى ئېتىلگەنىدى.

**ئېتىلمەك II** «ئەتمەك II» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: پولۇ ئېتىلدى. * ئىشتىن كەلسەم، ئۆيدە تاماق ئېتىلىپ بولۇپتۇ.

**ئېتىلېن** ئى (ر<گرېك) <خىم> ئورگانىك بىرىكمە، يەنى ئالكېنلارنىڭ بىر خىلى. مولېكۇلا فورمۇلىسى $C_2H_4$. رەڭسىز، يېنىشچان گاز. مەززىلىك پۇراقى ئىگە. نېفت، كوكسلاردىن پايدىلىنىپ ئېلىنىدۇ. ئۇ مۇھىم سانائەت خام ئەشياسى بولۇپ، كەپشەرلەش، مېتاللارنى كېسىش ھەم مېۋىلەرنىڭ پىشىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە ئىشلىتىلىدۇ.

**ئېتىلېن تالاسى** <خىم> ئېتىلېننى خام ئەشيا قىلىپ ئىشلەنگەن سىنتېتىك تالا.

**ئېتىلېن سمولا** <خىم> ئېتىلېندىن تۈزۈلگەن پلاستىك ماتېرىيال. بۇ خىل سمولا يۇقىرى بېسىم ۋە يۇقىرى تېمپېراتۇرا ئاستىدا ۋە كاتالىزاتور بار شارائىتتا، ئېتىلېننى بىرىكتۈرۈش ئارقىلىق ئېلىنىدۇ.

**ئېتىلېندىئامىن** ئى (ر<گرېك) <خىم> قويۇق ۋە يېپىشقاق، رەڭسىز سۇيۇقلۇق، خىمىيۋى فورمۇلىسى $H_2NCH_2CH_2NH_2$ پۇرىقى ئامىياكنىڭكىگە ئوخشايدۇ. سۇدا ۋە ئېتانولدا ئېرىيدۇ، ئېتىل ئېفىر ۋە بېنزولدا ئېرىمەيدۇ. ئىشقارلىق خۇسۇسىيىتى بار، ھاۋادىكى كاربون (IV) ئوكسىدنى سۈمۈرەلەيدۇ، شۇڭلاشقا ئانئورگانىك كىسلاتالار بىلەن ئۆزئارا بىر-بىرىگە تەسىر قىلىپ سۇدا ئېرىيدىغان تۇزلارنى ھاسىل قىلىدۇ. بوياق، كاۋچۇكنىڭ گۈڭگۈرتلىنىشىنى تېزلەتكۈچى ماددا، دورا، ئېرىتكۈچى قاتارلىقلارنى ئېلىشتا ئىشلىتىلىدۇ.

**ئېتىلىش** ① «ئېتىلماق» پېئىلىنىڭ يەنە بىر خىل ئىسمىدىشى: ئېتىلىش ئېگىزلىكى. ئېتىلىش مۇساپىسى. ② ئى <تەن> يۈگۈرۈش مۇسابىقىسىدا، ئاخىرقى پەللىگە يېقىنلاشقان چاغدىكى پۈتۈن كۈچ بىلەن ئالدىغا ئېتىلىش ھەرىكىتى.

**ئېتىلىش مۇساپىسى** <فىز> يانتۇ ئېتىلغان جىسىم ھەرىكىتىدە ئېتىلىش نۇقتىسىدىن چۈشكەن نۇقتىغىچە بولغان گورىزونتال ئارىلىق.

**ئېتىلىش ئېگىزلىكى** <فىز> يانتۇ ئېتىلغان جىسىم ھەرىكىتىدە جىسىم يېتىپ بارغان ئەڭ يۇقىرى نۇقتىنىڭ ئېگىزلىكى.

**ئېتىلىشماق** «ئېتىلماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: تۆت بەش چېرىك خۇددى قوزىغا ئېتىلغان بۆرىدەك ئېتىلىشىپ بېرىپ ئۇنى چەمبەرچاس باغلىدى.

**ئېتىم** مىق. بىر قېتىم چېكىشكە يېتىدىغان (ناسۋال ھەققىدە): بىر ئېتىم ناسۋال.

**ئېتىماد** ئى (ئە) يېزت. ئىشەنچ: ئۇنىڭغا نېچۈك ئېتىماد قىلغىلى بولسۇن.

**ئېتىماد باغلىماق** ئىشەنچ قىلماق، ئىشەنمەك: ھەرقايسىلىرى شىڭ شىسەيگە

ئېتماد باغلاپ ناھايىتى زور خاتالىق سادىر قىلىشتىلا.

**ئېتماد قىلماق** ← **ئېتماد باغلىماق:** ئۇنىڭغا نېچۈك ئېتماد قىلغىلى بولسۇن؟

**ئېتىمولوگىيە** ئى (ر<گرېك) <تىل> ① تىلشۇناسلىقنىڭ بىر تارمىقى. سۆزنىڭ كېلىپ چىقىشى، مەنبەسىنى تەتقىق قىلىدۇ. ② سۆزنىڭ مەنبەسى، كېلىپ چىقىشى، مىللەت تەۋەلىكى: «ئادەم» سۆزىنىڭ ئېتىمولوگىيىسىنى ئېنىقلىماق.

**ئېتىمولوگىيىلىك** سۈپ. ئېتىمولوگىيىسى بار، ئېتىمولوگىيە بېرىلگەن: ئېتىمولوگىيىلىك لۇغەت.

**ئېتىنىل** ئى (ر<گرېك) <خىم> ئېتىن مولېكۇلىسىدىن بىر ئاتوم ھىدروگېننى چىقىرىۋەتكەندە ھاسىل بولىدىغان بىر ۋالېنتلىق رادىكال.

**ئېتىئولوگىيە** ئى (ر<گرېك) <تىب> مېدىتسىنانىڭ بىر تارمىقى. كېسەللىك پەيدا بولۇش سەۋەبلىرىنى تەتقىق قىلىپ چۈشەندۈرىدۇ.

**ئېتىيود** ئى (ر<فران) <مۇز> قىيىن چېلىش ئۇسۇللىرىنى ئاساس قىلىپ، چېلىش ماھارىتىنى ئاشۇرۇش يۈزىسىدىن ئىشلەن-گەن ئاھاڭلار. ئاتاقلىق كومپوزىتورلار ئىشلىگەن ئېتىيودلار كۆپ چاغلاردا بەدىئىيلىك قىممىتى ناھايىتى يۇقىرى ئاھاڭلار قاتارىغا كىرىدۇ.

**ئېجە** ئى. دىئال. ئاچا، ھەدە .

**ئېجىرىم** سۈپ. ئېنىق، ئوچۇق، كۆزگە كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان: ئېجىرىم ئىش قىلماق.

**ئېجىرىملىق** «ئېجىرىم» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى.

**ئېجىل** سۈپ. ئۆزئارا يېقىن، ئىناق؛ ئامراق: ئېجىل بولماق. * شۇنىڭ بىلەن ئۇلار بارا-بارا ئېجىل بولۇشۇپ قالدى. * مەن ئۇنى ياۋايى ھايۋانلارغا ئېجىل ئىكەن، دەپ شاڭخو قىلغانىدىم.

**ئېجىل بولماق** ئامراق بولۇپ قالماق، مەھلىيا بولۇپ قالماق: ناخشىچى يىگىتكە يولۇقۇپ قېلىپ كۆڭلۈم كۆتۈرۈلۈپ قالدى. شۇڭا مەن ئۇنىڭغا ئېجىل بولۇپ، كەچكىچە ئارقىسىدىن ئەگىشىپ يۈردۈم. * زورىگۈلمۇ ئەبەيگە، ئۆز سىڭلىسىدەك ئېجىل بولۇپ ئۇنىڭدىن بىردەم ئايرىلمايتتى.

**ئېجىلغا چۈشمەك** دىئال. كالىنىڭ كۈيلىشىنى كۆرسىتىدۇ.

**ئېجىللىق** ئى. يېقىنلىق، ئىناقلىق، ئامراقلىق: ئەلۋەتتە مۇنداق دوستلۇق-ئېجىللىق بىر-بىرىنى چۈشىنىشتىن كەلگەن.

**ئېچىتقۇ** ئى <خىم> زەمبۇرۇغلارنىڭ بىر خىلى. سارغۇچ رەڭلىك، يۇملاق ياكى تۇخۇم شەكىللىك. كىلېتكا يادروسى، سۇلۇق پۇۋەكچە قاتارلىقلاردا بولىدۇ. ھاراقنىڭ ۋە خېمىرنىڭ ئېچىشى ئېچىتقۇنىڭ ئىشلىتىلىشىدىن كېلىپ چىقىدىغان خىمىيىۋى ئۆزگىرىشتۇر.

**ئېچىتقۇ پاراشوكى** <خىم> خېمىر بولدۇرۇشتا ئىشلىتىلىدىغان ئاق رەڭلىك پاراشوك. ئۇ ناترىي بىكاربونات، تارترات كىسلاتا ۋە كراخمالنىڭ ئارىلاشمىسىدىن ئىبارەت.

**ئېچىتقۇ زەمبۇرۇغى** <بىئول> زەمبۇرۇغلار-نىڭ بىر خىلى. زەمبۇرۇغ تېنى بىر ھۈجەيرىلىك، شەكلى شارسىمان تۇخۇمسىمان ياكى ئېللىپسسىمان. ھۈجەيرە پوستى، سىتوپلازمىسى ۋە ھۈجەيرە يادروسى بار. سىتوپلازمىسىدا يەنە

بىر چوڭ ۋاكۇئۇلسى بار. مۇۋاپىق مۇھىت ئاستىدا، كۆپىنچە بىخ چىقىرىش شەكلى بىلەن كۆپىيىدۇ.

**ئىچىنتقۇلۇق** ① سۈپ. ئىچىنتقۇ سىلىنغان، تەركىبىدە ئىچىنتقۇ بولغان: ئۇيغۇرلاردا تاماققا قوشۇپ ئىچىنتقۇلۇق ئىچىملىكلەرنى ئىچىش ئادىتى تېخى ئومۇملاشمىغان. ② ئى. كۆچمە. قۇتراتقۇلۇق، ئوت قۇيرۇقلۇق: ھوي بۇ يەردە ئىچىنتقۇلۇق قىلىپ، خەققە جېدەل تېپىپ بەرمەي ئۆز ئىشىڭنى قىلساڭ بولمامدۇ.

**ئىچىنتقۇلۇق قىلماق** ئوت قۇيرۇقلۇق قىلماق، قۇتراتقۇلۇق قىلماق.

**ئىچىنتماق** پ ① «ئىچمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: — مانا بۇ ئۆز قولۇم بىلەن ئۇزۇن زامان ئىچىنتىپ ياسىغان شېرىن قوناق ھارىقى، — دېدى ئاسىم ماڭا بىر رومكا سۇنۇپ. ② قۇتراتماق، كۈشكۈرتمەك: ئۇ ئۇنى دەپ، بۇ بۇنى دەپ ئەركىننى قاتتىق ئىچىنتماقتا ئىدى.

**ئىچىنتمەخور** ئى. دىئال. پىتنىخور.

**ئىچىنتمەخورلۇق** ئى. دىئال. پىتنىخورلۇق.

**ئىچىنتىش** ① ئىچىنتماق» پېئىلىنىڭ يەنە بىر خىل ئىسمىدىشى. ② ئى <بىئول> جانلىقلار ياكى تەندىن ئايرىلغان فېرمېنتلارنىڭ قەنتلەرنى پارچىلاپ، سۈت كىسلاتاسى ياكى ئىسپىرت ۋە كاربون (IV) ئوكسىد قاتارلىقلارنى ھاسىل قىلىش رولى.

**ئىچىنتىلگان** «ئىچىنتىلماق» پېئىلىنىڭ سۈپەتدىشى: ئىچىنتىلگان ئوغۇت. ئىچىنتىلگان يەم-خەشەك.

**ئىچىنتىلگان ئوغۇت** <خىم> ئەخلەت، زىرائەتلەرنىڭ غوللىرى، قوناق چىرىندىلىرى، ئادەمنىڭ گەندە-سۈيدۈكى، لاتقا قاتارلىقلارنى ئازگالغا دۆۋىلەپ، سۇ قۇيۇپ ئىچىنتىپ، پارچىلاش رولى ئارقىلىق ياسالغان ئوغۇت.

**ئىچىنتىلگان يەم-خەشەك** <بىئول> پايدىلىق مىكروئورگانىزملارنىڭ رولى ئارقىلىق تەييارلانغان يەم-خەشەك. ئىچىنتىلگان يەم-خەشەكلەرنىڭ ئاقسىل، قەنت، ۋىتامىن قاتارلىق ئوزۇقلۇق قىممىتى يۇقىرى بولۇش بىلەن بىرگە، تەمىنى، پۇرىقىنى ۋە قاتتىقلىق دەرىجىسىنى ئۆزگەرتىدۇ.

**ئىچىنتىلماق** «ئىچىنتماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: زالىنىڭ بۇلۇڭلىرىدا ئاشلىق ئىچىنتىلىدىغان غايەت زور ياغاچ تۇڭلار بار ئىدى.

**ئىچىرقاتماق** «ئىچىرقىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**ئىچىرقاشماق** «ئىچىرقىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**ئىچىرقىماق** پ. قورسىقى ھەددىدىن زىيادە ئىچىپ كەتمەك، ئاچ قالماق: مېھمانلار ھەددىدىن تاشقىرى ئىچىرقاپ كەتكەنمۇ ياكى پولۇ ئوخشىغانمۇ، مېھمانلار لېگەندىن باش كۆتۈرمەي پولۇ بىلەنلا ھەپىلەشمەكتە ئىدى.

**ئىچىرقاپ كەتمەك** ھەددىدىن زىيادە ئاچ قالماق، ئىچىرقىماق: دېھقاننىڭ ئىچىرقاپ كەتكەنلىكى ئورنىدىن ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن ئىككى كۆزىدىن ئېنىق بىلىنىپ تۇراتتى. * ئىچىرقاپ كەتكەن قورساق سوغۇق بىلەن بىر بولۇپ ئۇنى قىينايتتى.

**ئىچىش** I «ئاچماق I» پېئىلىنىڭ يەنە بىر خىل ئىسمىدىشى: شىنجاڭنى ئىچىش ۋە گۈللەندۈرۈش.

**ئېچىش** II ① «ئېچىماق» پېئىلىنىڭ يەنە بىر خىل ئىسىمدىشى. ② <خىم> مىكرو ئورگانىزملارنىڭ ئورگانىك ماددىلارغا تەسىر قىلىپ، ئۇلارنى ئاجرىتىش جەريانى.

**ئېچىشتۇرماق** «ئېچىشماق II» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: زال ئىچىنى قاپلىغان تاماكىنىڭ ئاچچىق ئىسى دىماغلارنى ئېچىشتۇراتتى. * بۇ شېرىن خىياللار يەنە قانداقتۇر بىر ئاچچىق ھەسسەتكە ئايلىنىپ، ئۇنىڭ يۈرىكىنى ئېچىشتۇراتتى.

**ئېچىشقان** «ئېچىشماق II» پېئىلىنىڭ سۈپەتدىشى.

**ئېچىشماق** I «ئاچماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**ئېچىشماق** II پ ① يارىلانغان ياكى جاراھەتلەنگەن جاي مەلۇم بىر نەرسىنىڭ تەسىرىدىن كۆيۈپ ئاغرىماق: ئۇنىڭ ئوق تەگكەن يېرى ئېچىشىپ ئاغرىشقا باشلىدى. ② كۆچمە. دەرد-ئەلەم، روھىي ئازاب-ئوقۇبەت تارتماق: قىزنىڭ ھالىنى كۆرۈپ بەختىنىڭ يۈرىكى ئېچىشىپ كەتتى. ③ كۆچمە. چىدىماي قالماق: بىر تاۋاق ئالتۇنغا پادىشاھنىڭمۇ بىر يەرلىرى ئېچىشقانىكەن، ئارتۇقچە گەپ قىلماپتۇ.

**ئېچىشقان يەرگە تۇز سەپمەك** ① كۇشكۇرتمەك، قۇتراتماق: ئىچىشقان يەرگە تۇز سېپىپ نېمە قىلىسەن، گەپ بىلەن ئەپلەشتۈرۈپ قويغىنىمىز ياخشى. ② ئاچچىق، خاپىلىق، غەم-قايغۇ، دەرد-ئەلەمنى تېخىمۇ ئېغىرلاتماق، كۈچەيتمەك: ئېچىشقان يەرگە تۇز سەپكەندەك، بۇ گەپ مەدىكارلارنىڭ سۆڭەك-سۆڭىكىدىن ئۆتتى.

**ئېچىشقان يارىغا تۇز سەپمەك** ← **ئېچىشقان يەرگە تۇز سەپمەك**: بۇ خەتنى يازمايمۇ دېگۈدىم، چۈنكى ئېچىشقان يارىغا تۇز سەپكەندەك، بۇنىڭ سىلەر ئۈچۈن دەرد ئۈستىگە دەرد بولىدىغانلىقىنى بىلەتتىم. ئەمما مېنىڭ بېشىمغا كەلگەن بۇ ئىشلاردىن سىزنى ۋاقىپلاندۇرمىسام، كۆڭلۈممۇ ئارام تاپمىغۇدەك.

**ئېچىق** ① ئى. ئېرىق-ئۆستەڭلەرنىڭ ئېتىزلارغا سۇ باشلايدىغان ئېغىزى: بىز ئېچىق ئېتىش ئۈچۈن قومۇرۇپ كۆتۈرگەن چىمنى ئىككى-ئۈچ ئادەم كۆتۈرەلمەيتتى. ② سۈپ. ئېچىلغان، ئېچىۋېتىلگەن، ئوچۇق.

**ئېچىقسىز** سۈپ. دىئال. كىيىمنى ئاۋايلاپ كىيمەيدىغان خوتۇنلارغا قارىتىلىدۇ.

**ئېچىقلىق** سۈپ. ئېچىۋېتىلگەن، ئوچۇق: ئارقا دېرىزىدىكى پەردىنىڭ بىر پارچىسى يەرگە چۈشۈپ كەتكەن، دېرىزە ئېچىقلىق تۇراتتى. * قىز چوڭقۇر خىيالغا چۆمگەن ھالدا، ئېچىقلىق تۇرغان كىتابقا قاراپ ئولتۇراتتى.

**ئېچىلدۇرماق** «ئېچىلماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئېچىلدۇردۇق مەڭگۈ توزىماس، چىن دوستلۇقنىڭ بىر جۈپ گۈلىنى. يېتىلمەكتە پەرزەنتلىرىمىز — بىر-بىرىنىڭ تۇتۇپ قولىنى.

**ئېچىلدۇرۇلماق** «ئېچىلدۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**ئېچىلما** ① سۈپ. ئېچىلغان، ئېچىلىدىغان: ئېچىلما بايلىقلار. ② ئى <گېئول> تاغ جىنسى، يەر قاتلاملىرى، كان تومۇرلىرى ۋە كان ياتقىلىرىنىڭ يەر ئۈستىگە ئېچىلغان قىسمى. ئېچىلما كان ياتقىسى مەۋجۇتلۇقىنىڭ بىۋاسىتە كۆرسەتكۈچىسى-

دۇر.

**ئىچىلماق** ① «ئاچماق I» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئىشىك ئىچىلىپ كىمدۇر بىرى كىرىپ كەلدى. ② غۇنچە ۋە پورەك گۈل كاسىسىدا يېيىلىپ ئاشكارا بولماق، كۆركەم ھالەتكە كەلمەك: گۈل سەھەر-دە ئىچىلار، خىيال كېچىدە (ماقال). * رەڭگارەڭ گۈللەر ئىچىلىپ مەكتەپ ئىچى باغچىغىلا ئوخشاپ قالغانىدى. ③ بۇلۇتلار تاراپ ئاسمان ئىنىق كۆرۈنمەك: ھاۋا ئىچىلدى. ④ خاپىلىقى، قەھرى-غەزىپى يوقالماق، كەيپىياتى يۇقىرى ئۆرلىمەك: رەنا ئارسلاننى كۆرۈپ بىردىن چىرايى ئىچىلىپ، خۇشاللىقىدىن سەكرىگىنىچە كېلىپ ئۇنى قۇچاقلىۋالدى. ⑤ ھۆسنىگە-ھۆسن قوشۇلماق، تېخىمۇ گۈزەل، كۆركەم بولماق، ياراشماق: بۇنى كىيىۋىدىڭ چىرايىڭ تېخىمۇ ئىچىلىپ كەتتى.

**ئىچىلىپ قالماق** ئاشكارىلىنىپ قالماق، پاش بولۇپ قالماق: ھە، سىرىڭلار ئىچىلىپ قېلىپتۇ-دە!

**ئىچىلىپ-يېيىلىپ** كەڭتاشا، ئازادە، قورۇنماي؛ ئوچۇق-يورۇق: قېنى پەلتويىڭلارنى سېلىپ ئىچىلىپ-يېيىلىپ ئولتۇرۇڭلار. * ھېلىقى كىشى مېنىمۇ دېھقانلارغا يېقىن ھېس قىلدى بولغاي، تېخىمۇ ئىچىلىپ-يېيى-لىپ سۆزلەپ كەتتى.

**ئىچىماق** پ. ئورگانىك ماددىلار مىكرو ئورگانىزملار تەسىرىدە پارچىلىنىپ ئۆزگەرمەك؛ سېسىماق، بۇزۇلماق: خېمىر ئىچىماق.

**ئىچىنارلىق** سۈپ. كىشىنىڭ رەھمىنى كەلتۈرىدىغان، ئادەمنى ئىچىندۇرىدىغان، ئىچىنىشلىق: ھەي!... مۇشۇنداق ئىچىنارلىق ئاقىۋەتنىڭ بولۇشىنى زادىلا ئويلىماپتىمەن.

* — سەنچۇ، سەن نېمە دېدىڭ گۈلباھار،
— دېدى يىگىت ئىچىنارلىق ھالدا.

**ئىچىندۇرماق** «ئىچىنماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇنىڭ بۇ ھالى كىشنى ئىچىندۇراتتى.

**ئىچىنماق** پ. ئىچ ئاغرىتماق، كۆيۈنمەك، رەھمى كەلمەك: قاسساپنىڭ ھالىغا ئىچىنغان خالايىق «بۇ قانداق ئەھۋال؟!» دەپ تەرەپ-تەرەپتىن ۋارقىراشتى.

**ئىچىنىش** «ئىچىنماق» پېئىلىنىڭ يەنە بىر خىل ئىسمدىشى: دادىسىنىڭ چىرايىدا بىر خىل ئىچىنىش ئالامىتى پەيدا بولدى. * مېنىڭ قەلبىمنى مومايغا بولغان ئىچىنىش تۇيغۇسى مۇجۇۋالغانىدى.

**ئىچىنىشلىق** سۈپ. كىشىنىڭ رەھمىنى كەلتۈرىدىغان، ئىچىندۇرىدىغان، ئىچىنار-لىق: چولپاننىڭ ئىچىنىشلىق كەچۈرمىشلىرىنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭ كۆڭلى بۇزۇلغانىدى.

**ئىچىنىشماق** «ئىچىنماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: بۇ يەردە ئىشى يوق ئادەمدەك نېمگە ئىچىنىشىپ تۇرۇپ كېتىشتىڭلار؟ ھەممىڭ بېرىپ ئىشلىرىڭنى قىلىش. * — ھەي، بىچارە قىز! — دەپ ئىچىنىشتى ھېلىقى قىزلار.

**ئىچىئۇرىدا** ئى (ر<لات) <زوئول> ← **ئىچىئۇرىدا قۇرتى.**

**ئىچىئۇرىدا قۇرتى** <زوئول> ئومۇرتقىسىز ھايۋانلارنىڭ بىر كلاسى. تاق جىنسلىق، تېنى ئۇزۇن كاناي شەكلىدە، بوغۇمى يوق. ئاز بىر قىسمىنىڭ قىلچىقلىرى بولىدۇ. دېڭىز ئاستىدىكى پاتقاقلىقلاردا ياشايدۇ.

**ئىخ** ئىم. سۆيۈنۈش، زوقلىنىش ئىماسىنى بىلدۈرىدۇ: ئىخ! گۈزەل دۇنيا. * ئىخ بىپايان

زېمىن.

**ئېخنوكوك** ئى (ر<گرېك) <تىب> ← **ئېخنوكوك كېسەللىكى.**

**ئېخنوكوك كېسەللىكى** <تىب> ئىت تاسمىسىمان مەددە قۇرتىنىڭ لىچىنكىلىرى تەرىپىدىن قوزغىتىلىدىغان پارازىت كېسەللىك. يېتىلگەن قۇرت ئىت ئۈچىيىدە ياشاپ، تۇخۇملىرى تەرەت بىلەن بىللە سىرتقا چىقىرىلىدۇ. قۇرت تۇخۇمى بىلەن بۇلغانغان يېمەكلىكلەر ئارقىلىق ئادەم ياكى ئۆي ھايۋانلىرى يۇقۇملىنىدۇ. قۇرت تۇخۇملىرى جىگەر ياكى ئۆپكىگە ئورۇنلىشىپ، جىگەرنى زورايتىدۇ، جىگەر دائىرىسى ئاغرىيدۇ ياكى يۆتىلىدۇ. ئادەتتە ئوپېراتسىيە قىلىپ داۋالاشقا توغرا كېلىدۇ.

**ئېدەر** ئى. تۇغقان ئايالنىڭ ئۆزىنى ئاسراپ سالامەتلىكىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن كېتىدىغان قىرىق كۈنلۈك پەرھىز ۋاقتى: ئېدەر تۇتماق. ئېدەر ۋاقتى.

**ئېدەر تۇتماق** تۇغقان ئايال سالامەتلىكى ئەسلىگە كەلگىچە قىرىق كۈن پەرھىز تۇتماق.

**ئېدەر سالماق** بالا تۇغۇلغان ئۆيگە بەلگە ئۈچۈن ئىشىك بېشىغا قىزىل لاتا ئېسىپ قويماق.

**ئېدەر قىلماق** بالا تۇغۇلۇپ مەلۇم مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن ئۇرۇق-تۇغقانلارنى، جامائەتنى چاقىرىپ ياغ پۇرىتىپ بالىغا سالامەتلىك ۋە ئۇزۇن ئۆمۈر تىلىمەك.

**ئېدەر ۋاقتى** بالا تۇغۇلۇپ قىرىق كۈن بولغۇچە بولغان ۋاقىت.

**ئېدىس** ئى (ر<لات) <زوئول> ← **ئېدىس پاشىسى.**

**ئېدىس پاشىسى** <زوئول> پاشىنىڭ بىر خىلى. يېتىلگىنىنىڭ رەڭگى قارا ياكى قوڭۇر، پۇتىدا ئاق رەڭلىك يوللىرى بولىدۇ، قانىتىدا داغلىرى بولمايدۇ. توختىغاندا تېنى توختىغان جايدىكى تەكشىلىك بىلەن پاراللېل ھالەتكە كېلىدۇ. لىچىنكىسى ۋە قورچىقى دەرەخ كامارلىرى ۋە ئويمان جايلاردىكى يىغىلىپ قالغان سۇ كۆلچەكلىرىدە ياشايدۇ. تۇخۇمى .سۇ ئاستىغا تارقاق ھالەتتە تىنىپ قالىدۇ. ئادەتتە ئۇ تارقىلىشچان B تىپلىق مېڭە ياللۇغى قاتارلىق كېسەللىكلەرنىڭ ۋاسىتىچىسى ھېسابلىنىدۇ.

**ئېدىت** ئى (ئە) ھېساب، سان: ھازىر بوزلۇق ئىچىدە ئوسا قىلىنىۋاتقان يەرنىڭ ئېدىتى يوق. * تەشمىنىڭ ئىچىدىكى قورام تاشلارنىڭ ئېدىتى يوق ئىدى.

**ئېدىتلاتماق** « ئېدىتلىماق » پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**ئېدىتلاشماق** « ئېدىتلىماق » پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار ئۆلگەن چېرىكلەرنى ئېدىتلىشىپ كۆرۈۋىدى توپتوغرا ئۈچ مىڭ چىقتى.

**ئېدىتلانماق** « ئېدىتلىماق » پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**ئېدىتلىق** سۈپ. سان-سانىقى ئېلىنغان، ھېساب-كىتاب قىلىنغان: ئېدىتلىق ئىش بۇزۇلماس (ماقال).

**ئېدىتلىماق** پ. ھېسابلىماق، سانىنى ئالماق: ئۇ شۇ ئاخشىملا جىلغىغا بېرىپ، چېرىكلەرنى ئېدىتلاپ قارىسا، چېرىكلەرنىڭ ئۈچتىن بىرى چىقىم بولۇپتۇ. * ھاكىم زىندانبېگى، پايلاقچى ۋە گۇندىپايلارنى ئېدىتلاپ چىقتى.

**ئېدىر** ئى. تەكشىلىككە نىسبەتەن ئېگىز

يەر، تۆپىلىك؛ ئېگىزلىك: ئېلىمىزدە تاغلىق رايون، ئېدىرلىقلارنىڭ كۆلىمى كەڭ بولۇپ، مەملىكەت يەر مەيدانىنىڭ % 60 تىن كۆپرەكىنى ئىگىلەيدۇ.

**ئېدىر قىلىيورغىسى** <زوئول> قىلىيورغىنىڭ بىر خىلى. تېنىنىڭ ئۇزۇنلۇقى قىرىق سانتېمېتىر، تۇمشۇقى ئۇزۇن ھەم تۈز، پەيلىرىنىڭ رەڭگى سۇس سارغۇچ قوڭۇر كېلىدۇ. ئۈستىدە قارا رەڭلىك توغرا يولچىلىرى بولىدۇ. كۆزى چوڭ ھەم ئۆتكۈر. تۇمشۇقىنىڭ تۈۋىدىن كۆزىگىچە قارا يوللىرى بولىدۇ. ئادەتتە نەم ۋە ئورمانلىقلاردا، ئېدىرلىقلاردا، يايلاقلاردا ياشايدۇ. كۆپرەك كېچىسى ھەرىكەت قىلىدۇ. ھاشارات، ئۆسۈملۈكلەرنىڭ ئىنچىكە يىلتىزى، شىرنىلىك مېۋە قاتار-لىقلار بىلەن ئوزۇقلىنىدۇ.

**ئېدىرلىق** ئى. ئېدىر كۆپ شەكىللەنگەن، ئېدىر كۆپ جاي: تىك كۆتۈرۈلگەن قۇياش-نىڭ تەپتىدە ئېدىرلىق قىزىپ كەتكەنىدى.

**ئېرا** ئى (ر<لات) <گېئول> خەلقئارا گېئولوگىيە يىلنامىسىدىكى ئىككىنچى دەرىجىلىك گېئولوگىيىلىك دەۋر بىرلىكى.

**ئېراتېيوم** ئى (ر<لات) <گېئول> جانلىقلار-نى تۈرگە ئايرىشنىڭ ئەڭ يۇقىرى بىر دەرىجە بىرلىكى.

**ئېرەكتە** ئى. دىئال. ئەر.

**ئېرەم** ئى (ئە) چۆچەكلەردە تەسۋىرلىنىد-غان گۈزەل بىر باغنىڭ نامى: نە ئىمىش بوستان، ئېرەمدۇر بارچە شاد يايرايدىغان، شىرنىسى بالدەك ئۈزۈمنى ياغ كەبى چاينايدىغان.

**ئېرەن** I ئى. پىسەنت، پەرۋا؛ نەزەر: — نېمە قىل دەيسەن، ئۇمۇ تىرىك جان بولغاندىكىن، بىر ئىشنىڭ يولىنى قىلىۋاتىدىغاندۇ، — دېدى ئەختەمباي ئانچە ئېرەن قىلماي.

**ئېرەن قىلماسلىق** پىسەنت قىلماسلىق، نەزەرگە ئالماسلىق: مەن بۇ ئىشقا ئانچە ئېرەن قىلمايلا ئۆز ئىشىمغا تۇتۇندۇم.

**ئېرەن** II ئى (ر) <بوت> ھاماملېلىس چاتقىلى ئائىلىسىدىكى يوپۇرماق تاشلايدى-غان دەرەخ. يوپۇرمىقى ئۈچكە يېرىلغان بولۇپ، نۆۋەتلىشىپ ئۆسىدۇ، گىرۋەكلىرىدە ھەرىنىڭكىدەك چىشلىرى بولىدۇ، كۈز پەسلىدە قىزىل رەڭگە ئۆزگىرىدۇ. گۈلى سارغۇچ قوڭۇر، مېۋىسى قاناتلىق مېۋە. دەرىخىدىن ئېلىنغان مايني دورىغا ئىشلىتىشكە بولىدۇ.

**ئېرەنسىز** سۈپ. ئېرەن قىلماي: بۇ سۆزلەرنى شەمشىدىن ئېرەنسىز ئۆتكۈزۈۋەتتى.

**ئېرەنسىزلىك** «ئېرەنسىز» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: ئانام چاقىرىۋاتسا كېرەك دەپ ئويلاپ ئېرەنسىزلىك بىلەن بېشىمنى ئاستا كۆتۈردۈم. * — ساقچى ئەپەندىم، — دېدى ھېلىقى كىشى ئازراق ئولتۇرغاندىن كېيىن ماڭا قاراپ، مەن ئۇنىڭغا ئېرەنسىزلىك بىلەن كۆز تاشلىدىم.

**ئېرەنسىزلىك قىلماق** پەرۋاسىزلىق، ئېھتىياتسىزلىق قىلماق: بۇنىڭ بىلەن ئالتوپى-لاڭ تۇغۇلمايدۇ، دەپ ئېرەنسىزلىك قىلىشقا بولمايدۇ.

**ئېرەنشمەك** پ. كۆڭۈل بۆلمەك، پىسەنت قىلماق: ئۇ بۇ ئىشلارغا ئانچە ئېرەنشىپ كەتمىدى.

**ئېرەنلىك** ئى. ئېرەن كۆپ ئۆسكەن جاي: ئەمەنلىكتە ئەر ئۆلمەس، ئېرەنلىكتە ئات ئۆلمەس (ماقال).

**ئېرىبىي** ئى (ر<شۋېد) <خىم> مېتال

ئېلېمېنت. بەلگىسى Er (erbium) . بىر
خىل سىېرەك مېتال بولۇپ، كۆمۈشتەك
پارقىرايدۇ، سۇنى پارچىلىيالايدۇ.

**ئېرپان** ئى (ئە) يېزت. كىشلەرنىڭ ئاڭ
سەۋىيىسىنى، مەدەنىيىتىنى ئاشۇرۇشقا
قارىتىلغان تەلىم-تەربىيە؛ مەرىپەت،
مائارىپ: ئىلىم-بىلىم مەنبەسى نۇرى
ئېرپاندۇر كىتاب، تېخنىكىسىنىڭ خەزىنىسى
كەڭرى ئىمكاندۇر كىتاب. * تۇتقىن قوزام،
مەن باشلاپ باراي، يېتىملەرنىڭ ئىللىق
بېغىغا، ياخشى ئوقۇپ، دارىلئىتامدا، چىق
ئېرپانىنىڭ ئالتۇن تېغىغا.

**ئېرتقۇزماق** « ئېرتماق» پېئىلىنىڭ
مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**ئېرتقۇزۇلماق** « ئېرتقۇزماق» پېئىلىنىڭ
مەجھۇل دەرىجىسى.

**ئېرتماق** پ. سۈرتكۈچ، لاتا، قەغەز
قاتارلىق نەرسىلەر بىلەن نەرسىلەرنى
سۈرتۈپ تازىلىماق، سۈرتمەك: قول
ئېرتماق، دېرىزە ئېرتماق. جوزا ئېرتماق.

**ئېرتىشماق** « ئېرتماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك
دەرىجىسى.

**ئېرتىلماق** « ئېرتماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل
دەرىجىسى: جوزا-ئورۇندۇقلار پاكىز ئېرتىلغانـ
دى.

**ئېرسال** ئى (ئە) يېزت. ئەۋەتىش، يوللاش:
ئىشق باغىدىن بارار بۇ نامە ئېرسالىم ساڭا،
شۇ بىلەن بولغاي ئايانكىم نامۇئەمالىم ساڭا.

**ئېرسالنامە** ئى (ئە+پ) پالنامە، پال
ھەققىدە يېزىلغان پۈتۈك: ئۇ تۈگۈنچەكنى
ئېچىۋىدى، تۇمارچە قىلىپ قاتلانغان بىر پارچە
ئېرسالنامە چىقتى.

**ئېرسىد** ئى <فىز> مىلادىيە 1777 —
1851 - يىللىرى ياشىغان دانىيە فىزىكا
ئالىمى.

**ئېرسىد تەجرىبىسى** <فىز> ئېلېكتر
توكىنىڭ ئەتراپىدا ماگنىت مەيدانى
مەۋجۇت بولىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدىغان
تەجرىبە. بۇ تەجرىبىنى دانىيە فىزىكا
ئالىمى ئېرسىد مىلادىيە 1820 - يىلى
تۇنجى بولۇپ ئىشلىگەنلىكى ئۈچۈن،
ئۇنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان.

**ئېرگ** مق (ر<گرېك) <فىز> سانتىمېتىر،
گرام، سېكۇنت سىستېمىسىدىكى ئىش
بىلەن ئېنېرگىيىنىڭ بىرلىكى. بىر ئېرگ
دېگىنىمىز بىر دىنا كۈچ جىسىمنى كۈچ
يۆنىلىشىدە بىر سانتىمېتىر ئارىلىققا
يۆتكىگەندە ئىشلىگەن ئىشقا تەڭ بولىدۇ.

**ئېروگلىف** ئى (ر<گرېك) <تارىخ> قەدىمكى
مىسىرلىقلار ۋە بەزى خەلقلەر يېزىقىدا
پۈتۈن بىر چۈشەنچە، ئىبارە، سۆز،
بوغۇم، ياكى تاۋۇشنى ئىپادىلىگەن،
ھايۋان، ئادەم، ھەر خىل بۇيۇم ئەسۋاب -
ۋە شۇ قاتارلىقلار تەسۋىرىدىن ئىبارەت
بولغان بەلگە.

**ئېروگلىفلىق** سۈپ. ئېروگلىفقا ئىگە:
ئېروگلىفلىق يېزىق.

**ئېروگلىفلىق يېزىق** <تىل> نەرسىلەر-
نىڭ شەكلىنى تەسۋىرلەش ئارقىلىق
ئۇقۇم ئۇقتۇرۇلىدىغان يېزىق. ئۇنىڭ
ھەربىر خېتىنىڭ مۇقىم ئوقۇلۇشى بولىدۇ.
بۇ جەھەتتىن ئالغاندا رەسىملىك يېزىققا
ئوخشايدۇ.

**ئېرونىيە** ئى (ر<گرېك) <ئەد> ھەجۋىيـ
نىڭ ياكى ھەزىل، يۇمۇرنىڭ بىر خىل
كۆرۈنۈشى، ئۇ يەنە ئۆز مەنىسىدىن
كۆچۈرۈلگەن سۆزلەرنىڭمۇ بىر تۈرى
بولۇپ، ئۇنىڭدا سۆز، ئىبارە ئەكسىچە
مەنىدە، يەنى قارىمۇقارشى ھالەتتە
كېلىدۇ.

**ئېرۇر** پ. كونا. «بولار، بولىدۇ» دېگەن مەنىدىكى سۆز: تۇغۇلۇپ قوينۇڭدا ئۆستۈم شىر يۈرەك ئوغلان بولۇپ، شۇ سەۋەب قەلبىمدە پەخرىم، شادلىقىم فونتان ئېرۇر.

**ئېرىت** ئى (ر<گرېك) <تىب> كۆزنىڭ رەڭدار پەردىسى ياللۇغلىنىش كېسەللىكى.

**ئېرىترومىتسىن** ئى (ر<لات) <بىئول> ئانتىبىئوتىك دورىلارنىڭ بىر خىلى، يەنى ئاق ياكى سۇس سېرىق رەڭلىك كرىستال. ئادەتتە ئۇ ئۈزۈمسىمان شارچە باكتېرىيە، بوغما تاياقچە باكتېرىيىسى، ئۆپكە ياللۇغى، قوش شارسىمان باكتېرىيە قاتارلىقلارنىڭ يۇقۇملاندۇرۇشىغا قارىتا داۋالاش رولىنى ئوينايدۇ.

**ئېرىتكۈچ** ئى <خىم> باشقا خىل ماددىلارنى ئېرىتىدىغان سۇيۇقلۇق. مەسىلەن، سۇ بىر خىل ئېرىتكۈچ بولۇپ، قەنت، ئاش تۇزى قاتارلىق ماددىلارنى ئېرىتىپ ئېرىتمە ھاسىل قىلىدۇ.

**ئېرىتكۈچى** سۈپ. ئېرىتىش رولىنى ئوينايدىغان، ئېرىتىدىغان: ئېرىتكۈچى مەنبەلىك باكتېرىيە. ئېرىتكۈچى ۋىرۇس.

**ئېرىتكۈچى مەنبەلىك باكتېرىيە** <بىئول> ھۈجەيرىسىدە دەسلەپكى باكتېرىيە يۇتقۇچى تەنچە ھالىتىدە مۆتىدىل باكتېرىيە يۇتقۇچى تەنە مەۋجۇت بولغان باكتېرىيە.

**ئېرىتكۈچى ۋىرۇس** <بىئول> دەسلەپكى ۋىرۇس ھالىتىدە تۇرىدىغان ۋىرۇس. ئۇ باكتېرىيە يۇتقۇچى تەنچىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا مۆتىدىل باكتېرىيە يۇتقۇچى ھېسابلىنىدۇ.

**ئېرىتكۈچى ئېنزىملىق تەنچە** <بىئول> ھۈجەيرە ماددىسىدىكى ھۈجەيرە ئاپپاراتلىرىدىن بىرى. سىرتىنى مايلىق ئاقسىل ئوراپ تۇرىدۇ. ئىچكى قىسمىدا بولسا، گىدرولىزلىغۇچى ئېنزىم بولىدۇ. ئۇ نۇرغۇنلىغان ھايۋانلارنىڭ ھۈجەيرىسىدە بولىدىغان بىر خىل ئېنزىم بولۇپ، ئېرىتكۈچى ئېنزىم تەنىسىدىكى ئېنزىم ئاجراپ چىققاندىن كېيىنلا ئاكتىپلىققا ئىگە بولىدۇ. ئۇ يەنە ھۈجەيرىنىڭ ئىچكى ھەزىمىدە ئىنتايىن مۇھىم رول ئويناش بىلەن بىرگە، ھەر خىل تىپتىكى ھۈجەيرىنىڭ زەخىملىنىشى بىلەنمۇ مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ.

**ئېرىتمە** ئى <خىم> ماددىلارنىڭ سۇيۇقلۇقتا ئېرىشىدىن ھاسىل بولغان تەكشى ھالەتتىكى ئارىلاشما. مەسىلەن، قەنت سۇدا ئېرىپ قەنت ئېرىتمىسىنى (قەنت سۈيىنى) ھاسىل قىلغىنىغا ئوخشاش. پەن-تېخنىكىدا ئىككى ياكى ئىككىدىن ئارتۇق ماددىلاردىن تەركىب تاپقان تەكشى ئارىلاشما كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

**ئېرىتمەك** «ئېرىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: تۇز ئېرىتمەك. مۇز ئېرىتمەك. * ياخشى گەپ تاشنى ئېرىتىدۇ (ماقال). * قىزنىڭ تاتلىق سۆزلىرى ئۇنىڭ قەلبىنى ئېرىتتى.

**ئېرىتىلمەك** «ئېرىمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**ئېرىش** ① «ئېرىمەك» پېئىلىنىڭ يەنە بىر خىل ئىسمىدىشى. ② ئى <خىم> قاتتىق، سۇيۇق ۋە گاز ھالەتتىكى ماددا مولېكۇللىرىنىڭ باشقا سۇيۇقلۇق ئىچىگە تەكشى تارقىلىشى. مەسىلەن، شېكەرنىڭ قاچىدىكى سۇنى شېكەر سۈيىگە ئۆزگەرتكىنىگە ئوخشاش.

**ئېرىش ئەگرى سىزىقى** <فىز> فازا دىئاگراممىسىدا ماددىلارنىڭ قاتتىق فازىسى بىلەن سۇيۇق فازىسىنىڭ تەڭپۇڭ ھالەتتە بىللە مەۋجۇت بولۇپ

تۇرۇشىنى ئىپادىلەيدىغان ئەگرى سىزىق.

**ئېرىش دەرىجىسى** <خىم> مۇئەييەن تېمپېراتۇرا ۋە مۇئەييەن بېسىم ئاستىدا، مەلۇم ماددىنىڭ يۈز گرام سۇ ياكى باشقا ئېرىتكۈچتە ئېرىگەن ئەڭ چوڭ گرام سانى.

**ئېرىش مۇۋازىنىتى** <فىز> ماددا ئېرىگەندە ئېرىگۈچىنىڭ ئېرىتكۈچىگە ئۆزلۈكسىز دىسپېرسلىنىش تېزلىكى بىلەن ئېرىگەن ئېرىگۈچىنىڭ ئېرىمىگەن ئېرىگۈچىنىڭ يۈزىگە ئۆزلۈكسىز يىغىلىش تېزلىكىنىڭ تەڭلىشىش ھالىتى.

**ئېرىش نۇقتىسى** <فىز> كرىستال ماددىلارنىڭ ئېرىگەن چاغدىكى تېمپېراتۇرىسى. ئوخشاش بولمىغان كرىستاللارنىڭ ئېرىش نۇقتىسمۇ ئوخشاش بولمايدۇ. مەسىلەن، ۋولفرامنىڭ ئېرىش نۇقتىسى 3410°C، تۆمۈرنىڭ 1535°C، مۇزنىڭ 0°C بولىدۇ.

**ئېرىش ئىسسىقلىقى** <فىز> بىرلىك ماسسىدىكى مەلۇم بىر خىل كرىستالنىڭ ئېرىش نۇقتىسىدا ئوخشاش تېمپېراتۇرىدىكى سۇيۇقلۇققا ئايلانغان چاغدا قوبۇل قىلغان ئىسسىقلىقى. مەسىلەن، مۇزنىڭ ئېرىش ئىسسىقلىقى 80Cal/g .

**ئېرىشتۈرمەك** «ئېرىشمەك II» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشتۈرمەك. غەلىبىگە ئېرىشتۈرمەك.

**ئېرىشچان** سۈپ. ئاسان ئېرىيدىغان، ئاسان ئېرىش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە بولغان: ئېرىشچان ماددا.

**ئېرىشچانلىق** ئى <خىم> ھەر خىل ماددىلارنىڭ ئېرىتكۈچتە ئېرىش خۇسۇسىيىتى. ئەگەر ئۆي تېمپېراتۇرىسىدىكى 100 گرام سۇدا بىرەر ماددا 10 گرامدىن ئارتۇقراق ئېرىسە، بۇنداق ماددا ئېرىشچان ماددا؛ بىر گرامدىن كەمرەك ئېرىسە، تەستە ئېرىيدىغان ماددا؛ 0.01 گرامدىن كەمرەك ئېرىسە، ئەمەلىي جەھەتتىن ئېرىمەيدىغان ماددا دەپ ئاتىلىدۇ.

**ئېرىشچانلىق كۆپەيتمىسى** <خىم> تەستە ئېرىيدىغان ئېلېكترولىتلارنىڭ تويۇنغان ئېرىتمىلىرىدە، چۆكمىنى تەشكىل قىلغۇچى مۇناسىۋەتلىك ئىئونلار قويۇقلۇقلىرىنىڭ كۆپەيتمىسى مۇئەييەن تېمپېراتۇرىدا ئۆزگەرمەس مىقدار بولۇپ، بۇ مىقدار شۇ ئېلېكترولىتنىڭ ئېرىشچانلىق كۆپەيتمىسى دېيىلىدۇ.

**ئېرىشمە** سۈپ. ئېرىشكەن ياكى ئېرىشىدىغان: ئېرىشمە ئىممۇنىتېت.

**ئېرىشمە ئىممۇنىتېت** <بىئول> تەبىئىي، ئاسان يۇقۇملىنىدىغان ئورگانىزملارنىڭ ئانتىگېن ياكى ئانتىتېلانى ئوكۇل قىلىپ ئۇرۇش نەتىجىسىدە ئېرىشىدىغان، مىكرو-ئورگانىزم ياكى باشقا ئانتىگېنلىق ماددىلارغا قارىتا قارشىلىق كۈچى.

**ئېرىشمەك I** «ئېرىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**ئېرىشمەك II** پ. بىر ئىشتا كۆزلىگەن نىشانغا يەتمەك، قولغا كەلتۈرمەك، ئىگە بولماق: ئىنقىلاب غەلىبىگە ئېرىشتى. * – نادان ئىكەنسىز، – دەپتۇ پادىشاھ ئەپەندىمگە، – پۇل، دۇنيا دېگەن تېپىلىدۇ، ھەقىقەت دېگەنگە ئېرىشمەك قىيىن، سىزنىڭ ئورنىڭىزدا مەن بولسام، ھەقىقەتنى ئالاتتىم.

**ئېرىشلگەن** «ئېرىشلمەك» پېئىلىنىڭ سۈپەتدىشى: ئېرىشلگەن خۇسۇسىيەت. ئېرىشلگەن ئىرسىيەت.

**ئېرىشلگەن خۇسۇسىيەت** <بىئول> جانلىقلارنىڭ ئىندىۋىدۇئال تەرەققىياتى

جەريانىدا تۇرمۇش شارائىتىنىڭ تەسىرى تۇپەيلىدىن تۈزۈلۈشى ۋە فۇنكسىيىسى جەھەتلەردە ھاسىل قىلىدىغان ئۆزگە-رىش. بەزى ئېرىشلگەن خۇسۇسىيەتلەر-دە ئىرسىيەت قالىدۇ.

**ئېرىشلگەن ئۆزگىرىش** <بىئول> مۇھىتنىڭ تەسىرى نەتىجىسدە، يەككە تەننىڭ تەرەققىياتى جەريانىدا تەدرىجىي روشەنلىشىدىغان ۋە ئىرسىيەت قالمايدى-غان بىر خىل ئۆزگىرىش.

**ئېرىشلگەن ئىرسىيەت** <بىئول> فرانسىيە ناتۇرالىستى لامارك جانلىقلارنىڭ ئېۋۆل-يوتسىيىسىنى شەرھلەش ئۈچۈن ئەك دەسلەپ ئوتتۇرىغا قويغان ھەمدە جانلىقلار يەككە تېنى ئۆزىنىڭ يېتىلىشى داۋامىدا ئېرىشىدىغان، يېڭى ھالەتنىكى ۋە كېيىنكى ئەۋلادلارغا قالدۇرغىلى بولىدۇ دەپ قارىغان بىر خىل ئىرسىيەت تەلىماتى. كېيىن ئۇ مىچۇرىن تەلىماتىدا راۋاجلاندۇرۇلغان.

**ئېرىشلمەك** «ئېرىشمەك II» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: مېنىڭ بۇ پىلانىم جەزمەن قوللاشقا ئېرىشلىدۇ، دەپ ئويلايمەن.

**ئېرىغ** ① سۈپ. ساپ، پاكىز، تازا: ئېرىغ مال. ② رەۋ. پۇتۇنلەي، ساپلا: ئېرىغ ئۇششاق باللار كېلىپتۇ.

**ئېرىغ مال** ئالتۇن-كۈمۈش قاتارلىق قىممەت باھالىق نەرسلەر: ئۇ كېنىزەك قىز بەرگەن پۇل بىلەن ئېرىغ مالنى يانچۇقىغا سېلىپتۇ.

**ئېرىغداتماق** «ئېرىغدىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**ئېرىغداشماق** «ئېرىغدىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**ئېرىغدالماق** «ئېرىغدىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ھويلا ئارام پاكىز ئېرىغدالدى. * قانچە ۋاقىت يۇدىكىن، پۈتمۇ، يەتىنكىسمۇ ئېرىغدالدى.

**ئېرىغدىماق** پ. تازىلىماق، پاكىزلىماق: قېرىنىنى ئېرىغداپ ئاندىن قازانغا سالدىم.

**ئېرىق** ئى. ئۆستەڭدىن كىچىك سۇ يولى: ئېرىق چاپماق. * يوققا نېمە يوق؟ – ئېرىقتىكى سۇمۇ يوق (ماقال). * ئېرىقتىكى سۇنىڭ قەدرى يوق (ماقال).

**ئېرىقچە** ئى. كىچىك ئېرىق: باغدىكى ئېرىقچىلاردا سۈزۈك سۇلار شىلدىرلاپ ئاقماقتا ئىدى.

**ئېرىقشماق** پ. دىئال. قېرىشماق، تاكاللاش-ماق.

**ئېرىق-ئۆستەڭ** ئېرىق ۋە ئۆستەڭ: بۇ يېزا ئېرىق-ئۆستەڭ ياقىلىرىغا جىرىم تىكىپ ئورمان بىنا قىلىشتا ئالدىنقى قاتارغا ئۆتتى.

**ئېرىك** ئى. ئاتلىق جىنسى ئېلىپ تاشلانغان، ئەركەكلىك ئىقتىدارى يوقىتىلغان، پىچىۋېتىلگەن قوي.

**ئېرىگۈچى** پ ① سۈپ. ئېرىش خۇسۇ-سىيىتىگە ئىگە، ئېرىيدىغان: ئېرىگۈچى ماددا. ② ئى <خىم> ئېرىتكۈچتە ئېرىد-گەن ماددا. مەسىلەن، ئاش تۇزى سۇدىكى ئېرىتمىسىدە ئېرىگۈچى بولىدۇ.

**ئېرىگاي** ئى. دىئال. ئالتە بارماقلىق ئادەم.

**ئېرىمە** سۈپ. ئېرىيدىغان: ئېرىمە ئازگال. ئېرىمە جىرا. ئېرىمە غار.

**ئېرىمە ئازگال** <جۇغ> ھاك جىنسلىق رايونلاردىكى بىر قانچە ۋارونكىنىڭ تەدرىجىي ھالدا بىر-بىرىگە قوشۇلۇپ كېتىپ كېڭىيىشى ئارقىلىق شەكىللەنگەن ئويمانلىق.

**ئېرىمە جىرا** <جۇغ> ئاقار سۇنىڭ ئېرىشچان تاغ جىنسلىرىنىڭ دەزلىرى ۋە يوچۇقلىرىنى بويلاپ ئېقىپ، ئۇلارنى ئېرىتىشى ئارقىلىق شەكىللەنگەن كىچىك

تېپتىكى تاشلىق جىرالار.

**ئېرىمە غار** <جۇغ> يەر ئاستى سۈيىنىڭ تاغ جىنس قاتلاملىرى يۈزىنى ياكى ئاجرىلىش يۈزىنى ئېرىتىشى بىلەن گۈمۈرۈلۈپ چۈشۈشى ئارقىسىدا شەكىللەنگەن تاغ جىنس ئۆڭكۈرى.

**ئېرىمەك** پ ① ئىسسىش، قىزىش، نەتىجىسىدە قاتتىق ھالەتتىن سۇيۇق ھالەتكە ئايلانماق: كۈن كۆتۈرۈلگەنسېرى يەر-جاھان ئىسسىپ، قار-مۇزلار ئېرىشكە باشلىدى. ② كۆچمە. كۆڭلى يۇمشىماق، خاپىلىقى كۆتۈرۈلۈپ كەتمەك، رەھىمدىل بولماق: ئەگەر مېھرىبانىنىڭ ئورنىدا بەزى يېنىك تەبىئەتلىك قىزلار بولغىنىدا سۇلتانىنىڭ بۇ شېرىن سۆزلىرىگە ئوڭايلا ئېرىپ، دەررۇ «ماقۇل» جاۋاب بەرگەن بولاتتى. * ئۇ بىردىنلا ئېرىپ خۇشخۇي بولۇپ قالدى.

**ئېرىنچەك** ① سۈپ. ئىش خۇش ياقمايدىغان، ئىشقا خۇشى يوق؛ ھۇرۇن، يالقاۋ: ئېرىنچەك ئادەم. ② ئى. ئىش خۇشياقمايدىغان، ھۇرۇن ئادەم: ئېرىنچەكنىڭ ئەتىسى تۈگمەس (ماقال).

**ئېرىنچەكلىك** «ئېرىنچەك» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: پەزىلەت ئېرىنچەكلىك بىلەن كۆزىنى ئېچىپ سىڭلىسىغا قارىدى. * ئۇ ئاخىرى ئېرىنچەكلىك بىلەن ئورنىدىن تۇرۇپ ئىشكنى ئاچتى-دە، داڭقېتىپ تۇرۇپلا قالدى.

**ئېرىنمەك** پ. بىرەر ئىشنى بېجىرىشتە ھۇرۇنلۇق قىلماق، ئىش خوشياقمايدىغان ھالەتتە تۇرماق، ئېرىنچەكلىك قىلماق: مېڭىشقا ئېرىنسەڭ، كېيىن يۈگۈرسەن (ماقال). * ئېرىنسەڭ ئىشىڭنى كىم قىلار، ئۇيالساڭ سۆزۈڭنى كىم قىلار (ماقال). * ئۇ شۇنداق خوتۇنكى كۆزىگە قونغان چىۋىننى قوغلاشتىن ئېرىنىدۇ.

**ئېزىتقۇ** ① ئى <مېتېئور> ئاتموسفېرادىكى نۇرنىڭ سۇنۇشى تەسىرىدە شەكىللىنىدىغان بىر خىل تەبىئىي ھادىسە. ھاۋانىڭ ھەرقايسى قاتلاملىرىنىڭ زىچلىقىدا بەلگىلىك پەرق شەكىللەنگەندە، يىراقتىكى نۇر زىچلىقى ئوخشاش بولمىغان بۇنداق ھاۋا قاتلاملىرىدىن ئۆتكەندە سۇنىدۇ ياكى تولۇق قايتىدۇ. بۇ ۋاقىتتا، ھاۋا ياكى يىراق جايدىكى نەرسىلەرنىڭ ئەكسىنى كۆرگىلى بولىدۇ. بۇ خىل ھادىسە كۆپىنچە يازدا دېڭىز بويىدىكى جايلار ياكى چۆللەردە پەيدا بولىدۇ. بۇرۇنقى كىشىلەر ئۇنى خاتا ھالدا جىن-شاياتۇنلارنىڭ كىشىلەرنى ئازدۇرۇشى ئۈچۈن ئىشلەتكەن ھىيلىسى دەپ قاراپ كەلگەن. ② ئى. خۇراپىي چۈشەنچىدە كىشىلەرگە ئۇچرايدىغان جىن، ئالۋاستى: ئېزىتقۇغا ئۇچرىماق. ③ سۈپ. ئازدۇرىدىغان: سەن بۇ ئېزىتقۇ گەپلىرىڭ بىلەن مېنى ھەرگىزمۇ ئالدىيالمايسەن.

**ئېزىتقۇلۇق** ئى. ئازدۇرۇش ئىشى، پائالىيىتى: ئېزىتقۇلۇق قىلىشقا بولمايدۇ.

**ئېزىز** (توغرىسى: ئەزىز) ← **ئەزىز.**

**ئېزىق** ئى ← **ئېزىق چىش.**

**ئېزىق چىش** <ئانات> ئېغىز بوشلۇقىنىڭ ئارقىسى ھەم ئىككى تەرىپىدە بولىدىغان چىش. قالپىقىدا سۆڭەككە ئوخشاش بۆرتمىلىرى بولۇپ، يېمەكلىكلەرنى ئۇۋۇتىشقا ماسلاشقان. ئادەملەرنىڭ ئېزىق چىشى ئاستى-ئۈستى جاغدا ئالتىدىن بولىدۇ.

**ئېزىقتۇرغۇچى** ئى. كىشىلەرنى يولدىن ئازدۇرىدىغان كىشى.

**ئېزىقتۇرماق** «ئېزىقماق» پېئلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇ دۈشمەننى بىر ئامال قىلىپ ئېزىقتۇرۇپ دەريادىن ئۆتتۈۋالماقچى

بولدى.

**ئېزىقتۇرۇشماق** «ئېزىقتۇرماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**ئېزىقتۇرۇلماق** «ئېزىقتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: بالا ئېزىقتۇرۇلغان، ئېلىپ كېتىلىش، دىلىغا ئازار بەرمەك، ياش، يۇمران كۆچەت ئەمەسمۇ، تۈزۈلۈپ كېتىدۇ.

**ئېزىقماق** پ ① يولدا، بىرەر يەرگە بارغاندا ئۆز نىشانىنى پەرق ئېتەلمەي قالماق؛ ئازماق، ئاداشماق: بۇ يىگىتلەر تاغنىڭ ئوي-چوڭقۇرىنى ئاڭقىرالماي ئېزىقىپ قالغانىدى. ② كۆچمە. يامان يولغا كىرىپ قالماق، ناتوغرا ئىشلارنى قىلىپ قويماق: — بالا ئەمەسمۇ، ئېزىقىپتۇ، بۇندىن كېيىن تۈزەتسىلا بولدى، — دېدى بوۋاي.

**ئېزىقىشماق** «ئېزىقماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار تاغ ئىچىدە ئېزىقىشىپ يولنى تاپالماي قېلىپتۇ.

**ئېزىلەڭگۈ** سۈپ ① گەپنى سوزۇپ، ئىنجىقلاپ قىلىدىغان؛ مىس-مىس: مەخسۇت بەگ مۇنداق ئېزىلەڭگۈ سۆھبەتنى ياقتۇرمايتى. ② ئېزىلىپ، لاغايلاپ يۈرىدىغان؛ بوشاڭ، ئەزمە، ھۇرۇن: ئېزىلەڭگۈنىڭ ئىشى ئاۋۇماس (ماقال). * سۇغا بۇيرۇساڭ كۆل بويىغا بېرىپ ئۇخلاپ قالىدىغان ئېزىلەڭگۈ بىر نېمە ئۇ.

**ئېزىلەڭگۈلۈك** «ئېزىلەڭگۈ» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: ئېزىلەڭگۈلۈك قىلماق. * ياشلار ئۆزىگە ئېزىلەڭگۈلۈك، قورقۇنچاقلىقنى دوست تۇتماي، تىرىشچان، تېتىك، قەيسەر بولۇشى كېرەك.

**ئېزىلدۈرمەك** «ئېزىلمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**ئېزىلگۈچى** ① ئى. باشقىلارنىڭ ئېزىشىگە، قۇل قىلىشىغا ئۇچرىغان كىشى. ② سۈپ. باشقىلار تەرىپىدىن ئېزىلگەن، قۇل قىلىنغان: ئېزىلگۈچى سىنىپ.

**ئېزىلگۈچى سىنىپ** < پەلس > ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىنغۇچى سىنىپ كۆزدە تۇتۇلىدۇ. قۇللۇق جەمئىيەتتىكى قۇللار سىنىپى، فېئوداللىق جەمئىيەتتىكى دېھقانلار سىنىپى، كاپىتالىستىك جەمئىيەتتىكى پرولېتارىيات سىنىپى بۇ ئۈچ خىل جەمئىيەتتىكى ئاساسلىق ئېزىلگۈچى سىنىپتۇر.

**ئېزىلمەك** ① «ئەزمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئېزىلگەن شاپتۇللارنىڭ سۈلىرى غۇپپۇرنىڭ كىيىملىرىنى شالتاق قىلىۋەتكەنىدى. ② «ئەزمەك» پېئىلىنىڭ ئۆزلۈك دەرىجىسى: ئۇ دائىم ئىشى يوق ئادەمدەك ئېزىلىپ يۈرىدىغان بىرنېمە. * نىساخان ئېرىنىڭ مۇنداق بىغەرەزلىكىدىن باغرى ئېزىلگەن ھالدا مۇئەللىمدىن ئەپۇ سورىدى.

**ئېزىلىشمەك** «ئېزىلمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**ئېسەدەشمەك** «ئېسەدىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**ئېسەدىمەك** پ. ئۆزىنى باسالماي ئىچى-ئىچىدىن يىغلىماق، ئۆپكىلىمەك: ئېسەدەپ يىغلىماق. * بىرھازادىن كېيىن يىغىسىنى ئاران توختىتىپ ئېسەدەپ سۆزلەشكە باشلىدى.

**ئېسەكىمەك** پ. مۆگدەك ياكى چالا ئۇيقۇلۇق ھالەتتە تۇرۇپ، ئىختىيارسىزلا بىرنېمىلەرنى دەپ كەتمەك ياكى ئېسەدەپ كەتمەك.

**ئېسەن** I ئى. ئاغرىق-سىلاقتىن تازا، سالامەت، ساق: ئۆي ئىچى، بالا-چاقىلىرى ئېسەنمۇ؟

**ئېسەن** II ئى. كېلەر يىل، كېلىدىغان يىل: ئېسەندە قەشقەرگە بارىمىز.

**ئېسەنچىلىك** ئى. ئامانلىق، تىنچلىق:

ئېسەنچىلىك بولسا، كېلەر يىلى جەنۇبىي شىنجاڭنى بىر ئايلىنىپ كېلىش نىيىتىم بار.

**ئېسەنگىرەتمەك** «ئېسەنگىرىمەك»نىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئادىلجاننىڭ بۇ گېپى قادىر بوۋاينى ئېسەنگىرىتىپ قويدى.

**ئېسەنگىرەشمەك** «ئېسەنگىرىمەك»نىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**ئېسەنگىرىمەك** پ. بىرەر قورقۇنچلۇق ۋەقە، ھادىسە تۈپەيلىدىن ھودۇقماق، گاڭگىرىماق، ساراسىمىگە چۈشمەك، ئېسىنى يوقاتماق: ۋاڭ دارىن ئېسەنگىرەپ غال-غال تىترەپ كەتتى. * بۇ قويۇن نەدىن چىقتى دەپ ئېسەنگىرەش كەتتى بىر ئالدى.

**ئېسەنلەشمەك** پ. ئېسەنلىك سوراشماق، ھال-ئەھۋال سوراشماق: ئۇلار باش لىڭشىتىپلا ئېسەنلەشتى.

**ئېسەنلىك** I ئى. ساق-سالامەتلىك، ئامانلىق؛ تىنچلىق، ئاسايىشلىق، بىخەتەرلىك: — ئۆزلىرىمۇ ئوبدان تۇردىلىمۇ ئايىمخان؟ — دەپ، مومايدىن ئېسەنلىك سورىدى تاشمەت ئاكا. * ئەلنىڭ تىنچلىقىنى ۋە ئېسەنلىكىنى قوغداش ئۈچۈن نۇرغۇن ئەزىمەتلەرنىڭ ئىسسىق قانلىرى بۇ تۇپراققا تۆكۈلدى.

**ئېسەنلىك** II سۈپ. كېلەر يىلى بولىدىغان، كېلەر يىلى قىلىنىدىغان: ئېسەنلىك ئىش.

**ئېسەنلىككە** رەۋ. كېلەر يىلى: ئاكامنىڭ توينى ئېسەنلىككە قىلىمىز.

**ئېستېتىك** سۈپ (ر) ئېستېتىكىغا ئائىت، ئېستېتىكىغا خاس: ئېستېتىك ئارزۇ. ئېستېتىك ھەۋەس.

**ئېستېتىكا** ئى (ر<گرېك) <گ سەن> تەبىئەت دۇنياسى، جەمئىيەت ۋە سەنئەت ساھەسىدىكى گۈزەللىكنىڭ قانۇنىيەتلىرىنى تەتقىق قىلىدىغان پەن. ئۇ ئاساسلىقى گۈزەللىكنىڭ ماھىيىتى، سەنئەت بىلەن رېئاللىقنىڭ مۇناسىۋىتى، سەنئەت ئىجادىيىتىنىڭ قانۇنىيەتلىرىنى مۇھاكىمە قىلىدۇ.

**ئېستېتىكىلىق** سۈپ. ئېستېتىكىغا ئائىت، ئېستېتىكىغا خاس: ئېستېتىكىلىق كۆز قاراش.

**ئېستېتىكىلىق تىلشۇناسلىق ئېقىمى** <تىل> تىلشۇناسلىق ئېقىملىرىدىن بىرى. XX ئەسىرنىڭ باشلىرىدا شەكىللەنگەن. ئۇنىڭ ئىجادچىسى گېرمانىيىلىك تىلشۇناس ۋوسلېر (karl vossler, 1872–1949), بۇ ئېقىمدىكىلەر تىلنىڭ ستىلىستىكىسىنى تەتقىق قىلىشقا ئەھمىيەت بەرگەن بولسىمۇ، لېكىن تىلنى ئىندىۋىدۇئال مەنىۋى ئىجادىيەت ۋە ئىپادە دەپ قارىغان. شەخسلەرنىڭ گۈزەللىككە ئىنتىلىشىنى تىلنىڭ تەرەققىي قىلىشىدىكى ئاساسلىق سەۋەب دەپ تونۇغان ھەمدە شۇ سەۋەبتىن تىلشۇناسلىق بىلەن ئېستېتىكىنى تەڭ ئورۇنغا قويۇپ قويغان. نەتىجىدە ئىدېئالىزم ئاپئاشكارا تەشۋىق قىلىنغان.

**ئېستېر** ئى (ر<گرېك) <خىم> ئورگانىك بىرىكمىلەرنىڭ بىر تۈرى. تۆۋەن دەرىجىلىك ئېستېرلار خۇش پۇراق، ئۇچۇشچان سۇيۇقلۇق؛ يۇقىرى دەرىجىلىك ئېستېرلار موم ھالەتتىكى قاتتىق ماددا ياكى ئىنتايىن يېپىشقاق سۇيۇقلۇقتۇر. ئادەتتە ئۇ ئۆسۈملۈك ۋە ھايۋان مايلىرىنىڭ مۇھىم بىر تەركىبىي قىسمى ھېسابلىنىدۇ.

**ئېستېرلىماق** پ <خىم> ئالكوللار بىلەن كىسلاتالارنى ئۆزئارا بىر-بىرىگە تەسىرىنى ئۆتكۈزۈشتۈرۈپ ئېستېر ھاسىل قىلماق.

**ئېسكۇدا** ئى. پورتۇگالىيە بىلەن موزامبىكنىڭ پۇل بىرلىكى.

**ئېسكۇلۇس** ئى (ر<لات) <بوت> ئېسكۇلۇس ئائىلىسىدىكى يوپۇرماق تاشلايدىغان دەرەخ. يوپۇرمىقى ئالىقانسىمان مۇرەككەپ يوپۇرماق بولۇپ، ئۇدۇل ئۆسىدۇ. كىچىك يوپۇرمىقى بەشتىن يەتتىگىچە، شەكلى ئۇزۇن ئېللىپسسىمان. گۈلى ئاق ۋە سەل-پەل قىزىل ئارىلاش بولۇپ، كونۇسسىمان گۈل رېتىدە. غوزا مېۋىسى سارغۇچ قوڭۇر. ئۇ مەشھۇر مەنزىرە ئۆسۈملۈكى بولۇپ، ياغىچى سارغۇچ ئاق، يوللىرى زىچ كېلىدۇ. ئادەتتە ئۇنىڭدىن نەپىس ئۆي جاھازلىرى ياسىلىدۇ.

**ئېسكىموس** ئى <ئېرق> مۇشۇ نام بىلەن ئاتالغان مىللەت ۋە بۇ مىللەتكە مەنسۇپ كىشى.

**ئېسكىموس تىلى** <تىل> ئېسكىموسلار ئىشلىتىدىغان تىل. بۇ تىل قەدىمكى ئاسىيا تىللىرى سىستېمىسىنىڭ ئېسكىموس، ئالېئۇت تىللىرى تۈركۈمىگە كىرىدۇ. گرېنلاندىيە، كانادا ۋە ئالياسكىدىن تارتىپ تاكى سىبىرىيىگىچە بولغان رايونلاردىكى ئېسكىموسلار ئارىسىدا قوللىنىلىدۇ.

**ئېسكىموسلار** ئى <ئىرق> ئېسكىموس مىللىتى، ئېسكىموس خەلقى. ئۇلار ئاساسەن گرېنلاندىيە، كانادا ۋە ئالياسكىدىن تارتىپ سىبىرىيىگىچە بولغان رايونلارغا ئولتۇراقلاشقان.

**ئېسىركىمەك** پ. دىئال. ئاسىرىماق، ئاۋايلىماق.

**ئېسشاق** « ئاساق II » پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئوچۇق دەرۋازىدىن بويۇنلىرىغا ئاپتوماتلىرىنى ئېسىشقان نادەم، باتىرغازى، ئىسھاقلار كىرىپ كەلدى.

**ئېسقلىق** سۈپ. ئېسىلغان، ئېسىپ قويۇلغان: ئۇ قوزۇققا ئېسقلىق دورا سومكىسىغا قول ئۇزاتتى.

**ئېسكىمەك** پ. دىئال. پۇشايمان قىلماق، ئەپسۇسلانماق.

**ئېسىل** سۈپ (ئە) ① سۈپەت جەھەتتە ئالاھىدە ياخشى، ئەڭ ئوبدان: ئېسىل بۇيۇم. ئېسىل مال. * سىلەر بىزگە ئەڭ ئېسىل ئاتلىرىڭلارنى تەقدىم قىلدىڭلار، سىلەرگە رەھمەت. ② ياخشى خىسلەت ۋە پەزىلەتكە ئىگە بولغان، ئالىيجاناب: ئېسىل ئادەم. ئېسىل ئايال. * بۇ كىشى بەك ئېسىل ئادەم ئىكەن.

**ئېسىل تاش** <گېئول> رەڭگى چىرايلىق، كۆركەم، نۇر سۇندۇرۇشچانلىقى يۇقىرى، پارقىراقلىقى كۈچلۈك، سۈزۈكلۈكى ياخشى، قاتتىقلىقى يۇقىرى (ئادەتتە 5 تىن يۇقىرى)، خىمىيىلىك خۇسۇسىيىتى تۇراقلىق بولغان مىنېراللار. تار مەنىدىكى ئېسىل تاشلار ئالماس، قىزىل، كۆك ياقۇتلارنى؛ كەڭ مەنىدىكى ئېسىل تاشلار ھەر خىل قاشتېشى، ئويمىچىلىق ماتېرىياللىرىنى ھەتتا رەڭلىك تاش ماتېرىياللىرىنى كۆرسىتىدۇ.

**ئېسىلدۇرماق** « ئېسلماق » پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: كېسەل كىشىنى ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىدىكى تۇغقا ئېسىلدۇرۇپ، قىبلىگە قارىتىپ يۆكۈندۈرۈپ قويغانىدى.

**ئېسىلزادە** ئى (ئە+پ) باي ۋە يۇقىرى تەبىقىدىكىلەرنىڭ پەرزەنتى ۋە شۇ تەبىقىدىن كېلىپ چىققان كىشى: بىزنىڭ ئۆيگە ئەزەلدىن ئۇنداق ئېسىلزادىلەر كېلىپ باقمايتتى. * ئېسىلزادىلەر نېمە ئىش قىلغان بولسا شۇنى ئېيتىپ بېرىمەن.

**ئېسىلزادىلىك** ئى. ئېسىلزادىلەرگە خاس خۇسۇسىيەت، خاراكتېر.

**ئېسلماق** ① « ئاساق II » پېئىلىنىڭ

مەجھۇل دەرىجىسى: ئۇ دارغا ئېسلدى.
* يەنە ئۈچ كۈندىن كېيىن قازان ئېسلىدۇ.
② «ئاسماق» پېئىلىنىڭ ئۆزلۈك
دەرىجىسى: چاشقاننىڭ ئۆلگۈسى كەلسە،
مۈشۈكنىڭ قۇيرۇقىغا ئېسىلىپتۇ (ماقال).
* مەن شاخ-شۇمبىلارغا ئېسىلىپ ئۆگزىگە
چىقتىم.

**ئېسلىشماق** «ئېسلماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك
دەرىجىسى: باللار دادىسىغا ئېسلىشتى.

**ئېشەك** ئى ① <زوئول> سۈت ئەمگۈچى
هايۋان. شەكلى ئاتقا ئوخشايدۇ، ئەمما
ئاتتىن كىچىكرەك. بېشى يوغان، قۇلىقى
ئۇزۇن، پاچاقلىرى ئىنچىكە، مەيدىسى
تارراق، قۇيرۇقىدا تۈكلىرى بولىدۇ.
ئادەتتە مىنىش، يۈك توشۇش قاتارلىق
مەقسەتلەر ئۈچۈن ئۆيدە بېقىلىدۇ: ياۋا
ئېشەك. ئېشەك هارۋىسى. ② كۆچمە. هايانى
بىلمەيدىغان ئادەم، هاياسىز: بوۋاي
دەرغەزەپكە كېلىپ هاسىسىنى، كۆتۈردى
ۋە: — هۇ ئېشەك، چىق ئۆيدىن!... —
دېگىنىچە ئۇلارنى ئۆيدىن قوغلاپ چىقاردى.
③ مىق. سانىلار بىلەن كېلىپ
ئېشەككە ئارتىلىدىغان يۈكنىڭ مىقدارىنى
بىلدۈرىدۇ: — ئۇ: — لېكىن تاغ تېششتىن
ئىش چىقارمىسا، 50 ئېشەك ئوتۇن پۇلىغا
زىيان-دە، زىيان، — دەپ گېپىنى
تۈگەتتى.

**ئېشەك بېشى تۇتمىغان** ئىش كۆرمىگەن،
ئىشنىڭ يولىنى بىلمەيدىغان: — نېمە
بولىدۇڭ؟ ئېشەك بېشى تۇتمىغاندەك ئىش
قىلىسەنغۇ؟ شۇنچىلىك ئىشنىمۇ قاملاشتۇرۇلماي،
— دەپ سۆزلەپ كەتتى دادام.

**ئېشەك سىزىپ، مۈڭگۈز چىقىرىپ قويماق**
ئەمەلىيەتكە سىغمايدىغان، قاملاشمىغان،
غەلىتە ئىش قىلماق: ئىش دېگەننى
جايىدا قىلسا بولىدۇ، ئېشەك سىزىپ، مۈڭگۈز
چىقىرىپ قويسا بولامدۇ؟

**ئېشەك قۇلاق** گەپ ئاڭلىمايدىغان،
كەپسىز: نەگە كەتتى ھېلىقى ئېشەك قۇلاق.

**ئېشەك قۇلان** <زوئول> قۇلاننىڭ بىر
خىلى. شەكلى قېچىرغا بەك ئوخشايدۇ.
بويى پاكار، رەڭگى ئاق ئالا، سارغۇچ
ئالا، سۇر، سېرىق بولىدۇ.

**ئېشەك قېچىرى** <زوئول> ئايغىر بىلەن
مادا ئېشەكنى چېتىشتۇرۇشتىن بولغان
قېچىر.

**ئېشەكنىڭ قۇلىقىغا راۋاب چالماق** كىشلەر-
گە ئۇلار چۈشەنمەيدىغان، مۇناسىۋەتسىز
گەپلەرنى قىلماق: ئۇنىڭغا بۇ گەپنى قىلىش
خۇددى ئېشەكنىڭ قۇلىقىغا راۋاب چالغاندەك
بىر ئىش.

**ئېشەك هاڭرىغان، داپ داراڭلىغان يەردە**
**يۈرمەك** ئۆزى خالىغان يەردە يۈرمەك:
نەچچە يىل ئېشەك هاڭرىغان، داپ داراڭلىغان
يەردە يۈرۈپ، ئالاهازەل بۇگۈنكى كۈنگە
كەلگەندە تاپا-تەنىسىنى بىزگە قىلامدىكەن.

**ئېشەك ئۈچىسى** تامنىڭ ئۈستىگە بېلىق
سىرتى قىلىپ چىقىرىلغان شەكىل.

**ئېشكى بەش تەڭگە، توقۇمى ئون**
**تەڭگە بولماق** ئېرىشكەن نەرسىنىڭ
قىممىتىدىن سەرپ قىلغان نەرسىنىڭ
قىممىتى ھەسسىلەپ ئېشىپ كەتمەك:
قىزىق بولدى، ئېشكى بەش تەڭگە، توقۇمى
ئون تەڭگە بولدى، بۇنداق بولۇشىنى بىلسەم
ئالمايدىكەنمەن.

**ئېشكى تۆت چىشلىق بولماق** ئىشى
ئوڭدىن كەلمەك، تەلىيى كەلمەك: ئۇ
گەپتە ئۇتتۇۋېلىپ، ئېشكى تۆت چىشلىق بولۇپ،
خۇشال بولۇپ كەتتى.

**ئېشكى ئۈچ تەڭگە، توقۇمى بەش**
**تەڭگە بولماق** ← **ئېشكى بەش**
**تەڭگە، توقۇمى ئون تەڭگە بولماق.**

**ئېشكىنى بېقىپ، تېزىكىنى تەرمەك** ئۆزىگە لايىق ئىش قىلماق: ئۇ ئېمىلەر بۇنداق باغقا خوجايىنلىق قىلغۇچە ئېشكىنى بېقىپ، تېزىكىنى تېرىپ يۈرسۇن.

**ئېشەكچى** ئى. ئېشەك ئارقىلىق يۈك توشۇيدىغان كىشى.

**ئېشەككومۇشى** ئى (ئېشەك+قومۇش+ى) <بوت> مۇرەككەپ گۈللۈكلەر ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، كونا يىلتىزلىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. بىر يىلدا ئەي قىلغىلى بولىدۇ. گۆشلۈك يىلتىزى ئىنچىكە ھەم ئۇزۇن، پوستى كۈل رەڭ، قارا، گۆشى ئاق كېلىدۇ. يوپۇرمىقى ئىنچىكە، ئۇزۇن ھەم ئۇچلۇق، تۆمۈنە شەكىلدە بولىدۇ. ياز ۋە كۈزدە سېرىق گۈلى ئېچىلىدۇ. گۈل تاجى تىلسىمان بولۇپ، باشسىمان گۈل رېتىدە كېلىدۇ. ئەسلىي ماكانى ياۋروپا، ھازىر دۆلىتىمىزدىمۇ ئاز مىقداردا ئۆستۈرۈلمەكتە. يۇمران يوپۇرمىقى ۋە گۆشلۈك يىلتىزىنى ئىستېمال قىلىشقا بولىدۇ.

**ئېشەككۇرتى** ئى (ئېشەك+قۇرت+ى) <زوئول> بىر خىل ھاشارات. تېنى ئېللىپس شەكىلدە، كۈل رەڭ كېلىدۇ. 1-سەزگۈ مۈڭگۈزچىسى قىسقا ھەم كىچىك، 2-سەزگۈ مۈڭگۈزچىسى تەرەققىي قىلغان. مەيدە قىسمىدا يەتتە بوغۇمى بولۇپ، ھەربىر بوغۇمىنىڭ ئاخىرقى ئۇچى مۈڭگۈزدەك ئۇچلۇق كېلىدۇ. قورساق قىسمىدا ئالتە بوغۇمى بولىدۇ. ئاخىرقى بوغۇمى قۇيرۇق بوغۇمى بولۇپ، ئۈچ بۇلۇڭ شەكىلدە كېلىدۇ. ئادەتتە ئۇ زەي، نەم جايلاردا ياشايدۇ.

**ئېشەكلىك** سۈپ. ① ئېشكى بار، ئېشكى بولغان: شۇنداق قىلىپ، بىز بىر ئېشەكلىك بولۇپ قالدۇق. ② ئېشەك مىنگەن، ئېشەك مىنىپ، ئېشەك بىلەن: ئېشەكلىك ئادەم. // ئۇلار يۇقىرى تەرەپتىن ئاتلىق، ئېشەكلىك كېلىۋاتقان بىر توپ كىشىلەرنى كۆردى.

**ئېشەكمەدىكى** ئى (ئېشەك+مەدەك+ى) <بوت> زەمبۇرۇغلارنىڭ بىر خىلى. قالپىقىنىڭ رەڭگى قىزغۇچ بولۇپ، يۈزىدە شىلىمشىق سۇيۇقلۇق بولىدۇ ۋە سېسىق پۇرايدۇ. ئۇنى ئىستېمال قىلغىلى بولمايدۇ.

**ئېشەكيېلىمى** ئى ( ئېشەك+يېلىم+ى ) <تىب> بىر خىل جۇڭيى دورىسى. ئېشەك تېرىسىنى سۇدا قاينىتىش ئارقىلىق ياسىلىدۇ. ئادەتتە قاننى تولۇقلاش دورىسى ئورنىدا ئىشلىتىلىدۇ.

**ئېشەكيېمى** ئى (ئېشەك+يەم+ى ) <زوئول> چارۋىلارنىڭ زەھەرلىك ئوت-چۆپ ياكى دورىلارنى يەپ قويۇشى، بەزى ھاشا-راتلارنىڭ چېقىشى، شۇنىڭدەك ئاشقا-زان-ئۈچەي ياللۇغى، قەۋزىيەت بولۇش نەتىجىسىدە زەھەرلىك ماددىلارنىڭ ئۈچەي ئارقىلىق شۈمۈرۈلۈپ قانغا ئۆتۈشى بىلەن تېرىنىڭ سەزگۈرلۈكىنىڭ ئېشىپ كېتىشىدىن بولىدىغان بىر خىل تېرە كېسىلى.

**ئېشگىلىك** سۈپ. ئېشىلگەن، ئېشىپ قويۇلغان: يىپىڭ ئېشگىلىك بولسا، ئىشىڭ پۈتۈكلۈك (ماقال).

**ئېشىلمەك** « ئەشمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: تۈنۈگۈن ئېشىلگەن شۇنچە يىپ تۈگىدىمۇ؟

**ئېشىنچا** سۈپ. ئاشقان، ئوشۇق: ئېشىنچا مەھسۇلات. * ئۇلار بەزى ئەزالارنىڭ قاتناش قىيىنچىلىقىدىن ساتالمىغان ئېشىنچا ئاشلىقنى تۆۋەن باھادا سېتىۋاپتۇ.

**ئېشىندى** ① سۈپ. ئېشىپ قالغان، ئاشقان: ئېشىندى پايدا. ② ئى <س ئىق> مەلۇم مىقداردىكى نەرسىنىڭ بىر قىسمى چىقى-رىۋېتىلگەندىن كېيىن ئېشىپ قالغان قىسمى.

**ئېشەندى پايدا** <س ئق> كىرىمدىن چىقىمنى چىقىرىۋەتكەندىن كېيىن قېلىپ قالغان پايدا.

**ئېشىنماق** پ ① «ئاشماق» پېئىلىنىڭ ئۆزلۈك دەرىجىسى: بۇ يىل چاي-تۇزنىڭ خىراجىتىدىن ئېشىنىپ، 60 كوي يىغىپتىمەن. ② «ئاشىماق» پېئىلىنىڭ مەجهۇل دەرىجىسى: ئىشلەپچىقىرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمى يولغا قويۇلغان تۇنجى يىلى ئىككى-ئۈچ تاغار ئاشلىق ئېشىندى.

**ئېغىر** ① سۈپ. ماسسىسى، ۋەزنى چوڭ: ئېغىر يۈك ئارتىلغان ئات-ئۇلاغلار چىغىر يولدا ئاران كېتىۋاتاتتى. ② سۈپ. كۆپ كۈچ، مېھنەت، بىلىم تەلەپ قىلىدىغان، قىيىن، تەس: ۋەزىپىسى ئېغىر. خىزمىتى ئېغىر. * نەشرىياتچىلىق ئىشى بەك ئېغىر ئىش. ③ سۈپ. كۆچمە. ئۆزىنى تۇتۇشنى بىلىدىغان، سالماقلىق: ئوغلۇم ئۆزۈڭنى تۇتۇۋال، ئېغىر بول. ④ سۈپ. كۆچمە. يامان ئاقىۋەت كېلىپ چىقىشى مۇمكىن بولغان، خەۋىپلىك، خەتەرلىك: جاراھىتى ئېغىر. * ئۇنىڭ كېسىلى بەك ئېغىر ئىكەن. ⑤ سۈپ. كۆچمە. كەچۈرگۈسىز، ئادەتتىن تاشقىرى: — سەن ئۆزۈڭنىڭ گۇناھىنىڭ قانچىلىك ئېغىر ئىكەنلىكىنى بىلەمسەن؟ * ئۇنىڭغا جازا بەك ئېغىر كەتتى. ⑥ سۈپ كۆچمە. كۆڭ كەچۈرۈش تەس بولغان، مۇشەققەتلىك، ئازابلىق: ئېغىر ئەھۋالدا قالماق. ⑦ سۈپ. كۆچمە. دەردلىك، ھەسرەتلىك: ئۇ، يولغا چىقىپ ئېغىر بىر ئۇھ تارتتى. ⑧ سۈپ. كۆچمە. بەرداشلىق بېرىش تەس بولغان: ئېغىر ئەلەم. ئېغىر كۈلپەت. * ھەسەن قازى قوشۇمىسىنى تۈرۈپ ئېغىر غەمگە چۆشۈپ، بېشىنى سىلىپ جىم ئولتۇراتتى. ⑨ سۈپ. كۆچمە. كۆپ، جىق، زور: بەرمەس قىزنىڭ تويلۇقى ئېغىر (ماقال). * بۇ ئۆيلەر ئېغىر دەرىجىدە ۋەيران بولۇپتۇ. ⑩ سۈپ. كۆچمە. كۈچلۈك: بۇ ئەلدە ئىرقچىلىق ئېغىر بولغاچقا «غەيرىي ئىرقتىن كېلىپ چىققان» دەپ بۇ ئايالنى بىرەر ئەر ئالمىغان. ⑪ سۈپ. كۆچمە. يېگىش قىيىن، تەس بولغان: يوشۇرمىسلا، جانابلىرى بۇگۈن ئېغىر بىر ھالەتتىن قېچىپ بۇ يەرگە كېلىپ قالدىلا، — دېدى مۇسەپپا ھەزرەت كۈلۈپ تۇرۇپ. ⑫ سۈپ. كۆچمە. ئاڭلىمايدىغان: قۇلىقى ئېغىر. ⑬ سۈپ. كۆچمە. قوبۇل قىلىش تەس بولغان: — دادا كۆڭۈللىرىنى چۈشىنىمەن، بۇنداق قىلىش سىلىگە ئېغىر تۇيۇلىدۇ. * بۇ ئايرىلىشنىڭ ھەر ئىككىلىمىزگە قانچىلىك ئېغىر تۇيۇلغانلىقى ئېسىڭىزدە باردۇر. ⑭ سۈپ. كۆچمە. بەزى سۆزلەرنىڭ ئالدىدا كېلىپ بۇ سۆزلەر ئىپادىلىگەن ھالەت دەرىجىسىنىڭ كۈچلۈكلۈكىنى ئىپادىلەيدۇ: بۇ ئازغىنە پاراڭلىشىشتىن كېيىن يەنە خېلى ئۇزۇنغىچە ئېغىر جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈردى. ⑮ سۈپ. كۆچمە. جاۋاب بېرىش قىيىن بولغان، قاتتىق: ئېغىر سىناق. ⑯ رەۋ. تەس، ئاران: ئۇ ئوغلىنىڭ كەينىدىن ئۇزاق قاراپ تۇرۇپ، قەدەملىرىنى ئېغىر يۆتكەپ ئاستا ئۆيگە كىرىپ كەتتى.

**ئېغىر ئارتۇق** ئارتۇقچە: — ئېغىر ئارتۇق نەرسىلىرىڭنى قويۇپ ئۆزۈڭلا چىق، — دېدى بوۋاي ھارۋىنى توختىتىپ.

**ئېغىر ئالماق** خاپا بولماق، ھار ئالماق؛ نومۇس دەپ بىلمەك: — ھاكى! — دېدى ئۇ بىرھازادىن كېيىن، — سەن قانچە تىللىساڭمۇ مەيلى، مەن ئېغىر ئالمايمەن. * ئۇ ئاچچىق ئۆلسىمۇ ئەرز قىلىپ بېرىشنى ئېغىر ئالىدۇ.

**ئېغىر ئايىغىنى يەڭگىل قىلىپ** ھۇرۇنلۇق

قىلماي، ئېرىنمەي: — گەپ شۇ، ئېغىر ئايىغىڭىزنى يەڭگىل قىلىپ مۇشۇ ئىشقا بىر مېڭىشىپ بېرىڭ، — دېدى تۇراخۇن يېلىنغاندەك قىلىپ.

**ئېغىر بويىنى يەڭگىل قىلىپ** ←

**ئېغىر ئايىغىنى يەڭگىل قىلىپ**: — ئۇكام، ئېغىر بويىڭىزنى يېنىك قىلىپ، دىككىدە بېرىپ كەلسىڭىز، — دېدى ھاممائاچام ماڭا.

**ئېغىر پىلموت** <ھەرب> پىلموتنىڭ بىر خىلى. ئېتىش مۇساپىسى بىرقەدەر يىراق بولىدۇ.

**ئېغىر تەگمەك** قوپال گەپ قىلماق، تولۇق تەگمەك: سەن ئۇنىڭغا ئېغىر تەگمەي سىلىق-سىپايە بول.

**ئېغىر چۈشمەك** قىممەت توختىماق، چىقىم جىق كەتمەك: بۇ توي بىزگە بەك ئېغىر چۈشتى.

**ئېغىر دېزېلىن** <خىم> سېلىشتۇرما ئېغىرلىقى چوڭراق بولغان بىر تۈردىكى دېزېلىنلار. تەبىئىي نېفىت، سۈنئىي نېفىت قاتارلىقلارنى مەيدىلەپ ھەيدەش ياكى كرېكىڭلەش ئارقىلىق ئېلىنىدۇ. سۈپەت جەھەتتە يەڭگىل دېزېلىنغا قارىغاندا كەڭرەك تەلەپ قويۇلغاچقا، پىششاقلىق دەرىجىسى چوڭراق، قېتىش نۇقتىسى يۇقىرىراق بولىدۇ. تۆۋەن سۈرئەتلىك دېزېلىن ماشىنىلىرىغا يېقىلغۇ قىلىنىدۇ.

**ئېغىر سانائەت** <س ئىق> خەلق ئىگىلىكىنىڭ ھەرقايسى تارماقلىرىغا ماددىي ئەشيا، تېخنىكا ئاساسىنى يەتكۈزۈپ بېرىدىغان سانائەت.

**ئېغىر سۇ** <خىم> دېيتېرىي بىلەن ئوكسىگېننىڭ بىرىكىشىدىن ھاسىل بولغان سۇ. فورمۇلىسى $D_2O$ . ئېغىر سۇنى رېئاكسىيە قازىنىنىڭ ئاستىلاتقۇچى ماددىسى ۋە ئىسسىقلىق توشۇغۇچى ماددىسى ئورنىدا ئىشلەتكىلى بولىدۇ.

**ئېغىر قۇراللار** <بوت> ئېتىش مۇساپىسى يىراق، كۈچ-قۇدرىتى زور بولغان قۇراللار. مەسىلەن، زەمبىرەككە ئوخشاش.

**ئېغىر كارۋان** مىجەزى ئېغىر؛ گەپ-سۆزدە، ئىش-ھەرىكەتتە ئاستا: تازىمۇ ئېغىر كارۋان ئاداشكەن ئۇ.

**ئېغىر كەتمەك** قوپاللىق قىلماق، گەپ-سۆزدە سەل ئاشۇرۇۋەتمەك: بولدى، ئۇنداق دېمەڭ، — ئايشەم دەرھال گۈلنىڭ قولىنى تۇتۇۋالدى، — بۇ گېپىڭىز ئېغىر كەتتى.

**ئېغىر كەلمەك** ① ماسسىسى، ۋەزنى چوڭ كەلمەك: قارىماققا كىچىك كۆرۈنگەندەك تۇرغان بىلەن جىڭغا تارتساڭ ئېغىر كېلىدۇ. ② ھار كەلمەك: قىزنىڭ سوغۇق مۇئامىلىسى ماڭا بىرئاز ئېغىر كەلدى. * بۇ ئەھۋال تەكرارلىنىۋەرگەنسېرى ئاغىنىلىرىمغىمۇ ئېغىر كېلىدىغان بولۇپ قالدى. ③ تەس تويۇلماق: ئۇنىڭغا ئىش خېلىلا ئېغىر كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇ، ئۆزىنىڭ ئەپچىل چارىسىدىن بەكمۇ خۇشال بولۇپ، ئالدىراپ مەكتەپكە كەتتى. ④ ئارتۇقچە بولماق، زىيادە ئېغىر تۇيۇلماق: بۇ مەزگىلدە ھاۋا خېلىلا ئىسسىپ، پاختىلىق چاپانلار ئېغىر كېلەتتى.

**ئېغىر كۆرمەك** بىئەپ ھېس قىلماق؛ ئاۋارىچىلىك دەپ بىلمەك: ئۇ ماڭا بۇ گەپنى ئېيتىشنى ئېغىر كۆردى. * خەزىنىدە نېمە بار، سىز بىلىسىز، لېكىن ماڭا ئېيتىشنى ئېغىر كۆرىسىز. * بۇنداق قىلىشنى ئېغىر كۆرسىڭىز، مەيلى كېتىۋېرىڭ.

**ئېغىر مېتال** <خىم> سېلىشتۇرما ئېغىرلىقى 5 تىن چوڭ بولغان مېتاللار.

مەسىلەن، پلاتىنا، سىماب، ئالتۇن، كۈمۈش، مىس ۋە تۆمۈر قاتارلىقلار. ئېغىر مېتاللارنىڭ خىمىيۋى خۇسۇسىيىتى ئادەتتە بىرقەدەر تۇراقلىق بولىدۇ.

**ئېغىر ئۇستىخان** ئالدىرىماي ھەرىكەت قىلىدىغان، بىرەر ئىشقا ئانچە ئالدىراپ كەتمەيدىغان ئادەم.

**ئېغىر ئېلېمېنت** <خىم> ئاتوم ئېغىرلىقى چوڭراق بولغان ئېلېمېنتلار. مەسىلەن، ئۇران، كالىفورنىي، مېندېلېيۋىي قاتارلىق-لار.

**ئېغىرىنى ئارتماق** باشقىلارغا قىيىنچىلىق كەلتۈرمەك، يۆلىنىۋالماق: خەققە ئېغىرىڭنى ئارتماي ئۆز كۈچۈڭگە تايىنىپ ياشىساڭ بولمامدۇ.

**ئېغىرىنى سالماق** ← **ئېغىرىنى ئارت-ماق**: يولداشلارغا ئېغىرىڭنى سالماي ئۆز ئىشىڭنى پۇختا قىل.

**ئېغىر ياتقۇ** كېسەللەر قاتتىق ئۇيقۇغا كەتكەن ۋاقىت: قۇبدۇن ئېغىر ياتقۇدا بىر تېرە، بىر ئۇستىخان بولۇپ قالغان 13 ياشلىق ئوغلى قۇددۇسنىڭ كۆز ئۆزمەي ئولتۇراتتى. * ئېغىر ياتقۇ، پۈتۈن يېزا جىمجىتلىققا چۆمگە-نىدى.

**ئېغىرئاياغ** سۈپ (ئېغىر+ئاياغ) ھامىلدار، ئېغىربوي: ئېغىرئاياغ ئايال. * ئاياللارنىڭ ئېغىرئاياغ ۋاقىتلىرى دىلىنىڭ ئەڭ نازۇك چاغلىرى بولىدۇ.

**ئېغىر ئاياغ بولماق** ھامىلدار بولماق، ئىككىقات بولماق: دەل شۇ كۈنلەردە، ماڭا ئېغىر ئاياغ بولغان ئانامنىڭ ئاي-كۈنى يېقىنلاشقانىكەن.

**ئېغىربوي** سۈپ (ئېغىر+بوي) ← **ئېغىر ئاياغ**.

**ئېغىربوي بولماق** ھامىلدار بولماق: — ئايالىم ئېغىر بوي بولۇپ قالدى، شۇڭا سىرتلارغا چىقالمايمەن، — دېدى ئەركىن.

**ئېغىر-بېسىق** ئۆزىنى توختاتقان، سالماق، ئاسان چېچىلىپ كەتمەيدىغان: ئېغىر-بېسىق ئادەم. ئېغىر-بېسىق بولماق. * ئەمدى ئۇ ئۆزىنى ئېغىر-بېسىق تۇتۇپ، سالماق ئاۋازىدا سۆزلەش ئۈچۈن پۈتۈن دىققىتى بىلەن تىرىشىۋاتقاندەك ئىدى.

**ئېغىر-بېسىقلىق** ئېغىر-بېسىق بولۇش ھالىتى: بىنا بولغاندىن باشلاپلا قۇم-بوران بىلەن ئېلىشىپ كەلگەن بۇ مەھەللە ۋە ئائىلە مۇھىتى ئۇنىڭغا ئېغىر-بېسىقلىقنى بەخش ئەتتى.

**ئېغىرچىلىق** ئى. جاپا-مۇشەققەت، قىيىنچى-لىق، مۇشكۈللۈك: تۇرمۇشنىڭ ئېغىرچىلىقى. * دادام ھېلىقى بەختسىز كۈنلەرگە ئۇچراپ ئۆلۈپ كەتمىگەن بولسا، ئانام بۇنچىۋالا ئېغىرچىلىقلارغا قالماس ئىدى.

**ئېغىرسىنماق** پ. ئېغىر ھېس قىلماق، ئېغىر كەلمەك: مەن ئېغىرسىنغاندەك ئويلىنىپ قويدۇم ۋە ماقۇل، چۈشكەن يېرىم يىراق بولسىمۇ، بىر خەۋەر ئېلىپ ئۆتەرمەن، — دېدىم.

**ئېغىرسىنىشماق** « ئېغىرسىنماق » پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**ئېغىرقات** سۈپ. دىئال. ئېغىرئاياغ.

**ئېغىرلاتماق** ① « ئېغىرلىماق » پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى. ② <قا> قانۇن بويىچە بېرىلگەن جازا ئۈستىدىن يەنە جازا بەرمەك: ئاياللارنى، باللارنى ئالداپ-ساتقان جىنايەتچىلەر ئېغىرلىتىپ جازالىنىشى كېرەك.

**ئېغىرلاشتۇرماق** « ئېغىرلاشماق » پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: يولدىن كۆتۈرۈلگەن قويۇق چاڭ-توزان دىلبەرنىڭ قەدەم ئېلىشىنى خېلىلا ئېغىرلاشتۇرۇپ قويدى.

**ئېغىرلاشتۇرۇلماق** « ئېغىرلاشتۇرماق »

پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**ئېغىرلاشماق** پ ① ماسسىسى، ۋەزنى ئاشماق: گۈركىرەپ تۇرغان شامالدا قەبرىستانلىقنىڭ چۆرىسىدىكى يوغان قېرى سۆگەتلەرنىڭ يامغۇردا ئېغىرلىشىپ كەتكەن شاخلىرى، قاپاقلىرى سىلىنغان ئادەمدەك ساڭگىلىشىپ تۇراتتى. ② كۆچمە. قىيىنلاشماق، تەسلەشمەك: ئۇنىڭ نەپەس ئېلىشى ئېغىرلاشتى. ③ كۆچمە. * ئىش بارغانسېرى ئېغىرلاشتى. ③ كۆچمە. خەۋپلىك، خەتەرلىك بولۇپ قالماق، كۆچەيمەك، زورايماق: ئاغرىقى ئېغىرلاشماق. ئۇرۇش ئېغىرلاشتى. * هازىر نادىرنىڭ كېسىلى ناھايىتى ئېغىرلىشىپ كەتتى. * ئۇ هازىر بولسا، هېچ يەردىن ئىش تاپالماي، تۇرمۇشى ئېغىرلاشماقتا ئىدى.

**ئېغىرلىق** «ئېغىر» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: — ئۇنداق بولسا، ھەممە ئېغىرلىق ماڭىلا چۈشۈۋاتىدىغۇ؟ — دەپتۇ ھېلىقى بالا.

**ئېغىرلىقتىكى سۇ** <سۇ> تۇپراققا كىرگەن سۇ توپا دانىچىلىرى ۋە كاپىللىيارلىق سۇمۇرۇش كۈچىنىڭ تەسىرى بىلەن تۇپراق ئۆزىدە تۇتۇپ قالالىغۇدەك دەرىجىدىن ئېشىپ كەتكەندە، ئارتۇق قىسمى ئۆز ئېغىرلىق كۈچىنىڭ تەسىرى بىلەن ئاستىغا قاراپ ھەرىكەت قىلىدۇ. مانا شۇ سۇ ئېغىرلىقتىكى سۇ دەپ ئاتىلىدۇ.

**ئېغىرلىق غەلتىلىكى** <گېئول> يەر يۈزىدىكى بىر نۇقتىنىڭ ئەمەلىي ئۆلچەنگەن ئېغىرلىق كۈچى بىلەن شۇ نۇقتىنىڭ نەزەرىيىۋى ھېسابلانغان ئېغىرلىق كۈچ قىممىتى ئارىسىدىكى پەرقى. ئۇ يەر ئاستىدىكى ماددا ۋە ئۇلارنىڭ زىچلىقلىرىنىڭ تارىلىشىدىكى تەكشىسىزلىكىدىن پەيدا بولىدۇ.

**ئېغىرلىق قىلماق** ① ئېغىر كەلمەك، ئېغىر تۇيۇلماق: بۇنچە ئۇرغۇن يۈك هارۋىغا ئېغىرلىق قىلىدۇ. بىر قىسمىنى ئىككىنچى نۆۋەت ئېلىپ بارسۇن. ② ئۆزىنى تۇتۇۋالماق، ئېغىر-بېسىق بولماق: بۇ ئىشتا ئۇلار بەكمۇ ئېغىرلىق قىلدى.

**ئېغىرلىق كۆتۈرۈش تەنھەرىكىتى** <تەن> بىر خىل تەنھەرىكەت تۈرى. بۇنىڭدا، تەنھەرىكەتچى شتانگىنى ئىككى قولدا دەس كۆتۈرۈش ۋە ئىككى قولدا تىنىپ كۆتۈرۈشتىن ئىبارەت ئىككى خىل ئۇسۇل بويىچە كۆتۈرىدۇ. مۇسابىقە تەنھەرىكەتچىلەرنىڭ بەدەن ئېغىرلىقى بويىچە 10 دەرىجىگە بۆلۈنۈپ ئېلىپ بېرىلىدۇ. ئىككى يەككە تۈرنىڭ نەتىجىسى ۋە ئومۇمىي نەتىجە شەخسلەرنىڭ مۇسابىقە نەتىجىسى بولۇپ، ئايرىم-ئايرىم هالدا نام تەرتىپى باهالاپ بېكىتىلىدۇ.

**ئېغىرلىق كۈچ تېزلىنىشى** <فىز> جىسىمنىڭ ئېغىرلىقى كۈچى تۈپەيلىدىن ئېرىشكەن تېزلىنىشى. ئۇ g بىلەن ئىپادىلىنىدۇ.

**ئېغىرلىق كۈچ مەيدانى** <فىز> ئومۇمەن يەر شارى ئەتراپىدىكى تارتىش كۈچى مەيدانىنى كۆرسىتىدۇ.

**ئېغىرلىق كۈچى** <فىز> يەر شارىنىڭ تارتىشى تۈپەيلىدىن جىسىم ئۇچرايدىغان كۈچ.

**ئېغىرلىق مەركىزى** <فىز> بىر جىسىمنىڭ ھەرقايسى قىسىملىرىنىڭ ھەممىسى يەر شارىنىڭ تارتىش كۈچىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرايدۇ. بۇ ئېغىرلىق كۈچلىرىنىڭ تەسىرىنى بىر نۇقتىغا مەركەزلەشكەن دەپ قاراشقا بولىدۇ. بۇ نۇقتا جىسىمنىڭ ئېغىرلىق مەركىزى دەپ ئاتىلىدۇ.

**ئېغىرلىق مىقدارى** <فىز> يەر مەركىزىنىڭ تارتىش كۈچىنىڭ تەسىرى بىلەن جىسىمدا تۆۋەنگە چۈشۈش كۈچى پەيدا بولىدۇ. بۇ كۈچنىڭ چوڭ-كىچىكلىكى ئېغىرلىق مىقدارى دېيىلىدۇ. ئېغىرلىق كۈچى ھەربىر جايدىكى يەر مەركىزىنىڭ تارتىش كۈچىنىڭ ئوخشىماسلىقى تۈپەيلىدىن ئازراق پەرق قىلىدۇ. ئىككى قۇتۇپتا ئېكۋاتوردىن چوڭراق بولىدۇ، ئېگىز جايدا پەس جايدىكىدىن كىچىكرەك بولىدۇ.

**ئېغىرلىق نۇقتىسى** <فىز> پىشاڭدىكى ئېغىرلىقنى كۆتۈرۈپ تۇرىدىغان (يەنى ئېغىرلىق چۈشىدىغان) نۇقتا.

**ئېغىرلىق يەلكىسى** <فىز> پىشاڭنىڭ ئېغىرلىق نۇقتىسى بىلەن تايىنىش نۇقتىسىنىڭ ئارىسىدىكى ئارىلىق.

**ئېغىرلىق يوقىتىش** <فىز> تىك تۆۋەنگە قارىتا يۆنەلگەن تېزلىنىش مەۋجۇت بولغان چاغدا، جىسىمنىڭ ئۆزىنى تىرىگۈچى جىسىمغا بولغان بېسىم كۈچى (ياكى تارتىش كۈچى) نىڭ جىسىم ئۇچرىغان ئېغىرلىق كۈچىدىن كىچىك بولۇش ھادىسىسى.

**ئېغىرلىماق** پ. ئېغىرلىقى ئاشماق، ئېغىرلاشماق: ئۇنىڭ كېسىلى ئېغىرلاپ قالغان كۈنلەردە ماڭا ئوغلىغا ھەمدەم بولۇشنى تاپشۇرغانىدى.

**ئېغىر-بېسىق** ① ئېغىر ۋە بېسىق. ② ئۇششاق-چۈششەك، ئادەتتىكى: ئېغىر-بېسىق ئىشلار.

**ئېغىز** ① ئى. ئاغىز: ئېغىز ئاچماق. ئېغىزىغا بىرنېمە سالماسلىق. ② مىق <بىن> سانىغان سانلار بىلەن كېلىپ، ئۆي-ئىمارەتلەرنىڭ ھەربىر خانىسىنى بىلدۈرىدۇ: ئۈچ ئېغىز ئۆي.

**ئېغىز ئاپپاراتى** <زوئول> ھاشاراتلارنىڭ ئوزۇقلۇق ئېلىش ئەزاسى. باش قىسمىدىكى قوشۇمچە پۇتلار ۋە تومپىيىپ چىقىپ تۇرغان قىسىملاردىن تەركىب تاپىدۇ. ھاشاراتلارنىڭ ئوزۇقلىنىش خۇسۇسىيىتى ئوخشاش بولمىغىنى ئۈچۈن، ئېغىز ئاپپاراتىنىڭ شەكلىمۇ ئوخشاش بولمايدۇ. ئادەتتە چايناشقا ئېغىز ئاپپاراتى چايناپ شورىغۇچى ئېغىز ئاپپاراتى، سانجىپ شورىغۇچى ئېغىز ئاپپاراتى، يالاپ شورىغۇچى ئېغىز ئاپپاراتى، قاتارلىق بەش خىل تىپقا بۆلۈنىدۇ. ئۇلارنىڭ ئىچىدە چاينىغۇچى ئېغىز ئاپپاراتى ئەڭ ئىپتىدائىي بولۇپ، باشقا خىل ئېغىز ئاپپاراتلىرى چاينىغۇچى ئېغىز ئاپپاراتىدىن تەرەققىي قىلىپ كەلگەن.

**ئېغىز ئاچالماس قىلىۋەتمەك** گەپ قىلالماس قىلىۋەتمەك، ئاغزىنى تۇۋاقلىماق.

**ئېغىز ئاچماق** ① گەپ قىلماق، گەپ باشلىماق: — بىز ئاددىي پۇقرا تۇرساق، پادىشاھنىڭ قىزىغا قانداق ئېغىز ئاچالايمىز، — دەپتۇ دادىسى. * بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ، دادامدىن بۇرۇن ئانام ئېغىز ئاچتى. ② ئىپتارلىماق، ئىپتار قىلماق: ئىپتار ۋاقتى بولۇپتۇ، ئېغىز ئاچايلى.

**ئېغىز ئالماق** ① يارا ئۇچ چىقىرىپ ئېچىلماق: ئۇنىڭ يارىسى ئېغىز ئالدى. ② يوشۇرۇن تۇرغان ئەھۋال ئاشكارىلانماق: بۇ ئىش ئاخىرى ئېغىز ئالدى.

**ئېغىز ئەتراپ پەردىسى** <زوئول> تىكەن تېرىلىك ھايۋانلارنىڭ ئاغزىنىڭ ئەتراپىدىكى پەردىسىمان تۈزۈلۈش. بەزىلىرىنىڭ پەردىسىنىڭ ئىچىدە پۈرمە مۇسكۇل بولۇپ قىسقىرالايدۇ. بەزى تىكەن تېرىلىك ھايۋانلارنىڭ ئېغىز ئەتراپ

پەردىسىدە تىكەن قىسقۇچ بولۇپ، ئوزۇق تۇتۇشقا ياردەم بېرىدۇ.

**ئېغىز ئەدەبىياتى** <ئەد> → **خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى.**

**ئېغىز بوشلۇقى** <ئانات> ھەزىم قىلىش يولىنىڭ باشلىنىش قىسمى. ئىچىدە چىش، تىل ۋە ئۈچ جۈپ چوڭ شۆلگەي بېزىنىڭ ئۆتكۈزگۈچى نەيچىلىرىنىڭ ئاغزى بولىدۇ.

**ئېغىز تامشىماق** تەمە قىلماق، قولغا چۈشۈرۈشنىڭ كويىدا بولماق: ئۇ چوكانىنى ئۈندەككە كەلتۈرەلمەي، خۇددى چۈك-چۈك كېسىلگە گىرىپتار بولغان كىشىدەك ئېغىز تامشىپ پەرىشان بولاتتى.

**ئېغىز تاۋۇشلىرى** <تىل> تەلەپپۇز قىلىنغاندا يۇمشاق تاڭلاي يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپ، دىماغ بوشلۇقىغا ئۆتىدىغان يولنى ئېتىۋالىدىغان ھەمدە ھاۋا ئېقىمىنىڭ ئېغىز بوشلۇقىدىن چىقىشى ئارقىلىق ھاسىل بولىدىغان تاۋۇشلار. مەسىلەن، ئا، ئە، ئو، ب، پ، ت، س، ر لار. ئادەتتە ئۇ «دىماغ تاۋۇشى» غا نىسبەتەن ئېيتىلىدۇ.

**ئېغىز تەرجىمىسى** <تىل> ئېغىز ئارقىلىق توغرىدىن-توغرا قىلىنغان تەرجىمە. ئادەتتە ئۇ «يېزىق تەرجىمىسى» گە نىسبەتەن ئېيتىلىدۇ.

**ئېغىز تەگمەك** تېتىماق، يېمەك: گۈللۈك چەينەكتىن ئىسسىق چاي قۇيدى، بىز ئېچىلىپ-يېيىلىپ ئولتۇرۇپ مەزەگە ئېغىز تەگدۇق.

**ئېغىز تىلى** <تىل> → **جانلىق تىل.**

**ئېغىز چىشىدا چاينىۋەتكۈدەك بولماق** يوق قىلىۋەتكۈسى كەلمەك، پارچە-پارچە قىلىۋەتكۈسى كەلمەك: شۇ گەپنى ئاڭلاپ، ئۇنى ئېغىز چىشىمدا چاينىۋەتكۈدەك بولدۇم.

**ئېغىزدىلا قالماق** ئېغىزدا دېيىلگەن بىلەن ھەل بولماي، ئەمەلىيلەشمەي قالماق: بولدى ئۇلارنى دېمەيلا قويۇڭ، مېنىڭ ئۇ ئىشىم ئېغىزدىلا قالدى.

**ئېغىزدىن تەگكەن** تۇغۇلۇشتىنلا شۇنداق ئۇششاق سۆز: — ھوي خەقلەر ئاۋۇ شۇمتەكىنىڭ ئاغزىنى بېسىڭلار، ئېغىزدىن تەگكەنگە قاراپ تۇرامسىلەر! — باينىڭ خوتۇنى چالۋاقاپ كەتتى.

**ئېغىزدىن چىقارماق** دېمەك، سۆزلىمەك: ئۇ بۇ سۆزنى ئويلاپ تۇرۇپ ئەمەس، قورقۇنچتا ئېغىزدىن چىقارغانىدى. * مەن ئۇنىڭ بىلەن بىر جوزىدا تاماق يېيىشنى ئېغىزدىن چىقارغاندىم.

**ئېغىزدىن چىقىرالماسلىق** ئېيتىشقا، دېيىشكە جۈرئەت قىلالماسلىق: كېيىمنىڭ ئاخىرىنى زادىلا ئېغىزىمدىن چىقىرالمىدىم.

**ئېغىزدىن ئېغىزغا كۆچمەك** كەڭ تارقالماق: بۇ رىۋايەت خەلق ئارىسىدا ئېغىزدىن ئېغىزغا كۆچۈپ يۈرىدۇ.

**ئېغىزىغا ئالماق** دېمەك، ئېيتماق: قىسقىسى، بۇ كۆڭۈلسىز ئىشنى زادىلا ئېغىزغا ئالمايلى.

**ئېغىزغا ئالغۇچىلىكى يوق** ئەرزىمەس، تايىنى يوق: — قايتۇرۇپ بېرىمەن دەپ يۈرمەڭ، ئىشلىتىۋېرىڭ، ئېغىزغا ئالغۇچىلىكى يوق بىرنېمىلەر بۇ! — دېدى ئالغاي خوتۇن.

**ئېغىزغا ئالغۇسىز** ئېيتىشقا، دېيىشكە ئۇيىلىدىغان: ئۇ ئارقىسىغا ئەگىشىۋالغان ئەرلەرنىڭ ئاغزىدىن چىقىۋاتقان ئېغىزغا ئالغۇسىز سەت گەپلەرنى ئاڭلىدى.

**ئېغىزغا چىقماق** كىشىلەر ئارىسىغا تارقالماق، كىشىلەر ئارىسىدا دېيىلمەك: — يالغان گەپ ئەل ئېغىزىغا چىقامدۇ، — دېدى

ئالغاي خوتۇن.

**ئېغىز گارمونى** <مۇز> بىر خىل چالغۇ ئەسۋابى. سىرتىدا ئىككى قۇر ئۇششاق تۆشۈكچىلىرى، ئىچىدە تۇچتىن ياسالغان نېپىز ياپراقچىسى بولۇپ، پۈۋلىگەندە يەل كۈچى بىلەن ئاۋاز چىقىرىدۇ.

**ئېغىزنى زايە قىلماق** گەپ يېمەيدىغان، ئۆز بېشىمچى ئادەملەرگە گەپ قىلىپ بىكاردىن-بىكار ئاۋارە بولماق: — بۇ خەق بىلەن جېدەللىشىپ ئېغىزىڭنى زايە قىلغۇچە ئۆز يولۇڭغا ماڭساڭ بولمامدۇ، — دېدى دادام ئاچچىقلاپ.

**ئېغىزنىڭ بىر قات تېرىسى سويۇلۇپ كەتمەك** بىر مەسىلە توغرۇلۇق بىركىمگە قايتا-قايتا سۆزلىمەك: — ۋاي ئۇكام ساڭا تولا دەپ ئېغىزىمنىڭ بىر قات تېرىسى سويۇلۇپ كەتتىغۇ نېمانداق قىلىسەن؟

**ئېغىزنىڭ پاشىنىسى يوق** ئېغىز دېگەندىن ھەممە گەپ چىقىدۇ، ئېغىزدىن چىقمايدىغان گەپ يوق: ئۇ «ئېغىز دېگەننىڭ پاشىنىسى يوق، ئەگەر بىرەر قاملاشمىغان سۆز ئاغزىمدىن چىقىپ كەتسە، ياكى ئۇنىڭغا ياقمايدىغان سۆزلەرنى ئېيتىپ قويسام، بالاغا قالمايمەنمۇ» دەپ ئەندىشە قىلىپتۇ.

**ئېغىزنىڭ ئۇچىدا** چىن كۆڭلىدىن ئەمەس، مۇنداقلا: ئېغىزنىڭ ئۇچىدىلا مۇھەببەتلىشىپ قويۇشۇپ شۇنچىلىك ئىناق، بەختلىك ئەر-خوتۇن بولۇپ كېتىپتۇ. * ئۇ ھەممەيلەن بىلەن ئېغىزنىڭ ئۇچىدىلا تىنچلىق-ئامانلىق سوراشتى.

**ئېغىزنىڭ يېلى** «دەپ قويسىلا بولۇپ كېتىدۇ، دەپ قويسىلا بېجىرىلىپ كېتىدۇ» دېگەن مەنىدىكى ئىبارە: تۆت ئېغىز ياخشى گېپىمنى قىلىپ قويسىلا، سىلىدىن نېمە كېتىدۇ، ئېغىزلىرىنىڭ يېلى، — دەپتۇ موللامەتنىياز.

**ئېغىز ھەرىكىتى** <كىنو> فىلىمدىكى پېرسوناژلارنىڭ سۆزلىشكەن ياكى ئاۋاز چىقارغان چاغدىكى كالپۇك ھەرىكىتى.

**ئېغىز ئۆي** <بىن> بىر-بىرىگە تۇتاش ئۆيلەر ئىچىدىكى بېۋاستە سىرتقا چىققىلى بولىدىغان ئۆي؛ دالان.

**ئېغىز ئۇششۇتمەك** يامان ئاقىۋەت كېلىدۇ، دەپ قارىماق، ئېيتىشماق: — ھوي، ئېغىزلىرىنى ئۇششۇتۇپ، يەنە نېمە دەيلا، يەنە نېمە گەپ بار؟

**ئېغىزىدا تۇغۇۋالغان** ئەركە چوڭ بولغان، ئەتىۋارلىق: ئۇنىڭغا جىق گەپ قىلماڭلار، ئېغىزىدا تۇغۇۋالغان بالا ئۇ.

**ئېغىز ئىقرارى** <قا> سوت قىلىنغۇچىنىڭ ئەنزىگە ئالاقىدار ئىشلار ئۈستىدىكى ئاغزاكى بايانى.

**ئېغىز ئىمتىھانى** <مائار> ئىمتىھاننىڭ بىر خىل شەكلى بولۇپ، ئۇنىڭدا ئىمتىھان بەرگۈچى سوئاللارغا ئاغزاكى جاۋاب بېرىدۇ.

**ئېغىز يارماق** گەپ قىلماق، ئېغىز ئاچماق: گەرچە بۇ يامان سۆز ھەققىدە خوتۇنى ۋە ئىمامدىن باشقىسىغا ئېغىز يېرىپ بىرنېمە دېمىگەن بولسىمۇ، قوشنىسى رابىيەم سېزىپ قالدى.

**ئېغىز ياللۇغى** <تىب> ئېغىز بوشلۇقى شىللىق پەردىسى ياللۇغلىنىدىغان بىر خىل كېسەللىك. بۇنىڭدا شىللىق پەردە قىزىرىپ ئىششىش، قاتتىق ئاغرىش، بەزىدە يارا پەيدا بولۇش قاتارلىق ئالامەتلەر كۆرۈلىدۇ. كۆپىنچە، ئۇنى ھەزىم قىلىشنىڭ ناچارلىشىشى، ۋىرۇسلار بىلەن يۇقۇملىنىش قاتارلىق سەۋەبلەر كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

**ئېغىز-بۇرۇن** ئېغىز ۋە بۇرۇن: ئېغىز-بۇرۇن

ياللاشماق. ئېغىز-بۇرنىنى تۈپتۈز قىلىۋەتمەك.

**ئېغىز-بۇرۇن ياللاشماق** بەك يېقىن بولۇشۇپ كەتمەك، يېقىنچىلىق قىلىشىپ كەتمەك: — ھازىر ئۇ بەگلەر بىلەن ئېغىز-بۇرۇن يالىشىپ پۇقرالارنى باسىدىغان بولدى، — دېدى بوۋاي خورسىنىپ.

**ئېغىز-بۇرنىنى تۈپتۈز قىلىۋەتمەك** قاتتىق ئۇرۇپ باش-كۆزىنى يارا-قىلىۋەتمەك: بۇرنى قاناپ كەتكەن ئالىغاي مۇشت ئېتىۋىدى، سادىق ھايت-ھۇيت دېگۈچە ئېغىز-بۇرنىنى تۈپتۈز قىلىۋەتتى.

**ئېغىزچە** سۈپ. ئېغىز ئارقىلىق بولىدىغان، ئاغزاكى: ئېغىزچە دوكلات. * دەرسخانىدا سورىغان سوئالغا ئوقۇغۇچىلاردىن ئېغىزچە جاۋاب بېرىشنى تەلەپ قىلىش كېرەك.

**ئېغىزچە ھېسابلاش** <مات> كۆڭلىدە ھېسابلاپ، ئېغىزىدا سۆزلەيدىغان بىر خىل ھېسابلاش شەكلى.

**ئېغىزدۇرۇق** ئى. يۈگەننىڭ ئات ئېغىزىغا سېلىنىدىغان تۆمۈرى: شىريازدان تورۇق قاشقا ئاتنىڭ ئېغىزدۇرۇقلىرىنى سېلىپ، ئۇلاڭلىرىنى چېگىتىپ سادىرنىڭ يېنىغا ئەكەلدى.

**ئېغىزلاندۇرماق** ① «ئېغىزلانماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى. ② تۇغۇلغان بالىنى تازىلاپ ئاغزىغا بىرىنچى قېتىم يېمەكلىك سالماق: ئاخىرىدا گەپ پەرزەنتنى ئېغىزلاندۇرۇش ۋە ئىسمىنى نېمە دەپ قويۇشقا يۆتكەلدى.

**ئېغىزلاندۇرۇلماق** «ئېغىزلاندۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**ئېغىزلانماق** پ ① يېمەك ۋە ئىچمەك: — قېنى تاماقلاردىن ئېغىزلىنايلى، — دېدى ساھىبخان. ② گەپ باشلىماق، گەپ قىلماق: — شۇنداق قىلىپ سالامەت قايتىپ كەلدىلە، — دېدى ئەھمەتقارى ئۈزۈلۈپ قالغان گەپنى ئۇلاش ئۈچۈن ئېغىزلىنىپ.

**ئېغىزلىق** I سۈپ. بىرقانچە ئېغىزغا بۆلۈنگەن: ئىككى ئېغىزلىق ئۆي.

**ئېغىزلىق** II ئى. مال بوغۇزلايدىغان جاي.

**ئېغىزمان** ئى. ئۇلاڭ مورە باشتىن سول مورە باشقىچە بولغان ئارىلىق، غول: ئېغىزمېنى ئاغرىماق.

**ئېغىش** ① «ئاغماق» پېئىلىنىڭ يەنە بىر خىل ئىسمدىشى. ② <مات> $M(\chi_{0}\ y_{0})$ نىڭ $\delta=\chi_{0}\cos\theta+y_{0}\sin\theta-\rho$ نى $\chi\cos\theta+y\sin\theta-\rho=0$ تۈز سىزىق گە نىسبەتەن ئېغىش دەيمىز. ئەگەر M نۇقتا تۈز سىزىق نورمالىنىڭ ئوڭ يۆنىلىشى كۆرسەتكەن تەرەپتە بولسا، ئۇ ھالدا M نۇقتىدىن تۈز سىزىققىچە بولغان d ئارىلىق δ ئېغىشقا تەڭ بولىدۇ؛ ئەگەر M نۇقتا تۈز سىزىقنىڭ ئىككىنچى تەرىپىدە بولسا، ئۇ ھالدا $d=-\delta$ بولىدۇ.

**ئېغىش بولۇڭى** <فىز> چۈشكەن نۇر سۇنغان ياكى قايتقاندىن كېيىن، چىقىش يۆنىلىشىنىڭ ئەسلىدىكى چۈشۈش يۆنىلىشىدىن ئاغقان بۇلۇڭى.

**ئېغىش ھالىتى** <مات> تاسادىپىي مىقدارنىڭ ئۈچىنچى تەرتىپلىك مەركىزىي مومېنتىنىڭ ئوتتۇرىچە كۋادراتلىق پەرقىنىڭ كۇبىغا بولغان نىسبىتىدىن ئېنىقلانغان مىقدار تاسادىپىي مىقدار تەقسىماتىنىڭ ئېغىش ھالىتى دېيىلىدۇ. ئۇ تەقسىمات ئەگرى سىزىقنىڭ سىممېترىك بولماسلىق ئالاھىدىلىكىنى تەسۋىرلەيدۇ. ئۇ يەنە «ئېغىش كوئېففىتسېنتى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

**ئېغىشماق** «ئاغماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار توغرا يولدىن ئېغىشتى.

**ئېغىل** ئى. ئات-ئېشەك، كالا قاتارلىق ئۆي هايۋانلىرىنى باقىدىغان، سولايدىغان مەخسۇس ئۆي: باي بىركۈنى ئېغىلنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتسا ئېشىكى هاڭراپ قېلىپتۇ.

**ئېغىل قىلىۋەتمەك** مەينەت، پاسكىنا قىلىۋەتمەك: مۇنۇ باللارنى قارا، ئۆينى ئېغىل قىلىۋېتىپسلەرغۇ.

**ئېغىناتماق** «ئېغىنىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئېشەكنى ئېغىناتماق.

**ئېغىناشماق** «ئېغىنىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: بىر توپ باللار دۆڭ-لەكلىك سامانىدا ئېغىنىشىپ ئويناۋاتاتتى.

**ئېغىنىماق** پ. بىر ئۇ يانغا بىر بۇيانغا دۇملىماق، ئۆرۈلمەك: دوستۇم بىلەن ئىككىمىز كارىۋاتتا ئۆزىمىزنى تاشلاپ ئېغىناپ باشقىدىن كۆلۈشكە باشلىدۇق. * ئەركىن هويلىسىدىكى كېگىز سېلىنغان سۇپىدا ئېغىناپ ياتاتتى.

**ئېفتالىت** ئى (ر) <ئېرق> هونلارنىڭ بىر تارمىقى. مىلادىيە V ئەسىردە، ئوتتۇرا ئاسىيادا ئۆزىنىڭ هاكىمىيىتىنى قۇرغان، كېيىن تۈركلەر تەرىپىدىن يوقىتىلىپ، قەبىلىلىرى تارقىتىۋېتىلگەن.

**ئېففۇزىيە** ئى (ر<لات) <فىز> تۆۋەن بېسىملىق گاز مولېكۇلىلىرىنىڭ كىچىك تۆشۈكلەردىن قېچىپ چىقىش هادىسىسى.

**ئېففېكت** ئى (ر<لات) <فىز> فىزىكىلىق ياكى خىمىيىلىك تەسىردىن هاسىل بولغان ئۈنۈم. مەسىلەن، ئېلېكتر ئېففېك-تى، ئىسسىقلىق ئېففېكتى، خىمىيىلىك ئېففېكت قاتارلىقلار.

**ئېففېكتور** ئى (ر<لات) <بىئول> رېفلېكس يايىنىڭ ئاخىرقى هالقىسى. مەركەزدىن چىققۇچى نېرۋىنىڭ ئىمپۇلسىنى قوبۇل قىلىپ ئالاهىدە هەرىكەت پەيدا قىلىدۇ. مەسىلەن، قىسقىراش ياكى ئاجرىتىپ چىقىش قاتارلىقلار. مۇسكۇل توقۇلمىسى ۋە بەزلەر ئېففېكتورلاردۇر.

**ئېفېدرىن** ئى (ر<گرېك) <خىم> بىر خىل دورا، يەنى ئورگانىك بىرىكمە. مولېكۇلا فورمۇلىسى $C_6H_5CHOH \cdot CH(CH_3) \cdot NH \cdot CH_3$. ئۇ چاكاندىدىن ئاجرىتىپ ئېلىنغان بىر خىل بىئولوگىيىلىك ئاساس بولۇپ، ئاق رەڭلىك كرىستال هالىتىدە كېلىدۇ. نېرۋا تۈگۈنىنى قوزغىتىش، نەپەس يولىنىڭ سىلىق مۇسكۇلىنى بوشىتىش، قان بېسىمىنى ئۆرلىتىش، ئاشقازان ۋە ئۈچەي-نىڭ قىمىلدىشىنى ئاجىزلىتىش قاتارلىق روللارغا ئىگە. كلىنىكىدا دەم سىقىلىش كېسىلى، بۇرۇن شىللىق پەردىسى ياللۇغى ۋە يەلتاشما قاتارلىقلارنى داۋالاشتا ئىشلىتىلىدۇ.

**ئېفىر** I ئى (ر<گرېك) <خىم> ئورگانىك بىرىكمىلەرنىڭ بىر تۈرى. بىر ئوكسىگېن ئاتومىنىڭ ئىككى هىدروكاربون رادىكالىنى باغلاپ تۇرۇشىدىن هاسىل بولىدۇ. كۆپچىلىكى سۇيۇقلۇق. مەسىلەن، ئېتىل ئېفىرغا ئوخشاش.

**ئېفىر ماي** <خىم> نېفىتنى پىششىقلاپ ئىشلەپ بېنزىن، كېرسىن قاتارلىقلار ئايرىۋېلىنغاندىن كېيىن قالغان قىسمى.

**ئېفىر هىدروگېن** <خىم> ترىتىينىڭ بۇرۇنقى نامى.

**ئېفىر** II ئى (ر<گرېك) <فىز> بۇرۇن ئالەم بوشلۇقىدا مەۋجۇت بولىدۇ دەپ پەرەز قىلىنغان، يورۇقلۇقنى تارقىتىدىغان بىر خىل ئېلاستىك مۇهىت. مىلادىيە

X X ئەسىرنىڭ باشلىرىدا مەيدان ھەققىدىكى تەتقىقاتلار، يورۇقلۇقنىڭ تارقىلىشى ۋە بارلىق ئۆزئارا تەسىرلەر-نىڭ ئۇزىتىلىشى ھەر خىل مەيدانلار ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشىدىغانلىقىنى پۈتۈنلەي مۇئەييەنلەشتۈردى. بۇنىڭ بىلەن ئېفىر كونىراپ كەتكەن ئۇقۇم سۈپىتىدە قالدۇرۇلدى.

**ئېفىر شاملى** <فىز> ئېفىرنى مەۋجۇت دەپ پەرەز قىلىنغان شەرت ئاستىدا، جىسىمنىڭ ئېفىرىغا نىسبەتەن ھەرىكىتى نەتىجىسىدە بارلىققا كېلىدىغان ھەرىكەت يۆنىلىشىگە قارشى يۆنىلىشتىكى ئېفىر ئېقىمى. بۇ خۇددى ئادەم يول يۈرگەندە ئۇدۇلىدىن ئۇرۇلىدىغان ھاۋا ئېقىمىغا ئوخشايدۇ.

**ئېفىرازا** ئى (ر<گرېك) <خىم> ئېستېرنىڭ سۇدا پارچىلىنىشى ياكى بىرىكىشىنى تېزلىتىدىغان خالىغان بىر ئېنزىم.

**ئېفىرپىيتور** ئى (ر) <ھەرب> بىر خىل ھەربىي ئۇنۋان. دەرىجىسى ئاددىي ئەسكەردىن بىر دەرىجىدە ئۈستۈن تۇرىدۇ.

**ئېقىتما** ئى. ئېقىپ كېلىپ يىغىلىپ قالغان نەرسىلەر.

**ئېقىتماق** «ئاقماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: — ئۆستەڭگە سۇغا چىقۇۋىدىم، چېلەكمنى سۇ ئېقىتىپ كەتتى، — دېدى قىز.

**ئېقىتماي-تېمىتماي** بىرىنى قويماي، ھەممى-سىنى، ئەينى بويىچە: ئۇ شۇ كېچىسىلا ئولتۇرۇشتا بولغان گەپ-سۆزلەرنى ئېقىت-ماي-تېمىتماي رازۋېدكا ئورگىنىغا يەتكۈزۈپ بولغانىدى.

**ئېقىتىشماق** «ئېقىتماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: بىر توپ باللار شۆلگەيلىرىنى ئېقىتىشىپ سامسىپەزگە قاراپ تۇراتتى.

**ئېقىش** «ئاقماق» پېئىلىنىڭ يەنە بىر خىل ئىسىمدىشى: ئېقىش جەريانى. ئېقىش سۈرئىتى. ئېقىش مۇساپىسى.

**ئېقىش تاپماق** يۈرۈشمەك، ئاقماق: ئوقىتى ئېقىش تاپماق. ئىشى ئېقىش تاپماق.

**ئېقىش جەريانى** <سۇ> ئېقىشچان جىسىمنىڭ ئېقىش مۇساپىسى دائىرىسىدىكى ئېقىش ھەرىكىتىنىڭ ھەر خىل ئۆزگىرىش جەريانى.

**ئېقىش سۈرئىتى** <سۇ> ئېقىشچان جىسىمنىڭ بىرلىك ۋاقىت ئىچىدە ئاققان مۇساپىسى. بىرلىكى s/m.

**ئېقىش مۇساپىسى** <سۇ> ئېقىشچان جىسىمنىڭ بىر نۇقتىدىن يەنە بىر نۇقتىغىچە ئاققان مۇساپىسى.

**ئېقىش ئۆزگىرىشچانلىقى** <گېئول> جىسىمدا بولىدىغان شەكىل ئۆزگىرىش ۋە ئېقىش خۇسۇسىيىتى.

**ئېقىشچان** سۈپ. ئاقىدىغان، سۇيۇق ھالەتتىكى: ئېقىشچان جىسىم.

**ئېقىشچان جىسىم** <سۇ> سۇيۇق جىسىم ۋە گاز جىسىمغا ئوخشاش بەلگىلىك شەكلى يوق، ئاقىدىغان جىسىم.

**ئېقىشچانلىق** ئى <فىز> ئېقىشچان ياكى سۇيۇلدۇرۇلغان جىسىمنىڭ ئۆز ئېغىرلىقى ياكى باشقا مېخانىكىلىق كۈچنىڭ تەسىرى بىلەن ئېقىش خۇسۇسىيىتى.

**ئېقىشماق** «ئاقماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**ئېقىم** ئى. ① مەلۇم بىر تەرەپكە ئېقىۋاتقان سۇ، سۇيۇقلۇق، زەررىچە، گاز ۋە شۇ

قاتارلىق نەرسىلەر جەريانى: چوڭ ئېقىم. ئېلېكتر ئېقىمى. تارماق ئېقىم. ئىسسىق ئېقىم. هاۋا ئېقىمى. سوغۇق ئېقىم. ② شۇنداق جەريان يۆنەلگەن تەرەپ؛ يۆنىلىش: بىركۈنى كېمە شاڭخەيدىن سۇنىڭ ئېقىمىغا قارشى مېڭىپ ۋۇخەنگە قاراپ يولغا چىقىش ئالدىدا تۇراتتى. ③ كۆچمە. ئىجتىمائىي پائالىيەت، ئىلىم-پەن، نەزەرىيە ۋە شۇ قاتارلىقلارنىڭ بىرەر ساھەسىدىكى يۆنىلىشى؛ قاراش: پىكىر ئېقىمى. ئېقىم مەسىلىرى. سىياسىي ئېقىم. ئېقىمغا قارشى تۇرماق. * ئىلىم-پەن ھەر خىل ئىلمىي نۇقتىئىينەزەرلەرنىڭ ئۆزئارا ئالمىشىشى، بىرلىشىشى ۋە مۇنازىرىسى ئارقىلىق راۋاجلىنىدۇ؛ ئەدەبىيات-سەنئەت ئوخشاش بولمىغان ئېقىملارنىڭ ۋە ئۇسلۇبلارنىڭ ئەركىن مۇسابىقىسى ئارقىلىق گۈللىنىدۇ.

**ئېقىم تورلىرى** <سۇ> يەر ئاستى سۈيىنىڭ ئېقىش سىزىقىنىڭ ئۆزئارا كېسىشىشىدىن ھاسىل بولىدىغان تورلار.

**ئېقىم تۇرۇبىسى** <تب> مەلۇم ئېقىملىق جەرياندىكى بىر گۇرۇپپا ئېقىم سىزىقلىرىدىغا ئورالغان تۇرۇبىسىمان دائىرە.

**ئېقىم تېزلىكى** <فز> بىرلىك ۋاقىت ئىچىدە تۇرۇبىنىڭ مەلۇم بىر توغرا كەسمە يۈزىدىن ئېقىپ ئۆتكەن ئاقار جىسىمنىڭ مىقدارى.

**ئېقىم سىزىقى** <فز> ئاقار جىسىملارنىڭ ئېقىشىنى ئوبرازلىق تەسۋىرلەپ بېرىدىغان ئەگرى سىزىق.

**ئېقىم فۇنكسىيىسى** <فز> سىقىلمايدىغان ئاقار جىسىملارنىڭ ئىككى ئۆلچەملىك مۇقىم ئېقىملىق بىر ئورنىنى تەسۋىرلەشتە قوللىنىلىدىغان سكالىيار فۇنكسىيە.

**ئېقىم قارشىلىقى** <فز> گاز ئېقىمى مۇقىم بولغان ھالەتتە ئاۋاز سۈمۈرىدىغان ماتېرىياللاردىكى بېسىم كۈچى گرادىيېنتى بىلەن گاز ئېقىمىنىڭ سىزىقلىق تېزلىكىنىڭ نىسبىتى.

**ئىقىم مەسىلىرى** يېقىنقى مەزگىلدىكى دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى چوڭ-چوڭ مەسىلىلەر.

**ئېقىم مەيدانى** <فز> ئېقىۋاتقان ئاقار جىسىملارنىڭ ئىچكى قىسمىنىڭ فىزىكىلىق ھالىتىنى تەسۋىرلەيدىغان ۋېكتورلۇق مەيدان.

**ئېقىم مىقدارى** <فز> بىرلىك ۋاقىت ئىچىدە دەريا قىنى ياكى تۇرۇبىنىڭ مەلۇم بىر توغرا كەسمە يۈزىدىن ئېقىپ ئۆتكەن ئاقار جىسىمنىڭ مىقدارى. بۇ ئاقار جىسىمنىڭ مىقدارى ئەگەر ھەجىمنى كۆرسەتسە، ھەجىملىك ئېقىم مىقدارى دەپ ئاتىلىدۇ؛ ئەگەر ماسسىسىنى كۆرسەتسە، ماسسىلىق ئېقىم مىقدارى دەپ ئاتىلىدۇ؛ ئەگەر ئېغىرلىقنى كۆرسەتسە ئېغىرلىق ئېقىم مىقدارى دەپ ئاتىلىدۇ.

**ئېقىمسىز** سۈپ. ئېقىمى يوق؛ ئېقىمسىز رايون.

**ئېقىمسىز رايون** <جۇغ> يەر ئۈستىدە ئېقىم پەيدا بولمايدىغان رايونلار. بۇ كۆپىنچە قۇملۇقلاردا ئۇچرايدۇ.

**ئېقىن** ① ئى <سۇ> ئېقىۋاتقان سۇ، سۇيۇقلۇق، ئېقىم: ھازىر شۇ ۋاقىتلاردىكى ئۆزۈم تۇغۇلۇپ ئۆسكەن ئېقىن بويىغا سېلىنغان، دېرىزىسى يوق بولغانىدىمۇ تۈڭلۈكى بار، ئاقارتىلمىغان يوغان بىر ئېغىزلىق ئۆينى كۆز ئالدىمغا كەلتۈردۈم. * دەريا ئۆز ئېقىنىنى ئۆزگەرتتى. ② سۈپ. توختىماي ئېقىپ

تۇرىدىغان، ئاقىدىغان، ئاقار: ئېقىن سۇ.

**ئېقىن تېزلىكى** <قاتن> سۇنىڭ ئېقىش تېزلىكى.

**ئېقىنغا قارشى تېزلىك** <قاتن> كېمىنىڭ سۇنىڭ ئېقىشىغا قارشى ھەرىكەت قىلغاندىكى تېزلىكى.

**ئېقىن سۇ** ① ئاقىدىغان ياكى ئېقىۋاتقان سۇ. ② <سۇ> ئاستىنقى ۋە ئۈستۈنكى ئىككى سۇ ئۆتكۈزمەس قاتلام ئارىسىدىكى سۇلۇق قاتلامنى تولدۇرغان بېسىملىق يەر ئاستى سۈيى. بۇنداق سۇنىڭ ئادەتتە سۈپىتى ياخشى، مىقدارى تۇراقلىق بولىدۇ ھەمدە ياخشى سۇ مەنبەسى بولالايدۇ.

**ئېقىن قۇرۇلمىسى** <گېئول> رېئولىتتا بولىدىغان تېپىك تۈزۈلمە. ئۇنىڭ بەلگىسى:، ئوخشىمىغان رەڭدىكى مىنېرال، ئەينەك ماددا ۋە ھاۋا كاۋاكچىسى قاتارلىقلار جىنسلاردا بەلگىلىك يۆنىلىش بويىچە ئاقما ھالەتتە ئورۇنلاشقان بولىدۇ.

**ئېكە** ئى. چىشى ھايۋانلارنىڭ جىنسى ئەزاسى، ماتكا.

**ئېكەك** ئى <ماشن> مېتاللارنى قىرىش (ئېكەكلەش) ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان بىر خىل قول سايمىنى، يۈزىگە ئۇششاق بىس چىقىرىلغان بولۇپ، ياپىلاق، ئۈچ بۇلۇڭ يۇملاق، چاسا قاتارلىق ھەرخىل شەكىللەردە بولىدۇ. چوڭ-كىچىكلىكمۇ ئوخشىمايدۇ.

**ئېكەكلەتمەك** «ئېكەكلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**ئېكەكلەشمەك** «ئېكەكلىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**ئېكەكلەنمەك** «ئېكەكلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**ئېكەكلىمەك** پ. ئېكەك سالماق؛ ئېكەك بىلەن ئۇپراتماق.

**ئېكتوپلازما** ئى (د<گرېك) <زوئول> ئاددىي ھايۋانلار ھۈجەيرە ماددىسىنىڭ سىرتىدىكى سۈزۈك قىسمى. ئادەتتە ئۇ ئىچكى ماددىغا نىسبەتەن ئېپىتلىدۇ.

**ئېكتورىئال** ئى. ئېكۋاتور گۋىنىيىسى پۇل بىرلىكى.

**ئېكران** ئى (د<فران) <فىز> تەسۋىر چۈشۈرۈلىدىغان ۋە تۈرلۈك نۇرلىنىشلارنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان ياكى ئۆزگەرتىپ بېرىدىغان قۇرۇلمىلارنىڭ ئورتاق نامى: كىنو ئېكرانى. تېلېۋىزور ئېكرانى. كومپيۇتېر ئېكرانى.

**ئېكران خېتى** <كىنو> كىنو فىلىمىدىكى ئېكران يۈزىگە چۈشۈرۈلىدىغان خەت.

**ئېكرانلىق** سۈپ. ئېكرانى بار، ئېكرانى بولغان: كەڭ ئېكرانلىق فىلىم.

**ئېكزوسفېرا** ئى (د<گرېك) <جۇغ> ئىئونوسفېرانىڭ يۇقىرىسىدىكى ئاتموسفېرا قاتلىمى.

**ئېكس** ئى (د<گرېك) ① گرېك تىلى ئېلىپبەسىنىڭ يىگىرمە ئىككىنچى ھەرپى (X) نىڭ نامى. ② <مات> نامەلۇم سانىنى ئىپادىلىگۈچى بەلگە ( χ ) نامى.

**ئېكس نۇر تۇرۇپكىسى** <فىز> ئېكس نۇر ھاسىل قىلىدىغان بىر خىل ۋاكۇئۇم لامپا. بۇنىڭدا يۇقىرى سۈرئەتلىك ئېلېكترون ئارقىلىق ئۇنىڭ ئىچىدىكى مېتال يۈزىنى بومباردىمان قىلغاندا، كۆپ مىقداردا ئېكس نۇرى چىقىرىدۇ. مېتالدىكى ئاتوم مىقدارى قانچە كۆپ بولغانسېرى تۇرۇپكىسىنىڭ ئۈنۈمىمۇ شۇنچە زور بولىدۇ.

**ئېكس نۇرى** <فىز> دولقۇن ئۇزۇنلۇقى ئىنتايىن قىسقا بولغان ئېلېكتر ماگنىت دولقۇنى. ئۇ ئىنتايىن كۈچلۈك تېشىپ ئۆتۈش ئىقتىدارىغا ئىگە بولۇپ، فوتو-سۈرەت لېنتىسىغا يورۇقلۇق سەزدۈرىدۇ، بەزى ماددىلارنى يالتىراق نۇر چىقارغۇزىدۇ، ھەمدە جىسىملارنى ئىئونلاشتۇرىدۇ. بەدەندىكى كېلېتكىلارغا نىسبەتەن قاتتىق بۇزغۇنچىلىق رولى بار. پەن-تېخنىكىدا ۋە تىببىي داۋالاشتا كەڭ قوللىنىلىدۇ.

**ئېكسپرومىت** ئى (ر<لات) <مۇز> ئىلھام بىلەن ئىشلەنگەن لىرىكىلىق چالغۇ ئاھاڭى. ئۇ مۇكەممەل تۈزۈلمە، ساپ شەكىل، يېقىملىق مېلودىيە، چوڭقۇر تەسىرلىك لىرىكا بىلەن باشقا مۇزىكىلاردىن پەرقلىنىدۇ.

**ئېكسپورت** ئى (ر<ئىنگ) چەت ئەللەرگە مال ياكى كاپىتال چىقىرىش ئىشى، يەنى «ئىمپورت» نىڭ ئەكسى: ئېكسپورت قىلماق. // ئېكسپورت تاۋار.

**ئېكسپورت تاۋار** <سودا> چەت ئەلگە ئېكسپورت قىلىپ سېتىش ئۈچۈن ئىشلەپچىقىرىلىدىغان تاۋار.

**ئېكسپورت كارانتىنى** <سودا> دۆلەتلەر ئارىسىدا كېڭىشىپ بېكىتىلگەن ھەمدە ئېكسپورت داۋامىدا ھايۋان، ئۆسۈملۈك ياكى ھايۋان ۋە ئۆسۈملۈك مەھسۇلاتلىرى ئۈستىدە قىلىنىدىغان كارانتىن.

**ئېكسپورت كرېدىتى** <مال> كاپىتالىستىك دۆلەت بانكىلىرىدىن مال ئېكسپورت قىلىدىغان سودىگەر ۋە زاۋۇتلارغا بېرىلىدىغان قەرز پۇل.

**ئېكسپورت مەخسۇس قەرزى** <مال> دۆلىتىمىزدىكى ئېكسپورت ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغان سانائەت كارخانىلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى ۋە مەھسۇلات سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن مۇقىم مۈلۈكنى كۆپەيتىش زۆرۈر بولۇپ قالغاندا بەلگىلىمە بويىچە بانكىدىن ئالىدىغان قەرز پۇلى.

**ئېكسپوزىتسىيە** ئى (ر<لات) ① <ئەد> ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ سۇژېت باشلانغۇچە بولغان ئارىلىقتىكى كىرىش قىسمى، يەنى ئەسەر قاتناشقۇچىلىرى خاراكتېرىنىڭ شەكىللەنگەن ۋە تەرەققىي قىلغان ئىجتىمائىي مۇھىت، تۇرمۇش شارائىتى، ۋەقەلەر يۈز بەرگەن ۋە راۋاجلانغان تارىخىي شەرت-شارائىت قاتارلىقلارنىڭ تەسۋىرلىنىشى. ئېكسپوزىتسىيە شۇ ئەسەردىكى ۋەقەلەرنىڭ تەرەققىياتىغا بىۋاسىتە تەسىر قىلالماسلىقى بىلەن سۇژېت تۈگۈنىدىن پەرق قىلىدۇ. ② <فىز> نۇر سەزگۈچى ماتېرىيالنىڭ نۇرنىڭ تەسىرىگە ئۇچراش جەريانى.

**ئېكسپېدىتسىيە** ئى (ر<لات) مەلۇم جاينىڭ يەر بايلىقى، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى قاتارلىقلار ئۈستىدە ئېلىپ بېرىلغان گېئولوگىيىلىك ياكى ئارخېئولوگىيىلىك چارلاش، تەكشۈرۈش ياكى بۇ مەقسەتلەر ئۈچۈن قىلىنغان سەپەر: لوپنۇرغا قىزىققان ئالىملار لوپنۇرغا ئارقا-ئارقىدىن ئېكسپېدىتسىيىگە كەلدى.

**ئېكسپېدىتسىيىچى** ئى. ئېكسپېدىتسىيە قىلغۇچى كىشى: ئۇ ھەمشە ئېكسپېدىتسىيىچىلەرنى باشلاپ ئافرىقا ئورمانلىقىغا كىرىپ ئوۋ قىلاتتى.

**ئېكسپلاتاتسىيە** ئى (ر<فران) <س ئىق> باشقىلارنىڭ ئەمگىكى ياكى مەھسۇلاتىنى ھەقسىز ئىگىلىۋېلىش. بۇ ئاساسلىقى ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرىگە خۇسۇسىي

ئىگىدارچىلىق قىلىش ھوقۇقىدىن پايدىلى-نىپ ئېلىپ بېرىلىدۇ.

**ئېكسپىلاتاتسىيە نىسبىتى** <س ئىق> ئېكسپىلاتاتسىيە تۈزۈمى شارائىتىدىكى قوشۇمچە ئەمگەك ۋاقتى بىلەن زۆرۈر ئەمگەك ۋاقتىنىڭ نىسبىتى.

**ئېكسپىلاتاتسىيىچى** ئى. ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىدىغان كىشى، ئەزگۈچى.

**ئېكسپىلاتاتور** ئى (ر<فران) <پەلس> ← **ئېكسپىلاتاتسىيىچى.**

**ئېكستراكت** ئى (ر<لات) <خىم> ئېكستراكتلاش ئارقىلىق ئايرىپ ئېلىنغان ماددا.

**ئېكستراكتلىماق** پ <خىم> ئارىلاشمىلارغا مەلۇم ئېرىتكۈچىنى قوشۇش ئارقىلىق، ئارىلاشمىلاردىكى ھەرقايسى تەركىبلەر-نىڭ شۇ ئېرىتكۈچىدىكى ئېرىشچانلىقىنىڭ ھەر خىللىقىدىن پايدىلىنىپ، ئۇلارنى ئاجراتماق.

**ئېكسترېمۇم** سۈپ (ر<لات) <مات> ← **ئېكسترېمۇم قىممەت.**

**ئېكسترېمۇم تېمپېراتۇرا** <جۇغ> مۇئەيي-يەن ۋاقىت ياكى رايون ئىچىدىكى ئېكسترېمۇم ئەڭ يۇقىرى تېمپېراتۇرا ۋە ئېكسترېمۇم ئەڭ تۆۋەن تېمپېراتۇرىنىڭ ئومۇمىي نامى.

**ئېكسترېمۇم قىممەت** <مات> ئەگەر $f(\chi)$ فۇنكسىيە $\chi_0$ نۇقتىنىڭ مەلۇم ئەتراپىدا $f(\chi) < f(\chi_0)$ (ياكى $f(\chi) > f(\chi_0)$) بولسا، ئۇ ھالدا $f(\chi_0)$ نى $f(\chi)$ نىڭ بىر ماكسىمۇم قىممىتى (ياكى مىنىمۇم قىممىتى) دەيمىز. $\chi_0$ نى $f(\chi)$ نىڭ بىر ماكسىمۇم نۇقتىسى (ياكى مىنىمۇم نۇقتىسى) دەيمىز. ماكسىمۇم قىممەت بىلەن مىنىمۇم قىممەت ئومۇملاشتۇرۇلۇپ ئېكسترېمۇم قىممەت دېيىلىدۇ.

**ئېكسكاتور** ئى (ر<لات) <ماشىن> ھاۋا ئۆتكۈزمەس قاپقىقى بولغان قاچا. ئاستىدا قۇرۇتۇش سۈيۇقلۇقى بولىدۇ. ئادەتتە نەرسىلەرنى قۇرۇق ساقلاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

**ئېكسكۇرسىيە** ئى (ر<لات) مۇزېي، كۆرگەز-مە، شەھەر ۋە گۈزەل جايلارنى كۆپچىلىك بىرلىكتە بېرىپ كۆرۈش، سەيلە-ساياھەت قىلىش: بىز سىنىپتىكى ساۋاقداشلار بىلەن دېھقانچىلىق مەيدانىنى ئېكسكۇرسىيە قىلدۇق.

**ئېكسكۇرسىيە قىلماق** مۇزېي، كۆرگەز-مە، شەھەر ۋە گۈزەل جايلارنى كۆپچىلىك بىرلىكتە بېرىپ كۆرمەك، سەيلە-ساياھەت قىلماق.

**ئېكسكۇرسىيىچى** ئى. ئېكسكۇرسىيە قىلغۇچى كىشى: بۇ يەرگە كېلىدىغان ئېكسكۇرسىيىچىلەر-نىڭ ئايىغى ئۈزۈلمىدى.

**ئېكسكاۋاتور** ئى (ر<لات) <ماشىن> يەر كولاش، توپا قېزىش قاتارلىقلار ئۈچۈن مەخسۇس ئىشلىتىلىدىغان بىر خىل مېخانىزم.

**ئېكسستون** ئى (ر<لات) <فىز> قاتتىق جىسىملاردىكى ئېلېمېنتار قوزغىلىدىغان كۋازى زەررىچىلەر.

**ئېكلوگىت** ئى (ر<گرېك) <گېئول> ئاساسلى-قى يېشىل رەڭلىك ئومفاتسىت بىلەن ھال كالتسىي تەركىبلىك، تۆمۈر ماگنىيلىق ئاليۇمىن ئانارتاشتىن تەركىب تاپقان رايون دائىرىلىك ئۆزگەرگەن جىنس.

**ئېكلىپتىكا** ئى (ر<گرېك) <ئاستر> قۇياشنىڭ بىر يىل ئىچىدە تۇرغۇن يۇلتۇزلار ئارىسىدا بېسىپ ئۆتكەن يولى، يەنى يەر

شارىنىڭ قۇياشنى چۆرىدەپ ئايلىنىش ئوربىتىسىنىڭ تەكشىلىكى بىلەن ئاسمان شارى ئۆزئارا كېسىشكەندە ھاسىل بولغان چوڭ چەمبەر.

**ئېكلىپتىكىلىق** سۈپ. ئېكلىپتىكىغا ئائىت، ئېكلىپتىكىغا مۇناسىۋەتلىك بولغان: ئېكلىپتىكىلىق كەڭلىك. ئېكلىپتىكىلىق ئۇزۇنلۇق.

**ئېكلىپتىكىلىق كەڭلىك** <جۇغ> ئېكلىپتىكىلىق كوئوردىناتلار سىستېمىسىدىكى كەڭلىك.

**ئېكلىپتىكىلىق ئۇزۇنلۇق** <جۇغ> ئېكلىپتىكىلىق كوئوردىناتلار سىستېمىسىدىكى ئۇزۇنلۇق.

**ئېكولوگىيە** ئى (ر<گرېك) <بىئول> ① جانلىقلار ئارىسىدىكى ۋە جانلىقلار بىلەن جانسىز مۇھىت ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتنى تەتقىق قىلىدىغان پەن. ئېكولوگىيە جانلىقلار بايلىقىنى ئېچىپ ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش جەھەتتىكى ئاساسىي پەنلەرنىڭ بىرى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، قوشۇمچە كەسىپ، بېلىقچىلىق، مېدىتسىنا قاتارلىقلار بىلەنمۇ زىچ مۇناسىۋەتلىك. ② جانلىقلارنىڭ تەبىئىي مۇھىتتىكى مورفولوگىيىلىك تۈزۈلۈشى، فىزىئولوگىيىلىك ئالاھىدىلىكى ۋە ياشاش خۇسۇسىيىتى: جانلىقلار ئېكولوگىيىسى.

**ئېكولوگىيىلىك** سۈپ. ئېكولوگىيىگە ئائىت، ئېكولوگىيىگە مۇناسىۋەتلىك: ئېكولوگىيىلىك تەڭپۇڭلۇق. ئېكولوگىيىلىك مۇھىت.

**ئېكولوگىيىلىك ئامىللار** <بىئول> ئۆسۈملۈكلەرنىڭ ئۆسۈش، يېتىلىش ۋە تارقىلىشىغا تەسىر قىلىدىغان مۇھىتتىكى ھەرقانداق ئامىل. ئۇ كىلىمات ئامىلى، تۇپراق ئامىلى، يەر شەكلى ئامىلى، بىئولوگىيىلىك ئامىل ۋە سۈنئىي ئامىل قاتارلىق بەش خىل ئامىلغا بۆلۈنىدۇ، ھەرقايسى ئامىللار ئۆزئارا باغلىنىشلىق بولىدۇ، ئۆزئارا تىزگىنلىشىدۇ. ئۇلار ئۆسۈملۈكلەرگە قارىتا ئومۇمىيۈزلۈك رول ئوينايدۇ.

**ئېكولوگىيىلىك تەڭپۇڭلۇق** <بىئول> ئېكولوگىيىلىك سىستېمىدىكى ئورگانىزملار بىلەن مۇھىت شارائىتى ئارىسىدا ئۇزۇن تارىخىي دەۋرلەر ئارقىلىق ئۆزئارا تەسىر قىلىپ، ئۆز ئارا تىزگىنلەپ، ئەڭ ئاخىرىدا بىر مۇرەككەپ، بىر پۈتۈن گەۋدە شەكىللىنىدۇ. مانا بۇ ئېكولوگىيىلىك تەڭپۇڭلۇقتۇر. بۇ ۋاقىتتا ئېكولوگىيىلىك سىستېمىسىدىكى ئېنېرگىيىنىڭ ئۆتۈشۈشى ۋە ماددىلارنىڭ ئايلىنىشى بىرقەدەر ئۇزۇن ۋاقىت تەڭپۇڭ ھالەتنى ساقلايدۇ. ئۇنىڭدىكى ھايۋان ۋە ئۆسۈملۈكلەر سان جەھەتتە نىسبىي تۇراقلىقنى ساقلايدۇ؛ ئىشلەپچىقارغۇچىلار، ئىستېمال قىلغۇچىلار ۋە پارچىلىغۇچىلار بىر پۈتۈن ئوزۇقلىنىش زەنجىرى مۇناسىۋىتىگە ۋە ئېنېرگىيىنىڭ ئۆتۈشۈش قانۇنىيىتىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان پىرامىدا شەكىللىك ئوزۇقلىنىش زەنجىرىگە ئىگە بولىدۇ. بۇ ۋاقىتتا، ئېكولوگىيىلىك سىستېمىدىكى ئورگانىزملارنىڭ سانى ئەڭ كۆپ، بىئولوگىيىلىك مىقدارى ئەڭ يۇقىرى بولىدۇ. ئىشلەپچىقىرىش كۈچىمۇ ئەڭ يۇقىرى بولىدۇ.

**ئېكولوگىيىلىك توپ** <بىئول> يېقىن مۇناسىۋىتى بولغان تەبىئىي جانلىقلار توپىنىڭ ئادەتتىكى مۇھىم ياكى جۇغراپىيىلىك چېگرىلىنىشلارنىڭ ئۆزگىرىشىگە

ئەگىشىپ، مورفولوگىيىلىك ياكى فىزىئولوگىيىلىك ئالاھىدىلىكلىرىگە ئاساسەن كېلىپ چىقىدىغان بىرقاتار بۆلۈنۈشلىرى.

**ئېكولوگىيىلىك سىستېما** <بئول> جانلىقلار تۈركۈمى بىلەن ئۇلارنىڭ تەبىئىي مۇھىتى ئۆزئارا رول ئوينايدىغان تەبىئىي سىستېما. ئۇ ئانئورگانىك مۇھىت، جانلىقلار ئىچىدىكى ئىشلەپچىقارغۇچىلار (يېشىل ئۆسۈملۈكلەر)، ئىستېمال قىلغۇچىلار (چۆپخور ھايۋانلار ۋە گۆشخور ھايۋانلار)، پارچىلىغۇچىلار (چىرىتىش بىلەن ياشىغۇچى مىكرو ئورگانىزملار) دىن ئىبارەت تۆت ئاساسىي تەركىبىي قىسمنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

**ئېكولوگىيىلىك كىلىمات** <بئول> جانلىقلارنىڭ ياشىغان ياكى ماكانلاشقان جايىغا خاس بولغان كىلىمات شەرتلىرىنىڭ يىغىندىسى، ئېكولوگىيىلىك كىلىمات يەر تۈزۈلۈشى ۋە يەرنىڭ تىرىلىشى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ.

**ئېكولوگىيىلىك كىلىماتولوگىيە** <بئول> بىئوكىلىماتولوگىيىنىڭ بىر تارمىقى. ئۇ ھايۋان ۋە ئۆسۈملۈكلەرنىڭ كىلىماتقا فىزىئولوگىيىلىك ماسلىششىنى شۇنىڭدەك كىلىمات بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان جۇغراپىيىلىك تارقىلىش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

**ئېكولوگىيىلىك مۇھىت** <جۇغ> جانلىقلارنىڭ ياشىشىغا مۇۋاپىق مۇھىت، يەنى ياشاش مۇھىتى.

**ئېكونومايزېر** ئى (ر<ئىنگ) <فىز> ① پار قازانلىرىدا، چىقىپ كېتىۋاتقان تۈتۈندىن پايدىلىنىپ سۇنى ياكى ھاۋانى ئىسسىتىش يولى بىلەن يېقىلغۇنى تېجەيدىغان قۇرۇلما. ② كاربيوراتورلاردا بېنزىننى تېجەيدىغان قىسىم.

**ئېكونومىزم** ئى (ر<گرېك) <س ئىق> ئىشچىلار ھەرىكىتىدىكى بىر خىل ئاغمىچىلىق ئىدىيىۋى ئېقىمى. ئۇ ئىشچىلار ھەرىكىتىنىڭ ئىستىخىيىلىكىگە چوقۇنۇپ، كۆز ئالدىدىكى ئىقتىسادىي ئەھۋالنى ياخشىلاشنى ئىشچىلار ھەرىكىتىنىڭ پۈتكۈل مەقسىتى دەپ قارايدۇ. ئۇ سىياسىي كۈرەشكە ۋە بىر تۇتاش مەركەزلەشكەن پرولېتارىيات سىياسىي پارتىيىسىنى قۇرۇشقا قارشى تۇرۇپ، ئىنقىلابىي نەزەرىيىنىڭ رولىنى ئىنكار قىلىپ، ماركسىزم، لېنىنىزم بىلەن ئىشچىلارنى تەربىيىلەشنى رەت قىلىدۇ. كاپىتالىستىك تۈزۈمدە، ئېكونومىزم بۇرژۇئازىيە سىنىپىنىڭ ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمرانلىقىنى قوغداش، ئىشچىلار ھەرىكىتىنى پارچىلاش رولىنى ئوينايدۇ.

**ئېكۋاتور** ئى (ر<لات) <جۇغ> يەر شارىنىڭ بېلىگە ئورالغان ھەمدە يەر شارىنىڭ جەنۇبىي قۇتۇپ بىلەن شىمالىي قۇتۇپىدىن تەڭ يىراقلىقتا ياتقان چەمبەر سىزىق. يەر شارى ئېكۋاتور تەكشىلىكى يەر مەركىزىدىن ئۆتۈپ، يەر ئوقىغا تىك بولىدۇ. يەر شارىنى جەنۇبىي يېرىم شار بىلەن شىمالىي يېرىم شاردىن ئىبارەت ئىككى يېرىم شارغا بۆلىدۇ. ئۇ يەنە كەڭلىك گرادۇسلىرىغا بۆلۈشنىڭ ئاساسى بولۇپ، ئېكۋاتورنىڭ كەڭلىك گرادۇسى نۆل بولىدۇ. يەر شارى ئېكۋاتور تەكشىلىكى بىلەن ئاسمان شارىنىڭ ئۆزئارا كېسىشىشىدىن ھاسىل بولغان چوڭ چەمبەر ئاسمان ئېكۋاتورى دەپ ئاتىلىدۇ.

**ئېكۋاتور تاختىسى** <بئول> ھۆجەيرە

يىپلىق بۆلۈنۈشىنىڭ ئوتتۇرا دەۋرىدە خرموسومىلار ئۇرچۇقسىمان تەنچىنىڭ مەركىزىدىكى ئېكۋاتور يۈزىگە تىزىلىپ ھاسىل قىلغان تۈزۈلۈش.

**ئېكۋاتور كىلىماتى** <مېتېئور> ئېكۋاتورغا يېقىن جاينىڭ كىلىماتى. مۇشۇنداق جايدا يىل بويى ھاۋا تېمپېراتۇرۇسى نەملىكى يۇقىرى بولۇپ، يامغۇر كۆپ ياغىدۇ، يىللىق ئوتتۇرىچە ھاۋا تېمپېراتۇرىسى ئادەتتە 25 ـــ 30 گرادۇس ئۆپچۆرىسىدە بولىدۇ. يىل بويى ھاۋا تېمپېراتۇرىسى ناھايىتى ئاز ئۆزگىرىدۇ. قۇرۇقلۇقتا چۈشتىن كېيىن گۈلدۈرمامىلىق يامغۇر ياغىدۇ، پۈتۈن يىللىق يامغۇر مىقدارى تەكشى بولىدۇ.

**ئېكۋاتور ھاۋا ماسسىسى** <جۇغ> ئېكۋاتوردا شەكىللەنگەن ھەمدە نىسبەتەن يۇقىرى كەڭلىككە قاراپ سۈرۈلىدىغان ئىسسىق، نەم ھاۋا ماسسىسى. ئۇنىڭ تېمپېراتۇرىسى ۋە نەملىكى يۇقىرى، ھاۋا رايى دىمىق ئىسسىق ۋە گۈلدۈرمامىلىق بولىدۇ.

**ئېكۋاتور يۇلتۇز تۈركۈملىرى** <ئاستر> ئېكۋاتوردىكى يۇلتۇز تۈركۈملىرىنىڭ ئومۇمىي نامى.

**ئېكۋىۋالېنت** ئى (ر<لات) <خىم> ئېلېمېنتنىڭ بىر ئېغىرلىق قىسىم ھىدروگېن ياكى 8 ئېغىرلىق قىسىم ئوكسىگېن بىلەن بىرىكىدىغان ياكى ئۇلارنىڭ ئورنىنى ئالىدىغان مىقدارى. ئېلېمېنتنىڭ ئاتوم ئېغىرلىقىنى ۋالېنتقا بۆلۈش ئارقىلىق ئېكۋىۋالېنتنى تېپىشقا بولىدۇ. يەنى $Э = \frac{A}{B}$ .

**ئېكۋىۋالېنت پرىنسىپى** <فىز> دائىرىلىك تارتىش كۈچى مەيدانى بىلەن تېزلىنىشچان پايدىلىنىش سىستېمىسى مېخانىكىدا ئېكۋىۋالېنتلىق بولىدۇ دەپ قارايدىغان ئىدىيە.

**ئېكۋىۋالېنت قويۇقلۇق** <خىم> ئېرىتمە قويۇقلۇقىنىڭ 1 لېتىر ئېرىتمىدىكى ئېرىگۈچىنىڭ گرام ئېكۋىۋالېنت سانى بىلەن ئىپادىلىنىشى. ئۇ ئادەتتە N بىلەن ئىپادىلىنىدۇ.

**ئېكۋىۋالېنت نۇقتا** <خىم> نېيتراللاپ تىتىرلەش جەريانىدا، كىسلاتا بىلەن ئىشقار تولۇق رېئاكسىيىلەشكەندە، يەنى كىسلاتا بىلەن ئىشقارنىڭ گرام ئېكۋىۋالېنت سانىدەك باراۋەر بولغاندا، بۇ نۇقتا خىمىيىدە ئېكۋىۋالېنت نۇقتا دېيىلىدۇ.

**ئېكىش** ① «ئەكمەك» پېئىلىنىڭ يەنە بىر خىل ئىسىمدىشى. ② <تىب> ۋاكسىنىنى ئادەم ياكى ھايۋان تېنىگە ئوكۇل قىلىش ئارقىلىق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش.

**ئېكىن** ئى. ھوسۇل ئېلىش ئۈچۈن تېرىلغان ھەر خىل زىرائەتلەر: دېھقانچىلىقتىكى ھەممە ئېكىنلەرگە بەرىكەت بېرىدىغىنى سۇ.

**ئېكىنزار** ئى. زىرائەت تېرىلغان يەر، ئېكىنلىك: ئىككى يېقى كۆز يەتكۈزسىز ئېكىنزار، يازدا باقساڭ، يېشىل مەخمەل ياپقاندەك. تاۋلىنىدۇ ئۇيۇق سۆيگەن ئالتۇنزار، كۈزدە باقساڭ، زەر دېڭىزى ئاققاندەك.

**ئېكىنزارلىق** «ئېكىنزار» سۆزىنىڭ ئابستراكت ئىسىم شەكلى: ئاسمان گۈمبىزى قازاننىڭ تېگىدەك قارىيىپ، دەھشەتلىك بوران كۆتۈرۈلۈپتۇ. ئارقىدىنلا قۇم يامغۇرى يېغىپ ئېكىنزارلىقلارنى، باغۇ بوستانلارنى كۆمۈشكە باشلاپتۇ.

**ئېكىنلىك** ئى. ئېكىن، زىرائەت تېرىلغان

يەر، ئېكىنزار.

**ئېگەر** ئى. ئادەم ئولتۇرۇش ئۈچۈن ئاسا- سەن ئاتقا توقۇلىدىغان ئالدى ۋە كەينى قېشى ئېگىز، ئوتتۇرىسى پەس جابدۇق. كۆپىنچە تېرە ۋە ياغاچتىن ياسىلىدۇ: ئات تاپقۇچە ئېگەر تاپ (ماقال). * ئايرىلغان دوست ئېگەرنىڭ كەينى قېشىنى سورايدۇ (ماقال).

**ئېگەر شەكىللىك سىرت** <مات> بوشلۇقتىكى تىك بۇلۇڭلۇق كوئوردىنات سىستېمىسىدا، ئۈچ نامەلۇملۇق ئىككىنچى دەرىجىلىك تەڭلىمە

$$\frac{\chi^2}{a^2}-\frac{y^2}{b^2}=2z$$

(a, b لار مۇسبەت تۇراقلىق سان) ئىپادىلىگەن سىرت.

**ئېگەرنىڭ ئارقا قېشىغا مىنمەك** ئىشنىڭ ئاخىرىغا ئۆلگەرمەك: سەنمۇ بوش كەلمە- دىڭ، ھەر نېمە بولسا ئېگەرنىڭ ئارقا قېشىغا بولسىمۇ مىندىڭ.

**ئېگەر ـ توقۇم** ئېگەر ۋە توقۇم: پادىشاھ بىلەن مەلىكە ئۇنى شىر يېدىمىكىن دەپ غەم قىلىپ تۇرغاندا، شاھ كابۇل كېيىك بىلەن ئېگەر- توقۇمنى ئۈستىگە ئارتىپ يېتىپ كېلىپتۇ.

**ئېگەر ـ جابدۇق** ئېگەر ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش جابدۇقلار: بۇ ئاتنىڭ ئۆزى شۇ زاماندىكى ئەڭ قىممەت باھالىق ئېسىل ئارغىماقلاردىن بولۇپ، ئۇنىڭ ئۈستىدىكى ئېگەر ـ جابدۇقلىرىنىڭ ئۆزىلا مىڭ تىللالىق ئىكەن.

**ئېگەرچى** ئى ① ئېگەر ياسايدىغان كىشى. ② ئاقسۇ ۋىلايىتىدىكى بىر يېزىنىڭ نامى.

**ئېگەرچىلىك** ئى. ئېگەر ياساش ئىشى.

**ئېگەرسىز** سۈپ. ئېگىرى يوق، ئېگەر توقۇلمىغان: ئۇ ئاتنى ئېگەرسىزلا مىنىۋالغانىدى.

**ئېگەرسىمان** سۈپ. ئېگەرگە ئوخشايدىغان، ئېگەر شەكىللىك: ئېگەرسىمان مەيدان. * تاجىكلاردا نورمال ئۆلگۈچىلەرگە تۆز قەبرە، قەرەلسىز ئۆلگەنلەرگە ئېگەرسىمان قەبرە ياسىلىدۇ.

**ئېگەرسىمان مەيدان** <مېتېئور> كرېست شەكلىدە كېسىشكەن، ئىككىدىن تېزىلغان تۆۋەن بېسىم بىلەن يۇقىرى بېسىملار ئارىلىقىدىكى ھاۋا بېسىمى ئوخشاش بولغان ئېگەر شەكىللىك رايون.

**ئېگەرلەتمەك** «ئېگەرلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: مەن بېرىپ تۆت-بەش ئاتنى ئېگەرلىتىپ كېلەي، ئۇنىڭغىچە سىلەر بۇ يەردە ئارام ئېلىپ تۇرۇڭلار.

**ئېگەرلەشمەك** «ئېگەرلىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار ئالدىراپ ئاتلىرىنى ئېگەرلىشىۋاتاتتى.

**ئېگەرلەكلىك** سۈپ. ئېگەرلەنگەن، ئېگەر توقۇلغان: ناسىر ئات ئېغىلىدىن ئېگەرلەكلىك بورغۇلنى يېتىلەپ چىقتى.

**ئېگەرلەنمەك** «ئېگەرلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئۇ ئېگەرلىنىپ بولغان ئېتىنى ھويلىغا قاراپ يېتىلەشكە باشلىدى.

**ئېگەرلىك** سۈپ. ئېگىرى بار، ئېگەرلەن- گەن: ئۇ ئېگەرلىك ئاتنى يېتىلىۋالغانىدي.

**ئېگەرلىمەك** پ. ئات-ئۇلاغلارغا ئېگەر توقۇماق: ئەتىسى گۆشلىرىمىزنى خالتىلارغا تولدۇرۇپ، خىل قوتازلارنى ئېگەرلىدۇق-دە، ئوتتۇن ئەكىلىش ئۈچۈن بوران ئېغىزىغا قاراپ يولغا چىقتۇق.

**ئېگىچە** ئى. ھەدە، ئاچا: پادىشاھنىڭ كىچىك قىزى ئەتىسى ئەتىگەنلىك چايغا ئاتا-ئانىسى ۋە ئېگىچىلىرىنى يەنە چاقىرىپتۇ.

**ئېگىچە ـ سىڭىل** ئېگىچە ۋە سىڭىل: بۇ ئېگىچە ـ سىڭىللار بىر قورساقتىن چۈشكەن

بولسىمۇ، مىجەز-خاراكتېرىدا بىر-بىرىدىن پەرق قىلاتتى.

**ئېگىر** ئى <بوت> ① چايانئوت ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. سۇ بويىدا ئۆسىدۇ، يەر ئاستىدا ئاچ قىزىل يىلتىزسىمان غولى بولىدۇ. يوپۇرمىقى شەمشەر شەكىللىك، گۆشلۈك باشاقسىمان گۈل رېتىدە كېلىدۇ. يىلتىزسىمان غولىنى پۇراقلىق ماتېرىيال قىلغىلى، جۇڭيىدا ئاشقازاننى قۇۋۋەتلىگۈچى دورا ئورنىدا ئىشلەتكىلى، سىرتتىن ئىشلىتىش ئارقىلىق چىش ئاغرىقى ۋە چىش تۈۋىدىن قان چىقىش قاتارلىق كېسەللەرنى داۋالىغىلى بولىدۇ. ② شۇ خىل ئۆسۈملۈكنىڭ يىلتىزسىمان غولى.

**ئېگىرتمەك** «ئېگىرمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**ئېگىرمەك** پ. پاختا، يۇڭ قاتارلىقلارنى سوزۇپ بۇراپ يىپ ھالىتىگە كەلتۈرمەك: كۈندۈزى ئېتىزدا ئىشلىدىم، كېچىسى يىپ ئېگىرىپ، دوپپا، كەشتە تىكىپ، پۇل تېپىپ بالىنى باقتىم.

**ئېگىرىشمەك** «ئېگىرمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**ئېگىرىلمەك** «ئېگىرمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: قىز ھېچنېمىگە نەزەر سالماي، ئۆزىنىڭ ئۇچىنى ئېلىپ قارىسا، ئۇچلار چىرايلىق يىپ بولۇپ ئېگىرىلىپ قېلىپتۇ.

**ئېگىز** سۈپ ① بىرەر نۇقتا، جاي، تەكشىلىك قاتارلىقلارغا نىسبەتەن يۇقىرى: ئېگىز ئادەم. ئېگىز تاغ. ئېگىز تام. * مۇنىرىدىن بىلەن ل. مۇتەللىپ كېتىۋېتىپ، بىر ئېگىز چىنارنىڭ ئارقا تەرىپىگە ئۆتتى. // ئېگىزنىڭ ئاچچىقى كەلگۈچە پاكارنىڭ جېنى چىقىپتۇ (ماقال). ② يۇقىرى، كۈچلۈك: ئېگىز ئاۋاز.

**ئېگىز بارىيېر** <تەن> ئېگىزلىكى ئادەتتىكى بارىيېردىن يۇقىرىراق بولىدىغان بارىيېر.

**ئېگىز بارىيېر مۇسابىقىسى** <تەن> بىر خىل يېنىك ئاتلېتىكا تەنھەرىكەت تۈرى. ئادەتتە 110 مېتىر ئارىلىقتا ئېگىزلىكى ئۈچ ئىنگلىز چىسى، ئالتە سۇڭ كېلىدىغان 10 دانە بارىيېردىن ئاتلاپ يۈگۈرۈش بويىچە ئۆتكۈزۈلىدۇ.

**ئېگىز بۇلۇت** <مېتېئور> بۇلۇت ئاستىدىن يەرنىڭ يۈزىگىچە بولغان ئارىلىقى ئەڭ ئېگىز بولغان (ئادەتتە 5000 مېتىردىن يۇقىرى) بۇلۇت. ئادەتتە بۇجۇغۇر بۇلۇت، بۇجۇغۇر توپ بۇلۇت ۋە بۇجۇغۇر قاتلاملىق بۇلۇت قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ئېگىز بۇلۇت تىپىغا كىرىدۇ.

**ئېگىز تاغ بۆكىنى** <زوئول> بۆكەننىڭ بىر خىلى. كۆپىنچە تىبەت رايونىدىكى ئېگىز تاغ ئورمانلىقلىرىدا ياشايدۇ.

**ئېگىز تاغ جەرىنى** <زوئول> شەكلى ئۆچكە بىلەن قوي ئارىلىقىدا بولىدىغان بىر خىل جەرەن. ئەركىكىنىڭ مۈڭگۈزى توم ھەم چوڭ، ئانچە ئۇزۇن ۋە ئەگمەچ ئەمەس. چىشىسىنىڭ مۈڭگۈزى قىسقا ۋە تۈز كېلىدۇ. يۇڭىنىڭ رەڭگى يېشىلغا مايىل قوڭۇر، ساقىلى يوق. ئېگىز تاغ چوققىلىرىدا ياشايدۇ. ئېگىز تاغلاردا ئۆسىدىغان ئۆسۈملۈكلەرگە كەلتۈرىدىغان زىيىنى بىرقەدەر ئېغىر.

**ئېگىز تاغ گۈل بىنەپشىسى** <بوت> ئاقچېچەك ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. تۈگۈنەك غولى ياپىلاق، يوپۇرمىقى سەل-پەل يۈرەك شەكلىدە بولۇپ، يۈزىدە ئاق

داغلىرى بولىدۇ، ئارقا تەرىپى جىگەررەڭ، گۈلى قىزىل، گۈل تاجى ياپراقچىلىرى ئارقىسىغا ئۆرۈلىدىغانلىقى ئۈچۈن توشقان قۇلىقىغا ئوخشايدۇ. ئادەتتە مەنزىرە ئۆسۈملۈكى قىلىنىدۇ. ئەسلى ماكانى سۈرىيە ۋە گرېتسىيە. دۆلىتىمىزدە پارنىكتا ئۆستۈرۈلمەكتە.

**ئېگىز تاغ ئىقلىمى** <جۇغ> تاغلىق ئىقلىم تىپىنىڭ بىر خىلى. نىسبىي ئېگىزلىكى چوڭ بولغان ئېگىز تاغ بەلبېغىدا كۆرۈلىدۇ. بۇنداق ئىقلىم ۋېرتىكال ھالەتتە ئۆزگىرىدۇ. ئېگىزلىكى 5000 مېتىردىن يۇقىرى ئېگىز تاغلىق ۋە ئېگىزلىكلەرنىڭ تېمپېراتۇرىسى يىل بويى تۆۋەن بولىدۇ.

**ئېگىز تەكشىلىك** <جۇغ> دېڭىز يۈزىدىن بىرقەدەر ئېگىز، يەر شەكلىنىڭ ئېگىز-پەسلىكى بىرقەدەر تۆۋەن بولغان چوڭ تۈزلەڭلىك.

**ئېگىز توپ بۇلۇت** <مېتېئور> ئاق ياكى بوز رەڭ بۇلۇت پارچىلىرىنىڭ قاتار ياكى دولقۇنسىمان قاتار ھاسىل قىلىشىدىن شەكىللەنگەن بۇلۇت.

**ئېگىزگە سەكرەش** <تەن> يېنىك ئاتلېتىكا ھەرىكىتىنىڭ سەكرەش تۈرلىرىدىن بىرى. رىتىملىق ياردەمچى يۈگۈرۈش، بىر پۇتتا سەكرەپ چىقىش، توغرا بالداقتىن ئۆتۈش ۋە يەرگە چۈشۈشتىن ئىبارەت ھەرىكەتلەردىن تەركىب تاپىدۇ. ئۇنىڭ نەتىجىسى ئۆتكەن بالداقنىڭ ئۇستۇنكى قىرىنىڭ ئېگىزلىكى بويىچە ھېسابلىنىدۇ.

**ئېگىز شاخقا ئېسىلماق** قولغا كەلتۈرۈش مۇمكىن بولمايدىغان نەرسىنى قولغا كەلتۈرىمەن دەپ ئاۋارە بولماق: ئېگىز شاخقا ئېسىلىپ نېمە قىلىسىز، ئۆزىڭىزگە لايىق بىرنى تاپمامسىز؟

**ئېگىز غوللۇق پۇۋەكگۈل** <بوت> ياۋروپادا ئۆسىدىغان بىر خىل بىر يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. غولىنىڭ ئىچى كاۋاك، گۈلى توق قىزىل كېلىدۇ. ئادەتتە شىمالىي ئامېرىكىنىڭ شەرقىي قىسمىدىن كىرگەن يېڭى سورت دەپ قارىلىدۇ.

**ئېگىز قاتلاملىق بۇلۇت** <مېتېئور> بوز رەڭ ياكى سۇس كۆكۈچ قاتلاملىق بۇلۇت پەردىلىرى. ئۇ سىزىقسىمان، تالاسىمان بولىدۇ. بەزىلىرىنىڭ ھەممە يېرى تەكشى بولىدۇ. ئۇ پۈتۈن ئاسماننى ياكى ئاسماننىڭ بىر قىسمىنى قاپلاپ تۇرىدۇ.

**ئېگىز قاڭقىللار** <ئىرق> ← **قاڭقىللار.**

**ئېگىز ئوقۇردىن يەم يېمەك** ① يۇقىرىغا ئېسىلماق، ئۆزىنى ئۇستۇن تۇتماق: ئۇنىڭ ئېگىز ئوقۇردىن يەم يېگۈسى كېلەرمىش، تۆۋەنگە قارىغۇچىلىكى يوق. ② باياشات ياشىماق: ئۇ خېنىم ئېگىز ئوقۇردىن يەم يەپ چوڭ بولغان، سەن بىلەن مېنى كۆزگە ئىلمايدۇ.

**ئېگىز-پەس** ① ئېگىز ۋە پەس: ئېگىز-پەس تاغلار. ئېگىز-پەس يوللار. ② قالايمىقان: ئېگىز-پەس سۆزلىمەك. * كۈنلەر ئۆتكەنسېرى، شامەخسۇتنىڭ ئۇيقۇسىمۇ قاتتىق بۇزۇلۇپ، ھەدىسىلا ئېگىز-پەس چۈشلەرنى كۆرۈپ، تىنچ ئۇخلىيالمايدىغان بولۇپ قالغانىدى.

**ئېگىز-پەس تورنىك** <تەن> ① ئاياللار گىمناستىكا ئەسۋابلىرىنىڭ بىر خىلى. ئادەتتە ئىككى دانە خادىنى ئېگىز-پەس ۋە پاراللېل ھالەتتە تۆمۈر ياكى ياغاچتىن قىلىنغان جازىغا ئورنىتىش ئارقىلىق ياسىلىدۇ. ② ئاياللارنىڭ گىمناستىكىلىق ماھارەت كۆرسىتىش تۈرلىرىدىن بىرى.

بۇنىڭدا، تەنھەرىكەتچىلەر ئېگىز-پەس تورنىڭ ئۈستىدە ھەر خىل ھەرىكەتلەرنى ئورۇنلايدۇ.

**ئېگىز-پەس گەپ** قالايمىقان گەپ-سۆز، سۆز-چۆچەك: ھازىرچە بۇنىڭ ئۈستىدە يا ئۇنداق ياكى مۇنداق دېگەن ئېگىز-پەس گەپ يوقتۇ؟

**ئېگىز-پەسلىك** نامۇۋاپىقلىق، تەكشىسىزلىك؛ تۇراقسىزلىق: ئەگەر بۇ نۇقتا مۇۋاپىق ھەل قىلىنمىسا، جازا يا يېنىك بولۇپ قالىدۇ، يا ئېغىر بولۇپ قالىدۇ، ياكى بولمىسا ئېگىز-پەسلىك كېلىپ چىقىدۇ. * بازار ئىگىلىكىدە قوشۇمچە كەسىپ مەھسۇلاتلىرىنىڭ باھاسىدا ئېگىز-پەسلىك بولۇشىغا رۇخسەت قىلىنسا بولىدۇ.

**ئېگىزلەتمەك** «ئېگىزلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: — تامنى ئېگىزلىتىپ نېمە قىلىسىلەر؟ — دەپ سوراپتۇ ئەپەندىم. * — ماڭ، كەتمەندىن بىرنى ئېلىپ چىقىپ، ئاۋۇ قاشنى ئېگىزلىتىپ قوي، — دېدى ئۇ.

**ئېگىزلەشمەك** «ئېگىزلىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى

**ئېگىزلەنمەك** «ئېگىزلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**ئېگىزلىك** ① «ئېگىز» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: بۇ بىنانىڭ ئېگىزلىكى 50 مېتىر. * مېنىڭ بويۇمنىڭ ئېگىزلىكى 160 سانتىمېتىر. ② ئېگىز جاي، يەر، تۆپىلىك: پامىر ئېگىزلىكى. * بۇ ئېگىزلىكنىڭ ئۇ تەرىپىدە بىز ياسىغان يول بار ئىدى. ③ يەر يۈزىدىن بوشلۇقتىكى مەلۇم نۇقتىغىچە بولغان ئارىلىق: ئۇچۇش ئېگىزلىكى.

**ئېگىزلىك سوغۇق ئىقلىمى** <جۇغ> دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 4000 مېتىردىن ئاشىدىغان ئېگىزلىكلەردە بولىدىغان بىر خىل ئىقلىم. ئۇنىڭ ئىسسىق ئايدىكى ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى 10°C تىن تۆۋەن بولىدۇ، يامغۇر مىقدارى ئاز، نىسبىي نەملىكى يۇقىرى ۋە يىل بويى سوغۇق بولىدۇ.

**ئېگىزلىك ئىقلىم بەلبېغى** <جۇغ> ۋېرتىكال ئىقلىم بەلبېغىنىڭ يەنە بىر ئاتىلىشى.

**ئېگىزلىمەك** پ. يۇقىرى كۆتۈرۈلمەك، ئۆرلىمەك؛ ئۆسمەك: ئايروپىلان بارغانچە ئېگىزلەپ ئۇچتى. * ئۇ ماڭا ئېگىزلەپ قالغاندەك كۆرۈندى.

**ئېگىشمەك** «ئەگمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: بىر توپ ئەسكەرلەر قوللىرىنى كۆتۈرۈپ باشلىرىنى ئېگىشكەنىدى.

**ئېگىك** سۈپ. ئېگىلگەن، ئېگىلگەن ھالەتتىكى: توغرىقى توغراق ئەمەس، شاخى ئېگىك ئانار ئىكەن. يار بىلەن چۆللەرگە بارسام، چۆل ئەمەس، گۈلزار ئىكەن.

**ئېگىلەڭگۈ** سۈپ. سەل ئېگىلگەن ياكى ئاسان ئېگىلىدىغان: قوتازنىڭ پۇتى قىسقا، بېلى ئېگىلەڭگۈ كېلىدۇ.

**ئېگىلدۈرمەك** «ئېگىلمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇنىڭ قارىشىچە، نىياز ئۆز ئۈستۈنلۈكى بىلەن ساتتارنى ئېگىلدۈرۈشنىڭ كويىدا يۈرمەكتە ئىدى.

**ئېگىلمەس** سۈپ. ئېگىلمەيدىغان: ماڭا قاراپ ئېگىلمەس باغدىكى قىزىل ئالما. مەن غېرىب بىچارىنى دوزاخ ئوتىغا سالما.

**ئېگىلمەس-سۇنماس** تىز پۈكمەيدىغان، باش ئەگمەيدىغان: ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ بۇ ئېيتىشارىنى، ئېگىلمەس-سۇنماس ئوغلانىنى داغدۇغا بىلەن قارشى ئېلىپ، بېشىدا كۆتۈرۈپ دېڭىزدەك يۇرتىغا ئەكىلىشتى.

**ئېگىلمەك** ① «ئەگمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئىشىك ئىلغۇچى ئېگىلگەنىدى. ② «ئەگمەك» پېئىلىنىڭ ئۆزلۈك دەرىجىسى: جارۇللا ئىمامنىڭ كېلىنى ھەلىمخان ئىچكىرىكى ئۆيدىن چىقىپ قېيناتىسىغا ئېگىلىپ سالام بەردى.

**ئېگىلمەي-سۇنماي** تىز پۈكمەي، باش ئەگمەي: بىز قەتئىي نىيەتكە كېلىپ، ئاخىرغىچە ئېگىلمەي-سۇنماي كۈرەش قىلىمىز.

**ئېگىلىش** ① «ئېگىلمەك» پېئىلىنىڭ يەنە بىر خىل ئىسمدىشى. ② <فىز> جىسىمنىڭ سىرتقى كۈچ تەسىرىدە تۈز ھالىتىنى يوقىتىشى. ③ <گېئول> گېئوسىنكلىنال ياكى پلاتفورمىلارنىڭ بەزى قىسىملىرىنىڭ تۆۋەنگە چۆكۈپ چۈشۈشى.

**ئېگىلىش ئەگرى سىزىقى** <بىن> دېتالنىڭ سىرتقى كۈچ تەسىرىدە ئېگىلىپ ئەگرىلەشكەن ئەسلىدىكى تۈز ئوق سىزىقى.

**ئېگىلىش دەرىجىسى** <بىن> لىم، تاختا، تۈۋرۈك قاتارلىق دېتاللارغا سىرتقى كۈچ تەسىر قىلغاندا پەيدا بولغان ئېگىلىش دېفورماتسىيىسىنىڭ دەرىجىسى.

**ئېگىلىش دېفورماتسىيىسى** <بىن> لىم، تاختا قاتارلىق دېتاللارنىڭ ئوق سىزىقىغا تىك كەلگەن سىرتقى كۈچ تەسىرىدە تۈز ھالىتىنى يوقىتىپ ئەگرىلىشىشى.

**ئېگىلىش مومېنتى** <بىن> سىرتقى كۈچ تەسىرىدە بالداقلار ئېگىلگەندە، ئۇنىڭ خالىغان بىر توغرا كەسمە يۈزىنىڭ ئىچى تەرىپىدە بىر-بىرىگە تەسىر قىلىپ تۇرىدىغان كۈچ مومېنتى.

**ئېگىلىشچان** سۈپ. ئاسان ئېگىلىدىغان: ئېگىز-ئېگىز دەرەخلەر ئېگىلىشچان بولسا، قىزىل-يېشىل يوپۇرمىقى تۆكۈلۈشچان بولسا.

**ئېگىلىشچانلىق** ئى. ئېگىلىشچان خۇسۇسىيەت: ئېگىلىشچانلىق ئۇنىڭ ئالاھىدە خۇسۇسىيىتى.

**ئېگىن** ئى. كىيىم، كىيىم-كېچەك: — سىز ئېگىنىڭىزنى يېقىرغا بېرىپ، مېنىڭ ئېگىنلىرىمنى سىز كىيىڭ، ئاندىن قېيىققا چىقايلى، — دېدى ئۇ.

**ئېگىن-ئاياغ** كىيىم-كېچەك.

**ئېڭەك** ئى <ئانات> يۈزنىڭ، شۇنىڭدەك ئېغىزنىڭ ئاستىنقى قىسمى.

**ئېڭەك ئاستى بېزى** <ئانات> ئاستىنقى جاغنىڭ ئوڭ-سول تەرىپىدە بىردىن بولىدىغان شۆلگەي بەزلىرى.

**ئېڭەك قوشتۇرماق** ۋاپات بولغۇچىنىڭ ئېڭىكىنىڭ چۈشۈپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن ئېڭەكنى باش بىلەن قوشۇپ تاڭماق: مۇردىنىڭ ئېڭىكىنى قوشۇشتۇرۇپ قويۇڭلار، بۇ مۇسۇلمانچىلىق.

**ئېڭىكى چۈشمەك** جان چىققاندىن كېيىن ۋاپات بولغۇچىنىڭ ئېڭىكى ساڭگىلاپ ئاغزى ئېچىلىپ قالماق.

**ئېڭىكى چۈشۈپ قالماق** ھەددىدىن زىيادە سۆزلىمەك: ئۇنىڭغا چۈشەندۈرۈپ ئېڭىكىم چۈشۈپ قالاي دېدى. * سايىمنىڭ شەھەر يولىغا قاراپ ئېڭىكى چۈشۈپ قالغىلى تاسلا قالدى. ئۇ شەھەر مۇدىرىنىڭ تېزراق چىقىپ، تۇراپىنىڭ راسا بىر ئەدىپىنى بېرىشىنى كۈتەتتى.

**ئېڭىكىنى تىرەپ قالماق** ① غەم-قايغۇغا پاتماق، خىيالغا چۆممەك. ② ھەممە نەرسىسىدىن ئايرىلىپ قالماق، قۇرۇق قول قالماق.

**ئېگەكلىك** سۈپ. ئېگىكى بار؛ ئېگىكى يوغان: ئېگەكلىك ئادەم.

**ئېگىز** ئى. ئورۇۋېلىنغان زىرائەتنىڭ يەردە قالغان غول ۋە يىلتىز قىسمى: بۇغداي ئېگىزى. * يىراقتا بىرنەچچە تراكتور ئېگىز ئاغدۇرۇۋاتاتتى.

**ئېگىز ئالماشتۇرۇش** ئېتىزدىن زىرائەتلەرنى يىغىۋالغاندىن كېيىن، يەنە بىر خىل زىرائەتنى ئالماشتۇرۇپ تېرىش.

**ئېگىز تېرىلغۇسى** بىر پارچە يەرنىڭ ئۆزىدىلا بىر يىلدا ئىككى قېتىمدىن ئارتۇق تېرىپ يىغىۋېلىنىدىغان تېرىقچىلىق ئۇسۇلى.

**ئېگىزلىق** ئى. ئورۇۋېلىنغان زىرائەتنىڭ ئورنى: بىرنەچچە قىز-ئوغۇل ئېگىزلىققا قويۇپ بەرگەن ماللىرىغا قارىغاچ قىرنىڭ ئۈستىدە پاراڭلىشىپ ئولتۇراتتى.

**ئېگىشەڭگۈ** سۈپ. سەل ئېگىشكەن، سەل ئېگىشىدىغان: ئېگىشەڭگۈ ئادەم. * ئابدۇرېھىم دورغا ئېلىشاڭغۇ، ساقال-بۇرتى كېلىشەڭگۈ، بەش مىڭ سەر كۈمۈش بەرسە، چىرىك سايان ئېگىشەڭگۈ.

**ئېگىشتۈرمەك** «ئېگىشمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: پەرىدە ئۇنىڭ بىلەن بىللە رەسىمنى كۆرۈش ئۈچۈن بېشىنى ئېگىشتۈردى. * ئۇ پولغا ئولتۇردى-دە، غەمكىن بىر هالدا بېشىنى تىزىغا ئېگىشتۈرۈپ ئويلاندى.

**ئېگىشتۈرۈلمەك** «ئېگىشتۈرمەك» پېئىلىنىڭ مەجهۇل دەرىجىسى: باشلىرىغا ئۈزۈن قەغەز قالپاقلار كىيدۈرۈپ، يەرگە ئېگىشتۈرۈلگەن مويسىپىت قېرىلار تۇراتتى.

**ئېگىشمە** سۈپ. ئېگىشكەن ياكى ئېگىشىدىغان: ئېگىشمە بۇلۇڭ.

**ئېگىشمە بۇلۇڭ** <مات> OL بىلەن OB لار بىرلا تىك تەكشىلىكتىكى گورىزونتال سىزىق بىلەن قاراش سىزىقلىرى بولسۇن دېسەك، OB سىزىق OL نىڭ تۆۋەن تەرىپىدە بولسا، ئۇ هالدا ئۇلار ئارىسىدىكى بۇلۇڭ ئېگىشمە بۇلۇڭ دېيىلىدۇ.

**ئېگىشمەك** پ. بەدەننى ئالدىغا ئېگىپ باشنى تۆۋەن قىلماق، ئالدىغا ئېگىلمەك: ئالدىغا ئېگىشمەك. * يىگىت چايخانىنىڭ قېيسىپ كەتكەن پاكار ئىشىكىدىن ئېگىشىپ كىرىپ، دەرۋىشنىڭ قېلىن چاڭ باسقان چاپىنىنىڭ پېشىدىن سۆيدى. * سادىق يەرگە ئېگىشكەن بولۇپ، ئوڭ پۇتى بىلەن جۇمەنىڭ تاپانچا تۇتقان قولىغا تەپتى.

**ئېگىششمەك** «ئېگىشمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار ئېگىششىپ يەردىكى بىرنېمىلەرنى ئېلىشىۋاتاتتى.

**ئېگىل** (توغرىسى: ئېگىن) ← ئېگىن.

**ئېلاستىك** سۈپ (ر<گرېك) سىرتقى كۈچ تەسىر قىلغاندا ئېگىلىپ ياكى هالىتىنى ئۆزگەرتىپ، بۇ كۈچ يوقالغاندا ئەسلىي هالىتىگە قايتىدىغان، ئېگىلىشچان، ئەۋرىشىم؛ سوزۇلۇشچان: ئېلاستىك ماددا. ئېلاستىك تالا. ئېلاستىك ئاقسىل. ئېلاستىك توقۇلما.

**ئېلاستىك ئاقسىل** <بىئول> ئېلاستىك تالانىڭ ئاساسىي تەركىبىدىن ئىبارەت بولغان بىر خىل ئاقسىل.

**ئېلاستىك پوتېنسىئال ئېنېرگىيە** <فىز> ئېلاستىك دېفورماتسىيە هاسىل بولغان جىسىمنىڭ هەرقايسى قىسىملىرى ئارىسىدا ئېلاستىك كۈچىنىڭ ئۆزئارا تەسىرى پەيدا بولغانلىقى سەۋەبىدىن مەۋجۇت بولىدىغان پوتېنسىئال ئېنېرگىيە.

**ئېلاستىك تالا** <بىئول> بىرىكتۈرگۈچى توقۇلما تالالىرىنىڭ بىر خىلى. ئېلاستىك

توقۇلمىلار ئاساسەن مۇشۇ خىل تالالار-
دىن تۈزۈلگەن. بۇ خىل تالا ئادەتتە
شاخلانغان بولىدۇ. ئۇنىڭ تۈزۈلۈشى
تەكشى، نۇر سۇندۇرۇشى ۋە ئېلاستىكلى-
قى كۈچلۈك، كىسلاتا ۋە ئىشقارلارنىڭ
خورىتىشىغا نىسبەتەن قارشىلىقى يۇقىرى
كېلىدۇ. خىمىيۋى تەركىبى ئېلاستىك
ئاقسىلدىن ئىبارەت.

**ئېلاستىك توقۇلما** <بىئول> ئورگانىزمنىڭ
ھەرقايسى قىسىملىرىغا تارقالغان بىرىك-
تۈرگۈچى توقۇلمىنىڭ بىر خىلى. ئۇ توم
ۋە چوڭ ھالەتتىكى ئېلاستىك تالالاردىن
تۈزۈلگەن بولۇپ، ئېلاستىك خۇسۇسىيەت-
كە ئىگە.

**ئېلاستىك جىسىم** <فىز> ئېلاستىك
خۇسۇسىيەتكە ئىگە جىسىم.

**ئېلاستىك دېفورماتسىيە** <فىز> سىرتقى
كۈچنىڭ تەسىرى توختىغاندىن كېيىن،
ئەسلى ھالىتىگە قايتالايدىغان دېفور-
ماتسىيە. مەسىلەن، پۇرژىنىنىڭ ئېلاس-
تىكلىق چېكى ئىچىدىكى دېفورماتسىيىسى
ئېلاستىك دېفورماتسىيە بولىدۇ.

**ئېلاستىك سوقۇلۇش** <فىز> ئىككى
جىسىمنىڭ بىر-بىرىگە سوقۇلۇش جەريا-
نىدا ئۇلارنىڭ تېزلىكلىرىنىڭ چوڭلۇقى
بىلەن يۆنىلىشىدە ئۆزگىرىش ھاسىل
بولسا، لېكىن ئىككى جىسىمنىڭ مېخانىك
ئېنېرگىيىلىرىدە ھېچقانداق يوقىتىش
بولمىسا، بۇ خىل جەريان ئېلاستىك
سوقۇلۇش دەپ ئاتىلىدۇ.

**ئېلاستىك كۈچ** <فىز> جىسىمدا ئېلاس-
تىك دېفورماتسىيە ھاسىل بولغان چاغدا،
بۇ جىسىم ئۆزىدە دېفورماتسىيە ھاسىل
قىلغان جىسىمغا قارىتا كۈچ تەسىرى
پەيدا قىلىدۇ. بۇ خىل كۈچ ئېلاستىك
كۈچ دەپ ئاتىلىدۇ.

**ئېلاستىكلىق** ① «ئېلاستىك» سۆزىنىڭ
ئىسىم شەكلى. ② ئى <فىز> كۈچ
تەسىرىدە دېفورماتسىيە ھاسىل بولغان
جىسىمنىڭ كۈچنى ئېلىۋەتكەندىن كېيىن
قايتا ئەسلىگە كېلىش خۇسۇسىيىتى.

**ئېلاستىكلىق جىسىم** <فىز> ←
**ئېلاستىك جىسىم.**

**ئېلاستىكلىق چېكى** <فىز> بىر جىسىمغا
نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئۇنىڭغا تەسىر
قىلىدىغان كۈچ قانچە چوڭ بولسا،
ئۇنىڭدا ھاسىل بولىدىغان دېفورماتسىيىمۇ
شۇنچە چوڭ بولىدۇ. لېكىن تەسىر
قىلغان كۈچ مەلۇم چەكتىن ئېشىپ
كەتسە، بۇ كۈچ ئېلىپ كېتىلگەندىن
كېيىنمۇ جىسىم ئەسلىدىكى ھالىتىگە
قايتىپ كېلەلمەيدۇ. بۇ چەك ئېلاستىكلىق
چېكى دەپ ئاتىلىدۇ.

**ئېلاستىكلىق كوئېففىتسېنتى** <فىز>
ئېلاستىكلىق چېكى ئىچىدە، پۇرژىنىنىڭ
سوزۇلۇش (ياكى قىسقىراش) ئۇزۇنلۇقى
$\chi$ پۇرژىنىنىڭ ئېلاستىك $F$ كە ئوڭ
تاناسىپ بولىدۇ، يەنى: $F=K\chi$
فورمۇلىدىكى $K$ پۇرژىنىنىڭ ئېلاستىكلىق
كوئېففىتسېنتى بولۇپ، ئۇ پۇرژىنىنىڭ
ماتېرىيالى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ.
$K$ سانلىق قىممەت جەھەتتە پۇرژىنا
بىرلىك ئۇزۇنلۇققا سوزۇلغان (ياكى
قىسقىرىغان) چاغدىكى ئېلاستىك كۈچكە
تەڭ بولىدۇ. ئېلاستىك كۈچنىڭ يۆنىلىشى
سوزۇلۇش (ياكى قىسقىراش) يۆنىلىشىگە
قارىمۇقارشى بولىدۇ.

**ئېلاستىكلىق مودۇلى** <فىز> ماتېرىيال-
نىڭ ئېلاستىكلىق دائىرىسى ئىچىدىكى
كۈچىنىشى بىلەن دېفورماتسىيىسى نىسبىتى.

ماتېرىيالنىڭ ئېلاستىكلىق مودولى قانچە چوڭ بولسا، ئوخشاش كۈچنىڭ تەسىرىدە، ئۇنىڭ دېفورماتسىيىسى شۇنچە كىچىك بولىدۇ.

**ئېلاستىكلىق مېخانىكىسى** <فىز> كۈچ تەسىر قىلغان جىسىمنىڭ ئېلاستىكلىق دائىرىسى ئىچىدىكى كۈچىنىشى ۋە دېفورماتسىيىسىنى تەتقىق قىلىدىغان بىر خىل تارماق پەن.

**ئېلاستىكلىق نەزەرىيىسى** <فىز> جىسىمغا تەسىر قىلغان كۈچ ۋە بۇ كۈچ ھاسىل قىلغان ئېلاستىكلىق دېفورماتسىيىسى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى تەتقىق قىلىدىغان نەزەرىيە.

**ئېلان** ئى (ئە) ① كۆپچىلىككە يەتكۈزۈش زۆرۈر بولغان خەۋەر؛ ئۇقتۇرۇش، جاكار: تېلېۋىزوردا كىيىم-كېچەك ئېلانى بېرىلدى. ② شۇنداق ئۇقتۇرۇش يېزىلغان قەغەز: كوچىلارغا چاپلانغان ئېلاندىن ئۇ قاتىلغا ئۆلۈم جازاسى بېرىلگەنلىكىنى ئۇقتۇم.

**ئېلان قىلماق** ① ھەممىگە مەلۇم قىلماق، ئۇقتۇرماق: تېلېۋىزوردا كىيىم-كېچەكلەرنىڭ باھاسى چۈشكەنلىكىنى ئېلان قىلدى. ② ماقالە، ئەسەرلەرنى گېزىت-ژۇرناللاردا ئاشكارىلىماق، باستۇرماق: ئەسەر ئېلان قىلماق.

**ئېلانچى** ئى. سەھنىدە ئورۇنلىنىدىغان نومۇرلارنى ئېلان قىلغۇچى كىشى: مەن زالغا كىرگەندە ئېلانچى نۇرئامىنەمنىڭ ناخشا ئېيتىدىغانلىقىنى ئېلان قىلدى.

**ئېللىپس** ئى (ر<گرېك) <مات> تەكشىلىكتىكى بىر ھەرىكەتچان نۇقتا A دىن ئىككى قوزغالماس نۇقتا F ، $F^1$ غىچە بولغان ئارىلىقلارنىڭ يىغىندىسى بىر تۇراقلىق سانغا تەڭ بولغاندا، بۇ ھەرىكەتچان نۇقتىنىڭ trayېكتورىيىسى بىر ئېللىپس بولىدۇ. ئىككى قوزغالماس نۇقتا F ، $F^1$ ئېللىپسنىڭ فوكۇسلىرى دېيىلىدۇ.

**ئېللىپسلىق** سۈپ. ئېللىپسقا ئىگە، ئېللىپسنى ئۆز ئىچىگە ئالغان: ئېللىپسلىق پارابولائىد.

**ئېللىپسلىق پارابولائىد** <مات> بوشلۇقتىكى تىك بۇلۇڭلۇق كوئوردىنات سىستېمىسىدا، ئۈچ نامەلۇملۇق ئىككىنچى دەرىجىلىك تەڭلىمە

$$\frac{x^2}{a^2}+\frac{y^2}{b^2}=2z$$

(a ، b لار مۇسبەت تۇراقلىق سانلار) ئىپادىلىگەن (ئەگرى) سىرت ئېللىپسلىق پارابولائىد دېيىلىدۇ.

**ئېللىپسوگراف** ئى (ر<گرېك) <مات> ئېللىپس سىزىشتا ئىشلىتىلىدىغان بىر خىل ئەسۋاب.

**ئېللىپسوئىد** ئى (ر<گرېك) <مات> بوشلۇقتىكى تىك بۇلۇڭلۇق كورئوردىنات سىستېمىسىدا، ئۈچ نامەلۇملۇق ئىككىنچى دەرىجىلىك تەڭلىمە

$$\frac{x^2}{a^2}+\frac{y^2}{b^2}+\frac{z^2}{c^2}=1$$

( a، b، a لار مۇسبەت تۇراقلىق سانلار) ئىپادىلىگەن سىرت ئېللىپسئوئىد دېيىلىدۇ.

**ئېلۇنچۇن** ئى <ئىرق> مۇشۇ نام بىلەن ئاتالغان مىللەت ۋە بۇ مىللەتكە مەنسۇپ كىشى.

**ئېلۇنچۇن تىلى** <تىل> ئېلۇنچۇنلەر ئىشلىتىدىغان تىل. بۇ تىل ئالتاي تىللىرى سىستېمىسى توڭغۇس-مانجۇ تىللىرى تۈركۈمىنىڭ توڭغۇس تىللىرى تارمىقىغا كىرىدۇ. ئادەتتە سىبىرىيە ۋە ئىچكى موڭغۇل، خېيلوڭجياڭ ئۆلكىلىرىدىكى ئېلۇنچۇنلەر ئارىسىدا ئىشلىتىلىدۇ.

**ئېلۇنچۇنلەر** ئى <ئىرق> ئېلۇنچۇن مىللىتى،

ئېلۋنچۋن خەلقى. ئۇلار ئېلىمىزنىڭ ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونىدىكى خۇلۇمبىرمىڭ رايونى ۋە خېيلوڭجياڭ ئۆلكىسىدە، چەت ئەللەردىن سىبىرىيىدە ياشايدۇ. ئوۋچى-لىق ۋە قوشۇمچە دېھقانچىلىق بىلەن تۇرمۇش كەچۈرىدۇ.

**ئېلۋنچۋنچە** ① سۈپ. ئېلۋنچۋلەرنىڭ تىلى، ئەدەبىياتى ۋە مەدەنىيىتىگە ئائىت: ئېلۋنچۋنچە كىيىم. ئېلۋنچۋنچە ئۇسسۇل. ② ئى. ئېلۋنچۋن تىلى. ③ رەۋ. ئېلۋنچۋن تىلىنى ئىشلىتىپ، ئېلۋنچۋن تىلىدا: ئېلۋنچۋنچە سۆزلەشمەك.

**ئېلېئا** ئى <جۇغ> ئىتالىيىنىڭ جەنۇبىي قىسمىدىكى بىر شەھەرنىڭ نامى.

**ئېلېئاچىلار** ئى <پەلس> قەدىمكى يۇناننىڭ بىر پەلسەپىۋى ئېقىمى. مىلادىيىدىن V — VI ئەسىر ئىلگىرى ئىتالىيىنىڭ جەنۇبىي قىسمىدىكى ئېلېئا شەھىرىدە مەيدانغا كەلگەن. بۇ ئېقىمنىڭ ئاساس-لىق ۋەكىللىرى: كولوفېنلىق سېنوفېن، ئېلېئالىق پارمېندىپ، زېنو ۋە ساموس ئارىلىلىق مېلىسېس. بۇ ئېقىمدىكىلەر ماددىنىڭ ئۆزگىرىدىغان مەنبەسى توغرىسىدىكى ئىستىخىيىلىك دىئالېكتىكىلىق تەلىماتقا قارشى تۇرۇپ، ھەقىقىي مەۋجۇدىيەتنىڭ ئۆزگەرمەس ماھىيىتى توغرىسىدىكى، كۆرگىلى بولىدىغان ئۆزگىرىش ۋە پەرقلەرنىڭ ساختىلىقى توغرىسىدىكى تەلىماتنى ئوتتۇرىغا قويغان.

**ئېلېكتر** ئى (ر<گرېك) <فىز> ① زەرەتلەن-گەن زەررىچىلەرنىڭ (ئېلېكترون، پروتون ۋە باشقىلارنىڭ) ئۆزئارا تەسىرى ۋە ھەرىكىتى نەتىجىسىدە يۈز بەرگەن فىزىكىلىق ھادىسىلەر يىغىندىسى؛ شۇ ھادىسىلەر تۈپەيلى بارلىققا كېلىدىغان ئېنېرگىيە تۈرلىرىدىن بىرى: مۇسبەت ئېلېكتر. مەنپىي ئېلېكتر. ئېلېكتر توكى. ئېلېكتر قۇۋۋىتى. ئېلېكتر لامپىسى. ئېلېكتر قوڭغۇراق. ② توك قۇۋۋىتى بىلەن يانىدىغان لامپا: ئېلېكتر نۇرى.

**ئېلېكتر ئاچقۇچ** <فىز> ئېلېكتر يولىنى ئۈزۈش، چېتىش ياكى لىنىيە ئۆزگەرتىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان قۇرۇلما. تۈرلىرى كۆپ بولىدۇ. ئادەتتە تېلگراما يوللاشتا ئىشلىتىلىدىغان كۇنۇپكىلىق قۇرۇلما كۆپرەك كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

**ئېلېكتر بۇرغا** <ماشىن> ئېلېكتر ئېنېر-گىيىسى ئارقىلىق ھەرىكەتلەندۈرۈپ، جىنس قاتلىمى ۋە رۇدا قاتارلىقلارنى كولايدىغان ئەسۋاب.

**ئېلېكتر بېسىمنى ئۆزگەرتىش پونكىتى** <فىز> ئېلېكتر بېسىمىنى ئۆزگەرتىدىغان ئورۇن. ئېلېكتر ئىستانسىسىدىن چىققان ئېلېكتر ئېنېرگىيىسىنى يىراقراق جايغا يەتكۈزۈش ئۈچۈن، ئېلېكتر بېسىمىنى يۇقىرىلىتىپ ۋە يۇقىرى بېسىملىق توكقا ئايلاندۇرۇپ، ئىشلەتكۈچىلەرگە يېقىن جايغا بارغاندا قايتىدىن بېسىمنى تۆۋەن-لىتىشكە توغرا كېلىدۇ. بۇ خىل تۆۋەنلىتىش ۋە يۇقىرىلىتىش ۋەزىپىسى ئېلېكتر بېسىمىنى ئۆزگەرتىش پونكىتى ئارقىلىق ئورۇنلىنىدۇ. ئۇنىڭ ئاساسلىق ئۈسكۈنىلىرى ۋېكلىيۇچا-تېل بىلەن ترانسفورماتوردىن ئىبارەت. ئۇ كۆلىمىنىڭ چوڭ-كىچىكلىكىگە قاراپ ئېلېكتر بېسىمىنى ئۆزگەرتىش ئورنى ۋە توك تەقسىملەش ئۆيى دېگەنلەرگە ئايرىلىدۇ.

**ئېلېكتر بىلەن ھەل بېرىش** <فىز> ئېلېكترولىزلاش رولىدىن پايدىلىنىپ مېتاللارنىڭ يۈزىگە نېپىز بىر قەۋەت

باشقا مېتال ياكى قېتىشمىنى يېپىشتۇرۇش. بۇ خىل ئۇسۇلنى قوللانغاندا مېتال بۇيۇملارنى داتلىشىشتىن ساقلاش، سىرتقى كۆرۈنۈشىنى كۆركەملەشتۈرۈش، ئۇپراشقا چىدامچانلىقىنى، ئۆتكۈزۈشچانلىقىنى ۋە نۇر قايتۇرۇشچانلىقىنى ئاشۇرۇش مەقسىتىگە يەتكىلى بولىدۇ.

**ئېلېكتر پاتېفون** <ماشىن> ئېلېكتر ئېنېرگىيىسى ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ قىلىنىدىغان ھەمدە ئېلېكترلىك پاتېفون بېشى ۋە ئاۋاز چوڭايتىش ئۈسكۈنىسى ئىشلىتىلىدىغان پاتېفون.

**ئېلېكتر پاراۋوز** <ماشىن> ئېلېكتر ئېنېرگىيىسى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ قىلىنىدىغان پاراۋوز.

**ئېلېكتر پوتېنسىئاللار ئايرىمىسى** <فىز> زەرەتلىك جىسىم ياكى ئۆتكۈزگۈچ جىسىمنىڭ ئېلېكتر زەنجىرىنىڭ ئوخشىمىغان قىسىملىرى ئارىسىدىكى پوتېنسىئاللىرىنىڭ ئايرىمىسى. ئېلېكتر پوتېنسىئاللار ئايرىمىسى توكنىڭ يۇقىرى پوتېنسىئالدىن تۆۋەن پوتېنسىئالغا ئېقىش ۋەزىيىتىنى شەكىللەندۈرىدۇ. ئېلېكتر پوتېنسىئاللار ئايرىمىسىنىڭ بىرلىكى ۋولت. ئۇ يەنە ئېلېكتر بېسىمى دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

**ئېلېكتر پوتېنسىئالى** <فىز> بىرلىك مۇسبەت زەرەت مەلۇم بىر نۇقتىدىن چەكسىز يىراققا يۆتكەلگەندە، ئېلېكتر مەيدانىنىڭ قىلغان ئىشى ئېلېكتر مەيدانىدىكى شۇ نۇقتىنىڭ پوتېنسىئالى بولىدۇ. مۇسبەت زەرەت قانچە كۆپ بولسا، ئېلېكتر پوتېنسىئالمۇ شۇنچە يۇقىرى بولىدۇ.

**ئېلېكتر تەكشىلىكى** <فىز> زەرەت (ئېلېكتر) مىقدارىنىڭ نىسبىي چوڭ-كىچىكلىكىنى ئىپادىلەيدىغان بىر خىل پارامېتىر. بۇ ئارقىلىق ئېلېكتر دەرىجىسى بىلەن خالىغان ئىككى ئېلېكتر (زەرەت) مىقدارى ئارىسىدىكى نىسبىي چوڭ-كىچىكلىكىنى ئىپادىلەشكە بولىدۇ.

**ئېلېكتر تورى** <ھەرب> مېتال سىمدا توقۇلغان ھەمدە توك ئۆتكۈزگىلى بولىدىغان تور توساق. كۆپىنچە دۈشمەننى ياكى ئوغرىدىن مۇداپىئە كۆرۈش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

**ئېلېكتر توكى** <فىز> زەرەتلەرنىڭ يۆنىلىشلىك يۆتكىلىشى.

**ئېلېكتر تۇراقلىق سانى** <فىز> كۇلون قانۇنىدىكى تاناسىپ تۇراقلىق مىقدارى (تىنچ ئېلېكتر كۈچى تۇراقلىق مىقدارى) k نى $\frac{1}{4\pi\varepsilon_0}$ شەكلىدە يېزىشقا بولىدۇ، يەنى $K=\frac{1}{4\pi\varepsilon_0}$. فورمۇلىدىكى $\varepsilon_0$ ئېلېكتر تۇراقلىق سانى دەپ ئاتىلىدۇ.

**ئېلېكتر تېخنىكىسى** <فىز> ئېلېكتر ئېنېرگىيىسىنى تەتقىق قىلىشتا قوللىنىلىدىغان ئاساسىي نەزەرىيۋى پەن. ئېلېكتر ماشىنىلىرى، ئېلېكتر ئۈسكۈنىلىرى ھەمدە ئېلېكترنىڭ سانائەت تارماقلىرى ۋە تۇرمۇشتا قوللىنىلىش قائىدىلىرى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ئېلېكتر تېخنىكىسىنىڭ تەتقىقات ئوبيېكتلىرىدۇر.

**ئېلېكتر چىراغ** <فىز> ئېلېكتر ئېنېرگىيىسى ئارقىلىق يورۇقلۇق چىقىرىدىغان چىراغ. ئادەتتە چوغلانما لامپا كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

**ئېلېكتر خىمىيىسى** <خىم> ← **ئېلېكتروخىمىيە.**

**ئېلېكتر دولقۇنى** <فىز> ← **ئېلېكتر ماگنىت دولقۇنى.**

**ئېلېكتر دۋىگاتېل** <ماشىن> ئېلېكتر ئېنېرگىيىسىنى مېخانىكىلىق ئېنېرگىيىگە ئايلاندۇرۇپ بېرىدىغان ماشىنا. ئۇ

يېقىنقى زامان سانائىتىدىكى ئەڭ مۇھىم ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ قۇرۇلمىسى ھېسابلىنىدۇ.

**ئېلېكتر دىنامىكا** <فىز> ئېلېكتر ماگنىت ھەرىكىتىنىڭ ئومۇمىي قانۇنىيەتلىرىنى تەتقىق قىلىدىغان پەن.

**ئېلېكتر رېزونانسى** <فىز> قوبۇل قىلغۇچى ئېلېكتر زەنجىرىنىڭ خاس چاستوتىسى بىلەن قوبۇل قىلىنغان ئېلېكتر ماگنىت دولقۇنىنىڭ چاستوتىسى ئوخشاش بولغان چاغدا، قوبۇل قىلغۇچى ئېلېكتر زەنجىرىدە ئەڭ كۈچلۈك تەۋرەنمە توك ھاسىل بولۇش ھادىسىسى.

**ئېلېكتر زەرىتى** <فىز> ← **زەرەت**.

**ئېلېكتر زەنجىرى** <فىز> ئېلېكتر ئېقىمىنىڭ ئېلېكتر ئۈسكۈنىلىرى ۋە قۇرۇلمىلىرىدىكى ئۆتۈش يولى. ئادەتتە ئۇ ئېلېكتر مەنبەسى، ئۆتكۈزگۈچ سىم ۋە ئېلېكتر سايمان-زاپچاسلىرى قاتارلىقلارنىڭ ئۇلىنىشىدىن قۇرۇلىدۇ.

**ئېلېكتر سايمانلىرى** <فىز> ئېلېكتر زەنجىرىدىكى يۈك ھەمدە ئېلېكتر زەنجىرى، ئېلېكتر ماشىنىلىرى قاتارلىقلارنى كونترول قىلىدىغان، تەڭشەيدىغان ياكى قوغدايدىغان ئۈسكۈنىلەر، مەسىلەن، رادىئو كاناي، ۋېكليۇچاتېل، رېئوستات، ئېرىپ ئۈزۈلگۈچ قاتارلىقلار.

**ئېلېكتر ستاتىك بىرلىكلەر سىستېمىسى** <فىز> ئېلېكتر ماگنېتىزمدىكى تىنچ ئېلېكتر كۈچىنى ئاساس قىلغان بىر خىل مۇتلەق بىرلىكلەر سىستېمىسى.

**ئېلېكتر ستاتىك تېزلەتكۈچ** <فىز> ئېلېكتر ستاتىك (تىنچ ئېلېكترلىك) يۇقىرى بېسىم ھاسىل قىلىدىغان قۇرۇلما.

**ئېلېكتر ستاتىك ئېكرانلىشىش** <فىز> تاشقى مۇھىت ئېلېكتر ستاتىك مەيدانىنىڭ ئېلېكترلىك ياكى غەيرىي ئېلېكترلىك (ئېلېكترسىزلىق) ئۈسكۈنىلىرىگە بولغان تەسىردىن ساقلىنىش ياكى ئېلېكتر ئۈسكۈنىلىرىنىڭ ئېلېكتر ستاتىك مەيدانىنىڭ تاشقى مۇھىتقا بولغان تەسىردىن ساقلىنىش ئۈچۈن، بۇ ئۈسكۈنىلەرنى يەرگە ئۇلانغان يېپىق مېتال قاپچىنىڭ ئىچىگە قويۇش تەدبىرى.

**ئېلېكتر ستاتىك ئىندۇكسىيىسى** <فىز> ئۆتكۈزگۈچ جىسىم زەرەتلەنگەن جىسىمغا يېقىنلاشقاندا يۈزىدە ئېلېكتر زەرىتى ھاسىل بولۇش ھادىسىسى. بۇ چاغدا ئۆتكۈزگۈچ جىسىمنىڭ ئىككى ئۇچىدىكى زەرەت تەڭ، ئەمما قارىمۇقارشى قۇتۇپلۇق بولىدۇ. زەرەتلەنگەن جىسىمغا يېقىن تۇرغان ئۇچىنىڭ ئېلېكتر زەرىتى زەرەتلەنگەن جىسىمنىڭ ئېلېكتر زەرىتى بىلەن قارىمۇقارشى بولىدۇ. زەرەتلەنگەن جىسىمدىن يىراق تۇرغان ئۇچىنىڭ ئېلېكتر زەرىتى زەرەتلەنگەن جىسىمنىڭ ئېلېكتر زەرىتى بىلەن ئوخشاش بولىدۇ.

**ئېلېكتر سىغىمى** <فىز> ئۆتكۈزگۈچنىڭ زەرەت ساقلاش ئىقتىدارى. بىرلىكى فارادا.

**ئېلېكتر شامالدۇرغۇچ** <فىز> ئېلېكتر دۋىگاتېلدىن پايدىلىنىپ پالاقنى ئايلاندۇرۇپ ھاۋانى سۈرۈپ بېرىدىغان قۇرۇلما. ئادەتتە ھاۋا ئىسسىپ كەتكەندە بۇ ئارقىلىق ھاۋا سۈرۈلۈپ، ئادەم ياكى ئۆي ئىچى سالقىنلىتىلىدۇ. كۆپىنچە ئۇ ئاسما، تىكلىمە ۋە ئۈستەل ئېلېكتر شامالدۇرغۇچى دېگەندەك تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ.

**ئېلېكتر قارشىلىقى** <فىز> ① جىسىمنىڭ

توكنىڭ ئۆتۈشىگە بولغان قارشى تەسىرى. جىسىمنىڭ ئېلېكتر قارشىلىقى ئۇزۇنلۇق، كەسمە يۈزىنىڭ چوڭ-كىچىكلىكى، تېمپېراتۇرا ۋە جىسىم تەركىبىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا قاراپ ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ. ئېلېكتر قارشىلىقىنىڭ بىرلىكى ئوم، بەلگىسى (Ω). ② شۇ خىل رولغا ئىگە دېتال.

**ئېلېكتر قۇتۇپى** <فز> ئېلېكتر مەنبەسى ياكى ئېلېكتر سايمانلىرىدىكى توكنى ئۇلاش ئورنى. باتارېيىدە سىرتقا توك چىقىرىش قۇتۇپى مۇسبەت قۇتۇپ، توك كىرگۈزىدىغان قۇتۇپى مەنپىي قۇتۇپ دېيىلىدۇ.

**ئېلېكتر قۇۋۋىتى** <فز> توكنىڭ بىرلىك ۋاقىت ئىچىدە قىلغان ئىشى. بىرلىكى ۋات، ئەمەلىي قوللىنىش بىرلىكى كىلوۋات بولىدۇ.

**ئېلېكتر كاردىئوگراف** <تب> يۈرەكنىڭ قىسقىراش-سوزۇلۇش ھەرىكىتىدىن ھاسىل بولغان ئېلېكتر ئېففېكتىنى چوڭايتىپ، قەغەز يۈزىگە دولقۇنسىمان سىزىق چۈشۈرۈپ بېرىدىغان بىر خىل ئۈسكۈنە. بۇنىڭغا قاراپ يۈرەكتىكى ھەر خىل كېسەللىكلەرگە دىئاگنوز قويغىلى بولىدۇ.

**ئېلېكتر كاردىئوگرامما** <تب> ئېلېكتر كاردىئوگرافتىن پايدىلىنىپ يۈرەكنىڭ قىسقىراش ۋە سوزۇلۇش ھەرىكىتىدىن ھاسىل بولغان ئېلېكتر ئېففېكتىنى چوڭايتىپ، ئاندىن ئۇنى قەغەز يۈزىگە دولقۇنسىمان سىزىق ھالىتىدە چۈشۈرۈش مەشغۇلاتى.

**ئېلېكتر كۆۋرۈكى** <فز> سېلىشتۇرۇش ئۇسۇلى بىلەن ھەر خىل ئېلېكتر مىقدارلىرى (يەنى ئېلېكتر قارشىلىقى، ئېلېكتر سىغىمى، ئىندۇكتىپلىق قاتارلىقلار) نى ئۆلچەيدىغان ئەسۋاب.

**ئېلېكتر كۈچ سىزىقلىرى** <فز> ئېلېكتر مەيداندىكى ھەرقايسى نۇقتىلارنىڭ ئېلېكتر مەيدان كۈچىنىشى ۋە ئېلېكتر كۈچىنىڭ يۆنىلىشى بويىچە تۇتاشتۇرۇلغان سىزىق. ئۇ ئېلېكتر مەيدانىنى ئوبرازلاشتۇرۇش ئۈچۈن پەرەز قىلىنغان شەكىلدۇر.

**ئېلېكتر كۈچى** <فز> ئىش قىلىدىغان ئېلېكتر ئېنېرگىيىسى. ئادەتتە ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ قىلىنىدىغان ئېلېكترنى كۆرسىتىدۇ. ئۇ يەنە ئېلېكتر مىقدارىنى ئىپادىلەيدۇ.

**ئېلېكتر كۈچى سىستېمىسى** <فز> ئېلېكتر ئىستانسىسى بىلەن توك بېسىمىنى ئۆزگەرتكۈچى ئورۇن، يۇقىرى بېسىملىق توك ئۆزىتىش لىنىيىسى، توك تەقسىملەش لىنىيىسى، تۆۋەن بېسىملىق توك تەقسىملىگۈچى پونكىت ۋە ئىستېمالچىدىن تەشكىل قىلىنغان توكنى تارقىتىش، تەمىنلەش ۋە ئىستېمال قىلىشتىن ئىبارەت بىر پۈتۈن گەۋدە.

**ئېلېكتر گەردىشى** <فز> ھاۋا بوشلۇقىغا تارتىلغان يۇقىرى بېسىملىق لىنىيىنىڭ ئۆتكۈزگۈچ سىمى ئەتراپىدا پەيدا بولىدىغان نۇر چاقناش ھادىسىسى. ئۇ توك ئۆتۈۋاتقان ئۆتكۈزگۈچ سىم ئەتراپىدىكى ھاۋانىڭ ئېلېكتر مەيدانىنىڭ تەسىرىدە ئۆتكۈزگۈچ جىسىمغا ئايلىنىشى نەتىجىسىدە ھاسىل بولىدۇ. ئۇ يەنە ئېلېكتر ئېنېرگىيىسىنى خورىتىدۇ ۋە سىمسىز رادىئو دولقۇنىغا كاشىلا پەيدا قىلىدۇ.

**ئېلېكتر لامپىسى** <فىز> ئېلېكتر ئېنېرگىيىسىدىن پايدىلىنىپ يورۇقلۇق چىقىرىدىغان لامپا. ئادەتتە چوغلانما ئېلېكتر لامپىسىنى كۆرسىتىدۇ.

**ئېلېكتر لىنىيىسى** <فىز> توك يەتكۈزۈش مەقسىتىدە تارتىلغان ئېلېكتر سىملىرى ياكى سىملىق لىنىيە.

**ئېلېكتر ماشىنىلىرى** <فىز> ئېلېكتر ئېنېرگىيىسى ھاسىل قىلىدىغان ۋە بۇ ئارقىلىق ئىشلەيدىغان بارلىق ماشىنا-ئۈسكۈنىلەر. ئادەتتە گېنېراتور ۋە ئېلېكتر دۋىگاتېلى كۆپرەك كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

**ئېلېكتر ماگنېتىزم** <فىز> ماددىلار ئىپادە قىلغان ئېلېكترلىك ۋە ماگنىتلىق خۇسۇسىيەتنىڭ ئومۇمىي نامى. مەسىلەن، ئېلېكتر ماگنىت ئىندۇكسىيىسى، ئېلېكتر ماگنىت دولقۇنى قاتارلىقلار.

**ئېلېكتر ماگنىت** <فىز> ماگنىتنىڭ بىر خىلى. تۆمۈر ئۆزەككە سىم ئوراش ئارقىلىق ياسىلىدۇ. كاتۇشكىدىن توك ئۆتكۈزۈلگەندە تۆمۈر ئۆزەك ماگنىتلىق جىسىمغا ئايلىنىدۇ. توك ئۈزۈلگەندە ماگنىتلىق خۇسۇسىيەت يوقايدۇ. ئۇ ئېلېكتر ماشىنىلىرىنى ۋە ئېلېكترلىك ئالاقە ئۈسكۈنىلىرىنى ياساشتا كۆپ ئىشلىتىلىدۇ.

**ئېلېكتر ماگنىت تەۋرىنىشى** <فىز> تەۋرەنمە ئېلېكتر زەنجىرىدە تەۋرەنمە توك ھاسىل بولۇش جەريانىدا كوندېنساتور قۇتۇپ تاختىلىرىدىكى زەرەتلەرنىڭ ھەمدە توك ۋە زەرەتلەر بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان ماگنىت مەيدانى بىلەن ئېلېكتر مەيدانىنىڭ دەۋرىي ھالدا ئۆزگىرىش ھادىسىسى.

**ئېلېكتر ماگنىت دولقۇنى** <فىز> بوشلۇقتا تارقالغان قەرەللىك ئۆزگىرىشچان ئېلېكتر ماگنىت مەيدانى. رادىئو دولقۇنى، يورۇقلۇق نۇرى، x نۇرى، گامما نۇرى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى دولقۇن ئۆزۈنلۈكى ئوخشىمىغان ئېلېكتر ماگنىت دولقۇنلىرىدۇر.

**ئېلېكتر ماگنىت رادىئاتسىيىسى** <فىز> يۇقىرى چاستوتىلىق تەۋرەنمە ئېلېكتر ماگنىت ئېنېرگىيىسىنىڭ بوشلۇقتا تارقىلىدىغان ئېلېكتر ماگنىت ئېنېرگىيىسىگە ئايلىنىش جەريانى.

**ئېلېكتر ماگنىت مەيدانى** <فىز> ئېلېكتر مەيدانى بىلەن ماگنىت مەيدانىنىڭ ئومۇمىي نامى. ئۆزگىرىشچان ئېلېكتر مەيدانى بىلەن ماگنىت مەيدانى كۆپ ھاللاردا بىرلا ۋاقىتتا تەڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ ھەمدە بىر-بىرىگە ئۆزگىرىدۇ.

**ئېلېكتر ماگنىت ئىندۇكسىيىسى** <فىز> ئۆتكۈزگۈچ جىسىم ماگنىت مەيدانىدا قارىمۇقارشى ھەرىكەت قىلىپ توك ھاسىل قىلىش ھادىسىسى.

**ئېلېكتر مەنپىيلىكى** <خىم> مولېكۇلىدىكى باغ تۈزگۈچى ئىككى دانە ئاتومنىڭ ئورتاق ئېلېكترون جۈپىنى تارتىش ئىقتىدارىنىڭ چوڭ-كىچىكلىكىنى كۆرسىتىدۇ. ئېلېكترون مەنپىيلىكىنىڭ سانلىق قىممىتى قانچىكى چوڭ بولسا، باغ تۈزگۈچى ئاتوملارنىڭ ئورتاق ئېلېكترون جۈپىنى تارتىش ئىقتىدارى شۇنچە چوڭ بولىدۇ.

**ئېلېكتر مەيدانى** <فىز> زەرەتلىك جىسىم ئارقىلىق شەكىللىنىدىغان مەيدان. زەرەتلىك جىسىملار ئارىسىدىكى ئۆزئارا تەسىرنى ئۆزىتىپ بېرەلەيدۇ.

**ئېلېكتر مەيدان ئېنېرگىيىسى** <فىز> ئېلېكتر مەيدانى ئىگە بولغان ئېنېرگىيە.

**ئېلېكتر ئۆتكۈزگۈچ** <فىز> ئۆزىدىن ئېلېكتر ئۆتكۈزىدىغان جىسىملار. ئادەتتىكى مېتاللارنىڭ ھەممىسى ئېلېكتر ئۆتكۈزگۈچلەردۇر.

**ئېلېكتر ئېنېرگىيە سىستېمىسى** <فىز> گېنېراتور، ترانسفورماتور ئىستانسىسى، ئېلېكتر ئېنېرگىيىسىنى ئىشلەتكۈچى ئورۇن قاتارلىقلارنى ئېلېكتر ئېنېرگىيە تورى ئارقىلىق تۇتاشتۇرۇشتىن ھاسىل بولغان بىر پۈتۈن گەۋدە.

**ئېلېكتر ئېنېرگىيىسى** <فىز> توك ياكى توكلۇق ماددىلارنىڭ ئېنېرگىيىسى. ئېلېكتر ئېنېرگىيىسىنى ئۆتكۈزگۈچ سىم ئارقىلىق يىراق جايلارغا ئەۋەتىشكە بولىدۇ ھەمدە ئۇنى ئاسانلا باشقا شەكىلدىكى ئېنېرگىيىگە ئايلاندۇرغىلى بولىدۇ.

**ئېلېكتر ئىزولياتورى** <فىز> فارفور ياكى ئەينەكتىن ياسالغان بىر خىل دېتال. شەكلى يۇملاق، ئېللىپسسىمان ۋە تۈۋرۈكسىمان بولىدۇ. ئۇ ئۆتكۈزگۈچ جىسىمنى بىر جايغا ئورنىتىشتا ھەم باشقا ئۆتكۈزگۈچ جىسىمدىن ئىزولياتسىيە قىلىشتا ئىشلىتىلىدۇ.

**ئېلېكتر ئىستانسىسى** <فىز> ھەر خىل تىپتىكى توك چىقىرىش ئۈسكۈنىلىرىدىن پايدىلىنىپ باشقا شەكىلدىكى ئېنېرگىيىنى ئېلېكتر ئېنېرگىيىسى قىلىپ ئۆزگەرتىدىغان زاۋۇت. ئۇ ئوت ئېلېكتر ئىستانسىسى، سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسى، شامال ئېلېكتر ئىستانسىسى، ئاتوم ئېلېكتر ئىستانسىسى قاتارلىق بىرنەچچە خىلغا ئايرىلىدۇ.

**ئېلېكتر ئىشى** <فىز> ئېلېكتر زەنجىردە، ئېلېكتر مەيدان كۈچى ئىشلىگەن ئىش دائىم ئېلېكتر توكىنىڭ ئىشلىگەن ئىشى دەپ ئاتىلىپ، قىسقىچە ئېلېكتر ئىشى دېيىلىدۇ.

**ئېلېكتر ئىلمى** <فىز> ئېلېكتر ھادىسىلىرى ۋە ئۇنىڭ قانۇنىيەتلىرىنى تەتقىق قىلىدىغان پەن.

**ئېلېكتر ئىندۇكتىپلىق** <فىز> ئېلېكتر زەنجىردە ئېلېكتر ماگنىتلىق ئىندۇكسىيە ھاسىل قىلالايدىغان خۇسۇسىيەت. ئېلېكتر ئىندۇكسىيىسىنىڭ بىرلىكى گېنرى.

**ئېلېكتر يايى** <فىز> مۇسبەت ۋە مەنپىي ئىككى قۇتۇپ يېقىنلىشىپ مەلۇم ئارىلىقتا كەلگەندە ھاسىل بولغان ئۈزلۈكسىز ئۇچقۇنلۇق زەرەت قويۇپ بېرىش ھادىسىسى. ئېلېكتر يايى يۇقىرى تېمپېراتۇرا، كۈچلۈك يورۇقلۇق ۋە نۇر ھاسىل قىلالايدۇ. ئۇ يورۇتۇش، كەپشەرلەش ۋە پولات تاۋلاش قاتارلىقلاردا ئىشلىتىلىدۇ.

**ئېلېكتر يايى بىلەن كەپشەرلەش** <فىز> كەپشەرلىنىدىغان مېتالنى بىر قۇتۇپ، كەپشەر چوكىسىنى يەنە بىر قۇتۇپ قىلىپ، ئىككى قۇتۇپ يېقىنلاشتۇرۇلغاندا ئېلېكتر يايى ھاسىل بولۇپ، مېتال بىلەن كەپشەر چوكىسى ئېرىيدۇ. بۇ خىل كەپشەرلەش ئۇسۇلى ئېلېكتر يايى بىلەن كەپشەرلەش دەپ ئاتىلىدۇ.

**ئېلېكتر يايى ئۇسۇلى** <خىم> ئازوتنى مۇقىملاشتۇرۇش ئۇسۇللىرىدىن بىرى. بۇ ئۇسۇلدا ھاۋادىكى ئەركىن ھالەتتىكى ئازوت مۇقىملاشتۇرۇلۇپ، نىترات كىسلاتا ھاسىل قىلىنىدۇ، يەنى ھاۋا ئېلېكتر يايى ئارقىلىق 3000°C قىچە قىزدۇرۇلغاندا، ھاۋادىكى ئازوت ئوكسىگېن بىلەن بىۋاسىتە بىرىكىپ NO نى ھاسىل قىلىدۇ. NO نى ئوكسىدلاپ سۇغا

سۇمۇرتكەندە نىترات كىسلاتا ئىشلىتىلىدۇ.

**ئېلېكتر يولى** <فىز> توكنىڭ ئېلېكتر سايمان قۇرۇلمىلىرى ئىچىدىكى مېڭىش يولى. توك مەنبەسى، ئۆتكۈزگۈچ سىم، ئېلېكتر سايمانلىرىنىڭ دېتاللىرى قاتارلىقلارنىڭ ئۇلىنىشىدىن شەكىللىنىدۇ.

**ئېلېكتر يۈرگۈزگۈچى كۈچ** <فىز> بىرلىك مۇسبەت زەرەتنىڭ قايتىش يولىنى بويلاپ بىر ئايلىنىش ئۈچۈن قىلغان ئىشى ئېلېكتر مەنبەسىنىڭ ئېلېكتر يۈرگۈزگۈچى كۈچى دېيىلىدۇ. ئېلېكتر مەنبەسى توك چىقارمىغاندا ئېلېكتر مەنبەسىنىڭ ئېلېكتر يۈرگۈزگۈچى كۈچى ئىككى قۇتۇپ ئارىلىقىدىكى ئېلېكتر پوتېنسىئاللار ئايرىمىسىغا تەڭ بولىدۇ. ئېلېكتر يۈرگۈزگۈچى كۈچىنىڭ بىرلىكى ۋولت.

**ئېلېكترلەشتۈرمەك** پ. ئىش ئۈنۈمىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش، جىسمانىي ئەمگەكنى يېنىكلىتىش ھەم ۋاقىتنى ئۈنۈملۈك تېجەش ئۈچۈن، ئىنسانلار جەمئىيىتىنىڭ بارلىق ساھەلىرىدە (ئىشلەپچىقىرىش ۋە تۇرمۇشتا) ئېلېكتر قۇۋۋىتىنى كەڭ دائىرىدە قوللىنىش.

**ئېلېكترلەشتۈرۈلمەك** « ئېلېكترلەشتۈرمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: يېزىمىز ئېلېكترلەشتۈرۈلدى.

**ئېلېكترلەشكەن** « ئېلېكترلەشمەك» پېئىلىنىڭ سۈپەتدىشى: ئېلېكترلەشكەن مائارىپ.

**ئېلېكترلەشكەن مائارىپ** <مائار> ئۈنئالغۇ، رادىئو، تېلېۋىزور، پرويېكسىيە ئاپپاراتى، كىنو قاتارلىق ئېلېكتر ئەسۋابلىرى ئارقىلىق ئېلىپ بېرىلىدىغان تەلىم-تەربىيە.

**ئېلېكترلەشمەك** پ. ئېلېكتر ئۈسكۈنىلىرى بىلەن جابدۇنماق، ئېلېكتر تورى ھاسىل قىلماق: ئېلېكترلەشكەن مائارىپ. * ھازىر يېزىلارمۇ ئېلېكترلەشتى.

**ئېلېكترلىك** سۈپ. ئېلېكتر ئېنېرگىيىسى بىلەن ھەرىكەتلىنىدىغان: ئېلېكترلىك قۇدۇق. ئېلېكترلىك توڭلىتىش ساندۇقى.

**ئېلېكترلىك توڭلىتىش ساندۇقى** <فىز> بىر خىل سوغۇق ساقلاش ئۈسكۈنىسى. ئۇنىڭدا ئىسسىقلىق ئۆتكۈزمەيدىغان ئىشكاپ ئىچىگە ئېلېكتر دۋىگاتېلى ئورنىتىلغان بولىدۇ. دۋىگاتېل كومپرېسسورنى ئايلاندۇرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن سوۋۇتۇش سۇيۇقلۇقى نەيچە ئارقىلىق ئايلىنىپ تۆۋەن تېمپېراتۇرا ھاسىل قىلىدۇ. ئۇنىڭ ساندۇق شەكىللىك ۋە ئىشكاپ شەكىللىك تۈرلىرى بولىدۇ.

**ئېلېكترلىك چارلاش** <گېئول> گېئوفىزىكىلىق چارلاشنىڭ ئاساسىي ئۇسۇللىرىدىن بىرى. ئۇنىڭدا تاغ جىنس ۋە رودىلارنىڭ ئېلېكترلىك خۇسۇسىيەتلىرىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا ئاساسەن، تەبىئىي ۋە سۈنئىي، تۇراقلىق ياكى ئۆزگىرىشچان ئېلېكتر مەيدانى تەتقىق قىلىنىپ، يەر پوستىدىكى گېئولوگىيىلىك تۈزۈلمىلەر ئېنىقلىنىدۇ، پايدىلىق كان بايلىقلىرى ئىزلىنىدۇ ۋە گىدروگېئولوگىيىلىك مەسىلىلەر ھەل قىلىنىدۇ.

**ئېلېكترلىك قۇدۇق** <گېئول> ئېلېكتر ئېنېرگىيىسى بىلەن ھەرىكەتلىنىدىغان مېخانىزملار ئارقىلىق سۇ چىقىرىلىدىغان قۇدۇق.

**ئېلېكترلىك قۇدۇق ئۆلچەش** <گېئول> قۇدۇقتا، يەر قاتلىمى ۋە قۇدۇق ئىچىدىكى ۋاستىچى ماددىنىڭ ئېلېكترلىك

خۇسۇسىيىتىنى ئۆلچەيدىغان ئاپپارات چۈشۈرۈپ، ئۆلچەنگەن سىيلىشتۇرما قارشىلىق ياكى توك ئۆتكۈزۈش نىسبىتى ئەگرى سىزىقىغا ئاساسەن، قۇدۇق كېسىپ ئۆتكەن قاتلامنىڭ گېئولوگىيىلىك كەسمە يۈزى بىلەن نېفىت، گاز، سۇ قاتلىمىنى تەتقىق قىلىش.

**ئېلېكترلىك گۆش توغراش ماشىنىسى** <ماشىن> ئېلېكتر ئېنېرگىيىسى ئارقىلىق ھەرىكەتلىنىدىغان گۆش توغراش ماشىنىسى. ئۇنىڭغا ئېلېكتر دۋىگاتېلى ئورنىتىلغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئايلىنىشى بىلەن ئېلېكتر ئېنېرگىيىسى مېخانىكىلىق ئېنېرگىيىگە ئايلاندۇرۇلۇپ، پىچاق ئايلانما ياكى تەكرار ھەرىكەت قىلىپ، گۆش توغراش مەشغۇلاتىنى ئورۇنلايدۇ.

**ئېلېكتروخىمىيە** ئى (ر) <خىم> فىزىكىلىق خىمىيىنىڭ بىر تارمىقى. ئاساسەن ئېلېكتر ئېنېرگىيىسى بىلەن خىمىيىۋى ئېنېرگىيە ئارىسىدىكى ئۆزئارا ئايلىنىش قانۇنىيەتلىرىنى تەتقىق قىلىدۇ. باتارىيە، ئېلېكترولىز، ئېلېكتر ئارقىلىق ھەل بېرىش، ئېلېكترلىك نۇسخا ئېلىش، توك بىلەن ئېرىتىش ۋە بەزى خىمىيىۋى ماددىلارنى ئىشلەپچىقىرىش قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ئېلېكتروخىمىيىنىڭ تەتقىقات ئوبيېكتىدۇر.

**ئېلېكتروخىمىيىۋى** سۈپ. ئېلېكتروخىمىيىگە ئائىت، ئېلېكتروخىمىيە ھادىسىلىرىدىن پايدىلىنىش بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان: ئېلېكتروخىمىيىۋى ئانالىز. ئېلېكتروخىمىيىۋى كورروزىيە. ئېلېكتروخىمىيىۋى ئېكۋىۋالېنت.

**ئېلېكتروخىمىيىۋى ئانالىز** <خىم> ئەسۋابلار ئارقىلىق ئېلىپ بېرىلىدىغان ئانالىزلارنىڭ بىر خىلى، يەنى ئېنىقلىنىدىغان ماددىنىڭ ئېلېكتروخىمىيىۋى خۇسۇسىيىتىدىن پايدىلىنىپ، ئېنىقلىنىدىغان ماددىنىڭ ئېرىتمىسىنى خىمىيىۋى باتارىيىنىڭ بىر تەركىبىي قىسمى قىلىش ئارقىلىق ئېلىپ بېرىلىدىغان مىقدار ئانالىزى.

**ئېلېكتروخىمىيىۋى كورروزىيە** <خىم> مېتاللارنىڭ ئېلېكتر توكىنى ئۆتكۈزمەيدىغان جىسىملار بىلەن خىمىيىۋى رېئاكسىيىگە كىرىشىدىن يۈز بېرىدىغان كورروزىيە.

**ئېلېكتروخىمىيىۋى ئېكۋىۋالېنت** <خىم> ئېلېكترولىز ۋاقتىدا بىر كۇلون ئېلېكتر مىقدارىنىڭ ئېلېكترودتا ئاجرىتىپ چىقارغان ماددىسىنىڭ ئېغىرلىقى (گرام).

**ئېلېكترود** ئى (ر<گرېك) <فىز> ئېلېكتر مەنبەسى ياكى ئېلېكتر سايمانلىرىدىكى توكنى ئۇلاش ئورنى. باتارىيىدە سىرتقى توك چىقىرىش قۇتۇپى «مۇسبەت قۇتۇپ»، توك كىرگۈزىدىغان قۇتۇپى «مەنپىي قۇتۇپ» دېيىلىدۇ.

**ئېلېكترود پوتېنسىيالى** <خىم> ئېلېكترودلار ئېرىتمە بىلەن توقۇنۇشقاندا ھاسىل بولىدىغان پوتېنسىيال.

**ئېلېكترودىيالىز** ئى (ر<گرېك) <خىم> ئېلېكتر مەيدانىنىڭ تەسىرىدە ئىئون ئالماشتۇرغۇچى پەردىلەردىن پايدىلىنىپ، دىئېلېكترىك ماتېرىيال سۇيۇقلۇقىدىكى ئانىئون ۋە كاتىئونلارنى تاللاپ ئۆتكۈزۈش ئارقىلىق ئايرىۋېلىش جەريانى.

**ئېلېكترودىئوگراف** ئى (ر) <تىب> ئېلېكتروكاردىئوگرافىيە ئۇسۇلىدا ئىشلىتىلىدىغان مېدىتسىنا ئەسۋابى.

**ئېلېكتروسكوپ** ئى (ر<گرېك) <خىم> جىسىمنىڭ زەرەتلىك ياكى ئەمەسلىكىنى تەكشۈرىدىغان ئەسۋاب.

**ئېلېكتروفور** ئى (ر<گرېك) <فىز> ئىندۇكسىيە-

لىك ئېلېكتر ھاسىل قىلىش ھادىسىسىدىن پايدىلىنىپ، ئاز مىقداردا ستاتىك ئېلېكتر (تىنچ ئېلېكتر) غا ئېرىشىش قۇرۇلمىسى. بىر قاتتىق كاۋچۇك ياكى سارغۇچ قاتارلىق ئىزولياتور ماددىلاردىن ياسالغان دۈگىلەك تەخسە بىلەن ئىزولياتور تاياقچىسى بولغان بىر مېتال تەخسىدىن تەشكىل تاپىدۇ.

**ئېلېكتروفورېز** ئى (ر<گرېك) <فىز> ئېلېكترولىتتا مىنۇس زەرەتلىك كوللوئىد دانىچىلىرىنىڭ مۇسبەت قۇتۇپقا قاراپ سىلجىش ھادىسىسى. خىمىيە سانائىتى، خىمىيۋى ئانالىز، تىببىي دورىگەرلىك، تىببىي دىئاگنوز قاتارلىقلاردا قوللىنىلىدۇ.

**ئېلېكتروكاردىئوگرافىيە** ئى (ر<گرېك) يۈرەكنىڭ سىلىشى نەتىجىسىدە ھاسىل بولىدىغان ئېلېكتر ئىمپۇلسلارنى گرافىكا ئۇسۇلىدا يېزىپ چىقىپ، يۈرەكنىڭ ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش ئۇسۇلى.

**ئېلېكتروكاردىئوگرامما** ئى (ر) <تىب> ئېلېكتروكاردىئوگراف ئارقىلىق يۈرەك سىلىشىنىڭ قەغەز يۈزىگە چۈشۈرۈلگەن گرافىك تەسۋىرى.

**ئېلېكترولىت** ئى (ر<گرېك) <خىم> سۇدىكى ئېرىتمىسىدە ياكى سۇيۇقلاندۇرۇلغان-دا ئېلېكتر ئۆتكۈزىدىغان بىرىكمىلەر، يەنى سۇدىكى ئېرىتمىسىدە ياكى سۇيۇقلاندۇرۇلغاندا ئىئونلارغا ئاجرىلىدىغان بىرىكمىلەر.

**ئېلېكترولىز** ئى (ر<گرېك) <خىم> تۇز ياكى كىسلاتالارنىڭ ئېرىتمىسىدىن ئېلېكتر توكى ئۆتكۈزۈلگەندە، ئېرىتمىنىڭ تەركىبىي قىسىملارغا ئاجرىتىلىش ئۆزگىرىشى.

**ئېلېكترولىزلىماق** پ <خىم> توكنىڭ رولىدىن پايدىلىنىپ بىرىكمىلەرنى پارچىلىماق. مەسىلەن، سۇنى ئېلېكت-رولىزلىساق ھىدروگېن بىلەن ئوكسىگېن ھاسىل بولىدۇ. بۇ خىل ئۇسۇلدىن پايدىلىنىپ مېتاللار، تۇزلار ۋە ئاساسلار-نى ئاجرىتىپ ئالغىلى بولىدۇ. ئۇ يەنە مېتاللارنى قاپلاشتىمۇ ئىشلىتىلىدۇ.

**ئېلېكترومېتىر** ئى (ر) <فىز> ئېلېكتر زەرەت مىقدارىنىڭ چوڭ-كىچىكلىكىنى ئۆلچەيدىغان ئەسۋاب.

**ئېلېكترون** ئى (ر<گرېك) <فىز> تۈرلۈك ئاتوملارنى ھاسىل قىلىدىغان بىر خىل ئاساسىي زەررىچە. ماسسىسى ئىنتايىن كىچىك، مەنپىي زەرەتلىك. ئاتومدا ئاتوم يادروسىنى مەركەز قىلىپ ئايلىنىدۇ.

**ئېلېكترون بۇلۇتى** <خىم> يادرو سىرتىدىكى ئېلېكترونلار ھەرىكىتىنىڭ مۇقىم ئوربىتىسى بولمىغاچقا، ئۇلارنىڭ مەلۇم بىر پەيتتىكى ئورنىنىمۇ ئېنىقلاپ چىققىلى ياكى ھېسابلاپ چىققىلى بولمايدۇ. شۇنىڭدەك ئۇلارنىڭ ھەرىكەت ترايېك-تورىيىسىنى سىزىپ چىققىلى بولمايدۇ. يادرو سىرتىدىكى ئېلېكترونلار ھەرىكىتىنى بايان قىلغىنىمىزدا، ئۇلارنىڭ ئاتوم يادروسى سىرتىدىكى بوشلۇقنىڭ مەلۇم جايىدىكى كۆرۈلۈش پۇرسىتىنىڭ قانچىلىك ئىكەنلىكىنىلا كۆرسىتىپ بېرەلەيمىز. ئېلېكترونلارنىڭ يادرو سىرتىدىكى بوشلۇقنىڭ مەلۇم دائىرىسى ئىچىدە كۆرۈلۈشى خۇددى مەنپىي زەرەتلىك بۇلۇت ئاتوم يادروسىنىڭ ئەتراپىنى قاپلاپ تۇرغىنىغا ئوخشاش بولۇپ، ئادەتتە ئۇ ئوبرازلاشتۇرۇلۇپ «ئېلېكترون بۇلۇ-تى» دېيىلىدۇ.

**ئېلېكترون توپى** <فىز> ← **ئېلېكترون دەستىسى.**

**ئېلېكترون تۇمانى** <فىز> ئاتوم ياكى مولېكۇلىدىكى ئېلېكترونلارنىڭ ئاتوم يادروسىنىڭ سىرتىدىكى ھەرقايسى رايونلاردا پەيدا بولۇش ئېھتىماللىقىنىڭ تەسۋىرلىنىشىگە بېرىلگەن نام.

**ئېلېكترون چاقماق** <فىز> ئېلېكترون ئۇچقۇنلىرىدىن پايدىلىنىپ ئوت ھاسىل قىلىدىغان بىر خىل چاقماق. ئادەتتە ئۇنىڭغا سۈيۇقلاندۇرۇلغان نېفىت گازى يېقىلغۇ قىلىنىدۇ.

**ئېلېكترون قەۋەتلەر** <خىم> تەركىبىدە ئېلېكترونلىرى كۆپ بولغان ئاتوملاردا ئېلېكترونلارنىڭ ئېنېرگىيىلىرى ئوخشاش بولمايدۇ. ئېنېرگىيىسى تۆۋەنرەكلىرى ئادەتتە يادروغا يېقىن جايدا ھەرىكەتلىنىدۇ؛ ئېنېرگىيىسى يۇقىرىلىرى ئادەتتە يادروغا يىراق جايدا ھەرىكەتلىنىدۇ. مەسىلىنى چۈشەندۈرۈشكە ئاسان بولسۇن ئۈچۈن، ھەرىكەتلىنىۋاتقان ئېلېكترونلارنىڭ يادروغا يىراق-يېقىنلىقىنىڭ ئوخشىماسلىقى ئادەتتە ئېلېكترون قەۋەتلەر بىلەن كۆرسىتىلگەن.

**ئېلېكترونلار دەستىسى** <فىز> كاتود نۇرى ئارقىلىق ھاسىل بولغان دەستە شەكىللىك ئېلېكترونلار ئېقىمى. ئېلېكترون مىكروسكوپ ۋە تېلېۋىزورلار ئېلېكترونلار دەستىسىدىن پايدىلىنىپ سۈرەت پەيدا قىلىدۇ.

**ئېلېكترونلار ئېقىمى** <فىز> ئېلېكترونلارنىڭ قانۇنىيەتلىك ئېقىشى. ئېلېكترونلار ئېقىمى ئۆتكۈزگۈچ جىسىم ئىچىدە توك ھاسىل قىلىدۇ، مەلۇم شارائىت ئاستىدا ئۇنى بوشلۇقتا تارقىتىشقا بولىدۇ.

**ئېلېكترون لامپا** <فىز> رادىئو تېخنىكىسىدىكى مۇھىم دېتال ئېينەك ياكى مېتال قۇتا (ياكى نەيچە) ئىچىگە مەخسۇس ياسالغان ئېلېكتر قۇتۇپلىرى قاچىلىنىپ، مەنپىي قۇتۇپ (كاتود) تىن رادىئاتسىيىلەنگەن ئېلېكترون باشقا ئېلېكتر قۇتۇپلىرى بىلەن ئۆز-ئارا تەسىر قىلىشىش ئارقىلىق تۈرلۈك خىزمەتلەرنى بېجىرىدۇ. ئەڭ مۇھىم تەسىر — توغرىلاش، كۈچەيتىش، دېتېكتىرلەش ۋە تەۋرىنىش قاتارلىقلار. ئاددىي ئېلېكترون لامپىسىدا ئىككى قۇتۇپ بولۇپ، ئىككى قۇتۇپلۇق لامپا دېيىلىدۇ. ئېلېكترون قۇتۇپلىرىنىڭ سانىغا قاراپ ئۈچ قۇتۇپلۇق لامپا، تۆت قۇتۇپلۇق لامپا ۋە بەش قۇتۇپلۇق لامپا... دېگەنلەرگە ئايرىلىدۇ.

**ئېلېكترون مىكروسكوپ** <تىب> يېڭى تىپتىكى بىر خىل مىكروسكوپ. ئۇنىڭدا، يۇقىرى سۈرئەتلىك ئېلېكترون ئېقىمى جىسىملاردىن ئۆتكۈزۈلۈپ، ئېلېكتر ماگنىت مەيدانىغا ئىگە چوڭايتىش قۇرۇلمىسى ئارقىلىق جىسىم تەسۋىرى يالتىراق ئېكرانغا چۈشۈرۈلىدۇ. ئۇنىڭ چوڭايتىش ھەسسە سانى ئوپتىكىلىق مىكروسكوپنىڭكىدىن ناھايىتى زور بولۇپ، ئادەتتە نەچچە تۈمەن ھەسسىگە يېتىدۇ.

**ئېلېكترون مىلتىقى** <فىز> ئېلېكتر بوشلۇقى ئەسۋابلىرىدا فوكۇسلىغۇچى ئېلېكترون دەستىسى ھاسىل قىلىدىغان ئېلېكتر قۇتۇپى سىستېمىسى. بىر ئېلېكترون مىلتىقى بىر ياكى تېخىمۇ كۆپ ئېلېكترون دەستىلىرىنى ھاسىل قىلالايدۇ.

**ئېلېكترون نەزەرىيىسى** <فىز> ماددىلارنىڭ ئېلېكترون تۈزۈلۈشى ئۈستىدىكى پەرەزگە ئاساسەن فىزىكىلىق ھادىسىلەر-

نى چۈشەندۈرىدىغان بىر خىل نەزەرىيە.

**ئېلېكترون ئوپتىكىسى** <فىز> ئېلېكترونىكىنىڭ بىر تارمىقى. ئادەتتە ئۇ ئېلېكترونلار دەستىسىگە ئېرىشىش ئۇسۇلى، ئېلېكترونلار دەستىسىنىڭ ئېلېكتر ماگنىت مەيدانىدا سۇنۇش قانۇنىيىتى، ئېلېكترونلار دەستىسىدىن پايدىلىنىپ جىسىمنىڭ سۈرىتىنى ئېلىش ئۇسۇلى قاتارلىقلارنى تەتقىق قىلىدۇ. ئېلېكترون مىكروسكوپ، يالتىراق لامپا قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ئېلېكترون ئوپتىكىسىنىڭ ئەمەلىي قوللىنىلىشىدۇر.

**ئېلېكترون ۋولت** <فىز> ئاتوم فىزىكىسىدا كۆپ قوللىنىلىدىغان ئېنېرگىيە بىرلىكى، يەنى بىر ئېلېكترون ئېلېكتر پوتېنسىئاللار ئايرىمىسى بىر ۋولت بولغان ئېلېكتر مەيدانىدىن ئۆتكەندە ئىگە بولغان ياكى كېمەيگەن ئېنېرگىيە.

**ئېلېكترون ئىككىلەمچى قەۋەت** <فىز> ئوخشاش بىر ئېلېكترون قەۋەتتە ئېلېكترونلارنىڭ ئېنېرگىيىلىرىدە ئازراق پەرق بولغاچقا، ئېلېكترون بۇلۇتلارنىڭ شەكىللىرىمۇ ئوخشاشمايدۇ. مۇشۇ پەرققە ئاساسەن، بىر ئېلېكترون قەۋەتنى بىر ياكى بىرقانچە ئىككىلەمچى قەۋەتكە ئايرىشقا بولىدۇ. ئۇلار ئايرىم-ئايرىم ھالدا S، f، d، P قاتارلىق بەلگىلەر بىلەن ئىپادىلىنىدۇ.

**ئېلېكترونلۇق** ① سۈپ. ئېلېكتروندىن ياكى ئېلېكترون پرىنسىپىدىن پايدىلىنىلغان؛ ئېلېكتروندىن قىلىنغان: ئېلېكترونلۇق دېتال. ② رەۋ. ئېلېكترون ئارقىلىق، ئېلېكترون بىلەن: ئېلېكترونلۇق ھېسابلاش.

**ئېلېكترونلۇق سائەت** مېخانىزم قۇرۇلمىسىدا ئېلېكترونلۇق توك يولى ئىشلىتىلىدىغان سائەت.

**ئېلېكترونلۇق مۇزىكا** <مۇز> ئېلېكترونلۇق ھېسابلاش ماشىنىسىنىڭ تېخنىكىلىق ۋاسىتىلىرىدىن پايدىلىنىپ ئىشلەنگەن مۇزىكا. ئۇ يەنە ئېلېكترلىك چالغۇ ئەسۋابلىرىدا ئورۇنلانغان مۇزىكىلارنىمۇ كۆرسىتىدۇ.

**ئېلېكترونلۇق مىكروسكوپ** <تىب> ← **ئېلېكترون مىكروسكوپ.**

**ئېلېكترونلۇق ھېسابلاش ماشىنىسى** <فىز> ئېلېكترون لامپا، كرىستال لامپا قاتارلىق ئېلېكترونلۇق ئەسۋاب ۋە ئېلېمېنتلاردىن تۈزۈلگەن مۇرەككەپ ماشىنا. ئۇ كىرگۈزۈلگەن سانلىق مەلۇمات ھەم ئۇچۇر ئۈستىدە ماتېماتىكىلىق ئەمەللەرنى ئىنتايىن تېز ۋە توغرا بېجىرەلەيدۇ. ئادەتتە ئۇ رەقەملىك ۋە تەقلىدلىك دەپ ئىككى خىلغا ئايرىلىدۇ. قۇرۇلۇش تېخنىكىسى، پەن تەتقىقاتى قاتارلىق ساھەلەردە كەڭ ئىشلىتىلىدۇ.

**ئېلېكترونىكا** ئى (ر) <فىز> رادىئو تېخنىكىسىنى ئاساس قىلغان، ئېلېكترون ياكى ئىئوننىڭ ھاسىل بولۇشى، ئۆزگىرىشى ۋە ھەرىكەت قانۇنىيىتىنى تەتقىق قىلىدىغان پەن. ئېلېكترون لامپا، تېلېۋىزور، رادىئو، مىكرومېتىر، ئاكسېلېراتور قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ئېلېكترونىكا تەتقىقاتىنىڭ ئوبيېكتى ھەم نەتىجىسىدۇر.

**ئېلېكتروئوگول** ئى (ر) <خىم> ① ھەر خىل كۆمۈردىن ياسالغان بۇيۇملارنىڭ ئومۇمىي نامى. ② سۈنئىي كۆمۈر ۋە گرافىتلارنىڭ ئومۇمىي نامى.

**ئېلېكتروۋوز** ئى (ر<گرېك) <قاتن> ئېلېكتر ئېنېرگىيىسى ئارقىلىق ھەرىكەتلىنىدىغان پاراۋوز.

**ئېلېكترىزاتور** ئى (ر<گرېك) <فىز> زور

مىقداردا ستاتىك ئېلېكتر ھاسىل قىلىندى-
غان ئۇسكۇنە . مەسىلەن، ئىندۇكسىيىلىك
ئېلېكترىزاتورغا ئوخشاش .

**ئېلېگىيە** ئى (ر<لات<گرېك) <ئەد> قەدىمكى
گرېتسىيىدىكى لىرىك شېئىرلارنىڭ بىر
خىلى، يەنى غەمكىن، ئەلەملىك،
مۇڭلۇق شېئىر .

**ئېلېمېنت** ئى (ر<لات) ① <خىم> خىمىيۋى
ئېلېمېنت . ② <مات> ئالگېبرادا بىرلە شمە-
نى تەشكىل قىلغۇچى ھەرقايسى بۆلەك-
لەر . مەسىلەن، 723، 312 دىكى
7، 2، 3، 1 لەر؛ گېئومېترىيىدە
شەكىلنى ھاسىل قىلغۇچى ھەرقايسى
بۆلەكلەر . مەسىلەن، ئۈچ بۇلۇڭنى
ھاسىل قىلغۇچى تەرەپ ۋە بۇلۇڭلار .
③ بىر پۈتۈنلۈكنى تەشكىل قىلغۇچى
مۇرەككەپ نەرسىلەرنىڭ ياكى ھادى-
سىلەرنىڭ تەركىبىي قىسمى .

**ئېلېمېنتلار بەلگىسى** <خىم> ئېلېمېنتلار-
نى ئىپادىلەشتە قوللىنىدىغان خىمىيۋى
بەلگىلەر . خەلقئارادا ئېلېمېنتلارنىڭ
بەلگىلىرى ئۈچۈن بىر تۇتاش ھالدا
شۇ ئېلېمېنتنىڭ لاتىنچە نامىدىكى بىرىنچى
ھەرپىنىڭ چوڭ يېزىلىشى قوللىنىلىدۇ .
ئەگەر بىرقانچە ئېلېمېنتنىڭ بىرىنچى
ھەرپلىرى ئوخشاش بولسا، ئىككىنچى
ھەرپلىرى قوشۇلۇپ، كىچىك يېزىلىدۇ .
مەسىلەن، « Cu » مىس ئېلېمېنتقا،
« Ca » كالتسىي ئېلېمېنتقا ۋەكىللىك
قىلىدۇ .

**ئېلېمېنتلار دەۋرىي جەدۋىلى** <خىم>
ئېلېمېنتلار دەۋرىي قانۇنىغا ئاساسەن،
بارلىق ئېلېمېنتلارنىڭ ئاتوم رەت نومۇرى
بويىچە جايلاشتۇرۇلغان جەدۋىلى .
ئۇنىڭدا ئېلېمېنتلار ئوتتۇرىسىدىكى
ئۆزئارا باغلىنىشلىق قانۇنىيەت ئەكس
ئەتتۈرۈلگەن .

**ئېلېمېنتلار دەۋرىي قانۇنى** <خىم>
ئېلېمېنتلار خۇسۇسىيەتلىرىنىڭ ئېلېمېنتلار
ئاتوم نومۇرىنىڭ ئارتىپ بېرىشىغا ئەگىشىپ
كۆرۈلىدىغان دەۋرىيلىك ئۆزگىرىش
قانۇنىيىتى .

**ئېلېمېنتلار ئورگانىك بىرىكمىلىرى** <خىم>
ئادەتتە ھىدروگېن، ئوكسىگېن، ئازوت،
گۈڭگۈرت ۋە گالوگېنلاردىن باشقا
ئېلېمېنتلارنىڭ كاربون بىلەن بىۋاستە
باغلىنىشىدىن ھاسىل بولغان ئورگانىك
بىرىكمىلەر كۆزدە تۇتۇلىدۇ .

**ئېلېمېنتار** سۈپ (ر) ① ئىپتىدائىي، باشلان-
غۇچ : ئېلېمېنتار ماتېماتىكا . ئېلېمېنتار مەلۇمات .
② ساددا؛ ئاددىي، ناھايىتى ئاسان :
ئېلېمېنتار مەسىلە . ③ ئەڭ كىچىك، ئەڭ
ئۇششاق : ئېلېمېنتار زەررىچە .

**ئېلېمېنتار رېئاكسىيىلەر** <خىم>
مۇئەييەن رېئاكسىيە شارائىتىدا رېئاك-
سىيىلەشكۈچىلەر بىر باسقۇچتىلا بىۋاستە
مەھسۇلاتقا ئايلىنىدىغان خىمىيۋى رېئاك-
سىيىلەر .

**ئېلېمېنتار فۇنكسىيە** <مات> ئاساسىي
ئېلېمېنتلار فۇنكسىيىلەر ئۈستىدە چەكلىك
قېتىم تۆت ئەمەلنى بېجىرىش ۋە
چەكلىك قېتىم فۇنكسىيىلەرنى بىرىكتۈرۈش-
تىن ھاسىل بولغان فۇنكسىيە .

**ئېلېمېنتار ھادىسە** <مات> تاسادى-
پىي تەجرىبىنىڭ ھەربىر مۇمكىن بولغان
نەتىجىسى بىر ئېلېمېنتار ھادىسە دېيىلىدۇ .

**ئېلىپ** I ئى (ئە) ئەرەب ئېلىپبەسىنىڭ
بىرىنچى ھەرپى « ا » نىڭ نامى .

**ئېلىپنى بە دېيەلمەسلىك** ←
**ئېلىپنىڭ سۇنۇقىنى بىلمەسلىك .**

**ئېلىپنى كالتەك دېيەلمەسلىك** ← **ئېلىپنىڭ سوْنوْقىنى بىلمەسلىك.**

**ئېلىپنىڭ سوْنوْقىنى بىلمەسلىك** ساۋاتسىزلىق، قارا قورساقلىق: مەنىمۇ ئېلىپنىڭ سوْنوْقىنى بىلمەي تۇرۇپ بىر دۇينى چۆرگىلىتىپ يۇرۇمەنمۇ؟ * ئۇنىڭ بېشىدا تۇكى قالمىغان بىلەن ئېلىپنىڭ سوْنوْقىنى بىلمەيدىغان بىرنېمە ئۇ.

**ئېلىپنىڭ سوْنىقىنى تونۇماسلىق** ← **ئېلىپنىڭ سوْنوْقىنى بىلمەسلىك:** ئەزالارنىڭ ئىشەنچىسگە رەھمەت، لېكىن قېرىلىقتا تەن بەرمەي بولمايدىكەن، ئۇنىڭ ئۇستىگە، ئېلىپنىڭ سوْنوْقىنى تونۇمىغاندىكىن، ھۆججەتلەردىن ۋاقتىدا خەۋەردار بولالماي قالىدىكەن.

**ئېلىپ** II «ئالماق» پېئىلىنىڭ رەۋىشدىشى: ئېلىپ سېتىش.

**ئېلىپ بارماق** ① باشلىماق، باشلاپ بارماق: بىخودلۇق بىھۇدە قۇربان بېرىشكە ئېلىپ بارىدۇ. ② يۇرگۈزمەك، ئىجرا قىلماق: بىز بۇ ئىشنى ئاخىرىغىچە ئېلىپ بارىمىز.

**ئېلىپبە** ئى (ئە) ① بىرەر تىل-يېزىقتىكى ھەرپلەرنىڭ مەلۇم تەرتىپتە تىزىلغان يىغىندىسى: ئۇيغۇر ئېلىپبەسى. قازاق ئېلىپبەسى. ② باشلانغۇچ مەكتەپ 1-يىللىق ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ساۋات چىقىرىش كىتابى: باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ 1-يىللىقنىڭ 1-مەۋسۇمدە ئېلىپبە، ھېساب دەرسلىرى ئۆتۈلىدۇ. ③ كۆچمە. باشلانغۇچ ساۋات: تارىخنىڭ ئېلىپبەسىنى ئەمدىراق بىلگەندەك قىلىمەن.

**ئېلىپبە جەدۋىلى** <تىل> ئېلىپبەلىك يېزىقتا بەلگىلەنگەن ھەرپلەرنىڭ رەت تەرتىپى، نامى ۋە ئومۇمىي شەكلى كۆرسىتىلگەن جەدۋەل.

**ئېلىپبەلىك** سۈپ. ھەرپ بەلگىلىرى بولغان، ئېلىپبەسى بار، ئېلىپبەسى بولغان: ئېلىپبەلىك يېزىق.

**ئېلىپبەلىك يېزىق** <تىل> ھەرپ بەلگىلىرى ئارقىلىق تىل تاۋۇشى ئىپادىلەنگەن يېزىق. دۇنيادىكى نۇرغۇن دۆلەتلەر ئىشلىتىۋاتقان يېزىقلارنىڭ كۆپچىلىكى ئېلىپبەلىك يېزىق بولۇپ، ئۇيغۇر يېزىقى، تىبەت يېزىقى، موڭغۇل يېزىقى قاتارلىقلار ئېلىپبەلىك يېزىق تىپىغا كىرىدۇ.

**ئېلىپتەك** سۈپ. ئېلىپكە ئوخشاش تۈپتۈز، تۈز: ئۇنىڭ ئېلىپتەك قاڭشىرى، بۇلاقتەك كۆزلىرى، ئويماقتەك ئاغزى، قوشۇما قاشلىرى ھەرقانداق ئادەمنىڭ جېنىنى ئېلىپ جاڭگالدا قويىدۇ. * ئېلىپتەك تارتىلغان ئاسفالت يولدا ماشىنا ئۇچقاندەك ئىلگىرلىمەكتە.

**ئېلىپساتار** ئى (ئېلىپ+ساتار) تىجارەتچى، سودىگەر: 45 ياشلار چامىسىدىكى بۇ ئېلىپساتار بەكلا ئاق كۆڭۈل كىشى ئىكەن.

**ئېلىپساتارلىق** ئى. ئېلىپ-سېتىش يەنى سودا ئىشى.

**ئېلىپ-سېتىش** <سودا> سېتىۋېلىنغان نەرسىنى قايتا سېتىش مەشغۇلاتى.

**ئېلىش** I ① «ئالماق» پېئىلىنىڭ يەنە بىر خىل ئىسمىدىشى. ② <مات> ئېلىش ئەمىلى.

**ئېلىش ئەمىلى** <مات> ماتېماتىكىدىكى بىر خىل ھېسابلاش ئۇسۇلى. ئەڭ ئاددىيسى سانلارنى ئېلىش، يەنى ئىككى سانىنىڭ ئايرىمىسىنى ھېسابلاش ئۇسۇلىدۇر. بۇ ئەمەل قوشۇش ئەمىلىنىڭ

تەتۈرىدۇر.

**ئېلىش بەلگىسى** <مات> ئېلىش ئەمەلىنى ئىپادىلەيدىغان بەلگە ( — ).

**ئېلىش بېشى** <سۇ> دەريادىن ئېرىق-ئۆستەڭلەرگە سۇ ئالىدىغان جاي.

**ئېلىش** II ئى. دىئال. توغان، توما بېشىدا بۆلۈنگەن سۇنى باشلاش.

**ئېلىش** III ئى. دىئال. . هارۋىنىڭ شوتىسى.

**ئېلىشما** سۈپ. ئالماشقان، ئالماشتۇرۇلغان ياكى ئالماشتۇرىدىغان: ئېلىشما ئىبارە.

**ئېلىشما ئىبارە** <ستى> بىرەر نەرسە ياكى ھادىسىنى بىۋاستە ئاتىلىدىغان سۆزلەرنى شۇ نەرسە ياكى ھادىسىنى تەرىپلەيدىغان باشقا سۆزلەر بىلەن ئالماشتۇرۇپ قوللىنىشتىن ئىبارەت بولغان ستىلىستىكىلىق ۋاستە.

**ئېلىشماق** ① «ئالماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار بازاردىن ئالما ئېلىشىپ قايتىشتى. ② ئۆزئارا ئۇرۇشماق؛ كۈرەش قىلماق: ئۇلار بىرپەس ئېلىشقاندىن كېيىن، بىر-بىرىنى يېڭەلمەسلىككە كۆزى يېتىپ نەيزىلىرىنى تاشلاپ ئارقىغا يېنىشتى. * دۈشمەن بىلەن ئاخىرغىچە ئېلىشىمىز. ③ رىقابەتلەشمەك؛ تەڭ تۇرماق: بۇ سودىدا سەن بىلەن ئېلىشقىنىم ئېلىشقان.

**ئېلىشىش** ① «ئېلىشماق» پېئىلىنىڭ يەنە بىر خىل ئىسمىدىشى. ② <ھەرب> جىددىي ھەم كەسكىن ھالدا ئېلىپ بېرىلغان جەڭ.

**ئېلىشىغا** رەۋ. نەچچىگە ئالسا شۇنچىگە، باھا تالاشماي: نەق پۇلى يوقلار پۇلغا يارىغۇدەك سەرەمجانلىرىنى ئېلىشىغا ساتتى.

**ئېلىق** ئى. دىئال. باج، ئالۋان.

**ئېلىك** ئى <زوئول> بۇغىنىڭ بىر خىلى.

قۇلىقى بىلەن كۆزى چوڭ، بوينى ئۇزۇن، قۇيرۇقى قىسقا، ئارقا پۇتى ئالدى پۇتىدىن ئۇزۇن، قىشلىق تۈكى بېغىر رەڭ قوڭۇر، يازلىق تۈكى قىزغۇچ بولىدۇ. ساغرىسى ئاقۇچ كۆل رەڭ كېلىدۇ. ئەركىكىنىڭ مۈڭگۈزى بولىدۇ. يېشىل چۆپ، مېۋە ھەم موگۈلار بىلەن ئوزۇقلىنىدۇ.

**ئېلىك گۆشى** ئېلىكنىڭ گۆشى ياكى ئۇنىڭدىن تەييارلانغان يېمەكلىك. يۇمشاق ھەم مەززىلىك كېلىدۇ.

**ئېلىك-سېلىك** ① تازا مىجەزى يوق، ساقسىز: بىرنەچچە كۈن بولدى ئېلىك-سېلىك يۈرگىلى. * قىشتا باشلانغان ئەنە شۇ ئېلىك-سېلىكلىق يازغا چىققاندا ئۇنى پۈتۈنلەي ئورۇن تۇتۇپ ياتقۇزۇپ قويغانىدى. ② كۈچسىز، ماغدۇرسىز: ئەزىز ئۆزىنى راۋۇرۇس تۇتۇشقا قانچە تىرىشقان بىلەن پۇتلىرى ئۇنىڭ ئىرادىسىگە بويسۇنمىغان ھالدا ئېلىك-سېلىك ئىدى.

**ئېلىم** ئى. ئېلىش ئىشى، ئالىدىغىنى: بىرىمدىن ئېلىمى كۆپ.

**ئېلىم-بېرىم** كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئېلىش-بېرىش مۇناسىۋىتى: ئۇ كۆڭلى تۈز، ئەقىدىلىك ئادەم بولغاچقا، ئېلىم-بېرىم ئىشلىرىدا ھالال، قائىدە-يوسۇنلاردا يوللۇق ئىدى. * ئۇنىڭ دۇكىنىدا، ئېلىم-بېرىم ئىشلىرىنى قىلىدىغان يەنە بىر يىگىت بار ئىكەن.

**ئېلىم-بېرىم قىلماق** ئېلىش-بېرىش مۇناسىۋىتىدە بولماق.

**ئېلىم-سېتىم** <قا> ئالاقىدا بىر تەرەپ (ساتقۇچى تەرەپ) مالنى ئىككىنچى تەرەپكە (سېتىۋالغۇچىغا) سېتىپ بېرىدىغان، ئىككىنچى تەرەپ مالنى تاپشۇرۇپ

ئېلىپ پۇلىنى تۆلەيدىغان قانۇنىي ھەرىكەت.

**ئېلىنغۇچى** ئى <مات> بىر ساندىن ئىككىنچى بىر ساننى ئېلىۋەتكەن ۋاقىتتىكى ئەسلىدىكى سان. مەسىلەن، 2=5 ـ 7 ئەمىلىدىكى 7 ئېلىنغۇچىدۇر.

**ئېلىنماق** « ئالماق » پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئالەمدىن ئۆتكەنلەر ھامان ئەسكە ئېلىنىدۇ. * – شاھ دەرھال: جاللات! ھېچ نەرسە بىلمىگەن بىلمىسزلەرنىڭ كاللىسى ئېلىنسۇن! – دەپ ئەمر قىلىپتۇ.

**ئېلىۋەتكەن** « ئېلىۋەتمەك » پېئىلىنىڭ سۈپەتدىشى.

**ئېلىۋەتكەن تىرنىقىغا تەڭ قىلماسلىق** پەقەت كۆزگە ئىلماسلىق، زادىلا ياراتماسلىق: – ماڭا ئىشەنمەمسىز؟ – دېدى ئۇ تامدەك تاتىرىپ، – ئۇ نېمە قىلسمۇ قىلسۇن، ئۇنى سىزنىڭ ئېلىۋەتكەن تىرنىقىڭىزغا تەڭ قىلمايمەن.

**ئېلىۋەتمەك** پ ① مەلۇم بىرنەرسىنى ئىككىنچى نەرسىدىن چىقىرىۋەتمەك: ئاشقا چۈشۈپ قالغان قىلنى ئېلىۋېتىڭ. ② مەلۇم بىر نەرسىنى بىر كىمگە سۇنۇپ بەرمەك: كىتابنى ماڭا ئېلىۋېتىڭ. ③ <تىب> ئورگانىزمنىڭ مەلۇم بۆلىكىنى (كېسەللەنگەن جايىنى) ئوپېراتسىيە ئارقىلىق كېسىۋېتىشكە قارىتىلىدۇ.

**ئېمال** ئى ( ر<فران ) <خىم> كۋارتس، دالا شىپاتى، سىلىترا ( $NaNO_3$ ) ۋە ناترىي كاربوناتلارغا قوغۇشۇن بىلەن قەلەينىڭ ئوكسىدلىرىنى قوشۇپ كۆيدۈرۈش ئارقىلىق ياسالغان بىر خىل ماددا. مىس ياكى كۈمۈش قاچىلارغا سۈركەپ، كۆيدۈرۈش ئارقىلىق ھەر خىل رەڭدىكى زىننەت، نەقىشلەرنى ھاسىل قىلغىلى بولىدۇ.

**ئېماللىق** سۈپ. ئېمالى بار، ئېمالغا ئىگە: ئېماللىق سىر.

**ئېمان** مىق (ر<لات) <فىز> ھاۋا ياكى ئېرىتمىلەرنىڭ تەركىبىدىكى رادىئوئاكتىپ رادون پاسسىپ گازىنىڭ قويۇقلۇقىنىڭ بىرلىكى( Em ) .1 ئېمان 1 لىتىر ھاۋا ياكى ئېرىتمە تەركىبىدىكى 10 كيۇرى رادونغا ياكى بىر ماخقا تەڭ، يەنى .1Em=1Ma

**ئېمەن** ئى (خەن) <زوئول> ← ئېمەن پىلىسى.

**ئېمەن پىلىسى** <زوئول> ئۆي پىلەقۇرتىدىن سەل چوڭراق ھاشارات، ئېمەن دەرىخىنىڭ يوپۇرماقلىرىنى يەيدۇ. ئۇ قوشۇپ چىقارغان مەشۇت توقۇمچىلىقنىڭ خام ئەشياسى قىلىنىدۇ.

**ئېمبارگو** ئى (ر<ئىسپان) دۆلەت تەرىپىدىن چەت ئەل تاۋارلىرىنى كىرگۈزۈش ياكى ئاچىقىپ كېتىشنى چەكلەش ياكى چەت دۆلەتلەرگە قاراشلىق مۈلۈكنى ۋاقىتنىچە توختىتىپ تۇرۇش؛ بايقۇت.

**ئېمبول** ئى (ر<گرېك) <تىب> قان تومۇرغا تىقىلىپ كەپلىشىش كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان ماددا. قان ئۇيۇملىرى ۋە يات جىسىملارنىڭ ھەممىسى ئېمبول بولۇپ قېلىشى مۇمكىن.

**ئېمبولىيە** ئى (ر<گرېك) <تىب> بەدەن سىرتىدىن قان تومۇرلارغا كىرىۋالغان ماددىلار ياكى قان تومۇر، يۈرەك ئىچىدىن ئاجراپ چۈشكەن قان ئۇيۇملىرى قان بىلەن ئېقىپ كېلىپ، كىچىك تومۇرلارغا كەپلىشىپ قېلىپ پەيدا قىلىدىغان قان تومۇر توسۇلۇش ھادىسىسى.

**ئېمبرىئولوگىيە** ئى (ر<گرېك) <زوئول> جىنسلىق كۆپىيىدىغان جانلىقلارنىڭ ئىندىۋىدۇئال تەرەققىياتى جەريانىدىكى ئۇرۇقلىنىشتىن باشلاپ يېتىلگۈچە بولغان

ئارىلىقتىكى ئۆزگىرىشلىرىنى تەتقىق قىلىدىغان پەن. «ئادەتتە ھايۋانلار ئېمبرىئولوگىيىسى» ۋە «ئۆسۈملۈكلەر ئېمبرىئولوگىيىسى» دەپ ئايرىلىدۇ.

**ئېموتسىئونال** سۈپ (ر) <ئەد> ئېموتسىيىلەرگە، ھېس-تۇيغۇلارغا تولغان، ئېموتسىيىنى، ھېس-تۇيغۇلارنى ئىپادىلەيدىغان؛ جۇشقۇن.

**ئېموتسىيە** ئى (ر<فران) <ئەد> ھېس-تۇيغۇلار بىلەن تولغان ئېموتسىئونال نۇتۇق. ئومۇمەن كىشىنىڭ ھېس-تۇيغۇسى ۋە كەچۈرمىشلىرى بايان قىلىنىدۇ.

**ئېمۇلسىيە** ئى (ر<لات) <خىم> بىر خىل سۇيۇقلۇقنىڭ ئۇششاق تامچىلىرىنى باشقا بىر خىل سۇيۇقلۇققا تەكشى ئارىلاشتۇرۇش ئارقىلىق ھاسىل قىلىنغان سۇيۇقلۇق. ئادەتتە ئۇ لايقىلىنىدۇ. ئۇزۇن تۇرغۇزۇلسا، ئۇلارنىڭ تەركىبىي قىسمى سېلىشتۇرما ئېغىرلىقىنىڭ ھەر خىللىقى بويىچە ئىككى قەۋەتكە بۆلۈنىدۇ.

**ئېمۇلسىيىلەشتۈرۈش** ئى <خىم> ئېلگىرى ئارىلاشمىغان ئىككى خىل سۇيۇقلۇقنى ئارىلاشتۇرۇش ئۈچۈن، ئۇنىڭ ئىچىدىكى بىر خىل سۇيۇقلۇقنى ئۇششاق دانىچىگە ئۆزگەرتىپ باشقا بىر خىل سۇيۇقلۇق ئىچىگە تەكشى تارىتىش جەريانى. مەسىلەن، سوپۇن سۈيى بىلەن ماينى تولۇق ئارىلاشتۇرۇپ، ماينى ئۇششاق دانىچە ھالىتىگە كەلتۈرۈپ، سوپۇن سۈيىدە ئۈزۈپ يۈرىدىغان ھالغا كەلتۈرۈشكە ئوخشاش.

**ئېمۇلسىيىلىگۈچى** ① سۈپ. ئېمۇلسىيىلەش رولىنى ئوينايدىغان، ئېمۇلسىيىلەيدىغان. ② ئى <خىم> ئېمۇلسىيىلەشتۈرۈلگەن ئېرىتمە. ئادەتتە سۇ بىلەن ماينىڭ ئارىلاشما سۇيۇقلۇقى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

ئۇنىڭ ئىككى خىل تىپى بولىدۇ. بىرى سۇنىڭ ماي ئىچىگە تارىلىشى؛ يەنە بىرى ماينىڭ سۇ ئىچىگە تارىلىشى.

**ئېمۇلسىيىلىمەك** پ. بىر خىل سۇيۇقلۇقنىڭ ئۇششاق دانىچىلىرىنى باشقا بىر خىل سۇيۇقلۇق ئىچىگە تەكشى تارىتىش ئارقىلىق باشقا بىر خىل سۇيۇقلۇق ھاسىل قىلماق.

**ئېمىتكۈچى** سۈپ. ئېمىتىدىغان، ئېمىتىشكە ئادەتلەنگەن: ئېمىتكۈچى ھايۋانلار.

**ئېمىتكۈچى ھايۋانلار** <زوئول> ئەڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ھايۋانلار كۆزدە تۇتۇلىدۇ. بۇ خىل ھايۋانلار ئانا تېنىدىكى سۈت بېزىدىن ئاجرىلىپ چىققان سۈت ئارقىلىق باللىرىنى باقىدۇ. بۇلارنىڭ ئىچىدە ئەڭ تۆۋەن دەرىجىلىك بىر تۆشۈكلۈك ھايۋانلار تۇخۇمدىن كۆپەيگەندىن سىرت، قالغانلىرىنىڭ ھەممىسى تۇغۇت ئارقىلىق كۆپىيىدۇ.

**ئېمىتمەك** «ئەممەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: بالا ئېمىتمەك. * ئۇنى مەن ئېمىتىپ چوڭ قىلغان. * بۇ بالىنى كىم ئېمىتتى؟

**ئېمىتىشمەك** «ئېمىتمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**ئېمىتىلمەك** «ئېمىتمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**ئېمزەك** ئى. دىئال. ئېمزگۈ.

**ئېمزگۈ** ئى. ① باللارغا سۈت، بۇلماق قاتارلىق سۇيۇق يېمەكلىكلەرنى ئىچۈرىدىغان بوتۇلكا شەكىللىك قاچا. ② بوۋاقلارنى يىغلاتماسلىق ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ ئاغزىغا سېلىپ قويۇلىدىغان، رېزىنكىدىن ھاۋا ئۆتمەيدىغان قىلىپ ياسالغان بۇيۇم.

**ئېمزمەك** (توغرىسى: ئېمىتمەك) ← ئېمىتمەك.

**ئېمشەمەك** « ئەممەك » پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: سامانلىقتا بىرقانچە كۆچۈك بىر قانچۇقنى ئېمشىۋاتاتتى.

**ئېمكداش** (توغرىسى: ئېملداش) ← ئېملداش.

**ئېملداش** ئى. بىر ئانىنى (بىر ئەمچەكـنى) ئېمىپ چوڭ بولغان باللار: مەن ئۇنىڭ بىلەن ئېملداش بولىمەن. // ئۇنىڭ شەربان ئىسىملىك ئېملداش سىڭلىسى بار ئىدى.

**ئېملداشلىق** ئى. ئۆزئارا بىر ئانىنى (بىر ئەمچەكنى) ئېمىش: ئېملداشلىق مۇناسىۋەت.

**ئېمىن** (توغرىسى: ئەمىن) ← ئەمىن.

**ئېن** ئى (ر<لات) <خىم> بىر تۈردىكى ئورگانىك بىرىكمىلەر. ئۇلارنىڭ كاربون – كاربون قوش باغلىق تۈزۈلۈشى ۋە تويۇنمىغانلىق خۇسۇسىيىتى بار.

**ئېنە** ئى. دىئال. ئانا، ئاپا.

**ئېنتالپىيە** ئى (ر<گرېك) <فىز> تېرمودىنامىكـكا سىستېمىسىدىكى بىر خىل ھالەت پارامېترى. بەلگىسى H .

**ئېنتروپىيە** ئى (ر<گرېك) <فىز> تېرمودىنامىكا سىستېمىسىنىڭ ھالىتىنى تەسۋىرلەيدىغان فىزىكىلىق مىقدار، يەنى مۇئەييەن شەرت ئاستىدا جەريانىنىڭ داۋاملىشىش يۆنىلىشىنى ئېنىقلايدىغان بەلگە. بەلگىسى S.

**ئېنتروپىيە مىزانى** <فىز> تېرمودىنامىكىلىق سىستېمىنىڭ تەكشۈك ھالەتكە يېتىپ بارغان-بارمىغانلىقىغا ھۆكۈم قىلىشنىڭ ئۆلچىمى. ئۇنى مۇنداق قىلىشقا بولىدۇ: سىستېمىنىڭ ھەجمى ۋە ئىچكى ئېنېرگىيىسى ئۆزگەرمىگەن ئەھۋالدا ئېھتىمالدىكى ھەر خىل ئۆزگىرىشلەرنىڭ تەكشۈك ھالىتىنىڭ ئېنتروپىيىسى ئەڭ چوڭ بولىدۇ. بۇ تەكشۈكلۈكنىڭ ئاساسىي مىزانى.

**ئېنتومولوگىيە** ئى (ر<لات) <زوئول> ھاشاراتلارنىڭ مورفولوگىيىلىك تۈزۈلۈشى، كلاسسىفىكاتسىيىسى، فىزىئولوگىيىسى، كېسەللىكلىرى، زەھەرلىنىش يوللىرى، گېنېتىكىسى ۋە كۆپىيىش تەرەققىياتى قاتارلىق ھاياتلىق پائالىيەتلىرىنىڭ قانۇنىيەتلىرىنى تەتقىق قىلىش ئارقىلىق، زىيانلىق ھاشاراتلارنى كونترول قىلىش، پايدىلىق ھاشاراتلاردىن پايدىلىنىش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش توغرىسىدىكى پەن.

**ئېنتېرۋال** ئى (ر<لات) <مۇز> ئىككى مۇزىكىلىق ئاۋاز ئوتتۇرىسىدىكى ئاۋاز ئېگىزلىك مۇناسىۋىتى. ئادەتتە «گرادۇس» - ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. ئاددىي نوتىدا 1 دىن 1 گىچە ياكى 2 دىن 2 گىچە بىر گرادۇس؛ 1 دىن 3 كىچە ياكى 2 دىن 4 كىچە ئۈچ گرادۇس؛ 1 دىن 5 كىچە بەش گرادۇس بولىدۇ.

**ئېندوسپورا** ئى (ر<لات) <بوت> بەزى تاياقسىمان باكتېرىيىلەر ھۈجەيرىسىنىڭ ئىچىدە شەكىللىنىدىغان تۇخۇمسىمان ياكى دۈگىلەك سپورا. بۇ خىل سپورا تەبىئىي شارائىتتا ئۇزۇن ۋاقىت ساقلىنىدۇ. مۇۋاپىق شارائىتتا ئېندوسپورا يېرىلىپ يېڭى باكتېرىيە ئۆسۈپ چىقىدۇ.

**ئېنزىم** ئى (ر<لات) <بىئول> جانلىقلار تېنىدىكى ھۈجەيرىلەردە ھاسىل بولىدىغان يېلىمسىمان ئورگانىك ماددا. ئاقسىلدىن تۈزۈلىدۇ. سۇدا ئېرىيدۇ. ئورگانىزمدا بولۇۋاتقان ئوكسىدلىنىش، ھەزىم قىلىش، ئېچىتىش قاتارلىق خىمىيىلىك ئۆزگىرىشلەر ئۈچۈن كاتالىزاتورلۇق رول ئوينايدۇ.

**ئېنزىم ئاقسىلى** <بىئول> ئېنزىمنىڭ ئاقسىل قىسمى. مەخسۇس قوشۇمچە ئېنزىم بولغاندىلا رولىنى جارى قىلدۇ-رالايدۇ.

**ئېنزىم گېنى** <بىئول> جانلىقلار تېنىدىكى ئېنزىمغا ئايلىنالايدىغان خىمىيە-ۋى ماددا.

**ئېنستاتىت** ئى (ر) <گېئول> يانتو ياقلىق پىروكسېننىڭ خىمىيىلىك تەركىبى. $Mg_2(Si_2O_6)$ تەركىبىدىكى تۆمۈرنىڭ ئېشىشىغا ئەگىشىپ رەڭگى كۆكۈچتىن قوڭۇر يېشىل، قوڭۇر قارىغىچە بولىدۇ. ئەينەك پارقىراقلىقىغا ئىگە. سېلىشتۇرما ئېغىرلىقى 3.1 — 3.5؛ قاتتىقلىقى 5—6.

**ئېنسىكلوپېدىيە** ئى (ر<فران) <تىل> ئىلىم-پەننىڭ ھەممە ساھەلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ياكى بىرەر ساھە بويىچە كەڭ، تولۇق مەلۇمات بېرىدىغان لۇغەت تىپىدىكى ئىلمىي توپلام؛ قامۇس: ئۇيغۇر ئېنسىكلوپېدىيىسى. بۈيۈك برىتانىيە ئېنسىكلوپېدىيىسى.

**ئېنېرگېتىكا** ئى (ر<گرېك) پەن-تېخنىكا، سانائەت، ئومۇمەن، خەلق ئىگىلىكىنىڭ تۈرلۈك شەكىلدىكى ئېنېرگىيە ئىشلەپچىقى-رىش، ئۆزگەرتىش ۋە ئۇلاردىن پايدىلىنىش بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان ساھەسى.

**ئېنېرگىيە** ئى (ر<گرېك) <فىز> ماددىلارنىڭ ھەرىكىتىنى ئۆلچەيدىغان بىر خىل فىزىكىلىق مىقدار. ئادەتتە ماددىلارنىڭ ئىش قىلىش ئىقتىدارى دەپ چۈشەندۈرۈلىدۇ. ئېنېرگىيىنىڭ ئاساسىي تىپلىرى: پوتېنسىئال ئېنېرگىيە، ھەرىكەت ئېنېرگىيىسى، ئىسسىقلىق ئېنېرگىيىسى، ئېلېكتر ئېنېرگىيىسى، ماگنىت ئېنېرگىيىسى، يورۇقلۇق ئېنېرگىيىسى، خىمىيىلىك ئېنېرگ-يە ۋە ئاتوم ئېنېرگىيىسى قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. بىر خىل ئېنېرگىيە يەنە بىر خىل ئېنېرگىيىگە ئۆزگىرەلەيدۇ. ئېنېر-گىيىنىڭ چوڭ-كىچىكلىكى قۇۋۇەت بىرلىكى بىلەن ئىپادىلىنىدۇ.

**ئېنېرگىيە پىرامىدىسى** <بىئول> ئېنېرگ-يە بىر ئېكولوگىيىلىك سىستېما ئىچىدە ئۆتۈشۈشتە ھەر خىل ئورگانىزملارغا تايىنىپ ئۆزگىرىدۇ ۋە توشۇلىدۇ. بۇ خىل بىر-بىرىگە ئوخشىمايدىغان ئورگانىزمە-لار ئايرىم-ئايرىم تۈردە ئوخشاش بولمىغان ئوزۇقلىنىش دەرىجىلىرىگە ئورۇنلىشىدۇ. ئېنېرگىيە ئورگانىزمدا زاپاس ساقلىنىدۇ. ئۇ باشقا خىل ئورگانىزملار ئۈچۈن ئېنېرگىيە، مەنبەسى قىلىنغان ۋاقىتتا، ئۇنىڭدا ئۆتۈشۈش يۈز بېرىدۇ. ئىستېمال قىلغۇچىلار رېتى بىلەن ئۆزىدىن بىر دەرىجە ئالدىدىكى ئىشلەپچىقىرىش كۈچىنى ئاساسلىق ئېنېرگىيە مەنبەسى قىلىدۇ. ئېنېرگىيە ئوزۇقلىنىش دەرىجىلىرى-نىڭ رېتى بويىچە يۇقىرىغا توشۇلۇشتا دەرىجىمۇ دەرىجە ئازىيىپ بارىدۇ. تەخمىنەن %10 — %20 نىسبەت بىلەن يۇقىرىدىكى بىر دەرىجىگە توشۇلىدۇ. قالغان ئېنېرگىيە نەپەسلىنىشتە سەرپ قىلىنىپ كېتىدۇ. دەرىجە بويىچە يۇقىرى ئۆرلەشتە ھەربىر دەرىجىدىكى ئورگا-نىزملارنىڭ سانى بارغانسېرى ئازىيىپ بارىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئېنېرگىيىنىڭ پىرامىدا شەكىللىك بىر خىل نىسبەت مۇناسىۋىتى شەكىللىنىدۇ. مانا بۇ «ئېنېرگىيە پىرامىدىسى» دەپ ئاتىلىدۇ.

**ئېنېرگىيە دەرىجىسى** <فىز> ئاتوم، مولېكۇلا، ئاتوم يادروسى قاتارلىقلار ئوخشىمىغان ھالەت ئاستىدا ھەرىكەتلەنگەن-دە ئىگە بولغان ئېنېرگىيە قىممىتى. بۇ خىل سانلىق قىممەت ئۈزلۈكسىز بولماستىن، پەلەمپەي شەكىلدە بولىدۇ. شۇڭا ئۇ

ئېنېرگىيە دەرىجىسى دەپ ئاتالغان.

**ئېنېرگىيە زونىسى** <فىز> قاتتىق جىسىملاردىكى ئېلېكترونلارنىڭ ئېنېرگىيە ھالىتىنىڭ تەقسىملىنىشى. ئۇ بىر قاتار ئېلېكترون ئېنېرگىيىسى دەرىجىلىرىدىن تۈزۈلىدۇ. بۇ ئېنېرگىيە دەرىجىلىرى خۇددى بىر-بىرى بىلەن تۇتىشىپ كەتكەندەك زىچ بولۇپ، قارىماققا بىر «زونا» دەك كۆرۈنىدۇ.

**ئېنېرگىيە زىچلىقى** <فىز> دولقۇن تارقىلىدىغان بىرلىك ھەجىمدىكى بوشلۇق-نىڭ ئېنېرگىيىسى.

**ئېنېرگىيە مەنبەسى** <جۇغ> مەلۇم شەكىلدىكى ئېنېرگىيە بىلەن تەمىنلەيدىغان ماددا ياكى تەبىئىي جەريان. مەسىلەن، كۆمۈر، نېفىت، يەر ئىسسىقلىقى، قۇياش ئېنېرگىيىسى، جانلىقلار ئېنېرگىيىسى قاتارلىقلار.

**ئېنېرگىيە مېتابولىزمى** <بىئول> ئورگانىزمنىڭ مۇھىت بىلەن ئېنېرگىيە ئالماشتۇرۇش ۋە بەدىنى ئىچىدىكى ئېنېرگىيىنىڭ ئۆزگىرىش جەريانى.

**ئېنېرگىيە ئۆتۈشۈشى** <بىئول> ئېكولوگىيىلىك سىستېمىنىڭ ئەڭ دەسلەپ-كى ئېنېرگىيىسى قۇياشتىن كېلىدۇ. ئۇ يېشىل ئۆسۈملۈكلەرنىڭ فوتوسىنتېز رولى ئارقىلىق ئۆسۈملۈك تېنىگە كىرىدۇ. ھايۋانلار ئۆسۈملۈكنى يېگەندە، ئېنرگىيە ئورگانىك ئوزۇقلۇق ئارقىلىق ھايۋان تېنىگە يۆتكىلىدۇ. ئىشلەپچىقارغۇچىلار ۋە ئىستېمالچىلار ئۆلگەندىن كېيىن پارچىلىغۇچىلار تەرىپىدىن پارچىلىنىپ، مۇرەككەپ ئورگانىك ماددىلار ئاددىي ئورگانىك ماددىلارغا ئايلىنىدۇ. زاپاس ساقلانغان ئېنېرگىيە مۇھىتقا قويۇپ بېرىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئىشلەپچىقارغۇچىلار، ئىستېمالچىلار ۋە پارچىلىغۇچىلار نەپەسلىنىش يولى بىلەنمۇ بىرقىسىم ئېنېرگىيىنى قويۇپ بېرىدۇ. مانا بۇ ئېنېرگىيە ئۆتۈشۈشىدۇر. بارلىق ھاياتلىق پائالىيەتلىرىدە ئېنېرگىيە ئۆتۈشۈشى ۋە ئايلىنىشى بولۇپ تۇرىدۇ. ھەربىر ئېكولوگىيىلىك سىستېما ماددا ئايلىنىش ۋە ئېنېرگىيە ئۆتۈشۈش سىستې-مىسى بولۇپ، پۈتۈن بىئوسفېرا مۇشۇ خىل ئايلىنىشتا دىنامىكىلىق تەڭپۇڭلۇقنى ساقلايدۇ. ئۈزلۈكسىز ئۆزگىرىدۇ ۋە تەرەققىي قىلىدۇ.

**ئېنېرگىيە ئۆزگەرتكۈچ** <فىز> بىر خىل ئېنېرگىيىنى يەنە بىر خىل ئېنېر-گىيىگە ئۆزگەرتىدىغان ئەسۋاب.

**ئېنېرگىيە ئېقىمى** <فىز> بىرلىك ۋاقىت ئىچىدە مەلۇم بىر توغرا كەسمە يۈزىدىن ئۆتىدىغان ئېنېرگىيە.

**ئېنېرگىيىنىڭ ئايلىنىش ۋە ساقلىنىش قانۇنى** <فىز> تەبىئەت دۇنياسىنىڭ ئەڭ ئومۇمىي، ئەڭ مۇھىم ئاساسىي قانۇنلىرىدىن بىرى. ئۇنىڭ بايان قىلىنى-شى مۇنداق: ئېنېرگىيە بىكاردىن-بىكار يوقالمايدۇ ھەم بىكاردىن-بىكار ھاسىلمۇ بولمايدۇ. ئۇ پەقەت بىر خىل شەكىلدىن ئىككىنچى بىر خىل شەكىلگە ئايلىنىدۇ ياكى بىر جىسىمدىن ئىككىنچى بىر جىسىمغا يۆتكىلىدۇ، ئېنېرگىيىنىڭ ئومۇمىي مىقدارى بولسا ئۆزگەرمەيدۇ.

**ئېنېرگىيىنىڭ ساقلىنىش قانۇنى** <فىز> تەبىئىي پەنلەردىكى ماددا ھەرىكىتى توغرىسىدىكى ئەڭ مۇھىم قانۇن، ئۇنىڭ مەزمۇنى: ئەتراپىدىن ئايرىۋېتىلگەن ھەرقانداق ماددىي سىستېما ئىچىدە مەيلى قانداق ئۆزگىرىش ياكى جەريان يۈز بەرمىسۇن، ئېنېرگىيىنىڭ ھالىتىدە

ئالمىشىش سادىر بولسمۇ، ئېنېرگىيىنىڭ
ئومۇمىي تۇراقلىقى ئۆزگەرمەيدۇ دېگەن-
دىن ئىبارەت.

**ئېنېرگىيىنىڭ كۋانتلىنىشى** <فىز> مىكرو
زەررىچىلەر ئىگە بولغان ئېنېرگىيە (ھەرى-
كەت ئېنېرگىيىسى بىلەن پوتېنسىئال
ئېنېرگىيىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) نىڭ
ئۈزلۈكسىز بولماسلىق ھادىسىسى.

**ئېنېرگېتىزىملىك** ئى <پەلس>
X X ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىن X IX
ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە تارقىلىپ يۈرگەن
بىر خىل ئەكسىيەتچىل ئىدېئالىستىك
ئىدىيىۋى ئېقىم. ئۇ فىزىكىلىق ئىدېئالىزمە-
نىڭ بىر تۈرلۈك ئىپادىسى بولۇپ،
ھەرىكەت بىلەن ماددىسىنى بىر-بىرى-
دىن ئايرىۋېتىدۇ. ئېنېرگىيە تەبىئەت
دۇنياسى، جەمئىيەت ۋە تەپەككۇردىكى
بارلىق ھادىسىلەرنى ئېنېرگىيىدىن ئىبا-
رەت بىر نۇقتىغا يىغىنچاقلىغىلى بولىدۇ.

**ئېنتېلېخىيا** ئى (ر<گرېك) <پەلس> ھايات
كۈچ نەزەرىيىسى دېگەن ئىدېئالىستىك
تەلىماتتا ئوتتۇرىغا قويۇلغان ھاياتنىڭ
مەنبەسى ۋە ئاساسى بولغان سىرلىق
غەيرىي ماددىي «ھاياتىي كۈچ»
كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

**ئېنىق** ① سۈپ. خاتاسى يوق، توغرا، دەل،
نەق: ھېسابى ئېنىق. ۋاقتى ئېنىق. گېپى
ئېنىق. ② سۈپ. جەزمەن، چوقۇم،
شۈبھىسىز: بىزنىڭ بۈگۈن بۇ يەردە قونۇپ
قالىدىغانلىقىمىز ئېنىق ئىدى. ③ سۈپ.
مەلۇم، ئوچۇق: بۇ كىتابنىڭ كىمنىڭ
ئىكەنلىكى ئېنىق. ④ رەۋ. كۆرگىلى،
ئاڭلىغىلى بولىدىغان دەرىجىدە،
ئاشكارا، ئوچۇق: ئېنىق ئاڭلىماق. * ئۇنىڭ
كۆزلىرى باشقىلارنىڭ كۆڭلىدىكى ئەڭ يوشۇرۇن
سىرلارنىمۇ ئېنىق كۆرۈپ تۇرغاندەك قىلاتتى.

**ئېنىق بۆلۈنمە** <مات> بۆلۈنگۈچى
بۆلگۈچىگە تولۇق بۆلۈنگەندە كېلىپ چىققان
بۆلۈنمە. مەسىلەن، 7 = 13 ÷ 91 دىكى
7 ئېنىق بۆلۈنمە بولىدۇ.

**ئېنىق سان** <مات> مەلۇم بىر مىقدارنىڭ
ھەقىقىي سانلىق قىممىتىنى ھەقىقىي
ئىپادىلىگەن سان.

**ئېنىق سىزىقلىق سپېكتىر** <فىز>
سپېكتىرنىڭ بىر خىلى. بىر قىسىم داۋاملا-
شمايدىغان ئېنىق سىزىقلار (لىنىيە)
دىن شەكىللىنىدۇ. قالغان قىسمى قاراڭغۇ
بولىدۇ. ئادەتتىكى تېمپېراتۇرا ئاستىدا
ئېلېمېنتلارنىڭ چوغلانغان گازى ياكى
پارىنىڭ يورۇقلۇقى مۇشۇنداق سپېكتىرنى
شەكىللەندۈرىدۇ.

**ئېنىق كۆرۈش ئارىلىقى** <فىز> يورۇقلۇق
مۇۋاپىق بولغاندا نورمال كۆز ئالمىسىدىن
25cm يىراقلىقتىكى جىسىملارنى ئەڭ ئېنىق
كۆرگىلى بولىدۇ، ھەمدە كۆز ئاسانلىقچە
تالمايدۇ. بۇ ئارىلىق «ئېنىق كۆرۈش
ئارىلىقى» دەپ ئاتىلىدۇ.

**ئېنىق ئوخشىتىش** <ستى> ئوخشىتىشنىڭ
بىر خىل شەكلى. بۇنىڭدا ئوخشىتىلغۇچى،
ئوخشىغۇچى ۋە ئوخشىتىش سۆزى ياكى
ئوخشاشلىق نۇقتىسىدىن ئىبارەت تۆت
خىل ئېلېمېنت بولىدۇ. ئوخشالغۇچى بىلەن
ئوخشىغۇچىنىڭ مۇناسىۋىتى ئوخشاشلىق
مۇناسىۋىتىدىن ئىبارەت بولىدۇ. خۇددى
قاغجىراپ كەتكەن چۆل يامغۇرغا تەشنا
بولغاندەك، بىز ئىلىم-مەرىپەتكە تەشنا-
مىز دېسەك، بۇنىڭدا «ئىلىم-مەرىپەتكە
تەشنالىق» ئوخشالغۇچى، «چۆلنىڭ
يامغۇرغا تەشنالىقى» ئوخشىغۇچى،
«خۇددى» ۋە «دەك» لەر ئوخشى-
تىش سۆزى ھەم قوشۇمچىلىرىدۇر.

**ئېنىق ئىنتېگرال** <مات> ( X ) f يېپىق

ئىنتېرۋال $(a, b)$ دا ئېنىقلىنىدىغان فۇنكسىيە بولسۇن، بۆلگۈچى نۇقتىسا $a=\chi_0 < \chi_1 < \cdots \chi_{i-1} < \chi_i < \cdots \chi_n = b$ ئارقىلىق $(a, b)$ ئىنتېرۋالنى $n$ دانە كىچىك ئىنتېرۋالغا بۆلۈپ، ھەربىر كىچىك ئىنتېرۋال $(\chi_{i-1}, \chi_i)$ دىن خالىغان بىر $\xi_i$ نۇقتىنى ئېلىپ $\sum_{i=1}^{n} f(\xi_i)(\chi_i - \chi_{i-1})$ يىغىندىنى تۈزەيلى، $A$ نى ھەممىدىن چوڭ بولغان كىچىك ئارىلىقنىڭ ئۇزۇنلۇقى دەيلى. ئەگەر $\lim_{\Delta \to 0} \sum_{i=1}^{n} f(\xi_i)(\chi_i - \chi_{i-1})$ مەۋجۇت بولۇپ، لىمىت قىممەت ئىنتېرۋال- نى بۆلۈش ئۇسۇلى بىلەن $\xi_i$ نى ئېلىش ئۇسۇلىغا مۇناسىۋەتسىز بولمىسا، ئۇ ھالدا بۇ لىمىت قىممەت $f(\chi)$ فۇنكسىيە- نىڭ $(a, b)$ دىكى ئېنىق ئىنتېگرالى دېيىلىدۇ.

**ئېنىقسىز** سۈپ. ئېنىق بولمىغان، ئېنىق ئەمەس: ئېنىقسىز تەڭلىمە. * — ئەركىن، يەنە بىرەر يېرى ئېنىقسىزمىكەن؟ — دەپ سورىدى ئارزۇگۇل.

**ئېنىقسىز تەڭلىمە** <مات> نامەلۇمنىڭ سانى تەڭلىمىنىڭ ساندىن كۆپ بولغان تەڭلىمە.

**ئېنىقسىزلىق** « ئېنىقسىز » سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: ئېنىقسىزلىق ھېس قىلماق.

**ئېنىقسىزلىق ئالمىشى** <تىل> سۆزلىگۈچى- گە ئېنىق بولمىغان مەلۇم شەيئى، بەلگە، سان-مىقدار، ۋاقىت قاتارلىقلارنى بىلدۈرىدىغان ئالماشلار. ئۇيغۇر تىلىدىكى ئېنىقسىزلىق ئالماشلىرى سوئال ئالماشلىرى- نىڭ كەينىگە « -دۇ / -تۇ، -دۇر / -تۇر » قوشۇمچىسىنى قوشۇش ياكى ئالدىغا « ئاللا- » قوشۇمچىسىنى قوشۇشتەك ئىككى خىل يول بىلەن ياسىلىدۇ. مەسىلەن، كىمدۇر، نېمىدۇر، قانداقتۇر، قايسىدۇر، قاچاندۇر، نەدۇر، قاياقتۇر، نېمىشقىدۇر، ئاللىكىم، ئاللىنېمە، ئاللىقانداق، ئاللىقاياق قاتارلىقلار.

**ئېنىقلانماق** « ئېنىقلىماق » پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**ئېنىقلاش** ① « ئېنىقلىماق » پېئىلىنىڭ يەنە بىر خىل ئىسىمداشى. ② <قا> ماددىي ئىسپات ئەھمىيىتىگە ئىگە بولغان ئىز، نەرسە، ياكى جەسەتنى تەكشۈرۈش، شۇ ئارقىلىق جىنايەت پاكىتلىرىنى تېپىش ۋە تەتقىق قىلىش، جىنايەت ئەھۋالىنى تەھلىل قىلىش، ئاخىرىدا جىنايەتنى پاش قىلىش جەريان- لىرى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

**ئېنىقلاشماق** « ئېنىقلىماق » پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**ئېنىقلانغۇچى** ① سۈپ. ئېنىقلىنىدىغان، ئېنىقلىنىش ئوبيېكتى بولغان: ئېنىقلانغۇچى ئۇقۇم. ② ئى <تىل> جۈملىدە ئىسىم ياكى ئىسىم خاراكتېرىدىكى سۆز ۋە سۆز بىرىكمىلىرىنى ئۆزىگە بېقىندۇرۇپ، ئۇلار تەرىپىدىن ئېنىقلىنىدىغان سۆز، مەسىلەن، « گۈزەل ۋەتەن » دىكى « ۋەتەن » سۆپەتنى ئۆزىگە بېقىندۇ- رۇپ، ئۇ تەرىپىدىن ئېنىقلىنىپ كەلگەن. شۇڭا بۇ يەردە « گۈزەل » سۆزى ئېنىقلىغۇچى، « ۋەتەن » سۆزى بولسا ئېنىقلانغۇچىدۇر.

**ئېنىقلانماق** « ئېنىقلىماق » پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: بۇ دېلو ئاخىرى ئېنىقلاندى. * بۇ قېتىمقى ئوت ئاپىتىدە 51 ئادەم ئۆلگەنلىكى ئېنىقلاندى.

**ئېنىقلىغۇچى** ① سۈپ. ئېنىقلاش ۋەزىپىسىنى

ئۆتەيدىغان، ئېنقلايدىغان: ئېنقلىغۇچى كىشى. ئېنقلىغۇچى گۇرۇپپا. ② ئى <تىل> جۈملىنىڭ ئەگەشمە بۆلەكلىرىدىن بىرى، يەنى ئىسىم ياكى ئىسىم خاراك- تېرىدىكى سۆزلەرنىڭ مەنە دائىرىسىنى چەكلەپ كېلىدىغان شۇنىڭدەك ئۆزى بېقىنغان ئىسىم ۋە ئىسىم خاراكتېرىدىكى سۆزلەرنىڭ خاراكتېرى، تۈرقى، مىجەزى، تەمى، رەڭگى، ھەجمى، ھالىتى، سانى، مىقدارى، ئورنى، ئىگىسى؛ تەۋەلىكى قاتارلىق تۈرلۈك خۇسۇسىيەت ۋە ئالاھىدىلىكلىرىنى ئىپادىلەپ كېلىدىغان جۈملە بۆلىكى. مەسىلەن، «بىز ئۇلۇغ ۋەتىنىمىزنى قىزغىن سۆيىمىز» دېسەك، بۇ جۈملىدىكى «ئۇلۇغ» دېگەن سۆز «ۋەتىنىمىز» دېگەن سۆزنىڭ مەنە دائىرىسىنى چەكلەپ، جۈملىدە ئېنقلىغۇچى ۋەزىپىسىدە كەلگەن. ئادەتتە سۈپەت، ئىسىم، سان، مىقدار، سان-مىق- دار بىرىكمىسى، ئالماش ۋە سۈپەتداشلار جۈملىدە ئېنقلىغۇچى بولۇپ كېلىدۇ.

**ئېنقلىغۇچى ئۇقۇم** <لوگ> ئېنقلىمىنىڭ تەركىبىدىكى بىر ئامىل، يەنى ئېنقلانغۇ- چى ئۇقۇمنىڭ مېغىزىنى ئاچقان ئۇقۇم.

**ئېنقلىق** «ئېنىق» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: بۇ ئىشنىڭ ئېنقلىق دەرىجىسى يۇقىرى ئەمەس.

**ئېنقلىما** ① سۈپ. ئېنقلىنىدىغان؛ ئېنقلانغان: ئېنقلىما ھۆكۈم. ② ئى <لوگ> بىر خىل شەيئىنىڭ ماھىيەتلىك خۇسۇسىيەتلىرى توغرىسىدىكى ياكى بىر ئۇقۇمنىڭ مېغىزى بىلەن ھەجمى توغرىسىدىكى ئېنىق ھەم ئىخچام چۈشەندۈرۈش، تەبىر.

**ئېنقلىماق** پ. مەلۇم بىر ئىشنىڭ تېگى-تەكتى- نى، سەۋەب-نەتىجىسىنى تەكشۈرۈپ، سۈرۈشتۈرۈپ بىلمەك: مەن ئەينى چاغلاردىكى بىرمۇنچە ئىشلارنى بىر-بىرلەپ ئېنقلاپ، ئۆزۈمنى ئاقلىماقچى. * دوختۇرلار ھەر تەرەپلىمە تەكشۈرۈش ئارقىلىق ئالىمنىڭ نېمە بولغانلىقىنى ئېنقلىدى.

**ئېنمەك** پ. دىئال. ئەن سالماق، بەلگە ئۇرماق.

**ئېھ** ئىم ① قايتا-قايتا تەكرارلىنىپ ھالسىزلىنىش، ئاغرىقتىن ئازابلىنىش ئىماسىنى بىلدۈرىدۇ: شاھزادە: «ئېھ، ئېھ،.. سۇ! سۇ! جىگىرىم قۇرۇپ كەتتى، ئاھ، ۋايجان» دەپ نالە قىلاتتى. ② ئېچىنىش، يالۋۇرۇش ئىماسىنى بىلدۈرىدۇ: نېمىشقا؟ ئېھ خۇدا، تۇۋا! ئەجەبا نېمىشقا ئىكەنلىكىنى تېخىچە چۈشەنمىسىگىز.

**ئېھتىرام** ئى (ئە) باشقىلارغا قىلىنغان يۈكسەك ھۆرمەت؛ ئىززەت-ئىكرام: ئېھتىرام ئەرشلەر- گە كۆتۈرۈۋاتقان يىگىتكە ئۆزىدە چەكسىز مۇھەببەت ۋە ئېھتىرام سەزمەكتە، شۇنىڭدەك نېمە ئۈچۈندۇر يىغلىغۇچى ھەم كۈيئوغۇلنىڭ مەگزىدىن سۆيگۈسى كەلمەكتە ئىدى.

**ئېھتىرام بىلدۈرمەك** ھۆرمەتلىمەك، ئىززەتلىمەك: بوۋاينىڭ بېشىدىكى يوغان سەللە، ئۇچىسىدىكى ئاق يەكتەك چاپانلىرىغا قاراپ خالايىق سالام قىلىپ ئېھتىرام بىلدۈردى.

**ئېھتىرام قىلماق** ئېھتىرام بىلدۈرمەك، ھۆرمەتلىمەك.

**ئېھتىلام** ئى (ئە) چۈشىدە جىنسىي مۇنا- سىۋەتتە بولۇپ مەنىي ئېقىپ كېتىش: ئېھتىلام بولماق.

**ئېھتىلام بولۇش** <تىب> ئەرلەر جىنسىي جەھەتتە پىشىپ يېتىلگەندىن كېيىن، بەزىدە چۈشىدە سپېرما ئېقىتىۋېتىش

ھادىسىسى. پىشىپ يېتىلگەن جىنسىي ئەزا ئۇزلۇكسىز تۇردە سپېرما ۋە سپېرما سۇيۇقلۇقى ھاسىل قىلىپ تۇرىدۇ. كۆپ يىغىلىپ قالسا، تەبىئىي ھالدا بەدەننىڭ سىرتىغا چىقىرىپ تاشلىنىدۇ. ئادەتتە بىرقانچە ھەپتە ياكى ئۇنىڭدىن-مۇ ئۇزاق ۋاقىتتا بىر قېتىم يۈز بېرىدۇ. ئەگەر ئۇزاق ۋاقىت ئارقا-ئارقىدىن ئېھتىلام بولۇش كۆرۈلسە، بىر خىل كېسەللىك ھېسابلىنىدۇ.

**ئېھتىمال** (ئە) ① ئى. ئەمەلگە ئېشىش، يۈز بېرىش، رېئاللىققا ئايلىنىش ئىمكانىيە-تى، مۇمكىنلىك: ئۇنىڭ يىغىنغا قاتنىشىش ئېھتىمالى بار. * ئۇلارنىڭ بۇنچىلىك ئىشلارنى قىلىپ كېتىشى ئېھتىمالدىن بەك يىراق. ② يۈك «بەلكى، مۇمكىن» دېگەن مەنىلەردىكى پەرەز، مۆلچەرنى بىلدۈ-رىدۇ: ئېھتىمال ئۇ كېلىپ قالار. * ئۇكام قادىر، ئېھتىمال بۇ ئىشلاردىن خەۋىرىڭىز بولسىمۇ، چوڭقۇر بولمىغان بولغىيدى.

**ئېھتىمالدىن يىراق** مۇمكىنچىلىكى ئاز، ئىمكانىيىتى يوق: ئۇنىڭ ئەتىلا يېتىپ كېلىشى ئېھتىمالدىن يىراق.

**ئېھتىمالغا يېقىن** مۇمكىن، مۇمكىنچىلىكى بار: ئۇنىڭ مۇشت كۆتۈرۈپ غوۋغا چىقىرىشى ئېھتىمالغا يېقىن.

**ئېھتىمال ھۆكۈم** <لوگ> بولۇش ئېھتىمالى بولغان بىرقانچە ئەھۋاللاردىن كەم دېگەندە بىرىنىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكى مۇئەييەنلەشتۈرۈلگەن ھۆكۈم.

**ئېھتىمالى بار** مۇمكىن، مۇمكىنچىلىكى بار: ئۇنىڭغا ئالدىن تاقابىل تۇرمىسا، زەھەر چېچەپ ھاتەمنى ھالاك قىلىش ئېھتىمالى بار ئىدى. * ئەگەر جىددىي تۇتۇش قىلمىغاندا سېپسىپ كېتىش ئېھتىمالى بار ئىدى.

**ئېھتىماللاشماق** پ. مۆلچەرلەنمەك، پەرەز قىلىنماق: ئۇزاققا سوزۇلۇشى ئېھتىماللىشىپ بولغان ۋە پات-پات ئۆزگىرىپ تۇرىدىغان ئۇرۇش ۋەزىيىتىنى يېقىندىن بىۋاستە كونترول قىلىپ تۇرۇش ئۈچۈن، مىللىي ئارمىيە باتالىيون شتابى كونىشەھەردىن كۆچۈرۈپ كېلىندى.

**ئېھتىماللىق** ① «ئېھتىمال» سۆزى ① نىڭ ئابستراكت ئىسىم شەكلى. ② <مات> مەلۇم بىر ۋەقە (ھادىسە) ئوخشاش شارائىت ئاستىدا يۈز بېرىشى مۇمكىن ياكى يۈز بەرمەسلىكى مۇمكىن. يۈز بېرىش ئېھتىماللىقىنىڭ چوڭ-كىچىكلىك-نى ئىپادىلەيدىغان مىقدار ئادەتتە ئېھتىماللىق دېيىلىدۇ. مەسىلەن، ئادەتتى-كى ئەھۋالدا بىر تۇخۇمدىن چىققان چۈجىنىڭ ئەركەك ياكى چىشى بولۇش ئېھتىماللىقى بولىدۇ.

**ئېھتىماللىق ئەگرى سىزىقى** <مات> تەكشىلىكتىكى تىك بۇلۇڭلۇق كوئوردېنات سىستېمىسىدا تەڭلىمە $y=e^{-x^2}$ ئىپادىلىگەن ئەگرى سىزىق.

**ئېھتىماللىق نەزەرىيىسى** <مات> ماتېماتىكى-نىڭ بىر تارمىقى. سانلىق مىقدارلار نۇقتىسىدىن ھادىسىلەرنىڭ ئېھتىماللىق قانۇنىيىتىنى تەتقىق قىلىدۇ. ئۇ ھازىرقى زامان پەن-تېخنىكىسىدا كەڭ تۈردە قوللىنىلىدۇ.

**ئېھتىيات** ئى (ئە) يىراقنى كۆرۈپ، ئالدىنى ئېلىپ ئىش قىلىش؛ پەخەس: ئېھتىيات قىلماق. * كېۋىراخۇن ئىشلەك ئالدىغا كېلىپ ئېھتىيات بىلەن ئىشىكنى چەكتى.

**ئېھتىيات پۇلى** <مات> كارخانا، ئىدارە، كەسپىي ئورۇنلار ياكى باشقا ئىگىلىك تەشكىللىرى قاتارلىقلار ئىچكى قىسمىدىكى ھەرقايسى تارماق ياكى خىزمەت خادىم-

لىرىنىڭ پارچە-پۇرات چىقىم، ئۇششاق — چۈششەك سېتىۋېلىش ياكى كاماندىروپكا خىراجىتى قاتارلىقلارغا ئىشلىتىش ئۈچۈن بەرگەن زاپاس پۇل.

**ئېھتىيات قىلماق** پەخەس بولماق، دىققەت قىلماق: كېيىنچە مەنمۇ قىزنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاشتىن ۋە جامالىنى كۆرۈپ قېلىشتىن ئېھتىيات قىلىدىغان بولدۇم.

**ئېھتىيات ئېگىزلىكى** <سۇ> سۇ ئېگىز-لىكىنىڭ لازىملىقىغا يەنە ئېھتىيات ئۈچۈن قوشۇلغان قىسمى.

**ئېھتىيات ئىشىكى** تىياتىرخانا، كىنوخانا قاتارلىق ئاممىۋى سورۇنلارغا ئاممىنىڭ تېز كىرىپ چىقىشىغا ئاسان بولسۇن ئۈچۈن ئورنىتىلغان يان ئىشىك.

**ئېھتىياتەن** رەۋ (ئە) ئېھتىيات ئۈچۈن، ئېھتىيات قىلىپ: گەرچە زۆرۈر بولمىسىمۇ ئېھتىياتەن بىر ئىككى دوختۇر چاقىرماقچىمەن.

**ئېھتىياتچان** سۈپ. بىر ئىشقا ئېھتىيات بىلەن قارايدىغان، ئېھتىيات قىلىدىغان: ئېھتىياتچان ئادەم. // تېببىي خادىملار داۋالاش ئىشلىرىدا ئېھتىياتچان بولۇشى، ئاڭلىق ھالدا ئىلمىي ئۇسۇللارنى قوللىنىشى لازىم.

**ئېھتىياتچان بولماق** بىرەر ئىشقا ئېھتىيات بىلەن قارىماق، ئېھتىيات قىلماق: — قانداق گېپىڭىز بولسا ئوچۇق ئېيتىۋېرىڭ، — دېدى ئەكبەر تۇرسۇننىڭ مەقسىتىنى چۈشىنىپ، — سىز ئارتۇقچە ئېھتىياتچان بولۇپ كېتىپسىز.

**ئېھتىياتچانلىق** «ئېھتىياتچان» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: ئۇنىڭ ئېھتىياتچانلىقى ھەممە ئوقۇغۇچىلارغا نەمۇنە بولۇپ قالدى.

**ئېھتىياتسىز** رەۋ. ئېھتىيات قىلماي: ئېھتىياتسىز تۇرۇپ قېلىپتىمەن.

**ئېھتىياتسىزلىق** «ئېھتىياتسىز» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: مەن ئېھتىياتسىزلىقتىن ئۇلارنىڭ ئالدىغا بېرىپ قېلىپتىمەن. * تەخسىر، ئېھتىياتسىزلىقتىن سىياھدىنىڭىزنى سۇندۇرۇپ قويدۇم.

**ئېھتىياتلىق** «ئېھتىيات» سۆزىنىڭ ئابست-راكت ئىسىم شەكلى: ئۇ خېلى ئېھتىياتلىق بىلەن قولياغلىقنى يانچۇقىدىن چىقاردى-دە، پېشانىسىنى سۈرتتى. * ئۇ ئۇ ياق-بۇ ياققا قاراپ، ئېھتىياتلىق بىلەن شورىدىن باغقا چۈشۈپتۇ.

**ئېھتىياج** ئى (ئە) بىرەر نەرسىگە بولغان تەلەپ، ھاجەت، زۆرۈرىيەت، موھتاج-لىق: بۇ جەمئىيەتنىڭ ئېھتىياجى. * بىزنىڭ سۇغا بولغان ئېھتىياجىمىز كۈندىن — كۈنگە ئاشماقتا.

**ئېھتىياجى چۈشمەك** ھاجىتى چۈشمەك، ياردىمىنى تەلەپ قىلماق: بىزنىڭ سىلىگە ئېھتىياجىمىز چۈشۈپ قالدى. * بىرەر ئىشقا ئېھتىياجى چۈشكەن كىشىلەر بەش سوم تۇرماق ئون سومغىمۇ تەييار.

**ئېھتىياجىدىن چىقماق** تەلىپىنى قاندۇر-ماق: ياخشى كۆرگەن ئادىمىنىڭ ئېھتىياجىدىن چىقىش كىشىگە قانچىلىك شادلىق بېغىشلايدۇ-ھە؟

**ئېھتىياجسىز** سۈپ. ئېھتىياجى يوق، كېرىكى يوق: ئېھتىياجسىز مال. * ياق، بىزدە خادىملار تولۇق ئېھتىياجسىز ئادەملەرنى ئالمايمىز.

**ئېھتىياجسىز مۇقىم مۈلۈك** <س ئىق> ئۆز ئورنىغا ئەمدى ئېھتىياجسىز بولغانلىقى-تىن بىر تەرەپ قىلىنىۋەتمەكچى بولۇۋاتقان مۇقىم مۈلۈك كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

**ئېھتىياجلىق** سۈپ. لازىملىق، لازىم بولىدى-غان: ئېھتىياجلىق ماللار. // بۇ ماللار بىزگە بەك ئېھتىياجلىق بولۇۋاتىدۇ.

**ئېھتىياجلىق ئېلېمېنتلار** <بوت>

ئۆسۈملۈكلەرنىڭ نورمال ئۆسۈشى ۋە يېتىلىشى ئۈچۈن كەم بولسا بولمايدىغان، شۇنداقلا ئورنىنى ھېچقانداق ئېلېمېنتلار باسالمايدىغان ئېلېمېنتلار. نۆۋەتتە پەقەت كاربون، ھىدروگېن، ئوكسىگېن، ئازوت، گۈڭگۈرت، فوسفور، كالىي، كالتسىي، ماگنىي، تۆمۈر، بور، مىس، سىنك، مانگان، مولىبدېن، خلور قاتارلىق 16 خىل ئېلېمېنت ئېھتىياجلىق ئېلېمېنتلار دەپ ئاتىلىدۇ.

**ئېهرام** ئى (ئە) <دىن> ① پىرامىدا. ② ھەجگە، بېرىشتىن بۇرۇن مەلۇم ۋاقىت ئەتىر سېپىش، چاچ-ساقاللىرىنى ئېلىش قاتارلىقلارغا ئوخشاش ئىشلاردىن ۋاز كېچىش ۋە مىسىر، ئىراق قاتارلىق مۇسۇلمان دۆلەتلىرى چېگرىلىرىغا يەتكەندىن كېيىن ئاق كىيىمگە، تىكىلمىگەن ئاق ماتاغا ئورىلىش. ③ شۇنداق ئاق ماتانىڭ ئۆزى.

**ئېهسان** ئى (ئە) بىراۋغا قىلغان ياخشىلىق، خەيرلىك ئىش، ھەدىيە: ئۇ ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە يېتىم-يېسىرلارغا ئىنئام ۋە ئېهسانلار قىلىپ ئالەمدىن ئۆتتى.

**ئېئون** ئى (ر<گرېك) <كېئول> جاھان، ئالەم.

**ئېۋالد** ئى (ر<گرېك) <فىز> ← **ئېۋالد سفېراسى.**

**ئېۋالد سفېراسى** <فىز> كرىستالدىن ئېلاستىك چېچىلغان X نۇر دەستىلىرىنىڭ يۆنىلىشىنى ئانالىز قىلىدىغان گرافىكا ئۇسۇلىدىن چىقىرىلغان سفېرىك يۈز.

**ئېۋەن** ئى ① كەم جاي، كەمچىلىك؛ نۇقسان؛ ئەيىب: ئېۋەن قويماق. ئېۋەن تاپماق. * چىرايلىقنىڭمۇ بىر يېرىدە ئېۋىنى بولىدۇ. ② <ماشىن> دېتاللارنىڭ بەلگىلىمىدىن ئېشىپ كەتكەن ياكى بەلگىلىمىگە توغرا كەلمەيدىغان يېتەرسىز تەرىپى، قىسمى: ئېۋەن پىچىقى.

**ئېۋەن پىچىقى** <ماشىن> بىر خىل ھۆنەرۋەنچىلىك ئەسۋابى. يىپ شەكىللىك بولۇپ، توغرا كەسمىسى ياپىلاق، يېرىم شار ۋە ئۈچ بۇرجەك شەكىللەردە بولىدۇ. ئاساسەن دېتاللار يۈزىدىكى ئېۋەننى ئېلىۋېتىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن دېتاللار يۈزىنىڭ زىللىق ۋە پارقىراقلىق دەرىجىسىنى ئاشۇرغىلى بولىدۇ.

**ئېۋەن تاپماق** ئەيىب، نۇقسان تاپماق؛ قۇسۇر چىقارماق: ئۇ بوگۈن شۇنداق ئوخشىتىپ سەي تەييارلىدىكى، ھەممە نەرسىدىن ئېۋەن تېپىپ تۇرىدىغان ئېرىمۇ «ۋاھ، قالتىسقۇ» دەپ كەتتى.

**ئېۋەن قويماق** ← **ئېۋەن تاپماق:** قىرىشقاندەك ئادەملەر كىشىنىڭ ساقال-بۇرۇت، كىيىم-كېچەكلىرىگە سەپسېلىپ ئېۋەن قويۇپ يۈرۈشىدۇ.

**ئېۋەنسىز** سۈپ. ئېۋىنى يوق، ئەيىبسىز: ئۇ ئاياغنى قېلىپتىن چىقىرىپ ئىش تاختىسى ئۈستىگە قويۇپ، سىنچىلاپ قارىدى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىكى ئېۋەنسىز توپلىيى پارقىراپ تۇراتتى.

**ئېۋەنلىك** سۈپ. ئېۋىنى بار، ئەيىب-نۇقسانلىق.

**ئېۋەنلىمەك** پ <ماشىن> ئېۋەن پىچىقى ئارقىلىق دېتاللار يۈزىدىكى ئېۋەننى ئېلىۋەتمەك.

**ئېۋفوربىيە** ئى (ر<لات) <بوت> ← **ئېۋفوربىيە چاتقىلى.**

**ئېۋفوربىيە چاتقىلى** <بوت> سۈتلۈكئوت ئائىلىسىدىكى يوپۇرماق تاشلايدىغان

چاتقال. يوپۇرمىقى تۇخۇمسىمان سوقىچاق ياكى تۆمۈنە شەكىللىك، تۆۋەن قىسمىدىكى يوپۇرماقلىرى يېشىل، گۈل رېتىنىڭ ئاستى تەرىپىدىكى يوپۇرماقلىرىنىڭ رەڭگى توق قىزىل (بەزى ئۆزگەرگەن سورتلىرىنىڭ سۇس قىزىل)، گۈل رېتى ئەڭ ئۇچىدا ئۆسىدۇ. ئەسلىي ماكانى ئوتتۇرا ئامېرىكا، هازىر مەملىكىتىمىزنىڭ هەممە يېرىدە مەنزىرە ئۆسۈملۈكى قىلىپ ئۆستۈرۈلمەكتە.

**ئېۋفمىزم** ئى (ر<لات) <ئەد> توغرىدىن-توغرا ئېيتىشقا بولمايدىغان ياكى بىۋاستە ئېيتىش بىئەپ، قولايسىز بولغان سۆزلەرنى سىلىقلاشتۇرۇپ ئېيتىش ياكى دېمەكچى بولغان سۆزنى ئەينەن ئېيتماي، شۇ سۆزگە مۇناسىۋەتلىك بولغان ئىش-هەرىكەتلەرنى ئېيتىش ئارقىلىق دېمەكچى بولغان مەقسەتنى ئىپادىلەش. مەسىلەن، «تۇغماق» سۆزى ئورنىغا «يەڭگىمەك»، «كۆزى يورۇماق» دېگەندەك سۆزلەرنى، «ئۆلمەك» سۆزى ئورنىغا «ۋاپات بولماق، ئالەمدىن ئۆتمەك، تۈگەپ كەتمەك...» دېگەندەك سۆزلەرنى ئىشلەتكەنگە ئوخشاش.

**ئېۋكالىپت** ئى (ر<گرېك) <بوت> ← **ئېۋكالىپت دەرىخى.**

**ئېۋكالىپت دەرىخى** <بوت> مىرتا ئائىلىسىدىكى دائىم يېشىل تۇرىدىغان دەرەخ. غولى ئېگىز هەم تۈز كېلىدۇ. ئەسلىي ماكانى ئاۋستراليە بولۇپ، مەملىكىتىمىزنىڭ جەنۇبىدىمۇ ئۆستۈرۈلىدۇ. شاخ يوپۇرماقلىرىدىن ئېۋكالىپت مېيى ئېلىشقا، قوۋزىقىدىن زاك ماتېرىيالى ئېلىشقا، ياغىچىنى قۇرۇلۇشقا ئىشلىتىشكە بولىدۇ.

**ئېۋكلىد** ئى <مات> تەخمىنەن مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 330 — 275-يىللىرى قەدىمكى گرېتسىيىدە ياشىغان ماتېماتىكا ئالىمى.

**ئېۋكلىد بوشلۇقى** <مات> چەكلىك ئۆلچەملىك بوشلۇقتىكى ئىككى نۇقتا ئارىسىدىكى ئارىلىق تۈز سىزىق بويىچە ئۆلچەنسە، بۇ بوشلۇق «ئېۋكلىد بوشلۇقى» دەپ ئاتىلىدۇ.

**ئېۋكلىد گېئومېترىيىسى** <مات> گېئومېترىيىنىڭ بىر تارمىقى. مىلادىيىدىن تەخمىنەن 300 يىل ئىلگىرى گرېك ماتېماتىكى ئېۋكلىد كىشلەر تەرىپىدىن ئورتاق ئېتراپ قىلىنغان هەقىقەتلەرنى ئېنىقلىما ۋە ئاكسىئوما قىلغان هەمدە بۇ ئېنىقلىما ۋە ئاكسىئوملاردىن پايدىلىنىپ شەكىللەرنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىنى تەتقىق قىلغان. بۇنىڭ بىلەن ئېۋكلىد گېئومېترىيىسى شەكىللەنگەن.

**ئېۋكومىيە** ئى (ر<لات) <بوت> ← **ئېۋكومىيە دەرىخى.**

**ئېۋكومىيە دەرىخى** <بوت> ئېۋكومىيە ئائىلىسىدىكى يوپۇرماق تاشلايدىغان دەرەخ. يوپۇرمىقى ئۇزۇن، ئېللىپس شەكىللىك، گۈلى ئاقۇچ يېشىل كېلىدۇ. قوۋزاق ۋە يوپۇرمىقىدىن ئېۋكالىپت يېلىمى ئالغىلى ۋە دورىغا ئىشلەتكىلى بولىدۇ.

**ئېۋكومىيە قوۋزىقى** <بوت> ئېۋكومىيە دەرىخىنىڭ قوۋزىقى. ئۇنىڭدىن ئىزولياتورلۇق (توك ئۆتكۈزمەيدىغان) خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولغان ئېۋكومىيە يېلىمى ئاجرىتىپ ئېلىنىپ، ئېلېكتر سىملىرىنىڭ سىرتقى پوستى ئىشلىنىدۇ. ئۇ يەنە دورىلىق خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولۇپ،

بەدەننى قوۋۋەتلەندۈرۈش، نېرۋىنى تىنچلاندۇرۇش ئۈچۈنمۇ ئىشلەتكىلى بولىدۇ.

**ئېۋگلېنا** ئى (ر<لات) <زوئول> تۇختام سۇلاردا ياشايدىغان بىر ھۈجەيرىلىك ھايۋان. تېنى يېشىل، ئۇرچۇقسىمان، تېنىدە خلوروفىل ماددىسى بار. فوتو- سىنتېز رولىغا ئىگە. ئالدى قىسمىدا قىزغۇچ كۆز توچكىسى ۋە بىر تال ئىنچىكە ھەم ئۇزۇن كەلگەن قامچا تۈكى بولۇپ، ھەرىكەت ئورگىنى ھېسابلىنىدۇ.

**ئېۋگېنىكا** ئى (ر<لات) <بىئول> ئەۋلادنىڭ ئىرسىيەتلىك خۇسۇسىيىتىگە تەسىر قىلىدىغان ھەر خىل ئۇسۇللارنى تەتقىق قىلىدىغان پەن.

**ئېۋودىيە** ئى (ر<لات) <بوت> ← **ئېۋودىيە دەرىخى.**

**ئېۋودىيە دەرىخى** <بوت> سوزاپ ئائىلىسىدىكى يوپۇرماق تاشلايدىغان دەرەخ. يوپۇرمىقى پەيسىمان مۇرەككەپ يوپۇرماق، كىچىك يوپۇرماقلىرى تۇخۇم ياكى ئېللىپس شەكىللىك بولۇپ، ئۇدۇل ئۆسىدۇ. گۈلى سارغۇچ يېشىل، كۈنلۈكسى- مان گۈل رېتىدە مېۋىسى قۇرۇق مېۋە بولۇپ، كىچىك ھەم قىزىل كېلىدۇ ۋە دورا قىلىنىدۇ. قورساق ئاغرىقى، ئىچ سۈرۈش، ھەزىم قىلىشنىڭ ناچارلىقى قاتارلىقلارنى داۋالاش ئۈنۈمى يۇقىرى.

**ئېۋولىيۇتسىيە** ئى (ر<لات) <بىئول> ① شەيئىلەرنىڭ ئاددىيلىقتىن مۇرەك- كەپلىككە، تۆۋەن دەرىجىلىكتىن يۇقىرى دەرىجىلىككە قاراپ تەدرىجىي تەرەققىي قىلىش جەريانى. ② جانلىقلارنىڭ تەدرىجىي تەرەققىياتى توغرىسىدىكى نەزەرىيە. ئاساس سالغۇچى كىشى ئەنگلىيىلىك بىئولوگىيە ئالىمى داروېن. ھازىرقى زامان بىئولوگىيە ئىلمى يەنە خىلمۇخىل دەلىل-ئىسپاتلارنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئاساسلىق كۆز قارىشى: «ئەڭ دەسلەپكى جانلىقلار جانسىزلاردىن تەرەققىي قىلىپ كەلگەن. ھەر خىل جانلىقلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئەجدادى بىر، جانلىقلار تەدرىجىي تەرەققىيات جەريانىدا ئۆزگىرىش، ئىرسىيەت ۋە تەبىئىي تاللىنىش ئارقىلىق تۆۋەن دەرىجىلىكتىن يۇقىرى دەرىجىلىككە، ئاددىيلىقتىن مۇرەككەپلىككە، تۈرلىرى ئاز بولۇشتىن كۆپ بولۇشقا قاراپ تەدرىجىي تەرەققىي قىلغان» دېگەن- دىن ئىبارەت.

**ئېۋېنكى** ئى <ئىرق> مۇشۇ نام بىلەن ئاتالغان مىللەت ۋە بۇ مىللەتكە مەنسۇپ كىشى.

**ئېۋېنكى تىلى** <تىل> ئېۋېنكېلار ئىشلىتىدىغان تىل. بۇ تىل ئالتاي تىللىرى سىستېمىسى تۇڭغۇس-مانجۇ تىللىرى تۈركۈمىنىڭ تۇڭغۇس تىللىرى تارمىقىغا كىرىدۇ. مەملىكىتىمىزدە ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونىنىڭ خۇلۇنبۇيىرمىڭ ۋە خېيلۇڭجياڭ ئۆلكىسىنىڭ نېخې ناھىيىلىرىگە ئولتۇراقلاشقان ئېۋېنكېلار ئارىسىدا قوللىنىلىدۇ.

**ئېۋېنكېچە** ① سۈپ. ئېۋېنكېلارنىڭ تىلى، ئەدەبىياتى ۋە مەدەنىيىتىگە ئائىت: ئېۋېنكېچە ئۇسسۇل. ئېۋېنكېچە ئادەت. ئېۋېنكېچە كىيىم. ② ئى. ئېۋېنكى تىلى: ئۇ ئېۋېنكېچىنى ياخشى بىلىدۇ. ③ رەۋ. ئېۋېنكى تىلىنى ئىشلىتىپ، ئېۋېنكى تىلىدا: ئۇلار ئېۋېنكېچە سۆزلىشىپ كەتتى.

**ئېۋېنكېلار** ئى <ئىرق> ئېۋېنكى مىللىتى، ئېۋېنكى خەلقى. ئۇلار ئاساسەن

مەملىكىتىمىزنىڭ ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونىنىڭ خۇلۇنبۇيرمىڭ ناھىيىسى ۋە خېيلوڭجياڭ ئۆلكىسىنىڭ نېخې ناھىيىسىگە تۇپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان.

**ئېيتايلۇق** تىر. مەسىلەن، مىسالەن: ئەگەر باشقىچە بىر شارائىتتا بولۇپ قالغان بولسام، ئېيتايلۇق، سېنىڭ ئورنۇڭدا بولۇپ قالىدىغان بولسام، مەن بۇنچىلىك ئازاب-ئوقۇبەتلەرنى تارتمايتتىم.

**ئېيتقاندەك** تىر. كۆڭۈلدە كەچكەندەك، ئويلىغاندەك، دەرۋەقە، دېگەندەك: ئېيتقاندەك، پۈتۈن داداۋىنىڭ ئىشى سابىرغا بەش بارماقتەك ئايدىڭ ئىدى. * ئېيتقاندەك، ئۇزۇن ئۆتمەي تۆمۈر قەپەسنىڭ ئىشىكى گۈلدۈرلەپ ئۆرۈلۈپ چۈشتى.

**ئېيتقۇزماق** «ئېيتماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: بۇغداي نېنى ياخشى، ئېيتقۇزىدۇ ناخشى (ماقال). * سەن قاچان بولمىسۇن ئېيتىشقا مەجبۇر، سېنى ئېيتقۇزىدىغان ئادەم چىقىدۇ، بوۋاي ئېيتقۇزىدۇ.

**ئېيتقۇسىز** سۈپ. دەپ تۈگەتكىلى بولمايدىغان، ھەددىدىن تاشقىرى: ئۇلار تۈنۈگۈنكى ئەھۋالنى ئۇققاندىن كېيىن، ئېيتقۇسىز خۇشاللىقتا چۆمگەنىدى. * شوپۇرنىڭ قەلبىنى ئېيتقۇسىز ئەندىشە ئورىۋالغانىدى.

**ئېيتماق** پ ① ئوي — پىكرىنى، مەقسىتىنى ئاغزاكى بايان قىلماق، گەپ قىلماق، دېمەك: ئاشىق ئايالغا ئۆزىنىڭ كەلگەن يېرىنى ۋە كېلىشتىكى مەقسىتىنى ئېيتىپ بېرىپتۇ. * مەتنىياز كىشىلەرنىڭ ئالدىدا ئۆزىنىڭ بىپەرۋالىقىنى ۋە مىس-مىسلىقىنى قىزىقچىلىق قىلىپ ئېيتىۋەرەتتى. * داپنى مەن چالغان بىلەن، ناخشىنى ئېيتالمىدىم. ئىچىمدە دەردىم تولا، يار ساڭا ئېيتالمىدىم. ② تەلەپپۇز قىلماق: بىرەر تىلنى يېڭى ئۆگەنگەندە ئۇنىڭ سۆزلىرىنى توغرا ئېيتىش كېرەك. ③ تەكلىپ قىلماق، چاقىرماق: تويغا ئېيتماق. چايغا ئېيتماق. نەزىرگە ئېيتماق. ④ بەزى ئىسىملار بىلەن كېلىپ ئۇنى پېئىللاشتۇرۇپ «يوللىماق، يەتكۈزمەك» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ: سالام ئېيتماق. ئۆزرە ئېيتماق. گەپ ئېيتماق.

**ئېيتقىنىڭ كەلسۇن** «دېگىنىڭدەك بولسۇن» دېگەن مەنىدىكى تىلەكنى بىلدۈرىدىغان ئىبارە: – ئىلاھىم، ئېيتقانلىرى كەلسۇن، – دېدى شامەخسۇت.

**ئېيتىشماق** ① «ئېيتماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ھەركىم ئۆزىنىڭ ئويلىغانلىرىنى ئېيتىشتى. * ئۇلار قورام تاشلار تۆپىسىدە ئولتۇرۇپ قەھرى بىلەن ئېقىۋاتقان دەرياغا قاراپ موڭلۇق ناخشىلارنى ئېيتىشتى. ② سەن-پەن دېيىشمەك، تاكاللاشماق، زىتلاشماق قېرىشماق: ئۇ بىرھازا ئېيتىشىپ ئاران قۇتۇلۇپ چىقىپ كەتتى. * كىچىك بالا بولغاندىن كېيىن چوڭلار بىلەن ئېيتىشما. * سەن مەن بىلەن نېمانچە ئېيتىشىسەن؟

**ئېيتىشىش** ئى ① «ئېيتىشماق» پېئىلىنىڭ يەنە بىر خىل ئىسىمدىشى. ② <ئەد> ئىككى ئادەم ياكى ئىككى گۇرۇپپىنىڭ ناخشىچىلىرى ناخشا ئېيتىشتا بەسلىشىپ قارشى تەرەپنىڭ ناخشىسىغا ناخشا بىلەن جاۋاب قايتۇرىدىغان خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ بىر خىل شەكلى. ③ ئىككى ئادەم ياكى ئىككى گۇرۇپپا ناخشىچىلار بىر-بىرىگە جاۋاب قايتۇرۇش شەكلىدە ئورۇنلىنىدىغان ناخشا.

**ئېيتىلماق** «ئېيتماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: تولىمۇ ياڭراق ۋە ھېسسىياتلىق ئېيتىلغان بۇ ناخشا ھەرقانداق ئادەمگە كۈچلۈك تەسىر قىلاتتى.

**ئېيلېر** ئى <فىز> مىلادىيە 1707 — 1783-يىللىرى ياشىغان شۋېتسارىيىلىك

ماتېماتىكا، مېخانىكا، ئاسترونومىيە ھەم فىزىكا ئالىمى.

**ئېلېر بۇلۇڭى** <فىز> نۇقتىنى ئوراپ ئايلىنىدىغان ئىدېئال قاتتىق جىسىمنىڭ ئازىموتىنى ئىپادىلەشتە قوللىنىدىغان، مۇستەقىل ئۆزگىرىدىغان ئۈچ دانە بۇلۇڭ.

**ئېينشتېين** ئى <فىز> مىلادىيە 1879 — 1955 يىللاردا ياشىغان فىزىكا ئالىمى، گېرمانىيىدە تۇغۇلغان. 1940-يىلى ئامېرىكا تەۋەلىكىگە ئۆتكەن.

**ئېينېشتېين كوئېففىتسېنتى** <فىز> ئېلېكترونلارنىڭ رادىئاتسىيە مەيدانىنىڭ تەسىرىدىكى قوزغىلىش جەريانىنى ۋە قوزغالغاندىن كېيىنكى مەجبۇرىي تارقىلىش جەريانى بىلەن ئۆزلۈكىدىن تارقىلىش جەريانىنى تەسۋىرلەپ بېرىدىغان كوئېففىتسېنت. بۇنى ئېينشتېين 1917-يىلى ئوتتۇرىغا قويغان.

**ئېينشتېين مۇناسىۋىتى** <فىز> بېرىم ئۆتكۈزگۈچلەردىكى زەرەت توشۇغۇچىلار-نىڭ قانۇنىيەتلىك ھەرىكىتى بولغان دىففۇزىيە ۋە درېيفتىن ئىبارەت ئىككى خىل ھەرىكەت شەكلىنىڭ ئىچكى باغلىنىشى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

**ئېينشتېين نىسبىيلىك پرىنسىپى** <فىز> تەبىئىي قانۇنلارنىڭ ھەر خىل پايدىلى-نىش سىستېمىلىرىدىكى شەكىللىرىنىڭ ئوخشاش بولۇش پرىنسىپى.

**ئېينشتېينىي** ئى (ر<لات) <خىم> مېتال ئېلېمېنت. بەلگىسى ( Es ( einsteinium. كېلىي يادروسى ئارقىلىق ئۇران قاتار-لىقلارنى بومباردىمان قىلىپ ئېلىنىدۇ. رادىئوئاكتىپلىق خۇسۇسىيىتى ئىگە.

**ئېيوتۋېيۇس** ئى <فىز> مىلادىيە 1848 — 1919-يىللاردا ياشىغان ۋېنگرىيىلىك فىزىكا ئالىمى.

**ئېيوتۋېيۇس تەجرىبىسى** <فىز> ئىنېرتسىيىلىك ماسسىنىڭ تارتىشىش كۈچى ماسسىسىغا ئوق تاناسىپ بولى-دىغانلىقىنى ئۆلچەش تەجرىبىسى. ۋېنگرى-يىلىك فىزىكا ئالىمى ئېيوتۋېيۇس مىلادىيە 1908-يىلى ئىشلىگەچكە، شۇنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان.

**ئېيىق** ئى <زوئول> سۈت ئەمگۈچى ھايۋان. بېشى چوڭ، قۇيرۇقى قىسقا، تۆت ئايىغى توم ھەم قىسقا، پۇت ئالقىنى ئىنتايىن چوڭ كېلىدۇ. بارماقلىرى ئۈچىدا ئىلمەك-لىك تىرناقلىرى بولىدۇ. دەرەخقە چىقالاي-دۇ. ئاساسەن ھايۋانلار بىلەن ئوزۇق-لىنىدۇ، مېۋە-چېۋىلەرنىمۇ يەيدۇ. تۈرلىرى كۆپ بولۇپ، قوڭۇر ئېيىق، ئاق ئېيىق، قارا ئېيىق قاتارلىق تۈرلىرى كۆپ ئۇچرايدۇ.

**ئېيىق ئائىلىسى** <زوئول> كۈچلۈك ۋە زور ھەمدە پۇت پەنجىسى بىلەن ماڭىدىغان گۆشخور ھايۋانلارنىڭ بىر ئائىلىسى. ئۇ ئېيىقنىڭ ھەر خىل تۈرلىرى-نى ئۆز ئىچىگە ئېلىشتىن سىرت، يەنە نەسلى يوقالغان ئالاقىدار تۈرلەرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

**ئېيىق قىزىل ئۈزۈمى** <بوت> كاككۇك-گۈل ئائىلىسىدىكى دائىم يېشىل تۇرىدىغان چاتقال. يوپۇرمىقى تۇخۇم شەكىللىك، يۈزى سىلىق، گۈلى ئاق ياكى شاپتۇل چېچىكى رەڭدە. گۈل تاجى قوڭغۇراقسى-مان. مېۋىسى شىرنىلىك مېۋە، رەڭگى قىزىل، تەمى چۈچۈمەل، ئىستېمال قىلىشقا بولىدۇ. يوپۇرمىقى دورا قىلىنىدۇ. سۈيدۈك-يولىنى دېزىنفېكسىيە قىلىش رولى بار.

ئۇنى يەنە دەملەپ ئىچىشكىمۇ بولىدۇ. ئالتاي تاغلىرىدىن چىقىدۇ.

**ئېيىقتاپان** ئى (ئېيىق+تاپان) <بوت> ئېيىقتاپان ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. غول يوپۇرماقلىرىدا يۇمشاق تۈكلىرى بولىدۇ. ئۇ ئاددىي يوپۇرماقلىق بولۇپ، ئالمىشىپ يېرىلىدۇ. گۈلى سېرىق، پارقىراق، مېۋە باشقى شارسىمان. ئۆسۈملۈك تۈپى زەھەرلىك، دورا قىلىشقا بولىدۇ.

**ئېيىقتاپان ئائىلىسى** <بوت> قوش پەللىك ئۆسۈملۈكلەرنىڭ بىر ئائىلىسى. بۇ ئائىلىدىكى ئۆسۈملۈكلەرنىڭ كۆپچىلىكى بىر يىللىق ياكى كۆپ يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك، يەنە بەزىلىرى ياغاچ غوللۇق يەر بېغىرلىغۇچى ياكى تۈز ئۆسىدىغان چاتقال تىپىدىكى ئۆسۈملۈكلەردۇر. بۇ ئۆسۈملۈكلەرنىڭ يوپۇرماقلىرى تۈۋىدىن ياكى غولى ئۇچىدىن نۆۋەتلىشىپ ئۆسىدۇ، بەزىدە ئۇدۇلمۇ ئۆسىدۇ. بۇ يوپۇرماقلار تاق ياكى مۇرەككەپ يوپۇرماق بولۇپ تولۇق گىرۋەكلىك، كەم-كۇتا ياكى يېرىلغان بولىدۇ. گۈلى ئادەتتە ئىككى جىنسلىق كېلىدۇ. ئۇرۇق، شىرنىلىك ياكى غوزىلىق مېۋە تۇتىدۇ. تەخمىنەن 40 تىن ئارتۇق ئۇرۇقداش، 1500 دىن ئارتۇق تۈرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئاساسەن شىمالىي مۆتىدىل بەلباغدىن چىقىدۇ. ئېلىمىزدە تەخمىنەن 40 ئۇرۇقدىشى، 600 گە يېقىن تۈرى بار. بۇ ئائىلىدىكى ئۆسۈملۈكلەر ئاساسەن مەنزىرە ۋە دورا ئۈچۈن ئۆستۈرۈلىدۇ.

**ئېيىقتاپانلىقلار** ئى <بوت> ← **ئېيىقتاپان ئائىلىسى.**

**ئېيىقسىمان** سۈپ. ئېيىققا ئوخشاش، ئېيىق شەكلىدىكى: ئېيىقسىمان بۆلغۈن.

**ئېيىقسىمان بۆلغۈن** <زوئول> سۈت ئەمگۈچى هايۋان. تېنى ۋە تۆت پۇتى قىسقا، توم بولۇپ، ئېيىققا ئوخشايدۇ، قۇيرۇقى ئۇزۇن، قۇيرۇق تۈكلىرى شالاڭ، پۈتۈن تېنى قارا قوڭۇر كېلىدۇ. سوغۇق بەلباغدا ياشايدۇ. دەرەخقە چىقالايدۇ، سۇدىمۇ ئۈزەلەيدۇ. ۋەهشىي ۋە كۈچلۈك كېلىدۇ. توشقان، بۇغا، تىيىن قاتارلىقلارنى تۇتۇپ يەيدۇ.

**ئېيىقئۈزۈمى** ئى (ئېيىق+ئۈزۈم+ى) ① كاككۇكگۈل ئائىلىسىدىكى دائىم يېشىل تۇرىدىغان چاتقال ياكى كىچىك دەرەخ. يوپۇرمىقى تۇخۇم ياكى ئېللىپس شەكلىدە بولۇپ، نۆۋەتلىشىپ ئۆسىدۇ. گۈلى ئومۇم گۈل رېتىدە، گۈل تاجى ئاق، كانايسىمان. مېۋىسى قارامتۇل سۆسۈن، تاتلىق، يېيىشكە بولىدۇ. ② شۇ خىل ئۆسۈملۈكنىڭ مېۋىسى.

**ئېيىل** ئى. ئېگەرنى تۇتۇپ تۇرۇش ئۈچۈن، ئۇلاغنىڭ ئالدى ئىككى پۇتىنىڭ ئارقىسىدىن يەنى ئارقا تۆشتىن تارتىلىدىغان باغ.

**ئېيىل تاسمىسى** ئېيىلنىڭ ئۇچىغا بېكىتىلىدىغان ئىنچىكە تاسما.

# ئى

**ئى** I ① ئۇيغۇر ئېلىپبەسىنىڭ ئوتتۇز بىرىنچى ھەرپى. ② شۇ ھەرپىنىڭ نامى. ③ رەت تەرتىپى جەھەتتە ئوتتۇز بىرىنچىنى كۆرسىتىدۇ.

«ئى» ھۆكۈم <لوگ> ھۆكۈملەنگۈچى-سى بىلەن ھۆكۈملىگۈچىسىنىڭ ھەر ئىككىسىلا قىسمەن ھەجىملىك بولغان ھۆكۈم.

**ئى** II ئىم «ھەي» سۆزىنىڭ سىلىق-لاشتۇرۇلۇپ ھۆرمەت مەنىسىدە ئېيتىلىشى. قارشى تەرەپكە قارىتا چاقىرىق قىلىش، ئۈندەش ئۈچۈن قوللىنىلىدۇ: بۇنىڭغا چىدىمىغان بىر ۋەزىر بىركۈنى پادىشاھقا: — ئى جاھاننىڭ ئاپتىپى، ئۇلۇغ شاھىم! ھېلىقى دانىشمەننىڭ جانابلىرىنى كۆزگە ئىلماي قىلىۋاتقان ئەدەبسىزلىكلىرىگە چىداپ تۇرالمىدىم، — دەپتۇ. * چوڭ خوتۇن پادىشاھنىڭ ئالدىغا مۈشۈك بالىسىنى ئاچىقىپ كۆرسىتىپ: — ئى پادىشاھى ئالەم، بۇ قېتىم كىچىك خوتۇنلىرى مۈشۈك تۇغدى. يۇرت ئىچىدە يۈزىمىزنى يەر قىلىۋەتتى، بۇ نېمىدې-گەن رەسۋاچىلىق، — دەپ يالغاندىن يىغلاپ ئوردىنى بېشىغا كىيىپتۇ.

**ئىئانە** ئى (ئە) ① بىرەر ئىش ياكى پائالىيەت ئۈچۈن بېرىلگەن ماددىي ياردەم: ئىئانە بەرمەك. ئىئانە قىلماق. * ئېھتىياتچان بولۇڭلار ھەممە ئىشتا، پەم بولمىسا بولمايدۇ ھەم چېلىشتا، -دېدى بەگ: — مىڭ رەھمەت ئامبال سىزگە، كۆپ ئىئانە بەردىڭىز ئىككىمىزگە. ② ياردەم قىلىش، قوللاش مەقسىتىدە يىغىدىغان پۇل: ئۇ ئۇرۇمچىدە يۈز بېرىۋاتقان تراگېدىيىلەرنى كۆرۈپ، بۇ بەختسىزلەرگە ئىچى ئاغرىدى-دە، ئىئانىگە كىرىشتى.

**ئىئانە قىلماق** ئۆز ئىختىيارى بىلەن ياردەم قىلىش مەقسىتىدە پۇل ياكى نەرسىنى ئاتاپ بەرمەك: ئۇلار سۇ ئاپىتىگە ئۇچرىغان كىشىلەرگە پۇل ئىئانە قىلدى. * خەزىنىچى تېكىن ئاغىچا ئۇنى قوللىدى. مەدرىسە پۇلىنى «دىنغا سادىق» بايلار ئىئانە قىلدى. * ئۇ يىغىندا ھەركىم جەزمەن بىرنېمە ئىئانە قىلىش، يىغىلغان نەرسىنى ھۆكۈمەتكە يەتكۈزۈش بۇيرۇلغان.

**ئىبادەت** ئى (ئە) ① تەڭرىگە ئىتائەت

يۈز بەرگەن قىلىنىدىغان دىنىي مەجبۇرىيەت؛ مۇراسىم، ناماز: ئىبادەت قىلماق. * ياشلىقتىكى ئىبادەت تاشقا مۆھۈر باسقاندەك، قېرىغاندا قىلغان ئىبادەت قۇمغا مۆھۈر باسقاندەك (ماقال). * ئىنساننىڭ تېنى ساغلام بولمىسا، دىنىنىڭ ئىبادەتلىرىنىمۇ قىلىشقا قادىر بولالمايدۇ. ② ئاياللارنىڭ ئىسمى.

**ئىبادەت قىلماق** تەڭرىگە ئىتائەت قىلىش، تەڭرىنىڭ ئەمرىنى ئورۇنداش يۈزىسىدىن قىلىنىدىغان دىنىي مەجبۇرىيەتنى ئورۇندىماق؛ تەڭرىگە سېغىنىپ ناماز ئوقۇماق: مەن خۇپتەن نامىزىدىن كېيىن، – دېدى قۇربان ئاقساقال ئېلىقۇلغا جاۋاب بېرىپ، – جايناماز ئۈستىدە ئىبادەت قىلىپ بىردەم ئولتۇرۇپ قېلىپتىمەن.

**ئىبادەتگاھ** ئى (ئە+پ) ئىبادەت قىلىدىغان جاي، ئىبادەت قىلىدىغان ئۆي: ئىبراھىمنىڭ كىچىك خانىسى ھەم ئىبادەتگاھ ئىدى.

**ئىبادەتخانا** ئى (ئە+پ) <دىن> ھەرقايسى دىندىكى دىنىي مۇرىتلارنىڭ ئۆز تەڭرىسىگە سېغىنىپ دۇئا-تىلاۋەت، تۇۋا-ئىستىغپار ئېيتىدىغان جايى؛ ئىبادەتگاھ: «قىزىم، مەن بىر ئىبادەتخانا بىنا قىلغانمەن، مېنىڭ بىر خوتۇنۇم ۋە بىر قىزىم بار، سېنى بالا قىلىۋالاي، ئۇلار نېمە يېسە شۇنى يېگىن، نېمە كىيسە شۇنى كىيگىن، تولا غەمكىن بولما» دەپتۇ ئۇ بوۋاي.

**ئىبادەتسىز** رەۋ. ئىبادەت بىلەن شۇغۇللانماي، ئىبادەت قىلماي: ئىبادەتسىز يۈرمەك.

**ئىبارە** ئى (ئە) بىرەر ئۇقۇمنى بىلدۈرىدىغان بىر ياكى بىردىن ئارتۇق سۆز ۋە سۆز بىرىكمىسى، قىسقا جۈملە قاتارلىقلار: ئوبرازلىق ئىبارە. * جۈمە ۋە پېشىن نامازلىرى ئوقۇلۇپ بولۇش بىلەنلا، ھوشۇر ئىمام ئالدىراپ ئورنىدىن تۇردى ۋە بىر-ئىككى ئېغىز ئەرەبچە ئىبارە ئوقۇپ ئۆتكەچ، گېلىنى قىرىپ قويۇپ گەپ باشلىدى. * مەھمۇد كاشغەرى ئۆز كىتابىغا كىرگۈزگەن ھەربىر سۆز-ئىبارىنى كونكرېت، جانلىق مىساللار ئارقىلىق ئەرەبلەرنىڭ ئەدەبىي تىلىدا ئىنچىكە، نازۇك ئىبارىلەر بىلەن ناھايىتى چۈشىنەرلىك قىلىپ ئىزاھلاپ بەرگەن. * مەسىلىنى ھەمىشە سىياسىي ئىبارە ئاتالغۇلار بىلەن شەرھلەشكە زورۇقماسلىقىمىز لازىم.

**ئىبارەت** تىر (ئە) چىقىش كېلىش قوشۇمچىسى «-دىن، -تىن» بىلەن تۈرلەنگەن ئىسىملارنىڭ ئارقىسىغا تىركىلىپ كېلىپ، «تەشكىل تاپقان، تەركىب تاپقان، ئۆز ئىچىگە ئېلىنغان، بولغان؛ تۈزۈلگەن» دېگەن مەنىلەرنى ئاڭلىتىدۇ: ئىدارىمىزدا بەش كىشىدىن ئىبارەت باھالاش ھەيئىتى قۇرۇلدى. * ئۇلارنىڭ ئاخىرقى مەقسىتى نىشانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتىن ئىبارەت.

**ئىبەرتمەك** «ئىبەرمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: پادىشاھ: «بۇ كىشىنىڭ ھاجىتى راۋا بولسا، بىزنىڭ يېگىلى ھېچ نەرسىمىز يوق، يېگىلى بىرنەرسە ھاسىل بولسا، ئۇنىڭ بىلەن بىر مەنزىلگە چىقارمىز» دەپ شاھ پەررۇخنى ھەمراھ قىلىپ مەلىكنى ئىبەرتتى.

**ئىبەرمەك** پ. يېزت. ئەۋەتمەك، يوللىماق: – ئىگەم بەندىگە چۈشۈشتىن سەل بۇرۇن مېنى سېنىڭ ئالدىڭغا يولغا سالغان، مانا، ئۇنىڭ ساڭا ئىبەرگەن سوۋغىسى، – دېدى ئۇ.

**ئىبرانىي** ئى (ئە) <ئىرق> ← **ئىبرىيلار.**

**ئىبرەت** ئى (ئە) كىشىلەر ئۆلگە ئېلىشقا

بولمايدىغان، ساقلىنىش ئۈچۈن ساۋاق بولىدىغان ئىش-ھەرىكەت، ۋەقە، ھادىسە: ئىبرەت ئالماق. ئىبرەت قىلماق.

**ئىبرەت ئالماق** ئۆلگە ئېلىشقا بولمايدىغان، ساۋاق بولىدىغان ئىش-ھەرىكەت، ۋەقە، ھادىسە قاتارلىقلاردىن ساقلىنىش ئۈچۈن ئىدىيىسىدە ئالدىن تەييارلىق ئېڭىنى تۇرغۇزماق: ئالەم خەلقى ئۇنىڭدىن ئىبرەت ئېلىپ، ھېچكىم بۇنىڭدىن كېيىن پادىشاھنىڭ مەلىكىسىگە بىئەدەبلىك قىلمايدىغان بولسۇن، دېيىشىپتۇ. * قەبرەمنى كۆرۈپ خەلقىم ئىبرەت ئالغۇسى مەندىن. قان قەرزىم، قىساسىمغا، ئۈمىد كۈتمەن سەندىن.

**ئىبرەت قىلماق** قايتا يۈز بېرىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇلاردىن ساقلىنىش ئۈچۈن، كىشىلەرگە مەقسەتلىك ھالدا تەربىيە ئېلىپ بارماق ياكى شۇ ھەقتە چارە-تەدبىر قوللانماق: بۇ ئۇلارنىڭ نەزىرىدە خەلققە ئىبرەت قىلىش، پارتىزانلارنى چۆچۈتۈش ئۈچۈن ئىدى. * شەھەرلىككە ئىبرەت قىلىش ئۈچۈن دۈشمەن چېرىكلىرى سالاخۇننى تاشقىرىقى بازارنىڭ شىمالىدىكى بىر چوڭ تېرەككە ئېسىپ قويدى.

**ئىبرەتلەنمەك** پ. ئىبرەت ئالماق: مەن ئۇ ئىشتىن ئىبرەتلەندىم.

**ئىبرەتلىك** سۈپ. كىشىگە ئىبرەت ئېلىشقا بولىدىغان، ئىبرەت قىلىدىغان؛ تەربىيىۋى ئەھمىيىتى بار، تەربىيىۋى ئەھمىيەتكە ئىگە: ئىبرەتلىك سۆزلەر. ئىبرەتلىك ئەسلەمە. * خەلپە ھەيران بولۇپ، بۇ ئىبرەتلىك ھېكايىنى يېزىۋېلىپ ساقلاشنى بۇيرۇدى.

**ئىبرەتنامە** ئى. بىرەر مەسىلە ھەققىدە باشقىلارغا ئىبرەت قىلىش ئۈچۈن يېزىپ قالدۇرغان خەت: كۆزۈم توغرىسىدىكى ۋەقە يېڭىنە بىلەن كۆزنىڭ ئېقىغا يازغۇدەك ئىبرەتنامىدۇر.

**ئىبرىي** ئى (ئە) <ئىبرق> ← **ئىبرىيلار.**

**ئىبرىي تىلى** <تىل> دۇنيادىكى قەدىمكى تىللارنىڭ بىرى، شۇنىڭدەك ئىسرائىلىيە يەھۇدىيلىرىنىڭ ئاساسلىق تىلى. ھام-سام تىللىرى سىستېمىسىنىڭ سام تىلى تۈركۈمىگە كىرىدۇ.

**ئىبرىيلار** ئى <ئىرق> قەدىمكى يەھۇدىيلار-نى كۆرسىتىدۇ.

**ئىبلىس** ئى (ئە) ① دىنىي چۈشەنچىدە ئادەملەرنى يولدىن ئازدۇرىدىغان، يامان يولغا باشلايدىغان رەزىل مەخلۇق؛ شەيتان: بۈگۈن پەرىزاتنىڭ بۇ يەرگە كەلگەنلىكىنى بىلىپ، ئىبلىس جادۇگەر قېرى موماينىڭ سۈرىتىدە بولۇپ ئەھۋال ئۇقۇشۇپ كەلگەنىكەن. * «ئەنە شۇ كىشىمۇ مېنىڭ قىزلىق، ئۇيقۇسىز كېچىلىرىمنىڭ ئىبلىسى بولغانىدى؟» دەپ ئويلىدى رازىيە. ② كۆچمە. قەبىھ قىلمىشلار بىلەن شۇغۇللىنىدىغان، ئىنتايىن ھىيلىگەر، مەلئۇن، لەنىتى، ساختىپەز (يامان ئادەم ھەققىدە): جادۇگەر پادىشاھ بۇ ئىبلىس تاغىسى بىلەن خوشلىشىپ، شاھزادە زارنى بىر قۇشقاچقا ئايلاندۇرۇپ، قەپەسكە سولاپ، ئۆز يۇرتىغا قايتىپتۇ. * ئۇلار ھاراقنى بوتۇلكىسى بىلەنلا ئاغزىغا قۇيۇپ ئىچىۋېرىپ، مەست بولۇپ ئىبلىسقا ئوخشاپ قالدى.

**ئىبلىسلىق** «ئىبلىس» سۆزىنىڭ ئابستراكت ئىسىم شەكلى: – شۇنداق، ئادەملەرنىڭ كاللىسىدىكى ئوينى بىلىۋالىدىغان ئىبلىسلىقىمۇ بار.

**ئىبىرى** ئى <ئىرق> ← **ئىبىرىلار.**

**ئىبىرىلار** ئى <ئىرق> قەدىمكى ئىسپانىيىدى-

كى قەبىلىلەر ئىتتىپاقى. تەخمىنەن مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 3000- يىلنىڭ ئالدى- كەينىدە ئافرىقىدىن ئىسپانىيىنىڭ جەنۇبىي قىسمىغا كۆچۈپ ئولتۇراقلىشىپ قالغان. «ئىبېرىيە يېرىم ئارىلى» دېگەن نام مۇشۇنىڭدىن كېلىپ چىققان.

**ئىبېرىيە** ئى <جۇغ> ← **ئىبېرىيە يېرىم ئارىلى.**

**ئىبېرىيە-كاپكاز تىللىرى سىستېمىسى** <تىل> تىللارنى قېرىنداشلىق مۇناسىۋىتى جەھەتتىن كلاسسىفىكاتسىيە قىلىش ئۇسۇلى بويىچە ئايرىلغان بىر خىل تىل سىستېمىسى. ئۇ كارتۋىل تىللىرى تۈركۈمى، داغىستان تىللىرى تۈركۈمى، ئابخاز-ئادىگې تىللىرى تۈركۈمى ۋە باتسبى تىللىرى تۈركۈمىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

**ئىبېرىيە يېرىم ئارىلى** <جۇغ> ياۋروپانىڭ غەربىي جەنۇبىغا جايلاشقان ئىككىنچى چوڭ يېرىم ئارال. غەربىي تەرىپى ئاتلانتىك ئوكيان، شەرقىي تەرىپى ئوتتۇرا يەر دېڭىزى، شىمالىي تەرىپى بىسكەي قولتۇقىنىڭ سۈيى بىلەن يۇيۇلۇپ تۇرىدۇ. شەرقىي شىمالى پىرىنېي تاغلىرى ئارقىلىق فرانسىيە بىلەن تۇتىشىپ تۇرىدۇ، جەنۇبىي جەبىلتارىق بوغۇزى ئارقىلىق ئافرىقا بىلەن قارىشىپ تۇرىدۇ. مەيدانى 584 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ. ئاھالىسى 60 مىليون 800 مىڭدىن ئاشىدۇ (1983). مەمۇرىي جەھەتتە ئىسپانىيە، پورتۇگالىيە، ئاندوررا ۋە ئەنگلىيە ئىگىدارچىلىقىدىكى جەبىلتارىقنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

**ئىپادە** ئى (ئە) ① كىشىلەرنىڭ كۆڭلىدە ھاسىل بولغان ئوي-پىكىر، ۋەقە-ھادىسىلەرنى ئومۇملاشتۇرۇپ ئەكس ئەتتۈرگەن بەلگە؛ ھالەت: ئىپادە قىلماق. ئىپادە بىلدۈرمەك. * ئۇنىڭ ئىپادىسى ياخشى. * بالىنىڭ چىرايىدا شۇ زامان زەھەرلىك ئىپادە پەيدا بولدى. * ئۇ بىر خىل ئاددىي تاۋار ئىقتىسادىي شەكلىنىڭ ئىپادىسى بولۇپ، ئۇششاق تووار ئىقتىسادىي دەپ ئاتىلىدۇ. ② <مات> ئۆزئارا بىرەر باغلىنىشنى بىلدۈرىدىغان فورمۇلا؛ تەڭلىمە: تۆت ئەمەللىك ئىپادە. ئالگېبرالىق ئىپادە.

**ئىپادە بىلدۈرمەك** كۆڭلىدە ھاسىل بولغان ئوي-پىكىر، مەقسەت، مۇددىئا، چۈشەنچە، نوقۇل كۆزقاراش، مەيدانلىرىنى مەلۇم ۋاسىتە بىلەن بىلدۈرمەك:- ئەلۋەتتە شۇنداق بولىدۇ، — دېدى جاپپار ئالدىراپ ئىپادە بىلدۈرۈپ، — ئاۋۋال بىرنەچچە كۈن دەم ئالسىلا، ئاندىن ئەھۋالنى تونۇشتۇرساق قانداق؟ * تىلشۇالدى ئادىتى بويىچە سېخ مۇدىرىنى ئىپادە بىلدۈرۈشكە تەكلىپ قىلدى.

**ئىپادە قىلماق** ئىپادىلىمەك، بىلدۈرمەك: ئۇ خېلىغىچە گەپ-سۆز قىلالماي تۇرۇپ قالدى. نادىر ئۆز كۆڭلىنى ئىپادە قىلىدىغان سۆز تاپالمايتتى. * ئېلىشا سۆزلەۋېتىپ نېمە ئۈچۈندۇر ئۆزىنىڭ پارتلاپ تۇرغان ھاياجانلىق ھېسسىياتلىرىنى تازا ئىپادە قىلالمايۋاتقاندەك، نۇتقى ئۈچۈن ئەڭ مەنىلىك گۈزەل سۆزلەرنى ئىشلىتەلمەيۋاتقاندەك بەزىدە تۇرۇپ قالاتتى.

**ئىپادىنى لوگارىفملاش** <مات> لوگارىفمنىڭ ئەمەللەر قائىدىسىدىن پايدىلىنىپ، بىرقانچە مۇسبەت ساننىڭ دەرىجىسىنى ياكى ئارىفمېتىكىلىق يىلتىزىنى ئۆزئارا كۆپەيتىش ۋە بۆلۈشتىن ھاسىل

قىلىنغان ئىپادىنى بۇ ئىپادىدىكى ھەرقايسى سانلارنىڭ لوگارىفمىلىرى ئارقىلىق ئىپادىلەش.

**ئىپادىچان** سۈپ. ئىپادىلەشكە ماھىر، ئىپادىلەشكە ئۇستا، ئىپادىلەش ئىقتىدارىغا باي، ئىپادىلەش ئىقتىدارى كۈچلۈك: ئىپادىچان كۆزلەر. ئىپادىچان كىشى.

**ئىپادىچانلىق** «ئىپادىچان» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: يولۋاس بىلەن ياندىشىپ كېلىۋاتقان يىگىرمە يەتتە-يىگىرمە سەككىز ياشلار چامىسىدىكى بىر يىگىت ئۆزىنىڭ خۇش پېچىملىقى، قويۇ كۆزلىرىنىڭ ئىپادىچانلىقى بىلەن كۆزگە تاشلىنىپ تۇراتتى.

**ئىپادىچىلەر** ئى <ئەد> ھازىرقى زامان بۇرژۇئا ئەدەبىيات-سەنئىتىدىكى شەكىلچىلىك ئېقىملىرىنىڭ بىرى. بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن ئىلگىرى گېرمانىيىدە مەيدانغا كەلگەن. ئۇرۇشتىن كېيىن پۈتكۈل ياۋروپاغا تارقالغان. بۇ ئېقىمنىڭ ئىجادىيەت پرىنسىپى سۇبيېكتىپ ئىدېئالىزملىق پەلسەپىنى ئاساس قىلىپ، رېئال دۇنيانىڭ ئوبيېكتىپلىقىنى ئىنكار قىلىش؛ كۆز ئالدىدىكى دۇنيانى «مېنىڭ دۇنيايىم» دەپ تونۇپ دىققەت مەركىزىنى ئىچكى سۇبيېكتىپ دۇنياغا مەركەزلەشتۈرۈش؛ ئۆزىنى، ئۆز تەسىراتىنى ۋە ھېسسىياتىنى ئىپادىلەش... تىن ئىبارەت.

**ئىپادىچىلىك** ئى <ئەد> XX ئەسىرنىڭ باشلىرىدا بۇرژۇئا سەنئىتى ۋە ئەدەبىياتىدا پەيدا بولغان بىر خىل ئېقىم. بۇ ئېقىم سەنئەتكارنىڭ ئىچكى دۇنياسىنى، ئۇنىڭ سۇبيېكتىپ كەچۈرمىشلىرىنى تەسۋىرلەشنى بىرىنچى ئورۇنغا قويىدۇ. ئىندىۋىدۇئالىزم، سۇبيېكتىۋىزم ۋە شەكىلۋازلىقنى ھىمايە قىلىدۇ.

**ئىپادىسىز** ① سۈپ. ئىپادىسى يوق، ئىپادە بىلدۈرمىگەن: ئۇنىڭدىن باشقا، پۈتۈنلەي ئىپادىسىز، كۈلگىنى بىلەن كۈلمىگىنىنىڭ پەرقى يوق نۇرغۇن تەلەتلەرنىمۇ ئۇ دائىم مۇشۇ ئائىلىدە ئۇچرىتىپ تۇراتتى. ② رەۋ. ئىپادە بىلدۈرمىگەن ھالدا، مەقسەتسىز: ئالىمجى ماڭا ھېچ ئىپادىسىز قاراپ تۇراتتى. مېنىڭ ئوغام قايناشقا باشلىدى.

**ئىپادىلەش** ① «ئىپادىلىمەك» پېئىلىنىڭ يەنە بىر خىل ئىسىمدىشى. ② <ئەد> ئەدەبىي ئىجادىيەتتە قوللىنىدىغان ھەر خىل كونكرېت ئوبراز يارىتىش ئۇسۇللىرى، ئەدەبىياتتىكى ئىپادىلەش مۇنداق بىرقانچە تەرەپنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. 1) تىلنى قانداق قوللىنىپ بايان قىلىش ۋە تەسۋىرلەش؛ 2) ھېكايە سۇژىتىنى ۋە پېرسوناژلار ئوبرازىنى قانداق تەشكىللەش ۋە ئورۇنلاشتۇرۇش؛ 3) مۇبالىغە، ئوخشىتىش، كۆچۈرۈش، ھەجۋىيلەشتۈرۈش قاتارلىق ۋاستىلەرنى قانداق قوللىنىش قاتارلىقلار.

**ئىپادىلەش ۋاستىلىرى** <ئەد> ئەدەبىي ئىجادىيەتتە يازغۇچىلارنىڭ تىل ئارقىلىق ئوبراز يارىتىش، تۇرمۇشنى ئەكس ئەتتۈرۈشتە قوللىنىدىغان ھەر خىل كونكرېت ئىپادىلەش ئۇسۇللىرى، يەنى بايان، تەسۋىر، تولۇقلىما، كۆپتۈرۈش، مۇبالىغە قاتارلىقلار. بۇلار ئەسەرنىڭ ئىدىيىۋى مەزمۇنى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان ئىپادىلەش ۋاستىلىرى بولۇپ، ئەدەبىي ئەسەر شەكلىدە مۇھىم ئامىل ھېسابلىنىدۇ. ئۇ ئەسەرنىڭ

ئىدىيىۋى مەزمۇنىنى جانلىق ئىپادىلەش ۋە ئەسەرنىڭ بەدىئىي تارتىش كۈچىنى ئاشۇرۇشتىكى مۇھىم شەرتلەرنىڭ بىرى.

**ئىپادىلەشمەك** «ئىپادىلىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: مەخسۇت مۇھىتى ۋە ئابدۇخالىق ئۇيغۇرلار بىر-بىرىگە قارىشىپ كۈلۈمسىرەپ كۆپچىلىكنىڭ مەقسىتىنى چۈشەنـ-گەنلىكىنى ئىپادىلەشتى.

**ئىپادىلەنمەك** ① «ئىپادىلىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆزلۈك دەرىجىسى: ئۇنىڭ ئۇيقۇلۇق چىرايىدا ئېغىر ئازاب ئىپادىلىنەتتى. * بۇنىڭ كۈلكىسىدىن قانداقتۇر بىر تۈرلۈك نەپرەت ۋە غەزەپ ئىپادىلىنەتتى. * ئۇلارنىڭ سۆزلىرىدىن ھەم ئېچىنىش ھەم نارازىلىق ئىپادىلىنىپ تۇراتتى. ② «ئىپادىلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: بۇ چاغدا ئوتتۇرا بويى بىر كىشى ئوقۇۋاتقان كىتابىنى يېپىپ قويۇپ ماڭا قارىدى. ئۇنىڭ بۇ قارىشىدىن قانداقتۇر بىر سوئال ئالامىتى ئىپادىلىنىپ تۇراتتى. * ئىرادە بىر قارارغا كېلىش جەريانىدىلا ئەمەس، ئەڭ مۇھىمى كېلىنگەن مۇشۇ قارارنى ئىجرا قىلىش جەريانىدا ئىپادىلىنىدۇ.

**ئىپادىلىك** سۈپ. ئىپادىلەش كۈچىگە ئىگە، ئىپادىلەيدىغان: ئۇنىڭ شوخ، ئىپادىلىك كۆزلىرى قىزنى ئۆزىگە رام قىلىۋالدى.

**ئىپادىلىنىش** «ئىپادىلىمەك» پېئىلىنىڭ يەنە بىر خىل ئىسىمدىشى: ئىپادىلىنىش تىپى. ئىپادىلىنىش دەرىجىسى.

**ئىپادىلىنىش تىپى** <بىئول> مۇئەييەن مۇھىتتا بەلگىلىك ئىرسىيەت تىپىدىكى يەككە تەن ئىپادىلىگەن فىزىئولوگىيىلىك، مورفولوگىيىلىك ئالاھىدىلىكلەرنىڭ يىغىنـ-دىسى. ئەمەلىيەتتە ئۇ ئىرسىيەت تىپىنىڭ خاراكتېرىنى تەتقىق قىلىشقا قارىتىلىدۇ. ئوخشاش ئىرسىيەت تىپىدىكى يەككە تەنلەر ئوخشىمىغان مۇھىتتا ئوخشىمىغان ئىپادىلىنىش تىپىنى نامايان قىلىدۇ.

**ئىپادىلىنىش دەرىجىسى** <بىئول> بىر گېن ھاسىل قىلغان بىر خىل ئېففېكتىنىڭ دەرىجىسى.

**ئىپادىلىمەك** پ ① ئۆزىدە ئەكس ئەتتۈرمەك بىلدۈرمەك: شادلانغان كىشىلەر ئالماسنى قۇچاقلاپ، كۆتۈرۈۋېلىپ ئاسمانغا ئېتىپ، ئۇنىڭغا بولغان ئىشەنچ-ھۆرمىتىنى ئىپادىلىدى. * سېنى قانچىلىك ياخشى كۆرىدىغانلىقىمنى ئىپادىلەشكە تىلىم ئاجىزلىق قىلىدۇ. ② سۆز بىلەن بايان قىلماق، ئاڭلاتماق، تەبىر بەرمەك: قىز ئەنە شۇ كىتابلار ئارقىلىق ئۆز قەلبىنى يىگىتكە ئىپادىلەيتتى. * ھېلىقى يىگىت ياتاتتى، ئۆزىدە بۇرۇن كۆرۈلۈپ باقمىغان، تىل بىلەن ئىپادىلەپ بولمايدىغان يوشۇرۇن بىرنەرسىنىڭ پەيدا بولۇۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى. ③ <مات> فورمۇلا ئارقىلىق تەبىر بەرمەك، بىلدۈر-مەك، كۆرسەتمەك.

**ئىپار** ئى ① ئىپار كېيىكىنىڭ كىندىكىدىن، بەزى كالىلارنىڭ جىنسىي بېزىدىن ئېلىنىدىغان خۇش پۇراقلىق ماددا: ئىپارنىڭ شىپالىق رولى زور. ② شۇ ماددىنىڭ يەنى خۇشبۇي نەرسىنىڭ ھىدى، پۇرىقى: مۇزلار ئېرىپ، كېتىپ قار، يېتىپ كەلدى گۈلباھار. زەپ ياساندى تەبىئەت، چاچتى گۈللەر خۇش ئىپار. ③ ئاياللارنىڭ ئىسمى.

**ئىپار چاشقىنى** <زوئول> سۈت ئەمگۈچى ھايۋان. رەڭگى قارا، كۆزلىرى كىچىك، قۇلاقلىرى قىسقا، قۇيرۇقى مايماق

كېلىدۇ. ئاساسەن زەيكەشلىك ۋە سۇ بويلىرىدا ياشاپ، سۇ بويىدىكى ئۆسۈملۈكلەر ئارقىلىق ھايات كەچۈرىدۇ، تېرىسىدىن كىيىم تىكىلىدۇ.

**ئىپار كالىسى** <زوئول> سۈت ئەمگۈچى ھايۋان. شەكلى كالىغا ئوخشايدۇ، ئەمما سەل كىچىكرەك. بېشى چوڭ ۋە كەڭ، تۆت ئايىغى قىسقا، بويىنى ۋە قۇيرۇقى ناھايىتى قىسقا كېلىدۇ. تۈكلىرى ئۇزۇن بولۇپ بېغىر رەڭدە. تېرە ئاستىدا بەز تەنچىسى بولۇپ، ئاجرىتىپ چىقارغان سۇيۇقلۇقى ئالاھىدە خۇش بۇي پۇرايدۇ. شىمالىي ئامېرىكىدىكى شىمالىي قۇتۇپ رايونىدا ياشايدۇ.

**ئىپار كېيىكى** <زوئول> سۈت ئەمگۈچى ھايۋان. شەكلى كېيىككە ئوخشايدۇ، ئەمما سەل كىچىكرەك، مۈڭگۈزى يوق، ئالدى پۇتى قىسقا، ئارقا پۇتى ئۇزۇن، سەكرەشكە ماھىر كېلىدۇ. قۇيرۇقى قىسقا بولىدۇ. تۈكلىرى توق قوڭۇر ياكى كۆل رەڭگە مايىل قوڭۇر كېلىدۇ. ئەركىكىنىڭ قوزۇق چىشى ناھايىتى تەرەققىي قىلغان بولۇپ، ئېغىز سىرتىغا چىقىپ تۇرىدۇ. كىندىكى بىلەن كۆپىيىش ئەزاسى ئوتتۇرىسىدا بەز خالتىسى بولۇپ، ئىپار ئاجرىتىپ چىقىرىدۇ.

**ئىپار كىتى** <زوئول> كىتنىڭ بىر تۈرى. تېنى چوڭ، ئېغىرلىقى 60 — 80 توننا كېلىدۇ. بېشىمۇ چوڭ بولۇپ، پۈتۈن بەدەن ئۇزۇنلۇقىنىڭ تەخمىنەن $\frac{1}{3}$ نى ئىگىلەيدۇ. ئۈستۈنكى جاغى چېلەككە ئوخشايدۇ. چىشى يوق، ئاستىنقى جاغى كىچىك، چىشى بولىدۇ. سۇ پۈركۈش تۆشۈكى بېشىدا. تېنى سۇس قارا ۋە سەل قىزغۇچ قوڭۇر، قورساق رەڭگى ئاچراق كېلىدۇ. مېيىدىن شام قاتارلىقلارنى ئىشلىگىلى بولىدۇ. ئۈچيىي ئىچىدىكى ئاجراتمىسى خۇش پۇراق بولۇپ، قىممەتلىك ئىپار ئورنىدا ماتېرىيال قىلغىلى بولىدۇ.

**ئىپار-ئەنبەر** ئىپار ۋە ئەنبەر.

**ئىپار-جەمبىل** ئىپار ۋە زەپەر، ئومۇمەن خۇش پۇراق ماددىلار: بۇ ئىشلاردىن كېيىن، شەھرىمان شاھ خىزمەتچىلىرىگە قاراپ، قەسىرنى ئىپار-جەمبىللەر بىلەن خۇش بۇي قىلىشنى، شەھەرنى ئوبدان زىننەتلەشنى بۇيرۇق قىلىپتۇ.

**ئىپار-زەپەر** ئىپار ۋە زەپەر، ئىپار-جەمبىل: ئىپار-زەپەر پۇراپ كەتمەك.

**ئىپارگۈل** ئى (ئىپار+گۈل) ① <بوت> مىرتا ئائىلىسىدىكى يوپۇرماق تاشلايدىغان چاتقال ياكى كىچىك دەرەخ. يوپۇرمىقى تۇخۇم ياكى بۆرەك شەكلىدە، گۈلى سۆسۈن ياكى ئاق، پۇراقلىق كېلىدۇ. گۈل تاجى ئۇزۇن، كاناي شەكلىدە بولىدۇ. مەنزىرە ئۆسۈملۈكى قىلىنىدۇ. ② شۇ خىل ئۆسۈملۈكنىڭ گۈلى. ③ ئاياللارنىڭ ئىسمى.

**ئىپارلىق** ① سۈپ. ئىپار پۇرايدىغان، ئىپار پۇرىقىغا ئىگە: سېنىڭ كۆكسۈڭدىكى گۈللۈك يارا شقان خالىغا ئوخشايدۇ، تۈمەن گۈلنىڭ ئىپارلىق خۇش پۇراقسىمان گۈزەل ھېيتكا. ② ئى. ئىپار پۇرايدىغان يەر: ئېرىق ئۆستەڭ بويلىرى چىمەنزارلىق، خۇش ھاۋالىق جۇلالىق ھەم ئىپارلىق. بىر يېنىدا ئېچىلسا رەيھانگۈلى، بىر يېنىدا ئېچىلار پىچانگۈلى.

**ئىپەك** (توغرىسى: يىپەك) ← **يىپەك.**

**ئىپپەت** ئى (ئە) ① ئاياللارنىڭ جىنسىي ئەزاسى. ② ۋىجدانىي پاكلىق، نومۇس، ھايا: ئىپپىتىگە تەگمەك. * ساگا بىر سۆز

قىلاي زېھنىڭدە ئۆلچەپ كۆر قىزىم تىللا، قېنى ئېيت، قىز ئۈچۈن ئېپپەت مۇھىممۇ ياكى زەر، تىللا؟ ③ ئاياللارنىڭ ئىسمى.

**ئېپپىتگە تەگمەك** ← **ئېپپەت-نومۇسغا تەگمەك**: قىزلارنىڭ ئېپپىتگە تەگمەك. * نارىسىدە قىزلارنىڭ ئېپپىتگە تەگكەن ئەھۋال توغرىسىدىكى خەۋەرلەرنى پات-پات ئاڭلاپ قالىمىز.

**ئېپپىتىنى ساتماق** ← **ئېپپەت-نومۇسىنى ساتماق**: ئېپپىتىنى سېتىش — ئېغىر گۇناھ، ھەرقانچە سۆزلەپمۇ ئۇنى ئاقلىيالمايمىز. ئېپپىتىنى سېتىۋالىدىغان بۇزۇق ئەرلەر بولمىسا، ئېپپەت ساتىدىغان ئاياللار نەدە بولسۇن.

**ئېپپە تىلىك** سۈپ. ئېپپىتىنى ساقلىغان، نومۇسلۇق؛ پاك: قىزلار ئۆزلىرىنىڭ ئېپپە تىلىك ئىكەنلىكىدىن ئۇيىلاتتى، خوتۇنلار بولسا ئۆزلىرىنىڭ ۋاپادارلىقىنى يوشۇراتتى. * مانا ئەمدى، ئالتاي تاغلىرىنىڭ ئاپئاق قارلار بىلەن قاپلانغان ئېگىز چوققىلىرىدىكى قار لەيلىسىدەك پاك، ئېپپە تىلىك بىر قىزنى شۇم تەقدىر شۇ لەنتىنىڭ ئېپلاس قوينىغا تاشلىماقچى!

**ئېپپەت-نومۇس** ئېپپەت ۋە نومۇس: ئېپپەت-نومۇسىنى ساقلىماق. ئېپپەت-نومۇسغا تەگمەك. * كۆرۈنۈشىدىن بۇ مەرھۇمە ئېپپەت-نومۇسىنى ساقلاش ئۈچۈن، ئۆزىنى قۇدۇققا تاشلىغان بولسا كېرەك.

**ئېپپەت-نومۇسغا تەگمەك** زورلۇق بىلەن خوتۇن-قىزلارنى ئاياغ ئاستى قىلماق، باسقۇنچىلىق قىلماق: ئۇ ئادەم يوق پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، ئۇنىڭ ئېپپەت-نومۇسغا تەگمەكچى بولدۇ. * ئۇلار يەرلىك خەلقنى ئاياغ ئاستى قىلدى ۋە بۇلاڭ-تالاڭ قىلدى، خوتۇن-قىزلارنىڭ ئېپپەت-نومۇسغا تەگدى.

**ئېپپەت-نومۇسىنى ساتماق** بۇزۇقچىلىق قىلماق، نومۇسىنى بۇلغىماق: ھازىر جەمئىيەتتە ئېپپەت-نومۇسىنى ساتىدىغانلارمۇ بار.

**ئېپپەت-نومۇسلۇق** ئېپپەت ۋە نومۇسى بار، ئېپپەت-نومۇسىنى يوقاتمىغان: ۋىجدانلىق ئاياللار ھەر ئىشتا سەۋرلىك، چىدامىلىق، ۋەدىسىگە ۋاپا قىلغۇچى ئېپپەت-نومۇسلۇق، قەلبى، كۆڭلى ساپ بولىدۇ.

**ئېپتار** ئى (ئە) <دىن> روزا كۈنلىرى شام پەيتىدە ئۆتكۈزۈلىدىغان ئېغىز ئېچىش ئىشى: ئېپتار ۋاقتى. ئېپتار قىلماق. * ئەپەندىم روزىنىڭ ھېسابىدىن ئاداشماسلىق ئۈچۈن ھەر كۈنى ئېپتاردىن كېيىن خالتىغا بىر تاش سېلىپ قويىدىكەن.

**ئېپتار قىلماق** روزا كۈنلىرى شام پەيتىدە تاماق يېمەك، ئېغىز ئاچماق: — روزا تۇتقان بولساڭمۇ ئېپتار قىلىدىغان ۋاقتىڭ ئۆتۈپ كەتتى.... — دېگەن ئاۋازنى خىرە-شىرە ئاڭلىدى ئۇ. * ئۇلار كەچ كىرگەندە ئۆيگە بارمايلا يولدىلا ئېپتار قىلدى.

**ئېپتارچى** ئى. ئېپتار قىلغۇچى كىشى.

**ئېپتارلىق** ئى. ئېپتار ۋاقتىدا يېيىشكە تەييارلانغان ئاش-تاماق، يېمەكلىك: ئېپتارلىق تاپماق. ئېپتارلىق يېمەك.

**ئېپتىخار** ئى (ئە) ① شان-شەرەپ كەلتۈرىدىغان، پەخىرلىنىش بولىدىغان ئىش، بىركىم ياكى نەرسە: ئۇ ۋەتىنىمىزنىڭ ئېپتىخارى. * ئەگەر بۇ ئادەم بولىدىغان بولسا زامانىمىزنىڭ ئېپتىخارى ۋە ئەڭ بىلىملىك كىشىلەردىن بىرى بولاتتى. ② شان-شەرەپ ھېسسى، شان-شەرەپلىك ھېس، پەخىر؛ پەخىرلىنىش: ئۇ زەينەپخان شۇجىنى خۇددى ئۆزىنى بىلگەندەك ئېنىق بىلەتتى ۋە ئۇنى تولىمۇ سەممىي ھۆرمەت ۋە ئېپتىخار بىلەن تىلغا ئالاتتى. * مېنىڭ شۇ تاپتا ئوسمان مۇئەللىمگە بولغان ھۆرمەت، ئېپتىخارىم يالقۇنجايتتى.

**ئىپتىخار ئەيلىمەك** ئىپتىخارلانماق، ئىپتىخارلىق هېس قىلماق: بۇ دېمەك ئەسىرلەر، يىللار جاۋابى، بۇ دېمەك، تارىختا ئۆچمەس ھەقىقەت. ئالىمنىڭ يۇرتىدۇر — بىزنىڭ يۇرتىمىز، ئىپتىخار ئەيلەيدۇ ۋەتىنىم ئەبەد.

**ئىپتىخارلاندۇرماق** « ئىپتىخارلانماق » پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇنىڭ ھەربىر خۇلاسىسىدە ئادەمنىڭ نەقەدەر زور يوشۇرۇن كۈچكە ئىگە ئىكەنلىكى نامايان قىلىنىدۇ، ھەربىر خۇلاسىسى بىزنى ئادەمدە شۇ قەدەر تولۇپ تاشقان زېھنىي كۈچنىڭ بولغانلىقى بىلەن ئىپتىخارلاندۇرىدۇ.

**ئىپتىخارلانماق** پ. ئىپتىخارلىق هېس قىلماق، پەخىرلەنمەك: سەندىن چەكسىز ئىپتىخارلىنىمەن، ئۆمۈر بويى سېنىڭدەك ئۇلۇغ دىيارنىڭ كۈيچىسى بولۇشنى ئارزۇ قىلىمەن. * ئۇ كۆزلىرىگە ئىسسىق ياش ئېلىپ، ئۆزىنىڭ مۇنچىۋالا ياخشى ئوغلىنىڭ بولغانلىقىدىن ئىپتىخارلاندى.

**ئىپتىخارلىق** ① سۈپ. ئىپتىخارلانسا ئەرزىيدىغان، ئىپتىخارلانسا بولىدىغان، ئىپتىخار ئىپادىلىگەن، پەخىرلىك: بۇ يىلقى يېڭى يىلنىڭ ئۆزى بىلەن بىللە، دەۋر بۆلگۈچ يېڭىلىق، ئىپتىخارلىق خاسىيەت ۋە ئۈمىد ئېلىپ كەلگەنلىكىگە ئىشەندى. * مەن چەكسىز ئىپتىخارلىق هېسسىياتىم بىلەن قولۇمغا قەلەم ئېلىپ، ئالدى بىلەن مۇنۇ شېئىرنى يېزىپ چىقتىم. ② ئى. ئىپتىخارلىنىش، پەخىرلىنىش: مەن بۇ ئىشتىن ئېيتىپ تۈگەتكۈسىز ھاياجانغا، ئىپتىخارلىققا چۆمدۈم. * ئۇ كۆزلىرىگە ئىپتىخارلىق بىلەن بېقىپ: — ئاھاڭنى ئۇنتۇپ قالماپسىز، — دېدى. * خاسىيەتنىڭ ھەيران قالغان چىرايىدىن ھەم بەخت-ئىپتىخارلىق ھەم ئىككىلىنىش ئالامەتلىرى چىقىپ تۇراتتى.

**ئىپتىدا** رەۋ (ئە) دەسلەپ، ئاۋۋال: ئىپتىخارلىق تۇيغۇدىن مەگزىمدە شادلىق تامچە ياش، ئەل باھارى سەن بىلەن تارىختا بولغاچ ئىپتىدا. ‖ ئىپتىدانى باشلايمىز، شېھىدانە خوتەندىن. باتۇرلارنى ئۆستۈرگەن، شان-شەۋكەتلىك ۋەتەندىن.

**ئىپتىدائىي** سۈپ (ئە) ① ئەڭ دەسلەپتىكى، ئەڭ يىراق قەدىمكى زاماندىكى، دەسلەپكى، باشلانغۇچ: ئىپتىدائىي دەۋر، ئىپتىدائىي مەكتەپ. * دۇنيادا بەزى مىللەتلەردە تا ھازىرغىچە ئىپتىدائىي جامائە تۈزۈمىنىڭ قالدۇقلىرى ساقلانماقتا. * مانا بۇلار ئىپتىدائىي ئۇيغۇر ناخشا-ئۇسسۇل سەنئىتىنىڭ پەيدا بولۇش ۋە راۋاجلىنىشىدىكى تارىخىي سەۋەبلەر ئىدى. ② ئەڭ ئاددىي، ساددا، يۈزەكى: كىشىلەرنىڭ تەبىئىي ئېھتىياجى بىلەن ئىپتىدائىي هېسسىياتى ئىجتىمائىي تۇرمۇش چەكلىمىسىگە ئۇچرايدۇ. بۇ خىل ئىپتىدائىي هېسسىيات ھەممىلا كىشىدە بولىدۇ. * ئاككوردلۇق ئاۋازلارنى توغرا چىقىرىش، خورچىلارغا قويۇلىدىغان ئىپتىدائىي تەلەپ، ئاككوردلۇق ئاۋازلارنى توغرا چىقىرىپ، ئەلا سۈپەتلىك گارمونىك ئاۋاز ئۇنۇمىگە ئېرىشىشنى تەمىن ئېتەلەيدىغان ھەرقانداق ناخشىچى خورچى بولالمايدۇ.

**ئىپتىدائىي ئاتلار** <زوئول> ئاتنىڭ ئەڭ بۇرۇنقى ئەجدادى. 50 مىليون يىل ئىلگىرى ياشىغان. ئۇنىڭ تېنى ئىشەكچىلىك بولغان. تۇيىقى يوق بولۇپ، ئالدى پۇتىدا تۆت بارماق، ئارقا پۇتىدا ئۈچ بارماق بولغان. 30 مىليون يىلدىن كېيىن ئۇلار ئۈچ بارماقلىق ئات (ئوتتۇرا ھايات ئېراسى ئېتى) تەرىپىدىن ئورۇن ئالماشتۇرغان. ئۈچ بارماقلىق ئات ئەجداد

ئاتتىن سەل چوڭراق بولۇپ، پۇتىدا ئۇچتىن تىرنىقى بولغان. كېيىن تۆت پۇتىنىڭ تاشقى تەرەپلىرىدىكى بارماقلىرى بارغانسېرى كىچىكلەپ، ئوتتۇرىدىكى تىرناقتا مەركەزلىشىپ، ئاخىرىدا ھازىرقى ئاتنىڭ تۇيىقىغا ئۆزگەرگەن.

**ئىپتىدائىي ئادەم** <تارىخ> ئەڭ بۇرۇنقى ئادەم. بۇلار مايمۇنلاردىكى بەزى خۇسۇسىيەتلەرنى ساقلاپ قالغان بولسىمۇ، ئۆرە تۇرۇپ ماڭالايدىغان، ئاددىي تىللار بىلەن سۆزلىشەلەيدىغان، ئاددىي ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرىنى ياسىيالايدىغان ۋە ئوتتىن پايدىلىنىپ تاماق پىشۇرالايدىغان بولغان.

**ئىپتىدائىي باتارىيە** <فىز> زەرەتلەش جەريانى ئارقىلىق قايتا ئىشلەتكىلى بولمايدىغان بىر خىل باتارىيە. ئەڭ ئاددىي ئىپتىدائىي باتارىيىنى 1800-يىلى كەشىپ قىلغان. شۇڭا «ۋولتا باتارىيەسى» (ياكى ۋولتا ئېلېمېنتى) دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

**ئىپتىدائىي توپ** <پەلس> ئىپتىدائىي جەمئىيەتنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە، ئورتاق ئەمگەك قىلىش ۋە دۈشمەنگە بىرلىكتە قارشى تۇرۇش ئۈچۈن، قانداشلىق مۇناسىۋىتى بويىچە تەبىئىي شەكىللەنگەن كوللېكتىپ. بۇ ۋاقىتتا ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى ناھايىتى تۆۋەن بولۇپ، ئۇلار ياۋا ئۆسۈملۈكلەرنى يىغىش ۋە ئوۋچىلىق قىلىش بىلەن تۇرمۇش كەچۈرگەن، ئۇلارنىڭ مۇقىم ئولتۇراق جايى بولمىغان، كېيىن ئۇلار تەرەققىي قىلىپ ئۇرۇققا ئايلانغان.

**ئىپتىدائىي تۇخۇم ھۈجەيرىسى** <بىئول> تۇخۇمداندىكى ئىپتىدائىي كۆپىيىش ھۈجەيرىسى كۆپ قېتىم يېرىلىش بۆلۈنۈپ ھاسىل بولغان ھۈجەيرە.

**ئىپتىدائىي تىل** <تىل> ئىنسانلارنىڭ ئەڭ دەسلەپكى تىلى. ئۇ تىللارنى تۇغقانلىق مۇناسىۋىتىگە قاراپ تەھلىل قىلىش ئاساسىدا، تۇغقان تىللاردىكى تاۋۇشلارنىڭ ئۆزگىرىش قائىدىسى بويىچە پەرەز قىلىنىپ چىقىلىدۇ.

**ئىپتىدائىي جامائە** <پەلس> ئىنسانىيەت جەمئىيىتى تارىخىنىڭ ئەڭ دەسلەپكى باسقۇچىدىكى ئىجتىمائىي تەشكىلات. نەچچە يۈز مىڭ يىلغا سوزۇلغان. ئۇ ئانىلىق ئۇرۇق جامائەسى ۋە ئاتىلىق ئۇرۇق جامائەسىدىن ئىبارەت ئىككى باسقۇچنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

**ئىپتىدائىي جامائە تۈزۈمى** <پەلس> ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرى ئىپتىدائىي جامائە مۈلۈكچىلىكىنى ئاساس قىلغان ئىجتىمائىي تۈزۈم. ئۇ ئىنسانىيەت تارىخىدىكى تۇنجى ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي فورماتسىيە بولۇپ، ئۇنىڭدا كىشىلەر تاش قوراللارنى ئىشلىتىپ ئوۋچىلىق بىلەن تۇرمۇش كەچۈرگەن. ئۇ ۋاقىتتا ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى ئىنتايىن تۆۋەن سەۋىيىدە بولۇپ، كىشىلەر پەقەت كوللېكتىپنىڭ ئەمگىكىگە تايىنىپلا چەكلىك تۇرمۇش ۋاسىتىلىرىگە ئېرىشىپ، مەھسۇلاتنى تەڭ تەقسىم قىلىش پرىنسىپى بويىچە بۆلۈشكەن، ئېشىپ قالغان نەرسىمۇ بولمىغان. ئۇنىڭدا يەنە سىنىپ ۋە ئېكسپىلاتاتسىيىمۇ بولمىغان.

**ئىپتىدائىي جامائە مۈلۈكچىلىكى** <س ئىق> ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرىنى ئىپتىدائىي جامائە ئەزالىرى ئورتاق ئۆزلەشتۈرگەن ئومۇمىي مۈلۈكچىلىك شەكلى. ئۇ ئىپتى-

ئىپتىدائىي جەمئىيەتتىكى ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرىنىڭ ئاساسى.

**ئىپتىدائىي جانلىقلار** <بىئول> تاق ھۈجەيرىلىك ياكى ھۈجەيرىسى يوق جانلىقلار. ئادەتتە ئۇ باكتېرىيە، كېسەل قوزغاتقۇچى قۇرتلار، يۇسۇنلەر، زەمبۇرۇغلار ۋە ۋىرۇسلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

**ئىپتىدائىي جەمئىيەت** <پەلس> ئىنسانلار تارىخىدىكى ئەڭ دەسلەپكى جەمئىيەت. ئۇ ئىپتىدائىي توپ (گورۇپپا) لارنىڭ بارلىققا كېلىشىدىن باشلاپ ئائىلىق ئورۇق جامائەسى، ئاتىلىق ئورۇق جامائەسىنى باشتىن كەچۈرۈپ، ئىپتىدائىي جامائە پارچىلانغانغا قەدەر داۋام قىلغان. ئىپتىدائىي جەمئىيەتتە ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى تۆۋەن ھالەتتە بولۇپ، ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرى ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكتە بولغان. كىشىلەر بىرلىكتە ئىشلەپ، بىرلىكتە ئىستېمال قىلغان، ئېكسپىلاتاتسىيە، سىنىپ بولمىغان. كېيىن ئۇنىڭ ئورنىنى قۇلدارلىق جەمئىيەت ئىگىلىگەن.

**ئىپتىدائىي خوردىلىقلار** <زوئول> خوردىلىق ھايۋانلارنىڭ كەنجە تىپى. بۇ خىلدىكى ھايۋانلارنىڭ دۈمبىسىدە ئەۋرىشىم كەلگەن خوردىسى بولۇپ، بەدەننى تىرەپ تۇرۇش رولىنى ئوينايدۇ.

**ئىپتىدائىي ساۋات** ئاددىي كىشىلەرنىڭمۇ بىلىشى تەلەپ قىلىنىدىغان ئادەتتىكى بىلىملەر، ئاددىي ساۋات؛ ئەقەللىي بىلىم: يۇقىرىقىلار ئاددىي نوتا ھەققىدىكى ئىپتىدائىي ساۋات ھېسابلىنىدۇ.

**ئىپتىدائىي سېپىرما ھۈجەيرىسى** <بىئول> ئۇرۇقدانىنىڭ سېپىرما نەيچىسىنىڭ ئېپىتېلىيىسىدىكى ئىپتىدائىي كۆپىيىش ھۈجەيرىسى كۆپ قېتىم يېپىلىق بۆلۈنۈش نەتىجىسىدە ھاسىل بولغان ھۈجەيرە.

**ئىپتىدائىي كالا** <زوئول> گېرمانىيىنىڭ ئورمانلىقلىرىدا ياشىغان چوڭ تىپتىكى ئۇزۇن مۈڭگۈزلۈك بىر خىل ياۋا كالا. نەسلى قۇرۇپ كەتكەن. ئادەتتە ئۇ ئۆي كالىلىرىنىڭ ياۋايى ئەجدادى دەپ قارىلىدۇ.

**ئىپتىدائىي كۆپىيىش شەكلى** <بىئول> ئىپتىدائىي جانلىقلارنىڭ ئاددىي، تاق ھۈجەيرە ئارقىلىق كۆپىيىش شەكلى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

**ئىپتىدائىي مەكتەپ** <مائار> ← **باشلانغۇچ مەكتەپ.**

**ئىپتىدائىي مىنېراللار** <گېئول> كان ياتقىسىدا ئۆزىنىڭ شەكىللەنگەن دەۋرىدىكى مورفولوگىيىسى ۋە تەركىبىنى ساقلاپ قالغان مىنېراللار.

**ئىپتىدائىي ھايۋانلار** <بىئول> ئەڭ ئاددىي ھايۋانلار. سۇ ياكى باشقا جانلىقلار تېنىدە ياشايدۇ. كۆپ قىسمى تاق ھۈجەيرىلىك كېلىدۇ. بەزىلىرى نۇرغۇن يەككە تەندىن توپ ھاسىل قىلىپ ھايات كەچۈرىدۇ.

**ئىپتىدائىي ئورتاق گەۋدە** <س ئىق> ئىپتىدائىي جەمئىيەتتە، تار دائىرىدە كوللېكتىپ ئەمگەك، مال-مۈلۈك ئومۇمىيلىقى ۋە قانداشلىق مۇناسىۋىتى ئاساسىدا بىرىككەن، ئىقتىسادىي تۇرمۇش، تىلى، مەدەنىيەت ۋە ئادەتلىرى ئوخشاش بولغان گەۋدە، يەنى ئىپتىدائىي توپ ئۇرۇق ۋە قەبىلە كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

**ئىپتىدائىي ئورمانلىق** <ئورم> ئىنسانلارنىڭ كېسىش، تىكىش قاتارلىق پائالىيەتلىرد-

دىن خالىي ئۆسكەن تەبىئىي ئورمانلار.

**ئىپتىدائىي ئۇقۇم** <مات> ئېنىقلىما بېرىلمەستىن ئىشلىتىلىدىغان ئاساسىي ئۇقۇم. بىر پەننىڭ ئىپتىدائىي ئۇقۇمى بۇ پەندىكى باشقا ئۇقۇملارغا ئېنىقلىما بېرىشنىڭ ئاساسى. گېئومېترىيىدىكى ئىپتىدائىي ئۇقۇملار نۇقتا، تۈز سىزىق، تەكشىلىك، «... نىڭ ئۈستىدە»، «... نىڭ ئارىسىدا» دېگەنلەردىن ئىبارەت.

**ئىپتىدائىي ئۆسۈملۈك** <بوت> ئاددىي، تاق ھۈجەيرىلىك بولغان بىر خىل ئۆسۈملۈك.

**ئىپتىدائىي يادرو** <بىئول> كۆك يېشىل يۇسۇنلەر ياكى باكتېرىيەلەرنىڭ يادروسى.

**ئىپتىدائىي يادرولۇق جانلىقلار** <بىئول> خروموسومىسى سىرتىدا يادرو پەردىسى يوق، تېپىك سان كېمەيتىپ بۆلۈنۈش ئېلىپ بارمايدىغان ئەڭ ئاددىي جانلىقلار، مەسىلەن، باكتېرىيەلەر، كۆك يۇسۇنلەر ھەم ۋىرۇسلار بۇ تۈرگە كىرىدۇ.

**ئىپتىدائىي يادرولۇق ھۈجەيرە** <بىئول> شەكلى تۈزگەن ھۈجەيرە يادروسى ۋە ھەر خىل ئاپپاراتلىرى بولمايدىغان ھۈجەيرە.

**ئىپتىدائىي يوپۇرماق** <بوت> ئۆسۈملۈكلەر بىخىنىڭ تۈزۈلۈشىدىكى بىر ئالاھىدىلىك. بىخ ماھىيەتتە تېخى ئېچىلمىغان شاخ بولۇپ، ئۇنىڭدا يوپۇرماق ۋە غولنىڭ ئىپتىدائىي گەۋدىسى بولىدۇ. ئىپتىدائىي يوپۇرماق بىخنىڭ ئۆسۈش نۇقتىسىنىڭ ئاستى تەرىپىدىكى كېلەچەكتە يوپۇرماققا ئايلىنىدىغان كىچىك ئۆسۈكچىدۇر.

**ئىپتىدائىي يوپۇرماقسىمان تەنچە** <بوت> پاپورتنىكلارنىڭ گامېتىلىق تېنى. ئادەتتە يېشىل، ياپىلاق بولىدۇ. يالغان يىلتىزى ئارقىلىق ئوزۇقلۇق ۋە سۇ سۈمۈرىدۇ. ئىپتىدائىي يوپۇرماقسىمان تەنچىدىن تۇخۇمدان ۋە سپېرمىدان شەكىللىنىپ، ئۇلاردىن تۇخۇم ۋە سپېرما ھاسىل بولۇپ، جىنسلىق كۆپىيىش ئورۇندىلىدۇ.

**ئىپتىدائىي يېزا ئىگىلىكى باسقۇچى** <تارىخ> ئىپتىدائىي جەمئىيەتتىكى ئىنسانلارنىڭ ئىپتىدائىي تەبىئىي شارائىتقا تايىنىپ، كوللېكتىپ ھالدا ئادەم كۈچىنى ئاساس قىلىپ، تاش ۋە ياغاچ قوراللار ئارقىلىق تېرىقچىلىق، ئوۋچىلىق قىلغان تارىخىي باسقۇچى.

**ئىپتىدائىي يېپسىمان تەنچە** <بوت> مۇخلارنىڭ سپورىسى بىخلانغاندىن كېيىن ھاسىل بولغان، رەڭگى يېشىل، يېپسىمان ياكى يوپۇرماقسىمان تەنچە. ئۇنىڭدىن بىخ شەكىللىنىدۇ. ئۇلار بىخلىنىپ يېڭى ئۆسۈملۈك تېنىنى شەكىللەندۈرىدۇ.

**ئىپتىدائىيلاشتۇرماق** «ئىپتىدائىيلاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**ئىپتىدائىيلاشتۇرۇلماق** «ئىپتىدائىيلاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**ئىپتىدائىيلاشماق** پ. ئىپتىدائىي ھالەتكە كەلمەك، بەك ئاددىيلاشماق: ئادەم ئۈستىدە پىكىر قىلغىنىمىزدا، ئادەمنىڭ سۆز ئارقىلىق تەسەۋۋۇر قىلىدىغان ئومۇمىي ئالاھىدىلىكلىرى ئارقىلىق ئەمەس، بەلكى دۇنيادىكى مىليونلىغان كونكرېت ئادەملەرنىڭ ئوبرازى ئارقىلىق پىكىر قىلىدىغان بولساق، ئۇ ھالدا، تەپەككۇر پائالىيىتىمىز ئىنتايىن

قېپىن، ئىنتايىن ئىپتىدائىيلىشىپ كەتكەن بولىدۇ.

**ئىپتىدائىيلىق** «ئىپتىدائىي» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: ئۇلارنىڭ نەغمىلىرىدە بىر خىل ئىپتىدائىيلىق چىقىپ تۇرماقتا.

**ئىپرىت** ئى (ر) <خىم> ← **ئىپرىت گازى**.

**ئىپرىت گازى** <خىم> ئورگانىك بىرىكمە. مولېكۇلا فورمۇلىسى $(C_2H_4CI)_2S$. رەڭسىز، مايسىمان سۇيۇقلۇق. قىچا ئۇرۇقى ۋە سامساق تەمىگە ئىگە. ئىنتايىن زەھەرلىك، تېرىنى كۆيدۈرىدۇ. ئىلگىرىكى ئۇرۇشلاردا زەھەرلىك گاز ئورنىدا ئىشلىتىلگەن.

**ئىپلاس** (ئە) ① سۈپ. پاك ئەمەس، پاسكىنا: ئىپلاس نەرسە. ② سۈپ. كۆچمە. ھەرقانداق بىر ئىشقا توغرا نىيەتتە بولمايدىغان؛ رەزىل، قارا نىيەت، پەس، شەرمەندە؛ قەبىھ: ئىپلاس كىشى. * مەن سىلەرنىڭ بۇنچە ئىپلاس ئادەملەر ئىكەنلىكىڭلارنى بىلمەيتتىمەن. * — بۇزۇق ئادەم ئىكەنسىز، — دېدى ئۇ، — سىزنى شۇنچىلىك ئىپلاس ئادەم دەپ ئويلىمىغانىدىم. ③ ئى. شۇنداق ئادەم ياكى نەرسە: بۇ ئىپلاس تۇرمىدىن قاچقانىكەن. * پۇرسەت ئەپلىك بولغانىدىمۇ بۇنى قىلغان ئىپلاس كىم؟ * بۇ ئىپلاسنى خەلق نامىدىن ئېتىش كېرەكمۇ؟ * خۇش بولماسىمىدىڭ، دەيمەن، ئىبراھىم. بۇ ئىپلاس دەۋر كۆزدىن يوقالسا!

**ئىپلاسلارچە** رەۋ. ئىپلاسلارغا خاس، ئىپلاسلارغا ئوخشاش: ئىپلاسلارچە ئىش قىلماق.

**ئىپلاسچىلىق** ئى. ئىپلاسلارغا خاس ئىش-ھەرىكەت، ئىپلاسلىق: بۇ نېمىدېگەن ئىپلاسچىلىق-ھە!

**ئىپلاسلاشماق** پ ① ئىپلاس ھالەتكە كەلمەك، مەينەت بولماق، پاسكىنا بولماق: يوللار بارغانسېرى ئىپلاسلىشىپ كەتتى. ② كۆچمە. پەسكەشلەرچە ئىش قىلىدىغان بولۇپ قالماق، رەزىل، پەسكەش بولۇپ قالماق، رەزىللەشمەك: ئۇ ھەدەدىدىن ئېشىپ ئىپلاسلىشىپ كەتتى.

**ئىپلاسلىق** «ئىپلاس» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: زەمبىرەك ئوقلىرى ۋە ئەجەل ئارىلاپ يۈرگەن، ھەممە يېقى ئىپلاسلىق بىلەن تولغان، قانغا مىلەنگەن بۇ تاقىر يەردە ئەتىگەندىن-كەچكىچە ئۇخلىشاتتى. * ئۇ كۆڭۈلنى ئايلاندۇرىدىغان ئىپلاسلىق ئىچىگە چۆشتى.

**ئىپومېيە** ئى (ر<لات) <بوت> يۆگەي ئائىلىسىدىكى بىر يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. غولى يەر بېغىرلاپ ئۆسىدۇ، ئوتتۇرىسى كاۋاك بولىدۇ. يوپۇرمىقى تۇخۇمسىمان يۇمىلاق ياكى يۈرەك شەكلىدە، سېپى ئۇزۇن، گۈلى ھال رەڭ ياكى ئاق، ۋارونكا شەكلىدە بولىدۇ. غوزىلىق مېۋە تۇتىدۇ. مېۋىسى تۇخۇم شەكلىدە كېلىدۇ. يۇمران غول، يوپۇرماقلىرىنى كۆكتات ئورنىدا ئىستېمال قىلغىلى بولىدۇ.

**ئىت** ئى <زوئول> سۈت ئەمگۈچى ھايۋان. خىللىرى كۆپ. پۇراش ۋە ئاڭلاش سېزىمى ئۆتكۈر كېلىدۇ. تۈكلىرى ھەرخىل رەڭلەردە بولىدۇ. ئۇ ئادەتتە ئۆي ھايۋىنى ھېسابلىنىپ، كۆندۈرۈش ئارقىلىق ئۆي بېقىش ئوۋچىلىق ۋە چارۋىچىلىقتا ئىشلەتكىلى ياكى ھەربىي، قانۇن ئىشلىرىغا ياردەملەشتۈرگىلى بولىدۇ.

**ئىت باش چېپار مۈشۈك** <زوئول> سۈت ئەمگۈچى ھايۋان. تۇمشۇقى ئۇچلۇق، قۇلىقى تار، تۈكلىرى سارغۇچ قوڭۇر

بولۇپ، قارامتۇل قوڭۇر ئالسى بولىدۇ. مەقئەت تۆشۈكىنىڭ ئاستىدا ئاجرىتىش بېزى بولۇپ، خۇشپۇراق چىقىرىدۇ. ئادەتتە ئۇ ياۋا مېۋە ھەم كىچىك ھايۋانلارنى ئوزۇق قىلىدۇ. دۆلىتىمىزنىڭ جېجياڭ، گۇاڭدۇڭ، فۇجيەن ئۆلكىلىرى ۋە شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيادىكى ھەرقايسى دۆلەتلەردە بار.

**ئىت باش ئۇرمان مۈشۈكى** <زوئول> سۈت ئەمگۈچى ھايۋان. شەكلى ئۇزۇن قۇيرۇقلۇق مۈشۈككە ئوخشايدۇ. ئۇنىڭ ئىت باش چىپار مۈشۈكتىن پەرقى شۇكى، ئۇستۇنكى جاغىدىكى ئىككىنچى ئېزىق چىشى كەم بولىدۇ.

**ئىت بورسۇق** <زوئول> سۈت ئەمگۈچى ھايۋان. تۈكلىرى كۈل رەڭ قورسىقى ۋە تۆت پۇتى قارا كېلىدۇ. بېشىدا تۇغرىسىغا كەتكەن ئۈچ تال يولى بولىدۇ. پۇتلىرىدا ئۇزۇن ھەم ئۆتكۈر كەلگەن تىرناقلىرى بولۇپ، توپا كولاشقا ماھىر كېلىدۇ. ئادەتتە تاغ-داللاردا ئۇۋا كولاپ ماكان تۇتىدۇ، كېچىسى ھەرىكەت قىلىدۇ. مايلىرىدىن چەككىلەپ ئېلىنغان ياغ بىلەن كۆيۈك يارىسىنى داۋالىغىلى بولىدۇ.

**ئىت بولۇپ كېتەي** «ئىتتەك خار بولسامۇ رازى» دېگەن مەنىدىكى ئىبارە: — سىلەرگە قورال تەڭلەيدىغان بولسام، ئىت بولۇپ كېتەي، — دېدى ئۇ.

**ئىت بۈلۈڭى ← ئىت ئۈۋسى.**

**ئىت بۈرگىسى** <زوئول> ئىت تېنىدە پارازىت ياشايدىغان بىر خىل بۈرگە. تېنى تار ھەم يېسسى، قېنىق بېغىر رەڭدە، بەزىدە مۈشۈك ۋە باشقا ھايۋانلار تېنىدىمۇ پارازىت ياشايدۇ.

**ئىت بېلىق** <زوئول> بېلىقنىڭ بىر خىلى. تېنى سەل-پەل يۇمىلاق بولۇپ، يېشىل، ئاق ياكى قارامتۇل قوڭۇر كەلگەن داغلىرى بولىدۇ. قۇيرۇقى ناھايىتى تەرەققىي قىلغان. ئېغىزى چوڭ بولۇپ، ئۆتكۈر چىشلىرى بولىدۇ. تاتلىق سۇدا ياشايدۇ. ھەرىكىتى تېز بولۇپ، بېلىقلار ۋە باشقا سۇ ھايۋانلىرىنى تۇتۇپ يەيدۇ.

**ئىت پوق يېمەستە** ئورنىدىن تۇرۇپ تېخى ھېچقانداق بىر ئىشقا تۇتۇش قىلمىغان چاغدا، قاق سەھەردە، ناھايىتى ئەتىگەندە: — بىركىم سېغىنىپ قالغاندەك ئىت پوق يېمەستە بۇ يەردە نېمە قىلىپ يۈرىسەن؟ — دەپ سورىدى. ھېكىم نۇر.

**ئىت تالاشتۇرماق** خەلق ئويۇنلىرىنىڭ بىر تۈرى. ئۇنىڭدا ئىككى ئىتنى ئۆز ئارا بىر-بىرىگە سوقۇشتۇرۇپ قويۇپ تاماشا قىلىنىدۇ: ماداري بار باپكارلار قاراڭغۇ ئۆيگە بېكىنىۋېلىپ مۇكا ئاتىدۇ، ماداري يوقلار تام يۆلەيدۇ؛ ياش باللار كۈن بويى ئىت تالاشتۇرۇپ، خوراز سوقۇشتۇرۇپ ئوينايدۇ.

**ئىت خۇي ← ئىت مجەز:** ئىت خۇي ئادەم.

**ئىت چىۋىنى** <زوئول> بىر خىل ھاشارات. تېنى سەل يېسسى، قوڭۇر سېرىق رەڭدە، بىر جۈپ قانىتى بار. ئېغىز ئاپپاراتى ئۇچلۇق، ئىت قېنىنى شورايدۇ.

**ئىت مۇرۇن** <بوت> ← **ئازغان.**

**ئىت مجەز** مجەزى ئىتتەك، كىشىگە ئاسانلا ئاچچىقلىنىدىغان، ئاسان سوقۇ-شۇپ قالىدىغان، يۈز-خاتىر قىلمايدىغان:

ئىت مىجەز ئادەم. ئىت مىجەز ئايال.

**ئىتنىڭ ئاغزىغا پىل چىشى چىقماق** قەتئىي ئەمەلگە ئاشمايدىغان، رېئاللىقتا زادىلا بولمايدىغان ئىشلارغا قارىتا قوللىنىدىغان ئىبارە: — سىلەر ئالدامغا چۈشۈپ كەتمەڭلەر، بۇرە قانداقلا بولمىسۇن بۆرە، ئەگەر ئۇنىڭدىن ياخشىلىق كېلىدىغان بولسا، ئىتنىڭ ئاغزىغا پىل چىشى چىققان بولاتتى، — دەپتۇ ئۇ.

**ئىتنىڭ بالىسى** «ئادەم ئەمەس، ھايۋان» دېگەن مەنىدىكى تىل-ھاقارەت سۆزى: بۇ ئىتنىڭ بالىسنى ماڭا تاپشۇرۇڭلار، قانداق قىلىشنى ئۆزۈم بىلىمەن. * ھەرنېمە قىلساق بىللە قىلىمىز، ئەكەلگىنە قولۇڭنى، ھەي ئىتنىڭ بالىسى!

**ئىتنىڭ قۇرتىدەك** ناھايىتى كۆپ، ناھايىتى جىق، مىغ-مىغ: ھازىر ساقچى ئورگانلىرى يېڭى ئىشپىيونلارنى جەلپ قىلىپ، ئىتنىڭ قۇرتىدەك يامرىتىۋەتتى.

**ئىتنىڭ كۈنى** خار-زار تۇرمۇش، ئاچ-توق ھايات، ئىنتايىن خارلىق: — ئىھ... ئىھ... ۋاييەي! ئىتنىڭ كۈنىغۇ بۇ، ئىتنىڭ كۈنى! — ئوغرى ئاچلىقتىن دۈمبىسىگە چاپلىشىپ كەتكەن قورسىقىنىڭ ھەرە چاققاندەك ئېچىشىپ ئاغرىشىدىن ۋايجانلاپ، يىلاندەك تولغىنىشقا باشلىدى. * بىزنىڭ كۈنىمىز ئىتنىڭ كۈنى دېسىلە، ئىتنىڭ كۈنى.

**ئىتنىڭ كۈنىنى كۆرمەك** كۈنى خار-زار-لىقتا ئۆتمەك، خار-زار تۇرمۇش كەچۈر-مەك: شۇ كۈنلەردە ئىتنىڭ كۈنىنى كۆرۈ-ۋاتىمىز. بىزگىمۇ ياخشى كۈنلەر كېلەر، — دېدى ئۇ.

**ئىت ئۇۋىسى** تۇرخۇنىنىڭ كاڭ بىلەن تۇتاشقان قىسمىنىڭ ئۇدۇلىغا ئىسنى راۋان ماڭدۇرۇش ئۈچۈن ئويۇلغان ئورەكچە.

**ئىت ئۈچەي تېشى** <تب> ئىتنىڭ ئۆت خالتىسى، بۆرىكى ياكى دوۋسىقىدا پەيدا بولىدىغان تاشقا ئوخشاش نەر-سە. ئىت مەلۇم كېسەلگە گىرىپتار بولغاندىن كېيىن شەكىللىنىدۇ. ئادەتتە ناھايىتى ئاز ئۇچرايدۇ. جۇڭيىدا غەلۋە-رەك، قىلتاماق قاتارلىقلارنى داۋالاشقا ئىشلىتىلىدۇ.

**ئىت ئېيىقى** <زوئول> سۈت ئەمگۈچى ھايۋان. تېنى ناھايىتى چوڭ، قۇيرۇقى قىسقا، پۇت ئالقىنى چوڭ، پەنجىلىرىدە ئىلمەكى ۋە مەيدىسىدە ھىلال ئاي شەكىللىك ئاق ئالىسى بولىدۇ، قالغان قىسمى قارا كېلىدۇ، سۇ ئۈزەلەيدۇ ۋە دەرەخكە چىقالايدۇ. گۆشى، ئۆتى ۋە مېيى دورا قىلىنىدۇ. ئالقىنى بولسا قىممەتلىك يېمەكلىك ھېسابلىنىدۇ.

**ئىت يالىقى** «خار، پەس، پەس-كەش» دېگەن مەنىلەردىكى تىل-ھا-قارەت سۆزى: ئۆزۈڭمۇ، ئېرىڭمۇ كېسەل كۆرپىسى، ئىت يالىقى.

**ئىت يالىقىنى يالىماق** ئىتنىڭ ئورنىدا كۈن كەچۈرمەك، خار-زارلىق بىلەن كۈن ئۆتكۈزمەك: — يوقال بەزگەك، ئىت يالىقىنى يالاپ كۈن ئالىدىغان بەدرەك، — دېدى زەۋقى.

**ئىت يۈز** كىشىگە قىلچە يۈز-خاتىر قىلمايدىغان، يۈزسىزلارچە مۇئامىلە قىلىدىغان، يۈزىدە تۈكى بار، ئىزا تارتمايدىغان: ئۇ دېگەن ئىت يۈز بىرنېمە.

**ئىت يىلى** <ئاستر> ئون ئىككى مۆچەلنىڭ ئون بىرىنچىسى، يەنى مۆچەل يىل ھېسابىدىكى ئون بىرىنچى يىل.

**ئىت يىلدىن ئېشەك يىلغىچە** ناھايىتى ئۇزۇن ۋاقىت جەريانىدا: — مەن كۈچۈم

ھالال، ئۆزۈم ھارام ئادەم مەن، ئىشەكتەك ئىشلەيمەن، ئەمما ئىت يىلىدىن ئىشەك يىلىغىچە بەش موچەنلىك پۇل كۆرۈپ باقمىدىم، – دەپ زارلاندى ئۇ.

**ئىنائەت** ئى (ئە) بىراۋنىڭ دېگىنىنى ئاڭلاش، بۇيرۇغىنىنى قىلىش، ئەمرىنى ئورۇنلاش؛ بويسۇنۇش: ئىنائەت قىلماق. * – ھە، چۈشەندىم، – دەپ كۆكۈيۈن ھەيۋەتلىك بىر ئىنائەت بىلەن جاۋاب بەردى – ئەيىب سىزدە ئەمەس. * دېدىمەن نەچچە مەررە «تارت ئۆزۈڭنى بۇ يامان يولدىن»، نەسىھەتكە دىلىدا بىر ئىنائەت زادى يوق نەپسىم.

**ئىنائەت قىلماق** دېگىنىنى، تاپشۇرغىنىنى ئورۇندىماق ياكى ئورۇنداشقا تەييار تۇرماق، نېمە قىلىشنى بۇيرۇسا شۇنى قىلماق، بويسۇنماق: – بىزنىڭ كونا قائىدىمىز بويىچە، باشلىقنىڭ سۆزىگە ھەممە ئادەم ئىنائەت قىلىش لازىم. * — بارلىق قۇشلار چاقىرىلغان مۇھلەت ئىچىدە كېلىپ بولدى. سەن نېمىشقا بۇيرۇققا ئىنائەت قىلمايسەن؟ – دەپ ۋارقىراپتۇ، قۇشلار پادىشاھى.

**ئىنائەتچان** سۈپ. ئىنائەت قىلىدىغان، بويسۇنىدىغان، ئىنائەتكار: شۇ كۈنلەردە قۇناخۇنىنىڭ نەزىرىدە پۈتۈن ئەزالار گويا ئىنائەتچان چاكار، ئۆزى گۇيا سەلتەنەتلىك شاھ بولۇپ قالغانىدى. * ئىناۋەتلىك باشلام-چىسىنىڭ ئارقىسىدا باياتىن زىچچىدە تۇرۇشقان ئىنائەتچان قويلار ئەمدى سەركىنىڭ كەينىدىن ئەگىشىپ، مەرىشىپ يول تەرەپكە ماڭغىلى باشلىدى. * ناسىر بالا چېغىدىن تارتىپلا ياۋاش، ئىنائەتچان بولۇپ ئۆسكەنىدى.

**ئىنائەتچانلىق** «ئىنائەتچان» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: ئىنائەتچانلىق بىلەن ئىش قىلماق. * ھېكىم «بېشىم بىلەن» دەپ ئىنائەتچانلىق بىلدۈرۈپ، شاھنىڭ ئالدىدىن چىقىپتۇ.

**ئىنائەتسىز** سۈپ. ئىنائەت قىلمايدىغان، بويسۇنمايدىغان: ئىنائەتسىز ئادەم. ئىنائەتسىز بالا. * سىلەر بېرىپ نۇسرەتنى تۇتۇپ كېلىڭلار تېز، ئوردىغا ئېلىپ. ئىنائەتسىز، نادان بەگباشنىڭ ئەدىپىنى قويايلى بېرىپ.

**ئىنائەتسىزلىك** «ئىنائەتسىز» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: بۇ ئەھۋال تۆمۈر خەلپىنىڭ كۆڭلىدە بىرئاز غەشلىك پەيدا قىلدى. چۈنكى، بۇ سۆيۈملۈك ئېتى ئۇنىڭغا ھېچقاچان مۇنداق ئىنائەتسىزلىك قىلىپ باقمىغانىدى.

**ئىنائەتكار** ئى (ئە+پ) بىركىمگە ئىنائەت قىلغۇچى، بويسۇنغۇچى كىشى: – مەن بۇ ئىشتا ئەنە شۇ بۇيرۇقنى ئىجرا قىلغۇچى ئىنائەتكارمەن،-دەپتۇ ئۇ. // ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ، ئىنائەتكار بوتۇڭغا بۇيرۇدى: — ھازىرلا چىقىپ ئىش باشلا، كىمدە قانچىلىك نەرسە بار، ھەممىنى يىغقىن، لېكىن ئېسىڭدە بولسۇن، ئاشلىقتىن باشقا نەرسىنى بۇ يەرگە كۆتۈرۈپ كەلمە!

**ئىنائەتكارلىق** «ئىنائەتكار» سۆزىنىڭ ئابستراكت ئىسىم شەكلى: شۇ چاغدا مەن ئىنائەتكارلىق بىلەن ئۇنىڭغا ئەگىشىپ ئۆيدىن سىرتقا چىقىپ كەتتىم. * مانا ئەمدى بولسا ئۇنىڭغا ئىنائەتكارلىق بىلەن ئېگىلگەن باشلارنى كۈندە دېگۈدەك كۆرۈپ تۇرىدىغان بولدى.

**ئىنائەتكارانە** رەۋ (ئە+پ) ئىنائەتكارلىق بىلەن، ئىنائەت قىلىپ، بويسۇنۇپ.

**ئىنائەتلىك** سۈپ. ئىنائەت قىلىدىغان، بويسۇنىدىغان: ئىنائەتلىك بالا. * ئۇ مېھرىبان، ياخشى، ئىنائەتلىك بىر ئادەم ئىدى... * بۇ ئېگىز، قامەتلىك يىگىتنىڭ نېمىسدۇر ياخشى، ئىنائەتلىك كۆرۈنەتتى.

**ئىتائەتمەن** سۈپ. ئىتائەت قىلىدىغان، ئىتائەتلىك، ئىتائەتچان: – ھەي... سەن تېخى بالا، – گۈلچېمەن ئاۋازىغا جىددىي تۈس بېرىپ دېدى، – مەنمۇ ئىلگىرى ساڭا ئوخشاش تەشكىلگە ئىتائەتمەن ئىدىم. * – كىملا بولساڭ چۈش دەرەختىن! – دېدى بۆيرۈق بىلەن. مەن قايتىپ چۈشتۈم. قارىسام ئۇ ئاۋۋالقى مۇلايىم، ساددا، ئىتائەتمەن تۇردى ئاكامغا ھېچلا ئوخشىمايتتى.

**ئىتائەتمەنلەرچە** رەۋ. ئىتائەتمەن كىشىلەرگە خاس، ئىتائەتمەن كىشىلەرگە ئوخشاش: شەمەر ئورنىدىن سەل قوزغىلىپ، ئىتائەتمەنلەرچە تەلەپپۇزدا ئاستاغىنا جاۋاب بەردى.

**ئىتائەتمەنلىك** «ئىتائەتمەن» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: ئۇ چىرايىدىن مۇلايىملىق، ئېرىگە بولغان ئىتائەتمەنلىك تۆكۈلۈپ تۇرىدىغان ساددا بىر ئايال ئىدى. * ئۇ چاغدا ھۆرىگۈل يۈزلىگەن ئۇرچۇقلارنىڭ قانداق قىلىپ بىر ئايال ئىشچىنىڭ ئىختىيارىغا ئىتائەتمەنلىك بىلەن بويسۇندىغانلىقىنى بىلمەيتتى.

**ئىتاچى** ئى. دىئال. ئىت تالاشتۇرغۇچى كىشى، ئىتئۋاز.

**ئىتالغۇ** ئى (ئىت+ئال+غۇ) <زوئول> لاچىنسىمانلار ئائىلىسىگە مەنسۇپ بىر خىل يىرتقۇچ قۇش.

**ئىتالىيان** ئى <ئىرق> مۇشۇ نام بىلەن ئاتالغان مىللەت ۋە شۇ مىللەتكە مەنسۇپ كىشى: ئىتالىيان تىلى.

**ئىتالىيان تىلى** <تىل> ئىتالىيانلار ئىشلىتىلىدىغان تىل. بۇ تىل ھىندى-ياۋروپا تىللىرى سىستېمىسىنىڭ رومان تىللىرى تۈركۈمىگە كىرىدۇ. ئۇ يالغۇز ئىتالىيىدە قوللىنىپلا قالماي، بەلكى شۋېتسارىيە، ئامېرىكا، كانادا، برازىلىيە ۋە ئارگېنتىنالاردىمۇ قوللىنىلىدۇ. ئەدەبىيات-سەنئەتنىڭ قايتا گۈللىنىش دەۋرىدە، بۇ تىل مەدەنىيەت ۋاسىتىسى سۈپىتىدە غەربىي ياۋروپادىكى باشقا تىللارغا چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەن.

**ئىتالىيانچە** ① سۈپ. ئىتالىيانلارغا، ئىتالىيان خەلقىگە، ئىتالىيان تىلى ۋە مەدەنىيىتىگە ئائىت؛ ئىتالىيان خەلقىگە خاس: ئىتالىيانچە ئۇسسۇل. ئىتالىيانچە كىيىم. ② ئى. ئىتالىيان تىلى ۋە يېزىقى: ئىتالىيانچىنى نەدە ئۆگىنىپتىكەن؟ ③ رەۋ. ئىتالىيان تىلى ۋە يېزىقىنى ئىشلىتىپ، ئىتالىيان تىلىدا: ئىتالىيانچە سۆزلىمەك.

**ئىتالىيانلار** ئى <ئىرق> ئىتالىيان مىللىتى، ئىتالىيان خەلقى. ئىتالىيىنىڭ ئاساسلىق ئاھالىسىنى تەشكىل قىلىدۇ، ئۇنىڭدىن باشقا شۋېتسارىيىدىمۇ ياشايدۇ.

**ئىتپەرەس** سۈپ. ئىت دېسە جېنىنى بېرىدىغان، ئىت بېقىشقا، ئىت تالاشتۇرۇشقا بېرىلىپ كەتكەن، ئىتقا ئامراق: چى بەگلىكىدە ئىتپەرەس بىر ئادەم بار ئىكەن، قوشنىسى ئۇنىڭغا چاشقان تۇتىدىغان ئوبدانراق ئىتتىن بىرنى تېپىپ بېرىشنى ئىلتىماس قىلىپتۇ. // — مانا بۇ ناھايىتى ياخشى ئىت، — دەپتۇ ئىتپەرەس بىر يىلدىن كېيىن بىر ئىتنى ئېلىپ كېلىپ، لېكىن قوشنىسى بۇ ئىتنى بىر يىل باقسىمۇ، زادى چاشقان تۇتماپتۇ.

**ئىتپەرەسلىك** «ئىتپەرەس» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى.

**ئىتتەرتكۈزمەك** «ئىتتەرمەك» پېئىلىنىڭ قوش مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**ئىتتەرتمەك** «ئىتتەرمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**ئىتتەرگۈزمەك** «ئىتتەرمەك» پېئىلىنىڭ يەنە بىر خىل مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئالىم ئۇن-ئۇنبەش چامدامالاردىن كېيىن، يولداشلىرىغا ئىتتەرگۈزۈپ تۇرماستىن ئۆز ئىختىيارى بىلەن مېڭىشقا باشلىدى.

**ئىتتەرمەك** پ ① بىرەر نەرسىنى مەلۇم كۈچ بىلەن ئەسلىدىكى ئورنىدىن مەلۇم يۆنىلىشكە قارىتىپ سۈرمەك، يۆتكىمەك ياكى سۈرۈش، يۆتكەش ئۈچۈن كۈچەنمەك: ئىشكنى ئىتتەرمەك. هارۋا ئىتتەرمەك. * ئىتتىرىپ بەرگەننى ئىت يېمەس (ماقال). * قىزنىبەگ قەغەزنى كۆزدىن كەچۈرە-كەچۈرمەيلا، دەپتەر تۇتۇپ ئولتۇرغان بەگنىڭ ئالدىغا ئىتتىرىپ قويدى. ② كۆچمە. ئارتماق، دۆڭگىمەك: جاۋابكارلىقنى باشقىلارغا ئىتتەرمەك. * ئايگۈل بىرەر جىددىي ۋە ئەمەلىي مەسىلە يۈز بېرىپ قالسا، ئۆزى هەل قىلماي، بەلكى ئېرىگە ئىتتىرىپ قوياتتى. * بۇ قىيىنچىلىقنى سىزگە ئىتتىرىپ قويغۇم يوق ئىدى. لېكىن، قانچە ئويلىسامۇ باشقا ئامال تاپالمىدىم.

**ئىتتىرىپ كۆتۈرۈش** <تەن> ئېغىرلىق كۆتۈرۈش ئۇسۇلى. ئىككى باسقۇچلۇق هەرىكەتتىن تەركىب تاپىدۇ. بىرىنچى باسقۇچتا تەنهەرىكەتچى ئىككى قولى بىلەن شتانگىنى يەردىن كۆتۈرۈپ كۆكرەككە ئالىدۇ ۋە تۈز تۇرىدۇ؛ ئىككىنچى باسقۇچتا رېپىرىنىڭ بۇيرۇقىدىن كېيىن شتانگىنى باش ئۈستىگە ئىتتىرىپ كۆتۈرۈپ، ئىككى بىلەكنى تۈز قىلىدۇ، ئاندىن رېپىرىنىڭ بۇيرۇقى بويىچە شتانگىنى يەرگە قويىدۇ.

**ئىتتەك** سۈپ. مىجەزى ئىتتىك، كىچىككىنە بىر ئىشلار ئۈچۈن هە دېسىلا يولسىزلىق قىلىدىغان، ئۇدۇل كەلگەن ئادەمگە ئېتىلىپ چاتاق چىقىرىدىغان: ئىتتەك بولۇپ قالماق. * ئۇ ئەلەمدىن غەزەپكە كېلىپ، خۇددى ئىتتەك پىرقىراپ كەتتى.

**ئىتترىي** (ر<لات) <خىم> مېتال ئېلېمېنت. بەلگىسى y (yttrium). قارامتۇل كۈل رەڭ پاراشوك هالەتتىكى ماددا. ئادەتتە قېتىشما ۋە ئالاهىدە ئەينەكلەرنى ياساشقا ئىشلىتىلىدۇ.

**ئىتتېربىي** ئى (ر<لات) <خىم> مېتال ئېلېمېنت. بەلگىسى Yb (ytterbium). ئالاهىدە قېتىشمىلارنى ياساشتا ئىشلىتىلىدۇ.

**ئىتتىپاق** (ئە) ① ئى. گۇرۇپپا، جەمئىيەت، سىنىپ ياكى مىللەت، دۆلەتلەرنىڭ بىرلىكتە ئىش ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن تۈزگەن بىرلەشمىسى؛ بىرلەشمە، ئۇيۇشما: ئىتتىپاق تۈزمەك. سوۋېت ئىتتىپاقى. * مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 211-يىلى هونلارنىڭ بىر قىسمى ۋە هونلار ئىتتىپاقىغا كىرگەن ئۇيغۇرلارنىڭ بىرنەچچە قەبىلىسى غەربكە قاراپ كەڭ كۆلەملىك يۈرۈش قىلغان. ② سۈپ. ئىناق، يېقىن، قويۇق: ئىتتىپاق ئائىلە. ئىتتىپاق ئۇرۇق-تۇغقانلار.

**ئىتتىپاق بولماق** ئىتتىپاقلاشماق، ئىناق ئۆتمەك: — ئەلنى زۇلۇمدىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن، — دەپتۇ ئوتتۇرانچى، — پۈتۈن پۇقرا بىر ئىتتىپاق بولۇپ، بىر ياقىدىن باش، بىر يەڭدىن قول چىقىرىش كېرەككەن، دادا، — دېدى ئۇ.

**ئىتتىپاق تۈزمەك** بىرلىشىش، بىرلىكتە ئىش ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن ئۆزئارا كېلىشىپ قارار ماقۇللىماق: كىشىلەر شۇ ۋاقىتتا ئۆز ئىچىدە ياۋروپا پرولېتارىياتى مۇستەملىكىلەردىكى ئازادلىق هەرىكەتلەر بىلەن بىۋاستە

ئىستىپاق تۈزمەيمۇ غەلىبە قازىنالايدۇ.

**ئىستىپاق تۈزمىگەن دۆلەتلەر** <ت ئىش> مۇستەقىل، ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولۇپ، تىنچ بىتەرەپ تۇرۇش ۋە چوڭ دۆلەتلەر بىلەن ئىستىپاق تۈزمەسلىك سىياسىتىنى يولغا قويغان دۆلەتلەر.

**ئىستىپاقچى** ئى ① ئۇيۇشۇش، بىرلىشىش كۈچىگە ئىگە كىشلەر توپى ياكى خەلق، ئۇيۇشچانلىققا ئىگە كۈچ: ھىندىستاندا ياش ۋە جەڭگىۋار ئىنقىلابىي پرولېتارىيات بار، بۇ پرولېتارىيات بولسا يەنە مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتىنى ئىبارەت مۇشۇنداق شۈبھىسىز ئۇلۇغ ۋە مۇھىم بىر ئىستىپاقچىغا ئىگە. ② ئۆزئارا ئىستىپاق تۈزگەن گۇرۇھ ياكى دۆلەتلەر، ئىستىپاقداش: ئۇ چۈش كۆردى، چۈشىدە مانا مۇنداق ئىش كۆردى، مانا، كۆك دېڭىز ئۈستىدە نەچچە مىڭلىغان ئىستىپاقچىلار ئايروپىلانلىرى ئۇچۇپ يۈرىدۇ. * ئۇلار دۆلەت خەزىنىسىنى ئوغرىلىغۇچى مىليونېرلارنىڭ بىۋاستە ئىستىپاقچىلىرىمۇ، ياكى پەقەت ۋاستىلىك ئىستىپاقچىلىرىمۇ؟

**ئىستىپاقداش** ① ئى. ئۆزئارا ئىستىپاق تۈزۈپ ياكى ئىستىپاققا كىرىپ بىرگە ھەرىكەت قىلغۇچى، ھەمكارلىشىپ پائالىيەت ئېلىپ بارغۇچى گۇرۇھلار ياكى دۆلەتلەر: ئالتىنچى قېتىملىق فرانسىيىگە قارشى ئىستىپاققا قاتناشقان دۆلەتلەرنىڭ ئىستىپاقداشلار ئارمىيىسى 1814-يىل 3-ئاينىڭ 31-كۈنى پارىژغا كىرگەن. ② سۈپ. بىر ئىستىپاققا، بىر بىرلەشمىگە كىرگەن: ئىستىپاقداش جۇمھۇرىيەتلەر.

**ئىستىپاقداش ئارمىيە** <ھەرب> ئورتاق كۈرەش نىشانى ئۈچۈن ئىستىپاق بولۇپ بىرلەشكەن ئارمىيە.

**ئىستىپاقداشلىق** «ئىستىپاقداش» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: سوۋېت ئىستىپاقىدا، لېنىن ۋە ستالىنىنىڭ رەھبەرلىكىدە، ئىستىپاقداشلىق تۈزۈمىدىن ئىبارەت دۆلەت تۈزۈلمىسى شەكلى قوللىنىلدى.

**ئىستىپاقسىز** سۈپ. ئىستىپاقلاشمىغان، ئىناق ئەمەس: ئىستىپاقسىز ئادەملەر.

**ئىستىپاقسىزلىق** ئى. ئىستىپاق، ئىناق بولمىغان ئەھۋال؛ ئىناقسىز ھالەت، ئىناقسىزلىق: ئىستىپاسىزلىقنى تۈگەتمەك. * مۇشۇ مەسىلە تۈپەيلى ئىستىپاقسىزلىق يۈز بەردى. * بۇنى ئاساسسىز مۇنازىرىگە ئايلاندۇرماسلىق ۋە باشقىلارنىڭ پىكرىگە ھۆرمەت قىلىش، ئۆزئارا زىددىيەت ۋە ئىستىپاقسىزلىق پەيدا قىلىدىغان ئىشلاردىن ساقلىنىش لازىم.

**ئىستىپاقلاشتۇرماق** «ئىستىپاقلاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: خەلقنى ئىستىپاقلاشتۇرماق. مىللەتنى ئىستىپاقلاشتۇرماق. * ئۇلار ئىلگىرى دېھقانلار ئاممىسىنى ئىستىپاقلاشتۇرغانىدى.

**ئىستىپاقلاشتۇرۇلماق** «ئىستىپاقلاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**ئىستىپاقلاشماق** پ. ئىستىپاق، ئىناق بولغان ھالەتكە كەلمەك؛ ئىستىپاق بولماق، بىرلەشمەك، ئۇيۇشماق: شۇندىن كېيىن ئۇلار بىر ئائىلە كىشىلىرىدەك ئىستىپاقلاشتى.

**ئىستىپاقلىق** «ئىستىپاق» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: ئەر-ئايال ئوتتۇرىسىدىكى ئىستىپاقلىق. * شۇندىن بېرى ھەم مىللەتلەر ئىستىپاقلىقى، كادىرلار بىلەن ئامما ئوتتۇرىسىدىكى ئىستىپاقلىق كۈچەيدى. * باللار شۇنىڭدىن كېيىن ناھايىتى ئىناق ئۆتۈشۈپتۇ، «ئىستىپاقلىق — كۈچ» دېگەن سۆزنى مۇشۇ باللار تاراتقانىكەن.

**ئىستىتمەك** «ئىستىتمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**ئىستىرەتمەك** «ئىستىرىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**ئىتتىرمەك** (توغرىسى: ئىتتەرمەك) ← **ئىتتەرمەك.**

**ئىتتىرىشمەك** «ئىتتەرمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: چۈش كۆرۈپتىمەن، چۈشۈمدە ئېچىرقاپ كەتكەن چىلبۆرە كىرىۋالغان چوڭ قوتاندىكى قوي پادىسىدەك بىچارە ھالغا چۈشۈپ قالغان بىئەقىل تۇتقۇنلار «مەن ئورۇق، ئۇ سېمىز» دەپ بىر-بىرىنى ئىتتىرىشىۋاتقۇدەك.

**ئىتتىرىلمەك** «ئىتتەرمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: شۇ چاغدا ئىشىك ئىتتىرىلدى، مەنسۇر ئىلغۇچنى ئاچتى.

**ئىتتىك** سۈپ ① ئىش-ھەرىكىتى، سۈرئىتى تېز، چاققان: قولى ئىتتىك. ئىتتىك كەلمەك. * بەك ئىتتىك سۆزلەيدىكەنسىز، نېمە دەۋاتقانلىقىڭىزنى ئاڭقىرالمىدىم. * ئالماس بىلەن ئېلىقۇل ئىتتىك ئورنىدىن تۇردى. * سونۇر قۇلاقچىسىنى غىجىملاپ تۇتۇپ ئىتتىك تالاغا قارىدى. ② كەسكىن، جىددىي: ئەكبەر شۇجىنى سالماق دەپ ئاڭلىۋىدىم. ئىتتىك دەمدۇ قانداق؟ ③ تېز سېتىلىدىغان، بازىرى بار، بېسىلىپ قالمايدىغان: بۇ يىل ئۇمۇ بازىرى ئىتتىك ماللاردىن بولۇپ قالدى. * ئەمدى بىز باھاسى مۇۋاپىق، بازىرى ئىتتىك مەھسۇلاتلاردىن يۆتكەپ كەلدۇق. ④ كۆچمە. كېسىدىغان، كېسەلەيدىغان، ئۆتىدىغان: ئىتتىك ئورغاق. ئىتتىك پىچاق. * جېلىل، ماڭا تازا ئىشلەپ ئىتتىك بىر ئۇستىرا سوقۇپ بېرەلەمسىز؟

**ئىتتىك بازار** نەرسىلەر تېز سېتىلىپ تۇرغان، چاپ-چاپ بازار: سىنىڭ بۇ نېمەڭنى ئىتتىك بازاردا بەش موچەنگە ئالار.

**ئىتتىكلەتمەك** «ئىتتىكلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: مەن بۇ يولدا كۆپ ماڭغىنىم ئۈچۈن قورقماي ھارۋىنى ئىتتىكلەتتىم. * پويىز ئايرىلىشلاردا تاقىلداپ، يۈرۈشنى ئىتتىكلەتتى. * ئۇ قەدىمىنى ئىتتىكلىتىپ، پەسكە قاراپ ماڭدى. * ئۇ پىچاقنى بىلەي تاشقا بىلەپ ئىتتىكلەتتى.

**ئىتتىكلەشمەك** «ئىتتىكلىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇنىڭ يۈرۈشى بارغانسېرى ئىتتىكلەشتى. * بىرئاز يۈرگەندىن كېيىن، ئوتتۇردىكى قېيىقنىڭ يۈرۈشى تېخىمۇ ئىتتىكلەشتى. شۇنىڭدىن كېيىن، ئۇلارنىڭ سۈرئىتى تېخىمۇ ئىتتىكلەشتى. * ئۇنىڭ يۈرىكى كۈندىن-كۈنگە يوغىناپ، قولىمۇ ئىتتىكلىشىپ، ئېپىنى تاپسىلا، ئۇنى بىر شاپىلاق، بۇنى بىر مۇشت ئۇرۇۋالىدىغان بولۇپ قالدى.

**ئىتتىكلىك** «ئىتتىك» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: — قوغلاش كېرەك! — دېدى بىر ياش ئىتتىكلىك قىلىپ. * قالغان مېھمانلار ئېغىزى ئىتتىكلىك قىلىپ تەنبىھ ئوقلىرىنىڭ قۇربانى بولۇپ كەتكەن يۈنۈسقا يەر تېگىدىن قاراپ قويۇشتى.

**ئىتتىكلىك قىلماق** يېنىكلىك قىلماق، ئالدىراڭغۇلۇق قىلماق: قىز ئىتتىكلىك قىلىپ، ئاغزىنى بۇزدى.

**ئىتتىكلىمەك** پ ① ئىتتىك، تېز ھەرىكەت قىلماق؛ تېزلەشمەك: ئېقىن بارغانچە تارىياتتى. سۇ بارغانچە ئىتتىكلەپ ئوقتەك تېز ئاقاتتى. ② كەسكىنلەشمەك، جىددىيلەشمەك: جېدەل كۆپەيگەنسېرى، مېنىڭ ئەزەلدىنلا تەرسا مىجەزىم خۇددى چاقلىغان پىچاقتەك ئىتتىكلەپ كەتتى. ③ تېز سېتىلىدىغان بولماق، بازىرى چىقماق: بىر ئاي بۇرۇن بازار يوق ئىدى ھازىر مالنىڭ سېتىلىشى بىرئاز ئىتتىكلىدى. ④ ئۆتكۈرلەش-

مەك: پىچاقنى بىلسەم ئىتتىكلىدى.

**ئىتتىمەك** پ. كېسەلەيدىغان بولماق، ئۆتمەيدىغان بولماق، ئۆتكۈرلەشمەك، ئىتتىرىمەك: ئۇستىرا ئىتتىمەك.

**ئىتسىگەك** ئى (ئىت+سى+گەك) <بوت> لويىلا ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق يېرىم چاتقال. غولى تىك، تۈۋىدىن شاخلىنىدۇ. شاخلىرى بوغۇملۇق بولۇپ گۆشلىشىدۇ، رەڭگى يېشىل. يوپۇرماقلىرى يىگىلەپ تەڭگىچە يوپۇرماققا ئايلانغان. يوپۇرماق قولتۇقىدا قارا تۈكلىرى بولىدۇ. شورتاڭ جايلاردا ئۆسىدۇ، زەھەرلىك. ئادەتتە قۇرت ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ. شىنجاڭنىڭ ھەممە جايلىرىدىن تېپىلىدۇ.

**ئىتلىق** ئى. ئىتلارغا خاس خۇسۇسىيەت، قىلىق، ئىش: ئىت ئىتلىقنى قىلمىسا كۆڭلى تىنماس (ماقال). * بۆرە قېرىسا، ئىتلىقى بار (ماقال). * ئىت ھامان ئىتلىقنى قىلىدۇ (ماقال). * تۈمەن غارغىش يېسەممۇ مەيلى، ئىتلىقمنى قىلمەن ئادا. شۇنداق قىلسام بولىدۇ رازى، مېنى ئىت قىلىپ ياراتقان خۇدا.

**ئىت-مۈشۈك** ئىت ۋە مۈشۈك: ئىت-مۈشۈك بولماق. * بىر ئادەمگە ئامەت كەلسە، ئۇنىڭ ئىت-مۈشۈكلىرىمۇ ئەتلىنىپتۇ (ماقال).

**ئىت-مۈشۈكى بولماق** قۇلى بولماق، خار كۆرۈلمەك، سۆزىدىن چىقماسلىق:
– بىر چاغلاردا ئىت-مۈشۈكۈڭ بولاي دەپ، كەينىمگە كىرىۋالغان، مانا ئەمدى، – دېدى ئۇ سۆزىنى باشلاپ.

**ئىتوت** ئى (ر) <تىيا> كىچىك تىپتىكى تىياتىر شەكلى. ئۇنىڭدا تۇرمۇشتىكى ئۇششاق ۋەقەلىكلەر ئاددىي ئىپادىلەش ئۇسۇللىرى ئارقىلىق يورۇتۇپ بېرىلىدۇ. ئادەتتە تىياتىرنىڭ ئورۇنلاش سەئىتىنى دەسلەپ ئۆگەنگۈچىلەر ئالدى بىلەن ئىتوتتىن باشلايدۇ.

**ئىتئۈزۈمى** ئى (ئىت+ئۈزۈم+ئى) <بوت>
① چەيزە ئائىلىسىدىكى بىر يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. يوپۇرمىقى نۆۋەتلىشىپ ئۆسىدۇ، ئېللىپس شەكىللىك، ساپىقى بار، گۈلى ئاق، مېۋىسى شىرىنلىك مېۋە پىشقاندا قارىيىدۇ. ئادەتتە ئۇنى دورا قىلىشقا بولىدۇ. سۈيدۈكنى راۋان قىلىش، ياللۇغ ياندۇرۇش رولىغا ئىگە. ② شۇ خىل ئۆسۈملۈكنىڭ مېۋىسى.

**ئىت-ئېشەك** ئىت ۋە ئېشەك: ئىت-ئېشەكتىنمۇ خار. * ئۇزۇن يىللار تۇتقۇنلۇقتا ھالسىزلانغان، ئىت-ئېشەكتەك كۈلپەت ئىچرە غەمگە تولغان. يۈرىكىمگە زەرداب بىلەن قان قۇيۇلغان، مەھكۇم ئەللەر مانا ئەمدى ئازاد بولدى.

**ئىتياڭاقى** ئى (ئىت+ياڭاق+ى) <بوت>
① چەيزە ئائىلىسىدىكى بىر يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. يوپۇرمىقى نۆۋەتلىشىپ ئۆسىدۇ، تۇخۇم شەكلىدە. گۈلى ئاق، گۈل تاجى سۇناي شەكىللىك. مېۋىسى غوزىلىق مېۋە بولۇپ، سىرتقى پوستىدا ئۇرغۇن تىكىنى بار. پۈتۈن تۈپى زەھەرلىك. گۈلى، يوپۇرمىقى ۋە ئۇرۇقى ناركوز خاراكتېرلىك يۆتەل پەسەيتكۈچى ۋە ئاغرىق توختاتقۇچى دورا قىلىنىدۇ.
② شۇ خىل ئۆسۈملۈكنىڭ مېۋىسى.

**ئىجابەت** ئى (ئە) رۇخسەت، ئەمەلگە ئېشىش، تەستىق، قوبۇل، ئىجازەت: ئىجابەت بولماق. ئىجابەت قىلماق. * غېرىبنىڭ تەلىپى ئىجابەت (ماقال). * ئۇ بىچارىنىڭ دۇئاسى ئىجابەت نىشانىسىغە يەتتى. * تىرىشىشنىڭ ئىجابىتىدىن يىلان-چايانلار ئۆز

جايلىرىغا ياندى.

**ئجابه‌ت ئه‌تمه‌ك** ← **ئجابه‌ت قىلماق:** كمه‌رسكى ئۆز گۇناهلىرىغا توۋا قىلسا، ئۇنىڭ گۇناهسىنى مه‌غپىره‌ت قىلغاي تىله‌كلىرىنى ئجابه‌ت ئه‌تكه‌ي.

**ئجابه‌ت بولماق** قوبۇل قىلىنماق، ئېتىبارغا ئېلىنماق: ئۇ پادىشاھمۇ ئاللادىن بىر په‌رزه‌نت تەله‌پ قىلاتتى، كۆنله‌رنىڭ بىرىده شاپه‌رقۇتنىڭ تەله‌پ دۇئاسى ئجابه‌ت بولۇپ، خوتۇنى هامىلدار بولدى.

**ئجابه‌ت قىلماق** قوبۇل ئه‌تمه‌ك، ئېتىبارغا ئالماق، ئه‌مه‌لگه ئاشۇرماق: — ئاۋۇ قېرى ئايال كىم؟ ئۇ نېمه ئۈچۈن كېلىۋېرىدۇ؟ سوراپ باققىنا، ئۇنىڭغا نېمه كېره‌ك ئىكه‌ن؟! ئۇنىڭ تىلىكىنى ئجابه‌ت قىلغايسه‌ن، — دەپتۇ سۇلتان ۋەزىرگه. * — خانىشنىڭ هاياتى خه‌ۋپ ئىچىده، ئۇنىڭ قانداق تىلىكى بولسا ئجابه‌ت قىلغايلا، — دەپتۇ تېۋىپ شاهقا.

**ئجابه تىلىك** سۈپ. ئجابه‌ت قىلىنغان ياكى قىلىنىدىغان، قوبۇل كۆرۈلىدىغان، ئېتىبارغا ئېلىنىدىغان: — ئۆزلىرىنىڭ ئجابه تىلىك ته‌دبىرلىرى بىله‌ن مه‌زكۇر يىلان-چايانلارنى ئۆز جايىغا قايتۇرۇپ، تىنچلاندۇرغان بولسىلا، — دېدى ئۇ، موللامغا.

**ئجابىي** سۈپ (ئه) ① قوبۇل قىلىنغانلىقنى، ماقۇل تېپىلغانلىقنى ئىپادىله‌يدىغان: ئجابىي باها. ئجابىي پىكىر. ئجابىي مۇناسىۋه‌ت. ② ماقۇللايدىغان، ياقلايدىغان؛ ماقۇللاشقا، ياقلاشقا، ماختاشقا سازاۋه‌ر بولغان؛ ياخشى؛ پايدىلىق: ئجابىي ته‌سىر. ‖ ئجابىي قارىماق. ③ ياخشى خىسله‌ت، په‌زىله‌تله‌رگه ئىگه بولغان؛ ئۈلگىلىك: ئجابىي ئوبراز. ئجابىي پېرسوناژ. ئجابىي قه‌هرىمان.

**ئجابىي پېرسوناژ** <ئه‌د> ئه‌ده‌بىي ئه‌سه‌رله‌ردىكى ئاپتورنىڭ هېسداشلىق قىلىش، ماختاش ۋە مه‌دهىيىله‌ش ئوبيېكتى قىلىنغان پېرسوناژ.

**ئجابىي رول** <كىنو> كىنو-تىياتىرلاردا ئېلىنغان ئجابىي پېرسوناژلار رولى.

**ئجابىي قه‌هرىمان** <ئه‌د> ← **ئجابىي پېرسوناژ.**

**ئجابىي مه‌نه** <تىل> سۆز-ئىبارىله‌رده ئىپادىله‌نگه‌ن ياخشى ياكى ماختاش خاراكتېرىدىكى مه‌نه، ياخشى مه‌زمۇن.

**ئجابىي مه‌نىلىك سۆز** ئجابىي مه‌نىله‌رنى بىلدۈرىدىغان سۆز-ئىباره. مه‌سىله‌ن، ياخشى، ئوبدان، ئېسىل دېگه‌نله‌رگه ئوخشاش.

**ئجابىيلىق** «ئجابىي» سۆزىنىڭ ئىسىم شه‌كلى.

**ئجاد** ئى (ئه) ① بىرەر نه‌رسىنى يېڭىدىن يارىتىش، بارلىققا كه‌لتۈرۈش: ئجاد قىلماق. ② به‌دىئىي، ئىلمىي ئه‌سه‌ر ياكى ماددىي بايلىق يارىتىش، يارىتىلغان يېڭىلىق؛ بايلىق، ئجادىيه‌ت: ئۇ خه‌لقنىڭ ئجادى. * ئىمىر هېزىم شېئىر يازدى، گىله‌مگه ئىشتىياق باغلاپ. مۇشۇ سه‌نئه‌ت ئجادىنى، دەۋرنىڭ مېۋىسى چاغلاپ.

**ئجاد ئه‌تمه‌ك** ← **ئجاد قىلماق.**

**ئجاد قىلماق** يېڭىدىن ۋۇجۇدقا كه‌لتۈرمه‌ك، يېڭىلىق ياراتماق، كه‌شپ قىلماق: ئۇ كىشى شۇ چاغنىڭ ئۆزىده «غه‌مسىز» ناملىق يېڭى نه‌غمه ئجاد قىلغان. * ئۇ يېڭى ناخشا ئجاد قىلدى. * كىشى بۇ دەۋرنى ئه‌رزىمه‌س ئىشلار بىله‌ن بىهۇده ئۆتكۈزۈۋه‌تمه‌ي، تىرىشىپ ئۆگىنىشى، ئجاد قىلىشى كېره‌ك.

**ئجادچان** سۈپ. ئجاد قىلىش روهىغا باي، ئجاد قىلىش روهىغا ئىگه؛ ئجاد قىلىشقا

ماھىر: ئىجادچان سەنئەتكار.

**ئىجادچانلىق** «ئىجادچان» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: شۇنداقلا ئۇ ئىجادچانلىققا باي تالانت ئىگىسىلا بولۇپ قالماستىن، بەلكى ھەممە بىلىملەردىن خەۋەردار بىلىملىك ئەرباب بولغانلىقى ئۈچۈن ھەرقايسى ساھەدە دەۋر بۆلگۈچ رول ئوينىدى. * ئۇزۇن يىللاردىن بېرى تۇرلۇك سەۋەبلەر تۈپەيلى، ئىشچىلار، دېھقانلار، زىيالىيلارنىڭ ئاكتىپلىقى ۋە ئىجادچانلىقى تولۇق جارى قىلىنماي كەلدى.

**ئىجادچى** ئى. ئىجادكار، ئىجاد قىلغۇچى ئادەم: مەن بۇ غەزەلنىڭ ئىجادچىسىنى تونۇيمەن.

**ئىجادچىلىق** ئى. ئىجاد قىلىش ئىشى، ئىجاد قىلىش پائالىيىتى، ئىجادچانلىق.

**ئىجادكار** ئى (ئە+پ) ئىجاد قىلغۇچى ئادەم؛ ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغۇچى كىشى، ئىجادچى، ئىجادىيەتچى: ھازىر مويىدىن ئاكا بىلەن بىرگە ئىشلەۋاتىمىز. ئۇ ھەقىقەتەن مۇزىكا ئىجادكارى ئىكەن.

**ئىجادكارلىق** ئى. ئىجادكارلارغا خاس ۋە ئۇلاردا بولىدىغان خىسلەت، ئىدىيە، روھ ياكى ئىش-ھەرىكەت: - ئادەملەرنىڭ ئىجادكارلىقى جارى قىلىنمىسا، بىكار-دە، - دېدى ئۇ. * بىز خەلق ئاممىسىنىڭ ئىجادكارلىقىنى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈرۈشىمىز لازىم.

**ئىجادگاھ** ئى (ئە+پ) يېزت. ئىجادىيەت ماكانى، ئىجادىيەت يۇرتى: نەپىس سەنئەت ئىجادگاھى، قەغەز، ئەتلەس، گىلەم يۇرتى - خوتەن ئەھلىگە گۈل دەستە - گۈلى رەيھان سۇنارىم بار.

**ئىجادىي** سۈپ (ئە) ئىجاد قىلىش ۋە ئىجادىيەت بىلەن باغلىنىشلىق بولغان، ئىجادىيەت، يېڭىلىق يارىتىش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان، ئىجاد قىلىنغان: ئىجادىي ئەمگەك. ئىجادىي ئەسەر. * مەن سىزنىڭ ئىجادىي ناخشا-مۇزىكىلىرىڭىزنى ئاڭلاش ئارزۇيۇمغىمۇ يېتەرمەن. * «گىرىم چۆچەكلىرى» ئۇلارنىڭ شۇنداق تىرىشچانلىقى ۋە جاپالىق ئىجادىي ئەمگىكىنىڭ مېۋىسى.

**ئىجادىي ئەمگەك** <سئىق> ئەمگەكچى خەلقنىڭ يېڭى ئۇسۇللارنى تېپىپ چىقىش، يېڭى نەزەرىيىلەرنى يارىتىش، يېڭى نەتىجە ۋە كەشپىياتلارنى بارلىققا كەلتۈرۈش داۋامىدا سەرپ قىلغان ئەمگىكى.

**ئىجادىي خىيال** <پسخول> مەلۇم مەقسەت، ۋەزىپە بويىچە مېڭىدە يېڭى بىر شەكىلنىڭ يارىتىلىش جەريانى.

**ئىجادىي ماركسىزم** <پەلس> ھەقىقىي ماركسىزم. ئۇ ئىنقىلابىي ھەرىكەتنىڭ قىبلىنەماسى. ئۇ تۇرغۇن ئەھۋالغا چۈشۈپ قالمايدىغان بەلكى تۇرمۇش بىلەن بىللە ئىلگىرىلەيدىغان ھەمدە تۇرمۇشنى ئالغا سىلجىتىدىغان ئىلغار پەن. ئىجادىي ماركسىزم ماركسىزمغا بولغان دوگمىچە چۈشەنچە بىلەن تۈپتىن قارىمۇقارشىدۇر. ماركسىزمغا بولغان دوگمىچە چۈشەنچە دېگەندە ئىككىنچى ئىنتېرناتسىئونال ئاغمىچى مۇتەپەككۇرلىرىنىڭ ماركسىزمنى بۇرمىلاپ، چاكىنىلاشتۇرۇۋەتكەنلىكى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

**ئىجادىيەت** ئى (ئە) ① ئىجادىي ئىش بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان پائالىيەت؛ ئىجاد: بەك ياخشى، ئامانىساخان مېنىڭ كۆڭلۈمدىكىنى ئېيتتى. بۇنداق بولغاندا بىزنىڭ سىنىپىمىز بىر تەتقىقات ۋە ئىجادىيەت يۇرتىغا ئايلانغۇسى. ② بىرەر ژانىر ياكى شەخسكە مەنسۇپ ئەسەرلەر يىغىندىسى: ئۇنىڭ بىر ئۆمۈرلۈك ئىجادىيىتى ئەۋلادتىن ئەۋلادقا قالغۇسى.

**ئىجادىيەت ئەركىنلىكى** <ئەد> يازغۇچىنىڭ ئىجادىيەت داۋامىدا ئۆز

مېڭىسى ئارقىلىق پىكىر قىلىش، تېما، باش تېما ۋە بەدىئىي ئىپادىلەش ئۇسۇللىرىنى تاللاشتا تولۇق ئەركىنلىككە ئىگە بولۇشى ھەمدە ئۆز مۇھەببىتى، قايناق ھېسسىياتىنى ئىزھار قىلىش ۋە ئوي-پىكرىنى ئىپادە قىلىشتا تولۇق ئەركىنلىككە ئىگە بولۇش.

**ئىجادىيەت تارىخى** <ئەد> يازغۇچى ئەسىرىنىڭ يارىتىلىش تارىخى. بۇ ئۇنىڭ تۇنجى ۋارىيانتىدىن ياكى ئەڭ ئاخىرقى تۈگەللەنگەن نۇسخىسىغىچە ئىشلەنگەن تارىخىنى، ئىجتىمائىي ھاياتتىكى ئورنى ۋە ئەھمىيىتى مەسىلىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

**ئىجادىيەت ئۇسۇلى** <ئەد> يازغۇچى، سەنئەتكارلارنىڭ تۇرمۇشنى تونۇش، رېئاللىقنى ئومۇملاشتۇرۇش، بەدىئىي ئوبراز يارىتىش ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇشنى ئەكس ئەتتۈرۈشتە ئەمەل قىلىدىغان ئاساسىي پرىنسىپى ۋە ئۇسۇلى.

**ئىجادىيلىق** «ئىجادىي» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: بۇنداقلاردا ئىچكى مايىل تېپىدىكىلەرنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى بولىدۇ، ئۇلار شەيئىلەرگە قىزىقىدۇ، مۇستەقىل پىكىر قىلىدۇ، ئىجادىيلىققا باي كېلىدۇ.

**ئىجارە** ئى (ئە) بىرەر شەخس ياكى كوللېكتىپقا تېگىشلىك ئۆي، جاي، مال-مۈلۈك قاتارلىق نەرسىدىن ھەق تۆلەپ ۋاقىتنچە پايدىلىنىش: ئىجارە ئالماق. ئىجارە ھەققى. ② ۋاقىتنچە پايدىلىنىش ئۈچۈن ئېلىنغان نەرسىگە تۆلەنگەن ھەق: ئۆي ئىجارىسى. ئىجارە تۆلىمەك. * — ئۆيدىكى ئىشلىرىڭنى تۈگىتىپ بولغاندىن كېيىن ئىجارىكەشلەرنىڭ ئۆيىگە بېرىپ ئىجارىنى سۆيلە، — ئايالىنىڭ سۆزىگە قوشۇمچە قىلدى بىر ئەر.

**ئىجارە پۇلى** <س‌ئىق> ← **ئىجارە ھەققى.**

**ئىجارە تۈزۈمى** <س‌ئىق> سوۋېت ھۆكۈمىتىنىڭ نازارىتى ئاستىدا، ئوتتۇرا ۋە كىچىك تىپتىكى ئاز سانلىق كارخانىلارنىڭ ئۆز ئېلىدىكى كاپىتالىستلارنىڭ باشقۇرۇشى ئۈچۈن ۋاقىتلىق ئىجارىگە بېرىش تۈزۈمى. بۇ تۈزۈم سوۋېت ئىتتىپاقىدا يېڭى ئىقتىسادىي سىياسەت دەۋرىنىڭ باشلىرىدا يولغا قويۇلغان. ئۇ شۇ چاغدا دۆلەت كاپىتالىزمىنىڭ شەكىللىرىدىن بىرى بولغان. ئۇنىڭدا خۇسۇسىي كاپىتالدىن پايدىلىنىپ، سانائەتنى تېز ئەسلىگە كەلتۈرۈش مەقسەت قىلىنغان. شۇ چاغدىكى كونكرېت تارىخىي شارائىت تۈپەيلىدىن، بۇ تۈزۈم ئەمەلىيەتتە روناق تاپمىغان.

**ئىجارە سودىسى** <س‌ئىق> ئىجارىگە بەرگۈچى شىركەت (ئىجارىگە بەرگۈچى تەرەپ) ئىجارىگە بېرىش شەكلى بىلەن تاۋارنى ئىجارىگە ئالغۇچىنىڭ ئىشلىتىشىگە تاپشۇرۇپ بېرىپ، قەرەل بويىچە ئىجارە ھەققى ئالىدىغان بىر خىل سودا ئۇسۇلى.

**ئىجارە كرېدىتى** <مال> غەرب ئەللىرىدىكى چوڭ سودا بانكىلىرى قارىمىقىدا تەسىس قىلىنغان ئىجارىكەش شىركەتلەر ماشىنا-ئۈسكۈنىلەرنى يەنى چوڭ تىپتىكى كومپيۇتېر، ئايروپىلان، كېمە-پاراخوت قاتارلىقلارنى سېتىۋېلىپ، خېرىدارلار (ئىجارىگە ئالغۇچىلار) غا ئىجارىگە بېرىپ ئىجارە ھەققى ئالىدىغان بىر خىل كرېدىت شەكلى.

**ئىجارە ھەققى** <س‌ئىق> مەلۇم مال-مۈلۈك ياكى بۇيۇملارنى ئىجارىگە بېرىشكە تايىنىپ، قەرەللى بويىچە ئىگە بولىدىغان كىرىم. مەسىلەن، يەر، ئۆي ۋە باشقا بۇيۇملارنى ئىجارىگە بېرىشتىن ئىگە

بولغان كىرىملەرنىڭ ھەممىسى ئىجارە ھەققى دېيىلىدۇ.

**ئىجارىگە ئالماق** باشقىلارنىڭ ئۆي-جاي، مال-مۈلۈك، يەر قاتارلىق نەرسىلىرىنى پايدىلىنىش ھەققىنى تۆلەپ مەلۇم مۇددەت ئىشلەتمەك: كىشىنىڭ ئۆيىنى ئىجارىگە ئالماق. * دېھقانلار ئاساسەن ئۆلارنىڭ يەرلىرىنى ئىجارىگە ئېلىپ تېرىيتتى. * دادام ئىلياز خوجىنىڭ يەرلىرىنى ئىجارىگە ئالغانىدى.

**ئىجارىگە بېرىش** <قا> ئالاقىدار بىر تەرەپ (ئىجارىگە بەرگۈچى) ئۆز مۈلكىنى ئىككىنچى تەرەپ (ئىجارىگە ئالغۇچى) نىڭ پايدىلىنىشىغا تاپشۇرۇپ، ئۇنىڭدىن پايدا ئالىدىغان، ئىككىنچى تەرەپ ئىجارە پۇلى تۆلەيدىغان قانۇنىي ھەرىكەت. ئۇنىڭ ئىچىدە ئەسلىي نەرسىنى قايتۇرۇپ بېرىش شەرت قىلىنغانلىرى «ئىجارىگە ئېلىش» دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇ ئادەتتە «مال-مۈلۈكنى ئىجارىگە بېرىش» ۋە «ئۆيىنى ئىجارى-گە بېرىش» دەپ ئاتىلىدۇ.

**ئىجارىگە قويماق** ئۆزىنىڭ ئۆي-جاي، مال-مۈلۈك ۋە يەر قاتارلىق نەرسىلىرىنى ھەق ئېلىپ باشقىلارنىڭ ئىشلىتىشىگە بەرمەك: پەقەت بىر دۇكىنىدىلا ئۇنىڭ ئوغلى ئانچە-مۇنچە موبېيۇرۇشلۇق قىلىدۇ. قالغان ئون نەچچە دۇكاننى قىممەت باھادا ئىجارىگە قويىدۇ.

**ئىجارىچى** ئى ← **ئىجارىكەش**: ھازىر كۆپچىلىك ھەممىسى ئورۇنلىشىپ بولغان تۇرسا ئىجارىچى تاپسۇن دېسەڭلار، مېنى تەمتىرىتىپ قويماسى-لەر! * ئۇ ھازىر بىر ئىجارىچى تېپىپ، ئۆيىنى ئىجارىگە ئېلىپ ئولتۇرۇشنى ئويلايتتى.

**ئىجارىكەش** ئى (ئە+پ) ① ئۆي-جايىنى، مال-مۈلۈك، يەر قاتارلىق نەرسىلىرىنى ئىجارىگە بېرىدىغان كىشى. ② باشقىلار-نىڭ ئۆي-جايىنى، مال-مۈلۈك، يەر قاتارلىق نەرسىلىرىنى ئىجارىگە ئالغۇچى كىشى: ئابدۇللا بەگنىڭ بۇرۇن بۇ يەردە ئىجارىكەشلىرى، ئورتاقچىلىرى بار ئىدى.

**ئىجارىكەشلىك** ئى. ئۆزىنىڭ ئۆي-جايىنى، مال-مۈلۈك، يەر قاتارلىق نەرسىلىرىنى باشقىلارغا مەلۇم مۇددەت پايدىلىنىشى ئۈچۈن ئىجارىگە بېرىپ تىرىكچىلىك قىلىش: ئىجارىكەشلىك قىلماق.

**ئىجارىكەشلىك سودىسى** <سودا> خەلقئارا سودىنىڭ بىر خىل شەكلى. بۇنىڭدا ئىجارىگە ئالغۇچى تەرەپ، ئىجارىكەشلىك شىركەتلىرى ۋە ئىجارىگە بەرگۈچى تەرەپ ئوتتۇرىسىدا سودا توختامى تۈزۈلىدۇ. ئىجارىگە بەرگۈچى تەرەپ توختامدىكى بەلگىلىمىگە ئاسا-سەن ئىجارە ئالغۇچى تەرەپكە مال تاپشۇرىدۇ. ئىجارىگە ئالغۇچى تەرەپ توختامدىكى بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن ئىجارىكەشلىك شىركىتىگە مۇددەت بويىچە ئىجارە ھەققى تاپشۇرىدۇ. ئىجارە ھەققىنى تامامەن تاپشۇرۇپ بولغاندىن كېيىن ئىجارىگە بېرىلگەن نەرسىلەرنىڭ ئىگىدارلىق ھوقۇقى ئىجارە ئالغۇچى تەرەپكە ئۆتىدۇ.

**ئىجازەت** ئى (ئە) بىرەر ئىش ئۈچۈن بېرىلگەن رۇخسەت: ئىجازەت بەرمەك. ئىجازەت سورىماق. ئىجازەت قىلماق. * − خوپ بولىدۇ، − ئۇ ھۆرمەت سالىمى بەدىلىگە بېرىلگەن ئىجازەت بىلەن چىقىپ كەتتى. * − تېخى پېشىغا توشمىغان بالام بار ئىدى، ئۇ ئۆيدە

قالدى. ئىجازەت بولسا مەن يۈگۈرۈپ بېرىپ شۇ بالامنى بىر كۆرۈۋالسام، - دەپتۇ ئايال.

**ئىجازەت ئەتمەك ← ئىجازەت قىلماق:** - ئىختىيار ئۆزىڭىزدە، ئەلۋەتتە، شاھىنشاھ. لېكىن، ھەر ھالدا، تاسما، كەمەرلەرنىڭ يېشىپ تاشلىنىشىغا ئىجازەت ئېتەرسىز دەپ ئۈمىد قىلمەن،-دېدى ئۇ.

**ئىجازەت بەرمەك** رۇخسەت قىلماق، رۇخسەت بەرمەك، ئىجازەت قىلماق، ئۇنىماق: - بۇ ئىشنى مۇۋەپپەقىيەتلىك بېجىردىڭ، قايتىپ كەتسەڭ بولىدۇ، - دەپ ئىجازەت بەردى گېنېرال. * - بولۇپتۇ، ئون ئىككى ياشلىق بالا ئىكەن، كېيىنى دەۋالسۇن، - دەپ ئىجازەت بېرىپتۇ پادىشاھ.

**ئىجازەت سورىماق** رۇخسەت قىلىشنى، رۇخسەت بېرىشنى ئۆتۈنمەك، ئۇنىشنى ئۆتۈنمەك، رۇخسەت سورىماق: پارالىڭ بىلەن بولۇپ، كۈن كەچ كىرىپتۇ. شاھزادە شاھنىڭ ئۈچ يۈز ئاساۋ يىلقىسىنى ئېسىگە ئېلىپ، دوستىدىن كېتىشكە ئىجازەت سوراپتۇ. * ئىككى ئاتلىق يىگىت ئات چاپتۇرۇپ كېلىپ، قۇمۇل تەرەپتىن بەش ھارۋا سوۋغات بىلەن ئەلچىلەر چىققانلىقىنى، ئۇلارنىڭ ئىجازەت سوراپ تۆرۈك غولىدا قالغانلىقىنى ئېيتتى.

**ئىجازەت قىلماق** رۇخسەت قىلماق، بۇيرۇماق: - مەن ئۇنى ياخشى كۆرىمەن! مەيلى، ئۇ مېنىڭ قىزىم بولسۇن، ئۇنى بېقىپ تەربىيىلەشكە ماڭا ئىجازەت قىلغىن، - دەپتۇ ھېلىقى كىشى.

**ئىجازەتسىز** رەۋ. ئىجازەت سورىمايلا، رۇخسەتسىزلا: ئۆز ئۆمرىنى باغۋەنچىلىك بىلەنلا ئۆتكۈزگەن ئاق كۆڭۈل بوۋاي بىلەن موماي، بۇ باغقا ئىجازەتسىز كىرىپ قالغانلىقىدىن قاتتىق ئۆكۈندى. * بۇ قەرزلىرىمنى تامامەن تۆلەپ بولغۇچە شاھىيۇ ئاتامنىڭ ۋەسلىكىدە بولۇپ، كۆرسەتكەن يولى بىلەن ماڭىمەن، ئىجازەتسىز ھېچقاياققا كەتمەيمەن.

**ئىجاۋەت** (توغرىسى: ئىجابەت) ← ئىجابەت.

**ئىجتىمائىي** سۈپ (ئە) ① كىشىلىك جەمئىيەتكە، كىشىلەر پائالىيىتىگە، كىشىلەر ھاياتىغا مۇناسىۋەتلىك ياكى ئائىت بولغان: ئىجتىمائىي تۈزۈم. ئىجتىمائىي تەرەققىيات. ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش. ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت. ئىجتىمائىي فورماتسىيە. ئىجتىمائىي پەن. ② جەمئىيەتنىڭ، ئاممىنىڭ سىياسىي، مەدەنىي ۋە باشقا ئېھتىياجلىرى ئۈچۈن ئىختىيارىي رەۋىشتە خىزمەت قىلىش بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان: ئىجتىمائىي تەشكىلات. ئىجتىمائىي تەمىنات. ئىجتىمائىي ئىشلار. ③ ئاممىغا، ئومۇمغا تېگىشلىك، ئومۇمىي: ئىجتىمائىي مۈلۈك.

**ئىجتىمائىي ئادەت تىلى** <تىل> ھەرقايسى سىنىپىي گۇرۇھلار، ئىجتىمائىي گۇرۇھلارنىڭ پەۋقۇلئاددە ئېھتىياجىنى قامداش ئۈچۈن ئىجاد قىلىنغان ۋە قوللىنىلغان سۆز-ئىبارىلەر. ئادەتتە گۇرۇھلار دائىرىسى بىلەنلا چەكلىنىدۇ.

**ئىجتىمائىي ئاساس** <پەلس> بىرەر نەزەرىيە، پىكىر، كۆز قاراش قاتارلىقلارنىڭ جەمئىيەتتە تۇتقان ئورنى، نېگىزى ياكى تايانچى.

**ئىجتىمائىي ئاڭ** <پەلس> جەمئىيەتنىڭ مەنىۋى تۇرمۇش جەريانىدىكى سىياسىي، قانۇن، ئەخلاق، پەلسەپە، سەنئەت، دىن قاتارلىق نۇقتىئىنەزەرلەر كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

**ئىجتىمائىي ئەخلاق** <پەلس> كىشىلەر ئىجتىمائىي ھاياتتا ئىتائەت قىلىشقا تېگىشلىك ئاساسىي ئەخلاق. ئۇ خۇسۇسىي

پەزىلەتنىڭ تەگدىشى بولۇپ، كوللېكتىپ، تەشكىلات، سىنىپ بىلەن ھەتتا پۈتكۈل جەمئىيەت، پۈتكۈل مىللەت ۋە دۆلەت بىلەن ئالاقىدار ئىجتىمائىي ئەخلاقنى كۆرسىتىدۇ.

**ئىجتىمائىي ئەمگەك** <س.ئىق> ئەمگەكچىلەرنىڭ جەمئىيەت ئۈچۈن ماددىي بايلىق يارىتىش داۋامىدا قىلغان ئەمگىكى.

**ئىجتىمائىي پەن** <ماتار> ھەر خىل ئىجتىمائىي ھادىسىلەرنى تەتقىق قىلىدىغان پەن. بۇنىڭغا پەلسەپە، سىياسىي ئىقتىساد، تارىخ، ئېستېتىكا، پسىخولوگىيە، ئەدەبىيات، سەنئەت، تىل، ئېتىكا قاتارلىقلار كىرىدۇ.

**ئىجتىمائىي پسىخولوگىيە** <پسىخول> پسىخولوگىيىنىڭ بىر تارمىقى. ئۇ شەخسنىڭ پسىخىكىلىق رولى ئارقىلىق جەمئىيەتتىكى مۇناسىۋەتلەرنى تەتقىق قىلىدۇ.

**ئىجتىمائىي تاۋار سېتىۋېلىش كۈچى** <س.ئىق> مەلۇم مەزگىل ۋە رايوندا جەمئىيەتتىكى ھەرقايسى ساھەدىكىلەرنىڭ پارچە سېتىش بازىرىدا تاۋار سېتىۋېلىشقا ئىشلىتىلىدىغان پۇلنى تۆلەش ئىقتىدارى.

**ئىجتىمائىي تەبىقە** <پەلس> جەمئىيەتتىكى كىشىلەر توپى ياكى بىرەر سىنىپ ئىچىدىكى ئىقتىسادىي ئورۇنلىرىنىڭ ئوخشاش بولماسلىقى نەتىجىسىدە بۆلۈنگەن قاتلاملار.

**ئىجتىمائىي تەلەپ** <س.ئىق> ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ ئۆز تەرەققىياتى جەريانىدا بەزى ئوبيېكتىپ شەيئىلەرگە چۈشكەن ئېھتىياجى. ئۇنىڭ مەزمۇنى: كىشىلەرنىڭ ئىستېمال ۋاسىتىلىرىگە بولغان بىۋاسىتە تەلىپى، ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرىگە بولغان ۋاسىتىلىك تەلىپى، ماددىي ۋە مەنىۋى مەھسۇلاتلارغا بولغان ئىستېمال تەلىپى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

**ئىجتىمائىي تۈزۈم** <پەلس> جەمئىيەتنىڭ ئىقتىسادىي، سىياسىي، مەدەنىيەت تۈزۈملىرىنىڭ ئومۇمىي نامى. ئىجتىمائىي تۈزۈمنىڭ ئاساسى — ئىقتىسادىي تۈزۈم، يەنى مۇئەييەن ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرىنىڭ جۇغلانمىسى. ئۇنىڭ ئىچىدىكى ئاساسلىقى — ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرى جەمئىيەتتىكى مۈلۈكچىلىك شەكلى.

**ئىجتىمائىي تىلشۇناسلىق** <تىل> تىلشۇناسلىقنىڭ مۇشۇ ئەسىر ئىچىدە بۆلۈنۈپ چىققان مۇستەقىل بىر تارمىقى. ئۇ تىلنىڭ ئىجتىمائىي ماھىيىتى ۋە پەرقىنى، شۇنىڭدەك سۆزلىگۈچىنىڭ سىنىپى، جىنسى، يېشى، كەسپى ۋە شۇ سۆز سۆزلەنگەن زامان، ماكانىنىڭ ئوخشاش بولماسلىقى سەۋەبىدىن ئۆزگىرىپ تۇرىدىغانلىقى قاتارلىقلارنى ئۆزىنىڭ تەتقىقات ئوبيېكتى قىلىدۇ.

**ئىجتىمائىي جۇغراپىيە** <جۇغ> جۇغراپىيىنىڭ بىر تارمىقى. ئىنسانلار بىلەن يەرنىڭ مۇناسىۋىتىنى تەتقىق قىلىدۇ.

**ئىجتىمائىي زىيانكەشلىك** <قا> تەبىئىي مۇھىت ۋە ئىجتىمائىي مۇھىتقا نىسبەتەن كەلتۈرۈلگەن زىيانكەشلىك. ئادەتتە ئۇ ئىشلەپچىقىرىش، ئىلمىي تەتقىقات ۋە كىشىلەرنىڭ باشقا پائالىيەتلىرى پەيدا قىلغان كېرەكسىز گاز، كېرەكسىز سۇيۇقلۇقلار، سۇپۇرۇندى نەرسىلەر،

چاڭ-توزان، ئەخلەت-چاۋار، رادىئوئاكتىپلىق ماددىغا ئوخشاش زىيانلىق نەرسىلەر ۋە شاۋقۇن، سىلكىنىش، سېسىقچىلىق ۋەھاكازالارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

**ئىجتىمائىي ساپ كىرىم** <س ئىق> سوتسىيالىستىك تۈزۈمدە، ماددىي ئىشلەپچىقىرىش بىلەن، شۇغۇللىنىدىغان ئەمگەكچىلەرنىڭ جەمئىيەت ئۈچۈن ياراتقان ئاشۇ بىر قىسىم مىللىي دارامىتى.

**ئىجتىمائىي سۇغۇرتا** <قا> جەمئىيەت ئەزالىرىدا تۇغۇت، قېرىش، كېسەل بولۇش، ئۆلۈش، يارىلىنىش، مەجرۇھلىنىش، ئىشسىز قېلىش، ئاپەتكە ئۇچراش ئەھۋاللىرى كۆرۈلگەندە ئۇلارغا سۇغۇرتا شەكلى بىلەن ماددىي ياردەم بېرىش. دۆلىتىمىزدە ئىجتىمائىي سۇغۇرتا ئادەتتە ئەمگەك سۇغۇرتىسى، ئىشچى-خىزمەتچىلەر تۇرمۇش قىيىنچىلىقى ئۈچۈن بېرىلىدىغان قوشۇمچە ياردەم، ئىجتىمائىي ياردەم ۋە يېزىلارنىڭ كوللېكتىپ ئىگىلىك تەشكىلاتلىرىدىكى ئەزالارنى «بەش كاپالەتلەندۈرۈش» قاتارلىق مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

**ئىجتىمائىي فورماتسىيە** <س ئىق> مۇئەييەن ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى ئاساسىدا قۇرۇلغان ئىقتىسادىي بازىس بىلەن ئۈستقۇرۇلمىنىڭ بىرلىكى.

**ئىجتىمائىي فوند** <س ئىق> خەلق ئىگىلىكىدە تەكرار ئىشلەپچىقىرىشقا ۋە كېڭەيتىلگەن تەكرار ئىشلەپچىقىرىشقا ئىشلىتىلىدىغان بارلىق فوندى ياكى ئىجتىمائىي ئومۇمىي فوندى.

**ئىجتىمائىي قىممەت** <س ئىق> ئايرىم قىممەتنىڭ ئەكسى، يەنى ئىجتىمائىي زۆرۈر ئەمگەك ۋاقتى بىلەن بەلگىلەنگەن تاۋار قىممىتى.

**ئىجتىمائىي كاپالەت فوندى** سوتسىيالىستىك دۆلەت ئەمگەك ئىقتىدارىدىن قالغان ۋە تۇرمۇش مەنبەسى كەمچىل جەمئىيەت ئەزالىرىنىڭ تۇرمۇشىنى قامداشقا ئىشلىتىلىدىغان ئىجتىمائىي ئىستېمال فوندى.

**ئىجتىمائىي مائارىپ** <مائار> كۇتۇپخانا، مۇزېي، مەدەنىيەت سارىيى، كۆرگەزمە، كۇلۇب، باللار سارىيى قاتارلىق مەكتەپتىن باشقا مەدەنىيەت-مائارىپ ئورۇنلىرى ئارقىلىق خەلق ئاممىسى ۋە ياش-ئۆسمۈرلەرگە قارىتا ئېلىپ بېرىلىدىغان تەلىم-تەربىيە ئىشلىرى.

**ئىجتىمائىي مەۋجۇدىيەت** <پەلس> ئىجتىمائىي ماددىي تۇرمۇش شارائىتلىرىنىڭ يىغىندىسى. ئۇ ماددىي نەشيالارنى ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلى ۋە جەريانىنى كۆرسىتىدۇ.

**ئىجتىمائىي مۇپەتتىشلىك** <قا> ئېلىمىز سوتسىيالىستىك مۇپەتتىشلىك سىستېمىسى تەركىبىي قىسمىنىڭ بىرى. ئۇ ھۆكۈمەتنىڭ ئالاقىدار تارماقلىرى تەرىپىدىن تەستىقلانغان، تىزىمغا ئالغان ئىجتىمائىي مۇپەتتىشلىك ۋە بوغالتىرلىق تەشكىلاتلىرىنىڭ دۆلەت مۇپەتتىشلىك ئورگانلىرىنىڭ ھاۋالىسىنى قوبۇل قىلىپ ئېلىپ بارغان مۇپەتتىشلىكى.

**ئىجتىمائىي مۇلازىمەت** <قا> ئەمگەك مەلۇم ئۇسكۇنە ۋە ئىش قوراللىرى بىلەن ئىجتىمائىي تۇرمۇش ئىشلەپچىقىرىش ئۈچۈن خىزمەت قىلىش ھەرىكىتى. ئۇ داۋالاش-ساقلىقنى ساقلاش مۇلازىمىتى، جامائەت ئىشلىرى مۇلازىمىتى، مەدەنىيەت بىلىملىرى مۇلازىمىتى، ساياھەت ئىشلىرى

مۇلازىمىتى، قانۇن مۇلازىمىتى، تۇرمۇش
مۇلازىمىتى قاتارلىق مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىـ
گە ئالىدۇ.

**ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت** <پەلس> ①
كىشىلەرنىڭ ئورتاق پائالىيەت جەريانىدا
ئورناتقان ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرىنى
ئاساس قىلغان ئۆزئارا مۇناسىۋەتلىرىنىڭ
ئومۇمىي نامى. ② شەخسىلەرنىڭ
ئۇرۇق-تۇغقانچىلىق ۋە دوستلۇق مۇنا-
سىۋىتى.

**ئىجتىمائىي مۇھىت** <جۇغ> ئىنسانلار
تەبىئىي مۇھىت ئاساسىدا مەقسەتلىك
ھالدا ئۇزاق مەزگىللىك ئىجتىمائىي
ئەمگەك ئارقىلىق ياراتقان سۈنئىي
مۇھىت. مەسىلەن، سانائەت، شەھەر،
قاتناش، كۆكۆل ئىچىش سورۇنلىرى،
مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ۋە مەنزىرە
رايونلىرى قاتارلىقلار. جەمئىيەتتىكى
ئەخلاق كەيپىياتى، ئۆرپ-ئادەت،
مەدەنىيەت سەۋىيىسى قاتارلىقلارمۇ
ئادەتتە ئىجتىمائىي مۇھىت دائىرىسىگە
كىرىدۇ.

**ئىجتىمائىي ھادىسە** <پەلس> جەمئىيەتتىـ
كى شەيئىلەرنىڭ تەرەققىياتى ۋە
ئۆزگىرىشى جەريانىدا كۆرۈلىدىغان
تۈرلۈك ھادىسىلەر.

**ئىجتىمائىي ئومۇمىي ئەخلاق** <قا>
كىشىلەر ئىجتىمائىي جامائەت تۇرمۇشىدا
رىئايە قىلىشقا تېگىشلىك تۈپ ئەخلاق.
ئۇ كىشىلەرنىڭ ئۇزۇن مۇددەت بىرلىكتە
تۇرمۇش كەچۈرۈشى جەريانىدا شەكىلـ
لىنىدۇ. سىنىپىي جەمئىيەتتە ھۆكۈمران
سىنىپنىڭ تەشەببۇسلىرى كوللېكتىپ،
تەشكىلات، سىنىپ، ھەتتاكى پۈتۈن
مىللەت، جەمئىيەت ۋە دۆلەت بىلەن
بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ. دۆلەـ
تىمىزنىڭ ئاساسىي قانۇنىدا دۆلەت
ۋەتەننى سۆيىدىغان، ئەمگەكنى
سۆيىدىغان، ئىلىم-پەننى سۆيىدىغان،
سوتسىيالىزمنى سۆيىدىغان ئومۇمىي
ئەخلاقنى تەشەببۇس قىلىدۇ؛ ئىجتىمائىي
ئومۇمىي ئەخلاققا ھۆرمەت قىلىش —
پۇقرالارنىڭ مەجبۇرىيىتى دەپ بەلگىلەنـ
گەن.

**ئىجتىمائىي ئىش تەقسىماتى** <س ئىق>
تۈرلۈك ئىجتىمائىي ئەمگەكلەرنىڭ
ئىشلەپچىقىرىشنىڭ تەرەققىيات ئېھتىياجى
تۈپەيلىدىن بۆلۈنۈپ كېتىشى. ئۇ خەلق
ئىگىلىكى تارماقلىرى ئوتتۇرىسىدىكى ئىش
تەقسىماتىنى (مەسىلەن، خەلق ئىگىـ
لىكىنىڭ سانائەت، يېزا ئىگىلىكى،
سودا قاتارلىق ساھەلەرگە ئايرىلغانلىقىـ
نى)، ھەرقايسى تارماقلارنىڭ ئىچكى
قىسمىدىكى ئىش تەقسىماتىنى (مەسىـ
لەن، سانائەتنىڭ ئۆز ئىچىدە يەنە
كانچىلىق، مېتاللچىلىق، ماشىنىسازلىق،
توقۇمىچىلىق قاتارلىق كەسىپلەرگە
ئايرىلغانلىقىنى) ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

**ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش** <س ئىق>
كىشىلەرنىڭ ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرىدىن
پايدىلىنىپ تەبىئەتنى ئۆزگەرتىپ ئۆز
ئېھتىياجىغا ئۇيغۇنلاشتۇرۇش ۋە كىيىم-كېـ
چەك، يېمەك-ئىچمەك، تۇرار جاي،
يۈرۈش-تۇرۇشقا لازىملىق ماددىي
نەرسىلەرگە ئىگە بولۇش ئۈچۈن بەلگىلىك
مۇناسىۋەت ئورنىتىش جەريانى.

**ئىجتىمائىي ئىنقىلاب** <پەلس> سىنىپىي
كۈرەشنىڭ ئەڭ ئالىي شەكلى، كونا

ئىجتىمائىي تۈزۈمنىڭ يېڭى ئىجتىمائىي
تۈزۈمگە ئايلىنىشىدىكى تۈپ ئۆزگىرىش،
يەنى ئىجتىمائىي فورماتسىيە تەرەققىياتىدىـ
كى سۈپەت جەھەتتىكى سەكرەش.

**ئىجتىمائىيەت** ئى (ئە) ① سوتسىيالىستىك
جەمئىيەت، سوتسىيالىزم. ② <پەلس>
ئىجتىمائىي پەنلەرنىڭ بىرى. ئۇ ئىنسانـ
لارنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشى ۋە ئۇنىڭ
تەرەققىياتىنى تەتقىقات ئوبيېكتى قىلىدۇ.
شۇ ئارقىلىق ئىنسانلارنىڭ ھەرقايسى
تارىخىي باسقۇچلىرىدا مەۋجۇت بولۇپ
تۇرغان ئىجتىمائىي فورماتسىيەلەرنىڭ
تۈزۈلۈشى، تەرەققىيات جەريانى ۋە
قانۇنىيىتىنى ئېچىپ بېرىدۇ.

**ئىجتىمائىيلاشتۇرماق** « ئىجتىمائىيلاشماق »
پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى:
كاپىتالىزم ئىشلەپچىقىرىشنى كېڭەيتىدۇ ۋە
مىلليونلىغان ئىشچىلارنى چوڭ زاۋۇتلارغا
توپلايدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئىشلەپچىقىرىش
جەريانلىرىنى ئىجتىمائىيلاشتۇرىدۇ. * دېھقانلار
ئىگىلىكى – تارقاق ئىگىلىك، سوۋېت ئىتتىپاقىـ
نىڭ تەجرىبىسىگە قارىغاندا، ناھايىتى ئۇزاق
ۋاقىت سەرپ قىلىنغان ۋە كۆڭۈل قويۇپ
ئىشلىگەندىلا، يېزا ئىگىلىكىنى ئىجتىمائىيلاشتۇرغىـ
لى بولىدۇ.

**ئىجتىمائىيلاشتۇرۇلماق** « ئىجتىمائىيلاشتۇر-
ماق » پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**ئىجتىمائىيلاشقان** « ئىجتىمائىيلاشماق »
پېئىلىنىڭ سۈپەتدىشى: ئىجتىمائىيلاشقان
مۇلازىمەت. * كۆلدۈرگە سەنئىتى —
ئىجتىمائىيلاشقان سەنئەتنىڭ بىر تۈرىدۇر.

**ئىجتىمائىيلاشقان مۇلازىمەت** <س ئىق>
كىشىلەر ئېھتىياجلىق بولغان ھەر خىل
تۇرمۇش مۇلازىمىتى (شەخسلەرنىڭ
ئۆزىگە ئۆزى مۇلازىمەت قىلىشى ۋە
ئائىلە ئەمگىكى) ۋە ئۇنىڭ مۇئەسـ
سەسەلىرىنىڭ ئائىلە ياكى كارخانا
ئورۇنىنىڭ ئىچكى قىسمىدىن ئاجراپ
چىقىپ، جەمئىيەت ياكى شەھەر
تەرىپىدىن ئۇيۇشتۇرۇلۇپ، سانائەت
ئىشلەپچىقىرىشى شەكلى بويىچە كەسپـ
لىششى.

**ئىجتىمائىيلاشماق** پ. ئىجتىمائىي تۈس
ئالماق، جەمئىيەتكە يۈزلەنمەك،
جەمئىيەتتە ئومۇملاشماق: 90-يىللاردا
جۇڭگونىڭ ئىجتىمائىي پاراۋانلىق ئىشلىرى
ئىجتىمائىيلىششقا قاراپ راۋاجلىنىدۇ. * لەتىپـ
لەر مەلۇم بىر ئاتاقلىق شەخسنىڭ مەھسۇلى
سۈپىتىدە مەيدانغا چىقىدۇ، ئۇ چاقچاقچا
قارىغاندا، ئاللىقانداق ئىجتىمائىيلاشقان بولىدۇ.

**ئىجتىمائىيلىق** « ئىجتىمائىي » سۆزىنىڭ
ئىسىم شەكلى: ئەخلاقىي ھېسسىيات روشەن
ھالدا ئىجتىمائىيلىق ۋە تارىخىيلىققا ئىگە.
تۈرلۈك ئىجتىمائىي تارىخىي مەزگىلدە ھەرقايسى
سىنىپلارنىڭ ئۆزلىرىگە خاس ئەخلاق ئۆلچەمـ
لىرى بولىدۇ. * بۇ يەردىكى ئىشلەپچىقىرىش
ۋاسىتىلىرىگە بولغان ئومۇمىي مۈلۈكچىلىك
ئىشلەپچىقىرىش جەريانلىرىنىڭ ئىجتىمائىيلىقىغا
تامامەن ئۇيغۇن.

**ئىجتىھات** ئى (ئە) يېزت ① زور غەيرەت،
پۈتۈن كۈچى بىلەن ئۇرۇنۇش، تىرىشىش؛
تىرىشچانلىق: ئىجتىھات قىلماق. * قانچىلىك
ئىجتىھاتىڭ بولسا شۇنچىلىك ساپ، توغرا
تۇرمۇش كەچۈرگىن، ھىيلە-مىكىر قىلىشتىن
ئۆزۈڭنى ساقلا. * مەن ئىجتىھات بىلەن
ئىشلەۋاتقان چاغلىرىمدا زاھىرە بېشىمدا قاراپ
تۇرغاندەك سېزىلىدۇ. ② قىزىقىش، ئىشتىـ
ياق: لېكىن تاشۋاي، سەندىكى ئاجايىپ
بىر ئىجتىھاتنى كۆرمەپتىمەن. * بۇ جەرياندا،
ئۇ داشۋنى پۈتتۈرۈپ، ئۇرۇمچىدىكى بىر

ئىلمىي تەتقىقات ئورنىغا ئورۇنلىشىپ، ئىجتىھات بىلەن ئىشقا كىرىشىپ كەتتى.

**ئىجتىھات قىلماق** زور غەيرەت قىلماق؛ پۈتۈن كۈچى بىلەن ئىزدەنمەك، ئىشتىياق باغلىماق، ھەۋەس قىلماق، قىزىقماق؛ زور قىزىقىش بىلەن تىرىشماق: بىر ھۈنەر بىلمەس كىشىنىڭ ئەھۋالىغا قارا، ئۇنىڭ قىلغان يارىماس ئىشىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭدىن ياخشى ئىشنى ئىشلەشكە ئىجتىھات قىل، ھۈنەرۋەن بولسەن. * ھۈنەر-سەنئەتتە سەندىن ئۈستۈن بولغان كىشىلەرگە كەمتەرلىك بىلەن مۇئامىلە قىلىپ ئۆگىنىۋېلىشقا ئىجتىھات قىل. تەكەببۇرلۇق قىلما!

**ئىجتىھاتچان**. سۈپ. ئىجتىھات قىلىدىغان، ئىجتىھاتلىق: ئىجتىھاتچان ئادەم. * ئۇ چوڭ بولغانسېرى تولىمۇ ئىجتىھاتچان بولۇپ يېتىشمەكتە ئىدى.

**ئىجتىھاتسىز** سۈپ. ئىجتىھاتى يوق، تىرىشمايدىغان: ئىجتىھاتسىز ئادەم. ئىجتىھاتسىز ئوقۇغۇچى.

**ئىجتىھاتلىق** سۈپ. ئىجتىھات قىلىدىغان، غەيرەتلىك، تىرىشچان، تىرىشقاق، ھەرىكەتچان: سادىر كىچىكىدىنلا ئىجتىھاتلىق ئىدى. * ئىجتىھاتلىق، تالانتلىق ياش لۈتپۇللا ئۈرۈمچىگە كەلگەن كۈندىن باشلاپلا، بۇغدا ئېتەكلىرىدىكى مۇشۇ قايناق ھايات دېڭىزىدا دولقۇن يېرىپ ئۈزۈشكە، بۇغدا چوققىسىدا چاقناپ چىققان چولپاندەك يورۇشقا باشلىدى.

**ئىجرا** ئى (ئە) قارار، ھۆكۈم، تاپشۇرۇق، تەلەپ ۋە شۇ قاتارلىقلارنىڭ بېجىرىلىشى، ئەمەلگە ئاشۇرۇلۇشى: ئىجرا قىلماق. * ئانارنىڭ ئۇنىڭغا بارغانسېرى يېقىنلىشىشى، شۈبھىسىزكى، ئىككى رەھبەرنىڭ ئاشۇ قارارىنىڭ ئەمەلىيەتتىكى ئىجراسى ئىدى. * بىر ھەپتىدىن كېيىن يېزىلىق ھۆكۈمەتتىكى يولداشلار ھەر قايسى مەھەللىلەرگىچە بېرىپ، قارارنىڭ ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالىنى تەكشۈردى.

**ئىجرا بولماق** بېجىرىلمەك، ئەمەلگە ئاشماق، ئەمەلگە ئاشۇرۇلماق: شۇ يەردىلا ھۆكۈم ئىجرا بولۇپتۇ، يەتتە ئىقلىم پادىشاھلىرىمۇ بۇنى ھېكايە قىلىپ سۆزلىشىپ، ئۆز يۇرتلىرىغا مېڭىشىپتۇ.

**ئىجرا قىلغۇچى** <قا> ← **ئىجراچى**.

**ئىجرا قىلماق** ① بېجىرمەك، ئەمەلگە ئاشۇرماق؛ ئۆتىمەك: سىياسەتنى ئىجرا قىلماق. بۇيرۇقنى ئىجرا قىلماق. * سادىق ئىشنى توختىتىپ ئەمگەكچىلەرنى ئۆز ئورۇنلىرىغا قايتۇرۇش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇشنى ئىجرا قىلىشقا قوشۇلدى. ② <قا> قانۇندا بەلگىلەنگەن تەرتىپ بويىچە قانۇنىي كۈچكە ئىگە بولغان ھۆكۈم ۋە كېسىم قاتارلىقلارنى ئىشقا ئاشۇرماق. ③ <تىيا> كۈي، ئۇسسۇل، چالغۇ، مۇزىكا ئەسىرى، رول ۋە شۇ قاتارلىقلارنى بېجىرمەك، ئورۇنلىماق.

**ئىجرا قىلىش ئۇقتۇرۇشى** <قا> ھۆكۈمنى ئىجرا قىلىشتىكى ئىسپات، سوت مەھكىمىسى ئىجرا قىلىشقا تېگىشلىك بولغان ھۆكۈم ۋە كېسىمنى ئىجرا قىلىشقا تاپشۇرغاندا چوقۇم ئىجرا قىلىش ئۇقتۇرۇشىنى تەييارلاپ، ھۆكۈمنامە ۋە كېسىمنامىگە قوشۇپ، ئىجرا قىلىشقا ئەمەلىي مەسئۇل بولغان كىشى ياكى ئورگانغا بىللە تاپشۇرىدۇ.

**ئىجرا قىلىش ئىلتىماسى** <قا> دەۋالاشقۇچى بىر تەرەپ قانۇنىي كۈچكە ئىگە بولغان ھەق تەلەپ ھۆكۈمى، كېسىمنى بەجا كەلتۈرۈشنى رەت قىلغان ئەھۋال ئاستىدا دەۋالاشقۇچى قارشى تەرەپ

خەلق سوت مەھكىمىسىگە ئىجرا قىلىشنى ئىلتىماس قىلىش يۈزىسىدىن سۇنغان يازما ھۆججەت.

**ئىجرا قىلىنىدىغان جازا** <قا> جىنايەتچىگە قارىتا ئىجرا قىلىشقا تېگىشلىك جازا. بىر خىل جىنايەت ئۈچۈن بىر خىل جازا قوللىنىلغان ئەھۋال ئاستىدا، ئىجرا قىلىنىدىغان جازا جاكارلانغان جازا بولىدۇ؛ بىرنەچچە خىل جىنايەتنى قوشۇپ جازا قوللىنىلغان ئەھۋال ئاستىدا، ئىجرا قىلىنىدىغان جازا ئىككىدىن ئارتۇق جاكارلانغان جازا بولۇپ، بىرنەچچە خىل جىنايەتنى قوشۇپ جازا قوللىنىش پرىنسىپى بويىچە بىرلەشتۈرۈلۈپ ئىجرا قىلىنىدۇ.

**ئىجراچى** ئى ① بىرەر ئىشنى ئىجرا قىلغۇچى ئادەم؛ بېجىرگۈچى، يولغا قويغۇچى كىشى: بۇ يەردە ئالاھىدە تىلغا ئېلىپ ئۆتۈشكە تېگىشلىكى ئوقۇتقۇچىنىڭ رولى. بىزنىڭ ئوقۇتقۇچىلىرىمىز پارتىيىنىڭ مائارىپ سىياسىتىنىڭ ئىجراچىلىرى. ② <تىيا> كۆي، ئۇسسۇل، چالغۇ، مۇزىكا ئەسىرى رول ۋە شۇ قاتارلىقلارنى بېجىرگۈچى سەنئەتكار. ③ <قا> قارار، قانۇن، پەرمان، بۇيرۇق، ھۆكۈم ۋە شۇ قاتارلىقلارنى ئىجرا قىلغۇچى، ئەمەلگە ئاشۇرغۇچى شەخس: سوت ئىجراچىسى.

**ئىجراسىز** رەۋ. ئىجرا قىلماي، ئورۇندىماي: بىرى ئائىلىنى تاشلاپ، بىر كىچىك ئۆيدە يوشۇرۇنۇپ يېتىپ، ئۆزىنىڭ دېگىنىدە چىڭ تۇرۇش بىلەن بوۋىسىنىڭ بۇيرۇقىنى ئىجراسىز قالدۇرماقتا ئىدى.

**ئىجرائىي** سۈپ (ئە) ئىجرا قىلىدىغان، يۈرگۈزىدىغان: ئۇلار شۇ چاغدىكى گومىنداڭ مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئىجرائىي ھەيئەتلىكى ياكى كاندىدات ئىجرائىي ھەيئەتلىكىگە سايلانغانىدى.

**ئىجرائىيە** ئى (ئە) ئىجرا قىلىش، بېجىرىش: ئىجرائىيە كومىتېتى.

**ئىجىر-مىجىر** ئۇششاق، ھەم رەتسىز، ئۇششاق ھەم قالايمىقان، پەرقلەندۈرۈش تەس: ئىجىر-مىجىر سىزىقلار. * ئىلمىي خەت-چەكلەرنىڭ ئىچىدە، بەزىلىرى 10 بەت، بەزىلىرى ھەتتا 20 بەت، 40 بەت كېلىدۇ، خەتلەر ئىجىر-مىجىر بولۇپ، ماشىنكىدا ئۇرۇلغان. * خاتىرە كونا يېزىقتا يېزىلغان بولۇپ، ئىچىدىكى خەتلەر ئىجىر-مىجىر بولغاچقا ئاران دېگەندە ئۈچ كۈندە ئوقۇپ تۈگۈتەلىدىم.

**ئىجىك** ئى. دىئال. ئامراقلىق، مەستلىك.

**ئىچ** ① ئى. ئىچكى بوشلۇق: ئۆينىڭ ئىچى. زالنىڭ ئىچى. ماشىنىنىڭ ئىچى. * — قاپچۇقنىڭ ئىچىدە نېمە بار ئىدى؟ — دەپ سورىدى ئۆمەرجان ئۈنىگدىن. * ئىشىكنىڭ ئالدىغا دەرەخلەر تىكىلىپ، ئۆينىڭ ئىچى ھاك بىلەن ئاقلانغانىدەك كۆرۈنەتتى. ② ئى. نەرسىلەرنىڭ ئىچكى بۆيۈم ئېلىنىدىغان قىسمى: باش يېرىلسا بۆك ئىچىدە، قول سۇنسا يەڭ ئىچىدە (ماقال). ③ ئى. نەرسىلەرنىڭ ئىچكى قىسمى، ئارىسى: تاۋۇزنىڭ ئىچى. خېمىرنىڭ ئىچى. ناننىڭ ئىچى. ④ ئى. ئاشقازان، قارىن، قورساق، مەيدە: ئىچى سۈرمەك. * كۆكتاتلار بەدەنگە سۈيۈقلۇق يەتكۈزۈش، ئىچنى بوشىتىش خىزمىتىنىمۇ ئۆتەيدۇ. ⑤ ئى. كۆچمە. كىشىنىڭ ئىچكى، روھىي دۇنياسى؛ كۆڭۈل، يۈرەك، دىل، قەلب: يەي دېسە چىشى ئاغرىيدۇ، بېرەي دېسە ئىچى ئاغرىيدۇ

(ماقال). * ئۇ ئىچىدە نېمىلەرنى ئويلاۋاتقاندۇ؟ * مەن ئىچىمدە بۇ مىسرالارنى يازغان ئۇلۇغ ناۋاينى ئەسلىدىم. * ھويلامدىكى كەپتەرنى، مەن سايىراشقا ئۈگىتەي. ئىچىمدىكى دەردلەرنى، ناخشا ئېيتىپ تۆكىتەي. ⑥ ئى. يېقىن كىشىسى، يات بولمىغان كىشىلەر، ئۇرۇق، جەمەت: ئون ئۇيغۇرلار ئون چوڭ ئېقىن بويىغا، توققۇز ئۇيغۇرلار توققۇز چوڭ سۇ ئېقىن بويىغا جايلىشىپ، ئىچىلىرىدىن بىردىن خان سايلاپ ھايات كەچۈرۈشكەن. ⑦ ئى. بىرەر دائىرىدىكى كەڭلىك: مەھەللە ئىچى دېگەن مەھەللە-دە، ئويۇن-كۈلكىسى بىللە، تەڭتۇش قىز-يىگىتلەرنىڭ كۆڭۈللۈك ئولتۇرۇشلىرى بولۇپ تۇرىدۇ. ⑧ ئى. مەلۇم ۋاقىتنى ئۆز دائىرىسىگە ئالغان ۋاقىت: كېيىنكى بىرقانچە كۈن ئىچىدە موماينى بىر قېتىممۇ كۆرەلمىدىم. * مۇشۇ بىر ئاي ئىچىدە ئۇ 205 قېتىم كۆمۈر توشۇدى. * «ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى» نى ئىشلەشكە 20 يىلغا يېقىن ۋاقىت كەتتى. ئۇنىڭ ئاخىرقى بىر تومى 1998-يىلى ئىچىدە نەشر قىلىنماقچى. ⑨ ئى. بىر توپ ئادەم ياكى نەرسىلەر ئارىسى: ئادەملەرنىڭ ئىچىدىن بىرى ئۇنىڭغا قاراپ كۈلۈمسىرىدى. * چوڭ كوچىنىڭ يولىدا، ئالدىم ھېمدەمگە يىلىم. بەش بالامنىڭ ئىچىدە، ئەڭ كىچىك مەمەت ئىلىم. * ئالىم شۇ قاچقان پېتى ئورمانلىق ئىچىدە مۆكۈنۈپ ئۈچ كېچە-كۈندۈزنى ئۆتكۈزۈپتۇ، ئاخىرى بولالماي كېچىدە يەنە زەيىنەپنى ئىزلەپ كەپتۇ. ⑩ سۈپ. بىرەر نەرسىنىڭ ئىچىدە تۇرىدىغان، ئىچىدە بولىدىغان: ئىچ كۆڭلەك. ئىچ ئات. * ئالىم ئۆزىنىڭ ئالدىدا ئىچ كۆڭلىكى بىلەنلا ئەيمەنمەي ئولتۇرغان بۇ چوكاندىن بىر خىل يىرگىنىچ ھېس قىلغانىدى. ⑪ تىر. ئىسمىنىڭ III شەخس بىرلىكى ۋە ئورۇن كېلىش قوشۇمچىسى بىلەن كېلىپ «ئىلكىدە» دېگەن مەنىنى ئاڭلىتىدۇ: ئالىم ئاكا مىننەتدارلىق سۆزى سۆزلىدى، خۇشاللىق، ئالقىش، كۈلكە، چاقچاق، تەنتەنە، ئۈمىد، ئىستەكلەر ئىچىدە «ئەدەبىيات كېچىسى» ئاخىرلاشتى.

**ئىچ ئات** ھارۋا شوتىسى ئىچىگە قوشۇلىدىغان ئات: ئۇلار بىرپەس جىم مېڭىشتى، يىگىت ئىچ ئاتنىڭ تىزگىنىنى تارتىپ-تارتىپ قوياتتى، ئارىدىكى جىمجىتلىقنى ئايخاننىڭ خۇش نەپەس ئاۋازى بۇزدى.

**ئىچ ئاغرىتماق** ئېچىنماق؛ كۆيۈنمەك، رەھمى كەلمەك، ھېسداشلىق قىلماق: ئۇ ئۆزىنىڭ قويلىرىغا ئىچ ئاغرىتىشقىمۇ ئۈلگۈرمىدى. * دېھقان ئۇنىڭغا ئىچ ئاغرىتىپ قاراپ قويدى. * شاھزادە مومايغا ئىچ ئاغرىتىپ، تېپىپ كەلگەن يېمەكلىكلىرىدىن بېرىپ يولغا سېلىپ قويۇپتۇ.

**ئىچ ئاغرىق** دەرد-ئەلەم، قايغۇ، قاتتىق ئېچىنىش: شۇ ۋەقەدىن كېيىن، سادىرنىڭ ئىچ ئاغرىقىدا ئۇنىڭ ئانىسى رەۋىخان ئاغرىپ، ئالەمدىن ۋاقىتسىز ئۆتكەنىدى.

**ئىچ ئالغاي** <تب> بىر خىل كېسەللىك. بۇنىڭدا بىر كۆز ياكى ئىككى كۆزنىڭ قارىچۇقى ھەمىشە ئوتتۇرىغا كېلىۋالىدۇ.

**ئىچ بوۋاسىر** <تب> ← **ئىچكى بوۋاسىر.**

**ئىچ بېخى** <كىي> كىيىمنىڭ تەتۈر يۈزىدىكى تىكىچ يىپى.

**ئىچ پەتلە** <كىي> كىيىمنىڭ ئىچى تەرىپىدىن تۇرلانغان پەتلە.

**ئىچ پەش** <كىي> كىيىمنىڭ تۈگمە قادىلىدىغان پېشى.

**ئىچ پەش تارتماق** ئىشق-مۇھەببەت تۇيغۇسى پەيدا بولماق، كۆڭلى چۈشمەك: ئىمامنىڭ ئوغلىمۇ خېلىدىن بېرى گۈلشەنگە ئىچ پەش تارتىپ يۈرگەنىدى. * ئۇ بىرىنچى ئېرىدىن كۆڭلى سۇ ئىچمەي، خورلۇق تارتقىنى ئۈچۈن، ئۆزىگە ئىچ پەش تارتقان نۇرغۇن يىگىتلەرگە قاپاق ئاچمىدى.

**ئىچ پەۋاز** <بىن> ئۆي ئىچىدىكى تام تۈۋىنى ئاسراش ۋە پول بىلەن تام ئارىلىقىدىكى يېرىقنى باستۇرۇش ئۈچۈن، تام تۈۋىگە پۈتۈن ئۆينى ياقىلىتىپ ئىشلەنگەن پەۋاز.

**ئىچ پۇشماق** زېرىكمەك، كۆڭۈلسىزلەنمەك، پەرىشان بولماق: ئون كۈن تېپىنىچ ئۆتتى، يىگىتلەرنىڭ ئىچى پۇشتى. * موللا زەيدىنىڭ ئىچى پۇشۇپ، ئېقىن ئىچىدە ئېيتقان ھېلىقى ناخشىسىنىڭ ئاخىرىنى داۋام قىلدى.

**ئىچ پۇشۇقى** ئىچ تىتىلداش، زېرىكىش، كۆڭلى ئېچىلماسلىق، كۆڭلىدە بىئاراملىق؛ خاپىلىق: ناھايىتى ئاز ۋاقىتتىن كېيىن ئىچ پۇشۇقۇم، غەم-غۇسسەم قەيەرلەرگە ئۇچۇپ كەتتىكىن، كۆڭلۈم ئېچىلىپ شېرىن كەيپ سۈرۈشكە باشلىدىم. * ئۇنىڭ سۆزلىرى ئايىمخانىغا تەسىر قىلغانىدى. چۈنكى بۇ جەھەتتە ئۇنىڭ خېلى ئېغىر ئىچ پۇشۇقى بار ئىدى.

**ئىچ پۇشۇقى قىلماق ← ئىچ پۇشۇقىنى چىقارماق:** — روزىخان ئاچا، بىرئاز پۇل بەرگىنە، ئىچ پۇشۇقى قىلىۋالاي، — دېدى موللا زەيدىن.

**ئىچ پۇشۇقىنى چىقارماق** زېرىكىش، كۆڭۈلسىزلىنىشتىن خالاس بولماق، خاپىلىقنى تۆگەتمەك: ئۇ دائىم دۇتار چېلىپ ئىچ پۇشۇقىنى چىقىراتتى.

**ئىچ تامبال** سىرتقى تامبال ئىچىگە كىيىلىدىغان تامبال.

**ئىچ تورقىماق** دىئال. ئىچى پۇشماق، پەرىشان بولماق، ئىچى تىت-تىت بولماق، زېرىكمەك.

**ئىچ تىكىچ** <كىي> ← **ئىچ بېخى.**

**ئىچتىن بۆلگۈچى نۇقتا** <مات> يۆنىلىشلىك كېسىك $P_1 P_2$ ياتقان تۈز سىزىق ئۈستىدىن يۆنىلىشلىك كېسىك $P_1 P_2$ بىلەن $P_1 P_2$ نىڭ نىسبىتىنى مۇقىم نىسبەت $\lambda$ غا تەڭ قىلىدىغان، يەنى $P_1 P_2 : P_1 P_2 = \lambda$ بولىدىغان P نۇقتىنى ئالغاندا، بۇ P نۇقتا يۆنىلىشلىك كېسىك $P_1 P_2$ نىڭ بېرىلگەن نىسبىتى $\lambda$ بولغان بېرىلگەن نىسبەتتە بۆلگۈچى نۇقتا بولىدۇ. $\lambda>0$ بولغاندا، P نۇقتا $P_1$ بىلەن $P_2$ نىڭ ئارىسىدا بولۇپ، ئىچتىن بۆلگۈچى نۇقتا دېيىلىدۇ.

**ئىچتىن تېگىشكەن كۆپ تەرەپلىك** <مات> ھەربىر چوققىلىرى ئوخشاش بىرلا چەمبەر ئۈستىدە بولىدىغان كۆپ تەرەپلىك.

**ئىچتىن ئورۇنغان چەمبەر** <مات> كۆپ تەرەپلىك ئىچىدىكى ۋە بۇ كۆپ تەرەپلىكنىڭ ھەربىر تەرەپلىرى بىلەن ئۆز ئارا كېسىشكەن چەمبەر.

**ئىچتىن ئۇلاش** <مات> ئىچتىن ئورۇنغان ئىككى چەمبەرنىڭ يايلىرىنى ئۇلاش.

**ئىچ سىر** كۆڭلىدىكى مەخپىيەتلىك، ئىچ گەپ: ئىچ سىرىنى ئېيتماسلىق. * ئىچ سىرىڭنى ئاتاڭغا ئېيتما (ماقال). * ئۇ چاپسانلا بەگنىڭ قولتۇقىغا كىرىۋېلىشقا مۇۋەپپەق بولدى. شۇنىڭ بىلەن ھېچ تارتىنمايلا بەگكە ئىچ سىرىنى تۆكتى.

**ئىچ قۇلاق** قۇلاقچا قۇلىقىنىڭ ئەستىرى.

**ئىچ قېلىپ** <ماشن> قۇيما ماتېرىيالىنىڭ

ئىچكى بوشلۇقنى چىقىرىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان قېلىپ. ئادەتتە قېلىپ قۇمدىن ياسىلىدۇ.

**ئىچ كەتمەك** ← **ئىچى سۈرمەك.**

**ئىچ كۆڭلەك** ئاياللارنىڭ كۆڭلىكىنىڭ ئىچىگە كىيىدىغان كۆڭلىكى.

**ئىچ كۆيەر** شاپائەتلىك، ۋاپادار، يېقىن: ئىچ كۆيەر دوست.

**ئىچ كۆيۈكى** بىرنەرسىگە قىزىقىش ۋە ئىنتىلىش ئەمما ئۇنىڭغا ئېرىشەلمىگەنلىكى سەۋەبىدىن پەيدا بولغان بىئاراملىق؛ دەرد، ئەلەم: ئۇ ئىچ كۆيۈكىدە كۈندە دېگۈدەك مەست يۈرىدىغان بولدى. * خوتەنلىك دەرۋىشلەرنىڭ قوشىقىنى ئاڭلاپ، ئوغلى يادىكارنىڭ ئىچ كۆيۈكىدە يۈرەك ئاغرىقى بىلەن دوختۇرخانىدا يېتىۋاتقان تاجىنساخان ئانىنىڭ كېسىلى كۈندىن-كۈنگە ئېغىرلاشماقتا ئىدى.

**ئىچ كۆيئوغۇل** ئۆيلەنگەندىن كېيىن قىزنىڭ ئاتا-ئانىسىنىڭ ئۆيىگە ئوغۇل سۈپىتىدە كىرىپ، قېيناتا، قېيناتىلىرى بىلەن بىللە تۇرمۇش كەچۈرگەن كۆيئوغۇل: توختاپ تۇرۇڭ، ئۇنداقتا، مەن سىلەرگە ئىچ كۆيئوغۇل بولۇپ بارسامچۇ؟ * — شىر مەمەت يىراق بولسىمۇ، بىر يەرلىرى ماڭا جەمەت، مېنىڭ بىر قىزىم بولسىمۇ، ئوغلۇم يوق. ئوغۇل بولسۇن، خۇدا خالىسا، ئىچ كۆيئوغۇل قىلىۋالىمەن تېخى، — دېدى ئۇ.

**ئىچ كېزىك** <تب> ئۆتكۈر يۇقۇملۇق كېسەل. كېزىك تاياقچە باكتېرىيىسى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. بۇنىڭدا بەدەن هارارىتى تەدرىجىي ئۆرلەپ °39 — °40 قا چىقىدۇ، تومۇر ئاستىلايدۇ، تال ئىششىيدۇ، ئاق قان هۈجەيرىلىرى ئازىيىدۇ، قورساق ساهەسىگە هال رەڭ ئەسۋە چىقىدۇ. ئېغىر بولغاندا ئۈچەي قاناش، تېشىلىش سەۋەبلىك ئۆلۈم هادىسىسى يۈز بېرىدۇ.

**ئىچ كىيىم** سىرتقى كىيىملەرنىڭ ئىچىگە كىيىلىدىغان كىيىم: ئۇ ماڭا كۈلۈمسىرەپ قاراپ: — پۇتتى، كۆرۈپ باقامسەن؟ — دېدى. خۇشلۇقۇمدىن ئىچ كىيىمىم بىلەنلا يېنىغا كەلدىم.

**ئىچ گۆر** تاش گۆرنىڭ ئىچىگە يان تەرەپتىن كولانغان، ئۆلۈكنى قويىدىغان گۆر.

**ئىچ گۆرلۈك** ← **ئىچ گۆر.**

**ئىچ مايماق** ① ماڭغان چاغدا ئىككى پۇتىنىڭ يەرگە تېگىپ تۇرغان قىسمى ئىچ تەرەپكە قارىغان پۇت ۋە ياكى شۇنداق ئادەم: ئىچ مايماقنى ئېلىپ قاچ، تاش مايماقنى تاشلاپ قاچ (ماقال). ② ۋە هەم شۇنداق هالەت: ئىچ مايماق ئادەم.

**ئىچ ئوشۇق** <ئانات> ئوشۇقنىڭ ئىچكى تەرىپىدىكى تومپىيىپ چىقىپ تۇرغان قىسمى. ئادەتتە ئۇ پاقالچاق سۆڭىكىنىڭ ئاستىنقى ئۇچىدىن تۈزۈلىدۇ.

**ئىچ ئۆتۈش** <تب> ← **ئىچى سۈرۈش.**

**ئىچى ئادىماق** ① كۆڭۈل ئازابىغا قالماق؛ ئىچى ئېچىشماق: خاپىلىق دەستىدىن ئىچىم ئاداپ كەتتى. ② باشقىلارغا هەسەت قىلماق، قىزغانماق، تارلىق قىلماق، كۆرەلمەسلىك: ئۇ قوشنىلىرىنىڭ شاللىرىنىڭ ئېتىزىغا پاتماي قالغىنىنى كۆرگەندە، ئىچى ئاداپ، كېچىلىرىمۇ ئۇيقۇسى كەلمەي يۈردى. * يەنە بەزىلەر: — ئىست-ئىست، ئۆمەر ئۇستىنىڭ شۇنچە دۇنيا-دەپىنىسىگە رازىخانىدەك بىر تۈل خوتۇنىنىڭ ئوغلى مىراسخور بولامدۇ؟

-دەپ ئىچى ئادايتتى.

**ئىچى ئاغرىماق** ① رەھمى كەلمەك، كۆيۈنمەك: سارنىڭ چۆجىگە ئىچى ئاغرىماس (ماقال). * بۇنى كۆرگەن خەلپىنىڭ ئىچى ئاغرىپ كۆزلىرىدىن ياش كېتىپتۇ. * غالىب شەرىپەنىڭ ناھايىتى كۆپ ئازابلارنى چەككەنلىكىنى چۈشىنىپ، ئۇنىڭغا ئىچى ئاغرىدى. ② كۆزى قىيماسلىق، كۆڭلى بىرقىسما بولماق، چىدىماسلىق: يەي دېسە چىشى ئاغرىيدۇ، بېرەي دېسە ئىچى ئاغرىيدۇ (ماقال). * مەن ئېتىمنى سالمايتتىم، دەريا بويى لۆم-لۆمگە، ئەجەب ئىچىم ئاغرىيدۇ، ئۆتۈپ كەتكەن ئۆمرۈمگە.

**ئىچى بوشىماق** ① بىرەر نەرسىنىڭ ئىچى بىكار بولماق؛ قۇرۇقدالماق: قاچىنىڭ ئىچى بوشىماق. ② يۇمشىماق، سۇيۇلماق (چوڭ تەرەت ھەققىدە): بالىنىڭ ئىچى بوشىدى. ③ كۆكسى-قارنى كۆتۈرۈلمەك، كۆڭلى كۆتۈرۈلۈپ قالماق، كۆڭلى ئېچىلىپ قالماق، كۆڭلى كۆتۈرۈلۈپ يەڭگىللىك ھېس قىلماق: — دەردىمنى تۆكۈپ بولۇپ ئىچىم بوشاپ قالدى، — دېدى ئۇ.

**ئىچى بۇزۇلماق** چوڭ تەرىتى نورماللىسىزلاشماق، ئىچى سۈرمەك: بالىغا نېمە قاملاشمىدىكىن، تاڭ، ئىچى بۇزۇلۇپ قېلىپتۇ.

**ئىچى پىششىق** كىشىگە ئىچ سىرىنى بەرمەيدىغان، سىر ساقلايدىغان، ئاغزى چىڭ: ئىچى پىششىق ئادەم.

**ئىچى تار** باشقىلارنى كۆرەلمەيدىغان، ئىچى يامانلىق قىلىدىغان، ئىچى يامان، قورسىقى كىچىك: ئارۇپ ناھايىتى تۈيغۇن ھەم ئىچى تار ئادەم ئىدى. // ئىچى تارنىڭ گۆرى تار (ماقال).

**ئىچى تارلىق** باشقىلارغا ھەسەت قىلىش، باشقىلارنى كۆرەلمەسلىك، ھەسەتخورلۇق، قورسىقى تارلىق: ئىچى تارلىق قىلماق. * مۇنداق ۋاقىتلاردا كېرىمجان ئىچى تارلىق بىلەن كۈلەتتى. * باياتىن بېرىقى ئۇكامنىڭ چاقماقتەك سۆزلىرى، دادامنىڭ ئۇنى ئەركىلىتىشلىرى ئىچى تارلىقىمنى قوزغىدى.

**ئىچى تارلىق قىلماق** باشقىلارغا ھەسەت قىلماق، ھەسەتخورلۇق قىلماق، چىدىماسلىق: بۇنداق ئادەملەر باشقىلارنىڭ ئۆزىدىن كىچىككىنە ئېشىپ كېتىشىنى ياقتۇرمايدۇ، ئىچى تارلىق قىلىدۇ. * سىڭىل سۇغا قاراپتۇ، تولۇقلا كۆرۈنمەپتۇ. ئىچىدە «ئاچام ئىچى تارلىق قىلىۋاتامدۇ؟ — نېمە» دەپ ئويلاپتۇ.

**ئىچى تارلىقى كەلمەك** كۆڭلىدە باشقىلارغا ھەسەت قىلىش تۇيغۇسى تۇغۇلماق، ئىچى يامانلىق ھېسسى پەيدا بولماق، ئىچى تارلىقى قوزغالماق: ئۇنىڭغا كىچىككىنە قەلەم ھەققى كەلسىلا باشقىلارنىڭ ئىچى تارلىقى كېلىدۇ.

**ئىچى تىت-تىت بولماق** جىلە بولماق، تاقەت قىلالماي قالماق: بوۋاي بۇ ئىشنى كۆرۈپ ئىچى ئىت-تىت بولدى. * ئۇ دۇينىڭ كېيىنكى تەقدىرى، ئەزالار تۇرمۇشىنىڭ ئاقىۋەتلىرىنى ئويلىغىنىدا، ئىچى تىت-تىت بولاتتى. * ساماۋارنى ھېلىغىچە يۈرۈشتۈرۈپ كېتەلمەيۋاتقان شەمسىدىن ھامان ئىچى تىت-تىت بولۇپ يۈرەتتى.

**ئىچى تىتىلدىماق** ← **ئىچى تىت-تىت بولماق:** ئىچىم تىتىلداپ، ئۇنىڭ يېنىمغا ئىمكانىقەدەر تېزرەك كېلىشىنى ئۈمىد قىلدىم. * شوپۇرنىڭ ئالدىراۋاتقانلىقىنى بىلىپ ئىچىم تىتىلداپ كەتتى. ئاخىر بېرىپ تاغامنى قىچقىرىپ كەلدىم.

**ئىچىدە توڭگۇز قاتۇرماق** ئىچى زەھەرلىك-

تىن يامان ئىش قىلىشنى ئويلىماق: ئۇ ئىچىدە توڭگۇز قاترايدىغان يامان نىيەتلىك ئادەم ئىكەن.

**ئىچى دەريا** ① قورسىقى كەڭ، كەڭ قورساق؛ كىشىگە ئاداۋەت ساقلىمايدىغان: ئىچى دەريا ئادەم. ② كەڭ دائىرىلىك مەلۇماتقا ئىگە، كۆپنى بىلىدىغان، بىلىمى مول: ئۇنىڭ گەپ-سۆزلىرىدىن مۇھىتقا پىششىق سەپسالىدىغان، كۆرگەن-بىلگىنىنى ئىچىدە پۇختا ساقلاپ قالالايدىغان ئىچى دەريا ئادەم ئىكەنلىكى چىقىپ تۇراتتى.

**ئىچىدە زەھەر قاينىماق** كۆڭلىگە يامان نىيەت پۈكمەك، يامان نىيەت قىلماق: — ئۇ ئىچىدە زەھەر قاينايدىغان خوتۇن ئىكەن، — دېدى توختىئاخۇن.

**ئىچىدە ئۇقۇماق** ئاۋاز چىقارماي ئوقۇماق، ئۈنىنى چىقارماي ئوقۇماق: — بالام، گېزىتنى ئىچىڭدە ئوقۇغىن، — دېدى موماي نەۋرىسىگە.

**ئىچىدىن توڭگۇز قوپماق ← ئىچىدە توڭگۇز قاترىماق**: دەرەخنى يىقىتقۇچە مېنى بوغۇزلاپ تاشلىشاڭ بولماسمىدى، ئىچىدىن توڭگۇز قوپقان ناكەسلەر.

**ئىچىدىن زەھەر قاينىماق ← ئىچىدە زەھەر قاينىماق**: ئۇ تۈرمىدىن تېخى بۇ يىل چىققان، ئىچىدىن زەھەر قاينايدىغان ئادەم.

**ئىچىدىن قان كەتمەك** قاتتىق ھەسەت قىلماق، ئىچى سىيرىلىپ كەتمەك: مەتمىن ئوغرىلىق قىلىپ تۇتۇلۇپ قالغاندىن كېيىن، ئىچىدىن قان كەتتى.

**ئىچىدىن قان كەلمەك ← ئىچىدىن قان كەتمەك**: ھېكىمگە بېرىلگەن مۇكاپات ئۇنىڭ قارا يۈرىكىگە زىختەك سانجىلىپ، ئىچىدىن قان كېلىپ يۈرۈپتۇ.

**ئىچىدىن قان ئۆتمەك ← ئىچىدىن قان كەتمەك**: ئۇ، بىر نەۋرە ئىنىسىنىڭ ئامىتى كەلگەنلىكىنى كۆرگەندە، ھەسەت قىلىپ، ئىچىدىن قان ئۆتەتتى.

**ئىچىدىن ياندىغان دۋىگاتېل** <ماشن> ئىسسىقلىق ماشىنىلىرىنىڭ بىر خىلى. بۇنىڭدا يېقىلغۇ سىلىندىر ئىچىدە كۆيۈپ، گازنىڭ كېڭىيىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپ، پورشېننى ھەرىكەتلەندۈرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن پورشېن شاتۇننى ھەرىكەتلەندۈرۈپ، بۇ ھەرىكەت ماشىنا ئوقىغا يەتكۈزۈلىدۇ. ئادەتتە ئۇنىڭغا بېنزىن، دىزېل مېيى ۋە كۆمۈر گازى يېقىلغۇ قىلىنىدۇ.

**ئىچى زەھەر** نىيىتى بۇزۇق، يامانلىقنىلا ئويلايدىغان، ئىچى يامان: ئۇ تىلى ھەسەل بولغىنى بىلەن ئىچى زەھەر ئادەم. * — ئىشقىلىپ، بۇ ئىچى زەھەر باينىڭ ئالدىغا بارمايدىغان ئىش بولسىلا بولدى، — دېدى ھېلىقى دېھقان.

**ئىچى سىرىلمەك** چوڭ تەرىتى سۈيۈق كەلمەك، ئىچى بۇزۇلماق: بۇ چاغدا ئۇنىڭ ئىچى سىرىشكە باشلىغانىدى. * — بالامغا ئىسسىق ئۆتۈپ قالدىمىكىن ئىچى سىرىپ ھېچ... — دېدى بالىلىق ئايال موللا كىشىنىڭ سۆزى بىلەن پەسكويغا چۈشۈپ.

**ئىچى سىرىش** <تب> چوڭ تەرەت قىلىش قېتىم سانى كۆپىيىپ، چوڭ تەرەت سۈيۇقلىشىپ كېتىدىغان بىر خىل كېسەل ئالامىتى. بۇنىڭدا بەزىدە يېلىمسىمان سۈيۇقلۇق ۋە يىرىڭلىق قان ئارىلىشىپ كېلىدۇ. كۆپىنچە ئۇ ئۈچەي يولى فونكسىيىسىنىڭ قالايمىقانلىشىشى ۋە ئۈچەي يولىنىڭ يۇقۇملىنىشى قاتارلىق سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن پەيدا بولىدۇ.

**ئىچى سىقىلماق** ئىچى پۇشماق، زېرىكمەك، خاپا بولماق: ئۇنىڭ ئىچى سىقىلىپ، قانات ياساپ ئۇچقۇسى، سائەتنىڭ ئىستىرېلكىسىنى ئايلاندۇرغاندەك يەر شارىنى بىرلا ئايلاندۇرۇپ، كېچىنى كۈندۈز قىلغۇسى كېلەتتى. * زېرىكىشتىن ئىچى سىقىلغان ئادەملەر پۈتۈن زېھنى بىلەن ئۇنىڭ ئاغزىغا تىكىلگەنىدى.

**ئىچى سىيرىلماق** قاتتىق ئېچىنىپ ھەسرەتلەنمەك، ئىچى ئاغرىماق: قادىرنىڭ رەڭگىروپىي، ئۇستىۋېشىغا قاراپلا، ئۇنىڭ ئىچى سىيرىلدى. * ئۇنى كۆرگەندىن كېيىن ئىچىم سىيرىلىپ، كۆز چاناقلىرىمدا ياشلار ئەگىشكە باشلاپ، تۇرۇشقا تاقىتىم قالمىدى.

**ئىچى غال-غال، تېشى پال-پال** ھېچقانداق مەدەنىيەت سەۋىيىسى، بىلىمى يوق، ئەمما كۆرۈنۈشى ئاجايىپ-غارايىپ كىشىلەرنى سۆپەتلەش ئۈچۈن قوللىنىلىدۇ: ئىچى غال-غال، تېشى پال-پال ئادەملەر ئادەتتە تەكەببۇر كېلىدۇ.

**ئىچى قاتماق** چوڭ تەرىتى قويۇقلاشماق: بالىنىڭ ئىچى قېتىپ قېلىپتۇ.

**ئىچى قارا** كۆڭلىدە يامان نىيەت ئويلايدىغان، ئىچى يامان، كۆڭلى قارا: ئىچى قارا بۇزۇق بەگ، يامۇلنىڭ ئەڭ يامىنى. قېرىنداشلار بىرلىكتە، قوغلاڭلار چىلبۆرىنى.

**ئىچى قارىلىق قىلماق** كۆڭلىدە يامان نىيەت ئويلىماق، كۆڭلىدە يامانلىق ساناپ چىدىماي قالماق: لۇتپۇللانىڭ كۈندىن-كۈنگە يۈز تېپىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، كۆرەڭ بايۋەچچىلەر ئىچى قارىلىق قىلدى.

**ئىچى قاينىماق** ① ئاچچىقى كەلمەك، خاپا بولماق: ئۇ ئىچى قايناپ تىت-تىت بولغاچقا، تاماكا چېكىپ ئۇ يان-بۇ يان ماڭاتتى. ② ئۆزلۈكىدىن قوزغالماق، ئۆزىگە ئۆزى ھەيدەكچىلىك قىلماق: «قارىغۇغا كېچە بىلەن كۈندۈزنىڭ پەرقى يوق» دېگەندەك، قاچانغىچە مۇشۇنداق يۈرۈسىلەر؟ ئوغۇل بالا دېگەننىڭ ئازراق ۋىجدانى بولمىسا، ئازراق ئىچى قاينىمىسا قانداق بولغىنى؟

**ئىچى قۇتۇر → ئىچى زەھەر**: – بۇ ئىچى قۇتۇر باي مېنىڭسىز ھېچ ئىش ئاقمايدۇ دېمەكچىغۇ، رەھمەت بالىلىرىم، خۇدايىم بەختىڭلارنى بەرسۇن، – دېدى بوۋاي باللارغا. // ئىچى قوتۇرلارنىڭ نومۇسسىزلارچە توقۇغان تۆھمەتلىرى ئۇلارنى چوقۇم جان ھەلقۇمىدىن بوغىدۇ.

**ئىچى قوتۇرلۇق** ئىچى تارلىق، قورسىقى يامانلىق، ئىچى يامانلىق: ئىچى قۇتۇرلۇق قىلماق.

**ئىچى قۇتۇرلۇق قىلماق** كىشىنىڭ ئىشىغا ياكى نەرسىسىگە قارىتا ئىچى تارلىق قىلىش تۈيغۇسىدا بولماق، كۆڭلىدە كۆرەلمەسلىك خاھىشى تۇغۇلماق: ئادەم دېگەن كەڭ قورساق بولۇشى، باشقىلارنىڭ ئامىتى كەلگەندە، ئۇنىڭغا ئىچى قۇتۇرلۇق قىلماسلىقى لازىم.

**ئىچى قىزىماق** قىزغانماق، ھەسەت قىلماق: – قىزلارنىڭ كىيملىرىنى كۆرۈپ ئىچىم قىزىدى، – دېدى زۆھرە.

**ئىچى كەڭ → قارنى-كۆكسى كەڭ.**

**ئىچى كۆيمەك** رەھمىسى كەلمەك، كۆيۈنمەك: كۆڭلى بىرقىسما بولماق: مۇنداق ياۋاش، چىرايلىق مۇشۈككە كىمنىڭمۇ ئىچى كۆيمىسۇن! يولۇچى ئۇنى تۇتۇپ خورجۇنىغا سېلىپتۇ-دە، يولغا راۋان بولۇپتۇ. * ئون بەش كۈنلۈك ئاي دەيمەن، يارىمنى تولا داڭلاپ، ئىچىم تولا كۆيەدۇر، ھەر خىل،

ھەر ياڭزا گەپ ئاڭلاپ.

**ئىچى كۆچلۈك** ئىچى ھەممە دەرد-ئەلەمنى سىغدۇرۇپ كېتەلەيدىغان، بارلىق ئېغىرچىلىقنى كۆتۈرۈپ كېتەلەيدىغان، ناھايىتى زىل: ئىچى كۆچلۈك ئېرپان سايىمنى ئەيۋەشكە كەلتۈرەلمىگەنلىكىدىن بىئارام بولاتتى. * بۇ بالىنىڭ ئىچى كۆچلۈك، گەپ كۆتۈرەلمەيدۇ. * ئۇ سىرتتىن قارىغاندا، ياۋاشتەك تۇرغىنى بىلەن، ئىچى كۆچلۈك.

**ئىچ ئىشتان** <كىي> ← **ئىچ تامبال.**

**ئىچكە ئالماق** ① ئارىغا ئالماق، ئارىغا قوشماق، ئۆز كۆرمەك: ئۇلار مېنى ئىچكە ئالمايدۇ، – دېدى گۈلسۈم. ② كۆڭۈلگە ئالماق، ئىچكە يۇتماق: گۈلەندەم گۈلئەنبەرنىڭ گېپىنى ئىچكە ئېلىپ، دەردكە قالدى.

**ئىچكە تىنماق** ھېچكىمگە ئېيتماي دەردىنى ئۆزى تارتماق: قاچانغىچە ئىچىڭگە تىنىپ يۈرىسەن؟

**ئىچكە جىن كىرمەك** ئويىغا يېڭىدىن بىرەر پىكىر كەلمەك، كۆڭۈلگە بىرەر ئىش كەچمەك: بالىنىڭ ئىچكە جىن كىرىپ، ئاكىسىنى مات قىلماقچى بولدى.

**ئىچكە سالماق** كۆڭۈلدە يوشۇرۇن ساقلىماق: بۇ يۇرتتىن كېتەر بولدۇڭ، ئىچىمگە سېلىپ دەردىنى، ئەتە يولغا چىق گاڭگۇڭ، تەييارلاپ قوياي خەتنى.

**ئىچكە كىرىپ چىقماق ← قورسىقىغا كىرىپ چىقماق:** ئۇنىڭ ئىچكە كىرىپ چىقسام، كىنوغا بارغۇسى بار ئىكەن. * بۇنىڭغا نېمە چارە، ئادەمنىڭ ئىچكە كىرىپ چىققىلى بولمايدۇ.

**ئىچكە ئوت تۇتاشماق** يۈرىكىدە قىزىقىش تۇيغۇسى جۇش ئۇرماق: – ھىم، ئاجايىپ-غارايىپ قىزلارنى كۆرۈپ ھېلىشىدىن ئىچىڭگە ئوت تۇتىشىپ كېتىۋاتامدۇ نېمە؟ – دەپ كۈلدى ھېلىقى كىشى.

**ئىچكە ئوت چۈشمەك** قاتتىق قىزىقىش تۇيغۇسى پەيدا بولماق، مۇھەببەت ئوتى تۇتاشماق، ئىشق-مۇھەببەت ئوتىدا كۆيمەك، ئاشىق بولماق: ئۇ قىزنى كۆرۈپلا، ئىچىمگە ئوت چۈشتى. * قازى پەزىلەتخانىنى كۆرۈشى بىلەنلا ئىچكە ئوت چۈشۈپ، كۆكسىگە چۈشكەن ئاق ساقىلى كۆيۈپ تۈتۈنگە ئايلىنىپ كەتكەندەك بولۇپتۇ.

**ئىچكە ئوت سالماق** ھەۋىسىنى قوزغىماق، سۆيۈندۈرمەك: ئۇنىڭ ناخشىسىلا ھەرقانداق قىزنىڭ ئىچكە ئوت سالىدۇ. * ئىچىمگە ئوت سالدى ئالغان سوغىڭىز، رەنجىمەي بۇنىڭغا بېرىڭ جاۋاب: قۇدىڭىز ئۇيغۇرمۇ، قىز ۋە يىگىتچۇ؟ – شۇنى دەپ شۇڭ بولدۇم ئۇستامغا قاراپ.

**ئىچكە ئوت كەتمەك ← ئىچكە ئوت تۇتاشماق:** پەزىلەتكە كىيىم تىكتۈرۈشكە كەلگەن ئوغۇل-قىزلار كۆپەيگەنسېرى ئۇنىڭ ئىچكە ئوت كېتىپ، رەشكتىن ئازابلىناتتى. * – نېمە بۇ؟ - دېدى ئۇ چاينى كۆرۈپ، – ئىچىمگە ئوت كەتتى.

**ئىچكە ئۇرماق** ئېغىر زىيان يەتكۈزمەك، ئەلەم تارتقۇزماق: – بالام، دادۇيجاڭ بىلەن زىتلىشىپ قالساڭ، باشلىق دېگەن ئىچىڭگە ئۇرىدۇ، ئۆزۈڭنى تۇتۇۋال، – دېدى بوۋاي ھېلىقى بالىغا نەسىھەت قىلىپ.

**ئىچكە ئۆرۈپ كەتمەك** ① كىشىدىن تىل-ئاھانەت ئىشىتكەنلىكى، ئازار يېگەنلىكى قاتتىق تەسىر قىلىپ، كۆڭۈلدە غەش پەيدا بولماق، بىئاراملىق ھېس قىلماق؛ ئىچكە ئەپ كەتمەك، بىئاراملىق ھېس قىلىپ تولغىنىپ كەتمەك: بوۋام، ئاشۇ ناھەقچىلىق، روھىي زەربە تۈپەيلى ئىچكە ئۆرۈپ كېتىپ دوختۇرخانىدا يېتىپ

قالدى. ② كېسەل بولغانلىقى ياكى ئېغىر ئىشلىتىلىپ كەتكەنلىكى تۈپەيلى جۇدەپ، ئورۇقلاپ ھەم ئاجىزلاپ قالماق، تۆگىشىپ كەتمەك (ئات، ئېشەك قاتارلىقلار ھەققىدە): ئېشەك ياخشى بېقىلمىغانلىقىنىڭ ئۈستىگە ئېغىر ئىشلىتىلىپ ئىچىگە ئورۇپ كەتتى.

**ئىچىگە يۇتماق** دەرد-ئەلەم، ئاچچىق، غەزەپلەرنى بىلدۈرمەي كۆڭلىدە ساقلىماق: باي گەپتە تۇتۇلۇپ قېلىپ، ئەلىمنى ئىچىگە يۇتۇپتۇ. * مەن بۇ ئاھانەتلەرنى ئىچىمگە يۇتۇپ ئاشخانىغا كىردىم.

**ئىچىنى تىڭشىماق** ئۆزىنى ئۆزى دەڭسەپ كۆرمەك، ئۆزىچە كېڭەشمەك، ئۆزى بىلەن كېڭىشىپ كۆرمەك: خوجىنىيازھاجى يەنە ئىچىنى تىڭشاپ قالدى، شۇ ئارىدا، كونسۇل ئافرېسىف باشلىق ئەربابلار كىرىپ، ماشىنىلارنىڭ تەييار بولغانلىقىنى ئېيتتى.

**ئىچىنى قىزىتماق** ھەسەت تۇيغۇسىنى قوزغىماق: — تازا بىر ياسىنىپ چىقىپ، ئۇنىڭ ئىچىنى قىزىتايلى، — دېدى گۈلەندەم. * يەنە بىر قىز ئۇنىڭ سۆزىنى تارتىۋېلىپ: — پاھ، — پاھ، كىشىنىڭ ھەۋىسى كەلگۈدەك قالتىس كېلىشكەن يىگىتكەن! — دەپ سالدى. بۇ گەپ دىلبەرنىڭ ئىچىنى قىزىتىپ جايىدا ئولتۇرالماي قالدى.

**ئىچىنى مۈشۈك تاتىلىۋالغاندەك بولماق** ئىنتايىن تىت-تىت بولماق، كۆڭلىدە تىتىلدىماق.

**ئىچى ئۆتمەك** ئىچى سۈرمەك: — بالىنىڭ ئىچى ئۆتۈۋاتىدۇ، بارالمايمەن، — دېدى ئانا.

**ئىچى ئۆرتەلمەك** ئىچى ئېچىشماق، ئازابلانماق، بىئارام بولماق: مەسلىھەتلىشىمىز، ئەكبەر مېنى زادىلا باش كۆتەرتمىدى. ئەمما بۇ قېتىمقى ئىش زادىلا ئەقلىمگە سىغمايدۇ. دۈينىڭ تارتقان زىيىنى ئۈچۈن ئىچىم ئۆرتىلىۋاتىدۇ.

**ئىچى ئېچىشماق** ① ئىچى سىيرىلماق، ئىچى ئاغرىماق: ئۇنىڭدىن كېيىن ئېگىز ئويۇققا قارىدى، ئويۇقتىكى تۈچ ئۈزەڭگىنىمۇ سېتىپ يەپ بولغانلىقىغا ئىچى ئېچىشتى. * — ئۇغۇ شۇنداق، بىراق، ئادەمنىڭ ئىچى ئېچىشىدىكەن، بەك ئوۋال بولدىغۇ سىلەرگە...، — دېدى ئۇ. ② رەھمى كەلمەك، ئاياپ كۆيۈنمەك: ھەر قېتىم، ھېلىقى قاناتلىرى ئاجراپ، ھالى قالمىغان ئىشكىتىن ئۆتكىنىدە ئۇنىڭ ئىچى ئېچىشاتتى.

**ئىچى ئېلىشماق** كۆڭلى ئاغدۇرۇلماق، كۆڭلى بىرقىسما بولماق: بۇ كىشى ئاشخانىدا ئادەمنىڭ كۆپلۈكىدىن ئىچى ئېلىشىپ، سەپراسى قايىنغىلى تۇردى. * ھېيتئاخۇن ئىچى ئېلىشىپ قورسىقىنى تۇتقىنىچە زوڭ ئولتۇرۇپ قالدى.

**ئىچى يامان** يامان نىيەتلىك، نىيىتى يامان، ھەسەتخور: ئىچى يامان ئادەم. // ئىچى يامانىنىڭ كۆڭلى خۇش بولماس (ماقال). * ئىچى يامانلاردىن بىرنەچچىسى مېنى موللامغا چېقىشتۇردى.

**ئىچى يامانلىق قىلماق** كىشىگە يامان نىيەت ئويلىماق، يامان نىيەتتە بولماق: — باشقىلارغا ئىچى يامانلىق قىلماڭ ئوغلۇم، ئىچى يامانلىق قىلىش ئوغۇل بالىنىڭ ئىشى ئەمەس، — دېدىم ئۇ بالىغا قاراپ.

**ئىچ ياغ** ئاساسەن قوي، ئۆچكىلەرنىڭ ئۈچەيدىن چىقىدىغان ياغلار چاۋا ياغ.

**ئىچ يانچۇق** <كبي> چاپان، كاستۇم ۋە پەلتو قاتارلىق ئۈستكى كىيىملەرنىڭ ئەستىرىدىن ئېچىلغان يانچۇق.

**ئىچەرمەن** ئى. ھاراق ئىچىشنى ئادەت قىلغان كىشى: سۇڭ تەتەي دېگەندەكلا، ناماز شام بولۇۋىدى، شەھەرلىك ياشلارنىڭ

ئىچىدىكى ئىچەرمەنلەردىن بىرقانچىسى مەيخانىغا كىرىپ كېلىشتى.

**ئىچكەشمەك** پ. يېقىن بولۇپ قالماق، ئامراق بولۇپ قالماق، ئەپ ئۆتمەك: لېكىن ئۈچ ئايدىن بېرى بىرگە ئىشلەپ، تۈز-تائامدا بىرگە بولۇپ، ئاكا-سىڭىلدەك ئىچكىشىپ قالغانىدۇق.

**ئىچ-باغىر** ① ئىچ ۋە باغىر. ② كۆڭلىدىكى دەردى، دەرد-ئەلەمى، كۆڭلىدىكى ھەممە گەپ، دېمەكچى بولغانلىرىنىڭ ھەممىسى: كىشىگە ئىچ-باغرىنى تۆكمەك. ئىچ-باغرىنى يارماق.

**ئىچ-باغرىنى تۆكمەك** قورسىقىدىكى ھەممە گېپىنى ئېيتماق: ئۆزىگە ھېسداشلىق قىلغۇچى، بەلكى ھاياتىغا كۈچ-قۇۋۋەت بېغىشلىغۇچى سۆيۈملۈك كىشىسىگە نادىر ئاق كۆڭۈللۈك بىلەن ئىچ-باغرىنى تۆكۈپ تاشلىدى.

**ئىچ-تاش** ئىچ ۋە تاش: ئۆينىڭ ئىچى-تېشى. يوتقاننىڭ ئىچى-تېشى. * ئۇلارنىڭ شوئار، چوڭ خەتلىك گېزىتلىرى ۋاۋۇتنىڭ ئىچى-تېشىغىمۇ چاپلانغانىدى.

**ئىچرە** رەۋ. يېزت. ئىچىدە، ئارىسىدا: گۈزەل تۇرپان دىيارىنى تاۋاپ ئەيلەپ يېنىپ كەلدىم، ئۈزۈمزارلىق بېغى ئىچرە پۇراقلارغا قېنىپ كەلدىم. * يۇرۇشكەن چاغدا بۇلار بىللە ئويناپ، كېيىنەكتەك يېشىللىق ئىچرە يايراپ، ئۆزى ئاشىقلىقنى تۇيمىغانىكەن، شۇڭا بۇ ۋادىغا پۇت قويمىغانىكەن.

**ئىچ-سىرت** ئىچ ۋە سىرت: ئۆينىڭ ئىچ-سىرتىدا بۈگۈن چۈشتىن كېيىندىن باشلاپ بۇ يىغىن توغرۇلۇق ھەر خىل گەپ-سۆزلەر كۆپ بولدى.

**ئىچ-قارىن** ① ئادەم ۋە ھايۋانلارنىڭ ئىچكى ئەزالىرى. ② بىر نەرسىنىڭ ئىچى: قازان شاخىدا، باللار ئىچ-قارىنىنى چۇۋۇپ تاق

چاتقىنى تاپماي قويمىدىغۇ.

**ئىچ-قارنىنى بوشاتماق** ئىچىدىكى دەردىنى ياكى گەپ-سۆزىنى ئېيتىش ئارقىلىق ئىچ پۇشۇقىنى چىقارماق، دەردىنى تۆكمەك: ئۇنى قانچە يوشۇرسىڭىز، ھەر ئىككىمىز شۇنچە كۆپ ئازابلىنىمىز. دەپ — دەۋېتىپ ئىچ-قارنىڭىزنى بوشىتىۋېلىڭ! * ھەممەيلەن ئۆز كۆڭۈللىرىدىكىنى ئېيتىپ، ئىچ قارنىنى بوشىتىپ، بىر قېتىم پۇخادىن چىققاندەك بولدى.

**ئىچ-قارنىنى بىلمەك** كۆڭلىنى چۈشەنمەك، چۈشىنىش ھاسىل قىلماق: شۇنداق قىلىپ، نەزىرە بىلەن لوخۇر 11-نومۇرلۇق ئۆيدىكى زىياپەت بولۇشتىن بۇرۇنلا بىر-بىرىنىڭ ئىچ-قارنىنى بىلىپ بولۇشقانىدى.

**ئىچ-قارنىنى تۆكمەك** ئىچىدىكى دەرد-ئەلەملىرىنى ئېيتماق، دەرد تۆكمەك: بىز مېھمانغا ئىچ-قارنىمىزنى تۆكتۇق. * ئەخمىدى قەدەھلەرنى ماڭغۇزۇشقا باشلىدى. زۇليار قىزىغانسېرى ئەخمىدىگە ئىچ-قارنىنى تۆكۈشكە باشلىدى.

**ئىچ-قارنى ئېچىلماق** خاپىلىقتىن خالىي بولماق، كۆڭلى يايراپ قالماق، خۇرسەن بولماق: — قاراڭغۇ ئۆيگە چىراغ يېقىلغاندەك، ئۆزلە بىلەن ئىچ-قارنىمىز ئېچىلىپ قالدى، — دېدى رەۋىخان موماي.

**ئىچقويۇن** سۈپ ← **ئىچقويۇن-تاشقويۇن.**

**ئىچقويۇن بولماق** ← **ئىچقويۇن-تاشقويۇن بولماق**: ئۇ دۈشمەنلەر بىلەن ئىچقويۇن بولغانلىقىدىن تېنىپ كېتەلمەيدۇ.

**ئىچقويۇن-تاشقويۇن** مۇناسىۋىتى ناھايىتى يېقىن، ناھايىتى ئىناق: ئىچقويۇن-تاشقويۇن بولماق. ئىچقويۇن-تاشقويۇن بولۇپ كەتمەك. * تۇخاننىڭ يېنىدىكى ھېلىقى چېچەن ئايال ئۇلارنىڭ، بولۇپمۇ تۇخاننىڭ قوشنىسى ھەم

ئىچقويۇن-تاشقويۇن سىرداش دوستى ئىدى.

**ئىچقويۇن-تاشقويۇن بولماق** مۇناسىۋىتى ناھايىتى يېقىنلاشماق، ناھايىتى ئىناقلاشماق: شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ كىشى بىلەن ئىچقويۇن-تاشقويۇن بولۇپ كەتتۇق.

**ئىچكەركى** سۆپ. جان ت. ئىچ تەرەپتىكى، ئىچ تەرەپكە جايلاشقان، ئىچىدىكى، ئىچكىرىدىكى: ئىچكەركى ئۆي. * ئەپەندىم قورسىقىنىڭ ئاچلىقىدىن ئۇ ياققا ئۆرۈلۈپمۇ، بۇ ياققا ئۆرۈلۈپمۇ ئۇخلىيالماپتۇ، ئاخىرى ئىچكەركى ھۇجرىنىڭ ئىشىكىنى چېكىپتۇ. * ئاسىم ئۇلار بىلەن تىنچلىق سورىشىپ ئىچكەركى سارايغا كىردى. ساراي ناھايىتى ياسداق ئىدى.

**ئىچكۈ** ئى. ئىچىملىكلەرنىڭ ئومۇمىي نامى: ئىچكۈ ئىچمەك.

**ئىچكۈزمەك** «ئىچمەك I» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: بالىغا دورا ئىچكۈزمەك. * ئۇ قىزىل بۇرۇنىنىڭ بىزگە كۆڭۈل بۆلگىنى بولسا كېرەك دېدۇق. گېلىمىزدىن ھېچنېمە ئۆتمىدى. ئانامغا زورلاپ بىرنەچچە قوشۇق چاي ئىچكۈزدۇق. * — سىلەر ئەمدى بۇگۈن مېنىڭ مېھمىنىم، لېكىن سىلەرگە پاقلان سويۇپ بېرىمەن، ھەرگىز قېتىق ئىچكۈزمەيمەن، خاتىرجەم بولۇڭلار، — دېدى نۇرغاي.

**ئىچكۈزۈشمەك** «ئىچكۈزمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: مەسلىھەت بويىچە سودىگەرلەر دەڭجاغا مايلىق پولۇ ئەتكۈزۈپ دېھقانلارغا تازا تويغۇچە يېگۈزدى، كېيىن داستىخانغا مەجۇن ئارىلاشقان پاتاسا قويۇپ چاي ئىچكۈزۈشتى.

**ئىچكۈزۈلمەك** «ئىچكۈزمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: باللارغا چاي ئىچكۈزۈلدى. * كېسەلگە دورا ئىچكۈزۈلدى.

**ئىچكۈلۈك** ئى. ئىچىملىك: ئۇ ئىچكۈلۈككە بېرىلىپ كەتتى. * ئۇنىڭ كىچىك كۆزلىرى بايىقى ئىچكۈلۈكتىن قىپقىزىل بولۇپ كەتكەنىدى. * ئۆزۈڭنى ئۇرما ھەرگىز ئىچكۈلۈككە، زىيان سالما ئۆزۈڭگە مەڭگۈلۈككە، جاھانغا بىرلا كەلدىڭ يەنە يوق سەن، بىرەر تۆھپەڭنى قالدۇر كۆپچىلىككە.

**ئىچكى** سۆپ ① ئىچ قىسمىدىكى، ئىچكىرىگە جايلاشقان، ئىچىدىكى، ئىچكىرىدىكى: ئىچكى ئىشىك. ئىچكى سەۋەب. ئىچكى قەرز. ئىچكى زىددىيەت. ئىچكى قۇرۇلما. ② مەملىكەت، دۆلەت، تەشكىلات ۋە شۇ قاتارلىقلارنىڭ ئىچىدە ئۆز ئىشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان: ئىچكى ئىشلار. ئىچكى ئىنقىلابىي ئۇرۇش. ئىچكى ئۆلكە. ③ كىشىنىڭ روھىي دۇنياسىغا، كەچۈرمىشلىرىگە ئائىت: ئىچكى ھېسسىيات. * بىراق، قىز ئادىل بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى، ئادىلغا تەئەللۇق ئىچكى كەچۈرمىشلىرىنى قانداقمۇ دادىسىغا ئېيتالايدۇ؟ * قىزلارنىڭ ئىچكى تۇيغۇسى، بەزى ئۇ قاتتىق ھاياجان ئىچىدە قالغاندا، ئۆزىگىمۇ ناتونۇش بولۇپ كۆرۈنىدۇ.

**ئىچكى ئاجراتما** <بىئول> ئادەم ۋە يۇقىرى دەرىجىلىك ھايۋانلار تېنىدىكى بەزى بەز ياكى ئورگانلار گورمون ئىشلەپچىقىرىدۇ. بۇ گورمونلار كاناللاردىن ئۆتمەي، بەلكى بىۋاستە قانغا ئۆتۈش ئارقىلىق پۈتۈن ئورگانىزمغا تارقىلىپ، ئورگانىزمنىڭ ئۆسۈپ تەرەققىي قىلىشىنى ۋە فىزىئولوگىيىلىك پائالىيەتلىرىنى تەڭشەيدۇ. بۇ خىل گورمونلار «ئىچكى ئاجراتما» دەپ ئاتىلىدۇ.

**ئىچكى ئاجرىتىش** <فىزىئول> ئادەم ۋە يۇقىرى دەرىجىلىك ھايۋانلارنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى بەزى بەز ياكى ئورگانلارنىڭ

گورمون ئاجرىتىپ چىقىرىپ، ئۆتكۈزگۈچ كانالللاردىن ئەمەس، بەلكى قان سۈيۇقلۇقى ئارقىلىق پۈتۈن بەدەنگە يەتكۈزۈپ، شۇ ئارقىلىق ئورگانىزملارنىڭ ئۆسۈشى، يېتىلىشى ۋە فىزىئولوگىيىلىك فۇنكسىيىسىنى تەڭشەش جەريانى.

**ئىچكى ئاجرىتىش بەزلىرى** <ئانات> ئورگانىزمنىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا تارقالغان ۋە ئىچكى ئاجرىتىش رولىنى ئۆتەيدىغان بەزلەر. ئادەم تېنىدە ھىپوفىز بېزى، قالقانسىمان بەز، بۆرەك ئۈستى بېزى، ئاشقازان ئاستى بەز ئارالچىسى، جىنسىي بەز قاتارلىق ئىچكى ئاجرىتىش بەزلىرى بار. ئىچكى ئاجرىتىش بەزلىرىنىڭ ئاجراتمىلىرى (گورمون) يېقىن ئەتراپتىكى قان تومۇرلارغا بىۋاسىتە كىرىپ، قان ئايلىنىش ئارقىلىق بەدەننىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى ئەزالارنىڭ توقۇلمىلىرىغا يېتىپ بېرىپ، ئورگانىزمنىڭ مېتابولىزم، ئۆسۈش، يېتىلىش، كۆپىيىش قاتارلىق فىزىئولوگىيىلىك فۇنكسىيىلىرىنى تەڭشەش رولىنى ئوينايدۇ. ئىچكى ئاجرىتىش بەزلىرىنىڭ پائالىيىتى نېرۋا سىستېمىسىنىڭ تەڭشىشىگە بىۋاسىتە ياكى ۋاسىتىلىك تۈردە ئۇچراپ تۇرىدۇ.

**ئىچكى ئاجرىتىش سىستېمىسى** <ئانات> ئورگانىزمنىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا تارقالغان ئىچكى ئاجرىتىش بەزلىرىنىڭ يىغىندىسى.

**ئىچكى ئالاقە** <پەلس> ← **ئىچكى باغلىنىش.**

**ئىچكى ئالماش بۇلۇڭلار** <مات> ئىككى تۈز سىزىقنى ئۈچىنچى بىر تۈز سىزىق ئارقىلىق كەسكەندە ھاسىل بولغان سەككىز بۇلۇڭنىڭ ئىچىدىكى بۇ ئىككى تۈز سىزىقنىڭ ئىچكى قىسمىدا ھەمدە ئۈچىنچى تۈز سىزىقنىڭ ئىككى يېقىدا بىردەك ياتقان بۇلۇڭلار.

**ئىچكى ئامىل** <پەلس> ئادەم ۋە جانلىقلار تەرەققىي قىلىپ ئۆزگىرىشىنىڭ ئىچكى سەۋەبى، يەنى ئىچكى زىددىيىتى. بۇ شەيئىلەر تەرەققىياتىدىكى تۈپ سەۋەبتىن ئىبارەت.

**ئىچكى ئايلىنىش** <جۇغ> مەلۇم بىر رايوننىڭ يەر يۈزىدىن (قۇرۇقلۇق ياكى دېڭىز-ئوكيان) ھورغا ئايلانغان سۇ ھورلىرىنىڭ كوندېنساتسىيىلىنىپ بۇلۇتقا ئايلىنىپ، ھۆل-يېغىن پەيدا قىلىپ، شۇ رايوننىڭ ئۆزىگە يامغۇر بولۇپ يېغىش جەريانى.

**ئىچكى ئەزا** ① <ئانات> ئادەم ۋە يۇقىرى دەرىجىلىك ھايۋانلارنىڭ كۆكرەك بوشلۇقى ۋە قورساق بوشلۇقىدىكى ئەزالارنىڭ ئورتاق نامى. ئادەتتە ئۇ يۈرەك، ئۆپكە، ئاشقازان، جىگەر، تال، بۆرەك ۋە ئۈچەي قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ② <مات> تاناسىپتىكى بىرىنچى نىسبەتنىڭ ئاخىرقى ۋە ئىككىنچى نىسبەتنىڭ ئالدىنقى ئەزاسى. مەسىلەن، a: b=c: d دىكى b ۋە C ئەزا ئىچكى ئەزا بولىدۇ.

**ئىچكى بازار** <سودا> دۆلەت ئىچىدىكى بازار. تاشقى بازارغا نىسبەتەن ئېيتىلىدۇ.

**ئىچكى باغلىنىش** <پەلس> «تاشقى باغلىنىش» نىڭ ئەكسى، يەنى شەيئى-دىكى ياكى شەيئىلەر ئارىسىدىكى ئىچكى، ماھىيەتلىك، قانۇنىيەتلىك باغلىنىش.

**ئىچكى باللىستىكا** <فىز> باللىستىكىنىڭ

بىرى تارمىقى، يەنى ئوقنىڭ مىلتىق، زەمبىرەك ئوقلۇقىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ھەرىكەت قانۇنىيىتى، بېسىمى، ئوقنىڭ ھەرىكەت سۈرئىتىنىڭ ئۆزگىرىشى ۋە ئۇنىڭ قورال-لارغا بولغان تەسىرى قاتارلىقلارنى تەتقىق قىلىدىغان پەن.

**ئىچكى بوۋاسىر** <تىب> مەقئەتنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى شىللىق پەردىدە ئۆسكەن بوۋاسىر.

**ئىچكى بۆلۈك** <مات> ① تۇيۇق سۇنۇق سىزىقلاردىن ھاسىل بولغان شەكىلنىڭ ئىچىدىكى بۆلۈكلار بۇ شەكىلنىڭ ئىچكى بۆلۈكلىرى دېيىلىدۇ. مەسىلەن، ئۈچ بۆلۈك ياكى كۆپ تەرەپلىكنىڭ ھەرقايسى بۆلۈكلىرى ئۇنىڭ ئىچكى بۆلۈكلىرىدۇر. ② بىر تەكشىلىكتىكى بىر تۈز سىزىق بىلەن ئىككى تۈز سىزىق ئۆزئارا كېسىشكەندە $\angle 1, \angle 2, \angle 3, \angle 4$ لەرنىڭ ھەممىسى ئىككى تۈز سىزىقنىڭ ئىچىدە ياتقانلىقتىن ئىچكى بۆلۈكلار دېيىلىدۇ.

**ئىچكى بېسىم** <فىز> رېئال گازلارنىڭ چېگرا يۈزىدىكى بىرلىك يۈز ئۇچرايدىغان ئىچكى قىسمىدىكى مولېكۇلىلارنىڭ تارتىشىش كۈچى.

**ئىچكى بىر ياقلىق بۆلۈكلار** <مات> ئىككى تۈز سىزىقنى ئۈچىنچى بىر تۈز سىزىق ئارقىلىق كەسكەندە ھاسىل بولغان سەككىز بۆلۈكنىڭ ئىچىدىكى بۇ تۈز سىزىقلارنىڭ ئىچكى قىسمىدا ھەمدە ئۈچىنچى تۈز سىزىقنىڭ بىر يېقىغا بىردەك جايلاشقان ئىككى بۆلۈك.

**ئىچكى پارازىت** <بىئول> پارازىت ئىگىسىنىڭ ئىچكى قىسمىدا ھايات كەچۈرىدىغان بىر خىل پارازىت.

**ئىچكى پلازما** <ئانات> ھۈجەيرە مەركىزى چۆرىسىدىكى ئىچىدە پۈۋەك، دانىچە، مىتوخوندرىئالار بار بولغان، ھەرىكەتلىنىپ تۇرىدىغان ۋە ھۈجەيرە ئاپپاراتلىرى ھەرىكەت قىلىدىغان سۇيۇق يېلىمسىمان ماددا.

**ئىچكى پلازما تور سىستېمىسى** <بىئول> بۆلۈنگەن ھۈجەيرىلەرنىڭ ستوپلازمىسىدىكى پۈۋەكچىلەر سىستېمىسى. ئاقسىل ماددىسىنى بىرىكتۈرۈش ۋە قوبۇل قىلىش رولىغا ئىگە.

**ئىچكى پلازما تورى** <ئانات> ھۈجەيرە پلازمىسىدىكى ئۇششاق كانالچە ۋە پۈۋەكچىلەردىن تۈزۈلگەن تورسىمان تۈزۈلۈش.

**ئىچكى پلانېتلار** <ئاستر> ئوربىتىسى يەر شارى ئوربىتىسىنىڭ ئىچىدە بولغان پلانېتلار. مەسىلەن، مېركۇرىي بىلەن ۋېنېرا.

**ئىچكى پوتېنسىئاللار ئايرىمىسى** <فىز> سىرتتىن ئېلېكتر مەيدانى قوشۇلمىغان تېرمال تەڭپۇڭلۇق شارائىتىدىكى خىمىيۋى پوتېنسىئالنىڭ ئوخشىماسلىقى تۈپەيلىدىن P — n تۈگۈنىنىڭ ئىككى چېتىدە ھاسىل بولىدىغان پوتېنسىئاللار ئايرىمىسى.

**ئىچكى پۈرۈپكا قەۋىتى** <بوت> پۈرۈپكىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ئىچكى تەرەپكە قاراپ تەدرىجىي شەكىللەنگەن بىرنەچچە قەۋەت نېپىز توقۇلما ھۈجەيرىلىرى.

**ئىچكى پوست** <بوت> بۇغداي قاتارلىق ئۆسۈملۈكلەر گۈلىنىڭ ئوتتۇرىسىدا بولىدىغان ئاق رەڭلىك قاتتىق پوست. سىرتقى تەرىپىنى تاشقى پوست ئوراپ تۇرىدۇ.

**ئىچكى پېرېۋوت** <مال> دۆلەت ئىچىدىكى سودا ھېساباتىدا ئىشلىتىلىدىغان خەلق پۇلىغا ئالماشتۇرۇشقا بولىدىغان چەك. پېرېۋوت چېكى ۋە مۇددەتلىك چەك قاتارلىق ئاكسىيلەر.

**ئىچكى توپلام** <مات> ئەگەر A توپلامنىڭ بارلىق ئېلېمېنتى B توپلامنىڭ ئېلېمېنتى بولسا، ئۇ ھالدا A توپلام B توپلامنىڭ ئىچكى توپلىمى بولىدۇ.

**ئىچكى توك يولى** <فىز> ← **ئىچكى ئېلېكتر يولى**.

**ئىچكى تۆرەلمە قەۋىتى** <ئانات> تۆرەلمىنىڭ ئىچكى قەۋىتى. بۇنىڭدىن ئاشقازان، ئۈچەي، ھەزىم قىلغۇچى بەزلەر ۋە ئۆپكە قاتارلىق ئورگانلار شەكىللىنىدۇ.

**ئىچكى تۈرتكە** بىرەر ئىشنى ئىلگىرى سۈرۈشكە، قىلىشقا ئاساسلىق رول ئوينايدىغان ياكى ئوينىغان ئىچكى كۈچ؛ ئىچكى سەۋەب.

**ئىچكى تېرە** <ئانات> يۈرەك، قان تومۇر، لىمفا تومۇرى ۋە شىللىق پەردە بوشلۇقلىرىنىڭ ئىچىنى قاپلاپ تۇرىدىغان ئېپىتېلىيە ھۈجەيرىلىرى قەۋىتى.

**ئىچكى تىزگىنلەش** <س ئىق> ھازىرقى كارخانا باشقۇرۇشىنىڭ مۇھىم بىر تەركىبىي قىسمى، يەنى كارخانىنىڭ پىلان ۋەزىپىسىنىڭ ئورۇندىلىپ، ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئۈزلۈكسىز راۋاجلىنىشى ۋە ئىقتىسادىي ئۈنۈمنىڭ ئۇدا يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشىگە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، كارخانىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى بارلىق ئىقتىسادىي پائالىيەتلەرنى تىزگىنلەپ، پىلان بەلگىلىمىلىرىنىڭ كۆزلىگەن نىشان بويىچە ئېلىپ بېرىلىشىغا شارائىت يارىتىشى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

**ئىچكى تىل** <تىل> ئاۋازىنى ئاڭلىغىلى بولمايدىغان تاۋۇشسىز تىل بولۇپ، ئۇ ئادەتتە ئىچىدە ئوقۇش، ئىچىدە سۆزلەشلەرنى كۆرسىتىدۇ.

**ئىچكى جايلار** <جۇغ> ① دۆلەت ئىچىدىكى دېڭىز بويى رايونلىرىدىن باشقا بارلىق جايلار. ② دۆلەت ئىچىدىكى ئۆزى تۇرۇشلۇق ئۆلكە، ئاپتونوم رايوندىن باشقا بارلىق جايلار.

**ئىچكى دەريا** <جۇغ> سۈيى دېڭىز-ئوكيانلارغا قۇيۇلماي، ئىچكى قۇرۇقلۇقتىكى كۆل، ئويمانلىقلارغا قۇيۇلىدىغان ياكى قۇملۇقلارغا كىرىپ سىڭىپ كېتىدىغان دەريالار. مەسىلەن، ئېلىمىزنىڭ شىنجاڭ رايونىدىكى تارىم دەرياسى ۋە چىڭخەيدىكى چايدام دەرياسى.

**ئىچكى دەريا ھاۋزىسى** <جۇغ> ئىچكى دەريالارنى سۇ بىلەن تەمىنلەيدىغان ھاۋزىلار.

**ئىچكى دۇنيا** كىشىنىڭ ئۆزىگە خاس ئوي-پىكرى، نىيىتى، كۆز قارىشى، ئىدىيىسى ۋە شۇ قاتارلىقلار: بۇ مەسىلە ئۇ كىشىنىڭ ئىچكى دۇنياسىغا بېرىپ تاقىلىدۇ.
* بىز ئالدى بىلەن قارشى تەرەپنىڭ ئىچكى دۇنياسىنى ياخشىراق چۈشىنىپ بېقىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ.

**ئىچكى دېڭىز** <جۇغ> ① بوغۇز سۇ يولى تاشقى دېڭىز ياكى ئوكيان بىلەن تۇتىشىشتىن سىرت، ھەممە تەرىپى قۇرۇقلۇق بىلەن ئورالغان دېڭىز؛ مەسىلەن، ئوتتۇرا دېڭىزغا ئوخشاش. ② قىرغاقلىرى بىر مەملىكەتكە مەنسۇپ بولۇپ، شۇ سەۋەبتىن ئۆزىمۇ شۇ مەملىكەت تەۋەلىكىگە مەنسۇپ

بولغان دېڭىز، مەسىلەن، بوخەي دېڭىزى دۆلىتىمىزنىڭ ئىچكى دېڭىزىدۇر.

**ئىچكى دىئامېتىر** <مات> ① ئىچىتىن تېگىشىدىغان چەمبەرنىڭ دىئامېتىرى. ② ھالقىسىمان شەكىلنىڭ ئىچكى چەمبەرنىڭ دىئامېتىرى.

**ئىچكى راسچوت دوكۇمېنتى** <مال> سانائەت كارخانىلىرى ئىچكى ئىقتىسادىي ھېساباتنى يولغا قويغاندا، ھەرقايسى ھېسابات بىرلىكلىرى ئارا ئىچكى راسچوت ئېلىپ بېرىشتا ئىشلىتىلىدىغان دوكۇمېنت.

**ئىچكى رايون** <جۇغ> ① مەلۇم بىر شەھەر ياكى پورت بىلەن زىچ ئىقتىسادىي مۇناسىۋەتنى ساقلاپ كەلگەن ئىچكى جاي. ② دېڭىز-ئوكيانلاردىن يىراق بولغان ماتېرىكنىڭ مەركىزىي رايونى.

**ئىچكى رېتسېپتور** <بىئول> قان تومۇر، ئىچكى ئەزالار، مۇسكۇل ۋە بوغۇم ئىچىگە تارقىلىپ، ئىچكى مۇھىتنىڭ ئۆزگەرگەن غىدىقلىنىشلىرىنى قوبۇل قىلالايدىغان تۈزۈلۈش.

**ئىچكى زەخىملىنىش** <تىب> ① يىقىلىش، زەربە يېيىش تۈپەيلىدىن ئىچكى ئەزا-لارنىڭ زەخىملىنىشى ياكى ئېغىر نەرسە-لەرنى كۆتۈرۈشتىن ئىچكى ئەزالاردا قان قېيىۋېلىش. ② روھىي ئامىللار، ئارتۇقچە تاماق يېيىش، چارچاش، جىنسىي ئالاقىنى كۆپ قىلىش سەۋەبلىرى-دىن ئىچكى ئەزا كۈچلىرىنىڭ زەرەرلىنى-شى.

**ئىچكى زىددىيەت** <پەلس> شەيئىنىڭ ئىچىدە ئەسلى بار زىددىيەت. ئۇ شەيئى تەرەققىياتىنىڭ ئىچكى سەۋەبى.

**ئىچكى سەپ** <ھەرب> دۈشمەننىڭ قورشاۋى ئىچىدە قالغان شارائىتتىكى ئۇرۇش سېپى.

**ئىچكى سەپتە ئۇرۇش قىلىش** <ھەرب> ئارمىيە مۇداپىئەدە تۇرغان ۋە قورشاۋدا قالغان ئەھۋال ئاستىدا ئېلىپ بېرىلىدىغان ئۇرۇش.

**ئىچكى سەۋەب** <پەلس> شەيئىلەرنىڭ ئىچكى زىددىيىتى، يەنى شەيئىلەرنىڭ تەرەققىياتىدىكى تۈپ ئاساسىي سەۋەب.

**ئىچكى سودا** <سودا> دۆلەتنىڭ ئىچكى قىسمىدا ئېلىپ بېرىلىدىغان تۈرلۈك سودا پائالىيەتلىرى.

**ئىچكى سۆڭەك** <ئانات> ئادەم ياكى يۇقىرى دەرىجىلىك ھايۋانلار تېنىدىكى ئىسكىلىت. ئادەتتە نۇرغۇن سۆڭەكلەر ۋە كۆمۈرچەك قاتارلىقلاردىن تۈزۈلىدۇ.

**ئىچكى سۈركىلىش** <فىز> بىر بىرلىك ئارىلىقتىكى ئېقىش قاتلاملىرىنىڭ تېزلىك پەرقى بىر بىرلىك بولغاندا، قوشنا ئاقار قاتلاملارنىڭ تېگىشىش يۈزىدە پەيدا بولىدىغان يېپىشىش كۈچى.

**ئىچكى سۈركىلىش كوئېففىتسېنتى** <فىز> ئاقار جىسىملارنىڭ يېپىشقاقلىقىنى ئۆلچەي-دىغان فىزىكىلىق مىقدار.

**ئىچكى سۈركىلىش كۈچى** <مېتېئور> ھاۋانىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ھەرقايسى قاتلام ھاۋا ئېقىملىرىنىڭ سۈرئىتىنىڭ چوڭ-كىچىكلىكى بىلەن يۆنىلىشىنىڭ ئوخشىماسلىقى كەلتۈرۈپ چىقارغان ئۆزئارا بىر-بىرىنى تۇتۇپ تۇرۇش كۈچى.

**ئىچكى سىكلوئىدا** <مات> رادىئوسى R بولغان C چەمبەر $\chi^2 + y^2 = R^2$ چەمبەر-نىڭ ئىچكى گىرۋىكى بويىچە دوملىسا، ئۇ ھالدا ھەرىكەتچان چەمبەر ئۈستىدى-

كى مەلۇم بىر M نۇقتىنىڭ تراييېكتورىيە-سى «ئىچكى سىكلوئىدا» دەپ ئاتىلىدۇ.

**ئىچكى فلېكسىيە** <تىل> گراماتىكىلىق ۋاستىلەردىن بىرى. ئۇنىڭدا سۆزنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى، يەنى سۆز يىلتىزى تەركىبىدىكى تاۋۇشلارنى ئۆزگەرتىش يولى ئارقىلىق سۆزنىڭ گراماتىكىلىق شەكىللىرى ياسىلىدۇ. مەسىلەن، ئىنگلىز تىلى، ئەرەب تىلى قاتارلىق تىللاردا ئىچكى فلېكسىيە خېلى ئومۇملۇق قوللىنىلىدۇ.

**ئىچكى قارشىلىق** <فىز> مەنبەنىڭ ئىچكى قىسمىدا بولىدىغان تولۇق قارشى-لىق. ئادەتتە ئۇ ئېلېكتر قارشىلىقى بولۇشىمۇ، ئىندۇكتىپ قارشىلىق بولۇشىمۇ ياكى سىغىم قارشىلىقى بولۇشىمۇ مۇم-كىن.

**ئىچكى قانۇن** <قا> بىر دۆلەت دائى-رىسىدىلا يۈرگۈزۈلىدىغان قانۇن.

**ئىچكى قانۇنىيەت** <پەلس> شەيئىلەر-نىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ھەمدە شەيئىلەر تەرەققىياتى ۋە ئۆزگىرىشىنى بەلگىلەيدى-غان توپ قانۇنىيەت.

**ئىچكى قەرز** <س ئىق> دۆلەتنىڭ ئۆز پۇقرالىرىدىن ئالغان قەرزى.

**ئىچكى قەۋەت** <فىز> ماددىلارنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى بىر-بىرىدىن مەلۇم چېگرا ياكى بەلگە ئارقىلىق ئايرىلىپ تۇرىدىغان ھەربىر قاتلام، بۆلەك.

**ئىچكى قوۋزاق قەۋىتى** <بوت> غول ۋە يىلتىزنىڭ قوۋزاق قەۋىتىنىڭ ئەڭ ئىچكى قىسمىدىكى بىر قەۋەت ھۈجەيرى-لەر.

**ئىچكى قۇرۇقلۇق كۆلى** <جۇغ> ① قۇرۇقلۇقنىڭ ئىچكى قىسمىغا جايلاشقان كۆل. ② دېڭىز-ئوكيانغا تۇتىشىدىغان سۇ يولى بولمىغان، سۈيى ئېقىپ چىقماي-دىغان كۆل.

**ئىچكى قۇرۇلما** <تىل> ئالماشتۇرۇش-ھا-سىل قىلىش گراماتىكىسىدىكى جۈملىنىڭ مەنە قۇرۇلمىسى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

**ئىچكى قۇلاق** <ئانات> قۇلاقنىڭ بىر تەركىبىي قىسمى. چېكە سۆڭىكى قۇتىسىنىڭ تۆۋەن، ئىچكى تەرىپى، ناغرىخانىنىڭ ئىچكى يېنىغا جايلاشقان. ئالدىدىن ئارقىغا قاراپ رېتى بىلەن قۇلاق قۇلۇلىسى، ئالدىنقى دالانچە ۋە يېرىم ئايلانما كانالدىن تەركىب تاپىدۇ. ئالدىنقى دالانچە بىلەن يېرىم ئايلانما كانال ئادەمنىڭ بوشلۇقتىكى ئورنى ۋە ھەرىكىتىنى سېزىدىغان ئەزادۇر. قۇلاق قۇلۇلىسى ئىچىدە ئاۋاز دولقۇنىنى قوبۇل قىلىدىغان مۇرەككەپ تۈزۈلۈش بولۇپ، ئۇ ئاڭلاش رېتسېپتورىدۇر.

**ئىچكى قىلتىرىقچە** <بوت> بۇغداي قاتارلىق ئۆسۈملۈكلەرنىڭ گۈلىنى ئوراپ تۇرغۇچى چاناقسىمان تۈزۈلۈش. سىرتقى قىلتىرىقچىنىڭ ئىچكى تەرىپىگە جايلاشقان. بۇ ئىككىسى قوشۇلۇپ «چاناق» دېيىلىدۇ.

**ئىچكى كان ھاسىل قىلىش رولى** <گېئول> يەر شارىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ئىسسىقلىق ئېنېرگىيىسى (رادىئوئاكتىپ ئېلېمېنتلارنىڭ پارچىلىنىشى جەريانىدا چىقارغان ئېنېرگىيە، ئوتتۇرا قاتلام ۋە ماگما ماددىلىرىنىڭ ئىسسىقلىق ئېنېرگىيىسى قاتارلىق) نىڭ كان قىنىنى شەكىل-لەندۈرىدىغان ھەر خىل گېئولوگىيىلىك روللار.

**ئىچكى كۆپەيتمە** <مات> ئىككى ۋېكتور $\vec{a}$ ۋە $\vec{b}$ لارنىڭ مودۇلى بىلەن بۇ ئىككى ۋېكتور ئارىسىدىكى بۇلۇڭ كوسىنۇسىنىڭ كۆپەيتمىسى بۇ ئىككى ۋېكتورنىڭ «ئىچكى كۆپەيتمىسى» دەپ ئاتىلىدۇ.

**ئىچكى كۆرۈنۈش ئېلىش** <كىنو> كىنوغا ئېلىش زالىدا ئىشلەتكەن سۈرەتكە ئېلىش مەشغۇلاتى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

**ئىچكى كۈچ** <فىز> بىر سىستېما ئىچىدىكى ھەرقايسى قىسىملارنىڭ ئۆزئارا تەسىر كۈچى. مەسىلەن، ئالەمنى بىر سىستېما دېسەك، ئاسمان جىسىملىرىنىڭ ئارىسىدىكى ئۆزئارا تەسىر كۈچ ئىچكى كۈچ بولىدۇ؛ ئاتومنى بىر سىستېما دېسەك، ئېلېكترون بىلەن ئاتوم يادروسىنىڭ ئۆزئارا تەسىر كۈچى ئىچكى كۈچ بولىدۇ.

**ئىچكى كۈچلەر** ① <پەلس> دۆلەت ئىچىدىكى سىياسىي كۈچلەر كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ② <جۇغ> يەر شارىنىڭ ئىچكى قىسمىدىن كېلىدىغان ھەمدە يەر پوستىنىڭ داۋاملىق ھەرىكەت قىلىشىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان تەسىر قىلغۇچى كۈچ. ئۇلارنىڭ ئاساسلىق ئىپادىسى: يەر پوستى ھەرىكىتى، ماگما ھەرىكىتى ۋە يەر تەۋرەش قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

**ئىچكى كۈچىنىش** <فىز> سىرتقى كۈچىنىڭ تەسىرى بولمىغان ئەھۋالدا، جىسىمنىڭ ئىچكى قىسمىدا ساقلانغان كۈچىنىش.

**ئىچكى كېسەللىكلەر بۆلۈمى** <تىب> داۋالاشتا ئىچكى ئەزالاردىكى كېسەللىكلەرنى ئوپېراتسىيە قىلماي، ئاساسلىق ھالدا دورا بېرىپ داۋالايدىغان بىر بۆلۈم.

**ئىچكى گورمون** <گېئول> ھاشاراتلارنىڭ ئۆسۈش-يېتىلىش ۋە قىلىقلىرىنى تەڭشەيدىغان ئاكتىپچانلىققا ئىگە ماددا. ئۇنىڭغا مېڭە گورمونى، تېرە تاشلاتقۇزغۇچى گورمون، لىچىنكا مەزگىلىنى ساقلىغۇچى گورمون قاتارلىقلار كىرىدۇ. ئۇلارنى ھاشارات تېنىنىڭ ئىچىدىكى ئاجرىتىپ چىقارغۇچى ئەزاسى ئاجرىتىپ چىقىرىدۇ. ئادەتتە ئۇ ھاشاراتلارنىڭ يېتىلىشىنى تەڭشەيدۇ ۋە تېزگىنلەيدۇ.

**ئىچكى ماددا** <بىئول> ئاددىي ھايۋانلار ھۈجەيرە ماددىسى ئىچىدىكى دانىچە شەكىللىك قىسىم. ئىچىدە ھۈجەيرە ياردروسى ۋە ئوزۇقلۇق ۋاكولىسى بولىدۇ.

**ئىچكى مەركەز** <مات> ئۈچ بۇلۇڭنىڭ ئۈچ ئىچكى بۇلۇڭىنىڭ ئۈچ ئىچكى بىسسېكترىسساسى بىر نۇقتىدا كېسىشىدۇ. بۇ نۇقتىدا ئىچكى مەركەز دېيىلىدۇ. بۇ نۇقتا ئۈچ بۇلۇڭغا ئىچتىن ئورۇنغان چەمبەرنىڭ مەركىزىدىن ئىبارەت.

**ئىچكى مەلۇمات جەدۋىلى** <مال> كارخانا، ئىدارە، كەسپىي ئورۇنلار ياكى باشقا ئىگىلىك تەشكىلى قاتارلىقلار ئىشلەپچىقىرىش تىجارىتى ياكى خام چوت باشقۇرۇشنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن تۈزۈپ ئىچكى قىسمىدا پايدىلىنىشقا سۇنىدىغان مەلۇمات جەدۋىلى.

**ئىچكى موڭغۇل** <جۇغ> ← **ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونى.**

**ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونى** <جۇغ>ئېلىمىزدىكى ئەڭ بالدۇر قۇرۇلغان ئاپتونوم رايون. 1947-يىل قۇرۇلغان، ئورنى جۇڭگونىڭ شىمالىي قىسمىغا توغرا كېلىدۇ. موڭغۇللارنى ئاساس قىلغان. مەركىزى كۆكخوت.

**ئىچكى موڭغۇل پۇلى** <مال> جۇڭگونىڭ

3-قېتىملىق ئىچكى ئۇرۇش مەزگىلىدە ئىچكى موڭغۇل خەلق بانكىسى چىقارغان پۇل. 1948-يىلى 6-ئايدا تارقىتىلغان. ئىچكى موڭغۇل ئازاد رايونلىرىدا خەجلەنگەن، 1951-يىلى 4-ئاينىڭ 1-كۈنىدىن باشلاپ ئۇنىڭ 9 يۈەن 5 موسىنى بىر يۈەن كونا خەلق پۇلىغا سۇندۇرۇش باھاسى بويىچە ئايرىۋاشلاپ يىغىۋېلىندى.

**ئىچكى موڭغۇل كەتىراسى** <بوت> پۇرچاق ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. 50 — 80 سانتىمېتىر ئۆسىدۇ. ئوق يىلتىزى ئۇزۇن، تۈۋرۈكسىمان، غولى تىك ئۆسىدۇ. يوپۇرمىقى نۆۋەتلىشىپ ئۆسكەن تاق سانلىق پەيسىمان مۇرەككەپ يوپۇرماق بولۇپ، ئۇششاق يوپۇرماقلىرى كىچىكرەك. شەكلى تۇخۇمسىمان تۈمۈنە شەكىلدە، تولۇق گىرۋەكلىك. ئومۇمىي گۈل رېتى ئۇچىدا ياكى قولتۇقىدا ئۆسىدۇ، گۈل رېتى قىسقا، گۈللىرى زىچ، كېپىنەكسىمان، رەڭگى سۇس سېرىق، ئومۇمىي گۈل سېپى ناھايىتى ئۇزۇن بولىدۇ. قاسىراقلىق مېۋىسى كۆپۈپ پۆۋەككە ئوخشاپ قالىدۇ، ئۇرۇقى ئۇششاق، بۆرەكسىمان، رەڭگى قارا، ئىچكى موڭغۇلنىڭ تاغ ئورمانلىقلىرىدىكى ئوچۇقچىلىقتا، ئورمان بويلىرىدا، چاتقاللىقلاردا كۆپ ئۆسىدۇ. يىلتىزى دورا قىلىنىدۇ. تەمى تاتلىق، تەبىئىتى ئىسسىققا مايىل، زەھەرسىز، تاش بەدەننى چىڭىتىپ، قۇۋۋەت بېرىدۇ، تەرلەشنى توختىتىدۇ، هارام ئەتلەرنى يوقىتىپ ئەت قوندۇرىدۇ. سۈيدۈكنى راۋان قىلىدۇ، ئىششىقنى ياندۇرىدۇ.

**ئىچكى مۇئامىلە** <مال> كارخانا، ئىدارە، كەسپىي ئورۇنلار ياكى باشقا ئىگىلىك تەشكىلى قاتارلىقلارنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ھەرقايسى ئورۇنلاردىن ئالىدىغان ياكى ئۇلارنىڭ بېرىدىغان پۇللىرى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

**ئىچكى مۇپەتتىش خادىمى** <مال> ئۆز تارمىقى، ئۆز ئورنىنىڭ ئىچكى قىسمىدا مۇپەتتىشلىك خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان خادىم.

**ئىچكى مۇپەتتىشلىك** <مال> تارماق ۋە ئورۇنلارنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى مەخسۇس خادىملار كارخانىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، تىجارەت پائالىيىتى، بوغالتىرلىق خاتىرىسى ۋە بوغالتىرلىق مەلۇمات جەدۋىلى ئۈستىدە ئېلىپ بارىدىغان تەكشۈرۈش ۋە باھالاش خىزمىتى.

**ئىچكى مۇسكۇل** <ئانات> بىر مۈچىدىن باشلىنىپ، شۇ مۈچىدە تۈگىگەن مۇسكۇل.

**ئىچكى مۇھىت** <بىئول> قان پلازمىسى، توقۇلما سۇيۇقلۇقى ۋە لىمفا، ھۈجەيرىلەر ھايات كەچۈرۈشتە تايىنىدىغان بەدەن ئىچىدىكى مۇھىت.

**ئىچكى مېۋە شۆپۈكى** <بوت> مېۋىنىڭ ئەڭ ئىچكى قەۋىتىدىكى شۆپۈك. مەسىلەن، شاپتۇل، قارىئۆرۈك قاتارلىقلارنىڭ ئۇرۇقىنىڭ سىرتىنى ئوراپ تۇرغان بىر قەۋەت شاكال.

**ئىچكى نەپەسلىنىش** <بىئول> ھۈجەيرىنىڭ ئىچكى مۇھىتتىن ئوكسىگېن سۈمۈرۈش ۋە كاربون ( IV ) ئوكسىدنى چىقىرىش جەريانى.

**ئىچكى ھېساب يۆتكەش** <مال> ئىشلەپچىقىرىش خىراجىتى خىلىدىكى ھېسابلار ئارا بولىدىغان ھېساب ئاغدۇرۇش

كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

**ئىچكى ئوبوروت** <مال> ئىشلەپچىقىرىش خىراجىتى ھېسابى ئىچىدە تەكرار ھېسابلىنىدىغان ئامىل خىراجىتى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

**ئىچكى ئومۇمىي ئۇرۇنما** <مات> ئىككى چەمبەر ئومۇمىي ئۇرۇنمىنىڭ ئىككى يېنىدا ياتسا، بۇنداق ئومۇمىي ئۇرۇنما بۇ ئىككى چەمبەرنىڭ ئىچكى ئومۇمىي ئۇرۇنمىسى بولىدۇ.

**ئىچكى ئۇرۇش** <ھەرب> دۆلەت ئىچىدىكى ئۇرۇش، ئۇ ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمران سىنىپنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ھوقۇق تالىشىش ئۇرۇشى ۋە دۆلەت ئىچىدىكى ئىنقىلابىي كۈچلەر بىلەن ئەكسىلئىنقىلابىي كۈچلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئۇرۇشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

**ئىچكى ئۇيۇشۇش كۈچى** <خىم> ماددىلارنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى مولېكۇلىلار ئارىسىدىكى ئۆزئارا تەسىر كۈچى. ئومۇمەن ئېيتقاندا، ماددىلارنى پارچىلاش ياكى ئۇنىڭ شەكلىنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن سىرتقى كۈچنى ئاشۇرۇش لازىم، يەنى ئۇنىڭ ئىچكى ئۇيۇشۇش كۈچىنى يېڭىش كېرەك. مولېكۇلىلار ئارىسىدىكى ئارىلىق قانچە كىچىك بولسا، ئىچكى ئۇيۇشۇش كۈچى شۇنچە چوڭ بولىدۇ. قاتتىق ماددىلارنىڭ ئىچكى ئۇيۇشۇش كۈچى ئەڭ چوڭ، سۇيۇقلۇقلارنىڭ 2-ئورۇندا، گازلارنىڭ بولسا ئانچە روشەن بولمايدۇ.

**ئىچكى ئېلېكتر يولى** <فىز> ئېلېكتر مەنبەسىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ئېلېكتر يولى.

**ئىچكى ئېنېرگىيە** <فىز> ماددا سىستېمىسىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ئومۇمىي ئېنېرگىيە. ئۇ مولېكۇلىلارنىڭ تەرتىپسىز ئىسسىقلىق ھەرىكەت ئېنېرگىيىسىنى، مولېكۇلىلار ئوتتۇرىسىدىكى ئۆزئارا تەسىرلىشىش ئېنېرگىيىسىنى ۋە مولېكۇلا، ئاتوم، ئاتوم يادرولىرىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ئۆزئارا تەسىرلىشىش ئېنېرگىيىسى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

**ئىچكى ئىسكىلىت** <ئانات> ← **ئىچكى سۆڭەك.**

**ئىچكى ئىش** ① بىرەر ئادەمنىڭ ئۆزىگە خاس ۋە ئۆز ئەمەلىيىتىگە ئۇيغۇن بولغان ئىشى، مەسىلىسى؛ شەخسىي ئىشى: — نېمىشقا دېيىلمەيدۇ؟ — ئادىلمۇ بىر قەدەم ئالغا چامدىدى، — سىلەر نېمىشقا مېنىڭ ئىچكى ئىشلىرىمغا ئارىلىشىسىلەر؟ ② بىرەر دۆلەت ياكى بىرەر تەشكىلاتنىڭ ئۆز ئەمەلىيىتىگە ئۇيغۇن دەپ قارالغان ئىشى، سىياسىتى: بۇ، دۆلىتىمىزنىڭ ئىچكى ئىشى، شۇڭا بۇنىڭغا ھېچكىمنىڭ ئارىلىشىش ھەققى يوق.

**ئىچكى ئىنقىلابىي ئۇرۇش** <تارىخ> دۆلەت ئىچىدىكى ئىنقىلابىي كۈچلەر بىلەن ئەكسىلئىنقىلابىي كۈچلەر ئوتتۇرىسىدا ئېلىپ بېرىلغان ئۇرۇش. دۆلىتىمىز تارىخىدا ئۈچ قېتىملىق ئىچكى ئىنقىلابىي ئۇرۇش پارتلىغان.

**ئىچكى يالقۇن** <خىم> يالقۇننىڭ ئوتتۇرا قىسمى. بۇ قىسىم ئەڭ يورۇق بولۇپ، گاز بۇ يەردە پارچىلىنىدۇ، ھىدروگېن پۈتۈنلەي يېنىپ بولىدۇ. كاربون زەررىچىلىرى چوغلىنىپ كۈچلۈك يالقۇن تارقىتىدۇ. ئۇ ئادەتتە ناھايىتى كۈچلۈك ئوكسىدسىزلاش رولىغا ئىگە بولۇپ، «ئوكسىدسىزلىغۇچى يالقۇن» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

**ئىچكى يىغىلىش كۈچى** <فىز>← ئىچكى ئۇيۇشۇش كۈچى.

**ئىچكى-تاشقى** ① ئىچكى ۋە تاشقى: ئىتتىپاق ئەزالىرى ئۆز ئورۇنلىرىنىڭ ئىچكى-تاشقى تازىلىقىنى قىلدۇ. * جىرىم تىكىپ ئورمان بىنا قىلىشنىڭ ياخشى-يامان بولۇشىنىڭ ئىچكى-تاشقى تەسىرى ئىنتايىن چوڭ. ② مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى، مەملىكەتنىڭ ئىچى ۋە سىرتىغا مۇناسىۋەتلىك: ئىچكى-تاشقى ۋەزىيەت. ئىچكى-تاشقى دۈشمەن كۈچلەر. * كېيىنكى يىللاردا ئېلىمىز ئىچكى-تاشقى سىياسەتتە چوڭ ئوڭشاش ئېلىپ بارغاندىن كېيىن، ھەرقايسى ئەللەر خەلقلىرى جۇڭگوغا دىققەت نەزىرىنى تىكىدىغان بولۇپ قالدى. * نۆۋەتتە مەملىكىتىمىزنىڭ ئىچكى-تاشقى سىياسىتىدە خېلى ياخشىلىنىشلار بولدى.

**ئىچكىرى** ① ئى. ئىچكى قىسمى، ئىچكى تەرەپ: ئۇ خۇشال ھالدا باغنىڭ ئىچكىرىسىگە قاراپ ماڭدى. * ئۇ پاتىمەنىڭ قولتۇقىدىن يۆلىدى. پاتىمە يېنىكلا ئورنىدىن تۇردى ۋە كالىچىنى سېلىپ قويۇپ ئىچكىرىگە كىردى. ② سۈپ. ئىچكى قىسمىدىكى، ئىچكى تەرەپتىكى، ئىچىدىكى: نىغمەت ئىچكىرى ئۆيگە كىرىپ، جوزا ئۈستىدىكى باغاقنى قولىغا ئالدى. * ئاسىيە ئاپئاق ئىچكىرى ئۆيدىن قايتىپ چىقىپ، گۈلقىزنى قولتۇقلىدى. ③ رەۋ. ئىچ تەرەپكە قاراپ، ئىچ تەرەپنى بويلاپ؛ ئىچىگە يۈزلىنىپ: ئۇ ئۆزى ئىچكىرى كىرىپ كەتتى. بارىبىتچى ئايال پۇتلىرىنى سوزۇپ بارىبىتنى يېنىغا قويۇپ ئولتۇردى. ④ رەۋ. بىرەر جاي ياكى مەملىكەتنىڭ ئىچكى قىسمىغا جايلاشقان، ئىچكى قىسمىغا ئورۇنلاشقان: ئىككى كۈندىن كېيىن ئىچكىرىگە ماڭىدىغان بولۇپ مېھمانخانىدىن قايتىپ كەلدىم. * — بۇ جۇڭخۇا مىنگونىڭ ئىككى يۈزى بارمۇ نېمە، ئىچكىرىگە بىر خىل، بىزگە بىر خىل قارايدىغان، — دېدى ئۇ كىشى قايىنغان ھالدا.

**ئىچكىرى-تاشقىرى** ئىچكىرى ۋە تاشقىرى: ئۇنىڭ ئىچكىرى-تاشقىرى ئىككى ئېغىز ئۆيى بار.

**ئىچكىرىكى** سۈپ. ئىچكىرى قىسمىدىكى، ئىچىدىكى: — نۇرئامىنە كىچىك ئەمەسمۇ، ئۇخلىنىپ قالار، — دەپ قويۇپ ئىچكىرىكى ئۆيگە كىرىپ كەتتى ئۇ.

**ئىچكىرىكى ئۆي** <بن> ئۆزئارا تۇتاش بولغان نەچچە ئېغىز ئۆيلەرنىڭ ئىچىدىكى تالا بىلەن بىۋاسىتە تۇتاشمايدىغان ئۆي.

**ئىچكىرىلىمەك** پ ① ئىچ تەرەپكە قاراپ قەدەم باسماق، بارغانسېرى ئىچىگە بارماق: — خوپ! — ئەسكەر چاس بېرىپ، قازناقتا ئىچكىرىلەپ كىرىپ كەتتى. * بالا بۇ يەردىكى ئەھۋالنى كۆرۈپ تاغ ئىچىگە ئىچكىرىلەپ كەلدى. ② ئىنچىكىلىمەك، چوڭقۇرلىماق: ئۇ ياشىغان دەۋردىكى ئومۇمىي ئىجتىمائىي ئەھۋاللار بىلەن ئىچكىرىلەپ تونۇشقان. * — ئۆشرە-زاكات بەرمىگەن ئادەمنىڭ تاپقان دۇنياسى ھارام! — دېدى سېيىتقارى ۋە تېخىمۇ ئىچكىرىلەپ چۈشەندۈرۈشكە باشلىدى.

**ئىچكىنەم** ئى. دىئال «ئىچ» سۆزىنىڭ ئەركىلىتىپ ئېيتىلىشى.

**ئىچلىك** ① سۈپ. ئىچى بار: كاۋاك ئىچلىك ھايۋان. // چاقىقاق ھۇجەيرە كاۋاك ئىچلىكلەرنىڭ تەن سىرتىدا بولىدىغان بىر خىل ئالاھىدە ھۇجەيرە. ② ئى. كىيىم-كېچەك ۋە باشقا، بەزى نەرسىلەرنىڭ ئىچىگە تارتىلىدىغان قىسمى؛ ئەستەر: بۆكنىڭ ئىچلىكى. چاپاننىڭ ئىچلىكى. ئېگەرنىڭ ئىچلىكى.

**ئىچمەك** I پ ① سۇيۇقلۇقنى ئاغزىغا ئېلىپ

ياكى شۇمۇرۇپ ئىچىگە يۇتماق: سۇ ئىچمەك. چاي ئىچمەك. * ئاغزى كۆيگەن پۈۋلەپ ئىچەر (ماقال). ② ئىسپىرتلىك ئىچىملىكنى ئىستېمال قىلماق: هاراق ئىچمەك. * ئۇ ئىچمىسە تۇرالمايدۇ. ③ قورسىقىغا بىرنەرسە يېمەك، بىرنەرسە ئىستېمال قىلماق (سۇيۇق تاماقلارنى): ئاشنى كۆرسە ئىچىك تاز، ئىشنى كۆرسە قېچىك تاز (ماقال). * ئوغلۇم، بۇ خانىقىز ناهايىتى پايدىلىق، ئوبدان نەرسە! ئۇ پۇتۇنلەي كېۋەزلەردىكى كۆكپىتلارنى يەيدۇ. قېنى، ئاۋۋال ئېشىڭنى ئىچ، ئاندىن سۆزلەپ بېرىمەن.

**ئىچمەك** II ئى ① توقۇمىنىڭ ئاستىغا سېلىنىدىغان نېپىز كىگىز، تەرلىك. ② تېرە جىلىتكە.

**ئىچۈرمەك** «ئىچمەك I» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: كېسەلگە غىزا ئىچۈرمەك. بالىغا دورا ئىچۈرمەك. * پادىشاھ قەنت شەربەت قىلىپ، مەلىكىنىڭ بېشىدىن يۆلەپ شەربەت ئىچۈردى، مەلىكە كۆزىنى ئاچتى.

**ئىچۈرۈلمەك** «ئىچۈرمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: خەلچە ئانىغا ئوكۇل قىلىندى، نەچچە تال تابلېتكا دورا ئىچۈرۈلدى. * نەچچە يىلدىن بېرى دېيىلىپ كېلىۋاتقان كونا گەپ يەنە تەكرار ئېيتىپ ئىچۈرۈلدى.

**ئىچ-ئىچ** ئىچ ۋە ئىچ؛ يۈرىكىنىڭ چوڭقۇر قېتى: ئىچ-ئىچىگە سىغماسلىق.

**ئىچ-ئىچىدىن** ① ھەممە ئىچكى ئەزالىرىدىن: ئىسمائىل ئاكىنىڭ بايا ھۆل بولغان، ئەمدى قېتىپ كەتكەن كىيىملىرى بەدىنىنى شۈركەندۈرەتتى. ئىچ-ئىچىدىن ئۆرلەپ چىقىۋاتقان تىترەك ھەممە ئەزالىرىغا تارقىلىپ بوشاشتۇراتتى. ② چىن يۈرەكتىن، چىن كۆڭلىدىن، كۆڭلى-كۆكسىدىن: مۇنداق چاغلاردا مەن ئىچ-ئىچىمدىن خۇشاللىنىپ، بېشىم ئاسمانغا يەتكەندەك بولۇپ كېتىمەن. * شەرىخان موماي مېھمانلار بىلەن بىللە چاي ئىچىۋېتىپ، ئىچ-ئىچىدىن خۇشال بولدى.

**ئىچ-ئىچىگە پاتماسلىق** ھەددىدىن زىيادە خۇشال بولۇپ كېتىپ، ئۆزىنى قويىدىغان يەر تاپالماسلىق: ئەلگە بەھرى بار، يامانلارغا قەھرى بار ئۇ ئەزىم دەريالارنى كۆرسىڭىز، ئىچ-ئىچىڭىزگە پاتماي خۇشال بولىسىز.

**ئىچ-ئىچىگە سىغماسلىق** ← **ئىچ-ئىچىگە پاتماسلىق**: ئۇنىڭ يۈرىكىگە يەنە يېڭىدىن غەيرەت-جاسارەت ئوتى يېقىلدى. كۈتكەن كۈنلىرىنىڭ ئاخىر يېتىپ كەلگىنىگە شادلىنىپ خۇشاللىقى ئىچ-ئىچىگە سىغمىدى.

**ئىچىشمەك** «ئىچمەك I» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار پاراڭلاشقاچ چاي ئىچىشتى. * ئىككىمىز قاۋاقخانىغا كىردۇق. ئۇن-تىنسىز ئىككى رومكىدىن ئىچىشتۇق.

**ئىچىشۋازلىق** ئى. نۇرغۇن ئادەمنىڭ ھاراق ئىچىشى، كۆپ ئىچىش ئىشى: توي ناھايىتى قىزىپ، ئىچىشۋازلىق تاڭ يورۇغىچە داۋاملاشتى. * تۈنجى قەدەھ ئۆز كۈچىنى كۆرسەتتى. رەھمەت سۆزلىگەچ ئىككىنچى رومكىنىمۇ تولدۇردى، ئىچىشۋازلىق داۋاملاشتى.

**ئىچىكمەك** پ. مېھرى چۈشمەك، ئېجىل بولماق، ئامراق بولماق، يېقىن بولماق: ئۇ بۇ يىل 19 غا توشۇپ ئاشتى، چوڭ بولغانسېرى ماڭا بەك ئىچىكىپ كېتىۋاتىدۇ. * بوۋاي بىلەن موماي ئۇنىڭغا ئۆز قىزىدەكلا ئىچىكىپ قېلىپتۇ. ئابدىم ئۇ يەرگە كۆنۈپ قېلىپتۇ.

**ئىچىكىشمەك** «ئىچىكمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئەنۋەر ھازىر ناھايىتى خۇش چاقچاق، پاراڭچى بولۇپ قالغان، كۆپچىلىك بىلەن ئىچىكىشىپ كەتكەندى. *

ھەممىسى ئۆز قېرىنداش، ھەممىسى جان-جىگەر تۇغقانلار. بىر قېتىم يۈز كۆرۈشۈپلا كونا قەدىناسلاردەك ئېچىلىشىپ قالدۇق.

**ئېچىلمەك** « ئىچمەك I » پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ھەش-پەش دېگۈچە ئىككى قاچىدىن يوبدان ئېچىلىپ بولدى. * گەپ-سۆز بىلەن بىرمۇنچە چايمۇ ئېچىلىپ كەتتى.

**ئېچىملىك** ئى. پىۋا، ھاراق، گازلىق سۇ ياكى چاي، قەھۋە ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش پىششىقلاپ ئىشلەنگەن، ئىچىشكە بولىدىغان نەرسىلەرنىڭ ئومۇمىي نامى: قىزلار داستىخاننى يىغىپ، بىزگە ئېچىملىك ئېلىپ كەلدى. * — مەنغۇ رەھمەت ئېيتىمەن، — دېدى. ل. مۇتەللىپ، — چۈنكى گېلىمدا ئانچىنا كېسىلىم بار، ئېچىملىكتىن ھەزەر ئەيلەپ يۈرمەكتىمەن. * ئۇ ۋىنو قاتارلىق ھەر خىل ئېچىملىكلەرنى ئىچىشنى ياخشى كۆرەتتى.

**ئېچىملىك زىرائەتلىرى** <بوت> كىشىلەرنىڭ مەلۇم جەھەتتىكى تەشنالىقىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان ئىقتىسادىي زىرائەتلەر. ئۇ ئاساسەن چاي، قەھۋە ، كاكائو، ۋە تاماكىلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

**ئېچىملىك سودا** <خىم> ← **ناترىي بىكاربونات.**

**ئىختىرا** ئى (ئە) يېزت. پەن-تېخنىكا ساھەسىدە بارلىققا كەلگەن يېڭىلىق؛ كەشپ، كەشپىيات، ئىجاد: ئىختىرا قىلماق. يېڭى ماشىنىلارنى ئىختىرا قىلماق.

**ئىختىرا قىلماق** يېڭىلىق ياراتماق، كەشپ قىلماق، ئىجاد قىلماق: ئۇلارنىڭ بەزىلىرى پويىزنى ئىختىرا قىلدى. * ئۇنىڭ ئۆزىمۇ يېڭىدىن نۇرغۇنلىغان يېڭى ئاھاڭ ۋە مۇزىكىلار-نى ئىختىرا قىلدى. * مۇزىكا ئىلمىدە قىدىرخان-دەك ئىزلەنگەن، ئىختىرا قىلغان، ماھارەت كۆرسەتكەن ئىنسان ئازدۇر.

**ئىختىرا قىلىش ھوقۇقى** <قا> پۇقرا ۋە قانۇن ۋاكالەتچىلىرىنىڭ ئۆز ئىختىرالىرى نەتىجىسىگە نىسبەتەن بەھرىمەن بولۇش ھوقۇقى دۆلىتىمىزدە، دۆلەت پۇقرا ۋە قانۇن ۋاكالەتچىلىرىنىڭ ئىختىرا قىلىش ھوقۇقىنى قوغدايدۇ. ئىختىرانى بوغقان، ئوغرىلىغان، قامال قىلغان ياكى ئىختىرانىڭ ئىلمىي قىممىتىنى قەستەن بۇرمىلىغان، يوشۇرغانلارنىڭ قانۇنىي جاۋابكارلىقىنى قانۇن بويىچە سۈرۈشتە قىلىدۇ.

**ئىختىرا مۇكاپاتى** <قا> ئىختىرا ۋە ئىجادىيەت ئۈچۈن بېرىلىدىغان مۇكاپات دۆلىتىمىزنىڭ ئاساسىي قانۇنىدا ئىلمىي تەتقىقات نەتىجىلىرىنى ۋە تېخنىكا ئىختىراسىنى مۇكاپاتلاش بەلگىلەنگەن.

**ئىختىراچى** ئى. ئىختىرا قىلغۇچى، ئىجاد قىلغۇچى، كەشپىياتچى، ئىجادكار: بۇ يىگىت ئېلېكتر كۈلۈچى ياساپلا كاتتا ئىختىراچى بولۇپ باشقىلارنى كۆزىگە ئىلماي، تەكلىپنى رەت قىلىپتۇ، دەپ گەپ تارقىلىپ يۈرمەسمۇ؟ * خەلق ئارىسىدا نۇرغۇنلىغان ئەلنەغمىچىلەر، چالغۇ ئەسۋاب ئىختىراچىلىرى بار.

**ئىختىساس** ئى (ئە) ئىلىم-پەن، تېخنىكا، سەنئەت ساھەلىرىدىكى ھەربىر مۇستەقىل پەن، كەسپكە بولغان مۇتەخەسسىسلىك.

**ئىختىساسچىلىق** ئى. ئىختىساس ئىگىلىرىنى يېتىشتۈرۈش تۈزۈمى، ئىختىساس ئىگىلىرىنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈش ئىشى: يېقىندا ئىختىسادشۇناسلار خەلق پۇلىنى ئاسراش، ئىختىساسچىلىققا رىئايە قىلىش چاقىرىقىنى چىقاردى.

**ئىختىساسشۇناسلىق** ئى <مائار> ئىختىساسلىق كىشىلەرنى بايقاش، تاللاش،

تەربىيلەپ يېتىشتۈرۈش ۋە ئۇلارنىڭ
قابىلىيىتىنى تەتقىق قىلىش قاتارلىقلارنى
مەزمۇن قىلغان پەن.

**ئىختىساسلاشتۇرماق** « ئىختىساسلاش-
ماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**ئىختىساسلاشتۇرۇلماق** « ئىختىساسلاشتۇر-
ماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**ئىختىساسلاشماق** پ. ئىلىم-پەن،
تېخنىكا، سەنئەت قاتارلىق ساھەلەرنىڭ
بىرىدە كامالەتكە يەتمەك، يۇقىرى
پەللىگە چىقماق، ئىختىساس ئىگىسىگە
ئايلانماق، ئىختىساسلىق بولماق: ئۇلار
ھەم قىزىللاشقان ھەم ئىختىساسلاشقان ياش
ئەۋلادلارنى تەربىيلەش يولىدا تىرىشچانلىق
كۆرسەتكەنىكەن. * مىرسۇلتان ئەپەندى
ئۇيغۇر تىلى ساھەسىدە ھەقىقىي ئىختىساسلاش-
قان بىر تىلشۇناس ھېسابلىنىدۇ.

**ئىختىساسلىق** سۈپ. ئىلىم-پەن، تېخنىكا
ۋە باشقا بىرەر ساھەدە ئىختىساس
ئىگىسىگە ئايلانغان، ئىختىساس ئىگىسى
بولغان؛ ئىختىساسلاشقان: ئىختىساسلىق
كادىرلار. * مائارىپ خىزمىتىنىڭ تۈپ ۋەزىپىسى
ئىختىساسلىق كىشىلەرنى تەربىيلەپ يېتىشتۈرۈش-
تىن ئىبارەت. * بىز دۆلەتكە ھەر خىل
ئىختىساسلىق قۇرۇلۇش خادىملىرى ۋە زاپاس
ئەمگەك كۈچلىرىنى يېتىشتۈرۈپ بېرىشىمىز
كېرەك.

**ئىختىلاپ** ئى (ئە) قارىمۇقارشىلىق، كېلىش-
مەسلىك، زىددىيەت، نىزا: ئىختىلاپ
تۇغۇلماق. ئىختىلاپ پەيدا بولماق. *
شۇڭلاشقىمۇ بۇرۇن جىمجىت ئۆتكەن بۇ
ئائىلىدە يېقىندىن بۇيان بالا توغرۇلۇق پات-پات
ئىختىلاپ يۈز بېرىدىغان بولدى. * ئۇلار
ئارىسىدا ئىختىلاپ پەيدا بولدى.

**ئىختىلاپچى** ئى. ئىختىلاپ پەيدا قىلغۇچى
شەخس، ئىختىلاپ تۇغدۇرغۇچى ئادەم:
ئۇ تازىمۇ بىر ئىختىلاپچى ئىكەن.

**ئىختىلاپسىز** سۈپ. ئىختىلاپ يوق، ئىختىلاپ
يۈز بەرمىگەن، ئىختىلاپ تۇغۇلمىغان؛
زىددىيەتسىز: ئىختىلاپسىز مەسىلىلەر.
// ئىختىلاپسىز ھەل بولماق.

**ئىختىلاپلىق** سۈپ. ئىختىلاپ تۇغۇلغان ياكى
تۇغۇلىدىغان، نىزالىق؛ ماھىيەتتە،
مەزمۇنىدا قارىمۇقارشىلىقلار، زىددىيەت-
لەر بولغان: ئىختىلاپلىق مەسىلىلەر.

**ئىختىئول** ئى (ر<لات) <تىب> بىر خىل
دورا، يەنى ئورگانىك بىرىكمە. قارىماي-
نى قۇرۇق ھەيدىگەندىن كېيىن سۇلفات
كىسلاتاسى ۋە ئاممىياك قوشۇپ ئىشلەن-
گەن يېپىشقاق ھالەتتىكى بوتقىسىمان
سۇيۇقلۇق. رەڭگى قىزغۇچ بېغىر رەڭ
ياكى قارا قوڭۇر كېلىدۇ. چىرىشنىڭ
ئالدىنى ئېلىش رولىغا ئىگە. تېببىي
دورىگەرلىكتە قىسمەن جايدىكى ياللۇغنى
قايتۇرۇش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

**ئىختىيار** ئى (ئە) ① ئۆزلۈكىدىن بولغان،
زورلۇق تۈس ئالمىغان خاھىش، ئىستەك،
ئەرك، مەيل: كېلىش ئىختىيار بىلەن،
كېتىش ئىجازەت بىلەن (ماقال). * ئەگەر
شۇ چاغلاردا ئىختىيار مەندە بولسا، كىچىك
چېغىمدا تۇمۇچۇقنىڭ بالىلىرىنى ئويىنىغاندەك،
بىرپەس ئۇنىڭ ئاناردەك مەڭزىلىرىنى سىلاپ
ئوينىغۇم كېلەتتى. * ئۆگەي ئانا ئالدىدا
ئەتىۋارىم قالمىدى. ئەركىم بىلەن ئويناشقا
ئىختىيارىم قالمىدى. ② پايدىلىنىش،
تەسەررۇپ ياكى ئىدارە قىلىش ھوقۇقى،
ئىگىلىكى: بۇ يەرلەر شەھەر ئىختىيارىدا.
ئىدارە ئىختىيارىدا بولغان ئۆيلەر. * ھاۋاز
ئاخۇن بىر جۈپ ئۆي ۋە تېرىلغۇ سايمانلىرىنى
خۇشاللىق بىلەن گۇرۇپپا ئىختىيارىغا بەردى.

* «ئەگەر كىمكى بۇ يەتتە سوئالغا جاۋاب
تېپىپ كېلەلىسە، ئەلۋەتتە ھۆسنە ئاۋات
ۋە مەلىكە ھۆسنەبانۇ شۇ كىشىنىڭ ئىختىيارد-
دا» دەپ نامە يېزىپ شاھزادىغا بەردى.

**ئىختىيار ئەتمەك** ← **ئىختىيار قىلماق.**

**ئىختىيار قىلماق** كۆڭلى تارتماق، خالىماق:
بىرقانچە ۋاقىت بىللە ياشىغانىدىن كېيىن،
ھەر ئىككى ئاچامنىڭ ئېرى سەپەرنى
ئىختىيار قىلىشتى. * — ئۆلسەم ئۆلىمەنكى،
ساڭا ئىختىيار قىلمايمەن، — دەپ جاۋاب
بەردى قىز ناسىرنىڭ سۆزىنى بۆلۈپ.

**ئىختىيارىدا بولماق** ئىلكىگە ئۆتمەك،
ئىگىدارچىلىقىدا تۇرماق: بۈگۈندىن ئېتىبارەن
ئۆزلىرى، — دەپ پاسار مەخسۇتبەگكە قارىدى،
— ئابدۇللا داموللامنىڭ ئىختىيارىدا بولىلا.

**ئىختىيارىغا بەرمەك** باشقۇرۇشىغا قويماق،
ئىگىلىكىگە تاپشۇرماق؛ خاھىشىغا قويماق:
— ئۇلۇغ پادىشاھى ئالەم! ئەگەر ئىلتىپات
قىلسىلا، بۇ قەشقەرىيىنى مېنىڭ ئىختىيارىمغا
بەرسىلە، مېنىڭ بوسۇغامنىڭ ئاستىدا چىرىپ
ئۆلسۇن! — دېدى خەزىنىچى ئېركەشبەگ
مەنسۇرغا. * تەلمۈرۈپ يولۇڭغا بەكمۇ،
ئىنتىزار بولدۇم ساڭا. ئىختىيارىمنى بېرىپ،
بىئىختىيار بولدۇم ساڭا.

**ئىختىيارىغا قويماق** ئۆز خاھىشى بويىچە
ئىش قىلىشىغا يول قويماق: قەمبەر ھاكىمنى
ئىختىيارىغا قويماستىن يېتىلەپ كېلىپ قۇرۇق
قار يوق يەرگە ئولتۇرغۇزۇپ، ئۈستىگە چاپانلار-
نى قاتلاپ-قاتلاپ ياپتى.

**ئىختىيارەن** رەۋ (ئە) ئىختىيارىي ھالدا؛
ئىختىيارى بىلەن، ئىختىيارىچە: سەيلە
كېمىسى كۆلدە ئىختىيارەن ئۈزۈپ، خالىغان
ياققا بۇرۇلسىمۇ، سەيلىچىلەرنىڭ كۆز ئالدى
كېمىچى تەرىپىدىن تۇسۇلۇپ قالمايدىكەن. *
خاقانىنىڭ بۇنداق ئىختىيارەن سوئال سورا-
ۋاتقانلىقىنى كۆرگەن ماركونىڭ جىددىيلەشكەن
كەيپىياتى بىردەمدىلا يوقىلىپ، كۈلۈمسىرەپ
جاۋاب بەردى.

**ئىختىيارسىز** سۈپ. خاھىشىدىن، ئىختىيارد-
دىن؛ تاشقىرى ئۆز ئىختىيارى ئەمەس:
ئۆمەر ئىختىيارسىز قىز تەرەپكە بۇرۇلدى. *
— بارىكاللا، بالام باغدا يۈرسە، مەن تاغدىن
ئىزلەپ يۈرۈپتىمەنا! — جاراڭلىق بۇ ئاۋازدىن
چۆچۈپ كەتتىم-دە، يولغا قاراپ: — ھۆسەن
ئاتا! — دەپ ئىختىيارسىز ۋارقىرىۋەتتىم. *
قەلبىدە دولقۇنلىنىپ تۇرغان ھاياجان ئۇنى
ئىختىيارسىز ئالماسنىڭ ئالدىغا ئېلىپ باردى.

**ئىختىيارسىز دىققەت** <پسخول>
ئالدىنئالا كۆزلىگەن مەقسىتى بولمىغان،
تەبىئىي ئەھۋال ئاستىدا پەيدا بولىدى-
غان، ھېچقانداق ئىرادە، تىرىشچانلىق
كەتمەيدىغان دىققەتنى كۆرسىتىدۇ.
مەسىلەن، بىز ئوقۇتقۇچىنىڭ دەرسىنى
ئىخلاس بىلەن ئاڭلاۋاتقاندا، بىرەر كىشى
تۇساتتىن ئىشىكنى ئېچىپ سىنىپقا كىرىپ
كەلسە ھەممىمىز بېشىمىزنى كۆتۈرۈپ،
ئىختىيارسىز ھالدا ھېلىقى كىشىگە قاراي-
مىز. مانا بۇ ئىختىيارسىز دىققەتتۇر.

**ئىختىيارسىز ھالدا** ئالدىنئالا كۆزلىگەن
مەقسىتى بولمىغان ھالەتتە، تەبىئىي
رەۋىشتە: ئارىدىن ئىككى كۈن ئۆتكەندىن
كېيىن، گۈلسۈمخانىغا يەنە بىر بازارغا چىقىش
نۆۋىتى كېلىپ، ئۇ گۈزەرگە كەلگەندە،
ئىختىيارسىز ھالدا جالالىدىن موللامنىڭ ئۆيى
تەرەپكە قايرىلدى.

**ئىختىيارسىز ھەرىكەت** <پسخول>
ئۆزىنىڭ خاھىش-ئىستىكى بويىچە ئەمەس،
بەلكى مەجبۇرىي ياكى خالاپ-خالىماي
قىلغان ھەرىكەت.

**ئىختىيارسىزلىق** «ئىختىيارسىز» سۆزىنىڭ

ئىسىم شەكلى: ئىختىيارىي ئەستە قالدۇرۇش ئىختىيارسىز ئەستە قالدۇرۇشتىن ئۈستۈن تۇرىدۇ. ئىختىيارسىز ئەستە قالدۇرۇش زور دەرىجىدە ئىختىيارسىزلىقتا، بىر تەرەپلىمىلىككە، تاسادىپىيلىققا ئىگە بولۇپ، پەننىي بىلىملەرنى سىستېمىلىق ئىگىلەشكە كاپالەتلىك قىلغىلى بولمايدۇ.

**ئىختىيارلىق** «ئىختىيار» سۆزىنىڭ ئابستراكت ئىسىم شەكلى: — ئۇنداق بولسا، نېمە قىلسا قىلمامدۇ، ھەركىمنىڭ ئۆز ئىختىيارلىقى يوقمۇ؟ * مەركىزىي كومىتېتنىڭ يوليورۇقىدا دېھقانلارنىڭ ئىختىيارلىق پرىنسىپى قايتا-قايتا تەكىتلەنگەن.

**ئىختىيارىي** سۈپ (ئە) ① خاھىش-ئىستەك ئەركىگە باغلىق بولغان، كىشىنىڭ ئۆز خاھىشى بىلەن قىلىنىدىغان ياكى قىلىنغان؛ ئەركىن: ئىختىيارىي ياردەم. ئىختىيارىي ئەۋرىشكە. ② ئېنىق مەقسىتى بولغان، بەلگىلىك ئىرادە، تىرىشچانلىق لازىم بولىدىغان، ئىختىيار قىلغان، خالىغان، ئىستىگەن: ئىختىيارىي دىققەت. ئىختىيارىي چېتىشىش. * ئىختىيارىي ئەستە قالدۇرۇش ئىختىيارسىز ئەستە قالدۇرۇشتىن ئۈستۈن تۇرىدۇ.

**ئىختىيارىي ئەۋرىشكە** <بىئول> مەلۇم بىر ئومۇمىي توپ ئىچىدىن ئىختىيارىي رەۋىشتە تاللاپ ئېلىنىدىغان ئەۋرىشكە.

**ئىختىيارىي چېتىشىش** <بىئول> مەلۇم ئومۇمىي توپ ئىچىدىكى خالىغان ئىككى يەككە تەننىڭ ئىختىيارىي رەۋىشتە چېتىشىشى.

**ئىختىيارىي خەۋپسىزلەندۈرۈش** <مال> خەۋپسىزلەندۈرگۈچى ئۆزىنىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسەن ئىختىيارىي قاتنىشىدىغان خەۋپسىزلەندۈرۈش.

**ئىختىيارىي دىققەت** <پسىخول> ئېنىق مەقسىتى بولغان، بەلگىلىك ئىرادە تىرىشچانلىق لازىم بولىدىغان دىققەتنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن، ئوقۇغۇچىلارنىڭ بارلىق دىققىتىنى مەركەزلەشتۈرۈپ، ئوقۇتقۇچىنىڭ دەرسىنى ئاڭلىشى ئىختىيارىي دىققەت ئاساسىدا بولىدۇ.

**ئىختىيارىي شەكىل ياساش** <مات> ياسىلىدىغان شەكىلنىڭ ئورنىغا قاتتىق چەك قويۇلمايدىغان شەكىل ياساش. ئادەتتە ئۇ يېرىم ئىختىيارىي شەكىل ياساش ۋە تولۇق ئىختىيارىي شەكىل ياساش دەپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ.

**ئىختىيارىيلىق** «ئىختىيارىي» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: بۇنىڭدا ھالىمىزغا بېقىپ ئىش قىلىشىمىز، ئىختىيارىيلىق، ئۆزئارا مەنپەئەت يەتكۈزۈش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇشىمىز، شەكىلۋازلىق قىلماي، ئەمەلىي ئۈنۈمگە ئەھمىيەت بېرىشىمىز كېرەك.

**ئىخچام** سۈپ ① تۈزۈلۈشى، قۇرۇلۇشى يىغىنچاق ھەم جايىدا؛ تۈزۈلۈشى كېلەڭسىز ۋە چېچىلاڭغۇ ئەمەس؛ يىغىنچاق، قولاي: ئىخچام ئۆي. * ئىخچام ماشىنا. ئىخچام بالىلار كارىۋىتى. * بىزنىڭ ئائىلىدە قالايمىقان چېچىلىپ تۇرغان نەرسىلەرنى كۆرگىلى بولمايتتى. ھەممە نەرسە-كېرەكلەر رەتلىك، ئىخچام بولۇپ، كۆڭلىمىز ئازادە ئىدى. // بۇ نەرسە ناھايىتى ئىخچام ياسالغانىكەن. ② قىسقا ھەم مەزمۇنلۇق، يىغىنچاقلانغان، يىغىنچاق: ئىخچام خەت. پىكرى ئىخچام. // ئىخچام يېزىلغان خەت. * ئوبزورچى «ئا» بىلەن ئوبزورچى «ب» يەنە، بۇ ھېكايىنى ئوتتۇرىغا قويۇلغان پىكرى روشەن، تىلى راۋان، ئىخچام بولۇپ،

ئارتۇقچە دېتال-تەپسىلات، ھەشەمەتلىك سۆز-ئىبارىلەردىن خالىي دەپ ھېسابلىدى. * – بىرنى بىرگە قوشسا ئىككى بولىدۇ، بۇ نېمىدېگەن چوڭقۇر مەنىلىك ئىخچام گەپ! – دېدى ئۇ. ③ يىغىنچاق، ئىخچاملانغان: مەمۇرىي ئورۇنلارنى ئىخچام قىلماق. * – چەت ئەللەرگە چىقىدىغان تەكشۈرۈش ئۆمەكلىرى ئاز، ئىخچام، خىل بولسۇن، – دېدى باشلىق يىغىندىكىلەرگە.

**ئىخچاملاتقۇزماق** «ئىخچاملىماق» پېئىلىنىڭ قوش مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**ئىخچاملاتماق** «ئىخچاملىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**ئىخچاملاشتۇرماق** «ئىخچاملاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئورگانلارنى ئىخچاملاشتۇرماق.

**ئىخچاملاشتۇرۇلماق** «ئىخچاملاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئورگانلار ئىخچاملاشتۇرۇلدى. * قوشۇمچە جازانى ئايرىم قوللىنىشقىمۇ بولىدۇ. بۇ ئىخچاملاشتۇرۇلۇپ تۆۋەندىكىچە شەرھلىنىدۇ.

**ئىخچاملاشماق** ① «ئىخچاملىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى. ② ئىخچام ھالەتكە كەلمەك، ئىخچام بولماق: ھۆكۈمەت ئورگانلىرى ئىخچاملاشتى.

**ئىخچاملانماق** «ئىخچاملىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئاپپاراتلار ئىخچاملاندى. * ھۆكۈمەت ئورگانلىرى ئىخچاملاندى. * – گۈلبىرا! – دېدى ئۇ پۈتۈن ھېسسىياتى بىلەن پىچىرلاپ. ئۇنىڭ «گۈلبىرا» دېگەن مۇشۇ سۆزىدە قىزغا دېمەكچى بولغان ئەڭ چوڭقۇر يۈرەك سۆزى، ئەڭ چوڭقۇر ساپ مۇھەببىتى ئىخچاملانغانىدى.

**ئىخچاملىق** «ئىخچام» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: ئۇ ئۇسلۇبىنىڭ ياسىلىشىنىڭ ئىخچاملىقى ماڭا ياقتى. * مەن بۇ ھېكايىنىڭ يېزىلىشىنىڭ ئىخچاملىقىغا قايىل بولدۇم. * ئۇ كىشىنىڭ پىكىرىنىڭ ئىخچاملىقىغا ھەممەيلەن قايىل بولۇشتى.

**ئىخچاملىماق** پ. ئىخچام قىلماق، ئىخچام ھالەتكە كەلتۈرمەك، يىغىنچاقلىماق: ھۆكۈمەت ئاپپاراتلىرىنى ئىخچاملىماق. ئورگانلارنى ئىخچاملىماق. ماقالىنى ئىخچاملىماق. مەمۇرىي ئورۇنلارنى ئىخچاملىماق. * – يېزىلاردىكى ئاساسىي قاتلام كادىرلىرىنى ئىخچاملايلى، – دېدى ئۇ.

**ئىخراج** (ئە) ئى ① <بوت> زەھەرلىك، سۇتسىمان شىرنە چىقىرىدىغان ئوت. ② <تىب> سۈرگە دورىسى، سۈرگە: ئىخراج ئىچمەك.

**ئىخلاس** ئى (ئە) ① چىن يۈرەكتىن قىلىنغان ئىشەنچ، چىن كۆڭلىدىن بېرىلىش، ئىشەنچ بىلەن بېرىلىش؛ ئەقىدە، ئېتىقاد، مېھىر: ئىخلاس باغلىماق. ئىخلاسى قايتماق. * شۇنىڭ بىلەن لۇتپۇللا ئەپەندىگە ئىخلاسىم تېخىمۇ ئاشتى. ② كۆڭۈل قويۇش، پۈتۈن دىققىتى، زېھنى بىلەن كىرىشىش، بېرىلىش؛ ئەستايىدىللىق: ئىخلاس بىلەن كىتاب كۆرمەك. ئىخلاس بىلەن ئۆگەنمەك. * ئەكبەر، مۇئەللىمنىڭ سۆزلىرىنى ئىخلاس بىلەن ئاڭلىدى.

**ئىخلاس باغلىماق** ئەقىدە قىلماق، چىن كۆڭلىدىن ئىشەنمەك: كەچلىك زىياپەت داۋامىدا، ئۇ ئون ئىككى تاغ بويىچە تۆمۈر خەلپىگە ئىخلاس باغلىغان يەنە كىملەرنىڭ بارلىقىنى بىرمۇبىر سوراپ يېزىۋالدى.

**ئىخلاس قويماق** چىن كۆڭلىدىن بېرىلمەك، كۆڭۈل قويماق: ئايلاندۇرغىن ئادەتكە

ھەر كۈن سەھەر تۇرۇشنى. ئىخلاس قويۇپ
دەرستە، ئەلاچى بوپ ئوقۇشنى.
**ئىخلاس قىلماق** بېرىلمەك، ئىشەنچ
باغلىماق، ئەقىدە باغلىماق: كېۋىراخۇن
ئۇنى تولىمۇ ھۆرمەتلەيتتى ۋە ئۇنىڭغا چىن
كۆڭلىدىن ئىخلاس قىلاتتى. * بۇ كېچە تىچ
ئۆتتى، ھاتەم دېگەندەك، ئۇ ئاپەتتىن
ھېچبىر دېرەك بولمىدى. ۋىلايەت ئەھلى
ھاتەمگە ئىخلاس قىلىپ كۆپ سوغا-سالاملار
قىلىشتى.
**ئىخلاسى قايتماق** ئىشەنچى تۈگىمەك،
ئىشەنچىسى يوقالماق: مەن ئۇنىڭغا خېلى
ئىخلاس قىلاتتىم، ئۇنىڭ ئوتتۇيرۇق ئىكەنلىكىنى
ئاڭلاپ، ئىخلاسىم قايتتى. * ئۇ كىشى مېنىڭ-
دىن ئىخلاسى يانغان ھالدا، ئالىيىپ قاراپ
قويدى.
**ئىخلاس-ئەقىدە** ئىخلاس ۋە ئەقىدە:
مۇتەللىپ ئۆزگىچە مىجەز-خۇلۇقتا، ئىخلاس--
ئەقىدىگە ئىگە ئادەم.
**ئىخلاسلىق** سۈپ. ئىخلاس قىلىدىغان،
چىن يۈرەكتىن ئىشەنچ بىلەن مۇھەببەت
باغلىغان ياكى باغلايدىغان؛ ئىخلاسمەن؛
مۇخلىس: ئىخلاسلىق ئادەم. * ئۇ ئوقۇشقا
ناھايىتى ئىخلاسلىق بالا چىقىپ قالدى.
**ئىخلاسمەن** سۈپ. چىن كۆڭلىدىن بېرى-
لىدىغان، چىن يۈرەكتىن ئېتىقاد قىلىدى-
غان: ئىخلاسمەن بەندە. * «خۇداغا
ئىخلاسمەن بۇ مۆمىننىڭ خىزمىتىنى قىلىۋاتى-
مەن» دېگەننى ئويلىسام، ئۆزۈمنى راسا
باي ھېسابلايتتىم. * ساۋاقداشلار خۇددى
گۈل-چېچەك، ئۇ ئىخلاسمەن بىر گۈلچى ئىدى.
بېغىشلايتتى جېنىغا ھۇزۇر، بۇ باغدىكى گۈل-چې-
چەك ھىدى. // — مەن ئائىلە ئايالىمەن،
مەنسايمىنىڭ ھېچنېمىسى ئەمەس، ئۇنىڭ
ئىخلاسمەنلىرىدىن بىرىمەن، — ئايال ناھايىتى
تەبئىي جاۋاب بەردى.
**ئىخلاسمەنلىك** «ئىخلاسمەن» سۆزىنىڭ
ئىسىم شەكلى: كېيىن بېرىپ سادىقمۇ بۇ
«سىر» غا قىزىقىپ، ئىخلاسمەنلىك بىلەن
ئاڭلاشقا مەجبۇر بولدى. * ئۇلارنىڭ ھەر-
كەتتىكى چەبدەسلىكى ۋە ئىشقا بولغان
ئىخلاسمەنلىكى ئەستايىدىل ھەم مۇلايىم
مۇئامىلىسىدىن بىلىنىپ تۇراتتى.
**ئىخلىم** (توغرىسى: ئىقلىم) ← **ئىقلىم**.
**ئىدارە** ئى (ئە) ① بەلگىلىك تەرتىپتە
باشقۇرۇش، يولغا سېلىش؛ باشقۇرۇش:
ئىدارە قىلماق. دۆلەتنى ئىدارە قىلماق.
② مەلۇم بىر ئىجتىمائىي دۆلەت،
مەمۇرىيەت، سودا ۋە شۇ قاتارلىقلارنىڭ
تارماقلىرىنى باشقۇرۇش ئۈچۈن شتاتلىق
خادىملىرى بولغان تەشكىلات،
مۇئەسسەسە: مائارىپ ئىدارىسى. ئىدارىدە
ئىشلىمەك.
**ئىدارە قىلماق** ① باشقۇرماق، تەرتىپكە
سالماق: دۆلەتنى ئىدارە قىلماق. * ئادەم
ھەممىنى ئۆزۈم ئىدارە قىلىمەن دەپ ئويلايدۇ،
ئەمما ئۇ خۇددى دەريانىڭ جىددىي قايىنىمىدى-
كى بىر كىچىككىنە ياغاچقا ئوخشاش، بىر تار
دائىرىدە ئايلىنىدۇ. ② بەلگىلىك بىر
تەرتىپتە بويسۇندۇرماق؛ تىزگىنلىمەك،
باشقۇرماق: ئۆزىنى ئىدارە قىلماق. ئۆز
ئىرادىسىنى ئىدارە قىلماق. * مىللەتلەر
ئاڭ-سەۋىيىلىك بولۇپ ئىتتىپاقلىشىۋالسا، ئۇلارنى
باشقۇرماق تەس، نادان ھالەتتە بۆلۈنۈپ
تۇرسا، ئىدارە قىلماق ئاسان. ③ بېسىپ
ياتماق، ئىستېلا قىلماق، ئۆز تەسىر كۈچ
دائىرىسىگە ئالماق: — ئوتتۇرا ئاسىيا
تۇپرىقى ھەم بايلىقى مول دىيار بولغاچقا،
ئۇ يەرلەرنى رۇسلار ئىدارە قىلىۋاتىدۇ، —
دېدى ئۇ سۆز باشلاپ.

**ئىدارە-جەمئىيەت** ھۆكۈمەتكە قاراشلىق ئىدارە-ئورگان ۋە جەمئىيەت: ئىدارە-جەمئى-يەت ئىشچى-خىزمەتچىلىرى. ئىدارە-جەمئىيەت كادىرلىرى.

**ئىدەلىك** سۈپ. دىئال. قاۋۇل، بولۇق.

**ئىددەت** ئى (ئە) ئىسلام دىنىنىڭ شەرىئىتىدە ئېرىدىن ئاجراشقان ياكى ئېرى ئۆلۈپ كەتكەن ئايالنىڭ ھامىلدارلى-قى ئېنىقلانغۇچە ياتلىق بولۇشى مەنئى قىلىنغان يۈز كۈنلۈك مۇددەت، پەرز، كۈتۈش ۋاقتى: ئىددەت تۇتماق. ئىددەت توشماق. * بۇ بالا كۈنلەرنىڭ بىرىدە دادىسى قازا قىلىپ، ئۆگەي ئانىنىڭ قولىدا قېلىپتۇ. ئىددەت مۇددىتى توشا-توشماي ئۆگەي ئانىنىڭ نىيىتى بۇزۇلۇپ، بىر قارا كۆڭۈل ئادەم بىلەن ئېلىپ-تېگىشمەكچى بولۇشۇپتۇ.

**ئىدراك** ئى (ئە) ① بىلىش، چۈشىنىش قابىلىيىتى؛ زېھىن، پەم، پاراسەت: ئەقىلنىڭ ئۆلچىمى ئىدراك (ماقال). ② <پەلس> ئوبيېكتىپ شەيئىنىڭ يۈزەكى ھادىسىلىرى ياكى تاشقى ئالاقىسى توغرىسىدىكى ئومۇملاشتۇرما ئىنكاس. ئۇمۇ تۇيغۇغا ئوخشاش ئوبيېكتىپ شەيئىنىڭ ئانالىزاتورلارغا بىۋاسىتە تەسىر كۆرسىتى-شى ئارقىسىدا پەيدا بولىدۇ. ③ <لوگ> ئوبيېكتىپ شەيئىنىڭ بىر پۈتۈن ئوبرازى ۋە يۈزەكى باغلىنىشى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن پسىخىكىلىق جەريان. ئىدراك ھېس ئاساسىدا شەكىللىنىدۇ. ئەمما يەنە ھېسقا قارىغاندا مۇرەككەپرەك، مۇكەممەل-رەك بولىدۇ.

**ئىدراك قىلماق** پىكىر يۈرگۈزمەك، ئەقىل ئىشلەتمەك، چۈشەنمەك، چۈشىنىپ يەتمەك.

**ئىدراكسىز** سۈپ. ئىدراكى، ئەقلى يوق؛ زېھنى كۈچى تۆۋەن، ئەقىلسىز، پەمسىز: ئىدراكسىز ئادەم.

**ئىدراكلىق** سۈپ. ئىدراكى، ئەقلى بار؛ ئەقىل، پەم بىلەن ئىش قىلىدىغان، زېھنى ئۆتكۈر، پەملىك، پاراسەتلىك: ئىدراكلىق ئادەم. ئىدراكلىق بالا. * — ئەستاغپۇرۇللا، سۇبھانالللا، مەن سېنى ئەقىل ئىگىسى، ئىدراكلىق، پەمى بار، دەپ پەرەز قىلاتتىم، — دەپ ھولۇقۇپ سۆزىنى داۋام قىلدى ساتىراش.

**ئىدراكىي** سۈپ (ئە) باي ۋە مول ئەقلىي كۈچ بىلەن چوڭقۇر ھېس قىلىنغان، چوڭقۇر چۈشىنىلگەن؛ ئەقلىي: ئىدراكىي تونۇش.

**ئىدرەك** (توغرىسى: ئىدراك) ← **ئىدراك**.

**ئىدرەم** ئى. پەردە ياكى گۈگلەك قاتارلىق نەرسىلەر ئۈستىگە چىقىرىلغان گۈلگە ئوخشاش سىزىقلار ياكى ياغاچ ئۈستىدى-كى گۈلگە ئوخشاش سىزىقلار.

**ئىدرەملىك** سۈپ. ئىدرەمى بار، سىزىقى، سىزىقچىلىرى بولغان: ئىدرەملىك ياغاچ.

**ئىدېئال** سۈپ (ر<فران) ھەممە جەھەتتىن كامالەتكە يەتكەن، نەمۇنە بولىدىغان، كەم-كۈتىسىز؛ غايىۋى: ئىدېئال ئوبراز. ئىدېئال مۇھىت.

**ئىدېئال ئاقار جىسىم** <فىز> ھەم يېپىشمايدىغان ھەم سىقىلمايدىغان ئاقار جىسىم.

**ئىدېئال قاتتىق جىسىم** <فىز> ئارىلىقلى-رى باشتىن-ئاخىر ئۆزگەرمەيدىغان كۆپلىگەن ئېلېمېنتلار ماسسىلاردىن تەركىب تاپقان ئۈزلۈكسىز جىسىم، يەنى ئەمەلىي جىسىملاردىن ئابستراكتلاشتۇرۇل-غان ھەمدە مېخانىكىلىق ئاددىيلاشتۇرۇل-غان مودېل.

**ئىدېئال قاتتىق جىسىم پاراللېل يۆتكىلىشى** <فىز> ئىدېئال قاتتىق جىسىمنىڭ بىر خىل ئاساسىي ھەرىكەت شەكلى، يەنى ئىدېئال قاتتىق جىسىم ھەرىكەتلەنگەن چاغدا، جىسىمدىكى خالىغان ئىككى نۇقتىنى تۇتاشتۇرغۇچى تۈز سىزىق باشتىن-ئاخىر ئۆزىنىڭ دەسلەپكى ئورنى بىلەن بولغان پاراللېللىقىنى ساقلايدىغان ھەرىكەت.

**ئىدېئال قاتتىق جىسىم دىنامىكىسى** <فىز> مېخانىكىنىڭ بىر قىسمى. ئىدېئال قاتتىق جىسىمنىڭ سىرتقى كۈچ تەسىرىدىكى مېخانىكىلىق ھەرىكەت ھالىتىنىڭ ئۆزگىرىش قانۇنىيىتىنى تەتقىق قىلىدۇ.

**ئىدېئال قاتتىق جىسىم ستاتىكىسى** <فىز> مېخانىكىنىڭ بىر قىسمى. ئىدېئال قاتتىق جىسىمنىڭ سىرتقى كۈچ تەسىرىدىكى تەڭپۇڭلۇق شەرتلىرىنى، تەڭپۇڭلۇقنىڭ خاراكتېرىنى ۋە تەڭپۇڭ بولغان چاغدىكى سىرتقى كۈچلەرنىڭ چوڭ-كىچىكلىكى، يۆنىلىشى ۋە تەقسىملىنىشىنى تەتقىق قىلىدۇ.

**ئىدېئال قاتتىق جىسىم كىنېماتىكىسى** <فىز> كىنېماتىكىنىڭ بىر قىسمى. ئىدېئال قاتتىق جىسىملارنىڭ ئورنىنىڭ ۋاقىتقا ئەگىشىپ ئۆزگىرىش قانۇنىيىتىنى تەسۋىرلەيدۇ ۋە تەتقىق قىلىدۇ.

**ئىدېئال گاز** <فىز> تەشكىل قىلغۇچى زەررىچىلەرنىڭ ھەجمى ۋە ئۇلارنىڭ ئۆزئارا تەسىرى پۈتۈنلەي نەزەرگە ئېلىنمايدىغان گازلار. بۇ بىر خىل ئىدېئال مودېل بولۇپ، ئۇ باراۋەرلىك رېئال گازلارنىڭ بېسىمى نۆلگە ئىنتىلگەن ۋاقىتتىكى چېكىدۇر.

**ئىدېئال گازلارنىڭ تېرمومېترىك شكالىسى** <فىز> ئىدېئال گاز تېرمومېترىك ماددا، ئۇنىڭ بېسىمى ياكى ھەجمى تېرمومېترىك خاسلىق قىلىنىدىغان تېمپېراتۇرا شكالىسى.

**ئىدېئال گازلارنىڭ ھالەت تەڭلىمىسى** <فىز> مۇئەييەن ماسسىدىكى ئىدېئال گازلارنىڭ ھالەت پارامېتىرلىرى (بېسىم P، ھەجىم v ۋە تېمپېراتۇرا T) ئوتتۇرىسىدىكى فۇنكسىيىلىك مۇناسىۋەت، يەنى PV=nRT. ئىپادىدىكى n بولسا ئىدېئال گازنىڭ مول سانى، R بولسا موليار گاز كونستانتى.

**ئىدېئال ئوپتىك سىستېما** <فىز> ئوبيېكتىپ بوشلۇق ئىچىدىكى خالىغان بىر يورۇقلۇق چىقىرىدىغان نۇقتىنىڭ مۇكەممەل تەسۋىرىنى ھاسىل قىلالايدىغان ئوپتىك سىستېما.

**ئىدېئال ئېرىتمە** <فىز> ئېرىگۈچى بىلەن ئېرىتكۈچى ئارىلاشتۇرۇلۇپ، ئېرىتمە ھاسىل قىلىنغاندا، ئېرىتمە ھەم ئىسسىقلىق قوبۇل قىلمىسا ھەم ئىسسىقلىق چىقارمىسا، شۇنداقلا ئېرىتمىنىڭ ھەجمى ئېرىگۈچى ھەجمى بىلەن ئېرىتكۈچى ھەجمىنىڭ يىغىندىسىغا ئاددىي ھالدا تەڭ بولسا، بۇ خىل ئېرىتمە «ئىدېئال ئېرىتمە» دەپ ئاتىلىدۇ.

**ئىدېئالىزم** ئى (ر<فران) <پەلس> پەلسەپىدىكى ئىككى چوڭ مەزھەپنىڭ بىرى. ئۇ ماددىي دۇنيانى ئاڭنىڭ، روھنىڭ مەھسۇلى؛ ئاڭ ۋە روھ بىرلەمچى، ماددا ئىككىلەمچى دەپ قارايدۇ. ئوبيېكتىپ دۇنيانى سۇبيېكتىپ ئاڭنىڭ ئىپادىلىنىشى ياكى مەھسۇلى دەپ قاراش — سۇبيېكتىپ ئىدېئالىزم بولىدۇ؛ ئوبيېكتىپ دۇنيانى ئوبيېكتىپ روھنىڭ ئىپادىلىنىشى

ياكى مەھسۇلى دەپ قاراش — ئوبيېكتىپ ئىدېئالىزم بولىدۇ. ئىدېئالىزم ئومۇمەن ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغۇچى سىنىپلارنىڭ دۇنيا قارىشىدۇر.

**ئىدېئالىزمچە** سۇپ. ئىدېئالىزم نۇقتىئىنەزىرى بويىچە، ئىدېئالىستلارغا ئائىت، ئىدېئالىستىك: ئىدېئالىزمچە كۆزقاراش. ئىدېئالىزمچە نەزەرىيە.

**ئىدېئالىزمچى** ئى. ئىدېئالىزمنى، ئىدېئالىستىك كۆزقاراشلارنى ۋە ئۇنىڭ نەزەرىيىلىرىنى ياقلىغۇچى كىشى: ئۇ ھەقىقىي بىر ئىدېئالىزمچى ئىكەن. * پىسخىكىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈش جەھەتتە ئىدېئالىزمچىلار بىلەن ماتېرىيالىزمچىلار ئوتتۇرىسىدا كەسكىن كۈرەش بولۇپ كەلگەنىدى.

**ئىدېئالىزملىق** سۇپ. ئىدېئالىزمغا دائىر، ئىدېئالىزمغا خاس ياكى ئۇنىڭغا ئاساسلانغان: ئىدېئالىزملىق تارىخقاراش. ئىدېئالىزملىق پەلسەپە. ئىدېئالىزملىق دۇنياقاراش.

**ئىدېئالىزملىق تارىخقاراش** <پەلس> ماتېرىيالىزملىق تارىخقاراشنىڭ ئەكسىچە بولغان تەلىمات. ئۇ ئىدىيە، نەزەرىيە ۋە كىشىلەرنىڭ ئېڭى قاتارلىقلارنى جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ ئاساسىي كۈچى، دەپ قارايدۇ.

**ئىدېئالىزملىق تىلشۇناسلىق ئېقىمى** <تىل> ئامېرىكا تەسۋىرىي تىلشۇناسلىق ئېقىمىنىڭ بىر تارمىقى. ئۇنىڭ ئاساسلىق ۋەكىللىرى ساپىر ۋە ۋورپ قاتارلىقلار. ئۇنىڭدا تىل بىلەن مەدەنىيەتنىڭ مۇناسىۋىتى جەھەتتىكى تەتقىقاتقا كۆپ ئەھمىيەت بېرىلگەن بولسىمۇ، لېكىن تىل ئاڭنىڭ «مودېلى»، تىلدىن ئىبارەت بۇ «مودېل» كىشىلەرنىڭ ھەرىكىتى، مەدەنىيىتى ۋە دۇنيانى بىلىشىگە تەسىر كۆرسىتىدۇ دەپ قارالغان. نەتىجىدە، مىللىي تىلنىڭ ئوخشاش بولماسلىقى تەپەككۇرنىڭ ئوخشاش بولمايدىغانلىقىدىن بولغان دېگەن كۆزقاراش كۈچەيىپ تەشۋىق قىلىنغان. شۇنىڭ بىلەن «ئېتنىك تىلشۇناسلىق»نىڭ تەرەققىي قىلىپ چىقىش مۇمكىنچىلىكى تۇغۇلغان.

**ئىدېئالىزملىق دىئالېكتىكا** <پەلس> ئوبيېكتىپ ئىدېئالىزم ئاساسىغا قۇرۇلغان دىئالېكتىكا تەلىماتى. ئۇ ئوبيېكتىپ ماددىي دۇنيانىڭ تەرەققىيات جەريانىنى روھ ياكى تەپەككۇرنىڭ جەريانى قىلىپ قويىدۇ. قەدىمكى يۇناندا ئۆتكەن پلاتون ئىدېئالىزملىق دىئالېكتىكىنىڭ ياراتقۇچىلىرىدىن بىرى.

**ئىدېئالىست** ئى (ر<فران) ① ئىدېئالىزم تەرەپدارى؛ ئىدېئالىزمنى ياقلىغۇچى، ئىدېئالىستىك پەلسەپىنى ھىمايە قىلغۇچى ئادەم؛ ئىدېئالىزمچى. ② خىيالپەرەس؛ ھەقىقەتنى بۇرمىلاپ، ئىدېئالىزم پەلسەپىسى، كۆزقارىشى ئاساسىدا شەرھلەپ كۆرسەتكۈچى كىشى.

**ئىدېئالىستىك** سۇپ (ر) ئىدېئالىزمغا دائىر، ئىدېئالىزمغا خاس ياكى ئۇنىڭغا ئاساسلانغان: ئىدېئالىستىك پەلسەپە. ئىدېئالىستىك دۇنياقاراش. ئىدېئالىستىك نۇقتىئىنەزەر. * ئۇلارنىڭ نەزەرىيىسى سىنىپىيلىقتىن خالىي بولغان، ئىدېئالىستىك نەزەرىيە ئىدى.

**ئىدېئولوگ** ئى (ر<گرېك) بىرەر سىنىپ، ئىجتىمائىي-سىياسىي تۈزۈم ياكى ئېقىم ئىدېئولوگىيىسىنىڭ، ئىدىيىسىنىڭ ھىمايىچى-

سى؛ مۇتەپەككۇر.

**ئىدېئولوگىيە** ئى (ر<گرېك) <پەلس> مەلۇم سىنىپ ياكى پارتىيىنىڭ مۇئەييەن كۆزقاراش، پىكىر، ئۇقۇم، ئىدىيىلىرىنىڭ سىستېمىسى. سىياسىي كۆزقاراش، پەلسەپە، سەنئەت، دىنلارنىڭ ھەممىسى ئىدېئولوگىيىنىڭ شەكىللىرىدۇر. ھەرقانداق بىر خىل ئىدېئولوگىيە ئىجتىمائىي مەۋجۇدىيەتنىڭ ئىنكاسى يەنى ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرغان ئىقتىسادىي تۈزۈمنىڭ ئىنكاسى بولىدۇ. سىنىپىي جەمئىيەتتە ئىدېئولوگىيە سىنىپىيلىققا ئىگە بولىدۇ. ئۇ كۈرەش قىلىۋاتقان مەلۇم بىر سىنىپنىڭ مەنپەئىتىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ ۋە قوغدايدۇ.

**ئىدېئولوگىيىلىك** سۈپ. ئىدېئولوگىيىگە خاس، ئىدېئولوگىيىگە مۇناسىۋەتلىك، ئىدېئولوگىيىگە ئائىت.

**ئىدىس** ئى (رلات) <زوئول> ← **ئىدىس پاشىسى.**

**ئىدىس پاشىسى** <زوئول> پاشىنىڭ بىر خىلى. يېتىلگىنىنىڭ تېنى قارا ياكى قوڭۇر كېلىدۇ، پۇتىدا ئاق رەڭلىك يوللىرى بولىدۇ، قانىتىدا سەپكۈن بولمايدۇ. جىم تۇرغاندا تېنى تۇرغان تەكشىلىك بىلەن پاراللېل ھالەتكە كېلىدۇ. لىچىنكىسى بىلەن قورچىقى دەرەخ كامارلىرى ياكى داس، قاچىلاردىكى تۇرۇپ قالغان سۇدا ئۆسۈپ يېتىلىدۇ. تۇخۇمى سۇ ئاستىغا چۆكۈپ تارىلىپ كېتىدۇ. ئادەتتە ئۇ تارقىلىشچان B تىپلىق مېڭە ياللۇغى قاتارلىق كېسەللەرنىڭ ۋاستىچىسى ھېسابلىنىدۇ.

**ئىدىش** ئى. تۈرلۈك نەرسىلەرنى سېلىپ قويۇش ئۈچۈن سېغىز لايدىن، ئاغزى چوڭ، بېلى يوغان، تۆۋى سەل كىچىكرەك قىلىپ ئىشلەنگەن ئۆي جابدۇقى: سۇ ئىدىشى. ئاشلىق ئىدىشى. * ئۇ ھۇرۇنلۇق بىلەن ئوچاققا ئوت قالاپ، چاي قاينىتىش ئۈچۈن ئىدىشتىن سۇ ئالماقچى بولدى. * مانا بۇ ئەلەمنى كۆرۈڭ، ئىدىشتا تېخى سۇمۇ يوق ئىدى.

**ئىدىشلىق** سۈپ. ئىدىشى بار، ئىدىشى بولغان: شۇنىڭ بىلەن بىز بىر ئىدىشلىق بولۇپ قالغانىدۇق.

**ئىدىق** ① ئى. ياغاچنىڭ پورى، پور ياغاچ. ② سۈپ. پورلاشقان، پور: ئىدىق ياغاچ. ③ سۈپ. ئۆزلۈكىدىن پۇراپ، رەڭگىنى ئۆزگەرتكەن، كۆكۈرۈپ قالغان، بۇزۇلغان: ئىدىق گۆش.

**ئىدىقۇت** ئى. تارس ← **ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى.**

**ئىدىقۇت خانلىقى** <تارىخ> ← **ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى.**

**ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى** <تارىخ> مىلادىيە 850 — 1250 ـ يىللاردا ئۆتكەن ۋە ھازىرقى تۇرپاندىكى ئىدىقۇت قەدىمكى شەھىرىنى مەركەز قىلغان ئۇيغۇر خانلىقى. قۇرغۇچىسى بۇقا تېكىن. بۇ خانلىقنىڭ پايتەختى ئىككى جايدا بولۇپ، بىرى قارىغۇجا شەھىرى، يەنە بىرى بەشبالىق. خانلىقنىڭ دائىرىسى شەرقتە بارىكۆل، شىمالدا جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ جەنۇبى، غەربتە قاراشەھەرنىڭ غەربى، جەنۇبتا قۇرۇقتاغ قاتارلىق جايلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. مىلادىيە 9 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا ئۇنىڭ زېمىنى غەربتە ھازىرقى كۇچانىڭ غەربىگە،

شەرقتە كەنجۈۋ ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ شاجوۋ رايونى دائىرىسىگە سوزۇلغان.

**ئىدىقشماق** پ. دىئال. تاكاللاشماق، ئېيتىشماق.

**ئىدىماق** پ ① ئۆزلۈكىدىن پۇراپ، رەڭگىنى ئۆزگەرتمەك، كۆكۈرمەك، ئېچىماق، بۇزۇلماق: ئىدىپ قالماق. ② پۇرلاشماق.

**ئىدىئوم** ئى (ر<گرېك) <تىل> مەنىسى ئۆز تەركىبىدىكى سۆزلەرنىڭ لۇغەت مەنىسىگە باغلىق بولمىغان، كۆچمە مەنىلىك سۆز، ئىبارە. مەسىلەن، قولى قىسقا، پوق قورساق، چىشىغا تەگمەك... دېگەنلەرگە ئوخشاش.

**ئىدىئوملۇق** سۈپ. ئىدىئوم خاراكتېرىنى ئالغان، ئىدىئوم بولۇپ شەكىللەنگەن: ئىدىئوملۇق سۆز بىرىكمىسى.

**ئىدىيە** ئى (ر<گرېك) ① <پەلس> ئوبيېكتىپ مەۋجۇدىيەتنىڭ تەپەككۇر نەتىجىسىدە كىشى مېڭىسىدە ئەكس ئەتكەن ئىنكاسى. ئۇنىڭ مەزمۇنى ئىجتىمائىي تۇزۇمنىڭ خاراكتېرى ۋە كىشىلەرنىڭ ماددىي تۇرمۇش شارائىتى تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ. سىنىپىي جەمئىيەتتە، ئىدىيە روشەن سىنىپىيلىققا ئىگە بولىدۇ. ② نىيەت، مەقسەت، پىكىر: تىنچلىقنى ساقلاش ۋە مۇستەھكەملەش ئىدىيىسى. ③ <ئەد> بىرەر بەدىئىي، ئىلمىي ياكى سىياسىي ئەسەرنىڭ مەزمۇنى، تۈپ ماھىيىتىنى بەلگىلىگۈچى ئاساسىي پىكىر؛ غايە: ئەسەرنىڭ ئىدىيىسى. «ئويغانغان زېمىن» رومانىنىڭ مەركىزى ئىدىيىسى.

**ئىدىيىدە ئازاد بولماق** كۆزقارىشى، مەپكۇرىسى، چۈشەنچىسى ئۆزى ياشىغان زامانىنىڭ تەلپىگە لايىقلاشماق، ئويغۇنلاشماق: بىز ياشلار مۇتەئەسسىپلىك قىلماسلىقىمىز، ئىدىيىدە ئازاد بولۇشىمىز لازىم.

**ئىدىيىسىدىن ئۆتمەك** چۈشەنچىسى، كۆزقارىشى بىلەن بىردەك بولماق، بىردەك چۈشەنچە ھاسىل قىلماق: مېنىڭ تەك شۇڭلىرىدا ھېسابلىق ئۆزۈم قويۇپ ئارتۇقىنى ئېلىۋېتىمىز دېگىنىم دەماللىققا ئەخمەتجاننىڭ ئىدىيىسىدىن ئۆتمىدى.

**ئىدىيىنى ئازاد قىلماق** كۆزقارىشى، مەپكۇرىسى ۋە چۈشەنچىسىنى ئۆزى ياشىغان زامانىنىڭ تەلپىگە لايىقلاشتۇرماق، ئويغۇنلاشتۇرماق: — بىز ئىدىيىنى ئازاد قىلىپ، ھەر ۋاقىت ئالغا بېسىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ. * ئۇ «قانداق قىلغاندا ئىدىيىنى تېخىمۇ ئازاد قىلىپ، ئۇسۇل-چارىلارنى كۆپرەك قوللىنىپ، ئىش ئۈنۈمىنى ئۆستۈرگىلى بولىدۇ» دەپ ئويلايتتى.

**ئىدىيىلىك** سۈپ. ئىدىيىسى بار، ئىدىيىگە ئىگە، ئىدىيە سىڭدۈرۈلگەن: ئۇنىڭ بۇ قارارى ئىلغار ئىدىيىلىك ياشلارغا خاس پىداكارلىق روھى بىلەن ئۇششاق بۇرژۇئازىيە ئىپتىخارىدىن ئىبارەت ئىككى نەرسىنىڭ قوللىشىغا ئىگە ئىدى.

**ئىدىيۋى** سۈپ ① ئىدېئولوگىيە خاراكتېرىنى ئالغان، ئىدىيە، مەپكۇرىغا ئائىت، روھىي دۇنياسى بىلەن مۇناسىۋەتلىك: ئىدىيۋى ئاڭ. ئىدىيۋى ئېقىم. ئىدىيۋى كۈرەش. ئىدىيۋى يۈك. ② ئىدىيە جەھەتتىكى، ئىدىيە جۈملىسىگە كىردىدىغان: ئۇ مەسىلىگە قارىتا مېنىڭ ئىدىيۋى تەييارلىقىم بار ئىدى.

**ئىدىيۋى سىستېما** <پەلس> سىستېمىلاشقان تۈپ كۆزقاراش ۋە نەزەرىيە.

**ئىدىيۋى قۇرۇلۇش** <پەلس> سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ بىر تەركىبىي قىسمى. ئۇنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى: ئىشچىلار سىنىپىغا خاس ماركسىزملىق دۇنياقاراش ۋە ئىلمىي نەزەرىيە، كوممۇنىستىك غايە، ئېتىقاد ۋە ئەخلاق، سوتسىيالىستىك ئومۇمىي مۇلۇكچىلىككە ئۇيغۇن كېلىدىغان خوجايىنلىق ئىدىيىسى ۋە كوللېكتىپچىلىق ئىدىيىسى، سوتسىيالىستىك سىياسىي تۈزۈمگە ئۇيغۇن كېلىدىغان هوقۇق-مەجبۇرىيەت قارىشى ۋە تەشكىلىي ئىنتىزام قارىشى، خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان پىداكارانە روھ ۋە كوممۇنىستىك ئەمگەك پوزىتسىيىسى، سوتسىيالىستىك ۋەتەنپەرۋەرلىك ھەم ئىنتېرناتسىئونالىزم ۋە باشقىلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئىدىيۋى قۇرۇلۇش مەنىۋى مەدەنىيەتنىڭ سوتسىيالىستىك خاراكتېرىنى بەلگىلەيدۇ.

**ئىدىيۋى كۆرەش** <پەلس> ① پرولېتارىياتنىڭ ئىدېئولوگىيە جەھەتتىكى بۇرژۇئازىيىگە قارشى كۈرىشى. ئۇ يەنە ئېكسپلاتاتسىيە قىلغۇچى سىنىپ بىلەن ئېكسپلاتاتسىيە قىلىنغۇچى سىنىپ، هۆكۈمران سىنىپ بىلەن هۆكۈمرانلىق قىلىنغۇچى سىنىپ، ھەرقايسى سىنىپلار ياكى ئىجتىمائىي گۇرۇھلار ئوتتۇرىسىدىكى ئىدېئولوگىيە جەھەتتىكى كۈرەشنىمۇ بىلدۈرىدۇ. ②كىشىلەرنىڭ ئىدىيە-تونۇش جەھەتتىكى كۈرىشى، يەنى توغرا ئىدىيە بىلەن خاتا ئىدىيە، ئىلغار ئىدىيە بىلەن قالاق ئىدىيە ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەش.

**ئىدىيۋى لۇشيەن** <پەلس> بىلىش نەزەرىيىسى لۇشيەنى، يەنى كىشىلەرنىڭ بىلىشى ئەمەل قىلىدىغان يېتەكلىنىش ۋە يول.

**ئىدىيۋى ئېقىم** <پەلس> مۇئەييەن دەۋردىكى مەلۇم سىنىپ ياكى تەبىقىدە، ئەينى چاغدىكى جەمئىيەتنىڭ سىياسىي ئەهۋاللىرىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بىرقەدەر زور تەسىر پەيدا قىلغان پىكىر ئېقىمى.

**ئىدىيۋىلىك** « ئىدىيۋى » سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: بۇ ئەسەرنىڭ ئىدىيۋىلىكى ناھايىتى ياخشى ئىكەن.

**ئىر** I ئى. كونا. پال.

**ئىر** II ئى. كونا. جىر، كۈي، ناخشا: ئەنجۈردىن شېرىن-شەربەت بېرىپ دىلغا، ئىر ئىرلاپ، جاراڭلىق ساز چېلىپ كەپسەن.

**ئىرادە** ئى (ئە) ① بىرەر مەقسەت، نىشان ۋە ئىش-ھەرىكەتنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن كىشىدە بولىدىغان غەيرەت، مەۋقە، قەتئىيلىك: ئىرادە باغلىماق. ئىرادە تىكلىمەك. ئىرادە تۇرغۇزماق. * بۇ ئۇنىڭ چىن ئىرادىسى ئىدى، شۇنداقلا ئانىسىنىڭمۇ ئۇنىڭدىن كۈتكەن ئۈمىدى ئىدى. ② خاھىش، ئىختىيار؛ قەتئىي نىيەت: ئىرادىسىگە زىت ئىش قىلماق. * راست گەپنى قىلغاندا، بۇ ئىش مېنىڭ ئىرادەمگە قارشى.

**ئىرادە ئەركىنلىكى** <پەلس> كىشىلەرنىڭ ئىرادە جەھەتتىكى ئەركىنلىكى مېتافىزىكىچىلارنىڭ بەزىلىرى كىشىلەرنىڭ ئىرادىسى مۇتلەق ئەركىن بولىدۇ، يەنى ھېچقانداق چەكلىمىگە ئۇچرىمايدۇ دەپ هۆكۈم قىلىدۇ، يەنە بەزىلىرى بولسا، ئەركىن ئىرادە بولمايدۇ، پەقەت مۇتلەق زۆرۈرىيەتلا بولىدۇ دەپ هۆكۈم قىلىدۇ. بىرى بولسا ئىرادە ئەركىنلىكىنى، بىرى بولسا زۆرۈرىيەتنى تەكىتلەش مېتا-

فىزىكىچىلارنىڭ تەشەببۇسى، ماركسىزم-لېنىنىزم ئەركىنلىك ۋە زۆرۈرىيەت مەسىلىسىدىكى بۇ ئىككى خىل كۆزقاراشقا قارشى تۇرىدۇ، بۇ كۆزقاراشلارنىڭ ھەر ئىككىلىسىنى خاتا ۋە زىيانلىق دەپ بىلىدۇ. دىئالېكتىك ماتېرىيالىزم ۋە تارىخىي ماتېرىيالىزم ئەركىنلىك ۋە زۆرۈرىيەتنى بىر-بىرىگە باغلىنىدۇ ۋە بىر-بىرىنى تەقەززا قىلىدۇ دەپ قارايدۇ.

**ئىرادە باغلىماق** قەتئىي نىيەتكە كەلمەك ۋە ئىرادىسىنى چىڭىتماق: ئۇ ئۇنىۋېرسىتېتنى پۈتتۈرۈپ كەلگەندىن كېيىن ئوقۇتقۇچى بولۇشقا ئىرادە باغلىدى. * پەنگە يۈرۈش يولىدا باغلاپ قاتتىق ئىرادە، كۆڭۈل قويۇپ ئوقۇيمەن بولۇپ ئەلا ھەممىدە.

**ئىرادە بولماق** دىنىي چۈشەنچىلەر بويىچە، بىرەر ئىشنىڭ يۈز بېرىشى، ئەمەلگە ئېشىشى، قىلىنىشى تاسادىپەن بولماستىن، بەلكى مەلۇم بىر ئورۇنلاشتۇرۇش ئاساسىدا يۈز بەرمەك، ۋۇجۇدقا چىقماق؛ نېسىپ بولماق: بىر كۈندە مىڭ ۋاخ ھەربىرلىرىنى ياد ئېتىپ تۇرسامۇ، بۇ تەرەپلەرگە كېلىشكە ئىرادە بولمىدى. * — قېنى سىلەر ئېيتىڭلار، مېنىڭ قىزىمنىڭ نىكاھى تەقدىرىدە نېمىدەپ بەلگىلەنگەن، كىمگە ئىرادە بولىدۇ؟ — دەپ سوراپتۇ پادىشاھ ئۆلىمالىرىدىن. * يارسىز قېلىش ئەزەلدىن بولغان ئىرادە، چىن ئىرادە بولسا تاپار يارىنى پىيادە.

**ئىرادە بىلدۈرمەك** بىرەر ئىش ياكى مەسىلىگە بولغان ئۆزىنىڭ تونۇشى، چىن نىيىتىنى ئېيتىپ ئۆتمەك: ياشلارنىڭ ھەممىسى قىزىلتاغ سۇ قۇرۇلۇشىغا قاتنىشىش ئۈچۈن ئىرادە بىلدۈرۈشتى.

**ئىرادە پەلسەپىسى** <پەلس> ← ئىرادىچىلىك.

**ئىرادە تەلىماتى** <پەلس> ← ئىرادىچىلىك.

**ئىرادە تۇرغۇزماق** ئىرادە تىكلىمەك، ئىرادە باغلىماق.

**ئىرادە تىكلىمەك** بىرەر ئىشنى قىلىشقا، ۋۇجۇدقا چىقىرىشقا چىن نىيەت باغلىماق: — ئادەمنىڭ كۈچى، — دېدى باتىرغازى دەرھاللا، — بىر مەقسەت ئۈچۈن ئىرادە تىكلىشىدە.

**ئىرادە قىلماق** ① ئىرادە بولماق: ئەسسالام موللا قارىم. سىلىنى ئىزلەپ قانچە كېلىپ تاپالماي كېتىۋېدىم. بۈگۈن ئىرادە قىلىپتۇ. ② بۇيرۇماق: تەڭرى بۇ بىر-بىرىگە قارمۇقارشى تۆت نەرسىنى بىر يەرگە توپلاپ، ئۇنىڭدىن تەبىئەت تۈزمەكنى ئىرادە قىلىپ، تۇپراقنى ئوت بىلەن سۇنىڭ ئارىلىقىدا ۋاستە قىلدى.

**ئىرادىچىلىك** ئى ① <پەلس> ئىرادە ئەقىلدىن ئۈستۈن تۇرىدۇ ھەمدە ئۇ ئالەمنىڭ توپ ئاساسى ۋە ماھىيىتى دېگەننى تەشەببۇس قىلىدىغان ئىدېئالىزملىق ۋە غەيرىي ئەقىلچىلىك (غەيرىي راتسىئونالىزملىق) پەلسەپە تەلىماتى. ② <پسخول> ئىرادە ھەممە پسىخىكىلىق ھەرىكەتنى بەلگىلەيدۇ دېگەننى تەشەببۇس قىلىدىغان ئىدېئالىزملىق پسىخولوگىيە تەلىماتى.

**ئىرادىچىلىك نەزەرىيىسى** <پەلس> ← ئىرادىچىلىك.

**ئىرادىسىز** سۈپ. ئىرادىسى يوق ياكى سۇس، بوش: ئىرادىسىز ئادەم. * زاھىدە ھاياتتىن ئۈگايلا ۋاز كېچىپ كېتىدىغان ئىرادىسىز قىزلاردىن ئەمەس ئىدى. * ئۇ ئۆزىنى بۇ دۇنياغا بۇلبۇلنىڭ ناخشىسىنى ئاڭلاش

ئۇچۇنلا يارالغان دەپ ئويلايتتى. بىراق، بۇلبۇل ئىرادىسىز، ئۇ تۇن بويى كىرپىك قاقماي، گۈل ئېچىلىۋاتقان چاغدا ئۇخلاپ قالىدۇ.

**ئىرادىسىزلىك** «ئىرادىسىز» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: — سىز ھەققەتەن باتۇر ئىكەنسىز، — دېدى قادىر قايىللىقىنى بىلدۈرگەن قىياپەتتە ۋە ئارقىدىنلا بىچارىلەرچە قىياپەتتە سۆزلىدى، — مەن ئىرادىسىزلىك قىلدىم، سىزنىڭ بەختەرلىكىڭىزنى ئويلىغاندىم.

**ئىرادىلىك** سۈپ. ئىرادىسى بار، ئىرادىسى كۈچلۈك: بارلىق ئىرادىلىك كىشىلەرگە ئوخشاش، ئۇ ھەممىنى ئۆز ئىقتىدارىغا تايىنىپ قولغا كەلتۈرۈشكە بەل باغلىدى. * — سەن قىيىنچىلىقنىڭ قولىدىكى قامچىنى تارتىۋال-دە، ئۇنى ئالدىڭدا تىز پۈكتۈر، ئىرادىلىك بالا مۇشۇنداق بولىدۇ، — دېدى ئۇ.

**ئىرادىنامە** ئى. بىرەر ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقىرىش ۋە ئۆزىنى شۇ ئىشقا ئاتىغانلىقى، ئىرادە باغلىغانلىقى ھەققىدىكى خەت: ئىرادىنامە يازماق. * ھەرقايسى ئورۇنلار ۋە شەخسلەر كېچە-كېچىلەپ ئىرادىنامىلەرنى يېزىپ، رەھبەرلىكنى ئىزلەپ، ئۆزىمىزنى قوغداپ، قايتۇرما زەربە بېرىش جېڭىدە ۋەتەن، خەلق ئۈچۈن يېڭى خىزمەت كۆرسىتىشكە ھەرقاچان تەييار ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈشتى.

**ئىراق** ئى <مۇز> ئۇيغۇر كلاسسىك مۇزىكىسى «ئون ئىككى مۇقام» نىڭ ئون ئىككىچىسىنىڭ نامى: ئىراق مۇقامى.

**ئىراق مۇقامى** <مۇز> «ئون ئىككى مۇقام» مۇزىكىسىنىڭ ئون ئىككىنچىسى. بۇ مۇقام 8 نەغمە 102 مىسرا بولۇپ، چوڭ نەغمە 5 مۇزىكا، 76 مىسرادىن؛ 3 مەشرەپ 3 نەغمە، 26 مىسرادىن تەشكىل تاپقان.

**ئىراقىي** سۈپ. رەڭدار يىپ، يىپەكلەرنى كېسىشتۈرۈپ، گۈللۈك قىلىپ تىكىلگەن: ئىراقىي چاپان. ئىراقىي جىيەك. ئىراقىي دوپپا.

**ئىرانگۈل** ئى (ئىران+گۈل) <بوت> ① مۇرەككەپ گۈللۈكلەر ئائىلىسىدىكى بىر ياكى ئىككى يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. يوپۇرمىقى ئىنچىكە، گۈلى ئاق ياكى قىزىل، ئادەتتە مەنزىرە ئۆسۈملۈكى قىلىنىدۇ. ② شۇ خىل ئۆسۈملۈكنىڭ گۈلى.

**ئىرەكتە** ئى. دىئال. ئەركەك، ئەر.

**ئىرەڭ** (توغرىسى: ئېرەن I) ← **ئېرەن** I.

**ئىرجايماق** (توغرىسى: ھىجايماق) ← **ھىجايماق**.

**ئىرچى** ئى. ناخشىچى: ئۇ كىشىلەرنىڭ قارشى ئېلىش تەنتەنىسىگە رەھمەت بىلدۈردى. كېيىن ئىرچى قىزلارغا زوق بىلەن نەزەر سالدى.

**ئىرراتسىئونال** سۈپ (د) <مات> پۈتۈن سان بىلەن ئۆلچىگىلى، ئېپادىلىگىلى ياكى ھېسابلىغىلى بولمايدىغان؛ ئارىفمېتىكىلىق ئەمەلدىن تاشقىرى يىلتىز تېپىش ئەمىلىنى تەلەپ قىلىدىغان: ئىرراتسىئونال تەڭلىمە. ئىرراتسىئونال تەڭسىزلىك.

**ئىرراتسىئونال تەڭسىزلىك** <مات> يىلتىزى چىقىرىلغۇچى سانىنىڭ تەركىبىدە نامەلۇم بولغان تەڭسىزلىك.

**ئىرراتسىئونال تەڭلىمە** <مات> يىلتىزى چىقىرىلغۇچى سانىنىڭ تەركىبىدە نامەلۇم بولغان تەڭلىمە. مەسىلەن:

$\sqrt[3]{x^2+3x+1}=3x$ , $\sqrt{x+2}=3$ .

**ئىرراتسىئونال سان** <مات> دەۋرىيلەنمەيدىغان چەكسىز ئونلۇق كەسىر ۋە يىلتىزىنى تولۇق چىقارغىلى بولمايدىغان سان. مەسىلەن، $\sqrt{2}$، $\sqrt[3]{5}$ قاتارلىقلار.

**ئىرراتسىئونال فۇنكسىيە** <مات> كۆپ ئەزالىق فۇنكسىيە ياكى راتسىئونال فۇنكسىيە ئارقىلىق ئىپادىلەشكە بولمايدىغان فۇنكسىيە. مەسىلەن،

$$f(\chi)=\sqrt{\chi} \qquad f(\chi)=\frac{\chi+\sqrt[3]{2\chi}+1}{\chi}$$

**ئىرراتسىئونال مىقدار** <مات> قىممىتى ئىرراتسىئونال سان بولغان مىقدار.

**ئىرراتسىئونال نۇقتا** <مات> سان ئوقىدىكى ئىرراتسىئونال سانلارغا ماس بولغان نۇقتىلار.

**ئىرراتسىئونال ئىپادە** <مات> رادىكال بىلەن كەلگەن ئالگېبرالىق ئىپادە. مەسىلەن، $\sqrt{a^2+b^2}$، $\sqrt{a+\chi}$.

**ئىرراتسىئونال يىلتىز** <مات> ئىرراتسىئونال سان بولغان تەڭلىمە يىلتىزى. مەسىلەن، تەڭلىمە $\chi^2-2=0$ نى يەشكەندە $\chi=\pm\sqrt{2}$ بولىدۇ. بۇنىڭدىكى $\pm\sqrt{2}$ ئىرراتسىئونال يىلتىزدۇر.

**ئىرسا** ئى (ر<لات) <بوت> تاغ سەۋسىنىنىڭ يىلتىزى. ياپلاق، خۇشبۇي، پوستى كۆك، بەزىلىرى قىزىل ۋە رەڭگارەڭ بولىدۇ. بوغۇملۇق كېلىدۇ. تىبابەتچىلىكتە دورا قىلىنىدۇ. ئەزالارنى يۇمشىتىش ۋە قىزىتىش، توسالغۇلارنى ئېچىش، سېرىق ئاچچىق سۇنى سۇمۇرۇش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە.

**ئىرسىي** سۈپ (ئە) <بىئول> نەسىلگە ئائىت، نەسىلدىن نەسىلگە ئۆتىدىغان، قالىدىغان؛ نەسلىي: ئىرسىي قابىلىيەت، ئىرسىي سىگنال، ئىرسىي يوشۇرۇن كۈچ.

ئىرسىي بەلگىلەر. * ئېگەم ئاللا ئايال زاتىدا بولۇشقا تېگىشلىك گۈزەللىكنىڭ ھەممىسىنى مۇشۇ قىزغا بەرگەنىكەن-ھە! ياكى قەدىمكى ئەجدادلىرىمىز بولغان كۈسەن ئۇيغۇرلىرىدىكى ئىرسىي گۈزەللىكنىڭ بۈگۈنكى ئۇيغۇر قىزلىرى سىماسىدا قايتا نامايان بولۇشىمىكىن!

**ئىرسىي ئامىل** <بىئول> ئەڭ دەسلەپتە ئوتتۇرىغا قويۇلغان، جانلىق ئورگانىزملار تېنىدىكى ئالامەتلەرنى تىزگىنلەيدىغان ئىرسىيەت بىرلىكى، كېيىن « گېن » دەپ ئاتالغان.

**ئىرسىي شەرتلىك بەلگە** <بىئول> خەۋەرچى RNA (mRNA) نىڭ نوكلېئوتىد (ياكى ئىشقار رادىكالى) تەرتىپى بىلەن ئاقسىلنىڭ ئامىنو كىسلاتالىرى تەرتىپى ئارىسىدىكى ماس كېلىش مۇناسىۋىتى، يەنى mRNA دىكى ئۈچ دانە نوكلېئوتىد تەرتىپى ئاقسىلدىكى بىر مۇئەييەن ئامىنو كىسلاتاسىنى بەلگىلەيدۇ. بىر خىل ئامىنو كىسلاتاسىنى بەلگىلەشكە ئىشلىتىلىدىغان ئۈچ دانە نۇكلېئوتىد گۇرۇپپىسى ئۈچ تەنلىك شەرتلىك بەلگە ياكى شەرتلىك بەلگىچە (كودول) دەپ ئاتىلىدۇ.

**ئىرسىي قابىلىيەت** <بىئول> جانلىقلارنىڭ جىسمانىي ۋە پسىخىك خۇسۇسىيەتلىرىنى ساقلاپ قېلىش ھەمدە ئەۋلادلىرىغا قالدۇرۇش قابىلىيىتى.

**ئىرسىي كېسەللىك** <بىئول> ← **ئىرسىيەت كېسەللىكى.**

**ئىرسىي ماددا** <بىئول> ئەجداد بىلەن ئەۋلاد ئارىسىدا ئىرسىيەت ئۇچۇرلىرى يەتكۈزىدىغان ماددا.

**ئىرسىي يوشۇرۇن كۈچ** <بىئول> جانلىقلارنىڭ ئەسلىدىلا بار بولغان

ئىرسىي قابىلىيىتى.

**ئىرسىيەت** ئى (ئە) <بىئول> جانلىق ئورگانىزملارنىڭ جىسمانىي ۋە پسىخىكىلىق خۇسۇسىيەتلەرنى ساقلاش ھەمدە نەسلىدىن نەسلىگە قالدۇرۇش قابىلىيىتى.

**ئىرسىيەت قۇرۇلۇشى** <بىئول> جانلىقلار ئۆستىدىكى ئالدىن پىلانلانغان لايىھىگە ئاساسەن، ئىرسىي ماددىنى بىۋاستە باشقۇرۇش، قايتا تەشكىللەش، قايتا قۇرۇش ئارقىلىق ئىرسىي ئالامەتلەرگە نىسبەتەن نىشانلىق ئۆزگەرتىشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش.

**ئىرسىيەت كېسەللىكى** <تىب> مۇئەييەن ئىرسىي ئامىل (مەسىلەن، خروسومىلارنىڭ نورمالسىزلىقى، بىر گېن ياكى كۆپ گېننىڭ نورمالسىزلىقى) كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان ھەمدە مۇئەييەن شەكىل بىلەن ئەجدادىدىن ئەۋلادىغا تارقىلىدىغان كېسەللىك.

**ئىرسىيەت ماددىسى** <بىئول> ئىرسىيەتنىڭ مىكرونىكىلىق ماددىسى ياكى گېنى، ئۇ ھۈجەيرىلەرگە چوڭقۇر تەسىر قىلىش بىلەن بىللە بارلىق ھۈجەيرىلەرنىڭ پروتوپلازمىسىنىڭ خاراكتېرى، ھۈجەيرىلەرنىڭ تۈزۈلۈشى ۋە ئىقتىدارلىرى قاتارلىقلارغا قارىتا ئىنتايىن زور دەرىجىدە ئەھمىيەتلىك رولىلارنى ئوينايدۇ. بۇ خىل گېنلارنىڭ ئۆزلۈكىدىن كۆپىيىش ۋە ئۆزگىرىش قاتارلىق ھەر خىل خۇسۇسىيەتلىرى بولىدۇ.

**ئىرسىيەت مەنبەي بەلگىلىرى** <بىئول> ① ئوكسىدسىزلانغان رىبونۇكلېئىن كىسلاتاسى مولېكۇلىسىدىكى نۇكلېئوتىد تەرتىپى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئىرسىي سىگنال. ② نۇكلېئوتىدنىڭ تىزىلىش تەرتىپى ئىپادىلىگەن ئىرسىي سىگنال بىرلىكى.

**ئىرسىيەت ھالىتى** <بىئول> جانلىقلارنىڭ ئەۋلادتىن ئەۋلادقا قالدۇرىدىغان بارلىق مورفولوگىيىلىك ئالاھىدىلىكى، فىزىئولوگىيىلىك ئالاھىدىلىكى، مېتابولىزم تىپلىرى ۋە ھەرىكەت قابىلىيىتى قاتارلىقلار.

**ئىرسىيەت ئۇچۇرى** <بىئول> (DNA ياكى RNA) مولېكۇلىسىدىكى نۇكلېئوتىد ئىشقار، رادىكاللىرىنىڭ تەرتىپى ئېلىپ يۈرىدىغان ئۇچۇر. ئۇ ھۈجەيرىلەرنىڭ تۈزۈلۈشى ۋە مېتابولىزمىنى تىزگىنلەيدىغان، ئەۋلادقا ئەجدادنىڭ ئىرسىيەت ئالامەتلىرىنى قوبۇل قىلدۇرۇپ يېتىلدۈرىدىغان سىگنالدۇر.

**ئىرسىيەت ئېففېكتى** <بىئول> جانلىقلارنىڭ ئىرسىي ماددىسىدا ( DNA بۆلىكىدە ) ئۆز-ئۆزىنى نۇسخىلىيالايدىغان فۇنكسىيە بار بولۇپ، كۆچۈرۈش ۋە ئاغدۇرۇش ئارقىلىق ئىرسىيەت ئۇچۇرلىرىنى ئەۋلادتىن ئەۋلادقا يەتكۈزىدۇ ۋە ھەر خىل ئاقسىلنى سىنتېزلەيدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئەۋلادىدا ئەجدادنىڭكىگە ئوخشاپ كېتىدىغان ئالامەت ئىپادىلىنىدۇ. ئىرسىي ماددا ئىنتايىن تۇراقلىق بولىدۇ، شۇنداق بولسىمۇ تاسادىپىي ئۆزگىرىش پەيدا قىلىدۇ ياكى توساتتىن ئۆزگىرىپ يېڭى ئالامەت ھاسىل قىلىدۇ. ئىرسىي ماددىنىڭ بۇ خىل رولى ۋە ئۇنىڭ نەتىجىسى «ئىرسىيەت ئېففېكتى» دەپ ئاتىلىدۇ.

**ئىرسىيەت ئىلمى** <بىئول> جانلىقلارنىڭ ئىرسىيەت ۋە ئۆزگىرىشچانلىق قانۇنىيىتىنى

تەتقىق قىلىدىغان پەن.

**ئىرسىيەتچانلىق** ئى 〈بىئول〉 جانلىقلارنىڭ ئەجدادىدىن قالغان ئىرسىي خۇسۇسىيەتلەرنىڭ يىغىندىسى.

**ئىرسىيەتشۇناس** ئى ئىرسىيەت ئىلمى بىلەن شۇغۇللانغۇچى مۇتەخەسسىس، ئالىم: بىراق بەزى ماتېماتىكلار ئۇنىڭغا قارىغاندا تېخىمۇ ئۇستۇنرەك تۇرىدۇ، بەزى ئىرسىيەتشۇناسلارنىڭ تۆھپىسى ئۇنىڭكىدىن كۆپ.

**ئىرسىيەتشۇناسلىق** ئى. تىرىك ئورگانىزملارنىڭ جىسمانىي ۋە پسىخىك خۇسۇسىيەتلىرىنى ساقلاش ۋە نەسلىدىن نەسلىگە ئۆتكۈزۈش قابىلىيىتىنى تەتقىق قىلىدىغان پەن؛ ئىرسىيەت ئىلمى: ئىرسىيەتشۇناسلىق بىلەن شۇغۇللانماق.

**ئىرسىيەتلىك** ① سۈپ. ئىرسىيىتى بار، ئىرسىيەتكە ئىگە: ئىرسىيەتلىك توسالغۇ. ئىرسىيەتلىك مۇناسىۋەت. * سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ بىر ئىرسىيەتلىك سىلىكسىيە ئالىمى كۆپ يىل ئۇسىدىغان بۇغداي سورتىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك يېتىشتۈردى. ② سۈپ. نەسلىگە ئائىت، نەسلىدىن نەسلىگە ئۆتىدىغان؛ نەسلىي: ئىرسىيەتلىك بەلگىلەر. ③ رەۋ. ئىرسىيەت بىلەن بولىدىغان، ئىرسىيەت ئارقىلىق: ئىرسىيەتلىك ئۆزگىرىش. ئىرسىيەتلىك ئالدىنى ئېلىش. * ئامېرىكا ئالىملىرى 20 يىل تەتقىق قىلىش ئارقىلىق راك كېسىلىنىڭ ئىرسىيەتلىك بولىدىغانلىقىنى شەرھلىگەن.

**ئىرسىيەتلىك ئالدىنى ئېلىش** 〈بىئول〉 ھاشارات گېنېتىكىسى پرىنسىپىدىن پايدىلىنىپ، بەزى زىيانلىق ھاشاراتلارنىڭ يېڭى سورتىنى يېتىشتۈرۈپ ۋە ئۇلارنىڭ بىئولوگىيىلىك ئالدىنى ئېلىش كۈچىنى ئاشۇرۇپ، تەبىئەتتىكى توپى ئىچىگە قويۇپ بېرىش ئارقىلىق 3 — 5 ئەۋلاد ئىچىدە پۈتۈنلەي يوقىتىدىغان بىر خىل ئالدىنى ئېلىش ئۇسۇلى.

**ئىرسىيەتلىك توسالغۇ** 〈بىئول〉 جانلىق ئورگانىزملار تېنىدىكى ئۆزگىرىشلەرگە ئىرسىيەت ئامىللىرى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان توسالغۇ.

**ئىرسىيەتلىك لەيلەپ ئۆزگىرىش** 〈بىئول〉 كىچىك توپ ئىچىدىكى گېن چاستوتىسىنىڭ بىر ئەۋلادتىن يەنە بىر ئەۋلادقا ئۆتكەندە كۆرۈنىدىغان ئىختىيارىي لەيلەپ يۆتكىلىش ھادىسىسى.

**ئىرسىيەتلىك مۇناسىۋەت** 〈بىئول〉 جانلىقلارنىڭ ئەجدادى بىلەن ئەۋلادى ئوتتۇرىسىدىكى ئىرسىيەت قالدۇرۇش ۋە ئۇنى قوبۇل قىلىش مۇناسىۋىتى.

**ئىرسىيەتلىك يېتىلمە سىلىك** 〈بىئول〉 گېنىنىڭ بىرىكمە سىلىكى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان يېتىلمە سىلىك. بۇ خروموسومىنىڭ كەمچىللىكىدىن بولىدىغان يېتىلمە سىلىككە ئوخشىمايدۇ.

**ئىرغاڭ** تەق. بىر بۇ ياققا بىر ئۇ ياققا چايقىلىش، سىلكىنىش ھالىتى.

**ئىرغاڭشتىماق** « ئىرغاڭشماق » پېئلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: يىگىت « ئاتىلىرىنىڭ قەبرە بەلگىسى مانا مۇشۇ ئىكەن » دەپ پادىشاھقا ئاتىنىڭ كاللىسىدەك بىر قارا تاشنى كۆرسىتىپ قويۇپتۇ. پادىشاھ تاشقا قاراپ تۇرۇپ كېتىپ بېشىنى ئىرغاڭشتىپ: « مېنىڭ ئاتام دۆلەتمەن ئادەم ئىدى، ئۇنىڭ قەبرىسى بۇنداق ئاددىي بولمىسا كېرەك » دەپ يىگىتكە غەزەپلىنىپتۇ.

**ئىرغاڭشىماق** پ. ئىككى يانغا چايقالماق، ئىرغاڭ-ئىرغاڭ قىلماق، ئىرغاڭلىماق: دەرەخ شامالدا ئىرغاڭشىدى. * تۈلكە خۇشامەتچىلىك بىلەن ھىجىيىپ ۋە ئىرغاڭشىپ ئوتتۇرىغا چىقىپتۇ-دە، نايناقلىغان ھالدا دەپتۇ: – جانابى بۆرە بېگىمنىڭ مۇھىم ئۇقتۇرۇشى بار. دىققەت بىلەن ئاڭلاڭلار!

**ئىرغاڭلاتماق** «ئىرغاڭلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: دەرەخنى ئىرغاڭلات-ماق. * ئالما شېخىنى ئىرغاڭلاتماق. * بوۋاي بېشىنى ئىرغاڭلىتىپ سۆزلىدى. * ئىسھاق ئىككى بارمىقىنى قىسقۇچ شەكلىگە كەلتۈرۈپ بېشىنى ئىرغاڭلىتىپ، باتۇرغا زىغا ئىشارەت قىلدى.

**ئىرغاڭلاشماق** «ئىرغاڭلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: بوراندا دەرەخ شاخلىرى ئىرغاڭلاشتى. * كېچە بولسا جىم، غەمكىن ھەممە ياق، قايغۇ-ھەسرەتلەر ئوراپ ئالغاندەك. تۇرۇپ دەرەخلەر ئىرغاڭلىشىدۇ، كۆلپەتلەر بېسىپ ھېرىپ قالغاندەك.

**ئىرغاڭلىماق** پ. بىر ئۇ ياققا-بىر بۇياققا چايقالماق، ئىرغاڭ-ئىرغاڭ قىلماق، ئىرغاڭشىماق: ئۇلار دەريا لېۋىگە ، ئىرغاڭلاپ تۇرغان ياپراقسىز مەجنۇنتاللار قېشىغا كېلىپ، ئېگىز قىرغاققا چىقتى. * ئۇ گېلەمنى ئېلىپ ئۆيگە كەلدى. ئىرغاڭلاپ ئارانلا ماڭىدىغان پور سېمىز ئايالى ئۇنى گۈللۈك ھويلىدا كۈتۈۋاتاتتى.

**ئىرغاڭ-ئىرغاڭ** «ئىرغاڭ» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى: ئىرغاڭ-ئىرغاڭ قىلماق.

**ئىرغاي** ئى <بوت> ئەتىرگۈل ئائىلىسىدىكى يوپۇرماق تاشلايدىغان چاتقال. ياش نوتىلىرىدا يۇمشاق تۈكلىرى بولىدۇ، كېيىن چۈشۈپ كېتىدۇ. يوپۇرمىقى سوقىچاق، تولۇق گىرۋەكلىك، دۈمبە تەرىپىدە ئاق تۈكلىرى بار. گۈلى شاپتۇل چېچىكى رەڭدە، مېۋىسى شار شەكىللىك، قارا كېلىدۇ، 2 — 3 تال ئۇرۇقى بولىدۇ. ياغىچى قاتتىق، ئانچە توم بولمايدۇ. ئادەتتە كىچىك سايمانلارغا ساپ قىلىنىدۇ.

**ئىرغايلىق** ① سۈپ. ئىرغىيى بار، ئىرغىيى بولغان: ئىرغايلىق تاغ. ئىرغايلىق تاغ بېلى. ئىرغايلىق جىرا. ② ئى. ئىرغاي كۆپ ئۆسىدىغان يەر: قويچى بالىلار ئىرغايلىقتىن ئىرغاي كېسىپ كەلدى.

**ئىرغىتىشماق** «ئىرغىتماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**ئىرغىتىلماق** «ئىرغىتماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: بېغىشلىغان باتۇرلار ۋۇجۇدىنى بۇ جەڭگە، ئەنە ئۇنلاپ ماي تۇڭى ئىرغىتىلدى ئۈستەڭگە.

**ئىرغىتماق** ① «ئىرغىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: شەۋكەت تىلىنى «ماقۇل» غا ئۈمەللەۋاتقاندا، ئانار بىرنەرسىدىن ئەندىككەندەك، بېشىنى غەلىتە ئىرغىتتى. ② چۆرۈپ تاشلىماق، كۆتۈرۈپ ياكى پىرقىرىتىپ ئاتماق: لەيلىگۈل بېشىنى سىلكىپ، يوغان ئىككى ئۆرۈم چېچىنى ئىرغىتىپ كەينىگە تاشلاپ كۆك كۆز كىشىگە قاراپ نېمىدۇر دېمەكچى بولدى. * – ئېھ، يىگىت، مەن ساڭا ياردەم قولۇمنى سۇنۇپ، بۇ ئانارنى ئىرغىتتىم، سەن ئۇنى يەپ ھوشۇڭغا كەلدىڭ، بۇ ئانارنىڭ نېمە ئۈچۈن قۇرۇپ كەتكەنلىكىنى بىلەمسەن؟ – دېدى بوۋاي.

**ئىرغىشىماق** «ئىرغىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ساي ۋە جىلغا غوللىرىدا تولۇپ ئاقار سۇ، قاراپ تۇرسالىڭ تەشنا دىلغا ئەجەب ياقار بۇ. ئورمانلىقتا ئىرغىشىدۇ مارال بۇغىسى، سېخىي ۋادى ئۇنىڭ كۆپتۇر قىلغان

سوغىسى.

**ئىرغىماق** پ. سىلكىنمەك، سەكرىمەك: قادىر بۇ ئاۋازنى ئاڭلاپ، ئورنىدىن ئىرغىپ تۇرۇپ كەتتى. * خانىش ئايدىڭ چۆچۈپ ئىرغىپ ئورنىدىن قوپتى، كېيىن «ئۇھ!...» دەپ ئورنىغا ئولتۇردى. * ئۇ بىر ئىرغىپ قىرغاققا چىقتى-دە، يوغان تاشنى بېشىدىن ئېگىز كۆتۈرۈپ ئۇرغانىدى، تاقاق چىقىلدى.

**ئىرق** ئى (ئە) ① نەسىل، زات. ② تەن تۈزۈلۈشى جەھەتتە مەلۇم ئورتاق ئىرسىيەت ئالاھىدىلىكلىرى (مەسىلەن، تېرە، چاچ رەڭگى، چاچ شەكلى، كۆز رەڭگى، قان ئايرىمىسى قاتارلىق)گە ئىگە بولغان ئادەملەر توپى، بۇ ئالاھىدىلىكلەر بەلگىلىك رايوندا ئۇزاق مۇددەت تەبىئىي مۇھىتقا ماسلىشىش جەريانىدا شەكىللەنگەن. بۇ ئالاھىدىلىكلەرگە ئاساسەن، پۈتۈن دۇنيادىكى ئىنسانلار موڭغۇل ئىرقى، نېگىر ئىرقى ۋە ياۋروپا ئىرقىدىن ئىبارەت ئۈچ چوڭ ئىرققا بۆلۈنىدۇ. ئىرققا ئايرىش جەھەتتە، ئاساسەن رەڭ ئالاھىدىلىكىگە قاراپ، ئىنسانلارنى سېرىق تەنلىك، قارا تەنلىك، ئاق تەنلىك ۋە قوڭۇر تەنلىك دەپ ئايرىش ئۇسۇلىمۇ بار.

**ئىرقچى** ئى. ئىرقچىلىق تەرەپدارى، ئىرقچىلىق سىياسىتىنى يۈرگۈزگۈچى، ئىرقىي كەمسىتىش ۋە ئىرقىي ئايرىمچىلىق سىياسىتىنى ياقلايدىغان، خەلققە ئىرقىي پەرق بويىچە مۇئامىلە قىلىدىغان تەرەپ: بۇ قانۇن جەنۇبىي ئافرىقا ئىرقچى دائىرىلىرىنىڭ ئىرقىي كەمسىتىش بىلەن ئىرقىي ئايرىمچىلىقنى يۈرگۈزۈشىنىڭ ئاساسى بولۇپ كەلگەن.

**ئىرقچىلىق** ئى «ئىرقلار تەڭ ئەمەس، بەزى ئىرقلار ئالىي، بەزىلىرى پەس بولىدۇ، ئالىي ئىرقلار پەس ئىرقلار ئۈستىدىن ھۆكۈمران بولۇشى تارىخىي زۆرۈرىيەتتۇر» دەپ دەۋا قىلغۇچى بۇرژۇئازىيىچە رېئاكسىئون نەزەرىيەنى ئىرقىي كەمسىتىش سىياسىتى، ئىرقىي ئايرىمچىلىق: بىز ئافرىقا خەلقىنىڭ جەنۇبىي ئافرىقا ئىرقچىلىقىغا ۋە كېڭەيمىچىلىكىگە قارشى كۈرىشىنى قوللايمىز.

**ئىرقشۇناس** ئى. ئىرق ئىلمى بويىچە تەتقىقات ئېلىپ بارغۇچى ئادەم؛ ئىرق ئىلمى مۇتەخەسسىسى.

**ئىرقشۇناسلىق** ئى. ئادەملەرنىڭ بەدەن ۋە رەڭگى، يۈز-كۆز، باش تۈزۈلۈشى ۋە شۇنىڭدەك، نەسلىي بەلگىلىرىنىڭ بىر خىللىقى ياكى ئۆزگىچىلىكلىرىنى ئاساس قىلىپ تۇرۇپ ئىنسانلار ئىرقىنى تەتقىق قىلىدىغان ئىلىم: ئىرقشۇناسلىق بىلەن شۇغۇللانماق.

**ئىرقىي** سۈپ (ئە) ئىرققا خاس، ئىرققا ئائىت: ئىرقىي بەلگىلەر. ئىرقىي ئايرىمچىلىق سىياسىتى. ئىرقىي كەمسىتىش.

**ئىرقىي ئالاھىدىلىك** <ئىرق> مەلۇم بىر ئىرقنىڭ تەن ساغلاملىق مورفولوگىيە-سى جەھەتتىكى بەزى ئورتاق ئىرسىيەت ئالاھىدىلىكى. مەسىلەن، تېرىسىنىڭ، چېچىنىڭ، كۆزىنىڭ رەڭگى، چاچ تىپى، بويىنىڭ ئېگىزلىكى، بېشىنىڭ، يۈزىنىڭ، بۇرنىنىڭ شەكلى ۋە قان تىپى قاتارلىقلار.

**ئىرقىي كەمسىتىش** <پەلس> ئېكسپلاتاتسىيە قىلغۇچى سىنىپلارنىڭ باشقا ئىرقتىكىلەرنى دۈشمەن كۆرۈش، زىيانكەشلىك قىلىش ۋە تەڭسىز مۇئامىلە قىلىشتەك

ئەكسىيەتچىل قىلمىشى. دۇنيانىڭ نۇرغۇن جايلىرىدا ئىرقىي كەمسىتىش ھادىسىلىرى مەۋجۇت.

**ئىركاشا** سۈپ. دىئال. لۆم-لۆم، گومۇش.

**ئىركىت** ئى. سۈتنىڭ مېيى ئېلىۋېلىنغان بىر خىل قالدۇقى.

**ئىرلىماق** پ. جىر تووۇلىماق، ناخشا ئېيتماق: ئەنۋەر ئىرچى قىزلارغا زوق بىلەن نەزەر سالدى. قىزلار يېرىم ئۇسسۇللۇق شوخ ھەرىكەت بىلەن ئىرلايتتى.

**ئىرماش-چىرماش** ① ئىككى ياكى ئىككىدىن ئارتۇق نەرسە، سىزىق ھەم شۇ قاتارلىقلار ئۆزئارا كىرىشىپ، گىرەلىشىپ، ئارىلىشىپ كەتكەن: ئىرماش-چىرماش سىزىقلار. ئىرماش-چىرماش ئىزلار. * بىراق، قەغەز ئۈستىدە ئۇنىڭغا پۈتۈنلەي تونۇش بولمىغان ئۇزۇن-قىسقا، ئىرماش-چىرماش سىزىقلار بولغانلىقتىن، ئۇ ھېچنېمىنى چۈشەنمىدى. * ئۇلار ئاق دەپتەرگە خەنزۇچە ئېروگلىفلارنى ئىرماش-چىرماش يېزىپ دەرس تەكرارلىماقتا ئىدى. ② مۇناسىۋەت جەھەتتە ئىچقويۇن-تاشقويۇن بولۇپ كەتكەن، مۇناسىۋىتى، ئالاقىسى ھەددىدىن زىيادە يېقىن، بىر-بىرىگە ئۆتۈشكەن: ئىرماش-چىرماش باغلىنىش. * لەيلىگۈل دوستلىرى بىلەن قول ئېلىشىپ، كىشىلەر بىلەن ئىرماش-چىرماش بولۇپ كەتكەنىدى. * شۇنىڭدىن بىرى يىگىتلەر جەڭچىلەر بىلەن ئىرماش-چىرماش بولۇپ، قىزغىن پاراڭغا چۈشۈپ كەتتى. ③ ئۆزئارا چېتىشلىقى بولغان، مۇناسىۋەتلىك بولغان: ئۇ بىئولوگىيىنىڭ باشقا پەنلەر بىلەن ئىرماش-چىرماش ئالاقىسى بارلىقىنى ئاستا-ئاستا سېزىشكە باشلىدى.

**ئىرماشماق** پ. ئۆزئارا ئۆتۈشۈپ، بىرلىشىپ كەتمەك، چىرماشماق: باتۇر بۇغدايلارغا قاراپ ھەيران قالدى: بۇ يەردىن ھوسۇل ئالغىلى بولارمۇ؟ قارىماققا بۇ يەر بۇغدايلىق ئەمەس، بەلكى ئوت-چۆپلۈكتەك بولۇپ، غوللىرىغا يۆگىمەچ قاتارلىق زىرائەتكە زىيانلىق ئوت-چۆپلەر ئىرماشقان بىرەر تۈپمۇ بۇغداي كۆرۈنمەيتتى. * ئاللا يارىم سەن كېۋەز بول، مەن يۆگەي بولاي. ئىرمىشىپ، چىرمىشىپ شاخىڭغا قوناي.

**ئىروزىيە** ئى (ر<لات) <گېئول> تۇپراقنىڭ، يەر پوستىنىڭ سۇ، مۇز ياكى شامال تەسىرىدە يېمىرىلىشى.

**ئىروزىيىلەش** «ئىروزىيىلىمەك» پېئىلىنىڭ يەنە بىر خىل ئىسىمدىشى: ئىروزىيىلەش رولى.

**ئىروزىيىلەش رولى** <جۇغ> ھەر خىل تاشقى كۈچلەر. مەسىلەن، شامال كۈچى، ئېقىن سۇ، مۇزلۇق دولقۇن قاتارلىقلارنىڭ يەر يۈزىدىكى تاغ جىنسلىرى ۋە ئۇلارنىڭ يېمىرىلمە ھاشاراتلىرىنىڭ بۇزۇش رولى.

**ئىروزىيىلەنگەن** «ئىروزىيىلىمەك» پېئىلىنىڭ سۈپەتدىشى: ئىروزىيىلەنگەن تۈزلەڭلىك.

**ئىروزىيىلەنگەن تۈزلەڭلىك** <جۇغ> ئاقار سۇلارنىڭ ئىروزىيىلەش رولى بوش ماددىلارنى ئېقىتىپ كېتىش سەۋەبىدىن شەكىللەنگەن تاشلىق تۈزلەڭلىك.

**ئىروزىيىلەنگەن ئويمانلىق** <جۇغ> تاشقى كۈچلەرنىڭ ئىروزىيىلىشى نەتىجىسىدە شەكىللەنگەن ئويمانلىق.

**ئىروزىيىلىمەك** پ <گېئول> سۇ، مۇز ياكى شامال قاتارلىقلار يەر پوستى، تۇپراق

قاتارلىقلارنى يالاپ كەتمەك، يىمىرمەك.

**ئىرونىيە** ئى (ر) <ئەد> فورما جەھەتتىن ئىجابىي مەنىنى بىلدۈرىدىغان سۆزلەر ئارقىلىق رىشتىملاش ۋە مەسخىرىلەش مەنىلىرىنى ئاڭلىتىدىغان ئىبارە.

**ئىرىدىي** ئى (ر<لات) <خىم> مېتال ئېلېمېنت. بەلگىسى Ir (iridium) . كۈل رەڭ پارا-شوك ھالىتىدىكى ماددا ياكى ئاق، يالتىراپ تۇرىدىغان كاللەك ماددا. قاتتىق ۋە چۈرۈك، خىمىيۋى خۇسۇسىيىتى تۇراقلىق، قېتىشما تەييارلاشتا ئىشلىتىلىدۇ. ئىرىدىينىڭ قېتىشمىسى تېگىل ۋە ئالتۇن قەلەم ئۇچى قىلىنىدۇ.

**ئىرىس** ئى (ر) تەركىبىگە سۈت ئارىلاشتۇرۇپ ياسىلىدىغان كەمپۈتلەرنىڭ تۈرىنى كۆرسىتىدۇ.

**ئىرىس كەمپۈت** تەركىبىگە سۈت ئارىلاشتۇرۇپ ياسىلىدىغان كەمپۈتلەر، سۈت كەمپۈت.

**ئىرىڭ-سىرىڭ** دىئال. ھۇرۇن، ئېزىلەڭگۈ.

**ئىرىم** ئى. كۆڭلىگە پۈككەن بىرەر ئىشنىڭ ئوڭۇشلۇق بولۇشى، بىرەر بالا-قازانىڭ كۆتۈرۈلۈپ كېتىشى، ئىشقىلىپ، ئۆزىگە دەخلى-تەرۇز، زىيان يەتكۈزىدىغان بىرەر ئىشتىن ساقلىنىش، ياخشىلىقنىڭ ئۆزىگە نېسىپ بولۇشى ئۈچۈن، بىرەر نەرسىنى ياكى ئىشنى شەرت قىلغان ئاساستا باشلاش: ئىرىم قىلماق. * بۇ ئىشنى نېمىدىن باشلاشنى بىلمەي تۇراتتىم. نورۇز داموللا ۋەقەسى مېنىڭ ئۈچۈن ياخشى ئىرىم بولىدىغان بولدى. * ئەسلىدە ھاراق-كەشلەرنىڭ ئىرىمى بويىچە بىر رومكا ئىچىپ مەستلىكتىن يېشىلمەكچى ۋە باش ئاغرىقىدىن قۇتۇلماقچى ئىدىم. ئاقىۋەت گرادۇسۇم توشۇپ تەڭلىشىپ قالدىم. * دەسلەپ ئۇلار قىزنى ئىلى تەۋەسىدە ئوقۇتمىغان موللا، داخان، باخشىلار قالمىدى، نۇرغۇن قېتىم رەم ئاچقۇزۇپ باقتى، بارلىق كونىچە ئىرىملارنى قىلىپ كۆردى.

**ئىرىم قىلماق** ① كۆڭلىدە ياخشىلىق، ئوڭۇشلۇق تىلەش مەقسىتىدە، ھەم شۇنىڭغا باشلىنىش بولۇپ قالار دېگەن نىيەت بىلەن شەرتلىك بىرەر ئىشنى بەجاغا كەلتۈرمەك، قىلىپ شەرتىنى سۈندۇرماق: ھېلىقى كىشىلەر قوراللىرىنى تاپشۇردى. شۇ ئارىدا ئامانقۇل قارىياغاچقا باغلاقلىق تۇرغان ھاجەر باقىنىڭ يېنىغا كېلىپ، «ماۋۇ چوشقىنى ئىرىم قىلايلى» دەپ ئاتماقچى بولدى. ② بىرەر دىنىي ئادەتنى شەرت قىلىپ ئورۇندىماق: — ئەتىگەندە ئىرىم قىلماي تۇرۇپلا نانلارنى پارچىلىۋەتتىلىغۇ! — دېدى مۆمىن ئاكا. ③ سودىدا شۇ كۈنى بىرىنچى بىرنەرسىنى سېتىپ كىرىم قىلماق، پۇل ئالماق: — ئۇستام، جىددىي لازىم بولۇپ قالدى، ئون يۈەن بېرىپ تۇرسىلا، مەن چۈشتىن كېيىن قايتۇرسام، — دېدىم تونۇش سودىگەرگە. لېكىن سودىگەر «كەچۈر-سىلە، تېخى ئىرىم قىلمىغانىدىم، ئىرىم قىلغاندىن كېيىن بەرسەم» دېدى.

**ئىرىمچى** سۆپ. ئىرىمگە ئىشەنگۈچى؛ ئىرىمگە بېرىلگەن: ئىرىمچى ئادەم.

**ئىرىمچىك** ئى. سۈتنى ئۇتتا ئىللىتىپ، ئۇنىڭغا مەيىك ياكى قېتىق قوشۇپ قاينىتىپ، سۈيىنى چىقىرىۋەتكەندىن كېيىنكى قالدۇق قىسمى. ئۇ قىزىل ئىرىمچىك ۋە ئاق ئىرىمچىك دەپ ئىككى خىلغا ئايرىلىدۇ. مەيىك قوشۇپ ياسالغىنى قىزىل ئىرىمچىك، قېتىق قوشۇپ ياسالغىنى ئاق ئىرىمچىك بولىدۇ: ئەر-خوتۇن ئىككىسى ھەش-پەش دېگۈچە داستىخان راسلاپ،

ئاق نان، قەنت-گېزەك، بوغۇرساق، قۇرۇق ئىرىمچىكلەرنى توشقۇزۇۋەتتى.

**ئىز** ئى ① ئاياغ بىلەن يەرنى دەسسىگەندە ياكى بىرەر نەرسىنىڭ يۈزىگە سىزغاندا، چىجىغاندا، يازغاندا، تەگكەندە ياكى قول بىلەن بىرەر نەرسىنى تۇتقاندا چۈشۈپ قالغان بەلگە، ئىزنا: ئاياغنىڭ ئىزى. ئاتنىڭ ئىزى. قامچا ئىزى. تاياق ئىزى. ئىز قوغلىماق. ئىزىدىن قوغلىماق. * مەن جىلغىنىڭ باش تەرەپلىرىنى ئىزلەپ كېلىۋاتسام، قار ئۈستىدىكى ئادەم ئىزىغا كۆزۈم چۈشتى. * ئۇ دېۋەيلەپ كېلىپ بىر كاچات سالغانىدى، سايىمنىڭ يۈزىدە بەش بارماقنىڭ ئىزى قالدى. * ئادىل قۇلۇپنى تەپسىلىي تەكشۈرۈپ باقتى. بۇنىڭدىن بىرەر ئىز تاپالمىدى. ② بىرەر نەرسە يۈزىگە يۇقۇشتىن ھاسىل بولغان داغ: كىيىمدىكى بۇ قان ئىزىنى ئۆچۈرۈپ تاشلاش ئۈچۈن، رازۋېدكا بۆلۈمىنىڭ باشلىقى بۈگۈندىن تارتىپ تەكشۈرۈشنى باشلىغانىدى. ③ كۆچمە. كىشى كۆڭلىدىكى ئازاب، داغ؛ كۆڭۈلدە قېپقالغان مەنىۋى تەسىر: بۇ ئىش ئۇنىڭ يۈرىكىدە چوڭقۇر ئىز قالدۇردى. * كۆڭۈلدە ھېچ قالمىدى قايغۇ-ئەلەم ئىزلىرى، ئەمگەك بىلەن تاۋلاندى يېڭى جۇڭگو قىزلىرى. ④ كۆچمە. بىرەر ۋەقەنىڭ يىپ ئۇچى: ئۇ ياقۇپ ياساۋۇلنى كۆرۈپ ياكى ئۇنىڭ قولىغا چۈشكەنلىكنى ئاڭلاپلا، ئۆز ئىزىنى يوقىتىش ئۈچۈن ئىشقا كىرىشكەنىدى. ⑤ ئومۇمەن يول، نىشانە: يولۋاس ئىزىدىن قايتماس، يىگىت سۆزىدىن (ماقال). ⑥ بىرەر ئىشنى قىلىشتا ئۆزىنىڭ بۇرۇنلا تۇتۇپ كەلگەن يولى، ئۇسۇلى: خىلمۇخىل گەپلەر يۈرۈپتۇ يېزىدا، ئاشپۇزۇل مېڭىۋېرىپتۇ ئىزىدا. ⑦ ئەسلىدىكى ئورنى، ئەسلىي ھالىتى: ئىزىغا چۈشمەك. * ھاياتنىڭ ئەگرى-توقاي مۇساپىسى، ئوخشايدۇ، تىنىم تاپماس كەڭ دېڭىزغا، بەزىدە كۆتۈرۈلسە ئۇندا دولقۇن، بەزىدە چۈشەر پەسلەپ ئۆز ئىزىغا. ⑧ ئورۇن: ئۇ كىشى ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن ئۇنىڭ ئىزىغا بىزنىڭ شىركەتتىن بىرسىنىڭ بالىسى ئورۇنلاشقان. ⑨ قالدۇقى، ئىزناسى: ئوغلى بارنىڭ ئۆزى بار، قىزى بارنىڭ ئىزى بار (ماقال). ⑩ تەسىرى، تەسىرىي كۈچ، تەسىر كۈچى: — خەپ توختاپ تۇر، بۇ ئوردىدىن سېنىڭ ئىزىڭنى يوقاتمىسام مەن خان ئاغىچىلىق ئېتىمنى يۆتكۈۋېتىمەن! — دېدى ئۇ قاتتىق ئاۋازدا. ⑪ <ئارخېئول> بۇرۇنقى زامانلاردىن قېپقالغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلار ھېسابىدىكى جاي، قەدىمىي شەھەر قاتارلىقلارنىڭ ھازىرغىچە مەلۇم دەرىجىدە ساقلانغان، ساقلىنىپ قالغان قىسمى، قالدۇقى، يادىكارلىق، ئەسەر: قەدىمكى شەھەر ئىزلىرى. خارابە ئىزلىرى. ⑫ كۆچمە. ئالدىنقى ئەۋلادلارنىڭ، پېشقەدەملەرنىڭ ياكى بىرەر شەخسنىڭ ھاياتىدا قالدۇرۇپ ئۆتكەن ئىش-ھەرىكىتى، پائالىيىتى ۋە پائالىيەت يۆنىلىشى؛ يول، مۇساپە: ئىز قالدۇرماق. باتۇرلار ئىزىدىن ماڭماق. * بىز ئالدىنقى ئەۋلادلارنىڭ ئىزىدىن بېسىپ ئالغا ماڭىمىز. * نېمىشقا دېسەڭلار، بۇ يولدا مېڭىپ كۆرگەن دادامنىڭ ئىزى بار. ئۆزۈمدە بولسا بۇ يولدا قەتئىي مېڭىشقا بەل باغلىغان پولاتتەك ئىرادە بار. * لېكىن، شانلىق غەلىبىدە بولالمىدى باتۇر قىز. ئىنقىلابنىڭ يولىدا قالدۇردى ئۇ پارلاق ئىز.

**ئىز باسماق** ① ئارقىدىن يېتىشىپلا كەلمەك، سوڭدىماق، سوڭدىلاشماق: نىجات، تاشپولاتلار ئىز بېسىپ، ئىككى تەرەپتىن

ئۆملەپ كېلىپ، ئىككى دانە قول بومبىسى بىلەن پوتەينى ۋەيران قىلدى. * ئۇلار ئىز بېسىپ قوغلاپ كەلدى. ② ئورنىنى ئالماق، ئورنىنى ئىگىلىمەك، ۋارىسى بولماق: — سەن داداڭنىڭ ئىزىنى باسقىن! — دېدى ئۇ ماڭا. * ئۇ ئۇسسۇل سەنئىتىدە ئۇستازىنىڭ ئىزىنى باستى ۋە سەھنە ھاياتىدىمۇ ئۇستازىنىڭ يولىدىن ماڭدى.

**ئىز پۇلى** سودىگەرنىڭ مالنى باشقىلاردىن توپ بويىچە ياكى پارچە سېتىۋالغان باھاسى: بولسا بولار، بولمىسا ئىز پۇلى بولار (ماقال). * — ئالسىلا، سىلىگە ئىز پۇلىغا بېرەي، — دېدى ئۇ ماڭا.

**ئىز سىزىقى** <گېئول> مىنېراللار سىرلانمىغان ساپال تاختىغا سۈركەلگەندە قالدىغان ئىز. مىنېراللار ئۇۋۇتىلغاندىن كېيىن ساختا رەڭگى يوقىلىدۇ ھەمدە يات رەڭگى ئاجىزلىشىدۇ. شۇڭا مىنېراللاردىكى ئىز سىزىقىنىڭ رەڭگى مىنېراللار دانىچىسىنىڭ رەڭگىگە قارىغاندا مۇقىم بولىدۇ. ئىز سىزىقىنىڭ رەڭگى ئاساسلىقى مېتال مىنېراللارنى باھالاشتا ئەھمىيەتكە ئىگە.

**ئىز قالدۇرغۇچى ئوق** <ھەرب> قۇيرۇق قىسمىغا نۇر چاقنايدىغان خىمىيىۋى دورا قاچىلانغان بىر خىل زەمبىرەك ئوقى ياكى ئوق. ئېتىلغاندىن كېيىن نۇر چاقناپ، ئوق يولى ۋە كۆرسەتكۈچ نىشاننى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

**ئىز قالدۇرماق** ① تەسىر پەيدا قىلماق، تەسىر قىلماق: ئۇ بىزنىڭ قەلبىمىزدە چوڭقۇر ئىز قالدۇردى. ② ماشىنىچىلىقتا، تومۇر شەكىللىك كەسمە تۆشۈك ئارقىلىق كېيىمنىڭ كېسىم پارچىلىرىغا بەلگە قويماق.

**ئىز قوغلىماق** قالدۇرغان ئىزى، ماڭغان يولى بويىچە ئارقىدىن يۈرمەك: ئېرپان سايىمنىڭ بۆگۈن ھەممىنىڭ ئالدىدا قېنىنى سېتىپ بولۇپ كېتىپ قالغانلىقىنى بىلدى-دە، كەينىدىن ئىز قوغلاپ، نەنلىياڭ تەرەپكە كەلدى.

**ئىز كۆرسەتكۈچ ئاتوم** <فىز> رادىئوئاكتىپ ئىزوتوپلار تېشىپ ئۆتۈش كۈچى ناھايىتى كۈچلۈك بولغان نۇر چىقىرىدىغانلىقتىن، بۇ خىل ئىزوتوپلارنى جىسمىغا كىرگۈزۈپ، ئاپپاراتلار ئارقىلىق ئۆتكەن نۇردىن ئۇنىڭ ھەرىكەت ئىزىنى ئۆلچەپ چىققىلى بولىدۇ. شۇڭا بۇ خىل رادىئوئاكتىپ ئىزوتوپلار ئىز كۆرسەتكۈچ ئاتوم دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ خىل ئاتوملار ئادەتتە پەن-تېخنىكىدا كەڭ تۈردە ئىشلىتىلىدۇ. مەسىلەن، ئوغۇتقا ئارىلاشتۇرۇش ئارقىلىق، ئوغۇتنىڭ ئۈنۈمى ۋە ئۆسۈملۈكنىڭ ئوغۇتنى سۈمۈرۈش ئورنىنى ئېنىقلىغىلى بولىدۇ.

**ئىزىدىن چىقماق** ① يولىدىن چەتكە چىقماق، چىقىپ كەتمەك: ۋاگون ئىزىدىن چىقىپ كەتتى. ② تەرتىپ-ئىنتىزام، قائىدە-يوسۇندىن چەتلىمەك، نورمال ھالەتتىن تايماق، ئەخلاقىي جەھەتتىن بۇزۇلماق: ئۇ بالا مۇشۇ كۈنلەردە تولىمۇ ئىزىدىن چىقىپ كېتىۋاتىدۇ.

**ئىزىدىن قايتماسلىق ← باسقان ئىزىدىن قايتماسلىق.**

**ئىزىدىن ماڭماق** يولىدىن ماڭماق، ئەگەشمەك: بىز باتۇرلارنىڭ ئىزىدىن ماڭىمىز.

**ئىزىغا چۈشمەك** ① نورمال ھالەتكە كەلمەك، نورمال رەۋىشتە يولغا قويۇلماق: پات يېقىندا شۇجى يەنە خىزمەتكە ئولتۇرىدۇ، ھەممە ئىزىغا چۈشىدۇ. * خۇدا خالىسا،

جاھان ئۆگىنىشلىپ، ئىزىغا چۈشۈپ قالسا ئەجەب ئەمەس. ② پىيىغا چۈشمەك: ئۇنىڭ ئالغۇدىن ئاڭلانغان بۇ خۇپپيانە سۆز ئىزىغا چۈشكەن كىشىنىڭ راستىنلا ئەتكەسچى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ تۇراتتى.

**ئىزىغا سالماق** ① ئەسلىدىكى نورمال ھالىتىگە، تەرتىپىگە كەلتۈرمەك؛ نورمال ھالەتكە چۈشۈرمەك، نورماللاشتۇرماق: تۇرمۇشىنى ئىزىغا سالماق. ئىشنى ئىزىغا سالماق. * ئەگەر دېھقانچىلىق بىلەن سۇدىن پايدىلىنىش ئىلىم-پەن ئىزىغا سېلىنسا، ئۇ يەردە نى-نى ئىشلارنى قىلغىلى بولىدۇ. * بىز جەزمەن ھال-ئۇقتىمىزنى ئىزىغا سېلىپ، راۋۇرۇش قەد كۆتۈرىمىز. ② شەكىللەندۈرمەك؛ پەيدا قىلماق، ياراتماق: ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان ئاتا-بوۋىلار ئىزىغا سېلىپ شەكىللەندۈرگەن ئەنئەنە، قائىدە-يوسۇن مۇشۇ ئەمەسمۇ؟

**ئىزىنى باسماق** ئورنىنى دەسسىمەك، ۋارىسى بولماق، قىلغان ئىشنى داۋاملاشتۇرماق: — بالام، مېنىڭ نەچچە كۈنلۈك ئۆمرۈم قالدى. سەن تەيجى بەگ بىلەن كەتكىن، ئاتاڭنىڭ ئىزىنى باسقىن، — دېدى ئۇ. * شۇنداق قىلىپ، ئەر-خوتۇن ئىككىيلەن دادامنىڭ ئىزىنى بېسىپ سازچىلىق قىلدۇق. * — ئاكام ئۆلۈپ قالغان بىلەن، ئۇنىڭ ئىزىنى باسىدىغان چوپچوڭ ئوغلىنى كۆرۈپ تۇرۇۋېتىمەن، — دەپتۇ ئۇكىسى.

**ئىزىنى ئۆچۈرمەك** قىلغان ئىشى، كۆرسەتكەن تۆھپىسى، باسقان مۇساپىسى ياكى بىرەر ئىش-ھەرىكەت، پائالىيەت قاتارلىقلارنى يوققا چىقارماق: سىرنى بىلگۈچىلەرنىڭ ئىزىنى ئۆچۈرمەك. * — تارىختا ئۆتكەن مەشھۇر ۋەتەنپەرۋەر كىشىلىرىمىز ۋە ئۇلارنىڭ قىلغان ئىنقىلابلىرىنىڭ ئىزىنى ئۆچۈرۈش ھېچكىمنىڭ قولىدىن كەلمەيدۇ.

**ئىزىنى يوقاتماق** بەلگە قالدۇرماسلىق: ئۇ ياقۇپ ياساۋۇلنى كۆرۈپ ياكى ئۇنىڭ قولىغا چۈشكەنلىكىنى ئاڭلاپلا، ئىزىنى يوقىتىشقا كىرىشكەنىكەن-دە!

**ئىزا** ئى (ئە) ئۇيىلىش تۇيغۇسى؛ ئۇيات، خىجالەت، نومۇس: ئىزا تارتماق. ئىزاغا قالماق. * ئىزا ئۆلۈمدىن قاتتىق (ماقال).

**ئىزا تارتماق** ئۇيالماق، خىجالەت ھېس قىلماق، خىجالەت بولماق: تۇرسۇن ئۆزىنىڭ ھېلىقى خاتا ئىشلىرىنى ئويلاپ ئىزا تارتىپ ئېغىز ئاچالمىدى. * قىز بالا شۇ ئىش تۈپەيلى ئىزا تارتىپ ئۆيگە يىغلاپ كىرىپتۇ.

**ئىزاغا قالماق** ئۇياتقا قالماق، خىجالەتچىلىك ئىچىدە قالماق: نەچچە ۋاقىتتىن بېرى قانداقلا بولمىسۇن بىرەر قەلەمتىراشنى قولغا كەلتۈرۈشنىڭ كويىدا يۈرگەن تۇرۇقلۇق ئاقىۋەتتە ئۆزىنىڭ كۆپچىلىك ئالدىدا مۇنداق ئىزاغا قېلىشىنى ئويلىمىغانىدى.

**ئىزاغا قويماق** ئۇياتقۇزماق، ئىزاغا قالدۇرماق، ئىزا تارتقۇزماق: ياسىن يىل ئاخىرىدا ئەلاچى بولۇپ مۇكاپات ئېلىپ، مېنى ساۋاقداشلىرىم ئالدىدا ئىزاغا قويدى.

**ئىزا-ئاھانەت** ئىزا ۋە ئاھانەت: ئىزا-ئاھانەت قىلماق. ئىزا-ئاھانەتكە قالماق. * بۇگۈن كەچكى قەدىرسىزلىك ۋە ئىزا-ئاھانەتلەر ئۇنىڭ نېرۋىسىنى قاپلاپ، پۈتۈن ۋۇجۇدىنى باسماقتا ئىدى. * ئۇلار ئىزا-ئاھانەت ئىچىدە زار-زار يىغلاشقا باشلىدى.

**ئىزا-ئاھانەت قىلماق** تىللىماق، ھاقارەتلىمەك: نېمىشقا ھايال بولدۇڭ؟ ساڭا نېمە بولدى؟ نېمىگە يىغلىدىڭ؟ ياكى بىرەر كىشى ئىزا-ئاھانەت قىلدىمۇ؟ ھالىڭنى ماڭا بايان قىل!

**ئىزا-ئاھانەتكە قالماق** ئىزا-ئاھانەتكە

دۇچ كەلمەك، ئۇچرىماق: مەن سىېنىڭ كەينىڭگە كىرىپ خالايىقنىڭ ئىزا-ئاھانىتىگە قالدىم، ئەمدى خام خىيال قىلما، ھەرگىز سېنىڭ ئارقاڭدىن ماڭمايمەن. * مەن سېنىڭ ئورنىڭدا بولغان بولسام، شۇ ئىزا-ئاھانەتكە قالغۇچە ئاللىقاچان ئۆلۈۋالغان بولاتتىم.

**ئىزاھ** ئى (ئە) ① سۆز، ئىبارە ھەم ئۇنىڭ مەنىسى ياكى ۋەقە-ھادىسە ۋە شۇ قاتارلىقلارغا بېرىلگەن چۈشەندۈرۈش؛ ئىزاھات، يەشمە، شەرھ: ئىزاھ بەرمەك. * بىز ئۇچىمىز «ئۇيغۇر تىلى ئىزاھلىق لۇغىتى» نىڭ 5-تومىدىكى سۆزلەرنىڭ ئىزاھىنى باشتىن-ئاخىر تەكشۈرۈپ چىقتۇق. * بوۋاي ئىزاھ تەلەپ قىلىپ ئادىلغا قاراپ قويدى. * سىلەر ئۇنى بىراۋنىڭ قىسقىچە تارىخىغا يېزىلغان ئىزاھلارنى كۆچۈرۈپ يېزىۋاتىدۇ دەپ ئويلامسىلەر! ياق، ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس. ② تېكىستلارنىڭ ئايرىم يېرىگە كىرگۈزۈلگەن ياكى ئايرىم مەسىلىگە بېرىلگەن چۈشەندۈرۈش؛ قوشۇمچە مەلۇمات، ئەسكەرتىش: تەرجىمان يەنە ئەسەرنى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىش جەريانىدا، كىتابخانلارنىڭ چۈشىنىشىگە قولايلىق يارىتىش ئۈچۈن ناھايىتى مۇكەممەل ئىزاھلارنى قوشقان.

**ئىزاھ بەرمەك** سۆز-ئىبارىنىڭ مەنىسى ياكى بىرەر ئىش-ھەرىكەت، ۋەقە-ھادىسىنىڭ مەزمۇنىنى چۈشەندۈرۈپ ئۆتمەك، ئىزاھلىماق، يەشمەك، يېشىپ كۆرسەتمەك: سۆزگە ئىزاھ بەرمەك. * «مەن كۆزگە ئىلماي» دېگەن سۆزنى باشقىچىرەك چۈشەنگىنىم ئۈچۈن ئۇ ئىزاھ بەردى. * ئەلى ئىزاھ بېرىپ «مەن سىزنىڭ ئاچچىز رەناتنىڭ ئوتتۇرا مەكتەپتىكى ساۋاقدىشى بولىمەن، سىزنى ئاۋۇ يەرگىچە ئاپىرىپ قوياي، بولامدۇ؟» دېدى.

**ئىزاھات** ئى (ئە) يىزت. ئىزاھ؛ ئىزاھلار، چۈشەندۈرۈشلەر، شەرھلەر: ئىزاھات بەرمەك. * رەيھان بۇ سۆزلەرگە ئىزاھات بەردى. * بۇ ئىزاھاتتىن سادىق تۇرمىدىكى ئۇنتۇلماس دوستى ئادىلنىڭ تۇرمىدىن بوشىغاندىن كېيىنكى ئىشلىرىنى ئېسىغا ئالدى. * ئۇ بۇ ئىشنى كىم، قاچان، قانداق قىلىپ شۇنداق ئۇستىلىق بىلەن ئىز قالدۇرماي قىلىۋاتقانلىقىنى چۈشەندۈرگۈدەك ئىزاھات تاپالمايتتى.

**ئىزاھات بەرمەك** ئىزاھلاپ چۈشەندۈرمەك، ئىزاھلاپ ئۆتمەك، ئىزاھلىماق، يەشمەك: ئۇ غەلىتە ئۇقۇشماسلىقنى چۈشەندۈرۈش ئۈچۈن بىزگە گەپنى توختىتىپ تۇرۇپ، ئىزاھات بېرىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىۋاتىدۇ. * — كۆكەلەر ئائىلىسىدىكى قەھرىمانلىق ئۇنىڭ ئاتىسىدىن تارتىپ باشلانغان، — دېدى ئىزاھات بېرىپ پودپولكوۋنىك پوچە.

**ئىزاھاتسىز** رەۋ. ئىزاھاتى يوق، ئىزاھات بەرمەيلا: ئۇ كېرەكلىك ئاچقۇچ، رەيھاننىڭ قولۇپلىرىغا سېلىنمىغانلىقىنى ئىزاھاتسىزلا چۈشىنەتتى. * يىگىتلەر تۇرغۇننىڭ مەقسىتىنى ئىزاھسىزلا چۈشەندى.

**ئىزاھلاتقۇزماق** «ئىزاھلىماق» پېئىلىنىڭ قوش مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**ئىزاھلاتماق** «ئىزاھلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: سۆزنى ئىزاھلاتماق.

**ئىزاھلاشماق** «ئىزاھلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**ئىزاھلانماق** «ئىزاھلىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: بۇ يىل ئەتىيازدىن ھازىرغىچە جەمئىي بەش مىڭ لېكسىكا ئىزاھلىنىپ بولدى. * كىشىنىڭ ئەخلاقىي قىياپىتى بىرەر ھەرىكەتنى قىلىش ياكى ئۇنى

توختىتىش ئىپادىسى ئارقىلىق ئىزاھلىنىدۇ.

**ئىزاھلىتىلماق** «ئىزاھلاتماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**ئىزاھلىق** سۈپ. ئىزاھى بار، مەنىسى، ماھىيىتى چۈشەندۈرۈلگەن: ئىزاھلىق لۇغەت.

**ئىزاھلىق لۇغەت** <تىل> سۆز مەنىلىرى شەرھلەپ، چۈشەندۈرۈپ كۆرسىتىپ بېرىلگەن لۇغەت: ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى. ئۆزبېك تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى.

**ئىزاھلىق تەگداش بۆلەك** <تىل> ئوخشاش بىر شەيئىنى ئىپادىلەپ، جۈملىنىڭ ئوخشاش بىر بۆلىكى بولۇپ كېلىدىغان ئىككى سۆز ياكى سۆز بىرىكمىسى. مەسىلەن، «ئۇلار دۇنيانىڭ ئەڭ ئېگىز چوققىسى جۇمۇلاڭماغا چىقتى» دېسەك، بۇ يەردە «ئەڭ ئېگىز چوققا» بىلەن «جۇمۇلاڭما» دېگەن ئىككى بىرلىك ئوخشاش بىر شەيئىنى ئىپادىلەيدۇ، شۇنداقلا «چىقىش» دېگەن ھەرىكەت ھەر ئىككى بىرلىككە تەڭ قارىتىلغان بولىدۇ. بۇ يەردە بۇ ئىككى بۆلەك پەقەت بىر-بىرىنى ئىزاھلاپلا كېلىدۇ. مانا مۇشۇنداق بىرلىكلەر ئىزاھلىق تەگداش بۆلەك دەپ ئاتىلىدۇ.

**ئىزاھلىماق** پ ① سۆز-ئىبارە ياكى بىرەر ئىش، ۋەقە-ھادىسە ۋە شۇ قاتارلىقلارنىڭ مەنىسىنى چۈشەندۈرمەك، ئۇنىڭ مەنىسىنى، ماھىيىتىنى ئېچىپ كۆرسەتمەك، يەشمەك، شەرھلىمەك: ئۇ مېنىڭ چىرايىمدىكى غەزەپ ئارىلاش تەئەججۈپنى كۆردى بولغاي، سۆزىنى ئىزاھلىدى. * بۇ چارىنى ئۈرۈمچى شەھەرلىك باج ئىشلار ئىدارىسى چۈشەندۈرىدۇ ۋە ئىزاھلايدۇ. * سەزگۈر سوپاخۇن ئاكام سېكرېتارنىڭ ئۆز سۆزىنى چۈشەنمىگەنلىكىنى دەرھال ئاڭقىرىپ سۆزىنى ئىزاھلىدى. ② تېكست ئىچىدىكى مەلۇم جۈملە ياكى سۆزگە ئىزاھات بەرمەك: سۆزنى ئىزاھلىماق.

**ئىزاھنامە** ئى ئىزاھ، چۈشەندۈرۈش يېزىلغان قەغەز ياكى كىتابچە: — ناھايىتى ياخشى بولۇپتۇ، — قادىر ئۇرۇندۇقنى شىرەگە يېقىنراق سۈرۈپ چېرتيوژغا قارىغاچ سۆزلىدى، — ئەمدى ياخشى بولدى، ئىزاھنامە يېزىشقا كۆپ كۈچ سەرپ بولىدۇ. * ئۇ ئىزاھنامە يېزىلغان قەغەزلەرنى بىر چەتكە ئېلىپ قويۇپ، چېرتيوژنىڭ يۈگىكىنى يېيىپ تۈزلىدى.

**ئىزباسار** ئى (ئىز+باسار) ئالدىنقىلارنىڭ ئورنىنى دەسسەپ، ئۇلارنىڭ تۇتقان يولىنى، قىلغان ئىش-ئىزلىرىنى داۋاملاشتۇرغۇچى؛ ئۇلارنىڭ ئىشلىرىغا ۋارىسلىق قىلغۇچى شەخس، ئادەم: ئىزباسار تەربىيىلەش. ئىزباسار يېتىشتۈرۈش. * شەۋكەت ئۇنىڭ تۇنجى ئىزباسارى بولدى.

**ئىزباسارلىق** «ئىزباسار» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى.

**ئىزتىراپ** ئى (ئە) يېزت ① قاتتىق ھاياجان: شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ قەلبىدە توساتتىن شېرىن، ئەمما غەمكىن ئىزتىراپ ئويغاندى. * كەشتىچى تەبىئەت توقۇغان گىلەم — ئۈستىدىن ئۇ ماڭا كەلدى يۈزلىنىپ. ھاڭ قېتىپ ھودۇقۇش، تەمتىرەش بىلەن، ئىزتىراپ ئىچىدە قالدىم ئەيمىنىپ. ② روھىي ئازاب، روھىي ئېزىلىش، ھەسرەت، سىقىلىش، ئەلەم: بۇ مىنۇتلار تاشۋاينىڭ ھاياتىدىكى ئەڭ ئاچچىق ئىزتىراپ ۋە ئىسيان مىنۇتلىرى ئىدى. * ئۇلارنىڭ سالاپەتلىك يۈزلىرىنى ئاچچىق ئىزتىراپ، قاتتىق ئېچىنىش ۋە ھەسرەت--

نادامەت تۇمانلىرى قاپلاپ كېتىۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى. * بەختىيار چاچراپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى-دە، ئىزتىراپ بىلەن: — ساۋاقدىشىم، ھەقىقەتەنمۇ ساڭا بەختسىزلىك قوشلاپ كېلىپتۇ، — دېدى.

**ئىزتىراپقا چۈشمەك** ئەنسىزلىككە پاتماق، غەمگە پاتماق، غەمسىرىمەك، تىت-تىت بولماق: تاشۋاي كۆزلىرىگە ئىشەنمەي، بىرھازا ئىزتىراپقا چۈشكەن پېتى قاراپ تۇرۇپ قالدى. * ئۇ راۋابنى قولىغا ئېلىپلا بىرھازاغىچە قاتتىق ئىزتىراپقا چۈشۈپ، ئۈن-تىنسىز تۇرۇپ كەتتى.

**ئىزچى** ئى ① ئىزىغا چۈشۈپ، ئىز قوغلاپ تاپقۇچى كىشى ياكى ئىزنى ياخشى بىلىدىغان ھەم شۇ ئارقىلىق بىرەر ۋەقە، ئىشنىڭ يىپ ئۇچىنى تېپىپ ئېنىقلايدىغان رازۋېدچىك: پىشقەدەم ئىزچىلار ھارۋىنىڭ شۇ كېچىسى دەريانىڭ ئېقىمدىكى تىك قىرغاقچە ھەيدەپ بېرىلگانلىقىنى، ماتورنىڭ دەرياغا دومىلىتىۋېتىلگەنلىكىنى ئېنىقلاپ چىقتى. * پادىشاھ پۈتۈن مەملىكەتتىكى ئىزچى، سىنچى، رەمچى، قۇرئەندازلارنى يىغىپ، ئۇلارنى ئۆز كارامىتىنى كۆرسىتىشكە بۇيرۇپتۇ. ② ئالدىنقىلارنىڭ ئىزىنى باسقۇچى، ئورنىنى ئىگىلىگۈچى ئادەم؛ ئىزباسار: — بالىلارغا بېرىلگەن بۇ ئىنقىلابىي تەربىيە، بەك جايىدا بولدى، — دېدى مۇنىرىدىن، شائىر دوستىنىڭ ئىزچى تەربىيلەش يولىدا كۆرسەتكەن ئەقىل-پاراسىتىدىن مەمنۇن بولۇپ. * قەھرىمانلارنىڭ ئىزىنى باسىدىغانلار، جەڭدە قۇربان بولغان، شېھىت بولغانلارنىڭ ئىزىنى باسىدىغانلار... جەڭچى بىلەن ئىزچىلارنىڭ جەڭ مارشى — كۈرەش ناخشىسى بولىدۇ. ③ تارىس. شىڭ شىسەي دەۋرىدىكى «ئىزچىلار» ئەترىتىنىڭ ئەزاسى يەنى بىر خىل كۆك كىيىم كىيىپ، ئالا كالتەك تۇتۇپ ئاممىۋى يىغىنلارنىڭ تەرتىپىنى ساقلاشقا مەسئۇل بولغان ئۆسمۈرلەر ئەترىتىنىڭ ئەزاسى.

**ئىزچىل** ① سۈپ. ھەمىشە بىر خىل داۋام قىلىدىغان، داۋاملىشىپ كەلگەن، دائىملىق، ئۆزگەرمەس: بۇ — ئۇنىڭ ئۈچ يىلدىن بۇيانقى ئىزچىل ئادىتى. لېكىن ئۇ بۇ ئادىتىنى ئۆزگەرتىشنى ھەرگىز خالىمايدۇ. ② رەۋ. بىر تەخلىتتە، بىر يۆنىلىشتە، بىر خىل رەۋىشتە، ھەرقانداق چاغدا، ھەرقانداق جايدا بىر خىل، باشتىن-ئاخىر، ئېغىشماي: پارتىيە سىياسىتىنى ئىزچىل داۋاملاشتۇرىمىز. * سەمەت كۆزلىرىنى ئىزچىل ئۇنىڭغا تىكىپ، سۆزلەرنى بۆلۈپ-بۆلۈپ دېدى. * نىكاھ قانۇنىنى ئېغىشماستىن توغرا، ئىزچىل ئىجرا قىلىش سىلىدەك بىر شۇجىنىڭ مۇقەددەس بۇرچى. ③ سۈپ. بىرەر يولدىن ئېغىشماي ماڭىدىغان، دائىم بىردەك: ئىزچىل ھالدا. * ئۇ مىليون يىللار داۋامىدا ئۆزىنىڭ غايەت زور كۈچ-قۇدرىتىنى ئىزچىل نامايان قىلىپ كەلدى. * مانجۇ خانلىقى قۇمۇل ۋاڭلىرىنىڭ ئىزچىل ھالدا مانجۇ خانىغا سادىقلىقىنى نەزەردە تۇتۇپ، مېھرىبانۇنى بۇگۈن يېڭىساردىن قۇمۇلغا ئەكەلدى. ④ سۈپ. ئۆز ئارا مەنتىقىلىق باغلىنىشلىقى بولغان، مەلۇم قانۇنىيەت، پرىنسىپلارغا باشتىن-ئاخىر بىردەك ئەمەلىيلەشكەن، باشتىن-ئاخىر بىردەك ھەل قىلىنغان، سىستېمىلىق، مۇنتىزىم: ئىزاھلىق لۇغەتلەردە ئىزاھنىڭ ئىزچىل بولۇشى تەلەپ قىلىنىدۇ.

**ئىزچىل تۇس** <تىل> پېئىلنىڭ تۇس شەكىللىرىدىن بىرى، يەنى پېئىللارنىڭ بەلگىلىك گراماتىكىلىق شەكىللەر

ئارقىلىق شۇ پېئىلدا ئىپادىلەنگەن ئىش-ھەرىكەتنىڭ ئىزچىل داۋام قىلىدۋاتقانلىقىنى ئىپادىلەيدىغان گىراماتىكىلىق مەنە. ئۇيغۇر تىلىدا پېئىل ئۆزەكلىرىگە «-ۋاتى- / -ئىۋاتى-، -ئۇۋاتى- / -ئۈۋاتى-» قوشۇمچىلىرىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن پېئىللارنىڭ ئىزچىل تۈس شەكلى ياسىلىدۇ. مەسىلەن، يېزىۋاتىمەن، كۆرۈۋاتىمەن، ئوقۇۋاتىمەن قاتارلىقلار.

**ئىزچىل قاپىيە** <ئەد> بىر پارچە شېئىردا قاپىيە ئورنىدا قوللىنىلغان سۆزلەرنىڭ باشتىن-ئاخىر بىر خىل تەرتىپتە كېلىشى.

**ئىزچىلار** ئى <تارىخ> كاپىتالىستىك دۆلەتلەردىكى ئۆسمۈر باللار تەشكىلاتى. ئازادلىقتىن بۇرۇنقى گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىقى دەۋرىدىمۇ ئېلىمىزدە بۇ خىل تەشكىلات بولغان.

**ئىزچىللاشتۇرماق** «ئىزچىللاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: سىياسەتنى ئىزچىللاشتۇرماق. * بىز ئورمانچىلىقنى تېخىمۇ ياخشى راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن، ئورمانچىلىق خىزمىتى فاڭجېنىنى ياخشى ئىزچىللاشتۇرۇشىمىز لازىم.

**ئىزچىللاشتۇرۇلماق** «ئىزچىللاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئەمەلىيەت شۇنى ئىسپاتلىدىكى، پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتى مىللىي مۇناسىۋەتنى ياخشىلاش، مىللەتلەر باراۋەرلىكىنى تۇرغۇزۇش ئاساسىدىلا ئىزچىللاشتۇرۇلىدۇ. * جايلاردا رەھبەرلىك بەنزىنى سايلىغاندا، پارتىيىنىڭ تەشكىلىي لۇشيەنى ئىزچىللاشتۇرۇلدى.

**ئىزچىللاشماق** پ ① باشتىن-ئاخىر ئىزچىل، بىردەك بولماق، بىر پۈتۈن ئىشنىڭ ھەممىسىدە ئىزچىللىق، بىردەكلىك ساقلانماق، ئىزچىل بىر خىل ھەل قىلىنماق: بىر مىللەت تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتىنىڭ ياخشى-يامان تۈزۈلۈشى ئۇنىڭدىكى مەسىلەرنىڭ ئىزچىللىشىشىدا. ② ئىجرا قىلىنماق، ئىجرا بولماق، ئەمەلگە ئاشماق، ئەمەلىيلەشمەك: كادىرلار سىياسىتى ئىزچىللاشتى. * پارتىيىنىڭ سىياستى ئىزچىللاشتى.

**ئىزچىللىق** «ئىزچىل» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: بۇنداق ئۇبدان ئويلىمىغان ئىش قاچانلا بولمىسۇن ئۆزىنى كۆرسىتىپ قويىدۇ. دېمەك، سىزنىڭ گېپىڭىزدە ئىزچىللىق يوق. * «بەدەننى چېنىقتۇرۇش ۋە شۇ ئارقىلىق تەن ساغلاملىق ۋە بەدەن قۇۋۋىتىنى ئاشۇرۇشتا ئىزچىللىق مۇھىم ھالقا» دېدى. قادىر مۇئەللىم. * قابىلىيەت بىر خىل ئىندىۋىدۇئال پسىخولوگىيىلىك ئالاھىدىلىك بولۇپ، ئۇنىڭ ئاساسىي ئالاھىدىلىكى ئىزچىللىق، مۇستەھكەملىكتىن ئىبارەت.

**ئىزچىللىق پرىنسىپى** <مال> بوغالتىرلىقتا بىر تەرەپ قىلىشتا بىرەر خىل ئۇسۇلنى تاللىۋالغاندىن كېيىن، ئۇنى ئىمكانقەدەر ئىزچىل قوللىنىش پرىنسىپى.

**ئىزخىر** ئى (ئە) <بوت> باشاقلىقلار ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. يوپۇرمىقى ئۇزۇن، ياپىلاق، گۈلى كونۇسسىمان گۈل رېتىدە، تروپىك بەلباغ رايونلىرىدا ئۆسىدۇ. غول ۋە يوپۇرمىقىدىن ئىزخىر مېيى ئېلىنىپ ئەتىرنىڭ خام ئەشياسى قىلىنىدۇ.

**ئىزدەتكۈزمەك** «ئىزدىمەك» پېئىلىنىڭ قوش مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**ئىزدەتمەك** «ئىزدىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئەبرىھەنىڭ ئاتىسى پۈتۈن ئالەمنى ئىزدىتىپ، ئەبرىھەدىن

خەۋەر تاپالماي، يۈرگەندە تۇيۇقسىز «ئەبرىھە يەمەن پادىشاھىنىڭ خىزمىتىدىمىش» دېگەن خەۋەر كېلىپ قېلىپتۇ. * لەشكەر باشلىقلىرى لەشكەرلىرىنى ئۆيمۇئۆي ئىزدىتىپتۇ، شۇ چاغدا بىر لەشكەر ئېغىلدا تۇرغان بىر خوتۇننىڭ دەرۋازىدىن ئۆتمىگەنلىكىنى خەۋەر قىلىپتۇ.

**ئىزدەشتۈرمەك** پ. ئىزدەش ۋە شۇ خىلدىكى ھەرىكەتنى قىلماق، ئىزدىمەك: ئانام قاراڭغۇ ئۆيدىن قىشلىق ئايىغىمنى ئىزدەشتۈرۈپ، ئاخىرى تاپتى.

**ئىزدەشمەك** «ئىزدىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: — ئۇكا، ئۇستىنى ئىزدىشىپ بەرسەڭ بوپتىكەن، جىددىي ئىش بار ئىدى، — دېدى سۇلايمان. * — جامال مۇئەللىملەر سىزگە كۆپ ياخشىلىق قىلىپتۇ، بىر-بىرىڭىزلەرنى ئوبدان ئىزدىشىدىكەنسىزلەر، — دېدىم مەن تەستە ئۇنىڭغا. * — بۇندىن كېيىن يەنە بىرنەرسە يوقاتسىڭىز، قاراڭغۇ دېرىزە تۈۋىدىن ئىزدىمەي، ئۇدۇللا ئۆيگە كىرىڭ، ئىزدىشىپ بېرىمىز، — دېدى ئادىل قوشنىسىغا. * شۇندىن بېرى ئۇلار يېقىن ئۆلپەتلەردەك ئىزدىشىپ تۇراتتى.

**ئىزدەكچى** ئى. ئىزدەش ئۈچۈن مەخسۇس ئەۋەتىلگۈچى كىشى: پادىشاھ ھەر تەرەپكە ئىزدەكچى ئەۋەتىپ، جاكار سېلىپ، ھېچ دېرەك ئالالمىدى، ئاكىسى بۇنىڭغا ناھايىتى قاتتىق قايغۇردى.

**ئىزدەك-سوراق** بىرەر ئادەم ياكى ئىش، مەسىلە قاتارلىقلار ھەققىدە بىلىشكە تېگىشلىك بولغان خەۋەر، ئۇچۇر، خەت-خەۋەر، دېرەك: ئىزدەك-سوراق قىلماق.

**ئىزدەك-سورىقى بولماق** سۈرۈشتۈرۈلمەك: قاچانلا بولمىسۇن، ئەمەت كۆرۈكنىڭ ئىزدەك-سورىقى بولۇپ قېلىشى مۇمكىن ئىدى.

**ئىزدەك-سورىقىنى قىلماق** سۈرۈشتۈرمەك، ئىزدىمەك؛ سۈرۈشتە قىلماق، خەت-خەۋىرىنى، ئۇچۇرىنى ئېلىش مەقسىتىدە ئىزدەنمەك: بالىلار ئەتىسىلا ئۇنىڭ ئىزدەك-سورىقىنى قىلىشتى. * ئاتام يوقاپ كەتكەن ئاچىسىنىڭ ئىزدەك-سورىقىنى قىلغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ خەۋىرىنى تېخى ئالالمىدى.

**ئىزدەك-سورىقى يوق** ھېچقانداق ئۇچۇرى يوق، دېرەك قالدۇرمىغان: ئۇ بالا ئىزدەك-سورىقى يوقلا يوقىلىپ كەتتى.

**ئىزدەلمەك** «ئىزدىمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**ئىزدەندۈرمەك** «ئىزدەنمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: كىشىلەرنىڭ ھەرقانداق خىزمەت بىلەن شۇغۇللىنىشىدا بۇ ئىككى خىل دىققەتنىڭ ھەر ئىككىسىلا زور ئەھمىيەتكە ئىگە. ئوبيېكتىپ شەيئىلەرنىڭ ئۆزگىرىشىدىن تەبىئىي پەيدا بولغان ئىختىيارسىز دىققەت كىشىلەرنى، يېڭى شەيئىلەر ئۈستىدە ئۈزلۈكسىز ئىزدەندۈرىدۇ.

**ئىزدەنمەك** ① «ئىزدىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆزلۈك دەرىجىسى: ئابلىز بۇ ھەقتە بىرەر چارە ئىزدەپ بېقىشقا ئىزدەنگەنىدى. ② بىر ئاماللارنى قىلماق، چارە قىلىپ ئىرىشمەك: ئانىنىڭ مىسكىن كۆزلىرىدە ئۈمىد ۋە كۈلكە پەيدا بولدى، ئۇ ئىزدىنىپ ئېشىنغان پۇلغا ئوغلى ئۈچۈن چىرايلىق پوسما ۋە يېڭى كىيىملەرنى ئېلىپ بەردى. ③ بىرەر ئىشنى ياخشى ئىشلەش، ۋۇجۇدقا چىقىرىش ۋە ئۆگىنىش مەقسىتىدە ئىشتىياق بىلەن بېرىلمەك: ئىزدىنىپ ئۆگەنمەك. كەسىپ ئۈستىدە ئىزدەنمەك. * قەدىمكى ھۆكۈمالار ساقلىقنى ساقلاش مەسىلىلىرىدە خېلى چوڭقۇر ئىزدەنگەن، بولۇپمۇ ئوزۇقلۇقلارنىڭ خاراكتېرىنى بەلگىلەش جەھەتتە ئالاھىدە ئىزدەنگەن.

**ئىز-دېرەك** ئادەم ۋە نەرسىلەرنىڭ بار-يوقلۇقى، مەلۇم ياكى مەلۇم ئەمەسلىكى ھەققىدە ئېلىنغان ئۇچۇر، خەۋەر، دېرەك: ئىز-دېرىكى يوق. ئىز-دېرىكىنى قىلماق. ئىز-دېرىكى بولماسلىق. ئىز-دېرىكىنى ئالماق.

**ئىز-دېرىكىنى ئالماق** ئۇچۇرغا ئىگە بولماق، خەۋىرىنى ئاڭلىماق، دېرىكىنى بىلمەك، سۈرۈشتۈرۈپ بىلمەك: خىيالىمدا، ئۇ شەھەردىكى تۇغقانلىرىنىڭ ئۆيىدە تۇرۇپ قالغان بولۇشى مۇمكىن، دەپ ئويلايتتىم، لېكىن ئۇنىڭ دوستلىرى ئۇ يەردىمۇ ئىز-دېرىكىنى ئالالماي چىقتى. * سەن بېرىپ، ئۇنىڭ ئىز-دېرىكىنى ئال. * ئۇزاق بولدى، بالامنىڭ ئىز-دېرىكىنى ئالالمىدىم.

**ئىز-دېرىكىنى قىلماق** دېرىكىنى ئېلىش، ئۇقۇش، خەۋەر تېپىش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلماق؛ سۈرۈشتۈرۈپ ئىزدەشكە كىرىشمەك: – ئۇنداق بولسا، بۇ بالىنىڭ ئىز-دېرىكىنى قىلىپ باقساق قانداق؟ – دېدى ئاسىم تەيجى. * ئازادلىقتىن كېيىن دادام مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلار ئارقىلىق كۆپ قېتىم بىزنىڭ ئىز-دېرىكىمىزنى قىلغان بولسىمۇ، ھېچقانداق دېرەك ئالالماپتۇ.

**ئىز-دېرەكسىز** ئىز-دېرىكى يوق، بىرەر ئىز، ئۇچۇر قالدۇرماي، خەۋىرى بىركىمگە ئايان بولمايلا، جىممىدىلا: ھاجى توختى مەكتەپتىن ئىز-دېرەكسىز يوقىلىپ كەتتى. * ئۇنىڭ كەينى-كەينىدىن يازغان بىرنەچچە خېتىمۇ ئىز-دېرەكسىز يوقاپ كەتتى.

**ئىز-دېرەكلىمەك** ئىز-دېرىكىنى قىلماق، ئىز-دېرىكىنى سۈرۈشتۈرمەك: – نېمە ئاساسىڭ بار؟ – دېدى زەۋقى ئىز-دېرەكلەپ.

**ئىزدىتىلمەك** «ئىزدەتمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**ئىزدىمەك** پ ① ئادەم ۋە نەرسىنىڭ قالدۇرغان ئىزىنى بويلاپ ماڭماق، ئىزىنى باقماق: – بىز سۇ چېچىشىپ ئوينايدىغان جىگدە بۇلاقچۇ، ئۇ يەردە مەن سىزنىڭ ئىزلىرىڭىزنى ئىزدىدىم، – دېدى شاكىر. ② ئۆزىگە لازىم بولغان بىرەر ئادەم ياكى نەرسىنى تېپىش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلماق، قىدىرماق: ئاچقۇچنى ئىزدىمەك. * ئۆتكەن يىلى بىركۈنى سادىق مېنى ئىزدەپ ئىشخانامغا كېلىپتۇ. * ئىزدەپ بارسام ئېتىزغا، ئاي كۆرۈندۈڭ ئايدىڭدا. نېمە گېپىڭ بار ئىدى، كومباينچى يىگىتكە. ③ تاپماق: قۇسۇر ئىزدىمەك. نۇقسان ئىزدىمەك. * ئۇ خىلمۇخىل سوئاللاردىن ئۆزى بىلىدىغان ئاسانراقلىرىنى ئىزدىدى، لېكىن بىرىگىمۇ ئەقلى يەتمىدى.

**ئىزدىنىش** ① «ئىزدەنمەك» پېئىلىنىڭ يەنە بىر خىل ئىسمىدىشى. ② ئى. يېڭىلىق يارىتىش، يېڭىلىق تېپىش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىش؛ قىدىرىش، ئاختۇرۇش: بۇنداق ئىزدىنىش ھەرقانداق بىر ئىلمىي پائالىيەتتىن يۇقىرى تۇرىدۇ. * مەن كىتابخانلارنىڭ تەنقىدىي تولۇقلاش نەزىرىدە بولۇپ، داستاننىڭ مۇكەممەل نۇسخىسىنى تېپىش يولىدا ئىزدىنىشنى ئۈمىد قىلىمەن. * يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك مۇستەقىل پىكىر قىلىش، مۇستەقىل ئىزدىنىش قابىلىيىتىمۇ زور دەرىجىدە يۈكسىلىدۇ.

**ئىزدىنىشمەك** «ئىزدەنمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: يېزىمىزدا قۇرغاقچىلىقنى تۈگىتىشنىڭ يولىنى تېپىش ئۈچۈن، كۆپچىلىك بىلەن بىرلىكتە ئىزدىنىشىمىزگە توغرا كېلىدۇ ھەم بۇ يولنى جەزمەن تاپقىلى بولىدۇ.

**ئىززەت** ئى (ئە) ① باشقىلارغا قىلىنىدىغان ياكى باشقىلاردىن كۆرگەن، ئېرىشكەن

ھۆرمەت؛ ئېھتىرام: ئىززەت قىلماق. ئىززەت تاپماق. * پادىشاھ بەختىنىڭ ئالدىدا خەدداد ئىززەت بىلەن قول باغلاپ تۇرۇپتۇ. * – ھۇ ئىززىتىنى بىلمەيدىغان قەلەندەر! سەن جالاپنى... – دېگىنىچە، تاپانچىسىنى يېنىدىن چىقاردى ئۇ. * شامەخسۇت بۇ غەزەپ چاقماقلىرىدا كۆيۈپ كەتكۈچە، ئۆز ئىززىتىم بىلەن كېتىۋالاي دېگەنىدەك قىلىپ، ئۈچ يىل بۇرۇن ئۇ دۇنياغا كېتىۋالدى. ② جەمئىيەت تەرىپىدىن شەكىللەنگەن ئىناۋەت، ئابروي، نام-شەرەپ، شۆھرەت، پەخىر: ۋەتەننىڭ ئىززىتى. ئىززىتىنى ساتماق. ③ ئەر-ئاياللارنىڭ ئىسمى.

**ئىززەت قىلماق** ئىززەتلىمەك، ھۆرمەتلىمەك، چوڭ كۆرمەك: مېھماننىڭ ئىززىتى قىلدىن ئىنچىكە (ماقال). * چوڭ ئىززەت قىلسا، كىچىك خىزمەت قىلار (ماقال). * خۇدا ئۆمرىگە بەرىكەت بەرگۈرنىڭ ئاتىسىغا رەھمەت! .... «ئىززەت قىلغانغا خىزمەت قىل» دېگەن گەپ بار.

**ئىززىتىنى بىلمەك** ئىززەتلىگەننى چۈشىنىپ، ھۆرمەتلىگەننىڭ قەدرىگە يەتمەك: – ئىززەتلىرىنى بىلىپ، جايلىرىدا جىم ئولتۇرسىلا، – دېدى ئارقىدىن گۈلبوستان.

**ئىززىتىنى ساتماق** ئىززەت-ھۆرمىتىنى يەرگە ئۇرماق، ھۆرمىتىنى بىر تىيىن قىلماق.

**ئىززىتىنى سېتىپ يەيدىغان** باشقىلارنىڭ ئىززەت-ھۆرمەت قىلغىنىنى توغرا چۈشەنمەي، ئۇنى يامان ئىشلارغا ۋاستە قىلماق: ئۇنداق ئىززىتىنى سېتىپ يەيدىغان نېمىلەرنى ھۆرمەتلەپ نېمە قىلاتتىم.

**ئىززەت-ئابروي** ئىززەت ۋە ئابروي، ئىناۋەت: مىللەتنىڭ ئىززەت-ئابرويى. * تالىپنىڭ شۇنچە ئىززەت-ئابروي بىلەن كۆتۈلۈپ ئېلىنىشى روشەندە پەخىرلىنىش تۇيغۇسى پەيدا قىلدى.

**ئىززەتسىز** سۈپ. ئىززىتى يوق، ئىززەت قىلىنمايدىغان ياكى ئىززىتىنى بىلمەيدىغان: ئىززەتسىز ئادەم.

**ئىززەت-غۇرۇر** ئىززەت ۋە غۇرۇر: ئىززەت-غۇرۇرى يەرگە ئۇرۇلغان قۇگۇەننىڭ يۈزى تاتىرىپ كەتتى. شۇ ئان غەزىپى مېڭىسىگە تەپتى-دە، تاپانچىسىغا قول سوزدى.

**ئىززەتلەشمەك** «ئىززەتلىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار بىر-بىرىنى ئىززەتلىشىپ، ھۆرمەتلىشىپ كەلمەكتە. قىسمەت چورۇق قولىنى يۇيۇپ داستىخانغا كەلمىسە، مەسۇدىخاننىڭ قازاننىڭ تۈۋىقىنى ئاچمايدىغانلىقىمۇ ئېنىق.

**ئىززەتلەنمەك** «ئىززەتلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: مېھمانلار تۈرلۈك غىزا-تائاملار بىلەن ئىززەتلەندى. * يىگىتلەر ئىچكىرىكى ھويلىدا-پېشايۋان ئاستىدىكى سۇپىغا سېلىنغان گىلەملەر ئۈستىگە ئولتۇرغۇزۇلۇپ، ئالدىبۇرۇن تەخ قىلىپ تەييارلاپ قويۇلغان نەچچە تۈرلۈك نازۇنېمەتلەر، قويۇق-سۇيۇق ئاشلار بىلەن ئىززەتلەندى.

**ئىززەتلىك** سۈپ. ئىززىتى بار، ئىززىتى بولغان، ئىززەت-ھۆرمەتكە سازاۋەر؛ مۆھتەرەم، ھۆرمەتلىك: ئىززەتلىك ئادەم. * ھازىر بىزگە بەكمۇ ئىززەتلىك مېھمانلار كېلىدۇ. شۇلارنى لايىقىدا كۈتۈۋالىمىز.

**ئىززەتلىمەك** پ. ئىززەت قىلماق، ئىززەت-ھۆرمەت كۆرسەتمەك، ھۆرمەت تۇيغۇسىدا قارىماق، ھۆرمەتلىمەك: سىلەر بىلەن بىز بىر-بىرىمىزنىڭ ئىززىتىنى قىلىشمىساق، كىم بىزنى ئىززەتلەيدۇ؟ * مۇشۇنداق بىر پەيتنى كۈتكەن تۆرىخان ۋاقتىنى قولدىن

بەرمەي، مۇھەممەتنى ئۆيىگە باشلاپ ئەكىرىپ، ئالاھىدە «مېھمان» قىلدى، ئىززەتلىدى. * ئۇ ئابدۇراخماننى ئۆزىنىڭ ئاكىسىدەك يۇقىرى كۆرەتتى ۋە ئىززەتلەيتتى.

**ئىززەت-نەپس** كىشىنىڭ ئۆز ئىززەت-ھۆرمىتىنى، ئۆز قەدىر-قىممىتىنى، پەزىلەتلىرىنى سېزىش ۋە ئۇنى قەدىرلەش ھېسسى؛ غۇرۇر: ئىززەت-نەپسگە تەگمەك.

**ئىززەت-نەپسگە تەگمەك** خورلىماق، غۇرۇرىغا تەگمەك، ئىززەت-ھۆرمىتىنى قىلماسلىق: ھەر كىشىنىڭ ئىززەت-نەپسى بولىدۇ، كىشىنىڭ ئىززەت نەپسگە تېگىشكە بولمايدۇ. * بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى بىزنىڭ شەھىرىمىزگە سودا ئۈچۈن كەلگەن سىلەر-دەك مۆتىۋەر كىشىلەرگە، بىزنىڭ ئاددىي بىر دېھقان پۇقرايىمىز تۆھمەت قىلىپ ئىززەت-نەپسى-گە تېگىپتۇ.

**ئىززەت-ھۆرمەت** ئىززەت ۋە ھۆرمەت: ئۇ سەممىي ئىززەت-ھۆرمەت كۆرسىتىۋاتقان كىشىگە قارىدى. * ئۇلار ئۇزۇن يول يۈرۈپ، ئاخىرى زوركىت شەھىرىگە يېتىپ كېلىشىپتۇ ۋە خوجا ئەكبەر پادىشاھنىڭ ھۇزۇرىغا كىرىشىپ، ئىززەت-ھۆرمەت بىلەن ئېگىلىپ سالام قىلىشىپتۇ. * پادىشاھ ئۇلارغا ئىززەت-ھۆر-مەت بىلەن ئورۇن كۆرسىتىپتۇ.

**ئىززەت-ئېھتىرام** ئىززەت ۋە ئېھتىرام: مەھمۇد بەلخى ئۇنى ئىززەت-ئېھتىراملار بىلەن كۈتۈۋاپتۇ. تۈرلۈك-تۈمەن تائاملارنى ئۇنىڭ ئالدىغا قويۇپتۇ. * بۇ يۇرتنىڭ ئاقساقاللىرى ھۆرمەتكە سازاۋەر بۇ داموللامنى ناھايىتى كاتتا ئىززەت-ئېھتىرام بىلەن كۈتۈۋشتى، ئاخىرىدا داموللامنى مۇشۇ يۇرتتا قېلىپ قېلىشقا تەكلىپ قىلىشتى.

**ئىززەت-ئىكرام** ئالىي ھۆرمەت ۋە ئىززەت: ئىشىكنىڭ چېكىشلىشىگە جاۋابەن ئۆيدىن چىققان ياشانغان ئاتا مېھرىبانلىق ئىززەت-ئىكرام بىلەن قارشى ئالدى. * شاھزادە ئۇلارنى ناھايىتى ئىززەت-ئىكرام بىلەن كۈتۈۋېلىپ زىياپەتكە تەكلىپ قىلىپتۇ. * ئۇلارنى كۆرگەن 5-كورپۇس 13-دىۋىزىيە قىسىملىرى نېرىدىنلا توختاپ، ئاتلىرىدىن چۈشۈپ، ئىززەت-ئىكرام بىلەن كەلمەكتە ئىدى.

**ئىزسىز** ① سۈپ. ئىزى يوق، ئىزى بولمىغان. ② رەۋ. ئىز قالدۇرماي؛ ئىز-دېرىكىنى ئالغىلى، تاپقىلى بولمايدىغان دەرىجىدە: يىللارنىڭ بوران-چاپقۇنلىرىدا، تۆمۈر خەلپىنىڭ قەبرىسىمۇ ئىزسىز يوقىلىپ كەتتى. * ئۇ بالا ئىزسىز يوقىلىپ كەتكىلى ئۈچ ئاي بولدى، ھازىرغىچە دېرىكىنى ئالالمايۋاتىمىز.

**ئىزغىرىن** سۈپ. سوغۇق، مۇزدەك (شامال ھەققىدە): قاپقاراڭغۇ كېچە، سىرتتا ئىزغىرىن شامال، يىراقتىن نەغمە-ناۋا ئاۋازى كەلمەك-تە. * كەچ كۈز، ئىزغىرىن شامال بۇ جاڭگالنى ماكان تۇتقانلارنىڭ كەيپىنى ئۇچۇرماقتا ئىدى. * چىقاتتى ئىزغىرىن جۇت-شۇۋرغان، ھاۋا ئىسسىق تۇتەكلەر بىرلە تولغان.

**ئىز-قارىسى** ئىزناسى: شۇ يوقالغانچە بىرنەچچە ئايغىچە ئۇنىڭ بۇ ئەتراپتا ئىز-قارىسى كۆرۈنمىدى.

**ئىزگۇ** سۈپ. يېزت. ياخشى، ئوبدان: ئىككى تاغ ئارىسى — بۇ ئىزگۇ دىيار، ياشاپ كەلگەن ئىدى تۇغما ھالەتتە. ئەلمساقتىن تارتىپ ئەپتىنى بۇزماي، تەقدىر ئاتا قىلغان مۇشۇ خىلۋەتتە.

**ئىزلەتكۈزمەك** «ئىزلىمەك» پېئىلىنىڭ قوش مەجبۇرىي دەرىجىسى: پادىشاھ

يىغلىغانلار ئىچىدىن ياىتاقچى بوۋاينى ئىزلەتـ-كۈزسە، ئۇنىڭ بۇ يەرگە كەلمىگەنلىكى ئىنىقلىنىپتۇ. * — ئاتا-بوۋىلىرىمىزنىڭ ھەققى-ھۆرمىتى! مەن سىنىڭ ئاتاڭنى ئەمدى ئىزلەتكۈزمەن! ئۇنىڭ ھاياتى ھەققىدە خەۋەر بەرگۈچىگە نىمىنى سورىسا مەن شۇنى بىرىمەن! — دەپتۇ ئۇ. * كالتەك بىلەن ھوشىدىن كەتكەن باي پۈتۈن غەزىپى بىلەن غالچىلىرىنى ئەۋەتىپ ئىزلەتكۈزدى.

**ئىزلەتمەك** «ئىزلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: بىز ئۇن كىشىلىك ئەسكەرلەر ئەترىتى ئەۋەتىپ، ئىككى كۈنلۈك يولدا ئالدىن ماڭدۇرۇپ، يول ئىزلىتىپ، دۈشمەن ئەھۋالىنى رازۋېدكا قىلدۇردۇق. * تاڭ ئاتقاندا پادىشاھ قۇل بالىنىڭ يوقالـ-غانلىقىدىن خەۋەر تېپىپ، قانچە ئىزلەتكەن بولسىمۇ، ھېچ يەردىن دېرىكىنى ئالالماپتۇ.

**ئىزلەشتۈرمەك** ① «ئىزلەشمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى. ② ئىزلەش ۋە ياكى شۇ ئىزلەشكە يېقىن كېلىدىغان ئىش-ھەرىكەتنى قىلماق، ئىزلىمەك، ئىزدىمەك: مەن قاراڭغۇدا ئەتراپنى ئىزلەشتۈرۈپ يۈرۈپ، ئاران تەسلىكـ-تە بىر تال ياغاچ تېپىپ كەلدىم. * مەن ھېچنەرسە بىلمەيتتىم، باللار بىلەن ئوينىغىلى دائىم سىرتقىلا چاپاتتىم. ئەمما قوشنىلار مېنى ئىزلەشتۈرۈپ تېپىپ ئانامنىڭ يېنىغا ئەكىلىپ قوياتتى. ③ ئەسلىدىكى خەجلەـ-گەن پۇلنىلا چىقارماق، ئەسلىدە چىقارغان چىقىمنى ئارانلا تۆلىمەك، ئىز پۇلىنى تاپماق: ئۇ يەرنى ھۆددىگە ئېلىپلا ئىچ-ئىچىـ-دىن سۆيۈنۈپ، كۆيۈپ-پىشىپ ئىشلەپ قوناق تېرىدى، شۇنداقتىمۇ ھۆددە مەھسۇلاتنى ئاران ئىزلەشتۈردى.

**ئىزلەشمەك** «ئىزلىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: باللار چۆكۈپ كەتكەن ۋېلىسىپىتنى ئىزلەشتى. * مۇئاۋىن سېكرېتار سىدىق بىلەن پارتىلىنىش گۇرۇپپىسىدىكى جەڭچى پارتىلىماي قالغان دورا بولاقلىرىنى تاش-توپىلار ئارىسىدىن ئىزلەشمەكتە ئىدى.

**ئىزلەنمەك** ① «ئىزلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى. ② بىرەر ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقىرىش ئۈچۈن تەشنالىق بىلەن ئىزلىمەك: ئۇ، شىنجاڭ تارىخى ھەققىدە ئىزلىنىپ، خەنزۇچە، رۇسچە، تۈركچە كىتابلارنى كۆردى. * ئەگەر بىز مۇشۇنداق قايتا-قايتا ئىزلەنسەك، چەزمەن كۆڭۈلدىكىدەك بىر يول تاپالايمىز. * ئۇلار ئاخشاملىرى قولىغا كىتاب ئېلىپ، تاش قورغىنىنى يىمىرىپ تاشلاشنىڭ سىرلىرىنى ئېچىش يولىدا ئىزلىنەتتى. ③ ئويلانماق، ئويلاشماق، باش قاتۇرماق: ئۇ گەپنى نەدىن باشلاش ئۈستىدە ئىزلەنگەندەك، كۆزلىرىنى سۈزۈپ ئالدىدىكى كەڭ بوشلۇققا تىكىلدى.

**ئىزلىمەك** پ. تېپىش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلماق، ئىزدىمەك: ئىشتىن ئارا بولغان بىركۈنى ئېرىپان ئاغىنىسىنى ئىزلەپ كوچىغا چىقتى. * سىزنى بار دەپ ئۈستەڭ بويىغا بارسام، سىز يوق، ساقلىسامۇ كەلمىدىڭىز، ئاخىرى ئىزلەپ بۇ يەرگە كەلدىم.

**ئىزمە** ئى. كىيىم، ياستۇق، خۇرجۇن، ۋە شۇ خىلدىكى نەرسىلەرنىڭ تۈگمە ئۆتكۈزىدىغان تۆشۈكى: ئىزمە بېكىتمەك. سومكىنىڭ ئىزمىسىنى ئەتمەك. * كۈننىڭ خېلىلا سوغۇقلۇقىغا قارىماي، ئۇلار چاپىنىنىڭ ئىزمىلىرىنى يېشىۋەتكەن، بىردەم ئۇ ياقتىن-بۇ ياققا ماڭاتتى. * مەسۇم ئالدىراپ ئورنىدىن تۇردى ۋە خۇرجۇننىڭ ئىزمىلىرىنى يېشىپ نەرسىلەرنى بىر-بىرلەپ ئېلىشقا باشلىدى.

**ئىزمۇق** ئى <بوت> مۇرەككەپ گۈللۈكلەر

ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. غول يىلتىزلىرى ناھايىتى توم، يانتۇ ياكى يەر بېغىرلاپ ئۆسىدۇ. يوپۇرمىقى ئۇزۇن، تۇخۇم شەكىللىك، گۈلى سېرىق، مېۋىسى ئېللىپس شەكلىدە بولۇپ، ئۈچ قىرى بار. يىلتىزى دورا قىلىنىدۇ، ياللۇغ ياندۇرۇش، سۈيدۈكنى راۋانلاشتۇرۇش رولى بار. ئۇنىڭدىن ئاروماتىك مايلارنى ئېلىشقىمۇ بولىدۇ.

**ئىزمۇئىز** ئىزىنى بويلاپ، ئىز بېسىپ، ئىزدىن چىقماي، ئىزىنى يىتتۇرۇپ، قويماي: ئون كۈنگىچە قەمەرۇززامان قۇشنىڭ كەينىدىن ئەنە شۇنداق ئىزمۇ ئىز قوغلاپ مېڭىپتۇ. * قۇلنىڭ ئاچچىقى كەلگەن بولسىمۇ، ئەجىپنى خاپا قىلىپ قويۇشتىن قورقۇپ، ئۇنىڭ كەينىدىن ئىزمۇئىز يۈرۈۋېرىپتۇ.

**ئىزمىدىماق** پ ← **ئىزملىمەك**: چاپاننىڭ تۈگمىلىرىنى ئىزمىدىماق.

**ئىزملە تمەك** «ئىزملىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**ئىزمىلە شمەك** «ئىزملىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**ئىزمىلە نمەك** «ئىزملىمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**ئىزملىك** سۈپ. ئىزمىسى بار، ئىزمە چىقىرىلغان، ئىزمە ئېچىلغان: ئۇ بېشىغا يازلىق ئاددىي قارا مالىخاي، ئۇچىسىغا ئىزملىك ئاق كۆڭلەك كىيىۋالغانىدى. * بوۋاي ئىشكنىڭ كەينىدىن كىيىم ئاسقۇچ ئورنىدا خىزمەت قىلدىغان مىخقا ئېسىپ قويۇلغان ئىزملىك جۇيازىسىنى ئېلىپ كىيىۋالدى.

**ئىزملىماق** (توغرىسى: ئىزملىمەك) ← **ئىزملىمەك**.

**ئىزملىمەك** پ. ئىزمىگە ئۆتكۈزمەك ياكى ئىلماق؛ ئىزمىگە ئۆتكۈزۈش ياكى ئىلىش ئارقىلىق ئەتمەك: چېبەرقۇت تۈجۈركامىنىڭ تۈگمىلىرىنى كېكىردىكىگىچە تاقاپ ئىزملەۋېتىپ ئۆزۈمىنىڭ نەنى نىشانلاپ كېلىۋاتقانلىقىم گۇيپىدە يادىمغا چۈشتى.

**ئىزنا** (**ئىزناسى**) ئى ① ئادەم ۋە نەرسىنىڭ دەسسىگەن ياكى تەگكەن ئىزى؛ بەلگە: ئۇ كالاچ سېپىۋالغان ئاياغ-لىرىنى كىيىپ كونا تام ئىزناسى بىلەن يېڭى تام ئارىلىقىنى ماڭداپ چىقتى. ② قالدۇق ئىز: ساقال-بۇرۇتنىڭ ئىزناسى. * بۇرۇن ياسىغان يوللارنىڭ يامغۇر-يېشىندا ئىزناسى قالمىدى. * قارىياغاچنىڭ يېنىدا ئىككى ئېغىز ئۆينىڭ ئىزناسى كۆزگە ئۇچۇق تاشلىنىپ تۇراتتى. * ساتتار دەرۋازىنىڭ ئىككى يان تېمىدىكى يامغۇرلار ئۆچۈرۈپ ئىزناسى قالمىغان شوئارلارنى يادقا ئوقۇدى. ③ رەسىم ياكى جىسىمنىڭ سىرتقى گىرۋەكلىرىنى تەشكىل قىلغۇچى سىزىق؛ ئومۇمىي كۆرۈنۈش؛ دائىرە: ئۇ بىر ئادەمنىڭ ئىزناسىنى سىزىپ چىقاردى. ④ <ئارخېئول> تاش ئويما، مىس قورال قاتارلىق مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنىڭ شەكلى ۋە ئۈستىدىكى رەسىم، يېزىق قاتارلىقلارنىڭ قەغەز يۈزىگە بېسىپ چىقىرىلغان ئىزى. ⑤ كۆچمە. دىر: ئىزناسىنى قايتۇرماق. ئىزناسىنى چىقىرالماسلىق.

**ئىزناسىز** سۈپ. ئىزناسىي يوق، ئىزناسى قالمىغان؛ ئىزسىز: ئۇ يەردىكى ئەگرى-بۈگرى كوچىلار، بىر-بىرىگە ئۆگزىلىرى تۇتىشىپ كەتكەن، تۆپە پەنجىرىلىك ئۆيلەر ئىزناسىز يوقالغان.

**ئىزناسىز سىزما** <گ سەن> جۇڭگوچە رەسىمدىكى نەرسىلەرنىڭ ئىزناسىنى سىياھ بىلەن سىزىۋالماي بىۋاسىتىلا

رەڭ بىلەن تەسۋىرلەشكە قارىتىلىدۇ، يەنى كۆك، يېشىل، قىزىل، گىل رەڭ قاتارلىقلار بىلەن تاغ، دەرەخ، تاشلار رەڭلەنگەن تاغ-دەريا رەسىملىرى ئىزناسىز سىزما دەپ ئاتىلىدۇ.

**ئىزناك** ئى (د) يۈزىگە بىرەر تەسۋىر ۋە بىرەر ئورگاننىڭ ياكى ئەھمىيەتلىك ئىشنىڭ نامى چۈشۈرۈلگەن ماددىي بەلگە: خاتىرە ئىزنىكى. ئىزناك تاقىماق. * يېڭىجاڭ ماڭا بىرىنچى قېتىم پاراشۇت بىلەن سەكرەش خاتىرە ئىزنىكىنى تاقاپ قويدى.

**ئىزنالىق** سۈپ. ئىزناسى بار، ئىزناغا ئىگە: ئىزنالىق سىزما.

**ئىزنالىق سىزما** <گ سەن> جۇڭگوچە رەسىمدىكى يۈزلىنىش بويىچە سىزىلغىنىنى بويلاپ سىزىشقا قارىتا ئېيتىلىدۇ. بۇنىڭدا ئىزناسى سىزىلغاندىن كېيىن كۆپىنچە رەڭ بېرىلىدۇ. كەسپىي ماھارەت جەھەتتە ئىزناسىز سىزما «چېگىتلىك سىزما» بىلەن نىسبىي تۇرىدۇ. ئادەتتە نەپىس سىزمىلىق گۈل-گىياھ، قۇش رەسىملىرىگە مۇشۇ خىل شەكىل ئىشلىتىلىدۇ.

**ئىزنىماق** پ. دىئال ← **كىشنىمەك.**

**ئىزھار** ئى (ئە) بايان قىلىش، سۆزلەش، سۆزلەپ چۈشەندۈرۈش، بىلدۈرۈش: ئىزھار قىلماق. ئىزھار ئەيلىمەك. * — قايتىپ كەلگىنىڭىز بەك ياخشى بولدى، — دېدى ھېسامىدىن زۇپەر خۇشاللىق ئىزھار قىلىپ.

**ئىزھار ئەتمەك** يېزت ← **ئىزھار قىلماق:** يىگىت قىزغا كۆڭلىنى ئىزھار ئەتتى.

**ئىزھار ئەيلىمەك** يېزت ← **ئىزھار قىلماق:** بەرق ئۇرۇپ كۈلگىن بىخ-مايسا، ياش قەلبىمدە قوزغاپ ئىپتىخار. يۈرىكىڭنى ئەيلىدىڭ ئىزھار، جۇت-سوغۇقتىن قورقمايمەن زىنھار!

**ئىزھار بولماق** بايان قىلىنماق، سۆزلەپ چۈشەندۈرۈلمەك: دەرستە ناچار ئايگۈلنىڭ ياش ئەگسە كۆزىدە، نۇرەخمەتنىڭ خۇشلۇقى ئىزھار بولدى سۆزىدە.

**ئىزھار قىلماق** بايان قىلماق، سۆزلەپ، ئېيتىپ چۈشەندۈرمەك؛ بىلدۈرمەك: لېكىن ئۇ خۇشاللىقنى زورغا سىڭدۈرۈپ، چوڭقۇر بىر تۇيغۇلۇق قاراش بىلەن كۆڭلىدىكى ھۆرمەت تەشەككۈرىنى ئىزھار قىلدى. * بۇ قېتىم «ئەقىدەمنى ئىزھار قىلدىمغۇ» دەپ ئويلىدىم. * ئۇلار بىر-بىرىگە بولغان مۇھەببەتلىرىنى بەھۇزۇر ئىزھار قىلىشتى.

**ئىزھارلىماق** پ. بايان قىلماق، ئىزھار قىلماق، ئېيتىپ چۈشەندۈرمەك، بىلدۈرمەك: ئۇ مىننەتدارلىقنى ئىزھارلىغان ھالدا ئۇلارغا باش لىڭشىتىپ قويدى. * — لېتىپجاننىڭ مۇشۇنداق چاتاق ھۈنىرى بار ئىكەن ئەمەسمۇ! — دەيتتى دىدىل ئۆزىنىڭ ئوڭايسىزلىنىۋاتقانلىقىنى ئىزھارلاپ.

**ئىزوتروپ** ئى (ر<گرېك) <فىز> ← **ئىزوتروپىيە.**

**ئىزوتروپلۇق** سۈپ. ئىزوتروپىيىگە ئائىت، ئىزوتروپىيىگە خاس، ئىزوتوپىيىگە ئاساسلانغان: ئىزوتروپلۇق خۇسۇسىيەت.

**ئىزوتروپلۇق خۇسۇسىيەت** <كېئول> ماددىنىڭ فىزىكىلىق خىمىيىلىك خۇسۇسىيەتلىرىنىڭ ئۆز يۆنىلىشىنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ ئۆزگەرمەيدىغان خۇسۇسىيىتى. مەسىلەن، بارلىق گازلار، سۇيۇقلۇقلار ۋە كرىستال بولمىغان ماددىلاردا بۇ خىل خۇسۇسىيەت بولىدۇ.

**ئىزوتروپىيە** ئى (ر<گرېك) <فىز> بەزى ماددىلارنىڭ ئىسسىقلىق ئۆتكۈزۈش، توك

ئۆتكۈزۈش، كۆپۈش، نۇر قايتۇرۇش قاتارلىق فىزىكىلىق خۇسۇسىيەتلىرى. ئۇنىڭ ھەرقايسى يۆنىلىشلىرىدە ئوخشاش بولىدۇ. بۇ خۇسۇسىيەت «ئىزوتروپىيە» دېيىلىدۇ. ئۇ ھەر خىل پولىكرىستال ۋە ئامورف جىسىملارنىڭ مۇھىم ئالاھىدىلىكى.

**ئىزوتوپ** ئى (ر<گرېك) <خىم> ← ئىزوتوپلار.

**ئىزوتوپ تەركىبى** <گېئول> مەلۇم ئېلېمېنتتىكى ئىزوتوپنىڭ ئېغىرلىق ياكى ئاتومنىڭ پىرسەنتى بويىچە ئىپادىلىگەن نىسبىتى. تەبىئەت دۇنياسىدا كۆپ قىسىم ئېلېمېنتلار تۇراقلىق ئىزوتوپلاردىن تەركىب تاپىدۇ.

**ئىزوتوپ گېئولوگىيىسى** <گېئول> رادىئوئاكتىپ ئىزوتوپلارنىڭ يىمىرىلىش قانۇنىيىتىدىن پايدىلىنىپ، ئىزوتوپلارنىڭ مولىلۇق دەرىجىسىدىكى ئۆزگىرىشنى مۇقىملاشتۇرۇش ئارقىلىق، يەر پوستىنىڭ تەرەققىياتى ۋە گېئولوگىيىلىك گەۋدىلەر-نىڭ شەكىللىنىش تارىخىنى ھەمدە يەر شارىدىكى ماددىلارنىڭ ئوخشاش بولمىغان گېئولوگىيىلىك تەسىرىدىكى يۆتكىلىش جەريانىنى تەتقىق قىلىدىغان پەن.

**ئىزوتوپ گېئولوگىيىسى يىلشۇناسلىقى** <گېئول> ئىزوتوپ گېئولوگىيىسى ئارقىلىق دەۋر خاتىرىلەش ئۇسۇلىنى ۋە بۇ ئۇسۇل ئارقىلىق تۈرلۈك گېئولوگىيىلىك گەۋدىلەر-نىڭ شەكىللىنىش دەۋرى، تەدرىجىي ئۆزگىرىش تارىخىنى تەتقىق قىلىدىغان گېئولوگىيىلىك پەن.

**ئىزوتوپ گېئولوگىيىلىك دەۋر جەدۋىلى** <گېئول> يەر شارى تەرەققىيات تارىخى باسقۇچلىرىنىڭ رادىئوئاكتىپ ئىزوتوپلارنىڭ يىمىرىلىش قانۇنىغا ئاسا-سەن ئۆلچەپ بېكىتىلگەن «يىل» نى بىرلىك قىلىپ ئايرىلغان گېئولوگىيىلىك دەۋر جەدۋىلى.

**ئىزوتوپ مىنېرالوگىيىسى** <گېئول> مىنېراللاردىكى رادىئوئاكتىپ ئىزوتوپلارنىڭ تولۇق ئۆزگىرىشى، ئۆزگىرىش تارىخى ۋە تۇراقلىق ئىزوتوپلارنىڭ تەركىب تېپىشى، ئۆزگىرىشىنى تەتقىق قىلىدىغان پەن.

**ئىزوتوپ يېشى** <گېئول> گېئولوگىيىلىك گەۋدە ياكى گېئولوگىيىلىك ۋەقەلەرنىڭ رادىئوئاكتىپ ئىزوتوپلارنىڭ يىمىرىلىش قانۇنىغا ئاساسەن ئۆلچەپ بېكىتىلگەن «يىل» بىرلىك قىلىنغان يېشى.

**ئىزوتوپلار** ئى <خىم> بىرەر خىمىيىۋى ئېلېمېنت ئاتوملىرىنىڭ بىر-بىرىدىن ئاتوم ئېغىرلىق ۋە رادىئوئاكتىپلىقى بىلەن پەرق قىلىدىغان تۈرلىرى.

**ئىزوتوپلار ئېغىرلىقى** <فىز> ئىزوتوپلار-نىڭ ئاتوم ئېغىرلىقى. مەسىلەن، خلور-نىڭ ئىككى ئىزوتوپىدىن بىرىنىڭ ئاتوم ئېغىرلىقى 34.9688، يەنە بىرىنىڭ ئاتوم ئېغىرلىقى 36.9657.

**ئىزوتوپلۇق** سۈپ. ئىزوتوپى بار، ئىزوتوپقا ئىگە: ئىزوتوپلۇق يۆتكىلىش. ئىزوتوپلۇق يېشى.

**ئىزوتوپلۇق يېشى** <گېئول> تاغ جىنىسلى-رىدىكى رادىئوئاكتىپ ئېلېمېنتلارنىڭ پارچىلىنىش ھاسىلاتلىرىنىڭ مىقدارىغا ئاساسلىنىپ ھېسابلاپ چىقىلىدىغان، تاغ جىنىسلىرى شەكىللەنگەندىن تارتىپ بېشىدىن ئۆتكۈزگەن ئەمەلىي يېشى.

**ئىزوتوپلۇق يىلشۇناسلىق** <گېئول> تەبىئەت دۇنياسىدىكى جىنىس ۋە مىنېراللارنىڭ ھاسىل بولۇش يېشىنى تەتقىق قىلىدىغان ۋە ئۇنى ئۆلچەيدىغان

پەن. تەبىئىي جىنس ۋە مىنېراللاردىكى بەزى رادىئوئاكتىپ ئېلېمېنت (مەسىلەن، ئۇران، كالىي 40، رۇبىدىي 87) مىقدارى بىلەن ئۇلارنىڭ ئۆزگەرگەن ھاسىلاتى (قوغۇشۇن، ئارگون 40، سترونتسىي 87) نىڭ مىقدارى ئوتتۇرىسىدىكى نىسبەت مۇناسىۋىتىگە ئاساسەن جىنس ۋە مىنېراللارنىڭ يېشى ھېسابلىنىدۇ.

**ئىزوتون** ئى (ر<گرېك) <فىز> نېيترون سانلىرى ئوخشاش بولىدىغان، لېكىن ئاتوم نومۇرلىرى ئوخشاش بولمايدىغان، شۇ سەۋەبتىن ماسسا سانلىرىمۇ ئوخشاش بولمايدىغان نۇكلىدلار، مەسىلەن، 6C بىلەن 7N ئۆزئارا ئىزوتونلاردۇر.

**ئىزوتېرما** ئى (ر<گرېك) <فىز> ماددىلارنىڭ ئىزوتېرمىك جەريانىدىكى بېسىمى بىلەن ھەجمىنىڭ مۇناسىۋىتىنى ئىپادىلەيدىغان ئەگرى سىزىق. ئادەتتە ئۇ ئارقىلىق گازلارنىڭ ۋە سۇيۇقلۇقلارنىڭ ھالىتى، گاز ۋە سۇيۇقلۇقلارنىڭ فازا ئۆزگىرىشىدىكى بەزى ئالاھىدىلىكلىرى ئىپادىلىنىدۇ.

**ئىزوتېرما سىزىقى** <جۇغ> تېمپېراتۇرىسى ئوخشاش بولغان نۇقتىلارنى تۇتاشتۇرغۇچى سىزىق.

**ئىزوتېرمىك** سۈپ (ر) ① ئىزوتېرمىغا ئائىت، ئىزوتېرما بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان: ئىزوتېرمىك سىزىق. ② تېمپېراتۇرا ئۆزگەرمەي بىر خىل تۇرىدىغان: ئىزوتېرمىك جەريان.

**ئىزوتېرمىك جەريان** <فىز> سىستېمىنىڭ تېمپېراتۇرىسى باشتىن-ئاياغ ئۆزگەرمەيدىغان تېرمودىنامىكىلىق جەريان.

**ئىزوتېرمىك سىقىلىشچانلىق** <فىز> تېمپېراتۇرا ئۆزگەرمىگەن شارائىتتا ماددا ھەجمىنىڭ نىسبىي ئۆزگىرىش مىقدارى بىلەن بېسىمنىڭ ئۆزگىرىش مىقدارىنىڭ نىسبىتى.

**ئىزوتېرمىك ھەجىم مودۇلى** <فىز> ئىزوتېرمىك سىقىلىشچانلىقنىڭ ئەكسى سانى، يەنى تېمپېراتۇرا ئۆزگەرمەيدىغان شەرت ئاستىدا جىسىم ئۇچرىغان بېسىمنىڭ ئۆزگىرىش مىقدارى بىلەن ھەجمىنىڭ نىسبىي ئۆزگىرىش مىقدارىنىڭ نىسبىتى.

**ئىزوسپىن** ئى (ر<گرېك) <فىز> ئاتوم يادروسى ۋە ئاساسىي زەررىچىلەرنىڭ تەتقىقاتىدا قوبۇل قىلىنغان ئالاھىدە كۋانت سانى.

**ئىزولياتسىيە** ئى (ر<فران) <فىز> توكنى توسۇپ ئۆتكۈزمەسلىك. ئادەتتە ئىنتايىن يۇقىرى ئېلېكتر قارشىلىقىغا ئىگە بولغان ماددىلار ئىزولياتسىيە قىلىشقا ئىشلىتىلىدۇ.

**ئىزولياتسىيە قىلماق** ← **ئىزولياتسىيلىمەك.**

**ئىزولياتسىيلەتمەك** « ئىزولياتسىيلىمەك » پېئىلنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**ئىزولياتسىيلەشمەك** « ئىزولياتسىيلىمەك » پېئىلنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**ئىزولياتسىيلەنمەك** « ئىزولياتسىيلىمەك » پېئىلنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**ئىزولياتسىيلىمەك** پ زەرەتلىك جىسىمنى باشقا قىسىملاردىن ئايرىش تەدبىرى ئۆتكۈزگۈچ سىمنىڭ سىرتىغا بىر قەۋەت توك ئۆتكۈزمەس جىسىمنى قاپلاش ئارقىلىق ئۇنى توك ئۆتكۈزمەيدىغان ياكى سوقۇۋەتمەيدىغان ھالەتكە كەلتۈرمەك.

**ئىزولياتور** ئى (ر<فران) <فىز> ئىسسىقلىق ياكى توكنى ئاسان ئۆتكۈزمەيدىغان جىسىم. ئادەتتە ئۇ ئىسسىقلىق ئىزولياتورى (مەسىلەن، توپا، گاز، كاۋچۇك) ۋە ئېلېكتر ئىزولياتورى (مەسىلەن، چاقچۇق، چىرىمتال، ماي، كاۋچۇك) دەپ ئايرىلىدۇ.

**ئىزوموف** سۈپ (ر<گرېك) <گېئول> ئىزومورفىزم خۇسۇسىيىتىگە ئىگە بولغان: ئىزومورف ماددىلار.

**ئىزومورف ماددىلار** <گېئول> خىمىيۋى تۈزۈلۈشى ئوخشىشىپ كېتىدىغان ھەر خىل ماددىلار ھاسىل قىلغان تۈزۈلۈشى بىر خىل ياكى ناھايىتى ئوخشىشىپ كېتىدىغان كرىستال ماددىلار.

**ئىزومورفىزم** ئى (ر<گرېك) <گېئول> ماددا كرىستاللاشقاندا، ئۇنىڭ كرىستال قۇرۇلمىسىدا مەلۇم خىلدىكى ئىئون ياكى ئاتوم ئىگىلىگەن ئورنىنىڭ بىر قىسمىنى ۋاستىچى ماددىلاردىكى خۇسۇسىيىتى ئوخشىشىپ كېتىدىغان باشقا خىلدىكى ئىئون ياكى ئاتوم ئىگىلەپ بىرلىكتە كرىستاللىشىپ، تەكشى يەككە فاتسىيلىك ئارىلاشما كرىستالغا (يەنى ئورۇن ئالماشقان شەكىلدىكى قاتتىق ئېرىتمە جىسىمغا) ئايلانسىمۇ، لېكىن، باغ خۇسۇسىيىتى ۋە كرىستال قۇرۇلمىسى شەكلىنىڭ سۈپىتىنى ئۆزگەرتمەيدىغان ئالاھىدىلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

**ئىزومېر** ئى (ر<گرېك) <فىز> مولېكۇلىلىرىنىڭ تەشكىل تېپىشى ۋە مولېكۇلا مىقدارى پۈتۈنلەي ئوخشاش، ئەكسىچە مولېكۇلىلىرىنىڭ قۇرۇلمىسى، فىزىكىلىق خۇسۇسىيىتى ھەم خىمىيلىك خۇسۇسىيەتلىرى ئوخشاشمايدىغان ماددىلار.

**ئىزومېرلىنىش** ئى <خىم> ئورگانىك بىرىكمىلەرنىڭ تۈزۈلۈشىنى ئۆزگەرتىدىغان، ئەمما تەركىبى ۋە مولېكۇلا ماسسىسىغا تەسىر يەتكۈزمەيدىغان خىمىيۋى رېئاكسىيە.

**ئىزومېرىيە** ئى (ر<گرېك) <فىز> ئىزومېرلارنىڭ مەۋجۇتلۇقىدىن ئىبارەت بىر خىل ھادىسە.

**ئىزوئوكتان** ئى (ر<گرېك) <خىم> مەلۇم ئوكتان ئىزومېرلىرى ئىچىدىكى ئەڭ مۇھىم بىر خىلى، رەڭسىز سۇيۇقلۇق. خىمىيۋى فورمۇلىسى $(CH_3)_3CCH_2CH(CH_3)_2$ ئىچىدىن ياندىغان دۋىگاتېللارنىڭ سىلىندىرى ئىچىدە كۆيگەندە پارتلاشقا بولغان قارشىلىق ياخشىراق بولغاچقا، ماتورلارنىڭ ياخشى يېقىلغۇسى ھېسابلىنىدۇ.

**ئىزۋوت** ئى (ر) ئارمىيە ئىچىدە لېيەنىنىڭ قارىمىقىدىكى ئۈچ بەندىن تەركىب تاپقان كىچىك قوشۇن؛ پەي: ئىزۋوت كوماندىرى. * ئۇ بىر ئىزۋوت بىلەن چارلاشقا چىقىپ كەتتى. * ئۇ چاغدا مەن يەنىلا 30 كىشىلىك بىر ئىزۋوتنىڭلا كوماندىرى ئىدىم.

**ئىس** ئى ① يېقىلغۇلارنىڭ كۆيۈشىدىن ھاسىل بولىدىغان، تولۇق يانمىغان، رەڭگى ئاساسەن قارا، سۇ ۋە شۇلارغا يېقىن كېلىدىغان ئىنتايىن كىچىك دانىچىلار ئارىلاشقان گاز؛ تۈتۈن: كۆمۈرنىڭ ئىسى. ئوتۇننىڭ ئىسى. تاماكىنىڭ ئىسى. كىرسىننىڭ ئىسى. ئۆينى ئىس قاپلىماق. ئوچاقتىن ئىس يانماق. * ئىسنى بۇلۇت كۆرمەس، يۇندىسىنى ئىت كۆرمەس (ماقال). ② ئېگىز تاغ رايونلىرىدا ھاۋا قاتلىمىنىڭ كىسلورود ئاز ھالىتى.

**ئىس تۇتماق** ئېگىز تاغ رايونلىرىدا

ھاۋا يېتىشمەسلىكتىن نەپەس قىسىلىپ كۆكىرىپ كەتمەك.

**ئىسپات** ئى (ئە) ① پىكىر، دەۋا، پەرەز ۋە شۇ قاتارلىقلارنىڭ توغرىلىقىنى، ھەقىقىي ئىكەنلىكىنى ياكى يۈز بەرگەن ھادىسىنىڭ چىنلىقىنى دەلىللەيدىغان پاكىت، ھۆججەت؛ دەلىل: ئىسپات ئالماق. * سودىگەرنىڭ ئاچچىقى كېلىپ: — نېمە ئىسپاتىڭىز بار؟ — دەپ سوراپتۇ. ② بىرەر قائىدە ياكى دەۋانىڭ توغرىلىقىنى باشقا مەلۇم قائىدىلەر ئاساسىدا مەنتىقىي مۇلاھىزە ۋە دەلىللەر بىلەن تەستىقلاش ئۇسۇلى، سىستېمىسى: ئۇ دەۋانى قانۇنىي جاۋابكارلىققا تارتىش ئۈچۈن ئىسپات تولۇق بولۇشى كېرەك. * دەۋا قىلىشتا قانۇنىي ئىسپات بولۇشى لازىم.

**ئىسپات تېمىسى** <لوگ> راستلىقى ئىسپاتلىنىدىغان ھۆكۈم جۈملە.

**ئىسپات قەغىزى** بىرەر ئىش ئۈچۈن ئىسپات يېزىلغان قەغەز، ئالاقە: ئىسپات قەغىزى ئالماق. ئىسپات قەغىزى يازماق.

**ئىسپات قىلماق** ئىسپات ئۈچۈن ئىشلەتمەك، ئىسپات سۈپىتىدە پايدىلانماق.

**ئىسپاتنىڭ تۈزۈلۈشى** <لوگ> ئىسپاتنىڭ تۈزۈلۈشى دېگىنىمىز ئىسپات تېمىسى (يېزىقچىلىقتىكى نۇقتىئىنەزەر)، ئىسپات ئاساسى (دەلىل) ۋە ئىسپاتلاشتىن ئىبارەت ئۈچ ئامىلدىن ئىبارەت لوگىكىلىق ئىسپاتقا قارىتىلغان.

**ئىسپاتلاتماق** «ئىسپاتلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**ئىسپاتلاش** ① «ئىسپاتلىماق» پېئىلىنىڭ يەنە بىر خىل ئىسمدىشى. ② <لوگ> ئىسپات ئاساسى ئارقىلىق ئىسپات تېمىسىنىڭ چىنلىقىنى دەلىللەش جەريانى.

**ئىسپاتلاشماق** «ئىسپاتلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار كۆپلىگەن ئەمەلىي مىساللار ئارقىلىق بۇ ئۇسۇلنىڭ ئۈنۈم بېرىدىغانلىقىنى ئىسپاتلاشتى.

**ئىسپاتلانماق** «ئىسپاتلىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: بۇنىڭ شۇنداق ئىكەنلىكى بىرنەچچە كۈندىن كېيىن تولۇق ئىسپاتلاندى. * تارىخىي ئاساسلارغا قارىغاندا، ئۇيغۇرلارنىڭ يېزىق تارىخى مىلادىيىدىن بۇرۇن باشلانغانلىقى ئىسپاتلانماقتا.

**ئىسپاتلىق** سۈپ. ئىسپاتى بار، ئىسپات بولغان ياكى بولالايدىغان، ئىسپات-دەلىلى توغرا ۋە ھەقىقىي، چىن: ئىسپاتلىق شەكىل.

**ئىسپاتلىق شەكىل** <لوگ> كەسمە ئۈچ ھۆكۈملۈكنىڭ بىر خىل مۇرەككەپ شەكلى. ئۇنىڭ ھەربىر ئاساسى قىسقارتىلغان بىر كەسمە ئۈچ ھۆكۈملۈكتۇر.

**ئىسپاتلىماق** پ ① پىكىر، دەۋا، پەرەز ۋە شۇ قاتارلىقلارنىڭ توغرىلىقىنى ياكى بولۇپ ئۆتكەن ۋەقە-ھادىسىنىڭ چىنلىقىنى دەلىل، ھۆججەت، پاكىت بىلەن تەستىقلىماق، دەلىللىمەك: ئۆز پىكىرىنىڭ توغرىلىقىنى ئىسپاتلىماق. * بۇنداق ئەھۋالدا ئارسلانوپ ئۆزىنىڭ ھەقىقىتىنى قايسى پاكىت بىلەن ئىسپاتلايدۇ؟ * «ھەي ئوغرى، سېنىڭ يامان نىيەتتە بولغانلىقىڭنى مەلىكمۇ ئىسپاتلاپ گۇۋاھلىقتىن ئۆتتى، بۈگۈن سېنى شۇنداق ئۆلتۈرەيكى، پۈتۈن ئالەم ئىبرەت ئالسۇن» دەپتۇ پادىشاھ. ② بىرەر قائىدە ياكى ئىش، دەۋانىڭ توغرىلىقىنى باشقا مەلۇم قائىدىلەر ئاساسىدا مەنتىقىي مۇلاھىزە ۋە دەلىللەر بىلەن تەستىقلىماق، ئېنىقلىماق: تېئورېمىنى ئىسپاتلىماق.

* زەرگەر ئۇستامۇ ئىرىنمەستىن بىر-بىرلەپ سىناپ كۆرۈپ، ھەممىسىنىڭ قىزىل مىس ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بەردى.

**ئىسپاتنامە** ئى <قا> مەزمۇنى ياكى مەنىسى ئارقىلىق ئەنزىگە ئالاقىدار پاكىتلارنى ئىسپاتلىغىلى بولىدىغان ھۆججەتلەر. ئۇ خەت-ئالاقە، ھۆججەت، ھېساب دەپتىرى، تەكشۈرۈش دوكلاتى، مەكتۇپ، توختام، تىلخەت قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

**ئىسپان** ئى <ئىرق> مۇشۇ نام بىلەن ئاتالغان مىللەت ۋە شۇ مىللەتكە مەنسۇپ كىشى: ئىسپان تىلى.

**ئىسپان تىلى** <تىل> ئىسپانلار ئىشلىتىدىغان تىل. بۇ تىل ھىندى-ياۋروپا تىللىرى سىستېمىسىنىڭ رىم تىللىرى تۈركۈمىگە كىرىدۇ. ئۇ خەلقئارادا كەڭ قوللىنىلىدىغان تىللارنىڭ بىرى بولۇپ، ئىسپانىيە ۋە لاتىن ئامېرىكىسىدىكى ۋېنېسۇئېلا، كولۇمبىيە، ئېكۋادور، پېرو، بولىۋىيە، چىلى، پاراگۋاي، ئارگېنتىنا، ئۇرۇگۋاي، مېكسىكا، گۋاتېمالا، گوندۇراس، سالۋادور، نىكاراگۇئا، كوستا-رىكا، پاناما، كۇبا، دومىنىكا قاتارلىق دۆلەتلەردە ئىشلىتىلىدۇ. نوپۇسى تەخمىنەن ئىككى يۈز مىليون، لاتىن يېزىقىنى قوللىنىدۇ.

**ئىسپانچە** ① سۈپ. ئىسپانلارغا، ئىسپان خەلقىگە، ئىسپان تىلى ۋە مەدەنىيىتىگە ئائىت؛ ئىسپان خەلقىگە خاس: ئىسپانچە ئۇسسۇل. ئىسپانچە ناخشا. ئىسپانچە كىيىم. ② ئى. ئىسپان تىلى، يېزىقى: ئۇ ئىسپانچىنى ياخشى بىلىدۇ. ③ رەۋ. ئىسپان تىلى ۋە يېزىقىنى ئىشلىتىپ، ئىسپان تىلىدا: ئىسپانچە سۆزلىمەك.

**ئىسپانلار** ئى <ئىرق> ئىسپانىيىنىڭ ئاساسىي ئاھالىسى، ئىسپان خەلقى.

**ئىسپەغول** ئى (پ) <بوت> پاقىسيوپۇرماق ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. يوپۇرمىقى باشاقسىمان گۈل رېتىدە، مېۋىسى غوزىلىق مېۋە، ئۇرۇق ۋە يوپۇرمىقى دورا قىلىنىدۇ. ئۇرۇقىنىڭ ئىچ سۈرۈشنى توختىتىش ۋە سۈيدۈكنى راۋان قىلىش، يوپۇرمىقىنىڭ ئىسسىقنى قايتۇرۇش يولى بار.

**ئىسپىراپكا** ئى (ر) دوختۇرنىڭ كېسەلنى تەكشۈرگەندىن كېيىن، كېسەلنىڭ دەم ئېلىشى ئۈچۈن ئۇنىڭ ئىش ئورنىغا قارىتىپ، كېسەلنىڭ ھەقىقەتەن ئېغىر ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بەرگەن ئىسپات خېتى: ئىسپىراپكا ئالماق. ئىسپىراپكا يازماق.

**ئىسپىرت** ئى (ر) <خىم> ئورگانىك بىرىكمە، شۇنىڭدەك رەڭسىز، ئاسان ئوت ئالىدىغان سۇيۇقلۇق. مولېكۇلا فورمۇلىسى $C_2H_5OH$ ئالاھىدە پۇراقلىق ئىگە. ئۇنى تەركىبىدە قەنت بولغان ماددىلارنى ئېچىتىپ دىستىللەش ئارقىلىق ياكى ئېتىلىنىدىن ئېلىشقا بولىدۇ. ئادەتتە ئۇ سىنتېتىك كاۋچۇك سۇلياۋ، بوياق قاتارلىقلارنىڭ خام ئەشياسى بولۇپ، خىمىيە سانائىتىدە كۆپ ئىشلىتىلىدىغان ئېرىتكۈچى ھېسابلىنىدۇ، ئۇنىڭ يەنە مىكروب ئۆلتۈرۈش رولى بولۇپ، دېزىنفېكسىيە ھەم چىرىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش دورىسى ئورنىدا ئىشلەتكىلى بولىدۇ.

**ئىسپىرت بىلەن زەھەرلىنىش** <تىب> ھاراقنى ھەددىدىن ئارتۇق كۆپ ئىچىش سەۋەبىدىن يۈز بېرىدىغان زەھەرلىنىش، جىددىي خاراكتېرلىك زەھەرلەنگەندە ئادەم مەست ھالەتتە بولىدۇ، يۈزى قىزىرىپ كېتىدۇ، قالايمىقان سۆزلەيدۇ،

پۈتى كالۋالىشىدۇ. ئېغىرراق بولغاندا ھوشسىزلىنىشى مۇمكىن، ئۇزاق ۋاقىت كۈچلۈك ھاراق ئىچسە سوزۇلما خاراكتېر-لىك زەھەرلىنىش يۈز بېرىدۇ. ئۇنىڭدا ھەزىم قىلىش ناچارلىشىش، ئوزۇقلۇق يېتىشمەسلىك، ئەقلىي قابىلىيەت تۆۋەن-لەپ كېتىش، قوللىرى تىترەش، نېرۋا ياللۇغىغا كۆپ گىرىپتار بولۇش قاتارلىق كېسەللىك ئالامەتلىرى كۆرۈلىدۇ ھەتتا جىگەر قېتىش يۈز بېرىدۇ.

**ئىسپىرت لامپا** <خىم> خىمىيە تەجرى-بىخانىلىرىدا ئەڭ كۆپ ئىشلىتىلىدىغان بىر خىل قىزدۇرغۇچ لامپا. ئادەتتە شىشىدىن ياسىلىدۇ، قالپىقى بولىدۇ، ئىسپىرتنىڭ ئۇچۇپ كېتىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، ئىشلەتمىگەندە كىيدۈرۈپ قويۇلىدۇ. مېتالدىن ياسالغانلىرىمۇ بار. ئۆلچىمى جەھەتتە لامپا سىغىمىنىڭ چوڭ-كىچىكلىكىگە قاراپ 150، 220 ملىلىمېتىرلىقلىرى بولىدۇ. لېكىن ئىسپىرتنى لىق تولدۇرۇشقا بولمايدۇ. ئىسپىرتنى پەقەت ئومۇمىي ھەجىمنىڭ 3 قىسمىغىچىلا قاچىلاشقا بولىدۇ.

**ئىسپىرتلىق** سۈپ. تەركىبىدە ئىسپىرتى بار، ئىسپىرتى بولغان: ئىسپىرتلىق ئىچىم-لىكلەر.

**ئىسپىرتلىق تېرمومېتىر** <فىز> ئىسپىرتنىڭ ئىسسىقلىقتىن كېڭىيىش، سوغۇقتىن تارىيىش خۇسۇسىيىتىدىن پايدىلىنىپ ياسالغان تېرمومېتىر.

**ئىستاپىل** ئى(ر<ئىنگ) كېمە ياسىلىدىغان، قۇراشتۇرۇلىدىغان ۋە سۇغا چۈشۈرۈلىدى-غان ئىش سورۇنى.

**ئىستاتىكا** (توغرىسى: ستاتىستىكا) → **ستاتىستىكا.**

**ئىستاۋ** ئى (ر<فران) → **ستاۋ.**

**ئىستاكان** ئى (د) ئىچىملىكلەرنى ئىچىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان، سىلىندىر شەكىل-لىك ئەينەك قاچا: ئۇ ئىستاكاننى قولىغا ئېلىپ بىر ئوتلىدى ۋە يېنىدىكى شىرەگە قويدى. * – قېنى كەل دوستۇم، يەنە بىر-ئىككى يۇتۇمدىن ئىچەيلى، – دەپ ئوسماننى ئىستاكاندىكى ھاراققا تەكلىپ قىلدى سەمەت.

**ئىستانسا** ئى (د) ① پويىز ياكى باشقا ترانسپورت ۋاسىتىلىرى توختايدىغان جاي؛ بېكەت: پويىز ئىستانسىسى. ئايروپىلان ئىستانسىسى. * بىز ئۈچىمىز ئۇنى ئۇزىتىپ پويىز ئىستانسىسىغىچە باردۇق. ② ئالاقە، خەۋەرلىشىش ئىشلىرى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان ئورۇن: رادىئو ئىستانسىسى. ھاۋا رايى ئىستانسىسى. * بىز چۈشكىچىك رادىئو ئىستانسىسىدىن مەركىزىي ئاخبارات ئاگېنتلىقى تارقاتقان ئىككى خەۋەرنى ئاڭلى-دۇق. * ئايخان مومام ئەتىگەندىلا ئېلېكتىر ئىستانسىسى تەرەپكە يۈرۈپ كەتتى.

**ئىستانوك** ئى (ر<گرېك) → **ستانوك.**

**ئىستەك** ئى. كىشىدە بىرەر نەرسىگە بولغان ئىنتىلىش؛ تىلەك، خاھىش: ئىستىكىگە يەتمەك. * نىجاتنىڭ كۆڭلىدە چايخانىغا كىرىش ئىستىكى تۇغۇلدى. * شۇڭلاشقا ئۇ سادىقنى كۆرۈش ئىستىكىدە باشقا ئوقۇغۇچىلارغا قارىغاندا ھەممىدىن بالدۇر تەييارلىنىپ ئۆز يېزىسىغا يۈرۈپ كەتتى.

**ئىستەكسىز** سۈپ. ئىستىكى يوق، ئىستىكى بولمىغان: راستىنى ئېيتقاندا، ئۇنى پۈتۈنلەي پىلانسىز ۋە ئىستەكسىز ئادەم دېيىشكە بولىدۇ.

**ئىستراتېگىيە** ئى (ر<گرېك) ← **ستراتېگىيە.**

**ئىستودېنت** ئى (ر) ئۇنىۋېرسىتېت ياكى ئىنستىتۇت ئوقۇغۇچىسى.

**ئىستون** ئى (ر) گېزىت-ژۇرنال قاتارلىقلار سەھىپىسىنىڭ ھەربىر بۆلىكى: «ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى» نىڭ ھەربىر بېتى ئىككى ئىستون قىلىپ تەييارلاندى.

**ئىستوۋول** ئى (ر) <ھەرپ> ← **ستوۋول.**

**ئىس-تۈتەك** ئىس ۋە تۈتەك: ئىس-تۈتەكلەر ئىچىدە قالماق. * كۆيۈۋاتقان قاچۇرا ئوتۇنىنىڭ چارىسلداشلىرى ئاگلىنىپ تۇراتتى. ئىس-تۈتەكلەر ئارىسىدىن قىپقىزىل ئوت كۆرۈنەتتى. * بىر ئۆزۈلۈپ بىر داۋاملىشىپ تۇرىۋاتقان بۇ ئەنسىز ئېتىشلار بۇ پاكىز شەھەرنى ۋەيران قىلىپ، شەھەر ئاسمىنىنى ئىس-تۈتەكلەر بىلەن تولدۇرۇۋەتكەنىدى.

**ئىس-تۈتۈن** ← **ئىس-تۈتەك:** كۆرۈندى قارىيىپ ۋەيرانە يېزا، كۆرۈندى ئىس-تۈتۈن، سۆگەت-تاللىرى. چېرىكلەر ئولتۇرغان ھارۋىلار كىردى مەھەللىگە، قارىشار يېزا باللىرى.

**ئىستىپا** ئى (ئە) ئۆز مەنسىپىدىن ياكى خىزمىتىدىن ئۆز ئىختىيارى بىلەن چېكىنىش، ۋاز كېچىش، بوشىنىش: ئىستىپا سورىماق. ئىستىپا بەرمەك.

**ئىستىپا بەرمەك** ئۆز مەنسىپىدىن ياكى خىزمىتىدىن ئۆز ئىختىيارى بىلەن چېكىنمەك، ۋاز كەچمەك، بوشانماق: ئۇ خىزمىتىدىن ئىستىپا بەردى.

**ئىستىپا سورىماق** ئۆز خىزمىتى ياكى ۋەزىپىسى قاتارلىقلاردىن ئۆز ئىختىيارى بىلەن چېكىنىش، بوشىنىش، ۋاز كېچىش ھەققىدە ئۆز ئىلتىماسىنى سۇنماق، ئىستىپا بېرىدىغانلىقىنى ئېيتماق: ئالىم كۆپچىلىككە قاراپ سۆزىنى داۋاملاشتۇرى: — مەن ھەرقايسىڭلارنىڭ مېنىڭ خىزمىتىمگە يېقىندىن ياردەمدە بولۇشۇڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن، ئەلۋەتتە، كۆپچىلىكنىڭ قوللىشى بولمىسا، مەنمۇ بۇ خىزمەتتىن ئىستىپا سوراشقا مەجبۇر بولىمەن. * ئۇ كىشى شۇ مۇناسىۋەت بىلەن خىزمىتىدىن ئىستىپا سورىدى.

**ئىستېدات** ئى (ئە) ئىجادىي قابىلىيەت؛ لاياقەت، تالانت: يازغۇچىلىق ئىستېداتى. ئىستېدات ئىگىلىرى. * ئامانىسادىكى قابىلىيەت ۋە ئىستېدات پادىشاھنى ئۆزىگە جەلپ قىلدۇ. * مېنىڭچە، شۇ ئاپتورنىڭ ئىستېداتى، ئىستىقبالى بار ئىكەن.

**ئىستېداتلىق** سۈپ. ئىجادىي قابىلىيەتكە ئىگە، قابىلىيەتلىك، تالانتلىق: ئۇ ئۆز ئىچىدە: خويمۇ دادىسىنى دوراپتۇغۇ! بەلكى «ئاۋۋال چىققان قۇلاقتىن كېيىن چىققان مۈڭگۈز ئېشىپ كېتىپتۇ» دېگەندەك، دادىسىدىنمۇ ئىستېداتلىق، سەنئەتلىك ئوقۇتقۇچى بولۇپ يېتىشىپ چىقىدىغاندەك،-دەيتتى. * شۇ ۋاقىتتا، ئاشۇ يولداشلارمۇ ئىستېداتلىق يولداشلار ئىدى، ئەمما ئەسەرلىرى بولسا ھەقىقەتەن دېگەندەك پىشىپ يەتمىگەن بولۇپ، ئۇلارغا ياردەم بېرىشكە تېگىشلىك ئىدى.

**ئىستېركۆل** ئى (ر<لات) <بوت> ← **ئىستېركۆل دەرىخى.**

**ئىستېركۆل دەرىخى** <بوت> جۇڭگو چىنارى ئائىلىسىدىكى يوپۇرماق تاشلايدىغان دەرەخ. يوپۇرمىقى تۇخۇم شەكلىدە بولۇپ، نۆۋەتلىشىپ ئۆسىدۇ، گۈل رېتى كونۇسسىمان. مېۋىسى قېپىق شەكلىدە، پىشىشتىن بۇرۇن يېرىلىدۇ، ئۇرۇقى ئۇرچۇققا ئوخشايدۇ، قورۇغانلىرىنىڭ پوستى توق قوڭۇر كېلىدۇ. ئۈستىدە قورۇقلىرى

بولىدۇ، سۇغا چىلانسا، كۆپۈپ دېڭىز بۇلۇتى شەكلىگە كىرىدۇ. ئۇرۇقى كۆپىنچە دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. كېكىردەك ئاغرىش، ئاۋاز پۈتۈش ۋە يۆتەل قاتارلىقلارنى داۋالاشقا ئىشلىتىلىدۇ.

**ئىستېرىيە** (توغرىسى: ھىستېرىيە) ← ھىستېرىيە.

**ئىستىلا** (**ئىستىلاسى**) ئى (ئە) قورال كۈچى بىلەن باشقىلارنىڭ دۆلىتىنى بېسىۋېلىش، مۇستەملىكە قىلىش؛ مۇستەملىكە، ئىشغال، ئىشغالىيەت: ئىستىلا قىلماق. * ئۇ موڭغۇل ئىستىلاسىدىن كېيىنكى ئىش ئىكەن. * كۆپ قېتىم قۇيۇنلار قاپسىغان سېنى، ئۇچۇرۇپ كەتكىنى قار ۋە قۇم بىراق. ئىستىلا يولىنى تورىغانىدى. كۆكسۈڭدىن ۋولقانلار ئېتىلىپ قايناق.

**ئىستىلا قىلماق** قورال كۈچى بىلەن باشقىلارنىڭ دۆلىتىنى بېسىۋالماق، مۇستەملىكە قىلماق: يېڭى ئېرادىن ئاۋۋالقى ئىسكەندەر زامانىسىدا يۇنانلىقلار كېلىپ ئىراننى ئىستىلا قىلغان ۋە ئۇنىڭ كۈچى شۇندىن كېيىن پارچىلانغان.

**ئىستىلاچى** ئى. باشقىلارنىڭ يېرىنى، مەملىكىتىنى قورال كۈچى بىلەن بېسىۋالغۇچى، ئىستىلا قىلغۇچى/مۇستەملىكىچى، ئىشغالىيەتچى: IX ئەسىرنىڭ ئاخىرىدىن باشلاپ XII ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە ئۇ يەرلەر ئەرەب ئىستىلاچىلىرى تەرىپىدىن ئىشغال قىلىنغانىدى. // بىلسەڭ كېرەك، ئىسكەندەرمۇ بىر زامان، قۇرغانىدى بۇندا دۆلەت، سۇلالە ئىستىلاچى ماكىدونلار ئۆلكىدە، قۇللۇق تارتقان نۇرغۇن خەلق ئاھالە.

**ئىستىلاچىلىق** ئى. باشقىلارنىڭ دۆلىتىنى، يېرىنى قورال كۈچى بىلەن بېسىۋېلىش ھەم شۇنداق مەقسەتتە ئېلىپ بارغان ئىش-ھەرىكەت، پائالىيەت، سىياسەت؛ ئىشغالىيەت، تاجاۋۇزچىلىق: ئىستىلاچىلىق سىياسىتى. ئىستىلاچىلىق يولى.

**ئىستېمال** (**ئىستېمالى**) ئى (ئە) ① <س ئق> كىشىلەرنىڭ ماددىي ئەشيالارنى سەرپ قىلىپ تۇرمۇش ئېھتىياجىنى قامداش جەريانى. ئۇ ئىشلەپچىقىرىش ئىستېمالى ۋە شەخسىي ئىستېمالدىن ئىبارەت ئىككى خىل بولىدۇ. ئۇ ئىجتىمائىي تەكرار ئىشلەپچىقىرىش جەريانىنىڭ بىر ھالقىسىدۇر. ② ئىشلىتىش، قوللىنىش، پايدىلىنىش: ئىستېمال ماللىرى. ئىستېمالدىكى سۆزلەر. ئىستېمالدىن قالغان سۆزلەر. ③ يېيىش-ئىچىش، قوبۇل قىلىش: گۆش ئىستېمال قىلىش. دورا ئىستېمال قىلىش.

**ئىستېمال بۇيۇملىرى** <س ئق> ئىستېمال قىلىش ئۈچۈن تەمىنلەنگەن، شۇنداقلا كىشىلەرنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىغا ئېھتىياجلىق بولغان ماددىي بۇيۇملار.

**ئىستېمال تەلىپى** <س ئق> كىشىلەرنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى ئىستېمال ۋاستىلىرىگە بولغان تەلىپى.

**ئىستېمال سەۋىيىسى** <س ئق> كىشىلەرنىڭ ئىستېمال تەلىپىنىڭ قاندۇرۇلۇش دەرىجىسى، يەنى كىشىلەرنىڭ ئىستېمال ئەھۋالىنىڭ مىقدار جەھەتتىن ئەكس ئەتتۈرۈلۈشى.

**ئىستېمال فوندى** <س ئق> سوتسىيالىستىك جەمئىيەتتە، مىللىي دارامەتنىڭ جەمئىيەتنىڭ ۋە شەخسلەرنىڭ ماددىي ۋە مەدەنىيەت تۇرمۇش ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان قىسمى.

**ئىستېمال قىلغۇچىلار** <بىئول> ئېكولوگىيە-

لىك سىستېمىدىكى چەتتىن ئوزۇقلىنىدىغان جانلىقلار ۋە ئورگانىزملارنى ئوزۇقلۇق قىلىدىغان جانلىقلار. ئاساسەن ھايۋانلار كۆزدە تۇتۇلىدۇ. مەسىلەن، كۆلچەكتىكى ئۆسۈملۈك يەيدىغان قىسقۇچپاقلار بىرلەمچى ئىستېمال قىلغۇچىلار؛ قىسقۇچپاقلارنى يەيدىغان بېلىقلار ئىككىلەمچى ئىستېمال قىلغۇچىلار؛ بېلىقلارنى يەيدىغان چوڭ بېلىقلار ئۈچلەمچى ئىستېمال قىلغۇچىلاردۇر.

**ئىستېمال قىلماق** ئىچمەك، يېمەك؛ قوبۇل قىلماق: ئالما، ئاپېلسىن، چىلان قاتارلىق مېۋىلەرنى مۇۋاپىق مىقداردا ئىستېمال قىلىپ بەرسە، نۇرغۇنلىغان كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدىكەن.

**ئىستېمال قىممىتى** <س ئق> بۇيۇمنىڭ كىشىلەرنىڭ مەلۇم ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش ئۈنۈمى.

**ئىستېمال ۋاستىلىرى** <س ئق> ئىجتىمائىي مەھسۇلاتنىڭ كىشىلەرنىڭ ماددىي، مەنىۋى تۇرمۇش ئېھتىياجىنى قاندۇرىدىغان قىسمى. ئۇ كىشىلەرنىڭ كىيىم-كېچەك، ئوزۇق-تۈلۈك، تۇرار جاي، يۈرۈش-تۇرۇش ۋە ئىشلىتىش جەھەتلەردىكى ئېھتىياجلىق ئىستېمال بۇيۇملىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

**ئىستېمال ئىناۋەتلىك قەرزى** <س ئق> كارخانىلار ئىستېمالچىلارغا بېرىدىغان ئىناۋەتلىك قەرز. بۇنىڭ شەكلى نېسىگە سېتىش ۋە ئىستېمال قەرز پۇلى بېرىشتىن ئىبارەت.

**ئىستېمالچى** ئى. ئىستېمال قىلغۇچى، ئىشلەتكۈچى، پايدىلانغۇچى؛ سېتىۋالغۇچى، خېرىدار: ئىستېمالچىلارنىڭ مەنپەئىتىنى كۆزدە تۇتماق. * ئۇلار ئىستېمالچىلارنىڭ مەنپەئىتىنى نەزەرگە ئالدى. * نىزامدىكى بەلگىلىمىلەرگە خىلاپلىق قىلىپ، ئىستېمالچىلارغا زىيان كەلتۈرگەنلەر زىياننى تۆلەپ بېرىشنى ئۈستىگە ئېلىشى لازىم.

**ئىستېمالچى ئورگانىزم** <بئول> ئېكولوگىيىلىك سىستېمىدىكى ھايۋانلارنىڭ ھەممىسى يېشىل ئۆسۈملۈكلەر ياسىغان ئورگانىك ماددىلاردىن بىۋاستە ياكى ۋاستىلىك ھالدا پايدىلىنىپ ياشايدۇ. شۇڭلاشقا ھەر خىل ھايۋانلارنىڭ ھەممىسى ئىستېمالچى ئورگانىزملاردۇر.

**ئىستىئارە** ئى (ئە) <ئەد> ← **مېتافورا.**

**ئىستىبدات** ئى (ئە) ھاكىممۇتلەق؛ زالىم: ئىستىبدات ھاكىمىيەت. ئىستىبدات دەۋر. * ئەسەردە ئىستىبدات كونا دەۋرنىڭ چىرىكلىكى، زۇلمەتلىكى، ئەكسىيەتچى ھۆكۈمرانلار گۇرۇھىنىڭ زالىملىقى كۈچلۈك پاش قىلىنغان.

**ئىستىبداتچى** ئى. ئىستىبداتلىقنى ياقلىغۇچى، زالىملىقنى ھىمايە قىلغۇچى بىرەر ئادەم ياكى گۇرۇھ، پارتىيە: ئەسكى تۈزۈمۈش ھەر قەدەمدە ۋەيران بولسا، بۇنى كۆرۈپ ئىستىبداتچىلار گۇمران بولسا، ئوقۇمىغان نادانلار ئەمدى ئىنسان بولسا، بۇ مېنىڭ ياش غۇنچە كۆڭلۈم ئېچىلاتتى.

**ئىستىبداتچىل** سۈپ. ئىستىبداتلىقنى ياقلايدىغان، ئىستىبداتلىق: ئىستىبداتچىل چىرىك نىيەتلەرنى تارمار ئەتتۇق، خار-زار ئەتتۇق، يەنە ئەتمەكچىمىز.

**ئىستىبداتچىلىق** ئى. ھاكىممۇتلەقلىق، زالىملىق، ئىستىبداتلىق.

**ئىستىبداتلىق** ئى. مۇستەبىتلەرنىڭ ئۆزىنىڭ ھوقۇقى، ئىمتىيازىغا ئاساسلىنىپ، ئاجىزلار، مەزلۇملار، پۇقرالار ئۈستىدىن زۇلۇم

قىلىش، ئېزىش: ئىستىبداتلىق قىلماق. * بىز ھەممە روسىيىلىكلەرنىڭ بەختلىك بولۇشىنى خالايمىز. بىز ھەربىر ئىنسان ئەركىن بولسۇن دەيمىز. بىز زۇلۇمنى، ئىستىبداتلىقنى يوق قىلىشنى خالايمىز.

**ئىستراتىپ** ئى (ر<گرېك) <مەت> قوغۇشۇن بەتىنى قۇيۇپ چىقىرىدىغان قېلىپ. ئالاھىدە ئىشلەنگەن قەغەزنى تىزىلىپ بولغان بەت ئۈستىگە يېيىپ، بېسىش ئارقىلىق ياسىلىدۇ.

**ئىستىراھەت** ئى (ئە) دەم ئېلىش، ھاردۇق ئېلىش، ئارام ئېلىش: ئىستىراھەت ئورنى. * شۇ كۈنى چۈشلۈك ئىستىراھەت ۋاقتىدا مەن مەتتوختەمنى خالىيراق بۇرجەككە تارتىپ ئاپاردىم. * 1949-يىل باھاردا غۇلجا شەھىرىنىڭ شىمالىدا خەلق ئىستىراھەت بېغى بەرپا قىلىش ئۈچۈن داغدۇغىلىق كۆچەت تىكىش دولقۇنى بولدى.

**ئىستىراھەت قىلماق** دەم ئالماق، ھاردۇق ئالماق، ھاردۇق چىقارماق، ئارام ئالماق: ئۇرمانلىقنىڭ پادىشاھى يولۋاس ئىستىراھەت قىلماقچى بولۇپتۇ.

**ئىستىراھەتخانا** ئى (ئە+پ) دەم ئالىدىغان جاي، ئارامگاھ: ئۇلار بىزنى بۈگۈن چۈشتىن كېيىن دالىيەن شەھىرىدىن ئون نەچچە كىلومېتىر يىراقلىقتىكى باغچۇيداۋ ئىستىراھەتخانىسىغا ئەكىتىدىغان بولدى.

**ئىستىراھەتگاھ** ئى (ئە+پ) ئىستىراھەت ئورنى، دەم ئېلىش ئورنى: ئىستىراھەتگاھقا بارماق.

**ئىستىراھەتگاھلىق** ئى. ئىستىراھەت ئورنى قىلىنغان جاي، ئىستىراھەت ئورنى: تاغنىڭ شىمالىي ئېتىكىدىن مەشھۇر «توققۇز بۇلاق» نىڭ مەرۋايىت سۇلىرى خۇددى فونتاندەك ئېتىلىپ چىقىپ، سەيلە قىلغۇچىلارنى مەپتۇن قىلىپ تۇرىدىغان داڭلىق ئىستىراھەتگاھلىققا ئايلانغان.

**ئىستىسقا** ئى (ئە) <تىب> قورساق بوشلۇقىغا سۇ يىغىلىپ قالىدىغان بىر خىل كېسەللىك. كۆپىنچە جىگەر قېتىش، جىگەر راكى، بەزى يۈرەك كېسەللىكلىرى، بۆرەك كېسىلى ۋە ئوزۇقلىنىش ناچارلىشىشلاردىن پەيدا بولىدۇ.

**ئىستىسنا** رەۋ (ئە) قائىدە-قانۇندىن، ئومۇمىي پرىنسىپ، تەرتىپتىن ياكى قاتاردىن، ھېسابتىن تاشقىرى؛ قائىدە-قانۇن، ھېسابلارنىڭ سىرتىدا؛ مۇستەسنا: ئىستىسنا قىلماق.

**ئىستىسنا قىلماق** قائىدىنىڭ، ئومۇمىي تەرتىپنىڭ ياكى قاتارنىڭ، ھېسابنىڭ سىرتىدا دەپ ھېسابلىماق؛ قائىدە، تەرتىپ، قاتار، ھېسابلارنىڭ تېشىدا قالدۇرماق.

**ئىستىسناسىز** رەۋ. ئىستىسنا قىلماستىن؛ مۇستەسنا ھالدا، مۇستەسناسىز.

**ئىستىغپار** ئى (ئە) <دىن> ئاللادىن گۇناھىنى كەچۈرۈشنى ئۆتۈنۈپ سوراش، تەلەپ قىلىش، قىلغان گۇناھلىرىغا توۋا قىلىش: گۇناھ ئەڭ ئاۋۋال ھەزرىتى ئادەم ئەلەيھىسسالامدا كۆرۈلگەنىدى. بۇ زات ھەممىمىزنىڭ ئاتىسى. ئادەم ئەلەيھىسسالام گۇناھىغا پۇشايمان قىلىپ ئىستىغپار ئېيتقانىدى.

**ئىستىقامەت** ئى (ئە) ① <دىن> ۋاقتىنى بىرەر جايدا خۇداغا سېغىنىش، تاۋاپ قىلىپ ئېتىكاپتا ئولتۇرۇش بىلەن ئۆتكۈزۈش ياكى خۇداغا تېۋىنىش بىلەن ئۆتۈش: ئىستىقامەت قىلماق. * مانا مەن مۇشۇ مەسچىتنىڭ مەزىنى، ۋاقتىمنىڭ كۆپ قىسمىنى

خۇدانىڭ ئۆيىدە ئىستىقامەت بىلەن ئۆتكۈزىمەن. * بۈگۈن كېچە ئەسھابۇلكەھتە، ئىستىقامەت غارىدا دۇرۇت مۇناجات، دۇرۇت نىجات ئوقۇپ ئولتۇرىمەن. ② بىرەر جايدا ياشاش، تۇرۇش، ھايات كەچۈرۈش؛ تىرىكچىلىك: شۇندىن كېيىن، مەن «مۆھتەرەم قارى» قۇربان ئاقساقالنىڭ ئۆيىدە ئىستىقامەتتە بولۇشنى قارار قىلدىم.

**ئىستىقامەت قىلماق** ① ۋاقتىنى بىرەر جايدا خۇداغا سېغىنىپ، تاۋاپ قىلىپ ئېتىكاپتا ئولتۇرۇش بىلەن ئۆتكۈزمەك؛ ئېتىكاپتا ئولتۇرماق: ئۇنداق ئادەملەر دۇنيادىن زېرىكىپ، ھېچكىم بىلەن ئارىلاشماسلىق ئۈچۈن، تەركىدۇنيا بولۇپ يىراق چۆللەردىكى مازارلارغا بېرىپ ئىستىقامەت قىلىپ ياتىدۇ. * — ئىش ۋاقتىدا ھۆپۈپتەك ئىستىقامەت قىلىپ ياتىدىكەنمىز-دە، تۇراخۇن، — دېدى ھاشىم. ② بىرەر جايدا ياشىماق، تۇرماق، ھايات كەچۈرمەك، تىرىكچىلىك قىلىپ كۈننى ئالماق: ئى ئانا، سىز بۇ تىللالارنى شەھەرگە ئېلىپ بېرىڭ، مەن سىز كەلگۈچە مۇشۇ يەردە ئىستىقامەت قىلىپ تۇراي، ئىككى ئوغلىڭىزنى، ئۇسكۈنە-سايمان قاتارلىق نەرسىلەرنى ئېلىپ كېلىڭ. * ئەنجەد ئۇنىڭغا رازىلىق بىلدۈرۈپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئەنجەد تىككۈچىنىڭ ئالدىدا ئىش ئۆگىنىپ ئىستىقامەت قىلىپ تۇرۇپ قېلىپتۇ.

**ئىستىقامەتچى** ئى. ئىستىقامەت قىلغۇچى ئادەم: ئۇ ئاشۇ تاغدىكى بىر ئىستىقامەتچى ئىكەن.

**ئىستىقبال** ئى (ئە) ① كەلگۈسىدىكى ھايات، تىرىكچىلىك يولى، كەلگۈسىدىكى چىقىش يولى، كەلگۈسى زامان؛ كېلەچەك: گۈزەل ئىستىقبال. — * قىزىمنىڭ پۈتۈن ئىستىقبالىنى يوقاتماقچىمۇ سىلەر! بۇ نېمە قىلغىنىڭلار؟ — دېدى ئۇ ئاچچىقلىنىپ. * — ياشلار ئىستىقبالىنى ئۆزى يارىتىشى لازىم، — دېدى ئايىلى سۆزگە ئارىلىشىپ. * ئۇ بالىنىڭ ئىستىقبالىنى پارلاق ئىكەن. ② بىرەر ئىشنىڭ، نەرسىنىڭ كېلەچەكتىكى تەقدىرى؛ ئاقىۋەت: شەھەرنىڭ ئىستىقبالى. * مانا بۇ — ساپ دىللىق بىلەن قارا نىيەتلىكنىڭ ۋە ئىستىقبال بىلەن ھالاكەتنىڭ ئەڭ ئاخىرقى كەسكىن بەلگىسى ئىدى. * بىز ياشلار ۋەتەننىڭ ئىستىقبالىنى ئويلىشىمىز لازىم. ③ ياخشى كۆرگەن، ھۆرمەت قىلىدىغان كىشىنىڭ ئالدىغا چىقىپ كۈتۈپ ئېلىش؛ قارشى ئېلىش: ئىستىقبالىغا چىقماق.

**ئىستىقبال قىلىنماق** قارشى ئېلىنماق: سابىت داموللا بىلەن شامەنسۇر ئىككى مىڭچە ئادىمى بىلەن قەشقەر شەھىرىگە كىرىپ كەلدى ۋە شەھەر ئاھالىسى تەرىپىدىن قىزغىن ئىستىقبال قىلىندى.

**ئىستىقبالسىز** سۈپ. ئىستىقبالى، كېلەچىكى يوق، كېلەچىكىدىن ئۈمىد كۈتكىلى بولمايدىغان، ئىستىقبالى ياخشى ئەمەس: — پۈتۈنلەي ئىستىقبالسىز بىر ئادەم بولۇپ قالدىم، — دېدى ئۇ ئازابلىنىپ.

**ئىستىقباللىق** سۈپ. ئىستىقبالى، كېلەچىكى پارلاق؛ كېلەچىكىدىن ياخشى ئۈمىد كۈتسە بولىدىغان، كېلەچىكى ياخشى، ئۈمىدلىك: ئىستىقباللىق ياش ئالىم. ئىستىقباللىق ياشلار. ئىستىقباللىق ئىش. ئىستىقباللىق ياش مىللىي كادىرلار.

**ئىستىقلال** ئى (ئە) باشقىلارغا تەۋە، قارام بولماي، بېقىنماي ئۆز ئەركى بىلەن ياشاش؛ ئۆزىنى ئۆزى ئىدارە قىلىش؛ مۇستەقىللىق، ئەركىنلىك، ھۆرلۈك:

مىللىي ئىستىقلال. * – بىزگە قۇللۇق كېرەك ئەمەس، ئىستىقلال كېرەك، – دېدى كۆپچىلىك ئىچىدىن بىرەيلەن كۈچلۈك ئاۋازدا. * تاشقى موڭغۇلنىڭ ئىستىقلال دۆلەت بولۇشىغا ياردەم قىلغان شۇرالار ھۆكۈمىتى ئەمەسمۇ؟ * سىلى شۇرالار ھۆكۈمىتى بىزنىڭ ئىستىقلال دۆلەت بولۇشىمىزنى خالىمايدۇ.

**ئىستىقلالىيەت** ئى (ئە) يېزىت. مۇستەقىللىق، ئەركىنلىك، ئازادلىق: ئابدۇراخمان مۆمىنوپقا ئالاھىدە بۇيرۇق بويىچە مايورلۇق ئۇنۋانى ۋە «ئىستىقلالىيەت» ئوردېنى بېرىلگەن، يارىسى خېلى ئوڭشالغاندىن كېيىن غۇلجىغا ئالاھىدە كەلتۈرۈلگەن بولۇپ، ئۇ ئەمدى كەڭسايدىكى ساناتورىيىدە دەم ئالماقتا ئىدى.

**ئىستىقلالىيەتچى** ئى. مۇستەقىللىق، ئەركىنلىك ئۈچۈن كۈرەش قىلغۇچى ياكى مۇستەقىللىق، ئازادلىقنى ھىمايە قىلىدىغان، ياقلايدىغان ئادەم: ئەخمەتجان قاسىمى سېپى ئۆزىدىن بىر ئىستىقلالىيەتچى ئىدى.

**ئىستىقلالىيەتچىلىق** ئى. ئىستىقلالنى، مۇستەقىللىقنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن كۈرەش قىلىش، پائالىيەت ئېلىپ بېرىش، تىرىشىش ياكى مۇستەقىللىقنى، ئەركىنلىك-نى ھىمايە قىلىش، قوللاش.

**ئىستىل** ئى (ر<فران) ① ئىدىيە، خىزمەت ۋە تۇرمۇشتا ئىپادىلەنگەن پوزىتسىيە؛ ھەرىكەت: بيۇروكراتلىق ئىستىلى. ئىستىلى دۇرۇس كىشى. ئىستىل تۈزىتىش ھەرىكىتى. ② <ئەد> مۇئەييەن بىر دەۋر، بىر مىللەت، بىر ئېقىم ياكى بىر كىشىنىڭ ئەدەبىي ئەسىرىدە ئىپادىلەنگەن ئاساسىي ئىدىيىۋى ئالاھىدىلىك ۋە بەدىئىي ئالاھىدىلىك؛ ئۇسلۇب: رومانتىك-لىق ئىستىل. كىتابىي ئىستىل. ③ بىرەر ئىش-ھەرىكەتنىڭ ئۇسۇلى: رەھبەرلىك ئىستىلى.

**ئىستىل تۈزىتىش ھەرىكىتى** <تارىخ> پۈتۈن پارتىيىدىكى كادىرلارنىڭ ماركسىزم، لېنىنىزملىق سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش، پارتىيىنىڭ جەڭگىۋارلىقىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن، پارتىيىمىز 1942-يىلى يەنئەندە ئېلىپ بارغان بىر قېتىملىق ھەرىكەت. بۇنىڭدا ئاساسلىقى سۇبيېكتىپلىق، مەزھەپ-چىلىك ۋە پارتىيە باگۇسىغا قارشى تۇرۇلغان. بۇ ھەرىكەتنىڭ فاڭجېنى «ئالدىنقىلاردىن ئىبرەت ئېلىپ، كېيىن-كىلەرگە ساۋاق قىلىش، كېسەلنى داۋالاپ ئادەمنى قۇتقۇزۇش»، «ھەم ئىدىيىنى ئايدىڭلاشتۇرۇش، ھەم يولداش-لار بىلەن ئىتتىپاقلىشىش» تىن ئىبارەت بولغان.

**ئىستىلىزاتسىيە** ئى (ر<فران) <ئەد> بىرەر يازغۇچى ئىجادىغا خاس غايىۋى، بەدىئىي خۇسۇسىيەتلەرگە، ئىپادە قىلىش ئۇسۇ-لىغا، تىلىغا ۋە ئۇسلۇبىغا تەقلىد قىلىش.

**ئىستىلىستىكا** ئى ← **ستىلىستىكا.**

**ئىستىلىي** سۈپ. ئىستىلغا ئائىت، ئىستىلغا ئالاقىدار بولغان: – پارتىيىنىڭ ئىستىلىي قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش لازىم، – دېدى ئۇ.

**ئىستىمەك** پ. ئىستەك تۇغۇلماق، ئۈمىد قىلماق، خالىماق، ئارزۇ قىلماق: ھەركىم بۇ يوكۇنۇپ ئولتۇرغان قىزنى قۇتقۇزۇپ قېلىشنى ئىستەيتتى. * شۇڭا ئۇ نادەم بىلەن يانمۇيان تۇرۇشنى ھەتتا چاپىنى بولسىمۇ ئۇنىڭغا تېگىپ تۇرۇشنى شۇنچىلىك ئىستەيتتى. * ئۇ پەقەتلا ئارام ئېلىشنى ھەم ھېچكىم، ھېچنەرسىنى كۆرمەسلىكنى ئىستەيتتى.

**ئىستىنجا** ئى (ئە) تەرەت، بوشىنىش؛ تەرەتتىن كېيىن يۇيۇنۇش: ئىستىنجا قىلماق.

**ئىستىنجا قىلماق** تاھارەت ئېلىش ئۈچۈن ئەۋرەتنى يۇماق، ئەۋرەتنى پاكىزلىمەك، تازىلىماق: بىز ئەزەلدىن بۇ يەرگە ئىستىنجا قىلىپ كېلىۋاتقان تۇرساق، قانداقمۇ تازىلىغىلى بولسۇن؟

**ئىستىھزا** ئى (ئە) بىركىمنىڭ ئۈستىدىن كۈلۈش؛ مەسخىرە؛ مازاق؛ كىنايە: ئالىم باشتا ئىستىھزا بىلەن كۈلۈمسىرىدى، كېيىن چىرايىدا چوڭقۇر ھۆرمەتنى بىلدۈرىدىغان بىر خىل ئىپادە پەيدا بولدى. * مالايلارنىڭ دۈنەگە ئاقسۆڭەكلەرچە بىر تەرەپلىمىلىك ۋە ئىستىھزا بىلەن قىلغان مۇئامىلىسى ھەر جەھەتتىن ئۇنى خورلىدى. * ئايخان باسنقا يالت ئېتىپ قارىۋىدى كۆزلىرىدىن ئۆتكۈر ئىستىھزا ئۇچقۇنلىرى چاقناپ كەتتى.

**ئىستىھزالانماق** پ. كىنايە قىلماق، مەسخىرە قىلماق: ئۇ سۆز قايتۇرۇشنى ئورۇنسىز بىلدىمۇ ۋە ياكى جاڭجالنىڭ ئۇلغىيىشىدىن قورقتىمۇ، قىسقىسى ئۇزاققىچە ئىستىھزالىنىپ قاراپ تۇردى.

**ئىستىھزاسىز** ئى. ئىستىھزا قىلمىغان، تەنە قىلماستىن؛ ئىستىھزادىن خالىي، كىنايىسىز، توغرا: ئۇنىڭ كۈلكىسى ئىستىھزا-سىز، سەممىي ئىدى. * مۇدىر ھېچقانداق تەنە ئىستىھزاسىز، مۇلايىملىق بىلەن زىننەتكە پاراڭ قىلدى.

**ئىستىھزالىق** سۈپ. ئىستىھزاسى بولغان، مەسخىرە قىلغانلىقى بىلىنىپ تۇرغان، كىنايىلىك، مەسخىرىلىك: زەينەپ ئاچىسىنىڭ ئىستىھزالىق يۈزىگە قارىدى ۋە ئۇنىڭ نېمە دېمەكچى بولغىنىنى چۈشىنەلمىدى. * سېكرېتار-نىڭ چىرايىغا ئىستىھزالىق تەبەسسۇم يېيىلدى.

**ئىستىھكام** ئى (ئە) ① <ھەرب> مۇداپىئە ئۈچۈن قۇرۇلغان مۇستەھكەم توساق، تام، قەلئە ۋە شۇنىڭغا ئوخشاشلار: بارات غەزەپتىن تىترەپ كەتتى-دە، باشقىلارنىڭ توسۇشىغا قارىماي، پارتلاتقۇچنى كۆتۈرۈپ دۈشمەن ئىستىھكامىغا قاراپ ئېتىلدى. * ئۇلار مۇشۇ ئۆڭكۈرنى ئىستىھكام قىلىپ تۇرۇپ، دۈشمەن بىلەن ئاخىرغىچە ئېلىشىش قارارىغا كەلدى. * جاھىل دۈشمەن شۇ يەردە، قۇرغان ئىكەن ئىستىھكام، يۇرتىمىزدە دۈشمەنگە، يانار ئىدى ئىنتىقام. ② كۆچمە. مۇستەھكەم تايانچ، تۈۋرۈك؛ قورغان: ئىتتىپاقلىق — كۈچ، بىرلىك — ئىستىھكامدۇر.

**ئىستىھكام ئۇرۇشى** <ھەرب> ئارمىيىنىڭ مۇستەھكەم ئىستىھكامغا ياكى دالا ئىستىھكامىغا تايىنىپ مۇداپىئەدە تۇرۇش ۋە ياكى مۇستەھكەم ئىستىھكامدا ياكى دالا ئىستىھكامدا چىڭ تۇرغان دۈشمەنگە ھۇجۇم قىلىش بويىچە ئېلىپ بارىدىغان ئۇرۇشى.

**ئىستىۋرا** ئى (ئە) جان ت. چوڭ-كىچىك ھاجەت، تەرەت: ئىستىۋرا قىلماق.

**ئىستىۋرا قىلماق** جان ت. ھاجەت قىلىپ پاك بولماق، تازىلانماق: — ئاۋۇ يەرگە بېرىپ ئىستىۋارا قىلىپ كېلەي، بالام، مۇشۇ يەردە جىندەك تۇرۇپ تۇرغىن، — دېدى مويسىپىت بوۋاي نەۋرىسىگە.

**ئىستىۋراخانا** ئى (ئە) ← **ھاجەتخانا.**

**ئىستىۋول ← ستۇول.**

**ئىسچوت** ئى (ر) <مال> مەبلەغنىڭ مەنبەسى، ئىشلىتىلىشى، تىجارەت جەريانى ۋە ئۇنىڭ نەتىجىسىنىڭ بوغالتىرلىق ھېساب تۈرلىرىگە ئاساسەن، ھېساب دەپتىرىدە تۈرلەر بويىچە ئېچىلغان ھېسابات.

**ئىسچوتچىك** ئى (ر) <فىز> توك مىقدارىنى كىلوۋات سائەت بىرلىك بويىچە ھېسابلايدىغان ئەسۋاب.

**ئىسراپ** ئى (ئە) ئورۇنسىز زايە قىلىش، بىھۇدە ئورۇنسىز ياكى ئارتۇقچە سەرپ قىلىنغان، خىراجەت، چىقىم: ئىسراپ بولماق. ئىسراپ قىلماق.

**ئىسراپ بولماق** بىرەر نەرسە بىھۇدە خار، يوق، نابۇت قىلىنماق؛ ئورۇنسىز، بىكاردىن-بىكار زايە قىلىنماق، ئورۇنسىز ياكى ئارتۇقچە سەرپ بولماق: — مەن ئۈچۈن ھەممىدىن مۇھىمى، سۈتنىڭ ئىسراپ بولغىنى! — دېدى ئۇ. * زەيىنەپخاننىڭ باشلامچىلىقى بىلەن بۇ تاش ئۈستەلگە چېپىلغاندىن كېيىن، سۇمۇ ئىسراپ بولمايدىغان بولدى.

**ئىسراپ قىلماق** ① بىرەر نەرسىنى بىھۇدە، ئورۇنسىز ئىشلەتمەك، ئورۇنسىز، بىكاردىن-بىكار سەرپ قىلماق، يوقاتماق، ئۇچۇرۇۋەتمەك: پۇلنى ئىسراپ قىلماق. ئاشلىقنى ئىسراپ قىلماق. دورىنى ئىسراپ قىلماق. * ئىسراپ قىلىش-خاراب قىلىش (ماقال). ② بىكارغا كەتكۈزمەك: ۋاقىتنى ئىسراپ قىلماق. * — ئۇ يەرگە كۈچۈڭنى ئىسراپ قىلما، تېرىپ ھوسۇل ئالالمايسەن، — دېدىم مەن ئۇكامغا كۆيۈنۈپ.

**ئىسراپچىلىق** ئى. ئورۇنسىز ياكى ئارتۇقچە سەرپ قىلىش، تاشلىۋېتىش، بىھۇدە خار، نابۇت قىلىش، بىكاردىن-بىكار يوق قىلىش، بىكارغا كەتكۈزۈش، زايە قىلىش: ئاشلىق ئىسراپچىلىقى. * ئىسراپچىلىق نەدە؟ پېشانىسى تەرلىمىگەن يەردە (ماقال). * ۋاقىت ئىسراپچىلىقى — ئەڭ ئېغىر ئىسراپچىلىق. * بۇ ئىسراپچىلىقنى كۆرۈپ چىداپ تۇرغان تاش يۈرەكلەرگە تۇۋا دېگۈم كېلىدۇ.

**ئىسراپخور** (ئە+پ) ① سۈپ. يېمەك-ئىچمەك، پۇل قاتارلىقلارنى ئورۇنسىز بۇزۇپ-چېچىپ زايە قىلغۇچى؛ ئارتۇقچە سەرپ قىلغۇچى: ئىسراپخور ئادەم. * ئۇنىڭ نومۇسسىز، پىخسىق ئىكەنلىكى ۋە يەنە چوڭ ئىسراپخور ئىكەنلىكىنى ھەممە ئادەم بىلىدۇ. ② ئى. ئىسراپ قىلىدىغان ياكى قىلغان كىشى: سەن ئىسراپخورلاردىن بولما، ھەتتا ئىسراپخورلار بىلەن ھەمسۆھبەتتىمۇ بولما. چۈنكى ئامەت كەلسە بىر سەۋەب بىلەن كېلىدۇ.

**ئىسراپخورلۇق** ئى ← **ئىسراپچىلىق**: ئىسراپخورلۇق قىلماق. * ئىچىمىزدە بولسا، ئەمەلدارلارنىڭ پارىخورلۇقى، ئورۇنسىز ئىمارەت، ھەشەمەتلىك مەدرىسە، مازالار قۇرۇلۇشى ۋە ئىسراپخورلۇقلار ئاممىنىڭ ئۈستىدىكى يۈكىنى ئېغىرلاشتۇرماقتا. * بىز ھەممىمىز ئىسراپخورلۇققا قارشى تۇرغۇچىلارمىز.

**ئىسرائىلىيە** ئى <جۇغ> غەربىي جەنۇبىي ئاسىيادىكى دۆلەت. ئوتتۇرا يەر دېڭىزىنىڭ شەرقىي جەنۇبىي قىرغىقىغا جايلاشقان بولۇپ، سۇرىيە، ئىئوردانىيە، لىۋان ۋە ئەرەب بىرلەشمە خەلىپىلىكى بىلەن چېگرىلىنىدۇ. ئاھالىسىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى يەھۇدىيلار بولۇپ %90 نى ئىگىلەيدۇ، قالغانلىرى ئەرەبلەر، پايتەختى ئىرۇسالىم.

**ئىسرائىلىيە پادىشاھلىقى** <تارىخ> قەدىمكى پەلەستىننىڭ شىمالىي قىسمىدا ئۆتكەن قۇللۇق تۈزۈمىدىكى دۆلەت. تەخمىنەن مىلادىيىدىن بۇرۇنقى XI ئەسىردە قۇرۇلغان. مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 935-يىلى پەلەستىن جەنۇب-شىمال دەپ ئىككىگە بۆلۈنۈپ كەتكەندە ئىروبوئام شىمالدىكى ئىسرائىلىيە دۆلىتىنىڭ ھۆكۈمرانىغا ئايلانغان. مىلادىيىدىن

بۇرۇنقى IX ئەسىردە سامارىيىلارنى پايتەخت قىلىپ بېكىتكەن. مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 722-يىلى ئاسسۇرىيە پادىشاھى سارگون II ئىسرائىلىيىنى يوقاتقاندىن كېيىن كۆپ قىسىم ئاھالىلارنى چېگرا سىرتىغا كۆچۈشكە مەجبۇر قىلغان. شۇنىڭ بىلەن بۇ خانلىقنىڭ تېررىتورىيىسى ئاسسۇرىيىنىڭ تېررىتورىيىسىگە قوشۇلغان.

**ئىسرىق** ئى. ئارچا ياغىچى، ئارچا يوپۇرمىقى، ئادراسمان ياكى شۇلارنىڭ رولىنى ئوينايدىغان، كۆيدۈرسە يېقىملىق، خۇش بۇي ئىس چىقىرىدىغان نەرسىلەر: ئىسرىق سالماق. * پەيشەنبە كۈنى بامداتتىن كېيىن ھەمرا ئارچا تاھارەت بويى بىلەنلا ئىسرىق تەييارلىدى.

**ئىسرىق سالماق** ① پۇراقلىق نەرسىلەرنى ئىسرىقدانغا ئېلىپ كۆيدۈرۈش ئارقىلىق دېزىنفېكسىيە قىلماق: ئانام ئىسرىق سېلىپ ئۆينىڭ سېسىق پۇرىقىنى يوقاتتى. ② خۇراپىيلىقتا ئاساسەن، پۇراقلىق نەرسىلەرنى كۆيدۈرۈپ، ئەرۋاھلارغا ياكى بىركىمنىڭ روھىغا ئاتاپ ئىس پۇراتماق: ئاپام بەش ۋاخ نامازنى تەرك ئەتمەيدىغان، ھەر پەيشەنبە كۈنى ئەرۋاھلارغا ئاتاپ ئىسرىق سالىدىغان تەقۋادار مۇسۇلمان. * چاي ئىچىپ بولغاندىن كېيىن، بازارغا ماڭماقچى بولدۇق. ئىشىكتىن چىقىش ئالدىدا ئانام دالانغا ئادراسمان بىلەن ئىسرىق سالدى.

**ئىسرىقدان** ئى. ئىچىگە ئىسرىق سېلىپ كۆيدۈرىدىغان مەخسۇس قاچا ياكى شۇنىڭ رولىنى ئوينايدىغان باشقا نەرسە: ئۇ ئىسرىقدانىنى تورپاقنىڭ بېشىدىن ئۆرۈپ چاتلىرىدىن ئۆتكۈزۈۋېتىپ، بىرنېمىلەرنى ئوقۇپ سۇف-سۇفلىدى.

**ئىسرىقدىماق** پ ① ئىسرىق سالماق، ئىسرىق سېلىپ ئىس پۇراتماق: باقى بىر سېۋەتكە كونا تاغار، ئىككىنچىسىگە بىرپارچە كىگىز ياپتى-دە، ئېلىپ مېڭىشىغا، ئانىسى بىر سىقىم كېپەك بىلەن ئىسرىقداپمۇ ئۈلگۈردى. ② ئىسرىقتا تۇتماق: پاھ، قوللىرىڭىزنى ئىسرىقداپ تۇرسىڭىز بولغۇدەك.

**ئىسرىقلىماق** پ. ئىسرىق سالماق، ئىسرىق سېلىپ ئىسغا تۇتماق، ئىسرىقنى بېشىدىن ئۆرۈپ قويماق: — ئەزىزىم، قارىسىلا، سەيلىخان ئاچام سىلىنى «كۆزى يامانىنىڭ كۆزىدىن، ئاغزى يامانىنىڭ ئاغزىدىن ساقلىماق» ئۈچۈن يول تەرەپچىدە ئىسرىقلاپ قويماقچى، — دېدى ئايگۈل.

**ئىسسىتقۇ** ئى. كىشىگە كۆڭۈل رىشتىنى باغلاشقا، مېھرىنى چۈشۈرۈشكە سەۋەب بولىدۇ، دەپ قارىلىدىغان، قارىلىپ كەلگەن بىرەر ئىش-ھەرىكەت، گەپ-سۆز ياكى داخاننىڭ سېپكۆچى قاتارلىقلار: بۇرۇندىن قالغان «ياخشى سۆز ئىسسىتقۇ، يامان سۆز سوۋۇتقۇ» دېگەن گەپ بار. * ھوشۇر داخانغا بىرمۇنچە پۇل بېرىپ، خەيرىنساغا ئىسسىتقۇ قىلغۇزغانتىم، بۇنى قانداق بېرىشنى بىلمەي يۈرۈۋاتىمەن. * خۇماخاننىڭ بۇنداق سۆھبەتلىرى ساددا ئادەملەر ئىشىنىدىغان داخاننىڭ ئىسسىتقۇسىدەك بارا-بارا گۈلنارخاننى كىچىكئاخۇنغا باغلاپ قويدى.

**ئىسسىتقۇچ** ئى. ئىچىگە ئىسسىق سۇ قاچىلىنىدىغان ئادەم ياكى نەرسىلەرنىڭ تېمپېراتۇرىسىنى ئۆرلىتىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان ئەسۋابلارنىڭ ئومۇمىي نامى.

**ئىسسىتما** ئى ① زۇكام ياكى باشقا بىرەر كېسەللىك سەۋەبىدىن بەدەن تېمپېراتۇرىسىنىڭ ئادەتتىكى چاغدىكىسىدىن

يۇقىرى ئۆرلەپ كېتىشى، قىزىتما: ئىسسىتما ئۆرلىمەك. ئىسسىتمىنى قايتۇرماق. * مەن ئاستا ئېگىشىپ، ئۇنىڭ پېشانىسىنى تۇتۇپ باقتىم، ئىسسىتمىسى ئۆرلەپ قالغانىكەن. * بۇ دوختۇر مەھبۇسنىڭ ئىسسىتمىسى كۆتۈرۈلۈپ بىئارام بولغان چاغلاردا چاقىرىسىلا كېلەتتى. ② كۆچمە. ئاغرىق، چىگىش خىيال: ئىمتىھان سوئالىنى كۆرۈپلا ئايگۈلنىڭ بېشىغا ئىسسىتما چۈشتى. * كەچ كىرىش بىلەنلا بېشىمغا ئىسسىتما چۈشتى، بۈگۈنكى قونالغۇمىزنىڭ قانداق جاي ئىكەنلىكى ھەممىگە ئايان، دائىم گۈركىرەپ بوران ئۇچۇپ تۇرىدۇ.

**ئىسسىتماق** « ئىسسىماق » پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: سۇنى ئىسسىتماق. تاماقنى ئىسسىتماق. * ئاتىنىڭ ھورى بالىنىڭ دولىسىنى ئىسسىتماس (ماقال). * ئېشەكنىڭ دۈمبىسىگە ئاپتاپ چۈشسە، قولىقىنى ئىسسىت (ماقال). * بىر كىشى ياققان ئوت يۈز كىشىنى ئىسسىتار (ماقال). * ئەتكەن ئېشىڭ شۇ بولسا، ئىسسىتقان ئېشىڭ نېمە بولار (ماقال).

**ئىسسىتمىدىماق** پ. قىزىتمىسى ئۆرلىمەك، ئىسسىتمىسى يۇقىرىلاپ كەتمەك، قىزىپ قالماق: ئون ئىككى ياشلىق تۆرەم بولسا بىر چەتتە ئىسسىتمىداپ ياتاتتى. * — دوختۇر! بالام تۇيۇقسىز ئىسسىتمىداپ قالدى، — دېدى ئۇ يىلىنىش تەلەپپۇزىدا.

**ئىسسىتىش** ① « ئىسسىتماق » پېئىلىنىڭ يەنە بىر خىل ئىسىمدىشى: ئىسسىتىش ئۈسكۈنىلىرى. ② <بىن> ئۆي-ئىمارەتلەرنىڭ ئىچكى تېمپېراتۇرىسىنى سوغۇق كۈنلەردە مۇۋاپىق تەڭشەپ تۇرۇش. ③ <فىز> ئېلېكتر ئېنېرگىيىسى بىلەن ئىسسىقلىق ئېنېرگىيىسىنى بىرلىكتە ئىشلەپچىقىرىدىغان بىر خىل ئۇسۇل. ئوت ئېلېكتر ئىستانسىسى ئېلېكتر ئېنېرگىيىسى بىلەن تەمىنلىگەندىن سىرت، ھور ماشىنىسىنىڭ ئىش قىلىپ بولغان ھور ياكى گاز تۇرۇبىسى چىقارغان كېرەكسىز گازدىن پايدىلىنىپ ھور ياكى ئىسسىق سۇ بىلەن تەمىنلەيدۇ.

**ئىسسىتىش ئۈسكۈنىلىرى** <بىن> سوغۇق كۈنلەردە ئائىلىلەرنىڭ ئىچكى تېمپېراتۇرىسىنى تەڭشەش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان ئۈسكۈنىلەر.

**ئىسسىتىشماق** « ئىسسىتماق » پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: باللار ئوچاققا ئوت قالاپ يوغان قازاندىكى سۇنى ئىسسىتىشتى. * شەۋكەتمۇ ئانىسىنىڭ قولىدىن بوشىنىپ، چوڭ ئانىسىنىڭ يېنىغا كېلىپ: — ئەكىلىڭ چوڭ ئانا، مەنمۇ ئىسسىتىشىپ بېرەي، — دېگەنىدى.

**ئىسسىتىلماق** « ئىسسىتماق » پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: — قانچە سائەت كۆپ ئىشلىسە، ئۆزلىرىنىڭ ئىشى، — دېدى ئايالى ئىسسىتىلغان بىر چىنە ئاشنى ئېرىنىڭ ئالدىغا قويۇۋېتىپ.

**ئىسسىز** سۈپ. ئىسى يوق ياكى ئاز، ئىسى چىقمايدىغان ياكى كۆپ ئەمەس: ئىسسىز كۆمۈر. ئىسسىز پوروخ.

**ئىسسىز كۆمۈر** <گېئول> كاربونلىنىش دەرىجىسى ئەڭ يۇقىرى بولغان بىر خىل كۆمۈر. قاتتىق ۋە قارا بولۇپ، مېتال پارقىراقلىقىغا ئىگە. ياندۇرغاندا ئىسى بولمايدۇ ياكى ناھايىتى ئاز مىقداردا ئىس چىقىرىدۇ.

**ئىسسىق** ① سۈپ. بىرەر مەنبەنىڭ ھارارىتى، تەسىرى بىلەن ئىسسىغان، ئىللىغان ياكى قىزىغان؛ ئىللىق، قىزىق: ئىسسىق سۇ. ئىسسىق چاي. ئىسسىق نان. ئىسسىق

تاماق. * ئادەمنىڭ يۈزى ئاپتاپتىن ئىسسىق (ماقال). * ياز كۈنلىرى، ھاۋا ناھايىتى ئىسسىق ئىدى. * — ھەي قىزلار، كۈن سوغۇق، بىر پىيالىدىن ئىسسىق شورپا ئىچىۋېلىڭلار! — دەپ ۋارقىرىدى ئايال. ② سۈپ. ئىسسىقلىقنى ساقلايدىغان، ئىسسىق تۇتىدىغان: ئىسسىق كىيىم. ③ ئى. ئىسسىق تۇرغان، ئىسسىقى كەتمىگەن: مەن پۈتۈن بىر كۈن ئىسسىق ئىچمىگەنلىكىم، ئاغزىمغا بىر بۇردا نان سالمىغانلىقىم، ئۇنىڭ ئۈستىگە قاتتىق تاياق زەربىسى، بۇرنۇمدىن قان كېتىپ ھالسىزلىنىپ يىقىلدىم. ④ ئى <فىز> جىسىم تەركىبىدىكى مولېكۇلىلار ھەرىكىتى (يېنىش، خىمىيىۋى رېئاكسىيە ۋە شۇنىڭدەكلەر) نەتىجىسىدە ھاسىل بولىدىغان ۋە جىسىملارنى ئىسسىتىدىغان، قىزدۇرىدىغان ئېنېرگىيە، ئىسسىقلىق، ھارارەت: ئوتنىڭ ئىسسىقى. قۇياشنىڭ ئىسسىقى. ماتورنىڭ ئىسسىقى. ⑤ رەۋ. ئىللىق ئۆتكۈزۈپ، ئىللىق ئۆتكۈزگەن ھالدا: — ئاپىرىپ ئىسسىق ياتقۇزۇپ قويۇڭلار، بىرئاز ئاۋارە بولىدۇ، يىغلايدۇ، ئاندىن كېيىن ياخشى بولۇپ قالىدۇ، — دېدى دوختۇر. ⑥ سۈپ <تىب> ھارارەت ھاسىل قىلىش كۈچىگە ئىگە، مۈتىدىلدىن يۇقىرى بولۇش خاراك- تېرىگە ئىگە: بۇ دورىنىڭ تەبىئىتى ئىسسىق. ⑦ رەۋ. قىزغىن، سەمىمىي ھالدا: ئۇ ئىلكىنىڭ ئۆيىگە كېلىپ تۇرىدۇ، ئىلىك ئۇنى ئىسسىق قارشى ئالىدۇ، ئەمدى يامانلارغا ئالدانماسلىقنى جېكىلەيدۇ. ⑧ سۈپ. كۆڭۈلگە . كىشىگە ياقىدىغان، خۇش، يېقىملىق، ئىللىق؛ مۇلايىم: ئىسسىق چىراي قىز. مېھرى ئىسسىق بالا. * تاشۋاي يۈرەككە تاقىلىدىغان ئىسسىق بىر قاراش بىلەن گۈلچېمەنگە تىكىلدى.

// ئىسسىق كۆلىمەك. * مەخسۇم بۈگۈن گۈلسۇرۇخنىڭ كۆزىگە بۆلەكچىلا ئىسسىق كۆرۈندى.

**ئىسسىق ئادىۋېكسىيە** <مېتېئور> ئىسسىق ھاۋانىڭ گورىزونتال يۆنىلىشنى بويلاپ سوغۇقراق رايونغا ئېقىش ھادىسىسى. بۇ ھەمىشە كەڭ كۆلەملىك سوغۇق رايونلارنىڭ تېمپېراتۇرىسىنى ئۆرلىتىۋېتىدۇ. ئادەتتە ئۇ كەڭ كۆلەملىك ئابىھاۋا ئۆزگىرىشى پەيدا بولۇشىنىڭ سەۋەبلىرى- دىن بىرى ھېسابلىنىدۇ.

**ئىسسىق باسماق** ھۇزۇرلىنىپ غىزالانماق، يېگەن تامىقى كۆڭلىگە ياقماق: چاي بىلەن بىرەر بۇردىدىن نان يېگەچ ئولتۇرۇشلار بىرئاز ئىسسىق باسسۇن، قانداق دېدىم، — مەن ئۇلارغا. * ئىسسىق باسقۇدەك تاماق يېيەلمەي يۈرگەن بۇ كۈنلەردە سېزىكلىكنى باسقۇدەك گۆش نەدە دەيسەن.

**ئىسسىق بەلباغ** <جۇغ> جەنۇبىي، شىمالىي تروپىك سىزىقى ئارىلىقىدىكى بەلباغ، بۇ يەرلەردە كېچە بىلەن كۈندۈزنىڭ ئۇزۇن-قىسقىلىق ئۆزگىرىشى روشەن بولمايدۇ. چۈشتىكى چۈش ۋاقتىدا قۇياش يىل بويى ناھايىتى ئېگىز بولىدۇ. بۇ جايلاردا يەر شارى بويىچە ئەڭ ئىسسىق جاي ھېسابلىنىدۇ.

**ئىسسىق بەلباغ قۇملۇق ئېقلىمى** <جۇغ> جەنۇبىي، شىمالىي تروپىك سىزىقى ئەتراپىدىكى چوڭ قۇملۇقنىڭ ئىچكى قىسمى ۋە ئۇنىڭ غەربىي گىرۋىكىنىڭ ئېقلىمى. ئۇ يەرنىڭ ئېقلىم ئالاھىدىلىكى شۇكى، ھۆل-يېغىن كەم، ھۆل-يېغىن مىقدارىدىكى ئۆزگىرىش كوئېففىتسېنتى زور، قۇم-بوران كۆپ، كۈن نۇرى كۆپ

چۈشىدۇ، ھاۋا تېمپېراتۇرىسىدىكى ئۆزگەرىش جىددىي.

**ئىسسىق بەلباغ يامغۇرلۇق ئورمان ئىقلىمى** <جۇغ> جەنۇبىي، شىمالىي تروپىك سىزىقىنىڭ ئەتراپىدىكى ئورمانلىقلارنىڭ ئىقلىمى. بۇ رايونلار يىل بويى ئېكۋاتوردىكى تۆۋەن ھاۋا بېسىمى بەلبېغىنىڭ كونتروللۇقىدا بولىدۇ. بۇ جايلاردا ھاۋانىڭ تېمپېراتۇرىسى يۇقىرى، يامغۇر كۆپ. ھاۋانىڭ ھەر ئايلىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى 25°C — 28°C ئارىلىقىدا بولىدۇ. يىللىق ھۆل-يېغىن مىقدارى 2500 مىللىمېتىر ئەتراپىدا بولىدۇ، ھۆل-يېغىنىنىڭ پەسىللىك مىقدارى بىرقەدەر تەكشى بولىدۇ.

**ئىسسىق بەلباغ يايلاق ئىقلىمى** <جۇغ> ئىسسىق بەلباغ يايلاقلىرىنىڭ ئىقلىمى. بۇ جايلاردا يازدا ئېكۋاتورنىڭ تۆۋەن ھاۋا بېسىمىنىڭ كونتروللۇقىدا تۇرغاچقا، ھاۋا نەم ئىسسىق بولىدۇ، يامغۇر كۆپ ياغىدۇ؛ قىشتا مۇسسۇن شامىلى بەلبېغىنىڭ كونتروللۇقىدا بولىدىغانلىقتىن، ھاۋا ئىللىق ھەم قۇرغاق بولىدۇ. يىللىق ھۆل-يېغىن مىقدارى 1000 مىللىمېتىر ئەتراپىدا بولىدۇ. قۇرغاق پەسىل بىلەن ھۆل-يېغىن پەسلى روشەن بولىدۇ.

**ئىسسىق بۇلاق** <گېئول> تېمپېراتۇرىسى 45 °C تىن يۇقىرى بولغان، ئەمما شۇ جايدا سۇنىڭ يەر ئۈستىدىكى قايناش نۇقتىسىدىن تۆۋەن بولغان يەر ئاستى سۈيى ئېچىلمىسى.

**ئىسسىق تۆۋەن بېسىم** <مېتېئور> يەر يۈزىنىڭ كۈچلۈك ئىسسىشىدىن كېلىپ چىققان بىر خىل ھاۋا بېسىمى.

**ئىسسىق چىراي** يېقىملىق، قىزغىنلىق، خۇشلۇق: گۈلسۈم ئەخمەتكە ئىسسىق چىراي بىلەن نەزەر تاشلىدى. * ئۇ مېھماننى ئىسسىق چىراي كۈتۈۋالدى.

**ئىسسىق چىراي بەرمەك** قىزغىن مۇئامىلە قىلماق، چىرايىنى ئاچماق، ئوچۇق چىراي بەرمەك: ئۇلار ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان خوجايىنغا يالىنىپ، تۆگە يېتىلەپ كېلىۋاتقان چوڭ ياشلىق كىشىلەر بولۇپ، سىيلىمىنىڭ نەقىشلىك راۋابىغا ھەۋەس قىلىشىپ، دەرھاللا ئۇنىڭغا ئىسسىق چىراي بېرىشتى.

**ئىسسىق رەڭلەر** <گ سەن> نۇر ۋە رەڭ گرادۇسى يۇقىرى، كىشىگە كۈچلۈك تەسىر قىلىدىغان، كۆرۈش سېزىمىگە يېقىنلىشىۋاتقاندەك ۋە كېڭىيىۋاتقاندەك تۇيغۇ بېرىدىغان ھەمدە ئىللىق تەسىر بېرىدىغان رەڭ خىللىرى. مەسىلەن، قىزىل، سېرىق، نارەنجى قاتارلىقلار.

**ئىسسىق سۇلۇق سازلىق** <گېئول> توپىسى يەر ئاستى ئىسسىق سۈيىگە چىلىشىپ زىيادە تويۇنغان ھالەتتە تۇرىدىغان ياكى بۇلاق سۈيى چىقىپ كېتەلمەي پەس جايلارغا ئېقىپ بېرىشتىن شەكىللەنگەن سازلىق.

**ئىسسىق شامال** <مېتېئور> ① ئىسسىق بولىدىغان پەسىللەردە پەيدا بولىدىغان بىر خىل قۇرۇق ئىسسىق شامال. كۈچلۈك ھالەتتىكى بۇنداق ئىسسىق شامال زىرائەتلەرنى قۇرۇتىۋېتىدۇ. ② كۆچمە. مەلۇم سىياسىي ۋەزىيەتنىڭ جىددىي ۋاقتى: ئۇ ئىسسىق شامالغا ئۇچراپ قالدى، بولمىسا، ئۇنىڭغا مۇنچىلىك ئېغىر چارە كۆرۈلمەيتتى.

**ئىسسىق قاتلام** <مېتېئور> ئوتتۇرا قاتلام ئۈستىدىن تەخمىنەن 500 كىلومېتىر ئېگىز بولغان ئاتموسفېرا قاتلىمى.

**ئىسسىققا چىداملىق پولات** <ماشىن> ئالاھىدە خۇسۇسىيەتلىك پولاتلارنىڭ بىر تۈرى. يۇقىرى تېمپېراتۇرا ئاستىدا ئۇزاق

ۋاقىت ئىشلىتىلسىمۇ ئوكسىدلىنىشقا، دېفور-ماتسىيىگە بەرداشلىق بېرىش ۋە چىدام-لىقلىقىنى ساقلاپ قېلىشتەك يۇقىرى ئىقتىدارىنى ساقلاپ قالالايدۇ.

**ئىسسىق فرونت** <مېتېئور> ئىسسىق هاۋا ماسسىسىنىڭ سوغۇق هاۋا ماسسىسىغا قاراپ سۈرۈلۈشى نەتىجىسىدە پەيدا بولىدىغان فرونت.

**ئىسسىق كەلمەك** ① ئىسسىق هېسابلان-ماق، ئىسسىق تۇيۇلماق. ② ئىسسىقنى ئاشۇرماق، تەبىئەتنى ئىسسىققا مايىل قىلىشقا سەۋەبچى بولماق: بۇ دورا ماڭا ئىسسىق كەلدى.

**ئىسسىق لىنىيە** <فىز> دەرهال ئالا-قىلىشىش ئۈچۈن دائىم تەييار تۇرىدىغان، بىۋاسىتە ئۇلانغان تېلېفون ياكى تېلېگراف لىنىيىسى.

**ئىسسىق مىنېرال بۇلاق** <گېئول> تەركىبىدە مىنېرال تۇز ياكى گاز بولغان يەر ئاستى ئىسسىق سۈيى مىنېراللىق سۇ دەپ ئاتىلىدۇ. يەر ئۈستىگە چىقىپ قالغانلىرى ئىسسىق مىنېرال بۇلاق دەپ ئاتىلىدۇ. ئېرىگەن مىنېرال تۇز ياكى گاز ئىسسىق مىنېرال بۇلاقنى ئالاهىدە ۋە بىرقەدەر ياخشى داۋالاش ئۈنۈمىگە ئىگە قىلىدۇ.

**ئىسسىق نېيترون** <فىز> ئەتراپىدىكى ماددىلار بىلەن بىرلىكتە ئىسسىقلىق تەڭپۇڭلۇقى هالىتىدە تۇرغان نېيترون ئادەتتىكى هەرىكەت ئېنېرگىيىسى 0.025 ئېلېكترون ۋولت ئەتراپىدا بولغان نېيترونلارنى كۆرسىتىدۇ.

**ئىسسىق هاۋا** <مېتېئور> تېمپېراتۇرىسى سۈرۈلۈپ بارىدىغان جاي تېمپېراتۇرىسى-دىن يۇقىرى بولىدىغان هاۋا.

**ئىسسىق هاۋا ئېقىمى** <مېتېئور> ئىسسىق هاۋانىڭ تېمپېراتۇرىسى تۆۋەن بولغان جايغا سۈرۈلۈشى.

**ئىسسىق ئۆتمەك** ① ئىسسىغانلىقنى هېس قىلماق، ئىسسىماق: نېمىشقىدۇر دۈرنەمگە ئىسسىق ئۆتكەندەك ئەمەس ئىدى. ② هەددىدىن زىيادە، ئىسسىقتا يۈرگەن-لىكى سەۋەبلىك، ئىسسىق چېقىۋەتمەك، ئىسسىققا بەرداشلىق بېرەلمىگەنلىكى تۈپەيلى كەيپىياتىدا بىر قىسملىق هېس قىلماق: ئۇ ئىسسىق ئۆتۈپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن دوختۇرخانىدا يېتىپ قالدى. ③ سېغىنىش تۇيغۇسى پەيدا بولماق، مۇهەببەت ئويغانماق: ئۇ چاغلاردا كېچىسى ئايدىڭدا ناخشا ئېيتىپ، ئارزۇ-ئارمانلىرىنى بىر-بىرىگە يەتكۈزۈش ئادىتى بار ئىدى. يېڭىچە ئېيتقاندا «مۇهەببەت»، كونىچە ئېيتقاندا «ئۆزئارا ئىسسىق ئۆتۈپ قاپتۇ» دېگىنىمىز شۇ بولسا كېرەك.

**ئىسسىق ئۆتۈپ قالماق** ئىشق-مۇهەببەت ئوتى ئۆتمەك، ئامراق بولماق: ئۇ قىزغا خېلى ئىسسىق ئۆتۈپ قالغان ئوخشايدۇ، هەدېسلا گېپىگىنى قىلىدۇ.

**ئىسسىق ئۆتۈپ كەتمەك** ئاپتاپ چاقماق، ئاپتاپ تەسىرىنى ئۆتكۈزگەنلىكى سەۋەبلىك بىتاپ بولماق: ئانام تۈنۈگۈن ئاغرىپ قالدى. ئىسسىق ئۆتۈپ كەتكەن ئوخشايدۇ.

**ئىسسىق ئېقىم** <جۇغ> تۆۋەن كەڭلىك-تىن يۇقىرى كەڭلىككە قاراپ ئاقىدىغان ئوكيان ئېقىمى. ئۇنىڭ تېمپېراتۇرىسى ئېقىپ ئۆتكەن دېڭىز رايونلىرىنىڭكىدىن يۇقىرى بولىدۇ. ئۇ ئۆز يولىدا تېمپېراتۇر-نى يۇقىرىلىتىش، نەملىكنى ئاشۇرۇش رولىنى ئوينايدۇ.

**ئىسسىقى ئاشماق** ئىسسىقلىقى ئارتىپ

كەتمەك، بەدەننى ئىسسىقلىق قاپلىماق: ئادەمنىڭ ئىسسىقى ئېشىپ قالغان چاغلاردا قاق سۆيى قىلىپ ئىچسە ئۇخشلىپ قالىدۇ. * — ئىسسىقى ئېشىپ ئاران تۇرغاندا، قازان نېنى يېگىلى بولامدىكەن؟ — دەپ كۈلدى تۇران.

**ئىسسىق ئىئون** <فىز> قىزدۇرۇلغان جىسىم (يەنى ئىسسىق كاتودلۇق ئېلېكترون لامپا) نىڭ ئىسسىق كاتودى قويۇپ بەرگەن مۇسبەت ياكى مەنپىي زەرەتلىك زەررىچىلەر.

**ئىسسىق يادرو** <فىز> ئىنتايىن يۇقىرى تېمپېراتۇرا ئاستىدىكى يېنىك ئېلېمېنتلارنىڭ ئاتوم يادروسى.

**ئىسسىق يادرو رېئاكسىيىسى** <فىز> ئىنتايىن يۇقىرى تېمپېراتۇرا ئاستىدا، يېنىك ئېلېمېنتلارنىڭ ئاتوم يادروسى ئىنتايىن زور ئىسسىقلىق ھەرىكىتى ھاسىل قىلىش نەتىجىسىدە، ئۇلارنىڭ بىر-بىرىگە ئۇرۇلۇپ، باشقا بىر ئاتوم يادروسى بولۇپ سىنتېزلىنىش جەريانى.

**ئىسسىق يادرو قورالى** <ھەرب> يادرو قوراللىرىنىڭ بىرى. ھىدروگېننىڭ ئىزوتوپلىرى بولغان دېيتېرىي بىلەن ترىتىي ماتېرىيال قىلىنىدۇ. بۇنىڭدا ئالاھىدە ياسالغان ئاتوم بومبىسى پارتلىتىش قۇرۇلمىسى قىلىنىدۇ. ئاتوم بومبىسى پارتلىغاندا، ھاسىل بولغان يۇقىرى ھارارەت دېيتېرىي بىلەن ترىتىي پولېمېرلىنىش رېئاكسىيىسىگە كىرىشتۈرۈپ ۋە گېلىي نۇكلونىنى ھاسىل قىلىپ، شىددەتلىك پارتلاشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ئۇنىڭ كۈچ-قۇدرىتى ئاتوم بومبىسىنىڭكىدىن كۆپ زور بولىدۇ.

**ئىسسىق يەل** ① ئادەم بەدىنىدە بولىدىغان بىر خىل كېسەل ئالامىتى: ئىسسىق يېلى قوزغالماق. ② كىشىنىڭ ئۇنتۇلغىلى تۇرغان ئاداۋىتىنى، ئۆچمەنلىكىنى قوزغاش، شۇيلەندۇرۇش ئادىتى؛ ئوت قۇيرۇقلۇق.

**ئىسسىق يەللىك** ① ئىسسىق يېلى بار: ئىسسىق يەللىك ئادەم. ② كىشىنى شۇيلەندۇرىدىغان، ئوت قۇيرۇق.

**ئىسسىق يەللىك قىلماق** كىشىنىڭ ئۇنتۇلغىلى تۇرغان ئاداۋىتىنى، ئۆچلۈكىنى قايتىدىن قوزغىماق، ئۇيغاتماق، شۇيلەندۇرمەك؛ ئوت قۇيرۇقلۇق قىلماق.

**ئىسسىق يۇقىرى بېسىم** <جۇغ> ئوخشاش ئېگىزلىكتىكى ئەتراپىدىكى رايوندىن ئىسسىق بولغان يۇقىرى بېسىم.

**ئىسسىقچان** سۈپ. تەبىئىتى ئىسسىق، تەبىئىتىنىڭ ئىسسىقلىقى ئارتۇق ياكى تەبىئىتى ئىسسىققا مايىل: ئىسسىقچان ئادەم.

**ئىسسىقچىلىق** ئى ① ئىسسىق ئەھۋال، ئىسسىق ھالەت، ئىسسىق كىلىمات: ئىسسىقچىلىققا چىدىماق. ② كۆچمە. كۆڭۈللۈك تۇرمۇش، بەختلىك، ئىناقلىق: — قىزىم، گەپ ئاڭلىغىن، — دېدى ئۇ نەسىھەت قىلىپ، — نىكاھ غايىب دېگەن شۇ، پېشانەڭگە شاۋازجان پۈتۈلۈپتىكەن، ئاستا-ئاستا كۆنۈپ كېتىسەن، خۇدايىم نىكاھنىڭ ئىسسىقچىلىقىنى بېرىدۇ. * ئۆسىدۇ چۆلدە گىياھ، ئويىنار ئۈزۈپ كۆلدە بېلىق. چۆلدىمۇ خاھ كۆلدىمۇ، سۈلماس ھايات، ئىسسىقچىلىق.

**ئىسسىق-سوغۇق** ① ئىسسىق ۋە سوغۇق. ② تۇرمۇشنىڭ ئېغىر-يېنىك، ياخشى-يامان كۈنلىرى، تۇرمۇشنىڭ قىيىن كۈنلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىر پۈتۈن جەريان: ئۇ يەنە بىر تالاي ئىسسىق-سوغۇق-

نى بېشىدىن كەچۈردى. * ئۇ يىگىرمە يىللىق سېكرېتارلىق قىلىش داۋامىدا بېشىدىن نۇرغۇنلىغان ئىسسىق-سوغۇقنى ئۆتكۈزدى.

**ئىسسىق-سوغۇق رەڭلەر** <ك سەن> رەڭ خىللىرىنىڭ فىزىكىلىق ھادىسىسى كىشىلەرنىڭ پسىخولوگىيىلىك ھادىسىلىرىگە مۇناسىۋەتلىك. نۇر گرادۇسى ۋە رەڭ گرادۇسى يۇقىرى بولغان رەڭ خىللىرى (مەسىلەن، قىزىل، سېرىق، نارەنجى رەڭلەر) كىشىگە كۈچلۈك تەسىر قىلىدۇ، كۆرۈش سېزىممىزگە يېقىنلىشىۋاتقاندەك، كېڭىيىۋاتقاندەك، تۇيغۇ بېرىدۇ ۋە ئىللىق تەسىر بېرىدۇ. شۇڭا، بۇنداق رەڭلەر «ئىسسىق رەڭ» دەپ ئاتىلىدۇ، ئەكسىچە كۆك، يېشىل، سۆسۈن قاتارلىق رەڭلەر سۆرۈن ۋە سوغۇق تەسىر بېرىدۇ. شۇڭا ئۇلار «سوغۇق رەڭ» دەپ بىردەك ئۆزئارا سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق چىقىرىلغان، شۇڭا ئۇ نىسبىي بولىدۇ.

**ئىسسىق-سوغۇقنى تەڭ كۆرمەك** تۇرمۇشنىڭ ئېغىر-يېنىك، ياخشى-يامان كۈنلىرىنى بىرلىكتە ئۆتكۈزمەك: ئاخىرى، ئۇ ھال-مۇڭ ئېيتىشىپ، ئازراق بولسىمۇ ئىچ پۇشۇقىنى چىقىرىش ئۈچۈن، باللىق دەۋرىدىن باشلاپ ئىسسىق-سوغۇقنى تەڭ كۆرۈپ كەلگەن قوشنىسى داۋۇت مىرابنىڭ ئۆيىگە كىردى.

**ئىسسىقسىز** رەۋ. ئىسسىق كىيىنمىگەن ياكى ئىسسىق تاماق يېمىگەن ھالەتتە، ئاچ-يېلىڭ: ئۇ دائىم ئاچ قورساق، ئىسسىقسىز يۈرىدۇ، مەنمۇ، خەلچەممۇ ئىچ ئاغرىتىمىز، نېمە چارە؟

**ئىسسىقلاتماق** «ئىسسىقلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**ئىسسىقلىق** ① «ئىسسىق» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى. ② <فىز> جىسىمنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى مولېكۇلىلارنىڭ تەرتىپسىز ھەرىكىتى چىقارغان بىر خىل ئېنېرگىيە. ماددىلار كۆيگەندە ئىسسىقلىق چىقىرىدۇ. ئادەتتە ئۇ ئىسسىقلىق ئىلمى، ئىسسىقلىق مىقدارى ۋە ئىسسىقلىق ئېنېرگىيىسىنىڭ قىسقارتىلغان نامى ئورنىدىمۇ قوللىنىلىدۇ. ③ ئۇيغۇرلارنىڭ توي-تۆكۈن، ئۆلۈم-يېتىم ۋە تۇغۇت قاتارلىق ئىشلىرىدا تەييارلىنىدىغان يۇقىرى كالورىيىلىك ئوزۇقلۇق، تائام: ئىسسىقلىق ئېلىپ بارماق. ئىسسىقلىق يەتكۈزمەك. ④ مىللىي تىبابەتتە كىشىنىڭ سوغۇقى ئېشىپ كەتكەندە مىجەزنى تەڭشەش ئۈچۈن قىلىنىدىغان تۈرلۈك دورا-دەرمەكلەر: ئىسسىقلىق قىلماق. ⑤ <تىب> بىر خىل تېرە كېسىلى. بۇنىڭدا، ياز كۈنلىرى تېرىگە قىزىل ياكى ئاق رەڭدىكى ئۇششاق قاپارتىملار ئۆرلەيدۇ. ناھايىتى تاتلىق قىچىشىدۇ. كۆپىنچە تەر كۆپ چىققان، تېرە پاكىز بولماي، تەر تۆشۈكچىلىرىنىڭ ئېتىلىپ قېلىشى سەۋەبلىك پەيدا بولىدۇ.

**ئىسسىقلىق ئارقىلىق قۇدۇق ئۆلچەش** <گېئول>. قۇدۇق تېمپېراتۇرىسىنىڭ چوڭقۇرلۇقىغا ئەگىشىپ ئۆزگىرىش قانۇنىيىتىگە ئاساسەن گېئولوگىيىلىك تۈزۈلمە، جىنس قاتلىمىنىڭ خۇسۇسىيىتىنى تەتقىق قىلىدىغان، پايدىلىق كان بايلىقلىرىنى تاپىدىغان ۋە قۇدۇقنىڭ تېخنىكىلىق ئەھۋالىنى تەكشۈرىدىغان قۇدۇق ئۆلچەش ئۇسۇلى.

**ئىسسىقلىق ئازگىلى** <فىز> ھەرقانداق مىقداردىكى ئىسسىقلىقنى سۈمۈرۈۋالغاندىمۇ تېمپېراتۇرىسى ئۆزگەرمەيدىغان سىس-

**ئىسسىقلىق ئالماشتۇرغۇچ** <

ئىسسىقلىقنى ئىسسىق ئاقار جىسىمدىن سوغۇق ئاقار جىسىمغا ئۆتكۈزۈپ بېرىدىغان قۇرۇلما. مەسىلەن، پار قازىنى، گاز نى ئالدىن ئىسسىتقۇچ، زىيادە قىزدۇرغۇچ، كوندېنساتور قاتارلىقلار.

**ئىسسىقلىق ئەجىلى** <فىز> بەزى كىشىلەرنىڭ ئېنتروپىيە ئېشىش پرىنسىپىنى پۈتۈن ئالەمگە كېڭەيتىپ ئېرىشكەن يەكۈنى. 1865-يىلى كلائۇزىئۇس ئېنتروپىيە ئۇقۇمىنى كىرگۈزگەن ۋە تېرمودىنامىكا ئىككىنچى قانۇنى ۋە ئېنتروپىيە ئېشىش پرىنسىپىنى تىكلىگەندىن كېيىن، ئالدى بىلەن ئالەمنى خاتا ھالدا دىنامىكىدىكى «يەككە سىستېما» دەپ قارىغان، ئاندىن ئېنتروپىيە ئېشىش پرىنسىپىنى پۈتۈن ئالەمگە كېڭەيتكەن، بۇنىڭ بىلەن تۆۋەندىكىدەك يەكۈنگە ئېرىشكەن: «(1) ئالەم ئېنېرگىيىسىنىڭ ئومۇمىي قىممىتى ئۆزگەرمەيدۇ. (2) ئالەمنىڭ ئېنتروپىيىسى ئىنتايىن چوڭلۇققا قاراپ يۈزلىنىدۇ». بۇنىڭ بىلەن بىر قىسىم كىشىلەر ھامان بىركۈنى پۈتۈن ئالەم تېرمال تەڭپۇڭلۇق ھالىتىگە يېتىپ، بارلىق ئۆزگىرىشلەر توختايدۇ، بۇنىڭ بىلەن ئالەمنىڭ ئەجىلى توشىدۇ دەپ قاراشقان.

**ئىسسىقلىق پومپىسى** <فىز> تېمپېراتۇرىسى تۆۋەنرەك ئىسسىقلىق مەنبەسىدىن (مەسىلەن، ئاتموسفېرا ياكى دەريا سۈيىدىن) ئىسسىقلىق سۈمۈرۈۋېلىپ، ئۇنى تېمپېراتۇرىسى يۇقىرىراق ئورۇنغا (مەسىلەن، ئۆي ئىچىگە) قويۇپ بېرىدىغان قۇرۇلما. ئۇنىڭ ئىشلەش پرىنسىپى توڭلىتىش ماشىنىسىنىڭكىگە پۈتۈنلەي ئوخشاش.

**ئىسسىقلىق تارازىسى** <كېئول> مىنېراللارنىڭ ئىسسىقلىق-ئېغىرلىق ئانالىزىدا قوللىنىلىدىغان ئەسۋاب. ئۇ تېمپېراتۇرىنى تېزگىنلەش قۇرۇلمىسى ۋە خاتىرىلەش قۇرۇلمىسى قاتارلىقلاردىن تۈزۈلگەن. مىنېراللارنىڭ ئىسسىقلىقنى قوبۇل قىلىش جەريانىدا كۆرۈلىدىغان ئېغىرلىقنىڭ ئۆزگىرىشىنى ئاپتوماتىك سۈرەتكە ئېلىش ياكى ئېلېكترونلۇق چوڭايتىش قەلىمى ئارقىلىق خاتىرىلەنگەن ئېغىرلىق ۋە تېمپېراتۇرا ئەگرى سىزىقى ئىسسىقلىق-ئېغىرلىق ئەگرى سىزىقىدۇر.

**ئىسسىقلىق تارقاتقۇچ** <فىز> ئىسسىقلىقنىڭ ئۆزىنىلىش جەريانىنى تېزگىنلەيدىغان قۇرۇلما. ئۇ ئۆتكۈزۈش، كونۋېكسىيە ۋە نۇرلىنىشتىن ئىبارەت ئۈچ خىل ئىسسىقلىق ئۆزىنىش شەكلىنىڭ بىر خىلىنى ياكى ئىككى خىلىنى ۋە ياكى ئۈچىلا خىلىنى كۈچەيتىش ئارقىلىق، ئىسسىقلىقنىڭ تارقىلىش تېزلىكىنى ئاشۇرىدۇ.

**ئىسسىقلىقتا ئۆزگىرىش كۆرسەتكۈچى** <كېئول> 1967-يىلى كورېئا بىلەن 1969-يىلى ستاپلىن مىكروسكوپ ئاستىدىكى ئورگانىك قالدۇق جىسىم (سپورا، گۈل چېڭى، يۇسۇنلەر) نىڭ رەڭگى، شەكلى ۋە سىزىقلىرىنىڭ ئۆزگىرىشى قاتارلىقلارغا ئاساسەن بەلگىلىگەن بەش دەرىجە. ئورگانىك ماددىلارنىڭ تەدرىجىي تەرەققىي قىلىشى ۋە ئۆزگىرىش دەرىجىسىنى ئىپادىلەشكە قوللىنىلىدۇ.

**ئىسسىقلىق تەڭپۇڭلۇقى** <فىز> ① جىسىمنىڭ ھەرقايسى قىسىملىرى ئارىسىدا ۋە جىسىم بىلەن سىرتقى مۇھىت ئارىسىدا ئىسسىقلىق ئالماشتۇرۇش بولمايدى-

غان ھالەت. بۇ چاغدا جىسىمنىڭ ئىچكى قىسمىنىڭ تېمپېراتۇرىسى تەكشى بولۇپ، سىرتقى مۇھىتنىڭ تېمپېراتۇرىسىغا تەڭ بولىدۇ. ئەمەلىيەتتە جىسىمنىڭ بىرلا ۋاقىتتا قوبۇل قىلغان ئىسسىقلىقى بىلەن چىقارغان ئىسسىقلىقى ئۆزئارا تەڭ بولىدۇ. ② <جۇغ> مەلۇم بىر رايون ياكى مەلۇم بىر سىستېمىنىڭ ئىسسىقلىق كىرىم-چىقىمىنىڭ تەڭپۇڭلۇقى. يەر شارىدىكى ئىسسىقلىق تەڭپۇڭلۇقى رادىئاتسىيە پەرقى، سۇنىڭ ھورلىنىشىغا كېتىدىغان ئىسسىقلىق، قالايمىقان ئېقىم ئارقىلىق ئىسسىقلىق مىقدارىنى ئالماشتۇرۇش ۋە تۇپراقتىكى ئىسسىقلىق مىقدارىنىڭ ئالماشتۇرۇلۇشىدىن ئىبارەت تۆت بۆلەكتىن تەشكىل تاپقان.

**ئىسسىقلىق توسقۇنلۇقى** <فىز> يۇقىرى تېزلىكتە ئۇچۇۋاتقان جىسىم (مەسىلەن، ئايروپىلان، راكېتا قاتارلىق) لارنىڭ تېزلىكى ئاۋاز تېزلىكىنىڭ 2.5 ھەسسىدىن ئاشقاندا، جىسىم ئەتراپىدىكى ھاۋا تېمپېراتۇرىسى 900 °C ئاشىدۇ. نەتىجىدە ئادەتتىكى جىسىملارنىڭ قۇرۇلمىسىدا ئۆزگىرىش بولىدۇ، بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرايدۇ. بۇ خىل ھادىسىلەر «ئىسسىقلىق توسقۇنلۇقى» دەپ ئاتىلىدۇ.

**ئىسسىقلىقتىن كېڭىيىش** <فىز> تۇراقلىق بېسىمدىكى جىسىملارنىڭ ئۇزۇنلۇقى، يۈزى ۋە ھەجىمىنىڭ تېمپېراتۇرىنىڭ يۇقىرىلىشىغا ئەگىشىپ چوڭىيىش ھادىسىسى.

**ئىسسىقلىق چىقىرىش** <فىز> ماددىلارنىڭ سىرتقى تەسىر ۋە ئىچكى قىسمىدىكى مولېكۇلا ھەرىكىتى نەتىجىسىدە ئىسسىقلىق ئېنېرگىيىسىنى قويۇپ بېرىش ھادىسىسى.

**ئىسسىقلىق چىقىرىش رېئاكسىيىسى** <خىم> ماددىلارنىڭ ئىسسىقلىق چىقىرىدىغان رېئاكسىيىسى. مەسىلەن، كۆمۈرنىڭ كۆيۈشىگە ئوخشاش.

**ئىسسىقلىق دۋىگاتېلى** <فىز> ئىسسىقلىق ئېنېرگىيىسىنى مېخانىكىلىق ئېنېرگىيىگە ئايلاندۇرىدىغان ئۈسكۈنە. يەنى ئېنېرگىيە مېخانىزملىرىنىڭ بىر تۈرى. مەسىلەن، ئىچىدىن يانىدىغان دۋىگاتېل، پار ماشىنىسى، پار تۇربىنىسى، يېقىلغۇ گاز تۇربىنىسى، رېئاكتىپ ماتور قاتارلىقلار.

**ئىسسىقلىق سىغىمچانلىقى** <فىز> نىشاندىن چىقىۋاتقان ئىسسىقلىق مىقدارى بىلەن شۇ نىشانغا مۇناسىپ بولغان تېمپېراتۇرا ئۆرلەش قىممىتىنىڭ سېلىشتۇرمىسى، يەنى نىشان تېمپېراتۇرىسى بىر گرادۇس ئۆرلىگەندە چىقىدىغان ئىسسىقلىق مىقدارى.

**ئىسسىقلىق سىغىمى** <فىز> بىر ماددا تېمپېراتۇرىسىنىڭ بىر گرادۇس ئۆرلىشى ئۈچۈن كېتىدىغان ئىسسىقلىق مىقدارى. ماددىنىڭ مىقدارى بىر گرام بولغاندا، سېلىشتۇرما ئىسسىقلىق دېيىلىدۇ، ماددىنىڭ مىقدارى بىر گرام مولېكۇلا بولغاندا «گرام مولېكۇلا ئىسسىقلىق سىغىمى» دەپ ئاتىلىدۇ.

**ئىسسىقلىق شاۋقۇنى** <فىز> ئۆتكۈزگۈچلەر ۋە يېرىم ئۆتكۈزگۈچلەردىكى توكنىڭ ئېلېكترونلارنىڭ تەرتىپسىز ئىسسىقلىق ھەرىكىتى تۈپەيلىدىن داۋالغۇشى.

**ئىسسىقلىق قارشىلىقى** <فىز> ئىسسىقلىق ئۆتكۈزۈش مەسىلىسىنى مۇھاكىمە قىلىش ئۈچۈن كىرگۈزۈلگەن، جىسىملارنىڭ ئىسسىقلىقنىڭ ئۆزىدىن ئۆتۈشىگە قارشىلىق قىلىش ئىقتىدارىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان فىزىكىلىق مىقدارى. بەلگىسى R .

**ئىسسىقلىق قىلماق** بەدەننىڭ تەبىئىتىنى

ئىسسىققا ئۆرۈش، ئىسسىققا مايىل قىلىش ئۈچۈن بىرەر سەۋەب قىلماق ياكى دورا يېمەك، يېگۈزمەك، ئۇزۇقلاندۇرماق: بالىغا ئىسسىقلىق قىلىش ئۈچۈن ياڭاق يېگۈزىدۇ. * سوغۇقىڭىز ئېشىپ كېتىپتۇ، ئىسسىقلىق قىلىڭ.

**ئىسسىقلىق كۆچۈش** <فىز> ماددىي سىستېمىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ئىسسىقلىقنىڭ بىر ئورۇندىن باشقا بىر ئورۇنغا كۆچۈش جەريانى.

**ئىسسىقلىق گرادىيېنتى** <گېئول> تۇراقلىق بەلبېغىدىن تۆۋەندە مەلۇم چوڭقۇرلۇق ئاشقاندا تېمپېراتۇرىنىڭ ئېشىش قىممىتىنى كۆرسىتىدۇ. ئادەتتە 100m /°C ياكى 10m /°C بىلەن بەلگىلىنىدۇ. ئوخشىمىغان ئورۇنلار ياكى بىر ئورۇننىڭ ئوخشىمىغان چوڭقۇرلۇقلىرىدىكى ئىسسىقلىق گرادىيېنتىنىڭ قىممىتى ئوخشاش بولمايدۇ. ئادەتتە ئوتتۇرىچە قىممىتى 100m /3°C ئەتراپىدا بولىدۇ.

**ئىسسىقلىق ماشىنىسى** <فىز> ئىسسىقلىق ئېنېرگىيىسىنى مېخانىك ئېنېرگىيىگە ئايلاندۇرىدىغان قۇرۇلما. ئۇ پورشىن شەكىللىك، تۇربىنا شەكىللىك ۋە رېئاكتىپ شەكىللىك دەپ ئۈچ خىلغا بۆلۈنىدۇ.

**ئىسسىقلىق مېخانىكىسى** <فىز> ئىسسىقلىق ھادىسىسىنىڭ ماكرولۇق نەزەرىيىسى، يەنى ئىسسىقلىق ھادىسىسىدىكى ماددا ھالىتىنىڭ ئۆزگىرىشى ۋە ئېنېرگىيىنىڭ ئالمىشىش قانۇنىيىتىنى تەتقىق قىلىدىغان پەن.

**ئىسسىقلىق مىقدارى** <فىز> جىسىمنىڭ تېمپېراتۇرىسى ئۆزگەرگەندە، ئۇنىڭ چىقارغان ياكى سۈمۈرۈۋالغان ئىسسىقلىقنىڭ ئاز-كۆپلۈكى.

**ئىسسىقلىقنىڭ نۇرلىنىشى** <فىز> ئىسسىقلىق تارقىتىشنىڭ بىر خىل شەكلى، يەنى جىسىمنىڭ ئىسسىقلىق ئېنېرگىيىسى تۈز سىزىق بويىچە سىرتقا تارقىتىش جەريانى.

**ئىسسىقلىقنىڭ ئىش ئېكۋىۋالېنتى** <فىز> ئىسسىقلىقنىڭ بىرلىكى كالورىيە بىلەن ئىشنىڭ بىرلىكى جول ئوتتۇرىسىدىكى سۇندۇرۇپ ھېسابلاش مۇناسىۋىتى، يەنى: جول 4.18= كالورىيە 1. بۇ مۇناسىۋەتنى ئەڭ بالدۇر ئەنگلىيە فىزىكا ئالىمى جول تەتقىق قىلغان. ھازىر خەلقئارا بىرلىكلەر سىستېمىسىدا ئىسسىقلىق مىقدارىنىڭ بىرلىكى ئۈچۈن جولنى ئىشلىتىش بەلگىلەندى. شۇنىڭ بىلەن بىرلىكلەرنى سۇندۇرۇپ ھېسابلاش ئاۋارىچىلىكىمۇ تۈگىتىلدى.

**ئىسسىقلىقنى ياخشى ئۆتكۈزمەيدىغان جىسىم** <فىز> ئىسسىقلىققا نىسبەتەن ئۆتكۈزۈشچانلىقى ناچار بولغان ماددا. فارفور قەغەز، ياغاچ، قوي يۇڭى، تاش پاختا، سۇ، گاز قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ئىسسىقلىقنى ياخشى ئۆتكۈزمەيدىغان جىسىملاردۇر.

**ئىسسىقلىقنى ياخشى ئۆتكۈزىدىغان جىسىم** <فىز> ئىسسىقلىققا نىسبەتەن ئۆتكۈزۈشچانلىقى ياخشى بولغان ماددا. ھەر خىل مېتاللارنىڭ ھەممىسى ئىسسىقلىقنى ياخشى ئۆتكۈزىدىغان جىسىملار بولۇپ ھېسابلىنىدۇ، بولۇپمۇ كۈمۈش، مىس، قوغۇشۇنلار.

**ئىسسىقلىق ھەرىكىتى** <فىز> ماكرو جىسىم ئىچىدىكى كۆپ مىقداردىكى مىكرو زەررىچىلەرنىڭ ئېلىپ بارغان تەرتىپسىز ھەرىكىتى. ئىسسىقلىق ھەرىكىتى قانچە

جەددىي بولسا، جىسمنىڭ تېمپېراتۇرىسى
شۇنچە يۇقىرى بولىدۇ.
**ئىسسىقلىق ئۇزىتىش** <فز> ئىش
ئىشلەنمەستىن جىسىم ئىچكى ئېنېرگىيىسى-
نىڭ ئۆزگىرىش جەريانى. ئادەتتە ئۇ
ئۆتكۈزۈش كونۋېكسىيە ۋە نۇرلىنىش
(رادىئاتسىيە) دەپ ئۈچ خىل بولىدۇ.
**ئىسسىقلىق ئۆتكۈزمە سلىك** <فز>
جىسىمنىڭ سىرتقى مۇھىت بىلەن ئىسسىق-
لىق ئالماشتۇرماسلىق ھالىتى. ئۇ يەنە
مۇشۇ خىل ھالەتنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش
ئۈچۈن قوللىنىلغان تەدبىرنىمۇ كۆرسىتىدۇ.
ئىسسىقلىق ئۆتكۈزمەسلىكنى ئەمەلگە
ئاشۇرۇش ئۈچۈن، ئىسسىقلىق ئۇزىتىشنىڭ
ئۈچ خىل شەكلىدىن ئىمكانىيەتنىڭ
بارىچە ساقلىنىش لازىم.
**ئىسسىقلىق ئۆتكۈزمەس ماتېرىيال** <بىن>
ئىسسىقلىقنى ياخشى ۋە ئاسان ئۆتكۈز-
مەيدىغان كۆپ كاۋاكلىق يېنىك ماتې-
رىياللار.
**ئىسسىقلىق ئۆتكۈزۈش** <فز> ئىسسىقلىق
ئېنېرگىيىسىنى تېمپېراتۇرىسى يۇقىرى
قىسمىدىن تېمپېراتۇرىسى تۆۋەن بولغان
قىسمىغا ئۆتكۈزۈش. ھەرخىل ماددىلارنىڭ
ئىسسىقلىق ئۆتكۈزۈش ئىقتىدارى ئوخشاش
بولمايدۇ. مېتاللارنىڭ ئىسسىقلىق ئۆتكۈزۈش
ئىقتىدارى ئەڭ كۈچلۈك.
**ئىسسىقلىق ئۆتكۈزۈشچانلىق** <فز>
ماددىلارنىڭ ئىسسىقلىق ئۆتكۈزۈش
خۇسۇسىيىتىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان
فىزىكىلىق مىقدار. بەلگىسى $\lambda$.
**ئىسسىقلىق ئۆتكۈزۈش كوئېففىتسېنتى**
<فز> ← **ئىسسىقلىق ئۆتكۈزۈشچانلىق.**
**ئىسسىقلىق ئېففېكتى** <فز> تېمپېراتۇردا
سىستېمىنىڭ ئۆزگىرىش جەريانىدا چىقار-
غان ياكى قوبۇل قىلغان ئىسسىقلىقى.
**ئىسسىقلىق - ئېغىرلىق ئانالىزى** <گېئول>
مىنېرالنى قىزدۇرۇش جەريانىدا، ئۇنىڭ
ئېغىرلىقىنىڭ ئۆزگىرىشىنى تەتقىق قىلىش
ئۇسۇلى. مىنېرالنى قىزدۇرغاندا سۇسىز-
لىنىش، پارچىلىنىش ۋە ئوكسىدلىنىش
قاتارلىق سەۋەبلەر ئېغىرلىقنىڭ ئۆزگىرىشى-
نى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. مىنېرالنىڭ
سۇسىزلىنىش ئالاھىدىلىكىنى نۇقتىلىق
تەتقىق قىلىش، «سۇسىزلىنىش ئانالى-
زى» دېيىلىدۇ؛ مىنېرال ئېغىرلىقىنىڭ
خورىشىنى تەتقىق قىلىش «ئېغىرلىق
يوقىتىش ئانالىزى» دېيىلىدۇ.
**ئىسسىقلىق ئېكۋاتورى** <جۇغ> ھەر بىر
مېرىدىئان چەمبىرى ئۈستىدىكى يىللىق
ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى ئەڭ يۇقىرى
بولغان نۇقتىلارنى تۇتاشتۇرغۇچى سىزىق.
ئۇ پۈتۈن يەر شارىنى ئايلىنىپ چىقىدى-
غان ئەگرى سىزىقتۇر.
**ئىسسىقلىق ئېلېكتر ئىستانسىسى** <فز>
ئىسسىقلىق ئېنېرگىيىسى ئارقىلىق ئېلېكتر
توكى ھاسىل قىلىدىغان ئىستانسا، يەنى
ئوت ئېلېكتر ئىستانسىسى، ئۇ ئېلېكتر
توكى بىلەن تەمىنلىگەندىن سىرت
يەنە گاز تۇربىنىسى چىقارغان ھوردىن
پايدىلىنىپ ئىسسىقلىق بىلەن تەمىنلەيدۇ.
**ئىسسىقلىق ئېنېرگىيىسى** <فز> جىسىملار
كۆيگەندە ياكى جىسىمنىڭ ئىچكى
قىسمىدىكى مولېكۇلىلار تەرتىپسىز ھەرىد-
كەت قىلغاندا چىقىرىدىغان ئېنېرگىيە.
ئۇ بىر خىل ئىنتايىن مۇھىم ئېنېرگىيە
مەنبەسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.
**ئىسسىقلىق ئىزولياتسىيىسى** <فز>
جىسىملار بىلەن جىسىملار ياكى جىسىملار
سىستېمىسى بىلەن جىسىملار سىستېمىسى

ئادىئاباتنىڭ توسۇق تام ئارقىلىق ئايرىۋېتىلگەن ئەھۋال. بۇ ۋاقىتتا، جىسىملار ئارا ياكى جىسىملار سىستېمىسى ئارا ئىسسىقلىق ئالماشمايدۇ.

**ئىسسىقلىق ئىلمى** <فىز> فىزىكىنىڭ بىر تارمىقى. ئىسسىقلىقنىڭ خۇسۇسىيىتى، تارقىلىشى، ئىسسىقلىق ئېففېكتى، جىسىملارنىڭ ئىسسىقلىقتا ئۇچرىغاندىن كېيىنكى ئۆزگىرىشى، تېمپېراتۇرا ئۆلچەش قاتارلىقلارنى تەتقىق قىلىدۇ.

**ئىسسىقلىماق** پ. ئىسسىپ كەتكەنلىك ھېس قىلماق، ئىسسىماق: ئۇ ئىسسىقلاپ كېتىپ جۇۋىسىنى سېلىۋەتتى. * بىركۈنى پادىشاھ بىلەن ۋەزىر ئوۋغا چىققاندا، ئەپەندىمىمۇ بىللە ئېلىپ چىقىپتۇ. يولدا ئۇلار ئىسسىقلاپ كېتىپ، چاپانلىرىنى يېشىپ، ئەپەندىمگە ئارتىپ قويۇپتۇ.

**ئىسسىقىدا** رەۋ. بىرەر ئىش-ھەرىكەتنىڭ دەل بولىدىغان، بولۇشقا تېگىشلىك دەپ قارىغان ۋاقتىدا، پەيتىدە: يۈر ئۇكا، بۇ شەھەردىن ئىسسىقىدا كېتىۋالايلى. * ھە، خېنىم يۈرمەملا، بارىدىغان يەرگە بارايلى، قوپسىلا پاتراق بېرىپ، ئىسسىقىدا تۈگىشىپ كېتەيلى.

**ئىسسىماق** پ ① تېمپېراتۇرىسى نۆلدىن يۇقىرى بولماق، ھارارىتى ئاشماق، ئىللىماق، قىزىماق: ھاۋا ئىسسىماق. كۈن ئىسسىماق. * ھاۋا بىرنەچچە كۈن تازا ئىسسىغانىدى. تۈنۈگۈن سەھەردىن باشلاپ قاتتىق يامغۇر يېغىشقا باشلىدى. ② ئىللىق ئۆتمەك، ئىللىقلىق ھېس قىلماق، ئىسسىق تۇيۇلماق: پۇتى ئىسسىماق. بەدىنى ئىسسىماق. * ئەزالارنىڭ ئاۋۋال قورسىقى تويسۇن، ئۈچىسى ئىسسىسۇن، ئۇلار ئاندىن كېيىن گەپكە قۇلاق سالىدۇ.

**ئىسسىندۇرماق** «ئىسسىنماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: بەزىلىرى ئۇنى ئۆيىگە ئەكىرىپ ئىسسىندۇرماقچى ۋە بەزىلىرى بولسا بىر چىنە ئىسسىق چاي بەرمەكچى بولاتتى.

**ئىسسىنماق** پ. ئىسسىق چىقىرىدىغان بىرەر نەرسىگە ئۆزىنى تۇتۇپ ئىللىتماق ياكى ئىسسىق تۇتىدىغان بىرنەرسىنى كىيىپ ئۆزىنى ساقلىماق؛ ئۆزىگە ئىسسىق ئۆتكۈزمەك، ئۆزىنى ئىللىقلىق، ئىسسىقلىق بىلەن تەمىن ئەتمەك: ئۇلار كىيىملىرىنى كىيىشىپ، ئوت يېقىپ ئىسسىنماقچى بولۇشتى. * ئاپتاپتا ئىسسىنىدىغان ئادەم كۈن چۈشكەن يەرگە بېرىپ ئىسسىنسا ئاپتاپ ئىزدەپ كېلىپ ئىسسىتمايدۇ. * لۇتپۇللا يېتىمچىلارنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ، مەشتىن يىراق تۇرۇپ ئىسسىندى.

**ئىسسىنىشماق** «ئىسسىنماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئايۋاندا ئون بەشكە يېقىن قورااللىق ئەسكەرلەر كۆتەكلەردىن گۈلخان يېقىپ ئىسسىنىشىپ ئولتۇرۇشاتتى. * كەچقۇرۇن، ئۇلار بىر كۈنگەي دۆڭ تۈۋىگە كېلىپ، دەرەختىن ئازراق قۇرۇق شاخ كېسىپ، بىرەر نەرسە ئېتىپ يېيىشكە تەييارلاپ قويدى ۋە ئوت يېقىپ ئىسسىنىشتى.

**ئىسقات** ئى (ئە) <دىن> ① قىلغان گۇناھنى يۇيۇش ياكى بالا-قازانى كەتكۈزۈش ۋە ئۇنىڭدىن ساقلىنىش نىيىتىدە ئاجرىتىلغان پۇل، نەرسە. ② دىنىي چۈشەنچىدە ئۆلگەن كىشىنى ئۇ ئالەمدە تارتىدىغان ئازابىتىن قۇتقۇزۇش ئۈچۈن بېرىلىدىغان سەدىقە، نەرسە: ئىسقات بەرمەك. * ئۇلار بىر-بىرى بىلەن ياقىلىشىپ، ئۆشرە-زاكات، سەدىقە-ئېھسان ۋە ئىسقات لىپپىلىرىغا دۈم بولۇپ، خۇسۇسىي ھۆزۈر-ھالاۋىتىنىڭ پېيىدا ھۆمۈدىشىدۇ.

**ئىسقاتچى** ئى. ئىسقات ئۇچۇن بېرىلگەن سەدىقىنى ئالىدىغان كىشى.

**ئىسقىرتقا** ئى <زوئول> بىر خىل قۇش. تېنى تەخمىنەن 20cm ئۇزۇنلۇقتا، پەيلىرىنىڭ كۆپ قىسمى كۆل رەڭگە مايىل قىزىل، قانىتىنىڭ ئارقا تەرىپى يېڭى ئېتىرگۈل رەڭگىدە كېلىدۇ. توپلىشىپ ئۇۋا سالىدۇ. ئاساسەن چېتىن، گۈلچە-مەن قاتارلىقلارنىڭ مېۋىسى ۋە قارا ئارچىنىڭ مېۋىسىنى ئوزۇق قىلىدۇ. سىبىرىيىدە كۆپىيىدۇ، قىش پەسلىدە مەملىكىتىمىزنىڭ خېبېي ئۆلكىسى، چاڭجياڭ دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىمى قاتارلىق جايلاردا قىشنى ئۆتكۈزىدۇ. بەزىدە غەربىي شىمال رايونىمۇ ئۇچراپ قالىدۇ.

**ئىسقىرتما** ئى. كەپتەرنىڭ قۇيرۇقىغا چىگىپ قويۇلىدىغان، ھاۋادا ئۇچقاندا شامالنىڭ تەسىرىدە يۇۋلىنىپ ئاۋاز چىقىرىدىغان قوڭغۇراق: كەپتەر بېقىش، قۇيرۇقىغا ئىسقىرتما ئېسىپ ئاسمانغا ئۇچۇرۇش، موللاقچى كەپتەر-لەرنىڭ ئاجايىپ قىزىق ئويۇنلىرىنى تاماشا قىلىش... باللار ئۇچۇن نېمىدېگەن لەززەتلىك ئويۇن-ھە؟

**ئىسقىرتماق** پ. ئېغىزىدا ياكى بىرەر نەرسە بىلەن ئىسقىرىق چىقارماق، پەيدا قىلماق: ئۇ ماڭا قاراپ قاتتىق بىر ئىسقىرتىپ قويدى-دە، ئۇكىسىغا قاراپ كۆزىنى قىستى. * نىغمەت ئىككى كالپۇكىنى جۇپلەپ، يېنىك ئىسقىرتىپ، يەنە يان تۆيگە چىقتى.

**ئىسقىرىق** ئى. ئىسقىرتقاندا چىقىدىغان ئاۋاز.

**ئىسكادرون** ئى (ر<فران) <ھەرب> بىرنەچچە پەيدىن تەشكىل تاپقان ئاتلىق ئەسكەرلەر لىيەنى: بىركۈنى ئەتىگەندە پولك شتابى ئالدىنقى سەپ ئىسكادرونىدىن تېلېفون ئارقىلىق جىددىي بىر مەلۇمات كەلدى. * ئۇ 1944-يىلى گومىنداڭغا قارشى قوزغالغان ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا قاتنىشىپ، مىللىي ئارمىيىدە تەشۋىقاتچى، ھەربىي مۇخبىر ۋە كەڭساي ئاتلىق پولكىدا ئىسكادرون كوماندىرى-نىڭ سىياسىي مۇئاۋىنى، زەمبىرەكچىلەر قىسمىدا ئارقا سەپ تەمىنات بۆلۈمىنىڭ كومىسسارى قاتارلىق خىزمەتلەرنى ئىشلىگەن.

**ئىسكارلاتىنا** ئى (ر<ئىتال) <تىب> كۆمۈتا ئارقىلىق تارقىلىدىغان بىر خىل پارازىت كېسەللىكى. ئۇنى قارا بەزگەك قۇرتى پەيدا قىلىدۇ. ئۇنىڭدا قىزىتىش، بۇرۇن ۋە چىش قاناش، جىگەر ھەم تال ئىششىش، كەم قانلىق ۋە ئاق قان دانىچىلىرى ئازلاپ كېتىش قاتارلىق ئالامەتلەر كۆرۈلىدۇ.

**ئىسكارىن** ئى (ر<شۋېد) <گېئول> ئاساسلىقى ئوتتۇرا كىسلاتالىق بۆسمە جىنىس بىلەن كاربوناتلىق جىنىس (ھاك تاش، دولومىت قاتارلىق) ياكى ئوتتۇرا ئاساسلىق يانار تاغ جىنىسلىرىنىڭ تېگىشىدىغان يېرى ئىسسىق تېگىشىپ ئۆزگىرىش ئاساسىدا ۋە يۇقىرى ھارارەتتە گازلاشقان ئىسسىق سۇيۇقلۇق تەسىرىدە تېگىشىپ ئالمىشىشتىن ھاسىل بولغان ئۆزگەرگەن جىنىس.

**ئىسكەت** ئى ① كىشىلەرنىڭ تەقى-تۇرقى، قامەت؛ فىگورا: ئىسكەتى كېلىشكەن يىگىت. * – كىيىم-كېچەكلىرىڭ يېڭىلىنىپتۇ، ئۆزۈڭگىمۇ ئىسكەت كىرىپ قېلىپتۇ، – دېدى ئاكام ماڭا. * ئۆگىنەر ئىسكەتنى ھەم، ئەخلاقنى ھەم جەننەت قىزى – چەشمى خۇمارىمغا قاراپ. ② نەرسىلەرنىڭ تۈزۈلۈش قۇرۇلمىسى، ھالىتى؛ فورما، نۇسخا: ئىسكەتى چىرايلىق ئۆتۈك. * بۇ كىيىم ئىسكەتتىن كېتىپتۇ. * ئىككى يىلغا قالماي گۈلزارلىق ھويلىنىڭ

ئەسلىدىكى ئسكەتنى ئۆزگىرىپ-قاغجىراپ گۈلزارلىقتىن ئەسەرمۇ قالمىدى.

**ئسكەت كىرمەك** كېلىشكەن ھالەتكە كەلمەك، يېڭى فورما ئۇنىڭغا خېلى ئسكەت كىرگۈزۈپتۇ.

**ئسكەتتە** رەۋ. ھالەتتە، رەۋىشتە، تەرىقىدە: مۇبادا يامغۇر مۇشۇ ئسكەتتە يەنە بىر-ئىككى كۈن يېغىۋەرىدىغان بولسا، يامغۇر ئېلىپ كېلىدىغان خەۋپ ئۆزىگە كېلىدىغان خەۋپتىنمۇ پاجىئەلىك بولىدىكەن.

**ئسكەتسىز** سۈپ. ئسكەتى يوق، تەقى-تۇرقى، چىراي-شەكلى كۆرۈمسىز؛ سەت: ئسكەتسىز ئايال. * مەن مەيدىن ئسكەتسىز بىر كىشىنىڭ بېشىنى چىقارغانلىقىنى كۆردۈم. * مۇئەللىم ئۇنىڭغا بىر قاراپ قويۇپ: — دۇنيادا بۇنىڭدىنمۇ ئسكەتسىز ئورۇندۇق بولامدۇ؟ — دەپتۇ.

**ئسكەلەتمەك** «ئسكەتلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**ئسكەلەشمەك** «ئسكەتلىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**ئسكەلەنمەك** «ئسكەتلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**ئسكەتلىك** سۈپ. ئسكەتى بار، كۆرۈنۈشى، تەقى-تۇرقى جايىدا، چىرايلىق، كېلىشكەن: ئسكەتلىك ئادەم. ئسكەتلىك يىگىت. * ئۇ ئېگىز بويلۇق، قارا چاچ، كۆزلىرى چىرايلىق ئويناپ تۇرغان، بەللىرى نازۇك تولغىنىپ تۇرغان، پۇتلىرى ئسكەتلىك بىر ئايالنى كۆردى. * ئۇ ھېلىلا بېشىغا كەمچەت تۇمىقىنى، ئۇچىسىغا موۋۇتتىن تىكىلگەن ئسكەتلىك پەرەنجىسىنى كىيىپ، نىزامىدىنىنىڭ ئالدىغا بارغانىدى.

**ئسكەتلىمەك** پ. دوپپىنى قوندۇرۇپ بولغاندىن كېيىن شېكەر سۈيى بىلەن ھاۋا بېرىپ، پرېسقا بېسىپ باشقا كىيگۈدەك ھالەتكە كەلتۈرمەك؛ پەرداز بەرمەك.

**ئسكەنجە** ئى (پ) ① نەرسىلەرنى سىقىدىغان، قىسىدىغان ئەسۋاب؛ پرېس: يۇڭنى ئسكەنجە بىلەن تايلىماق. ② كۆچمە. قىسىش، قىيناش؛ قىيىن-قىستاق؛ رېجىم؛ قورشاۋ: ئسكەنجىگە ئالماق. ئسكەنجىدە قالماق. * شاد-خۇراملىقنى ئۆزىگە سۈمۈرۈپ تويمايدىغان ئاق تېررورلۇقنىڭ قاتمۇقات ئسكەنجىسى سېنى قىسىپ قالالمىدى. * ئۇنىڭ ھايات تەقدىرى زۇلۇم ئسكەنجىسىدە قىينىلىپ، ئازاب چەككەن جاپاكەش خەلقنىڭ تەقدىرى بىلەن بىردەك بولدى.

**ئسكەنجىگە ئالماق** قىينىماق، ئازابلىماق؛ رېجىم، قورشاۋ ئىچىگە ئالماق: باتۇرنىڭ ئەزىمەتلىرى ئسكەنجىگە ئېلىپ تۇرغان قازى نېمە قىلىشنى بىلەلمەي تېپىرلاپ كەتتى. * تەڭسىز جەڭدە دۈشمەنلەر سەپلىرىنى باشقىدىن تۈزەپ، بارا-بارا چەمبەر ھاسىل قىلىپ، ئەنجانباي ئەترىتىنى ئسكەنجىگە ئېلىشقا باشلىدى. * ئۇنى نومۇس، ۋىجدان ئازابى ئسكەنجىگە ئالغانىدى. چۈنكى ئۇ، پۇل ئالدىدا مەيدانىنى يوقاتتى.

**ئسكەنجىگە ئېلىش** <ھەرب> زورلۇق كۈچ بىلەن چەكلەپ، ئەركىن ھەرىكەت قىلالمايدىغان ھالەتكە چۈشۈرۈپ قويۇش.

**ئسكەنجىگە چۈشمەك** قىسىلىش، سىقىلىش، رېجىم، قورشاۋ قاتارلىقلار ئىچىدە تۇرماق، قالماق: ئۇ ئۆز مېھنىتىنىڭ مېۋىسىنى بۇ خەتلەردىن كۆردى-دە، شادلىنىپ كەتتى، ئۇنىڭ ئەجرى بىكار كەتمىگەن. خاسىيەت ئىسمىلىك بۇ قىز ئوبدان ئسكەنجىگە چۈشكەنىدى.

**ئسكەنجىلىمەك** پ ① بىرەر قىسقۇچ، ئومۇ-

مەن بىرەر ۋاستە بىلەن قىسماق، قىسىپ تۇرماق. ② ئىسكەنجىگە ئالماق، ئىسكەنجە ئىچىدە تۇتماق، تىزگىنلىمەك: ئادەم ھامان ئۆزىنى ئىسكەنجىلەپ، ئۆزىنىڭ بىرەر تۇيغۇسىنىڭ ئەركىنلىك بىلەن ئاشكارىلىنىشىغا يول قويمايدۇ.

**ئىسكەنجىۋىل** ئى. (پ) ئۇزۇم شىرىنىسىگە ئاق شىكەرنى ئارىلاشتۇرۇپ قىيام قىلىش ئارقىلىق ياسىلىدىغان بىر خىل ئىچىملىك. ئۇ ئىسسىقنى قايتۇرۇش رولىغا ئىگە.

**ئىسكۇدو** ئى. پورتۇگالىيىنىڭ پۇل بىرلىكى.

**ئىسكىپىدار** ئى (ر) <خىم> دېۋىرقايىنى دىستىلەش ئارقىلىق ئېلىنىدىغان ئۇچۇشچان ماي. رەڭسىز ياكى توق قوڭۇر بولۇپ، ئالاھىدە پۇراقا ئىگە. سىرچىلىق سانائىتىدە خام ئەشيا قىلىنىشتىن سىرت، دورىگەرلىكتىمۇ ئىشلىتىلىدۇ.

**ئىسكىرىپكا** ئى (ر) كامانچە بىلەن چېلىنىدىغان تۆت تارلىق چالغۇ ئەسۋابى: ئىسكىرىپكا چالماق. ئىسكىرىپكا ئاۋازى.

**ئىسكىرىپكىچى** ئى. ئىسكىرىپكا چالىدىغان كىشى، ئىسكىرىپكا چالغۇچى سازەندە: ئادىل سەنئەت بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى بولۇپ، ئۇ يەنىلا سەھنىگە چىقىش سالاھىيىتىگە ئىگە ئىسكىرىپكىچىمىز.

**ئىسكىلات** ئى (ر) <بىن> ئاشلىق ياكى زور مىقداردىكى ماددىي ئەشيالار ساقلىنىدىغان ئۆي، ئامبار: ئاشلىق ئىسكىلاتى. كۆمۈر ئىسكىلاتى. ئىسكىلاتتا تۇرغۇزۇپ سېتىش.

**ئىسكىلات خىراجىتى** <مال> ئىسكىلاتتا ماددىي ئەشيالارنى ساقلاش، رەتلەش، تاپشۇرۇۋېلىش-تارقىتىش قاتارلىق خىزمەتلەر ئۈچۈن چىقىم قىلىغان خىراجەتلەر.

**ئىسكىلاتچى** ئى. ئىسكىلاتقا قارىغۇچى، مەسئۇل بولغۇچى ئادەم: شۇ ئارىلىقتا ھېلىقى كىشى يېتىپ كېلىپ ئۆزىنى مەلۇم قىلدى، ئۇ مەلۇم تۇرلۇك ماللار شىركىتىنىڭ ئىسكىلاتچىسى مەنسۇر دېگەن يىگىت ئىدى.

**ئىسكىلاتچىلىق** ئى. ئىسكىلاتقا قاراش، مەسئۇل بولۇش، باشقۇرۇش ئىشلىرى.

**ئىسكىلاتلاشتۇرماق** پ. ئىسكىلاتلارغا كىرگۈزۈپ جايلاشتۇرماق: كۈنىدىلىك سوقۇلغان بۇغداي شۇ كېچىسى سورۇلۇپ-تازىلىنىپ، ئىسكىلاتلاشتۇرۇۋېتىلمىسە بولمايتتى.

**ئىسكىلاتلاشتۇرۇلماق** «ئىسكىلاتلاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**ئىسكىلاچ** ئى ← **ئىسكىلاچ مەسە.**

**ئىسكىلاچ مەسە** كەشى بىلەن قوشۇپ تىكىلىدىغان دەستىكى ئېگىزرەك بىر خىل مەسە: ئۇنىڭ پۇتىدىكى ئىسكىلاچ مەسە ماڭغاندا، «غاچ-غاچ» قىلىپ ئاۋاز چىقىرىپ تۇراتتى.

**ئىسكىلىت** ئى (ر<گرېك) <ئانات> ئادەم ۋە يۇقىرى دەرىجىلىك ھايۋانلار تېنىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى بەدەننى تىرەپ تۇرۇش رولىنى ئوينايدىغان سۆڭەكلەر جاھازىسى. تۇرغۇنلىغان پارچە سۆڭەك ۋە كۆمۈرچەكلەردىن تەشكىل تاپقان.

**ئىسكىلىت مۇسكۇلى** <بىئول> مۇسكۇل سىڭىرلىرىنىڭ ياردىمى بىلەن ئىسكىلىتقا يېپىشىپ تۇرىدىغان مۇسكۇل. ئۇنىڭ قىسقىرىشى تېز ھەم كۈچلۈك بولۇپ، ئاڭنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۇچرايدۇ. شۇڭا ئىختىيارغا بېقىنىدىغان (بويسۇنىدىغان) مۇسكۇل دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

**ئىسكىمەك** پ. ھىدىنى، پۇرىقىنى بۇرنىغا تارتماق، ھىدلىماق: كىم بىلىدۇ، شامال ئىستەپ يۈرەمدۇ؟ ياكى ئەجەل سېنى ئىسكەپ كېلەمدۇ؟

**ئىسكىنە** ئى (پ) ياغاچنى ئويۇش، تېشىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان، ئۇچى ياپىلاق ھەم ئۆتكۈر پولات ئەسۋاب.

**ئىسكىنە ئۆلاق** <ئورم> بىر خىل ئۆلاق شەكلى، بۇنىڭدا، ئۆلاق تۆۋى توغرىسىغا كېسىلىپ، كېسىك يۈزىنىڭ ئوتتۇرىسى يېرىلىپ، ئۇنىڭغا ئىسكىنە شەكلىدە ئۈچلانغان قىپچا سانجىپ ئۆلىنىدۇ.

**ئىسگەندە** ئى (پ) <تىب> مىللىي تىبابەتچىلىكتە دورا ئورنىدا ئىشلىتىلىدىغان بىر خىل يىلتىز. رەڭگى ئاق سېرىققا مايىل، تەمى بىر ئاز ئاچچىق. ئەڭ ياخشىسى ناگۇردىن چىقىدۇ. تەبىئىتى قۇرۇق ئىسسىق بولۇپ، يۆتەل، نەپەس سىقىلىش، ئەزالاردىكى ئىششىق، بەرەس كېسەللىكلىرىگە مەنپەئەت قىلىش، بەدەننى، باھنى قۇۋۋەتلەش خۇسۇسىيەتلىرىگە ئىگە.

**ئىسلانتقۇزماق** «ئىسلىماق» پېئىلىنىڭ قوش مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**ئىسلاتماق** «ئىسلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**ئىسلاشتۇرماق** «ئىسلاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**ئىسلاشماق** ① «ئىسلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: مەن ئۇلارنىڭ قېزىنى ئىسلىشىۋاتقانلىقىنى كۆرگەنىدىم. ② ئىس سىڭىپ، يۇقۇپ قارايماق ياكى ئىس قاپلىماق، ئىس بىر ئالماق: ئۆينىڭ تام-تورۇسلىرى قاپقارا ئىسلاشقانىدى. * بۇ گىلەم كونا ھەم ئىسلىشىپ كېتىپتۇ. * ئەتىگەندە پوشكال سالغانلىقتىن ئۆينىڭ ئىچى پۈتۈنلەي ئىسلىشىپ كەتتى. ③ ئىسقا پۈركەنمەك، ئىس سۈمۈرمەك: ھەر دائىم قارا چىراغ ئاستىدا ئىسلىشىپ ئولتۇرۇش بىزگە مىراسمىدى؟

**ئىسلام** ئى (ئە) ① ئىسلام دىنىغا كىرىش، مۇسۇلمان بولۇش، مۇسۇلمانچىلىق؛ مۇسۇلمانلارنىڭ دىنى: ئىسلام دىنى. ئىسلام ئەقىدىسى. ئىسلام دىنىغا كىرمەك. ② ئەرلەرنىڭ ئىسمى.

**ئىسلام دىنى** <دىن> دۇنيادىكى ئاساسلىق دىنلاردىن بىرى. يەنى ئاخىرقى پەيغەمبەر مۇھەممەد تەرىپىدىن مىلادىيە VII ئەسىرنىڭ باشلىرىدا بەرپا قىلىنغان دىن. ئۇ بىر ئىلاھقا ئىشىنىدىغان ئاخىرقى دىن بولۇپ، مۇھەممەدتىن كېيىن پەيغەمبەر كەلمەيدۇ، بۇنىڭ ئۈچۈن ئاللاھ بۇ دىنىنىڭ ئېتىقاد، ھۆكۈملىرىنى ھەر زامان، ھەر ماكانغا، شۇنداقلا پۈتۈن ئىنسانىيەتكە ئۇيغۇن بىر شەكىلگە كەلتۈردى ۋە بۇنىڭ بىلەن پۈتۈن ئىنسانىيەتكە مەجبۇرىيەت قىلىپ بەردى دەپ قارايدۇ. بۇ دىن ئەينى ۋاقىتتا ئاسىيا قىتئەسىنىڭ غەربىي قىسمى ۋە ئافرىقا قىتئەسىنىڭ شىمالىي قىسمىدا كەڭ ئەۋج ئالغان بولۇپ، X ئەسىردە ئۇيغۇرلار ئارىسىدا تارقىلىشقا باشلىغان.

**ئىسلام دىنىنىڭ ئەخلاق ھۆكۈملىرى** <دىن> ئىسلام ھۆكۈملىرىنىڭ ئۈچ تارمىقىنىڭ ئۈچىنچىسى. مۇھەممەد پەيغەمبەر: «مەن پەقەت ئەخلاقىي ۋەزىپىلەرنى تاماملاش ئۈچۈن ئەۋەتىلدىم»، «ئىسلامىيەت گۈزەل ئەخلاقتۇر» دېگەن. ئايەت ۋە ھەدىسلەردە ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئەخلاق ھۆكۈملىرى مۇسۇلمانلارغا (1) ئىنساننىڭ ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىرىگە قارىتا ۋەزىپىلىرى؛ (2) ئىنساننىڭ ئۆز شەخسىيىتىگە قارىتا ۋەزىپىلىرى؛ (3) ئىنساننىڭ ئائىلىسىگە قارىتا ۋەزى-

پىلىرى؛ (4) ئىنسانىنىڭ ۋەتەن، مىللەتكە قارىتا ۋەزىپىلىرى؛ (5) ئىنسانىنىڭ پۈتۈن ئىنسانىيەتكە قارىتا ۋەزىپىلىرىدىن ئىبارەت بەش تۈرلۈك ۋەزىپىنى ئورۇنداش مەجبۇرىيىتىنى بۇيرۇدى. بۇ ھۆكۈملەرنىڭ يىغىندىسى ئىسلامىيەتتە «شەرىئەت» ۋە «شەرئىي ھۆكۈملەر» دېيىلىدۇ.

**ئىسلام دىنىنىڭ ئەمەلىي ھۆكۈملىرى** <دىن> ئىسلام ھۆكۈملىرىنىڭ ئۈچ تارمىقىنىڭ ئىككىنچىسى. «ئىبادەت» سۆزى بىلەن يەكۈنلىنىدۇ. «ئىبادەت» ئىسلامنىڭ (1) «كەلىمەئى شاھادەت» نى ئېيتىش. (2) ناماز ئوقۇش، (3) زاكات بېرىش، (4) روزا تۇتۇش، (5) ھەج قىلىشتىن ئىبارەت بەش شەرتىنى ئورۇنلاشنى كۆرسىتىدۇ.

**ئىسلام دىنىنىڭ ئېتقاد ھۆكۈملىرى** <دىن> ئىسلام ھۆكۈملىرىنىڭ ئۈچ تارمىقىنىڭ بىرىنچىسى. «ئىمان» سۆزىنى ئاساس قىلىدۇ. ئىمان «كەلىمەئى تەۋھىد» كە مەركەزلەشكەن. ھەدىستىن قارىغاندا، ئىسلام دىنىنىڭ ئېتىقاد ھۆكۈملىرى: (1) ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ روسۇلىغا؛ (2) ئاللاھنىڭ مالائىكلىرىگە؛ (3) ئاللاھنىڭ كىتابلىرىغا؛ (4) ئەۋەتكەن پەيغەمبەرلىرىگە؛ (5) ئاخىرەت كۈنىگە؛ (6) قەدەرگە (ياخشىلىق يامانلىقنىڭ ئاللاھنىڭ تىلىكى، تەقدىرى ۋە يارىتىشى ئىكەنلىكىگە) چىن قەلبى بىلەن ئىشىنىشتىن ئىبارەت ئالتە تەرەپنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

**ئىسلام كالېندارى** <ئاستر> ← ھىجرىيە.

**ئىسلام يىلنامىسى** <ئاستر> ← ھىجرىيە.

**ئىسلامئاباد** ئى <جۇغ> پاكىستاننىڭ پايتەختى، دۆلەتنىڭ سىياسىي مەركىزى، يېقىندىن قۇرۇلغان زامانىۋى شەھەر، ئۇ دۆلەتنىڭ شەرقىي شىمالىدىكى دېڭىز يۈزىدىن ئوتتۇرىچە ئېگىزلىكى 300 – 600 مېتىر كېلىدىغان پۈتۈۋار ئېگىزلىكىگە جايلاشقان. بۇ ئېگىزلىكنىڭ ئۇزۇنلۇقى (شەرقتىن غەربكە) 240 كىلومېتىر، كەڭلىكى (شىمالدىن جەنۇبقا) 96 كىلومېتىردىن ئارتۇق بولۇپ، تەبىئىي شارائىتى ياخشى.

**ئىسلامئاباد ۋاقتى** <ئاستر> پاكىستاننىڭ ئۆلچەملىك ۋاقتى. ئۇ شەرقىي ئۇزۇنلۇق 75° لۇق مېرىدىئاننى ئۆلچەم قىلغان شەرقىي 5-ۋاقىت رايونى بولۇپ، مەركىزىي ۋاقىت رايونىدا چۈش سائەت 12:00 بولغاندا، ئىسلامئابادتا چۈشتىن كېيىن سائەت 17:00 بولىدۇ. بۇنىڭدىن مەلۇمكى، ئىسلامئاباد ۋاقتى مەركىزىي ۋاقىت رايونىنىڭ ۋاقتىدىن بەش سائەت ئىلگىرى بولىدۇ، بېيجىڭ بىلەن بولسا ئۈچ سائەت پەرق قىلىدۇ.

**ئىسلامچە** سۈپ. ئىسلام دىنىغا خاس، ئىسلام دىنىغا ئائىت، ئىسلامغا تەئەللۇق ياكى ئىسلام دىنى بىلەن بىرگە كىرگەن، كىرىپ ئۆزلەشكەن: ئۇ خىل ئىسىملارنىڭ قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى دەۋرىدىن تارتىپ ھازىرغىچە ئەينەن ئىشلىتىلىپ كېلىۋاتقانلىقى، «مۇھەممەد» قاتارلىق ئىسلامچە ئىسىملارنىڭمۇ ئۇن ئەسىردىن بۇيان ئىزچىل ئىشلىتىلىپ كېلىۋاتقانلىقى بۇ نۇقتىنى ئىسپاتلايدۇ.

**ئىسلامچى** ئى. ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغۇچى، ئىسلام تەرەپدارى، ئىسلام دىنىنى تەرغىپ قىلغۇچى كىشى؛ گۇرۇھ: دېمەك، شەخسەن ئۇنىڭدىن ئەندىشە قىلىپ

كەتمەيمەن، يامىنى شۇكى، ئۇنىڭ قەشقەر-- خوتەن تەرەپلەردىكى ئىسلامچىلار بىلەن بىرلىشىۋېلىشىدىن قورقىمەن. // مۇبادا ماجۇڭيىڭ «ھەممە مۆمىنلەر بىر قېرىنداش» دېگەن شىرئار بويىچە، خوجىنىياز ۋە جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئىسلامچى ئۇنسۇرلار بىلەن بىرلىك ياساپ، كوممۇنىزمغا قارشى تۇرسا قانداق قىلغۇلۇق.

**ئىسلامشۇناس** ئى ئىسلام دىنىنى تەتقىق قىلىدىغان تەتقىقاتچى؛ ئىسلام دىنى مۇتەخەسسىسى.

**ئىسلامشۇناسلىق** ئى. ئىسلام دىنى ھەققىدىكى ئىلىم: ئىسلامشۇناسلىق بىلەن شۇغۇللانماق.

**ئىسلاملاشماق** پ. ئىسلام دىنىغا كىرمەك، ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلماق، مۇسۇلمان بولماق: ئىسلاملاشقان ئۇيغۇرلار. * شىنجاڭ رايونىدا ئالدى بىلەن قەشقەر قاتارلىق جايلار ئىسلاملاشقانىدى.

**ئىسلامىيەت** ئى (ئە) ئىسلام دىنى ۋە ئىسلام دۇنياسى ياكى ئىسلام دىنى ۋە ئىسلام ئالىمى: يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئۇنى قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى بىلەن ئاتىغانلىقى بۇ ئوقۇمنىڭ ئىسلامىيەتتىن بۇرۇنلا ئۇيغۇر خەلقى ئارىسىدا مەۋجۇتلۇقىدىن دېرەك بېرىدۇ.

**ئىسلاند** ئى <ئىرق> شىمالىي مۇز ئارىلىدا ياشىغۇچى بىر مىللەتنى كۆرسىتىدۇ: ئىسلاند تىلى.

**ئىسلاندىيە** ئى <جۇغ> ياۋروپا قىتئەسىنىڭ غەربىي شىمالى بىلەن ئاتلانتىك ئوكيانىنىڭ شىمالىغا جايلاشقان ئارال دۆلەت. شىمالىي قۇتۇپ چەمبىرىگە يېقىن تۇرىدۇ. يەر مەيدانى 103 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر، ئاھالىسى 237 مىڭدىن ئاشىدۇ (1983-يىللىق مەلۇمات). يەر مەيدانى-نىڭ $\frac{3}{4}$ قىسمىنى ئېگىزلىكلەر، $\frac{1}{8}$ قىسمىنى مۇزلۇقلار قاپلاپ تۇرىدۇ. دېڭىز قىرغاق-لىرىدا تار كەتكەن تۇزلەڭلىكلەر بار. ئارالدا ۋولقانلار، ئىسسىق سۇلۇق بۇلاقلار، شارقىراتمىلار، كۆللەر، سۈيى تېز دەريالار ناھايىتى كۆپ.

**ئىسلاندىيە تۆۋەن بېسىمى** <مېتېئور> مەركىزىنىڭ ئورنى ئىسلاندىيىنىڭ ئەتراپىدا بولغان تۆۋەن ھاۋا بېسىمى.

**ئىسلاندىيە تېشى** <گېئول> رەڭسىز، سۈزۈك، ساپ كالتسىت. سۈزۈك مېنىراللار ئىچىدە ئەڭ يۇقىرى قوش نۇر سۇندۇ-رۇشچانلىققا ئىگە. ئاساسلىقى دۆلەت مۇداپىئە سانائىتى ۋە ئالاھىدە ئوپتىكا ئەسۋابلىرىنى ياساشتا ئىشلىتىلىدۇ.

**ئىسلانماق** «ئىسلىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئىخلاس بىلەن ئۆۋلەرنىڭ ئۆيى پاكار، تورۇسى ئىسلانغان بولغىنى بىلەن كۆڭۈللۈك ئىدى.

**ئىسلاھ** ئى (ئە) تۈزىتىش، تۈزىتىپ ياخشى-لاش، ئەسلىدىكىسى ئاساسىدا تۈزىتىپ مۇكەممەللەشتۈرۈش: ئىسلاھ قىلىنغان ئەرەب ئېلىپبەسى. * ئوركېستىر مۇزىكىلىرىنىڭ ئورۇنلاش سەنئىتىدە ئۇيغۇر مىللىي چالغۇلىرىنى ئىسلاھ قىلىش مەسىلىسىمۇ مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. * شۇ يولدا كۆرۈنەر ئىسلاھ ئىزلىرى، مەرىپەت، كەشپىيات ئۈچۈن ئىزلىنىش، تەرىق ۋە نادانلىق تونىنى يېرىپ ئۆملۈكنىڭ تېگىغا قاراپ ئىنتىلىش.

**ئىسلاھ قىلماق** تۈزىتىپ يېڭىلاش ئېلىپ بارماق، تۈزىتىپ ياخشىلىماق: جەمئىيەت تۈزۈلمىسىنى ئىسلاھ قىلماق. مائارىپنى ئىسلاھ قىلماق.

**ئىسلاھات** ئى (ئە) ئومۇمىيۈزلۈك يېڭىلاش يۈزىسىدىن ئېلىپ بېرىلىدىغان ئۆزگەر-

تىش؛ ئىسلاھ، يېڭىلاش: يەر ئىسلاھاتى، جەمئىيەت تۈزۈلمە ئىسلاھاتى. مائارىپ ئىسلاھاتى. ئىسلاھات ئېلىپ بارماق. ئىسلاھات قىلماق.

**ئىسلاھاتچى** ئى. ئىسلاھات تەرەپدارى؛ يېڭىلىققا، ئىلغارلىققا كۆچۈش ۋە ئۇنى يارىتىش، ۋۇجۇدقا چىقىرىش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلغۇچى ئادەم، ئىسلاھ قىلغۇچى كىشى: تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن ئىنقىلابچى بولۇپلا قالماي، ئىسلاھاتچىمۇ بولۇش كېرەك. * ئەخمەتجان قاسىمىمۇ ئۇيغۇرلار ئىچىدىن چىققان بىر ئىنقىلابچى ھەم ئىسلاھاتچى ئىدى. * فارابىنىڭ قالۇننى ۋە بەزى مۇقام مۇزىكىلىرىنى ئىجاد قىلغانلىقى ئۇنىڭ مۇزىكا ئىسلاھاتچىسى ئىكەنلىكىدىن دېرەك بېرەتتى.

**ئىسلاھاتچىلىق** ئى <پەلس> مۇۋاپىق بولمىغان ئىجتىمائىي تۈزۈمنى تۈپتىن ئاغدۇرۇشقا قارشى تۇرۇپ، پەقەت ئەسلىدىكى ئىجتىمائىي تۈزۈم ئاساسىدا ئاز-تولا ياخشىلىنىش بولۇشنى تەشەببۇس قىلىدىغان ئىدىيە.

**ئىسلىق** ① سۈپ. ئىسى بار، ئىسى چىقىدىغان ياكى ئىسى كۆپ: ئىسلىق كۆمۈر. ② سۈپ. ئىسلانغان، ئىسلىنىپ قارايغان: ئىسلىق تام. * ئىسلىق ئۆيۈم-ئىسسىق ئۆيۈم (ماقال). * – ئىسلىق گۆشنى نەگە ئېلىپ قويدۇڭ، – دەپ سورىدى مەلىكخان مەندىن. * كەرىموپ ۋاسىدەميان قىلىپ يېپىلغان ئۆينىڭ تورۇسلىرىدىكى ئىسلىق جەگىلەرگە، قىزىل يىپ ئەديال بىلەن چۈمكەپ قويۇلغان ئورۇن-تۆشەكلەرگە قاراپ نۇرسىز كۆزلىرىنى چىمىلداتتى. ③ ئى. ئومۇمەن ئىسرىقدان ياكى شۇنىڭغا ئوخشاش ئىچىگە ئىسرىققا ئوخشاش نەرسىلەرنى سېلىپ كۆيدۈرىدىغان نەرسە: مېڭىش ئالدىدا موماي يەنە بىر دانە ئىسلىقنى قىزىغا بېرىپتۇ-دە، ئۇنىڭغا: كەچ كىرگەن چاغدا مۇشۇ ئىسلىق ئارقىلىق بوغچا ئىچىدىكى نەرسىلەرگە ئوت تۇتاشتۇرۇپ بىر-بىرلەپ كۆيدۈرۈۋەت، – دەپتۇ.

**ئىسلىق بىللور** <گېئول> ئىسى بار خروستال، رەڭگى قېنىق كۆل رەڭ؛ قوڭۇر، قارا رەڭلىكلىرىنى تەركىبىدىكى كاربون پەيدا قىلىدۇ. قارا رەڭگىنىڭ قېنىق، سۇس بولۇشىنى كاربونىنىڭ ئاز-كۆپلۈكى بەلگىلەيدۇ. پۈتۈنلەي قارا بولغانلىرى «قارا بىللور» دەپ ئاتىلىدۇ.

**ئىسلىق كۆمۈر** <گېئول> چىرىندى كۆمۈرنىڭ بىر خىلى. قوڭۇر كۆمۈرنىڭ ئۆزگىرىشىدىن ھاسىل بولىدۇ. رەڭگى تۇتۇق قارا، پارقىرايدۇ. تەركىبىدىكى كاربون مىقدارى ئاز، ياندۇرغاندىن كېيىن ئىس چىقىرىدۇ. ئادەتتە ئۇ يېقىلغۇغا ئىشلىتىشتىن سىرت، يەنە كوكۇس تاۋلاشنىڭمۇ خام ئەشياسى قىلىنىدۇ. ئۇ يەنە كوكۇس كۆمۈر، مايلىق كۆمۈر، مايسىز كۆمۈر، گازلىق كۆمۈر دېگەن تۈرلەرگە ئايرىلىدۇ.

**ئىسلىق يېشىل** قارىراق ياكى قارىغا مايىل يېشىل.

**ئىسلىما** سۈپ. ئىسلاش ئارقىلىق ۋۇجۇدقا كېلىدىغان، ئىسلانغان: ئىسلىما نەقىش.

**ئىسلىما نەقىش** <گ سەن> نەقىشنىڭ بىر خىلى، ئادەتتە سىر ياكى بوياق ئۈستىگە كۆيۈۋاتقان نەرسىنىڭ ئىسىنى يۇقتۇرۇش ئارقىلىق چىقىرىلىدۇ.

**ئىسلىماق** پ. ئىسقا تۇتماق، ئىسقا تۇتۇپ قارايتماق، ئىسلاشتۇرماق: ئۆينى ئىسلىماق.

**ئىسمائىلىيە** ئى (ئە) <دىن> شىئە

مەزھىپىنىڭ بىر تارمىقى، بۇ تارماق مەزھەپنىڭ باشلىقى ئاغاخان. بۇ مەزھەپكە ئېتىقاد قىلىدىغانلار بىرقانچە مىليونغا يېتىدۇ. ئۇلار ئاساسەن ھىندىستاننىڭ بومباي رايونىغا توپلىشىپ ياشايدۇ.

**ئىسمائىلتاپ** ئى. دىئال. موزدۇزلۇقتا يىپنى ئېلىپ قويۇپ ئىشلىتىدىغان ئىلمەك تۆمۈر.

**ئىسپىنا** ئى (ر) → **سىپىنا**.

**ئىسمىئەزەم** (ئىسىم+ى+ئەزەم) رىۋايەت، چۆچەكلەردە «ئاللاھنىڭ ئەڭ ئۇلۇغ ئىسمى» دېگەن مەنىلەردە قوللىنىلىدۇ: يولدا بىر كەڭرى بىپايان دەريا ئۇچراپتۇ. ھاسىنى قولىغا ئېلىپ ئىسمىئەزەمنى ئوقۇپ دەرياغا كىرگەنىكەن، ھاسا كۆۋرۈك بولۇپ بېرىپتۇ.

**ئىسمى-جىسمى** ئىسمى ۋە جىسمى: ئىسمى-جىسمىغا لايىق.

**ئىسمى-جىسمىغا لايىق** نامى ياكى ئاتىقى ئەمەلىيىتىگە ئۇيغۇن، ماس: ئىسمى-جىسمىغا لايىق بولماق. * ئىلخو ئىسمى-جىسمىغا لايىق گۈزەل يۇرت ئىكەن. * گۈلسۈرۈخ مەخسۇمنىڭ تەسەۋۋۇر قىلغىدىن نەچچە ھەسسە چىرايلىق، ئىسمى-جىسمىغا لايىق گۈزەل قىز ئىدى.

**ئىسمى-جىسمىغا مۇناسىپ** → **ئىسمى-جىسمىغا لايىق**: يىل بويى كۆن كۆرمەيدىغان بۇ تاغلار ئىسمى-جىسمىغا مۇناسىپ ھالدا «قاراڭغۇ تاغ» دەپ ئاتالغانىدى.

**ئىسمىدىماق** پ. دىئال. كېسەل سەۋەبىدىن قىزىپ كەتمەك.

**ئىسمىزات** ئى (ئىسىم+ى+زات) ئىسىم ۋە كېلىپ چىقىش مەنبەسى: — ھەي قارا باتۇر، سېنىڭ ئىسمىزاتىڭ كىم؟ نەلىك سەن؟ — دەپ سورىدى يىگىت ئۇنى چاقىرىپ.

**ئىسمىشەرىپ** ئى (ئىسىم+ى+شەرىپ) ئەزىز ھەم شەرەپلىك ئىسىم، شەرەپلىك ۋە مۇقەددەس ئىسىم: ئىسمىشەرىپلىرى كىم بولىدىكىن؟ * ئىمام ئۆزىچە ئىلتىپات قىلىپ: «ئىسمىشەرىپلىرى كىم؟ قەيەردىن كەلدىلە؟» دېگەن بولسىمۇ، بوۋاي جاۋاب بەرمەي جىم ئولتۇردى. * سىز پۈتۈن ئالەمدە مېنى چۈشىنىدىغان بىردىنبىر پەرىزاتسىز، ئىسمىشەرىپلىرىڭىزگە لايىق، كۆڭلى غۇبارسىز پەرىسىز.

**ئىسنا** ئى. دىئال. ئۇسسۇل.

**ئىسىت** ئىم. بىرەر ئىش ياكى نەرسىگە قارىتا قاتتىق ئېچىنغانلىقنى، پۇشايمان قىلغانلىقنى بىلدۈرىدۇ: — ئىسىت، سىز بىلەن ئۆتكەن ئۆمرۈم، ئىسىت سىزگە قىلغان ئەقىدەم! — زەينەپ ئەسەبىيلەشكەن ھالدا ۋارقىرىدى. * ئىسىت بىرنەچچە يىل ئوقۇغىنىم نەگە كەتتى، يىراق يەرلەردىن كېلىپ ئوقۇغىنىمغا مىڭ پۇشايمان قىلدىم.

**ئىسىت-ئىسىت** «ئىسىت» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى: ئورازبېك تاغام بىلەن دادام نەدە يۈرىدىغاندۇ؟ ھازىر ئۇلار ئالدىمدىلا چىقىپ قالغان بولسا نېمىدېگەن ياخشى بولاتتى-ھە! ئىسىت-ئىسىت.

**ئىسىم** ئى (ئە) ① كىشىلەرگە قويۇلغان شەخسىي نام، ئات: ئىسىم قويماق. * ئالدىرىغاندا ئاتىسىنىڭ ئىسمىنى ئۇنتۇپتۇ (ماقال). * ئۇلاردىن ماڭا پۇل بەرگەن كىشىنىڭ ئىسمى جالال، يەنە بىر كىشىنىڭ ئىسمى ئەبەيدۇللا ئىكەنلىكىنى ئېيتىشتى. * ئۇ ماڭا ھەتتا ئىسمىنىمۇ ئېيتىپ بەرمەي كېتىپ قالدى. ② <تىل> **ئادەم ۋە شەيئىلەرنىڭ نامىنى بىلدۈرۈپ كېلىپ،** «كىم»، «نېمە»، «قەيەر» دېگەن سوئاللارغا جاۋاب بولۇپ كېلەلەيدىغان سۆز ۋە شۇنداق سۆزلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان سۆز تۈركۈمى.

**ئىسىم ئالمىشى** <تىل> ئىسىم ئورنىدا

كېلىپ، كونكرېت بىر شەيئىنى ئەمەس
بەلكى سۆزلىگۈچى، ئاڭلىغۇچى ۋە
سۆزلەنگۈچى ئورنىدا تۇرغان ھەرقانداق
بىر ئادەمنى بىلدۈرىدىغان ھەمدە
كىشلەرنىڭ نامىغا سوئال بولۇپ كېلىد-
غان ۋە بىر تۈركۈم شەيئىلەرنى ئومۇم-
لاشتۇرۇپ كۆرسىتىشتە قوللىنىلىدىغان
ئالماشلار. مەسىلەن، ئۇيغۇر تىلىدىكى
«مەن، سەن، ئۇ، سىز، سىلەر،
كىم، نېمە، ھەممە، بارلىق» ئالماش-
لىرىغا ئوخشاش.

**ئىسىم جۈملە** <تىل> خەۋىرى ئىسىم
ياكى ئىسىم خاراكتېرلىك سۆز ۋە سۆز
بىرىكمىلىرىدىن ھاسىل بولغان جۈملىلەر.

**ئىسىم قويماق** بالا تۇغۇلغاندىن كېيىن،
ئۇنىڭغا ئات بەلگىلىمەك: بالىغا ئىسىم
قويماق.

**ئىسمى بار، جىسمى يوق** پەقەت نامىلا
ياكى ئاتىقىلا بار، ئۆزى يوق: ئۇ چاغدا
ھەمكارلىق گۇرۇپپىسىنىڭ ئىسمى بار، جىسمى
يوق ئىدى.

**ئىسمىنى ئاتىماق** سۆزىدە ئېتىنى تىلغا
ئېلىپ ئۆتمەك: – مەتيار بېگىم، – دېدى
ھېسامىدىن داموللا تۇيۇقسىز ئۇنىڭ ئىسمىنى
ئاتاپ.

**ئىسىمداش** ئى ① ئىسمى ئوخشاش، ئوخشاش
ئىسىمدىكى كىشىلەر: مەن ئۇنىڭ بىلەن
ئىسىمداش. ② <تىل> پېئىلنىڭ تۈرلىنىش
ئارقىلىق ئىسىم ئىقتىدارىغا ئېرىشىپ،
ھەرىكەتنىڭ نامىنى بىلدۈرىدىغان،
جۈملىدە ئىسىمغا ئوخشاش قوللىنىلىدىغان
گىراماتىكىلىق كاتېگورىيىسىنىڭ بىرى
ھېسابلىنىدۇ. ئۇ، ھەرىكەتنى شەيئى
سۈپىتىدە ئىپادىلەيدۇ. ئۇيغۇر تىلىدا
ئىسىمداشلارنىڭ «-ش» لىق ئىسىم-
داش، «-ماق» لىق ئىسىمداش،
«-غۇ» لۇق ئىسىمداش، پۈتكەن
ھاللىق ئىسىمداش، ئىزچىل ھاللىق
ئىسىمداش، پۈتمىگەن ھاللىق ئىسىمداش،
سۇبيېكت ئىسىمداش دېگەن تۈرلىرى بار.

**ئىسىمسىز** سۈپ. ئىسمى يوق، ئىسمى
قويۇلمىغان، نامسىز.

**ئىسىمشۇناس** ئى مەخسۇس ئىسىم تەتقىقاتى
بىلەن شۇغۇللىنىدىغان تەتقىقاتچى.

**ئىسىمشۇناسلىق** «ئىسىمشۇناس» سۆزىنىڭ
كەسىپ نامى: يېقىنقى يىللاردىن بۇيان
ئۇيغۇر كىشى ئىسىمشۇناسلىقى تەتقىقاتىمۇ يېڭى
يۈكسىلىشلەرگە ئېرىشتى. بەزەن تىلچىلار،
تەزكىرىچىلەر مەخسۇس ئىزدىنىپ ئۇيغۇر
ئىسىمشۇناسلىقىنىڭ تۈرلۈك ئەھۋاللىرى ھەققىدە
تەتقىقات نەتىجىلىرىنى ئېلان قىلدى.

**ئىسىم-فامىلە** ئىسىم ۋە فامىلە: بىز شۇ
قىزنىڭ ئىسىم-فامىلىسىنى، قەيەرلىكلىكىنى
بىلمەيۋاتىمىز.

**ئىسىم-فامىلە ھوقۇقى** <قا> پۇقرالار-
نىڭ ئۆزىگە خاس ئىسىم-فامىلىسى بولۇش
ۋە باشقىلارنىڭ ئوغرىلىقچە پايدىلىنىشنى
مەنئى قىلىش ھوقۇقى. ئۇ كىشىلىك
ھوقۇقنىڭ بىر خىلى بولۇپ، مەملىكىتىمىز-
دە پۇقرالارنىڭ ئىسىم-فامىلە ھوقۇقى
دەخلى-تەرۇزغا ئۇچرىغاندا، زىيانكەشلىك-
كە ئۇچرىغۇچى دەخلى-تەرۇزنى توختى-
تىشنى، تەسىرىنى تازىلاشنى تەلەپ
قىلىش ھوقۇقى، شۇنداقلا باشقا ھەق
تەلەپ جاۋابكارلىقىنى سۈرۈشتە قىلىشنى
تەلەپ قىلىش ھوقۇقى بولىدۇ، ۋاكالەت-
چى ئورۇننىڭ نامى زىيانغا ئۇچرىغاندا
يۇقىرىقى بەلگىلىمە تەدبىق قىلىنىدۇ.

**ئىسملاشماق** پ <تل> ئۆزىنىڭ ئەسلىي سۆز تۈركۈمىگە خاس خۇسۇسىيىتىنى پۈتۈنلەي ياكى قىسمەن يوقىتىپ، ئىسىمغا ئۆزگەرمەك، ئىسىم ئورنىدا قوللىنىلماق، ئىسىملىق خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولماق: بەزى ئىملىق سۆزلەر ئىسملىشىپ، ئىسىم رولىدا قوللىنىلىشى مۇمكىن. * مەسىلەن، «زېمىننى باسسۇن ئاھىم مېنىڭ» دېگەن جۈملىدە قايغۇ تۇيغۇسىنى بىلدۈرىدىغان «ئاھ» دېگەن ئىملىق سۆز ئىسملىشىپ كەلگەن.

**ئىسملەنمەك** پ. ئىسىم بىلەن ئاتالماق، ئىسىم قويۇلماق: مۇشۇ خىل كىشى ئىسىملىرى ئىسملەنگۈچىگە بولغان ھۆرمەت تۇيغۇسىنىمۇ بىلدۈرىدۇ. * ئىسىملارنىڭ ئاخىرىغا ئىسملەنگۈچى شۇغۇللىنىۋاتقان كەسىپ-ھۈنەر نامى ياكى شۇ شەخس ئېرىشكەن ئۇنۋان، شەرەپ ناملىرىنى قوشۇپ ئاتاشمۇ ھۆرمەتلەپ ئاتاش كاتېگورىيىسىگە كىرىدۇ.

**ئىسملىشىش** ① «ئىسملاشماق» پېئىلىنىڭ يەنە بىر خىل ئىسىمدىشى. ② <تل> سۆيپەتلەرنىڭ جۈملىدە شەيئى نامى ئورنىدا كېلىپ، ئىسىمغا ئوخشاش گراماتىكىلىق خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە بولۇشى. مەسىلەن، «يوللۇقلار كۆپ ياردەمگە ئىگە بولىدۇ، يولسىزلار ياردەمسىز قالىدۇ» دېگەن جۈملىدىكى «يوللۇقلار»، «يولسىزلار» دېگەن سۆزلەرگە ئوخشاش.

**ئىسملىك** ① سۈپ. ئىسمى بار؛ شۇ ئىسىم بىلەن چاقىرىلىدىغان، شۇنداق دەپ ئاتىلىدىغان: لەيلىگۈلنىڭ دادىسى بايىز كۆپ ئىسملىك ئادەم ئىدى. * بۇ مەھەللىدە سابىر ئىسملىك ئادەم بارمۇ؟ * ئۇ يېتىم باللار ئىچىدە بارات ئىسملىك بىر بالا بار ئىدى. ② ئى. كىشى ئىسىملىرى تىزىملانغان قەغەز ياكى دەپتەر؛ تىزىملىك، ئىسىمنامە: ئىسملىكتىن چىقىرىۋەتمەك. ئىسملىكتىن ئۆچۈرۈۋەتمەك.

**ئىسيان** ئى (ئە) سىنىپىي، مىللىي، ھوقۇقىي مەنپەئەتلەرنى ھىمايە قىلىپ كۆتۈرۈلىدىغان قوزغىلاڭ: ئىسيان كۆتۈرمەك. ئىسياننى باستۇرماق. * — ئەگەر بۇ خەۋپنىڭ ئالدى ئېلىنمىسا، — دەپ ئويلايتتى ئۇ، — پۈتۈن شىنجاڭدا ئىسيان باشلىنىپ كېتىشى تۇرغان گەپ. ئۇ چاغدا قانداق قىلغۇلۇق؟

**ئىسيان قىلماق** ئىسيان كۆتۈرمەك: — سىلەر ئىككىڭلار ئىسيان قىلماقچىمۇ سىلەر؟ — دېدى ساقچى باشلىقى.

**ئىسيان كۆتۈرمەك** قارشى تەرەپكە نارازىلىق قىلىپ ئاتلىنىش، قارشى تۇرۇش تۈپەيلى قوزغىلاڭ خاراكتېرلىك ھەرىكەت قىلماق؛ ئىسيان قىلماق: سادىر پالۋان خەلق ئارزۇسىنى يۈرەككە تېگىپ، مانجۇ زالىملىرىنى ئاغدۇرۇش ئۈچۈن ئىسيان كۆتۈرگەندىن كېيىن ئۈچ قېتىم زىندانغا تاشلاندى.

**ئىسيانچى** ئى. ئىسيان كۆتۈرگۈچى، ئىسيانكار: ھېلىقى ئالتە ئىسيانچى بىلەن سالۋا تۇماقلىق نەرسە پايپاسلاپ قۇدرەتنىڭ كەينىدىن يۈگۈرۈشتى. // ئىسيانچى ياشلارنى تۆھمەت قىلىدۇ، دەپ ساڭا كىم ئېيتتى-ھە؟

**ئىسيانچىلىق** ئى. ئىسيان كۆتۈرۈش ئىش-ھەرىكىتى: ئۇلار قۇجىزلارغا ئەگىشىپ ئىسيانچىلىق بىلەن باش كۆتۈرگەنىكەن. // بىرنەچچە يىل تاپقىنىنى ئانچە ئۇزۇنغا قالماي يەپ-ئىچىپ تۈگەتكەن ئابلەق، ئىسيانچىلىقتىن پىنسىيىگە چىقىپ، يەنە ئۆزىنىڭ دۇكىنىغا قايتىشقا مەجبۇر بولدى.

**ئىسيانكار** (ئە+پ) ① ئى. ئىسيان كۆتۈرگۈچى

ئادەم، ئىسيانچى: ئىسيانكارلار جانلىنىپ، خۇشاللىق تەنتەنىلىرى قىلىشتى. * ئىسيانكارلار تومۇرىدىن، ۋىجدانلىق يۈرەكلەردىن ئېتىلىپ چىققان قايناق قىزىل قانلار يىگىلا كۆتۈرۈلۈپ چىققان ئاي نۇرى ۋە چولپان شولىسىدا يالتىراپ تۇراتتى. ② سۈپ. ئىسيان كۆتۈرۈش-كە جۈرئەت قىلىدىغان، ئىسيان كۆتۈرۈش روھىغا ئىگە: ئىسيانكار خەلق. ئىسيانكار ھايات. * خەلق ئاممىسى ۋالىڭ-چۇڭ بىلەن چۇقان كۆتۈرۈپ سوت مەھكىمىسى ئىچىگە بۆسۈپ كىردى. لۇتپۇللا قاتارلىق ئىنقىلابىي زىيالىيلار ئارقىدا تۇرۇپ ئىسيانكار ئاممىغا تىرەك بولۇپ، دەۋا مەيدانىغا ئاما بىلەن بىللە ماڭدى.

**ئىسيانكارلىق** ① سۈپ. ئىسيانكارلارغا خاس، ئىسيانكارلاردا بولىدىغان: بۇ تەسۋىر ھەرگىزمۇ جىمجىت مەنزىرە بولماستىن، دولقۇنلىنىپ، قىرغاقلاردىن تېشىپ ئېقىۋاتقان شوخ باھار تاشقىنىغا ئوخشاش جانلىق ھەرىكەت مەنزىرە تەسۋىرىدۇر. بۇنىڭغا كۈچلۈك ئىسيانكارلىق روھ سىڭدۈرۈلگەن. ② ئى. ئىسيانكارلاردا بولىدىغان ۋە ئۇلارغا خاس كۈچ، ئىدىيە، نارازىلىق قاتارلىقلار: بادامخان ۋە قىزلار ئىسيانكارلىق بىلەن مىرزا ئېلى تەرەپكە سىلجىيدۇ، مىرزا ئېلى ئولتۇرغان جايىدا ئارقىسىغا داجىيدۇ.

**ئىسيانلىق** سۈپ. ئىسيان كۆتۈرۈلگەن، ئىسيان بولغان: ئۇلۇغ يەر، ئۇلۇغۋار كىشىلەر ئاڭا، ئۆگەتتى پەن-بىلىم قايتا تولۇقلاپ. تولدۇرۇپ ئىسيانلىق كۆنلەر ئورنىنى، چىدامدا قازدى تاغ، ئېلىپ بۇرغىنى، مەرىپەت شەربىتى ئاقتى بۇلدۇقلاپ.

**ئىش** ئى ① ئىنسانلار تۇرمۇشىدىكى ماددىي ۋە مەنىۋى بايلىقلارنى يارىتىش مۇددى-ئاسىدا ئېلىپ بېرىلغان بارلىق پائالىيەت، ئىجادىي ئەمگەك، مېھنەت ياكى مەشغۇلات، خىزمەت: ئەمەلىي ئىش. ئىلمىي ئىش. ئۆي ئىشى. ئىش كۈنى. ئىش ھەققى. ئىشتىن قالماق. * گەپنى ئاز سۆزلە، ئىشنى كۆپ كۆزلە (ماقال). * ئىش ئادەمگە باغلىق (ماقال). * ئۇ كۈنلۈك ئىشنى قېيناتىسىغا ئېيتىپ بېرىپتۇ. جىمما كۆزىنى ئىشىدىن ئېلىپ كۆكۈيۈنگە قارىدى. ② تاپشۇرۇق، ۋەزىپە: ئىشقا بۇيرۇماق. * بىركۈنى بوۋاي ئوغۇللىرىنى يېنىغا چاقىرىپ، ئۇلارغا: – مەن كېسىلىمدىن ساقىيالمايدىغان بولدۇم. نەپسىمنىڭ ئاخىرىدا سىلەرگە مۇنۇ ئۈچ ئىشنى تاپىلايمەن، – دەپتۇ. * – مەن خېنىمنىڭ بۇيرۇغان ئىشنى قىلمىسام بولمايدۇ، ئۇ بىرنېمەگىنى ئۆزۈڭ تۇتۇۋال، مەن سۇ توشۇيمەن، – دەپتۇ غولام. ③ مېھنەت نەتىجىسىدە يارىتىلغان نەرسە، مەھسۇ-لات ۋە شۇ قاتارلىقلار: ئىش ئەۋرىشكىسى. * رىزۋان بىلەن ئىشخانىدا ئىشلەپ يۈرۈپ دوست بولۇپ قالدىم. ئىش تىكىشكە ئۇستا، سەن كەلگەندە تونۇشتۇرۇپ قويىمەن. ④ پائالىيەت، مېھنەت، مەشغۇلات ۋە شۇ قاتارلىقلارنىڭ بىرەر ساھەسى؛ كەسىپ، ھۈنەر: سۇچىلىق ئىشلىرى. مىللىي ئىشلار. * لۇغەتچىلىك – قىيىن ئىش. * ئىشىدىن قۇسۇر تاپماق. ⑤ پائالىيەت، مېھنەت، مەشغۇلات ئوبيېكتى: ئىش تەقسىماتى. ئىش تەقسىم قىلماق. ⑥ زۆرۈرىيەت، ئېھتىياج: ئۇنىڭدا مۇھىم بىر ئىشىم بار. ⑦ مۇناسىۋەت ياكى مەسئۇلىيەت: – مېنىڭ كىملىكىم بىلەن سىزنىڭ ئىشىڭىز بولمىسۇن، – دېدى ئۇ. ⑧ بۇرچ، ۋەزىپە: – بۇنى قىلىش مېنىڭ ئىشىم، – دېدى ئۇ قەتئىي ھالدا. ⑨ سوت ياكى مەمۇرىي ئورگانلاردا

تەكشۈرۈلۈۋاتقان مەسىلە: جىنايى ئىشلار. خىيانەتچىلىك ئىشى. ⑩ سادىر بولغان ۋەقە، ھادىسە: بىز ئۈنىڭدىن بۇ ئىشنىڭ سەۋەبىنى سورىدۇق. * مانا بۇ تېخى يېقىندا ئۇلار ئالىي مەكتەپكە ئوقۇشقا كىرىش ئىمتىھانىغا قاتنىشىش ئۈچۈن، ناھىيىگە مېڭىشنىڭ ئالدىدىلا بولغان ئىش. ⑪ ھالەت، ئەھۋال: ئىش چاتاق. ئىشلار قانداقراق؟ ⑫ مەخپىيەتلىك: ئەدىبالنىڭ ئىچىدىن ئەركىنىنىڭ خىرتىلداپ يىغلىغىنى ئاڭلاندى. ئەمدى ئىش ئاشكارىلىنىپ قالغانىدى. ⑬ ئامال، ئۇسۇل، چارە: — بۇنىڭ ئىشى ئوڭاي، يەنى: ياغ پۇرىتىپ روھىي ئەرۋاھلار ھەققىدە دۇئا-تىلاۋەت قىلغۇزسىلا، ئاندىن ھايال قىلماي چوڭراق بىرەر نەرسىنى سەدىقە قىلىۋەتسىلە، — دېدى باخشى. ⑭ ئامەت: ئىش ئوڭدىن كەلمەك. ⑮ مەقسەت، مۇددىئا: ۋەزىر ئاتتىن چۈشۈپ، نۇردۇن بىلەن كۆرۈشۈپتۇ ۋە: — قەيەردىن، نېمە ئىش بىلەن كەلدىڭىز ئوغلۇم؟ — دەپتۇ ۋەزىر نۇردۇنغا. ⑯ دۇچ كېلىش، ئالدىدا تۇرغان ياكى دۇچ كەلگەن ئىجتىمائىي ئەھۋال، مەسىلە: بېشىغا ئىش كەلمەك. * ياز بار، قىش بار، ئالدىرىماڭ، ئىش بار (ماقال). ⑰ <فىز> بىر كۈچنىڭ جىسىمنى ئۆز يۆنىلىشى بويىچە سىلجىتىشى. ئۇنىڭ چوڭ-كىچىكلىكى تەسىر قىلغۇچى كۈچنىڭ مىقدارىنى كۈچنىڭ يۆنىلىشىدە جىسىم سىلجىغان ئارىلىققا كۆپەيتكەنگە تەڭ.

**ئىش ئادىمى** ئىش قىلغاندا بېسىپ ئولتۇرالايدىغان، زېرىكمەي، قېتىرقىنىپ ئىشلەيدىغان ئادەم: مېنىڭچە ھاپىز ھەققىي بىر ئىش ئادىمى.

**ئىش ئارىلىقى گىمناستىكىسى** <تەن> ← **ئىشلەپچىقىرىش گىمناستىكىسى.**

**ئىش ئاقماق** مۇۋەپپەقىيەتلىك ئېلىپ بېرىلماق، ئىش يۈرۈشمەك: ئۇيان ئويلا، بۇيان ئويلا، ئاخىرى ئابدۇرېھىمئاخۇن دۈيجاڭ بولسا ئىشىمىز ئاقارمىكىن دېگەن يەرگە كەلدىم!

**ئىش باسماق** قىلىدىغان ئىشنىڭ كۆپلۈكى، ئىشنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ قالغانلىقى تۈپەيلى ئىشتىن بىكار بولالماسلىق، ئىشتىن قولى بوشىماسلىق: بىر ئايدىن بېرى مېنى ئىش باستى، دەم ئالغۇدەك ۋاقتىمۇ چىقمايۋاتىدۇ. * كېرەم مومىسىنىڭ ئۆيىگە بېرىپ كەلگەندىن كېيىن، ئۇنى پۈتۈنلەي ئىش بېسىۋالدى. * كۆرۈپ تۇرۇپلا، ئىش بېسىۋالدى، ۋاقىت چىقىرالمىدىم.

**ئىش بولمىدى** «ئىش-ھەرىكەت كاشىلىغا ئۇچرىدى» دېگەن مەنىدىكى ئىبارە: خوجىنىياز پالۋان، ئەمدى ئىش بولمىدى دەپ ئاقساق بايتىلىنىڭ ئورنىغا ئالپىباينىڭ كۆرەڭ قاشقىسىنى مىندى.

**ئىش بۇزار** بولىدىغان ئىشنى بولمايدىغان قىلىپ قويىدىغان؛ چاتاقچى: ئىككى تەرەپ توي ئىشلىرى ئۈچۈن جىددىي تەييارلىققا كىرىشىۋاتقاندا، ئارىدىن بەش-ئالتە ئىش بۇزار، ھەسەتچىلەر چىقىپ ئىشنى بۇزدى.

**ئىش بۇزۇقى** ئىشنى بۇزىدىغان ئادەم، چاتاقچى.

**ئىش بېشى** ئىشقا رەھبەرلىك قىلىپ تۇرغۇچى كىشى؛ سەركار: مۇندىن كېيىن جەزمەن ئامىمىنىڭ ھەققانىي ئىشلىرىغا جان كۆيدۈرىدىغان، بارلىقىنى باي، مەدەنىيەتلىك يېڭى يېزا قۇرۇشقا بېغىشلىغان سادىقتەك بېجىرىم كىشىلەر ئىش بېشى بولىدۇ.

**ئىش بېشىغا قاراپ بېرىلىدىغان ئىش ھەققى** <س ئىق> ئەمگەكچىنىڭ ئورۇنلىغان بەلگىلىك سۈپەتتىكى مەشغۇ-

لات سانى ياكى مەشۇلات مىقدارىغا ئاساسەن ئش ھەققى بېرىش شەكلى.

**ئش بېلتى** <س ئق> سانائەت كارخانىلىرىدا ئىشچىلارغا ئىشلەپچىقىرىش ۋەزىپىسىنى تەقسىم قىلىپ بېرىدىغان ۋە ئۇلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش پائالىيىتىنى خاتىرىلەيدىغان دەسلەپكى خاتىرىسى.

**ئش بىلىدىغان** بىرەر ئىشنىڭ يولىنى ئۇقىدىغان، تەجرىبىلىك، پەملىك، ئش كۆرگەن: يۈسۈپ چوڭ ئش بىلىدىغان ئادەم ئىكەن.

**ئش پاساتقا ئايلانماق** ئش-ھەرىكەت يامانلاشماق، نەتىجىسىزلەنمەك: قانداق قىلىمىز، ئش پاساتقا ئايلاندى.

**ئش پرىنسىپى** <فىز> ھەرقانداق مېخانىزمنى ئىشلەتكەندە، ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچنىڭ مېخانىزمغا نىسبەتەن ئىشلىگەن ئىشى چوقۇم مېخانىزمنىڭ قارشىلىق كۈچىنى يېڭىپ ئىشلىگەن ئىشىغا تەڭ بولىدۇ. باشقىچە ئېيتقاندا، ھەرقانداق مېخانىزمدىن پايدىلانغاندىمۇ ئىشتىن نەتىجە چىقارغىلى بولمايدۇ. مانا بۇ ئىشنىڭ پرىنسىپىدۇر.

**ئش پۈتمەيدۇ** ئش-ھەرىكەت يۈرۈشۈپ كەتمەيدۇ: ھەي تۆمۈر، ھەي تۆمۈر سېنى كۆزدىن يوقاتمىغۇچە ئش پۈتمەيدىغان ئوخشايدۇ.

**ئش پېتىر** ئش چاتاق: ئۇنىڭ ئىشى پېتىر.

**ئش تاپماق** ① ئش ئىزدىمەك: بىرەر جايدىن ئىشلەيدىغان ئش تاپاي دەۋاتىمەن. ② چاتاق چىقارماق، ھادىسە، ۋەقە تۇغدۇرماق: بۇ نېمە قىلغىنىڭىز؟ ئۆزىڭىزگە ئش تاپماقچىمۇ سىز؟ * يەنە كېلىپ ئۆزۈڭنىڭ مېلى ئامان بولغاندىن كېيىن نېمە غەم يېمەك. ئۆزۈڭگە ئۆزۈڭ ئش تېپىپ، جاپا چەكمىسەڭچۇ».

**ئش تارتماق** موزدۇزلۇقتا ئاياغ كىيىمنى قېلىپقا سالماق.

**ئش تاشلىماق** نارازىلىق بىلدۈرۈش مەقسىتىدە ئىشلىمەي يېتىۋالماق، ئىشقا چىقماسلىقنى ۋاستە قىلىپ تۇرۇپ نارازىلىق قىلماق: ئىشچىلار ئش تاشلىدى.

**ئش تالڭ ئاتمايدۇ** «ئش پۈتمەيدۇ، ئش ھەل بولمايدۇ، ئش ئاخىرىغا چىقمايدۇ» دېگەن مەنىلەردىكى ئىبارە: – ئانا، يىغلىمىسىلا، يىغا بىلەن ئش تاڭ ئاتمايدۇ. سىلى بىر ئامال قىلىپ كۆڭلىرىنى ئالسىلا، مەن تاغ ئارقىسىغا چىقىپ كېتەي، رازى بولسىلا.... – دېدىم.

**ئش تامام ۋەسسالام** ھەممە تۈگەيدۇ ياكى تۈگىدى: مانا مۇشۇنداق قىلىپ بىرلا تارتىمەن، ئش تامام ۋەسسالام. * ئۇنداق ئاسانلىقچە ئاچچىقىدىن يېنىپ قالىدىغان نېمە ئىكەن، – دېدى رۇقىيە ئاغزىنى پۈرۈشتۈرۈپ، – ئەمدى مېنىڭ سەن بىلەن ھېچبىر مۇناسىۋىتىم يوق، ئش تامام ۋەسسالام.

**ئش تەرتىپ كارتىسى** <س ئق> سانائەت كارخانىلىرىدا، سېخنىڭ قوماندانلىق تارماقلىرى بىرەر ئش ئوبيېكتىنىڭ پىششىقلاپ ئىشلەش جەريانىدىكى ھەربىر ئش تەرتىپلىرى ئوتتۇرىسىدىكى تاپشۇرۇۋېلىش، تارقىتىلىش، يۆتكەش ئەھۋاللىرىنى خاتىرىلەپ ماڭىدىغان بىر خىل مەھسۇلات دوكۇمېنتى.

**ئش تەرتىپى** <ماشىن> سانائەت ئىشلەپچىقىرىشنىڭ بىر تەشكىلىي قىسمى، يەنى بىر ياكى بىر گۇرۇپپا ئىشچى بىر ئش ئورنىدا (مەسىلەن، بىر ستانوك ياكى قۇراشتۇرۇش ئورنىدا) مەلۇم بىر

ياكى بىرنەچچە ئەمگەك ئوبيېكتىغا نىسبەتەن ئورۇنلىغان بارلىق ئۇلانما ھەرىكەتلەرنىڭ يىغىندىسى.

**ئىش تەس** ئىشنىڭ، مەسىلىنىڭ ھەل بولۇشى قىيىن؛ ئىش چاتاق: سېنىڭ ئىلتىماسىڭ جۇرىنىنىڭ قولىغا چۈشۈپ قېلىپتۇ.

**ئىش تەقسىماتى** <س ئق> نۇرغۇنلىغان ئەمگەكچىلەرنىڭ ھەر خىل ئوخشىمايدىغان، ئەمما ئۆزئارا باغلىنىشلىق بولغان خىزمەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىشى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

**ئىش تەۋرەتمەك** ئىش-ھەرىكەت قوزغىماق، ئىش تۇتماق: بۇ قېتىم ئۇ خوتەندە چوڭ ئىش تەۋرەتتى. * ئۇ بالا قول ئىلكىدە بار، چوڭ ئىش تەۋرىتىدىغان كىشىنىڭ بالىسى ئىكەن.

**ئىش تۇتماق** ئىش ئېلىپ بارماق، ئىش-ھەرىكەت قىلماق، ئىش كۆرمەك: زامانغا قاراپ ئىش تۇت، يوتقانغا قاراپ پۇت سۇن (ماقال). * — سىزمۇ ھەر ھالدا، بۇ ئاڭسىزلارنىڭ بوغۇزىنىڭ تورمۇزى يوقلۇقىنى كۆزدە تۇتۇپراق ئىش تۇتارسىز.

**ئىش تۈگىمەك** ① ھەممە بەربات بولماق: — «بېگىمنىڭ بېشىغا بارغۇچە، بېلىڭ ئۈشتۈلۈپتۇ» دېگەندەك، بىزنىڭ تەقدىرىمىز ئاشۇ ھامۇتتەك بىرنېمىلەرنىڭ قولىغا قالغان ئىكەن، ئىش تۈگىدى دېگىنە، — دېدى شۈكۈرمۇ ئېچىنغان ھالدا. ② ھەممە ھەل بولماق.

**ئىش تېرىماق** ۋەقە پەيدا قىلماق، چاتاق چىقارماق: بالام بەك شوخ، ئۇنى بىرەر ئىش تېرىپ قويمىسۇن، دەپ ئەنسىرەيمەن. * ئوغرى ئۈچۈن مال تېپىلمىسا ئۆزىنىڭ تۇمشۇقىنى بولسىمۇ ئوغرىلايدۇ، دېگەن گەپ بار، ئوغرى كۈندە ئىش تېرىپ تۇرمىسا، خاتىرجەملىكىنى كۆرسە زېرىكىپ، ئىچى پۇشىدۇ-دە.

**ئىش تېپى** ئەتلەس توقۇشتا ئۆرۈشنى چىڭ تارتىپ تۇرۇش ئۈچۈن ئېسىپ قويۇلغان تاش.

**ئىش تىكمەك** تىكىش (كىيىم-كېچەك) ئىشى بىلەن مەشغۇل بولماق: ھەربىر دۇكاندا ئونغا يېقىن موزدۇز قاتارلىشىپ ئولتۇرۇپ ئىش تىكەتتى.

**ئىشتىن باش كۆتۈرمەسلىك** ناھايىتى بېسىق ئىشلىمەك: ئۇ ئەمدى بېشىنى ئىچىگە تىقىپ ئىشتىن باش كۆتۈرەلمەيدىغان بولدى.

**ئىشتىن چىقماق** كېرەككە كەلمەيدىغان بولۇپ قالماق، كاردىن چىقماق، كېرەكسىز ھالغا كەلمەك: — ماشىنا ئىشتىن چىقىپتۇ، ئەمدى قانداق كېتەرمىز، — دېدى زۆرەم. * نەم يەردە ئۇزۇن ئىشلىگەن ئادەم، بالدۇر ئىشتىن چىقىپ كېتىدۇ.

**ئىشتىن بوشىتىش** <قا> كارخانا، كەسپىي ئورۇنلارنىڭ قارار قىلىشى بىلەن ئىشچى-خىزمەتچىلەرنى خىزمەتتىن بوشىتىشى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

**ئىشتىن بۇرۇنقى مۇپەتتىشلىك** <س ئق> ئىقتىسادىي پائالىيەت پەيدا بولۇشتىن ئىلگىرى ھۆكۈمەت تارماقلىرى، كارخانا ۋە مەمۇرىي ئورۇن قاتارلىق ئىقتىسادىي تەشكىلاتلارنىڭ مالىيە خام چوتى، كەسپىي مالىيە كىرىم-چىقىم پىلانى، ئىقتىسادىي كېلىشىم ۋە يۈرگۈزۈش مۇمكىن بولىدىغان لايىھە، قارارلار ئۈستىدە ئېلىپ بېرىلغان مۇپەتتىشلىك.

**ئىشتىن سىرتقى** خىزمەت ۋاقتىدىن تاشقىرى، بەلگىلىمىدىكى ئىش، خىزمەت ۋاقتىدىن باشقا چاغدىكى: ئەكرەم ھازىر ھەپتىدە ئىككى كۈن كەچتە ئىشتىن سىرتقى

مەكتەپتە ئىنگلىزچە ئۆگىنىۋاتىدۇ.

**ئىشتىن سىرتقى تەنتەربىيە مەكتىپى** <تەن> ئىشتىن سىرت ياكى دەرستىن سىرتقى ۋاقىتلاردا بالىلار ۋە ياش-ئۆسمۈرلەرگە تەنتەربىيە ھەرىكىتىنىڭ مەشىقلىرىنى ئۆگىتىدىغان مەكتەپ.

**ئىشتىن سىرتقى مائارىپ** <مائار> ئىشچى، دېھقان ۋە خىزمەتچىلەرنىڭ سىياسىي، مەدەنىيەت ۋە پەن-تېخنىكا سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن، ئۇلارغا ئىشتىن سىرتقى ۋاقىتلاردا ئېلىپ بېرىلىدىغان تەربىيە.

**ئىشتىن قالماق** ① ئىشقا، خىزمەتكە بارالماي، چىقالماي قالماق: ئۇ بىر ئاي ئىچىدە بىر كۈن ئىشتىن قالدى. * ئادەتتە قىسمەت چورۇق ھەمكارلىق گۇرۇپپىسىنىڭ ئىشلىرىغا پەرۋانە بولۇپ، بىر كۈنمۇ ئىشتىن قالمايتتى. ② كاردىن چىقىپ كەتمەك، كېرەكسىز ھالغا كەلمەك، ئىش قىلىش ئىقتىدارىنى يوقاتماق.

**ئىشتىن كېيىن داۋاملىشىدىغان مۇپەتتىشلىك** <قا> مۇپەتتىشلىك ئورگىنىنىڭ مۇپەتتىشلىك ئوبيېكتى قىلىنغان ئەسلىي ئورۇننىڭ مۇپەتتىشلىك خۇلاسىسى ۋە قارارىنى ئىجرا قىلىش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش ئۈچۈن ئېلىپ بارغان مۇپەتتىشلىكى.

**ئىشتىن كېيىنكى مۇپەتتىشلىك** <قا> ئىقتىسادىي كەسىپ ئورۇنداشقاندىن كېيىن ھۆكۈمەت ئىدارىلىرى، كارخانا، مەمۇرىي ئورۇنلارنىڭ نەق چوت دوكلاتى ۋە كەسپىي مالىيە دوكلاتلىرىنىڭ توغرىلىقى، ئىقتىسادىي پائالىيەتنىڭ ئۈنۈملۈكى، مالىيە-ئىقتىساد قانۇن-ئىنتىزامىنىڭ ئىزچىل ئىجرا قىلىنىشى ۋە پىلاننىڭ ئورۇندىلىشى قاتارلىقلار ئۈستىدىكى مۇپەتتىشلىك.

**ئىش چاتاق** «ئىش-ھەرىكەت ئاقمايدۇ، يۈرۈشمەيدۇ، كاشىلا كۆپ» دېگەن مەنىلەردىكى ئىبارە: — ئىم، ئىش چاتاق، تەركىبىم باي دېھقان بولۇپتۇ، — دەپ ئالاقزادە بولۇپ يۈردى يۈسۈپ چوڭ.

**ئىش چىقماق** بىرەر ۋەقە يۈز بەرمەك، مەسىلە تۇغۇلماق: — مەن مۇشۇنداق ئىش چىقىشتىن قورققانىدىم، — دەپتۇ ئۇ. * ئۇلار يۈسۈپ چوڭ بىلەن قىسمەت چورۇق ئوتتۇرىسىدا ئىش چىقىپ قالمىسۇن دەپ ئەنسىرەپ كەلگەنىدى.

**ئىش رايونى** <بىن> بەزى كان، زاۋۇت، شىركەت قاتارلىق كارخانا ئورۇنلارنىڭ ئاساسىي قاتلام ئورگىنى.

**ئىش رېتى** <بىن> بىر پۈتۈن ئىشلەپچىقىرىش جەريانىنى تەشكىل قىلىدىغان ھەربىر باسقۇچ ۋە بۆلەرنىڭ رېتى.

**ئىش سائىتى** <بىن> ئىش ئورۇنلىرىدا ئېھتىياج تۈپەيلى ۋاقىتلىق ياسالغان سائەتلەر.

**ئىش فاكتورى** <مال> ئىش بۇيرۇقى بىلەن ئىش ھالقا سۈرئەت تالونىنىڭ ئومۇمىي نامى.

**ئىش فۇنكسىيىسى** <فىز> قاتتىق جىسىمدىكى بىر ئېلېكتروننى جىسىمدىن ئاجرىتىپ، جىسىم سىرتىدىكى ۋاكۇئۇمغا يەتكۈزۈشكە كېتىدىغان ئېنېرگىيە.

**ئىشقا ئاشماق** ئەمەلدە ئىجرا قىلىنماق، ئەمەلگە ئاشماق: ئۇلارنىڭ تەلىپى ئىشقا ئاشتى. * بىز سىزنىڭ ئۆيىڭىزنى بۇزۇشنى قارار قىلغان. لېكىن قارارىمىز سىز رازى بولۇپ كۆچكەندىن كېيىن ئەمەلگە ئاشىدۇ.

**ئىشقا تۈك چىقماق** قىلىۋاتقان ئىشىدا توسقۇنلۇققا ئۇچرىماق: بولمىدى، ئۇ ئىشقا تۈك چىقىپ قالدى، ئەمدى قانداق قىلىمىز؟

**ئىشقا چۈشمەك** ① ئىش-ئەمگەككە كىرىشمەك: ماشىنىلار ئىشقا چۈشتى. ②

خزمه تكه ئورۇنلاشماق: ئۇلار ئدارىكه ته قسىم قلنىپ ئۇزۇن ئۆتمەي ئشقا چۈشتى. * ئۇر يه نه! — دەپ يەرنى ته پتىن قىزد- بەگ غوجا. جاللاتلار ئشقا چۈشۈپ، راجى بالىنى هۇشىدىن كه تكۈزۈۋەتتى.

**ئشقا سالماق** ئشلەتمەك: چېرىكلەر قورالللىرىنى ئشقا سېلىپ ئۇلارنىڭ ئالدىنى توستى. * ئۇلار ئاخىرى كونا چارىسىنى ئشقا سالدى. * گومىنداڭچىلار هەربىي قىسىملىرىنى ۋە قوراللىق ساقچىلىرىنى ئشقا سالدى.

**ئشقا چىقىش نىسبىتى** <س ئق> بارلىق ياكى بىرقىسىم ئشچى-خىزمەتچىلەر- نىڭ مۇئەييەن مەزگىلدە ئەمەلىي ئشقا چىققان كۈن (ۋاقىت) ئومۇمىي سانىنىڭ تۈزۈمدە بەلگىلەنگەن ئش كۈنى (ئش ۋاقتى) ئومۇمىي سانى ئىچىدە ئىگىلىگەن پىرسەنتى.

**ئشقا قاراپ بېرىلىدىغان ئش هەققى** <س ئق> ئش هەققىنىڭ ئاساسىي شەكىللىرىدىن بىرى، يەنى مەهسۇلاتنىڭ سانى ياكى ئورۇندالغان مەشغۇلات مىقدارىغا قاراپ بېرىلىك مەهسۇلات ئش هەققى بويىچە بېرىلىدىغان ئش هەققى. -

**ئش قەغىزى** ئىدارە-جەمئىيەتلەر هەرقايسىسى ئۆزىنىڭ تەلىپىگە ئاسا- سەن، ئشخانىلاردا ئشلىتىش ئۈچۈن مەخسۇس تەييارلانغان قەغەز: ئشخانىغا كىرىشىم بىلەنلا مېنىڭ ئش ئۈستىلىمدە مېھرىگۈلنىڭ ئولتۇرغانلىقىنى كۆردۈم. ئۇ ئش قەغەزلىرىنى يېيىپ قويۇپ نېمىدۇر بىرنەرسە يېزىپ ئولتۇراتتى.

**ئش قىلماق** ئش-هەرىكەت ئېلىپ بارماق، ئش كۆرمەك: ئۆتكەندە ئوقۇغىنىم- دا جىق نەرسىلەرنى بىلىۋالغانتىم، تىرىشىپ ئوقۇسام يەنە كۆپ نەرسىلەرنى بىلىۋالىمەن. چوڭ بولسام ئىمىن ئاكامدەك كىتابقا قاراپ ئش قىلىمەن.

**ئش كاتىنا** بىرنەرسە ياكى ئشنىڭ تەسەۋۋۇرىدىكىدىنمۇ ئارتۇق ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەيدۇ: داستىخان ۋە سورۇن تۈزۈپ ئولتۇرغانلارنى كۆرۈپ، «ئش كاتتىغۇ» دېدى ئۇ.

**ئش كۆرگەن** بېشىدىن خېلى جىق ئش ئۆتكەن، تەجرىبىلىك: سىزمۇ ياشانغان، ئش كۆرگەن، ئاق-قارىنى پەرق ئېتىدىغان ئايال ئىكەنسىز. * بۇ ئايالنىڭ ياشلىقىدا خېلى ئش كۆرگەن گۈزەللەردىن ئىكەنلىكىنى بىلىۋېلىش قىيىن ئەمەس ئىدى.

**ئش كۆرمەك** ئش ئېلىپ بارماق، ئش تۇتماق، ئش يۈرگۈزمەك، ئشلىمەك: بىز ئۆز پىرىمىزنىڭ ئەهۋالىغا قاراپ ئش كۆردۇق. * ئۇلار خۇشال بولۇپ، قوشلارنىڭ ئېيتقىنىغا ئاساسەن ئش كۆرۈپ، ئازغىنا كولىۋىدى، راستتىنلا گۆمبەزنىڭ يولى ئېچىلدى.

**ئش كۈنى** <س ئق> ئەمگەكچىلەرنىڭ بىر كېچە-كۈندۈزدە ئشلەيدىغان ئش ۋاقتى.

**ئش كۈنى قىممىتى** <س ئق> هەربىر ئش كۈنى بويىچە هېسابلانغان ئوتتۇرىچە ئەمگەك هەققى.

**ئش كىيىمى** مەشغۇلات ئېھتىياجى ئۈچۈن ئالاهىدە ئشلەنگەن كىيىم.

**ئش مەيدانى** <سانا> ئش ئېلىپ بېرىلىدىغان مەيدان. ئادەتتە يەنە قول هۈنەرۋەنلەرنىڭ يىغىلىپ بىرلىكتە مەشغۇلات ئېلىپ بارىدىغان ئورنىمۇ كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

**ئش مىقدارى** <بن> تېخنىكىدىكى ئشلەشكە تېگىشلىك ئشنىڭ ئاز-كۆپلۈكى،

**ئىش نومۇرى** <س ئىق> سوتسىيالىستىك يېزا، كوللېكتىپ ئىگىلىك تەشكىللىرىدە، ئەزالارنىڭ ئەمگەك سەرپىياتىنى ئۆلچەيدىغان ۋە ئەمگەك ھەققىنى ھېسابلايدىغان ئەڭ كىچىك ئۆلچەم بىرلىكى. ئادەتتە ئون ئىش نومۇرى بىر ئىش كۈنى بولىدۇ.

**ئىشنىڭ بېشىنى تۇتماق** ئومۇمەن بىرەر ئىش-ھەرىكەت بىلەن مەشغۇل بولماق: مەن كۆڭلۈمدە دائىم تېزرەك بىرەر ئىشنىڭ بېشىنى تۇتۇپ، قەرزىمنى تۆلەپ بولۇشقا ئالدىرايتتىم. * ئۇنىڭ مەقستى سىلىنى كۆزىمىزنىڭ تىرىكىدە بىرەر ئىشنىڭ بېشىنى تۇتۇۋالسۇن دەيدۇ.

**ئىشنىڭ بىلىگە تەپمەك** بىر ئوبدان بولۇۋاتقان، يۈرۈشۈۋاتقان ئىشقا قارىتا بىردىنلا توسقۇنلۇق، پۇتلىكاشاڭ پەيدا قىلىپ، بولمايدىغان قىلىپ قويماق: ھازىرقى پەيتتە ئىشنىڭ بىلىگە تېپىپ تۇرغان ھىيلىگەر جاسۇسلار ياكى يارىماس ئەمەلدارلار سەۋەبىدىن بولغان ئەمەلىي توسقۇنلۇقنى پىچاق بىلەن بىر تەرەپ قىلسا بولىدۇ.

**ئىشنىڭ پۇتكىنى شۇ** بىرەر ئىش-ھەرىكەتنىڭ نەتىجىلىك بولغان ياكى بولىدىغانلىقىغا قارىتا ئېيتىلىدىغان سۆز: قارا بوسۇقنى ئۆزۈمگە ئېگىۋالسام، ئىشنىڭ پۇتكىنى شۇ.

**ئىشنىڭ تۈگىگىنى شۇ** بىرەر ئىش-ھەرىكەتنىڭ پالاكەتكە، ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرايدىغانلىقى ياكى ئۇچرىغانلىقىغا قارىتا ئېيتىلىدىغان سۆز: كىمنىڭ قىزى، خوتۇنى چىرايلىقراق بولسا، ئىشنىڭ تۈگىگىنى شۇ ئىدى.

**ئىشنىڭ تىلى** ئىشنىڭ قائىدە-قانۇنىيىتى، ئىشلەش يوللىرى: ئىشنىڭ تىلىنى بىلمەك.

**ئىشنىڭ تىلىنى بىلمەك** ئىشنىڭ ئېپى-جېپىنى، ئىشلەش يوللىرىنى، قائىدە-قانۇنىيىتىنى چۈشەنمەك.

**ئىشنىڭ قىزىقى** مەسىلىنىڭ ھەيران قالارلىق تەرىپى، كۈلكىلىك قىسمى: — گەپ-قىلماڭلار. ئىشنىڭ قىزىقىنى ئاخىرىدا ئاڭلايسىلەر، — دېدى ئىسمائىل ئاكا يېپقا موم سۈركەپ تۇرۇپ. * مانا ئەمدى سابىرمۇ ئۆزىنىڭ تاشقا ئۇرۇلغان تۇخۇم ئىكەنلىكىنى سەزدى، سېزىدۇ. مانا شۇ چاغدا ئىشنىڭ قىزىقى چىقىدۇ.

**ئىشنىڭ كارى** ئىشنىڭ يولى: ھە، ئىشنىڭ كارى شۇنداق ئىكەنغۇ. * بالا بىلەن قازا قوشۇلسا نېمە بولاتتى، ئىشنىڭ كارى تامام ۋەسسالام.

**ئىشنىڭ كارى چاغلىق** كېرەك يوق، ئانچە مۇھىم ئەمەس: ھەممىمىز بارايلى، ئىشنىڭ كارى چاغلىق.

**ئىشنىڭ كۆزىنى تاپماق** ئىشنىڭ ئاچقۇچى، ھەل قىلغۇچ تۈگۈنىنى چۈشىنىپ يەتمەك: يېزىمىز نېمە ئۈچۈن، ئۇ يېزىدەك بولالمايدۇ؟ ئويلىغانسېرى كۆڭلۈم يورۇشقا باشلىدى، ئىشنىڭ كۆزىنى تاپتىم، كۆڭلۈمدە نۇرغۇن پىلانلار تۈزۈلدى.

**ئىشنىڭ ئوخشىغىنى شۇ** ← **ئىشنىڭ تۈگىگىنى شۇ**: ئولتۇرۇشقا ئېپىك كېلىشمەيدىغان بىرى كېلىپ قالغان بولسا، ئىشنىڭ ئوخشىغىنى شۇ.

**ئىشنىڭ ئېپى-جېپىنى بىلىدىغان** ئىش-ھەرىكەتنىڭ يولىنى، قائىدە-يوسۇنىنى، قانۇنىيەتلىرىنى ئوبدان چۈشىنىدىغان: ئىشنىڭ ئېپى-جېپىنى بىلىدىغان كىشىلەر... سۈپۈرگە ئاخۇننىڭ باشچىلىقىدا قالماقدۆڭ تەرەپكە يول ئالدى.

**ئىشنىڭ ئىسسىقىدا** ئۆز ۋاقتىدا، كېچىكمەس-

تە: ئۇنى ئىشنىڭ ئىسسىقىدا بىر تەرەپ قىلىۋېتەيلى.

**ئىشنىڭ يولى** ئىش-ھەرىكەتنىڭ قائىدە-يوسۇنى، قانۇنىيىتى؛ ئامالى، چارىسى: بۇ ئىشنىڭ يولىنى قىلايلى. * بۇ كۈنلەردە ئىشنىڭ يولى شۇنداق بولۇپ قالدى.

**ئىشنى ھۆددىگە ئېلىش** <قا> بەلگىلەنگەن مۇددەت ۋە تەلەپ بويىچە مەلۇم ئىشلەپچىقىرىش ۋەزىپىسىنى ئورۇنلاش. دۆلىتىمىزنىڭ ئىقتىسادىي توختام قانۇنىدا «قۇرۇلۇش ئىشلىرىنى ھۆددىگە ئېلىش توختىمى، دۆلەت بەلگىلىگەن تەرتىپ ۋە دۆلەت تەستىقلىغان مەبلەغ سېلىش پىلانى، پىلاندىكى ۋەزىپىلەر رويخېتى قاتارلىق ھۆججەتلەرگە ئاساسەن ئىمزالىنىشى كېرەك» دەپ بەلگىلەنگەن.

**ئىش ھەققى** <س ئىق> ئەمگەكچىلەرنىڭ ئەمگەك ھەققى ئۈچۈن باسقۇچقا بۆلۈپ بېرىلىدىغان پۇل ياكى ماددىي بۇيۇم.

**ئىش ھەققى پايدا نىسبىتى** <س ئىق> كارخانىدىكى ئەمگەكچىلەر مۇئەييەن مەزگىلدە جەمئىيەتكە قوشقان پايدا مىقدارى بىلەن شۇ مەزگىلدىكى ئەمگەكچىلەر ئىش ھەققى سوممىسىنىڭ نىسبىتى.

**ئىش ھەققى تۈزۈمى** <س ئىق> سوتسىيالىستىك دۆلەتلەردە «ھەركىم قابىلىيىتىگە يارىشا ئىشلەش، ئەمگىكىگە قاراپ تەقسىم قىلىش» پرىنسىپىغا ئاساسەن تۈزۈلگەن ئىش ھەققىنى تۆلەشكە ئالاقىدار تۈزۈم.

**ئىش ھەققى دەرىجىسى** <س ئىق> ئەمگەكچىلەرنىڭ تېخنىكا سەۋىيىسى، ماھارەت سەۋىيىسى ۋە مەسئۇلىيىتىنىڭ ئېغىر-يېنىكلىكىگە قاراپ ئىش ھەققى بېرىش ئۈچۈن ئايرىلغان دەرىجە.

**ئىش ھەققى دەرىجىسى تۈزۈمى** <س ئىق> سوتسىيالىستىك مەملىكەتلەردە ئەمگىكىگە قاراپ تەقسىم قىلىش پرىنسىپىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن، ئەمگەكچىلەرنىڭ تېخنىكا سەۋىيىسى، ئەمگەكتىكى مەلىكىلىك دەرىجىسى، ئەمگەك سىجىللىقى، ئەمگەك شارائىتى ۋە مەسئۇلىيىتىنىڭ چوڭ-كىچىكلىكى قاتارلىقلارغا ئاساسەن، ئىش ھەققى دەرىجىسىنى ئايرىش ۋە ئىش ھەققى ئۆلچىمىنى بەلگىلەشتىكى بىر تۈرلۈك ئەمگەك ھەققى تۈزۈمى.

**ئىش ھەققى راسچوت تالونى** <مال> ئىچكى قىسىمدىكى ھەرقايسى تارماقلار بويىچە تۈزۈپ، ئىش ھەققىنى ھېسابلاشقا ھەمدە ئىشچى-خىزمەتچىلەر بىلەن ھېساب-كىتاب قىلىشقا ئىشلىتىلىدىغان دوكۇمېنت.

**ئىش ھەققى شەكلى** <س ئىق> ئىشچىلارغا ئىش ھەققى تۆلەش شەكلى. كاپىتالىزم شارائىتىدا ۋاقىتقا قاراپ بېرىلىدىغان ئىش ھەققى ۋە ئىشقا قاراپ بېرىلىدىغان ئىش ھەققىدىن ئىبارەت ئىككى خىل ئەڭ ئاساسلىق ئىش ھەققى شەكلى بار. سوتسىيالىستىك ئىش ھەققىنىڭ ئاساسىي شەكلىمۇ ۋاقىتقا قاراپ بېرىلىدىغان ئىش ھەققى ۋە ئىشقا قاراپ بېرىلىدىغان ئىش ھەققىدىن ئىبارەت بولىدۇ.

**ئىش ھەققى فوندى** <س ئىق> سوتسىيالىستىك دۆلەت ھەر يىلى كارخانا، كەسپىي ئورۇنلار ۋە دۆلەت ئورگانلىرىدىكى بارلىق ئىشچى-خىزمەتچىلەر-

نىڭ ئەمگەك ھەققىنى تۆلەش ئۈچۈن سەرپ قىلىدىغان فوندى.

**ئىش ھەققى قوشۇمچە خىراجىتى** <س ئىق> دۆلىتىمىزنىڭ كارخانا قاتارلىق ئورۇنلىرى ئىشچى-خىزمەتچىلەر پاراۋانلىق چىقىمى سۈپىتىدە ئىش ھەققى ئومۇمىي سوممىسىنىڭ بەلگىلىك پىرسەنتى بويىچە ھېسابلاپ، ئايمۇئاي ئاجرىتىلغان خىراجەت.

**ئىش ھەققى ئۆلچىمى** <س ئىق> ھەر دەرىجىلىك ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ ئىش ھەققى ئۈچۈن مەلۇم خىزمەت ۋاقتى بويىچە بەلگىلەنگەن ئۆلچەم. ئادەتتە سائەتلىك، كۈنلۈك ۋە ئايلىق ئىش ھەققى ئۆلچىمى دەپ ئۈچ خىل بولىدۇ.

**ئىش ئورنى** مۇقىم ئىشلەيدىغان ئىدارە، زاۋۇت-كارخانا قاتارلىقلارنىڭ بىرى: مەن تېخى بىرەر ئىش ئورنى تاپالمىدىم. * جۇمەداشۇنى پۈتتۈرگەن بولسىمۇ، كۆڭۈلدىكىدەك ئىش ئورنى تاپالمىدى. * زايىت بۈگۈن ئىش ئورنىغا كەلمەپتۇ.

**ئىش ئورنىغا چۈشمەك** ئىش-ھەرىكەت نورمال ھالىتىگە قايتماق، ئىزىغا چۈشمەك: ئەمدى ئىش ئورنىغا چۈشەر، قالايمىقانچىلىق تۈگەر. * سۇ كىردى رەھبەرلىكنىڭ بۇرنىغىمۇ، چۈشىدۇ ئەمدى ئىشلار ئورنىغىمۇ.

**ئىش ئورنى مەسئۇلىيەت تۈزۈمى** <س ئىق> ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ ئىش ئورنىدىكى مەسئۇلىيىتى ئېنىق بەلگىلىنىدىغان ھەم ئەمەلدە قاتتىق ئىجرا قىلىش تەلەپ قىلىنىدىغان بىر خىل باشقۇرۇش تۈزۈمى.

**ئىش ئوڭاي** ھەل قىلىش تەس ئەمەس، تەسكە چۈشمەيدۇ: — ۋاڭلارغا تۇغقانلىقىڭ راست بولسا، ئىش ئوڭاي، — دېدى يىگىت.

**ئىش ئوڭدىن كەلمەك** ئىشى ئوڭ، قولايلىق بولۇپ بەرمەك: ئىش ئوڭدىن كەلدى، — دېدى ئۇ نەسرەمنى نوقۇپ، پۇل تاپتىم. * ئۇ زەيتۇنەمنى قولغا چۈشۈرۈش ئۈچۈن بىرەر مۇۋاپىق ئالاقە يولىنى تاپالماي يۈرەتتى. مانا ئەمدى ئىش ئوڭدىن كەلدى.

**ئىش ئوڭغا تارتماق** ئىش ئوڭ، ئاسان بولىدىغان، پايدىلىق تەرىپىگە قاراپ يۈزلەنمەك: ئىش ئوڭغا تارتسا، ئىشتان قوڭغا تارتىدۇ (ماقال). * ياخشى بولدى، ئىش ئوڭغا تارتتى. * ئىككى ئايدىن بېرى ئايۇپ ئاكىنىڭ ئىشى قىلچە ئوڭغا تارتمىدى.

**ئىش ئۇلاغلىرى** <زوئول> تېرىقچىلىق، ترانسپورت ئىشلىرىغا ياكى مىنىشكە ئىشلىتىلىدىغان ئات، تۆگە، كالا، قېچىر، ئېشەك قاتارلىق ھايۋانلار.

**ئىش ئۈنۈمى** <قا> ۋاقىت بىرلىكىدىكى ئىش مىقدارى.

**ئىش ۋاقتى** <مات> بەلگىلەنگەن ئىش مىقدارىنى تاماملاش ئۈچۈن لازىم بولىدىغان ۋاقىت.

**ئىشى چۈشمەك** ← **ھاجىتى چۈشمەك**: ئۇنىڭ بىلەن يامانلاشما، بىر كۈن بولمىسا، بىر كۈن ئىشىڭ چۈشۈپ قالىدۇ.

**ئىش ئىزلىرى** بىرەر شەخسنىڭ ياكى كوللېكتىپنىڭ ئىلگىرى قىلغان مۇھىم ئىش-ھەرىكەتلىرى: گېزىتنىڭ بۇ سانىدا ئەمگەك نەمۇنىچىلىرىنىڭ ئىش ئىزلىرى تونۇشتۇرۇلدى.

**ئىشىڭنى قىل** «ئۆزۈڭنى بىل، ئۆز ئىشىڭنى قىل، باشقىلارنىڭ ئىش-ھەرىكىتىگە ئارىلاشما» دېگەن مەنىلەردىكى ئىبارە: كارىڭ بولمىسۇن، ئىشىڭنى قىل! — ۋىلىخان بەگ ھەيۋىسىنى بۇزماستىن ۋارقىر-

دى. * ئىشىڭنى قىل، چۈشەندۈرۈپ قوياي دەپ كەتكىنىنى تېخى! * نېمە ئۇ جىن-شەيتان دېگەن! ئىشىنى قىلسۇن.

**ئىشنى ئوخشاتماق** ئىش-ھەرىكەتنى قاملاشتۇرۇلماي بۇزۇپ قويماق، ياماڭلاشتۇرماق: — ھىم، مانا دېمىدىممۇ، — دەپ ۋارقىرىدى مويدىن خوجا قىردا تۇرۇپ، — باقى قىزىلمۇچ ئىشنى ئوخشاتتى، ئەنە سۇ ھارۋىنىڭ شوتىسىنى بېسىپ كەتتى.

**ئىش ياقماس** ھۇرۇن، ئىشقا قىزىقمايدىغان: ئىش ياقماس ئادەم. // ئىش ياقماسقا ئىش بۇيرۇساڭ، ساڭا ئەقىل ئۆگىتەر (ماقال). * ئۇ ئىش ياقماسقا ئىش بەرگۈچە، ئۆزىمىز قىلىۋېتەيلى.

**ئىش يۈزىدە** ئەمەلدە، ئەمەلىيەتتە: ھەركىم ئۆز قابىلىيىتىنى ئىش يۈزىدە كۆرسىتىشى كېرەك. * ئىش يۈزىدە مۇنداق ئىش بولمىغان.

**ئىش يۈزىدىكى تىلشۇناسلىق** <تىل> XX ئەسىردە تىلشۇناسلىقتىن مۇستەقىل بولۇپ ئايرىلىپ چىققان بىر پەن تارمىقى. ئاساسەن ئىلىم-پەن ھەم تېخنىكا بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان تىل مەسىلىلىرىنى تەتقىق قىلىدۇ، ئالايلۇق، ماشىنا تەرجىمىچىلىكى دېگەندەك. بەزى تىلشۇناسلار يېزىق يارىتىش، يېزىق ئۆزگەرتىش، ئەمالار يېزىقىنى تۈزۈش، ئادەم ۋە يەر ناملىرىنى تەرجىمە قىلىش، چەت تىل ئوقۇتۇش ئۇسۇلى، تېز يېزىش قاتارلىق تىل-يېزىق مەسىلىلىرىنىمۇ ئىش يۈزىدىكى تىلشۇناسلىق دائىرىسىگە كىرىدۇ دەپ ھېسابلايدۇ.

**ئىش يۈگۈرمەك** گىلەم توقۇش ئۈچۈن، ئۆرۈش يىپىنى دۇكان جازىسىغا تارتماق.

**ئىش يۈگۈرۈش** گىلەمچىلىكتە گىلەم توقۇشنى باشلاش.

**ئىشارە** ئى (ئە) ① كۆز، قاش، قول، باش ھەرىكىتى بىلەن بېرىلگەن بەلگە، ئىما؛ ئىشارەت: ئىشارە قىلماق. * رەيھان ماقۇللۇق ئىشارىسىنى بىلدۈرۈپ چىقىپ كەتتى. * ئۇنىڭغا سالامەتلىك تىلىدىم. يىگىت ماڭا كۆز ئىشارىسى بىلەن جاۋاب قىلدى. * دېھقاننىڭ سۆزىدە قانداقتۇر بىر ھەقىقەتنىڭ بارلىقىنى سەزگەن ئالىمجان قايىل بولغىنىغا ئىشارە ئۈچۈن تەلەتىنى تېزلا ئۆزگەرتىپ كۈلۈمسىرىدى. ② ئالامەت، بەلگە: ماتېماتىكىلىق ئىشارە.

**ئىشارە قىلماق** كۆز، قاش، قول، باش ۋە يۈز ھەرىكىتى بىلەن بەلگە بەرمەك، ئىپادە بىلدۈرمەك: ئارمان مەننانغا قارىدى. ئالىم ئىللىق كۈلۈمسىرەپ، قورقما دېگەندەك ئىشارە قىلدى. * — نان، — دېدى ئەركىن ئالدىدىكى ھېلىقى بىر پارچە ناننى ئىشارە قىلىپ.

**ئىشارەت** ئى (ئە) مەقسەت، نىشان، غەرەزنى سۆزسىز، تىلسىز ئۇقتۇرۇش ئۈچۈن قوللىنىلىدىغان بەلگە؛ ئىما: ئىشارەت قىلماق. * ئەقىلغا ئىشارەت، نادانغا جۇۋالدۇرۇز (ماقال). * جاۋاھىرپۈرۈش بالىغا: — ئۇكام، ماۋۇ تۇلۇمغا كىر، مەن سېنى بىر ئىشارەت بىلەن تاغقا چىقىرىمەن، بىر ئىشارەت بىلەن تاغدىن چۈشۈرىمەن، — دەپتۇ. * جىن پەرى خەلپىگە يۈزىنى ئۆرۈپ، ئىشارەت بىلەن گەپ قىلماسلىق زۆرۈرلۈكىنى ئۇقتۇرۇپتۇ.

**ئىشارەت تىلى** <تىل> گاس، گاچىلار ئۆز ئوي-پىكىرلىرىنى ئىپادىلەشتە قوللىنىدىغان بىر خىل تىل. ئۇ سىستېمىلاشقان ۋە ئادەتتە ئايلانغان بىر يۈرۈش قول ئىشارىتىنى ئاساس قىلىدۇ.

**ئىشارەت قىلماق** مەقسىتى، نىشانى ۋە

غەرىزىنى سۆزسىز، تىلسىز ئۇقتۇرۇش ئۇچۇن، باش-كۆز، يۈز، قاش ياكى قول قاتارلىق ئەزالىرى ئارقىلىق بەلگە بەرمەك: ئايسە ئاپپاق ئۇنى ئولتۇرۇشقا ئىشارەت قىلىپ، ئۆزىمۇ گىلەمنىڭ بىر بۇرجىكىدە ئولتۇردى. * تۇرلۇك گۆش ۋە ئۇنىڭدىن تەييارلانغان رەڭمۇرەڭ ئاش-تاماق كۆزنى قاماشتۇراتتى. شاھ تاماق يېيىشكە ئىشارەت قىلدى. * — ھاراق ئىچىپ ماشىنا ھادىسىسى چىقارغاندۇ تايىن، — دېدى ھەجەر ئاچا كېسەلنى بېشى بىلەن ئىشارەت قىلىپ.

**ئىشارەتلەشمەك** «ئىشارەتلىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: خەلچەم بىلەن زۆھرەخان ئىشارەتلىشىپ كېسەلنى ئېلىپ كېتىشتى.

**ئىشارەتلىك** سۈپ. ئىشارەت، بەلگىلەر ئارقىلىق بىلدۈرۈلگەن ياكى كۆرسىتىلگەن: بولۇپمۇ مۇھىمى شۇكى، باللارغا بەلگە شەكلىدىكى رەسىملەر — دەسلەپكى چېرتيوژ، ئىشارەتلىك خەرىتىلەرنى چۈشىنىدىغان بولۇشنى ئۆگىتىشى كېرەك.

**ئىشارەتلىمەك** پ. ئىشارەت ئارقىلىق بىلدۈرمەك، ئىپادىلىمەك، ئىشارەت قىلماق: خەيرۇللا قاش، كۆز، ئېڭەكلىرى بىلەن قەمەرلەرنىڭ ئۆيى تەرەپنى ئىشارەتلىدى. * — بەگباش سۇ تۇگەپ قالدى، تىنىچ سۇغا ئۆتىمىز، — دېدى رىشىت ئۇستا كۆزى بىلەن ئالدىنى ئىشارەتلەپ.

**ئىشارىلىك** سۈپ. ئىشارە بىلەن بىلدۈرۈلگەن: كىشىلەر ئارىسىدا كىملەردۇر پىچىرلىشىپ ۋە ئىشارىلىك سۆزلەرنى قىلىشىپ، باشلىرىنى بىلىنەر-بىلىنمەس ھالدا سىلكىشەتتى.

**ئىشان** ئى (پ) ① ئىسلام دىنىنىڭ سوپى مەزھىپىگە مەنسۇپ دىنىي ئۆلىما، تەرغىباتچى بولۇپ، ئۇ بۇ دۇنيالىقنى تەرك ئېتىپ، تەركىدۇنيالىقنى تەرغىب قىلىشتىن ئىبارەت ئىسلام دىنىغا، ئىسلام ئەقىدىلىرىگە زىت يول تۇتقۇچى دەپ قارىلىدۇ: ئۆتكەن زاماندا بىر ئىشاننىڭ يالغۇز ئوغلى بولغانىكەن. ئىشان قېرىپ ئۆلەر ھالغا يەتكەندە ئوغلىغا مۇنداق نەسىھەت قىلىپتۇ. ② ئەرلەرنىڭ ئىسمى.

**ئىشانلىق** ئى. بۇ دۇنيالىقنى تەرك ئېتىپ، تەركىدۇنيالىقنى تەرغىب قىلىشتىن ئىبارەت ئىسلام دىنىغا، ئىسلام ئەقىدىلىرىگە زىت ئىش، پائالىيەت: ئىشانلىق قىلماق.

**ئىش-ئەمگەك** ئىش ۋە ئەمگەك: قىسقىسىنى ئېيتقاندا، مەن ئىش-ئەمگەكنى، ئىستانوكىمنى ۋە مەن بىلەن بىللە ئىشلەۋاتقان ئادەملەرنى ياخشى كۆرىمەن.

**ئىشەنچ** ئى. ھەقىقىي، چىن، راست، شەرتسىز دەپ بىلىش، ئىشىنىش؛ ئېتىقاد: ئىشەنچكە تولماق. ئىشەنچ باغلىماق. ئىشەنچ كامىل. * سىز بۇندىن كېيىن بىزنىڭ ئۆيگە بېرىڭ، بىز بىللە ئۆگىنەيلى، — دېدى ئارسلان ئىشەنچ بىلەن. * ئىشەنچ بولسا ياخشى ئەخلاقنىڭ ئالامىتى بولۇپ، ئاقىۋەتتە كىشىنى ھالاكەتتىن قۇتۇلدۇرىدۇ.

**ئىشەنچ قىلماق** ئىشەنمەك، ئىشەنچ تۇرغۇزماق: زاۋۇت رەھبەرلىكى سىزگە ئىشەنچ قىلىپ ئوقۇشقا ئەۋەتكەن تۇرسا، مۇشۇنداق قىلىپ ئۇلارغا قانداقمۇ يۈز كېلەلەيسىز؟ * بىز خەلققە مەسئۇل، خەلق بىزگە ئىشەنچ قىلىپ ھوقۇق تۇتقۇزغان.

**ئىشەنچى كامىل** «شۇنداقلىقىدا شەك يوق، ھەقىقەتەن شۇنداق» دېگەندەك مەنىلەردىكى ئادەت سۆزى.

**ئىشەنچە** (توغرىسى: ئىشەنچ) ← ئىشەنچ.

**ئىشەنچسىز** سۈپ ① ئىشىنىپ بولمايدىغان، ئىشەنگىلى بولمايدىغان، ئىشەنچلىك

ئەمەس: ئىشەنچسىز ئادەم. ئىشەنچسىز دوست. * — ئىشەنچسىز كىشى بىلەن ئارىلاشما، سېنى ئالداپ پۇلۇڭنى سوقمىسۇن، — دېدى ئانام جېكىلەپ. * — توغرا، مەنمۇ قولىمىزدىكى ماتېرىياللارنى ئىشەنچسىز، دېمەكچى ئەمەسمەن، — دېدى رەخمەتجان چۈشەندۈرۈپ. ② ئۈمىد-ئىشەنچ يوق، ئىشەنچ قىلالمىغان، ئىشەنچسىزلىك ئىپادىلىنىپ، چىقىپ تۇرىدىغان: رەۋىخان ئاچا سەل ئۈيلىنىپ قالدى. نېمىنى ئۈيلاۋاتقانلىقىنى ئۆزىمۇ بىلمەيتتى. خېلىدىن كېيىن، ھېزىم ئاكىغا غەلىتە بىر نەزەردە تىكىلگىنىچە ئىشەنچسىز تەلەپپۇزدا سورىدى.

**ئىشەنچسىزلىك** «ئىشەنچسىز» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: — ئانامۇ... قوشۇلدى، — دېدى ئەخمەت ئېغىر تىنىپ، ئەمما ئۇنىڭ ئاۋازىدا ئىشەنچسىزلىك بار ئىدى. * — بۇ سىزنىڭ نېمە دېگىنىڭىز؟ سىز نېمە ئۈچۈن ئەۋلادلىرىڭىزغا بۇنداق ئىشەنچسىزلىك بىلەن قارايسىز؟ — ماھىرە بىر مىنۇتچە تۇرۇپ قېلىپ سۆزلىدى.

**ئىشەنچلىك** ① سۈپ. ئىشەنسە، ئىشەنچ قىلسا بولىدىغان: ئىشەنچلىك ئادەم. ئىشەنچلىك خەۋەر. ئىشەنچلىك گەپ. * بۇ چېرىكلەر باشقا مىللەتلەردىن تەركىب تاپقاچقا، شامەخسۇت ئۇلارنى ئىشەنچلىك ھېسابلىمايتتى. ② رەۋ. ئىشەنچ قىلغان ھالدا، ئىشەنچ بىلەن: ئۇ كەينىگە ياندى. خىيال قۇشى مۇشۇنداق ئەجىر بىلەن كېلىدىغان كەلگۈسى بەختىيار كۈنلەر ئۈستىدە ئىشەنچلىك پەرۋاز قىلاتتى.

**ئىشەنچلىك ئارىلىق** <مات> ئومۇمىي گەۋدە پارامېتىرى Q گە نىسبەتەن ساھە مۆلچىرى ئېلىپ بارغاندا، ئەگەر ئالدىن بېرىلگەن ئېھتىماللىق α غا نىسبەتەن $P<Q_1<Q<Q<Q_2=1-\alpha$ شەرتىنى قانائەتلەندۈرەلەيدىغان بىرەر ئارىلىق $(Q_1, Q_2)$ نى تېپىشقا بولسا، ئۇ ھالدا $(Q_1, Q_2)$ ئارىلىق پارامېتىر Q نىڭ ئىشەنچلىك ئارىلىقى دېيىلىدۇ.

**ئىشەنچلىك رەقەم** <مات> ئەگەر تەقرىبىي سانىنىڭ مۇتلەق خاتالىقى ئۇنىڭ ئەڭ ئاخىرقى خانىسىدىكى بىر بىرلىكتىن ئېشىپ كەتمىسە، ئۇ ھالدا بۇ تەقرىبىي سانىنىڭ سول تەرەپتىكى نۆلگە تەڭ بولمىغان بىرىنچى رەقىمىدىن باشلاپ مۇشۇ خانىغىچە بولغان بارلىق رەقەملەر «ئىشەنچلىك رەقەملەر» دەپ ئاتىلىدۇ.

**ئىشەندۈرەرلىك** سۈپ. ئىشەندۈرىدىغان، قايىل قىلارلىق: ئاتابېكنىڭ سۆزلىرى كىشىنى تولۇق ئىشەندۈرەرلىك دەرىجىدە، خەتكە مۇۋاپىق ئىدى.

**ئىشەندۈرمەك** «ئىشەنمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: بۇ تەجرىبە بىزنى نەرسە، دۇنيا، مۇھىتنىڭ بىزگە باغلىق بولمىغان ھالدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغانلىقىغا چوڭقۇر ئىشەندۈرىدۇ. * چالا تەرجىمانلار كىنودىكى ۋەقەلەرنى ئاغزىغا كەلگەننى سۆزلەپ يېنىدىكى ساددا ئادەملەرنى ئىشەندۈرىدۇ.

**ئىشەندۈرۈشمەك** «ئىشەندۈرمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**ئىشەندۈرۈلمەك** «ئىشەندۈرمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**ئىشەنمەك** پ. ھەقىقىي، چىن، شەرتسىز، راست دەپ بىلمەك، ئىشەنچ قىلماق: دوستىغا ئىشەنمەك. * مەنسۇر، خۇرشىدىخاننىڭ سۆزلىرىدىن سەلىمىنىڭ راستىنلا بۇ يەرگە كەلمىگەنلىكىگە ئىشەندى.

* — جياڭجۇن ئالىيلىرى، — دېدى قېرى مۇشاۋىر، — بۇ ئۇيغۇر — مۇسۇلمان چېرىكلىرىگە ئىشەنگىلى بولامدۇ؟ بۇ خەقنىڭ ئۆزىدە «قاغا قاغىنىڭ كۆزىنى چوقۇمايدۇ» دېگەن گەپ بار ئىكەنغۇ؟

**ئىش-پائالىيەت** قىلىنغان ئىش-ھەرىكەتلەر: ئۆزىنىڭ ئىلغار ئىش-پائالىيەتلىرى بىلەن فابرىكىدا ناھايىتى چوڭ تەسىر قوزغىغان بۇ ئادەمنىڭ ئەمدى كېلىپ ئىلغار بىر تەكلىپكە بۇنچىلىك قاتتىق قارشى چىقىشىغا ئۇ زادى ئىشەنمەيتتى.

**ئىشپىيون** ئى (<نېم) دۆلەتنىڭ مۇھىم ئاخباراتىنى ۋە ھەربىي سىرلىرىنى مەخپىي ھالدا ئىگىلەپ، ئۇنى ئوغرىلاپ باشقا مەملىكەتكە، دۈشمەن تەرەپكە يەتكۈزۈپ بېرىدىغان شەخس، جاسۇس: ئىشپىيون تۇرغۇزماق. ئىشپىيون ئەۋەتمەك. * ياق، ئىسمى ئاشۇنداق بىر ئىشپىيون بارلىقىنى ئاڭلىغان، لېكىن ئۇنىڭ ئەپتى-ئەڭگارىنى كۆرمەپتىكەنمەن.

**ئىشپىيونلۇق** ئى. ئىشپىيونلارغا يۈكلەنگەن ئىش، ۋەزىپە؛ جاسۇسلۇق: مەن مىللىي ئارمىيىنىڭ جەڭچىسى، يەنە كېلىپ باتۇر جەڭچىسى بولغان، لېكىن مەن كونىشەھەردە ئىشپىيونلۇق قىلىش ئۈچۈن قالغان ئەمەسمەن.

**ئىشپىيونلۇق جىنايىتى** <قا> دۆلىتىمىزنىڭ جىنايى ئىشلار قانۇنىدا بەلگىلەنگەن جىنايەت تۈرلىرىدىن بىرى. بۇنىڭدا ئىچكى دۈشمەنلەرنىڭ ئىشپىيونلۇق تەشكىلاتىغا قاتنىشىش ياكى ئىچكى دۈشمەنلەرنىڭ ئىشپىيونلۇق تەشكىلاتلىرى ئۈچۈن ئوغرىلىق قىلىش، ئىگىتىڭلاش، ئاخبارات يەتكۈزۈش ياكى ئۇلار تاپشۇرغان ۋەزىپىلەرنى قوبۇل قىلىش كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

**ئىشتان** ئى (د) تەنىنىڭ بەلدىن تۆۋەنكى قىسمىغا كىيىلىدىغان، ئۇزۇن ئىككى پاچاقلىق كىيىم؛ شىم: ئىشتان كىيمەك. * — يېڭى ئىشتانىنى قانداق پاسوندا تىكىمەن؟ — سوراپتۇ خوتۇنى.

**ئىشتانغا چىقىرىۋەتمەك** قورقىنىدىن چىچىۋەتمەك، ھەددىدىن زىيادە قورقماق: كىشىلەرنىڭ ئېغىزىدا يى شىڭفۇنىڭ ئىشتانغا چىقىرىۋەتكەنلىكى توغرىسىدا قىزىق گەپلەر بار.

**ئىشتىنى تىزىدىن ئاشماسلىق** نامراتلىقتىن قۇتۇلالماسلىق: ئۇ ئىشتىنى تىزىدىن ئاشماي ئالەمدىن ئۆتتى.

**ئىشتىنى ئىككى بولۇپ قالماق** ئاز-پاز پۇل-مالغا ئېرىشىپ، ھال-كۈنى ياخشىلانماق: ئۇنىڭ ئىشتىنى ئىككى بولۇپ قېلىپتۇ، شۇڭا تىلى ئۇزىراپ قالدى.

**ئىشتىنىغا پىت تاشلىماق** ئوتتۇرىسىدا زىددىيەت پەيدا قىلماق، زىددىيەت، ئىختىلاپ تۇغدۇرماق، ئىچكى ياقتىن كۈشكۈرتۈپ زىتلاشتۇرماق: قايسى كۈنى جانابلىرى ئەقىل چىرىغىمغا ياغ قۇيغاندىن كېيىن، مەن نەچچە كىشىنىڭ ئىشتىنىغا پىت تاشلىدىم، ئىشىنەمەنكى، خەلق چوقۇم تىركىشىدۇ، غوۋغا چىقىدىغانلىقى كۆزۈمگە كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ.

**ئىشتانباغ** ئى (ئىشتان+باغ) ئىشتاننى كۆتۈرۈپ تۇتۇپ تۇرۇش ئۈچۈن ئۇنىڭغا ئۆتكۈزۈلىدىغان شوينا.

**ئىشتانبېغى بوش** ئاسان ئېرىپ كېتىدىغان، ئەخلاقى ناچار؛ شاللاق، ئىرادىسىز (ئاياللار ھەققىدە): ئۇ خوتۇننىڭ ئىشتانبېغى بوش ئىكەن دەپ ئاڭلىدىم.

**ئىشتانپايپاق** ئى (ئىشتان+پايپاق) ئۈستى ئىشتان، ئۈچى پايپاقتىن ئىبارەت بولغان

ھەمدە بۇ ئىككىسى بىرىكتۈرۈپ تىكىلگەن ياكى توقۇلغان بىر خىل كىيىم. كۆپىنچە باللار ۋە ئاياللار كىيىدۇ.

**ئىشتانسىز** سۈپ. ئىشتىنى يوق، ئىشتان كىيمىگەن: ئىشتانسىزنىڭ چۆشىگە ئىككى غېرىچ بۆز كىرىپتۇ (ماقال). * شۇنداق قىلىپ، تەم-تۈتەم شالدامباي ئىككى يىل يۇرت سوراپتۇ، ئالۋان-ياساقنىڭ ئېغىرلىقىدىن خەلق ئىشتانسىز قېلىپتۇ.

**ئىشتانلىق** سۈپ ① ئىشتىنى بار، ئىشتان كىيگەن: يولنىڭ ئۇ قېتىدىكى كۆك ئىشتانلىق كىشى مېنىڭ بىر نەۋرە ئاكام بولىدۇ. ② ئىشتان بولىدىغان، ئىشتان چىقىدىغان ياكى ئىشتان تىكىشكە، كىيىشكە باپ: بىر ئىشتانلىق رەخت. ئىككى ئىشتانلىق سارجا.

**ئىشتە** ئۈن. ئاياللارنىڭ بىرەرسىنىڭ قىلغان بىرەر ئىش-ھەرىكىتى، گەپ-سۆزى قاتارلىقلار كۆڭلىگە ياقماي قالغاندا نارازىلىق بىلدۈرۈش ئۈچۈن قوللىنىدىغان سۆزى: ئىشتە! نېمە قىلغىنىڭ بۇ!

**ئىشتەي** ئى (ئە) جان ت ← **ئىشتىھا**: ئاش يوق — ئىشتەي يوق (ماقال). * مەسۇم مايلىرى ئېقىپ، گۆشلىرى تىترەپ تۇرغان بىر تەخسە پېتىر مانتىنى ئىشتەي بىلەن يېمەكتە ئىدى.

**ئىشتىراپ** ئى (ر<نېم) ← **جەرىمانە.**

**ئىشتىراك** ئى (ئە) يېزت. بىرەر ئىش-ھەرىكەت، ۋەقە ياكى توي، مۇراسىم، مەجلىس، يىغىن قاتارلىقلارغا قاتنىشىش، بېرىش؛ داخىل: ئىشتىراك قىلماق. ئىشتىراك ئەتمەك.

**ئىشتىراك ئەتمەك** ← **ئىشتىراك قىلماق:** شۇ سەۋەبلىك سابىت داموللا ھەرەمدىن ھىندىستان ئارقىلىق ئۇدۇل خوتەنگە كېلىپ، — مۇھەممەتئىمىن ھەزرەت قۇرغان يوشۇرۇن تەشكىلاتقا كىرىپ، قوزغىلاڭغا بىۋاستە ئىشتىراك ئەتكەن.

**ئىشتىراك قىلماق** يېزت. ھازىر بولماق، داخىل بولماق، قاتناشماق: — كونسۇل جانابلىرى، ھۆرمەتلىك خانىم ئالىيلىرى، بۈگۈنكى ئاددىي زىياپىتىمىزگە ئىشتىراك قىلغان بارلىق ئەزىز مېھمانلار! سىزلەرنى تۆمەن يىللار ياشىشىڭلار ئۈچۈن قەدەھكە تەكلىپ قىلىمەن، — دېدى ئۇ جاراڭلىق ئاۋازدا. * دەرس باشلاش مۇراسىمىغا ھەممە ئوقۇتقۇچىلار-نىڭ ئىشتىراك قىلىشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

**ئىشتىراكچى** ئى. بىرەر ئىش-ھەرىكەت، ۋەقە، يىغىن، مۇراسىم، مەرىكە، ئولتۇرۇش سورۇنلارغا ئىشتىراك قىلغۇچى، قاتناشقۇچى كىشى: مەجلىس ئىشتىراكچىلىرى. * توختىنىياز زورغا قاراشلىق ئۈچ پەيجاڭنىڭ بىرى بولغان ھوشۇر كانتومۇ ئاشۇ ئىشلارنىڭ ئىشتىراكچىسى ئىدى. * ئۇ يىغىننىڭ رەسمىي ئىشتىراكچىسى ئەمەس. ئەھۋال تونۇشتۇرۇپ بولغاندىن كېيىنلا كەتسىمۇ بولار، — دېدى چوڭلاردىن بىرى.

**ئىشتىرمەك** (توغرىسى: ئىنتەرمەك) ← **ئىنتەرمەك.**

**ئىشتىك** I ئى (د) مىلتىقتا ئورنىتىلغان نەيزە، تىغ: ئىشتىك سانجىماق. * موماينىڭ چاچلىرى چۇۋۇلغان، قولى كەينىگە باغلانغان، پېشانىسىدىن ئېقىپ چۈشكەن قان ئۇنىڭ ئېتەكلىرىنى بويىغان. ئىشتىكلەر يالت-يۇلت قىلىدۇ.

**ئىشتىك** II (توغرىسى: ئىنتىك) ← **ئىنتىك.**

**ئىشتىھا** ئى (ئە) كىشىنىڭ يېمەك-ئىچمەككە كۆڭلى تارتىشى؛ مايىللىقى: ئىشتىھا بىلەن يېمەك. * ئۇلار ئىشتىھا بىلەن كاۋاپ يېيىشتى. * مەن ئۇنىڭ گۆشنى ئىشتىھا بىلەن چاينا-

ۋاتقانلىقنى تاماشا قىلىپ ئولتۇراتتىم.

**ئىشتىها ساقلىماق** نىشان قىلىنغان تاماقنى كۈتۈپ قورساقنى بىرنەرسە يېمەي تۇرماق: كاھلار، دورغىلار داستىخاندىكى نازۇ نېمەتلەرگە ئەتىگەندىن بېرى ئىشتىها ساقلاۋاتقاندى.

**ئىشتىهاسى تۇتۇلماق** تاماققا كۆڭلى تارتماسلىق، تاماق يېگۈسى كەلمەسلىك: كەيپىيات ياخشى بولمىسا ئىشتىها تۇتۇلۇپ، گالدىن تاماق ئۆتمەيدۇ. * سادىر ئىش ئۈستىلدە مىدىرلىماي ئولتۇراتتى. بۈگۈن ئۇنىڭ ئىشتىهاسىمۇ تۇتۇلدى، ئۇيقۇسىمۇ قاچتى.

**ئىشتىهاسى ئېچىلماق** يېمەكلىك تەلەپ قىلماق، تاماق يېگۈسى كەلمەك: ۋاڭ ئىشتىهاسى ئېچىلغاندىن كېيىن، بىر تەخسە هالۋا، بىر چىنە قايماق چاينى توقاچ نانلار بىلەن ئىچىۋالاتتى. * كىشىنىڭ كۆڭلى خۇش بولسا، ئىشتىهاسىمۇ ئېچىلىپ كېتىدۇ.

**ئىشتىهاسى يوق** هېچنېمە يېگۈسى يوق: هېچ ئىشتىهايىم يوق، ئاش ئاغزىمغا بىر قىسىملا تېتىيدۇ، — دېدى ئۇ.

**ئىشتىها قىلماق** ئىشتىياق بىلەن يېمەك، بەھۇزۇر يېمەك: مېهمانلار ياغلىق پولۇنى ئىشتىها قىلىشتى. * ئابدۇخالىق ئۇيغۇرمۇ قوشۇلۇپ ئۇزۇم يېدى. خېلى ۋاقىتقىچە سۆز قىلماستىن، ئېلىك، يەڭ دەپ تەكلىپ قىلىشىپ ئىشتىها قىلىشتى.

**ئىشتىهاسىز** سۈپ. ئىشتىها بىلەن ئەمەس، خالاپ-خالىماي: لەغمەننى ئىشتىهاسىز يەپ ئولتۇرغان شەۋكەت چىرايىنىمۇ ئاچماستىن قىسقىلا جاۋاب بەردى.

**ئىشتىهاسىزلانماق** پ. ئىشتىهاسى تۇتۇلماق، ئىشتىهاسى ئازايماق: ئاتاقلىق ئىنژېنېر قۇددۇس پەيزى ئۇشتۇمتۇت قىزىپ، تىترەپ، ئىشتىهاسىزلىنىپ يېتىپ قالدى.

**ئىشتىهاسىزلىق** «ئىشتىهاسىز» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: تاماقنى ئىشتىهاسىزلىق بىلەن يېمەك. * مەستۇرە ئۇنىڭ بۇ ھەرىكىتىدىن قانداقتۇر بىر خاپىلىقى بارلىقىنى، شۇنىڭ ئۈچۈن زەردە قىلىۋاتقانلىقىنى سېزىپ، ئۈچ بارمىقى بىلەن چىمدىپ ئاغزىغا سالغان ئاشنى ئىشتىهاسىزلىق بىلەن ئېغىر چاينايتتى. * ئۇ ئوقۇرلارغا قاتار قىلىپ باغلانغان قىرچاڭغۇ ئاتلارنىڭ قارىداپ كەتكەن توپا سامانىنى ئىشتىهاسىزلىق بىلەن يېيىشلىرىگە بىرهازا جىمجىت قاراپ تۇردى.

**ئىشتىهالىق** سۈپ. ئىشتىهاسى بار، ئىشتىهاسى ياخشى: ئىشتىهالىق ئادەم. * كۆزىتىدۇ باشلىقلىرىنىڭ ئارزۇسى نە، خۇلقى-پەيلىچۇ، ئىشتىهالىق قايسى تائامغا، تەلپۈنۈشى – كۆڭۈل مەيلىچۇ.

**ئىشتىياق** ئى (ئە) بىرەر ئىش ياكى بىرەر نەرسە، ئىشقا بولغان زور قىزىقىش؛ زوق، ھەۋەس: سارىخان ئانا باغ ئارىسىدىكى بىر تاسما بوش يەرگە ئىشتىياق بىلەن گۈل ئۆستۈرۈپ، هويلا ئىچىنى چوغدەك قىزارتتى.

**ئىشتىياق باغلىماق** قىزىقماق، ھەۋەس قىلماق: ئۇ ئۆز خىزمىتىگە ئىشتىياق باغلىغان، شۇڭا خىزمىتىدىن نەتىجە چىقاردى. * بىكار ۋاقىت تاپساق ئوقۇيمىز ساۋاق، ئەلا بولۇشقا باغلاپ ئىشتىياق.

**ئىشچان** سۈپ. ئىشتىن باش تارتمايدىغان، ئىشنى ياخشى كۆرىدىغان؛ ئەمگەكچان، ئەمگەك سۆيەر: ئىشچان قىز. ئىشچان يىگىت. * بۇرۇنقى زاماندا ناهايىتى ئىشچان بىر باغۋەن ئۆتكەنىكەن.

**ئىشچانلىق** «ئىشچان» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: ئۇمۇ مايسەمنى جېنىدىن ئارتۇق ياخشى كۆرەتتى. ئەل-يۇرت ئارىسىدا قىزنىڭ

قەيسەرلىكى، ئىشچانلىقى بىلەن پەخىرلىنەتتى.

**ئىشچى** ئى. جىسمانىي ئەمگەك بىلەن شۇغۇللىنىپ، ئاساسەن ئىش ھەققى بىلەن تۇرمۇش كەچۈرىدىغان ئەمگەكچى: پىشقەدەم ئىشچى. ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى. * مەن ۋىلايەتلىك ماشىنا رېمونت زاۋۇتىنىڭ رېمونت ئىشچىسى ئەخمەتجان بولىمەن. * مېنىڭ ئاكام كۆكيار كۆمۈر كېنىنىڭ ئىشچىسى.

**ئىشچىلار بىرلەشمىچىلىكى** <پەلس> XIX ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئىشچىلار ھەرىكىتىدە پەيدا بولغان بىر خىل بۇرژۇئا ئىسلاھاتچىلىق ئېقىمى. ئۇ دەسلەپتە ئەنگلىيە ئىشچىلار بىرلەشمىسىدە پەيدا بولغانلىقى ئۈچۈن شۇنداق ئاتالغان.

**ئىشچىلار سىنىپى** <پەلس> ھېچقانداق ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنى ئىگىلىمىگەن، پەقەت مائاشقىلا تايىنىپ كۈن كەچۈرىدىغان ئەمگەكچىلەردىن تەشكىللەنگەن سىنىپ، ئۇ پرولېتارىيات ئىنقىلابىنىڭ رەھبىرىي سىنىپى ھېسابلىنىدۇ.

**ئىشچىلار ھەرىكىتى** <پەلس> ئىشچىلارنىڭ مەلۇم تەلەپنى ئىشقا ئاشۇرۇش ياكى مەلۇم مەسىلىگە قارشىلىق بىلدۈرۈش يۈزىسىدىن ئېلىپ بارغان تەشكىللىك ھەرىكىتى.

**ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى** <پەلس> ئىشچىلار سىنىپىنىڭ ئاممىۋى تەشكىلاتى. ماركسىزم، لېنىنىزملىق پارتىيىلەر رەھبەرلىكىدىكى ئىشچىلار ئۇيۇشمىلىرى پارتىيىنىڭ ئىشچىلار ئاممىسى بىلەن ئالاقە باغلىشىدىكى كۆۋرۈك بولۇپ، كەڭ ئىشچىلار ئاممىسىغا كوممۇنىستىك تەربىيە ئېلىپ بېرىشتىكى مەكتىپى ھېسابلىنىدۇ.

**ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى قانۇنى** <قا> ئىشچىلارنىڭ ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنى تەشكىللەشتىكى تەرتىپ پرىنسىپلىرى ھەمدە ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ ھوقۇقى ۋە مەجبۇرىيەتلىرى ھەققىدىكى قانۇن.

**ئىشچى ھەرە** <زوئول> ھەسەل ھەرىلىرى ئىچىدىكى كۆپىيىش ئورگىنى مۇكەممەل تەرەققىي قىلمىغان چىشى ھەرە. تېنى كىچىك، سېرىققا مايىل كۈل رەڭ كېلىدۇ. قانىتى ئۇزۇن بولۇپ، ئۇچۇشقا ماھىر كېلىدۇ. نەشتىرى بار. قورساق قىسمىدا موم ماددىسىنى ئاجرىتىپ چىقىرىدىغان موم بېزى بار، ئارقا ئىككى پۇتىدا چاڭدىنى بار. ئادەتتە ئۇ كۆنەك ياساش، گۈل چېچىكى ۋە گۈل شىرنىلىرىنى يىغىش، لىچىنكا ھەم ئانا ھەرىلەرنى بېقىش قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتەيدۇ، ئۇرۇقلىنالمايدۇ.

**ئىشچى-خىزمەتچى** دۆلەتنىڭ ئىشچىسى ۋە كادىرى كۆزدە تۇتۇلىدۇ: ئىدارە ئىشچى-خىزمەتچىلىرى. * بۇ يەردە ئۇيغۇر، خەنزۇ، قازاق قاتارلىق ئۈچ مىللەت ئىشچى-خىزمەتچىلىرى ياشايدۇ. * 2-ئاينىڭ 28-كۈنىمۇ شىركەتتىكى ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ دەم ئېلىش كۈنى ئىدى.

**ئىشچى-دېھقان** ئىشچى ۋە دېھقان: ئىشچى-دېھقانلار ئىتتىپاقى. * ھازىرقى ئىسلاھات ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىمىزدا كەڭ ئىشچى-دېھقانلار قوشۇنى يەنىلا ئاساسىي قوشۇن ھېسابلىنىدۇ.

**ئىشچى-دېھقانلار ئىتتىپاقى** <پەلس> ئىشچىلار سىنىپى بىلەن ئەمگەكچى دېھقانلارنىڭ پرولېتارىيات پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكى ئاستىدىكى ئىنقىلابىي ئىتتىپاقى.

**ئىشچىلىق** ئى. ئىشچىلارغا يۈكلەنگەن،

ئىشچىلار قىلىدىغان ئىش، كەسىپ: ئىشچىلىققا قوبۇل قىلماق. * مەن چوڭ بولغاندا نېمە قىلىدىغانلىقىم ھەققىدە باش قاتۇرۇشنى خالىمايتتىم، چۈنكى چوڭ بولغاندا ماڭا بەرىبىر تېگىدىغىنى، دادام بىلەن ئاكامغا ئوخشاش كۆمۈركان ئىشچىلىقى دەپ ئويلايتتىم. // پەردە ئىشكىنى ئاچتى، سىرتتىن ئىشچىلىق كىيىمى كىيگەن ئوتتۇرا ياشلىق بىر كىشى كىرىپ كەلدى.

**ئىشخانا** ئى ① ئىش قىلىدىغان بىرەر جاي، ئورۇن، دۇكان، ئۆي، سېخ ۋە شۇ قاتارلىقلار: تۆمۈرچىلىك ئىشخانىسى. ② ئىش، خىزمەت قىلىنىدىغان جاي، مەمۇرىي ياكى كەسپىي ئىش بېجىرىش ئۆيى: ئىدارە ئىشخانىسى. مۇدىر ئىشخانىسى. * سادىق ھارۋىدىن چۈشۈپ پارتكوم ئىشخانىسىغا قاراپ ماڭدى. * يېنىمدا ناھىيىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ئىشخانا مۇدىرى سايىم ئالتۇن چىشلىرىنى پارقىرىتىپ، كۈلۈپ تۇراتتى.

**ئىشخانا ۋاگون** <قاتن> يۈك پويىزلىرىدا پويىز باشلىقى ئىش بېجىرىش ئۈچۈن ئىشلىتىدىغان ۋاگون. ئۇ ئۆزى بىلەن بىر قاتاردا چېتىلىدىغان باشقا ۋاگونلارغا نىسبەتەن قىسقىراق بولىدۇ ۋە پويىزنىڭ ئەڭ ئاخىرىغا چېتىلىدۇ.

**ئىشداش** ئى. ئۆزى بىلەن بىرگە بىر خىل ئىش، كەسپنى ئىشلىگۈچى ياكى قىلىۋاتقان ئىش-ھەرىكىتى، كەسپى بىر خىل، ئوخشاش بولغان كىشى: ئۆيىمىزگە شەنبە، يەكشەنبە كەچلىرى رەپقەتنىڭ ئاغىنىلىرى بىلەن مېنىڭ يېڭى ئورۇنلاشقان مەكتىپىمدىكى ئىشداشلىرىم يىغىلاتتى. * سېنىڭ ئۇنىڭ بىلەن ئىشداش ئىكەنلىكىڭنى خېلى بۇرۇنلا بىلگەن ئىدىم.

**ئىشرەت** ئى (ئە) كەيپ-ساپا، ئەيش، ئەيش-ئىشرەت: ئىشرەت قىلماق. ئىشرەت قىزىپ كەتمەك. * ھەسەن ھېلىقى مومايىنى ئىزدەپ تېپىپ، قەمەرگە بولغان مۇھەببىتىنىڭ چەكسىزلىكىنى ئېيتىپ، پەقەت بىرلا كۈن ئىشرەت شارابىنى ئىچىشكە ئۇنى رازى قىلىشنى تاپىلاپتۇ. * ئەي ساقىي شاراب تۇت، بىل بۇ دەم ئىلھام ماڭا ئۈلپەت، نە ئىلھام، بۇ زىباگۈل يۈز مېنىڭ بىرلە قىلۇر ئىشرەت.

**ئىشرەتپەرەس** ئى (ئە+پ) كەيپ-ساپاغا، ئەيش-ئىشرەتكە قاتتىق بېرىلگەن ئىشرەتنى ياخشى كۆرىدىغان ئادەم؛ ئىشرەتخۇمار: ئۇ شۇ قىزنى قولتۇقلاپ ئەيش-ئىشرەت بەزمىلىرىگە ئېلىپ كىرىشنى ۋە بىرمۇنچە، ئىشرەتپەرەسلەرنىڭ «ياشىسۇن بۇرھانىدىن بەگ!» دەپ ۋارقىرىشىنى ئۆزى ئۈچۈن شان-شۆھرەت ھېسابلايدۇ. // ئۇ ئاجايىپ ئىشرەتپەرەس ئادەم ئىكەن.

**ئىشرەتپەرەسلىك** «ئىشرەتپەرەس» سۆزىنىڭ ئابستراكت ئىسىم شەكلى: ئىشرەتپەرەسلىك قىلماق.

**ئىشرەتخانا** ئى (ئە+پ) ئىشرەت قىلىنىدىغان جاي؛ ئىشرەتگاھ: ئاتىسى ئەۋەتكەن ئالتۇن-كۈمۈشلەر يوگۇرتتى ھەر ئاخشام ئىشرەتخانىغا، ئۆتكۈزدى ئون يىلنى بېرىلىپ شېرىپ ئىستامبۇل سەتىگى، مەي-شارابىغا.

**ئىشرەتخۇمار** سۈپ (ئە+پ) كەيپ-ساپاغا، ئەيش-ئىشرەتكە ئامراق، ئەيش-ئىشرەتكە بېرىلىشنى، ئەيش-ئىشرەت قىلىشنى ئادەتكە ئايلاندۇرغان: ئىشرەتخۇمار ئادەم. * ياندىشىپ بىرقانچە ئۈلپەت-دوستلىرى، ھەممىسى ئىشرەتخۇمار تەگتۇشلىرى. ئارغىماقلار-غا مىنىپ، ئىرغاڭلىشىپ، ئوۋ قىلاتتى قىشلىقى تاغلار ئېشىپ // ئىشرەتخۇمارلار بۇ يەرگە

دائىم كېلىپ تۇرىدىكەن.

**ئىشرەتگاھ** ئى (ئە+پ) ← **ئىشرەتخانا.**

**ئىشسىز** سۈپ ① قىلىدىغان ئىشى يوق، بىكار، بوش: بىلمىسىزگە ئىش يوق، ئىشسىزغا ئاش يوق (ماقال). * سىلەر بىزگە ئىش ئۆلگۈرتۈپ بەرمەي بىزنى ئىشسىز قويدۇڭلار. * — بىز ئۆزىمىز رېمونت قىلايلى دەپ تىقىپ قويغان، — دېدى بىر ئىشچى، — بولمىسا سىز ئەكتىپ، بىزنى ئىشسىز قويىدىكەنسىز. ② ئىش، خىزمەت بىلەن تەمىنلەنمىگەن؛ ئىش، خىزمەت تاپالمىغان؛ خىزمەتسىز: ئىشسىز ئادەم. * بۇ كىشى ھازىر ئىشسىز ئىكەن، شۇڭا بۈگۈن ئۇ ئۆز ئەھۋالى توغرىسىدا ھال ئېيتىپ كېلىپتۇ. * رۇقىيەنىڭ ئېخىچە ئىشسىز يۈرۈشى ئانىنىڭ بېشىغا غەم سالاتتى-دە، ئۆي ئىچىنى جىمجىتلىق قاپلايتتى.

**ئىشسىز قۇۋۋەت** <فىز> ئېلېكتر زەنجىرىنىڭ ئۇچىدىكى ئېلېكتر بېسىمى بىلەن ئېلېكتر زەنجىرىدىكى ئىشسىز توكنىڭ كۆپەيتمىسى.

**ئىشسىزلار نىسبىتى** <س ئىق> ئىشسىزلار سانىنىڭ پۈتۈن ئەمگەك كۈچى سانىدا تۇتقان نىسبىتى.

**ئىشسىزلىق** «ئىشسىز» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: ھازىر جەمئىيىتىمىزنى ئىشسىزلىق قاپلىدى.

**ئىشەك** مق. يېڭى جىڭدا بەش جىڭغا، كونا جىڭدا تۆت جىڭغا تەڭ كېلىدىغان ئېغىرلىق ئۆلچىمى.

**ئىشەك-نېمئىشەك** كىچىككىنە، ئازراقلا، ئازغىنا: — ھى،.. ھى... ھى، — ئابلا ئىشەنمىگەندەك بېشىنى لىڭشىتىپ كۈلۈپ قويدى، — چاقچاق قىلمىسلا، ئۆزۈڭلار بەرگەن ئىشەك-نېمئىشەك ئاشقا شۈكۈر-قانائەت قىلىپ كەلدىم.

**ئىشتىماق** «ئىششىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: بالا ئۇنىڭ كۆزىنى ئۇرۇپ ئىشىشتى. * — پۈلى ئىككى سوم سەكسەن تىيىنغۇ، كىچىككىنە بىر ئىشقا باش-كۆزۈڭنى يېرىپ، قاپاقلىرىڭنى ھەرە چاققاندەك ئىشىشتىپ بولۇپسەن، — دېدى ئانام.

**ئىششىق** ئى. ئورگانىزم توقۇلمىلىرىنىڭ تاشقى تەسىر ياكى كېسەللىك (بەدەننىڭ مەلۇم قىسمى ياللۇغلىنىش، قىزىرىش، يىرىڭداش، سۇنۇش، قاتتىق ئۇرۇلۇش قاتارلىق كېسەللىك) لەر تۈپەيلى بۆرتۈپ چىقىشى، كۆپچۈشى: ئىششىقنى ياندۇرماق. * بالىنىڭ پۇتىدا پەيدا بولغان ئىششىق تېزىغا چىقتى ۋە بەدىنىنىڭ يۇقىرى تەرىپىگە قاراپ يامىشىشقا باشلىدى. * قىزنىڭ كۆزىدە بىرئاز ئىششىق بار ئىكەن. // ئۇنىڭ يۈزى ئىششىق ئىكەن. * ھېلىقى خوتۇن ئىششىق چىراي كۆرۈندۇ.

**ئىششىقسىمان** سۈپ. ئىششىققا ئوخشايدىغان، ئىششىق شەكلىدىكى: ئىششىقسىمان بەز.

**ئىششىقسىمان بەز** <فىزىئول> ئىچكى ئاجراتما بەزلىرىدىن بىرى. ئۈچىنچى مېڭە قېرىنچىسىنىڭ ئارقىغا جايلاشقان بولۇپ، شەكلى قارىغاي مېۋىسىگە ئوخشايدۇ. يەتتە ياشتىن كىچىك بولغان بالىلارنىڭ ئىششىقسىمان بېزى بىرقەدەر تەرەققىي قىلغان بولۇپ، ئاجرىتىپ چىقارغان مېرمېنتىنىڭ جىنسىي بەزنى تىزگىنلەش رولى بولىدۇ.

**ئىششىماق** پ. ئورگانىزمدا ياكى ئۇنىڭ بىرەر قىسمىدا تاشقى تەسىر ياكى كېسەللىك تۈپەيلى قاپارتما ھاسىل بولماق: ماھىرەنىڭ قاپاقلىرى ئىشىشىپ، كۆزلىرى قىزىرىپ كەتكەنىدى. * بالىنىڭ پۇتلىرى

ئىششىپ، ئورنىدىن تۇرالماس بولۇپ قالدى.

**ئىشغال** ئى (ئە) قولغا ئېلىش، ئىگىلەش، بېسىۋېلىش، تارتىۋېلىش: شەھەرنى ئىشغال قىلماق. ئىستېھكامنى ئىشغال قىلماق. پوتەينى ئىشغال قىلماق.

**ئىشغال قىلماق** قولغا ئالماق، ئىگىلىمەك، بېسىۋالماق، تارتىۋالماق: بىز ئەتىگەن سائەت بەشتىن بۇرۇن دۈشمەن ئىستېھكامىنى ئىشغال قىلغاندۇق. * چېرىكلەر ھەربىر كۆرۈنگەن تاش-گىياھنىمۇ ئادەم دەپ نەچچە مىڭ پاي ئوق ئېتىۋەتتى ۋە خېلى ئىچكىرىلەپ ئادەمسىز ئېدىرلىقلارنى ئىشغال قىلدى.

**ئىشغالىيەت** ئى (ئە) ئىشغال قىلىش ئىشى، ئىگىلىۋېلىش، بېسىۋېلىش، بېسىپ كىرىش: دۈشمەن ئىشغالىيىتىدىكى رايون. * ۋەزىپە ئالغان قىسىمىمىز ئىشغالىيەت دائىرىسىدىكى تاغ-جىلغىلارنىڭ ھەممە يېرىنى تەكشۈردى. قورغان جېڭىدە پىتىراپ كەتكەن قالدۇق دۈشمەنلەر تېپىلمىدى.

**ئىشغالىيەتچى** ئى. ئىشغال قىلغۇچى.

**ئىشق** ئى (ئە) ① يارغا بولغان مۇھەببەت، سۆيگۈ: ئىشق سەۋداسى. يار ئىشقىدا كۆيمەك. * ئىشقى يوق ياردىن ئىسسىق ئوچاق ياخشى (ماقال). * ئىشق ئوتى پۈۋلىگەنگە ئۆچمەس (ماقال). ② زور ئىشتىياق، مەيل: ۋەتەن ئىشقى. بىلىم ئىشقى. * شۇنىڭدىن تارتىپ پولاتنىڭ يۈرىكىنى تراكتورچى بولۇش ئىشقى ئىگىلىدى. * مەنىلىك خۇشال ئۆتىدۇ يىللار. بىلىم ئىشقىدا يانىدۇ دىللار.

**ئىشق سەۋداسى** ئىشق-مۇھەببەتكە ھەددىدىن ئارتۇق بېرىلىش، شۇ يولدا ھەممىنى ئۇنتۇش؛ ئىشق-مۇھەببەت: مەلىكە بۇدۇرنىڭ تاقىتى تاق بولۇپ، دەردى كۆنسىناپ ئېشىۋېرىپتۇ. ئىشق سەۋداسى كۆچەيگەنسېرى كۆز ياشلىرىنى تۆكۈپ تۇرۇپ مۇنداق شېئىرلارنى ئوقۇپتۇ.

**ئىشق ئوتى** مۇھەببەت كۆيۈكى: يارسىز ئۆمرۈم مېنىڭ مىڭ ياشسام بىر كۈنچە يوق، ئىشق ئوتىنىڭ ئالدىدا دوزاخ ئوتى ئۇچقۇنچە يوق.

**ئىشقى چۈشمەك** ياخشى كۆرۈش تۇيغۇسى تۇغۇلماق، كۆڭلى چۈشمەك: يېزىمىزنىڭ بېغىدا ئانار پىشتى يار-يار، داغدار ئىشچى يىگىتكە ئىشقىم چۈشتى يار-يار، داغدار ئىشچى يىگىتكە ئىشقىم چۈشتى يار-يار.

**ئىشقىدا كۆيمەك** ← **ئىشقى ئوتىدا كۆيمەك**: ئۇ ئۆزىنىڭ ئۇنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى، ئۇنىڭ ئىشقىدا كۆيۈپ يۈرگەنلىكىنى ئۇزاق سۆزلىدى.

**ئىشقى ئوتىدا كۆيمەك** مۇھەببەت كۆيۈكىنى تارتماق: ئۆتەي دېسەم شۇ دەريادىن، قورقىمەن جېنىم. ئۆتمەي دېسەم، ئىشق ئوتىدا كۆيىمەن جېنىم.

**ئىشقار** ئى <خىم> ← **ئىشقارلار**.

**ئىشقارنىڭ گرام ئېكۋىۋالېنتى** <خىم> گرام بىلەن ئىپادىلەنگەن مەلۇم مىقدار-دىكى ئىشقارنىڭ ماسسىسى، سانلىق قىممىتى جەھەتتە، ئۇنىڭ ئېكۋىۋالېنتى بىلەن تەڭ بولغاندا، شۇ ئىشقارنىڭ بىر گرام ئېكۋىۋالېنتىغا ۋەكىللىك قىلىدۇ.

**ئىشقار ئېرىتمىسى** <خىم> ئېرىتمە ھالە-تىدىكى ئىشقار.

**ئىشقارخور** سۈپ <خىم> ئىشقار يەيدىغان، ئىشقار قوبۇل قىلىدىغان.

**ئىشقارخۇمار** سۈپ <بىئول> ئىشقارنى ئۆزىگە كۆپ سىڭدۈرگەن. ئىشقارنى كۆپ قوبۇل قىلغان ياكى قوبۇل قىلىدىغان، ئىشقار قوبۇل قىلىش ئىقتىدارى كۈچلۈك: غەيرىي بويىلىدىغان دانىچە دېگىنىمىز بىر خىل ئىشقارخۇمار دانىچە ماددىدىن

ئىبارەت.

**ئىشقارلار** ئى <خىم> ئېلېكترولىت ئىئونلانغاندا ھاسىل قىلغان مەنپىي ئىئوننىڭ ھەممىسى ھىدروكسىل ئىئونى ($OH^-$) بولغان بىرىكمىلەر.

**ئىشقارلىق** سۈپ ① ئىشقارى بار، ئىشقار ئارىلاشتۇرۇلغان: ئىشقارلىق سۇ، ئىشقارلىق بوياقلار. ② ئىشقار ۋاستىسىدە ئىشلىتىلىدىغان: ئىشقارلىق ئاككومۇلياتور.

**ئىشقارلىق بوياقلار** <بىئول> تەركىبىدە ئامىنو گۇرۇپپا ۋە ئىككىلەمچى ئامىنو گۇرۇپپا بولغان رەڭلىك ئورگانىك ئىشقار بىلەن رەڭسىز كىسلاتا (مەسىلەن، تۇز كىسلاتاسى ياكى سۇلفات كىسلاتاسى) نىڭ بىرىكىشىدىن تۈزۈلگەن بوياقلار.

**ئىشقارلىق تۇزلار** <خىم> تەركىبىدە مېتال ئىئونلىرى ۋە كىسلاتا قالدۇقى ئىئونلىرىدىن باشقا، يەنە ھىدروكسىلى بولغان تۇزلار.

**ئىشقارلىق جىنس** <گېئول> ماگما جىنسىنىڭ چوڭ بىر تۈرى. تەركىبىدە سىلىتسىي ئوكسىد ئازراق، ئىشقار ماددىسى كۆپرەك بولىدۇ. ئاساسلىق مىنېرال تەركىبى ئىشقارلىق دالا شپاتى، ھەر خىل دالا شپاتسىمانلار شۇنىڭدەك ئىشقارلىق قېنىق رەڭلىك مىنېراللاردۇر.

**ئىشقارلىق خۇسۇسىيەت** <خىم> بەزى ماددىلاردا بولىدىغان ئىشقارغا ئوخشاش ئاساسلىق خۇسۇسىيەت.

**ئىشقارلىق دالا شپاتى** <گېئول> تەركىبىدە ئىشقارلىق مېتاللاردىن كالىي، ناترىي كۆپ بولغان دالا شپاتىنىڭ ئومۇمىي نامى. ئۇ سۈزۈك دالا شپاتى، ئورتوكلاز، مىكروكلىن، ئانورتوكلاز ۋە تەركىبىدە كالتسىيلىق دالا شپاتى مولېكۇلىسى 5 % تىن ئاز بولغان ئالبىت، شۇنىڭدەك پېرتىت ۋە ئاتپېرلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

**ئىشقارلىق رېئاكسىيە** <خىم> ئىشقارلارنىڭ سۇدىكى ئېرىتمىلىرىدە بولىدىغان ئومۇمىي خۇسۇسىيەت. مەسىلەن، قىرتاق تەمى، قىزىل لاكموس قەغەزنى كۆكەرتىشى قاتارلىقلار.

**ئىشقارلىق سۇ** <گېئول> مىنېراللىشىش دەرىجىسى $50g/\tau$ دىن يۇقىرى بولغان يەر ئاستى سۈيى. ئادەتتە ئۇنىڭدىن خىمىيە سانائىتىنىڭ بەزى خام ئەشيالىرى ئېلىنىدۇ. مەسىلەن، ئاش تۇزى، بور، يود، بروم قاتارلىقلارغا ئوخشاش.

**ئىشقارلىق ئوكسىدلار** <خىم> كىسلاتالار بىلەن رېئاكسىيىلىشىپ تۇز ۋە سۇ ھاسىل قىلىدىغان ئوكسىدلار. مېتاللار ئوكسىدىنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى ئىشقارلىق ئوكسىدلاردۇر.

**ئىشقارىي** سۈپ <خىم> ① ئىشقار ھاسىل قىلغۇچى ياكى ئىشقار ھاسىل قىلىدىغان: ئىشقارىي مېتاللار. ② ئىشقارلىق، ئىشقار خۇسۇسىيىتىگە ئىگە بولغان: ئىشقارىي ئېرىتمە. * قوي سۈتى سەل ئىشقارىي خۇسۇسىيەتلىك بولغاچقا ئاشقازان كىسلاتاسى زىيادە ۋە ئاشقازان يارىسى بار كىشىلەر ئۈچۈن، بىر خىل شىپالىق ئىچىملىك ھېسابلىنىدۇ.

**ئىشقارىي مېتاللار** <خىم> لىتىي، ناترىي، كالىي، روبىدىي، سىزىي ۋە فرانسىي قاتارلىق ئالتە خىل مېتال ئېلېمېنتىنىڭ ئومۇمىي نامى. ئىشقارىي مېتال گىدروكسىدلىرى ئەڭ كۈچلۈك ئاساسلىق بىرىكمىلەردۇر.

**ئىشقارىي يەر مېتاللىرى** <خىم> بېرىللىي، ماگنىي، كالتسىي، سترونتسىي، بارىي ۋە رادىي قاتارلىق ئالتە خىل ئېلېمېنتنىڭ ئومۇمىي نامى. ئىشقارىي يەر مېتاللىرىنىڭ ئوكسىدلىرى ئاساسلىق خۇسۇسىيەتنى ئىپادىلەيدۇ.

**ئىشق-پىراق** ئىشق ۋە پىراق، مۇھەببەت ۋە جۇدالىق: گۈلەمبەر ئانارنى پۇراپ، خۇددى سەمەندەرنى كۆرگەندەك بولۇپتۇ-دە، ئىشق-پىراقى تېخىمۇ كۈچىيىپ يىغلاشقا باشلاپتۇ. * بوۋاي بەرھەمشاھنىڭ مەلىكە گۈلرۇزنىڭ ئىشق-پىراقىدا تەركىدۇنيا بولۇپ يۈرگەنلىكى ھەققىدىكى ئەھۋاللارنى پادىشاھقا بىرمۇبىر بايان قىلىپتۇ.

**ئىشقسىز** سۈپ. ئىشقى يوق، ئىشقى بولمىغان: بىلكى ئابدۇللا، ئىشقسىز كىشىدىن ياخشى گىياھ، سۆيگۈ يانغان دىل ئەبەد ئەتىۋار ھېچ خار ئەمەس.

**ئىشق-مۇھەببەت** ئىشق ۋە مۇھەببەت، سۆيگۈ: ئىشق-مۇھەببەت ھېكايىسى. * ئەپسۇسكى بۇ خەتلەر پەرھات بىلەن ئاينۇرنىڭ ئۆز ئارا يېزىشقان ئىشق-مۇھەببەت خەتلىرى بولۇپ، ئارىسىدا يەنە بىرچاغلاردا ئۆزىنىڭ پەرھاتقا يازغان جاۋاب خېتىمۇ تۇراتتى.

**ئىشقۋاز** سۈپ (ئە+پ) مېھرى چۈشكەن، ھەۋەس قىلغان، مۇھەببەتكە بېرىلگەن، ھەۋەسمەن؛ ھېرىسمەن: ئىشقۋاز ئادەم. * ئۇ يەرنىڭ شاھىدىن تارتىپ پۇقرالىرىغىچە مۇزىكىغا ئىشقۋاز ئىكەن. * تەلىيىمگە ئەخمەتجان تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى تۈگەتكەن، ئىلىم-پەنگە ئىشقۋاز يىگىت ئىكەن. // ئۇ بۇ ساۋاقدىشىنى ئۆزىگە قاتتىق تەلەپ قويىدىغان، مىنۇت-سېكۇنتنى قەدىرلەيدىغان، ئاڭلىق، ئەخلاقلىق بىلىم ئىشقۋازلىرى دەپ قارايتتى.

**ئىشقۋازلىق** «ئىشقۋاز» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: ئەمەت ئۇستا كېيىنكى ئىككى يىلدا گۈللەرنى ناھايىتى ئىشقۋازلىق بىلەن بېرىلىپ پەرۋىش قىلدى. * بۇنى ئۇ ئاساسەن ئۆزىنىڭ ئىلىم-پەنگە بولغان ئىشقۋازلىقى بىلەن قىلدى.

**ئىشقىلىپ** يۈك (ئىش+قىل+ىپ) جۈملىنىڭ بېشىدا كېلىپ، «قانداق بولمىسۇن، قانداقلا بولمىسۇن، ھەرھالدا» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ: كۈچلۈك ھاراق ئاجىز بەدىنىمنى تېزلا كاردىن چىقاردىمۇ ياكى خاپىلىق، خورسىنىش مەست قىلىپ قويدىمۇ، ئىشقىلىپ، مەن ئۇلارنىڭ نېمىلەرنى دېگىنىنى ئۇقالماي ئولتۇرىمەن. * مەن سىزگە قانچىلىق كۆز يېشىم ئاققىنىنى ھېسابلاپ كۆرسەتمەكچى ئەمەسمەن، ئىشقىلىپ كۆز يېشىم ئاقمىغان بىرمۇ كۈن يوق.

**ئىشقىلاتماق** «ئىشقىلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**ئىشقىلاشماق** «ئىشقىلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**ئىشقىلانماق** «ئىشقىلىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**ئىشقىلىماق** پ. قول بىلەن قاتتىق بېسىپ، ھىمرىپ سىلىماق، ھىمرىپ ئەزمەك: نەۋرىخان ئاچىنىڭ ئۇنى ئىچىگە چۈشۈپلا كەتتى، بىئارام بولغىنىدىن، كېپەك يۇقى قوللىرىنى ئىشقىلايتتى. * ھەربىي كىيىم كىيگەن ئوتتۇرا بويلۇق، چاچلىرى ئاقارغان كىشى ھاياجانلانغانلىقىدىن بىردەم قوللىرىنى ئىشقىلاپ گىلەم ئۈستىدە ئۇ ياقتىن-بۇ ياققا ماڭاتتى.

**ئىشكاپ** ئى (ر) ئىچىگە تۈرلۈك نەرسىلەرنى سېلىپ قويىدىغان، تىك ھەم ساندۇقسىمان

جاھاز: كىيىم ئىشكاپى. كىتاب ئىشكاپى. * كەچتە ئۆمەرنىڭ ئۆيىگە باردىم. ئۇ بىر سىرلىق كونۋېرتنى ئىشكاپتىن ئېلىپ بەردى.

**ئىشكال** (توغرىسى: ئىشكەل) ← **ئىشكەل.**

**ئىشكەل** ئى. (ئە) جىنايەتچىلەرنىڭ پۇتىغا سېلىپ قۇلۇپلاپ قويۇلىدىغان، مىتالدىن ياسالغان ھالقىسمان جازا قورالى؛ كىشەن: ئىشكەل سالماق. * «زىندان» نىڭ ئۈستىدىكى تار ئۆيدە ئىشكەل، كويزا، تاقاق، ھەر خىل سىم قامچا، چويۇن، چوماق قاتارلىق جازا قوراللىرى ساقلىناتتى. * چورۇق ئاياغقا، تۆمۈر ئىشكەل بوش كەلدى. جېنىم ئاتام قېشىدىن بۇ يىللاردا كەم كەلدى.

**ئىشكەللەشمەك** «ئىشكەللىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**ئىشكەللەنمەك** «ئىشكەللىمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**ئىشكەللىمەك** پ. ئىشكەل سالماق، ئىشكەل سېلىپ تېز يۈرەلمەس قىلىپ قويماق.

**ئىشلەپچىقارماق** پ (ئىشلەپ+چىقارماق) ئەمگەك ئارقىلىق ماددىي بايلىق ياراتماق: بۇ زاۋۇت كۈنگە ئوتتۇز دانە تېلېۋىزور ئىشلەپچىقىرىدۇ.

**ئىشلەپچىقارغۇچى** سۈپ (ئىشلەپ+چىقارغۇچى) ئىشلەش ئارقىلىق ۋۇجۇدقا چىقىرىدىغان، ئىشلەپچىقىرىدىغان: ئىشلەپچىقارغۇچى رېئاكسىيە قازىنى. ئىشلەپچىقارغۇچى ئورگانىزم.

**ئىشلەپچىقارغۇچى رېئاكسىيە قازىنى** <فىز> يادرو يېقىلغۇسى ئىشلەپچىقىرىشتا ئىشلىتىلىدىغان رېئاكسىيە قازىنى.

**ئىشلەپچىقارغۇچى ئورگانىزم** <بىئول> ئېكولوگىيىلىك سىستېمىدىكى يېشىل ئۆسۈملۈكلەرگە ئوخشاش فوتوسىنتېز رولى ئارقىلىق قۇياش ئېنېرگىيىسىنى مۇقىملاشتۇرۇپ، بارلىق جانلىقلار پايدىلىنالايدىغان خىمىيىلىك ئېنېرگىيىگە ئايلاندۇرۇش بىلەن ئېكولوگىيىلىك سىستېما ئۈچۈن ئېنېرگىيە توپلايدىغان ئورگانىزملار.

**ئىشلەپچىقارغۇچىلار** <بىئول> ئېكولوگىيىلىك سىستېمىدىكى ئۆزىدىن ئوزۇقلىنىدىغان ئورگانىزملار.

**ئىشلەپچىقىرىش** ئى (ئىشلەپ+چىقىرىش) <س ئىق> كىشىلەرنىڭ ماددىي بايلىق يارىتىش جەريانى، يەنى كىشىلەرنىڭ ئەمگەك ئوبيېكتىنى ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرىدىن پايدىلىنىپ ئۆزگەرتىش يولى بىلەن ئۆزلىرىنىڭ ئېھتىياجىغا ماسلاشتۇرۇشى.

**ئىشلەپچىقىرىش ئامىللىرى** <س ئىق> ماددىي ۋاستىلەرنى ئىشلەپچىقىرىش ئۈچۈن ھازىرلاش زۆرۈر بولغان ئامىل ياكى شەرتلەر، يەنى ئەمگەكچىلەر ۋە ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرى.

**ئىشلەپچىقىرىش ئەمگەك ئۈنۈمدارلىقى** <س ئىق> ئەمگەكچىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى ياكى ئۈنۈمى.

**ئىشلەپچىقىرىش ئەمگىكى** <س ئىق> ماددىي بايلىق يارىتىدىغان ئەمگەك.

**ئىشلەپچىقىرىش باھاسى** <س ئىق> تاۋار قىممىتىنىڭ ئۆزگەرگەن شەكلى. ئۇ تاۋار تەننەرخى باھاسىغا ئوتتۇرىچە پايدىنى قوشقانغا باراۋەر.

**ئىشلەپچىقىرىش پىلانى** <س ئىق> بەلگىلىك مۇددەت ئىچىدە ئورۇنلاشقا تېگىشلىك بولغان مەھسۇلات تۈرى. مەھسۇلات مىقدارى، مەھسۇلات سۈپىتى، ئىشلەپچىقىرىش ۋاقتى ۋە مەھسۇلات قىممىتىگە ئوخشاش تۈرلۈك ئىشلەپچىقىرىش

ۋەزىپىلىرى بەلگىلىنىدىغان پىلان.

**ئىشلەپچىقىرىش تارماقلىرى** <س ئق> ماددىي ۋاستىلەرنى ئىشلەپچىقىرىش بىلەن شۇغۇللىنىپ، ماددىي بايلىق يارىتىدىغان بارلىق كارخانا ۋە ئورۇنلارنىڭ ئومۇمىي نامى.

**ئىشلەپچىقىرىش تازىلىقى** <س ئق> ئىشلەپچىقىرىش جەريانىدا ئەمگەكچىلەرنىڭ سالامەتلىكىنى قوغداش ۋە كەسپىي - كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن قوللىنىلىدىغان ھەر خىل تازىلىق تەدبىرلىرى.

**ئىشلەپچىقىرىش تەننەرخى** <س ئق> كارخانا بەلگىلىك مەھسۇلات ئىشلەپچىقىرىش ئۈچۈن سەرپ قىلغان بۇيۇملاشقان ئەمگەك ۋە جانلىق ئەمگەكنىڭ پۇل بىلەن ئىپادىلىنىشىنىڭ ئومۇمىي يىغىندىسى.

**ئىشلەپچىقىرىش تىپى** <س ئق> سانائەت كارخانىلىرى (ياكى سېخ، ئۇچاستىكا، گۇرۇپپا، ئىش ئورنى) ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ھۈنەر-سەنئەت، تېخنىكا جەريانى بىلەن ئىشلەپچىقىرىش تەشكىللىنىشنىڭ خۇسۇسىيىتىگە ئاساسەن ئايرىغان ئىشلەپچىقىرىش تىپلىرى. ئادەتتە ئاددىي ئىشلەپچىقىرىش ۋە مۇرەككەپ ئىشلەپچىقىرىش دەپ ئىككى خىل بولىدۇ.

**ئىشلەپچىقىرىش چارۋىسى** <زوئول> ئىنەك، بۇقا، ئايغىر، قوچقار ۋە ساغلىقتا ئوخشاش يېتىلگەن، ئۇرۇقلاندۇرۇپ كۆپەيتكىلى بولىدىغان، داۋاملىق مەھسۇلات بېرىدىغان چارۋىلار.

**ئىشلەپچىقىرىش خاراكتېرلىك قۇرۇلۇش** <س ئق> بىۋاستە ماددىي ئىشلەپچىقىرىشقا ئىشلىتىلىدىغان ياكى ماددىي ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرىدىغان ئاساسىي قۇرۇلۇش. ئۇ سانائەت، يېزا ئىگىلىك، بىناكارلىق قۇرۇلۇشى، جۈملىدىن ترانسپورت، پوچتا-تېلېگراف ۋە سودا قۇرۇلۇشلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

**ئىشلەپچىقىرىش خاراكتېرلىك مۇئامىلە خىراجىتى** <س ئق> مۇئامىلە ساھەسىدە، ئىشلەپچىقىرىش جەريانى بىلەن ئۈزلۈكسىز مۇناسىۋەتلىك بولغان خىراجەت.

**ئىشلەپچىقىرىش خاراكتېرلىك ئوبوروت خىراجىتى** <س ئق> ئىشلەپچىقىرىش جەريانى ئۈچۈن ئوبوروت ساھەسىدە داۋاملىق زۆرۈر بولغان خىراجەت. ئۇ توشۇش، ئوراش-قاچىلاش، ساقلاش ۋە پىششىقلاپ ئىشلەش قاتارلىق ئىشلارنىڭ خىراجىتىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ خىراجەت تاۋارنىڭ قىممىتىنى كۆپەيتىدۇ.

**ئىشلەپچىقىرىش خىراجىتى** <س ئق> كارخانىنىڭ مۇئەييەن مەزگىلدە مەھسۇلاتنى ئىشلەپچىقىرىش ئۈچۈن سەرپ قىلغان ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنىڭ قىممىتى ۋە ئەمگەكچىلەرگە تۆلەپ بېرىلگەن ئەمگەك ئىش ھەققى شۇنىڭدەك باشقا باشقۇرۇش خىراجىتىنىڭ يىغىندىسى.

**ئىشلەپچىقىرىش فوندى** <س ئق> سوتسىيالىستىك دۆلەتنىڭ ياكى كارخانىنىڭ ئىلكىدە بولىدىغان ۋە ئىشلەپچىقىرىش ساھەسىدە تۇرۇۋاتقان بىر قىسىم فوند.

**ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرى** <س ئق> كىشىلەر ئىشلەپچىقىرىش داۋامىدا ئەمگەك ئوبيېكتىنى پىششىقلاپ ئىشلەشكە ئىشلىتىلىدىغان قوراللار.

**ئىشلەپچىقىرىش كاپىتالى** <س ئق>

ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرى ۋە ئەمگەك كۈچلىرى شەكلىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغان، ئىشلەپچىقىرىش جەريانىدا رول ئوينايدىغان كاپىتال.

**ئىشلەپچىقىرىش كاپىتالىنىڭ ئايلىنىشى** <س ئىق> ئىشلەپچىقىرىش ئامىللىرى فورماتسىيىسى ھالىتىدە تۇرغان كاپىتالنىڭ ئايلىنىش ھەرىكىتى.

**ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى** <س ئىق> كىشىلەرنىڭ تەبىئەتنى بويسۇندۇرۇش ۋە ئۆزگەرتىش ئىقتىدارى. ئۇ كىشىلەرنىڭ ئىشلەپچىقىرىش داۋامىدىكى تەبىئەت بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ.

**ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋىتى** <س ئىق> كىشىلەرنىڭ ماددىي ۋاسىتىلارنى ئىشلەپچىقىرىش جەريانىدا شەكىللەنگەن ئىجتىمائىي مۇناسىۋىتى. ئۇ ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرىگە بولغان مۈلۈكچىلىك شەكلى، كىشىلەرنىڭ ئىشلەپچىقىرىش جەريانىدىكى ئورنى، ئۆزئارا مۇناسىۋىتى ۋە مەھسۇلاتلارنىڭ تەقسىم قىلىنىش شەكلى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرىگە بولغان مۈلۈكچىلىك شەكلى ھەل قىلغۇچ رول ئوينايدۇ.

**ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرىنىڭ تۈرلىرى** <پەلس> ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرىنىڭ تارىختا كۆرۈلگەن ئىپتىدائىي جامائە تۈزۈمى، قۇلدارلىق تۈزۈمى، فېئوداللىق تۈزۈمى، كاپىتالىزم تۈزۈمى ۋە سوتسىيالىزم تۈزۈمىدىن ئىبارەت بەش خىل تۈرى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

**ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئىجتىمائىيلىشىشى** <س ئىق> تارقاق، كۆلىمى كىچىك يەككە ئىشلەپچىقىرىشنىڭ مەركەزلىشىپ، كۆلىمى چوڭ ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىشقا ئايلىنىش جەريانى.

**ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلى** <س ئىق> ئىنسانلار ھايات كەچۈرۈش ۋە راۋاج تېپىش ئۈچۈن كۆزلىگەن ماددىي بۇيۇملارغا ئېرىشىش ئۇسۇلى. ئۇ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى بىلەن ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرىدىن ئىبارەت ئىككى تەرەپنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

**ئىشلەپچىقىرىش ئۈنۈمى** <س ئىق> ئىشلەپچىقىرىش ئۇسكۇنىلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش جەريانىدىكى ئۈنۈمى.

**ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرى** <س ئىق> ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچىدىكى ماددىي ئامىل. ئۇ ئەمگەك ۋاسىتىلىرى بىلەن ئەمگەك ئوبيېكتىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

**ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرىگە بولغان خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىك** <س ئىق> ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرىگە خۇسۇسىيلار ئىگىدارچىلىق قىلىش شەكلى. ئۇ بىرىنچى قېتىملىق كەڭ ئىجتىمائىي ئىش تەقسىماتىدىن كېيىن ئىپتىدائىي جەمئىيەتتە بارلىققا كەلگەن.

**ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرىگە بولغان مۈلۈكچىلىك** <س ئىق> ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرىنىڭ كىمنىڭ (شەخسنىڭ، سىنىپنىڭ، گۇرۇھنىڭ ياكى جەمئىيەتنىڭ) ئىلكىدە بولۇش شەكلى، يەنى كىشىلەرنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرىنى ئۆزلەشتۈرۈش جەھەتتە شەكىللەنگەن مۇناسىۋەت.

**ئىشلەپچىقىرىش ئىسلاھاتى** <س ئىق> جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى يېڭى قۇرۇلغان

مەزگىلدە ئەمدىلا مۇسادىرە قىلىنغان
بيۇروكرات كاپىتالىستىك كارخانىلارغا
سوتسىيالىستىك ئىگىلىك باشقۇرۇش
پرىنسىپى بويىچە ئېلىپ بېرىلغان دەسلەپ-
كى ئىسلاھات.

**ئشله پچقرىش ئقتدارى** <س ئق>
سانائەت تارمىقى، كارخانا، سېخ،
ئۇچاستىكا ياكى بىرەر گۇرۇپپا ئۇسكۇنى-
لىرىنىڭ مۇئەييەن ۋاقىت ئىچىدە ئىشلەپ-
چىقىرالايدىغان مەلۇم مەھسۇلاتىنىڭ ئەڭ
يۇقىرى مىقدارى ياكى يىل (كۈن)
ئىچىدە پىششىقلاپ بىر تەرەپ قىلىپ
كېتەلەيدىغان مەلۇم خام ئەشيالارنىڭ
ئەڭ زور مىقدارى.

**ئشله پچقرىلغان** «ئىشلەپچىقىرىلماق»
پېئىلىنىڭ سۈپەتدىشى: ئىشلەپچىقىرىلغان
مەھسۇلات.

**ئشله پچقرىلغان مەھسۇلات** <س ئق>
سانائەت-كارخانىسىدا ئىشلەپچىقىرىشى
تاماملىنىپ، شۇ كارخانىدا قايتا پىششىق-
لاپ ئىشلەنمەيدىغان ھەمدە ئۆلچەمگە
توشىدىغان ۋە ھەر ۋاقىت سېتىشقا
بولىدىغان يېڭى مەھسۇلات.

**ئشله تكۈزمەك** «ئىشلىمەك» پېئىلىنىڭ
قوش مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئاتام خالىسىمۇ،
لېكىن مەن ئاتامنى كۈنىگە يىگىرمە سائەت
ئىشلەتكۈزۈپ ئوقۇشقا رازى بولمىدىم.

**ئشله تكۈزۈلمەك** «ئىشلەتكۈزمەك»
پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**ئشله تمەك** ① «ئىشلىمەك» پېئىلىنىڭ
مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇ مېنى ھەر
كۈنى ئون سائەتتىن ئارتۇق ئىشلىتىدۇ.
② پايدىلانماق، قوللانماق، ئىشقا سالماق؛
رولى ۋە كۈچىنى جارى قىلدۇرماق:
ئەسۋاب ئىشلەتمەك. ماتېرىيال ئىشلەتمەك.
قەغەز ئىشلەتمەك. جابدۇق ئىشلەتمەك.
سايمان ئىشلەتمەك. سۆز ئىشلەتمەك. * —
ھېلى بولسىمۇ، شەرىئەت ھۆكۈمىنى ئىشلىتىپ
باقساقمىكىن، — دېدى ھوشۇر ئىمام، ئۆز
گېپىگە ئۆزى ئىشەنمىگەندەك بىز ئاھاڭدا.
③ خەجلىمەك؛ سەرپ قىلماق: پۇل
ئىشلەتمەك. ياغ ئىشلەتمەك. سۇ ئىشلەتمەك.
* بىز تاماققا كۈندە يېرىم كىلو گىرام گۆش
ئىشلىتىمىز.

**ئشله ش - ئوقۇش** ئىشلەش ۋە ئوقۇش.

**ئشله ش- ئوقۇش مەكتىپى** <قا>
دۆلىتىمىزدە قانۇنغا خىلاپ ھەرىكەتلەردە
ۋە يېنىكرەك جىنايى ھەرىكەتلەردە
بولغان ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىغا
قارىتا ئالاھىدە تەربىيە بېرىپ، ئۆزگەر-
تىدىغان، يېرىم ئىشلەپ يېرىم ئوقۇش
مەكتىپى.

**ئشله شمەك** «ئىشلىمەك» پېئىلىنىڭ
ئۆملۈك دەرىجىسى: ھېيت پاكار ساتتارنىڭ
قەدىناس دوستى. ئۇلار ئۇزۇن يىللار بىللە
ئىشلەشتى. * دەرۋەقە ئۇزۇن ئۆتمەي
ئوقۇتقۇچىلار كېلىپ ياردەملەشتى. مەھەل-
لىدىكىلەرمۇ كېلىپ ئىشلەشتى، لېكىن ئۆمەرجان
ئادىتىنى ئۆزگەرتمىدى.

**ئشله كسز** سۈپ. ئىشلەنمەي، ئىشلەنمە-
گەن، ئىشلەپ بولۇنمىغان: قولۇم-قوشنىلار
ئۆزلىرىگە تەقسىم قىلىپ بېرىلگەن يەرلىرىگە
بەس-بەس بىلەن ئىشلەپ، تېرىلغۇ تەييارلىقىغا
جىددىي كىرىشىپ كەتتى، لېكىن بىزنىڭ
ھۆددىگە ئالغان يېرىمىز ئىشلەكسىز تۇراتتى.

**ئشله مچان** سۈپ. ئىشلەشنى ياخشى
كۆرىدىغان، ئەمگەك سۆيىدىغان،
ئەمگەك سۆيەر، ئىشچان: بۇ بالا كىچى-
كىدىنلا شۇنداق ئىشلەمچان، ئەقىللىق بىر
بالا بولدى. * بۇرۇن، باپكاخۇن دېگەن بىر

ئىشلەمچان ئادەم ئۆتكەنىكەن. بۇ ئادەمنىڭ قىلمىغان ئىشى، ئىشلىمىگەن يېرى قالماپتۇ. شۇنداق ئىشلىسىمۇ زادىلا چاپىنى تىزىدىن ئاشماپتۇ.

**ئىشلەمچى** ① ئى. جىسمانىي ئەمگەك بىلەن تىرىكچىلىك قىلغۇچى ئادەم؛ مەدىكار؛ ئەمگەكچى: مېرۇل قىبرىنىڭ چاپارمەنلىرى ھەرىكەتكە كەلسىمۇ، ئىشلەمچى-لەر بۇنىڭغا پىسەنت قىلمىدى. * لەڭ توشۇغۇچى ھارۋىكەشلەر، نەسەنىنىڭ كۆزگى بۇغداي ئورمىسىدىن قايتقان ئىشلەمچىلەر قۇربان قىلىچقا ئاپىرىن ئېيتىشتى. // ئۇ ئەمدى نەچچە يىلدىن بېرى يىغىلغان كەپەر مايىقى بىلەن يەرنى ئوغۇتلاپ، ئىشلەمچى دېھقان بولۇپ قالدى. ② سۈپ. ئەمگەكچان، ئىشچان: شۇنىڭ بىلەن ھېلىقى ئوتتۇنچى قىزى بىلەن بەخت-دۆلەتكە ئىگە بولۇپ، قىزنى ئۆزىگە ئوخشاش ساددا بىر ئىشلەمچى يىگىتكە توي قىلىپ بېرىپ، خاتىرجەم ۋە خۇشال-خۇرام كۈن كەچۈرۈشكە نىكەن.

**ئىشلەمچىلىك** «ئىشلەمچى» سۆزىنىڭ ئابستراكت ئىسىم شەكلى: ئىكەن ئەسلى جىنىنىڭ قەستى شاپتۇلدا، تاغام مېنى چۈشۈرۈپتۇ قىلتاققا. شۇندىن باشلاپ قالدىم تامام كوچىدا، مەجبۇر بولدۇم ئىشلەمچىلىك قىلماققا

**ئىشلەنگەن** «ئىشلەنمەك» پېئىلىنىڭ سۈپەتدىشى: ئىشلەنگەن دېتال.

**ئىشلەنگەن دېتال** <ماشىن> خىزمەت ئوبيېكتى قىلىنغان دېتال، كۆپىنچە ماشىنا ئارقىلىق پىششىقلاپ ئىشلىنىۋاتقان دېتال كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

**ئىشلەنمە** ئى <ماشىن> ماشىنىلىق پىششىقلاپ ئىشلەش جەريانىدىكى ئەمگەك ئوبيېكتى.

**ئىشلەنمەك** «ئىشلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئىش ئىشلىنىپ بولدى. * بىزنىڭ ئىدارىدا سىياسىي خىزمەت ياخشى ئىشلەندى. * ئۇ پىچاقنىڭ دەستىسىگە ئىشلەنگەن چىرايلىق نەقىشلەرگە كۆز سالدى. * يېڭى چىققان بۇ دىنام ئەسلىدە تەتۈر ئايلىنىدىغان ئۇسكۈنىلەر ئۈچۈن ئىشلەنگەنىدى

**ئىشلەتتىش** «ئىشلەتمەك» پېئىلىنىڭ يەنە بىر خىل ئىسىمدىشى: ئىشلەتتىش ھوقۇقى.

**ئىشلەتتىش ھوقۇقى** <قا> مال-مۈلۈكنىڭ ماھىيىتىنى ئۆزگەرتىۋەتمەي ئىشلىتىپ بىلىش ھوقۇقى. بۇ ھوقۇق ئومۇمەن ئىگىدارچىلىق قىلغۇچىغا مەنسۇپ بولىدۇ.

**ئىشلەتتىش-پىلانلاش** ئىشلەتتىش ۋە پىلانلاش.

**ئىشلەتتىش-پىلانلاش ئىلمى** <س ئىق> ھازىرقى زامان ماتېماتىكىسىنىڭ، خۇسۇسەن ستاتىستىكىسىنىڭ ئۇتۇقلىرىدىن پايدىلىنىپ، ئادەم كۈچى ۋە ماددىي كۈچلەرنى ئىشلەتتىش ۋە پىلانلاشنى تەتقىق قىلىپ، ئادەم كۈچى ۋە ماددىي كۈچنىڭ ئومۇمىي ئۈنۈمىنى ئەڭ تېجەشلىك بىلەن قوللىنىش مەقسىتىگە ئىگە قىلىش توغرىسىدىكى پەن. ئۇ XX ئەسىرنىڭ 40-يىللىرىدا شەكىللىنىشكە باشلىغان.

**ئىشلەتتىشمەك** «ئىشلەتمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**ئىشلىتىلمەك** «ئىشلەتمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئۇ دورىلار پەقەت بىرەر نەرسە بىلەن زەھەرلەنگەن كېسەللىكلا مۇشۇنداق يۇقىرى مىقداردا ئىشلىتىلەتتى. * ئىدارىمىزدا ھېچبىر قىممىتى يوق، ئەرزىمەس ئىشلارغا ماشىنا ئىشلىتىلىۋاتىدۇ. * يېقىندا مېكسىكىدا قۇياش ئېنېرگىيىسى بىلەن ماڭىدىغان

چوڭ تېپىنكى سائەت ياسالدى ۋە رەسمىي
ئىشلىتىلدى. * بۈگۈن تۇپتوغرا بەش يۈز كوي
پۇل ئىشلىتىلدى.

**ئىشلىق** سۈپ. قىلىدىغان ئىشى بار: ئىشلىقنىڭ
ئىشى پۈتەر، ئىشسىزنىڭ كۈنى ئۆتەر (ماقال).

**ئىشلىق قۇۋۋەت** <فىز> توكنىڭ سىرتقا
قارىتا ئىش ئىشلەيدىغان قۇۋۋىتى ۋە
ئېلېكتر زەنجىرىنىڭ ئەمەلىي سەرپ
بولىدىغان قۇۋۋىتى. ئادەتتە ئۇ P بىلەن
ئىپادىلىنىدۇ. بىرلىكى ۋات ياكى كىلوۋات.

**ئىشلىمەك** پ ① ئىش بىلەن مەشغۇل
بولماق، ۋاقتىنى ئىش قىلىش بىلەن
ئۆتكۈزمەك، ئەمگەك قىلماق، مېھنەت
قىلماق: زاۋۇتتا ئىشلىمەك. كۆمۈر كېنىدا
ئىشلىمەك. ئېتىزدا ئىشلىمەك. * بوي ئىشلى-
مەس، قول ئىشلەر (ماقال). * كەمبەغەل
ئىشلەپ هارماس، باي چىشلەپ (هارماس)
(ماقال). * شۇ كۈنى ئەخمەتجان قاسىمى
ھەممىدىن كۆپ ئىشلىدى ۋە ھەممىدىن كۆپ
كۆچەت تىكتى. ② بىرەر خىزمەتنى
ئۆتىمەك، خىزمەت قىلماق، ئادا قىلماق،
بېجىرمەك ياكى مۇلازىمەت قىلماق:
ئىدارىدا ئىشلىمەك. دىرېكتور بولۇپ ئىشلىمەك.
ئۇستامنىڭ قولىدا شاگىرت بولۇپ ئىشلىمەك.
مەكتەپتە ئىشلىمەك. * گۈلجەننەت مۇشۇ
دوختۇرخانىدا ئىشلەيدۇ. * بىز مۇشۇ بۆلۈمدە
ئىلمىي خادىم بولۇپ ئىشلىگىلى ئون يىلدىن
ئاشتى. ③ بىرەر ئىشنى، ۋەزىپىنى
ھۆددىگە ئالغان ئاساستا ئىش قىلماق:
مەن كېيىنچىرەك مەدەنىيەت-مائارىپ بۆلۈمىنىڭ
مۇدىرى بولۇپ ئىشلىدىم. * كېيىنچە بىر
كۈندە ئىككى قېتىم بېرىلىدىغان تاماق قالدۇق-
لىرىنىڭ يىغىندىسى ئۈچۈن چوڭ بىر ئاشپۇزۇلدا
سۇ توشۇغۇچى بولۇپ ئىشلىدى. ④ بىرەر
نەرسە ياسىماق، ياساپ چىقارماق،
هازىرلىماق: قەغەز ئىشلىمەك. توخلاتقۇ
ئىشلىمەك. * ئۇنىڭ ئۆزۈن قۇيرۇقى، ئاپئاق
تۈكى بار، ئوتتا سالسا كۆيمەيدۇ دەپ
ھېسابلايتتى، شۇڭا ئۇنىڭدىن چىراغ پىلىكى،
ئوتتىن قوغدىنىش رەختى ئىشلەيتتى.
⑤ بىرەر نەرسىنى، ئىشنى يوقلۇقتىن
بارلىققا كەلتۈرمەك، ئىجاد قىلماق،
ياراتماق، ۋۇجۇدقا چىقارماق: فىلىم
ئىشلىمەك. * چاپلىن ئۆزىنىڭ بۇ خاس
ئۇسلۇبى بىلەن 1915-يىلدىن باشلاپ ئوتتۇز
يىلغا يېقىن ۋاقىت ئىچىدە قىرىق نەچچە
كىنو ئىشلىدى. * ھېلىقى «قادىر مەۋلا-
نەم»، «يارۇ» دېگەن ناخشىلارغا ئاھاڭ
ئىشلىگەن يىگىت مۇشۇ. ⑥ قىلماق، تىكمەك:
كۆڭلەككە كەشتە ئىشلىمەك. ⑦ ھەرىكەت-
تە بولماق، رولى بولماق، كارغا كەل-
مەك: بۇ ماشىنا ھازىرمۇ ئىشلەيدۇ.
⑧ ئۆز فۇنكسىيىسىنى، رولىنى، ئىقتىدار-
نى، ۋەزىپىسىنى نورمال جارى قىلماق،
ئەسلىدىكى خىزمەت ئىقتىدارىنى
ساقلىماق: كاللىسى ئىشلىمەك. * ئۇنىڭ
ئوڭ كۆزى ئىشلىمەيدۇ. * ئادىل زاۋۇتقا
قايتىپ كەلدى. ئۇنىڭ مېڭىسى ھېچ نەرسىگە
ئىشلىمەيتتى. * بالىنىڭ ئاشقازىنى ياخشى
ئىشلىمەيدىغان بولۇپ قېلىپتۇ. * ئانام قېرىغىنى
بىلەن، ئۇنىڭ ئاشقازىنى ياخشى ئىشلەيدۇ.
⑨ ئەسقاتماق، كارغا كەلمەك، رولى
بولماق: سېنىڭ ھۈنىرىڭ بۇ يەردە ئىشلىمەي-
دۇ. * ھازىر داۋالاش كىنىشكىسى ئىشلىمەيدى-
غان بولۇپ قالدى. * تىنچلىق ۋاقتى كەلگەن-
دە بولسا، بۇنداق ھەربىي قابىلىيەت ئىشلىمەي-
دۇ. ⑩ بىرەر ئىش، مەسىلە قاتارلىقلار-
نى ھازىرلىماق، تەييارلىماق، بېجىرمەك:
تاپشۇرۇق ئىشلىمەك. لايىھە ئىشلىمەك. * بۇ
ئوقۇغۇچى بېرىلگەن مەسىلىنى دوسكىغا

ئىشلىدى. * بىر نەچچە كۈن ئۆتتى. بۆلۈمدە ماقالە ئىشلەۋاتاتتىم، ئىشىك ئېچىلىپ، ئىدارە كادىرلار بۆلۈمىنىڭ باشلىقى كىرىپ كەلدى.

**ئىشلەپ تۇرغان كاپىتال** <س ئىق> كاپىتالنىڭ ھەرىكىتى جەريانىدا، كاپىتالىستنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ياكى قوشۇمچە قىممەتنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا ئىشلەتكەن كاپىتالى. ئۇ سانائەت كاپىتالى ۋە سودا كاپىتالىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

**ئىشلەپ ئوقۇش** <مائار> بىر خىل مائارىپ تۈزۈمى. بۇنىڭدا، ئوقۇغۇچىلار بىر تەرەپتىن ئىشلەپ، يەنە بىر تەرەپتىن ئوقۇيدۇ، ئەھۋالغا قاراپ يېرىم كۈن ئوقۇپ، يېرىم كۈن ئىشلىشى ياكى بىر كۈن ئوقۇپ، بىر كۈن ئىشلىشى ۋە ياكى ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئالدىراش ۋاقىتلىرىدا كۆپرەك ئىشلەپ، باشقا ۋاقىتلاردا كۆپرەك ئوقۇشى مۇمكىن. قىسقىسى، ئومۇمىي ۋاقىتنىڭ يېرىمى ئوقۇشقا، يېرىمى بولسا ئىشلەپچىقىرىشقا سەرپ قىلىنىدۇ.

**ئىشلىگەن چىشلەيدۇ** ئىشلەپ ئەجىر قىلغان كىشى، قىلغان ئىشىنىڭ ھۇزۇر-ھالاۋىتىنى كۆرىدۇ، تېگىشلىك ھەققىنى ئالىدۇ: سوتسىيالىزمنىڭ تېگى-تەكتىدىن ئېيتقاندا بىرلا قانۇنى بار، ئۇ بولسىمۇ — «ئىشلىگەن چىشلەيدۇ»، تېخىمۇ ئېنىق ئېيتساق «قابىلىيىتىگە يارىشا ئىشلەش، ئەمگىكىگە يارىشا ھەق ئېلىش» دېگەندىن ئىبارەت.

**ئىشمەك** ئى ① توقۇمىنىڭ ئاستىغا ئورتىلغان، سېلىنغان نېپىز قىسمى؛ تەرلىك. ② قاپقاننىڭ تېگىگە قويىدىغان كىگىز.

**ئىشمەك توقۇم** توقۇمنىڭ ئاستىغا سېلىنىدىغان نېپىز توقۇم، توقۇمنىڭ تەرلىكى.

**ئىش-ھەرىكەت** ئىش ۋە ھەرىكەت، پائالىيەت: ئۇنىڭ ئىش-ھەرىكىتىدىن ياخشى ئادەم ئىكەنلىكى چىقىپ تۇرىدۇ. * — مېنىڭ بۇرۇنقى ئىش-ھەرىكىتىم ھازىرقى سۆزۈمگە گۇۋاھ بولار، — دېدىم مەن ئاتامنىڭ سوئالىغا جاۋابەن.

**ئىش-ئوقەت** تىرىكچىلىك، جان بېقىش، تۇرمۇشنى قامداش يولىدا قىلىنغان ھەرىكەت، ئەمگەك، تىجارەت؛ جاھاندارچىلىق: باشقا شەھەرلەرگە بېرىپ ئىش-ئوقۇت قىلايلى دەپ چىقىۋىدۇق، بۇ يەرگە كەلگەندە كەچ بولۇپ قالدى. * ئۇلار دادىسىنىڭ يۆكىنى يېنىكلىتىش ئۈچۈن ئىش-ئوقەتنىڭ يولىغا چۈشمەكچى بوپتۇ.

**ئىشۋاز** ئى. ئىشقا بېرىلگەن، داۋاملىق ئىشلەپ تۇرىدىغان ئادەم: لېكىن مەن ھەر مىللەت چالغۇ ئەسۋابلىرىنى ياساش ئىشۋازلىرىدىن، — دېدى نىزام. // سېنى ئىشۋاز ئادەم قىلىپ قويىدىكەن، ئىشۋاز ئادەملەر ھامان ئۆزىنىڭ كەلگۈسى توغرىسىدا كەم ئويلايدۇ، كۈندىلىك ئىشلارنى كۆپرەك ئويلايدۇ، ئېشىپ كەتسە ئەتىسى ياكى ئۆگۈنى قىلىدىغان ئىشلارنىلا ئويلاپ قويىدۇ.

**ئىشۋازلىق** ئى. ئىشقا بېرىلىپ، كىرىشىپ كېتىش، ھەركۈنى دېگۈدەك باش كۆتۈرمەي ئىشلەش: ئىشۋازلىق قىلماق. * ئىشۋازلىق بىلەن بولۇپ كېتىپ، ئادىمگەرچىلىكتىن قالدۇق، ئۇرۇق-تۇغقانلىرىمىزنى ۋاقتىدا يوقلىيالمىدۇق.

**ئىش-ئېنېرگىيە** ئىش ۋە ئېنېرگىيە.

**ئىش-ئېنېرگىيە پرىنسىپى** <فىز> جىسىم سىستېمىسىنىڭ مېخانىكىلىق ئېنېرگىيىسىنىڭ ئارتقان مىقدارى سىرتقى كۈچنىڭ ئىشلىگەن ئىشى بىلەن غەيرىي كونسېرۋاتىپ ئىچكى كۈچنىڭ ئىشلىگەن ئىشىنىڭ ئالگېبرالىق يىغىندىسىغا تەڭ دېگەندىن

ئىبارەت پرىنسىپ.

**ئىشتكۈزمەك** «ئىشتمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**ئىشتكۈزۈلمەك** «ئىشتكۈزمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**ئىشتمەك** پ ① تاۋۇش ئاڭلاش ئورگانىزمى ئارقىلىق قوبۇل قىلماق، ئاڭلىماق: گەپ ئىشتمەك، ھاقارەت ئىشتمەك. * ئۇلار بىر باغدىن قومۇشقا مىنىپ دەرباغا چۈشۈپتۇ، ئەمدى سۆزنى مەلىكىدىن ئىشتىمىز. * بۇ سۆزنى تامام بەگلەر ئىشتىپ، خىجىل بولۇپ، بۇلارنىڭ ئەقىل-پاراستىگە ئاپىرىن ئوقۇدى. ② قۇلاق سالماق، تىڭشىماق: بۇ كۆڭلەردە ئۇنىڭ دەردىنى كىم ئىشتمەكچى؟ * كىم ئىشتكەي مېنىڭ دەردىم، كىمگە يەتكەي دادۇئەرزىم. كەلمەس يېنىپ ئەمدى بەختىم، گۈلباھارىم كەلمگۈنچە. ③ ئاڭلاپ خەۋەر تاپماق، بىلمەك، خەۋەردار بولماق، باشقىلارنىڭ گەپ-سۆزىدىن بىلىۋالماق: – ئۆزۈڭدىن بىرى شۆھرەتلىرىنى ئىشتىپ يۈرىمەن، قانداق قىلىپ تەقدىر-پەلەك سىلەرگە يار بەرمەيۋاتىدۇ؟ – دېدى ئۇ. * داڭقىڭنى تولا ئىشتتىم، قاشىڭغا باراي دەيمەن. باغىڭنىڭ گۈلىكە نسەن، شاخىڭغا قوناي دەيمەن.

**ئىشتىشمەك** «ئىشتمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**ئىشتىلمەك** «ئىشتمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: – بىرنەچچە خىل غەيرىي ئاۋاز بار، – دېدى سېكرېتار ئادىلغا، – سىلەرگىمۇ بىلىندىمۇ، ياكى مېنىڭ قۇلىقىمغا شۇنداق ئىشتىلەمدۇ؟ * باغدا شىپاڭدا ياتقان خېنىمنىڭ قۇلىقىغا ناخشا ئاۋازى ئىشتىلىپ، بۇرنىغا يۇرتىنىڭ پۇرىقى پۇرىغاندەك بولۇپتۇ.

**ئىشك** ئى ① ئۆي، خانا، بىنا، ھويلىلارنىڭ كىرىپ-چىقىدىغان يېرىگە ئورنىتىلغان، ئېچىپ-يېپىپ تۇرۇشقا ماسلاشقان قۇرۇلمىسى: ئۆينىڭ ئىشكى. ھويلىنىڭ ئىشكى. ئىشك قانتى. ئىشكنىڭ بوسۇغىسى. * لۇتپۇللا مۇئىرىدىن ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدى-دە، ئورنىدىن تۇرۇپ ئىشكنى ئاچتى. * دەل شۇ چاغدا قارا كۆزلۈك كېلىشكەن بىر بالا ئىشكتىن كىرىپ كەلدى. ② كوچمە. بىر مەقسەتكە يېتىش ۋە بىرەر جايغا بېرىش ئۈچۈن يول ئېچىلغان جاي: تاتارلار بۇ يۇرتقا كېلىپ مەرىپەت ئىشكى ئاچتى. * بەخت ئىشكى بەخت ئۈچۈن كۆرەش قىلغان كىشىلەرگىلا ئوچۇق بولىدۇ.

**ئىشك ئارىلىقى** <بن> سوغۇق ھاۋا ۋە شامالدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، ئىمارەت ۋە زاللارنىڭ قوش ھالەتتە قويۇلغان ئىككى ئىشكنىڭ ئارىلىقى.

**ئىشك ئالدى** <بن> ئىشكنىڭ ئالدى ۋە ئۇنىڭغا يېقىن بولغان جاي، مەيدان.

**ئىشك پەردىسى** <بن> ئىشىك بېشىغا زىننەت ئۈچۈن ھەر خىل رەڭ ۋە پاسوندا تارتىلغان رەخت ياكى تور: ئۇلار يېڭى ئۆيىنى زىننەتلەش ئۈچۈن بازاردىن يەنە ئىشك پەردىسى، زەدىۋال قاتارلىقلارنى سېتىۋالدى.

**ئىشكنى تاقىۋېلىش سىياستى** <تارىخ> بىر دۆلەتنىڭ چەت ئەل بىلەن ھېچقانداق ئالاقە قىلماسلىق ئۈچۈن، چىقىش ئېغىزلىرىنى ئېتىش ۋە دۆلەت چېگرىلىرىنى قامال قىلىش ھەققىدە دۆلەت ئىچىدە يۈرگۈزگەن بىر خىل بېكىنمىچىلىك سىياستى.

**ئىشكنى ئېچىۋېتىش** <س ئىق> ← **ئىشكنى ئېچىۋېتىش سىياستى.**

**ئشكنى ئېچۋېتىش سىياستى** <س ئق> بىر دۆلەتنىڭ چەت ئەل بىلەن تاۋار، تېخنىكا، بايلىق ۋە مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشقا ئىلھام بېرىش ئۈچۈن قوللانغان سىياستى.

**ئشك ئۈچى** <بن> ئشىك ئۈستىدىكى تامغا بېلىق سىرتى شەكلدە چىقىرىلغان نەقىش.

**ئشكمىز ئوچۇق** « كېلىڭ، قارشى ئالىمىز» دېگەن مەنىلەردىكى سۆز: — نېمە ھاجىتىڭىز چۈشسە كېلىۋېرىڭ، ئشكمىز ئوچۇق، — دېدىم مەن ئۇنىڭغا.

**ئشكئاغسى** ئى (ئشك+ئاغا+سى) تارىس. بۇرۇنقى خان ئوردىسىدا تۇرۇپ ئشككە قارايدىغان، ئوردا ئشكىدىن كىرگەن خاس-ئەمەلدار ۋە باشقىلارنىڭ كىرگەن-چىققانلىقىنى مەلۇم قىلىدىغان كىشى: — خانىمىز ئۇلۇغ بۇغراخان ئايدىڭ خانىش بىلەن تەخت سارايغا كىردۇ! ئشك ئاغسىنىڭ بۇ تەنتەنىلىك ئاۋازى سارايىنى جاراڭلىتىۋەتتى، ئادەملەر ئشك ياققا توغرىلاندى. * ئابدۇللا بەگچەك — ئوردا ئشك ئاغسى، خانغا سادىق، قىرىق ياشلاردىكى كىشى ئىدى.

**ئشكباقار** ئى (ئشك+باقار) ① تارىس. خان ئوردىسى، ساراي قاتارلىقلارنىڭ ئشككە قارايدىغان كىشى؛ ئشك مۇھاپىزەتچىسى: ئشك باقار بۇيرۇققا بىنائەن ئۇنىڭغا: — بېگىم بىلەن ئاغىچا خېنىم مېھمان قوبۇل قىلمايدۇ. ئاتىسى قازا بولۇپ، قاتتىق قايغۇ-مۇسىبەتتە ئولتۇرىدۇ ئۇلار، — دېدى. ② ئشككە قارىغۇچى ئادەم: ئوقۇتقۇچىلار ئشك باقارغا كۆز ئشارىتى بىلەن نېمىلەرنىدۇ كۆرسەتتى. * ئشك باقار مەكتەپ بويىچە ھەممىدىن بەك سالماق ئادەم ئىدى.

**ئشكبېشى** ئى (ئشك +باش+ى) ئشك ۋە دېرىزىلەرنىڭ ئۈستىگە قويۇلىدىغان قىسقا ياغاچ.

**ئشك-تۆڭلۈك** ئشك ۋە تۆڭلۈك: بۇ ئۆينىڭ ئشك-تۆڭلۈكى ئوچۇق ئىكەن.

**ئشك-دېرىزە** ئشك ۋە دېرىزە: كىشىلەر ئۇنىڭ ئشك-دېرىزسى ئالدىدا ياز كېلىشى بىلەنلا بىرنەچچە تال گۈلنىڭ چىرايلىق ئېچىلىپ تۇرغانلىقىنى كۆرەتتى.

**ئشنەرلىك** سۈپ. كىشى ئشەنگۈدەك ياكى كىشىنى ئشەندۈرگۈدەك: ئۇ ئۆز نۇقتىسىنەزىرىنى خېلى ئشنەرلىك قىلىپ ئاساسلاپ كۆرسەتتى ۋە كۆپچىلىككە مەنىلىك قىلىپ قاراپ قوياتتى.

**ئشنەر-ئشەنمەي** بىر ئشىنىپ-بىر ئشەنمىگەن ھالدا، دەرگۇمان، گۇمان بىلەن: زەينەپ ئشنەر-ئشەنمەي ئۇنىڭغا قارىدى.

**ئغاڭلماق** (توغرىسى: ئىرغاڭلماق) ← **ئىرغاڭلماق.**

**ئغۋا** ئى (ئە) ئارىنى بۇزۇش، ئىتتىپاقسىزلىق پەيدا قىلىش مەقسىتىدە قىلىنغان يالغان گەپ-سۆز، ئۇيدۇرما، بۆھتان ۋە شۇ قاتارلىقلار: ئغۋا تارقاتماق. ئغۋا توقىماق. * ھېلىقى باشلىقمۇ ھەيرانۇھەس بولۇپ، بۇنىڭ پۈتۈنلەي ئغۋا ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپتۇ. * بۇ ئادالەتسىز ئش، پەسكەشلىك بىلەن ئۇيدۇرۇلغان ئغۋا ئۇنىڭ يۈرىكىنى ئېيتقۇسىز ئازابلايتتى.

**ئغۋا توقۇماق** ناتوغرا ئش-ھەرىكەت، يالغان گەپ-سۆز پەيدا قىلماق، ئۆسەك گەپ-سۆزلەرنى تاپماق: ئۇ ئادەم بەلكىم بىراۋغا ئەكبەرنىڭ ئۈستىدىن ئغۋا توقۇشنى تاپشۇردىمكىن. * ئون يىلدىن بېرى ئۇلار

گۇرۇھ بولۇۋېلىپ، بىر-بىرىنىڭ كۆتىگە ياغاچ سانجىشىپ، بىزنىڭ ئۈستىمىزدە خېلى-خېلى ئىغۋالارنى توقۇشتى.

**ئىغۋاچى** ئى. ئىغۋا توقۇغۇچى، ئىغۋا پەيدا قىلغۇچى، تارقاتقۇچى ئادەم: – لېكىنزە، – دېدى دىلەيسخان ئەزىزخانغا قاراپ، – بۇ ئىغۋاچىنىڭ نىيىتى يامان. ئۇ راسا ئىشلار قىزىۋاتقان چاغدا ئىغۋا چىقارغانىكەن.

**ئىغۋاگەر** ئى (ئە+پ) ← ئىغۋاچى: – بىزدە ئىغۋاگەر بىلەن تۆھمەتخورنى جازالاش توغرىسىدا قانۇن تۈزۈلمىگەنىكەن، – دېدى ئەكبەر. * بىردەمچىلىك پايدىنى دەپ، قېرىنداشلارنىڭ ئارىسىنى بۇزىدىغان ئىغۋاگەرلەرنىڭ سۆزىگە بېرىلىپ كەتمەيلى. * – باتۇر، سىز بەكمۇ شەرمەندە ئىغۋاگەر ئىكەنسىز! – دېدى-دە، ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ ئىشخانىدىن چىقىپ كەتتى مېھرىبان.

**ئىغۋاگەرچىلىك** ئى. قەستەن پىتنە-ئىغۋا ئويدۇرۇپ تارقىتىش ۋە شۇ ئارقىلىق ئارىغا ئارازلىق، ئىتتىپاقسىزلىق پەيدا قىلىش ئىشى، قىلمىشى: ئىغۋاگەرچىلىك قىلماق. ئۇرۇش ئىغۋاگەرچىلىكى. * بۇ دېھقانلار قوزغىلىشىغا قىلىنغان ئىغۋاگەرچىلىك، بۇ بىزنىڭ سىزگە ئۈچىنچى قېتىم بىلدۈرگەن نارازىلىقىمىز.

**ئىغۋا-ئۆسەك** ئىغۋا ۋە ئۆسەك: ئىغۋا ئۆسەك تارقاتماق.

**ئىقبال** ئى (ئە) كېلەچەك؛ بەخت، تەلەي، ئامەت؛ تەقدىر: ئىشچى، دېھقان، ئىنژېنېر، ئەسكەرلىككە يارايمىز. جاسارەتتە يۈكسىلىپ، ئىقبالغا شاد قارايمىز.

**ئىقبالسىرى** رەۋ. ئىقبالنى بويلاپ، ئىقبال بويىچە، ئىقبالنى كۆزلەپ: مەن ئۇلارنىڭ ئالدىدىكى نۇرلۇق كومپاس. ئۇلار مەن كۆرسەتكەن نىشان بويىچە ئىقبالسىرى ئىلگىرىلەيدۇ.

**ئىقباللىق** سۈپ. ئىستىقبالى، كېلەچىكى بار، كېلەچىكى پارلاق، پارلاق ئىستىقبالغا، كېلەچەككە ئىگە: ئىقباللىق يول. * بىز ئىقباللىق كۈنلەرنىڭ يېتىپ كېلىشىنى تۆت كۆز بىلەن كۈتمەكتىمىز.

**ئىقتىباس** ئى (ئە) <ئەد> ئەدەبىياتتا، بولۇپمۇ شېئىرىيەتتە باشقىلاردىن پايدىلىنىش ئاساسىدا يېزىلغان ئەسەر: ئابدۇرېھىم ئۆتكۈرنىڭ «خەلق ماقاللىرىدىن ئىقتىباسلار» دېگەن شېئىرى 1949-يىل يېزىلغان.

**ئىقتىدا** ئى (ئە) ئىخلاس، ئىخلاس قىلىش، باش قويۇش؛ ئەگىشىش، دوراش، تەقلىد قىلىش؛ بويسۇنۇش: ئىقتىدا قىلماق.

**ئىقتىدا قىلماق** <دىن> ئەگەشمەك، دورىماق، تەقلىد قىلماق؛ باش قويماق، ئىخلاس قىلماق، يېتەكچىلىكىگە بويسۇنماق: – ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، خاتىپئاخۇنۇم، – دېدى ئۇ ئىمام خاتىپقا قاراپ، – ھارمىسىلا، جانابلىرى بۇ يىقىندىن كۆرۈنمىدىلە ئۆزلىرىگە ئىقتىدا قىلىپ ناماز ئوقۇش – ۋەدىش ئەمەس-مۇ، – دېدى ئۇ.

**ئىقتىدار** ئى (ئە) ① زېھنىي كۈچ، بىرەر ئىش-ھەرىكەتنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا ئورۇنلاش، بەجا كەلتۈرۈش قابىلىيىتى: ئىقتىدار ئىگىسى. يۈكسەك ئىقتىدار. * تەربىيەلەشتىكى مەقسەت ئۇلارنى بىرقەدەر ياخشى بەدىئىيلىككە ئىگە بولغان قىسقا ھېكايىلەرنى يازالايدىغان ئىقتىدارغا ئىگە قىلىشتىن ئىبارەت. ② كۈچ، كۈچ-قۇدرەت، قادىرلىق: بۇ ماشىنىنىڭ ئىقتىدارى يۇقىرى ئىكەن. * تومىدىن چۈشىۋاتقان سۇنىڭ بېسىمى تومىنىڭ قوبۇل قىلىش ئىقتىدارىدىن بىرمۇنچە ئېشىپ كەتتى.

**ئىقتىدارسىز** سۈپ. ئىقتىدارى، زېھنىي كۈچى، كۈچ-قۇۋۋىتى يوق ياكى تۆۋەن، ئاجىز: ئىقتىدارسىز ئادەم. * ئۆتكەندە، ئۇ باشلىق ئىقتىدارسىز دەپ قارىلىپ يۆتكىۋېتىلگەندى. * شىركەت بۇ قېتىم ئىقتىدارسىز باشلىقنىڭ كاساپىتىدىن كۆپ زىيان تارتتى.

**ئىقتىدارسىزلىق** «ئىقتىدارسىز» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: بۇ ئىش ئۇ كىشىنىڭ ھەقىقەتەن ئىقتىدارسىزلىقىنى كۆرسىتىدۇ، خالاس.

**ئىقتىدارلىق** سۈپ. ئىقتىدارى بار، ئىقتىدارغا ئىگە، ئىقتىدارى يۇقىرى، كۈچلۈك، قابىل: ئىقتىدارلىق ئادەم. ئىقتىدارلىق سازەندە. * بۇ كىشىلەر ھەرقايسى فاكۇلتېتلاردا ئىشلەيدىغان داڭلىق، ئىقتىدارلىق ئوقۇتقۇچىلار ئىدى. * قانداق قىلغاندا شەيئىلەرنى تېخىمۇ ياخشى قىلغىلى بولىدىغانلىقىنى بىلگەن بولسىڭىز، بۇ ئىقتىدارلىق ئىكەنلىكىڭىزنى كۆرسىتىدۇ.

**ئىقتىساد** ئى (ئە) ① <س ئىق> مۇئەييەن ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىگە مۇۋاپىق كېلىدىغان ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرىنىڭ ئومۇمىي گەۋدىسى ياكى ئىقتىسادىي تۈزۈم، ئۇستقۇرۇلمىنىڭ بەرپا قىلىنىشىدىكى بازىس. ② <س ئىق> ماددىي ۋاستىلەرنى ئىشلەپچىقىرىش، ئالماشتۇرۇش، تەقسىم قىلىش ۋە ئىستېمال قىلىش قاتارلىق پائالىيەتلەر، يەنى ئىشلەپچىقىرىش ۋە تەكرار ئىشلەپچىقىرىش جەريانى. ③ <س ئىق> خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئومۇمىي نامى ياكى خەلق ئىگىلىكىدىكى ھەرقايسى تارماقلار، يەنى سانائەت ئىگىلىكى، يېزا ئىگىلىكى، سودا ئىگىلىكى قاتارلىقلار. ④ ئىقتىسادشۇناسلىق: ئىقتىساد ئۆگەنمەك. ئىقتىسادتىن لېكسىيە سۆزلىمەك. ئىقتىسادتىن دەرس بەرمەك. ⑤ سەرپىيات ۋە خىراجەتتىكى ئېھتىياتكارلىق، تېجەشلىكلىك: پۇلنى ئىقتىساد قىلماق. ئىقتىساد بىلەن ئىش كۆرمەك. ⑥ جەمئىيەتتىكى ھەر ساھە ياكى كىشىلەرنىڭ ماددىي تۇرمۇش سەۋىيىسى: ئىقتىسادى ياخشى ئورۇن. ئىقتىسادتا ئارقىدا قالماق. * ئۇلارنىڭ ئىقتىسادى خېلى ياخشىلىنىپ قالدى. ⑦ كۆچمە. پۇل: ئىقتىسادتا قىينالماق. ئىقتىساد يېتىشمەسلىك.

**ئىقتىسادتىن ھالقىغان زورلۇق** <س ئىق> فېئودال پومېشچىكلار سىنىپىنىڭ دېھقانلار (يانچىلار) نىڭ جىسمانىي ھوقۇقىنى بىۋاستە تىزگىنلىشى ياكى ئىدارە قىلىش ھوقۇقى.

**ئىقتىساد قىلماق** ئاياپ، تېجەپ يۇرۇپ ئاشۇرۇپ قالماق، ئىقتىسادچانلىق بىلەن ئىش كۆرۈپ تېجىمەك: ئاشلىق ئىقتىساد قىلماق. ماي ئىقتىساد قىلماق. پۇل ئىقتىساد قىلماق. * كادىرلار ئۆزىنىڭ كىيىم-كېچەك، يېمەك-ئىچمەكلىرىدىن ئىقتىساد قىلغان ئورغۇن ئاشلىقلىرىنى ئاپەتكە ئۇچرىغانلارغا ياردەم قىلدى.

**ئىقتىسادچان** سۈپ. ئىقتىسادچىللىق بىلەن ئىش قىلىدىغان، ئىقتىسادنى تېجەپ ئىشلىتىدىغان، ئىقتىسادچىل: ئىقتىسادچان ئادەم. ئىقتىسادچان بولماق. * ئۇ ناھايىتى ئىقتىسادچان بىر كىشى.

**ئىقتىسادچانلىق** «ئىقتىسادچان» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: ئىقتىسادچانلىق بىلەن ئائىلە باشقۇرماق. ئىقتىسادچانلىق بىلەن تۇرمۇش كەچۈرمەك. * ھاشىم بارات بۇ ئاگاھلاندۇرۇشنى ئىقتىسادچانلىق تەرىپىدىن مۇلاھىزە قىلىپ چۈشەندۇردى.

**ئىقتىسادچى** ئى. مالىيە كەسپىدە ئەڭ تۆۋەن دەرىجىلىك ئۇنۋان ۋە شۇ ئۇنۋان-

غا ئېرىشكۈچى كىشى.

**ئىقتىسادچىل** سۈپ. تېجەشلىك بىلەن ئىش قىلىدىغان، ئىقتىسادچان: ئىقتىسادچىل ئادەم. تۇرمۇشتا ئىقتىسادچىل بولماق. * جاپاغا چىداپ كۆرەش قىلىش روھىنى جارى قىلدۇرۇپ، تىرىشچان ۋە ئىقتىسادچىل بولۇپ، ۋاقىتنى ئۆزىنىڭ ئالتۇنى دەپ بىلىپ، ئۆز خىزمىتىنى قىزغىن سۆيۈش لازىم. * لېكىن يەنە بىر دوست بار، ئېيتماي ئېتىنى، ئىقتىسادچىل بولۇشتا، ئىشلەتمەيدۇ دىتىنى.

**ئىقتىسادچىللىق** ① «ئىقتىسادچىل» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى. ② ئىقتىسادىي پائالىيەتلەر داۋامىدا ئادەم كۈچى، ماددىي كۈچ، مالىيە كۈچى سەرپىياتى ۋە ئۇلارنى ئۆزلەشتۈرۈپ ئىشلىتىش جەھەتتىكى تېجەش.

**ئىقتىسادشۇناس** ئى ئىقتىساد ئىلمى مۇتەخەسسىسى.

**ئىقتىسادشۇناسلىق** ئى <س ئق> ① ئىجتىمائىي ماددىي ۋاسىتىلەرنىڭ ئىشلەپچىقىرىلىشى، ئالماشتۇرۇلۇشى، تەقسىم قىلىنىشى ۋە ئىستېمال قىلىنىشى قاتارلىق جەھەتلەردىكى ئىقتىسادىي مۇناسىۋەتلەر ۋە ئىقتىسادىي پائالىيەتلىرى، قانۇنىيەتلىرى ھەم ئۇنىڭ تەدبىق قىلىنىشىنى تەتقىق قىلىدىغان پەنلەرنىڭ ئومۇمىي نامى. ئۇ سىياسىي ئىقتىساد، تارماق ئىقتىسادشۇناسلىقى، دۇنيا ئىقتىسادشۇناسلىقى، تېخنىكا ئىقتىسادشۇناسلىقى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ② سىياسىي ئىقتىسادنىڭ قىسقارتىلغان نامى.

**ئىقتىسادۋاز** ئى (ئە+پ) ھەددىدىن ئىقتىساد، مال-دۇنيا، بايلىق يىغىشنىڭلا كېپىنى قىلغۇچى ياكى ئولتۇرسا-قوپسا ئىقتىساد، مال-دۇنيا، بايلىق توپلاشقىلا بېرىلىپ كەتكۈچى كىشى.

**ئىقتىسادۋازلار** ئى <س ئق> XIX ئەسىرنىڭ ئاخىرى ۋە XX ئەسىرنىڭ باشلىرىدا روسىيە ئىشچىلار ھەرىكىتىدە پەيدا بولغان ئاغمىچى مەزھەپ. ئۇنىڭ ۋەكىللىرى پروكوپوۋىچ ۋە كوسكوۋلار ئىقتىسادىي كۆرەشكە بېرىلىپ كەتكەچكە شۇنداق نام ئالغان.

**ئىقتىسادۋازلىق** ئى ① ھەددىدىن ئىقتىساد، مال-دۇنيا، بايلىق يىغىشنىڭلا كويىغا كىرىش ياكى ئولتۇرسا-قوپسا ئىقتىساد، مال-دۇنيا، بايلىق توپلاشقىلا بېرىلىپ كېتىش. ② <س ئق> XIX ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا خەلقئارا ئىشچىلار ھەرىكىتىدە كۆرۈلگەن، كۆز ئالدىدىكى ئىقتىسادىي مەنپەئەتنىلا كۆزلەيدىغان ئاغمىچىلىق پىكىر ئېقىمى. بۇ ئېقىمدىكىلەر «ئىقتىسادىي» كۆرەش ئېلىپ بېرىش پرولېتارىياتنىڭ ئاساسىي ۋەزىپىسى، سىياسىي كۆرەش ئېلىپ بېرىش لىبېرال بۇرژۇئازىيىنىڭ ئىشى» دەپ قارايدۇ.

**ئىقتىسادىي** سۈپ (ئە) ئىقتىسادقا ئائىت، ئىقتىسادقا ئالاقىدار، ئىقتىسادقا مۇناسىۋەتلىك: ئىقتىسادىي ياردەم. ئىقتىسادىي ھەمكارلىق. ئىقتىسادىي ئالاقە. ئىقتىسادىي زىرائەت. ئىقتىسادىي كرىزىس. ئىقتىسادىي مۇناسىۋەت. ئىقتىسادىي ئەنزە. * — بۇ ئىشقا نىسبەتەن مېنىڭ ئىقتىسادىي جەھەتتە ھېچقانداق تەييارلىقىم يوق، — دېدى نىغمەت ئورنىدىن تۇرۇپ.

**ئىتسادىي ئاخبارات** <ت ئش> تۈرلۈك ئۇسۇللار بىلەن دۆلەت ئىچى-سىرتىدىكى ئىقتىسادىي جەھەتتە ئېرىشكەن ئەڭ يېڭى ئەھۋال ۋە بۇ ئەھۋال ئۈستىدە

ئېلىپ بېرىلغان تەھلىل-تەتقىق نەتىجىسى.

**ئىقتىسادىي ئالاھىدە رايون** <س ئىق> دۆلەت زېمىنىدا بەلگىلىك دائىرە بەلگىلىنىپ، شۇ دائىرىدە ئالاھىدە ئىقتىسادىي سىياسەتنى يولغا قويۇش ئارقىلىق چەت ئەل سودىگەرلىرىنى مەبلەغ سېلىشقا جەلپ قىلىدىغان، سانائەت ۋە باشقا ئىقتىسادىي ئىشلار جانلاندۇرۇلىدىغان ئالاھىدە رايون.

**ئىقتىسادىي ئەدلىيە** <قا> ئىقتىسادىي جەھەتتىكى ئەدلىيە تۈزۈمى ۋە ئەدلىيە خىزمىتى. ئادەتتە ئىقتىسادىي ئەدلىيە ئورگانلىرىنى تەسىس قىلىش، ئىقتىسادىي ئەنزىلەرنى قوبۇل قىلىپ قاراپ چىقىش دائىرىسى، دەۋا تەرتىپلىرى ۋە سوت دەرىجىسى تۈزۈمى، شۇنداقلا ئىقتىسادىي جىنايى ئەنزىلەرنى تەكشۈرۈش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

**ئىقتىسادىي ئەندىزە** <س ئىق> ماتېماتىكىدىكى تەڭلىمە بىلەن ئىپادە قىلىنىدىغان ئىقتىسادىي جەريان ياكى ئىقتىسادىي نەزەرىيە سىستېمىسى.

**ئىقتىسادىي بازىس** <س ئىق> مۇئەييەن ئىجتىمائىي تەرەققىيات باسقۇچىدىكى ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرىنىڭ يىغىندىسى.

**ئىقتىسادىي باشقۇرۇش** <س ئىق> ئىشلەپچىقىرىش، ئالماشتۇرۇش، تەقسىمات ۋە ئىستېمالنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئومۇمىي جەريانىدىكى ئىگىلىك پائالىيەتلىرىنى تەشكىللەش، تەڭشەش، نازارەت قىلىش ۋە ئۇنىڭغا يېتەكچىلىك قىلىش.

**ئىقتىسادىي بايلىق** <س ئىق> بىر دۆلەت ياكى رايوننىڭ تۇپلىغان ماددىي ۋە مەدەنىيەت بايلىقلىرىنىڭ يىغىندىسى. ئۇلار سانائەت، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشى، قاتناش-ترانسپورت، سۇ ئىنشائاتلىرى، شەھەر-بازار قۇرۇلۇشلىرى قاتارلىق ماددىي تېخنىكا ئاساسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

**ئىقتىسادىي بىرلەشمە** <س ئىق> ئوخشاش بولمىغان جاي، تارماق، ئوخشاش بولمىغان مۈلۈكچىلىكتىكى ئورۇنلارنىڭ ئۆزى ئىختىيار قىلىش، ئۆز ئارا پايدىيە تەگكۈزۈش پرىنسىپىغا ئاساسەن، ھەرقايسىسى ئۆزىنىڭ تېخنىكا، ئۈسكۈنە، مەبلەغ، ئەمگەك كۈچى، ئىشلەپچىقىرىش مەيدانى قاتارلىقلارنى چىقىرىش ئاساسىدا بىرلىشىپ ئىشلەپچىقىرىش ئىگىلىكى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان كارخانا.

**ئىقتىسادىي پىشانە** <س ئىق> سوتسىيالىستىك دۆلەتلەرنىڭ ئىجتىمائىي تەكرار ئىشلەپچىقىرىش (ئىشلەپچىقىرىش، ئالماشتۇرۇش، تەقسىمات ۋە ئىستېمال)نى تەڭشەشتىكى ئىقتىسادىي ۋاستىسى.

**ئىقتىسادىي تەدبىر** <س ئىق> بىرەر ئىقتىسادىي پائالىيەت ئۈستىدە قوللىنىلىدىغان ھەل قىلغۇچ تەدبىر، يەنى ئىگىلىكنى راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن، تاللىۋېلىشقا بولىدىغان بىر قاتار فاڭجېن لايىھە، پىلان، تەدبىر ياكى ئەندىزىلەردىن ئەڭ ياخشىسىنى تاللاپ، ئەمەلگە قويۇشنى قارار قىلىش كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

**ئىقتىسادىي تەرەققىيات ئىلمى** <س ئىق> بىر دۆلەت ئىقتىسادىنىڭ قانداق قىلىپ ئارقىدا قالغان ھالەتتىن زامانىۋىلاشقان ھالەتكە تەرەققىي قىلغانلىقىنى تەتقىق قىلىدىغان بىر پەن. ئۇنىڭدا مۇشۇ

تەرەققىياتىنىڭ جەريانى، ئامىللىرى ۋە قوللىنىلغان سىياسەت، فاكچىنلار نۇقتىلىق تەتقىق قىلىنىدۇ.

**ئىقتىسادىي تەرتىپنى بۇزۇش جىنايىتى** <قا> دۆلەتنىڭ سودا-سانائەت، پۇل-مۇئامىلە ۋە مالىيە قاتارلىق ئىقتىسادىي باشقۇرۇشقا دائىر قانۇن-بەلگىلىرىگە خىلاپلىق قىلىپ، ئومۇمىي مۈلۈكچىلىك ۋە كوللېكتىپ مۈلۈكچىلىك ئىگىلىكىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ۋە باشقۇرۇش پائالىيىتىگە بۇزغۇنچىلىق قىلىش بىلەن بازار، پۇل مۇئامىلە ۋە مالىيە باشقۇرۇش تەرتىپىنى قالايمىقانلاشتۇرۇپ، خەلق ئىگىلىكىگە ئېغىر زىيان يەتكۈزگەن جىنايى قىلمىشلار.

**ئىقتىسادىي تەركىب** <س ئق> ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىگە بولغان مۇئەييەن مۈلۈكچىلىك ئاساس قىلىنغان، پۈتكۈل ئىجتىمائىي ئىقتىسادنىڭ تەركىبىي قىسمى بولۇپ قالغان ئىقتىسادىي شەكىل.

**ئىقتىسادىي تەشكىلات** <س ئق> ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش، تەقسىمات، ئالماشتۇرۇش ۋە ئىستېمالنى تەشكىللەيدىغان ھەر خىل كەسپىي ئاپپاراتلار، ئۇ كارخانا، بىرلەشمە كارخانا، مەخسۇس شىركەت ۋە بانكا قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

**ئىقتىسادىي توختام** <س ئق> ئىقتىسادىي ئالاقە ئورناتقان ئىككى تەرەپ بەلگىلىك ئىقتىسادىي مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئېلىش ئاساسىدا ئورتاق تۈزگەن بىر خىل كېلىشىم.

**ئىقتىسادىي توختام تۈزۈمى** <س ئق> ئىقتىسادىي مۇناسىۋەت ئورناتقان ئالاقىدار تەرەپلەر توختام تۈزۈش ئارقىلىق ئۈستىگە ئالىدىغان مەجبۇرىيەت بىلەن مەسئۇلىيەتنى بېكىتىدىغان بىر خىل تۈزۈم.

**ئىقتىسادىي تور** <س ئق> ئىجتىمائىي تەكرار ئىشلەپچىقىرىش جەريانىدا ئىقتىسادىي مەركەزلەرنى چۆرىدىگەن ھالدا پائالىيەت ئېلىپ بېرىش ئارقىلىق شەكىللەنگەن تورسىمان ئىقتىسادىي ئالاقە.

**ئىقتىسادىي تۈزۈلمە** <س ئق> مۇئەييەن ئىقتىسادنىڭ تەشكىلىي، تەدبىر بەلگىلەش، تەڭشەش ۋە نازارەت قىلىش سىستېمىلىرىنىڭ ئورگانىك يىغىندىسى.

**ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى** <س ئق> ئىقتىسادىي جەھەتتىكى ئۇيۇشتۇرۇش، تەدبىر بەلگىلەش، تەڭشەش ۋە نازارەت قىلىش قاتارلىق تۈزۈلمەلەرنى ياخشىلاش، يېڭىلاش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش جەريانى.

**ئىقتىسادىي تۈزۈم** ئىنسانىيەت جەمئىيىتى تەرەققىياتىنىڭ مۇئەييەن باسقۇچىدىكى ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرىنىڭ يىغىندىسى.

**ئىقتىسادىي جازا** <قا> ئىقتىسادىي قانۇن-بەلگىلىمىلەرگە خىلاپلىق قىلغان تارماقلار، كارخانىلار ياكى شەخسلەرگە ئىقتىسادىي جەھەتتىن بېرىلىدىغان جازا.

**ئىقتىسادىي جان تومۇر** <س ئق> بىرەر ئورۇن، تەشكىلات ياكى كارخانىنىڭ ئىقتىسادىي باشقۇرىدىغان ياكى ئۇنىڭغا بىۋاستە ئالاقىدار بولغان ئەڭ مۇھىم تارماقى، سېپى ياكى لىنىيىسى.

**ئىقتىسادىي جۇغراپىيە** <جۇغ> ئىجتىما-

ئىي جۇغراپىيىنىڭ بىر تارمىقى يەنى
ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇش
قانۇنىيەتلىرىنى، ھەرقايسى دۆلەت،
رايون ياكى سەھەلەرنىڭ ئىشلەپچىقى-
رىش تەرەققىياتى ۋە ئورۇنلاشتۇرۇلۇش
شەرتلىرىنى، شۇنىڭدەك ئۇلارنىڭ
ئالاھىدىلىكلىرىنى تەتقىق قىلىدىغان
پەن.

**ئىقتىسادىي جىنايەت** <قا> ئىقتىسادىي
جەھەتتە ياكى ئىقتىسادىي ساھەدە
دۆلەت تەرىپىدىن بەلگىلەنگەن باشقۇ-
رۇشقا ئائىت تۈرلۈك قانۇن-بەلگىلىمىلەر-
گە خىلاپلىق قىلغان، ئومۇمىي مۈلۈك-
چىلىكتىكى ئىشلەپچىقىرىش ۋە تەرەققىياتقا
زىيان يەتكۈزگەن، دۆلەتنىڭ ئىقتىسادىي
تەرتىپىنى بۇزغان ياكى ھۆكۈمەتنىڭ
مال-مۈلكى ۋە پۇقرالارنىڭ قانۇنلۇق
خۇسۇسىي مال-مۈلكىنى ئوغرىلىغان،
ئۆزىنىڭكى قىلىۋالغان، ئالداپ ئېلىۋالغان،
تارتىۋالغان، قانۇنسىز ئىگىلىۋالغان ھەم
سوتسىيالىستىك ئىگىلىك پائالىيىتىگە زىيان
يەتكۈزگەن، شۇ ئارقىلىق دۆلەت،
كوللېكتىپ ۋە شەخسلەرنىڭ مەنپەئىتىگە
ئېغىر زىيان يەتكۈزگەن جىنايى قىلمىش-
لار.

**ئىقتىسادىي رايون** <س ئىق> مۇئەييەن
ئىقتىسادىي شارائىتقا ۋە بايلىق مەنبە-
سى شارائىتىغا تايىنىپ، ئۇزاق مەزگىل
ئىقتىسادىي ئالاقە قىلىش ئارقىلىق
شەكىللەنگەن، مۇئەييەن ئىقتىسادىي
ئالاھىدىلىككە ئىگە رايونلار. ئۇ شەھەر
ئىقتىسادىي رايونلىرى، بايلىق مەنبەسى
ئىقتىسادىي رايونلىرى ۋە كەسپلەشكەن
ئىقتىسادىي رايونلار قاتارلىقلارنى ئۆز
ئىچىگە ئالىدۇ.

**ئىقتىسادىي رايونلارغا ئايرىش** <س ئىق>
تەبىئىي، تېخنىكا ۋە ئىقتىسادىي شارا-
ئىتلارنىڭ ئوخشاشماسلىقى، رايون
ئىقتىسادىي مۇناسىۋىتىنىڭ ئالاھىدىلىكى،
مەخسۇسلىشىش تەرەققىياتىنىڭ دەرىجىسى
ۋە يۆنىلىشىگە ئاساسەن، بىر دۆلەت،
بىر رايوننىڭ بىرقانچە رايونغا بۆلۈنۈشى.

**ئىقتىسادىي زىرائەتلەر** <بوت>
سانائەتنى خام ئەشيا بىلەن تەمىنلەيدى-
غان كېۋەز، تاماكا، شېكەر قومۇشى
قاتارلىق دېھقانچىلىق زىرائەتلىرى.

**ئىقتىسادىي ساراسىمە** <س ئىق> ←
**ئىقتىسادىي كرىزىس.**

**ئىقتىسادىي ستاتىستىكا** <س ئىق>
ئىجتىمائىي تەكرار ئىشلەپچىقىرىش
داۋامىدىكى تۈرلۈك ھادىسىلەر توغرىسىدى-
كى ستاتىستىكا.

**ئىقتىسادىي سوت كوللېگىيىسى** <قا>د
ۆلىتىمىزنىڭ خەلق سوت مەھكىمىلىرىنىڭ
ئىقتىسادىي ئەنزىلەرنى قاراپ چىقىدىغان
تەشكىلىي ئورگىنى.

**ئىقتىسادىي سىياسەت** <س ئىق>
دۆلەت ياكى سىياسىي پارتىيە خەلق
ئىگىلىكى پائالىيەتلىرىگە يېتەكچىلىك
قىلىش، تەسىر كۆرسىتىش يولىدا بەلگى-
لەنگەن ھەم يولغا قويغان مىزان ۋە
تەدبىرلەر.

**ئىقتىسادىي شەرتنامە** <ت ئىش>
دۆلەتلەر ئارا سودا ئالاقىسى ۋە باشقا
ئىقتىسادىي ئالماشتۇرۇشلار يۈزىسىدىن
تۈزۈلگەن شەرتنامىلەر.

**ئىقتىسادىي قامال قىلىش** <ت ئىش>
بىر ياكى بىرنەچچە دۆلەتنىڭ مەلۇم
دۆلەتكە نىسبەتەن ئىقتىسادىي، مالىيە
ياكى باشقا جەھەتلەردىكى ۋاسىتىلەر-

نى قوللىنىپ، ئۇنىڭ سىرت بىلەن
بولغان ئقتسادي مۇناسىۋىتىنى قامال
قىلشى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

**ئقتسادي قانۇن** <قا> جەمئيەتنىڭ
ئقتسادي مۇناسىۋىتىنى رەتكە سالىدى-
غان قانۇن-نىزاملارنىڭ ئومۇمىي نامى.

**ئقتسادي قانۇنيەت** <ئق س>
ئجتمائيي ئقتسادي هادىسىلەرنىڭ
ئومۇمىيۈزلۈك، ئچكى، ماهىيەتلىك باغلى-
نىشى.

**ئقتسادي كەسىپ** <مال> كارخانا،
ئدارە، كەسپىي ئورۇنلار ياكى باشقا
ئگىلىك تەشكىللىرى قاتارلىقلار ئشلەپ-
چىقىرىش-تجارەت پائالىيىتى ياكى خام
چوت ئجرا قىلىش جەريانىدا ئورۇنلاپ،
مەبلەغنىڭ ئېشىش، كېمىيىشىگە سەۋەبچى
بولغان بارلىق كەسپىي ئشلار.

**ئقتسادي كۆرسەتكۈچ** <ئق س>
ئقتسادي هادىسىنىڭ تەرەققىياتى ۋە
ئۆزگىرىشىنى پىرسەنت ئۇسۇلىنى قوللىنىپ
ئومۇملاشتۇرۇپ ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدى-
غان نىسبىي سان.

**ئقتسادي كۈرەش** <ئق س> بىۋاسى-
تە ئقتسادي مەقسەت ئۈچۈن ئېلىپ
بېرىلىدىغان سىنىپىي كۈرەش، ئۇ سىنى-
پىي كۈرەشنىڭ ئۈچ خىل ئاساسىي
شەكىللىرىدىن بىرى هېسابلىنىدۇ.

**ئقتسادي كېڭەيمىچىلىك** <ئق س>
كاپىتالىستىك دۆلەتلەرنىڭ تاۋار ساتىدى-
غان بازارلار، خام ئەشيا چىقىدىغان
جايلار ۋە مەبلەغ سالىدىغان ئورۇنلارنى
تالىشىش يۈزىسىدىن باشقا دۆلەتلەر
ياكى رايونلارغا قىلغان ئقتسادي
تاجاۋۇزچىلىقى ياكى ئقتسادي جەهەت-
تىن سىڭىپ كىرىش هەرىكىتى.

**ئقتسادي كرىزىس** <ئق س>
كاپىتالىستىك تەكرار ئشلەپچىقىرىش
داۋامىدا دەۋرىيلىك يوسۇندا پارتلاپ
تۇرىدىغان ئشلەپچىقىرىش ئوشۇقچىلىقى
ئاساسىدىكى كرىزىس.

**ئقتسادي مەركەزلەر** <ئق س>
ئقتسادى، تېخنىكىسى بىرقەدەر تەرەققىي
تاپقان، ئشلەپچىقىرىشنىڭ ئجتمائيلىشىش
دەرىجىسى بىرقەدەر يۇقىرى، پۇل
مۇئامىلە، سودا ۋە قاتنىشىنىڭ ئاساسى
بىرقەدەر ياخشى، مائارىپ ۋە پەن-تېخ-
نىكىسى تەرەققىي قىلغان، ئەتراپىدىكى
مۇهىم رايونلار بىلەن بولغان ئقتسادي
مۇناسىۋىتى قويۇق، تاۋارلارنى پىششىقلاپ
ئشلەيدىغان، مەركەزلەشتۈرىدىغان
ۋە تارقىتىدىغان بىرقەدەر چوڭراق
جايغا ئايلانغان چوڭ ۋە ئوتتۇرا تىپتىكى
شەهەرلەر.

**ئقتسادي مەسئۇلىيەت تۈزۈمى**
<ئق س> دۆلەت بىلەن كارخانىلار
ئوتتۇرىسىدا، كارخانىلار بىلەن كارخانىلار
ئوتتۇرىسىدا، كارخانىلارنىڭ ئچكى
قىسمىدىكى هەرقايسى هالقىلار ئوتتۇرىسىدا
ۋە ئەمگەكچى شەخس ئۆزىنىڭ ئشلەپ-
چىقىرىش ئگىلىك پائالىيەتلىرىدە مەسئۇ-
لىيىتى ئېنىق بەلگىلەنگەن ۋە مەسئۇ-
لىيەتنى هەركىم ئۈستىگە ئالىدىغان
بىر خىل تۈزۈم.

**ئقتسادي مەنپەئەت** <ئق س>
ئجتمائيي ئگىلىك پائالىيىتىدە، كارخانا
ۋە شەخسلەرگە بېرىلگەن تۈرلۈك
ماددىي مۇكاپات ۋە باشقا تۈرلۈك
دارامەتلەرنىڭ ئومۇمىي نامى.

**ئقتسادي مۇكاپات** <ئق س>
دۆلەتنىڭ ئشلەپچىقىرىش، قۇرۇلۇش

ۋە باشقۇرۇش خىزمەتلىرىدە كۆرۈنەرلىك
نەتىجە ياراتقانلارغا بېرىلىدىغان ماددىي
مۇكاپات كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

**ئىقتىسادىي مېخانىزم** <س ئق> خەلق
ئىگىلىكىنىڭ يۈرۈشۈپ تۇرۇشىغا ئاساس
بولۇپ بېرىدىغان بارلىق ئۇسۇل، ۋاسى-
تە ھەم ھالقىلارنىڭ يىغىندىسى مەسى-
لەن، باھا، پۇل، ئىناۋەتلىك قەرز،
باج، ئىش ھەققى، ئىگىلىك باشقۇرۇش
ئورگانلىرى ۋە باشقىلار.

**ئىقتىسادىي نەتىجە** <س ئق> ئىگىلىك
پائالىيىتىدىكى ئەمگەك سەرپىياتى بىلەن
ئەمگەك نەتىجىسىنىڭ سېلىشتۇرمىسى،
ئوخشاش مىقداردىكى مەھسۇلاتنى
ئىشلەپچىقىرىش ئۈچۈن كەتكەن ئەمگەك
سەرپىياتى ئاز بولسا، ئىقتىسادىي
نەتىجە زور بولىدۇ، ئەمگەك سەرپىياتى
كۆپ بولسا، ئىقتىسادىي نەتىجە كىچىك
بولىدۇ.

**ئىقتىسادىي ھاشاراتلار** <بىئول>
ئىنسانلار بىلەن پايدا-زىيان مۇناسىۋىتى
بولغان بارلىق ھاشاراتلار. پايدىلىقلىرى-
دىن: پىلە قۇرتى، ھەسەل ھەرىسى
قاتارلىقلار؛ زىيانلىقلىرىدىن چېكەتكە،
كۆكتات كېپىنىكى، پاشا، چىۋىن قاتارلىق-
لار بار.

**ئىقتىسادىي ھەل قىلغۇچ تەدبىر**
<س ئق> بىرقانچە ئىقتىسادىي لايى-
ھىلەر ئىچىدىن تاللاپ چىقىلغان ئەڭ
ياخشىسى ۋە ئۈنۈملۈكى.

**ئىقتىسادىي ھەمكارلىق كومىتېتى**
<س ئق> تەڭ باراۋەرلىكتە ئۆزئارا
مەنپەئەت يەتكۈزۈش ئاساسىدا ھەرقاي-
سى دۆلەتلەر ئارا ئىقتىسادىي جەھەت-
تىن ياردەملىشىش، تېخنىكا جەھەتتىن
ھەمكارلىشىش ۋە سودا ئىشلىرىنى يولغا
قويۇش مەقسىتىدە سابىق سوۋېت
ئىتتىپاقى، بۇلغارىيە، ۋېنگرىيە، پولشا،
رۇمىنىيە ۋە چېخوسلوۋاكىيە قاتارلىق
ئالتە دۆلەتنىڭ قاتنىشىشى بىلەن
1949-يىلى يانۋاردا قۇرۇلغان خەلقئارا
تەشكىلات.

**ئىقتىسادىي ھەمكارلىق ۋە تەرەققىيات
تەشكىلاتى** <س ئق> غەرب ئەللىرى
ھۆكۈمەتلىرى ئوتتۇرىسىدىكى ئىقتىسادىي
ھەمكارلىق تەشكىلاتى. 1960-يىلى
9-ئايدا قۇرۇلۇپ، ئەسلىدىكى ياۋروپا
ئىقتىسادىي ھەمكارلىق تەشكىلاتىنىڭ
ئورنىنى باسقان. ئۇنىڭ مەقسىتى ئەزا
دۆلەتلەرنىڭ مالىيە، پۇل مۇئامىلە
ئىشلىرىنى مۇقىملاشتۇرۇش، ئىقتىسادنىڭ
ئېشىشى ۋە سودىنىڭ كېڭىيىشىگە تۈرتكە
بولۇشتىن ئىبارەت.

**ئىقتىسادىي ھېسابات** <س ئق>
① سوتسىيالىستىك دۆلەت كىرىم ئارقىلىق
چىقىمنى قاپلاپ، پايدىغا كاپالەتلىك
قىلىش پرىنسىپىغا ئاساسەن، كارخانىلار
ئۈچۈن بېكىتىپ بەرگەن بىر خىل
ئىگىلىك باشقۇرۇش شەكلى، شۇنداقلا
دۆلەت كارخانىلارنىڭ ئىگىلىك باشقۇرۇشى-
غا قويغان بىر تۈرلۈك ئوبيېكتىپ تەلەپ.
② كارخانىلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش-تىجارەت
جەريانىدىكى جانلىق ئەمگەك بۇيۇملاش-
قان ئەمگەك سەرپىياتى بىلەن ئېرىش-
كەن نەتىجىسىنى خاتىرىلەش، ھېسابات
قىلىش، سېلىشتۇرۇش، ئانالىز قىلىش،
تەكشۈرۈش قاتارلىق پائالىيەتلەرنىڭ
ئومۇمىي نامى.

**ئىقتىسادىي ئورمان** <ئورم> ياغاچ
ماتېرىياللىرى، مايلىق ماتېرىيال، قۇرۇق

مېۋە ياكى باشقا ئورمان مەھسۇلاتلىرى ئىشلەپچىقىرىلىدىغان ئورمان.

**ئىقتىسادىي ئۇچۇر** <س ئىق> ئىجتىمائىي ئىقتىسادىي پائالىيەت جەريانىدىكى ۋە ئۇنىڭ تەرەققىياتى جەريانىدىكى ئاخبا- رات، سىگنال، بىلىم ۋە خەۋەر قاتارلىق- لار.

**ئىقتىسادىي ئۈنۈم** <س ئىق> ۋاقىت بىلەن ئۆلچەنگەن ئىقتىسادىي پائالىيەتلەر- نىڭ نەتىجىسى. ئۇ بىرلىك ۋاقىت ئىچىدە ئورۇنلانغان مەلۇم خىلدىكى ئىقتىسادىي خىزمەتلەرنىڭ سانى ۋە ساپاسى بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. بىرلىك ۋاقىت ئىچىدە ئورۇنلانغان ئىقتىسادىي ۋەزىپىلەر قانچە كۆپ بولسا، ئىقتىسادىي ئۈنۈم شۇنچە يۇقىرى بولىدۇ؛ ئەكسىچە بولغاندا، ئىقتىسادىي ئۈنۈم شۇنچە تۆۋەن بولىدۇ.

**ئىقتىسادىي ۋاسىتە** <س ئىق> سوتسىيالىستىك دۆلەتلەر ئىقتىسادىي پائالىيەتلەرنىڭ ئۆزىدىكى قانۇنىيەتلەر- گە ئاساسەن، ئىقتىسادىي پىشاڭدىن، ئىقتىسادىي قانۇن-نىزاملاردىن پايدىلىنىپ ئىشلەپچىقىرىشنى، تەقسىماتنى ئالماشتۇرۇش- نى ۋە ئىستېمالنى ئۇيۇشتۇرۇپ، پىلانلىق، نىسبەت بويىچە تەرەققىي قىلدۇرۇشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتىكى باشقۇرۇش ۋاسىتىسى.

**ئىقتىساس** (توغرىسى: ئىختىساس) ← **ئىختىساس.**

**ئىقرار** ئى (ئە) تەن ئېلىش، تەن بېرىش، ئۆز ئۈستىگە، بويىنىغا ئېلىش، ئېتىراپ قىلىش: ئىقرار قىلماق. ئىقرار بولماق. * ئۇ توغرا قىلمىغىنىغا ئىقرار ئىدى. * بىز دېلونى ئۇنىڭ ئىقرارىغىلا قاراپ ئەمەس، ئەمەلىي پاكىتقا ئاساسلىنىپ بىر تەرەپ قىلىمىز. * — بولدى، دېمەك، — دېدى ئامىنە تەسەللى بېرىپ، — مەن سىزنى ئىقرارغا تارتقىلى كەلگىنىم يوق. تۈنۈگۈنكى گەپلىرىم قاتتىق تېگىپ كەتتىمىكىن دەپ، كەلدىم.

**ئىقرار بولماق** تەن ئالماق، تەن بەرمەك، بويىنىغا ئالماق، ئېتىراپ قىلماق: گۇناھكار ئۆزى سادىر قىلغان مەسىلىلەرگە ئىقرار بولدى. * — ماڭا قاراڭا، — قىزىشتى «خادىم»، — ئەھۋالدىن قارىغاندا ساۋاتسىز ئوخشىمامسىز، شۇنداقمۇ؟ قېنى ساۋاتسىزلىقىڭىزغا ئىقرار بولۇڭ، مەن ئوقۇپ بېرەي.

**ئىقرار قىلماق** بويىنىغا ئالماق، تەن ئالماق، ئىقرار بولماق: خاتالىقىنى ئىقرار قىلماق. * ئۇ ھاممىسىغا يالغان گەپ قىلغانلىقى- نى ئىقرار قىلدى. * مۇشۇ بىر ئېغىز گەپ بىلەنلا مارجان بۇۋى بۈگۈن توغرا قىلمىغانلىقىنى ئىقرار قىلغانىدى.

**ئىقرارنامە** ئى (ئە+پ) بىرەر ئىش، مەسى- لە ياكى گۇناھ-قىلمىش قاتارلىقلارنى تەن ئالغانلىقى، ئېتىراپ قىلغانلىقى ھەققىدە يېزىلغان خەت: ئىقرارنامە يازماق. * بۈگۈن كەچتە قانداقلا بولمىسۇن، ئۇنىڭ ئىقرارنامىسىنى ماڭا ئەكىلىپ بېرىڭ.

**ئىقلىم** ئى (ئە) ① مەملىكەت؛ يەر يۈزىنىڭ بىر بۆلىكى، قىتئە (بۇرۇنقىلار يەر شارىنى يەتتە ئىقلىمغا بۆلگەن): مۇنداق نەرسە يەتتە ئىقلىمدىمۇ تېپىلمايدۇ. ② <مېتېئور> مەلۇم رايوننىڭ كۆپ يىللىق ھاۋا رايى ئالاھىدىلىكى.

**ئىقلىم بايلىقى** <جۇغ> ئىنسانلارنىڭ ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت پائالىيەتلىرىگە پايدىلىق بولغان ئىقلىم شارائىتى. مەسىلەن، ئاتموسفېرانىڭ تېمپېراتۇرىسى،

يورۇقلۇق، سۇ ۋە شامال ئېنېرگىيىسى قاتارلىقلار.

**ئىقلىم بەلباغلىرى** <جۇغ> جايلىشىشى يەر شارىنى بەلباغ ھالىتىدە ئوراپ تۇرغان ئىقلىم رايونلىرى.

**ئىقلىم تۇرلىرى** <جۇغ> يەر شارى ئىقلىمىنىڭ ئوخشاشلىق ۋە پەرقلىق ئەھۋالىغا ئاساسەن بۆلۈنگەن بىرقانچە تۇرلىرى.

**ئىقلىم تىپلىرى** <جۇغ> تېمپېراتۇرا، ھۆل-يېغىن ۋە باشقا ئىقلىم ئامىللىرىنىڭ ئوتتۇرىچە قىممىتى ۋە يىللىق ئۆزگىرىش ئالاھىدىلىكى بويىچە بۆلۈنگەن ئىقلىم رايونلىرى.

**ئىقلىم جۇغراپىيىسى** <جۇغ> تەبىئىي جۇغراپىيىنىڭ بىر تارمىقى، ئۇ پۈتۈن يەر شارى، رايون، قىسمەن رايوننىڭ رايونلۇق ئالاھىدىلىكىگە ئىگە ئىقلىم ھادىسىلىرى ھەمدە ئۇلارنىڭ تەبىئىي جۇغراپىيىلىك ھادىسىلەر بىلەن بولغان سەۋەب-نەتىجە مۇناسىۋىتىنى تەتقىق قىلىدۇ.

**ئىقلىم شارائىتى** <جۇغ> ئىنسانلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ۋە تۇرمۇشىغا تەسىر كۆرسىتىدىغان ھەر خىل ئىقلىم ئەھۋال-لىرى. ئۇ تەبىئىي مۇھىتنىڭ مۇھىم ئامىلى ھېسابلىنىدۇ.

**ئىقلىمغا ماسلىشىش** <بىئول> ئۆسۈملۈكلەر-نىڭ بىخ چىقىرىشى، گۈل ئېچىلدۇرۇشى، مېۋە بېرىشى؛ قۇشلارنىڭ كۆچۈشى، بەزى ھايۋانلارنىڭ ئۈچەككە كىرىشى قاتارلىقلارغا ئوخشاش جانلىقلارنىڭ كىلىمات بىلەن بولغان دەۋرىيلىك ماسلىشىش مۇناسىۋىتى.

**ئىقلىم قۇشلىرى** <زوئول> پەسىلنىڭ ئۆزگىرىشى بىلەن كۆچىدىغان قۇشلار. مەسىلەن، كاككۇك، ئۆي قارلىغىچى، ياۋا غاز قاتارلىقلار.

**ئىقلىم نورمالسىزلىقى** <مېتېئور> ئىقلىم ئامىللىرىنىڭ مەلۇم بىر ئالاھىدە بەلگىلەنگەن ۋاقىت ئىچىدىكى سانلىق قىممىتىنىڭ كۆپ يىللىق ئوتتۇرىچە قىممەتكە نىسبەتەن كۆرۈلگەن پەرقى.

**ئىقلىمنى شەكىللەندۈرگۈچى ئامىل** <مېتېئور> ئىقلىمنى شەكىللەندۈرىدىغان قۇياش رادىئاتسىيىسى، ئاتموسفېرا ئايلانما ئېقىمى ۋە يەر يۈزىنىڭ ئەھۋالى قاتارلىق ئامىللار كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

**ئىقلىم ئۆزگىرىشى** <مېتېئور> بىر رايوننىڭ ئىقلىمىدا مەلۇم ئىككى مەزگىلدە كۆرۈلىدىغان روشەن پەرق.

**ئىقلىم يۆتكىلىشى** <مېتېئور> بىر خىل ئىقلىمنىڭ تۈرلۈك سەۋەبلەر بىلەن بىر ئورۇندىن يەنە بىر ئورۇنغا يۆتكىلىشى.

**ئىقلىمشۇناسلىق** ئى <مېتېئور> ئىقلىمنىڭ شەكىللىنىش سەۋەبى، ئۆزگىرىش تىپلىرى ۋە تارقىلىشى قاتارلىقلارنى تەتقىق قىلىدىغان پەن.

**ئىقلىميا** ئى (ئە) <تىب> ئالتۇن-كۈمۈشنى تاۋلىغان ۋە سوققاندا ئاجراپ چۈشكەن كىرى. تىبابەتچىلىكتە كۆزنى قۇۋۋەتلەش، كۆزدىكى ئاقنى ئېلىش، پەردىنى، قىچىشقاقلارنى يوقىتىش، ھۆللۈكنى قۇرۇتۇش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە.

**ئىكتى** سۈپ. دىئال. قۇۋ، ھىيلىگەر.

**ئىكەن** تۇرغۇن سۆز خەۋەر بولۇپ كەلگەن جۈملىلەردە جۈملىدىكى ئىشنىڭ ۋاستىلىك بىلگەن (مەلۇم پاكىتلارغا ياكى باشقىلارنىڭ تونۇشتۇرۇشىغا ئاساسەن كېيىن بىلگەن ياكى يېڭىدىن بىلگەن) تەرزدە

ئېيتالىغانلىقنى بىلدۈرىدۇ: مەن ئۇنى ئوقۇغۇچىمىكىن دەپتىمەن، ئوقۇتقۇچى ئىكەن. * ئۇلارنىڭ ئۆيى بەك يىراق ئىكەن، ئىككى سائەتتە يېتىپ باردۇق. * مەن كىچىك ۋاقتىمدا ناھايىتى شوخ ئىكەنمەن. * باش باھاردا ئېچىلغان غۇنچىدەك ئىكەن يايىرىم. ئەمدى بىلسەم مەن ئۇچۇن تاش يۈرەك ئىكەن يايىرىم.

**ئىكرام** ئى (ئە) ① يېزىت. ھۆرمەت، ئىززەت، ئىززەت-ھۆرمەت: نىيىتىڭ بولدىمۇ ھالال يە ھارام، كۆڭلۈڭدە ھۆكۈمران قايسى مۇددىئا، كىملەرگە بىلدۈردۈڭ ئىززەت ۋە ئىكرام، ۋە قايسى روھلارغا ئەيلىدىڭ دۇئا. * بوسۇغا ئاتلىدى ئىكرامدا، قالدى ئۆي ئىگىسى ھەيراندا. باشلىدى تۆرىگە چاندۇرماي، بىر سوئال كۆزىدە، شۇ ئاندا. ② ئەرلەرنىڭ ئىسمى.

**ئىككى** سان. 2 رەقىمى ۋە شۇ رەقەم بىلەن ئىپادىلەنگەن ياكى بىرگە بىرنى قوشقاندا ھاسىل بولغان سان، مىقدار: ئىككى ئادەم. ئىككى كۆز. ئىككى قول. ئىككىنىڭ بىرى. * ئىككى سەككىز ئون ئالتە (ماقال). * گەپ بىر، قۇلاق ئىككى (ماقال).

**ئىككى ئارگۇمېنتلىق فۇنكسىيە** <مات> ئىككى ئەركىن ئۆزگەرگۈچى مىقدارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان فۇنكسىيە، مەسىلەن، $z=x^2+y^2+1$ ، $z=x+2y$ قاتارلىقلار.

**ئىككى ئارىدا** ئوتتۇرىلىقتا، ئوتتۇرىدا: ئىككى ئارىدا مەن بالاغا قالدىم.

**ئىككى ئارىلىق بولۇپ قالماق** ① ئىككى ئارىدا ھەرىكەت قىلماق، ئۇ تەرەپنىمۇ بۇ تەرەپنىمۇ تەڭ ئېتىبارغا ئالماق: بۇ بالا ئىككى ئارىلىق بولۇپ چوڭ بولدى، شۇڭا بەك ئەركە. ② ئىككى ئارىدا ئارىسالدى بولماق: يېقىندىن بېرى ئىككى ئارىلىق بولۇپ قالدىم، ئۇنىڭغا قارىسام بۇ قالىدۇ، بۇنىڭغا قارىسام ئۇ.

**ئىككى ئاساسلىق ئالكوللار** <خىم> تەركىبىدە ئىككى ھىدروكسىلى بولغان ئالكوللار. مەسىلەن، ئېتىپىنگلىكول $(HOCH_2-CH_2OH)$ قاتارلىقلار.

**ئىككى ئالەم** <دىن> دىنىي ئەركان بويىچە ئىككى دۇنيا، يەنى ياشاۋاتقان دۇنيا بىلەن ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىنكى دۇنيا: – ھەربىر كىشى ئىككى ئالەمنىڭ غېمىنى قىلىشى كېرەك، – دېدى ئەلەم ئاخۇنۇم. * – مەن يامان ئىش قىلمىدىم، ئىككىلا ئالەمدە ئەڭ ئۇلۇغ ئاللاھنىڭ يولىغا كىردىم، – دېدى سوتۇق.

**ئىككى ئالەمدە قارا يۈز بولماق** بۇ دۇنيادىمۇ، ئۇ دۇنيادىمۇ (قىيامەتتىمۇ) شەرمەندە بولماق: خائىنلار ئىككى ئالەمدە قارا يۈز بولىدۇ.

**ئىككى ئەزالىق** ① تەركىبىدە ئىككى ئەزا بولغان، ئىككى ئەزاغا ئىگە: ئىككى ئەزالىق تەقسىمات. ئىككى ئەزالىق تەڭلىمە. ② <مات> تەركىبىدە ئىككى ئەزا بولغان كۆپ ئەزالىق، مەسىلەن، $\chi-a$ ، $2\chi^3+y^5$ قاتارلىقلارغا ئوخشاش.

**ئىككى ئەزالىق تەقسىمات** <مات> دىسكرېت تىپىدىكى تاسادىپىي مىقدارلارنى سۈرەتلەپ بېرىدىغان، كۆپ قوللىنىدىغان ئېھتىماللىق تەقسىماتلىرىنىڭ بىرى.

**ئىككى ئەزالىق تەڭلىمە** <مات> كۆرۈنۈشى $a\chi^n-b=0$ بولغان تەڭلىمە.

**ئىككى ئەزالىق تەڭلىمە يىلتىزى** <مات> كۆرۈنۈشى $\chi^n-a=0$ بولغان تەڭلىمىنىڭ n دانە يىلتىزى. بۇ دەل $\alpha$ نىڭ n نىنچى دەرىجىلىك يىلتىزى بولىدۇ.

**ئىككى ئەۋلادلىق كېپىنەك** <زوئول>

شال پەرۋانىسىنىڭ بىر خىلى. ئادەتتە بىر يىلدا ئىككى ئەۋلاد قالدۇرىدۇ. ئىسسىق جايلاردا بولسا 3 — 5 قېتىمغىچە ئەۋلاد قالدۇرىدۇ. لىچىنكىسى ئاچ بېغىر رەڭدە، يېتىلگىنى كۆل رەڭگە مايىل سارغۇچ بولۇپ، شال ئۆزىكىنى يەيدۇ. ئادەتتە شالنىڭ ئاساسلىق زىيانداشلىرىدىن بىرى ھېسابلىنىدۇ.

**ئىككى باسقۇچ ئۇسۇلى** <مال> يېزا ئىگىلىك بوغالتىرلىقىدا، ھەر خىل مەشغۇلاتلارنىڭ تەننەرخىنى ئايرىم يىغىش ۋە تەقسىم قىلىش ئارقىلىق، ئاخىرىدا ھەر خىل دېھقانچىلىق زىرائەتلىرىنىڭ تەننەرخىنى ھېسابلاپ چىقىدىغان بىر خىل ئۇسۇل.

**ئىككى باشنى بىر قىلىپ قويماق** قىز بىلەن يىگىتنىڭ توينى قىلىپ ئىككىسىنى بىر ئائىلە قىلماق، بېشىنى بىر قىلىپ قويماق: ئۇنىڭغا ھازىرغىچە سەنچىلىك بىر لايىق كىشى چىققىنى يوق، مەن ئىككىڭلارنىڭ بېشىنى بىر قىلىپ قويۇشنى كۆڭلۈمگە پۈكۈپ يۈرگەنىدىم.

**ئىككى باشنى بىر يەردە قىلماق** ← **بېشىنى بىر قىلىپ قويماق:** ئەمدى ئىككىڭلارنىڭ بېشىنى بىر يەردە قىلىپ قوياي دېسەم، مەندە ئارتۇق بىرنېمە يوق.

**ئىككى بۆلەكلىك مۇزىكا** <مۇز> ئىككى كىشىنىڭ ئورۇنلىشىدىكى كۆپ ئاۋۇشلۇق ئاھاڭ.

**ئىككى بۆلۈنمىلىك** <لوگ> ئوبيېكتتا مەلۇم بەلگىنىڭ بار-يوقلۇقىغا ئاساسەن ئېلىپ بېرىلىدىغان بۆلۈش، بۇنداق بۆلۈشتە بۆلۈنگۈچى جىنس ئۇقۇم مەلۇم بەلگىنىڭ بار-يوقلۇقىغا ئاساسەن ئىككىلا تۈر ئۇقۇمغا بۆلۈنىدۇ. مەسىلەن، « ئۇرۇش» دېگەن ئۇقۇمنى « ھەققانىيەتلىك ئۇرۇش» ۋە « ھەققانىيەتسىز ئۇرۇش» دېگەن ئىككىلا تۈرگە بۆلگەنگە ئوخشاش.

**ئىككى بىرلەشكەن كارخانا** <س ئىق> ھەقدارلىق ئىشلىرى ۋە ئۇلانمىلىق مەسئۇلىيىتىنى پايچىكلاردىن بىرى ياكى بىرقانچىسى ئۆتەپ، ئۆزىنىڭ بارلىق مال-مۈلكىگە ئۆزى مەسئۇل بولىدىغان، قالغان پايچىلار ئۆزى قوشقان پاي سانى بىلەن چەكلىنىدىغان كارخانا.

**ئىككى بىسلىق** ① ئىككى تەرىپىدە بىسى بار، ئىككى بىسى بولغان: مەن ئاتتىن چۈشۈپ قاشقىر باينىڭ ملتىقى بىلەن ئىككى بىسلىق خەنجىرىنى قار ئىچىدىن ئېلىپ:
— يولداشلار، مانا بۇلار ئۇنىڭ نەشتىرى،
— دېدىم. ② ئىككى ياقلىمىلىققا ئىگە، ئىككى يۈزلۈك، ئىككى تەرەپلىمىلىك، ئۇ يانغىمۇ- بۇ يانغىمۇ ياتىدىغان: ئىككى بىسلىق گەپ. * بۇ لەقەمنىڭ ئىككى بىسلىق مەنىسى بار ئىدى: ئۇنىڭ بىرى، « يولۋاس» ، يەنە بىرى، « تۈلكە » دېگەن مەنىدىن ئىبارەت. * ئۇ ئاخىرى ئىككى بىسلىق پىلاندىن بىرنى ئويلاپ تاپتى.

**ئىككى پاختەكنى بىر چالمىدا سوقماق** پايدا-مەنپەئەت يەتكۈزىدىغان ھەر ئىككىلا ئىشنى بىر قېتىمدىلا ئورۇندىماق: سۇ چىقىرىش تومسىنى ھەم سۇ چىقىرىش، ھەم سۇ تەڭشەش تومسى قىلىپ پايدىلانغاندا، ئىككى پاختەكنى بىر چالمىدا سوققاندەك ئىش بولىدۇ. بۇ بىر كەشپىيات.

**ئىككى پارتىيىلىك تۈزۈم** <پەلس> بەزى كاپىتالىستىك دۆلەتلەردىكى ئىككى ئاساسلىق بۇرژۇئا پارتىيىلىرى ئالمىشىپ ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈدىغان سىياسىي تۈزۈم. قەرەللىك پارلامېنت سايلىمى

ياكى زوڭتۇڭ سايلىمىدا غەلىبە قىلغان پارتىيە ھۆكۈمەت تەشكىللەش ئارقىلىق، ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈۋاتقان پارتىيە ياكى ھاكىمىيەت بېشىدىكى پارتىيىگە ئايلىنىدۇ. مەغلۇپ بولغان پارتىيە ئۆكتىچى پارتىيە ياكى ھاكىمىيەت سىرتىدىكى پارتىيە بولىدۇ. بۇنداق تۈزۈم ئەنگلىيە، ئامېرىكا قاتارلىق دۆلەتلەرگە تارقالغان.

**ئىككى پۇت بىلەن مېڭىش فاكچىنى** <س ئىق> يولداش ماۋزېدۇڭنىڭ ئېلىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش باشلۇشىنىنى تۈزۈش داۋامىدا، بەلگىلەنگەن بىر يۈرۈش «بىللە ئېلىپ بېرىلىدىغان» ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش فاكچىنلىرىغا قارىتا ئوبرازلىق ئومۇملاشتۇرۇلۇشى. ئۇنىڭ مەزمۇنى ئاساسەن: سانائەت بىلەن يېزا ئىگىلىكىنى بىللە ئېلىپ بېرىش، ئېغىر سانائەت بىلەن يېنىك سانائەتنى بىللە ئېلىپ بېرىش، مەركەز باشقۇرغان سانائەت بىلەن جايلار باشقۇرغان سانائەتنى بىللە ئېلىپ بېرىش، چوڭ تىپتىكى كارخانىلار بىلەن كىچىك تىپتىكى كارخانىلارنى بىللە ئېلىپ بېرىش قاتارلىقلار.

**ئىككى پۇتى بىر ئۆتۈككە تىقىلماق** تازا ئەدىپىنى يېمەك، ئىنتايىن قىيىن ئەھۋالغا چۈشمەك: ھازىر سىلەرنىڭ ئىككى پۇتۇڭلار بىر ئۆتۈككە تىقىلىپ قالدى. * ھېلىگەر لۈكچەكلەرنىڭ ئىككى پۇتى بىر ئۆتۈككە تىقىلىدىغان چاغلارمۇ يېتىپ كەلدى.

**ئىككى پۇتى بىر ئۆتۈككە كىرمەك → ئىككى پۇتى بىر ئۆتۈككە تىقىلماق:** — گۈلخانىنىڭ ئىككى پۇتى بىر ئۆتۈككە كىرگەن چاغدا سىزنىڭ نوچىلىقىڭىزنىمۇ كۆرۈپ باقارمىز! — دېدى قاسىم.

**ئىككى پۇتى گۆرگە ساڭگىلىماق** ئۆمۈرنىڭ ساناقلىق ۋاقتى قالماق، قېرىپ كەتمەك: قېرى كالا پىچاقتىن قورقماپتۇ دېگەندەك نېمىدىن قورقاتتىم، قېرىدىم، ئىككى پۇتۇم گۆرگە ساڭگىلىدى. * ئەمدى مېنىڭ ئىككى پۇتۇم گۆرگە ساڭگىلاپ قالدى. مۇبادا ئۆلۈپ تارتىپ قالسام، سىلەرگە ئېيتىپ قويىدىغان ئىككى ۋەسىيىتىم بار.

**ئىككى پۇتى ئۆرە قالماق** ھەددىدىن ئارتۇق خاپىلىق، ئاچچىقلىنىش ياكى ھاڭ-تاڭ قېلىشنى بىلدۈرىدۇ: ئۇ كۆپچىلىككە قىز بالىنى چېچىدىن سۆرەپ-تارتىپ، قوي-ئۆچكە ئورنىدا خەققە زورلاپ تېڭىپ بېرىشكە بولمايدىغانلىقى توغرىسىدا سۆزلەپ بەردى. بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ، ھەيران بولۇپ، ئىككى پۇتى ئۆرە قالغانلارمۇ بار.

**ئىككى پۇل** ھەممىسى بىر تىيىن، ئەرزىمەس: — ھەممىسى قۇرۇسۇن، ئىككى پۇل، مەن ساڭا قول قويدۇم ئاغىنە، — دېدى سادىق ئۇنىڭ قوللىرىنى ئىككى قوللاپ چىڭ تۇتۇپ تۇرۇپ.

**ئىككى پۇلغا ئالمايدۇ** بەك ئەرزان، ھېچنېمىگە ئەرزىمەيدۇ: بىزنىڭ مۆھۈرلىرىمىزنى دات باسىدۇ، ساتساق مىسقال تۆمۈرنى ھېچ كىشى ئىككى پۇلغا ئالمايدۇ.

**ئىككى پۇلغا ئەرزان، تۆت پۇلغا قىممەت** ئەرزىمەس، قەدىر-قىممىتى يوق: مانا ئەمدى ئىككى پۇلغا ئەرزان، تۆت پۇلغا قىممەت بولۇپ قالدى.

**ئىككى پۇلغا ئەرزىمەيدۇ → ئىككى پۇلغا ئالمايدۇ:** — سىزنىڭ بۇ نەرسىڭىز ئىككى پۇلغا ئەرزىمەيدۇ، — دېدىم مەن ئۇنىڭغا.

**ئىككى پۇلغا يارىمايدۇ → ئىككى پۇلغا ئالمايدۇ:** سېنىڭ ئۇ نېمەڭ ئىنتىك بازاردا

ئىككى پۇلغا يارىمايدۇ.

**ئىككى تاشنىڭ ئارىلىقىدا يانجىلماق:** ئىككى تەرەپنىڭ ئوتتۇرىسىدا قىينالماق، تەڭلىكتە قالماق: ئۇ راستىنىلا ئىككى تاشنىڭ ئارىلىقىدا يانجىلىۋاتاتتى.

**ئىككى تايىن** ئېنىق ئەمەس، ناتايىن: ئۇ كېلەمدۇ، كەلمەمدۇ، تېخى ئىككى تايىن. * مېھمانلارنىڭ كېلىشى ئىككى تايىن.

**ئىككى تايىن بولماق** ئارىسالدى بولماق، ئىككىلەنمەك: شىرمۇھەممەت ئىككى تايىنراق بولۇپ، ئالماسقا ئەگەشتى. * — قەتئىي سۆز، لەيلىگۈل ئۇنداق قىزلاردىن ئەمەس. ئىككى تايىن بولما، يۈر كەتتۇق، — دېدى شانىياز قاقاھلاپ كۈلۈپ.

**ئىككى تەرەپلىمە** ئىككى جەھەتتىن، ئىككى تەرەپتىن: مەسىلىگە ئىككى تەرەپلىمە قارىماق.

**ئىككى تەرەپلىملىك** ← **ئىككى ياقلىمىلىق:** بۇنداق ئىككى تەرەپلىمىلىكنىڭ مەۋجۇتلۇقىغا ئۆزىمىزمۇ شۈبھىلەنگەن بولار ئىدۇق. ئەمما چوڭقۇرراق مۇلاھىزە قىلىپ كۆرگەندە، بۇنداق ئەھۋالنىڭ بارلىقىنى بايقىۋېلىش مۇمكىن.

**ئىكك تەرەپلىملىك سودا** <سودا> ئىككى دۆلەت كېڭىشىش ئارقىلىق ئىككى تەرەپتە ھېسابات قىلىش ئاساسىدا يولغا قويۇلغان سودا.

**ئىككى تەكشىلىك ئارىسىدىكى بۇلۇڭ** <مات> ئىككى تەكشىلىكنىڭ نورمال ۋېكتورلىرى ئارىسىدىكى بۇلۇڭ.

**ئىككى تەكشىلىكنىڭ پاراللېللىقى** <مات> ئورتاق نۇقتىغا ئىگە بولمىغان ئىككى تەكشىلىكنىڭ پاراللېل ئورۇن مۇناسىۋىتى.

**ئىككى تەكشىلىكنىڭ تىكلىكى** <مات> ھاسىل قىلغان بۇلۇڭى تىك ئىككى ياقلىق بۇلۇڭ بولغان ئىككى تەكشىلىكنىڭ تىك ھالەتتىكى ئورۇن مۇناسىۋىتى.

**ئىككى تەكشىلىكنىڭ كېسىشىشى** <مات> پەقەت بىرلا ئورتاق تۈز سىزىقتا ئىگە بولغان ئىككى تەكشىلىكنىڭ ئۆزئارا كېسىشكەن ھالەتتىكى ئورۇن مۇناسىۋىتى.

**ئىككى تەڭلىشىش نۇقتىسى** <ئاستر> ئېكلىپتىكا بىلەن ئاسمان ئېكۋاتورىنىڭ ئۆزئارا كېسىشىدىغان نۇقتىلىرى.

**ئىككى توختاش نۇقتىسى** <ئاستر> ئېكلىپتىكىنىڭ ئاسمان ئېكۋاتورىدىن ئەڭ يىراق بولغان ئىككى نۇقتىسى.

**ئىككى تۇغقان** ئۆزى بىلەن بىر نەۋرە: گېنېرالنىڭ ئىككى تۇغقان ئاچىسى شۇ زاماتلا ئارغىماق قوشۇلغان ياسىداق مەپىسىنى ئۇنىۋانلىق مەسلىھەتچىنىڭ خوتۇنىنىڭ كىلىشكە ئەۋەتتى.

**ئىككى تۆت سەر يېرىم جىڭ** ← **ئىككى سەككىز ئون ئالتە:** ئۇلار ئىككى-تۆت سەر-يېرىم جىڭ، بىر-بىرىدىن قېلىشمايدۇ.

**ئىككى تۈز سىزىق ئارىسىدىكى بۇلۇڭ** <مات> بوشلۇقتىكى خالىغان بىر نۇقتىدىن بېرىلگەن مۇقىم ئىككى تۈز سىزىققا پاراللېل قىلىپ ئۆتكۈزۈلگەن ئىككى تۈز سىزىقتىن ئىككى بۇلۇڭ ھاسىل بولىدۇ. بۇلارنىڭ ئىچىدىكى خالىغان بىرى بۇ ئىككى تۈز سىزىق ئارىسىدىكى بۇلۇڭ بولىدۇ.

**ئىككى تۈز سىزىقنىڭ پاراللېللىقى** <مات> بىر تەكشىلىكتە يېتىپ، ئۆزئارا كېسىشمەيدىغان ئىككى تۈز سىزىقنىڭ ئورۇن مۇناسىۋىتى.

**ئىككى تۈز سىزىق كېسىشىشى** <مات> پەقەت بىرلا ئومۇمىي نۇقتىغا ئىگە بولغان ئىككى تۈز سىزىقنىڭ ئورۇن

مۇناسىۋىتى.

**ئىككى تۈز سىزىقنىڭ ئۆزئارا تىكلىكى** <مات> تىك بۇلۇڭ ياساپ كېسىشىدىغان ئىككى تۈز سىزىقنىڭ ئورۇن مۇناسىۋىتى.

**ئىككى تۈز سىزىقنىڭ يانتۇ كېسىشىشى** <مات> تىك بۇلۇڭ ياسىماي كېسىشىدىغان ئىككى تۈز سىزىقنىڭ ئورۇن مۇناسىۋىتى.

**ئىككى تىللىق** ① ئىككى خىل تىل بىلىدىغان: ئۇ ساقال-بۇرۇت قويۇۋالغان، خۇش پېچىم، ئىككى تىللىق سۆزمەن ئادەم ئىدى. ياڭ جياڭجۈن ئۇنى ئۆزىنىڭ كېلەچەك پىلانى ئۈچۈن راسا باپ كېلىدىغان كىشى دەپ ئويلىدى. ② كۆڭلىدە ئىككى نىيەت ئويلايدىغان، ئىككى كىشىگە ئىككى خىل گەپ قىلىدىغان تىلى باشقا، دىلى باشقا: ئىككى تىللىق كىشىدىن خۇدا ساقلىسۇن.

**ئىككى تىلى بار** → **تىلىنىڭ ئاستىدا تىلى بار.**

**ئىككى جىسىم مەسىلىسى** <فىز> ئىككى جىسىمنىڭ مەركەزلىك كۈچلەرنىڭ ئۆزئارا تەسىرى ئاستىدىكى ھەرىكىتىنىڭ قانۇنىيىتىنى تەتقىق قىلىش مەسىلىسى.

**ئىككى جىنسلىق كۆپىيىش** <بىئول> چىشى ۋە ئەركەك ئىككى خىل جىنسىي ھۈجەيرىلەرنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن يېڭى ئىندىۋىتنى ھاسىل قىلىدىغان بىر خىل كۆپىيىش شەكلى. بۇ جانلىقلار دۇنياسىدا ئومۇمىيۈزلۈك بولىدىغان بىر خىل كۆپىيىش شەكلىدۇر.

**ئىككى چەمبەرنىڭ تىك كېسىشىشى** <مات> ئىككى چەمبەرنىڭ 90° لۇق كېسىشىش بۇلۇڭى ياساپ كېسىشكەندىكى ئورۇن مۇناسىۋىتى.

**ئىككى چەمبەرنىڭ سىرتتىن ئايرىلىپ تۇرۇشى** <مات> ئىككى چەمبەرنىڭ ئومۇمىي نۇقتىغا ئىگە بولماي، بىرى يەنە بىرىنىڭ سىرتىدا ياتقان ھالەتتىكى ئورۇن مۇناسىۋىتى.

**ئىككى چەمبەرنىڭ ئۇرۇنۇشى** <مات> ئىككى چەمبەرنىڭ بىرلا ئومۇمىي نۇقتىغا ئىگە بولغان ھەمدە بىرى يەنە بىرىنىڭ سىرتىدا ياتقان ھالەتتىكى ئورۇن مۇناسىۋىتى.

**ئىككى چەمبەرنىڭ كېسىشىش بۇلۇڭى** <مات> ئەگەر ئىككى چەمبەر ئۆزئارا كېسىشسە، ئۇلارنىڭ بىر كېسىشىش نۇقتىسىدىن بۇ ئىككى چەمبەرنىڭ ئۇرۇنمىلىرى يۈرگۈزۈلگەندە، بۇ ئۇرۇنمىلارنىڭ كېسىشىش بۇلۇڭى بۇ ئىككى چەمبەرنىڭ كېسىشىش بۇلۇڭى دېيىلىدۇ.

**ئىككى چەمبەرنىڭ كېسىشىشى** <مات> ئىككى چەمبەرنىڭ پەقەت ئىككىلا ئومۇمىي نۇقتىغا ئىگە بولغان چاغدىكى ئورۇن مۇناسىۋىتى.

**ئىككى چەمبەرنىڭ ئومۇمىي ئۇرۇنمىسى** <مات> ئەگەر بىر تۈز سىزىق ھەر ئىككى چەمبەر بىلەن ئۇرۇنسا، ئۇ ھالدا بۇ تۈز سىزىق بۇ ئىككى چەمبەرنىڭ ئومۇمىي ئۇرۇنمىسى دېيىلىدۇ.

**ئىككى چەمبەرنىڭ ئۇرۇنۇش نۇقتىسى** <مات> ئەگەر ئىككى چەمبەر پەقەت بىر ئومۇمىي نۇقتىغا ئىگە بولسا، ئۇ ھالدا بۇ ئومۇمىي نۇقتا ئىككى چەمبەرنىڭ ئۇرۇنۇش نۇقتىسى دېيىلىدۇ.

**ئىككى چەمبەرنىڭ ئىچتىن ئۇرۇنۇشى** <مات> ئىككى چەمبەرنىڭ پەقەت بىرلا ئومۇمىي نۇقتىغا ئىگە بولغان ھەمدە بىرى يەنە بىرىنىڭ ئىچىدە

ياتقان ھالەتتىكى ئورۇن مۇناسىۋىتى.

**ئىككى چولڭ بۆلەكنىڭ نىسبەت مۇناسىۋىتى** <س ئق> ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرىنى ئىشلەپچىقىرىدىغان قىسمى بىلەن ئىستېمال ۋاسىتىلىرىنى ئىشلەپچىقىرىدىغان قىسمى ئوتتۇرىسىدىكى نىسبەت مۇناسىۋىتى.

**ئىككى خانىلىق سان** <مات> تەركىبىدە ئىككى خانە بولغان ياكى ئىككى رەقەمدىن تۈزۈلگەن پۈتۈن سان. مەسىلەن، 56، 70 قاتارلىقلار.

**ئىككى خۇسۇسىيەتلىك ئانائېروبى باكتېرىيىسى** <بئول> ئوكسىگېنلىق ۋە ئوكسىگېنسىز شارائىتتا ئوخشاشلا ياشىيالايدىغان مىكروئورگانىزملار.

**ئىككى خۇسۇسىيەتلىك ئانائېروبى جانلىقلار** <بئول> ئەركىن ھالەتتىكى ئوكسىگېننىڭ ياردىمى بىلەن ھايات كەچۈرىدىغان ئۆسۈملۈكلەر. ئۇلار يەنە ئوكسىگېن يوق ياكى ئىنتايىن شالاڭ بولغان جايدىمۇ ياشىيالايدۇ.

**ئىككى خۇسۇسىيەتلىك ئائېروبى باكتېرىيىسى** <بئول> ئوكسىگېنلىك شارائىتتا ياشىيالايدىغان ئانائائېروبى باكتېرىيە.

**ئىككى خۇسۇسىيەتلىك پارازىتلار** <بئول> مۇستەقىل ياشىيالايدىغان ئەمما مۇئەييەن شارائىتتا پارازىتلىق قىلىدىغان جانلىقلار. مەسىلەن، پىت قاتارلىقلار.

**ئىككى خىل زەرەت** تەبىئەت دۇنياسىدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان مۇسبەت ۋە مەنپىي زەرەت كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

**ئىككى خىل ئوزۇقلىنىدىغان مىكروئورگانىزملار** <بئول> ئۆزلۈكىدىن ۋە چەتتىن ئوزۇقلىنىپ ھايات كەچۈرىدىغان مىكروئورگانىزملار.

**ئىككى خىيال بولماق** ← **ئىككى تايىن بولماق**: ئۇ باغقا بېرىش-بارماسلىق ھەققىدە ئىككى خىيال بولۇپ قالدىم. * — قانداق قىلىش كېرەك؟ — دېدى ئىلمىي مۇدىر ئىككى خىيال بولۇپ.

**ئىككى دەرىجىلىك تەننەرخ ھېساباتى** <مال> سانائەت كارخانىلىرىدىكى ئىشلەپچىقىرىش خىراجىتىنىڭ تەپسىلىي ھېساباتىنى بوغالتىرلىق تارماقلىرىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، ئالاقىدار سېخلاردا تارقاق ھالدا ئېلىپ بارىدىغان بىر خىل تەشكىلىي شەكىل.

**ئىككى دۇنيا** ① بۇ دۇنيا ھەم ئۇ دۇنيا؛ مەڭگۈ: — ئىككى دۇنيا سەن ئادىلەدەك دوستۇم يوق! — دېدىم مەن خېنىمدە ئۈنىڭغا. * ئۆلگەنلەرنىڭ مەدەتكارلىقى، تىرىكلەرنىڭ دۇئاسى بۇ يىگىتنىڭ كېسىلىگە شىپا، ھاياتىغا بەخت-سائادەت ئاتا قىلىپ، ئىككىلا دۇنيا ئەزىز قىلغۇسى. ② ھەر جەھەتتىن بىر-بىرىگە ئوخشىمايدۇ: ئادىل بىلەن مەمەتنى بىلىم، ئەخلاق، خۇلق جەھەتتىن ئوخشايدۇ دەيسەن، مېنىڭچە ئىككىسى ئىككى دۇنيا.

**ئىككى دۇنيا بولۇشۇپ كەتمەك** مۇناسىۋىتى پۈتۈنلەي ئۈزۈلمەك، تونۇشمايدىغان دەرىجىگە يەتمەك، مەڭگۈ دۈشمەنلەشمەك: شۇنداق قىلىپ ئۇ بىر نەۋرە ئاكىسى بىلەن ئىككى دۇنيا بولۇشۇپ كەتتى.

**ئىككى دۇنيا رازى** ← **ئۇ دۇنيا، بۇ دۇنيا رازى**: — رەھمەت ئوكام، مەن سىزدىن ئىككى دۇنيا رازى، خۇدايىم ئۆمرىڭىزنى ئۇزۇن، چىققان دۆۋىڭىزنى ئېگىز قىلسۇن، — دېدى ئۇ كىشى كۆزىگە ئىسسىق

ياش ئالغاچ قولنى ئېگىز كۆتۈرۈپ.

**ئىككى دۇنيالىق** بۇ دۇنيالىق ھەم ئۇ دۇنيالىق: ئۇلار بىر-بىرىگە ۋاپاسىزلىق قىلماسلىق توغرىسىدا ئىككى دۇنيالىق قەسەم ئىچىشكەنىكەن. * ... بىر ئەسىرىمنىڭ تېتولىغا «ئىككى دۇنيالىق... ھاشىرغا بېغىشلايمەن» دەپ يېزىپ قويماقچىمەن.

**ئىككى دۆلەتكە تەۋەلىك** <قا> بىر ئادەمنىڭ بىرلا ۋاقىتتا ئىككى دۆلەتنىڭ پۇقراسى بولۇشى. بۇنداق ئەھۋال ئاساسەن ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ دۆلەت پۇقرالىقى قانۇنىدا دۆلەتكە تەۋە بولۇش ۋە دۆلەت تەۋەلىكىدىن مەھرۇم بولۇش توغرىسىدا قانۇن چىقىرىش پرىنسىپلىرىنىڭ بىردەك بولماسلىقى سەۋەبىدىن كېلىپ چىقىدۇ.

**ئىككىدىن بىرى** يا ئۇنداق، يا مۇنداق: تەۋەككۇل، ئىككىدىن بىرى بولار.

**ئىككى سەككىز ئون ئالتە** ئاخىرقى ھېسابتا بەرىبىر ئوخشاش، بىرلا گەپ.

**ئىككى سىپنا** <مائار> ئوتتۇرا-باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇغۇچىلارنى ئىككىگە بۆلۈپ، نۆۋەت بىلەن دەرس ئۆتىدىغان بىر خىل ئوقۇتۇش تەشكىلىي شەكلى.

**ئىككى سوت بىلەن ئاياغلاشتۇرۇش تۈزۈمى** <قا> دەۋا ئەنزىسىنى ئىككى دەرىجىلىك سوت مەھكىمىسىنىڭ سوت قىلىشى ئارقىلىق ئاخىرلاشتۇرىدىغان بىر خىل تۈزۈم.

**ئىككىسى ئۇزۇن ئاتلىق** <بوت> كالپۇكسىمان گۈللۈكلەر ئائىلىسى ۋە چوقا ئائىلىسىدىكى ئۆسۈملۈكلەرنىڭ ھەربىر تال گۈلىدە تۆت تالدىن ئاتلىق بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىككىسى ئۇزۇن، ئىككىسى قىسقا بولىدۇ، شۇڭا بۇ «ئىككىسى ئۇزۇن ئاتلىق» دەپ ئاتىلىدۇ.

**ئىككى شارنىڭ سىرتتىن ئايرىلىپ تۇرۇشى** <مات> ئىككى شارنىڭ مەركەزلىرى ئارىلىقىنىڭ ئۇلارنىڭ رادىئۇسلىرىنىڭ يىغىندىسىدىن چوڭ بولغان چاغدىكى ئورۇن مۇناسىۋىتى.

**ئىككى شارنىڭ كېسىشىشى** <مات> ئىككى شارنىڭ مەركەزلىرى ئارىلىقىنىڭ ئۇلارنىڭ رادىئۇسلىرىنىڭ يىغىندىسىدىن كىچىك، ئايرىمىسىدىن چوڭ بولغان چاغدىكى ئورۇن مۇناسىۋىتى.

**ئىككى شارنىڭ ئىچتىن ئايرىلىپ تۇرۇشى** <مات> ئىككى شارنىڭ مەركەزلىرى ئارىلىقىنىڭ ئۇلارنىڭ رادىئۇسلىرىنىڭ ئايرىمىسىدىن كىچىك بولغان چاغدىكى ئورۇن مۇناسىۋىتى.

**ئىككى شارنىڭ ئىچتىن ئۇرۇنۇشى** <مات> ئىككى شارنىڭ مەركەزلىرى ئارىلىقىنىڭ ئۇلارنىڭ رادىئۇسلىرىنىڭ ئايرىمىسىغا تەڭ بولغان چاغدىكى ئورۇن مۇناسىۋىتى.

**ئىككى قوشۇقتا ئاش ئىچكۈدەك بولماق** ئالدىراشچىلىق ئىچىدە تۇرماق: ئۇ خۇددى ئىككى قوشۇقتا ئاش ئىچكۈدەك بولغان ئالدىراشلىق بىلەن خامان ئېلىۋاتقان تومۇز كۈنلەر ئىدى.

**ئىككى قول** ئىككى تەرەپلىمىلىك، ھەر ئېھتىمالنى كۆزدە تۇتقان ھالدا ئىككى يۈرۈش، ھەر تەرەپلىمە: — قانداقلا بولسۇن بىزمۇ چېرىك كۈچلىرىمىزنى كۈچەيتسەك بولىدۇ، — دېدى توغرۇل سۇباشى، — ئەگەر دۈشمەن ئىككى قول ھۇجۇم قىلسا، بىزمۇ ئىككى قول تەييارلىق قىلىشىمىز كېرەك.

**ئىككى قولدا تۇتماق** بىرلا ۋاقىتنىڭ ئىچىدە ھەر ئىككىلا ئىشنى ئوخشاش

ئېلىپ بارماق، چىڭ تۇتماق: ئىككى قولدا تۇتۇش بىر قولدا يىنىك سانائەت، توقۇمىچىلىق سانائىتىنى تۇتۇش، يەنە بىر قولدا ئېغىر سانائەتنى تۇتۇش لازىم.

**ئىككى قولغا تايانماق** ئۆز ئەمگىكىگە، ئۆز كۈچىگىلا تايىنىپ ئىش قىلماق، ئۆزىدە بار بولغان ئىمكانىيەتلەردىنلا پايدىلانماق: يېڭىپەر ئۆزۈمچىلىك يېزىسىدىكى دېھقانلار ئىككى قولغا تايىنىپ بېيىدى.

**ئىككى قوللاپ** ① ئىككى قولىنى تەڭلا ئىشقا سېلىپ: سوپى دېھقان ئىچ يانچۇقىدىن خەتنى ئېلىپ مىرغەزەپكە ئىككى قوللاپ سۇندى. * ئايقىز كەمزۇلىنىڭ ئىچىدىن جۇماتاينىڭ تاسما بەلبېغى بىلەن پىچىقىنى چىقىرىپ، ئامانقۇلغا ئىككى قوللاپ سۇندى. ② خۇشال-خۇراملىق ۋە ئىززەت-ھۆرمەت بىلەن: — قىزىڭنى ئىككى قوللاپ تۇتۇشنىڭ ئورنىغا تېخى بەرمەيمەن. دەيسىنا، — دېدى ئەلچى. * مەسلىھەتچى ئاغاپىڭنىڭ تاغ ئارقىسىدىكى دوستىنىڭ ئىككى قوللاپ قارشى ئېلىشىغا ئىگە بولدى. * چاينى ئىككى قوللاپ سۇنماي، ئالدىراشچىلىقتا بىر قوللاپ سۇنۇپ قويۇپتىمەن. خاپا بولمىسىلا.

**ئىككى قوللۇق** بىر-بىرىگە ئوخشىمايدىغان، ئىككى خىل: بىز بۇ جەھەتتە جەزمەن ئىككى قوللۇق تەدبىر قوللىنىشىمىز كېرەك. * دۈشمەن ئىككى قوللۇق سىياسەت قوللىنىۋاتىدۇ، بىزمۇ ئىككى قوللۇق سىياسەت قوللىنىشىمىز لازىم.

**ئىككى قولۇم كۆكسۈمدە** «چىن كۆڭلىمىزدىن رازى، نېمە دېسىلە شۇ بولىدۇ، ياق دېمەيمەن» دېگەن مەنىدىكى ئىبارە: خۇشامەتچى مىراب قۇربان ئاقساقال سۆز باشلاپ، — ئىككى قولىمىز كۆكسىمىزدە، نېمە قىلماقنى بۇيرۇسىلا بېشىمىز بىلەنمۇ، پۇتىمىز بىلەنمۇ يۈگۈرۈپ — ئۇچۇپ بەجا كەلتۈرىمىز، -دېدى. * ئىككى قولۇم كۆكسۈمدە، بىراق قىزىمنىڭ چوڭ بىر ئەيىبى بار.

**ئىككى قولىنى بۇرنىغا تىقىپ** قۇرۇق، قۇرۇق قول، قولىغا ھېچنېمە ئالماي: ئۇلار بىزگە ياخشىلىق قىلغان، بالىسىنىڭ تويىغا ئىككى قولىمىزنى بۇرنىمىزغا تىقىپ بارساق بولماس. * ئۇ ئىشلەپ پۇل تاپمەن دەپ كەتكەن، مانا ئەمدى ئىككى قولىنى بۇرنىغا تىقىپ كېلىپتۇ.

**ئىككى قولىنى بۇرنىغا تىقىپ قالماق** پۈتۈن مال-دۇنيا، پۇل-مۈلكىدىن ئايرىلىپ قېلىپ بىردىنلا قۇرۇق قول بولۇپ قالماق: ئۇ، سومكىسىدىكى ئۈچ تۈمەن كوي پۇلنى ئوغرىغا ئالدۇرۇپ، ئىككى قولىنى بۇرنىغا تىقىپ قالدى.

**ئىككى قوۋۇز گەپ** جانت → **ئىككى ئېغىز گەپ**: — مەنمۇ ئىككى قوۋۇز گەپ قىلاي، — دېدى كېۋىر كاسسىر، — قېرىنداشلىرىم، نىكاھ ئىشى ئۇلۇغ ئىش، بىز بەندىلەرنىڭ ئۆمرىمىزدىكى ناھايىتى چوڭ ئىش.

**ئىككى قۇتۇپ** ① <جۇغ> يەر شارىنىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىي قۇتۇپى. ② <فىز> ئانود ۋە كاتوددىن ئىبارەت ئىككى ئېلېكتر قۇتۇپى ياكى ماگنىتنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىي ئىككى قۇتۇپى. ③ كۆچمە. قارىمۇقارشى ئىككى تەرەپ: ئىككى قۇتۇپقا بۆلۈنمەك. ئىككى قۇتۇپ قارىمۇقارشىلىقى.

**ئىككى قۇتۇپلۇق كرىستال لامپا** <فىز> پەقەت ئىككىلا ئېلېكتر قۇتۇپى بار بولغان كرىستال لامپا. ئۇنىڭ ئاساسىي تۈزۈلۈشى PN تۈگۈنىدىن ئىككى تال ئېلېكتر قۇتۇپ سىمىنى چىقىرىشتىن ئىبارەت.

**ئىككى قۇتۇپلۇق لامپا** <فىز> ئىككى ئېلېكتر قۇتۇپى بولغان ئېلېكترون لامپا ياكى كرىستال لامپا.

**ئىككى قۇتۇپلۇق ئېلېكترون لامپا** <فىز> ئەڭ ئاددىي ئېلېكترون لامپا. ئۇنىڭ ئېلېكترون تارقىتىدىغان كاتود بىلەن ئېلېكترون قوبۇل قىلىدىغان ئانوددىن ئىبارەت ئىككى ئېلېكتر قۇتۇپى بولىدۇ.

**ئىككى قۇلاقنىڭ ئاڭلاش سېزىمى** <فىزىئول> ئاۋازنى ئىككى قۇلاق بىلەن بىرلا ۋاقىتتا ئاڭلىغان چاغدىكى سېزىم. ئۇنىڭ روشەن ئىقتىدارى ئىككى قۇلاقنىڭ ئورۇن ئېنىقلاش رولى، يەنى ئادەمنىڭ بوشلۇقدىكى ئاۋاز مەنبەسىنىڭ ئورنىغا ھۆكۈم قىلىش ئىقتىدارىدىن ئىبارەت.

**ئىككى قىرقىم** ئون ئىككى يىللىق تۆگىنىڭ 2-قېتىم چىشىنىڭ ئۇپىرىشىنى كۆرسىتىدۇ.

**ئىككى كۆزنىڭ كۆرۈش سېزىمى** <فىزىئول> ئىككى كۆز بىلەن بىر جىسىمغا بىرلا ۋاقىتتا قارىغاندا، ئۇنىڭ يىراق، يېقىنلىق دەرىجىسىگە ھۆكۈم قىلغىلى بولىدىغان ستېرېئولۇق كۆرۈش سېزىمى.

**ئىككى كۆزى تۆت بولماق** قاتتىق ئىنتىزار بولماق، كۆرۈشكە ئالدىرىماق: ئۇ سېنى كۈتۈپ، ئىككى كۆزى تۆت بولدى.

**ئىككى كۈچنىڭ تەڭپۇڭلۇق شەرتى** <فىز> ئىككى كۈچنىڭ تەڭپۇڭ بولۇشىدا بۇ ئىككى كۈچنىڭ چامىسىنىڭ ئۆزئارا تەڭ، يۆنىلىشلىرىنىڭ قارىمۇقارشى بولۇشى بىلەن بىرگە، بىر جىسىمغا بىر تۈز سىزىق ئۈستىدە تەسىر قىلىشىنىڭ زۆرۈرلىكى.

**ئىككى كۈرەك تۆگە** كۈرەك چىشتىن ئىككىسى چىققان يەنى تۆت يىللىق بولغان تۆگە.

**ئىككى كۆڭلۈك ئۆمرى قالماق** بىر پۈتى كۆرگە ساڭگىلىماق؛ ئۆمرىنىڭ ساناقلىق كۈنلىرى قالماق: — مەن قېرى ئادەم، ئىككى كۆڭلۈك ئۆمرۈم قالدى، — دېدى لى دارېن.

**ئىككى كۆڭۈلنىڭ بىرىدە** پات- پاتلا، دائىم، دائىم دېگۈدەك: كومسسيونچى ئىككى كۈننىڭ بىرىدە ئاغىنىلىرى بىلەن ياكى ئۆزىمۇ خىل سوغىلارنى ئەكىلىپ گۈزەلئاينىڭ ئۆيىدە «ئولتۇرۇش» قىلىپ، گۈزەلئاينى بىزار قىلىۋەتكەنىدى.

**ئىككى كېمىگە دەسسىمەك** ئىككى تەرەپتە تەڭ تۇرماق، ھەر ئىككى تەرەپنى قولدىن بەرمەسلىك: ئىككى كېمىگە دەسسىگەن ئادەم ھامىنى زىيان تارتىدۇ.

**ئىككى كېمىنىڭ قۇيرۇقىنى تۇتماق** ← **ئىككى كېمىگە دەسسىمەك**: سەن ئۇنداق ئىككى كېمىنىڭ قۇيرۇقىنى تۇتساڭ، ئاخىر نېمە بولارسەن؟

**ئىككى كىشىلىك لەپەر** <ئۇس> سەھنىدە ئىككى كىشى ئۆزئارا بىر-بىرىگە بېقىشقان ھالدا ئۇسسۇل ئويناپ تۇرۇپ ئېيتىشىدىغان سەھنە ئويۇنى.

**ئىككى كىشىلىك ئۇسسۇل** <ئۇس> ئىككى كىشىنىڭ ئورۇنلىشىدا ئوينىلىدىغان ئۇسسۇل.

**ئىككىگە بۆلۈش ئۇسۇلى** <پەلس> ماۋزېدوڭنىڭ دىئالېكتىكىغا ۋە ئۇنىڭغا مەنسۇپ بولغان قارىمۇقارشىلىقنىڭ بىرلىكى قانۇنىغا دائىر نەزەرىيە ئۈستىدىكى ئاممىباپ شەرھى، يەنى «ئىككى نۇقتىچىلىق» قا مەنداش سۆز.

**ئىككى گەپنىڭ بىرى بولسىلا** ← **ئىككى گەپنىڭ بىرىدە.**

**ئىككى گەپنىڭ بىرىدە** سۆزلىشىۋاتقاندا پات-پاتلا، قايتا-قايتىلاپ: ئۇ ئىككى گەپنىڭ بىرىدە شۇ قىزنى ئەكىلىپ بەرگىن دەيتتى. * شەمشقارى موللازەيدىننى ئىككى گەپنىڭ بىرىدە «موللا قارى» دەپ ئىززەت-ئىكرام كۆرسەتتى.

**ئىككىلا ئالەم رازى بولماق** ھەم خەلق ئۈچۈن ھەم قىيامەت — ئۇ دۇنيا ئۈچۈن ياخشى ئىش قىلغان ھېسابلانماق: ۋەتەن، مىللەت ئۈچۈن كۆرەشكۈچىلەردىن ئىككىلا ئالەم رازى بولىدۇ.

**ئىككى مەنبەچىلىك** <پەلس> ① دۇنيانىڭ روھ بىلەن ماددىدىن ئىبارەت مۇستەقىل بولغان ئىككى مەنبەسى بار دېگەننى تەشەببۇس قىلىدىغان پەلسەپىۋى تەلىمات. ② ئالەمنى مۇستەقىل ئىككى قىسىمغا بۆلۈۋېتىدىغان بارلىق دىنىي ئەقىدىلەر ياكى پەلسەپىۋى تەلىماتلار.

**ئىككى موك بولۇپ قالماق** تۈگۈلۈپ قالماق، مۈكچىيىپ پۈكۈلمەك: مەن يېقىن بېرىپ قارىسام، ئۇ ئىككى موك بولۇپ قېلىپتۇ.

**ئىككى نامەلۇملۇق بىرىنچى دەرىجىلىك تەڭلىمە** <مات> ئىككى نامەلۇمنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىرىنچى دەرىجىلىك تەڭلىمە. مەسىلەن، $\chi+\frac{1}{2}y=3\chi+4$، $2\chi+y=1$ قاتارلىقلار.

**ئىككى نامەلۇملۇق بىرىنچى دەرىجىلىك تەڭلىمىلەر سىستېمىسى** <مات> ئوخشاش ئىككى نامەلۇمنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىرقانچە بىرىنچى دەرىجىلىك تەڭلىمىدىن تەشكىل تاپقان تەڭلىمىلەر سىستېمىسى.

**ئىككى نامەلۇملۇق بىرىنچى دەرىجىلىك ئېنىقسىز تەڭلىمە** <مات> ← **ئىككى نامەلۇملۇق بىرىنچى دەرىجىلىك تەڭلىمە.**

**ئىككى نامەلۇملۇق تەڭسىزلىك** <مات> ئوخشاش بولمىغان ئىككى نامەلۇمنى ئۆز ئىچىگە ئالغان تەڭسىزلىك. مەسىلەن، $\chi y+\chi<y^2$، $y>\chi+2$ قاتارلىقلار.

**ئىككى نامەلۇملۇق تەڭلىمە** <مات> تەركىبىدە ئىككى نامەلۇم بولغان تەڭلىمە.

**ئىككى نامەلۇملۇق ئىككىنچى دەرىجىلىك تەڭلىمە** <مات> ئىككى نامەلۇمنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھەمدە نامەلۇمنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئەزالىرىنىڭ ئەڭ يۇقىرى دەرىجىسى 2 بولغان پۈتۈن ئىپادىلىك تەڭلىمە.

**ئىككى نامەلۇملۇق ئىككىنچى دەرىجىلىك تەڭلىمىلەر سىستېمىسى** <مات> ئوخشاش ئىككى نامەلۇمنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىرقانچە ئىككىنچى دەرىجىلىك تەڭلىمىدىن ياكى كېمىدە بىر ئىككىنچى دەرىجىلىك تەڭلىمە بىلەن بىرقانچە بىرىنچى دەرىجىلىك تەڭلىمىدىن تۈزۈلگەن تەڭلىمىلەر سىستېمىسى.

**ئىككى نامەلۇملۇق ئىككىنچى دەرىجىلىك كۆپ ئەزالىق** <مات> ئىككى نامەلۇمنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھەمدە ئەڭ يۇقىرى ئەزاسىنىڭ دەرىجىسى 2 بولغان كۆپ ئەزالىق. مەسىلەن، $a\chi^2+b\chi y+cy^2+d\chi+ey+f$.

**ئىككى نان تاپسا بىرىنى داپ چالماق** ئازغىنا پۇل-مالغا ئىگە بولۇشى بىلەن تەڭلا بەتخەجلىك قىلماق: ئۇ شۇنداق نىمە، ئىككى نان تاپسا، بىرىنى داپ چالىدۇ، شۇڭا، ئىشتىنى ئىككى بولماي كېتىۋاتىدۇ.

**ئىككى نۇقتىلىق تەقسىمات** <مات>
دىسكرىت تىپىدىكى تاسادىپىي مىقدارلار-
نى سۈرەتلەپ بېرىدىغان ئېھتىماللىق
تەقسىماتلىرىنىڭ بىرى.

**ئىككى نېگىزلىك كىسلاتا** <خىم> بىر
مولېكۇلىسىدىن ئىككى دانە پروتون قويۇپ
بېرەلەيدىغان ئانئورگانىك كىسلاتالار
بىلەن ئورگانىك كىسلاتالار. مەسىلەن،
سۇلفات كىسلاتا، ئوكسالات كىسلاتا
قاتارلىقلار.

**ئىككىنىڭ بىرىگە تۇرماق** يا بۇنىڭغا
يا ئۇنىڭغا توختىماق: يا بارىدىغان بول،
يا بارمايدىغان بول، ئىشقىلىپ، ئىككىنىڭ
بىرىگە تۇر. * كۆرگۈلۈكنى كۆرگۈلۈك، يا
ئابدۇخالىق ئۆلگۈلۈك، ئىككىنىڭ بىرىگە تۇرماق،
ھەر جانغا بولسۇن شۇ خىتاب.

**ئىككىنىڭ قوشۇلۇپ بىر بولۇشى** <پەلس>
مىڭ ۋە چىڭ سۇلالىسى ئارىلىقىدا ئۆتكەن
پەيلاسوپ فاڭ يىجىنىڭ ساددا دىئالېكتىك
زىددىيەت تەلىماتى. بۇنىڭدىكى «ئىك-
كى» زىددىيەتنىڭ قارىمۇقارشى ئىككى
تەرىپىنى، «بىر» بولسا زىددىيەتلىك
ئىككى تەرەپنىڭ بىرلىكىنى كۆرسىتىدۇ.
زىددىيەت ئىككى تەرىپىنىڭ قارىمۇقارشى-
لىق ۋە بىرلىك مۇناسىۋىتىدە، ئۇ: بىرلىكتە
ھامان قارىمۇقارشىلىق بولىدۇ، قارىمۇقارشىلىق-
تا ھامان بىرلىك بولىدۇ دەپ قارايدۇ.

**ئىككى ھەسسىلەنگەن تەنچە** <بىئول>
→ **ئىككى ھەسسىلىك تەن.**

**ئىككى ھەسسىلىك تەن** <بىئول>
ھۈجەيرىسىدە ئىككى گۇرۇپپا خروموسومى-
سى بولغان يەككە تەن. بارلىق يۇقىرى
دەرىجىلىك ھايۋانلار ۋە يىرىمىدىن
كۆپرەك ئۆسۈملۈكلەرنىڭ ھەممىسى ئىككى
ھەسسىلىك تەنلەردۇر.

**ئىككى ھەسسىلىك مەزگىل** <بىئول>
ھەرقانداق جانلىقنىڭ ھايات تارىخىدا
ھۈجەيرە يادروسىدا ئىككى قۇر خرومو-
سومىسى بولىدىغان دەۋرى.

**ئىككى ئوتتۇرىدا قالماق** ئارىدا قالماق،
بىرەر مەسىلە، ئىشتا ئىككىلەنمەك:
مەن ئەمدى ئىككى ئوتتۇرىدا قالدىم، ئۇ
يېنىغا تارتسام تېخى، بۇ يېنىغا تارتسام تېخى.

**ئىككى ئوق ئارىسىدىكى بۇلۇڭ** <مات>
بوشلۇقتا ئىختىيارىي بىر 0 نۇقتىنى
ئېلىپ، 0 نۇقتىدىن $Z'_1$ ، $Z'_2$ ئوقلارغا
ئايرىم-ئايرىم ھالدا پاراللېل قىلىپ
ھەممە ئۇلارنىڭ ئوڭ يۆنىلىشلىرىنى
بىردەك قىلىپ $Z'_1$ ، $Z'_2$ ئوقلارنى ئۆتكۈز-
سەك، ئۇ ھالدا $Z'_1$ ۋە $Z'_2$ ئوقلارنىڭ ئوڭ
يۆنىلىشلىرى ئارىسىدىن ھاسىل بولغان
بۇلۇڭلار ئىچىدىكى ئەڭ كىچىك ئىككى
ئوق $Z_1$ بىلەن $Z_2$ ئارىسىدىكى بۇلۇڭ
دېيىلىدۇ.

**ئىككى ئۆلچەملىك ھەرىكەت** <فىز>
ماددىي نۇقتىنىڭ مۇئەييەن بىر تەكشى
يۈز ياكى ئەگرى يۈز دائىرىسىدە قىلغان
ھەرىكىتى.

**ئىككى ۋالېنتلىق تەنچە** <بىئول>
ھۈجەيرە سان كېمەيتىپ بۆلۈنۈش
ۋاقتىدا، ئانا تەن بىلەن ئاتا تەندىن
كەلگەن ئىككى تال ئوخشاش مەنبەلىك
خروموسوما ئۆزئارا قوشۇلۇپ جۈپ
تۈزگەن خروموسوما.

**ئىككى ۋېكتور ئارىسىدىكى بۇلۇڭ**
<مات> b, a ۋېكتورلارنىڭ باشلىنىش
نۇقتىسىنى ئوخشاش بىر نۇقتىغا يۆتكىگەن-
دىن كېيىن، ئۇ ۋېكتورلارنىڭ بىرىنى
باشلىنىش نۇقتىسى ئەتراپىدا ئايلاندۇرغان-
دا، ئۇنىڭ يۆنىلىشى بىلەن يەنە بىر

ۋېكتورنىڭ يۆنىلىشى ئۇستمۇئۇست چۈشكىچە بولغان ئايلىنىش بۇلۇڭى.

**ئىككى ئېغىز گەپ** سۆز، ئازراق گەپ: ئەجەب بەلەن كېلىپ قاپلا، سىلىگە ئىككى ئېغىز گېپىم بار ئىدى.

**ئىككى ئېغىز گەپ قىلماق** بىرئاز سۆز قىلماق، ئازراق گەپ قىلماق: — مەن ئىككى ئېغىز گەپ قىلاي، — دەپ سۆزىنى باشلىدى ئۇ كۆپچىلىككە.

**ئىككى ئىشتاننى ئارتۇق ئۇزگەن** ← **ئىككى ئىشتاننى بالدۇر يىرتقان.**

**ئىككى ئىشتاننى بالدۇر يىرتقان** باشقا بىرىگە نىسبەتەن ياشقا چوڭ، تەجرىبىسى جىق: ئۇكام گەپ ئاڭلا، مەن سەندىن ئىككى ئىشتاننى بالدۇر يىرتقان.

**ئىككى ئىلىك خەت** قىسقىغىنا، كىچىككىنە خەت؛ ئاددىيغىنا خەت: بۇنىڭ بولالمايدىغان نېمىسى بار، باتۇر؟ ئۇنى تىزىملىكتىن ئۆچۈرۈۋېتىپ، ئىككى ئىلىك خەت يېزىپ قويسىلا بولمامدۇ!

**ئىككى ئىلىك ئېتىدىن چۈشۈپ كەتمەك** خېلىلا جۇدەپ، ئورۇقلاپ قالماق: ئەختەم باي مۇنداق گەپلەرنى ئاڭلاپ باقمىغان، شۇڭا ئېغىر كېلىپ، ئىككى ئىلىك ئېتىدىن چۈشۈپ كەتكەندۇ.

**ئىككى ياقلىق بۇلۇڭ** <مات> ئىككى تەكشىلىكنىڭ ئۆزئارا كېسىشىشىدىن ھاسىل بولغان بۇلۇڭ.

**ئىككى ياقلىق بۇلۇڭ تەكلىكى** <مات> ئىككى ئىككى ياقلىق بۇلۇڭنىڭ سىزىقلىق بۇلۇڭلىرىنىڭ ئۆزئارا تەڭلىك مۇناسىۋىتى.

**ئىككى ياقلىق بۇلۇڭلارنىڭ سىزىقلىق بۇلۇڭى** <مات> ئىككى ياقلىق بۇلۇڭنىڭ قىرى ئۈستىدىكى خالىغان بىر نۇقتىنى ئۇ ئۇچ قىلىپ، ئۇنىڭ ئىككى يېقىدىن قىرغا تىك بولىدىغان ئىككى نۇر ئۆتكۈزۈلگەندە بۇ ئىككى نۇردىن ھاسىل بولغان بۇلۇڭ.

**ئىككى ياقلىق بۇلۇڭلار يىغىندىسى** <مات> ئەگەر ئىككى ياقلىق بۇلۇڭ azB بىلەن Bzr قوشنا ئىككى ياقلىق بۇلۇڭلار بولسا، ئۇ ھالدا ئىككى ياقلىق بۇلۇڭ azr ئىككى ياقلىق بۇلۇڭ azB بىلەن Bzr نىڭ يىغىندىسى دېيىلىدۇ.

**ئىككى ياقلىما** ھەر ئىككىلا تەرەپكە مايىل، ھەر ئىككى تەرەپكە تايىن، ئىككى تەرەپلىمە: ئىككى ياقلىما ھايات كەچۈرگۈچى پارازىتلار.

**ئىككى ياقلىملىق** ① ھەر ئىككىلا تەرەپكە ئېغىش، بىردە ئۇ ياندا، بىردە بۇ يانغا مايىل بولۇش، ھەر ئىككىلا تەرەپنى تەڭ قولدىن بەرمەي تۇرۇش خاھىشى. ② <پەلەس> شەيئىلەرنىڭ ئۆزىدىكى زىددىيەتلىك خاراكتېر.

**ئىككى ياقلىملىق بىرىكمىلەر** <خىم> كۈچلۈك كىسلاتالارغا يولۇققاندا ئاساسلىق خۇسۇسىيەتنى ئىپادىلەيدىغان، كۈچلۈك ئاساسقا يولۇققاندا كىسلاتالىق خۇسۇسىيەتنى ئىپادىلەيدىغان بىرىكمىلەر. ئۇلار كىسلاتا ۋە ئاساس بىلەن قوشۇلغاندا ئوخشاشلا تۇز ھاسىل قىلىدۇ. مەسىلەن، ئالتۇن ۋە سىنىك قاتارلىقلارنىڭ گىدروگسىدلىرى ۋە ئوكسىدلىرى ئىككى ياقلىملىق بىرىكمىلەردۇر.

**ئىككى ياقلىملىق پېرېۋوت نىسبىتى** <مال> كۆپ خىل پېرېۋوت نىسبىتى تۈزۈمىدىن بىرى. ئۇ سودا ياكى تاشقى سودا پېرېۋوت نىسبىتى ۋە پۇل مۇئامىلە پېرېۋوت نىسبىتىدىن ئىبارەت ئىككى خىل

بولىدۇ.

**ئىككى يانغا قارىماق** ① نېمە دېيىشنى، نېمە قىلىشنى بىلەلمەي قالماق؛ بىر قارارغا كېلەلمەي قالماق: — سىلەرنىڭ قايسى بىرىڭلاردا بۇنىڭدىنمۇ ياخشىراق ئۇسۇل-چارە بولسا ئۇنىمۇ ئوتتۇرىغا قويۇڭلار! ھازىر ئىككى يانغا قارايدىغان ۋاقىت ئەمەس، — دېدى ئۇ يىغىنىڭ يۆتىلىۋالغاندىن كېيىن كۆپچىلىككە قاراپ. ② بىركىمگە قىسىنىپ قالماق: ئاشنى ئاغزىمغا ئېلىشىم بىلەن بالىلىرىم يادىمغا كېلىپ ئىككى يېنىمغا قاراپ قالدىم.

**ئىككى يۆنىلىشلىك مىكروفون** <فىز> ئالدى ۋە ئارقا تەرەپتىن كەلگەن ئاۋاز دولقۇنىغا نىسبەتەن سەزگۈرلۈكى ئوخشاش، ئەمما ياندىن كەلگەن ئاۋاز دولقۇنىغا نىسبەتەن سەزگۈرلۈكى تۆۋەنرەك بولغان بىر خىل مىكروفون. كۆپىنچە رادىئو ئاڭلىتىش ۋە ئاۋاز كۈچەيتىش سىستېمىلىرىدا ئىشلىتىلىدۇ.

**ئىككى يۈز** ئىككى يۈزلىمىچى، يۈزسىز: دوست كېرەك، ھەركىمگە سادىق دوست كېرەك، بەرگىن سەن دوستۇڭغا، سورىسا يۈرەك. ۋە لېكىن ئىككى يۈز ۋىجدانسىزلاردىن، ھەرقاچان، ھەرزامان بولغىن سەن زېرەك.

**ئىككى يۈزلۈك** يۈزسىز، كىشىگە ئالدىدا بىر خىل كەينىدە بىر خىل مۇئامىلە قىلىدىغان، ئىككى يۈزلىمىچى: ئىككى يۈزلۈك قىلماق. * — ئىككى يۈزلۈك! ۋاي پەس، كەتكەن ئىككى يۈزلۈك! — دەپ زارلاندى، روزىئاخۇن ئۇنچىقمايلا كېتىپ قالغان تۆمۈرئاخۇنغا ئاچچىقلىنىپ، — ھەممىڭ ئىككى يۈزلۈك.

**ئىككى يۈزلۈكلۈك قىلماق** ئوچۇق-يوشۇرۇن ئىككى خىل ئۇسۇل قوللانماق، ئالدىدا بىر خىل، كەينىدە بىر خىل مۇئامىلىدە بولماق: باھارگۈل ئىككى يۈزلۈكلۈك قىلمىدى.

**ئىككى يۈزلىمە** كىشىگە ئالدىدا بىر خىل، كەينىدە بىر خىل ئىككى بىسلىق مۇئامىلە قىلىدىغان، ئىككى يۈزلۈك: ئىككى يۈزلىمە ئادەم. * ھازىر جەمئىيەتتە ئىككى يۈزلىمە كىشىلەر بەك كۆپىيىپ كەتتى.

**ئىككى يۈزلىمىچى** ئىككى يۈزلىمىلىك قىلغۇچى: بۇ ھۆكۈمەتكە ئالدامچى، ھىيلىگەر، ئىككى يۈزلىمىچى شېڭ شىسەي باشلىق بولۇۋالغان. * شەخسىيەتچى كىشى خۇشامەتچى بولىدۇ، خۇشامەتچى كىشى ئىككى يۈزلىمىچى، ئىرادىسىز بولىدۇ، ئىرادىسىز كىشى قورقۇنچاق بولىدۇ.

**ئىككى يۈزلىمىچىلىك** ← **ئىككى يۈزلىمىلىك**.

**ئىككى يۈزلىمىلىك** كىشىلەرگە ئالدىدا بىر خىل، كەينىدە بىر خىل مۇئامىلە قىلىش: ئىككى يۈزلىمىلىك ئىنسان ئۈچۈن رەزىل ئىللەت.

**ئىككى يۈزلىنىشلىك ئۆرنەك** <گ سەن> نەقىش سىزىشتىكى بىر خىل تەشكىللەش ئۇسۇلى، يەنى بىر ئۆرنەك بىرلىكى ئوڭ-سولغا ياكى يۇقىرى-تۆۋەنگە داۋاملىشىپ ھاسىل قىلىنغان تاسمىسىمان نەقىش.

**ئىككى يېقىغا قارىماي** ئىككىلەنمەي، ئارىسالدى بولماي: — ھاجىم ئېغىز ئاچقان ھامان ئىككى يېقىمىزغا قارىماي ماقۇل دەيمىز-دە — دېدى ئابلىز قارى.

**ئىككى يىللىق ئۆسۈملۈك** <بوت> ئۇرۇق ئۈنگەن يىلىنىڭ ئۆزىدە پەقەت يىلتىز بىلەن يوپۇرماقلىرىلا ئۆسىدىغان، كېيىنكى يىلى ئاندىن چېچەكلەپ مېۋىلەيدىغان

ئۆسۈملۈكلەر. مەسىلەن، تۇرۇپ، بەسەي، پىياز قاتارلىقلار.
**ئىككىېزەك** ئى (ئىككى+كېزەك) ← **قوشكېزەك:** ئايجامالنىڭ ۋاقتى-سائىتى يېتىپ، ئىككىېزەك – بىر ئوغۇل، بىر قىز تۇغۇپتۇ. لېكىن، بىرىنچى تۇغۇتتىلا ئىككىېزەك تۇغقان ياش ئايجامال ئەس-ھوشىدىن كېتىپ ھېچ نەرسىنى بىلمەي يېتىپ قېلىپتۇ.
**ئىككىقات** سۈپ (ئىككى+قات) ھامىلدار بولغان، ھامىلدار، ئېغىرئاياغ: ئىككىقات ئايال. ئىككىقات بولماق.
**ئىككىقات بولماق** قورسىقىدا بالا پەيدا بولماق، ئېغىربوي بولماق: ھەسەنئاخۇن قىزىنىڭ ئىككىقات بولۇپ قالغانلىقىنى ئاڭلىغاندا ئۆزىنى باسالماي قالدى.
**ئىككىقات بولۇش** <بئول> ئايال كىشى ياكى چىشى ھايۋان تېنىدە تۆرەلمىنىڭ يېتىلىشى.
**ئىككىلەمچى** سۈپ ① بىرەر جەريان ياكى ھادىسىدە ئىككىنچى ئورۇننى تۇتقان، ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدىغان؛ ئىككىنچى. ② ئىككىنچى قېتىم شەكىللەنگەن؛ ۋاستە ھاسىل قىلىنغان: ئىككىلەمچى كان ياتمىسى.
**ئىككىلەمچى ئالكوللار** <خىم> گىدروكسىلى ئىككىلەمچى كاربون ئاتومى بىلەن تۇتاشقان ئالكوللار. مەسىلەن، ئىزوپروپانول قاتارلىقلار.
**ئىككىلەمچى بوغماق رايون** <بئول> بويالغۇچى تەنچىدىكى بىرلەمچى بوغماق رايوندىن باشقا، يەنە بىرئاز بىلاپ كۆرۈنىدىغان سۇس رەڭ ئالىدىغان تار بوغماق رايون.
**ئىككىلەمچى پوست** <بئول> ھۆجەيرە ئۆسۈشتىن توختىغاندىن كېيىن، ھۆجەيرە پوستى داۋاملىق ئۆسۈپ قېلىنلىشىشتىن ھاسىل بولغان پوست.
**ئىككىلەمچى تۇخۇم ئانا ھۆجەيرىسى** <بئول> ئادەم ۋە ھايۋان تۇخۇمىنىڭ ھاسىل بولۇش جەريانىدىكى يېتىلىش دەۋرىدە شەكىللىنىدىغان تۇخۇم ئانا ھۆجەيرىسى.
**ئىككىلەمچى تۈزۈلمە** <گېئول> تاغ جىنسلىرى چۆكۈپ ياكى بۆسۈپ كىرگەندىن كېيىن ھاسىل بولغان تۈزۈلمە. مەسىلەن، تۈزۈلمە ھەرىكىتى پەيدا قىلغان ئۈزۈلمە، پۈرۈلمە ۋە دەز قاتارلىقلار.
**ئىككىلەمچى جىنسي ئالامەت** <بئول> جىنسي جەھەتتە پىشىپ يېتىلگەندە ئىپادىلىنىدىغان، جىنس بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان تاشقى ئالاھىدىلىك. مەسىلەن، ئاياللارنىڭ سۈت بېزىنىڭ تەرەققىي قىلىشى، داس سۆڭىكىنىڭ يوغىنىشى، ئاۋازىنىڭ زىلللىشىشى؛ ئەرلەرنىڭ ساقال-بۇرۇتلىرىنىڭ چىقىشى، بوغدىيىكىنىڭ روشەنلىشىشى، ئاۋازىنىڭ بوملىشىشى قاتارلىقلارغا ئوخشاش.
**ئىككىلەمچى چوڭىيىش** <گېئول> ئۇۋاق مىنېراللار ئۆپچۆرىسىدە ئوخشاش بىر خىل مىنېرال كرىستاللىنىڭ تىنىپ يېتىلىشىنى كۆرسىتىدۇ. ئىككىلەمچى چوڭىيىش ھادىسى كۆرۈلىدىغان مىنېراللاردىن كۋارتس، دالا شپاتى، كالتسىت، سىركون قاتارلىقلار بار.
**ئىككىلەمچى دەز** <گېئول> جىنس بولۇپ شەكىللەنگەندىن كېيىن ھاسىل بولغان دەز، ئۇ تۈزۈلمىلىك دەز بىلەن غەيرىي تۈزۈلمىلىك دەزنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

**ئىككىلەمچى دەۋر** <گېئول> قەدىمكى ھايات ئېراسىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى دەۋرى. ئۇ يەنە تۆۋەنكى ۋە يۇقىرىقى دەپ ئىككى ئەسىرگە بۆلۈنىدۇ. بۇ دەۋر 285 مىلىيون يىل بۇرۇن باشلىنىپ، 230 مىلىيون يىل بۇرۇن ئاياغلاشقان، ئۇنىڭدا ئومۇرتقىسىز ھايۋانلاردىن تۆت تارامىلىق بىخ مارجان، موكاقۇرت، بېغىش پۇتلۇقلار، قۇلۇللەر؛ ئومۇرتقىلىق ھايۋانلاردىن قوش ماكانلىق ھايۋانلار ئاساس قىلىنغان، ئۆسۈملۈكلەردىن كۆمۈر دەۋرىدە بار ئۆسۈملۈكلەر داۋاملىق مەۋجۇت بولغاندىن باشقا، يەنە باشلانغۇچ ئارچا، قارىغايلارمۇ، تەرەققىي قىلغان. شەرتلىك بەلگىسى P.

**ئىككىلەمچى سپېرما ئانا ھۈجەيرىسى** <بئول> سپېرما ھۈجەيرىسىنىڭ يېتىلىش دەۋرىدە ھاسىل بولىدىغان سپېرما ئانا ھۈجەيرىسى.

**ئىككىلەمچى سۈپەت** <پەلس> ماركستىن بۇرۇنقى بەزى ماتېرىيالىستلار ئوتتۇرىغا قويغان كۆز قاراش. ئۇلار يېپىلىشچانلىق، ھەرىكەت، شەكىل، ھەجىم قاتارلىقلارنى جىسىمنىڭ بىرلەمچى سۈپىتى ياكى خاسلىقى؛ رەڭ، ئاۋاز، پۇراق، تەم قاتارلىقلارنى بولسا ئىككىلەمچى سۈپىتى دەپ قارايدۇ.

**ئىككىلەمچى سىستېما** <گېئول> ئىككىلەمچى دەۋردە شەكىللەنگەن يەر قاتلاملىرى.

**ئىككىلەمچى قاتلام تىپى** <گېئول> بىرەر يەر قاتلام بىرلىكىنىڭ قاتلام تىپىغا ئاساسلىنىپ باشقا رايوندا بەرپا قىلىنغان، شۇ يەر قاتلام بىرلىكىگە مۇناسىۋەتلىك بولغان ئىككىنچى قاتلام تىپى. ئۇ قاتلام تىپىنىڭ تولۇقلىمىسى بولۇپ، يىللارنى سېلىشتۇرۇشنى رايون دائىرىلىك ئاساس بىلەن تەمىنلەيدۇ.

**ئىككىلەمچى قۇرۇلما يۈزى** <گېئول> جىنس شەكىللەنگەندىن كېيىن، جىنس قاتلىمى، جىنس گەۋدىسى مېخانىكىلىق ھەرىكەتكە ئۇچراپ پەيدا بولغان يۈزسىمان تۈزۈلمە.

**ئىككىلەمچى كاتۇشكا** <فىز> ئىندۇكسىيە كاتۇشكىسى ياكى ترانسفورماتور ئىچىدىكى ئېلېكتر ئەسۋابلىرى بىلەن تۇتىشىدىغان ۋە ئېلېكتر ئېنېرگىيىسىنى چىقىرىپ بېرىدىغان كاتۇشكا. بىرلەمچى كاتۇشكىدىن توك ئۆتكەندە ئىككىلەمچى كاتۇشكىدا ئىندۇكسىيىلىك توك ھاسىل بولىدۇ.

**ئىككىلەمچى كاۋاك** <گېئول> جىنس ھاسىل بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭدا ئېرىش، قايتا كرىستاللىشىش، يېمىرىلىش، يالىنىش، دولومىتلىشىش ۋە تۈزۈلمىلىك ئۆزگىرىش قاتارلىق سەۋەبلەردىن ھاسىل بولغان كاۋاك، كامار ۋە چاك قاتارلىقلار.

**ئىككىلەمچى كاۋاكلىق كۆرسەتكۈچ** <گېئول> كاربوناتلىق جىنس قاتلىمىدا، دانىچىلار كاۋىكى ياكى كرىستال كاۋىكىدىن ھاسىل بولغان بىرلەمچى كاۋاك بولغاندىن تاشقىرى، يەنە بوشلۇق، چاك، دولومىت جىنستىن ھاسىل بولغان ئىككىلەمچى كاۋاكمۇ بولىدۇ. ئىككىلەمچى كاۋاكنىڭ ئومۇمىي كاۋاك ئىچىدە ئىگىلىگەن پىرسەنتى ئىككىلەمچى كاۋاكلىق كۆرسەتكۈچ دېيىلىدۇ.

**ئىككىلەمچى كۋارتس جىنس** <گېئول> ئاساسلىقى ئوتتۇرا كىسلاتالىق يانار تاغ

جىنسىنىڭ ياكى ئىككىلەمچى يانار تاغ جىنسىنىڭ يانار تاغ گۈڭگۈرت ماددىسىدىن ئېتىلىپ چىققان گاز ۋە ئىسسىق سۇيۇقلۇق تەسىرىدە ئالمىشىپ يېمىرىلىشىدىن ھاسىل بولغان يۇقىرى دەرىجىدە كىرىمنىيلاشقان ئۆزگەرگەن جىنس.

**ئىككىلەمچى گەردىش** <گېئول> مېتال كان ياتقۇلىرى ئەتراپىدىكى تۇپراق، تاغ جىنسلىرى، يەر ئاستى سۈيى، جانلىقلار (بولۇپمۇ ئۆسۈملۈكلەر) ۋە يەر ئاستى گازلىرى ئىچىدە مېتال ئېلېمېنتلار ياكى ئۇنىڭ بىلەن ئالاقىدار ئېلېمېنتلار تەركىبى ئالاھىدە يۇقىرى بولىدىغان يەر بۆلىكى.

**ئىككىلەمچى مۇھىت** <گېئول> سۈنئىي ئامىلنىڭ تەسىرىدىن ئۆزگەرگەن گېئولوگىيىلىك مۇھىت.

**ئىككىلەمچى مۇھىت گىدروگېئولوگىيىسى** <گېئول> يەر ئاستى سۈيىنىڭ تۇرمۇشتىن چىقىرىلغان پاسكىنا سۇ، سانائەتتىكى كېرەكسىز سۇ، خىمىيىۋى ئوغۇت، دېھقانچىلىق دورىسى قاتارلىقلار تەرىپىدىن بۇلغىنىشىنى كۆزدە تۇتۇپ، مۇھىت سۈپىتىگە يەر ئاستى سۈيى نۇقتىسىدىن باھا بېرىپ، مۇھىتنى ياخشىلاش ۋە ئاسراش تەدبىرلىرىگە دائىر تەكلىپلەرنى ئوتتۇرىغا قويىدىغان ۋە دەلىللەيدىغان گىدرو گېئولوگىيىلىك خىزمەت.

**ئىككىلەمچى مىنېرال** <گېئول> جىنس ياكى رۇدا شەكىللەنگەندىن كېيىن، ئۇنىڭدىكى مىنېراللارنىڭ خىمىيىلىك ئۆزگىرىشىدىن شەكىللەنگەن يېڭى مىنېرال. مەسىلەن، زەيتۇن تاشنىڭ قىزىق سۇيۇقلۇقتا چىرىپ ئۆزگىرىشىدىن ھاسىل بولغان سىرپېنتىن قاتارلىقلار.

**ئىككىلەمچى ئورمان** <ئورم> ئەسلىدىكى ئورمانلار كېسىلىپ ياكى بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغاندىن كېيىن تەبىئىي ھالدا ئۆزلۈكىدىن ئەسلىگە كېلىدىغان ئورمانلار.

**ئىككىلەمچى ئۇرغۇ** <تىل> بەزى تىللاردا كۆپ بوغۇملۇق سۆزلەرنىڭ بوغۇملىرىدا دەرىجىسى ئوخشاش بولمىغان بىرقانچە ئۇرغۇ بولىدۇ. ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئەڭ كۈچلۈك، ئەڭ ئېنىق ئوقۇلىدىغان ئۇرغۇ «ئاساسىي ئۇرغۇ» دەپ ئاتىلىدۇ. ئاساسىي ئۇرغۇغا قارىغاندا سەل يېنىكرەك ئوقۇلىدىغان ئۇرغۇ «ئىككىلەمچى ئۇرغۇ» دەپ ئاتىلىدۇ.

**ئىككىلەمچى ئېلېكترون ئېمىسسىيىسى** <فىز> يېتەرلىك ئېنېرگىيىگە ئىگە زەرەتلەنگەن زەررىچىلەر (مەسىلەن، ئېلېكترون، مۇسبەت ئىئون، مەنپىي ئىئونلار) قاتتىق جىسىملارنىڭ سىرتقى يۈزىگە ئۇرۇلغاندا قاتتىق جىسىمنىڭ سىرتقى يۈزىدىن ئېلېكترون چېچىلىپ چىقىش ھادىسىسى.

**ئىككىلەمچى ئېنېرگىيە** <فىز> بىرلەمچى ئېنېرگىيىنىڭ كىشىلەرگە ئېھتىياجلىق بولغان بىر خىل شەكىلدىكى ئېنېرگىيىگە ئايلاندۇرۇلغان مەھسۇلاتى. مەسىلەن، توك، بېنزىن، كوكس كۆمۈرى، كۆمۈر گازى، ئىسپىرت، ھور قاتارلىقلار.

**ئىككىلەمچى ئىشلەپچىقىرىش مىقدارى** <بىئول> بىرلەمچى ئىشلەپچىقارغۇچىلاردىن باشقا ئورگانىزملارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش مىقدارى، يەنى ئىستېمال قىلغۇچىلار بىلەن پارچىلىغۇچىلارنىڭ ئۆسۈملۈكلەرنىڭ فوتوسىنتېز مەھسۇلاتىدىن پايدىلىنىشى

بولۇپ، ھايۋان ۋە مىكرو ئورگانىزملارنىڭ ئۆسۈش، كۆپىيىش ۋە ئوزۇقلۇق ماددىلار-نى زاپاس ساقلىشى بىلەن ئىپادىلىنىدۇ.

**ئىككىلەمچى يانار تاغ جىنس** <گېئول> يانار تاغ ھەرىكىتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولىدىغان ھەمدە يانار تاغ جىنس سىستېمىسى بىلەن ئوخشاش مەنبەلىك بىر خىل تېپىزلىقتىكى ۋە ئۇلترا تېپىزلىقتى-كى بۆسمە جىنس.

**ئىككىلەندۈرمەك** « ئىككىلەنمەك »نىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇنىڭ بۇ گېپى مېنى ئىككىلەندۈرۈپ قويدى.

**ئىككىلەنمەك** پ. ئىككى خىيال بولماق، قەتئىي بىر پىكىرگە كېلەلمەي ئارىسال-دى بولماق، تەۋرەنمەك: ئامىنە سەل ئىككىلەندى-يۇ، شۇ ھامان قەتئىي قارارغا كېلىپ ئىشىكنى ئاچتى-دە، كوچىغا چىقىپ كەتتى. * ناھىيىلىك، دوختۇرخانا تەرىپىدىن چاقىرىلغان بىلىم ئاشۇرۇش كۇرسىغا قاتنىشىش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇشنى ئاڭلىغىنىدا ئارزىگۈل دەسلەپ ئىككىلەندى.

**ئىككىلىك** ① سۈپ. ئىككى بارماق قىلىنىلىقىدى-كى: سۇنىڭ ئۈستىگە ئىككىلىك مۇز تۇتۇپتۇ. ② سۈپ. ئىككىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، ئىككىدىن ئىبارەت بولغان: ئىككىلىك سان. ③ سۈپ. ئىككى يەنى « 2 » رەقىمى چۈشۈرۈلگەن، يېزىلغان (قارتا ھەققىدە): ئىككىلىك تاپان. ئىككىلىك قاغا. // تاپاننىڭ ئىككىلىكى. ④ ئى <ئەد> ئىككى مىسرالىق شېئىر، مەسنەۋىي (شېئىر ھەققىدە).

**ئىككىلىك ساناق سىستېمىسى** <مات> سانلارنى خاتىرىلەشنىڭ بىر خىل ئۇسۇلى. بۇنىڭدا سانلارنى ئىپادىلەشتە پەقەت 0 بىلەن 1 دىن ئىبارەت ئىككىلا رەقەم ئىشلىتىلىدۇ. مەسىلەن، ئونلۇق ساناق سىستېمىسىدىكى 2 نى ئىككىلىك ساناق سىستېمىسى بويىچە ئىپادىلىسەك 10 بولىدۇ. ئونلۇق ساناق سىستېمىسىدى-كى 5 نى ئىككىلىك ساناق سىستېمىسى بويىچە ئىپادىلىسەك 101 بولىدۇ. ئادەتتە ئۇ كومپيۇتېردىن پايدىلىنىپ ھېسابلاشتا كەڭ قوللىنىلىدۇ.

**ئىككىلىك سىستېما** <مات> ← **ئىككىلىك ساناق سىستېمىسى.**

**ئىككىلىك سىستېمىدىكى سان** <مات> ئىككىلىك ساناق سىستېمىسى بويىچە خاتىرىلەش ئۇسۇلى ئارقىلىق ئىپادىلەن-گەن سان.

**ئىككىنەنچى** (توغرىسى: ئىككىنچى) ← **ئىككىنچى.**

**ئىككىنچى** سان ① تەرتىپ ئورنى 2 رەقىمى بىلەن بەلگىلەنگەن؛ نومۇرى 2 بولغان: ئىككىنچى ئۆي. ئىككىنچى كارىۋات. ئىككىنچى قاتار. ② مەلۇم تەرتىپ بويىچە ھېسابلىغاندا، ئەڭ ئالدىدىكىدىن كېيىنكى ئورۇندا تۇرغان ياكى تۇرىدىغان، بىرىنچىدىن كېيىنكى: ئىككىنچى سىنىپ. ئۆتكەن ئەسىرنىڭ ئىككىنچى يېرىمى. 1-ئاينىڭ ئىككىنچى كۈنى. مۇسابىقىدە ئىككىنچى بولماق. ③ قايتا، قايتىدىن، باشقا مەرتە: بۇ گەپنى بۈگۈن بىر قىلدىڭ، بۇندىن كېيىن ئىككىنچى قىلما. * — توۋا قىلدىم، توۋا قىلدىم، بۇنداق ئىشنى ئىككىنچى قىلمايمەن، ئاكا، — دەپ يىلىندى بالا تاغىسىغا. ④ باشقا، يەنە بىر: چۈنكى بىر ئادەم ئۆزى بىلگەن بىر ئىشنى ئىككىنچى بىر ئادەمگە خۇددى ئۆزى چۈشەنگەندەك ياكى ئۆزى تەسىرلەنگەندەك قىلىپ چۈشەندۈرۈپ بېرەلىسە، خۇشاللىق

ھېس قىلىشى تەبىئىي.

**ئىككىنچى ئالەم تېزلىكى** <فىز> جىسىمنىڭ سۈنئىي سەييارە سۈپىتىدە قۇياشنى ئايلىنىپ ھەرىكەتلىنىشى ئۈچۈن زۆرۈر بولىدىغان ئەڭ تۆۋەن تېزلىك. بۇ $11.2Km/s$ بولىدۇ. بۇ تېزلىكتە جىسىم قۇياشنى چەمبەر مەركىزى قىلغان ھالدا چەمبەرلىك ھەرىكەت قىلىدۇ.

**ئىككىنچى ئاي ← فېۋرال.**

**ئىككىنچى ئەۋلاد** <بىئول> بىرىنچى ئەۋلاد قالدۇرغان يەنە بىر ئەۋلاد.

**ئىككىنچى باسقۇچلۇق ئەمەل** <مات> ئەمەللەر ئارىلاش كەلگەندە كۆپەيتىش بىلەن بۆلۈش ئەملى ئىككىنچى باسقۇچلۇق ئەمەل دېيىلىدۇ.

**ئىككىنچى تەرتىپلىك ئەگرى سىزىقلار** <مات> چوققىسىدىن ئىككى ياققا سوزۇلغان ئىككى كونۇس سىرتىنى خالىغان بىر تەكشىلىك بىلەن كەسكەندە ھاسىل بولغان ئەگرى سىزىقلار.

**ئىككىنچى تەرتىپلىك دىففېرېنسىئال** <فىز> ئەگەر $y=f(x)$ فۇنكسىيىنىڭ بىرىنچى تەرتىپلىك دىففېرېنسىئالى $dy=f'(\chi)d\chi$ يەنىلا $\chi$ نىڭ دىففېرېنسىئاللانغۇچى فۇنكسىيىسى بولسا، ئۇ ھالدا بىرىنچى تەرتىپلىك دىففېرېنسىئالنىڭ دىففېرېنسىئالى «ئىككىنچى تەرتىپلىك دىففېرېنسىئال» دېيىلىدۇ.

**ئىككىنچى تەرتىپلىك سىرت** <مات> بوشلۇقتىكى تىك بۇلۇڭلۇق كوئوردىنات سىستېمىسىدا ئۈچ نامەلۇملۇق ئىككىنچى دەرىجىلىك تەڭلىمە

$$a\chi^2+by^2+cz^2+2fyz+2gz\chi+2h\chi y+2u\chi+2vy+2wz+d=0$$

ئىپادىلىگەن سىرت.

**ئىككىنچى تەرتىپلىك ھاسىلە** <مات> ئەگەر $y=f(\chi)$ فۇنكسىيىنىڭ بىرىنچى تەرتىپلىك ھاسىلىسى $y'=f'(\chi)$ يەنىلا دىففېرېنسىئاللىنىدىغان فۇنكسىيە بولسا، ئۇنىڭ ھاسىلىسى $(y')'=(f'(\chi))'$ بولسا $y=f(\chi)$ ئىككىنچى تەرتىپلىك ھاسىلىسى دېيىلىدۇ.

**ئىككىنچى تۈرلۈك قىلىپ ئېيتقاندا** بىرەر ئوي-پىكىرنى بىر خىل ئىپادىلىگەندىن كېيىن، تېخىمۇ چۈشىنىشلىك بولسۇن ئۈچۈن، باشقىچە يول بىلەن ئىپادىلىگەندە: بىز دۈشمەننى چوقۇم يېڭىمىز، ئىككىنچى تۈرلۈك قىلىپ ئېيتقاندا، دۈشمەن بىزنىڭ قولىمىزدا گۇم بولىدۇ. * ئىسىمنىڭ تەۋەلىك كاتېگورىيىسى ئىسىمنىڭ سان كاتېگورىيىسى ئاساسىدا ئىپادىلىنىدۇ، ئىككىنچى تۈرلۈك قىلىپ ئېيتقاندا، تەۋەلىك شەكلىگە كىرگەن ئىسىملار ئۆزىنىڭ بىرلىك ياكى كۆپلۈك شەكلىنى ساقلايدۇ.

**ئىككىنچى جۇ** <ئاستر> دېھقانلار كالېندارى بويىچە قىشلىق كۈن-تۈن تەڭلىشىش مەۋسۈمى كىرگەندە توققۇز كۈندىن ھېسابلىنىدىغان توققۇز جۇنىڭ ئىككىنچىسى. ئۇ مىلادىيە ھېسابىدا 31-دېكابىر ياكى 1-يانۋاردىن باشلىنىپ، 8-يانۋاردىن 10-يانۋار ئارىلىقىدا ئاخىرلىشىدۇ.

**ئىككىنچى چوڭ قۇرۇقلۇق** <جۇغ> كۆلىمى قىتئەدىن كىچىك، جۇغراپىيە ياكى سىياسىي جەھەتتىن مەلۇم دەرىجىدە مۇستەقىللىققا ئىگە بولغان چوڭ قۇرۇقلۇق. مەسىلەن، ھىمالايا تېغى ھىندىستان، پاكىستان، بېنگال رايونى ۋە ئاسىيانىڭ باشقا قىسىملىرىنى ئايرىۋېتىپ، جۇغراپىيە جەھەتتىن مۇستەقىل بىر بىرلىك بولغان جەنۇبىي ئاسىيا ئىككىنچى چوڭ قۇرۇقلۇقدا-

نى شەكىللەندۈرگەن.

**ئىككىنچى خلور بوتادىئېن** <خىم> رەڭسىز سۇيۇقلۇق. تۈزۈلۈشى

$$H_2C{=}CH{-}\underset{\displaystyle Cl}{\underset{|}{C}}{=}CH_2$$

ئادەتتە ۋىنىل ئاتسېتىلېن بىلەن ھىدروگېن خلورىدنى كاتالىزاتور قىلىپ تەسىرلەشتۈرۈش ئارقىلىق ئېلىنىدۇ. بۇتادىئېن، ئىزوپرېنلاردىنمۇ ئاسان پولىمېرلىنىدۇ. ئادەتتە مايغا چىدامىلىق خلوروپرېن كاۋچۇكى ياسىلىدىغان خام ئەشيا ھېسابلىنىدۇ.

**ئىككىنچى خىل مەڭگۈلۈك دۋىگاتېل** <فىز> تەبىئەتتىكى دېڭىز سۈيى ياكى ھاۋادىكى ئىسسىقلىق ئېنېرگىيىسىنىڭ ھەممىسىنى ئىشقا ئايلاندۇرىدىغان، شۇنىڭدەك باشقا ھېچقانداق تەسىرلەرنى پەيدا قىلمايدىغان بىرلا خىل ئىسسىقلىق مەنبەسىگە ئىگە دۋىگاتېل. بۇ خىلدىكى مەڭگۈلۈك دۋىگاتېل تېرمودىنامىكىنىڭ بىرىنچى قانۇنىغا خىلاپ بولمىسىمۇ، تېرمودىنامىكىنىڭ ئىككىنچى قانۇنىغا خىلاپ. شۇڭا ئۇ ئەمەلگە ئاشمايدۇ.

**ئىككىنچى دەرىجىلىك ئەگرى سىزىق** <مات> تەكشىلىكتىكى تىك بۇلۇڭلۇق كوئوردىنات سىستېمىسىدا، ئىككى نامەلۇملۇق ئىككىنچى دەرىجىلىك تەڭلىمە. $F(\chi, y)=A\chi^2+B\chi y+cy^2D\chi+Ey+F=0$. ئارقىلىق ئىپادىلىنىدىغان شەكىل.

**ئىككىنچى دەرىجىلىك ئەمەل** <مات> سانلارنى ھېسابلاشتىكى كۆپەيتىش بىلەن بۆلۈش ئەملى.

**ئىككىنچى دەرىجىلىك تەڭسىزلىك** <مات> ئوخشاش ئەزالارنى ئىخچاملىغاندىن كېيىن، نامەلۇمنىڭ يۇقىرى دەرىجىسى 2 بولىدىغان پۈتۈن ئىپادىلىك تەڭسىزلىك.

**ئىككىنچى دەرىجىلىك تەڭلىمە** <مات> تەركىبىدىكى نامەلۇمنىڭ ئەڭ يۇقىرى دەرىجىسى 2 بولغان تەڭلىمە. مەسىلەن، $y^2+2\chi+1=0$ قاتارلىق.

**ئىككىنچى دەرىجىلىك تۇرغۇن ھالەت** <فىز> ئۆمرى نىسبەتەن ئۇزۇنراق بولغان قوزغىلىشچان ھالەت. ئاتوم ئادەتتىكى قوزغىلىشچان ھالەتتە پەقەت $10^{-8}$ سېكۇنتلا تۇرالايدۇ، لېكىن ئىككىنچى دەرىجىلىك تۇرغۇن ھالەتتە توختاپ تۇرۇش ۋاقتى كۆپ ئۇزۇن بولۇپ $10^{-3}$ سېكۇنتقا يېتىپ بارىدۇ. زەرەت قويۇپ بېرىش ئارقىلىق ئاتومنى ئاساسي ھالەتتىن ئىككىنچى دەرىجىلىك تۇرغۇن ھالەتكە سەكرەتكىلى بولىدۇ.

**ئىككىنچى دەرىجىلىك سپېكتر** <فىز> ئاخروماتىك سىستېمىنىڭ باشقا رەڭلىك يورۇقلۇقلارغا نىسبەتەن قالدۇق خروماتىك ئابېرراتسىيىسى.

**ئىككىنچى دەرىجىلىك فازا ئۆزگىرىش** <فىز> ئىچكى ئېنېرگىيىسى، ئېنتروپىيەسى، ھەجمى قاتارلىقلار ئۆزگەرمەيدىغان، لېكىن ئىسسىقلىق سىغىمى، كېڭىيىش كوئېففىتسېنتى ۋە سىقىلىش كوئېففىتسېنتى قاتارلىقلار تۇساتتىن ئۆزگىرىدىغان فازا ئۆزگىرىش جەريانى.

**ئىككىنچى دەرىجىلىك فۇنكسىيە** <مات> $y=a\chi^2+b\chi+c$ ئانالىتىك ئىپادىسى ( بۇنىڭدىكى c, b, a لار تۇراقلىق سان، ھەمدە $a\neq0$) بولغان فۇنكسىيە.

**ئىككىنچى دەرىجىلىك ھېساب** <مال> باش ھېساب بىلەن تەپسىلىي ھېساب ئارىلىقىدىكى بىر خىل ھېساب.

**ئىككىنچى دەرىجىلىك ئۈچ ئەزالىق**

<مات> نامەلۇمنىڭ ئەڭ يۇقىرى دەرىجىسى 2 بولغان بولغان ئۈچ ئەزالىق. مەسىلەن، $ax^2+bx+c$ $(a\neq o)$.

**ئىككىنچى دەرىجىلىك يىلتىزلىق ئىپادە** <مات> يىلتىز كۆرسەتكۈچى 2 بولغان يىلتىزلىق ئىپادە. مەسىلەن، $-2\sqrt{3}$, $\sqrt{5}$, $\sqrt{a^2+1}$ قاتارلىقلار.

**ئىككىنچى دەسسەمىلىك** قايتا كەلمەسلىك: مەن ئەمدى تاۋكاغا ئىككىنچى دەسسىمەيمەن.

**ئىككىنچى دەۋر** <گېئول> ← **ئىككىلەمچى دەۋر.**

**ئىككىنچى دۇنيا** <ت ئش> دەرىجىدىن تاشقىرى دۆلەتلەر بىلەن تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى تەرەققىي تاپقان دۆلەتلەر. بۇ ياۋروپادىكى زور كۆپچىلىك دۆلەتلەرنى، ئاسىيادا ياپونىيىنى، ئوكيانىيىدىكى ئاۋستىرالىيە، يېڭى زېلاندىيە ۋە شىمالىي ئامېرىكىدىكى كانادا قاتارلىق دۆلەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

**ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى** <تارىخ> 1939-يىلدىن 1945-يىلغىچە داۋاملاشقان فاشىستلار گېرمانىيىسى، ئىتالىيە، ياپونىيە قوزغىغان دۇنياۋى ئۇرۇش. بۇ قېتىمقى ئۇرۇشنىڭ ئالامەتلىرى 1931-يىلى ياپونىيە دۆلىتىمىزنىڭ شەرقىي شىمالىنى بېسىۋالغان ۋاقىتتىن باشلاپ كۆرۈلۈشكە باشلىغان. 1939-يىلى گېرمانىيە پولشىغا ھۇجۇم قىلغانلىقتىن، ئەنگلىيە بىلەن فرانسىيە گېرمانىيىگە ئۇرۇش ئېلان قىلغان، شۇنىڭ بىلەن ئۇرۇش رەسمىي پارتلىغان. بۇ قېتىمقى ئۇرۇش پۈتۈن دۇنيا خەلقىنىڭ فاشىزمغا قارشى كۈرىشى ۋە جۇڭگو، سوۋېت ئىتتىپاقى، ئامېرىكا، ئەنگلىيە، فرانسىيە قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ فاشىزمغا قارشى ئىتتىپاقنى ئۇيۇشۇشى ئارقىسىدا ئاخىرى غەلىبە قىلغان.

**ئىككىنچى سوت** <قا> يۇقىرى دەرىجىلىك سوت مەھكىمىسى نارازىلىق ئەرز تەرتىپىگە بىنائەن، ئەنزىنى ئىككىنچى قېتىم قاراپ چىقىشتىن ئىبارەت دەۋا پائالىيىتى.

**ئىككىنچى سوغۇق فرونت** <مېتېئور> سوغۇق فرونتتىن كېيىن پەيدا بولىدىغان قوشۇمچە فرونت.

**ئىككىنچى سىگنال سىستېمىسى** <تىل> تىل ياكى يېزىق كىشىنىڭ چوڭ مېڭە پوستلىقىدىكى مۇناسىپ دائىرىگە تەسىر قىلىش ئارقىلىق شەرتلىك رېفلېكس ھاسىل قىلىدۇ. چوڭ مېڭە پوستلىقىنىڭ مۇشۇنداق ئىقتىدار سىستېمىسى «ئىككىنچى سىگنال سىستېمىسى» دەپ ئاتىلىدۇ. ئىككىنچى سىگنال سىستېمىسى پەقەت ئىنسانلاردىلا بولىدۇ. شۇڭلاشقا، ئىنسانلار ئابستراكت تەپەككۇر يۈرگۈزۈش قابىلىيىتىگە ئىگە.

**ئىككىنچى قېتىملىق ئەپيۇن ئۇرۇشى** <تارىخ> 1856-يىلدىن 1860-يىلغىچە ئەنگلىيە، فرانسىيە، ئامېرىكا بىلەن روسسىيىنىڭ قوللىشىدا بىرلىكتە جۇڭگوغا قارىتا قوزغىغان تاجاۋۇزچىلىق ئۇرۇشى.

**ئىككىنچى قېتىملىق ئىچكى ئىنقىلابىي ئۇرۇش** <تارىخ> 1927-يىلدىن 1937-يىلغىچە، جۇڭگو خەلقىنىڭ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە گومىنداڭنىڭ ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى ئېلىپ بارغان ئۇرۇشى.

**ئىككىنچى قېتىملىق ئىنقىلاب** <تارىخ> يۈەن شىكەينىڭ مۇستەبىت ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى 1913-يىلى سۇن جۇڭشەن قوزغىغان ئۇرۇش.

**ئىككىنچى كەسىپ** <فىز> ياساش ئىشلىرىنى ئاساس قىلغان، كانچىلىق، بىناكارلىق قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان قۇدرەتلىك ماددىي ئاساس يارىتىدىغان ئىشلەپچىقىرىش ساھەسى.

**ئىككىنچى ئورۇندىكى زىددىيەت** <پەلس> ئاساسلىق بولمىغان، ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدىغان زىددىيەت.

**ئىككىنچى ئىنتېرناتسىئونال** <تارىخ> پرولېتارىيات پارتىيىلىرىنىڭ خەلقئارا بىرلەشمە تەشكىلاتى. ئېنگېلسنىڭ يېتەكچىلىكى ۋە تەسىرى بىلەن 1889-يىلى پارىژدا قۇرۇلغان.

**ئىككىنچىدىن** باغل. جۈملىدە ساناپ ئۆتۈلىدىغان دەرس، لېكسىيە، نۇتۇق، ۋەقە-ھادىسە ۋە شۇ قاتارلىقلارنىڭ ئىككىنچىسىنى كۆرسىتىپ، «ئىككىنچىسى شۇكى، يەنە بىرى شۇكى» دېگەنگە ئوخشاش مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ: بۇ يېزىنىڭ بىرىنچىدىن تۇپرىقى ناچار، ئىككىنچىدىن سۈيى قىس.

**ئىككىنچىلەپ** رەۋ. باشقا قېتىم، قايتا؛ قەتئىي، ھەرگىز: مەن ئۇلارنىڭ سۆزىگە بىر ئىشىنىپ بىر ئىشەنمەي قايتىپ كەلدىم، ئەمما شۇندىن كېيىن ئىككىنچىلەپ ئۇلارنىڭ ئالدىغا بارمىدىم. * مەن ساڭا ۋەدە بېرەي، بۇندىن كېيىن ساڭا ئىككىنچىلەپ مۇنداق سۆزنى قىلمايمەن.

**ئىككىنچىلىك** ① «ئىككىنچى» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى. ② <تەن> مۇسابىقىدىكى چېمپىيوندىن كېيىن تۇرىدىغان نام: ئىككىنچىلىكنى ئالماق. ئىككىنچىلىككە ئېرىشمەك.

**ئىككىيلەن** سان. ئىككى ئادەم، ئىككى كىشى: مۇھەممەتئىمىن ھويلىغا كىرگەندىن كېيىن، ئىككىيلەن بىر-بىرىگە ئۈن-تىنسىز تىكىلىپ تۇرۇشتى. * ئۇلار ئىككىيلەن ماشىنىدىكى يۈكلەرنى بىر ياققا ئېلىپ قايتىدىن رەتلىك تىزىشقا باشلىدى.

**ئىكرولىك** ئى. دىئال. دەرد، مۇڭ، رەنج، ئەلەم.

**ئىكىندى** ئى. دىئال. دىگەر ۋاقتى.

**ئىگە** ئى ① قولىدىكى، ئىختىيارىدىكى نەرسىگە ئىگىلىك قىلغۇچى، ئىگىلىك ھوقۇقىدىن پايدىلانغۇچى؛ خوجايىن: ئۆي ئىگىسى. يەر ئىگىسى. * مال ئىگىسىدىن ئوغرى كۈچلۈك (ماقال). * ئىتنىڭ پەيلى ئىگىسىگە مەلۇم (ماقال). // دۆلىتىمىز زور تەبىئىي بايلىقلارغا ئىگە. ② <تىل> جۈملىنىڭ خەۋىرى بايان قىلىدىغان ئوبيېكت، يەنى كىم ياكى نېمە دېگەن سوئالغا جاۋاب بولۇپ كېلىدىغان جۈملە بۆلىكى. ئاددىي جۈملىلەردە ئىگە قىسىم بىلەن خەۋەر قىسمىدىن ئىبارەت ئىككى قىسىم بولىدۇ. ئىگە قىسمىدىكى ئاساسىي سۆز ئىگە بولىدۇ. مەسىلەن، «بىز ناھايىتى بەختلىك تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتىمىز» دېگەن جۈملىدە «بىز» دېگەن سۆز ئىگە بولىدۇ. ③ (تەۋەلىك I شەخس قوشۇمچىسى «-م» بىلەن كېلىپ) خۇدا، تەڭرى: بۇ ئىشنى ياراتقان ئىگەم ئۆزى بىلىدۇ.

**ئىگە بولماق** ① ئىگىلىك، خوجايىنلىق ھوقۇقىنى، پايدىلىنىش ئىمكانىيىتىنى قولغا كىرگۈزمەك، ئېرىشمەك، ئىگىدارچىلىق قىلماق: ئۆيگە ئىگە بولماق. كەڭ ئىمكانىيەتلەرگە ئىگە بولماق. * — ھەممە نەرسىگە ئۆزىمىز ئىگە بولساق، نېمىدېگەن ياخشى بولاتتى، — دېدى ئۇ. * مەن بۇ قېتىم يۈتكىلىش مەقسىتىگە يەتكەن، كىچىك ماشىنىغىمۇ ئىگە بولغانىدىم. * مۇشۇ يۇرتتا مەن كىشىلەرنىڭ

ھۆرمىتىگە ئىگە بولۇپ ئوقۇتقۇچىلىق قىلىۋاتقىنىمغا مانا ھازىر ئىككى يىل بولدى. ② مەسئۇل بولماق: تويىڭىزنى ئەمدى بىز ئىگە بولۇپ قىلىپ قويىمىز. * سىلىگە بىز ئىگە بولۇپ قارايمىز. ③ جاۋابكار بولماق: ئادەم ئۆزى قىلغان ئىشنىڭ ئاقىۋىتىگە ئىگە بولۇشى لازىم.

**ئىگە قىلماق** ئېرىشتۈرمەك: بۇ ئۇنى بىر قېتىملىق ئىنتايىن ئوبدان ساياھەت ۋە تاماشا قىلىش پۇرسىتىگە ئىگە قىلدى. * ۋۇجۇدىدىكى ئۆتكۈرلۈك ئۇنى ئالقىشقا ئىگە قىلدى.

**ئىگە-چاقا** ئىگە بولغۇدەك، ئىگە بولىدىغان كىشى: ئۇ خۇددى ئىگە-چاقىسى يوق ئادەمدەك كوچىنىڭ بىر بۇلۇڭىدا ئولتۇراتتى. * كېيىن ئۇن بىر ئادەمنىڭ بىرى بولدۇم. راستىنى ئېيتسام ئىگە-چاقىسى، ئېتىبارى بار ئادەم ئىكەنلىكىمنى ھەمكارلىشىپ، ئۆملىشىپ ئىشلىگەندىن كېيىنلا بىلدىم.

**ئىگە-چاقىسىز** ① ئىگە-چاقىسى، يۆلەنچۈكى يوق: ئىگە-چاقىسىز بالا. ئىگە-چاقىسىز بوۋاي. * شۇنىڭ بىلەن ئىگە-چاقىسىز قالغان تاشۋاي دادىسىدىن قالغان چولاق راۋابىنى چېلىپ، ئاچ-يالىڭاچ تۇرمۇش كەچۈرۈشكە باشلىدى. ② ئىگىسى يوق، تاشلاندۇق: ئىگە-چاقىسىز ئۆي.

**ئىگە-خەۋەر** ئىگە ۋە خەۋەر: ئىگە-خەۋەر مۇناسىۋىتى.

**ئىگە-خەۋەر مۇناسىۋىتى** <تىل> سۆز بىلەن سۆز ياكى سۆز بىرىكمىلىرىنىڭ بىرىكىش مۇناسىۋەتلىرىنىڭ بىرى، يەنى ئوخشاش بىر گراماتىكىلىق قۇرۇلمىدىكى بايان قىلىنغۇچىنى بىلدۈرۈپ كەلگەن سۆز بىلەن بايان قىلىش ۋەزىپىسىدە كەلگەن سۆز ياكى سۆز بىرىكمىلىرىنىڭ ئۆزئارا مۇناسىۋىتى.

**ئىگەكىم** جانت. پېشىلدىن ئاڭلىتىلغان ئىش-ھەرىكەت نەتىجىسىنى كۈچەيتىش رولىنى ئوينايدۇ: چاقچاق، چاقچاقچىمۇ بىغلامسەن، ئىككىنچى چاقچاق قىلمايمەن، قىلسام، ئۆلەي، ئىگەكىم.

**ئىگەكىم بار** جان ت. ئىگەكىم: يېزا باشلىقى مېنى ھۆكۈمەتكە، يۇسۇپجان خىيانەتچى، يۇسۇپجان ھايانكەش، يۇسۇپجان پارىخور دەپ چېقىپ، ئىگەكىم بار، ھەممىگە بىلدۈرۈپ بولدى.

**ئىگەللىمەك** (توغرىسى: ئىگىلىمەك) → ئىگىلىمەك.

**ئىگىچە** ئى. ئاچا، ھەدە: – بۇ مېنىڭ ئىگىچەم بولىدۇ، – دەپ تونۇشتۇردى ئۇ ئايالنى ماڭا.

**ئىگىدار** ئى. ئىگە بولغۇچى، ئىگىدارچىلىق قىلغۇچى، ئىگە: شۇنىڭ بىلەن جاڭگالغا ئايلىنىپ قالغان «ئاق يەر» نىڭ كەلگۈسىدىكى ئىگىدارىنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈش ۋەزىپىسىنى ئاتا بۇ ئەقىلدىن ئازغان ئادەمگە تاپشۇردى.

**ئىگىدارچىلىق** ئى. ئىگە بولۇش، باشقۇرۇش، ئىگىلىك: ئىگىدارچىلىق قىلماق. * بۇ يەرلەر دېھقانلارنىڭ ئىگىدارچىلىقىدا بولىدۇ. * رەھىم ناۋايدىن كېيىن قانداق قىلىپ ئۇنىڭ بىساتىغا ئىگىدارچىلىق قىلىش ھوقۇقىنى قولغا ئېلىش يولىدا بەزىبىر چارە-ئاماللارنى ئويلاپ تاپقاندەك قىلدى. * غۇنچىنى بىزنىڭ ئىگىدارچىلىقىمىزغا تاپشۇرۇش كېرەك. سەنمۇ مۇشۇنىڭغا كۆچ چىقارساڭ بولىدۇ.

**ئىگىدارچىلىق قىلماق** ئۆز ئىلكىدە، كونتروللۇقىدا تۇتماق، باشقۇرماق، ئىگىدارلىق قىلماق؛ ئىگە بولماق: مال-مۈلۈكلەرگە ئىگىدارچىلىق قىلماق. يەرگە ئىگىدارچىلىق قىلماق. * بۇندىن كېيىن،

هامان مەن سىزگە ئىگىدارچىلىق قىلىمەن. * ئۇلار ئاخىرى كىچىككىنە يېتىم شىرمۇھەممەتكە ئىگىدارچىلىق قىلدى.

**ئىگىدارلىق** ئى <قا> ① ئىگىدارچىلىق. ② مۇلۈككە بولغان ئەمەلىي كونتروللۇق: كونترول قىلغۇچى ئىگىدارلىق قىلغۇچى دەپ ئاتىلىدۇ، كونترول قىلىنغان مۈلۈك ئىگىدارلىقتىكى مۈلۈك دېيىلىدۇ. ئىگىدارلىقتىكى مۈلۈككە بولغان بارلىق ھوقۇق ئىگىدارلىق ھوقۇقى دېيىلىدۇ.

**ئىگىدارلىق قىلماق** ئىگە بولماق، باشقۇرماق: ئۇ ئوردىغا كېلىپ ۋاڭغا توغرا بولۇپ كۆرگەن بولسىمۇ، ۋاڭ ھۆججەت بويىچە ئېلىشنى ئۇقتۇرۇپ ئانچە ئىگىدارلىق قىلمىدى. * — بىز چوقۇم ئۆز زېمىنىمىزگە ئىگىدارلىق قىلىمىز، — دېدى ئۇ.

**ئىگىدارلىق ھوقۇقى** <قا> مۈلۈككە ئىگىدارلىق قىلغۇچىنىڭ قانۇننىڭ بەلگىلىمىسى دائىرىسىدە ماددىي ۋاسىتىلەر (ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرى ۋە تۇرمۇش ۋاسىتىلىرى) دىن بەھرىمەن بولىدىغان ئىگىلەش، ئىشلىتىش، پايدا ئېلىش ۋە بىر تەرەپ قىلىش ھوقۇقى، شۇنداقلا مۈلۈكچىلىكنىڭ قانۇندىكى ئىپادىسى.

**ئىگىسىز** سۈپ. ئىگىسى يوق، ئىگىسى بولمىغان: ئىگىسىز مۈلۈك. ئىگىسىز مال. ئىگىسىز مېيىت. ئىگىسىز يېتىم بالا. * ھوشىدىن كەتكەن سادىر ئېسىگە كەلگەندە، چېرىكلەرنىڭ يىراقتىكى ئىگىسىز قالغان پادا ئىچىدىن بىرقانچە سېمىز كالىلارنى ئالدىغا سېلىپ ھەيدەپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆردى.

**ئىگىسىز جۈملە** <تىل> خەۋەرسىلا بولۇپ، ئىگىسى بولمىغان جۈملە. مەسىلەن، «قېينىچىلىق ئالدىدا ئارقىغا چېكىنىشكە بولمايدۇ» دېگەندەك.

**ئىگىسىز مۈلۈك** <قا> ئىگىدارلىق قىلغۇچىسى يوق ياكى ئېنىق بولمىغان مۈلۈكلەر. دۆلىتىمىزدە ئىگىسىز مۈلۈكلەر دۆلەتنىڭ ئىختىيارىغا ئۆتىدۇ.

**ئىگىسىزلىك** «ئىگىسىز» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: تارىخچىلار ئىگىسىزلىكتىن ئىگىلىكلىكلە ئايلاندى. چېرىكلەر يەر، مالدا ئۇستۇنلۈككە ئىگە بولدى.

**ئىگىلە تكۈزمەك** «ئىگىلىمەك» پېئىلىنىڭ قوش مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**ئىگىلە تمەك** «ئىگىلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: دەرسنىڭ مەزمۇنىنى ئىگىلەتمەك. * مۇئەللىملەر ئەستە قالدۇرۇش جەريانىنىڭ ئالاھىدىلىكى بىلەن قانۇنىيىتىگە ئاساسەن ئوقۇغۇچىلارغا ئەستە قالدۇرۇشنىڭ ياخشى ئۇسۇلىنى ئىگىلىتىپ، ئەستە قالدۇرۇش ئۈنۈمىنى ئاشۇردى.

**ئىگىلە ش** «ئىگىلىمەك» پېئىلىنىڭ يەنە بىر خىل ئىسىمدىشى: ئىگىلەش ھوقۇقى.

**ئىگىلە ش ھوقۇقى** <قا> مۈلۈككە قارىتا ئەمەلىي كونتروللۇق قىلىش ھوقۇقى. ئۇ ئىگىدارلىق ھوقۇقىنىڭ بىر خىل شەكلىدۇر.

**ئىگىلە نمەك** «ئىگىلىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: بۇرۇندىن تارتىپ سىنىپتا ناچار بولۇپ كېلىۋاتقان بەزى ئوقۇغۇچىلار بىرلا سەكرەپ «ئىلغار»، «قىزىل قەلبلىك سولچى» ناملىرىنى ئىگىلەشتى.

**ئىگىلە نمەك** «ئىگىلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئۆي-جاي سېلىشقا بولىدىغان بوش يەرلەر ئاللىقاچان باشقىلار تەرىپىدىن ئىگىلىنىپ كەتكەنىدى. * شۇنداق قىلىپ، غۇلجا شەھىرىنىڭ ئاساسىي قىسمى

ئىنقىلابچىلار تەرىپىدىن ئىگىلەندى.

**ئىگىلىتىلمەك** «ئىگىلەتمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**ئىگىلىك** ئى ① ئىگە بولۇش، ئىگىدارچىلىق: بۇ يەرلەر ئەمدى مېنىڭ ئىگىلىكىمدە بولدۇ. ② ئىقتىساد، بايلىق: ئىگىلىك تىكلىمەك. ئىگىلىك باشقۇرماق. * بەزىلەر مېنىڭ 17،16 يىلدىن بۇيان مۇشۇ بۆلۈمدە ئىشلەپ ئىگىلىك ياراتقانلىقىمغا كۆزىنى يۇمۇۋېلىپ، ھە دېسە مېنى چەتكە قېقىشتى، يەكلەشتى ھەتتا مېنى باشقا ئىدارىلارغا يۆتكىلىپ كەتسىكەن، دېگەننى يۈزۈمدىن-يۈزۈمگە دېيىشتى. * بىز بۇ يەرگە كېلىپ، قۇرۇق قول بىلەن ئىگىلىك تىكلىدۇق.

**ئىگىلىك ئالماش** <تىل> ئالماشنىڭ بىر تۈرى، يەنى ئىگىلىكۈچى ياكى تەۋەلىكۈچىنى ئىپادىلەپ كېلىدىغان ئالماش.

**ئىگىلىك ئەندىزىسى** <س ئىق> سوتسىيالىستىك ئىگىلىكنىڭ ئايلىنىش پرىنسىپى ۋە ئۇنى باشقۇرۇش تۈزۈلمىسىنىڭ كونكرېت شەكلى.

**ئىگىلىك باشقۇرۇش** <س ئىق> ① ئىقتىسادىي ۋاستىلەردىن پايدىلىنىپ، ئىجتىمائىي تەكرار ئىشلەپچىقىرىش جەريانى (جۈملىدىن ئىشلەپچىقىرىش، تەقسىمات، ئالماشتۇرۇش، ئىستېمال ھالقىلىرى) ئۈستىدە ئېلىپ بېرىلغان تەشكىللەتچىلىق، قوماندانلىق، نازارەتچىلىك ۋە تەڭشەش ئىشلىرى. ② كارخانىنىڭ ئىشلەپچىقىرىشنى ئۇيۇشتۇرۇش جەريانىدا تۈزگەن تەدبىرى ۋە بازارنى ئالدىن مۆلچەرلەش ھەم تەدبىرنى ئىشقا ئاشۇرۇش يولىدا قوللانغان ئۇسۇلى ۋە تۇتقان يولى.

**ئىگىلىك باشقۇرۇش تۈزۈلمىسى** <س ئىق> ئىجتىمائىي تەكرار ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئومۇمىي جەريانى بويىچە قانداق تەدبىر قوللىنىش، ئېلان قىلىش، تەشكىللەش، نازارەتچىلىك قىلىش ۋە تەڭشەشتەك بىر قاتار تۈزۈملەر توغرىسىدىكى بىر پۈتۈن سىستېما.

**ئىگىلىك باشقۇرۇش جەريانى** <س ئىق> ئىشلەپچىقىرىش-تىجارەت پائالىيىتىنى ئېلىپ بېرىش جەريانى. سانائەت، يېزا ئىگىلىك كارخانىلىرىدا ئىگىلىك باشقۇرۇش جەريانى تەمىنلەش، ئىشلەپچىقىرىش ۋە سېتىشتىن ئىبارەت ئۈچ جەريانىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. سودا كارخانىلىرىدا بولسا تاۋارلارنى سېتىۋېلىش ۋە سېتىشتىن ئىبارەت ئىككى باسقۇچنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

**ئىگىلىك باشقۇرۇش ستراتېگىيىسى** <س ئىق> كارخانىنىڭ ئىگىلىك باشقۇرۇش يۆنىلىشىگە ئاساسەن، كارخانا ئىچكى شارائىت ۋە تاشقى مۇھىتنى تەھلىل قىلىش ئارقىلىق تۈزۈپ چىققان ئىگىلىك كەسپىگە دائىر ئۇزۇن مۇددەتلىك، ئاساسلىق، ئومۇمىيۈزلۈك يۆنىلىش جەھەتتىكى ستراتېگىيىلىك ھەل قىلغۇچ تەدبىر.

**ئىگىلىك باشقۇرۇش نىشانى** <س ئىق> كارخانا ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىيات يۆنىلىشى، كۈرەش نىشانى. ئادەتتە مەھسۇلات قىممىتى، مەھسۇلات مىقدارى، مەھسۇلات سۈپىتى، مەھسۇلات خىلى، سېتىش كىرىمى، پايدا نىسبىتى ۋە بازارنى ئىگىلەش نىسبىتى قاتارلىق كۆرسەتكۈچلەر بىلەن ئىپادىلىنىدۇ.

**ئىگىلىك پائالىيەت تەھلىلى** <س ئىق> بوغالتىرلىق، ستاتىستىكا، كەسپىي ھېسابات ۋە پىلان ماتېرىياللىرىدىن پايدىلىنىپ، كارخانىنىڭ پۈتۈن ياكى

قىسمەن ئىگىلىك پائالىيەت جەريانى ۋە نەتىجىلىرى ئۈستىدىن تەھلىل-تەتقىق يۈرگۈزۈش.

**ئىگىلىك پىلانى** <س ئق> ئىگىلىك سۇبىستانسىيىسىنىڭ پىلانى. كارخانىلار ئىگىلىك باشقۇرۇش مۇھىتىنىڭ ئۆزگىرىشىگە مۇۋاپىقلىشىش ئۈچۈن، ئىجتىمائىي ئىگىلىك تەرەققىياتىنىڭ تەلىپى ۋە ئۆزىنىڭ بايلىق شارائىتىغا قاراپ، بارلىق ئىگىلىك پائالىيىتىنى مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇش پىلانى.

**ئىگىلىك تىكلەش پايدىسى** <س ئق> ھەسسىدارلىق شىركىتىنى ئاچقان كىشىنىڭ پاي چېكىنى يۇقىرى باھادا سېتىپ ئېرىشكەن ئوشۇق پايدىسى.

**ئىگىلىك خاراكتېرلىك زىيان** <س ئق> كارخانىلارنىڭ ئىگىلىكنى باشقۇرۇشى ياخشى بولمىغانلىقتىن تارتقان زىيىنى.

**ئىگىلىك كېلىش** <تىل> كېلىش كاتېگورىيىلىرىنىڭ بىرى، يەنى بەلگىلىك گراماتىكىلىق شەكىللەر ئارقىلىق تۇرغۇن سۆزلەرنىڭ تەۋەلىگۈچى شەيئى ئىكەنلىكىنى، جۈملىدە كۆپىنچە ئېنىقلىغۇچى ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈپ كېلىدىغان كېلىش. ئۇيغۇر تىلىدا ئىگىلىك كېلىش شەكلى ئىسىملارغا «-نىڭ» قوشۇمچىسىنىڭ قوشۇلۇشى ئارقىلىق ياسىلىدۇ.

**ئىگىلىك مۇناسىۋىتى** <تىل> چەكلەش، چەكلىنىش مۇناسىۋىتىدە كەلگەن ئىككى سۆزنىڭ ئالدىنقىسى ئىگىلىگۈچى شەيئىنى ئىپادىلەپ، كېيىنكىسى ئىگىلەنگۈچى شەيئىنى ئىپادىلەپ كەلسە، ئالدىنقىسى چەكلىگۈچى سۆز، كېيىنكىسى چەكلەنگۈچى سۆز بولىدۇ. بۇنداق مۇناسىۋەت «ئىگىلىك مۇناسىۋىتى» دەپ ئاتىلىدۇ.

**ئىگىلىك نەتىجىسى** <س ئق> كارخانىنىڭ مەلۇم مەزگىلدە شۇغۇللانغان ئىشلەپچىقىرىش ۋە ئىگىلىك پائالىيىتىنىڭ مەلۇم قىسمى ياكى پۈتۈن جەريانىدا ئېرىشكەن نەتىجىلىرى.

**ئىگىلىكنى قايتا تەشكىللەش** <س ئق> ئېلىمىزدە، مىللىي كاپىتالىستىك سودا-سانائەتنى سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش داۋامىدا قوللىنىلغان مۇھىم بىر تەدبىر. بۇ ھۆكۈمەت بىلەن خۇسۇسىيلار شېرىكچىلىكى پۈتۈن كەسىپلەر بويىچە ئەمەلگە ئاشقاندىن كېيىن، كاپىتالىستىك كارخانىلارنىڭ ئەسلىدىكى باشقۇرۇش تۈزۈمىنى ۋە كارخانىلارنىڭ جايلىشىشىدىكى نامۇۋاپىقلىقنى ئۆزگەرتىش مەقسىتىدە ئېلىپ بېرىلغان.

**ئىگىلىكنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى** <س ئق> خەلق ئىگىلىكىنىڭ ھەرقايسى تارماقلىرى (ماددىي ئىشلەپچىقىرىش تارماقلىرى ۋە غەيرىي ماددىي ئىشلەپچىقىرىش تارماقلىرى) نىڭ بىر دۆلەت ياكى بىر رايون دائىرىسىدىكى ماكاندا تارقىلىشى ۋە ئۇيۇشتۇرۇلۇشى.

**ئىگىلىك ھوقۇقى** <ت ئش> بىر دۆلەتنىڭ ئۆز تېررىتورىيىسىدە ئىگە بولغان ئالىي ھوقۇقى. دۆلەت مۇشۇ ھوقۇققا ئاساسەن، ئۆز ئىرادىسى بويىچە ئىچكى-تاشقى سىياسىتىنى بەلگىلەيدۇ، ھەرقانداق تاشقى مۇداخىلىگە ئۇچرىمىغان ھالدا دۆلەت ئىچى ۋە خەلقئارادىكى بارلىق ئىشلىرىنى بىر تەرەپ قىلىدۇ.

**ئىگىلىك ھېساباتى** <س ئق> دەپتەرگە يېزىش ۋە ھېسابات قىلىش ئارقىلىق، ئىشلەپچىقىرىش جەريانىدىكى ئىشلەپچىقىرىش سەرپىياتىنى ۋە ئىشلەپچىقىرىشنىڭ

نە تىجىسىنى خاتىرىلەش، ھېسابلاش، تەھلىل قىلىش ۋە سېلىشتۇرۇش پائالىيىتى.

**ئىگىلىك ھېساباتى تۈزۈمى** <س ئىق> سوتسىيالىستىك ئىگىلىكنىڭ كارخانىلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ۋە ئىگىلىك باشقۇرۇش پائالىيىتىنى بىر تۇتاش رەھبەرلىك قىلىش، مۇستەقىل ئىگىلىك باشقۇرۇش پرىنسىپى بويىچە، قىممەت شەكلى ئارقىلىق باشقۇرۇشتىن ئىبارەت باشقۇرۇش تۈزۈمى.

**ئىگىلىك يارىتىش پايدىسى** <س ئىق> ھەسسىدارلىق شىركىتىنى قۇرغۇچى تارقاتقان پاي چەكلىرىنىڭ ئومۇمىي سېتىلىش باھاسىنىڭ كارخانىغا ئەمەلىي سېلىنغان ئومۇمىي كاپىتالىدىن ئاشقان قىسمى.

**ئىگىلىمەك** پ ① ئىگە بولماق، قولغا كىرگۈزمەك، ئىشغال قىلماق: ئۆيدىكى ئاتا-ئانىدىن قالغان مۈلۈكلەرنى ئۇ ئىگىلىدى. * ئۇنىڭ بۇرۇن ئىگىلىۋالغان يەرلىرىنى يېزا ھۆكۈمىتى ئىلگىرىكى ئىگىلىرىگە تېرىشقا بەرگەنىدى. * — ئەتە ئەتىگەنلىككە ئىككىمىز ھارۋىدىن بىرنى ئىگىلەيلى، — دېدى ئۇ. * ئۇنىڭ يەتتە بالىسى بىردىن قىز بىلەن بىردىن ئۆينى ئىگىلەپ تۇرۇۋېتۇدەك. ② كۆچمە. قاپلىماق، قاپلاپ ئالماق، چۇلغىماق، باسماق، ئەكس ئەتمەك: ھاياتتىن، كىشىلەردىن بىزار بولۇشتەك بىر خىل تۇيغۇ ئۇنىڭ ۋۇجۇدىنى ئىگىلىدى. * قارا بۇلۇتتەك قاپلاپ كەتكەن ئۈمىدسىزلىكنىڭ ئورنىنى باھار ھاۋاسى، ئىشەنچ، ئۈمىد ئىگىلىدى. * ئۇنىڭ چىرايىدىكى كۈلكىنىڭ ئورنىنى ھەيرانلىق ئىپادىسى ئىگىلىگەنىدى. * ئۇنىڭ چىرايىدىكى كۈلكە ئورنىنى چۈشىنىپ بولمايدىغان بىرنەرسە ئىگىلىدى. ③ تەشكىل قىلماق، تەشكىل تاپماق، تۇتماق: بۇ قېتىمقى ئىمتىھاندا مىللىي ئوقۇغۇچىلارنىڭ نەتىجىسى ئاپتونوم رايون بويىچە ئالدىنقى ئورۇننى ئىگىلەيدۇ. * بۇلارنىڭ ئىچىدە دومبىرا كۆپ سانىنى ئىگىلەيدۇ. * بۇ ئىدارىمىز يىللىق كىرىمىنىڭ 50 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ. ④ كۆچمە. چىڭ تۇتماق: پۇرسەت ئىگىلىمەك، پەيت ئىگىلىمەك. ⑤ كۆچمە. چۈشەنمەك، ئۇقماق، بىلمەك: ئەھۋال ئىگىلىمەك. * ھازىرقى ۋاقىتتا ۋەزىيەتنى توغرا ئىگىلەش ھەممىدىن مۇھىم. * ھازىر مۇنىرىدىننىڭ ئۆيىدە ئولتۇرۇش قىلىۋاتىدۇ، بىز بۇنى ئىگىلەپ بولدۇق. * — ئىگىلىشىمىزچە، — دېدى قوغداش كادىرى، — شۇ كېچىسى ئىككى ۋەقە يۈز بەرگەن. ⑥ كۆچمە. ئۆگەنمەك، ئۆگىنىۋالماق، بىلىۋالماق، ئۆزلەشتۈرمەك؛ ئالماق: بىلىم ئىگىلىمەك. تېخنىكا ئىگىلىمەك. چەت ئەل تىلىنى ئىگىلىمەك. * بۇنىڭ ئۈچۈن ھەربىر چالغۇنىڭ ئالاھىدىلىكىنى تولۇق ئىگىلەشكە توغرا كېلىدۇ. * باغۋەنىمىز مۇئەللىم، چىن مېھرىبان ئانىمىز. ئىلىم-پەننى ئىگىلەپ، ئالغا قاراپ ماڭىمىز.

**ئىڭە** ئىم. يېڭى تۇغۇلغان بالا يىغلىغاندا چىققان ئاۋاز: بوۋاق ئىڭە قىلىپ يىغلىشىغىلا ئانا ئۇنىڭ ئاغزىغا ئەمچەك سالدى.

**ئىڭەلىمەك** پ. ئىڭە-ئىڭە قىلماق، ئىڭە-ئىڭە قىلغان يىغا ئاۋاز چىقارماق: ئىككى ئايلىق بالا ئىڭەلەپ يىغلاپ ئانىنى ئالدىراتتى، ئانا تاماقنى بۇرنىغا يېگەنىدەك بولدى. * چۈشەركەنمىز مىڭ مۇشەققەتتە، ئىڭەلەپ يەر قوينىغا غەمسىز. بىھۇش ئانا باققاندا بىزگە، ئاجىز تېنى يايرىكەن چەكسىز.

**ئىڭە-ئىڭە** «ئىڭە» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى: بۆشۈكتىكى بوۋاقنىڭ ئىڭە-ئىڭەسى مېنى ئويغاتتى. * ئۇزۇن ئۆتمەيلا ئىچكىرىكى ئۆي ئىچىدىن بوۋاقنىڭ ئىڭە-ئىڭە، ئىڭە-ئىڭە دېگەن يىقىملىق ئاۋازى ئاڭلاندى.

**ئىڭراتماق** «ئىڭرىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**ئىڭراشماق** «ئىڭرىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**ئىڭراق** سۈپ. ئىڭرايدىغان، ئىڭراپ چىقىدىغان: سوپى ئىشان ئىڭراق ئاۋازى بىلەن دۇئاغا قول كۆتۈردى. * كېسەل ياتقان دادام ماڭا ئىڭراق ئاۋازى بىلەن نەسىھەت قىلغىلى تۇردى.

**ئىڭرىماق** پ. ئىڭرىغان ئاۋاز چىقارماق، قىينالغان ھالدا ئىنچىكە ۋارقىرىماق، نالە قىلماق: بالا كېسەل ئازابىدىن ئىڭرايتتى. ھەۋزىخان بالىنى قۇچىقىغا ئېلىپ ئەمچەك سالدى. * ئايال ئورنىدىن تۇرالماي ئىڭراپ يېتىپ قالدى.

**ئىڭغىرچاق** ئى. دىئال. لىڭغىرچاق.

**ئىڭگىلىك** ئى. دىئال. زىرە، ھالقا.

**ئىلاج** ئى (ئە) ئامال، چارە، تەدبىر؛ ئىمكان: ئىلاجى يوق. ئىلاج قىلماق. ئىلاج تاپماق. ئىلاج قانچە. * – ئەمدى سۇلتانىنىڭ ھۆكمىدىن باشقىغا ئىلاجى قالمىدى، – دېدى ئۇ. * ھېلىقى ئايال تېخىمۇ ئۇنلۇك تۇۋلىماقتا ئىدى. ئايشەم بىخەتەر چىقىپ كېتىشىنىڭ ھېچقانداق ئىلاجىنى قىلالمىدى.

**ئىلاج بار** ① ئىلاجى، مۇمكىنچىلىكى بولسىلا، ئىمكانقەدەر: مەن ھەر كۈنى ئىلاج بار ئەتىگەنرەك تۇرۇپ دەرۋازا ئالدىغا چىقىپ كېتەتتىم. * پەخراي ئىلاج بار مەندىن كۆزىنى ئېلىپ قاچاتتى. ② ئامال-چارىسى بار: بۇنىڭ ئىلاجى بار، تۇرۇپ تۇرۇڭلار، مەن بىر ئىلاج قىلاي. * مېنىڭچە، بۇندىن كېيىن بەزى نەرسىلەرنى ئىككىمىز بىللە قىلايلى، ئىلاجى بار ئاپاڭ كۆرمىسۇن، بىلەلمىگەنلىرىڭنى قورقماي مەندىن سورا.

**ئىلاج قانچە** نېمە ئامال، ئىلاج يوق، مۇمكىن ئەمەس: ئىلاج قانچە؟ نورۇز داموللىنىڭ ئايالى ھېلىقى دوكنى مېھمانخانىغا باشلاشقا مەجبۇر بولدى.

**ئىلاج قىلماق** ھەل قىلىشنىڭ چارىسى، تەدبىرى قاتارلىقلارنى تاپماق، ئىزدىمەك: بىز بىر ئىلاج قىلىپ بۇخارا ئەمىرى ئەبۇ ئەلى بىلەن كۆرۈشىمىز. * ئۇلار شۇرغاندا تاغ ئارىسىدىن يول تېپىپ مېڭىشقا ئىلاج قىلالماي، بۇ يەردە ئۈچ كۈن يېتىپ قېلىپتۇ. * ئالماس كېمىنى ئىلاج قىلىپ يۇقىرى تەرەپكە تارتتى.

**ئىلاج يوق** مۇمكىن ئەمەس، مۇمكىن بولمايدۇ: – ئەمدى ئىلاج يوق، بوغۇزلىۋېتەيلى، – دېدى ئامانقۇل، سويۇپ ئالىدىغان كىشى چىقىپ قالارمىكىن دېگەن ئوي بىلەن ئەتراپقا قاراپ.

**ئىلاجنىڭ بارىچە** ھەممە ئامال-چارىلەر بىلەن، ھەممە ئامال-چارىلارنى ئىشقا سېلىپ: جازىدىكى سۈرەتنى ئىلاجنىڭ بارىچە قولىمىزغا چۈشۈرۈشكە ئامال قىلىپ كۆر!

**ئىلاجسىز** سۈپ. ئىلاجى، چارىسى، ئىمكانى يوق، نائىلاج، چارىسىز: ئىلاجسىز ئەھۋال. ئىلاجسىز قالماق. * ئۇ ئىلاجسىز ئورنىدىن تۇرۇپ، رەڭگى ئۆڭگەن ھالدا، پۇتلىرىنى تەستە يۆتكەپ دوسكا ئالدىغا كەلدى. * قازى ئىلاجسىز ماقۇل بولۇپ، ئۈچ كۈندىن كېيىن قايتا سوراق قىلماقچى بولۇپتۇ.

**ئىلاجسىزلىق** «ئىلاجسىز» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: مەن بۇ كىشىنىڭ دېھقان

ئىكەنلىكىنى، ئۇنى ئىلاجسىزلىق مېنىڭ ئالدىمغا ئېلىپ كەلگەنلىكىنى پەملىدىم. * تىلەمچىلىك قىلىشنى كۆچەتتىن قالغان ئىگە-چاقىسىز قېرى-چۆرىلەرلا ئىلاجسىزلىقتىن قىلىدۇ.

**ئىلاگگۈچ** (توغرىسى: ئىلەگگۈچ) ← **ئىلەگگۈچ.**

**ئىلام** ئى <تارىخ> مېسوپوتامىيىنىڭ شەرقىي قىسمىدا ئۆتكەن قۇللۇق تۈزۈمدىكى دۆلەت. ھازىرقى ئىراننىڭ خۇيستان دېگەن جايىغا توغرا كېلىدۇ. مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 3000-يىللاردا ئۇنىڭدا سىنىپىي جەمئىيەت ۋە دۆلەت شەكىللەنگەن. پايتەختى سوزا بولغان. مىلادىيىدىن بۇرۇنقى XIII ئەسىردىن XII ئەسىرگىچە ئىلام ئەتراپىدىكى كەلدانىيلارنى ئۆزىگە قارىتىپ، دۆلىتىنى گۈللەندۈرگەن. مىلادىيىدىن بۇرۇنقى VII ئەسىردىن VI ئەسىرگىچە ئىلگىرى-ئاخىر بولۇپ ئاسسۇرىيە ۋە پېرسىيىنىڭ تەۋەلىكىگە ئۆتكەن.

**ئىلان** (توغرىسى: يىلان) ← **يىلان.**

**ئىلاھ** ئى (ئە) <پەلس> دىن ۋە ئەپسانىلەردە ماددىي دۇنيانىڭ تەبىئەتتىن تاشقىرى تۇرىدىغان، ئادەملىك سۈپەتكە ۋە ئاڭغا ئىگە بولغان ئىگىسى دەپ قارىلىدىغان مەۋجۇتلۇق — خۇدا، تەڭرى. ئىلاھقا ئېتىقاد قىلىش ۋە چوقۇنۇش ھەممە دىننىڭ يادروسى ھېسابلىنىدۇ.

**ئىلاھىم ئامان قىلسۇن** «خۇدايىم ئامان قىلسۇن، بالا-قازادىن، پېشكەللىكلەردىن خۇدا ساقلىسۇن، تىنچ-ئامان ياشاشنى، ئۆتتۈشنى نېسىپ قىلسۇن» دېگەن مەنىلەردىكى تىلەك سۆزى: — ئوغلۇم، يولغا چىقمىغىن دەۋاتىسىز، ئۆزىڭىز، ئاق كۆڭۈل ياخشى بالا ئىكەنسىز، ئىلاھىم ئامان قىلسۇن، — دېدى موماي ماڭا كۆيۈنگەن ھالدى.

**ئىلاھا-ئامىن** (ئىلاھ+ئا-ئامىن) قولنى دۇئاغا كۆتۈرگەندە ياكى سەدىقە تىلىگەندە قوللىنىلىدىغان، دۇئا-تىلاۋەتنىڭ ئاللاغا يېتىشىنى تەلەپ قىلىپ ئېيتىلىدىغان تىلەك سۆزى: بىزگە بەرگەن بىر-ئىككى يارماق سەدىقەڭلار ئۈچۈن خۇدايىم بالايۇۋاقاڭلارنى ئۇتتۇز پارە كالامشېرىپكە ئالىم قىلسۇنكەي! ئىلاھا-ئامىن!...

**ئىلاھا-ئامىنغا كەتمەك** بىكرىغا كەتمەك، بىكرىغىلا يوقىماق: بىزنىڭ دۆيدىن ئۈچ تونىنا نەشپۈت ئىلاھا-ئامىنغا كەتتى.

**ئىلاھە** (ئە) <دىن> كۆپ خۇدالىق دىنلاردىكى ئايال كىشى قىياپىتىدىكى خۇدا، سەنەم، مەبۇدە: ئۇ يەردىكى ھەممە سەت ئاياللارمۇ ئۇنىڭغا باشقىچە، قانداقتۇر، ھۆر-پەرى ۋە ئىلاھەلەردەك كۆرۈنەتتى.

**ئىلاھچىلىق** ئى. ئىلاھقا چوقۇنۇش، ھەممىنى ئىلاھنىڭ قۇدرىتى بىلەن بولىدۇ دەپ قاراش: تەبىئەت ئىلاھچىلىقى تەرەپدارلىرى بىر خىل دىنىي پەلسەپە تەلىماتىنىڭ ھىمايىچىلىرى، بۇنداق تەلىمات خۇدا دۇنيانىڭ ياراتقۇچىسى، لېكىن خۇدا تەبىئەت ھادىسىلىرىگە ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇشقا ئارىلاشمايدۇ، دەپ ھېسابلايدۇ.

**ئىلاھسىزلىق** ئى <پەلس> ھەممە دىنىي ئېتىقاد ۋە جىن-شەيتان توغرىسىدىكى خۇراپاتلىقلارنى ئىنكار قىلىدىغان تەلىمات. ئۇنىڭ نەزەرىيىۋى ئاساسى ماتېرىيالىزم.

**ئىلاھىي** سۈپ (ئە) <دىن> خۇداغا، ئىلاھىيەتكە ئائىت، خۇدانىڭ كۈچ-قۇدرىتىگە باغلىق، دەپ تەسەۋۋۇر قىلىنىدىغان، خاسىيەتلىك: ئىلاھىي كۈچ.

**ئىلاھىيەت** ئى (ئە) <پەلس> خۇدا ۋە دىن ئەقىدىلىرى ھەققىدىكى دىنىي تەلىماتلار يىغىندىسى، يەنى تەڭرىگە مۇناسىۋەتلىك بىلىملەرنى مەزمۇن قىلغان پەلسەپىنىڭ بىر تارمىقى.

**ئىلاھىيەتچىلىك** ئى. خۇدا، دىن ۋە دىنىي ئەقىدىلەر توغرىسىدىكى تەلىماتلارغا چوقۇنۇش كەيپىياتى، ئادىتى: دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ياشىغان ئىپتىدائىي ئىنسان جامائىتى، ئۆزلىرى ياشىغان زېمىن بەلبېغى ۋە مۇھىت ئالاھىدىلىكىگە بېقىنغان ھالدا ئۆز ئالاھىدىلىكىگە ئىگە بولغان ئىپتىدائىي قۇياش ئىلاھىيەتچىلىكى قاراشلىرى، رەسمىيەتلىرى ۋە فولكلور-ئەپسانىلىرىنى شەكىللەندۈرگەن.

**ئىلاھىيەتشۇناس** ئى. ئىلاھىيەتنى تەتقىقات ئوبيېكتى قىلغان، ئىلاھىيەتنى تەتقىق قىلىدىغان تەتقىقاتچى: ئۇ بىزنىڭ ئىشىمىز ئەمەس، ئىلاھىيەتشۇناسلارنىڭ ئىشى.

**ئىلاھىيەتشۇناسلىق** « ئىلاھىيەتشۇناس » سۆزىنىڭ كەسىپ نامى: ئىلاھىيەتشۇناسلىق بىلەن شۇغۇللانماق.

**ئىلاھىيەتلىك** سۈپ. ئىلاھىيەتكە مۇناسىۋەتلىك، ئىلاھىيەتنى مەزمۇن قىلغان: بىراق، شۇبېرت سولدېرنىڭ 1896-يىلى دەل ئىلاھىيەتلىك خۇلاسە چىقىرىش ئۈچۈن نەق مۇشۇ نەزەرىيىسىنى دەلىل كەلتۈرگەنلىكىنى كۆرىمىز.

**ئىلاھىيلاشتۇرماق** پ. ئىلاھ دەرىجىسىگە كۆتۈرمەك، ئىلاھ قىلىپ كۆرسەتمەك، سىرلىقلاشتۇرماق.

**ئىلاھىيلاشتۇرۇشماق** « ئىلاھىيلاشتۇرماق » پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**ئىلاھىيلاشتۇرۇلماق** « ئىلاھىيلاشتۇرماق » پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: يەنە بىر تەرەپتىن، خانلىق ھوقۇقىنىڭ سەلتەنىتى توغرىسىدىكى ئىلاھىيلاشتۇرۇلغان ئەپسانىمۇ ئۇيغۇن كېلىدۇ.

**ئىلاۋە** ئى (ئە) <ئەد> ئاپتور ياكى تەھرىرنىڭ ماقالە، جۈملىدىن سۆز-ئىبارىلەر توغرىسىدىكى ئىزاھاتى، ئەسكەرتىشى ياكى دەلىل-ئىسپاتى.

**ئىلاۋە قىلماق** قوشۇمچە تەرزدە ئېيتماق ياكى يازماق، قوشۇمچە ئىزاھ بەرمەك، قوشۇمچە قىلماق: ئۇ شۇنداق ھاياجانلانغانلىقىدىن سەل خىجالەت بولۇپ، ئىنتىك ئىلاۋە قىلدى. * — ئۇنىڭدىن كۆرە تىلىمنى كېسىپ تاشلايمەن! — ئۇ ئاۋازىدا سېزىلىپ تۇرغان ئاللىقانداق بىر يۇرەكسىزلىك بىلەن ئالدىراپ ئىلاۋە قىلدى.

**ئىللە** باغل. يېز ت. بىلەن: مەن سېنى ئايدىڭ ئەمەس، ئاي چىقمىغان تۈندە كۈتەي، قىل ئىگە ۋەسلىڭ ئىللە دۆلەت-مۈلۈككە، ئاخشىمى. * بۇلار تاغنى ئىگىلەپ، ماكان ئەيلەپ ياتقىنى بىرلە، تۇراتتى تەلپۈنۈپ ئوردا تەرەپكە ئىنتىزار ئىللە.

**ئىللە شتۈرمەك** « ئىللە شمەك » پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: شىلىمنى ئىللە شتۈرمەك. * ئۇ ئالدى بىلەن سامانىنى يۇمشىتىلغان توپىغا ئىللە شتۈرۈپ بولۇپ، ئاندىن سۇ قۇيۇپ لاي ئېتىشكە باشلىدى. شۇ تەرىقىدە يېرىم كۈندەك ئىشلەپ ئۆينىڭ سۇۋاق لېيىنى تەييار قىلدى. * باتۇر ئاۋۋال ياغاچ قوشۇق بىلەن ئۇماچنى ئىللە شتۈرۈپ سوۋۇتتى. ئاندىن ئاغزىغا ئاشنى ئالماستىن دادىسى بىلەن گۈلشەننىڭ نەگە كەتكەنلىكىنى سورىدى.

**ئىللە شتۈرۈشمەك** « ئىللە شتۈرمەك » پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**ئىللە شتۈرۈلمەك** « ئىللە شتۈرمەك » پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**ئىلەشكەك** سۈپ. باشقىلار بىلەن ئىلىشىپ-ئىرمىشىپ ئۆتۈشنى، ياشاشنى ئۆزىگە ئادەت قىلغان، كىشى بىلەن ئەپ، يېقىن ئۆتىدىغان: ئىلەشكەك ئادەم.

**ئىلەشمەك** پ ① سۈيۈق ھالەتتىكى ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن ئارتۇق نەرسىلەر بىر-بىرىگە قوشۇلۇپ كەتمەك، ئارىلاشماق: قوناق ئۇنى بىلەن بۇغداي ئۇنى ئىلىشىپ قېلىپتۇ. ② كىشىگە ئارىلاشماق، قوشۇلماق: ئۇ بۇ يەرگە كەلگەندىن بۇيان ھېچكىمگە ئىلەشمەي غادىيىپ يۈرۈۋەردى. ③ بىرەر ئىشتا، ھېسابتا ئاداشماق: ھېسابتا ئىلىشىپ قالماق. ④ ئەقلىدىن ئازماق، نېرۋىسى قالايمىقانلىشىپ، ساراڭ بولۇپ قالماق: ئۇ بالا ئانىسىدىن كېيىن قېلىپ ئۇزۇن ئۆتمەي ئىلىشىپ قالدى. * — بۇ ئىلىشىپ قالدىمۇ نېمە؟ — دېدى چەتتە ئولتۇرغان بىرى ئالىمنىڭ غەلىتە قىلىقلىرىغا قاراپ ھەيرانلىق بىلەن.

**ئىلەك** ئى. دەريانىڭ تارمىقى، تارماق ئېقىن: قوشنىلار بىلەن مەسلىھەت قىلىپ، ئىلەكنىڭ نېرىسىدىكى شۋاقلىقنى ئېچىپ شال تېرىيلى دېيىشتۇق.

**ئىلەكچى** ئى. جارچى، جار سالغۇچى: ئەلچىگە ئۆلۈم يوق، ئىلەكچىگە كۆرۈم (ماقال).

**ئىلەڭ-سىلەڭ** ماغدۇرسىز، جانسىز؛ تېز، چاققان ھەرىكەت قىلىشقا ماغدۇرى يەتمىگەن: نۇرگۈل ئاۋۋالقى تېتىقسىز تۇرمۇشتا ئاجىزلىشىپ قالغاچقا، زۇكامغا بەرداشلىق بېرەلمەي ئىلەڭ-سىلەڭ يۈرۈپ بۇ دۇنيادىن كەتتى. * ئۇ خېلىدىن بېرى ئېلەڭ-سىلەڭ بولۇپ قالغان زەيتۇنە بىلەن ئۆتكەن كۈنلەرنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ كۆزىگە لىققىدە ياش ئالدى.

**ئىلەڭگۈچ** ئى. ئىككى ئۇچىنى لەمپە ياكى ئومۇمەن ئېگىزرەك بىرەر نۇقتىدىكى ياغاچقا چىگىپ، باللار ئۇچۇپ ئويناش ئۈچۈن تەييارلانغان ئارغامچا ھەم شۇنداق ئارغامچىدا ئوينالغان باللار ئويۇنى: ئىلەڭگۈچ ئۇچماق.

**ئىلەڭگۈچ ياغاچ** <تەن> بىر خىل تەنھەرىكەت سايمىنى. بىر تال ئۇزۇن ياغاچنى تىرىگەك (جازا) ئاستىغا ئېسىش ئارقىلىق ياسىلىدۇ. ئادەم ئۈستىگە چىقىۋېلىپ كۆچەپ چايقىلىپ، ياغاچنىڭ ئۇچۇش رايىغا قاراپ مېڭىشقا ياكى يۈگۈرۈشكە بولىدۇ.

**ئىلەنمەك** پ. دىئال. چاپلانماق، قوشۇلماق، باغلانماق.

**ئىلپەت** (توغرىسى: ئۈلپەت) ← **ئۈلپەت.**

**ئىلتمەك** پ. يېز ت. باشلىماق، ئەگەشتۈرمەك: ئۇ مېنى ئىلتىپ باردى.

**ئىلتىپات** ئى (ئە) كىشىلەرگە ياكى بىرەر نەرسىگە قىلىنغان ياخشى مۇئامىلە؛ غەمخورلۇق، مېھرىبانلىق؛ نەزەر-ئېتىبار: ئىلتىپات قىلماق. ئىلتىپاتقا مۇيەسسەر بولماق. * تاغ ئۇۋچىلىرى مەرد ئادەملەرنىڭلا ئىلتىپاتىنى قوبۇل قىلىدۇ، ئاجىز قىزلارنىلا بوزەك قىلىدىغان نامەرد قارا يۈرەكلەرنىڭ نەرسىسىگە كۆز قىرىنى سالمايدۇ. * ئۇ يىگىتكە بۆلەكچە ئىلتىپات بىلەن تىكىلىپ، مۇلايىملىق بىلەن قارىدى.

**ئىلتىپات قىلماق** ① كىشىلەرگە ياخشى مۇناسىۋەتتە بولماق؛ ئېتىبار بەرمەك، ياكى باشقا نەرسىلەرگە ياخشىلىق، غەمخورلۇق قىلماق: — ۋاقىت تېخى بار، تاماققا ئىلتىپات قىلسىلا، قېنى، — دېدى

ھېلقى كىشى. * بىر روھانىي ئادەم ئەتىيازلىق ئىبادىتىنى قىلىپ بولغاندىن كېيىن، مۇرىتلىرىغا بىر رومكا ھاراق ئىلتىپات قىلىپ بېرىپتۇ. * ئەگەر قارىغۇ ئېرىڭىزگە چىدىمىسىڭىز ماڭا پۇرسىتىنى كەلتۈرۈپ ئانچە-مۇنچە ئىلتىپات قىلىپ تۇرسىڭىزمۇ مەيلى. ② ئىنئام قىلماق، سوۋغا قىلماق: ئۇنىڭ ئانىسى سىشى تەيخۇ ئۇنىڭغا يەتتە ئەجدىھا سۈرىتى كەشتىلەنگەن سېرىق دۇردۇن پەشمەت ئىلتىپات قىلغان.

**ئىلتىپات كۆرسەتمەك ← ئىلتىپات قىلماق:** ئۇسسۇللار ئوينالدى، ھاراق سۇدەك ئىچىلدى. يىگىتلەر باشتا ئۆزلىرىنى خېلى ئەدەبلىك تۇتۇپ، قىزلارغا ئىلتىپات كۆرسىتىپ ئولتۇرغانىدى، كېيىن ئاستا-ئاستا ئۆزگەردى.

**ئىلتىپاتسىز** سۈپ. كىشىگە ئىلتىپات قىلمايدىغان، ھىممەتسىز؛ قوپال: ئۇ كىشى مېنىڭ بۇ ئىلتىپاتسىز قارىشىمدىن قورۇندى. * يىگىتنىڭ ھېچ ئىلتىپاتسىزلا ئۆزىنىڭ سېۋىتىدىكى شاپتۇلنى يەپ ئولتۇرغانلىقىنى ئەمدىرەك كۆرگەن دېھقانىنىڭ كۆزلىرى چەكچىيىپ كەتتى.

**ئىلتىپاتسىزلىق** «ئىلتىپاتسىز» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: — ئۇ خوتۇن كېيىنكى چاغلاردا ئۆز ئىمانىنىڭ سۇسلاشقانلىقىنى سەزمىدى، — دېدى ھېسامىدىن داموللا، — يۇسۇپ چوڭ بولسا، مال-دۇنياغا بېرىلدى ۋە بىزگىمۇ ئىلتىپاتسىزلىق قىلدى.

**ئىلتىپاتلىق** سۈپ. كىشىگە ئىلتىپاتى بار، كىشىگە ئىلتىپات قىلىدىغان، مەرھەمەتلىك، ھىممەتلىك: چۈنكى مەن بۇ قېتىم چوڭ ئىلتىپاتلىق خۇش خەۋەر بىلەن چىقتىم. * — ئىلتىپاتلىق تەكلىپلىرى ئۈچۈن پەۋقۇلئاددە مىننەتدارمەن، — دېدى ئۇ.

**ئىلتىجا** ئى (ئە) ① دىنىي ئەقىدە بويىچە ئاللاغا، ئاللانىڭ شەپقىتىگە سېغىنىپ پاناھ تىلەش: ئىلتىجا قىلماق. ② يېلىنىپ، يالۋۇرۇپ ئۆتۈنۈپ سوراش؛ مۇراجىئەت، ئىلتىماس: — خۇدا، شۇ ناتاۋان بەندەڭنىڭ ئىلتىجاسىنى قوبۇل كۆرۈپ، ئەزىز ئوغلۇم بىلەن دىدار كۆرۈشتۈرگەن بولساڭ، — دەپ ئانا خۇدادىن بالىسىنى تېزرەك تېپىۋېلىشنى تىلىدى.

**ئىلتىجا قىلماق** يېلىنىپ، يالۋۇرۇپ، ئۆتۈنۈپ سورىماق، مۇراجىئەت قىلماق، ئىلتىماس قىلماق: ماڭا بىر ئېغىز ئالاھىدە ئۆي كۆرسىتىپ بېرىشلىرىنى ئىلتىجا قىلىمەن. * — مېنى خىجالەت قىلماي، ئۆيگە قايتۇۋەرگىن، — دېدى زاپخوز ئايالىغا ئىلتىجا قىلىپ، — مەنمۇ ھازىرلا يېتىپ بارىمەن. * مەتقۇربان شۇ گەپنى دەپ، يولۇچى تەرەپكە ئىلتىجا قىلىپ قولىنى سوزدى.

**ئىلتىجالىق** سۈپ. ئىلتىجا قىلىۋاتقانلىقى بىلىنىپ تۇرغان، يالۋۇرۇپ ئۆتۈنگەنلىكى، مۇراجىئەت، ئىلتىماس قىلغانلىقى چىقىپ تۇرغان: نۇردۇن ھاكىم ئۆزىمۇ سەزمىگەن ھالدا ئارانلا تونۇيدىغان بۇ ھەمراھىغا ئىلتىجالىق كۆزلىرى بىلەن تەلمۈرۈپ قارىدى. * باغداد لىككىدە ئورنىدىن تۇرۇپ، دادىسىنىڭ مۆلدۈرلەپ تۇرغان ئىلتىجالىق كۆزلىرىگە سوئال نەزىرىدە بىر قارىدى.

**ئىلتىماس** ئى (ئە) بىرەر مۇددىئانى قاندۇرۇش، ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن قىلىنغان يازما ۋە ئاغزاكى مۇراجىئەت، تەلەپ: ئىلتىماس قىلماق. ئىلتىماس يازماق.

**ئىلتىماس قىلماق** ① بىرەر مۇددىئانى قاندۇرۇش، ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن يازما ياكى ئاغزاكى شەكىلدە مۇراجىئەت قىلماق، تەلەپ قىلماق: قوشنىسى ئەپەندىمنى چاقىرىپ بالىسىغا ئىسىم قويۇپ بېرىشنى ئىلتىماس قىلىپتۇ. ② ئۆتۈنۈپ سورىماق، ئۆتۈنۈپ تەلەپ قىلماق:

رەيھان ھامىسىنىڭ جۇمە بىلەن كۆرۈشمەسلىكىنى، ئۇنىڭ يۈزىگە قارىماسلىقىنى ئىلتىماس قىلدى. * ئۇ دادىسىدىن ئۆزىنىڭ كېسىلىنى دەپ سەپەرگە تەسىر يەتكۈزمەسلىكىنى ھازىرلا يولغا چىقىش كېرەكلىكىنى ئىلتىماس قىلدى.

**ئىلتىماسچى** ئى. ئىلتىماس قىلغۇچى: دېدى بوۋاي: «پەرھات» تەييار، «شىرىن» يوقتى، سىلەر كەبى ئىلتىماسچى كېلىن يوقتى.

**ئىلتىماسنامە** ئى (ئە+پ) يېزىلغان ئىلتىماس: – مەن بىر پارچە ئىلتىماسنامە يېزىپ يۇقىرىغا سۇندۇم، – دېدى بوۋاي.

**ئىلدام** سۈپ. تېز ھەرىكەت قىلىدىغان؛ چاققان، چاپسان: ئىلدام قەدەم تاشلىماق. ئىلدام ئىشەك. * بالىخانىدىن ئىلدام چۈشكەن چولپان ئىشىكنى ئاچتى. * دادىسى يەسلى قورۇسىدىن چىقىپ، ئىدارىسى تەرەپكە ئىلدام مېڭىپ كەتتى. * – سىلەر ئىككىڭلار دەرھال مۇداپىئە ئۆيىدىن پاخال ۋە قۇم خالتىلارنى ئېلىپ چىقىڭلار، – دېدى بوۋاي.

**ئىلداملاتماق** «ئىلداملىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: سۈرئىتىنى ئىلداملاتماق. قەدىمىنى ئىلداملاتماق. * بۇ خەۋەر بىلەن باراتمۇ قەدەملىرىنى ئىلداملاتتى. * – قوچقار! قارا، ئاۋۇ كىمۇ؟ – ئۇ ئات چاپتۇرۇپ شۇ ياققا كەتتى. كېيىن قوچقار ئېتىنى ئىلداملىتىپ بارسا، قىلىچىنىڭ ئالدىدا بىر ئەر كىشى تۇرغانىكەن، قوچقارنى كۆرۈشى بىلەنلا ئۇ تەتۈر ئۆرۈلۈۋالدى.

**ئىلداملاشماق** ① «ئىلداملىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى. ② ئىلدام، تېز يۈرمەك، ئىلداملىماق: ئىلداملىشىتى ئەجەبمۇ، بۇ قويلارنىڭ تۇيىقى. قارىسام كۆزۈم يەتمەس مەھەللەرنىڭ يىرىقى. باشنى تەشتى يارىلاپ، ئەيسا بەگنىڭ تاپىقى.

**ئىلداملىتىلماق** «ئىلداملاتماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**ئىلداملىق** «ئىلدام» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: ئۇلار تار كوچىلار، ئېتىز يوللىرىنى ئىلداملىق بىلەن بېسىپ، سۈبھى كۆتۈرۈلگەندە ئۈچچۈن يېزىسى ئەتراپىغا كېلىپ يەتتى. * شۇ چاغدا ئوقنى بەكمۇ تەسلىكتە چاقلىۋىدۇق. چۈنكى ئىستانوكنىڭ ئەڭ تۆۋەن ئايلىنىشى مىنۇتىغا قىرىق قېتىم. بۇ سۈرئەت ئوقنى چاقلاشقا ئىلداملىق قىلىدۇ.

**ئىلداملىماق** پ. ھەرىكىتى تېزلىمەك، تېزلەشمەك: ئىلداملاپ ئالدىغا ئۆتمەك. * شۇ تاپتا كۆزلىرى ئوغرى مۈشۈكنىڭكىدەك چەكچەيگەن جاڭ لىيەنجاڭ ھەرقانچە چاندۇرماي دېسىمۇ ھەرىكەتلىرى ۋە ئەتراپقا قاراشلىرى ئاۋۇپ ئادەتتىكىدىنمۇ ئىلداملاپ باراتتى.

**ئىلدام-ئىلدام** «ئىلدام» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى: سۇلتان ئېلېكتىر چىرىغىنىڭ خىرە يورۇقىدا ھۆل ئاسفالت يولدا ئىلدام-ئىلدام مېڭىپ باراتتى. * ئۇ قارشى تەرەپتىن ئۆزىگە قاراپ ئىلدام-ئىلدام قەدەملەر بىلەن كېلىۋاتقان بىراۋنى كۆرۈپ، يۈرىكى دۈككىدە قىلغاندەك بولدى-دە، قەدەملىرىنى ئاستىلىتىپ ئېھمەلرىندۇر ئويلاپ ئىزىدا تۇرۇپ قالدى.

**ئىلغا I** ئى <تىب> مىللىي تىبابەتتە بىر خىل كېسەللىك. ئالامەتلىرى: بەدەننىڭ دۈمبە-غول قىسمىدا يىڭنىنىڭ ئۇچىدەك قىزغۇچ چېكىت پەيدا بولىدۇ؛ بەدەن بىردەم قىزىش، بىردەم مۇزلاش ھالىتىدە بولىدۇ. شۇ قىزغۇچ چېكىتنى يىڭنە بىلەن كولاپ (ئېلىپ) ئىچىدىكى قىلغا ئوخشاش ئۇزۇن، ئىنچىكە يىپنى

ئۈزۈۋەتسە ئازراق قارا قان چىقىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىمار ياخشى بولۇپ كېتىدۇ. ياكى پىيازنى غولىغا سۈرتۈپ، كېيىن داچەندەك بىرنەرسە بىلەن سىيرىۋەتسىمۇ بولىدۇ.

**ئىلغا چىقماق** بەدەندە ئىلغا پەيدا بولماق، بەدەنگە ئىلغا چىقماق: — ئىلغا چىقىپ قاپتۇ، ئېلىپ قويايمۇ؟ — دەپ سورىدىم ئۇنىڭدىن.

**ئىلغا** II جان ت → **ئىلغا قىلماق.**

**ئىلغا قىلماق** ① نىشانلىماق، كۆزگە چېلىقتۇرماق، قارىسىنى كۆرمەك: ئوغرى قوي‌ۇق دەرەخزارلىق ئىچىدە تامىلىرى ئاقىرىپ كۆرۈنۈپ تۇرغان ئۆيىنى ئىلغا قىلدى. ② كۆزگە ئىلناشتۇرماق، پەرق قىلماق، پەرق ئەتمەك: ئادىل ئۇدۇلغا قارىدى ئەمما، ئۇدۇلغا قارىغان بىلەن ھېچنېمىنى ئىلغا قىلغىلى بولمىدى.

**ئىلغاتقۇزماق** « ئىلغىماق » پېئىلىنىڭ قوش مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**ئىلغاتماق** « ئىلغىماق » پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: مال ئىلغاتماق. مېۋە-چېۋە ئىلغاتماق.

**ئىلغار** سۈپ ① بىرەر ئىش-ھەرىكەت، پائالىيەتتە باشقىلارنىڭ ئالدىدا تۇرىدىغان، باشقىلارغا ئۈلگە بولىدىغان، ئاۋانگارت: ئىلغار خىزمەتچى. ئىلغار كادىر. ئىلغار شەخس. ئىلغار قوشۇن. // ئىلغارلاردىن ئۆگەنمەك. ② ئىشلىتىلىشى، رولى ۋە ئىقتىدارى جەھەتتە زامانغا لايىق ياكى زاماننىڭ ئالدىدا تۇرىدىغان؛ زامانىۋى: ئىلغار تېخنىكا. ئىلغار تەجرىبە. ئىلغار ماشىنا. ئىلغار تىپ. ئىلغار پەن-تېخنىكا. ③ ئەرلەرنىڭ ئىسمى.

**ئىلغارلاشماق** پ. ئىلغار بولماق، ئىلغار دەرىجىگە، سەۋىيىگە يەتمەك: تېخنىكىلار ئىلغارلاشتى.

**ئىلغارلىق** « ئىلغار » سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: ئىلغارلىق رولى. * سېنىڭ كاساپىتىڭدىن گۇرۇپپىمىز ئىككى قېتىم ئىلغارلىقتىن قەپقالدى. * جەمئىيەتنىڭ تەرەققىي قىلىشى ئارقىسىدا، تەبىئىي ئۇيۇشقاقلىقنىڭ ئورنىنى ئىجتىمائىي ئۇيۇشقاقلىق ئىگىلەپ، يېتەكچى رول ئوينايدىغان بولدى. بۇنىڭ ئۆزى تارىخىي ئىلغارلىقتۇر.

**ئىلغارلىق-مۇۋاپىقلىق تەتقىقاتى** <س ئىق> ئەڭ ياخشى ئىقتىسادىي ئۈنۈمگە ئېرىشىش ئارزۇسىدا يېڭى قۇرۇلۇشنىڭ تېخنىكىۋى ئىلغارلىقى ۋە ئىقتىسادىي مۇۋاپىقلىقى ئۈستىدە ئومۇملاشتۇرۇپ تەھلىل يۈرگۈزىدىغان ۋە ئۇلارنى دەلىللەيدىغان بىر خىل خىزمەت ئۇسۇلى. XX ئەسىرنىڭ 30-يىللىرىدا ئامېرىكىدىكى تېننېس ئېقىمىنى ئېچىش ۋاقتىدا بۇ ئۇسۇل تەتبىق قىلىنغان ۋە ئۈنۈمگە ئىگە بولغان، ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن كەڭ قوللىنىلغان.

**ئىلغاش** ① « ئىلغىماق » پېئىلىنىڭ پەنە بىر خىل ئىسىمدىشى. ② <پەلس> پەلسەپىدىكى شەيئىلەرنىڭ مېتابولىزم داۋامىدا كونا شەيئىلەردىكى ئاكتىپ ئامىللارنى جارى قىلدۇرۇپ، پاسسىپ ئامىللارنى چىقىرىپ تاشلىشى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

**ئىلغاشماق** « ئىلغىماق » پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**ئىلغاندى** ① سۈپ. بىر توپ نەرسىلەردىن ئىلغىنىپ قالغان، ئىلغىنىپ قەپقالغان:

ئىلغاندى ئالما. ئىلغاندى مال. ② ئى. بىر توپ نەرسىلەر ئىچىدىن ئىلغىنىپ قالغان ناچار نەرسە، مال، يارامسىز نەرسىلەر: كوچىغا ئالما سېتىۋالغىلى چىقسام، ئالمىنىڭ ئىلغاندىلىرى قالغانىكەن، ئالمىدىم. * قايسى كۈندىكى گۆشلەردىن بىزگە ئىلغاندىسى قېلىپتۇ.

**ئىلغانماق** «ئىلغىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**ئىلغۇ** ئى. گۆش، ياغلىق، كىيىم-كېچەك ۋە شۇنىڭدەك، ئومۇمەن بىرەر نەرسىنى ئىلىپ قويۇش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان ھەم شۇنىڭغا راسلانغان نەرسە، ئىلمەك: ئىلغۇدا گۆشۈڭ بولسا بىركۈنى مېھمانغا يارار (ماقال). * ئۇلار كىيىملىرىنى سېلىپ ئىلغۇغا ئېسىپ قويۇشتى.

**ئىلغۇچ** ئى. ئومۇمەن ئىلىش، ئىلىپ قويۇش ياكى ئىلىپ كۆتۈرۈش رولى بولغان نەرسىلەرنىڭ ئومۇمىي نامى: ئىشكىنىڭ ئىلغۇچى، جىگىنىڭ ئىلغۇچى، كرانىنىڭ ئىلغۇچى، كىيىم ئىلغۇچ. * ماۋۇ ئىشىك ئىلغۇچىدىكى يىپنى سىز چىگكەنمۇ؟ * بۈگۈن مەن بازاردىن مايكا توقۇيدىغان بىر تال ئىلغۇچ سېتىۋالدىم.

**ئىلغۇر** ئى. ئىشىكنى ئىلىدىغان ئىلمەك، ئىلغۇچ: ئېرىنگە ئىشەنگۈچە ئىشىكىڭنىڭ ئىلغۇرىغا ئىشەن (ماقال). * ئۇ ئىشىكنىڭ ئىلغۇرىنى شاراققىدە ئېچىپ، موماينىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ چىقىپ ئەركىلەپ ئويناقلاپتۇ. * مەن ئىلغۇرنى قاغىتۇمشۇقتىن چىقىرىپ تۇرۇشۇمغا، ئىشىكنى غاچ قىلىپ ئېچىپ دۇرنەم كىردى.

**ئىلغىتىلماق** «ئىلغاتماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**ئىلغىماق** پ ① تاللىماق، خىللىماق: غىزا ئىلغىماق. * ياشلار تولا ئىلغاپ كېتىسلەر، ۋاپادار قىزدىن تېپىش كېرەك، جاھاندا خاتىرجەملىك ئەۋزەل، ئۇكام. * ئۇ بالا قولىنى يۇمايلا ئالدىغا كەلگەننى ئىلغىماي يەۋېرىدۇ. ② پەرق ئەتمەك، پەرق قىلماق، پەرقلەندۈرمەك: بىراق تاڭ يورۇپ، ئاق-قارىنى ئىلغىغۇدەك بولغان ھامان ئۆڭكۈر، قورام تاش ۋە دەل-دەرەخلەر ئارىسىدىن ئەجەل ئوقلىرى شۇنداق يېغىشقا باشلىدى.

**ئىلكەشمەك** پ. دىئال. چېتىلماق، ئارىلاشماق؛ ئېرىشمەك.

**ئىلگەك** ئى ① ئىشىكنىڭ ئىلغۇچىنى قاغىتۇمشۇققا ئىلىپ قويىدىغان قىسمى: زەر تۇتقان قىزىل كىيىم كىيگەن دەرۋازىۋەن دەرۋازىنىڭ ئىلگەكلىرىنى شاراقلىتىپ ئاچتى. * قارىغا ئابدۇللا ئاكا، ئىشىك مانا بۇ ئىلغۇچ بىلەن ئىچىدىن چىڭ تاقالغان، قۇددۇس قاتتىق تەپكەندە ئىلگەك قومۇرۇلۇپ چىقىپ كەتكەن. ② چاپاننىڭ ياقىسىنىڭ ئىككى ئۇچىغا ئىلىپ تۈگمىلەش ئۈچۈن تۇتۇلىدىغان ئىلمەك رولىنى ئوينايدىغان نەرسە.

**ئىلگىرى** ① رەۋ. بۇرۇن، بۇرۇنقى چاغلاردا، ئاۋۋال: مەن ئىلگىرى بۇ يەرلەرگە كېلىپ باقمىغانىدىم. * ئىلگىرى ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى يوق ئىدى، ئەمدى تۈزۈلدى. ② رەۋ. ئالغا، ئالدىغا: ئىلگىرى سۈرمەك. ③ سۈپ. روناق تاپقان، تەرەققىي قىلغان، گۈللەنگەن: — ئىشىڭىز ئىلگىرى باسسۇن، — دېدى مېھمان ئەرشىدىن ئاكامنىڭ قولىنى تۇتۇپ تۇرۇپ، — ئېتىڭىز نېمە؟ * قورغاسقا نىسبەتەن غۇلجا شەھىرىنىڭ مەدەنىيەت ۋە سەنئەت تەرەققىياتى خېلىلا ئىلگىرى ئىدى، لېكىن، خەلق ئېغىر غۇربەتچىلىك ئىچىدە ياشايتتى.

**ئىلگىرى باسماق** روناق تاپماق، راۋاج

تاپماق: بوۋاي بازارغا ئوتۇن ساتقىلى كەتسە، مەلىكە ئوتۇننى يىغىپ تەييارلاپ، يېرىم يولغىچە ئاپىرىپ بېرىدىكەن. بۇنىڭ بىلەن بوۋاينىڭ ئىشى بىرئاز ئىلگىرى بېسىپتۇ.

**ئىلگىرى سۈرمەك** روناق تاپقۇزماق، تەرەققىي قىلدۇرماق، راۋاجلاندۇرماق: ئىشنى ئىلگىرى سۈرمەك. ئىشلەپچىقىرىشنى ئىلگىرى سۈرمەك.

**ئىلگىرى كەلمەك** «تۇرمۇش ياكى بىرەر ئىشتا راۋاجلانماق، روناق تاپماق» دېگەن مەنىدىكى ئىبارە: ئۇ ئادەمنىڭ قىلغانلىكى ئىشى ئىلگىرى كەلمەي، چەپ بولىدۇ، ۋەھاكازا... دېگەن گەپ!

**ئىلگىرى-ئاخىر** ① ئىلگىرى ۋە ئاخىر: ھەممىسى بىر كەلمەي، ئىلگىرى-ئاخىر كېلىشتى. ② ھەممىسى بولۇپ، جەمئىي: بىز ئىلگىرى-ئاخىر بولۇپ ئون قېتىم يىغىن ئاچتۇق. * مەن ئىلگىرى-ئاخىر پەقەت بۇ يەرگە كېلىپ يۈرىدىغان ھېلىقى ئىككىسىنىڭكىگىلا باردىم.

**ئىلگىرى-ئاخىر بولماق** رەتسىز بولۇپ كەتمەك، قالايمىقان بولۇپ كەتمەك، تەرتىپسىزلەشمەك: خاپاندىكى كارتىلار ئىلگىرى-ئاخىر بولۇپ قېلىپتۇ، قايتىدىن رەتلەش كېرەك.

**ئىلگىرى-كېيىن** ① ئىلگىرى ۋە كېيىن: ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ قالماق. ② ھەممىسى، جەمئىي: ئېلىمىزدە 1953-يىلى ۋە 1964-يىلى ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ ئىككى قېتىم نوپۇس تەكشۈرۈلگەنىدى.

**ئىلگىرىكى** سۈپ. ئىلگىرى ئۆتۈپ بولغان، بۇرۇنقى، ئاۋۋالقى، ئۆتكەنكى: ئىلگىرىكى چاغلار بولسا، ئۇ بۇ خەتنى ئوقۇمايلا يىرتىپ تاشلىۋەتكەن بولاتتى. * ئۇ ئىلگىرىكى ئىش، شۇڭا دەۋىرىشنىڭ ئورنى يوق.

**ئىلگىرىلەتمەك** «ئىلگىرىلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: - دىققەت قىلىڭ، سىزنى تارتىمەن، - رازىيە ئاتنى ئاستا ئىلگىرىلەتتى. مەن كۆپ ئازابلانمايلا ئورەكتىن چىقتىم. * ئۇنى قانداقتۇر بىر قۇدرەتلىك كۈچ زەرب بىلەن ئالدىغا ئىتتەرمەكتە، ئىلگىرىلەتمەكتە ئىدى.

**ئىلگىرىلەشمەك** «ئىلگىرىلىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**ئىلگىرىلىتىلمەك** «ئىلگىرىلەتمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئەمەلىيەتتە، «ئامىل» - ھېچ نەرسىنى چۈشەندۈرۈپ بېرەلمەيدىغان بىر ئاتالغۇ، ئۇ پەقەت مەسىلىنى مۇجمەللەشتۈرىدۇ، گويا مەسىلە ھەل قىلىنىپ بولغاندەك ياكى ئالغا ئىلگىرىلىتىلگەندەك، ساختا كۆرۈنۈشلا پەيدا قىلىدۇ.

**ئىلگىرىلىمە** سۈپ. ئىلگىرىلەيدىغان، ئىلگىرىلەپ تۇرىدىغان.

**ئىلگىرىلىمە جۈملە** <تىل> خەنزۇ تىلىدا كۆپ ئۇچرايدىغان جۈملە تىپلىرىنىڭ بىرى. بۇنداق جۈملىلەرنىڭ خۇسۇسىيىتى شۇكى، ئۇنىڭدا ئىككى مۇستەقىل پېئىل كېلىدۇ، بۇ پېئىللارنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر ئىسىم كېلىدۇ. بۇ ئىسىم ئالدىنقى پېئىلنىڭ تولدۇرغۇچىسى بولۇش بىلەن تەڭ ئۆزىنىڭ كەينىدىكى پېئىلنىڭ ئىگىسى بولۇپ كېلىدۇ.

**ئىلگىرىلىمە ھەرىكەت** <فىز> جىسىم ھەرىكەت قىلغاندا، جىسىم ئىچىدىكى ھەرقانداق بىر تۇراقلىق تۈز سىزىق ئۆز يۆنىلىشىنى باشتىن-ئاخىر ساقلاپ ئۆزگەرمىسە، بۇ خىل ھەرىكەت ئىلگىرىلىمە ھەرىكەت دەپ ئاتىلىدۇ.

**ئىلگىرىلىمەك** پ ① ئالدى تەرەپكە يۈرمەك، ئالدىغا ماڭماق، ئالدى يۆنىلىشكە قاراپ

مەلۇم تېزلىك بىلەن يۈرمەك: ئامبالنىڭ پوچتىسى توپنى يېرىپ، دەرۋازا تەرەپكە ئاستا ئىلگىرىلىدى. * ئايروپىلان بۇلۇت ئۈستىدە تېز ئىلگىرىلىمەكتە. ② ئالغا باسماق، راۋاجلانماق، تەرەققىي تاپماق: ئۇ ئىدارىمىزغا كەلگەن ئۈچ يىل ئىچىدە خېلىلا ئىلگىرىلەپ كەتتى. * زەپمۇ گۈزەل-چىرايلىق تۇپتۇز كەتكەن كەڭرى يول. ئىلگىرىلەيمىز ھەر مىللەت چىڭ تۇتۇشۇپ قولغا-قول.

**ئىلگىرىلىگەن ھالدا** چوڭقۇر؛ ئەتراپلىق: بۇ مەسىلىنى بۇندىن كېيىن باشقىلارنىڭ يەنمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا تەتقىق قىلىشىغا توغرا كېلىدۇ.

**ئىللا-بىللا** قەسەم قىلىمەنكى؛ ھەرگىز، زادىلا، قەتئىي، پەقەت: مەن ئۇنى ئىللا-بىللا كۆرمىدىم. * مېنىڭ ئۇ نەرسىلەردە ئىللا-بىللا ھەققىم يوق ئىدى. * شۇ بىر بارغان پېتى ئەمدى ئىللا-بىللا ئۇ يەرگە بارماسلىقنى ئويلىدىم. * لېكىن-زە، بۇ پۇل قاپچۇقى راستتىنلا مېنىڭ، ئىللا-بىللا يالغان ئەمەس.

**ئىللا-تاۋارا** ← **ئىللا-بىللا**: ئۇنىڭ بىلەن مۇشۇنداق ئۇچرىشىپ قالىدىغانلىقىمنى بىلگەن بولسام، خەپ، ئىللا-تاۋارا سودىگەرنىڭ كىتابىنى توشۇمايتتىم. * مەن ئۇنىڭدىن مۇنداق سادا چىقار دەپ ئىللا-تاۋارا ئويلىمايتتىكەنمەن.

**ئىللەت** ئى (ئە) ① بەدەندىكى دەرد، كېسەللىك، كەمتۈكلۈك؛ ئاغرىق: ساقايماس ئىللەت. كونا ئىللەت. ② بىرەر ئىشقا سەۋەب بولغان كەمچىلىك؛ ئەيىب، نۇقسان: ئىللەت تاپماق. يامان ئىللەت. ناچار ئىللەتنى تۈزەتمەك.

**ئىللەتسىز** سۈپ. ئىللىتى يوق، ئىللىتى بولمىغان، ئىللەتتىن خالىي: ئىللەتسىز ئادەم. * ئەرزان نەرسە ئىللەتسىز ئەمەس، قىممەت نەرسە ھېكمەتسىز ئەمەس (ماقال).

**ئىللەتلىك** سۈپ. ئىللىتى بار، ئىللەتتىن خالىي ئەمەس، نۇقسانلىق: ئىللەتلىك نەرسە. ئىللەتلىك ئادەم.

**ئىللىكس** ئى (ر<لات) <بوت> ئىللىكس ئائىلىسىدىكى دائىم يېشىل تۇرىدىغان دەرەخ. يوپۇرمىقى ئۇزۇن، سوقىچاق، ئۇچى ئۇچلۇق، گۈلى ئاق، ئاتىلىق ۋە ئانىلىقى ئايرىم تۈپتە بولىدۇ. مېۋىسى شارسىمان، رەڭگى قىزىل كېلىدۇ. ئۇرۇقى بىلەن قوۋزىقى دورا قىلىنىدۇ.

**ئىللىتماق** « ئىللىماق I » پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: كۈن چىقىدۇ، قۇياش ھامان ئۆز نۇرلىرى بىلەن جاھاننى ئىللىتىدۇ. * شەرىپەنىڭ قەلبىنى غالىبنىڭ سۆزى بىردىنلا ئىللىتتى.

**ئىللىتىشماق** « ئىللىتماق » پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**ئىللىتىلماق** « ئىللىتماق » پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**ئىللىق** سۈپ ① بىرئاز ئىسسىق، ئىسسىقراق: ئىللىق فرونت. ئىللىق ئادۋېكسىيە. ئىللىق ئېقىم. ② كۆچمە. يېقىملىق، خۇش كېلىدىغان: ئىللىق سۆز. ئىللىق سۆھبەت. ئىللىق مۇئامىلە. ئىللىق تەبەسسۇم.

**ئىللىق ئادۋېكسىيە** <مېتېئور> ئىللىق ھاۋانىڭ گورىزونتال يۆنىلىشتە سوغۇقراق رايونغا قاراپ سۈرۈلۈش ھادىسىسى.

**ئىللىق چىراي** چىراي شەكلى يېقىملىق، چىرايى ئىللىق، خۇش تەبەسسۇم: ئىللىق چىراي كىشى. // دۇكان ئىگىسى شائىرنى خېرىدارمىكىن دەپ ئاتايىن چىقىپ ئىللىق چىراي قارشى ئالدى. * ئۇ ماڭا ئىللىق

چىراي بىلەن گەپ قىلدى.

**ئىللىق فرونت** <مېتېئور> ئىللىق ھاۋا ماسسىسى سوغۇق ھاۋا ماسسىسى رايونىغا سۈرۈلگەندە، سوغۇق، ئىللىق ھاۋا ماسسىلىرى چېگرىلىنىدىغان يۈز.

**ئىللىق فرونت رايونى** <مېتېئور> ئىللىق فرونت ئەتراپىدىكى دائىرە.

**ئىللىق مۆتىدىل بەلباغ** <جۇغ> تېمپېراتۇرىنىڭ كەڭلىكلەر بويىچە جايلىشىشىغا ئاساسەن بۆلۈنگەن بىر خىل بەلباغ. بۇ خىل بەلباغنىڭ يىغىندى تېمپېراتۇرىسى 4300 — 4500 سېلسىيە گرادۇس بولۇپ، قىراۋسىز مەزگىلى 150 — 240 كۈن، ئەڭ سوغۇق تېمپېراتۇرىسى 0°C — 10°C بولىدۇ. بۇ بەلباغدا ئاساسلىقى كۈزگى بۇغداي، كۆممىقوناق، كېۋەز، نەشپۈت ۋە ئالما قاتارلىقلار ئۆستۈرۈلىدۇ.

**ئىللىق ھاۋا ماسسىسى** <مېتېئور> سۈرۈلىدىغان بىر خىل ھاۋا ماسسىسى. ئۇنىڭ تېمپېراتۇرىسى سۈرۈلىدىغان رايونىنىڭ يەر يۈزى تېمپېراتۇرىسىدىن يۇقىرى بولۇپ، كۆپىنچە تروپىك بەلباغ چوڭ قۇرۇقلۇقى ياكى دېڭىز-ئوكيانلاردا شەكىللىنىدۇ.

**ئىللىق ئېقىم** <جۇغ> تۆۋەن كەڭلىكتىن يۇقىرى كەڭلىككە قاراپ ئاقىدىغان دېڭىز ئېقىمى. ئۇنىڭ تېمپېراتۇرىسى ئۇ ئېقىپ بارىدىغان رايونلارنىڭ سۇ تېمپېراتۇرىسىدىن يۇقىرى بولىدۇ.

**ئىللىقلىق** «ئىللىق» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: ھاۋانىڭ ئىللىقلىقى، كۈننىڭ ئىللىقلىقى. * ئۇنىڭ چىلىق-چىلىق تەرگە چۆمۈلگەن كەڭ ۋە ئوچۇق پېشانىسىدىن بىر خىل ئىللىقلىق يېغىپ تۇراتتى.

**ئىللىماق** I پ. بىرئاز ئىسسىماق، ئىللىق ھالەتكە ئۆتمەك: ھاۋا ئىللىدى. * كىچىك دېرىزىدىن كۈن نۇرى غۇۋا چۈشۈپ تۇراتتى، ئۆي ئىچى خېلىلا ئىللىپ قالغانىدى. * زىلەينىڭ گەپ-سۆزىدىن ئۇنىڭ پۈتۈن بەدىنى ئىللىپ قالغاندەك بولدى.

**ئىللىماق** II پ. دىئال. پۇرىماق، ئىسكىمەك.

**ئىلماق** پ ① ئىلمەك، مىخ، ئىلغۇچ، قوزۇق ۋە شۇ قاتارلىقلارغا ئاسماق ئۆتكۈزۈپ قويماق: كىيىمنى كىيىم ئاسقۇچقا ئىلماق. چاپاننى قوزۇققا ئىلماق. گۆشنى ئىلمەككە ئىلماق. * ئابدۇقادىر داموللا بېشىدىكى سەللىسىنى ئېلىپ تامدىكى قوزۇقلارنىڭ بىرىگە ئىلدى. ② ئۆتكۈزۈپ قويماق: ھسامىدىن داموللا كەينىگە قايتتى، مېھمانخانا ئۆيىگە كىرىپ ئىشىكنى ئىچىدىن ئىلدى. ③ تۇتماق، نازۇك، ئىنچىكە يېرىدىن ئالماق (گەپ-سۆز ھەققىدە): ئاباق شەۋكەتنىڭ سۆزىنى ئىلىۋالدى. شەۋكەتكە يەنە دېمەكچى بولغانلىرىنى ئىچىگە يۇتۇۋېتىپ، ئاباقنىڭ سوئالىغا جاۋاب بەرمەي بولمىدى.

**ئىلمان** سۈپ ① ئىللىق ئۆتكەن، ئىسسىق ئۆتكەن، بىرئاز ئىسسىغان، ئىللىق: ئىلمان سۇ. * سادىق قېتىپ كەتكەن ناننى ئىلمان چايغا تەگكۈزۈپ يەپ تۇرۇپ، شادىياچاق ئالاقىچىغا قارىدى. ② كۆچمە. كىشىگە، بىرەر ئىشقا، مەسىلىگە تۇتقان مۇئامىلىسى، كۆز قارىشى، چۈشەنچىسى ئارىدا، ئوتتۇرىدا بولغان، بولىدىغان ياكى ئۇ تەرەپكىمۇ بۇ تەرەپكىمۇ مايىل ئەمەس، ئوتتۇرا يول تۇتىدىغان: گۈلشاتنىڭ ئۆز سۆزى بويىچە ئېيتقاندا ئۇنىڭ مۇئامىلىسى ھامان «ئىلمان» بولۇپ كەلدى.

**ئىلمە** I سۈپ. ئادەتتە قولدا ئىشلىتىدىغان ئىلمەكلىك چوكا ياكى ھەر خىل

ماشىنىلارنىڭ ۋاستىسى بىلەن ئىلىپ توقۇلىدىغان، ئىلىش يولى بىلەن ئىشلىنىدىغان: ئىلمە توقۇلما.

**ئىلمە توقۇلما** ئىلىپ توقۇلىدىغان ياكى توقۇلغان رەخت ۋە كىيىملەرنىڭ ئومۇمىي نامى.

**ئىلمە** II ئى <تېب> ← **ئىلغا.**

**ئىلمەك** ① ئى. ئومۇمەن بىرەر نەرسىنى ئىلىشقا، ئىلىپ ئېلىشقا، ئىلىپ قويۇشقا لايىقلاشقان؛ لايىقلاشتۇرۇپ ياسالغان ئېگىك ھالەتتىكى نەرسە: ئەجەب كەلدى تېپىلىپ، ئىلمىكىمگە سىپىلىپ (ماقال). * ئىلمەكنى ئىشارەت بىلەن رۇسلىغىلى بولماس (ماقال). * ئۇ قوللىرىنى ۋە ئىشتانلىرىنى قېقىپ ئىشىكنىڭ قېشىغا كەلدى ۋە ئارقىغا بىر قارىۋېتىپ ھېچنېمە كۆرمىگەن قىياپەتتە ئىشىكنىڭ ئىلمىكىنى چىقىرىۋەتتى. ② سۈپ. ئۇچى ئېگىلگەن، ئېگىك ھالەتتىكى، ئېگىك: ئىلمەك سىم. * خورىكى چوڭنىڭ تۇمشۇقى ئىلمەك (ماقال). * بىرنەچچە كۈندىن كېيىن قارىسا، قارىچىغىنىڭ تۇمشۇقىمۇ ئىلمەك ۋە سەت كۆرۈنۈپتۇ. ③ سۈپ. شۇ خىل شەكىلدىكى، ئەگمەچ: ئىلمەك قۇرت.

**ئىلمەك بۇرۇن** بۇرنى قارىچىغا، قۇرغۇي ياكى بۈركۈتنىڭ بۇرنىغا ئوخشايدىغان بۇرۇن ۋە شۇنداق بۇرۇنغا ئىگە ئادەم: ئۇ ئىلمەك بۇرۇننى مەھەللىدىكى ھەممە كىشى بىلىدۇ.

**ئىلمەك قۇرت** <زوئول> پارازىت قۇرت. يېتىلگىنىنىڭ تېنى يىپسىمان، كىچىك، سۇت رەڭ ياكى ئاچ قىزىل كېلىدۇ، ئېغىزىدا ئىلمىكى بولىدۇ، ئادەمنىڭ ئىنچىكە ئۈچەيىدە پارازىت ياشايدۇ. تۇخۇمى كېسەل كىشىنىڭ چوڭ تەرىتى بىلەن سىرتقا چىقىرىلىدۇ، لىچىنكىسى يىپسىمان بولۇپ، تېرىگە ئۇسۇپ كىرىدۇ، ئەڭ ئاخىرىدا كىچىك ئۈچەيگە كىرىپ قان شوراپ، ئۈچەيدە مونەك پەيدا بولىدۇ.

**ئىلمەك قۇرت كېسىلى** <تېب> ئىلمەك قۇرت لىچىنكىسىنىڭ ئىنچىكە ئۈچەيگە كىرىپ ۋە قان شوراپ، ئۈچەيدە مونەك ھاسىل قىلىشى بىلەن كېلىپ چىقىدىغان بىر خىل كېسەللىك. بۇنىڭدا قان ئازلىق ئالامىتى كۆرۈلىدۇ.

**ئىلمەك گەپ** قارشى تەرەپنىڭ ئارزۇسىغا، گېپىگە قارىتا قەستەن بۇراپ قىلىنغان تەتۈر سۆز: ئۇنىڭ ئاكىسى توغرۇلۇق ئېيتىلىدىغان ھەرقانداق ئىلمەك گەپلەرنى ئاڭلىغۇسى كەلمەيتتى.

**ئىلمەكلىك** سۈپ ① ئىلمىكى بار، ئىلمىكى بولغان: ئىلمەكلىك مەددە. ② ئىلمەك قىلىشقا بولىدىغان، ئىلمەك قىلىشقا يېتىدىغان: بىر ئىلمەكلىك تۆمۈر.

**ئىلمەكلىك مەددە** <زوئول> ئىلمەك قۇرت.

**ئىلمۇئېرپان** ئى (ئە) ئىلىم-بىلىم، ئىلىم ۋە ئېرپان: بولۇپ تۇرماقتىدۇر، گۈللەپ نامايان، تەرەققىي قىلغان ئۇندا ئىلمۇئېرپان.

**ئىلمىنۇجۇم** ئى (ئە) ← **ئاسترونومىيە:** تىبابەتچىلىك ئىلمى ۋە ئىلمىنۇجۇمدا ئۇنىڭ ئالەمدە تەڭدىشى يوق ئىكەن.

**ئىلمىي** سۈپ (ئە) ① ئىلمىگە، ئىلىم-پەنگە ئائىت، ئىلىم-پەنگە ئاساسلانغان: ئىلمىي ئەسەر. ئىلمىي خۇلاسە. ئىلمىي تەجرىبە. ئىلمىي خادىم. ② ئوقۇشقا، ئوقۇش-ئوقۇتۇش، مائارىپ ئىشلىرىغا

ئائىت ھەم شۇ قاتارلىقلار بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان: ئىلمىي بۆلۈم. ئىلمىي مۇدىر. ئىلمىي باشقارما.

**ئىلمىي ئابستراكسىيە** <پەلس> مەلۇم تىپتىكى ھادىسىلەرنىڭ ماھىيەتلىك بولمىغان، ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدىغان ئالامەتلىرىنى چىقىرىۋېتىپ، تەپەككۇر ئارقىلىق ئۇنىڭ ئەسلىدە بار بولغان ئەڭ ماھىيەتلىك ئالاھىدىلىكلىرىنى چىقىرىۋېلىش ھەمدە ئۇنى يىغىنچاقلاش. بۇ خىل ئۇسۇل ئارقىلىق يىغىنچاقلاشنىڭ نەتىجىسى ئىلمىي ئۇقۇم، كاتېگورىيە بولىدۇ.

**ئىلمىي ئالدىن كۆرەرلىك** <پەلس> ئوبيېكتىپ ھەقىقەتنى توغرا تونۇش ئاساسىدا شەيئىلەر تەرەققىياتىنىڭ يۈزلىنىشى توغرىسىدا قىلىنغان تەخمىن ۋە ھۆكۈم.

**ئىلمىي باشقارما** <مائار> مەكتەپلەردىكى ئوقۇتۇش ئىشلىرىغا مۇناسىۋەتلىك بولغان مەمۇرىي ئىشلارنى باشقۇرىدىغان بۆلۈم.

**ئىلمىي باشقۇرۇش** <س ئىق> كارخانا ئىشچى-خىزمەتچىلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ۋە تۈرلۈك خىزمەتلەرنى ئىلمىي پرىنسىپ بويىچە ئۇيۇشتۇرىدىغان باشقۇرۇش نەزەرىيىسى ۋە باشقۇرۇش ئۇسۇلى. ئۇ XX ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ۋۇجۇدقا كەلگەن.

**ئىلمىي پەلسەپە تارىخى** <پەلس> ئىلمىي، ماتېرىيالىستىك دۇنيا قاراش ۋە ئۇنىڭ قانۇنىيىتىنىڭ تۈرلىنىش، ۋۇجۇدقا كېلىش ۋە راۋاجلىنىش تارىخى.

**ئىلمىي جەمئىيەت** <مائار> مەلۇم بىر خىل پەننى تەتقىق قىلىدىغان مۇتەخەسسىسلەردىن تەركىب تاپقان ئىلمىي تەشكىلات. مەسىلەن، تىل تەتقىقات ئىلمى جەمئىيىتى. تارىخ تەتقىقات ئىلمىي جەمئىيىتى دېگەنگە ئوخشاش.

**ئىلمىي خادىم** پەن-تەتقىقات ئورۇنلىرىدا ئىلمىي خىزمەت يەنى ئىلمىي تەتقىقات بىلەن شۇغۇللانغۇچى خىزمەتچى: كۆپلىگەن ئورۇنلار ھەتتا ئاكادېمىيمۇ، ئۇنى ئۆز ئورۇنلىرىدا ئىلمىي خادىم بولۇپ قېلىشقا تەكلىپ قىلىشتى.

**ئىلمىي ژۇرنال** <مەت> ئىلمىي تەشكىلات ياكى ئالىي مەكتەپلەرنىڭ قەرەللىك نەشر قىلىنىدىغان ئىلمىي مەجمۇئەسى.

**ئىلمىي سوتسىيالىزم** <پەلس> ماركسىزمنىڭ ئۈچ تەركىبىي قىسمىدىن بىرى، يەنى سىنىپىي كۈرەش توغرىسىدىكى، بولۇپمۇ پرولېتارىيات ئىنقىلابى ۋە پرولېتارىيات دىكتاتۇرىسى توغرىسىدىكى پەن. ئۇ دىئالېكتىك ماتېرىيالىزم ۋە تارىخىي ماتېرىيالىزم نەزەرىيىسىگە ئاساسەن، سوتسىيالىزمنىڭ غەلىبە قىلىشى كاپىتالىزمنىڭ ھالاك بولۇشى كىشىلەرنىڭ ئىرادىسىگە باغلىق بولمىغان ئوبيېكتىپ قانۇنىيەت ئىكەنلىكىنى دەلىللەپ بەردى ھەمدە كاپىتالىزمدىن كوممۇنىزمغىچە بولغان پۈتكۈل ئۆتكۈنچى دەۋردە پرولېتارىيات دىكتاتۇرىسىنى يولغا قويۇش لازىملىقىنى كۆرسىتىپ بەردى. شۇنىڭ بىلەن سوتسىيالىزم خىيالدىن پەنگە ئايلاندى. ئۇ يەنە «ئىلمىي كوممۇنىزم» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

**ئىلمىي كوممۇنىزم** <پەلس> ← **ئىلمىي سوتسىيالىزم.**

**ئىلمىي ماقالە** بىرەر تېمىدا، بىرەر مەسىلىنى شۇ مەسىلە بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان ئىلىمنىڭ قائىدە-قانۇنىيەتلىرىگە، نەزەرىيىلىرىگە ئاساسلانغان ھالدا ئىلمىي جەھەتتىن يورۇتۇپ بېرىش مەزمۇن قىلىنغان ئەسەر: ئىلمىي ماقالە يازماق.

**ئىلمىي مۇدىر** مەكتەپلەردە ئوقۇش-ئوقۇتۇش، يەنى مائارىپ ئىشلىرىغا مەسئۇل بولغۇچى خادىم: ئىلمىي مۇدىرنىڭ بۇيرۇقى بىلەن پۈتۈن ئوقۇغۇچىلار مەكتەپ قورۇسىغا رەتلىك تىزىلدى. لۇتپۇللا ساۋاقداشلارنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئۆگىنىشنى تېزلا باشلىۋەتتى.

**ئىلمىي ئۇنۋان** <مائار> كەسپىي خادىملارغا ئۇلارنىڭ كەسپىي سەۋىيىسىنىڭ يۇقىرى-تۆۋەنلىكىگە قاراپ بېرىلىدىغان نام. ئىلىمدە دوكتور، ماگىستىر، باكالاۋۇر دەپ ئۈچ دەرىجىلىك ئىلمىي ئۇنۋان تۈزۈمى يولغا قويۇلۇۋاتىدۇ.

**ئىلمىي ئىندۇكسىيىلىك ئەقلىي خۇلاسە** <لوگ> بىر خىلدىكى بىر قىسىم ئوبيېكت بىلەن ئۇنىڭ بەلگىسى ئوتتۇرىسىدىكى مۇقەررەر باغلىنىشنى تەكشۈرۈپ ۋە تەھلىل قىلىپ، شۇ خىلدىكى ئوبيېكت توغرىسىدا ئومۇمىي يەكۈن خۇلاسىلەپ چىقىرىلىدىغان قىسمەن يىغما خۇلاسە.

**ئىلمىي-تەربىيە فىلىم** <كىنو> پەن-تېخنىكا بىلىملىرىنى تونۇشتۇرۇش ئاساسىي مەزمۇن قىلىنغان فىلىم.

**ئىلمىيلىك** ① «ئىلمىي» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى. ② ئى <مائار> تەبىئەت، ئىجتىمائىي تۇرمۇش، تەپەككۇر قانۇنىيەتلىرىگە ئۇيغۇن بولۇش: ئىلمىيلىككە بويسۇنماق. ئىلمىيلىكنى نەزەرگە ئالماق.

**ئىلناشماق** (توغرىسى: ئىلىنىشماق) ← ئىلىنىشماق.

**ئىلھام** ئى (ئە) ① كۆتۈرەڭگۈ ئىجادىي روھ، ئىجادىي غەيرەت ۋە زوق جۇش ئۇرغان ھالەت: ئىلھام بەرمەك. ئىلھام بىلەن ئىشلىمەك. ② <ئەد> ئىجادىي پائالىيەت جەريانىدا ئاپتور ئىدىيىسىنىڭ يۈكسەك دەرىجىدە مەركەزلىشىشى، كەيپىياتىنىڭ يۇقىرى ئۆرلىشى ۋە مۇناسىۋەتلىك شەيئى، ھادىسىلەرنىڭ قوزغىتىشى بىلەن پەيدا بولغان ئىجادىي قابىلىيەت: ئىلھام بىلەن يېزىلغان شېئىر. شائىرنىڭ ئىلھامى كەلمەك. ③ مەدەت، رىغبەت؛ زوق: لۇتپۇللا ئۇنىڭ چىداملىق، كەمتەر روھىدىن، قىزغىن مۇئامىلە ۋە ياردىمىدىن يېڭى پىكىر، يېڭى ئىلھام ئېلىپ قايتىپ كېلەتتى. ④ ئەرلەرنىڭ ئىسمى.

**ئىلھام ئالماق** ئىلھاملانماق: تەبىئەتتىن ئىلھام ئالماق. ئىللىق تەبرىك سۆزلەردىن ئىلھام ئالماق. * قانات بېغىشلاپ خىيال قۇشۇمغا، چىققانتىم سەھەر ساياھەت قىلىپ، چۆمۈلدى قەلبىم شېرىن بىر ھېسقا، گۈزەل ھاياتتىن ئىلھاملار ئېلىپ.

**ئىلھام بەرمەك** ئىلھاملاندۇرماق؛ رىغبەتلەندۈرمەك، مەدەت بەرمەك: ئەلۋەتتە، ئۇ قىزنىڭ خاتىرجەم، تىرىشىپ ئوقۇشىغا ئىلھام بېرىش ۋە ياشانغان ئانىسىنى خاتىرجەم قىلىش ئۈچۈن، خەت يازدى. * ئەڭ ياخشىسى ئۇنىڭ بىلەن كۆپرەك كۆرۈشۈش، ئۇنىڭغا كۆپرەك ئىلھام بېرىش. ئادەم ئۆز تۇرمۇشىدىن خۇشاللانغانسېرى تېخىمۇ ئالغا باسىدۇ.

**ئىلھام كەلمەك** ئىلھاملانماق، ئىلھامى ئۇرغۇماق: مەن گەپنى نەدىن باشلاشنى ئويلاپ قوشۇمامنى تۈرۈپ، قەلىمىمنى ئېڭەكمگە تىرەپ خىيالغا چۆمدۈم، بىرئازدىن كېيىن،

ئىلھام كەلگەندەك بولدى.

**ئىلھامبەخش** سۈپ (ئە+پ) ئىلھام بەرگۈچى؛ ئىلھام بېرىدىغان، مەدەت ئاتا قىلىدىغان، مەدەت بېغىشلايدىغان، روھىنى، كۈچ-قۇۋۋىتىنى ئۇرغۇتىدىغان: ئىلھامبەخش ئەتمەك. * شوخ كۈلكە، يېقىملىق ئىلھامبەخش شاد ناخشا ئېتىزلىقنى قاپلىغانىدى. * قوي-قوزىلارنىڭ مەرەشلىرى بىلەن تاي-قولۇنلارنىڭ كىشنەشلىرى تاغ سۇلىرىنىڭ شارقىراشلىرىغا قوشۇلۇپ، يىراقتىن ئاڭلىنىۋاتقان ئىلھامبەخش بىر ئەلنەغمىنى ئەسلەتتى.

**ئىلھامچى** ئى. يېزت. ئىلھام بېغىشلىغۇچى، ئىلھام بەرگۈچى: ئاتمىش يىللىق سەپەر ئۈستىدە ئالغا ئۈندىگەن ئىلھامچىمىز سەن، سەن بىلەن بىز تاپتۇق نىجادلىق، سەن بىلەن قوندى كۆڭۈلگە شادلىق، سەن بىلەن مەنىلىك بىزگە ھاياتلىق، شۇڭا بىز ئۈچۈن جاندىن ئەزىز سەن.

**ئىلھاملاندۇرماق** « ئىلھاملانماق » پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇنىڭ سۆزى مېنى ئىلھاملاندۇردى. * مول تەجرىبىگە ئىگە بۇ پېشقەدەم باغۋەن ياشلارنى بۇ بىر پارچە يەردىكى كۆچەتلەرنى ياخشى پەرۋىش قىلىشقا ئىلھاملاندۇردى.

**ئىلھاملاندۇرۇشماق** « ئىلھاملاندۇرماق » پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**ئىلھاملاندۇرۇلماق** « ئىلھاملاندۇرماق » پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**ئىلھاملانماق** پ ① ئىلھامى كەلمەك، ئىلھامى ئۇتماق: ئۇ ئىلھاملانغاندا ئاز-تولا شېئىر يېزىپ قوياتتى. ② روھى ئۇرغۇماق، ئىلھام ئالماق، مەدەت ئالماق: خەلق ئۇنىڭ قورقماس باتۇرلۇقىدىن ئىلھاملاندى. * — خېتىڭىزنى ئوقۇدۇم، ئىلھاملاندىم. سىزگە كۆپ رەھمەت، — دېدى ئۇ قولى بىلەن يەرنى سىجاپ تۇرۇپ. * مەن ئۇنىڭ سۆزىدىن ئىلھاملاندىم.

**ئىلھاملىق** سۈپ. ئىلھامى كۈچلۈك، ئىلھامى ئۇرغۇپ تۇرىدىغان: ئىلھاملىق شائىر.

**ئىلى** <جۇغ> ئېلىمىزنىڭ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ شىمالىي قىسمىدىكى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستى. مەركىزى غۇلجا شەھىرى.

**ئىلى سوغوگۈلى** <بوت> پىياز ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. يوپۇرمىقى يىپ ياكى تۆمۈنە شەكلىدە، گۈل يېپىنچىسى سارغۇچ يېشىل بولۇپ، قوڭغۇراق شەكلىدە تۆۋەنگە ساڭگىلاپ تۇرىدۇ. تەڭگىچە غولى دورا قىلىنىدۇ، بەلغەم بوشىتىش ۋە يۆتەل توختىتىش رولىغا ئىگە. ئاساسەن ئىلى رايونىدىن چىقىدۇ.

**ئىلى سۆھبىتى** <تارىخ> 1871 - يىلى چاررۇسىيە شىنجاڭنىڭ ئىلى رايونىنى بېسىۋالغاندىن كېيىن، چىڭ ھۆكۈمىتى ئۇنى قايتۇرۇۋېلىش يۈزىسىدىن چاررۇسىيە ھۆكۈمىتى بىلەن ئۆتكۈزگەن سۆھبەت. سۆھبەتتىن كېيىن، يەنى 1881 - يىلى چاررۇسىيە ھۆكۈمىتى چىڭ ھۆكۈمىتىگە « جۇڭگو-رۇسىيە ئىلى شەرتنامىسى » نى مەجبۇرىي ئىمزالاتقاندىن كېيىن، ئىلىنى قايتۇرۇپ بېرىدۇ.

**ئىلى شەرتنامىسى** <تارىخ> ← **جۇڭگو-رۇسىيە ئىلى شەرتنامىسى.**

**ئىلى قاغىتىرنىقى** <بوت> پىياز ئائىلىسىدىكى باش باھاردا ئۆسىدىغان، كىچىك، كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. يەر ئاستىدىكى تەڭگىسىمان غولى شار شەكلىدە بولۇپ، سىرتىنى كۆپ قەۋەت قارامتۇل خورما رەڭ

پەردىلەشكەن تەڭگىچىلەر ئوراپ تۇرىدۇ. يەرئۈستىدىكى غولى تىك بولۇپ، شاخلىمايدۇ. يوپۇرمىقى ئىككى-ئۈچ دانە بولۇپ، تۆۋىدىن ئۆسىدۇ، شەكلى ئۇزۇن تۆمۈنسىمان، يۈزى تۈز، تولۇق گىرۋەكلىك كېلىدۇ. گۈلى قوڭغۇراق شەكلىدە، سېرىق بولۇپ، ئۇچىدىن ئۆسىدۇ، گۈل تاجى يوپۇرمىقى ئالتە دانە، غوزا مېۋىسى سوقىچاق بولىدۇ. تەڭگىسىمان غولى دورا قىلىنىدۇ. تەمى ئاچچىقراق، تەبىئىتى سوغۇق، زەھەرسىز، ئىسسىقنى قايتۇرۇپ، زەھەرنى تارقىتىدۇ؛ ئىششىقنى ياندۇرۇپ، تۈگۈنچەكلەرنى يېشىدۇ.

**ئىلى كەتراسى** <بوت> پۇرچاق ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. ئېگىزلىكى 50 — 80 سانتىمېتىر ئۆسىدۇ، غولى تىك، سىرتى شالاڭ، ئاق تۈكلەر بىلەن قاپلانغان. يوپۇرمىقى تاق سانلىق پەيسىمان مۇرەككەپ يوپۇرماق بولۇپ نۆۋەتلىشىپ ئۆسىدۇ، كىچىك يوپۇرماقلىرى 5 — 7 جۈپ، شەكلى ئۇزۇنراق سوقىچاق، ياكى تۇخۇمسىمان تۆمۈنە شەكلىدە بولۇپ، كەينى تەرەپتە ئاق تۈكلىرى بولىدۇ. ئومۇمي گۈل رېتى ئۇچىدا ياكى قولتۇقىدا ئۆسىدۇ، گۈل رېتى قىسقا، گۈللىرى زىچ، كېپىنەكسىمان، رەڭگى سۇس سېرىق، ئومۇمي گۈل سېپى ناھايىتى ئۇزۇن بولىدۇ. قاسىراقلىق مېۋىسى كۆپۈپ پۈۋەككە ئوخشايدۇ. ئۇرۇقى ئۇششاق، بۆرەكسىمان، رەڭگى قارا. تاغ ئورمانلىقلىرىدىكى ئوچۇقلۇقتا، ئورمان بويلىرىدا، چاتقاللىقلاردا ئۆسىدۇ. ئالتاي، تارباغاتاي رايونلىرىدىن كۆپ تېپىلىدۇ. يىلتىزى دورا بولىدۇ. تەمى تاتلىق، تەبىئىتى ئىسسىققا مايىل، زەھەرسىز. تاش بەدەننى چىڭىتىپ، قۇۋۋەت بېرىدۇ، تەرلەشنى توختىتىدۇ، ھارام ئەتلەرنى يوقىتىپ، ئەت ئۆندۈرىدۇ. سۈيدۈكنى راۋان قىلىدۇ، ئىششىقلارنى ياندۇرىدۇ.

**ئىلى گۈلەمبىرى** <بوت> ئېيىقتاپان ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. پۈتۈن تېنىدە ئاق تۈكلەر بولىدۇ. يوپۇرمىقى ئالقانسىمان يېرىلىپ، نۆۋەتلىشىپ ئۆسىدۇ، گۈلى ئومۇم گۈل رېتىدە، گۈل تاجى كىچىك، كاسىسى گۈل تاجى شەكلىدە، كۆكۈچ سۆسۈن، ئاچ قىزىل ياكى ئاق رەڭلەردە بولىدۇ. كۆرۈنۈشى ئۇچۇۋاتقان قۇشقا ئوخشاپ كېتىدۇ. پۈتۈن ئۆسۈملۈك تېنى دورا قىلىنىدۇ، ئىسسىقنى بېسىش، ئاغرىق توختىتىش، قۇرت ئۆلتۈرۈش رولى بار.

**ئىلى ئېتى** <زوئول> دۆلىتىمىزدىكى ئاتلارنىڭ بىر خىل نەسلى. ئەسلىي ماكانى ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستى. بۇ نەسىل ئارلوپ، دون بۇديوننىي ئاتلىرىنى قازاق ئېتى بىلەن مېتىسلاشتۇرۇش ئارقىلىق ئېلىنغان.

**ئىلتماق** «ئىلماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: سۇنى ئىلتماق. تۇخۇمنى ئىلتماق.

**ئىلتىشماق** «ئىلتماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**ئىلتىلماق** «ئىلتماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**ئىلشاڭغۇ** سۈپ. ھېساب ياكى بىرەر ئىشتا ناھايىتى ئاسان ئىلىشىپ قالىدىغان ئىلىشىپ قالاي دەپ قالغان: ئىلشاڭغۇ ئادەم. * ئابدۇرېھىم دورغا ئىلشاڭغۇ،

ساقال-بۇرۇتى كېلىشەڭگۈ، بەش مىڭ سەر كۈمۈش بەرسە، چىرايلىق سايان ئېگىشەڭگۈ.

**ئىلىشتۇرماق** I ① «ئىلىشماق I» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى. ② بىرەر نەرسىنى قوزۇق ۋە شۇ قاتارلىق نەرسىگە ئىلماق، ئىلناشتۇرماق.

**ئىلىشتۇرماق** II «ئىلىشماق II» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئىشنى ئىلىشتۇرماق. مېڭىسىنى ئىلىشتۇرماق. كاللىسىنى ئىلىشتۇرماق. * ھە، ھە، ئۇغۇ شۇنداق مەن ئىلىشتۇرۇپ قويۇپتىمەن. ئەسلىدە سىزنى سورىماقچى ئىدىم.

**ئىلىشماق** I «ئىلماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار ئىشىكتىن كىرىشى بىلەنلا جۇۋىلىرىنى قوزۇقلارغا ئىلىشتى.

**ئىلىشماق** II پ ① خاتا كەتكۈزمەك، خاتا قىلىپ قويماق، يېڭىلىشماق: ھېسابتا ئىلىشماق. گەپتە ئىلىشماق. ئىشتا ئىلىشماق. ② ساراڭ بولۇپ قالماق، نېرۋىسى ئىشتىن چىقماق، كاللىسى ئىشلىمەس بولۇپ قالماق: ئۇ قىزنىڭ ئىلىشىپ قالىدىغانلىقىنى ئويلاپمۇ باقمىغانىدىم.

**ئىلىق** سۈپ. ئىلىقلىق: ئىشىك ئىلىق. * چاپان قوزۇقتا ئىلىق ئىكەن.

**ئىلىقلىق** سۈپ. ئىلىپ قويۇلغان، ئىلىنغان: كېيىن ئۇ قوزۇقتا ئىلىقلىق ئالا بالداق تونىنى ئېلىپ ياقىسىنىڭ ئورۇمىنى تىكىشكە باشلىدى. * ئابدۇللا تامدىكى ئىلىقلىق چاپىنىدىن قەلەمنى ئېلىپ، ئولتۇرۇشتىن ئېشىپ قالغان يېمەكلىكلەر تېخىچە قالايمىقان چېچىلىپ تۇرغان جوزىنىڭ يېنىغا كەلدى.

**ئىلىق-مىلىق** دىئال. بىرئاز ئىسسىقلىق، ئىللىق.

**ئىلىك** I ئى ① قولنىڭ بېغىشىدىن ئۇچىغىچە بولغان قىسمى، قول. ② قولنىڭ ھەربىر پەنجىسى: تۆت ئىلىك تاختاي. ئىككى ئىلىك خەت. ③ ئىختىيارلىق، كونتروللۇق: دۆلەت ئىلكىگە ئۆتمەك. ئىلكىگە ئېلىۋالماق.

**ئىلىك ئالماق** قوبۇل قىلماق، توغرا تاپماق؛ ئېتىراپ قىلماق: سەلىمە چوڭ-كىچىك ئىشلاردا قادىر بىلەن مەسلىھەتلىشىدۇ. ئۇنىڭ گەپلىرىنى ئىلىك ئالىدۇ. * شەمەر سالامنى ئىلىك ئالمىدى. ئۇنىڭ قاپاقلىرى سىلىنىپ كەتكەنىدى. * – سىلەرگە، رەھمەت، مېنىڭ ئارزۇيۇمنى ئىلىك ئېلىپسىلەر، – دېدى قىسمەت چورۇق.

**ئىلىك** II (توغرىسى: يىلىك) ← **يىلىك.**

**ئىلكتەلە** ئى. دىئال. قىزنىڭ ئۆز ئانىسى تەرەپتىن يىگىتنىڭ ئۆيىگە ئېلىپ كەلگەن نەرسىلىرى، ھەققى تالىق، قىز مېلى.

**ئىلكتمەك** پ. دىئال. كۆزگە ئىلماق، ئېتىبارغا ئالماق، ھېسابقا ئالماق.

**ئىلىم** ئى (ئە) كىشىنىڭ ئوقۇش، ئۆگىنىش ۋە ياشاش، تەبىئەتنى بىلىش ئەمەلىيىتى جەريانىدا توپلانغان، ئارتىپ بارغان بىلىمى؛ مەلۇمات، ساۋات: ئىلىم ئالماق. ئىلىم بەرمەك. ئىلىمگە بېرىلمەك. ئىلىم تەھسىل قىلماق. * ئۇ ناھايىتى ئاقىل كىشى بولۇپ، تارىخ كىتابلىرىنى كۆپ ئوقۇپ ئىلىم ھاسىل قىلغان.

**ئىلىم نوپۇزلۇقى** ئىلىم، ئىلىم-پەننىڭ ئىچىدىكى بىرەرىنى ياكى بىرقانچىسىنى پىششىق بىلگەن ۋە ئۇنىڭدا ئالدىنقى قاتارغا ئۆتكەن، بىلىم ئىگىسى، ئىلىم بىلەن شۆھرەت قازانغان كىشى.

**ئىلىم ئېقىمى** <مائار> بىر پەن دائىرىسىدىكى تەلىمات ياكى كۆز قاراشلارنىڭ ئوخشىماسلىقىدىن شەكىللەنگەن

مەزھەپ.

**ئىلىم-بىلىم** ئىلىم ۋە بىلىم، ئىلىم-پەن: بىز يېڭىشەھەردىكى بىر سىنىپلىق مەكتەپكە قاراپ تۇرماستىن كۆپرەك مەكتەپلەر ئېچىپ كۆپلەپ ئوقۇغۇچىلارغا ئىلىم-بىلىم بېرىشىمىز، بىزمۇ ھاۋادا ئۇچۇشىمىز كېرەك. * ئۇنىڭ نەدە، نېمە ئوقۇغانلىقىنى، ئىلىم-بىلىمدىن خەۋىرى بار-يوقلۇقىنى ھېچكىم بىلمەيتتى.

**ئىلىمپەرۋەر** سۈپ (ئە+پ) ئىلىمنى، ئىلىم-پەننى سۆيىدىغان، تىرىشىپ، ئىزدىنىپ ئىلىم ئۆگىنىدىغان، ئىلىمنى، مەرىپەتنى ياقلايدىغان: ئىلىمپەرۋەر كىشى. ئىلىمپەرۋەر زات.

**ئىلىمپەرۋەرلىك** «ئىلىمپەرۋەر» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى.

**ئىلىم-پەن** ① ئىلىم ۋە پەن. ② <پەلس> ئىنسانلارنىڭ تەبىئەت دۇنياسىنى بىلىش، ئۆزگەرتىش ۋە ياشاش ئەمەلىيىتى جەريانىدا توپلىغان بىلىمى، مەلۇماتى ياكى تەبىئەت، جەمئىيەت ۋە تەپەككۇر توغرىسىدىكى بىلىم سىستېمىسى. ئۇ ئىجتىمائىي ئەمەلىيەت داۋامىدا سىنىلىپ ۋە راۋاجلىنىپ بارىدۇ. ئۇ مەنىۋى مەدەنىيەتنىڭ مۇھىم ئامىلى: ئىلىم-پەنگە بېرىلمەك. ئىلىم-پەنگە ئۆزىنى بېغىشلىماق.

**ئىلىمسىز** سۈپ. ئىلىمى، مەلۇماتى يوق؛ ئوقۇمىغان، نادان: ئىلىمسىز كىشىنىڭ كۆڭلى قارادۇر، قارا كۆڭلى ئۇنىڭ باشىنى يارادۇر.

**ئىلىمسىزلىك** «ئىلىمسىز» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: ئىنسان ئۈچۈن ئىلىمسىزلىك چوڭ ئىللەتتۇر.

**ئىلىمشۇناس** ئى. ئىلىم بىلەن شۇغۇللانغۇچى كىشى، ئىلىم ئەھلى: نېمە ئۈچۈندۇر شۇ چاغلاردا بىرمۇنچە ئادەملەر ئۆزلىرىنى بىردىنلا مىللىي ئىلىمشۇناس دېيىشۋالغانىدى. * يېڭى ئىلىمشۇناسلار مىللىي ئىلىمنى ياراتماي، گاگاگاك-گاگاگاك دېگەن سۆزلەر بىلەن ماقالە يېزىپ بىلىمنىڭ چوڭقۇرلۇقىنى پەش قىلماقتا.

**ئىلىملىك** سۈپ. ئىلىمى، مەلۇماتى بار، بىلىم ئالغان، ئوقۇغان، مەلۇماتلىق: ئىلىملىك كىشىنىڭ ئادەملەر ئالدىدا قىممىتى بولىدۇ، ئۇ ئىككىلا دۇنيادا خار بولمايدۇ. * سىز يۇقىرى پەزىلەتلىك، چوڭقۇر ئىلىملىك ئادەم، شۇڭا بۇ ۋەزىپە سىزگە باپ. // ئاپتور ئىلىملىكنى تولىمۇ قەدىرلەيدۇ، بىزگە قەدىرلەشنى تاپىلايدۇ. * نېمە بولسا بولسۇن، ئىلىملىككە ھۆرمەت قىل.

**ئىلىم-مەرىپەت** ئىلىم ۋە مەرىپەت، ئاڭ، بىلىم، پەن؛ ئىلغارلىق: ئىلىم-مەرىپەتكە تەشنا بولماق. * مەن ئىلىم-مەرىپەت ئۆگىنىشنى شەرەپلىك ھېس قىلىمەن. * مەن مىسلەردەك ئىلىم-مەرىپەت ئۈچۈن، ۋەتەن ئۈچۈن ھېچنېمىسىنى ئايىمايدىغان ياشلارنى قەدىرلەيمەن.

**ئىلىم-ھېكمەت** ئىلىم ۋە ھېكمەت: جامال شۇنىڭدىن كېيىن، ئۆكسى كامالدىن ئىلىم-ھېكمەت ئۆگىنىشكە باشلاپتۇ.

**ئىلىم-ئېرپان** بىلىم ۋە مەرىپەت، ئىلىم ۋە پەن: چۈنكى ئەلگە پەقەت ئىلىم-ئېرپان ئارقىلىقلا مۇشۇنداق ئاھۇنادامەت، زۇلۇم-ئاسارەتتە قېلىشنىڭ سەۋەبلىرىنى تونۇتقىلى بولىدۇ. * ئەلنى پەقەت ئىلىم-ئېرپانىنىڭ كۈچى، قىلىچلارنىڭ چاقناشلىرىلا غەپلەت ئۇيقۇسىدىن ئويغىتالايدۇ.

**ئىلىنچۇك** ئى. دىئال. ئاساس، باھانە؛ باغلىنىش؛ يۆلەنچۈك.

**ئىلىنچۇق** سۈپ. دىئال. ئېلىك-سېلىك.

**ئىلىندۇرماق** « ئىلىنماق » پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: چىتقا ئىلىندۇرماق. * بىركۈنى ئۇ قىز كۆڭلىكىنى دەرەخ شاخلىرىغا ئىلىندۇرۇپ يىرتىۋېتىپتۇ. * دۇنيادا ئادەم ئوغلى ناھايىتى مەككار، ئۇ ئاسماندىكى قۇشلارنى ئېتىپ چۈشۈرىدۇ. دېڭىزدىكى بېلىقلارنى تورغا ئىلىندۇرىدۇ.

**ئىلىنماق** ① « ئىلماق » پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: نادان تۈلكە تۇمشۇقىدىن ئىلىنار (ماقال). * لەگلەك دەرەختە ئىلىندى. * كىيىم تىكەنگە ئىلىندى. ② يېقىن كەلمەك، ئۇلاشماق: ھارغىنلىق يەتكەنلىكتىن ياستۇققا بېشىمنى قويۇشۇم بىلەنلا كۆزۈم ئۇيقۇغا ئىلىندى. * كۆزۈم ئەمدىلا ئۇيقۇغا ئىلىنىشقا ئايالىم مېنى سىلكىپ ئويغىتىۋەتتى. ③ ئالدانماق، قىلتاققا چۈشمەك: بىراق، ئۇ قاسىمنىڭ ئۆزىدىن بالدۇرراق ئىلىنىپ قالىدىغانلىقىنى ئۇخلاپ چۈشىدىمۇ ئويلىمىغانىدى.

**ئىلىنىش** ① « ئىلىنىشماق » سۆزىنىڭ يەنە بىر خىل ئىسمىدىشى. ② ئىشقىلىپ بىر يېرى ئىلىنىشىدىغان، بىر يېرى تۇغقان كېلىدىغان، شىرەم، يىراق: — مەن ئانچە بىلمەيمەن، — دېدى سادىق، — ئاڭلىشىمچە، بىر يەرلىرى ئىلىنىش تۇغقان كەلسە كېرەك.

**ئىلىنىشتۇرماق** « ئىلىنىشماق » پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئارغامچىنى دەرەخنىڭ شېخىغا ئىلىنىشتۇرماق. * شىر مۇھەممەت گويا كىرپىكلىرى قېتىپ قالغاندەك، كۆزلىرىنى تەسلىكتە ئىلىنىشتۇرۇپ يۇمدى. * ئۇنى تاغسى نۇرغۇن يول مېڭىپ ئاران دېگەندە ئۇقۇشقا ئىلىنىشتۇرۇپتۇ.

**ئىلىنىشماق** ① « ئىلىنماق » پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: يول ئۈستىدە چېچىلغان قوناق پالاڭلىرى، شال پاخاللىرى، چىتلارغا ئىلىنىشىپ قالغان غوزا-پاختىلار ئۇچۇپ يۈرەتتى. ② چېتىلماق، باغلىنىشلىق بولماق: مېنىڭ نامانغا ئىلىنىشىدىغان ھېچبىر يېرىم يوق. ③ چەككە ئارانلا دەسسىمەك، ئۇلاشماق: سىگلىم بۇ يىل ئىمتىھاندا ئېرىشكەن ئاتمىش نومۇرى بىلەن تېخنىكوم مەكتەپلىرىگە ئىلىنىشتى.

**ئىم** ئىم. پۇشايماننى، ئەپسۇسنى بىلدۈرىدۇ: ئەنۇەر تېز يامىشىپ ئەڭ ئېگىزدىكى ئۇۋا بار شاخقا چىققاندا سۆگەتنىڭ تۈۋىدە قاراپ تۇرۇشقان باللار « ئىم » دېيىشتى. * چاقچاقنىمۇ مۇشۇ يەردە توختاتتىم، دەپ قالماي دەپ كېيىن « ئاپلا، ئىسست، ئىم ».

**ئىما** ئىم. باش ئىرغىتىپ ياكى يۈز، كۆز، قاش، قول ھەرىكىتى بىلەن قىلىنغان ئىشارەت: — مانا كېلىپ قالدۇق، — دېدى ھامىدىن غوجا ئۇستىغولىنىڭ ئاغزىنى بېشى بىلەن ئىما قىلىپ كۆرسىتىپ. * ھازىر بوۋاي شۇ يىگىتنى ئىما قىلىۋاتاتتى، خەيرۇللا ئارامسىزلىنىپ قالدى.

**ئىما قىلماق** باش ئىرغىتىپ ياكى يۈز، كۆز، قاش، قول ھەرىكەتلىرىنىڭ بىرى بىلەن مەلۇم نىشاننى كۆرسەتمەك، ئىشارەت قىلماق: نىساخان تەكىيدىن باش كۆتۈرۈپ، ھاشىم ئاخۇنغا ئىما قىلدى. * — بۇ مېھمان قۇمۇلدىن كەلگەنىكەن، — دېدى روزى موللا يېنىدا تۇرغان مېھماننى كۆزى بىلەن ئىما قىلىپ.

**ئىمارەت** ئى (ئە) ئولتۇرۇش، ئىشلەش ئۈچۈن مەخسۇس سېلىنغان قۇرۇلۇش، چوڭ ئۆي؛ بىنا: ئىمارەت سالماق. * قىز بۇ پۇللارغا ناھايىتى چىرايلىق ئازادە ئىمارەت ياسىتىپتۇ.

**ئىمارەت رەسمى** <گ سەن> جۇڭگوچە رەسىمنىڭ بىر تۈرى. ئوردا، راۋاق

پېشايۋانلىرى، ئۆي-ئىمارەت قاتارلىقلار تېما قىلىنىدۇ. بۇنىڭدا، سىزغۇچ بىلەن تۈز سىزىق سىزىش ماھارىتى قوللىنىلىپ، قول سىزغۇچقا تىرەپ تۇرۇلۇپ سىزىق سىزىلىدۇ، يەنى قول سىزماقچى بولغان سىزىق يۆنىلىشىدە قەغەز يۈزىدىن سەل ئېگىزرەك قويۇلۇپ سىزغۇچ بويلاپ سىيرىلدۇرۇش سىزىق سىزىلىدۇ.

**ئىمارەتنىڭ يەر ئىگىلەش كوئېففىتسېنتى** <بن> قۇرۇلۇش ئىگىلىگەن يەر كۆلىمىنىڭ قۇرۇلۇشقا قاراشلىق ئومۇمىي كۆلىمى ئىچىدە ئىگىلىگەن پىرسەنتى. بۇ سان ئىمارەتلەرنىڭ زىچلىقى، تازىلىق ئەھۋالى ۋە يەرنىڭ ئىشلىنىش دەرىجىسى قاتارلىقلارنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

**ئىمارەتچى** ئى. ئىمارەت لايىھىلىگۈچى، ئىمارەت سالغۇچى: ئىمارەتچى ئۇستا.

**ئىمارەتچىلىك** ئى. ئىمارەت لايىھىلەش ۋە ئۇنى سېلىش ئىشى: ئىمارەتلەرنىڭ ئۈستى گۈمبەز شەكلىدە بولىدۇ. بۇنى بىز ئۇيغۇر ئىمارەتچىلىكىنىڭ بىر خىل مىللىي ئۇسلۇبى سۈپىتىدە ساقلاپ قالىمىز.

**ئىمارەتلىك** سۈپ. ئىمارەت بار بولغان، ئىمارەتكە ئىگە: ئېگىز ئىمارەتلىك شەھەر، ئېگىز ئىمارەتلىك كوچا.

**ئىماژىزىم** ئى (ر<فران) <ئەد> ئەنگلىيە، ئامېرىكا قاتارلىق دۆلەتلەردە تارقالغان ھازىرقى زامان شېئىرىيەت ئېقىمى. بۇ ئېقىمدىكىلەر ئوبيېكتىپ ۋە سۇبيېكتىپ شەيئىلەرنى بىۋاسىتە ئىپادىلەشنى، ئىپادىلەشكە ياردىمى تەگمەيدىغان ھەرقانداق سۆزلەرنى چىقىرىپ تاشلاشنى، ئېغىز تىلى رىتىمنى ئەنئەنىۋى رىتىم ئورنىغا دەسسىتىشنى تەشەببۇس قىلغان. دەرھال تەسىر قىلغان ئوي-پىكىر ۋە ھېسسىياتنىڭ قايتىدىن بىرلىشىشنى ئىپادىلەش ئۇلارنىڭ ئالاھىدىلىكى.

**ئىمام** ئى (ئە) ① نامازدا جامائەتنىڭ ئالدىدا تۇرۇپ نامازنى باشقۇرغۇچى، ئۇلارنى ئۆزىگە ئەگەشتۈرۈپ ئىقتىدا قىلدۇرغۇچى دىنىي شەخس؛ ئاخۇن: ئىمامنىڭ ئۆمرىنى تىلە، مەزىنىنىڭ ئۆلۈمىنى (ماقال). ② ئىسلام دىنىنىڭ ھەرقايسى مەزھەپلىرىدىكى ئىسلام دىنىنىڭ شۇ مەزھىپىگە ئاساس سالغۇچىنىڭ ھۆرمەت نامى. ③ ئىسلام دىنىدىكى مەشھۇر ئۆلىما-ئالىملارنىڭ ھۆرمەت نامى. ④ ئىسلام پېشۋالىرىنىڭ ئۇنۋانى. ⑤ ئەرلەرنىڭ ئىسمى.

**ئىمامى ئەخپەشنىڭ ئۆچكىسى** ئۆزىنىڭ مۇستەقىل پىكرى يوق، ئۆزىنىڭ باشلىقلىرى نېمە دېسە شۇنى توغرا، راست دەيدىغان ئادەم.

**ئىمامەت** ئى (ئە) ئىمام بولۇش، ئىماملىق.

**ئىمامەتچىلىك** ئى. نامازدا جامائەتنىڭ ئالدىدا تۇرۇپ نامازنى باشقۇرۇش، ئىمام ئۆتەشكە تېگىشلىك ئىش، ۋەزىپە؛ ئىماملىق: سېنىڭ مەدرىسىنى تۈگىتىپ بىرەر مەھەللىگە ئىمام بولۇشۇڭ تۇرغان گەپ. ئىمامەتچىلىك دېگەن رىزقى تۈگمەيدىغانلا بىر ئىش. * شۇ كۈنلا نۇرۇل بۇۋىنىڭ ئىمامەتچىلىكى بىلەن ناماز چۈشۈرۈپ يەرلىككە قويدى، قۇربان بولغانلارنىڭ يېقىنلىرىغا قوشۇلۇپ كۆز يېشى قىلىشتى.

**ئىماملىق** ئى. ئىمام ئۆتەشكە تېگىشلىك ئىش، ۋەزىپە؛ ئىمامەتچىلىك: ئىماملىق قىلماق. * ئىمامنىياز سوپى كۈندۈزلىرى تىنىم تاپماي ئۇستۇن-تۈۋەن يۈگۈرۈپ يۈرۈپ، مەھەللە مەسچىتىنىڭ ئىماملىقىنىمۇ قولىغا كىرگۈزدى. * مەن مەدرىسىدە كۆپ ئوقۇغان، ئوقۇغانلىرىم، بىلىدىغانلىرىم ئاز ئەمەس،

لېكىن مەن ئىمالىققا ۋە مۇدەررىسلىككە يارىمايمەن.

**ئىمالىق قىلماق** نامازدا جامائەتنىڭ ئالدىدا تۇرۇپ نامازنى باشقۇرماق، ئىمام ئۆزىگە يۈكلەنگەن ۋەزىپىنى ئادا قىلماق: خاتۇنلار نامىزىغا «شەرىپەت بۇۋىم» دەپ ئاتالغان، شەھەردىكى داڭلىق بۇۋىم ئىمالىق قىلغانىدى.

**ئىمام-مەزىن** ئىمام ۋە مەزىن: زاراخەتمە ئاش بولدى، ئىمام-مەزىن باش بولدى. بەگلەر ئۈچۈن يەمسە، ياق! غېرىبلارغا تاش بولدى.

**ئىمان** ئى (ئە) ①<دىن> ئىسلام دىنىدا ئاللاغا، ئاللانىڭ بارلىقىغا، بىرلىكىگە بولغان ئىشەنچ، ئېتىقاد، سېغىنىش: ئىمان ئېيتماق. ئىمان كەلتۈرمەك. ئىمانى سۇس. ئىمانى بار. * گۇمان ئىماننى قاچۇرار (ماقال). * نان – ئىمان، ناننىڭ يوقلۇقى يامان (ماقال). * چىرايىڭغا قارىغاندا خېلى ئىمانى بار مۇسۇلماننىڭ بالىسىدەك قىلىسەن. * ئۇنىڭ بۇ ۋەزىپىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىشىغا ئىمانىمىز كامىل. ② ۋىجدان: سەن بۇ ئىشقا ئىمانىڭ بىلەن كېپىل بول! * بىز ساڭا قانداق يامانلىق قىلدۇق؟ ئىمانىڭ بىلەن گەپ قىل!

**ئىمان ئاساسلىرى** <دىن> خرىستىئان دىنىنىڭ دەسلەپكى ئىمان ئاساسلىرى. بۇ ئۈچلۈكتىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇ ئاتا، ئوغۇل ۋە مۇقەددەس روھتىن مەيدانغا كەلگەن. ئۈچلۈك بىر ئاللاھقا ئېتىقاد قىلىشتۇر. ئۈچلۈكنىڭ بۇ ئۈچ ئېلېمېنتى خرىستىئان مەزھەپلىرى ئارىسىدا پەرقلىق قاراشلارنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشىغا سەۋەب بولغان.

**ئىماندىن چىقماق** مۇسۇلمانچىلىقتىن چەتلەپ كاپىر بولماق: – ئىمام خاتىپ ئىماندىن چىقتى، – دېدى ھېسامىددىن داموللا.

**ئىمانغا كەلتۈرمەك** كۆندۈرمەك، ئۇناتماق، ماقۇل كەلتۈرمەك، قايىل قىلماق: مەن ئۇنى ئىمانغا كەلتۈرۈپ قويدۇم. * ئەمدى بۇنى ئۆزۈڭ ئىمانغا كەلتۈر، قورقما، بۇ جانىۋارنىڭ تۆت تەرەپتە چاقى بارئىكەن، ئاغدۇرۇلۇپ كەتمەيسەن.

**ئىمان كەلتۈرمەك** ئىمان ئېيتىپ ئىسلام دىنىغا كىرمەك.

**ئىمان ئېيتماق** ئىسلام دىنىغا كىرمەك، مۇسۇلمان بولماق.

**ئىمانى قاچماق** ئىنساپى يوقالماق: ئاش كەلسە ئىمان قېچىپتۇ (ماقال). * بۇلارنى كۆرۈپ ئىمانىڭ قاچتىمۇ، نېمە؟

**ئىمانى قىرىق گەز ئۆرلىمەك** ← **ئەرۋاھى قىرىق گەز ئۇچماق**: مەتنىياز، قىزىنىڭ يىلاندەك تولغىنىپ تۇرىدىغان ئىككى تال ئۆرۈم چېچىنى قىرقىپ، ئىككى تال لېنتا باغلىۋالغانلىقىنى كۆرۈپ، ئىمانى قىرىق گەز ئۆرلىگەنىدى. * ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ ئىمانىم قىرىق گەز ئۆرلىدى.

**ئىمانى كامىل** ئىشەنچىسى تولۇق، تولۇق ئىشىنىدۇ: ئىمانىم كامىلكى، ئۇ دېگىنىنى قىلىدۇ. * بۈگۈن ئەتىگەن مەيداندا ساقچى چاشقانلىرىدىن بىرەرى سىزنى سېزىپ قالمىغىنىغا ئىمانىڭىز كامىلمۇ؟

**ئىمانى كۆيمەك** مۇسۇلمانچىلىقتىن چىقىپ كەتمەك، دىنىدىن چىقماق؛ ئىنساپى يوقالماق: نېمىدېگەن ئاۋارىچىلىك – بۇ! سىلەردەك ئىمانى كۆيۈپ كەتكەنلەرگە ئەمدى كۆرسىتىمەن! باغلا، بۇ خۇنپەرلەرنى! ئامبالنىڭ ئالدىغا ئاپىرىپ شۇ يەردە سۆزلىشىمەن.

**ئىماننى ساتماق** ئىخلاس قىلغان ئىشەنچىدىن قايتماق، مۇسۇلمانچىلىق

ئەركانلىرىدىن يانماق: بەگنى كۆرسە مۇللامۇ ساتىدىكەن ئىماننى، چوڭ مۇللىسى مېھماندا قارا باستى ئىمانىنى.

**ئىماننى سېتىپ يېمەك** مۇسۇلمانچىلىقتىن يېنىپ كۇپارلىق قىلماق: مېيت ئۇزىتىش، دۇئا-تەكبىر ۋە ناماز چۈشۈرۈشلەر خالىس، خۇدا يولىدىكى ئىشلاردۇر، بۇ ئىشلارغا ھەق ئالماق ئىماننى سېتىپ يېمەك بىلەن باراۋەر.

**ئىمانى ئۇچماق** قاتتىق غەزەپلەنمەك، ئاچچىقى تازا كەلمەك: بەزىلەرنىڭ مېنىڭ ئارقامدىن قىلغان زەھەرخەندە گەپلىرىنى ئاڭلاپ ئىمانىم ئۇچتى.

**ئىمانسىز** سۈپ ① <دىن> خۇداغا ئىشەنمەيدىغان ياكى ئاللاھنىڭ بىرلىكىگە، پەيغەمبىرىمىزنىڭ ھەقلىقىغە ئىشەنمەيدىغان؛ كاپىر: ئۇنداق ئىمانسىز بىرنېمىلەر نىكاھنى ئاياغ ئاستى قىلىدۇ، بۇنىڭغا ئاخىرەتتە ئىمانسىزنىڭ ئۆزىلا ئەمەس، ھەتتا ئۇنىڭ ئاتا-ئانىسىمۇ جاۋاب قىلىدۇ. * مۇشتەك تۇرۇپ ئىمانسىز موماڭدىن دۇتار چېلىشنى ئۆگىنىپسەن تېخى. ② ۋىجدانى يوق، ۋىجدانسىز، دىيانەتسىز: ۋاڭ خوجامنىڭ تاغدىكى بۇ ئىمانسىزلارنى يوقىتىشقا قانچىلىك تەييارلىقى باركىن؟

**ئىمان-ئىسلام** ئىمان ۋە ئىسلام، ئىمان: سېنى قېرى دەپ يول قويدۇق، ياش بولساڭ ئالدى بىلەن يىگىرمە دەررە ئۇرۇپ، ئىمان-ئىسلام ئېيتقۇزاتتۇق!

**ئىما-ئىشارە** ← **ئىما-ئىشارەت**: ئادىلىنىڭ تەبەسسۇم يېغىپ تۇرغان چىرايىدىن چولپان ئۇچقۇن قايتا-قايتا رەھمەت، دېگەندەك ئىما-ئىشارە چىقىپ تۇراتتى. * ئانچە يۇقىرى بولمىسىمۇ سالماق ئاۋاز بىلەن پەستىكىلەر بىر-بىرىنى نوقۇپ، ئىما-ئىشارىلەر بىلەن ئۇنىڭ سۆزلىمەكچى ئىكەنلىكىنى يەتكۈزدى.

**ئىما-ئىشارەت** باش ئىرغىتىپ ياكى يۈز-كۆز، قاش، قول ھەرىكىتى بىلەن قىلىنغان بەلگە، ئىشارەت: ئىما-ئىشارەت قىلماق. * ئۇلار ئىما-ئىشارەتلەر بىلەن تۆرگە چىقىپ جايلاشقاندىن كېيىن دۇئاغا قول كۆتۈردى. * باشقىسىنى دېمەيلا قوياي، چۈنكى ئۇنى تەرىپلەشكە سۆز يېتىشمەيدۇ، ئىما-ئىشارەت بىلەن چۈشەندۈرگىلى تېخىمۇ بولمايدۇ.

**ئىما-ئىشارەت تىلى** نۇتۇقسىز ھالدا ئىما-ئىشارەتلەر بىلەن مەقسەتنى ئۇقتۇرۇش ۋاسىتىسى؛ ئىشارەت تىلى.

**ئىما-ئىشارەت قىلماق** باش ياكى يۈز-كۆز، قاش، قول قاتارلىقلارنىڭ بىرەر ھەرىكىتى، ھالىتى ئارقىلىق مەلۇم مەقسەتنى بىلدۈرمەك: ئۇلار گويا گاس-گاچىلار بىلەن سۆزلىشىۋاتقاندەك يۇقىرى ئاۋازدا سۆزلىشىپلا قالماي، ئۆز گېپىنى باشقىلارنىڭ ئۇقالماسلىقىدىن ئەنسىرەپ، قوللىرىنى پۇلاڭلىتىپ ئىما-ئىشارەت قىلاتتى.

**ئىما-ئىشارەتلىك** ئىما-ئىشارىتى بار، ئىما-ئىشارىتى بولغان.

**ئىما-ئىشارەتلىك داۋالاش** <تىب> روھىي داۋالاشنىڭ بىر تۈرى. بۇنىڭدا كىشىلەرنى ئىما-ئىشارەت بىلەن ئىشەندۈرۈش ئارقىلىق داۋالاش مەقسىتىگە يېتىلىدۇ. ئادەتتە يالغۇزلا سۆز بىلەن ياكى باشقا غىدىقلاشلار بىلەن بىرلەشتۈرۈپ ئېلىپ بېرىلىدۇ. زۆرۈر تېپىلغاندا گىپنوز تېخنىكىسى ئارقىلىق كېسەلنى مۈگدەك ھالىتىگە كەلتۈرۈپ قويۇپ، ئاندىن ئىما-ئىشارەت قىلىنىدۇ. كۆپىنچە ئۇ ھىستېرىيىگە ئوخشاش كېسەللىكلەرنى داۋالاشتا قوللىنىلىدۇ.

**ئىمپرېسسىئونىزم** ئى (ر<فران) ① <ئەد> بۇرژۇئا سەنئىتىدە X IX ئەسىرنىڭ

ئىككىنچى يېرىمىدا پەيدا بولغان ۋە ئۇنىڭدا غايىۋىلىكنى، مەزمۇننى ئىنكار قىلىپ، كىشىنىڭ نازۇك كەچۈرمىشلىرىنى، كەيپىياتلىرىنى، تەسىراتلىرىنى ئىجتىمائىي ھايات بىلەن باغلىماستىن تەسۋىرلەشكە ئۇرۇنىدىغان بىر خىل ئېقىم. ② <گ سەن> XIX ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا فرانسىيەدە بارلىققا كەلگەن بىر خىل رەسساملىق ئېقىمى. بۇ ئېقىم شۇ چاغدىكى ئاكادېمىكچىلار ئېقىمىنىڭ مۇتەئەسسىپ ئىدىيىسى ۋە ئىپادىلەش ئۇسۇللىرىغا قارشى تۇرۇپ، سىرتتىكى قۇياش نۇرىدا نەرسىلەرنى بىۋاستە سىزىشنى، نۇر رەڭلىرىنىڭ ئۆزگىرىشلىرى ئىچىدە ئوبيېكتىپنىڭ بىر پۈتۈنلۈك ھېسسىياتى ۋە خاس كەيپىياتىنى ئىپادىلەش ئۇسۇلىنى قوللانغان. قۇياش نۇرى سپېكترىدا كۆرۈنگەن قىزىل، نارەنجى، سېرىق، يېشىل، زەڭگەر، كۆك ۋە سۆسۈندىن ئىبارەت يەتتە رەڭ خىلىغا ئاساسەن، تەبىئەت دۇنياسىدىكى بىر مومېنتلىق تەسىراتنى ئەكس ئەتتۈرۈشنى تەشەببۇس قىلغان.

**ئىمپرېسسىئونىزمچىلار** ئى <گ سەن> ئىمپرېسسىئونىزم ئېقىمىدىكى كىشىلەر، ئىمپرېسسىئونىزم تەرەپدارلىرى.

**ئىمپورت** ئى (ر<ئىنگ) <سودا> بىر دۆلەتنىڭ باشقا بىر دۆلەتتىن تاۋار كىرگۈزۈش پائالىيىتى.

**ئىمپورت ئارقىلىق ئېكسپورتنى تەمىنلەش** <س ئىق> خام ئەشيالارنى ئىمپورت قىلىپ پىششىقلاپ ئىشلىگەندىن كېيىن ئېكسپورت قىلىش پائالىيىتى.

**ئىمپورت بېجى** <سودا> دۆلەتنىڭ چەتتىن ئىمپورت قىلىنغان تاۋارلاردىن ئالىدىغان تاموژنا بېجى.

**ئىمپورت پايدا-زىيان نىسبىتى** <س ئىق> ئېلىمىزدىكى سودا كارخانىلىرى ئۆز ئالدىغا ئىمپورت قىلىپ ساتقان تاۋارلارنىڭ ساپ پايدىسى (زىيىنى) بىلەن ئۇنىڭ ئومۇمىي تەننەرخىنىڭ سېلىشتۇرمىسى.

**ئىمپورت تاۋار** <س ئىق> چەت ئەلدىن ئىمپورت قىلىپ ئېلىپ كىرگەن تاۋار.

**ئىمپورت زالوگ پېرېۋوتى** <مال> بانكا يەرلىك ئورۇندىكى مال سېتىۋالغۇچى سودىگەرنىڭ تەلىپىگە بىنائەن كېپىللىك خاراكتېرىگە ئىگە بىر خىل دوكومېنت تارقىتىپ، باشقا جايدىكى بانكىنىڭ ۋاكالىتەن بېجىرىشكە ھاۋالە قىلسا، شۇ جايدىكى مال ساتقۇچى سودىگەر كېسىپ بەرگەن پېرېۋوت چېكىگە مال ئېلىش تالونى، خەۋپسىزلەندۈرۈش تالونى، مال تارقىتىش قاتارلىق بارلىق مال يوللاش ھۆججەتلىرىنى قوشۇپ ئەمەلىي جايىغا يوللايدۇ. ئاندىن مال سېتىۋالغۇچى سودىگەردىن پۇل ئېلىنىدۇ. بۇ خىل ئۇسۇل - «ئىمپورت پېرېۋوتى» دەپ ئاتىلىدۇ.

**ئىمپورت قىلىپ سېتىش** <سودا> مەملىكىتىمىزنىڭ تاشقى سودا كارخانىلىرىنىڭ ئىمپورت قىلغان تاۋارلارنى تاشقى سودا سىستېمىسىنىڭ سىرتىغا ياكى سىستېما ئىچىدىكى ھەرقايسى ئورۇنلارغا سېتىپ بېرىش كەسىپى. ئۇ ئۆزى ئىمپورت قىلىپ سېتىش بىلەن ۋاكالىتەن ئىمپورت قىلىپ سېتىشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

**ئىمپورت كارانتىنى** <سودا> ئىمپورت قىلىنغان تاۋارلارنىڭ ھەر خىل يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنى ئېلىپ كىرىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش تەدبىرلىرى. ئادەتتە ئۇ يۇقۇملۇق

كېسەللىك تارقالغان دۆلەت ياكى رايونلاردىن كىرگەن ئادەم، مال، كېمە، قاتناش ۋاسىتىلىرىنى تەكشۈرۈش، دېزىنفېكسىيە قىلىش ياكى ئىزولياتسىيە قىلىش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

**ئىمپورت-ئېكسپورت سودىسى** <سودا> ← **تاشقى سودا.**

**ئىمپۇل** ئى (ر<لات) <فىز> ← **ئىمپۇلس.**

**ئىمپۇلس** ئى (ر<لات) <فىز> ① دولقۇن مەنبەسىنىڭ يەككە، قايتىلانمايدىغان پېرتۇرباتسىيىلىك ھەرىكىتىنىڭ تارقىلىشى. ② ئېلېكتر تېخنىكىسى ۋە ئېلېكترون تېخنىكىسىدا توك كۈچى ياكى بېسىمىنىڭ قىسقا ۋاقىتلىق داۋالغۇشى.

**ئىمپۇلس توك** <فىز> يۆنىلىشى ئۆزگەرمەيدىغان، كۈچىنىشى ۋاقىتقا ئەگىشىپ دەۋرلىك ئۆزگىرىدىغان توك.

**ئىمپۇلس كۈچى** <فىز> سوقۇلۇش ياكى ئۇرۇلۇش جەريانىدا، جىسىملار ئارىسىدا بارلىققا كېلىدىغان، دەسلەپتە بىردىنلا چوڭىيىپ، ئاندىن دەرھال يوقىلىدىغان كۈچ.

**ئىمپۇلس مومېنتى** <فىز> جىسىمغا تەسىر قىلغان سىرتقى كۈچ مومېنتى بىلەن تەسىر قىلىش ۋاقتىنىڭ كۆپەيتمىسى. ئۇ بىر ۋېكتور بولۇپ، يۆنىلىشى كۈچ مومېنتىنىڭكى بىلەن ئوخشايدۇ.

**ئىمپۇلس مىقدارى** <فىز> تەسىر قىلغۇچى كۈچنىڭ تەسىر قىلىش ۋاقتى ئىنتايىن قىسقا بولغان ئەھۋالدا، تەسىر قىلغۇچى كۈچ بىلەن تەسىر قىلىش ۋاقتىنىڭ كۆپەيتمىسى. مەسىلەن، نەرسىنى بولقا بىلەن ئۇرۇش دەل ئىمپۇلس مىقدارىنىڭ رولىدىن پايدىلانغانلىق بولىدۇ.

**ئىمپۇلسلىق** سۈپ. ئىمپۇلسى بار، ئىمپۇلسقا ئىگە: ئىمپۇلسلىق ئاۋاز.

**ئىمپۇلسلىق ئاۋاز** <فىز> ناھايىتى قىسقا داۋام قىلىدىغان ئاۋاز دولقۇنى.

**ئىمپېراتور** ئى (ر<لات) <تارىخ> پادىشاھلىق دۆلەتلەردە پادىشاھنىڭ، ئىمپېرىيە پادىشاھىنىڭ ئۇنۋانى ۋە شۇ ئۇنۋانغا ئىگە بولغان شەخس.

**ئىمپېراتورلۇق** سۈپ. ئىمپېراتور تۈزۈمى يۈرگۈزۈلگەن، پادىشاھلىق: ئىمپېراتورلۇق تۈزۈم.

**ئىمپېرىئالىزم** ئى (ر<لات) <پەلس> ← **جاھانگىرلىك.**

**ئىمپېرىئالىست** ئى (ر) <پەلس> ← **جاھانگىر.**

**ئىمپېرىيە** ئى (ر<لات) <تارىخ> تېررىتورىيىسى ئىنتايىن زور ياكى مۇستەملىكىسى بولغان پادىشاھلىق دۆلەت. مەسىلەن، رىم ئىمپېرىيىسى، ئەنگلىيە ئىمپېرىيىسى دېگەندەك. بەزىدە ئىمپېراتورى يوق، ئەمما سىرتقا قارىتا كېڭەيمىچىلىك قىلغان دۆلەتلەرمۇ «ئىمپېرىيە» دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن، گىتلېر دەۋرىدىكى گېرمانىيە «ئۈچىنچى ئىمپېرىيە» دەپ ئاتالغان.

**ئىمتىلائىي** سۈپ (ئە) ← **ئىمتىلائىي كېسەللىكلەر.**

**ئىمتىلائىي كېسەللىكلەر** <تىب> تېبابەتچىلىكتە، قوزغالغاندا قىزىتما يۇقىرى ئۆرلەش، تەرلىمەسلىك، قەۋزىيەت بولۇپ قېلىش، مەيدە ۋە قورساق كۆپۈپ كېتىش قاتارلىق كېسەللىك ئالامەتلىرى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

**ئىمتىھان** ئى (ئە) ① مەكتەپلەردە ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئوقۇش، دەرس پروگراممىلىرىدا بەلگىلەنگەن بىلىمنى قانچىلىك ئۆزلەشتۈرگەنلىكىنى

تەكشۈرۈش، سىناپ كۆرۈش، سىناش: دۆلەت ئىمتىھانى. ئۇنىۋېرسىتېتقا كىرىش ئىمتىھانى. * ئىمتىھان ئالماق. ئىمتىھان بەرمەك. يىللىق ئىمتىھان. مەۋسۇملۇق ئىمتىھان. * قادىر ئالىي مەكتەپكە كىرىش ئىمتىھانىدىن ئۆتەلمىدى. ② ئومۇمەن سىناش، تەكشۈرۈش: ئىشان قولىنى شىلتىپ، «دەرۋىشكە ھۇجرىدا يېتىش ھارام، ماڭا ئۆڭكۈر ماكان بولغاي، جاپالار ئىمتىھان بولغاي، بىلىڭلاركى خالايىقلار، تاڭنا ئاخىر زامان بولغاي» دەپ، تاغ تەرەپكە يۈرۈلۈپ بىر ئۆڭكۈرگە كىرىۋالدى.

**ئىمتىھان ئالماق** ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆتۈلگەن دەرسنى قانچىلىك دەرىجىدە ئۆزلەشتۈرگەنلىكىنى، بىلىدىغانلىقىنى سىناپ كۆرمەك، تەكشۈرمەك: بىركۈنى بىر ئوقۇغۇچى مېنىڭدىن ئىمتىھان ئالدى.

**ئىمتىھان بەرمەك** ئوقۇغۇچى ئۆزىنىڭ ئۆتۈلگەن دەرسلەرنى قانچىلىك دەرىجىدە ئۆزلەشتۈرگەنلىكىنى، بىلىدىغانلىقىنى قەغەز يۈزىدە ياكى ئاغزاكى ھالدا قارشى تەرەپكە نامايەندە قىلماق: ئۇ ئالىي مەكتەپكە ئىمتىھان بەردى.

**ئىمتىھان تۈزۈمى** <مائار> ئىختىساسلىق، لاياقەتلىك كىشىلەرنى تاللاش ئۈچۈن، ئىمتىھان ئېلىش شەكلى ئارقىلىق قوللىنىلغان بىر خىل تەدبىر.

**ئىمتىھاندىن ئۆتمەك** ئىمتىھاندا لاياقەتلىك بولماق، كۆزلەنگەن چەككە يەتمەك.

**ئىمتىھان قەغىزى** ئوقۇغۇچىلار ئىمتىھان سوئاللىرىغا جاۋاب بەرگەن قەغەز: ئىمتىھان قەغىزىنى تەكشۈرمەك.

**ئىمتىھان قىلماق** ئىمتىھان ئېلىپ سىناپ كۆرمەك: ئۇ بالىنى ئىدارىمىزگە ئالىدىغان چاغدا، تەشكىلىنىڭ تاپشۇرۇقىغا ئاساسەن، سەۋىيىسىنىڭ قانچىلىكلىكىنى بىلىش ئۈچۈن ئىمتىھان قىلىپ باققانىدىم.

**ئىمتىھانسىز** سۈپ. ئىمتىھان ئالمىغان ياكى بەرمىگەن، ئىمتىھان ئالماي ياكى بەرمەي: ئالىي مەكتەپكە ئىمتىھانسىز كىرمەك.

**ئىمتىھانلىق** سۈپ. ئىمتىھان ئېلىنىدىغان، ئىمتىھان ئارقىلىق بېرىلىدىغان ياكى قوبۇل قىلىنىدىغان: ئىمتىھانلىق مەنسەپ تۈزۈمى.

**ئىمتىھانلىق مەنسەپ تۈزۈمى** <تارىخ> جۇڭگودىكى فېئودال ھۆكۈمرانلار سىنىپىنىڭ بىر خىل مائارىپ تۈزۈمى. بۇ سۈي، تاڭ سۇلالىسىدىن باشلاپ چىڭ سۇلالىسىغا قەدەر قەلەم ۋە ئەلەم بىلەن شۇغۇللانغۇچى ئەمەلدارلارنى تاللاش تەدبىرى ئىدى. 1898 - يىلى (گۇاڭ شۈيىنىڭ 24 - يىلى) ئىمتىھان ئۇسۇلى ئۆزگەرتىلىپ، باگوچىلىق ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان. 1905 - يىلىدىن باشلاپ سىشى تەيخۇ بۇ تۈزۈمنى ئەمەلدىن قالدۇرغان.

**ئىمتىياز** ئى (ئە) ① باشقىلاردىن ئارتۇق بەھرىمەن بولىدىغان مەنپەئەت؛ باشقىلاردىن پەرقلىنىپ تۇرىدىغان ھوقۇق، ئارتۇقلۇق: — يەر ئىسلاھاتىدىن كېيىن، — دېدى ئالماس، — فېئوداللار سىنىپى ئەمگەكچى دېھقانلارنى ئېزىش، ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىش ئىمتىيازلىرىدىن مەھرۇم بولدى. ② <پەلس> ئەزگۈچى سىنىپلارنىڭ ئۆز ھۆكۈمدارلىق ئورنىغا تايىنىپ ئىقتىسادىي، سىياسىي ۋە باشقا ساھەلەردە بەھرىمەن بولىدىغان ئالاھىدە ھوقۇقى.

**ئىمتىيازچىلىق** ئى. ئىمتىيازغا بېرىلىش، ئىمتىيازنى ھەممىدىن ئۈستۈن ئورۇنغا قويۇش، ئىمتىياز قوغلىشىش: ئىمتىيازچىلىق

قېيۇدالىزمىنىڭ قالدۇق تەسىرىنىڭ تېخى
تازىلىنىپ بولمىغانلىقىنىڭ ئىپادىسى.

**ئىمتىيازسىز** سۈپ. ئىمتىيازى يوق، ئىمتىيازغا ئىگە بولمىغان.

**ئىمتىيازلىق** سۈپ ① ئىمتىيازى بار، ئىمتىيازغا ئىگە بولغان. ② ھەممە ئۈچۈن بەلگىلەنگەندىن ئارتۇق ھەق، ھوقۇقلا، ئىمتىيازلارغا ئىگە بولغان: بۇ يەردە دۆلەتنىڭ ھاكىمىيەت ئورگىنى بولغان ئەمەلدارلارنىڭ ئىمتىيازلىق ئورنى مەسىلىسى ئوتتۇرىغا قويۇلغان.

**ئىمزا** ئى (ئە) كىشىنىڭ ئۆز قولى بىلەن يېزىلغان ئىسىم-فامىلىسى ياكى قويۇلغان قول: ئىمزا قويماق. ھۆججەتكە ئىمزا قويماق. خىتابنامىگە ئىمزا قويماق. * بۇ ئۇنىڭ ئىمزاسى. * ئۇنىڭدىكى خەتلەر ئالدىراش-تېنەش يېزىلغان، ئاي-كۈنلىرى يېزىلمىغان، ئىمزامۇ يوق ئىدى.

**ئىمزا قويماق** ① قول قويماق: كېلىشىمگە ئىمزا قويماق. * شۇنداق قىلىپ، ھەممە يەلەن قازى ئالدىدا بۇ شەرتنامىگە ئىمزا قويۇشۇپتۇ. ② ئۆز پوچۇركىسى بىلەن خەت-چەك ۋە ياكى ماقالە-ئەسەرلەرگە ئىسىم-فامىلىسىنى يازماق، تەستىق سالماق: ھۆججەتكە ئىمزا قويماق. * خەتكە «سىغىزخان» دەپ ئىمزا قويۇلغانىدى.

**ئىمزا قويۇش** <ت ئش> بىر دۆلەتنىڭ ئاساسلىق باشقۇرغۇچى تارماقلىرىنىڭ ئۆز دۆلىتى ياكى باشقا دۆلەت پۇقرالىرىنىڭ پاسپورتى ياكى ساياھەت گۇۋاھنامىسى قاتارلىق باشقا گۇۋاھنامىلىرىغا ئىلاۋە يېزىش، تامغا بېسىش ئارقىلىق ئۆز دۆلىتىنىڭ چېگرىسىدىن كىرىش ۋە چىقىشقا رۇخسەت قىلىنغانلىقىنى ئىپادىلىشى.

**ئىمزاسىز** سۈپ. ئىمزاسى يوق، ئىمزا قويۇلمىغان، ئىمزا قويۇپ تەستىقلانمىغان: ئىمزاسىز خەت. ئىمزاسىز ھۆججەت.

**ئىمزاسىز خەت** ئىسىم-فامىلىسىنى يازماي يازغان خەت: ئىمزاسىز خەت يازغۇچى تېپىلدىمۇ؟ * — نېمانچە ھودۇقۇپ كېتىسىز يولداش شۇجى؟ — دېدى ئۇ ئاۋازىنى سەل كۆتۈرۈپ، — قولىمىزغا چۈشكىنى تېخى ناھايىتى بىر ئىمزاسىز خەتقۇ.

**ئىمزالاتقۇزماق** «ئىمزالىماق» پېئىلىنىڭ قوش مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**ئىمزالاتماق** «ئىمزالىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: شەرتنامە ئىمزالاتماق.

**ئىمزالاشماق** «ئىمزالىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**ئىمزالانماق** «ئىمزالىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: شەرتنامە ئىمزالاندى. * «ئۇن بىر ماددىلىق بېتىم» ئىمزالانغاندىن كېيىن، تۇرپاندا بىرمۇنچە زىيالىي ياشلار مەدەنىيەت-مائارىپ ساھەسىدە خىزمەتكە قويۇلغانىدى.

**ئىمزالىتىلماق** «ئىمزالاتماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**ئىمزالىق** سۈپ. ئىمزاسى بار، ئىمزا قويۇلغان: ئىمزالىق خەت. * بۇ «غىلاپلىق خەنجەر» ئىمزالىق بىر كىشىنىڭ مەخسۇت بەگكە يازغان خېتى ئىدى. * — يۇقىرى دەرىجىلىك ئورگانلارنىڭ خەت-چەك بۆلۈملىرىگە لەپىلدەپ قار ياغقاندەك خەتلەر بېرىشى لازىم، — دېدى ئۇ، — پاكىتلىرى تولۇق بولسا ئىمزالىق، تەكشۈرۈشكە تېگىشلىك دېيىلسە ئىمزاسىز بارسۇن.

**ئىمزالىماق** پ. ئىمزا قويماق، ئىمزاسىنى يازماق، ئۆز ئىمزاسى بىلەن تەستىقلىماق: شەرتنامىنى ئىمزالىماق. بۇيرۇقنى ئىمزالىماق.

**ئىمكان** ئى (ئە) ← **ئىمكانىيەت**: ئىمكان بەرمەك. ئىمكان يار بەرمەك.

**ئىمكان بار** مۇمكىنقەدەر، ئىلاجى بار: ئىمكان بار قاسمىنى تولۇق ئويغىتىپ، دۈشمەن بىلەن يۈزمۇيۈز كۆرەش قىلىشقا رىغبەتلەندۈرۈش كېرەك.

**ئىمكان بەرمەك** بىرەر ئىش، مەقسەت، تەلەپ ۋە شۇ قاتارلىقلارنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش، مەيدانغا، ۋۇجۇدقا چىقىرىش ئۈچۈن يول قويماق، ئۇنىماق ياكى شەرت-شارائىت ياراتماق: شىددەت بىلەن ھۇجۇم قىلىپ كېلىۋاتقان پالۋانلار چېرىكلەرگە ھەرىكەت قىلىشقا ئىمكان بەرمىدى. * ئۇ يەنە بىرنېمىلەرنى دېمەكچى ئىدى، بىراق تەرتىپلىك سۆزلەشكە ئىمكان بەرمەيۋاتقان روھىي دۇنياسىدىكى مەنىۋى كۈچنى يىغەلمەي ئاغزىنى يۇمۇۋالدى.

**ئىمكان پېئىلى** <تىل> ھەرىكەت ئىگىسىنىڭ ھەرىكەتنى ئورۇنلاشقا قابىل ياكى ئىمكانىيەتلىك ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. ئۇيغۇر تىلىدا پېئىلنىڭ ئىمكان تۈسلۈك ئۆزەك شەكلى سوزۇق تاۋۇش بىلەن ئاخىرلاشقان پېئىل ئۆزەكلىرىگە «-لا-// -لە-» ياكى «-يالا-//-يەلە-» قوشۇمچىسىنىڭ قوشۇلۇشى، ئۈزۈك تاۋۇش بىلەن ئاخىرلاشقان پېئىل ئۆزەكلىرىگە «-ئالا-//-ئەلە-» قوشۇمچىسىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ياسىلىدۇ.

**ئىمكانىقەدەر** رەۋ (ئىمكان+قەدەر) پۈتۈن ئىمكانىيەت، كۈچىنىڭ بارىچە؛ پۈتۈن ئىمكانىيىتى، كۈچى بىلەن؛ مۇمكىنقەدەر: مەن ئۇ يەرگە ئىمكانىقەدەر ۋاقىت چىقىرىپ بارىمەن. * — ئاشخانىنىڭ ئارقا تەرىپىدە قوغداش بۆلۈمىمىز بار. ئەھۋالنى مەلۇم قىلىپ قويساڭلار، ئىمكانىقەدەر بىزمۇ ياردەملىشىمىز، — دېدى ئۇ.

**ئىمكانىيەت** ئى (ئە) ① ئىش-ھەرىكەت ۋە مەقسەت قاتارلىقلارنىڭ ئەمەلگە ئېشىشىغا زۆرۈر ياكى قولاي بولغان شەرت-شارائىت؛ پۇرسەت، مۇمكىنچىلىك: ئىمكانىيەت بەرمەك. ئىمكانىيەت ياراتماق. ئىمكانىيىتىنىڭ بارىچە. ئىمكانىيەت بولماق. * ھاتەم قاراپ كۆردىكى، بۇ دەريادىن ئۆتۈشنىڭ ئۇسۇلى، ئىمكانىيىتى يوق ئىدى. ② <پەلس> ماتېرىيالىستىك دىئالېكتىكىنىڭ بىر كاتېگورىيىسى. ئادەتتە ئۇ ئەمەلگە ئاشىدىغان رېئاللىقنى بىلدۈرىدۇ.

**ئىمكانىيەت تۈسى** <تىل> مەلۇم گرامماتىكىلىق شەكىللەر ئارقىلىق پېئىلدا ئىپادىلەنگەن ھەرىكەتنى شۇ ھەرىكەت ئىگىسىنىڭ ئورۇنلاشقا قابىل ياكى ئىمكانىيەتلىك ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدىغان گرامماتىكىلىق كاتېگورىيە. ئۇيغۇر تىلىدا پېئىلنىڭ ئىمكانىيەت تۈسى سوزۇق تاۋۇشلار بىلەن ئاخىرلاشقان پېئىللارغا «-لا-/-لە-» ياكى «-يالا-/-يەلە-» قوشۇمچىلىرىنىڭ قوشۇلۇشى، ئۈزۈك تاۋۇشلار بىلەن ئاخىرلاشقان پېئىللارغا «-ئالا-/-ئەلە-» قوشۇمچىلىرىنىڭ قوشۇلۇشى ئارقىلىق ياسىلىدۇ.

**ئىمكانىيەت دەرىجىسىنى تەتقىق قىلىش** <س ئىق> قۇرۇلۇشنىڭ ئالدىنقى باسقۇچىدا بېكىتىلمەكچى بولغان قۇرۇلۇش تۈرىنى ئەتراپلىق، ھەر تەرەپلىمە ھالدا تېخنىكا، ئىقتىسادىي جەھەتتىن تەكشۈرۈش ۋە باھالاش ئارقىلىق، ئۇنىڭ يولغا قويۇشقا بولىدىغان-بولمايدىغانلىقىنى بەلگىلەش.

**ئىمكانىيە تىنىڭ بارىچە** مۇمكىن بولغىنىچە: ئۇنى ئىمكانىيە تىنىڭ بارىچە قۇتقۇزۇش لازىم. * ۋەزىپىنى ئىمكانىيە تىنىڭ بارىچە تولۇق ئورۇنداش كېرەك.

**ئىمكانىيىتى بار** مۇمكىن، مۇمكىنچىلىكى بار: بىزنىڭ ئۆز ئىشىمىزنى ئۆزىمىز باشقۇرۇش ئىمكانىيىتىمىز بارمۇ؟ ئىمكانىيىتىمىز بار.

**ئىمكانىيىتى يوق** مۇمكىن ئەمەس، مۇمكىنچىلىكى يوق: سىرتتىن قورال كىرگۈزۈشنىڭ ئىمكانىيىتى يوق.

**ئىمكانىيە تسىز** سۈپ. ئىمكانىيىتى يوق، ئىمكانىيىتى بولمىغان: ئىمكانىيە تسىز ئىش. // ئىمكانىيە تسىز قالماق.

**ئىمكانىيە تلىك** سۈپ. ئىمكانىيىتى بار، ئىمكانىيىتى بولغان، ئىمكانىيىتى بولىدىغان: ئىمكانىيە تلىك ئىش. ئىمكانىيە تلىك شەرت-شارائىتلارنى ياراتماق.

**ئىملا** ئى (ئە) بىر مىللەت تىلىدىكى سۆزلەرنى توغرا، ئۆلچەملىك يېزىش: ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىملاسى. ئىملا لۇغىتى. ئىملا قائىدىسى.

**ئىملا قائىدىسى** <تىل> يېزىق تىلىنىڭ يېزىلىش قائىدىسى ۋە يېزىقنى قېلىپلاشتۇرۇش قائىدىسى. ئۇ يېزىقنىڭ توغرا يېزىلىشى، ئۆلچەملىك مۇۋاپىق بولۇشى، تىنىش بەلگىلىرىنىڭ توغرا قوللىنىلىشى قاتارلىق مەزمۇنلارنى ھەمدە ئېلىپبەلىك يېزىقلاردىكى ھەرپلەرنىڭ چوڭ-كىچىك يېزىلىش ئۆلچىمى، بوغۇم ئايرىش بەلگىلىرىنىڭ توغرا قوللىنىلىش، بوغۇم كۆچۈرۈش قائىدىلىرى، ئۇلاپ يېزىش قائىدىلىرى قاتارلىق مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

**ئىملا لۇغىتى** <تىل> ئىملا قائىدىسى بويىچە تۈزۈلگەن لۇغەت. ئۇنىڭدا كونكرېت تىلنىڭ لۇغەت تەركىبىدىكى سۆزلەر توپلىنىدۇ. شۇ ئارقىلىق شۇ تىلنىڭ ئىملا قائىدىسىگە ئاساسەن سۆزلەرنىڭ توغرا يېزىلىشى تەپسىلىي كۆرسىتىپ بېرىلىدۇ. مەسىلەن، «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ ئىملا لۇغىتى» قاتارلىقلار. ئىملا لۇغىتى ئورتاق تىلنى راۋاجلاندۇرۇش، بولۇپمۇ ئۇنى مەدەنىي تىل دەرىجىسىگە كۆتۈرۈشتە تۈرتكىلىك رول ئوينايدۇ.

**ئىملاش** ① «ئىملىماق» پېئىلىنىڭ يەنە بىر خىل ئىسمىدىشى. ② <تىب> تىل، قول ئىشارىتى، چىراي ئىپادىسى قاتارلىقلار ئارقىلىق كىشىگە مەلۇم پىكىر ياكى ئىشنى ئۇيلاندۇرمايلا قوبۇل قىلدۇرىدىغان بىر خىل پسىخولوگىيىلىك تەسىر. مەسىلەن، گىپنوز دەل ئىملاشنىڭ رولىدىن ئىبارەت.

**ئىملىق** ① سۈپ. ئىما-ئىشارەت، ھېس-ھاياجاننى بىلدۈرىدىغان؛ ئىما-ئىشارە تلىك: ئىملىق سۆز. ② ئى <تىل> ئۇيغۇر تىلىدىكى سۆز تۈركۈملىرىنىڭ بىر خىلى بولۇپ، ئۇ، ھېس-تۇيغۇ، چاقىرىق، بۇيرۇق، جاۋاب قاتارلىقلارغا ئىما (ئىشارەت) بولۇپ كېلىدىغان سۆزلەرنى كۆرسىتىدۇ. ئىملىقلار مەنىسىگە قاراپ ھېس-تۇيغۇ ئىملىقلىرى، جاۋاب ئىملىقلىرى، بۇيرۇق-چاقىرىق ئىملىقلىرى دېگەن ئۈچ تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

**ئىملىق سۆز** <تىل> ئىما-ئىشارەت ۋە ھېس-ھاياجاننى بىلدۈرىدىغان سۆز تۈركۈمى. مەسىلەن، ھەي، ئاھ، ۋاھ، ھۇ، چۇھ، مە-مە، دىرت، چۇ، تاخ، پەش دېگەنگە ئوخشاش.

**ئىملىقلار** ئى <تىل> ← **ئىملىق سۆز**:

ئاۋاز ئىملىقلىرى.

**ئىملىماق** پ. ئىما بىلەن چاقىرماق ياكى كۆرسەتمەك، ئىما-ئىشارە قىلماق: كېيىن، ئوردۇ ئاغىسىنىڭ ئىملىشى بىلەن، لېگەنلەردە تاماقلار كۆتۈرگەن چىرايلىق قىزلار كىرىشتى. * مەن ئەمەسمۇ ئادەملىكىمنى چۈشەنگەن سېنىڭ پەرۋىشىڭ بىلەن؛ ئاخىر، داغدام يولۇمنى تاپقان سېنىڭ ئىملاپ، ئۈندىشىڭ بىلەن.

**ئىممەت** (توغرىسى: ئۈممەت) ← **ئۈممەت.**

**ئىممۇنوبىئولوگىيە** ئى (ر<لات+گرېك) <بىئول> بىئولوگىيە پەنلىرى ئىچىدىكى بىر تارماق پەن. جانلىقلارنىڭ ئىممۇنىتېت ھادىسىلىرىنى سىستېمىلىق تەتقىق قىلىدۇ.

**ئىممۇنوپاتولوگىيە** ئى (ر<لات+گرېك) <تىب> ئىممۇنىتېتلىق كېسەللىكلەرنىڭ قوزغىلىش قانۇنىيەتلىرىنى تەتقىق قىلىدىغان پەن.

**ئىممۇنوخىمىيە** ئى (ر<لات) <خىم> ئەمەلىي خىمىيە، بولۇپمۇ بىئوخىمىيىنىڭ تېخنىكىلىرى ۋە ئۇقۇملىرى ئارقىلىق ئىممۇنىتېت ھادىسىلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئۆزئارا تەسىرىنى تەتقىق قىلىدىغان پەن.

**ئىممۇنوفارماكولوگىيە** ئى (ر<لات+گرېك) <تىب> ئىممۇنىتېت پەيدا قىلغۇچى دورىلار، ئۇلارنىڭ ئۈنۈمى، ئالاھىدىلىكى، تەسىرى ۋە داۋالاش قىممىتى قاتارلىقلارنى تەتقىق قىلىدىغان پەن.

**ئىممۇنوگېماتولوگىيە** ئى (ر<لات+گرېك) <تىب> ئىممۇنولوگىيىنىڭ نەزەرىيە ۋە مېتودىنى قوللىنىپ قاننى تەتقىق قىلىدىغان پەن.

**ئىممۇنوگېن** ئى (ر<لات) <بىئول> يېڭى تىرىك ئورگانىزمدىن ئېلىنىپ ياسىلىدىغان بىر خىل ئانتىگېن.

**ئىممۇنوگېن ئىقتىدارى** <فىزىئول> ئانتىگېننىڭ ئورگانىزمنى غىدىقلاپ مۇھاپىزەت خاراكتېرلىك ياكى پائالىيەت خاراكتېرلىك ئىممۇنىتېت ھاسىل قىلىش ئىقتىدارى.

**ئىممۇنوگېنېتىكا** ئى (ر<لات+گرېك) <بىئول> ئىممۇنولوگىيىنىڭ بىر تارمىقى. كېسەللىكلەردىكى ئىممۇنىتېت بىلەن ئىرسىيەت ئامىللىرى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى تەتقىق قىلىدۇ.

**ئىممۇنولوگىيە** ئى (ر<لات) <بىئول> جانلىقلارنىڭ ئىممۇنىتېت رېئاكسىيىسى ۋە ئىممۇنىتېت ھادىسىلىرىنى تەتقىق قىلىدىغان پەن.

**ئىممۇنولوگىيىلىك** سۈپ. ئىممۇنولوگىيىگە ئائىت، ئىممۇنولوگىيىگە ئالاقىدار بولغان: ئىممۇنولوگىيىلىك مۇداپىئە.

**ئىممۇنولوگىيىلىك مۇداپىئە** <تىب> ۋاكسىنا ياكى ئىممۇنىتېتلىق قان زەردابىنى قوللىنىپ كېسەلدىن مۇداپىئەلىنىش.

**ئىممۇنىتېت** ئى (ر<لات) <فىزىئول> ئورگانىزمنىڭ «ئۆزى» ۋە «يات» نىڭ تەركىبىنى پەرق ئېتىپ، يات نەرسىلەرنى چەتكە قېقىشتىن ئىبارەت فىزىئولوگىيىلىك فۇنكسىيىسى.

**ئىممۇنىتېت ئانا ھۈجەيرىسى** <بىئول> ئىممۇنىتېت ھۈجەيرىسىنىڭ ئالدىنقى دەۋرى.

**ئىممۇنىتېت ئەزالىرى** <تىب> ئورگانىزمدا ئىممۇنىتېت پەيدا قىلىدىغان ئەزالار.

**ئىممۇنىتېت بىرىكمىسى** <تىب> ئانتىگېن ۋە ئانتىتېلادىن تۈزۈلگەن بىرىكمە.

**ئىممۇنىتېت پائالىيەتسىزلىكى** <فىزىئول> ھۈجەيرە ۋە توقۇلمىلاردا ئىممۇنىتېت ئىنكاس قابىلىيىتىنىڭ يوقلۇقى.

**ئىممۇنىتېت چىداملىقى** <تىب> ئورگانىزمنىڭ نورمال ئەھۋاللاردا ئىممۇنىتېتلىق رېئاكسىيە

تۇغدۇرىدىغان ئانتىگېنغا نىسبەتەن خاس رېئاكسىيە بەرمەسلىكى ياكى چىدامچانلىق ھالىتى.

**ئىممۇنىتېت خىرورگىيىسى** <تب> ئىممۇنولوگىيىنىڭ نەزەرىيە ۋە ئەمەلىيىتىنى تاشقى كېسەللىكلەرنى داۋالاشتا قوللىنىش.

**ئىممۇنىتېت رېئاكسىيىسى** <تب> ئانتىگېن بىلەن ئانتىتېلانىڭ بىرىكىشى ياكى ئۇلارنىڭ لىمفا ھۈجەيرىلىرى بىلەن ئۇچرىشىشى نەتىجىسىدە يۈز بېرىدىغان ھەر خىل ئالاھىدە رېئاكسىيىلەر.

**ئىممۇنىتېت قالايمىقانلىشىشى** <تب> ئورگانىزم ئانتىگېننىڭ غىدىقلىشىغا ئۇچرىغاندا، ئىممۇنىتېتنىڭ زىيادە تېزگىنلىنىشى ياكى كۈچىيىشى.

**ئىممۇنىتېت كەملىك تەلىماتى** <تب> ئاۋتۇ ئىممۇنىتېتلىق كېسەللىكنىڭ كېسەل بېرىش مېخانىزمىنى چۈشەندۈرىدىغان بىر خىل تەلىمات.

**ئىممۇنىتېت كەملىك كېسىلى** <تب> ھۈجەيرە ئىممۇنىتېتى ياكى تەن سۇيۇقلۇقى ئىممۇنىتېتى كەملىكىدىن پەيدا بولىدىغان كېسەللىك.

**ئىممۇنىتېتنى تورمۇزلاش** <تب> دورا، رادىئوئاكتىپ نۇرلار ياكى لىمفا ھۈجەيرىلىرىگە قارشى زەردابلار ئارقىلىق، ئورگانىزمنىڭ ئىممۇنىتېت رېئاكسىيىسىنى سۈنئىي ئۇسۇلدا تورمۇزلاپ، ئوخشاش تۈردىكى يات جىسىملارنى ئۆزئارا كۆچۈرۈشنىڭ ئۆزلىشىش ئېھتىماللىقىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش.

**ئىممۇنىتېتنى تورمۇزلاش ئاكتىپلىقى** <تب> ئىممۇنىتېتنى تورمۇزلىغۇچى بىرىكمىلەرنىڭ ئىممۇنىتېت تەسىرىنى تورمۇزلاش ئىقتىدارى.

**ئىممۇنىتېتنى چەكلىگۈچى دورا** <تب> ئانتىتېلا پەيدا بولۇشنى ياكى ئانتىگېن ئانتىتېلا رېئاكسىيىسىدىن پەيدا بولغان ياللۇغنى تورمۇزلايدىغان دورا.

**ئىممۇنىتېتنى چەكلىگۈچى ياسالما** <تب> ئومۇمەن ئىممۇنىتېت رېئاكسىيىسىنى تورمۇزلايدىغان ھەرقانداق دورا ياكى ياسالما.

**ئىممۇنىتېت ھاسىل بولۇش** <بئول> ئورگانىزمنىڭ تەرەققىيات جەريانىدا، ئىممۇنىتېتقا مۇناسىۋەتلىك ھۈجەيرە، توقۇلما، ئەزا ۋە ئۇلارنىڭ پائالىيىتىنىڭ ئۆسۈشى، تەبىقلىنىشى ۋە تەرەققىي قىلىشى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

**ئىممۇنىتېت ئۆپسونىن** <بئول> ئىممۇنىتېتلىق قان زەردابىدىكى باكتېرىيىلەرگە تەسىر قىلىدىغان، باكتېرىيىلەرنى ئوڭاي ئاق قان ھۈجەيرىلىرىگە يۇتقۇزۇۋېتىش رولىغا ئىگە بىر خىل ماددا.

**ئىممۇنىتېت يالتىراق نۇر تەجرىبىسى** <تب> ئىممۇنىتېت يالتىراق نۇر ئۇسۇلى بىلەن ئانتىتېلا ياكى ئانتىگېننى تەكشۈرۈش تەجرىبىسى.

**ئىممۇنىتېت يىغىندا ئالامىتى** <تب> ھۈجەيرە ئىممۇنىتېتى ياكى تەن سۇيۇقلۇق ئىممۇنىتېتى كەملىكىدىن پەيدا بولىدىغان كېسەللىك ئالامەتلىرى.

**ئىممۇنىتېتچان** سۈپ. ئورگانىزمنىڭ «ئۆزى» ۋە «يات» نىڭ تەركىبىنى پەرق ئېتىش، يات نەرسىلەرنى چەتكە قېققىشتىن ئىبارەت فىزىئولوگىيىلىك فۇنكسىيىگە ئىگە بولغان.

**ئىممۇنىتېتچانلىق** « ئىممۇنىتېتچان »
سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: ئالىملار مۇنداق
دەپ قارىغان: ئىممۇنىتېتچانلىقنى راۋاجلاندۇرۇشقا
مەسئۇل بولغان مەلۇم بىئولوگىك گېنىتىكا
ئىككىنچى X خروموسومى ئىچىدە بولىدۇ.

**ئىممۇنىتېتلىغۇچى** ① سۈپ. ئىممۇنىتېت ھاسىل
قىلىدىغان، ئىممۇنىتېت ھاسىل قىلىش
رولىغا ئىگە. ② ئى <بىئول> ئورگانىزمدا
ئىممۇنىتېت ھاسىل قىلغۇچى ماددا.

**ئىممۇنىتېتلىق** سۈپ. ئىممۇنىتېتى بار،
ئىممۇنىتېتقا ئىگە: ئىممۇنىتېتلىق ئاكتىپلاشقان
ھۈجەيرە.

**ئىممۇنىتېتلىق ئاكتىپلاشقان ھۈجەيرە**
<بىئول> ئىممۇنىتېت رېئاكسىيىسىگە
قاتنىشىدىغان ھۈجەيرىلەرنىڭ ئورتاق
نامى. مەسىلەن، زور يۇتقۇچى
ھۈجەيرە، دانىلىق ھۈجەيرە، قان
پلاستىنكىلىرى شۇ قاتارغا كىرىدۇ.

**ئىممۇنىتېتلىق ئاكتىپ ھۈجەيرە** <بىئول>
ئانتىگېنلارغا نىسبەتەن خاس
پەرقلەندۈرۈش قابىلىيىتىگە ياكى خاس
رېئاكسىيىچانلىققا ئىگە ھۈجەيرە.

**ئىممۇنىتېتلىق چەتكە قېقىش ھادىسىسى**
<فىزىئول> ھۈجەيرە، توقۇلما ياكى
ئەزالار كۆچۈرۈلگەندىن كېيىن،
توقۇلمىلارنىڭ ئۆز ئارا ماسلىشالماسلىقى
سەۋەبىدىن توقۇلما قوبۇل قىلغان
جىسىمنىڭ لىمفا توقۇلمىلىرىدا ئۆزىگە
خاس ئىممۇنىتېتلىق رېئاكسىيە قوزغىلىپ،
كۆچۈرۈلگەن توقۇلما ياكى ئەزاغا قارشى
تۇرىدۇ- دە، ئاخىرى ئۇنى چىرىتىپ
چەتكە قاقىدۇ ھەمدە ئۇنى قوبۇل
قىلغان جىسىم ئىچىدە داۋاملىق ياشاتمايدۇ.
مانا بۇ « ئىممۇنىتېتلىق چەتكە قېقىش
ھادىسىسى » دەپ ئاتىلىدۇ.

**ئىممۇنىتېتلىق خاتىرە** <بىئول> ئورگانىزم
ئىككىنچى قېتىم ئانتىگېنغا يولۇققاندا،
دەسلەپكىگە قارىغاندا تېخىمۇ كۈچلۈك
ئىممۇنىتېتلىق رېئاكسىيە بېرىش قابىلىيىتى.

**ئىممۇنىتېتلىق داۋالاش** <تىب> ئاكتىپ،
پاسسىپ، ياكى ئەنئەنىۋى ئىممۇنىتېت
ئۇسۇللىرى ئارقىلىق كېسەل داۋالايدىغان
بىر خىل ئۇسۇل.

**ئىممۇنىتېتلىق سۈيۈقلۇق بېرىش** <تىب>
تەركىبىدە ئانتىتېلا بولغان قان، قان
پلازمىسى ۋە قان زەردابىنى تومۇردىن
كىرگۈزۈش.

**ئىممۇنىتېتلىق شارچە ئاقسىل** <بىئول>
بىر گۇرۇپپا يېنىك زەنجىر ۋە ئېغىر
زەنجىرنىڭ قوش گۆڭگۈرت بېغى ئارقىلىق
بىرلىشىشىدىن كېلىپ چىققان ئاقسىل.

**ئىممۇنىتېتلىق شارچە ئاقسىل گېنى**
<بىئول> ئىممۇنىتېتلىق شارچە ئاقسىل
تۈزۈلۈشىنى بەلگىلەيدىغان گېن.

**ئىممۇنىتېتلىق فېرمېنت تېخنىكىسى**
<تىب> ئېلېكترونلۇق مىكروسكوپ ئارقىلىق
ئانتىگېن ياكى ئاللېكسىننى پەرقلەندۈرۈشنىڭ
بىر خىل ئۇسۇلى.

**ئىممۇنىتېتلىق قان زەردابى** <بىئول>
خاس يۇقۇملۇق خاراكتېرىدىكى ۋىرۇس
ياكى باكتېرىيىلەرگە قارشى تۇرالايدىغان،
تەركىبىدە ئانتىتېلاسى بار ھەرقانداق
بىر ئىممۇنىتېتلىق قان زەردابى.

**ئىممۇنىتېتلىق قان ئېرىش** <تىب>
ئىممۇنىتېتلىق ھېمولىزىن ئۆزىگە مۇناسىپ
ئانتىگېن بىلەن بىرىكىپ، كومپلېمېنتنىڭ
قاتنىشىدىن پەيدا بولغان قان ئېرىش.

**ئىممۇنىتېتلىق ماددىلار** <بىئول> ئانتىگېن

(ئانا توكسىن، ۋاكسىنا) ۋە ئانتىتېلا (ئانتىتوكسىن، ئىممۇنىتېتلىق شارچە ئاقسىل، ھەر خىل ئانتىسېرۇم) قاتارلىق بىئولوگىيىلىك ياسالمىلارنىڭ ئومۇمىي نامى.

**ئىممۇنىتېتلىق ھۆجەيرە** <بىئول> ① ئىممۇنىتېتلىق ئاكتىپلىقى بار ھەرقانداق بىر ھۆجەيرە. ② ئىممۇنىتېت بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان ھۆجەيرىلەر. ئۇلار تورسىمان ئىچكى پوستلۇق ھۆجەيرە، لىمفا ھۆجەيرىسى، شىرە ھۆجەيرىلىرى ۋە بۇ ھۆجەيرىلەرنىڭ ئالدىنقى تەنچىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

**ئىممۇنىتېتلىق ئۆزگەرتىش** <تىب> ئىممۇنىتېت ئەزاسى يوقلارغا كەم بولغان ئەزانى يېڭىدىن كۆچۈرۈش. مەسىلەن، تۆش بېزى يوقلارغا تۆش بېزى كۆچۈرگەندە ئىممۇنىتېت قابىلىيىتى ئەسلىگە كېلىدۇ.

**ئىممۇنىتېتلىق ئېغىش** <بىئول> ئىممۇنىتېتنىڭ تاللاش خاراكتېرلىك تورمۇزلىنىشى.

**ئىممۇنىتېتلىماق** پ. ئىممۇنىتېت ھاسىل قىلماق.

**ئىمىر-چىمىر** ① ئوچۇق ئەمەس، پەرق ئەتكىلى بولمايدىغان؛ تۇتۇق (كۆز ھەققىدە): كۆز ئىمىر-چىمىر بولماق. * لېكىن ئۇنىڭ كاللىسىغا ھېچ نەرسە چۈشمىدى، كۆزلىرى ئىمىر-چىمىر بولۇپ، قاتتىق ھارغىنلىق ھېس قىلدى. ② ھەر خىل سىزىقلار، رەڭلەر ئۆزئارا قالايمىقان ھالەتتە كېسىشكەن، رەتسىز، تەرتىپسىز: ئىمىر-چىمىر خەت. خەتنى ئىمىر-چىمىر يازماق. * ئۇنىڭدا قۇشلارنىڭ ئىمىر-چىمىر رەسىملىرىمۇ بار ئىدى. * نەيزە بويى ئۆرلىگەن قۇياشنىڭ ئالتۇن نۇرلىرى دەريا دولقۇنلىرىدا ئىمىر-چىمىر بولۇپ كۆرۈندى.

**ئىمىش** ① مەلۇم پاكىتلارغا ياكى باشقىلارنىڭ تونۇشتۇرۇشىغا ئاساسەن كېيىن بىلگەن ياكى يېڭىدىن بىلگەن تەرزدە ئېيتىلغانلىقىنى، يەنى «ئىكەن» مەنىدىكى ياردەمچى سۆز: كارىز سۈيى تاتلىق بولار ئىمىش. * ئاق ئەتىرگۈل بوغنىم، بولدى ئېغىر جىنايەت. چۈنكى ئىمىش ئاق رەڭگىم گۈزەللىككە خىيانەت. ② جۈملىدىكى ئىشنىڭ باشقىلارنىڭ سۆزى بويىچە ئېيتىلغانلىقىنى ھەم بۇ ئىشنىڭ سۆز بولۇۋاتقان ۋاقىت بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ: بۈگۈنكى كىنو بەك ياخشى ئىمىش. * سەن بەك ھاكاۋۇر ئىمىشسەن، ئۇ سەندىن قورقار ئىمىش. ③ ئىنكار-خەۋەر مۇناسىۋىتىدىكى جۈملىلەردە خەۋەرنىڭ ئارقىسىغا كېلىپ، باشقىلارنىڭ سۆز-ھەرىكىتىنى مەنسىتمەسلىك، مەنسىنى بىلدۈرىدۇ: — بۇنداق دەيدىغانلار يەنە خېلى كۆپ ئىمىش، -دېدى خوتۇنى ئادىلنىڭ سۆزىگە پەرۋا قىلمىغان قىياپەتكە كىرىۋېلىپ. * ئۇنىڭ ئاشۇ كونا ئۇنئالغۇسىنى ئالىشۋاتقانلار يەنە بار ئىمىش، كىم ئالسا ئالسۇن. مەن ئالمايمەن!

**ئىملىماق** سۆپ. ئىما قىلماق، ئىما-ئىشارە بىلەن كۆرسەتمەك: خان ئوغۇل شۇندىن كېيىنلا قامچا دەستىسى بىلەن قۇل بازىرى نازارەتچىسىنى ئىملاپ چاقىردى. * يىگىت قىزنى «دەرسكە قارالڭ» دېگەندەك قىلىپ ئوقۇتقۇچى ياققا ئىملاپ قويدى. * ئۇ قولى بىلەن بىر ئورۇندۇقنى كۆرسىتىپ ئادىلنى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلىپ تۇمشۇقى بىلەن پەرىزاتنى ئىملاپ قويدى.

**ئىمىن** (توغرىسى: ئەمىن) → **ئەمىن.**

**ئىن** I ئى. قۇش، ھاشارات ۋە ھايۋانلارنىڭ ياتىدىغان جايى، ئۇۋا: قۇش ئىنى. ئېيىق ئىنى. * نېمىشقا باھار كەلسە بارچە ئادەم، گۈزەللىك تۇيغۇسىغا كۆمۈلىدۇ؟ ئىنىدىن چىقىپ جىمى جان-جانىۋار، پاراغەت دەرياسىغا چۆمۈلىدۇ؟

**ئىن** II ئى ← **بۆلە.**

**ئىن يارماق ← بۆلە يارماق.**

**ئىن** III ئى. پۇراق.

**ئىناق** سۈپ. دوستانە، ئېجىل: ئىناق ئائىلە جەننەتتەك گۈزەل، ئاشۇ جەننەتتە پەرزەنتتۇر مېۋە. // ئۇلار ئۇزۇن يىللار ئىناق ياشاپ ئالەمدىن ئۆتۈپتۇ.

**ئىناقسىز** سۈپ. ئىناق ئەمەس، ئىناق بولمىغان، ئۆزئارا مۇناسىۋىتى يىرىك: ئىناقسىز ئائىلە. ئىناقسىز جەمئىيەت.

**ئىناقسىزلىق** ئى. ئىناق بولالماسلىق، يىرىكلىك (مۇناسىۋەتتە): ئەگەر سۆز-چۆچەك كۆپىيىۋەرسە يولداشلار ئارىسىدا ئىناقسىزلىق پەيدا بولىدۇ.

**ئىناقلاشماق** پ. ئىناق، ئىتتىپاق ئۆتمەك، ئىناق، ئىتتىپاق بولماق: ھېيت — ھەممە كىشى شاد-خۇراملىقتا چۆمىدىغان، ئۇرۇق-تۇغقان، ئاغىنە-بۇرادەرلەر بىر-بىرىنى يوقلايدىغان، ئارازلىشىپ قالغانلارمۇ ئىناقلىشىپ قالىدىغان كۈن.

**ئىناقلىق** ئى. ئىناق ھالەت، ئىتتىپاقلىق: ھەممە كىشى ئىتتىپاقلىقتا، ئىناقلىقتا ئەھمىيەت بېرىشتەك ياخشى كەيپىيات تەدرىجي شەكىللەنمەكتە.

**ئىنئام** ئى (ئە) بىرەر تەشكىلات، كوللېكتىپ ياكى شەخس تەرىپىدىن بېرىلگەن سوۋغا؛ ھەدىيە، تارتۇق، مۇكاپات: ئىنئام بەرمەك. ئىنئام ئالماق. ئىنئام قىلماق. * جەڭچىلەرنىڭ بىر ئېغىزدىن تەستىقلىشى ئارقىلىق ئارسلان ئالاھىدە ئىنئامغا ئېرىشتى.

**ئىنئام قىلماق** بىرەر تەشكىلات، كوللېكتىپ تەرىپىدىن بىرەرىگە سوۋغا بەرمەك، مۇكاپاتلىماق: پادىشاھ ۋە دۆلەت كاتىپلىرى مېنىڭ راست سۆزلىگەنلىكىمگە ئاپىرىنلار ئېيتىپ، ھېلىقى گۆھەرنى، يەنى ھېسابسىز پۇل-ماللارنى قوشۇپ ماڭا ئىنئام قىلدى.

**ئىنان** ئى. تارس. ئىشەنچ، ئېتىقاد.

**ئىنانچى** ئى <تارىخ> قەدىمكى مەنسەپ ياكى ھۆرمەت نامى.

**ئىنانماق** پ. تارس. ئىشەنمەك؛ ئېتىقاد قىلماق.

**ئىناۋەت** ئى (ئە) ① خەلق ئىچىدە ئېرىشكەن ھۆرمەت، ئىززەت، ئابروي، نوپۇز: ئىناۋىتى بار ئادەم. * ئىناۋەت ئالتۇندىن قىممەت. ② نەزەر، ئېتىبار: ئىناۋەتكە ئالماق. * «سېخ مۇدىرلىرى بىلەن ياچېيكا ھەيئەتلىرى دەرھال ئىشخانىغا، يىغىن ئاچىمىز» دەيدىكەنسىز، بۇ تازا مۇۋاپىق ئەمەس. يىغىن ۋە قارارنىڭ ئىناۋىتى بولۇشى كېرەك.

**ئىناۋەت تاپماق** ئەل ئىچىدە ھۆرمەتكە سازاۋەر بولماق: بۇ ئادەم ئۆزىنىڭ ئىبادەتكويلۇقى بىلەن بىزا خەلقى ئىچىدە ئالاھىدە ئىناۋەت تاپقان ئادەملەرنىڭ بىرى.

**ئىناۋەتكە ئالماق** ھېسابقا ئالماق، نەزەرگە ئالماق: ھۆججەتنى ئامانشا بەگكە تاپشۇردۇق، دېسىمۇ ساڭچىلار ئىناۋەتكە ئالماي، خەتسىز ئاش بېرەلمەيمىز، دەپ تۇردى.

**ئىناۋىتى بىر پۇل بولماق ← ئابرويى بىر پۇل بولماق:** ئۇ ھەر دائىم ئۆز كۆمىچىگە چوغ تارتقانلىقى ئۈچۈن، ئىناۋىتى بىر پۇل بولدى.

**ئىناۋىتى بىر تىيىن بولماق ← ئابرويى بىر پۇل بولماق.**

**ئىناۋىتىنى بىر پۇل قىلماق ← ئابرويىنى**

**بىر پۇل قىلماق**: مەن نەق مەيداندا ئۇنىڭ قىلمىشىنى ئېچىپ تاشلاپ ئىناۋىتىنى بىر پۇل قىلدىم.

**ئىناۋىتىنى بىر تىيىن قىلماق** ← **ئابرويىنى بىر تىيىن قىلماق.**

**ئىناۋەتسىز** سۈپ ① ئىناۋىتى يوق، ئىناۋىتى بولمىغان، ئىناۋەتكە ئېلىنمايدىغان: ئىناۋەتسىز ئادەم. ② كۈچتىن قالغان، كۈچكە ئىگە ئەمەس: ئىناۋەتسىز تالون.

**ئىناۋەتسىز قىلماق** كۈچتىن قالدۇرماق.

**ئىناۋەتلىك** سۈپ ① ئىناۋىتى بار، ئىناۋەتكە ئىگە بولغان: ئىناۋەتلىك ئادەم. * شاھزادە ئامان ئون سەككىز ياشقا كىرگەندە، قىدىرشاھ كاتتا توي قىلىپ، ئۆزىنىڭ ئىناۋەتلىك ۋەزىرىنىڭ مەلىكە گۈلچېھرە ئىسىملىك قىزىنى ئېلىپ بېرىپتۇ. ② كۈچتىن قالمىغان، كۈچكە ئىگە، ئۆتىدىغان: ئۆتكەن قېتىمقى ئۇقتۇرۇش ھازىرمۇ ئىناۋەتلىك، ئۇ تېخى كۈچتىن قالغىنى يوق.

**ئىناۋەتلىك ئامانەت-قەرز كوپىراتىپى** <س ئق> دۆلىتىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك كوللېكتىپ ئىگىلىكتىكى ئامانەت-قەرز ئورگىنى، شۇنىڭدەك جۇڭگو يېزا ئىگىلىك بانكىسىنىڭ ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتى.

**ئىناۋەتلىك ئامانەت-قەرز نازارەتچىلىكى** <س ئق> دۆلەت بانكىلىرى ئامانەت پۇل قوبۇل قىلىش، پۇل قەرز بېرىش ۋە ھېساب بوغۇش قاتارلىق كەسپىي پائالىيەت ئارقىلىق، كارخانىلارنىڭ پائالىيەتلىرى ئۈستىدە يۈرگۈزىدىغان نازارەتچىلىك.

**ئىناۋەتلىك پۇل** <س ئق> مېتال پۇل ئورنىدا مۇئەييەن دائىرە ئىچىدە تۆلەش ۋاستىسى ۋە ئوبوروت ۋاستىسى بولىدىغان ئىناۋەتلىك چەكلەر. ئۇ بانكا چېكى، قەرەللىك چەك، پېرېۋوت چېكى، پۇل چېكى، ئالاھىدە پۇل ئېلىش ھوقۇقى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

**ئىناۋەتلىك دوكومېنت** <س ئق> بانكىدىن سېتىۋالغۇچى تەرەپنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن ساتقۇچى تەرەپكە كېسىپ بەرگەن بانكا پۇل چىقىم قىلىشقا كاپالەتلىك قىلىنغان دوكومېنت.

**ئىناۋەتلىك رەقەم** <مات> ئەگەر بىر تەقرىبىي سانىنىڭ خاتالىقىنىڭ مۇتلەق قىممىتى مەلۇم بىر خانىدىكى بىرلىكنىڭ يېرىمىدىن ئېشىپ كەتمىسە، سول تەرەپتىكى نۆلگە تەڭ بولمىغان بىرىنچى رەقەمدىن باشلاپ مۇشۇ خانىدىكى رەقەمگىچە بولغان بارلىق رەقەملەر بۇ تەقرىبىي ساننىڭ «ئىناۋەتلىك رەقەملىرى» دەپ ئاتىلىدۇ.

**ئىناۋەتلىك سان** <فىز> ئىشەنچلىك بولمىغان بىر خانىلىق ساننى ئۆز ئىچىگە ئالغان تەخمىنىي سان.

**ئىناۋەتلىك قارشىلىق** <فىز> ئېلېكتر زەنجىرىدىكى ئېنېرگىيە خورىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان بارلىق قارشىلىقلار.

**ئىناۋەتلىك قەرز** <س ئق> قىممەت پائالىيىتىنىڭ بىر خىل پەۋقۇلئاددە شەكلى، يەنى پۇل ئىگىسى پۇلنى قەرزگە بېرىپ، مەلۇم مەزگىلدىن كېيىن قايتۇرۇپ ئېلىش بىلەن بىللە يەنە مەلۇم ئۆسۈم تەلەپ قىلىدىغان ھەرىكەت.

**ئىناۋەتلىك قەرز ئاۋۇپ كېتىش** <س ئق> ئىناۋەتلىك قەرزنىڭ بەك كۆپىيىپ كېتىش سەۋەبىدىن كېلىپ چىققان پۇل پاخاللىقى.

**ئىناۋەتلىك قەرز كرىزىسى** <س ئق> كاپىتالىزمنىڭ پۇل ئوبوروت ساھەسى ۋە ئىناۋەتلىك قەرز ساھەسىدە كۆرۈلىدىغان جىددىي داۋالغۇش ۋە قالايمىقانچىلىق.

**ئىناۋەتلىك قەرز مۇپەتتىشلىكى** <س ئق> مۇپەتتىشلىك ئىدارىسىنىڭ بانكا ۋە باشقا قەرز پۇل بەرگۈچى ئاپپاراتىنىڭ ھاۋالىسى بويىچە قەرز پۇل ئالغان كارخانا ئۈستىدە ئېلىپ بارىدىغان مۇپەتتىشلىكى.

**ئىناۋەتلىك كارتوچكا** <س ئق> ← **ئىناۋەتلىك كىنىشكا.**

**ئىناۋەتلىك كرېدىت** <س ئق> ← **ئىناۋەتلىك قەرز.**

**ئىناۋەتلىك كوپىراتىپ** <س ئق> ئەمگەكچى خەلق ياكى ئاھالىلار بىرلىشىپ باشقۇرغان، ئىناۋەتلىك قەرز بېرىش كەسپى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئىگىلىك تەشكىلاتى.

**ئىناۋەتلىك كىنىشكا** <س ئق> كارخانىلار ئىستېمالچىلارنىڭ نېسىگە مال سېتىۋېلىشى ئۈچۈن بېرىدىغان ئىناۋەتلىك ئىسپات. ئۇ دەسلەپ كاپىتالىستىك ئەللەردە بارلىققا كەلگەن ۋە ئەۋج ئالغان. ئۇنىڭ بەزىلىرىنى سودا بانكىلىرى تارقىتىدۇ، بەزىلىرىنى بولسا سودا بانكىلىرى بىلەن ئالاقىدار زاۋۇت-كارخانىلار بىرلىكتە تارقىتىدۇ. ئۇنىڭغا كىنىشكا ئالغۇچىنىڭ ئىمزاسى ۋە نومۇرى بېسىلغان بولىدۇ. ئۇنى ئۆز رايونىدىكى ۋە باشقا رايونلاردىكى كۆرسىتىلگەن ماگىزىن، شىركەت، مېھمانخانا، ئاشخانىلاردا ئىشلەتكىلى بولىدۇ.

**ئىناۋەتلىك كىنىشكا راسچوتى** <مال> مال ئالغۇچى ئورۇن ئاۋۋال پۇللىرىنى ھېساب ئاچقان بانكىغا ئامانەت قويۇپ، ئىناۋەتلىك كىنىشكا بېرىشنى ھاۋالە قىلىدىغان، بانكا ھاۋالىگە بىنائەن ياقا يۇرتتىكى مال ساتقۇچى ئورۇن ھېساب ئاچقان بانكىغا، مال ساتقۇچى ئورۇنغا توختام ۋە ئىناۋەتلىك كىنىشكىدىكى بەلگىلىمە بويىچە تارقىتىشنى خەۋەر قىلىپ قويۇشنى ئۇقتۇرغاندىن كېيىن، سېتىۋالغۇچى ئورۇنغا ۋاكالىتەن مال پۇلىنى ئۆزىدىغان بىر خىل راسچوت شەكلى.

**ئىناۋەتلىك ھاۋالە** <مال> ئىناۋەتكە ئاساسەن، باشقىلارنىڭ ھاۋالىسى بويىچە كەسپلەرنى ۋاكالىتەن بېجىرىش كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

**ئىنايەت** ئى (ئە) مەرھەمەت، ئىلتىپات، ياردەم، ياخشىلىق: ئاللانىڭ ئىنايىتى بىلەن مىڭئاياغ، قىرقئاياغ ۋە چايانلار ھالاك بولدى. * ئۇ جىننى ئاللاتائالانىڭ ئىنايىتى بىلەن بەند قىلدىم.

**ئىنەك** ئى. چىشى كالا، سىيىر: ئىنەكنىڭ سۈتى ئاغزىدا (ماقال). * قورۇنىڭ ئىچىدە ھەرھالدا ئەپلەپ-سەپلەپ ياسالغان ئېغىل، ئۇنىڭدا بىر موزايلىق ئىنەك سولاقلىق ئىدى.

**ئىنەكپىتى** ئى (ئىنەك+پىت+ى) <بوت> ← **ئابدىمىلىك.**

**ئىنەكپىتى يېغى** <بوت> ئابدىمىلىكتىن تارتىلغان ماي. باشتىكى يارىغا پايدا قىلىدۇ.

**ئىن-تاڭ** ① تارس. ئىككى خىيال، دېلىغۇل. ② دىئال. ھاڭ-تاڭ.

**ئىنتايىن** رەۋ (ئە) ئۆزى ئېنىقلىماقچى بولغان

سۆزنى كۆچەيتىپ، «ناھايىتى، قالتىس، بەك» دېگەن مەنىلەرنى ئاڭلىتىدۇ: ئىنتايىن مۇھىم. ئىنتايىن جىددىي. * ئايقىز قۇمۇل تەۋەسىدە تۇرۇشنىڭ ئىنتايىن خەۋپلىك ئىكەنلىكىنى چۈشىنىپ، بۇ يەردىن كېتىشكە دەرھال قوشۇلدى.

**ئىنترادا** ئى (ر<ئىتال) <مۇز> ① كىرىش خاراكتېرلىك مۇزىكىلار. ② ھەرقانداق ئاھاڭنىڭ كىرىش قىسمى.

**ئىنتوناتسىيە** ئى (ر<لات) ① <تىل> سۆزلىگۈچىنىڭ نۇتۇق مەزمۇنىغا مۇناسىۋەتلىك ھېس-تۇيغۇسىنى ئىپادىلىگۈچى تەلەپپۇز ئۇسلۇبى ياكى تاۋۇشىنىڭ ئۆزگىرىشىدىن، ئېگىز-پەس بولۇپ تۇرۇشىدىن تەشكىل تاپقان رىتىملىق، ئاھاڭلىق نۇتۇق تۈزۈلۈشى؛ تون. ② <تىل> گراماتىكىلىق ۋاستىلەردىن بىرى، يەنى جۈملىنى تەلەپپۇز قىلغاندا ئاۋازنىڭ يۇقىرى-تۆۋەنلىك، ئۇزۇن-قىسقىلىق، كۈچلۈك-ئاجىزلىق قاتارلىق جەھەتلەردىكى ئۆزگىرىشلىرى. ③ <مۇز> ئاھاڭنىڭ ئەڭ كىچىك مۇستەقىل قىياپىتىگە ئىگە قىسمى. ④ <مۇز> مۇزىكا ئىجراسىدىكى ئاۋازلارنىڭ ئېگىز-پەسلىك مۇناسىۋىتى.

**ئىنتوناتسىيە ئۆزگىرىش** ① <تىل> تىل تاۋۇشىنىڭ يۇقىرى-تۆۋەنلىكىدىكى، يەنى توندىكى ئۆزگىرىش. ② <مۇز> بىرەر مۇزىكىلىق ئاھاڭدا، ئوخشاش بولمىغان مەزمۇننى ئىپادىلەش ۋە مۇزىكىنىڭ ئىپادىلەش كۈچىنى ئاشۇرۇش ئېھتىياجى بىلەن مەلۇم كۈيدىن باشقا بىر كۈيگە ئۆتۈش.

**ئىنتوناتسىيىلىك** سۈپ. ئىنتوناتسىيىسى بار، ئىنتوناتسىيىسى بولغان.

**ئىنتېرفېرومېتىر** ئى (ر<لات+گرېك) <فىز> دولقۇن ئۇزۇنلۇقى، سپېكترنىڭ ئىنچىكە تۈزۈلۈشلىرى، سۇنۇش نىسبىتى ۋە ئىنتايىن كىچىك بولغان سپېكتر يۆتكىلىشلىرىنى ئىنچىكىلىك بىلەن ئۆلچەپ بېكىتىدىغان بىر خىل ئەسۋاب.

**ئىنتېرفېرون** ئى (ر<لات) <بىئول> توقۇلمىلىق تەربىيىلەشتە ياكى ھايۋانلار ئورگانىزمىدا ۋىرۇسلارنىڭ ياكى باشقا ئىنتېرفېروننى ئىندۇكسىيىلىگۈچى دورىلارنىڭ رولى بىلەن ھاسىل بولغان، ۋىرۇسلارنىڭ ئۆسۈشىنى چەكلىگۈچى ئېرىشچان ئاقسىل.

**ئىنتېرفېرېنسىيە** ئى (ر<لات) <فىز> ئىككى ياكى ئىككىدىن ئارتۇق دولقۇن مەنبەسىدىن چىققان، مۇئەييەن شەرتنى قانائەتلەندۈرىدىغان دولقۇنلار بوشلۇقتا قاتلانغاندا كېسىشىش نۇقتىلىرىنىڭ ئوخشىمىغان ئورۇنلىرىدا يۈز بېرىدىغان بىر-بىرىنى كۈچەيتىش ياكى ئاجىزلىتىش ھادىسىسى.

**ئىنتېرفېرېنسىيە شەرتى** <فىز> ئىنتېرفېرېنسىيە ھاسىل بولۇشىنىڭ شەرتلىرى. ئۇلار مۇنۇلاردىن ئىبارەت. (1) ئىككى دولقۇن مەنبەسىنىڭ تەۋرىنىش چاستوتىسى ئوخشاش بولۇشى كېرەك؛ (2) ئىككى دولقۇن مەنبەسىنىڭ فازا پەرقى مۇقىم بولۇشى كېرەك.

**ئىنتېرفېرېنسىيە مىكروسكوپى** <فىز> ئىنتېرفېرومېتىرى بىلەن مىكروسكوپ بىرلەشتۈرۈلگەن ئۆلچەش ئەسۋابى.

**ئىنتېرفېرېنسىيە ھادىسىسى** <فىز> ئىككى ياكى ئۈنىڭدىن ئارتۇق دولقۇنلار ئۆز ئارا ئۇچراشقاندا، مۇئەييەن ئەھۋال ئاستىدا ئۆز ئارا تەسىر كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن، دەۋرىي تەۋرىنىش ئامپلىتۇدىسى ئوخشاش بولغان دولقۇنلار

ئۇچراشقاندا، بەزى جايلاردا تەۋرىنىش كۈچىيىدۇ، باشقا بەزى جايلاردا تەۋرىنىش يوقايدۇ ياكى ئاجىزلىشىدۇ، بۇ خىل ھادىسە «ئىنتېرفېرېنسىيە ھادىسىسى» دەپ ئاتىلىدۇ. ئاۋاز دولقۇنى، يورۇقلۇق دولقۇنى ھەم باشقا ئېلېكتر ماگنىت دولقۇنلىرىنىڭ ھەممىسىدە بۇ خىل ھادىسە مەۋجۇت.

**ئىنتېرفېرېنسىيىلىك** سۈپ. ئىنتېرفېرېنسىيە ھاسىل قىلىدىغان، ئىنتېرفېرېنسىيىسى بار، ئىنتېرفېرېنسىيىگە ئىگە: ئىنتېرفېرېنسىيىلىك يورۇقلۇق سۈزگۈچ.

**ئىنتېرفېرېنسىيىلىك يورۇقلۇق سۈزگۈچ** <فىز> يورۇقلۇقنىڭ ئىنتېرفېرېنسىيىلىشىش پرىنسىپىدىن پايدىلىنىپ، مۇرەككەپ رەڭلىك يورۇقلۇقتىن تېگىشلىك دولقۇن ئۇزۇنلۇقىدىكى يورۇقلۇقنى سۈزۈۋالىدىغان ئەسۋاب.

**ئىنتېرناتسىئونال** ئى (ر<لات) خەلقئارا سىياسىي تەشكىلات يەنى پۈتۈن دۇنيا كوممۇنىستىك پارتىيىلىرى بىلەن كوممۇنىزم تەشكىلاتلىرىنىڭ خەلقئارا بىرلەشمە تەشكىلاتى. 1-ئىنتېرناتسىئونال 1864-يىلى لوندوندا تەسىس قىلىنغان. 2-ئىنتېرناتسىئونال 1889-يىلى پارىژدا قۇرۇلغان. 3-ئىنتېرناتسىئونال لېنىننىڭ تەشەببۇسى بىلەن 1919-يىلى موسكۋادا قۇرۇلغان. ئۇنىڭ ئاساسلىق ۋەزىپىسى ئىشچىلار سىنىپى ۋە باشقا ئەمگەكچى ئاممىنى كوممۇنىزمغا يېتەكلەش، پرولېتارىيات دىكتاتۇرىسىنى ئورنىتىش، كاپىتالىستىك تۈزۈمگە قارشى كۈرەش قىلىشتىن ئىبارەت. ئۇ 1943-يىلى تارقىتىۋېتىلگەن.

**ئىنتېرناتسىئونال شېئىرى** <پەلس> خەلقئارا پرولېتارىياتنىڭ ئىنقىلابىي ناخشىسى. شېئىرنى فرانسىيىلىك ئېۋگېنىي پوتتىئېر يازغان؛ مۇزىكىسىنى پېئېررې. دېگېيتېر ئىشلىگەن.

**ئىنتېرناتسىئونالچى** ئى. ئىنتېرناتسىئونال تەرەپدارى.

**ئىنتېرناتسىئونالىزم** ئى (ر) <پەلس> ماركسىزمنىڭ خەلقئارا پرولېتارىياتنىڭ ئىتتىپاقلىقى توغرىسىدىكى ئىدىيىسى، خەلقئارا كوممۇنىزم ھەرىكىتىنىڭ يېتەكچى پرىنسىپلىرىدىن بىرى. ئۇ پۈتۈن دۇنيا پرولېتارىياتلىرىدىن مىللىي ئازادلىقنى قولغا كەلتۈرۈش، كاپىتالىزم تۈزۈمىنى يوقىتىش ۋە كوممۇنىزم قۇرۇش يولىدىكى كۈرەشتە ماركسىزم-لېنىنىزم پرىنسىپلىرى ئاساسىدا بىرلىشىش، زىچ ئىتتىپاقلىشىش، ئۆز ئارا مەدەت بېرىش، ھەممىدە خەلقئارا پرولېتارىياتنىڭ تۈپ مەنپەئىتىنى ئالدىنقى شەرت قىلىپ، ئۆز مەملىكىتى پرولېتارىياتىنىڭ مەنپەئىتى بىلەن خەلقئارا پرولېتارىياتنىڭ مەنپەئىتىنى بىرلەشتۈرۈش، ئۆز مەملىكىتى خەلقىنىڭ ئىنقىلابىي كۈرىشىنى باشقا ئەللەر خەلقلىرىنىڭ ئىنقىلابىي كۈرەشلىرى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، ئورتاق سىنىپىي دۈشمەنگە قارشى تۇرۇشنى تەلەپ قىلىدۇ.

**ئىنتېرناتسىئونالىزملىق** سۈپ. ئىنتېرناتسىئونالىزم ئىدىيىسى سىڭگەن، ئىنتېرناتسىئونالىزم روھىغا ئىگە بولغان: كۆز ئالدىدىكى مەنپەئەتنى كەلگۈسى مەنپەئەتكە بويسۇندۇرۇشتا چىڭ تۇرىدىغان يۈكسەك ۋەتەنپەرۋەر ۋە ئىنتېرناتسىئونالىزملىق روھنى جارى قىلدۇرىدىغان بولۇش لازىم.

**ئىنتېرۋال** ئى (ر<لات) <مۇز> ئىككى مۇزىكىلىق ئاۋاز ئوتتۇرىسىدىكى ئاۋازنىڭ يۇقىرى-تۆۋەنلىك مۇناسىۋىتى. ئادەتتە گرادۇس ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ.

**ئىنتېگرال** ئى (ر<لات) <مات> ئالىي ماتېماتىكىدا، چەكسىز سانلار يىغىندىسى سۈپىتىدە قارىلىدىغان پۈتۈن مىقدار.

**ئىنتېگرال ئارىلىقى** <مات> ئىنتېگرال ئۇسۇلى ئارقىلىق ئېنىقلانغان ئىككى نۇقتا ئارىلىقى.

**ئىنتېگرال ئەگرى سىزىقى** <مات> f ( x ) فۇنكسىيىسىنىڭ بىر دەسلەپكى فۇنكسىيىسى ( F( X نىڭ گرافىكى ( f ( X نىڭ بىر ئىنتېگرال ئەگرى سىزىقى دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇنىڭ تەڭلىمىسى y=F(X).

**ئىنتېگرال بەلگىسى** <مات> ئىنتېگرالنى ئىپادىلەيدىغان بەلگە، يەنى F. ئۇنى گېرمانىيە ماتېماتىكى لېيبنىز ( 1716—1646 ) ئەڭ دەسلەپ قوللانغان.

**ئىنتېگرال تۇراقلىقى** <مات> ئىنتېگرالدىكى ھەقىقىي تۇراقلىق سان.

**ئىنتېگرال فوتومېتىر** <فىز> فوتومېتىرنىڭ بىر خىلى، يەنى بىرخىل فوتو ئېلېكترلىك فوتومېتىر. يورۇقلۇق مەنبەسىنىڭ ئومۇمىي يورۇقلۇق ئېقىمىنى ئۆلچەش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

**ئىنتېگرال ئىلمى** <مات> ئىنتېگرالنىڭ خۇسۇسىيىتى، ئەمەللىرى ۋە قوللىنىلىشىنى تەتقىق قىلىدىغان پەن.

**ئىنتېگراللاش** «ئىنتېگراللىماق» پېئىلىنىڭ يەنە بىر خىل ئىسمدىشى: ئىنتېگراللاش ئۇسۇلى.

**ئىنتېگراللاش ئۇسۇلى** <مات> بېرىلگەن فۇنكسىيىنىڭ دەسلەپكى فۇنكسىيىسىنى تېپىش ئۇسۇلى.

**ئىنتېگراللانغۇچى** سۈپ. ئىنتېگراللىنىدىغان: ئىنتېگراللانغۇچى فۇنكسىيە. ئىنتېگراللانغۇچى ئىپادە.

**ئىنتېگراللانغۇچى فۇنكسىيە** <مات> دەسلەپكى فۇنكسىيىسىنى تېپىش ئۈچۈن بېرىلگەن فۇنكسىيە.

**ئىنتېگراللانغۇچى ئىپادە** <مات> بېرىلگەن فۇنكسىيىنىڭ دەسلەپكى فۇنكسىيىسىنى تېپىش جەريانىدا كېلىپ چىققان ئىپادە.

**ئىنتېگراللانماق** «ئىنتېگراللىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**ئىنتېگراللىماق** پ <مات> بېرىلگەن فۇنكسىيىنىڭ دەسلەپكى فۇنكسىيىسىنى تاپماق.

**ئىنتىزار** ئى (ئە) تەقەززا بولۇش، كۈتۈش: سىزنىڭ تېزراق قايتىپ كېلىشىڭىزگە ئىنتىزار بولغانىدىم. * تۈندە ھەركىم ئۆگزىسىدە تاغ شامىلىغا بېقىپ «كەل جېنىمنىڭ راھىتى» دەپ تەلمۈرەر بەك ئىنتىزار.

**ئىنتىزار بولماق** تەلمۈرمەك، تەقەززا بولماق، كۈتمەك: ئۇنىڭ كويىدا يۈرگەن يىگىتلەر ئۇنىڭ «لاپ» ئېتىپ بىر بېقىشىغا ئىنتىزار بولۇپ يۈرەتتى. * سېغىنغان دىل مەھبۇبىغا ئىنتىزار بولغان ئانا ئىشىك ئالدىغا بىرنەچچە قېتىم چىقىپ كىردى.

**ئىنتىزار قىلماق** يولىغا قاراتماق، كۈتكۈزمەك، تەلمۈرتمەك: ئەي بەختىيار ئوغلۇم، شاھ قىزىنى مۇنچە ئىنتىزار قىلىپ ئۇنى بىمار قىلىش ياخشى ئەمەس، ۋەدە قىلغان ئىكەنسىز ئۇنىڭ ئۈچۈن سىزمۇ قەرزدار.

**ئىنتىزارلىق** ئى. تەقەززالىق بىلەن كۈتۈش، تەقەززالىق: ئايخان موماي بۇ سوئالغا جاۋاب بەرمەيتتى. ئەمما كۆزلىرى بىلەن يىراقلارغا تەلمۈرۈپ، يورۇقلۇقنى چەكسىز سېغىنغان ئىنتىزارلىق قەلبىنى نامايىش قىلاتتى.

**ئىنتىزام** ئى (ئە) <قا> پارتىيە، ئورگان، ھەربىي قىسىم، تەشكىلات، كارخانا

قاتارلىقلار كوللېكتىپنىڭ مەنپەئەتىنى قوغداش ۋە خىزمەتنى نورمال ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن تۈزگەن، ھەربىر كىشىنىڭ رىئايە قىلىشى زۆرۈر بولغان قائىدە-تەرتىپ: پولاتتەك ئىنتىزام ئاستىدا ئالتۇندەك غەلبە ياتىدۇ.

**ئىنتىزام جازاسى** <قا> مەمۇرىي جازا ۋە پارتىيە ئىجتىمائىي تەشكىلات قاتارلىق ئورۇنلارنىڭ تەشكىلىي ئىنتىزامغا خىلاپلىق قىلغۇچىلارغا ئالاقىدار قائىدە-تۈزۈملەرگە ئاساسەن قوللىنىلىدىغان جازاسى.

**ئىنتىزامچان** سۈپ. ئىنتىزامغا ئاڭلىق بويسۇنىدىغان، تەرتىپلىك: ئىنتىزامچان ئوقۇغۇچى. ئىنتىزامچان كىشى.

**ئىنتىزامچانلىق** «ئىنتىزامچان» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: لەيلىگۈل ئۇلارنىڭ غايىسى، ئەمگەك جاسارىتى، ئىنتىزامچانلىقى توغرىسىدا سۆزلىدى.

**ئىنتىزامسىز** سۈپ. ئىنتىزامى يوق، ئىنتىزامغا ئەمەل قىلمايدىغان، بويسۇنمايدىغان، تەرتىپسىز.

**ئىنتىزامسىزلىق** «ئىنتىزامسىز» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: ئۇنىڭ ئىش تاشلاپ چىقىپ كەتكىنى، چېكىدىن ئاشقان ئىنتىزامسىزلىق.

**ئىنتىزاملاشماق** پ. مۇنتىزىم ئىنتىزام ئورناتماق.

**ئىنتىزاملىق** سۈپ. ئىنتىزامغا رىئايە قىلىدىغان، بويسۇنىدىغان: ئىنتىزاملىق سىنىپ. ئىنتىزاملىق بالا.

**ئىنتىقام** ئى (ئە) بىرەر سەۋەب ياكى دۈشمەنلىشىشتىن كېلىپ چىققان ئۆچ؛ قىساس: ئىنتىقام ئالماق. * بىز قۇدرەتنىڭ كۆڭلىدە دادىسىنىڭ ئىنتىقامى ئوت بولۇپ يانغانلىقىنى كۆردۇق.

**ئىنتىقام ئالماق** قىساسىنى، ئۆچىنى ئالماق: بىز ئۇ يەرگە بېرىپ، كوماندىرىمىز ئەنجانباي ئۈچۈن، قۇربان بولغان ھەممە سەپداشلىرىمىز ئۈچۈن ئىنتىقام ئالىمىز.

**ئىنتىلدۈرمەك** «ئىنتىلمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**ئىنتىلمەك** پ. بىرەر نەرسىگە، بىرەر كىمگە ۋە ياكى بىرەر مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلماق؛ قىزىقماق، تەلمۈرمەك: دەرسكە ئىنتىلمەك. كېلەچەككە ئىنتىلمەك. * مۇنداق گۈزەل غايە ۋە ئۇنىڭغا ئوتتەك قىزغىنلىق بىلەن ئىنتىلىش ياش مۇئەللىمنىڭ سادىق ئالدىدىكى ئابرۇيىنى كۆتۈردى. * ئىلياس قوللىرىنى سوزۇپ ئاتىسىغا ئىنتىلدى.

**ئىنتىلىشچان** سۈپ. ئىنتىلىشكە ئادەتلەنگەن؛ ئىنتىلىپ تۇرىدىغان، ئىنتىلىدىغان: ئىنتىلىشچان ھەرىكەت.

**ئىنتىلىشچانلىق** «ئىنتىلىشچان» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى.

**ئىنتىلىشچانلىق ھەرىكىتى** <بوت> ئۆسۈملۈكلەردە بىر يۆنىلىشتىن كېلىدىغان مۇھىت ئامىلىغا قارىتا يۈز بېرىدىغان تۇراقلىق يۆنىلىشلىك ھەرىكەت. ئۇنىڭ يۆنىلىشى تەسىر يۆنىلىشىگە باغلىق. مەسىلەن، يورۇقلۇقنىڭ تەسىرى بىلەن يورۇقلۇققا ئىنتىلىشچانلىق ھەرىكىتى يۈز بېرىدۇ. يىلتىزدا يەرنىڭ تارتىش كۈچى بىلەن تۇپراققا نىسبەتەن ئىنتىلىشچانلىق ھەرىكىتى يۈز بېرىدۇ.

**ئىنتىم** سۈپ (ر) يۈرەكتىكى سىر، ھېس-تۇيغۇ ۋە شۇ قاتارلىقلارغا ئائىت؛ يۈرەكتىكى؛ سىرلىق: ئىنتىم لىرىكا.

**ئىنتىم لىرىكا** <ئەد> شائىرنىڭ قەلبىدىكى تۈرلۈك ھېس-تۇيغۇلىرىنى

ئەكس ئەتتۈرگۈچى لىرىك شېئىر.

**ئىنجا** I ئى. سادا، ئىنكاس: تاقتى تاق بولغان شەۋكەت ئۈنىڭدىن بىرەر ئىنجا چىقىشىنى تۆت كۆز بىلەن كۈتمەكتە ئىدى. * بەلكىم ئۇلار سەنەدىن بىرەر ئىنجا چىقمىغانلىقىغا قاراپ، سېنى مۇشۇ ئىشنى مەڭگۈ ئىشلەشكە بەل باغلىغان ئوخشايدۇ، دەپ ئويلاپ قېلىشقاندۇ.

**ئىنجا** II ئى ① تىككۈچىلىكتە كىيىملەرنىڭ بەل قىسمىنى ئىنچىكىرەك چىقىرىش ئۈچۈن رەختنىڭ ئازراق يېرىنى قاتلاپ ئۈستىدىن تىكىلگەن تىكىش. ② كىيىمنى بەدەن قۇرۇلمىسىغا مۇۋاپىقلاشتۇرۇش ۋە زىننەت كىرگۈزۈش يۈزىسىدىن، كىيىمنىڭ ھەربىر مۇناسىپ ئورۇنلىرىغا ئېلىنىدىغان ھەر خىل كېسىلمە ۋە قاتلىما بۆلەكلەر.

**ئىنجا ئېلىش** كىيىمنى بەدەن قۇرۇلمىسىغا مۇۋاپىقلاشتۇرۇش ۋە زىننەت كىرگۈزۈش يۈزىسىدىن، كىيىمنىڭ ھەربىر مۇناسىپ ئورۇنلىرىغا ھەر خىل كېسىلمە ۋە قاتلىما بۆلەكلەرنى ئېلىش.

**ئىنجا** III سۆپ. دىئال. ئورۇق، ئاۋاق، ئاجىز، زەئىپ.

**ئىنجىتماق** پ. دىئال. رەنجىتمەك.

**ئىنجىق** ① ئى. بىرەر يەر ئاغرىغاندا ياكى بىرەر ئىشنى قىلىشقا ئاجىز كەلگەندىكى كۈچىنىش، چىڭقىلىش: قان سادەتخانىنىڭ ماغدۇرسىز ۋۇجۇدىغا كۈچ بېغىشلىدى. ئىنجىق، تولغاق باشلاندى. ② سۆپ. ئىشنى غاچ-غاچ قىلمايدىغان، ھەرىكىتى ئاستا؛ مىس-مىس: ئىنجىق ئادەم. ئىنجىق ئايال. // ئۇ ئىنجىقنى نەدىنمۇ تاپقانسەن؟

**ئىنجىقلىق** ئى. ئېزىلەڭگۈلۈك، لايغەزەللىك؛ مىس-مىسلىق: – ئاقچاڭنى بىركۈنى ئالسەن، يۇقىرىنىڭ قارارىنى سەنمۇ ئاڭلىغانغۇ، تولا ئىنجىقلىق قىلمىساڭچى! – دېدى ئۇ.

**ئىنجىقلىماق** پ ① بىرەر ئىشنى كۈچەپ قىلىش ئۈچۈن چىڭقالماق: ئايال ئىككى چېلەك سۇنى ئىنجىقلاپ ئالدى-دە، ئەپكەشكە تاينىپ دېمىنى ئالدى. ② كۆچمە. بىرەر نەرسىنى بېرىش ئېغىر كەلمەك، تەس كەلمەك: – ئالغاندا خوش-خوش دەپ ئالسىز، ئەمدى بېرىدىغان چاغدا ئىنجىقلايسىزغۇ، – دېدى ئاسىم.

**ئىنجىل** ئى (ئە<گرېك) <دىن> ئاللاھدىن ئەيسا پەيغەمبەرگە ئەۋەتىلگەن دەپ قارىلىدىغان خرىستىئان دىنىنىڭ مۇقەددەس كىتابى.

**ئىنجىمارۇق** سۆپ. ئورۇق، ئاۋاق، ئاجىز: ئەكسىچە بۇ ئىنجىمارۇق ئايال جاھىللىق بىلەن كۆزىنى پارقىرىتىپ ئولتۇرۇۋالدى. // سەپرايىمنى ئۆرلەتمە! ھازىر ئۇجۇقتۇرۇۋېتىمەن! يا ئۆلمىدى بۇ ئىنجىمارۇق، جىن تەپكەنلەر.

**ئىنچىكە** سۆپ ① توم ئەمەس، «توم» نىڭ ئەكسى يەنى توغرا كەسمىسى، ئايلانمىسى كىچىك: ئىنچىكە ياغاچ. ئىنچىكە يىپ. * ئۇ سەۋزىنى ئىنچىكە توغراپ، پولۇ ئېتىشكە تۇتۇندى. ② كۆچمە. زىل، بوم ئەمەس: ناخشا ئىنچىكە ئاۋازدا ئېيتىلىۋاتاتتى. * – دادا، ماۋۇ يەرگە چىققىنا، بىر كالا يېتىۋاپتۇ، ئاغرىپ قالدىمۇ-نېمە؟ – سىرتتىن غەيرەتنىڭ ئىنچىكە ئاۋازى ئاڭلاندى. ③ كۆچمە. تەپسىلىي، تۈجۈپىلەپ: كەڭ كۆلەمدە جامائەت پىكرى پەيدا قىلىپ، ئىدىيىۋى-سىياسىي خىزمەت ئىنچىكە، ياخشى ئىشلەندى. * ھەممىلا يەردە ئىنچىكە ھېسابلاپ، ئىسراپچىلىقتىن ساقلىنىشقا دىققەت قىلىش لازىم. ④ كۆچمە. نازۇك: ئەدەبىي تەنقىدنى قانات يايدۇرۇش – زىممىمىزدىكى مۇشكۈل ۋەزىپە، شۇنداقلا ئىنچىكە خىزمەت.

**ئىنچىكە بەل** ئادەم سۆڭگىچىنىڭ ئۈستى، يېتىم قوۋۇرغىسىنىڭ ئاستىنقى قىسمى.

**ئىنچىكە بەل ھەرە** <زوئول> بىر خىل ھاشارات. بېشى شار شەكىللىك سەزگۈ مۈڭگۈزچىسى قوشۇق شەكلىدە، مۈرەككەپ كۆزى تۇخۇم شەكلىدە، ئاددىي كۆزى ئۈچ، قورساق قىسمى يەتتە بوغۇمدىن تەشكىل تاپقان، بەل قىسمى ئىنچىكە كېلىدۇ. لىچىنكىسى باشقا ھاشاراتلارنىڭ لىچىنكىسىنى ئوزۇق قىلىدۇ.

**ئىنچىكە پۆپۈكلۈك يۇلغۇن** <بوت> يۇلغۇننىڭ بىر تۈرى. گۈل رېتى شۇ يىللىق يېڭى شاخنىڭ ئۇچىدا ئۆسىدۇ، گۈلى سىلىق كېلىدۇ. شىنجاڭدىكى تۇرپان، تورخسۇن رايونلىرىغا كۆپ تارقالغان.

**ئىنچىكە تىلى بار** ئاغزىدا دېگىنى بىلەن كۆڭلىگە پۈككىنى ئوخشىمايدىغان، راست گېپىنى بىلگىلى بولمايدىغان، كۆڭلىدە سىر ساقلايدىغان: ئۇنىڭ ئىنچىكە تىلى بارلىقىنى كىم بىلسۇن؟

**ئىنچىكە جاي** جان يەر، جىنسىي ئەزا (ئادەملەرنىڭ) : ئۇ ھېچ ئامال قىلالماي، جان ئاچچىقىدا گايتىنىڭ ئىنچىكە جايىغا ئېسىلدي.

**ئىنچىكە سۇۋاق** تامچىلىقتا قارا سۇۋاقنىڭ ئۈستىگە بېرىدىغان پەرداز سۇۋاق.

**ئىنچىكە قۇيرۇق قارىغۇ چاشقان** <زوئول> سۈت ئەمگۈچى ھايۋان. شەكلى كىرپىگە ئوخشاپ كېتىدۇ. تېنىدە ئوقيا ئوقىغا ئوخشاش تىكەنلىرى بولىدۇ، تىلى ئىنچىكە ھەم ئۇزۇن كېلىدۇ. چىشى بولمايدۇ. تۇخۇم تۇغۇش ئارقىلىق كۆپىيىدۇ، ھاشاراتلارنى ئوزۇق قىلىدۇ، ئاۋستراليىدىن چىقىدۇ.

**ئىنچىكە ئۈچەي** <ئانات> ئۈچەينىڭ ئاشقازان چىقىرىش ئېغىزىدىن باشلاپ سوقۇر ئۈچەيگىچە بولغان بۆلىكى.

**ئىنچىكە ئۈچەي تىۋىتلىرى** <ئانات> ئىنچىكە ئۈچەي دىۋارىنىڭ شىللىق پەردىسىنىڭ يۈزىگە زىچ جايلاشقان، ئىنچىكە، بارماقسىمان ئۆسۈكلەر.

**ئىنچىكە ئۈچەي سۆيۈقلۇقى** <ئانات> ئىنچىكە ئۈچەي شىللىق پەردىسىنىڭ بەزلىرى ئاجرىتىپ چىقىرىدىغان ھەزىم قىلىش سۆيۈقلۇقى.

**ئىنچىكە ئېقىتىپ چۆنەكلەپ سۇغىرىش** <سۇ> چۆنەكلەپ سۇغىرىشنىڭ بىر خىلى. بۇنىڭدا چۆنەك ئۇزۇنراق تارتىلىدۇ، سۇ چۆنەكتە ئىنچىكە ھەم ئۇزۇنراق ئېقىتىلىدۇ ۋە بىر تەرەپتىن ئېقىپ، يەنە بىر تەرەپتىن سىڭىپ زىرائەت يىلتىزىغا بارىدۇ. بۇ خىل ئۇسۇل توپىسى قاتمالراق، سۇ ئاسان سىڭمەيدىغان يەرلەردىكى زىرائەتلەرنى سۇغىرىشقا باپ كېلىدۇ.

**ئىنچىكە ئېگىرىش سېخى** <سانا> يۇڭ ۋە پاختا توقۇمىچىلىق فابرىكلىرىدىكى يىپنى ئىنچىكە ئېگىرىپ بېرىش مەشغۇلاتى ئېلىپ بېرىلىدىغان مەخسۇس سېخ.

**ئىنچىكە يەر** ئىنچىكە جاي: ئۇ ئايالنىڭ ئىنچىكە يېرىگە كېلىشتۈرۈپ بىرنى تەپتى.

**ئىنچىكە يوپۇرماقلىق كەۋرەك** <بوت> كۈنلۈكسىمان گۈللۈكلەر ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. يوپۇرمىقى پەيسىمان مۈرەككەپ يوپۇرماق بولۇپ تار، ئۇزۇن، ئاق رەڭلىك كېلىدۇ.

گۈللىرى كىچىك بولىدۇ. يىلتىزى دورا قىلىنىدۇ، ئاغرىق پەسەيتىش، بەلغەم بوشىتىش رولىغا ئىگە.

**ئىنچىكە يوپۇرماقلىق گۈلساماسىق** <بوت> گۈلساماسىق ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. تەگكىچە غولى تۇخۇم شەكىللىك، رەڭگى ئاق، يوپۇرمىقى تۆمۈرنە شەكلىدە، گۈلى قىزىل. تەگكىچە غولىنى ئىستېمال قىلغىلى بولىدۇ.

**ئىنچىكە يوپۇرماقلىق ھىك** <بوت> كۆنلۈكسىمان گۈللۈكلەر ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. ئېگىزلىكى 50 — 200 سانتىمېتىر. سېسىق پۇرىقى بار، ئوق يىلتىزى تومۇر، قارامتۇل رەڭدە، تۆۋەندىن ئۆسكەن يوپۇرماقلىرىنىڭ سېپى ئۇزۇن، غولىدىكى يوپۇرماقلىرى پەيسىمان مۇرەككەپ يوپۇرماق بولۇپ نۆۋەتلىشىپ ئۆسىدۇ. گۈلى مۇرەككەپ كۆنلۈكسىمان گۈل رېتىدە سېرىق، ئۇششاق بولىدۇ. مېۋىسى قوش ئاسماق مېۋە، شەكلى ياپىلاق، سوقچاق بولىدۇ. غولىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى سۈتلۈك شىرنىسى دورا قىلىنىدۇ، توسالغۇلارنى ئېچىش، مەددە چۈشۈرۈش، زەھەر قايتۇرۇش رولىغا ئىگە.

**ئىنچىكە يىپلىق باسقۇچ** <بئول> يىپلىق بۆلۈنىدىغان ھۈجەيرىلەرنىڭ بۆلۈنۈش ئالدىدىكى ئىنچىكە يىپ ھالىتىدىكى باسقۇچى.

**ئىنچىكە يىپلىق دەۋرى** <بئول> ← **ئىنچىكە يىپلىق باسقۇچ.**

**ئىنچىكىلە تمەك** «ئىنچىكىلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**ئىنچىكىلەشمەك** پ ① ئىنچىكە بولماق، ئىنچىكىلىمەك. ② نازۇك، زىل بولۇپ كەتمەك (مىجەز، خۇلق جەھەتتە).

**ئىنچىكىلىك** «ئىنچىكە» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: بۇ ئىش ئىنچىكىلىك ۋە سەۋرچانلىقنى تەلەپ قىلىدۇ. * مەنمۇ نېمە قىلىشىمنى بىلەلمەي، مۇيەسسەرنىڭ ھەربىر ھەرىكىتىنى ئىنچىكىلىك بىلەن كۆزىتىپ جىممىدە ئولتۇردۇم.

**ئىنچىكىلىك دەرىجىسى** <فىز> كۆپ دەستىلىك يورۇقلۇقنىڭ ئىنتېرفېرېنسىيە تىلىمچىلىرىنىڭ ئىنچىكىلىك دەرىجىسىنى تەسۋىرلەيدىغان مىقدار.

**ئىنچىكىلىمەك** پ ① توغرا كەسمىسى، ئايلانمىسى، كىچىك بولۇپ قالماق، كىچىكلىمەك: تولا تۇتۇپ رېشاتكىمۇ ئىنچىكىلەپ كېتىپتۇ. ② كۆچمە. كۆڭۈل قويماق، زېھنىنى، دىققىتىنى يىغماق: مەن ياتىقىمغا قايتىپ كېلىپ، بۇ خەتنى ئىنچىكىلەپ ئوقۇپ چىقتىم. * بۇنى مەن سىلەرگە ئىشەنمىگەنلىكىمدىن ئېيتىۋاتقىنىم يوق، بەلكى تېخىمۇ ئىنچىكىلەپ تەكشۈرۈش ئېلىپ بارساق، يولنى بىرقەدەر توغۇشلۇق بېسىشىمىزغا پايدىسى بولارمىكىن، دېگەن نوقتىدىن ئېيتىۋاتىمەن. ③ كۆچمە. سۈرۈشتۈرمەك، زىغىرلىماق: ئەجەب ئىنچىكىلەپ سوراپ كەتتىڭىز، ئۇياقنى تونامسىز قانداق؟ * ئەگەر نېمە ئۈچۈن كەتمەكچى ئىكەنلىكىنى ئىنچىكىلەپ سورايدىغان بولسا، رۇقىيەنىڭ ئۆزىمۇ دۇدۇقلاپ ئېنىقراق بىرنېمە دەپ بېرەلمىگەن بولاتتى. ④ كۆچمە. سىنچىلىماق، بىرمۇبىر قارىماق: گۈلخان، ئىنچىكىلەپ قاراپ: — دەل شۇ يوقالغان ئون تاغار ئەمەسمۇ، — دېدى.

**ئىندەك** (توغرىسى: ئۈندەك) ← **ئۈندەك.**

**ئىندىرا** ئى (ر<سانس) <دىن> ۋېدائىزمدىكى

تەبىئەت ئىلاھى، شۇنىڭدەك گۈلدۈرماما، بوران ۋە يامغۇر ئىلاھى، ئۇ يەنە ۋاقتى كەلگەندە ئۇرۇش ئىلاھى بولۇپ، جەڭچى سۈپىتىدە ئۇرۇش هارۋىلىرىغا ئولتۇرۇپ، چاقماقنى قورال سۈپىتىدە قوللىنىدۇ دەپمۇ قارىلىدۇ.

**ئىندوس** ئى (لات) <بوت> ← **ئىندوس قومۇشى.**

**ئىندوس قومۇشى** <بوت> يامبۇكنىڭ بىر تۈرى. غولىنىڭ ئېگىزلىكى 1 — 1.5 مېتىر ئەتراپىدا بولۇپ، ئوتتۇرىسى كاۋاك، بوغۇمى روشەن كېلىدۇ. يوپۇرمىقى كەڭ هەم چوڭ بولۇپ، كۆز پەسلىدە گىرۋەكلىرى ئاقىرىدۇ. يوپۇرمىقىدىن ئائىلە جابدۇقلىرىنى، قالپاق قاتارلىقلارنى توقۇشقا ياكى ئۇنىڭ بىلەن تاگزۇگزا ئوراشقا بولىدۇ.

**ئىندول** ئى (ر<لات) <خىم> ئورگانىك بىرىكمە. مولېكۇلا فورمۇلىسى $C_8H_7N$. رەڭسىز ياكى سۇس سېرىق رەڭلىك ياپراقسىمان كرىستال. كوكس مېيى ۋە چىرىگەن ئاقسىللاردا ساقلىنىدۇ. پۇراقلىق ماتېرىيال، بوياق ۋە دورا ياساشتا ئىشلىتىلىدۇ.

**ئىندۇكتور** ئى (ر<لات) <فىز> ئىندۇكتىپلىق تەسىرنى پەيدا قىلالايدىغان ئەسۋاب. ئادەتتە كاتۇشكىدىن تۈزۈلىدۇ. شۇڭا يەنە « ئىندۇكتىپلىق كاتۇشكا » دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

**ئىندۇكتىپ** سۈپ (ر) <فىز> ئىندۇكسىيىگە ئائىت؛ ئىندۇكسىيىگە ئاساسلانغان؛ ئىندۇكسىيە ئارقىلىق سادىر بولىدىغان، ۋۇجۇدقا كېلىدىغان: ئىندۇكتىپ رېئاكتىپ قارشىلىق.

**ئىندۇكتىپ رېئاكتىپ قارشىلىق** <فىز> ئىندۇكتىپ توك يولىنىڭ ئۆزگىرىشچان توكقا قارشىلىق قىلىش رولى. بەلگىسى X.

**ئىندۇكتىپلىق** ① « ئىندۇكتىپ » سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى. ② <فىز> ئۆز ئىندۇكسىيە بىلەن ئۆزئارا ئىندۇكسىيىنىڭ ئومۇمىي نامى.

**ئىندۇكتىپلىق توسقۇنلۇق** <فىز> ئىندۇكتىپلىقنىڭ ئۆزگىرىشچان توكقا توسقۇنلۇق قىلىش رولى. بىرلىكى ئوم.

**ئىندۇكتىپلىق كاتۇشكا** <فىز> ← **ئىندۇكتور.**

**ئىندۇكتىپلىق كوئېففىتسېنتى** <فىز> ← **ئىندۇكتىپلىق.**

**ئىندۇكسىئون** سۈپ (ر) <فىز> ئىندۇكسىيىگە ئائىت؛ ئىندۇكسىيە نەتىجىسىدە پەيدا بولغان: ئىندۇكسىئون توك. ئىندۇكسىئون زەرەت.

**ئىندۇكسىئون توك** <فىز> ئېلېكتروماگنىت ئىندۇكسىيىسى سەۋەبىدىن ئۆتكۈزگۈچتە هاسىل بولىدىغان توك.

**ئىندۇكسىئون زەرەت** <فىز> ئۆتكۈزگۈچ جىسىم زەرەتلەنگەن جىسىمغا يېقىنلاشقاندا، ئېلېكتروستاتىك ئىندۇكسىيە سەۋەبىدىن ئۇنىڭ يۈزىدە پەيدا بولىدىغان زەرەتلەر.

**ئىندۇكسىئون موتور** <فىز> ئېلېكتر ئېنېرگىيىسىنى مېخانىكىلىق ئېنېرگىيىگە ئايلاندۇرىدىغان قۇرۇلما. ئۇ ئاساسلىق ستاتور ۋە روتوردىن ئىبارەت ئىككى قىسىمدىن تەركىب تاپقان.

**ئىندۇكسىئون ئېلېكتر مەيدانى** <فىز> ئۆزگىرىۋاتقان ماگنىت مەيدانى قوزغايدىغان ئېلېكتر مەيدانى. ئۇ ئېلېكتروستاتىك مەيدانغا ئوخشىمايدۇ.

**ئىندۇكسىئون ئېلېكتر يۈرگۈزگۈچى كۈچ**

<فىز> ماگنىت مەيدانىنىڭ ئۆزگىرىشىدىن ھاسىل بولغان ئېلېكتر يۈرگۈزگۈچى كۈچ.

**ئىندۇكسىيە** ئى (ر<لات) ① <لوگ> قىسمەن ھادىسىلەردىن ئومۇمىي نەتىجە چىقىرىش، ئايرىم پاكىتلاردىن ئومۇمىي خۇلاسىگە كېلىش. ② <فىز> بەزى جىسىملارغا ياكى ئېلېكتر ماگنىت قۇرۇلمىلىرىنىڭ ئېلېكتر مەيدانى ياكى ماگنىت مەيدانىنىڭ تەسىرىگە ئۇچراش بىلەن ئېلېكتر ماگنىتلىق ھالىتىدە ئۆزگىرىش ھاسىل قىلىشى.

**ئىندۇكسىيە پرىنسىپى** <مات> خالىغان بىر تەبىئىي سانلار توپلىمى 1 نى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولسا ھەمدە a نى شۇنداقلا a نىڭ ئارقىسىدىن كېلىدىغان سان a نىمۇ چوقۇم ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ دېسەك، ئۇ ھالدا بۇ توپلام بارلىق تەبىئىي سانلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، مانا بۇ «ئىندۇكسىيە پرىنسىپى» دەپ ئاتىلىدۇ.

**ئىندۇكسىيە كاتۇشكىسى** <فىز> ئېلېكتر بېسىمى ئېلېكتر مەنبەسىدىن يۇقىرى بولغان ئىمپۇلس توكقا ئېرىشىشتە ئىشلىتىلىدىغان قۇرۇلما. ئادەتتە بىر دانە ترانسفورماتور ۋە بىر دانە ئالاھىدە ۋېكلىيۇچاتېلدىن تۈزۈلىدۇ.

**ئىندۇكسىيە ئۇسۇلى** <مات> ئايرىم شەيئىلەر (ياكى ھادىسىلەر) ئوتتۇرىسىدىكى ھۆكۈم بويىچە مۇشۇ تۈردىكى شەيئىلەر (ياكى ھادىسىلەر) ئۈستىدە ئومۇمىيلىققا ئىگە بولغان يەكۈن چىقىرىشتىن ئىبارەت ئىلمىي خۇلاسە چىقىرىش ئۇسۇلى.

**ئىندۇكسىيلەپ** «ئىندۇكسىيلىمەك» پېئىلىنىڭ رەۋىشدىشى: ئىندۇكسىيلەپ سورت يېتىشتۈرۈش.

**ئىندۇكسىيلەپ سورت يېتىشتۈرۈش** <بىئول> سۈنئىي شارائىت ئاستىدا فىزىكا، خىمىيە قاتارلىق ئامىللاردىن پايدىلىنىپ جانلىقلارنى تۇساتتىن ئۆزگىرىش پەيدا قىلىشقا ئىندۇكسىيلەپ، شۇلارنىڭ ئىچىدىن ھايۋان، ئۆسۈملۈك ۋە مىكروئورگانىزملارنىڭ يېڭى سورتىنى تاللاش ۋە يېتىشتۈرۈش.

**ئىندۇكسىيلەنگەن** «ئىندۇكسىيلەنمەك» پېئىلىنىڭ سۈپەتدىشى: ئىندۇكسىيلەنگەن تۇساتتىن ئۆزگىرىش.

**ئىندۇكسىيلەنگەن تۇساتتىن ئۆزگىرىش** <بىئول> جانلىق ئورگانىزملارنى ئاڭلىق تۈردە فىزىكا، خىمىيىلىك ئۇسۇللار بىلەن بىر تەرەپ قىلىپ، ئىرسىي ماددىسىدا ئۆزگىرىش پەيدا قىلدۇرۇش. ئۇ خروموسوملارنىڭ غەلىتە ئۆزگىرىشى ۋە گېنلارنىڭ تۇساتتىن ئۆزگىرىشىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

**ئىندۇكسىيلەنمەك** «ئىندۇكسىيلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**ئىندۇكسىيىلىك** ئى. ئىندۇكسىيىسى بار، ئىندۇكسىيىگە ئىگە: ئىندۇكسىيىلىك ئەقلىي خۇلاسە.

**ئىندۇكسىيىلىك ئەقلىي خۇلاسە** <لوگ> ئالاھىدىلىكنىڭ ئالدىنقى شەرتىدىن ئومۇمىيلىقنىڭ يەكۈنىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىش ئارقىلىق ئېرىشىلگەن خۇلاسە.

**ئىندۇكسىيىلىك باغلىنىش** <فىز> ئوچۇق زەنجىردە تەۋرەنمە توك ھاسىل قىلىشنىڭ بىر خىل ئۇسۇلى. تۇيۇق كونتۇردا تەۋرەنمە توك پەيدا بولغان چاغدا، ئۆز ئىندۇكسىيە تۈپەيلىدىن ئوچۇق زەنجىردە ئوخشاش چاستوتىلىق تەۋرەنمە توك ھاسىل بولۇپ، ئوچۇق زەنجىر سىرتىغا قارىتا ئېلېكترماگنىت دولقۇنىنى تارقىتىدۇ.

**ئىندۇكسىيىلىك توك** <فىز> ئېلېكتر ماگنىت ئىندۇكسىيىسىدىن ھاسىل بولغان توك. مەسىلەن، شەھەر ئاھالىسىنى تەمىنلەيدىغان توك ئىندۇكسىيىلىك توكتۇر.

**ئىندۇكسىيىلىك خۇلاسە** <لوگ> ← **ئىندۇكسىيىلىك ئەقلىي خۇلاسە.**

**ئىندۇكسىيىلىك زەرەتلەش ماشىنىسى** <فىز> ئايلىنىۋاتقان دىسكىدىن پايدىلىنىپ ئىندۇكسىيە ئارقىلىق زەرەتلەيدىغان قۇرۇلما.

**ئىندۇكسىيىلىك قىزدۇرۇش** <فىز> ئۆزگىرىۋاتقان ئېلېكتر ماگنىت مەيدانى ئۆتكۈزگۈچنىڭ ئىچكى قىسمىدا ھاسىل قىلغان قايىنامىسمان توك كەلتۈرۈپ چىقارغان ئېنېرگىيە خورىشىنى ئىسسىقلىق ئېنېرگىيىسىگە ئايلاندۇرۇشتىن پايدىلىنىپ قىزدۇرۇش ئۇسۇلى.

**ئىندۇكسىيىلىك كۆرسەتكۈچ ئەسۋاب** <فىز> تۆمۈر ئۆزەكلىك ئىككى كاتۇشكا بىلەن ئوقىغا ئورنىتىلغان ئاليۇمىن دىسكىدىن تۈزۈلگەن ئېلېكترلىك كۆرسەتكۈچ ئەسۋاب. بۇنىڭدا بىر كاتۇشكا ھاسىل قىلغان ئۆزگىرىشچان ماگنىت مەيدانى ئاليۇمىن دىسكىدا ئىندۇكسىيىلىك قايىنامىسمان توك پەيدا قىلىپ، يەنە بىر كاتۇشكا ھاسىل قىلغان ئۆزگىرىشچان ماگنىت مەيدانى بىلەن تەسىرلىشىدۇ، بۇنىڭ بىلەن ئاليۇمىن دىسكا ئايلىنىپ تەكشۈرۈش ۋە ئۆلچەش ئېلىپ بارىدۇ. بۇ خىل ئەسۋاب ئاساسەن ئېلېكتر ئېنېرگىيىسىنى ئۆلچەشتە ئىشلىتىلىدۇ.

**ئىندۇكسىيىلىك ئېلېكتر يۈرگۈزگۈچى كۈچ** <فىز> ئېلېكتر ماگنىت ئىندۇكسىيىسى سەۋەبىدىن ئۆتكۈزگۈچتە ھاسىل بولغان ئېلېكتر يۈرگۈزگۈچى كۈچ.

**ئىندۇكسىيىلىمەك** پ. ئىندۇكسىيە ياكى ئىندۇكسىيە ھادىسىسىنى پەيدا قىلماق.

**ئىندېكس** ئى (ر<لات) ① <ئەد> گېزىت-ژۇرنال، كىتاب، ئەسەرلەر، ئۇلاردىكى سۆز-ئىبارىلەر قاتارلىقلارنى ئۆز تۈرى بويىچە ياكى مەزمۇن-مەنىسى بويىچە خاتىرىلىۋېلىپ، ھەربىرىنىڭ بەت نومۇرىنى كۆرسىتىپ، بەلگىلىك رەت-تەرتىپ بويىچە رەتلەپ چىقىپ، كىشىلەرنىڭ پايدىلىنىشى ئۈچۈن ھازىرلانغان ماتېرىيال: كىتابلار ئىندېكسى. تۈركىي تىللار دىۋانىنىڭ ئىندېكسى. ② <مات> ئاساسەن بەلگە ئاستىغا قويۇلىدىغان ھەرپلىك ياكى سانلىق كۆرسەتكۈچ.

**ئىندېكس ئېللىپسوئىد** <فىز> ئانىزوتروپىك مۇھىتنىڭ سۇندۇرۇش كۆرسەتكۈچى بىلەن يورۇقلۇقنىڭ تارقىلىش يۆنىلىشى ۋە يورۇقلۇق دولقۇنى ئېلېكتر مەيدانىنىڭ كۈچلۈكلۈكى ۋېكتورىنىڭ يۆنىلىشى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتلەرنى تەسۋىرلەيدىغان ئېللىپسوئىد.

**ئىندېن** ئى (ئىنگ) <خىم> ئورگانىك بىرىكمە. مولېكۇلا فورمۇلىسى $C_9H_8$ رەڭسىز سۇيۇقلۇق. خىمىيىۋى خۇسۇسىيىتى ئاكتىپ، ئوڭايلا پولىمېرلىنىش رېئاكسىيىسىنى پەيدا قىلىدۇ. سىنتېتىك سمولا ئىشلەشنىڭ خام ئەشياسى. ئادەتتە باشقا سۇيۇق ھالەتتىكى ئالكانلار بىلەن ئارىلاشتۇرۇلۇپ، سىرنىڭ ئېرىتكۈچىسى قىلىنىدۇ.

**ئىندىئان** ئى <ئىرق> ← **ئىندىئانلار.**

**ئىندىئان تىلى** <تىل> ئامېرىكا

قىتئەسىدىكى يەرلىك ئاھالىلارنىڭ تىلى. بۇ تىل توققۇز چوڭ تىل سىستېمىسىغا بۆلۈنىدۇ، بەزىلىرىنىڭ يېزىقى بار.

**ئىندىئانلار** ئى <ئىرق> ئامېرىكا قىتئەسىدىكى يەرلىك مىللەتلەرنىڭ ئومۇمىي نامى. بۇ ئىسمىنى ساياھەتچى كولۇمبو (Gristoforo Colombo (1451—1506)) ئامېرىكىدىكى يەرلىك ئاھالىلارغا ئىسىم قىلىپ قويغان. كېيىن بۇ ئۇلارنىڭ رەسمىي مىللەت نامى بولۇپ قالغان. ئىندىئانلارنىڭ تېرىسى قىزىلغا مايىل قارا بولۇپ، ئىلگىرى قىزىل ئىرقتىكىلەر دەپ ئاتالغان. ئۇلارنىڭ كۆپچىلىكى ئوتتۇرا، جەنۇبىي ئامېرىكا قىتئەسىدىكى ھەرقايسى دۆلەتلەرگە ئولتۇراقلاشقان.

**ئىندىكاتور** ئى (ر<لات) ① <خىم> بىر تۈردىكى خىمىيىۋى رېئاكتىپ. ئۇ ماددىلارنىڭ مەلۇم بىرىكمە، ئېلېمېنت ياكى ئىئونىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى تەكشۈرۈشتە ياكى شۇ ماددىنىڭ خىمىيىلىك خۇسۇسىيىتىنىڭ ئۆزگەرگەن-ئۆزگەرمىگەنلىكىنى تەكشۈرۈشتە ئىشلىتىلىدۇ. ئىندىكاتورلارنىڭ رەڭ ئۆزگىرىشى نۇرلىنىش ئۆزگىرىشى ياكى لايىقلىنىش دەرىجىسىنىڭ ئۆزگىرىشىدىن پايدىلىنىدۇ. ② <فىز> تەكشۈرگۈچى ئاپپاراتلار ئاسان پەرقلەندۈرۈلەيدىغان، شۇنىڭدەك ئىز كۆرسىتىشتە ئىشلىتىلىدىغان بىر خىل ماددا. رادىئوئاكتىپ ئىندىكاتور ۋە كەم ئۇچرايدىغان تۇراقلىق ئىزوتوپ ئىندىكاتورلىرى دەپ ئىككى خىلغا بۆلۈنىدۇ.

**ئىندىكاتورنىڭ رەڭ ئۆزگەرتىش دائىرىسى** <خىم> ئىندىكاتورلاردا رەڭ ئۆزگىرىشى يۈز بېرىدىغان PH قىممىتى دائىرىسى.

**ئىندىمەك** (توغرىسى: ئۈندىمەك) ← ئۈندىمەك.

**ئىندىن** ئى. ئۆگۈندىن كېيىنكى چىندىندىن بۇرۇنقى كۈن.

**ئىندىنلىق** «ئىندىن» سۆزىنىڭ ئابستراكت ئىسىم شەكلى: ئۇ ئىندىنلىققا كېلىدۇ. * ئىندىنلىققا يولغا چىقىمىز.

**ئىندىۋىد** ئى (د) ئۆزىگە مۇستەقىل ھەربىر تىرىك نەرسە (يەنى ئورگانىزم، جانىۋار ياكى ئۆسۈملۈك).

**ئىندىۋىدلىق** ① سۈپ. ئىندىۋىدى بار، ئىندىۋىدقا ئىگە. ② رەۋ. ئىندىۋىدى بار ھالەتتە، ئىندىۋىدقا ئىگە ھالدا: ئىندىۋىدلىق يېتىلىش.

**ئىندىۋىدلىق يېتىلىش** <بىئول> كۆپ ھۈجەيرىلىك جانلىقلارنىڭ ئوزۇقلانغان تۇخۇمىنىڭ يېتىلىشىدىن باشلاپ ئىندىۋىدنىڭ ئۆلۈپ كېتىشىگىچە بولغان بارلىق يېتىلىش جەريانى.

**ئىندىۋىدۇئال** سۈپ (د) بىرەر شەخسكە خاس، شەخسىي، خۇسۇسىي: ئىندىۋىدۇئال خۇسۇسىيەت.

**ئىندىۋىدۇئال پسىخكىلىق تىلشۇناسلىق ئېقىمى** <تىل> تىلشۇناسلىق ئېقىملىرىدىن بىرى. ئۇ XX ئەسىرنىڭ 70-يىللىرىدا شەكىللەنگەن. بۇ ئېقىمدىكىلەرنىڭ نەزەرىدە تىلنىڭ ئۆزگىرىشى قائىدىلىك بولىدۇ دەپ قارىلىپ جانلىق تىل (ھازىر قوللىنىلىۋاتقان تىرىك تىل) ۋە دىئالېكتنى تەتقىق قىلىشقا ئەھمىيەت بېرىش تەكىتلەنگەن ھەمدە تىل ماتېرىياللىرىنى يىغىش ۋە ئۇنى ئانالىز قىلىشقا ئەھمىيەت بېرىلگەن بولسىمۇ، لېكىن ئىندىۋىدۇئال پسىخكىلىق پائالىيەتلەر (شەخسلەرنىڭ

پسىخىكىلىق پائالىيەتلىرى) تىل تەرەققىياتىغا ئاساسىي سەۋەب بولغۇچى نەرسە دەپ قارالغان.

**ئىندىۋىدۇئاللاشتۇرماق** «ئىندىۋىدئاللاشماق» نىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**ئىندىۋىدۇئاللاشتۇرۇش** ① «ئىندىۋىدۇئاللاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ يەنە بىر خىل ئىسمدىشى. ② <ئەد> پېرسوناژلارنىڭ خاسلىقىنى توغرا تەسۋىرلەش، ئۇلارنىڭ شەخسىي ئالاھىدىلىكلىرىنى تولۇق ئىپادىلەش ئارقىلىق، پېرسوناژلار ئوبرازىنى تېخىمۇ روشەن، ئېنىق قىلىپ تەسۋىرلەش.

**ئىندىۋىدۇئاللاشتۇرۇلماق** «ئىندىۋىدۇئاللاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجهۇل دەرىجىسى.

**ئىندىۋىدۇئاللاشماق** پ. خاسلاشماق، خۇسۇسىيلاشماق.

**ئىندىۋىدۇئاللىق** ① «ئىندىۋىدۇئال» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى. ② <پسىخول> كىشىنىڭ مەلۇم ئىجتىمائىي شارائىت ۋە تەربىيە ئارقىسىدا شەكىللەنگەن بىرقەدەر تۇراقلىق خۇسۇسىيىتى. ③ <ئەد> ئەدەبىيات-سەنئەت ئەسەرلىرىدە تەسۋىرلەنگەن پېرسوناژلارنىڭ ئۆزىگە خاس خاراكتېر ئالاھىدىلىكى.

**ئىندىۋىدۇئاللىق پەرقى** <پسىخول> كىشىلەرنىڭ ئوخشاش بولمىغان پسىخىكىلىق ئالاھىدىلىكلىرى.

**ئىندىي** ئى (ر<لات) <خىم> مېتال ئېلېمېنت. بەلگىسى In (indium). كۈمۈش رەڭدە، سوزۇلۇشچانلىقى ئىگە، قوغۇشۇندىن يۇمشاق. ئادەتتە قېتىشما ئىشلەشتە ئىشلىتىلىدۇ. ئۇ يەنە كۆزنىش چىرىغىنىڭ نۇر قايتۇرۇش ئەينىكىنىڭ نۇر قايتۇرۇش قابىلىيىتىنى ئاشۇرالايدۇ.

**ئىنژېنېر** ئى (ر<فران) تېخنىك خادىملارغا بېرىلىدىغان، ئوتتۇرا دەرىجىلىك ئىلمىي ئۇنۋان ياكى تېخنىكىنىڭ بىرەر ساھەسى بويىچە ئالىي مەلۇماتقا ئىگە بولغان مۇتەخەسسىس.

**ئىنژېنېرلىق** ئى. ئىنژېنېرغا يۈكلەنگەن خىزمەت، ۋەزىپە: ئىنژېنېرلىق قىلماق.

**ئىنژېنېرلىق پېترولوگىيىسى** <گېئول> تۇپا ۋە تاغ جىنسلىرىنىڭ ئىنژېنېرلىق گېئولوگىيىلىك خۇسۇسىيىتىنى تەتقىق قىلىدىغان پەن. ئادەتتە ئۇ ئىنژېنېرلىق گېئولوگىيىسىنىڭ مۇھىم نەزەرىيىۋى ئاساسلىرىدىن بىرى ھېسابلىنىدۇ.

**ئىنژېنېرلىق گېئولوگىيىسى** <گېئول> گېئولوگىيىنىڭ بىر تارمىقى يەنى ئىنسانلار پائالىيىتى ۋە قۇرۇلۇش ئىشلىرىغا ئالاقىدار تۈرلۈك گېئولوگىيىلىك مەسىلىلەرنى تەكشۈرىدىغان، تەتقىق قىلىدىغان ۋە ھەل قىلىدىغان پەن.

**ئىنژېنېرلىق گېئولوگىيىسى خەرىتىسى** <گېئول> قۇرۇلۇشنىڭ گېئولوگىيىلىك شارائىتىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدىغان ۋە ئۇنىڭغا باھا بېرىدىغان ئىنژېنېرلىق گېئولوگىيىسىگە ئائىت بەزى مەسىلىلەرنى تەھلىل قىلىدىغان ۋە مۆلچەرلەيدىغان مەخسۇس گېئولوگىيىلىك خەرىتە.

**ئىنساپ** ئى (ئە) ھەرقانداق ئىشنى ئادالەت ۋە ۋىجدان بىلەن قىلىش تۇيغۇسى، قابىلىيىتى؛ توغرىلىق، ئادىللىق، ھالاللىق؛ رەھىمدىللىك: ئىنساپ بىلەن ئىش قىلماق. * ئۇنى سەۋەبچى بولدى، دېگەن كىشلەرمۇ ئىنساپ قىلىشى كېرەك، ئەلۋەتتە. * بوۋاي: — تېزەك قالاپ جاننى قىيناش پەرھىزمىدى،

ئىنساپ قىلىڭلار! — دەپ بىر ئىككى ئېغىز ھەق گەپنى ئېيتىپتۇ.

**ئىنساپ بەرمەك** ئىنساپ ئاتا قىلماق: — خۇدايىم ئۆزى ئىنساپ بەرسۇن «ئوتتۇرىدا بۇرۇن بولمىسا، ئۇ كۆز بۇ كۆزنى يەيدۇ» دەپتىكەن، — دېدى زورىخان.

**ئىنساپقا كەلمەك** ئىنساپ بىلەن ئىش قىلماق، ئىنساپ قىلماق: ھەي قىزىم، ئۇقتۇڭمۇ، داداڭ خېلى ئىنساپقا كېلىپ قېلىپتۇ، قانداق رەختتىن كۆڭلەك كىيسىلەر؟ * باي ئىنساپقا كەلسە ياخشى بولاتتى.

**ئىنساپ قىلماق** رەھىم قىلماق؛ ئىنساپ بىلەن ئىش قىلماق: — ئىنساپ قىلسىلا ھاجىم، — دېدى پاكار، دوغىلاق كەلگەن باقىنياز دېھقان، — ئانداق دېگىچە ھەممىسلا بىزنىڭ ئۆيدە قونسۇن دېمەملا. * بىر سەرگە ئالغان مالنى ئىنساپ قىلسام بىر سەر ئىككى مىسقالغا، ئىنساپ قىلمىسام بىر يېرىم سەرگە ئالدىم دەپ يالغان ئېيتىپ سېتىشىم كېرەك.

**ئىنساپ كۆتۈرۈلمەك** ھايا-نومۇس، قانائەت، ئىنساپ يوقالماق: ھازىر يۇرتتا ئىنساپ كۆتۈرۈلۈپ، بىر-بىرىدىن سەت، بىر-بىرىدىن دەھشەتلىك ئىشلار بولۇۋاتىدۇ.

**ئىنساپ-تەۋپىق** ئىنساپ ۋە تەۋپىق: — خۇدايىتائالادىن خامۇشقا ئىنساپ-تەۋپىق تىلەيلى، مۇبادا يامانلىق قىلمەن دېسە، جازاسىنى خۇدايىم بەرسۇن، — دېدى تۆمۈر خەلپە. * بۇ ئالتۇن قىزىمىز يا ئۆزىگە ئوخشاش ئىنساپ-تەۋپىقلىق بىر ۋاپادار قىز تۇغۇپ بېرىدۇ، يا ئامانقۇلغا ئوخشاش باتۇر بىر ئوغۇل نەۋرە كۆرۈرلا.

**ئىنساپ-دىيانەت** ئىنساپ ۋە دىيانەت: — بىز ھەممىمىز مۇسۇلمان، ئىنساپ-دىيانەت مۇسۇلمان ئەقىدىسىنىڭ جەۋھىرى.

**ئىنساپسىز** سۈپ. ئىنساپى يوق، ئىنساپى قالمىغان: ئىنساپسىز بالا. * ئىنساپسىز قوشۇق سالسا، يەتتە ئوتلاپتۇ (ماقال). * — ئىنساپسىز بولغانىدىكىن كېيىن ئۇنىمۇ قىلارسەن تېخى! — دەپتۇ تۆگە غەزەپلىنىپ.

**ئىنساپسىزلىق** «ئىنساپسىز» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: ئىنساپسىزلىق قىلماق. * — نېمە بۇ، بىرلا ئۆزۈم چېلىشىم كېرەكمۇ! بۇ ئىنساپسىزلىقتۇ، — دېدى ئۇ. * ياشلار ئىنساپسىزلىق پاتقىقىغا پاتقان چاغدا ۋىجدان ئەيىنىكىگە قاراپ بېقىشقا جۈرئەت قىلالمايدۇ.

**ئىنساپلىق** سۈپ. ئىنساپى بار، ئىنساپىنى ئۇنتۇمىغان: داداڭ ئۆزى كەمبەغەل بولغان بىلەن كىشىنىڭ ھەققىدىن قورقىدىغان ئىنساپلىق، ئىشچان ئادەم ئىدى. // ئىنساپلىقنىڭ دىلى ساپ (ماقال).

**ئىنسان** ئى (ئە) ئادەم، كىشى: ئىنسان بالىسى. ئۇلۇغ ئىنسان. * دۇنيادا ناخشا ئېيتمىغان ۋە ئۇنى چىن يۈرىكىدىن سۆيۈپ ئاڭلىمىغان بىرەر ئىنسان بارمىكىن؟

**ئىنسان ئايىغى باسمىغان** ئىنسانلار بېرىپ باقمىغان، ئىنسانلار تېخى ياشىمىغان، ئادەمدىن خالىي: ئىنسان ئايىغى تەگمىگەن چۆللۈكلەر ھازىر بوستانلىققا ئايلاندى.

**ئىنسان تەبىئىتى** <پەلس> ئىنساننىڭ ماھىيەتلىك خۇسۇسىيىتى. ئۇ ئىنسانلارنىڭ «تەبىئىي خۇسۇسىيىتى» بىلەن سىنىپىيلىقتىن خالىي بولغان ئىجتىمائىي خۇسۇسىيىتىدىن ئىبارەت ئىككى قىسمىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

**ئىنسان تەبىئىتى نەزەرىيىسى** <پەلس> ئادەملەرنىڭ ئىجتىمائىيلىقى ۋە سىنىپىيلىقىنى قايرىپ قويۇپ، ئۇلاردىكى ئورتاق بولغان ماھىيىتىنىڭ خاسلىقىنى بايان قىلىدىغان بىر خىل نۇقتىئىنەزەر ياكى تەلىمات.

**ئىنسان قېلىپىدىن چىقماق** ئادىمىيلىقىنى يوقاتماق، ۋەھشىيلىك قىلماق: ئىنسان قېلىپىدىن چىققان بۇ ياۋۇزلار، يۇرت خەلقىنى

تىرىپىرەن قىلىۋەتتى.

**ئىنسانلار بىلەن يەرنىڭ مۇناسىۋىتى** <جۇغ> ئىنسانلارنىڭ جۇغراپىيىلىك مۇھىتنى بىلىش، ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش ۋە ئۇنى ئۆزگەرتىش جەريانىدا يۈز بەرگەن بىر-بىرىگە تەسىر قىلىش، بىر-بىرىنى تەقەززا قىلىش مۇناسىۋىتى.

**ئىنسانلار جەمئىيىتىنىڭ ئېكولوگىيىلىك مۇھىتى** <جۇغ> ئىنسانلار جەمئىيىتى جايلاشقان ئېكولوگىيىلىك مۇھىت.

**ئىنسان مەدەنىيىتى** <پەلس> پۈتۈن ئىنسانىيەتكە ئورتاق بولغان ئىجتىمائىي مەدەنىيەت.

**ئىنسان مەدەنىيىتى ئىلمى** <پەلس> ← **ئىجتىمائىي پەن.**

**ئىنسان مەركەز تەلىماتى** <پەلس> ئادەمنى ئالەمنىڭ مەركىزى دەپ قارايدىغان نۇقتىئىنەزەر. ئۇ ئادەمدە خۇدانىڭ ماھىيىتى بار دەپ قارايدىغان دىنىي ئىدىيە بىلەن باغلانغان. بۇ نەزەرىيە بويىچە بولغاندا، يەر شارى ئالەمنىڭ مەركىزىمىش، دۇنيانى بولسا، ئىلاھ ئادەم ئۈچۈن ياراتقانمىش. ماركسىزم ۋە تارىخىي ماتېرىيالىزم بۇ تەلىماتنى رەت قىلىپ، ئادەمنى ئىجتىمائىي جانلىق مەۋجۇدات دەپ قارايدىغان ھەقىقىي ئىلمىي نۇقتىئىنەزەرنى ئوتتۇرىغا قويدى.

**ئىنسانپەرۋەر** سۈپ (ئە+پ) ئىنسانىيەت مەنپەئىتىنى قوغدايدىغان، ئىنسانىيەتنىڭ ئورتاق مەنپەئىتى ئۈچۈن كۈرەش قىلىدىغان: ئىنساپەرۋەر ئادەم.

**ئىنسانپەرۋەرلىك** ① «ئىنسانپەرۋەر» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى. ② <پەلس> XIV — XVI ئەسىرلەردىكى ياۋروپا ئەدەبىيات-سەنئىتىنىڭ گۈللىنىش دەۋرىدە ئىلغار مۇتەپەككۇرلار مەدرىسە پەلسەپىسى ۋە چېركاۋ ئىدىيىسىنىڭ ئاسارىتىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ئوتتۇرىغا قويغان، ئىنسانغا خەيرخاھلىق قىلىش ۋە ھۆرمەت قىلىشنى تەشەببۇس قىلىدىغان، ئىنساننى مەركەز قىلىدىغان دۇنيا قاراش. ئۇ بىر خىل بۇرژۇئازىيە ئىدېئولوگىيىسى بولۇپ، بۇرژۇئازىيىنىڭ دەسلەپكى راۋاجلىنىش دەۋرىدە پەلسەپە، سىياسىي ۋە ئەدەبىيات-سەنئەت جەھەتلەردە كەڭ ئىپادىلەنگەن ھەمدە فېئوداللىق ئىدىيىگە قارشى تۇرۇش جەھەتتە ئاكتىپ رول ئوينىغان. بۇرژۇئا ھاكىمىيىتى تىكلەنگەندىن كېيىن، ئۇ بارا-بارا كاپىتالىزم جەمئىيىتىدىكى سىنىپىي زىددىيەتلەرنى يوشۇرىدىغان، كەڭ ئەمگەكچى خەلقنى ئالدايدىغان ئىدىيىۋى قورالغا ئايلىنىپ قالدى. پرولېتارىياتنىڭ يولغا قويىدىغىنى ئىنقىلابىي ئىنسانپەرۋەرلىك بولۇپ، بۇرژۇئازىيە ئىنسانپەرۋەرلىكىدىن پەرقلىنىدۇ.

**ئىنسانپەرۋەرلىك نەزەرىيىسى** <ئەد> ئىنسانلارنىڭ سىنىپىيلىقى ۋە ئىجتىمائىيلىقى ئىنكار قىلىنىدىغان، ئۇلارنىڭ ماھىيىتى چۈشەندۈرۈلىدىغان، ھەرقايسى سىنىپ ئادەملىرىدە تۇغما مۇتلەق، ئۆزگەرمەس ئورتاق تەبىئەت بار دېگەن نەرسە كۆچەپ تەرغىپ قىلىنىدىغان بىر خىل ئەكسىيەتچى نۇقتىئىنەزەر ۋە تەلىمات.

**ئىنسانچىلىق** ئى. ئىنسانغا خاس تۇرمۇش، ھالەت: ئىنسانچىلىقتا بىلگەن نەرسەڭنى باشقا بىرىگە سۆزلىۋەتمىسەڭ، ئىچىڭ بوشىمىغاندەك قاپقارا بولۇپ يۈرىدىكەنسەن.

**ئىنسانشۇناس** ئى. ئىنسانشۇناسلىق ئىلمى بويىچە مۇتەخەسسىس، ئالىم.

**ئىنسانشۇناسلىق** ئى <ئىرق> ئىنسانلارنىڭ كېلىپ چىقىشى، ئىۋولىيۇتسىيىسى ۋە ئىرقلارنىڭ تۈرلەرگە ئايرىلىشى قاتارلىقلارنى تەتقىق قىلىدىغان پەن.

**ئىنسانلارچە** رەۋ. ئىنسانلاردەك، ئىنسانلارغا ئوخشاش: —مەنمۇ بىر ئىنسان، — دېدى ئۇ، ئۆز-ئۆزىگە پىچىرلاپ، — ئىنسان تۇرمۇشىنى ئىنسانچە ئۆتكۈزۈشۈم لازىم.

**ئىنسانلىق** سۈپ. ئىنسانغا خاس بولغان، ئىنسانغا خاس: ئىنسانلىق بۇرچ. * باشقىلار ئۇلارنىڭ ئىنسانلىق قەدىر-قىممىتىنى كەمسىتىشكە يول قويمايدۇ.

**ئىنسانىي** سۈپ (ئە) ① ئىنسانغا، ئادەمگە خاس؛ ئادەمىي: يۈكسەك ئىنسانىي پەزىلەت. ئىنسانىي ھۆرمەت. ئىنسانىي نام. ئىنسانىي ھوقۇق خىتابنامىسى. ② ئىنسانپەرۋەر، ئادەمىيلىككە مۇۋاپىق: بىزنىڭ قانۇنلىرىمىز جاھاندا ئەڭ ئادىل ۋە ئىنسانىيدۇر.

**ئىنسانىي ھوقۇق خىتابنامىسى** <تارىخ> ① 1789-يىلى فرانسىيە بۇرژۇئا ئىنقىلابىدا ماقۇللانغان خىتابنامە. ئۇ بۇرژۇئازىيىنىڭ فېئودالىزمغا قارشى كۈرىشىدىكى پروگراممىا خاراكتېرلىك ھۆججەت بولۇپ، ئۇنىڭدا: ھوقۇق جەھەتتە، ئىنسانلار تۇغۇلۇشىدىن تارتىپ ھەتتا باشتىن-ئاخىر ئەركىن ۋە باراۋەر بولۇشى كېرەكلىكى تەشەببۇس قىلىنغان. ② 1948-يىلى 12-ئاينىڭ 10-كۈنى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ قۇرۇلتىيىدا ماقۇللانغان خىتابنامە. ئۇنىڭدا: دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى ئەر-ئاياللارنىڭ پەرقسىز ھالدا ھاياتلىق، ئەركىنلىك، جىسمانىي بىخەتەرلىك، سايلامغا قاتنىشىش، خىزمەت قىلىش، تەربىيە ئېلىش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئاساسىي ھوقۇق ۋە ئەركىنلىكتىن ھەمدە سۆزلەش، يىغىلىشقا قاتنىشىش ۋە ئىتتىپاق بولۇپ ئۇيۇشۇش قاتارلىق ئەركىنلىكتىن بەھرىمەن بولۇشنىڭ لازىملىقى تەكىتلەنگەن.

**ئىنسانىيەت** ئى (ئە) ئىنسانلار، ئادەملەر: ئىنسانىيەت تارىخى. ئىنسانىيەت مەدەنىيىتى. * — رۇخسەت بولسا مەن كۆرسىتىپ باقاي، — لاچىن ئورنىدىن تۇردى، — مېنىڭچە مۇشۇكىياپىلاقنىڭ ئىسانىيەت ئۈچۈن قوشۇۋاتقان تۆھپىسى ناھايىتى زور، دەپ قارايمەن.

**ئىنسانىيەت ئېكولوگىيىلىك سىستېمىسى** <جۇغ> ئادەملەر بىلەن مۇھىتتىن تەشكىل تاپقان، ئادەمنى مەركەز قىلغان ئېكولوگىيىلىك سىستېما.

**ئىنسانىيەتچىلىك** ئى. پۈتۈن ئىنسانلارغا خاس بولغان تۇرمۇش، ئىش-پائالىيەت: ئۆز پايدىسىنى كۆزلەپ باشقا كىشىلەرگە زىيان سېلىش — ئىنسانىيەتچىلىك ۋە ئىنساپ ئەمەس. * سېنىڭ بۇنداق قىلمىشىڭ ئەقەللىي ئىنسانىيەتچىلىككىمۇ مەنسۇپ بولمايدىغان رەزىللىك بولىدۇ.

**ئىنسانىيلاشتۇرماق** « ئىنسانىيلاشماق » پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**ئىنسانىيلاشتۇرۇش** « ئىنسانىيلاشتۇرماق » پېئىلىنىڭ يەنە بىر خىل ئىسمىدىشى.

**ئىنسانىيلاشتۇرۇش قارىشى** <پەلس> ئىنسانلارغا خاس تەبىئەت ۋە خۇسۇسىيەتنى تەبىئەت دۇنياسىنىڭ سىرتىدىكى كۈچكە كۆچۈرۈش، يەنى ئادەمنىڭ خۇسۇسىيىتىنى ئىلاھقا بېرىش كۆزقارىشى.

**ئىنسانىيلاشماق** پ. ئىنساننىڭ خاس

خۇسۇسىيىتى، تەبىئىتى ئۆزىگە يۈكلىگەن نەرسىلەر، ئىنسانلارغا خاس خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولماق.

**ئىنسانىيلىق** ① «ئىنسانىي» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى. ② <پەلس> ئادەمدە بولىدىغان نورمال ھېسسىيات ۋە ئەقىل.

**ئىنسانىيلىق نەزەرىيە** <پەلس> ← **ئىنسان تەبىئىتى نەزەرىيىسى.**

**ئىنستىتۇت** ئى (ر<لات) ① <مائار> ئالىي مەكتەپلەرنىڭ بىر خىلى. مەلۇم كەسىپتىكى ئوقۇتۇشنى ئاساس قىلىدۇ. مەسىلەن، سانائەت ئىنستىتۇتى، مۇزىكا ئىنستىتۇتى، تېببىي ئىنستىتۇت، پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى دېگەندەك: ئابدۇزاھىر 1990-يىلى سابىق مەركىزى مىللەتلەر ئىنستىتۇتى (ھازىرقى مەركىزى مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى) نى پۈتتۈرۈپ، بۆلۈممىزگە تەقسىم قىلىنغان، شۇنىڭدىن باشلاپ «ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى» نى تۈزۈش خىزمىتىگە قاتناشتى. ② پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ پەنلەر بويىچە بۆلۈنگەن تەتقىقات ئورۇنلىرى: شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ تىل-تەتقىقاتى ئىنستىتۇتى.

**ئىنسۇجىن** ئادەم، ئىنسان ۋە جىن-شاياتۇنلار: ئىنسۇجىن ئاياغ باسمىغان بىپايان چۆل-دەشتلەر قوينىدا ھاياتلىققا ئىزنا قويۇپ كېتىۋاتىمىز. * ئىنسۇجىن كۆرۈنمەيدىغان تار چىغىر يولدا ياسىن ئاستا كېتىۋاتاتتى.

**ئىنسۇلىن** ئى (ر<لات) <بىئول> ئۇيقۇلۇق ئاجرىتىپ چىقىرىدىغان بىر خىل گورمون. ئۇ جىگەر ۋە مۇسكۇللار ئىچىدە ھايۋان ئاقسىلىنىڭ ھاسىل بولۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، توقۇلمىلاردىكى گلۇكوزىنىڭ ئىشلىتىلىشى ۋە ئوكسىدلىنىشىنى تېزلىتىدۇ. شۇ ئارقىلىق بەدەندىكى قاننىڭ قەنت مىقدارىنى تەڭشەيدۇ. ئىنسۇلىننىڭ ئاجرىلىپ چىقىش مىقدارىنىڭ كېمىيىشى دىئابىت كېسىلىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ئۇنىڭ ياسالمىلىرى بىلەن دىئابىت كېسىلىنى داۋالىغىلى بولىدۇ.

**ئىنسىقتى** سۆپ. دىئال. ئېزىلەڭگۈ.

**ئىنشا** ئى (ئە) باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ تۆۋەن يىللىقلىرىدا ئوقۇغۇچىلارغا توغرا، چىرايلىق يېزىشنى ئۆگىتىش مەقسىتىدە بېرىدىغان يازما مەشىق: ئارىدىن ئۈچ كۈن ئۆتۈپ تۆۋەندىكى بىر نۇسخا خەت ئىنشا قىلىندى.

**ئىنشائات** ئى (ئە) <بىن> مەلۇم مەقسەتلەر ئۈچۈن سېلىنغان تۈرلۈك قۇرۇلۇشلار ۋە ئۇلارنىڭ جاھازا ئۈسكۈنىلىرى: سۇ ئىنشائاتى. * رەسىمدە يۇلتۇزلار ئارىسىدا ئۇچۇۋاتقان راكېتىلار، نېفىت ۋىشكىلىرى، پولات زاۋۇتى ئىنشائاتلىرى كۆككە تاقىشىپ قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان مەنزىرە ئەكس ئەتكەنىدى.

**ئىنشائاللا** ئى (ئە) «خۇدا خالىسا» دېگەن مەنىدىكى ياخشى تىلەكنى بىلدۈرىدىغان سۆز: ئۇياتماڭ مەلىكەم، ھەرقانداق سىرىڭىز بولسا ئېيتىڭ، ئىنشائاللا بۇ رەنجى ئەلەمدىن خالاس بولغايسىز. * – خاپا بولماڭ، ئەتە ئىنشائاللا، بىز بېرىپ سىزنىڭ گۇناھىڭىزنى تىلىۋالىمىز، – دېيىشىپتۇ غەۋۋاسلار.

**ئىنفرا** سۆپ (ر<لات) <فىز> چاستوتىسى ئىنتايىن تۆۋەن؛ دولقۇن ئۇزۇنلۇقى ئادەتتىكىدىن ئۇزۇن؛ كۆزگە كۆرۈنمەيدىغان ياكى ئاڭلانمايدىغان (نۇر، ئاۋاز قاتارلىقلار ھەققىدە): ئىنفرا قىزىل نۇر. ئىنفرا ئاۋاز.

**ئىنفرا ئاۋاز** <فىز> چاستوتىسى 20 گېرتستىن تۆۋەن بولغان، ئاڭلانمايدىغان ئاۋاز دولقۇنى. ئۇ تارقىلىش جەريانىدا ئانچە كۆپ ئاجىزلاشمايدۇ، شۇڭا بوران چىقىشنى ئالدىن مۆلچەرلەش، يەر تەۋرەش مەركىزىنى ئېنىقلاش، كانلارنى تېپىش جەھەتلەردە كەڭ قوللىنىلىدۇ.

**ئىنفرا ئاۋاز دولقۇنى** <فىز> چاستوتىسى 20 گېرتستىن تۆۋەن بولۇپ، ئاڭلاش سەزگۈسىنى قوزغىتالمايدىغان ئاۋاز دولقۇنى. بۇنىڭ تارقىلىش جەريانىدىكى ئاجىزلىشىشى ئازراق بولۇپ، بوران كۈچىنى ئالدىن مۆلچەرلەش، يەر تەۋرەش مەركىزىنى تەكشۈرۈپ ئۆلچەش، كان ئىزلەش قاتارلىقلاردا ئىشلىتىلىدۇ.

**ئىنفرا ئاۋاز ئىلمى** <فىز> ئاكۇستىكىنىڭ بىر تارمىقى، يەنى ئىنفرا ئاۋازنىڭ پەيدا بولۇشى، تارقىلىشى، قوبۇل قىلىنىشى ۋە قوللىنىشىنى تەتقىق قىلىدىغان پەن.

**ئىنفرا قىزىل نۇر** <فىز> دولقۇن ئۇزۇنلۇقى كۆزگە كۆرۈنىدىغان نۇرنىڭكىدىن ئۇزۇن بولغان ئېلېكتر ماگنىت دولقۇنى. سپېكتىردا قىزىل نۇرنىڭ سىرتىدا تۇرىدۇ. دولقۇن ئۇزۇنلۇقى 0.3 مىللىمېتىردىن 7700 ئانگېستىرمغىچە ئالاھىدە ياسالغان فوتو سۈرەت لېنتىسىغا يورۇقلۇق سەزدۈرىدۇ، تۇماننى يېرىپ ئۆتۈش ئىقتىدارى كۆزگە كۆرۈنىدىغان نۇردىن كۈچلۈك. ئادەتتە ئۇ ناھايىتى كۈچلۈك ئىسسىقلىق ئېنېرگىيىسىگە ئىگە بولۇپ، سانائەتتە قىزىتىشنىڭ ئىسسىقلىق مەنبەسى قىلىنىدۇ. ئۇ يەنە تەكشۈرۈش، ئۆلچەش ئېبابەتچىلىك قاتارلىقلاردا ئىشلىتىلىدۇ.

**ئىنفرا قىزىل نۇر پەنجىرىسى** <فىز> ئاتموسفېرا پەنجىرىسىنىڭ بىر خىلى. دولقۇن ئۇزۇنلۇقى 1mm دىن 15mm غىچە بولغان ئىنفرا قىزىل نۇر رايونىدا يەنە دولقۇن بۆلىكى بولۇپ، ئەڭ كېڭىنىڭ دولقۇن ئۇزۇنلۇقى 8mm دىن 14mm غىچە بولىدۇ. ئاتموسفېرادىكى ئىنفرا قىزىل نۇرنى سۈمۈرۈۋالىدىغان ئاساسلىق گازلار سۇ ھورى، كاربون دىئوكسىد ۋە ئوزوندىن ئىبارەت.

**ئىفرا قىزىل نۇررېشاتكىسى** <فىز> ئوقۇر ئارىلىقلىرى كەڭرەك، ئەمما نەپىس ياسالغان چاچقۇچى ئوپتىك رېشاتكا. ئىنفرا قىزىل نۇر ساھەسىدە كۆپ ئىشلىتىلىدۇ. ئادەتتە تەبىئىي ئالماسنىڭ قىرلىرى سۈركىلىپ مەلۇم شەكىلگە كەلتۈرۈلگەندىن كېيىن، ئويۇش ئارقىلىق ياسىلىدۇ. ئۇ يورۇقلۇق قۇۋۋىتىنىڭ كۆپىنچىسىنى مەلۇم بىر دەرىجىلىك دىفراكسىيە سپېكترىغا يىغالايدۇ. كۆپىنچە ئىنفرا قىزىل نۇر سپېكترىنى تەتقىق قىلىش ئىشلىرىدا قوللىنىلىدۇ.

**ئىنفرا قىزىل نۇرلۇق رەسىم تارتىش** <فىز> ئىنفرا قىزىل نۇر ۋە ئىنفرا قىزىل نۇرنى سېزىدىغان پلىيونكىدىن پايدىلىنىپ رەسىم تارتىش ئۇسۇلى.

**ئىنفورماتسىيە** ئى (د<لات) ① ئۇچۇرلارنىڭ سانلىق مىقدارى، تارقىتىلىشى، يەتكۈزۈلۈشى ۋە ئۇنى قوبۇل قىلىش قاتارلىقلارنى تەتقىق قىلىدىغان پەن. ماتېماتىكىلىق ھېسابلاشلار ئارقىلىق ئۇچۇرنىڭ يەتكۈزۈلۈش ئىقتىدارى ۋە ئۈنۈمىنى ھېسابلاپ چىقىلى بولىدۇ. ئادەتتە خەۋەرلىشىش، فىزىئولوگىيە، فىزىكا قاتارلىق پەنلەردە كەڭ تۈردە قوللىنىلىدۇ. ② ئاخبارات، مەلۇمات، ئۇچۇر.

**ئىنفۇزورىيە** ئى (ر<لات) <زوئول> ئاددىي ھايۋانلارنىڭ بىر كىلاسى. تېنىدە تۈكچىلىرى بولۇپ ھەرىكەت قىلىش ۋە ئوزۇقلۇق تۇتۇشتىكى ئورگىنى ھېسابلىنىدۇ.

**ئىنفىلتراتسىيە** ئى (ر<لات) ① سۈيۈقلۇقنىڭ تەدرىجىي سىڭىپ كىرىش ھادىسىسى. ② <فىز> بەزى سۈيۈق جىسىملار بەزى قاتتىق جىسىملار بىلەن ئۇچراشقاندا، سۈيۈق جىسىمنىڭ قاتتىق جىسىم يۈزىگە چاپلىشىۋېلىش ھادىسىسى. ③ <تىب> توقۇلما ئارىلىق بوشلۇقلىرىدا غەيرىي نورمال ياكى باشقا ماددىلارنىڭ بارلىققا كېلىشى.

**ئىنقىلاب** ئى (ئە) <پەلس> ① ئېزىلگۈچى سىنىپلارنىڭ زورلۇق كۈچ ئارقىلىق ھاكىمىيەتنى تارتىۋېلىپ، كونا، چىرىك ئىجتىمائىي تۈزۈمنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، يېڭى، ئىلغار بولغان ئىجتىمائىي تۈزۈمنى بەرپا قىلىشى. ئىنقىلاب كونا ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرىنى بۇزۇپ تاشلاپ، يېڭى ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرىنى ۋۇجۇدقا چىقىرىدۇ؛ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى ئازاد قىلىپ، جەمئىيەت تەرەققىياتىنى ئالغا سىلجىتىدۇ. ② تۈپتىن قىلىنغان ئىسلاھات، ئۆزگەرتىش: ئىدىيىۋى ئىنقىلاب. تېخنىكا ئىنقىلابى. سانائەت ئىنقىلابى.

**ئىنقىلاب تەرەققىياتىنىڭ باسقۇچلۇق نەزەرىيىسى** <پەلس> ماركسىزمنىڭ پرولېتارىيات رەھبەرلىكىدىكى ئىنقىلابنىڭ ئوخشاش بولمىغان ھەرقايسى باسقۇچلىرىنىڭ ھەم پەرقلىق، ھەم باغلىنىشلىق بولىدىغانلىقى توغرىسىدىكى نەزەرىيىسى. ئۇ ئىنقىلابنىڭ تۈرلۈك تەرەققىيات باسقۇچلىرى شەيئىلەرنىڭ سۈپەت پەرقىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ، باشقا-باشقا سۈپەتتىكى بۇ باسقۇچلارنى ئارىلاشتۇرۇۋەتمەسلىك كېرەك دەپ كۆرسىتىدۇ.

**ئىنقىلاب قىلماق** ئىنقىلاب ئېلىپ بارماق: ئىنقىلاب قىلىش ئۈچۈن ھاياتىنى قۇربان قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

**ئىنقىلابنىڭ بۇزۇلۇش ياساش نەزەرىيىسى** <پەلس> ماركسىزمنىڭ داۋاملىق ئىنقىلاب نەزەرىيىسى بىلەن ئىنقىلاب تەرەققىياتىنىڭ باسقۇچلۇق نەزەرىيىسىنىڭ بىرلىكى توغرىسىدىكى نەزەرىيىسى.

**ئىنقىلاب ۋەزىيىتى** <پەلس> ھەرقايسى سىنىپلارنىڭ پۈتۈن مەملىكەت خاراكتېرلىك كىرىزىسقا تەسىر كۆرسىتىدىغان، ئىنقىلابنىڭ ئوبيېكتىپ شارائىتلىرىنىڭ پىشىپ يېتىلگەنلىكىنىڭ مەركەزلىك ئىپادىسى.

**ئىنقىلابچى** ئى. ئىنقىلاب قىلغۇچى، ئىنقىلابىي پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللانغۇچى: سادىر پالۋان يالغۇز ئىنقىلابچىلا بولۇپ قالماي، بەلكى ۋايىغا يەتكەن خەلق قوشاقچىسى ئىدى.

**ئىنقىلابىي** سۈپ. ئىنقىلابقا ئائىت؛ ئىنقىلاب روھى بىلەن سۇغىرىلغان: ئىنقىلابىي ھەرىكەت. ئىنقىلابىي روھ. ئىنقىلابىي رەھبەر.

**ئىنقىلابىي بىرلىك سەپ** <پەلس> بىرنەچچە سىنىپ ياكى بىرنەچچە سىياسىي پارتىيىنىڭ ئىنقىلابتىكى ئورتاق سىياسىي نىشانغا يېتىش ئۈچۈن تۈزگەن ئىتتىپاقى. مەسىلەن، ياپونغا قارشى مىللىي بىرلىك سەپ، خەلق دېموكراتىيە بىرلىك سېپى ۋە خەلقئارا بىرلىك سەپ قاتارلىقلارغا ئوخشاش.

**ئىنقىلابىي زورلۇق كۈچ** <پەلس> ئېزىلگۈچى مىللەت ۋە خەلقلەرنىڭ

ئىنقىلابىي كۈرەش داۋامىدىكى دۈشمەن كۈچلەرگە قارىتا قوللىنىلىدىغان مەجبۇرلاش كۈچى.

**ئىنقىلابىي قەھرىمانلىق** <پەلس> ئىلغار سىنىپ ۋە ئەمگەكچى خەلقنىڭ مەنپەئىتىگە ۋەكىللىك قىلىپ، جەمئىيەتنىڭ ئەكسىيەتچى، مۇتەئەسسىپ كۈچلەر بىلەن ۋە تەبىئەت دۇنياسى بىلەن باتۇرلارچە، قەيسىرانە كۈرەش قىلىدىغان مەنىۋى قىياپەت. ئۇ پرولېتارىيات دۇنياقارىشىنىڭ بىر خىل ئىپادىسىدۇر.

**ئىنقىلابىي قۇربان** ئىنقىلاب يولىدا قازا قىلغان كىشى: ئىنقىلابىي قۇربان ل. مۇتەللىپنىڭ قەبرىسى ئاقسۇدا.

**ئىنقىلابىي روھ** ئىنقىلابچىغا خاس روھ: ئىنقىلابىي روھىمىزنى ئۇرغۇتۇپ ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغدايلى.

**ئىنقىلابىي ئۇمىدۋارلىق** <پەلس> ئىنقىلابچىلاردىكى تۇرمۇش ۋە كۈرەشنىڭ ئىستىقبالىغا تولۇق ئىشەنچتە بولۇشتەك بىر خىل مەنىۋى قىياپەت. پرولېتارىياتچە ئىنقىلابىي ئۇمىدۋارلىق پرولېتارىيات دۇنياقارىشىنىڭ بىر خىل ئىپادىسى ھېسابلىنىدۇ.

**ئىنقىلابىي ئىتتىپاقداش ئارمىيە** <پەلس> پرولېتارىيات سىياسىي پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە، پرولېتارىياتنىڭ ئىنقىلاب غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن بىرلىشىپ ھەرىكەت ئېلىپ بارغان ئىنقىلابىي سىنىپلار ۋە سىنىپىي قاتلاملارنىڭ ئورتاق نامى.

**ئىنقىلابىيلاشتۇرماق** « ئىنقىلابىيلاشماق » پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئىسلاھات ئېلىپ بېرىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە ياشلارنى ئىنقىلابىيلاشتۇرۇش ئىنتايىن زۆرۈر.

**ئىنقىلابىيلاشتۇرۇلماق** « ئىنقىلابىيلاشتۇرماق » پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**ئىنقىلابىيلاشماق** پ. ئىنقىلابىي روھ بىلەن سۇغىرىلماق: كادىرلار قوشۇنىدا ئىنقىلابىيلىشىش، بىلىم ئەھلىگە، كەسىپ ئەھلىگە ئايلىنىش، ياشلاشتۇرۇش تەلىپىنى ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك.

**ئىنقىلابىيلىق** « ئىنقىلابىي » سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: شائىر ئۆزىنىڭ ئىجادىي ئەسەرلىرى بىلەن، شۇ دەۋرنىڭ تارىخىي-سىياسىي ۋەزىيىتىنى، جاھالەت، خۇراپات تەرەپلىرىنى، زۇلۇم-ئاسارەتنى، خەلقنىڭ ئارزۇ-تىلەكلىرىنى ۋە ئىنقىلابىيلىقنى تولۇق ئەكس ئەتتۈرۈپ بەرگەن.

**ئىنكار** (ئە) ① ئى. تەن ئالماسلىق، قوبۇل قىلماسلىق، تەستىقلىماسلىق؛ رەت: ئىنكار قىلماق. ② ئى <پەلس> شەيئىنىڭ ئۆزىدە بار بولغان، شەيئىلەرنىڭ تەرەققىي قىلىشى ۋە ئايلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرگۈچى تەرەپ: ئىنكارنى ئىنكار قىلىش قانۇنىيىتى. ③ سۈپ. تەن ئالمىغان، قوبۇل قىلىنمىغان ياكى قىلىنمايدىغان، رەت قىلىنغان، تەستىقلانمىغان: ئىنكار تېئورېما. ئىنكار شەكىل. ئىنكار قاپقاق. ئىنكار مەسىلە.

**ئىنكار تەستىقىي شەكىل** <لوگ> تاللانما ئۈچ ھۆكۈملۈكنىڭ بىر خىل خۇلاسە شەكلى.

**ئىنكار تېئورېما** <مات> ھەقىقەتنى ئىنكار قىلىدىغان مەسىلە.

**ئىنكار شەكىل** <لوگ> شەرتلىك ئۈچ ھۆكۈملۈكنىڭ بىر خىل خۇلاسە شەكلى.

**ئىنكار قاپقاق** <مات> لوگىكىلىق ئىنكارنى بېجىرىدىغان قاپقاق زەنجىرى.

**ئىنكار قىلغۇچى** <پەلس> شەيئىنىڭ ئۆزىدە بولغان، شەيئىنىڭ تەرەققىياتى

ۋە ئايلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان تەرەپ. ھەممە شەيئىدە ئۆزىنى ئىنكار قىلغۇچى ئامىل بولىدۇ، يېڭى شەيئىنىڭ كونا شەيئىنى ئىنكار قىلىشى شەيئىدىكى ئىنكار قىلغۇچى ئامىلنىڭ تەرەققىي قىلغانلىقىنىڭ نەتىجىسى. كونا سىنىپنىڭ يېڭى سىنىپ تەكە سىقىرىشى شاللىنىشتۇر. ئادەتتە ئۇ «مۇئەييەنلەشتۈرگۈچى» گە نىسبەتەن ئېيتىلىدۇ.

**ئىنكار قىلماق** رەت قىلماق، يوققا چىقارماق: بۇ پولاتتەك پاكىت، ھېچكىممۇ ئىنكار قىلالمايدۇ. * ھەرقاچان بۇ قەلەمنىڭمۇ ئۆزۈڭنىڭ قەلىمى ئىكەنلىكىنى ئىنكار قىلىسەنغۇ دەيمەن؟

**ئىنكار قىلىش** <لوگ> ① شەيئىنىڭ مەۋجۇدلۇقىنى ياكى بىرەر مەسىلىنىڭ راستلىقىنى يوققا چىقىرىش، يەنى «مۇئەييەنلەشتۈرۈش» نىڭ ئەكسى. ② ئوبيېكتتا مەلۇم بەلگىنىڭ يوقلۇقىنى بايان قىلىش، يەنى «تەستىق» نىڭ ئەكسى.

**ئىنكار مەسىلە** <مات> ئەسلى مەسىلىدىكى شەرت بىلەن نەتىجىنىڭ مۇئەييەنلەشتۈرۈلۈۋاتقان سۆزلىرىنى ئىنكار قىلغۇچى سۆزلەرگە ئۆزگەرتىشتىن ياكى ئەسلى مەسىلىدىكى ئىنكار قىلغۇچى سۆزلەرنى مۇئەييەنلەشتۈرگۈچى سۆزلەرگە ئايلاندۇرۇشتىن ھاسىل قىلغان يېڭى مەسىلە ئەسلى مەسىلىنىڭ ئىنكار مەسىلىسى قىسقىچە ئىنكار مەسىلە دېيىلىدۇ.

**ئىنكارنى ئىنكار قىلىش** <پەلس> دىئالېكتىك تەرەققىيات جەريانىدىكى بىر تەرەپنى ئىپادىلەيدىغان پەلسەپىۋى ئۇقۇم. ئۇ ھەممىدىن بۇرۇن گېگېل پەلسەپىسىدە بارلىققا كەلگەن. ئۇ تۆۋەن دەرىجىدىن يۇقىرى دەرىجىگە راۋاجلىنىش بولىدىغانلىقىنى، بۇ جەرياندا كونا نەرسىلەرنىڭ بەزى ئىجابىي ئالاھىدىلىكلىرى ۋە بەزى ئىجابىي تەرەپلىرى ساقلىنىپ قالىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

**ئىنكارنى ئىنكار قىلىش قانۇنىيىتى** <پەلس> ماتېرىيالىستىك دىئالېكتىكىنىڭ بىر ئاساسىي قانۇنىيىتى، شۇنىڭدەك تەبىئەت دۇنياسى، جەمئىيەت ۋە تەپەككۇر تەرەققىياتىنىڭ ئومۇمىي قانۇنىيىتى. ئۇ شەيئىلەرنىڭ ئىچكى زىددىيەت پەيدا قىلغان تەرەققىياتىنىڭ بۇرما شەكىلدە، دولقۇن شەكىلدە ئالغا ئىلگىرىلەش جەريانى ئىكەنلىكىنى ئېچىپ بېرىدۇ.

**ئىنكار ھۆكۈم** <لوگ> ئوبيېكتتا مەلۇم بەلگىنىڭ يوقلۇقى بايان قىلىنغان ھۆكۈم.

**ئىنكار ھۆكۈم جۈملە** <لوگ> بىر ھۆكۈم جۈملىنىڭ شەرتى بىلەن يەكۈنىنى ئايرىم-ئايرىم ئۇلارنىڭ ئىنكار شەكلىدە ئۆزگەرتىشتىن ھاسىل بولغان يېڭى ھۆكۈم جۈملە.

**ئىنكار ئۇقۇم** <لوگ> ئۆزى ئەكس ئەتتۈرگەن ئوبيېكتقا قارىتا مەلۇم بەلگىلەر ئىنكار قىلىنغان ئۇقۇم.

**ئىنكارچى** سۈپ. ئىنكار قىلغۇچى، ئىنكار قىلىدىغان: — يوق... — ئىنكارچى پەيلاسوپنىڭ سۆزى يادىمدا بار ئىدى، شۇڭا شۇنداق جاۋاب بەردىم.

**ئىنكارچىلىق** ئى <پەلس> ئىنسانلارنىڭ مەدەنىيەت مىراسلىرىنى، مىللىي مەدەنىيىتىنى ھەتتا ھەممىنى تەھلىل

قىلىپ كۆرمەي، قارىغۇلارچە ئىنكار قىلىدىغان ئىدىيىۋى خاھىش.

**ئىنكاس** ئى (ئە) ① ئەينەكتە، سۇدا، ئومۇمەن يالتىراق نەرسە يۈزىدە ئەكس ئەتكەن تەسۋىر؛ ئەكس. ② <پەلس> ئوبيېكتىپ شەيئىنىڭ ئادەملەرنىڭ سەزگۈ ئەزالىرىغا تەسىر قىلىشىدىن پەيدا بولغان تەسۋىر؛ بىلىش، ئادەمدىكى تۇيغۇ، تەسەۋۋۇر، ئىدىيە، ئۇقۇم قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ئوبيېكتىپ دۇنيانىڭ كىشىلەر مېڭىسىدە ئەكس ئېتىش شەكلىدۇر. ③ <پىسخول> ھايۋان ئورگانىزمىنىڭ ئوبيېكتىپ شەيئىلەرنىڭ تەسىرىنى قوبۇل قىلىش ۋە ئۇنىڭغا جاۋاب قايتۇرۇش ئىقتىدارى.

**ئىنكاس قايتۇرۇش** <بىئول> ئورگانىزملارنىڭ غىدىقلاشقا نىسبەتەن جاۋاب قايتۇرۇشى.

**ئىنكاس قىلماق** مەلۇم قىلماق، خەۋەرلەندۈرمەك، ئۇقتۇرماق: ئالماس ئاكا، مەن ئەھۋالنى ئىنكاس قىلغىلى كەلمىدىم، نارازىلىق بىلدۈرگىلى كەلدىم.

**ئىنكاس نەزەرىيىسى** <پەلس> ماتېرىيالىزملىق بىلىش نەزەرىيىسىنىڭ ئاساسىي قائىدىسى. ئۇ ئىدېئالىزملىق بىلىش نەزەرىيىسى بىلەن تۈپتىن قارىمۇقارشى بولۇپ، ئىنسانلارنىڭ تۇيغۇسى، چۈشەنچىسى ۋە پۈتكۈل بىلىش جەريانى ئوبيېكتىپ دۇنيانىڭ ئىنكاسى، ئادەمنىڭ بىلىمى تۇغۇلغاندىن كېيىنكى ئىجتىمائىي ئەمەلىيەتنىڭ مەھسۇلى دەپ قارايدۇ.

**ئىنكورپۇراتىۋ** ئى (ر<لات) قوشۇلۇش، بىرلىشىش، ئارىلىشىش.

**ئىنكورپۇراتىۋلىق** سۈپ. كۆپ تەركىبلىك: ئىنكورپوراتىۋلىق تىل.

**ئىنكورپۇراتىۋلىق تىل** <تىل> تىلدىكى گرامماتىكىلىق مەنىلەرنىڭ ئىپادىلىنىش شەكلىنى ياكى سۆزلەرنىڭ بىرىكىش شەكلىنى ئاساسىي ئۆلچەم قىلىپ تۇرۇپ ئايرىپ چىقىلغان تىل تىپلىرىنىڭ بىرى. بۇ تىپتىكى تىللارنىڭ ئالاھىدىلىكى شۇكى، ئۇنىڭدا جۈملە قۇرۇلمىسى بىلەن سۆز قۇرۇلمىسى ئوخشاش بولىدۇ. مەسىلەن، شىمالىي ئامېرىكىدىكى ئىندىئانلارنىڭ چىنوك تىلى مۇشۇ تىپقا كىرىدۇ.

**ئىنكۇباتسىيە** ئى (ر<لات) تۇخۇمدىن سۈنئىي ئۇسۇلدا چۆجە چىقىرىش مەشغۇلاتى ۋە ئۇسۇلى.

**ئىنكۇباتور** ئى (ر<لات) تۇخۇمدىن سۈنئىي ئۇسۇلدا چۆجە چىقىرىش مەشغۇلات ئورنى، قۇرۇلمىسى.

**ئىنگە** ئى. خانىنىڭ باللىرىنى ئېمىتىپ چوڭ قىلىدىغان ئايال.

**ئىنگلىز** ئى <ئىرق> مۇشۇ نام بىلەن ئاتالغان مىللەت ۋە بۇ مىللەتكە مەنسۇپ كىشى.

**ئىنگلىز بىرلىكلىرى سىستېمىسى** <فىز> ئەسلىدە ئىنگلىز تىلىنى قوللىنىلىدىغان دۆلەتلەر ئورتاق قوللانغان بىرلىكلەر سىستېمىسى. بىر قاتار ئۆزگەرتىشلەردىن كېيىن ئامېرىكىدىمۇ قوللىنىلغان. ئۇنىڭ ئاساسىي بىرلىكلىرى يارد، قاداق، سېكۇنت.

**ئىنگلىز تېخنىكا بىرلىكلىرى سىستېمىسى** <فىز> تېخنىكىدا قوللىنىلىدىغان ئىنگلىز بىرلىكلىرى سىستېمىسى.

**ئىنگلىز تىلى** <تىل> ئىنگلىزلار ئىشلىتىلىدىغان تىل، شۇنداقلا خەلقئارادا ئورتاق قوللىنىلىدىغان تىللارنىڭ بىرى. بۇ تىل ھىندى-ياۋروپا تىللىرى سىستېمىسى،

گېرمان تىلى تۈركۈمىنىڭ غەربىي گېرمان تىلى تارمىقىغا كىرىدۇ. بۇ تىل ئەنگلىيە، ئامېرىكا، كانادا، ئاۋستىرالىيە، يېڭى زېللاندىيە قاتارلىق دۆلەتلەردە كەڭ ئىشلىتىلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا ياۋروپا ۋە ئاسىيادىكى نۇرغۇن دۆلەتلەرمۇ مەلۇم دەرىجىدە ئىنگلىز تىلىنى بىلىدۇ.

**ئىنگلىز موسى** مىق. ئىنگلىز بىرلىكلىرى سىستېمىسىدىكى يەر كۆلىمى بىرلىكى. بىر ئىنگلىز موسى 4840 كۋادرات يارد، 6.072 موغا تەڭ.

**ئىنگلىز مىلى** ئىنگلىز بىرلىكلىرى سىستېمىسىدىكى ئۇزۇنلۇق بىرلىكى. بىر ئىنگلىز مىلى 5280 فۇت، 1.6093 كىلومېتىرغا تەڭ.

**ئىنگلىزچە** ① سۈپ. ئىنگلىزلارغا، ئىنگلىز خەلقىگە، ئىنگلىز تىل-يېزىقى ۋە مەدەنىيىتىگە ئائىت، ئىنگلىزلارغا خاس: ئىنگلىزچە ناخشا. ئىنگلىزچە كىيىم-كېچەك. ② ئى. ئىنگلىز تىلى، يېزىقى: يېڭى كەلگەن ئىككى يات ئادەمنىڭ ئىنگلىزچە بىلىشى مۇمكىنلىكىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمىگەنىدەك قىلاتتى. ③ رەۋ. ئىنگلىز تىلى، يېزىقىنى ئىشلىتىپ، ئىنگلىز تىلى، يېزىقى ۋاسىتىسى بىلەن: ئىنگلىزچە سۆزلىمەك. * مەن ئۇنىڭغا ئىنگلىزچە خەت يازدىم.

**ئىنگلىزلار** ئى <ئىرق> ئىنگلىز مىللىتى، ئىنگلىز خەلقى. ئۇلار ئەنگلىيە، ئامېرىكا ۋە ئاۋستىرالىيە قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ ئاساسىي ئاھالىسىنى تەشكىل قىلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا كانادا، يېڭى زېللاندىيە ۋە باشقا دۆلەتلەردىمۇ بار.

**ئىنلىماق** پ. پۇرىماق: ئوخشايدۇ يۈزۈڭ ئايغا، گۈل غۇنچىسى دەپ ئىنلاي، سەن يارىم مېنى دېسەڭ، ئۇمىدنى ئۈزمەي ئويناي. * گۈلدەستىخان، گۈل دەستە، سەن نېمانچە بىخەستە. سەن غۇنچىنى ئىنلاي دەپ، مەن ئالغۇزدۇم مىڭ تەستە.

**ئىنمەك** پ. يېزت. يۇقىرىدىن تۆۋەنگە چۈشمەك: بۇنىڭدىن ھالىنى بىرئاز پەھم قىلدى، پېتىپ غەم پاتقىقىغا ئاتتىن ئىندى.

**ئىنۋېرسىيە** ئى (ر<لات) ① ئالماشتۇرۇش. ② <ئەد> نۇتۇقدا سۆزلەرنىڭ ئادەتتىكى تەرتىپىنى بۇزۇپ، ئورۇنلىرىنى ئالماشتۇرۇش. ③ <مات> تەكشىلىك ياكى بوشلۇقتىن قوزغالماس O نۇقتا بىلەن خالىغان A نۇقتىنى ھەمدە OA نۇر ئۈستىدىن $A'$ نۇقتىنى $\overline{OA}\cdot\overline{OA'}=r^2$ بولىدىغان قىلىپ ئالساق، A بىلەن $A'$ ئۆزئارا ئىنۋېرسىيىلىك نۇقتىلار، O بولسا، ئىنۋېرسىيە مەركىزى، r ئىنۋېرسىيە رادىئۇسى دېيىلىدۇ؛ A نى $A'$ ياكى $A'$ نى A غا ئۆزگەرتىدىغان تۈرلەندۈرۈش ئىنۋېرسىيە دەپ ئاتىلىدۇ.

**ئىنۋېرسىيە ئەسۋابى** <مات> ئىنۋېرسىيىلىك شەكىللەرنى سىزىدىغان ئەسۋاب.

**ئىنۋېرسىيە تېمپېراتۇرىسى** <فىز> ئەمەلىي گازلارنىڭ جوئۇل-تومسون كوئېففىتسېنتىنى نۆلگە چۈشۈرىدىغان تېمپېراتۇرا.

**ئىنۋېرسىيە قاتلىمى** <مېتېئور> نورمال ئەھۋالدا، ھاۋا يەر يۈزىدىن يۇقىرىلىغانسېرى ھاۋانىڭ تېمپېراتۇرىسى تۆۋەنلەيدۇ، لېكىن بەزىدە مەلۇم قاتلامدىكى ھاۋانىڭ تېمپېراتۇرىسى ئېگىزلىكنىڭ ئېشىشىغا ئەگىشىپ ئۆرلەيدۇ. بۇنداق ئەھۋال يۈز بەرگەن ئاتموسفېرا قاتلىمى «ئىنۋېرسىيە قاتلىمى» دەپ ئاتىلىدۇ.

**ئىنۋېرسىيىلىك** سۈپ. ئىنۋېرسىيىگە ئىگە؛ ئالماشقان؛ تەتۈر.

**ئىنېرت** سۈپ (ر<لات) <خىم> ھەرىكەتسىز، پاسسىپ: ئىنېرت گازلار.

**ئىنېرت گازلار** <خىم> ئېلېمېنتلار دەۋرىي جەدۋىلىنىڭ نۆل گۇرۇپپىسىدىكى ئېلېمېنتلار. ئۇلار گېلىي، نېئون، ئارگون، كرىپتون، كسېنون ۋە رادوندىن ئىبارەت ئالتە خىل ئېلېمېنتنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. رەڭسىز، پۇراقسىز بولۇپ، سۇدا ئېرىمەيدۇ، خىمىيىۋى خۇسۇسىيەتلىرى ئىنتايىن تۇراقسىز. ئادەتتە باشقا ئېلېمېنتلار بىلەن ئاسانلىقچە بىرىكمەيدۇ، لېكىن بۇمۇ مۇتلەق ئەمەس.

**ئىنېرتسىيە** ئى (ر<لات) <فىز> جىسىمنىڭ ئۆزىدە ئەسلىدە بار بولغان ھەرىكەت ھالىتى ياكى جىمجىت ھالىتىنى ساقلاپ قېلىش خۇسۇسىيىتى. مەسىلەن، مېڭىۋاتقان پاراۋۇزنىڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ توختىغاندىن كېيىنمۇ ئىلگىرىلەشنى شۇئان توختاتماسلىقى، جىمجىت تۇرغان جىسىمنىڭ سىرتقى كۈچنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىمىغۇچە تۇرغان ھالىتىنى ئۆزگەرتمەسلىكى. مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى ئىنېرتسىيىنىڭ تەسىرىدىن بولىدۇ.

**ئىنېرتسىيە باش ئوقى** <فىز> ئىدېئال قاتتىق جىسىم ئۈستىدىكى خالىغان بىر نۇقتىنى باشلىنىش نۇقتىسى قىلىپ، مۇۋاپىق دېكارت كوئوردىنات سىستېمىسىنى قۇرغاندا، ئەگەر ئۈچ دانە كوئوردىنات ئوقىدىكى ئىنېرتسىيە كۆپەيتمىسى نۆلگە تەڭ بولسا، ئۇ ھالدا بۇ ئۈچ ئوق «ئىنېرتسىيە باش ئوقى دەپ» ئاتىلىدۇ.

**ئىنېرتسىيە قانۇنى** <فىز> ← **نيۇتوننىڭ بىرىنچى ھەرىكەت قانۇنى.**

**ئىنېرتسىيە كۆپەيتمىسى** <فىز> ئىدېئال قاتتىق جىسىملارنىڭ ئىنېرتسىيە مومېنتىنى تەسۋىرلەيدىغان فىزىكىلىق مىقدار.

**ئىنېرتسىيە كۈچى** <فىز> غەيرىي ئىنېرتسىيە سىستېمىسىدا كۆزەتكىلى بولىدىغان، جىسىملارنىڭ ئىنېرتسىيىسى تۈپەيلىدىن بارلىققا كېلىدىغان بىر خىل تەقلىدىي كۈچ.

**ئىنېرتسىيە مومېنتى** <فىز> جىسىملارنىڭ ئايلانغاندىكى ئىنېرتسىيە ئۆلچىمى. جىسىملارنىڭ ئىنېرتسىيە مومېنتى قانچە چوڭ بولسا، ئايلىنىش ھالىتىنى ئۆزگەرتىش شۇنچە تەس بولىدۇ.

**ئىنېرتسىيە مىقدارى** <فىز> جىسىم ئىنېرتسىيىسىنىڭ چوڭ-كىچىكلىكى. ئىنېرتسىيە مىقدارى جىسىم ماسسىسىنىڭ چوڭ-كىچىكلىكى بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. ماسسىسى چوڭ بولغان جىسىمنىڭ ئىنېرتسىيە مىقدارىمۇ چوڭ بولىدۇ.

**ئىنېرتسىيىسىز** سۈپ. ئىنېرتسىيىسى يوق، ئىنېرتسىيىگە ئىگە ئەمەس: ئىنېرتسىيىسىز سىستېما.

**ئىنېرتسىيىسىز سىستېما** <فىز> ئىنېرتسىيىلىك سىستېمىغا نىسبەتەن تېزلىنىشچان ھەرىكەت قىلىدىغان بەلگە سىستېمىلىرى.

**ئىنېرتسىيىلىك** سۈپ. ئىنېرتسىيىسى بار، ئىنېرتسىيىسىگە ئىگە: ئىنېرتسىيىلىك سىستېما. ئىنېرتسىيىلىك پايدىلىنىش نىسبىتى.

**ئىنېرتسىيىلىك پايدىلىنىش سىستېمىسى** <فىز> نيۇتوننىڭ بىرىنچى ھەرىكەت قانۇنى كۈچكە ئىگە بولىدىغان پايدىلىنىش سىستېمىسى.

**ئىنېرتسىيىلىك سىستېما** <فىز> نيۇتوننىڭ ھەرىكەت قانۇنلىرى توغرا تىكلىنىدىغان

بەلگە سىستېمىسى. ئىنېرتسىيىلىك سىستېمىغا نىسبەتەن تۈز سىزىقلىق تەكشى ھەرىكەت قىلىدىغان بەلگە سىستېمىسىمۇ ئىنېرتسىيىلىك سىستېما بولىدۇ.

**ئىنېرتسىيىلىك گاز** <خىم> ← **ئىنېرتلىق گاز.**

**ئىنېرتسىيىلىك ماسسا** <فىز> جىسىمنىڭ ئىنېرتسىيىسىنى ئۆلچەيدىغان فىزىكىلىق مىقدار. ئىنېرتسىيىسى چوڭراق جىسىمنىڭ ئېرىشىدىغان تېزلىنىشى كىچىكرەك، ئىنېرتسىيىسى كىچىكرەك جىسىمنىڭ ئېرىشىدىغان تېزلىنىشى چوڭراق بولىدۇ. شۇڭا جىسىمغا تەسىر قىلغان سىرتقى كۈچ بىلەن شۇ جىسىم ئېرىشكەن تېزلىنىشنىڭ نىسبىتى ئارقىلىق ئىنېرتسىيىلىك ماسسىسىنى ئۆلچىگىلى بولىدۇ.

**ئىنېرتسىيىلىك مەركەزدىن قېچىش كۈچى** <فىز> ئايلانما پايدىلىنىش سىستېمىسىدا بارلىققا كېلىدىغان، كورىئولىس كۈچىدىن باشقا يەنە بىر خىل ئىنېرتسىيىلىك كۈچ.

**ئىنېرتلىق** سۈپ <خىم> باشقا ئېلېمېنت ياكى بىرىكمىلەر بىلەن ئاسان بىرىكمەيدىغان؛ ھەرىكەتسىز؛ پاسسىپ: ئىنېرتلىق ماتېرىيال. ئىنېرتلىق ماددا. ئىنېرتلىق ئېلېمېنت.

**ئىنېرتلىق ماتېرىيال** <بىن> بېتوننىڭ ئاساسلىق تەركىبىي قىسمى. يىرىك ئىنېرتلىق ماتېرىيال ۋە ئۇششاق ئىنېرتلىق ماتېرىيال دەپ ئىككىگە ئايرىلىدۇ. يىرىك ئىنېرتلىق ماتېرىياللار پارچە-پۇرات تاش ۋە شېغىللاردىن ئىبارەت بولۇپ، بېتوننىڭ گەۋدىسىنى تەشكىل قىلىدۇ؛ ئۇششاق ئىنېرتلىق ماتېرىياللار قۇم بولۇپ، يىرىك ئىنېرتلىق ماتېرىيالنىڭ ئارىسىدىكى بوشلۇقنى تولدۇرىدۇ.

**ئىنېرتلىق ماددا** <خىم> كائولىن ۋە ياغاچ كۆمۈرگە ئوخشاش باشقا ئېلېمېنت ۋە بىرىكمىلەر بىلەن ئاسان بىرىكمەيدىغان ماددىلار.

**ئىنېرتلىق ئېلېمېنت** <خىم> گېلىي، نېئون، ئارگون، كسېنون، كرىپتون ۋە رادون قاتارلىق ئالتە ئېلېمېنت. بۇ ئېلېمېنتلارنى كىشىلەر خېلى بۇرۇنلا باشقا ئېلېمېنت ياكى بىرىكمىلەر بىلەن بىرىكمەيدۇ، ۋالېنتى نۆلگە تەڭ دەپ قارىغان. بۇ ئېلېمېنتلار ئادەتتىكى تېمپېراتۇرىدا گاز ھالەتتە بولىدۇ.

**ئىنى** ئى. ئۇكا، كىچىك ئوغۇل (ئاكىلىرىغا نىسبەتەن): ئاكا بار يەردە ئىنى يوق (ماقال).

**ئىنكئانا** ئى. بىراۋنىڭ بالىسىنى ئېمىتىپ چوڭ قىلىپ بېرىدىغان تەربىيىچى ئايال: شاھزادە ئىنكئانىسىنى كۆرۈپ سەل جىمىپتۇ. * بىركۈنى پادىشاھ بۇ سىرنى بىلىش ئۈچۈن، قىزىنىڭ ئالدىغا ئىنكئانىسىنى كىرگۈزۈپ، قىزنى ياتلىق بولۇشقا كۆندۈرمەكچى بولۇپتۇ.

**ئىنىلىق** سۈپ. ئىنىلاردا بولىدىغان، ئىنىغا ئائىت، ئىنىغا خاس: ئاكا-ئىنىلىق مۇناسىۋەت.

**ئىھاتە** ئى (ئە) بىرەر جاينى ئاسراش، قوغداش ۋە ئۇنى مۇھاپىزەت قىلىش مەقسىتىدە ئەتراپىنى چۆرىدەپ قويغان توسما: ئىھاتە بەلبېغى. ئىھاتە ئورمانلىقى. * ھېيتكا جامەسىنىڭ ئىچىدە-جەنۇبىي كىچىك دەرۋازىسىنىڭ يان تەرىپىدىكى پېشايۋان ئاستىدا، قويۇق ياغاچ رېشاتكىلار بىلەن ئىھاتە قىلىنغان بىر سۇپا بار بولۇپ، بۇ يەرگە شەھەرنىڭ قازىخانىسى جايلاشقانىدى. * بورا بىلەن ئىھاتە قىلغان ئۇدۇلدىكى دۇكاندا كەچلىك تونۇر كاۋىپى پىشۇرۇلماقتا

ئىدى.

**ئىھاتە بەلبېغى** <جۇغ> ← **ئىھاتە ئورمان بەلبېغى.**

**ئىھاتە توسمىسى** <سۇ> دەريا ياكى دېڭىز قىرغىقىغا سۇدىن مۇداپىئەلىنىش ئۈچۈن قىلىنغان قاش. ئادەتتە توپا بىلەن تاشتىن قوپۇرۇلىدۇ.

**ئىھاتە ئورمان بەلبېغى** <جۇغ> بىرەر جاي، ئېتىز-ئېرىق قاتارلىقلارنى قۇم-بوران قاتارلىق تەبىئىي ئاپەتلەردىن مۇداپىئە قىلىش ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ئەتراپىنى ياكى بوران ئۇرۇش تەرىپىنى توسۇپ بەرپا قىلىنغان ئورمان بەلبېغى. ئادەتتە دەرەخ ياكى چاتقال تىپىدىكى كىچىك دەرەخلەرنى تىكىش ئارقىلىق ھاسىل قىلىنىدۇ.

**ئىھاتە ئورمىنى** <ئورم> ئېتىز-ئېرىق، يول ۋە دەريا قېشى قاتارلىقلارنى سۇنىڭ يالاپ كېتىشى، قۇم-بوران قاتارلىق تەبىئىي ئاپەتلەرنىڭ ۋەيران قىلىۋېتىشى قاتارلىقلاردىن ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ ئەتراپىغا رەت-رەت تىكىلگەن ئورمان.

**ئىھتىدا** ئى (ئە) <دىن> غەيرىي مۇسۇلمانلارنىڭ ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىش ئۈچۈن قىلغان ھەرىكەتلىرى.

**ئىئولىت** ئى (ر<گرېك) <گېئول> بىر خىل كوللوئىدلىق ماددا، شۇنىڭدەك خىمىيىلىك چۆكۈش نەتىجىسىدە شەكىللەنگەن تاغ جىنسى. ئۇ ئادەتتە بېلىق تۇخۇمىغا ئوخشاش چوڭلۇقتىكى دانىچىلەرنىڭ سېمونتلىشىشىدىن شەكىللىنىدۇ.

**ئىئون** I ئى (ر<گرېك) <خىم> ← **ئىئونلار.**

**ئىئون ئالماشتۇرغۇچى پەردە** <خىم> ئىئونلارنى تاللاپ ئۆتكۈزىدىغان پەردە. ئۇنىڭ كاتىئون ئالماشتۇرغۇچى پەردە ۋە ئانىئون ئالماشتۇرغۇچى پەردىدىن ئىبارەت ئىككى خىل شەكلى بار. ئۇ دېڭىز سۈيىنى تۇزسىزلاندۇرۇش، نادىر مېتاللارنى ۋە ئانتىبىئوتىكلارنى ئايرىۋېلىش قاتارلىقلاردا ئىشلىتىلىدۇ.

**ئىئون ئالماشتۇرۇش** <خىم> ئېرىتمە بىلەن ئىئونىت ئوتتۇرىسىدا ئىئون ئالماشتۇرۇش جەريانى. بۇنىڭدا، شۈمۈرۈلگۈچى ئىئون ئېرىتمىدىن ئايرىلىپ چىقىپ، ئىئونىتقا كىرىدۇ، ئالماشتۇرۇلىدىغان ئىئون بولسا ئىئونىتتىن ئايرىلىپ چىقىپ ئېرىتمىگە كىرىدۇ. ئىئون ئالماشتۇرۇش سۈنى يۇمشىتىش ۋە تازىلاش، ئىئونلار چىقىرىۋېتىلگەن سۇ ئىشلەپچىقىرىش قاتارلىقلاردا كەڭ قوللىنىلىدۇ.

**ئىئون ئالماشتۇرۇش سمولىسى** <خىم> يۇقىرى مولېكۇللىق بىرىكمە. ئۇنىڭ مولېكۇلىسىدا مۇسبەت ئىئون ياكى مەنپىي ئىئون بىلەن بىرىكىپ تۇز ھاسىل قىلىدىغان ئاتوملار گۇرۇپپىسى بولىدۇ. ئۇ مۇھىت ئىچىدە ئىئون ياكى بىرىكمىلەرنى سۈمۈرىدۇ ھەمدە سۈمۈرگەن ئىئون ياكى بىرىكمىلەرنى قويۇپ بېرىپ، ئەسلىدىكى ئىئون ئالماشتۇرۇش خۇسۇسىيىتىگە قايتىدۇ. سانائەتتە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىپ مېتاللار، ئانتىبىئوتىكلار ھەم ۋىتامىنلار تازىلىنىدۇ، تەستە ئاجرىلىدىغان سىرەك مېتاللار ئاجرىتىپ ئېلىنىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا كېرەكسىز سۇيۇقلۇقلاردىن كېرەكلىك مېتال يىغىۋېلىشتىمۇ ئىشلىتىلىدۇ.

**ئىئون پوتېنسىئالى** <گېئول> ئېلېكتر مەيدانىنىڭ كۈچلۈكلۈكىنى ئۆلچەيدىغان

بىر پارامېتىر. ئۇ ئىئوننىڭ قارشى تەرەپىنىڭ زەرەتلىرىنى تارتىش ياكى چەتكە قېقىش ئىقتىدارىنى ئىپادىلەيدۇ. ئىئون پوتېنسىئالى ئىئوننىڭ ئۆزىدىكى ئېلېكتر ۋالېنتى ( W ) بىلەن ئوڭ تاناسىپ، ئىئون رادىئۇسى ( Ri ) بىلەن تەتۈر تاناسىپ بولىدۇ، يەنى ئىئون پوتېنسىئالى = $\frac{W}{Ri}$ بولىدۇ.

**ئىئون تاللاش ئېلېكترودى** <كېئول> ئىئوننى تاللاش خۇسۇسىيىتى كۈچلۈك بولغان بىر خىل ئېلېكترود. ئەينەك ئېلېكترود ئەڭ دەسلەپكى بىر خىل ئىئون تاللاش ئېلېكترودى بولۇپ، ھىدروگېن ئىئوننىڭ قويۇقلۇقىغا سەزگۈر كېلىدۇ.

**ئىئون دەستىلىك ئانالىز** <فىز> ئىئون دەستىلىرى بىلەن ماددىلارنىڭ ئۆزئارا تەسىرىدىن پايدىلىنىپ ماتېرىياللارنىڭ تەركىبى ۋە تۈزۈلۈشىگە ئائىت ئۇچۇرلارغا ئىگە بولۇش ئۇسۇللىرىنىڭ ئومۇمىي نامى.

**ئىئون رادىئۇسى** <كېئول> كرىستال كاتەكچىسىدىكى ھەربىر ئىئوننىڭ ئۆزىدە مۇئەييەن ئېلېكتر ماگنىت مەيدانىنىڭ تەسىر دائىرىسى بولىدۇ. بۇ تەسىر دائىرە ئادەتتە شار شەكىللىك بولىدۇ. ئۇنىڭ رادىئۇسى — ئىئون رادىئۇسىدۇر.

**ئىئون سۈمۈرۈش** <بىئول> ئۆسۈملۈكلەرنىڭ تۇپراقتىن ئىئون ھالىتىدىكى مىنېرال ئېلېمېنتلارنى سۈمۈرۈش جەريانى.

**ئىئون كىرگۈزۈش** <فىز> يېرىم ئۆتكۈزگۈچلەرگە ئارىلاشما قوشۇش ۋە P — n تۈگۈننى ياساش تېخنىكىسى.

**ئىئوننىڭ قۇتۇپلىنىشى** <كېئول> سىرتقى ئېلېكتر مەيدانىنىڭ تەسىرىدە ئىئوننىڭ چوڭ-كىچىك شەكىلگە ئۆزگىرىش ھادىسىسى.

**ئىئوننىڭ يىپىشىشى** <كېئول> كرىستال يۈزى ۋە قىرىدىكى ئىئونلارنىڭ ئېرىتمىدىكى تەركىبلەرگە يىپىشىشى.

**ئىئون يىغىنلىك مىكرو ئانالىزاتور** <كېئول> ماسسا سپېكتروگرافى بىلەن ئىئون مىكروسكوپىنىڭ ئىقتىدارى بىرلەشتۈرۈلگەن ئەسۋاب. ئۇ ئەۋرىشكە يۈزىدىكى بىر مىكرون ئىچىدە بولغان تەركىبلەرنىڭ جايلىشىش سۈرئىتىنى تەمىن ئېتەلەيدۇ.

**ئىئون** II ئى (ر<گرېك) <كېئول> خەلقئارا گېئولوگىيە يىلنامىسىدا داۋاملاشقان ۋاقتى ئەڭ ئۇزۇن بولغان بىرىنچى دەرىجىلىك گېئولوگىيىلىك دەۋر بىرلىكى.

**ئىئونلار** ئى <خىم> ئېلېكتر زەرىتىگە ئىگە ئاتوم ياكى ئاتوملار گۇرۇپپىسى، يەنى ئاتوم (ياكى مولېكۇلا) لارنىڭ ئېلېكترونلارنى يوقىتىش ياكى قوبۇل قىلىشىدىن ھاسىل بولغان زەرەتلىك زەررىچىلەر.

**ئىئونلارنى ئادسورپىتسىيىلەش** <بىئول> ئۆسۈملۈك يىلتىز سىستېمىسىنىڭ تۇپراقتىكى ئىئونلارنى يىلتىز قىسمىدىكى ھۈجەيرىلەرنىڭ يۈزىگە يېتىشتۈرۈپ ئېلىش جەريانى.

**ئىئونلاش** « ئىئونلىماق » پېئىلىنىڭ يەنە بىر خىل ئىسمىدىشى: ئىئونلاش كامېراسى.

**ئىئونلاش كامېراسى** <فىز> زەررىچىلەر ئېقىمىنىڭ كۈچىنى ۋە يەككە زەررىچىنىڭ ئېنېرگىيىسىنى ئۆلچەيدىغان بىر خىل ئەسۋاب. ئىچىگە ئارگون ياكى نېئون قاتارلىق گاز قاچىلانغان ھەم قاچىنىڭ ئىچىگە ئىككى ئېلېكتر قۇتۇپى ئورنىتىلىپ، ئۇلارغا يۇقىرى ئېلېكتر بېسىمى ئۇلىنىدۇ. چۈشكەن زەررىچىلەر قاچا ئىچىگە كىرگەندىن كېيىن گازنى ئىئونلاشتۇرۇپ،

ئىككى ئېلېكتر قۇتۇپى ئارىسىدىن ئېلېكتر سىگنالى چىقىرىدۇ. بۇ ئېلېكتر سىگنالىغا ئاساسەن، چۈشكەن زەررىچىلەرنىڭ سانىنى ۋە ئېنېرگىيىسىنى تەھلىل قىلغىلى بولىدۇ.

**ئىئونلاشتۇرماق** «ئىئونلاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**ئىئونلاشقان** «ئىئونلاشماق» پېئىلىنىڭ سۈپەتدىشى: ئىئونلاشقان ھالەت.

**ئىئونلاشقان ھالەت** <مېتېئور> ئاتموسفېرانىڭ قۇياشنىڭ ئۇلترا بىنەپشە نۇرى بىلەن ئالەم نۇرلىرىنىڭ تەسىرىدە ئوكسىگېن ۋە ئازوت ئاتوملىرى پارچىلىنىپ ئىئونلارغا ئايلانغان ھالىتى.

**ئىئونلاشماق** پ. ئىئون ھالىتىگە كىرمەك، ئىئونغا ئۆزگەرمەك.

**ئىئونلانماق** «ئىئونلىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**ئىئونلۇق** سۈپ. ئىئونى بار، ئىئونلارغا ئىگە: ئىئونلۇق باغ. ئىئونلۇق بىرىكمە. ئىئونلۇق تەڭلىمە. ئىئونلۇق قەۋەت.

**ئىئونلۇق باغ** <خىم> مۇسبەت ۋە مەنپىي ئىئونلار ئوتتۇرىسىدىكى ئېلېكتروستاتىك تەسىر ئارقىلىق شەكىللەنگەن خىمىيۋى باغ. مېتاللىقى ناھايىتى كۈچلۈك ئېلېمېنتلار بىلەن مېتالوئىدلىقى ناھايىتى كۈچلۈك ئېلېمېنتلار بىرىككەندە ئىئونلۇق باغ شەكىللىنىدۇ.

**ئىئونلۇق بىرىكمىلەر** <خىم> مەنپىي ئىئونلار بىلەن مۇسبەت ئىئونلارنىڭ ئۆزئارا تەسىرلىشىشىدىن تۈزۈلگەن بىرىكمىلەر. بۇنداق بىرىكمىلەردە ئىئونلار ئارىسىدا كۈچلۈكرەك خىمىيۋى باغ بولىدۇ. شۇ سەۋەبتىن ئۇلارنىڭ قاتتىقلىقى يۇقىرى، زىچلىقى چوڭراق بولۇپ، قىسىلىشچانلىقى ۋە ئۇچۇشچانلىقى بولمايدۇ، سۇيۇقلىنىش ۋە قايناش نۇقتىلىرى يۇقىرىراق بولىدۇ.

**ئىئونلۇق تەڭلىمە** <خىم> ئىئونلۇق رېئاكسىيىنىڭ رېئاكسىيىگە ئەمەلىيەتتە قاتناشقان ئىئونلار بەلگىلىرى ئارقىلىق ئىپادىلىنىشى.

**ئىئونلۇق قەۋەت** <مېتېئور> يەر شارى يۈزىدىن تەخمىنەن 60 كىلومېتىردىن 400 كىلومېتىرغىچە بولغان ئاتموسفېرا قەۋىتى. ئۇنىڭدىكى گاز مولېكۇلىرىغا قۇياش نۇرى چۈشكەندە، ئۇلار ئىئونلىنىپ، مۇسبەت زەرەتلىك ئىئونلار بىلەن ئەركىن ئېلېكترونلارغا ئايلىنىدۇ.

**ئىئونلۇق كرىستال** ① <خىم> ئىئونلۇق باغ ئارقىلىق بىرىكىشتىن ھاسىل بولغان كرىستال. ② <فىز> مۇسبەت، مەنپىي ئىئونلار ئارا ھاسىل بولغان كرىستال.

**ئىئونلۇق كرىستال كاتەكچىسى** <گېئول> قۇرۇلمىسىدىكى ماددىي نۇقتىلارنىڭ بىرىكىشىدە ئىئونلۇق باغ يېتەكچى ئورۇندا تۇرىدىغان كرىستال كاتەكچىسى. ئىئونلۇق كرىستال كاتەكچىسىنى تەشكىل قىلىدىغان ماددىي نۇقتىلار – ئىئون بولىدۇ. مۇسبەت ئىئونلارنىڭ كۆپىنچىسى ئوتتۇرا قىممەتلىك كوئوردىنات سانىغا ئىگە بولىدۇ.

**ئىئونلۇق لازېر ئاپپاراتى** <فىز> ئىئونلار ئارقىلىق لازېر تارقىتىدىغان گاز بېسىملىق لازېر ئاپپاراتى. گازلىق لازېرنىڭ زەرەتلىنىش لامپىسىدىكى گازلار ئېلېكترونلارغا سوقۇلغاندا ئىئونلىنىپ، ئىئونلارغا ئايلىنىدۇ. بۇ ئىئونلار يەنە ئېلېكترونلارغا سوقۇلۇپ قوزغىلىپ مۇئەييەن شەرت ئاستىدا

لازېر تارقىتىدۇ. ئادەتتە ئىنېرت گازلار ئىشچى ماددا قىلىنىدۇ.

**ئىئونلۇق لامپا** <فىز> گازلارنىڭ زەرەتلىنىشىدىن پايدىلىنىپ ياسالغان ئېلېكترونلۇق ئەسۋاب. ياساشتا، ئالدى بىلەن تۇرۇبا ئىچىدىكى ھاۋا چىقىرىۋېلىنىپ ۋاكۇئۇم قىلىنىدۇ، ئاندىن مۇئەييەن مىقداردا گاز قاچىلىنىدۇ. ئىشلىگەندە، لامپا ئىچىدىكى گاز مولېكۇلىلىرى ئېلېكترونلارغا سوقۇلۇپ ئىئونلىنىپ، ئېلېكترون ۋە مۇسبەت ئىئون ھاسىل بولىدۇ. نەتىجىدە بۇنىڭدىن توك شەكىللىنىدۇ. ئۇنىڭ تۈرلىرى ئىنتايىن كۆپ.

**ئىئونلىماق** پ. ئىئون ھاسىل قىلماق.

**ئىئونلىنىش** ① «ئىئونلانماق» سۆزىنىڭ يەنە بىر خىل ئىسىمدىشى. ② <خىم> ئېلېكترولىتلارنىڭ سۇدا ئېرىگەندە ياكى ئىسسىقلىق تەسىرىدە سۇيۇقلانغاندا ئەركىن سىلجىيدىغان ئىئونلارغا ئاجرىلىش جەريانى. ③ نېيترال ئاتوم ياكى مولېكۇلىلارنىڭ تاشقى سەۋەب تۈپەيلىدىن مۇسبەت، مەنپىي ئىئونلارغا ئايلىنىش جەريانى.

**ئىئونلىنىش پوتېنسىيالى** <فىز> ئېلېكترون ۋولت ئارقىلىق ئىپادىلىنىدىغان ئىئونلىنىش ئېنېرگىيىسى.

**ئىئونلىنىش دەرىجىسى** <خىم> ئېرىتمىدىكى ئاجىز ئېلېكترولىت ئىئونلىنىش مۇۋازىنىتىگە يەتكەندە، ئېرىتمىدە ئىئونلانغان ئېلېكترولىت مولېكۇلا سانىنىڭ ئەسلىدىكى ئومۇمىي مولېكۇلىلار سانىدا ئىگىلىگەن پىرسەنتى.

**ئىئونلىنىش كامېراسى** <فىز> ئېلېكتروماگنىت رادىئاتسىيىسىنى ۋە زەررىچىلەر ئېقىمى كۈچىنىشلىكىنى ياكى بىر زەررىچىنىڭ ۋە قىسقا مۇساپىلىق زەرەتلەنگەن زەررىچىلەرنىڭ ئېنېرگىيىسىنى ئۆلچەيدىغان ئەسۋاب.

**ئىئونلىنىش كونستانتى** <خىم> ئاجىز ئېلېكترولىتلار مۇئەييەن شارائىتتا، ئىئونلىنىپ مۇۋازىنەتلەشكەندە، ئۇلارنىڭ ئىئونلىنىشىدىن ھاسىل بولغان ھەر خىل ئىئونلارنىڭ قويۇقلۇق كۆپەيتمىسىنىڭ ئىئونلانمىغان مولېكۇلىلار قويۇقلۇقىغا نىسبىتى ئۆزگەرمەس مىقدارى بولۇپ، بۇ ئۆزگەرمەس مىقدارى ئىئونلىنىش كونستانتى دېيىلىدۇ.

**ئىئونلىنىش مۇۋازىنىتى** <خىم> ئېرىگۈچىنىڭ مولېكۇلىلىرى قىسمەن ئىئونلىنىپ ئىئونلارنى ھاسىل قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ھاسىل بولغان ئىئونلارنىڭ يەنە بىر قىسمى يىغىلىشتىن بىرىكىپ ئېرىگۈچىنىڭ مولېكۇلىلىرىغا ئايلىنىدۇ. بۇ ئىككى جەريان تېزلىكلىرىنىڭ باراۋەرلىشىپ مۇۋازىنەتكە يەتكەن ھالىتى «ئىئونلىنىش مۇۋازىنىتى» دەپ ئاتىلىدۇ.

**ئىئونلىنىش ئېنېرگىيىسى** ① <خىم> ئېلېمېنتنىڭ گاز ھالەتتىكى ئاتومى بىر دانە ئېلېكتروننى قوبۇل قىلىپ، مەنپىي بىر ۋالېنتلىق گاز ھالەتتىكى ئانىئونغا ئايلانغاندا چىقىرىدىغان ئېنېرگىيە. ② <فىز> ئاتوم ياكى مولېكۇلىلارنى ئىئونلاش ئۈچۈن زۆرۈر بولغان ئېنېرگىيە.

**ئىئونوسفېرا** ئى (ر<گرېك) ← **ئىئونلۇق قەۋەت.**

**ئىئونوسفېرا قەۋىتى** <مېتېئور> ← **ئىئونلۇق قەۋەت.**

**ئىئونىت** ئى (ر<گرېك) <خىم> ← **ئىئونىتلار.**

**ئىئونىتلار** ئى <خىم> ئېرىتمىدىكى كاتىئون ياكى ئانىئونلار بىلەن ئىئون ئالماشتۇرالايدىغان ماددىلار. ئانىئورگانىك ئىئونلاردىن سېئولىت، زىركونىي سۇلفات قاتارلىقلار بار. ئورگانىك ئىئونىتلاردىن سۇلفىدلانغان كۆمۈر ۋە ھەر خىل سىمولىلار بار. ئىئونىتلار ئادەتتە كىسلاتا، ئىشقار ۋە كۆپ خىل ئېرىتكۈچىلەردە ئېرىمەيدۇ. ئىشلىتىلگەندىن كېيىن ئىئون ئالماشتۇرۇش ئىقتىدارى تەدرىجىي يوقىلىدۇ. بىراق بىر تەرەپ قىلىش ئارقىلىق ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە بولىدۇ. سانائەتتە قاتتىق سۇنى يۇمشىتىش، شۇنىڭدەك ئانتىبىئوتىكلار، نادىر يەر ئېلېمېنتلىرى، ئامىنو كىسلاتالار قاتارلىقلارنى ئايرىشتا كۆپ ئىشلىتىلىدۇ.

**ئۆرىق** ئى. ساپالدىن ئىشلەنگەن چۆگۈن: بىركۈنىسى ئۇ ئادەم مېنى قىچقىرىپ، سۇ ئەكەلگىن دەپ، جوغىسى يوق بىر ئۆرىقنى بەردى. * سادىق ئۆرىقتا يۈز-كۆزىنى يۇيۇپ، ئورۇندۇققا كېلىپ ئولتۇردى.

**ئۆتمەك** « ئۆتمەك » پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ھېلىدىن-ھېلىغا بېشىمدىكى كىرنى ئۆتىپ كۆزۈمگە، جاۋىغايلىرىمغا تىقىۋاتقان يامغۇرنى كىر ياغلىق بىلەن ئېرتىپ قويىمەن.

**ئۆتۈش** ① « ئۆتمەك » پېئىلىنىڭ يەنە بىر خىل ئىسىمدىشى. ② <خىم> ئۆتقىلىنىش.

**ئۆتىق** سۈپ ① سۇ ئىچىپ يۇمشىغان، كۆپكەن، يۇمشىغان، يۇمشاق: ئۆتىق نان. ئۆتىق تېرە. ② قويۇقلاشقان، قويۇق؛ مىلىقشىغان.

**ئۆتقىلار** ئى <خىم> كوللوئىد ئېرىتمىلەرنىڭ ئۆتقىلىنىشىدىن ھاسىل بولىدىغان ماددىلار. ئېقىشچان ئەمەس، ئۇلارنى ئېلاستىك ئۆتقىلار ۋە چۈرۈك ئۆتقىلار دەپ ئىككى تۈرگە بۆلۈشكە بولىدۇ. يارىپلىم بىلەن سىلىكاگېل بۇ ئىككى تۈرنىڭ تىپىك مىسالىدۇر.

**ئۆتقىلانماق** « ئۆتقىلماق » پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**ئۆتقىلماق** پ. ئۆتىق ھالەتكە كەلتۈرمەك.

**ئۆتقىلىنىش** ① « ئۆتقىلانماق » پېئىلىنىڭ يەنە بىر خىل ئىسىمدىشى. ② <خىم> كوللوئىد ئېرىتمىلەرنىڭ سوغۇق ياكى ئىسسىقلىق تەسىرىدىن ئېقىشچانلىقىنى يوقىتىپ ئۆتقىلارغا ئايلىنىشى. مەسىلەن، يارىپلىم ئېرىتمىسىنى سوۋۇتقاندا، ئاقسىل ئېرىتمىسىنى قىزدۇرغاندا ئۇلار قېتىشىپ ئۆتقىلارغا ئايلىنىدۇ.

**ئۆكسېنىت** ئى (ر) <گېئول> بىر خىل مىنېرال. ئۇنىڭ خىمىيىلىك تەركىبى $(\mu, Ce_1, Ca_1, U, Th)(Nb_1 Ta_2 Ti)_2 O_6$. بۇنىڭدا $(NbTa)_2O_5 : TiO_2 = 1:2-1:3$ نىسبەتتە. يانتۇ ياقلىق كرىستال سىستېمىسىدا بولۇپ، كرىستاللىرى تۆۋرۈكسىمان، رەڭگى قارا، بەزىدە ئاچ يېشىل ياكى ئاچ قوڭۇر بولىدۇ. سىزىق ئىزى سارغۇچ قوڭۇر ياكى قىزغۇچ قوڭۇر؛ يېرىم مېتال ياكى ماي پارقىراقلىقىدا، قاتتىقلىقى 5.5 — 5.6، سېلىشتۇرما ئېغىرلىقى 4.5 — 5.0. ئۆزلۈلۈش يۈزى سەدەپ شەكلىدە، ئېلېكتروماگنىتلىقى ۋە رادىئوئاكتىپلىقى بار، گرانىتلىق زور كرىستال جىنسلاردا ئۇچرايدۇ.

**ئۆتمەك** پ ① سۇ ياكى باشقا سۇيۇقلۇقلارنى ئۆزىگە سىڭدۈرۈپ،

سۇمۇرۇپ، ھۆل بولماق، نەم تارتىپ يۇمشىماق: ئۆزىگە كىلەلمەي تۇراتتى شاگىيو، ئۇنىڭگەن تىرىدەك كۆيۈپ ھاسىراپ؛ تاقىتى تاق بولغان قانخور ھەيدەرخان، تەلەتى مۇردىدەك كەتكەن قانسىراپ. ② قويۇلۇپ قالماق، قويۇقلاشماق.

**ئىيۇل** ئى (ر<لات) ① قەدىمكى رىم پادىشاھلىرىدىن بىرى، ئۇ مىلادىيە كالېندارىنى تۈزۈشكە باشلامچىلىق قىلغان شەخسلەرنىڭ بىرى بولغاچقا كالېنداردىكى يەتتىنچى ئاي شۇنىڭ ئىسمى بىلەن ئاتالغان. ② مىلادىيە يىل ھېسابىدا يەتتىنچى ئاينىڭ نامى.

**ئىيۇل كالېندارى** <ئاستر> قەدىمكى رىم پادىشاھى كونستانتىن نىككىيدە خىرىستىئان ئۆلىمالىرىنى يىغىپ كاتتا مۇراسىم ئۆتكۈزۈپ «يۇلىئان كالېندارى» نى ئاساس قىلغان ھالدا يېڭىدىن ئىسلاھ قىلىنغان «خىرىستىئان كالېندارى» نى تۈزۈپ چىققان. رىۋايەتتە ئەيسا پەيغەمبەر يۇلىئان كالېندارى بويىچە 325-يىلى 12-ئاينىڭ 25-كۈنى (يەكشەنبە) تۇغۇلغان بولۇپ، شۇ يىلنى «خىرىستىئان كالېندارى» نىڭ بىرىنچى يىلى، ئەيسا پەيغەمبەر تۇغۇلغان كۈننى شۇ كالېندارنىڭ باشلىنىش كۈنى قىلىپ بېكىتىپ، بۇنىڭدا «ئىيۇل كالېندارى» دەپ، يۇلىي تېسزارنىڭ كالېندار تۈزگەن تۆھپىسى ئۈچۈن، ئۇنىڭ تۇغۇلغان ئېيىنى كالېندارنىڭ نامى قىلىپ ئاتىغان. مانا بۇ بۈگۈنكى مىلادىيە كالېندارىنىڭ دەسلەپكى نامىدۇر.

**ئىيۇن** ئى (ر<لات) ① قەدىمكى رىم پادىشاھلىرىدىن بىرى، ئۇ مىلادىيە كالېندارىنى تۈزۈشكە باشلامچىلىق قىلغان شەخس، شۇڭا كالېنداردىكى 6-ئاي شۇ كىشىنىڭ ئىسمى بىلەن ئاتالغان. ② مىلادىيە يىل ھېسابىدا 6-ئاينىڭ نامى: بىرىنچى ئىيۇن خەلقئارا بالىلار بايرىمى.

**ئىين** ئى. دىئال. ساپىقىدىن ئاجراپ ئۈزۈلىپ كەتكەن ئۈزۈم.

# ي

**ي** ① ئۇيغۇر ئېلىپبەسىنىڭ ئوتتۇز ئىككىنچى ھەرپى. ② رەت تەرتىپى جەھەتتە ئوتتۇز ئىككىنچىنى كۆرسىتىدۇ.

**يا** I ئى. قاتتىق ياغاچنىڭ ئىككى ئۇچىدىن يىپ تارتىپ، ئېگىپ، يېرىم چەمبەر شەكلىدە ياسالغان، كىچىك نەيزىسىمان ئوق سېلىپ ئاتىدىغان قەدىمكى ئۇرۇش قورالى؛ كامان: ئۇ بىر ئادەمگە يا ياساپ بېرىشنى بۇيرىغانىكەن، ئۈچ يىلدا پۈتكۈزۈپ بېرىپتۇ. * داتاڭنىڭ ئىككى تەرەپتىكى تېمىغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان يوغان قىلىچ، ساپاقلىق نەيزە، مىلتىق، يا ۋە يا ئوقلىرى سۈرلۈك چاقنايتتى.

**يا ئوقى يۇلتۇز تۈركۈمى** <ئاستر> شىمالىي ئاسماندىكى كىچىك يۇلتۇز تۈركۈملىرىدىن بىرى. مەركىزىي ئورنى: ئېكۋاتور ئۇزۇنلۇقى 19 سائەت 40 مىنۇت، ئېكۋاتور كەڭلىكى ° 18 بۇركۇت يۇلتۇز تۈركۈمىنىڭ جەنۇبىغا توغرا كېلىدۇ.

**يا** II باغل (پ) ① تەڭداش جۈملە بۆلەكلىرى ياكى ئايرىم جۈملە بۆلىكى ئالدىدا كېلىپ، پىكىرنىڭ قىياس قىلىنغۇچى بۆلەكلىرىدىن بىرىگە تەئەللۇق ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەيدۇ: قوغۇنغا ئوغرى كەلسە، يا پىششىقىنى قويماس، يا خەمكىنى (قويماس) (ماقال). * بۇ يەردىكى ئادەملەر تارقاق بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدە يا بىراۋنىڭ خۇشال كۈلكىسى، يا ناخشا ئاۋازى ئاڭلانمايتتى. ② سوئال جۈملە ئالدىدا كېلىپ ئۆزىدىن بۇرۇنقى جۈملە مەنىسىگە نىسبەتەن قارىمۇقارشى ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەيدۇ: سۇ ئۆزى يار ئالغانمىدۇ، يا بىرەر قارا نىيەت ئۆچمەنلىك قىلغاندىمۇ؟ ③ ئىككى جۈملە ئوتتۇرىسىدا كېلىپ، كېيىنكى جۈملىدىكى ئىش-ھەرىكەتنىڭ بولۇنمىغانلىقنى ئىپادىلەيدىغان ياردەمچى سۆز ئورنىدا خىزمەت قىلىدۇ: — ئوت-چۆپ بولمىسا نېمە بولۇپتۇ؟ يا بىز ئوت ئورغىلى بارمىساق، ئۇ يەرگە مەنزىرە كۆرگىلى بارىمىز-دە، — دېدى سەمەت گۈلنارغا قاراپ. * پۇل چىقار يا كۈچ، خەلق خىزمىتىگە! سەن ھەم ئىگە بول، ئەل

ھۆرمىتىگە !

**يا ئاق ئەمەس يا كۆك ← يا ئاق ئەمەس يا كۆك ئەمەس:** مېنىڭ توي ئىشىم يا ئاق ئەمەس يا كۆك، بىر خىللا تۇرىدۇ.

**يا ئاق ئەمەس يا كۆك ئەمەس** بىر مەسىلىنىڭ ئۈزۈل-كېسىل بىر تەرەپ بولمىغانلىقىنى ئىپادىلەيدىغان ئىبارە: بۇ ئىشلار يا ئاق ئەمەس يا كۆك ئەمەس تۇرۇۋاتىدۇ.

**يا ئاق يا قارا قىلماق** سىبلىشتۇرۇپ، گۇناھلىق ياكى گۇناھسىزلىقىنى ئايرىماق، پەرقلەندۈرمەك: — بۇ جالىپىڭنىڭ ئالدىدا مېنى يا ئاق يا قارا قىلسەن، مەن ئۇينىسام، سەندەك تاتۇق بىلەن ئۇينامتىم! — دېدى ھەسەلخان.

**يا ئاق يا كۆك ← يا ئاق يا كۆك دېمەسلىك:** ئەركىن ماڭا يا ئاق يا كۆك جاۋاب قىلمىدى.

**يا ئاق يا كۆك دېمەسلىك** بىرەر ئىش ياكى گەپ-سۆزگە قارىتا ھېچقانداق ئىپادە بىلدۈرمەسلىك، لام-جىم دېمەسلىك: ئەركىن سوئالىمغا يا ئاق يا كۆك دېمەي قاراپ تۇردى.

**يا بايدىن چىقار يا سايرامدىن** تەۋەككۇل قىلىپ ئىشلىگەندە، ياخشى بولسۇن، يامان بولسۇن، بىرەر نەتىجە چىقىدىغانلىقىنى ئىپادىلەيدىغان ئىبارە: — بىز دېگەندەك بولىدىغان زامانلارنى بۇ ئۆمرۈمدە كۆرسەممىكىن دەپ ئويلايتتىم، قارىغاندا، بىر-ئىككى يىل ئىشلەپ كۆرۈپ باقسامۇ باقاي. يا بايدىن چىقار يا سايرامدىن، — دېدى ئۇ بوش ئاۋازدا.

**يا بولمىسا** «ئۇنداق بولمىسا، ياكى» دېگەن مەنىدىكى ئىبارە: مەن ئۇنى باغچىغا يا بولمىسا كىنوغا ئەكىرىشىم مۇمكىن ئىدى.

**يا پوككا چۈشسۇن يا چىككا ← يا بايدىن چىقار يا سايرامدىن:** قېنى، ئىشلەپ باقمايمىزمۇ، يا پوككا چۈشسۇن يا چىككا، شۇ ۋاقىتتا كۆرەرمىز.

**يا خۇدادىن قورقمىغان يا بەندىدىن ھېيىقمىغان** «ھېچكىمدىن قورقمايدۇ، ھېچنېمىگە پەرۋا قىلمايدۇ» دېگەن مەنىدىكى ئىبارە: ئەمەتنى قانداق قىلسام بولار، مۇشۇ كۈندە تازا بولۇۋالدى، يا خۇدادىن قورقمىغان يا بەندىدىن ھېيىقمىغان.

**يا دەيمىنا** «شۇنداقلا دەپ قويىماقچى، مۇنداقلا دەۋاتىمەن» دېگەن مەنىدىكى ئىبارە: — يا دەيمىنا، ھېچ بولمىغاندا ئىككى قىزىمىزغا بىردىن كۆڭلەك بولسىمۇ ئالغاچ كەلگەن بولسىلا... — دېدى ئايالىم سەل خاپا بولغاندەك.

**يا گۆش ئەمەس يا بەز ← يا ئاق ئەمەس يا كۆك ئەمەس:** — شۇنداق قىلىپ، تېخىچە يۈرۈۋاتامسەن، يا گۆش ئەمەس يا بەز؟ — دەپ سورىدىم خالىقتىن.

**يا گۆش ئەمەس يا بەز ئەمەس ← يا ئاق ئەمەس يا كۆك ئەمەس:** شۇندىن كۆپ ئۆتمەي، غوجى ئىككى ئاغىنىسىنى سەيدىن قارىغا ئەلچىلىككە كىرگۈزدى، لېكىن ئەلچىلەر ئۇ يەردىن يا گۆش ئەمەس يا بەز ئەمەس گەپلەرنى كۆتۈرۈپ چىقتى.

**يا گۆش يا بەز قىلماق** يا ئۇ يان يا بۇ يان قىلماق، ئۈزۈل-كېسىل بىر تەرەپ قىلماق: — ئۇنداق ئادەم باشتا بالىنى مەكتەپكە بەرمەيلا مۇشۇ ئېسىل ھۈنەرلىرىگە سىلىۋالماپتىكەنلا، ئەمدى ئۇنىڭ ئوقۇشىنى يا گۆش يا بەز قىلماي... — دېدى نىساخان تەنە قىلغان ئاھاڭدا.

**يا لام يا جىم دېمەي ← لام-جىم**

دېمەي: ئايال بولسا بۇ گەپنى ئاڭلاپ يا لام يا جىم دېيەلمەي ئۇنىڭ ئارقىسىدىن قاراپ قېلىپتۇ.

**يا نېرى ئەمەس يا بېرى ← يا نېرى ئەمەس يا بېرى ئەمەس:** ئۇنىڭ دەرس نەتىجىسى يا نېرى ئەمەس يا بېرى، بىر خىللا كېتىۋاتىدۇ.

**يا نېرى ئەمەس يا بېرى ئەمەس** «تېخى بىر تەرەپ قىلىنمىدى، ھەل بولغىنى يوق» دېگەن مەنىدىكى ئىبارە: ئەنۋەرنىڭ خىزمەتكە .ئورۇنلىشىش ئىشى ھازىرغىچە يا نېرى ئەمەس يا بېرى ئەمەس تۇرۇۋاتىدۇ.

**يا ئۇنداق يا بۇنداق** ھەر خىل، ھەر تۈرلۈك، خىلمۇخىل؛ يا ئۇ خىلدىكى يا بۇ خىلدىكى: يېزا ئىگىلىكىدە قوللىنىلىۋاتقان ئىقتىسادىي سىياسەتلىرىمىز تېخى يېڭىدىن يولغا قويۇلۇۋاتقىنى ئۈچۈن، يا ئۇنداق يا بۇنداق مەسىلىلەرنىڭ تۇغۇلۇپ تۇرۇشىدىن ساقلانغىلى بولمايدۇ.

**يا ئۇنداق يا مۇنداق ← يا ئۇنداق يا بۇنداق:** جەمئىيەتتە بىرەر يېڭى ئىش-ھەرىكەت، يېڭى تەكلىپ-ۋەزىپە ئوتتۇرىغا قويۇلسا، ئۇنى ھەممە كىشىنىڭ بىردەك قوللاپ كەتمەيدىغانلىقى يا ئۇنداق يا مۇنداق قارشىلىق - توسقۇنلۇقلارغا ئۇچراپ تۇرىدىغانلىقى ناھايىتى ئېنىق.

**يا ئۇ ياقلىق يا بۇ ياقلىق بولماق ← يا ئۇ يان يا بۇ يان بولماق:** قەيسەرنىڭ مەسىلىسى ھازىرغىچە يا ئۇ ياقلىق يا بۇ ياقلىق بولمىدى.

**يا ئۇ ياقلىق يا بۇ ياقلىق قىلماق ← يا ئۇ يان يا بۇ يان قىلماق:** كۆرسەن تېخى، كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۇنى يا ئۇ ياقلىق يا بۇ ياقلىق قىلىۋەتمىسەم ئوغۇل بالا بولماي كېتەي.

**يا ئۇ ياق يا بۇ ياق بولماق ← يا ئۇ يان يا بۇ يان بولماق:** تەخسىمات تېخىچە يا ئۇ ياق يا بۇ ياق بولمىدى.

**يا ئۇ ياق يا بۇ ياق قىلماق ← يا ئۇ يان يا بۇ يان قىلماق:** - توختاپتۇر، سېنى يا ئۇ ياق يا بۇ ياق قىلمىسام، ئاتامنىڭ بالىسى بولماي كېتەي... - دېدى سەمەر چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ.

**يا ئۇ يان يا بۇ يان بولماق** بىرەر مەسىلە ئەڭ ئاخىرىغىچە ھەل بولماق، ئۈزۈل-كېسىل بىر تەرەپ قىلىنماق: ئابدۇللانىڭ ئىلتىماسى ھەر خىل رەسمىيەتلەرنىڭ كۆپلۈكى تۈپەيلىدىن ھازىرغىچە يا ئۇ يان يا بۇ يان بولماي تۇرۇۋاتىدۇ.

**يا ئۇ يان يا بۇ يان قىلماق** مەسىلىنى ئەڭ ئاخىرىغىچە ھەل قىلماق، ئۈزۈل-كېسىل بىر تەرەپ قىلماق: ئۇ ئۆزى دۇچ كەلگەن مەسىلىلەرنى تېزلا يا ئۇ يان يا بۇ يان قىلالاتتى، ھەرگىز ئالدى-كەينىگە قاراپ ئولتۇرمايتتى.

**يا ھالال ئەمەس يا ھارام ← يا ئاق ئەمەس يا كۆك ئەمەس:** مېنى تېخى بىر تەرەپ قىلمىدى، يا ھالال ئەمەس يا ھارام، مۇشۇنداق يۈرۈۋاتىمەن.

**يا ھالال ئەمەس يا ھارام ئەمەس ← يا ئاق ئەمەس يا كۆك ئەمەس:** ئوغلۇمغا ئالىي مەكتەپنىڭ چاقىرىق قەغىزى كەلمەيۋاتىدۇ. شۇڭا ئۇ يا ھالال ئەمەس يا ھارام ئەمەس مۇشۇنداق يۈرۈۋاتىدۇ.

**يا ئۆلۈك ئەمەس يا تىرىك ← يا ئۆلۈك ئەمەس يا تىرىك ئەمەس:** ئۇ يا ئۆلۈك ئەمەس يا تىرىك، شۇنداقلا تۇرۇۋاتىدۇ.

**يا ئۆلۈك ئەمەس يا تىرىك ئەمەس**

ماغدۇردىن قالغان، ماغدۇرى يوق، مادارسىز، ماغدۇرسىز، ھالسىز: تۇرسۇن مۇشۇ كۈنلەردە يا ئۆلۈك ئەمەس يا تىرىك ئەمەس ھالەتتە ياشاۋاتىدۇ.

**يا ئۆلۈم يا كۆرۈم** بىرەر ئىشنى باشقا ئېلىپ چىقىش ئۈچۈن قەتئىي بەل باغلىغانلىق، شۇ ئىشقا تەۋەككۈل قىلغانلىق مەنىسىدىكى ئىبارە: بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان ئاچ-زار جامائەت يا ئۆلۈم يا كۆرۈم دەپ، باشنى قولتۇقىغا قىسقان ھالدا كېچىسى تاغقا چىقىپ بۇغدايلارنى تاغار-تاغارلاپ تېپىپ كىرىشكە باشلىدى.

**يا** III ئىم (ئە) كۈچلۈك ئىنتوناتسىيە بىلەن ئېيتىلىپ، مۇراجىئەت قىلىش، ئەجەبلىنىش مەنىلىرىنى بىلدۈرىدۇ: يا رەببىم، يا ھەزرەت. يا ئەلى.

**يائاللا** ئىم (يا+ئاللا) ① «ئىي ئاللا، ئەي خۇدا، خۇدايا» دېگەن مەنىدە، خۇداغا مۇراجىئەتنى بىلدۈرىدۇ: — يائاللا، ئارسلانلىرىمىزغا كۈچ -غەيرەتنى يار قىلغايسەن، كۆپچىلىكنى ئامان قىلغايسەن، — دېدى بوۋاي نالە قىلىپ. ② ھەيران بولۇش، زوقلىنىش، ھاياجانلىنىش، ئېچىرقاش، قورقۇش، زارلىنىش، قاتارلىق مەنىلەرنى بىلدۈرۈپ كېلىدۇ: كەينى-كەينىدىن ئۇزۇلمەستىن كەلگەن جامائەت تۆت يۈز چارەك گۈرۈچنىڭ ئىشىنى چۈش-پېشىنگە قالماي يەپ بولدى... يائاللا، يۇرت دېگەن مانا شۇنداق تولا گەپكەن! * ئېسىڭىزدىمۇ، بىز چىغلىقتا كالا باقاتتۇق، يائاللا، بىز بىر كۈن كەچكىچە چېلىشىپ ھارمايتتۇق. * يائاللا، كادىرىمىز، شۇنچە يىللاردىن بېرى بىر-بىرىمىز بىلەن كۆرۈشەلمىدۇق. يا سىلە يوقلاپ چىقمىدىلا، ياكى بىز كىرەلمىدۇق. * — يائاللا، سەن بىلەن سوقۇشۇپ قېلىشتىن خۇدايىم ساقلىسۇن، — دېدى سۇلايمان بەكرىگە قاراپ. * — يائاللا، يېزىپ بولدۇم دەيدىغان ۋاقتىڭىزمۇ بولىدىكەن-ھە؟ — دېدى زەپەر كايىغان تەلەپپۇزدا.

**يابغۇ** ئى. تارىس ① قەدىمكى تۈركىي خەلق ھەربىي ئەمەل نامىلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، سول قول ۋەزىرگە تەڭ كېلىدۇ. ② تارماق، قەبىلە، بۆلەك: جۇڭگو يىلنامىلىرىدا قارلۇقلار ئۇيغۇرلارنىڭ بىر يابغۇسى (مەھكىمىسى) سۈپىتىدە باشتىن-ئاياغ ئۇيغۇرلار بىلەن بىللە بايان قىلىنغان.

**ياپا** رەۋ. دىئال. پۈتۈنلەي، ھەمىشە.

**ياپال** سۈپ. ئۇزۇنچاقراق كەلگەن، ياپىلاق: — ئابدۇللا دېگەن قانچىلىك نېمىتتى، سەن ياپالنىڭ بىر مۇشتىغا بەرداشلىق بېرەلەمدۇ ئۇ؟! — دېدى قېرى هاراقكەش.

**ياپال يۈز** ئۇزۇنچاقراق كەلگەن ياپىلاق يۈز: قىرىق ياشلار چامىسىدىكى ئوتتۇرا بوي، ياپال يۈز بىر كىشى سۇپىدا مىختەك قادىلىپ ئولتۇرۇپ كىتاب كۆرۈۋاتاتتى.

**ياپەرۋەردىگار** ئىم (يا+پەرۋەردىگار) ① خۇداغا سېغىنىش، مۇراجىئەتنى بىلدۈرىدۇ: — ياپەرۋەردىگارىم، قىزىمنىڭ كۆڭلىگە ئىنساپ ئاتا قىلغايسەن، — دېدى ئۇ نامازدىن كېيىن دۇئا قىلىپ. ② ھەيران بولۇش، ئەجەبلىنىش، ئېچىرقاش، قورقۇش قاتارلىق مەنىلەرنى بىلدۈرۈپ كېلىدۇ: ياپەرۋەردىگار، دەمال ئاتتەك بىر قېچىر بار ئىكەن، كېچىدە ئۇيقۇلۇقتا قوپۇپ شۇنى بوغۇزلىۋېتىپتىمەن ئەمەسمۇ؟ * — ياپەرۋەردىگار، قانداق ئاداش سىلەر، نەگە كەتتىڭلار-ھە، — دېدى شادىپاچاق ئالاقچى دەرۋازىدىن كىرىۋاتقان سادىقنى كۆرۈپ چېچىلغان ھالدا.

**ياپتا** ① سۈپ. توغرىدىن توغرا ئېيتىلماي باشقا ۋاستىلەر ئارقىلىق تەگكۈزۈپ،

دارىتملاپ، تەنە قىلىپ دېيىلگەن: ياپتا سۆز. * ئەمدى ئۇ شەۋكەتنىڭ ياپتا گەپلىرىگە ياپتا گەپ بىلەن جاۋاب بېرىشكە باشلىدى. ② ئى. قىماردا ئۇدا، ئارقا-ئارقىدىن ئۇتۇش ھالىتى: ياپتا كەلمەك. * ئوشۇقنىڭ ياپتىسى چىقتى.

**ياپتا سۆز** ← **ياپتا گەپ**: زەينەپ ئەركىننىڭ ياپتا سۆزىنى ئاڭلاپ جىم بولۇپ كەتتى.

**ياپتا گەپ** تەگكۈزۈپ، دارىتملاپ، تەنە قىلىپ ئېيتىلغان گەپ؛ دارىتما گەپ: ياپتا گەپ قىلماق. * ياپتا گەپلەرنى بۇرۇندىن قىلىپ كۆرگەنلىكىدىنمۇ، سەمىنىڭ سۆزىنى گۈلچېھرە تولۇق چۈشەندى. * خېتىرە خېنىمنىڭ تاپا-تەنىسى بىلەن ئەل-ئاغىنىلىرىنىڭ ياپتا گەپلىرى ئۇنىڭ ئابروينى بىر گەز چۈشۈرۈپ، ئىززەت-ھۆرمىتىنى تۆكۈۋەتتى.

**ياپتا گەپ قىلماق** تەگكۈزۈپ، دارىتملاپ، تەنە قىلىپ ئېيتماق: ئۇ ئابدەمگە بىرنەچچە ئېغىز ياپتا گەپ قىلىپ قويۇپ، ئۇلاردىن ئايرىلدى.

**ياپتۇرۇشماق** «ياپتۇرماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**ياپتۇرماق** «ياپماق I» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: روجەكنى ھەم ياپتۇرۇۋەتكەندىن كېيىن، خەتنى ئوقۇشقا باشلىغان سىيىت ھاجىنىڭ چىرايىدىكى تېيىز قورۇقلار كېڭىيىشكە، كۆزلىرى كىچىكلەشكە باشلىدى.

**ياپتۇرۇلماق** «ياپتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**ياپچان** ئى ① <بوت> مۇرەككەپ گۈللۈكلەر ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. يوپۇرمىقى پەيسمان يىرىلىدۇ، يىرىقچىلىرى لېنتا شەكىللىك، قويۇق ئاق تۈكلەر بىلەن قاپلانغان. گۈلى يېشىل سېرىق، كونۇسسىمان گۈل رېتىدە. پۈتۈن تېنى خۇش بۇي پۇرايدۇ، دورا قىلىنىدۇ، تەرلىتىش، سۈيدۈكنى راۋان قىلىش، ئۆتنى ياخشىلاش رولى بار. ② قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ يېڭىشەھەر ناھىيىسىدىكى بىر يېزىنىڭ نامى.

**ياپراق** ئى ① يوپۇرماق: ئۇ ئاشۇ ئالتۇن ياپراقلار ئۈستىدە، قۇملۇق قاشتا ئويناق سۇغا قاراپ ئولتۇرۇپ سومكىسىدىن يېشىل تاشلىق دەپتىرى بىلەن قەلىمىنى ئالدى-دە، شۇ كۈنىنىڭ خاتىرىسىنى يېزىشقا باشلىدى. ② نېپىز نەرسە: ئەمدىلا گۆشتىن بىر ياپراق كېسىشىم بىلەن پىچاق قولۇمنى كەستى.

**ياپراقچە** ئى ① كىچىك يوپۇرماق: ئۇ جىگەرىنىڭ ئۇلۇغ ياپراقچىسى ئاستىغا جايلاشقان بولۇپ، ئۆت يولى ئارقىلىق جىگەرگە تۇتۇشۇپ تۇرىدۇ. ② كىچىك نېپىز نەرسە.

**ياپراقسىز** سۈپ. ياپرىقى يوق، ياپرىقى بولمىغان، يوپۇرماقسىز: ياپراقسىز دەرەخ بولمىغاندەكلا دەرەخسىز ياپراق تۇغۇلار نەدىن؟! شاخنى كۆتۈرگەن ياپراق ئەمەس ئۇ، شاختۇر ياپراقنى كۆتۈرگەن يەردىن.

**ياپراقلىق** سۈپ. ياپرىقى بار، ياپراق چىقارغان: بىرقانچە قەدەم ماڭمايلا، ماتروس ئۇششاق تىكەنلەر ئۆسۈپ كەتكەن يېشىل ياپراقلىق بىر تۈپ دەرەخنى كۆرسەتتى.

**ياپسار** سۈپ ① ئارىلىقىدا بوشلۇق قالمىغان، زىچ، دەل، ھىم، جىپسا؛ ئۇدۇل، توغرا: سېمىزغىنا كەلگەن بىر دۇكاندار تۈمشۇقى ھەم ئۇچلۇق، ھەم ياپسار تىكىلگەن بىر جۈپ خەينى ئالدىمغا قويدى. * ئۇلارنىڭ بەرگەن باھالىرى بەزىدە ياپسارغا كېلىپ

قالسا ئۆزلىرىچە ھۇزۇرلىنىپ بازارنى بېشىغا كىيگۈدەك ئاۋاز بىلەن كۈلۈشەتتى. ② بوش، بىكار، بېسىق ئەمەس (تۇگمەن ھەققىدە): تۇگمەن ياپسار بولۇپ قالدى.

**ياپسار رەندە** ياغاچچىلىقتا تاختايلارنى بىر-بىرىگە دەل، مۇۋاپىق كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان بىر خىل رەندە.

**ياپسار كەلتۈرمەك** ئۇدۇل، توغرا، مۇۋاپىق كەلتۈرمەك، جىپسىلىماق: ئۇ پۇتىنى ئوڭلاپ، باداشقان قۇرۇۋالغاندىن كېيىن، ئايۋاننىڭ يوغان خاسىنى، ۋاسىلىرىنىڭ ياپسار كەلتۈرۈلگەنلىكىنى، نەقىشلەنگەن تۈۋرۈكنى بىر قۇر ماختاپ چىققاندىن كېيىن، گەپنى باشقا ياققا بۇرىدى.

**ياپسار كەلمەك** ئۇدۇل، توغرا، مۇۋاپىق، ھەم كەلمەك، جىپسا كەلمەك: بۇ ئىككى ياغاچ تازا ياپسار كەلدى. * — قالتىس ياپسىرىغا كەلدى-دە، ئۆزۈڭمۇ چاققان نېمە، ئۆتكۈزۈۋەتمىدىڭ، — دېدى ئۇ مېنى ماختاپ.

**ياپسار ھەرە** ياغاچچىلىقتا ياپسار كەلتۈرۈلىدىغان ياغاچلارنى كېسىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان ھەرە. ئۇنىڭ باشقا ھەرىلەردىن پەرقى شۇكى، چىشى ئوڭ-تەتۈر بولمايدۇ.

**ياپسارلاتماق** «ياپسارلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**ياپسارلاشماق** «ياپسارلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**ياپسارلانماق** «ياپسارلىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**ياپسارلىماق** پ. ئۇدۇل كەلتۈرمەك، ماسلاشتۇرماق، مۇۋاپىقلاشتۇرماق، جىپسىلاشتۇرماق؛ تۈزلىمەك، ئوڭشىماق: كۆپ ياغاچچى ئىشلىدى تاختاي تىلىپ، ئىشلىتىپ پەم شالنى ياپسارلاپ سېلىپ. * ئۇ ماڭا نەدە، قانداق تېخنىكىلىق تەدبىر ئوتتۇرىغا چىققان بولسا، خالىغانچە ئېيتىپ بېرىدۇ، مەن بۇلارنى بىلىۋالىمەن-دە، دەرھال ئۆزىمىزنىڭ ئىشلىرىغا ياپسارلايمەن. * — بالام، سەن بىللە كىرىپ، دونايلىرىمنى ياپسارلىمساڭ بولمايدۇ. جۇر، ئالدىمدا ماڭ، — دېدى ئۆمەر ئاكام ئېشەكنى كاداڭ ئۈجمىگە باغلاۋېتىپ.

**ياپسال** سۈپ. دىئال. تۈز ئەمەس، قىڭغىر، يانتۇ، قىيپاش.

**ياپسۇن** ئى. باللارنىڭ بەدىنىگە توخۇ ئېتى رەڭگىدە يوغان-يوغان چىقىدىغان كېسەللىك.

**ياپسۇن چىقماق** بەدەندە ياپسۇن پەيدا بولماق.

**ياپقۇ** ئى ① بىرەر نەرسىنىڭ ئۈستىگە يېپىپ قويۇش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان نەرسە. ② قۇشلارنىڭ بېشىغا كىيدۈرۈپ قويىدىغان نەرسە، تۇماغا: ئېلىپ جاپپار بېشىدىن ياپقۇسىنى، قويۇپ بەردى ھاۋاغا ئۇ قۇشىنى.

**ياپقۇچ** ئى. نەرسىلەرنى يېپىش، ئېتىش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان بۇيۇم، نەرسە: كىيىم ياپقۇچ. ماتور ياپقۇچ. * ئۇ چامادان ئۈستىدىكى ئاجايىپ نەپىس ئىشلەنگەن ياپقۇچلارغا زوق بىلەن بىرھازا قارىغاندىن كېيىن دېرىزە ئالدىدىكى كرېسلوغا كېلىپ ئولتۇردى. * تاشتىن قوپۇرۇلغان تام مەشىنىڭ ئۈستىدىكى ئەينەك ياپقۇچ ئاستىدىكى ئىككى لوڭقىدا كونا قەغەز گۈللەر تۇراتتى.

**ياپقۇچسىز** سۈپ. ياپقۇچى يوق، ياپقۇچ يېپىلمىغان؛ ياپقۇچ ئورنىتىلمىغان: ياپقۇچسىز ماشىنا. ياپقۇچسىز ئەينەك.

**ياپقۇچلۇق** سۈپ. ياپقۇچى بار، ياپقۇچ يېپىلغان، ياپقۇچ ئورنىتىلغان: ياپقۇچلۇق دېرىزە. ياپقۇچلۇق چەينەك. * قائىدە بويىچە ياپقۇچلۇق پىيالىغا چاي دەملىنىپ، مۇشتۇمدەك ناۋات تاشلاندى.

**ياپما** I سۈپ. يېپىپ تۇرىدىغان: ياپما ئۆي. ياپما قاپاق. * پەقەت ئۇنىڭ ياپما قېشىلا لىكىلداپ جىم تۇرمايتتى. * ئاشۇ كېچىسى سەمەت ئېسىدە ساقلاپ قالغان ئادەم كۆزلىرى قىيسىق، ياپما قاپاق، ئۇزۇن يەكتەكلىك، دېھقانغا ئوخشىمايدىغان بىر كىشى ئىدى.

**ياپما بېتون تاختا** <بىن> يەر ئاستىدىكى ئېرىق ۋە تۇرۇبا يوللىرىنىڭ ئۈستىنى يېپىش ئۈچۈن، زاۋۇت ۋە ئىش مەيدانلىرىدا ھەر خىل ئۆلچەمدە قۇيۇلىدىغان پولات چىۋىقلىق بېتون تاختا.

**ياپما قاپاق** ساڭگىلاپ، كۆزنىڭ ئۈستىنى يېپىپ تۇرىدىغان قاپاق: سىيىتقارى ياپما قاپاقلىرىنى لەپپىدە كۆتۈرۈپ، دەسلەپ بالىغا قاتتىق ئالايدى، كېيىن ئاۋازىنى سەل يۇمشىتىپ بۇيرۇق قىلدى. * چىراغدا كۆردۈقكى، ئۇ ئېگىز بوي، دوقا ماڭلاي، ياپما قاپاق، چوقۇر كىشى ئىكەن.

**ياپما كۆرۈنۈش** <تىيا> سەھنىدە ئوينالماي، سەھنە سۆزىدە تاپشۇرۇلۇپ، تاماشىبىنلارنى قىياس قىلدۇرىدىغان كۆرۈنۈش.

**ياپما ئۆي** ئۈستى ياغاچ، بورا قاتارلىقلار بىلەن يېپىلغان ئۆي.

**ياپما** II ئىم <يېم> قورداق ياكى قورۇلغان سەيىنىڭ ئۈستىگە بولدۇرۇلغان خېمىرنى يېپىپ، دۈملەپ پىشۇرۇلىدىغان تاماق.

**ياپماق** پ ① بىرەر نەرسىنىڭ يۈز قىسمىنى، تاشقى كۆرۈنۈشىنى، قىياپىتىنى توسماق، بىرەر نەرسە بىلەن قاپلىماق، ئەتمەك: قىز بىرنېمىلەرنى دېدى-دە، قوللىرى بىلەن يۈز-كۆزىنى ياپقىنىچە ياتاققا قاراپ يۈگۈرۈپ كەتتى. * ئايال ياندىكى ئۆيگە كىرىپ كېتىپ، بىر ئۇزۇن چاپاننى ئېلىپ چىقىپ ئۈستۈمگە يېپىپ قويدى. ② ئوچۇق تۇرغان نەرسىنىڭ ئۈستىنى ئەتمەك، قاپلىماق، ئورىماق، چۈمكىمەك: ئاشپەزلەر ھاكىمنىڭ كۆرۈپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ توپا باسقان قازانلىرىنى سۈرتۈپ بولۇپ، ئاشخانىنىڭ بۇلۇڭىدا يىغىلىپ تۇرغان سەي شۇپەكلىرىنى پالاس بىلەن ياپتى. * بۇ ئىككى بالا ئوخشاشلا باش-كۆزلىرى كۆلگە بۇلغانغان، چاچلىرى ئۆسۈپ گەدەنلىرىنى ياپقانىدى. * كۆرەشچان باللار قوغلىشىپ يىللار، كۆرەش نەۋرىلىرىنى چوقۇم تاپىدۇ؛ ئاخشام بەخت ئۈچۈن قۇربان بولغانلارنىڭ، قەبرىسىنى يوقلاپ، گۈللەر ياپىدۇ. ③ ئوچۇق، يېيىقلىق تۇرغان نەرسىنى يىغماق، يىغىشتۇرماق (كىتاب، دەپتەر ھەققىدە): دەپتەرنى ياپماق. گېزىتنى ياپماق. * ئۇ نىجاتنىڭ كىرگىنىنى كۆرۈپ ژۇرنالنى ياپتى. * يېپىپ كىتابنى ئۆزۈمگە سوئال بېرىمەن، ناۋائىي قانداق بىر ئۇلۇغ ئادەمدۇر دەيمەن. ④ ئۆي، ئىمارەت ۋە شۇ قاتارلىقلارنىڭ ئۈستىنى بېكىتمەك، ئەتمەك؛ توسماق: ئېغىلنى ياپماق. كاتەكنى ياپماق. * ئەڭ ئاۋۋال ئۇ بىركۈنى قۇدرەتئاخۇننىڭ ئۆيىدىكىلەر بىلەن قوشۇلۇپ، ئۆگزىسىنى ئېچىپ، باشقىدىن ياپتى، * داۋۇت ئەزالارنىڭ زەيدىن ئۆرۈلگەن ئېغىللىرىنى يېپىش ئۈچۈن جاڭگالدىن ياغاچ ئېلىپ كەلگىلى كەتكەنىدى. ⑤ قويماق، باسماق: ئۇ بۇ قېتىممۇ ھەر ھالدا ئارام بولۇپ قالسۇن، دېگەن ئۈمىدى بىلەن قۇددۇسنىڭ بېشىغا سوغۇق سۇغا چىلانغان ھۆل لۆڭگە ياپتى. ⑥ كۆچمە. يوشۇرماق، مەخپىي تۇتماق، سىرلىق قىلىپ كۆرسەتمەك: پوقنى ئوسۇرۇق بىلەن ياپقىلى بولماس (ماقال). * بېخىل تاپسا يېپىپ يەيدۇ، سېخىي تاپسا ئېچىپ يەيدۇ (ماقال). * — بۇنداق

قەسەملەر بىلەن پاكىتنى ياپقىلى بولمايدۇ، ئەڭ ياخشىسى – كىمنىڭ مەسلىھەتى بىلەن قىلدىڭىز، مانا شۇنى تاپشۇرۇڭ، – دېدى ھاشىم ماڭا. * ئىشنىڭ مۇھىمى چاچنى ياخشى ئېلىشتا، چۈنكى چاچنى بۇزۇپ قويغاندا، ئۇنىڭ ئەيىبىنى «مەن چېچىڭنى ياخشى يۇيۇپ قويدۇم» دېگەن بىلەن ياپقىلى بولمايدۇ.

**ياپسام پشارمۇ، كۆمسەم پشارمۇ** ئىككىلىنىش، ئارىسالدى بولۇش، بىر قارارغا كېلەلمەسلىك مەنىلىرىنى بىلدۈرىدىغان ئىبارە: مەن دېدىمغۇ! ياپسام پشارمۇ، كۆمسەم پشارمۇ دەپ خىيال سۈرۈپ ئولتۇرىدىغان ۋاقىت ئەمەس، بۇ بەلنى مەھكەم باغلاپ ئىشلەش ۋاقتى!

**ياپمال** ئى. تاغنىڭ پېشايۋاندەك ئالدىغا چىقىپ تۇرغان قىسمى.

**ياپمىسىغا** رەۋ. دىئال. ئۇدۇل، توغرا تەرىپىنى بويلاپ.

**ياپون** ئى <ئىرق> مۇشۇ نام بىلەن ئاتالغان مىللەت ۋە بۇ مىللەتكە مەنسۇپ كىشى.

**ياپون ئەمنى** <بوت> مۇرەككەپ گۈللۈكلەر ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. غولى تىك، يوپۇرمىقى نۆۋەتلىشىپ ئۆسىدۇ. تۆۋەنكى يوپۇرماقلىرى شىنا شەكىللىك، پەيسىمان يېرىلىدۇ؛ ئۈستۈنكى يوپۇرماقلىرى لېنتا شەكىللىك، باشسىمان گۈل رېتىدە، دورا قىلىنىدۇ، ئىسسىقنى قايتۇرۇش رولىغا ئىگە. يوپۇرمىقىنى دەملەپ، چاي ئورنىدا ئىچىشكە بولىدۇ.

**ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش** <تارىخ> جۇڭگو خەلقىنىڭ كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكىدە، ياپون جاھانگىرلىكىنىڭ تاجاۋۇزچىلىقىغا زەربە بېرىش ئۈچۈن ئېلىپ بارغان مىللىي ئازادلىق ئۇرۇشى. بۇ ئۇرۇش ياپون قاراقچىلىرى 1937-يىل 7-ئاينىڭ 7-كۈنى بېيپىڭ (ھازىرقى بېيجىڭ) نىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى لوگوچياۋدا تۇرۇشلۇق دۆلىتىمىزنىڭ مۇداپىئە قىسىملىرىغا ھۇجۇم قىلغان كۈندىن باشلىنىپ، ياپونىيە شەرتسىز تەسلىم بولغان 1945-يىلى 8-ئاينىڭ 15-كۈنىگە قەدەر داۋاملاشقان.

**ياپون تىلى** <تىل> ياپونلار ئىشلىتىدىغان تىل. قېرىنداشلىق مۇناسىۋىتى جەھەتتىن تەۋەلىكى ئېنىق ئەمەس. ليۇچيۇ تىلى بىلەن خېلىلا زور ئورتاقلىقى بار. بۇ تىلنى قوللىنىدىغانلارنىڭ نوپۇسى 120 مىليوندىن ئاشىدۇ. ئۇ يەنە شەرقىي، غەربىي ۋە جيۇجۇ دېگەن ئۈچ دىئالېكت رايونىغا بۆلۈنىدۇ. VIII ئەسىردىن باشلاپ يازما يادىكارلىقلىرى بار. ھازىر ئۇلار خەنزۇچە خەت ئارىلاشقان بىر خىل بوغۇملۇق يېزىقنى قوللىنىدۇ.

**ياپون قان شورىغۇچى قۇرتى** <زوئول> ياپىلاق تەنلىك ھايۋان. ئاتىلىق-ئانىلىقى ئايرىم تەندە بولىدۇ. چىشىسى ئىنچىكە ئۇزۇن بولۇپ، تەخمىنەن 10mm كېلىدۇ، رەڭگى قوڭۇر؛ ئەركىكى سەل توم، قىسقىراق كېلىدۇ، رەڭگى كۆل رەڭ ئاق. قورساق تەرىپىدە بويىغا كەتكەن ئېرىقچە بولۇپ، «چىشىلىق ئېرىقچىسى» دەپ ئاتىلىدۇ. ئادەتتە چىشى قۇرتنى ئەركىكى ئېرىقچە ئىچىگە قۇچاقلىۋېلىپ، چېتىشىدۇ. يېتىلگەن قۇرت ئادەم ۋە نۇرغۇن سۈت ئەمگۈچى ھايۋانلارنىڭ ئۈچەي تۇتاشتۇرغۇچى پەردىسىنىڭ كۆك قان تومۇرىدا پارازىت ياشاپ كېسەللىك پەيدا قىلىدۇ.

**ياپون مۇچىلى** <ئاستر> ياپون مىللىتى ئۆزۈن تارىختىن بۇيان ئىشلىتىپ كېلىۋاتقان بىر خىل يىل ھېسابى. ئۇ جەمئىي 12 يىلنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، يىللارنىڭ ئىلگىرى-كېيىنلىك تەرتىپى چاشقان، ئۇي (كالا)، يولۋاس، توشقان، ئەجدىھا، يىلان، ئات، قوي، مايمۇن، توخۇ، ئىت، توڭگۇزلاردىن ئىبارەت.

**ياپونچە** ① سۈپ. ياپونىيىگە، ياپون خەلقىگە ھەم ئۇنىڭ يېزىقى، تىلى، ئەدەبىياتى ۋە مەدەنىيىتىگە ئائىت: ياپونچە ئۇسۇل. ياپونچە كىيىم. ② ئى. ياپون تىلى ۋە يېزىقى: ئۇ ياپونچىنى ياخشى بىلىدۇ. * ئۇ ياپونچە ئۆگىنىۋاتىدۇ. ③ رەۋ. ياپون تىلىنى ئىشلىتىپ، ياپون تىلىدا: ياپونچە سۆزلەشمەك.

**ياپونلار** ئى <ئېرق> ياپون مىللىتى، ياپون خەلقى. ئۇلار ئاساسەن ياپونىيىنىڭ تۈپ ئاھالىسىنى تەشكىل قىلىدۇ.

**ياپونىيە** ئى <جۇغ> ئاسىيا قىتئەسىنىڭ شەرقىگە، تىنچ ئوكيانىنىڭ غەربىي شىمالىغا جايلاشقان ئارال دۆلەت. يەر مەيدانى 377 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر بولۇپ، خونسيۇ، خوككايدو، كيۇسيۇ، سىككوكۇ قاتارلىق تۆت چوڭ ئارال ۋە ئەتراپىدىكى 3500 دىن ئوشۇق ئۇششاق ئاراللارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇ شىمالدىن جەنۇبقا 2400 كىلومېتىر، شەرقتىن غەربكە 200 كىلومېتىر كەڭلىكتە سوزۇلۇپ تۇرىدۇ. پايتەختى توكيو.

**ياپونىيە بۇلبۇلى** <زوئول> بۇلبۇلنىڭ ياپونىيىدىن چىقىدىغان بىر تۈرى.

**ياپونىيە بىجىقى** <بوت> قىياق ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. سۇ ۋە نەم جايلاردا ئۆسىدۇ. غولى ئىنچىكە، يۇمىلاق، يوپۇرمىقى نەۋۋەتلىشىپ ئۆسىدۇ، يۇقىرى قىسمىدا يوپۇرماق بولمايدۇ. باشاقسىمان گۈل رېتى سۇس قوڭۇر رەڭلىك، كىچىك، قاتتىق مېۋىسى ئۈچ قىرلىق بولىدۇ.

**ياپونىيە قويكۆزى ئوتى** <بوت> كۆك مارال ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. غولى قىسقا ھەم توم، يوپۇرماقلىرى گۈشلە شەكلىدە بولۇپ، خۇددى كاپۇستا يوپۇرماقلىرىدەك تۇپلىشىپ ئۆسىدۇ. گۈللىرى كىچىك، ئاق. ئەسلىي ماكانى ياپونىيە. ھازىر دۆلىتىمىزنىڭ ھەممە يېرىدە تەشتەكتە ئۆستۈرۈلمەكتە، شىنجاڭدىمۇ بار.

**ياپىر** ئىم (يا+پىر) ① پىرلارغا سېغىنىش، مەدەت تىلەشنى ئىپادىلەيدۇ: — ياپىر! — دەپلا تاغارنى دۈمبىسىگە ئالدى سەمەت. * دېمەك، بولدى سەھەر، تۈن بولدى. ئاخىر تۈرۈشتى ھەممىسى دەپ: ئاللا ياپىر! ② ئەجەبلىنىش، ھەيران بولۇش، تېڭىرقاش، قورقۇش قاتارلىق مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ: ئالغىچە ياپىر، بەرگىچە كاپىر (ماقال). * — ياپىر! — دەۋېتىپتۇ دىۋە پېشانىسىنى تۇتۇپ، — راستىنلا باتۇر ئىكەنسەن. * بىردەم ماڭغاندىن كېيىن، مەنمۇ برېزېنتنىي قايرىپ قارىدىم، ياپىر، ئەتراپتىكى تاغلار ئۈستىگە ئاق ماموق ياپقاندەك ئاپئاق تۇسكە كىرىپتۇ.

**ياپىرىم** ئىم (يا+پىرىم) ← **ياپىر**: ياپىرىم، بۇگۈن قادىر توكۇرنىڭ ئاشخانىسىدىن بىر يېۋىدىم، غىچلا ماي، قىيمىسى باغلاپ باققان پاقلاننىڭ قۇيرۇقىدىنمىكىن، كۆڭلۈمگە تېگىپ غەققىدە بولدۇم. * باتۇرچۇ، شەلپەردەك بىردىن قىزىرىپ، كۆلمەيتتى ۋە ياكى لام-جىم دېمەيتتى. بۇ ھالدىن ياپىرىم دەيتتىم

ئىچىمدە، يادىمغا ھەر تۈرلۈك ئويلار كېلەتتى.

**ياپىسغا** رەۋ. پۈتۈنلەي، ھەممىسى، تامامەن، تولۇق، تەلتۆكۈس، ئۈزۈل-كېسىل:
— بىر كۈنى بىر چېرىك قۇلىقىمغا پىچىرلىمادۇ، ئۇقسام جەڭ قىلغاندا مەن سوققان قىلىچ-نەيزىنى تۇتقان چېرىكلەر ياپىسغا ئۆلۈپ تۈگەپتۇ، — دېدى جامالىدىن بوۋاي.

**ياپىلاق** سۈپ. يېسسى ۋە يېسسىغا يېقىن كېلىدىغان، يېسسى شەكىلدىكى، يېسسى ھالەتتىكى، توم ياكى يۇمىلاق ئەمەس: ياپىلاق تۆمۈر. ياپىلاق ياغاچ. * ساتتار مۇئەللىمنىڭ چىرايى قاپقارا، بۇرنى ئەنجۈرگە ئوخشاش ياپىلاق، بۇرنىنىڭ تۆشۈكىدىن ئۇزۇن-ئۇزۇن تۈكلەر چىقىپ تۇراتتى. * ھايال ئۆتمەي كۆلچەككە سەكرىگەن ئىشچىنىڭ بېشى ۋە ئوڭ قولى سۇ ئۈستىگە چىقتى، ئۇنىڭ قولىدا ياپىلاق رېزىنكە تۇراتتى. * زاھىدەنىڭ ياپىلاق يۈزى، قاڭشىرى، پەسرەك بۇرنى ۋە قارىچۇقى كىچىك كۆرۈنىدىغان كۆزلىرى شەرىخان موماىغا تونۇشتەك تۇيۇلاتتى.

**ياپىلاق ئارچا** <بوت> ئارچا ئائىلىسىدىكى دائىم يېشىل تۇرىدىغان دەرەخ. يوپۇرمىقى تەڭگىگە ئوخشايدۇ، مېۋىسى شار شەكىلدە، ياغىچى بىلەن بىناكارلىق ماتېرىياللىرى ۋە جابدۇق-ئۈسكۈنىلەرنى ياسىغىلى بولىدۇ.

**ياپىلاق تەنلىكلەر** <زوئول> ھايۋانات دۇنياسىدىكى بىر تىپ. بۇ تىپتىكى ھايۋانلار تېنىنىڭ دۈمبە ۋە قورساق تەرەپلىرى ياپىلاق بولۇپ، بوغۇمغا بۆلۈنمەيدۇ. تېنى ئۈچ تۆرەلمە قەۋەتتىن تەشكىل تاپقان. مەقئەت تۆشۈكى يوق، قوش جىنسلىق كېلىدۇ.

**ياپىلاق سۆڭەك** <ئانات> سۆڭەكنىڭ بىر تۈرى. كۆپىنچە تاختا شەكىللىك بولىدۇ. ئۇزۇنى ۋە توغرىسىنىڭ دىئامېتىرى بىرقەدەر چوڭ، قېلىنلىقى بىرقەدەر كىچىك بولىدۇ. مەسىلەن، باشنىڭ چوققا سۆڭىكى، تۆش سۆڭىكى قاتارلىقلار. ئۇ مۇھىم ئەزالارنى سىغدۇرىدىغان بوشلۇقلارنىڭ دىۋارىنى تەشكىل قىلىپ، قوغداش رولىنى ئوينايدۇ.

**ياپىلاق غوللۇق پىيزەك** <بوت> قىياق ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. يەر ئاستى غولى توغرىسىغا ئۆسىدۇ، بوغۇمى كۆپۈپ تۈگۈنەككە ئوخشايدۇ. غولى تىك، ئۈچ قىرلىق بولىدۇ. كىچىك باشاقى توپلىشىپ ئۆسىدۇ، يوپۇرماقلىرى نۆۋەتلىشىپ ئۆسىدۇ، باشاقسىمان گۈل رېتى بىر تەرەپكە توپلىشىپ ئۆسۈپ، مۇرەككەپ باشاقسىمان گۈل رېتىنى شەكىللەندۈرىدۇ. تۈگۈنەك غولىدا كراخمال بولىدۇ، ھاراق ئېچىتىشقا بولىدۇ، غولى قەغەز ياساشقا ئىشلىتىلىدۇ، تۈگۈنەك غول دورا قىلىنىدۇ، قاننى ماڭغۇزۇپ خۇننى راۋان قىلىش، ھەزىم قىلىشقا ياردەم بېرىش، يەلنى تارقىتىش رولىغا ئىگە.

**ياپىلاق قوڭغۇر بېلىق** <زوئول> بېلىقنىڭ بىر تۈرى. تېنى ئۇزۇنچاق، سەل ياپىلاق، رەڭگى قوڭغۇرغا مايىل قارامتۇل، ئېغىزى چوڭ، سەل قىيپاش، قۇيرۇق پالاقچىسى شىنا شەكىلدە بولىدۇ، دېڭىزدا ياشايدۇ.

**ياپىلاق كاكتۇس** <بوت> كاكتۇس ئائىلىسىدىكى دائىم يېشىل تۇرىدىغان ئۆسۈملۈك. غولى ياپىلاق، تۇمۇنە شەكىلدە بولۇپ، گىرۋەكلىرىدە يىرىك ھەرە چىشلىرى بولىدۇ. گۈلى غولىنىڭ

ئويمان جايلىرىدا ئۆسىدۇ، رەڭگى سۆسۈن، قىزىل، هال رەڭ، سېرىق، ياكى ئاق رەڭلەردە بولىدۇ. مەنزىرە ئۆسۈملۈكى قىلىشقا بولىدۇ. ئەسلى ماكانى مېكسىكا.

**ياپلاق لەغمەن** <يېم> تارتىشتىن بۇرۇن پىلتىسى بېسىلىپ ياپلاق هالەتكە كەلتۈرۈلۈپ، ئاندىن سوزۇپ سېلىنىدىغان لەغمەن.

**ياپلاقلاتماق** «ياپلاقلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**ياپلاقلاشتۇرماق** «ياپلاقلاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**ياپلاقلاشتۇرۇشماق** «ياپلاقلاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**ياپلاقلاشتۇرۇلماق** «ياپلاقلاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجهۇل دەرىجىسى.

**ياپلاقلاشماق** «ياپلاقلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**ياپلاقلانماق** «ياپلاقلىماق» پېئىلىنىڭ مەجهۇل دەرىجىسى: ئون نەچچە كونىلىق چاراڭ-جۇرۇڭ، گومبا-گومباڭدىن كېيىن، كاللەك-كاللەك مىسلار بىر قول، يېرىم قول قىلىنىلىقتا ياپلاقلاندى.

**ياپلاقلىماق** پ. ياپلاق هالەتكە كەلتۈرمەك، يېسسىلىماق: ئۇلار ئاسمىنىڭ ياردىمىدە ئوقلىرىنى ئايغان هالدا مىلتىقتىن پايدىلىنىشنى ئۆگىنىشتى، مىلتىق يېتىشمىگەنلەر نەيزە-چوماق تەييارلاشتى، بەزىلەر لوم تۆمۈرلەرنى ياپلاقلاپ قىڭراق-قىلىچ سوقۇشتى.

**ياپپاش** سۈپ ① ياشلا، ناهايىتى ياش: ياپپاش ئايال. ياپپاش بالا. * ئۇ ياپپاش تۇرۇپلا تۇل قالدى. * دىلنار ئارتىس بولغانلىقى ۋە هەمىشە چىرايلىق ياسىنىپ يۈرگەنلىكى ئۈچۈن، يېشى ئوتتۇزدىن ئاشقان بولسىمۇ، يەنىلا يىگىرمە ياشلاردىكى قىزلاردەك كۆرۈنەتتى. ② كۆچمە. ئۆسۈۋاتقان: قارا سېنى، باشقا نەرسە تېپىلمىغاندەك كەسكەن نەرسەڭنى، ياپپاش دەرەخنىڭ ئۈچىنى كەسكىنىڭ نېمىسى.

**ياپپالىڭاچ** ① سۈپ. هەممە يېرى ئوچۇق، پۈتۈنلەي يالىڭاچ، ئاندىن تۇغما، قىپيالىڭاچ: ئاشۇ سايدىكى قانغا چىلىشىپ ياتقان ياپپالىڭاچ جەسەتلەرگە قاراپ شۈمشىيىپ ئولتۇرغان كىشى ئۇرۇش دەهشەتلىرى تەسۋىرلەنگەن جۇڭگو جەڭنامىلىرىدىن قاچاندۇر يادىدا قالغان يۇقىرىقى شېئىرنى ئەسلەپ ئىختىيارسىز ياش تۆكمەكتە ئىدى. ② كۆچمە. ئوچۇقتىن-ئوچۇق، ئاپئاشكارا، ئىنتايىن ئاشكارا: — ئۇنىڭ بۇ ئىشى ياپپالىڭاچ ئالدامچىلىق، بۇنداق ئالدامچىلىقتا قانۇن چوقۇم چەك قويىدۇ، — دېدى ئەنۋەر غەزەپ بىلەن.

**ياپپېشىل** سۈپ. ناهايىتى يېشىل، ئىنتايىن يېشىل، قېنىق يېشىل: ياپپېشىل ئورمانلىق. ياپپېشىل مايسىلىق. * توختى باي ياپپېشىل ئوتلاقلارنى، يىل بويى سۇ ئېقىپ تۇرىدىغان چوڭ بىر ئۆستەڭنى ئىگىلىۋاپتۇ. * مەن قادىر ئاكام بىلەن دېڭىزدەك دولقۇنلاپ تۇرغان ياپپېشىل ئېتىزلار ئارىسىدىكى كەڭ يولدا كېتىۋاتاتتىم.

**ياپپېشىلچىلىق** ئى ← **ياپپېشىللىق**: يېزا يۇلىنىڭ ئىككى قاسنىقىدا كۆركەم بىر مەنزىرە هاسىل قىلغان چوكانتاللار ياپپېشىلچىلىق هۆسنى بىلەن كۆڭۈلدىن قىش تەسىراتلىرىنى هەيدەپ، هايات زوقى ۋە شادلىق هېسلىرىنى بەخش ئېتەتتى.

**ياپپېشىللىق** ئى. ياپپېشىل هالەت: هايت-هۇيت دېگۈچە ماشىنا ئادەملەر توپىدىن ئاجراپ چەكسىز كەتكەن ياپپېشىللىق بوستان ئىچىگە

كىرىپ غايىب بولدى.

**يات** سۈپ ① قېرىنداشلىق مۇناسىۋىتى بولمىغان، تۇغقانچىلىقى يوق: يات ئادەم. يات يىگىت. * ياتنىڭ ئوتىنى پۈۋلەپ ساقلى كۆيۈپتۇ (ماقال). * ئالدىدىكى ئۆزىنى كۆرمەي، يىراقتىكى ياتنى كۆرۈپتۇ (ماقال). * ياخشىنى يات ئىكەن دېمە، يامىنىنى ئۆز ئىكەن دېمە (ماقال). * كىشىنىڭ ئېتى ئات ئەمەس، ئىككى پۇتۇم يات ئەمەس (ماقال). * ئادەمنىڭ يېتى يوق، ئالتۇننىڭ دېتى (يوق) (ماقال). * نادان تۇغقىنىم ئۆلۈپ كەتسە، ئۇنىڭغا پەرۋا قىلمايمەن، لېكىن بىلىم ئەھلى بولغان يات بىرى ئۈچۈن ياقامنى يىرتىپ زار يىغلايمەن. * شۇ چاغدا ئايالىمنىڭ، سىڭلىمنىڭ قىزى رۇقىيەنى ئوغلىمىز ئادىلجانغا ئېلىپ بېرەيلى، ياخشى قىز ياتقا كەتمىسۇن، دېگەن تەلىپى خىيالىمدىن چاقماق تېزلىكىدە ئۆتتى. ② تونۇشلۇقى يوق، تونۇشمايدىغان، تونۇش ئەمەس، ناتونۇش: يات كىشى. * يات يۇرتتا تورغاي سايرىماس (ماقال). * ئەي ئوغۇل، بىلگىنكى، ئەگەر خەلقنى زىياپەتكە چاقىرساڭ، ھەر كۈنى چاقىرما، بولۇپمۇ يات كىشىلەرنى زىياپەتكە چاقىرما. بۇ شۇنىڭ ئۈچۈنكى، يات كىشىلەرنى چاقىرساڭ، كۈتۈۋېلىشتا ئاجىزلىق قىلىپ، مېھماندىلىق ھەققىنى ئادا قىلالمايسەن. * بىر قىز ئىدىم قۇل ئىدىم، يات يەرلەرگە سېتىلدىم. غازاڭ بولغان گۈل ئىدىم، بۇگۈن قايتا ئېچىلدىم. ③ بىرەر نەرسە ياكى كىشىگە تەئەللۇق بولمىغان، مۇناسىۋەتسىز: يات ماددا. يات جىسىم. * ھازىر بەزى ئادەملەر ئۈچۈن پرىنسىپ، ئىنسانىي بۇرچ، ئەخلاق دېگەنلەر يات بىر نەرسە بولۇپ قالدى. * بۇ ئۈچەيلەن ھېلىمنىلا كۈتۈۋاتقاندەك ئۇنىڭغا تىكىلدى. ھېلىم بۇ يات مەنزىرىنى كۆرۈپ ئورنىدىلا تۇرۇپ قالدى. ④ كۆچمە. مەۋجۇت ئەمەس يوق؛ يىراق: «جەزمەن ئۆز قولۇم بىلەن تاپشۇرۇشۇم كېرەك. تەقدىرگە تەن بېرىپ، قايناق تۇرمۇشتىن چەتكە چىقىشىنىڭ ماڭا يات ئىكەنلىكىنى ئادىل كۆرسۇن» دەپ ئويلىدى ئۇ كارىۋاتقا ئۆزىنى تاشلاپ. * كېلەر ئۆلار قىر بويلاپ، كۆڭۈللىرى شاد ئىدى. كېچە سۈرلۈك بولسىمۇ، قورقۇش دېگەن يات ئىدى. ⑤ كۆچمە. مۇخالىپ، قارشى، زىت، خىلاپ: مەن قەيسەرلىك قىلىپ ئۇنىڭ يېنىدا ئولتۇردۇم، ئۇ چۆچۈپ، ئاجايىپ ئوتلۇق نەزەر بىلەن يالت قىلىپ قارىدى-دە، ئۆز تەبىئىتىگە يات ھالدا مۇلايىم ۋە ئىللىق كۈلۈمسىرىدى. ⑥ باشقىچە، ئۆزگىچە، غەيرىي: ئىشچىلارنىڭ كۈتمىگەندە كىرىپ كېلىشى، سابىر ئۇستىنىڭ ئۆزىنى خاتىرجەم تۇتۇشىمۇ ئۇنىڭغا يات ۋە غەلىتە بىلىنەتتى. ⑦ كۆچمە. دۈشمەن بولغان، دۈشمەنگە ئوخشاش: شاھىمىز بۇ پەرزەنتىنى ئۆز جېنىدىنمۇ ئارتۇق كۆرىدۇ. شۇڭلاشقا 228 قاراۋۇل ئۇنى ياتلاردىن كېچە-كۈندۈز قوغداپ تۇرىدۇ. * يولۋاس ئاڭلاپ بۇ سۆزنى، پەرق ئەتمەي يات-ئۆزنى، خىرىس قىلدى ھەممىگە، تاتىلاپ باش-كۆزنى.

**يات بولماق** ياتلاشماق: تايىنى باقسا ئات بولار، بۆرىنى باقسا يات بولار (ماقال). * تۇغقاننى تاشلىساڭ يات بولۇر، تۆمۈرنى تاشلىساڭ دات بولۇر (ماقال). * ئىجتىمائىي ئورنىمىزنىڭ بىر ئۆزگىرىشى بىلەنلا يېقىن قوشنام دوست بولدى، كونا دوستۇم يات بولدى. * مەن مىجەزىمگە يات بولسىمۇ يالغان جاۋاب بېرىشنى لايىق كۆردۇم.

**يات جىنس** ① ئەرگە نىسبەتەن ئايال، ئايالغا نىسبەتەن ئەر جىنس، غەيرىي جىنس. ② <گېئول> بىر خىل

مىنېرال ئىچىگە ئارىلاشقان باشقا جىنس.

**يات خەلق** ئۆز مىللىتىدىن باشقا مىللەت، خەلق: ئىگىسى بىز بۇ جانجان تۇپراقنىڭ، يات خەلقنىڭ ھېچ ھەققى يوق بۇ يەردە. مىللىي ھوقۇق ھاسىل بولار تالاشسىز، قايسى خەلق ئۆتكەن بولسا قەيەردە.

**يات رەڭ** ① <گ سەن> رەڭسىز سىستېمىغا مەنسۇپ بولغان رەڭ. مەسىلەن، قارا، ئاق، كۈل رەڭ، ئالتۇن رەڭ، كۈمۈش رەڭلەرگە ئوخشاش. بۇلار رەڭ تۈسىنى تەڭشەش رولىنى ئوينىغاچقا، «قۇتۇلدۇرغۇچى رەڭ» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ساپ ئاق ۋە ساپ قارا رەڭلەرنى تېپىش قىيىن، رەڭ سپېكترىدا بۇنداق رەڭ خىلى يوق. شۇڭا ئاق رەڭ «ئىنفرا رەڭ»؛ قارا رەڭ «ئۇلترا رەڭ» دەپ ئاتىلىدۇ. ② <گېئول> مىنېراللارنىڭ بىر خىل رەڭگى، يەنى سىرتتىن كەلگەن رەڭلىك ماددىلارنىڭ مېخانىكىلىق ئارىلىششى نەتىجىسىدە پەيدا بولغان مىنېرالنىڭ بويالغان رەڭگى. بۇ رەڭنىڭ خىمىيىلىك مىنېرال تەركىبىنىڭ ئۆز قۇرۇلمىسى بىلەن مۇناسىۋىتى يوق. مەسىلەن، ساپ كۋارتس رەڭسىز، سۈزۈك مىنېرال بولۇپ، ئارىلاشمىلار نەتىجىسىدە بىنەپشە، قىزىل گۈل رەڭ، سۈت ئاق، ئىس رەڭلەردە بولىدۇ.

**يات شەكىل** <گېئول> تاغ جىنسلىرىدىكى مىنېرال كرىستال دانىچىلىرىنىڭ قالايمىقان تاشقى شەكلى. ماگما مۇزلاپ قاتقاندا بۆلۈنۈپ چىققان كېيىنكى مىنېراللارنىڭ شەكلى بوشلۇق جەھەتتە ئاۋۋال بۆلۈنۈپ چىققان مىنېراللارنىڭ چەكلىشىگە ئۇچراپ، ئەركىن تەرەققىي قىلالماي، ئادەتتە يات شەكلىنى پەيدا قىلىدۇ. مەسىلەن، گرانىتلاردىكى كۋارتس شەكلىگە ئوخشاش.

**يات قول** يات ئادەم، مۇناسىۋەتسىز كىشى: «بۇ يەردە جەزمەن بىر يات قول باردەك قىلىدۇ. بۇ قول ناھايىتى زەھەرلىك» دەپ ئويلىدى ئابلىكىم. * ئەمدىلا ئېچىلغان بەخت گۈلىنى، يات قوللار سۇندۇرۇپ، ئەيلىسە نابۇت؛ ئەمدىلا قۇرامىغا يەتكەن يىگىتكە، رەقىبلەر راسلىسا جىنازا تاۋۇت.

**يات قىلماق** ← **ياتلاشتۇرماق**: ئوغلۇمنىڭ بالىسى – ئۆزۈمنىڭ بالىسى،- يات قىلغان ئانىسى (ماقال). * تومۇرۇڭدا ئاقار مېھنەت قېنى دائىم ياساپ ئۆركەش، ۋۇجۇدۇڭغا ھۇرۇنلۇقنى يولاتماي قىلچە، يات قىلدىڭ.

**يات قىلىق** باشقىلارنىڭ دىتىغا، كۆڭلىگە ياقمايدىغان، كۆزىگە سىغمايدىغان ئىش-ھەرىكەت؛ قىلىقسىزلىق: ئېسىلىپ تۇرسەن جىم تامدا مىخقا، ئۆگىنىپ قاپسەن ئوسال قىلىققا.

**يات كۆرمەك** يات ئادەم دەپ ھېسابلىماق، ئۆزىنى يىراق تۇتماق، ئۆزىنى قاچۇرماق: ئۇ كىشىلەرنىڭ ئۆزىنى يات كۆرۈشىدىن، ئارىغا ئالماسلىقىدىن ئەنسىرەيتتى. * يات كۆرمەيدۇ ئۇنى تەبىئەت، ئۇنىڭمۇ ئۆز خېرىدارى بار. كۆرەر كۆنى، ئۆسەر تۇپرىقى، ھەمراھلىرى ۋە دىلدارى بار.

**يات ماددا** <زوئول> بەدەننىڭ ئىچىگە كىرگەن يات ماددىلار. ئادەتتە جانسىز ماددىلار كۆزدە تۇتۇلىدۇ. مەسىلەن، كۆزگە كىرىپ كەتكەن قۇم قاتارلىقلارغا ئوخشاش.

**یاتنىڭ جۇۋىسىدا تەرلىمەك** ← **باشقىلارنىڭ جۇۋىسىدا تەرلىمەك:** یاتنىڭ جۇۋىسىدا تەرلىنىشتىن جاھىلانە باش تارتىپ تۇرغان بىرمۇنچە يۇقرانىڭ ئىبرەتلىك نەسىھەتلىرىمۇ ئۇلارغا تەسىر قىلمىدى.

**یاتاتۇك** ئى ① بۆشۈكتەۋرەتكۇ، ياچۇەك. ② <زوئول> ياچۇەك تۇخۇمى.

**یاتاق** ئى ① ياتىدىغان جاي، ئورۇن، خانا: ئۇ خەتنى ئاشخانا ئۈستىلىگە قويۇپ، ياتاققا كىردى-دە، ياتاقتا ئىلدام يېشىنىپ، كارىۋاتقا چىقىپ، ئۇخلاپ قالدى. * — ئۇنداقتا سىز مېنىڭ ياتاق ئۆيۈمگە كىرىپ ئولتۇرۇپ تۇرۇڭ، مەن ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ كىرىمەن، ھېلىقى مەسلىھەتىمىزنى شۇ چاغدا قىلىمىز، — دېدى ئايخان. ② مەكتەپ ياكى ئىدارە-جەمئىيەتلەردىكى ئوقۇغۇچى ياكى بويتاقلارنىڭ يېتىپ-قوپۇشى ئۈچۈن ئاجرىتىلغان مەخسۇس ئۆي؛ بىنا: قىزلار ياتىقى. بويتاقلار ياتىقى. * ئەتىسى ناشتىدىن كېيىن بۇ يەردىن چىقىپلا، ئوقۇغۇچىلار ياتىقىغا بېرىۋالدىم. * ئۇ بۈگۈن كېچىدە ئەنۋەر ئەپەندىنىڭ ياتىقىغا يىغىلىدىغانلىقىنى ئۇنتۇمىغانىدى. ③ دوختۇرخانىدىكى ئاغرىقلار ئورۇنلاشتۇرۇلغان ئۆي: ياتاقتا ياتماق. ياتاقتا يېتىپ قالماق. ياتاقتىن چىقماق. * ئاق خالاتلىق دوختۇر يېنىدىكى سېسترا قىزغا بىرنەرسە دېۋىدى، قىز ياتاق بىناسىغا قاراپ يۈگۈردى. * داۋالاش ئۆيلىرى، بۆلۈم، ياتاقتا، ھۆكۈمران مۇڭ ئەمەس، كۆڭۈل شادلىقى. بىمارلىق ئازابى ئازايغانلارنىڭ، ياڭرايدۇ گۈلزاردا كۈلكە-چاقچىقى.

**یاتاق ۋاگون** <قاتن> پويىزنىڭ ياتاق ئورۇنلاشتۇرۇلغان ۋاگونى.

**یاتاق یارىسى** <تب> ئۇزاق مۇددەت ئورۇندا يېتىپ قالغان ۋە ئۆزلۈكىدىن ئۆرۈلەلمەيدىغان كېسەللىكلەرنىڭ توقۇلمىلىرى ئۇزاق بېسىلىپ، قان ئايلىنىش توسالغۇغا ئۇچراشتىن تېرە، مۇسكۇللار چىرىپ زېدىلىنىدىغان بىر خىل يارا. ئۇزاق ياتقانلارنىڭ ساغرىلىرىدا، سۆڭەكچىلىرىدە كۆپ يۈز بېرىدۇ.

**یاتاقخانا** ئى ← **یاتاق:** باشقىلار چاي ئىچىشىۋاتاتتى. مەريەم ئۆزىنىڭ ياتاقخانىسىدىن چىقمىدى، ئۇنىڭ بېشى ئاغرىپ قالغانىدى. * داۋۇت بىلەن سەلىمە سۆزلىشىپ كۈلۈشۈپ، ياتاقخانىغا كىرىپ كەتتى.

**یاتاقداش** ئى. بىر ياتاقتا ياتقان ياكى ياتىدىغان كىشىلەر (بىر-بىرىگە نىسبەتەن): شۇنداق قىلىپ قەيسەر ئەمدى سىنىپ يىغىنى ھەققىدىكى ئويلىرىنى تاشلاپ، ياتاقداشلىرى ئارا بولۇپ ئۆتكەن سوئال-جاۋابلارنىڭ تېگىنى ئىزدەپ يېڭىباشتىن بىر خىيال دېڭىزىغا غەرق بولۇپ كەتتى.

**یاتاقداشلىق** «ياتاقداش» سۆزىنىڭ ئابستراكت ئىسىم شەكلى: باتۇر بىلەن ئىككىمىزنىڭ ئوتتۇرىسىدا ياتاقداشلىق مۇناسىۋىتىمىز بار ئىدى.

**یاتاقسىز** سۈپ. ياتىقى يوق، ياتاق سېلىنمىغان: ياتاقسىز مەكتەپ.

**یاتاقلاشتۇرماق** «ياتاقلاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: بۇ ناھىيە رەھبەرلىرى ناھىيىدىكى مەكتەپلەرنى ياتاقلاشتۇرۇپ ناھايىتى چوڭ ئۈنۈمگە ئېرىشتى.

**یاتاقلاشتۇرۇشماق** «ياتاقلاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**یاتاقلاشتۇرۇلماق** «ياتاقلاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**ياتاقلاشماق** پ. ياتىقى بار هالەتكە كەلمەك، ياتىقى بار بولماق: ياتاقلاشقان مەكتەپ قۇرۇلغاندىن بۇيان، ئوقۇش - ئوقۇتۇش سۈپىتىدە كۆرۈنەرلىك ئۆزگىرىش بولدى.

**ياتاقلىق** سۈپ. ياتىقى بار، ياتاق ئورۇنلاشتۇرۇلغان: ياتاقلىق مەكتەپ.

**ياتاقلىق ئوقۇغۇچى** <ماثار> مەكتەپتە يېتىپ ئوقۇيدىغان ئوقۇغۇچى.

**ياتالڭ** ئى. دىئال. پاختا ئاتقۇچىنىڭ مۇشتى، مۇشتەك.

**ياتباش** سۈپ (يات+باش) تۇغقانچىلىقى بولمىغان، تۇغقانچىلىقى يوق؛ يات: — بوسۇغىمىزغا ئەمدى بىر قەدەم باسقان ياتباش كېلىن تۇرسا نېمىشۇ دەپ قالار، ئۇنىڭ ئۈستىگە مەزلۇم كىشىنىڭ سېزىكى دېگەن... — دەپ ئويلىدى هاشىم ئاكام.

**ياتسىراتماق** «ياتسىرىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: مەن ئۇنى ياتسىرىتىپ قويماي ئوبدان ئويناتتىم.

**ياتسىراشماق** «ياتسىرىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: بىز پاتمىدىن كېيىن بىرئاز ياتسىرىشىپ، ئىزا تارتىشىپ ئېچىلىشماي قالدۇق، كېيىن موماي سائادەتنىڭ مېنىڭ توغرامدا ئېيتىدىغان سۆزلىرىدىن نەقىل كەلتۈرۈپ سۆز باشلىدى.

**ياتسىرىماق** پ. باشقىلارنى ئۆزىگە، ئۆزىنى باشقىلارغا يات دەپ هېس قىلماق؛ يېتىرقىماق؛ ياتسىنماق: ئۇ مەن بىلەن ياتسىراپراق كۆرۈشتى. * ئۇنىڭ كۆزلىرىنىڭ كىشىلەرگە تىكىلىشمۇ بىر خىل بولغاچ، بۇ يەردە ئولتۇرغانلار ئارىسىدىكى دەسلەپكى ياتسىراش بىردەمدە ئوتتۇرىدىن كۆتۈرۈلۈپ كەتتى.

**ياتسىنماق** پ ← **ياتسىرىماق**: ئەزەلدىن قايغۇسى، خۇشاللىقى بىر، بىر شاختىنىڭ تۇتاشقان ئىككى بەرگى بىز، ئۆزئارا ياتسىنىپ ساقلىمىغان سىر، ئاسماندەك بىغۇبار ئوتلۇق قەلبىمىز.

**ياتقۇ** ئى. ياتىدىغان چاغ، ۋاقىت، پەيت: ئېغىر ياتقۇ. * قۇربان قىلىچ ئاتلارنىڭ يۇرۇشىنى تېزلىتىپ، ياتقۇدىن بۇرۇن توقسۇن بازىرىدىكى ئاقتاش سارىيىغا بېرىپ چۈشتى. * ياتقۇدا ياتاق يېنىدا توكۇلدىغان ئاياغ تىۋىشى پەيدا بولۇپ، ئىشىك ئېچىلىپ، دۇرنەم بىلەن پەرهات كىردى.

**ياتقۇزماق** ① «ياتماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئادىل بالىنى هارۋىغا ياتقۇزۇپ، دوختۇرخانىغا قاراپ ئۇچقاندەك هەيدەپ كەتتى. * ئاغرىق جاۋاب بېرىش ئۈچۈن ئورنىدىن قوزغالماق بولۇۋىدى، لۇتپۇللا دەرهال بېرىپ، ئۇنى قوزغاتماي، بېشىنى سەل كۆتۈرۈپ، ئۆز ئورنىغا ياتقۇزۇپ قويدى. ② ئورۇنلاشتۇرماق، جايلاشتۇرماق، بېكىتمەك: چىم ياتقۇزماق. تاختاي ياتقۇزماق. * ئۇ مەهەللىگە كەلگەن كۈنلا كىشىلەرنىڭ سېمونت كۆۋرۈككە تۇرۇبا ياتقۇزۇش ئۈچۈن ئېغىرلىقى بىر توننا كېلىدىغان سېمونت تۇرۇبىلارنى مۆرىدەپ، پىشاڭلار بىلەن ئىتتىرىپ، ئازگالغا چۈشۈرۈۋاتقانلىقىنى كۆرگەنىدى. * شەهەرنىڭ چوڭ كوچىلىرىدا نۇرغۇن كىشىلەر يوللارغا تاش ياتقۇزۇپ، يول ياساۋاتاتتى. ③ يېپىتماق، سالماق؛ تۆكمەك: لاي ياتقۇزماق. توك ياتقۇزماق. * هويلىنىڭ ئىچىگە سېمونت ياتقۇزۇپ ئەينەكتەك قىلىۋەتتۇق. * ئۇلار جىلغىلارنى تىندۇرۇپ، قاقاس تاغ ئۈستىگە توپا ياتقۇزۇپ تەبىئەتنى ئۆزگەرتىشتە جاپا-مۇشەققەتتىن قورقمىغان، ئۆز كۈچىگە تايانغان. ④ تەكشىلىك بىلەن تۈز هالەتكە كەلتۈرمەك، قايرىماق، ياتتۇ قىلماق: — ئېلاخۇن ئۇستام، ماۋۇ ئۆتۈكنى

كۆرۈپ باقسلا، – دېدى دادام مخلارنى ياتقۇزۇپ بولۇپ.

**ياتقۇزۇشماق** «ياتقۇزماق» پېئىلنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئىككيلەن تەڭلا كۆچەپ، شەۋكەتنى ئۆرە تۇرغۇزۇشتى ۋە ناھايىتى تەسلىكتە جايىغا ياتقۇزۇشتى.

**ياتقۇزۇلماق** «ياتقۇزماق» پېئىلنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: خەلچە ئانا ئۈچ ئات قوشۇلغان رېزىنكە چاقلىق هارۋىغا ياتقۇزۇلغاندا، كۆن قىزغۇچ شولا چېچىپ، تاغ كەينىگە ئولتۇرۇپ كەتكەنىدى. * تاش ياتقۇزۇلغان مەھەللە يولىدا ئەزالار خۇشاللىق بىلەن ئويۇن-مەشرەپ قىلىشقا كىرىشىۋاتاتتى.

**ياتلاشتۇرماق** «ياتلاشماق» پېئىلنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**ياتلاشتۇرۇشماق** «ياتلاشتۇرماق» پېئىلنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**ياتلاشتۇرۇلماق** «ياتلاشتۇرماق» پېئىلنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**ياتلاشماق** پ. يات بولۇپ كەتمەك، يات هالەتكە كەلمەك؛ يىراقلاشماق: شۇنىڭدىن كېيىنكى ئەللىك يىلغا يېقىن ۋاقىت ئىچىدە ئۇلار بىر-بىرىنى زادىلا ئىزدەشمەي ياتلىشىپ كېتىشكەنىدى. * «ئانا» سۆزى ئۇنىڭغا ئالىقاچان ياتلىشىپ كەتكەن بولسىمۇ، يەنىلا ئۇنىڭدا تۇرمۇشقا نىسبەتەن ئۈمىد بېغىشلايتتى.

**ياتلىشىش** ① «ياتلاشماق» پېئىلنىڭ يەنە بىر خىل ئىسمدىشى. ② <پەلس> پەلسەپىدە، مۇئەييەن تارىخىي شارائىتتا، ئۆزىنىڭ سۇپىتى ياكى كۈچىنى ئۆزىگە قارشى تۇرىدىغان ۋە ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغان سۇپەتكە ياكى كۈچكە ئايلاندۇرۇپ قويۇش كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ئۇ ھەم ئايلاندۇرۇش جەريانىنى بىلدۈرىدىغان، ھەم ئايلاندۇرۇش نەتىجىسىنى بىلدۈرىدىغان ئۇقۇم.

**ياتلىق** ① «يات» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: قىزىمنىڭ ئۆزلۈكى بار، كۆيئوغلۇمنىڭ ياتلىقى بار (ماقال). * بەزىدە، بەلكى تولا چاغلاردا ياتلىق تونۇشۇشقا، تونۇشۇش يېقىنلىققا، يېقىنلىق دوستلۇققا، دوستلۇق مۇھەببەتكە ئورۇن بوشىتىپ بېرىدۇ. ② ئى. يات كىشىگە تەۋە؛ ئۆيلۈك-ئوچاقلىق (قىز-ئاياللارغا نىسبەتەن): ياتلىق بولماق. ياتلىق قىلماق.

**ياتلىق بولماق** تۇرمۇشقا چىقماق، تالالىق بولماق، ئەرگە تەگمەك: ئۇ هازىر يىگىرمە ئالتە ياشتا، تېخى ياتلىقمۇ بولمىدى. * نۇرىمان شاهزادە ئابدۇلدەك كېلىشكەن، چىرايلىقلىقتا ئاي بىلەن بەسلەشكەن، نامۇئاتىقى چىققان پادىشاھ ئوغلىنى كۈتۈپ، ياتلىق بولماي كەلگەنىكەن.

**ياتلىق قىلماق** تۇرمۇشقا چىقارماق، تالالىق قىلماق، ئەرگە بەرمەك: مىجىت تاغىسىنىڭ يېنىدا خەقلەرنىڭ ياتلىق قىلماقچى بولغان قىزلىرىنىڭ كىيىمىنى تىكىپ، داڭ چىقىرىۋەتتى. * ئامالسىز قالغان بىچارە ئاتا-ئانىسىنىڭ كىشلەر ئارىسىدا يۈز كۆتۈرۈپ يۈرۈشى بارغانسېرى قىيىنغا چۈشۈپ، ئاخىرى ئۇلار دەرد-ئەلەم ئىچىدە شەرىپەنى ئابدۇشۈكۈرگە ياتلىق قىلدى.

**ياتلىماق** پ. يات كۆرۈپ چەتكە قاقماق، يات كۆرمەك: سەن ئۇنى نېمانداق ياتلايسەن، ئۇ ساڭا نېمە قىلغان؟

**ياتلىۋىلاڭ** سۈپ. دىئال. غەلىتە، بۆلەكچىلا، غەيرىي.

**ياتما** سۈپ. ياتقان، ياتىدىغان: ياتما پاقىيوپۇرماق. ياتما جىنتىيانا.

**ياتما ئەمەن** <بوت> مۇرەككەپ گۈللۈكلەر ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. غولى يەر بېغىرلاپ ئۆسىدۇ، يوپۇرمىقىنىڭ ئالدى

يۈزى يېشىل، كەينى ئاقۇچ كۆل رەڭ بولۇپ، نۆۋەتلىشىپ ئۆسىدۇ. گۈلى نەيسىمان، رەڭگى سارغۇچ، بىرئاز سۆسۈن سىزىقلىرى بار، مېۋىسى ئۇرۇق مېۋە. يول بويى ۋە داللاردا ئۆسىدۇ. يوپۇرمىقى دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. قان توختىتىش رولىغا ئىگە.

**ياتما پاقيوپۇرمىقى** <بوت> پاقيوپۇرماق ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. يوپۇرمىقى ئۇزۇن ۋە تۇخۇمسىمان بولۇپ، يەرگە تەكشى يېتىپ ئۆسىدۇ. گۈلى باشاقسىمان گۈل رېتىدە، مېۋىسى غوزىلىق مېۋە. ئۇرۇق ۋە يوپۇرمىقى دورا قىلىنىدۇ، ئۇرۇقىنىڭ ئىچ سۈرۈشنى توختىتىش، سۈيدۈكنى راۋان قىلىش؛ يوپۇرمىقىنىڭ ئىسسىقنى قايتۇرۇش رولى بار.

**ياتما توشقانقۇلاق** <بوت> كالپۇكسىمان گۈللۈكلەر ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. تۈۋىدىن ئۆسكەن يوپۇرمىقى سوقىچاق، سېپى ئۇزۇن، گىرۋەكلىرى يىرىك يۇملاق چىشلىق، غولىدىن ئۆسكەن يوپۇرمىقى كىچىك، سېپى يوق كېلىدۇ. گۈلى كۆك، گۈل رېتى باشاقسىمان، گۈل تاجى ئىككى كالپۇكقا بۆلۈنگەن بولىدۇ. غوزا مېۋىسى كىچىك بولىدۇ. پۈتۈن ئۆسۈملۈك تېنى دورا قىلىنىدۇ، بەدەننى كۈچلەندۈرۈپ سۈيدۈكنى راۋانلاشتۇرۇش رولىغا ئىگە.

**ياتما جىنتىيانا** <بوت> جىنتىيانا ئائىلىسىدىكى بىر يىللىق، كىچىك، پاكار سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. ئېگىزلىكى 5 سانتىمېتىرغىچە يەتمەيدۇ، يوپۇرمىقى ئۇدۇل ئۆسۈپ زىچ جايلاشقان، شەكلى تەتۈر تۇخۇمەكسىمان بولىدۇ. گۈلى ئۇچىدىن ئۆسىدۇ، كۆكۈچ سۆسۈن رەڭدە. پۈتۈن تېنى دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. تەمى قېرىق، تەبىئىتى سوغۇق، زەھەرسىز. ئىسسىقنى قايتۇرۇپ، ھۆللۈكنى قۇرۇتىدۇ؛ جىگەرنى ياخشىلاپ، ئۆت سۇيۇقلۇقىنى راۋانلاشتۇرىدۇ.

**ياتما خاكشى** <بوت> كىرېست گۈللۈكلەر ئائىلىسىدىكى پاكار، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. ئېگىزلىكى 2 — 6 سانتىمېتىر ئەتراپىدا كېلىدۇ. گۈل شېخى يالغۇز ئۆسىدۇ ھەمدە يوپۇرماق بولمايدۇ. بەزىدە تاسادىپىي بىر تال يوپۇرمىقى ئۆسۈپ قالىدۇ. رەڭگى ئاق، مۆڭگۈزسىمان مېۋىسى ياپىلاق، سوقىچاق، ئالتاي رايونىدا ئۆسىدۇ.

**ياتما قارىغاي** <بوت> قارىغاي ئائىلىسىدىكى دائىم يېشىل تۇرىدىغان كىچىك دەرەخ. شاخلىرى كۆپ بولىدۇ. چوڭ شاخلىرى يەرگە يېتىۋېلىپ ئۆسىدۇ. ئۇچى ئۈستىگە قارايدۇ. يوپۇرمىقى يىڭنە شەكىللىك، ئاتىلىق گۈلى سېرىق، ئانىلىق گۈلى سۆسۈن، شارچە مېۋىسى سۆسۈنگە مايىل قوڭۇر، ئۇرۇقى تۇخۇم شەكىللىك.

**ياتما قوتۇرئوت** <بوت> بوتا كۆز ئائىلىسىدىكى بىر يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. غولى يىپقا ئوخشاش ئىنچىكە بولۇپ، يەر بېغىرلاپ ئۆسىدۇ. يوپۇرمىقى سوقىچاق ياكى ئۇزۇنراق تۇخۇم شەكلىدە بولۇپ، نۆۋەتلىشىپ ئۆسىدۇ. يوپۇرمىقىنىڭ ئالدى-كەينى ۋە گىرۋىكىدە ئۇششاق تىكەنلىك تۈكچىلىرى بولىدۇ. گۈلى ئۇششاق، كۆك ۋە ئاق بولۇپ، كۆپىنچە يوپۇرماق قولتۇقىدىن ئۆسىدۇ. تۆت تال ئۇششاق قاتتىق مېۋىسى بولۇپ، كاسسا

یوپۇرماقچىلىرى ئىچىدە یوشۇرۇنۇپ تۇرىدۇ. پۈتۈن تېنى دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. تەمى ئاچچىق، تەبىئىتى سوغۇق، تاش بەدەندىكى ئىسسىقنى تازىلايدۇ، يۆتەل توختىتىدۇ.

**یاتما قوغاجاي** <بوت> قىياق ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. يىلتىزسىمان غولى بولىدۇ. یوپۇرمىقى ئىنچىكە، ئۇزۇن بولۇپ، توپ ئۆسىدۇ. پۈتۈن كۆرۈنۈشى سەركە ساقىلىغا ئوخشايدۇ. ئادەتتە زىچ ئۆسۈپ چىملىق بەرپا قىلالايدۇ. كۆپىنچە سۈنئىي چىملىق بەرپا قىلىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

**یاتما نىلۇپەر** <بوت> نىلۇپەر ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. تېيىز سۇدا ئۆسىدۇ، يىلتىزسىمان غولى قىسقا بولۇپ، سۇ ئاستىدا ئۆسىدۇ. یوپۇرمىقىدا ئۇزۇن سېپى بولىدۇ. یوپۇرماق ئالىقىنى ئات تۇيىقىغا ئوخشايدۇ. سۇدا لەيلەپ تۇرىدۇ. گۈلى ئاق، سېرىق، قىزىل ئېچىلىدىغانلىرىمۇ بار. مەنزىرە ئۆسۈملۈكى.

**یاتماق** پ ① بەدىنىنى يەر، كارىۋات، كۆرپە قاتارلىقلارغا يېقىپ سوزۇلماق، ئۇزارتماق: يەردە ياتماق. كۆرپىدە ياتماق. * ئالدىرىغاننىڭ ئېشىكى يېتىۋاپتۇ. (ماقال). * ياتار قورساق – كېتەر قورساق (ماقال). * كېرىم راھمانوۋ دېرىزە تۈۋىدىكى كارىۋاتتا ئىككى قولىنىڭ ئالىقىنى ئۈستىگە گەجگىسىنى قويۇپ ئوڭدا ياتاتتى. * ئاپئاق كېپەنگە ئورالغان قادىرنىڭ ئاپىسى جىمجىت سوزۇلۇپ ياتاتتى. ② ئىگىلىمەك، تۇرماق، ساقلانماق: بىر دۆۋە كىتاب شىرە ئۈستىدە ياتاتتى. * ئەكبەر كەنت ئىشخانىسىغا كىرىۋېتىپ، بوسۇغىدا توختاپ قالدى. ئۈستەللەرنى توپا باسقان، مەشىنىڭ ئوتى ئۆچكەن، يەردە ئاپئاق كۈل چېچىلىپ ياتاتتى. * 1871-يىلى ئىلىغا چارروسىيە جاھانگىرلىكى كىرىپ، ئىلىنى ئون يىل بېسىپ ياتقان ۋاقىتتا، چارپادىشاھنىڭ «خۇنخاي مازار» دائىرىسىدە تۇرغان ھەربىيلىرى بۇ غارنىڭ ئىچىگە كىرگەن. ③ تۈنىمەك، ئۇخلىماق: – سىزنى پادىشاھ بىلەن ئىككىمىز بىرلىكتە تاپقانىدۇق. مېنىڭمۇ سىزدە ھەققىم بار، شۇڭا بۈگۈن بىر كېچە ئىككىمىز بىللە ياتساق، – دەپتۇ ۋەزىر پەزىلەتخانىغا. * مەن كەلسەم بۇلار يېتىپ قالغانىكەن، گېپىمنى ئاڭلاپلا ھېلىقى تراكتورنى يۈگۈرتۈپ سېنىڭ يېنىڭغا باردى. ④ قامالماق، سولانماق: مەن: «بۇ كامېردا ياتقىلى يەتتە ئاي بولدى. بىر قېتىممۇ سوراق قىلىنمىدىم. بىكاردىن-بىكار شۇنچىلىكمۇ يېتىپ كەتتىما» دەپ ئويلايتتىم. ⑤ توختىماق، توختاپ قالماق؛ تۇرۇۋالماق: ئۇ دۈيجاڭ بولمايمەن دەپ يېتىۋالدى. * ئى ئابدۇللا، ئۆزۈڭمۇ ئەل-ۋەتەن ئىشقىدا شەيدا سەن، يولۇڭدىن توختىما، تۈنجى بېكەتتە ياتقىلى بولماس. ⑥ كۆچمە. تەئەللۇق، تەۋە بولماق؛ ماس، مۇناسىپ كەلمەك: ناخشا ۋاكاللىق مۇزىكا تۈرىگە ياتسىمۇ، ئادەتتە چالغۇچىلارنىڭ تەڭكەش قىلىشى بىلەن ئىجرا قىلىدىغان بولغاچقا، ئۇنى پەقەت ۋاكاللىق مۇزىكا دەپلا قاراشقا بولمايدۇ. * – يولداش ئەكبەر، مەن سىزگە ئەسكەرتىپ قوياي، بۇ بىر خىل مەزھەپچىلىككە ياتىدىغان ھەرىكەت! – دېدى ھاكىم تېخىمۇ ئۆكتۈپ. ⑦ رەۋىش ۋە رەۋىشداشلار بىلەن بىرىكىپ، ئىش-ھەرىكەت ياكى ھالەتنىڭ داۋاملىشىۋاتقانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ: ئىشلەپ ياتماق. * — قارا چاپانلىقلار تېخىچە تىنچ ياتماي، يۇرتنى قىپچاقلارغا قارشى قوزغىماقچى

قوزغىماقچى بولۇپتۇ، ئىشنى يەنە تەدبىرسىز قارا چاپانلار قولىغا ئېلىپ مەملىكەتنى بۇزغۇنچىلىققا سالماقچى بولۇپتۇ، — دېدى هامىد شاهقا تەزىم قىلىپ تۇرۇپ. * ياتمايدۇ خەلقىم ئەلەم — كۆلپەتتە، گۈللەيدۇ ئارزۇ، ئىشەن ئەلۋەتتە.

**يېتىپ قالماق** كېسەل بولۇپ، تۇرالماي قالماق، كېسەل سەۋەبىدىن ئورۇن تۇتۇپ ياتماق: — خەلپەمنى يېتىپ قالدى دەپ قاچانغىچە تۇرىمىز... — دېدى قارا بوسۇق غاڭزىسىنى شوراپ تۇرۇپ.

**يېتىپ يېمەك** ئىشلىمەي، ئەمگەك قىلماي بالا هالاۋىتىنى كۆرمەك: كەتمىنىنى مەن چاپسام، يېتىپ يەيدۇ خان غوجام (ماقال). * يوق دېسە يېتىپ يەك (ماقال). * يېتىپ يېگەنگە تاغ توشماس (ماقال). * — بۇ ئاشلىقنى ئاپىرىپ، ساڭغا تۆكمىز، ئۇنى هارامتاماقلار يېتىپ يەيدۇ، — دېدى دېهقان غەزەپلەنگەن هالدا.

**يات-يۇيۇر** دىئال. يات، تونۇشمايدىغان.

**ياچېيكا** ئى (ر) بىرەر چوڭ تەشكىلات تەركىبىدىكى كىچىك بىر تەشكىلىي گۇرۇپپا: ياچېيكا يىغىنى. ياچېيكا ئەزاسى. * ئۇ يول تەرەپكە قارىدى-دە، ۋېلسىپىتىنى چۈشۈۋاتقان ياچېيكا شۇجىسى بىلەن كۆرۈشۈپ سوئالغا سوئال بىلەن جاۋاب بەردى.

**ياچى** ئى. يا ياسايدىغان ئادەم: پادىشاھ قاتتىق غەزەپلىنىپ، ياچىنى ئۆلتۈرمەكچى بولۇپتۇ.

**ياچۇەك** ئى <زوئول> بىر خىل هاشارات. پۇتلۇن تېنى يېشىل ياكى توپا رەڭ، بېشى ئۈچ بۇرچەك كېلىدۇ. هەرىكىتى چاققان. سەزگۈ مۇڭگۈزچىسى يىپسىمان، مەيدىسى ئىنچىكە هەم ئۇزۇن، قانىتى ئىككى جۈپ، ئالدى پۇتى ئورغاق شەكلىدە بولىدۇ. زىياندااش هاشاراتلارنى تۇتۇپ يەيدۇ، دېهقانچىلىققا پايدىلىق.

**ياچۇەك تۇخۇمى** <زوئول> ياچۇەك تۇخۇمىنىڭ ئورىغۇچى قېپى. شەكلى ئۇزۇنچاق تۇخۇمسىمان، رەڭگى سارغۇچ قوڭۇر، قاتمۇقات قەغەزسىمان ماددىدىن تۈزۈلگەن. چىڭ هەم يېنىك بولۇپ، شاخقا يېپىشىپ تۇرغان تەركىبىدە ئۇزۇن، چوڭقۇر ئوقۇرى بولىدۇ. دۈمبە تەرىپىنىڭ ئوتتۇرىسىدا بۆرتۈپ چىققان قىرى بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدە نۇرغۇن تۇخۇم بولىدۇ. كۆپىنچە ئۈجمە دەرىخى ياكى باشقا دەرەخلەرنىڭ شېخىغا يېپىشىپ تۇرىدۇ. دورىغا تۇخۇمىنىڭ ئورىغۇچى قېپى ئىشلىتىلىدۇ. تەمى تاتلىق، تۇزلۇق، تەبىئىتى مۆتىدىل، زەهەرسىز، بۆرەكنى قۇۋۋەتلەيدۇ، مەنىنى تىزگىنلەيدۇ، سۈيدۈكنىڭ قېتىم سانىنى ئازايتىدۇ.

**ياخشى** ① سۈپ. ئوبدان، بەلەن، يامانىنىڭ ئەكسى: ياخشى ئادەم. ياخشى ئىش. * رەهىمسى يوق ئادەمدىن، رەهىمسى بار ئىت ياخشى (ماقال). * سەن ياخشى-مەن ياخشى، تونۇر قىزىق، نان ياخشى (ماقال). * ياخشى ئاتقا بىر قامچا، يامان ئاتقا يۈز قامچا (ماقال). * هېلىقى بالا بىر ياخشى ئىش قىلغىنىغا خۇشال بولۇپ، ئەركىنگە قاراپ كۈلۈپ قويدى-دە، يۈگۈرۈپ كەتتى. * ئۇلار هاتەمنى شەهەرگە ئېلىپ كىرىپ، بىر ياخشى جايغا ئولتۇرغۇزۇپ، بىرنەچچە ساهىبجامال قىزلارنى ئۇنىڭ خىزمىتى ئۈچۈن تەيىن قىلىشتى. ② رەۋ. دەل ۋاقتىدا؛ تازا، راسا، خوپ: بۇنى تېخى بىرەرىگە سۆزلەپ بەرگىم كېلىپ ئولتۇراتتىم، ياخشى كېلىپسىز. * بايۇەچچە بېشىنىڭ كۆيۈۋاتقانلىقىغا چىدىماي يىغلاپتۇ. بۇنى كۆرگەن كاللا-پاقالچاقچى: — ئەمدى سىزنىڭ بېشىڭىز ياخشى پىشتى، — دەپ ئۇنى قويۇپ بېرىپتۇ.

**ياخشى بولماق** ① ياخشى ھالەت شەكىللەنمەك، ياخشىلانماق: ياشلىقىڭدىن ياخشى بول (ماقال). * ياخشى بولساڭ ئېشىڭنى يەيسەن، يامان بولساڭ بېشىڭنى يەيسەن (ماقال). * يامان كۈنلەر ياخشى بولۇر، يامان ئادەم ياخشى بولماس (ماقال). * ئۆمەرجان پۇللارنى قاپچۇقنىڭ ئىچىگە سېلىۋېتىپ، «بۇنى چۇشۇرۇپ قويغۇچى قانچىلىك بىئارام بولۇۋاتىدىغانغۇ؟ ئۆز ئىگىسىنى تېپىپ، تېزرەك تاپشۇرۇپ بەرسەم ياخشى بولاتتى» دەپ ئويلىدى. ② ساقايماق، ئەسلىگە كەلمەك، ئوڭشالماق، ياخشىلانماق: قۇددۇس كېسىلنىڭ ھەربىر قېتىم ۋاقتىنچە ياخشى بولۇپ قالغانلىقىنى ھېس قىلغان چاغدا خۇددى بوگۇنكىدەك ئورنىدىن تۇرۇۋېلىپ، مىللىي ئارمىيىگە قوشۇلۇۋېلىش ئۈچۈن تالاغا ماڭاتتى. ③ يارىماق، ياقماق: ھازىرقى كۈندە باشقىلارغا ياخشى بولماقمۇ قىيىن بولۇپ قېلىپتۇ.

**ياخشى بولۇپتۇ** ← **خوپ بولۇپتۇ**: — جىم تۇر دېسەم ئاڭلىمىغاندىن كېيىن ياخشى بولۇپتۇ، ئۆزۈڭنىڭ شورى، — دېدى ئاپام ئاچچىقلىنىپ.

**ياخشى بولۇپ قالماق** ① تۈزۈلمەك، ئوڭشالماق، ياخشىلانماق، ئۆزگەرمەك: ئۇ بۇرۇن بىر ئۆتۈپ كەتكەن شاللاق نېمىتى، ھازىر خېلى ياخشى بولۇپ قېلىپتۇ. ② ئەپلىشىپ قالماق، يارىشىپ قالماق: — ئۇلار خېلى ياخشى بولۇشۇپ قالغاندۇ، — دەپ سورىدىم ئايالىمدىن.

**ياخشى بولۇپ كەتمەك** ساقىيىپ، ئوڭشىلىپ كەتمەك، ياخشىلانماق؛ ئەسلىگە كەلمەك: — بارات! مۆمىن ئاكا! مەن ياخشى بولۇپ كېتەلمەيدىغان ئوخشايمەن، — دېدى تاشۋاي ئاران ئاڭلىنىدەك ئاۋازدا.

**ياخشى سۈپەتلىك ئۆسمە** <تب> ئۆسمىنىڭ بىر خىلى. ئۆسۈشى ئاستا بولۇپ، سىرتىنى بىرقەۋەت تالالىق پەردە ئوراپ تۇرىدۇ. ھۈجەيرىسىنىڭ شەكلى ۋە چوڭ-كىچىكلىكى بىرقەدەر تەرتىپلىك، ئۆسمە توقۇلمىسى بىلەن نورمال توقۇلما ئوتتۇرىسىدىكى چېگرا روشەن بولۇپ، تەن ئىچىدە يۆتكەلمەيدۇ.

**ياخشى قىلماق** بىرەر ئىش-ھەرىكەتنى كۆڭۈلدىكىدەك توغرا، ئوبدان، بەلەن بېجىرمەك: قۇشقاچنى قويۇۋېتىپ ياخشى قىلىپسەن. * — بالام نادىم، ئەتە مەكتەپتىن قايتىشتا ئەنۋەر ئەپەندىنى باشلاپ كەلگىن، ئۇ ياخشى قىلىپتۇ، سىېنىمۇ ئوقۇتۇپتۇ، بەك ياخشى بولۇپتۇ، ياخشى ئوقۇ! — دېدى باي كۈلۈمسىرەپ.

**ياخشى كەلمەك** دەل، مۇۋاپىق كەلمەك، ئوبدان كەلمەك (كىيىم-كېچەك ھەققىدە): تۈنۈگۈن ئالغان شىم ماڭا ناھايىتى ياخشى كەلدى.

**ياخشى كۆرمەك** ① بىرەر نەرسە ياكى كىشىنى ياقتۇرۇپ قالماق، ياراتماق: ياخشى كۆرگەن دوستۇڭغا ياخشى كۆرگەن نەرسەڭنى بەر (ماقال). * ئۇلار بىلىقنى ناھايىتى ياخشى كۆرىدىكەن. * ئۇستام شاگىرتىنى ئۆز بالىسىدەك ياخشى كۆرەتتى. * يازلىق تەتىلنى چوڭ دادامنىڭ يېزىسىدا ئۆتكۈزۈشنى ياخشى كۆرىمەن. ② مۇھەببەت ئىزھار قىلماق، سۆيمەك، تەلەپ قويماق: مەن ئۇنى پاك مۇھەببىتىم، بارلىق قىزغىنلىقىم بىلەن ياخشى كۆرگەن، ئۇنىڭ مىجەزىدىكى ئوخشىماسلىقلار سەۋەبىدىن كېلىپ چىقىدىغان كۆڭۈلسىزلىكلەرنى مۆلچەرلىگەنىدىم. * كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن نوزۇگۇم بىلەن باقى بىر-بىرىنى ياخشى كۆرۈپ قالدۇ.

**ياخشى كۆرۈنمەك** باشقىلارغا يارىماق؛ باشقىلارنىڭ كۆڭلىگە ياقىدىغان ئىش-ھەرىكەت بىلەن شۇغۇللانماق، ياخشىچاق بولماق: سەمەت بۇ يىلغۇ باشلىق بولۇۋالدى، ھازىرمۇ باشلىققا ياخشى كۆرۈنمەن دەپ ئىش-پىشىغا قارىشىپ بېرىدىغانلار بار. كېيىن بۇنداقلار ئازىيىدۇ، تۈگەيدۇ، شۇ چاغدا قانداق قىلار؟

**ياخشى كۆز بىلەن قارىماق** ياخشى مۇئامىلە قىلماق، ياخشى پوزىتسىيە تۇتماق: ئۇ بۇ يىگىتنىڭ ئۆز ئىدارىسىدە ئىشلىشىگە قوشۇلۇپ، ئىدارە باشلىقىغا بۇ ياش يىگىتكە ياخشى كۆز بىلەن قاراپ قويۇشنى ئۆز ئاغزى بىلەن ئېيتىپ قويدى.

**ياخشى كۆڭۈل** سەممىي، ھىيلە-مىكىر بولمىغان، تۈز، ئاق كۆڭۈل: — ياخشى كۆڭلىڭىزگە رەھمەت! — دېدى ئايشەم.

**ياخشى كۈن** باياشات تۇرمۇش، راھەت-پاراغەتلىك تۇرمۇش: — كۆرۈنگەن تاغ يىراق ئەمەس، خۇدايىم ياخشى كۈنلەرنى بەرسە، — دېدى روزى مۇھەممەت يەرگە كۈنچىرا چېچىۋاتقان ئاپپاشاغا كۆزىنى قىسىپ.

**ياخشى كۈن كۆرمەك** ئوبدان تۇرمۇش كەچۈرمەك، خاتىرجەم ياشىماق: ئىنسان دېگەن ياخشى كۈن كۆرىمىز دەپ دۇنيادىكى ھەممە يامانلىقنى قىلىپ باقىدىغان مەخلۇق. * خەلق بىلەن قارشىلاشقانلار ياخشى كۈن كۆرمەيدۇ.

**ياخشى كۈننىڭ يامنى كەلسە ← ياخشى كۈننىڭ يامنى بولۇپ قالسا:** مۇبادا ياخشى كۈننىڭ يامنى كېلىپ، ئەزرائىل ھايات چىرىغىنى ياغسىراتسا، ئامانەت ئىگىسى ئامانەتنى تەلەپ قىلسا، ئۇنىڭغا ئىلاجىكامنىڭ ئۆيى يىراق.

**ياخشى كۈننىڭ يامنى بولۇپ قالسا** ئەھۋالدا ئۆزگىرىش بولۇپ، بىرەر يامان ھادىسە يۈز بېرىپ قالسا: تاغاڭ مېنىڭ بىر نەۋرە ئاكام بولسىمۇ، بىر قورساقتىن چىققان قېرىندىشىم ئەمەس، ناۋادا ياخشى كۈننىڭ يامنى بولۇپ قالسا، قولىنى يۇيۇپ، قولتۇقىغا سۇرتمەيدۇ دېگىلى بولامدۇ؟

**ياخشى كۈننىڭ يامنى كېلىپ قالسا ← ياخشى كۈننىڭ يامنى بولۇپ قالسا:** بۇ يىگىت ياخشى كۈننىڭ يامنى كېلىپ قالسا يۇرتقا باش بولالامدۇ-يوق، بۇ تەرەپىنىمۇ ئويلىماي بولمايدۇ.

**ياخشى كۈن يوق** «ئاقىۋىتى ياخشى بولمايدۇ» دېگەن مەنىدىكى ئىبارە: ئەگەر مەن دېگەندەك قىلمايدىكەنسەن، ساڭا ياخشى كۈن يوق.

**ياخشى كېلىپسىز ← خۇش كېلىپسىز.**

**ياخشى گەپ** بولىدىغان، جايىدا ئېيتىلغان، توغرا گەپ: ياخشى گەپ تاشنى ئېرىتىدۇ (ماقال). * ئۇلار ئاخىرى ياخشى گەپلەر بىلەن قەمبەرنىسانى ماقۇل كەلتۈرۈپ ئاياللار جەمئىيىتىگە ئېلىپ بېرىشتى.

**ياخشى گېپى بولماق** تەرىپى بولماق، ماختالماق: باشقىلار ئارىسىدا ئۇنىڭ ياخشى گېپى ئازراق بولاتتى. شۇنىڭغا ھەيران ئىدىم.

**ياخشى گېپىنى قىلماق** تەرىپىنى قىلماق، ماختىماق: بۇگۈنكى يىغىندا باشلىق سەمەتنىڭ ياخشى گېپىنى قىلدى. * تۇرسۇن بۇ ئائىلىنى ھەر قېتىم يوقلاپ كەلگىنىدە، ئاسىيە ئاغزى-ئاغزىغا تەگمەي قىزىنىڭ ياخشى گېپىنى قىلاتتى.

**ياخشى گېپى يوق** «ئەھمىيەتلىك، پايدىلىق، توغرا گەپ قىلمايدۇ» دېگەن مەنىدىكى ئىبارە: ئۇنىڭ سىلەرگە قىلىدىغان ياخشى گېپى يوق، قاچان بولسا

قۇرۇق ۋالاقلىغنى ۋالاقلىغان.

**ياخشى نىيەت** ياخشى كۆڭۈل: مەن ياخشى نىيىتىم بىلەن ساڭا ياردەم بەرسەم، سەن چۈشەنمىدىڭ.

**ياخشى ئېيتىپ، يامان ئېيتىپ** ياخشى-يامان گەپلەرنى قىلىپ: قانداقلا بولمىسۇن، ياخشى ئېيتىپ، يامان ئېيتىپ ئاخىرى ئۇنى گەپكە ئۇناتتىم.

**ياخشىچاق** سۈپ. ئۆزىنى مەلۇم بىر كىشىگە شۇ كىشىنى ياخشى كۆرىدىغان ئادەم قىلىپ كۆرسىتىدىغان: ئۇنىڭ ياخشىچاق ئادەم ئىكەنلىكى كۆرۈنۈپ تۇرامدۇ.

**ياخشىچاق بولماق** ئۆزىنى باشقىلارغا ياخشى كۆرۈنىدىغان قىلىپ كۆرسەتمەك، ئۆزىنى باشقىلارغا ياخشى ئادەم قىلىپ كۆرسەتمەك: ئىبراھىم دورغا شاھزادىگە ياخشىچاق بولۇپ مۇكاپات ئېلىش غەرىزىدە گۈلدەستىنى شاھزادىگە تېپشۇرۇش نىيىتىگە چۈشۈپتۇ. * بۇ ئوچۇقتىن-ئوچۇق باشلىققا ياخشىچاق بولۇپ كۆرۈنگەنلىك ئەمەسمۇ؟

**ياخشىچاقلىق** «ياخشىچاق» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: باشلىققا ياقامدۇ-يوق ياخشىچاقلىق، ياقتۇرسا ياخشىچاقنى، ئۇمۇ چاغلىق.

**ياخشىسى** يۈك «ئەڭ ئاسىنى، مۇۋاپىقى، توغرىسى» دېگەن مەنىلەردە كېلىدۇ: ئۇ ئوۋغا مېڭىش ئالدىدا مەن بىلەن خوشلىشىۋېتىپ: «بۇ نۆۋەت يەنە قىز تۇغىدىغان بولساڭ، ياخشىسى، كۆزۈمگە كۆرۈنمە» دېدى-دە، چىقىپ كەتتى. * ياخشىسى قوشۇنلىرىمىزنى ئېلىپ تۆۋەن تەرەپكە يۈرۈش قىلايلى-دە، ئاكا-ئىنىلەر ئارىسىنىڭ بۇزۇلۇشىنى كۈتەيلى.

**ياخشىلاشتۇرماق** «ياخشىلاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇنىڭ ئارقىسىدىنلا نىيازنىڭ ئۆگەي ئانىسىغا تەربىيە بېرىدۇ، شۇنداق قىلىپ ئۇلارنى ياخشىلاشتۇرۇپ قويىدۇ.

**ياخشىلاشتۇرۇشماق** «ياخشىلاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**ياخشىلاشتۇرۇلماق** «ياخشىلاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**ياخشىلاشماق** پ. ئەپلەشمەك، ياراشماق؛ ئىنتىپاقلاشماق، ئىناقلاشماق: ئايالىم ئىككىمىز بەزىدە ئۇرۇشۇپ، بەزىدە ياخشىلىشىپ يۈردۇق.

**ياخشىلىشىپ قالماق** ئەپلىشىپ، يارىشىپ، قالماق، ئۆزئارا چىقىشىپ قالماق: ئۇلار يېقىندىن بېرى ياخشىلىشىپ قالدى.

**ياخشىلانغان** «ياخشىلانماق» پېئىلىنىڭ سۈپەتدىشى: ياخشىلانغان سورت.

**ياخشىلانغان سورت** <بىئول> ھايۋان ياكى ئۆسۈملۈكلەرنىڭ ئەلا سورتى بىلەن چېتىشتۇرۇش، ئۇلاش ياكى چاڭلاشتۇرۇش يولى بىلەن ئېرىشىلگەن ياخشى سورتى.

**ياخشىلانماق** پ. ياخشى، ئوبدان ھالەتكە كەلمەك؛ تۈزۈلمەك: شۇنداق قىلىپ ئۇلارنىڭ تۇرمۇشى كۈندىن-كۈنگە ياخشىلاندى. * مېھرىبانىنىڭ ئەھۋالى بارغانسېرى ياخشىلىنىپ، تالا-تۈزگە بىمالال چىقىپ كېلەلەيدىغان بولدى.

**ياخشىلىق** ① «ياخشى» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: ياخشىلىق يېنىپ تۇرغان چىراغ (ماقال). * يامىنىنى ئېيتماي، ياخشىلىق يوق (ماقال). * ئالتۇن يەردە ياتماس، ياخشىلىق يولدا (ماقال). * ياخشىلىققا يامانلىق ھەر جايدا بار. * — ئۆتكەندە ئۇنىڭ ئايالى

ئاغرىپ قالغاندا سادىق تاغدىن مۇميا تېپىپ ئەكېلىپ بەرگەنلىكىنى ئېيتقانىدى، ئەتىمالىم ئۇ كىشى ياخشىلىققا بىر ياخشىلىق قايتۇرغاندۇ، – دېدى يەنە بىر كىشى. ② ئى. ئۆز ئىختىيارى بىلەن باشقا كىشىلەر مەنپەئىتىنى نەزەردە تۇتۇپ ئىش قىلىش؛ مېھرىبانلىق، غەمخورلۇق: ئۇ قۇدرەتتىن يەنە قانداقتۇر بىر ياخشىلىق كۈتكەنىدەك ئۇنىڭغا تىكىلدى. * – دېسەم-دېمىسەم دادام ھەربىي دوختۇرلارنىڭ بىزگە قىلغان ياخشىلىقىنى قانداق قايتۇرسام بولار؟ دەپ ئويلاۋاتقانىدۇ بەلكىم، – دېدى كېلىنى گۈلئايشەم.

**ياخشىلىق قىلماق** باشقىلارغا مېھرىبانلىق كۆرسەتمەك، ياردەم بەرمەك، غەمخورلۇق قىلماق: يامان ئادەمگە باشقىلارنىڭ ياخشىلىق قىلىشىمۇ دۇرۇس ئەمەس. * دۇنيادا توغرا، خالىس كىشىلەرمۇ بولىدۇ. ئۇلار بىراۋ ئۇچۇن قايغۇرۇشقا ۋە خۇشال بولۇشقا ئادەتلەنگەن، ئۇلارنىڭ روزىغارى ساڭا بېقىنمىسىمۇ، لېكىن قەرزدار ئادەمدەك ياخشىلىق قىلىدۇ ياكى ياخشىلىق قىلىشقا ۋەدە بېرىدۇ.

**ياخشىلىقچە** رەۋ. بىرەر كۆڭۈلسىزلىك يۈز بەرمەي، ياخشىلىق بىلەن، ئۇرۇش-جاڭجالسىز: نېمىشقا ئۇنچىقمايسەن؟ خام-خىيال قىلماي، ياخشىلىقچە ماڭا يول بەر، بولمايدىغان بولسا، يا سەن ئۆلسەن، يا مەن ئۆلمەن! * – قازى ئاخۇنۇم، ياخشىلىقچە خۇرجۇنۇمنى تاپتۇرۇپ بېرىڭ، بولمىسا قولۇمدىن كەلگىنىنى قىلمەن، – دەپتۇ ئەپەندىم قازىغا دوق بىلەن.

**ياخشىلىماق** پ. بىرەر نەرسىنىڭ سۈپىتىنى، ھالىتىنى بۇرۇنقىدىن ياخشىراق ھالەتكە كەلتۈرمەك، ئۆزگەرتمەك: ئۇ مەكتەپ ۋەزىيىتىنى بۇرۇنقىغا قارىغاندا جىق ياخشىلىدى. * – قىرلىق تاش تىلۋەتتى، كاساپەت پىچاقتەك ئۆتكۈر نېمە ئىكەن. كېيىن ياخشىلاپ

تېڭىۋالىمەن، – دېدى نۇراخۇن.

**ياخشى-يامان** ياخشى ۋە يامان: خۇدايىم، ئۆزۈڭگە تاپشۇردۇم، يامان كۆزدىن تاشقىرى، ھەي، بىرەر ياخشى-يامانلارغا يولۇقۇپ قالمىسلا بولاتتىغۇ، – دېدى ئۇ ئۆز-ئۆزىگە. * دىلدا كېزىپ جاھاننى، بايقاپ ياخشى-ياماننى، سەندەك گۈزەل ماكاننى تاپتىم بىرلا مۇبارەك.

**ياخۇدا** ئىم (يا+خۇدا) ① «ئى ئاللا، ئەي خۇدا، خۇدايا» دېگەن مەنىدە، خۇداغا مۇراجىئەتنى بىلدۈرىدۇ: – يا خۇدا، ئارسلانلىرىمىزغا كۈچ-غەيرەتنى يار قىلغايسەن، كۆپچىلىكنى ئامان قىلغايسەن، – دېدى بوۋاي نامازدىن كېيىن دۇئا قىلىپ. ② ھەيران بولۇش، ھاياجانلىنىش، تېڭىرقاش، قورقۇش، زارلىنىش قاتارلىق مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ: ئىز قوغلاپ كېتىۋېتىپ، گۈلنارنىڭ چىغلىقتا ھوشسىز ياتقان گەۋدىسىنى كۆرۈپ چۆچۈپ كەتتىم، يا خۇدا، نېمە ئالامەت بۇ، مېنى يەنە قانداق پالاكەت كۈتۈپ تۇرىدىغاندۇ؟

**ياد** ئى (پ) خاتىرە، ئەس: ياد ئالماق. يادىدا تۇتماق. * ئۆلگىمىز ئۇ باھادىرلىق، مەردلىك بابىدا، شۇڭلاشقىمۇ ياشار مەڭگۈ ئەلنىڭ يادىدا! * ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشكەن چاغ تېخى يادىمدا، تۇنۇگۈنلا بولغان ئىشتەك تۇرار ئالدىمدا.

**ياد ئالماق** يادىدا ساقلىماق؛ يادلىماق: ھەربىر تەكرار ياد ئېلىش، سوراپ بىلىش ھەم يېزىش. يۈز نومۇرنىڭ ئاساسى، تەييار بول بۇ مۇھىم ئىش.

**ياد ئەتمەك** ئەسلىمەك، سېغىنماق: رىشتىمىزنى ئۇنتۇلغۇسىز سەرگۈزەشتىلەر باغلاپ قويغان تۇرسا، سىلەرنى ياد ئەتمەي قانداقمۇ تۇرالايمىز؟ * رابىخان ئانا، جېنىم ئانا، سىز ھازىر نەدە؟ سىزنى ياد

ئېتىۋاتقانلىقىمنى ئۇقۇۋاتامدىغانسىز؟!

**ياد ئەيلىمەك** ← **ياد ئەتمەك**: دادام مېنى، ئانام مېنى جاپا ئەمگەك بىلەن باققان. ئەزىز باشىمنى ياد ئەيلەپ مازارلارغا چىراغ ياققان. * تۇمۇچۇقۇم سايرايدۇ، نىگارىم ئوينىغان باغدا. ئەجەب كۆڭلۈم يايرايدۇ، سېنى ياد ئەيلىگەن چاغدا.

**يادقا ئالماق** ئەستە قالدۇرماق، خاتىرىسىدە، ئەستە ساقلاپ قالماق، يادلىماق: — بىزنىڭ ئېلىپ بېرىۋاتقىنىمىز مىللىي باراۋەرلىك ئۇرۇشى ئىكەن، چوقۇم ئۇنىڭ قۇربانلىرى خەلق قەلبىدە مەڭگۈ ئەسلەنمەي قالمايدۇ، ھۆرلۈك، ئازادلىققا تەشنا ھەرقانداق كىشى ئۇلارنى ھەر ۋاقىت يادقا ئېلىپ تۇرىدۇ. * ئاللانى يادقا ئېلىپ قويسىلا، بىزگىمۇ نەزەر سېلىپ قويسىلا.

**ياد قىلماق** ← **ياد ئەتمەك**: ئاشىق-مەشۇقلار چارباغىنى ياد قىلدى. * بۇ چاغدا گۈل خەدىچە ئايىم ئەھمەدبەگنى ياد قىلىپ، يۈرەك-باغرىنى قان قىلىپ، زار-زار يىغلاپ بۇ سۆزلەرنى ئېيتتى.

**ياد ئىملا** <مائار> ئوقۇغۇچىنىڭ ئېيتىپ بەرگىنىنى ئوقۇغۇچىلار ھېچنىمىگە قارىماي يېزىشتىن ئىبارەت بىر خىل ئۆگىنىش ئۇسۇلى: — سەن تىل دەرسىدىن، بولۇپمۇ ياد ئىملادىن ئاقساپ كېلىۋاتىسەن، — دېدى مۇئەللىم ماڭا.

**يادىدا تۇتماق** ئېسىدە قالدۇرماق، يادىدا، خاتىرىسىدە ساقلىماق: گۇناھ قىلدىم قانچىلىك مەھەممەد تۇرسۇننىڭ ئالدىدا؟ ئۇ نېمىشقا ئەخلاقنى تۇتمايدىكەن يادىدا؟

**يادىدا تۇرماق** يادىدا، خاتىرىسىدە، ئېسىدە ساقلانماق: نەچچە يىل بۇرۇنقى ئىشلار تېخىچە ئۇنىڭ يادىدا تۇرۇپتۇ.

**يادىدا ساقلىماق** ← **يادىدا تۇتماق**: مەن دادامنىڭ سۆزىنى ھەر ۋاقىت يادىمدا ساقلايمەن.

**يادىدا قالماق** ← **يادىدا تۇرماق**: باللىق چېغىمنى ئېسىمگە ئالدىم، ئولتۇرۇپ تىنچىغان دېڭىز ئالدىدا. باللىق تاڭ پەيتى كۆرگەن چۈش كەبى، بەك ئېنىق قالدۇ ئىنسان يادىدا.

**يادىدىن چىقماق** ئۇنتۇپ كەتمەك، ئەستىن چىقارماق، ئۇنتۇماق: قارىسام بايا قىزىق بازاردا مەندىن كۆكتات ئېلىۋېتىپ بۇ سومكىسىنى شوتىغا ئىلىپ قويۇپتۇ-يۇ، كېتىدىغان چاغدا يادىدىن چىقىپ قېلىپتۇ. * ئالاھىدىن تاشقا قىزىقىپ كېتىپ بايىقى دېگەن چىراغنى يادىدىن چىقىرىپ قويغىلى تاسلا قېلىپتۇ.

**يادىدىن كەچمەك** كۆز ئالدىدىن بىر-بىرلەپ ئۆتمەك، ئەسكە ئالماق: سۆڭەك-سۆڭەكلىرىدىن ئۆتۈشكە باشلىغان سوغۇقتىن جاقىلداپ تىترەپ كەتكىنىمدىلا ماتورنىڭ سۈيىنى قويۇۋەتمەيدىغان بولسام رادىئاتورنىڭ كېرەكتىن چىقىدىغانلىقى يادىمدىن كەچتى.

**يادىدىن كۆتۈرۈلمەك** يادىدىن، ئەستىن چىقماق، ئۇنتۇلۇپ كەتمەك، ئۇنتۇلماق: ئۆگەنگەن كەسپىنى تاشلىۋەتسە يادىدىن كۆتۈرۈلىدۇ. * چەت ئەل تىلىنى دائىم ئۆگىنىپ تۇرمىسا، يادىدىن كۆتۈرۈلۈپ كېتىدۇ.

**يادىغا ئالماق** ئېسىگە كەلتۈرمەك، ئەسلىمەك: سېلىم نېمىندۇر يادىغا ئېلىپ، ئالدىراپ كارۋان خوجايىنىنىڭ قېشىغا چىقىپ، ئۇنىڭدىن ئۆزىنىڭ ئىش ھەققىنى ئالدىن بېرىشنى تەلەپ قىلدى. * ئۇ يول بويى بېشىنى ساڭگىلىتىپ، ھېلىلا دېھقانلارنىڭ قىلغان

سۆزلىرىنى يادىغا ئالاتتى.

**يادىغا چۈشمەك ← يادىغا كەلمەك:** ئۇنىڭ يادىغا ھېلقى باللىق ۋاقتىدىكى ياخشى كۆرىدىغان ناخشىسى چۈشۈپ قالدى.

**يادىغا سالماق** ئېسىگە، يادىغا، خىيالىغا كەلتۈرگۈزمەك، ئەسلەتمەك: ئۇنىڭ بۇ گېپى بۇندىن بىر يىل بۇرۇن مۇختەر بىلەن ئىككىمىز ئوتتۇرىسىدا بولۇپ ئۆتكەن مۇنداق بىر ۋەقەنى يادىمغا سالدى.

**يادىغا كەلتۈرۈش** <پسخول> كىشىلەرنىڭ ئىگىلىگەن بىلىمنى قايتا ئېسىگە ئېلىش، ئۆگەنگەن ھەرىكەتنى قايتا تەكرارلاش ۋە بېشىدىن ئۆتكۈزگەن ھېسسىي تۇيغۇلىرىنى قايتىلاش جەريانى.

**يادىغا كەلمەك** خاتىرىسىگە، ئېسىگە چۈشمەك، ئەسلىمەك: داۋۇت تۇيۇقسىز بىر ئىش يادىغا كەلگەندەك پېشانىسىگە بىرنى ئۇرۇپ ۋارقىراپ كەتتى. * ھاكىمجاننىڭ يادىغا تۇيۇقسىز بىر ئىش كەلدى-دە، يۈرىكى دۈپۈلدەپ ئۇرۇپ كەتتى.

**يادىغا يەتمەك ← يادىغا كەلمەك:** رىشت، شەھەر ماگىزىنلىرىنىڭ بىرمۇنچىسىنى ئارىلاپمۇ قارا سۆكنا تاپالمىدى؛ ئۇ قايتىۋېتىپ بىردىن چېھرىگۈل يادىغا يېتىپ قالدى. * ئورما ئورىسەن كۈندە، تالامدۇ بىلەكلىرىڭ. مەن يادىڭغا يەتكەندە، كۆيەمدۇ يۈرەكلىرىڭ.

**ياد يېزىش** <مائار> ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆگىنىپ ئەستە ساقلىۋالغانلىرىنى ئەسلەپ يېزىشى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

**يادا** ئى. تارس ← **يامغۇر.**

**يادا تماق** «يادىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇنىڭ ئۇستىگە ئادەمنى يادىتىدىغان بەزى ھېلقىدەك گەپلەر بولدى.

**يادا شماق** «يادىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار بىر ئاي ئۆيدىن ئايرىلغىنىغا شۇنداق يادىشىپ كېتىشىپتۇ.

**ياداق** سۆپ. دىئال. خار.

**يادالڭ** سۆپ. يادالغۇ: ھېس-تۇيغۇ ئەقلىنىڭ كۈچ ۋە قۇدرىتى چولپاندەك كۆزلەردە تولۇق نامايان. ئاھ، يادالڭ چىرايى بۇغداي ئۆڭلۈكتى، تۇرقىدا مەردلىك ۋە قەتئىيلىك ئايان.

**يادالغۇ** سۆپ. يادىغان، يادالپ كەتكەن، ئورۇق: ئۇنىڭ يادالغۇ، قانسىز چىرايىدىن ئۇزۇن يىل دەرد تارتقانلىقى بىلىنىپ تۇراتتى.

**يادالغۇلۇق** «يادالغۇ» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: مەن بېشىمنى كۆتۈرۈپ قايتا ئۇنىڭغا سەپسالغىنىمدا، پۈتۈن كېسەللىك ئازابى گويا ئۇنىڭ يادالغۇلۇقىدىن ئۇلتۇرۇشۇپ كەتكەن ئاشۇ بىر جۈپ كۆزىگە يىغىلىپ قالغاندەك، كۆز چانقىدىن دومىلاپ چۈشكەن بىر تامچە ياش ئاستا مەڭزىنى بويلاپ ياستۇققا ئېقىپ چۈشتى.

**يادايچا** رەۋ. دىئال. تەخمىنەن، قارىسىغىلا.

**يادايچا گەپ قىلماق** دىئال. تەخمىنەن، قارىسىغىلا سۆزلىمەك.

**يادا ي-چۈداي** دىئال. ئاددىي، غورىگىل، چۆپچۆل، قاتتىق-قۇرۇق؛ ئىلاجىسىز.

**يادرو** ئى (ر) ① نەرسىلەرنىڭ ئوتتۇرا نۇقتىسى؛ قاق ئوتتۇرىسى، ئىچكى مەركىزىي قىسمى، مېغىزى: ھۈجەيرىنىڭ يادروسى. * ئەقلىي قابىلىيەتنىڭ يادروسى — لوگىكىلىق تەپەككۇر قابىلىيىتى ھېسابلىنىدۇ. ② كۆچمە. بىرەر كوللېكتىپ، گۇرۇپپا ياكى تەشكىلاتنىڭ ئاساسىي قىسمى، مۇھىم قىسمى؛ تايانچ: پارتىيىنىڭ رەھبەرلىك يادروسىنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش لازىم. ③ ئاتوم يادروسى.

**يادرو ئاقسلى** <بىئول> يادرو

كسلاتاسى بىلەن ئاقسىلدىن تۈزۈلگەن ئورگانىك ماددا. ئۇ ھايۋان ۋە ئۆسۈملۈكلەرنىڭ ھۈجەيرە يادروسىدا بولۇپ، جانلىقلار تېنىنى قۇراشتۇرىدىغان ئاساسىي ماددا ھېسابلىنىدۇ.

**يادرو باشلىق بومبا** <ھەرب> باشقۇرۇلىدىغان بومبا ياكى زەمبىرەك ئوقى ئوق بېشى قىلىنىدىغان ئاتوم بومبىسى ياكى باشقۇرۇلىدىغان بومبا ئوق بېشى قىلىنىدىغان ۋودورود بومبىسى.

**يادرو بىرىكىش رېئاكسىيىسى** <فىز> يېنىك يادرولارنىڭ قوشۇلۇپ، ئېغىرراق يادروغا ئايلىنىش ۋە ئىنتايىن زور ئېنېرگىيە قويۇپ بېرىش جەريانى.

**يادرو بىرىكىش ئېنېرگىيىسى** <فىز> ئەركىن ھالەتتە تۇرغان نۇكلونلار بىرىكىپ ئاتوم يادروسىنى ھاسىل قىلغان ۋاقىتتا قويۇپ بېرىدىغان ئېنېرگىيە.

**يادرو پەردە تۆشۈكچىسى** <بىئول> ھۈجەيرە يادرو پەردىسىدىكى تۆشۈكچە. يادرونىڭ ئىچكى ۋە سىرتىدىكى بەزى چوڭ مولېكۇلىلىق ماددىلار يادرو پەردە تۆشۈكچىسى ئارقىلىق ئۆزئارا ئالمىشىدۇ.

**يادرو پەردىسى** <بىئول> سىتوپلازما بىلەن ھۈجەيرە يادروسىنى ئايرىپ تۇرغۇچى پەردە. قېلىنلىقى 40 — 60 ئانگستىرم. ئىككى قەۋەت بولۇپ، ھۈجەيرە يادروسى بىلەن سىتوپلازما ئارىسىدىكى ئوزۇقلۇق توشۇش رولىنى ئوينايدۇ.

**يادرو پلازما** <بىئول> ھۈجەيرە يادروسى ئىچىدىكى پروتوپلازما. يادرو سۇيۇقلۇقىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

**يادرو تەتقىقات ئېمۇلسىيىسى** <فىز> زەرەتلىك مىكرو زەررىچىلەرنىڭ ھەرىكەت تراييېكتورىيىسىنى خاتىرىلەيدىغان، ئالاھىدە ياسالغان فوتو ئېمولسىيىسى.

**يادرو تەنچىسى** <بىئول> پروتوپلازما ئىچىدىكى بارلىق يادرو ماددىلىرى.

**يادرو تورى** <بىئول> يادرونىڭ ئىچكى قىسمىدا مەلۇم بولىدىغان ھەرقانداق تېپتىكى تورسىمان ماددا.

**يادرو رادىئاتسىيىسى** <فىز> رادىئوئاكتىپ ئاتوم يادرولىرىنىڭ a, b, r قاتارلىق نۇرلارنى قويۇپ بېرىش جەريانى.

**يادرو رېئاكتورى** <فىز> پارچىلىنىدىغان ماددىلاردا يۈز بېرىدىغان زەنجىرسىمان پارچىلىنىش رېئاكسىيىسىنى داۋاملىق يۈرگۈزىدىغان ھەمدە بۇ رېئاكسىيىنىڭ سۈرئىتىنى سۈنئىي ئۇسۇلدا كونترول قىلالايدىغان قۇرۇلما.

**يادرو رېئاكسىيە قازىنى** <خىم> ← **ئاتوم رېئاكسىيە قازىنى.**

**يادرو رېئاكسىيىسى** <فىز> مەلۇم بىر خىل مىكرو زەررىچە ئاتوم يادروسى بىلەن ئۆزئارا تەسىرلەشكەن چاغدا يادرونىڭ تۈزۈلۈشىدە ئۆزگىرىش يۈز بېرىش بىلەن يېڭى يادرو ھاسىل بولۇش ھەمدە بىر ياكى بىرنەچچە زەررىچە چىقىش جەريانى. يادرو رېئاكسىيىسى ئاتوم يادروسىنىڭ تۈزۈلۈشىنى ۋە ئاساسىي زەررىچىلەر ئارىسىدىكى ئۆزئارا تەسىرىنى تەتقىق قىلىشتا ناھايىتى مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

**يادرو سۇ ئاستى پاراخوتى** <ھەرب> ئاتوم ئېنېرگىيىسى ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ قىلىنىدىغان سۇ ئاستى پاراخوتى. سۇ ئاستىدا ئۇزۇن ۋاقىت ئۈزۈلدۈرمەي

جەلق قىلالايدۇ.

**يادرو سۇيۇقلۇقى** <بئول> هۇجەيرە يادروسىدىكى ئاساسىي ماددىنى تەشكىل قىلغۇچى سۈزۈك ماددا.

**يادرو سپىنى** <فىز> ئاتوم يادروسىنىڭ ئومۇمىي بۇلۇڭلۇق هەرىكەت مىقدارى، يەنى بۇ يادرونى تەشكىل قىلغان پروتون بىلەن نېيترونىنىڭ سپىنلىق بۇلۇڭلۇق هەرىكەت مىقدارى بىلەن ئوربىتال بۇلۇڭلۇق هەرىكەت مىقدارىنىڭ ۋېكتورلۇق يىغىندىسى.

**يادرو فىزىكىسى** <فىز> فىزىكىنىڭ بىر تارمىقى، يەنى ئاتوم يادروسىنىڭ تۈزۈلۈشى، خۇسۇسىيىتى ۋە ئۆزگىرىش قانۇنىيىتىنى تەتقىق قىلىدىغان پەن.

**يادرو قەنت تەنچىسى** <بئول> تىرىك هۇجەيرە ئىچىدىكى خىلمۇخىل ئاقسىل هەم ئاقسىلنى سىنتېزلايدىغان ئۇچ مولېكۇلا يادرو كىسلاتاسىدىن تۈزۈلگەن مىكرو دانىچىلەردىن بىرى.

**يادرو قەنت كىسلاتاسى** <بئول> يادرو كىسلاتاسىنىڭ بىر خىلى. RNA دەپمۇ ئاتىلىدۇ. مولېكۇلىسىدا يادرو قەنتى بولغانلىقى ئۈچۈن شۇنداق ئاتالغان. بۇ بارلىق هۇجەيرىلەرنىڭ يادروسى ۋە ستوپلازمىسىدا هەمدە هازىرغىچە ئېنىقلانغان ئۆسۈملۈك ۋىرۇسى، بىر قىسىم هايۋان ۋىرۇسى ۋە باكتېرىئوفاگلاردا بولىدۇ.

**يادرو قەنتى** <بئول> ئورگانىك بىرىكمە مولېكۇلا فورمۇلىسى $CH_2OH(CHOH)_3CHO$. ئادەتتە ئۇ يادرو قەنت كىسلاتاسىنىڭ تەركىبلىرىدىن بىرى هېسابلىنىدۇ.

**يادرو قوراللىرى** <هەرب> ئاتوم يادروسىنىڭ رېئاكسىيىسىدىن چىققان ئېنېرگىيىدىن پايدىلىنىپ قىرىش، خاراب قىلىش رولىنى ئوينايدىغان قوراللار. ئۇ ئاتوم بومبىسى، ۋودورود بومبىسى ۋە رادىئوئاكتىپلىق ئۇرۇش دورىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

**يادرو قىلماق** ئاساسىي نۇقتا، مەركەز قىلماق: ئۇ بولسمۇ كوممۇنىستىك ئىدىيىنى يادرو قىلغان سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت.

**يادرو كۈچى** <فىز> ئاتوم يادروسىدىكى زەررىچىلەرنىڭ ئىنتايىن كۈچلۈك بولغان ئۆزئارا تەسىر كۈچى. زەررىچىلەرنىڭ ئارىسىدىكى ئارىلىق ئاتوم يادروسىنىڭ چوڭ-كىچىكلىكىدىن ئېشىپ كەتمىگەن ئەهۋالدا بۇ كۈچ ئاندىن تەسىر كۆرسىتەلەيدۇ.

**يادرو كىسلاتاسى** <بئول> جانلىقلار هۇجەيرىسىنىڭ يادروسى ۋە ستوپلازمىسىدىكى يادرو ئاقسىلىنىڭ تەركىبىي قىسمى بولغان ئورگانىك خىمىيىۋى بىرىكمە. ئۇ هاياتلىقنىڭ بىردىنبىر ئاساسىي ماددىسى هېسابلىنىدۇ.

**يادرو ماددىسى** <بئول> هۇجەيرە يادروسىنىڭ پروتوپلازمىسى.

**يادرو ماگنېتونى** <فىز> بورماگنىتونىنىڭ $\frac{m_e}{m_p}$ هەسسىسى. بۇنىڭدىكى $m_e$ ئېلېكترونىنىڭ ماسسىسى، $m_p$ پروتونىنىڭ ماسسىسى. يادرو ماگنىتونىنىڭ بەلگىسى $\mu_N$.

**يادرو ماگنىت مومېنتى** <فىز> ئاتوم يادروسىنىڭ ئومۇمىي ماگنىت مومېنتى، يەنى بارلىق ماگنىت مومېنتلىرىنىڭ يىغىندىسى.

**يادرو مودېلى** <فىز> ئاتوم يادروسى نەزەرىيىسىدە يادرونىڭ تۈزۈلۈشى ۋە ئۇنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىنى ئەكس

ئەتتۇرىدىغان ھەر خىل دىئاگراممىلار. ھەربىر خىل يادرو مودېلى مەلۇم بولغان بەزى ئەمەلىيەتلەر ئاساسىدا بېكىتىلىدۇ.

**يادرو مېغىزى** ‹بىئول› مېتابولىزمدىكى ھۈجەيرە يادروسىدا بولىدىغان بىر خىل كىچىك تېپتىكى شارسىمان تەنچە. ئۇ ئاساسەن ئاقسىلدىن تۈزۈلگەن.

**يادرونىڭ بىرىكىشى** ‹فىز› يادرونىڭ بىرىكىش رېئاكسىيىسى ئارقىلىق بىرلىشىش جەريانى.

**يادرونىڭ پارچىلىنىشى** ‹فىز› ماسسا سانى چوڭراق ئاتوم يادروسىنىڭ يېمىرىلىپ، ئىككى دانە ئوتتۇرا ھال ماسسا سانىغا ئىگە ئاتوم يادروسىغا پارچىلىنىش جەريانى.

**يادرونىڭ يېمىرىلىشى** ‹فىز› ئاتوم يادروسىنىڭ ئۆزلۈكىدىن ياكى سوقۇلۇش سەۋەبىدىن بىر ياكى بىرنەچچە زەررىچە قويۇپ بېرىش جەريانى.

**يادرو ئۇرۇشى** ‹ھەرب› يادرو قوراللىرى ئارقىلىق قىلىنغان ئۇرۇش.

**يادرو ئېنېرگىيىسى** ‹فىز› ئاتوم ئېنېرگىيىسىنىڭ ئۆزى. چۈنكى يادرو ئېنېرگىيىسى ئاتوم يادروسى پارچىلانغاندا ياكى سىنتېزلانغاندا (بىرىككەندە) ئاندىن قويۇپ بېرىلىدۇ.

**يادرو يېقىلغۇسى** ‹فىز› ئاتوم قازىنىدا يادرو پارچىلاش ھەم شۇنىڭ بىلەن بىر ئاتوم ئېنېرگىيىسىنى ھاسىل قىلىشتا ئىشلىتىلىدىغان رادىئوئاكتىپ ماددىلار. ئاساسلىقلىرى ئۇران، پلۇتونىي، تورىي قاتارلىقلار.

**يادروچاق** ئى ‹بىئول› ھۈجەيرە يادروسىنىڭ ئىچىدىكى نۇر سۇندۇرۇش كۈچى بىرقەدەر كۈچلۈك بولغان شارسىمان تەنچە. ئۇ ئاقسىللىق تەنچىنىڭ تەركىبىي قىسمى بولغان يادرو قەنت كىسلاتاسىنى سىنتېزلىغۇچى مەيدان ھېسابلىنىدۇ. يادروچاق ھۈجەيرە بۆلۈنۈشىنىڭ دەسلەپكى دەۋرىدە يوقىلىپ، كېيىنكى دەۋرىدە پەيدا بولىدۇ.

**يادروسىز** سۈپ. يادرو قوراللار بولمىغان، يادرو قوراللىرى يوق؛ يادرو ئىشلىتىلمىگەن: يادروسىز دۆلەت. يادروسىز ئۇرۇش.

**يادروسىز ھۈجەيرە** ‹بىئول› يادروسى بولمىغان پروتوپلازما كالللىكى.

**يادروسىزلاندۇرماق** « يادروسىزلانماق » پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**يادروسىزلاندۇرۇشماق** « يادروسىزلاندۇرماق » پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**يادروسىزلاندۇرۇلماق** « يادروسىزلاندۇرماق » پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**يادروسىزلانماق** پ. يادرو قوراللىرىدىن خالىي بولماق: يادروسىزلانغان دۆلەت. يادروسىزلانغان رايون.

**يادرولۇق** سۈپ. ئاقسادار شەيئىلەر ئىچىدە ئەڭ مۇھىم دەپ قارالغان، ھەل قىلغۇچ رول ئوينايدىغان، ئاساسلىق، مېغىزلىق، تۈپ: يادرولۇق مەسىلە. يادرولۇق مەزمۇن.

**يادلاتماق** « يادلىماق » پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: مۇئەللىم بىزگە ل. مۇتەللىپنىڭ « يىللارغا جاۋاب» ناملىق شېئىرىنى يادلاتتى. * بىكار ۋاقتىم بولسىلا قىزىمغا ئېلىپبەدىكى شېئىرلارنى يادلىتىپ تۇردۇم.

**يادلاشماق** « يادلىماق » پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: پەرزەنتلەر بىلەن نۇسرەت شېئىرلارنى يادلىشىپ بولۇشتى. * ئانىسىغا

چىلىك چاپلىشار ئىدى، دادىسىنى بەك يادلىشار ئىدى. ئايقىز سۆزلەيتتى باللارغا پەس،...

دەيتتى: بوراندىن قورقۇلۇق ئەمەس.

**يادلانماق** «يادلىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: يايلاقتا ئۆتكۈزگەن ئۇنتۇلماس شۇ كۈن، قالدۇ ئېسىمدە «گۈزەل» ئاتىلىپ. قالدۇ يالقۇنلۇق يۈرەك قېتىمدا، بولۇپ چىن خاتىرە مەڭگۈ يادلىنىپ.

**يادلىماق** پ ① يادىدا، ئېسىدە قالدۇرماق، ياد ئالماق: مەن ھەر كۈنكى ئادىتىم بويىچە بۈگۈنمۇ سەھەر تۇرۇپ، بىرئاز گىمناستىكا ئوينىغاندىن كېيىن، ئىشىك ئالدىكى گۈللۈككە قاراپ ئولتۇرۇپ رۇس تىلى دەرسلىكىنى يادلاشقا باشلىدىم. ② ئەسلىمەك، سېغىنماق، ياد ئەتمەك: خاپىلىق ئىچىدە، قايمۇقۇپ يۈرگىنىمدە، مەشئەل بولۇپ ماڭا توغرا يولنى كۆرسەتكەن ئاشۇ قەيسەر ياخشى ئادەمنى چەكسىز سېغىنىش بىلەن يادلايمەن.

**يادنامە** ئى (پ) <ئارخېئول> ① ئۆلگۈچىنىڭ ئىش-ئىزلىرىنى خاتىرىلەپ قەبرە ئالدىغا قويۇلغان تاش ئابىدە ۋە ئۇنىڭغا ئويۇلغان خەت، يېزىق: قۇددۇسنىڭ بىر جۈپ قوي كۆزى تېخىچىلا ئۇنتۇلماس ئوقۇغۇچىلىق ھايات كۆرۈنۈشلىرى بىلەن تولغان بىر تەۋۋەرۈك يادنامە بەتلىرى ئۈستىدە ئوينىماقتا ئىدى. ② خاتىرە، ئەسلەتمە: ئاپرېل بايرىمى ئۈچ كۈن داۋام قىلىپ كىشلەر قەلبىدە ئۇنتۇلغۇسىز يادنامە بولۇپ قالدى.

**يادىتاش** ئى (يادا+تاش) <تىب> ① كېسەل ئاتلارنىڭ ئاشقازان، ئۈچەي يوللىرىدىن چىقىدىغان بىر خىل تاش. كۆپىنچە يۇملاق ياكى ياپپاقراق يۇملاق بولىدۇ. چوڭلۇقى بىر خىل بولمايدۇ. كىچىكلىرى پۇرچاقتەك، چوڭلىرى مۇشتتەك، بەلكى ئۇنىڭدىن چوڭ بولىدۇ. سىرتى سۇس ھاۋا رەڭ، كۈل رەڭ ۋە قارا بولىدۇ، سىلىق ھەم پارقىراپ تۇرىدۇ ياكى چاپىنالغان ئوتنىڭ ئىزى بولىدۇ. تاشتەك قاتتىق كېلىدۇ. كېسىلگەن يۈزىنىڭ رەڭگى بوز رەڭ بولۇپ، قات-قات سىزىقلىرى بولىدۇ. ئەينەككە ئوخشاش پارقىرايدۇ. ئادەتتە دورىغا ئىشلىتىدۇ. ئىسسىقنى قايتۇرۇپ زەھەرنى تارقىتىدۇ، چۆچۈشنى باسىدۇ، بەلغەمنى يۇمشىتىدۇ. ② كۆچمە. ئادەمنىڭ ئىچىدىكى ئادەمنى جىم تۇرغۇزمايدىغان نەرسە: — بالام، شەۋكەت، ئىچىڭدە يادىتېشىڭ بارمىكىن، تاڭ؟ بىردەم ماڭساڭ نېمە بولۇپ كېتەرسەن! خەپ، ئۆيگىمۇ بارارسەن... — دەيتتى ئايال پوپوزا قىلىپ.

**يادىچى** ئى. يامغۇر ياغدۇرىدىغان سېھىرگەر: مەشھۇر يادىچىلارنىڭ يادا تاش (ئەپسانىۋى چۈشەنچە بويىچە يامغۇر ياغدۇرۇش ئالاھىدىلىكىگە ئىگە دەپ قارىلىدىغان بىر خىل تاش) لىرىنى كۆز يېشى بىلەن ئەملەپ تۇرۇپ ئوقۇغان مۇناجاتلىرى، كارامەتچىلەرنىڭ كارامەتلىرى ئۆز كۈچىنى يوقاتقانىدى.

**يادىكار** ئى (پ) ① بىرەر ۋەقە، ھادىسە ياكى شەخسنى ئەسلىتىش ۋە كۆڭلىنى ئېلىش، تەبرىكلەش قاتارلىق تۈرلۈك مەقسەتلەر بىلەن تەقدىم قىلىنغان نەرسە، سوۋغا، نىشانە: يادىكار قىلماق. * جىمجىتلىق ئىچىدە قولۇمدىكى سائەتنىڭ چىكىلدىغان ئاۋازى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. مانا، بۇ سائەت ئەھمەتنىڭ يادىكارى. ② ئەر-ئاياللار ئىسمى.

**يادىكار ئەيلىمەك ← يادىكار قىلماق:** يەر يۈزىدە ياشنىسۇن ھەم گۈللىسۇن دەپ مەرىپەت، يادىكار ئەيلەپ جاھانغا دىۋانى لۇغەت، مەھمۇدىل كاشغەرى كەبى ئەھلى شەرەپ شانلار ياتۇر.

**يادىكار قىلماق** ئەسلەپ، يادلاپ تۇرۇش ئۈچۈن بىرەر نەرسىنى بەرمەك، سوۋغا قىلماق، تەقدىم قىلماق: ياتسام ئۇيقۇم كەلمىدى، بىر ئارتىس دوستۇم يادىكار قىلىپ قويۇپ قويغان تەمبۇرۇمنى قورسىقىمغا قويۇۋېلىپ مۇڭلۇق كۈيلەرگە چېكىپ باقتىم، ياق، يەنە ئارام ئالالمىدىم.

**يادىكارلىق** ئى ① يادىكار قىلىنىدىغان نەرسە: بۇ گۈل مەن ئۆيلىنىدەك نەۋ باھار قۇچىقىدا ئېچىلغان تەبىئەتنىڭ سولماس يادىكارلىقى بولماستىن، بەلكى تۈركىيىنىڭ بازارلىرىدا ساندۇقلاپ سېتىۋېلىشقا بولىدىغان قەغەز ۋە يېپەكتىن گۈلگە تەقلىد قىلىپ ياسالغان ئەرزان باھالىق زىننەت بۇيۇمى بولۇپ چىقتى. ② تارىختىن قېلىپ قالغان ۋە خاتىرە سۈپىتىدە ساقلىنىدىغان نەرسىلەر: تارىخىي يادىكارلىق. مەدەنىيەت يادىكارلىقى. * چەت ئەللىكلەرگە زورلاپ مال سېتىش ياكى مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى ئۆز بېشىمچىلىق بىلەن سېتىپ بېرىش قاتتىق مەنئى قىلىنىدۇ. * دادام بولسا شىئەندىكى ھەرقايسى مۇزېيخانىلاردىن سېتىۋالغان تارىخىي يادىكارلىقلارنىڭ رەسىملىرى، چۈشەندۈرۈشلىرى، خەرىتىلىرىنى پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن كۆرۈشكە بېرىلىپ كەتكەنىدى. ③ <ئارخېئول> قەدىمكى زاماندىن ساقلىنىپ قالغان بارلىق يادنامىلارنىڭ ئورتاق نامى.

**يادىماق** پ. ئورۇقلىماق، ئورۇقلاپ كەتمەك: باقى قويچىغا شەرۇللا تېخىمۇ ياداپ كەتكەندەك كۆرۈندى. * مېھرىخان شەرۇللادىن ئايرىلغاندىن كېيىن ياداپ بىر تېرە، بىر ئۇستىخان بولۇپ قالدى.

**يار** I ئى (پ) ① ئەڭ يېقىن كىشى؛ دوست، بۇرادەر، ئاغىنە: قارا تاشنىڭ بۇرۇندىلا بار ئىكەن، سېنىڭ كۆڭلۈڭ بىر ماڭىلا تار ئىكەن، مەن دەردىمنى ئېيتا دۇرمەن ئۆزۈڭگە، قارا باتۇر ئەمدى ساڭا يار ئىكەن. * مەدەتكار بولاي، زۇلپىقار بولاي. بىرىيولى دوستلار، يارغا يار بولاي. ② ئۆز ئارا تونۇشقان، مۇھەببەتلەشكەن؛ مەشۇق (قىز-يىگىت ھەققىدە): ۋاپادار يار. يارنى كۈتمەك. * يارنى تاپقاندا گەپ يوق، گەپنى تاپقاندا يار (ماقال). * كىمنىڭ مېلى كىمگە قالماس، كىمنىڭ يارى كىمگە (ماقال). * يار ئوتنىنىڭ يارىسى يوق، ياردىن باشقا دورىسى يوق (ماقال). * قەيسەر ياخشى يىگىت، لېكىن ئەمدى مەن ئۇنىڭ تۇرمۇشىنى بەختلىك قىلالمايمەن! ئۇ ئۆزىگە ئوخشاش ساغلام بىر قىزنى يار قىلىشى كېرەك. * دەردى يوق دەمسەن مېنى، دەردىم ئىچىمدە دودىخىن، يارى يوق دەمسەن مېنى، يارىم قېشىمدا خودىخىن. ③ كۆچمە. مەدەت، ئىلھام، يار-يۆلەك: قىيىن كۈنلەردە ئۇ ماڭا يار.

**يار بولماق** مەنىۋى جەھەتتە ياردەم، مەدەت، ئىلھام بولماق؛ ھەمدەم، يار-يۆلەك بولماق: بەخت يار بولماق. زەپەر يار بولماق. * جاھاندا بار بولساڭ يار بول (ماقال). * — ئىلاھا ئامىن، توي مۇبارەك بولسۇن، سۇلتان ئالىيلىرىغا ۋە مەلىكە خانىمغا ئاللا يار بولغاي، ئاللاھۇ ئەكبەر! — دېيىدىن ئىشان ساقىلىنى سىلاپ. * چاۋار بوۋاي ئۈمىد قىلغان بەخت-سائادەت چاۋار بوۋاينىڭ ئوغلى بەختيارغىلا يار بولۇپ قالماستىن، چاۋار بوۋايغا ئوخشاش مىڭلىغان-ئونمىڭلىغان يوقسۇللارغىمۇ يار بولۇپتۇ.

**يار قىلماق** مەدەت، ئىلھام قىلماق، ھەمدەملەشتۈرمەك: ئۇ ساڭا بەرگەن قەلەمنى ئالغىن قولۇڭغا جان بالام، پەن-بىلىمنى مەڭگۈ يار قىلغىن يولۇڭغا جان

بالام. * بولما شەيدا قاش-كۆزىگە ، قىل ئىلمنى، پەننى يار، باشقا يارلار ئەگىشەر، بولساڭ ئىسەن دەيمەن يەنە .

**يار تۇتماق** ئاشنا تۇتماق، دوستلاشماق: ئېگىز تاغقا چىققاندا ، ئىچكەن سۇنىڭ تەمى يوق ، چىرايلىقنى يار تۇتسام، تاشلىۋەتتى كارى يوق. * يارىمنىڭ يارى تولا، مەندىن بۆلەك تۆت-بەشچە بار. مەن ئېخى يار تۇتمىدىم، سەندىن بۆلەك ئون بەشچە بار.

**يار** II ئى. تەبىئەت ھادىسىلىرىدىن شەكىللەنگەن ئىنتايىن تىك چوڭقۇرلۇق؛ ياردالڭ، قىيا: يار ئېلىپ كەتمەك. * بىتەلەيگە سۇ كەلسە ، ئاللاكۇدىن يار كەتتى (ماقال). * يامان كالا ياردا مۈزلاپتۇ (ماقال). * چىك خاندانلىقىنىڭ ئاتلىق لەشكەرلىرى ئۈچ تەرەپتىن شىددەتلىك باستۇرۇپ كەلدى، خەلق دەريا بىلەن شەھەر جايلاشقان ئېگىز يار ئوتتۇرىسىدىكى بوشلۇققا قىسىلىپ قالدى.

**يار ئالماق** بىر تەرىپىنى بۇزۇپ ئېقىپ كەتمەك، يار كەتمەك (سۇ ھەققىدە): مەن شۇ كۈنى تاڭ سەھەردە يار ئېلىپ كەتكەن يەرگە يېتىپ كەلگىنىمدە سانىسىزلىغان كىشلەر قىرغاقتا جىددىي ئىشلەۋاتقانىكەن. * ئۇلار كېلىپلا يار ئالغان ئېغىزغا ئۆزىنى ئېتىشتى.

**يارغا ئىتتىرمەك** بالا-قازاغا مۇپتىلا قىلماق، بالاغا قويماق: ئۇ بىشنى چايقاپ تۇرۇپ: — ياق! دوستۇم، مېنى قىستىما، ئۆزۈڭ بىلسەن، دۇيدە ئېتىم «ئۇلۇغ» ئادەممەن، بۇلار مېنى يارغا ئىتتىربشكە تەييار تۇرغاندا مەن ئۇلار بىلەن ئۈچلىشەلمەيمەن، — دېدى-دە، ئىش مەيدانىغا قاراپ ماڭدى.

**يار كەتكۈزۈش جىنايىتى** <قا> دۆلىتىمىزنىڭ جىنايى ئىشلار قانۇنىدا بەلگىلەنگەن جىنايەت ناملىرىدىن بىرى. بۇنىڭدا، توسما، سۇ ئامبىرى قاتارلىقلارنى قەستەن يار كەتكۈزۈپ، سۇ ئاپىتى پەيدا قىلىپ دەريا، سۇ مەنبەسى، ئىشلەپچىقىرىش ئەسلىھەلىرى، جامائەت بىنالىرى ياكى جامائەتنىڭ باشقا مال-مۈلۈكلىرىنى ۋەيران قىلىش، جامائەت ئامانلىقىغا زىيان يەتكۈزۈش ھەرىكەتلىرى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

**يار كەتمەك** ← **يار ئالماق**: سۇ چاققانىسىرى يار كەتكەن تۆشۈك بىر-ئىككى گەز يوغىناپ سۇ شارقىراپ ئېقىشقا باشلىدى. * ئۇ خوتۇنىنىڭ ئاغزىغا يەنە لاتا-پۇتا بىلەن ئۇردى-دە ، يار كەتكەن ئۆستەڭنى پاخال بېسىپ توختاتقاندەك، ئۇنىڭ ئاغزىنى ئەيۋەشكە كەلتۈردى.

**يار لېۋىگە بېرىپ قالماق** ئېغىر خەتەرگە يېقىنلاشماق: ئۇ ھازىر يار لېۋىگە بېرىپ قالدى.

**يار لېۋىگە كېلىپ قالماق** ← **يار لېۋىگە بېرىپ قالماق**: «بىراق، سەن كېچىكىنىڭ ئادىل، سېنىڭ ئىشىڭنى دەپ رەھىمنى موللاق ئاتقۇزغانىدۇق، ئەمدى سەمەتمۇ سېنى دەپ يار لېۋىگە كېلىپ قالدى» دەپ ئويلىدى تۇرسۇن.

**يار** III ئى ← **يار بەرمەك**.

**يار بەرمەك** شارائىت يارىتىلماق، ئىمكانىيىتى بولماق: قېنى، ئەھۋالغا قاراپ باقارمىز، ۋاقىت يار بېرەمدۇ-يوق؟ * — يۈرىكىمدە بىر دەرد بار، ئۆتكەن قېتىم ئەزىز ئىنىم سىلىگە ئېيتماقچى بولغانىدىم، پۇرسەت يار بەرمىدى، — دېدى ئۇ.

**يارا** ئى ① <تب> تىغدىن، قاتتىق زەربىدىن ياكى بەدەندىكى ماددا

ئالمىشىش ھەرىكىتىنىڭ بۇزۇلۇشى سەۋەبىدىن بەدەندە پەيدا بولىدىغان جاراھەت، زەخىم: يارا چىقماق. يارا بولماق. * ئۆكسىنىڭ ئايالى بالىسىنى يوقاتقاندىن كېيىن كېچە-كۈندۈز يىغلاپ يۈز-كۆزىنى تاتىلاپ يارا قىلىۋېتىپتۇ. * تۇرسۇننىڭ چىرايى تامدەك تاتارغان، بەدىنىدىكى يارىلار تولۇق ساقىيىپ كەتمىگەنىدى. ② كۆچمە. كۆچلۈك قايغۇ، روھىي ئازاب، ئەلەم، غەم؛ ھەسرەت: ئانا قىزىنىڭ بەختسىزلىكىنى ئويلىسا كونا يۈرەك يارىسى يەنە قوزغىلاتتى. * نادىر بىلەن ئىككىمىز سىرداش دوستلارغا ئايلانغاندىن كېيىن، مەن ئۇنىڭ بەزى چاغلاردىكى كەيپىياتى ۋە گەپ-سۆزلىرىدىن قەلب يارىسى بارلىقىنى سېزىپ يۈرەتتىم.

**يارا ئاغزى** <تب> تېرە، مۇسكۇل ۋە شىللىق پەردە قاتارلىقلارنىڭ زەخىملىنىپ يېرىلغان يېرى.

**يارا بولماق** ① جاراھەت پەيدا بولماق، جاراھەتلەنمەك، زەخىملەنمەك: شۇ كۈنلەردە ئىلياز غوجىنىڭ تولۇمدەك سېمىز بەدىنى يارا بولۇپ، سېرىق سۇ ئېقىشقا باشلىدى. * شائىر بۇ رۇبائىيدا يارنىڭ كۆڭلىنى ئالاقزادە قىلىدىغان سۆزىدىن كۆكسىدىن ئاققان قاننىڭ «كېمە ئۈزگۈدەك دەريا» ھاسىل قىلىشىنى ئېيتقان. ② كۆچمە. دەردكە قالماق، ئازار يېمەك: يۈرىكى يارا بولماق. قەلبى يارا بولماق. * شۇ گەپتىن كېيىن، تۇرسۇن راۋابقا زەخمەك ئۇردى. راۋاب، يارا بولغان كۆڭۈلدىن چەكسىز مۇڭلۇق سادا چىقاردى.

**يارا قىلماق** ① يارا پەيدا قىلماق، جاراھەتلەندۈرمەك، زەخىملەندۈرمەك، جاراھەتلىمەك: ئۇنىڭ پۇت، پاچاق ۋە تىزلىرىدا تاش سوقۇپ يارا قىلغان، بىر قاراپلا كۆرۈۋالغۇدەك يارا ئىزلىرىنى كۆرۈش مۇمكىن ئىدى. ② كۆچمە. ئازار بەرمەك، دەردكە قويماق، جاراھەتلىمەك: ئىشكىنىڭ ئۈستىگە باغلاندى قارا، بۇ ئەھۋال يۈرەكنى قىلدى جىق يارا.

**يارا ئىزى** <تب> يارا ساقىيىپ تېرىدە قالدۇرغان ئىز.

**يارىسىغا تۇز سەپمەك** ← ئېچىشقان يەرگە تۇز سەپمەك: بۇ گەپلەر ئىمىللا ئاكىنىڭ يارىسىغا تۇز سەپكەندەك بىئارام قىلدى، ئەمما ئۇ چاندۇرماسلىققا تىرىشىپ، زاھىد چاقچىغا جاۋاب قايتۇرمىدى. * ئۇلارنىڭ زاڭلىق كۆلكىسى تۆپىلىدىن ئېچىلغان كونا جاراھەتنىڭ ئاغرىقى بېسىقماي تۇرۇپلا يەنە بىر توپ يورغا ئېشەكلىكلەر يېتىشىپ كېلىپ قالدى ۋە بۇ يارىغا تۇز سېپىپ، چاڭ-توزان كەلكۈنىنى تېخىمۇ ئۇلغايتىپ ئۆتۈپ كەتتى.

**يارىسىغا يىڭنە سانجىماق** ← ئېچىشقان يەرگە تۇز سەپمەك: بۇ كۈنلەردە بەزىلەرنىڭ «ھەمراخان تولا يىغلاپ تېپىۋالدى» دېگەن تاپا-تەنىلىرىمۇ خۇددى يارىغا يىڭنە سانجىغاندەك تۇيۇلۇپ، جانىنى ئاغرىتاتتى.

**يارىسىنى تاتىلىماق** ← ئېچىشقان يەرگە تۇز سەپمەك: — ئۇنىڭ ئۈستىگە ھېلىقى ساۋاقداشىنىڭ ھە دېگەندە سىزنى ماختاپ كۆككە كۆتۈرۈشى ۋە سىزگە ھېلىقى لايىقىڭىزنىڭ تولىمۇ باپ كېلىدىغانلىقىنى ئېيتىشى يارامنى تېخىمۇ تاتىلىۋەتتى، — دېدى سۇباد ئايشەمگە.

**يارىسىنى ئېچىشتۇرماق** ← ئېچىشقان يەرگە تۇز سەپمەك: — ئۇنى سۆزلىگىلى قويىغىن، ئۇنىڭ يارامغا كۆپرەك تۇز سېپىپ ئېچىشتۇرغىنى ياخشى، ئۇ قەلبىم يارىسىنى ئېچىشتۇرسا، ھەتتا قانىتىۋەتسىمۇ ماڭا ئازلىق قىلىدۇ، — دېدى مەھبۇس ئايالىغا.

**يارىسى يېڭىلانماق** كونا دەرد ئۈستىگە يېڭى دەرد قوشۇلماق: ئۇ بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، گاڭگىراپ ھوشىنى يوقاتتى، يارىسى يېڭىلاندى.

**ياراتقۇچى** ① سۈپ. يارىتىدىغان، ۋۇجۇدقا كەلتۈرىدىغان: يېڭىلىق ياراتقۇچى ئادەملەر. // تۆھپە ياراتقۇچى. ② ئى. خۇدا، ئاللاھ: — بىز ھەممە سەۋەنلىكىمىزنى ئۇلۇغ ياراتقۇچىمىزغا دۆڭگەپ، «پېشانەمگە پۈتۈلگىنى شۇ ئىكەن» دەپ، ئۆزىمىزنى تاشلىۋەتسەك بولمايدۇ. بىزمۇ تىرىشايلى، شۇ چاغدا ياراتقۇچىنىڭ بىزگە ياخشى كۈن بەرمىگىنىنى كۆرۈڭلارچۇ؟!— دېدى ھېسامىدىن موللا ئۇلارنىڭ سۆزىنى رەت قىلىپ. ③ ئى. <پەلس> گېگېلنىڭ ئىدېئالىستىك پەلسەپىسىدىكى سىرلىق «مۇتلەق ئىدېيە».

**ياراتماق** I پ. بىرەر يېڭىلىقنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرمەك، بەرپا قىلماق، ئىجاد قىلماق؛ تۇغدۇرماق: ئۆلمەسنى خۇدا ياراتماس (ماقال). * يارىتىش خۇدادىن، يارىنىش ئۆزۈڭدىن (ماقال). * بايلىقنى خەلق ئىشلەپ يارىتىدۇ، دۆلەتنى خەلق بېرىدۇ. خەلق بولمىسا، بىز بىر كۈنمۇ ياشىيالمىغان بولاتتۇق. * ئەجدادلىرىمىز پەننىڭ ئېگىز-ئېگىز چوققىلىرىنى ياراتتى.

**ياراتماق** II «يارىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: مەن پۈتۈمنى ياراتمايمەن، پۈتۈم مېنى ياراتمايدۇ (ماقال). * ياشلار توپ ئىچىدىن ئۆزلىرىنىڭ ياراتقان قىز ياكى يىگىتلىرىنى كۆز قىرىدا ئىزدەيتتى ۋە بىر-بىرىگە يەر ئاستىدىن قارىشىپ قويۇشاتتى. * — دادا، مەن ھەر نۆۋەت ئەكەلگەن نەرسەمنى سەن زادىلا ياراتمايسەن، بۇنىڭدىن كېيىن ئالىدىغان نەرسىلەرنى سەن ئۆزۈڭ ئېيتىپ بەرگىن، مەن شۇنىسىلا ئالاي! — دەپتۇ بايۋەچچە دادىسىغا.

**يارا-چاقا** يارا ۋە شۇ خىلدىكى جاراھەتلەر: ئۇنىڭ بەدىنى يارا-چاقا بولۇپ كەتكەنىدى.

**ياراشتۇرماق** I «ياراشماق I» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: دۆلىتىمىزنىڭ نىكاھ قانۇنىدا «بىر تەرەپ ئاجرىشىشنى قەتئىي تەلەپ قىلسا، ياراشتۇرۇش ئۈنۈم بەرمىسە ئاجرىشىشقا ھۆكۈم چىقىرىشقا بولىدۇ» دېيىلگەن. * ئۇنى ئايالى بىلەن ياراشتۇرۇپ قويۇش ئۈچۈن خېلى چىرايلىق گەپلەرنى تەييارلاپ قويۇۋېدىم، لېكىن ئۇلارنىڭ بىرىنىمۇ ئاغزىمدىن چىقىرالمىدىم. * تۆمۈر ئاتا ئىككى كەنت كىشىلىرىگە تەڭ كۆڭۈل ئېيتىپ ئۆزرىخاھلىق بىلدۈرۈپ، ئۆزئارا قول ئېلىشتۇرۇپ ياراشتۇرۇپ قويدى.

**ياراشتۇرماق** II «ياراشماق II» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: بىزنىڭ جىڭلى، كىيىم-كېچەكنى سېمىزلىكىدىن دۇپدۇگىلەك بولۇپ قالغان بويىغا ياراشتۇرۇپ كىيىپ، رەتلىك، پاكىز يۈرىدۇ. * ئاڭلىسام، بۇ نەرسىنى سەپرانى ئالىدۇ، ساقالنىڭ ئالىسىغا داۋا دەيدىكەن، تەكچىگە ياراشتۇرۇپ، تازا بىر تىزىپ قويۇپ، نەغمىسىنى ئاڭلاپ، زامان بىزگە باققاندا، تېخىمۇ ياشىرىۋالاي.—

**ياراشتۇرۇش** ① «ياراشتۇرماق I» پېئىلىنىڭ يەنە بىر خىل ئىسىمدىشى. ② <قا> ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدا سالاچىلىق قىلىش ياكى كېلىشتۈرگۈچى بولۇش، يەنى ھەق تەلەپ قانۇنىدا، ياراشتۇرغۇچىنىڭ ھاۋالە قىلغۇچى بىلەن ئۈچىنچى كىشى ئوتتۇرىسىدا مۈلۈك مۇناسىۋىتى يۈز بەرگەندە بەجا كەلتۈرىدىغان تونۇشتۇرۇش پائالىيىتى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

**ياراشتۇرۇشماق** « ياراشتۇرماق I » پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئەلچىلەر ئىككى تەرەپنى ياراشتۇرۇشتى.

**ياراشتۇرۇلماق** « ياراشتۇرماق I » پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئۇرۇشخۇمار ئىككى تەرەپ ئاخىرقى ھېسابتا ياراشتۇرۇلدى.

**ياراشماق I** پ. ياخشىلاشماق، ئەپلەشمەك، ئىنتىپاقلاشماق، ئىناقلاشماق، چىقىشىپ قالماق؛ كېلىشمەك: خوماخان كۆزلۈك ھوسۇل يىغىۋېلىنغاندىن كېيىن، ئاجرىشىپ كەتكەن ئېرى بىلەن يارىشىپ كېتىپ قالغانىدى. * – سادىرمۇ باللارنى يېتىم قىلماي يارىشىۋالساق دەۋاتىدۇ، رۇقىيەممۇ دادام بىلەن ئاپام يارىشىۋالغاندىن كېيىن بىزمۇ بېشىمىزنى ئۇگشاۋالارمىز دەۋاتىدۇ، – دېدى نۇرگۈل.

**ياراشماق II** پ. ماس، مۇۋاپىق كەلمەك، ئەپلەشمەك، كېلىشمەك: ئوتتۇرا بوي، ياشلار پاسونىدا ئىشلەپ تىكىلگەن كالتە جۇۋىسى قاۋۇل بەستىگە خويمۇ ياراشقان ئوتتۇز ياشلار چامىسىدىكى بۇ يىگىت ماشىنا رېمونت زاۋۇتىنىڭ ئىشچىسى ئەھەدجان ئىدى. * ئاق كىشىگە قارا كىيىم شۇنداق يارىشىدۇ، قاراڭغۇ كېچىدە ئاينىڭ ھۆسنى شۇنداق كۆركەم بولۇپ كېتىدۇ.

**ياراغ** ئى ① ھۇجۇم قىلىش ياكى ھىمايە قىلىش ۋە قوغدىنىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان قورال: ئاتام ھازىر تۆمۈرچىلىك قىلىدۇ، خان ئەسكەرلىرى ئۈچۈن ياراغ ياسايدۇ. * ئۆيدىن مىلتىق ئاۋازى چىقىشى بىلەن تەڭ بىرقانچە يولداش ياراغلىرىنى چىقىرىپ، جوزا - پوزىلارنى ئۆرۈۋېتىپ، ئاۋۋال مىلتىقى بار قاراقچىلارنى ئاتتى. ② ئەسۋاب، ئەسلىھە: ئۆزۈم يالغانچى ئەمەس، يارىغىم يالغانچى (ماقال).

**ياراغسىز** سۈپ. قولىدا قورالى يوق، قوراللانمىغان؛ قورالسىز: « بىلىپ قويدۇم، بۇ تۇرسۇن ئەمەس، بەلكى ياراغسىز ئىسيانكارنىڭ بىرى ئىكەن » دەپ ئويلىدى ئەمەت. // ئۇلار زاپاس قىسمىدىكى ئاددىي ئەسكەرلەرنى ئالدىنقى سەپكە خۇددى ئادەتتىكى يولۇچىلاردەك تامامەن ياراغسىز يولغا سالغانىدى. * قۇلاق سېلىڭ بۇ گەپكە، باردىم دۈشمەن تەرەپكە. چېرىكلىرى ساناقسىز، ھېچ بىر ئەمەس ياراغسىز.

**ياراغسىزلاندۇرماق** « ياراغسىزلانماق » پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇلار خان لەشكەرلىرىنى كىچىككىنە شەپە بىلەنلا ياراغسىزلاندۇردى.

**ياراغسىزلاندۇرۇشماق** « ياراغسىزلاندۇرماق » پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**ياراغسىزلاندۇرۇلماق** « ياراغسىزلاندۇرماق » پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئۇ ياراغسىزلاندۇرۇلۇپ سۈرگۈن قىلىنغاندىن باشلاپ قاچقۇنلۇقتا ياشىدى.

**ياراغسىزلانماق** پ. يارىغىدىن ئايرىلماق، مەھرۇم بولماق، يارىغىنى تاشلىماق: ياراغسىزلانغان دۈشمەندىن ئارتۇقچە ئەندىشە قىلىشنىڭ ھاجىتى يوق.

**ياراغلىق** سۈپ. قورال تۇتقان، ئاسقان، كۆتۈرگەن؛ قوراللانغان: ياراغلىق ئادەم. * زىندانبېگى بىرقانچە ياراغلىق گۇندىپاينى باشلاپ زىندان ئىچىگە كىرىپ كەلدى.

**ياراغ-جابدۇق** ھەر خىل قورال-ئەسۋابلار، قورال-ياراغ: ئەمدى ئۇلارنى ھەربىي ئىشلارنى ئۆگەنسۇن دەپ ياراغ-جابدۇق، ئات سەرپايلار بېرىپ، بىرنەچچە يىگىتلەرنى قوشۇپ قويدى.

**ياراق** سۈپ. مۇئەييەن تەلەپلەرگە جاۋاب بېرىدىغان، بىرەر نەرسىگە ياكى بىرەر مەقسەتتە ئىشلىتىسە

بولىدىغان، ھەرقانداق ئېھتىياجغا يارايدىغان، يارامىلىق: ياراق مال. ياراق قوي.

**ياراقسىز** سۈپ. بىرەر تەلەپكە جاۋاب بېرەلمەيدىغان، بىرەر مەقسەت ئۈچۈن ئىشلەتكىلى بولمايدىغان، بىرەر نەرسىگە يارىمايدىغان، يارامسىز: دۆشلىك كېرەك بولسا خالىغىنىڭنى ئال، ئەمما سەن دېگەندىن بېرەلمەيمىز، ئۇنى كەسسەڭ قىسقىراپ قۇرۇلۇشقا ياراقسىز بولۇپ قالىدۇ.

**ياراقسىزلىق** «ياراقسىز» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى.

**ياراقلىق** سۈپ. مۇئەييەن تەلەپلەرگە جاۋاب بېرەلەيدىغان، بىرەر نەرسىگە ياكى بىرەر مەقسەتتە ئىشلەتسە بولىدىغان: شۇنداق قىلىپ، ئىككىسى ئىلقا تاغلىرىغا قاراپ يول ئالماقچى بولۇشتى. بۇنىڭ ئۈچۈن ئاقلىبەك ياراقلىق ئىككى ئات تاپماقچى بولۇپ كېلىشكەنىدى.

**يارالماق** پ ① تۇغۇلماق، دۇنياغا كۆز ئاچماق، تۆرەلمەك: خوتۇن-قىزلار پەقەت ئەرلەرنىڭ ئويۇنچۇقى بولۇش ئۈچۈنلا يارالغانمۇ؟ * ئۇ تامامەن باشقا ماتېرىيالدىن يارالغان قىز. ② كۆچمە. پەيدا بولماق، ھاسىل بولماق: ئۇ بىللە زاۋۇتتا ئىشچىلار بىلەن، يالغۇزلار ئىچىدە قىلماقتا مېھنەت؛ يارىلار ھەر مىنۇت قانچىلاپ رېكورت، بەرگەچكە پارتىيە ئىلھام ۋە مەدەت. * ياش گېئولوگ تۆگە ئۈستىدە، يۇرگۈزەتتى ئاشۇنداق پىكىر، ئۇنىڭ پىكىر-تەپەككۇرىدىن، يارىلاتتى ئوتلۇق بىر شېئىر.

**يارام** سۈپ. يارامىلىق، يارايدىغان: يارام ئات. يارام كاسىپ. * ئۇنىڭ باشلىقىغا: «يارام ھۈنەرۋەندىن كىرگۈزەي» دەپ كۇسۇرلاشلىرى بوۋاينىڭ غەزەپ قېپىنى يېرىۋەتتى.

**يارامسىز** سۈپ ① بىرەر ئىشقا، ئىستېمالغا ئىشلەتكىلى بولمايدىغان، سۈپىتىنى يوقاتقان، ئۆزگەرتكەن؛ يارىماس: يارامسىز تۆمۈر. يارامسىز مەھسۇلات. * ئۇنىڭ بۇندىن بىر ئاز ۋاقىت ئىلگىرى قىلغان يارامسىز ئىشى ئېسىگە چۈشۈپ، كۆڭلى غەش بولدى. * مىلىك تەسلىكتە بىر ماشىنا كالۇننى تەشكىل قىلىۋېدۇق، كۆمۈر ئەكىلىدىغان يول يارامسىز چىقتى. ② كۆچمە. بىرەر ئىشقا يارىمايدىغان، بىرەر ئىشنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمايدىغان؛ ناقابىل، قابىلىيەتسىز: زور-زور ئىشلارنىڭ ھەممىسىدە ئالدىدا مېڭىپ، كۆپچىلىككە يول باشلاپ كەلگەن ئادەملەر ئىدۇق، ئەمدى يارامسىز بولۇپ قالدۇقمىكىنە؟

**يارامسىز مەھسۇلات نىسبىتى** <س ئىق> كېرەكسىز بۇيۇم سانىنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلات سانى ئىچىدە ئىگىلىگەن پىرسەنتى.

**يارامسىزلىق** «يارامسىز» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: باقىنىڭ تۈلكىلىكى، باشلىقىنىڭ دىتسىز، يارامسىزلىقى مانا بۇ ئۈچى بىرلىشىپ كەلگەنلىكى ئۈچۈن بىر ھېسابتا سەمەت ئۇتقان بولدى.

**يارامىلىق** سۈپ ① بىرەر ئىشقا، ئىستېمالغا ئىشلەتكىلى بولىدىغان، سۈپىتى يوقالمايدىغان، ئۆزگەرمىگەن: يارامىلىق مەھسۇلات. يارامىلىق ماتېرىيال. * تۇرمۇشتا ئەڭ يارامسىز نەرسە — مال-مۈلۈك، ئەڭ يارامىلىق نەرسە — ئەقىل-پاراسەت. * ئادىل نامەلۇم كىشىلەر تەرىپىدىن ئورمانىنىڭ قالايمىقان كېسىلىۋاتقانلىقىنى، يارامىلىق ياغاچلارنىڭ بەزىدە كۆندۈزى، بەزىدە كېچىسى نەگىدۇر توشۇلۇپ كېتىلىۋاتقانلىقىنى سېزىپ قالدى. ② كۆچمە. بىرەر ئىشقا يارايدىغان، ئىشنىڭ ھۆددىسىدىن

چىقالايدىغان؛ قابىلىيىتى بار، قابىلىيەتلىك:
ئۇ رەيھاننى ئوقۇتۇشنى، يارىملىق ئادەم قىلىپ
تەربىيىلەشنى ئۆزىنىڭ ۋىجدانىي بۇرچى
قىلغانىدى ۋە بۇنىڭ ھۆددىسىدىن چىقتى. *
ئۇلارنى خەلق كۆتكەندەك يارىملىق ئادەم
قىلىپ تەربىيىلەپ چىقىش مەسئۇلىيىتى بىزنىڭ
ئۈستىمىزدە.

**يارىملىق مەھسۇلات** <سودا> ئىشلىنىپ
پۈتكەندىن كېيىن، سۈپەت تەكشۈرۈش
ئۆتكىلىدىن ئۆتكەن تەييار مەھسۇلات.

**يارىملىق نىسبىتى** <س ئىق> مەھسۇلاتنىڭ
يارىملىق سانى بىلەن مەھسۇلات ئومۇمىي
سانىنىڭ پىرسەنتلىك نىسبىتى.

**ياران** ئى (پ) ئەل-ئاغىنە، دوستلار:
ئېرپان باشلىق يىگىتلەر كېلىپ، بايىقى قانغا
مىلىنىپ ياتقان يارەنلىرىگە پاناھ بولماقتا
ئىدى. * سىز ھەممىلا قېتىمدا جىق يارەنلىرىڭىز
بىلەن بىللە بولغانلىقىڭىزدىن ھۆرمەت
بىلدۈرۈپ ئايرىم سالام قىلىشقا پۇرسەت
تاپالمىغانىدىم.

**ياراناق** «يارىماق» پېئىلىنىڭ ئۆزلۈك
دەرىجىسى: يارىنىش خۇدادىن، يارىنىش
ئۆزۈڭدىن (ماقال).

**يارايدۇ** «يارىماق» پېئىلىنىڭ III
شەخس بىلەن تۈرلەنگەن شەكلى.
«بولىدۇ، ياخشى» دېگەن مەنىلەرنى
بىلدۈرىدۇ: — سىلەرنىڭ بۇ روھىڭلار
يارايدۇ، — دېدى ئابلىكىم مۇئەللىم سەممىي
كۈلۈمسىرەپ.

**يارەببىم** ئىم (يا+رەببىم) «ئى ئاللا، ئەي
خۇدا، خۇدايا» دېگەن مەنىدە،
خۇداغا مۇراجىئەتنى بىلدۈرىدۇ: —
يارەببىم ئامىن... مېيىتلارنىڭ روھىنى
ئازابلىماڭلار، جەننەتى بولسۇن دەپ دۇئا
قىلىڭلار، ئامىن! — دېدى ھېسامىدىن موللا.
② ھەيران بولۇش، زوقلىنىش، تېڭىرقاش،
قورقۇش، قاتارلىق مەنىلەرنى بىلدۈرۈپ
كېلىدۇ: كەينى-كەينىدىن ئۈزۈلمەستىن
كەلگەن جامائەت بەش يۈز چارەك گۈرۈچنىڭ
ئېشىنى چۈشكىچە يەپ بولدى. يارەببىم،
يۇرت دېگەن مانا شۇنداق جىق گەپكەن.

**يار-بۇرادەر** يار ۋە بۇرادەر: ئەقىللىق
ئادەم يار-بۇرادەرلىرى بىلەن بىرلىشىپ
سەۋر قىلىپ باتۇرلۇق كۆرسىتەلەيدۇ، تۈرلۈك
غەملەرنى يېڭەلەيدۇ. * ئۇ ئۇرۇق-تۇغقان
ۋە يار-بۇرادەرلىرى يوللۇق تۇتقان بىر خالتا
زاغرا نان بىلەن ئۆزىنىڭ بىرقانچە تاشچىلىق
سايمىنىنى ئېلىپ، كونىلون تېغىغا قاراپ راۋان
بولۇپتۇ.

**يارتا** سۈپ. يېرىم، پارچە: يارتا قوغۇن.
يارتا خالتا ئۇن. * ئىككى يارتا – بىر پۈتۈن
(ماقال).

**يارتا پالەچ** <تىب> بىر تەرەپتىكى
قول، پۇتلارنىڭ ھەرىكەت قىلىش
فۇنكسىيىسىدىن مەھرۇم بولۇشى. كۆپىنچە
قارشى تەرەپتىكى چوڭ مېڭە يېرىم
شارىدا كېسەللىك پەيدا بولۇش
سەۋەبىدىن بولىدۇ. مېڭىگە قان چۈشۈش،
مېڭە قېپىنىڭ زەخملىنىشى، مېڭە
ئۆسمىسى، مېڭە ياللۇغى قاتارلىق
كېسەللەردە كۆپ ئۇچرايدۇ.

**يارتىلاتماق** «يارتىلماق» پېئىلىنىڭ
مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**يارتىلاشماق** «يارتىلماق» پېئىلىنىڭ
ئۆملۈك دەرىجىسى.

**يارتىلانماق** «يارتىلماق» پېئىلىنىڭ
مەجھۇل دەرىجىسى.

**يارتىلماق** پ. يېرىم ھالەتكە كەلتۈرمەك،

يېرىملاتماق؛ پارچىلىماق: سېمىز قوينى يارتىلاپ كانارىغا ئېسىۋاتقان قاسساپ ھاجىنى كۆرۈپ، قىلىۋاتقان ئىشىدىن توختىدى.

**يار-جانان** يار ۋە جانان: — ساراڭ بولسام سىزگە ئوخشاش باغۇبوستان، يار-جانان دەپ جۆيلۈپ يۈرمەمتىم، ئاكا! — دېدى مەتلۇبە ئاكىسى ئەكرەمگە.

**يارچەن** ئى (خەن) تارىختا ئېلىمىزدە ئىشلىتىلگەن كۈمۈش پۇل؛ تەڭگە: ئۇ يانچۇقىنى سىلاپ باقتى. يانچۇقىدىكى يارچەنلەر قولىغا ئۇرۇنۇپ تۇراتتى. * جاللات ئالدى يارچەننى، چىشلىرىنى ھىڭگايتىپ، تەلەپكە مۇۋاپىق ئۇ، ئۈچ ماڭدام كېيىن قايتىپ.

**يارد** مىق (ئىنگ) <فىز> ئىنگلىز سىستېمىسىدىكى ئۇزۇنلۇقنىڭ ئاساسىي بىرلىكى. بەلگىسى Yd. ئېتالون يارد ئەسلىدە لوندون سودا مىنىستىرلىكىدە ساقلىنىۋاتقان مىس-قەلەي، سىنىك قېتىشمىسىدىن ياسالغان بىر تال تاياق بولۇپ، ئۇنىڭ ئۈستىدىكى ئىككى سىزىقچە ئوتتۇرىسىدىكى ئارىلىق 1 يارد دەپ بەلگىلەنگەن. 1959-يىلدىن باشلاپ خەلقئارا ئۆلچەملىك يارد 0.9144 مېتىر قىلىپ بەلگىلەنگەن.

**ياردالڭ** ئى. يار بار جاي، يار: سېۋەت تېلى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن باغنىڭ سۇ كەمرەك چىقىدىغان ئويمان-دۆڭ، چوڭقۇر ياردالڭلاردىن پايدىلىنىشقا بولىدۇ. * ھاشىم بوۋاي ياشلىقىدا تىنىم تاپماي ئەمگەك قىلىدىغان كۈچلۈك ئادەم بولۇپ، ئۇزۇن كەتكەن بىر ياردالڭنى تىندۇرۇپ ئۈچ كۈرىلىك يەر ئاچقانىدى.

**ياردالڭلىق** ئى. بىرقانچە ياز بار جاي، ياردالڭ: كىچىك ۋاقتىمدا دوستلىرىم بىلەن «جەڭ» قىلىپ ئوينايدىغان ئۆيىمىزنىڭ ئارقا تەرىپىدىكى كونا ياردالڭلىق يادىمغا چۈشتى. * بۇ ئىزلار ياردالڭلىقتىن پەسكە چۈشۈپ، تاشلىق سايدا يوقىلىپ كەتتى.

**ياردەم** ئى ① بىرەر ئىشنى قىلىشتا ھەمكارلىشىش، قارىشىش؛ ھەمكارلىق، مەدەت: ياردەم بەرمەك. ياردەم قىلماق. * گۈلچىمەن ھوشۇر ئەلەسنىڭ ياردىمى بىلەن بازارغا ئاتاپ ئىشلىگەن رېشلىيەنىڭ يېرىمىنى ساتالىدى. * تۇغۇت بۆلۈمىنىڭ نۆۋەتچى ئاكۇشېركىسى ئۇنى خەتەرلىك بىر تۇغۇت ئىشى بىلەن ياردەمگە چاقىرىپ كەلگەنىدى. ② ھەمكارلىشىش يۈزىسىدىن بېرىلىدىغان پۇل ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش ماددىي نەرسىلەر: ئۇ ئاكىسىنىڭ ياردىمى بىلەن سودىنى باشلىۋەتتى. ③ پايدىلىق تەسىر، نەپ، مەنپەئەت: مەن ئوكۇلنىڭ ياردىمى بىلەن كۈندىن-كۈنگە ساقىيىشقا باشلىدىم.

**ياردەم ئارقىلىق دىففىيلىنىش** <بىئول> مايدا ئېرىمەيدىغان بەزى ماددىلارنىڭ ياكى سۇ خالايدىغان ماددىلارنىڭ ھۈجەيرە پەردىسى ئارقىلىق قويۇقلۇقى يۇقىرى تەرەپتىن تۆۋەن تەرەپكە يۆتكىلىدىغان، لېكىن ھۈجەيرە پەردىسىدىكى مۇئەييەن ماددىلارنىڭ ياردىمى بولغاندىلا ئاندىن ئېلىپ بېرىلىدىغان جەريان.

**ياردەم بەرمەك ← ياردەم قىلماق:** كىتاب — ئەقىلنى روشەنلەشتۈرىدۇ، نىشاننى كۆرۈۋېلىشقا ياردەم بېرىدۇ.

**ياردەم پۇلى** <قا> تۇرمۇشتا قىيىنچىلىق تارتقان كىشىلەرگە ئىقتىسادىي ياردەم ئۈچۈن بېرىلىدىغان پۇل.

**ياردەم سورىماق** ياردەم تەلەپ قىلماق، ياردەم قىلىشنى ئۆتۈنمەك: بۇ ئىشتىن قاتتىق غەزەپكە كەلگەن جاۋ خەنچى

شۇندىن بۇيان ھەرئىككى كۈندە بىر قېتىم ئۇرۇمچىگە ياردەم سوراپ تېلېگراممىا ئەۋەتىپ تۇردى.

**ياردەم قولىنى سوزماق** ← **ياردەم قولىنى سۇنماق**: مۇبادا مەن خاتا يولغا مېڭىپ قالغان تەقدىردە، سىز ماڭا ياردەم قولىڭىزنى سوزمىسىڭىز، ئۇ چاغدا قانداق بولار؟

**ياردەم قولىنى سۇنماق** ياردەم قىلماق، ياردەم بەرمەك، ھەمكارلاشماق، قوللىماق، ياردەملەشمەك: ئۇلار ئۇنىڭغا دائىم ياردەم قولىنى سۇنۇپ، ئۇنىڭ خىزمىتىنى تۈزىتىشكە ئىنتىلىدۇ.

**ياردەم قىلماق** ياردەم بەرمەك، قوللىماق، ھەمكارلاشماق، ياردەملەشمەك: مەن ئۇنىڭغا ئاپامنىڭ ئاغرىپ قالغانلىقىنى، ئۇنىڭ ياردەم قىلىشىنى ئۈمىد قىلىپ بۇ يەرگە كەلگەنلىكىمنى ئېيتتىم. * ماڭا ياردەم بېرىش قولۇڭدىن كېلىپ تۇرۇپ، ياردەم قىلمىساڭ، مەن بۇ يەردە ئۆلۈم غېمىنى يەپ، ھالاكەتنى كۈتۈپ ياتسام، ياخشى ئىشمۇ؟

**ياردىمى تەگمەك** ياردىمى بولماق: ئۇ سەمەتنىڭ ئاغزىدىن ئۆزىگە ياردىمى تېگىدىغان بىرەر خەۋەر ئېلىشنى ئۈمىد قىلاتتى.

**ياردەمچى** ① ئى. ماددىي ياكى مەنىۋى جەھەتتىن ياردەم قىلغۇچى، ياردەم بەرگۈچى، ياردەملەشكۈچى، مەدەتكار: ئۇ يالغۇز ئارسلانىڭلا ئەمەس، سۇتۇق بۇغراخاننىڭ، ئايدىڭنىڭمۇ ئىشەنچلىك ياردەمچىسى بولۇپ كەلدى. * باشقۇرۇش رايونى توخۇ فېرمىسىدىكى توخۇلارنى باشقۇرۇش ئۈچۈن باقى ئاكامغا ياردەمچى تەرىقىسىدە بىر بوغالتىر، بەش خىزمەتچى ئايال ئەۋەتىپ بەردى. ② ئى. رەھبىرىي خادىم ئورۇنباسارى: نازىر ياردەمچىسى. رەئىس ياردەمچىسى. * شۇنىڭ بىلەن ساۋ ساۋ سەي ماۋنى تۆۋەن تەرەپنى مۇداپىئە قىلىش بېگى ھەم سۇ لەشكەرلىرىنىڭ باش تۇتۇق بېگى قىلىپ بەلگىلىدى، جاڭ يۈنىنى بولسا ياردەمچى بەگ ۋە ياردەمچى تۇتۇق بەگ قىلىپ بەلگىلىدى. ③ سۈپ. قوشۇمچە پايدىلىنىش ئۈچۈن تەييارلاپ قويۇلغان، غەملەپ قويۇلغان، ئاجرىتىلغان، مۆلچەرلەنگەن؛ قوشۇمچە: ياردەمچى كۈچ. ياردەمچى قىسىم. * بورچۇنغا ھۇجۇم باشلاشتىن ئىلگىرى دۆربىلجىن تەرەپتىن يۈز كىشىلىك ياردەمچى قوشۇن يېتىپ كېلىپ، بىزنىڭ قوشۇنىمىزنى تېخىمۇ كۈچەيتتى.

**ياردەمچى ئادۋوكات** <قا> ئەدلىيە كەسپى بويىچە بېرىلىدىغان تۆۋەن دەرىجىلىك ئىلمىي ئۇنۋان ۋە شۇ ئۇنۋاننى ئالغان كىشى.

**ياردەمچى ئاگرونوم** <دېھ> دېھقانچىلىق تېخنىكىسى بويىچە بېرىلىدىغان ئوتتۇرا دەرىجىلىك ئىلمىي ئۇنۋان ۋە شۇ ئۇنۋاننى ئالغان كىشى.

**ياردەمچى ئايروپىلان** <ھەرب> سەپ تۈزۈلۈشى بويىچە ئۇچقاندا يېتەكچى ئايروپىلانغا ئەگىشىپ ئۇچىدىغان ئايروپىلان.

**ياردەمچى بوغالتىر** <مال> مالىيە ئىشلىرىغا نازارەت قىلىدىغان ۋە باشقۇرىدىغان بوغالتىرلارنىڭ ياردەمچىسى.

**ياردەمچى بۆلۈك** <مات> بېرىلگەن سان ياكى بېرىلگەن ئىپادىنى مەلۇم ئۆزگەرگۈچى مىقدارنىڭ ترىگونومېترىيىلىك فۇنكسىيىسى ئارقىلىق ئىپادىلىسەك، بۇ « ئەركىن ئۆزگەرگۈچى ياردەمچى بۆلۈك ياكى ياردەمچى ئەركىن

ئۆزگه‌رگۈچى مىقدار» دەپ ئاتىلىدۇ.

**يارده‌مچى بىرلىك** <مات> ئاساسىي بىرلىكتىن باشقا ھەمدە ئېنىقلانغان فورمۇلىغا ئاساسەن ئاساسىي بىرلىكتىن كەلتۈرۈپ چىقىرىلىدىغان بىرلىكلەر. مەسىلەن، ئۇزۇنلۇقنىڭ ئاساسىي بىرلىكى مېتىر، يارده‌مچى بىرلىكلىرى كىلومېتىر، دېتسىمېتىر، سانتىمېتىر، مىللىمېتىر قاتارلىقلار.

**يارده‌مچى پېئىل** ئۆز ئالدىغا جۈملە بۆلىكى بولۇپ كېلەلمەيدىغان، باشقا سۆزلەر بىلەن بىرىكىپ گرامماتىكىلىق مەنە بىلدۈرىدىغان پېئىل.

**يارده‌مچى تاموژنا نازارەتچىسى** <ت ئش> تاموژنا كەسپى بويىچە بېرىلىدىغان ئوتتۇرا دەرىجىلىك ئىلمىي ئۇنۋان ۋە شۇ ئۇنۋاننى ئالغان كىشى.

**يارده‌مچى تەپتىش** <قا> دۆلىتىمىزنىڭ خەلق تەپتىش مەھكىمىلىرىدە باش تەپتىشكە ھەمكارلىشىپ خىزمەت ئۆتەيدىغان خادىم.

**يارده‌مچى تەتقىقاتچى** تەتقىقات كەسپى بويىچە بېرىلىدىغان ئوتتۇرا دەرىجىلىك ئىلمىي ئۇنۋان ۋە شۇ ئۇنۋاننى ئالغان كىشى.

**يارده‌مچى تەرجىمان** تەرجىمە كەسپى بويىچە بېرىلىدىغان تۆۋەن دەرىجىلىك ئىلمىي ئۇنۋان ۋە شۇ ئۇنۋاننى ئالغان كىشى.

**يارده‌مچى ترېنېر** <تەن> ترېنېرلىق كەسپى بويىچە بېرىلىدىغان تۆۋەن دەرىجىلىك ئىلمىي ئۇنۋان ۋە شۇ ئۇنۋاننى ئالغۇچى كىشى.

**يارده‌مچى تېخنىك** <تب> سەھىيە كەسپى بويىچە بېرىلىدىغان تۆۋەن دەرىجىلىك ئىلمىي ئۇنۋان ۋە شۇ ئۇنۋاننى ئالغان كىشى.

**يارده‌مچى تېخنىكىلىق مۇھەررىر** <مەت> نەشرىياتچىلىق كەسپى بويىچە بېرىلىدىغان تۆۋەن دەرىجىلىك ئىلمىي ئۇنۋان ۋە شۇ ئۇنۋاننى ئالغۇچى كىشى.

**يارده‌مچى تېئورېما** <مات> مەلۇم بىر مەسىلىنى ئىسپاتلاشقا ئاسان بولسۇن ئۈچۈن، بۇ مەسىلىدىن ئاۋۋال ئىسپاتلانغان مەسىلە.

**يارده‌مچى رېژىسسور** <تىيا> كىنو، تىياتىر ئىشلەشتە رېژىسسورغا يارده‌ملىشىپ، قوشۇمچە رېژىسسورلۇق ۋەزىپىسىنى ئۆتەيدىغان خادىم.

**يارده‌مچى سوتچى** <قا> دۆلىتىمىزنىڭ خەلق سوت مەھكىمىلىرىدە سوتچىغا ھەمكارلىشىپ سوت خىزمىتىنى ئۆتەيدىغان خادىم.

**يارده‌مچى سۆز** <تىل> ئۆز ئالدىغا جۈملە بۆلىكى بولۇپ كېلەلمەيدىغان، پەقەت مۇستەقىل سۆزلەرگە ياكى جۈملىلەرگە قوشۇلۇپ قوشۇمچە مەنە بىلدۈرىدىغان سۆز.

**يارده‌مچى سېسترا** <تب> سېسترالىق كەسپى بويىچە بېرىلىدىغان تۆۋەن دەرىجىلىك ئىلمىي ئۇنۋان ۋە بۇ ئۇنۋانغا ئىگە بولغۇچى كىشى.

**يارده‌مچى سىزىق** <مات> مەسىلە يېشىشنىڭ زۆرۈرىيىتى تۈپەيلىدىن، ئەسلىدە بېرىلگەن شەكىلگە قوشۇلىدىغان سىزىقلار. ئادەتتە يارده‌مچى سىزىقلار مەۋھۇم سىزىق قىلىپ سىزىلىدۇ.

**يارده‌مچى قوشۇن** <ھەرب> ئەھۋالدا جىددىي ئۆزگىرىش بولغاندا يارده‌مگە كەلگەن قوشۇن.

**يارده‌مچى كاتالىزاتور** <خىم> كاتالىزاتورغا قوشۇلۇپ، ئۇنىڭ رولىنى زور دەرىجىدە كۈچەيتەلەيدىغان ماددىلار.

**يارده‌مچى گىمناستىكا** <تەن> قوشۇمچە گىمناستىكىنىڭ بىر تۈرى، يەنى تەنھەرىكەت تۈرىگە ۋە شەخسىنىڭ ئۆز ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن تاللاپ تۈزۈلگەن بىر خىل بەدەن مەشقى، ئۇنى ئەسۋابسىز ۋە ئەسۋابلىق ئوينىغىلى بولىدۇ. مەخسۇس تۈر بويىچە بەدەننىڭ تەبىئىي سۈپىتىنى ئاشۇرۇش، تەنھەرىكەت تېخنىكىسىنى ياخشىلاش، تەنھەرىكەت نەتىجىسىنى ئۆستۈرۈش قاتارلىقلاردا ئۇنىڭ رولى چوڭ بولىدۇ.

**يارده‌مچى لېكتور** <مائار> تېخنىكوم ئوقۇتقۇچىلىرىغا بېرىلىدىغان تۆۋەن دەرىجىلىك ئىلمىي ئۇنۋان ۋە شۇ ئۇنۋاننى ئالغۇچى كىشى.

**يارده‌مچى ماددا** <تىل> لۇغەتتە، باش ماددىغا تىركىلىپ كېلىدىغان قوشۇمچە ماددىلار. ئادەتتە ئۇ ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن ئارتۇق سۆزلەردىن تۈزۈلگەن بىرىكمە بولۇپ، تەركىبىدە باش ماددا قىلىنغان سۆز بولىدۇ. «قوشۇمچە سۆزلەم»مۇ دېيىلىدۇ.

**يارده‌مچى مەسئۇل باشقۇرغۇچى** كۆتۈپخانىچىلىق كەسپى بويىچە بېرىلىدىغان تۆۋەن دەرىجىلىك ئىلمىي ئۇنۋان ۋە شۇ ئۇنۋاننى ئالغۇچى كىشى.

**يارده‌مچى مەسئۇل بوغالتىر** <مال> بوغالتىرلىق كەسپى بويىچە بېرىلىدىغان تۆۋەن دەرىجىلىك ئىلمىي ئۇنۋان ۋە شۇ ئۇنۋاننى ئالغۇچى كىشى.

**يارده‌مچى مەسئۇل چارۋىچىلىق تېخنىكىسى** <چار> چارۋىچىلىق كەسپى بويىچە بېرىلىدىغان تۆۋەن دەرىجىلىك ئىلمىي ئۇنۋان ۋە شۇ ئۇنۋاننى ئالغۇچى كىشى.

**يارده‌مچى مەسئۇل ستاتىستىكچى** <مال> ستاتىستىكا كەسپى بويىچە بېرىلىدىغان تۆۋەن دەرىجىلىك ئىلمىي ئۇنۋان ۋە شۇ ئۇنۋاننى ئالغۇچى كىشى.

**يارده‌مچى مەسئۇل لابورانت** <تېب> لابوراتورىيە كەسپى بويىچە بېرىلىدىغان تۆۋەن دەرىجىلىك ئىلمىي ئۇنۋان ۋە شۇ ئۇنۋاننى ئالغۇچى كىشى.

**يارده‌مچى مەسئۇل مال دوختۇرى** <تېب> مال دوختۇرلۇق كەسپى بويىچە بېرىلىدىغان تۆۋەن دەرىجىلىك ئىلمىي ئۇنۋان ۋە شۇ ئۇنۋاننى ئالغۇچى كىشى.

**يارده‌مچى مەسئۇل ئىقتىسادچى** <س ئىق> ئىقتىساد كەسپى بويىچە بېرىلىدىغان تۆۋەن دەرىجىلىك ئىلمىي ئۇنۋان ۋە شۇ ئۇنۋاننى ئالغۇچى كىشى.

**يارده‌مچى مورفېما** <تىل> يەككە قوللىنىلمايدىغان، پەقەت مۇستەقىل مورفېمىلارغا قوشۇلۇپ كېلىپ تۈرلۈك قوشۇمچە مەنىلەرنى ئىپادىلەيدىغان مورفېمىلار. مەسىلەن، ئۇيغۇر تىلىدىكى قوشۇمچىلارنىڭ ھەممىسى يارده‌مچى مورفېمىلاردۇر. ئادەتتە ئۇ يەنە سۆز ياسىغۇچى مورفېما ۋە سۆز تۈرلىگۈچى مورفېما دېگەن ئىككى تۈرگە ئايرىلىدۇ.

**يارده‌مچى مۇخبىر** <مەت> ئاخباراتچىلىق كەسپى بويىچە بېرىلىدىغان تۆۋەن دەرىجىلىك ئىلمىي ئۇنۋان ۋە شۇ ئۇنۋاننى ئالغۇچى كىشى.

**يارده‌مچى مۇھەررىر** <مەت> نەشرىياتچىلىق كەسپى بويىچە بېرىلىدىغان تۆۋەن دەرىجىلىك ئىلمىي ئۇنۋان ۋە شۇ ئۇنۋاننى ئالغۇچى كىشى.

**يارده‌مچى نامه‌لۇم** <مات> ته‌گلىمله‌رنى يېشىشكه ئاسان بولسۇن ئۈچۈن تولۇقلانغان يېڭى بىر نامه‌لۇم.

**يارده‌مچى هۇجۇم** <هه‌رب> بىر قىسىم ئه‌سكىرىي كۈچ بىله‌ن مۇهىم بولمىغان يۆنىلىشته قىلىنغان هۇجۇم.

**يارده‌مچى هۈنه‌ر-سه‌نئه‌ت ئۇستىسى** هۈنه‌ر-سه‌نئه‌ت كه‌سپى بويىچه بېرىلىدىغان تۆۋه‌ن ده‌رىجىلىك ئىلمىي ئۇنۋان ۋه شۇ ئۇنۋاننى ئالغۇچى كىشى.

**يارده‌مچى ئىنژېنېر** <بىن> قۇرۇلۇش كه‌سپى بويىچه بېرىلىدىغان تۆۋه‌ن ده‌رىجىلىك ئىلمىي ئۇنۋان ۋه شۇ ئۇنۋاننى ئالغۇچى كىشى.

**يارده‌مچى يۈگۈرۈش** <ته‌ن> ته‌نته‌ربىيه هه‌رىكىتىنىڭ ئېگىزگه سه‌كره‌ش، يىراققا سه‌كره‌ش، نه‌يزه ئېتىش، گرانات ئېتىش قاتارلىق تۈرلىرىدىكى سه‌كره‌ش ياكى ئېتىش ئالدىدىكى قىسقا هاله‌تتىكى يۈگۈرۈش هه‌رىكىتى.

**يارده‌مچىلىك** «يارده‌مچى» سۆزى ① ② لارنىڭ ئابستراكت ئىسىم شه‌كلى: رەهبه‌رلىكنىڭ ته‌ستىقلىشى بىله‌ن سىناش جازىسى ياسىلىدىغان بولۇپ، ئادىلغا بىر نه‌په‌ر سېلىسار ۋه ئىككى ئىشچى يارده‌مچىلىككه بېرىلدى. * يارده‌مچىلىكتىن بارا-بارا رىقابه‌تچىگه ئايلىنىۋاتقان ئابدۇراهماننىڭ بۇ كۆلكىسى ئۇنىڭغا هار كه‌لدى-ده، ئىچ-باغرىنى به‌ئه‌ينى ئوغا ئىچىۋالغاندەك ئادىنىۋه‌تتى.

**يارده‌مسىز** سۈپ. يارده‌م بېرىلمه‌ي، يارده‌م قىلىنماي؛ يارده‌م قىلىنمىغان ۋه بېرىلمىگه‌ن: سۇلايمان هېچقانداق يارده‌مسىزلا ئۆز ئىگىلىكىنى تىكلىۋالدى.

**يارده‌مله شتۈرمه‌ك** «يارده‌مله‌شمه‌ك» پېئىلىنىڭ مه‌جبۇرىي دەرىجىسى: ئه‌زىمه‌تنىڭ دادىسى يالغۇز بولغىنى ئۈچۈن ئۇنى ئوقۇشقا ئه‌ۋه‌تمه‌ي چارۋا بېقىشقا يارده‌مله شتۈردى.

**يارده‌مله شتۈرۈشمه‌ك** «يارده‌مله شتۈرمه‌ك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**يارده‌مله شتۈرۈلمه‌ك** «يارده‌مله شتۈرمه‌ك» پېئىلىنىڭ مه‌جهۇل دەرىجىسى: بۇ ئىشقا ئه‌ركىن يارده‌مله شتۈرۈلدى.

**يارده‌مله شمه‌ك** پ. يارده‌م، مه‌دەت به‌رمه‌ك، يارده‌م قىلماق، هه‌مكارلاشماق، يارده‌مده بولماق: سايىم قارىمۇ قۇدره‌تنىڭ مه‌يدىسىدىن تولۇمنى يېشىشكه يارده‌مله شتى. * مېهراي قىلىۋاتقان ئىشنى قويۇپ، ئوغلىغا له‌گله‌ك ياساشقا يارده‌مله شتى.

**يار-دوست** يار ۋه دوست: بىلله ئويناپ، بىلله ئۆسكه‌ن يار-دوستلار، ياخشى قال، مىسكىن باشقا سايه به‌رگه‌ن، بوستان باغلار ياخشى قال.

**يارسىز** سۈپ. يارى يوق، يارى بولمىغان، يار تۇتمىغان: سه‌ن مېنى يار ئه‌تمىسه‌ڭ، دۇنيادىن يارسىز ئۆته‌ي، كۆيگىنىمنى بىلمىسه‌ڭ، باغرىمنى يېرىپ كۆرسه‌ته‌ي.

**يارغا** ئى. قومۇشنى يېرىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان، ئويما ياغاچ سايقا تۆمۈر تىغ بېكىتىلگه‌ن سايمان.

**يارغۇزماق** «يارماق II» پېئىلىنىڭ يه‌نه بىر خىل مه‌جبۇرىي دەرىجىسى: — ئۆيده ئوتۇن تۈگه‌پ قالغان، نۇرنىسا قىينىلىپ قالدۇ، ئوتۇن يارغۇزۇپ بېره‌رسىز، — دېدى ئۇ ئاكىسىغا ئىشكىتىن چىقىۋېتىپ.

**يارغۇزۇشماق** «يارغۇزماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**يارغۇزۇلماق** «يارغۇزماق» پېئىلىنىڭ مه‌جهۇل دەرىجىسى.

**يارغۇنچاق** ئى. بۇغداي، قوناق قاتارلىق دانلىق ئاشلىقلاردىن يارما ياردىغان تاش سايمان. ئۇنىڭ يەرلىك تۈگمەنگە ئوخشاش ئاستى-ئۈستى ئىككى تېشى بولۇپ، يارما يارغاندا قول بىلەن چۆرۈپ ھەرىكەتلەندۈرۈلىدۇ: قىز كۈچى يەتمىسمۇ تىنىپ-تىنىپ، پېشانە تەرلىرىنى سۈرتۈپ تاغارنى ئاخىر ئۆي ئوتتۇرىسىدىكى يارغۇنچاق بار سۇپىنىڭ يېنىغا ئېلىپ كەلدى.

**يارقىن** ① سۈپ. نۇر چېچىپ، پارقىراپ تۇرىدىغان؛ پارقىراق: يارقىن نۇر. * ئۇنىڭ ئۈمىد چىرىغى بارغانسېرى يارقىن پارلىماقتا ئىدى. ② سۈپ. يورۇق، ئېنىق، روشەن، ئوچۇق، ئاشكارا: يارقىن يولتۇز. * دىققەت بولغان يۈزلىگەن يارقىن كۆزلەر سابىرغا تىكىلىپ تۇراتتى ۋە ئۇنىڭ ئوتتەك يانغان كۆزلىرىدىن غەزەپلىك ئەلەمنى كۆرەتتى. * ئۇنىڭ ئارقىدىن زەئىپ ۋە لېكىن يارقىن ئاۋاز ئاڭلاندى. ③ ئى. ئەرلەرنىڭ ئىسمى.

**يارقىنلىق** «يارقىن» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: تەسۋىرنىڭ چىن ۋە يارقىنلىقى — زۇنۇن قادىر ھېكايىلىرىنىڭ مۇھىم بىر ئالاھىدىلىكى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. * دادامنىڭ چىرايىدا بىر خىل زوقلىنىش، پەخىرلىنىش ئالامەتلىرى پەيدا بولۇپ، كۆزلىرى باشقىچە يارقىنلىق بىلەن چاقناپ كەتتى.

**يارگۈل** ئى (يار+گۈل) <بوت> ئېيىقتاپان ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. پۈتۈن تېنىدە ئاق تۈكلەر بولىدۇ، يوپۇرمىقى نۆۋەتلىشىپ ئۆسۈپ، ئالقانسىمان يېرىلىدۇ. گۈلى ئومۇم گۈل رېتىدە، گۈل تاجى كىچىك، گۈل كاسىسى گۈل تاجى شەكلىدە، كۆكۈچ سۆسۈن، ئاچ قىزىل ياكى ئاق رەڭلەردە بولىدۇ.

كۆرۈنۈشى ئۇچۇۋاتقان قۇشقا ئوخشايدۇ. پۈتۈن ئۆسۈملۈك تېبىي دورا قىلىنىدۇ، ئىسسىقنى بېسىش، ئاغرىق توختىتىش، قۇرت ئۆلتۈرۈش رولى بار.

**يارلىق** I ئى. تەبىئەت ھادىسىلىرىدىن يار شەكىللىنىپ قالغان جاي؛ يارداڭلىق: «چاقماق» رازۋېدكىچىلار گۇرۇپپىسى چوڭقۇر يارلىق ئىچىدىكى سۇدىن چىقماي، مەھەللە ئىچىگە ئىلگىرىلىدى. * ئاخىرقى مىنۇتتا ئۆلۈم ئالدىدىلا ئۇ ئېگىز يارلىقتىن تۆۋەنگە سوزۇلغان تارغىنا يولدا ئەپكەش بىلەن چېلەكلىرىنى داراڭلىتىپ سۇغا كېلىۋاتقان قەمەرنى كۆرۈپ قالدى.

**يارلىق** II ئى. تارس. بىركىمگە ئەمەل، ئۇنۋان ۋە شۇ قاتارلىقلار بېرىلگەنلىكى ياكى بىرەر ئىشنى ئورۇنلاش توغرىسىدىكى رەسمىي ئۇقتۇرۇش، ھۆججەت؛ پەرمان، بۇيرۇق: يارلىق پۈتمەك. يارلىق چۈشمەك. يارلىق چىقارماق. * پادىشاھ ئادىتى بويىچە ئىنئام بەرسە يارلىقنى ئۆزى يېزىپ، پېچەتلەپ، ئۇنى ئېلىپ بارىدىغان جاينى ئېيتىپ بېرىدىكەن. شۇ ۋەجىدىن دانىشمەنگىمۇ يارلىق سېلىنغان بىر لېپاپنى ئۇزىتىپتۇ.

**يارلىق بەرمەك** ئېغىزچە ياكى يازما ھالدىكى پەرمانىنى بېجىرگۈچىگە ئۇقتۇرماق، تاپشۇرماق: ئابلىكىم تەزىم قىلىپ ئۆز جەددى-جەمەتلىرىگە زىيان يەتكۈزمەسلىك توغرىسىدا يارلىق بېرىشنى سورىدى.

**يارلىق چۈشۈرمەك** يارلىقنى تۆۋەنىنىڭ ئىجرا قىلىشى ئۈچۈن ئېغىزچە جاكارلىماق ياكى يازما تارقاتماق: ئۇ مەھكىمىگە قايتىپ كېلىپ، پۇقرالارغا زىيان-زەخمەت يەتكۈزمەسلىك، ئوت قويۇپ ئۆيلەرنى كۆيدۈرمەسلىك ھەققىدە ئاتامانلارغا جىددىي

يارلىق چۈشۈردى.

**يارلىق قىلماق** بىرەر ئىش ياكى مەقسەتنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنى بۇيرۇماق، تاپشۇرماق، ئۇقتۇرماق: — بۇ پەرزەنتلەر كامالىغا يەتكىچە خاس چارباغ بىنا بولسۇن، — دەپ يارلىق قىلدى قاراخان ۋەزىر-ۋۇزرالارغا. * شۇ شەھەرنىڭ پادىشاھى ۋەزىرگە: «مېنىڭ قولۇمغا سۇ قويۇپ بېرەلىگۈدەك بىر چۆرە تېپىڭلار» دەپ يارلىق قىلغانىكەن، ۋەزىر دەللاللارغا خەۋەر قىلىپتۇ.

**يارلىقچى** ئى. يارلىقنى يەتكۈزگۈچى: دەل تۆۋەن تەرەپتىن يارلىقچى «يارلىق» دېگەن سۆز كالۋۇتۇن بىلەن كەشتىلەنگەن بۇيرۇق تۇغىنى كۆتۈرۈپ ئات چاپتۇرۇپ كەلدى.

**يارلىقئوت** ئى (يارلىق+ئوت) <بوت> يارلىقئوت ئائىلىسىدىكى سۇدا ئۆسىدىغان، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. ياتما غولى ۋە چاپما يىلتىزى سۇ ئىچىدە تۇرىدۇ. يوپۇرمىقى بۆرەكسىمان ياكى يۇمىلاق بولۇپ، سۇ يۈزىدە لەيلەپ تۇرىدۇ. ياز ۋە كۈزدە گۈلى ئېچىلىدۇ. رەڭگى ئاق بولۇپ، تاق جىنسلىق كېلىدۇ. دۆلىتىمىزنىڭ خېبېي ئۆلكىسى، خېنەن ئۆلكىسىدىن تارتىپ شەرقىي جۇڭگونىڭ ھەرقايسى ئۆلكىلىرىدە ئۇچرايدۇ. كۆپىنچە شال ئېتىزلىرى ۋە كۆللەردە ئۆسىدۇ. پۈتۈن ئۆسۈملۈك تېنى بېلىق ۋە ئۆي ھايۋانلىرىنىڭ يېمى قىلىنىدۇ.

**يارلىقئوت ئائىلىسى** <بوت> تاق پەللىلىك ئۆسۈملۈكلەرنىڭ بىر ئائىلىسى. بۇ ئائىلىدىكى ئۆسۈملۈكلەر سۇدا لەيلەپ تۇرىدىغان ياكى سۇغا چۆكۈپ تۇرىدىغان سامان غوللۇق ئۆسۈملۈكلەر بولۇپ، تاتلىق ياكى تۇزلۇق سۇدا ئۆسىدۇ. يوپۇرمىقى تۆۋىدىن ياكى غولىدىن ئۆسىدۇ. غولىدىن ئۆسكەن يوپۇرماقلىرى ساپاقسىز بولۇپ، ئۇدۇل ياكى نۆۋەتلىشىپ ئۆسىدۇ، گۈلى تاق جىنسلىق، بىر تۈپتە ياكى ئايرىم تۈپتە. قوش جىنسلىقلىرى ناھايىتى ئاز ئۇچرايدۇ. ئۇرۇقىنىڭ سۈتى بولمايدۇ. ئومۇمەن 17 ئۇرۇقدىشى، 50 تىن ئارتۇق تۈرى بار. تروپىك ۋە سۇبتروپىك بەلباغلارغا كەڭ تارقالغان. مەملىكىتىمىزدە 11 ئۇرۇقدىشى، 20 دىن ئارتۇق تۈرى بار.

**يارما** I ① سۈپ. يېرىلىدىغان، يېرىلغان: يارما شاپتۇل. يارما دەستە. ② ئى. <يېم> تۈگمەن ياكى يارغۇنچاقتا تارتىلىپ بىرنەچچە پارچە قىلىنغان بۇغداي ياكى قوناق پارچىلىرى يەنى يېرىك تارتىلغان ئۇن: نورۇز كۆجىسىگە بۇغداي يارمىسىدىن باشقا مالنىڭ بېشى ۋە پاقالچىقى، چامغۇر، گۆلە-قاق سېلىنىدۇ.

**يارما ئاش** <يېم> بۇغداي ياكى قوناق يارمىلىرىنى سۇدا قاينىتىپ پىشۇرۇش ئارقىلىق تەييارلىنىدىغان بىر خىل تاماق.

**يارما پولۇ** <يېم> گۈرۈچ ئورنىدا بۇغداي ياكى قوناق يارمىلىرىنى ئىشلىتىپ ئېتىلگەن پولۇ.

**يارما شاپتۇل** <بوت> شاپتۇلنىڭ بىر خىل سورتى. مېۋىسىنىڭ شەكلى سوزۇنچاق، تۇمشۇقى ئۇچلۇق بولىدۇ، پوستى ئاسان سويۇلىدۇ. تۈكلۈك كېلىدۇ. ئەسلىي رەڭگى ئاقۇچ بولۇپ، ئاپتاپ كۆرگەن تەرىپى ئوچۇق قىزىرىدۇ. ئېتى ئۇچكىسىدىن ئاجرايدۇ. ئېتىنىڭ ئۇچكىگە تۇتاشقان قىسمى قىزىلراق، يۇمشاق، تاتلىق سۇلۇق ۋە شىرنىلىك. 9-ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا پىتىلىپ، تەكشى پىشىدۇ.

**يارما قاق شاپتۇل** <بوت> شاپتۇلنىڭ بىر خىل سورتى. مېۋىسىنىڭ شەكلى يۇملاق، تۇمشۇقى مۇتۇق، پوستى قېلىن، تۈكلۈك، رەڭگى كۆك بولۇپ، پىشقاندا سېرىق بولىدۇ. يادروسى سۈزۈك، تەمى تاتلىق، شىرنىلىك، ئوتتۇراھال سۈلۈق، 9-ئاي ئىچىدە پىشىپ، تەكشى پىشىدۇ. كاۋاكشىغاندىن كېيىن شاختا تۇرۇپ پىرىلىدۇ. ئاساسەن قاق قىلىنىدۇ.

**يارما ئۆلاق** <ئورم> ئۆلاق ئۇسۇلىنىڭ بىر خىلى. بۇنىڭدا ئۆلاق تۈۋىنىڭ توغرا كەسمە يۈزى بىر تەرەپتىكى ياغاچ قىسمى بىلەن قوشۇلۇپ يېرىلىپ، قىپچىنىڭ بىر ئۇچى 3 — 4 سانتىمېتىر ئۇزۇنلۇقتا يانتۇ يونۇلۇپ، قىستۇرۇلىدۇ. ئاخىرىدا باغلىنىدۇ.

**يارما يارغۇچ** ← **يارغۇنچاق.**

**يارما** II ئى <مېتېئور> ئاسماندىن ياغىدىغان ئۇششاق، ئاق ۋە سۈزۈك بولمىغان قار دانىچىسى. توپ ياكى كونۇس شەكلىدە بولۇپ، كۆپىنچە قار يېغىشتىن بۇرۇن ياكى قار ياغقان چاغدا ياغىدۇ.

**يارماق** I ئى. ئازادلىقتىن بۇرۇن ئىشلىتىلگەن، ئوتتۇرىسى تۆشۈك، سېرىق مىستىن ياكى تۇچتىن ياسالغان، قىممىتى ئەڭ تۆۋەن بولغان پۇل: ياماق ياماپ، يارماق تاپ (ماقال). * بىلىملىك كىشى قىممەتلىك دىنار، بىلىمسىز نادان قىممىتى يوق يارماق (ماقال). * ئانا ھەر كۈنى باينىڭ ئۆيىدە كىر يۇيۇپ، نان يېقىپ، ئاران ئىككى يارماق تاپىدىكەن ۋە ئۇ يارماقلارنى شۇ كۈنى كەچقۇرۇن ئوغلىنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ قويىدىكەن. * شۇنىڭ بىلەن ئۇ دەرھال يولغا ئاتلاندى، تۈن يېرىمىغىچە ماڭدى، قورساقىنىڭ ئېچىپ كەتكەنلىكى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ياندا بىر يارماقنىڭمۇ بولمىغانلىقىنى دېمەمسىز.

**يارماق** II پ ① پالتا، ھەرە، پىچاق ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش تىغلىق ئەسۋابلار بىلەن بىرەر نەرسىنى بۆلەكلەرگە ئايرىماق، پارچىلىماق، تىلماق، كەسمەك: ئوتۇن يارماق. * ھەقىقەت قىلنى قىرىق يارىدۇ. * ئەكبەر كۈلۈمسىرىدى، ئۆيدە ئۇخلاۋاتقانلارمۇ ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشقان، مەنسۇر بىلەن روزاخۇن بوۋاي كۆتەك يېرىۋاتاتتى. * مۈشۈك چاشقانلار پادىشاھىنىڭ قارنىنى تىرنىقى بىلەن يېرىپ ئەڭگۈشتەرنى ئېلىپتۇ. ② يارىلاندۇرماق، سۇندۇرماق، جاراھەتلەندۈرمەك: ئەگرى تاياقنىڭ ئۇچى بۇرنۇڭنى يارار (ماقال). * ئېشىنى يەپ بېشىنى يارماق. * دەسلەپتە ئۇنىڭ كۆڭلىكىنى قايرىپ، يالڭاچ دۈمبىسىگە كۆك چىۋىق سۇنۇپ كەتكىچە ئۇردى. كېيىن پالاقتا تارتىپ تاپانلىرىنى يېرىۋەتتى ۋە يېرىلغان جايغا تۇز سەپتى. ③ ناھايىتى قاتتىق ئاڭلانماق، ئۇرۇلماق: قۇلاقنى يارماق. * ئۇنىڭ ئاۋازى سېھىرلىك تۈن جىمجىتلىقىنى قىسقىلا يېرىپ ئۆتتى. * بىزنى تەبرىكلىمەكچى بولغاندەك، دەل شۇ چاغدا سەھەرنىڭ ھاۋا بوشلۇقىنى يېرىپ قىسىملارنىڭ ئورۇندىن تۇرۇشى ئۈچۈن چاقىرغۇ سىگنال ئاۋازى ياڭرىدى. ④ بىرەر توپ نەرسە ئىچىدىن، ئوتتۇرىسىدىن، ئارىسىدىن بۆسۈپ ئۆتمەك، كېسىپ ئۆتمەك؛ بۆسمەك: سەپ يارماق. * مۇقام توختىشى بىلەن، ھەسەن دەرۋىش ئورنىدىن دەس تۇردى-دە، سورۇننى يېرىپ ئۆتۈپ، مۇقامچىنىڭ ئالدىغا بېرىپ ئۇنىڭ قولىدىن ساتارنى ئالدى. * قىلدۇرۇپ تەسلىم جاپا-مۇشكۈل، خەتەرنىڭ شاھىنى، جەڭ كۆرەش دولقۇنلىرىنىڭ كۆكسىنى

يارساڭ سۆيەي. ⑤ كۆچمە. ناھايىتى تاتلىق، شېرىن تۇيۇلماق، سېزىلمەك، تىلدا قالماق (تاتلىق يېمەكلىكلەر ھەققىدە): شاخلىرىدا مېۋىسى، يۇلتۇز بىلەن تەڭ ئىكەن. يېسەڭ تىلنى ياردۇ، ھەسەل بىلەن قەن ئىكەن.

**يارمغان كۆتەكتەك** قەددى-قامىتى، تۇرقى كېلىشمىگەن، كېلەڭسىز، كالانپاي: بىلىكىدىن تۇتۇپ «ماڭ» دەپ زورلىماي، يارمغان كۆتەكتەك ئۆينىڭ بىر بۇلۇڭىدا چوقچىيىپ ئولتۇرغانىسىز ھەقچان؟

**يېرىپ كىرىش** <ھەرب> ھۇجۇمغا ئۆتكەندە دۈشمەننىڭ يوچۇقىدىن ۋە ئاجىز يېرىدىن پايدىلىنىپ دۈشمەن ئىچىگە ئىچكىرىلەپ كىرىپ ئۇرۇش قىلىش ھەرىكىتى. بۇنىڭدىن مەقسەت، دۈشمەننىڭ ئۇرۇش ئورۇنلاشتۇرۇشىنى بۇزۇۋېتىپ ۋە قالايمىقانلاشتۇرۇپ، چېكىنىش يولىنى كېسىپ تاشلاپ، دۈشمەننى بىر-بىرلەپ يوقىتىش ئۈچۈن پايدىلىق شەرت-شارائىت يارىتىشتىن ئىبارەت.

**يېرىپ ئۇلاش ئۇسۇلى** <ئورم> بىر خىل ئۇلاق ئۇسۇلى. بۇنىڭدا، ئۇلاق تۈپىنىڭ ئۈستۈنكى قىسمى ئېلىۋېتىلىپ، قالغان قىسمىنىڭ ئۈستى يېرىلىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇچلىنىپ پانا شەكلىگە كەلتۈرۈلگەن قىپچە يېرىلغان يېرىقچىغا سانجىپ قويۇلىدۇ.

**يارماقچىلىك** سۈپ. يارماقتەك بار، يارماقتەك چوڭلۇقتىكى؛ كىچىك: — دۇرۇس... دۇرۇس... ئۇنىڭ يۈزىدە يارماقچىلىك تاتۇق بار. ئۇ بۇرۇتىنى شۇ تەرەپكە تاراپلا ئولتۇرىدىكەن، — دېدى ئۇ.

**يارماقسىز** سۈپ. يارمىقى يوق، يارمىقى بولمىغان: ئۇ ئاخىرى ھەممە نېمىسىدىن ئايرىلىپ بىر يارماقسىز قالدى.

**يارماقگۈل** ئى (يارماق+گۈل) <بوت> كالپۇكسىمان گۈللۈكلەر ئائىلىسىدىكى بىر ياكى ئىككى يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. غولى ئىنچىكە ھەم ئۇزۇن. تۆت قىرلىق، يوپۇرمىقى يۈرەك ۋە بۆرەك شەكلىدە بولۇپ، ئۇدۇل ئۆسىدۇ. گۈلى سۆسۈن. پۈتۈن ئۆسۈملۈك تېبى دورا قىلىنىدۇ، قاننى جانلاندۇرۇش، ئىسسىقنى ياندۇرۇش سۈيدۈك ھەيدەش رولى بار.

**يارماقلىق** سۈپ. يارماق قىممىتىدىكى: ھەسەن ئەلى مۇشۇ بەش كۈن ئىچىدە سولانغانلارنى قۇتقۇزۇش يولىدا بىر يارماقلىق ئىش چىقىرالمىغىنىدەك، بۇنىڭدىن كېيىنمۇ بىر ئىش قىلالىشىغا كۆزى يەتمەي قالدى.

**يار-مەھبۇب** يار ۋە مەھبۇب: يارۇمەھبۇب يەڭ شىمايلاپ جەڭگە چۈشكەننى سۆيەر، تۆھپىسىزنىڭ لەۋزى باتىل مەڭزى ئانار ئالدىدا.

**يار-مەدەتكار** يار ۋە مەدەتكار: — پېقىر نامۇنشانىم ئەرزىمەس بىر ئادەم بولساممۇ، خەلپىتىمنىڭ نەزەر-ئېتىبارىغا ئېلىپ، كەپىدىن چىقىپ پېقىرغا يار-مەدەتكار بولۇشىنى تىلەيمەن، — دېدى ليۇبېي جۇگېلياڭغا سالام-تەزىم بىلەن.

**يارمچى** ئى. يارغۇنچاقتا يارما تارتىش ئىشى بىلەن شۇغۇللانغۇچى ئادەم: يارمچى ئۈچ كۈندىن كېيىن بۇغدايدا يارما تارتىپ بەرمەكچى بولۇپتۇ.

**يارمچىلىق** «يارمچى» سۆزىنىڭ كەسىپ نامى: دادام شۇ يىللاردا كەنتتە بەش يىل يارمچىلىق قىلغانىدى.

**يارمدا تقۇزماق** «يارمدىماق» پېئىلىنىڭ قوش مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**يارمىداتماق** « يارمىدىماق » پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**يارمىداشماق** « يارمىدىماق » پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**يارمىدالماق** « يارمىدىماق » پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**يارمىدىماق** پ ① پارچە-پارچە قىلماق، پارچىلىماق، يارتىلماق: ئۇ تۇخۇمدەك ياغىنى يارمىداپ يۇتۇۋەتتى-دە، دەرھال ئىككىنچى بوتۇلكىنىڭ ئېغىزىنى ئېچىپ، رومكىلارنى يەنە ماگدۇرۇشقا باشلىدى. ② چالا-بۇلا، بىلمەك، يېزىم-يارتا بىرنەرسە قىلماق: مەن خەنزۇچىنى تولۇق بىلمەيمەن، ئانچە-مۇنچە يارمىدايمەن.

**يارمىلاتقۇزماق** « يارمىلىماق » پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**يارمىلاتماق** « يارمىلىماق » پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**يارمىلاشماق** « يارمىلىماق » پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**يارمىدالماق** « يارمىدىماق » پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**يارمىلىماق** پ ① يارما، پارچە ھالەتكە كەلتۈرمەك، پارچە-پارچە قىلماق: بۇغداينى يارمىلىماق. قوناقنى يارمىلىماق. تاشنى يارمىلىماق. ② كۆچمە. ئانچە-مۇنچە بىلمەك، ھەرھالدا يېرىم-يارتا بىرنېمە قىلماق: ئۇ رۇسچىنى پىششىق بىلمەيدۇ، ئانچە-مۇنچە يارمىلايدۇ.

**يارۇۋىزاتسىيە** ئى (ر) <دېھ> تېرىشتىن ئىلگىرى زىرائەت ئۇرۇقىنىڭ مۇۋاپىق شارائىتتا 1-باسقۇچلۇق يېتىلىشىنى تاماملاتقۇزۇش. مەسىلەن، كۈزگى بۇغداينىڭ ئۇرۇقى نەمدەلگەندىن كېيىن، تۆۋەن تېمپېراتۇرىلىق ئورۇندا ساقلىنىدۇ. بۇ خىل ئۇسۇل ئارقىلىق مايسىنى رەتلىك ئۈندۈرگىلى، پىششىنى تېزلەتكىلى ۋە ئەسلىدە كۈزدە تېرىلىدىغان زىرائەتلەرنى ئەتىيازدا تېرىسىمۇ يەنىلا نورمال باشاق چىقىرالايدىغان قىلغىلى بولىدۇ.

**يارۇۋىزاتسىيە باسقۇچى** <دېھ> تېرىشتىن بۇرۇن، مۇۋاپىق شارائىتتا زىرائەت ئۇرۇقىنىڭ 1-قەدەملىك يېتىلىشىنى تاماملاتقۇزۇش باسقۇچى.

**يارىتىشماق** « ياراتماق » پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**يارىتىلماق** « ياراتماق » پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: بىر كىشى تارىخنى ئۆزىنىڭ ياراتقانلىقى شۇنداقلا تارىخنىڭ ئۆزى ئۈچۈن يارىتىلغانلىقىنى سەزگەندە، ئۇ پۈتۈن دۇنيانى قەلبىدە تۇتالايدۇ.

**يارىدار** ① سۈپ. بىرەر جايى ياكى ئەزاسى يارىلانغان؛ جاراھەتلىك: يارىدار ئادەم. يارىدار ئېيىق. * قادىرخان شتابتىن قايتىپ كەلگەندە ئويناغ ئېغىزىدىكى ئەترەت لاگېرىدا يەتتە نەپەر يارىدار يېگىتتىن باشقا ھېچكىم يوق ئىدى. * مەھبۇسلارنى ھەر كۈنى تەرەتكە ئاچىققاندا، ھېلىقى ئىككى ساقچى پەيدا بولاتتى-دە، يارىدار مەھبۇسنى يەنە قاتتىق ئۇراتتى. ② سۈپ. كۆچمە. ئازابلانغان، دەردكە تولغان، يارىلانغان: ئاھ، تۆكۈلدى قانچە-قانچە كۆز ياشلار، چۆل-جەزىرە ئوتلىرىدا داغ قالدى. يارىدار دىلدىن چىققان قانچە نالىلەر، ياڭراپ ئۆتۈپ ھاۋالاردا يوقالدى. ③ ئى. بىرەر جايى ياكى ئەزاسى يارىلانغان؛ جاراھەتلەنگەن ئادەم: ئۇلار نۆۋەتلىشىپ يارىدارلارنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالاتتى. * ئۇلار دوختۇرنى

چاقىرىپ، يارىدارنى پاتراق ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى تاپىلىدى-دە، دوختۇرخانىدا بىرەيلەننى قالدۇرۇپ، مېنى ھەيدەپ ئېلىپ ماڭدى.

**يارىدار بولماق** مەلۇم سەۋەب بىلەن جاراھەتلەنمەك، يارىلانماق: خەۋپلىك جايدا يەنە بىر جەڭچى يارىدار بولدى. * يارىدار بولغانلار ۋە ئۆلگەنلەرنى يىغىشتۇرۇۋېلىش ئىشى باشلاندى. * ئۇ شۇ قېتىم يارىدار بولۇپ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئۆيىدە ئارام ئالدى. يارىسى ياخشىلانغاندىن كېيىنمۇ قايتا ئۇرۇش سېپىگە بارمىدى.

**يارىدار قىلماق** مەلۇم سەۋەب بىلەن يارىلاندۇرماق، جاراھەتلەندۈرمەك: كېيىن ھېلىقى بۇزۇقلار ئالىي ئاپىنىڭ ئۆيىنى بۇلاپتۇ، ئۇنىڭ توخۇ، چارۋا ئاشلىقلىرىنى بۇلاپ كەتكەنىنىڭ ئۈستىگە ئۇنى ئۇرۇپ يارىدار قىلىپ قويۇپتۇ. * ئۇلار مىللىي ئارمىيىنىڭ بۇ يەردىكى قىسىملىرىنىڭ ياتاقلىرىنى مەخپىي پارتلاتماقچى بولغاندا، يارىدار قىلىنىپ، قولغا چۈشۈرۈلگەنىدى.

**يارىدارلىق** ئى. يارىدار بولغان ھالەت، يارىلىنىش.

**يارىشا** تىر. ماس كېلىدىغان، مۇۋاپىق، لايىق: يىللارنىڭ بىرىدە ئۇنىڭ خوتۇنى بىر ئوغۇل تۇغۇپتۇ. چاۋار بوۋاي ئۆز ھالىغا يارىشا مەرىكە قىلىپ، ئات تويىنى ئۆتكۈزۈپتۇ. * پۇرسەت دېگەن ھەمىشە كېلىۋەرمەيدۇ. قىشنىڭ ئاچچىق سوغۇقىدا ئېتىز ئارىلاپ يۈرگىنىمگە يارىشا ئازراق بىرنەرسە ئالسام نېمە بولىدۇ؟

**يارىشرىق** ئى (يارا+شىرىق) بەدەنگە چىقىدىغان تۈرلۈك يارا، جاراھەت، بەدەنگە تەگكەن تىغ قاتارلىقلارنىڭ ئىزى.

**يارىشىق** ئى. ماس كېلىش، مۇۋاپىق بولۇش، مۇناسىپ، يارىشىش، لايىقلىشىش: يارىشىقنى قىلماق. * ئۈستەلك يارىشىقى تال، قىزنىڭ يارىشىقى خال (ماقال). * ئورما ناخشىسى – ئورمىنىڭ يارىشىقى. * ئۇ بەشىنچى كېچىك ئاپامنىڭ ئۆز ئۆيىدىن ئېلىپ كەلگەن ئالتۇن-كۈمۈش يارىشىقلىرىنى بىركىم ئۆلگە قىلىش ئۈچۈن ئارىيەتكە سورىدى، دەپ ئېلىپ كېتىپ، ئۇزۇنغىچە قايتۇرۇپ كەلمىدى.

**يارىشىقىدا** رەۋ. ئۆز لايىقىدا، مۇۋاپىق، ياراشقان ھالدا: ئىشنى قىلغان ئىكەنمىز، ئۆز يارىشىقىدا بولسۇن. ئۆتكەنكىدەك تىلەمچىلەرنىمۇ، ئۆزىمىزنىمۇ خىجىل قىلىدىغان ئىشنى قىلمىغىنىمىز ياخشى. * — بولدى تالاش-تارتىشنى قويۇڭلار، ھۆرخانىمۇ بىزگە كېلىن ھەم ئۆز ئۇرۇقىمىزدىن، ئۇنىڭغىمۇ يارىشىقىدا ئۇبدان بىرنەرسە قويۇڭلار، — دېدى باياتىندىن بېرى گەپكە ئارىلاشماي ئولتۇرغان سەلىمە چوڭ ئانا. ئۇنىڭ گېپى بىلەن ھەممەيلەن جىم بولۇشتى.

**يارىشىقنى قىلماق** ئادەت بويىچە لايىقىدا، ياراشقۇدەك، يارىغۇدەك ئىززەت قىلماق: مېھمانلارنى يارىشىقنى قىلىپ ئۇزاتتۇق.

**يارىشىم** ئى ← **يارىشىق.**

**يارىشىمسىز** سۈپ. ياراشمايدىغان، ماس، مۇۋاپىق كەلمەيدىغان، ياراشمىغان، نامۇناسىپ: ئۇنىڭ ئورۇنسىز ۋە يارىشىمسىز كۈلكىسى ئاۋۋال تاشپولات بىلەن قۇرماشنى، ئاندىن قىزلارنى قاتتىق كۈلدۈردى.

**يارىشىملىق** سۈپ. يارىشىدىغان، ياراشقان، چىرايلىق، ماسلاشقان، مۇۋاپىق كەلگەن: جايىپاروپ ئېگىز بوي، قەددى-قامىتى كېلىشكەن، تۇم قارا قاش، قاڭشارلىق، يارىشىملىق بۇرۇت قويغان، بۇغداي ئۆڭ، كۆزلىرى ھەمىشەم كۈلۈپ تۇرىدىغان خۇش خۇي ئادەم ئىدى. *

ئاچام ۋە بۇغرا قىز ئۇنىڭغا زوقلىنىپ كۈلۈشتى، ئۇنىڭ يارىشىملىق قىلىقلىرىغا زوقلاندى.

**يارىغۇسىز** سۈپ. ھېچنېمىگە يارىمايدىغان، ئەرزىمەيدىغان، ئىشلەتكىلى بولمايدىغان، مۇۋاپىق كەلمەيدىغان: ئەكرەم ۋېلىسىپىت ئالمەن دەيدۇ، روشەنگە سائەت، ئۆيىنىڭ يوتقان-كۆرپىلىرىمۇ كونىراپ مېھمانغا يارىغۇسىز بولۇپ قالدى.

**يارىلاندۇرماق** «يارىلانماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: بىر تاياق ئۇنى خېلى ئېغىر يارىلاندۇردى.

**يارىلاندۇرۇشماق** «يارىلاندۇرماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**يارىلاندۇرۇلماق** «يارىلاندۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**يارىلانماق** پ ① يارىدار بولماق، جاراھەتلەنمەك: ساۋۇت خېلى ئېغىر يارىلانغان بولۇپ، ئوق ئۇنىڭ يوتىسىغا تەگكەن، ئاسمىنىڭ بولسا سول مۈرىسىنى تېشىپ ئۆتكەنىدى. * ئىككى ئىشچى يارىلانغان ئۈستىنى يۆلەپ زاۋۇت دوختۇرخانىسىغا ئېلىپ كېتىشتى. ② كۆچمە. ئازار يېمەك، دەردكە قالماق: مەن گۈزەل تۇرمۇشنى، شاد-خۇرام ھاياتنى قىزغىن سۆيىمەن! ئەمما يۈرىكىم يارىلانغان!

**يارىماس** سۈپ ① يارىمايدىغان، كېرەككە كەلمەيدىغان، ياراقسىز، يارامسىز: يارىماس ئەسۋاب. يارىماس پالتا. * ئۆرۈك ئۆرۈكنى كۆرسە ئالا بولۇر، دېگەندەك سىلى قورۇغا كىرىپ كەتكەندە، ھوشۇر گۆپەي بىلەن چىلۋاغ بايمۇ ئۆزلىرىنىڭ يارىماس كالىلىرىنى سىلىنىڭ كالىلىرىدىن ئىككىسىگە تېگىشۋاپتۇ. * پرىنسىپ بويىچە ئۇنى خىزمەتكە ئورۇنلاشتۇرماقچى بولۇپ ماتېرىيالى شەھەرلىك قول-سانائەت ئىدارىسىنىڭ بىر زاۋۇتىغا يوللانغىنىدا، قوبۇل قىلغۇچى خادىملار ئۇنىڭ «ئوغرى» ئىكەنلىكىنى بىلىپ، خۇددى يارىماس مالغا ئوخشاش ئۇنى قايتۇرۇۋېتىپتۇ. ② كۆچمە. يامان، ناچار، قەبىھ: يارىماس ئىش. يارىماس ئىللەت. * ئىختىيارسىز ھالدا ئۆتكەنكى يارىماس قىلىقلىرىم كۆز ئالدىمدىن بىر-بىرلەپ ئۆتۈپ قەلبىمنى خىجالەتچىلىككە سالاتتى. * ئاھ، ئۆلسەملا بولغۇدەك، ئۆلۈمدىن باشقا يول يوق ئىكەن، يارىماس بولۇپ قالدىم. ئاتا بولغۇچىلىك ھالىم قالمىدى! نائىلاجمەن.

**يارىماسلىق** «يارىماس» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: ئۇ ئوغلىنىڭ ئىشقا يارىماسلىقىنى سەزگەندىن كېيىن ئاندىن بېسىقتى.

**يارىماق** پ ① مۇئەييەن تەلەپكە ماس كەلمەك، لايىقلاشماق، ياقماق: خانىغا يارىغان ئېشىم تازىغا يارىماپتۇ (ماقال). * ئېشى يارىسا، قاچىسىغا قارىما، قىزى يارىسا، ئانىسىغا قارىما (ماقال). * ئۇنىڭغا ھەممىدىنمۇ بەك ياراپ كەتكىنى ئىناق كوللېكتىپ تۇرمۇش ئىدى. * داۋۇد موللامغا بۇۋىم جاھازغا باي ئۈچ ئېغىزلىق ئۆيى، ئازادە باغۋارىنى بىلەن ھە دېگەندىلا ياراپ قالدى. ② كارغا، كېرەككە كەلمەك، ئەسقاتماق: مەن كېيىن ئىشقا يارىغۇدەك بولغاندا ئاتام بىلەن يېزىمىزدىكى ھاجىبايغا چاكار بولۇپ ئىشلەپ يۈرۈپ تاغدا قوي باقتىم. ③ لايىقلاشماق، مۇۋاپىق، ماس كەلمەك، ئەرزىمەك: ئەڭ كەم ھېسابلىغاندىمۇ ھەر مو يەردىن بەش مىڭ تۈپ تېرەك قەلەمچىسى ئۆستۈرسەڭ، ھەر بىرىنى بىر كويغىچە ساتساڭ، يىگىرمە مو يەرنىڭ كۆچىتى بىر ساندۇق پۇلغا يارايدۇ. ④ «جايىدا، ياخشى، بولىدۇ، لايىق، كۆڭۈلدىكىدەك ئىش قىلالايدۇ» دېگەن

مەنىلەردە كېلىدۇ: — مەن بۇ خەتنىڭ كۆركەم ھەم چىرايلىقلىقىدىن ھوزۇرلىنىپلا قالماستىن، مەزمۇنىدىنمۇ چوڭقۇر تەربىيە ئالدىم. ئوردىغا مۇشۇ خەتنى يازغان بەختىيار ئىسمىلىك بالا يارايدىكەن، — دەپتۇ پادىشاھ.

**يارنىيار** سۆپ ← **يارنىيار ھارۋا.**

**يارنىيار ھارۋا** چاقى كۆتەك ھارۋىنىڭ چاقىدىن چوڭ بولغان ھەممە پۈتۈنلەي ياغاچتىن ياسالغان ھارۋا: ئۇ كېيىنكى قېتىمدا توكۇر ئات قوشۇلغان يارنىيار ھارۋىدا تۆت تاغار بۇغداي ئەكەلدى.

**يار-يار** ① « يار I » سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى: شامال ئوينار رومالىڭنى چىچىي قۇندۇز يار-يار، ئېتىز باغرى گويا ئاسمان، سەن بىر يۇلتۇز، يار-يار. ② توي- تۆكۈندە قىز ئۇزىتىش ئۇچۇن ئېيتىلىدىغان ناخشىنىڭ نامى: ئۇلار يار-يار ئېيتىپ، قىزنى ئۇزىتىپ قويۇشتى.

**يار-يۆلەك** يۆلەنچۈك، تايانچ، ئىگە، تىرەك، يۆلەك: يار-يۆلەك بولماق. * بۇ بۆۋىگە ھەر دەقىقە مەرھۇمنىڭ روھى يار-يۆلەك ئىدى. * ۋەدىلەشتى قوش يۈرەك، يار تۇتمايمىز بىز بۆلەك. ماڭا مەڭگۈ يار-يۆلەك، ۋاپا قىزى كۆرۈندى.

**يار-يۆلەك بولماق** بىراۋغا يۆلەنچۈك، تايانچ، يۆلەك بولماق، ئىگە بولماق: بۇ كەنتتە ئۇزۇندىن بۇيان ھەمدوست بولۇپ كەلگەن تۇغقاندىنمۇ چارە يۈرتداشلىرىم بار. ئۇلار ئەزەلدىن ماڭا يار-يۆلەك بولۇپ كەلمەكتە. * بىز بىر-بىرىمىزنىڭ ئېغىر-يېنىكىمىزگە يار-يۆلەك بولۇپ، ئۆزئارا پايدا يەتكۈزۈشىمىز كېرەك.

**يار-يۆلەك بولۇش** <قا> تۇرمۇش خىراجىتى ۋە تۇرمۇش، بۇيۇملىرى بىلەن

تەمىنلەش؛ بېقىش، تەربىيىلەش.

**يارىپىلىم** ئى <خىم> ئورگانىك بىرىكمە. ئاق ياكى ئاچ سېرىق رەڭلىك بولۇپ، تارىشا ياكى دانىچە ھالىتىدە كېلىدۇ. يېرىم سۈزۈك بولىدۇ. قىزىق سۇدا ئوڭايلا ئېرىيدۇ. ئادەتتە كالا، ئېشەك قاتارلىق ھايۋانلارنىڭ تېرىسى ۋە سۆڭىكى قاينىتىلىپ ياسىلىدۇ. سانائەتتە يېپىشتۇرغۇچى رېئاكتىپ ۋە يورۇقلۇق سېزىش ماتېرىياللىرى ياسىلىدۇ. دورىگەرلىكتە قان توختىتىش دورىسى قىلىنىدۇ، ياغاچچىلىقتا ياغاچ يەلىمىنىدۇ، ئۇنىڭدىن باشقا يەنە يېمەكلىك سانائىتىدىمۇ ئىشلىتىلىدۇ.

**ياز** ئى. تۆت پەسىلنىڭ ئىككىنچىسى، ئەتىيازدىن كېيىنكى، كۈزنىڭ ئالدىدىكى پەسىل، مىلادىيە بويىچە تەخمىنەن 5-مايدىن 6-ئاۋغۇستقىچە بولغان ۋاقىتنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ: ياز بولماق. ياز كەلمەك. * قىشنىڭ قىش بولغىنى ياخشى، يازنىڭ ياز بولغىنى ياخشى (ماقال). * ياز بولسا، قىش بولمىسا، ئاش بولسا، ئىش بولمىسا (ماقال). * كۆرسەڭ بۇ ياققا كىرگەن كىشىنى، يازدا راھەتتە، ئۇنتۇر قىشنى، ئويناپ كۈلەر ئۇ تۆكمەي يېشىنى، جەننەت دېيۈرسەن يېسەڭ ئېشىنى.

**ياز پەسلى** ← **ياز.**

**ياز قىلماق** يازلىق كىيىملەرنى كىيمەك، يازغا لايىقلاشماق: ھازىر ھاشىماخۇم بادام دوپپا كىيىپ ياز قىلىۋەتكەن بولۇپ، كەيپى ناھايىتى ساز ئىدى.

**ياز ئوتتۇرىسى** <ئاستر> ياز پەسلىنىڭ ئىككىنچى ئېيى، يەنى دېھقانلار كالېندارى بويىچە بەشىنچى ئاي.

**يازا** ئى. قۇرۇلۇش ئىشلىرىدا خىشتىن

ياسالغان چۇغۇندەك شەكىل.

**يازدۇرماق** «يازماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: خەت يازدۇرماق. ھۆججەت يازدۇرماق. * ئوقۇتقۇچى دوسكىدىكى بۇ شېئىرنى ئاۋۋال ئوقۇغۇچىلارغا يازدۇردى، كېيىن ھەربىر بالىغا دېكلاماتسىيە قىلدۇردى. * ۋاڭ ئىلياز خوجىنىڭ بارلىق يەر-زېمىنىنى ئۇردا دەپتىرىگە يازدۇرغاندىن كېيىن، ئاتلىرىنى تاغدىن ئەكېلىپ بېقىشقىمۇ يول قويمىدى.

**يازدۇرۇشماق** «يازدۇرماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ھەممە سىنىپنىڭ سىنىپ مەسئۇللىرى ئوقۇغۇچىلارغا بىردىن ۋەدىنامە يازدۇرۇشتى.

**يازدۇرۇلماق** «يازدۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**يازغازىڭى** ئى (يازغازاڭ+ى) <بوت> كاپۇكسمان گۈللۈكلەر ئائىلىسىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. يوپۇرماقلىرى ئۇزۇن، يۇملاق ياكى تۇخۇم شەكىللىك بولۇپ، ئۇدۇل ئۆسىدۇ، غول يوپۇرماقلىرىدا يۇمشاق تۈكلىرى بولىدۇ. گۈلى سۆسۈن، بەزىلىرى ئاق، يازنىڭ بېشىدا چېچەكلەپ، ئاخىرىغا كەلگەندە ئۆلىدۇ. شۇڭا «يازغازىڭى» دەپ نام ئالغان. غولى، يوپۇرمىقى ۋە گۈل رېتى دورا قىلىنىدۇ، سۈيدۈكنى راۋان قىلىش، قان بېسىمىنى چۈشۈرۈش رولى بار.

**يازغۇچى** ئى ① يېزىش ئىشىنى ئورۇنلىغۇچى كىشى: بۇنى يازغۇچى سىزمۇ؟ * بۇ خەتنى يازغۇچى كىم؟ ② <ئەد> بەدىئىي ئەسەر يېزىش ئىشى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان كىشى؛ ئەدىب: مەن يازغۇچى بولۇش مەقسىتىدە رومان يازغان ئەمەس، بەلكى ئۆتمۈشتىكى ھايات مېنى قولۇمغا قەلەم ئېلىشقا مەجبۇر قىلغان. * بولسا شائىر-يازغۇچى، ئەقلى گۆھەر قازغۇچى، دېسەم، كۈلۈپ شاد ئاتام: «ياخشى ئوقۇغىن» دەيدۇ.

**يازغۇچىلىق** «يازغۇچى» سۆزىنىڭ كەسىپ نامى: ئۇ تۇرمۇشنى يازغۇچىلىق دىتى بىلەن كۆزىتىش ئىقتىدارىغا ئىگە.

**يازغى** ① سۈپ. يازدا بولىدىغان، يازلىق: يازغى يۇڭ. يازغى بۇغداي. ② ئى. بۇغداينىڭ ئەتىيازدا تېرىلىپ، يازدا پىشىدىغان بىر خىلى: ئاۋاتتا بۇ يىل يازغىدىن مول ھوسۇل ئېلىندى. * دېھقانلارنىڭ كۈچ-قۇدرىتى تولۇپ تاشتى، يەتمىش مىڭ مو بوز بىنەمدىن زېمىن ئاچتى، كۈزگى بۇغداي ھەم يازغىدىن ئۇرۇق چاچتى.

**يازغى بۇغداي** <بوت> شۇ يىلىنىڭ باھار پەسلىدە تېرىلىپ، يازدا پىشىدىغان بۇغداي، «يازغى» مۇ دېيىلىدۇ.

**يازغى يۇڭ** قوينىڭ يازدا قىرقىلغان يۇڭى، جاۋىغا.

**يازلىق** سۈپ ① يازغا خاس، ياز ئۈچۈن بەلگىلەنگەن، يازغا مۇۋاپىقلاشتۇرۇلغان؛ يازغى: يازلىق تەتىل. يازلىق ساراي. يازلىق كىيىم. * بۇ يىل باھار بالدۇر كەلدى، چارۋىچىلار يازلىق يايلاققا ھەر يىلدىكىدىن بىر ئاي بۇرۇن كۆچتى. * — ئۇنداق دېمەڭ، سىڭلىم، — دېدى سادىق گۈلسۈمئايغا قاراپ. ② يازدا تېرىلىدىغان، يازدا پىشىدىغان ھەم يازدا يىغىۋېلىنىدىغان: يازلىق ئاشلىق. يازلىق مەھسۇلات. يازلىق مېۋە. * — خوش، شۇنداق قىلىپ، سىلەرنىڭ يازلىق تېرىلغۇ پىلانىڭلارنى بىر ھەسسە كېمەيتسەڭ

قانداق دەيسەن؟ - دېدى ئەكبەر سوئالىيمانىغا.
* بۇ يىل يازلىق ئاشلىقتىن ئومۇمىيۈزلۈك مول هوسۇل ئالدۇق.

**يازلىق ئارپا** <بوت> شۇ يىلنىڭ باهار پەسلىدە تېرىلىپ، يازدا يىغىۋېلىنىدىغان ئارپا.

**يازلىق بەسەي** <بوت> بەسەينىڭ بىر تۈرى. يوپۇرمىقى تىك، يۇملاق ياكى قوشۇق شەكلىدە، رەڭگى يېشىل. ئادەتتە كۆكتات قىلىنىدۇ.

**يازلىق تەتىل** <مائار> مەكتەپلەرنىڭ ياز پەسلىدىكى دەم ئېلىش ۋاقتى. ئادەتتە 7-، 8-ئايلاردا بولىدۇ.

**يازلىق تۈرۈپ** <بوت> تۈرۈپنىڭ بىر خىل سورتى. ئۆسۈش مەزگىلى قىسقا، تۈگۈنەك يىلتىزى ئۇزۇن ۋە ئىنچىكە، سىرتى قىزىل، ئىچى ئاق بولىدۇ. ئادەتتە كۆكتات قىلىنىدۇ.

**يازلىق تېرىلغۇ** <دېھ> ياز پەسلىدە قىلىنىدىغان تېرىقچىلىق.

**يازلىق تېرىم** <دېھ> ← **يازلىق تېرىلغۇ.**

**يازلىق زىرائەت** <بوت> ياز پەسلىدە تېرىپ، يىغىۋالىدىغان دېھقانچىلىق زىرائەتلىرى.

**يازلىق سپورا** <بوت> دات كېسەللىك زەمبۇرۇغىنىڭ هايات تارىخىدا هاسىل قىلىدىغان سپورىلىرىنىڭ بىر تۈرى. بىر هۈجەيرىلىك، ئىككى يادرولۇق بولىدۇ. مەسىلەن، بۇغداينىڭ غولىدىكى دات كېسەللىك زەمبۇرۇغى بۇغداينىڭ ئۆسۈش مەزگىلىدە كۆپ مىقداردا يازلىق سپورا هاسىل قىلىپ، كېسەلنى تېز تارقىتىدۇ.

**يازلىق قوغۇن** <بوت> ئەتىيازدا تېرىلىپ يازدا بالدۇر پىشىدىغان قوغۇن: مەن بۇ يىل ساپلا يازلىق قوغۇن تېرىغانىدىم، شۇڭا قوغۇنلىرىم، بالدۇرلا پىشىپ تۈگىدى، ئورنىغا چىلگە قوناق تېرىدىم.

**يازلىق كۆكپىت** <زوئول> بىر خىل هاشارات. تېنى ياپىلاقراق يۇملاق. رەڭگى يېشىل، سېرىق ياكى قوڭۇر. قورسىقى چوڭ. تۈرلىرى كۆپ بولىدۇ، بەزەنلىرى ئۆي هايۋانلىرىدا بولىدۇ، بەزىلىرى ئۆسۈملۈكنىڭ شىرنىسىنى شوراپ زىرائەتلەرگە زىيان سالىدۇ.

**يازلىق كۈن توختىشى** <ئاستر> ← **يازلىق كۈن-تۈن توختىشى.**

**يازلىق كۈن-تۈن توختاش نۇقتىسى** <ئاستر> ئېكلىپتىكىنىڭ ئەڭ جەنۇبىي قىسمىدىكى نۇقتا. يازلىق كۈن-تۈن توختاش كۈنىدە قۇياش بۇ نۇقتىدىن ئۆتىدۇ.

**يازلىق كۈن-تۈن توختىشى** <ئاستر> 24 مەۋسۇمنىڭ ئونىنچىسى. مىلادىيە 6-ئاينىڭ 21-ياكى 22-كۈنىدىن باشلىنىدۇ. بۇ كۈندە قۇياش يازلىق كۈن-تۈن توختاش نۇقتىسىدىن ئۆتىدۇ، بۇ ۋاقىتتا شىمالىي يېرىم شاردا كۈندۈز ئەڭ ئۇزۇن، كېچىسى ئەڭ قىسقا بولىدۇ.

**يازلىق كىپارىس** <بوت> ئارچا ئائىلىسىدىكى دائىم يېشىل تۇرىدىغان دەرەخ. ئېگىزلىكى 30 مېتىرغا يېتىدۇ. شاخلىرى ئىنچىكە بولۇپ، پەسكە ساڭگىلاپ تۇرىدۇ، يوپۇرمىقى يىڭنە شەكلىدە، ئۇچى ئۇچلۇق، مېۋىسى يۇملاق، ئۇرۇقى قاسىراقسىمان بولىدۇ، پىشقاندا يېرىلىدۇ. ياغىچى سارغۇچ قوڭۇر، پۇراقلىق كېلىدۇ. ئۇنى قۇرۇلۇشقا،

كېمىسازلىقتا ياكى ئۆي جاھازلىرىنى ياساشتا ئىشلەتكىلى بولىدۇ.

**يازلىق كىيىم** يازدا كىيىش ئۈچۈن تىكىلگەن، ياز ئۈچۈن تەييارلانغان كىيىم: ئانىمىز ئۆز ئالدىغا قىشلىق ياكى يازلىق كىيىم ئېلىپ كىيەلمەيدۇ، سىڭىللىرىمىز بارنى ئەپلەپ-سەپلەپ ئۆتىدۇ.

**يازلىق لاگېر** ياز پەسلىدە ياش-ئۆسمۈرلەر ياكى كوللېكتىپ تەشكىلات ئەزالىرىنىڭ قىسقا مۇددەتلىك دەم ئېلىشى ھەم كۆڭۈل ئېچىشى قاتارلىق مەقسەتلەر بىلەن ئۇيۇشتۇرۇلىدىغان كوللېكتىپ پائالىيەت ۋە بۇ پائالىيەت ئېلىپ بېرىلىدىغان جاي. كۆپىنچە ئورمانلىق ۋە دېڭىز ساھىللىرىغا ئورۇنلاشتۇرۇلىدۇ.

**يازلىق مەھسۇلات** شۇ يىلى ئەتىيازدا ياكى ئۆتكەن يىلى كۈزدە تېرىلىپ يازدا يىغىۋېلىنىدىغان مەھسۇلات. مەسىلەن، بۇغداي.

**يازلىق مۇسسۇن شامىلى** <مېتېئور> ياز پەسلىدە قۇرۇقلۇقنىڭ تېمپېراتۇرىسى دېڭىز-ئوكيانلارنىڭكىدىن يۇقىرى، تۆۋەن قاتلامدىكى ھاۋا بېسىمى تۆۋەنرەك بولۇپ، ھاۋا ئېقىمى دېڭىز-ئوكياندىن قۇرۇقلۇققا قاراپ ئېقىپ شەكىللەندۇرگەن ئىللىق نەم ھالەتتىكى شامال.

**يازلىق مېۋە** <بوت> بەزى ئۆسۈملۈكلەرنىڭ يازدا پىشىدىغان مېۋىلىرى.

**يازلىق ھەيدەش** <دېھ> ياز پەسلىدىكى يەر ھەيدەش مەشغۇلاتى.

**يازلىق ئۈچەك** <زوئول> ئۈچەككە كىرىشنىڭ بىر خىلى، يەنى ھايۋانلارنىڭ قاتتىق ئىسسىق ۋە قۇرغاقچىلىقتا قارىتا بىر خىل ماسلىششى، بۇنىڭدا ئاساسلىقى تەن تېمپېراتۇرىسى تۆۋەنلەيدۇ ۋە ئۇيقۇ ھالىتىگە كىرىدۇ. مەسىلەن، ئامېرىكا ئۆپكىلىك بېلىقى ۋە ئافرىقا ئۆپكىلىك بېلىقىنىڭ ياز پەسلىدىكى ئۈچەككە كىرىشىگە ئوخشاش.

**يازلىق ئۈچ ئىش** <دېھ> ياز پەسلىدە، دېھقانچىلىقتا قىلىنىدىغان يىغىم، تېرىم ۋە ئېتىز-ئېرىق پەرۋىشىدىن ئىبارەت ئۈچ ئىش.

**يازلىق ۋاقىت** <ئاستر> ياز پەسلىدە بىر سائەت ئالدىغا سۈرۈلۈپ ھېسابلىنىدىغان بىر خىل ۋاقىت.

**يازلىق يېشىل ئورمان** <ئورم> يوپۇرماق تاشلايدىغان كەڭ يوپۇرماقلىق دەرەخلەردىن ھاسىل بولغان ئورمان.

**يازلىق يىغىم** <دېھ> بەزى زىرائەتلەرنى ياز پەسلىدە يىغىۋېلىش ئىشى.

**يازلىماق** پ. بىرەر جايدا يازنى ئۆتكۈزمەك، يازدا بىرەر جايدا تۇرۇپ قالماق: مەن بۇ يىل قەشقەردە يازلاشنى نىيەت قىلدىم.

**يازما** ① سۈپ. يېزىق، خەت ۋاستىسى ئارقىلىق ئىپادىلەنگەن ياكى ئىپادىلىنىدىغان، يېزىلغان: يازما پىكىر. * يازما ئىمتىھان تۈگىدى. ئەمدى ئىككى دەرستىن ئېغىزچە ئىمتىھان بېرىمىز. ② ئى. يېزىق، خەت ۋاستىسى بىلەن ئىپادىلەنگەن نەرسە: مۇبارەك ئۇشبۇ يازمائىنى زەپەر يادنامىسى دەيمۇ؟

**يازما ئاخبارات** يېزىق ئارقىلىق يەتكۈزۈلىدىغان ئاخبارات.

**يازما ئەدەبىيات** يېزىق ئارقىلىق ۋۇجۇدقا كەلگەن ھەم يېزىق ئارقىلىق ئېلان قىلىنىدىغان ئەدەبىيات.

**يازما ئەسەر** يېزىق ئارقىلىق ۋۇجۇدقا كەلگەن، يېزىق ئارقىلىق ئېلان قىلىنغان ھەم ساقلانغان ئەسەر: قىممەتلىك ئالىم! مەن سىزنىڭ دېگىنىڭىزنى قىلاي، مۇنۇ مۇھەببەت، ياشلىق ھەۋەسلىرىگە ئامراق كەۋدەمنى باشقۇراي، پۈتۈن ئىخلاسىم بىلەن مىڭ يىلدىن بۇرۇنقى يازما ئەسەرلەرنى ئوقۇي، ئىنگلىز تىلىنى ئۆگىنەي.

**يازما تاپشۇرۇق** <مائار> ئوقۇغۇچىنىڭ قەغەز يۈزىدە جاۋاب بېرىشىگە بېرىلگەن تاپشۇرۇق.

**يازما تارىخ** <تارىخ> يازما شەكىلدە ساقلانغان تارىخ.

**يازما تەرجىمە** <تىل> يېزىق ئارقىلىق قىلىنىدىغان تەرجىمە، يېزىق تەرجىمىسى يەنى ئېغىزچە تەرجىمىنىڭ ئەكسى.

**يازما خاتىرە** يېزىپ قالدۇرۇلغان خاتىرە: يازما خاتىرىلەرگە ئاساسلانماق.

**يازما خۇلاسە** يېزىق ئارقىلىق قىلىنغان خۇلاسە.

**يازما دوكلات** يېزىق ئارقىلىق قىلىنغان ياكى تەييارلانغان دوكلات.

**يازما شەكىل** <تىل> بىر خىل يېزىق بىرلىكلىرىنىڭ قولدا يېزىلىدىغان شەكلى. ئادەتتە ئۇ «باسما شەكىل» گە نىسبەتەن ئېيتىلىدۇ.

**يازما قانۇن** <قا> يېزىپ قەغەز يۈزىگە چۈشۈرۈلگەن قانۇن.

**يازما ماتېرىيال** يازما ھالەتتىكى ماتېرىيال.

**يازما ھېسابلاش** <مات> ئىپادىنى قەلەم بىلەن يېزىش ئارقىلىق ھېسابلاش ئۇسۇلى.

**يازما ئىمتىھان** <مائار> يازما ھالەتتىكى جاۋاب بېرىش تەلەپ قىلىنىدىغان ئىمتىھان.

**يازما ئىسپات** <قا> مەزمۇن ۋە مەنە جەھەتتىن دېلو پاكىتىنى ئىسپاتلايدىغان يازما ھۆججەت.

**يازما يادىكارلىق** <ئارخېئول> قەدىمكى دەۋرلەردە يېزىپ قالدۇرۇلغان، ئۆز دەۋردىكى تۈرلۈك ۋەقە-ھادىسىلەر خاتىرىسى، بىتىك.

**يازماق** پ. قەغەز ياكى باشقا نەرسە يۈزىگە ھەرپ، رەقەم قاتارلىق بەلگىلەرنى چۈشۈرمەك، يېزىق ئارقىلىق ئىپادىلىمەك: نامە يازماق. خەت يازماق. ھېكايە يازماق. * ۋەلى قەغەزنى ئالدىغا تارتىپ، گېزىتكە بىرنەرسە يېزىش ئۈچۈن قەلىمىنى قولىغا ئالدى. * كۆنلەر شامالدەك تېز ئۆتۈپ، ئون بىرىنچى ئاي يېتىپ كەلدى. مەن دادام ھەققىدە خېلى كۆپ ماتېرىياللارنى يازدىم. * بۇ قېتىمقى ئوت ئۇنىڭ نەچچە يىل جاپا تارتىپ يازغان نۇرغۇن ئەسەرلىرىنى كۈلگە ئايلاندۇرىۋەتتى.

**يازمۇياز** ھەر ياز، يازدىن يازغا: ھەمدە پەيدا بولسا كۆل، كۆللەردە غاز، تۇرسا ئوراپ تالى مەجنۇن يازمۇياز.

**يازمىش** ئى. يېزت. يېزىپ قويۇلغان نەرسە؛ يازما بايان، يازما مەلۇمات، يازما خاتىرە: ئۇنىڭ يازمىشلىرىدىن ۋە سۆھبەتلىرىدىن مەلۇمكى، ئۇ ئۆزىنىڭ مىللىتىنى قىزغىن سۆيىدىغان ئارتىس ئىدى.

**يازىچە** رەۋ. ياز مەزگىلىدە، ياز داۋامىدا، ياز بويى: يازىچە باغلاردا چۇرۇقلاشقان چۈجە خورازلار ئەمدى كوچىلارغا چىچىلغان مەڭگەندە دانلايدىغان، شوخلۇق بىلەن مېكىيان چاقىرىدىغان ياكى قايسىبىر ھويلىغا قانات قېقىپ يۈگۈرۈپ، ئۆزىگە ئوخشاش ئۇرۇش خۇمارلار بىلەن سوقۇشىدىغان بولدى.

**ياساتقۇزماق** «ياسىماق» پېئىلىنىڭ قوش مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇ ئۆزىنىڭ چېقىشقاقلىقى ۋە تەشەببۇسكارلىقى بىلەن دادۋي رەھبەرلىرىنى قوزغىتىپ، دوختۇرلۇق پونكىتىغا كىچىكرەك بىر بالنىست ياساتقۇزدى.

**ياساتماق** «ياسىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۆي ياساتماق. هارۋا ياساتماق. * بۈگۈن يەكشەنبە كۈنى ئىدى، چېچىمنى ياستىپ كەلمەكچى بولۇپ ياسىن ئۇستامنىڭ دۇكىنىغا باردىم.

**ياساش** «ياسىماق» پېئىلىنىڭ يەنە بىر خىل ئىسىمدىشى: ياساش خىراجەت پەرقى. ياساش خىراجىتى.

**ياساش خىراجەت پەرقى** <س ئق> مۇئەييەن مەھسۇلات مىقدارىدىكى ئۆلچەملىك ياساش خىراجىتى بىلەن ئەمەلىي ياساش خىراجىتى ئوتتۇرىسىدىكى پەرقنى كۆرسىتىدىغان سان.

**ياساش خىراجىتى** <س ئق> مەھسۇلات تەننەرخىنى هاسىل قىلىدىغان خىراجەتلەر بىۋاسىتە هېسابلاپ كىرگۈزۈلىدىغان ماتېرىيال ۋە ئىشكار ھەققىدىن تەقسىم قىلىش ئارقىلىق هېسابلاپ كىرگۈزۈلىدىغان ھەر خىل خىراجەتلەر.

**ياساشتۇرماق** پ. ياساش، تۈزەشكە دائىر ئىشلارنى قىلماق: ئۇ كېچىلەپ تۇرا قوۋۇقلىرىنى ياساشتۇرۇپ ئىككى تەرەپتىن توستى.

**ياساشماق** «ياسىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: يول بويى ئارىشاڭ كۆپ بولۇپ، يەرلىك خەلقلەر ئاشۇ ئارىشاڭلار ئەتراپىغا مۇنچا ياساشماقتا ئىدى.

**ياساق** ئى. تارس ① تۈرلۈك قانۇن. ② دۆلەت تەرىپىدىن بەلگىلەنگەن تۈرلۈك سېلىق؛ باج، ئالۋان: ياساق تۆلىمەك. ياساق تاپشۇرماق. * – هاي قورغان ئۇستىدىكى ئەزىمەتلەر! تەييار بولۇڭلار؛ ياساق تارتىڭلار، بەگ كېلىدۇ، — دەپ توۋلىدى قورغانبېگى يىگىتلەرگە. * – تېكىن ئاغىچا ئىلىك هاجىپ ۋە بۆرىبەگ بىلەن بىللە ياساق ئېلىش توغرىسىدا بىر يېڭى بەلگىلىمە بېكىتىپ چىققاي، – دېدى خان.

**ياساق سالماق** ئالۋان-ياساق چۈشۈرمەك، يۈكلىمەك، ئارتماق: يىللاردىن بېرى يۈز بېرىپ كېلىۋاتقان قۇرغاقچىلىق ئاپىتىنىڭ ئۈستىگە، خەلققە سالغان ياساق كۈندىن-كۈنگە كۆپىيىپ خەلق تۇرمۇشى قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈپ قالدى.

**ياسىقىغا يەتمەك** تۈگمەن تېشىنىڭ چېكىدىغان ۋاقتى بولماق.

**ياساقبېگى** ئى. تارس (ياساق+بەگ+ى) دۆلەت تەرىپىدىن تۈرلۈك سېلىق، باج، ئالۋانلارنى يىغىش ئۈچۈن مەسئۇل قىلىپ بەلگىلەنگەن كىشى: سارايىنىڭ ئىچىدە چەت ئىشلار ئەلچىسى، داستىخانبېگى، ياساقبېگى، تۇتۇقبېگى، مۇراسىمبېگى قاتارلىق مۈلكىي ئەمەلدارلار ۋە يۇرت مۆتىۋەرلىرى بىر-بىرى بىلەن پەس ئاۋازدا سۆزلىشىپ، خاننىڭ چىقىشىنى كۈتۈپ تۇراتتى.

**ياساقچى** ئى. ياساق سالغۇچى، يۈكلىگۈچى، ئارتقۇچى.

**ياساقلىق** سۈپ. ياساپ قويۇلغان، ياسالغان، بېزەلگەن؛ بېزەكلىك: ياساقلىق ئۆي. * مۇئەللىم سىنىپقا كىرىپ ھەيران قالدى. چۈنكى، سىنىپ ئىچى پاكىز تازىلانغان بولۇپ، بايرام بولغاندەك ئۇ يەر-بۇ يەرلەر ياساقلىق تۇراتتى.

**ياسالما** سۈپ ① قولدا ياسالغان، تەبىئىي ئۆز ئەينى ئەمەس، سۈنئىي، ياسىما: ياسالما چاچ. ياسالما پۇت. * ئۇ ئەتراپتىكىلەرگە

بىر خىل ياسالما مۇلايىملىق بىلەن قاراپ
چىقتى. ② <تىل> ياسىغۇچى قوشۇمچىلارنىڭ
ۋاستىسى بىلەن ياسالغان: ياسالما
سۆز.

**ياسالما تاۋۇش** <مۇز> ناخشىلاردا
ئۇچرايدىغان غەيرىي تەبىئىي، ياۋا
ئاۋاز.

**ياسالما سۆز** <تىل> تۈپ سۆزلەرگە
سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچىلارنىڭ قوشۇلۇشى
ياكى سۆزگە سۆز قوشۇش ئارقىلىق
ياسالغان سۆز. مەسىلەن، يازغۇچى،
شارقىراتما، قىلتاق... قاتارلىقلارغا
ئوخشاش.

**ياسالماق** «ياسىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل
دەرىجىسى: ئەتىگەن سائەت توققۇزلاردا
مۇراد تاغا ئىككىمىز يىغىدىن ياسالغان ئۆستەڭ
بويىدىكى تۈپتۈز يول بىلەن كېتىپ باراتتۇق.

**ياسالمىلىق** ئى. ياسالما ھالەت، سۈنئىيلىك:
ھەجەر ئاپپاق ئورنىدىن قوزغالماقچى بولدى-يۇ،
لېكىن نېمىدىندۇر ئويلىنىپ قالدى ۋە بىردىنلا
ياسالمىلىق بىلەن سىلىق سۆزلەشكە باشلىدى.

**ياسانچۇق** ئى. دائىم ياسىنىدىغان،
ياسىنىشنى ياخشى كۆرىدىغان ئادەم:
كېپىنەك پەرۋانە بولماس، ياسانچۇق مەردانە
بولماس (ماقال). * باتۇر يالغۇز ئوغۇل بولغىنى
ئۈچۈن ھامۇت ئۇنى ناھايىتى ئەركىن
ئۆستۈرگەنىدى. شۇڭا ئۇنىڭ ئوغلى ئىش
خۇش ياقماس، ياسانچۇق ۋە غەلۋىخور بولۇپ
ئۆستى. // ئۇنى قولتۇقلىۋالغان تولىمۇ چىرايلىق،
تولىمۇ ياسانچۇق قىز بولسا بىزگە قىيا كۆزىنى
سالماستىن، تاغلارغا، كەچكى شەپەققە ۋە
ئاق-قىزغۇچ بۇلۇتلارغا قاراپ تۇراتتى.

**ياسانچۇقلۇق** ئى. دائىم ياسىنىش،
ياسىنىشنى ياخشى كۆرۈش، ياسىنىپ
يۈرۈش ئادىتى: ياسانچۇقلۇق قىلماق. *
ھاكىم ھازىر بېشىغا كەپكە، ئۇچىسىغا پاكىز
يۇيۇلغان كۆل رەڭ خادانىدىن چاپان ۋە
پۇتىغا ئۆتۈك كىيگەن، قىشتىكى ياسانچۇقلۇقى
ئۆزگەرگەن، بىر ئاددىي كادىرغا ئوخشاپ
قالغانىدى.

**ياسانچۇقلۇق قىلماق** دائىم ياسىنىپ
تۇرماق، ياسىنىشنى ياخشى كۆرمەك:
— سېنىڭ بىلەن مەن ئىلىم-پەن ئىگىلەشكە
كەلگەن، ياسانچۇقلۇق قىلىشقا كەلمىگەن،
قارىغىنا گەدىنىڭگىچە چۈشكەن چاچلىرىڭ
توخۇنىڭ قۇيرۇقىدەك تۇرىدۇ، — دەيتتى ئۇ
دائىم مېنى مەسخىرە قىلىپ.

**ياساندۇرماق** «ياسانماق» پېئىلىنىڭ
مەجبۇرىي دەرىجىسى: يالغۇز قىزىنى ئۆزلىرى
يېمەي يېگۈزۈپ، كىيمەي كىيدۈرۈپ، توزدەك
ياساندۇرۇپ چوڭ قىلغان ئاتا-ئانىلار ئوتتۇرىسىدا
خۇمارقىز مەكتەپ يېشىغا يەتكەندە بىردىنلا
كېلىشەلمەسلىك كېلىپ چىقتى.

**ياساندۇرۇشماق** «ياساندۇرماق»
پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**ياساندۇرۇلماق** «ياساندۇرماق» پېئىلىنىڭ
مەجھۇل دەرىجىسى: ئۇ كېتىۋېتىپ: «تۇۋا!
سېغىزخاننىڭ ئۇۋىسىدىن بۇلبۇل چىقىدۇ،
دېگەندەك سەھرادىنمۇ مۇشۇنداق گۈزەللەر
چىقىدىكەنە! ئەگەر ئۈرۈمچى پاسونىدا
ياساندۇرۇلىدىغان بولسا...» دېگەنلەرنى
ئويلىدى.

**ياسانماق** پ. چىرايلىق كىيىنمەك: مەلىكە
ھەر كۈنى كېچىسى ئەل ئۇخلىغاندىن كېيىن،
راسا ياسىنىپ، ھېلىقى يول بىلەن ئازادە
يۈرۈپ، سارايدىكى ئاشىقىنىڭ يېنىغا چىقىپ،
مۇھەببەتلىشىپ يۈرۈپتۇ. * پادىشاھنىڭ ئۈچ
ۋەزىرى بار ئىكەن، ئۇلاردىن بىرىنچى ۋەزىرىنى
ئۇ ئىشنىڭ تېگى-تەكتىنى سىناپ كۆرۈش
ئۈچۈن سودىگەرچە ياسىنىپ ياغاچچىنىڭ

شەھىرىگە بېرىشقا بۇيرۇپتۇ.

**ياساۋۇل** ئى. تارس. بۇرۇنقى خان، پادىشاھ دەۋرىدە يۇقىرى مەنسەپتىكى ئەمەلدارلارغا خىزمەت قىلىدىغان قوراللىق خادىم؛ ساقچى: شاھزادە مۇشۇكنىڭ باش-كۆزىنى سىلاپ ئەپۇ سوراپتۇ. شاھ ياساۋۇلنى تۆت بېلىقچى بوۋاي بىلەن ئوتۇنچى موماينى چاقىرىپ كېلىشكە بۇيرۇپتۇ.

**ياساۋۇللۇق** «ياساۋۇل» سۆزىنىڭ كەسىپ نامى: شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ ياساۋۇللۇق قىلمايمەن، دەپ خاپا بولۇپ كېتىپ قالدى.

**ياستۇق** ئى. ئىچىگە ماموق، توزغاق قاتارلىق يۇمشاق نەرسە سېلىنىپ تەييارلانغان، ياتقاندا باش ئاستىغا قويۇلىدىغان تۆت بۇرجەكلىك بۇيۇم: بىر ياستۇققا باش قويماق. * رەيھاننىڭ يۈرىكى بىراۋ يۇلۇپ تارتقاندەك بولدى-دە، خىيالىنى داۋاملاشتۇرالمىدى، ئەكسىچە كۆز ياشلىرى بىلەن ياستۇقنى ھۆللەپ، قولياغلىقىنى چىشلىگىنىچە ئۆكسۈپ يىغلاپ كەتتى.

**ياستۇق بېشى** ياستۇقنىڭ يېنىغا تىكىلىدىغان، ھەر خىل گۈل چېكىلگەن رەخت.

**ياستۇق قېپى** ياستۇققا كىيدۈرۈش ئۈچۈن ھەر خىل رەختلەردىن تىكىلگەن قاپ.

**ياستۇقنى قىرلاپ ئۇخلىماق** ھېچ ئىش بىلەن كارى بولماي، غەمسىز، بىپەرۋا يۈرمەك: ئىسلاھات داۋامىدا ئىسلاھاتقا ماسلاشماي، ياستۇقنى قىرلاپ قويۇپ ئۇخلىغان ئادەم مەڭگۈ ئالغا باسالمايدۇ.

**ياستۇقنى قىرلاپ ياتماق** ← **ياستۇقنى قىرلاپ ئۇخلىماق**: قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلار تېخى قىلىنمىدى، شۇنداق ئىكەن ياستۇقنى قىرلاپ ياتساق ئەپلەشمەس.

**ياستىشماق** «ياساتماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**ياستىلماق** «ياساتماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: تۆرەم ئۈچۈن خاس ياستىلغان، سەرەڭگە قېپىدەك چاققانغىنە بۇ مەنزىرىنىڭ پۈتۈن بىساتى ئىچىدە ئۇنىڭ ئەڭ ئەتىۋارلايدىغان ئەزىز نەرسىسمۇ شۇ رەسىم ئىدى.

**ياسداق** سۈپ. چىرايلىق ياسالغان، سەرەمجانلاشتۇرۇلغان، بېزەلگەن: ياسداق ئۆي. ياسداق ساراي. * پېشايۋانىنىڭ دەل ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان دەھلىزە ئۆيدەك كۆرۈنگىنى بىلەن ئەمەلىيەتتە ئىچكىرىكى ياسداق ھويلىغا ئۆتىدىغان يۆلەك ئىدى. * ئۇلارنىڭ رەڭگىرويى، كىيىم-كېچەكلىرى ئوخشاش بولۇپ، مىنىدىغان ئاتلىرى بىر خىل ياسداق ئىدى.

**ياسداقلىق** «ياسداق» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى.

**ياسىغۇچى** ① سۈپ. ياساش رولىنى ئۆتەيدىغان، ياسايدىغان: ياسىغۇچى قوشۇمچە. ياسىغۇچى فۇنكسىيە. ② ئى <مات> بەلگىلىك شەرت بويىچە ھەرىكەتلىنىپ يۈز ھاسىل قىلىدىغان تۈز سىزىق.

**ياسىغۇچى فونكسىيە** <مات> ئەگەر $a_0, a_1, a_2 \ldots, a_n$ بىر سانلار ئارقىمۇئارقىلىقى بولسا، ئۇ ھالدا دەرىجىلىك قاتار

$$f(\chi)=a_0+a_1\chi^1+a_2\chi^2+\cdots+a_n\chi^n+\cdots$$

ئاشۇ سانلار ئارقىمۇئارقىلىقىنىڭ «ياسىغۇچى فونكسىيىسى» دەپ ئاتىلىدۇ.

**ياسىغۇچى قوشۇمچە** <تىل> سۆز يىلتىزىغا قوشۇلۇپ، يېڭى سۆزلەرنى ياسايدىغان قوشۇمچە.

**ياسما** سۈپ. تەبىئىي، ئۆز ئەينى ئەمەس،

يالغان؛ سۈنئىي: ياسما گەپ. ياسما ھەرىكەت. * قازىنىڭ كەلگەنلىكىدىن خۇشال بولغان ھەجەر ئاپپاق قازىنى تاپا-تەنە ۋە ياسما قىلىقلار بىلەن كۈتۈۋالدى. * تۇردىخان دەللە قەمەرنىسانىڭ يېنىدىن ۋاقىتىنچە ئۇزاپ چىقىپ كېتىۋېتىپ بۇ ساددا قىزنىڭ قەلبىنى ياسما ۋاپادارلىق بىلەن تېخىمۇ مەھكەم ئېلىش ئۈچۈن ئاتايىن سۆزلەپ كەتتى.

**ياسما گەپ** چىن كۆڭۈلدىن چىقمىغان، يالغان گەپ: ئۇنىڭ تەلەتى پۇرۇشتى، ھەممە گەپلىرى ياسما، سۈنئىي گەپلەر ئىدى.

**ياسماق** پ ① پەيدا قىلماق، ۋۇجۇدقا كەلتۈرمەك، شەكىللەندۈرمەك؛ ئەتمەك، تەييارلىماق: ساندۇق ياسىماق. پاراخوت ياسىماق. * ياساش قىيىن، بۇزۇش ئاسان (ماقال). * ئېرىق بويىدا ئولتۇرۇپ، ئىككى كىچىك بالا لايدا نېمىدۇر بىرنېمىلەرنى ياساپ ئوينىۋاتاتتى. * ئەسلىدە ئانامنىڭ ئۆيگە قايتىپ ماڭا تاتلىق تاماق ياساپ بەرگۈسى بار ئىدى. لېكىن مەن ئۇنىمىدىم. ② تۈزىمەك، ئوڭشىماق، رېمونت قىلماق: ياشقىنا شوپۇر يىگىت چاق ياساش بىلەن ئاۋارە ئىدى. * ئەتىگەندىن چۈشكىچىلىك ئىزدىمىگەن يېرى قالماي ئۆز يېزىسىدىن باشقا بىر يېزىغا بېرىپتۇ. قارىسا يولدا بىر كىشى هارۋا ياساپ تۇرار ئىمىش. ③ ئوڭشىماق؛ تۈزەشتۈرمەك: شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ ئۆزىنى ياساشقا، ئېرى بىلەن بىللە ئولتۇرۇش، ئويۇنلارغا بېرىشقا باشلىدى. * سارىخان خۇشاللىنىپ بەختىگۈلنىڭ سەل چۇۋۇلغان چاچلىرىنى قولى بىلەن ياساشقا باشلىدى. ④ زىننەتلىمەك، بېزىمەك: — توۋا قىلدىم، مەن نېمە كويدا، بۇ نېمە ئويدا، مەن بۇنىڭ ئۆيىنى خەقنىڭ زوقى كەلگۈدەك ياساپ ئاۋارە، بۇ بولسا، — دېدى ئاپام خاپا بولۇپ. * خوجاۋاپا شەھەرنى ياساپ، قىرىق كېچە-كۈندۈز توي-تاماشا قىلىپ ئەمىر ۋە ئۆلىمالارنى يىغىپ مېھرىنى نىكاھ قىلىپ ئېلىپتۇ. ⑤ ئەمىن تاپقۇزماق، خۇش قىلماق، شادلاندۇرماق: ئۇ تاپشۇرۇقنى ئېلىپ، زىندانغا باردى-دە، ھېلىقى ئىككىسىنىڭ كۆڭلىنى ياسىدى. * ئۇلارنىڭ مېنىڭ خىزمىتىمنى ئويلىشىپ كۆرىدىغانلىقلىرىنى ئېيتىپ بىر-ئىككى قېتىم كۆڭلۈمنى ياسىغانمۇ بولدى. ⑥ كۆچمە. توقۇپ چىقارماق، ئويدۇرۇپ چىقارماق، كۆپتۈرمەك؛ ئۆزگەرتمەك (گەپ-سۆز ھەققىدە): خورما رەڭ چاپانلىق يىگىت دەرھال گەپنى ياسىۋەتتى . * ئابلەت بىرىنچى ئۇرۇنۇشىدىلا ئىشنى ئەپلەشتۈرەلمىگەندىن كېيىن دەرغەزەپ بولۇپ، ئۆلپەتلىرىگە ئەھۋالنى باشقىچە ياساپ ئېيتتى. ⑦ بەزى ئىسىم ۋە ئىسىم خاراكتېرلىك سۆزلەرنىڭ ئارقىسىغا قوشۇلۇپ كېلىپ پېئىللاشتۇرۇش رولىنى ئوينايدۇ: بۇرۇلۇش ياسىماق. باغلىنىش ياسىماق. توي ياسىماق. * گۈلچىمەننىڭ ھېسسىياتىدىكى ئۆزگىرىش، ئۇنىڭ ھەرىكىتىدىمۇ ئۆزگىرىش ياسىدى. * ئۇلار قاتتىق ئېلىشىپ كەتتى-دە، توپنى خېلى ۋاقىتقىچە قارشى تەرەپنىڭ مەيدانىدىن ئۆتكۈزمەي قويدى، ھەتتا بىر-ئىككى قېتىم ۋاراتاغا ھۇجۇم ياسىدى. * زامانغا شادلىقى دىلنىڭ ئاقار بۇندا ياساپ ئۆركەش، كۆڭۈللەر رىشتىنى شايى يىپەكتە باغلىدى ئېلچى.

**ياسملىق** «ياسما» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: ئۇنىڭ توگلۇقى خۇددى زىخقا ئۆتكۈزۈپ ئوتقا تۇتۇلغان سېمىز گۆشنىڭ مېيىدەك ئېرىپ بىردىنلا بوشاشتى-دە، كىرىپ كەلگۈچىنى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلغاچ ياسملىق بىلەن

سورىدى.

**ياسىنىشماق** «ياسانماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: يۇلتۇز، گۈللە يلى، قۇندۇزلارمۇ مەخسۇس تىكىلگەن تويلۇق كىيىملىرى بىلەن ياسىنىشتى. * بۇ ئاۋاز يولنىڭ ئۇ چېتىدە تۇرغان ئاجايىپ ياسىنىشقان بىر ئوغۇل بىلەن بىر قىزنىڭ كۈلكىسى ئىدى.

**ياسىن** ئى (ئە) ① <دىن> قۇرئاننىڭ ئوتتۇز ئالتىنچى سۈرىسىنىڭ نامى. ② ئەرلەرنىڭ ئىسمى.

**ياسىن ئوقۇماق** ① قۇرئاننىڭ ياسىن سۈرىسىنى قىرائەت قىلماق: ئۇلار سۈرە ياسىننى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشتى. ② كۆچمە. ئارتۇقچە ئاۋارە بولماق، چارە-ئامال ئىزدىمەك: ئۆلگەندىن كېيىن «ياسىن» ئوقۇغانىنىڭ نېمە پايدىسى.

**ياش** I سۈپ ① قېرى ئەمەس، نەۋقىران: ياش ئادەم. ياش ئايال. * ياش ۋاقتىدا قىلغان ئىبادەت تاشقا مۆھۈر باسقاندەك (ماقال). * مەن ئۇلارغا قارىدىم، ئالدىمدا مېنىڭ مەھەللىكلىرىمدىن ياش، قېرى بولۇپ ئوتتۇزچە كىشى تۇراتتى. * ئاۋام شۇجى بىلەن مېنىڭ ئوتتۇرامدا ياش ۋاقتىمىزدا كۆڭۈلسىز بىر ئىش ئۆتتۈلگەن، شۇ ئىشقا مۇناسىۋەتلىك ئىخلاس بۇۋى ئىسىملىك بىر قىزمۇ بار ئىدى. ② سۈيى قۇرۇمىغان، نەملىكى تارقالمىغان؛ يېڭى: ياش كۆكتات. ③ بالاغەتكە يەتمىگەن، يېتىلمىگەن: ياش بالا. ياش قىز. * تەشۋىقىي- تەربىيەدە پارتىيە-ئىتتىپاق ئەزالىرىنى ۋە ياش-ئۆسمۈرلەرنى مۇھىم نۇقتا قىلىش لازىم. ④ ياشلىققا، ياشلىق دەۋرگە خاس: ياش كۈچ. ياش كۆڭۈل. * ئۇلارنىڭ چاچلىرى ئاقىرىپ كەتكەن بولسىمۇ، روھىي جەھەتتىن ئۇلار ياش ئىدى. * گۈركىرىسە ھەر ياندا ماتورلار ئۈنى، شادلىنىپ ياش يۈرەك ئاچمامدۇ غۇنچە. ⑤ كۆچمە. يېتەرلىك تەجرىبىگە ئىگە بولمىغان، تەجرىبىسىز: ياش سوتچى. ياش ئوقۇتقۇچى. * — سەن تېخى ياش، ھېچ ئىش كۆرمىگەن. تاغنىڭ ئىچىگە ئاپىرىپ باقمەن، دەپ بۆرە-ئېيىقلارغا يەم بولۇپ يۈرمىگىن، يەنە، — دېدى ياشانغان بىرى. ⑥ كۆچمە. يېڭىدىن پەيدا بولغان، يېڭىدىن بارلىققا كەلگەن، تارىخى ئانچە ئۇزۇن بولمىغان: ياش سەنئەت. ياش تۈر. * فولكلور ئىلمى ھەقىقەتەن ياش بىر پەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ھاياتىي كۈچى زور بولۇپ، ئىنسانىيەتنىڭ ئالغا بېسىشى ۋە جەمئىيەت ئۆزگىرىشىنىڭ ئېھتىياجىغا ماسلىشىپ، تېخىمۇ كەڭ ئومۇملۇققا ئىگە بولماقتا. ⑦ كۆچمە. يېڭى تەشكىللەنگەن، مۇستەھكەملەنمىگەن: ياش تەشكىلات. ياش دۆلەت. ياش پارتىيە. ⑧ كۆچمە. يېڭىدىن بەرپا قىلىنغان، تىكىلگەن: ياش كۆچەت. * نەشپۈت دەرىخى ئىسسىق-سوغۇققا چىدامسىز كېلىدۇ. بولۇپمۇ ئۇنىڭ ياش كۆچىتىنى سوغۇق تېز ئۇرۇپ كېتىدۇ. * شۇنداق قىلىپ، تەم تۇتەم شالدامباي جەڭگە يول ئېلىپتۇ. ئىككى كۈن يول ماڭغاندىن كېيىن، بىر ياش ئورمانلىققا دۇچ كېلىپتۇ.

**ياش قۇرت** <زوئول> چالا ھالەت ئۆزگەرتىدىغان ھاشاراتلارنىڭ بالا تەنچىسى. مورفولوگىيىسى ۋە ياشاش ئادىتى يېتىلگەن قۇرتقا ئوخشاپ كېتىدۇ، لېكىن تېنى بىرقەدەر كىچىك، كۆپىيىش ئەزالىرى تېخى پىشىپ يېتىلمىگەن بولىدۇ.

**ياش گىرامماتىكچىلار ئېقىمى** <تىل> تىلشۇناسلىق ئېقىملىرىدىن بىرى. بۇ ئېقىم

XIX ئەسىرنىڭ 70 - يىللىرىدا شەكىللەنگەن. ئۇنىڭ ئاساسلىق ۋەكىللىرى گېرمانىيىلىك تىلشۇناس پروگمان، تىلشۇناس پاۋل ۋە دانىيىلىك تىلشۇناس ۋېرنېر، تومسون قاتارلىقلار. بۇ ئېقىمدىكىلەر تىلنىڭ ئۆزگىرىشىنى قائىدىلىك بولىدۇ دەپ قاراپ، جانلىق تىل (قوللىنىلىۋاتقان تىرىك تىل) ۋە دىئالېكتنى تەتقىق قىلىشقا ئەھمىيەت بېرىشنى تەكىتلىگەن ھەمدە تىل ماتېرىياللىرىنى يىغىش ۋە ئۇنى ئانالىز قىلىشقا ئەھمىيەت بەرگەن بولسىمۇ، لېكىن ئىندىۋىدۇئال پسىخىكىلىق پائالىيەتلەر تىل تەرەققىياتىغا ئاساسىي سەۋەب بولغۇچى نەرسە دەپ قارىغان.

**ياش گېگېلچىلار** <پەلس> XIX ئەسىرنىڭ 30 - يىللىرىدىن 40 - يىللىرىغىچە ئۆتكەن گېرمانىيىدىكى لىبېرال مۇتەپەككۇرلەر، گېگېل ئېقىمىدىكى سول قانات بۇرژۇئا رادىكاللىرىنىڭ ۋەكىللىرى.

**ياشلار بايرىمى ← تۆتىنچى ماي ياشلار بايرىمى.**

**ياشلار پارتىيىسى** <تارىخ> كونا جۇڭگودىكى بىر قىسىم پومېشچىك، كاپىتالىست، مىللەتچى، سىياسەتۋازلار ۋە ئەكسىيەتچى زىيالىيلاردىن تەشكىللەنگەن ئەكسىيەتچىل سىياسىي پارتىيە. 1923 - يىلى فرانسىيەدە قۇرۇلۇپ، ئۇنىڭغا دەسلەپ «جۇڭگو دۆلەتلىك ياشلار ئىتتىپاقى» دەپ نام بېرىلگەن. ئاساسلىق قۇرغۇچىلىرى زېڭ چى، لى خۇاڭ قاتارلىقلار. ئۇلار دۆلەتچىلىكنى تەرغىپ قىلىپ، كوممۇنىزمغا قارشى تۇرغان. 1929 - يىلى شىنياڭدا ئېچىلغان 4 - قېتىملىق مەملىكەتلىك ۋەكىللەر قۇرۇلتىيىدا ئۇنىڭ نامى «جۇڭگو ياشلار پارتىيىسى» دەپ ئۆزگەرتىلگەن، 1949 - يىلى تەيۋەنگە قېچىپ كەتكەن.

**ياشلار پاسۇنى چاپان** <كي> سىرتىدا ئۈچ پارچە چاپلىما يانچۇقى بار، ئۇچلۇق قايرىما ياقا سېلىنىدىغان ۋە ئۈچ ياكى تۆت تال تۈگمە بىلەن ئېتىلىدىغان كالتە چاپان.

**ياشلار ئىتتىپاقى** <پەلس> ← **كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى.**

**ياش** II ئى. تۇغۇلغان ۋاقتىتىن باشلاپ ھايات كەچۈرگەن، ياشىغان يىللارنىڭ سانى؛ ئۆمۈر ئۇزاقلىقى: ئەقىل ياشتا ئەمەس، باشتا (ماقال). * يېشى ھەممىدىن چوڭراق، ئۇزۇن كەكە ساقال، ئاق يۈزلۈك، ئورۇقراق كەلگەن بىرى سۆز باشلىدى. * بىز بۇرۇلۇپ ئارقىمىزغا قارىدۇق. ئۇن ئىككى ياشلار چامىسىدىكى بىر بالا تاش دۆۋىلىرى ئىچىدە ئۇ ياق - بۇ يېقىغا قاراپ ئاستا كېلىۋاتاتتى.

**ياش ئالاھىدىلىكى** <بىئول> باللار، ئۆسمۈرلەر ۋە ياشلارنىڭ ھەربىر ياش باسقۇچىدىكى جىسمانىي، پسىخىكىلىق (مەنىۋى) جەھەتتىكى تەرەققىياتىنىڭ ئومۇمىي قانۇنىيىتى. ئۇلارنىڭ ھەربىر ياش باسقۇچىدىكى بوي، ئېغىرلىق، ئۇستىخان قۇرۇلۇشى، مۇسكۇل، نېرۋا سىستېمىسى قاتارلىق جەھەتلەردىكى فىزىئولوگىيىلىك تەرەققىياتىنىڭ سۈرئىتى شۇنداقلا سېزىم، خاتىرە، تەپەككۇر، ھېسسىيات، ئىرادە، قابىلىيەت، قىزىقىش قاتارلىق پسىخىكىلىق تەرەققىياتىنىڭ سۈرئىتى ئوخشاش بولمايدۇ. مەسىلەن، كىچىك باللارنىڭ خاتىرىسى ئوبرازلىق

خاتىرىنى ئاساس قىلىدۇ، ئۆسمۈرلۈك دەۋرىگە كەلگەندە تىل — لوگىكىلىق خاتىرىسى تەرەققىي قىلىشقا باشلايدۇ. ئىرادە جەھەتتە كىچىك بالىلارنىڭ ئۆز خاھىشىنى تىزگىنلىشى ئاجىز ئىپادىلىنىدۇ، ئۆسمۈرلۈك دەۋرىدە ئاڭلىق تىزگىنلەش تەدرىجىي كۈچىيىدۇ. ئوخشاش ياشتىكى بالىلاردا ئومۇمىي ئالاھىدىلىك ئاساسىدا يەنە ئايرىم ئوخشىماسلىقلارمۇ بولىدۇ. شۇڭا تەربىيىلىگۈچى تەربىيىلەنگۈچىنىڭ ياش ئالاھىدىلىكىگە ئېتىبار بېرىشنى ھەمدە ئۇنى ئاكتىپ تۈردە تەرەققىي قىلدۇرۇشى لازىم.

**ياش تالاشماق** يېشىنىڭ چوڭ-كىچىكلىكىنى تالاشماق: ياش تالاشسا ئەيىب ئەتمەڭلار، ياشلىق دېگەن ئۆمۈر يۈرىكى. غەيرىتى بار سانايدۇ يۇلتۇز، گۆرگە كىرەك ئادەم ئۆلۈكى.

**ياش يىلى** <ئاستر> ① كالېندار ھېسابىدا ئادەمنىڭ تۇغۇلغان ۋاقتىدىن باشلاپ ھېسابلىنىدىغان مۇچىلى. ② كالېندار ھېسابىدا ئادەمنىڭ تۇغۇلغان ۋاقتىدىن باشلاپ ئاي-كۈن خاتىرىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان 12 ئايدىن ئىبارەت ۋاقىت ھېسابى.

**يېشى توختىماق** يېشى چوڭيىپ بىر يەرگە بېرىپ قالماق: ئۇ سالاپەتلىك، يېشى توختىغان ئادەم ئىدى.

**يېشىغا توشماق** ① ياشتا مەلۇم بىر چەككە يەتمەك: مەكتەپ يېشىغا توشماق. توي قىلىش يېشىغا توشماق. * – ئەپەندىم، كۆڭلۈمدە بىر گەپ بار، سىلىگە ئېيتاي. ئادىل يېشىغا توشسا، ئۆزلىرىگە ئوقۇتاي دەيمەن، بولامدۇ؟ – دەيتتى ئۇ سەممىي، ساددىلىق بىلەن مۇتەللىپكە قاراپ. ② بىر ياشقا كىرمەك (يېڭى تۇغۇلغان بالىلار ھەققىدە): ئۇنىڭ ئوغلى يېشىغا توشماي تۇرۇپ ئاپىسىدىن ئايرىلدى.

**يېشىغا توشۇش مەزگىلى** <زوئول> ھاشارات لىچىنكىلىرىنىڭ ئارقا-ئارقىدىن ئىككى قېتىم قاسىراق تاشلاش ئارىلىقىدا بېسىپ ئۆتىدىغان ۋاقتى. تۇخۇمدىن چىقىپ بىرىنچى قېتىم قاسىراق تاشلىغۇچە بولغان مەزگىلى بىر ياشلىق مەزگىل؛ بىرىنچى قېتىم قاسىراق تاشلاپ بولغاندىن باشلاپ ئىككىنچى قېتىم قاسىراق تاشلىغۇچە بولغان مەزگىل ئىككى ياشلىق مەزگىل بولىدۇ.

**يېشىغا يەتمەك** ئۆسمۈرلۈك يېشىنى ياشاپ بولماق؛ بالىغ بولماق: يېشىغا يېتىپ ياتلىق بولغاندا ئۇنىڭ بۇ مىجەزى تۈزىلىش ئۇ ياقتا تۇرسۇن، بەلكى ئۇنىڭ دائىملىق ئەنئەنىسىگە ئايلىنىپ قالدى.

**ياش** III ئى. ئېغىر قايغۇ ياكى زور خۇشاللىق نەتىجىسىدە كۆزنىڭ ياش بەزلىرىدىن ئاجرىلىپ چىقىدىغان رەڭسىز سۇيۇقلۇق: ياش تۆكمەك. ياش چىقماق. * ئۇ يىغلىغان بولسا كېرەك، قاپاقلىرى ئىششىغان ۋە كۆزلىرى ياش يۇقى ئىدى. * سانىخان ئاچىنىڭ ياش يۇقى كۆزلىرى رەيھانغا تىكىلدى.

**ياش ئاققۇزغۇچى بومبا** <ھەرب> زەھەرلىك گاز قاچىلانغان بومبا. پارتلىغاندىن كېيىن كۆچلۈك تەسىر قوزغاپ، كۆزدىن ياش ئاققۇزىدۇ.

**ياش ئەزالىرى كېسەللىكى** <تىب> ياش چىقىرىش ئەزالىرىدا بولىدىغان ياش خالتا ياللۇغى، ياش بېزى ياللۇغى، ياش بېزىنىڭ قاتتىقلىشىشى، ياش بېزى قاتتىق راكى، ياش كانالچىسىنىڭ توسۇلۇپ قېلىشى، ياش كانالچە تېشى، ياش

تېشى كېسلى ۋە ياش خاراكتېرلىك بىرىكتۈرگۈچى پەردە ياللۇغى قاتارلىق كېسەللىكلەرنىڭ ئومۇمىي نامى.

**ياش بېزى** <ئانات> ياش چىقىرىش ئەزاسى. كۆز ئالمىسى سىرتىنىڭ ئۈستۈنكى تەرىپىدىكى ئويمانچاققا جايلاشقان بولۇپ، دائىم ياش سۇيۇقلۇقى ئاجرىتىپ چىقىرىپ، بىرىكتۈرگۈچى پەردىنى يۇيۇپ تۇرىدۇ ھەمدە مۈڭگۈز پەردىنىڭ نەملىك ھالىتىنى ساقلاپ تۇرىدۇ.

**ياش تۆكمەك** يىغلىماق: ئالتۇندىن كۆز يېشى تۆكۈلەر (ماقال). * ياش تۆككۈچە مۇشت تۈگ (ماقال). * زۆھرەم بىرەر ھەپتىگىچە يىغلىدى، قاقشىدى. ئەمما سابىر دۇنيادىكى ھەممە چىرايلىق گەپلەر بىلەن ئۇنىڭغا يالۋۇردى، ياش تۆكتى. * ئىككى كۈندىن كېيىن ئەزىز بۇ پۇلنىڭ نەدىن كەلگەنلىكىنى بىلىپ، بېشىنى يوتقان ئىچىگە يوشۇرۇپ ئۈنسىز ياش تۆكتى.

**ياش چىقىرىش ئەزاسى** <ئانات> كۆز ئالمىسىنىڭ قوشۇمچە تۈزۈلۈشى ياش بېزى ۋە بۇرۇن كانىلى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

**ياش نۇقتىسى** <ئانات> ئاستىنقى ۋە ئۈستۈنكى قاپاقنىڭ ئىچكى تەرەپ گىرۋىكىدىكى توپچىسمان كىچىك تۆشۈك. ئۇنىڭغا يىغىلغان ياش سۇيۇقلۇقى بۇرۇن ياش كانىلى ئارقىلىق بۇرۇن بوشلۇقىغا ئېقىپ كىرىدۇ.

**ياشاتماق** «ياشىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئادەمنى ئۈمىد ياشىتىدۇ، غەم قاقشىتىدۇ (ماقال).

**ياشارتماق** «ياشارماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: مېۋە — يۈرەكنى ياشارتىدۇ. * ئاخشام ياغقان يامغۇر يول بويىدىكى گۈللۈك ۋە چۆپلەرنى ياشارتىپ، تېخىمۇ قېنىق رەڭگە كىرگۈزگەنىدى.

**ياشارتىشماق** «ياشارماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**ياشارتىلماق** «ياشارماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: پىلانلىق مېۋە ئېلىش ئۈچۈن ئاساسىي شاخلارنىڭ مېۋە شاخچىلىرى تەدرىجىي يېڭىلىنىپ، ياشارتىلىپ تۇرىدۇ.

**ياشارماق** پ ① ياش تۇرماق، ياش ھالەتكە كەلمەك: باللار چوڭ بولۇشنى ئويلىسا، چوڭلار ياشىرىشنى ئويلايدۇ. * ئۇلار باشلىرىدىكى ئاپئاق چاچلىرىغا، يۈزلىرىدىكى قورۇقلىرىغا قاراپ، تەبىئەتنىڭ بۇنداق قانۇنىيىتىگە ئۆزلىرىچە نارازى بولۇپ، ئۆلمەي ياشاشنىڭ، ياشىغانچە ياشىرىپ تۇرۇشنىڭ خىياللىرىنى سۈرىدىكەن. * مەن ھەر قېتىم ئەنە شۇ ئۈستىغا چىچىمنى ئالدۇرغان چېغىمدا، ئۆزۈمنى خۇددى بىرقانچە ياش ياشىرىپ قالغاندەك ھېس قىلاتتىم. ② كۆكەرمەك، راۋاجلانماق، ئۆسمەك (دەل-دەرەخ، گۈل-گىياھلار ھەققىدە): قۇياش بۇرۇنقىدەك ئالتۇن نۇرىنى يەنە چېچىپتۇ، شۇنىڭ بىلەن يەر يۈزىدىكى جىمى گۈل-گىياھلار، دەل-دەرەخلەر قايتىدىن ياشىرىپتۇ، ئادەملەرنىڭ چىرايى ئېچىلىپتۇ. * ئۇ ئۆزىمۇ بىر تۈپ قۇرۇق شاخلىق ئانارنىڭ تۈۋىدە ياتقان بولۇپ، ئۇ ئاناردا پەقەت بىرلا شاخ ياشىرىپ، قالغانلىرى قۇرۇپ كەتكەنىكەن. ③ كۆچمە. كۆركەم ھالغا كەلمەك، گۈزەللەشمەك؛ ياشىناماق: ئازادلىقنىڭ نۇرىدىن رەڭ تۈزەپسەن چىلگىدەك، ياشىرىپسەن، گۈللەپسەن كۈندە مىڭ بار كۆرگۈدەك، ئالىم بولۇپ ئۆسۈپتۇ، تۈنۈگۈنكى ياش كۆدەك، دۈشمەنلىرىڭ قان يىغلاپ، دوستلىرىڭ شاد كۈلگۈدەك، ئۇتۇقلىرىڭ

دىلىمغا، بەردى كۆپ ئىلھام، قەيشەر.

**ياشاش** «ياشىماق» پېئىلىنىڭ پەنە بىر خىل ئىسىمدىشى: ياشاش مەسىلىكى. ياشاش مۇھىتى.

**ياشاش مەسىلىكى** <پەلس> جاھانگىرلىك دەۋرىدىكى بىر خىل چۈشكۈن، سۇبيېكتىپ ئىدېئالىستىك پەلسەپۋى پىكىر ئېقىمى. ئۇنىڭ ئاساسىي ۋەزىپىسى ئىجتىمائىي ئاڭنى بۇلغاش ۋە پرولېتارىياتنىڭ ئىنقىلابىي تەشكىلاتىغا قارشى تۇرۇشتىن ئىبارەت. بۇ تەلىماتنى دانىيە پەيلاسوپى كېركېگور (1813—1855) بەرپا قىلغان.

**ياشاش مۇھىتى** <بىئول> جانلىقلارنىڭ كونكرېت ياشايدىغان ئورنى. ئۇنىڭدا جانلىقلارغا كېرەكلىك بولغان ياشاش شارائىتلىرى ۋە باشقا ئېكولوگىيىلىك ئامىللار بولىدۇ.

**ياشاش ئۈچۈن رىقابەتلىشىش** <بىئول> جانلىقلارنىڭ ياشاش شارائىتىغا ئىگە بولۇش جەريانىدا ئانئورگانىك تەبىئىي شارائىت ۋە باشقا جانلىقلار بىلەن ئىنتايىن مۇرەككەپ مۇناسىۋەت باغلايدىغان ھەمدە ئۆزىنىڭ ياشىشى ئۈچۈن كۈرەش قىلىدىغان تەبىئىي ھادىسىسى. دارۋىن بۇ خىل ھادىسىنى «ياشاش ئۈچۈن كۈرەش» دەپ ئاتاپ، ئۇنى جانلىقلارنىڭ تەدرىجىي تەرەققىياتىنىڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچى دەپ قارىغان.

**ياشاش ۋاسىتىلىرى** <س ئىق> شەخسىي تۇرمۇش ئىستېمالى ئۈچىدە كىشىلەرنىڭ ياشاش ئېھتىياجىنى قاندۇرىدىغان ماددىي ۋاسىتىلەر ۋە ئەمگەك مۇلازىمىتى. ھەرقانداق ۋاقىتتا، ھەرقانداق ئىجتىمائىي تۈزۈم شارائىتىدا ياشاش ۋاسىتىلىرى بىرىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ.

**ياشاشماق** «ياشىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: بار ئىكەن، يوق ئىكەن، ئاچ ئىكەن، توق ئىكەن، ئۆتكەن زاماندا بىر جاڭگالدا تۈرلۈك ھايۋانلار، رەڭمۇرەڭ، خىلمۇخىل قۇشلار ئىناق، خۇشال-خۇرام ياشىشىدىكەن.

**ياشاڭغۇ** (توغرىسى: ياشاڭغىر) ← **ياشاڭغىر.**

**ياشاڭغىر** سۈپ. دائىم ياش ئېقىپ، ياش چىقىپ تۇرىدىغان، ياشاڭغىرايدىغان: ئۇنىڭ ياشاڭغىر كۆزى پۈتىنىڭ ئۈچىدا، قولى چار ساقىلىدا ئىدى.

**ياشاڭغىراتماق** «ياشاڭغىرىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئاڭغىچە قۇياش كۆتۈرۈلدى-دە، ئۇنىڭ ئۆتكۈر نۇرى كۆزلىرىمنى ياشاڭغىرىتىۋەتتى. * تاغاردىن توزغاق تۆكۈلگەندەك، قار بارغانسېرى شىددەت بىلەن ياغماقتا. ئىزغىرىن شامال يۈزلەرنى چايانلەك چاقماقتا، كۆزلەرنى ياشاڭغىرىتىپ، گەدەنلەرنى قورۇماقتا.

**ياشاڭغىرىماق** پ. دائىم ياش ئېقىپ، ياش چىقىپ تۇرماق: ئۇنىڭ ياشاڭغىراپ قالغان كۆزىدىن ياش توختىماي قۇيۇلاتتى. * ھېلىقى يىگىتنىڭ دەردىگە ھېسداشلىق قىلغانلىقىدىنمۇ ياكى باشلىقنىڭ تەستىقىدىن ھاياجانلانغانلىقىدىنمۇ ئەيتاۋۇر بىرنەچچە دەردمەننىڭ كۆزى ياشاڭغىرىدى.

**ياشاناق** پ. يېشى چوڭىيىپ قېرىلىق دەۋرىگە كەلمەك، قېرىپ قالماق: ۋېلسىپىتتە ئورۇق، بەللىرى مۈكچەيگەن بىر موماي ئولتۇرغان بولۇپ، ياشانغان بىر ئەر كىشى ۋېلسىپىتنى ئاستا ئىتتىرىپ كېلىۋاتاتتى. * مەن چايقىلىپ كېتىۋاتقان ئاپتوبۇستا ئۇدۇلۇمدىكى يان ئورۇندۇقتا ئولتۇرغان ياشانغان ئايالغا كۆز قىرىمدا سىنچىلاپ قاراشقا باشلىدىم.

**ياشسىز** سۈپ. ياش چىقمىغان، ياش بولمىغان: كېيىن چوڭقۇر، ياشسىز ئېغىر يىغا ئاڭلاندى.

**ياش-قۇرام** ياش ۋە قۇرام يەنى ئۆمۈرنىڭ مەلۇم چەككە يەتكەن مەزگىلى، پەيتى: ئەمدى ئارسلان بارس تېكىنگە زوقلىنىپ قاراپ قالدى. تېكىننىڭ ياش-قۇرامى ئارسلاندىن كۆپ بولسا ئۈچ-تۆت ياش چوڭدەك كۆرۈنەتتى. * ئابدۇللا ئىسمىلىك بۇ ئادەمنىڭ ياش-قۇرامى مەندىن سەللا چوڭ ئىدى.

**ياش-قېرى** ياش ۋە قېرى، ھەر خىل ياشتىكى ئادەملەر: مەن ئۇلارغا قارىدىم. ئالدىمدا يۇرتداشلىرىمدىن ياش-قېرى بولۇپ قىرىقچە كىشى تۇراتتى. * يىگىت ئۆمىد كۆتسەكمۇ بىز ھەربىر يىلدا، قوشلاپ زۇلۇم، قوشلاپ جەبىر بىزنى باستى. سەن بۇلاڭچى، سەن ئوغرى — دەپ ئۇ زالىملار، گۇناھى يوق ياش-قېرىنى دارغا ئاستى.

**ياشلاشتۇرماق** «ياشلاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ھازىر گېزىتلەردە رەھبەرلىكنى ياشلاشتۇرۇش، قېرىلار ياشراق يولداشلارغا ئورۇن بوشىتىپ بېرىش دېگەن گەپلەر كۆپرەك تەكىتلىنىۋاتىدۇ.

**ياشلاشتۇرۇشماق** «ياشلاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**ياشلاشتۇرۇلماق** «ياشلاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**ياشلاشماق** پ ① ياش ھالەتكە كەلمەك، ياشلىقى ئۇرغۇماق: — سىلى كۈندىن-كۈنگە ياشلىشىپ كېتىۋاتىدىلا جۇمۇ، — دېدى ئۇ ماڭا چاقچاق قىلىپ. ② ياشلار قويۇلماق، ياشلارنى قويۇش ئومۇمىيلاشماق: رايونىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلىك بەنزىلىرىنى ياشلىشىش، بىلىم ئەھلىگە، كەسىپ ئەھلىگە ئايلىنىش جەھەتتە بىرقەدەر ئالغا ئىلگىرىلەش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىشىمىز لازىم.

**ياشلانماق** پ. كۆزگە ياش تولماق، كۆزنى ياش قاپلىماق: خۇرشىدىخاننىڭ كۆزلىرى خۇشاللىقتىن ياشلاندى. * شۇ پەيتتە كېلىمنى بىرنەرسە بوغۇۋالغاندەك دېمىم سىقىلىپ، ياشلانغان كۆزلىرىم ئىختىيارسىز يۇمۇلدى.

**ياشلىق** I ① ئى. ياش ۋاقىت: ياشلىقىڭدا ئىشلە، قېرىغاندا چىشلە (ماقال). * ياشلىقنى قەدىرلىمىگەن ئادەم، بىرئۆمۈر پۇشايمان قىلىدۇ. * ياشلىق دەۋر كىشىلىك ھاياتتىكى ئەڭ گۈزەل، ئەڭ قىممەتلىك دەۋر. * ئۇنىڭ پۈتۈن ياشلىق چاغلىرىنى ئەنە شۇ قىلمىش توغرىسىدىكى پىكىر زەھەرلەپ ئۆتتى. ② سۈپ. ياشلارغا خاس، ياشلارغا تەئەللۇق، ياشلاردا بولىدىغان؛ ياش ۋاقىتتىكى: ياشلىق غۇرۇر. ياشلىق ئىستەك. ياشلىق دەۋر. * ئۇ ئىككىسى ئۇچراشسىلا پاراڭدىن كېيىن ياشلىق چاقچاقلىرىنى، ئۆتكەن كۈنلىرىنى ئەسلىشىپ، ئەتىلىك ئىش ھەققىدە پىلان قىلىشاتتى. * مەن تولۇق ئوتتۇرىنى ئەلا دەرىجىدە پۈتتۈرۈپ، ئۆزۈمنى بىلىم ئەھلى ھېسابلاپ يۈرگەنىدىم. بۇ مېنىڭ ياشلىق غۇرۇرۇمدىن پەيدا بولغان يۈزەكى ھېسسىياتىم ئىكەن.

**ياشلىق قىلماق** ياشلارچە ئىش تۇتماق، تەجرىبىسىزلىك قىلماق، ئويلانماي ئاددىي ئىش كۆرمەك: — سادىر ياشلىق قىلىۋاتىدۇ، تاغ سۈيىنى ئېلىپ كېلىش ئۇنچىۋالا ئاسان بولسا، بۇ چاغقا ھەركىم ئېلىپ كەلمەمدۇ، — دېدى ھاشىماخۇن. * — پېقىرنى ماشىناڭغا سېلىۋالساڭ ساۋاب تاپسەن. ياشلىق قىلىپ ئۆتكۈزگەن گۇناھلىرىڭ مەغپىرەت بولىدۇ، — دېدى موللام ماڭا تېخىمۇ يېقىنلىشىپ.

**ياشلىق** II سۈپ. ... ياشقا كىرگەن؛ ... ياشتىكى: ئۇلار دىلشاتنىڭ ئۆيىگە كىرگەندە، ئۇ ئىككى ياشلىق سىڭلىسىنى ئوينىتىپ ئولتۇراتتى. * شاخلىرى بەش تەرەپكە ئايرىلغان، ئالتە ئادەمنىڭ قۇچىقى يەتمەيدىغان بۇ قارىياغاچ مۇشۇ يېزا بىلەن بىر ياشلىق ئىدى. * يېڭىدىن چېچەكلەشكە باشلىغان ئالما تۈۋىدە سورۇن تۈزۈپ ئولتۇرغانلارنىڭ ئىچىدە ئابدۇكېرىمدىن باشقا يەنە سۇلايمان، بەكرى ۋە بۇ سەپكە يېڭىدىن قېتىلغان يىگىرمە ياشلىق مەھەممەتمۇ بار ئىدى.

**ياشلىق** III سۈپ. ياش بىلەن تولغان؛ ياش قاپلىغان؛ ياش ئېقىپ تۇرغان: ئايرىدى يۇرتتىن شۇ بىر ئېغىز سۆزۈم، كەينىمدە قالدى مېنىڭ ياشلىق كۆزۈم.

**ياشلىماق** پ. ياش كەلتۈرمەك، ياش ئالماق، يىغلىماق: بىردەم شوپۇر دادىسىغا، بىردەم مېھرىبان ئاپىسىنىڭ تاۋۇتىغا ئېسىلىپ يىغلىغان ئوغۇل پۇتكۇل جۈمە جامائىتىنىڭ باغرىنى ئېزىپ كۆزلىرىنى ياشلىماقتا ئىدى.

**ياشمان** ئى. دىئال <ييم> چۇچۇتۇلگەن ياغقا ئۇۋالغان ناننى ئارىلاشتۇرۇپ قىلىنغان تاماق.

**ياشناتماق** « ياشنىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۈمىد ياشنىتىدۇ، غەم قاقشىتىدۇ (ماقال). * تاڭ سۈزۈلۈپ، ئەتراپقا يورۇق چۈشكەن، كېچىدىن ياغقان يامغۇر يېشىل دۇنيانى يۇيۇندۇرۇپ ياشناتقانىدى. * ئۇنىڭ بۇرۇنقى زەي سۇدەك قەدىرسىز ئۆتۈپ كەتكەن ھاياتىنى ئەمدى قايتىدىن ياشنىتىش ۋاقتى كەلدى.

**ياشناشماق** « ياشنىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**ياشنىماق** پ ① ياشارماق؛ گۈل بولۇپ ئېچىلماق، چېچەكلىمەك، گۈلگە ئايلانماق، گۈللىمەك: بۈگۈن ۋەتەن گۈلزارىدا ھۆپپىدە ئېچىلىپ تۇرغان بارچە گۈللەر ئىچىدە رەيھانگۈل ئەنە ئۆزىنىڭ ئاددىيلىقى، خۇش پۇراقلىقى بىلەن تېخىمۇ كۆركەم ھۆسن ئېلىپ ياشناپ تۇرۇپتۇ. ② كۆچمە. راۋاجلىنىپ تەرەققىي قىلماق، ئىلگىرى باسماق، روناق تاپماق؛ گۈللىمەك: سەن بىر چىنار، بەرگىڭدە ياشناپ تۇرغان ياپراقمەن. * قوشماق غۇنچە-چېچەكلەر، ئىككىمىزگە ئوخشايدۇ، گۈزەل ياشلىق ئۆمرىمىز، شۇ گۈللەردەك ياشنايدۇ.

**ياش-ئۆسمۈر** ياش ۋە ئۆسمۈر؛ ئەمدىلا يېتىلىۋاتقان، ياشلىق دەۋرىگە قەدەم بېسىۋاتقان، تېخى بالاغەتكە يەتمىگەن كىچىك باللار: ئەنە، مەكتەپ ئوقۇتۇش بىناسىنىڭ يورۇق، ئازادە كارىدورىدا. بىنانىڭ ئىشىكلىرى ئالدىدا، ئىككى تەرىپى قېلىن دەرەخلىك، پاكىز سۈپۈرۈلگەن چوڭ-كىچىك يوللاردا، تەنتەربىيە مەيدانلىرىدا شوخ، تېتىك ياش-ئۆسمۈرلەر خىلمۇخىل پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللانماقتا.

**ياشىرىشماق** « ياشارماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: شۇنىڭ ئۈچۈن ھەر تاڭدا، ياشىرىشار باشقىدىن، ئۇلار ئۆسكەن گۈلشەنمۇ، ئويغىنىدۇ ناخشىدىن.

**ياشىماق** پ ① مەلۇم ۋاقىت ئۆمۈر كۆرمەك؛ ھايات كەچۈرمەك: كۆپ ياشىغان نېمە بىلەر، كۆپنى كۆرگەن شۇ بىلەر (ماقال). * سالاپەت-ساختىدىن ئۆمۈر كۆر ئۇزاق، سۆيمىگەچ ئەل سېنى قەدرىڭ نۆلگە تەڭ. نەزەرسىز، قەدىرسىز ئۆمرۈڭگە لەنەت، ياشايدۇ ئەبەدىي خۇش پۇراق چىمەن. ② بىرەر يوسۇندا ھايات كەچۈرمەك، بىرەر تەرزدە تىرىكچىلىك قىلماق: مەنمۇ ئەنە ئاشۇلارنىڭ بىرى بولۇپ، پېنسىيىدە ياشاۋاتىمەن ۋە ئارامخۇدا

پىنسىيە تۇرمۇشىدا، يېتەرلىك ۋاقىتقا ئىگە بولۇپ، بۇ كىتابىمنى يېزىپ چىقتىم. ③ بىرەر جايدا ھايات كەچۈرۈشكە ماسلاشماق، ئادەتلەنمەك: سۇدا ياشىماق. تاغدا ياشىماق. * ئۇلار پەقەت شۇ ئابىدە تۇرىدىغان تاغدىكى غارنىڭ ئىچىدە ياشاپتۇ. * — مەن ئەۋلادمۇ ئەۋلاد دەل-دەرەخ پوستىدىن ماكان تۇتۇپ ياشاپ كېلىۋاتقان قۇرت بولىمەن، -دەپتۇ ئۇ گۈلگە قاراپ. ④ بىركىمگە ئەر ياكى خوتۇن بولۇپ ھايات كەچۈرمەك، ئەر-خوتۇنلۇق مۇناسىۋىتىدە بولماق: — سىز تېخىچە ئېنىق جاۋاب بەرمەيۋاتىسىز. ئېيتىڭا، ئىككىمىزنىڭ بىر ئائىلىدە ياشىشىمىزغا رازىمۇ سىز؟ — دېدى زۇنۇن دۇدۇقلاپ تۇرۇپ. ⑤ كۆچمە. مەۋجۇت بولۇپ تۇرماق، بار بولماق، ساقلانماق: كۈرەشچان تارىخىمىزغا بەتلەر ياراتقان ئازادلىق قۇربانلىرىنىڭ نامى خەلقىمىزنىڭ قەلبىدە مەڭگۈ ياشايدۇ. * شائىر ۋاپات بولدى، ئەمما شائىرنىڭ شېئىرلىرى ھامان بىز بىلەن بىللە ياشايدۇ، بەلكى بۇ ئالەمنىڭ ئۆمرى بىلەن تەڭ ياشايدۇ. ⑥ بۇيرۇق پېئىلنىڭ 2-ياكى 3-شەخس فورمىسىدا، كېلىپ بىرەر كىشى ياكى نەرسىنىڭ ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈشى، ئەبەدىي مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى، مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشى توغرىسىدىكى تىلەكنى، شۇنداقلا ماقۇللاش، سۆيۈنۈش، شادلىنىشقا ئوخشاش ھېس-تۇيغۇلارنى ئىپادىلەيدۇ: ياشا ئوغلۇم خوپمۇ ئىش قىلدىڭ. * ياشىسۇن خەلق! ياشىسۇن ۋەتەن!

**ياشاپ بولماق** ئۆمرى ئاخىرلاشماق: مەن ياشاپ بولغانمەن، مېنىڭ ئەمدىكى ئىشىم باشقىلارنى ياشىتىش.

**ياشاپ كەت** ① «كامال تاپ، ئۇزۇن ئۆمۈر كۆر، ئۆمرۈڭ ئۇزۇن بولسۇن» قاتارلىق مەنىلەردىكى ماختاش، ئالقىش سۆزى: — ياشاپ كەت! تۇرسۇن ئەقلىڭگە بارىكاللا! — دېيىشتى ساۋاقداشلىرىم. ② تەنە قىلىپ ئېيتىلىدۇ: — ياشاپ كەت، باباتىن قالغان گەپلىرىم بۇ قۇلىقىڭدىن كىرىپ، ئۇ قۇلىقىڭدىن چىقىپ كەتكەن ئوخشىمامدۇ؟ — دېدى ھېزىم بېشىنى كۆتۈرۈپ لاپپىدە ماڭا قاراپ.

**ياغ** ئى. چارۋا-ماللارنىڭ ئورگانىزمىدا، سۈيىتىدە ياكى بەزى ئۆسۈملۈكلەرنىڭ ئۇرۇقى، دېنىدا بولىدىغان ئادەتتىكى تېمپېراتۇرىدا يۇمشاق، سۇيۇق ياكى قاتتىق ھالەتتە ئۇچرايدىغان ئورگانىك ماددا: قوي يېغى. زىغىر يېغى. * مەن مۇز يەپ چىقىپ گۆش يېدىم دەپ چىشىمنى كولىمايمەن. سۇ ئىچىپ چىقىپ ياغ يېدىم دەپ بۇرۇتۇمنى تولغىمايمەن.

**ياغ باغلىماق** ياغ ئورىۋالماق، ياغ قاپلىماق: قازاننى ياغ باغلىۋاپتۇ، تازىلىۋەتمىسەك بولمىغۇدەك.

**ياغ پۇراتماق** دىنىي ئەقىدە بويىچە ئۆلۈپ كەتكەن ئاتا-ئانا، ئۇرۇق-تۇغقان، قوۋم-قېرىنداش، پەرزەنتلەرنىڭ روھىغا ئاتاپ پوشكال سېلىپ دۇئا قىلدۇرماق: شۇنداق قىلىپ ئۇلار كېلەر ھەپتىنىڭ تۆتىنچى كۈنى نىكاھ پاتىھەسى ئوقۇتۇپ، خاسىيەتلىك پەيشەنبە ئۈچۈن ياغ پۇرىتىدىغان بولۇشتى. * رەھمەتلىك دادامنىڭ سۆڭىكىنى يۆتكىگەندىن كېيىن ئازراق ياغ پۇرىتىۋەتتۇق.

**ياغ تارتماق** ياغلىق داننى جۇۋاز ياكى زاۋۇتتا سېلىپ ياغ ئالماق: ئاكام بىزگە نۇرغۇن قېتىم ياغ تارتىپ ئەكىلىپ بەردى.

**ياغ تۆكۈلسە يالىغۇدەك** ← ماي تۆكۈلسە يالىغۇدەك: ئۇ ئۆينى ياغ تۆكۈلسە

يالىغۇدەك قىلىۋېتىپتۇ.

**ياغ چاينىماق** لەززىتىنى، ھالاۋىتىنى كۆرمەك: تەشۋىش قىلما! سەت ئىش ئەمەس خەلقىم بىپىش، ياغ چاينىسۇن ھەركىم ئىشلەپ توغرا بىر ئىش.

**ياغ چېيى** <يېم> قوي يېغى سېلىنغان چاي.

**ياغ سامسا** <يېم> قىيمىسى قازاندا قورۇلۇپ چالا پىشۇرۇلغاندىن كېيىن خېمىر جىلتىگە تۈگۈپ، ياغدا پىشۇرۇلىدىغان سامسا.

**ياغ فېرمېنتى** <خىم> ياغنى گىدرولىزلاپ ياغ كىسلاتاسى ۋە گلىتسېرىنغە ئايلاندۇرىدىغان بىر خىل ئېنستېرازا. ئۆيقۇلۇق سۈيۇقلۇقى ۋە ئىنچىكە ئۈچەيدە بولىدۇ. ئابدىمىلىك ئۇرۇقىدىكى مىقدارىمۇ بىرقەدەر كۆپ.

**ياغ كۆيدۈرمەك** چارۋا-ماللارنىڭ يېغىنى قازاندا قىزىتىپ ئېرىتمەك سۈيۇقلاندۇرماق: — ئون كىلوگرام قوي يېغى ئەكىلىپ كۆيدۈرۈۋالساق بولاتتى، — دېدى ئايالىم ماڭا.

**ياغ كىسلاتاسى** <خىم> ياغلاردا بولىدىغان بىر خىل ئۇزۇن زەنجىرلىك كاربوكسىل كىسلاتا. ئۇ گلىتسېرىن بىلەن بىرىكىپ ياغ ھاسىل قىلغاچقا، مۇشۇ نام بېرىلگەن. ئادەتتە ياغلارنى گىدرولىزلاش ئارقىلىق ئېلىنىدۇ، سۇنئىي يول بىلەن سىنتېزلەشكىمۇ بولىدۇ. ئالىي ياغ كىسلاتالىرى سوپۇن، سىنتېتىك يۇيغۇ، سىلىقلىغۇچى ماددا قاتارلىقلارنى ياساشتا ئىشلىتىلىدۇ.

**ياغ مانتا** <يېم> قىيمىسى قۇيرۇق مايدىن قىلىنغان مانتا.

**ياغ ئىچىدىكى بۆرەكتەك** ھېچقانداق خەۋپ-خەتەرگە ئۇچرىماي، ناھايىتى خاتىرجەم، ئامان-ئېسەن: بۇگۈنكى باللار خۇددى ياغ ئىچىدىكى بۆرەكتەك راھەت ئىچىدە ياشايدۇ، ئۇلارغا ھەممە نەرسە تەييار.

**ياغاچ** ئى. دەرەخنىڭ، شۇنىڭدەك قۇرۇغان ۋە كېسىلگەن دەرەخنىڭ پوست ۋە يوپۇرمىقىدىن باشقا قىسمى: شۇ زاماتلا ئالۇچا ياغىچىدىن ياسالغان غاڭزىسىنى تۇتۇپ زالدا گېنېرال پەيدا بولدى. * مەن سۆدىكى ياغاچ ئۈستىدە ئولتۇرۇپ قالدىم.

**ياغاچ ئات** ① <تەن> بىر خىل گىمناستىكا ئەسۋابى. شەكلى ئاتقا ئوخشايدۇ، دۈمبىسىدە ھالقا بولمايدۇ. ② <تەن> بىر خىل گىمناستىكا مۇسابىقە تۈرى. بۇنىڭدا، تەنھەرىكەتچىلەر قولى بىلەن ياغاچ ئاتقا تايىنىپ ھەر خىل ھەرىكەتلەرنى ئورۇندايدۇ. رەسمىي مۇسابىقىلەردە ئاياللار توغرىسىغا قويۇلغان ياغاچ ئاتنى، ئەرلەر ئۇزۇنىسىغا قويۇلغان ياغاچ ئاتنى ئىشلىتىدۇ. ③ رىۋايەتلەردىكى ئۇچىدىغان ۋە ياغاچتىن ياسالغان ئەپسانىۋى ئات. ④ بالىلارنىڭ تولۇق ئارقىلىق ھەرىكەتلىنىدىغان ئويۇنچۇق ئېتى. ياغاچتىن ياسىلىدۇ.

**ياغاچ ئالكول** <خىم> ئىسپىرتنىڭ بىر خىلى، يەنى مېتانول. ئەڭ دەسلەپتە ياغاچنى قۇرۇق ھەيدەشتىن ئېلىنغاچقا، شۇنداق ئاتالغان. ئۇ يەنە «ياغاچ ئىسپىرتى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

**ياغاچ ئاياغ** ① ياغاچتىن ياسالغان پۇت: ئۇ پۇتى سۇنۇپ كەتكەندىن كېيىن ياغاچ ئاياغ سالدۇرۇۋالغانىدى. ② پۇتقا تېگىشىلىپ ماڭىدىغان ئېگىز ياغاچ: قانداق

ياغاچ ئاياغ ئويۇنى ئوينمايلى، ئۆز پۇتمىزسىز ئوينىغىلى بولمايدۇ.

**ياغاچ بەت** <مەت> يۈزىگە يېزىق ياكى رەسىملەر ئويۇلغان ياغاچ مەتبەئە بېتى.

**ياغاچ بوتقىسى** <خىم> ياغاچ تالالىرىنى خام ئەشيا قىلىپ، ماشىنىدا ياكى خىمىيىلىك ئۇسۇل بىلەن پىششىقلاپ ئىشلەنگەن ئۆسۈملۈك ھۆجەيرە پوستىدىن ئايرىۋېلىنىدىغان تالالىق ماددا.

**ياغاچ بېشىدا سۇنماق** يامان ئاقىۋەتكە دۇچ كەلمەك، ئۇچرىماق؛ شۇنداق قىلىپ، ياغاچ ئاخىرى سېنىڭ بېشىڭدا سۇنىدىغان ئوخشايدۇ.

**ياغاچ پاختا** <بوت> پاختا دەرىخى ئۇرۇقىنىڭ پوستى سىرتىدىكى تالا. يۇمشاق بولۇپ، ياستۇق، تەگلىك قاتارلىقلارغا قاچىلاپ ئىشلەتكىلى بولىدۇ.

**ياغاچ پۇت ← ياغاچ ئاياغ.**

**ياغاچ تالاسى** <خىم> دەرەخ تېنىنى كۆتۈرۈپ تۇرىدىغان مېخانىكىلىق توقۇلما. ئۇ ئىككى تەرىپى ئۇچلۇق، پوستى قېلىن، نەيچىسىمان ھۆجەيرە بولۇپ، كەڭ يوپۇرماقلىق دەرەخلەرنىڭ ياغىچىدا ئومۇمىي ھەجمىنىڭ 39% — 67% نى تەشكىل قىلىدۇ. ئۇنىڭ سانى ۋە توقۇلۇش ئەھۋالى ياغاچنىڭ چىڭلىقىغا بىۋاسىتە تەسىر يەتكۈزىدۇ.

**ياغاچ چاق** تۆمۈرچىلىكتە قول بىلەن تارتىپ ئايلاندۇرىدىغان، ياغاچتىن ياسالغان چاق.

**ياغاچ چۆچەك** ياغاچتىن ئويۇپ ياسالغان چۆچەك؛ ئۇنىڭ كەتكەنلىكىنى كۆرگەن مۇختار ئاستا ئۆگزىدىن چۈشۈپ، سېھىرلىك ياغاچ چۆچەكنى ئېرىقتىكى سۇغا پاتۇرۇۋېلىپ، ئۇنىڭغا بىر ئەپسۇن ئوقۇپ، ئۆزىنىڭ ئۇستىگە قۇيۇۋېتىپتىكەن، كەمەكنىڭ شەكلىگە كىرىپتۇ. * ئۇ بالىسى ئۈچۈن بازاردىن ياغاچ چۆچەك سېتىۋېلىپ كىردى.

**ياغاچ غول** <بوت> ياغاچلىق قىسمى تەرەققىي قىلغان، نىسبەتەن قاتتىق بولغان ئۆسۈملۈك غوللىرى. مەسىلەن، قارىغاي، شەمشاد، تۇخۇمەك قاتارلىقلارنىڭ غوللىرىغا ئوخشاش.

**ياغاچ غوللۇق چىڭگىلىك** <بوت> چىڭگىلىك ئائىلىسىدىكى تىك ئۆسىدىغان كىچىك چاتقال. يىلتىزسىمان غولى ئىنچىكە بولۇپ يەر بېغىرلاپ ئۆسىدۇ، غولى تىك ئۆسۈپ شاخلىنىدۇ، يوپۇرمىقى سوقىچاق بولۇپ، ئۇدۇل ئۆسىدۇ، گۈل رېتى مۇرەككەپ كۈنلۈكسىمان، گۈلى سارغۇچ ئاق. يىلتىز ۋە يىلتىزسىمان غولى دورا قىلىنىدۇ، يەل ھەيدەش، بەلغەم بوشىتىش ۋە يۆتەل توختىتىش رولىغا ئىگە.

**ياغاچ غوللۇق ئۆسۈملۈكلەر** <بوت> غولى ياغاچلاشقان ئۆسۈملۈكلەر. مەسىلەن، تېرەك، سۆگەت قاتارلىق دەل-دەرەخلەر ۋە قىزىل گۈل، قەلەمپۇر قاتارلىق چاتقاللار.

**ياغاچ قۇرۇلما** <بىن> قۇرۇلۇشلارنىڭ كۆچ چۈشىدىغان بۆلەكلىرى ياغاچتىن ياسالغان گەۋدە قۇرۇلمىسى.

**ياغاچ قۇلاق** قىلغان گەپنى قۇلىقىدا تۇتمايدىغان، گەپ ئاڭلىمايدىغان، گەپ ئۆتمەيدىغان: ياغاچ قۇلاق بالا. * ياغاچ قۇلاققا گەپ ئۆتمەس (ماقال). * ئابدۇراھماننى ھەممە بالىلار ياخشى كۆرەتتى، ئۇنىڭ گېپىگە كىرەتتى. ئەمما ئاز ساندىكى ياغاچ قۇلاقلار

بولسا، ئۆزى بىلگەن سەنەمگە دەسسەپ، كۆرگۈلۈكىنى كۈندە مىڭ كۆرۈپ يۈرەتتى.

**ياغاچ كىراخمالى** <خىم> دەل-دەرەخلەرنىڭ ئۆسۈشىدە توپلىنىپ ساقلىنىدىغان ماددا. ياغاچ ماتېرىياللىرى ياكى ئۇنىڭ تالالىرىغا يېغىلىپ قالىدۇ.

**ياغاچ كۆمۈرى** <خىم> ياغاچنى ھاۋا ئۆتمەيدىغان شارائىتتا كۆيدۈرۈپ ھاسىل قىلىنغان كۆمۈر. قارا ۋە قاتتىق بولۇپ، نۇرغۇن تۆشۈكچىلىرى بولىدۇ. ئادەتتە يېقىلغۇ قىلىنىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا ئۇنى سۈيۈقلۇق ۋە گازلارنى پىلتىرلاشقا ئىشلىتىشكە ياكى قارا رەڭلىك پارتلاش دورىسى قىلىپ ئىشلىتىشكە بولىدۇ.

**ياغاچ گۆر** <ئارخېئول> گۆرلەرنىڭ بىر خىلى. بۇنداق گۆرلەرنىڭ ئىچى ياغاچ تىزىپ پۇختىلانغان بولىدۇ.

**ياغاچ مەتبەئە** <مەت> يۇزىگە يېزىق ياكى رەسىملەر ئويۇلغان ياغاچ بەت ئارقىلىق بېسىش مەشغۇلاتى ئېلىپ بېرىلىدىغان بىر خىل مەتبەئە.

**ياغاچ مومى** <خىم> سىر دەرىخىنىڭ مېۋىسىدىن ئېلىنىدىغان ماي ماددىسى.

**ياغاچ مېيى** <خىم> ياغاچنى قۇرۇق ھەيدەش ئارقىلىق ئېلىنىدىغان قارا قوڭۇر رەڭلىك، سېسىق پۇراقا ئىگە يېپىشقاق سۈيۈقلۇق. ئۇ كۆپ خىل ئورگانىك بىرىكمىلەرنىڭ ئارىلاشمىسى بولۇپ، ياغاچ ماتېرىياللىرىنى چىرىشتىن ساقلاش ۋە رۇدا تاللاشتا ئىشلىتىلىدۇ، ئۇنىڭدىن باشقا پاراپىن ياساشتىمۇ قوللىنىلىدۇ.

**ياغاچ ئوشتۇماق** « يولى ئېچىلسۇن، پات-پات كېلىپ تۇرسۇن» دېگەن مەنىدىكى ئىبارە: – ۋاي خۇدايىمەي، كۈن قاياقتىن چىقتى، ياغاچ ئوشتۇيمۇ؟ – دېدى

ھامام.

**ياغاچ ئويما** <گسەن> باسما رەسىمنىڭ بىر تۈرى، يەنى تاختىغا سىزىلغان رەسىمنى پىچاق بىلەن ئويۇپ، قەغەز يۈزىگە بېسىپ چىقىرىلىدىغان بىر خىل رەسىم.

**ياغاچ-تاش** ياغاچ ۋە تاش قاتارلىق ماتېرىياللار: ئابدۇللا توي تەييارلىقىدا پۇلدىن قىسىلىپ بىر ئېغىز ئۆيىنىڭ ياغاچ-تېشىنى سېتىپ خەجلىمەكچى بولدى. * سەمەتنىڭ ئەسلىدىكى ئۆيى چېقىلغاندا ياغاچ-تاشلىرى سايدىكى گەمىسىنىڭ يېنىغا يۆتكەپ قويۇلغانىدى.

**ياغاچچى** ئى. ياغاچتىن ھەر خىل نەرسىلەرنى ياسايدىغان ئۇستا: قەدىمكى زاماندا بىر ياغاچچى بىلەن بىر تۆمۈرچى بولغانىكەن. ئۇلار بىر-بىرىنى مەنسىتمەي دائىم بەسلىشىدىكەن. * ئۇ ئوغلىنى مەھەللىدىكى بىر ياغاچچى يىگىتكە شاگىرتلىققا بەردى.

**ياغاچچىلىق** ئى. ياغاچتىن ھەر خىل سايمان ۋە جابدۇقلارنى ياساش ۋە ئۇلارنى رېمونت قىلىش ئىشى، كەسپى: ئۇ ئاز ۋاقىت ئىچىدىلا ياغاچچىلىق قىلىپ داڭ چىقاردى. * قادىر تېخىنىڭ تۇغمىنىڭ سىخېمىسىنى ئاددىيلا قىلىپ سىزدى-دە، ياغاچچىلىق ئۆيىگە قاراپ ماڭدى.

**ياغاچلاشماق** پ <ئورم> ئۆسۈملۈك غولىنىڭ ياغاچلىق قىسمى تەرەققىي قىلىپ چىڭىماق، مەزمۇتلاشماق.

**ياغاچلىق** سۈپ. ياغىچى بار، ياغاچ ئورنىتىلغان: ئۇ كۆزلىرىنى چىمچىقلىتىپ قورۇق تامغا قارىدى. تام ئېگىز، يىگىرمە ئىككى ياغاچلىق سوقما تامنىڭ ئۈستىگە ئۈچ قۇر كۈملاچ قويۇلغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئازغان، جىغان تۇتۇلغانىدى.

**ياغاچلىق تالا** <بوت> قوش پەللىلىك، ياغاچ غوللۇق ئۆسۈملۈكلەرنىڭ كېيىنكى ياغاچلىق قىسمىدىكى تالا. ھۈجەيرىلىرى ئۇزۇن بولۇپ، ئۇچى ئۇچلۇق كېلىدۇ، ھۈجەيرە پوستى قېلىن، ياغاچلاشقان، ھۈجەيرە بوشلۇقى تار ھالەتتە بولىدۇ. ياغاچلىق تالا مېخانىكىلىق رول ئوينىشتىن باشقا، يەنە زاپاس ساقلاش ۋە توشۇش رولىنىمۇ ئۆتەيدۇ.

**ياغاچلىق قىسىم** <بوت> ئۆسۈملۈك تېنىدە سۇ ۋە سۇدا ئېرىگەن ئوزۇقلۇقلارنى توشۇش ۋە ئۆسۈملۈك تېنىنى تىرەپ تۇرۇش رولىنى ئۆتەيدىغان بىرلەشمە توقۇلما. ئادەتتە ئۇ توشۇغۇچى كانال، نەيسىمان ھۈجەيرە، ياغاچلىق تالا ۋە ياغاچلىق قىسىم نېپىز پوستلۇق ھۈجەيرىلىرىدىن تەركىب تاپىدۇ. ئادەتتىكى ياغاچ ماتېرىياللىرى ياغاچلىق قىسمى تەرەققىي قىلغان غولدىن ئىبارەت.

**ياغاق** سۈپ. ئەت قونمىغان، ئورۇق، گۆشسىز: ياغاق تاپان. ياغاق يۈز. * ئۇنىڭ يۈگلۈق ياغاق قوللىرى ئەنۋەرنىڭ كىچىككىنە بوينىغا چىرماشتى. * ئۇنىڭ پېشانىسىدە پەيدا بولغان سوغۇق تەر چېپىلداپ ئېقىپ، بۇرنىنىڭ ئىككى يېقىدىكى چوڭقۇرلۇق ئارقىلىق ياغاق ۋە كوسا ئېڭىكىگە ئېقىپ چۈشتى.

**ياغاق پەردە** <زوئول> سۇدا ياشايدىغان ياكى سۇدا ياشاش ئادىتى بار بەزى ھايۋانلارنىڭ بارماقلىرى ئارىسىدىكى تېرە پەردە. سۇ ئۈزۈش ھەرىكىتىگە پايدىلىق. قوش ماكانلىق ھايۋانلاردا، يەر بېغىرلىغۇچىلاردا، قۇشلاردا ۋە سۈت ئەمگۈچىلەردە بولىدۇ.

**ياغاق تېرە** ئەت قونمىغان، ئورۇق، گۆشسىز قوي ياكى باشقا ھايۋانلارنىڭ تېرىسى.

**ياغاق جۇۋا** ئورۇق قوينىڭ تېرىسىدە تىكىلگەن جۇۋا: بۇ يەر-زېمىن ياغاق جۇۋىغا ئورۇنۇپ ئىنجىقلاپ يۈرگەن دادىسىدىن سەمەتكە مىراس قالغانىدى.

**ياغاق قەغەز** <خىم> ئوراش، مەقسىتىدە ئىشلىتىلىدىغان كالا تېرىسىگە ئوخشاش سارغۇچ قوڭۇر رەڭلىك بىر خىل قەغەز. چىدامىلىق بولۇپ، ئاسانلىقچە يىرتىلمايدۇ.

**ياغاقلاشماق** پ. ئورۇقلاپ كېتىپ، چېچى ياكى تۈكى چۈشۈپ كەتمەك: ئۇنىڭ بېشىنىڭ چوققىسى ياغاقلىشىپ كەتكەن بولۇپ، ئاندا-ساندىلا بىرنەچچە تال ئاق چېچى تۇراتتى.

**ياغچى** ئى. ياغ ساتقۇچى: — مەن ئۆزۈمنى تونۇشتۇراي، مەن ھېلىقى ھاشىماخۇن تۈگمەنچىنىڭ قوشنىسى ھېيىزاخۇن ياغچى بولىمەن، — دېدى ئۇ.

**ياغچىلىق** ئى. ياغ سېتىش بىلەن شۇغۇللىنىش كەسپى: بىزنىڭ مەھەللىدە توختى ئىسىملىك بىر بالا بولۇپ ئاتا مىراس كەسىپ ياغچىلىق بىلەن جان باقاتتى.

**ياغدەك** سۈپ ① ياغقا ئوخشاش، ياغقا ئوخشايدىغان: ياغدەك ئېرىپ كەتمەك. ياغدەك پارقىرىماق. ② كۆچمە. شېرىن، تەملىك؛ كۆڭۈلدىكىدەك، ناھايىتى ياخشى: ياغدەك گەپ قىلماق. ياغدەك ياراشماق.

**ياغدۇرماق** «ياغماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ھازىرقى كىشىلەرنىڭ كۆزى ئېچىلىپ كەتتى. بۇلۇتلارنى ھەيدەپ كېلىپ يازدا يامغۇر، قىشتا قار ياغدۇرۇۋاتىدۇ. * سايىسى ئاغزى بېسىلماي مېنى بىرھازا

ماختىغاندىن كېيىن، يەنە بىرمۇنچە سوئاللارنى ياغدۇرۇۋەتتى.

**ياغدۇرۇشماق** «ياغدۇرماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: پوتەيلەرنى پارتلىتىشقا روتىلاردىن چىققانلار يەر بېغىرلاپ يۇرۇپ كەتتى. قالغانلار گومىنداڭ قىسمىنىڭ ئوت توچكىلىرىغا ئوق ياغدۇرۇشتى.

**ياغدۇرۇلماق** «ياغدۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: دۈشمەنگە ھەر خىل قوراللاردىن گويا مۆلدۈردەك ئوق ياغدۇرۇلدى.

**ياغسىراتماق** «ياغسىرىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: — ماشىنىنى ياغسىرىتىپ قويۇپسەن، بۇنداق قىلساڭ زاپچاسلار تېزلا كاردىن چىقىدۇ، — دېدى ئۇستام قولىغا كۆلۈچ ئېلىۋېتىپ.

**ياغسىراشماق** «ياغسىرىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: — بىچارە باللار ئۆزۈڭدىن بېرى ياغ كۆرمەي ياغسىرىشىپ كېتىشىپتۇ، — دېدى ئاپام كۆزىگە ياش ئېلىپ.

**ياغسىرىماق** پ. ئۆزىدىكى ياغ ياكى ياغ تەركىبى كېمىيىپ كەتمەك، ياغسىزلىقتىن ياغقا ئېھتىياجى چۈشمەك، ياغ تەلەپ قىلماق: ئۇ مۇندىن بىر يىل ئىلگىرى قۇدرەت زورمۇزور ئىككى يۈز ئەللىك يۈەن قەرز بەرگەندە پۇلنى ئېلىۋېتىپ غەمدىن ياداپ ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن، ياغسىرىغان چىراغدەك نۇرسىز كۆزلىرىگە لىققىدە ياش ئالغانىدى.

**ياغسىز** پ. يېغى يوق، ياغ قويۇلمىغان، ياغ ئىشلىتىلمىگەن، ياغلانمىغان؛ يېغى كەم: ياغسىز پولۇ. ياغسىز گۆش. * ياغسىز تائام ئېغىزغا تېتىمايدۇ.

**ياغسىمان** سۈپ. ياغقا ئوخشايدىغان، ياغ ھالىتىدىكى: ياغسىمان ماددىلار.

**ياغسىمان ماددىلار** <خىم> ھالىتى ۋە فىزىكىلىق خۇسۇسىيىتى ياغلارغا ئوخشاپ كېتىدىغان، لېكىن خىمىيىلىك تۈزۈلۈشى ياغلارغا ئوخشىمايدىغان ماددىلار. ئاساسەن فوسفاتىد بىلەن گلۇكولىپىدنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئادەتتە ئاقسىل بىلەن بىرلىكتە بىرلەشمە تەنچە شەكىللەندۈرىدۇ. مەسىلەن، ھۈجەيرە پەردە ئاقسىلى بىرلەشمە تەنچىسى ۋە قان پلازما ياغ ئاقسىلى بىرلەشمە تەنچىسى دېگەندەك. ياغسىمان ماددىلار جانلىقلار تېنىنىڭ تۈزۈلۈشىدە ۋە ھاياتلىق پائالىيىتىنى ساقلاشتا كەم بولسا بولمايدىغان ماددىلارنىڭ بىرىدۇر.

**ياغلاتماق** «ياغلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئەنۋەر ماشىنىنى ياغلىتىش ئۈچۈن رېمونتخانىغا ھەيدەپ باردى.

**ياغلار** ئى <خىم> ياغ كىسلاتاسى ۋە ئالكوگول قاتارلىقلاردىن تەركىب تاپقان ياغ ۋە ئۇنىڭ ھاسىلاتلىرى. كۆپىنچە C، H، O قاتارلىق ئۈچ خىل ئېلېمېنتتىن تەركىب تاپىدۇ. ئۇلارنىڭ خىمىيىلىك تەركىبى ۋە تۈزۈلۈشىدە پەرق ناھايىتى زور، لېكىن ھەممىسى سۇدا ئېرىمەيدۇ. خلوروفورم، ئېفىر، ئاتسېتون قاتارلىق قۇتۇپلۇقى بولمىغان ئورگانىك ئېرىتكۈچىلەردە ئېرىيدۇ. ياغلار ئاساسەن ياغ، ياغسىمان ماددىلار ۋە ستېرولنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

**ياغلاشتۇرماق** «ياغلاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**ياغلاشماق** ① «ياغلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار بەزىدە بىر-بىرىنىڭ ئېغىزلىرىنى ياغلىشىپ، بەزىدە ئۆزئارا مارىشىپ ئۆتۈشەتتى. ② ھەممە يېرىگە ياغ تەگمەك، ھەممە يېرى ياغ بولۇپ

كەتمەك: ئەركىن ياغاچ تاۋاقنى تارتىپ ئېلىپ ئېمىر باقىنىڭ بېشىغا ئاتتى. ياغلىشىپ كەتكەن شاپاق دوپپا ئۇماچقا كۆمۈلدى.

**ياغلامچى** ئى. چىرايلىق، سىلىق سۆزلەر بىلەن باشقىلارنى ئالدىغۇچى؛ خۇشامەتچى.

**ياغلامچىلىق** ئى. خۇشامەتچىلىك، ئالدامچىلىق، تەخسىكەشلىك.

**ياغلانماق** ① «ياغلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆزلۈك دەرىجىسى: قولۇڭ ياغلانسا، دوستۇڭغا سۈۋا (ماقال). * سوغۇقۇم ئېشىپ كەتكەنلىكتىن ھەر كۈنى قۇيرۇق ياغدا ياغلىنىپ ئاپتاپقا قاقلىنىدىغان بولدۇم. ② «ياغلىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: بىر ۋاقىتتا ئويغىنىپ قارىسام، ياغلانغان چورۇقۇم غولى يوق چاپىنىمنى مېنىڭدىن سالدۇرۇپ ئېلىپ، ئۆزى يېپىنىپ راسا ئۇخلاۋېتىپتۇ.

**ياغلىشاڭغۇ** سۈپ. ياغ يۇققان، ياغلاشقان، ياغلىشىپ كەتكەن: ئۇ كونىراپ كەتسمۇ ھېلىغىچە تاشلىۋېتىلمىگەن، ياغلىشاڭغۇ شاپاق دوپپىسى بىلەن ئۆزىنى يەلپۈشكە باشلىدى.

**ياغلىغۇ** ئى. دىئال. ياغلاش، سۈرتۈپ تازىلاش ئۈچۈن چوكا ياغاچ ياكى تۆمۈرنىڭ ئۇچ قىسمىغا پاختا ياكى يۇمشاق نەرسە ئوراپ ياسالغان سايمان؛ پەلكۈچ، ماي سۈرتكۈچ.

**ياغلىق** I ئى ① قولنى سۈرتىدىغان بۆز، لۆڭگە، مايلىق، قول ياغلىق: تاماقتىن كېيىن ھەممىمىز ياغلىق بىلەن قولىمىزنى سۈرتۈپ دۇئاغا قول كۆتۈرۈشتۇق. ② ھەر خىل رەڭ ۋە ھەر خىل پاسوندىكى باشقا ئارتىدىغان توقۇلما بۇرجەكلىك بۇيۇم: قول ياغلىقى. * يولدا ئۇچرىغان ھەممە نەرسىلەرگە تويماي قاراپ كېلىۋاتىمەن. يەر يۈزىنى دەپتىرىمنىڭ ۋاراقلىرىدەك ئاپئاق قار قاپلىغان، دەل-دەرەخلەرنى ئانامنىڭ بېشىدىكى ئاق ياغلىقنىڭ تىۋىتىدەك قىرو باغلىغانىدى.

**ياغلىق** II سۈپ ① تەركىبىدە ياغ مىقدارى بار، ياغ ئېلىش مۇمكىن بولغان: ياغلىق دان. ياغلىق زىرائەت. * شال، قوناق ھەم ياغلىق دان پىشىپ كەتتى، كۆز پەسلى. غەيرىتىمىز تېخىمۇ ئېشىپ كەتتى، كۆز پەسلى. ② ياغ قويۇلغان، يېغى بار، ياغ ئارىلاشتۇرۇلغان: ياغلىق توقاچ. ياغلىق تاماق. * بۇغداي دۇنيادا ئەڭ كۆپ تېرىلىدىغان، ھەممە ئادەم كۆپرەك ئىستېمال قىلىدىغان ئوزۇقلۇق ماددىلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇنىڭدىن نان ۋە باشقا ياغلىق تاماقلار ياسىلىدۇ.

**ياغلىق ئەبنۇس** <بوت> ئەبنۇس ئائىلىسىدىكى يوپۇرماق تاشلايدىغان دەرەخ. كىچىك شېخى ۋە يوپۇرماق سېپى سارغۇچ قوڭۇر بولۇپ، تۈكلۈك كېلىدۇ. يوپۇرمىقى كەڭ، تۇخۇم ياكى تۆمۈنە شەكلىدە، مېۋىسى توق سېرىق رەڭلىك. ئۇنىڭ يەنە بىر ياۋا تۈرى بولۇپ، ئۇرۇقىدىن ماي تارتىپ ئېلىنىدۇ.

**ياغلىق توقاچ** <يېم> بولدۇرۇلغان خېمىرنىڭ تەركىبىگە ياغ ئارىلاشتۇرۇپ، گىردە چوڭلۇقىدا قىلىپ، چەككۈچ چېكىپ پىشۇرۇلىدىغان بىر خىل نان: تاجىنىساخان ئانا ئاخشامدىن بۇ يان قىزلىرىغا لۇتپۇللا ئاكاڭلارنى يوقلاپ كېلىڭلار دەپ تاپىلاپ، ياغلىق توقاچ، كىيىم-كېچەك، بىر سېۋەت مېۋە تەييارلىتىپ، بۈگۈن سەھەردىلا ماڭغۇزماقچى بولۇپ تۇرغانىدى.

**ياغلىق دان** <بوت> ياغىنىڭ خام ئەشياسى قىلىنىدىغان زىغىر، قىچا، كەندىر، زاراڭزا قاتارلىق زىرائەت

دانلىرى.

**یاغلىق زىرائەت** <بوت> ئۇرۇقىنىڭ تەركىبىدە یاغ مىقدارى كۆپ بولغان زىرائەتلەر. مەسىلەن، خۇاسىڭ، قىچا، دادۇر، ئابدىمىلىك، زاراڭزا، كۈنجۈت، زىغىر، ئاپتاپپەرەس. قاتارلىقلار.

**یاغلىق قاپاق** ① مەخسۇس یاغ قاچىلىنىدىغان، یاغ ئېلىنىدىغان قاپاق: تاغار يۈدۈپ، یاغلىق قاپاق كۆتۈرگىنىچە شاكىر كىردى، گۈلەمخان یاغلىقنىڭ بۇرجىكىدە كۆز یېشىنى سۈرتۈپ شاكىرنىڭ ئالدىغا باردى. * «جاق» قىلىپ قالدى ئۈشتۈمتۈت، بىرى ماڭا ئۇرۇلدى. سۇندى یاغلىق قاپىقىم، یېغىم یولغا قۇيۇلدى. ② كۆچمە. ئەسكى نام، یامان ئاتاق: یاغ ئالسىمۇ یاغلىق قاپاق، یاغ ئالمىسىمۇ یاغلىق قاپاق (ماقال). * شۇ ۋاقىتتىكى «یاغلىق قاپاق»، ھېلىغىچە پېشانەمدىن ئېرىمەيۋاتىدۇ. * – ئۇ ھوشىغا كەلمەيدۇ. ئۇنىڭ ھوشىغا كېلىشىگە مەن ئىشەنمەيمەن. ئۇ ئاللىقاچان بىر یاغلىق قاپاققا ئايلىنىپ كەتتى، – دېدى كېرىماخۇن ساۋىراخۇنغا.

**یاغلىق ئوت** <بوت> تاشلاندۇق يەرلەردە، بەزى ئېتىزلاردا ئۆسىدىغان، يوپۇرمىقىنىڭ ئۈستى يالتىراق، ئاستى كۈل رەڭ بولغان ياۋا ئوت. بۇ ئوتنى قاينىتىش ئارقىلىق سوپۇن ئىشلەشكە بولىدۇ.

**یاغلىق ئۆرۈك** <بوت> ئۆرۈكنىڭ بىر خىل سورتى. مېۋىسىنىڭ شەكلى يۇمىلاق، رەڭگى قىزغۇچ سېرىق، ئەتلىك، سۇ تەركىبى ئاز، تەمى تاتلىق، شىرنىلىك ۋە پارقىراق كېلىدۇ. 6-ئاي ئەتراپىدا پىشىدۇ.

**یاغلىق ئۆچەي** <ئانات> قوينىڭ ئىستېمال قىلىنىدىغان چوڭ ئۈچەيى.

**یاغلىققارا** ئى (یاغ+لىق+قارا) <بوت> كرېست گۈللۈكلەر ئائىلىسىدىكى بىر يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. ئېگىزلىكى 5 – 20 سانتىمېتىر ئەتراپىدا ئۆسىدۇ، يوپۇرمىقى ۋە شاخلىرى قويۇق بولۇپ، ئۇششاق تۈكلەر بىلەن قاپلانغان. يوپۇرمىقى يولسىز. ئۇششاق گۈللەپ مېۋىلەيدۇ. چۆل ۋە ئېدىرلاردا، تاغ يېنى ۋە تاغ باغرىلىرىدا كۆپ ئۆسىدۇ، چارۋىلارنىڭ ياخشى يەم-خەشىكى ھېسابلىنىدۇ.

**یاغلىقلىق** سۈپ ① یاغلىقى بار، یاغلىق ئارتقان: دەل شۇ چاغدا قىزىل یاغلىقلىق ئارزىگۈل سۇنۇر بىلەن ئالمىشىپ تراكتوردا سازلىقنىڭ يېڭى نەغمىسىنى يەنە ئۆز پەدىسىگە كۆركىرەتتى. ② یاغلىق تىكىش، توقۇش ئۈچۈن لايىق كېلىدىغان، شۇنىڭغا باپ: یاغلىقلىق رەخت. یاغلىقلىق يىپ. * دىلبەر ياسىنغا ئاتاپ یاغلىق تىكىش ئۈچۈن ئاق تاۋاردىن بىر یاغلىقلىق كەستى.

**یاغلىما** سۈپ. چىرايلىق، سىلىق ئېيتىلغان، ئەمما چىن، سەممىي ئەمەس: یاغلىما گەپ. یاغلىما تىل. * چىن مۇھەببەت یاغلىما گەپلەرنى يامان ئالىدۇ.

**یاغلىما تىل** ① ئەمەلىيەتتە ئۇيغۇن بولمىسىمۇ سىلىق ۋە چىرايلىق ئاڭلىنىدىغان، كىشىلەرنى ئالدايدىغان، گوللايدىغان گەپلەرنى قىلىدىغان تىل، ئېغىز: ئۇنىڭ تۇتقۇندىن قويۇپ بېرىلىشى، ئازراق سۇنىڭ ئۆز ئىلكىگە ئۆتۈشى، یاغلىما تىلدىن تۆكۈلگەن تەسىرلىك سۆزلەر ئاخىر تاۋار پەردىگە ئايلاندى. ② كىشىلەرنى ئالدايدىغان، گوللايدىغان، گەپ-سۆز، یاغلىما گەپ: ئۇ یاغلىما تىللارنى ياغدۇرۇۋەتتى. * شۇنىڭ

بىلەن ئۇ يەنە ياغلىما تىللىرىنى داۋاملاشتۇردى.

**ياغلىما چۆپ** <يىم> چۆپنىڭ بىر تۈرى. ئادەتتە خېمىرى نېپىز يېيىلىپ، ئالقاندەك چوڭلۇقتا كېسىلىپ، سۇدا پىشۇرۇلغاندىن كېيىن سوزۇۋېلىنىپ، ياغدا مايلاپ ئىستېمال قىلىنىدۇ.

**ياغلىما سۆز** ← **ياغلىما گەپ**: كىيىكچاق ئىشكىنىڭ يوچۇقىدىن بۆرىنىڭ ياۋۇزلۇق يېغىپ تۇرغان كۆزلىرىنى كۆرۈپ ئۇنىڭ ياغلىما سۆزلىرىگە چىنپۈتمەپتۇ. * قانداقتۇر بىر ۋاراق قەغەزگە قاراپ ئولتۇرۇپ ئۇنىڭ ھەرىكىتىنى ئاستىرتتىن كۆزىتىۋاتقان لى كېجاڭ ئەھۋالنى پەملىدى-دە، ياغلىما سۆزلىرىنى داۋاملاشتۇردى.

**ياغلىما گەپ** ئەمەلىيەتتىن يىراق، ئەمما كېلىشتۈرۈپ ھىيلە بىلەن ئېيتىلغان، ئادەمنى ئالدايدىغان، گوللايدىغان مەزمۇنغا ئىگە بولغان سىلىق تەلەپپۇزدىكى گەپ-سۆز: ئەمدى سۈكۈت قىلىپ جىم تۇرۇۋېلىشقىمۇ، چىرايلىق ياغلىما گەپلەر بىلەن ئالداپ، ئۇلارنىڭ دوپپىسىغا جىگدە سېلىشقىمۇ بولمايتتى. * — زۇللا ئاشۇنداق ياغلىما گەپلەر بىلەن قارا ياغلىقنىڭ بۇرۇتىنى يېكەندە ئېلىپ يۈرۈۋاتىدۇ! — دېدى نەسىرەم تەنە بىلەن.

**ياغلىما گەپ قىلماق** ئەمەلىيەتتىن يىراق، ئادەم ئالدايدىغان ئەمما كېلىشتۈرۈپ ھىيلە بىلەن ئادەم ئالدايدىغان سىلىق ئېيتىلىدىغان گەپ-سۆزلەرنى دېمەك: ئۇنىڭ مۇنداق ياغلىما گەپلەرنى قىلىشى ئادەمنى ھەيران قالدۇراتتى.

**ياغلىماق** پ. ياغ سۈركىمەك، ياغ بەرمەك، ياغ قۇيماق: بۇ كىتابقا كېسەل ئادەمنى ياغلاش، دورا سۈركەش، مەلھەم چاپلاش، ھەمەلچە ئۇسۇللىرىمۇ يېزىلغان.

**ياغلىمچى** ئى. سىلىق، چىرايلىق، ئېيتىلغان، ئەمما چىن، سەممىي بولمىغان گەپ-سۆزلەر بىلەن باشقىلارنى ئالدىغۇچى كىشى: — ئۇنداق ياغلىمچىنىڭ ئىسمىنى ئىككىنچى ئېغىزىڭغا ئالغۇچى بولما! — دېدى دادام خاپا بولۇپ ماڭا. // ئۇ گومىنداڭنىڭ ياغلىمچى ئاقساقاللىرىنى كونا سىياسەتۋازلىرىنى ياخشى كۆرمەيتتى.

**ياغلىمچىلىق** ئى. سىلىق، چىرايلىق ئېيتىلغان، ئەمما چىن، سەممىي بولمىغان گەپ-سۆزلەرنى قىلىپ، باشقىلارنى ئالداش بىلەن شۇغۇللىنىش پائالىيىتى: — «دوستلۇق ئۈچۈن!»، «سالامەتلىك ئۈچۈن!» دېگەن ئىبارەت دەبدەبىلىك ۋە تىل ياغلىمچىلىقلار ئەخمەدنىڭ ئېغىزىدا پات-پات تەكرارلىنىپ تۇراتتى.

**ياغلىملىق** «ياغلىما» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: تىل ياغلىملىق قىلماق.

**ياغما** ئى <ئىرق> ئۇيغۇرلارنىڭ XI ئەسىردە ئۆتكەن بىر قەبىلىسى.

**ياغماق** پ ① ئۈستى-ئۈستىلەپ چۈشمەك، تۆكۈلمەك، قۇيۇلماق: بەرىكەت ياغماق. قامچا ياغماق. قار ياغماق. * يامغۇر ياغدى-ياغ ياغدى، قار ياغدى — نان ناغدى (ماقال). * سەلدەك يامراپ قۇيۇلۇۋاتقان يامغۇر ھېچ توختىماي ياغماقتا ئىدى. * سام جادۇگەر سېھىر قىلىشقا كىرىشتى. دەھشەتلىك قارا بورانلار پەيدا بولدى، ھاۋا گۈلدۈرلەپ چاقماق چېقىپ، مۆلدۈر، قارلار يېغىشقا باشلىدى. ② ئىپادىلەنمەك، كۆرۈنمەك، بىلىنمەك، چىقماق، ئۆرلىمەك، جىلۋىلەنمەك: كۈلكە ياغماق. لەنەت ياغماق. * چىرايىدىن توپا يېغىپ، كۆزلىرى ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن مۇئەللىم بىر ئېغىز گەپ قىلىپ بولغۇچە ئۇنىڭ قورسىقى نەچچە قېتىم كورکىراپ بولاتتى. * تەلەتىدىن

دەھشەت يېغىپ تۇرغان ئۇفتىسىر ئۇنىڭغا ئۇزاق قاراپ چىققاندىن كېيىن، بىر قېشىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ ئاقلىبەگكە سوئال بېرىشكە باشلىدى. ③ كۆچمە. ئارقا-ئارقىدىن، ئۇستى-ئۇستىلەپ، توختىماي، ئۈزۈلمەي كەلمەك، كېلىپ تۇرماق: ئۆتكەن ھەپتە بىزنىڭ ئۆيگە مېھمان يېغىپ كەتتى.

**ياغى** ئى. تارس. دۈشمەن: – سامانىيلار بىزگە ياغى تۇرسا، ئۇ ياقتىن بىزگە ياخشىلىق كېلەرمۇ؟ – دېدى سۇتۇق بىرئاز چۆچۈگەن ھالدا قوشۇمىسىنى تۈرۈپ.

**ياغىلىق** ئى. تارس. دۈشمەنلىك: – ئۇ بىزگە ياغىلىق قىلسا، بىزمۇ ئاڭا ياغى. ياغىغا باش ئېگىش-گۇناھ، بەگ بىلگە، بۇنى بىلىشىڭىز كېرەك! – دېدى باتۇر تاغا پەس، لېكىن كەسكىن ئاۋاز بىلەن.

**ياق** I ئىم. بولماسلىق، رەت قىلىش ئىماسىنى بىلدۈرىدۇ: – ياق مۇئەللىم، بۇنداق قىلسىڭىز بىز خىجىل بولۇپ قالىمىز، – دېدى سىدىق. * – بىزلەرنى تونۇدىڭىزمۇ؟ – دەپ سورىدى ئۇلار. – ياق، سىلەر كىم بولىسلەر، – دېدىم جاۋاب بېرىپ.

**ياق دېمەي** رەت قىلماي، قارشىلىق كۆرسەتمەي: – قىزىم، ياق دېمەي، بىر سۆزلىشىپ باقسىلا، – دېدى لەيلىخان. * قارىغۇ يېتىلىگەن يېرىڭگە ياق دېمەي مېڭىۋېرىدۇ.

**ياق** II ئى ① تەرەپ، تامان: ئۇ ياق-بۇ ياق. * شۇ ئاندا ئەل ئىچىدىن ۋاڭ-چۇڭ كۆتۈرۈلدى، ئالدى ياقتىن يەنە بىر تۈركۈم لەشكەر چىقىپ كەلدى. * تۇرسۇننىڭ كۆزلىرى داۋۇتنىڭ كۆزلىرى بىلەن ئۇچراشقاندا، دەررۇ سالاملاشتى، كېيىن باشقا ياققا بۇرۇلدى. ② كۆرسىتىش ئالماشلىرى بىلەن كېلىپ ئادەملەرنى سىپايە ئاتاپ كۆرسىتىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ: – بۇ ياق ئالىقانات يەن چىلڭ دېگەن بولىدۇ، – دېدى لىۇ بېگىم.

**ياقا** I ① ئى. قىرغاق، بوي، لەپ، ساھىل: ئۇلار تاماقلارنى يانچۇقلىرىغا سېلىۋالدى، جۇۋىلارنى كېيىشتى، كېيىن ماشىنىنى ئىتتىرىپ، يارنىڭ ياقىسىغا ئەكىلىشتى. * تۇمەن دەرياسىنىڭ ياقىلىرىدىكى سۇۋادان تېرەكلەر ئارىسىدىن ئەمدىلا كۆتۈرۈلگەن تولۇن ئاي گوياكى ئەۋلىيا ئاتىغا قاراپ كۈلەتتى. ② سۈپ. ئۆزى تۇرغان جايدىن يىراق، ئۆزگە، يات، چەت: ياقا يۇرت. * ياقا يۇرتقا چىقىپ كەتمەك. ③ ئى. كۆچمە. بىرەر خەۋپلىك، ھالاكەتلىك ۋەقە، ھادىسىنىڭ باشلىنىشىغا، سادىر بولۇشىغا ئاز قالغان ۋاقىت، پەيت، ھالەت: – مۇختەر ئۆلدى، سادىقمۇ ئۆلۈم ياقىسىدا، ئەمدى سىز بىلەن ئىككىمىزلا قالدۇق، – دېدى ئاتابېك ھامىدنىڭ قولىدىن تۇتۇپ.

**ياقا يۇرت** ئۆزى تۇرغان جايدىن باشقا، ئۆزگە، يات، چەت يۇرت: بۇ ئەھۋالدىن خەۋەر تاپقان كىشىلەر قىزلىرىنى ياقا يۇرتلارغا يوشۇرىدىغان بولۇپ قېلىپتۇ. * ئۇلار ئۈچ يىل ياقا يۇرتلاردا سەرگەردان بولۇپ يۈرۈپ، ئازادلىق تېگى ئاتقاندىلا ئۆز يۇرتىغا قايتىپ كېلەلىدى.

**ياقا** II ئى <كي> كۆڭلەك ۋە چاپان قاتارلىقلارنىڭ بويۇن ئورنى ئۈچۈن چىقىرىلغان قىسمى ۋە ئۇنىڭغا بىرىكتۈرۈپ تىكىلگەن رەخت: يوقاققا ياقا ياراشماس (ماقال). * ئاتىسى ئۆلگەننىڭ يەتتە يىل ياقىسى يىرتىق (ماقال). * ئىت ئېتەكتىن ئالار، خوتۇن ياقىدىن (ماقال). * چىرايلىق كىيىنگەن، چاچلىرى ۋە ياقىلىرىغا ئەتىر

سىپىۋالغان مەنسۇر قىزغا مۇرىسىنى تەگكۈزۈپ مېڭىشقا تىرىشىپ، ھە دەپ سۆزلەپ باراتتى.

**ياقا پەشكە ئايلانماق** يۇقىرى-تۆۋەن تەبىقىنىڭ ئورنى، تۇرمۇش شارائىتى ئاستىن-ئۈستۈن بولماق: سىنىپلەردىمۇ پات-پېقىن، ئۆركەش ياساپ زور ئېقىن، پەشكە ئايلىنىپ ياقا، ئارزۇيۇڭلار كۈلدۇ.

**ياقا تۇتۇشماق** ← **ياقا سىقىشماق**: يا كېمىدىكىلەر قىرغاققا چىقالمايتتى، يا قىرغاقتىكىلەر كېمىگە چۈشەلمەيتتى. بىرلىرى كانىيى يىرتىلغۇدەك ۋارقىرىشاتتى، بىرلىرى ئۆزئارا ياقا تۇتۇشاتتى.

**ياقا سىقىشماق** بىر-بىرىنى بوغۇشۇپ ئۇرۇشماق، مۇشتلاشماق: بۇندىن ئىلگىرى ئىناق ئۆتۈشىدىغان، قۇلاققا ئېغىز يېقىپ سۆزلىشىدىغان ئەر-خوتۇن كۆن بويى بىر-ئىككى قېتىم ياقا سىقىشىدىغان، ئۆيىنى بېشىغا كىيىپ تىللىشىدىغان بولۇپ قالدى.

**ياقا يىرتماق** باشقىلار ئۈچۈن جان كۆيدۈرمەك، ئاۋارە بولماق، جاپا چەكمەك: ئۇ بۇ كۈنلەردە كەمبەغەللەر ئۈچۈن ياقا يىرتىدىغان سوراقچى تېپىش ھەممىدىن تەس ئىكەنلىكىنى ئۆز بېشىدىن ئۆتكۈزگەنىدى.

**ياقىسىدا گۈلەڭگۈچ ئۈچماق** ياقىسىغا ئېسىلماق، ياقىسىغا ئېسىلىپ جېدەل چىقارماق: خوتۇنى ئۇنىڭ ياقىسىدا گۈلەڭگۈچ ئۈچماقتا ئىدى. چىرايى تويپەدەك تاتىرىپ كەتكەن ئابلىز قارى نېمە دېيىشنى بىلمەي دۇدۇقلايتتى.

**ياقىسىدىن ئالماق** ئۇرۇشقا تەييارلانماق، ئەدىپىنى بېرىشكە باشلىماق: خوتۇن ياقىدىن ئالار، ئىت ئېتەكتىن (ماقال). * مانتىخانىنىڭ خوجايىنى ئېيىقتەك بەستلىك كەلگەن مولۇن كۆز مامۇت دوكار مەشۇرنى دۇكاندا كۆرۈپلا تېخى ئۇچۇق-يورۇق بولمىغان

ھېساب-كىتابتىن بىر تۇرتەك پۇلنىڭ ئېتنى چىقىرىپ ياقىسىدىن ئالدى.

**ياقىسىغا ياماشماق** قىلغان گەپ-سۆزنى دەستەك قىلىپ، چاپلىشىۋالماق: ئۇ ھە دېگەندىلا ياقامغا ياماشقىلى تۇردى.

**ياقىسىنى تۇتماق** ھەيران بولۇپ تووۋا قىلىشقا ئىشارە قىلىنىدىغان ئىبارە: ئېڭىشىپ تۇرغان خەلقلەرنىڭ بەزەنلىرى بېشىنى لىڭشىتاتتى، بەزەنلىرى ياقىسىنى تۇتۇپ بىر-بىرىگە قارىشاتتى.

**ياقىسىنى چىشلىمەك** بىرەر ئىشقا نىسبەتەن ھەيران قالماق، تووۋا قىلماق؛ پۇشايمان قىلىپ قالماق: تۇغقانلار ئۇنىڭ بۇ سۆزىگە ھەيران قالغىنىدىن ياقىسىنى چىشلىشىپ، چۇۋۇلدىشىپ كېتىشتى.

**ياقا** III ئى. دىئال. ئىجارە (يەر ئىجارىسى).

**ياقاڭلىماق** پ. دىئال. ئىرغاڭلىماق، چايقالماق.

**ياقا-ياۋان** دىئال. چەت-ياقا.

**ياقتۇرماق** I «ياقماق I» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئوت ياقتۇرماق. چىراغ ياقتۇرماق.

**ياقتۇرماق** II «ياقماق II» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: بۇ قىزنى بىرقانچە قېتىم كۆرۈپلا ياقتۇرۇپ قالغان قۇناخۇن سۇلايمانغا ئېلىپ بېرىمەن دەپ ئەلچى ئەۋەتتى.

**ياقتۇرماق** III «ياقماق III» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئەتىسى پاتمىخانىغا سامسا ياقتۇرۇپ، ئۇن سامسىنى تاللاپ بېلىمگە تۈگۈپ، چۈش بىلەن تەڭ ناھىيە بازىرىغا باردىم.

**ياقتۇرۇشماق** I «ياقتۇرماق I» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار ئۆي ئىگىسىنى بۇيرۇپ مەشكە ئوت ياقتۇرۇشتى. * قاراقچىلار يەر ئاستى ئۆيىگە چىراغ ياقتۇرشتى.

**ياقتۇرۇشماق** II « ياقتۇرماق II » پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: باشقىلارمۇ بىرەر ھادىسىگە يولۇقۇپ قالارمىكىن دەپ ئۇنىڭ بېرىشىنى ياقتۇرۇشمىدى.

**ياقتۇرۇشماق** III « ياقتۇرماق III » پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار سەپەر ئۈچۈن نان ياقتۇرۇشتى.

**ياقتۇرۇلماق** I « ياقتۇرماق I » پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**ياقتۇرۇلماق** II « ياقتۇرماق II » پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**ياقتۇرۇلماق** III « ياقتۇرماق III » پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**ياقلاتماق** « ياقلىماق » پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**ياقلاشماق** « ياقلىماق » پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار دوكتورلۇق دىسسېرتاتسىيىلىرىنى ياقلاشماقچى بولۇشقاندا تۇيۇقسىز بىر كۆڭۈلسىزلىك يۈز بەردى.

**ياقلانماق** « ياقلىماق » پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**ياقلىغۇچى** ئى ① تەرىپىنى ئالغۇچى، قۇۋۋەتلىگۈچى، ھىمايە قىلغۇچى كىشى؛ ئاقلىغۇچى: ئۇمۇ مېنى ياقلىغۇچىلارنىڭ بىرى ھېسابلىناتتى. ② مەخسۇس يىغىلىشتا مۇھاكىمىگە قويۇلغان ئىشنى ماقۇللىتىپ مۇناسىپ دەرىجىدە ئۇنۋان ئالغۇچى: ۋاقىت توشقانلىقىنى ئىپادىلەپ قوڭغۇراق چېلىنىشى بىلەن تەڭ دىسسېرتاتسىيە ياقلىغۇچىلار زالغا يىغىلىشقا باشلىدى.

**ياقلىما** رەۋ. تەرەپتىن، جەھەتتىن، تامانىدىن: ئىككى ياقلىما. ھەر ياقلىما.

**ياقلىماق** پ ① تەرىپىنى ئالماق، قۇۋۋەتلىمەك، قوللىماق، ھىمايە قىلماق: بەزىلەر ئىلگىرى قۇلدارلارنى قانداق چىڭ تۇرۇپ ياقلىغان بولسا ھازىرمۇ ئەڭ ئەشەددىي ئەزگۈچى زېمىندارلارنى، پۇلدار بايلارنى شۇنداق ياقلىماقتا. * « نەزەرىيىچىلەر » سۆزى قوتلۇقتا دادىسىنى ياقتۇرمىغانىدەك تەسىر بەردى ۋە دەرھال دادىسىنى ياقلاش نىيىتىگە كەلدى. ② ئىلمىي ئىشتا بىرەر تېما ياكى كۆز قاراشنى توللۇق دەلىللەپ، شەرھلەپ چىقماق، ئۇنىڭ شۈبھىسىزلىقىنى ئىسپاتلىماق: دىسسېرتاتسىيە ياقلىماق. ③ تەرەپكە بۆلۈنمەك: — ئۇنداق گۇمانلىق ئادەمنىڭ زادى ئىزىنى يوقاتماسلىق كېرەك، تېز بارغىن، ھەلەكنى تېپىپ ئىككى ياقلاپ ئىزلەڭلار، — دېدى تىلەك جۇمەگە.

**ياقلىملىق** سۈپ. سانىلار بىلەن كېلىپ « خىل تەرەپلىك » دېگەن مەنىلەردە ئىشلىتىلىدۇ: بىر ياقلىملىق. * ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا قانداقتۇر بىر خىل قورقۇنچلۇق ئىككى ياقلىملىق خاھىشى باردەك سېزىلەتتى.

**ياقما** سۈپ. ياقىدىغان، يېقىپ پىشۇرۇلىدىغان: ياقما كاۋاپ.

**ياقما كاۋاپ** <يېم> تونۇر قاتارلىقلارغا يېقىپ پىشۇرۇلىدىغان كاۋاپ: خوتەننىڭ ياقما كاۋىپىنى بىر قېتىم يەپ قالغان ئادەم ئۇنىڭدىن ئۈمىد ئۈزەلمەيدۇ.

**ياقماق** I پ ① تۇتاشتۇرماق: تونۇرغا ئوت ياقماق. كۆجە ياقماق. * مالنى تاپقان باقسۇن، ئوتۇننى چاپقان ياقسۇن (ماقال). * قۇدرەت يىغلا ئۆچۈپ قالغان تاماكىسىغا سەرەڭگە يېقىپ تۇرۇپ، سوئال نەزىرى بىلەن يىگىتلەرگە قاراپ قويدى. ② نۇر، يالقۇن، يورۇقلۇق ھاسىل قىلماق، يورۇتماق، ياندۇرماق: گۈلخان ياقماق. چىراغ ياقماق. شام ياقماق. * ئۇلار ئۆيگە

كىرگەندە، بىرەيلەن ئېلېكترنى يېقىۋەتتى. ئۆينىڭ ئىچى كۆندۈزدەك يورۇپ كەتتى.

**ياقماق** II پ ① دىلغا، خاھىشىغا ماس، مۇناسىپ، باپ، خوپ كەلمەك، ماقۇل كۆرمەك، يارىماق؛ مىجەزىگە خىل كەلمەك، توغرا كەلمەك: ئاينىڭ يورۇقى ئوغرىغا ياقماس (ماقال). * كۆڭلۈڭگە ياقمسا، كۆزۈڭگە ياقماس (ماقال). * ئەلگە ياققان خار بولماس (ماقال). * بەرگەن ئالغانغا يېقىپتۇ بەرمىگەن دەرىيادا ئېقىپتۇ (ماقال). * قولۇمدىن كەلگىنى كۆڭلۈمگە ياقماس، كۆڭلۈمگە ياققىنى قولۇمدىن كەلمەس (ماقال). * بۇ مەسلىھەت بايغا بەكمۇ يېقىپتۇ ۋە قوشنىسىدىن تېزرەك شۇنداق قىلىپ قويۇشنى ئۆتۈنۈپتۇ. * بۇ ۋاقىتتا ھاۋا ياقماي، قۇسۇق كېسىلى پەيدا بولۇپ كېتىپ، ئۆلگەنلەرمۇ جىق ئىدى. ② پايدا قىلماق، خىل كەلمەك: بۇ دورا ماڭا ياقمىدى.

**ياقماق** III پ ① بىرنەرسىنى ئىككىنچى بىرنەرسىگە يېقىن ئەكىلىپ تەگكۈزمەك، چاپلىماق: كۆندۈزى گەپ قىلساڭ، ئەتراپىڭغا باق، كېچىسى گەپ قىلساڭ، قۇلاقنى ۋۇلاققا ياق (ماقال). * شۇ چاغدا كەنجى ئوغۇل تامنىڭ ئارقىسىدىن يۈگۈرۈپ چىقىپ، ئانىسىنىڭ مەڭزىگە مەڭزىنى يېقىپ «ۋاي ئانام» دەپ يىغلاشقا باشلاپتۇ. ② بىرنەرسىنى ئىككىنچى بىرنەرسىنىڭ يۈزىگە چاپلاپ تۇرغۇزماق: نان ياقماق. * نانىنى تونۇرغا ياق، ئاتنى ئوقۇردا باق (ماقال). * مەنمۇ چوڭ بولارمەن، تامغا تېزەك ياقارمەن (ماقال). * قۇشناچىم كىر يۇغان ياكى نان ياققان چاغلاردا موللام ئىككى بالىنى ئۆيىگە ياردەملىشىشكە ئەۋەتەتتى. ③ سۈركەپ، چىپىپ مەلۇم ئىز قالدۇرماق، پەيدا قىلماق: قوللىرىغا خېنە يېقىپسەن قىرمىزى، لالە ئىرۇرسەن موللا ھاپىزنىڭ قىزى.

**ياقسام تۇتارمۇ، كۆمسەم پىشارمۇ ← ياپسام پىشارمۇ، كۆمسەم پىشارمۇ:** — سەن ياقسام تۇتارمۇ، كومسەم پىشارمۇ دېمەستىن توغرا كېسەرلىك قىلمىساڭ بولمايدۇ، — دېدى مەنسۇر ئەكبەرگە.

**ياقۇت** I ئى (ئە) <كېئول> ① بىر خىل مىنېرال. خىمىيىلىك تەركىبى $Al_2O_3$ . بەزىدە تەركىبىدە ئاز مىقداردا تۆمۈر، تىتان ياكى خروم قاتارلىقلار بولىدۇ. ئۈچ ياقلىق كرىستال سىستېمىسىغا كىرىدۇ. كرىستالى كۆپىنچە بەل دۇمبىقىغا ئوخشايدۇ، قۇراشمىسى دانىچە، زىچ كاللەك ھالەتتە بولىدۇ، رەڭگى ئادەتتە كۆكۈچ كۆل رەڭ ياكى سارغۇچ كۆل رەڭ، سۈزۈك ھەم تەركىبىدە ئاز مىقداردا خروم بولغان قىزىل رەڭلىكلىرى قىزىل ياقۇت، سۈزۈك ھەم تەركىبىدە تىتان بولغان كۆك رەڭلىكلىرى كۆك ياقۇت دېيىلىدۇ. تەركىبىدە تۆمۈر بولغانلىرى قوڭۇر؛ مانگان بولغانلىرى ئەتىرگۈل رەڭگىدە بولىدۇ. ئەينەك پارقىراقلىقىغا ئىگە، قاتتىقلىقى 9؛ سېلىشتۇرما ئېغىرلىقى 3.95 — 410. ② ئاياللارنىڭ ئىسمى.

**ياقۇت** II ئى <ئىرق> مۇشۇ نام بىلەن ئاتالغان مىللەت ۋە بۇ مىللەتكە مەنسۇپ كىشى.

**ياقۇت تىلى** <تىل> ياقۇتلار ئىشلىتىدىغان تىل. بۇ تىل ئالتاي تىللىرى سىستېمىسىنىڭ تۈركىي تىللار تۈركۈمىگە كىرىدۇ. روسىيە فېدېراتسىيىسىنىڭ ياقۇتىستان ئاپتونوم جۇمھۇرىيىتىدە قوللىنىلىدۇ.

**ياقۇتچە** ① سۈپ. ياقۇت خەلقىگە، ئۇلارنىڭ تىلى، يېزىقى، ئەدەبىياتى ۋە مەدەنىيىتىگە ئائىت: ياقۇتچە ئادەت. ياقۇتچە ئۇسسۇل. ② ئى. ياقۇت تىلى ۋە يېزىقى: ئۇ ياقۇتچىنى ياخشى بىلىدۇ. ③ رەۋ. ياقۇت تىلىنى ئىشلىتىپ، ياقۇت تىلىدا: ئۇلار ياقۇتچە سۆزلىشىپ كەتتى.

**ياقۇتلار** ئى <ئىرق> ياقۇت مىللىتى، ياقۇت خەلقى. ئۇلار ياقۇتىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئاساسىي ئاھالىسىنى تەشكىل قىلىدۇ.

**ياقۇتلۇق** سۈپ. ياقۇتى بار، ياقۇت ئورنىتىلغان: نۇسرەت تىترەپ تۇرغان قولى بىلەن ئۈزۈكنى ئېلىپ بارمىقىغا سالدى-دە، كېيىن ئۆزىنىڭ ئاق ياقۇتلۇق ئۈزۈكىنى چىقاردى.

**ياقىسىز** سۈپ. ياقىسى يوق، ياقا ئورنىتىلمىغان: ياقىسىز كۆڭلەك. ياقىسىز يەكتەك.

**ياقىلاتماق** « ياقىلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئازادە، يورۇق بۆلۈمنىڭ تام ياقىلىتىپ قويۇلغان كىرىشلىرىدا بۇ قېتىمقى تەكشۈرۈشكە قاتناشقان بارلىق خادىملار ۋە ئىدارە باشلىقلىرى ئولتۇراتتى.

**ياقىلاشماق** I « ياقىلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**ياقىلاشماق** II پ. ياقا بوغۇشۇپ ئۇرۇشماق، مۇشتىلاشماق، ياقا تۇتۇشماق، ياقا سىقىشماق: ئۇ ئېرى بىلەن ياقىلىشىپ قالسا، ئېرىنىڭ يۈزسىزلىك قىلىپ قويۇشىدىن ئەنسىرىدى.

**ياقىلىق** سۈپ ① ياقىسى بار، ياقا ئورنىتىلغان: ئەغزەمنىڭ بويى ئىلگىرىكىدىن يەنىمۇ ئۆسكەن بولۇپ، ئۇچىسىغا يالاڭ چاپان، ئىچىدە ئۆرە ياقىلىق ئاقۇچ كۆڭلەك بار ئىدى. * مېھمانخانىدا ئۈچ يىلدىن بېرى تاماكا يوپۇرماقلىرى سېلىپ ساقلانغان مەخمەل ياقىلىق، ئۆڭۈپ كەتكەن ۋە مودىدىن قالغان غەلىتە فراكلار پەيدا بولۇشقا باشلىدى. ② ياقا تىكىش ئۈچۈن لايىق كېلىدىغان، باپ كېلىدىغان، ياقا تىكسە بولىدىغان: ئوغلۇمنىڭ يۇقىرىقى كالپۇكىنىڭ ئۈستىدە خۇددى كىچىكرەك بىر ياقىلىقنى بېكىتىپ قويغاندەك قويۇق قاپقارا بۇرۇت بار ئىدى.

**ياقىلىماق** پ. تام، يول، دەريا، ئۆستەڭ، قاتارلىقلارنى بويلاپ ماڭماق، يۆرمەك: سۇ ياقىلىماق. دەريا ياقىلىماق. * تام ياقىلىساڭ تام باسار (ماقال). * ئايپاشا تۇرسۇنغا قاراپمۇ قويماي قىر ياقىلاپ كېتىپ قالدى. * نادەم مەكتەپ قورۇسىغا يېتىپ كېلىپ، تۆت ئەتراپقا تازا زەن سېلىپ قاراپ چىقتى-دە، ئاندىن تام ياقىلاپ قاراڭغۇ دېرىزە تۈۋىگە كەلدى.

**ياقماق** پ. دىئال. چايقىماق، يۇماق.

**ياق-ياق** « ياق I » سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى: – ياق-ياق، ھېچنېمە يېمىدىم، – دەپ كۆڭلىكنى چۇشۇرۇپ، تومپىيىپ تۇرغان قورسىقىنى يېپىۋالدى ئەركىن.

**ياكسا** I سۈپ (سانس) <دىن> ئادەم يەيدىغان، ئادەمخور.

**ياكسا** II ئى <جۇغ> ئېلىمىزنىڭ شەرقىي شىمالىدىكى بىر جاينىڭ نامى.

**ياكسا ئۇرۇشى** <تارىخ> XVII ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا چىڭ ھۆكۈمىتى بىلەن چارروسىيە ئوتتۇرىسىدا بولۇپ ئۆتكەن ئۇرۇش. بۇنىڭدا، چىڭ ھۆكۈمىتى قوشۇنلىرى شەنخەيگۇەندىن كىرگەندە، چارروسىيە پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئېلىمىزنىڭ شەرقىي شىمالىي رايونىغا تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەن ھەمدە ياكسا

قاتارلىق جايلارنى زورلۇق بىلەن ئىگىلىۋالغان. 1685-ۋە 1686-يىللىرى پادىشاھ كاڭ شىنىڭ بۇيرۇقى بويىچە چىڭ قوشۇنلىرى ياكسانى ئىشغال قىلىۋالغان روسىيە تاجاۋۇزچى قوشۇنغا ھۇجۇم قىلغان. روسىيە قوشۇنلىرى ئېغىر چىقىم تارتىپ، جۇڭگو، روسىيە ئىككى دۆلەتنىڭ شەرقتىكى چېگرا مەسىلىسىنى سۆھبەت ئارقىلىق ھەل قىلىشقا قوشۇلۇشقا مەجبۇر بولغان.

**ياكور** ئى (ر) <فىز> ئېلېكتر ماشىنىسىدىكى ئېنېرگىيە ئالماشتۇرىدىغان ئورۇن، يەنى ئېلېكتر ماشىنىسىنىڭ مۇھىم بۆلەكلىرىدىن بىرى. ئۇ ئورام گورۇپپىسى بىلەن كرېمنىيلىق پولات پلاستىنكىلارنى قاتلاشتىن ياسالغان تۆمۈر ئۆزەكتىن تۈزۈلىدۇ.

**ياكى** باغل. سۆز، سۆز بىرىكمىلىرىنى ۋە جۈملىلەرنى بىر-بىرى بىلەن باغلايدىغان تاللاش باغلىغۇچىسى: شەھەر ئەتراپىدىكى دېھقانلار ئۇلاغقا مىنىپ ياكى رېزىنكا چاقلىق ئېشەك ھارۋىلىرىدا ئولتۇرۇپ ئايىغى ئۈزۈلمەي شەھەرگە قاراپ كېتىۋاتاتتى.

**ياكى ئۆلۈم ياكى كۆرۈم ← يا ئۆلۈم يا كۆرۈم**: ئۇلۇغ ئاللانىڭ نامىنى زىكىر قىلدىم ياكى ئۆلۈم ياكى كۆرۈم دېدىم-دە، يۇرتداشلارنىڭ مۇھەببىتى غالىب كەلدى.

**ياڭ** ئى <فىز> ئەنگلىيە فىزىكا ئالىمى، تولۇق ئىسمى توماس ياڭ.

**ياڭ تەجرىبىسى** <فىز> يورۇقلۇقنىڭ ئىنتېرفېرېنسىيە ھادىسىسىنى كۆزىتىدىغان بىر خىل تەجرىبە. بۇنى 1801-يىلى ئەنگلىيە فىزىكا ئالىمى توماس ياڭ لايىھىلىگەنلىكى ئۈچۈن، ئۇنىڭ نامىدا ئاتالغان.

**ياڭاق** I ئى <بوت> ① ياڭاق ئائىلىسىدىكى يوپۇرماق تاشلايدىغان دەرەخ. يوپۇرمىقى پەيسىمان مۇرەككەپ يوپۇرماق، كىچىك يوپۇرماقلىرى ئېللىپس شەكلىدە، ئۇچلۇق مېۋىسى شار شەكلىدە بولىدۇ. سىرتقى مېۋە شۆپۈكى سىلىق، ئىچكى مېۋە شۆپۈكى قاتتىق ۋە بۇدۇر-بۇدۇر بولىدۇ. ياغىچى مەزمۇت بولۇپ، ئۇنىڭدىن ھەر خىل ئۆي جاھازلىرى ياسىلىدۇ. مېۋىسىنىڭ مېغىزى ئىستېمال قىلىنىدۇ. ياغمۇ تارتىلىدۇ، دورا قىلىشقىمۇ بولىدۇ. ② شۇ خىل ئۆسۈملۈكنىڭ مېۋىسى.

**ياڭاق چېيى** <يېم> يانچىپ يۇمشىتىلغان ياڭاق مېغىزىنى سېلىپ ئەتكەن چاي.

**ياڭاق سامسىسى** <يېم> ياڭاق مېغىزىنى ئېزىپ، پىياز بىلەن ئارىلاشتۇرۇش ئارقىلىق قىيما قىلىپ تۈگۈلگەن سامسا.

**ياڭاق مېغىزى كۆملىچى** <يېم> گۆشكە ياڭاق مېغىزىنى ئېزىپ ئارىلاشتۇرۇپ، ياغدا پىشۇرۇلىدىغان كۆملەچ.

**ياڭاق** II ئى ① <ئانات> قۇلاقنىڭ ئالدىدىكى چاچ ئۆسكەن جاي. ② <مۇز> قوۋۇزنىڭ چالغاندا چىشلەپ تۇرىدىغان ئىككى يان بۆلىكى. قوۋۇزدا بىر جۈپ بولۇپ، ئوتتۇرىسىدا تىل بولىدۇ.

**ياڭاقزار** ئى. ياڭاق دەرىخى تىكىلگەن، ئۆستۈرۈلگەن جاي؛ ياڭاقلىق: مەن بىر بېسىپ، ئىككى بېسىپ ياڭاقزارغا يېتىپ كەلدىم.

**ياڭاقلىق** ① سۈپ. ياڭاق دەرىخى بار، ياڭاق دەرىخى كۆپ تىكىپ ئۆستۈرۈلگەن،

ياڭاق تىكىلگەن: ياڭاقلىق باغ. * «جىنازا» مۇ جان-جەھلى بىلەن چېپىپ يەنە تورۇق بىلەن تەڭلىشىپ قالدى، ئەنە بەكرىكامنىڭ ياڭاقلىق ھويلىسىمۇ غۇۋا كۆرۈندى. ② ئى. ياڭاق كۆپ تىكىلگەن يەر، ياڭاق كۆپ ئۆستۈرۈلگەن، ياڭاق ئاساس قىلىنغان باغ: گاھىدا بۇغدايلىق، گاھىدا ياڭاقلىق كۆز ئالدىمىزدا نامايان بولاتتى.

**ياڭپايلى** ئى. دىئال. يانتۇلۇق، يانتۇ يەر.

**ياڭتاۋ** ئى (خەن) <بوت> ① ئاچچىقئوت ئائىلىسىدىكى دائىم يېشىل تۇرىدىغان چاتقال. يوپۇرمىقى پەيسىمان مۇرەككەپ يوپۇرماق، كىچىك يوپۇرماقلىرى تۇخۇم شەكلىدە. گۈل تاجى ياپراقچىسى ئاق ياكى سۇس سۆسۈن. گۈل كاسىسى قىزغۇچ سۆسۈن، شىرنىلىك مېۋىسى ئېللىپس شەكلىدە بولۇپ، يېشىل ياكى سېرىق رەڭدە بولىدۇ، بەش تال قىرى بار، يېيىشكە بولىدۇ. ② شۇ خىل ئۆسۈملۈكنىڭ مېۋىسى.

**ياڭجىنباڭ** ئى (خەن) <تىل> ← **ياڭجىنباڭ ئىنگلىز تىلى.**

**ياڭجىنباڭ ئىنگلىز تىلى** <تىل> جاھانگىرلار ئېلىمىزگە تاجاۋۇز قىلغان مەزگىللەردە، دېڭىز بويلىرىدىكى سودا پورتلىرىدا قوللىنىلغان بىر خىل شالغۇت تىل. بۇ تىلدا ئىنگلىز تىلىنىڭ سۆزلۈكى، خەنزۇ تىلىنىڭ گراماتىكىلىق قائىدىلىرى كۆپرەك قوللىنىلغان. ئۇنىڭدىن باشقا خەنزۇچە، ئىنگلىزچە سۆزلەر ئارىلاشتۇرۇلۇپ قوللىنىلغان ئەھۋالمۇ خېلى كۆپ ئۇچرايدۇ. بۇ خىل شالغۇت تىل بەلگىلىك ئىجتىمائىي شارائىتنىڭ مەھسۇلى بولۇپ، ئاساسەن سودىگەرلەر ئارىسىدا قوللىنىلغان، ئۇنىڭ ئۆستىگە سۆز بايلىقى ناھايىتى كەم بولۇپ، ئازادلىقتىن كېيىن ئاساسەن قوللىنىلمايدىغان بولدى.

**ياڭخۇي** ئى <مات> جەنۇبىي سۇڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن ماتېماتىكا ئالىمى.

**ياڭخۇي ئۈچ بۇلۇڭى** <مات> جەنۇبىي سۇڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن ماتېماتىكا ئالىمى ياڭخۇي يازغان «توققۇز بابلىق ئارىفمېتىكىنى تەپسىلىي چۈشەندۈرۈش» دېگەن ئەسەردە ئىككى ئەزالىق بېيىلمىسىنىڭ كوئېففىتسېنتلىرىنى ھېسابلاش جەدۋىلى بېرىلگەن. كېيىنكىلەر ئۇنى «ياڭ خۇي ئۈچ بۇلۇڭى» دەپ ئاتىغان.

**ياڭراتقۇ** ئى <فىز> ئاۋازنى چوڭايتىپ، ئاۋاز ئۈنۈمىنى ياخشىلاپ بېرىدىغان ئېلېكترونلۇق قۇرۇلما: ئۈنئالغۇنىڭ ياڭراتقۇسى.

**ياڭراتماق** «ياڭرىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئالقىش ياڭراتماق. ناخشا ياڭراتماق. * مەشرەپ قايناپ كەتتى، داپ، راۋاب، ساپايىنىڭ ئاۋازى ساتارنىڭ ئاۋازىغا قوشۇلۇپ گۈمبەزنى، گۈمبەزدىن چىقىپ جاھاننى ياڭراتقان ھەيۋەتلىك ئاۋازغا ئايلاندى.

**ياڭراشماق** «ياڭرىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: شۇ چاغ يالغۇز ناخشىلا ئەمەس، ئوركېستىرمۇ تىنماس ياڭرىشىپ، شۇ چاغ بۇ جاي ئاۋات ۋەتەنىدە، بىر چىمەندەك تۇرار يارىشىپ.

**ياڭراق** سۈپ. جاراڭلاپ تۇرىدىغان؛ جاراڭلىق، ئۈنلۈك: ياڭراق سادا. ياڭراق ئاۋاز. * ماھىر سازەندىلەر چېلىۋاتقان نەي بۈركۈتنىڭ قانات سۆڭىكىگە نەقىش ئويۇپ

ياسالغان بولۇپ، نەي ساداسى يېقىملىق ۋە ياڭراق، خۇددى كۆكتە پەرۋاز قىلىۋاتقان بۈركۈتنىڭ ئاۋازىغا ئوخشايتتى.

**ياڭراق تاۋۇش** <تىل> تەلەپپۇز قىلغاندا چەكسىز ئۇزارتقىلى بولىدىغان تاۋۇشلار. مەسىلەن، سوزۇق تاۋۇش، دىماغ ئۈزۈك تاۋۇشى، قوۋۇز ئۈزۈك تاۋۇشى قاتارلىقلار.

**ياڭراقلىق** ① «ياڭراق» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى. ② <فىز> ئاۋازنىڭ كىشىلەرگە سېزىلىدىغان كۈچلۈك-ئاجىزلىق دەرىجىسى. ئۇ تەۋرىنىش ئامپىلىتۇدىسىنىڭ چوڭ-كىچىكلىكى، چاستوتىسىنىڭ يۇقىرى-تۆۋەنلىكى ۋە دولقۇن شەكلىگە مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ. ياڭراقلىق، تېمبىر ۋە ئاھاڭ مۇزىكىلىق ئاۋازنىڭ ئۈچ ئالاھىدىلىك پارامېترىدۇر.

**ياڭرىماق** پ. ئۈنلۈك، جاراڭلىق چىقماق، جاراڭلىق ئاڭلانماق، جاراڭلىماق: كىم بىلسۇن، مېنىڭ ناخشامغا ئۇلىشىپلا باغ تەرەپتىن ئۇنىڭمۇ جۇشقۇن ئاۋازى ياڭرىدى. * مېنىڭ ئىككىنچى ئۇقۇم بىلەن تەڭ ئارقا تەرەپتىن ئوق ئاۋازلىرى ياڭراپ كەتتى.

**ياڭزا** ئى (خەن) بىرەر نەرسىنىڭ مەلۇم شەكىلدىكى تۈرى؛ پاسون، شەكىل: ئىككىمىز خۇددى قوي قوزىسىدىن، لەغمەن سوزىسىدىن، چىغرىق پوزىسىدىن، بۇلبۇل باغدىن، كېپىك تاغدىن، چىراغ ياغدىن، بەڭگە غاڭزىسىدىن، خېنىم ياڭزىسىدىن ئايرىلغاندەك ئايرىلىپ كەتتۇق. * چۆچۈپ قارىسام، ماموت ئاكام چاۋاڭ چالغاننىڭ ياڭزىسىنى قىلىپ تۇرۇپلا قېلىپتۇ.

**ياڭزا-ياڭزا** خىلمۇخىل، ھەر خىل: بۇ چاغلاردا ئۇنىڭ ئەتىۋارلىق ھېلىقى ياڭزا-ياڭزا ئاتلىرى ئۆچۈپ، ئەمدىكى نامىي «نۇسرەت نۆل» بولغانىدى. نۇسرەت، مانا شۇنداق نۆلدەك تۈگۈلۈپ ياتاتتى.

**ياڭزىمۇياڭزا** سۈپ. ھەر خىل، ھەر ياڭزا، خىلمۇخىل، تۈرلۈك، تۈمەن: يازنىڭ بۇنداق ھاۋا ئوچۇق، تەبىئەت گۈزەللىك ھۆسنىگە تولغان يەكشەنبىلىرىدە قىزلار ياڭزىمۇياڭزا كىيىملىرىنى كىيىشىپ، كىچىك سومكىلىرىنى بىلىكىگە ئېسىشىپ كوچا ئايلىنىشنى ياخشى كۆرىدۇ.

**ياڭزىجاڭ** ئى (خەن) <جۇغ> چاڭجياڭ دەرياسىنىڭ قەدىمكى نامى. ئەسلىدە چاڭجياڭ دەرياسىنىڭ يىجۇ، ياڭجۇ شەھەرلىرىدىن ئۆتكەن قىسمى ياڭزىجاڭ دەپ ئاتىلاتتى، كېيىن پۈتكۈل چاڭجياڭ دەرياسى ياڭزىجاڭ دەپ ئاتالغان. ھازىر ھەر ئىككى ئىسىم تەڭ قوللىنىلماقتا.

**ياڭزىجاڭ تىمساھى** <زوئول> يەر بېغىرلىغۇچى ھايۋان. تېنىنىڭ ئۇزۇنلۇقى ئىككى مېتىر بولۇپ، كىچىك تىپتىكى تىمساھلار قاتارىغا كىرىدۇ. دۈمبە تەرىپىدە توغرىسىغا سوزۇلغان ئالتە قاتار مۈڭگۈز ماددىلىق تەڭگىچىلىرى بولىدۇ. تېنىنىڭ رەڭگى تۇتۇق قوڭۇر بولۇپ، سېرىق داغلىرى بار. سۇ ئۈزۈشكە ماھىر. كۈندۈزى دەريا، كۆل بويىدىكى ئۆڭكۈرلەردە يوشۇرۇنۇپ ياتىدۇ، كېچىسى چىقىپ ئوزۇقلۇق ئىزلەيدۇ. ئاساسەن بېلىق، راك، پاقا قاتارلىق كىچىك ھايۋانلارنى يەيدۇ. مەملىكىتىمىزنىڭ چاڭجياڭ دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىمىدىكى ۋۇخۇ كۆلى، تەيخۇ كۆلى قاتارلىق جايلاردا ياشايدۇ.

**ياڭسۇك** سۈپ. دىئال. چىدىماس، نامەرد؛

ھاكاۋۇر، پوچى، ياسانچۇق.

**ياڭشماق** پ. دىئال. كۆپ سۆزلىمەك، مەمەدانلىق قىلماق؛ سايراپ كەتمەك.

**ياڭگىر** ئى (خەن) <ئۇس> ← **ياڭگىر ئۇسسۇلى**.

**ياڭگىر ئۇسسۇلى** <ئۇس> شىمالدىكى خەنزۇ دېھقانلار ئارىسىغا كەڭ تارقالغان بىر خىل مىللىيچە ئۇسسۇل. بۇنىڭدا كىشىلەر جاڭ ۋە دۇمباق رىتىمىغە ئەگىشىپ ئۇسسۇل ئوينايدۇ. بەزى رايونلاردا كىچىك تىياتىرغا ئوخشاش ۋەقەلىكمۇ بولىدۇ.

**ياڭلى** ئى (خەن) <مال> ← **ياڭلى پۇلى**.

**ياڭلى پۇلى** <مال> 1933-يىلى سەر ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، يۇەنگە ئۆزگەرتىلىشتىن ئىلگىرى خەنكۇدا تارقىتىلغان بىر خىل ھېساب خاتىرىلەش پۇلى. ئۇنىڭدا نەق كۈمۈش بولماستىن پەقەت ھېساب خاتىرىلەش ئۈچۈنلا قوللىنىلغان. نەق پۇلغا ھاجىتى چۈشكەندە ياڭلى پۇلنى شۇ جايدىكى كۈمۈش قۇيمىخانىلاردا قۇيۇلغان «گۈباۋ» پۇلغا سۇندۇرۇپ ئىشلىتىلگەن. 970 سەر گۈباۋ پۇلى 1.000 سەر ياڭلى پۇلغا سۇندۇرۇلغان.

**ياڭ ۋېي** ئى (خەن) <تارىخ> تەيپىڭ تيەنگو رەھبەرلىرى ياڭ شيۇچىڭ بىلەن ۋېيچاڭخۇينىڭ قوشما نامى.

**ياڭ ۋېي ۋەقەسى** <تارىخ> تەيپىڭ تيەنگو رەھبەرلىك گۇرۇھى ئىچىدە 1856-يىلى يۈز بەرگەن ئېغىر سىياسىي كۆرەش. تەيپىڭ تيەنگو دۆلىتى نەنجىڭنى پايتەخت قىلغاندىن كېيىن، شەرقىي سەركەردە ياڭ شيۇچىڭ خىزمەت كۆرسەتتىم دەپ ئۆزىگە تەمەننا قويۇپ ئۆكتەملىك قىلىدۇ ھەمدە ئۆزىنى «پادىشاھى ئالەم» دەپ ئاتىماقچى بولىدۇ. خوڭ شيۇچۈەننىڭ مەخپىي يارلىقى بىلەن ۋېي چاڭخۇي 9-ئايدا ياڭ شيۇچىڭ ۋە ئۇنىڭ قول ئاستىدىكىلىرى، ئائىلە تاۋابىئاتلىرى بولۇپ 20 مىڭدىن ئارتۇق كىشىنى قىرىپ تاشلايدۇ. 11-ئايدا ۋېي چاڭخۇي يەنە خوڭ شيۇچۈەن تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلىدۇ. بۇ ۋەقە تەيپىڭ تيەنگو ئىنقىلابىنى ئېغىر زىيانغا ئۇچرىتىدۇ.

**ياڭيۇ** ئى (خەن) <بوت> ① چېيزە ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. يوپۇرمىقى پەيسمان مۇرەككەپ يوپۇرماق. كىچىك يوپۇرمىقى ساپاقلىق، يۇمىلاق ۋە تۇخۇمسىمان، گۈلى ئاق ياكى كۆكۈچ سۆسۈن. يەر ئاستى تۈگۈنەك غولى سېمىز ۋە يوغان، يېيىشكە بولىدۇ. ② شۇ خىل ئۆسۈملۈكنىڭ تۈگۈنەك غولى. ئادەتتە كۆكتات قىلىنىدۇ.

**ياڭيۇ خانقىزى** <زوئول> خانقىزنىڭ بىر خىلى. قاتتىق قاسىرىقى بولۇپ، ئۈستىگە سارغۇچ قوڭۇر رەڭلىك ئىنچىكە تۈكلەر ئۆسكەن بولىدۇ. قالقان قانتى يۈزىدە 28 دانە قارا مېڭى بار. يېتىلگىنى ياڭيۇ، پەمىدۇر، پۇرچاق قاتارلىقلارغا زىيان سالىدۇ.

**ياڭيۇگۈل** ئى (ياڭيۇ+گۈل) <بوت> ① مۇرەككەپ گۈللۈكلەر ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. يوپۇرمىقى ئۇدۇل ئۆسۈپ، پەيسمان يېرىلىدۇ. تۈگۈنەك يىلتىزى بولىدۇ. گۈلىنىڭ رەڭگى خىلمۇ خىل بولۇپ، مەنزىرە ئۆسۈملۈكى قىلىنىدۇ. ② شۇ خىل ئۆسۈملۈكنىڭ گۈلى.

**يال** ئى. ئاتنىڭ بويۇن قىلى: ھەسەن-ھۈسەنىدەك يېراق سوزۇلغان، ھەممە يوللارنىڭ تۇگۈنى بۇ يەر. كىشنەپ مەنزىلگە تەلپۈنۈپ تۇرغان، بوز يال تۇلپارنىڭ يۈگىنى بۇ يەر.

**يالا** ئى. باشقىلارنى قارىلاش، ئەيىبلەش مەقسىتىدە ئويلاپ چىقىرىلغان ئاساسسىز گەپ-سۆز، تۆھمەت، بەتنام، بوھتان، قارا: قازانغا يولۇقساڭ قارىسى يۇقار، يامانغا يولۇقساڭ يالىسى (ماقال). * يالا ۋە تۆھمەتنىڭ قۇربانى بولۇپ، ئېگىلمەس باشلارنى باستى گەجگىدىن. باشقىلارنى قۇش قىلدى، ئۇۋغا چىقتى ئۇ، مەزلۇملار گېلىنى ماتاپ سىقتى ئۇ.

**يالا چاپلىماق** بەتنام، بوھتان، قارا چاپلىماق، تۆھمەت قىلماق؛ ئىغۋا تاراتماق: ئاسىم مۇدىرنىڭ قول ئاستىدىكىلەرگە خوجايىنلىق قىلىشقا ئامراقلىقى، ئۆزىگە پىكىر بەرگۈچى بىلەن ئۆلگىچە ئۆچەكىشىدىغانلىقى، گۇمانخور، قىتىغۇرلۇقى، ئىچى تار ۋە يالا چاپلاشقا ئۇستىلىقىنى ئاڭلىغان، لېكىن تېخى مۇدىردىن زىيان كۆرمىگەنىدى.

**يالاتماق** I ① « يالىماق I » پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇ بالىسىغا تەخسىدىكى قالدۇق ھالۋىنى يالاتتى. ② <خىم> ئېلېكترون ياكى باشقا خىمىيىلىك ئۇسۇللار بىلەن بىر خىل مېتاللىنى يەنە بىر خىل مېتال ياكى باشقا بۇيۇملار يۈزىگە نېپىز بىر قەۋەت قىلىپ يۇقتۇرماق. مەسىلەن، ئالتۇن يالىتىش، كۈمۈش يالىتىش قاتارلىقلارغا ئوخشاش.

**يالىتىپ سۇغىرىش** <سۇ> ئېتىزنىڭ نەملىكى تولۇق بولمىغاندا، نەملىكنىڭ كېمىنى تولۇقلاش يۈزىسىدىن ئېتىز يۈزىنى سەل-پەل يالىتىپلا بولدى قىلىدىغان بىر خىل سۇغىرىش شەكلى.

**يالاتماق** II « يالىماق II » پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**يالاشماق** I « يالىماق I » پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: بۆلتۈر ئۇلار يېللىق يېمەك-ئىچمەك، يەم-خەشەكلىرىنى غەملەپ، ھەربىر ئائىلە يەنە نەق ئىككى مىڭ تەڭگە ئارقىسىغا سېلىۋالدى. بىز كالپۇكلىرىمىزنى يالىشىپ قالدۇق.

**يالاشماق** II « يالىماق II » پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئاتالمىش يۇرت كاتتىلىرى ئامبالنى يالىشىپ يامۇلغا كىرىپ كېتىشتى.

**يالاق** ئى. ئىت، مۈشۈك قاتارلىق ھايۋانلارنىڭ ئوزۇقلىنىدىغان قاچىسى: يالاقچى يالاق بىلەن ماڭىدۇ، تېجەمەل تاياق بىلەن ماڭىدۇ (ماقال).

**يالىقىنى يالىماق** قۇللۇق قىلماق، قۇللارچە خۇشامەت قىلماق: ئارتۇق گېپىڭنى قوي، بېرىپ ئۇجمەڭنى تېرىپ يە، يالىقىڭنى يالاپ يۈرىۋەر!

**يالىقى يېرىلماق** قىلغان خۇشامىتى كۆتكىنىدەك نەتىجىگە ئېرىشەلمەي قالماق، خۇشامىتى بىكار كەتمەك؛ تەخسىسى چېقىلماق: ئاتا مىراس سەلتەنىتىنىڭ، نىجات-ئىقبالىنىڭ بىردىنلا ھالاۋەت گىرداۋىدىن قايتىپ، تەلەي چوققىسىغا ئۆرلەپ كەتكەنلىكىدىن خۇشال بولۇۋاتقان ئابلىز قارىنىڭ يالىقى يېرىلىپ، ئاغزى قۇلاق تۈۋىگىچە يەتتى.

**يالاقچى** ئى. باشقىلارغا خۇشامەت، تەخسىكەشلىك بىلەن خىزمەت قىلىپ، ئۇلاردىن نەپ ئالىدىغان كىشى: يالاقچى يالاق بىلەن ماڭىدۇ، تېجەمەل تاياق بىلەن (ماقال). * ئۇن خوجايىندىن بىر يالاقچى يامان (ماقال). * توخۇ تورنا، بۆرە قاراقچى،

تۈلكە ماراقچى، سىخىزخان ياللاقچى نامىنى ئالغان ئول زاماندا بىر پادىشاھ ئۆتكەنىكەن. * شۇ ئارىدا مىلتىق تۇتقان تۆت-بەش ئەسكەر ۋە تاپانچىلىق بىرنەچچە ياللاقچى يۈگۈرۈپ يېتىپ كەلدى.

**ياللاقچىلىق** ئى. باشقىلارغا خۇشامەت، تەخسىكەشلىك قىلىش؛ خۇشامەتچىلىك، خۇشامەتگۈيلۇق: ياللاقچىلىق قىلماق. * قازىنىڭ ياللاقچىلىقى ئۇنىڭ مۇغەمبەرلىك بىلەن پىلدىرلاپ تۇرغان كۆزلىرىدىن بىلىنىپ تۇراتتى.

**ياللاڭ I** ① رەۋ. دائىم، ھەمىشە، ھەممە ۋاقىت، نوقۇل: — سىزنىڭ ئالدىڭىزغا ياللاڭ ئاشۇنداق ئادەملەر كېلىدىغان بولغاچقا ئادەتلىنىپ قالغان گەپ-تە، — دېدى ئۇ مىيىقىدا كۈلۈمسىرەپ. ② يۈك. «پەقەت، ساپ، غىچ، يالغۇز» قاتارلىق مەنىلەردە چەكلىنىشنى بىلدۈرىدۇ: مۇز داۋاندا قار ياغدى، تۈزلەڭدە ياللاڭ يامغۇر. دەردمەنلەرگە كۈن بەرمەس، دۈۋاڭ چېرىكى قانخور.

**ياللاڭ II** سۈپ ① ئەستەرلەنمىگەن ياكى ئەستىرىگە پاختا ئېلىنمىغان، نېپىز، بىر قات: ياللاڭ پەشمەت. ياللاڭ كىيىم. * ئۇنىڭ ئالدىدا ياللاڭ ھەرىبىيچە چاپان كىيگەن، يۈزلىرى سوغۇقتا يېرىلغان، بېلىنى تاسما پوتا بىلەن چىڭ باغلىغان ياش يىگىت كۈلۈمسىرەپ تۇراتتى. * ئايشەمنىڭ كىيىمى ياللاڭ ئىدى، ماھىرە چاپىنىنى سېلىپ ئۇنىڭغا كىيدۈرۈپ قويدى. ② قىنىسىدىن چىقىرىلغان، ياكى غىلاپسىز، قىنسىز؛ يالىڭاچ (قىلىچ، پىچاق ھەققىدە): خان ئوغۇل بىلەن سۇباشى توغرۇلبەگ ئۈچ-تۆت غۇلاچچە نېرىدا توختاپ، ياللاڭ قىلىچىنىڭ پاينىكىنى پېشانىلىرىگە قويۇپ ئۈزەڭگىدە تىك تۇرۇپ تەڭ ئاۋاز بىلەن ۋارقىرىدى.

③ تاق، يالغۇز: ياللاڭ پەش. ياللاڭ تىرناق.

**ياللاڭ باغ** <خىم> بىرىكمە مولېكۇلىسىدىكى ئىككى ئاتوم ئوتتۇرىسىدىكى بىر جۈپ ئېلېكتروندىن ئورتاق پايدىلىنىش ئارقىلىق تۈزۈلگەن باغ. ئادەتتە بىر تال سىزىقچە بىلەن ئىپادىلىنىدۇ.

**ياللاڭ پەش** <تىل> قوش پەشكە نىسبەتەن رولى كىچىك بولغان تىنىش بەلگىسى. جۈملىدە قوش پەش ئىچىدە كەلگەن كۆچۈرمە تەركىبلەر ياللاڭ پەش ئىچىگە ئېلىنىدۇ. ئۇيغۇر تىلىدا ياللاڭ پەش ۋەزىپىسىنى ياللاڭ تىرناق ئۆتەيدۇ.

**ياللاڭ پەشمەت** ياز كۈنلىرى كىيىدىغان پاختىسىز پەشمەت.

**ياللاڭ تورنىك** <تەن> ① گىمناستىكا ئەسۋابى. تىرىگۈچى ئىككى تۈۋرۈك ئۈستىگە بىر تال تۆمۈر بالداقنى ئورنىتىش ئارقىلىق ياسالغان. ② گىمناستىكا مۇسابىقە تۈرى. بۇنىڭدا تەنھەرىكەتچىلەر ياللاڭ تورنىك ئۈستىدە ھەر خىل ھەرىكەتلەرنى ئورۇندايدۇ.

**ياللاڭ تىرناق** <تىل> جۈملىدە قوش تىرناق ئىچىدە كەلگەن كۆچۈرمە تەركىبلەر ئېلىنىدىغان، كۆچۈرمە تەركىبلەرنىڭ قاتلام مۇناسىۋىتىنى ئىپادىلەيدىغان، قوش تىرناققا نىسبەتەن رولى كىچىك بولغان تىنىش بەلگىسى ( < > ).

**ياللاڭ چەك** <مال> ھېچقانداق ھۆججەتلەر قوشۇمچە قىلىنمايدىغان، خەلقئارا سودا مۇئامىلىسىدە ئازراق قوللىنىلىدىغان چەك. پەقەت كىرا ھەققى، سۇغۇرتا ھەققى ئېلىش ۋاقىتلىرىدا قوللىنىلىدۇ.

**ياللاڭ ئۆسۈم** <مال> ئۆسۈم ھېسابلىغاندا

ئالدىنقى مەزگىلنىڭ ئۆسۈمنى دىرگە قوشماي، پەقەت دىر بويىچىلا ھېسابلىنىدىغان ئۆسۈم.

**یالاڭباش** سۈپ (یالاڭ+باش) بېشىغا بىرەر نەرسە كىيمىگەن، ئارتمىغان، باش كىيمىسىز: یالاڭباش، بۇغداي ئۆڭلۈك، قارا كۆزلىرىدىن ئوت يېنىپ تۇرغان ئون سەككىز ياشلاردىكى ئوقۇغۇچى ئالدىدىكى شىرەنى ئىككى قولىدا چىڭ باسقان ھالدا قىزغىنلىق بىلەن سۆزلىمەكتە ئىدى.

**یالاڭباشتاق** سۈپ (یالاڭ+باش+تاق) ← **یالاڭباش**: دادىسىنىڭ ئارقىسىدىن يۈگرەپ كېتىپ بارغان یالىڭاياغ، یالاڭباشتاق بالىغا زوقلانغان غىياسىدىن بىر بېسىپ، ئىككى بېسىپ ئۇنىڭ ئارقىسىدىن كېتىپ قالدى.

**یالاڭتۆش** سۈپ (یالاڭ+تۆش) ئارانلا تۇرمۇش ئۆتكۈزۈۋاتقان؛ كەمبەغەل، نامرات، يوقسۇل: مەن مۇزەپپەر بەگنىڭ پادىسىنى بېقىپ يۈرگەندە، یالاڭتۆش يېتىم، یالىڭاياغ يىگىتنىڭ خان-پادىشاھ بولۇپ، ئادىللىق بىلەن يۇرت سوراپ، يۇرتنى گۈللەندۈرگەنلىكى توغرىسىدا سانسىز چۆچەكلەرنى ئاڭلىغانىدىم.

**یالاڭدىماق** (توغرىسى: یالاڭلىماق) ← **یالاڭلىماق**.

**یالاڭغداق** سۈپ ← **یالىڭاياغ**.

**یالاڭقات** سۈپ (یالاڭ+قات) ئەستەرسىز، نېپىز: — ئەستەرلىك چاپانىڭ ئورنىغا یالاڭقات چاپاننى بەرسىڭىز، سىز پايدا ئالغان بولمامسىز؟ — دېدىم داۋۇتقا.

**یالاڭلىق** ئى. ئىشلىتىلمىگەن بوش يەر: يولنىڭ يار تەرىپىدىكى، يامغۇر یالاپ ئېچىلغان چوڭ بىر یالاڭلىقتا، تاملىرى ئۆرۈلۈپ چۈشۈشكە باشلىغان كونا بىر مەسچىت بار ئىدى.

**یالاڭلىماق** پ. قىنىدىن، غىلىپىدىن سۇغۇرماق: — ئىككىيلەڭنى سويىمەن! — دەيتتى ئۇ پىچىقىنى یالاڭلاپ، بىردەم خالىقىقا، بىردەم رىزۋانگۈلگە يولۋاستەك ئېتىلىپ.

**یالاندى** ئى. سوپۇنىنىڭ ئىشلىتىلىپ ئېشىپ قالغان قىسمى؛ نەرسىلەرنىڭ یالىنىپ قېلىپ قالغان قالدۇقى: سەمەتنىڭ كۈچا كۆزپىسىدىن تىكىلگەن كونىراق قۇلاقچىسى بولسا ئوتتۇرىسى چاچسىز، یالاندىدەك پارقىراپ تۇرىدىغان بېشىنى سوغۇقتىن ساقلايتتى.

**یالانماق I** «یالىماق I» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**یالانماق II** «یالىماق II» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: يان-ياندا يايىسى قاسىم سىلىڭنىڭ، تۇتقۇنلار یالىنىپ كەلدۇق رەستىگە. نائىلاج قىستىشىپ ماڭدۇق باش ئېگىپ، كۆز سېلىپ ئاسفالت يولنىڭ تەكتىگە.

**یالپاق** سۈپ. ياپىلاق ۋە ياپىلاققا يېقىن، يېسسى: یالپاق بۇرۇن. * ئۇلار ئوڭ قول تەرەپتىكى ئۆينىڭ دەرۋازا دوقمۇشىدىكى بۆلۈمگە كىرگەندە ساقچى كىيىملىك یالپاق يۈز بىرەيلەن پۇقراچە كىيىنگەن ئەپەندى چىراي ئاق سېرىق بىر كىشى بىلەن نېمىلەر ھەققىدىدۇر سۆزلىشىۋاتاتتى.

**یالپاقلاتماق** «یالپاقلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇ ئايالىلارغا سەۋزىنى یالپاقلىتىپ تەييار قىلىپ قويغانىدى.

**یالپاقلاشماق** «یالپاقلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار سەۋزىنى بىردەمدە یالپاقلىشىپ بولدى.

**یالپاقلانماق** «یالپاقلىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: چامغۇر یالپاقلىنىپ توغرالغاندىن كېيىن قازانغا تاشلاندى.

**یالپاقلىماق** پ. ياپىلاق، يېسسى ھالغا كەلتۈرمەك: ئۇ چامغۇرنى یالپاقلاپ بولغاندىن كېيىن پەمدۇر توغراشقا باشلىدى.

**یالپاڭ** (توغرىسى: ياپپاڭ) ← **ياپپاڭ**.

**يالپۇز** ئى <بوت> كالپۇكسمان گۈللۈكلەر ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. غولى تۆت قىرلىق، يوپۇرمىقى ئۇدۇل ئۆسىدۇ. گۈلى سۇس سۆسۈن. غول ۋە يوپۇرماقلىرىدا ئېغىزدىن شامال چىقىرىدىغان خۇش بۇي تەم بولىدۇ، پۇراقلىق، دورا قىلىشقا بولىدۇ. ئۇنىڭدىن ئاجرىتىپ ئېلىنغان ئاروماتىك بىرىكمىنى كەمپۇت ۋە ئىچىملىكلەرگە قوشۇشقا بولىدۇ.

**يالپۇزلۇق** ① سۈپ. يالپۇز ئۆسكەن، يالپۇز بار: قېنى يامغۇردا يۇيۇلغان باغلار، ھە يۇەتلىك شەھەرنىڭ ئاۋات بازىرى؟ يالپۇزلۇق ئۆستەڭ ۋە مەر-مەر كۆل ئورنى، بولۇپتۇ گويا بىر سەھرا مازىرى. ② ئى. يالپۇز ئۆسكەن يەر: بىز ئەمدىلا يالپۇزلۇققا كەلگەندە، كىمدۇر بىرىنىڭ قاتتىق ۋارقىرىغان ئاۋازى ئاڭلاندى.

**يالت** تەق. ئومۇمەن كۆز نۇرى ۋە باشقا نۇرلارنىڭ بىرەر نەرسە ئۈستىدە دەرھال پەيدا بولۇش ياكى يوقىلىش ۋە ياكى تېزلا باشقا ياققا كۆچۈش ھالىتى: مەن رەيھاننىڭ قاپقارا كۆزلىرىدە ئۆز ئېتىقادىغا گۇمانسىز ئىشىنىدىغان كىشىلەردىلا بولىدىغان بىر خىل ئۇچقۇننىڭ يالت قىلىپ چاقنىغانلىقىنى كۆردۈم.

**يالت قىلماق** دەرھاللا، تېزلىك بىلەن، بىردىنلا: ئۇ كىتاب ئوقۇشتىن چىپپىدە توختاپ، ماڭا يالت قىلىپ بىر قارىدى-دە، يەنە دەرھال نەزىرىنى چەتكە ئالدى.

**يالتايتماق** «يالتايماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: پاشاخان ئەزىزنى سادىدا، گول، ياۋاش كۆردى، كۆڭلىدە شوخ ئەمەسكەن، دەپ ياراتمىدى. ھەتتا رەھمەنى ئۇنىڭدىن يالتايتماقچىمۇ بولدى.

**يالتايغاق** سۈپ. بىرەر ئىش-ھەرىكەتتىن ئاسان يالتىيىۋالىدىغان، يېنىۋالىدىغان؛ تولا يالتىيىپلا يۈرىدىغان: يالتايغاق ئادەم. * – قانداق دېگەن يالتايغاق نېمىسەن؟ بىردەم ماقۇل دەيسەن، بىردەم يالتىيىسەن؟ – دېدى سادىر رەنجىپ.

**يالتايماق** پ. بىرەر سەۋەب تۈپەيلى قىلماقچى بولغان گەپ-سۆز ياكى ئىش-ھەرىكەتتىن ۋاز كەچمەك؛ ئەسلىي ھالدىن ئۆزگىرىپ قالماق، يېنىۋالماق: مەن نامەت توغرۇلۇق ئويلاشتىن تېزلا يالتايدىم-دە، ئۇنىڭ يېنىدا ئاغزىنى يوغان ئېچىپ ئۇخلاۋاتقان قۇرماش ئىسىملىك قازاق يىگىتكە قارىدىم. * مايسىخان ئادىتى بويىچە ئېرى بىلەن يەنە تاكاللاشماقچى ئىدى، لېكىن نۇر چويۇننىڭ ھازىرقى ئەپتىگە قاراپ ئېغىز ئېچىشتىن يالتىيىپ قالدى.

**يالتتىدە** رەۋ «يالت» قىلغان ھالدا، «يالت» قىلىپ؛ تېزلىك بىلەن، بىردىنلا: مەن قىزنىڭ ئاجايىپ كېلىشكەن ھۆسنىگە يالتتىدە قارىغىنىمدا، يۈرىكىم «جىغ» قىلىپ قالدى.

**يالترا تماق** ① «يالترىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: پىشايۋانغا دېرىزىلەردىن چۈشكەن يورۇق نۇر قار دۆۋىلىرىنى يالترىتىپ تۇراتتى. ② <ماشىن> دېتال يۈزىگە ئىش قوشۇپ، يۇقىرى دەرىجىدە پارقىراتماق. ئادەتتە رەخت ياكى پولات سىمدىن ئىشلەنگەن يالترىتىش چاقى ئارقىلىق ئېلىپ بېرىلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە ئېلېكترولىزلاش ئۇسۇلى ئارقىلىق ئېلىپ بارسىمۇ بولىدۇ.

**يالترا شماق** «يالترىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: مەن كۆرگەن يېزىلاردا، ئوتلاقلاردا، ئادەملەر ياشاش ئۇچۇن ئالدىراشقان، سائادەت تاپقان تاغلار يۇلتۇز

كەبى قۇياش-قار نۇرلىرىدا يالتىراشقان.

**يالتىراق** ① سۈپ. يالتىراپ تۇرىدىغان، يالتىراش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە، يالتىرايدىغان، پارقىرايدىغان، پارقىراق: يالتىراق شەبنەم. * ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ تارىخىمىزدا ئۆزىگە خاس ئۇلۇغلۇقى بار. ئۇنىڭ ئوبرازىنى يالتىراق سۆزلەر بىلەن بېزەشكە بولمايدۇ. * ئۇنىڭ سەدەپتەك ئاپئاق، ئۇششاق چىشلىرى ھال رەڭ لەۋلىرى ئارىسىدا يالتىرىغاندا گوياكى ئانار دانىلىرى ئورنىغا سەدەپتەك يالتىراق ئۈنچىلەر پاتۇرۇپ قويۇلغاندەك تۇيۇلىدۇ. ② ئى. جوزا، ئۈستەللەرنىڭ ئۈستىگە سېلىش ئۈچۈن سولياۋدىن ئىشلەنگەن، يۈزى يالتىراپ تۇرىدىغان بىر خىل بۇيۇم. سولياۋ داستىخان.

**يالتىراق بېلىقلار** <زوئول> بىر خىل بېلىق. تېنى ئىنچىكە ھەم ئۇزۇن، سەل-پەل سۇزۇك، ئېغىزى چوڭ، تەڭگىچىلىرى يوق. دېڭىز ياقىلىرىدا ياشايدۇ. باش يازدا توپلىشىپ دەريا ئېقىمىغا قارشى ئۈزۈپ، تۇخۇم سالىدۇ.

**يالتىراق نۇر** <فىز> بەزى ماددىلارنىڭ يورۇقلۇق ياكى باشقا نۇرلار يورۇتقان چاغدا چىقارغان، كۆرۈنىدىغان نۇرلىرى. يورۇقلۇق ۋە باشقا نۇرلارنىڭ يورۇتۇشى توختىغان ھامان يالتىراق نۇرمۇ يوقىلىدۇ. يالتىراق نۇرلۇق چىراغ ۋە يالتىراق ئېكرانلارغا يالتىراق نۇر چىقىدىغان ماددىلار سۈركىلىدۇ.

**يالتىراق ئېكران** <فىز> يالتىراق نۇر چىقىرىدىغان ماددا سۈركەلگەن ئېكران. كۆزگە كۆرۈنمەيدىغان X نۇرى، ئۇلترا بىنەپشە نۇر، كاتود نۇرى قاتارلىقلار يالتىراق ئېكرانغا چۈشۈرۈلگەندە، كۆرۈنىدىغان نۇر چىقىرىدۇ. ئادەتتە ئۇ تېلېۋىزور، كومپيۇتېر قاتارلىقلاردا ئىشلىتىلىدۇ.

**يالتىراقلاتماق** «يالتىراقلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: كىشى ئېيتقانىنى تەكرارلاش، تېخى ھاجەت ئەمەس جايدا، قۇياش چىققاندا، ئۆگزىگە چىراغ ياققانچىلىك پايدا. نەھاجەت يالتىراقلاتماق ئۈچۈن ئالتۇنغا ھەل ئىزدەش، پارقىراق ئالتۇن ھامان ئۇزۇن يىل ياتسىمۇ لايدا.

**يالتىراقلاشماق** «يالتىراقلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**يالتىراقلانماق** «يالتىراقلىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**يالتىراقلىماق** پ. يالتىرىماق.

**يالتىرىماق** پ. نۇر چاچماق، پارقىرىماق، نۇرلانماق، چاقنىماق: ياسىنىنىڭ سۆزى ئاياغلىشىشى بىلەن تەڭ، ئەڭگۈشتەردىن ۋال-ۋۇل قىلىپ بىر نۇر چاقناپتۇ-دە، پۈتۈن ئەتراپ نۇر بىلەن يورۇغاندەك يالتىراپ كېتىپتۇ. * قىزنىڭ تۇرۇلگەن يەڭلىرىدىن چىقىپ تۇرغان ئاپئاق، بۇدرۇق بىلىكىدە كىچىككىنە سائەت يالتىراپ، يەنە بىر قولىدا يول سومكىسى ساڭگىلاپ تۇراتتى.

**يالتىراپ زەرەتلىنىش** <فىز> تۆۋەن بېسىملىق گازلارنىڭ يالتىراپ زەرەت قويۇپ بېرىش ھادىسىسى.

**يالتىيىشماق** «يالتايماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: شۇ كۈنى مېنىڭ بارمىغانلىقىمنى بىلگەندىن كېيىن ئۇلارمۇ يالتىيىشىپتۇ.

**يالت-يالت** «يالت» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى.

**يالت-يۇلت** ① «يالت» قىلغان ۋە ياكى شۇ خىلدىكى ھالەتلەر. ② ناھايىتى تېز، تېزلىك بىلەن: ماھىرە جىم بولۇپ قالدى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىن ھېلىقى كۈنى

كېچىدىكى ئىشلار گويا چاقماقتەك «يالت-يۇلت» قىلىپ ئۆتتى.

**یالجا** ئى. دىئال. نەتىجە، ئاقىۋەت.

**یالجىتماق** «یالجىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: — نېمە بولسىمۇ قۇتقۇزدۇڭ، بەگ بىزنى يالجىتمىدى، ئەمدى ئۇلارنى قويدۇرۇۋەت، — دېيىشتى جامائەت ياسىن خوجىغا تەلمۈرۈشۈپ.

**یالجىشماق** «یالجىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**یالجىماق** I پ ① بەرىكەت تاپماق، ئىلگىرى كەلمەك، روناق تاپماق، تەرەققىي قىلماق: يالغانچى يالجىماس، ئوغرى بېيىماس (ماقال). ✱ ئالدىرىغان قىز ئەرگە يالجىماپتۇ (ماقال). ✱ يالجىمساڭ يەر يۆتكە (ماقال). ✱ نېمشقا گۈلشەننى تەرك ئەيلىدىڭ، رەنجىگگە سەۋەبچى قايسى بىر نامەرد؟ ۋە لېكىن ئاچمىدى لېۋىنى چوغلۇق، سۆكۈتكە ئايلاندى، يالجىماي سۆھبەت. ② مىقدارى، ھەجمى كۆپەيمەك، ئۇلغايماق، زورايماق، ئاشماق، ئۆرلىمەك (ئوت ھەققىدە): ئوتۇڭ يالجىپ كۆيدۈرىدۇ يۈرەكنى، كۆيگەن يۈرەك بىر تۇتمىدى بىلەكنى. رەھىم قىلسا خۇدا مەندەك غېرىبقا، يېقىن قىلار يىراقتىكى تىلەكنى.

**یالجىماق** II پ. دىئال. زېرىكمەك.

**یالداما** (توغرىسى: يادنامە) ← **يادنامە**.

**یالدىماق** پ. ئاتنىڭ يالىنى قىرقىماق.

**یالغان** سۈپ. ھەقىقەتكە زىت، ناتوغرا؛ راست ئەمەس، ئويدۇرما، ساختا، ياسالما: يالغان گەپ. يالغان جاۋاب. ✱ كۆزۈڭ بىلەن كۆردۈڭمۇ؟ قۇلاق ئاڭلىغان يالغان (ماقال). ✱ يالغان راست بولماس، راست يالغان بولماس (ماقال). ✱ زەيتۇنەم بۇلۇڭ-پۇچقاقلاردا ھېچكىمگە تۇيدۇرماي يىغلاپ يۈردى، بارا-بارا، مۇنداق گەپلەرگە پىسەنتمۇ قىلمايدىغان بولدى. ✱ — سېنىڭ يالغان ئېيتىدىغان ۋاقتىڭمۇ بولىدىكەن-ھە؟ مەن ساڭا شۇنچىۋالا ئىشىنىۋاتقان يەردە يالغان ئېيتساڭ بولمايدىغانلىقىنى بىلمەمسەن؟ — دېدى ئىززەت كوماندىرى كۈلۈپ تۇرۇپ. ✱ شۇنداق قىلىپ، ئەخمەتجان دېگەن خەلقنىڭ بۇ جەسۇر پەرزەنتى ۋە دوستى ھەم خەلقنىڭ ھەقىقىي رەھبىرى، مەن 1937-يىلى ئوتتۇز مېتىر يىراقلىقتا بىر قېتىم كۆرگەن شىنجاڭ خەلقىنىڭ يالغان داھىيسى شىڭ شىسەيگە ئوخشىمايدىغان سۆيۈملۈك بىر ئادەم بولۇپ چىقتى.

**یالغان بال قارىغاي** <بوت> قارىغاي ئائىلىسىدىكى يوپۇرماق تاشلايدىغان ئېگىز دەرەخ. يوپۇرمىقى لېنتا شەكىللىك، يۇمشاق بولۇپ ئۇزۇن شېخىدا تارقاق ئۆسىدۇ، قىسقا شېخىدا توپلىشىپ ئۆسىدۇ. كۈزدە ئالتۇندەك سېرىق رەڭگە ئۆزگىرىپ، كۈز پەسلىگە ئالاھىدە ھۆسن كىرگۈزىدۇ. ياغىچى سارغۇچ قوڭۇر، يوللىرى تۈز. ئادەتتە قۇرۇلۇش ماتېرىيالى قىلىنىدۇ. ئۇرۇقىدىن ماي ئېلىنىدۇ. يىلتىز پوستى دورا قىلىنىدۇ.

**یالغان پۇت** <بىئول> بەزى بىر ھۈجەيرىلىك ھايۋانلار ۋە كۆپ ھۈجەيرىلىك ھايۋانلارنىڭ بەزى ھۈجەيرىلىرىدىن ۋاقىتلىق ئۆسۈپ چىقىدىغان پروتوپلازما ئۆسۈكچىسى. ھۈجەيرىنىڭ ھەرقانداق قىسمىدىن پەيدا بولالايدۇ ۋە يىغىۋالالايدۇ. شەكلى يوپۇرماقسىمان، يىپسىمان، يىلتىزسىمان ياكى يىگنىسىمان بولىدۇ، ھەرىكەتلەندۈرۈش ۋە ئوزۇقلۇق ئېلىش فۇنكسىيىسىگە ئىگە.

**يالغان چېتىن** <بوت> ① ئازغان ئائىلىسىدىكى يوپۇرماق تاشلايدىغان چاتقال. يوپۇرمىقى پەيسمان مۇرەككەپ يوپۇرماق، كىچىك يوپۇرمىقى تۆمۈنە شەكىلدە، گۈلى كىچىك ۋە ئاق كېلىدۇ. ئادەتتە مەنزىرە ئۆسۈملۈكى قىلىنىدۇ. ② شۇ خىل ئۆسۈملۈكنىڭ گۈلى.

**يالغان رەيھان** <بوت> كالپۇكسىمان گۈللۈكلەر ئائىلىسىدىكى سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. غولى چاسا شەكىلدە، رەڭگى سۆسۈن، كۆل رەڭ ئاق تۈكلىرى بار. يوپۇرمىقى سوقىچاق، تۆمۈنە ياكى تۇخۇم شەكىلدە بولۇپ، ئۇدۇل ئۆسىدۇ. گۈلى سۆسۈن قىزىل بولۇپ، غولى ئۇچىغا توپلىشىپ باشاقسىمان گۈل رېتىنى شەكىللەندۈرىدۇ. غول ۋە يوپۇرمىقىدىن پۇراقلىق ماي ئاجرىتىپ ئېلىنىدۇ. پۈتۈن چۆپىنى دورا قىلىشقا بولىدۇ، قىزىتمىنى قايتۇرۇش، سۈيدۈك ھەيدەش رولى بار.

**يالغان سۇگا** <بوت> قارىغاي ئائىلىسىدىكى دائىم يېشىل تۇرىدىغان دەرەخ. يوپۇرماقلىرى ئىككى قاتار بولۇپ ئۆسىدۇ، شەكلى ياپىلاق، ئۇچى ئويمان كېلىدۇ. ئېسىل ياغاچ ماتېرىيالى ھېسابلىنىدۇ، ئادەتتە قۇرۇلۇش، كۆۋرۈك، تۆمۈر يول ۋە ئۆي سايمانلىرى قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ. خۇنەن، خۇبېي، سىچۈەن، گۇيجۇ قاتارلىق ئۆلكىلەردىن كۆپ چىقىدۇ.

**يالغان سىزىق** <فىز> دىفراكسىيە راستېر ئوپۇقچىلىرىنىڭ دەۋرلىك خاتالىقىدىن پەيدا بولىدىغان، ھەقىقىي بولمىغان سپېكتىر سىزىقلىرى.

**يالغان قاپاق** <بوت> لەيلىگۈل ئائىلىسىدىكى بىر يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. ئېگىزلىكى بىر مېتىر ئەتراپىدا بولۇپ، تېرىپ ئۆستۈرۈلىدىغانلىرىنىڭ ئۈچ مېتىرغا يېتىدۇ. غولى تىك بولۇپ، يۇقىرى قىسمىدىن شاخلىنىدۇ. پۈتۈن تېنى ئاق تۈكلەر بىلەن قاپلىنىپ تۇرىدۇ. يوپۇرمىقى دۈگىلەك، يۈرەكسىمان بولۇپ، ئۇچى ئۇچلۇق، سېپى ئۇزۇن كېلىدۇ، نۆۋەتلىشىپ ئۆسىدۇ، گىرۋىكىدە ھەرە چىشلىرى بولىدۇ. گۈلى سېرىق بولۇپ، يوپۇرماق قولتۇقىدىن ئۆسۈپ چىقىدۇ. غوزا مېۋىسى يېرىم شار شەكىلدە، ئۇرۇقى يۈرەك شەكىلدە، رەڭگى قارا بولىدۇ. ئېتىزلاردا، ھويلىلاردا، يول ياقىلىرىدا ياۋا ئۆسىدۇ ياكى تېرىپ ئۆستۈرۈلىدۇ. شىنجاڭنىڭ ھەممە يېرىدىن تېپىلىدۇ، ئۇرۇقى ۋە يىلتىزى دورىغا ئىشلىتىلىدۇ، ئۇرۇقىنىڭ تەمى تاتلىق، تەبىئىتى سوغۇق، زەھەرسىز، يىلتىزىنىڭ تەمى قېرىق، تەبىئىتى مۆتىدىل، زەھەرسىز، ھەر ئىككىسىنىڭ ياللۇغلىنىشنى قايتۇرۇش، سۈيدۈك ھەيدەش، سۈت كۆپەيتىش رولى بار.

**يالغان كاشتان دەرىخى** <بوت> دۇب دەرىخى ئائىلىسىدىكى دائىم يېشىل تۇرىدىغان دەرەخ. يوپۇرمىقى ئۇزۇن، يۇمىلاق تۆمۈنە شەكىلدە، مېۋىسى شار شەكىلدە بولۇپ، سىرتقى قىسقا تىكىنى بار، ياغىچى قاتتىق، پۇختا بولۇپ، كېمە پالىقى، چىغرىق ئوقى قاتارلىقلارنى ياساشقا بولىدۇ. قوۋزىقىدا تاننات كىسلاتا تەركىبى بولۇپ، بوياق ماتېرىيالى ۋە كاشتان يېلىمى ئىشلەشكە بولىدۇ.

**يالغان گۇۋاھلىق بېرىش** <قا> سوتتا

يامان غەرەز بىلەن ساختا گۈۋاھلىقتىن ئۆتۈش قىلمىشى.

**يالغان مېھرىگىياھ** <بوت> ئارالىيە ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. يوپۇرمىقى ئالقانسىمان مۇرەككەپ يوپۇرماق، گۈلى سۇس يېشىل، مېۋىسى ياپىلاق شار شەكىللىك، يىلتىزى گۆشلىشىدۇ، تۈگۈنەك يىلتىزىدا قان توختىتىش رولى بولىدۇ.

**يالغان مېۋە** <بوت> ئىستېمال قىلىنىدىغان قىسمى ئۇرۇقدان قېپىدىن يېتىلىپ كەلگەن بولماستىن، بەلكى گۈل تېگى ياكى گۈل كاسىسىدىن يېتىلىپ كېلىدىغان مېۋە. مەسىلەن، ئالما، نەشپۈت، ئەنجۈر، ئۈجمە قاتارلىقلار يالغان مېۋە ھېسابلىنىدۇ.

**يالغان ھەرىكەت** <ھەرب> دۈشمەنگە قارىتا ئېلىپ بېرىلىدىغان ئالداش خاراكتېرلىك ھەرىكەت. بۇنىڭدىن مەقسەت، دۈشمەننى قايمۇقتۇرۇش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ھەقىقىي مۇداپىئەسىنى يوشۇرۇشتىن ئىبارەت.

**يالغان ھۇجۇم** <ھەرب> قۇرۇق ھەيۋە قىلىشتىن ئىبارەت زەربە بېرىش ھەرىكىتى. بۇنىڭدىن مەقسەت، دۈشمەننى قايمۇقتۇرۇش ۋە تۇتۇپ تۇرۇشتىن ئىبارەت.

**يالغان ھېسابات** <قا> يولسىزلىق بىلەن شەخسىي پايدىغا ئىگە بولۇۋېلىش، دۆلەت مەبلىغى ياكى بانكا قەرز پۇلىنى ئالداپ ئېلىۋېلىش، دۆلەت بېجىدىن ئۆزىنى قاچۇرۇش، پايدىنى يوشۇرۇش ۋە مۇكاپات پۇلىنى يەك ئىچىدە بۆلۈشۈۋېلىش ئۈچۈن يالغان ھېسابات ياساش، چىقىم باھانىسى بىلەن قارىسىغا پۇل ئېلىۋېلىش، يالغان ئىسىملىك تۈزۈش قاتارلىق ساختا ئۇسۇللار ئارقىلىق ئالدىغان بوغالتىرلىق ھېسابى.

**يالغان ئىسپات** <قا> سوت جەريانىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان ساختا ئىسپات.

**يالغان ئىسپات قىلىش جىنايىتى** <قا> دۆلىتىمىزنىڭ جىنايى ئىشلار قانۇنىدا بەلگىلەنگەن جىنايەت ناملىرىدىن بىرى. يەنى ئەدلىيە ئورگانلىرى تەھقىقلەش، ئەيىبلەش، سوت قىلىش جەريانىدا، شاھىت، باھا بەرگۈچى، خاتىرىلىگۈچى، تەرجىمانلارنىڭ دېلو بىلەن مۇھىم مۇناسىۋىتى بولغان ئەھۋاللار توغرىسىدا قەستەن يالغان ئىسپات بېرىپ، يالغان باھالاپ، يالغان خاتىرىلەپ ۋە يالغان تەرجىمە قىلىپ، باشقىلارغا زىيانكەشلىك قىلىش غەرىزىدە بولۇش ھەرىكىتى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

**يالغان يىلتىز** <بوت> بىر ھۈجەيرىدىن تەركىب تاپقان يىلتىز شەكلى يىپقا ئوخشايدۇ، كاناللار باغلىمى بولمايدۇ، لېكىن رولى ئادەتتىكى يىلتىز بىلەن ئوخشايدۇ. مەسىلەن، مۇخلارنىڭ يىلتىزى.

**يالغانچى** ئى. يالغان گەپ قىلىدىغان، يالغان ئىش-ھەرىكەت بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئادەم، ئالدامچى: يالغانچىنىڭ راست سۆزىمۇ يالغان (ماقال). * يالغانچىنىڭ قۇيرۇقى بىر تۇتام (ماقال). * يالغانچىغا ئۇچرىساڭ، بېشىڭغا بالا تاپىسەن (ماقال).

**يالغانچىلىق** ئى. يالغان سۆزلەش ئىشى، ھەرىكىتى: يالغانچىلىق قىلماق. * شۇنىڭ بىلەن كىشىلەر كەلمەي قويۇپتۇ. بۆرە ئۇنىڭ بىرمۇنچە قويىنى يەۋېتىپتۇ. شۇنداق قىلىپ پادىچى بالا يالغانچىلىقنىڭ زىيىنىنى تارتىپتۇ.

**يالغاندىن** رەۋ. يالغان، ساختىنا قىياپەتكە كىرگۈزۈلۈپ، ساختىلىق بىلەن: ئىككىسى ئېلىشتى، بىرنەچچە مەرتەم ئېلىشىپ بولغاندىن كېيىن، جاسارەت يالغاندىن يېڭىلگەندەك بولۇپ، مەيداندىن چېكىندى. شۆھرەت ئارقىدىن قوغلىدى.

**يالغانلىق** «يالغان» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: كۆي بىلەن سۆيگۈ ئەزەلدىن قان بىلەن گۆشتەك يېقىن، ئەھدى يالغانلىق ۋىسال تاپماق ئۈچۈن چارە ئەمەس.

**يالغان-ياۋىداق** ھېچقانداق ئاساسقا ئىگە بولمىغان، پىتنە-پاسات، پىتنە-ئىغۋا: يالغان-ياۋىداق سۆز. * «مەنىڭ ئەر كىشى، بۇنداق يالغان-ياۋىداقلارغا پىسەنت قىلمىسام بولدى، ئەمما نۇربىيە قانداق قىلىدۇ؟» ئۇ شۇلارنى ئويلاپ بېشىنى قاتۇراتتى.

**يالغۇز** ① سۈپ. شېرىكى يوق، بىر ئۆزى؛ يەككە، تەنھا، يېگانە: يالغۇز ھويلا. * يالغۇز خىش تام بولماس (ماقال). * يالغۇز ئوتۇن يانمايدۇ، يالغۇز قويۇن ئىسسمايدۇ (ماقال). * شاراپەت شەھەرگە كىرگەن كۈنى مەشۇر كەچتە سىرتقا چىقماي ياتىقىدا يالغۇز ئولتۇرۇپ قالدى. * ئۆتكەن زاماندا يالغۇز ئوغلى بار بىر باي ئۆتكەنىكەن. * ئوتتۇز يىل بولدى، مۇشۇ جاڭگالدا يانتاق چاپىمەن، خوتۇن-بالىلىرىممۇ يوق، ئۆزۈم يالغۇز تۇرىمەن. ② يۈك «پەقەت، بىرغىنا، بىرلا» دېگەن مەنىلەردە چەكلىنىشنى بىلدۈرىدۇ: ئىشقا كېتىدىغىنى ئىشقا كەتتى، مەكتەپكە بارىدىغىنى مەكتەپكە ماڭدى، يالغۇز ئاسكۈللا قالدى. * مۇنداق بىر ئىزاھلاش يالغۇز سەن ئۈچۈنلا ئەمەس، باشقا نۇرغۇن كىشىلەر ئۈچۈنمۇ زۆرۈر بولۇپ قالدى.

**يالغۇز ئاياغ يول** پىيادىلەر مېڭىشقا بولىدىغان، تار چىغىر يول: ئۇلار يانباغىرىدىكى يالغۇز ئاياغ يولدىن مېڭىپ كەتتى.

**يالغۇز بېشىمغا** ← **بىر بېشىمغا**: بەزى چاغلاردا ئەنۋەر گۆش، كۆكتات ۋە ئۇن كۆتۈرۈپ كېلىپ: — ھەدە تاماق ئەتسىڭىز بولارنى قوشۇۋەتسىڭىز، مەن يالغۇز بېشىمغا قازان قاينىتىمەن دەپ نەلەردە يۈرەي، — دەيتتى.

**يالغۇز پېرىۋوت چېكى** <مال> سوممىسى ئازراق ياكى تۈركۈم بويىچە يوللانمايدىغان مۇئامىلىلەردە بىر ۋاراقلا يېزىلىدىغان پېرىۋوت چېكى. بۇ خىل پېرىۋوت چېكىگە «يالغۇز ۋاراق» دېگەن خەت ئېنىق يېزىلىپ، «قوش بۆلەكلىك پېرىۋوت چېكى» دىن پەرقلەندۈرۈلىدۇ.

**يالغۇز جېنىمغا** ← **بىر بېشىمغا.**

**يالغۇز خروموسوما** <بىئول> ھۈجەيرىلەر بۆلۈنگەن چاغدا ئىككى ھۈجەيرىگە تەڭ بۆلۈنمەي، پەقەت بىرىگىلا ئۆتۈۋالغان يادرو خروموسومىسى.

**يالغۇز دولقۇن** <فىز> تارقىلىش جەريانىدا شەكلى ۋە تېزلىكلىرى ئۆزگەرمەيدىغان ئىمپۇلس شەكىللىك ئىلگىرىلىمە دولقۇن.

**يالغۇز گرا پتولىت** <گېئول> گرا پتولىتلار ئەترىتى، ئوتلۇقلار كەنجى ئەترىتىنىڭ بىر ئۇرۇقدىشى. تېنىنىڭ بىرلا ئەزاسى بولىدۇ. ھۈجەيرە نەيچىسى تاق قاتار بولۇپ، ئېغىز قىسمى سىرتقا قاراپ ئېگىلىپ ئىلمەك شەكلىنى ھاسىل قىلغان. ئۇلارنى سىلۇر دەۋرىدىن ئىلگىرىكى دېۋون ئېپوخاسىغىچە دۇنيانىڭ ھەممە يېرىگە تارقالغان. مەملىكىتىمىزدە جەنۇبىي ۋە شىمالىي دېۋون سىستېمىسىدىن چىقىدۇ، شىزاڭدىكى جۇمۇلاڭما چوققىسىدىن

ھەمدە گۈاڭشى، يۈننەننىڭ غەربىي ۋە سىچۈەننىڭ غەربىي قاتارلىق جايلاردا ئۆسىدىغان كۆپ يىللىق ئۆسۈملۈك ... ئىلگىرىكى دېۋون سېرىيىسىدىن چىقىدۇ.

**يالغۇز گۈل** <بوت> بىر گۈل شېخىنىڭ ئۇچىدا ئۆز ئالدىغا يالغۇز ئۆسكەن بىر تال گۈل. مەسىلەن، يالىڭاچ ماگنولىيە، مۇدەنگۈل، چوغلۇق، نىلۇپەر قاتارلىقلارنىڭ گۈللىرىگە ئوخشاش.

**يالغۇز ئېزىق** ئاتنىڭ ئۇدۇل چىشى بىلەن ئېزىق چىشىنىڭ ئارىسىدىكى چىش.

**يالغۇز ياغاچ كۆۋرۈك** <بن> پەقەت بىر تاللا ياغاچتىن ياسالغان كۆۋرۈك.

**يالغۇزەك** I ئى ① قارا ئېلىكنىڭ يېنىغا جايلاشقان پالاقسىمان ياپىلاق سۆڭەك. ② ئۆزى يالغۇز، تەنها ئادەم ياكى نەرسە: ئۇ بىچارە يالغۇزەك، شۇنى ئېنىق بىلەركەن: پېشانىسىگە بىرئۆمۈر، پۈتلىكاشاڭلار پۈتۈلگەن.

**يالغۇزەك** II ئى. تارس. نەي: شىنجاڭنىڭ بۇرغا، يالغۇزەك (نەي)، بورىيا، بالىمان، دۇمباق، غۇڭقا، بارباب، راۋاب، غېجەك قاتارلىق چالغۇ ئەسۋابلىرى ئىچكى ئۆلكىلەردىكى زۇ، چىڭ، سەي، قاتارلىق چالغۇلار بىلەن بىرلىشىپ ئىچكى ئۆلكىلەرنىڭ مۇزىكا تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈردى.

**يالغۇزچىلىق** ئى. يالغۇز قېلىش، يالغۇز يۈرۈش، يالغۇز ھايات كەچۈرۈش: يالغۇزچىلىق تارتماق. * يالغۇزچىلىقتا بەزىدە مەنمۇ جېنىمدىن جاق تويىمەن. ئادەم بالىسى دېگەننىڭ قېرىغاندىمۇ ئەرگە-خوتۇن، خوتۇنغا-ئەر لازىم بولىدىكەن. * ئۇ تېخىمۇ يېتىملىك ۋە يالغۇزچىلىق كوچىسىدا ئازاب چېكىشكە باشلىدى.

**يالغۇزدىن-يالغۇز** ئىنتايىن يالغۇز، يالغۇزلا: – يالغۇزدىن-يالغۇز داڭقان قايىنىتىپ زېرىكمىدىلىمۇ؟ – دېدى ئۇ چاقچاق قىلىپ.

**يالغۇزسىراتماق** «يالغۇزسىرىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: مەن ئۇنى يالغۇزسىرىتىپ قويماسلىق ئۈچۈن پات-پات يوقلاپ تۇردۇم.

**يالغۇزسىراشماق** «يالغۇزسىرىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار ياقا يۇرتقا بېرىپ بىرنەچچە كۈن ئۆتمەيلا يالغۇزسىراشقا باشلىدى.

**يالغۇزسىرىماق** پ. يالغۇزلۇق ھېس قىلماق، يالغۇز قالغاندەك ھېسسىياتتا بولماق، يالغۇزلۇق تارتماق: ئالماس بىلەن جۇمە كۆتكۈچىسى يوق بىر ئايال بىلەن سوغۇق ئۆيدە يالغۇزسىراپ قالغان ئىككى تۇل خوتۇننى بىر ئۆيگە ئورۇنلاشتۇرۇپ ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىنى سەرەمجانلاشتۇردى.

**يالغۇزلۇق** ئى. يالغۇز ھالەت، يالغۇز تۇرمۇش: يالغۇزلۇقتا يەر ياخشى (ماقال). * يامان يولداشتىن يالغۇزلۇق ياخشى (ماقال). * يالغۇزلۇقنى يامان ئادەم بىلەن ھەمسۆھبەت بولغاندىن ئەلا بىلگىن. * بوۋاي يالغۇزلۇقىغا قارىماي ئازراق يېرىگە ئۈزۈملۈك باغ قىلدى ۋە ئېتىز ئايلاندۇرۇپ ئۆرۈك، ئالما كۆچەتلىرىنى تىكتى.

**يالغۇزلۇق تارتماق** قىلىشقا تېگىشلىك ئىشقا يېتىشەلمەي قالماق: مەن كۆڭلۈمدە: «بۇ ئادەمنىڭ ئەمگەك كۈچى ئاز بولسا كېرەك، بىچارە يالغۇزلۇق تارتىپ قېلىپتۇ» دەپ ئويلاپ، ھېلىقى كىشىنىڭ قېشىغا بېرىپ سالام بەردىم.

**يالقاۋ** سۈپ. ئەمگەك قىلىشنى، ئىشلەشنى خالىمايدىغان، ئىش خۇش ياقمايدىغان؛ ھۇرۇن، ئېرىنچەك: يالقاۋ بالا. * ئۇنىڭ

بىر يالقاۋ ئىنىسى قويلارنى بېقىۋىدى، ئورۇقلاپ بىز تېرە، بىر سۆڭەكلا بولۇپ قالدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە قويلار كۆپەيمەي، ئازىيىۋەردى.

**يالقاۋلاشتۇرماق** «يالقاۋلاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**يالقاۋلاشتۇرۇشماق** «يالقاۋلاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**يالقاۋلاشتۇرۇلماق** «يالقاۋلاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**يالقاۋلاشماق** پ. يالقاۋ، ھۇرۇن، ئىش خوش ياقماس بولۇپ قالماق؛ ئەمگەك قىزغىنلىقىنى يوقاتماق: بۇ گەپنى ئاڭلاپ نەچچە ۋاقىتلاردىن بېرى ئۆردىدا بىكار يېتىپ يەپ يالقاۋلىشىپ كەتكەن ۋەزىرلەرنىڭ بېشىغا تاغ يىقىلغاندەك بولۇپ، دىمى ئىچىگە چۈشۈپ كېتىپتۇ.

**يالقاۋلىق** «يالقاۋ» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: يالقاۋلىق قىلماق. * يالقاۋلىق — ئىنسانغا پۇشايمان ئېلىپ كېلىدۇ.

**يالقاۋلىق قىلماق** ھۇرۇنلۇق قىلماق، ئېرىنمەك: — بۇندىن كېيىن سەن ئۇنىڭغا ئوبدان قارىشىڭ كېرەك، ئۇ ئاخىرقى ئۆمرىنى خاتىرجەم ئۆتكۈزۈۋالسۇن، سەن ھەرگىز يالقاۋلىق قىلما، — دەپتۇ بوۋاي بالىغا.

**يالقۇن** ئى ① كۆيۈۋاتقان نەرسىدىن كۆتۈرۈلگەن ئوت؛ يورۇقلۇق: تۈتۈنى كۆپ، يالقۇنى ئاز (ماقال). * بىرچاغدىن كېيىن ئۆگزىدىن ئوت ئۇچقۇنلىرى چىقىشقا باشلاپتۇ ۋە بىردەمدىلا دەھشەتلىك يالقۇنغا ئايلىنىپ كېتىپتۇ. * شۇ پەيتتە كۈندىلىك ئادىتى بويىچە ساۋۇتنى يوقلاپ تۇرىدىغان ئايىمخان ئاچا ئىشىك ئالدىدا پەيدا بولمىغان بولسا، ساۋۇت راستىنلا ئوت يالقۇنى ئىچىدە كۆيۈپ كۈلگە ئايلانغان بولاتتى. ② ئەرلەرنىڭ ئىسمى.

**يالقۇن رېئاكسىيىسى** <خىم> بەزى مېتاللارنى ياكى ئۇلارنىڭ بىرىكمىلىرىنى رەڭسىز يالقۇندا چوغلاندۇرغاندا، يالقۇندا ئالاھىدە رەڭ كۆرسىتىدىغان رېئاكسىيە.

**يالقۇن فوتومېتىر** <گېئول> يالقۇن يورۇقلۇقى بىلەن ئۆلچەش ئۇسۇلىدا ئىشلىتىلىدىغان ئانالىز ئەسۋابى.

**يالقۇن مەركىزى** <خىم> يالقۇننىڭ ئەڭ ئىچكى قىسمى. بۇ قىسمىدا گاز ئوكسىدلانمىغان بولۇپ، نۇر تارقاتمايدۇ.

**يالقۇنجاتماق** پ ← **يالقۇنلاتماق**: سۈپۈرگە مىراب بېگى بۇ چوغنى مەدەت شاملى بىلەن يالقۇنجىتىشقا بەل باغلىدى.

**يالقۇنجىماق** پ ← **يالقۇنلىماق**: بۇ كۈنلەردە ھاۋا ئىسسىق ئىدى. يەر خۇددى دەزمالدەك قىزىپ كەتكەن بولۇپ، پۈتۈن دالا تونۇرغا ئوخشاش يالقۇنجاپ تۇراتتى. * گەرچە بۇ چوغ ياسالما جىمجىتلىقنىڭ كۈلى بىلەن بىرمەھەل كۆمۈلۈپ ياتقان بولسىمۇ، ئەمدى دوستلىرىدىن كەلگەن ياشلىق — مۇھەببەت شاملىنىڭ غىدىقلىشى بىلەن قايتىدىن يالىڭاچلىنىپ ۋىلىلداپ يالقۇنجاشقا باشلىماقتا ئىدى.

**يالقۇنسىمان** سۈپ. يالقۇنغا ئوخشاش، يالقۇن ھالىتىدىكى: يارىڭىزغا نەچچە ئېيتتىم: نامىڭىزدىن خەت يازاي، ئىشقىڭىزنىڭ ئۇچقۇنىدىن بەتكە چوغلۇق گۈل تىزاي. ئويىنىتىپ ئالتۇن قەلەم دىلدارىڭىزنىڭ قەلبىدىن، چىن ئىرادە كانىدىن يالقۇنسىمان گۆھەر قازاي.

**يالقۇنسىمان تۇزۇلمە** <گېئول> يۈكلۈك تۇزۇلمە بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولغان بىر خىل تۇزۇلمە ھادىسىسى. ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكى: ئاستىدا ياتقان لاتقىلار رەتسىز تومۇر، تىل ياكى چىپار ھالەتتە

ئۈستىنى يېپىپ تۇرغان قۇم قاتلىمىغا كىرگەن بولىدۇ.

**يالقۇنسىمان گۈل رېتى** <بوت> گۈل رېتىنىڭ بىر خىلى. سىرتىنى چوڭ تېپىنكى ئورىغۇچى يوپۇرماق ئوراپ تۇرىدۇ.

**يالقۇنلاتماق** « يالقۇنلىماق » پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: يېتىپ كەپتۇ بىر ئەجدىھا، ئاغزىدىن ئوت يالقۇنلىتىپ! دەم تارتىپلا يۇتۇۋاپتۇ، ئىككى دوستىنى پالاقلىتىپ.

**يالقۇنلانماق** « يالقۇنلىماق » پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: باي دېھقانىنىڭ ياشاڭغىراپ تۇرغان كۆزلىرىدە ئۈمىد ئۇچقۇنى قايتا يالقۇنلاندى. * مەن سېغىنىشىنىڭمۇ ئادەمگە كۈچ ۋە لەززەت بېرىدىغانلىقىنى ئۆمرۈمدە بىرىنچى قېتىم سەزدىم ۋە يالقۇنلىنىپ چىقىۋاتقان مۇھەببەت ئۇتلىرىنى ناخشا قىلىپ ئېيتتىم.

**يالقۇنلۇق** سۈپ ① يالقۇنلانغان، يالقۇنلىنىپ كۆيۈۋاتقان، يالقۇنلىغان، ئوتلۇق: ھاۋا سوغۇق بولسىمۇ، يولۇچىلار ياققان گۈلخاننىڭ يالقۇنلۇق تەپتى خۇددى يېڭى چىققان قۇياشنىڭ ئىللىق نۇرىدەك، يايلاقتا ھارارەت بېغىشلايتتى. * قىز بەكمۇ چىرايلىق بولۇپ، چاچلىرى يەلكىسىگە تاشلىنىپ تۇراتتى. ئىنچىكە ھىلال ئايدەك قاشلىرى ئاستىدا بىر جۈپ يالقۇنلۇق كۆزى ئويناپ تۇراتتى. ② كۆچمە. قىزغىن، جۇشقۇن: يالقۇنلۇق سۆز. يالقۇنلۇق كۈي. * مەن ئەمدى يېگىرمە بەش ياشتىمەن، ھاياتىمنىڭ مۇشۇنداق يالقۇنلۇق چېغىدا ناكار بولۇپ ياتسام مەن ئۇچۇن ئاسانمۇ؟

**يالقۇنلىماق** پ. يالقۇن ھاسىل قىلماق، يالقۇن پەيدا بولماق؛ يانماق، ئوت ئالماق: تومۇز مەۋسۇمى كىرگەندىن بۇيان، ئىسسىقنىڭ ھارارىتى ئەڭ يۇقىرى پەللىگە چىققاندى. قۇياشنىڭ ئوتلۇق تەپتىدىن قىزىپ كەتكەن توپىلار ۋە تام-تورۇسلار گويا تونۇردەك يالقۇنلايتتى. * ئاشقلىق ئوتى ئادەمنى دائىم يالقۇنلاپ كۆيدۈرۈپ ھالاك قىلىدۇ.

**ياللاتماق** « ياللىماق » پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇ ئىككى يىگىتنى ئائىلىسىگە ياللىتىپ بەردى.

**ياللاشماق** « ياللىماق » پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار ئادەم ياللىشىپ ۋەزىپىنى مۇددەتتىن بۇرۇن ئورۇنلاپ بولۇشتى.

**ياللانما** سۈپ. باشقىلارغا ياللىنىپ، ئىشلەيدىغان، ياللانغان: ياللانما دېھقان. ياللانما ئىشچى. * ئەمدى ئۇمۇ ئەرزىمىگەن ھەق ئۈچۈن باينىڭ ئېتىزىنى ئەمگەك تەرى بىلەن يۇللىغۇچى ياللانما كەتمەنچىلەرنىڭ بىرى بولۇپ قالدى.

**ياللانما ئەمگەك** <س ئىق> ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىدىن مەھرۇم بولغان ئىشچىلارنىڭ كاپىتالىستلار ئۈچۈن قوشۇمچە قىممەت يارىتىدىغان ئەمگىكى.

**ياللانما ئەمگەكچى** <س ئىق> ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىدىن مەھرۇم بولۇپ، ئەمگەك كۈچىنى سېتىش يولى بىلەن تىرىكچىلىك قىلىدىغان ئەمگەكچىلەر.

**ياللانما دېھقان** <پەلس> باشقىلارغا ياللىنىپ تىرىكچىلىك قىلىدىغان دېھقانلار. ئادەتتە ئۇلارنىڭ كۆپ يېرى ۋە ئىشلەپچىقىرىش قورالى بولمايدۇ، پەقەت ئاز بىر قىسىم يېرى ۋە ئىشلەپچىقىرىش قورالى بولىدۇ، پۈتۈنلەي ياكى ئاساسەن ئەمگەك كۈچىنى سېتىشقا تايىنىپ كۈن كەچۈرىدۇ. ئازادلىقتىن بۇرۇنقى جۇڭگودىكى يىللىقچى، ئايلىقچى ۋە كۈنلۈكچىلەر شۇ جۈملىگە كىرىدۇ.

**يالانما قۇللۇق تۈزۈم** <س ئق> يالانما ئەمگەكنى ئېكسپلاتاتسىيە قىلىشنى ئاساس قىلغان كاپىتالىستىك تۈزۈم. ئۇ قۇللۇق تۈزۈمگە، يانچىلىق تۈزۈمگە سېلىشتۇرۇپ ئېيتىلغان.

**يالانما ئىشچى** <س ئق> ياللىۋالغان ئادەم ئۈچۈن ئىش قىلىدىغان كىشى.

**يالانماق** «ياللىماق» پېئىلىنىڭ ئۆزلۈك دەرىجىسى: كۈن ئۆتكۈزۈشنىڭ قىيىنچىلىقىدا ئۇ ئاخىرى بىر جۇۋازىچىغا ياللىنىپ جۇۋاز ھەيدەپ تۇرمۇش كەچۈرگەن. * ئۇلار ئىككىسى مانا مۇشۇ چۇقۇر يايلىقىدا باشقىلارنىڭ چارۋىلىرىنى بېقىش ئۈچۈن يالانغانلاردىن ئىدى.

**يالانمىلىق** «يالانما» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: ھەر خىل ئەركىنلىشىش خاھىشلىرىنى، يالانمىلىق نۇقتىئىنەزەرلىرىنى ۋە پۇلغا قاراش ئىدىيىلىرىنى تۈگىتىش، خىزمەتنى ئاكتىپ ئىشلەيدىغان قىلىش لازىم.

**ياللۇغ** ئى <تب> ئورگانىزم كۈچلۈك غىدىقلانغاندىن كېيىن پەيدا بولىدىغان رېئاكسىيە ھادىسىسى. كۆپىنچە قىزىرىش، ئىششىش، قىزىش، ئاغرىش ۋە فۇنكسىيە دەخلىگە ئۇچراشتەك ئالامەتلەر يۈز بېرىدۇ.

**ياللۇغ ئىششىقى** <تب> ئورگانىزم ياللۇغلانغاندا ئىچىگە سۇ يىغىلىۋالىدىغان بىر خىل ئىششىق.

**ياللۇغلانماق** پ <تب> ① ئورگانىزم كۈچلۈك غىدىقلانغاندىن كېيىن شۇ جايدا رېئاكسىيە ھادىسىسى كۆرۈلمەك. ② ئورگانىزمنى مىكرو ئورگانىزملار، پارازىت قۇرت، تاشقى جاراھەت ۋە فىزىكا-خىمىيىلىك ئامىل قاتارلىق ھەر خىل زىيانلىق ئامىللار غىدىقلىغاندا ئورگانىزمنىڭ قىسمەن جايىدا رېئاكسىيە قايتۇرۇشتىن ئىبارەت مۇداپىئە كۆرۈش خاراكتېرلىك رېئاكسىيە يۈز بەرمەك. بۇنىڭدا، قىسمەن ئورنۇندا قىزىرىش، ئىششىش، قىزىش، ئاغرىش ۋە فۇنكسىيە توسالغۇغا ئۇچراش قاتارلىق ئالامەتلەر كۆرۈلىدۇ. پۈتۈن بەدەندە ئاق قان ھۈجەيرىلىرى كۆپىيىپ كېتىش ۋە بەدەن تېمپېراتۇرىسى ئۆرلەپ كېتىش قاتارلىق ئالامەتلەرمۇ ياندىشىپ كېلىدۇ. دەسلەپكى مەزگىلدىكى ياللۇغلىنىش قايتما بولىدۇ. ۋاقتىدا داۋالىسا تامامەن ئەسلىگە قايتىدۇ.

**ياللىق** سۈپ. يالى بار، يالى كۆپ: ناھايىتى يوغان ياللىق بىر ئات ھېلىقى كىشىنى تاشلاپ جانىبىككە قاراپ چاپچىدى.

**ياللىماق** پ. مەلۇم شەرت بىلەن ھەق بېرىپ ۋاقىتلىق ئىشلەتمەك، ئىشقا سالماق: مەن يەنە باشقىلارنى ياللاپ ئولتۇرماي، يۈكنى يول يىراقلىقىغا قارىماي تەرلەپ-پىشىپ ئۆزۈم توشۇپ كېلىۋاتىمەن. * ئۇ ئەمدىلا مەدىكار بازىرىغا كېلىشى بىلەن شەھەرنىڭ ئوڭ قول ۋەزىرى مەدىكار ياللىغىلى كىشى چىقارتىپتۇ-دە، ئوغۇلنىڭ تەلىيى ئوڭدىن كېلىپ، ۋەزىرنىڭ ئۆيىگە بېرىپتۇ.

**يالماتماق** «يالىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**يالماشماق** «يالىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**يالمان** ئى. تارس. قەدىمكى زاماندا ئىشلىتىلىدىغان نەيزىسىمان ئۇرۇش قورالى: مەمەت، سەمەت ئىككىسى ئىككى يالمان كۆتۈرگىنىچە كېلىپ باتۇرنى ئۆز سېپىگە ئېلىپ كەتتى.

**يالمانتاقتاق** ئى (يالمان+تاقتاق) <زوئول>

→ **لەگمەنتاقتاق.**

**يالمانچى** ئى. يالمان بىلەن قوراللانغان ئادەم: سول تەرەپتىكى ئون ئىككى يالمانچى ئارىسىدا شۇنداق بىر باتۇر سەركەردە تۇراتتى.

**يالمانقۇلاق** ئى [يالمان+قۇلاق] <بوت> سۇتلۇك ئوت ئائىلىسىدىكى بىر يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. غولى قىزىل، ئاق رەڭلىك، سۇتسىمان شىرنىسى بار، يەر بېغىرلاپ ئۆسىدۇ، يوپۇرمىقى ئېللىپس شەكلىدە، گۈلى بېغىر رەڭدە، پۈتۈن ئوتى دورا قىلىنىدۇ، قان توختىتىش، زەھەر قايتۇرۇش رولىغا ئىگە.

**يالمانلىق** سۈپ. يالمىسى بار، يالمان تۇتقان، يالمان بىلەن قوراللانغان: ھېلقى كىشى بىرھازا ئەسلىگەندىن كېيىن، نەچچە يىلنىڭ ئالدىدا قىلىچ – قالقانلىق، نەيزە-يالمانلىق، نۇرانە چىراي، شاھانە سۈپەتلىك بىر ياش يىگىتنىڭ بۇ يەرگە كەلگەنلىكى، بىر كېچە قونغانلىقى، شاھ سۈپىدىكى ھەيكەلنىڭ ئەھۋالىنى سوراپ بىلگەندىن كېيىن چىن دۆلىتىگە – ھەيكەلنىڭ ئىگىسى بولمىش مەلىكە گۈلەندەمنىڭ قېشىغا كەتكەنلىكىنى سۆزلەپ بەردى.

**يالماۋۇز** ئى. ئەپسانىلەردىكى ھەر خىل قىياپەتكە ئۆزگىرەلەيدىغان ياكى باشقىلارنى سېھرىي كۈچى بىلەن ھەر خىل قىياپەتكە كەلتۈرەلەيدىغان ھەمدە ئالدىغا كەلگەن نەرسىنى يەپ تۈگىتىدىغان مەخلۇق؛ جادۇگەر: يەتتە باشلىق يالماۋۇز. * ئەتىسى يىگىت خوتۇنىغا ھەم ئوردىدىكىلەرگە ئۆزىنىڭ يالغۇز ئوۋغا چىقىدىغانلىقىنى ئېيتىپ قويۇپ، يالماۋۇز موماينىڭ ئۆيىگە قاراپ يول ئېلىپتۇ. * تەر تۆكۈپ دۇنيا ياراتقان بولسىمۇ ئەل ئەسلىدىن، خانۋەيران ئىدى يوقسۇل ئايرىلىپ بار ۋەسلىدىن، ھېچنېمە ئاشمايتتى چۈنكى يالماۋۇز ئالۋاستىدىن، قەلبى زەردابقا تولغاچ دەرد-ئەلەمنىڭ دەستىدىن، بارچە دەردمەنلەر ئۆيۈشتى تۇشمۇتۇشتىن قوزغىلىپ.

**يالماۋۇزلارچە** رەۋ. يالماۋۇزلارغا ئوخشاش، يالماۋۇزلاردەك: بېگىمنىڭ نەپسى تويماپتۇ يەنە، قىستاپتۇ قىزنى قوغلاپ تۇتۇشقا يوپۇرۇلۇپ كېلىپتۇ چاپارمەنلىرى، يالماۋۇزلارچە قاپساپ تۇتۇشقا.

**يالماق** پ. ئوت-چۆپ ۋە يېمەكلىكلەرنى يۆگەپ، پۇرلاپ-پۇرلاپ يۇتماق: ئىككى-ئۈچ كۈندىن بېرى ئاچ قالغان ئېشەكلەر بېدىنى ئاچ كۆزلۈك بىلەن يالماشقا باشلىدى.

**يالۇ** ئى (خەن) <تارىخ> ← **«يالۇ» كېمىسى ۋەقەسى.**

**«يالۇ» كېمىسى ۋەقەسى** <تارىخ>
ئەنگلىيىنىڭ ئىككىنچى قېتىملىق ئەپيۇن ئۇرۇشىنى قوزغاش ئۈچۈن تاپقان باھانىسى. بۇنىڭدا، 1856-يىلى 10-ئاينىڭ 8-كۈنى جۇڭگو گۇاڭدۇڭ دېڭىز ئەسكەرلىرى ئەتكەسچى كېمىلەرنى تەكشۈرگەندە، جۇڭگونىڭ «يالۇ» ناملىق ئەتكەسچى كېمىسىدىن 12 ئادەمنى قولغا ئالىدۇ. ئەنگلىيە بۇ كېمە توختاش گۇۋاھنامىسىنى شىياڭگاڭدا ئالغان دېگەننى باھانە قىلىپ ئارىلىشىدۇ ھەمدە ۋەقە ئويدۇرۇپ چىقىپ، جۇڭگو سۇ ئەسكەرلىرى ئەنگلىيىنىڭ دۆلەت بايرىقىنى يىرتىۋەتتى دەپ مۇتتەھەملىك قىلىدۇ. ئەمەلىيەتتە ئەنگلىيىلىكلەر تۆۋەن پالاتادا گۇۋاھلىق بەرگەندە بۇ كېمە گۇۋاھنامىسىنىڭ ۋاقتى ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنى، ئەنگلىيە دۆلەت بايرىقىنى ئاسمىغانلىقىنى ئىقرار قىلغان بولسىمۇ، بۇنى باھانە قىلىپ يەنىلا ئەنگلىيە ئىككىنچى قېتىملىق

ئەپيۇن ئۇرۇشنى قوزغايدۇ.

**يالۋۇرتماق** «يالۋۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: — ئادەمنى تولا يالۋۇرتماي ماقۇل دېسەڭ بولمامدۇ، — دېدى سەمەت سەل خاپا بولغاندەك تەلەپپۇزدا.

**يالۋۇرماق** پ. تۆۋەنچىلىك بىلەن ئۆتۈنمەك، يېلىنىپ مۇراجىئەت، ئىلتىماس قىلماق: مەھەممەدجان يا قاتتىق گەپ قىلىشنى يا يالۋۇرۇشنى بىلمەي ئولتۇرۇپلا قالدى. * ئۇ گەۋدىسىنى ئاستا-ئاستا قىسىپ، ئىنتائىتچان كۆزلىرىنى مۆلدۈرلىتىپ خوجايىنغا ئىنساپ تىلىگەن مالايدەك يالۋۇرۇشقا باشلىدى.

**يالۋۇرۇشماق** «يالۋۇرماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: شۇ چاغدا بالا سەزدۇرمەي ئاستا ئورنىدىن تۇرۇپتۇ-دە، كۆلنىڭ بويىغا كېلىپ قىزلارنىڭ كىيىملىرىنى ئېلىۋاپتۇ. قىزلار يالڭاچ بولغانلىقىدىن ئىزا تارتىپ كۆلدىن چىقالماپتۇ ۋە كىيىملىرىنى قايتۇرۇپ بېرىشنى سوراپ يالۋۇرۇشۇپتۇ.

**يالتىشماق** «يالاتماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**يالتىلغان** «يالتىلماق» پېئىلىنىڭ سۈپەتدىشى: يالتىلغان سۇ.

**يالتىلغان سۇ** <سۇ> ئېتىزنى سۇغىرىپ بولغاندىن كېيىنكى تەكشۈرۈش نەتىجىسىدە تۇپراقنىڭ نەملىكى زىرائەتنىڭ شۇ چاغدىكى تەلەپ قىلىدىغان نەملىكىدىن تۆۋەن بولۇپ قالغانلىقى سېزىلگەندە، نەملىكنىڭ كېمىنى تولۇقلاش ئۈچۈن ئېتىز يۈزىگە سەل-پەل يالتىۋېتىلىدىغان سۇ.

**يالتىلماق** «يالاتماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ھۇجرىنىڭ دەل ئوتتۇرىسىغا يۇمىلاق ئالا مەرمەر ئۈستەل قويۇلغان، ئۈستەلگە يالتىلغان زەرلىرىنىڭ تەگدىن تولىسى ئۆچۈپ كەتكەن، ھازىر ھەممىلا جايدا ئۇچراتقىلى بولىدىغان بىر يۇرۇش ئاق ماي كاسىلىرى تىزىلغانىدى.

**يالچى** ئى. تۆھمەتچى؛ تۆھمەتخور: — سىز پالچى ئەمەس، يالچى ئىكەنسىز! — دېدى ئۇ ئاچچىقلانغاندەك قاشلىرىنى سوزۇپ.

**يالخور** ئى. باشقىلارغا يالا چاپلاشقا ئادەتلىنىپ كەتكەن كىشى، يالچى، تۆھمەتچى، تۆھمەتخور: ئۇ ئۆتۈپ كەتكەن بىر يالخور.

**يالخورلۇق** «يالخور» سۆزىنىڭ ئابستراكت ئىسىم شەكلى: ئۇنىڭ يالخورلۇقى ئاخىرى بېشىغا چىقىدۇ.

**يالڭاچ** سۈپ ① ئۈستىبېشىغا كىيىم كىيمىگەن، كىيىمسىز: ياغ يەپ يالڭاچ يات (ماقال). * ھەممە كىشى ئانىدىن يالڭاچ تۇغۇلغان (ماقال). * ئۇمۇ قوللىرىنى كۆتۈرۈپ پاتەمنىڭ يالڭاچ، يۇمشاق، سۈتتەك ئاق مۈرىسىنى تۇتتى، ئاندىن ئۇنى ئۆزىگە تارتماقچى بولدى. بىراق پاتەم ئۆزىنى لەپپىدە تارتىۋالدى. ② كۆچمە. يوپۇرماقسىز، قاقشال: گۈللەرمۇ شۇ چاغ بولۇپ يالڭاچ، نومۇسچان قىزدەك ئۇيۇلۇپ قالدى. * شىۋىرغان ئوينىغان قاراڭغۇ كېچە، ئۇچار قار ئاسمان ۋە يەر ئارىسىدا. يالڭاچ ئاق تېرەك ئازابلىناتتى، دەھشەتلىك قيناقنىڭ قىش-دالىسىدا. ③ كۆچمە. گىياھسىز، گىياھ ئۈنمىگەن: باشقا باي-غوجىلار يېرى «دەنلىك يەر» دېيىلەر تۆككەچكە ئۆز ئالدىغا باج. قالغان تىنىڭ يەرلەرنى ئاتايتتى «خام يەر»، تۇراتتى قىش-يېزى جىمجىت، يالڭاچ. ④ كۆچمە. ئۈستىگە بىرەر نەرسە يېپىلمىغان، ئوچۇق: باقىنىڭ قەبرىسى تېخى ئەتىيازنىڭ يۇمشاق كۆكاتلىرى بىلەن قاپلانمىغان يالڭاچ مۆڭلۈق قەبرە بولۇپ قالدى. ⑤ كۆچمە.

كەمبەغەل، يوقسۇل: بۇ پۇل ئۆز ۋاقتىدا بىزدەكلەرنى بوسۇغىسىغا يولاتمايدىغان، لېكىن بىزدەك يالىڭاچلارنىڭ قان-تەرى بىلەن پۈتكەن ھەشەمەتلىك باي قورۇسىنىڭ پۇلى. ⑥ كۆچمە. ئوچۇق-ئاشكار، ئېنىق؛ روشەن: بۇرژۇئازلار ئارىسىدىكى مۇناسىۋەت يالىڭاچ ھالدىكى پۇل مۇناسىۋىتى بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئەخلاقىي ھېسسىياتى پۇل ئۈستىگە قۇرۇلغان بولىدۇ. * – تۆھپە! قالتىس گەپ، – دېدى جۇمە يالىڭاچلا تەنە قىلىپ، – ئەمما مەن سېنىڭ پىكرىڭگە قوشۇلمەن، يول تېخى ئۇزۇن. ⑦ كۆچمە. قىسىن. غىلاپلاردىن سۇغۇرۇۋېلىنغان؛ غىلاپقا سېلىنمىغان، ئوراقسىز: ئىشىك ئېچىلغاندىن كېيىن مەسرۇر بىلەن يىگىرمە كىشى قىلىچلىرىنى يالىڭاچ ھالدا تۇتۇپ كىرىپ، شەمسۇنناھارغا سالام بېرىپتۇ. ⑧ كۆچمە. قۇپقۇرۇق، ھېچ نەرسە يوق: بايقىسام قېلىپتۇ يالىڭاچ ئۆي ئىچى، ھەرقاچان بىر ئوغرى ئالغان دېيىشمەن.

**يالىڭاچ ئارپا** <بوت> ①ئارپىنىڭ بىر خىلى. دېنى چوڭ، پوستى نېپىز كېلىدۇ. ئاساسەن شىزاڭ، چىڭخەي قاتارلىق جايلاردا تېرىلىدۇ. ئىستېمال قىلىشقا ياكى ھاراق ئېچىتىشقا بولىدۇ. ② شۇ خىل ئۆسۈملۈكنىڭ دېنى.

**يالىڭاچ بىخ** <بوت> سىرتىدا ئوراپ تۇرىدىغان تەڭگىچە يوپۇرماقلىرى بولمايدىغان بىخ، بارلىق بىخلارنىڭ ھەممىسى يالىڭاچ بىخقا كىرىدۇ.

**يالىڭاچ پاپورتنىك** <بوت> پاپورتنىكلارنىڭ بىر تۈرى. ئۇ يۇقىرى دەرىجىلىك ئۆسۈملۈكلەرنىڭ ئىچىدىكى بىرقەدەر ئىپتىدائىي ئۆسۈملۈك ھېسابلىنىدۇ. غولى ئاچىماقلىنىپ شاخلىنىدۇ، يوپۇرمىقى ناھايىتى كىچىك بولىدۇ، كۆپىنچە جەنۇبىي ئۆلكىلەردىن چىقىدۇ.

**يالىڭاچ سۆلۈ** <بوت> سۆلۈنىڭ بىر تۈرى، يەنى باشاقلىقلار ئائىلىسىدىكى بىر يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. سىرتقى كۆرۈنۈشى سۆلۈگە ناھايىتى ئوخشايدۇ، لېكىن كىچىك باشاقلىرىدىكى گۈللەرنىڭ سانى كۆپ بولىدۇ. ئۇرۇقى پىشقاندىن كېيىن چانىقىدىن ناھايىتى ئوڭايلا ئايرىلىپ چۈشىدۇ، ئۆسۈش مەزگىلى قىسقا، ئۇرۇقىدىن ئۇن تارتىپ ئىستېمال قىلىشقا بولىدۇ.

**يالىڭاچ سىم** <بوت> ئىزولياتسىيە ماتېرىيالى ئورالمىغان مېتال ئۆتكۈزگۈچ سىم. مەسىلەن، تراموۋاينىڭ كۆتۈرمە سىمى.

**يالىڭاچ ئۇرۇقلۇق ئۆسۈملۈكلەر** <بوت> ئۇرۇقلۇق ئۆسۈملۈكلەرنىڭ چوڭ بىر تۈركۈمى. ئۇنىڭ تۆرەلمە تۈگۈنى ۋە ئۇرۇقى يالىڭاچ بولىدۇ. تۆرەلمە تۈگۈنى سىرتىدا ئۇرۇقدان بولمايدۇ، ئۇرۇقىنىڭ سىرتىنى مېۋە شۆپۈكى ئوراپ تۇرمايدۇ. مەسىلەن، قارىغاي، شەمشاد، كۆكۈچ ئۈزۈك قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى يالىڭاچ ئۇرۇقلۇق ئۆسۈملۈكلەرگە كىرىدۇ.

**يالىڭاچلاتماق** «يالىڭاچلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇ ئاپىسى ئارقىلىق بالىسىنى يالىڭاچلاتتى-دە، تەكشۈرۈشكە كىرىشتى.

**يالىڭاچلاشماق** ① «يالىڭاچلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى. ② يالىڭاچ ھالەتكە كەلمەك، يالىڭاچ بولماق.

**يالىڭاچلانماق** ① «يالىڭاچلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆزلۈك دەرىجىسى: ھاشىم شۇجى ئاللىقاچان يالىڭاچلىنىپ بولغانىدى. * مانا بۇ مۇشۇ خىلدىكى ئادەملەرنىڭ يالىڭاچلانغان ھەقىقىي

ماھىيىتى. ② «يالڭاچلىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: كېيىن ئۇنىڭ پات-پات سېزىپ تۇرغىنى يالڭاچلانغان بەدەنلىرىگە زەھەردەك تاراسلاپ تېگىۋاتقان سىم قامچا بولدى. * بۇ ئوت-چۆپلەر قۇرۇپ، دەل-دەرەخلەرنىڭ يوپۇرماقلىرى چۈشكەن، تاغلار تاقىرلىشىپ، ھەممە ياق يالڭاچلىنىپ قالغان بىر چاغ ئىدى.

**يالڭاچلىماق** پ ① كىيىمسىز، يالڭاچ ھالەتكە كەلتۈرمەك، يالڭاچ قىلماق: شۇ بويىچە پۈتۈن ھاراقنى قاراقچىلارغا ئىچۈرۈپ، ئۇلارنى مەست قىلىۋېتىپ، كىيىملىرىنى سالدۇرۇپ يالڭاچلاپ، بىرىنىڭ ئارقىسىغا يەنە بىرىنىڭ ئارقىسىنى قىلىپ ياتقۇزۇپ قويۇپ، كىيىملەرنى قىرىق مەلىكە كىيىشىپ بارلىق نەرسىلەرنى كېمىگە سېلىپ مىڭىپ كېتىپتۇ. ② يوپۇرماق، غازاڭلارنى چۈشۈرۈۋەتمەك: سوغۇق، ئىزغىرىن شامال سارغايغان يوپۇرماقلارنى ئۈزۈپ چۈشۈرۈپ، دەرەخلەرنى يالڭاچلىماقتا ئىدى. * رەھىمسىز كۆز شامىلى گۈللەرنى سولاشتۇرۇپ، دەرەخلەرنى يالڭاچلىماقتا ئىدى. ③ قىنىدىن، غىلاپتىن چىقارماق، سۇغۇرماق، ئالماق؛ بوشاتماق: ئارىدىن كۆپ ۋاقىت ئۆتمەي، قارا قول قىلىچنى يالڭاچلاپ كۆتۈرۈپ كىرىپتۇ. * كىيىم-كېچەكلىرى چاڭ-توزاندا بۇلغانغان ئەنۋەر يالڭاچلاپ تۇتۇۋالغان تاپانچىسىنى بېلىگە قىستۇرۇپ، ئۇنىڭ ئالدىغا كىردى. ④ بوش، قۇرۇق ھالەتكە كەلتۈرمەك؛ بوشاتماق، قۇرۇقدىماق: ئۇنىڭدىن كېيىن نىياز ئەپەندىنىڭ كۆزلىرىگە قوللىرىنى تىقىپ، ئەل-جامائەت ئارىسىدا رەسۋا قىلىپ، ئايرىلدىغان چېغىدا ئۆيىنى سويغان پىيازدەك يالڭاچلاپ قويغان مۇتتەھەم خوتۇن — خەلچەملەر بىر-بىرلەپ كۆز ئالدىمدىن ئۆتتى.

**يالڭاياغ** سۈپ (يالاڭ+ئاياغ) ھېچ نەرسە كىيمىگەن، ئايىغى يوق، ئاياغسىز: يالڭاياغ ماڭماق. يالڭاياغ يۈرمەك. * يالڭاياغ سۇدىن قورقماس (ماقال). * ئاق تۇماقنى باستۇرۇپ كىيگەن، كىرلىشىپ كەتكەن ئاق يەكتەك ئۈستىدىن قارا بەلباغ باغلاپ، مۈرىسىگە كۈرەك جۈۋىنى تاشلىۋالغان بۇ ئادەم يالڭاياغ پۇتلىرىنى ئېغىر-ئېغىر يۆتكەيتتى. ② كۆچمە. موھتاجلىقتا ياشايدىغان، باي ئەمەس، نامرات، كەمبەغەل؛ يالاڭتۆش: — سېنىڭ خېلى تىلىڭ چىقىپ قالدى، ھەر ئاخشىمى ناخشا ئېيتىپ كاركىرايدىغان بولدۇڭ، بۈگۈن قارىسام پەنجىرەڭدە گۈللەر پەيدا بولۇپتۇ. سەن يالڭاياغلارغا گۈل تېرىشنى كىم قويۇپتۇ؟! يوقات بۇ بىرنېمەڭنى! — شۇ گەپ بىلەن باي گۈل تەشتىكنى يەرگە ئېتىپ ئۇرۇپ، ئاندىن پۇخادىن چىققاندەك بولۇپ چىقىپ كەتتى.

**يالڭاياغ دوختۇر** <تب> يېزىلاردىكى دېھقانچىلىق قىلىپ تۇرۇپ كېسەل داۋالايدىغان تېببىي خىزمەتچى خادىم.

**يالىلداتماق** «يالىلدىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇ قولىدىكى ياقۇت كۆزلۈك ئۈزۈكنى تېخىمۇ يالىلداتماقچى بولغاندەك قول ياغلىقى بىلەن توختىماي سۈرتمەكتە ئىدى.

**يالىلداشماق** «يالىلدىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئايدىڭ كېچە، ئاسمان چېھرىسىدىكى تۈركۈم-تۈركۈم يۇلتۇزلار يالىلدىشاتتى.

**يالىلدىماق** پ «يال-يال» قىلىپ نۇر چاچماق، پارقىرىماق، چاقنىماق، يالتىرىماق: مەن شەرۋانىڭ قانداق ئادەم ئىكەنلىكىنى

ئوبدان بىلمەن. ئۇنىڭ ئىپلاسلىقلىرىنى يالىداپ تۇرغان ئالتۇنلىرى يېپىپ تۇرالمايدۇ.

**يالىماق** I پ ① بىرەر نەرسىنى تىل ۋاستىسى بىلەن ئېغىزغا ئالماق؛ تىلنى تەگكۈزمەك: تاپان يالىماق. يالاق يالىماق. * كالىلار سۇ ئىچسە، موزايلار مۇز يالايدۇ (ماقال). * قېتىق ئىچكەن قۇتۇلدى، تاۋاق يالىغان تۇتۇلدى (ماقال). * بېخىل سىقىمنىڭ ئىچىنى ئايايدۇ، تېشىنى يالايدۇ (ماقال). * تىلىڭ كۆيسە تۇز يالا، ئىچىڭ كۆيسە مۇز (ماقال). * نامان تىلىنى يالاپ يەر ئاستىدىن قاسىمغا قارىدى. ② تېگىپ، ئۆرۈلۈپ تەسىر قىلماق، سىيپىماق (ئىسسىق-سوغۇق ۋە شامال ھەققىدە): ئۇنىڭ يۈزلىرىنى شامال يالاپ سىلىقدىۋەتكەندەك كۆرۈنەتتى ۋە شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ يۈزلىرى قىزىرىپ كەتكەندى. ③ ئاققۇزماق، يۇماق (سۇ ھەققىدە): دەريا تېرىلغۇ يەرنىڭ يېرىمىنى يالاپ چېقىپ بولدى. يەر ۋەيران بولۇپ تۈگىسە، ئاسمانغا تېرىقچىلىق قىلامدۇق؟ * كۆز سۇلىرى يېشىل مەخمەلدەك يەلپۈنۈپ تۇرغان بۇغداي مايسىلىرىنىڭ يۇمران تېنىنى يالاپ، سۆيۈپ، ئېتىز ئىچىگە يۈگۈرۈشتى. ④ كۆچمە. غاجىلىماق، ئاغرىتماق (ئاياغ كىيىم ھەققىدە): ئاياغ پۇتۇمنى يالاپ كەتتى.

**يالاپ شورىغۇچى ئېغىز ئاپپاراتى** <زوئول> چىۋىنلەرنىڭ ئېغىز ئاپپاراتى. بۇ خىل ئېغىز ئاپپاراتىنىڭ ئۈستۈنكى، ئاستىنقى تاگلىيى رودىمېنتلاشقان، ئاستىنقى كالپۇك ياپراقچىسىغا ئايلىنىپ، شىرنىلەرنى يالاپ شوراشقا ماسلاشقان.

**يالىماق (يا: لىماق)** II پ. ئارىغا ئېلىپ كۆزىتىپ بىللە ماڭماق: مەلۇم بىر يۇرت باشلىقى چېگرىدا مەجبۇرىيەت ئادا قىلدۇرۇش ئۈچۈن، بىر جىنايەتچى راھىبنى يالاپ ئېلىپ چىقىپتۇ. * ئىسيانچىلار سادىقنىڭ دۇمبىسىگە ئۇنىڭ جىنايى پاكىتلىرى دەپ ئايرىپ ئېلىپ قويغان ئوتتۇز-قىرىقچە چەت ئەل ئىلىم-پەن كىتابلىرىنى بوپا قىلىپ تېگىپ، نەيزىلەر بىلەن يالاپ مەكتەپتىن ئاچىقىپ كەتتى.

**يال-يال** «يال» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى.

**يام** ئى. دىئال. چوڭ تەشتەك.

**ياما** (توغرىسى: يارما) ← **يارما.**

**ياماپ-تۆشەپ** ← **ياماپ-تۆمەپ.**

**ياماپ-تۆمەپ** ① ياماپ، ياماشتۇرۇپ: باللارنىڭ كىيىمنى ياماپ-تۆمەپ يۈرۈپ ئاران قىشتىن ئۆتتۈۋالدۇق. ② كۆچمە. ئۇگشاپ: ئۇنىڭ ماقالىسىنى ياماپ-تۆمەپ يۈرۈپ ئاران ئېلان قىلغۇزدۇق.

**ياماتماق** «يامىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: بۇ جاي چوڭ يولغا يېقىن بولغىنى ئۈچۈن ئۆتكەن-كەچكەن كىشلەر ياماقچىنىڭ ئالدىغا كېلىپ، يىرتىلغان ئۆتۈك، ئاياغلىرىنى يامىتىدىكەن.

**ياماراجا** ئى (سانس) <دىن> بۇددا دىنىدىكى دوزاخ ئىلاھى.

**ياماشتۇرماق** I پ. ياماش، يۆمەش، تىكىش قاتارلىق ھەرىكەتلەر بىلەن شۇغۇللانماق؛ يامىماق: ئۇ كىيىملەرنى ياماشتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن ئورنىدىن تۇردى.

**ياماشتۇرماق** II «ياماشماق II» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: كۆپلىگەن ئۆيلەرنىڭ ھويلىسىدا ئۈزۈم بارىگى بولىدۇ. ھېچ بولمىغاندا كاۋا-قاپاق تېرىپ باراڭغا ياماشتۇرۇپ ياز كۈنلىرى ھويلىغا كۆلەڭگە چۈشۈرمەيدۇ.

**ياماشتۇرۇشماق** I «ياماشتۇرماق II»

پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**ياماشتۇرۇشماق** II «ياماشتۇرماق II» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**ياماشتۇرۇلماق** I «ياماشتۇرماق I» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**ياماشتۇرۇلماق** II «ياماشتۇرماق II» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئانا پېشايۋىنىغا ئۈزۈم تاللىرى، كاۋا-قاپاقلار ياماشتۇرۇلغان بىر ھويلىنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، توختاخۇنغا قاراپ قويدى.

**ياماشقۇچى** سۈپ. يامىشىپ چىقىدىغان، يامىشىدىغان: ياماشقۇچى غول.

**ياماشقۇچى غول** <بوت> تىك تۇرالمايدىغان، پەقەت ئورىغۇچى بۇرۇتچىلىرى ياكى شۇمۇرۇش تەخسىگە ئوخشاش ئەزالىرىغا تايىنىپ باشقا نەرسىلەرگە يېپىشىپ ئۆسىدىغان غول. مەسىلەن، ئۈزۈم، تەرخەمەك، ھەشقىپىچەك قاتارلىقلارنىڭ غوللىرىغا ئوخشاش.

**ياماشقۇچى ئۆسۈملۈكلەر** <بوت> يەر بېغىرلاپ ياكى باشقا نەرسىلەرگە يامىشىپ ئۆسىدىغان ئۆسۈملۈكلەر.

**ياماشماق** I «يامىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇ كۈنى مەھبۇسلار كىيىملىرىنىڭ يىرتىلغان يەرلىرىنى يامىشىپ، ساقال-بۇرۇتلىرىنى ئېلىشىپ، ئاز-تولا تازىلىق قىلىشىۋالدى.

**ياماشماق** II پ ① بىرەر نەرسىگە ئېسىلىپ يۇقىرى ئۆرلىمەك، چىقماق: ماشىنىغا ياماشماق. تاغقا ياماشماق. * ئۇ جاقىلدىغان ھالدا قىرغاقتىكى مۇزغا يامىشاتتى، ئەمما چىقالمايتتى. * بارات دېرىزىگە يامىشىپ، تورۇستىكى لىمنىڭ ئارىسىغا قىستۇرۇپ قويغان بىر بولاق نەرسىنى ئالدى. ② ئېسىلماق، يېپىشماق: ئاغزىمدىن چىقتى، ساقىلىمغا ياماشتى (ماقال). * بۇ چاغدا قېنى قىزىپ كەتكەن سۇلايمان خۇددى ساراڭلاردەك ئەگىشىپ كېلىپ ھەۋزىنىسانىڭ پېشىگە ياماشتى. ③ پەيدا بولماق، ھاسىل بولماق؛ ئەگىمەك، قاپلىماق، كۆرۈنمەك: ئۇنىڭ ئاۋازى غەزەپلەنگەنلىكىنىمۇ ياكى يىغا ياماشقانلىقىنىمۇ غەلىتە تىترەپ چىقتى. * ئادىلىنىڭ مەنىلىك قارىشىغا چىداشلىق بېرەلمىگەن زەيتۇنىنىڭ يۈزىگە خۇددى يالقۇن ئارىسىدا قالغاندەك قىزىللىق ياماشتى. ④ كۆچمە. چىقىشقا تىرىشماق، ئۇرۇنماق، تەلپۈنمەك: — ئاداش، خاتىرجەم بول، مەن بۇنداق پەسكەش يول بىلەن يۇقىرىغا ياماشمىسامۇ، ھازىرقى ئورنۇم يېتىپ ئاشىدۇ، — دېدىم تۇرسۇنغا زەردە بىلەن. * ئامىنە، مەن سىزنىڭ دادىڭىزنى ئوبدان بىلمەن، ئۇ پۈتۈن ئۆمرى يۇقىرىغا يامىشىش بىلەن ئۆتكەن ئادەم، ئۇ ئۆزىنىلا ئويلايدۇ.

**ياماق** ① ئى. بىرەر نەرسىنىڭ يىرتىلغان، تېشىلگەن ياكى ئۈزۈلگەن جايىنى ياماش، پۈتۈنلەش ئۈچۈن تەييارلانغان بۇيۇم، لاتا: ياماق سالماق. * ياخشى سۆزگە قۇلاق سال، يامان سۆزگە ياماق سال (ماقال). * ئۈستىدىكى ياماق سېلىنغان بۇرۇلكىسى ۋە شورلىشىپ كەتكەن بەتىنكىسىگە قاراپ ئۇنى مەلۇماتلىق بىر زىيالىي دېيىشكە بولاتتى. ② ئى. ياماشقا تېگىشلىك بولغان، يامىمىسا بولمايدىغان جاي: بۇ يۇرتتا ھېچكىم باشقىلارغا ياماق ياماتمايدۇ، شۇنداقلا ھېچكىم باشقىلارنىڭ يامىقىنىمۇ يامىمايدىغان ئادەت بار ئىكەن. ③ سۈپ. ياماق سېلىنغان، يامالغان، تىكىلگەن: شۇنداق بولسىمۇ قوشماق ئاكا، ئۆز ئۈستىدىكى ياماق يوتقانىنى سوغۇقتىن لاغىلداپ تىترەۋاتقان

كەنجى ئوغلى قاسىمنىڭ ئۈستىگە يېپىپ قويدى. * ياماق لېكىن پاكىز كىيىم كىيگەن پارتكوم شۇجىسى ئەتراپقا ھاياجان بىلەن قاراپ، سوئال بېرىۋاتقانلارغا كۈلۈپ تۇرۇپ جاۋاب بېرىپ ماڭاتتى.

**ياماق بولالماسلىق** بىر-بىرىگە نىسبەتەن ھېچنېمىگە ئەرزىمەسلىك، دال بولالماسلىق: سېنىڭ دەردىڭ مېنىڭ دەردىمگە ياماق بولالمايدۇ.

**ياماق چۈشمەك** ياماق سېلىنماق، ياماق پەيدا بولماق، يامالماق: ئۈستىدىكى ياماق چۈشكەن بۇرۇلكىسى ۋە شورلىشىپ كەتكەن بەتىنكىسىگە قاراپ ئۇنى مەلۇماتلىق بىر زىيالىي دېيىشكە بولاتتى.

**ياماق موگۇ** <بوت> موگۇنىڭ مەشھۇر بىر تۈرى، يېڭى چىققاندا ئاق بولىدۇ، پىشقاندا سارغىيىدۇ، غەربىي جەنۇبى جۇڭگو ۋە تەيۋەندىن كۆپ چىقىدۇ. تەمى مەززىلىك.

**ياماق ئېتىش** <كىي> كىيىمنىڭ پۇكۇلگەن قىسمىنى تېشىغا يىڭنە ئىزى چىقارماسلىق شەرتى ئاستىدا قول بىلەن ئىشلەش تېخنىكىسى.

**ياماقچە** ئى. كىچىك ياماق: بىر كونا چېلەككە سېلىپ ياماقچە، دېدى ئۇ: كاساپەت تېشىلىپ قېلىپتۇ.

**ياماقچى** ئى. يىرتىلغان ھەر خىل ئاياغ كىيىملەرنى ياماش ئىشى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان كىشى، موزدۇز: پادىشاھنىڭ ياساۋۇل-قاراۋۇللىرى بىر كوچىغا كەلسە، ھېلىقى ياماقچى ياماقچىلىق قىلىپ ئولتۇرغۇدەك.

**ياماقچىلىق** ئى. ياماق ياماش ئىشى، كەسپى: ئەھمەدجان بەش يېشىدىن باشلاپ دادىسىغا ئەگىشىپ ياماقچىلىق دۇكىنىغا بارىدىغان، دادىسىغا ياردەملىشىپ يىپ ئېشىپ، يىپ مومدايدىغان بولدى.

**ياماقلىق** ① سۈپ. ياماق سېلىنغان، يامالغان، تىكىلگەن: ياماقلىق كىيىم. ياماقلىق كۆرپە. ② ئى. يىرتىلغان، تېشىلگەن، ئۈزۈلگەن يەرنى ياماشتا ئىشلىتىلگەن بۇيۇم: ئۇ دۆۋىلەكلىك تۇرغان پۇرۇچلار ئىچىدىن ياماقلىق ئىزدىگىلى تۇردى.

**يامالماق** « ياماماق » پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: چېكىلەپ چېگىلگەن سېرىق ياغلىقى رەڭگىنى يوقىتىپ ئاقىراي دەپتۇ. ئۈستىدە يامالغان بىر باسما كۆڭلەك، ئۇنىڭمۇ رەڭگىنى كۆن نۇرى يەپتۇ.

**ياماق-چۈمەك** ياماش، تىكىش قاتارلىق ئىش-ھەرىكەتلەر: ئىككى ئايال توختى ئىسىملىك كىشىنىڭ ئايالى ئۆلۈپ كېتىپ، ئۈچ ئوغۇل بىلەن قېلىپ قالغانلىقىنى بىر يېرىم يىلدىن بۇيان تاماق ئېتىش، كىر يۇيۇش، ياماق-چۈمەك قىلىشتا بەكمۇ قىينالغانلىقىنى ئۇقۇپ، ئۇنىڭغا ئۆزلىرىچە ھېسداشلىق قىلىشتى.

**يامان** ① سۈپ « ياخشى » نىڭ ئەكسى، ئەسكى، ئوسال، ناچار: يامان ئادەت. يامان غەرەز. * يامان ياماندىن قورقار، كەتمەن ساماندىن (ماقال). * بارچە ياخشى، مەن يامان، بارچە بۇغداي مەن سامان (ماقال). * يۈز دوستتىن بىر دۈشمەن يامان (ماقال). * ئۇلار يامان ئىش قىلغان بولسا، ئۆزىگە. ئوتنى كىم تۇتقان بولسا، شۇنىڭ قولى كۆيىدۇ. ② سۈپ. قاتتىق، كۈچلۈك: ئۇنىڭ دادىسى ئاچچىقى يامان ئادەم ئىدى. * قارىسام ھېچ كۆرۈنمەيدۇ سەمەندىن قوغان، ئەجەب قاتتىق يامان ئىكەن ياردىن ئايرىلغان. ③ سۈپ. خاراب، ناچار، ئېچىنىشلىق: لەنىتى زۇلمەت زامان، يوقسۇلنىڭ ھالى يامان، بولغۇسى ئاخىر يورۇقلۇق، يۇرت پاراۋان، ئەل ئامان. *

يۈلەپ كىردى خىزمەتداشلىرى، چوڭ دادامنى ئىشكتىن يەنە. ھالى يامان ئۈنىڭ (ئېھتىمال قان بېسىمى ئۆرلەپتۇ يەنە). ④ سۈپ. زىيىنى بار، زىيانلىق، قورقۇنچلۇق، خەتەرلىك: — تاغنىڭ ھاۋاسى شۇنداق بولىدۇ، شامال كۈنچىقىشتىن ئۇرۇپ تۇرغاندا، ھاۋادا قارا بۇلۇت بولسىمۇ قورقما، ئېچىلىپ كېتىدۇ. مانا بۇنىسى يامان. * يەمەن پادىشاھىغا: «ئامايانىڭ ئوغلى — ھوتىنىڭ خىيالى يامان، پادىشاھ ئاگاھ بولمىسا، پۇشايماننى ئالغىلى قاچا تاپالمايدۇ» دېگەن خەۋەر يەتتى. ⑤ سۈپ. سەلبىي تەرەپ: يۇسۇپبېك ھاجى بولسا ئوغلىنىڭ بۇ سۇسلۇققا ئوخشاش كۆرۈنگەن ھالىنى يامانغا ئۆرىدى. ⑥ سۈپ. ئاساسى بولمىغان، قۇرۇق؛ يارىماس، رەزىل، بولمىغۇر: — ئەي شاھزادە، بۈگۈن يەتتە كۈن بولدى، ھەر كۈنى بىر ۋەزىر ئالدىڭىزغا كېلىپ، ئاياللار خۇسۇسىدا يامان ھېكايە قىلىشىدۇ، — دەپتۇ شاتۇتى شاھزادىگە. ⑦ رەۋ. ناھايىتى، ئىنتايىن، بەك: ھاۋا يامان ئىسسىق ئىدى. * مەن يامان بوشىشىپ كېتىپتىمەن، بۈگۈن ياخشى ئىشلىيەلمىدىم. * — ئاپا-ئاپا، تۇغقىنىمىز كەلدى. يامان ياخشى تۇغقىنىمىز ئىكەن. ماڭا كەمپۈت بەردى، ساڭىمۇ بېرىدۇ، جۇرە بارايلى، — دېدى شەۋكەت ئاپىسىنى سىرتقا تارتىپ.

**يامان ئاتلىق** يامان نام ئېلىپ قالغان، يامان نامى بار، ئەيىبلىك: — بىز بۇ ئىشتا بىتەرەپ قالساق ياخشى بولاتتى. ھازىر بىزمۇ سىزنىڭ سۆزىڭىزگە قوشۇلساق، سىز ئەمەس، يامان ئاتلىق بىز بولىمىز، — دېدى ئۇ ئاسمىگە.

**يامان ئاتلىق بولماق** ← **يامان ئاتلىق بولۇپ قالماق**: بىز بىرنەچچىمىز مەسلىھەتلەشتۇق، يەرلەرنى قەتئىي قۇتقۇزۇپ قالىمىز، كەلگۈسىدە «قاۋانلىق» نى ئۇزۇل-كېسىل قۇرۇتۇش ئۈچۈن ئۆزىمىز زىيان تارتساق، يامان ئاتلىق بولساق مەيلى دېيىشتۇق.

**يامان ئاتلىق بولۇپ قالماق** يامان نام ئېلىپ قالماق، ئەيىبلىك بولۇپ قالماق: ئۇ شۇ ئىش بىلەن يامان ئاتلىق بولۇپ قالغانىدى.

**يامان ئاتلىق قىلماق** يامان قىلىپ كۆرسەتمەك، تۆھمەت، قارا چاپلىماق: — سىز مېنى قوغلىۋېتىش ئۈچۈن قارا چاپلاۋاتىسىز، سىز مېنى يامان ئاتلىق قىلماقچىمۇ؟ — دېدى ئەزىزخان كۆزىگە ياش ئېلىپ يولدىشىغا.

**يامان ئالماق** يامان، گۇناھ دەپ قاراپ قارشى تۇرماق، توسقۇنلۇق قىلماق: بۇ شەھەردە يالاڭباش يۈرۈشنى يامان ئالىدۇ.

**يامان ئەمەس** «ھەر ھالدا بولىدۇ، خېلى ياخشى، خېلى جايىدا» دېگەن مەنىلەردىكى ئىبارە: — تىجارىتىمىز يامان ئەمەس، ئەمدى ئۆزلىرىنىڭ ئەھۋالىنى سۆزلەپ بەرمەملا، دوختۇر ئەپەندىم؟ — دېدى سودىگەر كۈلۈپ تۇرۇپ.

**يامان بولۇپتۇ** «چاتاق بولۇپتۇ» دېگەن مەنىدىكى ئىبارە: — گۈلقىز گۈلدەك قىز ئىكەن، بۇ ئات ئۆزىگە تازىمۇ ياپ كېلىپتىكەن. بىراق بىچارە بالىنىڭ كۆزىگە يامان بولۇپتۇ-دە، — دېدى دوختۇر كېسەلنىڭ تارىخىنى ئوقۇغاندىن كېيىن.

**يامان بولدى** چاتاق بولدى، خاتا بولدى؛ سەت بولدى: سائادەتخان دېرىزىنى چېكىپ: — يامان بولدى! ئۇلار سەمەتنى تۈرمىگە تاشلىماقچى بولۇۋاتىدۇ،

- دېدى داۋۇت ئەپەندىگە. * تۈنۈگۈنكى هاراقنىڭ تەسىرىدىن بۈگۈن ئىشقا كېچىككىنىم يامان بولدى.

**يامان بولساڭ** «قولۇڭدىن كەلسە، كۈچ-قۇدرىتىڭ يەتسە» دېگەن مەنىدىكى ئىبارە: — ئۇر، ئۆلتۈر، يامان بولساڭ ئۇره! — دېدى ئەبلغازى زىۋىرشاغا.

**يامان بولماس** خاتالىق بولماس، زىيان يەتمەس: قېنى شامەخسۇت نېمە دەيدىكىن، كۆرۈپ باقمايمىزمۇ! ئاگغىچە بىرئاز دەم ئېلىۋالساقمۇ يامان بولماس. * — بىزمۇ ئاز-تولا چىقىرىپ ئۇنىڭ كىچىك تراكتوردىن بىرنى ئېلىۋېلىشىغا ياردەم قىلساق يامان بولماس، — دېدى ئايالىم ماڭا قاراپ.

**يامان بولۇپ قالماق** يامان ئاتلىق بولۇپ قالماق، يامان سانالماق: ئۇنى دەپ مەن ئىدارىدىكىلەرنىڭ ئالدىدا يامان بولۇپ قالدىغان بولدۇم.

**يامان بولدۇ** «گۇناھ بولدۇ، يامان ئاقىۋەت كېلىپ چىقىدۇ» دېگەن مەنىلەردىكى توسۇش، چەكلەش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان ئىبارە: — بىمەنە گەپ قىلما قىزىم، يامان بولدۇ، — دېدى كېۋىراخۇن تىزلىنىپ ئولتۇرغان قىزىنىڭ بېشىنى سىلاپ تۇرۇپ. * «دىنغا شەك كەلتۈرمە، يامان بولدۇ» دەيتتى دادام.

**يامان چۈش كۆرمەك** قالايمىقان، قورقۇنچلۇق چۈش كۆرمەك، چۈشى بۇزۇلماق، قارا باسماق: — ئۆزۈممۇ بىر يامان چۈش كۆرگەنىدىم، موللام، بۇنىڭغا ئۆزلىرى بىر ئامال-قىلىپ بەرسىلە، — دېدى مىجىت.

**يامان سۆز** ← **يامان گەپ**: ياخشى سۆز تاشنى يارار، يامان سۆز باشنى (ماقال). * ئۇ بۇ يامان سۆزگە ياماق سېلىشنىڭ كويىدا قالدى.

**يامان سۆز قىلماق** ← **يامان گەپ قىلماق**: سەمەت ئادىلغا بىر ئېغىزمۇ يامان سۆز قىلمىدى.

**يامان سۈپەتلىك ئايلىنىش** <س ئىق> شەيئىلەرنىڭ بىر-بىرىنى شەرت قىلىپ، بارغانسېرى يامان تەرەپكە قاراپ ئايلىنىشى. مەسىلەن، بەزى ئەللەردىكى مال باھاسىنىڭ ئۆرلىشى كۆپ پۇل تارقىتىشنى كەلتۈرۈپ چىقارغىنىغا؛ كۆپ پۇل تارقىتىشنىڭ يەنە مال باھاسىنى تېخىمۇ ئۆرلىتىۋەتكىنىگە ئوخشاش.

**يامان سۈپەتلىك بەزگەك** <تب> يامان سۈپەتلىك بەزگەك كېسىلىنى قوزغاتقۇچى قۇرت كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان ئېغىر تىپتىكى بىر خىل بەزگەك كېسىلى، قوزغىلىش ۋاقتى ئارىلىقى تەرتىپسىز. كۆپىنچە تۇيۇقسىز تىترەك ئولىشىش، قىزىتىش ۋە تەرلەش قاتارلىق ئالامەتلەر بىلەن ئىپادىلىنىدۇ.

**يامان سۈپەتلىك تورسىمان هۈجەيرە كۆپىيىش** <تب> پۈتۈن بەدەندىكى تورسىمان ئىچكى تېرە سىستېمىسىنىڭ يامان سۈپەتلىك كېسەللىكى. كېسەللىك ئۆزگىرىشى ئاساسەن لىمفا تۈگۈنچىلىرى، جىگەر ۋە تالدا بولىدۇ.

**يامان سۈپەتلىك ئۆسمە** <تب> ئۆسمىنىڭ بىر خىلى. ئەتراپىدا ئورىغۇچى پەردىسى بولمايدۇ، ئۆسمە هۈجەيرىسى بىلەن نورمال توقۇلمىلار ئوتتۇرىسىدىكى چېگرا ئېنىق ئەمەس، هۈجەيرىلەر غەيرىي نورمال ھالەتتە كۆپىيىدۇ، شەكلى ۋە چوڭ-كىچىكلىكى بىردەك ئەمەس، ئۇنىڭ نورمال توقۇلمىلارغا بولغان بۇزغۇنچىلىق رولى ناھايىتى زور

بولۇپ، تەن ئىچىدە يۆتكىلەلەيدۇ، راك ۋە گۆش ئۆسمىسىنىڭ ھەممىسى يامان سۈپەتلىك ئۆسمە تىپىغا كىرىدۇ.

**يامانغا يان باسماق** ← **يامانغا يانتاياق بولماق**: ۋاقىتلىق دۆلەتچىلىكنىڭ قوناق ئوغرىلىغانلىقى كىچىك ئىش كۆرۈپ يامانغا يان باسقانلىقى كۆزەتچىنىڭ سەپرايىغا تەگكەندى.

**يامانغا يانتاياق بولماق** ئەسكى، بۇزۇق ئەدەملەرگە بولۇشماق، ياردەملەشمەك ۋە شۇلارنىڭ كەتمىنىنى چاپماق، دېپىغا ئۇسسۇل ئوينىماق: ئۆتمۈشتە جىنايەتكارلار جازالانماقتا يوق، قارا ھۆكۈمەت ۋە مەھكىمە شەرئىيلەر يامانغا يانتاياق بولۇپ، بىگۇناھ خەلققە ھەمىشە ئۇۋال قىلاتتى.

**يامان غەرەز** ← **يامان نىيەت**: ئايال ئۇنىڭ بۇنىدىن كېيىن يامان غەرەزگە ئالدانماسلىقى لازىملىقىنى ئېيتتى.

**يامان غەرەزدە بولماق** ← **يامان نىيەتتە بولماق**: باشقىلارغا يامان غەرەزدە بولغانلارنى ئالدى بىلەن پالاكەت باسىدۇ.

**يامان قىلماق** خاتا قىلماق، چاتاق قىلماق: — مەن ھازىرلا سېنى ئويلاپ ئولتۇرغانىدىم، يامان قىلىپتىمەنمۇ؟ — دېدى نۇردىن ئۇنىڭغا قاراپ كۈلۈپ تۇرۇپ. * ئەي پەرى، كەتتىڭغۇ سەن، بولدى قاراڭغۇ بۇ جاھان. مېنى يالغۇز مۇندا تاشلاپ، ئاھ، ئەجەب قىلدىڭ يامان.

**يامان كۆرمەك** يامان ئەسكى دەپ ھېسابلىماق؛ ئۆچ كۆرمەك؛ ياقتۇرماسلىق: تۇرمۇشتا شۇنداقمۇ ئىشلار بولىدۇ: ئادەم بەزىدە تونۇشمىغان بىرەرىنى سىرتىدىن قاراپلا يامان كۆرىدۇ؛ ئويلىساڭ، ئۇ ساڭا ھېچبىر يامانلىقمۇ قىلمىغان، نېمىشقا يامان كۆرىدىغانلىقىڭنى ئۆزۈڭمۇ چۈشەنمەيسەن. * ۋارىسجاندىن تولا ئاڭلىغان بۇ سۆزلەرنى قىز يامان كۆرەتتى.

**يامان كۆرۈنمەك** يامان، ئاتلىق بولۇپ قالماق، يامان سانالماق: ئەنۋەر شۇنىڭدىن كېيىن باشقىلارغا يامان كۆرۈنىدىغان بولۇپ قالدى.

**يامان كۆز** يامان نىيەت، يامان غەرەز يوشۇرۇنغان كۆز: ئۇنى يامان كۆزدىن قوغداشنىڭ تەدبىرىنى كۆرۈش كېرەك، ئۇ ئەمدى ياڭاقلىق يېزىسىدا پاناھلىنىدۇ. * يامان كۆزدىن ساقلان دەپ، كۆن چۈشكەندە قوغدان دەپ، ئېسىپ قويغان مومىسى، ئەسقاتىدۇ، ئوبدان دەپ.

**يامان كۆز بىلەن قارىماق** ← **يامان كۆزدە قارىماق**: «ئېشەككە كۈچۈڭ يەتمىسە، ئۇر توقۇمنى» دېگەندەك كىشىلەر ئۇلارغا يامان كۆز بىلەن قارىشاتتى، غەيۋەت قىلىشاتتى. * مېنىڭ بۇ سۆزۈم بىكار ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭغا يامان كۆز بىلەن قارىغىنىنى بايقىغىنىم ئۈچۈن ئىدى.

**يامان كۆزدە قارىماق** يامان، ناچار پوزىتسىيە تۇتماق؛ يامان نىيەتتە بولماق: ئەزەلدىن سىزگە تۆت ئىبلىس يامان كۆزدە قاراپ كەلدى، راسا غالجىرلىشىپ ئىتتەك، ھېيىقماستىن قاراپ كەلدى.

**يامان كۆزىنى سالماق** يامان نىيەتتە بولماق، نىيىتىنى بۇزۇپ قارىماق: بىزنىڭ ئىشىمىزغا بەزى كۆرەلمەسلەر يامان كۆزىنى سالماقتا.

**يامان كۈنگە قالماق** قىيىن، مۈشكۈل ئەھۋالغا چۈشۈپ قالماق، دۇچ كەلمەك: ئۈينىڭ مۆڭگۈزىگە ئۇرسا، تۈيىقى سىرقىرايدۇ دېگەندەك، بىز يامان كۈنگە قالساق، ئۇكىمىز ۋاھاپمۇ چىدىمايدۇ. * ئوغلىمىز كادىر بولۇپ كەتسە، ئەلۋەتتە يامان كۈنگە قالمايتتۇق.

**يامان گەپ** ئەدەب-قائىدە دائىرىسىدىن

چىقىپ كەتكەن، باشقىلارغا ياقمايدىغان، گەپ-سۆز، تىل-ئاھانەت: بۇنداق يامان گەپلەرنى قەيەردىن ئۆگەندىڭ؟ * ئىشلىدى ئۇ ئارامسىز، زاغرا نان يەپ كېپەك يەپ. ئىش ھەققىگە ئالغىنى، تاياق بىلەن يامان گەپ.

**يامان گەپ قىلماق** ئەدەب-ئەخلاق دائىرىسىدىن چەتنەپ كەتكەن، باشقىلارغا ياقمايدىغان، تىل-ھاقارەتلىك سۆزلەرنى قىلماق، شۇم ئېغىزلىق قىلماق: — ئۇ مەن توغرىلىق قانداق يامان گەپلەرنى قىلدى؟ — دەپ سورىدى ئايالىم مەندىن.

**يامان گېپىنى قىلماق** بىراۋنىڭ كەينىدىن گەپ قىلماق، غەيۋىتىنى قىلماق، سۆز-چۆچەك پەيدا قىلماق: — بىرى سىزگە مېنىڭ يامان گېپىمنى قىلىپ بەرگەن ئوخشايدۇ، — دېدى ئۇ بوش ئاۋازدا.

**يامان نىيەت** ① باشقىلارغا يامانلىقنى ئويلايدىغان، قارا نىيەت: شۇ چاغدا ئۇلار بىللە بىللە كېلىشىۋاتقان خەلەپ پادىشاھنىڭ ئوڭ قول ۋەزىرى يامان نىيىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا ھەرىكەتلىنىپ، شەمشۇنۇرنىڭ ئەتراپىغا قويۇلغان ئۇن قاراۋۇلنى يۆتكەپ، پادىشاھنىڭ خوتۇنى ياتقان چېدىرىنىڭ ئەتراپىغا قويۇپتۇ. ② <قا> قانۇنغا يېتەرلىك دەرىجىدە تەسىر يەتكۈزىدىغان ئىش ئىكەنلىكىنى ئېنىق بىلىپ تۇرۇپ قەستەن قىلىنغان ئىش ياكى جىنايەت.

**يامان نىيەتتە بولماق** باشقىلارنى قەستلەيدىغان يامان ئوي-پىكىر، غەرەزدە بولماق ۋە شۇنداق ئىش-ھەرىكەتلەر بىلەن شۇغۇللانماق: بۈگۈندىن باشلاپ ماڭا يامان نىيەتتە بولغۇچىلارنى ئەپۇ قىلالمايمەن!

**يامان ئۆگىنىپ قويماق** بولمىغۇر ئىش-ھەرىكەت ياكى ئادەتلەرگە كۆندۈرۈپ قويماق: — مۇنداق قىلساق كىچىك بالىنى يامان ئۆگىتىپ قويىمىز، داۋۇت ئاخۇن ئاكا، — دېدى قادىر سەممىي ئاھاڭدا.

**يامان ئۆگىنىپ قالماق** بولمىغۇر ئىش-ھەرىكەت ياكى گەپ-سۆزلەرنى قىلىشقا كۆنۈپ قالماق، ئادەتلىنىپ قالماق: ھەر يىلى مۇشۇ ئەمەلدارلارنىڭ «ھە-ھۇسى» بىلەن بىرنەچچە تۆلكە ھەتتا بۆرە ئېلىپ يامان ئۆگىنىپ قالغان «قىران» بۈركۈت ئاتلىق چېرىكنىڭ بېلىكىدىن قانات قېقىپ كۆتۈرۈلدى.

**يامان يارا** دىئال. چاشقان يارىسى؛ بويۇن لىمفا سىلى.

**يامان يەردىن تۇتماق** ئاجىزلىقىنى، ئەجەللىك يېرىنى تۇتماق: — ئۇ يامان يەردىن تۇتۇپتۇ. قاتناشماي بولمايدۇ، بولمىسا بىز پاسسىپ ئورۇنغا چۈشۈپ قالىمىز، — دېدى ئەخمەت غىلاجىدىنغا.

**يامان يولدا ماڭماق** قائىدە-قانۇن، تەرتىپ-ئىنتىزام، پرىنسىپ، بەلگىلىمىلەرگە خىلاپ ئىش قىلماق؛ تاپتىن چىقماق، ھەددىدىن ئېشىپ كەتمەك: — بولدى، بولدى، ئاستىراق سۆزلە، نۇرنىسا ئۇنداق يامان يوللاردا ماڭىدىغان قىزدەك ئەمەستى، — دېدى ئوسمان ئايالىغا.

**يامان يولدىن قايتماق** ناتوغرا، قالايمىقان ۋە قانۇنسىز ئىشلاردىن قول ئۈزمەك، شۇنداق ئىشلارنى قىلىشتىن ۋاز كەچمەك: كېيىن ئۇ يامان يولدىن قايتىپ ھەقىقىي ئادەم بولۇشقا قاراپ قەدەم باستى.

**يامان يولدىن ياندۇرماق** ← **يامان يولدىن قايتماق**: سېنىڭ ماقالەڭ بەزى كىشىلەرنى ئويغىتىپ يامان يولدىن يېنىشقا مەجبۇر قىلار دەپ ئويلايمەن.

**يامان يولغا باشلىماق** ناتوغرا، قالايمىقان ۋە قانۇنسىز ئىشلارنى قىلىشقا ئۈندىمەك ۋە شۇنداق ئىشلارنى قىلىشنى ئۆگەتمەك: — ھەرقاچان سەلىمەگە بىرسى گەپ ئۆگىتىپ، ئۇنى يامان يولغا باشلىدى، بولمىسا سەلىمە ياۋاش بالا ئىدى، — دېدى خۇرشىدىخان.

**يامان يولغا كىرمەك** ← **يامان يولدا ماڭماق**: بەزىنگىلار تۇرمۇش دەستىدىن، بەزىڭلار شارائىتنىڭ سىققانلىقىدىن ئاشۇنداق يامان يولغا كىردىڭلار!

**يامانلاتماق** «يامانلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**يامانلاشتۇرماق** «يامانلاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: قىزلارنىڭ سالامەتلىكى ۋە بەختى ئۈچۈن كۆتۈرۈلگەن رومكىلار ئۇنىڭ كەيپىنى ياخشىلاش ئورنىغا تەتۈرىسىچە يامانلاشتۇرۇۋەتتى.

**يامانلاشماق** پ ① قىيىنلاشماق، مۇشكۈللەشمەك، تەسلەشمەك: ئىنچىكىلەپ سوراشنىڭ ھاجىتى يوق، بۇنىڭ بىلەن ئەھۋال يامانلىشىپ كەتمەيدۇ. * يېقىنقى بىرنەچچە يىلدىن بۇيان بىردىنلا ئىشلار تەتۈرىگە مېڭىپ، كۈن كۆرۈش بارغانسېرى يامانلىشىپ كەتتى. ② خەتەرلىك ئەھۋالغا چۈشۈپ قالماق، ئېغىرلاشماق (كېسەللىك ھەققىدە): بالىنىڭ ھالى بارغانسېرى يامانلاشتى، كۆز قارىچۇقى ئارقىغا تارتىلىپ، بېشى قاتتىق قېلىشقا تاتتى. * ئۇنىڭ كېسىلى كۈنسېرى يامانلىشىۋاتقانلىقتىن، ئۇنى ئات ئۈستىدە يۆلەپمۇ ئولتۇرغۇزغىلى بولمايتتى. ③ بۇزۇلماق، ئۇساللاشماق: كۈنلەر ۋە ئايلارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن خانئايىمنىڭ نىيىتى بارغانسېرى يامانلىشىپتۇ. ④ سوغۇقچىلىق پەيدا بولماق، ئارازلىشىپ قالماق، زىتلاشماق، يىرىكلەشمەك (كىشىلەر ئارا مۇناسىۋەت ھەققىدە): ئەكبەر بىلەن مەنسۇرنىڭ قىزىنىڭ مۇناسىۋىتى يامانلاشقان بىلەن مەنسۇرنىڭ يامانلاشمىدى. * بۈگۈن توساتتىن ئۇلارنىڭ مۇناسىۋىتىنىڭ يامانلىشىپ بۇ دەرىجىگە يېتىشى ئۇنىڭ خىيالىغىمۇ كىرىپ باقمىغانىدى.

**يامانلاق** ئى. ئاياللارنىڭ ئېرىدىن ئاغرىنىپ ياكى خاپا بولۇپ قېلىپ، ئاتا-ئانىسىنىڭ ئۆيىگە يامانلاپ كېتىشى: ئىلھامنىڭ ئايالى ھازىرغىچە يامانلاقتا.

**يامانلاقلىق** سۈپ. يامانلاپ قالغان، يامانلاقتىكى: يامانلاقلىق ئايال. * ئۇ يامانلاقلىق ئايالىنى قايتۇرۇپ كېلىش ئۈچۈن ئادەم ئەۋەتتى.

**يامانلىق** ① «يامان» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: يامانلىق قىلماق. * ياخشىلىققا ياخشىلىق — ھەر كىشىنىڭ ئىشىدۇر، يامانلىققا ياخشىلىق — ئەر كىشىنىڭ ئىشىدۇر (ماقال). * خەلق كۆزىگە ياخشىلىق بىلەن كۆرۈنگىن، يامانلىق بىلەن كۆرۈنۈشتىن ساقلان. ھېچقاچان بۇغداي كۆرسىتىپ، ئارپا ساتما. ② ئى. شوخلۇق: قارا، ئۇ بالىنىڭ يامانلىقىنى.

**يامانلىق سانىماق** يامان نىيەتتە بولماق، يامان نىيەتنى كۆڭلىگە پۈكمەك، ئويلىماق، قارا سانىماق: — غوجام، قاراپ تۇرۇپ شۇنداق قىلسىلا خۇدا راۋا كۆرەرمۇ؟ بۆرىمۇ قوشنىسىغا يامانلىق سانىمايدۇ، بىچارە قىزغا ئۇۋال ئەمەسمۇ؟ — دېدى موماي خاپا بولۇپ.

**يامانلىق قىلماق** ① زىيانكەشلىك، دۈشمەنلىك قىلماق: يۇرت خەلقىنى قاخشىتىش ياخشى ئىش ئەمەس، ئۆتنە ئالەم بۇ، كىشىگە يامانلىق قىلسا، ئۆزىگە يانىدۇ. * قۇش ماڭا ياخشىلىق قىلىپتىكەن، مەن ئۇنىڭغا يامانلىق قىلىپتىمەن. ② ئەدەپسىزلىك،

شوخلۇق، قىلىقسىزلىق قىلماق: بالام ياماﻧﻠﯩﻖ قىلما، بولمىسا، ئاۋۇ ئاكاش سېنى قوغلاپ چىقىرىدۇ.

**ياماﻧﻠﯩﻖ كەلمەك** باشقىلارغا ياماﻧﻠﯩﻘﻰ يەتمەك: قېرىنداشلاردىن كەلسە ياماﻧﻠﯩﻖ، بولمايدۇ ئەلگە ئەسلا ئاماﻧﻠﯩﻖ.

**ياماﻧﻠﯩﻖ كۆرمەك** باشقىلارنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىماق: بىز بۇنىڭدىن ھېچقانداق ياماﻧﻠﯩﻖ كۆرمىدۇق.

**ياماﻧﻠﯩﻘﻰ تەگمەك** باشقىلارغا زىيان-زەخمىتى يەتمەك: ياخشىنىڭ ياخشىلىقى تېگەر ھەر يەردە، ياماننىڭ ياماﻧﻠﯩﻘﻰ تېگەر تار يەردە (ماقال).

**ياماﻧﻠﯩﻖ يەتمەك** باشقىلارغا زىيىنى، زەرەرى يەتمەك: — ياماﻧﻠﯩﻖ يېتىدىغان — يەتمەيدىغانلىقىنى بىزمۇ بىلمىز، — دېدى باشلىق مەنىستىمىگەن ھالدا.

**ياماﻧﻠﯩﻘﭽﻪ** رەۋ. بىرەر كۆڭۈلسىزلىك پەيدا قىلىپ، ياماﻧﻠﯩﻖ، ئەسكىلىك بىلەن، تىنچسىز: ئىشنى ياخشىلىقچە ھەل قىلىش كېرەكمۇ ياكى ياماﻧﻠﯩﻘﭽﻪ ھەل قىلىش كېرەكمۇ؟

**ياماﻧﻠﯩﻤﺎﻕ** پ ① باشقىلارغا بىراۋنى قارىلاپ، يامانغا چىقىرىپ گەپ قىلماق، چېقىشتۇرماق؛ يامان گېپىنى قىلماق: كىمدۇ بىرسى نېمە مەخسەت بىلەنكىن تاڭ، گۈلزارنىڭ ئاتىسىغا پازىلنى ياماﻧﻼﭖ بەردى. * « ئادەمنىڭ ئالدى گۈل، كەينى تىكەن »، دۈشمەنمۇ ئالدىڭدا ماختايدۇ سېنى. كەينىڭدىن ياماﻧﻼﭖ چېقىپ چاياندەك، دوست ئەمەس يېمىگەن ئەلنىڭ غېمىنى. ② خاپا بولماق، ئاغرىنماق، رەنجىمەك، باتىنماق: دوستتىن ياماﻧﻠﯩﻐﺎﻥ ئەقىلنىڭ يوقلۇقى، تاماقتىن ياماﻧﻠﯩﻐﺎﻥ قورساقنىڭ توقلۇقى (ماقال). * يارىم ياماﻧﻠﯩﻐﺎﻧﻐﺎ خۇش، مەن قۇتۇلغانغا خۇش (ماقال). * ئېرىڭدىن ياماﻧﻠﯩﻤﺎي، ئەيىبىڭدىن ياماﻧﻼ (ماقال). * نومۇسقا چىدىمىغان تۇرسۇنئاي ھەدە ئاخىرى ھەدىسىنىڭ ئۆيىگە ياماﻧﻼﭖ كەتتى.

**يامبۇ** ئى (خەن) <مال> جۇڭگونىڭ كونا زاماندىكى پۇلنىڭ بىر خىلى. ئالتۇن، كۈمۈشتىن قۇيۇلغان بولۇپ، شەكلى ئات تۇيىقىغا ئوخشاپ كېتىدۇ. تاڭ ۋە سۇڭ سۇلالىسى دەۋرلىرىدە كۆپرەك قۇيۇلغان.

**يامبۇسىمان** سۈپ. يامبۇ شەكىللىك، يامبۇغا ئوخشاش: يامبۇسىمان مېۋىلىك ئېرەن.

**يامبۇسىمان مېۋىلىك ئېرەن** <بوت> زەرەڭ ئائىلىسىدىكى يوپۇرماق تاشلايدىغان دەرەخ. يوپۇرمىقى پەيسىمان مۇرەككەپ يوپۇرماق، كىچىك يوپۇرمىقى ئۇزۇن ھەم سوقچاق، گۈلى سارغۇچ يېشىل، مېۋىسىنىڭ ئىككى يېنىدا تىك ئۆسكەن قانىتى بولۇپ، يامبۇغا ئوخشايدۇ. يول بويىدا ئۆستۈرۈلىدۇ.

**يامبۇلۇق** سۈپ ① يامبۇسى بار، يامبۇسى كۆپ: يامبۇلۇق ئادەم. يامبۇلۇق ئائىلە. ② يامبۇغا يارايدىغان، يامبۇغا ئالىدىغان: ئۇن يامبۇلۇق ئات. بىر يامبۇلۇق گەپ قىلماق.

**يامچاق** ئى. گۈل ئۆستۈرۈش ئۈچۈن قىرلىق ياكى يۇملاق قىلىپ ياسالغان، تېگىدە نەم ئۆتكۈزۈش تۆشۈكى بار ساپال قاچا، تەشتەك: مەن كۆلۈپ ئېچىلغان بىر تال قىزىل گۈل، يىلتىزىم ئورناشقان ئانا تۇپراققا. ئۈنىڭسىز ئېچىلىپ چاچماسمەن پۇراق، كۆچۈرسە ھەتتاكى ئالتۇن يامچاققا.

**يامداتماق** « يامدىماق » پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**يامداشماق** « يامدىماق » پېئىلىنىڭ ئۆملۈك

دەرىجىسى.

**يامداق** ئى ① چوڭ سۆپۈرگە. ② سۆپۈرگىگە ئىشلىتىلىدىغان بىر خىل ئۆسۈملۈك.

**يامداقلىق** ئى ① يامدىقى بار. ② يامداق قىلىشقا يارايدىغان: يامداقلىق ئوت.

**يامدالماق** «يامدىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**يامدىماق** پ. يامداق بىلەن سۆپۈرمەك: ئۇ ھويلىنى يامداپ بولۇپ يولغا چىقتى.

**يامراتماق** «يامرىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئاشۇ پەرياد يامرىتىدۇ ياش، غۇنچە بويلۇق رەنا كۆزىدىن. ئاشۇ پەرياد يامرىتىدۇ ياش، ئاتا غەمخور ئانا كۆزىدىن.

**يامراشماق** «يامرىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**يامرىغۇچى** سۈپ. يامرايدىغان: يامرىغۇچى جانلىقلار.

**يامرىغۇچى جانلىقلار** <زوئول> دېڭىز-ئوكيان ياكى دەريالاردا ياشايدىغان، ھەرىكەت دائىرىسى نىسبەتەن كەڭرەك بولغان ھايۋانلار. مەسىلەن، كىت، كاراكاتىسىيە، يىلان بېلىق قاتارلىقلار.

**يامرىماق** پ. تارىماق، يېيىلماق، كېڭەيمەك؛ تارقالماق: رەڭ يامرىماق. تەبەسسۇم يامرىماق. * ئۇ يۈزىنىڭ كۆيۈۋاتقانلىقىنى، بۇ كۆيۈشىنىڭ ئاستا-ئاستا پۈتۈن بەدىنىگە يامراۋاتقانلىقىنى سېزىپ تۇراتتى. * ئۇنىڭ كۆكرىكىدىن چىققان قان مۇزغا يامراپ بىر ئىلىك ئېرىتىپ تاشلاپتۇ.

**يامزال** ئى. تاغ، يار قاتارلىقلارنىڭ باغرى، يانتۇلۇق: ئۇ ھازىر تارىخ قەھرىمانلىرى پەرھاد بىلەن شېرىن ۋاپادارلىق يولىدا قۇربان بولغان مۇقەددەس تاغنىڭ يامزىلىدا تۇراتتى.

**يامغۇر** ئى <مېتېئور> بۇلۇتتىن چۈشكەن سۇ تامچىسى. بۇلۇتتىكى سۇ تامچىلىرى يىغىلىپ ھاۋادا لەيلەپ يۈرەلەيدىغان ھالەتكە كەلگەندە يەرگە چۈشىدۇ. بۇ يامغۇر بولىدۇ.

**يامغۇر بەلبېغى** <مېتېئور> ① فرونت سىزىقىنى بويلاپ چوڭ دائىرىدە شەكىللەنگەن بەلباغسىمان ھۆل-يېغىن رايونى. ② ھۆل-يېغىن مىقدارىنىڭ كەڭلىكلەر بويىچە بەلباغسىمان تارقىلىشى.

**يامغۇر پەردىسى** <مېتېئور> يامغۇر تالالىرىنىڭ بۇلۇت قاتلىمىنىڭ ئاستىدا ئېسىلىپ تۇرۇش ھادىسىسى. بۇ يامغۇر تامچىسى يەر يۈزىگە يېتىپ چۈشمەيلا ھاۋا بوشلۇقىدا پارغا ئايلىنىشى تۈپەيلىدىن ھاسىل بولىدۇ.

**يامغۇر پەسلى** <مېتېئور> بىر يىل ئىچىدىكى يامغۇر مىقدارى مەركەزلەشكەن پەسىل. يامغۇر پەسلىنىڭ ئالدى-كەينىدە بىر قۇرغاق مەزگىل بولىدۇ. روشەن يامغۇر پەسلى بىلەن قۇرغاق پەسلىنىڭ بولۇشى تۆۋەن كەڭلىك رايونى بىلەن موسسۇن ئىقلىمىغا ئىگە رايونلارنىڭ ئالاھىدىلىكىدۇر.

**يامغۇر دەرىجىسى** <مېتېئور> يامغۇرنىڭ ھۆل-يېغىن سىجىللىقىغا ئاساسەن بۆلۈنگەن دەرىجىسى. ئادەتتە ئاز يامغۇر، ئوتتۇراھال يامغۇر، قاتتىق يامغۇر ۋە قارا يامغۇر دەپ تۆت دەرىجىگە بۆلۈنىدۇ.

**يامغۇردىن قېچىپ مۆلدۈرگە ئۇچرىماق ← خۇپتەندىن قېچىپ تاراۋىغا تۇتۇلماق:** — تازا قىزىق بولدى-دە، يامغۇردىن قېچىپ، مۆلدۈرگە ئۇچرىدۇق، — دېدى ئۇ.

**یامغۇر سۆڭگىسى** <مېتېئور> یامغۇر یاغقان یاكى تۇمان پەیدا بولغان چاغدا سوغۇق سۇ تامچىلىرىنىڭ جىسىم يۈزىدە توڭلىشى ئارقىلىق ھاسىل بولغان توڭ جىسىم. ئېغىر دەرىجىلىك یامغۇر سۆڭگىسى سىم تاناب ۋە دەرەخ شاخلىرىنى ئۈزۈۋېتەلەيدۇ.

**یامغۇر مىقدارى** <مېتېئور> سىڭىپ كەتمەيدۇ، ھورلانمايدۇ ۋە ئېقىپ كەتمەيدۇ دەپ مۆلچەرلىگەن ئەھۋالدىكى، بەلگىلىك ۋاقىت ئىچىدە يەر يۈزىگە ياغقان یامغۇر سۈيىنىڭ چوڭقۇرلۇقى.

**یامغۇرنىڭ سايە رايونى** <مېتېئور> یامغۇر مىقدارى شامالغا يۈزلەنگەن يانباغىرغا قارىغاندا ئازراق بولىدىغان شامالدىن دالدا يانباغىر.

**یامغۇر يىغىلىش مەيدانى** <سۇ> ① یامغۇر سۈيى يىغىلىدىغان مەيدان. ②سىرغىم ھاسىل بولىدىغان مەيدان. بىرەر ۋادىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئۇنىڭ بۇ بۆلگۈچ سىزىقى بىلەن قورشالغان مەيدانى ئاشۇ ۋادىنىڭ یامغۇر يىغىلىش مەيدانى دېيىلىدۇ. چۈنكى ۋادىنىڭ سۈيى ئاشۇ مەيدانغا ياغقان یامغۇر سىرغىمىدىن ھاسىل بولىدۇ.

**یامغۇردەك** سۈپ. یامغۇرغا ئوخشاش، ئارقىمۇئارقا، ئۈزۈلمەي، تېز-تېز: چىمەن كۆزلىرىدىن قۇيۇلۇۋاتقان یامغۇردەك ياشلىرىنى يوشۇرالماي ھېكايىسىنى داۋاملاشتۇردى.

**یامغۇرسىراشماق** « یامغۇرسىرىماق » پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**یامغۇرسىرىماق** پ. یامغۇرغا تەشنا بولماق: چۆلدىكى یامغۇر بىلەن كۆكىرىدىغان بۇ دەرەخلەر بەكمۇ یامغۇرسىراپ كەتكەنىدى.

**یامغۇرلۇق** ① سۈپ. یامغۇر ياغقان ياكى يېغىۋاتقان: یامغۇرلۇق كېچە. یامغۇرلۇق كوچا. * یامغۇرلۇق بوران شۇنداق قۇتراپ كەتتىكى، غەزەپ بىلەن ھۆركىرەپ ئاپتوموبىلنى ئاغدۇرۇۋېتىدىغاندەك لىگىشىتاتتى. ② ئى. ھۆل-يېغىندا كىيىدىغان كىيىم: ئىشىك تاراقلاپ ئېچىلىپ یامغۇرلۇققا ئورانغان بىر ئادەم كىرىپ كەلدى. ‖ یامغۇرلۇق چاپان.

**یامغۇرلۇق توپ بۇلۇت** <مېتېئور> قويۇق ۋە قېلىن چوڭ بۇلۇت بۆلىكى. بۇ خىل بۇلۇتنىڭ ۋېرتىكال ھالىتى ئىنتايىن تەرەققىي قىلغان بولۇپ، ئۈستى قىسمىدا يېيىسمان مۇز كرىستال قۇرۇلمىسى بولىدۇ. ھەمىشە ئۇنىڭ بىلەن گۈلدۈرمامىلىق چاقماق، ئۆتكۈنچى یامغۇر، ئۆتكۈنچى بوران، شۇنداقلا يەنە مۆلدۈر ياكى قۇيۇن بىللە كۆرۈلىدۇ.

**یامغۇرلۇق قاتلاملىق بۇلۇت** <مېتېئور> تەكشى، تۇتۇق كۆل رەڭ بۇلۇت قاتلىمىنى ھاسىل قىلىدىغان بۇلۇت. بۇنداق چاغدا ئۇدا ھۆل-يېغىن ياغىدۇ.

**یامغۇرلۇق كۆن** <مېتېئور> كۆزىتىلگەن ھۆل-يېغىن ياغقان كۈنلەر. ئېلىمىزدە ھۆل-يېغىن مىقدارى 0.1 مىللىمېتىردىن ئاشقان كۈنلەرنى بىر ھۆل-يېغىنلىق كۈن قىلىش بەلگىلەنگەن.

**یامغۇرلۇق ھاۋا** <مېتېئور> یامغۇر ياغقان چاغدىكى ھاۋا.

**یامغۇر-يادا** یامغۇر: دەممۇدەم يەل ئىچىدە ئاڭلاندى تىلاۋەتتىن سادا، چۈشتى كۆكتىن نۇر ئارا تۈن نىسبەدە یامغۇر-يادا.

**یامغۇر-يېشىن** یامغۇر، قار قاتارلىق ئاسماندىن چۈشۈپ سۇ ھاسىل قىلىدىغان تەبىئىي نەملىك: كەچ كۈزنىڭ بىركۈنى چۈشتىن

كېيىن، سائەت ئۈچ مەزگىلى، يامغۇر-يېشىن بولمىسىمۇ، كۆزنىڭ شامىلى بەدەننى شۈركەندۈرىدىغان دەرىجىدە سوغۇق ئىدى.

**يامغۇر-يېشىنلىق** يامغۇر-يېشىن ياغقان، ياغمۇر-يېشىن يېغىۋاتقان: ياغمۇر-يېشىنلىق يىللىرى ئاشلىق مول بولىدۇ، ياغمۇر-يېشىن ئاز ياغقان يىللىرى ھوسۇل كەم بولىدۇ.

**يامۇل** ئى (خەن) تارىس. خانلىق دەۋرىدىكى ناھىيە، ۋىلايەت ئۆلكە دەرىجىلىك ھاكىمىيەت ئورگىنى: يامۇل بېگى. * ئەنە شۇنداق پۈتمەس-تۈگىمەس خىياللار بىلەن كېچىچە پىيادە يۈرۈپ، چاي ۋاقتى بىلەن دوتەي يامۇلىنىڭ ئالدىغا يېتىپ كەلدىم.

**يامۇل بېگى** تارىس. يامۇلنىڭ كۈندىلىك ئىشلىرىنى باشقۇرىدىغان مەسئۇل خادىم: ئۆيدىن يامۇل بېگى چىقىپ كەلدى.

**يامۇللۇق** سۈپ. يامۇلنىڭ باشقۇرۇشىدىكى، يامۇل ئىگىدارچىلىقىدىكى: يامۇللۇق ساز.

**يامۇللۇق ساز** <مۇز> قەدىمكى زامانلاردىكى يامۇلنىڭ بىۋاستە باشقۇرۇشىدا بولغان سازەندىلەر ۋە ئەلنەغمىچىلەر ئەترىتى.

**يامچاق** (توغرىسى: يارغۇنچاق) ← **يارغۇنچاق**.

**يامسىلماق** «ياماتماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**يامىلماق** (توغرىسى: يارمىدىماق) ← **يارمىدىماق**.

**يامىماق** پ ① بىرەر نەرسىنىڭ يىرتىلغان، تېشىلگەن يېرىنى تۈزىمەك، پۈتۈنلىمەك؛ ئۇلىماق، تىكمەك: كىيىم يامىماق. ئاياغ يامىماق. * پەشنى كېسىپ، يەڭنى ياماپتۇ (ماقال). * ئۇ مەھەللىدىكى كىشىلەرنىڭ ئاياغ كىيىمىنى ياماپ، داس-چېلەكلىرىنى تۈۋلەپ، سۇنغان لىڭگىرچاق ۋە بۇغا-جاۋەنلىرىنىمۇ تۈزەپ بېرەتتى. ② <بىئول> ئورگانىزمنىڭ ئىچكى توقۇلمىلىرى بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغاندا، بەدەن ئىچىدىكى ئاقسىل ماددىسى ئارقىلىق توقۇلماق.

**يامىنى** يۈك «ئەڭ قىيىنى، مۇشكۈلى، تەسى، چاتىقى» دېگەن مەنىلەردە كېلىدۇ: يامىنى كەلسە بۇ ئىشتىن ۋاز كېچەرمەن. * يامىنى بولسا كۆرەرمىز.

**يامىنىغا ئايلانماق** بولىدىغان ئىش بولمايدىغانغا، ئەكسىگە قاراپ يۈزلەنمەك، يامانلاشماق: كېيىنكى چاغلاردا بۇ ئىش تېخىمۇ يامىنىغا ئايلاندى.

**يامىنىغا تارتماق** ئاقىدىغان، بولىدىغان ئىشنى ئاقمايدىغان، بولمايدىغان تەرەپكە، يامان تەرەپكە ئېلىپ ماڭماق، ياتقۇزماق: ئىش يامىنىغا تارتسا، تۈيۈق يولغا كىرىپ قېلىشىمىز مۇمكىن.

**يامىنىغا كەلسە** ئىش-ھەرىكەتتىن يامان نەتىجە چىقىپ قالسا؛ نەتىجىسى كۆڭۈلدىكىدەك بولمىسا: قوغدىنىش ئەترىتىنىڭ باشلىقلىق ئىمتىيازىدىن پايدىلىنىپ يامىنىغا كەلسە ئۇ ھەر ئىككى رەقىبىنى جايلىۋەتمەكچى بولدى.

**يامىنى كەلسە ← يامىنىغا كەلسە:** ئورنىغا ئالماشتۇرغان بالىنىڭ نارازى بولۇشىدىن نېمانچە قورقىسىز؟ يامىنى كەلسە ئەرز قىلىدۇ، شۇ.

**يامىنى يوق** «يامان بولمايدۇ، زىيان بولمايدۇ، ئارتۇق كەتمەيدۇ» دېگەن مەنىدىكى ئىبارە: — بىر-ئىككى كۈن بالدۇر يولغا چىققاننىڭ يامىنى يوق، ئەمدى بىزنى يەنە توسماڭلار، — دېدى باتۇر ھىدايەت ئاقساقال قاتارلىقلارنىڭ سۆزىنى رەت قىلىپ. * بولۇپتۇ بىلسۇن ھېلىمۇ ئۇنىڭ يوقتۇر يامىنى. ئوراپ ئالدى شۇ تاپتا بىر ئېغىر دەرد قەلبىمنى.

**يان** ئى ① بەدەننىڭ ئوڭ ۋە سول تەرەپلىرى ياكى ھەرقانداق نەرسىنىڭ ئوتتۇرىسىغا نىسبەتەن ئوڭ ۋە سول تەرەپلىرى: بىر يېنىم ئاغرىۋاتىدۇ. * ئىشىكنىڭ ئىككى يېنىغا ساقچى قويدى. ② بىرەكىمنىڭ ھۇزۇرى، قېشى، ئالدى: ئىست يېنىدا سۆڭەك ياتماس، سۆڭەك ياتسا، بىكار ياتماس (ماقال). ياندىكى موللام-بار موللام، يىراقتىكى موللام داموللام (ماقال). * غىياسىدىن كۆلگىنىچە ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ تاش ئۇستىدە ئولتۇردى. * نەق شۇ چاغدا ئۇنىڭ ئېرى ئۆمەرجان يان كوچىدىن چىقىپ، شىپىرلىغان تۇۋشنى ئاڭلاپ تۇرۇپ قالدى. ③ كۆچمە. يانچۇق، چۆنتەك: ئۇ ئېرىنمەستىن ئارقىغا يېنىپ، ئۆيدىن كۆزەينەكنى تاقاپ چىققاندىن كېيىن، ھۆججەتكە كۆز يۈگۈرتۈپ، ئىمزا قويۇش ئۈچۈن قەلەم ئىزدەپ يانلىرىنى سىلىدى. * زەرگەرنىڭ ئوغلى نائىلاج تۆت دانە گۆھەرنى يېنىدىن چىقىرىپ، ئايالنىڭ ئالدىغا قويۇپتۇ.

**يان باسقان جىنايەتچى** <قا> باشقىلارنىڭ جىنايەت ئۆتكۈزگەنلىكىنى ئېنىق بىلىپ تۇرۇپ يوشۇرغان، قوغدىغان جىنايەتچى.

**يان باسماق** تەرىپىنى ئالماق، بولۇشماق، ياردەملەشمەك: مۇشۇنداق ۋاقىتلاردا ئايرىم ساۋاقداشلىرىم ماڭا يان بېسىپ مېنى جېدەل ئىچىدىن قۇتۇلدۇرۇپ ئالاتتى. * بىز ئۆز پەرزەنتلىرىمىزگە قاتتىقراق تەلەپ قويساق، بۇ ئۇلارغا پۈتۈنلەي پايدىلىق؛ بۇنىڭ ئەكسىچە پەرزەنتلىرىمىزگە ھەددىدىن ئارتۇق ئامراقلىق قىلىپ يول قويساق، خاتالىقىغا يان باسساق، بۇ ئۇلارغا زىيانلىق.

**يان بايان** <تىيا> تىياتىردا رول ئالغۇچىلارنىڭ باشقا پېرسوناژلارغا كەينىنى قىلىپ تۇرۇپ تاماشىبىنلارغا قىلغان سۆزلىرى.

**يان بەرمەك** يول قويماق، يول بەرمەك: بىزنىڭ جەمئىيىتىمىزنىڭ گەۋدىسى ئۇلار ئەمەس، بەلكى بىز! شۇنداقكەن ئۇلار ھەرقاچان بىزگە يان بېرىشى، پەقەت بىزدىن ئاشقان شارائىت ۋە ئىمكان ئاستىدىلا تىجارەت قىلىشى لازىم.

**يان بۆلەك** <تىل> خەنزۇچە خەتلەرنىڭ قۇرۇلمىسىدا كۆپ ئۇچرايدىغان تەركىبىي بۆلەكلەر.

**يان بېسىم** <فىز> قاچا ئىچىگە قاچىلانغان سۇيۇقلۇقنىڭ قاچىنىڭ يان دىۋارىغا چۈشۈرىدىغان بېسىمى.

**يان بىخ** <بوت> يوپۇرماقنىڭ غول بىلەن تۇتاشقان جايىدىن چىقىدىغان بىخ. كۆپىنچە يوپۇرماق سېپىنىڭ قولتۇق قىسمىدا بولىدۇ.

**يان بىلەك ئارتېرىيىسى** <ئانات> بىلەك ئارتېرىيىسىنىڭ بىر تارمىقى. بىلەكنى بويلاپ، يان بىلەكتىن سوزۇلۇپ، قول ئالقىنىدا بىلەك ئارتېرىيىسى بىلەن تۇتىشىدۇ ھەمدە بارماقلارغا تارىلىدۇ. يان بىلەك ئارتېرىيىسى قولنىڭ بېغىشىدىن ئۆتىدۇ. قول بىلەن باسقاندا، ئۇنىڭ سوقۇۋاتقانلىقىنى سەزگىلى بولىدۇ.

**يان بىلەك سۆڭىكى** <ئانات> بىلەكنىڭ باش بارماق تەرىپىدىكى سۆڭىكى. بىلەك سۆڭىكى بىلەن پاراللېل ھالەتتە تۇرىدۇ، يۇقىرى ئۇچى بىلەك سۆڭىكى ۋە يۇقىرىقى بىلەك سۆڭىكى بىلەن جەينەك. بېغىشنى ھاسىل قىلىدۇ؛ تۆۋەنكى ئۇچى بىلەك بېغىش سۆڭەكلىرى بىلەن بىلەك بېغىشنى ھاسىل قىلىدۇ.

**يان پاقالچاق سۆڭىكى** <ئانات>

پاقالچاقنىڭ يان تەرىپىدىكى ئۇزۇن سۆڭەك. پاقالچاق سۆڭىكىدىن ئىنچىكە ھەم قىسقا بولۇپ، ئۈچ قىرلىق كېلىدۇ.

**يان پەردە** <تىبا> سەھنىنىڭ يان تەرىپىدىكى پەردىسى.

**يان چاك** <كىي> ① چاپاننىڭ ئالدى بويى بىلەن ئارقا بويىنى ئۇلايدىغان تىكىش. ② ئىككى يان تەرىپىدىكى چېكى.

**يان خالتا** جان ت. يانچۇق: ئۇ خېلى ئۇزۇن يان خالتىسىنى ئاختۇرۇپمۇ بىرەر نەرسە تاپالمىدى.

**يان دۇمباق** <مۇز> يانغا ئېسىۋالىدىغان كىچىك تىپتىكى دۇمباق. ئىككىلا تەرىپىگە تېرە كىيدۈرۈلگەن بولۇپ، كۆپىنچە ناخشىغا تەڭكەش قىلىپ ئۇسسۇل ئويىنىغاندا ئىشلىتىلىدۇ. ئادەتتە قول بىلەن چېلىنىدۇ.

**ياندىن ئورۇنغان چەمبەر** <مات> ئۈچ بۇلۇڭنىڭ بىر تەرىپى ۋە قالغان ئىككى تەرىپىنىڭ داۋامى بىلەن ئورۇنغان چەمبەر.

**يان سۇپىسى** <بىن> كۆۋرۈكنىڭ ئىككى بېشىدىكى قىرغاقتا قوپۇرۇلغان سۇپا شەكىللىك توسما. ئۇ كۆۋرۈكلىمىنىڭ بىر ئۇچىنى كۆتۈرۈپ تۇرۇشتىن سىرت، قىرغاقنى توسۇپ تۇرىدۇ. ئادەتتە تاش، خىش، بېتون قاتارلىق ماتېرىياللاردىن ياسىلىدۇ.

**يان سىزىق** <زوئول> بېلىق تېنىنىڭ ئىككى يان تەرىپىدىكى نۇرغۇن ئۇششاق تۆكچىلەردىن تۈزۈلگەن سىزىقچىلار. ھەربىر تۆكچە ئىچىدە بىردىن كىچىك نەيچە بولۇپ، ئىچىدە سەزگۈ ھۈجەيرىلىرى بولىدۇ. ئۇ سۇ ئېقىمىنىڭ يۆنىلىشى ۋە بېسىمىنى سېزەلەيدۇ.

**يان شاخ** <بوت> ئاساسىي شاختىن ئۆسۈپ چىققان كىچىك شاخلار.

**يان قورال** يانغا ئېسىۋالىدىغان تاپانچا تۈرىدىكى قوراللار: ئۇ ئورنىدىن شاققىدە تۇردى-دە، شەپكىسىنى ئوڭشاپ تۈگمىلىرىنى ئېتىپ، ھۆججەت سومكىسىغا قاراپ چىقىپ، كەينىگە ئېسىۋالغان يان قورالىنى سىلاپ قويۇپ، تېز ھەم مەزمۇت قەدەم بىلەن مەجلىسخانىدىن چىقتى.

**يان كۆرۈنۈش چېرتيوژى** <بىن> جىسىمنىڭ بىر تەرىپىدىن يەنە بىر تەرىپىگە ئۇدۇل پرويېكسىيە چۈشۈرۈش ئارقىلىق سىزىلغان چېرتيوژ.

**يان مەركەز** <مات> ياندىن ئورۇنغان چەمبەر مەركىزى.

**يان ئۆستەڭ** <سۇ> ① سۇ باشلاپ يەر سۇغىرىش ئۈچۈن، دەريا ياكى چوڭراق ئۆستەڭلەرگە يانداپ قېزىلغان ئۆستەڭ. ② دەريا ياكى خەتەرلىكرەك ئۆستەڭلەرنىڭ ئېقىم مىقدارىنى ئازايتىش ئۈچۈن ئۇنىڭغا يانداپ قېزىلغان ئۆستەڭ.

**يان ئىشىك** <بىن> ئۆي ياكى ھويلىنىڭ دەرۋازا ياكى چوڭ ئىشىكتىن يان تەرەپتىكى تېمىدىن ئېچىلغان ئىشىك.

**يان يۈز چېرتيوژى** <بىن> ← **يان كۆرۈنۈش چېرتيوژى.**

**يان يىلتىز** <بوت> ئوق يىلتىزدىن تۆت ئەتراپقا ئۆسۈپ چىققان يىلتىزلار.

**يېنى ئاغرىماسلىق** «پەرۋاسىز قاراش»، «ئىنچىكە ھېساب قىلماسلىق» دېگەن مەنىلەردىكى ئىبارە: — ئۆزى تەر تۆكۈپ تاپمىغان مال بولغاندىكىن، ئۇنىڭ يېنى ئاغرىمايدۇ-دە، — دېدى بىرەيلەن.

**يېنى بوش** يانچۇقى قۇرۇق، پۇلسىز،

كەمبەغەل: ئۇ بەزىدە يېنى بوش بولغىنى ئۈچۈن قاۋاقخانىغا كىرەلمەيتتى-دە، ئۇدۇلدىكى دوڭغاق تېرەككە يۆلىنىپ لىرانىڭ دىدارىغا تەلمۈرۈپ تۇراتتى.

**يېنى تۇم ← يېنى چىڭ:** نادىرخان «باي» بولۇپ كېلىشكە كەتكەندىن بېرى، بازار بېكىلىشىك مەنسىپىنى قولىغا ئالغان خاتىپنىڭ ھازىر يېنى خېلىلا تۇم ئىدى.

**يېنى تومپايماق** كۆپ پۇلغا ئىگە بولماق، باي بولماق، بېيىماق: ئوچۇقنى ئېيتقاندا، يېنى تومپايغانسېرى، ئۇ ئۆيىنى يۇرت-مەھەللىسىنىلا ئەمەس، ئوقەتتىن باشقا ھەممە نەرسىنى ئۇنۇتقاندى.

**يېنى چىڭ** پۇلى كۆپ، باي: — ئۇلارنىڭ يېنى چىڭ، يەنە كېلىپ جانلىق ئىش ھەققى ئالىدىكەن، — دېدى پاتەمخان ئامىنىخانغا.

**يېنىدا بولماق** قېشىدا، ئەتراپىدا بىللە بولماق: مەن ئاخىرقى ئۈچ ئاخشام ئۇنىڭ يېنىدا بولدۇم.

**يېنىدىن ئۆتمەسلىك** ھېچقانداق تەسىر قىلماسلىق، خىيالىغىمۇ كەلتۈرمەسلىك: بۇ گەپ ئۇنىڭ يېنىدىن ئۆتمەيدۇ.

**يېنىغا ئالماق** ئۆز ياردىمىگە، ھىمايىسىگە، پاناھىغا ئالماق، ھىمايە قىلماق: ئۇلار مېنى يېنىغا ئېلىپ ئوبدان قارىدى.

**يېنىغا تارتماق** قېشىدا تۇرغۇزماق، قانات ئاستىغا ئالماق؛ ھەمكارلاشماق: — ھازىرچە ئەكبەرنى يېنىڭىزغا تارتمىسىڭىز بولمايدۇ، — دېدى سۇنۇر.

**يېنى قۇرۇق ← يېنى بوش:** سەمەت ئۇنىڭغا ياردەم قىلماقچى بولۇپ يېنىنى سىلىدى، ئەمما ئۇنىڭ يېنى قۇرۇق ئىدى.

**يېنىنى ئالماق** تەرىپىنى ئالماق، قوللىماق، قوغدىماق، بولۇشماق: شەرىخاننىڭ يەنە سەپراسى ئۆرلىدى.

ئەمما ئەركىرەك چوڭ بولغان رەيھانگۈل بوي بەرمەي يەنە ھەدىسىنىڭ يېنىنى ئالدى.

**يېنىنى تومىلىماق** باي بولماق، يېنىنى چىڭدىماق: سادىر كۆڭلىدە «ھۆكۈمەت دېھقانلارنىڭ بېيىشىغا پۇرسەت بېرىۋاتىدۇ، پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ، تېزرەك يېنىمىزنى تومىلاپ، بالىمىزنىڭ بېشىنى ئوڭلاپ قويسام» دەپ ئويلايتتى. * بەزىلەر پۇل، مالغا ئاتايدۇ جاننى، ھارامدىن پۇل تېپىپ تومىلايدۇ ياننى. تويمىغاچ ئۇلارنىڭ نەپسى ھېچ قاچان، سېتىشقا رازىدۇر نومۇس-ۋىجداننى.

**يېنىنى چىڭدىماق ← يېنىنى تومىلىماق:** ئۇنىڭ ئائىلىسى قارىماققا نامرات كۆرۈنگەن بىلەن ئۆز ۋاقتىدا يېنىنى چىڭدىۋالغان بولسا كېرەك، ھۆكۈمەتكە قول سوزمايتتى.

**يېنىنى قۇرۇقداپ قويماق** يېنىدىكى ھەممە نەرسىنى ئېلىۋالماق: ئۇ ھاراقنى كۆپرەك ئىچىپ، تۇسساقمۇ ئۇنىماي چىقىپ كەتكەندى، كىمدۇ بىرلىرى ئۇنىڭ يېنىنى قۇرۇقداپ قويۇپتۇ.

**يېنى يان تارتماق ← يېنى يەر تارتماق.**

**يېنى يەر تارتماق** ياتقۇسى، يېتىۋالغۇسى كېلىپ قالماق: بۈگۈن ماڭا ھېچ ئىش خۇش ياقماي، يېنىم يەر تارتىپلا تۇرىدۇغۇ تاڭ؟

**يېنى يەرگە تەگمەكەن ← يەلكىسى يەرگە تەگمەكەن.**

**يېنى يېسسىي بېلىقلار** <زوئول> بېلىقلارنىڭ بىر ئائىلىسى. تېنى ياپىلاق، ياپراقسىمان، ئۇزۇن ۋە ئېلىپىس شەكىللىك كېلىدۇ، ئۇششاق تەڭگىچىلىرى بولىدۇ. سول تەرىپى كۈل رەڭ، قارامتۇل سەپكۈنلىرى بار؛ ئوڭ تەرىپى ئاق كېلىدۇ. ئىككى كۆزى سول تەرەپتە، تېيىز دېڭىزلاردا ياشايدۇ. كىچىك ھايۋانلار بىلەن

ئوزۇقلىنىدۇ.

**يانار** سۈپ. يانىدىغان، يېنىپ تۇرىدىغان: يانار تاغ.

**يانار تاغ** <گېئول> يەر شارى ئۈستۈنكى قاتلاملىرىدىكى بېسىم ئاجىزلاشقاندىن كېيىن، يەر شارىنىڭ چوڭقۇر قىسىملىرىدىكى ماگما قاتارلىق يۇقىرى تېمپېراتۇرىلىق ماددىلار يېرىقلاردىن يەر يۈزىگە ئېتىلىپ چىقىپ شەكىللەنگەن كونۇس شەكىللىك ئېگىز تاغ.

**يانار تاغ ئارىلى** <گېئول> دېڭىز-ئوكيان ئارىلىنىڭ بىر خىلى. ئۇ دېڭىز تېگىدىكى يانار تاغلارنىڭ ئېتىلىشىدىن چىققان ماددىلار (ئاساسلىقى لاۋا) نىڭ دۆۋىلىنىشىدىن شەكىللەنگەن. مەسىلەن، ھاۋاي تاقىم ئاراللىرىغا ئوخشاش.

**يانار تاغ ئاگلومېراتى** <گېئول> چىڭداپ قاتقان يانار تاغ ئۇۋاق جىنسلىرى. ئۇنىڭ تەركىبىدە دانىچە دىئامېتىرى 64 مىللىمېتىردىن چوڭ بولغان يانار تاغ جىنس پارچىلىرى 50% تىن ئاشىدۇ، ئاندا-ساندا باشقا جىنس ئۇۋاقلىرىمۇ بولىدۇ.

**يانار تاغ بەلبېغى** <گېئول> يانار تاغلار توپلىشىپ جايلاشقان بەلباغ. يەر شارىدا تىنچ ئوكيانىنى چۆرىدىگەن يانار تاغ بەلبېغى، ئوتتۇرا دېڭىز يانار تاغ بەلبېغى، ئاتلانتىك ئوكيان دېڭىز تېگىدە چوقچىيىپ چىققان يانار تاغ بەلبېغى ۋە شەرقىي ئافرىقا يانار تاغ بەلبېغىدىن ئىبارەت تۆت چوڭ يانار تاغ بەلبېغى بار.

**يانار تاغ بومبىلىرى** <گېئول> يانار تاغدىن ئېتىلىپ چىقىدىغان بىر خىل چېقىق ماددىلار. ئۇلار ئېتىلىپ ھاۋاغا چىقىدىغان پلاستىك خۇسۇسىيەتكە ئىگە ماگما توپىدىن ئىبارەت بولۇپ، ھاۋادا ئايلىنىپ يۇرۇپ، سوۋۇپ، كاللەكلىشىپ شەكىللىنىدۇ.

**يانار تاغ بوينى** <گېئول> يانار تاغ كانىينى تولدۇرغان ئۇۋاق جىنسلار ياكى لاۋىدىن تەشكىللەنگەن تېپىز بۆسمە. بەزىلىرى كانايسىمان بولىدۇ.

**يانار تاغ پارتلىشى** <گېئول> يەر ئىسسىقلىقى ياكى ئىچكى ئېنېرگىيىنىڭ تارقىلىشىنىڭ شىددەتلىك ئىپادىسى. يەر شارىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى يەر ئىسسىقلىقى توپلىنىپ مەلۇم دەرىجىگە يەتكەندىن كېيىن، كىچىك قىزىغان ماگما كۆچلۈك ئىچكى بېسىم كۈچىنىڭ تەسىرىدە يەر پوستىنىڭ ئاجىز بەلباغلىرىنى بويلاپ يەر ئۈستىگە ئېتىلىپ چىقىپ، كۆرۈنۈشى ھەيۋەتلىك بولغان يانار تاغ ھادىسىسىنى شەكىللەندۈرىدۇ.

**يانار تاغ تەسىرى** <گېئول> يەر ئاستىدىكى ئوتلۇق ئېرىتمە ھالىتىدىكى ماگما ۋە باشقا يۇقىرى تېمپېراتۇرىلىق ماددىلارنىڭ بېسىم ئۆزگىرىشى بىلەن تاغ جىنس قاتلاملىرىنى بۆسۈپ ئېشىپ، يەر ئۈستىگە ئېتىلىپ چىقىش ياكى ئېقىپ چىقىش تەسىرى.

**يانار تاغ جىنسلىرى** <گېئول> يەر يۈزىدىكى يانار تاغ تەسىرىدىن شەكىللەنگەن ھەر خىل جىنسلار. ئۇلار ھەم ئۇششاق دانىچىلىق، يوشۇرۇن كرىستاللىق ياكى ئەينەك ماددىلىق لاۋا ۋە يانار تاغ ئۇۋاندى جىنسلىرىنى ھەم يانار تاغ تەسىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان ئىككىلەمچى يانار

تاغ جىنسلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

**يانار تاغ داشقلى** <گېئول> يانار تاغدىن ئېتىلىپ چىققان ئۇۋاق ھاسىلاتلارنىڭ بىرى. ئۇ بوشلۇققا ئېتىلىپ چىققان كۆپ كاۋاكلىق پلاستىك لاۋا توپىنىڭ بوشلۇقتا قېتىشىپ قاتتىق ھالەتكە كەلگەندىن كېيىن، يەرگە چۈشۈپ پارچىلىنىشىدىن ھاسىل بولىدۇ.

**يانار تاغدىن ھاسىل بولغان كان ياتمىسى** <گېئول> يانار تاغ ھەرىكىتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان كان ياتمىسى. بۇ خىل كان ياتمىسى يانار تاغ ھەرىكىتى رايونىدا، مەسىلەن، يانار تاغ ئېغىزى، يانار تاغ بوينى، يانار تاغ يولى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى رايونلاردا ياكى يانار تاغ ئۇۋۇندى جىنسى، ماگما جىنسى، يانار تاغ چۆكۈندى جىنسى ۋە ئۆزگىرىش تەسىرىگە ئۇچرىغان قەدىمكى يانار تاغ ھەرىكىتى يۈز بەرگەن رايونلاردا پەيدا بولىدۇ.

**يانار تاغ سۈيى** <گېئول> يانار تاغنىڭ ئىسسىق رايونلىرىدا دائىم ئۇچراپ تۇرىدىغان ناترىي خلورىد تىپلىق بىر خىل سۇ. بۇ سۇدا لىتىي، فتور، بور، گۈڭگۈرت، سىلىتسىي (IV) ئوكسىد ۋە كاربون (IV) ئوكسىد تەركىبلىرى مول، كالتسىي ۋە ماگنىي تەركىبلىرى كەم بولىدۇ. بەزىدە ھىدرو خلورىد ۋە ھىدرو فتورىد تەركىبى ئۆرلەپ كەتسە، كۈچلۈك كىسلاتالىق بولۇپ قالىدۇ. يانار تاغ سۈيىنىڭ تېمپېراتۇرىسى ناھايىتى يۇقىرى بولىدۇ.

**يانار تاغشۇناسلىق** <گېئول> يانار تاغ ۋە ئۇنىڭ ھەرىكەتلىنىش قانۇنىيىتىنى تەتقىق قىلىدىغان پەن.

**يانار تاغ گەۋدىسى** <گېئول> مۇئەييەن ۋاقىت ئىچىدە يانار تاغ تەسىرىدىن شەكىللەنگەن ھەر خىل ھاسىلاتلارنىڭ بوشلۇقتىكى ئورۇنلىشىش ھالىتى. يەر يۈزىگە پارتلاپ چىققان ھاسىلاتلار، يەر يۈزىگە يېقىن ئورۇنغا بۆسۈپ كىرگەن ياكى پارتلاپ چىققان ھاسىلاتلار ھەم مۇناسىۋەتلىك تۈزۈلمىلەر، كان مەھسۇلاتلىرى قاتارلىقلاردىن تۈزۈلگەن بىر پۈتۈن گەۋدىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

**يانار تاغ گېئولوگىيىسى** <گېئول> يانار تاغنى بىر خىل گېئولوگىيىلىك ھادىسە سۈپىتىدە تەتقىق قىلىدىغان پەن، يەنى گېئولوگىيىنىڭ يېڭى بىر تارمىقى، شۇنداقلا يانار تاغشۇناسلىقنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى. ئۇ يانار تاغ، جۈملىدىن قەدىمكى يانار تاغنىڭ ھالىتى ۋە تۈزۈلۈشى، يار تاغ ئېتىلمىلىرى، يانار تاغ ھەرىكىتىنىڭ پەيدا بولۇش سەۋەبلىرى تەدرىجىي ئۆزگىرىش تارىخى ۋە جايلىشىش قانۇنىيىتىنى نۇقتىلىق تەتقىق قىلىدۇ.

**يانار تاغ گېئومورفولوگىيىسى** <گېئول> يانار تاغ ھەرىكىتىدىن ھاسىل بولغان تۈرلۈك يەر شەكىللىرىنى تەتقىق قىلىدىغان پەن. ئۇ تۈرلۈك يانار تاغ كونۇسى ۋە لاۋا ئېقىمىدىن شەكىللەنگەن تۈرلۈك يەر قىياپىتىنى، مەسىلەن، لاۋا قىرى، لاۋا سۈپىسى، لاۋا ئېگىزلىكى، لاۋا شارقىراتمىسى، لاۋا ئېقىمى (يېپسىمان، ياستۇقسىمان، ئوقۇرسىمان)، لاۋا ئومۇرتقىسى، لاۋا ئۆڭكۈرى قاتارلىقلارنى تەتقىق قىلىشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

**يانار تاغنىڭ ئېتىلىشى** <گېئول> يانار تاغنىڭ بىرقەدەر كۈچلۈك بولغان

ھەرىكىتى.

**يانار تاغ هادىسىسى** <گېئول> ماگمىنىڭ يەر يۈزىگە يېتىپ كېلىشى ياكى يېقىنلاپ كېلىشىدىن كېلىپ چىققان تۈرلۈك گېئولوگىيىلىك جەريانلار.

**يانار تاغ ھەرىكىتى** <گېئول> يانار تاغنىڭ ئېتىلىشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان ماگما ھەرىكىتى.

**يانار تاغ ئېتىلمىلىرى** <گېئول> يانار تاغ ھەرىكەت قىلغاندا يەر ئاستىدىن ئېتىلىپ چىققان ماددىلار. ئۇ يانار تاغ گازى، سۇيۇق ھالەتتىكى لاۋا ۋە قاتتىق جىنس ئۇۋاقلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. لېكىن، بىر قېتىملىق يانار تاغ ھەرىكىتىدە ئۈچ خىل ئېلېمېنتنىڭ ھەممىسى بولۇشى ناتايىن.

**يانار تاغ ئېغىزى** <گېئول> يانار تاغ ھەرىكەتلەنگەندە يەر ئاستىدىكى يۇقىرى تېمپېراتۇرىلىق ماددا يەر ئۈستىگە ئېتىلىپ چىقىدىغان ئېغىز.

**يانار تاغ ئېغىزى كۆلى** <گېئول> يانار تاغنىڭ پارتلىشى توختىغاندىن كېيىن، يانار تاغ ئېغىزىدىكى ئازگال جايغا سۇ يىغىلىپ قېلىشتىن شەكىللەنگەن كۆل، مەسىلەن، ئېلىمىزدىكى چاڭبەيشەن تېغىغا جايلاشقان تيەنچى كۆلى.

**يانار تاغ يەر تەۋرىشى** <گېئول> يانار تاغ پارتلىشى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان يەر تەۋرەش.

**يانار گاز تۈرۈبىنىسى** <ماشىن> تۈرۈبىنىلىق دۋىگاتېلنىڭ بىر خىلى. يۇقىرى بېسىملىق يانار گازنىڭ قاناتلىق چاقنى ئايلاندۇرۇشىدىن پايدىلىنىپ ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ ھاسىل قىلىنىدۇ.

بۇ خىل ماشىنىنىڭ ئالاھىدىلىكى شۇكى، ئۇنىڭ ھەجمى كىچىك، يېنىك، ئىش قۇۋۋىتى زور، ئۈنۈمى يۇقىرى كېلىدۇ.

**يانباغ** ئى (يان+باغ) قوشقۇنىنى كۆتۈرۈپ تۇرۇش ئۈچۈن دۈمبىلىككە ئۇلىنىدىغان ئىككى تال يان تاسما.

**يانباغىر** ئى (يان+باغىر) تاغ ياكى ئېگىزلىكلەرنىڭ قاپتىلى، ئېتىكى: ئۇلار تاغنىڭ يانباغرىدىكى چىغىر يول بىلەن يۈرۈپ كەتتى. * تاغنىڭ يانباغرىدىن ئېلىنغان يولدا كوكس بېسىلغان ماشىنا ئىككى چەتكە چايقىلىپ كېلىۋاتاتتى.

**يانباغىر دۆۋىلەنمىسى** <گېئول> ئېگىزلىكتىكى تەگلىك ئۇل جىنسلارنىڭ يىمىرىلگەن مەھسۇلاتلىرى ئۆزىنىڭ ئېغىرلىقى بىلەن يامغۇر ۋە قار سۇلىرىنىڭ يانباغىرلىرىدا دۆۋىلىنىشى ئارقىلىق شەكىللەنگەن چۆكمىلەر.

**يانباغىر يۈزى** <جۇغ> تاغ باغرىنىڭ سىرتقى يۈزى. ئادەتتە ئۇ تىك، يېنىقى، كۆپۈنكى قاتارلىق شەكىللەردە بولىدۇ.

**يانباغىرلىماق** تاغ ياكى ئېگىزلىكلەرنىڭ قاپتىلىنى، ئېتىكىنى بويلاپ ئىلگىرىلىمەك، ماڭماق: بىز يانباغىرلاپ ئىلگىرىلەشكە باشلىدۇق.

**يانپاش** <ئانات> داس سۆڭىكىنى تەشكىل قىلىدىغان چوڭ سۆڭەك. ئوڭ ۋە سول تەرەپتە بىردىن بولىدۇ. شەكلى تەرتىپسىز. ئادەتتە ئۇ يانپاش كىچىك سۆڭىكى، ئولتۇرغۇچ سۆڭەك ۋە دوۋسۇن سۆڭىكىدىن تەركىب تاپىدۇ.

**يانپاش سۆڭىكى** <ئانات> داس سۆڭىكىنى تەشكىل قىلىدىغان چوڭ سۆڭەك. ئوڭ ۋە سول تەرەپتە بىردىن بولىدۇ. شەكلى تەرتىپسىز. ئادەتتە

ئۇ يانپاش كىچىك سۆڭىكى، ئولتۇرغۇچ سۆڭەك ۋە دوۋسۇن سۆڭىكىدىن تەركىب تاپىدۇ.

**يانپاشقا ئالماق** ① مىللىيچە چېلىش ھەرىكىتىدە قارشى تەرەپنى يىقىتىش ئۈچۈن يانپاشقا تارتماق: ھېكىم سەمەتنى يانپاشقا ئېلىپ ئېتىۋىدى، سەمەت بىر ھازاغىچە ئورنىدىن تۇرالماي قالدى. ② كۆچمە. ئاجىز نۇقتىسىنى تۇتۇۋېلىپ زەربە بەرمەك: ئۇنىڭغا مېنى يانپاشقا ئالىدىغان پەيت تازا كەلگەنىدى. لېكىن، مەن ئۇنىڭدىن باشقا بىر خىل خىسلەتنى كۆردۈم. راستىنلا بۇ ئاجايىپ بىر ئىش بولدى-ھە؟

**يانپاشقا چىقماق** ئاجىز يېرىدىن تۇتۇلماق: مەن كېيىنچە پۇشايمان قىلدىم، رەقىبنىڭ ئوڭ يانپىشىغا چىقىپ بەرگىنىمنى چۈشەندىم، ئۇ ئەمدى مېنىڭ بۇ خاتالىقىمدىن پايدىلىنىدۇ.

**يانپاشقا كەلتۈرمەك** زەربە بېرىشنىڭ پەيتىنى، ۋاقتىنى تاپماق: رەقىبنى جايلاشتا ئالدىن يول تېپىپ، رەھبەرلىككە قارشى كۆرسىتىپ، ئېلاجى بار سىياسىي گۇناھقا چېتىپ، يانپاشقا كەلتۈرۈپ ئۇرۇۋالىمەن.

**يانپاشقا ئۇرۇپ** ئاساسى يوقلا گەپ تاپماق، ئاساسسىز ھالدا، قارىسىغىلا گەپ ئويدۇرماق: ئۇ يانپاشقا ئۇرۇپ گەپ تېپىشقا ئۇستا ئايال ئىدى.

**يانپاش ئۈچەي** <ئانات> ئىنچىكە ئۈچەينىڭ تۆۋەنكى بۆلىكى. ئادەتتە ئۇ ئۈچەي تۇتاشتۇرغۇچى پەردە ئارقىلىق قورساقنىڭ ئارقا دىۋارىغا تۇتىشىدۇ. ئاساسەن قورساق بوشلۇقىنىڭ ئوڭ تەرەپ تۆۋەن قىسمىدا يۆگىشىپ تۇرىدۇ. قوزغىلىشچانلىقى چوڭ. يانپاش ئۈچەينىڭ ھالقىسىمان پۇرمىلىرى ۋە تۈكچىلىرى ئاچچىق ئۈچەينىڭكىدەك تەرەققىي قىلمايدۇ، شىللىق پەردىسى ئاستىدا لىمفا تۈگۈنچىلىرى توپلىشىپ تۇرىدۇ. سانى ئاچچىق ئۈچەينىڭكىدىن كۆپ بولىدۇ.

**يانپىشى يەرگە تەگمىگەن** يىقىلمىغان، يېڭىلمىگەن: ئۇ بۇرۇندىن تارتىپ يانپىشى يەرگە تەگمىگەنلەرنىڭ قاتارىدا سانىلاتتى.

**يانپاشلاتماق** «يانپاشلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**يانپاشلاشماق** «يانپاشلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: چاقچاقلار، مەسخىرىلەر ھەمدە بۇ بىر مەيدان كەسكىن، جاپالىق جەڭنىڭ غەلىبىسىگە تەنتەنە قىلىشلار خېلى ئۇزۇن داۋام قىلغاندىن كېيىن، رەھمەتجاننىڭ بۇيرۇقى بىلەن ھەممەيلەن گۈلخاننى چۆرىدەپ يانپاشلاشتى.

**يانپاشلانماق** «يانپاشلىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: سادىقنىڭ تۇرمىدىشى جەينىكى بىلەن يەرنى تىرەپ يانپاشلىنىپ يېتىپ، شۇلارنى خىيالىدىن ئۆتكۈزۈۋاتقاندا، سادىق ئاستا ئىككى تەرىپىگە مىدىرلاپ، تۇيۇقسىز كۆزلىرىنى ئاچتى.

**يانپاشلىماق** پ. بىر تەرەپكە قىڭغىيىپ ياتماق، بىر يېنىنى يەرگە قويۇپ ياتماق: كېۋىر جەينىكىنى يەرگە تىرەپ بېشىنى ئالىقىنىغا قويۇپ يانپاشلاپ ياتاتتى. * مەن ئۇنى ئىزدەپ بارغان ۋاقتىمدا، ئۇ ھويلىسىدىكى سۆگەتنىڭ سايىسىدا يانپاشلاپ ياتقانىكەن.

**يانپاي** ئى. يانتۇلۇق.

**يانپەن** ئى (خەن) ھارۋىنىڭ ھارۋىكەش ئولتۇرىدىغان تاختىيى.

**يانپۇچاق** ئى. دىئال. ياغاچ تېشىدىغان

سايمان.

**يانتاق** ئى <بوت> پۇرچاق ئائىلىسىدىكى يوپۇرماق تاشلايدىغان چاتقال. شاخلىرىدا ئۇزۇن تىكەنلىرى بولىدۇ. يوپۇرمىقى ئۇزۇن، يۇملاق، گۈلى قىزىل، ئومۇم گۈل رېتىدە. مېۋىسى چوكا مېۋە. قۇملۇقلاردا ئۆسىدۇ، ئادەتتە تۆگىنىڭ يەم-خەشەكى ھېسابلىنىدۇ. يازدا شاخلىرىدىن ئاقۇچ سېرىق رەڭلىك شىلىمشىق شېكەر شىرنىسى ئاجرىلىپ چىقىپ، كىچىك دانىچە بولۇپ قاتىدۇ. بۇ تېبابەتچىلىكتە دورا قىلىنىدۇ.

**يانتاق شېكىرى** <بوت> ياز كۈنلىرى يانتاق شاخلىرىدىن ئاجرىلىپ چىققان سارغۇچ ئاق رەڭلىك شىلىمشىق سۇيۇقلۇقنىڭ قېتىشىشىدىن ھاسىل بولغان شېكەر ماددىسى. تەمى تاتلىق بولۇپ، تېبابەتچىلىكتە سوغۇقلۇق دورىسى قىلىنىدۇ.

**يانتاقچى** ئى. جاڭگال ۋە تاغۇتاشلاردىن يانتاق ئەكىلىپ، ئۇنى سېتىپ تىرىكچىلىك قىلىدىغان كىشى: بۇ يەردە ئاران بىر ئېغىزلا ئۆي بولۇپ، ئۇنىڭدا بىر يانتاقچى بوۋاي تۇراتتى.

**يانتاقچىلىق** ئى. مەخسۇس يانتاق ئەكىلىپ سېتىش بىلەن تۇرمۇش كەچۈرۈش: «يانتاقچىلىق تولىمۇ ئېغىر، ئادەم ئىلگىرى باسمايدىغان بىر ئىش ئىكەن. ئۇنىڭدىن كۆرە ئوتۇنچىلىق قىلمايمەنمۇ» دەپ ئويلاپتۇ ھېلىقى يانتاقچى.

**يانتاقلىق** ئى. يانتاق ئۆسكەن، يانتاق بىلەن قاپلانغان يەر: قويلار غەزەپكە كېلىپ، چوڭ ھايۋانلارغا قارشى جەڭگە ئۆتۈشكە تەييارلىنىش ئۈچۈن ئۆيلىرىگە كېتىپتۇ. تۈلكە «غىپپىدە يانتاقلىققا سەكرەپ، قەدىمىنى چوڭ-چوڭ يۆتكەپ، بىر قېچىرنىڭ يېنىغا كېلىپتۇ.

**يانتاياق** ئى (يان+تاياق) ① تايىنىپ ماڭىدىغان تاياق: بىرىنىڭ كىيگىنى مېنىڭدەك جۇل-جۇل، بىرىنىڭ قولىدا بىر جۇپ يانتاياق. نەۋرىسى يېتىلەپ كېلەر ئەمانى، بىرىنىڭ قولىدا ئەرز بىر بولاق. ② كۆچمە. تايانچ، ياردەملەشكۈچى، ياردەمچى: يانتاياق بولماق. * بۇ چاغدا مەمەت باشلىق بەزى ھاللىق دېھقانلار، ئاۋۇت تولۇق قاغىنىڭ بەزى يانتاياق جەمەتلىرى ھەم ئۇلارغا ئەگىشىپ كەلگەن بەزى كىشلەر كەنت باشلىقى باراتنى ئوتتۇرىغا ئېلىۋېلىپ، ئاشلىق ئامبىرىنىڭ ئىشىكىنى ئېچىشقا مەجبۇر قىلىۋاتقانىكەن.

**يانتاياق بولماق** بولۇشماق، ياردەملەشمەك، كەتمىنىنى چاپماق: يامانغا يانتاياق بولماق. * ئۇ گەرچە مېنىڭ ئوغلۇم بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭغا دۆلەتنىڭ بەلگىلىمىلىرىنى ئاياغ ئاستى قىلىپ، يانتاياق بولۇشقا ھەققىم يوق.

**يانتاياقلىق** سۈپ. يانتاياق ئورنىدا، يۆلەنچۈكلۈك: يانتاياقلىق رول ئوينىماق.

**يانتايتماق** «يانتايماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**يانتايماق** پ. يانتۇلاشماق، قىڭغايماق؛ قىيسايماق: ھويلىنىڭ تېمى يانتىيىپ قېلىپتۇ.

**يانتوقا** ئى (يان+توقا) ئاياغ كىيىمنىڭ ئاياغنى چىڭىتىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان يان تەرەپتىكى توقىسى.

**يانتوقۇلۇق** ئى. ئىككى ياندا چېكى بار، بوغۇزىغا ئىككى يۆگەم تاسما بېكىتىلىدىغان ئايالچە ئۆتۈك.

**يانتۇ** سۈپ. تەكشىلىك ياكى تۈز سىزىققا پاراللېل ياكى تىك بولمىغان، قىڭغىر، سىگارىيان، قىيسىق، قىيپاش: يانتۇ پاراللېل

ئالتە ياقلىق يانتۇ تەرەپ. يانتۇ تەكشىلىك.

**يانتۇ پاراللېل ئالتە ياقلىق** <مات> يان قىرلىرى ئاساس تەكشىلىكلىرى بىلەن يانتۇ كېسىشىدىغان پاراللېل ئالتە ياقلىق.

**يانتۇ پرويېكسىيە** <مات> پرويېكسىيە سىزىقلىرى پرويېكسىيە تەكشىلىكىگە تىك بولمايدىغان پرويېكسىيە.

**يانتۇ پرىزما** <مات> يانتۇ قىرلىرى ئاساس تەكشىلىكلىرى بىلەن يانتۇ كېسىشىدىغان پرىزما.

**يانتۇ تەرەپ** <مات> تىك بۇلۇڭلۇق ئۈچ بۇلۇڭنىڭ تىك بۇلۇڭنىڭ قارشىسىدىكى تەرەپ.

**يانتۇ تەكشىلىك** <فىز> ئاددىي مېخانىزم، ئاساسەن يانتۇ ھالەتتىكى تەكشىلىكتىن قۇرۇلىدۇ. جىسىم يانتۇ تەكشىلىكنى بويلاپ يۇقىرى ئۆرلىگەندە تىك ئۆرلەشكە نىسبەتەن كۈچ تېجەپ قېلىنىدۇ. ۋىنتا ۋە پىشاڭلار يانتۇ تەكشىلىكنىڭ دېفورماتسىيىسىدۇر.

**يانتۇ چۈشۈش** <فىز> چۈشكەن دولقۇننىڭ دولقۇن سىزىقى بىلەن چېگرا يۈز ئۆزئارا تىك بولمىغان چۈشۈش، يەنى چۈشۈش بۇلۇڭى نۆلگە تەڭ بولمىغان چۈشۈش.

**يانتۇ قەۋەتلىنىش** <گېئول> قەۋەتلىنىشنىڭ ئاساسىي تىپلىرىدىن بىرى. بىر قاتار يانتۇ يانتۇ قاتلام سىستېمىسىنىڭ دەستىلىنىشىدىن تۈزۈلىدۇ. سىستېما ئارىلىقىدىكى چېگرا يۈزى بىرقەدەر تەكشى بولىدۇ. قاتلام سىستېمىسى ئوخشاش يۆنىلىشكە قىيسايغان كۆپلىگەن تېيىز قاتلاملارنىڭ دەستىلىنىشىدىن تۈزۈلىدۇ، نېپىز قاتلام بىلەن قاتلام سىستېمىسىنىڭ چېگرا يۈزى يانتۇ كېسىشىدۇ، ئەگەر ئۆزئارا قوشنا بولغان قاتلام سىستېمىسى بىر-بىرىگە پاراللېل بولسا، ھەرقايسى سىستېمىدىكى نېپىز قاتلاملارنىڭ بىر يۆنىلىشكە قىيسايغانلىرى يەككە تۈر بويىچە يانتۇ قەۋەتلىنىش دەپ ئاتىلىدۇ.

**يانتۇ قۇدۇق** <گېئول> مەلۇم يانتۇلۇقتا، كان تېگىدىن ئۇدۇل يەر يۈزىگە چىقىدىغان قۇدۇق.

**يانتۇ لىم** <بىن> ئۈستى يانتۇ يېپىلىدىغان ئۆيلەر ۋە قەۋەتلەر ئارىسىدىكى پەلەمپەي قاتارلىق ئورۇنلارغا قويۇلىدىغان لىم.

**يانتۇ ئۈچ بۇلۇڭ** <مات> تار بۇلۇڭلۇق ئۈچ بۇلۇڭ ۋە كەڭ بۇلۇڭلۇق ئۈچ بۇلۇڭنىڭ ئومۇمىي نامى.

**يانتۇ ئېگىزلىك** <مات> مۇنتىزىم كونۇس، مۇنتىزىم پىرامىدا، مۇنتىزىم كېسىك كونۇس، مۇنتىزىم كېسىك پىرامىدالارنىڭ يان ياقلىرىنىڭ ئېگىزلىكى.

**يانتۇ ياقلىق پىروكسېن** <گېئول> يانتۇ ياقلىق پىروكسېن سىستېمىسىدىكى پىروكسىننىڭ ئومۇمىي نامى. تەبىئەت دۇنياسىدا بىرقەدەر كۆپ ئۇچرايدىغان يانتۇ ياقلىق پىروكسېنلاردىن: ئېنستاتىت، برونزىت، گىپېرستېن قاتارلىقلار بار. ئېنستاتېنتىن گىپېرستېنغىچە تۆمۈر تەركىبىنىڭ ئېشىشىغا ئەگىشىپ رەڭگى كۆكۈچتىن قوڭۇر يېشىل، قوڭۇر قارىغىچە بولىدۇ. سېلىشتۇرما ئېغىرلىقى 3.1 — 3.5، ئەينەك پارقىراقلىقىغا ئىگە. قاتتىقلىقى 5 — 6.

**يانتۇ ياقلىق كرىستال سىستېمىسى** <گېئول> كرىستاللارنى سىممېترىيە ئالاھىدىلىكىگە قاراپ تۈرلەرگە بۆلۈشتىكى ئىككىنچى دەرىجىلىك تۈر، يەنى يەتتە

كرىستال سىستېمىسىنىڭ بىرى. ئۇ تۆۋەن دەرىجىلىك كرىستال گۇرۇپپىسىغا كىرىدۇ.

**يانتۇ يۈز** <مات> جىسىمنىڭ يانتۇ تەرەپلىرىنىڭ يۈزلىرى.

**يانتۇق** ئى. دىئال. بېشى قىيسىق بالا.

**يانتۇلاشماق** پ. يانتۇ ھالەتكە كەلمەك، يانتۇ بولماق، قىيسايماق، قىڭغايماق: تۆپىلىك بارغانچە يانتۇلىشىپ ئېگىزلىمەكتە، ئارىلىق قىسقارماقتا.

**يانتۇلۇق** ① «يانتۇ» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى. ② <فىز> ئېگىزلىكى تەدرىجىي تۆۋەنلەپ بارغان يەر يۈزى. ③ <مات> بىر تۈز سىزىقنىڭ گورىزونتال سىزىق بىلەن ئۆزئارا كېسىشكەندىكى قىيسىقلىق دەرىجىسى. ئۇ كېسىشىش بۇلۇڭىنىڭ تانگېنسى بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. ④ <بىن> يانتۇ تەكشىلىكنىڭ باشلىنىش نۇقتىسى بىلەن ئاخىرلىشىش نۇقتىسىنىڭ ئېگىزلىك پەرقىنىڭ شۇ نۇقتىلارنىڭ گورىزونتال ئارىلىقىغا بولغان نىسبىتى.

**يانتۇلۇق بۇلۇڭى** ① <مات> تۈز سىزىق ياكى تەكشىلىك بىلەن گورىزونتال سىزىق ياكى گورىزونتال تەكشىلىكتىن ھاسىل بولغان بۇلۇڭ ياكى بىر تۈز سىزىق بىلەن ئۇنىڭ تەكشىلىكتىكى پروييېكسىيىسىدىن ھاسىل بولغان بۇلۇڭ. ② <گېئول> تاغ جىنىس قاتلام يۈزى ياكى كان قاتلام يۈزى بىلەن گورىزونتال تەكشىلىك ئارىسىدىكى ئارا بۇلۇڭ.

**يانتۇلۇقنى ھېسابلاش فورمۇلىسى** <مات> تىك بۇلۇڭلۇق كوئوردىنات سىستېمىسىدا، ئەگەر تۈز سىزىق ئۈستىدە ياتقان خالىغان ئىككى نۇقتا $P_1(\chi_1, y_1)$ ۋە $P_2(\chi_2, y_2)$ بېرىلگەن بولسا، ئۇ ھالدا تۈز سىزىقنىڭ يانتۇلۇقى k نى ھېسابلاش فورمۇلىسى مۇنداق بولىدۇ.

$$k=\frac{y_2-y_1}{\chi_2-\chi_1}.$$

**يانتىيىشماق** «يانتايماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**يانجىتماق** «يانجىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇ چۈشكىچە بۇغدايلارنى يانجىتتى.

**يانجىشماق** «يانجىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار قوناقنى يانجىشىپ بولغاندىن كېيىن قايتىشتى.

**يانجىلماق** «يانجىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئۇنىڭ كىرسىز سەبىي قەلبى بىمەھەل يانجىلدى. * ئاغرىق-سىلاقتا ئانا مېھرىدىن ئايرىلغان باللار تەقدىر تۈگمىنىنىڭ ئېغىر تاشلىرى ئارىسىدا چوڭلار بىلەن ئوخشاشلا يانجىلغانىدى.

**يانجىماق** پ ① ئەزمەك، مىجىماق، ئۇۋاقلىماق: تۈمەن بويىدىكى جەڭدە قاۋۇل تۆمۈرچى ئۇنى ئاتتىن سۆرەپ چۈشۈرۈپ، چويۈن توقماق بىلەن ئۇنىڭ بېشىنى يانجىپ تاشلىدى. * قىزنىڭ ئالدىدا ئۇشتۇمتۇت چاقماق چاققاندەك، ئېغىر تاغ ئۇنىڭ گەۋدىسىنى بېسىپ يانجىغاندەك بولدى. ② كۆچمە. يوقاتماق: — ئەگەر تەتۈر يول تۇتسالا يانجىپ تاشلايمىز، — دېدى يەنە بىر قىزىل قوغدىغۇچى. * تېز-تېز ھەيدەپ تانكامنى، يانجىۋەتسەم دۈشمەننى. بوپ ھەقىقىي قەھرىمان، قوغدىسام جان ۋەتەننى.

**يانچە** رەۋ. يېنىنى قىلىپ، يېنىنى قىلغان ھالدا، يانتۇ: يانچە قارىماق. * رىشىت قاقاھلاپ كۈلۈۋەتتى. ئۇ بوينىدىكى تىڭشىغۇچنى ئۈستەلگە قويۇپ، ئورۇندۇقتا يانچە ئولتۇردى-دە، چۈشەندۈرۈشكە باشلىدى.

**يانچە-قىرىچە** ← يانچە-قىرىچە تەگمەك.

**يانچە-قىرىچە تەگمەك** قاتتىق، قوپال گەپ قىلماق؛ يىرىك مۇئامىلىدە بولماق، سوغۇق پوزىتسىيە تۇتماق: شۇنىڭدىن كېيىن پۈتۈن خاگىدىكىلەر نەپرەت كۆزلىرىدە ماڭا نەشتەردەك قادىلىدىغان، جان-جېنىمدىن ئۆتۈپ كەتكۈدەك قىلىپ، ماڭا يانچە-قىرىچە تېگىدىغان بولۇپ قېلىشتى.

**يانچۇق** ئى <كي> كىيىمنىڭ پۇل ۋە باشقا مۇھىم يەڭگىل نەرسىلەرنى سېلىپ يۈرۈش ئۈچۈن سىرتىغا ياكى ئىچىگە تىكىلگەن خالتا؛ چۆنتەك: يانچۇققا سالماق. يانچۇق تىكمەك. * نامراتنىڭ نېنى يانچۇقىدا (ماقال). * ئىشىك ئالدىدا ئوتتۇرا بويلۇق بىر كىشى بىر يەلكىسىنى ئالدىغا چىقىرىپ، ئىككى قولىنى موۋۇت كەمزۇلىنىڭ يانچۇقىغا سېلىپ تۇراتتى.

**يانچۇق بوشىماق** پۇلى تۈگىمەك: سەمەتنىڭ يانچۇقى بوشاپ قالغاچقا بۇ ئىمكانىيەتتىنمۇ قۇرۇق قالدى.

**يانچۇق تومپايماق** پۇلى كۆپەيمەك: قاسساپلىق قىلغاندىن بېرى سەمەتنىڭ ياقچۇقى خېلى تومپىيىپ قالدى.

**يانچۇق خالتىسى** <كي> يانچۇقنىڭ كىيىم ئىچىگە تىكىلگەن كىچىك خالتىچىسى.

**يانچۇق دەپتىرى** ياندا ئېلىپ يۈرىدىغان كىچىك خاتىرە دەپتەر؛ قويۇن دەپتەر: نۇردۇن خەتنى ئوقۇپ بولۇپ، يانچۇق دەپتىرىنى ئاچتى.

**يانچۇق سائىتى** يانچۇقتا ئېلىپ يۈرىدىغان ياپقۇچلۇق كىچىك سائەت: مەن يانچۇق سائىتىمنى ئېلىپ قارىغانىدىم، توپتوغرا بەش بولۇپتۇ.

**يانچۇق قۇرۇقدىلىپ قالماق** ھەممە پۇلى تۈگىمەك، كەمبەغەللەشمەك: — ھەي ئالماس ئاداش، يانچۇق قۇرۇقدىلىپ قالغىلى ئاز قېلىپتۇ، قانداق قىلىمىز؟ — دەپ سوراپ قالدى بىركۈنى كامال مەندىن.

**يانچۇق لۇغىتى** داۋاملىق ياندا ئېلىپ يۈرۈشكە لايىق قىلىپ ئىشلەنگەن كىچىك تىپتىكى لۇغەت.

**يانچۇقىغا چۈشۈپ كەتمەك** خىيانەت قىلىپ ئۆزىنىڭ قىلىۋالماق: يوقسۇ غوجام، ئۇزۇن يىللار جۇغلانغان بەرىكەتلىك خەزىنىلەردىكى دۇنيا-دەپىنىنىڭ تۆتتىن بىر قىسمى ئۇنىڭ يانچۇقىغا چۈشۈپ كەتتى.

**يانچۇقىغا سالماق** خىيانەت قىلماق: ساقچى باشلىقى بۇ پۇلنى ئۆز يانچۇقىغا سېلىۋالدى.

**يانچۇقچى** ئى. باشقىلارنىڭ يانچۇقىدىكى نەرسىلەرنى ئوغرىلايدىغان ئادەم، ئوغرى: ئوغرىنىڭ دوستى يانچۇقچى (ماقال). * بىركۈنى ئەپەندىم شەھەر ھاكىمىنىڭ قېشىغا بىر ئىش بىلەن كېلىپ تۇرۇشىغا كىشىلەر بىر يانچۇقچىنى تۇتۇپ كىرىپتۇ.

**يانچۇقچىلىق** ئى. باشقىلارنىڭ ياقچۇقىدىكى نەرسىلەرنى ئوغرىلىۋالىدىغان قىلىق، شۇنداق پەس ئىش-ھەرىكەت: ئۇ كىشىلىك تۇرمۇش يولىدىكى نۇرغۇن قېتىملىق ئەگرى-توقايلىقلار، ئۇرۇلۇپ-سوقۇلۇشلاردىن كېيىن، ئاچچىق-تاتلىق، ئىسسىق-سوغۇقلارنى بېشىدىن ئۆتكۈزۈپ، يانچۇقچىلىق ھاياتىدىن ئاستا-ئاستا يىرگىنىشكە باشلىدى.

**يانچۇقچىلىق قىلماق** باشقىلارنىڭ ياقچۇقىدىكى نەرسىلەرنى ئوغرىلاپ ئېلىۋالماق: باشقا ئامال قىلالمىغان ئادىل بۇ قەرزلەرنى يانچۇقچىلىق قىلىپ قايتۇرۇشقا نىيەت قىلدى.

**يانچۇقلۇق** سۈپ ① يانچۇقى بار، يانچۇق ئورنىتىلغان: ئۇ ئۈچ يانچۇقلۇق كۆك سارجا

چاپان كىيۋالغانىدى. ② يانچۇق تىكىشكە بولىدىغان، يانچۇققا باپ، يانچۇق تىكسە بېتىدىغان: يانچۇقلۇق رەخت. * مەن ماشىنىچىغا يانچۇقلۇق خەسە ئاپىرىپ بەردىم.

**يانچى** ئى <پەلس> فېئودالىلىق تۈزۈم شارائىتىدا ئەۋلادمۇئەۋلاد يەرگە باغلىنىپ قالغان، يانچىدارلارغا جىسمانىي جەھەتتىن بېقىنىدىغان ھەمدە ئۇلارنىڭ ئېكسپىلاتاتسىيە ۋە ئېزىشكە ئۇچرايدىغان يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقارغۇچىلىرى. ئۇلار قۇللاردىن پەرقلىنىدۇ.

**يانچىدار** ئى <پەلس> يەر ئىگىلىگەن، يەرگە باغلانغان يانچىلارغا ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغان ۋە ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىدىغان فېئودال پومېشچىك.

**يانچىلىق** ئى. قۇللۇق: يانچىلىق تۈزۈمى.

**يانچىلىق تۈزۈمى** <پەلس> فېئودالىلىق يەر مۈلۈكچىلىكى ۋە يانچىلارنىڭ فېئودال خوجايىنلارغا بولغان بېقىندىلىق مۇناسىۋىتىنى ئاساس قىلغان ئېكسپىلاتاتسىيە تۈزۈمى. ئۇنىڭ ئاساسىي بەلگىسى شۇكى، يانچىلار فېئودال خوجايىنلارنىڭ بىرقىسىم يېرىنى ئېلىپ ئەۋلادتىن ئەۋلادقىچە تېرىيدۇ ۋە شۇ يەرگە باغلىنىدۇ، فېئودال خوجايىنلار يانچىلارنى جازالىيالايدۇ، ساتالايدۇ ياكى مۈلكىنى مۇسادىرە قىلالايدۇ، بۇنىڭدىن باشقا يانچىلارنى مەجبۇرىي ئەمگەك قىلدۇرىدۇ، ماددىي نەرسە ياكى پۇل بىلەن ئىجارە ھەققى تۆلىنىدۇ. يانچىلاردا زادىلا سىياسىي ھوقۇق بولمايدۇ.

**يانچىلىماق** پ ← **يانپاشلىماق:** يانچىلاپ ئۈزمەك. يانچىلاپ ياتماق.

**يانچىلاپ ئۈزۈش** <تەنن> بىر خىل سۇ ئۈزۈش تۇرى. بۇنىڭدا بەدەن سۇدا يېنىچە بولىدۇ، ئىككى پۇت بىلەن سۇ قىسىلىدۇ، ئىككى قول بىلەن سۇ سىيرىلىدۇ.

**ياندا تماق** «ياندىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**ياندا ش** سۈپ. يانمۇيان تۇرغان، يانمۇ يان ئورناشقان: ئۇ تۇرغان ئۆي چارباغقا يانداش بولۇپ، ئۇنىڭ بىر دېرىزىسى شۇ باغقا ئېچىلىدىكەن. * ھېلىقى ماشىنىدا ماڭا ياندا ش ئولتۇرۇپ كەلگەن پاكارراقى خوتەنلىك بولۇپ، بۇلار ئىلگىرى مەن ئىشلىگەن دوختۇرخانىدىن كېلىپتۇ.

**ياندا ش ئامبال** <تارىخ> قەدىمكى ئەمەل نامى. مىڭ ۋە چىڭ سۇلالىسى دەۋرلىرىدە ھۆكۈمەتنىڭ ھەرقايسى مىنىستىرلىرىنىڭ مۇئاۋىن ئەمەلدارى كۆزدە تۇتۇلاتتى، ئۇنىڭ ئورنى دىۋانبېگىدىن قالسىلا ئىككىنچى ئورۇندا تۇراتتى.

**ياندا ش بۇلۇڭ** <مات> ئورتاق ئېگىزلىككە ئىگە ئىككى تىك بۇلۇڭ.

**ياندا ش تاۋۇش** <فىز> قوشما تاۋۇشتىكى ئاساسىي تاۋۇشتىن باشقا تاۋۇشلار.

**ياندا ش سىزىق** <مات> ← **پاراللېل سىزىقلار.**

**ياندا ش قاپىيە** <ئەد> تۆت مىسرالىق كۇپلېتلاردا 1-مىسرا بىلەن 4-مىسرا، 2-مىسرا بىلەن 3-مىسرا قاپىيىداش بولۇپ كەلگەن شېئىر شەكلى.

**ياندا ش قۇربېشى** <تارىخ> قەدىمكى ئەمەل نامى. ئورنى قۇربېشىدىن (مىڭبېشىدىن) بىر دەرىجە تۆۋەن تۇرىدۇ.

**ياندا ش ھۆجەيرە** <بوت> يېپىق ئۇرۇقلۇق ئۆسۈملۈكلەرنىڭ ئەۋرىشىم قىسمىدىكى غەلۋىرسىمان كانالغا ياندا ش بولغان بىر خىل نېپىز پۇتلۇق ھۆجەيرە.

**ياندا ش ئۇلاش** <فىز> بىرنەچچە

ئېلېكتر ئەسۋابلىرى ياكى دېتاللارنى يانمۇ يان ئۇلاپ، بىرنەچچە پاراللېل تارماق زەنجىر ھاسىل قىلىش جەريانى.

**ياندىش ۋەزىر** <تارىخ> قەدىمكى بىر خىل ئەمەل نامى. ئورنى ۋەزىردىن تۆۋەن تۇرىدۇ.

**ياندا شتۇرماق** ① «يانداشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇلار توپتوغرا مەخسۇتباينىڭ قورۇسىغا كىرىپ، دەرۋازىغا ياندا شتۇرۇپ سېلىنغان لاپاس ئاستىدىكى يازلىق ئوقۇرلارغا ئاتلارنى باغلاپ جايلاشتۇردى. * گۈلگىنە ئېتىنى سادىرنىڭ ئېتىغا ياندا شتۇردى-دە، خۇمار كۆزلىرىنى ئۇنىڭغا تىكتى. ② <ئەد> بىر-بىرىگە ئوخشىمايدىغان ئىككى خىل نەرسىنى قاتار قويۇش ئارقىلىق 3-بىر خىل مەنىنى بىلدۈرمەك.

**ياندا شتۇرۇشماق** «ياندا شتۇرماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**ياندا شتۇرۇلماق** «ياندا شتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**يانداشماق** پ. يانمۇيان ماڭماق، يېقىنلاپ ماڭماق: يانداشىپ تۇرماق. يانداشىپ كەلمەك. * ياخشىغا ياندىش، ياماندىن قاچ (ماقال). * باللار يېتىشىپ كەلگەندە مەن ھارۋا سۆرەپ كەلگەن بالىغا يانداشىپ، ئۇنىڭدىن ھېلىقى ئايالنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى سورىدىم. * بىز يامغۇرغا پەرۋا قىلماي، يانتۇ يولدا بىر-بىرىمىزگە يانداشىپ ماڭدۇق.

**ياندىاق** ئى. ھارۋىغا يانداپ قوشۇلىدىغان ئۇلاغ: ئىچ ئات تارتسا، ياندىاق تارتماپتۇ، ئايغىر تارتسا، بايتال تارتماپتۇ (ماقال). * سەمەت ئالتۇنخاننىڭ ئېشىكىنى ياندىاققا قوشۇپ، يەنە ئارقىسىغا قايتتى.

**ياندىاقچى** ئى. باشقىلار نېمە ئىشقا بۇيرۇسا شۇنى قىلىدىغان كىشى؛ يالاقچى، غالچا: ئەھۋالنىڭ ئۆزگە پايدىسىز بولۇۋاتقانلىقىنى سەزگەن بايۋەچچە «قورققان ئاۋۋال مۇشت كۆتۈرەر» دېگەندەك جامائەتكە ھۇركىرىگەندىن كېيىن، ياندىاقچىلىرىغا «تەييار بولۇش» دېگەن مەنىدە قاراپ قويدى.

**ياندىاقچىلىق** «ياندىاقچى» سۆزىنىڭ ئابستراكت ئىسىم شەكلى: — چېرىكلەرگە ياندىاقچىلىق قىلىپ بېشىمىزدا ياغاچ چاققان ئابلىز قارىنىڭ يۈزىگە بىر تۈكۈرۈۋالمىسام كۆزۈم ئوچۇق كەتمەمدۇ مېنىڭ؟! — دېدى جامالىدىن بوۋاي.

**يانداماق** «ياندىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**ياندۇرتماق** I «ياندۇرماق I» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: — كېچىدىن ئەچقىپ كەتكەن بىر قويۇمنى ياندۇرۇتۇپ بېرىشكە ئىلتىپات قىلسىلا! — دېدى دېھقان ماڭا يېلىنىپ.

**ياندۇرتماق** II «ياندۇرماق II» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**ياندۇرقى** سۈپ. ۋاقىت جەھەتتىن ئۆتۈپ كەتكەن يىل ياكى كۈننىڭ ئالدىدىكى: ياندۇرقى يىلى. * ياندۇرقى يەكشەنبە كۈنى ئۇنىڭ تەكلىپى بويىچە لازىمەتلىك ئۈچۈن بازارغا چىقتۇق. * ياندۇرقى سائەتتە كىرگەن يەنە بىر ئوقۇتقۇچى مېنى كۆرۈپ قېشىمغا كېلىپ، بېشىمنى سىلاپ، قولياغلىقى بىلەن كۆز ياشلىرىمنى ئېرتىپ قويغانىدى.

**ياندۇرماق** I «يانماق I» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: راينى ياندۇرماق. نىيىتىدىن ياندۇرماق. * ئايشەم يەنىلا ئېرىنىڭ ئاچچىقىنى ياندۇرۇشقا تىرىشىپ، ئۇزۇن ئىككى ئۆرۈم تۇم قارا چېچىنى ئوڭ قولى بىلەن ئالدىغا قايرىدى-دە، بارماقلىرى ئارىسىدا ئوينىغاچ، نازلىق كۈلدى.

**ياندۇرماق** II «يانماق II» پېئىلىنىڭ

مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئوت يانىدۇرماق. سەرەڭگە يانىدۇرماق. * نۇسرەت ئورنىدىن تۇرۇپ چىراغنى يانىدۇردى، ياتاقنىڭ ئىچى كۇمۇش رەڭ نۇرغا تولدى. * شوپۇر پېشانىسىدىكى تەرلىرىنى سۈرتۈپ، قول چىرىغىنى يانىدۇرۇپ، كابىنكىدىن چىقتى. * ئۇ ئوتنىڭ سۇسلاپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ بىر قۇچاق مەنگەن ئالدى، تونۇرغا تاشلاپ يانىدۇرغاندىن كېيىن، ئۈستىدىن يەنە كۆكۈم چېچىشقا كىرىشتى.

**يانىدۇرملاتماق** « يانىدۇرملىماق » پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**يانىدۇرملاشماق** « يانىدۇرملىماق » پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**يانىدۇرملانماق** « يانىدۇرملىماق » پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**يانىدۇرملىماق** پ. تەكرارلىماق، قايتىلىماق، يېنىشلىماق: ئۇ مېنىڭ بۇ گەپنى بىرنەچچە قېتىم يانىدۇرملاپ ئېيتقىنىمغا تېرىككەندەك بولدى-دە، قىزىشىپ سۆزلەشكە باشلىدى.

**يانىدۇرۇشلىماق** پ. تەكرارلىماق، قايتىلىماق، يانىدۇرملىماق: بىلال ئەزىزى تاماق كەلگىچە بۇ خەتنى يانىدۇرۇشلاپ ئۈچ قېتىم ئوقۇپ چىقتى. * راستگۆي ۋە مېھرىبان ئاچىسىنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغان ئايتۇلۇنىڭ كۆڭلى شۇئان يېشىلدى-دە، ئاچىسىنىڭ مەڭزىگە يەنە يانىدۇرۇشلاپ سۆيۈپ كەتتى.

**يانىدۇرۇشماق** I « يانىدۇرماق I » پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار توز بىلەن غاز كېپىكىنىڭ دوست بولۇش ئارزۇسىنى ئۆزلىرىگە ئېيتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭغا ئىخلاس بىلەن رازىلىق بىلدۈرۈپ جاۋاب يانىدۇرۇشۇپتۇ.

**يانىدۇرۇشماق** II « يانىدۇرماق II » پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار كۈندۈزى تولۇق ئىشقا چىقاتتى، ئاخشىمى ئىشتىن قايتىپ كەلگەندە ئۆزئارا ئاپتوموبىللارنىڭ چىراغلىرىنى يانىدۇرۇشۇپ، كېچىچە ئاپتوموبىللارنى رېمونت قىلىشاتتى.

**يانىدۇرۇق** ئى ① قوشاماچىقا قوشۇلىدىغان ئۇلاغنى باشقۇرۇش ئۈچۈن ئۇلارنىڭ بېشىغا باغلىنىدىغان ئارغامچا. ② ئادىمگەرچىلىكتە قارشى تەرەپنىڭ بەرگەن، سوۋغا قىلغان نەرسە-كېرەككە جاۋابەن قايتۇرۇلغان نەرسە: كېيىن كىرگەنلەر بوش ئورۇنغا جايلىشىپ ئولتۇرغاندىن كېيىن ئاشخانىغا بۇرۇن كىرگەنلەر ئۆزىنىڭ چېيىنى كۆتۈرۈپ كېلىپ، كېيىن كىرگەنلەرگە تۇتاتتى. ئارقىدىنلا كېيىن كىرگەنلەرمۇ يانىدۇرۇقى قىلىپ چاي تۇتاتتى.

**يانىدۇرۇقلۇق** سۈپ. يېنىپ تۇرغان، يانىدۇرۇلغان: بۇ ئۆيدىكى جوزا ئۈستىگە يانىدۇرۇقلۇق چىراغ، چاي، قەنت ۋە تاماكىلار قويۇلغانىدى.

**يانىدۇرۇلماق** I « يانىدۇرماق I » پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ھۆسەيىنەم ھەر كۈنى تورغاي ئويغانماستىن بالدۇر ئىشقا ھەيدەلسە، كەچ گۇگۇمدا ياكى بەزىدە ئاي يورۇقىدا يانىدۇرۇلاتتى. * ئۇنىڭ بۇ سوئالى ئالتە-يەتتە قېتىم يانىدۇرۇلغاندىن كېيىن ئاران رازىلىق بېرىلدى.

**يانىدۇرۇلماق** II « يانىدۇرماق II » پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: رۇقىيە يانىدۇرۇلغان چىراغنى ئۈستەلگە قويۇپ، ئالدىراپ دېرىزىنىڭ پەردىسىنى يېپىشقا باشلىدى.

**يانىدىما** سۈپ. يانداپ قويۇلىدىغان، يانىدىلىدىغان: بورانلىق قۇيرۇق پالوبىلىرى، راھەت بىلىنىدىغان يانىدىما رېشاتكىلىق ئايلانما پالوبىلار، دېۋانلار بىلەن بېزەلگەن قىرائەتخانا، كۇلۇب، پاكىز ئاشخانا، تۆت قەۋەتلىك ياتاقلار،

قىسقىسى، مەن ئارىلىمىغان ھېچ يەر قالمىدى.

**ياندىماق** پ ① يېنىنى بىلەن ماڭماق، يېقىنلاشماق: مەن پاتىگۈلنى يانداپ ئۆتۈپ ئۆيگە كىرىپ كەتتىم. * مانا ئەمدى ئۇ مەھەللىنىڭ شەرقىي تەرىپى بىلەن يانداپ ئۆتۈپ كەتتى. ② ياندىشتۇرماق؛ قوشماق: ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ كونا ئۆيلىرىگە يانداپ ئىككى ئېغىزلىق يېڭى ئۆي سېلىۋالدى. * — دۇكاننىڭ سودىسى ئوبدان بولۇۋاتىدۇ، بىر ئادەم يېتىشەلمەي قېلىۋاتىسەن، بىز يەنە بىر ئادەم ياندىشىنى ئويلاشتۇق، قانداق؟— دەپ سورىدى ئۇ مەندىن. * — بىر ئات قوشقىنىڭ نېمىسى، ماڭ، يۈگۈر، قاشقىنى ياندا، — دېدى ئەختەمباي نادەمگە.

**يانغاق** سۈپ ① گېپىدە، ۋەدىسىدە تۇرمايدىغان، گېپىدىن ئاسان يېنىۋالىدىغان: بىزنىڭ مەھەللىدە ئاكا-ئۇكا ئىككىيلەن بولۇپ، بىرىنى «ئابلا يانغاق» بىرىنى «ھاشىم تايغاق» دەيتتى. ② ھارۋىنى ياخشى تارتمايدىغان، كەينىگە داجىيدىغان: يانغاق ئات. يانغاق ئۆكۈز.

**يانغىن** ئى. ئوت تۇتىشىش نەتىجىسىدە ھاسىل بولىدىغان زور يالقۇن؛ ئوت: ئوت كەتكەن يەردە ياغلىق نەرسە قانچە كۆپ بولسا، يانغىن شۇنچە ئۇزاققا سوزۇلىدۇ. * يۈزلىگەن قىلىچ بىسلىرىدىن چاچراۋاتقان ئوت ئۇچقۇنلىرى يۇلتۇزدەك چاقناپ زور يانغىن پەيدا قىلماقتا ئىدى.

**يانقارماق** ئى (يان+قارماق) ھارۋا ئېگىرىنىڭ قاپتىلى بىلەن بەلبېغىنىڭ ئۆز ئارا سۈركىلىپ بىر-بىرىنى يەپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن ئېگەرنىڭ قاپتىلىغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان يۇپقا تۆمۈر.

**ياناماق** I پ ① ئەسلىي كەلگەن ياكى تۇرغان يېرىگە بارماق، دەسلەپكى يېرىگە كەلمەك، قايتماق: ئۆيگە ياناماق. بازاردىن ياناماق. * ئاتقان ئوق يېنىپ كەلمەس (ماقال). * يېرىم كۈننىڭ يېنىشى يوق (ماقال). * ھۆسەن ئاكا باشقا گەپنى قويدى-دە، خۇشال ھالدا ئۆيگە ياندى. * مۇنەۋۋەر مەكتەپتىن يېنىپ بەلگىلەنگەن جايغا كەلگەندە، روزى ئۇنى ئاللىقاچان كۈتۈپ ئولتۇرغانىدى. ② چېكىنمەك، قايتماق: ئەتىگەنكى مۇشتتىن يانما (ماقال). * ئۇ ئەتىگەندە سودىدىن يانسا بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ، باھا تالاشمايلا خېرىدارنىڭ دېگىنىگە بېرىۋەتتى. ③ قارشىلىق قىلماق، دۈشمەنلىك، ئۆكتە قوپماق: ئەتىسى ئىمىن ئاخۇن ئاكا ئوغلىنىڭ قىلمىشىدىن خەۋەر تېپىپ ئاتىلىق بۇرچى بىلەن ئوغلىغا ئاغرىنىپ نەسىھەت قىلدى. لېكىن ئوغلى نەسىھەتنى قوبۇل قىلىش ئۇ ياقتا تۇرسۇن، ھەتتا دادىسىغا يېنىپ يولسىز تاكاللاشتى. ④ سوۋۇماق، پەسەيمەك: كەيپى ياناماق. قىزىتمىسى ياناماق. * بۇ سۆز بىلەن پەرھات سەل بوشاشتى، بىراق ئۇنىڭ ئاچچىقى تېخى تولۇق يېنىپ كەتمىگەنىدى. * تۆمۈرنىڭ تاۋى سەل يانغانىدى. ⑤ قاتتىقلىق دەرىجىسى بوشىماق، چىڭلىقى يوقالماق: كامانچىلىق چالغۇلار ئادەتتە ئاسان يېنىپ كەتمەيدۇ. ئۇلارنىڭ ئاۋاز مۇقىملىقى باشقا چالغۇلارغا نىسبەتەن يۇقىرى بولىدۇ. ⑥ توختىماق، ۋاز كەچمەك، قايتماق، بوشىماق: — بىزنى بوزەك قىلىدىغان ئەختەمبايدەك ئادەملەر بىلەن بولىدىغان كۈرىشىمىز تېخى بار، تۇغقىنىڭىز بولسىمۇ، مەن ئىشىنىمەن، كۈرەش قىلىشتىن يانمايسىز، — دېدى نادەم ئاستا كېتىپ بېرىپ رەيھانغا. * — سىلەر، قاراقچىلارغا ھاراقنى تولدۇرۇپ تۇتۇڭلار ۋە ئۇلار تۈگىتىپ بولمىغۇچە تەزىمدىن

يانماگلار، سىلەرگە تۇتسا چاندۇرماسىنىن يېڭىگلارغا تۆكۈگلار، - دەپتۇ مەلىكە قالغان مەلىكىلەرگە. ⑦ چۈشۈپ قالماق: ئوتتۇرا ياشلىق بىر ئادەم كېلىپ مەن يېقىلغان يەرگە يانچۇقۇمدىن يېنىپ قالغان ئوقۇغۇچىلىق كىنىشكا، تونۇشتۇرۇش قەغىزى ۋە بېلەت قاتارلىقلارنى تويىلىرىنى قېقىشتۇرۇپ قولۇمغا تۇتقۇزۇپ قويدى.

**يانماق** II پ. ئوت ئالماق، كۆيمەك: پەستە تار ۋە تۇمانلىشىپ قالغان كوچىدا خىرە ئېلېكتىر چىراغلىرى ياندى. * دېرىزىدىن چۈشكەن سۇزۇك ئاي نۇرىدا شاراپەتنىڭ تۇم قارا كۆزلىرى يۇلتۇزدەك ياناتتى.

**يانمۇيان** ① بىر-بىرىگە يېقىن، ياندىش: يانمۇيان ماڭماق. يانمۇيان كەلمەك. * گۈلخان يېنىدىكى تاش ئۈستىدە ئەكبەر بىلەن سەلىمە يانمۇيان ئولتۇراتتى. * توۋا، تەقدىرنىڭ ماۋۇ ئىشلىرىنى، ئۇلارنىڭ بىلەت نومۇرىنىڭ ئانارلار بىلەن يانمۇيان بولۇپ قېلىشى كىمنىڭ خىيالىغا كەلسۇن؟! ② بىر قاتاردا، بىر سەپتە: ئۇ ياۋۇزلار مەن ئۈچۈن سالغاندا دەھشەتلىك زۇلۇم، يانمۇيان تۇرۇپ ماڭا بەردا شلىقىم-غەيرەتلىكىم.

**يانۇچان** (توغرىسى: يېنىشچان) ← يېنىشچان.

**يانۋار** ئى (ر<لات) ① قەدىمكى رىم خرىستىئايانلىرىنىڭ كاتتىباشلىرىدىن بىرىنىڭ ئىسمى. مىلادىيە كالېندارىنى تۈزۈشكە بىرىنچى بولۇپ قاتناشقانلىقى ئۈچۈن، بۇ ئاينى ئۇنىڭ نامى بىلەن ئاتىغان. ② مىلادىيە يىل ھېسابى بويىچە بىرىنچى ئاي.

**ياھەزرەت** ئىم (يا+ھەزرەت) ئەجەبلىنىشنى، ھەيران قېلىشنى بىلدۈرىدۇ: - يا ھەزرەت، پەرۋەردىگار، - دېدى ھېسامىدىن داموللا ياقىسىنى تۇتۇپ. * - ياھەزرەت، قىلىنىڭ ئۈستىدە قالغانىدى، - دېدى سايىم قارى ئوڭايسىز بىر قىياپەتتە.

**ياۋ** ئى. ئۇرۇش، جەڭدىكى قارشى تەرەپ؛ دۈشمەن، رەقىب: ياۋ ياقىدىن ئالسا، ئىت ئېتەكتىن ئالار (ماقال). * ۋەتەنگە ياۋ ئالايتسا كۆز، ئاتاي ۋىجدان ئوقى بىرلە، بۇ يولدا جان پىدا ئەتسەم، بۇ ئۆمرۈمگە گۇناھ يوقتۇر.

**ياۋا** سۈپ ① ئۆزلەشتۈرۈلمىگەن، ئادەمگە ئۆگىتىلمىگەن: ياۋا كەندىر. ياۋا ئات. ياۋا ئېشەك. ② نورمال بولمىغان، غەيرىي: بۇ چاغدا مۇسا ئۇنىڭ قۇلاق، بۇرۇنلىرىدىكى ياۋا تۈكلەرنى قايچا بىلەن قىرقىۋاتاتتى، توختى مۇسانىڭ ئىشى تۈگىگىچە ئۇن چىقماي ئولتۇردى. ③ كىشىلەرگە ئارىلاشمايدىغان مىجەزى باشقىچە، مىجەزى غەيرىي، يېگانە: ئۇ يەرنىڭ ئادەملىرى ھەل ياۋا كېلىدىكەن. ④ غەيرىي، يېقىمسىز (ئاۋاز ھەققىدە): ياۋا ئاۋاز.

**ياۋا ئات** <زوئول> سۈت ئەمگۈچى ھايۋان. تەن شەكلى ئائىلە ئېتىغا ئوخشايدۇ، تۈكلىرى ئاچ قوڭۇر رەڭدە، مەيدىسىنىڭ تۈكى بىرئاز ئاقۇچ، قۇيرۇق تۈكى كۆپ كېلىدۇ، ئوتلاقلاردا ۋە چۆل-جەزىرىلەردە توپلىشىپ ياشايدۇ؛ ئېلىمىزنىڭ غەربىي شىمالى ۋە تاشقى موڭغۇلىيەدىن چىقىدۇ. سانى بەك ئاز.

**ياۋا ئارپا** <بوت> باشاقلىقلار ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. يوپۇرمىقىنىڭ كەڭلىكى 2 — 6 مىللىمېتىر، باشاقسىمان گۈل رېتىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 3 — 9 سانتىمېتىر، كەڭلىكى 2.5 — 5 مىللىمېتىر كېلىدۇ. ھەربىر بوغۇمىدا ئۈچ تال كىچىك باشاق، ھەربىر كىچىك باشاقتا بىر تال گۈل

بولىدۇ. ئۇرۇقى پىشقاندا پۈتۈن گۈل رېتى سۆسۈن رەڭگە كىرىدۇ. شەرقىي شىمال، ئىچكى موڭغۇل، شىمالىي جۇڭگو، شىنجاڭ قاتارلىق رايونلارنىڭ قۇرغاق ياكى سەل شورلۇق جايلىرىغا تارقالغان، ياخشى يەم-خەشەكلەرنىڭ بىرى.

**ياۋا ئالما** <بوت> ① ئەتىرگۈل ئائىلىسىدىكى يوپۇرماق تاشلايدىغان دەرەخ. يوپۇرمىقى ئېللىپس شەكلىدە، گۈلى قىزغۇچ ئاق، قىزىل كېلىدۇ. مېۋىسى يۇملاق ۋە ئادەتتىكى ئالمىدىن سەل كىچىك، تاشئالمىدىن چوڭراق بولىدۇ. تەمى چۈچۈمەل كېلىدۇ. ئادەتتە ئۇ ھەرخىل ئالما دەرەخلىرىنى ئۇلىغاندا ئۇلاق تۈپى قىلىنىدۇ. ② شۇ خىل ئۆسۈملۈكنىڭ مېۋىسى.

**ياۋا ئاۋاز** <بوت> ئاۋاز ئېگىزلىكى بىلەن ئاۋازنىڭ قاتتىقلىقى ئۆزگىرىشى قالايمىقانلىشىپ پەيدا بولغان يېقىمسىز، قوپال ئاۋازلار، يەنى «مۇزىكىلىق ئاۋاز» نىڭ ئەكسى.

**ياۋا ئەپيۇنگۈل** <بوت> ئەپيۇنگۈل ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. ئېگىزلىكى 30 — 50 سانتىمېتىر ئەتراپىدا. پۈتۈن تېنىدە قاتتىق تۈكچىلىرى بار. سۇندۇرغاندا ئاق سۈت چىقىدۇ. تۈۋىدىكى يوپۇرماقلىرى ئۇزۇن، تۇخۇمسىمان بولۇپ، تۈپلىشىپ ئۆسۈپ، پەيسىمان يېرىلىدۇ. گۈلى سېرىق، گۈل كاسا ياپراقچىسىنىڭ سانى ئىككى، بۇرۇن چۈشۈپ كېتىدۇ. گۈل تاجى ياپراقچىلىرىنىڭ سانى تۆت. غوزا مېۋىسى ئۇزۇن ۋە سوقىچاق، تۆشۈك ئېچىپ يېرىلىدۇ. غوزا مېۋىسى دورا قىلىنىدۇ، ئاغرىق توختىتىدۇ، يۆتەل، ھاسىراش قاتارلىقلارنى باسىدۇ.

**ياۋا بەدىيان** <بوت> كۈنلۈكسىمان گۈللۈكلەر ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. ئېگىزلىكى 60 — 80 سانتىمېتىر ئەتراپىدا، ئوق يىلتىزى توم ۋە كونۇسسىمان بولىدۇ، غولى كۆپ شاخلىنىدۇ. تۈۋىدىكى يوپۇرماقلىرى 2 — 3 قايتىلايدىغان پەيسىمان يېرىلغان، يېرىقچە ياپراقلىرى يىپ شەكىللىك بولىدۇ. غولىدىن چىققان يوپۇرماقلىرى كىچىكرەك بولۇپ، كەڭ، پەردىلەشكەن غول ئورايدىغان يوپۇرماق غىلىپى بولىدۇ. گۈل رېتى مۇرەككەپ كۈنلۈكسىمان، گۈلى ئاق ياكى سۇس بېغىر رەڭدە، مېۋىسى سوقىچاق كېلىدۇ. ئۇرۇقىنىڭ خۇسۇسىيىتى ئارپىبەدىياننىڭكى بىلەن ئوخشاش.

**ياۋا بېھى** <بوت> ① ئاكېبىيە ئائىلىسىدىكى پىلەك غوللۇق ئۆسۈملۈك. يوپۇرمىقى ئالمىشىپ مۇرەككەپ يوپۇرماق بولۇپ، نۆۋەتلىشىپ ئۆسىدۇ، كىچىك يوپۇرمىقى تەتۈر تۇخۇم شەكىللىك ياكى ئېللىپس شەكىللىك. گۈلى سۆسۈن، مېۋىسى شىرنىلىك مېۋە. پىيىشكە بولىدۇ. گۈلى چىرايلىق. مېۋىسى ۋە يىلتىزى دورا بولىدۇ. سۈيدۈكنى راۋانلاشتۇرۇش رولىغا ئىگە. ② شۇ خىل ئۆسۈملۈكنىڭ مېۋىسى.

**ياۋا پىلە قۇرتى** <زوئول> بىر خىل ھاشارات. شەكلى ئۆي پىلە قۇرتىغا ئوخشايدۇ، لىچىنكىسى قارا، ئۇزۇن تۈكچىلىرى بار. چوڭ بولغاندىن كېيىن قوڭۇر رەڭگە كىرىدۇ. قارامتۇل ئالىسى بولىدۇ. ئۈجمە دەرەخلىرىدە ياشايدۇ، غوزىسىدىن مەشۇت ئېلىشقا بولىدۇ.

**ياۋا پىياز** <بوت> پىيازنىڭ ياۋا ھالەتتە ئۆسىدىغان بىر تۈرى. مېۋىسى ئادەتتىكى باش پىيازدىن چوڭراق، رەڭگى بىنەپشە ئارىلاش قىزىل كېلىدۇ. ئادەتتە كۆكتات ئورنىدا ئىستېمال قىلىنىدۇ.

**ياۋا تاجىگۈل** <بوت> ① قامچىگۈل ئائىلىسىدىكى بىر يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. ئېگىزلىكى 60 — 90 سانتىمېتىر ئەتراپىدا، يوپۇرمىقى تۇخۇم ياكى تۆمۈنە شەكلىدە بولۇپ، نۆۋەتلىشىپ ئۆسىدۇ. گۈلى سۇس قىزىل مەنزىرە ئۆسۈملۈكى. ئۇرۇقىنى دورا قىلىشقا بولىدۇ، جىگەردىكى ئىسسىقنى ئېلىش، كۆزنى روشەنلەشتۈرۈش رولىغا ئىگە. ② شۇ خىل ئۆسۈملۈكنىڭ گۈلى.

**ياۋا تاۋۇز** <بوت> ① كاۋا ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. غولىدا چىرمىغۇچى يىپلىرى بولىدۇ، يوپۇرمىقى يۈرەك شەكلىدە، گۈلى ئاق، ئاتىلىق ۋە ئانىلىقى ئايرىم تۈپلەردە بولىدۇ. مېۋىسى تۇخۇم شەكلىدە، سېرىق كېلىدۇ. ئۇرۇقى يۇمىلاق، تىبابەتچىلىكتە يۆتەل پەسەيتكۈچى ۋە بەلغەم بوشاتقۇچى دورا ياساش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ. ② شۇ خىل ئۆسۈملۈكنىڭ مېۋىسى.

**ياۋا توخۇ** ← **تاغ توخۇسى.**

**ياۋا توشقان** <زوئول> دالىدا ياشايدىغان توشقان تۈركۈمى. تېنى ئۆي توشقىنىدىن سەل چوڭ، قۇلىقى ئۇزۇن ۋە يوغان، تۈكلىرى ناھايىتى زىچ، كۆپلىرى قوڭۇر ياكى كۈل رەڭ بولىدۇ، ئوت-چۆپ، كۆكتات قاتارلىقلار بىلەن ئوزۇقلىنىدۇ.

**ياۋا توڭگۇز** <زوئول> سۈت ئەمگۈچى ھايۋان. پۈتۈن تېنىدە قارامتۇل قوڭۇر، توم ۋە ئۇزۇن تۈكلەر ئۆسكەن بولىدۇ، قوزۇق چىشى ئېغىز سىرتىغا چىقىپ تۇرىدۇ. قۇلىقى بىلەن قۇيرۇقى قىسقا ھەم كىچىك، ۋەھشىي كېلىدۇ. كېچىدە ھەرىكەت قىلىپ، سازاڭ، يىلان، قوڭغۇز، كۆكتات ۋە تاتلىق ياڭيۇ قاتارلىقلارنى يەيدۇ. دېھقانچىلىققا زىيىنى كۆپ.

**ياۋا تۆگە** <زوئول> قوش ئۆركەشلىك تۆگىلەرنىڭ بىر كەنجە تۈرى. سانى كۆپ ئەمەس. ئاساسەن، غەربىي شىمال (گەنسۇ، چىڭخەي، شىنجاڭ) چۆللىرىدىكى يايلاقلاردا ياۋايى ھالەتتە توپلىشىپ ياشايدۇ.

**ياۋا تىپ** <بىئول> تەبىئەتتىكى نۇرغۇنلىغان يەككە تەنلەرنىڭ بىر تۈر ئارقىلىق كىشىلەر تەرىپىدىن نورمال ئىپادىلىنىش تىپى.

**ياۋا تىپلىق گېن** <بىئول> ياۋا تىپنىڭ خاراكتېرىنى بەلگىلەيدىغان تەڭ-باراۋەر ئورۇندىكى گېن.

**ياۋا چوشقا** <زوئول> ← **ياۋا توڭگۇز.**

**ياۋا چېچەك** <تىب> ← **چېچەك II.**

**ياۋا چېچەك چىقماق** ① ياۋا چېچەك كېسىلىگە دۇچار بولماق. ② كۆچمە. پىلانلانغان، قىلماقچى بولغان بىرەر ئىش-ھەرىكەتتىن چاتاق چىقماق، كاشىلا تۇغۇلماق؛ توسالغۇ ياكى بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىماق: ئارىدىن توققۇز يىل ئۆتۈپ شىبھىسىز قۇم كامال تېپىۋاتقان، تۇرمۇش لەززەتلىك ئۆتۈۋاتقان كۈنلەرنىڭ بىرىدە تاغامنىڭ يولىغا تىكەن ئۈنۈپ، ئىشلىرىغا ياۋا

چېچەك چىقىدۇ.

**ياۋا چىگە** <بوت> سۆگەتگۈل ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. قاسىرىقى قىزغۇچ قوڭۇر كېلىدۇ. يوپۇرمىقى تۇخۇم شەكلىدە بولۇپ، نۆۋەتلىشىپ ئۆسىدۇ. ئارقا تەرىپىدە ئاق رەڭلىك تۈكچىلىرى بولىدۇ. غول پوستىدىن چىگە ئىشلىگىلى بولىدۇ. مېۋىسى ئۇزۇن، مۆڭگۈز شەكلىدە، ئۇرۇقى سارغۇچ قوڭۇر بولىدۇ.

**ياۋا خەنجەر يەپ قالماق** ئويلىمىغان يەردىن توسالغۇغا ئۇچرىماق، كاشىلا پەيدا بولماق، خېيىم-خەتەرگە يولۇقماق: — «ياۋا خەنجەر يەپ قېلىش» ئېھتىمالىدىن ساقلىنىش لازىم، شۇنداقمۇ؟ — دېدى ئابدۇرېشىتخان ئامانىسخانغا.

**ياۋا خېنە** <بوت> خېنە ئائىلىسىدىكى بىر يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. غولى گۆشلۈك، چوڭايغان بوغۇمى بار، يوپۇرماقلىرى نۆۋەتلىشىپ ئۆسىدۇ، گۈلى كىچىك، ئاق ۋە سېپى ئۇزۇن بولۇپ، قولتۇقتا ياكى ئۇچىدا ئۆسىدۇ، مېۋىسى ئورۇق مېۋە، شەكلى ئۇرچۇقسىمان. ئادەتتە مېۋىسى دورىغا ئىشلىتىلىدۇ، قاننى جانلاندۇرۇش، خۇننى راۋان قىلىش، رېماتىزمنى داۋالاش رولى بار، تەڭرىتاغلىرى ئالتاي تاغلىرىدىن كۆپ چىقىدۇ.

**ياۋا زاغۇن** <بوت> ئەپىيۇنگۈل ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. غولى تىك، تېنىدە يۇمشاق تۈكچىلىرى بولىدۇ، غولىنى سۇندۇرغاندا قىزغۇچ سېرىق سۈتى چىقىدۇ. يوپۇرمىقى پەيسىمان تولۇق يېرىلىپ نۆۋەتلىشىپ ئۆسىدۇ، گۈل رېتى كونۇلۇكسىمان، گۈلى پىشقاندا ئىككىگە يېرىلىدۇ، يەر ئۈستى قىسمى دورا بولىدۇ. ئاغرىق توختىتىش، يۆتەلنى بېسىش، ئىششىقنى ۋە زەھەرنى قايتۇرۇش رولىغا ئىگە.

**ياۋا زىرە** <بوت> ← **ياۋا بەديان.**

**ياۋا سامساق** <بوت> گۈلسامساق ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. يەر ئاستى تەڭگىسىمان غولىنىڭ شەكلى شارغا ئوخشايدۇ، رەڭگى ئاق، تۈۋىدىن ئۆسكەن يوپۇرمىقى يىپ شەكىللىك، غولىدىن ئۆسكەن يوپۇرمىقىنىڭ سانى 2 — 3 تال. غولنى ئوراپ تۇرىدۇ. گۈل رېتى شار شەكلىدە بولۇپ، ئۇچىدا ئۆسىدۇ، گۈلىنىڭ رەڭگى بېغىر رەڭ ياكى ئاچ سۆسۈن. تەڭگىچە غولى دورا قىلىنىدۇ، يەلنى تەڭشەش، كۆڭۈلنى يورۇتۇش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە.

**ياۋا سۇزاپ** <بوت> سۇزاپ ئائىلىسىدىكى ياۋا ھالەتتە ئۆسىدىغان كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. غولى تىك، يوپۇرمىقى نۆۋەتلىشىپ ئۆسىدۇ، پەيسىمان يېرىلىدۇ. گۈلى سېرىق، مېۋىسى غوزىلىق مېۋە. پۈتۈن تۈپى دورا قىلىنىدۇ. مەددە چۈشۈرۈش، ھەيزنى راۋان قىلىش رولىغا ئىگە.

**ياۋا سۇ كالىسى** <زوئول> سۇ كالىسىنىڭ ياۋىسى. تېنى ناھايىتى چوڭ ھەم ئېغىر بولىدۇ. بېشىغا ئەگرى-دوناي چوڭ مۆڭگۈز چىقىدۇ. ئادەتتە ئورمانلىقلاردا توپلىشىپ ياشايدۇ. ياۋا سۇ كالىسى ئاسىيا ۋە ئافرىقىغا تارقالغان بولۇپ، ئاساسەن ئوت يەيدۇ. ئافرىقا ياۋا سۇ كالىسى ئاسىيا ياۋا سۇ كالىسىغا بەك ئوخشىشىپ كەتسىمۇ، ئۇلار ئارىسىدا يېقىنچىلىق يوق. ئافرىقا سۇ كالىسى

ناھايىتى ۋەھشىي كېلىدۇ، ئاسىيا ياۋا سۇ كالىسى سۇ ۋە پاتقاقلىق يەردە يېتىشنى ياخشى كۆرىدۇ. ھازىر ئاسىيا سۇ كالىسى ئېغىر ئەمگەكلەرگە كۆندۈرۈلدى.

**ياۋا سۇلۇ** <بوت> باشاقلىقلار ئائىلىسىدىكى بىر يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. سۇلۇغا ئوخشايدۇ، يوپۇرمىقى سەل ئۇزۇن، گۈلى كىچىك، باشاقسىمان گۈل رېتىدە، باشقى تۆۋەنگە ساڭگىلاپ ئۆسىدۇ، رەڭگى يېشىل. ئادەتتە يەم-خەشەك قىلىنىدۇ.

**ياۋا سۆپۈرگە** <بوت> لويلا ئائىلىسىدىكى بىر يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. غولىنىڭ تارماق شاخلىرى ناھايىتى كۆپ، يوپۇرمىقى پەيسىمان، گۈلى سارغۇچ يېشىل ۋە كىچىك بولىدۇ، مېۋىسى ياپىلاق، دۈگىلەك، قانىتى بار، ئۇرۇقى دورا قىلىنىدۇ. ئىسسىقنى قايتۇرۇش سۈيدۈكنى راۋانلاشتۇرۇش رولىغا ئىگە. غول پۇرماقلىرىنى سۆپۈرگە قىلىشقا بولىدۇ.

**ياۋا شاپتۇل** <بوت> ① ئەتىرگۈل ئائىلىسىدىكى يوپۇرماق تاشلايدىغان دەرەخ. يوپۇرمىقى تار، ئۇزۇن، گۈلى ئاق ياكى سۇس قىزىل، مېۋىسى يۇملاق، سارغۇچ، مېۋە گۆشى ئاز، ئىستېمال قىلىشقا بولمايدۇ، سوغۇققا چىداملىق. شاپتۇلنى ئۇلاش ئۈچۈن پايدىلىنىشقا بولىدۇ. ② شۇ خىل ئۆسۈملۈكنىڭ مېۋىسى.

**ياۋا شاخ** <بوت> مېۋىلىك دەرەخلەرنىڭ مېۋە تۇتمىغان ھەمدە كېسىۋېتىلىدىغان ئارتۇق شاخلىرى.

**ياۋا غاز** <زوئول> قۇشلارنىڭ بىر ئۇرۇقدىشى. تەن شەكلى غازغا ئوخشايدۇ، بويۇن بىلەن قانىتى سەل ئۇزۇن، پۇتى ۋە قۇيرۇقى سەل قىسقا، پەي-تۈكلىرى ئاچ قوڭۇرغا مايىل سۆسۈن، سۇ ئۈزۈش ۋە ئۇچۇشقا ماھىر كېلىدۇ.

**ياۋا قارا بۇغداي** <بوت> ① پۇرچاق ئائىلىسىدىكى بىر يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. يوپۇرماقلىرى ئۈچ تال كىچىك يوپۇرماقتىن تۈزۈلىدۇ، گۈلى كىچىك، سېرىق ياكى يېشىل، قاسىراقلىق دېنى قارامتۇل يېشىل بولۇپ، ئۈچ قىرلىق كېلىدۇ. ئۇنىڭدىن لەڭپۇڭ ئۇنى تارتقىلى بولىدۇ. ئادەتتە بۇغداي ئارىلىرىدا ياۋا ھالەتتە ئۆسىدۇ. ② شۇ خىل ئۆسۈملۈكنىڭ دېنى.

**ياۋا قامچىگۈل** <بوت> ① قامچىگۈل ئائىلىسىدىكى ياۋا ھالەتتە ئۆسىدىغان بىر يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. يوپۇرمىقى ئۇزۇن، تۇخۇم شەكلىدە، يۈزى سېرىق بىلەن قىزىل ئارىلاش رەڭدە، گۈلى سارغۇچ يېشىل بولۇپ كۈزدە ئېچىلىدۇ. ئادەتتە مەنزىرە ئۆسۈملۈكى قىلىنىدۇ. ② شۇ خىل ئۆسۈملۈكنىڭ گۈلى.

**ياۋا قوتاز** <زوئول> ياۋا ھالەتتە ياشايدىغان، كۆندۈرۈلمىگەن قوتاز. ئېلىمىزنىڭ چىڭخەي، شىزاڭ قاتارلىق جايلىرىدىن چىقىدۇ. توپلىشىپ ياشايدۇ.

**ياۋا قول** يات، يوچۇن، غەيرىي قول: شۇنداق قىلىپ، ئەزىزانە قەشقەرنىڭ رەڭدار بىر گۈلىنى ياۋا قوللار يۇلۇپ كەتتى.

**ياۋا قۇلماق** <بوت> ئۈجمە ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. يۆگىمەچ غوللۇق بولۇپ، ئۈستىدە زىچ ئۆسكەن قىسقا تىكەنلىرى بولىدۇ.

يوپۇرمىقى ئۇدۇل ئۆسۈپ، ئالىقانسىمان يېرىلىدۇ. گۈلى سۇس يېشىل، مېۋە باشقى ئازراق شار شەكلىدە كېلىدۇ. مېۋىسى دورا قىلىنىدۇ. ئاشقازاننى قۇۋۋەتلەش رولىغا ئىگە.

**ياۋا كالا** <زوئول> سۈت ئەمگۈچى هايۋان. تەن شەكلى ئۆي كالىسىغا ئوخشاپ كېتىدۇ. تېنى چوڭ ۋە ئېگىز، تۈكلىرى جىگەر رەڭ كېلىدۇ. بېشى بىلەن بويىندا ئۇزۇن تۈكلىرى بولىدۇ، دۈمبە قىسمى كۆتۈرۈلۈپ تۇرىدۇ. دەرەخ قوۋزىقى، يوپۇرمىقى قاتارلىقلارنى يەيدۇ. بىرقانچە خىل تۈرلىرى بار. ئۇلار ئايرىم-ئايرىم هالدا ئاسىيا، ياۋروپا ۋە ئامېرىكا قىتئەلىرىدە ياشايدۇ. سانى كۆپ ئەمەس. ئەتىۋارلىق هايۋان هېسابلىنىدۇ.

**ياۋا كەپتەر** <زوئول> كەپتەرنىڭ بىر خىلى. تېنىنىڭ يۇقىرى قىسمى كۈل رەڭ بولۇپ، بويۇن قىسمىدا يېشىلغا مايىل قوڭۇر رەڭلىك پارقىرىقى بولىدۇ. قورساق قىسمى ئاچ كۈل رەڭ كېلىدۇ. ئۇچۇشقا ماهىر. زىرائەت دانلىرى ۋە باشقا ئۆسۈملۈكلەرنىڭ ئۇرۇقى بىلەن ئوزۇقلىنىدۇ.

**ياۋا كەشمىر** <بوت> ياۋا كەشمىر ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. يوپۇرمىقى ئېللىپس شەكىللىك، گۈلى ئاق ۋە كىچىك بولىدۇ. سازلىقلاردا ئۆسىدۇ. يىلتىزى دورا قىلىنىدۇ، سۈيدۈكنى راۋان قىلىش رولىغا ئىگە.

**ياۋا كەندىر** <بوت> ← **لوپنۇر كەندىرى.**

**ياۋا كۆرۈك** <بوت> لويلا ئائىلىسىدىكى كىچىك چاتقال، ئېگىزلىكى 20 — 50 سانتىمېتىر ئەتراپىدا. كۆپ شاخلىنىدۇ. شاخلىرى نۆۋەتلىشىپ ئۆسىدۇ. يوپۇرمىقى كىچىك، توم بولۇپ، گۆشلەشكەن، شەكلى يۇمىلاق تۇۋرۇك شەكلىدە. ئۇمۇ نۆۋەتلىشىپ ئۆسىدۇ، گۈل رېتى باشاقسىمان، مېۋىسى خالتىلىق مېۋە، شۆپۈكى پەردىلەشكەن. سىرتىدا قويۇق ئۆسۈكلىرى بولىدۇ. تۇزلۇق كۆللەرنىڭ يېقىن ئەتراپلىرىدا ۋە شورلۇق جايلاردا ئۆسىدۇ. شىنجاڭغا كەڭ تارقالغان.

**ياۋا كۆك پۇرچاق** <بوت> پۇرچاق ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. ئېگىزلىكى 50 — 100 سانتىمېتىر ئەتراپىدا، غولى يېيىلىپ ئۆسىدۇ. شاخلىرى قىرلىق كېلىدۇ. يوپۇرمىقى پەيسىمان مۇرەككەپ يوپۇرماق، كىچىك يوپۇرماقلىرىنىڭ سانى 7 — 8 جۈپ. يوپۇرمىقىنىڭ ئەڭ ئۇچىدا كۆپ شاخلىق ئورىغۇچى يىپچىلىرى بولىدۇ. گۈلى كۆپ، رەڭگى كۆككە مايىل سۆسۈن بولۇپ ئومۇم گۈل رېتىدە كېلىدۇ. ئۆسۈملۈك تېنى دورىغا ئىشلىتىلىدۇ، هۆللۈكنى قايتۇرۇش، قاننى جانلاندۇرۇش، ئىششىقنىياندۇرۇش ۋە ئاغرىق توختىتىش رولىغا ئىگە.

**ياۋا كۆكتات** <بوت> ← **ياۋا ئوتياش.**

**ياۋا كۆكنار** دىئال. چىمەنلىكلەردە ياكى تاغلاردا ئۆسىدىغان بىر خىل ياۋا چېچەك.

**ياۋا كۈنجۈت** <بوت> كالپۇكسىمان گۈللۈكلەر ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. غولى تۆت قىرلىق، يوپۇرمىقى يۈرەك ياكى تۇخۇمسىمان

يۇرەك شەكىللىك بولۇپ، ئۇدۇل ئۆسىدۇ. گۈلى ئاق بولۇپ، بىرقانچىسى يوپۇرماق قولتۇقىغا توپلىشىپ ئۆسىدۇ. ئادەتتە ئۇ ھەسەل مەنبەسى قىلىنىدىغان ئۆسۈملۈك ھېسابلىنىدۇ. گۈلىدىن يەنە يۇراقلىق ماي ئېلىنىدۇ. شىنجاڭدا تاغلىق رايونلاردا ئۇچرايدۇ.

**ياۋا گۈلساماساق** <بوت> گۈلساماساق ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. تەڭگىچە غولى شار شەكىلدە، ئاق ياكى سۇس قىزىل رەڭلىك، گۈلى ۋارونكا شەكىللىك، رەڭگى ئاق، مەنزىرە ئۆسۈملۈكى. تەڭگىچە غولىنى ئىستېمال قىلىشقا ياكى دورا قىلىشقا بولىدۇ.

**ياۋا گىلاس** <بوت> ئەتىرگۈل ئائىلىسىدىكى يوپۇرماق تاشلايدىغان چاتقال. يوپۇرمىقى تۇخۇمسىمان ياكى سوقىچاق، گۈلى ئاق، سەل قىزىرىدۇ. مېۋىسى شار شەكىللىك، توق قىزىل ۋە پارقىراق بولۇپ، ئىستېمال قىلىشقا بولىدۇ.

**ياۋا ماش** <بوت> پۇرچاق ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. ئېگىزلىكى 20 – 40 سانتىمېتىر ئەتراپىدا. يوپۇرمىقى بارماقسىمان ئۈچ قۇلاقلىق بولۇپ، نۆۋەتلىشىپ ئۆسىدۇ. كىچىك يوپۇرمىقى ئۇزۇن ھەم سوقىچاق ياكى تەتۈر تۆمۈنە شەكىللىك. دۈمبىسىدە قويۇق، قىسقا تۈكلىرى بولىدۇ. ئومۇم گۈل رېتى ئۇچىدا ئۆسىدۇ، گۈلى سېرىق، مېۋىسى ياپىلاق، ئۇرۇقى تۇخۇمسىمان، شار شەكىللىك، رەڭگى قارا، پارقىراق، يەر ئۈستى قىسمى دورا قىلىنىدۇ، بەلغەم بوشىتىش، يۆتەل

توختىتىش رولىغا ئىگە.

**ياۋا موزا** <بوت> دۇب دەرىخىنىڭ مېۋىسى. ئۇزۇن ۋە يۇمىلاق كېلىدۇ، تەركىبىدە كراخمال ۋە ئاز مىقداردا تاننىس بار. پوستىدىن يار يېلىم ئېلىشقا بولىدۇ، ئۇرۇقى دورا قىلىنىدۇ، ئۈچەينى قورۇپ، ئىچ سۈرۈشنى توختىتىش رولى بار.

**ياۋا مۈشت يەپ قالماق** ئويلىمىغان يەردىن تۇيۇقسىز بىرەر زەربىگە ئۇچرىماق، خېيىم-خەتەرگە دۇچ كەلمەك: ئۇ ھەرقانداق ۋاقىتتا ياۋا مۈشت يەپ قالماسلىق ئۈچۈن قاتتىق ئېھتىيات قىلاتتى.

**ياۋا نەشپۈت** <بوت> ① ئازغان ئائىلىسىدىكى يوپۇرماق تاشلايدىغان دەرەخ. ئېگىزلىكى تەخمىنەن ئون مېتىر ئەتراپىدا. يوپۇرمىقى ئۇزۇن، يۇمىلاق ياكى رومبا شەكىللىك كېلىدۇ. ئارقا تەرىپى، ساپىقى ۋە گۈل رېتىدە تۈۋىتى بولىدۇ. گۈلى ئاق، مېۋىسى كىچىك بولۇپ، سەل-پەل شار شەكىلدە بولىدۇ. ئۈستىدە قوڭۇر رەڭلىك چېكىتلىرى بولىدۇ. ئۇنى ھەر خىل نەشپۈت دەرەخلىرىنى ئۇلىغاندا ئۇلاق تۆپى قىلىشقا بولىدۇ. ② شۇ خىل ئۆسۈملۈكنىڭ مېۋىسى.

**ياۋا ئوتياش** <بوت> ئوتياش ئورنىدا ئىشلىتىشكە بولىدىغان ياۋايى ئۆسۈملۈكلەر. مەسىلەن، سېمىز ئوت، بوزتىكەن قاتارلىقلارغا ئوخشاش.

**ياۋا ئۈسۈك** <بوت> مۇرەككەپ گۈللۈكلەر ئائىلىسىدىكى بىر يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. غولى يالغۇز ۋە بىر مېتىر ئەتراپىدا ئۆسىدۇ، ئۈستى

شاخلىنىدۇ. يوپۇرماقلىرى ئۇزۇن بولۇپ، نۆۋەتلىشىپ ئۆسىدۇ. گۈلى سۇس سېرىق ياكى ئاق. پاشىسىمان گۈل رېتى توپلىشىپ ئۆسىدۇ. ئادەتتە يەم-خەشەك قىلىنىدۇ.

**ياۋا ئۆچكە** <زوئول> سۈت ئەمگۈچى هايۋان. تەن شەكلى ئۆي ئۆچكىسىگە ئوخشايدۇ، لېكىن چوڭراق، ئەركەك-چىشىلىرىنىڭ ھەممىسىدە مۈڭگۈز بولىدۇ. ئەركىكىنىڭ مۈڭگۈزى چوڭ، كەينىگە ئېگىلگەن بولىدۇ. ئېگىز تاغدا ياشايدۇ.

**ياۋا ئۆردەك** <زوئول> بىر خىل قۇش، تەن شەكلى ئۆي ئۆردەكلىرىگە ئوخشايدۇ. ئەركىكىنىڭ بېشى يېشىل بولۇپ، پارقىراپ تۇرىدۇ. دۈمبىسى قارا قوڭۇر، ئىككى قانىتىدا كۆك ئالىسى بار؛ چىشىلىرىنىڭ تېنى قوڭۇر، رەڭگى شوخ ئەمەس. ياۋا ھالەتتە ياشايدۇ، ئۇچالايدۇ ھەم سۇ ئۈزۈشكە ماھىر كېلىدۇ. كىچىك بېلىق، يۇمشاق تەنلىك هايۋان ۋە ئۆسۈملۈك ئۇرۇقلىرى، مېۋىلىرى بىلەن ئوزۇقلىنىدۇ.

**ياۋا ئۈزۈم** <بوت> ئۈزۈم ئائىلىسىدىكى ئەۋرىشىم غوللۇق ئۆسۈملۈك. غولى ئىنچىكە ھەم ئۇزۇن، يوپۇرمىقى يۈرەك شەكىللىك، ئالقانسىمان يېرىلىدۇ. گۈل رېتى كونۇسسىمان، گۈلى كىچىك، سۇس سارغۇچ يېشىل. شىرنىلىك مېۋىسى يۇمىلاق، قارامتۇل سۆسۈن، تەمى چۈچۈمەل، ئىستېمال قىلىشقا ۋە ھاراق ئېچىتىشقا بولىدۇ.

**ياۋا ئېشەك** <زوئول> سۈت ئەمگۈچى هايۋان. تەن شەكلى قېچىرغا ئوخشاپ كېتىدۇ. تۈكلىرى تۇم قوڭۇر بولۇپ، دۈمبىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر تال ئېغىر رەڭ يولى بولىدۇ. قورساق تۈكلىرى ئاق رەڭدە. چۆل-جەزىرە، ئوتلاقلىق قاتارلىق جايلاردا توپلىشىپ ياشايدۇ.

**ياۋاش** ① سۈپ. شوخلۇق قىلمايدىغان، ئېغىر-بېسىق، ئىنائەتمەن، تىنچ ياكى جىم يۈرىدىغان، رايىش، مۆمىن: ياۋاش بالا. ياۋاش كالا. * بىر ياماندىن قورق، بىر ياۋاشتىن قورق (ماقال). * مېھمان قويدىن ياۋاش (ماقال). * شۇ ئەسنادا ئۇنىڭ بۇرۇنقى ياۋاش قىياپىتىدىن ئەسەرمۇ قالمىدى. ② سۈپ. تۆۋەن، ئاستا، بوش: سۇتۇق ئاۋازىنى ياۋاش چىقارماق بولغان بولسىمۇ، لېكىن، بۇيرۇق ئاۋازىغا ئوخشاپ كەتتى. // ناغرا، سۇناي بىرپەس ياۋاشراق ئاھاڭدىن كېيىن بىردىنلا شوخ ئۇسسۇل ئاھاڭىغا يۆتكەلدى. ③ رەۋ. ئاستا، سۇس، يەڭگىلگىنە: بوۋاي باشتىكى پەدە بىلەن ساتارنى ياۋاش چۈشەردى. * ئۇلار ئازراق پىرقىرىغاندىن كېيىن، بىرپەس ياۋاش ئوينىدى-دە، يەنە پىرقىراشقا باشلىدى.

**ياۋاش تاپماق** ئانىي تاپماق، بوزەك قىلماق، خارلىماق: ئاتا-ئانىلىرى ئۆلگەندىن كېيىن، ئۇلار مىراس بۆلۈشۈپتۇ، بۆلۈشۈپمۇ بىر قورۇدا ياشاپتۇ، چوڭلىرى كىچىكنى ياۋاش تېپىپ، ئالداپ-سالداپ ئۇنىڭ مىراسلىرىنى يەپ تۈگىتىپتۇ.

**ياۋاشلاتماق** «ياۋاشلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: - بۇنى ياۋاشلىتىدىغان ئامالنى قىلمىساق بولمايدۇ، - دېدى موللا زەيدىن ئويچان ھالدا ئايالىغا قاراپ.

**ياۋاشلاشماق** ① «ياۋاشلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: شۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭ

باللىرى بەكلا ياۋاشلىشىپ كەتتى. ② ياۋاش هالەتكە كەلمەك، ياۋاشلىماق: — پىقىرغا بۇ ئۇقۇشماسلىقنىڭ سەۋەبىنى بىلىش مۇمكىن بولارمىكىن؟ — دېدى موللىسىدىن ئەدەپ يەپ ياۋاشلىشىپ قالغان تالىپ جىمجىت ئولتۇرغان بارار بېگىگە قاراپ.

**ياۋاشلانماق** «ياۋاشلىماق» پېئىلىنىڭ مەجهۇل دەرىجىسى.

**ياۋاشلىق** ئى. ياۋاشلارغا خاس ئىش-هەرىكەت، مۇئامىلە: ياۋاشلىق قىلماق. * بۇ چاغدا ئادىلنىڭ بۇيرۇقىغا ياۋاشلىق بىلەن بويسۇنغان سىيت ئاكا ئەنۋەرنى ئەگەشتۈرۈپ ئىشكىنىڭ سىرتىغا چىقىپ بولغانىدى.

**ياۋاشلىماق** پ. ياۋاش بولۇپ قالماق، ياۋاش هالەتكە كەلمەك، پەسكويىغا چۈشمەك: ناخشا ئېيتىپ ئويناقلاپ ئاققان كۆمۈش دەريالار، قىش كەلگەندە ياۋاشلاپ، توختايدىكەن شوخلۇقتىن، ئاقار ئەمما قەلبىمنىڭ دولقۇنلاپ ئوت دەرياسى، قىيان ياساپ، گۈركىرەپ پەخىرلىنىش — زوقلۇقتىن.

**ياۋاش-ياۋاش** دىئال. بوۋاقلارنى ئەركىلەتكەندە ئىشلىتىلىدىغان «ياخشى ئادەم بول»، «ئوبدان، مۆمىن چوڭ بول» دېگەن مەنىلەردىكى تىلەكنى بىلدۈرىدىغان سۆز.

**ياۋاش-يۇمشاق** گەپ ئاڭلايدىغان، رايىش، سىلىق-سىپايە؛ ئوڭلۇق: — ياۋاش-يۇمشاق ئايالىڭ سائادەت بىلەن تۆت بالاڭغىمۇ ئىچىڭ ئاغرىمامدۇ؟ — دېدى بوۋاي زەردىسى قايناپغان هالدا ئوغلىغا ۋارقىراپ. * ئانا تۇيۇقسىز بىر چاغلاردا قىزى باشلاپ كېلىدىغان ئاق يۈزلۈك، ياۋاش-يۇمشاقنىنا بالىنى ئەسلەپ قالدى.

**ياۋان** ئى. شەهەرنىڭ سىرتىدىكى يەر؛ دەشت؛ چۆل، جەزىرە؛ دالا: ئېگىز-ئېگىز داۋاننى، ئاتلىرىمغا تاپشۇردۇم. ياۋاندىكى بۆرىنى مىلتىقىمغا تاپشۇردۇم. * سادىر بىر ئوغۇل بالا، ياۋان يەرنى خالايدۇ. بىر يامبۇ بېرىپ قويسام، ئۆلتۈرمەيدۇ، پالايدۇ.

**ياۋايى** سۈپ ① ئادەمگە كۆنمىگەن، كۆندۈرۈلمىگەن، تەبىئەتتە ئەركىن ياشاۋاتقان (هايۋانات هەققىدە): ئورمان ياۋايى هايۋان، قۇشلارنىڭ ماكانى. * پادىشاهنىڭ خەزىنىسى ئالتۇن-كۈمۈشكە لىق ئىكەن. يايلاقلىرى قوي، كالىغا تولغانىكەن، جاڭگاللىرىدا ياۋايى هايۋانلار كۆپ ئىكەن. ② ئۆزى تەبىئىي ئۆسىدىغان ياكى ئۆسكەن (تەبىئىي ئۆسۈملۈكلەر هەققىدە): — مۇبادا مۇشۇ ئەمگەكلىرىمىز بىلەن ياۋايى ئوتلارغا جەڭ ئېلان قىلالىساق، دېهقانلارنىڭ شال ئوتاش ۋاقتىنى تېجەپ، دەردىنى يېنىكلەتكەن بولاتتۇق! — دېدى هاشىم ئاكا خۇشاللىنىپ. ③ مەدەنىيەتنىڭ ئىپتىدائىي باسقۇچىغا خاس بولغان، قالاق، مەدەنىيەتسىز: بۇرژۇئازىيە بارلىق ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرىنىڭ تېزلىكتە ياخشىلىنىشى ۋە قاتناش ئىشلىرىنىڭ ناهايىتىمۇ ئاسانلىششى ئارقىسىدا، هەممە مىللەتلەرنى هەتتا ئەڭ ياۋايى مىللەتلەرنى مەدەنىيەت تەرەپكە تارتتى. ④ ئىجتىمائىي تۇرمۇشتىن چەتلىگەن؛ قەبىھ، ۋەهشىي: — سەن سەنئەتنى خارلايدىغان ياۋايى تەبىئەتلىكلەرنىڭ خىلىدىنسەن! شۇنىڭ ئۈچۈن مەنمۇ سېنى ياخشى كۆرمەيمەن، — دېدى پاتىگۈل خېتىنىڭ ئاخىرىدا.

**ياۋايى هايۋانلار** <زوئول> تەبىئىي مۇهىت شارائىتىدا ئۆسۈپ-يېتىلىدىغان ۋە نەسلىنى كۆپەيتىدىغان بارلىق

ھايۋانلار. ئۇلارنىڭ ئوزۇقلىنىش، دۈشمەنلىرىدىن ئۆزىنى قاچۇرۇش جەھەتلەردىكى ماسلىشىش كۈچى ناھايىتى كۈچلۈك بولۇپ، ئادەملەر كونتروللۇقىدىكى ئۆي ھايۋانلىرىدىن پەرقلىنىدۇ.

**ياۋايى ھايۋانلار بايلىقى** <بىئول> تەبىئەت دۇنياسىدا مەۋجۇت بولۇپ، ئېكولوگىيىلىك سىستېمىنىڭ مۇھىم بىر ھالقىسىنى تەشكىل قىلغان ھەمدە ئىنسانلار تەرىپىدىن پايدىلىنىدىغان ياۋايى ھايۋانلار. ئادەتتە ئۇلار تەبىئىي ھايۋانلارنى، بېلىقلارنى ۋە ھاشاراتلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

**ياۋايىلاشماق** پ. ياۋايى بولۇپ قالماق، ياۋايى ھالەتكە كېلىپ قالماق؛ ۋەھشىيلەشمەك: يىللار ئۆتكەنسېرى، قۇتلۇق شۇنداق جىمغۇر، شۇنداق ياۋايىلىشىپ كەتتىكى، ھەتتا سېلىم ئاكا كىرگۈزگەن تاماقنىمۇ يېمەيدىغان بولۇۋالدى. * بەزىدە ياۋايىلاشقان سۇ تورتۇپ كەلگەن شاخ-شۇمبىلار بىلەن بىللە، ئۇنى بىرقانچە مېتىر يەرگىچە داجىتىپ ئاپىرىپ، چۆكتۈرۈپ، ئۈستىدىن بېسىپ ئۆتۈپ كېتەتتى.

**ياۋايىلىق** ئى. ياۋايىلارغا خاس ئىش-ھەرىكەت، قىلىق: گۈپۈلدەپ گۈل پۇراپ تۇرغان گۈلشەننى، ياۋايىلىق قىلدى خاراب بىردەمدە. مەن ئويلىدىم: گۈزەللىكتىن سەسكەنگەن، يەنە بىر جاي بارمىدۇ بۇ ئالەمدە؟! * ئەسىرى ياۋايىلىق سەھراسىغا، ھاياتلىق بۇركۈت بولۇپ يېرىپ كەلگەن. لېكىن چۆل چەكسىز ئىدى ۋە غەزەپلىك، ئەتىسى ۋەيران بولمىش بۇگۈن تەرگەن.

**ياۋچى** ئى <ئىرق> ← **ياۋچىلار.**

**ياۋچىلار** ئى <ئىرق> قەدىمكى قەبىلە. ئۇلار چىن، خەن دەۋرلىرىدە دۇنخۇاڭ، چىلىيەن تېغى ئارىلىقىدا كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن تۇرمۇش كەچۈرگەن. مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 177-، 176-يىللىرى ھونلارنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچراپ، غەربكە كۆچۈپ، ئىلى دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىمىدىكى ساكلار تەۋەلىكىدىكى جايلاردىن ھەتتا ئىسسىقكۆل ۋە ئافغانىستاننىڭ شىمالىي قىسمىنىمۇ ئىگىلىگەن. ئۇلارنىڭ غەربكە كۆچكەن قەبىلىرى تارىختا ئۇلۇغ ياۋچىلار دەپ ئاتىلىدۇ. تەخمىنەن مىلادىيە 8-ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا كەلگەندە، ئۇلار باكتېرىيىلەرنىڭ شەرققە كىرىشى بىلەن يوقالغان.

**ياۋروپا** ئى [ر<لات] <جۇغ> ← **ياۋروپا قىتئەسى.**

**ياۋروپا ئەركىن سودا ئىتتىپاقى** <س ئىق> ياۋروپادىكى بەزى دۆلەتلەرنىڭ خەلقئارادىكى ئىقتىسادىي تەشكىلاتى. 1960-يىلى 5-ئاينىڭ 3-كۈنى قۇرۇلغان. ئۇنىڭ تەشكىلىي ئورگىنى كېڭەش يىغىنى ۋە كاتىبات باشقارمىسىدىن ئىبارەت. باش شتابى جەنۋەدە. ئۇنىڭ «ئىتتىپاق شەرتنامىسى» نىڭ ئاساسىي مەزمۇنى: ئەزا دۆلەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى سانائەت بۇيۇملىرى سودىسىدىكى سان چەكلىمىسى ۋە تاموژنا بېجىنى پەيدىنپەي ئازايتىش؛ دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىدا ئايرىم كېلىشىم ھاسىل قىلىش. ئۇنى شەرتنامىدە بەلگىلەنگەن دائىرىگە كىرگۈزمەسلىكتىن ئىبارەت.

**ياۋروپا پۇل سىستېمىسى** <س ئىق> ياۋروپا ئىقتىسادىي ئورتاق گەۋدىسى

تەركىبىدىكى سەككىز دۆلەت 1979-يىلى 3-ئاينىڭ 13-كۈنى قۇرغان پۇل سىستېمىسى. ئۇنى قۇرۇشتىكى مەقسەت ئورتاق گەۋدىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ئىشلەپچىقىرىش ۋە سودىنى قانات يايدۇرۇپ، ئىقتىسادىي تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈشكە پايدا يەتكۈزۈش ئۈچۈن، ئورتاق گەۋدە دائىرىسىدە نىسبىي مۇقىملىققا ئىگە پۇل رايونى تەسىس قىلىپ، ئامېرىكا دوللىرىنىڭ تۇراقسىزلىقىدىن كېلىدىغان زەربىنىڭ ئالدىنى ئېلىشتىن ئىبارەت.

**ياۋروپا پۇل كېلىشىمى** <س ئىق> ئىقتىسادىي ھەمكارلىق تەشكىلاتىدىكى ئەزا دۆلەت ھۆكۈمەتلىرى ئارا كۆپ تەرەپلىمىلىك راسچوتنى يولغا قويۇش ۋە قەرز پۇل بىلەن تەمىنلەش يۈزىسىدىن تۈزۈلگەن پۇل كېلىشىمى. 1957-يىلى ئىمزالانغان. 1958-يىلى كۈچكە ئىگە قىلىنغان ھەمدە ياۋروپا پۇل تۆلەش كېلىشىمىنىڭ ئورنىغا دەسسىتىلگەن.

**ياۋروپا پۇلى** <س ئىق> ياۋروپادىكى ئامېرىكا دوللىرى، ياۋروپادىكى غەربىي گېرمانىيە ماركى ۋە ياۋروپادىكى شىۋېتسارىيە فرانكى قاتارلىقلارنىڭ ئورتاق نامى. بۇنىڭدا ياۋروپادىكى ئامېرىكا دوللىرى ئاساسىي گەۋدە قىلىنغان.

**ياۋروپا جۇزىنكى** <بوت> كالپۇكسىمان گۈللۈكلەر ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. يوپۇرمىقى يۇملاق، تۇخۇم شەكلىدە بولۇپ، ئۇدۇل ئۆسىدۇ، گىرۋەكلىرىدە ھەرىنىڭكىدەك چىشلىرى بولىدۇ، كۆز پەسلىدە گۈلى ئېچىلىدۇ، گۈلى ئاق ياكى سۆسۈن ئارىلاش بولۇپ، خۇشبۇي پۇرايدۇ، غولىدىن ئاروماتىك ماي ئېلىشقا بولىدۇ، ئۇنى يەنە دورا قىلىشقىمۇ بولىدۇ، سۈيدۈك ھەيدەش، قاننى جانلاندۇرۇش رولىغا ئىگە.

**ياۋروپا قارا قۇشقىچى** <زوئول> بىر خىل قۇش. پەي-تۈكلىرىنىڭ رەڭگى كۆكۈچ ۋە پارقىراق. سۈت رەڭگىدەك سەپكۈنلىرى بار. تۇمشۇقى سەل سېرىق تۇس ئالغان، كۆزى تۇمشۇقىنىڭ تۈۋىگە يېقىن. يېقىملىق قۇش بولۇپ، توپلىشىپ ياشايدۇ. ئۆسۈملۈك مېۋىلىرى ۋە ئۇرۇقلىرى بىلەن ئوزۇقلىنىدۇ.

**ياۋروپا قىتئەسى** <جۇغ> دۇنيادىكى يەتتە قىتئەنىڭ بىرى. شىمال تەرىپى شىمالىي مۇز ئوكيانىغا، غەرب تەرىپى ئاتلانتىك ئوكيانىغا، جەنۇب تەرىپى ئوتتۇرا دېڭىزغا تۇتىشىدۇ. يەر كۆلىمى 10 مىليون كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ. پۈتۈن قىتئەدە 700 مىليوندىن ئارتۇق ئاھالە. 32 دۆلەت ۋە بىر رايون بولۇپ، دۇنيادىكى نوپۇسى زىچ رايون ھېسابلىنىدۇ.

**ياۋروپا ئىرقى** <ئىرق> دۇنيادىكى ئۈچ چوڭ ئىرقنىڭ بىرى. بۇ ئىرقتىكىلەرنىڭ چىرايى رەڭسىزرەك، چاچلىرى يۇمشاق ۋە دولقۇنسىمان، قاڭشىرى ئېگىز كېلىدۇ.

**ياۋروپا ئىقتىسادىي ئورتاق گەۋدىسى** <س ئىق> غەربىي ياۋروپادىكى بەزى دۆلەتلەر سىياسىي، ئىقتىسادىي مۇستەقىللىقنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن 1958-يىلى 1-يانۋاردا قۇرغان سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي گورۇھ. ئۇنىڭدا ئەينى

چاغدا فرانسىيە، ئىتتىپاق گېرمانىيىسى، ئىتالىيە، بېلگىيە، گوللاندىيە، لىيۇكسېمبورگ، ئەنگلىيە، ئىرېلاندىيە، دانىيە، گرېتسىيە، ئىسپانىيە ۋە پورتۇگالىيىدىن ئىبارەت 12 ئەزا دۆلەت بار بولغان. باش شتابى بېلگىيە پايتەختى برىيۇسسېلدا تەسىس قىلىنغان.

**یاۋروپاچە** سۈپ. یاۋروپا ئەللىرىگە خاس، یاۋروپا ئۇسلۇبىدىكى: بۇ يەر شەھەر ئەتراپى رايونىدىكى مەنزىرىسى گۈزەل بىر كەنت بولۇپ، كەنتنى كېسىپ ئۆتىدىغان خۇاڭ پۇجىياڭ دەرياسى بويىدا چەت ئەللىكلەرنىڭ داچىلىرى، سودا دۇكانلىرى، كۇلۇبلىرى، یاۋروپاچە كىچىك ئۆي-جايلىرى بار ئىدى.

**یاۋروپالاشتۇرماق** « یاۋروپالاشماق » پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**یاۋروپالاشتۇرۇشماق** « یاۋروپالاشتۇرماق » پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**یاۋروپالاشتۇرۇلماق** « یاۋروپالاشتۇرماق » پېئىلىنىڭ مەجهۇل دەرىجىسى.

**یاۋروپالاشماق** پ. ھەممە جەھەتتىن یاۋروپانىڭكىگە ئوخشاش بولماق: ئۇ ھازىر زامانغا لايىق یاۋروپالاشقان جۇڭگونى بىرىنچى تېپىش يولىدا ئىزدەنمەكتە ئىدى.

**یاۋروپالىق** ئى. یاۋروپا قىتئەسىدە تۇغۇلۇپ ئۆسكەن، یاۋروپادا ياشايدىغان ئادەم: ئۇ قىز یاۋروپالىق ئىكەن.

**یاۋزۇ** ئى <ئىرق> مۇشۇ نام بىلەن ئاتالغان مىللەت ۋە بۇ مىللەتكە مەنسۇپ كىشى.

**یاۋزۇ تىلى** <تىل> یاۋزۇلار ئىشلىتىدىغان تىل. بۇ تىل خەنزۇ-زاڭزۇ تىللىرى سىستېمىسىنىڭ مياۋزۇ-یاۋزۇ تىللىرى تۈركۈمى، یاۋزۇ تىلى تارمىقىغا كىرىدۇ. بۇ تىل ئاساسەن ئېلىمىزدىكى گۇاڭشى، خۇنەن، يۈننەن، گۇاڭدۇڭ ۋە گۈيجۇ قاتارلىق جايلاردىكى یاۋزۇلار ئارىسىدا ئىشلىتىلىدۇ.

**یاۋزۇلار** ئى <ئىرق> یاۋزۇ مىللىتى، یاۋزۇ خەلقى. ئۇلار ئېلىمىزنىڭ گۇاڭشى، خۇنەن، يۈننەن، گۇاڭدۇڭ ۋە گۈيجۇ قاتارلىق ئۆلكىلىرىگە تارقاق ئولتۇراقلاشقان.

**یاۋس** ئى (ئىنگ) <تىب> ← **یاۋس كېسەللىكى.**

**یاۋس كېسەللىكى** <تىب> بىر خىل يەرلىك يۇقۇملۇق كېسەللىك. یاۋس بۇرغىسىمان تەنچىسى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. بۇنىڭدا، پۈتۈن بەدەن تېرىسىدە سېرىق پۇرچاق چوڭلۇقىدىكى بۆرتمە ئەسۋىلەر چىقىش، بارلىق لىمفا تۈگۈنلىرى زورىيىش قاتارلىق ئالامەتلەر كۆرۈلىدۇ. بۇ خىل كېسەللىك ئاساسەن ئىسسىق ئىقلىملىق جايلاردا كۆرۈلىدۇ.

**یاۋۇز** سۈپ. ئۆتۈپ كەتكەن رەھىمسىز، شەپقەتسىز، قەبىھ، رەزىل، يىرتقۇچ: یاۋۇز ئادەم. یاۋۇز دۈشمەن. * باتۇرنىڭ كۆز ئالدىدا خۇشنار خېنىمنىڭ یاۋۇز تەلەتى پەيدا بولۇشقا باشلىدى. * ئەلقىسسە، ئالدامچىلىق بىلەن نوزۇگۇمنى قولغا چۈشۈرەلمىگەن بەگ زورلۇق كۈچىگە يۆلىنىپ یاۋۇز قولىنى ئۇزاتتى.

**یاۋۇز نىيەت** بۇزۇق، قارا نىيەت، يامان مەقسەت، شۇم نىيەت: ھېلىقى مەخلۇق یاۋۇز نىيىتىنى تېخىمۇ بىلەپ، ئىككى قولىنى ئالدىغا سوزۇپ، دەلدەڭلەپ يېنىپ كېلىشى بىلەن قىزنىڭ قولى كۆتۈرۈلدى.

**ياۋۇزلارچە** رەۋ. ياۋۇزلارغا ئوخشاش، ياۋۇزلۇق بىلەن، ۋەھشىيلەرچە: بىر ئەبلەخ ئۇنىڭ قولىنى سىقىپ تۇرۇپ، ياۋۇزلارچە ئۇنىڭغا ھومىيىپ قاراپ قويدى.

**ياۋۇزلاشماق** پ. ياۋۇز ھالەتكە كەلمەك، ياۋۇز بولماق، ۋەھشىيلەشمەك: شۇ كۈنلەرنىڭ بىرىدە، كېلىپتۇ تاغنىڭ كەينىدىن. ياۋۇزلاشقان دۈشمەنلەر، ماتەم چىللاپ پەيلىدىن.

**ياۋۇزلۇق** ئى. ياۋۇزلارچە ئىش-ھەرىكەت، قىلىق: مەن ئۇنىڭ مېنى مەپتۇن قىلغان چىرايلىق ھەم نۇرلۇق كۆزلىرىدىن پەقەت يىرتقۇچلاردىلا بولىدىغان ياۋۇزلۇقنى كۆردۇم.

**ياۋۇزلۇق قىلماق** ياۋۇزلارغا ئوخشاش ئىش-ھەرىكەتلەر بىلەن شۇغۇللانماق، ياۋۇزلاردەك قىلىق قىلماق: بىلىپ قوي ما شەنگەن، مەن ساڭا قارشى قىنىدىن چىققان بىر پولات زۇلپىقار! ھەر جايدا مەككارلىق، ياۋۇزلۇق قىلغان تۈلكىنىڭ ئىزىغا چۈشكەن بىر شۇڭقار!

**ياۋىداق** سۈپ. ئېگەر-توقۇمسىز، ئېگەر-توقۇم توقۇلمىغان؛ يالىڭاچ: ياۋىداق ئات. ياۋىداق ئېشەك. * جامالىدىن تەرلەپ كەلگەن ئاتنى ياۋىداق مىندى-دە، مەھەللە تەرەپكە قاراپ چاپتى. * قورقۇپ كەتكەن قۈيرۇقچىلار ئاتلىرىنى ياۋىداق مىنىپ پېتىراپ قاچماقتا ئىدى.

**ياۋىلاشماق** پ. ياۋىغا ئايلانماق: مۇشۇ كۈنلەردە بەزى كىشىلەر بەكلا ياۋىلىشىپ كېتىپتۇ.

**ياۋىلىق** «ياۋا» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: ئۇنىڭ ياۋىلىقى يەنە تۇتتى.

**ياۋىلىماق** پ. ياۋا بولۇپ قالماق، ياۋا ھالەتكە كەلمەك، ياۋىغا ئۆزگەرمەك، ياۋايىلاشماق: — بالىلارنىڭ دېيىشىچە توخۇلىرىڭ ياۋىلاپ كەتكەن ئوخشايدىغۇ؟ — دەپ سورىدى داۋۇت ئاكام بىر كۈنى مەندىن.

**ياي** ئى ① <مات> ئەگمەچ، گەردىش شەكىللىك: ئۇ ئوقيا ياساش ئۈچۈن تاياقنى ياي قىلىپ ئەگدى. ② چەمبەر ئۈستىدىكى خالىغان ئىككى نۇقتا ئارىسىدىكى بۆلەك.

**ياي باكتېرىيىسى** <بىئول> ← **يايسىمان باكتېرىيە**.

**ياي بىلەن يايىنىڭ ئۆلىنىشى** <مات> ئىككى چەمبەر ئۆزئارا ئۇرۇنغاندا، ئىككى ياي ئۇرۇنۇش نۇقتىسىدا تەكشى ئۇلىنىدۇ. بۇ خىل مۇناسىۋەت ياي بىلەن يايىنىڭ ئۇلىنىشى دەپ ئاتىلىدۇ.

**ياي تۇمشۇق قىلىبورغا** <زوئول> قىلىبورغىنىڭ بىر خىلى. تۇمشۇقى يايسىمان، ئەگمەچرەك كېلىدۇ.

**ياي نۇرلۇق لامپا** <فىز> كاربونلۇق ئېلېكتر قۇتۇبى ھاسىل قىلغان ئېلېكتر يايىنى يورۇقلۇق مەنبەسى قىلىدىغان يورۇتۇش ئۈسكۈنىسى. بۇ خىل لامپا ئىنتايىن كۈچلۈك يورۇقلۇق چىقىرىدۇ. ئادەتتە ئۇ كۆزنىتىش چىرىغى، كىنو ئىشلەش ۋە كىنو قويۇشلاردا كۆپ ئىشلىتىلىدۇ.

**يايىنىڭ مەركىزىنى تېپىش** <مات> بېرىلگەن يايىنىڭ ئۈستىدىن خالىغان ئۈچ نۇقتا C، B، A لارنى ئېلىپ، A بىلەن B نى، B بىلەن C نى تۇتاشتۇرۇپ، ئايرىم-ئايرىم ھالدا AB بىلەن BC نىڭ تىك تەڭ بۆلگۈچىسىنى ئۆتكۈزسەك، ئۇلارنىڭ كېسىشىش نۇقتىسى O بېرىلگەن يايىنىڭ مەركىزى بولىدۇ. بۇنىڭغا تەقلىد قىلىپ بېرىلگەن چەمبەرنىڭ مەركىزىنى تېپىشقا بولىدۇ.

**ياي ئۈزۈنلۇقى فورمۇلىسى** <مات>

چەمبەرنىڭ رادىئۇسىنى R ، $n^{\circ}$ لۇق مەركىزىي بۇلۇڭنىڭ قارشىسىدىكى يايىنىڭ ئۇزۇنلۇقىنى l دېسەك، ئۇ ھالدا $l=\frac{n\pi R}{180}$ بولىدۇ. مانا بۇ ياي ئۇزۇنلۇقى فورمۇلىسى دەپ ئاتىلىدۇ.

**ياياق** رەۋ. قاتناش قورالىسىز، ئۇلاغسىز، ئۆز ئايىغى بىلەن، پىيادە: ياياق كەتمەك. ياياق يۈرمەك. * ئۇلارنىڭ تولىسىغا ھارۋا يېتىشمەيتتى، شۇڭا چاققانلىرى چىقىۋالغان بولمىسا، مۇتلەق كۆپچىلىكى «خۇدا» دەپ ياياق مېڭىشقا مەجبۇر بولدى. // ياياق كىشىگە يانچۇقمۇ ئېغىر (ماقال).

**يايپاق** سۈپ. ئاستى تار، ئاغزى (ئۈستى) تەرەپكە يېيىلاڭغۇ؛ كەڭ: يايپاق قازان. يايپاق چىنە. * قۇۋ تۈلكە تورنىنىڭ تاماقنى كۆپ يەپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپ، سۇيۇق ئۇماچ ئېتىپتۇ ۋە ئۇنى ناھايىتى تېيىز، يايپاق تەخسىگە ئۇسۇپ، تورنىنىڭ ئالدىغا قويۇپتۇ.

**يايتاق** سۈپ. دىئال. ئېگەرسىز، ئېگەر توقۇلمىغان.

**يايداق** سۈپ. ئۈستىگە ھېچنېمە قاچىلانمىغان، قۇرۇق: يايداق ھارۋا. يايداق ماشىنا.

**يايدۇرماق** «يايماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئاسترونومىيە كىچىك ھەۋەسكارلىرى يىقىندىن بېرى ھاللېي قۇيرۇقلۇق يۇلتۇزىنى كۆزىتىش ئالدىدىكى تەييارلىق ئىشلىرىنى قانات يايدۇرۇۋەتتى.

**يايدۇرۇشماق** «يايدۇرماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**يايدۇرۇلماق** «يايدۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئىككى چوڭ گۇرۇپپا ئوتتۇرىسىدا سوتسىيالىستىك ئەمگەك مۇسابىقىسى قىزغىن قانات يايدۇرۇلۇپ، ئالدىنقى ئون كۈن ئىچىدە بىرىنچى گۇرۇپپا كۆچمە قىزىل بايراقنى زادىلا قولدىن بەرمىدى.

**يايراتماق** «يايرىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: زەپمۇ يايراتتى كۆڭۈلنى تاغدا بۇلبۇل نەغمىسى، تاغدا ئاھۇ، كۆكتە قارلىغاچ، ئاق قۇ ئوينار غاز بىلەن.

**يايراشماق** «يايرىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: يايرىشىپ ئوتلاۋاتقان قويلار ۋە ئېشەكلەرمۇ ئىسسىققا چىدىماي دەرەخنىڭ سايىسىگە كېلىۋېلىشتى.

**يايرىماق** پ. ئۆزىنى ئەركىن ھېس قىلماق، مەززە قىلماق، مەمنۇن بولماق، خۇرسەن بولماق، سۆيۈنمەك: كۆڭۈل يايرىماق. * بوۋاي ھەر ۋاخ تامىقىدىن كېيىن غىڭشىپ ناخشا ئېيتقاندا، مومايىنىڭ جېنى يايراپ كېتىشىنىڭ سەۋەبى ئەنە شۇ.

**يايراپ كەتمەك** كۆڭلى ئېچىلىپ خۇشال بولماق: ئابلىكىمنىڭ بۇ گەپنى تىلغا ئېلىشى بىلەن سارىخان ئانا يايراپ كەتتى.

**يايسىمان** سۈپ. يايغا ئوخشاش، يايدەك: يايسىمان باكتېرىيە. يايسىمان چىراغ. يايسىمان نۇر. يايسىمان زىخچە.

**يايسىمان باكتېرىيە** <بىئول> باكتېرىيىنىڭ بىر خىلى. سەل-پەل ياي شەكلىدە بولۇپ، قامچا تۈكى بولىدۇ.

**يايسىمان زەرەت قويۇپ بېرىش** <فىز> يايسىمان ئاق يورۇقلۇق چىقىرىپ، يۇقىرى تېمپېراتۇرا ھاسىل قىلىدىغان گازلاردىكى زەرەت قويۇپ بېرىش ھادىسىسى. ئۇ ئادەتتىكى ئاتموسفېرا بېسىمى ئاستىدا يۈز بېرىدۇ.

**يايلاتماق** «يايلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: كارۋان خوجايىنى بۇ يەردە تۆگىلەرنى يايلىتىپ ئۈچ كۈن دەم ئالدىغانلىقىنى ئېلان قىلدى.

**يايلاشماق** «يايلماق» پېئىلنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: تەلىيى كۈلگەن يېشىل يايلاقتا باق، يايلىشار سېمىز كالا، قوي، ئات-ئۇلاغ. ئۇندا قويچى شادلىقىدىن ئېيتسا كۈي، سالىدۇ بۇلبۇل خۇشاللىقتا قۇلاق.

**يايلاق** ئى. چارۋا ئوتلايدىغان كەڭ مەيدان؛ ئوتلاق: يايلاقتا بارماق. يايلاق قانۇنى. * بۇرۇنقى زاماندا يېشىل مەخمەل ھەر خىل تاۋار-دۇردۇن، شايى-ئەتلەسلەرنى يېيىپ قويغاندەك رەڭگارەڭ گۈل-چېچەككە تولغان ئاجايىب گۈزەل بىر يايلاق بار ئىكەن.

**يايلاق بايلىقى** <جوغ> تەبىئىي مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان، ئىنسانلار ئۇنىڭدىن پايدىلىنىپ چارۋىچىلىقنى راۋاجلاندۇرالايدىغان، شۇنداقلا ئىنسانلارنى كۆپلىگەن ياۋايى ھايۋان ۋە ئۆسۈملۈكلەر بايلىقى بىلەن تەمىنلىيەلەيدىغان چىملىق ۋە ئوتلاقلار.

**يايلاق شۇمشىسى** <بوت> پۇرچاق ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، يېيىلىپ ئۆسىدىغان، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. ئېگىزلىكى 50 — 100 سانتىمېتىر، غولى كۆپ شاخلىق، يوپۇرمىقى پەيسىمان مۇرەككەپ يوپۇرماق، قوشۇمچە يوپۇرمىقى ئوقياسىمان، كىچىك ياپراقلىرى ئىككى تال، شەكلى يېپىسمان سوقىچاق، گۈلى سېرىق كېلىدۇ. پۈتۈن ئۆسۈملۈك تېنى دورا قىلىنىدۇ، ھۆللۈكنى قايتۇرۇش قاننى جانلاندۇرۇش، ئىششىقنى ياندۇرۇش، ئاغرىق توختىتىش رولىغا ئىگە.

**يايلاقچىلىق** ئى. يايلاق، ئوتلاق بەرپا قىلىش، باشقۇرۇش ئىشى، ئومۇمەن يايلاق ۋە ئوتلاق بىلەن مەشغۇل بولۇش پائالىيىتى: ھازىر رايونىمىزدا يايلاقچىلىقنىڭ خەلق ئىگىلىكىدىكى ئورنى بارغانسېرى مۇھىم بولماقتا.

**يايلاقمۇيايلاق** يايلاقتىن يايلاققا، ھەممە يايلاقلارنى ئايلىنىپ، ھەممە يايلاقلارنى قېزىپ: ئۇ ھەر كۈنى سەھەردە ئېتىنى مىنىپ، كىرىست بەلگىلىك سومكىسىنى ئېسىپ چىقىپ كېتەتتى-دە، ئاۋۇلمۇئاۋۇل، يايلاقمۇ يايلاق ئارىلاپ كېسەل كۆرۈپ، چۈپ ئورۇش، يىغىش ئىشلىرىغا قاتنىشىپ، كەچ قايتىپ كېلەتتى.

**يايلىق** سۈپ. يايى بار، يايغا ئىگە: يايلىق لامپا. يايلىق زەرەتسىزلىنىش.

**يايلىق زەرەتسىزلىنىش** <فىز> ياي شەكىللىك ئاق يورۇقلۇق ھاسىل قىلىدىغان ھەمدە يۇقىرى تېمپېراتۇرا پەيدا قىلىدىغان گازلىق زەرەتسىزلىنىش ھادىسىسى. ئۇنىڭدا كاتود يۈزىدىكى زەرەتسىزلىنىش رايونى ئىنتايىن مەركەزلىشىدۇ ھەمدە زور مىقداردىكى ئېلېكترونلار رادىئاتسىيىلىنىپ چىقىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئېلېكترودلار ئوتتۇرىسىدىكى ئېلېكتر بېسىمى يۇقىرى بولمىسىمۇ، توك كۈچى ئىنتايىن كۈچلۈك بولۇشتەك ئالاھىدىلىككە ئىگە.

**يايلىق لامپا** <فىز> يايلىق زەرەت قويۇپ بېرىشتىن پايدىلىنىپ كۈچلۈك يورۇقلۇق تارقىتىدىغان لامپا.

**يايلماق** پ ① ئوت-چۆپ يېمەك، ئوت بىلەن ئوزۇقلانماق، ئوتلىماق (چارۋىلار ھەققىدە): دادۇينىڭ چارۋا-ماللىرى يازلىقى ئاشۇ قارىياغاچ ۋە بۇلاقنى مەركەز قىلىپ، ئەتراپتىكى ئوت-چۆپلۈك جىلغىلاردا يايلايتتى. * پاقا ئەتراپىغا قاراپ ھەيۋەتلىك ئېگىز تاغلارنى، سۈزۈك، پايانسىز ئاسماندا ئۇچۇشۇپ يۈرگەن ئۇچار قۇشلارنى، ياپيېشىل ئوتلاقلاردا يايلاۋاتقان قوي، يىلقىلارنى كۆرۈپ ھەيرانۇھەس بولۇپ تۇرۇپ قېلىپتۇ. ② كۆچمە. يايرىماق،

سەيلە قىلماق: ئاسماندىكى شۇ تۇزمۇ، يەككە-سالتاڭ قالمىدى. يەر يۈزىدە بۇغمۇ، جۈپتى بىلەن يايلىدى. * يوقتۇر مۇندا يايلايدىغان ۋەتىنى، قۇملار ئارا كۆكەرگۈچى ئۇتلاقلار. چىللمايدۇ ئەمدى سۆزۈك يالتىراپ، چۆل باغرىدىن ئۇرغۇپ چىققان بۇلاقلار.

**يايما** ① سۈپ. يېيىپ سېتىلىدىغان ياكى يېيىپ قۇرۇتۇلىدىغان، يېيىلىدىغان: يايما قاق. يايما پالاس. ② ئى. يايغان نەرسە، بىرەر جايغا سېلىنغان پالاس ئۈستىگە سېتىش ئۈچۈن يېيىپ قويۇلغان ھەر خىل نەرسىلەر: ئۇ ئىس كىرىپ ياشاڭغىرىغان كۆزلىرىنى چىمچىقلىتىپ ماڭا قاراپ قويۇپ گەپ قىلمىدى ۋە قىزىغان ياغقا پوشكال يايمىسىنى تاشلىدى. * ئۇ كوچىنىڭ دوقمۇشىدا يايما ئېچىپ خېرىدار چاقىرىشقا باشلىدى.

**يايما قاق** ئالما، ئۆرۈك قاتارلىق مېۋىلەرنى قازاندا قاينىتىپ قويۇق ھالەتكە كەلتۈرگەندىن كېيىن بىر ئىلىك قېلىنلىقتا تەكشى يېيىتىپ قۇرۇتىدىغان قاق.

**يايماق** پ ① ئۇراقلىق، قاتلاقلىق، يۆگەكلىك، پۈكلەكلىك نەرسىلەرنى ئاچماق، ئېچىپ قويماق؛ سالماق: داستىخان يايماق. قۇچاق يايماق. ئېتەك يايماق. * تۇن ئۆز پەردىسىنى تاغ ئىچىگە ئاستا-ئاستا يايماقتا ئىدى. * ئۇ سومكىسىنى ئېچىپ، شىرە ئۈستىگە يايدى. ② خېمىرنى بېسىپ، نېپىزلىتىپ كېڭەيتمەك: ھويلىدىكى كىچىككىنە پېشايۋان ئاستىغا داش قازان ئېسىلغان. قازاندا كالا گۆشى قاينىماقتا. دالاندىكى يوغان پالاس ئۈستىدە بىرنەچچە ئاياللار ۋە قىزلار سۈپىرلىرىنى ئېچىپ چۆپ يايماقتا. ③ ئېچىپ، يېيىپ ئاسماق، ئاپتاپقا سالماق: كىيىم يايماق. كىر يايماق. * — شال دېگەن قۇرۇپ جىرىڭلاپ كېتىپتۇ، بىزنىڭ بالا چىقىپ، مۇھەممەدجاننىڭ ئۆگزىسىگە ئۈچ كۈن يايدى ئەمەسمۇ! — دېدى تۇرىغان مۇدىرغا. ④ كۆچمە. تارقاتماق، كېڭەيتمەك، ئاشكارىلىماق: خېنىمخان ئەتىسىلا ئابلىزنىڭ بۇ «رەسۋاچىلىقى»نى پۈتۈن قوشباغقا يايدى. * چەكمە يۈرەك تارىمنى، ئەلگە يايما زارىمنى. چۈشۈمدە كۆرەر بولسام، يىراقتىكى يارىمنى.

**يايمىچى** ئى. يايما يېيىپ مال ساتقۇچى، يايمىكەش: ئارىلاشما ئاھاڭلارغا ئۇشقۇرتۇپ، كەلدى ئايال يايمىچىلار ئالدىغا. ھەرىكەت قىلىپ سەھنىدىكى ئارتىستەك، قوللىرىنى يېيىپ باقتى ئۇ ئالغا.

**يايمىچىلىق** «يايمىچى» سۆزىنىڭ كەسىپ نامى: ھۆپىگەرلەرگە تىجارەت قىلىدىغان جاي كۆرسىتىپ بېرىپ، ئۇلارنىڭ ئۇدۇل كەلگەن يەردە يايمىچىلىق قىلىشىغا، خېرىدار چىللاپ ۋارقىراپ يۈرۈشىگە يول قويماسلىق لازىم.

**يايمىكەش** ئى. يايمىچى: ماگىزىنلار تولۇپ كەتكەن يېڭى ماللارغا، ئەنە تاۋار، شىپەك... كۆزنى قاماشتۇرىدۇ، رەستە ئالدى ئەتلەس، گىلەم... بىلەن بېزەلگەن، يايمىكەشلەر خېرىدارنى چىللاپ تۇرىدۇ.

**يايمىكەشلىك** «يايمىكەش» سۆزىنىڭ كەسىپ نامى: ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ يايمىكەشلىك قىلىپ ئۆز كارخانىسىنىڭ بېسىلىپ قالغان مەھسۇلاتلىرىنى سېتىشىغا رۇخسەت قىلىندى.

**يايى** ئى. كونا جەمئىيەتتە بەگ، ھاكىملارنىڭ ئەمر-پەرمانلىرىنى جاكارلايدىغان، بۇيرۇقلىرىنى بەجا كەلتۈرىدىغان كىشى: يامۇلنىڭ جۇمەش قاتارلىق بىرقانچە يايىسى ئاتلىرىنى كوچىدا بولۇشىچە چاپتۇرۇپ كەلمەكتە. * شۇ كۈنى كەچتە ۋاڭنىڭ يايىلىرى ئاختۇرۇپ يۈرۈپ، شۇ كۈنكى ماجىراغا قاتناشقانلارنىڭ ھەممىسىنى، ھەتتا گۇمان قىلىنغان كىشىلەرنىمۇ تۇتۇپ كەتتى.

**يەپ-ئىچىپ** يەپ ۋە ئىچىپ: مەي ئىچىپ ئۇخلايدىغان غەپلەت ماڭا لازىم ئەمەس، تىل-دىلى ئوخشىمىغان ئۈلپەت ماڭا لازىم ئەمەس، يەپ-ئىچىپ ئوينايدىغان ئىشرەت ماڭا لازىم ئەمەس، نامنى كۆشەيدىغان «شۆھرەت» ماڭا لازىم ئەمەس، پۇل بىلەن ئۆلچەيدىغان سۆلەت ماڭا لازىم ئەمەس.

**يەتتە** سان. ئالتىدىن چوڭ سەككىزدىن كىچىك بولغان پۈتۈن سان، «7» رەقىمى: ئالتىگە بىرنى قوشساق يەتتە بولىدۇ. * يېتىمنىڭ ئاتىسى يەتتە (ماقال). * يەتتە ئۆلچەپ بىر كەس (ماقال).

**يەتتە ئەزا** تۇرمۇشتا كۆز، بۇرۇن، قۇلاق، ئېغىز، پۇت، قول ۋە باش قاتارلىق ئاساسلىق سەزگۈ ئەزالىرى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

**يەتتە ئەزاسى پۈتۈن** تېنى ساغلام، تەندۇرۇس: يەتتە ئەزايىم پۈتۈن تۇرۇپ، بىرقانچە يىل ئوقۇپ، ئەمدىلىكتە «لۈكچەك»... دېگەن ناملارنى ئالغىنىمغا ئېچىنىمەن. * يەتتە ئەزايىم پۈتۈن، ئۆز كۈنۈمنى ئۆزۈم ئالالايمەن، مېنى ئۇنداق خارلىمىسۇن.

**يەتتە باشلىق يالماۋۇز** ئەپسانىلەردىكى ئىنسانغا زىيان-زەخمەت يەتكۈزىدىغان، يەتتە بېشى بار غەلىتە مەخلۇق: پادىشاھ ئۆز شەھىرىگە يېتىپ كەلگەندىن كېيىن، بىرنەچچە كۈن ئۆتە-ئۆتمەي شەھەرگە يەتتە باشلىق بىر يالماۋۇز ھۇجۇم قىلىپتۇ. قۇدرەت دەرھال ئاتلىنىپ پادىشاھى بىلەن بىرلىكتە يالماۋۇزنى ئۆلتۈرۈپتۇ.

**يەتتە تاغنىڭ نېرىسى** دەرھال يەتكىلى بولمايدىغان، ئۇزۇن مۇساپىلىق، يىراق يەر.

**يەتتە تۈر بويىچە مۇسابىقە** <تەن> ئاياللارنىڭ يېنىك ئاتلېتكا مۇسابىقە تۈرى. 1981-يىلى ئەسلىدىكى بەش تۈردىن يەتتىگە ئۆزگەرتىلگەن، جەمئىي ئىككى كۈنگە بۆلۈنۈپ، بىرىنچى كۈنى تەرتىپ بويىچە 100 مېتىرغا بارىيېر ئاتلاپ يۈگۈرۈش، چويۇن توپ ئېتىش، ئېگىزگە سەكرەش ۋە 200 مېتىرغا يۈگۈرۈش بويىچە؛ ئىككىنچى كۈنى يىراققا سەكرەش، نەيزە ئېتىش ۋە 800 مېتىرغا يۈگۈرۈش بويىچە ئۆتكۈزۈلىدۇ.

**يەتتە خۇپتەن** قاراڭغۇ چۈشكەن، كېچە، ئەل ياتار ۋاقىت.

**يەتتە خىل رەڭلىك تاختا** <فىز> بىر خىل ئوپتىك ئەسۋاب. قىزىل، قىزغۇچ سېرىق، سېرىق، يېشىل، كۆك، قارا كۆك ۋە سۆسۈندىن ئىبارەت يەتتە خىل رەڭلىك يۇملاق تاختا ئۈستىدىكى توغرا ئوققا ئورنىتىلىپ قاتتىق ئايلاندۇرۇلغاندا، ئاق رەڭ ھاسىل بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭغا يەتتە خىل نۇر قوشۇلىدۇ-دە، بۇ ئارقىلىق ئاق نۇر ھاسىل قىلىش قانۇنىيىتىنى ئىسپاتلىغىلى بولىدۇ.

**يەتتە قات ئاسمان** رىۋايەتلەردە ئېيتىلىدىغان ئاسماننىڭ يەتتە قەۋىتى: يىگىت ئايرىلىش ئازابىدىن بىر ئاھ ئۇرغان ئىكەن، ئۇنىڭ ئاھى يەتتە قات ئاسماننى، يەتتە قات زېمىننى تىترىتىپتۇ. يىگىت شۇندىن باشلاپ ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قېلىپتۇ.

**يەتتە قات كۆك** ← **يەتتە قات ئاسمان**: ھۆر زەپىران: «بۇلبۇلگويانى ئوغرىلىغان بۇ ئادەمزاتنى يەتتە قات كۆك قەھرىدىن يەرگە تاشلىۋېتىڭلار» دەپ پەرمان بەردى. دىۋە ھەشرەت ھەمراجاننى ئاسمانغا ئەچىقىپ كەتتى.

**يەتتە قاتلاپ يانچۇقتا سالماق** ھەممىنى بىراقلا جايلىماق؛ باشقىلارنى بۇرۇندىن

يېتىلمەك: ئۇ قەيەردىن ئۆگىنىپتىكەن؟ مىراب بېگىمنى بىلمەيدىغان ئوخشايدىلا، ئۇ سىلىدەك ئادەمنى يەتتە قاتلاپ يانچۇقىغا بىر سالىدۇ!

**يەتتە قاراقچى** <ئاستر> چوڭ ئېيىق يۇلتۇز تۈركۈمىدىكى يەتتە يورۇق يۇلتۇز. تارقىلىشى چۆمۈچكە ئوخشايدۇ. ئادەتتە «يەتتە تىكەن»، «يەتتە قوزۇق» مۇ دېيىلىدۇ.

**يەتتە نەزىر** <دىن> ئىسلام دىنىي ئادىتى بويىچە ئادەم ۋاپات بولۇپ 7-كۈنى ئۆتكۈزۈلىدىغان نەزىر: دوستۇمنىڭ يەتتە نەزىرىنىڭ ئىككىنچى كۈنى قەبرىستانلىققا بارغىنىمدا، ئۇ يەرگە قويۇلغان بىر دەستە گۈلنى كۆرۈپ، بىر تۇرۇپ خۇشال بولدۇم، بىر تۇرۇپ ھەيران بولدۇم.

**يەتتە ئۇخلاپ چۈشىدە كۆرمىگەن** ھېچقانداق ئۇچراشمىغان، ئەسلا بولمىغان؛ تونۇشمىغان، يات: يەتتە ئۇخلاپ چۈشىدە كۆرمىگەن ئادەمنى نەدىن تاپاي!

**يەتتە ئۇخلاپ چۈشىگە كىرمىگەن** ئويلاپمۇ باقمىغان، خىيالىغا كەلمىگەن: يەتتە ئۇخلاپ چۈشۈمگە كىرمىگەن گەپنى سورىسىلا مەن قانداق جاۋاب بېرىمەن.

**يەتتە ئىقلىم** پۈتۈن دۇنيا، يەر يۈزى: — ھازىرغىچە يەتتە ئىقلىمنى كېزىپ چىقتىم، كۆڭلۈمگە يارىغۇدەك مەھبۇب تاپالمىدىم، — دەپتۇ يىگىت. * — خالايىق سىلەر بىلمەيسىلەر، ئاقپاشا پات ئارىدا ئون سەككىزمىڭ ئالەم، يەتتە ئىقلىمنىڭ سەلتەنەت تەختىدە ئولتۇرغۇدەك، — دېدى ھېمىت قاشقا.

**يەتتە ياشتىن يەتمىش ياشقىچە** ياش-قېرى جىمى ئادەم، چوڭ-كىچىك ھەممە كىشى: سۇلايمان توغرىسىدىكى ھېكايىنى يەتتە ياشتىن يەتمىش ياشقىچە ھەممىسى بىلىپ بولدى.

**يەتتە يوپۇرماقلىق دەرەخ** <بوت> ئېسكۇلۇس ئائىلىسىدىكى يوپۇرماق تاشلايدىغان دەرەخ. يوپۇرمىقى ئالقانسىمان مۇرەككەپ يوپۇرماق بولۇپ، ئۇدۇل ئۆسىدۇ، كىچىك يوپۇرمىقى بەشتىن يەتتىگىچە بولىدۇ، شەكلى ئۇزۇن، ئېللىپسسىمان بولىدۇ، كونۇسسىمان گۈل رېتىدە. گۈلى ئاق، سەل قىزغۇچ بولىدۇ. غوزا مېۋىسى سارغۇچ قوڭۇر كېلىدۇ. ئادەتتە ئۇ مەشھۇر مەنزىرە ئۆسۈملۈكى ھېسابلىنىدۇ. ياغىچى سارغۇچ ئاق بولۇپ، يوللىرى زىچ، پۇختا كېلىدۇ. ئۆي جاھازلىرىنى ياساشقا ئىشلىتىلىدۇ.

**يەتتە يىلەن** سان. يەتتە كىشى، يەتتە نەپەر ئادەم.

**يەتتىلىك** ① سۈپ. يۈزىگە يەتتە رەقىمى يېزىلغان، يەتتە دانە شەرتلىك بەلگە بېسىلغان: يەتتىلىك خىش. يەتتىلىك تاپان. ② ئى. شۇنداق قارتا: قاغىنىڭ يەتتىلىكى.

**يەتتىنچى** سان. ئورۇن تەرتىپى يەتتە رەقىمى بىلەن بەلگىلەنگەن؛ ئالتىنچىدىن كېيىن، سەككىزىنچىدىن ئىلگىرى: يەتتىنچى سىنىپ. يەتتىنچى كالاچ. يەتتىنچى ئۆي.

**يەتتىنچى ئاۋغۇست يىغىنى** <تارىخ> 1927-يىلى 8-ئاينىڭ 7-كۈنى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى چۆچيۇبەينىڭ رىياسەتچىلىكىدە خەنكودا چاقىرغان جىددىي يىغىن. بۇ يىغىن چېن دۇشيۇنىڭ تەسلىمچىلىك لۇشيەنىنى تەنقىد قىلغان ۋە تۈزەتكەن؛ يەر ئىنقىلابىنى قانات يايدۇرۇش ۋە گومىنداڭنىڭ ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمرانلىقىنى قوراللىق ئاغدۇرۇپ تاشلاشنىڭ باش فاڭجېنىنى بەلگىلىگەن، چېن دۇشيۇنى

رەھبەرلىك ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلىغان ۋە كۆزلۈك يىغىم قوزغىلىڭى ئېلىپ بېرىشنى قارار قىلغان.

**يەتتىنچى ئاي** → **ئىيۇل.**

**يەتتىنچى جۇ** <ئاستر> دېھقانلار كالېندارى بويىچە «قىشلىق كۈن-تۈن تەڭلىشىش» مەۋسۇمى كىرگەندە، توققۇز كۈندىن ھېسابلىنىدىغان توققۇز جۇنىڭ يەتتىنچىسى. مىلادىيە ھېسابىدا 20-فېۋرالدىن 22-فېۋرال ئارىلىقىدا باشلىنىپ، 28-فېۋرالدىن 1-مارت ئارىلىقىدا ئاخىرلىشىدۇ.

**يەتتىنچى فېۋرال چوڭ ئىش تاشلىشى** <تارىخ> 1923-يىلى بېيجىڭ-خەنكۇ تۆمۈر يول ئىشچىلىرىنىڭ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە ئېلىپ بارغان جاھانگىرلىككە، مىلىتارىستلارغا قارشى سىياسىي ھەرىكىتى. 1923-يىلى 2-ئاينىڭ 1-كۈنى بېيجىڭ-خەنكۇ تۆمۈر يول ئىشچىلىرى جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە، جېڭجۇدا بېيجىڭ-خەنكۇ تۆمۈر يول باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ قۇرۇلغانلىق چوڭ يىغىنىنى چاقىردۇ. بۇ قېتىمقى يىغىننى مىلىتارىست ۋۇپېيفۇ قوراللىق توسۇشقا ئۇرۇندۇ، باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى ئىش تاشلاش ئارقىلىق قارشى تۇرۇشنى قارار قىلىپ، 2-ئاينىڭ 4-كۈنىدىن باشلاپ چوڭ ئىش تاشلاش ھەرىكىتىنى باشلىۋېتىدۇ. 2-ئاينىڭ 7-كۈنى مىلىتارىست ۋۇپېيفۇ جېڭجۇ، چاڭئەن، چاڭشىڭدىيەن قاتارلىق جايلاردا ئىش تاشلىغان ئىشچىلارنى قىرىپ، قانلىق ۋەقە سادىر قىلىدۇ. ئىش تاشلاش 2-ئاينىڭ 9-كۈنىگىچە داۋاملىشىپ، ئاندىن ئاياغلىشىدۇ.

**يەتتىنچى ئىيۇل ۋەقەسى** <تارىخ> → **لۇگۇچياۋ ۋەقەسى.**

**يەتكۈزمە** سۈپ. ۋاسىتە ئارقىلىق يەتكۈزۈلىدىغان: يەتكۈزمە دوكلات. يەتكۈزمە خەۋەر.

**يەتكۈزمە دوكلات** كۆپچىلىككە يەتكۈزۈلگەن دوكلات.

**يەتكۈزمەك** ① «يەتمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: روشەنگۈل ئۇنى بۇرۇنقىدەكلا يوقلاپ، قوشنىدارچىلىقنى يەتكۈزۈپ تۇردى. ② <قا> ئەدلىيە ئورگانلىرىنىڭ مەلۇم ئۇسۇل ئارقىلىق دەۋا ھۆججىتىنى دېلودىكى دەۋاگەرگە ياكى باشقا دەۋاغا قاتناشقۇچىلارغا تاپشۇرۇپ بەرمەك.

**يەتكۈزۈشمەك** «يەتكۈزمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: مەھەللىدىكىلەر ئىشنىكلىرىنى تاراقلىتىپ ئېچىپ، ئۆيلىرىدىن ئوقتەك ئېتىلىپ چىقاتتى-دە، يامغۇر گويا ئۆزىنىڭ ئۆگزىسىگىلا ياغقاندەك، قوشنىلىرىغا خۇش خەۋەر يەتكۈزۈشەتتى.

**يەتكۈزۈلمەك** «يەتكۈزمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئۇزۇن ئۆتمەي كېسەل دوختۇرخانىغا يەتكۈزۈلدى. * ئات چېپىپ كەلگەن قاراۋۇلنىڭ خەۋىرى يەتكۈزۈلدى. * بۈگۈن مەركەزنىڭ ئۆي ئىسلاھاتى توغرىسىدىكى قارارىنىڭ روھى يەتكۈزۈلدى.

**يەتكۈسىز** سۈپ. يەتمەيدىغان: قۇچاق يەتكۈزسىز. كۆز يەتكۈسىز. * قۇچاق يەتكۈسىز يوغان دەرەخنىڭ، ئەسلىسى ئۇنىڭ يۇمران بىر كۆچەت. چوڭلاپ بوۋاقمۇ دەرەخ مىسالى، يېتەر جىسمىغا قېرىلىق ھالەت.

**يەتكۈلۈك** ئى. باشقا كەلگەن مۇشكۈلچىلىك، ئېغىرچىلىق، دىشۋارچىلىق، كېلىشمەسلىك: مۇنچە قەيسەرلەر ئىچىدە نادىرى ئەسئەت ئىدى، كۆتۈرۈپ مەشئەلنى ئاخىر كۆيمىكى قىسمەتمىدى؟ كۆلدى كۆكلەم كۆز يۇمۇپ

ياتقاندا گۈلشەن بۇلبۇلى، بولسا ھېس گۈل
قەلبىدە، بۇ يەتكۈلۈك ھەسرەت ئىدى.

**يەتمەك** پ ① كۆزلىگەن نىشانغا، ماكانغا،
مەنزىلگە ئۇلاشماق؛ بارماق: مەنزىلگە
يەتمەك. قوغلاپ يەتمەك. * — ياق، —
دەپتۇ مەغرىبلىق كىشى، — بۈگۈن بىز ئاۋۇ
كۆرۈنگەن تاغقا يېتىشىمىز كېرەك. * كەت
دېسەڭمۇ كېتىمەن، كەتمە دېسەڭمۇ كېتىمەن.
ئارىدا بىرلا قونۇپ، يارىم قېشىغا يېتىمەن.
② ئويلىغىنى، مۆلچەرلىگىنى ۋاقىت،
سان، مىقدار جەھەتتە باپ كەلمەك،
تەڭ بولماق: پىلانغا يەتمەك. * رەھبەرلىك
ئەھمىيەت بەرگەنلىكتىن، بۇ ناھىيىدە
دېھقان-چارۋىچىلارنىڭ ساۋات چىقىرىش نىسبىتى
90 پىرسەنتكە يەتتى. * تۈرمىدە ياتقان
دېھقانلار يىگىرمىگە يېتىدۇ، مەيلى، شۇلارنى
باشقۇرۇڭ. ③ كۇپايە بولماق، تەمىن
ئەتمەك، قامدالماق: تۇرمۇشقا يەتمەك.
ئېھتىياجغا يەتمەك. * كۆپ بولسا كېتەر، ئاز
بولسا يېتەر (ماقال). * مېنىڭ ئالغىنىم بىر
كۈنلۈك يېمەكلىككە يەتسىلا بولىدۇ. * بۇ كۆمۈر
تۆت كۈنگە ئاران يېتەتتى. ④ ھاسىل
بولماق، ئەمەلگە ئاشماق، ئورۇندالماق:
ئارمىنىغا يەتمەك. مۇرادىغا يەتمەك. *
ئەزمە ئويلانغىچە، تەۋەككۈلچى مەقسىتىگە
يېتىپتۇ (ماقال). * سادىق دادىسىنىڭ
كەسپىگە ۋارىسلىق قىلىپ، ئاگرونوم بولماقچى
ئىدى، ئاخىرى مەقسىتىگە يەتتى ۋە ئاگرا
بولۇپ چىقتى. * ئۇ ئانىسىغا ھەر قېتىم:
«يىغلىما ئاپا، قالغانلىرىمىز ياخشى كۈنلەرگە
يەتسەك، ئۆلۈپ كەتكەنلەرنىڭ روھى خۇشال
بولسىمۇ بولىدى ئەمەسمۇ» دەيتتى. ⑤
ھۇزۇر-ھالاۋەت، پايدا-مەنپەئەت،
پۇرسەتكە ئېرىشمەك، ئىگە بولماق،
ئۇلاشماق: ئۇلار بۇرۇنقى ئاچ-يالىڭاچ تۇرمۇشتا
ئۆلۈپ كەتمەي، بۈگۈنكى بەختلىك كۈنگە
يەتتى. ⑥ كۆچمە. تۇسالغۇغا، دەخلى-تەرۇزگە
ئۇچرىماق:— مۇشۇ ئارىدا ئالتە مىنۇتتىن
ئارتۇق ماشىنا توختاش ھادىسىسى يۈز بېرىپ،
ئىسمىنىنىڭ ئىشلەپچىقىرىشىغا بەلگىلىك تەسىر
يەتكەن، — ئۇ بىرئاز توختاپ قالدى. ⑦
مەلۇم چەك، مەلۇم ۋۇقتا، مەلۇم
دەرىجىگە بارماق، تاقالماق: بالاغەتكە
يەتمەك. ۋايىغا يەتمەك. * ھۆرمەتلىك
دوستۇم، نېمە دېسەم بولار؟ مەن ھازىر
ساڭا ئوخشاش بەش — ئالتە كادىرغا مائاش
بەرگۈدەك ھالغا يەتتىم. * ئەتىسى ئىش
ئوگدىن كېلىپ سېيتجان بالىنىستقا قوبۇل
قىلىندى. ئۇنىڭ چوقۇق كېسەلى ئوپېراتسىيە
قىلىنمىسا زادى بولمايدىغان دەرىجىگە
يەتكەنىدى. * ئەخمەتنىڭ ئىشىغا كەلسەك،
بۇ باشقا گەپ، مېنىڭچىمۇ ئۇنىڭ تۇرمۇش
مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ۋاقتى يەتتى. ⑧
كۆچمە. ئۇچۇر يەتمەك: بىر كۈنلىرى بۇ
سۆز بېرىپ شاھزادىنىڭ قۇلىقىغا يېتىپتۇ. ⑨
كۆچمە. ئېسىگە كەلمەك، ئويلاپ تاپماق،
ھېس قىلماق: يادىغا يەتمەك. * قوزىباي
ئاكىنىڭ يازغان سۆزلىرى پولاتنىڭ يادىغا
يەتتى. * ئۇ چاغنى ئەسلىگەچ يادىمغا
يەتتى، ھازىرقى دەۋرنىڭ قەدرى ناھايەت.
ئۇياتسىز ئۇ زامان كەلمەسكە كەتتى، پارتىيە
دەۋرىدىن تاپتۇق سائادەت. ⑩ يېيىلماق،
تارقالماق، ئاڭلانماق: بۇ ۋەقە ئەمدى
شەھەرگە يېتىپتۇ. * قەدىم يىپەك يولى
پەقەتلا بارغان بولسا ئىرانغا، رومغا، يەتتى
ھازىر بىزنىڭ بۇ گىلەم دېڭىز ئاتلاپ
ۋاشىنگتونغا. ⑪ بەزى تۇرغۇن سۆزلەر
بىلەن بىرىكىپ كېلىپ ئانالىتىك
پېئىللاشتۇرىدۇ: ئەجەل يەتمەك. قازا
يەتمەك. ئازار يەتمەك. ⑫ بىلمەك،
چۈشەنمەك: كىمكى ئۆزىنى تونۇسا، ئۆزىنىڭ
قەدرىگە يەتسە، ئۆزىنىڭ كىشىلەر ئۈچۈن،

جەمئيەت ئۇچۇن، تۇرمۇش ئۇچۇن كېرىكى بارلىقىنى ھېس قىلسا، بۇ كۈن — ئۇنىڭ ئەڭ شاد، ئەڭ كۆڭۈللۈك كۈندۇر. * «دوختۇر بولۇپ خەلقنىڭ شىپا بېرىپ دەردىگە، ئىشلەش ئۇچۇن يېتىمەن، ئىلىم-پەننىڭ قەدرىگە».

**يەتمش** سان. ئونىنىڭ يەتتە قېتىم قوشۇلۇشىدىن ھاسىل بولغان سان: يەتمش جىڭ گۈرۈچ. يەتمش تۇياق قوي.

**يەتمش پۇشتى** قوۋم-قېرىنداش، ئۇرۇق-ئەۋلادى، جەددى-جەمەتى: گۈلسۇم شۇ كېچىسى تاڭ ئاتقۇچە جۆيلۈپ ياتالمىدى ۋە شۇ ياتقىنىچە يېرىم يىل ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالدى. شەرىخان بىلەن توختاخۇن ئىلياز خوجىنىڭ يەتمش پۇشتىنى قارغاپ يۈرۈپ قىلمىغان سەۋەبى قالمىدى.

**يەتمش پۇشتىنى كۆزىگە كۆرسەتمەك** قاتتىق ئەدەبلىمەك، جازاسىنى بەرمەك؛ ئۇرماق، ۋاي دادىغا يەتكۈزمەك: غەيرىي ئادەم ئۇشتۇمتۇت چىققان ئاۋازدىن چۆچۈپ بېشىنى كۆتۈردى. ئەگەر باشقا بىرى بولغان بولسا، بۇ ئادەم قولۇڭنى كۆتۈر دېگۈچىنىڭ يەتمش پۇشتىنى كۆزىگە كۆرسەتكەن بولاتتى.

**يەتمشنچى** سان. ئورۇن تەرتىپى يەتمش سانى بىلەن بەلگىلەنگەن؛ ئاتمىش توققۇزدىن كېيىن، يەتمش بىردىن ئىلگىرى: يەتمشىنچى ئۆي. يەتمشنچى يىللار.

**يەجۇج** ئى (ئە) دىنىي قاراش بويىچە، ئاخىر زاماندا چىقىپ، ئەلگە كۆپ خارابلىق يەتكۈزىدىغان ۋە زۇلۇم سالىدىغان قوۋمنىڭ ئىگىز بويلۇقلىرى.

**يەجۇج-مەجۇج** رىۋايەتلەردە ئېيتىلغان ئەلگە خارابلىق يەتكۈزىدىغان بىر تائىپە: ئۇنىڭ قايتىپ كېلىشى خۇددى ئېسىدە يوق بىر يەرگە بېرىپ قېلىپ، ئۇ يەردە ئاللىقانداق يەجۇجى-مەجۇجلەرگە ئۇچراپ، ئۆلگۈدەك قورقۇپ، ئەمدى ئۈمۈرۋايەت ئۇ يەرگە قەدەم باسماسلىققا قەسەم ئىچكەن بىراۋنىڭ قايتىپ كېلىشىگە ئوخشايتتى.

**يەر** ئى ① قۇياش سىستېمىسىدا 3-ئورۇندا تۇرىدىغان پلانېتا: يەر شارى. يەر يۈزى. * ئۇ ھالدا، يەر شارى ھەرقانداق ئىنسان تەجرىبىسىدىن تاشقىرىدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. ② شۇ پلانېتا تەركىبىدىكى قۇرۇقلۇق قىسمى: يەر پلانېتانىڭ ئالتىدىن بىر قىسمىنى تەشكىل قىلىدۇ. ③ پلانېتانىڭ سىرتقى قاتلىمى؛ پوستى: يەر قاتلىمى. يەر بايلىقى. * يەر كىشىنى يەيدۇ، كىشى يەرنى يەيدۇ (ماقال). * ئەرنىڭ ئېرى بار، يەرنىڭ يېرى بار (ماقال). * كۆزدىن باشلاپ يەر توڭلىغۇچە بولغان بىرنەچچە ئاي ئىچىدە ئاشۇ باغلار، قورۇلاردا تالاي كۆڭۈلسىز ئىشلار يۈز بەردى. ④ نەرسىلەر تۇرغان، جانلىقلار ياشاۋاتقان جاي؛ ئورۇن، ماكان: يەرگە پالاس سالماق. * كۈندۈزى مەندەك ئەر يوق، كېچىسى ياتىدىغان يەر يوق (ماقال). * توققۇز ئوغۇل كەنجى ئوغۇلغا ئەگىشىپ يولغا چىقىپتۇ. بىرچاغدا دەريانىڭ چوڭقۇر يېرىگە بېرىپ، ئېگىزدىن تۆۋەنگە بېقىپتۇ، ئۇلار كۆرۈپتۇكى، سۇنىڭ ئاستىدا بىرتالاي قوزىلار مەرىشىپ تۇرغۇدەك. ⑤ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىقتا پايدىلىنىدىغان تۇپراق قاتلىمى، تېرىقچىلىق قىلىدىغان، ئوت-چۆپ ئۆستۈرۈلىدىغان جاي؛ تېرىلغۇ مەيدانى: بوز يەر. مۇنبەت يەر. شورلۇق يەر. * سەن ئۆيىمىزگە كەلگىنىڭدە دائىم: «يەرنىڭ ئېغىر-يېنىك ئىشلىرىنى مەنمۇ قىلىشىپ بېرەي» دەيتتىڭ، لېكىن كۆپ ھاللاردا سېنىڭ كېلىشىڭ بىلەن يەرگە ئىشلەش ۋاقتى

ئوخشمايتتى. * دەريا ۋە ئېرىق-ئۆستەڭ ياقىلىرىدىكى جىرىم تىكىشكە بولىدىغانلىكى يەرگە ئورمان بەلبېغى بىنا قىلىش كېرەك. ⑥ بىرەر نەرسە بەند قىلىپ تۇرغان، ئىگىلىگەن ئورۇن، جاي، ماكان: قانداق كەلدىڭ بۇ يەرگە توختا! قولۇڭنى كۆتەر! بىلمىدىڭمۇ بۇ يەردىن جېنىڭدىن تويغان ئۆتەر! ⑦ بىرەر مەملىكەت، دۆلەت ياكى كىشىلەرگە قاراشلىق جاي؛ زېمىن: يات يەر. ئۆزگە يەر. * بەخت تولپارىغا مىنگەن ئەزىزانە، مۆتىۋەر قەشقەر، ماھارەت تەختىنىڭ شاھى گۈزەل يەر، دىلسۆيەر قەشقەر. ⑧ بىرەر نۇقتا: بۇ يەردىن بەش يۈز مېتىر يىراقلىقتا يەنە بىر پارنىكىمىز بار. * يېزىپ شۇ يەرگە كەلگەنىدىم، قالغىنىنى بۇ يەردىن قايتىپ بېرىپ ئۆيدە يازىمەن-دە. * — ياق بالام، سىلەرمۇ ئوغۇت يىغىۋاتىسلەر، تاپشۇرۇقلىرىڭلارنى ئىشلىمىسەڭلار، يەنە بولمايدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە سۇ ئېلىپ كېلىدىغان يەر يىراق، جاپا تارتىپ قالىسىلەر. ⑨ بىرەر نەرسىنىڭ ياكى ئەزانىڭ ئايرىم قىسمى، بۆلىكى، جايى: ئۇلار يىرتىلىپ ساڭگىلاپ قالغان يەرنى ئۈزۈپ ئېلىۋېتىشكە مەجبۇر بولدى. — * ئۇ يېرىڭىزگە نېمە بولدى؟ — دېدىم ئۇنىڭ ئاغزىنى كۆرسىتىپ. * كەچ يېتىپ، سەھەر تۇرۇپ، مەن يۈرىمەن تىلەكتە. ئىچىمنى يېرىپ كۆرۈڭ، ساق يەر بارمۇ يۈرەكتە. ⑩ كۆرسىتىش ئالماشلىرى بىلەن كېلىپ، شۇ ئالماشتىن ئاڭلانغان تەرەپتىكى جاينى ئىپادىلەيدۇ: كەلگۈسى زاماندىكى كىشىلەر... ھىم، گېپىم شۇ يەرگە كېلىۋىدى، بىلمەي قالدىم، سىنىپتا « پاراققىدە » كۈلكە كۆتۈرۈلدى.

**يەر ئاستى ئاكوپى** <ھەرب> بىر-بىرىگە تۇتاشتۇرۇلغان يەر ئاستى ئىستېھكامى. ئادەتتە تۇرۇش قىلىش، يوشۇرۇنۇش ۋە ماددىي ئەشيالارنى ساقلاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

**يەر ئاستى تەگرىسى** <دىن> شامانىستلارنىڭ ئۈچىنچى ئېتىقاد ئىلاھلىرى. شامانىستلار ئۇلارنى يەر ئاستىدا ياشايدۇ، دەھشەتلىك، كېلىدۇ؛ تىپ، قىزىلغا ئوخشاش بەزى كېسەللىكلەرنى ئۇلار تارقىتىدۇ، تۇرلۇك مۇراسىملار ئارقىلىق ئۇلارنى يىراقلاشتۇرغىلى ۋە زىيانكەشلىكىنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ دەپ قارايدۇ.

**يەر ئاستى تۇرۇبا يولى** <بىن> سۇ، پار، نېفىت، گاز قاتارلىقلارنى لازىملىق ئورۇنلارغا يەتكۈزۈش ئۈچۈن، يەر ئاستىغا كۆمۈلگەن تۇرۇبىلار.

**يەر ئاستى تۆمۈر يولى** <بىن> يەر ئاستى تونېللىرىغا ياتقۇزۇلغان تۆمۈر يول.

**يەر ئاستى خىزمەت** يوشۇرۇن ئېلىپ بېرىلىدىغان خىزمەت.

**يەر ئاستى دەرياسى** <جۇغ> يەر ئاستىدا بولىدىغان يوشۇرۇن دەريا. ئۇ كۆپىنچە ھاك تاشلىق كارست رايونىدا ئۇچرايدۇ.

**يەر ئاستىدىن تەكشۈرمەك** بىرەر ئىش، مەسىلىنى مەخپىي ئىگىلىمەك، خۇپىيانە سۈرۈشتۈرمەك، كۆزەتمەك: ئەتىگەنلىك چاي تەييارلانغان. ئاتابېك خامۇش ئولتۇراتتى، ھەسەن ئەلى بولسا ئۇنىڭ ھالىنى يەر ئاستىدىن تەكشۈرمەكتە ئىدى.

**يەر ئاستىدىن سۇغىرىش** <سۇ> سۇغىرىش ئۇسۇللىرىنىڭ بىر خىلى. بۇنىڭدا، سۇ زىرائەتنىڭ يىلتىز قاتلىمىغا كۆمۈلگەن نەيچىلەرگە قۇيۇلىدۇ، سۇ نەيچىنىڭ تۆشۈكلىرىدىن چىقىپ تۇپىغا سىڭىپ، زىرائەت يىلتىزىغا بارىدۇ.

**يەر ئاستىدىن قارىماق** بىرەر نەرسىگە

سەزدۇرمەستىن، خۇددى يەرگە قارىغاندەك يوشۇرۇن قارىماق، مەخپىي باقماق: ئاپتاپ ئايىم قىزنى ئالايغاندەك يەر ئاستىدىن قارىدى. بەزى كۆنلىرى بىزنىڭ كوچىدا ناتونۇش ئادەملەر پەيدا بولۇپ قالدۇ ۋە ئۇزاقتچە ئۇ ياق-بۇ ياققا مېڭىپ، كىشلەرگە يەر ئاستىدىن قارايدۇ.

**يەر ئاستى سۇ ئامبىرى** <گېئول> يەر ئاستى سۈيى توپلىنىدىغان جاي.

**يەر ئاستى سۇ بايلىقى** <جۇغ> بىر رايوندىكى بايلىق قاتارىدا ئېچىپ پايدىلىنىشقا بولىدىغان يەر ئاستى سۈيى. ئۇ تەبىئەتتىكى سۇنىڭ ئايلىنىشىغا قاتنىشىدۇ، ئاتموسفېرادىكى سۇ ۋە يەر ئۈستى سۈيى بىلەن زىچ باغلىنىشلىق بولۇپ، ئۆز ئارا ئۆزگىرىدۇ ھەمدە تەسلىگە كېلىدۇ.

**يەر ئاستى سۈيى** <سۇ> يەرنىڭ ئاستىدىكى سۇ ياموغۇر ۋە باشقا سۇلارنىڭ يەر ئاستىغا سىڭىپ كىرىپ، تۇپراق ياكى تاغ جىنس قاتلاملىرىنىڭ كاۋاكلىرىغا يىغىلىشى ئارقىلىق شەكىللىنىدۇ. بۇلاق سۈيى ۋە قۇدۇق سۇلىرى يەر ئاستى سۈيىدۇر.

**يەر ئاستى سۈيى دىنامىكىسى** <فىز> يەر ئاستى سۈيىنىڭ تەبىئىي شارائىتتا ۋە سۈنئىي ئامىللارنىڭ تەسىرىدە، تۇپراق ۋە جىنسلاردىكى ھەرىكەت قانۇنىيىتىنى تەتقىق قىلىدىغان پەن.

**يەر ئاستى سىرغىمى** <سۇ> ياموغۇر ياكى يەر ئاستى سۈيىنىڭ يەر ئاستىغا سىڭىشىدىن يەر ئاستىدا ھاسىل بولىدىغان سىرغىم.

**يەر ئاستى غول** <بوت> ئۆسۈملۈك غولىنىڭ يەر ئاستىدا ئۆسىدىغان قىسمى. مەسىلەن، يىلتىزسىمان غول، تۈگۈنەك غول ۋە تەڭگىچە غول قاتارلىقلار.

**يەر ئاستى كۈرىشى** بىرەر ھۆكۈمەت ياكى پارتىيىگە قارشى ئېلىپ بېرىلىدىغان مەخپىي ھەرىكەت، يوشۇرۇن ئىنقىلاب: ئۇ 1946-يىلىنىڭ باشلىرىدا، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ ئەزاسى سۈپىتىدە، ئۇن نەچچە يىل ئىلگىرى ئاق تېررورلۇق ئىچىدە يەر ئاستى كۈرىشى بىلەن شۇغۇللانغان قەدىمكى شەھەرگە — بېيپىڭغا قايتىپ كەلگەن.

**يەر ئاستى ئۆي** <بىن> ھەممە قىسمى ياكى بىر قىسمى يەرنىڭ ئاستىدا بولىدىغان ئۆي. كۆپىنچە كۆپ قەۋەتلىك بىنالارنىڭ ئەڭ ئاستىدىكى قەۋەتنى يەر ئاستى ئۆي ھېسابلىنىدۇ.

**يەر ئاستى ئېرىقى** <بىن> ياموغۇر سۈيى، يۇندا قاتارلىقلارنى ئېقىتىپ چىقىرىۋېتىش ئۈچۈن، يەر ئاستىغا قېزىلغان ئېرىق. ئۇنىڭدىن باشقا يەر ئاستىغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان سۇغىرىش ئېرىقلىرىمۇ كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

**يەر ئاستى ئېقىمى** <جۇغ> ھۆل-يېغىننىڭ يەر ئاستىغا سىڭىپ، يەر ئاستىدا ئېقىم پەيدا قىلىدىغان سۇ ئېقىمى.

**يەر ئاسفالتى** <گېئول> بىر خىل قوڭۇر، يېپىشقاق، دېڭىزقايىسمان، شەكىلسىز، قاتتىق ئاسفالت. ئۇ يۇمشاق ئاسفالتنىڭ ئىلگىرىلەپ يىمىرىلىشىنىڭ مەھسۇلى بولۇپ، قاتتىق ئاسفالت تۈرىنىڭ ئەڭ كەڭ تارقالغان بىر خىلى. قاتتىقلىقى 0.5 — 2، زىچلىقى 10 — 2، ئېرىش تېمپېراتۇرىسى 100 °C تىن يۇقىرى بولىدۇ.

**يەر ئاياغ** خامان تېپىش ئۈچۈن خامانغا بىرىنچى قېتىم يەنى دەسلەپ سېلىنغان ئۆنچە.

**يەر ئايلىنىش شاملى** <مېتېئور> سۇركىلىش كۈچى يوق چاغدا بىر ئېگىزلىكتىكى تەكشى يۈزدە تەك بېسىم سىزىقى تۈز بولغان ئەھۋالدا، ھاۋا بېسىمى گرادىيېنت كۈچى بىلەن كورىئول كۈچى تەڭپۇڭلاشقاندا شەكىللەنگەن شامال. ئۇنىڭ يۆنىلىشى تەڭ بېسىم سىزىقىغا پاراللېل بولىدۇ. ئادەم شامالغا ئارقىنى قىلىپ تۇرغاندا، شىمالىي يېرىم شاردا تۆۋەن بېسىم سول تەرەپتە، يۇقىرى بېسىم ئوڭ تەرەپتە بولىدۇ؛ جەنۇبىي يېرىم شاردا ئۇنىڭ ئەكسىچە بولىدۇ.

**يەر ئەگرى تېرمومېتىرى** <مېتېئور> نېپىز تۇپراق قاتلىمىنىڭ تېمپېراتۇرىسىنى ئۆلچەيدىغان تېرمومېتىر. ئۇنىڭ تۇرۇبا قىسمى ئۇزۇن ھەم ئەگرى بولۇپ، شار قىسمى تۇپراققا مەلۇم چوڭقۇرلۇقتا كۆمۈپ قويۇلىدۇ.

**يەر باغىرلىماق** باغرىنى، گەۋدىسىنى يەرگە تەگكۈزۈپ ئالدىغا سىلجىماق، ئۆمىلىمەك: ئۇلار يەر باغىرلاپ ئۆمىلەپ يۈز مېتىردەك يېقىنلىشىۋىدى، ئۇ نەرسىلەرنىڭ قوي تېرىسى ئىكەنلىكى مەلۇم بولدى.

**يەر باقتى** گەپ قىلماي گۈشىيىپ تۇرۇۋالىدىغان، كەم سۆز، جىمغۇر: — ئىسست، شۇ دېۋانىلەرگە كەتكەن مال-دۇنيا، سىڭنىڭ كۆزۈڭگە نېمە كۆرۈنۈپ قالدىكىن، ئۇ يەر باقتى جىمغۇر، شەھەردە نى-نى قىزلار يۈرسە، ئېشىپ-تېشىپ بېرىپ شۇ سەھرالىقنى ئالىمەن دېگىنىڭ سەن ئەخمەقنىڭ، — دېدى، ئاپىسى ئوغلىغا.

**يەر بايلىقى** <جۇغ> بىر خىل ئۇنىۋېرسال خاراكتېرىدىكى تەبىئىي بايلىق، يەنى تەبىئەت دۇنياسى بىلەن ئىنسانلار پائالىيىتىنىڭ ئومۇمىي تەسىرىنىڭ ھاسىلاتى. دائىم تىلغا ئېلىنىدىغان تېرىلغۇ يەر، ئورمان يېرى، ئوتلاق، ساھىللار، سازلىق، كۆل قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى مۇشۇنداق تەبىئىي ئومۇمىي گەۋدە دەپ قارىلىدۇ.

**يەر بولۇپ كەتمەك** قاتتىق ئىزادا قالماق، ئىنتايىن خىجىل بولماق، ئوسال ئەھۋالغا چۈشۈپ قالماق.

**يەر بويىنى** <جۇغ> ئىككى دېڭىز ۋە ئوكيان ئارىلىقىدىكى تار كەلگەن قۇرۇقلۇق.

**يەر بېجى** <مال> دۆلەت يەر ئۈچۈن ئالىدىغان باج. يەر بېجى ئادەتتە يەرنىڭ باھاسى، كۆلىمى، يەردىن كېلىدىغان دارامەتكە ئاساسەن ھېسابلاپ ئېلىنىدۇ.

**يەر باغىرلىغۇچى غول** <بوت> تىك ۋە يۇقىرىغا قاراپ ئۆسەلمەيدىغان، يەر باغىرلاپ ئۆسىدىغان غول. بۇنداق غولنىڭ بوغۇملىرىدىن يوپۇرماق ۋە يىلتىزلار ئۆسىدۇ. مەسىلەن، تاتلىق ياڭيۇ، بۆلجۈرگەن قاتارلىقلارنىڭ غولىغا ئوخشاش.

**يەر باغىرلىغۇچى ھايۋانلار** <زوئول> ئومۇرتقىلىق ھايۋانلارنىڭ بىر كلاسسى، يەنى قۇرۇقلۇقتا ھەقىقىي ياشايدىغان ئومۇرتقىلىق ھايۋانلار. بۇ خىل ھايۋانلارنىڭ تېرىسى قۇرغاق بولۇپ، تېرە بەزلىرى بولمايدۇ، ئېپىدېرمىدىن پەيدا بولىدىغان مۈڭگۈز ماددىلىق تەڭگىچىلەر بولىدۇ ياكى ئارىلاپ ھەقىقىي تېرىدىن پەيدا بولغان سۆڭەك پلاستىنكىلىرى بولىدۇ. ئۆپكىسى بىلەن نەپەسلىنىدۇ، يۈرىكى يۈرەك ئىككى دالانچىسى ۋە بۆلۈنۈشى مۇكەممەل بولمىغان ئىككى يۈرەك قېرىنچىسىدىن تەركىب تاپىدۇ، تەن ئىچىدە ئۇرۇقلىنىدۇ، تۇخۇم تۇغىدۇ،

قۇرۇقلۇقنا كۆپىيەلەيدۇ، تېنىنىڭ تېمپېراتۇرىسى تۇراقسىز. كۆپ ئۇچرايدىغان تۈرلىرى كەسلەنچۈك، يىلان، تاشپاقا، تىمساق قاتارلىقلار.

**يەر بلەن ئاسمانچە بار** ئىنتايىن يىراق.

**يەر بلەن تەڭ قىلىۋەتمەك** ئىزا-ئاھانەت، نومۇستىن باش كۆتۈرەلمەيدىغان ھالغا چۈشۈرۈپ قويماق، مەسخىرە بلەن يەرگە قاراتماق: شۇنچە ئۆزۈمنى تۇتسامۇ بولمىدى، ئاخىرى بار-يوقىنى دەپ يەر بلەن تەڭ قىلىۋەتتىم.

**يەر بلەن يەكسان بولماق** بىتچىت بولماق، ھالاك بولماق، يوقالماق، ئۆلمەك: — يېقىندا بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسى يەر بلەن يەكسان بولىدۇ، — دېدى بىلال ئەزىزى. * ھەقىقەت يەر بلەن يەكسان بولۇپ، يالغان كۆتۈردى قەد. سۆكۈلدى زەركەبى تارىخ يۈزىدىن قانچە مىڭ بەتلەر.

**يەر بلەن يەكسان قىلماق** بىتچىت قىلماق، گۇمران قىلماق، ھالاك قىلماق، يوقاتماق، ئۆلتۈرمەك: — ئۇلار ئەگەر ئۇنداق قىلمىغان بولسا، ئىراق دىيارىنى يەر بلەن يەكسان قىلىپ، تۇپراقلىرىنى بۇ يەرگە ئەكىلىپ سورىغان بولاتتىم، — دېدى ئۇ. * دەر ئىدىڭ «بولسام ۋەتەنىنىڭ لاچىنى، قوغدىسام جانۇتېنىمدە مەن ئۇنى، يەر بلەن يەكسان قىلاتتىم مەن ئەگەر، بۇ ئېلىمگە كەلسە دۈشمەن قۇزغۇنى».

**يەر پارپىسى** بويى ئۆسمىگەن، پاكار، پەتەك: — قېنى ئۇ يەر پارپىسى؟ — ۋارقىرىدى ئۇ غەزەپ بلەن.

**يەر پوستى** <گېئول> يەر شارىنىڭ ئۈستۈنكى قىسمى. قاتتىق تاغ جىنسلىرىدىن تەشكىللەنگەن بولۇپ، ئاساسلىق تەركىبى ئوكسىگېن، كرېمنىي، ئاليۇمىن، ماگنىي، تۆمۈر قاتارلىقلار. ئوتتۇرىچە قېلىنلىقى 30 — 40 كىلومېتىر.

**يەر پوستىنىڭ گورىزونتال ھەرىكىتى** <جۇغ> يەر پوستىنى تەشكىل قىلغۇچى تاغ جىنس قاتلاملىرىنىڭ يەر يۈزىگە پاراللېل يۆنىلىشتە قىلغان ھەرىكىتى. ئۇ ئاساسەن يەر پوستى تاغ جىنس قاتلاملىرىنىڭ گورىزونتال يۆتكىلىشى ۋە ئېگىلىپ شەكىل ئۆزگەرتىشىدە ئىپادىلىنىدۇ، ھەمىشە غايەت زور پۈرمىلىك تاغ سىستېمىسىنى پەيدا قىلىدۇ.

**يەر پوستى ھەرىكىتى** <گېئول> ئىچكى گېئولوگىيىلىك تەسىرلەر پەيدا قىلىدىغان يەر پوستىنىڭ ئورۇن يۆتكەش ۋە شەكىل ئۆزگەرتىش ھەرىكىتى.

**يەر پىلانى** <س ئىق> دۆلەت ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىيات ئېھتىياجى ۋە ھەرقايسى رايونلارنىڭ تەبىئىي ئىگىلىك شارائىتىغا ئاساسەن، يەردىن پايدىلىنىش ئىشىنىڭ بىر تۇتاش ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى ۋە لايىھىلىنىشى.

**يەر تاتىلماق** يەرگە قارىماق، يۈزى چۈشمەك، خەلقئالەم ئالدىدا لەت بولماق، تىلى تۇتۇلماق: دوكلاتلارنى يالغان قىلىپ قۇتۇلساڭ، كۆزدە ھوسۇل چىقماي قېلىپ تۇتۇلساڭ، يەر تاتىلاپ گەپ قىلالماي ئولتۇرساڭ، دېھقانلارنىڭ ئارقىسىدا قالۇرسەن.

**يەر تەكتىدىن باقماق ← يەر ئاستىدىن قارىماق:** ئۇھ تارتتى، سوپىغا ئۆتتى ۋە ئاستا، ئوغلىنى يېنىغا كەلدى چاقىرىپ. ئاتىسى ئالدىدا ئولتۇرغان جامال، ئاڭا يەر تەكتىدىن باقتى كۆز سېلىپ.

**يەر تەگرىسى** <دىن> شامانىستلارنىڭ ئىسكىنچى ئېتىقاد ئىلاھلىرى. بەزى

تۈركىي خەلقلەر ۋە موڭغۇللاردا ۋەتەن تۇپرىقى مۇقەددەس ھېسابلىنىدۇ. بۇنىڭ تۈپكى سەۋەبى تاغ ۋە تۈزلەڭلىكلەردە نۇرغۇن روھلارنىڭ ياشىغانلىقىغا ئىشەنگەنلىكىدە. ئېتىقاددا شۇ يەرلەرنىڭ ئىگىسى ئاشۇ روھلار دەپ قوبۇل قىلىنغاچقا، شۇ رايونلاردىكى تاغ-دەريا ۋە كۆل ناملىرىمۇ شۇ يەردە ياشاۋاتقان روھلارنىڭ نامى دەپ قارىلىدۇ. شۇڭا، تاغ-دەريا ۋە تۈزلەڭلىكلەر ئۇلۇغلىنىدۇ.

**يەر تەگشەش تۈزۈمى** <س ئق> V ئەسىردىن VIII ئەسىرگىچە، جۇڭگودا فېئوداللىق سۇلالىلەر يولغا قويغان، ئىگىسىز بوز يەرلەر نوپۇسقا قاراپ تەقسىم قىلىپ بېرىلىدىغان بىر خىل تۈزۈم.

**يەر تەۋرەش** <گېئول> يەر شارىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ئۆزگىرىشلەر سەۋەبىدىن پەيدا بولىدىغان يەر پوستىنىڭ تەۋرىشى. پەيدا بولۇش سەۋەبلىرىگە قاراپ ئۆرۈلۈشلۈك يەر تەۋرەش، يانار تاغلىق يەر تەۋرەش ۋە تۈزۈلمىلىك يەر تەۋرەش دەپ ئۈچ تۈرگە بۆلۈنىدۇ. پۈتكۈل يەر شارىدىكى 95% دىن ئارتۇق يەر تەۋرەش تۈزۈلمىلىك يەر تەۋرەشكە ياتىدۇ.

**يەر تەۋرەش بەلبېغى** <گېئول> يەر تەۋرىگەندە تەۋرەش مەركىزىنىڭ تارقىلىشى مەركەزلەشكەن بەلباغ. ئۇ ئادەتتە ھەرىكەتچانلىقى ناھايىتى كۈچلۈك بولغان گېئولوگىيىلىك تۈزۈلمە بەلبېغى ھېسابلىنىدۇ. دۇنيا مىقياسىدىن قارىغاندا، تىنچ ئوكياننى چۆرىدىگەن يەر تەۋرەش بەلبېغى بىلەن ھىمالايا تېغى ئوتتۇرا دېڭىز يەر تەۋرەش بەلبېغىدىن ئىبارەت ئەڭ كۆرۈنەرلىك ئىككى يەر تەۋرەش بەلبېغى بار. دۆلىتىمىز يەر شارى خاراكتېرلىك ئىككى چوڭ يەر تەۋرەش بەلبېغىنىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان، يەر تەۋرەش كۆپ يۈز بېرىدىغان بىر دۆلەت.

**يەر تەۋرەش جەريانى** <گېئول> يەر تەۋرەشنىڭ شەكىللىنىش، پەيدا بولۇش ۋە ئاجىزلىشىش جەريانى. ئومۇمەن دەسلەپكى تەۋرەش، ئاساسىي تەۋرەش ۋە قالدۇق تەۋرەش دەپ ئۈچ باسقۇچقا بۆلۈنىدۇ.

**يەر تەۋرەش دەرىجىسى** <گېئول> يەر تەۋرەشنىڭ دەرىجە ئايرىمىسى. ئۇ يەر تەۋرىگەندە قويۇپ بېرىلگەن ئېنېرگىيىسىنىڭ قانچىلىكلىكى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. يەر تەۋرەش دەرىجىسىنى چوڭ-كىچىكلىكى بويىچە ئىنتايىن بوش تەۋرەش، بوش تەۋرەش، ئاجىز تەۋرەش، كۈچلۈك تەۋرەش (ياكى ئوتتۇرا ھال تەۋرەش) ۋە قاتتىق تەۋرەش قاتارلىقلارغا ئايرىشقا بولىدۇ.

**يەر تەۋرەش دەۋرىيلىكى** <گېئول> بىر رايوندا يەر تەۋرەپ كۈچلۈك ھەرىكەت بولۇپ ئۆتكەندىن كېيىن، ھامان بىر باسقۇچ تىنچ مەزگىل بولۇپ، ئاندىن يەنە ھەرىكەت پەيدا بولىدۇ. يەر تەۋرەشنىڭ جانلىنىش مەزگىلى بىلەن تىنچ مەزگىلىنىڭ مۇنداق ئالمىشىش ئالاھىدىلىكى يەر تەۋرەش دەۋرىيلىكى دەپ ئاتىلىدۇ.

**يەر تەۋرەش دولقۇنى** <گېئول> ئېلاستىك تەۋرەشنىڭ يەردىكى تارقىلىشى. تەبىئىي يەر تەۋرەشتىن ھاسىل بولغان دولقۇن تەبىئىي يەر تەۋرەش دولقۇنى؛

سۇئىي قوزغىتىلغان تەۋرەشتىن ھاسىل بولغان دولقۇن سۇئىي تەۋرىنىش دولقۇنى دېيىلىدۇ.

**يەر تەۋرەش كۈچى** <گېئول> يەر تەۋرەش دولقۇنى تارقالغاندا، يەر يۈزىنىڭ تەۋرىنىشىدىن ھاسىل بولغان كۈچ.

**يەر تەۋرەش مەركىزى** <گېئول> يەر تەۋرەش مەنبەسىنىڭ يەر يۈزىدىكى تىك پروييېكسىيىلىك ئورنى. يەر تەۋرىگەندە، يەر تەۋرەش مەركىزى ئەڭ زور ۋەيرانچىلىققا ئۇچرايدۇ.

**يەر تەۋرىنىپ چارلاش** <گېئول> گېئوفىزىكىلىق چارلاش ئۇسۇللىرىنىڭ بىرى. ئۇنىڭ قائىدىسى: يەر ئاستىنىڭ گېئولوگىيىلىك ئەھۋالىنى سۇئىي قوزغىتىلغان تەۋرىنىش دولقۇنى ئېلاستىكىلىقىنىڭ ئوخشاش بولمىغان قاتلامدا تارقىلىش قانۇنىيىتىدىن پايدىلىنىپ چارلاشتىن ئىبارەت.

**يەر تەۋرىنىش دېتېكتورى** <گېئول> يەر تەۋرەشتىكى تەۋرىنىشنى بىۋاستە قوبۇل قىلىدىغان ھەمدە تەۋرىنىشنى ئاپپاراتنىڭ خاتىرىلەش سىستېمىسىنىڭ ئېھتىياجىغا ئۇيغۇن كېلىدىغان ئېنېرگىيە شەكلىگە ئايلاندۇرۇپ بېرىدىغان ئەسۋاب.

**يەر تەۋرىنىش قاتلامشۇناسلىقى** <گېئول> قايتقان تەۋرەش دولقۇنىغا دائىر ماتېرىياللاردىن پايدىلىنىپ يەر قاتلىمى ۋە چۆكۈندى فاتسىيىسىنى تەتقىق قىلىدىغان پەن.

**يەر توكى** <فىز> يەر ئاستىدىكى تەبىئىي توك. ئۇ بىر خىل تۇراقسىز توك بولۇپ، ئادەتتە ئېلېكتر پوتېنسىئالىنىڭ ئۆزگىرىشى ئارقىلىق ئەكس ئېتىدۇ. زىچلىقىنىڭ چوڭ-كىچىكلىكى ۋە يۆنىلىشى ھەر ۋاقىت ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ.

**يەر توكى مەيدانى** <فىز> يەر يۈزى بىلەن يەر شارىنىڭ ئىچكى قىسمىدا مەۋجۇت بولغان ئېلېكتر مەيدانى.

**يەر توزغىقى** <بوت> تەختىلىك زەمبۇرۇغلار كلاسى، يەر توزغىقى ئائىلىسىدىكى زەمبۇرۇغ. سپورا خالتا تەنچىسى شارغا ئوخشاپراق كېتىدۇ، ياش ۋاقتىدا ئىچكى قىسمى ئاق بولۇپ، پىشقاندا سېرتقى ئۇرۇقچىسى يېرىلىدۇ. قۇرۇق ھەم ئورۇق تەنچىسى دورا قىلىنىدۇ.

**يەر تۆزلەش ماشىنىسى** <بىن> يەرنى قىرىپ تۆزلەيدىغان ماشىنا. ئاستىغا توغرا ھالەتتە تىغلىق سايمان ئورنىتىلغان بولۇپ، ئادەتتە يول ئۇلىنى قېزىش، يول قىرىنى تۆزلەش، يول ئۈستىگە چېچىلغان ماتېرىياللارنى ئارىلاشتۇرۇش ۋە يول قىرىدىكى ئېرىقلارنى كولاش قاتارلىق مەشغۇلاتلارنى ئورۇندىيالايدۇ.

**يەر تۆزۈلمىسى** <جۇغ> بەلگىلىك رايون ئىچىدە خۇسۇسىيەتلىرى ۋە ئىشلىتىش ئورۇنلىرى ئوخشاشمايدىغان ھەر خىل يەرلەرنى كۆلىمىنىڭ شۇ رايون ئومۇمىي كۆلمى ئىچىدە ئىگىلەيدىغان نىسبىتى. ئۇ يەر تىپلىرىنىڭ سۈپىتى ۋە مىقدارىنىڭ بىرىكىش شەكلى بىلەن سېلىشتۇرما مۇناسىۋىتىنى ئىپادىلەيدۇ.

**يەر تېگىدە يىلان كۆشىگىنىنى بىلىدىغان** باشقىلارنىڭ كۆڭلىدىكىنى، مەقسەت، مۇددىئاسىنى، غەرىزىنى سېزىۋالىدىغان، پەملىيەلەيدىغان؛ تۇيغۇن: سەزمەيدۇ دەمسەن يەر تېگىدە يىلان كۆشىگىنىنى بىلىدىغان ئادەم ئۇ.

**يەر تېگىدە يىلان كۆشىگىنىنى تۇيىدىغان** ← **يەر تېگىدە يىلان كۆشىگىنىنى**

بىلىدىغان.

**يەر تېگىدىن قارىماق** ← **يەر ئاستىدىن قارىماق**: ئۇ ئۆمەرجانغا يەر تېگىدىن قاراپ قويۇپلا ئۆتۈپ كەتتى. * مەن مۇئەللىمگە يەر تېگىدىن قاراپ قويۇپ قەغەزنى سۇندۇم.

**يەر تېگىدىن كۆز تاشلىماق** ← **يەر ئاستىدىن قارىماق**: ئۇ بىر تۈرلۈك ھەجىيىپ يەر تېگىدىن ھەسەن ئەلىگە كۆز تاشلىدى.

**يەر تېمپېراتۇرىسى** <مېتېئور> يەر يۈزى ۋە تۇپا قاتلىمىنىڭ ئوخشاش بولمىغان چوڭقۇرلۇقتىكى تېمپېراتۇرىسى. ئۇنىڭ دېھقانچىلىق زىرائەتلىرىنىڭ ئۆسۈشىگە بولغان تەسىرى ئىنتايىن زور.

**يەر چاغلىماق** تۆۋەن ھېسابلىماق، تۆۋەن كۆرمەك؛ تۆۋەن تۇتماق، كەمتەر بولماق: باشقىلارنى ئەر چاغلىساڭ، ئۆزۈڭنى يەر چاغلا (ماقال).

**يەر چۆشەك** ← ئودا.

**يەر چىشلىمەك** ھالاك بولماق، ئۆلمەك، يوقالماق: دۈشمەن چېرىكلىرىنىڭ بەزىلىرى ھېچقانداق قارشىلىق كۆرسىتىشكە ئۈلگۈرەلمەي قىلىچ، نەيزە ئاستىدا يەر چىشلىدى. * يەر چىشلىدى قانچىسى مەرگەنلەرنىڭ ئوقىدىن. لېكىن دۈشمەن ئىركىشەر كېچىپ بارۇيوقىدىن.

**يەر چىڭداپ يۈرمەك** ئىشلىمەي لاغايلاپ يۈرمەك، بىكار تەلەپ بولماق: قىلىدىغان ئىشى يوق، يەر چىڭداپ يۈردۇق.

**يەر خېتى** يەر-زېمىدىن قانۇنلۇق پايدىلىنىش ئۈچۈن ھۆكۈمەت تەرىپىدىن بېرىلگەن گۇۋاھنامە: يامۇلنىڭ بەرگەن يەر خېتى ھەيدەرخان غوجىنىڭ قولىدا ئىدى.

**يەردە قالماسلىق** ئېتىبارسىز، تاشلىنىپ قالماسلىق: تىلەكلىرىمىز يەردە قالمىدى.

**يەردە قالماق** نەزەردىن، ئېتىباردىن، ئىناۋەتتىن ئايرىلماق، تاشلىنىپ قالماق: ياخشىلىق يەردە قالماس، يامانلىق ئۆزىدىن ئاشماس (ماقال). * سۆزىڭىز يەردە قالدۇ، بۇۋى ئاپتاپ، بىرئاز ئەندىشىمۇ لازىم.

**يەردە قويماسلىق** ئېتىبارسىز قالدۇرماسلىق، نەزەردىن ساقىت قىلماسلىق، نائۇمىد قويماسلىق: — سىزمۇ بىزگە ئالاقىچى بولۇپ بەرسىڭىزم خىزمىتىڭىزنى يەردە قويمايمىز، — دېدى. * قىزىلگۈل غۇنچىسى يارىم سۆزۈمنى يەردە قويمايدۇ. لېۋىگە نەچچىنى سۆيسەم كۆزۈمگە قارايدۇ، تويمايدۇ.

**يەر دولقۇنى** <فىز> يەر شارىنىڭ يۈزىنى بويلاپ تارقىلىدىغان رادىئو دولقۇنى.

**يەر دۆلەت ئىلكىدە بولۇش** <قا> يەرنىڭ خۇسۇسىيلار ئىلكىدە بولۇش تۈزۈمىنى بىكار قىلىپ، دۆلەت ئىلكىدە بولۇشنى يولغا قويۇش تەدبىرى.

**يەردىن پايدىلىنىش** <جۇغ> دۆلەت ۋە رايوننىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسەن شۇ جاينىڭ تەبىئىي، تېخنىكا ۋە ئىقتىسادىي ئەۋزەللىكلىرىنى جارى قىلدۇرۇش، ئەمەلىي ئەھۋالغا قاراپ ئىش كۆرۈپ يەردىن ئەڭ زور دەرىجىدە پايدىلىنىش بىلەن بىرگە يەرنىڭ كۈچىگە ئەھمىيەت بېرىش ۋە ئېكولوگىيىنى قوغداش.

**يەردىن يىراق نۇقتا** <ئاستر> ئاي شارى ياكى يەر شارى سۈنئىي ھەمراھىنىڭ يەرنى ئايلىنىپ ھەرىكەت قىلىش ئوربىتىسىدىكى يەر شارىغا ئەڭ يىراق بولغان نۇقتا.

**يەر سەندىلى** <گېئول> خاراكتېرى ئوخشاش بولغان ئىككى خىل تۈزۈلمىنىڭ ئارىسىدىكى كۆتۈرۈلگەن قىسمى.

**يەر سىمى** <فىز> ئېلېكتر ئەسۋابلىرىنى

يەر بىلەن تۇتاشتۇرغۇچى ئۆتكۈزگۈچ سىم. رادىئو تېخنىكىسىدا، يەر سىمى كۆپىنچە يۇقىرى چاستوتىلىق ئېلېكتر زەنجىرىنىڭ بىر قايتىش زەنجىرى قىلىنىدۇ. باشقا ئېلېكتر ئەسۋابلىرىنىڭ سىرتقى مېتال قېپىغا دائىم يەر سىمى ئۇلىنىپ، ئېلېكتر ئەسۋابىنىڭ ئىچكى ئىزولياتسىيىسى بۇزۇلغاندا سىرتقى قېپىغا توك ئۆتۈپ، توك سوقۇش ھادىسىسى يۈز بېرىشىنىڭ ئالدى ئېلىنىدۇ.

**يەر شارى** <ئاستر> قۇياش سىستېمىسىدىكى قۇياشقا يېقىن ئۈچىنچى پلانېتا. شار شەكلىدە بولۇپ، سەل ياپىلاقراق كېلىدۇ. ئېكۋاتوردىكى رادىئۇسى 63782 كىلومېتىر، قۇتۇپتىكى رادىئۇسى 6356.8 كىلومېتىر، ئۆز ئوقىدا بىر قېتىم ئايلىنىش ۋاقتى بىر كېچە-كۈندۈزگە تەڭ، قۇياشنى بىر قېتىم ئايلىنىپ چىقىش ۋاقتى بىر يىل. ئەتراپىنى ھاۋا قەۋىتى ئوراپ تۇرىدۇ. يۈزىدە قۇرۇقلۇق، دېڭىز، ئىنسانىيەت، ھايۋانات ۋە ئۆسۈملۈكلەر بولىدۇ. بىر ھەمراھى بار، ئۇ بولسىمۇ ئايدۇر.

**يەر شارى تۈرىدىكى پلانېتىلار** <ئاستر> فىزىكىلىق خۇسۇسىيىتى يەر شارىنىڭكىگە ئوخشىشىپ كېتىدىغان پلانېتىلار. بۇلار قۇياشقا يېقىن، ھەجمى ۋە ماسسىسى كىچىك، زىچلىقى چوڭ بولۇپ، يۈزىنىڭ تېمپېراتۇرىسى يۇقىرىراق، مەركىزىدە تۆمۈر يادروسى بار، مېتال ئېلېمېنتلىرىنىڭ تەركىبى يۇقىرىراق، ئۆز ئوقىدا ئايلىنىشى ئاستا، ھەمراھلىرى ئاز. مەسىلەن، مېركۇرىي، ۋېنېرا ۋە مارسلار بۇ تىپقا كىرىدۇ.

**يەر شارى رادىئۇسى** <فىز> يەر شارى ئوقىنىڭ يېرىم ئۇزۇنلۇقى. ئۇنىڭ ئوتتۇرىچە سانى 6371.118 كىلومېتىر كېلىدۇ.

**يەر شارى سۈنئىي ھەمراھى** <ئاستر> راكېتا ئارقىلىق يۇقىرى ئاسمان بوشلۇقىغا قارىتا ئېتىلىپ، تېزلىكى بىرىنچى ئالەم تېزلىكىگە يەتكۈزۈلگەن ھەمدە مەلۇم بىر ئوربىتىغا كىرگۈزۈلۈپ، يەر شارىنى چۆرىدەپ ئايلىنىدىغان قىلىنغان سۈنئىي ئاسمان جىسمى.

**يەر شارىغا يېقىن نۇقتا** <ئاستر> ئاي شارى ياكى يەر شارى سۈنئىي ھەمراھىنىڭ يەرنى ئايلىنىپ ھەرىكەت قىلىش ئوربىتىسىدىكى يەر شارىغا ئەڭ يېقىن بولغان نۇقتا.

**يەر شارى قۇتۇپى** <جۇغ> يەر شارىنىڭ ئۆز ئوقىدا ئايلىنىش ئوقى بىلەن يەر شارى يۈزىنىڭ ئۆزئارا كېسىشىدىغان ئىككى نۇقتىسى. شىمالىي يېرىم شاردىكىسى «شىمالىي قۇتۇپ» جەنۇبىي يېرىم شاردىكىسى «جەنۇبىي قۇتۇپ» دېيىلىدۇ.

**يەر شارى ماسسىسى** <فىز> يەر شارىنىڭ ئۆزىگە خاس ماسسىسى. ئۇ ئاسترونومىيىلىك كۆزىتىشكە ئاساسلىنىپ ھەمدە ئالەملىك تارتىشىش قانۇنىدىن پايدىلىنىپ ھېسابلاپ چىقىرىلغان بولۇپ، تەخمىنەن 5.976×1021t بولىدۇ.

**يەر شارى ماگنىت قاتلىمى** <فىز> قۇياش بورانلىرىنىڭ تەسىرى تۈپەيلىدىن، يەر شارىدىكى ماگنىت كۈچ سىزىقلىرى قىسىلىپ بوشلۇقتىكى مۇقىم رايوندا شەكىللەندۈرگەن ھەمدە قۇياش بورانلىرى تەرىپىدىن قورشىۋېلىنغان، كومېتىغا ئوخشاپ كېتىدىغان ماگنىت

قاتلاملىرى.

**يەر شارى ماگنىت قۇتۇپى** <ئاستر> يەر شارىدىكى يەر ماگنىتى ئۆزگىچە بولغان بەزى رايونلاردىن باشقا، جەنۇبىي ۋە شىمالىي قۇتۇپلارنىڭ يېنىدىكى ماگنىت يانتۇ بۇلۇڭى 90° ياكى گورىزونتال تەشكىل قىلغۇچى كۈچى 0 بولغان ئىككى نۇقتا. ئۇلارنىڭ ئورنى تۇراقلىق بولمايدۇ، دائىم ئاستا-ئاستا يۆتكىلىپ تۇرىدۇ.

**يەر شارى ماگنىت مەيدانى** <فىز> يەر شارىنىڭ يېقىن بوشلۇقتىكى ماگنىت مەيدانى. يەر شارى ماگنىت مەيدانىنىڭ كۈچلۈكلۈكى بىلەن يۆنىلىشى ئورۇن ۋە ۋاقىتقا قاراپ ئوخشاش بولمايدۇ.

**يەر شارىنىڭ قۇياش ئەتراپىدا ئايلىنىشى** <ئاستر> يەر شارىنىڭ قۇياشنى مەركەز قىلىپ ئايلىنىشى. يەر شارىنىڭ قۇياش ئەتراپىدا ئايلىنىش يۆنىلىشى بىلەن ئۆز ئوقىدا ئايلىنىش يۆنىلىشى ئوخشاش بولۇپ، ئوخشاشلا غەربتىن شەرققە قاراپ ئايلىنىدۇ. قۇياشنى تولۇق بىر قېتىم ئايلىنىشى ئۈچۈن 365 كۈن 4 سائەت 48 مىنۇت، 46 سېكۇنت كېتىدۇ. ئوتتۇرىچە بۇلۇڭلۇق تېزلىكى سوتكىسىغا 0 5 9 8 ؛ ئوتتۇرىچە سىزىقلىق تېزلىكى سېكۇنتىغا 29.59 كىلومېتىر كېلىدۇ.

**يەر شارىنىڭ ئوربىتىلىق ئايلىنىشى** <ئاستر> يەر شارىنىڭ قۇياشنى چۆرىدەپ ئايلىنىشى. بىر ئايلانغان ۋاقىتتا ئەتىيازلىق كۈن-تۈننىڭ تەڭلىشىش نۇقتىسىنى ئۆلچەم قىلغاندا، ئۇ بىر تروپىك يىلى يەنى 365.24119 قۇياش كۈنى (365 كۈن 5 سائەت 48 مىنۇت 45.6 سېكۇنت) بولىدۇ.

**يەر شارىنىڭ ئۆز ئوقىدا ئايلىنىشى** <ئاستر> يەر شارىنىڭ ئۆز ئوقى بويىچە غەربتىن شەرققە قاراپ ئايلىنىشى. تولۇق بىر ئايلىنىشى ئۈچۈن 23 سائەت 56 مىنۇت 4 سېكۇنت كېتىدۇ. بۇ بىر تۇرغۇن يۇلتۇز سوتكىسى دېيىلىدۇ. جەنۇبىي ۋە شىمالىي قۇتۇپ نۇقتىلىرىدىن باشقا ھەرقانداق بىر جاينىڭ ئۆز ئوقىدا ئايلىنىش بۇلۇڭلۇق تېزلىكى ئوخشاش بولىدۇ، يەنى ھەر سائەتتە 15° بولىدۇ؛ سىزىقلىق تېزلىكى بولسا ئېكۋاتوردا ئەڭ چوڭ بولىدۇ. ئىككى قۇتۇپقا قاراپ تەدرىجىي كىچىكلەپ 0 گە تەڭ بولۇپ قالىدۇ.

**يەر شارىنىڭ ئېغىتىش كۈچى** <فىز> يەر شارىنىڭ ئۆز ئوقىدا ئايلىنىشى تۈپەيلىدىن كېلىپ چىقىدىغان، يەر شارىغا نىسبەتەن قارىمۇقارشى ھەرىكەت قىلىۋاتقان جىسىمنىڭ ھەرىكەت يۆنىلىشىنى ئۆزگەرتىۋېتىدىغان كۈچ.

**يەر شارىنىڭ ئېغىش نىسبىتى** <فىز> يەر شارىنىڭ ئۆز ئوقىدا ئايلىنىشىدىن پەيدا بولغان ئىنېرتسىيىلىك مەركەزدىن قېچىش كۈچى يەر شارىنى ئىككى قۇتۇپتىن ئېكۋاتورغا قاراپ تەدرىجىي كۆپتۈرۈپ، ھازىرقى سەل-پەل بېسىلغان ھەمدە ئايلىنىۋاتقان ئېللىپسوئىد شەكلىگە ئايلاندۇرۇپ قويىدۇ. ئۇنىڭ ئېغىش نىسبىتى ئېكۋاتور رادىئۇسى بىلەن قۇتۇپ رادىئۇسىنىڭ پەرقىنىڭ ئېكۋاتور رادىئۇسىغا بولغان نىسبىتىگە تەڭ بولىدۇ.

**يەر شارى ھەمراھى** <ئاستر> يەر شارىنى چۆرىدەپ ئايلىنىدىغان ئاي ۋە ھەر خىل سۈنئىي ھەمراھلار.

**يەر شارى ئوربىتىسى** <ئاستر> يەر شارى قۇياش ئەتراپىدا ئايلانغان

چاغدىكى يەر شارى مەركىزىنىڭ بېسىپ ئۆتىدىغان يولى.

**يەر شارى ئوقى** <ئاستر> يەر شارىنىڭ ئۆز ئوقىدا ئايلىنىش ئوقى، يەنى يەر شارىنىڭ مەركىزى ئارقىلىق ئۆتۈپ، يەر شارىنىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىي قۇتۇپلىرىنى تۇتاشتۇرىدىغان بىر قىياسەن سىزىق.

**يەر شەكلى خەرىتىسى** <بىن> يەر يۈزى ئۈستىدىكى يەر يۈزىنىڭ تۈزۈلۈشى، سۇ سىستېمىسى، يېپىنچى ئۆسۈملۈك، بىناكارلىق قۇرۇلۇشلىرى ۋە ئاھالىلار ئولتۇراق نۇقتىلىرى قاتارلىقلارنى ئىپادىلەيدىغان خەرىتە.

**يەر شەكلى كەسمە يۈز خەرىتىسى** <گېئول> يەر يۈزىنىڭ مەلۇم يۆنىلىشكە تىك ھالدا كېسىلگەن يۈزدىن ھاسىل قىلىنغان خەرىتىسى. بۇ ئارقىلىق يەر يۈزىنىڭ ئېگىز-پەسلىك ھالىتىنىڭ قۇرۇلمىسى ئىپادە قىلىنىدۇ.

**يەر شەكلى گېئولوگىيىسى** <گېئول> ← **گېئومورفولوگىيە**.

**يەر شەكلى يامغۇرى** <مېتېئور> نەم ھاۋا ئېقىمى ئىلگىرىلەش داۋامىدا تاغ-داۋانلارنىڭ توسقۇنلۇقىغا ئۇچراپ، تاغ-داۋانلارنىڭ يان باغرىنى بويلاپ يۇقىرى ئۆرلەيدۇ. بۇ جەرياندا سۇ پارلىرى سوۋۇپ ئۇيۇشۇپ ھۆل-يېغىن ھاسىل قىلىدۇ. تاغ-داۋانلارنىڭ شامالغا يۈزلەنگەن بەلباغلىرىدا ياغقان بۇنداق يامغۇر يەر شەكلى يامغۇرى دەپ ئاتىلىدۇ.

**يەر قاتلىمى** <گېئول> يەر شارىنىڭ تەرەققىياتى جەريانىدا شەكىللىنىپ قاتلاملارغا بۆلۈنگەن تاغ جىنسلىرى. قاتلامسىمان چۆكمە جىنس، ئايىنغان جىنس، ماگمىلىق جىنسلارنى ئاساس قىلىدۇ. نورمال شارائىتتا دەسلەپ چۆككەن يەر قاتلاملىرى ئاستىدا، كېيىن چۆككەن يەر قاتلاملىرى ئۈستىدە بولىدۇ. شۇڭا، دەۋر جەھەتتە ئاستىدىكى قاتلام ئۈستىدىكى قاتلامغا نىسبەتەن قېرىراق بولىدۇ.

**يەر قانۇنى** <قا> يەر مۇناسىۋىتىنى رەتكە سېلىش قانۇنلىرىنىڭ ئومۇمىي نامى. ئۇ يەرگە ئىگىدارچىلىق قىلىش ھوقۇقى ۋە ئىشلىتىش ھوقۇقى، دېھقانچىلىق يېرى، شەھەر ئىچىدىكى يەرلەر، ئورمانچىلىق يېرى، ئالاھىدە ئىشلىتىلىدىغان يەر قاتارلىق جەھەتلەرگە مۇناسىۋەتلىك قانۇنىي تۈزۈملەرنى ھەمدە يەرنى رويخەتكە ئېلىش، يەر بېجى، يەرنى ئېلىپ ئىشلىتىش، يەرنى تاپشۇرۇۋېلىش، بوز يەر ئېچىش ۋە پايدىلىنىش، يەر بايلىق مەنبەلىرىنى قوغداش ۋە ياخشىلاش، يەر ستاتىستىكىسى ۋە باشقۇرۇش قاتارلىق مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

**يەر قۇرۇلمىسى** <جۇغ> بەلگىلىك رايون ئىچىدە خۇسۇسىيەتلىرى ۋە ئىشلىتىش ئورۇنلىرى ئوخشاشمايدىغان ھەر خىل يەرلەر كۆلىمىنىڭ شۇ رايون ئومۇمىي كۆلىمىدە ئىگىلەيدىغان نىسبىتى. ئۇ يەر تىپلىرىنىڭ سۈپىتى ۋە مىقدارىنىڭ بىرىكىش شەكلى بىلەن سېلىشتۇرما مۇناسىۋىتىنى ئىپادىلەيدۇ.

**يەر قۇشلىرى** <زوئول> قۇشلارنىڭ بىر تۈركۈمى. بۇ تۈركۈمدىكى قۇشلارنىڭ قانىتى قىسقا ھەم كىچىك، پۇتلىرى چوڭ ھەم كۈچلۈك كېلىدۇ، يەردىلا مېڭىپ

يۈرىدۇ، ئۇچالمايدۇ. مەسىلەن، چوغچىقۇش، تۆگىقۇشى قاتارلىقلار.

**يەر قىلماق** ئىزاغا قويماق، ئىززەت-ئابرويىنى تۆكمەك، رەسۋا، شەرمەندە قىلماق: ئەرنى ئەر قىلغانمۇ خوتۇن؛ ئەرنى يەر قىلغانمۇ خوتۇن (ماقال).

**يەر قىياپىتى** <جۇغ> يەر يۈزىنىڭ ھەر خىل شەكىل-ھالەتلىرىنىڭ ئومۇمىي نامى؛ ئۇ تاغلىق، ئېدىرلىق، ئېگىزلىك، تۈزلەڭلىك، ئويمانلىق قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇ ئىچكى كۈچلەر بىلەن تاشقى كۈچلەرنىڭ ئۆزئارا تەسىر قىلىشىنىڭ نەتىجىسى بولۇپ، تاغ جىنسلىرى ئۇنى شەكىللەندۈرىدىغان ماددىي ئاساستۇر.

**يەر قىياپىتى خەرىتىسى** <جۇغ> يەر قىياپىتىنىڭ شەكىللىنىش سەۋەبى، شەكىل-ھالىتى، يەر يۈزىنى تەشكىل قىلغۇچى ماددىلار ۋە شەكىللەنگەن يېشى قاتارلىقلارنى ئىپادىلەيدىغان مەخسۇس خەرىتە.

**يەرگە قارىماق** بىرەر خاتالىق، سەۋەنلىك تۈپەيلىدىن خىجىل بولماق، تەڭلىكتە قالماق، ئىزا تارتماق: قىشتىن بېرى ئەسكىلىك قىلىپ، باھار ئايلىرىدا بىرنەچچە قېتىملاپ يۈرت ئالدىدا يەرگە قارىغان ۋە ھازىرقىدەك كۆزىگە ياش ئالغان بۇ ئادەمگە ئەكبەرنىڭ كۆڭلىدە بىرخىل ھېسداشلىق پەيدا بولدى.

**يەرگە كىرىپ كەتمەك** ئىزا-نومۇستىن باش كۆتۈرەلمەي قالماق، رەسۋا بولماق، يۈزى چۈشمەك: يۈز-قوللىرىم ئوتتەك ياناتتى. ئىزا تارتقىنىمدىن يەرگە كىرىپ كەتكۈدەك بولاتتىم.

**يەرگە ئۇرماق** كەمسىتمەك، مەسخىرە قىلماق، ئىززەت-ئابرويىنى تۆكمەك، ئىناۋىتىنى چۈشۈرمەك: شاھزادىنىڭ ئۇشتۇمتۇت قايتىپ كېلىشى ۋەزىرنىڭ ئۈمىدىنى يەرگە ئۇرغانىكەن. * 50-يىللارنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا دادىسى «يەرلىك مىللەتچى ئۇنسۇر» دېگەن بەتنام بىلەن قارىلىنىپ، ھاقارەت-كۆرەش بىلەن دەپسەندە قىلىنىپ، ھەممە ئىززەت-غۇرۇرى يەرگە ئۇرۇلدى.

**يەرگە ئۇلاش** <فىز> توك سوقۇشتىن ساقلىنىپ، ئادەم ياكى ئۈسكۈنىلەرنىڭ بىخەتەرلىكىنى قوغداش ئۈچۈن، ئېلېكتر كۈچى، ئېلېكترلىك خەۋەرلىشىش قۇرۇلمىلىرىنىڭ مېتال تاختىسى ياكى قېپىنى يەر سىمىغا ئۇلاش كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

**يەرگە ئۇلاش قارشىلىقى** <فىز> يەرگە ئۇلاش سىمى بىلەن يەرگە كۆمۈلگەن يەرگە ئۇلاش جىسمىنىڭ توپىغا تېگىشكەن ئورنىنىڭ قارشىلىقى بىلەن توپىنىڭ قارشىلىقىنىڭ ئومۇمىي يىغىندىسى.

**يەرگە ئىنتىلىشچانلىق** <بوت> ئۆسۈملۈكلەردىكى يەرنىڭ تارتىش كۈچى بىلەن بولىدىغان، يىلتىزنىڭ تۇپراققا قاراپ ئۆسۈش قابىلىيىتى.

**يەر گېئولوفىزىكىسى** <فىز> يەر شارىنىڭ ئۆزىنىڭ ھەمدە ئەتراپىنىڭ بوشلۇقنىڭ فىزىكىلىق خۇسۇسىيىتى ۋە فىزىكىلىق ھادىسىلىرىنى تەتقىق قىلىدىغان پەن. ئېغىرلىق قەۋەت، يەر ماگنىتى، قۇتۇپ نۇرى، يەر تەۋرەش ۋە ئېغىرلىق كۈچى تېزلىنىشى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ تەتقىقات ئوبيېكتىدۇر.

**يەرلەرنى پىلانلاش** <جۇغ> خەلق ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىيات ئېھتىياجىغا ۋە

ھەرقايسى رايونلارنىڭ تەبىئىي، ئىقتىسادىي شارائىتلىرىغا ئاساسەن، يەر بايلىقىنى مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇش ئارقىلىق يەر بايلىقىدىن تولۇق پايدىلىنىشقا ئېرىشىشنىڭ بىر خىل ئومۇملاشتۇرۇلغان لايىھىسى.

**يەرلەرنى دۆلەت ئىختىيارىغا ئېلىش** <س ئىق> خۇسۇسىيلار ئىگىدارچىلىقىدىكى يەرلەرنى دۆلەتنىڭ ئىختىيارىغا ئۆتكۈزۈش. بۇ كاپىتالىزم تەرەققىياتىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە پەيدا بولغان بولۇپ، فېئوداللىق خۇسۇسىي يەر مۈلۈكچىلىكىگە قارشى تۇرۇش خاراكتېرىنى ئالغان.

**يەر ماگنىت ئانومالىيىسى** <گېئول> يەر شارى ماگنىت مەيدانىنىڭ يۆنىلىشى ۋە كۈچلۈك-ئاجىزلىقىنى ئىپادىلەيدىغان فىزىكىلىق مىقدار. ماگنىت ئېغىش بۇلۇڭى، ماگنىت يانتۇ بۇلۇڭى، ئومۇمىي ماگنىت مەيدان كۈچىنىشى ۋە ئۇنىڭ تارماق مىقدارى بىردەك يەر ماگنىت ئاتومالىيىسى دەپ ئاتىلىدۇ.

**يەر ماگنىت غەلىتىلىكى** <گېئول> يەر ماگنىت مەيدانىنىڭ نەزەرىيىدىكى تارقىلىشى ئۆزگىرىشچان بولىدۇ، ئەمەلىيەتتە ئۆلچەنگەن يەرنىڭ ماگنىت مەيدان كۈچىنىشى بىلەن نەزەرىيىدىكى ماگنىت مەيدان كۈچىنىشى ئوتتۇرىسىدا پەرق بولىدۇ. بۇنداق پەرق يەر ماگنىت غەلىتىلىكى دەپ ئاتىلىدۇ.

**يەر ماگنىت قۇتۇپى** <فىز> يەر ماگنىتىنىڭ جەنۇب، شىمال ئىككى قۇتۇپى. ئورنى جۇغراپىيىلىك ئىككى قۇتۇپ بىلەن قارىمۇقارشى. يەر ماگنىتىنىڭ جەنۇبىي قۇتۇپى جۇغراپىيىلىك شىمالىي قۇتۇپقا يېقىن؛ يەر ماگنىتىنىڭ شىمالىي قۇتۇپى جۇغراپىيىلىك جەنۇبىي قۇتۇپقا يېقىن. يەر ماگنىت قۇتۇپىنىڭ ئورنى تۇراقلىق ئەمەس. 1945-يىلى ئۇنىڭ شىمالىي قۇتۇپى جەنۇبىي كەڭلىك 78.6 گرادۇس، شەرقىي ئۇزۇنلۇق 109.9 گرادۇستا، جەنۇبىي قۇتۇپى شىمالىي كەڭلىك 78.6 گرادۇس، غەربىي ئۇزۇنلۇق 70.1 گرادۇستا ئىدى.

**يەر ماگنىتى** <فىز> يەر شارىنىڭ ئۆزىدە بار بولغان ماگنىتلىق خۇسۇسىيەت. ئوخشىمىغان رايون ۋە ۋاقىتتا ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ. كومپاس ۋە ماگنىت كۈچى بىلەن كان قىدىرىشنىڭ ھەممىسىدە يەر ماگنىتىدىن پايدىلىنىدۇ.

**يەر ماگنىتىزمى** <گېئول> يەر ماگنىت مەيدانىنىڭ پەيدا بولۇشى، بوشلۇقتىكى تارىلىشى، ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئۆزگىرىشى شۇنداقلا قۇياش مەركىزىنىڭ ئۇنىڭغا بولغان تەسىرى قاتارلىقلارنى تەتقىق قىلىدىغان پەن.

**يەر مەدىكى** <بوت> يەر مەدىكى ئائىلىسىدىكى تېنى گۆشلەشكەن، پارازىت ياشايدىغان سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. رەڭگى تۇتۇق قىزىل، يوپۇرماقلىرى رودىمېنتلىشىپ تەڭگىچە يوپۇرماققا ئايلانغان بولىدۇ. گۈللىرى ئۇچىدا ئۆسىدۇ. چۆلدىكى ھەر خىل ئۆسۈملۈكلەرنىڭ يىلتىزىدىن ئۆسۈپ چىقىدۇ. گۆشلەشكەن غولىدا كراخمال مول بولىدۇ، خام ئىستېمال قىلغىلى بولىدۇ. تىبابەتچىلىكتە قۇۋۋەت دورىسى قىلىپ ئىشلىتىلىدۇ، مەنىگە قۇۋۋەت بېرىش رولىغا ئىگە، بەزىدە «يەرمەرىزى» مۇ دېيىلىدۇ.

**يەر مەركەز تەلىماتى** <ئاستر> يەر شارى ئالەمنىڭ مەركىزى، يەر شارى ھەرىكەتلەنمەي تىنچ تۇرىدۇ، قۇياش،

ئاي، پلانېتىلار ۋە تۇرغۇن يۇلتۇزلارنىڭ ھەممىسى يەر شارىنى ئايلىنىپ ھەرىكەت قىلىدۇ دەپ قارايدىغان بىر خىل خاتا تەلىمات. بۇنى ئارستوتېل مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 384 — 322 - يىللىرى ئەڭ دەسلەپ ئوتتۇرىغا قويغان.

**يەر مەركىزىنىڭ تارتىش كۈچى** <فىز> يەر شارىنىڭ باشقا جىسىملارنى تارتىش كۈچى. ئۇنىڭ يۆنىلىشى يەر مەركىزىگە يۆنەلگەن. جىسىمنىڭ يەرگە چۈشۈشى مانا مۇشۇ كۈچ رولىنىڭ نەتىجىسى. ئۇ يەنە ئېغىرلىق كۈچى دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

**يەر مەيدان بىرلىكى** <مات> يەرنىڭ مەيدانىنى ئۆلچەشتە قوللىنىلىدىغان بىرلىك. دائىم قوللىنىلىدىغان يەر مەيدان بىرلىكلىرىدىن مېتىر سىستېمىسىدا: كۋادرات كىلومېتىر، گېكتار، ئار قاتارلىقلار؛ جۇڭگو سىستېمىسىدا: مو، پۇڭ، لى قاتارلىقلار بار.

**يەرنى ئاسمان، ئاسماننى يەر قىلىۋەتمەك** ئالەمنى مالەم قىلماق، جاھاننى مالىماتاڭ قىلماق، يۇرتنى قالايمىقان قىلماق: مېنىڭ بۇ ئىشىم يەرنى ئاسمان، ئاسماننى يەر قىلىۋەتتى.

**يەرنى تىزىمغا ئېلىش** <قا> دۆلەتنىڭ يەر باشقۇرۇش ئورگانلىرى يەرگە ئىگىدارچىلىق قىلىش ھوقۇقىنى ئېتىراپ قىلىدىغان ھەمدە جايلاشقان ئورنىنى رويخەتكە ئالىدىغان قانۇني ھەرىكەت. يەرلەرنى تىزىمغا ئېلىش ئادەتتە يەرلەرنىڭ ئومۇمىي تىزىمى، يۆتكىلىش تىزىمى، ئۆزگىرىش تىزىمى، ئۆچۈرۈۋېتىش تىزىمى، تۈزىتىلگەن تىزىمى قاتارلىقلارغا بۆلۈنىدۇ.

**يەرنى دۆلەت ئىختىيارىغا ئېلىش** <س ئىق> پۈتۈن يەرلەرنى دۆلەت ئىختىيارىغا ئېلىپ، يەرگە بولغان خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىكنى دۆلەت مۈلۈكچىلىكىگە ئۆزگەرتىش.

**يەرنىڭ ئەركەك-چىشىسىغا قاراپ دەسسىمەك** بىرەر ئىشنىڭ ئالدى-كەينىگە قاراپ قەدەم قويماق، ئويلىنىپ ئىش قىلماق: — ياشلارنىڭ ئىشىغا ئارىلاشقىنى نېمىسى بۇ دادىسىنىڭ؟ ئوغلىمىزمۇ يەرنىڭ ئەركەك-چىشىسىغا قاراپ دەسسەيدىغانلاردىنغۇ، ھە؟! — دېدى ئانىسى.

**يەرنىڭ بۇلغىنىشى** <جۇغ> يەر سىستېمىسىدا زىيانلىق ماددىلارنىڭ مىقدارى ھەددىدىن ئارتۇق كۆپىيىپ كېتىپ، يەرنىڭ ئۆزىنى ئۆزى تازىلاش ئىقتىدارىدىن ئېشىپ كېتىشى تۈپەيلىدىن ئېكولوگىيىلىك مۇھىتقا خەۋپ كەلتۈرۈش ھادىسىسى.

**يەرنىڭ تارتىشىش كۈچى** <فىز> يەر پوستىنىڭ ئىچكى قىسمىدا يۈز بېرىدىغان تارتىش كۈچى. ئۇ يەر پوستى ۋە يۇقىرى ئوتتۇرا قاتلامدىكى ماددا ھەرىكىتى تۈپەيلىدىن يۈز بېرىدىغان قىسىلىش ھەم ئىتتىرىلىش تەسىرىدىن كېلىپ چىقىدۇ.

**يەرنىڭ توڭلاش چوڭقۇرلۇقى** <بىن> يەر قاتلىمىنىڭ قىش پەسلىدىكى توڭلاش چوڭقۇرلۇقى. ئۇ تېمپېراتۇرا، توپىنىڭ تەركىبى، يەرنىڭ ئورنى ۋە شۇ يەردىكى قارنىڭ قېلىنلىقى قاتارلىق ئامىللار بىلەن مۇناسىۋەتلىك.

**يەرنىڭ قۇملىشىشى** <جۇغ> يېرىم قۇرغاق رايونلاردىكى يەرلەرنىڭ ئېكولوگىيىلىك مۇھىتىنىڭ ناچارلىشىشى تۈپەيلىدىن قۇمساڭغۇ يەرلەرگە ئايلىنىپ كېتىش جەريانى. كۆپىنچە ئۇنى چارۋىلارنى نامۇۋاپىق ئوتلىتىش، نامۇۋاپىق بوز يەر

ئېچىش قاتارلىقلار كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

**يەرنى ئۆتكۈزۈۋېلىش** <قا> مەملىكىتىمىزدە يەر ئىسلاھاتى ۋاقتىدا يەرنىڭ ئىگىلىك هوقۇقىنى قانۇنغا ئاساسەن تۆلەمسىز هالدا ئۆزگەرتىشتە قوللىنىلغان بىر تۈرلۈك تەدبىر.

**يەر ھەققى** <س ئىق> مەملىكىتىمىزنىڭ باشلانغۇچ يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش كوپېراتىپى، ئەزالارنىڭ كوپېراتىپقا قوشقان يەرلىرىنىڭ كۆلىمى ۋە سۈپىتىگە قاراپ بېرىدىغان ھەققى.

**يەر ھەيدەش** <دېھ> سوقا بىلەن ئېتىز ئېچىدىكى توپىلارنى ئاغدۇرۇپ يۇمشىتىش جەريانى.

**يەر ئۇغرىلىماق** ئورۇن ئىگىلىمەك، ماكان، جاي ئىگىلىمەك: بۇ ئىشكاپ ئۆيگە مۇنداق قويۇلغاندا يەر ئۇغرىلاپ كېتىدۇ.

**يەر ئۈستى دەرياسى** <جۇغ> دەريا قىنى ئىككى قىرغاقتىكى تۈزلەڭ جايلاردىن ئېگىز بولغان دەريا.

**يەر ئۈستى سىرغىمى** <گېئول> يامغۇرنىڭ سىڭىپ ئاشقىنىدىن يەر يۈزىدە پەيدا بولىدىغان سىرغىم.

**يەر ئۈستى غول** <بوت> ئۆسۈملۈك غولىنىڭ يەر ئۈستىدە ئۆسىدىغان قىسمى.

**يەر ئۈستى ئېقىمى** <جۇغ> ئاتموسفېرا هۆل-يېغىنى يەر يۈزىگە چۈشكەندىن كېيىن، هورغا ئايلىنىپ كەتكىنى بىلەن تۇپراققا سىڭىپ يەر ئاستى سۈيى هاسىل قىلغانلىرىدىن باشقىلىرى يانباغىر يۈزى بىلەن ئاقىدىغان سۇ ئېقىمى.

**يەر ئۈشنىسى** <بوت> لىشاينىكلارنىڭ بىر تۈرى. تېنى يالغۇز شاخلىق، ئاق ياكى ئاقۇچ كۈل رەڭ كېلىدۇ. تىك ياكى سەل ئەگرى ئۆسىدۇ، نەيچە شەكلىدە بولىدۇ. ئوتتۇرىسى كاۋاك كېلىدۇ. ئېگىز تاغلارنىڭ توپىلىق جايلىرىدا ئۆسىدۇ، ئادەتتە ئىچىملىك ئىشلەشتە خام ئەشيا قىلىنىدۇ.

**يەر ئىسسىقلىق ئورنى** <جۇغ> كۆپ مىقداردا تەبىئىي سۇ هورى ياكى ئىسسىق سۇ توپلانغان ۋە ئۇنى قېزىپ ئىشلىتىشكە بولىدىغان يەر ئىسسىقلىق نورمالسىز رايونى.

**يەر ئىسسىقلىقى** <فىز> يەر شارىنىڭ ئىچكى قىسمىدا ساقلىنىۋاتقان غايەت زور ئىسسىقلىق ئېنېرگىيىسى. يەر ئىسسىقلىقى چوڭقۇرلۇقىنىڭ ئېشىشى بىرىشغا ئەگىشىپ تەدرىجىي ئېشىپ بارىدۇ.

**يەر ئىسلاھاتى** <س ئىق> ئىشچىلار سىنىپى كەڭ دېھقانلارنىڭ فېئوداللىق يەرگە ئىگىدارچىلىق قىلىش تۈزۈمىنى بىكار قىلىشغا رەھبەرلىك قىلىدىغان، دېھقانلارنىڭ يەرگە ئىگىدارچىلىق قىلىش تۈزۈمىنى يولغا قويىدىغان ئىنقىلابىي ھەرىكەت. ئېلىمىزدە جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، يەر ئىسلاھاتى ئومۇميۈزلۈك ئېلىپ بېرىلدى.

**يەر ئىسلاھاتى ھەرىكىتى** <تارىخ> جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ كەڭ دېھقانلارغا رەھبەرلىك قىلىپ، فېئوداللىق يەر مۈلۈكچىلىكىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش، دېھقانلارنىڭ يەر مۈلۈكچىلىكىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئېلىپ بارغان ئىنقىلابىي ھەرىكىتى. پۈتۈن مەملىكەت ئازاد بولۇشتىن ئىلگىرى، بۇ ھەرىكەت ئىنقىلابىي تايانچ بازىلاردا يولغا قويۇلغانىدى. 1950-يىلى ئېلىمىز ئازاد بولغاندىن كېيىن، پۈتۈن مەملىكەت مىقياسىدا ئېلىپ بېرىلدى.

**يەر ئىنقىلابى** <تارىخ> ماۋزېدۇڭ يېتەكچىلىكىدە دېھقانلارنىڭ جەڭگاھشەندە

ئېلىپ بارغان ئىنقىلابىي ھەرىكەتنى. ئۇنىڭ لۇشيەنى: يالالنما دېھقان، كەمبەغەل دېھقانلارغا تايىنىش، ئوتتۇرا دېھقانلار بىلەن بىرلىشىش، باي دېھقانلارنى چەكلەش، ئوتتۇرا ھال ۋە ئۇششاق سودا-سانائەتچىلەرنى قوغداش، پومېشچىكلار سىنىپىنى يوقىتىش، فېئودالىق ۋە يېرىم فېئودالىق يەر ئىگىدارچىلىق تۈزۈمىنى دېھقانلارنىڭ ئىگىدارچىلىقىغا ئۆزگەرتىشتىن ئىبارەت.

**يەر يادروسى** <گېئول> يەر شارىنىڭ مەركىزى قىسمى، قېلىنلىقى تەخمىنەن 3470 كىلومېتىر.

**يەر ياڭىقى** ئى. خاسىڭ.

**يەر يالتىپ سۇغىرىش** سۇ ئېتىزنىڭ يۈزىنى باسسىلا بولدى قىلىنىدىغان سۇغىرىش: — مانا سەن ئويلاپ كۆر قىزىم، بىر چارە: «سۇنى يۈگۈرتۈپ يورۇپ ئوسا قىلىش»، بۇنى كونىلار «يەر يالتىپ سۇغىرىش ئۇسۇلى» دەيدۇ، — دېدى دادىسى.

**يەر يالغۇز** دىئال. يەر يۇتقۇر.

**يەر يولۋىسى** <زوئول> بىر خىل ھاشارات، يەنى يەرۋاننىڭ لىچىنكىسى، شەكلى پىلە قۇرتىغا ئوخشايدۇ، تۇپراقتا ياشايدۇ، كېچىسى ھەرىكەت قىلىپ، زىرائەتلەرنىڭ يىلتىزى ۋە يۇمران مايسىلىرىنى يەيدۇ. ئاساسلىقى كېۋەزگە زىيان سالىدۇ.

**يەر يۇتقۇر** ئۆلۈمگە لايىق، ئۆلگۈر: — قايسىڭ يەنە ئېغىزىڭنى «ھا» قىلىپ ئېچىشىدىكەنسەن، ئەتە ئۆزۈڭ كاجىۋا بىلەن كۆرۈشىسەن، يەر يۇتقۇرلار! — دېدى ئۇ.

**يەر يۇتماق** ئۆلمەك، يەرگە كۆمۈلمەك: لەنەت ساڭا! يۈزۈڭ قارا بولسۇن، يەر يۇتسۇن سېنى! * لېكىن ھېزىمنىڭ يۈزى قارا بولمىدى، ئۇنى يەرمۇ يۇتمىدى.

**يەر يۈزى** ① <گېئول> يەر شارى پوستىنىڭ سىرتقى يۈزى. ② <بىن> ئۆي-ئىمارەتلەر ئىچىدىكى يەرنىڭ يۈزى. ئادەتتە بېتون، خىش، تاش، تاختاي، چاقچۇق قاتارلىقلارنى ياتقۇزۇش ئارقىلىق تەكشىلىنىدۇ.

**يەر يۈزى ئەھۋالى** ① <مېتېئور> يەر يۈزىنىڭ نەملىك ئەھۋالى ۋە مۇز قېتىش ئەھۋالى، بولۇپمۇ يامغۇر، قار ياغقان ۋە تېمپېراتۇرا 0°C قا يېقىنلاشقان چاغدىكى يەر يۈزىدە پەيدا بولىدىغان ھەر خىل تەسىرلەر كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ② <جۇغ> يەر ئۈستى پائالىيەت يۈزىنىڭ ئالاھىدىلىكى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

**يەر يۈزى تېرمومېتىرى** <مېتېئور> تۇپراق يۈزى تېمپېراتۇرىسىنى ئۆلچەش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان تېرمومېتىر. ئۆلچىگەندە ئادەتتە يالىڭاچ يەرگە گورىزونتال ھالەتتە قويۇلۇپ، شار قىسمىنىڭ يېرىمى تۇپراققا كۆمۈپ قويۇلىدۇ.

**يەر يۈزىدە** پۈتۈن دۇنيادا، جاھاندا، ئالەمدە: يەر يۈزىدە قاتتىق قۇرغاقچىلىق بولۇپ، زىرائەت ۋە جانلىق نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى يامغۇرغا تەشنا بولۇپتۇ.

**يەر يۈزى رادىئاتسىيىسى** <مېتېئور> يەر يۈزىدىن رادىئاتسىيە شەكلى بىلەن يۇقىرى ھاۋا بوشلۇقىغا قويۇپ بېرىلگەن ئىسسىقلىق. يەر يۈزىنىڭ تېمپېراتۇرىسى قانچە يۇقىرى بولسا، يەر يۈزى رادىئاتسىيىسى شۇنچە كۈچلۈك بولىدۇ.

**يەر يۈزى ھاۋا بېسىمى** <مېتېئور> يەر يۈزىنىڭ مۇئەييەن ئورنىدىكى ئاتموسفېرا بېسىمى. ئۇ تەخمىنەن پونكىت ھاۋا بېسىمى بىلەن دېڭىز يۈزى ھاۋا بېسىمىدىن ئىبارەت ئىككى خىل ئۇقۇمنى ئۆز ئىچىگە

ئالدۇ.

**يەر يېغى** دىئال. كىرىسىن.

**يەر-ئاسمان** يەر ۋە ئاسمان، پۈتۈن ئالەم، كائىنات.

**يەر-ئاي** يەر ۋە ئاي.

**يەر-ئاي سىستېمىسى** <ئاستر> يەر شارى بىلەن ئايدىن تەشكىل تاپقان ئاسمان جىسىملىرى سىستېمىسى. يەر شارى بۇ سىستېمىنىڭ مەركىزىي ئاسمان جىسمى، يەر شارىنىڭ ماسسىسى ئايىنىڭكىدىن كۆپ چوڭ، يەر شارى بىلەن ئايىنىڭ ئۆزئارا تارتىشىشى نەتىجىسىدە، ئاي يەر شارى ئەتراپىدا توختىماستىن ئايلىنىپ تۇرىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئالەمدە ناھايىتى كىچىك ئاسمان جىسىملىرى سىستېمىسى شەكىللەنگەن.

**يەر تۇزغىقى** ئى (يەر+تۇزغاق+ى) <بوت> قوزىقارنى، موگۇ.

**يەر-جاھان** يەتتە ئىقلىم، ئۇن سەككىز مىڭ ئالەم، يەر يۈزى: بۈگۈن يەر-جاھان تولىمۇ چىرايلىق ئىدى. * شۇ چاغ ئۆيۈمدىن، ئاي چىقتى كۈلۈپ. يەر-جاھان كۈلدى، نۇرغا چۆمۈلۈپ.

**يەر-جاھاننى زىلزىلىگە كەلتۈرمەك** پۈتۈن ئالەمنى تىترەتمەك، يەر-يۈزىنى تەۋرەتمەك، لەرزىگە كەلتۈرمەك: ئالقىش سادالىرى پۈتۈن يەر-جاھاننى زىلزىلىگە كەلتۈرۈۋەتتى.

**يەر-جاي** يەر ۋە جاي.

**يەر-جاي گۇۋاھنامىسى** <قا> يېڭى جۇڭگو يەر ئىسلاھاتىدىن كېيىن تارقاتقان يەر، ئۆي-جاي مۈلۈكلىرىگە ئىگىدارچىلىق قىلىش ھوقۇقىنىڭ ئىسپاتى. گۇۋاھنامىدە ئىگىدارچىلىق قىلىدىغان يەرنىڭ كۆلىمى، جايلىشىشى، پاسىلى، ئىگىدارچىلىق قىلىدىغان ئۆي سانى ھەمدە ئىگىدارچىلىق قىلغۇچىنىڭ پۈتۈن ئائىلىسىدىكى كىشىلەرنىڭ ئىسىملىكى قاتارلىقلار ئايرىم-ئايرىم ھالدا ئوچۇق ئەسكەرتىلىدۇ.

**يەردە** يۈك. ئەھۋالدا، ھالدا، ئەھۋال ئاستىدا: قەغەز بىلەن مەتبەئە بولغان يەردە، نېمە ئۈچۈن سىياھ بىلەن قەلەم بولمايدۇ؟ توغرا، دەل ئۆزى شۇ!

**يەر-زېمىن** يەر ۋە زېمىن؛ يەر يۈزى، ھەممە جاي: يەرنىڭ ئوي-چوڭقۇرى بىلىنمەي، پۈتۈن يەر-زېمىن ئاق قار بىلەن قاپلانغانىدى. * ئەنە، تىنىق كۆكتە ئالتۇن قۇياش يەر-زېمىنغا كۈلۈپ قاراپ، ئۆزىنىڭ ئالتۇن نۇرىنى سەپمەكتە.

**يەر-زېمىنلىق** يەر-جايى بار، يەر-جايغا ئىگە: مەنمۇ بۇ يەردە يەر-زېمىنلىق بولۇپ قالدىم.

**يەر-سۇ** <سۇ> ① دېھقانچىلىقتا كەم بولسا بولمايدىغان يەر بىلەن سۇدىن ئىبارەت ئىككى خىل ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىسى. ② يەر بېتىدىكى تۇپراق بىلەن سۇ.

**يەر-سۇيى يات** ئومۇمىي ئەھۋالى نامەلۇم، ناتونۇش.

**يەرسىرەشمەك** « يەرسىرىمەك »

پېئىلنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار دەسلەپ سەل يەرسىرەشتى، كېيىن ئاستا-ئاستا كۆنۈپ قالدى.

**يەرسىرىمەك** پ. ئەسلىي ئورنىدىن باشقا بىر ئورۇنغا يۆتكەلگەندە يېڭى ئورۇندا سەل گاڭگىراپ قالماق، يېتىرقىماق، يات ھېس قىلماق: ئۇنىڭ ئۆچتۇرپاندىن ئەكەلگەن ئېشىكى بۇ يەرگە كېلىپ يەرسىرەپ قالدىمۇ قانداق، تازا ماڭمايدىغان بولۇۋالدى. * يېڭى كېلىن

دەسلەپ سەل يەرسىرىگەندەك قىلدى، كېيىن ئاستا-ئاستا ئىچىلىپ قالدى.

**يەرسىز** سۈپ ① يېرى يوق، يېرى بولمىغان: يەرسىز ئادەم. ② ناتونۇش، ئەھۋالنى ياخشى بىلەلمەي قالغان: ئۇ بۇ قېتىم سەل يەرسىز كېلىپ قالدى.

**يەرسىزلىك** «يەرسىز» سۆزىنىڭ ئابستراكت ئىسىم شەكلى: ئون بىر يىل ئالدىدا بوۋاي بېشىغا، ئوي كەلدى، ئۆيى ئىچى تولدى سۆھبەتكە. قانداقمۇ چىدىسۇن بىچارە دېھقان، يەرسىزلىك دەستىدىن چۈشكەن كۈلپەتكە. * بۇ يەرگە دەسلەپ كەلگەندە سەل يەرسىزلىك قىلغانىدىم.

**يەرقان** ئى <تب> كېسەل كىشىنىڭ تېرىسى، شىللىق پەردىسى ۋە كۆزىنىڭ ئېقى سارغىيىدىغان بىر خىل كېسەل ئالامىتى. قان سۇيۇقلۇقىدىكى بىلىرۇبىنىنىڭ ئېشىپ كېتىشى سەۋەبىدىن كېلىپ چىقىدۇ. كۆپىنچە جىگەر ياللۇغىغا گىرىپتار بولغان بەزى كىشىلەردە بۇ خىل ئالامەتلەر كۆرۈلىدۇ.

**يەرلەشتۈرمەك** «يەرلەشمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**يەرلەشتۈرۈشمەك** «يەرلەشتۈرمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**يەرلەشتۈرۈلمەك** «يەرلەشتۈرمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ياڭاق، چىلان، ئانجىگدىلەر يەرلەشتۈرۈلگەن، بۇلارنىڭ ھەممىسىگە ئادىلنىڭ قان-تەر، جاپالىق ئەجرى سىڭگەن.

**يەرلەشمەك** پ. ئۆزلەشمەك، ماسلاشماق، ئۇلتۇراقلاشماق، تۇراقلاشماق: — بۇ قېتىم كۇچاغا بارغىنىڭىزدا بىز بىلەن بىللە تۇرۇڭ، ئەپلىشىپ قالسا يەرلىشىپ قېلىڭ، — دېدى موللازەيدىن.

**يەرلەنمەك** پ ① ئۆي-جاي، يەر-زېمىنغا ئىگە بولماق، ئېرىشمەك: يەرسىز ئىدىم، يەرلەندىم، توقماق ئىدىم، پەملەندىم (ماقال). ② ئۆزلەشمەك، ماسلاشماق، كۆنمەك، سىڭىشمەك: تۆتىنچى يىلغا بارغاندا كۆچەتلەر ھاۋا، تۇپراققا ماسلىشىپ يەرلىنىۋالدۇ-دە، يىلتىزلىرى يەر قاتلاملىرىغا چوڭقۇرلاپ، يەر ئاستىدىكى نەملىكتىن پايدىلىنالايدۇ.

**يەرلىك** I سۈپ ① يەرگە ئىگە، يېرى بار. ② ئومۇمىي ئەھۋالنى بىلەن تونۇش، ئوبدان بىلىدىغان، چۈشىنىدىغان؛ ئۆزلەشكەن، ماسلاشقان: مەن ئاقسۇغا خېلى يەرلىك. * قېرى ئېشەك بۇ ئوي-چوڭقۇر كونا يولغا بەكلا يەرلىك ئىدى. ③ شۇ يەردىكى، شۇ يەردە قوللىنىلىدىغان؛ يەرلىك خەلق. يەرلىك ئۇسسۇل. يەرلىك سۆز.

**يەرلىك ئاپتونومىيە** ئاپتونومىيىنى يولغا قويغان رايونلارنىڭ ئۆزىگە قارايدىغان دۆلەت، ھۆكۈمەت ياكى يۇقىرى دەرىجىلىك ئورۇننىڭ رەھبەرلىكىنى قوبۇل قىلغاندىن باشقا، ئۆز ئىشىدا مەلۇم ھوقۇقنى يۈرگۈزۈشى.

**يەرلىك ئاقساقال** <تارىخ> يۈەن، مىڭ، چىڭ سۇلالىسى دەۋرلىرىدە ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدىكى كىشىلەرنى باشقۇرۇش ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ سەردارلىرىغا بېرىلگەن ھەمدە ئاتىدىن بالىغا مىراس قالىدىغان مەمۇرىي ئەمەل ۋە بۇ ئەمەلنى تۇتقان كىشى.

**يەرلىك باج** <س ئىق> دۆلەت بەلگىلەپ بەرگەن ھەمدە مەلۇم دائىرىدە يەرلىك ھۆكۈمەتلەر ئالىدىغان باج.

**يەرلىك تۇس** <ئەد> ئەدەبىيات-سەنئەت ئەسەرلىرىدىكى مەلۇم بىر رايوننىڭ ئۆزىگە خاس ئىجتىمائىي ئۆرپ-ئادەتلىرى،

يەر تۈزۈلۈشى، كىلىماتى، كىشىلىك مۇناسىۋەتلىرى، تۇرمۇش قائىدىلىرى قاتارلىقلارنى ئۇقتىلىق تەسۋىرلەش، شۇنىڭدەك شۇ رايوننىڭ يەرلىك تىل پەرقى (شىۋە پەرقى)، مەدەنىيەت جەھەتتىكى ئۆزگىچىلىكلىرىنى كۆرسىتىپ بېرىش ئارقىلىق شەكىللەنگەن بىر خىل بەدىئىي خۇسۇسىيەت.

**يەرلىك خاقان** <تارىخ> بىر بۆلەك جايلارنى ئىگىلىۋالغان مىللىتارىست ياكى زومىگەر.

**يەرلىك خام چوت** <مال> ھەر دەرىجىلىك يەرلىك ھۆكۈمەتلەرنىڭ خام چوتى.

**يەرلىك سانائەت قۇرۇلمىسى** <جۇغ> بىر رايوننىڭ پېنىك سانائىتى بىلەن ئېغىر سانائىتىنىڭ، خام ئەشيا سانائىتى بىلەن پىششىقلاپ ئىشلەش سانائىتىنىڭ نىسبەتلىك مۇناسىۋىتى.

**يەرلىك سىياسەت** بىر دۆلەت ئىچىدىكى مەلۇم رايون ئۆز دائىرىسىدە تۈزگەن سىياسەت.

**يەرلىك قوشۇن** <ھەرب> مەلۇم رايوندا ھەرىكەت ئېلىپ بارىدىغان قوشۇن. ئۇنىڭ ۋەزىپىسى خەلق ئەسكەرلىرىنى تەربىيىلەش، يېتەكلەش ۋە ئۇلارغا ھەمكارلىشىپ جەڭ قىلىش، دالا ئارمىيىسىگە ماسلىشىپ ئۇرۇش قىلىش، يەرلىكنىڭ ئامانلىقىنى ساقلاش، پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىك ئورگانلىرىنى قوغداشتىن ئىبارەت.

**يەرلىك كېسەللىك** <تىب> مەلۇم بىر رايوندا داۋاملىق يۈز بېرىپ تۇرىدىغان كېسەللىك.

**يەرلىك مەھسۇلات** <س ئىق> مەلۇم جايدا ئىشلەپچىقىرىلىدىغان ۋە يەرلىك ئالاھىدىلىككە ئىگە مەھسۇلات.

**يەرلىك مىللەتچىلىك** <پەلس> مىللەتچىلىكنىڭ بىر خىل ئىپادىسى. ئۇنىڭ ئاساسىي خۇسۇسىيىتى شۇ يەرگە ئەسلىدىن يەرلىك بولغان ئۆز مىللىتىنىڭ مەنپەئىتىنى قوغداش ۋە شۇ يەرگە يەرلىك بولمىغان باشقا مىللەتنى چەتكە قېقىشلاردىن ئىبارەت.

**يەرلىك ھاكىمىيەت** <پەلس> بىرەر مىللەت، دۆلەت ياكى بىرقەدەر چوڭراق بولغان سىياسىي بىرلىك بويىچە ئايرىلغان ئالاھىدە رايونلارنىڭ ھاكىمىيىتى.

**يەرلىك ھاۋا رايى** <مېتېئور> جايلارنىڭ ئۆزىگە خاس ھاۋا رايى. بۇ جايلارنىڭ جۇغراپىيىلىك ئالاھىدىلىكى، يەر تۈزۈلۈشى ۋە يەر تۈزۈلۈشى ھالىتىنىڭ تەسىرى تۈپەيلىدىن كېلىپ چىقىدۇ.

**يەرلىك ھۆكۈمەت** مەركىزىي خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ جايلاردا تەسىس قىلغان رەھبەرلىك ئورگانلىرى.

**يەرلىك ئورۇن** مەركەزگە نىسبەتەن تۆۋەن ئورۇن؛ ئاساسىي قاتلام: بىگىتۈەن شۇ جايدىكى ھەر مىللەت خەلقلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىشىنى راۋاجلاندۇرۇشىغا داۋاملىق ياردەم بېرىشى، يەرلىك ئورۇنلارنىڭ قۇرۇلۇشىغا ياردەم بېرىشى كېرەك.

**يەرلىك ئۇسۇل** شۇ يەردە، شۇ يەردىكى خەلق ئىچىدە ئومۇملاشقان، خەلق ئارىسىدا قوللىنىلغان چارە؛ تەدبىر: ئامىنە دەرھال يۈرەكنى كۆچەيتىش ئوكۇلى سالدى، ئاندىن يەرلىك ئۇسۇل بىلەن بالىنى تۇغرىلاشنىڭ ھەر خىل ئۇسۇللىرىنى قوللىنىپ، بالىنى تۇغرىلىدى.

**يەرلىك ئۆسۈملۈكلەر** <بوت> بىر رايون ياكى بىر ئورۇنغا تارقالغان ئۆسۈملۈكلەر.

**يەرلىك ۋاقت** <ئاستر> ھەرقايسى ئورۇنلارنىڭ ئۇزۇنلۇق گرادۇسى ئوخشىمىغانلىقتىن، قۇياشنىڭ ھەرقايسى ئورۇنلار مېرىدىئانىدىن ئۆتۈش ۋاقتىمۇ ئوخشىمايدۇ. قۇياشنىڭ مەلۇم ئورۇن مېرىدىئانى ئۈستىگە نەق كەلگەن ۋاقتىنى شۇ ئورۇننىڭ چۈش ۋاقتى سائەت 12 دەپ بەلگىلىنىدۇ. مانا شۇنداق بېكىتىلگەن ۋاقت يەرلىك ۋاقت دەپ ئاتىلىدۇ.

**يەرلىك ئىقلىم** <جۇغ> قىسمەن رايون ئامىلىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرايدىغان ئالاھىدە ئىقلىم. مەسىلەن، ئورمان ئىقلىمى، ۋادا ئىقلىمى، شەھەر ئىقلىمى قاتارلىقلار.

**يەرلىك** II ئى. ئۆلگەن ئادەمنى كۆمۈش ئۈچۈن تەييارلانغان جاي؛ گۆر: يەرلىك كولىماق. يەرلىكىدە قويماق. * شۇنىسى ناھايىتى ئېنىقكى، ياخشى كۈننىڭ يامىنى كېلىپ ئۆلگەن چاغدا، يېنىڭدا بىرەر تۇغقىنىڭ بولمىسا، بەلكى يۇرۇق دۇنيادىمۇ بىرەر تۇغقىنىڭ بولمىسا، يات كىشىلەر يەرلىكىڭگە بىرقانچە گۈرجەك تۇپا تاشلاپ كۆمۈپ قويىدۇ-دە، گۈرجەكنى تاشلاپ، دوپپىسىنى كىيىپ كېتىپ قالىدۇ.

**يەرلىككە قويماق** كۆممەك، دەپنە قىلماق: شېھىت بولغانلاردىن ئەمدى ئىككىسىنى يەرلىككە قويدۇق. قالغان ئۇنىنىڭ جەسىتى قەيەردىدۇ؟ * نە قىلاي ئوغلۇم كۆز يېشىم بىلەن، يۇيۇپ يەرلىككە قويايمۇ سېنى. بېشىمغا تۇپا چېچىپ ۋارقىراپ، پەرياد نومۇسىدا بويايمۇ سېنى.

**يەرلىك-سۇلۇق** يەر ۋە سۇغا ئىگە، مەنقۇلاتى بار.

**يەرلىكلە شتۇرمەك** « يەرلىكلە شمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**يەرلىكلە شتۈرۈلمەك** « يەرلىكلە شمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: 1960-يىللاردىن باشلاپ، يېڭى ئالما سورتلىرى ئىلى رايونىغا يەرلىكلە شتۈرۈلدى.

**يەرلىكلە شمەك** پ. يەرلە شمەك، يەرلىككە ئايلانماق، ماكانلاشماق، ئولتۇراقلاشماق: ئۇلار شۇ بارغانچە چاڭگەندە ئولتۇراقلىشىپ، چاڭگەنگە يەرلىكلىشىپ قالغان.

**يەرلىمەك** پ. يەرلىككە قويماق، دەپنە قىلماق، كۆممەك: ئۇ ئۆلگۈرۈپ كەلمىگەچ، دادىسىنى يەرلەپ بولغاندىن كېيىن، ئايۇپنىڭ ئاپىسى ئەنسىرەپ ئوغلىنى ئىزلەپ چىققان.

**يەرمەنكە** ئى (ر<نېم) يىلنىڭ مەلۇم بىر ۋاقتىدا، بەلگىلىك جايدا ئىشلەپچىقىرىلغان مەھسۇلاتلارنى كۆرگەزمە قىلىپ سېتىش ئۈچۈن قۇرۇلغان مەخسۇس تىجارەت ئورنى؛ سودا بازىرى: سانائەت بۇيۇملىرى يەرمەنكىسى. يەرلىك مەھسۇلاتلار يەرمەنكىسى. * ئۇ بەش ئۆلكىنىڭ ھەممە سايلاملىرىغا باراتتى، چوڭ يەرمەنكىلەرگىمۇ باراتتى.

**يەر-مۈلۈك** يەر ۋە مۈلۈك، بارلىق مەنقۇلات: ئۇ مۇسادىرە قىلىنغاندىن كېيىن كىم ئارتۇق قىلىپ سېتىلغان ئاقسۆڭەكلەر ۋە دىنىي جەمئىيەتنىڭ يەر-مۈلكىدىن پايدىلىنىپ ھايانكەشلىك قىلدى.

**يەرۇجاھان** يەر ۋە جاھان، پۈتۈن ئالەم، كائىنات: يوق ئىكەن ئىش قىلغىلى بولمايدىغان، پەن بىلەن گۈللەيدىكەن يەرۇجاھان.

**يەرۇكۆك** يەر ۋە كۆك، ئاسمان ۋە زېمىن، پۈتۈن ئالەم، كائىنات: ئاھ، مەرھەمەتلىك تەڭرى! سېنىڭ ئىختىيارىڭدىكى يەرۇكۆك ئەجەبا قان رەڭگىدىن قىزىرىپ كەتكەن بولسا؟ ئاھ، قادىرخۇدا، نېمە كېرىكى بار ساڭا شۇنچە قاننىڭ؟ ھەتتا لەۋلىرىڭمۇ قانغا بويالغان!

**يەسلى** ئى (ر) كىچىك باللارنى باقىدىغان، تەربىيىلەيدىغان ئورۇن: ئاڭلىسام، بەزىلەر بۇ قىز خائىنىنىڭ قىزى، ئۇنى ئەلادىن تارتتۇۋېلىپ باللار يەسلىسىگە بېرىش كېرەك دېگۈدەك، — دېدى ئۇ.

**يەسمەن** ئى (ئە) <بوت> ① كەركىدانگۈل ئائىلىسىدىكى دائىم يېشىل تۇرىدىغان چاتقال. يوپۇرمىقى تۇخۇم ياكى ئېللىپس شەكىلدە بولۇپ، پارقىرايدۇ، قويۇق خۇش پۇراققا ئىگە. ئادەتتە مەنزىرە ئۆسۈملۈكى قىلىنىدۇ. گۈلىنى ئىسلاش ئارقىلىق چاي ئىشلەشكە بولىدۇ. ② شۇ خىل ئۆسۈملۈكنىڭ گۈلى.

**يەشتۈرمەك** «يەشمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: يىگىت ئۇلارغا يولۋاسنىڭ، بۆرىنىڭ باشلىرىنى ساناپ بېرىپ، ئۇلارنىڭ كىيىملىرىنى يەشتۈرۈپ، ئىككىسىنىڭ يامپىشىغا «پادىچى» دېگەن تامغىسىنى بېسىپ، قويۇپ بېرىپتۇ.

**يەشتۈرۈشمەك** «يەشتۈرمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**يەشتۈرۈلمەك** «يەشتۈرمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**يەشكۈچ** ئى. ئارغامچا ۋە باشقا نەرسىلەرنىڭ تۈگۈچلىرىنى يېشىدىغان نەرسە.

**يەشمە** I ① سۈپ. پۈتۈن تەپسىلاتنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، ئەتراپلىق بايان قىلىنغان، يېشىپ چۈشەندۈرۈلگەن: يەشمە خۇلاسە. ② ئى. يېشىپ چۈشەندۈرۈلگەن قىسمى، ئىزاھ، چۈشەندۈرمە ياكى يېشىپ كۆرسىتىلىش: قۇرئاننىڭ يەشمىسى.

**يەشمە خۇلاسە** <لوگ> مەلۇم بولغان بىر ياكى بىرقانچە ھۆكۈمدىن يەنە بىر يېڭى ھۆكۈمنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان تەپەككۇر شەكلى.

**يەشمە** II ئى <گېئول> بىر خىل مىنېرال. خىمىيىلىك تەركىبى $SiO_2$ بولۇپ، كىرمنىيلىق ماددىلارنىڭ چۆكۈشى ئارقىلىق پەيدا بولىدۇ. رەڭگى كۆك، بىنەپشە قىزىل، ياپېشىل ھەمدە رەڭگارەڭ بولىدۇ. ئادەتتە قاشتېشى ئويمىچىلىقىدا ماتېرىيال قىلىنىدۇ.

**يەشمەك** پ ① تېڭىقنى، چىگىلگەن چىگىشنى، بوغۇلغان يەرنى بوشاتماق، تۈگۈچنى چۇۋۇماق، باغلاقنى بوشاتماق: قولىنى يەشمەك. ئارغامچىنى يەشمەك. * ئۇ نانىنى يەپ بولغاندىن كېيىن، نىزامىدىنىنىڭ قولىنى يەشمەكچى ئىدى. * ئاتتىن ئېلىپ شۇ چاغدا، يەشتى تاغار-بوغچىنى. ئۆمۈربويى ئىشلەشكە، ساتتى مەمەت توختىنى. ② سالماق، سېلىپ تاشلىماق (كىيىم-كېچەك ھەققىدە): كىيىمنى يەشمەك. ③ بىرەر ئىشنى، مەسىلىنى، ۋەقەنى چۈشەندۈرمەك، بىلدۈرمەك، ئىسپاتلىماق، ئۇقتۇرماق: ئۇ ماڭا يەنە ناۋايى، شىرازى شېئىرلىرىنى ئوقۇپ يېشىپ بېرەتتى. * «بۇ بىر يېڭى تېپىشماق، بۇ تېپىشماقنى راھەتكە يېزىپ ئەۋەتىمەن، ئۇ چوقۇم توغرا يېشەلەيدۇ» دەپ ئويلىدى ئۇ ئۆيىگە كېتىۋېتىپ. ④ بىرەر ئىش، مەسىلە ياكى ۋەقەنى ھەل قىلماق، ئېنىقلىماق، ئايدىڭلاشتۇرماق، ئاشكارىلىماق، ئاچماق: — «سۆز تېپىلغاندا يار يوق، يار تېپىلغاندا سۆز يوق» دېيىشكەن قەدىمكىلەر، بەزى گۇمانلىرىمىزنى ئەتىگىچە يېشەيلى، — دېدى شائىر، زولپىيەنىڭ ھاياجىنىنى بېسىش ئۈچۈن. * — تەقسىر، مالال كۆرمەي، سىلى مېنىڭ ئورنۇمغا كېلىپ تۇرسىلا. مەن سىلىنىڭ ئورۇنلىرىغا ئۆتۈپ، بۇ قىيىن مەسىلىنى يېشەي، — دەپ تەلەپ قىلىپتۇ موللام.

**يەشىك** ئى (د) نەرسە سېلىش، ساقلاش

ئۇچۇن ياغاچ ياكى قاتۇرما قەغەزدىن ياسالغان تۆت بۇرجەك بۇيۇم، ساندۇق: تۆت يەشىك ئالما. ئىككى يەشىك ئامۇت. * جامالدىن ئۇچرىغان نىمىلەرنى ئوڭتەي-توڭتەي قىلىپ ئاختۇرۇشقا كىرىشتى ۋە ئاخىرى كارىۋات ئاستىدىن ئېغىز بىر يەشىكنى تارتىپ چىقاردى.

**يەك** سۈپ (پ) يالغۇز، تەنھا، يېگانە، بىر: يەك نەپەس.

**يەك ئاياغ** بىر تۇيىقىنىڭ ئۈستىدە ئېقى بار ئات.

**يەكەن** ئى <جۇغ> ئېلىمىزنىڭ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى قەشقەر ۋىلايىتىگە قاراشلىق بىر ناھىيە.

**يەكەن خانلىقى** <تارىخ> مىلادىيە 1514-يىلى 8-ئايدا تۇغلۇق تۆمۈرخان ئەۋلادلىرىدىن بولغان سۇلتان سەئىدخان «موغۇلىستان» خانلىقىنىڭ پارچىلانغان بىرقانچە رايونلىرىنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، يەكەننى مەركەز قىلىپ قۇرغان ئۇيغۇر خانلىقى. بۇ خانلىق جەمئىي 170 يىل ھۆكۈم سۈرۈپ، مىلادىيە 1679-يىلى ئاپپاق خوجا ۋە جۇڭغار ئاقسۆڭەكلىرى تەرىپىدىن ئاغدۇرۇلغان.

**يەكپاي** سۈپ (پ) جۈپى يوق، جۈپى ئەمەس، باشقا-باشقا پاي؛ سىڭار پاي، بىر پاي: يەكپاي ئاياغ. يەكپاي كەش. * تاڭ ئېتىش ئالدىدا، كىچىككىنە ياتاقنىڭ ئارقا تېمىدىكى يەكپاي دېرىزىنىڭ جىددىي تەشۋىشلىك چېكىلىشى سەگەك مۇبارەكنى چۆچۈتۈپ ئويغىتىۋەتتى.

**يەكتا** سۈپ (پ) يېزت. تەڭدىشى يوق، مىسلى كۆرۈلمىگەن، يەككە، يېگانە: مىرغىزارلىق باغ ئارامدا، بىر گۈلى رەنا ئىدىڭ. بۇ جاھاننىڭ سەھنىسىدە، گۆھىرى يەكتا ئىدىڭ. * ھۆر ۋەتەننىڭ ئىشقىدا يالقۇنلىنار قەلبىڭ سېنىڭ، سەن مۇھەببەت دېڭىزىنىڭ گۆھىرى، يەكتاسى سەن.

**يەكتەك** ئى (پ) پەرىجىگە ئوخشاش ئالدى ئوچۇق، ياقىسىز تىكىلىدىغان ئەستەرسىز يالاڭ سىرتقى كىيىم: شايى يەكتەك. يەكتەك كىيمەك. * قوللىرىنى ئاستا كۆتۈرگىلى تۇرغان «ئىمام» تۇيۇقسىزلا باتۇرخاننىڭ قورسىقىغا ئۇرۇپ يىقىتتى ۋە يەكتىكىنى يېشىپ تاشلاپ ئۇنىڭغا ئېتىلدى.

**يەكتىز** سۈپ (يەك+تىز) بىر پۇتىنى ئاستىغا باستۇرۇپ ئولتۇرۇش ھالىتى، سىڭارتىز: يەكتىز بولماق. يەكتىز ئولتۇرماق. * ئەشرەپ بوۋاي بىر پۇتىنى ئاستىغا باستۇرۇپ يەكتىز بولۇپ ئولتۇردى.

**يەكتىز بولماق** ← **يەكتىزلەنمەك:** قېرى بوۋاي-مومايلار كۆزلىرىگە ياش ئېلىشىپ، سۇتۇۋقا ۋە سۇتۇۋقنىڭ چېھرىكلىرىگە يەكتىز بولۇپ تەشەككۈر بىلدۈرۈشتى.

**يەكتىزلەنمەك** بىر پۇتنى قوڭىنىڭ ئاستىغا باستۇرۇپ ئولتۇرماق، سىڭار تىزى بىلەن ئولتۇرماق.

**يەكچەشمە** سۈپ (پ) ① بىر كۆزلۈك، بىر كۆزى كۆرمەيدىغان: يەكچەشمىنىڭ شەھىرىگە بارساڭ بىر كۆزۈڭنى قىسىۋال (ماقال). ② ئەپسانىلەردىكى ئىككى قېشىنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر كۆزى بار كىشىلەر؛ بىر كۆزلۈك ئادەم: بۇ شەھەرگە ئىككى يىل ئىلگىرى يەتتە دانە يەكچەشمە كېلىپ شەھەرنى خانىۋەيران قىلىپ، ئادەملەرنى قىرىپ – ئۆلتۈرۈپ، شەھەرنىڭ ئىشىكىنى تاقاپ تۇرمۇش كەچۈرگەن بولۇپ، شۇ كۈنى مەجلىس ئېچىۋاتقانىكەن.

**يەكدىل** سۈپ (پ) پىكرى، مەقسەت-مۇددىئاسى بىر، بىر نىيەت: شۇ كۈن ئاڭلاپ خەۋەرنى لەيلىمۇ تەڭ، پىسەنت قىلماي چولاقنا سىلكىتىپ

يەك، نىسايىم ھەمدە پاتەم بىرلە يەكدىل، ئۇرۇن ئالدى قاتار سەپ ئىچرە ئەپچىل.

**يەكدىللىك** «يەكدىل» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: شۇ سۆزنى پىچىرلاپ قايتتى كۆتكۈچى، مەن بىلدىم تاماقنىڭ، ئىشنىڭ تېگىنى. مەن بىلدىم، دەرد تارتقان بارچە كىشىنىڭ نىجاتلىق يولىدا يەكدىللىكنى.

**يەكسان** سۈپ (پ) تۈز، تەڭ، باراۋەر، بىر خىل: يەكسان بولماق. يەكسان قىلماق. يەكسان ئەيلىمەك. * سەن كەبى غالىب ئېلىمگە كۆز ئالايتسا ياۋ ئەگەر، ئۇقلىرىم بىرلە تامامى يەر بىلەن يەكسان ئېرۇر.

**يەكسان ئەيلىمەك** ← **يەر بىلەن يەكسان قىلماق**: ئاشىق بولساڭ يارىڭ ئۈچۈن جانىنى قۇربان ئەيلىگىن، گەر يولۇقسا جاپا تىغى ئۇنى يەكسان ئەيلىگىن. يار ۋەسلىگە ۋاسىل بولماق – ئاشىق ئۈچۈن سائادەت، شۇ سائادەت باغلىرىدا ئۆزۈڭنى مېھمان ئەيلىگىن!

**يەكسان بولماق** ← **يەر بىلەن يەكسان بولماق**: ئارمان تولا ئىنساندا، يوللىرىمىز گۈل بولسا، دوستلار كۈلۈپ، دۈشمەنلەر يەكسان بولسا، گۇم بولسا.

**يەكسان قىلماق** ← **يەر بىلەن يەكسان قىلماق**: چىن ئىنسان ئۆتسە گەر خەلقىم ھەر زامان، زور مۇشكۇل خەتەرلەر بولىدۇ ئاسان. خوجا بوپ ئۆزئارا تۇپراققا ھامان، ھەسەتخور رەقىبنى قىلار گۇم – يەكسان.

**يەكشا** ئى (سانس) <دىن> بۇددا دىنىدىكى ئالۋاستى.

**يەكشەنبە** ئى (پ) <ئاستر> ھەپتىنىڭ شەنبىدىن كېيىن، دۈشەنبىدىن ئىلگىرىكى دەم ئېلىش كۈنى: ئەركىن ئويلا-ئويلا ئاخىرى شەھەرگە كىرىپ كۆزەينەك سېتىۋالماقچى بولدى-دە، يەكشەنبە كۈنى سەھەردە يولغا چىقتى.

**يەكشەنبە بازار** ① ھەر ھەپتىنىڭ ئاخىرى، يەنى يەكشەنبە بولىدىغان بازار. ② يەكشەنبە كۈنى بازار بولىدىغان شۇ جاينىڭ نامى.

**يەكشەنبىلىك** ئى ① سۈپ. يەكشەنبە كۈنى ئېلىپ بېرىلىدىغان: ئۇلار ئۇزۇن پاراڭلىشىپ بولغاندىن كېيىن يەكشەنبىلىك دەم ئېلىشنى كۆڭۈللۈك ئۆتكۈزۈشكە ئادەتلەنگەن لۇتپۇللا ئۆز دوستلىرىنى باغ سەيلىسىگە باشلاپ ماڭدى. ② يەكشەنبە مۇناسىۋىتى بىلەن ئاتا-ئانىلارنىڭ پەرزەنتلەرگە بېرىدىغان خىراجەت پۇل: – نېمە يەكشەنبىلىك؟ ئۇلۇشكۈنكى ئون يۈەن قېنى؟ – دېدى ئانىسى ئوغلىغا چەكچىيىپ.

**يەككە** (پ) ① سۈپ. تەنھا، يالغۇز، يېگانە: يەككە ماتېرىيال. يەككە ئوبيېكت. * مۇسا راستىنلا ئۆزىنىڭ ۋەدىسىگە ئەمەل قىلدى. ئارىدىن ئىككى كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇ يەنە مۇسا بىلەن يەككە پاراڭلىشىش پۇرسىتىگە ئىگە بولدى. ② باشقىلارغا قوشۇلماي، بىرلەشمەي ئىشلەيدىغان، ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل ياشايدىغان: يەككە تىجارەتچى. يەككە ئىگىلىك. * مەن بۇنىڭدىن ئون يىل بۇرۇنمۇ پىلە باققان، ئۇ چاغدا بىز يەككە ئىدۇق.

**يەككە ئەمگەكچى** <س ئىق> ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىغا مۇستەقىل ئىگىدارچىلىق قىلىپ، ئۆز ئالدىغا ئىشلەپچىقىرىش بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئەمگەكچىلەر.

**يەككە ئەمگەكچىلەر مۇلۇكچىلىكى** <س ئىق> ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرى يەككە ئەمگەكچىلەرنىڭ ئىگىدارچىلىقىدا بولىدىغان بىر خىل خۇسۇسىي مۇلۇكچىلىك

شەكلى.

**يەككە باھا** <س ئىق> تاۋارنىڭ بىرلىك باھاسى.

**يەككە پونكىت ھاۋا رايى مەلۇماتى** <مېتېئور> ھاۋا رايى پونكىتى ياكى ئىستانسىسىنىڭ ئۆز شارائىتىغا ئاساسەن، ئۆز جايىنىڭ ھاۋا رايىدىن بەرگەن مەلۇماتى.

**يەككە تەن** <بىئول> يەككە ھالەتتىكى جانلىق.

**يەككە تەننەرخ تۈرى** <س ئىق> بىر خىل ئىقتىسادىي خاراكتېرلىك ئىشلەپچىقىرىش خىراجىتىنىلا ئۆز ئىچىگە ئالغان تەننەرخ تۈرى. مەسىلەن، خام ئەشيا ۋە ئاساسلىق ماتېرىيال، ياردەمچى ماتېرىيال، ئىشلىتىلىدىغان يېقىلغۇ، ئىشلەپچىقىرىش ئىشلىرىنىڭ ئىش ھەققى ۋە قوشۇمچە خىراجىتى قاتارلىقلار.

**يەككە تەننىڭ يېتىلىشى** <بىئول> جانلىقلار يەككە تېنىنىڭ بىر قاتار رەتلىك، تەدرىجىي ئۆزگىرىش جەريانى. بۇ خىل ئۆزگىرىش ئارقىلىق جانلىقلار ئاددىيلىقتىن مۇرەككەپلىككە ئۆزگىرىدۇ. ئادەتتە ئۇرۇقلانغان تۇخۇمنىڭ تەرەققىي قىلىپ يېتىلگەن تەنگە ئايلىنىشىدىكى بىر قاتار ئۆزگىرىشلەرنى بۇنىڭغا مىسال قىلىشقا بولىدۇ.

**يەككە تىجارەتچى** <سودا> خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىك شەكلىدىكى ئۆز ئالدىغا تىجارەت ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان سودا-سانائەتچىلەر.

**يەككە دەسمايە ئىگىلىكى** <س ئىق> چەت ئەل دەسمايە سالغۇچىلىرىنىڭ بىۋاسىتە كارخانا ئېچىپ ئۆز ئالدىغا باشقۇرغان ئىگىلىكى.

**يەككە دېھقان** <دېھ> يەككە تېرىقچىلىق قىلىدىغان دېھقان.

**يەككە رەڭلىك يورۇقلۇق** <فىز> يەنە بۆلۈشكە بولمايدىغان رەڭدىكى يورۇقلۇق، يەنى چاستوتىسى ياكى دولقۇن ئۇزۇنلۇقى بىرلا خىل بولغان يورۇقلۇق.

**يەككە سۆز** <تىل> بىرلا سۆز يىلتىزىدىن ياسالغان سۆزلەر. مەسىلەن، بىر، دىل، يۈرەك، سەلتەنەت قاتارلىقلارغا ئوخشاش.

**يەككە شەكىل** <گېئول> كرىستاللاردىكى سىممېترىيىلىك ئامىللار بىلەن ئۆزئارا باغلىنىدىغان بىر يۈرۈش كرىستال يۈزلەرنىڭ بىرىكىش شەكلى. كرىستاللاردا مەيدانغا كېلىش مۇمكىنچىلىكى بولغان، گېئومېترىيىلىك تاشقى ھالىتى ئوخشاش بولمىغان يەككە شەكىللەر 47 خىل بولىدۇ.

**يەككە فازا** <فىز> بىر ئۆزگىرىشچان ئېلېكتر يۈرگۈزگۈچى كۈچكە ئىگە بولغان فازا.

**يەككە قول سانائەت** <س ئىق> ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرىگە بولغان خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىكنى ۋە يەككە ئەمگەكنى ئاساس قىلىدىغان، ئۆزئالدىغا ئىگىلىك باشقۇرىدىغان قول سانائەت.

**يەككە قۇرۇلۇش** <س ئىق> قۇرۇلۇش تۈرى ئىچىدىكى مۇكەممەل سىستېمىغا ئىگە، پۈتكەندىن كېيىن لايىھىدە بەلگىلەنگەن ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارىنى ياكى ئۈنۈمىنى مۇستەقىل جارى قىلدۇرالايدىغان قۇرۇلۇش.

**يەككە كرىستال** <فىز> جىسىم مولېكۇلىلىرىنىڭ بىردەك قائىدە بويىچە تىزىلىشىدىن شەكىللەنگەن بىر دانە

چوڭ كرىستال. ئاش تۇزى، خرۇستال قاتارلىقلارنىڭ يالغۇز بىر تال كرىستالى يەككە كرىستال بولىدۇ.

**يەككە كرىستاللىق كرېمنىي** <فىز> كرېمنىي ئېلېمېنتىدىن تۈزۈلگەن يەككە كرىستال. ئۇ يېرىم ئۆتكۈزگۈچلۈك ئېلېكترون تېخنىكىسىدا ئىشلىتىلىشى ئەڭ كۆپ بولغان بىر خىل يېرىم ئۆتكۈزگۈچ ماتېرىيال ھېسابلىنىدۇ.

**يەككە لەپەر** <ئۇس> بىرلا كىشى ئوينايدىغان لەپەر.

**يەككە مۈلۈكچىلىك** <س ئىق> ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرى يەككە ئەمگەكچىلەرگە تەئەللۇق بولغان مۈلۈكچىلىك شەكلى.

**يەككە مىنېراللىق جىنس** <گېئول> بىر خىل مىنېرالدىن تەشكىللەنگەن تاغ جىنسى. مەسىلەن، زەيتۇن جىنس، ھاك تاش قاتارلىقلار.

**يەككە ئويناش** <تەن> مەلۇم توپ تۈرلىرىدىكى بىر خىل مۇسابىقە ئۇسۇلى. بۇنىڭدا، ئىككى ئادەم قارىمۇقارشى ھالەتتە مۇسابىقىگە چۈشىدۇ. مەسىلەن، تىكتاك توپ، پەي توپ ۋە چويلا توپ قاتارلىق تۈرلەردە يەككە ئويناشقا بولىدۇ.

**يەككە ئۆرنەك** <گ سەن> نەقىش تۈزۈلمىسىدىكى ئاساسىي بىرلىك، يەنى تۆت ئەتراپى بىلەن مۇناسىۋەتسىز بولغان، مۇستەقىل پۈتۈن ئۆرنەك.

**يەككە ئىشلەپچىقىرىش** <س ئىق> يەككە ئەمگەكچىلەر ئۆز ئالدىغا شۇغۇللىنىدىغان ئىشلەپچىقىرىش.

**يەككە ئىگىلىك** <س ئىق> ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىگە بولغان يەككە مۈلۈكچىلىكنى ۋە يەككە ئەمگەكنى ئاساس قىلغان ئىگىلىك.

**يەككە ياقلىق كرىستال سىستېمىسى** <گېئول> يەتتە كرىستال سىستېمىسىنىڭ بىرى، تۆۋەن دەرىجىلىك كرىستال گۇرۇپپىسىغا ياتىدۇ. سىممېترىيە تۈرىدە پەقەت بىر سىممېترىيە يۈزى ( P ) ۋە ئىككى دەرىجىلىك سىممېترىيە ئوقى ( $L^2$ ) بولۇپ، ئۇلارنىڭ سانى بىردىن كۆپ بولمايدۇ. كرىستالنىڭ گېئومېترىيلىك تۇراقلىق سان ئالاھىدىلىكى a≠b≠c، $\alpha=\gamma=90°$، $\beta=90°$ بولىدۇ.

**يەككە يۈنمۇ** <تىل> خەنزۇ تىلىدا a، o، e، i، u قاتارلىق سوزۇق تاۋۇشلار ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل بوغۇم بولۇپ كېلەلەيدۇ. شۇڭا يەككە يۈنمۇ دەپ ئاتىلىدۇ.

**يەككە-يېگانە** باشقىلارغا قوشۇلماي، بىرلەشمەي، تەنھا، يالغۇز، يەككە ۋە يېگانە: ھاۋاز «پوم» كۆز يېتىم يەردە يەككە-يېگانە چوقچىيىپ تۇرغان ئۆز ئۆيى — قاپاق تېرەكلىك ھويلىنى كۆرگەندە، كۆڭلى بىرقىسىملا بولۇپ قالدى.

**يەكلەر** ئى <دىن> ← **يەكشا.**

**يەككلەنمەك** «يەككىلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**يەككىلىك** «يەككە» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: بىلەمسەن، توختاخۇن، پۈتكۈل ئۆيى ئىچى، باي بولۇش كويىغا چۈشكەن ئائىلە. ئالدىراپ شامالنى ئەتمەستىن پەرق، يەككىلىك يولىغا كۆچكەن ئائىلە.

**يەكلەشمەك** «يەكلىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**يەكلەنمەك** «يەكلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: خەن خاندانلىقىنىڭ دەسلەپكى ۋاقىتلىرىدا ياۋچىلار ھونلار تەرىپىدىن يەكلىنىپ غەربكە ھەيدەلگەن.

**يەكلىمەك** پ. يات كۆرمەك، چەتكە

قاقماق، كەمسىتمەك: ئېرى يەكلىگەننى ئېلى يەكلەر (ماقال). * بەزى قولۇم-قوشنىلار ئۇنى يەكلەپ ئارىغا ئالمايدىغان، كۆزگە ئىلمايدىغان بولۇپ قالدى.

**يەكلىمچىلىك** ئى. يەكلەش خاھىشى، يەكلەش ئىستىلى، يەكلەش ئىشى: بۇ تەيپىك تيەنگو ھەرىكىتى ۋە يىخېتۇەن ھەرىكىتى قاتارلىق تومتاق يەكلىمچىلىك كۆرەشلىرىدە ئىپادىلەندى.

**يەكمۇيەك** ئايرىم-ئايرىم، بىرمۇبىر: يەكمۇيەك ئېلىشماق. * ئۇ مەنسۇرنى كۆردى، ئىككىسى ھېلىقى ئۆي توغرىسىدا قاتتىق دېيىشىپ قالغاندىن بېرى بۇنداق يەكمۇيەك ئۇچراشمىغانىدى. * بەھرام ئوسمان بىلەن يەكمۇيەك تۇتۇشۇپ قالدۇ.

**يەكۈن** ئى (ئە) بىرەر مەسىلە، ئىش ياكى نەرسە ھەققىدە يۈرگۈزۈلگەن پىكىر، مۇلاھىزىنىڭ مەنتىقىي نەتىجىسى؛ خۇلاسە، نەتىجە: يەكۈن چىقارماق. * بارات ئاكا زېرەك ۋە قىزىقچى ئادەم ئىدى. ئۇ بۇ ئەھۋالدىن قانداقتۇر بىر غەلىتىلىك ھېس قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ھېچبىر يەكۈن چىقىرالمىدى. * ساپ دىل دوستۇڭ ئېيتار يىغلىتىپ، رەقىبلىرىڭ كۈلدۈرۈپ ھامان. ئەمەلىيەتنىڭ يەكۈنى بۇ سۆز، ساقلاش كېرەك ئەستە ھەرقاچان.

**يەكۈن چىقارماق** بىرەر مەسىلە، ئىش ياكى نەرسە ھەققىدە خۇلاسە چىقارماق، يەكۈنلىمەك: شۇندىن كېيىن تۇرغان ئاكا راببىيەنى دوختۇرخانىلارغا ئېلىپ بېرىپ كۆرسەتتى، دوختۇرلار ئاساسەن بىر خىل يەكۈن چىقىرىشتى.

**يەكۈنلەتمەك** «يەكۈنلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**يەكۈنلەشمەك** «يەكۈنلىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**يەكۈنلەنمەك** «يەكۈنلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: مۇنداق تالاش-تارتىش بەزىدە يېرىم كېچىگىچە سوزۇلۇپ، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەن تۇرسۇنئاخۇن تەرىپىدىن يەكۈنلىنەتتى.

**يەكۈنلىمەك** پ. بىرەر مەسىلە، ئىش ياكى نەرسە ھەققىدە خۇلاسە، نەتىجە، يەكۈن چىقارماق: بۇ سۆز ئۇنىڭ قىلمىشلىرىنىڭ ئاچچىق ساۋاقلىرىنى چوڭقۇر يەكۈنلەپ، كۆڭلىنى بىردىنلا يورۇتۇۋەتتى.

**يەڭ** ئى. كىيىمنىڭ قولغا سايېدىغان قىسمى: يەڭ قوندۇرماق. يەڭ تۈرمەك. * ئۇ ئىككى قولىنى نەگە قويۇشنى نەگە يوشۇرۇشنى بىلمەي، بىردە ئارقىسىغا، بىردە يانچۇقىغا ۋە تۈرۈكلا يېڭىگە تىقاتتى.

**يەڭ بەلگىسى** بىرەر ئىش، ۋەزىپە ئىجرا قىلىۋاتقانلىقنى بىلدۈرۈش يۈزىسىدىن بىلەككە تاقىۋالىدىغان نىشان؛ ئالامەت: مىلتىق ئاۋازلىرى ئۈزۈلمەي ئاڭلىنىپ تۇرغان ئەنسىز كۈنلەرنىڭ بىرىدە، قىزىل يەڭ بەلگىسى تاقىغان بىر توپ قوراللىق كىشىلەر ئاشلىق ئىدارىسىگە بېسىپ كىرىشتى.

**يەڭ تۈرمەك** ← **يەڭ شىمايلىماق**: كۆزۈڭ بىلەن ئىشنى كۆر، ئىشلەش ئۈچۈن يەڭنى تۈر، ماڭساڭ توغرا يولدا يۈر، بەش نەرسىدە تېتىك بول.

**يەڭدە پىچاق ساقلىماق** يامان ئىشنى كۆڭلىگە پۈكۈپ ئۆچ ئېلىش غەرىزىدە بولماق، كىشىگە خۇپپىيانە زىيانكەشلىك قىلىشقا ئۇرۇنماق: شۇڭا يەڭدە پىچاق ساقلاپ مۆكۈنگەن تۆت رەزىل مەلئۇن، جۈزۈڭلىغا ھۇجۇم قىلغان توقۇپ تۆھمەت، ياساپ ئويۇن.

**يەڭ سودىسى** ① سودىدا ئىككى كىشى قولىنى بىر-بىرىنىڭ يېڭىنىڭ ئىچىگە تىقىپ بارماق ئىماسى بىلەن تالىشىش

ئۇسۇلى. ② كۆچمە. يوشۇرۇن، خۇپىيانە، مەخپىي ئىش — ھەرىكەت، مەخپىي مەسلىھەت: — يەڭ سودىسى! — دېدى ئۇ قولىدىكى تامغىلىق خەتنى مىجىقلاپ ۋە ئالدىراپ ھويلىدىن چىقىپ كەتتى.

**يەڭ سودىسى قىلماق** ① قوللىرىنى بىرىنىڭ يېڭى ئىچىگە تىقىپ باھادا سودىلاشماق. ② كۆچمە. يوشۇرۇن سودىلاشماق، خۇپىيانە ئىش قىلماق، يوشۇرۇن پۈتۈشمەك: ئۇ مەھسۇلات كۆتۈرە بېرىلگەندىن كېيىن، ئاز ساندىكى كىشلەرنىڭ ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ، ئۆز كۆمچىگە چوغ تارتىپ، يەر ۋە ئوغۇت تەقسىماتىدا يەڭ سودىسى قىلىۋاتقانلىقىغا چىداپ تۇرالمايتتى.

**يەڭ شمايلىماق** بىرەر ئىش-ھەرىكەتنى قىلىشقا قەتئىي ئىرادە باغلىماق: قىلىپ غەيرەت، شمايلاپ يەڭ، قاقاس چۆلدە قىزىتساڭ جەڭ، تىرەپ مۇرەمنى مۇرەڭگە، گۈلستان باغ ياساي بىللە.

**يەڭ قوندۇرۇش** تىكىلگەن كىيىمنىڭ يېڭىنى ئورنىتىش.

**يەڭ ئىچىدە** يوشۇرۇن، خۇپىيانە، مەخپىي: قول سۇنسا يەڭ ئىچىدە (ماقال). * ئابدۇللا ياغاچنى بىر ئاغىنىسىنىڭ ئۆيىگە چۈشۈرۈپ، يەڭ ئىچىدە ساتقۇچە بىر-ئىككى كۈن ئۆتتى.

**يەڭ ئىچىدە كېلىشمەك** يوشۇرۇن، خۇپىيانە، مەخپىي پۈتۈشمەك، بىرلىككە كەلمەك: چوڭ ئەترەت باشلىقى ھەم سېكرېتارنىڭ ئۆزىگە تەقسىم قىلىنغان يەر سانىنى يوشۇرۇپ يەڭ ئىچىدە كېلىشىۋېلىشى ئۇلارنىڭ خورىكىنى تېخىمۇ ئاشۇرۇۋەتتى.

**يەڭ ئىچىدە سودىلاشماق** يوشۇرۇن، خۇپىيانە، مەخپىي ئىش قىلماق: ئۇلار شەھەرگە كىرىپ يەڭ ئىچىدە سودىلاشتى.

**يەڭدىمەك** پ ① بىر تەرەپكە ئاغماق، ساڭگىلىماق؛ تەڭپۇڭلۇقىنى يوقاتماق: — مەن بۇ يامبۇلارنى باش ئەگىم سايلىرىدىن تېرىۋالغان. ئەگەر شۇ چاغدا خۇرجۇننىڭ بىر بېشى ئېغىر، بىر بېشى يېنىك بولۇپ يەڭدەپ كەتمىگەن بولسا، بۇ يامبۇلارنى تېرىۋالمىغان بولاتتىم، — دېدى موللا زەيدىن. ② يەڭنىڭ ئۇچى بىلەن قوشۇپ تۇتماق، يەڭنىڭ ئۇچى بىلەن قوشۇپ ئالماق: يەڭ بىلەن يەڭدەپ چىنە، تۇتقىلى بولماسمىدى، بۇ كۆڭۈل كەتسە ئۆلۈپ، ياساتقىلى بولماسمىدى.

**يەڭگە** ئى ① ئۇكا ۋە سىڭىلغا نىسبەتەن ئاكىنىڭ ئايالى: چوڭ يەڭگە. كىچىك يەڭگە. * قادىر ئىككى ئاغىنىسى بىلەن ئۆيگە كىرىپ كەلگەندە ئۆيدە ئانار بىلەن ئۈچ يەڭگە بىللە ئولتۇراتتى. ② توي ئاخشىمى كېلىن بىلەن يىگىتنى ھۇجرىسىغا ئەكىرىپ قوشۇپ قويىدىغان ئايال: يەڭگە بولماق. توي يەڭگىسى. * بىتاقەت بولۇۋاتقان ئىشان داموللا بىلەن بەھدى رەئىس ئىككىسى ھويلىغا كىرىپ مېھمانخانىغا بىسمىللا ئېيتىپ ئوڭ پۇتى بىلەن قەدەم بېسىپ كىرگەندە يەڭگە خوتۇنلار ئورنىدىن تۇرۇپ ئۆينى بىكار قىلىپ بېرىشتى.

**يەڭگۈشلەتمەك** «يەڭگۈشلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: زەرگەر ئەلى ئىبنى بەككارنى يۆلەپ ئورنىدىن تۇرغۇزغاندىن كېيىن، يەنە بىرنەچچە قەدەم ماڭغۇزۇپتۇ. كېيىن ئۇنىڭ كىيىملىرىنى يەڭگۈشلىتىپتۇ.

**يەڭگۈشلەشمەك** «يەڭگۈشلىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار سارايدىن بىر ئۆينى كۆتۈرۈپ ئېلىپ، كەچلىك تاماق يېيىشكەندىن كېيىن، ئادانى يۇك-تاقلارغا قاراشقا قالدۇرۇپ قويۇپ ھەممەيلەن موڭغۇلچە كىيىم يەڭگۈشلەشتى.

**يەڭگۈشلەنمەك** «يەڭگۈشلىمەك»

پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئاتابېكتىكى بايىقى چۈشەنمەسلىكنىڭ بىر گۇمانىغا يەڭگۈشلەندى.

**يەڭگۈشلىمەك** پ ① ئالماشتۇرماق، تېگىشمەك، يۆتكىمەك: ئۇ قايتىپ ياتقىنغا باردى-دە، كىيىم-كېچەكنى يەڭگۈشلىدى. * بۈگۈن ئۇ «بۇرۇت» نىڭ بۇيرۇقى بويىچە ۋالىك يەڭگۈشلەۋاتاتتى. ② ئۆزگەرتمەك، يېڭىلىماق، ئالماشتۇرماق: ئاشپەز ئاغرىپ قالغانلىقى ئۈچۈن كەچتە ئۇلارنىڭ تامىقىنى يەڭگۈشلەش مۇمكىن بولماي، ئۇلارغا يەنىلا چۈشتە ئەكىرگەن تاماقلاردىن ئەكىرىشكە مەجبۇر بولۇپتۇ. * تېرىكنى تۆك، راسا ئىشلە، قالاق سايمانىنى يەڭگۈشلە، ئۆزۈڭ ئەمگەك قىلىپ چىشلە، ۋەتەنىنىڭ باغى گۈللەنسۇن. * مەن بىر كېچىدە ئالتە-يەتتە قېتىم قېينانامنىڭ ئاستىنى يەڭگۈشلەش، بەدىنىنى ئۇرۇش، ئۇۋۇلاش، ئۇسسۇزلۇق ئىچۈرۈش، دورا ئىچۈرۈش بىلەن بولدۇم.

**يەڭگىتمەك** «يەڭگىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: شەمشەرىخان ئاچا ئىككى يىل ئىچىدە رايون بويىچە يۈز دىن ئارتۇق ئايالنىڭ تۇغۇتىنى قوبۇل قىلىپ، سالامەت يەڭگىتتى.

**يەڭگىل** سۈپ ① يېنىك: رەھمەتجان يەڭگىل تىن ئالدى. ② كۆچمە. مىجەزى ئىتتىك، قىزىققان؛ ئالدىراڭغۇ.

**يەڭگىل دىزېلىن** <خىم> سېلىشتۇرما ئېغىرلىقلىرى يېنىكرەك بولغان بىر تۈردىكى دىزېلىنلار. ئادەتتە تەبىئىي نېفىت، سۈنئىي نېفىت، سىلانېس مېيى قاتارلىقلارنى مەيدىلەپ ھەيدەش ئارقىلىق ئېلىنىدۇ. بەزىدە كرېكىڭ مەھسۇلاتىدىن قىسمەن ئارىلاشتۇرۇلىدۇ. سۈپەت جەھەتتە ئېغىر دىزېلىنغا قارىغاندا قاتتىقراق تەلەپ قويۇلىدۇ. ئادەتتە يۇقىرى سۈرئەتلىك دىزېلىن ماشىنىلىرىنىڭ يېقىلغۇسى قىلىنىدۇ.

**يەڭگىل گىمناستىكا** <تەن> ئەۋرىشىم، يېنىك ۋە چاققان ئوينىلىدىغان ھەر خىل ئەسۋابسىز گىمناستىكا.

**يەڭگىل مېتاللار** <خىم> سېلىشتۇرما ئېغىرلىقى 5 تىن كىچىك بولغان مېتاللار. ئۇ رەڭلىك يەڭگىل مېتاللار ۋە نادىر يەڭگىل مېتاللارغا بۆلۈنىدۇ. ئالدىنقىسى ناترىي، كالتسىي، ماگنىي ئاليۇمىن قاتارلىقلارنى؛ كېيىنكىسى لىتىي، بېرىللىي، رۇبىدىي، سېزىي قاتارلىقلارنى كۆرسىتىدۇ. يەڭگىل مېتاللار سانائەتنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرىدە كەڭ قوللىنىلىدۇ.

**يەڭگىلتەك** سۈپ. بىرەر ئىشتا مەيدانى قەتئىي ئەمەس، تۇتامى يوق، ئالدىراڭغۇ: مەن شۇ تاپتا بىر ھېكايىدىكى تۇترۇقسىز، يەڭگىلتەك ۋە بەكلا سۈنئىي يارىتىلغان بىر ناچار پېرسوناژنى كۆرۈۋاتاتتىم.

**يەڭگىلتەكلىك** «يەڭگىلتەك» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: — سەن خاتۇنلارنىڭ يەڭگىلتەكلىكنى قىلما، مېنىڭ سوئاللىرىمغا ياخشى جاۋاب بەرسەڭ، ياخشى كۈن كۆرسەن، بەلكى يۇرتۇڭغىمۇ قايتىشىڭ مۇمكىن.

**يەڭگىلتەكلىك قىلماق** قىزىققانلىق قىلماق، ئالدىراڭغۇلۇق قىلماق: — رۇقىيە، سىز ھېچبىر سەۋەبسىزلا ئاچچىقلىنىپ، ئورۇنسىز گۇمان قىلىپ يۈرىسىز، — دېدى ئۆتكۈر ئېغىر-بېسىقلىق بىلەن ئىشنىڭ تېگى-تەكتىنى چۈشەندۈرمەكچى بولۇپ، — مۇھەببەتكە نىسبەتەن بۇنداق يەڭگىلتەكلىك قىلمىسىڭىز بولاتتى.

**يەڭگىللەتمەك** «يەڭگىللىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: بىر مېھرىبان ئايال ئۆز قەدىردانىنىڭ ئازابىنى يەڭگىللەتكەندە،

ئۇنى يېڭى ھاياتقا ئىگە قىلغاندا، قانداقمۇ شادلانماي تۇرالىسۇن؟ كۆزىگە قانداقمۇ ئۇيقۇ كەلسۇن؟

**يەڭگىللە شتۈرمەك** «يەڭگىللە شمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئېرپانىنىڭ «شەيدۇللا» دىن ئەۋەتكەن خالىسانە ياردىمىمۇ ئۇلارنىڭ يوقسۇزلۇق يۈكىنى خېلى دەرىجىدە يەڭگىللە شتۈرگەنىدى.

**يەڭگىللە شتۈرۈلمەك** «يەڭگىللە شتۈرمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**يەڭگىللە شمەك** پ. ① «يەڭگىللىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: — قانداق ئاغىنىلەر، خېلى يەڭگىللىشىپ قالغانسىلەر، ھە، — دېدى ئۇ. ② يەڭگىل بولۇپ قالماق، يەڭگىل ھالەتكە كەلمەك: دېھقان ئۆز دەردىنى تۆكۈپ بولۇپ، بىرئاز يەڭگىللە شكەندەك ئورنىدىن تۇردى ۋە بۇلار بىلەن خوشلىشىپ ئۆيىگە كەتتى.

**يەڭگىللىتىلمەك** «يەڭگىللە تمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: قارارنىڭ ھازىرقى بۇ لايىھەسىدىكى نۇرغۇن سۆزلەر ئومۇمىي ئۇقتۇرۇشتىكىگە قارىغاندا كۆپ سىلىق، تېخىمۇ يۇمشاق بولدى، سۆزلەرنىڭ سالمىقىمۇ ئاز-تولا يەڭگىللىتىلدى.

**يەڭگىللىك** ① «يەڭگىل» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: يەبۇنىڭ يەڭگىللىك دەرىجىسى ئالبۇمدىن قېلىشمايدۇ. ② كۆچمە. يېنىكلىك، ئالدىراڭغۇلۇق: ئۇلار ئىدىيە جەھەتتە سەزگۈر، بىرەر ئىشقا يەڭگىللىك بىلەن قارىغۇلارچە ئىشىنىپ كەتمەيدۇ.

**يەڭگىللىك قىلماق** يېنىكلىك، ئالدىراڭغۇلۇق قىلماق: — سادىر، — دېدى مامۇت ئاكا ئۇنىڭ دەردىنى ئاڭلاپ، — تۇرمۇش مەسىلىسىدە يەڭگىللىك قىلما، ئوبدانراق ئويلان، ئالدىراپ چاپاننى ئوتقا سالما.

**يەڭگىللىمەك** پ ① ئېغىرلىقى تۆۋەنلىمەك، يەڭگىل ھالەتكە كەلمەك. ② جىسمانىي، روھىي جەھەتتە تېتىكلەشمەك، يېنىكلەشمەك: قىز خىيالىدىن نەتىجە چىقارغاندەك چوڭقۇر نەپەس ئېلىپ يەڭگىللىدى ۋە چىرايى ئېچىلدى. ③ ئازايماق، قىسقارماق: مەن تېخى تەكشۈرۈش ئۈستىدىكى ئادەم، گۇناھىم يەڭگىللىسىلا بولدى.

**يەڭگىلىك** ئى ① يەڭگە بولۇش ئىشى، ۋەزىپىسى: مەن بۈگۈن يەڭگىلىك قىلىدىكەنمەن. ② كۆچمە. ئۆزىدىن چوڭلارنى باشقۇرىدىغان خاھىش؛ چوڭچىلىق، ئاقساقاللىق: يەڭگىلىك قىلماق.

**يەڭگىلىك قىلماق** ئۆزىدىن چوڭلارنى باشقۇرماق، چوڭچىلىق، ئاقساقاللىق قىلماق، خوجايىنلىق قىلماق.

**يەڭگىمەك** پ ① كۆزى يورۇماق، بوشانماق، تۇغماق: تاجىخان يەڭگىپ بىرقانچە كۈنگىچە بىرەر قېتىممۇ ئىسسىق تاماق ئىچمىگەچكە، كۆكسىگە سۈت كەلمىدى. ② بىرەر مۈشكۈلات، قىيىنچىلىق ئازايماق، يېنىكلىمەك: سادىق رەيھاننىڭ كۈتۈلمىگەن تەكلىپىنى ئاڭلاپ، گويا ئۈستىدىن ئېغىر بىر تاغ ئېلىپ تاشلانغاندەك يەڭگىپ، ياش يىگىتتەك جۇشقۇنلىنىپ كەتتى.

**يەڭلىغ** تىر. يېزت. ئىسىم ياكى ئىسىم خاراكتېرىدىكى سۆزلەر بىلەن كېلىپ «-دەك/-تەك، ... غا ئوخشاش»، «كەبى» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ: ئۆمۈر گوياكى ئاتقان ئوق — ئۈزۈپ بىر يەردە توختىمايدۇ، ئۆمۈر گوياكى ئاققان سۇ — تىنىپ بىر يەردە تۇرمايدۇ، ئەگەر سەن دائىما نەپسىڭ كويىدا چوت سوقار بولساڭ، بۇ يەڭلىغ قىلمىشىڭ ھەر چاغ — سېنى، ئەل-يۇرتنى بۇلغايدۇ.

**يەڭلىك** ① سۈپ. يېڭى بار، يەڭ ئورنىتىلغان، يېڭى ئۇزۇن: ئۇسسۇلچى قىز يەڭلىك شايى كۆڭلەك كىيىپ، بېلىگە كۈمۈش كۆللۈك نەقىش كەمەر تاقىغان. ② ئى. نان يېقىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان قول قاپ؛ رېپىدە: يەڭلىك تىكمەك. * ئۇ ئىككى قولنى كەينىگە تۇتۇپ، بايىقى تار كوچىغا كىرگەندە، قىز يەڭلىك كۆتۈرۈپ بىر ھويلىدىن چىقىپ قالدى. ③ ئى. ئىش ۋاقتىدا كىيىمنى ئاسراش ئۈچۈن قولنىڭ جەينىكىگىچە تاقىۋالىدىغان خالتىسىمان بۇيۇم: يەڭلىك تارتماق.

**يەڭمەك** پ. كۈچ سىنىشىش، مۇسابىقە، ھەر خىل پائالىيەتلەردە قارشى تەرەپتىن ئۈستۈن كەلمەك، غەلىبە قىلماق؛ ئۇتماق، مات قىلماق: مۇھەببەت ئۆلۈمنى يېڭەر (ماقال). * يولنى يۈرگەن يېڭىدۇ (ماقال). * كىشىلەر «يولۋاسنى يەڭگەن باتۇر ئەمەس، ئاچچىقنى يەڭگەن باتۇر» دېيىشىدىكەن.

**يەل** ئى. ① ھاۋانىڭ يەر يۈزىنى بويلاپ ئېقىشى، ھاۋانىڭ ئاقما ھەرىكىتى؛ شامال: تەبىئەت ھۆسنىگە مەست بولۇپ كېپىنەك، ئۇچاتتى بىر ئېگىز، بىر پەستە يەلدەك. ② ھاۋا: يەل تۇرۇپ قالماق. * چېچەكنىڭ ئېتى يامان، قىزىلنىڭ يېلى (يامان) (ماقال). ③ ھور: شېئىر ئۇ، ئىنسانلار قەلبىنىڭ گۈلى، گۈلگە جان، رەڭ بەرگەن شائىرنىڭ تىلى. تىل بىلەن دىل ئوخشاش بولمىسا ئەگەر، كۆپ ئەمەس چىققىنى ئېغىزنىڭ يېلى.

**يەل بەرمەك** بىرەر ياخشى، يامان ئىش ئۈچۈن باشقىلارغا ئىلھام ۋە مەدەت بەرمەك، ياكى قۇترىتماق: ھېلىم رۇسۇلنىڭ لىكتاسىما بولۇپ تۇرۇۋاتقىنىنى بايقىدى-دە، ئۇنىڭغا، — نېمىدىن قورقىسەن؟ ھۆكۈمەت بانكىسىنى ئوغرىلاۋاتقىنىڭ يوق، ياكى بىراۋنىڭ تېمىنى تېشىۋاتقىنىڭ يوق، — دەپ يەل بەردى.

**يەل پومپا** <ماشىن> يەلنى سۈمۈرۈش ياكى بېسىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان قۇرۇلما.

**يەل تاپان** ① ئايىغى ئىتتىك، بىر جايدا جىم تۇرالمايدىغان، مېڭىپلا يۈرىدىغان، ھەرىكىتى تېز: ئۇ بەك چاققان نەرسە، شۇڭا ئۇ يەل تاپان قارى دەپ نام ئالغان. ② <فىز> ئۆز ئارا نىسپىي ھەرىكەت قىلىۋاتقان ئىككى جىسىمنىڭ تېگىشىش يۈزلىرىنىڭ ئوتتۇرىسىغا گاز توشقۇزۇپ، ئۇلارنى بىۋاسىتە تېگىشمەيدىغان قىلىش ئارقىلىق سۈركىلىشنى كېمەيتىدىغان بىر خىل قۇرۇلما. تېخنىكا ۋە مېخانىكا تەجرىبىلىرىدە كۆپ قوللىنىلىدۇ.

**يەل تاپانلىق پاراخوت** <قاتن> سۇدىمۇ، قۇرۇقلۇقتىمۇ ماڭالايدىغان بىر خىل قاتناش قورالى. ماڭغاندا، تېگىدە ھاسىل بولغان، ھاۋا بېسىمىدىن سەل چوڭراق بولغان، «يەل تاپان» پەيدا قىلغان ئۆرلەش كۈچىگە تايىنىدۇ.

**يەل تاپانلىق پويىز** <قاتن> يەل تاپانلىق پاراخوتنىڭ قائىدىسىگە ئاساسەن تەجرىبە خاراكتېرىدە ياسالغان بىر خىل پويىز. ئۇ تاق رېلىسلىق تۆمۈر يولدا ماڭىدۇ، سۈركىلىشنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىمىغاچقا، سۈرئىتى ئاستىلىمايدۇ. شۇڭا ئۇ يۇقىرى سۈرئەت بىلەن ماڭىدۇ.

**يەل تورمۇز** <ماشىن> پاراۋۇز ياكى ئاپتوموبىل، ماشىنا قاتارلىقلاردىكى يەلنى قىسىش ئارقىلىق ھەرىكەت تىزگىنلىنىدىغان قۇرۇلما.

**يه‌ل قورساق** <تب> ئاشقازان-ئۈچه‌ي يوللىرى تېشىلىش بىلەن قورساق ئىچىگە يه‌ل ياكى باشقا گازلار توشۇۋېلىپ كه‌لتۈرۈپ چىقىدىغان كېسه‌ل ئالامىتى. بۇنداق ئه‌هۋال سادىر بولغاندا، بىمارنىڭ قورسىقى كۆپۈپ كېتىدۇ ۋه قاتتىق ئاغرىيدۇ. به‌زىده يه‌نه دىئاگنوز قويۇش ۋه داۋالاش مه‌قسىتىده قورساق بوشلۇقىغا هاۋا ئوكۇل قىلىپ كىرگۈزۈلۈپ، سۈنئىي يه‌ل قورساق په‌يدا قىلىنىدۇ.

**يه‌ل قولۇق** ① كۆپ ئۇسسۇرىدىغان، ئىچى يه‌للىك؛ ئۇسسۇرغاق: يه‌ل قولۇق ئادەم. يه‌ل قولۇق بالا. ② كۆچمه. هۇرۇن، ئىش خۇش ياقماس: ئۇ يه‌ل قولۇق بۇ ئىشنى بىر ئايدىمۇ قىلىپ بولالمايدۇ.

**يه‌ل قويۇپ به‌رمه‌ك** ئىراده-ئىشه‌نچنى، غه‌يره‌تنى بوشاشتۇرۇپ قويماق، بوشىشىپ كه‌تمه‌ك، يېنىۋالماق: ئىش قىزىۋاتقاندا، باشلىق يه‌ل قويۇپ بېرىپ، هه‌ممه ئىش بىكار بولدى.

**يه‌ل كالپۇك** دائىم كۆپۈپ، ساڭگىلاپ تۇرىدىغان كالپۇك، دورداي كالپۇك: يه‌ل كالپۇك ئادەم.

**يه‌ل كۆكره‌ك** <تب> ئۆپكه سىلى ياكى كۆكره‌ك زه‌خمىلىنىشته‌ك سه‌ۋه‌بله‌ردىن كۆكره‌ك بوشلۇقىدا هاۋا ياكى باشقا گازلارنىڭ په‌يدا بولۇش ئالامىتى. بۇ هالدا كېسه‌لله‌نگۈچىنىڭ نه‌په‌سلىنىشى قىيىنلىشىدۇ، كۆكره‌ك ساهه‌سى ئاغرىيدۇ. ئۆپكه كامارلاشقان سىل كېسه‌لىده، ئۆپكىنى قىسىپ كامارنىڭ قۇرۇلۇشىنى تېزلىتىش ئۈچۈن، كۆكره‌ككه سۈنئىي ئۇسۇلدا هاۋا كىرگۈزۈلۈپ سۈنئىي يه‌ل كۆكره‌ك هاسىل قىلىنىدۇ.

**يه‌ل كۈره‌ك** <ماشن> هاۋا بېسىمى بىلەن ئىشلەيدىغان ئه‌سۋاب. يه‌ل ئۈشكىگه ئوخشىشىپ كېتىدۇ. بۇنىڭدا كۈره‌ك ياكى ئىسكىنه سۈمبىنىڭ ئورنىنى ئالغان بولۇپ، تاغ جىنسلىرىدىكى توپىلارنى ئايرىش ياكى قۇيما بۇيۇملارنىڭ قىرىنى تەكشىلەش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

**يه‌ل كىندىك** <تب> كىندىك پۈلتىيىپ چىقىپ قالىدىغان بىر خىل كېسه‌للىك. كۆپىنچه بوۋاق باللارنىڭ كۆپ يىغلاش ۋه چىڭقىلىشىدىن په‌يدا بولىدۇ.

**يه‌ل مىلتىق** قىسىلغان يه‌لنىڭ قوغۇشۇن ئوقنى ئىتتىرىپ چىقىرىش رولىدىن پايدىلىنىپ ئوۋ ئوۋلايدىغان بىر خىل مىلتىق.

**يه‌ل ئۆپكه** <تب> ← **ئۆپكه يه‌ل ئىششىقى.**

**يه‌ل ئۈشكه** <ماشن> هاۋا بېسىمى بىلەن هه‌رىكه‌تلىنىدىغان بىر خىل ئه‌سۋاب. بۇنىڭدا قىسىلغان هاۋا پورشىننى تەكرار هه‌رىكه‌تله‌ندۈرۈپ، ئۈشكه بېشىنى ئۈزلۈكسىز ئۇرۇلدۇرىدۇ. كۆپىنچه كان قېزىش ۋه يول ياساش ئىشلىرىدا ئىشلىتىلىدۇ. ئاده‌تته، ئادەم قول بىلەن تۇتۇپ ئىشلىتىدۇ.

**يېلى چىقىپ كه‌تمه‌ك** ئىراده-ئىشه‌نچنى، غه‌يرىتىنى يوقاتماق، بوشىشىپ كه‌تمه‌ك، روھسىزلانماق: — قوي سېنى، ئىككى رومكا ئىچه-ئىچمه يېلا يېلىڭ چىقىپلى تۇردى، هېچقانچه هاراق كۆتۈره‌لمه‌يدىكه‌نسه‌ن! — دېدى ئۇ.

**يه‌لپۈتمه‌ك** «يه‌لپۈمه‌ك» پېئىلىنىڭ مه‌جبۇرىي دەرىجىسى: بىر توپ قاناتلىق قىزلار ئۇزۇن قىزىل-يېشىل دۇردۇنلارنى يه‌لپۈتۈپ، بوغدا چوققىلىرىغا قاراپ ئۇچاتتى.

**يەلپۆشمەك** «يەلپۆمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئىككى ئايۋان ئالدىغا چەللە-باراك قىلىنغان، باراڭلىقنىڭ ئاستىغا كۆرپە-گىلەم سېلىنغان، ياتار ئىدى ھاۋاز بەگ چار پاقىدەك سوزۇلۇپ، يەلپۆشەتتى خېنىملار چۆرىسىدە تولغىنىپ.

**يەلپۈگۈچ** ئى. ئىسسىق كۈنلەردە سەگىش، شامالداش ئۈچۈن قۇشلارنىڭ پەيلىرىدىن ياكى باشقا نەرسىلەردىن ياسالغان، قول بىلەن ھەرىكەتلەندۈرۈپ شامال چىقىرىدىغان بىر خىل سايمان: دەل شۇچاغدا ئۇزۇن چاپان كىيگەن، يەلپۈگۈچ تۇتقان ئۈچ ئادەمنىڭ دۇكان ئالدىغا كېلىشى ھەممەيلەننىڭ دىققىتىنى تارتتى.

**يەلپۈگۈچ پالمىسى** <بوت> پالما ئائىلىسىدىكى دائىم يېشىل تۇرىدىغان دەرەخ. يوپۇرمىقى چوڭ، كۆپچىلىكى ئالقانسىمان يېرىلغان، يېرىلغان ياپراقچىلىرى تۆمۈنە شەكىللىك، كونۇسسىمان گۈل رېتى يوپۇرماق قولتۇقىدا ئۆسىدۇ، گۈلى كىچىك. مېۋىسى ئېللىپس شەكلىدە بولۇپ، پىشقاندا قارا رەڭگە كىرىدۇ. تروپىك ۋە سۇبتروپىك بەلباغلاردا ئۆسىدۇ. يوپۇرمىقىدىن يەلپۈگۈچ ياساشقا بولىدۇ.

**يەلپۈگۈچسىمان** سۈپ. يەلپۈگۈچكە ئوخشايدىغان، يەلپۈگۈچ ھالىتىدىكى: يەلپۈگۈچسىمان ئۆسۈملۈك.

**يەلپۈگۈچسىمان تىنما** <گېئول> يېرىم قۇرغاق تاغلىق رايونلاردا دائىم سۇ ئېقىپ تۇرىدىغان چوڭ تاغ-دەريالار بولىدۇ. دەريا قىنى بىرقەدەر تۇراقلىق بولغانلىقتىن، ئېقىندىلار تاغ ئېغىزىدىن چىققاندىن كېيىن ناھايىتى ئۇزاق جايلارغا ئېقىپ بارالايدۇ، ئەمما دەريا قىنىنىڭ يۆتكىلىشى ئارقىلىق كەڭ سوزۇلغان، يانتۇلۇقى بىرقەدەر پەس بولغان يەلپۈگۈچسىمان يەر شەكلىنى شەكىللەندۈرىدۇ. مانا بۇ يەلپۈگۈچسىمان تىنما دەپ ئاتىلىدۇ.

**يەلپۈلدەتمەك** «يەلپۈلدىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئالتە قىز ئېگىز كۆتۈرگەن قوللىرىدا ھەر رەڭدىكى نېپىز رەختلەرنىڭ بۇرجىكىدىن تۇتۇپ، يەلپۈلدىتىپ شوخ ئاياغ ئويۇنلىرىنى ئويناپ ئۆتتىدۇ.

**يەلپۈلدەشمەك** «يەلپۈلدىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: مەيداندا قىزىل بايراقلار يەلپۈلدىشەتتى.

**يەلپۈلدىمەك** پ. ھەر تەرەپكە ئىرغاڭلىماق، لەپەڭشىمەك، لەپىلدىمەك؛ جەۋلان قىلماق: مەيداندىكى خەلق ھۆرمەت ھېسسىياتى بىلەن تۇغقا قارىشاتتى. تۇغ مۇنار ئۈچىدا يەلپۈلدىدى.

**يەلپۈمەك** پ. قول بىلەن يۇپقا، ياپىلاق نەرسىلەرنى ئۇ تەرەپ بۇ تەرەپكە ھەرىكەتلەندۈرمەك، يەلپۈگۈچنى ئۇ تەرەپ بۇ تەرەپكە ھەرىكەتلەندۈرۈش ئارقىلىق سالقىن شامال پەيدا قىلماق: تاڭ ئۆزىنىڭ مەيىن شامىلى بىلەن ئۇنىڭ چاچلىرىنى يەلپۈپ، يۈزلىرىدىن سۆيۈپ ئۆتەتتى.

**يەلپۈنمەك** «يەلپۈمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئۇنىڭ پېشانىسىگە چۈشۈپ تۇرغان چاچلىرى سەھەرنىڭ سوغۇق شامىلىدا يەلپۈنەتتى.

**يەلتاشما** ئى (يەل+تاشما) <تسب> بىر خىل تېرە كېسىلى. بۇنىڭدا قىسمەن جاينىڭ تېرىسىدە تۇساتتىن قىزىل قاپارتقۇلار پەيدا بولۇپ، قىچىشىدۇ، يېنىشىمۇ ناھايىتى تېز بولىدۇ، ھېچقانداق ئىز قالمايدۇ. ئادەتتە پات-پات قوزغىلىپ

تۇرىدۇ. دورا، پارازىت قۇرت، قان زەردابى، باكتېرىيەلەر بىلەن يالۇغلىنىش، غىدىقلاش كۈچى كۈچلۈك بولغان ماددىلارغا، سوغۇققا ۋە ئىسسىققا يولۇققۇش قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى بۇ خىل كېسەلنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

**يەلسىز** سۈپ. يېلى يوق، يەل بېرىلمىگەن، يېلى قاچقان: يەلسىز توپ. * – ئەمىسە، ئۆتكەندە يەلسىز بىر ۋېلسىپىتنى مىنىپ كېتىۋاتاتتىڭىزغۇ؟ – دېدى ئۇ.

**يەلكە** ئى. بويۇننىڭ ئارقا قىسمى؛ مۈرە، ئۆشنە: يەلكىگە ئالماق. * قاسىم جىڭسا شۇ گەپنى ئېيتىپ تۇرۇپ لەيلىگۈلنىڭ يەلكىسىدە يەلپۈنۈپ تۇرغان چاچلىرىدىن تۇتتى ۋە ئىككىنچى قولى بىلەن ئۇنىڭ قولىغا ئېسىلدى.

**يەلكىسىنى قورۇماق** «تاڭ»، «بىلمەيمەن»، «مەيلى» دېگەندەك مەنىلەرنى بىلدۈرمەك: ۋەزىر يەلكىسىنى قورۇپ «مەيلى!» دەيدۇ ۋە كېتىدۇ.

**يەلكىسى يەرگە تەگمىگەن** چېلىشتا يىقىلمىغان، يېڭىلمىگەن: – نى-نى يەلكىسى يەرگە تەگمىگەن پالۋانلارنىمۇ كۆرۈپ باققان بىز، – دېدى ئۇ مەنسىتمىگەندەك.

**يەلكەن** ئى. شامال كۈچىدىن پايدىلىنىش ئۈچۈن كېمە خادىسىغا ئورنىتىلغان شامال توسقۇچ لاتا، قالقان: يەلكەن چىقارماق، يەلكەن ئورناتماق. * ئۇ كېمىچىگە دەرھال يەلكەننى قويۇپ بېرىپ، يولغا چىقىشنى بۇيرۇپتۇ. يەلكەن كۆتۈرۈلۈپ كېمە ئالغا قاراپ يۈرۈپ كېتىپتۇ.

**يەلكەن بېلىق** <زوئول> بىر خىل بېلىق، تېنى ئورچۇق شەكىلدە، تەڭگىچىسى يوق، دۈمبە تەرىپى كۆكۈچ يېشىل، قورساق قىسمى كۈمۈش رەڭدە، ئېغىزى كەڭ ۋە چىشى يوق، ئۈستۈنكى جاغى ئېشىپ چىققان بولۇپ خەنجەر شەكىلدە، دۈمبە پالاقچىسى چوڭ ۋە يەلكەن شەكىلدە، قۇيرۇقى ئاچا شەكىلدە بولىدۇ. دېڭىز ئوكيانلاردا ياشايدۇ. ئۈستۈنكى جاغدىكى تىكىنى بىلەن سۇ يۈزىدىكى لەيلىمە بېلىقلارنى تۇتۇپ يەيدۇ. ياز پەسلىدە قۇرۇقلۇققا يېقىن جايلارغا كېلىپ تۇخۇم سالىدۇ.

**يەلكەنلىك** سۈپ. يەلكىنى بار، يەلكەن ئورنىتىلغان: يەلكەنلىك كېمە. * ئۇلار چۈشتىن كېيىنكى ۋاقىتنى كىچىككىنە يەلكەنلىك قېيىقتا سۇ ئۈزۈپ ئويناش بىلەن ئۆتكۈزدى.

**يەلكەنلىك تاختا** <تەن> بىر خىل تەنتەربىيە ئەسۋابى، يەنى ئەڭ كىچىك تىپتىكى يەلكەنلىك كېمە. گەۋدىسى سۈيۈر شەكىللىك بىر تۈز تاختاي بولۇپ، ئوتتۇرىسىدا بىر تال خادا ۋە ئۇنىڭغا بېكىتىلگەن يەلكەن بولىدۇ. تەنھەرىكەتچى خادىنى تۇتۇپ تۇرۇپ ئۇنى كونترول قىلىدۇ.

**يەلكەنلىك تاختا تەنھەرىكىتى** <تەن> يەلكەنلىك تاختا ئارقىلىق دولقۇن يارىدىغان بىر خىل سۇ ئۈستى تەنھەرىكىتى. بۇنىڭدا، تەنھەرىكەتچى يەلكەنلىك تاختا ئۈستىدە تۇرۇپ، خادا ئارقىلىق، شامال يۆنىلىشىگە قاراپ ئۇستىلىق بىلەن يەلكەن بۇلۇڭ گرادۇسىنى ئۆزگەرتىپ تۇرىدۇ. ئۇنىڭ ئەڭ يۇقىرى سۈرئىتى سائىتىگە 40 كىلومېتىردىن ئاشىدۇ.

**يەلكەنلىك چانا** <تەن> بىر خىل تەنتەربىيە ئەسۋابى، يەنى ياغاچ ياكى تۆمۈر قاتارلىق ماتېرىياللاردىن كېمە شەكىلدە ياسىلىپ، ئۈستىگە

يەلكەن ئورنىتىلغان بىر خىل مۇز چانىسى.

**يەلكەنلىك چانا تەنەھەرىكىتى** <تەن> يەلكەنلىك چانا ئارقىلىق مۇز تېيىلىدىغان قىش پەسلىدىكى بىر خىل مۇز ئۈستى تەنەھەرىكىتى. بۇنىڭدا، تەنەھەرىكەتچى يەلكەنلىك چانا ئۈستىدە تۇرۇپ، يەلكەنگە تايىنىپ شامال كۈچى بىلەن تېيىلىدۇ. ئۇنىڭ يەنە قۇيرۇق تەرىپىگە رول ئورنىتىش ئارقىلىق يۆنىلىشىنى كونترول قىلغىلىمۇ بولىدۇ.

**يەلكەنلىك كېمە** <قاتن> ئۈستىگە يەلكەن ئورنىتىلغان ھەمدە شامال كۈچىدىن پايدىلىنىپ ئىلگىرىلەيدىغان بىر خىل كېمە.

**يەلكەنلىك كېمە تەنەھەرىكىتى** <تەن> بىر خىل سۇ ئۈستى تەنەھەرىكەت تۈرى. بۇنىڭدا كېمىدىكى يەلكەن كېمىنى ئالغا سىلجىتىشتىكى ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ قىلىنىدۇ. مۇسابىقە: قوزغىلىش، يۈرۈش، ئاخىرقى پەللىگە يېتىشتىن ئىبارەت ئۈچ باسقۇچقا بۆلۈنىدۇ. بەلگىلەنگەن مۇساپىدىكى سۈرئەتكە قاراپ نام تەرىپى بەلگىلىنىدۇ.

**يەلكۇ** سۈپ. سۇ يېغىلغان، زەردا بىلاشقان، دائىم قاناپ تۇرىدىغان، زېدىلەنگەن: يەلكۇ كالپۇك. * ئەكبەرنىڭ ماختىشىنى ئاڭلاپ ھەيدەر جانلىنىپ كەتتى، ئۇ پەرىجىسىنىڭ پېشىنى پوتىسىغا قىستۇرۇۋېلىپ، يەلكۇ بولۇپ كەتكەن كالپۇكىنى يالاپ قويۇپ ماختىنىشقا باشلىدى.

**يەلكىلىك** سۈپ. يەلكىسى يوغان، يەلكىسى كېلىشكەن: ئۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ قارىغاندا، مۇسانىڭ كەڭ يەلكىلىك گەۋدىسى ئاللىقاچان كۆزدىن غايىب بولغانىدى.

**يەللىك** سۈپ ① يېلى بار، يېلى كۆپ: يەللىك تائام. ② يەل قاچىلانغان: يەللىك ئەسۋابلار. يەللىك چالغۇ.

**يەللىك ئەسۋابلار** <ماشىن> ھاۋانى قىسىش ئارقىلىق ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ ھاسىل قىلىنىدىغان ئەسۋابلارنىڭ ئورتاق نامى. بۇلاردا، قىسىلغان ھاۋا پورشىن قاتارلىق دېتاللارنى ئوخشاش بولمىغان ھالەتتە ھەرىكەتلەندۈرۈش ئارقىلىق ئىش ئىشلەيدۇ. تۈز سىزىقلىق قايتما ھەرىكەت قىلىپ ئىمپۇلسلىق كۈچ پەيدا قىلىدىغانلىرىغا يەل ئۈشكە، يەل بۇرغا، پەرچىن مىخ ماشىنىسى قاتارلىقلار؛ بېسىم ھاسىل قىلىدىغانلىرىغا پرېس، دامكرات، لىفت قاتارلىقلار؛ ئايلانما ھەرىكەت پەيدا قىلىدىغانلىرىغا يەل بۇرغا، يەللىك قۇم چاق قاتارلىقلار كىرىدۇ.

**يەللىك چالغۇ** <مۇز> ← **دۇخوۋوي چالغۇ.**

**يەليارا** ئى (يەل+يارا) <تىب> توقۇلمىلار چىرىپ ئۆلۈشىنىڭ بىر خىل تۈرى. ئادەتتە، چوڭ بىر پارچە توقۇلمىنىڭ قان «ئوزۇقلۇق» بىلەن تەمىنلىنىشى ئۈزۈلۈپ قېلىپ، ئاندىن باكتېرىيە كىرىپ چىرىشىدىن كېلىپ چىقىدۇ.

**يەل-يېشىن** شامال ۋە قار-يامغۇر؛ يەل-يېغىن: قىيادا يوق شارقىراتما، يوق بۇلاق، بەزەن ئۆتەر بولۇت سۇغا بەك يېقىن، كۈچ قوشىدۇ بەزەن يېغىپ يەل-يېشىن.

**يەل-يېغىن** شامال-بوران ۋە ھۆل-يېغىن: -تاغ دېگەندە يەل-يېغىن كۆپ بولىدۇ، دىققەت قىلىڭ، -دېدى ئۇ ئەركىنگە.

**يەل-يېمىش** ھۆل ۋە قۇرۇتۇلغان مېۋە؛ مېۋە-چېۋە: يەل-يېمىش ساتماق. * ئوغلىمىز

ئىمتىھاندىن ئەلا دەرىجىدە ئۆتكەن بىلەنمۇ، جاپپارنىڭ شۇ بىر تاغار يەل-يېمىشى بىسىپ چۈشمىگىنىنى كۆرۈپ باقاي. * ھۆرلىقاخان تۈرلۈك-تۈرلۈك تائاملارنى تەييارلاپ، خىلمۇخىل يەل-يېمىشلەرنى پادىشاھنىڭ ئالدىغا تۆكۈپ، ئۇنى ياخشى مېھمان قىلىپتۇ.

**يەم** ئى ① ئات-ئۇلاغلار ئۈچۈن تەييارلانغان ئوزۇقلۇق؛ بوغۇز: يەم بەرمەك. * يەرنىڭ يېمى ئوغۇت، ئاتنىڭ غېمى تۇغۇت (ماقال). * ئاتخانىدىكى ئاتلارنىڭ يەم يەۋاتقانلىرى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. ② ئۇچار قاناتلارغا بېرىلىدىغان ئوزۇق؛ دان: قۇشنى يەم بىلەن ئالدايدۇ، كىشىنى گەپ بىلەن ئالدايدۇ (ماقال). * ئۇ ياش ۋاقتىدىكىگە ئوخشاش ئەتىگەندىن كەچكىچە توخۇلارغا سۇ، يەم بېرىپ بىردەممۇ تىنىم تاپمايتتى.

**يەم بولماق** ① ئۇچار قانات، ھايۋاناتقا ئوزۇق بولماق: مەن قورقىنىمدىن جىنىم تۇمشۇقۇمغا كېلىپ قالدى. ئويلانسام، بىكاردىن-بىكار ئاتقا يەم بولۇپ كەتكۇدەكمەن. شۇڭا، بار كۈچۈم بىلەن قېچىشقا ئۇرۇندۇم. ② كۆچمە. بىركىم ياكى بىرەر نەرسىنىڭ ۋەيران قىلىنىشىغا، يوقىتىۋېتىلىشىغا، خاراب قىلىپ ئىگىلىۋېلىنىشىغا ئۇچرىماق ياكى شۇ تۈپەيلى ۋەيران بولماق، يوق بولماق: بىز بىكاردىن-بىكار ئۇ زومىگەرگە يەم بولۇپ كېتەمدۇق؟ بىر ئامال قىلىپ بۇ ياۋۇزنى يوقاتمايدىغان بولساق ئەل-يۇرتنىڭ بېشىدا قايغۇ-ھەسرەت تۈگىمەيدۇ! — دېدى ئۇ. * بىرنەچچە يۈز توما تاقاق ھەش-پەش دېگۈچە ۋەيران بولۇپ، ئىككى قىرغاقتىكى ھېسابسىز تېرىلغۇ يەر كەلكۈنگە يەم بولدى.

**يەم قىلماق** ① ئۇچارقانات، ھايۋانلارغا ئوزۇق قىلماق: ئۇ ئۆتكەن يىلى ھويلىسىدا بىر قوچقار باققانىدى، ئايالى ئىككى ناننى بىر قېتىمدىلا يەم قىلىپ بېرىۋەتكەچكە ئۇنىڭ قورسىقى ئېسىلىپ ئۆلدى. ② كۆچمە. يوقاتماق، ۋەيران قىلماق، تۈگەتمەك: بولسا ئالەم بىر مېنىڭلا چاڭگىلىمدا دېمىگىن، ياخشىلارنى يەم قىلاي ھەر چاققىنىمدا دېمىگىن.

**يەمەك** ئى <ئىرق> ئۇيغۇرلارنىڭ XI ئەسىردىكى قەبىلىلىرىدىن بىرىنىڭ نامى.

**يەم-بوغۇز** ئۆي قۇشلىرى، ئات-ئۇلاغلارغا بېرىش ئۈچۈن تەييارلانغان ئوزۇقلۇق، يەم ۋە بوغۇز: ئۇ ئۆزىنىڭ يەم-بوغۇزى بىلەن كالىنى ئوبدان بېقىپ، تېز سەمرىتىپ ئىشقا يارايدىغان قىلدى.

**يەمتۈك** ئى ① ئۇچارقانات، قۇشلارغا بېرىلىدىغان ئوزۇق؛ دان: دولقۇنلار چايقار تىنماي قومۇش سالىنى، شامالLLار ئۇچار يەلپۈپ جىغان-تالنى، سامادا بىر توپ قۇزغۇن يەمتۈك ئىزلەپ، ئېگىشتى پەسكە، بىھوش تەننى كۆزلەپ. ② قەپەستە بېقىلىدىغان ئۇچارقاناتلارغا دان بېرىلىدىغان كىچىك قاچا؛ دانچۇق: ئۇ ئۆلگەن قاتىل قۇشنىڭ يەمتۈكىدىن ئۈزۈك كۆزىدەك گۆھەرنى ئېلىپ، ھەددى-ھېسابسىز سۆيۈنۈپتۇ.

**يەمچۈك** ئى. ئۇچارقانات، ھايۋانات، بېلىقلارنى تۇتۇش ئۈچۈن قاپقان، قىسماق، قارماقلارغا سانجىپ قويۇلىدىغان يېمەكلىك: — ئۇچۇپ كەلگەن ۋە كەتكەن، گۈللۈككە چۈشكەن ۋە يەمچۈككە يېقىنلاشقان ئاق قۇشقاچلارنى ھاياجانلىنىپ تۇرۇپ كۆزىتىش نېمىدېگەن قىزىقارلىق — ھە؟ — دېدى ئۇ.

**يەمچۈك بولماق** باشقىلارنىڭ قۇربانىغا ئايلانماق: سەمەت قاراپ تۇرۇپلا ئادىلغا يەمچۈك بولدى.

**يەمچۈك قىلماق** مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن باشقىلارنى قۇربان قىلماق، زىيانغا ئۇچراتماق: تا ئەزەلدىنلا ئوقۇپ باققان ئەمەس دەستۇركالام، ئەيلىدىم لياقشەن كۆلى بويىنى ۋاقتىنچە ماكان. ۋەھشىي يولۋاسلارنى ئوقيا ئوقىدا ئەيلەپ ھالاك، گۆشىنى يەمچۈك قىلىپ تۇتماقچى لەھەڭنى شۇئان.

**يەم-خەشەك** ئات-ئۇلاغ، مال-ۋارانلار ئۈچۈن بېرىلىدىغان بوغۇز ۋە ئوت-چۆپ: يەم-خەشەك تەييارلىماق. * ئۇلار كەچ كىرگىچە يول يۈرۈپ، قاراڭغۇ چۈشكەندىن كېيىنلا بىر جاينى تاللاپ چۈشۈپتۇ. بىرئازدىن تاماق يېيىشىپ، ئات-ئۇلاغلىرىغا يەم-خەشەك بېرىپتۇ.

**يەم-خەشەك زىرائەتلىرى** <بوت> چارۋىلارنى يەم-خەشەك بىلەن تەمىنلەشنى ئاساس قىلىدىغان زىرائەتلەر. ئادەتتە يېمەكلىكلەر ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان زىرائەتلەرنى ئومۇمەن يەم-خەشەك زىرائەتلىرى قىلىشقا بولىدۇ. يەم-خەشەك زىرائەتلىرى يەنە ئوت-چۆپلەر بىلەن سۇلۇق جايلاردا ئۆسىدىغان يەم-خەشەك زىرائەتلىرىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

**يەمخور** سۈپ. يەم يېيىشكە ئادەتلەنگەن؛ يەمنى ياخشى كۆرىدىغان، يەمنى كۆپ يەيدىغان: يەمخور ئات. يەمخور قوي. * — بۇ يەم يېيىشنى بىلمەيدىغان سۇلۇ مال ئىدى، كىچىك بالىغا ئاغزىدا نان بەرگەندەك يەپىلەپ بېقىپ يەمخور ئات قىلدىم، — دېدى ئۇ.

**يەمسىز** سۈپ. يېمى يوق، يەم بېرىلمىگەن، يەم يېمەيدىغان: يەمسىز ئات. يەمسىز قوي. * ئىشىكتە بىر قۇلۇپ، سەينا ئادەمسىز، ئۈچۈپ كەتكەن كەپىي، قۇشلارمۇ يەمسىز.

**يەمشۈك** ئى. ← يەمشۈك هارۋا.

**يەمشۈك هارۋا** ئىككى ئات قېتىلىدىغان كىرا هارۋىسى: ئابدۇۋەلىنىڭ كۆزى شەھەر دەرۋازىسىدىن چىقىپ كېلىۋاتقان ئىككى يەمشۈك هارۋىغا چۈشتى.

**يەملەتمەك** «يەملىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**يەملەشمەك** ① «يەملىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئىشچىلار ھە دەپ كىتابلارنىڭ مۇقاۋىلىرىنى يەملىشىۋاتاتتى. ② يەملەنمەك، چاپلانماق، يېپىشماق: كىتاب ۋاراقلىرى بەك چىڭ يەملىشىپ كەتكەنلىكتىن ئېچىلماپتۇ.

**يەملەنمەك** «يەملىمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: زەرگەر كېنىزەك قىز بەرگەن خەتنى ئېلىپ لىپاپىنىڭ يەملەنگەن يېرىنى پەم بىلەن ئېچىپتۇ.

**يەملىك** ① سۈپ. يەم-خەشەك، بوغۇز تالليايدىغان، نېمە بەرسە ئىشتىها بىلەن يەيدىغان (مال-ۋاران ھەققىدە): يەملىك قوي. ② ئى. يەم قىلىشقا تەييارلانغان نەرسە.

**يەملىمەك** پ. چاپلىماق، يېپىشتۇرماق: كىتاب يەملىمەك. دېرىزە يەملىمەك.

**يەملەپ قويغاندەك** ھەرىكەت قىلماي، مىدىر-سىدىر قىلماي، قىمىرلىماي، مىخلاپ قويغاندەك: ياسىن گويا يەملەپ قويغاندەك ئولتۇراتتى.

**يەنئەن** ئى <جۇغ> شەنشى ئۆلكىسىنىڭ غەربىي شىمالى، يەنخې دەرياسىنىڭ خەنۇبىي قىرغىقىغا جايلاشقان شەھەر. ئۇ جۇڭگو ئىنقىلابىنىڭ مۇقەددەس جايى بولۇپ، 1937-يىلدىن 1947-يىلغىچە ماۋزېدوڭ باشچىلىقىدىكى جۇڭگو كومپارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ

تۇرۇشلۇق ئورنى شۇنىڭدەك جۇڭگو ئازادلىق كۈرىشىنىڭ باش ئارقا سەپى بولغان. ھازىر ئۇ جايدا يەنئەن ئىنقىلابىي مۇزېيى ھەمدە ياڭجيالىڭ، زاۋيۇەن، ۋاڭ جياپىڭ ۋە نەننىۋەن قاتارلىق ئىنقىلابىي خاتىرە ئورۇنلىرى تەسىس قىلىندى.

**يەنئەننى قوغداش ئۇرۇشى** <تارىخ> 1947 - يىلى جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ يەنئەننى قوغداش ئۈچۈن گومىنداڭ ئەكسىيەتچى قوشۇنلىرى بىلەن قىلغان ئۇرۇشى. 1947 - يىل 3 - ئايدا گومىنداڭ جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ مەركىزىي كومىتېتى تۇرۇشلۇق ئورۇن يەنئەنگە نۇقتىلىق ھۇجۇم قىلدۇ. ئارمىيىمىز كۈچ سېلىشتۇرمىسىدىكى چوڭ پەرقنى ھېسابقا ئېلىپ، 3 - ئاينىڭ 19 - كۈنى يەنئەندىن چېكىندۇ ۋە ئايلىنىپ يۈرۈپ ئۇرۇش قىلدۇ. شۇ يىلى 30 مىڭ دۈشمەننى يوقىتىپ دۈشمەننىڭ شىمالىي شەنشىگە قىلغان نۇقتىلىق ھۇجۇمىنى چېكىندۈرۈپ 1948 - يىلى 4 - ئايدا يەنئەننى قايتۇرۇۋالدۇ.

**يەنئەن ئىستىل تۈزىتىش ھەرىكىتى** <تارىخ> جۇڭگو كومپارتىيىسى 1942 - يىلى يەنئەندە ماركسىزم - لېنىنىزم تەربىيىسى ئارقىلىق پۈتۈن پارتىيە ئىچىدە ئېلىپ بارغان ئىستىل تۈزىتىش ھەرىكىتى.

**يەنئەن يىغىنى** <تارىخ> 1937 - يىلى 3 - ئايدا جۇڭگو كومپارتىيىسى يەنئەندە چاقىرغان مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسىنىڭ كېڭەيتىلگەن يىغىنى. بۇ يىغىندا جاڭ گوتاۋنىڭ ئوڭچىل ئاغمىچىلىق لۇشيەنى ۋە پارتىيەگە ئاسىيلىق قىلىشتەك ھەرىكەتلىرى سىستېمىلىق تەنقىد قىلىنغان ھەمدە «جۇڭگو كومپارتىيىسى مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسىنىڭ جاڭ گوتاۋنىڭ خاتالىقى توغرىسىدىكى قارارى» ماقۇللانغان.

**يەنە** ① رەۋ. يېڭىدىن، باشقىدىن، قايتا، تەكرار: يامغۇر يەنە ياغدى. * ھاجى ئىشان خەتنى ئېلىپ، ئون مىنۇتچە كۆزدىن يوقىلىپ، يەنە پەيدا بولدى. * چىمەن ھېكايىسىنى يەنە داۋاملاشتۇردى. ② يۈك. بۇنىڭدىن باشقا، بۇنىڭدىن تاشقىرى، ئۇنىڭ ئۈستىگە: بۇلا ئەمەس، ھەربىر يىلنى يەنە 12 ئايغا بۆلۈپ، 12 يىلنى بىر مۇچەلگە بۆلۈپ ئۇلارغا ئۆز تىللىرىدا ھەر خىل ناملار قويۇپ بېرىلگەن.

**يەنە دېسە، يەنە شۇ** قايتا - قايتا، يېنىش - يېنىش، تەكرار ئېيتىلغان گەپ - سۆز، قىلىنغان ئىش - ھەرىكەت.

**يەنە كېلىپ** خۇسۇسەن، بولۇپمۇ: قىزىق ئىش، بۇنىڭ بالىسى راستىنلا يېتىپ كەتكەنمىدۇ؟ يەنە كېلىپ بۇ كىچىككىنە يېزىدا — ھە؟

**يەنتەي** ئى <جۇغ> شەندۇڭ ئۆلكىسىنىڭ شەرقىي قىسمىغا جايلاشقان بىر شەھەرنىڭ نامى.

**يەنتەي شەرتنامىسى** <تارىخ> ئەنگلىيە 1876 - يىل يەنتەيدە «مارگارى ۋەقەسى» نى باھانە قىلىپ چىڭ ھۆكۈمىتىنى مەجبۇرلاپ ئىمزالىغان تەڭسىز شەرتنامە. ئۇنىڭ ئاساسلىق مەزمۇنى: ئەنگلىيە يۈننەنگە ئادەم ئەۋەتىپ سودا ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ، جۇڭگو - بىرما چېگرىسىنى ۋە سودا نىزامىنى بېكىتىشكە تەييارلىق قىلدۇ؛ ئىنگلىزلارنىڭ گەنسۇ، چىڭخەي، سىچۈەن قاتارلىق جايلاردىن شىزاڭغا كىرىشكە

ئۇ يه‌ردىن ھىندىستانغا بېرىشغا بولىدۇ، ھىندىستاندىن شىزاڭغا كىرىشكىمۇ بولىدۇ؛ ئىنگلىزلارنىڭ ئومۇمەن ھاياتى بىخەتەرلىككە، ئوغرىلىق ئىشلىرىغا ئالاقىدار دېلولارنى سوراق قىلىشتا، ئەنگلىيە «كۆزەتچى» ئەۋەتسە بولىدۇ، يىچاڭ، ۋۇخۇ، ۋېنجۇ، بېيخەيلەر سودا پورتى قىلىپ ئېچىپ بېرىلىدۇ؛ كونسېسسىيەدىكى چەت ئەل ماللىرىدىن باج ئېلىش كەچۈرۈم قىلىنىدۇ، چەت ئەل ماللىرى ئىچكى ئۆلكىلەرگە كىرسە، مال ئېلىپ كىرگەن سودىگەرلەر مەيلى جۇڭگولۇق ياكى چەت ئەللىك بولسۇن بالا پورت بېجىلا ئېلىنىدۇ، باشقا تۈرلۈك باجلار پۈتۈنلەي كەچۈرۈم قىلىنىدۇ، مارگارىنىڭ ئۆلۈمى ئۈچۈن جۇڭگو 200 مىڭ سەر كۆمۈش تۆلەم بېرىدۇ ۋە ئەنگلىيىگە مەخسۇس ئەلچى ئەۋەتىپ ئۆزرىخاھلىق ئېيتىدۇ... دېگەنلەردىن ئىبارەت.

**يه نجه** ئى. دىۋانىلەر تىلەپ ئالغان نەرسىلىرىنى سالىدىغان قاچا: بۇ خۇددى تۆگمەنچىنىڭ بىر سىقىم توزنى تىلەمچىنىڭ يەنجىسىگە تاشلىغىنىغا ئوخشاش بىر ئىش.

**يه نسۇق** ئى. دىئال. بۇلاقلاردا بولىدىغان قۇرتقا ئوخشاش جانىۋار، دورا ئورنىدا سۇ بىلەن تىرىكلا ئىچىلىدۇ.

**يه نشه ن** ئى <جۇغ> دۆلىتىمىزنىڭ خېبېي ئۆلكىسىدىكى بىر تاغنىڭ نامى.

**يه نشه ن هه ريكتى** <كېئول> يۇرا دەۋرىنىڭ ئاخىرى بىلەن بور دەۋرىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە پەيدا بولغان يەر پوستى ھەرىكىتى. دۆلىتىمىزنىڭ خېبېي ئۆلكىسىدىكى يەنشەن تېغى بەلبېغىدا ئىپادىسى ئەڭ ئېنىق بولغاچقا

شۇنداق ئاتالغان.

**يه نى** باغل (ئە) سۆزلەنگەن سۆز ياكى بولۇنغان ئىش-ھەرىكەتنى چۈشەندۈرۈش، ئىزاھلاش، باشقا ئىبارە بىلەن باغلاش ئۈچۈن قوللىنىلىدۇ: - جاھاندا يوق بىركۈنى يەنى شەنبە، يەكشەنبە، دۈشەنبە، سەيشەنبە، چارشەنبە، پەيشەنبە، جۈمەمۇ ئەمەس بىركۈنى ئېلىڭ، - دەپتۇ ئەپەندىم.

**يه نلا** رەۋ. بۇرۇنقىدەكلا، ئوخشاشلا: ئۇلار قانداق قىلغاندا ئۇنىڭ بۇ زورلۇقىدىن قۇتۇلۇشقا بولىدىغانلىقى توغرۇلۇق يوشۇرۇن يىغىن ئېچىپتۇ، لېكىن يەنلا چارە تاپالماپتۇ.

**يه نمۇ** رەۋ. بارغانسېرى، كۆنساناپ، كۈندىن-كۈنگە؛ تېخىمۇ: مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى، ئارمىيە بىلەن خەلقنىڭ ئىتتىپاقلىقى يەنمۇ كۈچەيدى.

**يه ھ** ئىم ← **يه ھ-يه ھ.**

**يه ھ-يه ھ** كەپتەرنى دانغا چاقىرىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان سۆز.

**يه ھۇدىي** ئى <ئىرق> مۇشۇ نام بىلەن ئاتالغان مىللەت ۋە بۇ مىللەتكە مەنسۇپ كىشى.

**يه ھۇدىي پادىشاھلىقى** <تارىخ> قەدىمكى پەلەستىننىڭ جەنۇبىدىكى قۇللۇق تۈزۈمدىكى دۆلەت. تەخمىنەن مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 935-يىلى ئىسرائىلىيە-يەھۇدىي پادىشاھلىقىدىن ئايرىلىپ چىققان. ئۇنىڭ شىمالىي قىسمىنى ئىسرائىلىيە پادىشاھلىقى دەپ ئاتىغان. پايتەختى ئىرۇسالىم بولغان. مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 586-يىلى بابىلۇن پادىشاھلىقى تەرىپىدىن يوقىتىلغان.

**يه ھۇدىي تىلى** <تىل> ← **ئىبرىي تىلى.**

**يەھۇدىي دىنى** <دىن> ئاساسەن يەھۇدىيلار ئارىسىدا تارقىلىپ يۈرگەن بىر خىل دىن. تەخمىنەن مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى VIII ئەسىردە ياشىغان ھەزرىتى مۇسا تەرىپىدىن تەرغىپ قىلىنغان. مۇقەددەس كىتابى تەۋراتتۇر.

**يەھۇدىيچە** ① سۈپ. يەھۇدىي خەلقىگە، ئۇلارنىڭ تىلى، ئەدەبىياتى ۋە مەدەنىيىتىگە ئائىت: يەھۇدىيچە ئۇسۇل. يەھۇدىيچە كىيىم. ② ئى. يەھۇدىي تىلى ياكى يېزىقى: ئۇ يەھۇدىيچىنى پىششىق بىلىدىكەن. ③ رەۋ. يەھۇدىي تىلىنى ئىشلىتىپ، يەھۇدىي تىلىدا: ئۇلار يەھۇدىيچە سۆزلىشىپ كەتتى.

**يەھۇدىيشۇناس** ئى <ئىرق> يەھۇدىيلارنىڭ تارىخى، مەدەنىيىتى، ئۆرپ-ئادىتى، تىل-يېزىقى ۋە باشقا تەرەپلىرىنى تەتقىق قىلىدىغان مۇتەخەسسىس.

**يەھۇدىيشۇناسلىق** ئى <ئىرق> يەھۇدىيلارنىڭ تارىخى، مەدەنىيىتى، ئۆرپ-ئادىتى، تىل-يېزىق ۋە باشقا تەرەپلىرىنى تەتقىق قىلىدىغان ئىلىم.

**يەھۇدىيلار** ئى <ئىرق> يەھۇدىي مىللىتى، يەھۇدىي خەلقى. ئۇلار قەدىمدە پەلەستىندە ياشىغان خەلق بولۇپ، ئىسرائىلىيە-يەھۇدىي پادىشاھلىقىنى قۇرغان. بۇ خانلىق كېيىن رىم ئىمپېرىيىسى تەرىپىدىن يوقىتىلىپ، ئاھالىسى سىرتقا چېچىلىپ كېتىپ، ياۋروپا، ئامېرىكا، غەربىي ئاسىيا ۋە شىمالىي ئافرىقىغا تارقاق ئولتۇراقلىشىپ قالغان. 1948-يىلى بىر قىسىم يەھۇدىيلار ئوتتۇرا دېڭىزنىڭ جەنۇبىي قىرغىقى (پەلەستىننىڭ بىر قىسىم رايونلىرى) دا ئىسرائىلىيە دۆلىتىنى قۇرغان.

**يوبدان** ئى <يېم> ئارپا ياكى قوناق ئۇنى خېمىرىنى ئۇگرىدەك كېسىپ ئېتىلگەن سۇيۇقئاش: ئۇ چامغۇر سېلىنغان بىر چىنە يوبداننى رەھمەت سوجاڭنىڭ ئالدىغا قويدى.

**يوبلىبىي** ئى (ر<لات) <ئەد> بىرەر شەخسنىڭ تۇغۇلغان كۈنى، ئىش پائالىيىتىنىڭ ياكى بىرەر تەشكىلات، مۇئەسسەسە ۋە شۇ قاتارلىقلارنىڭ قۇرۇلغان ياكى پائالىيەت باشلىغانلىقىنىڭ مەلۇم يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن ئۆتكۈزۈلىدىغان تەنتەنىلىك مۇراسىم.

**يوپكا** ئى (ر) ئاياللارنىڭ بەلىنىڭ تۆۋىنىگە كىيىدىغان ھەم ئايرىم تىكىلىدىغان كۆڭلىكى: سارجا يوپكا. تار يوپكا. * ئادەملەر ۋىلادىمىرسكايا كوچىسىنىڭ بۇرجىكىدە ياتقان ئىككى كىشىنىڭ جەسىتى — چىت يوپكىلىق خوتۇن كىشى بىلەن جۇۋا كىيگەن بوۋاي ئۆلۈكىنىڭ يېنىغا ۋەھشىيلەرچە تاشلىناتتى.

**يوپكىلىق** سۈپ ① ئۇستىدە يوپكىسى بار، يوپكا كىيگەن: سارجا يوپكىلىق قىز. ② يوپكا تىكىشكە باپ، لايىق، يېتەرلىك: ئۇ بىر يوپكىلىق سارجا سېتىۋالدى.

**يوپۇتماق** پ. خۇپىيانە تۇتماق، يوشۇرماق، ياپماق: — ئېلىشا، سەن گەپنى يوپۇتما، قوشاقچى باشقا بىرى ئەمەس، ئۆزۈڭ، — دېدى كىمدۇر بىرى. * ئۇ بۇنى ئويلىماسلىققا تىرىشىپ، ئۆزىنى يوپۇتۇش ئۈچۈن ھەدەپ ئەتراپقا ئورۇنسىز نەزەر تاشلايتتى.

**يوپۇتۇشماق** «يوپۇتماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**يوپۇتۇلماق** «يوپۇتماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**يوپۇرا** سۈپ. دىئال. ئۇدۇل، ئوتتۇرا، رويىرو، قارىمۇقارشى.

**يوپۇرغا** ئى ① دىئال. سۆرەم. ② شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ قەشقەر ۋىلايىتىدىكى بىر ناھىيىنىڭ نامى.

**يوپۇرماق** I ئى <بوت> ئۆسۈملۈكنىڭ ۋېگېتاتىۋ ئەزالىرىدىن بىرى. ئادەتتە يوپۇرماق ئالقىنى بىلەن يوپۇرماق سېپىدىن تەركىب تاپىدۇ. ئومۇمەن يېشىل ۋە ياپىلاق بولىدۇ. ئۇنىڭ گۆش ھۇجەيلىرىدە خلوروپلاست بولغانلىقى ئۈچۈن، كۈن نۇرىدىن پايدىلىنىپ ئوزۇقلۇق ماددا ئىشلىيەلەيدۇ. شۇڭا يوپۇرماق ئوزۇقلۇق ئىشلەيدىغان ئەزا ھېسابلىنىدۇ.

**يوپۇرماق ئالقىنى** <بوت> يوپۇرماقنىڭ تەركىبىي قىسىملىرىدىن بىرى. ئادەتتە يېشىل ھەم ياپىلاق بولىدۇ، يوپۇرماق گۆشى، يوپۇرماق تومۇرى ۋە سىرتقى قوۋزاق قاتارلىق قىسىملاردىن تەركىب تاپىدۇ. يوپۇرماقنىڭ فوتوسىنتېز رولى ئاساسەن يوپۇرماق ئالقىنىدا ئېلىپ بېرىلىدۇ.

**يوپۇرماق بىخى** <بوت> يېتىلىپ شاخ ۋە يوپۇرماققا ئايلىنىدىغان بىخ. سىرتقى كۆرۈنۈشى سەل ئورۇق بولۇپ، ئۇزۇنراق كېلىدۇ.

**يوپۇرماق پۇرلە شتۇرگۇچ** <زوئول> بىر خىل ھاشارات. يېتىلگىنىنىڭ تېنى كىچىك، ئالدىنقى قانىتى كەڭ، لىچىنكىسى ئۆسۈملۈك يوپۇرمىقىنى يەيدۇ ياكى مېۋە ئىچىگە كىرىپ، مېۋە گۆشىنى يەيدۇ. بەزىلىرى يوپۇرماقنى يۆگەپ، ئىچىگە كىرىۋېلىپ، يىپ چىقىرىش ئارقىلىق غوزەك ھاسىل قىلىدۇ. تۈرلىرى كۆپ. مېۋىلىك دەرەخ ۋە باشقا زىرائەتلەرگە زىيان سالىدۇ.

**يوپۇرماق تاشلايدىغان چاتقال** <بوت> كۈز، قىش پەسلىدە يوپۇرماقلىرى تامامەن چۈشۈپ كېتىدىغان چاتقال. مەسىلەن، ئىرغاي، تېۋىلغا، يۇلغۇن، ئازغان قاتارلىقلار.

**يوپۇرماق تاشلايدىغان دەرەخ** <بوت> قىش پەسلىگە كەلگەندە يوپۇرماقلىرى سارغىيىپ ياكى قىزىرىپ چۈشۈپ كېتىدىغان دەرەخلەر، مەسىلەن، تال، تۇخۇمەك قاتارلىقلار.

**يوپۇرماق تاشلايدىغان كەڭ يوپۇرماقلىق ئورمان** <ئورم> مۆتىدىل بەلباغنىڭ نەم ئىقلىملىق رايونلىرىغا تاقالغان، قىش پەسلى يوپۇرماق تاشلايدىغان دەرەخلەردىن تەشكىل تاپقان ئورمان تۈركۈمى. ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدىغان دەرەخ تۈرلىرىدىن بۈك دەرىخى، دۇب دەرىخى، لىپا دەرىخى، تېرەك، قېيىن قاتارلىقلاردىن شەكىللىنىدۇ. ئېلىمىزنىڭ شەرقىي شىمالىنىڭ جەنۇبىي قىسمى، شىمالىي جۇڭگو ۋە غەربىي شىمالنىڭ شەرقىي قىسمى شۇنىڭدەك غەربىي ياۋروپا، شىمالىي ئامېرىكىلارغا ئومۇمىيۈزلۈك تارقالغان.

**يوپۇرماق تاشلايدىغان يىڭنە يوپۇرماقلىق ئورمان** <ئورم> يوپۇرماقلىرى كۈز، قىش پەسلىدە تامامەن چۈشۈپ كېتىدىغان يىڭنە يوپۇرماقلىق ئورمان. مەملىكىتىمىزدىكى چوڭ ھىنگان تېغىنىڭ شىمالىدىكى تاغلىق جايلار يوپۇرماق تاشلايدىغان يىڭنە يوپۇرماقلىق ئورماننىڭ تارقىلىش رايونىدۇر. بۇ رايوننىڭ كىلىماتى يىل بويى سوغۇق بولىدۇ. ئاساسلىق دەرەخ تۈرى ھىنگان

يوپۇرماق تاشلايدىغان قارىغىيدۇر.

**يوپۇرماق تومۇرى** <بوت> يوپۇرماق ئالقىنىغا تارالغان ئىنچىكە، تۇرۇبىسىمان تۈزۈلۈش، ئاساسەن ئىنچىكە، ئۇزۇن ھۇجەيرىلەردىن تۈزۈلىدۇ. ئۇ يوپۇرماق ئالقىنىنىڭ ھەممە يېرىگە تەكشى تارالغان بولۇپ، سۇ ۋە ئوزۇقلۇق ماددىلارنى توشۇش رولىنى ئوينايدۇ.

**يوپۇرماق تۈۋى** <بوت> يوپۇرماقنىڭ شاخ ياكى غول بىلەن تۇتاشقان جايى، يەنى يوپۇرماق سېپىنىڭ تۈۋى قىسمى.

**يوپۇرماق تىكىنى** <بوت> شەكلى ئۆزگەرتكەن يوپۇرماقنىڭ بىر تۈرى. مەسىلەن، كالتۇسقا ئوخشاش قۇرغاقچىلىققا چىداملىق بولغان ئۆسۈملۈكلەرنىڭ يوپۇرماقلىرى تامامەن تىكەنگە ئايلىنىپ كەتكەن. بۇ پارغا ئايلىنىش يۈزىنى كىچىكلىتىش ئۈچۈن پايدىلىق.

**يوپۇرماق تىلى** <بوت> يوپۇرماق ئالقىنى بىلەن يوپۇرماق غىلىپى تۇتاشقان جاينىڭ ئىچكى قىسمىدىكى پەردىسىمان ئۆسۈكچە. بۇغدايغا ئوخشاش باشاقلىقلار ئائىلىسىدىكى ئۆسۈملۈكلەردە ئۇچرايدۇ. يامغۇر سۈيى، كېسەللىك زەمبۇرۇغى ۋە ھاشاراتلارنىڭ يوپۇرماق غىلىپى ئىچىگە كىرىپ كېتىشىنى توسۇش رولىنى ئوينايدۇ.

**يوپۇرماقنىڭ بالدۇر ئېچىلىش** <بوت> گۈلنىڭ يوپۇرماقنىڭ بالدۇر ئۆسۈپ چىقىپ ئېچىلىشى. مەسىلەن، ئۆرۈك، قارىياغاچلارنىڭ گۈلى ئېچىلىپ بولغاندىن كېيىن، يوپۇرماق چىقىرىدۇ.

**يوپۇرماق داغ كېسىلى** <بوت> ۋىرۇسلار كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان ئۆسۈملۈك كېسەللىكى. بۇنىڭدا، كېسەللەنگەن

تۆپلەرنىڭ يوپۇرماقلىرىدا سارغۇچ قوڭۇر ياكى قارا رەڭلىك داغ ھاسىل بولۇپ، ئېغىر بولغاندا ھەممە يوپۇرماقلار قۇرۇپ كېتىدۇ.

**يوپۇرماق رېتى** <بوت> يوپۇرماقنىڭ غولدىكى جايلىشىش ئۇسۇلى. كۆپ ئۇچرايدىغان يوپۇرماق رېتى: نۆۋەتلىشىپ ئۆسكەن يوپۇرماق رېتى، ئۇدۇل ئۆسكەن يوپۇرماق رېتى ۋە ئايلانما ئۆسكەن يوپۇرماق رېتىدىن ئىبارەت ئۈچ خىل بولىدۇ.

**يوپۇرماق ساپىقى** <بوت> يوپۇرماقنىڭ تەركىبىي قىسىملىرىدىن بىرى. يوپۇرماق ئالقىنى بىلەن غولنى تۇتاشتۇرۇپ تۇرىدۇ. شەكلى ئۇزۇن ۋە تۈۋرۈكسىمان ياكى ياپىلاق كېلىدۇ. بەزى يوپۇرماقلارنىڭ ساپىقى بولمايدۇ. بۇنداق يوپۇرماقلار بىۋاستە غولدا ئۆسىدۇ.

**يوپۇرماق غىلىپى** <بوت> شال، بۇغداي، قوناق، قىياق قاتارلىق ئۆسۈملۈكلەرنىڭ يوپۇرمىقىنىڭ غولنى ئوراپ تۇرىدىغان قىسمى.

**يوپۇرماق كىسلاتاسى** <خىم> ۋىتامىنلارنىڭ بىر خىلى، يەنى سېرىق رەڭلىك كرىستال بولۇپ، سۇدا ئېرىيدۇ. يېشىل كۆكتات، جىگەر، بۆرەك قاتارلىقلاردا تەركىبى كۆپرەك بولىدۇ. ئۇ بەدەن ئىچىدىكى يادرو كىسلاتاسىنىڭ بىرىكىشىدە زور ئەھمىيەتكە ئىگە بولۇپ، ۋىتامىن $B_{12}$ بىلەن بىللە ئىشلىتىلگەندە يامان سۈپەتلىك قان ئازلىق كېسىلىنى داۋالىغىلى بولىدۇ.

**يوپۇرماق گۆشى** <بوت> يوپۇرماق ئالقىنىدىكى يوپۇرماق تومۇرى ۋە سىرتقى قوۋزىقىنى ئېلىپ تاشلىغاندىن

كېيىن قالىدىغان قىسمى. نېپىز پوستلۇق ھۈجەيرىلەردىن تەركىب تاپىدۇ. يوپۇرماقنىڭ فوتوسىنتېز رولى يوپۇرماق گۆشىدە ئېلىپ بېرىلىدۇ.

**يوپۇرماق ھەرىسى** <بوت> ھاشاراتلارنىڭ بىر ئائىلىسى. يېتىلگىنى ئادەتتە قارا رەڭلىك، بېشى كەڭ، مۇرەككەپ كۆزى چوڭ، سەزگۈ مۇڭگۈزچىسى قامچا شەكلىدە، تاياق شەكلىدە ياكى ھەرە چىشى شەكلىدە كېلىدۇ. بەزى خىللىرى دېھقانچىلىق ۋە ئورمانچىلىقنىڭ زىيانداشى ھېسابلىنىدۇ.

**يوپۇرماق ئىزى** <بوت> كۆزدە يوپۇرماق چۈشۈپ كەتكەندىن كېيىن، يوپۇرماق سېپىنىڭ غولدا قالدۇرغان ئىزى. يوپۇرماق ئىزىدا كانااللار باغلىمى ئۈزۈلۈپ قالدۇرغان ئىزمۇ بولىدۇ. يوپۇرماق ئىزىنىڭ شەكلى ۋە ئۇنىڭدىكى كانااللار باغلىمىنىڭ سانى ھەر خىل ئۆسۈملۈكلەردە ھەر خىل بولىدۇ. بۇنىڭ يوپۇرماق تاشلىغان ھالەتتىكى دەرەخلەرنى پەرق ئېتىشكە ياردىمى بولىدۇ.

**يوپۇرماق يېرىقچىسى** <بوت> يوپۇرماق گىرۋەكلىرىنىڭ ھەر خىل يېرىقچىلىرى. مەسىلەن، تولۇق يېرىلغان يوپۇرماق، چوڭقۇر يېرىلغان يوپۇرماق، ئالقانسىمان تېيىز يېرىلغان يوپۇرماق ۋە باشقىلىرىنىڭ يېرىقچىلىرىغا ئوخشاش.

**يوپۇرماق** II پ ① ئاڭلىماسقا، بىلمەسكە سالماق، بىغەم، جىم تۇرۇۋالماق: قۇلاقنى يوپۇرماق. * — تۆلەنداخۇنكا، چاققان بول، — دېدى ئۇ بوسوغىدىن پۇتىنى ئالا-ئالمايلا، — تېرىكىڭنىڭ ئۇچىدا سىغىزخان چىللاۋاتسا، قۇلاقلىرىڭنى يوپۇرۇپ ئولتۇرۇۋېرىدىكەنسەن. ② كۆچمە. تۇرمەك، پۇرۇشتۇرمەك: قاپاقنى يوپۇرماق، لېۋىنى يوپۇرماق. * تۆلەنداخۇن ئوغلى كەنجەمگە قاراپ لېۋىنى يوپۇردى-دە، قەدىمىنى يۆتكىدى. * ئانا قاپاقلىرىنى يوپۇردى ۋە سەل ئويلىنىۋېلىپ، — ئۇنداق بولسا ئۆزۈڭ دەپ باقە، بىز تونۇيدىغانلاردىن كىمگە ئوخشايدۇ، — دېدى. ③ كۆچمە. بېشىنى ئېگىپ تىقماق، دۇغدايماق، غەمكىنلەشمەك: ساۋۇت بىر ئاز قورقىمۇ، لېكىن بېشىنى يوپۇرۇپ كىرىشكە مەجبۇر بولدى.

**يوپۇرماقسىز** سۈپ. يوپۇرمىقى يوق، يوپۇرماق چىقارمىغان.

**يوپۇرماقسىز ئىت سىيگەك** <بوت> لويلا ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. ئېگىزلىكى 30 — 70 سانتىمېتىر، غولى تىك بولۇپ، تۈۋىدىن شاخلىنىدۇ، شاخلىرى يۇملاق بوغۇملۇق، گۆشلۈك ۋە يېشىل بولىدۇ. يوپۇرماقلىرى يىگىلەپ، تەڭگىسىمان يوپۇرماققا ئايلانغان بولۇپ، ئۇدۇل ئۆسىدۇ، يوپۇرماق قولتۇقىدا قارا تۈكلىرى بولىدۇ. باشاقسىمان گۈل رېتى شاخلىرىنىڭ يۇقىرى قىسمىغا توپلاشقان، گۈلى كىچىك ۋە پەردىلەشكەن، مېۋىلەش مەزگىلىدە قاناتسىمان ھالەتكە ئۆزگىرىدۇ. پۈتۈن تۈپى دورا قىلىنىدۇ. قۇرت ئۆلتۈرۈش رولىغا ئىگە.

**يوپۇرماقسىمان** پ. شەكلى يوپۇرماققا ئوخشايدىغان، يوپۇرماق شەكلىدىكى: يوپۇرماقسىمان كېپىنەك. * بۇ خىل ئەھۋال ھاشاراتلاردا كۆپ ئۇچرايدۇ. مەسىلەن، يوپۇرماقسىمان كېپىنەكنىڭ سىرتى يوپۇرماققا ئوخشايدۇ.

**يوپۇرماقسىمان سىزىق** <مات> تەكشىلىكتىكى تىك بۇلۇڭلۇق كوئوردىنات سىستېمىسىدا $\chi^3+y^3=3a\chi y$ ئىپادىلەنگەن ئەگرى سىزىق.

**يوپۇرماقسىمان كېپىنەك** <زوئول> كېپىنەكنىڭ بىر خىلى. بېشى چوڭ ۋە كۆپ تۈكلۈك. مۇرەككەپ كۆزى چوڭ، ئەمما سەل بۆرتۈپ چىققان، سەزگۈ مۈڭگۈزچىسى تاياقسىمان، قانىتىنىڭ ئۈستى قارا كۆك، ئاستى قېنىق قوڭۇر، يوپۇرماق تومۇرىغا ئوخشاش ئالىسى بار. توختىغاندا ئىككى قانىتى تىك تۇرىدۇ. شەكلى يوپۇرماققا ئوخشايدۇ.

**يوپۇرماقلىق** سۈپ. يوپۇرمىقى بار، يوپۇرمىقى كۆپ، يوپۇرماق بىلەن قاپلانغان: يىڭنە يوپۇرماقلىق دەرەخ. تەڭگە يوپۇرماقلىق دەرەخ. * گۈللۈكنىڭ يېنى كىچىككىنە قوغۇنلۇق بولۇپ، تېخىچە يېشىللىقنى يوقاتمىغان قويۇق يوپۇرماقلىق پېلەكلەر ئاشكارا كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

**يوپۇرماقلىماق** پ. يوپۇرماق چىقارماق، يوپۇرماق ئۆسمەك.

**يوپۇرۇشماق** «يوپۇرماق II» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار بۇ ئىشقا ئىپادە بىلدۈرمەي قۇلاقلىرىنى يوپۇرۇشۇپ ئولتۇرۇشتى.

**يوپۇرۇلماق** پ. بىرەر ئادەم ياكى نەرسىگە تاشلانماق، ئېتىلماق: ئاتلار گويا قارا بوراندەك يوپۇرۇلۇپ دۈشمەن تەرەپكە تاشلاندى. * يالقۇنناغىنىڭ باغرىدا، ياندى ئىسيان يالقۇنى. يوپۇرۇلدى ياۋلارغا قىساس — ئەلەم دولقۇنى.

**يوپۇق** ئى ① ئات-ئۇلاغنى سوغۇقتىن مۇداپىئە قىلىش ئۈچۈن ئۇچىسىغا يېپىپ قويۇلىدىغان يېپىنچا: ئېتىمنى توقۇپ قويدۇم، يوپۇق ياپمەن ئەمدى. سۆيگەن ياردىن ئايرىلىپ، يالغۇز ياتىمەن ئەمدى. ② بىرەر نەرسىنىڭ ئۈچۈق تۇرماسلىقى ئۈچۈن يېپىلىدىغان پەردە: مەلىكە يوپۇقنى قايرىپ، بېشىنى مەيدىن چىقىرىپ، گۈلابكىغا قارىغاندا كۆزى زەرگەر يىگىتكە چۈشۈپ قېلىپتۇ.

**يوپۇقداتماق** «يوپۇقدىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**يوپۇقداشماق** «يوپۇقدىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**يوپۇقدالماق** «يوپۇقدىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**يوپۇقدىماق** پ. يوپۇق ياپماق؛ پەردە تارتماق؛ يېپىنچا ياپماق: چورۇق بۇ ئۈچ ئالتۇن ئۈزۈكنى بىر خالتىغا سېلىپ، ئېشەكنىڭ قۇيرۇقىغا قىستۇرۇپ باغلاپتۇ، ئاندىن ئېشەكنى يوپۇقداپ مىنىپ بازارغا بېرىپ ساتماق بولۇپتۇ.

**يوپۇقلۇق** سۈپ. يوپۇقى، يوپۇق يېپىلغان، يوپۇق تارتىلغان: قىز قارىسا، كىمخاپ يوپۇقلۇق قوش ئات قوشۇلغان ئالتۇن مەپە جاراڭلاپ، بىر مەپكەش بوۋاي ئاتلارنىڭ بوجىلىرىنى تۇتۇپ تۇرغۇدەك.

**يوپيورۇق** سۈپ. ناھايىتى، ئىنتايىن يورۇق، ھەددىدىن زىيادە يورۇق: يوپيورۇق ئۆي. يوپيورۇق كېچە. * مەزىن دادام مېنى كەلگ ھويلىغا، ئاندىن يوپيورۇق بىر ئۆيگە ئېلىپ كىردى. * كۆپ ئۆتمەيلا ئىشىك ئېچىلىپ كىرگۈچىنىڭ قول چىرىغى گەمە ئىچىنى خۇددى كۈندۈزدەك يوپيورۇق قىلىۋەتتى.

**يوتا** ئى ① تىزنىڭ يۇقىرىسىدىن سۆڭگەكچىكىچە بولغان ئارىلىق؛ يانپاش: يوتا سۆڭىكى. * قوغلىغانلارنىڭ بىرى سېنى تۇتۇۋالسا ئىككى يوتاڭدىن ئىككى سەر گۆشۈڭنى شىلىپ ئالىدۇ. ② تاغنىڭ يانباغرى؛ بەل: بەل يوتىسى. * سابىرلار دۆڭلۈكلەر ئارىسىدىن يۈگۈرۈپ، توغرا كەتكەن يوتىسى قىيپاش تاغ ئۈستىگە چىقتى.

**يوتقان** ئى. ئۇخلىغاندا يېپىنىش ئۈچۈن

رەختنى ئەنلەپ، ئارىسغا پاختا قويۇپ تىكىلگەن يېپىنچا: ماموق يوتقان. تويلۇق يوتقان. * بۇ خىتابنى ئىچىدە بىرنەچچە قېتىم تەكرارلىغان زەيتۇنەم ئۇلۇغ-كىچىك تىنىپ، ئۇستىگە يېپىلغان يوتقاننىڭ بىر چېتىنى ئېچىۋەتتى.

**يوتقان تېشى** مەخسۇس يوتقان تىكىش ئۈچۈن، يىپەك ۋە سۈنئىي يىپەك يىپلاردىن توقۇلغان، ئېنى كەڭ رەخت.

**يوتقان خۇرجۇنى** سەپەرگە ماڭغاندا، يوتقان-كۆرپىلەرنى قاچىلاش ئۈچۈن مەخسۇس توقۇلغان قاپ؛ تاغار.

**يوتقانغا قاراپ پۇت سۇنماق** ئەمەلىي ئەھۋالغا، شەرت-شارائىتقا، كۈچ-مادار، قۇۋۋىتىگە يارىشا ئىش قىلماق: تولا يوغانچىلىق قىلماي، يوتقانغا قاراپ پۇت سۇنغان تۈزۈك. * — يوتقانغا قاراپ پۇت سۇنساق بولارمىكىن، «خېنىم» — دېدى ئېرى ئۆزىنى تۇتۇۋالغان هالدا.

**يوتقانغا بېقىپ پۇت ئۇزاتماق** ← **يوتقانغا قاراپ پۇت سۇنماق**: — هوي قۇرۇق ئۇستىخان، تاۋار داستىخان سۇلتانبېگىم، قارا هاڭگا يارىماي قالدىمۇ ئەمدى؟ يوتقانغا بېقىپ پۇت ئۇزاتساق، هالىمىزغا بېقىپ هال تارتساق بولماسمىدى، — دېدى ئايالى ئېرىگە دوق قىلىپ.

**يوتقاننىڭ تېشىدىن بولغان** نىكاهسىز تۇغۇلغان، دادىسى نامەلۇم، هارامدىن بولغان؛ هارامزادە.

**يوتقانسىز** سۈپ. يوتقىنى يوق، يوتقان يېپىنمىغان يوتقانغا ئېرىشەلمىگەن: ئۇنىڭ بەختىگە ئەتىياز بولۇپ، ئۆز مەجبۇرىيەتلىرىنى ئورۇنلاش ئۈچۈن ئىككى مىڭ يارماققا تۇتۇپ بەرگەن يوتقىنىسىزمۇ كۈن كەچۈرۈشكە بولىدىغان مەزگىل كەلگەنىدى.

**يوتقان-كۆرپە** ئۇخلىغاندا يېپىنىدىغان يوتقان ۋە شۇ خىلدىكى نەرسىلەر؛ يوتقان-كۆرپە: — بۇ كامېر سېسىپ كېتىپتۇ، سېنى باشقا كامېرغا يۆتكەپ، بۇ ئۆينى بىر هەپتە ئېچىۋاتىمىز. يوتقان-كۆرپەڭنى ئېلىپ چىقىپ تۇر، مەن هارۋا ئېلىپ كېلىمەن، — دېدى تۆرمە باشلىقى ئۇنىڭغا.

**يوتقانلىق** ① سۈپ. يوتقىنى بار، يوتقان يېپىنغان. ② سۈپ. يوتقان تىكىشكە باپ، لايىق، يوتقان قىلىشقا بولىدىغان: يوتقانلىق تاۋار. ③ ئى. يوتقان تىكىشكە باپ كېلىدىغان رەخت: — مېنىڭ بىر يوتقانلىقىم بار ئىكەن، — دېدى ئۇ.

**يۇتۇتماق** پ. دىئال. كۆز قاپقى ياكى يۈز-كۆزى ئىششىپ قالماق.

**يۇتۇق** I سۈپ. دىئال. يانتۇ، قىيپاش، يانباغىر.

**يۇتۇق** II ئى. توشقان ئۇۋۇسى.

**يوچۇق** ئى ① يېرىلغان، چاك هاسىل بولغان جاي؛ دەز، ئاراچ: ئىشىكنىڭ يوچۇقى. تامنىڭ يوچۇقى. * دېرىزە پەردىسىنىڭ يوچۇقىدىن چۈشكەن سۇس ئاي يورۇقى ئۆي ئىچىنى غۇۋا يورۇتۇپ تۇراتتى. * كامېرلارنىڭ قاغجىراپ كەتكەن ئىشىكلىرىنىڭ يوچۇقلىرىدىن بىرنەچچە كۆزلەر مارىشىپ تۇراتتى. ② كۆچمە. قۇسۇر، كەمچىلىك، نۇقسان: بۇ ئىشنى شۇنداق قىلايلىكى، باشقىلار ئىشىمىزدىن قىلچە يوچۇق تاپالمىسۇن. * ئۇ ئازراق يوچۇق تاپسىلا بىرنى ئون قىلىپ پىتنە تارقىتىدۇ.

**يوچۇق ئاچماق** پ ① تۆشۈك تەشمەك، كامار پەيدا قىلماق: ئاسمان قەسرىدىن قاچقان چېغىڭدا، روجەكتىن يوچۇق ئاچقان چېغىڭدا. ② كۆچمە. قۇسۇر تاپماق، ئەيىبىنى ئاچماق، يېغىرىنى كولىماق.

**يوچۇق قالدۇرماسلىق** بىرەر ئىش،

گەپ-سۆزدە كەتكۈزۈپ قويماسلىق، پۇرسەت، بوشلۇق قالدۇرماسلىق، ئىمكانىيەت قويماسلىق.

**يوچۇق ئىزدىمەك** بىراۋنىڭ ئاجىزلىقىنى، ئەيىبىنى، قۇسۇرىنى، نۇقسانلىرىنى ئىزدىمەك: يوچۇق ئىزدەش، پۇرسەت كۈتۈش، شەيئىلەرنىڭ ئۆزگىرىشىگە ماسلىشىش كىشىلەرنىڭ ئەقىل-پاراسىتىگە باغلىق.

**يوچۇن** سۈپ. تۇنۇش بولمىغان، كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان، ئۆزگىچە، غەلىتە: يوچۇن ئادەم. يوچۇن ئىش. يوچۇن قىلىق. * شۇ ئەسنادا ھويلا ئىشىكى تاراقلاپ ئېچىلدى، قادىر بېدىك بىرنەچچە يوچۇن كىشىنى باشلاپ كىرىپ كەلدى. * يامۇلنىڭ ئىشىكى يوچۇن، كىرەلمەيسەن پۇلۇڭ يوق ئۈچۈن.

**يوخشىماق** پ. دىئال. ئات ئوت يېمەستىن خامۇش بولۇپ جىم تۇرماق.

**يود** ئى (ر<گېرك) <خىم> مېتاللوئىد ئېلېمېنت. بەلگىسى I (iodium). قارا قوڭۇر رەڭلىك كرىستال. مېتال پارقىراقلىقىغا ئىگە، ئاسان سۇبلىماتسىيىلىنىپ بىنەپشە رەڭلىك پار ھاسىل قىلىدۇ. يودنىڭ ئىسپىرتتىكى ئېرىتمىسى دېزىنفېكسىيە قىلىش ۋە يوقاق كېسىلىنى داۋالاشتا ئىشلىتىلىدۇ. سانائەتتە بوياق ماتېرىياللىرىنى ئىشلەش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

**يودا** سۈپ. دىئال. ئەبگاھ، سوكال، نامرات، گادايى، ئورۇق.

**يودات** (ر<گرېك) <خىم> ← **يودات كىسلاتا.**

**يودات كىسلاتا** <خىم> يودنىڭ ئوكسىگېنلىق كىسلاتاسى، يەنى رەڭسىز كرىستال ماددا. فورمۇلىسى $HIO_3$. يود بۇنىڭدا بەش ۋالېنتلىق. يودنى سۇدا خلور گازى ياكى نىترات كىسلاتا قاتارلىق ئوكسىدلىغۇچىلار بىلەن ئوكسىدلاش ئارقىلىق ئېلىنىدۇ. سۇدا ياخشى ئېرىيدۇ. ئۇ بىر خىل كۈچلۈك ئوكسىدلىغۇچى بولۇپ، دورىغا ئىشلىتىلىدۇ، يەنە خىمىيەۋى رېئالتىۋمۇ قىلىنىدۇ.

**يودوفورم** ئى (ر<گرېك) <خىم> ئورگانىك بىرىكمە. مولېكۇلا فورمۇلىسى $CHI_3$. سېرىق رەڭلىك پارقىراق كرىستال، ئالاھىدە پۇراقلىقا ۋە تەمگە ئىگە. دورىگەرلىكتە دېزىنفېكسىيە دورىسى سۈپىتىدە ئىشلىتىلىدۇ.

**يودومېترىيە** ئى (ر<گرېك) <خىم> ئوكسىدلاپ-ئوكسىدسىزلاپ تېتىرلەش يەنى ئۆلچەملىك يود ئېرىتمىسى ئارقىلىق ماددىنىڭ مىقدارىنى ئېنىقلاش ئۇسۇلى. ئادەتتە ئوكسىدسىزلىغۇچىلارنى ئۆلچەملىك يود ئېرىتمىسى بىلەن بىۋاستە تېتىرلەشكە بولىدۇ. مەسىلەن، پولات-تۆمۈرلەردىكى گۈڭگۈرت قاتارلىقلار ئېنىقلىنىدۇ. كراخمالنى ئىندىكاتور قىلغاندا، تېتىرلەش ئاخىرقى نۇقتىسىدا رەڭسىز كراخمال كۆك رەڭگە ئۆزگىرىدۇ. ئوكسىدلىغۇچىلارنى ئېنىقلاشتا بەزى ئوكسىدلىغۇچىلارنىڭ كىسلاتالىق ئېرىتمىدە كالىي يودىتتىكى يودنى چىقىرىش خۇسۇسىيىتىدىن پايدىلىنىپ ئۆلچەملىك ئوكسىدلىغۇچى ئېرىتمىسى ئارقىلىق يودنى تېتىرلەپ چىقارغاچقا، شۇ ئوكسىدلىغۇچى ماددىنىڭ مىقدارىنى بىۋاستە ھېسابلاپ چىقىقلى بولىدۇ. مەسىلەن، خلورلۇق ھاكتىكى ئۈنۈملۈك خلورنى ئېنىقلاش قاتارلىقلار. تېتىرلەش ئاخىرقى نۇقتىسى كۆك رەڭدىن رەڭسىزلىنىدۇ.

**يودىماق** پ. دىئال. قورسىقى ئاغرىغان ئادەملەرنى تۇز، نان قاتارلىق

نەرسىلەر بىلەن ئاشلىماق.

**يورتماق** پ. ئاتنى ئۇششاق قەدەم بىلەن تېز ھەم سىلىق ماڭدۇرماق يەنى مېڭىشتىن تېز، يورغىلاشتىن ئاستىراق بىر خىل مېڭىشتا ماڭدۇرماق.

**يورغا** ئى. رىتىمنى بۇزماي، بىرخىلدا ھەم سىلىق ھەم يۈگۈرگەندەك ئىتتىك ماڭىدىغان ئات: يورغىسىغا چۈشمەك.

* يورغا مىنگەن يولدىشىدىن ئايرىلار، كۆپ ياشىغان تەڭتۇشىدىن ئايرىلار (ماقال).

// يورغا ئات.

**يورغىلاتماق** «يورغىلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئويناقلاپ تۇرغان قارا ئات مىنگەن سادىر ئېتىنى يورغىلىتىپ كەلدى-دە، دەرھال دادىسىغا سالام بەردى.

**يورغىلاش** «يورغىلىماق» پېئىلىنىڭ يەنە بىر خىل ئىسمىدىشى: يورغىلاش مۇسابىقىسى.

**يورغىلاش مۇسابىقىسى** <تەن> بىر خىل يۈگۈرۈش مۇسابىقە تۈرى. بۇنىڭدا ئىككى پۇت بىرلا ۋاقىت ئىچىدە يەردىن ئايرىلىشقا بولمايدۇ، ئالدى پۇتىنىڭ ئۆكچىسى يەرگە تەگكەن ھامان پۇت دەرھال تۈزلىنىدۇ. مۇسابىقە بەش كىلومېتىر، 10 كىلومېتىر، 20 كىلومېتىر، 50 كىلومېتىر ۋە بىر سائەت، ئىككى سائەت مېڭىش قاتارلىق تۈرلەرگە ئايرىلىدۇ.

**يورغىلاشماق** «يورغىلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئاق پەرتۇق تارتقان كۈتكۈچىلەر بولسا پۇت-پۇتىغا، قول-قولىغا تەگمەي يورغىلىشىپ يۈرەتتى.

**يورغىلىماق** پ ① رىتىمنى بۇزماي، ھەم تېز ھەم سىلىق ماڭماق: تىزگىنى بوشىتىلغان بايتال يېنىككىنە يورغىلاشقا باشلىدى. ② كۆچمە. ئىككى تېقىمنى بىر-بىرىگە سۈركەپ تېز-تېز ئىلدام ماڭماق: يىگىت خۇش بولۇپ ئانىنىڭ قولىغا سۆيۈپتۇ ۋە ئانىسىنىڭ كىيىمنى كىيىپ، داستىخاننى قولتۇقىغا قىسىپ، خېنىملاردەك يورغىلاپ، گۇندىپاينىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ كېتىپتۇ.

**يورغىلاپ مېڭىش** <تەن> چىدامچانلىق كۈچىنى تەرەققىي قىلدۇرىدىغان بىر خىل يېنىك ئاتلېتىكا تۈرى. ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكى: ئىككى پۇتتا نۆۋەت بىلەن قەدەم ئېلىپ ماڭىدۇ، قەدەم دائىرىسى چوڭ، رىتىمى يۇقىرى بولىدۇ ھەمدە مۇئەييەن قائىدىنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرايدۇ، يورغىلاپ مېڭىش ئادەتتىكى قەدەملەپ مېڭىشتىن ئۆزگىرىپ مەيدانغا كەلگەن بولسىمۇ، ئەمما بىرقەدەر ئۇزۇن ئارىلىققا بىرقەدەر تېز سۈرئەتتە مېڭىپ يېتىش، ئۇچۇن، يورغىلاپ مېڭىشنىڭ قولنى سېلىش، قەدەم تاشلاش ۋە يانپاشنى بۇراش قاتارلىق ھەرىكەتلىرىدە ئادەتتىكى يول مېڭىشقا قارىغاندا نىسپىي ئۆزگىرىشلەر بولىدى.

**يورۇتقۇچ** سۈپ. يورۇتۇش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە بولغان، يورۇتىدىغان: يورۇتقۇچ ئەسۋابلار.

**يورۇتقۇچ بومبا** <ھەرب> ئالاھىدە ئىشلەنگەن بىر خىل بومبا ياكى زەمبىرەك ئوقى. ئۇنىڭ ئىچىگە نۇر چاقنىتىدىغان دورا ۋە كىچىك پاراشوت قاچىلانغان بولۇپ، ھاۋادا كۈچلۈك نۇر چىقىرىدۇ. ئادەتتە ھۇجۇم قىلىش نىشانىنى كۆزىتىش ياكى كۆرسىتىشتە ئىشلىتىلىدۇ.

**يورۇتماق** ① «يورۇماق» پېئىلىنىڭ

مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئەزىز شۇنى ئويلاپ يۈرىكى ئېچىنغان ھالدا ياتقان يېرىدىن تۇرۇپ چىراغنى يورۇتتى. ② ئايدىڭلاشتۇرماق: يازغۇچى بۇ ئەسىرى بىلەن XIX ئەسىردىكى جەمئىيەت ئەھۋالىنى تېخىمۇ يورۇتۇپ، كىشىلەرگە تونۇشتۇردى.

**يورۇتۇپ بەرمەك** <ئەد> باشقا بەزى شەيئىلەرنى بىللە قويۇپ سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق شەيئىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى گەۋدىلەندۇرمەك.

**يورۇتۇش** ① «يورۇتماق» پېئىلىنىڭ يەنە بىر خىل ئىسمدىشى. ② <بىن> ئىشىك-دېرىزىلەرنى مۇۋاپىق لايىھىلەش ئارقىلىق، ئۆي-ئىمارەتلەرنىڭ ئىچىدە يەلگىلىك يورۇقلۇق ھاسىل قىلىش.

**يورۇتۇش دەرىجىسى** <فىز> يورۇقلۇق چىقارغۇچى جىسىم ياكى يورۇقلۇق قايتۇرغۇچى جىسىمنىڭ ئادەم كۆزىگە سەزدۈرگەن يورۇقلۇقىنىڭ كۈچلۈك-ئاجىزلىقى. يورۇتۇش دەرىجىسى كۆرۈنگەن جىسىمنىڭ چوڭ-كىچىكلىكى، يورۇقلۇق چىقىرىش ياكى يورۇقلۇق قايتۇرۇش كۈچلۈكلۈكى ھەمدە ئارىلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ.

**يورۇتۇش كوئېففىتسېنتى** <فىز> يورۇتۇشتا ئىشلىتىلىدىغان يورۇقلۇق مەنبەسىدىن چىققان يورۇقلۇق ئېقىمى بىلەن بۇ يورۇقلۇق مەنبەسىدىن سەرپ بولغان ئېلېكتر قۇۋۋىتىنىڭ نىسبىتى.

**يورۇتۇش كۈچى** <فىز> بىرلىك مۇجەسسەم بۇلۇڭدىن ئۆتىدىغان يورۇقلۇق ئېقىمى، يەنى نۇقتىۋى يورۇقلۇق مەنبەسىدىن چىقىپ، مۇئەييەن يۆنىلىشكە تارقىلىۋاتقان كۆرۈنىدىغان نۇر رادىئاتسىيىسىنىڭ كۈچلۈك-ئاجىزلىقىنى ئىپادىلەيدىغان فىزىكىلىق مىقدار.

**يورۇتۇش مەيدانى** <فىز> يورۇقلۇق چىقارغۇچى جىسىم ياكى قايتۇرغۇچى جىسىمنىڭ يورۇقلۇقنى يەتكۈزۈش كۆلىمى.

**يورۇتۇلماق** «يورۇتماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئابدۇللا ئاكىنىڭ قاۋۇل بىلەن بىر يەردىن چىققان سۆزلىرى ئۇنىڭ ئىشەنچ چىرىغىدا يورۇتۇلغان قەلبىگە غەشلىك سايىسىنى تاشلىغاندەك بولدى.

**يورۇتۇلۇش** «يورۇتۇلماق» پېئىلىنىڭ يەنە بىر خىل ئىسمدىشى: يورۇتۇلۇش دەرىجىسى.

**يورۇتۇلۇش دەرىجىسى** <فىز> جىسىمنىڭ بىرلىك يۈزىگە چۈشكەن يورۇقلۇق مىقدارى. بىرلىكى ليۇكس.

**يورۇش** «يورۇماق» پېئىلىنىڭ يەنە بىر خىل ئىسمدىشى: يورۇش تېمپېراتۇرىسى. يورۇش دەرىجىسى.

**يورۇش تېمپېراتۇرىسى** <فىز> مەلۇم بىر جىسىمنىڭ يورۇقلۇق چىقىرىش يۈزىنىڭ سپېكتر رادىئاتسىيە يورۇقلۇقى مەلۇم بىر تېمپېراتۇرىدىكى قارا جىسىمنىڭ ئوخشاش دولقۇن ئۇزۇنلۇقىدىكى سپېكتىر رادىئاتسىيە يورۇقلۇقىغا تەڭ بولسا، بۇ تېمپېراتۇرا يورۇقلۇق چىقىرىش يۈزىنىڭ يورۇش تېمپېراتۇرىسى دەپ ئاتىلىدۇ.

**يورۇش دەرىجىسى** <فىز> يورۇقلۇق مەنبەسى چىقارغان يورۇقلۇقنىڭ كۈچلۈكلۈك دەرىجىسى. ئادەتتە شام ئۆلچەم بىرلىكى قىلىنىدۇ.

**يورۇش دەرىجىسى قانۇنى** <فىز> يورۇقلۇق مەنبەسى ناھايىتى كىچىك يۈزنى يورۇتقان چاغدا، ئۇ يۈزنىڭ

يورۇش دەرىجىسى يورۇقلۇق مەنبەسىنىڭ يورۇقلۇق چىقىرىش كۈچى بىلەن يورۇقلۇق نۇرىنىڭ چۈشۈش بۇلۇڭىنىڭ كوسىنۇسىغا ئوڭ تاناسىپ، يورۇقلۇق مەنبەسىدىن شۇ يۈزىگىچە بولغان ئارىلىقنىڭ كۋادراتىغا تەتۈر تاناسىپ بولىدۇ دېگەندىن ئىبارەت قانۇن.

**يورۇق** ① سۈپ. كۈن نۇرى يەنى ئاپتاپ چۈشۈپ تۇرىدىغان، قاراڭغۇ ئەمەس: يورۇق ئۆي. * تاش ئۆڭكۈرنىڭ ئاغزى ئۆز ئۆزىدىنلا يېپىلىپ ئالاھىدىنىڭ باش تەرىپىدىن چۈشۈپ تۇرغان يورۇق يوقىلىپتۇ. * ئەتىسى يورۇق چۈشمەيلا ئاسىم شەھەرگە قاراپ ماڭدى. ② ئى. نۇر، ئاپتاپ، ئاپتاپلىق ھالەت: يورۇق چۈشمەك. تاڭ يورۇقى. * ئۆچەر چىراغنىڭ يورۇقى يوق (ماقال). * ئاستىنقى قەۋەتتىكى بىرىنچى ھۇجرىنىڭ كوچىغا قارىغان ئىككى دېرىزىسىدىن يورۇق چۈشۈپ تۇراتتى. ③ سۈپ. كۆچمە. بەختلىك، شادلىق، ھۆر: يورۇق دۇنيا. يورۇق ئالەم. يورۇق كۈن. * — يىغلىما ئوغلۇم، — دەيتتى يېرىلىپ كەتكەن قوللىرىنى سىلاپ تۇرۇپ ئەخمەت ئاكا، — تولا كۆڭلۈڭنى بۇزما، بىزگىمۇ يورۇق كۈنلەر كېلەر، قېنى نېپىڭنى بىر چېلىۋەتكىنە. ④ سۈپ. كۆچمە. روشەن، نۇرلۇق: ئىشلىگەننىڭ يۈزى يورۇق، ئىشلىمىگەننىڭ يۈزى چورۇق دېگەندەك، ئاخىر ئۇ ئەزالارنىڭ قويىنغا سىڭىپلا كەتتى.

**يورۇق پېشىن** پېشىن ۋاقتىنى سەل بۇرۇن: — بىز ئەمدى ئىلىغا پەسلەپ كېتىۋاتىمىز، بۈگۈن خۇدا بۇيرۇسا يورۇق پېشىن مەھەل بىلەن يېتىپ بارىمىز، - دېدى ئۇ لۈتۈنغا قاراپ.

**يورۇقتا قويۇلىدىغان كىنو** <كىنو> ئېكران ئۈستى يېپىلىپ ياكى سىرتقى نۇرنىڭ كاشىلىسى ئازايتىلىپ، يورۇقلۇقتا قويۇلىدىغان كىنو. بۇ ئېلېكترونلۇق ئوقۇتۇشلاردا كۆپرەك قوللىنىلىدۇ.

**يورۇق سىزىقلىق سپېكتىر** <فىز> شالاڭ گازلار چىقارغان يورۇقلۇقتىن شەكىللەنگەن، ئۈزلۈكسىز بولمىغان بىرمۇنچە يورۇق سىزىقلاردىن تۈزۈلگەن سپېكتىر.

**يورۇق يوپۇرماقلىق ئورمان** <ئورم> دائىم يېشىل تۇرىدىغان كەڭ يوپۇرماقلىق دەرەخلەردىن شەكىللەنگەن ئورمان.

**يورۇقپەرەس** سۈپ. يورۇقنى ياخشى كۆرىدىغان، يورۇقلۇقتا ئىنتىلىدىغان.

**يورۇقپەرەسلىك** ئى <بوت> بەزى ئۆسۈملۈكلەرنىڭ يورۇقلۇقتا ئىنتىلىش خۇسۇسىيىتى.

**يورۇقچىلىق** ئى. ھەرقانداق دالدا قاراڭغۇلۇقتىن خالىي، يورۇق ھالەت؛ ئوچۇقچىلىق: ھەسەن بەدرىدىن ھېچ نەرسىنى سەزمەي ئۇخلاۋېرىپتۇ، كېيىن بىر يېنىغا ئاغدۇرۇلۇپ، كۆزىنى ئېچىپ، ئۆزىنى يورۇقچىلىقتا كۆرۈپتۇ.

**يورۇقلاشماق** پ. يورۇشقا باشلىماق، يورۇق ھالەتكە كەلمەك: ئۆي ئىچى يورۇقلاشتى.

**يورۇقلۇق** ① «يورۇق» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى. ② ئى <فىز> جىسىمنى يورۇتۇپ، كىشىگە جىسىمنى كۆرسىتىدىغان ماددا. مەسىلەن، قۇياش يورۇقلۇقى، چىراغ يورۇقلۇقى ۋە ئاي يورۇقلۇقى دېگەندەك. كۆرگىلى بولىدىغان يورۇقلۇق دولقۇن ئۇزۇنلۇقى $7.7x10^{-5}$ سانتىمېتىردىن $4x10^{-5}$ سانتىمېتىرغىچە بولغان ئېلېكتر

ماگنىت دولقۇنىدۇر. يورۇقلۇقنىڭ بوشلۇقتىكى تارقىلىش سۈرئىتى سېكۇنتىغا تەخمىنەن 300 مىڭ كىلومېتىر. ئادەتتىكى ئەھۋالدا يورۇقلۇق تۈز سىزىق بويلاپ تارقىلىدۇ. شۇڭا ئۇ يەنە «نۇر» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ③ ئى <فىز> يورۇقلۇق دولقۇنىنىڭ كىشىگە ھېس قىلدۇرغان كۆچلۈك-ئاجىزلىق دەرىجىسى. ④ ئى. يورۇق چۈشكەن، يورۇغان يەر، جاي: ئۇلار غار ئىچىدە مېڭىۋېرىپ، ئاخىرى يورۇقلۇققا قاينداق چىقىپ قالغىنىنىمۇ سەزمەي قېلىشتى. ⑤ ئى. كۆچمە. ئازادلىق، ئەركىنلىك: خەلقىمىز تىنماي كۈرەش قىلىش ئارقىلىق نەچچە مىڭ يىل خورلىغان جاھالەت زىندانىنى گۇمران قىلىپ، ئاخىرى يورۇقلۇققا چىقتى.

**يورۇقلۇق ئابېرراتسىيىسى** <ئاستر> يورۇقلۇقنىڭ تېزلىكى چەكلىك بولىدىغانلىقى ۋە يەر شارى قۇياش ئەتراپىدا ئايلىنىدىغانلىقى ئۈچۈن، مۇشۇ نىسبىي ھەرىكەت داۋامىدا تۇرغۇن يۇلتۇزلارنى كۆزەتكەندە، ئۇلارنىڭ ئورنى بىلەن ئەمەلىي ئورنى ئوتتۇرىسىدا پەسىل خاراكتېرلىك مىكرو كۆچۈش يۈز بېرىدۇ. بۇ ھادىسە يورۇقلۇق ئابېرراتسىيىسى دېيىلىدۇ.

**يورۇقلۇق بەلبېغى** <فىز> بەلباغسىمان يورۇقلۇق. مەسىلەن، ھەسەن-ھۈسەن ۋە ئاقار يۇلتۇزلار يۆتكەلگەندە ھاسىل بولغان ئىز قاتارلىقلار.

**يورۇقلۇق بېسىمى** <فىز> جىسىمغا چۈشكەن يورۇقلۇق ھاسىل قىلغان بېسىم. ئۇ ئاسمان جىسىملىرى ئارىسىدا زور رول ئوينايدۇ. كومېتانىڭ قۇيرۇقىنى قۇياشنىڭ يوشۇرۇپ تۇرۇشى دەل قۇياشنىڭ يورۇقلۇق بېسىمىدىن بولغان.

**يورۇقلۇقتا رېئاكسىيىلىشىش** <بىئول> يورۇقلۇق تەرىپىدىن قوزغىتىلىدىغان فوتو خىمىيىلىك رېئاكسىيە. يورۇقلۇقنىڭ كۈچلۈكلىكىگە ئەگىشىپ تېزلىشىدۇ.

**يورۇقلۇقتا فوسفاتلىنىش رولى** <بىئول> فوتوسىنتېز رولى جەريانىدا، يورۇقلۇقنىڭ ئېنېرگىيە بىلەن تەمىنلىشى ئارقىسىدا فوسفات كىسلاتاسى amp ۋە ADp مولېكۇلىسىغا قوشۇلۇپ يۇقىرى ئېنېرگىيىلىك فوسفات بىخنى شەكىللەندۈرۈش رولى.

**يورۇقلۇقتا نەپەسلىنىش** <بوت> ئۆسۈملۈكلەرنىڭ يورۇقلۇقنى قوبۇل قىلغان ۋاقتىدا يۈز بېرىدىغان نەپەسلىنىش رولى. بۇ ۋاقىتتا كاربون ( IV ) ئوكسىدىنى چىقىرىپ، $O_2$ نى قوبۇل قىلىدۇ، ئەمما ھېچقانداق ئېنېرگىيە سەرپ قىلمايدۇ.

**يورۇقلۇق تېزلىكى** <فىز> يورۇقلۇق دولقۇنىنىڭ تارقىلىش تېزلىكى. يورۇقلۇقنىڭ بوشلۇقتىكى تېزلىكى ھەر سېكۇنتىغا تەخمىنەن 300 مىڭ كىلومېتىر، ھاۋادىكى تېزلىكى بۇ قىممەتكە يېقىنراق بولىدۇ. شۇڭا ئادەتتە بۇ قىممەت ئىشلىتىلىدۇ.

**يورۇقلۇق تېزلىكىنىڭ ئۆزگەرمەسلىك پرىنسىپى** <فىز> ۋاكۇئۇمدىكى يورۇقلۇق تېزلىكىنىڭ ھەرقانداق ئىنېرتسىيىلىك پايدىلىنىش سىستېمىسىدا ئوخشاش بولۇش پرىنسىپى. ئۇ نىسپىيلىك پرىنسىپى بىلەن بىرلىكتە خۇسۇسىي نىسپىيلىك نەزەرىيىسىنىڭ ئاساسىنى شەكىللەندۈرىدۇ.

**يورۇقلۇقتىكى كۆرۈش سېزىمى** <فىز> نورمال كۆزنىڭ يورۇقلۇق يېتەرلىك شارائىتتىكى كۆرۈش ئېففېكتى. ئۇنىڭ كۆرۈش دەرىجىسىنىڭ فۇنكسىيىسىنىڭ ئەڭ چوڭ قىممىتى دولقۇن ئۇزۇنلۇقى 0.555μm بولغان يېشىل نۇر ئورنىدا بولىدۇ.

**يورۇقلۇق چىقىرىش كۈچى** <فىز> يورۇقلۇق مەنبەسىنىڭ بەلگىلىك يۆنىلىش دائىرىسى ئىچىدىكى يورۇقلۇق چىقىرىشىنىڭ كۈچلۈك-ئاجىزلىق دەرىجىسى.

**يورۇقلۇق دەستىسى** <فىز> توقماق ھالەتتىكى نۇر. مەسىلەن، قول چىرىغىنىڭ نۇرىغا ئوخشاش.

**يورۇقلۇق رېئاكسىيىسى** <بىئول> فوتوسىنتېز رولى جەريانىدا يورۇقلۇق كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان خىمىيىلىك رېئاكسىيە.

**يورۇقلۇق سەزگۈچى قەغەز** <خىم> يورۇقلۇق سەزگۈچى ماتېرىياللارنىڭ بىر تۈرى، يەنى يۈزىگە يورۇقلۇق سەزگۈچى ئېمۇلسىيون سۈرتۈلۈش ئارقىلىق ئىشلەنگەن قەغەزلەرنىڭ ئورتاق نامى.

**يورۇقلۇق سەزگۈچى ئېمۇلسىيون** <خىم> يورۇقلۇقتا خىمىيىۋى ئۆزگىرىش پەيدا قىلالايدىغان ئېمۇلسىيون. ئادەتتە ئۇ كۈمۈش گالوگېىدىنىڭ يارىيېلىم ئېرىتمىسىدىكى سۇسپېنزىيىسىدۇر.

**يورۇقلۇق سۇندۇرۇش** <فىز> جىسىمنىڭ ئۆزىدىن ئۆتكەن نۇرنى سۇندۇرۇش ھادىسىسى.

**يورۇقلۇق سۈزگۈچ** <فىز> ئۆزلۈكسىز يورۇقلۇق سپېكترىدىن ئېھتىياجلىق دولقۇن ئۇزۇنلۇقى دائىرىسىدىكى يورۇقلۇقنى تاللىۋالالايدىغان ئوپتىك ئېلېمېنت.

**يورۇقلۇق سپېكتىرى** <فىز> دىفراكسىيە ھادىسىسىنى ھاسىل قىلالايدىغان ئوپتىكا ئەسۋابى. نۇر ئۇنىڭدىن ئۆتكەندە ياكى ئۇنىڭدىن قايتقاندا سپېكتر ھاسىل بولىدۇ. ئادەتتە ئەينەك ياكى مېتالدىن ياسىلىدۇ. ئۈستىدە ناھايىتى زىچ پاراللېل ئىنچىكە سىزىقلار ئويۇلغان بولىدۇ.

**يورۇقلۇقتا ئىنتىلىشچانلىق** <بوت> ① يورۇقلۇقنىڭ تەسىرىدىن بولىدىغان يورۇقلۇققا قاراپ ئۆسۈش خاھىشى. مەسىلەن، يوپۇرماقلار ئۆزىنى يورۇقلۇققا قارىتىدۇ، ئاپتاپپەرەس تەخسە شەكىللىك گۈل رېتىنى كۈنگە قارىتىدۇ. ② <زوئول> بەزى ھاشارات ياكى بېلىقلارنىڭ يورۇق تەرەپكە قاراپ يۈزلىنىش ئالاھىدىلىكى.

**يورۇقلۇق قايتۇرۇش ئەينىكى** <فىز> ① يورۇقلۇق قايتۇرۇشتا مەخسۇس ئىشلىتىلىدىغان ئەينەك. يورۇقلۇقنى تۈز چۈشۈرىدۇ ياكى بىر تەرىپىنىڭ يورۇقلۇق دەرىجىسىنى ئاشۇرىدۇ. مەسىلەن، قول چىرىغى، ئاپتوموبىل چىرىغى، نۇر يىغىش چىرىغى قاتارلىقلاردىكى پېتىنقى ئەينەك. ② كۆزەتكۈچىنىڭ كۆرۈش دائىرىسىدىن سىرتتىكى يورۇقلۇقنى قايتۇرىدىغان تەكشى يۈزلۈك ئەينەك ياكى كۆپيۈزلۈك ئەينەك.

**يورۇقلۇق كۈچىنىشى** <فىز> يورۇقلۇق دولقۇنىنىڭ كۆزىتىش ئېكرانىدىكى نىسبىي يورۇقلۇق دەرىجىسى بەلگىسى.

**يورۇقلۇق مەنبەسى** <فىز> يورۇقلۇق چىقىرىدىغان جىسىم. مەسىلەن، قۇياش، چىراغ، ئوت قاتارلىقلار.

**يورۇقلۇق مۇساپىسى** <فىز> يورۇقلۇقنىڭ چىققان جايىدىن چۈشكەن جايىغىچە بولغان ئارىلىقتا بېسىپ ئۆتكەن مۇساپىسى.

**يورۇقلۇقنىڭ دولقۇن تەلىماتى** <فىز> يورۇقلۇقنىڭ ماھىيىتىگە مۇناسىۋەتلىك بىر خىل تەلىمات، XVII ئەسىردە گيۇگېنس تەرىپىدىن بارلىققا كەلتۈرۈلگەن. ئۇنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى: يورۇقلۇق

بىر خىل مېخانىكىلىق دولقۇن بولۇپ، يورۇقلۇق تارقاتقۇچى جىسىمدىن پەيدا بولىدۇ. خۇددى ئاۋاز دولقۇنىغا ئوخشاش مۇھىتتا تايىنىپ تارقىلىدۇ دېگەندىن ئىبارەت.

**يورۇقلۇقنىڭ زەررىچە تەلىماتى** <فىز> يورۇقلۇقنىڭ ماھىيىتى توغرىسىدىكى بىر خىل تەلىمات. XVII ئەسىردە نيۇتون قاتارلىقلار تەرىپىدىن تەشەببۇس قىلىنغان. ئۇنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى: يورۇقلۇق يورۇقلۇق چىقارغۇچى جىسىمدىن تارقالغان ئېلاستىك زەررىچىلەردىن تەركىب تاپىدۇ دېگەندىن ئىبارەت. بۇ يورۇقلۇقنىڭ دولقۇن تەلىماتىغا قارىمۇقارشى.

**يورۇقلۇق سۇنۇشى** <فىز> يورۇقلۇق بىر خىل مۇھىتتىن ئىككىنچى بىر خىل مۇھىتقا كىرگەندە، تارقىلىش يۆنىلىشىنىڭ ئۆزگىرىش ھادىسىسى.

**يورۇقلۇقنىڭ قايتىش قانۇنى** <فىز> يورۇقلۇقنىڭ قايتىشى ھەققىدىكى قانۇنىيەت. ئۇنىڭ مەزمۇنى مۇنداق: 1) قايتقان يورۇقلۇق نۇرى، چۈشكەن يورۇقلۇق نۇرى ۋە نورمال سىزىق بىر تەكشىلىك ئۈستىدە بولۇپ، قايتقان يورۇقلۇق نۇرى بىلەن چۈشكەن يورۇقلۇق نۇرى ئايرىم-ئايرىم ھالدا نورمال سىزىقنىڭ ئىككى يېنىدا ياتىدۇ؛ 2) قايتىش بۇلۇڭى چۈشۈش بۇلۇڭىغا تەڭ بولىدۇ، يەنى <AON=<NOB.

**يورۇقلۇقنىڭ قايتىشى** <فىز> يورۇقلۇق جىسىمنىڭ يۈزىگە چۈشكەندە، بىر قىسىم يورۇقلۇقنىڭ قايتىپ كېتىش ھادىسىسى.

**يورۇقلۇقنىڭ مۇستەقىل تارقىلىش قانۇنى** <فىز> گېئومېترىيىلىك ئوپتىكىنىڭ ئاساسىي قانۇنلىرىدىن بىرى، يەنى بىرنەچچە تال نۇر ئۆزئارا ئۇچراشقان چاغدا بىر-بىرىگە قىلچە كاشىلا قىلماي ئۆتۈشۈپ، مۇستەقىل تارقىلىدىغانلىقى ھەققىدىكى قانۇن.

**يورۇقلۇقنىڭ ئېلېكتروماگنىت نەزەرىيىسى** <فىز> XIX ئەسىردە ماكسۋېل ئوتتۇرىغا قويغان، يورۇقلۇقنىڭ ماھىيىتىنى بىر خىل ئېلېكتر ماگنىت دولقۇنىدىن ئىبارەت دەپ قارايدىغان نەزەرىيە.

**يورۇقلۇق ئېقىمى** <فىز> بىرلىك ۋاقىت ئىچىدە مەلۇم بىر يۈزدىن ئۆتكەن يورۇقلۇقنىڭ مىقدارى. بىرلىكى ليۇمېن.

**يورۇقلۇق ئېنېرگىيىسى** <خىم> يورۇقلۇقتىن كېلىدىغان ئېنېرگىيە. مەسىلەن، فوتو سۈرەت لېنتىسىنىڭ يورۇقلۇق سېزىشى يورۇقلۇق ئېنېرگىيىسىنىڭ رولىدۇر.

**يورۇقلۇق ئىلمى** <فىز> ← **ئوپتىكا**.

**يورۇقلۇق يىغىش كۈچى** <فىز> ئوبيېكتىپنىڭ نىسبىي ئاپېرتۇرىسىنىڭ كۋادراتى. ئۇ ئوبيېكتىپتا شەكىللەنگەن تەسۋىرنىڭ يورۇقلۇق دەرىجىسىنى بەلگىلەيدۇ. نىسبىي ئاپېراتۇرا قانچە چوڭ بولسا، ئوبيېكتىپنىڭ يورۇقلۇق يىغىش كۈچى شۇنچە زور بولىدۇ، ئۇنىڭدىن شەكىللەنگەن تەسۋىرمۇ شۇنچە ئېنىق بولىدۇ.

**يورۇقلۇق يىلى** <ئاستر> يۇلتۇزلار ئارىلىقىنى ھېسابلاشتىكى بىرلىك، يەنى يورۇقلۇقنىڭ بىر يىل ئىچىدە باسقان مۇساپىسى، ئۇ تەخمىنەن بىر تىرىليون كىلومېترغا تەڭ بولىدۇ.

**يورۇماق** پ ① يورۇق چۈشمەك، يورۇق ھالەتكە كەلمەك: چىراغ ياندۇرۇلدى،

ئۆي ئىچى خېلى يورۇدى. ② ئاقارماق، چىقماق، ئاتماق (كۈن ۋە تاڭ ھەققىدە): ئاخىر، تاشقىرىدا كۈن يورۇپ كەتتى. ئۆيدە ئىشكلەر تاراقلاپ ئېچىلىشقا باشلىدى. * بۇ چاغدا تاڭ ئوبدانلا يورۇپ، كىشىلەرنىڭ ئالدى ئىشقا يېتىپ كەلگەنىدى. ③ ئېچىلماق، شادلانماق: كۆڭلى يورۇماق. دىلى يورۇماق. * ئارسلانوپنىڭ شىلىسىدىن يوغان تۆگمەن تېشىنى ئېلىپ تاشلىغاندەك بولدى، كۆڭلى يورۇپ كەتتى.

**يوسۇن** ئى. ئەزەلدىن تارتىپ كېلىۋاتقان، كىشىلەرگە سىڭىپ كەتكەن ئەنئەنىۋى ئادەت؛ رەسىم، قائىدە: كونا يوسۇن. يېڭى يوسۇن. * ئادەمگەرچىلىكنىڭ يوسۇنلىرىنى بىلمەيدىغان قۇدىمىزنىڭ قىلىقى ئايالىمغا بەكمۇ ھار كەلگەنىدى.

**يوسۇندا** تىر. ھالەتتە، تەرىقىدە، قىياپەتتە، شەكىلدە، تەرزدە: سېلىم بىلەن ئايقىز شۇ يوسۇندا يېقىنلىشىپ بىر-بىرىگە مۇھەببەت قويۇشتى. * قايسى يوسۇندا ئىش قىلىش ئۆزۈڭگە باغلىق.

**يوسۇنسىز** سۈپ. مەلۇم تەرتىپ-تۈزۈم، قائىدە-يوسۇن تەلەپلىرىگە ئۇيغۇن بولمىغان، قالايمىقان: يوسۇنسىز ئىش. * كىشى ئىزتىراپقا چۈشكەن چاغلاردا خالاپ ئەمەس، ئىختىيارسىز رەۋىشتە بەزىبىر يوسۇنسىز ئىشلارغا ئۇرۇنىدۇ.

**يوسۇنلۇق** سۈپ ① يوسۇننى بىلىدىغان، يوسۇنغا ئەمەل قىلىدىغان: يوسۇنلۇق ئادەم. ② يوسۇن بويىچە قىلىنغان ياكى قىلىنىدىغان، يوسۇنغا ئۇيغۇن، يوسۇن بىلەن قىلىنغان، يوسۇندىن چىقماي قىلىنغان: يوسۇنلۇق ئىش.

**يوشۇرغۇزماق** «يوشۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**يوشۇرماق** پ. باشقىلارغا كۆرسەتمەسلىك، بىلدۈرمەسلىك ئۈچۈن بىر يەرگە تىقىپ قويماق، خۇپىيانە تۇتماق، سۇقماق: ئۇ نۇرنىساغا ۋاكالىتەن ئېلىپ كەلگەن ئەرز خېتىنى چىقارمىدى، ئۆزىنىڭ سوت مەھكىمىسىگە كېلىشتىكى مەقسىتىنىمۇ يوشۇردى.

**يوشۇرۇشماق** «يوشۇرماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**يوشۇرۇقلۇق** سۈپ. يوشۇرۇلغان، يوشۇرۇپ قويۇلغان: يوشۇرۇقلۇق ئاشلىق. يوشۇرۇقلۇق مال. * بارمىدۇ قەلبىگە يوشۇرۇقلۇق ئوت؟ يۈزىگە تۇمانلار تۆكۈپ كۆردى ياش. ئالامدۇ شەپەقلەر سۆيگەنىدە لەززەت؟ تاغلارنىڭ ئۈستىدىن پارلىدى قۇياش.

**يوشۇرۇلغان** «يوشۇرۇلماق» سۆزىنىڭ سۈپەتدىشى: يوشۇرۇلغان بۇيۇم.

**يوشۇرۇلغان بۇيۇم** <قا> ئىگىدارچىلىق قىلغۇچى تەرىپىدىن مەلۇم جايغا يوشۇرۇپ قويۇلغان نەرسە. ئۇنىڭ چوقۇم ئىگىدارچىلىق تەۋەلىكى بولۇشى لازىم. ئۇنداق بولمىغاندا كۆمۈپ قويۇلغان بۇيۇم ھېسابلىنىدۇ. دۆلىتىمىزدە، ئىگىدارچىلىق قىلغۇچىسى ئېنىق بولمىغان يوشۇرۇلغان بۇيۇملار دۆلەتكە مەنسۇپ بولىدۇ.

**يوشۇرۇلماق** «يوشۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: كىم ئويلايدۇ جۇلجۇل تونىنىڭ ئىچىدە، يوشۇرۇۋالغان قورال بىلەن ئوق بار دەپ؟ كىم ئويلايدۇ ياماق خالتا تېگىدە — نان ئاستىدا ياتار قانچە مىنا، دەپ؟

**يوشۇرۇن** سۈپ. باشقىلارغا مەلۇم بولمىغان، باشقىلار ئۇقمىغان، باشقىلاردىن سىر تۇتۇلغان؛ مەخپىي: يوشۇرۇن ھەرىكەت.

يوشۇرۇن ئىش. يوشۇرۇن ئىشلىمەك. * ئۇنىڭ يۈرىكىنى قانداقتۇر يوشۇرۇن بىرنەرسە مۇجۇپ ئازابلايتتى.

**يوشۇرۇن ئالامەت** <بىئول> نىسبىي ئالامەتكە ئىگە ئىككى دانە ساپ بىرلەشمە تەنلىك ئەجداد ئىندىۋىدلار شالغۇتلاشقاندا، ئەجدادلارنىڭ بىرىنچى ئەۋلاددا ئىپادىلەنمەيدىغان ئالامىتى.

**يوشۇرۇن ئاۋاز بېرىش** <قا> سايلام ئۇسۇلىنىڭ بىر خىلى. بۇنىڭدا سايلىغۇچى سايلام بېلىتىنى تولدۇرغاندا باشقىلارغا ئاشكارىلىمايدۇ، سايلام بېلىتىگە ئىسمىنى يازمايدۇ ھەمدە سايلام بېلىتىنى ساندۇققا ئۆزى ئاپىرىپ تاشلايدۇ.

**يوشۇرۇن باشسىمان گۈل رېتى** <بوت> گۈل رېتىنىڭ بىر تۈرى. ئوقىنىڭ ئۇچى چوڭىيىپ، ئوتتۇرا قىسمى تۆۋەنگە ئولتۇرۇشۇپ خالتا ھاسىل قىلغان، گۈللىرى خالتا ئىچىگە جايلاشقان بولىدۇ. سىرتتىن قارىغاندا كۆرگىلى بولمايدۇ. مەسىلەن، ئەنجۈرنىڭ گۈل رېتىگە ئوخشاش.

**يوشۇرۇن پوست** <ھەرب> مۇھاپىزەت سېپىنىڭ سىرتىغا مەخپىي ئورۇنلاشتۇرۇلغان پوست.

**يوشۇرۇن تەسۋىر** <فىز> ئېكسپوزىتسىيىلەنگەن، لېكىن روشەنلەشتۈرۈلمىگەن فوتو پلىيونكىدىكى كۆرۈنمەيدىغان تەسۋىر.

**يوشۇرۇن خادا** <جۇغ> دېڭىز ئاستىدا سۇغا چۆكۈپ تۇرغان، ئەمما دېڭىز يۈزىگە يېقىن بولغان خادا تاش. ئۇ دېڭىزدا يالغۇز بولىدۇ ياكى دېڭىز قىرغىقىغا يېقىن بولىدۇ، دېڭىز قاتنىشىغا پايدىسىز.

**يوشۇرۇن خاراكتېرلىك ئالامەت** <بىئول> بىر جۈپ تەڭ ئورۇنلۇق گېن كونترول قىلغان خاراكتېرلەر ئىچىدە ئىككى گېن بىرلا ۋاقىتتا مەۋجۇت بولغاندا، بىر خىل خاراكتېرنىڭ ماس ھالەتتىكى باشقا بىر خىل روشەن خاراكتېر تەرىپىدىن يېپىلىپ قېلىپ، روشەنلىشەلمەسلىكى.

**يوشۇرۇن سۇ** يەر يۈزىنىڭ ئاستىدىكى بىرىنچى تۇراقلىق سۇ ئۆتكۈزمەس قاتلام ئۈستىدىكى يەر ئاستى سۈيى. ئادەتتە كىشىلەر قازغان تېيىز قۇدۇق سۇلىرى يوشۇرۇن سۇ ھېسابلىنىدۇ.

**يوشۇرۇن فۇنكسىيە** <مات> ئەگەر ئۆزگەرگۈچى مىقدار $y, x$ لەرنىڭ ئارىسىدىكى فۇنكسىيىلىك مۇناسىۋەت مەلۇم تەڭلىمە $f(x, y)=0$ ئارقىلىق ئېنىقلانسا، بۇ خىل فۇنكسىيە يوشۇرۇن فۇنكسىيە دەپ ئاتىلىدۇ.

**يوشۇرۇن قىلىق پرومېتىر** <فىز> ئۆلچەملىك لامپۇچكا قىلىنىڭ يورۇقلۇقى بىلەن ئۆلچىمەكچى بولغان جىسىمنىڭ يورۇقلۇقىنى سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق تېمپېراتۇرىنى ئۆلچەيدىغان ئەسۋاب.

**يوشۇرۇن كرىستاللىق جىنس** <گېئول> مىنېرال كرىستال دانىچىلىرى ئۇششاق بولۇپ، ئاددىي كۆز بىلەن پەرق ئەتكىلى بولمايدىغان، پەقەت مىكروسكوپ ئاستىدىلا كۆرۈشكە بولىدىغان قۇرۇلمىلىق تاغ جىنسى. ئادەتتە ئېتىلما جىنسلار بۇ تىپقا كىرىدۇ.

**يوشۇرۇن كۈچ** ئاشكارىلانمىغان ۋە يوشۇرۇن ھالەتتىكى كۈچ. ئادەتتە يوشۇرۇن ھالەتتىكى ئادەم كۈچى، ماددىي كۈچ ۋە مالىيە كۈچىنى كۆرسىتىدۇ.

**يوشۇرۇن گۈللۈك ئۆسۈملۈكلەر** <بوت> ئۆسۈملۈكلەر دۇنياسىنىڭ چوڭ بىر

گۇرۇپپىسى، يەنى كۆپىيىشتە گۈل هاسىل قىلماي، سپورا ئارقىلىق كۆپىيىدىغان ئۆسۈملۈكلەر. مەسىلەن، يۇسۇنلەر، زەمبۇرۇغلار، لىشاينىكلار، مۇخلار، پاپورتنىكلار ۋەھاكازالار.

**يوشۇرۇن لىنىيە** <تىيا> تىياتىر ئەسەرلىرىدىكى باياننى ئارقىلىق ۋەقەلىك يىپ ئۇچىدىن ئالدىن بىشارەت بېرىدىغان، بىراقلا ئوتتۇرىغا چىقمايدىغان سۇژىت.

**يوشۇرۇن هايات ئالىمى** <گېئول> يوشۇرۇن هايات جاهانىدا شەكىللەنگەن يەر قاتلاملىرى.

**يوشۇرۇن هايات جاهانى** <گېئول> گېئولوگىيىلىك يىلنامىنىڭ كېمبرىي دەۋرىدىن بۇرۇنقى ئۇزۇن مۇددەتلىك ۋاقتى. ئادەتتە بەك قەدىمىي ئېرا ۋە يىراق قەدىمىي ئېرانى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇنىڭ دەسلەپىدە ئورگانىزملار پەيدا بولمىغان، ئاخىرقى ۋاقىتلىرىدا مىكروبلار ۋە تۆۋەن دەرىجىلىك يۇسۇنلەر پەيدا بولۇشقا باشلىغان. ئۇ كەڭ كۆلەملىك ئومۇرتقىسىز هايۋانلار پەيدا بولۇشتىن بۇرۇنقى باسقۇچقا ۋەكىللىك قىلغاچقا، يوشۇرۇن هايات جاهانى دەپ ئاتالغان.

**يوشۇرۇن ئوخشىتىش** <ئەد> ئوخشىتىش شەكلىنىڭ بىر خىلى، يەنى ئېنىق ئوخشىتىشقا قارىغاندا يەنە بىر قەدەم ئىلگىرىلىگەن، چوڭقۇرلاشقان ئوخشىتىش شەكلى. بۇنىڭدا ئوخشالغۇچى بىلەن ئوخشىغۇچىنىڭ مۇناسىۋىتى يوشۇرۇن بولىدۇ. ئادەتتە ئۇ تەكىتلەش ۋە كۈچەيتىش رولىنى ئوينايدۇ.

**يوشۇرۇن ئۇرۇقدانلىق كېسىلى** <تىب> بىر خىل تۇغما كېسەللىك. نورمال ئەهۋالدا ئۇرۇقدان هاملە سەككىز ئايلىق بولۇشتىن ئىلگىرى قورساق بوشلۇقىدىن تەدرىجىي ئۇرۇقدان خالتىسىغا چۈشىدۇ. ئەگەر ئۇرۇقدان قورساق بوشلۇقىدا ياكى ئۇرۇقدان خالتىسىنىڭ يۇقىرىسىدا تۇرۇۋېلىپ چۈشمىسە يوشۇرۇن ئۇرۇقدانلىق كېسىلى دەپ ئاتىلىدۇ.

**يوشۇرۇن ئۆسۈم** <س ئىق> كونا جۇڭگودىكى بانكا ۋە سەررापخانىلارنىڭ ئامانەت پۇلى توپلاش ئۈچۈن، ئاشكارا ئامانەت پۇل ئۆسۈمىدىن باشقا، ئامانەت قويغۇچىلارغا ئوشۇقچە بېرىدىغان ئۆسۈمى.

**يوشۇرۇن ئېقىن** <جۇغ> يەر يۈزىدىكى كامارلار ياكى تاغ جىنىس قاتلاملىرىنىڭ يېرىقلىرى ئارىسىدا ئاقىدىغان سۇ.

**يوشۇرۇن ئىبارە** <تىيا> تىياتىر، كىنو ئاكتيورلىرىنىڭ ئويناش ماهارىتىگە ياردەم بېرىدىغان، ئاكتيور سۆزىنىڭ ئىچىگە يوشۇرۇنغان ماهىيەتلىك ئىبارە. ئادەتتە ئۇ كۆپ مەنىلىك سۆزلەر ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ.

**يوشۇرۇن ئىسسىقلىق** <فىز> ماددىلارنىڭ ئېرىگەن، هورلانغان ياكى سۇبلىماتسىيىلەنگەن چاغدا قوبۇل قىلغان ئىسسىقلىقى ياكى ماددىلارنىڭ تېمپېراتۇرا ئۆزگەرمىگەن ئەهۋال ئاستىدا بىر خىل كرىستال هالەتتىن يەنە بىر خىل كرىستال هالەتكە ئۆزگەرگەن چاغدا چىقارغان ياكى قوبۇل قىلغان ئىسسىقلىقى.

**يوشۇرۇن يالاش** <سۇ> يەر ئاستى سۈيىنىڭ هەرىكىتى پەيدا قىلغان بىر خىل فىزىكىلىق، گېئولوگىيىلىك تەسىر. يەر ئاستى سۇلىرى بوش تاغ جىنىسلىرىنى ئېرىتىپ، قىسمەن ئۇششاق تاغ جىنىس

دانچىلىرىنى ئاققۇزۇش ئارقىلىق يوشۇرۇن يالاپ، كاۋاكلارنى پەيدا قىلىدۇ. بۇنداق كاۋاكلار يەر ئۈستىدىكى توغان گەۋدىسىنىڭ تەكشى بولمىغان ئولتۇرۇشىنى ھەتتا ۋەيران بولۇشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. شۇڭا سۇچىلىق قۇرۇلۇشلىرىدا يوشۇرۇن يالاش ھادىسىسىنى تەتقىق قىلىش ناھايىتى زور ئەمەلىي ئەھمىيەتكە ئىگە.

**يوشۇرۇنچە** رەۋ. باشقىلارغا بىلدۈرمەي، سەزدۈرمەي، تۇيدۇرماي، مەخپىي رەۋىشتە، ئوغرىلىقچە، خۇپىيانە: مەن ھەر كۈنى باش توخۇ ئەمدىلا چىللىغان چاغدا، باشقىلاردىن يوشۇرۇنچە مەرۇپ بوۋايىلارنىڭ ئۆيىگە باراتتىم.

**يوشۇرۇنماق** ① «يوشۇرماق» پېئىلىنىڭ ئۆزلۈك دەرىجىسى: ئىككىيلەن چوقچىيىپ تۇرغان قۇم-شور دۆۋىلىرىدىن بىرىنىڭ دالدىسىغا يوشۇرۇندى. ② <ھەرب> دۈشمەن ئۆتۈش ئېھتىمالى بولغان جايغا ئەسكىرىي كۈچنى مەخپىي ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئاتاكىغا ئۆتۈش پۇرسىتىنى كۈتمەك.

**يوشۇرۇنۇپ زەربە بېرىش** <ھەرب> ئالدىن يوشۇرۇپ قويغان ئەسكىرىي كۈچ بىلەن دۈشمەنگە تۇيۇقسىز زەربە بېرىش.

**يوشۇرۇنۇشماق** «يوشۇرۇنماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: چارلىغۇچىلار سارغىيىشقا باشلىغان قويۇق ئوت-چۆپلەر ئارىسىغا يوشۇرۇنۇشۇپماراپ تۇردى.

**يوغا** ئى. قاچا-قومۇش قويۇش ئۈچۈن ئۆينىڭ تېمىنى ئويۇپ چىقىرىلغان جاي؛ ئويۇق، تەكچە: — ئېشىگنى ئېچىپ بولۇپ، چىنىنى يۇيۇپ يوغىغا ئېلىپ قوي، — دەپ جېكىلىدى ئاپىسى.

**يوغا تام** ئۆي بىلەن ئۆي ئوتتۇرىسىدىكى پاكار تام.

**يوغا تامغا مىنمەك** دىئال. مەسخىرە، شاگخو قىلىش سۆزى.

**يوغان** سۈپ ① ئېگىلىگەن ئورنى، ھەجمى ئىنتايىن كەڭ؛ چوڭ، زور: باش كىچىك، تۇماق يوغان، بەل كىچىك، غىلاپ يوغان (ماقال). * دەل شۇ پەيتتە ئۇلارنىڭ ئالدىدا يوغان بىر لەھەڭ پەيدا بولدۇ. ② توغرا كەسمىسى، ئايلانمىسى چوڭ؛ توم (دەرەخ، ئارغامچا، يىپ، چاچ قاتارلىق نەرسىلەر ھەققىدە): قىز يوغان ئىككى ئۆرۈم چېچىنى قولىغا ئېلىپ، ئۇنىڭ يەلپۈنۈپ تۇرغان ئۇچلىرىنى بېشىغا قىستۇرۇۋالغان ئەگرى تارغاق بىلەن تاراپ ماگدى. ③ بوم (ئاۋاز ھەققىدە): — بارسىبەگىنىڭمۇ بار، — دېدى قىلىچ يوغان ئاۋاز بىلەن. ④ پو، ئەمەلىيەتتىن يىراقلاشقان، لاپ، (گەپ-سۆز ھەققىدە): يوغان گەپ.

**يوغان باش** ① بېشى باشقىلارنىڭكىدىن چوڭ، زور: ئۇنىڭغا ئوتتۇرىدا ياتقان يوغان باش، كەتمەن قۇيرۇق قوي ھەممىدىن چوڭ ۋە سېمىز بولۇپ كۆرۈندى. ② كۆچمە. ئۆزى ئېمىنى خالىسا شۇنى قىلىدىغان، كىشىنىڭ گېپىگە، مەسلىھەتىگە كۆنمەيدىغان؛ باشباشتاق، ئۆز بېشىمچى: ئۇ كىچىكىدىنلا يوغان باش بالا ئىدى.

**يوغان باش تۇننۇس** <زوئول> بىر خىل بېلىق. تېنى ئورچۇق شەكلىدە، سەل ياپىلاق بولۇپ، ئىككى يېنىدا كۆپلىگەن قېنىق كۆك ئۇزۇن سىزىقلىرى بولىدۇ. ئېغىزى ئۇچلۇق كېلىدۇ، تروپىك بەلباغلاردىكى دېڭىز-ئوكيانلاردا ياشايدۇ.

**يوغان باشلىق قىلماق** ئۆزىنىڭكىنى توغرا ھېسابلاپ ئىشلىمەك، ئۆز خاھىشى

بويىچە ئىش كۆرمەك؛ ئۆز بېشىمچىلىق، باشباشتاقلىق قىلماق: ــ ئەسسالامۇئەلەيكۇم يىگىتلەر، مېنىڭ بالام يوغان باشلىق قىلىپ ئۆزى كىچىك بولسىمۇ ئوتتۇز ئوغۇلنىڭ بىرى بولۇپ سىلەرنىڭ ئاراڭلارغا تۇنەك كېچىسىگە قوشۇلماقچى دەپ كىردى، ــ دېدى دادام كۆكسىگە ئالقىنىنى قويۇپ.

**یوغان بەل** توققۇز كۆزنىڭ يۇقىرى، ئاچىقىنىڭ تۆۋەن تەرىپى ياكى ئىنچىكە بەلنىڭ سەل يۇقىرى تەرىپى.

**یوغان سۆز** ① ماختىنىش خاراكتېرىدىكى، ئەمەلىيەتكە ماسلاشمىغان گەپ، چوڭ گەپ؛ لاپ، پو: نېمىدىگەن يوغان سۆز بۇ؟ ② يوغان سۆزلەيدىغان، چوڭ گەپ قىلىدىغان، پوچى: نېمىدېگەن يوغان سۆز نېمە بۇ؟

**یوغان سۆزلىمەك** ← **یوغان گەپ قىلماق**: ــ هوي مەن هاشىم باينىڭ ئىنىسى دەپ تولا يوغان سۆزلىمە، ــ دېدى هېزىم ئۇنىڭغا.

**یوغان قورساق** ① قورسىقى يوغان؛ نەپسانىيەتچى، پارىخور: ــ مېنى چۈشەنسەڭ، مەن شۇنداق يوغان قورساق ئەمەلدارلارغا ئىنتايىن ئۆچ. ② ئەمەلدار، پۇلدارلار: ئۇ زاماندا يوغان قورساقلارنىڭ گېپى گەپ ئىدى.

**یوغان گەپ** ← **یوغان سۆز**: بۇرۇن سارىخانىغا زادى يول قويۇلماي ئېيتىلىدىغان يوغان گەپلەر ئۇرۇنغا، ئەمدى سارىخانىنىڭ تاپا-تەنىلىرىنى ئۈن-تىنسىز ئاڭلاپ ئوتكۇزۇۋېتىشكە توغرا كەلدى.

**یوغان گەپ قىلماق** پو ئاتماق، لاپ سۆزلىمەك، ماختانماق: ــ گەپ قىل دېسە نەچچە ئېشەككە يۈك بولغۇدەك يوغان گەپ قىلسەن، ئىش دېسە قولۇڭ بارمايدۇ، ــ دېدى ئۇ توختىغا.

**یوغان ئۈچەي** <ئانات> ئۈچەينىڭ بىر قىسمى. ئۈستۈنكى ئۈچ كىچىك ئۈچەي بىلەن، ئاستىنقى ئۈچى مەقئەت تۆشۈكى بىلەن تۇتىشىدۇ. كىچىك ئۈچەيگە قارىغاندا توم ۋە قىسقا بولۇپ، قارىغۇ ئۈچەي، بوغماق ئۈچەي ۋە توغرا ئۈچەيدىن ئىبارەت ئۈچ قىسمغا بۆلۈنىدۇ. ئاساسەن سۇ تەركىبىنى سۈمۈرۈش ۋە چوڭ تەرەتنى شەكىللەندۈرۈش رولىنى ئوينايدۇ.

**یوغانچى** سۈپ. ئۆزىنى چوڭ تۇتىدىغان، چوڭچى: ــ سەن يوغانچى ئەمەس ئىكەنسەن. ئۇنداق بولسا، يېڭىسىنى ماڭا بېرىپ، كونىسىنى سەن مىنۋال! ــ دېدى ئۇ.

**یوغانچىلىق** ئى. ئۆزىنى چوڭ تۇتۇش، باشقىلارنىڭ ئالدىدا ماختىنىش ئادىتى؛ چوڭچىلىق: يوغانچىلىق قىلماق. * پىدا مۇنداق ماختاشلاردىن هۇزۇرلىناتتى. ئۆزىنىڭ چىرايلىقلىقىدىن پەخىرلىنىپ بەزىدە يوغانچىلىقمۇ قىلىپ قوياتتى.

**یوغانچىلىق قىلماق** ماختانماق، كۆرەڭلىمەك، چوڭچىلىق قىلماق: مىنىمسەڭ مىنمە! كىچىككىنە تۇرۇپ يوغانچىلىقنى قاراڭلار!

**یوغانلاتماق** «يوغانلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**یوغانلاشتۇرماق** «يوغانلاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: قۇتىدار ئۇلارغا يېتىشىۋېلىش ئۈچۈن قەدەملىرىنى يوغانلاشتۇردى.

**یوغانلاشماق** «يوغانلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**یوغانلىق** «يوغان» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: يوغانلىق قىلماق. * ــ سىزدەك ياشانغان، هۆرمەتكە سازاۋەر بولغان دوختۇرنىڭ بۇنداق يوغانلىق ۋە ئەدەپسىزلىك قىلىشىنى كۈتمىگەنىدىم، ــ دېدى ئۇ.

**یوغانلىق قىلماق** تەكەببۇرلۇق،

ھاكاۋۇرلۇق قىلماق، كۆرەڭلىمەك، ئۆزىنى
چوڭ تۇتماق: قىزنىڭ ماڭا يوغانلىق قىلدى،
مېنىڭ قولۇمغا سۇ قويۇپ بەرمىدى، مەن
بىلەن تاكاللاشتى.

**يوغانلماق** پ. يوغىنىماق، ئۆسمەك،
چوڭايماق، زورايماق، چوڭلىماق.

**يوغان-يوغان** «يوغان» سۆزىنىڭ
تەكرارلىنىشى: ئۇ يېشىل تاشلىق دەپتىرىگە
يوغان-يوغان ھەرپلەرنى زېرىكمەي يازاتتى.

**يوغىناتماق** «يوغىنىماق» پېئىلىنىڭ
مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئەسلىدە بايلارنىڭ
زوۋۇلىسىنى يوغىناتقان بىزگە ئوخشاش
ئەمگەكچىلەر ئىكەن.

**يوغىناش** ① «يوغىنىماق» پېئىلىنىڭ
يەنە بىر خىل ئىسمىدىشى. ② <تب>
بەدەندىكى مەلۇم ئەزا ياكى مەلۇم
توقۇلمىنىڭ كېسەل تۈپەيلىدىن قېلىنلىشىپ،
جىسمى چوڭىيىپ كېتىش ھادىسىسى.
مەسىلەن، يۈرەك قاپقىقىدا كېسەل يۈز
بەرسە، يۈرەك تېمىنىڭ قېلىنلىشىپ
كەتكىنىگە ئوخشاش.

**يوغىناشماق** «يوغىنىماق» پېئىلىنىڭ
ئۆملۈك دەرىجىسى.

**يوغىنىتىشماق** «يوغىناتماق» پېئىلىنىڭ
ئۆملۈك دەرىجىسى.

**يوغىنىتىلماق** «يوغىناتماق» پېئىلىنىڭ
مەجھۇل دەرىجىسى.

**يوغىنىماق** پ ① ئىگىلىگەن ئورۇن ھەجىم
جەھەتتىن كېڭەيمەك، چوڭايماق:
كونا ئۆيلەر چېقىلىپ، مەيدان خېلى يوغىناپتۇ.
② ئۆسمەك، يېتىلمەك، زورايماق،
چوڭلىماق: يەر ھەققىدىكى گەپكە
كۆچۈشمىزدىكى سەۋەب، مۇنداق يەردە
قاپاق بەك يوغىنايتتى. * ھەپتىلەرنىڭ
ئۆتۈشى بىلەن ئاسلان خېلىلا سەمرىپ رەڭ
تۈزۈپ، يوغىناشقا باشلىدى. ③ تەسىر
دائىرىسى كېڭەيمەك، زورايماق، ئەۋج
ئالماق: موللازەيدىن بەدرىدىن مەخسۇمنىڭ
ئىشنى بۇ قەدەر يوغىناپ كېتىدۇ، دەپ ئەسلا
ئويلاپ كۆرمىگەنىدى.

**يوغىناپ كەتمەك** ھەددىدىن ئاشماق،
ئۆز بېشىمچىلىق قىلماق، چوڭچىلىق قىلماق:
— بۇ ئوچۇقتىن-ئوچۇق ئۇلۇغ دىنىمىزغا قارشى
تۇرغانلىق ئەمەسمۇ، مىرزا ھەيدەر شۇنچە
يوغىناپ كەتتىڭمۇ؟ — دېدى ئۇ.

**يوق** سۈپ ① مەۋجۇت ئەمەس، بارنىڭ
ئەكسى: ئۇمۇ يوق، بۇمۇ يوق، ئېرىقتىكى
سۇمۇ يوق (ماقال). * — ئەجەب ئىش-ھە!
— دەپ ئويلىدى قادىر، — «ئوتى بار
يەرنىڭ سۈيى يوق، سۈيى بار يەرنىڭ
ئوتى يوق» دېگەن مانا شۇ. ② بەزى
جۈملىدە ئىنكار (ياق، ئەمەس) مەنىسىنى
ئىپادىلەيدۇ: تۆگە كۆردۈڭمۇ؟ — يوق
(ماقال). * «مەن ئىشەنمەيمەن» بۇ
سۆز گۈلشاتنىڭ ئاغزىدىن بىرىنچى قېتىم
چىقىۋاتقىنى يوق. ③ جۈملىدە بايان قىلىنغان
سۆزگە نارازىلىقنى بىلدۈرىدۇ: رەيھان
كۆتۈرەڭگۈ ئاۋاز بىلەن، — مەن ئۆزۈمنى
ئۆلۈمگە تۇتۇپ بەرگىلى كېتىۋاتقىنىم يوق،
ئىنتىقام ئېلىشقا كېتىۋاتىمەن، — دېدى ئاپىسىغا.

**يوق بولماق** ھەممىدىن ئايرىلماق، كۆز
ئالدىدىن نېرى كەتمەك، غايىب بولماق،
يىتمەك: ئاتلىقلار تاختا كۆۋرۈككە كەلگەندىلا،
ئۈچ يولغا بۆلۈنۈپ يوق بولدى. * مانا ئەمدى
ھەممىسى يوق بولدى.

**يوق دېگەندە** ھېچ بولمىغاندا، بولمىدى
دېگەندە، ئاز دېگەندە، ئەڭ ئاددىي،
ئەقەللىي: مەن يوق دېگەندە تۆت — بەش

تەڭگە چىقىرالايمەن.

**يوق دېيەرلىك** ئاز مىقداردا، ئاندا-ساندا، ناھايىتى ئاز، يوقنىڭ ئورنىدا: بۇ ئەدلىيە ئىدارىسىدا كېچىكىپ كېلىدىغانلار يوق دېيەرلىك.

**يوققا چىقماق** قىلىنغان ئىش، ئەمگەك، گەپ-سۆز بىكارغا كەتمەك، نەتىجىسىز بولماق: سوپىيەنىڭ خىزمەت تېپىش يولىدا قىلغان ھەرىكەتلىرىنىڭ ھەممىسى يوققا چىقتى. * — ھەي ئىست، — دېدى ئۇ ئۆزىگە ئۆزى ئېچىنغان ھالدا پىچىرلاپ، — شۇنچە جاپا چېكىپ قىلغان ئىشلىرىم ئاشۇ قارانىيەتنىڭ بىر-ئىككى ئېغىز يالغان گېپى بىلەن يوققا چىقىدىغان بولدى-دە؟! ...

**يوق قىلماق** بىتچىت قىلماق، تارمار قىلماق، ئۆلتۈرمەك، تۈگەتمەك: ئۇ يەنە بىر كىشىگە ئېيتتى، — دۈشمەننىڭ چارلاش قىسىملىرىنى ئىسكەنجىگە ئالسىز ۋە يوق قىلسىز.

**يوق گەپ** ۋۇجۇدقا چىقمايدۇ، ئەمەلگە ئاشمايدۇ، مۇمكىن ئەمەس: سىلەر «سۇلۇق جىلغا»غا بارماي تۇرۇپ، تەشمىنى ھەرگىز تېشىپ ئۆتەلمەيسىلەر، قاز سۈيىنى ئەكىلىشمۇ يوق گەپ.

**يوقنىڭ ئورنىدا** ئاز مىقداردا، يوق دېيەرلىك، ناھايىتى ئاز: ئىشقىلىپ ماگىزىنچىنىڭ زېيىنىنى كۆرگەنلەر تېخى كۆرۈلمىگەچكە ئۇنى يامان دېگۈچىلەر يوقنىڭ ئورنىدا.

**يوق يەردىن پۈتاق چىقارماق** قەستەن، مەقسەتلىك ھالدا چاتاق، نۇقسان، قۇسۇر، كەمچىلىك تاپماق؛ تۇخۇمدىن تۈك ئۈندۈرمەك: ئۈمەك باشلىقى بۈگۈنمۇ ئەتەي يوق يەردىن پۈتاق چىقىرىپ، ئۇيپىرانىڭ ئوڭۇشلۇق ئوينىلىشىغا پۈتلىكاشاڭ بولماقتا ئىدى.

**يوق يەردىن تۈك ئۈندۈرمەك** ← **تۇخۇمدىن تۈك ئۈندۈرمەك:** پادىشاھ ۋەدىسىگە ۋاپا قىلماپتۇ، ھۆنەرۋەن بالىنى قىزىنىڭ خىلى كۆرمەي، يوق يەردىن تۈك ئۈندۈرۈپ: — ئۆزۈڭنىڭ ئۆيىدىن مېنىڭ ئۆيۈمگىچە بولغان يولنىڭ ئىككى تەرىپىنى بوستانلىققا ئايلاندۇرسەن، — دەپتۇ.

**يوقاتقۇزماق** «يوقىماق» پېئىلىنىڭ قوش مەجبۇرىي دەرىجىسى: ناپاكلىق — جاھىللار بىلەن ئاق كۆڭۈل دانىشمەنلەرنى پەرق ئېتىش ئىقتىدارىنى يوقاتقۇزىدۇ.

**يوقاتماق** «يوقىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ھوشىنى يوقاتماق. ئەقلىنى يوقاتماق. مېلىنى يوقاتماق. * ھوقۇق تۇتقان مەزگىلىدە بىر ئوغرىلىق گۇرۇھى بىلەن بىرلىشىپ مەن باققان قويلاردىن ۋە باشقا قويلاردىن بولۇپ بىرنەچچە يۈز تۇياق مالنى يوقاتقانلىقى ئىسپاتلاندى.

**يوقاشماق** «يوقىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**يوقالغان** «يوقالماق» پېئىلىنىڭ سۈپەتدىشى: يوقالغان مۈلۈك.

**يوقالغان مۈلۈك** <قا> ئىگىدارچىلىق قىلغۇچىنىڭ ياكى ئىگىلىگۈچىنىڭ مەقسىتىگە مۇخالىپ ھالدا تاسادىپىي يوقالغان كۆچمە مۈلۈك.

**يوقالماق** «يوقىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئۇزۇن زامانلار ئىشلىتىلگەنلىكتىن، بۇ قاپاقنىڭ تەبىئەت تەرىپىدىن بەخش قىلىنغان ئەسلىي رەڭگى يوقالغانىدى. * ئۇ شۇ كەتكەنچە زىلەينىڭ كۆز ئالدىدىن مەڭگۈلۈك يوقالدى.

**يوقسۇ** باغل. ياق، ئۇنداق ئەمەس: — يوقسۇ، ئۇلار بىرنەچچە كۈن بولدى كېچىسى

ئۇخلىمايدۇ، – دېدى ئۇ. * – يوقسۇ، يوقسۇ، سىلەرنىڭ بۇ قېتىم ئەلچىلىككە بېرىشىڭلار ماڭا ئىش قىلىپ بېرىش ئۈچۈن ئەمەسمۇ؟ – قۇبلەيخان كۈلۈپ تۇرۇپ قولىنى پۇلاڭلاتتى.

**يوقسۇز** سۈپ. كېرەكلىك نەرسىلەرگە تولۇق ئىگە بولالمىغان، موھتاجلىقتا ياشىغۇچى، نامرات، كەمبەغەل، يوقسۇل: – ماشىنا ئۆرۈلگەندىن كېيىن «كېيىك ئۇقسىزغا، بالا يوقسۇزغا» دېگەندەك، باشقىلار ساق قېلىپ مېنىڭ خوتۇنۇمنىڭ ئوڭ پۇتى سۇنۇپ كېتىپتۇ.

**يوقسۇزچىلىق** ئى → **يوقسۇزلۇق**: بىز «دۇنيادا نېمە قاتتىق دېسە، يوقسۇزچىلىق قاتتىق» دەيدىغانىنى بىلەتتۇق. لېكىن ئۇ تەقدىرنىڭ ئىشى دەپ بېشىمىزغا چۈشكەن ھەممە بالايىئاپەتلەرنى شۇ تەقدىردىن كۆرەتتۇق.

**يوقسۇزلۇق** «يوقسۇز» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: قەدىمكى زاماندا بىر ئەر-خوتۇن ئۆتكەنىكەن. ئېرى ئەتىدىن كەچكىچە ئىشلەپ ھارمايدىكەن، خوتۇنى بىكار يېتىپ يوقسۇزلۇقتىن زارلايدىكەن.

**يوقسۇل** سۈپ. كەمبەغەل، نامرات، يوقسۇز: يوقسۇل ئادەم. * بەختى بايلارنىڭ زۇلمىنى كۆپ كۆرگەچكە، كەمبەغەل-يوقسۇللارغا جان كۆيەر يىگىت بولۇپ ئۆسۈپتۇ.

**يوقسۇللۇق** «يوقسۇل» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: يوقسۇللۇق مەردنىڭ قولىنى باغلايدۇ (ماقال). بىزمۇ ئەمدى ياق يوقسۇللۇقتىن قۇتۇلۇۋاتىمىز. * – ئەي ھۆرمەتلىك يىگىت، كىرىم بىلەن ھېسابلاشماي پۇل چىقىم قىلغانلار تېز پۇرسەتتە يوقسۇللۇققا، گادايلىققا چۈشۈپ قالىدۇ، دېگەن ماقالنى ئاڭلىمىغانمۇ سەن؟ – دەپتۇ ئۇ.

**يوقسىنماق** پ ① بىرەر نەرسىنىڭ كەمچىلىكىدىن قىينالماق، شۇ نەرسىگە موھتاج بولماق، قىيىنچىلىق تارتماق؛ قىسىلماق. ② كۆچمە. سېغىنماق، يادلانماق: كەلدى-كەتتى ئاغىنىلەرنىڭ قارىسى يوق، يوقسىنغاندا كېلىشمەيدۇ، ئەدىنكى بىمەنە ۋاقىتلاردا كېلىپ ۋاقتىڭنى ئالىدۇ.

**يوقلاتقۇزماق** «يوقلىماق» پېئىلىنىڭ قوش مەجبۇرىي دەرىجىسى: – گەپنى ئەگىتمەي ئېيتە قىزىم، مېنى گايىت تاغاڭنى يوقلاتقۇزۇپ نېمە قىلماقچىسەن؟ – دېدى ئۇ قىزىغا.

**يوقلاتماق** «يوقلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**يوقلاشماق** «يوقلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: كېيىن ئۇ رايونىنىڭ ئالاقىچىسى، يېزا خىزمەت ئەترىتىنىڭ ئەزاسى، سېكرېتار بولدى. لېكىن ئۇلار ھەمىشە بىر-بىرىنى ئەسلىشىپ ۋە يوقلىشىپ تۇراتتى.

**يوقلانماق** ① «يوقلىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى. ② كۆچمە. تاشلىنىپ قالماق، ئەستىن چىقماق، ئۇنتۇلماق: – ئوغلۇم گېپىمنى ئاڭلاۋاتامسەن، ئۆتكەن يىلىمۇ چىقمىدىڭ. – تەكرارلىدى ئانا مۇلايىم ئاۋاز بىلەن، – ئاتاڭ يوقلىنىپ قالمىسۇن، خۇدا ياخشى نىيەت ئاتا قىلىپ دىلىڭ چىراغدەك يورۇپ كەتسە ئەجەب ئەمەس.

**يوقلۇق** «يوق» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: قايسىبىر دانىشمەن ئېيتقاندەك، «دۇنيا ياخشىلىق ئۈچۈن يارىتىلغان، يامانلار ئۆلۈپ تۈگەيدۇ!» جۇشقۇنلۇق ۋە گۈزەللىك ئۆزىنىڭ غايەت زور ھاياتىي كۈچىنى جارى قىلدۇرۇپ، يارىماس نەرسىلەرنى سۈرۈپ-توقاي قىلىپ، يوقلۇق گىرداۋىغا تىقىدۇ!

**يوقلىما** ئى ① كىشىلەرنىڭ بار، يوقلۇقىنى

بىلىش ئۈچۈن روپىخەت بويىچە ئىسمى، فامىلىسىنى ئېيتىپ بېرىش تىزىملىكى: يوقلىما قىلماق. * ئارىدىن بىرنەچچە كۈن ئۆتتى، كەچلىك ئۆگىنىشتىن كېيىن يوقلىما تۈگەش بىلەنلا ئادەتتىكىچە ھەممە ئادەم ئۇخلاشقا ياتتى. ② مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچىلارنىڭ سىنىپ بويىچە تىزىملانغان ئىسىملىك خاتىرىسى، روپىخەت دەپتىرى: يوقلىما دەپتىرى.

**يوقلىما تۈزۈمى** <س ئىق> ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ ئىشقا چىقىش، ئىشتىن قېلىش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش ۋە خاتىرىلەش تۈزۈمى.

**يوقلىما قىلماق** بىرەر تەشكىلات، ئىدارە، جەمئىيەت، مەكتەپ ئورۇنلىرىدىكى خادىملارنىڭ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ بار-يوقلۇقىنى سۈرۈشتۈرمەك، كۆزدىن كەچۈرمەك: مۇئەللىم بىرمۇبىر يوقلىما قىلىپ، داۋۇتنىڭ قايتىپ كەلگەنلىكىنى، ۋاھاپنىڭ تېخى قايتىپ كەلمىگەنلىكىنى ئۇقۇپ، بىرئاز تېڭىرقاپ قالدى.

**يوقلىما كارتىسى** <س ئىق> يوقلىما خاتىرىسىنىڭ بىر خىلى، يەنى ھەربىر ئىشچى-خىزمەتچى بويىچە تۇرغۇزۇلۇپ، كۈندىلىك ئىشقا چىقىش، ئىشتىن چۈشۈش ۋاقتى، كېچىكىشى، بالدۇر قايتىش ۋە ئىشتىن قېلىش قاتارلىق ئەھۋاللار خاتىرىلىنىدىغان كارتوچكا.

**يوقلىماق** پ. ھال-ئەھۋال سورىغىلى بارماق ياكى كەلمەك: كېسەلنى يوقلىماق. ئاتا-ئانىلارنى يوقلىماق. * ئۇنىڭ شۇ كۈتكەن ئەزىز مېھمىنى مارىيە بۈگۈن ئۇنى يوقلاپ چىقتى، ئۇنىڭ خۇشال بولۇشىنىڭ سەۋەبى ئەنە شۇ ئىدى. * راھىلە مۇرات بىلەن قىلىشقان مەسلىھەتى بويىچە سومكىغا ئۆيدە

پىشۇرغان پېچىنە، پىرەنىك ۋە كونسېرۋا قاتارلىقلارنى سېلىپ، زۇمرەتلەرنى يوقلاپ كېلىشكە ماڭدى.

**يوقلىمچى** ئى <تەن> تەنھەرىكەتچىلەرنى يوقلىما قىلىپ، مۇسابىقە مەيدانىغا باشلاپ كىرىدىغان كىشى.

**يوقىتىش** «يوقاتماق» پېئىلىنىڭ يەنە بىر ئىسمدىشى: ئون يىل ئىچىدە چىرايلىرىمىز، مىجەز، ئورۇنلىرىمىز قانچىلىك ئۆزگەرگەن-ھە؟ ھاشىرغا قاراڭلار، چېچىنىڭ يېرىمى قېلىپتۇ، بۇ بىر يوقىتىش.

**يوقىتىش جېڭى** ھەل قىلغۇچ ئۇرۇشى، تارمار قىلىش ئۇرۇشى.

**يوقىتىش ئۇرۇشى** <ھەرب> دۈشمەننىڭ ھەممىسىنى ياكى زور بىر قىسمىنى يوقىتىش ئۈچۈن قىلىنغان ئۇرۇش.

**يوقىتىشماق** «يوقاتماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**يوقىتىلماق** «يوقاتماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: بۇ جەڭدە ئىككى يۈز دىن ئارتۇق گومىنداڭ ئەسكىرى يوقىتىلدى. بىر پولك گومىنداڭ قوشۇنىنىڭ قورال-ياراغلىرىنى غەنىيمەت ئالدۇق.

**يوقىلاڭ** سۈپ. تايىنى يوق، ئەرزىمەس: يوقىلاڭ گەپ. يوقىلاڭ ئىش. * ئۇ مېنىڭ كەيپىياتىمدىكى غەلىتە ھالەتنى سەزدى بولغاي، يوقىلاڭ بىر سوئالنى سورىدى.

**يوقىلاڭ سوئال** <مائار> جاۋاب بەرگۈچىنى قايمۇقتۇرىدىغان ئىمتىھان سوئالى.

**يوقىلاڭ گەپ** ھېچقانداق ئاساسى بولمىغان، تايىنى يوق، ئەرزىمەس گەپ: — يوقىلاڭ گەپنى قوي، ئورۇنسىز گۇمان، — دېدى سۇنۇر قوشۇمىسىنى تۈرۈپ، — ئەكبەرنىڭ تولا كېلىشىنى كىم بىلىدۇ

**يوقىلاڭ ئىش** مەنپەئەت بەرمەيدىغان، تايىنى يوق، تۇتامى يوق، ئەرزىمەيدىغان ئىش: ئەپەندىم ئۆيلىنىپتىكەن، ئايالى ئۇرۇشقاق چىقىپتۇ. يوقىلاڭ ئىشلار ئۈچۈن كۈندە جاڭجال قىلىشىپ ئەپەندىمنىڭ جېنىغا تېگىپتۇ.

**يوقىلىش** ① «يوقالماق» پېئىلىنىڭ يەنە بىر خىل ئىسمىدىشى. ② <فىز> بىر خىل ئاساسىي زەررىچە بىلەن ئۇنىڭ ئانتى زەررىچىسى بىر-بىرىگە يولۇققان چاغدا، ئىككى زەررىچە بىرلىكتە «يوقىلىپ» باشقا بىر خىل ئاساسىي زەررىچىگە ئايلىنىش ھادىسىسى.

**يوقىماق** پ. كۆزدىن غايىب بولماق، كۆزدىن نېرى كەتمەك، يوقىلىپ قالماق، يىتمەك: مەن ئەقلىمگە كەلگەندىن بۇيان بۇ ئائىلىنىڭ بىر ئەزاسى بولۇپ، بىز بىلەن بىللە ياشاپ كېلىۋاتقان ھېلىقى مۈشۈكمۇ يوقاپ كەتتى.

**يول** ئى ① ئادەم ياكى ترانسپورت قاتنىشى ئۈچۈن بەلگىلەنگەن ئۇزۇن يەر بۆلىكى: تۆمۈر يول. چىغىر يول. ھارۋا يولى. چوڭ يول. * ئۇلار يولدا ئۇچرىغان كىشىدىن تېۋىپنىڭ ئۆيىنى سۈرۈشتۈرۈپتۇ. ② ھەرىكەت يۆنىلگەن تەرەپ، يۆنىلىش؛ نىشان: يول باشلىماق. * ئەيسامۇ ئۆز يولىدا، موسامۇ ئۆز يولىدا (ماقال). * ئۇ يېزىدىكى دادىسىنىڭكىگە قايتىشنى ياكى خىزمەتچىنىڭ ئايالى بولۇشنى ئويلاپ كۆرۈپ، ئاخىردا كېيىنكى يولنى تاللىۋالدى. ③ ئىشلەپچىقىرىش ۋە خەلق تۇرمۇشىغا خىزمەت قىلىدىغان سىم، تۇرۇبا قۇرۇلمىلىرى لىنىيىسى قاتارلىقلار: گاز يولى. توك يولى. يۇندا يولى. * سابىرنىڭ ماشىنىسى ئايلانمىدىن ئۆتۈشى بىلەنلا مەن ماشىنامنىڭ توك يوللىرىنى تەكشۈردۈم. ④ سەپەر قىلىش، بىرەر ياققا بېرىش، ساياھەت: يول تەييارلىقى. يول خىراجىتى. * چۆلدە ئۇسسۇزلۇق يامان، يولدا يالغۇزلۇق يامان (ماقال). * ھە، يول خىراجىتى تىلىرىڭىز ئۈچۈن سىزگە پۇلمۇ ئېلىپ كەلدىم. ⑤ بېسىپ ئۆتىدىغان مەنزىل؛ مۇساپە: ئۈچ ئايلىق يول. * يول بۇياققا ھارۋا ئۇياققا (ماقال). * ئۇزۇن بولسىمۇ تۈز يول ياخشى (ماقال). * «قانداق يېتىپ بارارمەن، يۈز يول كېلەر تاغ دېگەن.» چارە ئىزلەپ يۈسۈپجان، ماگار، ئىدى ئوي بىلەن. ⑥ رەخت، قەغەز قاتارلىق نەرسىلەرگە چۈشۈرۈلگەن پاراللېل، تىك ھالەتتىكى سىزىق، ئىز: بىر يولى قارا، بىر يولى كۆك چىت. * ئۇ قويۇلۇپ كەتكەن ئىككى كۆزىدىن ئېقىۋاتقان زەردابتىن ئېگىز بۇرنى ئەتراپىدا تاغىل يوللار پەيدا بولغان قىزغۇچ يۈزىنى پۈرۈشتۈرۈپ زىل ۋە جاراڭلىق ئاۋاز بىلەن «ھۆكمەت» ئوقۇيتتى. ⑦ زىرائەت، يازما، باسما ئەسەرلىرىنىڭ ھەربىر قاتارى؛ قۇر: ئۈچ يول خەت. يول-يول كېۋەز. ⑧ كۆچمە. غايىۋى يۆنىلىش، دۇنيا قاراش؛ مەسلەك، مەزھەب: ئىككى يول كۈرىشى. * كىم ئىنقىلاب ئىشلىرىغا زىيان كەلتۈرسە، ئۇ بىزنىڭ دۈشمىنىمىز، كىم بىز بىلەن بىر يولدا ماڭسا، ئۇ بىزنىڭ دوستىمىز. ⑨ بىرەر ئىش-ھەرىكەتنىڭ ۋاسىتىسى؛ ئۇسۇل، چارە، تەدبىر، ئامال: يول تاپماق. * پۇلى بارنىڭ يولى بار (ماقال). * ياخشىنىڭ يولى يەتتە (ماقال). * بىز بىر ئامال قىلىپ، ۋاقىتنى قولدىن بەرمەي، قارلىق تاغنىڭ سۈيىنى باشلاپ كېلىشنىڭ يولىنى قىلىشىمىز كېرەك. ⑩ ئەنئەنىۋى ئادەت، قائىدە-يوسۇن؛ شەرىئەت؛

قانۇن: يولدىن چىقماق. يولدىن ئازماق. * بەرسە قولدىن ئالار، بەرمىسە يولدىن ئالار (ماقال). * قول قولنى تونۇيدۇ، شەرىئەت يولنى تونۇيدۇ (ماقال). * — بۇ يىلمۇ بېرىمىز، ئۆزلىرىنى خاپا قىلىپ قويمايمىز، ھەر ئىش يولى بىلەن-دە، — دېدى بەكراخۇن. ⑪ رىئايە، ھۆرمەت، ئىمكان، مەدەت، ئىجازەت: يول قويماق. * ئىگىلىك يارىتىشتا تال-چىغ توقۇمىچىلىقى، تىككۈچىلىك ۋە كەشتىچىلىككە ئوخشاش ئائىلە قول سانائەت ئىشلەپچىقىرىشنى ئېلىپ بېرىشقا يول قويۇش كېرەك. ⑫ ئەقىل، مەسلىھەت: يول كۆرسەتمەك. * ئوغۇل باشتىن ئۆتكەن ئىشلارنى بىر-بىرلەپ خانىمغا ئېيتىپ بېرىپتۇ، خانىم ئەھۋالنى ئۇققاندىن كېيىن رەھمى كېلىپ، يول كۆرسىتىپ مۇنداق دەپتۇ. ⑬ مەرتە، قېتىم، نۆۋەت: ئۇ ئاينۇراخان ئاچقان ئىككى چېلەكنى قولىغا ئېلىپ، كۆلدىن بىر يول سۇ ئەكەلدى.

**يول ئاچماق** پۇرسەت ياراتماق، شەرت-شارائىت، ئىمكانىيەت ھازىرلىماق: يول ئېچىپ ئىلگىرىلىمەك.

**يول ئاغزى** جان ت ① تۆت كوچا دوقمۇشى. ② يول، كوچىلارنىڭ باشلىنىش نۇقتىسى.

**يول ئالماق** سەپەر قىلماق، يول يۈرمەك، ماڭماق: ئۇلار پۇل-مالنى ئىككى ئۈلۈشكە بۆلۈپ، ئۈچ كېيىملىرىنىڭ ئارىسىغا يوشۇرۇپ، شەرققە قاراپ يول ئالدى.

**يول باسماق** مەلۇم مۇساپىنى بېسىپ ئۆتمەك، مېڭىپ تۈگەتمەك: گەرچە يولغا چىققىنىمىزغا بىرەر سائەتتەك بولغان بولسىمۇ، ئاغرىقنى ئاياپ 17 — 18 كىلومېتىردەك يول باسقانىدۇق.

**يول باشلاش** <ھەرب> ئۇچۇش ياكى يۈرۈش بەلگىسى، رادار، سىمسىز رادىئو قۇرۇلمىسى قاتارلىقلاردىن پايدىلىنىپ، ئايروپىلان ياكى پاراخوتلارنى يۈرۈشكە يېتەكلەش.

**يول باشلىماق** سەپەر ياكى ساياھەت يۈرۈشلىرىدە باشقىلارنى باشلاپ ماڭماق: ئابلىكىم، جاپپارۇپ، ئالماسلار ئاتلىق يولغا چىقتى، چىنارخان ئۇلارغا يول باشلاپ كەتتى.

**يول بەرمەك** بىرەر ئىش قىلىشقا پۇرسەت تۇغدۇرماق، قولايلىق شەرت-شارائىت ياراتماق، ئىمكانىيەت ھازىرلىماق؛ ئىجازەت بەرمەك: شۇندىن كېيىن ئىشان داموللىغا قايتىپ كېتىشكە يول بېرىلدى.

**يول بولسۇن** ① سەپەرگە چىققان كىشىنىڭ سەپىرىنىڭ ئوڭۇشلۇق بولۇشى، بىخەتەر سەپەر قىلىشىغا تىلەكداشلىقنى بىلدۈرىدۇ: — خەير، يول بولسۇن، خۇداغا ئامانەت، — دېدى ئانا ئوغلىنى باغرىغا بېسىپ. ② «نەگە بارىسىز؟»، «نەگە ماڭدىڭىز» دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ: ئات چەتكە بۇرۇلدى. شۇ چاغ كىمدۇر بىرى «روزىكا، يول بولسۇن!» دېدى.

**يول بولماق** ئېپى، پۇرسىتى كەلمەك، شەرت-شارائىت، ئىمكانىيىتى ھازىرلانماق.

**يول تاپماق** ئېپىنى، چارىسىنى تاپماق: يالغۇز يۈرۈپ يول تاپقۇچە چىشىڭ تۆكۈلەر (ماقال). * ئەلۋەتتە ئەمگەك بىلەن ئۆزىگە ھايات يولى تېپىشنى مەقسەت قىلغۇچىنىڭ بۇنچىلىك گەپ قىلىش ھوقۇقى بولىدۇغۇ!

**يول تۇتماق** تەدبىر قوللانماق، چارە قىلماق، ئىش كۆرمەك: جۇمە باشقىچە يول تۇتۇشنى لازىم تاپتى.

**يول چىقماق** سەپەر چىقماق، يۈرۈشكە پۇرسەت كەلمەك، مېڭىشقا ئىرادە

بولماق: مەنزىل ناھايىتى يىراق ھەم قاراڭغۇ، لېكىن قورقماڭلار. قورقماس ئادەمنىڭ ئالدىدىن يول چىقىدۇ.

**يول چىڭداش ماشىنىسى** <تېب> يول ۋە مەيدانلارنى چىڭداپ تۈزلەش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان ماشىنا. ناھايىتى ئېغىر بولۇپ، ئادەتتىكىلىرى ئىككى چاقلىق، بەزىلىرى ئۈچ چاقلىق بولىدۇ.

**يول خېتى** ① سەپەر، سەيلە-ساياھەت، تۇغقان يوقلاش قاتارلىق مەقسەتلەر بىلەن بىر جايدىن يەنە بىر جايغا بېرىشتا، يول ئۈستىدىكى ئىشلارنىڭ قولايلىق بولۇشى ئۈچۈن، ئۆزى تۇرۇشلۇق ئورگان ۋە ئالاقىدار ئورۇنلارنىڭ يېزىپ بەرگەن ئىسپات خېتى. ② <قاتن> پويىز ئىستانسىسىنىڭ پويىزنىڭ يۈرۈشى توغرىسىدا يېزىپ بەرگەن ئىجازەتنامىسى. پويىز ۋوگزالغا كىرگەندىن كېيىن، يول خېتى بولمىسا، قاتنىيالمايدۇ.

**يول خىراجىتى** <قاتن> سەپەر داۋامىدا ئىشلىتىلىدىغان پۇل. ئادەتتە ئۇ قاتناش، تاماق، ياتاق قاتارلىق جەھەتلەردىكى خىراجەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

**يولدا قالماق** مەنزىلگە، كۆزلىگەن يېرىگە يېتەلمەي قالماق، سەپەرنى داۋاملاشتۇرالماي توختاپ قالماق، ئارىدا قالماق: ئۇ ھامان يولدا قالىدۇ.

**يولدا قويماق** ئارقىدا قالدۇرماق، تاشلاپ كەتمەك، ئىككى ئوتتۇردا تېنەتمەك: چىرايلىق يولدا قويىدۇ، قاراقچى چۆلدە قويىدۇ (ماقال). * ھازىر ھەممىسلا مەرگەن بولۇپ كەتتى، مېنى يولدا قويىدۇ بۇلار.

**يولدىن ئاداشماق** ① سەپەر، نىشاندىن ئازماق، يېڭىلىشماق: مەھەللەم مېنىڭ، يىراقلاشقاندەك، گويا مەن يولدىن ھەم ئاداشقاندەك. ② كۆچمە. قائىدە-يوسۇن، ئۆرپ-ئادەتتىن چەتلىمەك، قايماق.

**يولدىن ئازماق** ئەقلىنى، ئەس-ھوشىنى يوقاتماق، ناتوغرا يولغا كىرمەك، يامانلارغا ئەگەشمەك، نەپسىنىڭ كەينىگە كىرمەك: ئالتۇن كۆرگەندە پەرىشتە يولدىن ئېزىپتۇ (ماقال). * «قارا بۇنىڭ قۇرغان قاپقىنىنى، ئۆزىنى خاتالاشقان قىلىپ كۆرسىتىپ، مېنىمۇ يولدىن ئازدۇرماقچى. كىم خاتا، كىم توغرا، بۇنى ئايرىيدىغان چاغ كېلىدۇ» دەپ پىچىرلىدى ئۇ ئۆز-ئۆزىگە.

**يولدىن تايماق** قائىدە-يوسۇن، ئۆرپ-ئادەتتىن چەتلىمەك، ئازماق: لېكىن غەلىيانچىمىش بۇ زات، داۋام يولداش بولالمايمەن، ئۆزۈمنىڭ يولدىن تايماي، كۆرەرىنى كۆرگۈنۈم ياخشى.

**يولدىن چىقماق** قانۇن-تۈزۈمگە خىلاپلىق قىلماق، تايتىن چىقماق: يولدىن چىقما، خاندىن قورقما (ماقال). * قازى قىزنىڭ دادىسىغا: «قىزىڭىز سىز كەتكەندىن كېيىنلا يولدىن چىقىپ، نامىڭىزنى بۇلغاشقا باشلىدى. ئاتا ئورنىدا تۇرۇپ نەسىھەت قىلسام، مېنى ھاقارەتلەپ، ھەتتا بېشىمنىمۇ ياردى» دەپ خەت يېزىپتۇ.

**يولدىن قالماق** سەپەرگە، يۈرۈشكە كېچىكىپ قالماق، مېڭىش پۇرسىتىنى قولدىن بېرىپ قويماق: ئۇنىڭ غوززىدە ئاچچىقى كەلدى، قورساق ئېچىپ ھېرىققاندا ئۇنىڭغا يولدىن قېلىش ئېغىر تەگكەندى.

**يولدىن قايتماق** ① سەپەر، ساياھەت، يۈرۈشتىن يالتايماق، نىشانىنى ئۆزگەرتمەك. ② كۆچمە. باشقىلارغا تۇۋال قىلىشتىن، زىيان سېلىشتىن يانماق، يامان ئىشلاردىن ئۆزىنى تارتماق، پەيلىنى، نىيىتىنى،

غەرىزىنى ئۆزگەرتمەك.

**يولدىن قويماق** سەپەرگە دەخلى قىلماق، يۈرۈشكە كاشىلا بولماق، مېڭىشىنى توسماق؛ كېچىكتۈرمەك: — ھەرقايسىلىرىنى يولدىن قويىدىغان بولدۇم-ھە! — دېدى دېھقان ئۆزىنى ئاقلاپ.

**يول سالماق** مەلۇم نىشانغا قاراپ ماڭماق: بۇ بۈيۈك تاغلار ئارىسىغا ھاياتىنى بېغىشلىغان تاغلىقلارنىڭ ئوبرازى مېنى ھاياجانغا سالدى. ئېتىمغا سەكرەپ مىندىم-دە، داۋانغا يول سالدىم. * بۇ گەپ بىلەن يولنى سالدىم ئىلى تەرەپكە، ئىزدەپ بېرىپ قوشۇلدۇم مەن ئاخىر شۇ سەپكە.

**يول سورىماق** ئەقىل، مەسلىھەت، تەدبىر كۆرسىتىشنى تەلەپ قىلماق، يولىيورۇق بېرىشنى ئۆتۈنمەك: يول سورىماي يولغا چىقما (ماقال). * ئېزىپ قالدىم ئاداش، مەن سەندىن يول سوراپ كەلدىم.

**يولغا چۈشمەك** ① ماڭماق، يولىنى داۋاملاشتۇرماق: ھاتەم ئەجدىھاغا ئەگىشىپ يولغا چۈشتى. ئۇلار بىر بوستانلىققا يېتىپ كەلدى. ② كۆچمە. نورماللاشماق، يۈرۈشۈپ كەتمەك: ھازىر ئىشلار خېلى يولغا چۈشتى، ياخشى كېتىۋاتىدۇ.

**يولغا چىقماق** سەپەرگە ئاتلانماق، مېڭىپ كەتمەك: ئەتىسى ئەتىگەندە ئۇلار يۈك ماشىنىسىغا ئولتۇرۇپ شىخوغا قاراپ يولغا چىقتى. * ئۇ كەچلىك چايدىن كېيىن ئاتلىق يولغا چىقتى.

**يولغا سالماق** ① سەپەر ياكى ساياھەت، يۈرۈشكە ئۇزىتىپ قويماق، ماڭدۇرماق، ئەۋەتمەك: — ئاتا، ئاران بىر كەلگىنىڭىزدە خەۋەر ئالالماي قۇرۇقلا يولغا سېلىپ قويىدىغان بولدۇم، ئاپامغا سالام ئېيتارسەن، — دېدى ئۇ. ② كۆچمە. قويۇۋەتمەك، ئاجراشماق؛ مۇناسىۋەتنى ئۈزمەك: ئوغلىمىز بۇ يىل ئارانلا يىگىرمە ياشقا كىردى، ئەمما خوتۇنىدىن ساق ئۈچنى يولغا سالدى. * بۇ ئايال ماڭا ئوبدانلا تونۇشلۇق، ئۇ ھېلى ئۇنى باشلاپ كەلگەن يىگىتنىڭ خوتۇنىمۇ ئەمەس، ئۇ شۇنچە ياش تۇرۇپ ئالتە ئەرنى يولغا سېلىپ بولدى.

**يولغا سېلىش ئالدىدىكى تاۋار** <مال> سودا بوغالتىرلىقىدا، توپ تارقىتىش كارخانىلىرى تاۋار سېتىشتا تىجارەت تارماقلىرى يۆتكەش تالونى كەسكەندىن تارتىپ ياكى مالىيە بوغالتىر تارماقلىرى مال پۇلىنىڭ راسچوت رەسمىيىتىنى بېجىرىپ بولغۇچە بولغان مۇشۇ باسقۇچتا تۇرۇۋاتقان تاۋارلار.

**يولغا قويماق** ئىجرا قىلماق، قوللانماق، يۈرگۈزمەك، ئومۇملاشتۇرماق: بىز بۇ مەسىلە توغرىسىدا ئوبدانراق كېڭىشىپ، ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە تېزرەك يولغا قويۇشنىڭ ئامالىنى قىلايلى.

**يولغا كىرمەك** ئىزىغا چۈشمەك، قېلىپلاشماق، نورمال ھالەتكە كەلمەك: ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ چارۋىچىلىقى يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، خېلى تېز راۋاجلىنىپ، ناھايىتى زور نەتىجىلەر قولغا كەلدى ۋە مۇھىم تەرەققىي قىلىش يولىغا كىردى.

**يول قويماق** ئىمكان بەرمەك، پۇرسەت ياراتماق: — ئانا، دادا، سىلەرگە ئۈچ قېتىم يول قويدۇم. ئەمدى مېنىڭ ئىختىيارىمغا قويۇڭلار، كېلىن دېگەنىنىڭ شوخىسى بار ئوخشايدۇ، — دېدى ئۇ. * ئامبار مەسىلىسىدە بىز جىددىي خاتالىققا يول قويدۇق، ئەمما ئېھتىيات تومىسىنى ياساشتا ئەمدى خاتالىققا يول قويماسلىقىمىز كېرەك.

**يول قىنى** <قاتن> تۆمۈر يول ئۇلى

بىلەن شىپال ئارىلىقىغا ياتقۇزۇلىدىغان بىر قەۋەت تاش پارچىلىرى ۋە شاخار قاتارلىقلار. ئادەتتە ئۇ پويىزنىڭ رېلىسقا بولغان زەربىسىنى يېنىكلىتىش ۋە رېلىس ئورنىنى مۇقىملاشتۇرۇش رولىنى ئوينايدۇ.

**يول كۆرسەتمەك** يولىيورۇق، مەسلىھەت بەرمەك، ئەقىل كۆرسەتمەك: ئاداشقانغا يول كۆرسەت (ماقال). * مەن ئۆزۈممۇ يوقلاپ بارماقچى ئىدىم. بىز سىزنىڭ مەسلىھەتىڭىزگە موھتاج، سىز چىقراق يول كۆرسىتىڭ، مەسلىھەت بېرىڭ.

**يول ماڭماق** بىرەر ئىشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلماق، ھەل قىلىش كويىدا بولماق، ئالاقىلەشمەك: رەپقەت مېنى غۇلجىغا يۆتكەپ كېلىش ئۈچۈن يول ماڭدى.

**يول مۇھاپىزەت ئورمىنى** <ئورم> يوللارنىڭ ئىككى چېتىگە تىكىلىپ يولنى ئاسراش ۋە مۇھىتنى گۈزەللەشتۈرۈش رولىنى ئوينايدىغان ئىھاتە ئورمىنى.

**يول ئۇچۇق** «كەتسەڭ، كېتىۋەر، خالىغان يېرىڭگە بارىۋەر» دېگەن مەنىدىكى ئىبارە: — كەلسە كەلسۇن، ھېچبولمىسا ھەشقاللا دەپ قوياي، ئالدىرىغانلار كەشىسىنى قولتۇقلاۋەرسە يول ئۇچۇق، — دېدى قەمبەرنىساخان.

**يول ئۇلى** <قاتن> تاشيول ۋە تۆمۈر يوللارنىڭ تېگى، ئاساسى. ئادەتتە ئۇ يول كۆتۈرمىسى ۋە يول ئويۇلمىسىدىن تەركىب تاپىدۇ.

**يول ئۇستىدىكى پۇل** <مال> شۇ ئايدا خەزىنىگە تاپشۇرۇلغان خام چوت كىرىمىنىڭ ئاي ئاخىرىغىچە شۇ دەرىجىلىك خەزىنىدىكى ئامانەت پۇل ھېسابىغا يېتىپ كېلەلمىگەن سانى.

**يولى بار** ① قائىدە-يوسۇنى، چەك-دائىرىسى بار: بىزنەچچە كۈن دەرس ئۆتمىگەنگە نېمە بولماقچىدى، ئاكتىپلىقىڭىزمۇ يولى بار-دە! * — سەن ئۇنداق دېگەن بىلەن، — دېدى باي، — راپاۋەتچىلىك قىلىشنىڭ يولى بار. ② مۇناسىۋەت دائىرىسى كەڭ، ھەل قىلىش ئىمكانىيىتى بار: ئۇنىڭ يولى بار، بۇ ئىشنى شۇ ھەل قىلالايدۇ.

**يول ئىزلىمەك** بىرەر ئىشنى بەجا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئامال قىلماق، چارە تاپماق، ئەقلىنى ئىشلەتمەك: ئۇ بۇ «كەمچىلىك»نى تۈزىتىش ئۈچۈن، ئاللىقانداق ياخشىلىقلارنى قىلىش ئىمكانىيىتىنى يارىتىشقا يول ئىزلەيدۇ.

**يولغا قارىماق** كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن ئالدىغا چىقماق، ساقلىماق: قورغۇيۇم ئۇچۇپ كەتتى، قەشقەر يولىغا قاراپ، كۆزۈمنىڭ گۆھىرى، ئۆچتى يارنىڭ يولىغا قاراپ.

**يولغا كىرمەك** بىر ئىشنىڭ كويىدا، پېيىدا بولماق، يۈزلەنمەك: — ئەمدى ئويۇن-تاماشىنى ئازراق قىلىپ، بىلىم ئېلىشنىڭ يولىغا كىرسەڭ بولارمىكىن؟ — دېدى ئۇ.

**يولى كەلمەك** ئامالى، ئىلاجى بولماق، مۆرىتى، پۇرسىتى كەلمەك: ئۇلار خېلىدىن بېرى نارازىلىق قەھرىنى ھەرىكىتىدە ئىپادىلەيش ئۈچۈن ئەپلىك پەيت كۈتۈۋاتقان، يولى كەلسە ھارۋىكەشكە ياردەم كۆرسەتمەكچىمۇ بولۇشقانىدى.

**يولىنى قىلماق** ئامالىنى قىلماق، چارىسىنى تاپماق، تەدبىر كۆرمەك: قورغاقچىلىق كەچمىزنى بېسىپ تۇرغان ئېغىر تاغ بولۇپ قالدى، بۇ تاغنى ئاغدۇرۇۋېتىشنىڭ بىر يولىنى قىلايلى.

**يولى ئۇچۇق** ئىشى ئوڭدىن كېلىدىغان،

قىلغان ئىشلىرى راۋان، يۈرۈشۈپ تۇرىدىغان: — «ئىنسان-ياخشىلىقنىڭ قۇلى» دېگەن گەپ بار، ھاجىتىڭنى راۋا قىلسا ئۇ كىشىگە تەشەككۈر بايان قىلغايسەن. يەنە بىر قېتىم ھاجىتىڭ چۈشكەندىمۇ يولۇڭ ئوچۇق، يۈزۈڭ يورۇق بولىدۇ، — دېدى ئۇ.

**يولى يولغا، قۇرى قۇرىغا كەلمەك** بىر-بىرىگە ماس كەلمەك، جاي-جايىغا چۈشمەك، قىلىنغان ئىش، نەرسە كۆڭۈلدىكىدەك بولماق، كۆڭلى كۆڭلىگە كەلمەك.

**يول يۈزى** <قاتن> يوللارنىڭ سىرتقى يۈزى. ئادەتتە توپا، تاش پارچىلىرى، خىش، بېتون، شېغىل ۋە ئاسفالت قاتارلىقلارنى ياتقۇزۇش ئارقىلىق ياسىلىدۇ.

**يولاتماق** «يولىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۆي تۇتمىغاننى ئۆيۈڭگە يولاتما (ماقال). * — «بۇقىنى كالام دېمە، سازەندىنى بالام دېمە» ئەختەم ئادەم ئەمەس نېمە ئۇ، ئىككىنچى بوسۇغامغا يولاتمايمەن! — دېدى ئۇ.

**يولاشماق** «يولىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: — ئىككىنچى ئۆيۈمگە يولاشما، ئەگەر بالام ئاغىنىسىزلىقتىن ئۆلىدىغان بولسىمۇ، مەيلى، — دېدى بوۋاي بىزدىن رەنجىپ.

**يولباشچى** ئى (يۇل+باش+چى) بىرەر سىنىپ، پارتىيە، گۇرۇھ ياكى ئىجتىمائىي ھەرىكەتنىڭ سىياسىي رەھبىرى؛ داھىي: ئۇلۇغ ھۆرمەتتە ئەسلەيمەن چېۋەر يولباشچى — رەھبەرنى، كۈرەش قۇربانى ئەخمەتجان — ۋەتەنگە جان پىدا ئەرنى.

**يولباشچىلىق** ئى. بىرەر ھەرىكەتتىكى رەھبەرلىك، باشلامچىلىق، باشقىلارنى يېتەكلەش ياكى باشلاش ئىشى: يولباشچىلىق قىلماق. * ئۇلار كۆكۈيۈنى شۇنداق بىر شاد — خۇراملىق بىلەن كۈتۈۋالدىكى، بۇ شاد-خۇراملىق كۆكۈيۈنىڭ يولباشچىلىق شۆھرىتى قانچىلىق يۈكسەك ئىكەنلىكىنى يېڭىدىن ئىسپات قىلاتتى.

**يولباشلىغۇچى** ئى. بىرەر قوشۇن، سەپ، كىشىلەرنىڭ توپىنىڭ ئالدىدا يول كۆرسىتىپ ماڭغۇچى؛ يولباشچى، يېتەكچى: ئۇلارنىڭ ئىدىيىلىرى ئىجتىمائىي ئەمەلىيەتتىن ئايرىلغان، ئۇلار جەمئىيەت ھارۋىسى چاقىنىڭ ئالدىدا تۇرۇپ يولباشلىغۇچى بولالمايدۇ.

**يولداش** ئى ① سەپەر، ساياھەت، يۈرۈش ئىشلىرىدا بىللە بولغان كىشى؛ ھەمراھ: ئىت بىلەن يولداش بولساڭ، قولۇڭدىن تاياق چۈشمىسۇن (ماقال). * بىر كۈنلۈك يولداشقا قىرىق كۈن سالام (ماقال). * — سىلەر بۇ مەسلىھەتنى ئوبدان قىلىپسىلەر، مەنمۇ سىلەرگە يولداش، سىلەر بىلەن بىللە كېتىمەن، — دەپتۇ ئۇ. ② كۆچمە. جۈپتى، ھەمراھى (ئەر-ئاياللار بىر-بىرىگە نىسبەتەن): ئۇ ياق مېنىڭ يولدىشىم، — دېدى ئايال ماڭا قاراپ. ③ مەلۇم مەقسەت نىشان ئۈچۈن بىللە كۈرەش قىلغۇچى. ④ بەزى دۆلەتلەردىكى كىشىلەرنىڭ بىر-بىرىنى چاقىرىش ئادىتى: يولداش، سىز نەگە بارىسىز؟ ⑤ <ئانات> ھامىلىدارلىق مەزگىلىدە ھامىلە بىلەن بىللە پەيدا بولىدىغان، ھامىلىنى ئوزۇقلۇق ماددىلىرى بىلەن تەمىنلەيدىغان ئورگان؛ ئەش: بالىنىڭ يولدىشى. ⑥ ئەرلەرنىڭ ئىسمى.

**يولداشلارچە** سۈپ. يولداشلاردەك، يولداشلارغا ئوخشاش: كىشىلەرنىڭ ئىشلەپچىقىرىش جەريانىدىكى ئۆزئارا مۇناسىۋەتلىرىنىڭ بەلگىسى ئېكسپلاتاتسىيە قىلىنمايدىغان خىزمەتچىلەر ئوتتۇرىسىدىكى

يولداشلارچە ھەمكارلىق ۋە ئۆزئارا ياردەمدىن ئىبارەت.

**يولداشلىق** سۈپ. يولداشلاردا بولىدىغان، يولداشلارغا خاس: يولداشلىق مۇناسىۋەت. يولداشلىق بۇرچ. * — قېنى بولمىسا، يۈرۈڭ بىزنىڭكىگە، مېھمان! — سۆزلىگۈچىنىڭ سۆز ئاھاڭىدىن يولداشلىق يۇرىقى كېلىپ ئاتابېكنىڭ دىمىغىغا ئۇراتتى.

**يولسىز** سۈپ ① يول ئېلىنمىغان، يول ياسالمىغان، يولى يوق: يولسىز داۋان. * كىچىككىنە بالا يولسىز ئېتىزلىقتا، قىرلاردا توشقاندەك سەكرەپ، كالا ئىزى بىلەن قاۋانلىقتا يۈگۈردى. ② قائىدە-يوسۇنغا زىت، ئۆز بېشىمچىلىق بىلەن قىلىنغان؛ قائىدە-يوسۇنغا زىت ئىش قىلىدىغان، ئۆكتەم، بىغەرەز: يولسىز ئادەم. يولسىز ھەرىكەت. * بۇ بىشىر تەرەپدارلىرىدىن بىرىنىڭ خەۋەر قىلىشى بىلەن رازاقنىڭ يولسىز قارارىنى چەكلەش ئۈچۈن كەلگەنىدى.

**يولسىزلارچە** رەۋ. يولسىزلىق بىلەن: ئەگەر ياخشى نىيەت بىلەن قىلىنغان تەنقىدنى يامان نىيەتلىك ھۇجۇم دەپ قارىساق، دوستانە نەسىھەتنى يولسىزلارچە چاپلىشىۋېلىش دەپ قارىساق، ئۇ ھالدا جەزمەن ئالغا ئىلگىرىلەش يولىمىزنى توسۇپ قويىمىز.

**يولسىزلىق** ئى. قائىدە-يوسۇنغا خىلاپ، نامۇۋاپىق سۆز-ھەرىكەت؛ ئۆكتەملىك، ئۇششۇقلۇق، بىغەرەزلىك: يولسىزلىق قىلماق. * — يېتىمنىڭ ئاغزى ئاشقا تەگسە بۇرنى قاناپتۇ دېگەندەك، قارىمامدىغان بۇ يولسىزلىقنى، يېتىملار شۇنداقمۇ بوزەك قىلىنامدۇ؟ — دېدى مۆمىن ئاكا.

**يولسىزلىق قىلماق** ئۇششۇقلۇق، بىشەملىك بىلەن ئۆز تەسىرىنى، سۆزىنى ئۆتكۈزمەك، ئۆكتەملىك قىلماق، زوراۋانلىق قىلماق: ئۇلار داۋۇت ئاكىنىڭ ئەھۋالىنى ئۇقماي يولسىزلىق قىلىۋاتقىنىنى ئويلاشقانلىرىدا كۆز ئالدى يەنە قاراڭغۇلاشتى.

**يوللاتماق** «يوللىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**يوللاشماق** «يوللىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار باشلىقنىڭ شەھەرگە كىرىشىنى قارشى ئالىمىز دېگەن مەزمۇندا ئالاقە يوللاشقانىدى.

**يوللانغان** «يوللانماق» پېئىلىنىڭ سۈپەتدىشى: يوللانغان ماتېرىيال مۇپەتتىشلىكى.

**يوللانغان ماتېرىيال مۇپەتتىشلىكى** <قا> تەپتىشلەنگۈچى ئورۇن تەپتىش ئىدارىسىنىڭ بەلگىلىمىلىرى بويىچە، تەلەپ قىلىنغان ماتېرىياللارنى تەپتىش ئىدارىسىگە يوللىغاندىن كېيىن ئېلىپ بېرىلىدىغان مۇپەتتىشلىك.

**يوللانما** ئى. پوچتا ئارقىلىق ئەۋەتىلىدىغان خەت-چەك، ئالاقە، پوسۇلكا: پوچتا يوللانمىسى. تېز يوللانما. * ئايروپىلان قاتنىشى بار بولسىلا تېز يوللانمىلارنىڭ ھەممىسى ئايروپىلان ئارقىلىق يەتكۈزۈلىدۇ.

**يوللانماق** «يوللىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: پوسۇلكىلار يوللاندى.

**يوللۇق** ① سۈپ. يولى بار، يول چۈشۈرۈلگەن: يوللۇق رەخت. كەڭ يوللۇق. تار يوللۇق. يوللۇق بەقەسەم. * ئۇ كۆزەينىكىنى كۆتۈرۈپ قويۇپ ئورنىدىن تۇردى-دە، ھەربىي چاپانلىرىنى سېلىپ تاشلاپ يوللۇق كۆڭلىكى بىلەن مېھمانخانىدا ئۇسسۇلغا چۈشتى. ② سۈپ. كۆچمە. يولى بار، داۋىلىلىق، ئورۇنلۇق، قانۇنلۇق، ھەق: يوللۇق گەپ. يوللۇق ھەرىكەت. * ئۇلار يول بويى پاراڭلاشتى، تۇراپنىڭ سۆزلىرى كەسكىن بولسىمۇ، لېكىن ناھايىتى يوللۇق ھەم

تەسرلىك ئىدى. ③ ئى. سەپەر، ساياھەت قىلىشقا، باشقىلارنى ئۇزىتىشقا تەييارلانغان لازىمەتلىك، سوۋغا: يوللۇق تۇتماق. * يوللۇق قىلماق. * ئەكبەرنىڭ يەڭگىسى ۋە سىڭلىسى ئەكبەرگە تەييارلىغان يوللۇقلىرىنى بەردى. * سىز ئۇزۇندىن بېرى بىر قاچا تامىقىمىزغىمۇ ئېغىز تەگمىدىڭىز، ئەتە قايتىدىكەنسىز، ئاز بولسىمۇ بۇ تۇخۇمنى يوللۇق ئۇچۇن قوبۇل قىلىڭ.

**يوللۇق تۇتماق** سەپەرگە، ساياھەتكە چىققانلارغا سوۋغا تەقدىم قىلماق: موماي ئاخشام ياغدا ئايرىم پىشۇرۇپ ئۇلارغا تۆت دانە قاتلىما يوللۇق تۇتقانىدى. * مېنىڭ خۇرجۇنۇمدا شىخودىكى سىڭلىم يوللۇق تۇتقان توقاچتىن بەش-ئالتە دانە قالغانىكەن.

**يوللۇق رەخت** يېزىگە ھەر خىل يوللارنى چىقىرىپ توقۇلغان رەخت.

**يوللۇق قوغدىنىش** <قا> جامائەت مەنپەئىتىنى، ئۆزىنىڭ ياكى باشقىلارنىڭ جىسمانىي بىخەتەرلىكىنى ۋە باشقا ھوقۇقلىرىنى قىلىنىۋاتقان قانۇنسىز زىيانكەشلىكتىن ساقلاپ قېلىش ئۇچۇن قوللىنىلغان تېگىشلىك قوغدىنىش ھەرىكىتى.

**يوللۇق قىلماق** سەپەرگە، ساياھەتكە چىققانلارنى ئۇزىتىش يۈزىسىدىن سوۋغا بەرمەك، لازىمەتلىك سۇنماق: مەسۇمئاخۇن يېنىدىن پۇل چىقىرىپ لۇتپۇللاغا تۇتقۇزدى. سىڭلىسى رەيھانمۇ ئاكىسى لۇتپۇللاغا بىرقۇر يېڭى كىيىمنى يوللۇق قىلدى.

**يوللىماق** پ ① بىرەر نەرسە ياكى گەپ-سۆزنى بىرەر ۋاستە ئارقىلىق بىر جايدىن ئىككىنچى بىر جايغا ياكى ئادەمگە يەتكۈزمەك، ئەۋەتمەك: پادىشاھ ئۇلۇغ قول ۋەزىرىنى نۇرغۇن سوۋغا-سالاملار بىلەن ئۇنىڭ يۇرتىغا ئەلچىلىككە ئەۋەتىپ، ئىپارگۈلنى لەئەل شاھقا قوشۇپ كاتتا توي ئۆتكۈزۈش ئۇچۇن ئاتىسىنى ماقۇل قىلىشقا كۆندۈرۈشكە نامە يوللىدى. ② <فىز> رادىئو تارقاتقۇچى ئاپپاراتلار رادىئو سىگناللىرىنى تارقاتماق.

**يولۇچى** ئى. سەپەرگە چىققان، يول ئۈستىدىكى ئادەم: چىمەنگۇل بىلەن سەيدى يۇرتىدىن يولۇچىلارنىڭ كېلىشلىرىنى كۈتۈپ مەكتەپتە تۇرۇۋاتاتتى.

**يولۇقتۇرماق** «يولۇقماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇلار سۇ ئىزلەپ يۈرۈپ بىر كونا قۇدۇقنى يولۇقتۇرۇپ قېلىپتۇ.

**يولۇقتۇرۇشماق** «يولۇقتۇرماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**يولۇقتۇرۇلماق** «يولۇقتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**يولۇقماق** پ. دۇچ كەلمەك، ئۇچراشماق؛ مۇپتىلا بولماق، گىرىپتار بولماق: يامانغا يولۇقساڭ يالىسى يۇقار، قازانغا يولۇقساڭ قارىسى يۇقار (ماقال). * ھۇنەرۋەن بالا نېمە قىلارىنى بىلمەي يولدا كېتىۋاتسا، ھېلقى بوۋاي يەنە يولۇقۇپتۇ. * بۇنىڭ بىلەن كۈتۈلمىگەن بالاغا يولۇقۇپ تۆت يىل تۈرمىدە ياتتى.

**يولۇقۇشماق** «يولۇقماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: سودا ئىشلىرى پۈتۈنلەي توختاپ سودىگەرلەر چوڭ پالاكەتكە يولۇقۇشتى.

**يولۋاس** ئى <زوئول> سۈت ئەمگۈچى ھايۋان. تۈكلىرى سېرىق، قارا ئالىسى بار، ئاڭلاش ۋە پۇراش سېزىمى ئۆتكۈر ۋە ۋەھشىي كېلىدۇ. كېچىدە چىقىپ قۇش ۋە باشقا ھايۋانلارنى تۇتۇپ يەيدۇ، بەزىدە ئادەملەرگىمۇ زىيان سالىدۇ. تېرىسىدىن ھەر خىل تۇرمۇش بۇيۇملىرى؛ سۆڭىكى، قېنى ۋە ئىچكى ئورگانلىرىدىن

دورا ياسىغلى بولىدۇ.

**يولۋاس كۆز تاش** <گېئول> بىر خىل مىنېرال، يەنى كۋارتسنىڭ ياندىاش بىر خىلى. يوشۇرۇن كرىستاللىق بولۇپ، رەڭگى سېرىق ياكى قوڭۇر، تالالىق ئىنچىكە يوللىرى بار. بۇ خىل ئىنچىكە يوللار كىرىمنىي ئوكسىدنىڭ تاش پاختا بىلەن ئورۇن ئالماشتۇرۇشى نەتىجىسىدە پەيدا بولغان.

**يولۋاس يىلى** <ئاستر> ئون ئىككى مۈچەلنىڭ ئۈچىنچىسى.

**يولىدا** تىر. غېمىدە، مەقسىتىدە، پەيتىدە، كويىدا؛ لايىقىدا: نادەمنىڭ ئاكىسى نادىرمۇ خەلقنى ئويغىتىش يولىدا قۇربان بولدى، ئىش مۇشۇنىڭ بىلەن تۈگەمدۇ؟ ياق، تېخىمۇ ئۆرلەيدۇ، — دېدى ئۇ. * بىزنىڭ ئۆزئارا ھۆرمەت قىلىشىمىز يولىدا ۋە نورمال ئىدى.

**يولىماق** پ ① دەسسىمەك، ئاياغ باسماق، يولۇقماق، بارماق: كۆتۈرە بېرىش تۈزۈمى يولغا قويۇلۇپ، سابىرنىڭ يۈز نەچچە يىلدىن بېرى ئېتىزغا يولاپ باقمىغان ئۆيدىكىلىرىنىڭ قولىغا كەتمەن ئېلىپ ئېتىزلىققا چىقىشى پاسىردا ئۇشتۇمتۇت ئۆزگىرىش پەيدا قىلدى. * شۇنداق ئۇزۇن مېڭىشىپ، بىر شەھەرگە يولاپتۇ. ئۇ شەھەردە بار ئىكەن — ئىلمۇھۇنەر ئىگىسى، مۆجىزىلەر ياراتقان ئالىملارنىڭ بەزىسى. ② كەلمەك، كىرمەك: ئول كېچە تاڭ ئاتقۇچە «قارا باتۇر»نىڭ كۆزىگە ئۇيقۇ يولىمىدى.

**يوليورۇق** ئى (يول+يورۇق) بىرەر ئىشنى قانداق قىلىش ياكى نېمە قىلىش ھەققىدە بېرىلگەن كۆرسەتمە: يوليورۇق بەرمەك. يوليورۇق سورىماق. * ئۇنىڭ گەپ-سۆزلىرىدىن ئەقىل-پاراسەت، كۆزلىرىدىن مەردلىك ۋە قەيسەرلىك يېغىپ تۇراتتى. قىسقىغىنا بىر يىغىن ئېچىپ، خىزمەتلەر توغرىسىدىكى دوكلاتنى ئاڭلاپ بولغاندىن كېيىن يوليورۇق بەردى.

**يوليورۇق بەرمەك** نېمە قىلىش، قانداق قىلىش ھەققىدە تەكلىپ، كۆرسەتمە بەرمەك: خەلقنىڭ كۆڭلىنى مەركەز چۈشەندى، يوليورۇق بەردى.

**يول-يول** نەچچە يول، قاتار-قاتار، ئۇزۇن سىزىقلار چۈشۈرۈلگەن: يول-يول بەقەسەم. * دېرىزىلەردىن ئاي نۇرى مەرمەر پولغا يول-يول بولۇپ چۈشۈپ تۇراتتى.

**يوناق** سۆپ. دەل، توغرا، ئۇدۇل، ماس: يوناق كەلمەك. * — سەن ئەمدىلا تەمشىلۋاتىسەن! تۇرسۇن مۇنداق قىزغىن تەمشىلشلەرنى نۇرغۇن كۆرگەن، يوناق كېلىدىغىنىمۇ، كەلمەيدىغىنىمۇ بولىدۇ، — دېدى ئۇ.

**يوناق كەلمەك** دەل، توغرا، ماس كەلمەك، ئۇدۇل چىقماق: — ھە، ھە، تازا يوناق كېلىپتۇ-دە، تازا يوناق كېلىپتۇ! — دەپ قوياتتى ئۇ.

**يونگ** ئى. ئەنگلىيە فىزىكا ئالىمى.

**يونگ تەجرىبىسى** <فىز> يورۇقلۇقنىڭ ئىنتېرفېرېنسىيىسى توغرىسىدا ئەڭ بالدۇر ئىشلەنگەن تەجرىبە. ئەنگلىيىلىك فىزىك، دوختۇر توماس يونگ 1802-يىلى دەسلەپ ئوتتۇرىغا قويغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان.

**يونگ مودۇلى** <فىز> ئېلاستىكلىق مۇھىتنىڭ ئوق تاناسپلىق لىمىت ئىچىدىكى نورمال كۈچىنىشى بىلەن سىزىقلىق دېفورماتسىيىسىنىڭ نىسبىتى. بەلگىسى E.

**يونگ-گېلمگولتس نەزەرىيىسى** <فىز> رەڭ سېزىمى توغرىسىدىكى نەزەرىيە. ئەنگلىيىنىڭ فىزىكا ئالىمى توماس. يونگ

1807 - يىلى ئوتتۇرىغا قويغان، كېيىن گېرمانىيىنىڭ فىزىكا ئالىمى گېلمگولتس 1852 - يىلى راۋاجلاندۇرغان. بولغاچقا بۇ ئىككى كىشىنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان. بۇ نەزەرىيىدە: ئادەم كۆزىدە ئۈچ خىل قوبۇل قىلغۇچ بولىدۇ، ئۇلار ئايرىم-ئايرىم ھالدا قىزىل، يېشىل ۋە كۆك رەڭگە سەزگۈر بولىدۇ. بۇ ئۈچ خىل قوبۇل قىلغۇچىنىڭ كىرگەن يورۇقلۇققا نىسبەتەن سەزگۈرلۈكى ئوخشاش بولمايدۇ، شۇنىڭ بىلەن ھەر خىل رەڭ سېزىمى پەيدا بولىدۇ دەپ پەرەز قىلىنىدۇ.

**يونۇپ-قومۇرۇپ** يۇنۇش-چېيىش قاتارلىق ھەرىكەتلەر بىلەن، شۇ خىلدىكى ھەرىكەتلەر ئارقىلىق: ئۇ قۇرۇپ قالغان ئۈجمە دەرىخىنى يونۇپ-قومۇرۇپ بىرنىمىلەر قىلىۋاتاتتى.

**يونۇپ-يومۇرۇپ** يونۇپ-قومۇرۇپ.

**يونۇتماق** «يونۇماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**يونۇشماق** «يونۇماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**يونۇق** سۈپ. يونۇلغان، يونۇپ ئىشلىنىلگان: يونۇق ياغاچ.

**يونۇقنى سۇنۇقىغا كەلتۈرمەك** بىر-بىرىگە ماس كەلتۈرمەك، كۆڭلىنى كۆڭلىگە كەلتۈرۈپ ئىشلىمەك: چاۋار مەتقۇل ھامۇتاخۇننىڭ يونىقىنى سۇنۇقىغا كەلتۈرۈپ چاپراس گۇل چىقىرىپ ئەپچىللىك بىلەن تاش تىزىۋاتقان قولىغا قاراپ قويدى.

**يونۇقلۇق** سۈپ. يونۇپ قويۇلغان، يونۇۋېلىنغان: يونۇقلۇق ياغاچ.

**يونۇلماق** «يونۇماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: — شۇنداق قىزىم، بۇ دېگەن مەكتەپ! پالتىنى قاتتىق چاپسا دەرەخ يونۇلامدۇ، ئاۋازى قانچىلىك قاتتىق چىقسا، دەرس مېڭىشىگە شۇنچىلىك ئورۇنشىدۇ، — دەپ جاۋاب بەردى سەمەتكام.

**يونۇماق** پ. يونۇپ مەلۇم شەكىلگە كەلتۈرمەك، شىلىماق، تاراشلىماق: يوغاننى يە يونۇپ، كىچىكنى شىلىپ يە (ماقال). * كىمدۇر بىرەيلەن خەنجەر بىلەن ياغاچنى يونۇپ كالتەك ياسىماقتا، چوماق تەييارلىماقتا ئىدى.

**يوھا** ئى ① ئۇچار قانات، جان-جانىۋار، ھاشاراتلارنى دەم تارتىپ يەيدىغان ئەپسانىۋى مەخلۇق، ئەجدىھا. ② كۆچمە. يەپ تويماس، ئاچكۆز.

**يۇپقا** سۈپ. قېلىن ئەمەس، نېپىز: يۇپقا كۆڭلەك. * ئۇ ئالدىراپ ماڭاتتى، ئايىغى ئاستىدىكى يۇپقا قار غاچىلدايتتى. * يىراق-يىراقتا ئەلگەكنىڭ تورىدەك يۇپقا گىرىمسەن پەردە تىنىمسىز جىمىرلايتتى.

**يۇپۇڭ** سۈپ. دىئال. يېلىك، يۇپقا.

**يۇپۇڭ-يالاڭ** دىئال. كىيىم-كېچەكنى يۇپقا، نېپىز، يېلىك.

**يۇپىتېر** ئى [ر<لات] (<ئاستر> قۇياش سىستېمىسىدىكى قۇياشقا يېقىن بەشىنچى پلانېتا. قۇياشنى ئايلىنىش دەۋرى 11.86 يىل بولۇپ بۇ يىل ئاسترونومىيىدە «يۇپىتېر يىلى» دەپ ئاتىلىدۇ. ئۆز ئوقىدا ئايلىنىش دەۋرى 9 سائەت 50 مىنۇت، ئۇ توققۇز پلانېتا ئىچىدىكى ھەجمى ئەڭ زور پلانېتا بولۇپ، ھەجمى يەر شارى ھەجمىنىڭ 1295 ھەسسىسىگە باراۋەر كېلىدۇ، 14 ھەمراھى بار.

**يۇپيۇمىلاق** سۈپ. ناھايىتى يۇمىلاق، بەك يۇمىلاق؛ دۈپدۈگىلەك: ئادىل مۇشۇ بەش يىل ئىچىدە بوي تارتىپ، يوغىناپ، يۈزلىرى يۇپيۇمىلاق، خېلى كېلىشكەن چوكان يىگىت

بولۇپ قالدى.

**يۇتازا** ئى (خەن) <يېم> بىر خىل يېمەكلىك. ئادەتتە بولدۇرۇلغان مەخسۇس تەييارلانغان خېمىر نېپىزلىنىپ، يۈزىگە قوي مېيى سۈرتۈلۈپ، يۆگەپ ئۈزۈلگەندىن كېيىن، قاسقاندا دۇملەپ پىشۇرۇلىدۇ.

**يۇتقۇچى** سۈپ. يۇتۇشقا ئادەتلەنگەن، يۇتىدىغان: يۇتقۇچى ھۆجەيرە.

**يۇتقۇچى ھۆجەيرە** <بىئول> كۆپ ھۆجەيرىلىك ھايۋانلار تېنىدىكى كىچىك دانىچە ۋە باكتېرىيىلەرنى يۇتالايدىغان ھۆجەيرە. مەسىلەن، ئادەم ۋە يۇقىرى دەرىجىلىك ھايۋانلارنىڭ ئاق قان دانىچىسى بىر خىل يۇتقۇچى ھۆجەيرە بولۇپ، ئورگانىزمنى مۇھاپىزەت قىلىش رولىنى ئوينايدۇ.

**يۇتقۇر** سۈپ «يەر» سۆزى بىلەن كېلىپ «يەر يۇتۇپ كەتسۇن، ئۆلگۈر، قارغىش تەگكۈر» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ: — كەل، يەر يۇتقۇر، كەل يالماۋۇز، — پىچىرلىدى ئانا مۇشتۇملىرىنى چىڭ تۈگۈپ.

**يۇتقۇزماق** «يۇتماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: — ئەي مەردانە يىگىت، سىز ئەڭ ئېغىر ھۇجۇم پەيتىدە، مېنىڭ نامىمدىن بەش تال ئوق بىلەن بەش دۈشمەننى يەر يۇتقۇزۇپ، غەلىبە بىلەن كەلسىڭىز، مېنى تېپىۋېلىڭ، مەن سىزنىڭ، — دېدى قىز.

**يۇتقۇزۇشلۇق** سۈپ. يۇتقۇزۇش رولىغا ئىگە، يۇتقۇزىدىغان: يۇتقۇزۇشلۇق مېتسلاشتۇرۇش.

**يۇتقۇزۇشلۇق مېتسلاشتۇرۇش** <زوئول> مېتسلاشتۇرۇشنىڭ بىر خىل شەكلى. بۇنىڭدا تۆۋەن مەھسۇلاتلىق چىشى مال يۇقىرى مەھسۇلات بېرىدىغان سۈپەتلىك ئەركەك مال بىلەن چېتىشتۇرۇلۇپ، چىققان نەسلىنىڭ چىشلىرى يەنە يۇقىرىقى ئەلا سۈپەتلىك نەسلىنىڭ ئەركىكى بىلەن چېتىشتۇرۇلىدۇ. بۇ خىل مېتسلاشتۇرۇش ئۈچ-تۆت ئەۋلادقىچە داۋاملاشتۇرۇلۇپ، شۇ يول بىلەن تۆۋەن مەھسۇلاتلىق نەسىل تېز ۋە ئۈنۈملۈك ھالدا ئۆزگەرتىلىدۇ.

**يۇتقۇزۇشماق** «يۇتقۇزماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**يۇتقۇزۇلماق** «يۇتقۇزماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**يۇتقۇلۇق** ئى <ئانات> ھەزىم قىلىش سىستېمىسى بىلەن نەپەس سىستېمىسىنىڭ ئورتاق يولى. بۇرۇن بوشلۇقى، ئېغىز بوشلۇقى ۋە كېكىردەك بوشلۇقىنىڭ ئارقا تەرىپىگە جايلاشقان بولىدۇ.

**يۇتقۇنچاق** ئى <ئانات> ئېغىز بوشلۇقىنىڭ ئارقا تەرىپىدىكى ئاساسەن مۇسكۇل ۋە شىللىق پەردىدىن تۈزۈلگەن نەيچە.

**يۇتقۇنچاق نېرۋا** <ئانات> توققۇزىنچى جۈپ مېڭە نېرۋىسى. ئۇزۇنچاق مېڭىدىن چىقىپ، يۇتقۇنچاق تىللارغا تارقىلىدۇ. ئاساسلىقى يۇتقۇنچاق مۇسكۇلىنىڭ ھەرىكىتى، شۆلگەي ئاجرىتىپ چىقىرىش ۋە تەم سېزىشلەرنى ئىدارە قىلىدۇ.

**يۇتما** ئى. دىئال. كۆۋرۈكنىڭ ئاستىدىن ئۆتىدىغان ئېرىق.

**يۇتماق** پ ① تاماق ۋە ئىچىملىكلەرنى ئېغىز ئارقىلىق گالدىن ئۆتكۈزمەك، يېمەك، ئىچمەك: سۇ يۇتماق. نان يۇتماق.

* دوستۇڭ ئۈچۈن زەھەر يۇت (ماقال).

* بۇ ھەربىر تەخسىگە بىردىن قوشۇپ سېتىلىدىغان قوناق مومىسى ئىدى. بالا ئۇنى ئىككىلا يالماپ يۇتۇۋەتتى. ② ئىچىگە تارتماق، سۈمۈرمەك: ئىسنى يۇتماق.

ھاۋا يۇتماق. ③ كۆچمە. تۇتۇۋالماق، باسماق (ئاچچىق، غەزەپ قاتارلىقلارنى): دېمىنى ئىچىگە يۇتماق. غەزىپىنى يۇتماق. دەردىنى يۇتماق. * ئاچچىق يۇتماق — تاغ يۇتماق (ماقال). *—ھەرقانداق سۆز ئۇچۇن ئاچچىقلانما، ئاچچىقىڭ كەلگەندە غەزەپنى يۇت، — دېدى ئۇ. * ئوقۇتقۇچى گېپىنىڭ بېرىمىنى يۇتۇۋەتتى. ④ غەرق قىلماق، ئۆلتۈرمەك، يوقاتماق: كۆز يۇمۇپ ئېچىش ئارىلىقىدا ئۇلۇغ سۇ بىچارە توختىنى يۇتتى-دە، يۈزلىگەن تاغ ۋە چىملار، باغلام-باغلام شاخلار يارغا تاشلاندى!

**يۇتۇش** «يۇتماق» پېئىلىنىڭ يەنە بىر خىل ئىسمىدىشى: يۇتۇش دوزىسى. يۇتۇش رولى.

**يۇتۇش دوزىسى** <فىز> 1kg لىق ھەرقانداق ماددا سۈمۈرگەن، ھەرقانداق ئىئونلىنىش رادىئاتسىيىسىدىن كەلگەن ئوتتۇرىچە ئېنېرگىيە. بىرلىكى گراي، ئەسلىدىكى بىرلىكى راد.

**يۇتۇش رولى** <بىئول> ئاددىي ھايۋانلار ئىچىدىكى بەزى ھۈجەيرىلەرنىڭ ئامىيوبا شەكلىدە ھەرىكەت قىلىپ، يات نەرسىلەرنى ياكى باكتېرىيىنى يالغان پۇتى بىلەن قورشۇۋېلىپ، ستوپلازمىنىڭ ئىچىگە قوبۇل قىلىش رولى.

**يۇتۇش سپېكترى** <فىز> ئۈزلۈكسىز جايلاشقان بارلىق دولقۇن ئۇزۇنلۇقىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان يورۇقلۇق مەلۇم بىر خىل ماددىدىن ئۆتكەن چاغدا، ئۇنىڭ ئىچىدىكى بەزى دولقۇن ئۇزۇنلۇقىدىكى يورۇقلۇقنى شۇ خىل ماددا يۇتۇۋالغاندىن كېيىن ھاسىل بولغان سپېكتر.

**يۇتۇش كەسمە يۈزى** <فىز> بىر خىل مىكروسكوپىك زەررىچىنىڭ يەنە بىر خىل مىكروسكوپىك زەررىچىنى يۇتۇش ئېھتىماللىقىنى ئىپادىلەيدىغان فىزىكىلىق مىقدار.

**يۇتۇش نىسبىتى** <فىز> جىسىمنىڭ يورۇقلۇق ياكى رادىئاتسىيىنى يۇتۇش ئىقتىدارىنى ئۆلچەيدىغان كوئېففىتسېنت. جىسىم يۇتۇۋالغان يورۇقلۇق ئېقىمى ياكى رادىئاتسىيە ئېقىمى بىلەن شۇ جىسىمغا چۈشكەن يورۇقلۇق ئېقىمى ياكى رادىئاتسىيە ئېقىمىنىڭ نىسبىتىگە تەڭ بولىدۇ.

**يۇتۇشماق** «يۇتماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ۋاي ئانام، مېنى دېسە، بىر-بىرىنى چاي قىلىپ يۇتۇشۇۋېلىشسۇن!

**يۇتۇلماق** «يۇتماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**يۇتۇلۇش** «يۇتۇلماق» پېئىلىنىڭ يەنە بىر خىل ئىسمىدىشى: يۇتۇلۇش سپېكترى.

**يۇتۇلۇش سپېكترى** <فىز> ئاق رەڭلىك يورۇقلۇقنى چوغلانغان گاز ياكى ھوردىن ئۆتكۈزۈپ، ئاندىن يەنە پرىزمىدىن ئۆتكۈزگەندىن كېيىن ھاسىل بولغان تۇتۇق سىزىقلىق سپېكتر. قۇياشنىڭ سپېكترى مۇشۇ خىلغا كىرىدۇ.

**يۇتۇم** مق. بىر قېتىم ئىچىشكە، ئوتلاشقا بولىدىغان ئىچىملىكلەر ھەققىدە ئېيتىلىپ «ئوتلام» سۆزى بىلەن باراۋەر قوللىنىلىدۇ: بىر يۇتۇم چاي. * ئېرى خوتۇنىغا بىر ئالايدى، پىيالىدىكى ئاخىرقى يۇتۇم چاي بىلەن ناننى تۈگەتتى.

**يۇتۇۋېلىش** ئى <قا> ① خىيانەتچىلىك ۋاسىتىلىرىدىن بىرى، يەنى خىزمەتتىن پايدىلىنىپ ئۆزى باشقۇرغان، ئىشلەتكەن ھۆكۈمەت مۈلكىنى ئىگىلىۋېلىپ ئۆزىنىڭ قىلىۋېلىش. ② ھوقۇققا چېقىلىش قىلمىشى، يەنى ھەق تەلەپ ئىشلىرىدا ئۆزى

باشقۇرۇپ تۇرغان باشقىلارنىڭ مال-مۈلكىنى ئۆزىنىڭ قىلىۋېلىش.

**يۇدۇرماق** «يۇماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: — قىردۇرغانسېرى قىردۇرغۇڭ كېلىدۇ، يۇدۇرغانسېرى يۇدۇرغۇڭ كېلىدۇ، — دېدى ئۇ.

**يۇدى-يۇقى** ① قالدى-قاتتى، قالدۇق، ئاخىرى، تۈگەنچىسى: بىز ئۆيگە كىرگەندە قازان-قومۇچ پاك-پاكىز يۇيۇلۇپ بولغان، تاماقتىن تۈگۈل ئۇنىڭ يودى-يۇقىمۇ قالمىغانىكەن. ② كۆچمە. بەكمۇ يېقىن ئەمەس، بىلىنەر-بىلىنمەس، شىرەم، يىراقراق: كېيىن تاغ ئارقىسىدىن بارغان يۇدى-يۇقى بىر تۇغقىنىنىڭ ئۇنىڭغا ئىچى ئاغرىپ، قايتىشىدا بىللە ئاچىقىپ كەتكەن.

**يۇرا** ئى (ر<لات) <جۇغ> فرانسىيە بىلەن شۋېيتسارىيە ئوتتۇرىسىدىكى تاغنىڭ نامى.

**يۇرا دەۋرى** <گېئول> ئوتتۇرا ھايات ئېراسىنىڭ ئىككىنچى دەۋرى. تۆۋەن، ئوتتۇرا، يۇقىرى دەپ ئۈچ ئەسىرگە بۆلۈنىدۇ. تەخمىنەن 195 مىليون يىل بۇرۇن باشلىنىپ، 137 مىليون يىل بۇرۇن ئاياغلاشقان. بۇ دەۋردە تاغ پەيدا بولۇش ھەرىكىتى ۋە شىددەتلىك يانار تاغ ھەرىكىتى يۈز بەرگەن. ئۆمىلىگۈچى ھايۋانلار ناھايىتى تەرەققىي قىلغان. غايەت زور دىنازاۋۇرلار، ئۇچار دىنازاۋۇرلار ھەم باشلانغۇچ قۇشلار كۆرۈلگەن، ئۆسۈملۈكلەردىن تۈمۈر دەرەخ ۋە ئاق مېۋىلىك دەرەخلەر تەرەققىي قىلغان. شەرتلىك بەلگىسى J.

**يۇرا سىستېمىسى** <گېئول> يۇرا دەۋرىدە شەكىللەنگەن يەر قاتلاملىرى.

**يۇرت** ئى ① ئاھالە، خەلق توپلىشىپ، ئولتۇراقلىشىپ ياشاۋاتقان جاي: يۇرت ئەھلى. يۇرت بېشى. يۇرت سورىماق. * يۇرت ئىشىكى كەڭ (ماقال). * بۆرىسى يوق جاڭگال بولماس، ئوغرىسى يوق يۇرت بولماس (ماقال). * — ئۆتكەندە ئۆزلىرىنىڭ «يۇرتى يوقنىڭ جېنى يوق» دېگەن سۆزلىرىنىمۇ ئاڭلاپ قالدىم. شۇڭا ئەل-يۇرتنىڭ خىزمىتىنى قىلىش يولىدا ئۆلۈمدىن قورقۇش كەمىنىلىرىگە يات! — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ يىگىت. ② يۇرت ئاھالىسى: يۇرتقا چاي بەرمەك.

**يۇرت ئەھلى** شۇ يۇرتتا ياشاۋاتقان ئاۋام خەلق، كەڭ خەلق ئاممىسى، جامائەت: ئاتام پۈتۈن يۇرت ئەھلى بىلەن بىللە بىزنىڭ يولىمىزغا تەلمۈرۈپ ئىنتىزار بولۇپ تۇرۇپتۇ.

**يۇرت بېشى** بىرەر مەھەللە، كەنت، يېزا، ناھىيە قاتارلىق جايلاردا ياشاۋاتقان ئاھالە ئىچىدىكى مويسىپىت، مۆتىۋەر، ئابرويلۇق كىشىلەر.

**يۇرت چوڭى** يېزا، كەنت، ناھىيە ئاھالىلەر ئىچىدىكى يۈز-ئابرويلۇق، مۆتىۋەر كىشى: بوۋاي دەرھال سۆز باشلاپ: — قېنى ئاخۇنۇم، ئۆزلىرى يۇرتنىڭ چوڭى، — دېدى. * — ئۇ كىشىلەرنى قوزغىتىپ يۇرت چوڭلىرىنى، ئۆلىمالىرىنى، جۈملىدىن بىزنى يوقاتماقچى بولغانىدى، ئۇنىمۇ بىز شۇ چاغدا كۆزدىن يوقاتتۇق، — دېدى ئۇ.

**يۇرت سوراش دەستۇرى** <تارىخ> تەيپىڭ تيەنگو ئاتاق خانى چولڭ رېنگەنىنىڭ خۇڭ شيۇچۈەنگە بەرگەن ئىچكى سىياسەتنى ئىسلاھ قىلىش ۋە دۆلەت قۇرۇلۇشى توغرىسىدىكى تەكلىپنامىسى. ئۇنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى: يېقىنقى زامان زاۋۇت-كان، قاتناش كارخانىلىرىنى قۇرۇش، پويىز، پاراخوت ياساش، خەلقنى كان مەھسۇلاتلىرى

ئىچىشقا رىغبەتلەندۈرۈش، بانكا ئىچىش، پوچتا ئىدارىسى، گېزىتخانا تەسىس قىلىش، خۇسۇسىي ئىختىراچىلارنى مۇكاپاتلاش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

**يۇرت سورىماق** يۇرتنى، مەملىكەتنى باشقۇرماق، ھاكىمىيەت يۈرگۈزمەك: ئۆزىنى سورىغان يۇرت سوراپتۇ (ماقال). * ئىپتىشلارغا قارىغاندا، نۇسرەت شاھ ھاياتىنىڭ ئاخىرىغىچە خەلققە بەخت-سائادەت كەلتۈرۈش يولىدا ئادىللىق بىلەن يۇرت سورىغانىكەن.

**يۇرتقا قازان ئاسماق** كۆپچىلىكنى چاقىرىپ داستىخان سالماق، زىياپەت بەرمەك، مېھمان قىلماق: — نېمانچە، — دېدى شەرىخان كالىنىڭ كەينى پۇتى يېنىدا چىلىكنى تىزلىرى ئارىسىغا ئېلىپ ئولتۇرۇپ، — ئەتىگە نلىككە يۇرتقا قازان ئاساتتىڭىزمۇ؟

**يۇرت كەزمەك** يېزىمۇ يېزا، شەھەرمۇ شەھەر ئارىلاپ يۈرمەك: ئۇ ئون يىلدىن بېرى قۇمۇل دىيارىدا يۇرت كېزىپ يۈرگەچكە، ئۇنى ھەممە كىشى دېگۈدەك تونۇيتتى.

**يۇرت-جامائەت** يۇرت ۋە جامائەت، ئەل-جامائەت، يۇرت خەلقى: ئەتىسى يۇرت-جامائەت يۈزلىنىپ يىغىلغان ئۆيىنىڭ خارابىلىقىنى كۆرۈپ قاتتىق ئېچىنىشتى.

**يۇرتچىلىق** ئى → **يۇرتدارچىلىق**.

**يۇرتدارچىلىق** ئى. ئەل-يۇرت ئىچىدە بولىدىغان تۈرلۈك ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت، قائىدە-يوسۇن، ئۆرپ-ئادەت ئىشلىرى: يۇرتدارچىلىق رەسمىيىتى. يۇرتدارچىلىق قىلماق.

**يۇرتداش** ئى ① بىر يۇرتتا بىللە ياشاۋاتقان ئادەم (بىر-بىرىگە نىسبەتەن)، بىر يۇرتلۇق: بۇ ئىككىيلەننىڭ ئوتتۇرا بوي، ئاق يۈزلۈكى قازاق بولۇپ، غولجا تېكەسلىك ئىكەن، ئۇنىڭ كازىم بىلەن يۇرتداش چىققىنى تازىمۇ ياخشى بولدى. ② ۋەتەنداش.

**يۇرتداشلىق** «يۇرتداش» سۆزىنىڭ ئابستراكت ئىسىم شەكلى: سادىقنىڭ سائەت-مىنۇتلار ھېسابىدا ئېلىنغان ۋاقت جەدۋىلى، ئۇنىڭ ھازىرچە جۇمە بىلەن «يۇرتداشلىق» قىلالمايدىغانلىقىنى ئىسپاتلىغانىدى.

**يۇرتسىز** ① سۈپ. يۇرتى، تۇرار جايى، يۇرت-ماكانى يوق، يۇرتى بولمىغان: يۇرتسىز كىشىلەر. ② ۋەتەنسىز: جاھان كەزمەي، يۇرتىمىزدا تۇرۇپمۇ، يۇرتسىز قېلىپ بولغانىدۇق مۇساپىر. تۆككەن ياشلار، تارتقان دەردلەر ئاز ئەمەس، تۈگىمەيدۇ سۆزلەپ كەلسەم بىرمۇبىر.

**يۇرتلۇق** ئى ① بىر يەردە، بىر جايدا تۇغۇلۇپ ئۆسكۈچى، بىللە ياشىغۇچى؛ يۇرتداش: ياقا يۇرتلۇق. بىر يۇرتلۇق. * ئۇلار بىر يۇرتلۇق بولۇپ، پات-پات ئىزلىشىپ تۇراتتى. ② ۋەتەنداش.

**يۇرت-ماكان** يۇرت ۋە ماكان، تۇغۇلغان يېرى، ئولتۇراقلاشقان جايى، ۋەتىنى: كىشى بارسا بەدەخشانغا، كابۇل بىلەن بىلۇرىستانغا، ئاندىن نېرى يۇرت-ماكانغا، نامى ئۇلۇغ ئوغلان كېلۇر.

**يۇرتمۇيۇرت** يۇرت ۋە يۇرت، ھەربىر يۇرت، يۇرتتىن يۇرتقا، شەھەرمۇ شەھەر: «تارقىتىپ پىتنىنىڭ ئۇرۇقلىرىنى، نېمدەپ كاپىشدىك ساراڭ دىۋانە. دۇمبەكمۇ قىچىشىپ قالغاندەك سېنىڭ، يۇرتمۇيۇرت تەمتىرىگەن تەتۈر پېشانە».

**يۇرتۋاز** ئى. ئۆز يۇرتىنى، يۇرتداشلىرىنى ھەممىدىن ئەلا بىلىدىغان، ياخشى

كۆرىدىغان، ئەمما باشقا يۇرتلۇقلارنى يەكلەيدىغان، ياقتۇرمايدىغان ئادەم: بۇ يۇرتۋازلار مۇشۇنداق قىلىپ ئاخىرى پۈتۈن مىللەتنى ئېغىر بالايىبەتتەر پاتقاققا ئىتتىرىدۇ.

**يۇرتۋازلىق** ئى. ئۆز يۇرتىنى ۋە يۇرتداشلىرىنى ياخشى كۆرۈپ، باشقا يۇرتلۇقلارنى يەكلەش، ياقتۇرماسلىق، بۆلگۈنچىلىك پەيدا قىلىش خاھىشى، قىلمىشى: ئويلايمەن ئۇلار نېچۈن كۆرمەيدىكىن، سىناقتىن پۈتكەن تارىخ بەتلىرىنى. يۇرتۋازلىق قىلىشتىن ئاز تارتتۇقمۇ بىز، جەڭگاھتا ئادىششىنىڭ دەردلىرىنى.

**يۇرچى** ئى <ئىرق> ← **ياۋچى**.

**يۇرۇن** ئى. خۇراپىي ئادەت بويىچە پېرىخونلۇق قىلغاندا تۇغنىڭ بېشىغا باغلىنىدىغان نەرسلەر: ئارغامچىنىڭ تۈگۈلۈككە تۇتىشىدىغان يېرىگە «يۇرۇن-ژۇرۇن» دەپ ئاتىلىدىغان ھەر خىل رەڭدىكى رەخت پارچىلىرىنى، ئالما ياكى قارا سۆگەت نوتىلىرىغا چىگىپ قويىدۇ.

**يۇغۇچ** I ئى <بوت> ① كاۋا ئائىلىسىدىكى بىر يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. يوپۇرمىقى ئۇچتىن يەتتىگىچە يېرىلىدۇ، گۈلى تاق جىنسلىق، رەڭگى سېرىق كېلىدۇ، مېۋىسى ئۇزۇن، تورلىشىپ كېتىدۇ. تىبابەتچىلىكتە دورا قىلىنىدۇ، ئائىلىلەردە قازان يۇيۇش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ. ② شۇ خىل ئۆسۈملۈكنىڭ مېۋىسى.

**يۇغۇچ** II ئى. چىنە-قاچا، قازان-قومۇچ يۇيىدىغان لاتا؛ دەسمال: ئۇ قولىدىكى قازان چۆرىسىگە ئورىغان يۇغۇچنى ئۈنتۈپ قېلىپ ھە دەپ يۈز-كۆزىدىكى تەرىنى سۈرتكىلى تۇردى.

**يۇغۇر** ئى <ئىرق> مۇشۇ نام بىلەن ئاتالغان مىللەت ۋە بۇ مىللەتكە مەنسۇپ كىشى.

**يۇغۇر تىلى** <تىل> يۇغۇرلار ئىشلىتىدىغان تىل. يۇغۇرلار ئادەتتە ئىككى خىل تىلدا سۆزلىشىدىغان بولۇپ، بىرى ئالتاي تىللىرى سىستېمىسىنىڭ تۈركىي تىللار تۈركۈمىگە؛ يەنە بىرى ئالتاي تىللىرى سىستېمىسىنىڭ موڭغۇل تىللىرى تۈركۈمىگە كىرىدۇ. ئالدىنقىسى گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ سۇنەن يۇغۇر مىللىي ئاپتونوم ناھىيىسىنىڭ غەربىي قىسمىدا؛ كېيىنكىسى شەرقىي قىسمىدا قوللىنىلىدۇ.

**يۇغۇرتماق** «يۇغۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**يۇغۇرچە** ① سۈپ. يۇغۇر مىللىتى، تىلى، ئەدەبىياتى ۋە مەدەنىيىتىگە ئائىت: يۇغۇرچە ئۇسسۇل. يۇغۇرچە كىيىم. يۇغۇرچە ئادەت. ② ئى. يۇغۇر تىلى: ئۇلار يۇغۇرچىنى ياخشى بىلىدۇ. ③ رەۋ. يۇغۇر تىلىنى ئىشلىتىپ، يۇغۇر تىلىدا: ئۇلار ئۆزئارا يۇغۇرچە سۆزلىشىپ كەتتى.

**يۇغۇرلار** ئى <ئىرق> يۇغۇر مىللىتى، يۇغۇر خەلقى. ئۇلار ئېلىمىزنىڭ گەنسۇ ئۆلكىسى سۇنەن يۇغۇر مىللىي ئاپتونوم ناھىيىسىنىڭ غەربىي قىسمىدا ياشايدۇ.

**يۇغۇرماق** پ. ئارىلاشتۇرۇپ ئەيلىمەك، قوشۇپ بىرلەشتۈرمەك: خېمىر يۇغۇرماق. * گۈلزار يۇغۇرۇۋاتقان لەغمەن خېمىرىنى بىر چەتكە ئىتتىرىپ قويۇپ، قولىنى چايقىۋەتكەندىن كېيىن، قەدەملىرىنى چىڭ-چىڭ بېسىپ ئايۋانغا چىققىدىغان ئىشىك ئالدىغا كەلدى. * – ھەي قىزىم، – دەپتۇ پادىشاھ، – بۇ قۇمنى يۇغۇرۇپ نېمە قىلىسىز؟

**يۇغۇرۇشماق** «يۇغۇرماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**يۇغۇرۇلما** سۈپ. يۇغۇرۇلغان، يۇغۇرۇلىدىغان:

يۇغۇرۇلما ئىرسىيەت.

**يۇغۇرۇلما ئىرسىيەت** <بىئول> ① ئەۋلادىدىكى ئالامەت، ئىككى ئەجداد ئالامەتلىرىنىڭ قوشۇلۇشىدىن كېلىپ چىقىدىغان بىر خىل ئىرسىيەت. ② ئوخشاش بولمىغان ئىككى ئەجداد ئالامەتلىرىنىڭ باللىرىدا يۇغۇرۇلۇش ھادىسىسىنى پەيدا قىلىدىغان ئىرسىيەت.

**يۇغۇرۇلماق** «يۇغۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئۇنىڭ كېلىشكەن گەۋدىسى مۇزىكا رىتىمىغا ئەگىشىپ تەڭ ھەرىكەتلىنىپ، يۇغۇرۇلۇپ كەتكەندەك بىلىنەتتى.

**يۇغۇزماق** «يۇماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: «سادىق مۇئەللىم شۇنچە ئالدىراش تۇرۇۋېمۇ كىر-قاتلىرىنى ئۆزى يۇيىدىكەن، — دەپ ئويلىدى قىز، — ئەركىن بولسا، بىكار يۈرۈپمۇ كىيىملىرىنى ئانىسىغا يۇغۇزىدۇ».

**يۇغۇزۇشماق** «يۇغۇزماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**يۇغۇزۇلماق** «يۇغۇزماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**يۇق** ئى. نەرسىلەرنىڭ يېپىشىپ قالغان قالدۇقى؛ يۇقۇندىسى: خېمىر يۇقى. ئۇن يۇقى. * ھەسەل ئالغان قاچىنىڭ يۇقى بار (ماقال). * كۆزۈمدىن تۆكۈلگەن ئىسسىق ياش ئۇنىڭ قان يۇقى مەڭزىگە تامدى. ئۇ تېخى تىرىك ئىدى.

**يۇقتۇرماق** «يۇقماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: بەختىگە قارشى ئۇ كىيىملىرىگە پاتقاق يۇقتۇرۇۋېلىپ، نائىلاج پادىشاھ سارىيى بازىرىدا ئايغىنى مايلىتىپ، شىمنى تازىلاتتى.

**يۇقتۇرۇشماق** «يۇقتۇرماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**يۇقتۇرۇلماق** «يۇقتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**يۇققا** (توغرىسى: يۇپقا) ← **يۇپقا**.

**يۇققاق** سۈپ. ئاسان يۇقىدىغان، تېز يۇقىدىغان، يېپىشقاق.

**يۇقما** سۈپ. يۇقىدىغان، يۇقۇملۇق: يۇقما ئاغرىق. يۇقما ئىللەت.

**يۇقماق** پ ① باشقا نەرسىگە ئۆتمەك، باشقا نەرسىگە يېپىشماق، تەگمەك: لاي يۇقماق. * ماڭغان پۇتقا توپا يۇقار (ماقال). * ئۆردەككە سۇ يۇقماس (ماقال). * شوپۇر كۆزىنى ياغ يۇققان يەڭگى بىلەن سۈرتىۋەتتى. * بۇنداق يۇقۇملۇق كېسەللىك ئەتىياز پەسلىدە تېز ۋە كەڭ تارقىلىدۇ. بولۇپمۇ كىچىك، قېرى، ئاجىز كىشىلەرگە كۆپرەك يۇقىدۇ. * — ھە ئەخمەقلىق ساڭىمۇ يۇقۇپتىكەن-دە،-دەپ كۈلۈپ كېتىپتۇ ئېرى. ② <فىز> قاتتىق جىسىم بىلەن سۇيۇقلۇق بىر-بىرىگە تەگكەن چاغدا ئۇلارنىڭ تېگىشىش يۈزلىرىنىڭ كېڭىيىش ھەم بىر-بىرىگە يېپىشىش ھادىسىسى پەيدا بولماق. ③ <تىب> كېسەللىك پەيدا قىلغۇچى تەنچە بىر ئورۇندىن يەنە بىر ئورۇنغا يۆتكەلمەك.

**يۇقۇشتۇرماق** «يۇقۇشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**يۇقۇشتۇرۇلماق** «يۇقۇشتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**يۇقۇشلۇق** سۈپ ① ئاسان يۇقىدىغان: يۇقۇشلۇق توپا. ② كۆچمە. كىشىلەر بىلەن ئاسان ۋە تېز چىقىشىپ كېتىدىغان، كىشىنى يات كۆرمەيدىغان؛ چىقىشقاق، ئىللىشكەك: يۇقۇشلۇق ئادەم. يۇقۇشلۇق ئايال. * خام قايماقتەك يۇقۇشلۇق كەلگەن بۇ ئادەمنىڭ مۇشۇ بىرنەچچە يىل ئىچىدە

چاچ ساقاللىرى تۈگۈل، قويۇق قاشلىرىمۇ پۈتۈنلەي ئاقىرىپ كەتكەندى.

**يۇقۇشماق** «يۇقماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**يۇقۇمچان** سۈپ. تېز يۇقىدىغان، يۇقۇش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە؛ يۇقۇملۇق: بۇ خىل كېسەلنى مۇختارنىڭ ئىككىنچى قېتىم ئۇچرىتىشى ئىدى، شۇڭا ئۇ بۇنى تېز يۇقۇمچان سىل كېسىلىنىڭ مېڭىنى زەھەرلىشى دەپ ھۆكۈم چىقاردى.

**يۇقۇمچانلىق** «يۇقۇمچان» سۆزىنىڭ ئابستراكت ئىسىم شەكلى: بۇ كېسەل يەر شارىدا V ئەسىردە مەلۇم بولغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ يۇقۇمچانلىقى X VII ئەسىردىلا بايقالدى.

**يۇقۇمسىز** سۈپ. باشقىلارغا يۇقمايدىغان، تارقالمايدىغان، يۇقۇملۇق ئەمەس: يۇقۇمسىز كېسەللىك.

**يۇقۇمسىزلاندۇرماق** «يۇقۇمسىزلانماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**يۇقۇمسىزلاندۇرۇشماق** «يۇقۇمسىزلاندۇرماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**يۇقۇمسىزلاندۇرۇلماق** «يۇقۇمسىزلاندۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**يۇقۇمسىزلانماق** پ. يۇقۇشنىڭ ئالدىنى ئالماق، يۇقمايدىغان قىلماق، دېزىنفېكسىيە قىلماق.

**يۇقۇملاندۇرماق** «يۇقۇملانماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: بۇ كۆپىنچە ئۆسمۈرلەردىكى بىرلەمچى خاراكتېرلىك يۇقۇملىنىش ھېسابلىنىدۇ.

**يۇقۇملاندۇرۇلماق** «يۇقۇملانماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**يۇقۇملانماق** پ. بىرەر كېسەل يۇقماق، يېپىشماق، كېسەلگە دۇچار بولماق: گۈلگىنە ئۇنىڭغا جىددىي تىكىلىپ، – ئېغىر يارىلىنىپسىز، ئەگەر يۇقۇملانسا خەتەرلىك، قېنى تېز بولۇڭ! – دېدى.

**يۇقۇملۇق** سۈپ. ئاسان، تېز يۇقىدىغان، يۇقۇش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە: ئاقسۇ ناھىيىسىنى پات-پاتلا ئاممىۋى تۈس ئالغان يۇقۇملۇق كېسەللەر قاپلاپ كېتەتتى. * بەزىدە يۇقۇملۇق كېسەللەر پەيدا بولۇپمۇ قالىدۇ.

**يۇقۇملۇق بالا تاشلاش** <زوئول> بالا تاشلاشنىڭ بىر خىلى، يەنى چارۋىلاردا كۆرۈلىدىغان، يۇقۇملىنىشتىن بولىدىغان بىر خىل بالا تاشلاش.

**يۇقۇملۇق چاچراندىلار** <تىب> باكتېرىيە تۇشۇغۇچى ياكى ئاغرىق كىشىلەر يۆتەلگەندە، سۆزلىگەندە ياكى چۈشكۈرگەندە، سىرتقا چىقارغان، تەركىبىدە كېسەل قوزغىغۇچى باكتېرىيىلەر بار پۈتلا ياكى شۆلگەي چاچراندىلىرى.

**يۇقۇملۇق كېسەللىك** <تىب> كېسەللىك پەيدا قىلغۇچى تەنچە كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان ھەمدە ئادەم بىلەن ئادەم ئوتتۇرىسىدا، ھايۋان بىلەن ھايۋان ئوتتۇرىسىدا ياكى ئادەم بىلەن ھايۋانلار ئوتتۇرىسىدا ئۆزئارا تارقىلىدىغان كېسەللىك. مەسىلەن، تارقىلىشچان زۇكام ئادەملەر توپى ئارىسىدا ئۆزئارا يۇقىدۇ، چوشقا خولېراسى چوشقىدىن يۇقىدۇ، قان شورىغۇچى قۇرت كېسەللىكى ئادەم بىلەن ھايۋان ئارىسىدا ئۆزئارا يۇقىدۇ.

**يۇقۇملۇق يادرو كىسلاتاسى** <تىب> ئورگانىزمنى يۇقۇملاندۇرغۇچى ھۈجەيرە ھەمدە ئۇلار ئىچىدە ئۆسۈپ تەكرار كۆپەيگەن يادرو كىسلاتاسى.

**يۇقۇندى** ئى. نەرسىلەرنىڭ ئاستىغا يېپىشىپ قالغان قالدۇق؛ سارقىندى: ئۇ يەرگە قارىۋىدى، كۆزى ئازراق ماي يۇقۇندىسىغا

چۈشتى. * قەمەرنىسا يىغلىغانلىقىنى يوشۇرۇپ، كۆزىنىڭ ئۆپچۆرىسىدىكى، مەڭزىدىكى نەم يۇقۇندىلىرىنى ئېرتتى. // يۇقۇندى سۇ.

**يۇقۇندى سۇ** <سۇ> مولېكۇللىق تارتىش كۈچى ۋە ستاتىك تارتىش كۈچى تارتىپ تۇرغان سۇمۇرۇلگەن سۇنى ئورىغان تاشقى قاتلام سۇيى. بۇ سۇنىڭ بىر قىسمىدىن ئۆسۈملۈكلەر پايدىلىنىدۇ.

**يۇقىرى** ① ئى. مەلۇم بىرنەرسىنىڭ باش تەرىپى، بېشى: ئۆستەڭنىڭ يۇقىرىسى. * ئۆستەڭنىڭ يۇقىرى تەرىپىدە بىر ئېگىز تاغ بولۇپ، نىڭگاۋسەن تېغى دەپ ئاتىلىدىكەن. * شۇ ئەسنادا ئەجدىھامۇ كۆلدىن چىقىپ ھەممىدىن يۇقىرىغا ئۆتۈپ ئولتۇردى. ② سۈپ. باشقىلاردىن ئۈستۈن تۇرىدىغان، ئارتۇق، ئەلا: يۇقىرى نەتىجە، يۇقىرى باھا. يۇقىرى مەكتەپ. يۇقىرى سىنىپ. يۇقىرى بېسىم. * سېتىشنى خالىمىغان مالنىڭ باھاسى يۇقىرى (ماقال). // رېشت ئىمتىھان بېرىدىغانلار قاتارىدا ناھىيىگە بېرىپ ئىمتىھانغا قاتناشتى. ئۇنىڭ نەتىجىسى ھەقىقەتەن يۇقىرى بولدى. ③ ئى. ئۆينىڭ ئىشىكىگە يەگاھقا نىسبەتەن قارىمۇقارشى تەرەپتىكى جاي، تۆر: بەگ باللىرى ئورنىدىن تۇرۇپ، موللا زەيدىننى ھۆرمەت بىلەن يۇقىرى ئۆتكۈزدى. ④ ئى. يېتەكچى تەشكىلات، رەھبىرىي ئورگان: — سىز ئۇنداق بىمەنە گەپلەرنى قىلىپ يۈرمەي، خەلقنىڭ ئارزۇ-تەلەپلىرىنى يۇقىرىغا يەتكۈزۈشىڭىز كېرەك ئىدى، — دېدىم ئۇنىڭغا. ⑤ ئى. ئالدىنقى، ئۆتكەنكى، بۇرۇنقى: ئۇ خەتنى چىقىرىپ، يۇقىرىدىكى ۋەقەلەرنى ئۇنىڭغا بىر-بىرلەپ بايان قىلىپ بەردى.

**يۇقىرى باھا** <سودا> تاۋارنىڭ تەكسە باھادىن يۇقىرى قويۇلغان باھاسى.

**يۇقىرى بوشلۇق فرونتى** <مېتېئور> بىرقەدەر يۇقىرى ئېگىزلىكتە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغان ھەمدە يەر يۈزى بىلەن ئۇچراشمايدىغان فرونت.

**يۇقىرى بېسىم** <فىز> ① نەچچە مىڭدىن نەچچە ئونمىڭ ئاتموسفېرا بېسىمغىچە بولغان بېسىم. ② نىسبەتەن يۇقىرىراق بولغان ئېلېكتر بېسىمى.

**يۇقىرى بېسىم رايونى** <مېتېئور> يۇقىرى ھاۋا بېسىمغا ئىگە رايون. ئۇ يېپىق ئىزوبار سىزىقىدىن تەركىب تاپقاچقا، مەركىزىنىڭ ھاۋا بېسىمى ئوخشاش ئېگىزلىكتىكى ۋە ئەتراپتىكى جايلارنىڭ ھاۋا بېسىمىدىن يۇقىرى بولىدۇ.

**يۇقىرى بېسىملىق زەرەتلىك مەشغۇلات** <فىز> يۇقىرى بېسىملىق توك سىمى ياكى ئۈسكۈنىسى ئۈستىدە، توكنى توختاتماستىن تۇرۇپ ئىش ئېلىپ بېرىش.

**يۇقىرى بېسىملىق ناترىيلىق لامپا** <فىز> ياي نۇرلۇق زەرەت قويۇپ بېرىشتىن پايدىلىنىپ ئىشلەيدىغان بىر خىل كۈچلۈك يورۇقلۇق مەنبەسى. لامپا نېيىنىڭ ئۆزىكى ناترىيغا تەسىر يەتكۈزمەيدىغان، يۇقىرى تېمپېراتۇرىغا چىدامىلىق يېرىم سۈزۈك ئاليۇمىن ئوكسىدلىق فارفۇر ياكى تولۇق سۈزۈك ئالماس شىپاتتىن ياسىلىدۇ، نەي ئىچىگە يۇقىرى بېسىملىق ناترىي گازى تولدۇرۇلىدۇ. چىقىرىدىغان يورۇقلۇقى سارغۇچ ئاق رەڭلىك بولىدۇ.

**يۇقىرى بېسىملىق ئېلېكتر يايىدىن سوقۇش** <فىز> ئادەم ياكى ھايۋانلار يۇقىرى بېسىملىق زەرەتلىك جىسىم (يۇقىرى بېسىملىق توك يولى ياكى يۇقىرى بېسىملىق ئۈسكۈنىلەر) غا يېقىنلىشىپ

بەلگىلىك ئارىلىقتا كەلگەن چاغدا، يۇقىرى بېسىملىق زەرەتلىك جىسىم بىلەن ئادەم ياكى ھايۋان ئارىسىدا يۇز بېرىدىغان زەرەت قويۇپ بېرىش ھادىسىسى. بۇ چاغدا ئادەم ياكى ھايۋان بەدىنىدىن توك ئۆتۈپ، يۇقىرى بېسىملىق ئېلېكتر يايىدىن توك سوقۇش ھادىسىسىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

**يۇقىرى بېسىم ئومۇرتقىسى** <مېتېئور> ئاتموسفېرانىڭ ھاۋا بېسىمى ئۆز ئەتراپىدىكى ئۈچ تەرەپتىكىدىن يۇقىرى، بىر تەرەپتىكىدىن تۆۋەن بولغان رايون. كۆپىنچە يۇقىرى ھاۋا بېسىمى خۇددى ئېگىز تاغنىڭ بېلىدەك چوقچىيىپ چىققان قىسمىنى كۆرسىتىدۇ.

**يۇقىرى پالاتا** <پەلس> كاپىتالىستىك دۆلەتلەردىكى ئىككى پالاتالىق تۈزۈملۈك پارلامېنتىنىڭ بىر تەركىبىي قىسمى. يۇقىرى پالاتانىڭ تۆۋەن پالاتا ماقۇللىغان قانۇن لايىھىسىنى رەت قىلىش ھوقۇقى بولىدۇ. پالاتا ئەزالىرى بىۋاستە سايلام ياكى دۆلەت باشلىقىنىڭ كۆرسىتىشى ئارقىلىق شەكىللىنىدۇ. ۋەزىپە ئۆتەش مۇددىتى تۆۋەن پالاتا ئەزالىرىنىڭكىدىن ئۇزۇنراق بولۇپ، بەزىلىرى ئۆمۈر بويى ۋەزىپە ئۆتىسە، يەنە بەزىلىرى ئەۋلادلىرىغا مىراس قالدۇرىدۇ.

**يۇقىرى پەللە** بىرەر ئىش-ھەرىكەت، نەرسىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى نۇقتىسى، ئۇستۈنكى قاتلىمى، پەۋقۇلئاددە چېكى: شۇڭا ئۇنداقلار ئۆز مەقسىتىنىڭ يۇقىرى پەللىسىگە چىقالايدۇ، ئاينۇر ئۆزىگىمۇ ھەر دائىم شۇ تەلەپنى قويۇپ، شۇنداق بولۇشقا تىرىشاتتى.

**يۇقىرى تەبىقە** <پەلس> جەمئىيەتتىكى ئىجتىمائىي ئورنى ۋە ۋەزىپىسى يۇقىرى بولغان كىشىلەر توپى.

**يۇقىرى تون** <تىل> خەنزۇ تىلى پۇتۇڭخۇاسىدىكى تۆۋەندىن يۇقىرىلايدىغان تون، يەنى ئىككىنچى تون.

**يۇقىرى تېمپېراتۇرا** <فىز> ئادەتتىكى تېمپېراتۇرىدىن يۇقىرىراق بولغان تېمپېراتۇرا. ئوخشاش بولمىغان ئەھۋالدا ئۇنىڭ كۆزدە تۇتۇلىدىغان سانلىق قىممىتىمۇ ئوخشاش بولمايدۇ. مەسىلەن، بەزى تېخنىكىلاردا سېلسىيە 2000 گرادۇستىن يۇقىرى بولغان تېمپېراتۇرىنى كۆرسىتىسە؛ ئادەتتىكى خىزمەت سورۇنلىرىدا 30°C تىن يۇقىرى بولغان تېمپېراتۇرىنى كۆرسىتىدۇ.

**يۇقىرى تېمپېراتۇرىلىق سەرەڭگە** <خىم> ئاليۇمىن پاراشوكى، ماگنىي پاراشوكى ۋە يېپىشتۇرغۇچلاردىن ياسالغان، كۆيگەندىكى تېمپېراتۇرىسى 1000°C دىن يۇقىرى بولىدىغان سەرەڭگە. ئادەتتە تېرمىتنىڭ تۇتۇرۇقى ئورنىدا ئىشلىتىلىدۇ.

**يۇقىرى چاستوتا** <فىز> 15 مىڭ ياكى 20 مىڭ گېرتستىن يۇقىرى بولغان ئېلېكتر ماگنىت تەۋرىنىشى.

**يۇقىرى دەرىجىلىك بىرلىك** <مات> ئوخشاش تۈردىكى ئۆلچەم بىرلىكلىرى ئىچىدىكى چوڭراق بولغان بىرلىك.

**يۇقىرى دەرىجىلىك تەڭسىزلىك** <مات> تەركىبىدىكى نامەلۇمنىڭ دەرىجىسى ئىككىدىن يۇقىرى بولغان تەڭسىزلىك. مەسىلەن، $\chi^3+2\chi^2-5\chi+7>0$.

**يۇقىرى دەرىجىلىك تەڭلىمە** <مات> تەركىبىدىكى نامەلۇمنىڭ دەرىجىسى ئىككىدىن يۇقىرى بولغان تەڭلىمە. مەسىلەن، $a\chi^4+b\chi^3+c\chi^2+d\chi+e=0$

**يۇقىرى دەرىجىلىك ھايۋانلار** <زوئول> تەن قۇرۇلمىسى مۇرەككەپ، توقۇلمىسى ۋە ئەزالىرىنىڭ ئايرىلىشى روشەن بولغان، ئومۇرتقىلىق ھايۋانلار.

**يۇقىرى دەرىجىلىك ئۆسۈملۈكلەر** <بوت> ئىندىۋىدۇئال تەرەققىياتى جەريانىدا تۆرەلمىلىك مەزگىلى بولغان ئۆسۈملۈكلەر. مەسىلەن، مۇخلار، پاپورتنىكلار ۋە ئۇرۇقلۇق ئۆسۈملۈكلەر. بۇلاردا يىلتىز، غول، يوپۇرماق بولىدۇ. ھەممە كۆپ ھۈجەيرىلەردىن تۈزۈلگەن كۆپىيىش ئەزاسى بولىدۇ.

**يۇقىرى سوزۇق تاۋۇش** <تىل> سوزۇق تاۋۇشلارنى تەلەپپۇز قىلغان ۋاقىتتىكى تىل ئورنىنىڭ يۇقىرى تۆۋەنلىكىگە قاراپ ئايرىلغان بىر تىپ. ئۇيغۇر تىلىدىكى (ئى) [i]، (ئۇ) [U]، (ئۈ) [Y] ۋە رۇس تىلىدىكى И، Ы سوزۇق تاۋۇشلىرىنى تەلەپپۇز قىلغاندا تىل ئۈستى يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپ، قاتتىق تاڭلايغا يېقىنلىشىدۇ، ئەمما سۈركىلىش ھاسىل قىلمايدۇ. مانا مۇشۇنداق تەلەپپۇز قىلىنىدىغان سوزۇق تاۋۇشلار «يۇقىرى سوزۇق تاۋۇش» دەپ ئاتىلىدۇ.

**يۇقىرى سۈرئەتلىك تاشيول** <قاتن> ئاپتوموبىللارنىڭ تېز سۈرئەتتە مېڭىشى ئۈچۈن ياسالغان تاشيول. ئادەتتە ئۇ سائىتىگە 120 كىلومېتىردىن ياكى ئۇنىڭدىن تېز سۈرئەت بىلەن يۈرۈشكە مۇۋاپىق كېلىدۇ.

**يۇقىرىغا كۆتۈرۈش بېسىمى** <فىز> جىسىملارنىڭ سۇيۇقلۇق ئىچىدە ئۇچرايدىغان يۇقىرىغا ئىتتىرىش بېسىمى. مەسىلەن، لەيلىتىش كۈچى مانا شۇ يۇقىرىغا كۆتۈرۈش بېسىمى نەتىجىسىدە شەكىللىنىدۇ.

**يۇقىرىغا كۆتۈرۈلگەن ھاۋا ئېقىمى** <مېتېئور> يۇقىرىغا قاراپ ھەرىكەت قىلىدىغان ۋېرتىكال ھاۋا ئېقىمى.

**يۇقىرىغا ياماشماق** بىرەر مەنسەپ، مەرتىۋىگە ئېرىشىش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلماق، تىرىشماق: شىرىپجانمۇ يۇقىرىغا يامىشىشتا زىياپەت سوۋغا-سالامنى پەلەمپەي قىلىۋاتامدۇ؟

**يۇقىرى قاتلام** خەلق ئاممىسى ئىچىدىكى يۇقىرى، ئىمتىيازلىق تەبىقە؛ ئاقسۆڭەك: بۇ ئىنقىلاب كەڭ ئاممىنى قوزغىمىغان ۋە قوزغاشقىمۇ جۈرئەت قىلالمىغان، بۇ بۇرژۇئا يۇقىرى قاتلاملىرىنىڭ ئىنتايىن چالا ئىنقىلابى ئىدى.

**يۇقىرى قان بېسىمى** <تىب> ← **يۇقىرى قان بېسىمى كېسەللىكى.**

**يۇقىرى قان بېسىمى كېسەللىكى** <تىب> قۇرامىغا يەتكەن كىشىلەرنىڭ ئارتېرىيىسىدىكى قان بېسىمىنىڭ ئۇدا 90 / 140 مىللىمېتىرلىق سىماب تۈۋرۈكىدىن ئېشىپ كېتىش ھادىسىسى. بۇنىڭ ئىككى خىل تىپى بولىدۇ: بىرى سىمپتوماتىك يۇقىرى قان بېسىمى بولۇپ، ئادەتتە بەزى كېسەللىكلەر تەرىپىدىن كېلىپ چىقىدۇ؛ يەنە بىرى بىرلەمچى يۇقىرى قان بېسىمى بولۇپ، چوڭ مېڭە پوستلاق قەۋىتى فۇنكسىيىسىنىڭ قالايمىقانلىشىشى سەۋەبىدىن كېلىپ چىقىدۇ. ئادەتتە كېيىنكىسى يۇقىرى قان بېسىمى كېسەللىكى دەپ ئاتىلىدۇ.

**يۇقىرى كاربونلۇق پولات** <ماشىن> كاربونلۇق پولاتنىڭ بىر خىلى. تەركىبىدىكى كاربون مىقدارى 0.6 % تىن يۇقىرى بولۇپ، ئاساسەن كېسىش پىچىقىنى ياساش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ. ئۇنىڭ

ئالاھىدىلىكى قاتتىق ۋە چۇرۇك بولۇپ، سۇغارغىلى بولىدۇ.

**يۇقىرى كۇلمىناتسىيە** <ئاستر> زېنىتقا يېقىن بولغان بىر قېتىملىق كۇلمىناتسىيە.

**يۇقىرى كۆتۈرمەك** ئىلگىرى سۇرمەك، تەرەققىي قىلدۇرماق، ئالغا باستۇرماق، راۋاجلاندۇرماق: خەلقىمىزنىڭ بىلىم سەۋىيىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ئۈچۈن ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش ئەلۋەتتە زۆرۈر.

**يۇقىرى كۆتۈرۈلگۈچى ئېقىم** <جۇغ> تولدۇرغۇچى ئېقىمنىڭ بىر خىلى. ماتېرىك قىرغىقىدا قىرغاقتىن يىراقلاشتۇرغۇچى شامال دېڭىز سۈيىنىڭ ئۈستىنكى قاتلىمىدىكى سۈيىنى ئۇرۇپ قىرغاقتىن يىراقلاشتۇرىدۇ. بۇنىڭ بىلەن چوڭقۇر قاتلامدىكى دېڭىز سۈيى ئۇنىڭ ئورنىنى تولدۇرۇش ئۈچۈن يۇقىرىغا قاراپ كۆتۈرۈلۈپ، يۇقىرى كۆتۈرۈلگۈچى ئېقىمنى شەكىللەندۈرىدۇ.

**يۇقىرى مولېكۇلا** <خىم> ماسسىسى بىرنەچچە مىڭدىن بىرنەچچە مىليونغىچە بولغان مولېكۇلىلار. ئۇلار نەچچە يۈز ھەتتا نەچچە مىڭلىغان ئاتوملارنىڭ ئۆزئارا كوۋالېنت باغ ئارقىلىق باغلىنىشىدىن ھاسىل بولغان.

**يۇقىرى مولېكۇلا خىمىيىسى** <خىم> يۇقىرى مولېكۇلىلىق بىرىكمىلەرنى تەتقىقات ئوبيېكتى قىلغان خىمىيە ئىلمى. ئۇ ئاساسەن يۇقىرى مولېكۇلىلىق بىرىكمىلەرنى ھازىرلاشنىڭ ئاساسىي ئۇسۇللىرى، پولىمېرلىنىش رېئاكسىيىسىنىڭ نەزەرىيىسى ۋە مېخانىزمى، ئالاھىدە تۈزۈلۈش بىلەن ئالاھىدە خۇسۇسىيەتلەرنىڭ مۇناسىۋىتى، شەكىلگە كىرگۈزۈش ۋە ئۇنىڭ قوللىنىلىشى قاتارلىق مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

**يۇقىرى مولېكۇلىلىق بىرىكمىلەر** <خىم> ئورگانىك بىرىكمىلەرنىڭ بىر تۈرى. تۈزۈلۈشى ئوخشاش نۇرغۇنلىغان بىرىكمىلەردىن تەشكىل تاپقان. مولېكۇلا ئېغىرلىقى 1000 دىن بىرقانچە ئۈنمىڭغا يېتىدۇ. تەبىئىي ھەم سۈنئىي ھالەتتە ئۇچرايدۇ، مەسىلەن، تالالار، سۇلياۋلار ۋە كاۋچۇك قاتارلىقلار.

**يۇقىرى مۇقام** ئەمەلىيەتتىن ئايرىلغان يوغان گەپ-سۆزلەر.

**يۇقىرى ھاۋا بېسىمى** <مېتېئور> ئاتموسفېرا ھاۋا بېسىمىنىڭ ئۆز ئەتراپىدىكى ھاۋا بېسىمىدىن يۇقىرى تۇرىدىغان رايونى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ئۇنىڭدىكى ھاۋا ئېقىمىنىڭ يۆنىلىشى سىكلون رايونىدىكى ھاۋا ئېقىمىغا تەتۈر بولىدۇ.

**يۇقىرى ھاۋا بېسىمى رايونى** <مېتېئور> ھاۋا بېسىمى ئەتراپىغا قارىغاندا يۇقىرىراق بولىدىغان رايون. بۇ خىل رايون ئىچىدە ئادەتتە ھاۋا تۆۋەنلىگەن بولۇپ، ئاتموسفېرا تۆۋەنكى قاتلىمىدا ھاۋا ئېقىمى پەيدا بولىدۇ. ھاۋا كۆپىنچە ئوچۇق بولىدۇ.

**يۇقىرى ئوتتۇرا قاتلام** <گېئول> موخوروۋىچ يۈزىنىڭ ئاستىدىن تاكى تەخمىنەن 1000 كىلومېتىر چوڭقۇرلۇقىچە بولغان ئوتتۇرا قاتلام.

**يۇقىرى ئۆرلىمەك** ① ئېگىزگە ئۇچماق، پەرۋاز قىلماق: ئۇ بىردىن مېنى كۆتۈرۈپ ئۇچۇپ يۇقىرى ئۆرلىدى. ② كۆچمە. مەرتىۋىسى، ئورنى ئۆسمەك: دېمەك، 36 مىڭ يۈەن ھېسابىغا ئەكبەرنىڭ نامى، ئورنى ئۆسىدۇ، 3-كەنت ئەزالىرىنىڭ ئەمگەك تەرى ھېسابىغا ئەكبەر يۇقىرى ئۆرلەيدۇ.

**يۇقىرى ئېقىم** <جۇغ> دەريانىڭ مەنبە بىلەن تۇتىشىدىغان يۇقىرى قىسمى، ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكى چۈشۈش پەرقى چوڭ، سۇ ئېقىمى جىددىي، ئېقىم مىقدارى ئاز، ئېقىمنىڭ ئېروزىيىلىشى كۈچلۈك بولۇشتىن ئىبارەت.

**يۇقىرى ئېنېرگىيە فىزىكىسى** <فىز> يۇقىرى ئېنېرگىيىلىك ئاساسىي زەررىچىلەرنىڭ خۇسۇسىيىتى، ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى ئۆز ئارا تەسىر، ئۆزگىرىش ھەمدە ماددىلارنىڭ تېخىمۇ چوڭقۇر قاتلىمىنىڭ قۇرۇلمىسى قاتارلىق تۈپ قانۇنىيەتلەرنى تەتقىق قىلىدىغان پەن.

**يۇقىرى ئېنېرگىيىلىك باغ** <خىم> گىدرولىزلىنىش رېئاكسىيىسى ۋە رادىكاللار گۇرۇپپىسىنىڭ يۆتكىلىش رېئاكسىيىگە ئەگىشىپ كۆپ مىقداردا ئەركىن ئېنېرگىيە قويۇپ بېرىدىغان باغ.

**يۇقىرى ئېنېرگىيىلىك بىرىكمىلەر** <بىئول> يۇقىرى ئېنېرگىيىلىك باغقا ئىگە بولغان بىرىكمىلەر. ئۇ جانلىقلار تېنىدىكى ئېنېرگىيە ئالماشتۇرۇش جەريانىدا مۇھىم رول ئوينايدۇ.

**يۇقىرى ئېنېرگىيىلىك فوسفات كىسلاتا بېغى** <بىئول> بىر خىل كوۋالېنتلىق باغ، بەزى فوسفات كىسلاتا بىرىكمىلىرىنىڭ فوسفات كىسلاتا رادىكالى گىدرولىزلانغاندا قويۇپ بېرىلىدىغان ئېنېرگىيىسى باشقا فوسفات كىسلاتا بىرىكمىلىرىنىڭ فوسفات كىسلاتا رادىكالى گىدرولىزلانغاندا قويۇپ بېرىدىغان ئېنېرگىيىگە قارىغاندا خېلىلا كۆپ بولىدۇ. بۇ باغ ~P بىلەن ئىپادىلىنىدۇ.

**يۇقىرى ئېنېرگىيىلىك يېقىلغۇ** <خىم> سېلىشتۇرما ئىتتىرىش كۈچى 250 (sek. kg/ko) تىن چوڭ بولغان راكېتا يېقىلغۇلىرى. مەسىلەن، سۇيۇق ئوكسىگېن ۋە ھىدرازىن قاتارلىقلار. ئادەتتە راكېتا ۋە باشقۇرۇلىدىغان بومبىلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

**يۇقىرى ئىش ھەققى** <س ئىق> سوممىسى ئادەتتىكى ئىش ھەققىدىن يۇقىرىراق بولغان ئىش ھەققى. خىزمەت ئورۇنلىرى ۋە ئىش-تۈرلىرىنىڭ ئېغىر-يېنىكلىكىگە قاراپ سوممىسمۇ ھەر خىل بولىدۇ.

**يۇقىرى-تۆۋەن** يۇقىرى ۋە تۆۋەن، ئېگىز-پەس: ئوقۇغۇچى ئۈچۈن بىردىنبىر مۇھىم ۋەزىپە ئۆگىنىش! ھەرقانداق ئوقۇغۇچىنىڭ ئابرۇيى ۋە ئىناۋىتىنىڭ يۇقىرى-تۆۋەن بولۇشى، ئۇنىڭ ئۆگىنىش ۋە ئەخلاقىغا باغلىق! * ھەيدەر ئەتىسى كەچكىچە كوچىغا چىقىپ، يۇقىرى-تۆۋەن ئۆتكەن ماشىنىلارغا سەپسېلىپ ئولتۇردى.

**يۇقىرىقى** سۈپ ① بىرەر جاي ياكى نەرسىنىڭ ئۈستكى قىسمىغا جايلاشقان، تۆپىسىدىكى، يۇقىرىدىكى، ئۈستىدىكى: ئۇ جاۋاب بېرىپ بولۇپ، پۈل خالتىسىنى كۆتۈرۈپ يۇقىرىقى قەۋەتكە چىقىپ كەتتى. ② ۋاقىت جەھەتتە باشقىسىدىن ئىلگىرى بولغان، ئالدىنقى، ئاۋۋالقى، بۇرۇنقى، ئۆتكەنكى: مەن ئۇلارنىڭ يۇقىرىقى گەپ-سۆز، ئىش-ھەرىكەتلىرىدىن ھەيرانلا قالدىم.

**يۇقىرىقى جاغ** <ئانات> ئېغىزنىڭ ئۈستۈنكى قىسمى.

**يۇقىرىقى مۈچە** <ئانات> ئادەم تېنىنىڭ ئاساسىي بۆلەكلىرىدىن بىرى. يۇقىرىقى بىلەك، بىلەك، قول ۋە ئالىقاننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

**يۇقىرىقى نەپەس يولى** <ئانات> نەپەس يولىنىڭ يۇقىرىقى قىسمى. بۇرۇن

بوشلۇقى، يۇتقۇنچاق، بوغۇز ۋە كاناييچىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. يۇقىرىقى نەپەس يولى ئىچىدە شىللىق پەردە بولۇپ، ئادەتتە دېيىلىدىغان زۇكام يۇقىرى نەپەس يولىنىڭ ياللۇغلىنىشىنى كۆرسىتىدۇ.

**يۇقىرىلاتماق** «يۇقىرىلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇ ھەممە قايتىدىن ئويلىنىدۇ، ئۆزىگە ۋە ئۆز غايىسىگە قويۇلغان تەلەپنى ئۈزلۈكسىز يۇقىرىلىتىدۇ.

**يۇقىرىلاشماق** «يۇقىرىلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**يۇقىرىلىق** «يۇقىرى» سۆزىنىڭ ئابستراكت ئىسىم شەكلى.

**يۇقىرىلىماق** پ ① ئۈستىگە، تۆپە تەرەپكە كۆتۈرۈلمەك؛ يۇقىرىغا قاراپ ئىلگىرىلىمەك: كىمنىڭ يۇلتۇزى يۇقىرىلىسا ئۇنىڭ ئۆمرى ئۇزىرايدۇ. * شۇ مەسچىتتىن يۇقىرىلاپ بىر يەرگە بارغاندا شىمال تەرەپتىن كىچىك بىر ئۆزەن كېلىپ مۇشۇ ئۆزەنگە قوشۇلىدۇ. ② كۆچمە. ئورنى، مەرتىۋىسى ئاشماق، ئۆسمەك.

**يۇكاۋا** ئى. ياپونىيىلىك بىر فىزىكا ئالىمىنىڭ ئىسمى.

**يۇكاۋا پوتېنسىئالى** <فىز> يادرو كۈچى مەيدانىنىڭ پوتېنسىئالى فىزىكىسى. ئۇنى ياپونىيىلىك فىزىكا ئالىمى يۇۋاكا 1935-يىلى ئوتتۇرىغا قويغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان.

**يۇڭ** ئى. قوي، ئۆچكە تۆگە قاتارلىق ھايۋانلارنىڭ تېرىسىدىن قىرقىۋېلىنىدىغان مەھسۇلات؛ موي: يۇڭ قىرقىماق. كۆزەم يۇڭ. يۇڭ ئاتماق.

**يۇڭ ئاتماق** يۇڭنى دۇكاندا ئۇششاق تىتىپ، يۇمشاق، پاكىز ھالەتكە كەلتۈرمەك.

**يۇڭ باش** چاچلىرى ئۆسۈپ، بىر-بىرىگە چىرمىشىپ، پاخپىيىپ كەتكەن باش ھەم شۇنداق باشلىق كىشى: «نەگىلا بارسا خېلى تەييار ئىكەن-دە، نەدىن تونۇۋالدىكىن ئۇ يۇڭباشنى» مەن غەزەپ ئىچىدە ئۇلارغا قاراپ ئۆز ئۆزۈمگە پىچىرلايتتىم.

**يۇڭ توقماق** سىلىق-سىپايە، يۇمشاق سۆزلەر بىلەن دەككە بېرىدىغان ئۇسۇل: باشلىق كاسسىرنى يۇڭ توقماق بىلەن ئەدىبىنى بەردى.

**يۇڭ توقۇلما** ھايۋانات يۇڭى ۋە تىۋىتلىرىدىن ئىگىرىلگەن يىپتا توقۇلغان تۈرلۈك بۇيۇملار، توقۇلمىلار.

**يۇڭ تېرىكە** يۇڭدىن ئېگىرىلگەن يىپتا توقۇلغان تېرىكە.

**يۇڭ ساۋىماق** يۇڭنى ئاپتاپقا يېيىپ چىۋىق بىلەن ئۇرۇپ توپا-توزانىنى چۈشۈرمەك.

**يۇگىداتقۇزماق** «يۇگىدىماق» پېئىلىنىڭ قوش مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**يۇگىداتماق** «يۇگىدىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**يۇگىداشماق** «يۇگىدىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار سېرىق توپا ئۈستىدە تۇتۇشۇپ، بىر-بىرىنى بېسىشاتتى. چاچلىرىنى يۇگىدىشاتتى.

**يۇگىدالماق** «يۇگىدىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**يۇگىدالغان توخۇدەك** ھەممىدىن مەھرۇم، ھېچنېمىسى يوق، يالىڭاچ: مۆمىن دادىسى بىلەن ئىككى سىڭلىسىنى يەرگە قاراتمىدى، ئەمما ئۆزى يۇگىدالغان توخۇدەك بولۇپ قالدى.

**يۇگىدىماق** پ. تارتماق، يۇلماق: توخۇنى

يۇگدىماق. ساقالنى يۇگدىماق. * ئۇلار جان-جەھلى بىلەن كىچىك تۇزنىڭ يىپىنى پۈتۈنلەي يۇگداپ بولۇپ، تۈمۈر قەپەسكە سولاپ قويۇپتۇ. * بىزنىڭ يۇرتتا ھۆپۈپنى يۇگدىماي يەپ تاشلايدىغان ئوغرىلار بار.

**يۇگدىماي سوقماق** باشقىلارنىڭ نەرسىلىرىنى تەپ تارتمايلا ئۆزىنىڭ قىلىۋالماق، ھالال-ھارامنى ئىلغىماي يېمەك، قاقتى-سوقتى قىلماق، تۈيدۈرماي ئېلىۋالماق: ئۇ تورۇسقا قاراپ يېتىپ، — ساڭا قارشى تۇرۇش جىنايەت ئەمەس، خۇي-پەيلىڭ بەكمۇ يامان، قولغا چىققاننى يۇگدىماي سوقسەن، — دېدى ئۇنىڭغا.

**يۇڭسىز** سۈپ. بەدىنىدە، ئۈستىدە تۈكى، مويى يوق، تاقىر: يۇڭسىز تېرە.

**يۇڭلۇق** سۈپ. بەدىنىدە، ئۈستىدە يۇڭى بار، يۇڭى كۆپ، ئۈستى يۇڭ بىلەن قاپلانغان: يۇڭلۇق قوي، يۇڭلۇق تېرە. * مەن قارىغاي ئارىسىدىن «تۇلپار» تەرەپكە ئىرغاڭلاپ كېلىۋاتقان قارا يۇڭلۇق، تورپاقتەك چوڭلۇقتىكى ئېيىقنى كۆرۈپ، ۋارقىرىۋېتىشكە تاسلا قالدىم، ئاتنىڭ كىشنىشى بىكار ئەمەسكەن-دە!

**يۇڭلۇق راك** <زوئول> راكنىڭ بىر تۈركۈمى. تېنىنىڭ ئۇزۇنلۇقى ئۈچ سانتىمېتىر كېلىدۇ. تەن شەكلى سەل يېيىسى، قېپى نېپىز بولىدۇ. ئىككى جۈپ سەزگۈ مۇڭگۈزچىسىنىڭ ھەر بىرىدە بىردىن قىزىل رەڭلىك ئۇزۇن بۇرۇتچىلىرى بولىدۇ. تېيىز دېڭىزدا ياشايدۇ. پىشۇرۇپ يېيىشكە بولىدۇ.

**يۇڭلۇق كەركىدان** <زوئول> قەدىمكى سۈت ئەمگۈچى ھايۋان. چوڭ-كىچىكلىكى ھازىرقى كەركىدانغا ئوخشاپ كېتىدۇ. پۈتۈن تېنى ئۇزۇن تۈكلەر بىلەن ئورالغان. سوغۇق بەلباغدا ياشىغان، تۆتىنچى دەۋرگە تەۋە. نەسلى قۇرۇپ كەتكەن.

**يۇڭگۈزلىماق** پ. دىئال. يۇگدىماق.

**يۇلتۇز** ئى ① <ئاستر> ئاسمان بوشلۇقىدىكى قۇياش ۋە ئايدىن باشقا ئاددىي كۆز ۋە دۇربۇن بىلەن كۆرگىلى بولىدىغان يورۇق ئاسمان جىسمى. ② ئاياللارنىڭ ئىسمى.

**يۇلتۇز باقار بېلىق** <زوئول> بىر خىل بېلىق. تېنى سارغۇچ قوڭۇر، بېشى چوڭ ھەم كەڭ، كۆزى كىچىك، تۆۋەنكى جاغى ئېشىپ چىققان بولىدۇ. ئىككى پالاقچىسى بولىدۇ. دېڭىز ئاستىدا ياشايدۇ، كىچىك بېلىقلارنى تۇتۇپ يەيدۇ.

**يۇلتۇز پاراللاكسى** <ئاستر> تۇرغۇن يۇلتۇزلارنىڭ ئارىلىقىنى ئۆلچەشتە يەر شارىنىڭ قۇياش ئەتراپىدا ئايلىنىش ئوربىتىسىنىڭ رادىئۇسى ئاساسىي سىزىق قىلىنىدۇ. بۇنىڭدىن چىققان پاراللاكس يۇلتۇز پاراللاكسى دېيىلىدۇ.

**يۇلتۇز تامغا** ئۈستىگە يۇلتۇز شەكلىدە گۈل تىكىلگەن بىر خىل ئايالچە دوپپا.

**يۇلتۇز تۇمانلىرى** <ئاستر> ئاسماندا كۆرۈنىدىغان تۇمانسىمان ئاسمان جىسىملىرى.

**يۇلتۇز تۈركۈمى** <ئاستر> يۇلتۇزلۇق ئاسماننى بىلىشكە ئاسان بولۇش ئۈچۈن، ئاسمان سفېرىسى تۇرغۇن رايونلارغا بۆلۈنگەن. بۇ رايونلار يۇلتۇز تۈركۈمى دېيىلىدۇ. ھەربىر يۇلتۇز تۈركۈمى ئۇنىڭدىكى يورۇق يۇلتۇزلارنىڭ ئالاھىدە جايلىشىشىغا قاراپ پەرق ئېتىلىدۇ. ھازىر خەلقئارادا ئورتاق ئېتىراپ قىلىنغان يۇلتۇز

تۈركۈمى جەمئىي 88 .

**يۇلتۇز تۈركۈمى جەدۋىلى** <ئاستر> يۇلتۇز تۈركۈمىنىڭ ئورنى، دەرىجىسى، ئۆز ئىچىگە ئالغان يۇلتۇزلارنىڭ سانى ۋە ئۇلارنىڭ سپېكتر تىپى، جايلىشىشى، يورۇقلۇق دەرىجىسى قاتارلىقلار خاتىرىلىنىدىغان جەدۋەل.

**يۇلتۇز جەدۋىلى** <ئاستر> تۇرغۇن يۇلتۇزلارنىڭ دەرىجىسى، ئورنى، سپېكتر تىپى قاتارلىق سانلىق مەلۇماتلار خاتىرىلىنىدىغان جەدۋەل.

**يۇلتۇز سانىماق** تۈن بويى ئۇخلىماسلىق، ئۇخلىيالماي چىقماق: ھېكىم شۇ قىزنىڭ ئوتىدا كۆيۈپ، يۇلتۇز ساناپ تاڭ ئاتقۇزاتتى.

**يۇلتۇز سوتكىسى** <ئاستر> يەر شارى ئۆز ئوقىدا بىر قېتىم ئايلىنىپ چىققاندا بىر كېچە-كۈندۈزنى ھاسىل قىلىدۇ. بۇ بىر يۇلتۇز سوتكىسى بولۇپ، مۇشۇ ئارىلىقتىكى ۋاقىت 23 سائەت 56 مىنۇت 4 سېكۇنتنى تەشكىل قىلىدۇ.

**يۇلتۇز شەكىلدە ئۇلاش** <فىز> ئۈچ فازىلىق ئۆزگىرىشچان ئېلېكتر ماتورىنىڭ ئۈچ دانە يەككە فازىلىق ئوراممىنىڭ باشلىنىش ئۇچلىرى بىر-بىرىگە ئۇلانغان، ئۈچ دانە ئاخىرقى ئۇچى يۆككە ئۇلانغان بولسا، بۇنداق ئۇلاش يۇلتۇز شەكىلدە ئۇلاش دەپ ئاتىلىدۇ.

**يۇلتۇزلار ئارا ماددىلار** <ئاستر> يۇلتۇزلار ئارىسىدىكى تۇرغۇن يۇلتۇزلار ئارا گازلار، چاڭ-توزانسىمان ماددىلار، ھەر خىل بۇلۇتلار، ماگنىت مەيدانلىرى ۋە ئالەم نۇرى ئېلېكترونلىرىنىڭ ئورتاق نامى. بۇ خىل ماددىلار يۇلتۇزلارنىڭ يورۇقلۇقىنى قوبۇل قىلىدۇ ۋە تارقىتىدۇ. شۇڭا يىراقتىكى يۇلتۇزلار بارغانسېرى خىرە، رەڭگىمۇ قىزغۇچراق بولۇپ كۆرۈنىدۇ.

**يۇلتۇزلار ئائىلىسى** <ئاستر> تۇرغۇن يۇلتۇزلارنىڭ يۇلتۇزلار سىستېمىسىدىكى تارقىلىشى، ئورنىنىڭ ئۆزگىرىش باسقۇچلىرى ۋە فىزىكىلىق ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن بۆلۈنگەن ئائىلىسى.

**يۇلتۇزلار توپى** <ئاستر> ئانچە چوڭ بولمىغان دائىرە ئىچىدە، نەچچە ئوندىن نەچچە ئونمىڭغىچە بولغان تۇرغۇن يۇلتۇزلار بىر يەرگە توپلىنىپ شەكىللەندۈرگەن تۇرغۇن يۇلتۇزلار گۇرۇھى.

**يۇلتۇزلار سىستېمىسى** <ئاستر> نىسپىي ئورنى بىرقەدەر مەركەزلەشكەن زور مىقداردىكى تۇرغۇن يۇلتۇزلار، يۇلتۇزلار ئارا گازلار ۋە يۇلتۇزلار ئارا چاڭ-توزانلاردىن تەركىب تاپقان ئاسمان جىسىملىرى سىستېمىسى. يۇلتۇزلار سىستېمىسىدا نەچچە مىلياردىن نەچچە يۈز مىلياردقىچە تۇرغۇن يۇلتۇز بولىدۇ.

**يۇلتۇزلار ئېقىمى** <ئاستر> سامانيولى سىستېمىسىدىكى قارشى يۆنىلىشتە ھەرىكەت قىلىدىغان ئىككى توپ تۇرغۇن يۇلتۇزلار.

**يۇلتۇز ئۆيى** كۆپ ئېغىزلىق ئۆيلەرنىڭ ئائىلە باشلىقىنىڭ ئايالى بىلەن تۇرىدىغان ئەڭ ئىچكىرىدىكى خانىسى.

**يۇلتۇز ئېتىقادچىلىقى** <دىن> بەزى دىنلاردىكى يۇلتۇزلارنى تەبىئەتتىن سىرتقى كۈچنىڭ سىمۋولى ياكى ئۆزى دەپ قاراپ چوقۇنىدىغان بىر خىل ئېتىقاد شەكلى.

**يۇلتۇز ئېيى** <ئاستر> ئاينىڭ يەر شارى ئەتراپىنى بىر قېتىم ئايلىنىپ چىقىش ئارىلىقىدىكى ۋاقىت. ئادەتتە

27 كۈن 7 سائەت 43 مىنۇت 11.5 سېكۇنتقا تەڭ.

**يۇلتۇزى بىر** تەقدىرى، قىسمىتى، نىكاھى بىر-بىرىگە باغلانغان (ئەر-ئاياللارنىڭ): — خۇدا ئۇلارنىڭ يۇلتۇزىنى بىر قىلغانىكەن، — دېدى موللام.

**يۇلتۇزى ئۆچمەك** بەخت-تەلىيى قاچماق، رىزقى-نېسىۋىسى تۈگىمەك، بۇ دۇنيادىن كەتمەك، ئۆلمەك.

**يۇلتۇز يىلى** <ئاستر> يەر شارىنىڭ قۇياش ئەتراپىنى بىر قېتىم ئايلىنىپ چىقىش ئارىلىقىدىكى ۋاقىت. ئادەتتە 365 كۈن 6 سائەت 9 مىنۇت 10 سېكۇنتقا تەڭ كېلىدۇ.

**يۇلتۇزچە** ① سۈپ. يۇلتۇزغا ئوخشاش؛ نۇرغۇن: تۇتقۇزۇپ قولغا قەلەمنى سەن دېدىڭ: «كۈيچىم مېنىڭ»، بۇ شەرەپلىك نامۇئاتاق بارچە ئۇنۋاندىن ئەزىز. ياش كۆڭۈل گوياكى ئاسمان، ئارمىنىم يۇلتۇزچە بار، سەن ئۈچۈن ئىشلەش ئۈمىدىم ھەممە ئارماندىن ئەزىز. ② ئى <مەت> باسمىچىلىقتا كىتاب، ژۇرنال، گېزىتلەردىكى تېكىستلەرگە بېرىلىدىغان ئىزاھلارنى كۆرسىتىش يۈزىسىدىن ئىشلىتىلىدىغان يۇلتۇزسىمان بەلگە.

**يۇلتۇزسىز** سۈپ. يۇلتۇز يوق، يۇلتۇز چىقمىغان، يۇلتۇز كۆرۈلمىگەن: ئۈچەيلەن بېشىنى كۆتۈرۈشتى. يۇلتۇزسىز قاپقاراڭغۇ ئاسماندىن يەنە ئىككىنچى تاۋۇش پەيدا بولۇپ، ئىككى مىنۇتچە غىڭىلداپ كەلدى-دە، ئۆينىڭ نېرىقى يېنىغا چۈشۈپ پارتلىدى.

**يۇلتۇزسىمان** سۈپ. يۇلتۇز شەكىللىك، يۇلتۇزغا ئوخشاش: ئاسمان جىسىملىرى نۇر مەنبەسىگە سىمۋول قىلىنغان بولۇپ، يۇلتۇزسىمان گېئومېترىك سىزىقچىلار، تەكشى يۈز ئويما، قاپارتما ئويمىغا قاراپ راۋاجلانغان.

**يۇلتۇزسىمان يىپچىلار** <بىئول> ھايۋانلار ھۈجەيرىسىدە يىپلىق بۆلۈنۈشنىڭ ئالدىنقى دەۋرىدە مەركىزىي دانىچىنىڭ ئەتراپىدىن ھاسىل بولىدىغان سانسىزلىغان شولىسىمان ئىنچىكە يىپچىلار.

**يۇلتۇزگۈل** ئى (يۇلتۇز+گۈل) <بوت> مۇرەككەپ گۈللۈكلەر ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. يوپۇرمىقى ئېللىپسىمان تۇمۇنە شەكىلدە كېلىدۇ. گۈلى باشسىمان گۈل رېتىدە، گىرۋەكلىرىدىكى كىچىك گۈللىرى ئانىلىق گۈل بولۇپ، تىلسىمان، رەڭگى كۆكۈچ سۆسۈن بولىدۇ. ئوتتۇرىسىدىكى كىچىك گۈللىرى قوش جىنسلىق گۈل بولۇپ، نەيچە شەكىلدە، رەڭگى سېرىق كېلىدۇ. ئورۇق مېۋىسى تۈكلۈك بولىدۇ. يىلتىز ۋە يىلتىز غولى دورا قىلىنىدۇ.

**يۇلتۇزلۇق** سۈپ. يۇلتۇز چىققان، يۇلتۇزلار كۆرۈنۈپ تۇرغان: سالقىن شاماللىق جىمجىت كېچىدىكى يۇلتۇزلۇق ئاسمان كۆڭلۈمگە ئارام بېرەتتى.

**يۇلدۇرماق** «يۇلماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**يۇلغۇن** ئى <بوت> يۇلغۇن ئائىلىسىدىكى يوپۇرماق تاشلايدىغان چاتقال. كونا شاخلىرى قىزىل رەڭدە، يوپۇرمىقى تەڭگىچە شەكىلدە، گۈلى سۇس قىزىل، مېۋىسى غوزىلىق مېۋە. ئورۇقىدا تۈكلىرى بار. شىنجاڭدا ئۇنىڭ توققۇز خىل تۈرى بولۇپ، شور ۋە قۇرغاقچىلىققا چىدامىلىق كېلىدۇ، قۇم تىزگىنلەش ئۈنۈمى يۇقىرى.

**يۇلغۇن چېچىكى** ① <بوت> يۇلغۇن ئۆسۈملۈكىنىڭ چېچىكى. ② يۇلغۇن ئۆسۈملۈكىنىڭ چېچىكى رەڭگىدىكى: يۇلغۇن

چىچەكى ياغلىق. يۇلغۇن چىچەكى كۆڭلەك.

**يۇلغۇن چىچەكى رەڭ** <گ سەن> يۇلغۇن چىچىكىگە ئوخشاش رەڭ، يەنى قىزىلغا مايىل سۇس سۆسۈن بولغان بىر خىل مۇرەككەپ رەڭ.

**يۇلغۇن مېۋىسى** <بوت> كىچىك يۇلغۇننىڭ مېۋىسى. شار شەكلىدە بولۇپ، نوقۇتتىن چوڭراق كېلىدۇ. تىبابەتچىلىكتە دورىغا ئىشلىتىلىدۇ، ئىچ قاتۇرۇش، ئېغىزدىن ۋە بالىياتقۇدىن كېلىدىغان قانلارنى توختىتىش، ئىچكى ئەزالارنى قۇۋۋەتلەش رولىغا ئىگە.

**يۇلغۇنلۇق** ئى. يۇلغۇن كۆپ ئۆسكەن، يۇلغۇن بىلەن قاپلانغان جاي: ئۇ كۆۋرۈكتىن ئۆتۈپلا يۇلغۇنلۇق ئارىسىغا كىرىپ غايىب بولدى. * ئۇچقاندەك چاپماقتا، بىرقانچە يېزا-كەنت ئارقىدا قالدى. ئالدىنى بىپايان يۇلغۇنلۇق توسقاندا، رەھمەتنىڭ كاللىسىغا «نەگە بارىمەن» دېگەن ئوي كەلدى.

**يۇلقۇنماق** پ. باغلاقتىن ياكى بىرەر نەرسىنىڭ ئىچىدىن بوشىنىش، چىقىپ كېتىش ئۈچۈن كۈچەپ ھەرىكەت قىلماق، ئۆزىنى ھەر تەرەپكە ئۇرماق، سىلكىنمەك: قولۇمدىن يۇلقۇنۇپ چىقىپ كەتتى.

**يۇلقۇنۇشماق** «يۇلقۇنماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**يۇلماق** پ ① بىرەر نەرسىنى قول بىلەن سۇغۇرۇپ، قومۇرۇپ ئالماق: تىلىنى چىشلىۋالغان چىشىنى يۇلۇۋەتمەس (ماقال). * ئېلىقۇل چاچراپ ئورنىدىن تۇرۇپ، «شارت» قىلىپ جادۇقىگراقنى تەكچىدىن يۇلۇپ ئالدى. * ئايالنىڭ ئاچچىقى كېلىپ قەپەسنى ئېچىپتۇ-دە، كىچىك توزنى تۇتۇۋېلىپ، غەزەپ بىلەن بىرنەچچە تال پېيىنى يۇلۇپتۇ. ② كۆچمە. يوقاتماق، قىرماق (دۈشمەن ھەققىدە): ئۆلكىمىزدە بۈگۈن باھار، كەتتى دىلدىن قارا داغلار. قويماي يۇلدۇق تىكەنلەرنى، قىزىل گۈلگە تولدى باغلار. * كېلىدۇ ئەزەلدىن ۋىجدان شۇڭقارى، قۇزغۇنلار بويىنىنى يۇلۇپ ھەرقاچان. قۇرۇيدۇ، قۇرۇغان ساتقۇنلار شورى، غالچىلار قالمايدۇ زادىلا ئامان. ③ كۆچمە. نەپ ئالماق، پايدا تاپماق، ئوندۇرمەك: قازى ئىككى باينىڭ گەپلىرىنى تولۇق ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئىككى ئارىدىن كۆپرەك بىرنەرسە يۇلۇش قەستىگە چۈشۈپتۇ.

**يۇلۇشماق** «يۇلماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**يۇلۇن** ئى <ئانات> ئادەم ۋە ئومۇرتقىلىق ھايۋانلار مەركىزىي نېرۋا سىستېمىسىنىڭ بىر قىسمى. ئومۇرتقا كانىلى ئىچىگە ئورۇنلاشقان. يۇقىرىقى ئۇچى ئۇزۇنچاق مېڭە بىلەن تۇتاشقان، ئىككى ياندىن سىممېترىك ھالدا نېرۋىلار چىققان بولۇپ، قول-پۇت، گەۋدە ۋە ئىچكى ئەزالارغا تارقىلىدۇ. ئۇ نۇرغۇنلىغان ئاددىي رېفلېكسلارنىڭ مەركىزىدۇر.

**يۇلۇن ئاق ماددىسى** <ئانات> يۇلۇننىڭ نېرۋا تالالىرىدىن تەشكىل تاپقان سىرتقى قەۋىتى.

**يۇلۇن سەكتىسى** <تىب> يۇلۇن ماددىسىغا قان قۇيۇلۇش ياكى قان سىرغىپ چىقىش تۈپەيلىدىن كېلىپ چىقىدىغان بىر خىل كېسەللىك.

**يۇلۇن سۇر ماددىسى** <ئانات> يۇلۇننىڭ ئىچكى قىسمىنى تەشكىل قىلغان كۈل رەڭلىك نېرۋا توقۇلمىسى. ئاساسەن نېرۋا ھۈجەيرىلىرىدىن تۈزۈلىدۇ.

**يۇلۇن سىغلىسى** <تىب> نېرۋا سىغلىسىنىڭ بىر تۈرى. بۇنىڭدا ئاساسلىقى

يۇلۇننىڭ ئارقا تۇۋرۇكى زەرەرلىنىدۇ. كۆپىنچە سىفلىس بىلەن ئاغرىپ ئون يىللاردىن كېيىن يۈز بېرىدۇ. ئادەتتە پۇت تولۇق ئۇرغاندەك ئاغرىش، تۇز ماڭالماسلىق، سېزىش تەسلىشىش، قارىچۇق غەيرىي نورماللىشىش، پۇت پەيلىرىنىڭ رېفلېكسى يوقىلىش، كۆزنى يۇمۇپ ئۆرە تۇرالماسلىقتەك ئالامەتلەر كۆرۈلىدۇ.

**يۇلۇن شۇكى** <تىب> يۇلۇن زەخىملەنگەندىن كېيىن، كېسەللەنگەن ئورۇننىڭ ئاستىدىكى يۇلۇن بوغۇمى نېرۋىلىرى تارقالغان جايدىكى مۇسكۇللاردا يۇلۇن رېفلېكسى يوقىلىپ كېتىدىغان بىر خىل كېسەللىك.

**يۇلۇن فۇنكسىيىسى** <فىزىئول> يۇلۇن ئوينايدىغان (بېجىرىدىغان) فۇنكسىيە. ئادەتتە ئۇ رېفلېكس فۇنكسىيىسى ۋە ئۆتكۈزۈش فۇنكسىيىسى دەپ ئىككى خىل فۇنكسىيىنى بېجىرىدۇ.

**يۇلۇن كاۋاكلىشىش** <تىب> بىر خىل تۇغما كېسەللىك. سەۋەبى ئېنىق ئەمەس. بۇنىڭدا يۇلۇن مەركىزىي كانىلىغا يېقىن جايدا كاۋاك شەكىللىنىپ چىقىدۇ. كۆپىنچە ياشلىق دەۋرىدە بايقىلىدۇ. ئادەتتە تېگىشنى تۇيۇش سېزىمى ساقلىنىپ قېلىپ، ئىسسىق-سوغۇقنى تۇيۇش سېزىمى يوقىلىدۇ. ئۇنىڭدا يەنە مۇسكۇل يىگىلەش ۋە پالەچلىنىشتەك ئالامەتلەر كۆرۈلىدۇ.

**يۇلۇن ياللۇغى** <تىب> ۋىرۇس كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان بىر خىل جىددىي يۇقۇملۇق كېسەللىك. 1 — 5 ياشلىق بالىلاردا كۆپ ئۇچرايدۇ، ئاساسەن ھەزىم قىلىش يولىدىن يۇقىدۇ. ۋىرۇس قان ئارقىلىق مەركىزىي نېرۋا سىستېمىسىغا كىرىپ، يۇلۇننىڭ سۇر ماددىسىنى زەخىملەندۈرىدۇ. كېسەللىك ئالامىتى يەڭگىل بولىدىغانلىرىمۇ كۆپ بولىدۇ. پەقەت ئاز تۈۋەن قىزىتما بولىدۇ-دە، پالەچ بولمايدۇ، كېسەللىك ئېغىرلاشقاندا قىزىتما بىرقەدەر يۇقىرى بولىدۇ، پۇت-قوللار ئاغرىيدۇ، بىرقانچە كۈندىن كېيىن پالەچ بولىدۇ.

**يۇلۇنماق** «يۇلماق». پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئارىدىن قانچىلىك ۋاقىت ئۆتكىنىنى ئۇقمايمەن، ھەر ئىككى خورازنىڭ شىللىسىدىكى تۈكلەر يۇلۇنۇپلا قالماي، قېپقىزىل ئېچىلىپلا قالدى.

**يۇلىئان** ئى (گرېك) <ئاستر> ← **يۇلىئان كالېندارى.**

**يۇلىئان كالېندارى** <ئاستر> ھازىر قوللىنىلىۋاتقان مىلادىيە كالېندارىنىڭ دەسلەپكى ئۆلگىسى. مىلادىيىدىن 46 يىل ئىلگىرى رىم پاپىسى يۇلىئۇس كېيزار تۈزدۈرگەچكە ئۇنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان. بۇ كالېنداردا بىر يىل 365 كۈن ئالتە سائەت بولۇپ، ئۈچ يىل ئۇدا 365 كۈن، تۆتىنچى يىلى 366 كۈن ھېسابلىنىدۇ. ئۈچ يىل ھېسابلانمىغان ئالتە سائەت ۋاقىت تۆتىنچى يىلنىڭ ئاخىرقى ئېيىغا بىر كۈن قوشۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ كالېنداردا تاق سانلىق ئايلار 31 كۈن، جۈپ سانلىق ئايلار 30 كۈن قىلىپ بېكىتىلىدۇ.

**يۇلىئان يىلى** <ئاستر> يۇلىئان كالېندارى ھېسابىدىكى بىر يىل. ئادەتتە 365 كۈن بولۇپ، 12 ئايغا بۆلۈنىدۇ. تاق سانلىق ئايلار 31 كۈن؛ جۈپ سانلىق ئايلار 30 كۈن بولىدۇ. 2-ئاي بۇنىڭ سىرتىدا بولۇپ، 29 كۈن بولىدۇ.

**يۇم** تەق. ئاۋازنى چىقارماي ئىچ ئىچىدىن يىغلاش ھالىتى.

**يۇماق** پ ① مەينەت نەرسىلەرنى سۇ قاتارلىق نەرسىلەر بىلەن چايقاپ پاكىزلىمەك، تازىلىماق: كىر يۇماق. يۈزنى يۇماق. * قول قولنى يۇسا، قول قوپۇپ يۈزنى يۇيار (ماقال). * تاڭ سەھەر، ئەسكى كەشىنى شاقىلدىتىپ كىچىككىنە قىزچاق قازان بېشىدا قازان يۇيۇۋاتىدۇ. ② فوتو نېگاتىپلىرىنىڭ سۈرىتىنى چىقارماق: رەسىم يۇماق. * قۇياش بەكمۇ يىراقتا، باشاق بولسا بۇرنىنىڭ ئۇچىدىلا تۇراتتى. شۇنداق بولسىمۇ بىرنەچچە سۈرەت تارتتى-دە، ئاخشىمى يۇيۇپ كۆردى. ③ كۆچمە. ياخشى ئىش قىلىپ، خىزمەت كۆرسىتىش ئارقىلىق خاتالىقنى تۈزەتمەك: گۇناھىنى يۇماق. * مېنىڭ ھەرقايسىلىرىنىڭ ئالدىدا بىر گۇناھىمنى يۇيۇش نىيىتىم بار ئىدى. ④ كۆچمە. بىرەر خاتالىق، سەۋەنلىك ئۆتكۈزۈپ قويۇش تۈپەيلىدىن خەيرلىك، ياخشى ئىشلىرىنى يوققا چىقارماق: – مۇشۇ بىر ئىشىڭ بىلەن نەچچە يىلدىن بېرى قىلغان ياخشى ئىشلىرىڭنى يۇيۇۋەتتىڭ-دە، ئىست، – دېدى دادىسى. * ھاتەم ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى ئاداۋەتنى يۇيۇپ، كېلىشتۈرۈپ قويۇپ يەنە ئۆز يولىغا راۋان بولدى. ⑤ كۆچمە. بىراۋنىڭ ئېرىشكەن مۇۋەپپەقىيەت، نەتىجىلىرىنى تەبرىكلەش يۈزىسىدىن ئۇنىڭ زىياپىتىدە بولماق: بىزنىڭ قولۇم-قوشنىلار ئازغىنە بىر يېڭىلىق بولغانىنى كۆرسە يۇيىمىز دەپ ئۇن-يېغىرمە تەڭگە خەجلەتكۈزمەي قالمايدۇ.

**يۇمچاقلىماق** پ. كۆزىنى قىسىپ قويماق، كۆز ئىشارىسى قىلماق، يۇمۇشلىماق: ئۇلارنىڭ مەيدە، كاسا يانچۇقلىرىغا قول سېلىشىپ پۇل ئېلىشىۋاتقانلىرىنى كۆرگەن كامال ماڭا قاراپ كۆزىنى يۇمچاقلاپ قويدى.

**يۇمچەكلىمەك** (توغرىسى: يۇمچاقلىماق) ← **يۇمچاقلىماق**.

**يۇمدۇرماق** «يۇمماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: موماي لاردىن بىرى كېلىپ گۈلسۇمخاننىڭ كۆزلىرىنى ئۇۋۇلاپ يۇمدۇردى ۋە ئېڭىكىنى قوشۇپ، پۇتلىرىنىڭ بارماقلىرىنى چاتتى.

**يۇمدۇرۇشماق** «يۇمدۇرماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**يۇمدۇرۇلماق** «يۇمدۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**يۇمران** سۈپ. ئۆسۈۋاتقان، بىخ ھالەتتىكى؛ قېتىشمىغان، يۇمشاق: يۇمران كۆچەت. يۇمران مايسا. * ئۇنىڭ مۇشۇ كەمگىچە ئۆستىرا تەگمىگەن يۇمران بۇرۇتى ئېلىپتەك قاڭشىرى ئاستىدا كۆزگە تاشلىنىپ تۇراتتى.

**يۇمرانلاشماق** پ. يۇمشاق، يۇمران ھالەتكە كەلمەك.

**يۇمشاتماق** «يۇمشىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**يۇمشاشماق** «يۇمشىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇنىڭ بىر ھازا چۈشەندۈرۈشلىرى ئاخىر سادىقنىڭ قاتتىق پوزىتسىيىسىنى يۇمشىتىپ، سادىقنى بۇ ئىشتا يول قويۇشقا كۆندۈردى.

**يۇمشاق** ① سۈپ. قاتتىق ئەمەس، «قاتتىق» نىڭ ئەكسى، يۇمران: يۇمشاق كۆرپە. يۇمشاق نان. * ئۇ ئۆزىنىڭ يۇمشاق چۆپلۈكنىڭ ئۈستىدە ياتقانلىقىنى، سۇمۇرغ قىزنىڭ كۈلگەن ھالدا چېچىنى تاراۋاتقانلىقىنى كۆرۈپتۇ. ② سۈپ. يېنىك، يەڭگىل، سىلىق: يۇمشاق چارە. يۇمشاق ۋاستە. * تەجرىبىخانىغا يۇمشاق دەسسەپ

بىلالىدىن ئاخىرىم كىرىپ كەلدى. * سىز يۇمشاق ۋاسىتىلىرىمىزنى رەت قىلىۋەرسىڭىز سىزگە قاتتىق ۋاسىتىلەرنى قوللىنىشقا توغرا كېلىدۇ. ③ ئى. ئورگانىزمنىڭ يالىلۇغلىنىشىدىن تومپىيىپ چىققان جاي: يۇمشاق چۇشمەك. * ئۆسمۈرلەر پەن-تېخنىكا سارىيىدىكى بالىلار تېخنىكا ماھارىتى كۆرسىتىشلى تۇرغاندا، ئۇلارغا قارايمەن دەپ، بويىنۇڭغا يۇمشاق چۇشۇپ قالمىسۇن يەنە.

**يۇمشاق پەن** <پەلس> مۇرەككەپ بولغان ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنى تەتقىق قىلىدىغان پەن. ئۇ ئىجتىمائىي پەن بىلەن تەبىئىي پەننى بىرلەشتۈرۈشنىڭ مەھسۇلى بولۇپ، تەتقىق قىلىدىغان ئوبيېكتى ئۇنىۋېرساللىقا ۋە ستراتېگىيىلىككە ئىگە بولىدۇ.

**يۇمشاق پۇل** <مال> ① قەرز پۇل. ② ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن خەلقئارا پۇل مۇئامىلە بازىرىدا تاشقى پېرېۋوت باشقۇرۇش تۈزۈمىنى يولغا قويغان كاپىتالىستىك دۆلەتلەرنىڭ چەت ئەل پۇلى ياكى ئالتۇنغا ئەركىن ئايرىباشلىغىلى بولمىغان ياكى پەقەت چەكلىك ئايرىباشلاشقىلا بولغان پۇللىرى. ③ خەلقئارا پۇل مۇئامىلە بازىرىدا قىممىتى نىسبىي مۇقىم بولمىغان پۇللار.

**يۇمشاق تاڭلاي** <ئانات> تاڭلاينىڭ ئارقا تەرىپى. بىرىكتۈرگۈچى توقۇلما بىلەن مۇسكۇلدىن تۈزۈلىدۇ.

**يۇمشاق تاڭلاي تاۋۇشى** <تىل> تەلەپپۇز قىلىنغاندا تىل كەينىگە تارتىلىپ، تىل ئورنىنىڭ ئارقا قىسمى يۇمشاق تاڭلاي تەرەپكە كۆتۈرۈلۈپ، تىل ئۇچى تۆۋەنگە قارىتىلىدىغان تاۋۇشلار.

**يۇمشاق تەنلىكلەر** <زوئول> يۇمشاق تەنلىك ھايۋانلار.

**يۇمشاق تەنلىك ھايۋانلار** <زوئول> ھايۋانلار دۇنياسىدىكى چوڭ بىر تىپ. بۇ تىپتىكى ھايۋانلارنىڭ تېنى يۇمشاق بولۇپ، ئۈستىدە قاپچۇقلىرى بار. تېنى بوغۇمسىز، گۆشلۈك، پۇتى ياكى تۇتقۇچلىرى بار. سۇ ۋە قۇرۇقلۇقتا ياشايدۇ.

**يۇمشاق توپا** <كېئول> بىر خىل ئالاھىدە بوش توپا. دانىچىلىرىنىڭ تەركىبىدە شېغىل مىقدارى < 10%، سېغىز مىقدارى < 3%، قۇماق مىقدارى (0.05—0.005mm) < 50% بولۇپ، قالغانلىرى قۇمدىن ئىبارەت.

**يۇمشاق دېتال** <س ئىق> ← **يۇمشاق ماتېرىيال.**

**يۇمشاق سۇ** <خىم> تەركىبىدە ئېرىشچان كالتسىي ۋە ماگنىي تۇزلىرى ئاز مىقداردا بولغان ياكى زادىلا بولمىغان سۇ، بۇنداق سۇدا كىر يۇغاندا سوپۇن ئاسانلا ماغزاپ پەيدا قىلىدۇ. قايناتقاندا كۆرۈنەرلىك ئۆزگىرىش يۈز بەرمەيدۇ. ئادەتتە ئۇ سانائەتتە كەڭ ئىشلىتىلىدۇ.

**يۇمشاق سۇپېر ئۆتكۈزگۈچ** <فىز> سۇپېر ئۆتكۈزگۈچنىڭ بىر تۈرى. ئۇنىڭ پەقەت بىرلا كىرتىك ماگنىت مەيدانى بولىدۇ. سىرتقى ماگنىت مەيدانى ئۇنىڭ ماگنىت مەيدانىدىن ئېشىپ كەتكەندە خۇسۇسىيىتىنى يوقىتىدۇ.

**يۇمشاق شانكىر** <تىب> جىنسىي كېسەللىكلەرنىڭ بىر تۈرى. جىنسىي ئالاقە ئارقىلىق يۇمشاق شانكىر تاياقچىسى بەدەنگە كىرىشتىن پەيدا بولىدۇ، سىرتقى جىنسىي ئەزا ئۈستىدە سېرىق

پۇرچاق چوڭلۇقىدىكى نۇرغۇن چاقا چىقىدۇ. تۇتسا يۇمشاق بىلىنىدۇ، قاتتىق ئاغرىيدۇ. يەنە يېرىق لىمفا تۈگۈنلىرى ياللۇغلىنىدۇ، بەزىلىرى يېرىڭداپ تېشىلىشى مۇمكىن. بۇ چاغدا تېمپېراتۇرا كۆتۈرۈلىدۇ ۋە قاتتىق ئاغرىيدۇ.

**يۇمشاق قوراللار** <ھەرب> دۈشمەننىڭ سىمسىز خەۋەرلىشىش ئۈسكۈنىلىرىنى بۇزغۇنچىلىقتا ئۇچرىتىش ئۈنۈمىگە ئىگە ئېلېكترونلۇق كاشىلا پەيدا قىلغۇچى ئەسۋابلار.

**يۇمشاق قول** كىشىنى رەنجىتمەيدىغان، كۆڭلى يۇمشاق، رەھىمدىل، شەپقەتلىك: خەلپە رەھىمدىل، يۇمشاق قول زات ئىدى.

**يۇمشاق قوللۇق** كۆڭلى يۇمشاقلىق، رەھىمدىللىك، شەپقەتلىك: قانۇنغا خىلاپلىق قىلىپ جىنايەت ئۆتكۈزگەن جىنايەتچىلەرگە يۇمشاق قوللۇق قىلىنسا، زور كۆپچىلىك خەلقنىڭ مەنپەئىتىگە زىيان يېتىدۇ.

**يۇمشاق كۆڭۈل** باشقىلارغا ياخشىلىق قىلىدىغان، كىشىگە ئازار بېرىشنى خالىمايدىغان، كۆڭلى يۇمشاق، رەھىمدىل: ئۇ جىنلارغا ۋە بەتقىلىق كىشىلەرگە قاتتىقلىق قىلغىنى بىلەن كىشىلەرگە ۋە باللارغا مېھرىبان يۇمشاق كۆڭۈل ئايال ئىدى.

**يۇمشاق گەپ** قۇلاققا ياقىدىغان، يېقىملىق، سىلىق، ياخشى سۆز: — پۇلنى كۆرۈپ تۇرغان كۆزۈمگە، ھازىرقىدەك يۇمشاق گەپلەرنى ئاڭلىغان قۇلاقلىرىمغا ئىشەنمەيلا قالدىم، — دېدى ئۇ.

**يۇمشاق گەدەن** بىراۋنىڭ باشقۇرۇشىغا قارشىلىق قىلمايدىغان، باشقىلار نېمە دېسە كۆنىدىغان، بويىنى يۇمشاق: — ھەي بېلى بوش، يۇمشاق گەدەن خۇمسى، سەن گەپنىڭ ئۈستىدە بولمىغاندىكىن ئۇقمايسەن، — دېدى ئايخان ئۇنىڭغا زەردە بىلەن.

**يۇمشاق ماتېرىيال** <فىز> ئېلېكترونلۇق ھېسابلاش ماشىنىسىدىكى تۈرلۈك تەرتىپ سىستېمىسى ۋە مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللارنىڭ ئومۇمىي نامى. ئۇ تەرتىپ-بۇيرۇقنىڭ رەتلىك قوشۇلمىسى يەنى ھېسابلاش ماشىنىسىنىڭ مەسىلەرنى يېشىشتىكى خىزمەت تەرتىپىدۇر.

**يۇمشاق ماگنىتلىق ماتېرىيال** <فىز> ماگنىتلانغاندىن كېيىن ماگنىتلىق خۇسۇسىيىتىنى ئاسان يوقىتىپ قويىدىغان ماتېرىياللار. مەسىلەن، يۇمشاق تۆمۈر، كرېمنىيلىق پولات، نىكېل-تۆمۈر قېتىشمىسى قاتارلىقلار.

**يۇمشاق مانگان تېشى** <گېئول> بىر خىل مىنېرال. خىمىيىلىك تەركىبى $MnO_2$. بۇنىڭدىكى مانگان تەركىبى 63.2 %. تۆت ياقلىق كرىستال سىستېمىسىغا كىرىدۇ. كرىستالى ئىنچىكە تۈۋرۈكسىمان ياكى يىڭنىسىمان بولىدۇ، تۈراشمىسى كۆپىنچە كاللەكسىمان، پاراشوكسىمان بولىدۇ. رەڭگى ۋە ئىز سىزىقى قارا. پارقىراقلىقى بىلەن قاتتىقلىقى كرىستالنىڭ توم-ئىنچىكىلىكىگە ۋە شەكلىگە قاراپ پەرقلىق بولىدۇ. ياخشى كرىستاللانغانلىرى مېتال پارقىراقلىقىدا بولىدۇ. قاتتىقلىقى بىرقەدەر يۇقىرى، يوشۇرۇن كرىستال ماددىلىق يېرىم بۆلەكلىرى ۋە پاراشوكسىمانلىرىنىڭ پارقىراقلىقى تۇتۇق، قاتتىقلىقى تۆۋەن بولىدۇ. سېلىشتۇرما ئېغىرلىقى 5 ئەتراپىدا.

**يۇمشاق مانگان مەدىنى** <گېئول> يېنىك، يۇمشاق، تەركىبىدە مانگان بولغان بىر خىل مەدەن. تەرتىپسىز شار شەكلىدە، سىرتقى يۈزى توق پور

رەڭدە بولۇپ، پارقىرىمايدۇ. يۈزى
ئېگىز-پەس، كېسىك يۈزى سۆسۈن پور
رەڭدە بولىدۇ. تىبابەتچىلىكتە دورىغا
ئىشلىتىلىدۇ، تەمى تۇزلۇقراق تاتلىق،
تەبىئىتى مۆتىدىل، زەھەرسىز، قاننى
جانلاندۇرۇپ، ئاغرىق توختىتىش رولىغا
ئىگە.

**يۇمشاق ماي** <خم> ئۆسۈملۈك مېيى
ۋە ھايۋانلار ياغلىرىدا بولىدىغان ئاق
رەڭلىك يۇمشاق ماددىلار. بۇ پالماتىن
كىسلاتاسى بىلەن گلىتسېرىننىڭ
بىرىكمىسى بولۇپ، مولېكۇلا فورمۇلىسى
$C_3H_5(C_{15}H_{31}CO_2)_3$ . سوپۇن، شام
ۋە گلىتسېرىن ئىشلەشتە پايدىلىنىدۇ.

**يۇمشاق مودېل** <فز> كرىستال
رېشاتكىسىنىڭ ئالاھىدە تەۋرىنىش
شەكلى. ئەگەر رېشاتكا ئاتومى
تەڭپۇڭ ئورنىدىن ئېغىپ كەتكەندىن
كېيىن ئۇنىڭغا تەسىر قىلىدىغان ئەسلىگە
كەلتۈرۈش كۈچى نۆلگە ئىنتىلسە،
ئۇنىڭغا ماس بولغان كرىستال رېشاتكىسىنىڭ
تەۋرىنىش چاستوتىسىمۇ نۆلگە ئىنتىلىدۇ،
رېشاتكىنىڭ چاستوتىسى نۆلگە ئىنتىلىدىغان
مۇنداق تەۋرىنىش يۇمشاق مودېل دەپ
ئاتىلىدۇ. يۇمشاق مودېل نەزەرىيىسىدىن
پايدىلىنىپ قاتتىق جىسىملارنىڭ فازا
ئۆزگىرىشىنى چۈشەندۈرگىلى بولىدۇ.

**يۇمشاق ئۈزۈك تاۋۇش** <تل> تەلەپپۇز
قىلغاندا قاتتىق ئۈزۈك تاۋۇشلارنى
تەلەپپۇز قىلغان ۋاقىتتىكى تەلەپپۇز
ھەرىكىتىدىن باشقا، يەنە تىل ئۈستى
يۈزى يۇقىرى كۆتۈرۈلىدىغان ھەمدە
تاڭلايلىشىش ھادىسىسى بارلىققا كېلىدىغان
ئۈزۈك تاۋۇش. بەزى تىللاردا (مەسىلەن
رۇس تىلىدا) يۇمشاق ئۈزۈك تاۋۇش بىلەن
قاتتىق ئۈزۈك تاۋۇش سۆز مەنىلىرىنى
پەرقلەندۈرۈش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە.

**يۇمشاق ۋاستە** زورلۇق، مەجبۇرلۇق
يۈرگۈزمەي، سىلىق گەپ-سۆز، مۇئامىلە
ئارقىلىق قايىل قىلىش ئۇسۇلى، ئىجابىي
تەدبىر: ئۇ بايىقى «يۇمشاق ۋاستە»
نى سىناق قىلىش پەيتى ئىكەنلىكىنى دەرھال
پەملىدى.

**يۇمشاقباش** ئەر-خوتۇنچىلىقتا خوتۇنىنىڭ
نومۇسسىز، ناشايان ئىشلىرىغا يول
قويىدىغان، كۆرسىمۇ، بىلسىمۇ، كۆرمەسكە،
بىلمەسكە سېلىپ سۈكۈت قىلىدىغان،
بېشىنى ئىچىگە تىقىپ يۈرىدىغان ئادەم:
— ئۆيىدىكى ھېلىقى خېلى يۇمشاقباش،
ئەتىسى-ئاخشىمى بىزنىڭكىنى كۆپرەك يوقلاپ
تۇرسىلا، — دېدى ئايىمخان. // يۇمشاقباش
ئادەم.

**يۇمشاقلاشماق** پ. يۇمشاق ھالەتكە
كەلمەك، يۇمشاق تۈس ئالماق، يۇمشىماق:
ئۇنىڭ تەلەپپۇزى بايىقىدىن يۇمشاقلاشتى،
- ئەزالار سىز بىلەن بىزنىڭ ھەرىكىتىمىزگە
قاراپ باھا بېرىدۇ، - دېدى ئۇ.

**يۇمشاقلىق** «يۇمشاق» سۆزىنىڭ ئىسىم
شەكلى: - ئەي قەدىرلىك كۆيۈمچان
خوجازادەم، - دېدى ھەمراھ، — مەشھۇر
دانالار «دۇنيادا ئارتۇق قاتتىقلىق قىلما
يالغۇز قالىسەن، ئارتۇق يۇمشاقلىق قىلساڭ
قەدىرسىز بولىسەن» دېگەنىكەن.

**يۇمشىتىلماق** «يۇمشاتماق» پېئىلىنىڭ
مەجھۇل دەرىجىسى: بارى-يوقى بەش
پۇڭلا كېلىدىغان قوناقلىق ئاللىقاچان يۇمشىتىلىپ
بولغان بولسىمۇ، ئەبەي تېخىچە ناخشىسىنى
توۋلىماقتا ئىدى.

**يۇمشىماق** پ ① يۇمشاق ھالغا كەلمەك،
بوشىماق: توغاچلار يۇمشىدىمكىن؟ —

مەتسىيىتئاخۇننىڭ سۆزىنى تەنە بىلەن تەكرارلىدى مۇدىر، — بىر يەردىن كېلىپ قالغان ئادەمدەك سۆزلەيسىزغۇ. توغاچ يۇمشىدىلا ئەمەس، پىشتى. ② كۆچمە. پەيلىدىن، ئاچچىقىدىن يانماق؛ سىلىقلاشماق: بۇ جاۋاب ھاشىم ئاكىنىڭ ئاچچىقىنى تېخىمۇ كۈچەيتكەن بولسىمۇ، قاسىمجاننىڭ بۇ ساددا سۆزىدىن ئۇنىڭ كۆڭلى يۇمشىدى.

**يۇمغاق** ئى. دىئال. يۇملاق قىلىپ تۇرۇلگەن يىپ، كاللەك يىپ.

**يۇمغاقسۈت** ئى (يۇمغاق+سۈت) <بوت> كۈنلۈكسىمان گۈللۈكلەر ئائىلىسىدىكى بىر يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. يوپۇرمىقى پەيسىمان مۇرەككەپ يوپۇرماق بولۇپ، نۆۋەتلىشىپ ئۆسىدۇ، غولى ۋە يوپۇرمىقى خۇش بۇي پۇرايدۇ، گۈلى كىچىك، ئاق رەڭدە، مېۋىسى يۇملاق بولۇپ، دورىغا ياكى تەم تەڭشەشكە ئىشلىتىلىدۇ. يۇمران غولى ۋە يوپۇرمىقى تەم تەڭشەش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

**يۇمغاقسۈتنىڭ ئۇرۇقىدەك** تازا يېقىن ئەمەس، سەل يىراقراق، شىرەم (ئۇرۇق-تۇغقان ھەققىدە): — خۇداغا مىڭ قېتىم شۈكرى! — دېدى ساۋۇت ئاكا بىز بىلەن بىللە تاغامنىڭ ئۆيىگە كىرىپ كەلگەندىن كېيىن — بەختىمىزگە يىغىۋېلىشتىكى ھېلىقى باشلىق بىزگە يۇمغاقسۈتنىڭ ئۇرۇقىدەك تۇغقانچىلىقى بار چىقىپ قالدى.

**يۇمماق** پ ① كۆز، ئېغىز، قول قاتارلىق ئېچىلىدىغان، يېپىلىدىغان نەرسىلەرنى بىر-بىرىگە تەگكۈزۈپ ھىم قىلماق، بىرىكتۈرمەك: كۆز يۇمماق. ئاغزىنى يۇمماق. * يىگىتمۇ قىزنىڭ كەينىدىن ئەگىشىپ يۈگۈردى. قىز بىر دەرەخنىڭ غولىغا يۆلىنىپ، قويۇق كىرپىكلىك كۆزلىرىنى يۇمدى. * سادىر قەھرىماننىڭ جەسىتى يېنىغا كېلىپ، ئۇنىڭغا ھۆرمەت بىلەن ئېگىشىپ، ئۇنىڭ دۈشمەنگە قادالغان پېتى ئوچۇق قالغان كۆزلىرىگە قاراپ ئەلەملىك سۈكۈت ئىچىدە كۆزلىرىنى يۇمۇپ بىردەم تۇردى، ئاندىن ئاستاغىنە قەھرىماننىڭ كۆزلىرىنى سىلاپ يۇمدۇردى. * قوللىرىنى چىڭ يۇمۇپ، سۇرتكەنكەن يېشىنى. قىزارتىپتۇ كىر كىرىپ، كۆزلىرىنىڭ ئېقىنى.

**يۇمۇر** ئى (ر<ئىنگ) <ئەد> تۇرمۇشتىكى كۈلكىلىك، قىزىقارلىق ۋەقەلەرنى جۈملىدىن كىشىلەرنىڭ نۇقسانلىرى، ئۇلارنىڭ كەمچىلىك تەرەپلىرى ھەزىل ئارىلاشتۇرۇلۇپ، كۈلكىلىك ۋە قىزىق قىلىپ تەسۋىرلەنگەن بەدىئىي ئەسەر.

**يۇمۇرىغا يۇقماسلىق** قىلچە تەسىر قىلماسلىق.

**يۇمۇرچى** ئى. يۇمۇر يازىدىغان ھەم يۇمۇر ئېيتىدىغان كىشى، ئەدىب: لۇشۈن ئاتاقلىق يۇمۇرچى بولۇپ، ئۇنىڭ كۆپلىگەن نۇتۇق ۋە ماقالىلىرىدا كۈچلۈك جەڭگىۋارلىققا باي بولغان قىزىقارلىق يۇمۇرلار، مەنىسى چوڭقۇر گەپلەر ناھايىتى كۆپ.

**يۇمۇرچىلىق** ئى. يۇمۇر يېزىش، يۇمۇر ئېيتىش ئىشى، كەسپى: «تارىم غۇنچىلىرى» ژۇرنىلى «سەبىي كۈلكىلەر» سەھىپىسى بىلەن ئۇيغۇر يۇمۇرچىلىقىغا يول ئاچتى.

**يۇمۇرلۇق** سۈپ. ھەجۋىي تۈس ئالغان، كۈلكىلىك: يۇمۇرلۇق گەپ. * مەن كۈلۈپلا كەتتىم. چۈنكى ئايالنىڭ سۆزى ھەم قىزىق ھەم يۇمۇرلۇق بولۇپلا قالماي، بەلكى مېنىڭ كۆڭلۈمنىمۇ تاغدەك ئۆستۈرۈپ قويغانىدى.

**يۇمۇرلۇق ئاھاڭ** <مۇز> ھەزىل، قىزىقچىلىق خاراكتېرىنى ئالغان ئۇششاق

ئاھاڭلار.

**يۇمۇرماق** پ. دىئال. قومۇرماق، يونۇماق، ئاغدۇرماق.

**يۇمۇشلماق** پ. يۇمۇش ئىشنى بىجىرمەك، يۇمغانىدەك ئىشلارنى قىلماق؛ قىسماق (كۆز ھەققىدە): ئەترەت باشلىقى ئۇنىڭغا كۆز يۇمۇشلاپ قويدى.

**يۇمۇشماق** «يۇمماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: روشەنكى، بۇ خوتۇن-قىزلار قانلىق ياشلىرىنى تۆكۈپ بولۇپ، يۈرەك قانلىرىنى ئاققۇزۇپ بولۇپ، ئاخىرقى قېتىم جان تالىشىپ ئاندىن يىقىلغان ۋە ئۆزلىرىنىڭ ئوت يېنىپ تۇرغان كۆزلىرىنى يۇمۇشقان.

**يۇمۇق** سۈپ. يۇمۇلغان، يۇمۇپ قويۇلغان؛ يۇمۇقلۇق: كۆزى يۇمۇق. * قار ئۈستىدە قوپال بىر گەۋدە كۆزى يۇمۇق ھالدا سۇنايلىنىپ ياتاتتى.

**يۇمۇقلۇق** سۈپ. يۇمۇلغان، يۇمۇپ قويۇلغان: ئوسمانىنىڭ كۆزلىرى يۇمۇقلۇق، چىشلىرى كىرىشكەن بولۇپ، ھوشىدىن كېتىپ قالغانىدى.

**يۇمۇلماق** «يۇمماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئۇنىڭ تار پېشانە ۋە ياپما قاپاقلىرى ئاستىدا پىلدىرلاپ تۇرغان كىچىك كۆزلىرى كۈلكىدىن تېخىمۇ يۇمۇلۇپ كەتتى.

**يۇملاپ-ئېغناپ** يۇملاپ ۋە ئېغناپ: ... ئەسەد يۇملاپ-ئېغناپ يۈرۈپ دېڭىزنىڭ قىرغىقىغا — قۇرۇق يەرگە چىقىپتۇ.

**يۇملاتماق** «يۇملىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: — مېنى بالا دەپ، ھە دەپ پېشانەمگە ئۇرما، يەنە كىندىكىڭگە چۈشۈپ تۇرغان ساقىلىڭغا قارىماي، ئۆزۈڭنى يۇملىتىپ قويماي، — دېدى ئۇ.

**يۇملاچ** سۈپ. يۇملاقلانغان، يۇملاق شەكىلگە كەلتۈرۈلگەن؛ زۇۋۇلا: يۇملاچ خېمىر. * «تىترەك قوللار خېمىر مىجىشتىن قالغاندا بىر يۇملاچ خېمىرنى مىجىپ، خامنى پىششىق قىلىدىغان ھەمشىرە قېنى؟» ئىككى قېرى مۇشۇلار ئېسىگە چۈشكەندە غېرىبسىنىپ ئۆزلىرىنى يىگانە ھېس قىلىشاتتى.

**يۇملاشماق** «يۇملىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**يۇملاق** سۈپ. ئايلانما شەكىللىك، ئايلانما؛ دۈگىلەك، دومىلاق: يۇملاق ئورۇندۇق. يۇملاق تاۋۇز. * ئامىنە خاپا بولۇپ تىترەپ كەتتى. ئۇنىڭ قان تېپىپ تۇرىدىغان يۇملاق يۈزلىرى تاتىرىپ، دائىم كۈلۈپ تۇرىدىغان كۆزلىرىدىن غەزەپ ئوتلىرى چاقناپ كەتتى.

**يۇملاق ئارچا** <بوت> ئارچا ئائىلىسىدىكى بىر ئۇرۇقداش، يەنى دائىم يېشىل تۇرىدىغان دەرەخ ياكى چاتقال. يوپۇرماق ئۆسكەن شاخلىرى يۇملاق تۆۋرۈك شەكلىدە ياكى تۆت قىرلىق بولىدۇ. مېۋىسى پىشقاندا گۆشلىشىدۇ، يېرىلمايدۇ. شىنجاڭدا شىنجاڭ چاسا غوللۇق ئارچىسى، كوئىنلون ئارچىسى، قەشقەر ئارچىسى ۋە قارا ئارچا قاتارلىق سەككىز تۈرى بار.

**يۇملاق پەش كاستۇم** <كىي> كاستۇمنىڭ پېشى ياي شەكلىدە ئويۇلۇپ تىكىلگەن بىر خىل پاسونى.

**يۇملاق تاۋۇز** مۇستەقىل كۆز قارىشى يوق، دائىم ئېغىپ تۇرىدىغان، تۇراقسىز، مەۋقەسىز: يۇملاق تاۋۇز ئاداش، كىتابتا بولغان بىلەن ئەمەلىيەتتە ئۇنداق ئادەملەر زادى بارمۇ؟

**يۇملاق جوزا يىغنى** <ت ئىش> بىر خىل يىغىن شەكلى. بۇنىڭدا يۇملاق جوزا ئىشلىتىلىدۇ ياكى ئورۇنلار يۇملاق ھالەتتە كەلتۈرۈلىدۇ. بۇنداق بولغاندا

ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ ئورنىدىكى يۇقىرى-تۆۋەنلىك پەرقى تۈگىتىلىدۇ. ئاگلاشلارغا قارىغاندا، بۇ خىل شەكىل ٧ ئەسىردىكى ئەنگلىيىدە بارلىققا كەلگەنىكەن. 1-دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن، خەلقئارا يىغىنلاردا بۇ خىل يىغىن شەكلى قوللىنىلغان.

**يۇملاق جوغا** زەرگەرچىلىكتە ئىشلەنگەن ھالقا، ئۈزۈك، بىلەزۈك ۋە باشقا زىننەت بۇيۇملىرىنى يۇملاقلاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان جوغا.

**يۇملاق زىراۋەندە** <بوت> يۇملاق زىراۋەندە ئائىلىسىدىكى يوپۇرماق تاشلايدىغان، پىلەك غوللۇق ئۆسۈملۈك. يوپۇرمىقى كەڭ، تۇخۇم شەكىللىك. گۈلى كىچىك، يېشىل رەڭلىك بولۇپ، كونۇسسىمان گۈل رېتىدە مېۋىسى قارا رەڭلىك، يىلتىزى دورا قىلىنىدۇ، ئاغرىق پەسەيتىش، سۈيدۈك ھەيدەش رولىغا ئىگە.

**يۇملاق سۆز** چۈشىنىپ بولمايدىغان، نائېنىق گەپ، ئەگىتمە سۆز.

**يۇملاق قاقىلە** <بوت> زەنجىۋىل ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. يوپۇرمىقى تۆمۈنە شەكىللىك، گۈلى ئاق، مېۋىسى شارسىمان بولىدۇ. ئۇرۇقى دورا قىلىنىدۇ، نەملىكنى قۇرۇتۇش، سوغۇق يەلنى تارقىتىش، بەلغەم يۇمشىتىش، بەزگەكنى داۋالاش، تالنى قۇۋۋەتلەش ۋە ئاشقازاننى ئىسسىتىش رولىغا ئىگە.

**يۇملاق يوپۇرماقلىق بۇغناپىنى** <بوت> بۇغناپىنى ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. يوپۇرمىقى يۇملاق كېلىدۇ. گۈلى ئاق بولۇپ، غولىنىڭ ئۈستۈنكى قىسمىدا توپلىنىپ ئۆسۈپ، ئومۇمىي گۈل رېتىنى شەكىللەندۈرىدۇ. غوزا مېۋىسى شارسىمان بولىدۇ. پۈتۈن تېنى تىبابەتچىلىكتە دورا قىلىنىدۇ، پەي-سۆڭەكلەرنى كۈچلەندۈرۈش، رېماتىزمنى داۋالاش ۋە قان توختىتىش رولىغا ئىگە.

**يۇملاق يوپۇرماقلىق بوۋانە** <بوت> ئېيىقتاپان ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. غولى تىك، يوپۇرمىقى يۇملاق بولۇپ، نۆۋەتلىشىپ ئۆسىدۇ، ئالىقانسىمان يېرىلىدۇ، گۈلى چوڭ، سۆسۈن رەڭدە بولۇپ، كونۇسسىمان گۈل رېتىدە. يىلتىزسىمان غولى قاغا بېشىغا ئوخشاش كاللەك كېلىدۇ، زەھەرلىك. ئادەتتە ئاغرىق پەسەيتىش دورىسى ئورنىدا ئىشلىتىلىدۇ.

**يۇملاق-تۈمۈلەك** يۇملاق ۋە شۇنىڭغا ئوخشايدىغان: ئۇ «<بۇ كونا ھويلا> <جىن> نىڭ ماكانى ئەمەسمۇ» دېگەننى خىيالىدىن ئۆتكۈزۈپ بېشىنى كۆتۈردى-دە، ئۆزىگە تۆت-بەش مېتىر نېرىسىدا بىر ئالىچىپار، يۇملاق-تۈمۈلەك <جىن> نىڭ راستتىنلا كېلىۋاتقانلىقىنى غۇۋا كۆردى، ھېكمىنىڭ كۆزلىرىدىن ئوت چاقناپ كەتتى.

**يۇملاقلاتماق** «يۇملاقلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**يۇملاقلاشماق** «يۇملاقلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**يۇملاقلانماق** «يۇملاقلىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**يۇملاقلىق** «يۇملاق» سۆزىنىڭ ئىسىم

شەكلى: — ئىككى قولىڭىزنىڭ يۇملاق يۇمۇلۇشىغا قاراپ، قولىڭىزغا يوشۇرۇلغان نەرسىنىڭ يۇملاقلىقىنى بىلدىم-دە، ئۆز قىياسىمنى ئېيتتىم، — دەپتۇ دانىشمەنىنىڭ چوڭ ئوغلى.

**يۇملاقلىماق** پ. يۇملاق ھالەتكە كەلتۈرمەك، يۇملاق قىلماق: سۇزۇپ گۆمىدىن تاشنى ئۇ، سىلىقلاپتۇ يۈزىنى. ئاندىن چاققا بېسىپتۇ، يۇملاقلاپ كېسىپتۇ.

**يۇملانماق** «يۇملىماق» پېئىلىنىڭ ئۆزلۈك دەرىجىسى: ئۇ شۇ گەپلەرنى قىلىۋاتقاندا، توپ-توپ كەپتەرلەر پەيدا بولدى ۋە ئۇلار يەرگە يۇملىنىپ كۆلگە چۆمۈلدى-دە، پەرىزاتقا ئايلاندى.

**يۇملىماق** پ ① دومىلىماق، دۈگىلىمەك: سۇ يەتتە يۇملىسا ھالال (ماقال). * بەگ يۇملاپ، تاشتىن-تاشقا سوقۇلۇپ، دارا ئېچىدىكى قار دۆۋىسىگە چۆكۈپ، كۆزدىن غايىب بولدى. ② كۆچمە. ئاغماق، يۈز ئۆرۈمەك.

**يۇمىنسۇ** ئى (خەن) <بوت> بىرخىل دورا ئۆسۈملۈكى. توپ چىقىپ، تال-تال بولۇپ يوغىنايدۇ، بىر مېتىر ئەتراپىدا ئۆسىدۇ، ئاچچىق بولۇپ، ئۇلاغ يېمەيدۇ، تۇغقان ئاياللارنىڭ قورسىقىدا يەل پەيدا بولۇپ قالغاندا قاينىتىپ ئىچىپ بەرسە ساقىيىدۇ.

**يۇم-يۇم** «يۇم» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى: ساددىلىق، خەير، ئانا! — دېدىم مەن يۇم-يۇم ياش تۆككىنىمچە ئۇنىڭ بىلەن ۋىدالىشىۋېتىپ.

**يۇم-يۇم يىغلىماق** ئۈن چىقارماي ئۆزلۈكسىز ياش تۆكمەك، ئۈنسىز يىغلىماق: بوۋاي بىرھازاغىچە يۇم-يۇم يىغلاپ كەتتى.

**يۇنان** ئى <تارىخ> قەدىمكى گرېتسىيە.

**يۇنان مەدەنىيىتى** <تارىخ> قەدىمكى يۇنان-رىم مەدەنىيىتىنىڭ مۇھىم بىر قىسمى، يەنى مىلادىيەدىن ئاۋۋالقى V، IV ئەسىرلەردە قۇللۇق تۈزۈم ھۆكۈم سۈرۈۋاتقان يۇناندا شەكىللەنگەن مەدەنىيەت.

**يۇنانچە** سۈپ. قەدىمكى يۇنانغا يەنى قەدىمكى گرېتسىيىگە، ئۇنىڭ تارىخى، مەدەنىيىتى، تىلى ۋە ئەدەبىياتىغا ئائىت، ئۇنىڭ بىلەن ئالاقىدار بولغان: يۇنانچە ئىمارەتلەر. يۇنانچە نەققاشچىلىق سەنئىتى.

**يۇندى** ئى. قازان، چىنە-قاچا، كىيىم-كېچەك، يۈز-قوللارنى يۇغاندىن كېيىن ھاسىل بولغان مەينەت سۇ: يۇندى قۇدۇقى. يۇندى تۆكمەك. * باي بىلەن ھېلىقى ئايالنىڭ باش-كۆزلىرى يۇندىغا مىلىنىپتۇ، بويۇنلىرىدىن ئېقىپ چۈشكەن يۇندى پۈتۈن ئەزاسىنى بۇلغاپتۇ.

**يۇندى چىراي** چىرايى كۆرۈمسىز، يۈز-كۆزى قارا-قۇرا، مەينەت: — بۇ سەنمۇ؟ يۈزۈڭنىمۇ دانىخورەك باسقان يۇندى چىراي بىرنېمە ئىكەنسەن! ئادەم قىياپىتىڭمۇ يوق، — دېدى روزى ئۇنىڭغا.

**يۇندىسىنى ئىتقا كۆرسەتمەيدىغان** كىشىلەرگە نەپ بەرمەيدىغان، ناھايىتى پىخسىق، بېخىل: — پولۇغا باسقان گۆشى بوۋاقنىڭ قۇلىقىدەك كېلىدىكەن، — دەيتتى ئايىمخان نۆۋەتتىكى ئۆيدىن چىققاندىن كېيىن، — ھالۋىغا سۇ يېغى ئىشلەتكىنىنى كۆرەيمۇ! ؟ يۇندىسىنى ئىتقا كۆرسەتمەيدىغانلاردىنمۇ نېمە؟ — دېدى سەيلىخان.

**يۇندى يولى** <بىن> يەر ئاستىغا كۆمۈلگەن ۋە يامغۇر سۈيى ياكى يۇندا قاتارلىقلارنى چىقىرىۋېتىدىغان تۇرۇبا

يولى.

**يۇندىپۇرۇش** ئى ① ئاشخانىلاردا ياكى چوڭ ئائىلىلەردە مەخسۇس يۇندى توشۇش، تۆكۈش ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئادەم. ② كۆچمە. غالچا: — ئاپلا، ما يۇندىپۇرۇشنى، — دېدى ئۇ تاقەت قىلالماي.

**يۇندىپۇرۇشلۇق** ئى ① يۇندى توشۇش، يۇندى تۆكۈش ئىشى، يۇندىپۇرۇشلار قىلىدىغان ئىش: — قاچانغىچە يۇندىپۇرۇشلۇق قىلىدىغاندۇ بۇ؟ ② غالچىلىق.

**يۇندىپۇرۇشلۇق قىلماق** ① يۇندى توشۇش، تۆكۈش ئىشى بىلەن شۇغۇللانماق. ② غالچىلىق قىلماق.

**يۇندىخور** ئى. كىشىلەرنىڭ خىزمىتىنى قىلىپ كۈن كەچۈرىدىغان كىشى، مالاي، غالچا: خۇدا ساقلىسۇن، مەن ساڭا ئوخشاش غالچا، يۇندىخور كۈچۈك بىلەن تەڭلىششنى ئۆلۈم بىلەن باراۋەر دەپ بىلمەن.

**يۇندىخورلۇق** ئى. مالايلىق، غالچىلىق: يۇندىخورلۇق قىلماق.

**يۇندىكەش** ئى. كىشىلەرنىڭ كىر-قىتىنى يۇيۇپ، ئۆي ئىشلىرىنى قىلىپ جان باقىدىغان ئادەم؛ چاكار، مالاي.

**يۇندىكەشلىك** ئى. چاكارلىق، مالايلىق: يۇندىكەشلىك قىلماق. * — سەن دۆلەتنىڭ كادىرىسەن، خىزمەت ۋاقتىدا خىزمەت قىلماي، باشقىلارنىڭ يۇندىكەشلىكىنى قىلىشنى ساڭا كىم قويىدى؟ — دېدى ئۇ.

**يۇنۇس** ئى (گرېك) ① بىر پەيغەمبەرنىڭ نامى: يۇنۇس پەيغەمبەر. ② <بوت> پۇراقلىق ئاپېلسىن. ③ ئەرلەرنىڭ ئىسمى.

**يۇنۇس بېلىقى** <زوئول> ← دېگىز دېلفىنى.

**يۇنۇس بېلىقچىلاپ ئۈزۈش** <تەن> سۇ ئۈزۈش تەنھەرىكىتىنىڭ بىر تۈرى. ئۇ كېپىنەكچىلەپ ئۈزۈشنىڭ ئۆزگەرگەن شەكلى بولۇپ، ئىككى قولنىڭ ھەرىكىتى كېپىنەكچىلەپ ئۈزۈشتىكى قول ھەرىكىتىگە ئوخشاپ كېتىدۇ، ئىككى پۇت بىرلا ۋاقىتتا سۇنى يۇقىرىدىن تۆۋەنگە ئۇرۇپ بېرىدۇ.

**يۇيغۇرلار** ئى <خىم> كىر چىقىرىش رولىغا ئىگە ماددىلار. سۇدىكى ئېرىتمىلەردە سۇنىڭ سىرتقى يۈزىنىڭ كېرىلىش كۈچىنى تۆۋەنلىتەلىگەچكە، نەملىنىش، ئىمۇلسىيىلىنىش، دىسپېرسلىنىش ۋە ماغزاپلىنىش قاتارلىقلار يۈز بېرىدۇ. تەبىئىيلىرىدىن گىلىتسېرىن، ئۆت سۇيۇقلۇقى ۋە ئاشقازان ئاستى بېزى قاتارلىقلار بار. سۈنئىيلىرىنىڭ تۈرلىرى ناھايىتى كۆپ بولۇپ، كۆپچىلىكى سوپۇن ۋە سىنتېتىك يۇيغۇرلارغا ئوخشاش يۈزنى ئاكتىپلاشتۇرغۇچىلاردۇر. ئادەتتە ئۇ سۇدا، كالىي ئىشقارى، بوراكس، ناترىي فوسفات، سۇيۇق شىشە قاتارلىق كىر چىقىرىش رولى بار ئانئورگانىك ماددىلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

**يۇيما** سۈپ. يۇيۇلغان: يۇيما تاش سۇۋاق.

**يۇيما تاش سۇۋاق** <بىن> ئۇششاق سوقۇلغان تاشنى لايغا ئارىلاشتۇرۇپ سۇۋالغان سۇۋاق، سەل-پەل قېتىشقاندىن كېيىن، يىرىكرەك چوتكا بىلەن چوتكىلىنىدۇ ياكى ناسوس بىلەن سۇ پۈركىلىپ، يۈزىدىكى لاي يۇيۇپ چۈشۈرۈۋېتىلىپ، تاشلار يېرىم كۆرۈنىدىغان ھالەتكە كەلتۈرۈلىدۇ. ئادەتتە ئۇ ئىمارەتلەرنىڭ سىرتقى قىسمىغا قارىتا ئىشلىتىلىدۇ.

**يۇيۇپ-تاراپ** يۇيۇپ ۋە تاراپ: موللا زەيدىننىڭ ئايالى ئايىمخان قىزى سەترەمنىڭ چېچىنى يۇيۇپ-تاراپ ئۆلتۈراتتى.

**يۇيۇپ-تاراپ يەرلىكىدە قويماق** ① مېيىتنى قائىدە-رەسىملەر بويىچە يەرلىككە قويماق. ② كۆچمە. پاك-پاكىز يوقاتماق، يوق قىلىۋەتمەك: تەۋەككۇل ئالتە كۈن ئىچىدە ئالتە زومىگەرنىڭ مال-مۈلكىنى يۇيۇپ-تاراپ يەرلىكىدە قويۇپتۇ.

**يۇيۇش** ① «يۇماق» پېئىلىنىڭ يەنە بىر خىل ئىسمدىشى. ② <كىنو> سۈرەتكە ئېلىنغان نۇر سەزگۈچى ماتېرىيالنى دورا سۈيىدە بىر تەرەپ قىلىش ۋە قايتا كۆچۈرۈش جەريانى.

**يۇيۇشماق** «يۇماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئاياللار ئالدىرىشىپ چېلەكلىرىنى تىزلىرىغا قىسىپ كالا ساغماقتا. يىگىت-قىزلار قاقاھلىشىپ كۈلۈپ مۇزدەك بۇلاق سۇلىرىدا يۈزلىرىنى يۇيۇشماقتا.

**يۇيۇق** ① ئى. يۇيۇش، يۇيۇش ئىشى. ② سۈپ. يۇيۇلغان.

**يۇيۇقسىز** سۈپ. يۇيۇلمىغان، تازىلانمىغان؛ كىر، مەينەت، پاسكىنا: يۇيۇقسىز قاچا. يۇيۇقسىز كىيىم. يۇيۇقسىز قازان.

**يۇيۇقلۇق** سۈپ. يۇيۇلغان، تازىلانغان، تازا، پاكىز: يۇيۇقلۇق چىنە. يۇيۇقلۇق كىيىم. * نېمىشقا زېرىكمەن، يۇيۇقلۇق كىيىملىرىڭىزگە دەزمال سالدىم، تۆگمىلىرىڭىزنى تولۇقلاپ، پۇختا قىلىپ قاداپ قويدۇم.

**يۇيۇلماق** «يۇماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: — مۇشۇ ئىشىم بىرەر ساۋابقا ياراپ، گۇناھلىرىم يۇيۇلۇپ كەتكۈدەك بولسا، ماڭا شۇنىڭ ئۆزى يېتىدۇ، — دېدى ئۇ.

**يۇيۇندۇرماق** «يۇيۇنماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: سادىق ئىشكتىن كىرىش بىلەنلا باللار ئۇنىڭ ئەتىگەن ئۆزلىرىنى يۇيۇندۇرۇپ قويماقچى بولغانلىقىنى ئېسىگە سالدى.

**يۇيۇندۇرۇشماق** «يۇيۇنماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**يۇيۇندۇرۇلماق** «يۇيۇنماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: شۇ ئارىدا مەلىكە زوھرا زىنداندىن ئازاد قىلىنىپ، هاممامدا يۇيۇندۇرۇلۇپ، مەلىكە كىيىمى كىيدۈرۈلۈپ ياساندۇرۇپ قويۇلغانىكەن.

**يۇيۇنماق** «يۇماق» پېئىلىنىڭ ئۆزلۈك دەرىجىسى: مۇھەممەت گىمناستىكىنى تۈگىتىپ، ئېرىقتىكى سۈزۈك سۇدا يۇيۇندى.

**يۆتەل** ئى <تىب> كاناي ۋە كانايچىلار ياللۇغلانغاندا، يات نەرسىلەر، فىزىكىلىق ياكى خىمىيىلىك نەرسىلەر غىدىقلىغاندا پەيدا بولىدىغان مۇداپىئە رېفلېكسى. يۆتەلگەندە، ئالدى بىلەن ئاۋاز يوچۇقى هىم يېپىلىدۇ. نەپەس ئېلىش مۇسكۇللىرى قىسقىراپ، ئۆپكىنىڭ ئىچكى بېسىمى يۇقىرى كۆتۈرۈلىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن ئاۋاز يوچۇقى ئېچىلىپ، ئۆپكىدىكى هاۋا ئېتىلىپ چىقىپ كېتىدۇ. ئۇنىڭ نەپەس ئېلىش يولىدىكى يات نەرسىلەرنى تازىلاش ۋە ئاجرىتىپ چىقىرىش رولى بار. يۆتەل نەپەس ئېلىش سىستېمىسى كېسەللىكلىرىنىڭ كۆپ ئۇچرايدىغان ئالامىتى بولۇپ، سەۋەبلىرى ناهايىتى كۆپ بولىدۇ.

**يۆتەلدۈرمەك** «يۆتەلمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**يۆتەللىك** سۈپ ① يۆتىلى بار. ② يۆتەل ياندىشىپ كېلىدىغان ياكى ئارىلاشقان.

**يۆتەلمەك** پ. نەپەس يولىنىڭ غىدىقلىنىشى، قىچىششى ياكى كېسەللىنىشى تۈپەيلىدىن خىرىلداق ۋە شاۋقۇن ئارىلاش قېقىلىپ-قېقىلىپ

كۈچلۈك زەرب بىلەن نەپەس چىقارماق: كېچە جىمجىتلىقنى بوۋاينىڭ ئارىلاپ-ئارىلاپ يۆتەلگەن ئاۋازى بۇزۇپ تۇراتتى.

**يۆتكەتمەك** «يۆتكىمەك» پېئلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: بويۇڭدا تۇرسام پېتىپ شۇنداق ئويغا، سۆز ئېچىپ سوئالىمغا جاۋاب بەردىڭ. يۆتكىتىپ خاتىرەمنى يېڭى بەتكە، قەلبىمنىڭ ئېتىزىغا گۈللەر تەردىڭ.

**يۆتكەش** ① «يۆتكىمەك» پېئلىنىڭ يەنە بىر خىل ئىسىمدىشى. ② <مال> مەزگىل ئاخىرىدىكى ھېساب بوغۇشتا، مەلۇم بىر ھېسابنىڭ قالدۇقىنى ياكى ئايرىمىسىنى يەنە بىر ھېسابقا ئاغدۇرۇش جەريانى.

**يۆتكەش رولى** <جۇغ> شامال، ئېقىن سۇ، مۇزلۇق، دېڭىز دولقۇنى ۋە ئېغىرلىق كۈچى قاتارلىقلارنىڭ يېمىرىلگەن، ئىروزىيىلەنگەن ماددىلارنى ئەسلىدىكى ئورنىدىن باشقا جايغا ئېلىپ بېرىش رولى.

**يۆتكەشمەك** «يۆتكىمەك» پېئلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: بۇ ئىش جىلغىدىكى بۇ ئاددىي دوختۇرخانىدىكىلەرنىڭ قولىدىن كەلمەيتتى. شۇڭا، قادىرنى ئەتىسى K ناھىيىلىك دوختۇرخانىغا يۆتكەشتى.

**يۆتكەلگەن** «يۆتكەلمەك» پېئلىنىڭ سۈپەتدىشى: يۆتكەلگەن توپا.

**يۆتكەلگەن سەرمايە** <مال> ئورۇنلاشقا تېگىشلىك بولسىمۇ ئورۇنلانمىغان ئاساسىي قۇرۇلۇش سەرمايىسى، يەنى ئالدىنقى يىلى ئورۇنلاشقا تېگىشلىك بولغان ئاساسىي قۇرۇلۇش سەرمايىسى بىلەن ئالدىنقى يىلدا ئەمەلىي ئورۇنلانغان ئاساسىي قۇرۇلۇش سەرمايىسى ئوتتۇرىسىدىكى پەرق.

**يۆتكەلمە** سۈپ. يۆتكىلىدىغان، يۆتكەشكە بولىدىغان، كۆچمە: يۆتكەلمە مەبلەغ.

**يۆتكەلمە توك** <فىز> زەرەتلىنىش ۋە زەرەتسىزلىنىش جەريانىدا كوندېنساتوردىكى ئۆزگىرىۋاتقان ئېلېكتر مەيدانى.

**يۆتكەلمە مەبلەغ** <س ئىق> سوتسىيالىستىك كارخانىلار خام ئەشيا سېتىۋالىدىغان ۋە ئىش ھەققى بېرىش قاتارلىقلاردا ئىشلىتىلىدىغان مەبلەغ.

**يۆتكەلمە ئېلىش** <كىنو> كىنوغا ئېلىش ئاپپاراتلىرىنى يۆتكىلىپ تۇرىدىغان ماشىنا ياكى كۆتۈرۈلۈپ-تۆۋەنلەپ تۇرىدىغان ماشىنىغا قويۇپ، ھەر خىل ئۇسۇللار بىلەن سۈرەتكە ئېلىش كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

**يۆتكەلمەك** «يۆتكىمەك» پېئلىنىڭ ئۆزلۈك دەرىجىسى: زۇلخۇمار ئېرىق بويىدا كەشتە تىكىپ ئولتۇرۇپ، نەي ئاڭلىماقتا. نەي ئاۋازى شوق پەدىگە يۆتكىلىدۇ.
* كېيىنچە مەن باشقا ئورۇنغا يۆتكەلدىم.
* ئالىم بىلەن سەمەت شۇ قېتىمقى تالاش-تارتىشتىن كېيىن زادىلا چىقىشالماي يۈردى، كېيىنچە ئۇلارنىڭ سۈركىلىشى تېخىمۇ كۈچەيدى. كېيىن ئالىم ئۆستۈرۈلۈۋىدى، سەمەت يېرىم ئايمۇ تۇرماي باشقا ئورۇنغا يۆتكىلىپ كەتتى.

**يۆتكىگۈچى** سۈپ. يۆتكەش رولىنى ئوينايدىغان، يۆتكەش خىزمىتىنى قىلىدىغان، يۆتكەيدىغان: يۆتكىگۈچى فاكتور.

**يۆتكىگۈچى فاكتور** <بىئول> سەزگۈرلىمگا ھۈجەيرىلىرىدىن ئېلىنىدىغان بىر خىل يۆتكەش رولىغا ئىگە، ئاقسىللىق خۇسۇسىيىتى بولمىغان ماددىلار. ئۇلار مەلۇم بىر يەككە تەندىكى كېچىكىپ

يۈز بېرىدىغان زىيادە سەزگۈرلىشىش رېئاكسىيىسىنى باشقا بىر نورمال يەككە تەنگە يۆتكەش رولىنى ئوينايدۇ.

**يۆتكىگۈچى ئېنزىم** <بىئول> مۇئەييەن خىمىيلىك گۇرۇپپىغا قارىتا كاتالىزاتورلۇق رول ئويناپ، بىر مولېكۇلىنى يەنە بىر مولېكۇلىغا يۆتكەپ بېرىدىغان ھەر خىل ئېنزىملار.

**يۆتكىلىش** ① «يۆتكەلمەك» پېئىلىنىڭ يەنە بىر خىل ئىسىمدىشى. ② <بىئول> يامان سۈپەتلىك ئۆسمە ھۈجەيرىسىنىڭ دەسلەپ ھاسىل بولغان ئورۇنىدىن بەدەننىڭ باشقا جايىغا كۆچۈشى. ③ <فىز> ماددىي نۇقتىنىڭ ئورۇن ئۆزگىرىشىنى ئىپادىلەيدىغان فىزىكىلىق مىقدار. بۇ بىر ۋېكتور بولۇپ، ئۇنى دەسلەپكى ئورنىدىن ئاخىرقى ئورنىغا قارىتا يۆنەلگەن ستىرېلكىلىق كېسىك ئارقىلىق ئىپادىلەشكە بولىدۇ.

**يۆتكىلىشچان** سۈپ. يۆتكىلىپ تۇرىدىغان، يۆتكىلىدىغان: لوپنۇر كۆلى-جۇڭگودىكى مەشھۇر يۆتكىلىشچان كۆل. بۇ كۆلنىڭ ھەجمى ۋە شەكلىدە كۆپ قېتىم ئۆزگىرىش بولغان.

**يۆتكىمەك** پ ① بىرەر نەرسىنى ئەسلىي ئورنىدىن قوزغىماق، توشۇماق، كۆچۈرمەك: بىزدە يىراقتىن ئاشلىق يۆتكىمە، يېقىندىن ئوت-چۆپ يۆتكىمە دېگەن تەمسىل بار، — دېدى ئۇ. * ئۇلار بۇ ئاشلىقنى كېچىسى ماشىنا بىلەن شەھەرگە يۆتكەۋاتقانىمش. * — ئاڭلىسام، ئۆزلىرىنى ۋىلايەتلىك دوختۇرخانىغا يۆتكەيدىغانىنىڭ گېپى بولغان ئىكەنغۇ؟ — دېدى ئۇ قەيسەرگە. ② كۆچمە. بۇرىماق، ئۆزگەرتمەك (گەپ-سۆز، چاقچاق ھەققىدە): كامالنىڭ سۆز قىستۇرۇشى بىلەنلا كۆپچىلىك گەپنى بىردىنلا توي ئۈستىگە يۆتكىدى. * — تاتلىق سۆزلىرىڭىز قانچە بولسا، شۇنچە ئاڭلىغۇم بار، — دەپ گەپنى چاقچاققا يۆتكىدى كامال. * ئۇ ئەمدى كۆزلىرىنى پەنجىرىدىن يۆتكىدى. ③ كۆچمە. يېڭىلىماق، ئالماشتۇرماق: كىيىم يۆتكىمەك. پەدە. يۆتكىمەك. * ئۇ كېيىن ئۈن-تىنسىز ھالدا راۋابنى يېڭى پەدىگە يۆتكىدى. * ياق ئاپا، ئۆزلىرى بېرىپ كەلسىلە، مەن دادامنىڭ كىيىمنى يۇيۇپ قوياي، دوختۇرخانىدىن چىققاندا يۆتكەيدىغان كىيىمى يوق.

**يۆتۈك** سۈپ. دىئال. تولۇقلىما، قوشۇمچە.

**يۆتىلىشمەك** «يۆتەلمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**يۆگەتمەك** «يۆگىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**يۆگەشتۈرمەك** «يۆگەشمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**يۆگەشكۈچى** سۈپ. يۆگىشىدىغان، يۆگىشىپ ئۆسىدىغان: يۆگەشكۈچى غول.

**يۆگەشكۈچى غول** <بوت> ئىنچىكە، ئۇزۇن ھەم يۇمشاق، ئاجىز بولىدىغان ۋە تىك ئۆسەلمەستىن باشقا تىرەپ تۇرغۇچى نەرسىلەرگە يۆگىشىپ، ئۈستىگە قاراپ ئۆسىدىغان ئۆسۈملۈك غولى. مەسىلەن، ھەشقىپىچەك، ئاش پۇرچاق، كۆپ گۈللۈك قامچىئوت، قىزىل پىلەك قاتارلىق ئۆسۈملۈكلەرنىڭ غولى.

**يۆگەشمە** سۈپ. يۆگىشىپ تۇرىدىغان، بىر-بىرىگە چىرماشقان، ئۆزئارا گىرەلەشكەن: سۇرگۈنلۈك چاقمىقى چۈشتى بېشىڭغا، يۆگەشمە يوللاردا قالدى ئىزلىرىڭ. سەن ياققان گۈلخانلار كارۋانغا چىراغ، زېمىنغا دەريادۇر يۈرەك سۆزلىرىڭ.

**يۆگەشمەك** ① «يۆگىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار ھە دەپ

داستىخانلىرىنى يۆگىشىپ، ئۆيدىن چىقىشقا ئالدىراشماقتا. ② يۆگىلمەك: قاپقارا سۇمبۇل چاچلىرى ئۇنىڭ ئەۋرىشىم بويلىرىغا يۆگەشكەن، يۇمران لەۋلىرى ئەمدىلا ئېچىلىۋاتقان قىزىل ئەتىرگۈلدىن زادىلا پەرقى يوق ئىكەن.

**يۆگەك** ئى. بوۋاقلارنى يۆگەيدىغان ياكى ئاستىغا سالىدىغان بۇيۇم؛ زاكا: ئۇلار بالىنى زەرباب يۆگەككە ئوراپ، بىر قولىغا يەتتە دانە مەرۋايىتنى باغلاپ، تاشلاپ قويۇپ يولغا راۋان بولۇپتۇ.

**يۆگەكسىز** سۈپ ① يۆگىكى يوق، يۆگەك تۇتمىغان: يۆگەكسىز بالا. ② يۆگىلمىگەن، ئورالمىغان؛ چېچىق، ئوراقسىز: يۆگەكسىز مال.

**يۆگەكلەنمەك** «يۆگەكلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: سەن تۇغۇلغان بوران-چاپقۇنلۇق مەزگىل، تۇنۇگۈنكى ئىشتەك تېخى يادىمدا. قۇش بالىسى چاڭگىسىدا ياتقاندەك، يۆگەكلىنىپ ياتار ئىدىڭ ئالدىمدا.

**يۆگەكلىك** سۈپ ① يۆگەلگەن، يۆگەپ قويۇلغان: يۆگەكلىك بالا. * ئەسكەر چۈشەر شۇدەم چەكسىز سۇلارغا، باققانلىرى ئۈمىد بىلەن ۋە دەردلىك. ھەم قىرغاقتا تۇن ئاسمىنى ئاستىدا، تاشلار ئارا ياتقان بوۋاق يۆگەكلىك. ② يۆگەك قىلىشقا ئىشلىتىلىدىغان، يۆگەك قىلىشقا بولىدىغان: يۆگەكلىك رەخت.

**يۆگەلمەك** «يۆگىمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: بۇلۇڭغا قېلىن كاردوندىن ياسالغان ئىككى دانە دورا ساندۇقى بىر-بىرىنىڭ ئۈستىگە تىكلەپ قويۇلۇپ، گۈللۈك كلېيونكا بىلەن يۆگەلگەنىدى.

**يۆگەم** ① سۈپ. ئورالغان، يۆگەپ قويۇلغان: ئەنە پولات شۇنچە خۇشال ئىشلەپ يۈرىدۇ، ئىش ئورنىنى كۈندە ھارماي نەچچە كېزىدۇ. بىر قولىدا يۆگەم مېتىر، بىرىدە قەغەز، گاھ بۇ يەرنى، گاھ ئۇ يەرنى ئۆلچەپ كۆرىدۇ. ② مىق. ساناق سانلار بىلەن كېلىپ ئورالغان ياكى يۆگىلىدىغان نەرسىلەرنىڭ مىقدارىنى بىلدۈرىدۇ: بىر يۆگەم يىپ. ئىككى يۆگەم تاماكا. * قۇربان قىلىچ يۈرىكى ئېزىلگەندەك بولۇپ، بىر «ئۇھ» تارتىپ قويدى-دە، يانچۇقىنى قېقىپ يۈرۈپ، بىر يۆگەم موخۇركا تاپتى.

**يۆگەم مېتىر** ← **يۆگمە مېتىر.**

**يۆگەنمەك** «يۆگىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆزلۈك دەرىجىسى: ئېزىز شۇ ئۆيىنىڭ يېنىغا بېرىپ دېرىزىدىن بايىقى ئىككى نەپەر قاراۋۇلنىڭ يوغان جۇۋىلارغا يۆگىنىپ كارىۋاتتا قاتتىق ئۇخلاۋاتقانلىقىنى كۆردى.

**يۆگەي** ئى <بوت> يۆگمەچ ئائىلىسىدىكى بىر يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. غولى يىپتەك ناھايىتى ئىنچىكە ھەم سېرىق، ئۈستىدە باشقا ئۆسۈملۈكلەر تېنىدىكى ئوزۇقلۇق ماددىلارنى سۈمۈرىدىغان ئورگىنى بولىدۇ. يوپۇرمىقى رودىمېنتلاشقان، گۈلى ئاق ۋە كىچىك. كۆپىنچە پۇرچاق ئائىلىسىدىكى ئۆسۈملۈكلەر ئۈستىدە پارازىت ياشايدۇ. ئۆسۈملۈكلەرنىڭ ئۆسۈشىگە زىيانلىق. ئۇرۇقى سارغۇچ قوڭۇر بولۇپ، دورا قىلىنىدۇ. بۆرەكنى قۇۋۋەتلەش، ئىچ سۈرۈشنى توختىتىش رولىغا ئىگە.

**يۆگمە** سۈپ. يۆگىلىدىغان، يۆگەپ قويۇلىدىغان: يۆگمە خەرىتە. يۆگمە سۈرەت.

**يۆگمە مېتىر** ئوراش ۋە چىقىرىشقا ئەپچىل بولغان، قاپلىق ئۆلچەش

ئەسۋابى. بەزىلىرى تاسمىدىن، يەنە بەزىلىرى مېتالدىن ئىشلىنىدۇ. ئۇستىدە سانتىمېتىر شكالىلىرى بولىدۇ.

**يۆگىمەچ** I ① ئى <بوت> يۆگىمەچ ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، يۆگىشىپ ئۆسىدىغان سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. يوپۇرمىقى ئوقياسىمان بولۇپ، نۆۋەتلىشىپ ئۆسىدۇ، سېپى ئۇزۇن بولىدۇ. گۈلى يوپۇرماق قولتۇقىدا يالغۇز ئۆسىدۇ، رەڭگى سۈس قىزىل، ئاقۇچ بولۇپ، ۋارونكىغا ئوخشايدۇ. غوزا مېۋىسى شار شەكىللىك. ئۇ ئېتىزلىقتىكى ياۋايى ئوتلارنىڭ بىرى بولۇپ، يىلتىزىدىن كۆپىيىش ئىقتىدارى يۇقىرى. گۈلى دورا قىلىنىدۇ، قان توختىتىش رولىغا ئىگە. ② سۈپ. يۆگەلگەن، يۆگەلگەن ھالەتتىكى: يۆگىمەچ غول.

**يۆگىمەچ غول** <بوت> تىك تۇرالمايدىغان، چوقۇم باشقا نەرسىلەرگە يۆگىشىۋالغاندىن كېيىنلا ئاندىن يۇقىرىغا قاراپ ئۆسەلەيدىغان غول. مەسىلەن، پېچەكگۈل، ھەشقىپېچەك قاتارلىقلارنىڭ غولىغا ئوخشاش.

**يۆگىمەچ** II ئى. دىئال. يۆگىمەچ قىلىپ قاسقاندا پىشۇرۇلىدىغان ھورنان؛ خۇاجەر.

**يۆگىمەك** پ. مەلۇم نەرسىنى بىرەر نەرسە بىلەن بەلگىلىك شەكىلدە ئورىماق: سەللە يۆگىمەك. * موللازەيدىن خۇرجۇندىن بىرنەچچە قۇرۇق خالتىلارنى ئېلىپ تاشلارنى يۆگەپ قويدى. * ئۇ سومكىدىكى يالتىراقنى بىر غېرىچ كەڭلىكتە يىرتىۋېلىپ چوڭ بىر تۈپ نەشپۈتنىڭ غولىغا يۆگىدى.

**يۆگىنىشمەك** « يۆگەنمەك » پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**يۆلەپ-سىلاپ** بىرەر ئامال تېپىپ، ئەپلەپ-سەپلەپ، يۆلەپ ۋە سىلاپ: يۆلەپ-سىلاپ قولدىن ئۆتكۈزمەك.

**يۆلەتمەك** « يۆلىمەك » پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: يېتىمنىڭ كۆڭلى قانچىدۇر، چۈشىنىگە مۇنارنى يۆلەتكۈنچىدۇر (ماقال).

**يۆلەشتۈرمەك** پ. يۆلەش ۋە شۇ خىلدىكى ھەرىكەتلەرنى قىلماق: بوۋاي يېنىمغا كېلىپ گەپ-سۆزسىز مېنى يۆلەشتۈردى-دە، ئالدىراش ئۆيگە ئېلىپ كىردى.

**يۆلەشمەك** « يۆلىمەك » پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: — ئۇكام ئۇنىڭ تۇغقانلىرى ئۇنى كۆپ يۆلەشتى، — دېدى سايىت ئاكام ماڭا.

**يۆلەك** ئى ① بىرەر نەرسىنى يۆلەپ، كۆتۈرۈپ، تۇتۇپ تۇرۇش ئۈچۈن قويۇلىدىغان مەلۇم ئۇزۇنلۇقتىكى ياغاچ، تۆمۈر قاتارلىق نەرسىلەر؛ تىرەك، تۈۋرۈك، تايانچ: سوپى بىر خىل ھەيرانلىق بىلەن تولىمۇ جىددىيلىشىپ، ئۆزىنى دەرۋازىنىڭ يۆلىكىگە ئالدى ۋە تامغا چاپلاشتى. ② كۆچمە. يۆلەيدىغان، قوللايدىغان، ياردەم بېرىدىغان ئادەم؛ ھەمراھ، مەدەتكار، پاناھ: يۆلەك بولماق. * قوشنا بولساڭ يۆلەك بول، بولمىسا بۆلەك بول (ماقال). * نادىر ئەپەندى دادىسىنىڭ سىرلىق ئۆلۈمى توغرىسىدا شاكىيو بىلەن ئەللىك بېشىدىنلا گۇمان قىلىپ قالمىدى. ئۇنىڭ كەينىدە يۆلەك بولۇپ تۇرغان ئەخمەتباي دەپ ئويلىدى. * ئۇ مەزگىلدە شەھەردىن تارقاقلاشتۇرۇلغان پېشقەدەم كاسىپقا مەشۇر تاغدەك يۆلەك ئىدى.

**يۆلەك بولماق** ياردەم بەرمەك، قوللىماق: ئۇلار بىزنى يېڭەلمەيدۇ، بىز

چوقۇم يېڭىمىز. كۆك تەڭرىنىڭ ئىرادىسى شۇنداق. تاغ بىزنىڭ ئاتىمىز، يەر بىزنىڭ ئانىمىز. تاغ ئاتا بىزگە يۆلەك بولدۇ، يەر ئانا بىزگە كۈچ بەردى.

**يۆلەكچى** ئى. بىرەر ئىشتا قوللاپ-قۇۋۋەتلىگۈچى، مەدەت بەرگۈچى، ھىمايە قىلغۇچى؛ قوغدىغۇچى، ھامىي: يۆلەكچى بولماق. * ئايخان ئەما بولۇپ، كۆچىدىن قېلىپ باي ھاجىنىڭ ئۆيىدىن ھەيدەپ چىقىرىلغاندا، باشپاناھ، يۆلەكچى ئىزلەپ بارغاندى.

**يۆلەكچى بولماق** باشقىلارغا مەدەتكار، ھىمايىچى بولماق: ئەكسىلھەرىكەتلەر قارشى كۈرەشكە ياردەم قىلماقتا ۋە مەملىكەتتە ھەربىي فېئودال دىكتاتۇرىسىنىڭ تىكلىنىشىگە يۆلەكچى بولماقتا.

**يۆلەكچىلىك** «يۆلەكچى» سۆزىنىڭ ئابستراكت ئىسىم شەكلى.

**يۆلەكلىك** سۈپ. يۆلەنگەن، يۆلەپ قويۇلغان: مەن يوتقاندىن قولۇمنى چىقىرىپ بېشىمدىكى يۆلەكلىك مىلتىقىمنى ئانچە-مۇنچە سىلاپ قويىۋاتتىم.

**يۆلەن** (توغرىسى: ئۆلەڭ) ← **ئۆلەڭ**.

**يۆلەنچۈك** ئى ① يۆلىنىدىغان نەرسە، تايانچۇق: ئۇ ئاستا بېشىنى كۆتۈرۈپ، سەم كارىۋاتنىڭ يۆلەنچۈككە بېشىنى تىرەپ ئولتۇردى. ② كۆچمە. يار-يۆلەك بولغۇچى، ياردەمچى، ھامىي: ئوغۇل بالا ئانىنىڭ نەزىرىدە قايناق تۇرمۇش كۈرىشىدە بىرلىكتە ئۈزۈپ ماڭغۇچى يۆلەنچۈك ئىدى.

**يۆلەنچۈكسىز** سۈپ. يۆلەنچۈكى يوق، يۆلەنچۈكى بولمىغان: ھەر قېتىم بۇ جاھان بىلەن خوشلاشماقچى بولغىنىمدا، ئاجىز، يۆلەنچۈكسىز دادام كۆز ئالدىمدىن كەتمىدى.

**يۆلەنچۈكلۈك** سۈپ. يۆلەنچۈكى بار، يۆلەنچۈك ئورنىتىلغان: ئابدۇكېرىم ئاباباسوپىنىڭ چاقىرىشى بىلەن بۆلۈمگە كىرگەن نىزامىدىن ئۇستەل يېنىدىكى يۆلەنچۈكلۈك ئورۇندۇقتا ئولتۇردى.

**يۆلەنچۈكلۈك ئورۇندۇق** ← **يۆلەنمە ئورۇندۇق**.

**يۆلەنچى** ئى. ئارقا تىرەك، قوللىغۇچى، ھامىي: ئۇ ئەينىدىنىڭ ياردىمى، قوللىشىنى خىيالىغا كەلتۈرۈپ رازىلىق بەردى. بىراق، ئۇنىڭغا تاغدەك يۆلەنچى بولىدىغان دوستى ئۇرۇقلۇق بوغداي تېگىشىپ كېلىۋېتىپ، قاتناش ھادىسىسىدە قازا تاپتى.

**يۆلەنچىسىز** سۈپ. يۆلەنچىسى يوق، يۆلەنچىسى بولمىغان، يار-يۆلەكسىز: دادام تۇرمىدە، ئانام بولسا ئاغرىقچان، ئۇكىلىرىم كىچىك، مەن بولسام ئەنە يۆلەنچىسىز قالغان ئانامنى يىلدا بىرەر قېتىملا يوقلىيالايمەن.

**يۆلەنمە** سۈپ. يۆلىنىدىغان، يۆلىنىپ ئولتۇرىدىغان: يۆلەنمە ئورۇندۇق.

**يۆلەنمە ئورۇندۇق** يۆلىنىشكە باپ، يۆلىنىشكە لايىق قىلىپ ئىشلەنگەن ئورۇندۇق: ئۇ ئاللىقاچان ئەتراپنىڭ تازىلىقىنى تۈگىتىپ، گۈلزارلىق يېنىدىكى يۆلەنمە ئورۇندۇقتا بېرىپ ئولتۇراتتى.

**يۆلەنمەك** پ ① بىرەر نەرسىگە تىرەنمەك، تايانماق: تامغا يۆلەنمەك. * خوتۇنغا ئىشەنمە، قومۇشقا يۆلەنمە (ماقال). * سۇلتان ھويلىغا چىققاندا مەتروزى ھويلىدىكى ئالما دەرىخىنىڭ غولىغا يۆلەنگىنىچە ئاسماندىكى ئايغا قاراپ جىمجىت تۇراتتى. ② كۆچمە. بىرەر مەقسەت ۋە نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتا بىرەر نەرسىنى مەنبە، تايانچ، ئاساس قىلماق، ئۇنىڭغا تايانماق:
— ئەلۋەتتە شۇنداق، — دېدى نىزامىدىن،
— ئۇرۇش قىلىشتا كۆپچىلىككە يۆلەنمەي بولمايدۇ.

**يۆلىمەك** پ ① ئۆرۈلگەن، يىقىلغان ياكى

ئۆرۈلۈش، يىقىلىش ئالدىدا تۇرغان نەرسىنى قول، مۇرە قاتارلىقلار بىلەن تۇرغۇزۇش، ئۆرە قىلىش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلماق؛ ئۆرە قىلماق، تۇرغۇزماق: ھاكىمجان يۈگۈرۈپ بېرىپ دادىسىنىڭ بېشىنى يۆلىدى. * روزى قۇربان مەسۇماخۇننىڭ قولتۇقىدىن يۆلەپ ماشىنىغا چىقاردى. ② تىكلىمەك، تىرەپ قويماق: قىز يەردە ياتقان ۋېلىسىپىتنى يۆلەپ تۇرغۇزدى. * ئۇلار ئۆكۈزنى كىم ئېلىش، قاچان سويۇش ھەققىدە خېلى ئۇزۇنغىچە تالاشتى. دۇتارنى قولىدىن چۈشۈرمەي، تىرىكشىپ ئولتۇرغان شايى ناي-ناي ئاخىرى دۇتارنى تامغا يۆلەپ قويۇپ سۆزگە ئارىلاشتى. ③ يېنىغا، ئەتراپىغا توپا قاتارلىقلارنى دۆۋىلىمەك، ئۇستى-ئۇستىگە قويماق: ياغيوغا توپا يۆلىمەك. قوناققا توپا يۆلىمەك. ④ كۆچمە. ياردەم بەرمەك، ھەمدەم بولماق، قوللىماق: كەمبەغەللەرنى يۆلىمەك. * بۇلار ئاتا-ئانىسى ئۆلگەندىن كېيىنمۇ ئىناق ياشاپ، بىر-بىرىنى ھەممە جەھەتتە يۆلەپ يار-يۆلەكتە بولىدىكەن. ⑤ كۆچمە. ئارتماق، ئىتتىرىپ قويماق، تاقىماق: قازى، بوجاڭ، شاگيولار مىنگەن ئىدى يوغان ئات. دىنغا يۆلەپ بىزلەرنى ئەزگەنىدى قاتمۇقات.

**يۆمەپ-چۆمەپ** يۆمەپ ۋە چۆمەپ، يۆمەپ ۋە شۇ خىل ئىشلارنى قىلىپ: يۆمەپ-چۆمەپ بىردەمدىلا تۆگەتتىم.

**يۆمەتمەك** «يۆمسمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**يۆمەشتۈرمەك** يۆمەش ۋە شۇ خىل ئىش-ھەرىكەتنى قىلماق.

**يۆمەشمەك** «يۆمسمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**يۆمەك** ئى. يىرتىلغان كىيىم ياكى پىچىلغان رەختلەرنىڭ چاكلىرىنى تۆنەپ تىكىدىغان بىر خىل تىكىش ئۇسۇلى.

**يۆمەكچى** سۈپ. يىپ يۆمەشكە ئادەتلەنگەن، يىپ يۆمەيدىغان: يۆمەكچى تورغاي.

**يۆمەكچى تورغاي** <زوئول> بىر خىل قۇش. تېنىنىڭ ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 11 سانتىمېتىر، قۇيرۇقىنىڭ ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن يېرىمىنى ئىگىلەيدۇ. ئۇستى قىسمىنىڭ رەڭگى زەيتۇن يېشىل، كۆز ئەتراپى ۋە قېشى سېرىق، بوغۇز قىسمىنىڭ رەڭگى ئاق، قالغان قىسىملىرىنىڭ رەڭگى قوڭۇر بولۇپ ئازراق سېرىق ئارىلاشقان، چاڭگىسىنى باجىياۋ ياكى باشقا چوڭ تېپتىكى يوپۇرماقلارغا سالىدۇ، يوپۇرماقنى يۆگەپ، گىرۋىكىدىن تۆشۈك ئېچىپ، يىپ ئۆتكۈزۈپ يۆمەيدۇ، ئىچىنى ماموق، مۇخلار بىلەن تولدۇرىدۇ. بۇنىڭ بىلەن يۇملاق، چوڭقۇر بولغان چاڭگا پۈتۈپ چىقىدۇ. ئۇ ئادەتتە ھاشاراتلار بىلەن ئوزۇقلىنىدۇ. مەملىكىتىمىزنىڭ جەنۇبىدا ياشايدۇ.

**يۆمەكلىك** سۈپ. يۆمەلگەن، يۆمەپ قويۇلغان: چاپىنىمنىڭ يىرتىلغان يېرى يۆمەكلىك تۇرىدۇ، كىمنىڭ يۆمەپ قويغانلىقىنى بىلمىدىم.

**يۆمەلمەك** «يۆمسمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**يۆمسمەك** پ. يىرتىلغان جايىنى ياكى پىچىلغان پارچە رەختنى ئۇششاق تۆنەپ تىكمەك: جۇۋا يۆمسمەك. * سېنىڭ دائىم كۆزۈڭدە لىق ياش، داداڭ بېلى يادەك ئېگىلگەن. باي قامچىسى كۆن بويى خۇددى دولىسىغا يۆمەپ چىگىلگەن.

**يۆنەلدۈرمەك** «يۆنەلمەك» پېئىلىنىڭ

مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**يۆنەلمەك** پ. بىرەر ياققا قاراپ يۈرۈش قىلماق، ماڭماق.

**يۆنىلىش** ① «يۆنەلمەك» پېئىلىنىڭ ئىسىم شەكلى: ئۇلار قۇمغا چۈشكەن ئىزلارغا قاراپلا نېمىنىڭ ئىزى ئىكەنلىكىگە ئېنىق ھۆكۈم قىلالايتتى. ئىز چۈشكەن يۆنىلىش بويىچە قاپقانلىرىنى قۇراتتى. ② بىرەر نەرسىنىڭ ھەرىكەتتىكى يولى: توشقان يۈرسەتتىن پايدىلىنىپ يۆنىلىشنى ئۆزگەرتىپ قاچتى. ③ كۆچمە. ۋەزىيەت، ئېقىم: بىزنىڭ ئەدەبىيات-سەنئەت يۆنىلىشىمىز خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش، سوتسىيالىزم ئۈچۈن خىزمەت قىلىشتىن ئىبارەت.

**يۆنىلىش ئارمىيىسى** <ھەرب> مەلۇم بىر يۆنىلىشتىكى ئۇرۇش قىلىش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغان ئارمىيىنىڭ ئەڭ يۇقىرى دەرىجىلىك گۇرۇپپا بۆلىكى. ئۇنىڭغا بىرقانچە گۇرۇپپا ئارمىيە، بېكىتۈەن ياكى كورپۇس قارايدۇ.

**يۆنىلىش سىزىقنى سىزىش** <مات> چېرتيوژ ئۈستىدە يەر يۈزىدىكى كېسىكنى ئەسلىدىكى يۆنىلىشى بويىچە نۇر قىلىپ تەسۋىرلەش.

**يۆنىلىش كېلىش** <تىل> كېلىش كاتېگورىيىلىرىنىڭ بىرى، يەنى ھەرىكەتنىڭ نىشانى، ئوبيېكتى، مەقستى، ۋاستىسى، شۇنداقلا بەزى لوگىكىلىق ئىگىسى قاتارلىق مەنىلەرنى ئىپادىلەپ كېلىدىغان كېلىش، ئۇيغۇر تىلىدا يۆنىلىش كېلىش تۇرغۇن سۆزلەرگە «-غا/-قا، -گە/-كە» قوشۇمچىلىرىنىڭ قوشۇلۇشى ئارقىلىق ياسىلىدۇ. مەسىلەن، «ئاشلىققا»، «ئالمىغا»، «ئۆيگە»، «مەدەنكە»، «قەيسەرگە»

دېگەنگە ئوخشاش.

**يۆنىلىشنى ئۆزگەرتكۈچ** <فىز> تۇراقلىق توك ماشىنىسى قاتارلىقلاردىكى ياكور ئورام گۇرۇپپىسى دېتالىنىڭ ئىككى ئۇچىنى ئۇلايدىغان، توكنىڭ يۆنىلىشنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان يېرىم چەمبەر شەكىللىك ھالقا.

**يۆنىلىشچان** سۈپ. بىر ھالەتتىن باشقا بىر ھالەتكە ئۆزگىرىپ تۇرىدىغان، يۆنىلىش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە بولغان: يۆنىلىشچان ھەرىكەت. * ئاتا-ئانىنىڭ بالىغا تۇتقان پوزىتسىيىسى مۇستەبىتلىك، رەت قىلىش، قوپاللىق قىلىش ياكى ھەددىدىن ئارتۇق ئەركىلىتىش بولسا، بالا ئاسانلا يۆنىلىشچان، بەگباش، قورقۇنچاق، تەرسا بولۇشتەك خاراكتېر ئالاھىدىلىكلىرىنى يېتىلدۈرىدۇ.

**يۆنىلىشچانلىق** «يۆنىلىشچان» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: ئادەمنىڭ تېمپېرامېنتى كەيپىياتىنىڭ پەيدا بولۇش سۈرئىتى، كۈچلۈكلۈكى ۋە قىلمىشىنىڭ يۆنىلىشچانلىقى ياكى جانلىقلىقى قاتارلىق تەرەپلەردە ئىپادىلىنىدۇ.

**يۆنىلىشچانلىق شەكىللەر** <فىز> مەلۇم بىر تەكشىلىك ۋە مەلۇم بىر چاستوتىدا، ئېنېرگىيە ئالماشتۇرغۇچىنىڭ سەزگۈرلۈكي ئاۋاز دولقۇنى يۆنىلىشىنىڭ فۇنكسىيىسى قىلىپ ئېلىنىدىغان شەكىللەر.

**يۆنىلىشچانلىق فاكتورى** <فىز> ئېنېرگىيە ئالماشتۇرغۇچىنىڭ يۆنىلىش خاراكتېرىستىكىسىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىشتە قوللىنىلىدىغان پارامېتىر.

**يۆنىلىشچانلىق ئىندېكسى** <فىز> ئېنېرگىيە ئالماشتۇرغۇچىنىڭ باش ئوق يۆنىلىشىدىكى dB ئۆلچەمىدىكى سەزگۈرلۈك خاراكتېرىستىكىسىنى چۈشەندۈرۈش ئۈچۈن

قوللىنىلغان پارامېتىر.

**يۆنىلىشسىز** سۈپ. يۆنىلىشى يوق، يۆنىلىشى بەلگىلەنمىگەن: يۆنىلىشسىز تۈز سىزىق. يۆنىلىشسىز مىكروفون.

**يۆنىلىشسىز تۈز سىزىق** <مات> يۆنىلىشى بەلگىلەنمىگەن تۈز سىزىق.

**يۆنىلىشسىز مىكروفون** <فىز> سەزگۈرلۈكى ئاۋاز دولقۇنىنىڭ كېلىش يۆنىلىشىگە قاراپ ئاساسەن ئۆزگەرمەيدىغان مىكروفون ئادەتتە مىكروفونلارنى سىناشتا ئىشلىتىلىدۇ.

**يۆنىلىشلىك** سۈپ. يۆنىلىش ھاسىل قىلالايدىغان، يۆنىلىش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە، يۆنىلىشچان: تىز ۋە كۆكرىكى يەرگە ياكى يەر بىلەن ئوخشاش يۆنىلىشلىك تەكشىلىككە تېگىپ تۇرىدۇ.

**يۆنىلىشلىك ئانتېننا** <فىز> يۆنىلىشى بولغان ئانتېننا. رادىئو قوبۇللىغۇچلاردا كۆپىنچە ھالقىسىمان بولىدۇ. رادار، ئالاقە ئۈسكۈنىلىرىدە كۆپىنچە پېتىنقى ئەينەك شەكلىدە بولىدۇ.

**يۆنىلىشلىك بۇلۇڭ** <مات> بىر نۇرنىڭ ئۆزىنىڭ ئۇچى ئەتراپىدا ئايلىنىشتىن ھاسىل بولغان شەكىل دەپ قارالغان ھەمدە چوڭ-كىچىكلىكى نەزەرگە ئېلىنىپلا قالماستىن، يەنە باشلىنىش تەرىپى بىلەن ئاخىرقى تەرىپى پەرقلەندۈرۈلگەن بۇلۇڭ. سائەت ستىرېلكىسىنىڭ يۆنىلىشىگە قارشى ئايلىنىشتىن ھاسىل بولغان بۇلۇڭ مۇسبەت بۇلۇڭ؛ سائەت ستىرېلكىسىنىڭ يۆنىلىشى بويىچە ئايلىنىشتىن ھاسىل بولغان بۇلۇڭ مەنپىي بۇلۇڭ دەپ ئاتىلىدۇ.

**يۆنىلىشلىك تۈز سىزىق** <مات> يۆنىلىشى بەلگىلەنگەن تۈز سىزىق.

**يۆنىلىشلىك سۇنۇق سىزىق** <مات> يۆنىلىشلىك كېسىكلەرنى تەرتىپ بىلەن تۇتاشتۇرۇشتىن ھاسىل بولغان سۇنۇق سىزىق.

**يۆنىلىشلىك كېسىك** <مات> يۆنىلىشى بەلگىلەنگەن كېسىك.

**يۆنىلىشلىك مىكروفون** <فىز> سەزگۈرلۈكى ئاۋاز دولقۇنىنىڭ كىرىش يۆنىلىشىگە قاراپ روشەن ھالدا ئۆزگىرىدىغان مىكروفون. ئادەتتە بىر يۆنىلىشلىك مىكروفون ۋە ئىككى يۆنىلىشلىك مىكروفون دەپ ئىككىگە ئايرىلىدۇ.

**يۈەن** I ئى (خەن) جۇڭگونىڭ پۇل بىرلىكى. بىر يۈەن ئون مو ياكى يۈز پۇڭغا تەڭ.

**يۈەن** II ئى (خەن) <تارىخ> يۈەن سۇلالىسىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ سۇلالە مىلادىيە 1206-يىلى موڭغۇللارنىڭ بورجىگىن جەمەتىدىن بولغان تېمورچىن (چىڭگىزخان) تەرىپىدىن قۇرۇلغان ھەمدە موڭغۇللارنى مەركەز قىلغان سۇلالە. 1368-يىلى ئاغدۇرۇلغان.

**يۈەنشۈەي** ئى (خەن) <ھەرب> ھەربىي ئۇنۋان. دەرىجىسى گېنېرالدىن يۇقىرى تۇرىدۇ.

**يۈەن شىكەي** ئى <تارىخ> مىلادىيە 1859 – 1916-يىللىرى ياشىغان شىمالىي مىللىتارىست ھۆكۈمىتىنىڭ باشلىقى.

**يۈەن شىكەي تەڭگىسى** <مال> جۇڭگونىڭ شىمالىي مىلىتارىست ھۆكۈمىتى قۇيۇپ ياسىغان، يۈەن شىكەينىڭ باش سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن تەڭگە. 1914-يىلى 12-ئايدا تيەنجىن پۇل قۇيۇش باش زاۋۇتى قۇيغاندىن كېيىن، جاڭنەن،

ۋۇچاڭ ۋە خاڭجۇدىكى ئۈچ زاۋۇتمۇ
ئارقا-ئارقىدىن قۇيۇشقا كىرىشكەن.
ئۇنىڭ خەجلەنگەن دائىرىسى ناھايىتى
كەڭ بولۇپ، بەزىدە جۇڭگو كۈمۈش
پۇلىنىڭ نامىغا ۋەكىللىك قىلغان.
**يۈەنلىك** سۈپ. يۈەن قىممىتىدىكى، يۈەنگە
توغرا كېلىدىغان: مىجىت گەپ قىلماي ئىككى
يۈەنلىك پۇلنى ئۇنىڭ قولىدىن ئالدى.
**يۈەنمۇ** ئى (خەن) <جۇغ> يۈننەن ئۆلكىسىدىكى
بىر جاينىڭ نامى.
**يۈەنمۇ ئادىمى** <ئارخېئول> يۈننەننىڭ
يۈەنمۇ دېگەن يېرىدىن تېپىلغان ئىپتىدائىي
ئادەملەر. بۇنىڭدىن تەخمىنەن بىر
مىليون 700 مىڭ يىل ئىلگىرى ياشىغان
بولۇپ، ئېلىمىزدە ياشىغان ئادەملەرنىڭ
ئەڭ بۇرۇنقىسى ھېسابلىنىدۇ.
**يۈدۈتمەك** «يۈدۈمەك» پېئىلىنىڭ
مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇ تاغارنى ماڭا
يۈدۈتۈپ، ئۆزى سالتاڭ ماڭدى.
**يۈدۈشمەك** «يۈدۈمەك» پېئىلىنىڭ
ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار خۇرجۇن-قاچىلىرىنى
يۈدۈشۈپ، ئۇدۇل نېغمەتنىڭ ئۆيىگە كىرىپ
كېتىشتى.
**يۈدۈلمەك** «يۈدۈمەك» پېئىلىنىڭ
مەجھۇل دەرىجىسى.
**يۈدۈمە** سۈپ. يۈدۈپ يۈرۈلىدىغان،
يۈدۈلىدىغان: يۈدۈمە خەۋەرلىشىش ئاپپاراتى.
**يۈدۈمە خەۋەرلىشىش ئاپپاراتى** <فىز>
ھەجمى كىچىك، ئېلىپ يۈرۈشكە ئەپلىك
بولغان سىمسىز تېلېفون ئاپپاراتى.
سۆزلىشىش ئارىلىقى قىسقا بولۇپ، كۆپىنچە
ئۇرۇشلاردا يىڭ، لىيەن، پەي ۋە
بەنلەر ئارىسىدىكى خەۋەرلىشىشلەردە
ئىشلىتىلىدۇ.
**يۈدۈمە سېۋەت** دۈمبىگە يۈدۈۋېلىپ،
نەرسە توشۇيدىغان سېۋەت.
**يۈدۈمەك** پ. نەرسىنى غول ياكى دۈمبە،
ئۆشنىسىگە ئارتماق، يۈكلىمەك، دۈمبىگە
ئېلىپ كۆتۈرمەك: ھايال ئۆتمەي، يېقىنلا
يەردىن پۈتلىرىدىن قان تامچىپ تۇرغان بىر
جەڭچىنى يەنە بىر جەڭچى يىگىت يۈدۈپ
ئۆتۈپ كەتتى.
**يۈدۈپ يۈرمەك** كېچە-كۈندۈز ئۆزى
بىلەن ئېلىپ يۈرمەك: ئۇ «دوستۇم»
دېگەن ھېلىقى بىرنېمە جېدەل-ماجىرانى
يۈدۈپ يۈرىيدىغان ئەسكى بىرنېمە.
**يۈدۈمچى** ئى ① ئىشلەپچىقىرىش پائالىيەتلىرىدە
يۈدۈپ ئىشلەيدىغان ئىشلارنى ئۈستىگە
ئالغان ئەمگەكچى. ② قاتناش
بېكەتلىرىدىكى يۈك قاچىلاپ، يۈك
چۈشۈرگۈچى، يۈك توشۇغۇچى ئىشچى،
ھامال.
**يۈرەك** ئى ① <ئانات> ئادەم ۋە يۇقىرى
دەرىجىلىك ھايۋانلار تېنىدىكى قان
سۇيۇقلۇقىنىڭ ئايلىنىشىنى يۈرۈشتۈرىدىغان
ئورگان. ئادەملەرنىڭ يۈرىكى كۆكرەك
بوشلۇقىنىڭ مەركىزىدە سەل سولغىراق
جايلاشقان بولۇپ، چوڭ-كىچىكلىكى
شۇ كىشىنىڭ مۇشتىچىلىك كېلىدۇ.
شەكلى شاپتۇلغا ئوخشايدۇ. ئىچىدە تۆت
پارچە بوشلۇق بولۇپ، يۇقىرىقى ئىككىسى
«يۈرەك دالانچىسى»، ئاستىنقى ئىككىسى
«يۈرەك قېرىنچىسى» دەپ ئاتىلىدۇ.
يۈرەك دالانچىسى بىلەن يۈرەك
قېرىنچىسىنىڭ ئۇزىراپ-قىسقىرىشى بىلەن
قان سۇيۇقلۇقى پۈتۈن بەدەندە ئايلىنىدۇ.
② كۆچمە. نەرسىلەرنىڭ مەركىزىي
قىسمى، مەركىزى: بېيجىڭ — ۋەتىنىمىزنىڭ
يۈرىكى. ③ كۆچمە. كۆڭۈل، قەلب:
يۈرىكىنى ئاغرىتماق. يۈرەك ئازابى. يۈرىكىگە

ئازار بەرمەك. ④ كۆچمە. جۈرئەت، غەيرەت، جاسارەت: تاغ يۈرەك. يۈرىكى پۈتۈن. يۈرىكى قاپتەك. يۈرىكى چوڭ.

**يۈرەك ئاۋازى** <فىزىئول> يۈرەك سوققان ۋاقىتتا، يۈرەك مۇسكۇللىرىنىڭ قىسقىرىشى، كلاپانلارنىڭ ئېچىلىپ-يېپىلىشى ۋە قان ئېقىمى ئۇرغاندىكى سىلكىنىشتىن ھاسىل بولغان ئاۋاز. ئۇنى تىڭشىغۇچتىن پايدىلىنىپ، كۆكرەك دېۋارىنىڭ مۇۋاپىق ئورنىدىن تىڭشىغىلى بولىدۇ.

**يۈرەك ئەتراپى بوشلۇقى** <ئانات> يۈرەك ئەتراپىنى ئوراپ تۇرغۇچى بوشلۇق. ئىچىدە سۇيۇقلۇق بولۇپ، يۈرەك سوققان ۋاقىتتىكى سۈركىلىشنى ئازايتىش رولىنى ئوينايدۇ.

**يۈرەك پارىسى** يۈرىكىنىڭ بىر پارچىسى، ئەڭ قىممەتلىك ئادىمى، جاندىن ئەزىز كىشىسى: — قىزىم، — دېدى موماي كۆز ياشلىرىنى سۈرتۈپ، — قايسى بىر ئانا ئۆز پەرزەنتىنىڭ بەختىنى تىلىمەيدۇ، ئۆز يۈرەك پارىسىنىڭ كۆرگەن راھەت-پاراغىتىدىن سۆيۈنمەيدۇ دەيلا! ... * شۇ يىگىت مېنىڭ يارىم، يۈرىكىم، يۈرەك پارەم.

**يۈرەك تارى** يۈرەكنىڭ تومۇرى؛ كىشىنىڭ ئىچكى روھى دۇنياسى، ئىچكى ھېس-تۇيغۇلىرى، پىكىر-قاراشلىرى مەركەزلەشكەن جاي، قەلب: قوزىيوپ يەنە شۇ تەمكىنلىكى بىلەن ئۇنىڭ يۈرەك تارىنى ئاستا چېكىشكە باشلىغانىدى.

**يۈرەك تارىنى چەكمەك** ھاياجىنىنى ئۇرغۇتماق، ھاياجىنىنى قوزغىماق، ھېس-تۇيغۇلىرىنى ئۆركەشلەتمەك: موللا زەيدىنىنىڭ سۆزلىرى كىشىلەرنىڭ يۈرەك تارىنى چېكەتتى.

**يۈرەك تارىنى تىترىتىدىغان** ھاياجانلاندۇرىدىغان، ھېس-ھاياجىنىنى ئۇرغۇتىدىغان، قوزغايدىغان: مەخمۇتنىڭ كىشىنىڭ يۈرەك تارىنى تىترىتىدىغان ئوتلۇق سۆزلىرى بارلىق ئاڭلىغۇچىلاردا كۈچلۈك تەسىر پەيدا قىلدى.

**يۈرەك تەپمەك** يۈرەك سوقماق: پەقەت سىز بولغانلىقىڭىز ئۈچۈنلا بۇ يۈرىكىم تېپىدۇ.

**يۈرەكتە داغ قالماق** تۈگىمەس غەم-قايغۇغا مۇپتىلا بولماق: پاشا غوجام كەتتى دەپ، بالام، يۈرىكىمدە داغ قالدى، بالام. ئاھ بالام، ئابدۇراخمان ئاخۇنۇم، نادىرخان غوجام.

**يۈرەك تۆشۈكچىسى** <زوئول> بوغۇم پۇتلۇق ھايۋانلارنىڭ يۈرەك قېرىنچىسىنىڭ ئىككى يان تەرىپىدىكى تەن بوشلۇقىغا تۇتىشىدىغان تۆشۈكى. تەن بوشلۇقىدىكى قان يۈرەك تۆشۈكچىسى ئارقىلىق يۈرەككە كىرىدۇ.

**يۈرەكتىن چىقماسلىق** مەڭگۈ ئەستىن چىقماسلىق، ئۇنتۇلماسلىق، ياددىن چىقماسلىق: — ھەي بالام، — دېدى شەمشىدىن ئاقساقال، — ئۇنىڭ قىلغانلىرى ئۆلسەممۇ يۈرىكىمدىن چىقمايدۇ دېسىلە.

**يۈرەكتىن قايناپ چىقماق** ئىچ-ئىچىدىن ئۇرغۇپ چىقماق، چىن كۆڭۈلدىن چىقماق: ئۇنىڭ يۈرەكتىن قايناپ چىققان جۇشقۇن، ئوتلۇق سۆزلىرى ھەممىنىڭ روھىنى كۆتۈرۈپ، ھەممە ئادەمدە كەلگۈسىگە بىر خىل ئۈمىد پەيدا قىلغانىدى.

**يۈرەك جاراھىتى** ئىچ پۇشۇقى، دەرد-ئەلەمى، پىغان-ھەسرىتى: مەريەم كامىلنىڭ يۈرەك جاراھىتىنى قوزغىتىپ قويۇشتىن ئەنسىرەپ، گەپنىڭ تېمىسىنى دەرھال باشقا ياققا يۆتكىدى.

**يۈرەك جايىغا چۈشمەك** غەم-ئەندىشىدىن قۇتۇلۇپ كۆڭلى ئەمىن تاپماق: چاشقان

كىردى سارايغا، مۇشۇك ئۇخلاپ ياتقاندا.
يۈرىكى چۈشتى جايغا، ئاسلان خورەك
تارتقاندا.

**يۈرەك جىغ قىلىپ قالماق** ئۇشتۇمتۇتلا قاتتىق قورقۇپ كەتمەك، ئەندىشىگە چۈشمەك: ئۇنى كۆرگەن مەسئۇتنىڭ يۈرىكى جىغ قىلىپ قالدى.

**يۈرەك جىغىلدىماق** قورقۇش، ئەندىشە ياكى خۇشاللىق، ھاياجاندىن يۈرىكى بىنورمال سوقماق، يۈرەك ھەرىكىتى جىددىيلەشمەك: بۇ سۆزنى ئاڭلىغان مۇدىرنىڭ يۈرىكى جىغىلداپ كەتتى. * قۇشقاچلار ۋىچىرلايدۇ، قورغۇي كەلگەن ئوخشايدۇ. يۈرىكىم جىغىلدايدۇ، يارىم كەلگەن ئوخشايدۇ.

**يۈرەك چىدىماسلىق** كۆڭلى قويماسلىق، كۆڭلى ئۇنىماسلىق، خالىماسلىق، ئىختىيار قىلماسلىق: ئۇنى داۋالايمەن دەپ بىر ئائىلىنى خانىۋەيران قىلىۋېتىشكە يۈرىكىم چىدىمايدۇ. * مەخسۇمنىڭ بۇ قېچىرىنى بىكاردىن قولدىن چىقىرىۋېتىشكە كۆزى قىيمىغان، يۈرىكى چىدىمىغانىدى.

**يۈرەك دالانچىسى** <ئانات> يۈرەكنىڭ بىر قىسمى، يۈرەككە قايتقان قاننى قوبۇل قىلىدۇ ھەمدە قاننى يۈرەك قېرىنچىسىغا كىرگۈزىدۇ. ئادەمنىڭ يۈرەك دالانچىسى يۈرەك قېرىنچىسى ئارقا تەرەپ ئۈستىگە جايلاشقان بولۇپ، ئوڭ-سول تەرەپتە بىردىن بولىدۇ. ئوتتۇرىسىدا توسۇق پەردە بولۇپ، ئۆزئارا تۇتاشمايدۇ. يۈرەك ئوڭ دالانچىسى يۇقىرىقى، تۆۋەنكى كاۋاك كۆك تومۇرلىرىدىن كەلگەن قاننى قوبۇل قىلىدۇ؛ يۈرەك سول دالانچىسى ئۆپكە كۆك تومۇرى توشۇپ كەلگەن قىزىل تومۇر قېنىنى قوبۇل قىلىدۇ.

**يۈرەك رىتىمسىزلىقى** <تىب> بەزى كېسەللىكلەر سەۋەبىدىن يۈرەك رىتىمىنىڭ نورمالسىزلىنىش ھادىسىسى.

**يۈرەك رىتىمى** <فىزىئول> يۈرەك سوقۇش رىتىمى، يەنى يۈرەكنىڭ ھەر مىنۇتتا سوققان قېتىم سانى. قۇرامىغا يەتكەن كىشىلەر تىنچ تۇرغاندا يۈرەك رىتىمى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 70 — 75 قېتىم بولىدۇ، ئاياللارنىڭ ئەرلەرنىڭكىگە قارىغاندا تېزرەك بولىدۇ. يېڭى تۇغۇلغان بوۋاقنىڭ 120 قېتىمغا يېتىدۇ. نورمال ئۆزگىرىش دائىرىسى 60 — 100 ئارىلىقىدا بولىدۇ. 60 قېتىمدىن تۆۋەن بولسا، يۈرەكنىڭ سوقۇشى بەك ئاستا؛ 100 قېتىمدىن ئېشىپ كەتسە تېز بولۇپ كەتكەن بولىدۇ. ياخشى چېنىققان تەنھەرىكەتچى تىنچ تۇرغاندا يۈرەك رىتىمى 60 قېتىمدىن تۆۋەن بولىدۇ، بۇ يۈرەكنىڭ ساغلام، كۈچلۈكلىكىنىڭ ئىپادىسىدۇر.

**يۈرەك زەردىسى** ئىچ-ئىچىدىن قايناپ چىققان غەزەپ-نەپرەت، ئاچچىق: ئۇنىڭ بۇ ئىشلارنى ئويلىغانسېرى يۈرەك زەردىسى تېخىمۇ ئۆرلەيتتى، ئىختىيارسىز چىشلىرىنى غۇچۇرلىتاتتى.

**يۈرەك زەئىپلىكى** <تىب> يۈرەك كېسەللىكى ياكى يۈرەك سىرتىدىكى كېسەللىك ئۆزگىرىشلىرى سەۋەبىدىن كېلىپ چىققان، يۈرەك مۇسكۇلى قىسقىرىشىنىڭ كۈچسىزلىنىش ھادىسىسى. بۇنىڭدا يۈرەكنىڭ قان چىقىرىپ بېرىش مىقدارى بەدەندىكى توقۇلمىلارنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرالمايدۇ؛ كۆپىنچە ئالاقزادە بولۇش، قان توكۇرۇش، كالپۇك ۋە مۇچە ئۇچلىرى يېشىل قوڭۇر رەڭگە

كىرىش ۋە ئىششىش قاتارلىق ئالامەتلەر كۆرۈلىدۇ.

**يۇرەك زېدىسى** ← **يۇرەك يارىسى**:
– خەقنىڭ يۇرەك زېدىسىنى تاتىلىماي، ئۆز يولۇڭغا ماڭساڭ بولمامدۇ! – دېدى ئالىم ئايالىنى سىلكىشلەپ تارتىپ.

**يۇرەك سانجىقى** <تىب> تۆش سۆڭىكىنىڭ ئارقا قىسمىدىكى ئاغرىش ياكى سىقىلىشتەك كېسەللىك ئالامىتى. داۋاملىشىش ۋاقتى بىرقانچە سېكۇنتتىن بىرقانچە مىنۇتقىچە، سول مۈرە ياكى سول بىلەككىچە يېتىپ كېلىدۇ. يۇرەك مۇسكۇللىرىغا ۋاقىتلىق قان يېتىشمەسلىك سەۋەبىدىن پەيدا بولىدىغانلىقى ئۈچۈن، كۆپىنچە تاماقتىن كېيىن، كەيپىيات جىددىيلەشكەندە ياكى ئەمگەك قىلغاندا يۈز بېرىدۇ. تاجسىمان تومۇرلۇق يۇرەك كېسەلى ئاساسىي قىزىل تومۇر كلاپىنىنىڭ ئېچىلىپ-يېپىلىشى تولۇق بولمايدىغان ئاغرىقلاردا كۆپ ئۇچرايدۇ، دەم ئالغاندا ياكى نىتروگلىتسېرىننى يېگەندىن كېيىن يەڭگىللەيدۇ.

**يۇرەك سۆزى** يۇرەكتىن چىققان چىن، ھەقىقىي سۆز، راست سۆز: سۆيگۈ بابىدا ۋاپانى دوست تۇتۇپ دىلبەر ئەبەد، ئەيلىدى يۇرەك سۆزىنى ئۇشبۇ يازغان نامىدا.

**يۇرەك سۆيۈنمەك** كۆڭلى سۆيۈنمەك، خۇش بولماق: بۇ سۆزنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭ يۈرىكى سۆيۈنۈپ كەتتى.

**يۇرەك سېلىش** <تىب> كەم قانلىق، چوڭ قاناش ياكى ۋېگېتاتىۋ نېرۋا سىستېمىسىنىڭ ئىقتىدارى بۇزۇلۇش قاتارلىقلار كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان يۇرەك ھەرىكىتى تېزلىشىش، كۈچىيىش ۋە رىتىمسىزلىنىشتەك كېسەل ئالامىتى. بۇنىڭدا، بىمار يۇرەك ھەرىكىتىنىڭ قاتتىق سوقۇپ كېتىپ، يۇرەك ساھەسىنىڭ ئارامسىزلىنىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىدۇ.

**يۇرەك قۇلىقى** <ئانات> ھەزىبىر يۇرەك دالانچىسىدىن سوزۇلۇپ چىققان قۇلاقسىمان خالتىچە.

**يۇرەك قېپى** <ئانات> يۇرەك ئەتراپىنى ئوراپ تۇرغان بىر قەۋەت نېپىز پەردە. يۇرەك قېپى بىلەن يۇرەك دىۋارى ئارىلىقىدا شىللىق سۇيۇقلۇق بولۇپ، يۇرەك مۇسكۇلىنى سىلىقلاشتۇرۇپ، يۇرەك ھەرىكەتلەنگەندە كۆكرەك بوشلۇقى بىلەن سۈركىلىپ زېدە بولۇپ قېلىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش رولىنى ئوينايدۇ.

**يۇرەك قېتى** چىن كۆڭلى، چىن دىلى، سەممىي، ساپ قەلبى: مەخسۇت نەچچە ئېگىلىپ تۇرۇپ نىيازغا يۇرەك قېتىدىن رەھمەت، تەشەككۈرلەر ئېيتىدىغانلىقىنى قايتا-قايتا بىلدۈردى.

**يۇرەك قېرىنچىسى** <ئانات> يۇرەك ئىچىنىڭ تۆۋەنكى قىسمىدىكى ئىككى بوشلۇق. ئوڭ ۋە سول تەرەپتە بىردىن بولىدۇ. ئوڭ تەرەپتىكىسى «ئوڭ يۇرەك قېرىنچىسى»، سول تەرەپتىكىسى «سول يۇرەك قېرىنچىسى» دەپ ئاتىلىدۇ. دىۋارى قېلىن، مۇسكۇللىرى تەرەققىي قىلغان بولىدۇ. سول يۇرەك قېرىنچىسى ئائورتا بىلەن، ئوڭ يۇرەك قېرىنچىسى ئۆپكە ئارتېرىيىسى بىلەن تۇتىشىدۇ. قان سۇيۇقلۇقى يۇرەك دالانچىسىدىن يۇرەك قېرىنچىسىغا بېسىم بىلەن كىرىپ، يۇرەك قېرىنچىسىدىن ئارتېرىيىگە ئۆتىدۇ ھەمدە ئايرىم-ئايرىم ھالدا ئۆپكە ۋە پۈتۈن بەدەننىڭ باشقا

قىسىملىرىغا يەتكۈزۈلىدۇ.

**يۈرەك قېنى سىڭمەك** جاپالىق ئەمگىكى، ئەجرى، مېھنىتى سىڭمەك، قوشۇلماق: خاتىرەم — يۈرەك قېنىم سىڭگەن ھالال ئەمگىكىمنىڭ ئىسپاتىغۇ! تىترەپ تۇرغان قوللىرىم بىلەن خاتىرىنى قولۇمغا ئالدىم.

**يۈرەك قېنىنى سەرپ قىلماق** كۆپ ئەجىر سىڭدۈرمەك، كۆپ ئەمگەك سىڭدۈرمەك، مېھنەت قىلماق: ئەمدى ئۇنداق دېمەڭ، سىز بىز ئۈچۈن يۈرەك قېنىڭىزنى سەرپ قىلغان.

**يۈرەككە تەگمەك** ← **كۆڭلىگە كەلمەك**: باردىم تېرەككە، كۈچ بار بىلەكتە، باينىڭ قىلغىنى، تەگدى يۈرەككە.

**يۈرەككە دەز كەتمەك** قورقۇنچ، ۋەھىمە، دەرد-ئەلەمگە دۇچار بولماق؛ خاتىرجەملىكى بۇزۇلماق: — راست، كېچىدە ماڭا نېمانچىلا جەبىر-جاپا، چاشقان شىرىقىقىدە قىلسا، بۇغدايغا دۇم چۈشۈپ يېتىۋالىمەن، قورقۇپ يۈرىكىمگە دەز كېتەي دەپ قالدى، — دېدى داۋۇت سىيتكە.

**يۈرەككە ئوت سالماق** مۇھەببەت ئوتىنى ياقماق، كىشىنىڭ سۆيگۈسىنى، مۇھەببىتىنى قوزغىماق: يارىم كەلدى قول سېلىپ، توغرا-توغرا يول ئېلىپ، قاياقتىن چىقىپ كەللە، بۇ يۈرەككە ئوت سېلىپ.

**يۈرەككە ئوت ياقماق** ① كىشىنىڭ ئىشق-مۇھەببىتىنى، سۆيگۈسىنى قوزغىماق: تاپالمىدىم پەرۋاز ئۇرۇپ سەندەك گۈزەل رۇخسارىنى، يۈرىكىمگە ئوت يېقىپ مىڭ پارە قىلدىڭ سەن مېنى. ② كۈچلۈك قىزىقىش، تەلپۈنۈش، تەشنا بولۇش تۇيغۇسىنى قوزغىماق: يۇرتىمىزنى كۆرۈپ كەلگەنلەر ئۇ يەردىكى ئاجايىپ ئۆزگىرىشلەرنى سۆزلەپ بېرىپ، يۈرىكىمگە ئوت يېقىۋەتتى.

**يۈرەككە ياقماق** ئادەمگە شېرىن لەززەت، ھۇزۇر بەرمەك، ھۇزۇر، زوق ئاتا قىلماق: قۇياش بىلەن ئاي سەندىن ئۆز ئەكسىنى تاپقان سۇ. ئۆزۈڭ شېرىن ھەسەلدەك يۈرەكلەرگە ياققان سۇ.

**يۈرەك كۈچى خوراش** <تب> زىيادە چارچاش ياكى ئۇزاق مۇددەت ئۇخلىيالماسلىقتىن، قاننىڭ ئوزۇقلىرى خوراپ، يۈرەكنىڭ ھەرىكىتى تەرتىپسىزلىنىش ياكى ئاجىزلىشىش ھادىسىسى. بۇنىڭدا يۈرەك قوزغىلىش، ھوشسىزلىنىش، چۆچۈش، ئۇنتۇغاقلىق، روھ سۇسلىشىش، چىراي تاتىرىش قاتارلىق ئالامەتلەر كۆرۈلىدۇ.

**يۈرەك كېسىلى** <تب> يۈرەك ۋە ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك بولغان بارلىق كېسەللىكلەرنىڭ ئورتاق نامى.

**يۈرەك مۇسكۇلى** <ئانات> يۈرەكنى تەشكىل قىلغان مۇسكۇل، يەنى سىمپاتىك نېرۋا ۋە ئاداشقان نېرۋىنىڭ ماسلىشىشىنى قوبۇل قىلىدىغان، ئىختىيارىي بولمىغان توغرا يوللۇق مۇسكۇل. يۈرەكنىڭ ئۈزىرىشى ۋە قىسقىرىشى يۈرەك مۇسكۇلى ئارقىلىق ئېلىپ بېرىلىدۇ. يۈرەكنىڭ بۇ خىل ھەرىكىتى ئۆزلۈكىدىن ۋە رىتىملىك بولىدۇ.

**يۈرەك مۇسكۇلى ئۆلۈش** <تب> يۈرەكتىكى تاجسىمان ئارتېرىيىنىڭ مەلۇم شاخچىلىرىنىڭ جىددىي توسۇلۇپ قېلىپ، قىسمەن يۈرەك مۇسكۇللىرىنى قان بىلەن تەمىنلەش ئىقتىدارىدىن مەھرۇم قىلىش ۋە ئۆلتۈرۈش ھادىسىسى. بۇنىڭدا، كۆكرەك سۆڭىكىنىڭ ئارقا قىسمى قاتتىق ھەم ئۇزاق ۋاقىت ئاغرىش، يۈرەك سېلىش، دەم سىقىلىش، تومۇر سوقۇش ئاجىزلىشىش، قان بېسىمى تۆۋەنلەش ۋە

شۇك بولۇپ قېلىش قاتارلىق ئالامەتلەر كۆرۈلىدۇ.

**يۈرەكنى ئەزمەك** ئادەمنى قاتتىق قايغۇ-ھەسرەتكە مۇپتىلا قىلماق، قاتتىق ئېچىندۇرماق: ئەنۋەرنىڭ ئۆلۈمى ھەققىدىكى خەۋەر مېھرىبانىڭ يۈرىكىنى ئېزىۋەتكەنىدى. * ئۇنىڭ ئازابلىق پىغانلىرى باشقىلارنىڭمۇ يۈرىكىنى ئېزىۋەتتى.

**يۈرەكنى تىترەتمەك** ئادەمنىڭ روھى دۇنياسىنى لەرزىگە سالماق، ھاياجانلاندۇرماق: ئىككى ئوغۇل ئانىسىنىڭ يۈرەكنى تىترىتىدىغان سۆزلىرىنى تىڭ تۇرۇپ ئاڭلاشتى.

**يۈرەكنى چاك قىلماق → يۈرەكنى ئۆرتمەك:** پەرزەنتىنىڭ مۇھەببىتى يۈرىكىنى چاك قىلىپ، ئايرىلىش دەردىدىن ھالاك بولغىلى ئاز قالغان مەلىكە پەرزەنتىنى قۇچىقىغا ئېلىپ قان يىغلاپتۇ.

**يۈرەكنى داغلىماق → يۈرەكنى ئۆرتمەك:** باي-زالىملار يوقسۇللىنى دارغا ئاسقان، باغلىغان. ھېچ گۇناھسىز ئۆلتۈرۈپ، يۈرەكلەرنى داغلىغان.

**يۈرەكنى زېدە قىلماق** ئېغىر دەرد-ئەلەمگە مۇپتىلا قىلماق، قاتتىق ئازابلىماق: ئۇ تېخى ئەنۋەرنىڭ ئەھۋالىدىن خەۋەرسىز ئىكەن-دە، بولۇپتۇ، بىلمەي تۇرسۇن. بىچارە ئانىسىنىڭ يۈرىكىنى زېدە قىلماي تۇرغىنى تۈزۈك.

**يۈرەكنى كۆيدۈرمەك** ئىشق-مۇھەببىتىنى قوزغىماق، سۆيگۈسىنى كەلتۈرمەك: ياقەي، توغرا ئەمەس، بۇنداق ئىسىل چوكان باشقا يىگىتلەرنىڭ يۈرىكىنى كۆيدۈرمەي قالامدۇ؟ مەيلى، مېھرى ئىسسىق چوكان ئىكەن.

**يۈرەكنىڭ بېغىشىغا تەگمەك** قاتتىق تەسىر قىلماق: ئۇ كېسەل بولۇپ قالغان ئانىسىنىڭ ئېغىر ئەھۋالىنى يۈرەكنىڭ بېغىشىغا تەگكۈدەك ئېچىنىپ تۇرۇپ سۆزلىدى.

**يۈرەكنىڭ قان چىقىرىش مىقدارى** <فىزىئول> يۈرەك قېرىنچىسى قىسقىرىپ ھەر مىنۇتتا ئېتىپ چىقىرىدىغان قاننىڭ ئومۇمىي مىقدارى.

**يۈرەكنى ئۆرتمەك** كىشىنى قاتتىق ئازابلىماق، ئېغىر غەم-قايغۇ، دەرد-ئەلەمگە مۇپتىلا قىلماق: ئالىم ئۇنىڭ يۈرەكنى ئۆرتىگۈدەك تىللىرىنى ئاڭلاپ تېخىمۇ غەزەپلەندى.

**يۈرەكنى يارا قىلماق → يۈرەكنى زېدە قىلماق:** — بالام، جېنىم بالام، بۇنداق گەپلەرنى قىلىپ يۈرىكىمنى يارا قىلىۋەتتىڭ، — دېدى پاتەمخان.

**يۈرەك ھەرىكىتىنىڭ دەۋرلىكى** <فىزىئول> يۈرەكنىڭ ھەربىر قېتىم قىسقىرىشى ۋە كېڭىيىشى. يۈرەك دالانچىسى بىلەن يۈرەك قېرىنچىسى بىر ۋاقىتتا قىسقىرىشقا باشلىمايدىغانلىقى ئۈچۈن، يۈرەك ھەرىكىتىنىڭ دەۋرلىكى يۈرەك دالانچىسىنىڭ قىسقىرىشى، يۈرەك دالانچىسىنىڭ كېڭىيىشى، يۈرەك قېرىنچىسىنىڭ قىسقىرىشى ۋە يۈرەك قېرىنچىسىنىڭ كېڭىيىشى دەپ تۆت دەۋرگە بۆلۈنىدۇ.

**يۈرەك يارىسى** دەرد-ئەلەم، قايغۇ-ھەسرەت؛ كۆڭۈل ئاغرىقى، خاپىلىق: ئۇنىڭ گەپلىرى كامىلنىڭ يۈرەك يارىسىنى غىدىقلاشقا باشلىدى.

**يۈرىكى ئارامىغا چۈشمەك → يۈرىكى ئورنىغا چۈشمەك:** ۋەھىمە ئىلكىدە ياتالمايۋاتقان ئانىسىنىڭ يۈرىكى ئوغلىنى كۆرۈپ بىردىنلا ئارامىغا چۈشتى.

**يۈرىكى ئاغرىماق → كۆڭلى ئاغرىماق.**

**يۈرىكى ئاغزىغا تىقىلماق** ← **يۈرىكى ئاغزىغا قاپلاشماق:** ھەر قېتىم بالامنى ئويلىسامىلا يۈرىكىم ئاغزىمغا تىقىلىپ، كۆزۈم قاراڭغۇلىشاتتى.

**يۈرىكى ئاغزىغا قاپلاشماق** قاتتىق چۆچۈپ قورقماق، ۋەھىمىگە چۈشمەك: بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئەركىننىڭ يۈرىكى ئاغزىغا قاپلاشقاندەك بولۇپ، ئۈن-تىن چىقىرالماي قالدى.

**يۈرىكى ئاغزىغا كەپلەشمەك** ← **يۈرىكى ئاغزىغا قاپلاشماق:** غالىپ شەرىپەنىڭ باش-ئايىغى يوق سۆزلىرىدىن ھېچ نەرسىنى چۈشەنمىدى. ئۇنىڭ يۈرىكى ئاغزىغا كەپلەشكەندەكلا بولۇپ قالدى.

**يۈرىكى ئاغماق** بىرەر خەۋپ-خەتەرنىڭ كۆرۈلۈپ قېلىشىدىن ئەندىشە قىلماق، ئەنسىرىمەك، قورقماق: بىر ئازدىن كېيىن قەبرە كەينىدىن قىزىل نۇر كۆرۈندى، يۈرىكىم ئاغقاندەك بولدى.

**يۈرىكى ئەمىن تاپماق** خاتىرجەم بولماق، كۆڭلى تىنماق: بەختىيارنىڭ سۆزلىرىدىن سائادەتنىڭ يۈرىكى ئەمىن تاپقاندەك بولدى-دە، رازىلىقىنى بىلدۈرۈپ، بىر جۈپ قارا كۆزىنى «لىپ» قىلىپ بەختىيارغا تىكتى.

**يۈرىكى بار** يۈرەكلىك، قورقماس، جاسارەتلىك: — سەمەت دېگەن خېلى يۈرىكى بار بىرنېمە، ئۇنى ئاسان قورقۇتالايمەن دەپ ئويلىما، — دېدى يەنە بىرى گەپ قوشۇپ.

**يۈرىكى پارە-پارە بولماق** ① ئىشق-مۇھەببەت ئوتىدا پوچۇلانماق، ئازاب چەكمەك، بىراۋنىڭ ئىشقىدا كۆيمەك: ئۇنىڭ يۈرىكى پارە-پارە بولۇپ، بىر ئۇھ تارتتى. ② ئېغىر دەرد-ئەلەم، قايغۇ-ھەسرەت چېكىپ روھىي جەھەتتىن ئېزىلمەك، قىينالماق: بالىسىنىڭ دەردىدە يۈرىكى پارە-پارە بولۇپ كەتكەن ئانا يەنە بۇ دەردنى قانداق كۆتۈرەلىسۇن!

**يۈرىكى پاك** ← **ئاق كۆڭۈل:** — سەنەۋەر دېگەن يۈرىكى پاك قىز، ئۇنداق گەپلەرگە ئىشەنمەڭلار، — دېدى ھېلىقى چوكان ئۆي ئىچىدىكىلەرگە.

**يۈرىكى پوك-پوك** ئەندىشە، قورقۇنچىسى بار؛ روھىي ھالىتى خاتىرجەم، نورمال ئەمەس: ئەنە شۇ سۈرلۈك جاڭگالدا، زەيتۇنەم ئۆزى يالغۇز يانتاق چېپىۋاتقىنىغا بىر سائەتتىن ئاشتى. راستىنى ئېيتقاندا، ئۇنىڭمۇ يۈرىكى پوك-پوك، نېمە ئىلاج؟

**يۈرىكى پوكۇلدىماق** ۋەھىمە، ئەندىشە قىلماق، قورقماق: بوۋاينىڭ ئىشنى بۇزۇپ قويۇشىدىن ئەنسىرەپ ئۇنىڭ يۈرىكى پوكۇلداپ كەتتى.

**يۈرىكى پۈچۈلانماق** روھى جەھەتتىن دەرد-ئەلەم، غەم-قايغۇ چېكىپ قاتتىق ئېزىلمەك، ئازابلانماق: سابىر كۆزلىرى ياشقا تولغان، يۈرىكى پۈچۈلانغان ھالدا تۇراخۇنغا قارىدى.

**يۈرىكى پۈتۈن** ← **كۆڭلى پۈتۈن:** ھەرقايسىلىرى بولغاندىن كېيىن يۈرىكىمىز پۈتۈن تۇرىدۇ-دە.

**يۈرىكى تارتماق** ئىنتىزار بولماق، قاتتىق سېغىنماق: سىنىڭ كىمگە يۈرۈكۈڭ تارتىدۇ.

**يۈرىكى تارتىشماق** قاتتىق قىينالماق، ئازابلانماق: شۇ پەيتتە گۈلبۇۋى قەيەردە ئىكەن، ئۆيدىمۇ، ئېتىزدا؟ سېغىنغانمىدۇ؟ تاقىتى تاق بولۇپ كۈتۈپ ئىنتىزار، يۈرىكى تارتىشىپ سىقىلغانمىدۇ؟

**يۈرىكى توق** ← **كۆڭلى پۈتۈن:**

ئارمىيىمىز بولغاچقا يۈرىكىمىز توق بىزنىڭ، توققۇزىمىز تەل بىزنىڭ، غەم-قايغۇمىز يوق بىزنىڭ.

**يۈرىكى توم ← يۈرىكى چوڭ:** ئۇ «مەن تامدىكى سۈرەتلەرنىڭ ھەممىسنى ئالدۇرۇۋەتكەن ئەمەسمىدىم؟» دېگەنلەرنى خىيالىدىن كەچۈردى ۋە يۈرىكىنى توم قىلىپ، ئاستا كۆزىنى ئاچتى.

**يۈرىكى تۇيماق** ئالدىنئالا سەزمەك، ئالدىن ھېس قىلماق، ئالدىن بىلمەك: ئاتا-ئانىسىنىڭ دوق قىلىشىنى يۈرىكى تۇيۇپ تۇرسىمۇ، ئاخىرى نامازشام بىلەن ئۆيگە قايتىشقا مەجبۇر بولدى.

**يۈرىكى چوڭ** قورقماس، باتۇر، قەيسەر، جاسارەتلىك، غەيرەتلىك: — بەللى، بارايدۇ! ئۇ خېلى ھوشيار بالا، يۈرىكىمۇ چوڭ، شۇ بارسۇن! — دېدى ئۇ خۇشال بولۇپ.

**يۈرىكى چىقىپ كەتكىلى تاس قالماق** ھەددىدىن ئارتۇق خۇشاللىق ياكى قورقۇنچتىن يۈرىكى نورمالسىز سوقماق، روھىي جەھەتتىن ناھايىتى كۈچلۈك تەسىر، ئىنكاس پەيدا بولماق: — ۋاي، سەنمۇ بارمۇ؟! سېنى كۆرۈپ يۈرىكىم چىقىپ كەتكىلى تاسلا قالدى، يۈر، ئۆيگە كىرىمىز، — دېدى ئۇ مەن بىلەن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشۈۋېتىپ.

**يۈرىكى چىلاشقۇدەك** قانغۇدەك، مۇرادىغا يەتكۇدەك، بولغۇدەك: — قېنى تۇغقانلار! تىرىكلىكتىن نىشانە، يۈرىكىڭلار چىلاشقۇدەك بىر يەڭلار! — دېدى ئۇ سېۋەتنىڭ ئۈستىگە يېيىلغان شاخ-شۇمبىلارنى قايرىپ.

**يۈرىكىدە ساقلىماق** يادىدا تۇتماق، ئېسىدە ساقلىماق: — مېنىڭ گەپلىرىمنى يۈرىكىڭدە ساقلىيالامسەن؟ — دېدى قىز.

**يۈرىكىدە ئوتى بار** قىزغىن، جۇشقۇن، شوق، ھېس-تۇيغۇسى كۈچلۈك: — ئۇ دېگەن يۈرىكىدە ئوتى بار يىگىت جۇمۇ، — دېدى ئالىم ھەۋەسلىنىپ.

**يۈرىكى دۈپۈلدىمەك** يۈرەك ھەرىكىتى تېزلەشمەك؛ ئەنسىرىمەك، قورقماق: ئۇنىڭ يۈرىكى دۈپۈلدەپ، بىر كۆزى ئالدىدا بولسا، بىر كۆزى ئارقىغا قارايتتى.

**يۈرىكى زەرداپ بولماق** قاتتىق دەرد-ئەلەم تارتىپ روھىي جەھەتتىن ئېزىلمەك، ئازابلانماق: ئاشۇ قىزنىڭ دەردىدە ئۇ بىچارىنىڭ يۈرىكى زەرداب بولغانىدى.

**يۈرىكى زەردابقا تولماق ← يۈرىكى زەرداب بولماق:** خەلقىمىزنىڭ شۇ يىللاردىكى ئەھۋالىنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈرسەم، يۈرىكىم زەردابقا تولىدۇ.

**يۈرىكى زېدە بولماق** خاپىلىق ياكى دەرد-ئەلەمگە مۇپتىلا بولماق: دېدىممەن: — ھەۋەستىن كەچسەممۇ كېچەي، ئۆزىڭىز ھەققىدە سۆزلىمەك مەيلى. كىملەرنىڭ يۈرىكى بولمىغان زېدە، شۇ ئەسكى زامانىنىڭ قەستى تۈپەيلى.

**يۈرىكى زېدىلەنمەك ← يۈرىكى زېدە بولماق:** يۈرىكى زېدىلەنگەن بۇ بالا جان سانى كۆپ، نامرات تاغىسىنىڭ ئۆيىدە كۈنلەرمۇ؟

**يۈرىكى سالماق ← يۈرىكى دۈپۈلدىمەك:** ئالماس توپىنىڭ ئىچىدە تۇراتتى، ئۇنى كۆرۈپ قازىنىڭ يۈرىكى سېلىپ كەتتى.

**يۈرىكى سۇ** قاتتىق قورقۇنچ ئىچىدە، بەكمۇ ئەندىشىدە: قارىمامسەن ئاسىم، ھۇقۇشتەك كېچىسى مىدىرلايدىغان بولۇپ قالدۇق، يەنە شۇنىڭدىمۇ يۈرىكىمىز سۇ.

**يۈرىكى سۇ بولماق** بەك قورقماق، قاتتىق ئەندىشە قىلماق، خەۋپسىرىمەك،

ھولۇقماق: چېرىك دېگەنلەر ئىتنىڭ تۈكىدەك تولا، بىرى ئۆلسە ئۇنى كېلىدۇ، بىر يىلمۇ شۇنداق بولغان، شۇ چاغدا خېلى ئەركەك تۈكى بار كىشىلەرنىڭمۇ يۈرىكى سۇ بولۇپ كېتىپتىكەن.

**يۈرىكى سۇ ئىچمەك** سۆيۈنمەك، خۇشاللىق ھېس قىلماق: ئۇنىڭ تەزىمىدىن باينىڭ يۈرىكى سۇ ئىچىپ، ئۇنى تاۋا كاۋىپى يېيىشكە تەكلىپ قىلىپتۇ.

**يۈرىكى سىقىلماق** → **ئىچى سىقىلماق:** ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ، يۈرىكىم سىقىلدى، ھەسرەت بىلەن ئۇلۇغ-كىچىك تىنىدىم.

**يۈرىكى قاپتەك** → **يۈرىكى چوڭ:** — يۈرىكىڭىز قاپتەك ئىكەن، بەھۇزۇر ئۇخلاۋاتقىنىڭىزنى قاراڭ! — دەپ ئۇنى تۈرتۈپ ئويغاتتى سېلىم.

**يۈرىكى قارت قىلماق** تۇيۇقسىزلا قاتتىق چۆچۈمەك، ئۇشتۇمتۇتلا قورقۇپ كەتمەك، ئەندىشە قىلماق: يۈرىكىم قارت قىلىپ قالدى. «بۇ راستىنلا مېنىڭ سۈرىتىممىدۇ؟»، مەن سۈرەتنى قولۇمغا ئالغىنىمچە ئۆيگە يۈگۈردۈم. * ئۇنى كۆرۈپلا قوچقارنىڭ يۈرىكى قارتىدە قىلىپ قالدى.

**يۈرىكى قان بولماق** → **يۈرىكى زەرداب بولماق:** ياپيېشىل يوپۇرماقلار، سارغىيىپ خازاڭ بولدى. بۇ پەسلەرنىڭ دەستىدىن، يۈرەكلەر ساپ قان بولدى.

**يۈرىكى قانماق** قانائەت ھاسىل قىلماق، رازى بولماق، قانماق: ئۆمرىنى تولا ئۆرۈپ، بىلىكىڭ تالدىمۇ يارىم. ئاز كۈن ئويناپ ئايرىلدۇق، يۈرىكىڭ قاندىمۇ يارىم.

**يۈرىكى قەپىسىدىن چىقىپ كەتكۈدەك بولماق** → **يۈرىكى قىنىدىن چىقىپ كەتكۈدەك بولماق:** يۈرىكى قەپىسىدىن چىقىپ كەتكۈدەك بولۇۋاتقان رەيھانىنىڭ قۇلىقىغا يېقىنلا يەردىن ناخشا ئاۋازى ئاڭلانغاندەك بولدى.

**يۈرىكى قېپىدىن چىقىپ كەتكۈدەك بولماق** → **يۈرىكى قىنىدىن چىقىپ كەتكۈدەك بولماق:** سېيىت ھاجىم ئۆزىنىڭ ئاقپاشانىڭ سودا ئاقساقىلى ئىكەنلىكىنى ئاشكارىلىۋىدى، چېرىكلەرنىڭ يۈرىكى قېپىدىن چىقىپ كەتكۈدەك بولدى.

**يۈرىكى قىسىلماق** كۆڭلى غەش، يېرىم بولماق، خاپا بولماق: نەجىپنىڭ يۈرىكى قىسىلىپ، ئاشپەزگە غەزەپ بىلەن تىكىلىپتۇ.

**يۈرىكى قىنىدىن چىقىپ كەتكۈدەك بولماق** بەك قورقماق، قورقۇپ ئەقىل-ھوشىنى يوقاتماق؛ قاتتىق ھاياجانلانماق: ئۇ قىمىرلىماي ياتاتتى، بەلكىم قورقۇپ يۈرىكى قىنىدىن چىقىپ كەتكەندۇر. * ئۇنى كۆرۈپ خۇشاللىقتىن يۈرىكىم قىنىدىن چىقىپ كەتكۈدەك بولدى.

**يۈرىكى قىنىغا پاتماسلىق** ناھايىتى بەك خۇشال بولۇش، خۇشاللىقتىن نېمە قىلىشنى بىلەلمەي قېلىش، قاتتىق ھاياجانلىنىش: سابىر يېڭى كارىز يېنىدىكى دۆڭگە چىقىپ جېنەستەمنىڭ ئۆگزە ئۈستىدە شاخ ئارىسىدىن قاراپ تۇرغانلىقىنى كۆردى ۋە يۈرىكى قىنىغا پاتماي سوقۇشقا باشلىدى.

**يۈرىكى كاۋاپ بولماق** → **يۈرەك-باغرى كاۋاپ بولماق:** ياشلىقىمدا ئېرىمدىن ئايرىلىپ مۇشۇ گۆرگە تاشلاشقانىدى. تا مۇشۇ كۈنلەرگىچە دوزاخ ئازابىنى تارتىۋاتىمەن، يۈرەكلىرىم كاۋاپ بولۇپ تۈگىدى.

**يۈرىكىگە سىغدۇرالماسلىق** دەرد-ئەلەم ياكى خۇشاللىقنى ئىچىگە پاتۇرالماسلىق، ھەددىدىن ئارتۇق دەرد-ئەلەمگە مۇپتىلا بولۇش ياكى ناھايىتى بەك خۇشال بولۇش: ئۇ ئەمدى بۇ دەردنى

يۈرىكىگە سىغدۇرالمايدۇ.

**يۈرىكىگە قول سالماق** ← **يۈرىكىگە قول سېلىپ باقماق**: – دىلبەر بەك ئىرىنشچان، ئوقۇسا چوقۇم ئۇنىۋېرسىتېتقا ئۆتەلەيدۇ، – دېدى مۇئەللىم ئانىسىنىڭ يۈرىكىگە قول سېلىپ.

**يۈرىكىگە قول سېلىپ باقماق** چېكىپ باقماق، خاھىشىنى، مەيلىنى بىلىپ باقماق: – ھازىرقى بالىلار بۇرۇنقىلارغا ئوخشىمايدۇ، ھەر ھالدا بۇ ئىشتا ئوغلىڭىزنىڭ يۈرىكىگە قول سېلىپ بېقىپ بىرنېمە دەڭ، – دېدى ئۇ شەرىپخانغا.

**يۈرىكىگە ئوت تۇتاشماق** مۇھەببىتى قوزغالماق، ئىشق-ھەۋىسى ئويغانماق، ئامراقلىقى، سۆيگۈسى كەلمەك: دىلبەرنى كۆرۈپلا ئۇنىڭ يۈرىكىگە ئوت تۇتاشتى.

**يۈرىكىگە ئوت چۈشمەك** بىرەر ئىشقا ياكى نەرسىگە قارىتا قىزغىنلىق، كۈچلۈك ئىنتىلىش پەيدا بولماق، ئىشتىياقى چۈشمەك: شۇندىن بېرى مەندە شېئىر يېزىشقا قارىتا بىر خىل كۈچلۈك ئىنتىلىش پەيدا بولدى، قىسقىسى، يۈرىكىمگە ئوت چۈشتى.

**يۈرىكى مۇجۇلماق** ← **يۈرىكى ئېزىلمەك**: – تۇرغان تۇرقۇمنى ھەممىڭلار كۆرۈۋاتىسىلەر. بايا سىلەردىن سىيىت ھاجى دېگەننىڭ قىلمىش-ئەتمىشنى ئاڭلاپ، يۈرىكىم مۇجۇلۇپلا كەتتى، – دېدى ئۇ.

**يۈرىكى مۇزلىماق** قىزغىنلىق، ئىشتىياقى يوقالماق، تەلپۈنۈشى، ئىنتىلىشى تۈگىمەك: بۇنى ئاڭلاپ يۈرىكىم بىردىنلا مۇزلاپ كەتكەندەك بولۇپ، ئىختىيارىم ئىلكىمدىن قاچتى.

**يۈرىكىنى ئالماق** قاتتىق قورقۇتماق، چۆچۈتمەك، قاتتىق ئەندىشە، ۋەھىمىگە سالماق: – بۇ بالا ئۆتكەن يىلى يۈرىكىمنى بىر ئالغانىدى، – دېدى ئۇ بىرئاز ئىزا تارتقاندەك قىلىپ.

**يۈرىكىنى تاتىلىماق** ئازابلىماق، ئىچىنى پۇشۇرماق: قېرى ھاممىنىڭ يۈرىكىنى نېمىدۇر تاتىلاپ ئارام بەرمەيتتى.

**يۈرىكىنى توختاتماق** قورقۇنچ، ئەندىشىنى يوقاتماق، قورقمايدىغان ھالەتكە كەلمەك: ساۋۇتئاخۇن يۈرىكىنى توختىتىپ «تەۋەككۇل» دەپ ئالغا قاراپ ماڭماقچىمۇ بولدى.

**يۈرىكىنى تۇتۇپ كۆرمەك** ← **يۈرىكىگە قول سېلىپ باقماق**: ئۆزۈمنى دەڭسەپ يۈرىكىمنى تۇتۇپ كۆرسەم، كۆڭلۈم ھېچقايسىسىغا تارتمىدى.

**يۈرىكىنى قاپتەك قىلماق** ھېچنېمىدىن يانمايدىغان، ئەيمەنمەيدىغان، قورقمايدىغان دەرىجىگە كەلمەك: كونا باشلىقنىڭ ئۇنىڭ قىلىقلىرىنى «گۆھەر يەتكۈزۈپ بېرىش» دەپ قارىغانلىقى، ئۇنىڭ يۈرىكىنى قاپتەك قىلىپ قويغانىدى.

**يۈرىكىنى يېمەك** قاتتىق دەرد-ئەلەمگە مۇپتىلا قىلماق، ھەددىدىن ئارتۇق ئازابلىماق، روھىي جەھەتتىن قاتتىق قىينىماق: سەن زەھەرلىك چېكىملىككە ئۆگەنگەندىن بېرى ئاتا-ئاناڭنىڭ يۈرىكىنى يەپ بولدۇڭ.

**يۈرىكى ئوت ئالماق** ① بىرەر ئىش ياكى نەرسىگە قارىتا كۈچلۈك ھەۋەس-ئىشتىياقى قوزغالماق، ئىشق-ھەۋىسى كۈچەيمەك: ئۇنى 2-قېتىم سەھنىدە كۆرگەندە يۈرىكى ئوت ئېلىپ لاۋۇلداپ كەتكەنىدى. ② ئازابىتىن يۈرىكى پۇچۇلانماق، قاتتىق ئازابلانماق: ئۇنىڭ ئېسىگە تۇنسانىڭ «ئاشۇ شۇمۇڭنى خوتۇن قىلىۋال» دېگەن سۆزى كەلگەندە، يۈرىكى

ئوت ئېلىپ پارە-پارە بولغاندەك تۇيۇلدى.

**يۈرىكى ئورنىغا چۈشمەك** ← **يۈرەك جايىغا چۈشمەك:** خۇداغا شۈكرى، ئەمدى يۈرىكىم ئورنىغا چۈشتى. قورۇنىڭ تېمىمۇ تېشىلمەپتۇ-ھە! بىرى ئۆيىنىشىپ شۇنداق قىلغان ئوخشايدۇ-دە.

**يۈرىكى ئويناپ كەتمەك** بىرەر ئىشتىن قاتتىق سۆيۈنمەك، خۇشال بولماق، سۆيۈنمەك: مۇھەممەدنىڭ يۈرىكى خۇشاللىقتىن ئويناپ كەتتى. قۇياش ئەمدى ئۇنىڭ ئالدىدىلا دېگۈدەك تۇراتتى.

**يۈرىكى ئوينىماق** ← **يۈرىكى ئويناپ كەتمەك:** كېلىنىڭ دەپ قىلسا ئۇ تەكلىپ، ھاياجاندا يۈرەك ئويناپ، جاھاننىڭ بايرىمى ئۆيدە كۆرۈنگەندەك بولۇپ كەتتى.

**يۈرىكى ئېچىشماق** كۆڭۈل بىئارام بولماق، ئازابلانماق، دەرد-ئەلەم چەكمەك: نادىرەنىڭ گەپلىرى ئەترەت باشلىقىنىڭ يۈرىكىنى ئېچىشتۇرىۋەتتى. ئۇ كاللىسى چۈشكەن پېتى ئۈن-تىنسىز تۇرۇپ قالدى.

**يۈرىكى ئېرىمەك** ئاچچىقى، غەزىپى يېنىپ مېھرىبانلىقى قوزغالماق، رەھمى كەلمەك، ئىچى ئاغرىماق، تەسىرلەنمەك: قىزنىڭ كۆز ياشلىرىنى كۆرگەن ئانىنىڭ يۈرىكى بىردىنلا ئېرىپ كەتتى.

**يۈرىكى ئىزىغا چۈشمەك** ← **يۈرەك جايىغا چۈشمەك:** ناھىيىلىك دوختۇرخانىدىكىلەر ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈپ چىققانىدىن كېيىن، سۇلتاننىڭ يۈرىكى ئىزىغا چۈشۈپ ئەندىشىسى تارقىدى.

**يۈرىكى يارا** كۆڭلى ئىنتايىن پەرىشان، دەردى ئېغىر: كۈن ئولتۇرۇپ، ئەتراپىم يورۇقتى، قارا بولدى. يار دەردىدە جىگەر خۇن، يۈرىكىم يارا بولدى.

**يۈرىكى يايرىماق** ← **يۈرىكى ئويناپ كەتمەك:** تېخى ھېلىلا يۈرىكى خۇشاللىقتىن يايراۋاتقان رۇقىيە بىردىنلا بىرى گېلىنى بوغۇۋالغاندەك تۇنجۇقۇپلا كەتتى.

**يۈرىكى يوغىنىماق** بىر ئىشتىن ئەيمەنمەيدىغان، قانۇن-قائىدىلەرگە بويسۇنمايدىغان بولماق، قارامللاشماق، قورقماس بولۇپ كەتمەك: مانا كۆرۈپ تۇرۇپسەن، ئۇنىڭ يۈرىكى يوغىناپ قانۇنغا خىلاپلىق قىلىش دەرىجىسىگە باردى!

**يۈرىكى يوق** توخۇ يۈرەك، قورقۇنچاق: — قويە ئۇنىڭ گېپىنى، — دېدى ئۇ قاسىمنىڭ سۆزىنى بۆلۈپ، — ئۇنداق يۈرىكى يوق بىرنېمىلەر نېمىنىمۇ قىلالايتتى؟!

**يۈرىكى يۇمشاق** ← **كۆڭلى يۇمشاق:** ئاتامنىڭ ئاچچىقى يامان بولغىنى بىلەن يۈرىكى يۇمشاق.

**يۈرىكى يېرىلغۇدەك بولماق** ناھايىتى بەك خۇشال بولماق، قەۋەتلا سۆيۈنۈپ كەتمەك، خۇشاللىقتىن ئۆزىنى بېسىۋالالماي قالماق: ئۇلارنى كۆرۈپ، خۇشاللىقتىن يۈرىكىم يېرىلغۇدەك بولۇپ كەتتى.

**يۈرىكى يېرىلماق** روھىي جەھەتتىن قاتتىق زەربە يېمەك، پەرىشان، غەم-ئەندىشىلىك بولماق: ياخشى بىلەن دوست بولساڭ، ئېچىلار چېچەكلىرىڭ. يامان بىلەن دوست بولساڭ يېرىلار يۈرەكلىرىڭ (ماقال).

**يۈرەكئالدى** (يۈرەك+ئالدى) سۈپ. بىرەر ئىشنى قىلىشقا جۈرئەت قىلالمايدىغان، قورقۇنچاق، يۈرەكسىز: — قېنى، قورقماي كىرىۋەرسىلە، — ھېسامىدىن ھېساب روزى جىرتاقنى دەرھال تونۇدى، — قېنى، ئۆيىنىڭ ئۆزىڭلا، ھېچكىم يوق، نېمانچە يۈرەكئالدى بولۇپ كەتتىلە، روزىكا!

**يۈرەكئالدى بولماق** بىرەر ئىشنى

قىلىشقا جۈرئەت قىلالمايدىغان قورقۇنچاق، يۈرەكسىز بولۇپ قالماق: ئۇلارنىڭ بۇيرۇقلىرى تېخمۇ كۆپەيدى. مەن بارا-بارا بۇلارنى ئىجرا قىلىشتىن يۈرەكئالدى بولۇپ، قورقىدىغان بولۇپ قالدىم. * دائىم كۆرۈلۈپ تۇرىدىغان بەختسىزلىكلەر سەۋەبىدىن يۈرەكئالدى بولۇپ قالغان ئاتا-ئانىلار بالىلىرىنى كوچىدا ئويناشتىن چەكلىشەتتى.

**يۈرەكئالدى قىلىپ قويماق** تولا قورقۇتۇۋېرىپ قورقۇنچاق، جۈرئەتسىز، جاسارەتسىز قىلىۋەتمەك، قورقۇنچاق قىلىپ قويماق: كىچىككىنە بىر ئىش بولسىلا، قالايمىقان ئۇرۇپ، دەشنەم بېرىپ بالىنى يۈرەكئالدى قىلىپ قويدىڭىز.

**يۈرەكئالدى قىلىۋەتمەك** ← **يۈرەكئالدى قىلىپ قويماق.**

**يۈرەكئالدىلىق** ئى. قورقۇنچاقلىق، جۈرئەتسىزلىك، جاسارەتسىزلىك: بىزدىكى ھازىرقى ئەھۋال نەچچە ئون يىللىق يۈرەكئالدىلىق قالدۇرۇپ كەتكەن ئىللەتنىڭ سارقىندىسى.

**يۈرەك-باغىر** ① يۈرەك ۋە بېغىر. ② كىشىنىڭ ئىچكى دۇنياسى، كۆڭۈل-كۆكسى، قەلبى: ئاچىسىنىڭ ئېيتقانلىرىدىن ئىچى كۆيۈپ يۈرەك-باغرى پارە-پارە بولۇۋاتقان مەلىكە شاھزادىگە تاشلىنىپ يالۋۇرۇپتۇ.

**يۈرەك-باغرى پۇچۇلانماق** ← يۈرەك باغرى كاۋاپ بولماق: قىزىنىڭ دەردىدە بىچارە ئانىنىڭ يۈرەك-باغرى پۇچۇلىناتتى.

**يۈرەك-باغرى خۇن بولماق** ← **يۈرەك-باغرى قان بولماق:** ئەنە شۇنداق ئەلەملەر بىلەن يۈرەك-باغرىم خۇن بولماقتا ئىدى.

**يۈرەك-باغرى داغلانماق** ← **يۈرەك-باغرى قان بولماق:** بۇ زۇلۇم زىخى بىلەن يۈرەك-باغرى داغلانغان، ئەركى ئاسارەت زەنجىرى بىلەن چىرماپ تاشلانغان بىچارە خەلقنىڭ قولىدىن كېلىدىغان ئەڭ چوڭ نارازىلىق بىلدۈرۈش شەكلى ئىدى.

**يۈرەك-باغرىدىكىنى تۆكمەك** كۆڭلىدە بارىنىڭ ھەممىسىنى، بىرىنىمۇ قويماي، پۈتۈنلەي بايان قىلماق: باۋۇدۇن ھازىر قېرىپ قالغاچقا سىر ساقلاپ كەلگەن يۈرەك-باغرىدىكىنى شاۋۇدۇنغا تۆكۈۋېتىشكە باشلىدى.

**يۈرەك-باغرى قان بولماق** قاتتىق ئازابلانماق: شاھنىڭ يۈرەك-باغرى قان بولۇپتۇ، ئەمما پەرزەنتلەردىن ھېچ خەۋەر بولماپتۇ.

**يۈرەك-باغرى قان-زەرداب بولماق** ← **يۈرەك-باغرى قان بولماق:** بۇ زالىملارنىڭ زۇلمىدىن يۈرەك-باغرى قان-زەرداب بولمىغان كىشىلەر بارمۇ؟

**يۈرەك-باغرى كاۋاپ بولماق** قاتتىق ئازابلانماق، كۆڭلى ئازار يېمەك؛ ھەسرەت چەكمەك: باشقىلارنىڭ بالىلىرىنىڭ «دادا، دادا» دەپ يۈگۈرۈشۈپ ئالدىغا چىققانلىقىنى كۆرگەن شاھنىڭ يۈرەك-باغرى كاۋاپ بولۇپ، ئۆيىگە كىرىپتۇ-دە، بىر ھەپتىگىچە ھېچ يەرگە چىقماي يېتىۋاپتۇ.

**يۈرەك-باغرىنى ئەزمەك** ئىچىنى سىيرىلدۇرۇپ قاتتىق ئېچىندۇرماق، قايغۇرتماق، ھەسرەتلەندۈرمەك: ئۇنىڭ يىغلاپ تۇرۇپ ئېيتقان ماتەم قوشاقلىرى كىشىلەرنىڭ يۈرەك-باغرىنى ئەزدى.

**يۈرەك-باغرىنى پارە قىلماق** ← **يۈرەك-باغرىنى ئەزمەك:** ئەنە شۇنداق پاراڭلار ئەزىزەمنىڭ يۈرەك-باغرىنى پارە قىلىۋەتكەنىدى.

**يۈرەك-باغرىنى تۆكمەك** ئۇ يۈرەك باغرىنى بىراقلا تۆكۈپ، بولغان ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى سۆزلەپ كەتتى.

**يۇرەكزادە** (يۇرەك+زادە) سۈپ. قورقۇنچاق، يۇرەكئالدى: مەن تازا يۇرەكزادە، دېلغۇل بولۇپ تۇرغاندا، هويلىدا بىردىنلا ئايشەم مۇدىر پەيدا بولدى.

**يۇرەكزادە بولماق** ← **يۇرەكئالدى بولماق**: بىز قورقۇپ يۇرەكزادە بولۇپ قالدۇق.

**يۇرەكزادە قىلىپ قويماق** ← **يۇرەكئالدى قىلىپ قويماق**: ئۇلار بۇ بالىنى ھەدېسىلا ئۇرۇپ-تىللاپ يۇرەكزادە قىلىپ قويدى.

**يۇرەكزادىلىك** ئى. قورقۇنچاقلىق، جاسارەتسىزلىك، خەۋپسىرەش، ئەنسىرەش: تۇرمە باشلىقى يۇرەكزادىلىك بىلەن مەھبۇسلارغا قارىدى.

**يۇرەكسىز** سۈپ. يۇرىكى يوق، قورقۇنچاق، توخۇ يۇرەك: بۇنداق يۇرەكسىز ئادەملەر كېچىلىرى ھەتتا ئۆز ئۆيىدىمۇ خاتىرجەم ئۇخلىيالمايدۇ.

**يۇرەكسىزلىك** ئى. قورقۇنچاقلىق، توخۇ يۇرەكلىك: ئۇ بېشىنى ساڭگىلاتقىنىچە، چىرايى تاتارغان ھالدا، يۇرەكسىزلىك بىلەن يېنىمدىن غىپپىدە ئۆتۈپ كەتتى.

**يۇرەكسىزلىك قىلماق** قورقۇنچاقلىق قىلماق، توخۇ يۇرەكلىك قىلماق: — نېمانچىلا يۇرەكسىزلىك قىلىسەن؟! — دېدى ئۇ ئەھمەدنى ئەيىبلەپ.

**يۇرەكسىمان** سۈپ. يۇرەك شەكىللىك: يۇرەكسىمان سىزىق.

**يۇرەكسىمان سىزىق** <مات> دىئامېتىرى a غا تەڭ بولغان بېرىلگەن چەمبەردە بىر مۇقىم نۇقتا o بولۇپ، o دىن ئۆتكەن ھەرىكەتچان تۈز سىزىقلار چەمبەر ئايلانمىسى بىلەن كېسىشىدۇ. ھەرىكەتچان تۈز سىزىقتىكى كېسىشىش نۇقتىسى بىلەن بولغان ئارىلىقى a غا تەڭ بولغان نۇقتىنىڭ ئىزى يۇرەكسىمان سىزىق دېيىلىدۇ.

**يۇرەكسىمان قىسقۇچ** <ماشن> سىلىقلاش ستانوكىدا ئوقلارنى قىسىپ سىلىقلاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان بىر خىل قىسقۇچ. شەكلى يۇرەككە ئوخشايدۇ.

**يۇرەكلەنمەك** پ. بىرەر ئىش ياكى سۆز-ھەرىكەتنى قىلىشقا پېتىنماق، يۇرىكىنى توختاتماق، قورقۇنچ ياكى ئەندىشىنى بىر چەتكە قايرىپ قويۇپ دەرھال تۇتۇش قىلغۇدەك جاسارەتكە كەلمەك، غەيرەتلەنمەك: ئىلياس بىردىنلا يۇرەكلەندى، ئۇ: «نېمە بولسا شۇنى كۆرەي» دەپ ئويلىدى-دە، ماشىنىنى ھەرىكەتلەندۈردى.

**يۇرەكلىك** ① سۈپ. قورقماس، باتۇر، غەيرەت-شىجائەتلىك: بارات يۇرەكلىك ئادەم ئىدى، بىر قېتىم ئۇ بىر چېرىكنىڭ ئۆيىگە باستۇرۇپ، كىرىپ، ئۇنى ئۆلتۈرۈپ، ئۆيىدىكى قورالنى ئېلىپ چىققانىدى. ② رەۋ. قورقماي تۇرۇپ، باتۇرلۇق بىلەن: ئۇلار يىغىنلاردا قالتىس يۇرەكلىك سۆزلەيتتى. * ئۇ ھېچ قورقماستىنلا يۇرەكلىك قول تەۋرەتتى.

**يۇرە-يۇرە** داۋاملىق يۇرۇپ، ئۇزۇن يۇرۇپ: يۇرە-يۇرە، بۇ ئىككىسى ئاخىرى بىر ئۇچۇقچىلىققا چىقىپ قېلىپتۇ.

**يۇرگۈزمەك** پ ① «يۇرمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى. ② مەلۇم ئىش ياكى پائالىيەت ئېلىپ بارماق، ئىجرا قىلماق، ئورۇنلىماق، يولغا قويماق، قىلماق: خەلق دۈشمەن ئۇنسۇرلار ئۈستىدىن ئۇنۇملۇك دىكتاتۇرا يۇرگۈزۈپ، سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشنىڭ ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلىشىغا كاپالەتلىك قىلماقتا. * بۇ ئادەم ئەسكەرلەر ئارىسىدا يامان تەشۋىقات يۇرگۈزدى... * ئۇنىڭ ۋاقتى —

ئىجاد قىلىش ۋە پىكىر يۈرگۈزۈشكە سەرپ قىلىنغان ۋاقىت. * ئۇ ھەر خىل مەسىلىلەر ئۈستىدە مۇھاكىمە يۈرگۈزەتتى.

**يۈرگۈزۈشمەك** «يۈرگۈزمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار كەلگەن پېتى مېنى ئارىغا ئېلىپ، ماڭا تازا دىكتاتۇرا يۈرگۈزۈشتى. * ئۇلار تاكى ھەممە يەلەن يىغىلىپ يولغا چىققانغا قەدەر قىزغىن مۇھاكىمىلەر يۈرگۈزۈشتى.

**يۈرگۈزۈلمەك** «يۈرگۈزمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: مەملىكىتىمىزدە، بىر تەرەپتىن دۈشمەن-ئۇنسۇرلارغا دىكتاتۇرا يۈرگۈزۈلىدۇ، يەنە بىر تەرەپتىن خەلق ئىچىدە سوتسىيالىستىك دېموكراتىيە يەنى خەلق دېموكراتىيىسى يۈرگۈزۈلىدۇ.

**يۈرگىنى** ئى. لايىقى، توي قىلىشقا يۇتۇشكەن ئادىمى، سۆيگىنى: پەرىدەنىڭمۇ ئۆزىنىڭ يۈرگىنى بار ئىدى، ئەخمەتنىڭمۇ يۈرگىنى بار ئىدى.

**يۈرمەك** پ ① قەدەم ئېلىپ ھەرىكەتلەنمەك، ماڭماق؛ بىر نۇقتىدىن يەنە بىر نۇقتىغا قاراپ يول ئالماق، قەدەم تاشلىماق: يولۋاسنىڭ ئارقىسىدىن يۈرسەڭ يۈر، خوتۇننىڭ ئارقىسىدىن يۈرمە (ماقال). * «ئىس ئاسمانغا چىقىدۇ، قان يەرگە سىڭىدۇ، مېيىت گۆرگە كىرىدۇ، روھ جەننەتكە يۈرىدۇ». سىماغولنىڭ روھى بەلكىم ئاللىقاچان جەننەتكە يۈرگەندۇر. * ئۇلار يىگىرمە-ئوتتۇز قەدەمچە يۈرگەندىن كېيىن توختاپ قالدى... ② ئۆزى بىلگەن يەرلەردە بولماق؛ سەيلى-ساياھەت قىلماق، كەزمەك، ئايلانماق: مېھماننى ئۆيگە چىللاپ، ئۆزى يۈرەر ئەر سوراپ (ماقال). * ئۇلار شۇ كەتكەنچە شەھەرمۇ شەھەر يۈرۈپ، ئۈچ يىلدىن كېيىن قايتىپ كېلىپتۇ. * ھەر قېتىم يامغۇر ياغقان چاغدا تالادا تەنھا يۈرۈش ماڭا ئادەت بولۇپ قالدى. ③ ياشىماق، ھايات كەچۈرمەك، مەۋجۇت بولۇپ تۇرماق: يامان خوتۇن ئالغۇچە، بويتاق يۈرگىن ئۆلگىچە (ماقال). * — مەن سىلەرنى ئازاد قىلدىم، — دەپتۇ مەلىكە ئۇلارغا، — ئەمدى ئاتا-ئاناڭلارنىڭ ئالدىغا بېرىپ ئويناپ-كۈلۈپ يۈرۈڭلار. * بەرگىسىنى قىسقۇچە، غۇنچە قىسقان ياخشىراق. بۇۋاپا يار تۇتقۇچە، يارسىز يۈرگەن ياخشىراق. ④ بىرەرسى بىلەن بىللە بولماق، ھەمسۆھبەت بولماق، بىرگە تۇرماق: — سىز بۇ خائىنلار ئىچىدە ئۆزىڭىزنى بۇلغاپ بىردەم بۇنىڭ بىلەن، بىردەم ئۇنىڭ بىلەن يۈرسىڭىز، كېلىچەكتە قانداق قىلىسىز؟ — دەپ نەسىھەت قىلدىم ئۇنىڭغا. * — مېنىڭ بىلەن يۈرسەڭ زېرىكىپ قالارسەنمىكىن. — دېدى ئۇ ماڭا قاراپ سىرلىق كۈلۈپ. ⑤ شاھمات، قارتا دامكا ۋە شۇ قاتارلىق ئويۇنلاردا ئۆز نۆۋىتىدە ھەرىكەت قىلماق، ئوينىماق، ماڭماق ياكى چۈشمەك: — قېنى يۈرە، ئەمدى مات بولمىغىنىڭنى كۆرەي! — دېدى تەلئەت پوچىلىق بىلەن كېرىلىپ. ⑥ قىز-يىگىتلەر توي قىلىش مەقسىتىدە ئۆزئارا دوستلاشماق، يۇتۇشمەك، لايىقلاشماق: — باشقىلاردىن سىزنى يۈرۈۋاتقان يىگىتى بار، دەپ ئاڭلىغانىتىمغۇ؟ — دېدى ئۇ زەيتۇنەمگە. * مەن بېغىڭغا كىرمەيمەن، گۈللىرىڭنى ئۈزمەيمەن. ئەمدى كەلدىم ئەقلىمگە، نادان بىلەن يۈرمەيمەن. ⑦ قوزغالماق، سۇرۇلمەك: — چىك تۇت، ئارقان يۈرۈپ كەتمىسۇن، — دېدى ئۇ ۋارقىراپ. ⑧ كۆچمە. باراۋەر بولماق، قىممىتى ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش ئالاھىدىلىكلىرى جەھەتتىن تەڭ بولماق، ئوخشاش بولماق: مېنىڭ ئىككى قويۇم 600 يۈەن بولدى، سىنىڭ

موزىينىڭ 600 يۈەن بولدى، دېمەك، مېنىڭ ئىككى قويۇم سېنىڭ بىر موزۇيۇڭغا يورمەمدۇ؟ ⑨ پېئىللارنىڭ چېتىلما رەۋىشداش شەكلى بىلەن بىرىكىپ، كېلىپ تۈۋەندىكى مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ: 1) ھەرىكەتنىڭ ئۇزاق داۋاملىشىشى ياكى كۆپ تەكرارلىنىشىنى بىلدۈرىدۇ: ئۇ ھازىرغىچە ئۆزىگە ئىش ئورنى ئىزلەپ يورىدۇ. 2) رەۋىشداش ئىپادىلىگەن ھەرىكەت بىلەن شۇغۇللىنىپ ئاۋارە بولۇش، جاپا چېكىش مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ: بۇنچىۋالا ئېغىر نەرسىنى كۆتۈرۈپ يورۇشىنىڭ ئۆزى ئەخمەقلىق. 3) سۆزلىگۈچىنىڭ شۇ رەۋىشداش ياكى ئۇنىڭدىن كېيىن كەلگەن جۈملىدە ئىپادىلىگەن ھەرىكەتنىڭ بولۇشىنى زادىلا كۈتمىگەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. بۇ خىل جۈملىلەر تەئەججۈپلەنگەن ياكى مازاق قىلغان تەرزدە ئېيتىلىدۇ: ئۇلار ئارقىمىزدىن «بۇ ژۇرنالنى ئالەمدە يوق بىرنەرسە قىلىۋالدى» دەپ يورگۈدەكمىش. 4) بولۇشسىز چېتىلما رەۋىشداش شەكلى بىلەن بىرىكىپ، بولۇشسىز ھەرىكەتنىڭ ئۇزاق داۋاملىشىشىنى بىلدۈرىدۇ: سىز ئۇنىڭ جادۇگەر ئىكەنلىكىنى تېخىچىلا بايقىماي يورىۋاتىسىز.

**يورۇپ كەتمەك** مەلۇم بىر جاي، ئورۇنغا يېتىش ئۈچۈن ماڭماق، يولغا چىقماق، قوزغىلىپ كەتمەك: ئۇ ئالدىراپ ئورنىدىن تۇردى-دە، سادىقنىڭ ۋېلسىپىتىگە منىپ، كېچىلەپ ناھىيىگە يورۇپ كەتتى.

**يورۇش** I «يورمەك» پېئىلىنىڭ يەنە بىر خىل ئىسمدىشى: يورۇش سائىتى. يورۇش سىگنالى. يورۇش يۆنىلىشى.

**يورۇش سائىتى** <قاتن> دېڭىز يورۇشىدە ۋاقىت ھېسابلاشتا ئىشلىتىلىدىغان سائەت. توغرىلىق دەرىجىسى ئىنتايىن يۇقىرى بولۇپ، بىر كۈنلۈك پەرقى بىر سېكۇنتتىن ئاشمايدۇ. بۇ سائەت دېڭىزدىكى ھەرقانداق ناچار شارائىت (يەنى توختاۋسىز تەۋرەش، قاتتىق سوغۇق، پىژ-پىژ ئاپتاپ ياكى نەملىك قاتارلىق) لارنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىمايدۇ. ئۇنىڭ قۇرۇلمىسى پۇختا بولۇپ، نۇرغۇن زاپچاسلىرى ئەلا سۈپەتلىك ماتېرىياللاردىن ياسىلىدۇ.

**يورۇش سىگنالى** ھەربىي قىسىم، پويىز، كېمە، پاراخوت قاتارلىقلارنىڭ يورۇشىدىن بەلگە بېرىدىغان سىگنال.

**يورۇش قىلىش** <ھەرب> ھەربىي قىسىمنىڭ مەشىق قىلىشى ياكى ۋەزىپە ئىجرا قىلىشى داۋامىدا، بىر جايدىن يەنە بىر جايغا مېڭىشى.

**يورۇش يۆنىلىشى** <گېئول> گېئولوگىيىلىك تۈزۈلمە يۈز بىلەن گورىزونتال تەكشىلىكنىڭ كېسىشىش سىزىقىنىڭ يۆنىلىشى.

**يورۇش** II ① مىق. ساناق سانلار بىلەن كېلىپ «قۇر» دېگەندەك مىقدار ئۇقۇمىنى ئىپادىلەيدۇ: بىر يورۇش كىتاب. ئىككى يورۇش كىيىم. ② ئى. توي-تۆكۈن، نەزىر-چىراغ ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش مۇراسىملاردا مۇراسىم ئىگىسىگە بېرىش ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلغان پۇل ياكى كىيىم-كېچەك، رەخت قاتارلىق سوۋغات، ئومۇمەن ماددىي سوۋغات: — يورۇش كۆتۈرۈپ بارمساق سەت تۇرا، — دېدى ئۇ تۇراخانغا. * توينىڭ يورۇشىگە ئەللىك كىيىملىكتىن ئارتۇق رەخت چۈشۈپتۇ. ③ ئى. ئاتنىڭ بىر خىلى مېڭىش ھالىتى: مەن ئاتنىڭ يورۇشى بىلەن كېتىۋاتاتتىم.

**يورۇشى بار** ① چاي-مۇراسىملارغا

لايىقىدا يۇرۇش، سوۋغات ئېلىپ بارىدىغان، سوۋغات كۆتۈرۈشنىڭ قاچمايدىغان: ئۇنىڭ ئانىسى مېھماندوست، يۇرۇشى بار ئايال ئىدى. ② قولىدىن ئىش كېلىدىغان، ئىش قاملاشتۇرالايدىغان، ئېپى بار: — بىزنىڭ ئوغۇلنىڭ خېلى يۇرۇشى بار جۇمۇ، — دېدى ئۇ شەرىپىگە ئوغلىنىڭ تەرىپىنى قىلىپ. ③ مېڭىشى ياخشى، ئوبدان ماڭىدىغان، ياخشى يۇرۇشى، مېڭىشى بار (ئات-ئۇلاغلار ھەققىدە): يۇرۇشى بار ئات.

**يۇرۇشى يوق** ← **يۇرۇشسىز**: ئۇ تويغا يۇرۇشى يوقلا كەپتۇ. * ھەجەرخان يۇرۇشى يوق خوتۇن ئىدى. * — بۇ يۇرۇشى يوق ئاتنى كىممۇ ئالار، — دېدى ئۇ مەيۈسلەنگەن ھالدى. * ئۇلارنىڭ يېڭى كەلگەن باشلىقى يۇرۇشى يوق ئادەم ئىكەن، بىر يىل ئىچىدىلا كارخانىسىنى ۋەيران قىلىۋەتتى.

**يۇرۇش-تۇرۇش** گەپ-سۆز، ئىش-ھەرىكەت، قىلىق: يېقىندىن بۇيانقى قاسىم ئاكامنىڭ يۇرۇش-تۇرۇشى باشقىچە، بويىمۇ بىر غېرىچ ئۆسكەندەك قىلىدۇ.

**يۇرۇشتۇرمەك** ① «يۇرۇشمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: مېنىڭ ئورنۇمغا چوقۇم مۇشۇ ئىشنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالايدىغان بىر كىشى دەسسىشى ۋە ئۇ كىشى ئىشلارنى ياخشى يۇرۇشتۇرۇشى كېرەك. ② ئايلاندۇرماق، ھەرىكەتلەندۈرمەك، ماڭغۇزماق: ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي ھېلىقىلاردىن بىرى ساقىيلىق قىلىپ، قەدەھ يۇرۇشتۇرمەك بولدى. * — نېمە بولاتتى، — دېدى پولات لېنىتىنى يۇرۇشتۇرۇپ تۇرۇپ، — ساۋاقداشلىق خاتىرىسى بولۇپ قالىدۇ.

**يۇرۇشتۇرۇپ كېسىش** <كى> ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن ئارتۇق كىيىملەرنى كېسىشتىكى بىر پارچە رەختنىڭ ئۈستىگە كىيىم بۆلەكلىرىنى مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇپ ياكى ئۆزئارا ئورۇن ئالماشتۇرۇپ سىزىش ئارقىلىق سەرپىياتنى ئىمكانقەدەر ئازايتىپ كېسىش مەشغۇلاتى.

**يۇرۇشتۇرۇشمەك** «يۇرۇشتۇرمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار ئوبدان ھەمكارلىشىپ، ئىشلارنى ياخشى يۇرۇشتۇرۇشتى.

**يۇرۇشتۇرۇلمەك** «يۇرۇشتۇرمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: بىرنەچچە كۈن جىددىي ھەرىكەت قىلىش ئارقىلىق ھەممە ئىش يەنە ئۆز ئەسلىگە كېلىپ، ئوبدان يۇرۇشتۇرۇلدى.

**يۇرۇشسىز** سۈپ ① يۇرۇش ئالماي، يۇرۇش كۆتۈرمەي: ئۇ تويغا يۇرۇشسىز قانداق بارىمىز؟ ② ئىش قاملاشتۇرالمايدىغان، ئېپى يوق: مەخمۇت يۇرۇشسىز بالا بولۇپ قالدى. ③ ياخشى ماڭمايدىغان، مېڭىشى، يۇرۇشى يوق (ئات-ئۇلاغلار ھەققىدە): يۇرۇشسىز ئات.

**يۇرۇشلەشتۇرمەك** ① «يۇرۇشلەشمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: — قاسىم ئاكا، سۇدىن خاتىرجەم بولۇڭ، قۇدۇقنى يۇرۇشلەشتۇرۇپ بولغۇچىلىك سۇنى بىز ھەل قىلىپ بېرەيلى، — دەپ قوشۇمچە قىلدى مەتنىياز. ② <ماشى> ئۆزئارا مۇناسىۋەتلىك بولغان بىرقانچە نەرسىنى بىرىكتۈرۈپ بىر يۇرۇش قىلىشماق. ③ <س.ئىق> ئوخشاش تىپتىكى مەھسۇلاتنىڭ تۈرى، ستاندارتىنى دەرىجىگە ئايرىپ يۇرۇش ھاسىل قىلىشماق.

**يۇرۇشلەشتۇرۇشمەك** «يۇرۇشلەشتۇرمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**يۇرۇشلەشتۇرۇلگەن** «يۇرۇشلەشتۇرۇلمەك» پېئىلىنىڭ سۈپەتدىشى: يۇرۇشلەشتۇرۇلگەن ئۈسكۈنىلەر.

**يۇرۇشلەشتۇرۇلگەن ئۈسكۈنىلەر**

<س ئق> مەلۇم مەھسۇلاتنى ئىشلە پچىقىرىشقا ياكى مۇئە يىيەن ۋەزىپىنى ئۆتە شكە ئېھتىياجلىق بولغان تۈرلۈك ماددىي تېخنىكىلىق ئۈسكۈنىلەر. ئۇ ماشىنا-ئۈسكۈنىلەر، ئېنېرگىيە ئۈسكۈنىلىرى، كونترول قىلىش ئۈسكۈنىلىرى ۋە سىناق-تەكشۈرۈش قاتارلىق ئىشلارغا ئىشلىتىلىدىغان يۇرۇشلە شتۇرۇلگەن ئۈسكۈنىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

**يۇرۇشلە شتۇرۇلمەك** «يۇرۇشلە شتۇرمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: – بۇ قۇدۇق دەرھال يۇرۇشلە شتۇرۇلمىسە، مانا بۇ سالا-سالا يەرلىرىمىز ئاختارما قالىدۇ، – دېدى ئۇ جىددىيلىك بىلەن.

**يۇرۇشلە شكەن** «يۇرۇشلە شمەك» پېئىلىنىڭ سۈپە تدىشى: يۇرۇشلە شكەن مەھسۇلات. يۇرۇشلە شكەن مۇزىكا.

**يۇرۇشلە شكەن مۇزىكا** <مۇز> خاراكتېرى بىر-بىرىگە ئوخشاش بولغان ئاھاڭلاردىن قۇراشتۇرۇلغان بىر يۇرۇش ئاھاڭلار.

**يۇرۇشلە شمەك** پ. سىستېمىلىق، مۇكەممەل ھالە تكە كە لمەك؛ راۋاجلانماق، تەرتىپلىك، رەتلىك بولماق: بەزى ئىسلاھات تە دبىرلىرى يۇرۇشلە شمىگە نلىكى ئۈچۈن، دۆلە تنىڭ بىر تۇتاش پىلانىنى ئاجىزلاشتۇرىدىغان ۋە ئۇنىڭغا دەخلى يە تكۈزىدىغان ئەھۋاللار سەل كۆپىيىپ قالدى.

**يۇرۇشلۇق** ① ئى. سوۋغاتلىق، يۇرۇشكە ئىشلىتىلىدىغان نەرسە: تويغا يۇرۇشلۇق ئالاي دەپ ماڭدىم. ② سۈپ. يۇرۇشى، مېڭىشى بار، ئوبدان ماڭىدىغان (ئات-ئۇلاغلار ھەققىدە): يۇرۇشلۇق ئات ئۈستىدىكى نادەم چىڭقى چۇش مەزگىلدە يېزىغا كىرىپ كەلدى. ③سۈپ. يۇرۇشى بار، قولىدىن ئىش كېلىدىغان، ئىش قاملاشتۇرالايدىغان: يۇرۇشلۇق ئادەم. ④ مىق. ساناق سانلار بىلەن كېلىپ «قۇر، تو» دېگە ندەك مىقدار ئۇقۇمىنى بىلدۈرىدۇ: ئۈچ يۇرۇشلۇق بۇ بىناغا كىرىپ چىقىدىغانلارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمە يتتى.

**يۇرۇشمەك** ① «يۇرمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلارنىڭ كەينىدىن باشقا مېھمانلار يۇرۇشتى. * ئۈچ-تۆت كىشى توسما ئالدىدا لاغايلاپ يۇرۇشە تتى. * ئۇلار ھازىر بىر-بىرىنى «سىز» دېيىشىدۇ، تېخى دائىم بىللە يۇرۇشىدۇ. * ئۇ مۇلايىم ۋىجدانلىق ئايال ئىدى، مەن ئۇنى تازا ياخشى كۆرمە يتتىم، سەۋەبى بىز توي ئالدىدا يۇرۇشمىگەن. * دەريا بويى، ئورمانلاردا كۆرۈشە تتى، شادلىق بىلەن ناخشا ئېيتىپ يۇرۇشە تتى. ② ئىش-پائالىيە تلىرى ناھايىتى ئوڭۇشلۇق بولماق، راۋاجلاشماق، ئۆز ئىزىغا چۈشۈپ نە تىجىلىك ھالدا داۋاملاشماق: كېيىنچە قۇربانىنىڭ ئىشلىرى يۇرۇشۇپ كە تتى. * ئۇنىڭ بازىرى تازا يۇرۇشۇۋاتقان كۈنلەرنىڭ بىرىدە خوجايىنى چاقىرتىپتۇ. * «يولۇم ئېچىلىپ سودام يۇرۇشۇپ كە تسە ئەجەب ئەمەس» دېدى ئۇ ئۆزىگە ئۆزى ئاستا پىچىرلاپ. * گەپ-سۆزلىرىمىز ئەمدى يۇرۇشۇپ، ئاستا-ئاستا مەقسە تكە يېقىنلىشۋاتاتتى.

**يۇرۇشۇپ كە تمەك** راۋاجلانماق، ئوڭۇشلۇق بولماق: ئۇنىڭ كېسىلىنى يوقلاش باھانىسى بىلەن بىر قېتىملا كۆرۈشۈۋالسام، كېيىنكى ئىشلار دېگەن ئۆزلۈكىدىن يۇرۇشۇپ كە تمە مدۇ!

**يۇرۇلمەك** «يۇرمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: يەردىن ئايغا قاراپ سائىتىگە يۈز كىلومېتىر تېزلىك بىلەن يۇرۇلسە، ئايغا 160 كۈندە يېتىپ بېرىش مۇمكىن.

**يۈز** I سان. ئوننىڭ ئون ھەسسە قوشۇلۇشىدىن ھاسىل بولغان سان ياكى «100» رەقىمى ۋە مۇشۇ رەقەم بىلەن ئىپادىلىنىدىغان سان، مىقدار: يۈز ئاڭلىغاندىن بىر كۆرگەن ئەلا (ماقال). // ئۇلارنىڭ سېپىدە جەڭ كۆنلىرى ھەربىرى يۈزگە تېتىغۇدەك ئەزىمەتلەردىن خېلىلا بار.

**يۈز كاتەكلىك شەكىل** <مات> بىردىن يۈزگىچە بولغان يۈز دانە كاتەكچىگە ئايرىم-ئايرىم تولدۇرۇلغان، ئۇنىڭ ھەربىر توغرا قۇرى بىلەن تىك قۇرىدىكى ئون دانە ساننىڭ يىغىندىسى ئايرىم-ئايرىم ھالدا 505 كە تەڭ، ئون قۇرنىڭ ئومۇمىي يىغىندىسى 5050 بولغان جەدۋەل.

**يۈزگىچە سىيلىش** <مات> قوشۇشنى چوتتا مەشىق قىلىش مەسىلىلىرىدىن بىرى. چوتتا بىردىن يۈزگىچە سالغاندا نەتىجە 5050 بولىدۇ.

**يۈز** II ئى ① ئادەم بېشىنىڭ كۆز، بۇرۇن، ئېغىز قاتارلىق ئەزالىرى ئورۇنلاشقان تەرىپى، ئالدى تەرىپى، باشنىڭ ئالدى تەرەپتىن كۆرۈنگەن قىسمى: يۈز يۈزگە چۈشىدۇ، مېھىر كۆزگە (چۈشىدۇ) (ماقال). * ئۇ ھەر كۈنى ئاشۇ بۇلاق سۈيىدە يۈزىنى يۇيىدىكەن. * ئۇنىڭ يۈزلىرى ئاناردەك قىزارغان، كۆزلىرىدىن نۇر چاقناپ تۇراتتى. ② كۆچمە. ئابروي، ئىناۋەت، ھۆرمەت؛ ئىززەت: — ساڭا يۈز كېرەك ئەمەسمۇ؟ نېمىشقا ۋاقتىدا مەلۇم قىلمايسەن؟ دەرھال تەكشۈرۈش ياز، — دېدى ئۇ ۋارقىراپ. * بۇ ئانچە تەسكە چۈشمىدى. بىزنىڭ ئىدارىدە شوپۇر دېگەن خېلى چوڭ ھېسابلىنىدۇ، بۇلارنىڭ ھەممىسى مېنىڭ يۈزۈمدىن بولدى. ③ قىياپەت، كۆرۈنۈش، ئومۇمەن كۆرگىلى بولىدىغان چىراي-تۇرۇق، گەۋدە، جىسىم: ئادەمنىڭ يۈزىگە قارىما، سۆزىگە قارا (ماقال). * شاھ ئۆمرىدە پەرزەنت يۈزى كۆرمىگەچكە، تەخت مىراسخورىنىڭ يوقلۇقىدىن قايغۇرىدىكەن. * كېيىنى-كېيىندىن ئۆزلۈمەي ئۆلۈشۈپ كەلگەن سىياسىي ھەرىكەتلەرنىڭ بولۇتى ئۇنىڭغا ھەقىقەتنىڭ يۈزىنى كۆرسەتمەيتتى. ④ كۆرسىتىلگەن شەخسنىڭ دەل ئۆزى ياكى دەل ئۆزى بار بولغان نەق مەيدان: گەپ يۈزدە ياخشى، ئۇسسۇل تۈزدە (ياخشى) (ماقال). * ئۇ ئەخمەتنىڭ يۈزىدىلا ھېلىقى خەتنى يىرتىپ پارە-پارە قىلىۋەتتى. ⑤ بىرەر نەرسىنىڭ ئۈستۈنكى تەرىپى، ئۈستى: يەر يۈزى. * ئاينىڭ يۈزىدىمۇ داغ بار (ماقال). * كېمە دەريا يۈزىدە ئۇچقاندەك يۈرۈپ كەتتى. * ئۇنىڭ پۈتىدىن ئاققان قان سۇ يۈزىنى قىپقىزىل بويىۋەتتى. ⑥ <مات> تەكشىلىك ياكى مەلۇم ماددىلارنىڭ سىرتىنىڭ كۆلىمى، دائىرىسى، چوڭ-كىچىكلىكى: چەمبەرنىڭ يۈزى. تىك تۆت بۇلۇڭنىڭ يۈزى. كۆپ تەرەپلىكنىڭ يۈزى. ⑦ دەريا، ئۆستەڭ قاتارلىقلاردىكى نەرسىلەرنىڭ ئۇ ياكى بۇ تەرىپى، قېشى، قىرغىقى: — بىز بىر ئامال قىلىپ تاڭ ئاتقۇچە دەريانىڭ ئۇ يۈزىگە ئۆتۈۋالساق بولاتتى، — دەيتتى ئۇ ئۇ ياق-بۇ ياق مېڭىۋېتىپ. ⑧ تۆمۈر ئەسۋابلارنىڭ تىغى: پىچاقنىڭ يۈزى. پالتىنىڭ يۈزى. ⑨ ئومۇمەن ئۈستىدە يېزىق يېزىلغان نەرسىلەرنى بىلدۈرىدىغان ئىسىملارغا تىركىلىپ كېلىپ «ئارقىلىق، ۋاستىسى بىلەن» دېگەندەك مەنىلەرنى ئىپادىلەيدۇ: — ئۇ «بۇ ئەھۋالنى گېزىت يۈزىدە ئېلان قىلمەن» دەيدۇ، — دېدى

ئالىم ئازابلىنىپ. * ئايرىلىسمۇ خوشلىشىپ، بىراق ئۇزۇلمىدى كۆڭۈل رىشتىسى. خەت يۈزىدە تۇردى كۆرۈشۈپ، ئىككى ياقتا ئۇلار ئىككىسى.

**يۈز ئاچماق** ① تويى بولغان قىزنىڭ يۈزىدىكى جۈمبەردىسىنى بەلگىلىك قائىدىلەر بويىچە ئاچماق. ② كۆز ئالدىدا نامايان بولماق، كۆرۈنمەك، گەۋدىلەنمەك، ئاشكارا بولماق: ئالدىمدا يەنە بىر يېڭى مەنزىرە يۈز ئاچتى. * كۈرەشتە تۆكۈلگەن قان بىلەن تەردىن، يۈز ئاچار ئىستىقبال-نۇرلۇق كېلەچەك.

**يۈز ئارا بۆلۈكى** <گېئول> كرىستال يۈزىنىڭ تىك سىزىقلىرى ئارىسىدىكى بۆلۈك. ئۇنىڭ سانلىق قىممىتى ماس كرىستال يۈزلىرى ئارىسىدىكى تەكشىلىك بۆلۈكىنىڭ تولدۇرغۇچى بۆلۈكىگە تەڭ بولىدۇ.

**يۈز بەرمەك** سادىر بولماق، كۆرۈلمەك، پەيدا بولماق: ئاشۇ كۈنلەردە يۈز بەرگەن ئاجايىپ-غارايىپ ئىشلارمۇ ئاز بولمىدى. * ھاياجانلىنىش، كۆز يېشى قىلىشلار ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن، ئادىل يولدا يۈز بەرگەن ۋەقەنى سۆزلەپ بەردي. * يەنە بىر كۈن ئۆتكەندىن كېيىن كىچىكئاخۇندا ئىككىنچى بىر يېڭى ئۆزگىرىش يۈز بەردى.

**يۈز تاپماق** ئەل-جامائەت ئىچىدە ھۆرمەت، ئابرۇيغا ئىگە بولماق: ئۇلار ماتا سودىسى بىلەن تاشكەنت بازىرىدا يۈز تاپقانىدى.

**يۈز تورى** <گېئول> بوشلۇق كاتەكچىسىدىكى بىر تەكشىلىكتە ئورۇنلاشقان تۈگۈنلەرنى تۇتاشتۇرغاندىن كېيىن پەيدا بولغان گېئومېترىيىلىك شەكىل.

**يۈز تۇتماق** يۈزلەنمەك: شاھزادە سەمى كۈندىن-كۈنگە بىئارام بولۇپ ھالاك بولۇشقا يۈز تۇتتى. * خەن خاندانلىقى چۈشكۈنلۈككە يۈز تۇتۇپ، ئەل-يۇرت تەقدىرىنى بۇزۇق تۆرىلەر چاڭگىلىغا كىرگۈزۈۋالدى.

**يۈز رېكونستروكسىيىسى** <گېئول> كرىستاللارنىڭ سىرتقى يۈزىدىكى ئاتوملارنىڭ ئورۇنلىشىش دەۋرىلىكىنىڭ ئىچكى قىسمىغا ئوخشاش بولماسلىق ھادىسىسى.

**يۈز سوپۇن** پىششىقلانغان ماتېرىياللارغا ئەتىر ۋە پۇراقلىق ماتېرىياللارنى قوشۇش ئارقىلىق تەييارلانغان، يۈز، قول قاتارلىقلارنى يۇغاندا ئىشلىتىلىدىغان سوپۇن.

**يۈز قارىماق** يۈز-خاتىرە قىلماق، ھۆرمەت بىلدۈرمەك، يۈزىنى قىلماق: — ئۇ دادامغا يۈز قاراپ باشقىچە گەپ قىلالمايتۇ، — دېدى مەخسۇت قوشۇمچە قىلىپ. * — بىلىپ قويغىنكى، يەنە شۇنداق سىنايمەن دېسەڭ، يۈز قارىمايمەن! — دېدى ئۇ ئېغىر ھاسىراپ. * ئەگەر قەمبەرنىسادىن باشقىلىرى بولغىنىدا، ئۇ ھېچ يۈز قارىماي گېپىنى ئوچۇقلا دەيتتى.

**يۈز كۆتۈرۈپ يۈرمەك** ئۇياتقا، ئىزاغا، تاپا-تەنىگە قالماي، ئەركىن ئازادە يۈرمەك، باشقىلارنىڭ مەسخىرىسىگە، كەمسىتىشىگە ئۇچرىماي خاتىرجەم، نورمال ياشىماق: ئۆزلىرىگە ھاي بەرگەنلىرىڭ تۈزۈكمىكىن، ئەل-يۇرت ئىچىدە يۈز كۆتۈرۈپ يۈرگىلى يول قالسۇن! * ئامالسىز قالغان بىچارە ئاتا-ئانىنىڭ كىشىلەر ئارىسىدا يۈز كۆتۈرۈپ يۈرۈشى بارغانسېرى قىيىنغا چۈشۈپ، ئاخىرى دەرد-ئەلەم ئىچىدە شەرىپەنى ئابدۇشۈكۈرگە ياتلىق قىلدى.

**يۈز كۆرۈشمەك** دىدارلاشماق، بىۋاستە ئۇچراشماق، كۆرۈشمەك: ئۇلار سادىق بىلەن يۈز كۆرۈشۈپ، ئىرى-بىرى سۆزلەشكەندىن كېيىن ناھىيىلىك پارتكومغا قاراپ ماڭدى. *

يېڭى، ئۇلۇغ دەۋران بىلەن يۈز كۆرۈشتۇق، كارۋان-كارۋان چوڭ مەنزىلگە قاراپ كۆچتۇق.

**يۈز كېلەلمەسلىك** مەلۇم بىر سەۋەنلىك، گۇناھ ياكى ئۇياتلىق ئىش سادىر قىلىپ قويغانلىقى ئۈچۈن، قارشى تەرەپنىڭ ئالدىدا يەرگە قاراپ قېلىش، قارشى تەرەپكە يۈرەكلىك، نورمال قاراشقا ياكى شۇنداق مۇئامىلە قىلىشقا پېتىنالماسلىق، جۈرئەت قىلالماسلىق؛ نومۇس ھېس قىلىش: پادىشاھ مەلىكىگە يۈز كېلەلمەي بېشىنى تۆۋەن سېلىپتۇ. * ئۇ نىجاتقا — دۇنيادىكى ئەڭ قەدىردان كىشىسىگە يۈز كېلەلمەي يىغلايتتى.

**يۈزگە ئىنتىلىش ئېففېكتى** <فىز> ئۆزگىرىشچان توكنىڭ ئۆتكۈزگۈچنىڭ سىرتقى يۈزىگە قارىتا ئېقىش ھادىسىسى.

**يۈز ماي** يۈز تېرىسىنىڭ بۇزۇلۇشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن يۈزگە سۈرىدىغان بىر خىل ماي.

**يۈز نېرۋىسى** <ئانات> يەتتىنچى جۈپ مېڭە نېرۋىسى. سەزگۈ، ھەرىكەت ۋە پاراسىمپاتىك نېرۋا تالالىرىدىن تەشكىل تاپىدۇ. ئاساسەن يۈز قىسمىدىكى چىراي مۇسكۇللىرىنىڭ ھەرىكىتى، ئېگەك ئاستى بېزى ۋە تىل ئاستى بېزىنىڭ سۈيۈقلۇق ئاجرىتىپ چىقىرىشى ھەمدە تىلنىڭ ئالدى قىسمىنىڭ تېتىش سېزىمىنى باشقۇرىدۇ. يۈز نېرۋىسىنىڭ پالەچلىكى چىرايىنىڭ ئۆزگىرىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

**يۈز ئۆرۈمەك** بىرەر نەرسە ياكى كىشىدىن ۋاز كەچمەك، ئۇنىڭغا بولغان ھۆرمەت، ئىنائەت، بويسۇنۇش ياكى قوللاش، يۈز-خاتىرە قىلىشلارنى تەرك ئەتمەك، بىكار قىلماق، ۋاز كەچمەك: بىر يىگىتتىن يۈز ئۆرۈپ يەنە بىر يىگىتكە كۆڭۈل بېرىش پاتىمەنىڭ چۈشەنچىسىدە ھاقارەتلىك ۋە نومۇسلۇق ئىش ئىدى. * يېڭى دوست تۇتساڭ، كونا دوستلىرىڭدىن يۈز ئۆرۈمە، ياخشى دوست ئۇلۇغ خەزىنىدۇر.

**يۈز ئېففېكتى** <فىز> ئۆتكۈزگۈچنىكى يۇقىرى چاستوتىلىق ئېلېكتر ماگنىت دولقۇنى ۋە ئۇنىڭدىن پەيدا بولغان يۇقىرى چاستوتىلىق توكنىڭ ئۆتكۈزگۈچنىڭ سىرتقى يۈزىگە تەقسىملىنىشكە ئىنتىلىش ھادىسىسى.

**يۈزى ئاق** ← **يۈزى يورۇق**: — يادىڭلاردىن چىقارماڭلار، باللىرىم، — دېدى ئانا كۆلۈمسىرەپ، — تۈزچىنىڭ ئالدىدا مالال بولماي، يۈزۈڭلار ئاق بولسۇن!

**يۈزى بار** ئەل-جامائەت ئارىسىدا يۈز-ئابرۇيى، ھۆرمەت-ئىناۋىتى بار، ھۆرمەتلىك: — بولمايدۇ، — دېدى پاتەمخان، — رەنا دېگەن ئون تۆت كۈنلۈك تولۇن ئايدەك چىرايلىق قىز، ئۇنى يۆلى بار، يۈزى بار بىرەر ئائىلىگە ياتلىق قىلىش كېرەك.

**يۈزى بولماق** يۈز-خاتىرىسى، ھۆرمىتى، ئابرۇي-ئىناۋىتى بولماق، ھۆرمىتى بولماق: — ھەي، ئۇنداق قىلماڭلار، — دېدى ئۇ يەنە سالا قىلىپ، — مېنىڭ مۇشۇنچە ئارىلاشقىنىمنىڭمۇ ئازراق بولسىمۇ يۈزى بولسۇن.

**يۈزى پولۇ** قېلىن، داپ يۈز، ئۇيالماس: — ئۇنىڭمۇ يۈزى پولۇ ئەمەستۇ، — دېدى رازىيە.

**يۈزى تۆكۈلمەك** ئەل ئىچىدىكى ئابروي-ئىناۋىتى، ئىززەت-ھۆرمىتى، نام-شۆھرىتى يوق بولماق: ئاشۇ بىر قېتىملىق سەتچىلىكتىن كېيىن ئۇنىڭ يۈزى تۆكۈلدى.

**يۈزى تۆۋەن** نومۇسچان، تارتىنچاق، نېپىز: — شۇنداق، — دېدى بوۋاي ئۇنىڭ سۆزىنى قۇۋۋەتلەپ، — سەلىمە يۈزى تۆۋەن،

ياۋاش قىز بولۇپتۇ.

**يۈزى چولڭ** ئەل ئىچىدە يۈقىرى نوپۇز، ئىشەنچكە ئىگە، ھۆرمەتتى يۇقىرى، نوپۇزلۇق: – داموللامنىڭ ئەل ئىچىدە يۈزى چولڭ، – دېدى ئۇ قوشۇمچە قىلىپ.

**يۈزى چولڭ كەلمەك** ھۆرمەتتى، ئابرويى، نوپۇزى ئۈستۈن كەلمەك: – بۇ قېتىم ئۆزلىرىنىڭ يۈزلىرى چولڭ كەلدى، بېگىم، – دېدى ئۇ ھىجىيىپ.

**يۈزى چۈشۈپ كەتمەك** ← **يۈزى تۆكۈلمەك**: – مەن بۇنداق بوزەك بولۇپ باقمىغان، بەك يۈزۈم چۈشۈپ كەتتى، – دېدى سادىر غەزەپ بىلەن جوزىنى مۇشتلاپ.

**يۈزى چىدىماسلىق** نومۇس قىلىش، خىجىل بولۇش، ئۇيىلىش، يۈز كېلەلمەسلىك: بۇرادەرلەر، راست گەپنى قىلسام، ئۇنىڭ پۇلىنى ئېلىشقا يۈزۈم چىدىمايدۇ، ۋىجدانىم كۆيىدۇ! * – ئىدارىگە دەيلى دېسەك، ئەھۋال ئاشۇنداق بولغاچقا، يۈزىمىز چىدىمىدى، – دېدى ئۇ چۈشەندۈرۈپ.

**يۈزى داپتەك** ← **يۈزى قېلىن**: – يۈزلىرى داپتەك ئىكەن، جۇمۇ، سىلىنىڭ! – دېدى ھېلىقى خوتۇن يەنە چالۋاقاپ.

**يۈزىدە تۈكى بار** نومۇسسىز، يۈزسىز، ئاسانلا يۈز ئۆرۈيدىغان، يۈزى يوق: – ئەپەندىم دەپ يۈرۈپتىمىز تېخى! – دېدى بوۋاي ئاچچىقلىنىپ، – تازا بىر يۈزىدە تۈكى بار ئىت ئىكەن ئەمەسمۇ؟

**يۈزىدىن قېنى قاچماق** ئاچچىقلىنىش ياكى قورقۇش قاتارلىقلار سەۋەبىدىن ئالاقزادە بولۇپ ياكى جىددىيلىشىپ يامان ئىش قىلىش تەرىپىگە يۈزلەنمەك؛ قورقماق، ئالاقزادە بولماق؛ ئاچچىقلانماق.

**يۈزىدىن ئوت ياناق** قاتتىق خىجىللىق، ئىزا-ئاھانەت ھېس قىلماق، ئىزا تارتماق: خەۋپتە قالغان ھاياتىنى قۇتقۇزۇپ قالغان كىشى، بىرچاغلاردا ئۆزى ۋە ئاتا-ئانىسى بىرلىشىپ باغرىنى خۇن قىلغان راھىلە ئىكەنلىكىنى بىلگىنىدە ئۇنىڭ يۈزلىرىدىن ئوت ياندى.

**يۈزىدىن يۈزىگە** بىۋاستە ئۆزىگە، يۈزىگىلا: كىچىكئاخۇننىڭ ئۆزىمۇ بۇ لەقىمدىن ئانچە خاپا بولۇپ كەتمەيتتى، باشقىلار يۈزىدىن يۈزىگە «لەقۋا» دەپ چاقىرسىمۇ پەرۋا قىلمايتتى.

**يۈزى سارغايماق** ئىزاغا قالماق، خىجىللىق ئىچىدە قالماق، ئوڭايسىزلانماق، يەرگە قاراپ قالماق: نەگىلا بارسا ئىشلىمەي بولمايدۇ، ئىشلىمىسە، مانا سىزدەك كىشلەرنىڭ ئالدىدا يۈزى سارغىيىپ قالىدىغان گەپ.

**يۈزى سۆرۈن** مۇز چىراي، چىرايى سوغۇق، يېقىمسىز: شۇ ئارىدا يۈزى سۆرۈن بىرى كېلىپ ئۇنى سىلكىشلىگەن پېتى تارتىپ ئېلىپ كەتتى.

**يۈزى قارا** ← **قارا يۈز**: دۆلەت – يۈزى ئاق، مەينەت – يۈزى قارا (ماقال). * – ھەي يۈزى قارا مۇناپىق، قايسى يۈزۈڭ بىلەن ئادەمگە قارايسەن! – دەپ تىللىدى ئۇ ئەخمەتنى.

**يۈزى قارىلىق** ← **قارا يۈزلۈك**: – ياق، مەن ئۆلسەممۇ مۇنداق يۈزى قارىلىق قىلمايمەن، – دېدى ئۇ. * – ئۇ ھەرگىز ئورۇن-مەرتىۋىنى دەپ يۈزى قارىلىق قىلمايدۇ، – دېدى مىڭبېگى.

**يۈزى قالماسلىق** ئەل-جامائەت ئىچىدە يۈز-ئابرويى، ھۆرمىتى-ئېتىبارى تۆگىمەك: – سېنىڭ تۈپەيلىڭدىن ھېچ يۈزۈم قالمىدى، ئەمدى سەن بىلەن ئارىلاشمايمەن! – دېدى ئۇ ئەزىمەتكە يۈزمۇيۈز تۇرۇپ.

**يۈزى قېلىن** نومۇسسىز، ئىزا-ئاھانەتنى بىلمەيدىغان، ئار-نومۇستىن خالىي: يۈزۈم قېلىـــن، كۆڭـــلۈم نازۇك (ماقال). * — هوي، يۈزى قېلىن شەرمەندىلەر! — دەپ ۋارقىرىدى ئۇ بەلقىيە ئاپپاينىڭ يۈزىگە تۈكۈرۈپ.

**يۈزى قېلىنلىق** نومۇسسىزلىق، ئۆزىنى، ئىزا-ئاھانەتنى بىلمەسلىك، نومۇس قىلماسلىق: يۈزۈمنىڭ قېلىنلىقى جېنىمنىڭ راھىتى (ماقال).

**يۈزى قېلىنلىق قىلماق** نومۇسسىزلىق قىلماق، ئار-نومۇسنى، ئىزا-ئاھانەتنى بىر چەتكە قايرىپ قويۇپ ئىش قىلماق: — مەن بىرنۇەردىم، ئۇ يۈزى قېلىنلىق قىلىپ ئېلىۋەردى، ئاخىرى ئاچچىقىمدا «خالىغانىدەك ئېلىۋالسىلا» دەپ چىقىپ كەتتىم، — دېدى ئۇ دادىسىغا.

**يۈزى قىزارماق** ئىزا تارتىش، ئۇيىلىش، خىجىل بولۇش تۇيغۇسى قوزغالماق، ئۇيالماق، ئىزا تارتماق، نومۇس قىلماق: مەن هازىر ئۆزۈمنىڭ دەسلەپكى تەنتەكلىكىمنى ئويلىسام، ئۆزۈمنى ئەيىبلەشكە لايىق سۆز تاپالمايمەن. يۈزۈم قىـزىرىـپ كېتـــىدۇ. * — بۇنداق گەپنى قىلىشقا قىزارمامدۇ يۈزلىرىڭ؟ — دېدى ئانا، — ئورۇنسىز سېنىڭ ئېيتقان سۆزلىرىڭ.

**يۈزى كەتمەك** يۈز-ئابرۇيى تۆكۈلمەك، يەرگە قاراپ قالماق: — ياق، ياق، ناسىر «پولكوۋنىك» نىڭ ئالدىدا يۈزۈم كېتىدۇ، — پايلاقچىنىڭ چىرايى سامانىدەك سارغىيىپ كەتتى. * «يۈزۈم كېتىدۇ» دەپ قورقماي، ھەقىقەتنى سۆزلەش كېرەك.

**يۈزىگە ئاياغ باسماق** يۈزسىزلىك قىلماق، يۈز ئۆرۈمەك، ئەسكىلىـــك قىلماق: — قۇدىلىقنى شىپى كەلتۈرۈپ شۇنچە قىلسامۇ، يەنە يۈزۈمگە ئاياغ باستى، — دېدى ئۇ ئاچچىقلىنىپ.

**يۈزىگە ئاياغ قويماق** ← **يۈزىگە ئاياغ باسماق**: «بۈگۈن مېنىڭ يوقلۇقۇمدىن پايدىلىنىپ... خەيرىنىسا مېنىڭ يۈزۈمگە ئاياغ قويماقچى بولغانمۇ يە، ئۇ بىراۋغا <بۈگۈن ئۆيدە سايىم يوق، كېلىڭ>، دېمىگەن بولسا...» دېگەن خىياللار كاللامنى چۇلغىۋالدى.

**يۈزىگە تۈكۈرمەك** قاتتىق هاقارەتلىمەك: — قاسىملا شۇنداق قىلىدىغان بولسا، يۈزىگە تۈكۈرىمەن، — دېدى ئۇ غەزەپلىنىپ.

**يۈزىگە چىقماق** چىرايىدا ئىپادىلەنمەك، چىرايىدا بىلىنمەك: ئۇنىڭ مۇدىرغا بولغان غەزىپى بىردىنلا يۈزىگە چىقتى.

**يۈزىگە سالماق** تويتوغرا، بىۋاسىتە ئۆزىگە ئېيتماق: ئەگەر ئۇنىڭ مەيلىچە بولسا ئىدى، دوختۇرنىڭ ئىپلاسلىقىنى يۈزىگە سېلىپ تويا بىلەن تەڭ قىلىۋەتكەن بولاتتى. * هازىرغىچە هېچكىم مۇنداق گەپنى يۈزىمىزگە سالغان ئەمەس!

**يۈزىگە سەت** نام-شەرىپى، ئىززەت هۆرمىتىگە لايىق ئەمەس، ئار-نومۇسلۇق: چەت ئەللىك مېھمانلار سىزنى بۇ سەهرا كىيىمى بىلەن كۆرسە نېمىمۇ دەر - هە؟ يەنىلا بىزنىڭ يۈزىمىزگە سەت!

**يۈزىگە سۈرتمەك** سېغىنغانلىق ياكى قەدىرلىگەنلىك، ئەتىۋارلىغانلىقنى ئىشارە: ئۇ پەرىدەنىڭ سۈرىتىنى يۈزلىرىگە يېنىش-يېنىشلاپ سۈرتتى. * ئەي ئۇلۇغ دىيار! سەن مېنىڭ ئانامسەن، هاياتىمسەن، شۇڭا مەن هەر سەهەردە سېنىڭ مۇشۇ ئەسىرلەر بېرى قانلار بىلەن ئارىلىشىپ كەتكەن تۇپرىقىڭنى يۈزلىرىمگە قايتا-قايتا سۈرتىمەن!

**يۈزىگە قارا سۈركىمەك** قارا چاپلىماق، بوھتان قىلماق: مەيلى، نېمە دېگۈلار

كەلسە دەۋېرىڭلار، ھازىر مېنى نەس باستى، ھەركىم مېنىڭ يۈزۈمگە قارا سۈركەۋېرىدۇ.

**يۈزىگە قارا سۆۋماق** ← **يۈزىگە قارا سۈركىمەك.**

**يۈزىگە قارىماسلىق** پۈتۈنلەي ياتلىشىپ، بارلىق مۇناسىۋەتنى بىكار قىلىپ، ئالاقە قىلماسلىق، ئارىلاشماسلىق: رەيھان قېرى ھامىمنىڭ جۇمە بىلەن كۆرۈشمە سلىكىنى، ئۇنىڭ يۈزىگە قارىماسلىقنى ئىلتىماس قىلدى. * — ئىككىنچى يۈزۈڭگە قارىمايمەن، مۇناپىق! — دېدى ئۇ ئەمەتنى قوغلاپ چىقىرىپ.

**يۈزىگە قارىماق** ← **يۈز قارىماق:** — مەن سېنىڭ يۈزۈڭگە قاراپ شۇنداق قىلدىم، ئۇ ئىنىڭ تۇرسا، — دېدى ھېلىم ئۆزىنى ئاقلاپ.

**يۈزىگە قارىيالماسلىق** ئۆتكۈزگەن گۇناھ، سەۋەنلىكلىرى تۈپەيلىدىن گەپ-سۆز ۋە مۇئامىلە قىلىشقا جۈرئەت قىلالماسلىق، پېتىنالماسلىق: — ئەمدى ئابدۇۋېلىنىڭ ئۇنىڭ يۈزىگە قارىيالىشى يوق گەپ، — دېدى ئۇ گەپنى خۇلاسىلىغاندەك قىلىپ. * ئۇ شۇنىڭدىن كېيىن سەمەتنىڭ يۈزىگە قارىيالمايدىغان بولۇپ قالدى.

**يۈزىگە قان يۈگۈرمەك** قورقۇنچ، ۋەھىمىدىن خالىي بولماق، خاتىرجەم بولماق، يۈرىكى ئىزىغا چۈشمەك: ھەممە جايىدا ئىدى، زۇليارنىڭ يۈزىگە قان يۈگۈردى.

**يۈزىگە ئېيتماق** ← **يۈزىگە سالماق.**

**يۈزىگە يۈندى چاچماق** خارلىماق، ئوسال قىلماق؛ ئوسال ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويماق، يەرگە قاراتماق: ئۇ بىرمەزگىل «خۇماخان يۈزۈمگە يۈندى چاچتى» دەپ دادخورلۇق قىلىپ يۈردى.

**يۈزى ئېپىز** ← **يۈزى تۆۋەن:** — مەرھابا دېگەن يۈزى ئېپىز، ئېغىر-بېسىق، مۇلايىم بىر قىز، — دېدى ئۇ چۈشەندۈرۈپ.

**يۈزىنى ئاچماق** نومۇسنى، شەرمى-ھايانى، ئىزا-ئاھانەتنى بىلمەيدىغان، ئۇيالمايدىغان قىلىپ قويماق: — سەن نەدىكى سەت گەپلەرنى قىلىپ، قىزلارنىڭ يۈزىنى ئېچىۋېتىدىغان بولدۇڭ، — دېدى ئايسخان.

**يۈزىنى ئايىماق** ئەل ئارىسىدىكى يۈز-ئابرويى، ئىززەت-ھۆرمىتىنى ساقلىماق: — مېنىڭ سۆزۈم بار، — دەپ ئالدىراپ ۋارقىرىدى سودىگەر، — مېنىڭ ئاكام سىلەر بىلەن ئوبدان دوست، ئاكامنىڭ يۈزىنى ئاياپ، رەھىم قىلىڭلار!

**يۈزىنى تۆكمەك** ئىناۋىتىنى يەرگە ئۇرماق، يۈز-ئابرۇيىنى يوق قىلماق: سەن مەھەللىدە مېنىڭ يۈزۈمنى تۆكۈپ يۈرۈپسەن، مەن ئەمدى ئۇ ئۆيگە قايسى يۈزۈم بىلەن ئاياغ باسىمەن؟

**يۈزىنى چەم قىلماق** ← **يۈزىنى داپتەك قىلماق.**

**يۈزىنى چۈشۈرمەك** ← **يۈزىنى تۆكمەك:** — خاتىرجەم بولۇڭ دادا، — دېدى ئابدۇۋېلى كۈلۈمسىرەپ، — يۈزىڭىزنى چۈشۈرمەيمەن.

**يۈزىنى داپتەك قىلماق** ئار-نومۇسنى، ئىزا-ئاھانەتنى بىر چەتكە قايرىپ قويماق، نومۇسسىزلىق قىلماق، قېلىنلىق قىلماق: ئۇ كىشى بىرنەچچە قېتىم ئادەم قويغاننى ئاز دەپ، يۈزىنى داپتەك قىلىپ ئوغلىنى يېتىلەپ ئۆيۈمگە ئىككى قېتىم كەلدى دېسىلە، مەن ئۇنىڭغا نېمە كۆرۈندۈمكىن-تاڭ، يېپىشىپلىۋالدى.

**يۈزىنى دېمەك** يۈز-ئابرويىنى،

ئىناۋەت-ھۆرمىتىنى نەزەرگە ئالماق، يۈزىگە قارىماق، يۈزىنى قىلماق: — تۇردىكا، — دېدىم مەن ئۇنىڭغا، — ھەرقانداق ئىشتا ئىشنىڭ ئېپىنى بىلىش كېرەك، پىرىنسىپتا چىڭ تۇرىدىغان چاغلارمۇ بولىدۇ، بەزىدە بەزىلەرنىڭ يۈزىنى دېمەي، «پىرىنسىپ» دەپلا تۇرۇۋالغان بىلەن بولمايدۇ جۇمۇ.

**يۈزىنى سىلىۋېتىپ گەپ قىلماق** ئۆزىنىڭ قىلمىش-ئەتمىشلىرىنى، كەچۈرمىشلىرىنى ئەسلەپ بېقىپ، ئاندىن گەپ قىلماق: — ھوي، سىلىمچۇ، يۈزلىرىنى سىلىۋېتىپ گەپ قىلسىلا، — دېدى ھەنپە.

**يۈزىنى سىپىۋەتمەك** ← ھۆرمەت، ئابروينى بىر ياققا قايرىپ قويماق: دەسلىپىدە بىرئاز يۈز قارىدىم، كېيىن ئاچچىقىم كېلىپ يۈزۈمنى سىيپاۋېتىپ قىلىدىغان گەپنىڭ ھەممىسىنى قىلدىم.

**يۈزىنى قويماسلىق** ئابروي-ئىناۋىتىنى قويماسلىق، نام-ئاتىقىنى يوق قىلىش، يۈزىنى چۈشۈرۈش: سىلى ئادەمنىڭ يۈزىنى قويمىدىلا جۇمۇ، خۇيلىرىنى زادىلا تاشلىمىدىلا، قول-ئىلكىمىزدە يوق ئەمەس، خېلى ئوبدان بار. خەقتىن قالغۇچىلىكىمىز يوق.

**يۈزىنى قىلماق** ئىززەت-ھۆرمىتىنى قىلماق، ئابروي، ئىناۋىتىنى ھېسابقا ئالماق، يۈز-خاتىرە قىلماق: نەجىپنىڭ قورسىقى بەكمۇ تويغانىكەن، شۇنداق بولسىمۇ، مومىسىنىڭ يۈزىنى قىلىپ بىر كاپام ئېلىپ «بۇ ناھايىتى تەملىك ئىكەن» دەپتۇ.

**يۈزىنى كۆتۈرەلمەسلىك** ئىزا-ئاھانەت، ئار-نومۇستىن ئەل ئىچىدە ئەركىن يۈرەلمەسلىك، نومۇستىن قاتتىق ئۇيىلىش: سادىق شۇنىڭدىن كېيىن بۇ يۇرت خەلقى ئالدىدا يۈزىنى كۆتۈرەلمىدى.

**يۈزىنى كۆرەلمەسلىك** مېيىتنى يەرلىككە قويۇشتىن بۇرۇن كۆرۈۋالالماسلىق، مېيىت بىلەن بىۋاسىتە ۋىدالىشالماسلىق: ئۇ ئاخىرى ئەلەمگە چىدىماي ئۆلۈپ كەتتى، ئالىم ئۇنىڭ يۈزىنى كۆرەلمىدى.

**يۈزىنى يەر قىلماق** ← **يۈزىنى تۆكمەك**: — ئالىم ئۇ خەقنىڭ ئالدىدا يۈزۈمنى يەر قىلدى... — دەپ يىغلاپلا كەتتى.

**يۈزىنى يەرگە ئۇرماق** ← **يۈزىنى تۆكمەك**: — سەن خەقنىڭ ئالدىدا يۈزۈمنى يەرگە ئۇردۇڭ، ئالدىرىما تېخى، مەنمۇ ساڭا كۆرسىتىدىغىنىمنى كۆرسىتىمەن! — دېدى ئۇ چىقىپ كېتىۋېتىپ.

**يۈزىنى يورۇق قىلماق** خىجىللىقتىن قۇتۇلدۇرماق: — ئوبدان بولدى قىزىم، — دېدى بوۋاي كۈلۈپ تۇرۇپ، — ئەمدى يۈزۈمنى يورۇق قىلدىڭ.

**يۈزى ئوچۇق** گۇناھ-سەۋەنلىكى، ئەيىب-نۇقسانلىرى يوق، خەقنىڭ ئالدىدا تىل تۇتۇقى يوق، ساپ، پاك، ئوبدان خىسلەتلىك: — قارىسام ئۆزلىرى يۈزى ئوچۇق، ئىمانى ساپ، مالنىڭ قەدرىگە يېتىدىغان ئەركەك ئوغۇل بالىدەك قىلىلا، — دېدى سودىگەر قولۇمنى تارتىپ.

**يۈزى ئوچۇق بولماق** خىجىللىق، ئىزا-ئاھانەتتىن خالىي بولماق، ئالقىشقا سازاۋەر بولماق.

**يۈزى ئېچىلماق** چوكلار ئارىسىدا بولىدىغان بەزى گەپ-سۆز ھەرىكەتلەرنى بىلىدىغان، ھەم ئۇيالمايدىغان بولماق، بويىغا يېتىپ، چوڭ بولۇپ قالماق (قىزلار ھەققىدە): بۇ قىزلارنىڭ يۈزى ئېچىلىپتىكەنغۇ، ھەدىسىلا كۈلۈشۈپ تۇرىدۇ.

**يۈزى ئېچىلمىغان** توي قىلمىغان، تېخى تولۇق يېتىلمىگەن، چوكلار ئارىسىدىكى

بەزىبىر گەپ-سۆز، قىلىقلارنى بىلمەيدىغان، ئېپىز، تارتىنچاق: – تېخى يۈزى ئېچىلمىغان قىزلارغا بۇنداق گەپلەرنى دەپ يۈرسەڭلار قانداق بولىدۇ؟ – دېدى ئۇ خاپا بولۇپراق.

**يۈزى ئىسسىق** ← **ئىسسىق چىراي:** بىچارىنىڭ بېشى ئەمدى تازىمۇ قاتتى. نېمە بولدىكىن، ھېلىقى يۈزى ئىسسىق دوختۇر قىزمۇ كىرمىگىلى ئۈچ-تۆت كۈن بولدى.

**يۈزى يورۇق** خىجىل بولغۇدەك، ئىزا-ئاھانەتكە قالغۇدەك گۇناھى، سەۋەنلىكى ياكى قىلمىشى يوق، ئالقىشقا سازاۋەر: بىلدىمكى تۇرمۇشتا ئىنسانلار ئۈچۈن، بىھۇدە ياشاشتىن ئۆيات ئىش يوقكەن. ئىجادتىن ھاياتقا ئۆچمەس ئىز سالساڭ، ئۇ دۇنيا، بۇ دۇنيا يۈزۈڭ يورۇق ئىكەن.

**يۈزى يورۇق بولماق** خاتالىق، ئەيىب-نۇقسان، سەۋەنلىكتىن خالىي بولماق، ئىزا-ئاھانەتتىن خالاس بولماق: – كۈنىنىڭ ئەتىگىنىدە سەلىمنى تېپىپ مەنسۇرنىڭ ئۆيىگە ئاپىرىپ بەرسىلە، يۈزىمىز يورۇق بولىدۇ، بىلىۋاتاملا؟ – دېدى ئۇ ئالدىراپ.

**يۈزى يوق** يۈزسىز، نومۇسسىز، ئىزا-ئاھانەتنى، ئار-نومۇسنى بىلمەيدىغان: دېھقانىنىڭ تېخىمۇ ئاچچىقى كېلىپ: «مۇنداقمۇ يۈزۈڭ قېلىن بولامدۇ، تۇفى... يۈزى يوق!» دەپ بورانغا قارشى تۈكۈرۈپتۇ.

**يۈز-ئابروي** يۈز ۋە ئابروي، نام-ئاتاق: ئىسرائىللاخۇن يۈز-ئابرويىمۇ بار، قول-ئىلكىدىمۇ بار ئادەم.

**يۈزئاچقۇ** ئى (يۈز+ئاچ+قۇ) توينىڭ ئىككىنچى كۈنى يىگىت تەرەپ قىزنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر ۋە ئۆزىنىڭ ئۇرۇق-تۇغقان، ئەل-جامائەتنى چاقىرىپ، قىزنىڭ يۈزىنى ئېچىش يۈزىسىدىن ئۆتكۈزۈلىدىغان مۇراسىم: بۈگۈن قىزنىڭ يۈزئاچقۇسىنى قىلماقچى ئىكەن.

**يۈزە** سۈپ. چوڭقۇر ئەمەس، تېيىز؛ ئاددىي، ئادەتتىكى: كېيىن قىسىم ئىچىدە «دۈشمەن بۇ يەرگە .تەسلىم بولۇپ، قورال تاپشۇرۇش ئۈچۈنلا كەلگەن» دېگەن يۈزە قاراش كۆچىيىپ كەتتى. // سىزنىڭ ياخشى ئىشلىگەن تەرىپىڭىزمۇ، يۈزە ئىشلەپ قويغان تەرىپىڭىزمۇ بار.

**يۈزەكى** سۈپ. چوڭقۇر، ئەتراپلىق بولمىغان، ئادەتتىكى، ئاددىي: مەن ئۇنى ئاشۇنداق يۈزەكى قاراش بىلەن خېلى ئۇزۇنغىچە كەمسىتىپ يۈردۈم. // بۇنداقلار ئاغزىنىڭ ئۈچىدىلا ۋەدە بېرىپ ياكى قىلمىشنى ۋاقىتلىق يۈزەكىلا ئۆزگەرتىپ قويۇپ، ساختا ھالەت پەيدا قىلىپ، كېيىنكى قايتا تەربىيە خىزمىتىدە تېخىمۇ كۆپ قىيىنچىلىق تۇغدۇرىدۇ.

**يۈزەكىلىك** ① «يۈزەكى» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى. ② <پەلس> يۈزەلىك.

**يۈزەلىك** ① «يۈزە» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى. ② <پەلس> شەيئىلەرنىڭ يۈزەكى ھادىسىلىرىنىلا كۆرۈپ، ئۇنىڭ ئىچكى ماھىيىتىنى كۆرمەيدىغان پىكىر قىلىش ئۇسۇلى، يەنى مېتافىزىكىنىڭ بىر خىل ئىپادىسى.

**يۈزبېشى** ئى. تارس (يۈز+باش+ئى) ① يۈز ئەسكەرگە قوماندانلىق قىلىدىغان ھەربىي ئەمەلدار. ② يېزىلاردا يۈز ئائىلىنى باشقۇرغۇچى مەھەللە ئەمەلدارى، ئاقساقال: كۆپكۆك يېشىل پوتامنى، بېلىمگە باغلاپ قويدى. تۇرسۇندەك يالاقچىنى، يۈزبېشى سايلاپ قويدى.

**يۈزبېشىلىق** ئى. يۈزبېشىغا يۈكلەنگەن، يۈزبېشى ئۈستىگە ئالغان ۋەزىپە، خىزمەت: نامان بۇرۇن يېگىيەر يېزىسىدا

ئۈزۈن يىل يۈزبېشىلىق قىلغانىدى.

**يۈزبېگى** ئى. تارىس (يۈز+بەگ+ئى) يۈز ئائىلىنى باشقۇرغۇچى مەھەللە ئەمەلدارى، ئاقساقال: ئەينى چاغلاردا مانجۇلارمۇ يۇرت سورىغاندا ھەربىر يېزىغا ئۆزىگە سادىق — قۇللۇق ئېگى قان-قېنىغا سىڭىپ كەتكەن كىشىلەرنى يۈز بېگى بەلگىلەپ قويۇپ سورىغان ئەمەسمۇ؟!

**يۈزتۇرا** رەۋ (يۈز+تۇر+ا) يۈزمۇيۈز، ئۇدۇلمۇئۇدۇل: — مەيلى، ئەگەردە يۈزتۇرا بولۇشقا توغرا كەلسىمۇ، مەن تەييار، — دېدى ئۇ ئويلاپ ئولتۇرمايلا. * — سىلەرگە يۈز تۇرا ئېيتىپ قوياي، ئەمدى سوراپ مېنى ئاۋارە قىلماڭلار، — دېدى ئەتراپىدىكىلەرگە قاراپ.

**يۈزتۇرانە** رەۋ (يۈز+تۇر+ا+نە) ← **يۈز تۇرا:** ئۇ ساقى بىلەن يۈزتۇرانە سۆزلەشمەكچى بولۇپ، ئۆيدىن شامالدەك چىقىپ كەتتى.

**يۈز-خاتىر** نام-ئابروي، ئىززەت-ھۆرمەت، يۈز: — بۇ كىشىنىڭ خۇشلۇقى ۋە مېنىڭ يۈز-خاتىرىم ئۈچۈن بىزگە يەنە بىر ناخشا ئېيتىپ بېرىڭ، — دەپتۇ ئېلى نۇردىن. * — ماقۇل — دېدى كېۋىراخۇن، — ھەرگىز يۈزۈڭگە قارىماسمەن دېۋىدىم. خەير، ئاناڭنىڭ يۈز-خاتىرى.

**يۈز-خاتىر قىلماق** ئىززەت-ھۆرمەت قىلماق، يۈزىنى ئايىماق، يۈزىنى قىلماق: باشقىسىمۇ مەيلى، بۇ قېتىم ئەخمەت قىلچىمۇ يۈز-خاتىر قىلماي قاتتىق تەنقىد قىلدى.

**يۈزدەيۈز** رەۋ. پۈتۈنلەي، تامامەن، تولۇق، ھەممىسى: — سېنىڭ ھازىر دېگەنلىرىڭ يۈزدەيۈز توغرا، مەن ساڭا قايىل بولدۇم، — دېدى ئىسەنتۇرا. * ئەكبەر تەشكىلنىڭ تاپشۇرۇقىنى يۈزدەيۈز ئورۇنلاش بىلەن بىرگە ئابدۇۋاھىد ئۇستىدىمۇ ماتېرىيال يازدى.

**يۈزسىز** سۈپ. يۈزى يوق، نومۇسسىز، ئىزا-ئاھانەت، ئار-نومۇسنى بىلمەيدىغان، ئاسانلا يۈز ئۆرۈيدىغان: — ئەمدى «ئېرىم» دەپ تۇغقان ئاناڭدىن كېچەمسەن، يۈزسىز!... — دەپ ۋارقىرىدى ھېنىپخان. * شۇ ئەسنادا زەينەپ يۈگۈرۈپ كېلىپ ۋارقىرىدى: — ھۇي يۈزسىزلەر، ئاتامنى نېمدەپ باغلايتىڭ؟ قوللىرىڭنى تارت!

**يۈزسىزلەرچە** رەۋ. يۈزسىزلىك بىلەن، ئار-نومۇسنى چەتكە قايرىپ قويۇپ، پەسلىك بىلەن، نومۇسسىز ھالدا: ئۇ شۇنداق دېدى-دە، يۈزسىزلەرچە كېتىپ قالدى.

**يۈزسىزلىك** «يۈزسىز» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: — سەن جۆيلۈمە! — دېدىم مەن ئۇنىڭ يۈزسىزلىكىگە ئاچچىقىم كېلىپ، — بىز ئون بەش يىلدىن بۇيان ئۆي-ئورتاق بولۇپ كېلىۋاتىمىز، يەنە ئۆي تۇتىمىز.

**يۈز-قول** يۈز ۋە قول: ئۇ دەرھال ئىسسىق سۇ ئېلىپ كېلىپ، ساۋۇتنىڭ يۈز-قولىنى يۇيۇشقا ياردەملەشتى.

**يۈز-كۆز** يۈز ۋە كۆز، ئومۇمەن چىراي: — بولدى، — دېدى خاسيەت ھاسىراپ، يۈرىكىمنىغۇ بىر يەرگە يەتكۈزدىڭىز، ئەمدى يۈز-كۆزلىرىم قالسۇن!

**يۈزلەپ** رەۋ. نەچچە يۈزگە يەتكەن، نەچچە يۈز، ناھايىتى نۇرغۇن، كۆپ: توساتتىنلا بولۇپ پاتىپاراق، چىقتى ھازا، يېتىپ كەلدى يۈزلەپ جانغا، ماتەم قازا.

**يۈزلەپ-مىڭلاپ** ناھايىتى كۆپ، نۇرغۇن-نۇرغۇن، تولا-تولا: ئۇ شۇ كەمگىچە يۈزلەپ-مىڭلاپ سۈرەتلەرنى تارتتى، ئەمما نېمىشقىدۇر يا مەتبۇئاتقا، يا كۆرگەزمىگە بىرەر پارچە سۈرەت ئەۋەتىشنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمىگەنىدى.

**يۈزلەر** ئى <مات> ← **يۈزلەر خانىسى.**

**يۈزلەر خانىسى** <مات> پۈتۈن ساننىڭ خانىلىرىدىن بىرى، يەنى بىرلەر خانىسىدىن باشلاپ سولغا قاراپ سانىغاندىكى ئۈچىنچى خانە.

**يۈزلەش** ① «يۈزلىمەك» پېئىلىنىڭ يەنە بىر خىل ئىسىمدىشى. ② <بىن> سۈيۇقلۇق سىڭدۈرۈشچان جىسىمنىڭ يۈزىگە سىڭدۈرمەس ماددىلارنى سۈۋاش ياكى يېپىش ئارقىلىق، سۈيۇقلۇقنىڭ سىڭىپ كىرىشىنى توسۇش جەريانى.

**يۈزلەشتۈرمەك** «يۈزلەشمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئاخىرىدا ئۇ ئۆزىنى ئېرى بىلەن يۈزلەشتۈرمەي ئاجرىتىۋېتىشنى سورىدى.

**يۈزلەشتۈرۈپ سۈرۈشتۈرۈش** <قا> مۇپەتتىشلىك تەكشۈرۈش ئۇسۇللىرىدىن بىرى. بۇنىڭدا تەكشۈرۈلىدىغان ئىش ئۈستىدە ئالاقىدار ئورۇن ياكى شەخس بىلەن بىۋاستە سۆزلىشىپ، ئەھۋال ۋە مەسىلە ئېنىقلىنىدۇ.

**يۈزلەشتۈرۈشمەك** «يۈزلەشتۈرمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**يۈزلەشتۈرۈلمەك** «يۈزلەشتۈرمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: بىز كىچىك بىر ئۆيگە كىرىپ ئۇنىڭ بىلەن يۈزلەشتۈرۈلدۇق.

**يۈزلەشمەك** پ. بىۋاستە ئۇچرىشىپ يۈزمۇيۈز بولماق، روبىرو بولۇپ يۈز كۆرۈشمەك، يۈز تۇرانە ئۇچراشماق: — ئەگەر ئۇ تېنىۋالمەن دەيدىغان بولسا، شۇ تاپتىلا يۈزلىشەلەيمەن! — دەپ قوشۇپ قويدى ھېزىم.

**يۈزلەندۈرمەك** «يۈزلەنمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ياخشى ئايال ئەرلەرنىڭ قەلبىنى ئىللىتالايدۇ، شۇنداقلا ئەرلەردىكى مۇكەممەل بولمىغان تەرەپلەرنى تولۇقلايدۇ، ئەرلەرنى ھەقىقىي ئەرلەرگە خاس ھالدا دۇنياغا يۈزلەندۈرىدۇ.

**يۈزلەندۈرۈشمەك** «يۈزلەندۈرمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**يۈزلەندۈرۈلمەك** «يۈزلەندۈرمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**يۈزلەنمەك** پ ① بىرەر كىمگە ياكى نەرسىگە يۈزىنى قاراتماق، شۇ تەرەپكە بۇرۇلماق، قارىماق: ئۇ ئاستا بۇرۇلۇپ كۆپچىلىككە يۈزلەندى. * مونتانېللى تامدىكى بۇتقا يۈزلەندى. * — ياق، ياق! — كەرىموپ تېرىكىپ ئايالىغا يۈزلەندى. ② بىرەر تەرەپكە قاراپ ماڭماق، يول ئالماق، قوزغالماق: قاراڭلار، سەزدىڭلارمۇ؟ ئامبارنىڭ سۈيى بىز تەرەپكە قاراپ يۈزلىنىۋاتىدۇ. * ئەل بىلەن تەقدىرداش قىساسكار قوشۇن، يۈزلەندى جەنۇبقا، مۇزاتتىن ھالقىپ. زۇلمەتنىڭ باغرىنى ياردى چاقماقتەك، ئازادلىق قۇياشى ئۇپۇقتىن ھالقىپ.

**يۈزلۈك** I ① سۈپ. يۈز-چىرايى بار: ھېلىقى ئورۇق يۈزلۈك، يېشى توختىغان ئىشچى ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ماڭدى. * ئاي يۈزلۈكۈم، تال بويلۇقۇم، يىراقتا كەتسەڭ نەقىلاي، ساڭا ئۆگەنگەن كۆڭۈلنى، ئەمدى كىمگە خار قىلاي. ② سۈپ. يۈز ئابرۇيى بار، ئىززەت-ھۆرمەتكە سازاۋەر بولغان، ھۆرمەتلىك: — داداڭ مەھەللىدە ناھايىتى يۈزلۈك ئىدى، شاڭيولارمۇ ئۇنچىلىك يۈز تاپقىنى يوق، بالام، — دېدى بوۋاي ئۇنىڭغا تەسەللى بېرىپ. * ھازىر ئۇ ناھىيىدە خېلىلا يۈزلۈك رەھبىرىي كادىر. ③ ئى <مۇز> دۇتار، تەمبۇر، راۋابقا ئوخشاش سازلارنىڭ يۈز تەرىپىگە ئورنىتىش ئۈچۈن تەييارلانغان ماتېرىيال، شۇنىڭغا كېرەكلىك دەپ

تەييارلانغان نەرسە: راۋاب يۈزلۈكى تېرە بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇنى ئالاھىدە ساقلايمىز. ④ ئى. كارۋانلار قوش تىككەندە قوشنىڭ يۈزىگە ياپىدىغان كىگىز.

**يۈزلۈك تەۋرەش دولقۇنى** <فىز> يەر شارىنىڭ ھەر خىل چېگرا يۈزلىرىنى بويلاپ تارقىلىدىغان يەر تەۋرەش دولقۇنى. ئۇ رېلېي دولقۇنى، ئۇزۇن دولقۇن ھەمدە تۇرلۇك قىسقا دەۋرلىك دولقۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

**يۈزلۈك زەرەت زىچلىقى** <فىز> زەرەتنىڭ بىرلىك يۈز ئىچىدىكى مىقدارى.

**يۈزلۈك كېرىلىش كۈچى** <فىز> سۇيۇقلۇق يۈزىنىڭ ئۆز ئارا قوشنا بولغان ئىككى قىسمى ئارىسىدىكى ئۆز ئارا تارتىشىش كۈچى.

**يۈزلۈك كېرىلىش كۈچى كوئېففىتسېنتى** <فىز> بىرلىك ئۇزۇنلۇقتىكى تۈز سىزىقنىڭ ئىككى يېنىدىكى سۇيۇقلۇق يۈزىنىڭ ئۆز ئارا تارتىشىش كۈچى. بىرلىكى: مېتىر / نيۇتون.

**يۈزلۈك ئۆلۈشلەر خانىسى** <مات> ئونلۇق كەسىرنىڭ خانىلىرىدىن بىرى، يەنى ئونلۇق كەسىر چېكىتىدىن باشلاپ ئوڭغا قاراپ سانىغاندىكى ئىككىنچى خانە.

**يۈزلۈك يورۇقلۇق** <فىز> يورۇقلۇق مەنبەسىنىڭ بىرلىك يۈزىدىن ھەرقايسى يۆنىلىشلەرگە تارقالغان يورۇقلۇق ئېقىمى.

**يۈزلۈك** II سۈپ. 100 بىلەن ئىپادىلەنگەن، مىقدارى 100 بولغان: يۈزلۈك ئۆلۈش.

**يۈزلۈك تۈزۈم** <مائار> ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئوقۇش نەتىجىسىنى باھالاشتا قوللىنىلىدىغان نومۇر خاتىرىلەش ئۇسۇلى. بۇنىڭدا، يۈز ئەڭ يۇقىرى نومۇر بولۇپ، ئاتمىشتىن يۇقىرى نومۇر لاياقەتلىك بومۇرى ھېسابلىنىدۇ.

**يۈزلىگەن** سۈپ. نەچچە يۈزگە يېتىدىغان، بىر نەچچە يۈز: ئەتىسى جۈمە كۈنى ئىدى. موللازەيدىن ساي بويىدىكى سارايدىن چىقتى. سايىنىڭ ئىچى يۈزلىگەن ئوتۇن ھارۋىلىرى بىلەن تولغانىدى.

**يۈزلىگەن-مىڭلىغان** نەچچە يۈز، نەچچە مىڭغا يېتىدىغان، ناھايىتى كۆپ، نۇرغۇنلىغان: بۇلارنىڭ زۇلمىدىن يۈزلىگەن-مىڭلىغان خەلق زار-زار قاقشىماقتا.

**يۈزلىنىشمەك** «يۈزلەنمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار سەمەرقەند دەرۋازىسىنى تاشلاپ، كەمالان دەرۋازىسىغا يۈزلىنىشتى.

**يۈزمۇيۈز** روبىرو، بىۋاسىتە ئۇچرىشىپ: – ئەگەر ئېتىز بېشىغا سەن چىقمىساڭ، مەن ئۆزۈم چىقىمەن. ئۇلار بىلەن يۈزمۇيۈز تۇرۇپ سۆزلىشىمەن، – دېدى پازىل.

**يۈزىچە** سۈپ. يۈزىدىن-يۈزىگە، نەق ئۆزىگە، يۈزمۇيۈز: ئاغىچا خېنىم گەرچە ئۇنىڭ يۈزىچە ھېچ نەرسە دېمىگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ سۆز-ھەرىكەتلىرىدىن نارازىلىقى بىلىنىپ تۇراتتى.

**يۈزىسىدىن** تىر. تۆپىلىدىن، سەۋەبىدىن، توغرىسىدىن: ئۇ چاغلاردا مېنىڭ قەلبىم ئېچىنىش يۈزىسىدىن ئازابلىناتتى. * نازىرئاخۇن ئەدەپ يۈزىسىدىن بىردەم كەينىچە، بىردەم يانتو مېڭىپ، ئۇلارغا يول باشلايتتى.

**يۈزىنچى** سان. سان، رەت تەرتىپى «100» رەقىمى بىلەن بەلگىلەنگەن، تەرتىپ جەھەتتە ياكى دەرىجىگە تىزغاندا 99-دىن كېيىن، 101-دىن بۇرۇن تۇرىدىغان؛ 100-نومۇرلۇق.

**يۇسۇن** ئى <بوت> ← **يۇسۇنلەر.**

**يۇسۇن خىلدىكى ئۆسۈملۈكلەر** <بوت> يوشۇرۇن گۈللۈك ئۆسۈملۈكلەرنىڭ چوڭ بىر تۈركۈمى. تاق ياكى كۆپ ھۈجەيرىلىرىدىن تۈزۈلىدۇ. ھۈجەيرىلىرى بۆلۈنۈپ سپورىلىق ياكى گامېتلىق تېنىنىڭ ئۆز ئارا قوشۇلۇشى ئارقىلىق كۆپىيىدۇ. تېنىدە غول، يىلتىز ۋە يوپۇرماقلار ئايرىمىسى بولمايدۇ. كۆپچىلىكى سۇدا ياشايدۇ، ئاز بىر قىسمى قۇرۇقلۇقتىكى سايە، نەم جايلاردا ياشىيالايدۇ، ئاساسەن قىزىل يۇسۇنلەر، قوڭۇر يۇسۇنلەر، يېشىل يۇسۇنلەر، كۆك يۇسۇنلەر قاتارلىق بىرقانچە تۈرگە ئايرىلىدۇ.

**يۇسۇنلەر** ئى <بوت> سۇدا ئۆسىدىغان يېشىل ئۆسۈملۈكلەر. ئادەتتە ئۇ سۇدا ئۆسىدىغان بەلىزار ۋە كۆپۈكئوت قاتارلىق يۇقىرى دەرىجىلىك ئۆسۈملۈكلەرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

**يۇك** ئى ① بىر يەردىن ئىككىنچى بىر يەرگە كۆتۈرۈپ ياكى توشۇپ بېرىلىشى لازىم بولغان نەرسە: يۇك توشۇماق. يۇك ئاپتوموبىلى. يۇك پاراخوتى. ② <فىز> ئېلېكتر زەنجىرىگە ئۇلانغان ئۆتكۈزگۈچ ياكى ئېلېكتر ئۈسكۈنىلىرى. مەسىلەن، ئېلېكتر لامپىسى، ئېلېكتر ئارقىلىق قىزىتقۇچى ئەسۋابلار، ئېلېكتر ماتورى، ئېلېكتر قارشىلىقى قاتارلىقلار. ③ <فىز> ئېنېرگىيە ئۈسكۈنىلىرى، ماشىنىسازلىق ئۈسكۈنىلىرى ھەمدە فىزىئولوگىيىلىك تۇقۇلمىلار قاتارلىقلارنىڭ بىرلىك ۋاقىت ئىچىدە ئۈستىگە ئالغان خىزمەت سالمىقى. ④ <بىن> قۇرۇلۇش بۆلەكلىرىگە تەسىر قىلىدىغان كۈچ. ئورنى، مىقدارى ۋە يۆنىلىشى ئۆزگەرمەيدىغانلىرى ستاتىسكىلىق يۇك؛ ئۆزگىرىپ تۇرىدىغانلىرى دىنامىكىلىق يۇك دېيىلىدۇ. قۇرۇلۇشنىڭ ئۆز ئېغىرلىقى ستاتىكىلىق يۇك بولىدۇ. ⑤ بىرەر كىشىنىڭ ئېجىرىشى ياكى ئۈستىگە ئېلىشى زۆرۈر بولغان خىزمەت، ۋەزىپە، مەجبۇرىيەت ياكى مەسئۇلىيەت؛ جاۋابكارلىق: يۇكنىڭ ئېغىرىنى كۆتۈرمەك. ئېغىر يۇكنى زىممىسىگە ئالماق. ⑥ كۆچمە. بىئىختىيار كۆتۈرۈش ياكى ئېجىرىشكە مەجبۇر بولغان، غەمگە سالىدىغان ئارتۇقچە ئىش، نەرسە: يۇك بولۇپ قالماق. ئىدىيىۋى يۇك.

**يۇك ئاپتوموبىلى** <قاتن> ماتېرىيال ۋە باشقىلارنى توشۇش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان ئېغىر تىپتىكى ئاپتوموبىل.

**يۇك بولماق** ئېغىرچىلىق سالماق، ئاۋارىچىلىك تېپىپ بەرمەك: مانا ئەمدى ئىمتىھاندىن ئۆتەلمەي، بىزگە ئوشۇقتىن-ئوشۇق يۇك بولىدىغان بولدۇڭ.

**يۇك پاراخوتى** <قاتن> دېڭىز قاتنىشىدىكى مەخسۇس يۇك توشۇش ئىشى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان پاراخوت.

**يۇك توشۇش تالونى** <قاتن> يۇك توشۇشنى ھاۋالە قىلغۇچىلار ترانسپورت تارماقلىرىغا يۇك توشۇشنى ھاۋالە قىلغاندا تاپشۇرىدىغان تالون. ئۇنىڭغا مالنىڭ ئىسمى، سانى، يولغا چىقىدىغان ۋە يېتىپ بارىدىغان بېكەت ياكى پرېستان ھەمدە مالنى يولغا سېلىش، تاپشۇرۇۋېلىش قاتارلىق مەزمۇنلار ئېنىق يېزىلىدۇ.

**يۇك توشۇش زىچلىقى** <قاتن> بەلگىلىك ۋاقىت ئىچىدە ئوتتۇرا ھېساب بىلەن بىر كىلومېتىر لىنىيىدە توشۇلغان يۇكنىڭ تونna سانى، ئۇ مالنىڭ ئوبوروت

مىقدارىنى يولنىڭ ئۇزۇنلۇقىغا بۆلگەنگە تەڭ بولۇپ، قاتناش ترانسپورت لىنىيىسىدە توشۇلىدىغان يۈكنىڭ بىسقىلىق دەرىجىسىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ.

**يۈك ماشىنىسى** <قاتن> ← **يۈك ئاپتوموبىلى**: ئۇ ئۆزى ھەيدەپ كەلگەن يۈك ماشىنىسىنى قىسمىغا يۆتكەپ كېلىنگەن يېڭى شوپۇر قېيۇمغا ئۆتكۈزۈپ بەردى.

**يۈكنى زىممىسىگە ئالماق** بىرەر ئىش-پائالىيەتنى ئورۇنلاش، بىجىرىش مەسئۇلىيىتىنى ئۈستىگە ئالماق: رەھبەرلەر ئۇلارنى جاسارەت بىلەن تىرىشىپ ئىشلەپ، تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇشنىڭ ئېغىر يۈكىنى زىممىسىگە ئېلىشقا رىغبەتلەندۈردى.

**يۈك ئوبوروت مىقدارى** <قاتن> بەلگىلىك ۋاقىت ئىچىدە پورتقا كىرگۈزۈلگەن ۋە چىقىرىلغان يۈكنىڭ ئومۇمىي مىقدارى. ئادەتتە توننا بىلەن ئىپادىلىنىدۇ.

**يۈك-تاق** سەپەرگە چىققاندا ئېلىپ ماڭغان سومكا ۋە يوتقان-كۆرپىگە ئوخشاش نەرسىلەر، ئومۇمەن سەپەردە ئۆزى بىللە ئېلىپ يۈرگەن نەرسىلەر: بىر كۆرۈشكەن تونۇش، ئىككى كۆرۈشكەن تۇغقان-دە، قىسقىسى، يۈك-تاقىڭىزنى قويۇپ قويۇپلا مۇدىر ئىشخانىسىغا بېرىڭ، شۇ چاغدا ھەممىنى چۈشىنىسىز.

**يۈكچى** ئى. قاتناش بېكەتلىرىدە قاتناش قوراللىرىغا يۈك قاچىلاش ۋە ئۇنىڭدىن يۈك چۈشۈرۈش ئىشىنى قىلىدىغان كىشى؛ ھاممال: پىرىستاندا يۈكچىلەر ئۇ يان-بۇ يان مېڭىپ يۈرەتتى.

**يۈكسەك** ① سۈپ. ئېگىز؛ يۇقىرى؛ بۈيۈك، كاتتا: «سۇلتان ئەخمەت جامەسى» نىڭ ئەتراپىدا ئالتە يۈكسەك مۇنار بار. * ئۇرغۇدى خەلقىمنىڭ يۈرەك شادلىقى، قاقاھلاپ كۈلدى شاد يۈكسەك تەڭرىتاغ. // ئىلىم-ھېكمەت ئېلىپ چىققاي سىنى يۈكسەككە ئويىماندىن، ئىلىم خۇشتارىسەن ھەر چاغ ئىشىڭدا غەلىبە-نۇسرەت بار. ② سۈپ. كۆچمە. ئالىي، يۇقىرى، ناھايىتى چوڭ، ياخشى، ئوبدان، ئېسىل: رەھمەت سىزگە نۇربۇۋى، ئاددىي ئەمگىكىمگە يۈكسەك باھا بەردىڭىز. * شۇنىڭدىن كېيىن كۆز ئالدىم يورۇپ كەتكەندەك بولۇپ، ۋۇجۇدۇمدا غىياسىدىنغا نىسبەتەن يۈكسەك ھۆرمەت سېزىمى پەيدا بولدى. ③ ئەرلەر ئىسمى.

**يۈكسەكلىك** «يۈكسەك» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: قەدىر-قىممەتكە ئىگە بولۇش ئۈچۈن ئادەمدە يۈكسەكلىك بولۇشى كېرەك. چۈنكى، يۈكسەك دەرىجىدىكى ئالىيجانابلىق قەدىر-قىممەتنىڭ مۇقەددىمىسىدۇر. * پەلەكتىن يۈكسەكلىك تالاشقان، يەركەننىڭ ساناقسىز مۇنارى. گۈمبەزلەر ھەربىرى بىر ئاسمان، جان تاپقان ھەر نەقىش نىگارى. * دەرد تارتىنىڭ يۇرت بىلەن تىرىكلىكتە تەڭ، ئۆلگەندە قۇچاقلاپ ياتتىڭ يۇرتنى سەن. شۆھرىتىڭ، تۆھپەڭ ئۆز يۈكسەكلىكىدە، قالدۇرار تاغلارنى، تولمۇ تۆۋەن.

**يۈكسەلدۈرمەك** «يۈكسەلمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: سەنئەت سۆيگەن ئەلنىڭ پەرزەنتى، يۈكسەلدۈرەر سەنئەتنى چوقۇم. سەنئەت بىلەن ياشارغان يۈرەك، گۈلگە پۈركەر دۆلەتنى چوقۇم.

**يۈكسەلدۈرۈشمەك** «يۈكسەلدۈرمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**يۈكسەلدۈرۈلمەك** «يۈكسەلدۈرمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**يۈكسەلمەك** پ ① ئېگىزلىمەك، ئۆرلىمەك، يۇقىرىلىماق: كۈنسېرى قۇدرەت تېپىپ ھەم يۈكسىلىپ ئاسمان-پەلەك، غۇنچىلار قىسىنىڭ

چېكەڭگە، كۆلدى دىل-جانىم ۋەتەن. * داۋانلاردىن باقسا ئۇلار كىچىكلەپ، تۆگە كەبى كۆرۈنىدۇ تۆۋەندە. يۆكسىلىدۇ ئۇلار يەنە ئاسمانغا، يول ئايلىنىپ بىقىنغا چۈشكەندە. ② كۆچمە. ئۆسمەك، راۋاجلانماق، تەرەققىي قىلماق، ياخشىلانماق: شۇنىڭدىن كېيىن ئىشلار تامام ئۆزگەردى، لاۋازىمات خىزمىتىمۇ يۆكسىلىپ كەتتى. ھازىر شەخسلەر ئائىلە تۇرمۇشىدا زور يۆكسىلىش بولدى.

**يۆكسىز** سۈپ. يۆكى يوق، يۆك ئارتىلمىغان ياكى بېسىلمىغان، بىكار، قۇرۇق: يۆكسىز ۋاگون.

**يۆكسىز مېڭىش** <قاتن> يۆك توشۇيدىغان قاتناش ۋاسىتىلىرىنىڭ قۇرۇق يۈرۈشى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

**يۆكلەتمەك** «يۆكلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**يۆكلەشمەك** «يۆكلىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**يۆكلەنمەك** «يۆكلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: سۆھبەت خېلى ئۇزۇنغىچە داۋام قىلدى، ئاخىرى بۇ ئىش لۇتپۇللاغا يۆكلەندى.

**يۆكلۈك** سۈپ. يۆكى بار، يۆك ئارتىلغان، يۆك بېسىلغان.

**يۆكلۈك مېڭىش** <قاتن> يۆك توشۇيدىغان قاتناش ۋاسىتىلىرىنىڭ يۆك قاچىلانغان ھالەتتىكى يۈرۈشى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

**يۆكلىمە** ① سۈپ. يۆكلەنگەن ياكى يۆكلەيدىغان: يۆكلىمە دولقۇن. ② ئى <تل> سۆز تۈركۈملىرىنىڭ بىرى، يەنى سۆزلەرگە، سۆز بىرىكمىلىرىگە ياكى جۈملىلەرگە قوشۇلۇپ كېلىپ، شۇ سۆز ياكى جۈملىلەرنىڭ مەنىسىنى كۈچەيتىش، ئاجىزلىتىش ياكى تەكىتلەش، سوراق قاتارلىق قوشۇمچە مەنىلەرنى بىلدۈرۈپ كېلىدىغان ياردەمچى سۆزلەر. مەسىلەن، ئۇيغۇر تىلىدىكى «-مۇ»، «-ما»، «-غۇ»، «-قۇ»، «-چۇ»... دېگەنلەرگە ئوخشاش.

**يۆكلىمە دولقۇن** <فىز> مودۇلياتسىيىلىگۈچى سىگنالنى يوللاشتا ئىشلىتىلىدىغان، لېكىن تېخى مودۇلياتسىيىلەنمىگەن يۇقىرى چاستوتىلىق، تەك ئامپلىتۇدىلىق تەۋرەنمە توك. ئۇ سىنۇس دولقۇن بولۇشىمۇ ياكى غەيرىي سىنۇس دولقۇن يەنى چاسا دولقۇن بولۇشىمۇ مۇمكىن.

**يۆكلىمەك** پ ① يۆك ئارتماق، يۆكنى ترانسپورت ۋاسىتىلىرىنىڭ ئۈستىگە جايلاشتۇرماق: قۇللار پەرمان بويىچە، ئۇنى تۆگىگە يۆكلەپ يولغا چۈشۈپتۇ. * ئۈچ شاھزادە ئۈچيۈز قېچىرغا مال-مۈلۈك يۆكلەپ يولغا چىقىپتۇ. ② كۆچمە. بىرەر ۋەزىپە ياكى ئىش تاپشۇرماق، بۇيرۇماق، زىممىسىگە قويماق: شۆبە رايون شتابىدىن بىزگە سېپىل ئىچىگە ئادەم كىرگۈزۈپ، شەرقىي دەرۋازىنى ئېچىش ۋەزىپىسىنى يۆكلىدى. * بىز ئۇلارغا تېگىشلىك مەسئۇلىيەتلەرنى يۆكلەپ، ئادرېسىنى يېزىۋېلىپ بالىنى بەردۇق. ③ كۆچمە. دۆڭگىمەك، ئىتتىرىپ قويماق، قارا چاپلىماق: يۆكلىدى ئۈستۈڭگە بەتنام «فېئودالنىڭ لەۋزى» دەپ، ھەم ئىزا تارتماي دېدى: «سازەندىلەر – گال بەندىسى».

**يۆكۈنچ** ئى. يۆكۈنۈپ ئولتۇرغان ھالەت، ناماز ئوقۇغاندىكى ئولتۇرۇش.

**يۆكۈنچ قىلماق** نامازدا ئولتۇرماق، ئىبادەتكە ئولتۇرماق، ئىبادەت قىلماق: ئۇ ئۆستەڭ بويىدا ھەمراھلىرى بىلەن يۆكۈنچ قىلىۋاتقانىكەن.

**يۆكۈندۈرمەك** «يۆكۈنمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇ ھېلىقى بالىنى يۆكۈندۈردى-دە، ئۇنىڭ دۈمبىسىگە چىقىپ تۇرۇپ كېسەكلەرنى قومۇرۇشقا باشلىدى.

**يۆكۈندۈرۈشمەك** «يۆكۈندۈرمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**يۆكۈندۈرۈلمەك** «يۆكۈندۈرمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**يۆكۈنمەك** پ. ئىككى تىزنى جۈپلەپ يەرگە تىرەپ، كاسىنى ئىككى پۇت تاپىنىنىڭ ئارىسىغا ئېلىپ ئولتۇرماق: دادام ماڭا تونۇش بولۇپ قالغان قەبرە يېنىغا يۆكۈندى. * بوۋاي ئورنىدىن سەل قوزغىلىپ، يېڭىباشتىن يۆكۈندى.

**يۆكۈنۈشمەك** «يۆكۈنمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئىككىسى تەڭلا قۇشبېگىنىڭ ئۇدۇلىغا يۆكۈنۈشتى.

**يۆگەن** ئى. ئات، ئېشەك قاتارلىق ھايۋانلارنىڭ ئېغىزىغا سالىدىغان، جۈجەي، تىزگىن ۋە چۇلۋۇرلىرى بولغان، ئېغىزدا تۇرىدىغان يېرى تۆمۈردىن ياسالغان، قالغان يېرى تاسمىدىن ياسالغان بۇيۇم: ئاتلار يۆگەنلىرىنى تارتىپ، ئۇركۈپ كەتتى.

**يۆگەن سالماق** ① ئات، ئېشەككە ئوخشاش ھايۋانلارنىڭ ئېغىزىغا يۆگەننى كىرگۈزۈپ جايلاشتۇرماق، يۆگەنلىمەك: ئۇ ئاتقا يۆگەن سالدى-دە، مىنگەن پېتى تۆۋەنگە قاراپ يۈگۈرۈپ كەتتى. ② كۆچمە. كونترول قىلماق، چەكلىمەك، تىزگىنلىمەك، باشقۇرماق: تۇت تىزگىنىنى شۇم نەپسىڭگە سېلىپ يۆگەن، ئېغىر-يېنىك ئىشنى ئۆزۈڭ ئىشلەپ ئۆگەن. * ئۆگەنگىن دوستۇم، تىرىشىپ ئۆگەن. ۋاقت بويىنىغا سېلىپ سەن يۆگەن.

**يۆگەنچە** ئى. بوغىنىڭ باش قىسمىغا يۆگەلگەن تاسما.

**يۆگەنچى** ئى. يۆگەن ياسايدىغان ۋە ساتىدىغان كىشى.

**يۆگەنسىز** سۈپ ① يۆگىنى يوق، يۆگەن سالمىغان، يۆگەنلەنمىگەن: زاپخوز يۆگەنسىز ئورۇق ئېتىنى ئۆزلۈكسىز قامچىلاپ باراتتى. * ئۈچ تۇرپاندىن ئات ئېلىپ، مىنىپ كەلدىم يۆگەنسىز. بۇ يۇرتقا مۇساپىرمەن، بىر قاراپلا بىلگەنسىز. ② كۆچمە. ھېچكىم كونترول قىلالمايدىغان ياكى قىلمىغان، ھېچكىم ۋە ھەرقانداق نەرسىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولمىغان: بىلىسەنغۇ، بىز دېگەن يۆگەنسىز ئادەملەر، بىزنى ھېچكىم نەگە باردىڭ، نەدە تۇردۇڭ، دېيەلمەيدۇ. ③ كۆچمە. تىزگىنلەنمىگەن، توسۇلمىغان، مەلۇم دائىرە ئىچىدە چەكلەنمىگەن، قەبىھ: دوختۇر دەريا بويىغا كەلدى، بۇ يۆگەنسىز دەريا ئېقىنى ئۇنىڭ يۈرىكىنى تىترىتىۋەتتى.

**يۆگەنسىزلىك** «يۆگەنسىز» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى.

**يۆگەنلەتمەك** «يۆگەنلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**يۆگەنلەشمەك** «يۆگەنلىمەك» پېئىلىنىبڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**يۆگەنلەكلىك** سۈپ. يۆگەنلەنگەن، يۆگەن سېلىنغان.

**يۆگەنلەنمەك** «يۆگەنلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: سۇ بىلەن تەڭ ئاقار ئۇزاقتا، دېھقانىنىڭ شاد ھېس-تۇيغۇلىرى. ئۇزۇلمەستىن ئاقماقتا مانا، يۆگەنلەنگەن تاغنىڭ سۇلىرى.

**يۆگەنلىك** سۈپ. يۆگىنى بار، يۆگەنلەنگەن، يۆگەن سېلىنغان: ئۇ بارغان پېتى ھېلىقى ئالتۇن يۆگەنلىك ئارغىماققا مىنىپتۇ-دە،

ئۈچقاندەك مەيدانغا چۈشۈپتۇ.

**يۈگەنلىمەك** پ ① ئات، ئېشەك قاتارلىق ھايۋانلارغا يۈگەن سالماق: ئۇ ئېتىنى يۈگەنلەپ، يولغا چىقىشقا تەييارلىق قىلىۋاتاتتى. ② كۆچمە. تىزگىنلىمەك، كونترول قىلماق، بويسۇندۇرماق، باشقۇرماق: ھازىر بىز بوي بەرمەس «ئاپەت ئېغىزى» نى يۈگەنلەشكە ئاتلاندۇق.

**يۈگۈرە-يۈگۈرە** ئۇزاق يۈگۈرۈپ، ناھايىتى جىق يۈگۈرۈپ: يۈگۈرە-يۈگۈرە ئۇ بىر ئىتنىڭ ئالدىغا كېلىپ قېلىپتۇ.

**يۈگۈرتمەك** ① «يۈگۈرمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: سامانىنىڭ تېگىدىن سۇ يۈگۈرتۈپتۇ. * بېھىشتىن چىققان كۆك تاياق، يۈگۈرتىدۇ يالىڭاياغ (ماقال). * باي چىرايىغا زورىغا كۈلكە يۈگۈرتۈپ، نادەمگە يېقىنلىدى. * رەيھان چوڭ خەتلىك گېزىتلەرگە بىرقۇر كۆز يۈگۈرتتى-دە، سىنىپقا كىردى. ② كۆچمە. ئەۋەتمەك، بۇيرۇماق، ماڭغۇزماق: — مەنسۇرنى ھازىرلا گۆشكە يۈگۈرت! — دېدى ئۇ ئالدىراش ۋارقىراپ.

**يۈگۈرتۈشمەك** «يۈگۈرتمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**يۈگۈرتۈلمەك** «يۈگۈرتمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**يۈگۈرگەك** سۈپ. تېز يۈگۈرىدىغان، يۈگۈرۈپ يۈرۈشنى ياخشى كۆرىدىغان: ئەجەبمۇ يۈگۈرگەك بالىكەنسەنغۇ؟

**يۈگۈرمەك** پ ① بىرەر يۆنىلىشكە قاراپ قەدەملىرىنى ناھايىتى تېز ئېلىپ ماڭماق، چاپماق: توختى غەزەپ بىلەن ئورنىدىن تۇردى-دە، يۈگۈرۈپ ئۆيدىن چىقىپ كەتتى. * باللار «ئاتام كەپتۇ» «ئاتام كەپتۇ!» دەپ يۈگۈرۈپ كەلمەكتە ئىدى. ② كۆچمە. بىرەر مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن جاپا چېكىپ ھەرىكەت قىلماق، ئاۋارىچىلىكتىن قورقماي يول ماڭماق، ھەرىكەت قىلماق: يۈگۈرگەن قالار، بۇيرۇغان ئالار (ماقال). * ھەرقايسىلىرى ئۆز كۆزلىرى بىلەن كۆرۈشتىلە، مۇشۇنداق ئىشلارنى ھەل قىلىش ئۈچۈن ھەممىسگە ئۆزۈم يۈگۈرمىسەم بولمايدۇ. * مەن ئەلنىڭ ئىشىنى تاشلاپ قويۇپ، خۇسۇسىي ئىشقا يۈگۈرۈشكە پېتىنالمىدىم. ③ كۆچمە. تېز، ئالدىراش ھەرىكەتلەنمەك: بېرىلىپ زوق بىلەن سالدىم مەن قۇلاق، سۆز ئەمەس ئاقاتتى لېۋىدىن قوشاق. يۈگۈردى قەلىمىم قۇرلار ئۈستىدە، ئۇ قانداق كۈيلىسە مەن پۈتتۈم شۇنداق. * ئۇنىڭ قوللىرى پىيالىغا يۈگۈردى. ④ كۆچمە. يامرىماق، جىلۋىلەنمەك، پەيدا بولماق: بۇنى كۆرگەن ساۋۇتنىڭ چىرايىغا كۈلكە يۈگۈردى. * نادەمنىڭ يۈرەك-باغرى دولقۇنلىنىپ، چىرايى ئېچىلىپ، لېۋىگە تەبەسسۇم يۈگۈردى. ⑤ كۆچمە. ھەرىكەتلەنمەك، تىكىلىپ، ئۇدۇللىنىپ ئۇ يان-بۇ يان ھەرىكەتلەنمەك (كۆز ھەققىدە): ئۇنىڭ كۆزلىرى تونۇش، ئەمما بەكمۇ قىسقا يېزىلغان پوچېركا ئۈستىدە يۈگۈردى. ⑥ كۆچمە. چاپلاشماق، يېپىشماق، ئېسىلىۋالماق: روزىمەت ئىشىنىڭ ئاسىنىغا يۈگۈرىدىغان، پۈتۈن يازنىڭ تولىسىنى شەھەردە ئۆتكۈزىدىغان ھۆرۈن بالا ئىدى. * دۇنيادا تۈز يول يوق، ئەگرى-توقاي يولدا مېڭىشقا تەييار تۇرىشىمىز. ئاسىنىغا يۈگۈرمەسلىكىمىز كېرەك.

**يۈگۈرۈش** ① «يۈگۈرمەك» سۆزىنىڭ يەنە بىر خىل ئىسمىدىشى. ② <تەن> چوڭ ۋە تېز-تېز قەدەملەر بىلەن ھەرىكەت قىلىش، چېپىش: يۈگۈرۈش مۇسابىقىسى.

**يۈگۈرۈش ئايىغى** <تەن> يۈگۈرۈش مۇسابىقىلىرىدا كىيىلىدىغان بىر خىل يېنىك تىپتىكى ئاياغ. چەمى تار ھەم نېپىز بولۇپ، تاپىنىنىڭ ئالدى تەرىپىگە مىخ ئورنىتىلغان بولىدۇ.

**يۈگۈرۈش مۇسابىقىسى** <تەن> يېنىك ئاتلېتىكا تەنھەرىكىتىدىكى بىر خىل مۇسابىقە تۈرى، يەنى يۈگۈرۈش سۈرئىتىدە مۇسابىقىلىشىدىغان بىر خىل تەنھەرىكەت. مۇسابىقە قىسقا مۇساپىلىق، ئوتتۇرا مۇساپىلىق، ئۇزۇن مۇساپىلىق ۋە پەۋقۇلئاددە ئۇزۇن مۇساپىلىق يۈگۈرۈش قاتارلىق تۈرلەرگە ئايرىلىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا يەنە بارىيېر ئاتلاپ يۈگۈرۈش، كۆچ ئۇلاپ يۈگۈرۈش، توسالغۇدىن ئۆتۈپ يۈگۈرۈش ۋە دالا يۈگۈرۈشى قاتارلىق تۈرلىرىمۇ بولىدۇ.

**يۈگۈرۈش يولى** <تەن> تەنھەرىكەت مەيدانىدىكى يۈگۈرۈش مۇسابىقىسى ئۈچۈن مەخسۇس ئىشلىتىلىدىغان يول، ئۇنىڭدىن باشقا تېز مۇز تېيىلىش مۇسابىقىسىدا ئىشلىتىلىدىغان يولمۇ يۈگۈرۈش يولى دەپ ئاتىلىدۇ.

**يۈگۈرۈشمەك** «يۈگۈرمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: خالايىق جان قايغۇسىغا چۈشۈپ، ئۆيىدىكىلەر تالاغا، تالادىكىلەر ئۆيلىرىگە يۈگۈرۈشتى.

**يۈگۈرۈك** سۈپ. تېز يۈگۈرىدىغان، ناھايىتى ئىتتىك چاپىدىغان، چاپقۇر؛ ئىتتىك، ئىلدام، تېز ھەرىكەت قىلىدىغان، تېز: يۈگۈرۈك ئات. * ئېشەكلەرمۇ باشقا چاغلارغا قارىغاندا ناھايىتى يۈگۈرۈك بولۇپ كەتكەنىدى. * موماي شۇنداق يۈگۈرۈك بولۇپ كېتىپتۇكى، ئۇنىڭغا قۇيۇنمۇ يېتەلمەس ئىكەن. // ئېغىز يۈگۈرۈكى باشقا، ئاياغ يۈگۈرۈكى ئاشقا (ماقال).

**يۈگۈر-يېتىم** ئاساسلىق بولمىغان، ئۇششاق-چۈششەك، قوشۇمچە ئىش-ھەرىكەت: زىياپەتتە يۈگۈر-يېتىمغا ياراپ قالغان پادىچى سۈرىتىدىكى بۇ قىز ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ ھەيران بولۇپتۇ. // ئۇ خېلى ئۇزۇنغىچە پولاتنى تراكتورغا يېقىن يولاتماي، ماي توشۇش، يۇندى تۆكۈش ۋە باشقا يۈگۈر-يېتىم ئىشلارغا سالدى.

**يۈگۈر-يېتىمچى** ئۇششاق-چۈششەك ئىشلارنى قىلغۇچى، ئۇششاق-چۈششەك ئىشلار بىلەن شۇغۇللانغۇچى: ئۇ «تازىلىق تەكشۈرۈش كومىتېتى» دەك بىرەر ئورۇننىڭ يۈگۈر-يېتىمچىسىدەك قىلىدۇ.

**يۈلبې** ئى (خەن) <ھەرب> سۇ ئىچىدە ئۆزلۈكىدىن ئىلگىرىلىيەلەيدىغان، يۆنىلىشى ۋە چوڭقۇرلۇقىنى ئۆزلۈكىدىن كونترول قىلالايدىغان بىر خىل بومبا. ئۇ پاراخوت ئارقىلىق قويۇپ بېرىلىدۇ ياكى ئايروپىلان ئارقىلىق تاشلىنىدۇ. ئادەتتە دۈشمەن پاراخوتى ۋە دېڭىز پورتلىرىدىكى قۇرۇلۇشنى ۋەيران قىلىشتا ئىشلىتىلىدۇ.

**يۈلبې پاراخوتى** <ھەرب> يۈلبېنى ئاساسىي قورال قىلغان كىچىك تىپتىكى ھەربىي پاراخوت. ئادەتتە دۈشمەن پاراخوتىغا تېز ھەم ئوستىلىق بىلەن يېقىنلىشىپ، يۈلبې قويۇپ بېرىدۇ.

**يۈنگاڭ** ئى <جۇغ> شەنشى ئۆلكىسىنىڭ داتۇڭ شەھىرىدىكى بىر جاينىڭ نامى.

**يۈنگاڭ تاش ئۆيلىرى** <ئارخېئول> شەنشى ئۆلكىسىنىڭ داتۇڭ شەھىرى ئەتراپىدىكى يۈنگاڭ دېگەن جايدا تېپىلغان كۆلىمى ئەڭ چوڭ تاش ئۆيلەر. بۇ تاش ئۆيلەرنى جەنۇبىي-شىمالىي سۇلالىلەر ھۆكۈمرانلىرى بۇددا دىنىنى تەرغىپ قىلىش ئۈچۈن

قازدۇرغان. بۇ ئۆيلەر ئېلىمىزنىڭ قەدىمكى زامان ئۆيمچىلىق سەنئىتىنىڭ خەزىنىلىرىدىن بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

**يۇنمۇ** ئى (خەن) <تىل> خەنزۇ تىلى خەت تاۋۇشلىرىنىڭ شىڭمۇ ۋە توندىن باشقا بۆلەكلىرى. يەنى خەت ئاھاڭىنىڭ پىنيىندا كەلگەن ئۈزۈك تاۋۇشتىن كېيىن كەلگەن سوزۇق، ئۈزۈك تاۋۇشلار توپى. مەسىلەن، «ban» ، «an» ، «a» دېگەن بوغۇملاردىكى «a» ۋە «an» تاۋۇشلىرى يۇنمۇ ھېسابلىنىدۇ.

**يۇنمۇ ئاخىرى** <تىل> يۇنمۇنىڭ ئاخىرقى تاۋۇشى.

**يۇنمۇ بېشى** <تىل> يۇنمۇ تەركىبىدىكى ئاساسىي سوزۇق تاۋۇشنىڭ ئالدىدىكى سوزۇق تاۋۇش يەنى قىستۇرما تاۋۇش.

**يۇنمۇ مەركىزى** <تىل> يۇنمۇ تەركىبىدىكى ئاساسىي سوزۇق تاۋۇش.

**يۇنمۇداش** ئى <تىل> خەنزۇنچە خەت ئىچىدىكى يۇنمۇسى ئوخشاپ كېتىدىغان خەتلەر.

**يېپىشتۇرماق** «يېپىشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ساتىراش ئېھتىياتسىزلىقتىن ئەپەندىمنىڭ بېشىنىڭ بىرنەچچە يېرىنى كېسىپ قويۇپ، پاختا يېپىشتۇرۇپ قويۇپتۇ.

**يېپىشتۇرۇشماق** «يېپىشتۇرماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: يېپىشتۇرۇش — ھەر خىل ئەسەرلەردە، نۇتۇقتا بىر-بىرىگە ياندىشىپ كەلگەن جۈملىلەرنىڭ باش-ئاخىرىنى ئۆزئارا يېپىشتۇرۇشتىن ئىبارەت ستىلىستىكىلىق ۋاستە.

**يېپىشتۇرۇلماق** «يېپىشتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئابدۇللا پەنجىرىسىگە قەغەز يېپىشتۇرۇلغان ئۆيگە كىرىپ،

مۇرىسىدىن يۇك-تاقنى يەشتى.

**يېپىشقاق** سۈپ ① يېپىشىش، چاپلىشىش خۇسۇسىيىتى كۈچلۈك، چاپلاشقاق، ئاسانلا يېپىشىدىغان (تۈرلۈك نەرسىلەر ھەققىدە): قىرغاقتىكى قارىمايدەك يالتىراق ۋە يېپىشقاق لاي ئۇنىڭ تىزىغىچە چاپلاشتى.
* – بۇلار ناھايىتى يېپىشقاق كەمپۈت ئىكەن،
– دېدى ئۇ ياراتمىغاندەك قىلىپ.
② باشقىلاردىن يېتىرقىمايدىغان، ياتسىرىمايدىغان، چاپلاشقاق، چىقىشقاق: نىزام يېپىشقاق يىگىتلەردىن ئەمەس ئىدى.
* ئۇچى ئۇزارغاي، تۇۋى يېيىلغاي، مېھمانغا خۇش چىراي بولغاي، كىشىگە يېپىشقاق بولغاي، خۇدايىم مۇبارەك بولغاي!

**يېپىشقاق ئاقار جىسىم** <فىز> يېپىشقاقلىققا ئىگە ئاقار جىسىم. ھەرقانداق ئەمەلىي ئاقار جىسىملارنىڭ مۇئەييەن يېپىشقاقلىقى بولىدۇ. ئاقار جىسىملارنىڭ قاتتىق جىسىمغا (تۇرۇبا تېمى ياكى ئاقار جىسىمدا ھەرىكەتلىنىۋاتقان جىسىم قاتارلىقلارغا) نىسبەتەن ئاققاندا، قاتتىق جىسىمغا تېگىشكەن بىر قەۋەت ئاقار جىسىم يېپىشىش كۈچىنىڭ تەسىرىدە قاتتىق جىسىمنىڭ يۈزىگە چاپلىشىۋېلىپ ئاقماي تىنچ تۇرىدۇ. ئۇنىڭغا قوشنا بولغان قاتلامدىكى ئاقار جىسىم ئۇنىڭغا سىيرىلىپ ئاقىدۇ. نەتىجىدە ھەرقايسى قوشنا قاتلاملارنىڭ ئېقىش تېزلىكى تەدرىجىي كېمىيىپ بارىدۇ، ئېقىمغا تىك بولغان يۆنىلىشتە گرادىئېنت شەكىللىنىپ، يېپىشقاقلىق خۇسۇسىيەت ئىپادىلىنىدۇ.

**يېپىشقاق باكتېرىيە** <بىئول> ئۆسۈملۈك ۋە ھايۋانلار ئارىلىقىدىكى مىكرو ئورگانىزم. مورفولوگىيىسى ھەر خىل،

خلوروفىللى يوق. كۆپچىلىكى چىرىتىپ، ئاز قىسمى پارازىت ياشايدۇ. ئۇلار بىئوخىمىيە ۋە گېنېتىكا قاتارلىقلارنى تەتقىق قىلىشتىكى ئاساسىي ماتېرىيال ھېسابلىنىدۇ.

**يېپىشقاق تىل** <تىل> تىللارنىڭ سۆز قۇرۇلمىسىنى ئاساسىي ئۆلچەم قىلىپ تۇرۇپ ئايرىپ چىقىلغان تىل تىپلىرىنىڭ بىرى. بۇنداق تىللاردا ھەر خىل لېكسىكىلىق ۋە گرامماتىكىلىق مەنىلەر سۆزلەرگە قوشۇمچە قوشۇش ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. بۇ تىللارنىڭ سۆز يىلتىزىدا ئومۇمەن چوڭ ئۆزگىرىش بولمايدۇ. قوشۇمچىلار مەلۇم تەرتىپ بويىچە سۆز يىلتىزىنىڭ ئاخىرىغا ئارقا-ئارقىدىن قوشۇلۇش بىلەن سۆز ياسىلىدۇ ياكى سۆز تۈرلىنىدۇ. مەسىلەن، ئالتاي تىللىرى سىستېمىسى ۋە ئۇگور-فىن تىللىرى سىستېمىسىدىكى تىللار مۇشۇ تىپقا كىرىدۇ.

**يېپىشقاق رەڭدار پەرۋانە** <زوئول> بىر خىل ھاشارات. يېتىلگەنلىرىنىڭ ئالدىنقى قانىتىنىڭ مەركىزىدە ئاچ سېرىق رەڭلىك ئىككى يۇملاق ئالىسى بولىدۇ. ئارقا قانىتى ئۇچلۇق، جىيەكلىرى قارامتۇل كۈل رەڭ. كېچىدە ھەرىكەت قىلىدۇ. لىچىنكىسىنىڭ بېشى قوڭۇر، دۈمبىسى ۋە ئىككى يان تەرىپىدە قارامتۇل سېرىق رەڭلىك ئۇزۇن بوي سىزىقلىرى بولىدۇ. قورچىقى قىزغۇچ قوڭۇر كېلىدۇ. شال، بۇغداي، قوناق قاتارلىقلارنىڭ ئاساسلىق زىيانداشى ھېسابلىنىدۇ.

**يېپىشقاق غازتاپان** <بوت> ئازغان ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. پۈتۈن تېنى قىسقا تۈكلەر بىلەن قاپلانغان. يىلتىزى تىك ۋە ياغاچلاشقان. غولى كۆپ شاخلىنىدۇ. تۈۋىدىن ئۆسكەن يوپۇرمىقى ئالقانسىمان يېرىلىدۇ، غولىدىن ئۆسكەنلىرى ئازراق بولۇپ، ئارقا تەرىپىدە تۈۋىتلىرى بولىدۇ. گۈلى سېرىق. پۈتۈن تېنى دورىغا ئىشلىتىلىدۇ، ئىسسىقنى ياندۇرۇپ زەھەر قايتۇرۇش، قان توختىتىش رولىغا ئىگە.

**يېپىشقاق قۇرت** <زوئول> بىر خىل ھاشارات. يېتىلگەنلىرىنىڭ ئالدىنقى قانىتى مەركىزىدە ئاچ سېرىق ۋە يۇملاق كەلگەن ئىككى دانە خالى بولىدۇ. ئارقا قانىتىنىڭ ئۇچى ۋە گىرۋەكلىرى قارامتۇل كۈل رەڭ كېلىدۇ. كۈندۈزى دەم ئېلىپ كېچىسى چىقىدۇ. لىچىنكىسىنىڭ بېشى قوڭۇر كېلىدۇ. دۈمبىسى ۋە ئىككى تەرىپىدە سارغۇچ قارا رەڭلىك توغرا يوللىرى بولىدۇ. قورچىقى قىزغۇچ قوڭۇر كېلىدۇ. ئادەتتە ئۇ شال، بۇغداي، قوناق قاتارلىقلارنىڭ ئاساسلىق زىيانداشى ھېسابلىنىدۇ.

**يېپىشقاق ئوت** <بوت> ئەڭلىكئوت ئائىلىسىدىكى بىر ياكى ئىككى يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. ئېگىزلىكى 30 — 80 سانتىمېتىر، ئۈچ تەرىپى كۆپ شاخلىنىدۇ. پۈتۈن تېنى زىچ ھالەتتىكى ئاقۇچ كۈل رەڭ قاتتىق تۈكلەر بىلەن قاپلانغان. يوپۇرمىقى تۇخۇمسىمان ياكى يېپىسىمان تۇخۇمنە شەكىلدە بولۇپ، نۆۋەتلىشىپ ئۆسىدۇ. گۈلى كىچىك، رەڭگى سۇس ھاۋا رەڭ ۋە ئومۇم گۈل رېتىدە، مېۋىسى كىچىك، قاتتىق، ياپىلاق ۋە ئۈچ قىرلىق كېلىدۇ. گىرۋىكىدە ئىككى تال ئىلمەك تىكىنى بولىدۇ. مېۋىسى سەل زەھەرلىك بولۇپ، مەددە چۈشۈرۈش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

**يېپىشقاقلىق** ① «يېپىشقاق» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى. ② <فىز> ئاقار جىسىملارنىڭ يېپىشىش خۇسۇسىيىتىنى ئۆلچەيدىغان فىزىكىلىق مىقدار. ئادەتتە ئۇ «دىنامىكىلىق يېپىشقاقلىق» ۋە كىنېماتىك يېپىشقاقلىق» دەپ ئىككىگە ئايرىلىدۇ. ③ <فىز> ئاقار جىسىملارنىڭ ئىچكى خۇسۇسىيىتى. ئاقار جىسىملارنىڭ قوشنا ئىككى قاتلاملىرى ئارىسىدا نىسبىي سىيرىلىش پەيدا بولغاندا، قاتلاملارنىڭ تېگىشىش يۈزىدە بۇ يۈزگە پاراللېل بولغان نىسبىي سىيرىلىشقا قارشىلىق قىلىدىغان كۈچنىڭ پەيدا بولۇشىدا ئىپادىلىنىدۇ.

**يېپىشقاقلىق قارشىلىقى** <فىز> مەلۇم بىر جىسىم يېپىشقاق ئاقار جىسىمغا نىسبەتەن ھەرىكەت قىلغاندا، جىسىم يۈزىگە بىر قەۋەت ئاقار جىسىم يېپىشىۋالىدىغانلىقتىن، بۇ يۈز ئەتراپىدىكى ئاقار جىسىمدا بەلگىلىك تېزلىك گرادىيېنتى بىلەن بىرگە پەيدا بولىدىغان جىسىمنىڭ ھەرىكىتىگە قارشىلىق قىلىدىغان كۈچ.

**يېپىشقاقلىق كوئېففىتسىيېنتى** <فىز> بىر بىرلىك ئارىلىقتىكى ئىككى قاتلاملىرىنىڭ تېزلىك پەرقى بىر بىرلىك بولغاندا، قوشنا ئاقار قاتلاملارنىڭ تېگىشىش يۈزىدە پەيدا بولىدىغان يېپىشىش كۈچى.

**يېپىشماق** I پ «ياپماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: پۈتۈن مەھەللىدىكىلەر دەرۋازىلىرىنى مەھكەم يېپىشىپ ئۆيلىرىگە كىرىۋېلىشتى.

**يېپىشماق** II پ ① ھەم چاپلاشماق، مەھكەم يەلىشىپ ئورناشماق، چاپلاشماق: ياخشىغا يېپەك يېپىشار، يامانغا تىكەن (يېپىشار) (ماقال). * ئۇ چاپىنىغا يېپىشىپ قالغان بىر تال يىپنى ئېلىۋەتتى. * ئۇلارنىڭ ئۇستىگە كىيىۋالغان پۇقراچە كىيىملىرى ئۆزىگە يېپىشماي تۇراتتى. ② كۆچمە. بىر-بىرىگە چاپلىشىپ دېگەندەك يېقىن تۇرماق، بىر-بىرىگە تېگىپ تۇرماق، يېقىن تۇرماق؛ قويۇق ئالاقىدا بولماق، يېقىن مۇناسىۋەتتە بولماق: ئۇ بىزگە تازا يېپىشماي تۇرىدۇ. * كېچىلا شۇ يەردە كۆلۈپ، ئەركىلەپ، شۇنچىلىك يېپىشىپ سۆيمىگەنمىدىڭ؟! «بىرئۆمۈر مەن سېنىڭ باھارىڭ بولاي!» شۇنداق دەپ يالقۇنلاپ كۆيمىگەنمىدىڭ!؟ ③ كۆچمە. بىرەر نەرسىگە مەلۇم بىر مۇددىئا بىلەن ئېسىلىۋالماق، شۇنىڭ ئارقىسىغا كىرىۋالماق، پېشىگە ئېسىلماق: يېپىشقان خوتۇندىن قاچ، قاچقان خوتۇننى قوغلا (ماقال). * مەنمۇ تازا ئەخمەق-تە. ئاللىقاچان بازىرى ئۆلگەن بۇ ھۆنەرگە شۇنچە يېپىشىۋالغىنىمنى قارىمامدىغان! * بۇ يەردىكى ئورۇق ئەتلەرنىڭ ھەممىسى كادىرلارغا يېپىشىۋېلىشتى. ④ كۆچمە. تىلىك ياكى ئېگىزرەك نەرسىلەرگە ياماشماق، شۇ نەرسىنىڭ چوققىسىغا چىقىش ئۈچۈن ئۇنىڭغا يامىشىپ ھەرىكەت قىلماق: كۆزلىرىدە قىساس ئۇچقۇنلىرى چاقنىغان بارات ئېچقىلىق دېرىزىگە يېپىشىدۇ. * ھېلىقى بالا بارغان پېتى ھېلىقى يوغان سۆگەتكە يېپىشتى.

**يېپىشىش** «يېپىشماق» پېئىلىنىڭ يەنە بىر خىل ئىسىمدىشى: يېپىشىش كۈچى.

**يېپىشىش كۈچى** <فىز> ① ئاقار جىسىملارنىڭ قوشنا ئىككى قاتلاملىرىدا نىسبىي سىيرىلىش پەيدا بولغاندا، قاتلاملارنىڭ تېگىشىش يۈزىدە بۇ يۈزگە پاراللېل بولغان نىسبىي سىيرىلىشقا قارشىلىق قىلىدىغان كۈچ. ② ئوخشاش

بولمىغان ئىككى خىل ماددىنىڭ بىر-بىرىگە تېگىشكەن قىسىملىرىنىڭ ئۆزئارا تارتىشىش كۈچى.

**يېپىق** سۈپ ① يېپىلغان، يېپىپ قويۇلغان: ئۇ شۇنداق قارىسا ئۇدۇلىدا يېپىق ئىشىك تۇرغۇدەك، ئۇ ئۇنى ئاچماقچى بولۇپ، ئىشىكنى ئىتتەرگەنىكەن، ئىشىك ئۆرۈلۈپ چۈشۈپتۇ. * مەرغىلان دەرۋازىلىرى كېچىسى يېپىق بولىدۇ. * ھېلىقى كىشى ئاتنى بۇلۇڭدىكى ئۇستى يېپىق ئوقۇرغا باغلاپ، خۇرجۇننى ئالدى. ② كۆچمە. مەخپىي، ئوچۇق-ئاشكارا ئەمەس، يوشۇرۇن: — ئۇلار پالۋاننى يوقىتىۋەتسە، سىر يېپىق قېلىۋېرىدۇ، — بۇركۇتبەگ يەنە بىر ئايلىنىپ كېلىپ كەنجىبەگنىڭ يېنىدا ئولتۇردى. ③ خالىغانلا ئادەم قاتناشسا بولمايدىغان، مەخسۇس بەلگىلەنگەن كىشىلەر قاتنىشىدىغان، ئادەم سانى چەكلىنىدىغان: يېپىق سوت.

**يېپىق ئارىلىق** <مات> تەڭسىزلىك $a\leqslant\chi\leqslant d$ نى قانائەتلەندۈرىدىغان بارلىق ھەقىقىي سان $\chi$ لەرنىڭ توپلىمى. ئۇ (a b) بەلگە بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. يېپىق ئارىلىق بۇ ئارىلىقنى ئىپادىلىگۈچى كېسىكنىڭ ئىككى ئۇچىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

**يېپىق بوغۇم** <تىل> ئۈزۈك تاۋۇش بىلەن ئاخىرلاشقان بوغۇم. مەسىلەن، يەر، ئات، شەرق دېگەنلەردەك.

**يېپىق خەت** بىرەر شەخس ياكى كوللېكتىپقا قارىتا يېزىلغان، باشقىلارنىڭ كۆرۈشى مەنئى قىلىنغان خەت.

**يېپىق زەنجىرلىك ھىدروكاربونلار** <خىم> ھالقىسىمان تۈزۈلۈشتىكى كاربون-ھىدروگېن بىرىكمىلىرىنىڭ ئورتاق نامى. تۈزۈلۈشلىرىگە ئاساسەن، ئالىسىكلىك ھىدروكاربونلار ۋە ئاروماتىك ھىدروكاربونلاردىن ئىبارەت ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

**يېپىق سوت** <قا> مەملىكىتىمىزنىڭ خەلق سوت مەھكىمىلىرىنىڭ دۆلەت مەخپىيەتلىكىنى ئاشكارىلاش، شەخسلەرنىڭ خۇسۇسىي نام-ئاتىقىنى بۇلغاشقا دائىر دېلولارنى بىر تەرەپ قىلىشتا قوللىنىدىغان بىر خىل سوت شەكلى. بۇنىڭدا سوتقا جاۋابكار، دەۋاگەر، كېڭەشمە سوت قىلىش ئەزالىرى ۋە تەپتىش قاتنىشىدۇ. باشقىلارنىڭ سوتقا قاتنىشىشى مەنئى قىلىنىدۇ، ئەمما سوت ھۆكۈمى ئاشكارا ئاڭلىتىلىدۇ.

**يېپىق قازان يېپىق پېتى قالماق** ئېچىلمىغان، باشقىلارغا ئاشكارا بولمىغان ئىش-ھەرىكەت مەخپىي پېتى قالماق، ئاشكارىلانمىغان پېتى قالماق، داۋاملىق مەخپىي، سىر تۇتۇلماق: ئوسمان شۇنىڭدىن كېيىن ئابدۇللانى ئۇجۇقتۇرۇپ يېپىق قازاننى يېپىق پېتى قالدۇرۇشنىڭ قەستىگە چۈشتى.

**يېپىق قان ئايلىنىش** <فىزئول> ھايۋان تېنىدىكى قاننىڭ قان تومۇر ئىچىدە باشتىن-ئاخىر بىر يۆنىلىش بويىچە ئايلىنىش شەكلى. قان بىلەن توقۇلما، ھۈجەيرىلەر ئارىسىدا ماددا ئالمىشىش قىلدام تومۇرلار ئارقىلىقلا ئېلىپ بېرىلىدۇ.

**يېپىق قورۇ** قىش كۈنلىرى مال تۇرىدىغان، ئۇستى يېپىلغان قوتان.

**يېپىق مېۋە** <بوت> مېۋىنىڭ بىر خىلى. پىشقاندىن كېيىن، شۆپۈكى سۇ يوقىتىپ قۇرۇيدۇ، لېكىن يېرىلمايدۇ. ئۇرۇق مېۋە، قاتتىق مېۋە، قاناتلىق مېۋە قاتارلىقلار يېپىق مېۋىگە كىرىدۇ.

**يېپىق ئۇرۇقلۇق ئۆسۈملۈكلەر** <بوت>

ئۇرۇقلۇق ئۆسۈملۈكلەرنىڭ چوڭ بىر تۈركۈمى. بۇلاردا تۆرەلمە تۈگۈنى ئۇرۇقدانىنىڭ ئىچىدە بولىدۇ. ئۇرۇقى مېۋىگە ئورىلىپ تۇرىدۇ، تۆرەلمە تۈگۈنى ئۆز گۈلى ياكى باشقا گۈللەرنىڭ ئاتىلىقىنىڭ گۈل چېڭىنى قوبۇل قىلىپ ئۇرۇقلىنىدۇ. پەللە يوپۇرمىقىنىڭ سانىغا قاراپ تاق پەللىلىك ئۆسۈملۈكلەر ۋە قوش پەللىلىك ئۆسۈملۈكلەر دەپ بۆلۈنىدۇ.

**يېپىق ئىمتىھان** <مائار> بىر خىل ئىمتىھان شەكلى. بۇنىڭدا، ئىمتىھان بەرگۈچىنىڭ ئىمتىھان ۋاقتىدا ھېچقانداق ماتېرىيالدىن پايدىلىنىشىغا رۇخسەت قىلىنمايدۇ.

**يېپىقلىق** سۈپ ① يېپىلغان، ھىم ئېتىلگەن، تاقالغان، تاقاقلىق، ئېتىكلىك (ئىشىك-دېرىزە قاتارلىقلار ھەققىدە): ئىشىك يېپىقلىق، دېرىزىدىن چىراغنىڭ غۇۋا شولىسى چۈشۈپ تۇراتتى. * ئاخىرى يېپىقلىق بىر ئىشىكنى كۆردۈم ۋە ئۇنى ئاچتىم. ② يۆگەكلىك، ئۈستىگە ئارتىقلىق ياكى تاشلاقلىق، ئۈستىگە ئوراقلىق: باھاۋۇدۇن ساندۇق ئۈستىگە يېپىقلىق بىر پارچە سۇلياۋنى كۆرسەتتى. // موماينىڭ ئۈستىدە ھېلىقى تاۋار يوتقان يېپىقلىق تۇراتتى.

**يېپىقلىق تۇۋاق يېپىقلىق پېتى قالماق** ← **يېپىق قازان يېپىق پېتى قالماق:** بىزمۇ گۇناھقا شېرىك بولۇپ قالمايلى، بولدى، يېپىقلىق تۇۋاق يېپىقلىق پېتى قالسۇن.

**يېپىقلىق قازان يېپىقلىق پېتى قالماق** ← **يېپىق قازان يېپىق پېتى قالماق:** — بۇنىڭدىن كېيىن يېپىقلىق قازان يېپىقلىق پېتى قېلىۋەرسۇن، ئۇنىڭ بىلەن ئالاقە قىلماڭ، — دېدى ئۇ.

**يېپىلماق** «ياپماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ھويلىغا كىرىشىم بىلەنلا كۆزۈمگە ۋاسا جۈپ قىلىنىپ يېپىلغان كاتتا ئۆيلەر كۆرۈندى. * مۇدىر بىر يىللىق خىزمەتلەر ھەققىدە قىسقىچە خۇلاسە قىلغاندىن كېيىن، يۇقىرىدىن چۈشۈرۈلگەن ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مۇقىملىق خىزمىتىنى چىڭ تۇتۇش ھەققىدىكى يوليورۇقنى يەتكۈزدى، شۇنىڭ بىلەن يىغىن يېپىلدى.

**يېپىنچا** ① ئى. ئۈستىگە يېپىۋالىدىغان، يېپىنىدىغان تون ۋە شۇ قاتارلىق نەرسىلەر. ② سۈپ. ئۈستىنى يېپىش رولىنى ئوينايدىغان، ياپىدىغان: يېپىنچا قاتلام. يېپىنچا ئۆسۈملۈك. يېپىنچا ئورمان.

**يېپىنچا قاتلام** <گېئول> پلاتفورمىنىڭ بىر ئاساسىي تۈزۈلمە قەۋىتى. بىماس ھالەتتە ئۇل ئۈستىگە جايلىشىدۇ.

**يېپىنچا ئورمان** <جۇغ> مەلۇم رايوننىڭ يەر يۈزىنى يېپىپ تۇرغۇچى ئورمان.

**يېپىنچا ئۆسۈملۈك** <بىئول> مەلۇم رايوننىڭ يەر يۈزىنى يېپىپ تۇرغۇچى ئۆسۈملۈكلەر.

**يېپىنچاقلاتماق** «يېپىنچاقلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇ ئالىمغا كونا ئۆڭ جۇۋىسىنى يېپىنچاقلىتىپ قويدى.

**يېپىنچاقلاشماق** «يېپىنچاقلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار پەلتولىرىنى يېپىنچاقلىشىپ يۆگۆرگىنىچە ماشىنا تەرەپكە كەتتى.

**يېپىنچاقلانماق** «يېپىنچاقلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆزلۈك دەرىجىسى.

**يېپىنچاقلىماق** پ. چاپان ياكى جۇۋا، پەلتوغا ئوخشاش تاش كىيىملەرنى يېڭىنى قولغا ساپمايلا كىيىۋالماق، ئۈستىگە ئارتىۋالماق: ئۇ ئۇزۇن چاپىنىنى يېپىنچاقلاپ ئىشىكنى ئاچتى. * ئۇ جۇۋىسىنى

پېپىنچاقلاپ، ئىشىك ئالدىغا چىقتى.

**پېپىنچىسىز** سۈپ. پېپىنچا پېپىنمىغان ياكى پېپىنچىسى يوق، ھېچقانداق نەرسە پېپىنمىغان: سەمەت كېسەكنى تەكىيە قىلىپ پېپىنچىسىز ئۇخلاشقا مەجبۇر بولدى.

**پېپىنماق** «ياپماق» پېئىلىنىڭ ئۆزلۈك دەرىجىسى: ياغمىغان يامغۇرغا چەكمەن پېپىنما (ماقال). * ئۇ چاپىنىنىڭ ئۈستىگە كونىراق ھەربىي جۇۋا پېپىنىۋالغانىدى.

**پېپىنشماق** «پېپىنماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**پېپىپىگى** سۈپ. ناھايىتى پېڭى، تېخى ھېچقانداق ئىشلىتىلمىگەن، تۇتۇلمىغان: پېپىپىگى كىتاب. پېپىپىگى كىيىم.

**پېپىپىنىك** سۈپ. ناھايىتى پېنىك، بەكلا پېنىك: بىردىنلا ئۇنىڭ بەدىنى پېپىپىنىك بولۇپ قالدى.

**پېتەرسىز** سۈپ. تولۇق ئەمەس، كەم؛ مۇكەممەل، پۈتۈن، كەم-كۈتىسىز ئەمەس؛ سەۋەنلىك، كەمچىلىك: مەن ساۋاقداشلاردىن ئۆزۈمنىڭ پېتەرسىز يەرلىرىمنى كۆرسىتىپ بېرىشنى سەمىمىي ئۈمىد قىلىمەن. * ئىلگىرى بۇ ھەقتە ئىشلىگەن ئىشلىرىمىز بەك پېتەرسىز بولدى.

**پېتەرسىز سان** <مات> ئەگەر بىر سان ئۆزىنىڭ بارلىق بۆلگۈچىلىرى (بۇ ساندىن باشقا) نىڭ يىغىندىسىدىن چوڭ بولسا، ئۇ ھالدا بۇ سان پېتەرسىز سان دەپ ئاتىلىدۇ. بارلىق تۈپ سانلار پېتەرسىز ساندىن ئىبارەت.

**پېتەرسىزلىك** «پېتەرسىز» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: ئۇ ماڭا جان-دىلى بىلەن ياردەملىشىپ ئىشلەپ، مېنىڭ خوجىلىق باشقۇرۇش جەھەتتىكى نۇرغۇن پېتەرسىزلىكلىرىمنى تولۇقلىدى.

**پېتەرلىك** سۈپ. تولۇق يەتكۈدەك، يېتىدىغان؛ تولۇق، پۈتۈن؛ مۇكەممەل: ئەمدى قولىمىزدا پېتەرلىك پۇل تۇرۇپمۇ ئۇبدان سائەتتىن بىرنى ئالمىسىمىز، ئۆزىمىزگە سەت ئەمەسمۇ!؟ * بىزنىڭ قار ۋە بولاق سۈيىنى مەنبە قىلغان پېتەرلىك ئېقىن سۈيىمىز بار. * ئۇ ماتېماتىكا بىلىملىرىنى پېتەرلىك ئىگىلىگەنىدى.

**پېتەرلىك ئاساس** <لوگ> مەلۇم بىر پىكىرنى مۇقەررەر ھالدا كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان بىر ياكى بىرقانچە پىكىر.

**پېتەرلىك سان** <مات> ئەگەر بىر سان ئۆزىنىڭ بارلىق بۆلگۈچىلىرى (بۇ ساندىن باشقا) نىڭ يىغىندىسىدىن كىچىك بولسا، ئۇ ھالدا بۇ سان پېتەرلىك سان دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن، $1+2+3+4+6>12$، دېمەك، 12 پېتەرلىك سان.

**پېتەرلىك شەرت** <لوگ> فورمال لوگىكىدا مەلۇم شەرتنىڭ ھازىرلىنىشى مەلۇم نەتىجىنى جەزمەن كەلتۈرۈپ چىقارسا، شۇ شەرت ھازىرلانمىسا، شۇ نەتىجىنىڭ چىقماسلىقى ناتايىن بولسا، مۇشۇنداق شەرت پېتەرلىك شەرت دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن، «ئادەم سوقۇر ئۈچەي ياللۇغى بولۇپ قالسا، ئۇنىڭ قورسىقى قاتتىق ئاغرىيدۇ» دېگەن شەرتلىك ھۆكۈمدە، «سوقۇر ئۈچەي ياللۇغى بولۇپ قېلىش» «قورساق قاتتىق ئاغرىش» قا قارىتا پېتەرلىك شەرتتۇر.

**پېتەرلىك نەملىك** <دېھ> تۇپراقتىكى سۇلارنىڭ زىرائەتلەرنىڭ ئۈنۈپ چىقىشى ياكى ئۆسۈشىدىكى ئېھتىياجىنى قاندۇرالىشى.

**پېتەر-يەتمەس** مەلۇم بىر چەككە تولۇق يەتمەي، مەلۇم بىر چەك، ۋاقىت تولۇق

توشماي: بىر يىلغا يېتەر-يەتمەي بىر بالىلىقمۇ بولۇپ قالدىم. * ئۇلار تېخى مەھەللىنىڭ ئايىغىغا يېتەر-يەتمەيلا، مانا شۇ تەرىقىدە تاغارنى بۇغداي بىلەن لىق توشقۇزۇشتى.

**يېتەكچى** ئى. يېتەكلىگۈچى، يېتەكلەپ ماڭغۇچى، رەھبەرلىك قىلغۇچى: كامىل ئۇنىڭ ئەڭ يېقىن ساۋاقدىشى بولۇپ، «قىزىل باتۇرلار سىلىكبۇسى» نىڭ مۇھىم يېتەكچىلىرىدىن بىرى ئىدى. // ئىقتىسادىي خىزمەتتىمۇ يېتەكچى ئىدىيىنى توغرىلاش مەسىلىسى مەۋجۇت!

**يېتەكچى ئايروپىلان** <ھەرب> سەپ تۈزۈپ ئۇچۇش داۋامىدا، ئايروپىلانلارنى ياكى ھەمراھ ئايروپىلانلارنى باشلاپ ۋە ئۇلارغا قوماندانلىق قىلىپ ۋەزىپە ئىجرا قىلىدىغان ئايروپىلان.

**يېتەكچى چاق** <ماشىن> پاراۋۇز ياكى يېڭى تىپتىكى دېھقانچىلىق سايمانلىرىنىڭ ئالدى قىسمىغا ئورۇنلاشتۇرۇلىدىغان، ئۆزى ھەرىكەتلەنمەيدىغان، پەقەت تىرەكلىك رول ئوينايدىغان چاق.

**يېتەكچى خاراكتېرلىك پىلان** <س ئىق> خەلق ئىگىلىكى پائالىيىتىدە، دۆلەتتىن ئىشلەپچىقىرىش ئورۇنلىرى ۋە سېتىش تارماقلىرىنىڭ پايدىلىنىشىغا چۈشۈرۈلگەن پىلان. ئۇ مەجبۇرلاش خاراكتېرىگە ئىگە ئەمەس ھەمدە ئورۇنلارنىڭ ئىجرا قىلىشىنى تەلەپ قىلمايدۇ. ئۇنىڭدا ئىجرا قىلغۇچى ئورۇنغا مەلۇم ئېھتىيات ھوقۇقى بېرىلگەنلىكتىن، كارخانا ۋە ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ ئاكتىپچانلىقىنى قوزغىتىش ۋە ئىگىلىكنى جانلاندۇرۇشقا پايدىلىق. ئۇ جەمئىيەتنىڭ ئېھتىياجىغا ئۇيغۇنلاشتۇرۇش، ئىشلەپچىقىرىش، تەمىنلەش ۋە ئىستېمال تەرەپلىرىنىڭ تەكشۈكلۈكىغا تۈرتكە بولۇش ئىمكانىيىتىنى يارىتىدۇ.

**يېتەكچى سۆز** <تل> بېقىنىش-بېقىندۇرۇش مۇناسىۋىتىدە كەلگەن قۇرۇلمىلاردىكى ئاساسلىق ئورۇندا تۇرىدىغان ھەمدە بېقىنغۇچى سۆز تەرىپىدىن سۈپەتلىنىپ، ئىزاھلىنىپ، چەكلىنىپ ياكى تولۇقلىنىپ كېلىدىغان بېقىندۇرغۇچى سۆز. مەسىلەن، «ئۇرۇش قەھرىمانى» دېگەن بىرىكمىدە بېقىنغۇچى سۆز «ئۇرۇش» بېقىندۇرغۇچى سۆز «قەھرىمان» نى دائىرە جەھەتتىن چەكلەپ ھەم سۈپەتلەپ كەلگەن، شۇڭا «قەھرىمان» يېتەكچى سۆز ھېسابلىنىدۇ.

**يېتەكچى قاتلام** <گېئول> يەر قاتلىمىنى سېلىشتۇرۇشتا بەلگە قىلىشقا بولىدىغان روشەن ئالاھىدىلىككە ئىگە بىر ياكى بىر گۇرۇپپا جىنس قاتلىمى.

**يېتەكچى ئىدىيە** <پەلس> ئاممىغا رەھبەرلىك قىلىش، يول كۆرسىتىش ۋە ئاممىنى باشلاش، يېتەكلەش رولىنى ئوينايدىغان تۈپ، مەركىزىي ئىدىيە.

**يېتەكچىلىك** ئى. يېتەكلەش، يېتەكلەش ئىشى: مۇھىمى، بالىلار قانداق پائالىيەت ئېلىپ بارسۇن، ئۇلارغا توغرا يېتەكچىلىك قىلىش كېرەك.

**يېتەكلەتمەك** «يېتەكلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇ چېلىشچىلىرىنى مەخسۇس قارانچۇق كاھقا يېتەكلىتىپ، ھەيۋە بىلەن ئېلىپ كېلەتتى.

**يېتەكلەش** «يېتەكلىمەك» پېئىلىنىڭ يەنە بىر خىل ئىسمدىشى: يېتەكلەش دەرسى.

**بېتەكلەش دەرسى** <مائار> ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆتۈلگەن دەرس مەزمۇنىغا بولغان چۈشەنچىسىنى ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىش ئارقىلىق چوڭقۇرلاشتۇرۇشى، ئۆزلەشتۈرۈشى، دۇچ كەلگەن مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشى قاتارلىقلارغا ياردەم بېرىش، بېتەكچىلىك قىلىش ئۈچۈن ئۇيۇشتۇرۇلغان دەرس.

**بېتەكلەشمەك** «بېتەكلىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار ئاتلىرىنى بېتەكلىشىپ ئىچكىرىگە كىرىشتى.

**بېتەكلەنمەك** «بېتەكلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: بۇ قېتىم بۇلار ياخشى بېتەكلىنىپ، ئوبدان تەربىيىگە ئىگە بولدى.

**بېتەكلىمەك** پ. ① باشلىماق، يول كۆرسىتىپ نىشانغا قاراپ ئىلگىرىلەشكە دەۋەت قىلماق، رەھبەرلىك قىلماق: بۇ باتالىيوننى سوپاخۇن ساۋرىۋۇق شەخسەن ئۆزى موڭچوڭقۇرغا بېتەكلەپ ئەكەلگەنىدى. * ئۇ مۇئەللىمنىڭ بېتەكلەپ ئىلھام بېرىشى ئارقىسىدا، ئۆزى بىلەن بىرلىكتە ئوغرىلىق قىلغان «ئۇچار قانات»لارنى پاش قىلدى. * مەن ماڭغان يولمۇ تۇيۇق يول ئىدى. ئۇلارنىڭ بېتەكلىشى بىلەن ئاخىرى نۇرلۇق، داغدام يولنى تېپىۋالدىم. ② بېتىلمەك؛ چۇلۇۋۇرىدىن تۇتۇپ ئۆزىگە ئەگەشتۈرۈپ ئېلىپ ماڭماق، ئەگەشتۈرۈپ ماڭماق، بېتىلەپ ماڭماق: ئۇستام ئوغلىنى بېتەكلىگىنىچە غىياسىدىن تەرەپكە كەلدى. * ئۇ سېمىز بىر كۆك ئاتنى بېتەكلىگەن پېتى ئالدىمغا كېلىپ توختىدى. * يىگىت تاسمىدا باغلاپ بېتەكلىۋالغان تايغان قۇلاقلىرىنى سالپايتىپ ئۇنىڭغا غەمكىن قارايتتى.

**بېتو** ئى. دىئال. ئالدىدا بېتىلەپ ماڭىدىغان ئات.

**بېتوچى** ئى. دىئال. بېتو ئاتنى بېتىلەيدىغان ئادەم.

**بېتۈك** سۆپ. بېتىلگەن، كەم-كۈتىسىز، مۇكەممەل: روھىي قىياپەت ھەرقانچە بېتۈك بولسىمۇ، ئۇنىڭغا مۇناسىپ ھالدىكى ماددىي قىياپەت بولمىسا، سالاپەت نۆلگە تەڭ بولىدۇ. * بارىكاللا، ئۇنىڭ غەيرەت-شىجائىتىگە، بارىكاللا، بېتۈك ئەقلى-پاراسىتىگە.

**بېتىپ-قوپماق** ماكان تۇتۇپ، شۇ يەردىلا تۇرماق، تۇرالغۇ قىلماق: ئۇمۇ يالغۇز بولۇپ، مەكتەپتە بېتىپ-قوپاتتى. * — ھازىر بېتىپ-قوپىدىغان ئۆيمۇ يوق، جاپا تارتىپ قالارمەنمىكىن، — دېدىم مەن.

**بېتىرقاتماق** «بېتىرقىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: بۇرۇن ئادەتتىكىدەك كۆرۈنۈدىغان مېھرىنىسا ئەمدى ئۇنى بېتىرقىتىپ قويغانىدى.

**بېتىرقاشماق** «بېتىرقىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: بالىلار مەندىن بېتىرقىشىپ، يوتقانىنىڭ ئىچىگە مەھكەم پۈركىنىۋېلىشقانىدى.

**بېتىرقىماق** پ. ياتسىرىماق، ئەيمەنمەك، تارتىنماق، قورۇنماق: — تووۋا خۇدايىم، — دېدى ئۇ ئۆز-ئۆزىگە، — بۇ بالا ناتونۇش كىشىنى كۆرسە ئەجەب بېتىرقايدىكەن... * مەن بۇ غەلىتە، كۆرۈمسىز، لېكىن يەنە نېمىسى بىلەندۇر يېقىملىق كۆرۈنىدىغان بۇ «دادا» غا ھەم قىزىقىپ ھەم بېتىرقاپ قارىدىم.

**بېتىش** «ياتماق» پېئىلىنىڭ يەنە بىر خىل ئىسىمدىشى.

**بېتىش ھالىتى** <گېئول> گېئولوگىيىلىك گەۋدىلەر (تاغ جىنس قاتلىمى، تۆمۈر ۋە كان گەۋدىسى قاتارلىقلار) نىڭ بوشلۇقتىكى ئورنىنىڭ كۆرسەتكۈچى. ئادەتتە ئۇ يۈرۈش يۆنىلىشى، بېتىشى

ۋە قېلىنلىقىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

**پېتىشتۇرمەك** «پېتىشمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇلار ئاخىرى بۇ يىگىتنى تېخىمۇ ۋىجدانلىق، تېخىمۇ چىدامىلىق باتۇر ئەزىمەت قىلىپ پېتىشتۇردى.

**پېتىشتۇرۇشمەك** «پېتىشتۇرمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار ئۈچ يىل جاپالىق ئىشلەش، قايتا-قايتا تەجرىبە قىلىش ئارقىلىق بۇ خىل سورتلۇق ئۇرۇقنى پېتىشتۇرۇشتى.

**پېتىشتۇرۇلمەك** «پېتىشتۇرمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: بۇ يىل رايونىمىزدا 150 مىڭ مودىن ئارتۇق يەردە كۆچەت پېتىشتۇرۇلدى.

**پېتىشسىز** سۈپ → **پېتەرسىز**: سۆزلىرى ئىشەنچلىك، ئۆزى خاتىرجەم، ئۇتۇقلار ئۈستىدە خېلى توختالدى. قالدۇرماي پېتىشسىز جايلىرىنى ھەم، ئاخىرى قولىغا بىر تىزىم ئالدى.

**پېتىشسىزلىك** ئى ① كەمچىلىك، ئەيىب، نۇقسان، سەۋەنلىك، پېتەرسىزلىك: رومانىدا يەنە بەزى پېتىشسىزلىكلەرمۇ بار. * گېزىتىمىز قارىماققا خېلى ئوبدان چىقىۋاتقان بولسىمۇ، يەنە بىر قاتار پېتىشسىزلىكلەر ساقلانماقتا. ② پېتىشمەسلىك، كەملىك، تولۇق، پېتەرلىك بولماسلىق، ئازلىق قىلىش: ئاخىرى مىللىي ئارمىيە جەڭچىلىرىنىڭ قورال-ياراغ پېتىشسىزلىكىمۇ تەدرىجىي ھەل بولۇپ كەتتى.

**پېتىشكەن** ① «پېتىشمەك» پېئىلىنىڭ سۈپەتدىشى. ② بىرەر ساھەدە يۇقىرى پەللىگە يەتكەن، تالانتلىق، مۇكەممەللەشكەن، تاماكۇللاشقان: شاھ شەھەردىكى نامدار تېۋىپ، پېتىشكەن ئۆلىمالارنى ئوردىغا يىغىپ تومۇرىنى تۇتقۇزۇپتۇ.

**پېتىشماق** «ياتماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلارنىڭ بەزىلىرى توپتەك چىگىۋالغان كىچىككىنە تۆشكىنى بېشىغا قويۇپ، سوزۇلۇپ پېتىشاتتى.

**پېتىشمەك** ① «يەتمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: — سادىق! — دېيىشتى باشقىلارمۇ پېتىشىپ كېلىپ، — ھازىر ئامبارنى ئەمەس، يۇرتداشلارنى قۇتقۇزىۋالىدىغان پەيت. * بىز ئاخىرى بۇگۈنكىدەك بەخت-سائادەتلىك كۈنلەرگە پېتىشتۇق. ② يەتمەك، پېتىشىۋالماق: مەن ئۇنى «ئارقىدا قالما، پېتىشىپ ماڭ!» دەپ پات-پات ئاگاھلاندۇرۇپ تۇراتتىم.

**پېتىلەتكۈزمەك** «پېتىلىمەك» پېئىلىنىڭ قوش مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**پېتىلەتمەك** «پېتىلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: بوۋاي ئۆكۈزنى سايىمىغا پېتىلىتىپ، ئۆزى بىلەن مەھەللىگە ئېلىپ كەتتى. * پادىشاھ ئوغلىغا: — مېنى باشلاپ بارغىن، — دەپتۇ ۋە سارايى ئەمەلدارىغا بىر بۇقىنى پېتىلىتىپ ھېلىقى قىزنىڭ ئۆيىگە كېلىپتۇ.

**پېتىلەشمەك** «پېتىلىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: كۆپچىلىك ئاتلىرىنى پېتىلىشىپ، ئۇنىڭ ئىزىدىن يولنى داۋام قىلىشتى. * بۇنداق ئەھۋالدا مەن قانداقمۇ بىر يىگىت بىلەن پېتىلىشىپ يۈرەلەيمەن.

**پېتىلەك** ئى. پېتىلەش، پېتىلەپ مېڭىش، چۇلۋۇردىن ياكى قولىدىن تۇتۇپ ئەگەشتۈرۈپ مېڭىش ئىشى، ھەرىكىتى: قوباق ھەققەتەن پېتىلەككە ئۆگەنگەن تايدەك ياۋاش ئىدى.

**پېتىلەكلىك** سۈپ. پېتىلەنگەن، پېتىلەپ ئېلىپ مېڭىلغان: ئۇ ئارزۇگۈلنى كۆردى-دە، پېتىلەكلىك ئېتىنى تاشلاپ ئۇنىڭ ئالدىغا يۈگۈردى.

**يېتىلەنمەك** «يېتىلمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**يېتىلدۈرمەك** «يېتىلمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئەمگەك ئادەمنى ھەم ساغلام قىلىدۇ، ھەم توغرا، ھالال قىلىپ يېتىلدۈرىدۇ.

**يېتىلدۈرۈشمەك** «يېتىلدۈرمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**يېتىلدۈرۈلمەك** «يېتىلدۈرمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**يېتىلگەن** «يېتىلمەك» پېئىلىنىڭ سۈپەتدىشى.

**يېتىلگەن دەرەخ** <ئانات> ئۆسۈپ ماتېرىيال بېرىش دەرىجىسىگە يەتكەن دەرەخلەر.

**يېتىلگەن سۆڭەك** <ئانات> سۆڭەك توقۇلمىسى بولۇپ شەكىللەنگەن سۆڭەك.

**يېتىلگەن قۇرت** <زوئول> كۆپ ساندىكى ئومۇرتقىسىز ھايۋانلارنىڭ ئىندىۋىدلىق يېتىلىشى جەريانىدىكى جىنسىي جەھەتتە يېتىلگەن باسقۇچى.

**يېتىلمەسلىك** ئى <بىئول> جانلىقلارنىڭ كۆپىيىش ئورگىنىنىڭ غەيرىي نورمال يېتىلىشى ياكى كۆپىيىش ئىقتىدارىغا ئىگە بولالماسلىقى.

**يېتىلمەك** پ. ئۆسۈپ چوڭ بولماق، تاكامۇللاشماق، مۇكەممەللەشمەك؛ ئۆسمەك: ئۇ نۇرغۇن جەھەتلەردە پۇختا يېتىلگەن پەم-پاراسەتلىك جۇشقۇن يىگىت ئىدى. * ئۇ يېتىلگەن بىر گۈل ئىدى، ئەل ئىشقىدا بۇلبۇل ئىدى.

**يېتىلىش** ① «يېتىلمەك» پېئىلىنىڭ يەنە بىر خىل ئىسىمدىشى. ② <بىئول> جانلىقلارنىڭ ھاياتلىق تارىخىدىكى فۇنكسىيىسى ۋە تۈزۈلۈشىنىڭ ئاددىيلىقتىن مۇرەككەپلىككە ئۆزگىرىش جەريانى، يەنى ئۆسۈملۈكلەرنىڭ چېچەكلەپ مېۋە بېرىشكىچە؛ ھايۋانلارنىڭ جىنسىي بەزلىرىنىڭ تەدرىجىي ھالدا پىشىپ يېتىلىشكىچە بولغان جەريان. ③ <زوئول> ھاشاراتلارنىڭ قۇرچاقلىرىنىڭ يېتىلگەن تەنگە ئۆزگىرىش جەريانى.

**يېتىلىش گېنېتىكىسى** <بىئول> گېنېتىكىنىڭ بىر تارمىقى، يەنى ئىرسىيەت ماددىسىنىڭ ئىپادىلىنىش تىپى ئېففېكتىنى تەتقىق قىلىدىغان پەن.

**يېتىلمەك** پ ① تۇرلۇك ھايۋانلارنى بويۇن ياكى بېشىغا سېلىنغان چۇلۋۇرىدىن تۇتۇپ ئەگەشتۈرۈپ ماڭماق، چۇلۋۇرىدىن تۇتۇپ ئېلىپ ماڭماق: ئۇنىڭ كەينىدىن ئاتلارنى يېتىلەپ ئاقلىبېك چىقتى. * ئۇ ئىككى ئۆچكە، بىر ئوغلاقنى يېتىلەپ ئۆستەڭ بويىغا كەلدى. ② قولىدىن تۇتۇپ ياكى كەينىگە سېلىپ ئەگەشتۈرۈپ ئېلىپ ماڭماق، يېنىدا بىللە ئېلىپ يىقىن ئەگەشتۈرۈپ يۈرمەك: گۈلەمخان نەۋرىسىنى يېتىلەپ يېتىپ كەلدى. * شۇ كۈندىن باشلاپ ئۇ نەۋرىسىنى يېتىلەپ پات-پات بىزنىڭ ئۆيگە كېلىدىغان بولۇپ قالدى. ③ كۆچمە. باشلىماق، يېتەكلىمەك: — ئەلۋەتتە، — دېدىم مەن، — بىزنى يېتىلەپ كېتىپ بارغان ئەنە شۇ غايە.

**يېتىم** I سۈپ (ئە) ① ئاتا-ئانىسىدىن ياكى ئۇلارنىڭ بىرسىدىن ئايرىلغان، ئاتىسى ياكى ئانىسى ۋە ياكى ھەر ئىككىلىسىلا يوق: يېتىم بالا. * يېتىم بۇلۇڭدا، تېرىق تۇلۇمدا (ماقال). * ھالۋىنى ھېكىم يەر، تاياقنى يېتىم (ماقال). ② كۆچمە. يالغۇز، يېگانە، ھېچ مۇڭداشقۇدەك كىشىسى يوق، بىچارە: ئۇ شۇ تاپتا ئۆزىنى تولىمۇ يېتىم ھېس قىلدى.

**يېتىم ئاقساقال** سەلب. ئاتىكاچى؛

ئورۇنسىزلا باشقىلارنىڭ گېپى ۋە ئىشلىرىغا ئارىلىشىۋالىدىغان، ئۆزىگە لايىق گەپ قىلمايدىغان، چېپىلغاق: ئۇ لۈكچەكنىڭ ئەدىبىنى قاتتىق بېرىپ، چوڭ-كىچىك يېتىم ئاقساقاللارنى چۆچۈتۈپ قويماي بولمايدۇ.

**يېتىم ئاقساقاللىق قىلماق** ئاتىكاچىلىق قىلماق، باشقىلارنىڭ گەپ-سۆز ۋە ئىشلىرىغا ئورۇنسىز ئارىلىشىۋالماق، چېپىلماق: – تولا يېتىم ئاقساقاللىق قىلماي نېرى تۇرە! – دېدى ئۇ قاسىمنى سەتلەپ.

**يېتىم بولماق** ئاتىسىدىن ياكى ئانىسىدىن ۋە ياكى ھەر ئىككىسىدىن ئايرىلىپ ئاتا-ئانىسىز قالماق، باشپاناھسىز قالماق: سەن مېنىڭ تۇنجى پەرزەنتىم ئىدىڭ، ئەمدى ۋاقىتسىز يېتىم بولدۇڭ، ئىلاجىم قانچە؟!

**يېتىم تال** <ئانات> ئادەم ۋە ھايۋانلار تېنىدىكى باش تەرەپتىكى ئىككى تال قىسقا قوۋۇرغا (بىر تەرەپنى ھېسابقا ئالمىغاندا).

**يېتىم تىرناق** ئەسلىي تىرناقتىن بۆلۈنۈپ بىلىنەر-بىلىنمەس چىقىپ قالغان تىرناق.

**يېتىم قالماق** ① ئاتا-ئانىسىدىن ئايرىلىپ يالغۇز قالماق، باشپاناھسىز، ئىگە-چاقىسىز قالماق: ئۇ ئاتا-ئانىسىدىن كىچىكلا يېتىم قالغانىدى. ② كۆچمە. ھىمايىسىز، قوللىغۇچىسىز، ئەگەشكۈچىسىز قالماق، يالغۇز قالماق، چەتكە چىقىپ قالماق: چاۋار ئۆزىنىڭ يېتىم قېلىپ، قولايسىز ئەھۋالدا قالغانلىقىنى ھېس قىلدى. * ئاممىنى قوزغاپ ئۇنى پاش قىلىڭلار، كورەش قىلىڭلار، يېتىم قالدۇرۇڭلار.

**يېتىم قول** بەش بارماقتىن باشقا ئارتۇق ئۆسۈپ قالغان ئۆسۈكچى بارماق، ئارتۇق چىقىپ قالغان بارماق.

**يېتىم قوۋۇرغا** ← **يېتىم تال**: – ياقەي، – دېدى ئۇ چۈشەندۈرۈپ، – يېتىم قوۋۇرغىسى ئازراق ئاغرىپ كېتىپتىكەن.

**يېتىم قىلماق** بالىلارنى ئاتا-ئانىسىز قىلىپ قويماق، ئاتا-ئانا مېھرىدىن مەھرۇم قىلماق: بەزىلەر يەنە بەش-ئالتە بالىغا ئاتا-ئانا بولغاندىن كېيىنمۇ، كۆڭۈلنىڭ ئارقىسىغا كىرىپ بالىلىرىنى يېتىم قىلىدۇ. * يېتىم دەيلا، يېتىم دەيلا، يېتىم قىلسا خۇدا قىلغان. ئاتالاردىن-ئانالاردىن، جۇدا قىلسا خۇدا قىلغان.

**يېتىم ھەققى** يېتىم قالغان بالىلارغا ئاتا-ئانىسىدىن قالغان مىراس ھەمدە جەمئىيەت تەشكىلەرنىڭ ئۇلارغا ئاتاپ بەرگەن نەپىقە، خەير-ساخاۋەت بۇيۇملىرى.

**يېتىم ئوچاق** كارۋانلار ۋە كۆچمەنلەر ئىشلىتىدىغان، تۆمۈردىن پۇت بېكىتىلىپ، چەمبەر شەكلىدە ياسالغان، يۆتكەپ ئېلىپ يۈرۈشكە ئەپلىك بولغان بىر خىل ئوچاق: مەغپىرەتخان ئاچا سۆزلىگەچ كۈلۈڭگە تېرىلىپ كەتكەن قوناق شېخىنىڭ چۈچىلىسى بىلەن تېزەكلەرنى لاخشىگىردا تارتىپ، يېتىم ئوچاققا تىزدى.

**يېتىم ئوغلاق** تىل ھا. ئاتا-ئانىسى يوق، باشپاناھسىز، ئىگە-چاقىسىز، تاشلاندۇق: – تۈل خوتۇننىڭ بالىسى، يېتىم ئوغلاق! – دېدى ئۇ ھېچ گەپتىن ھېچ گەپ يوقلا.

**يېتىم** II مىق. كۆپىنچە «ئۇن، كۆز» قاتارلىق بەزى ئىسىملار بىلەن بىللە كېلىپ، «يەتكۈدەك»، «يېتىدىغان» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ ھەم ئارىلىق، ئۇزۇنلۇق ئۆلچىمى ئورنىدا كېلىدۇ: شۇ كەبى ھېسلارنى قىلىپ ھەمراھ

ئۇ، سالانى ئاربلاپ كەتتى ئىچكىرى. توختىدى توساتتىن باسقان ئىزىدا، ئۇن يېتىم يىراقتا سۆزلەيتتى بىرى.

**يېتىمەك** سۆپ. سەلب. «يېتىم» سۆزىنىڭ سەتلەش فورمىسى: خۇدا بۇ يېتىمەككە ئاجايىپ كۈچ ۋە ئەقىل-پاراسەت ئاتا قىلغانىكەن! * — مەن يالغۇز قىزىمنى ئىگىسىنىڭ تايىنى يوق بىر يېتىمەككە ياتلىق قىلغۇدەكمەنمۇ!؟ ھىم... — دېدى ھېيت ئاخۇن ساقاللىرىنى يۇلغۇدەك بولۇپ ئاچچىقتىن تىترەپ. زۆرەمخان ئانا ئۈن-تۈنسىز يەرگە قاراپ تۇرۇۋالدى.

**يېتىمچى** ئى. يۇرتىدىن ئايرىلىپ مۇساپىر بولغۇچى، مۇساپىر: ئۇمۇ يېتىمچىلارغا ئەگىشىپ مېڭىۋەردى. // نە قورقۇش، ۋەھىمە ئۇندا يوق، ساز چالار، سۆكۈتتە قەبرىلەر. ئاڭلايدۇ يىراقتا مەھەللىلەر، ئاڭلايدۇ يېتىمچى نەۋرىلەر.

**يېتىمچىلىك** ئى. مۇساپىرچىلىق: ئۇ يېتىمچىلىك، يالغۇزلۇقنىڭ دەردىنى تازا تارتتى. * ئۇ شۇ چىقىپ كەتكەنچە ئاقسۇ، قەشقەر، خوتەنلەرنى ئايلىنىپ بىر يىلدەك يېتىمچىلىك قىلىپ يۈردى، كېيىن بولماي يەنە ئاخىرى ئۆز يۇرتىغا قايتىپ كېلىپ پاتمە بىلەن ئەپلىشىپ قالدى.

**يېتىمچىلىماق** پ. يېتىم بالىغا ئوخشىماق، يېتىم بالىنى دورىماق، يېتىم بولماق: «ھەي» – دەپ ئۇيغا پاتتى ئۇ كۆزلىرىگە ياش ئېلىپ، – يېتىمچىلاپ تۇغۇلغان شور پېشانە بالام، مەن پەقەت سېنىڭ قارا يېتىم بولۇپ كەتمەسلىكىڭ ئۈچۈنلا ياشاۋاتىمەن.

**يېتىمسىرەتمەك** «يېتىمسىرىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**يېتىمسىرەشمەك** «يېتىمسىرىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**يېتىمسىرىمەك** پ. يېتىملىك ھېس قىلماق، يېتىملىك، يالغۇزلۇق دەردىنى تارتماق: – ئەي ئەزىز تۇپراق، – دېدى ئۇ يەردىن بىر ئۇچۇم توپىنى ئېلىپ، – مەن ياقا يۇرتتا خارلىنىپ، يېتىمسىرەپ يۈرگىنىمدە سېنى كۆزۈمگە سۈرتكۈدەك بولدۇم.

**يېتىملىك** ئى ① ئاتا-ئانىسىزلىق، يالغۇزلۇق، باشپاناھسىزلىق: ئورۇقلۇقتا كالا ئۆلمەس، يېتىملىككە بالا ئۆلمەس (ماقال). * ئاشۇ بەگ ھەمدە سەئىد قەست قىلدى قىزنىڭ بەختىگە، ئاھ، يېتىملىك خەنجىرى پاتتى يۈرەكنىڭ تەكتىگە. ② يېتىملەرگە ئوخشاش تۇرمۇش، يېتىملەرگە خاس يالغۇزلۇق، زارلىق، بىچارىلىقتا ئۆتىدىغان ھايات: بارات بىلەن تۆمۈرنىڭ تاشۋاينى يېتىملىكتىن قۇتۇلدۇرغۇسى بولسىمۇ، ئىلاجى يوق ئىدى.

**يېتىم-يېسىر** ئاتا-ئانىسىز، باشپاناھسىز، ھىمايىچىسىز قالغان ئاجىز كىشىلەر: بىزدەك تۇل خوتۇن، يېتىم-يېسىرلارنىڭ بېشىنى سىلىغان شۇجىنىڭ مەرتىۋىسى تېخىمۇ چوڭ بولار!

**يېتىنمەك** پ. ئۆزى ئېھتىياجلىق بولغان بىرەر نەرسىگە، پۇلغا ياكى مەلۇم تۇرمۇش شارائىتى ۋە شۇ قاتارلىقلارغا ئىگە بولماق، ئېرىشمەك: پۇلغا يېتىنمەك. ئۆيگە يېتىنمەك.

**يېتىنىشمەك** «يېتىنمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**يېرسىي** ئى (ر<گرېك) <ئاستر> ← **يېرسىي يۇلتۇز تۈركۈمى**.

**يېرسىي يۇلتۇز تۈركۈمى** <ئاستر> شىمالىي ئاسماندىكى يۇلتۇز تۈركۈملىرىدىن بىرى. مەركىزىي ئورنى: ئېكۋاتور

ئۇزۇنلۇقى 3 سائەت 30 مىنۇت، ئېكۋاتور كەڭلىكى 45°، يەنى ئاندرومېدا، كاسسىئوپېيە، زىراپە، هارۋىكەش ۋە سەۋر يۇلتۇز تۈركۈملىرىنىڭ ئارىسىغا توغرا كېلىدۇ.

**يېرىش** ① «يارماق I» پېئىلىنىڭ يەنە بىر خىل ئىسمىدىشى. ② <تىب> ئوپېراتسىيە قىلىش.

**يېرىشماق** «يارماق I» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: هەركىم قولىغا چىققاننى ئېلىپ ملتىقنىڭ نەيزىسى بىلەن پىچىشاتتى ياكى هارۋىنىڭ شوتىسىغا ئۇرۇپ يېرىشاتتى.

**يېرىق** ① ئى. نەرسىلەرنىڭ مەلۇم سەۋەبلەر بىلەن يېرىلغان، ئاجرىغان ئورنى، چېكى: ئوتۇننىڭ يېرىقى. ياغاچنىڭ يېرىقى. ② ئى <گېئول> تاغ جىنسلىرى تۈزۈلمىسىنىڭ بۇزۇلۇپ ۋەيران بولغان قىسمى. ③ سۈپ. يېرىلغان، چاك كەتكەن: يېرىق تاپان. يېرىق تاڭلاي. يېرىق يوپۇرماق.

**يېرىق تاڭلاي** <بىئول> يېرىلىپ غەيرىي نورمال شەكىلگە كىرىپ قالغان ئۈستۈنكى تاڭلاي.

**يېرىق يوپۇرماق** <بوت> گىرۋىكىدە يېرىقچىلىرى بولغان يوپۇرماق.

**يېرىقچە** ئى ① نەرسىلەر يۈزىدىكى كىچىكرەك يېرىق، چاك. ② <بوت> يوپۇرماقلارنىڭ گىرۋەكلىرىدىكى ئويمانچىلار.

**يېرىقچە ياپراق** <بوت> گۈل تاجىنىڭ يېرىلىشى بىلەن هاسىل بولغان كىچىك ياپراقچىلار.

**يېرىقلىق** سۈپ. يېرىقى بار، يېرىلغان، بۆلۈنگەن، يېرىلىپ بولغان، يېرىپ قويۇلغان: يېرىقلىق ئوتۇن.

**يېرىلدۇرماق** «يېرىلماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**يېرىلغا** ئى <بوت> ← **تاغ تېرىكى.**

**يېرىلما** سۈپ. يېرىلغان، بۆلۈنگەن، پارچىلانغان: يېرىلما بەلباغ.

**يېرىلما بەلۋاغ** <جۇغ> يېرىلغان يەرلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئويمان ساي. ئاستى تۈز، ئىككى تەرىپى تىك ياكى پەلەمپەيسىمان بولىدۇ.

**يېرىلماق** ① «يارماق I» پېئىلىنىڭ مەجهۇل دەرىجىسى: ياخشى ئاش ئېشىپ قالغۇچە، يامان قورساق يېرىلىپ كەتسۇن (ماقال). * باش يېرىلسا بۆك ئىچىدە، قول سۇنسا يەڭ ئىچىدە (ماقال). * ملتىقنىڭ ئاغزىنى توسۇپ تۇرۇپ ئاتسا، ملتىقنىڭ ئىچى يېرىلىدۇ. * ئۇ بىردەم تارتقانىكەن، ئالدىدىكى يەر قاق يېرىلىپ كېتىپتۇ. ② ئۈستۈنكى پوست تېرىلىرى بۆلۈنۈپ-بۆلۈنۈپ، سەت، قوپال هەم بىنورمال هالەتكە كېلىپ قالماق، ساغلاملىقىنى يوقاتماق، سەتلەشمەك (لەۋ، قول قاتارلىقلار هەققىدە): شور قېزىش ئىنتايىن جاپالىق، كىشىنى ئۆپرەشتۈرىدىغان ئىش ئىدى، هېلىملارنىڭمۇ كالپۇكلىرى يېرىلىپ، قوللىرى قاپاردى. * ئۇنىڭ قوللىرى يېرىلىپ كەتكەنىدى. ③ كۆچمە. قاتتىق غەزەپلەنمەك، ئاچچىقىغا هاي بېرەلمەي قالماق، قاتتىق چېچىلماق، ئاچچىقلانماق: رەھىم ئايالىنىڭ بۈگۈنكى ئورۇنسىز يېرىلىشىنىڭ سەۋەبىنى ئاللىقاچان چۈشىنىپ يەتكەنىدى. * — گەپنى ئۇچۇق قىلىڭ، تەقسىر، — دېدى ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ، — بولمىسا يېرىلىمەن!

**يېرىلغۇدەك بولماق** ئىنتايىن قاتتىق غەزەپلەنمەك، قاتتىق غەزەپ ياكى ئەلەم-هەسرەت دەستىدىن تۇرالماي،

ئۆزىنى باسالماي قالماق: بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ غەزەپتىن يېرىلغۇدەك بولدۇم، دادامغا ئالىيىپ قارىدىم. * ئەزىزنىڭ ئاتا-ئانىسى مەكتەپتە ئېچىلغان ئاتا-ئانىلار يىغىنىدا بېشىنى كۆتۈرەلمەي، نومۇستىن يېرىلغۇدەك بولۇشتى.

**يېرىلىپ كەتكۈدەك بولماق** ←

**يېرىلغۇدەك بولماق:** ئاچچىقىمدىن يېرىلىپ كەتكۈدەك بولدۇم، ئىچىمدە ئۇنى مىڭنى تىللىدىم.

**يېرىلىدىغان** «يېرىلماق» پېئىلىنىڭ سۈپەتدىشى: يېرىلىدىغان مېۋە.

**يېرىلىدىغان مېۋە** <بوت> قۇرۇق مېۋىنىڭ بىر خىلى. پىشقاندا شۆپۈكى سۇسىزلىنىپ قۇرۇيدۇ ھەم يېرىلىدۇ. مەسىلەن، چوكا مېۋە، مۈڭگۈزسىمان مېۋە، غوزا مېۋە قاتارلىقلار بۇنىڭغا كىرىدۇ.

**يېرىلىش** ① «يېرىلماق» پېئىلىنىڭ يەنە بىر خىل ئىسىمدىشى. ② <فىز> كىرىستاللارنىڭ مەلۇم بىر ياكى بىرنەچچە كىرىستال يۈزىنى بويلاپ ئاجراش ئالاھىدىلىكى. كىرىستاللار ئادەتتە ئارىلىقى چوڭراق، ئاتوملارنىڭ باغلىنىشى ئاجىزراق بولغان كىرىستال يۈزلىرى ئارىسىدىن يېرىلىدۇ.

**يېرىم** سۈپ ① مەلۇم بىرنەرسىنىڭ ئىككىدىن بىرى، تەڭ ئىككىگە بۆلۈنگەندىكى بىر قىسمى: ياماندىن ئاشقان يېرىم قوشۇق (ماقال). * ئۇ تا ھازىرغىچە تاڭ سەھەردە يەۋالغان ئاشۇ يېرىم زاغرىنىڭ كۈچى بىلەن ئۆرە تۇرۇۋاتىدۇ. ② پۈتۈنىنىڭ ئىككىدىن بىرىگە تەڭ مىقدار، پۈتۈن مىقدارنىڭ ئىككىدىن بىرى: يېرىم يىل. يېرىم مېتىر. * شۇنداق قىلىپ بۇ ئاينىڭ يېرىمى ئۆتۈپ كەتتى. ③ بىرنەرسىنىڭ دەل ئوتتۇرىسى، ئوتتۇرا بېلى، ئوتتۇرا قىسمى: سەن يېرىم يولدا چۈشۈپ قېلىپ، نەگە بارماقچى ئىدىڭ؟ * شۇ كۈنى يېرىم كېچىدىن ئۆتكەندە، نىجات ياتىقىغا خۇشال ھالدا قايتىپ كەلدى. ④ تولۇق ئەمەس، كەم، چالا، يېتەرسىز، پۈتۈن ئەمەس: يېتىمنىڭ كۆڭلى يېرىم، قىش-ياز ئەڭلى يېرىم (ماقال). * لەيلىگۈل كۆزىنى يېرىم يۇمۇپ، غىپپىدە ئارقىسىغاياندى.

**يېرىم ئاپتوماتىك** <ماشىن> مەلۇم قىسمى ئادەم ئارقىلىق باشقۇرۇلماي، ماشىنا قۇرۇلمىلىرىنىڭ ئۆزى تەرىپىدىن باشقۇرۇلىدىغان: يېرىم ئاپتوماتىك مىلتىق. يېرىم ئاپتوماتىك قۇرۇلما. يېرىم ئاپتوماتىك كىرئالغۇ.

**يېرىم ئاچ، يېرىم توق** تويۇپ غىزا يېيەلمەيدىغان، غۇربەت، سىرىقتال، باياشات ئەمەس: ئۇنىڭ ئوتتۇن سېتىپ تاپقان پۇلى قورسىقىنى تويغۇزۇشقا يەتمەي، ھەر كۈنى يېرىم ئاچ، يېرىم توق يۈرىدىكەن.

**يېرىم ئارال** <جۇغ> ئۈچ تەرىپى دېڭىز سۈيى بىلەن قورشالغان، بىر تەرىپى چوڭ قۇرۇقلۇق بىلەن تۇتاشقان قۇرۇقلۇق.

**يېرىم ئانتىگېن** <بىئول> ئۆزى ئورگانىزملارنىڭ ئانتىتېلا ھاسىل قىلىشىنى قوزغىتالمايدىغان، ئەمما تەن سىرتىدا ئانتىتېلا بىلەن رېئاكسىيىگە كىرىشىدىغان ئاددىي ماددا. ئاقسىل بىلەن بىرىكىپ ئاللېرگېنلىك رول ئوينايدۇ.

**يېرىم ئاھاڭ** <مۇز> ← **يېرىم ئاۋاز.**

**يېرىم ئاۋاز** <مۇز> سەككىز گرادۇسلۇق

ئاۋاز 12 ئاۋازغا بۆلۈنگەندە، بىر-بىرىگە تۇتاش كەلگەن ئىككى ئاۋاز ئوتتۇرىسىدىكى ئىنتېرۋال يېرىم ئاۋاز دەپ ئاتىلىدۇ.

**يېرىم ئايسىمان قاپقاق** <ئانات> يۈرەكتىكى يېرىم ئايسىمان ئۈچلۈق قاپقاق. ئۈچى بىر گۇرۇپپا بولۇپ، يۈرەك بىلەن ئائورتا ئارىسىغا جايلاشقان، قالغان بىر گۇرۇپپا ئۈچى يۈرەك بىلەن ئۆپكە ئارتېرىيىسى ئارىسىغا جايلاشقان. يۈرەكنىڭ قىسقىراش باسقۇچىدا يۈرەك قېرىنچىسى ئىچىدىكى بېسىم ئۇلارنى ئايرىۋېتىدۇ؛ يۈرەكنىڭ ئۇزىراش باسقۇچىدا ئارتېرىيە ئىچىدىكى بېسىم ئۇلارنى يەنە بىرلەشتۈرۈپ، قان سۇيۇقلۇقىنىڭ تەتۈر ئېقىپ يۈرەك قېرىنچىسىغا كىرىشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ.

**يېرىم ئايلانما كانال** <ئانات> ← **يېرىم ئايلانما نەيچە.**

**يېرىم ئايلانما نەيچە** <ئانات> ئىچكى قۇلاقنىڭ بىر قىسمى. يېرىم چەمبەر شەكىللىك ئۈچ تال نەيچىدىن تۈزۈلگەن. ئىچىدە لىمفا سۇيۇقلۇقى بولىدۇ. ئادەتتە ئۇ بەدەننىڭ تەڭپۇڭلۇق ھالىتىنى ساقلايدىغان سەزگۈ ئورگىنى ھېسابلىنىدۇ.

**يېرىم ئەستەر** <كىي> كىيىم ئىچىنىڭ ئۈستۈنكى يېرىمىغا ئېلىنىدىغان ئەستەر.

**يېرىم باھا** <سودا> تاۋارنىڭ ئەسلىي باھاسىنىڭ يېرىمى بويىچە ھېسابلانغان باھاسى.

**يېرىم بىسلىق خەنجەر** پەقەت بىر تەرىپىگىلا بىس چىقىرىلغان خەنجەر: ئۇ ھېلىقى يېرىم بىسلىق خەنجەر بىلەن ئاز تولا كۆمۈشنى ئېلىپلا كېچىچە يۈرتتىن چىقىپ كەتتى.

**يېرىم پالەچ** <تىب> ← **يارتا پالەچ.**

**يېرىم پرولېتارىيات** <پەلس> ئاز مىقداردا ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىگە ئىگە بولغان، لېكىن ئۆز ئالدىغا ئەمگەك قىلىش ئارقىلىق پۈتۈن تۇرمۇشىنى قامداپ كېتەلمەيدىغان، يەنە بىر قىسىم ئەمگەك كۈچىنى سېتىشقا مەجبۇر بولىدىغان ئەمگەكچىلەر. مەسىلەن، ئازادلىقتىن بۇرۇنقى جۇڭگودىكى كەمبەغەل دېھقانلار ۋە يېرىم ئۆز ئالدىغا تېرىقچىلىق قىلىدىغان دېھقانلارنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى يېرىم پرولېتارىياتقا ياتىدۇ. ئۇلارنىڭ تۇرمۇشى تولىمۇ نامرات بولىدۇ. ئۇلار پرولېتارىياتنىڭ ئىشەنچلىك ئىتتىپاقچىسىدۇر.

**يېرىم تەكشىلىك** <مات> تەكشىلىكنىڭ بىر تۈز سىزىق بىلەن بۆلۈنگەن يېرىم بۆلىكى.

**يېرىم تەييار مەھسۇلات** <س ئىق> مەلۇم ئالاھىدە ئىشلەپچىقىرىش ئىش تەرتىپىنى ئورۇنلاپ بولغان ۋە تەكشۈرۈشتە ئۆلچەمگە توشقان، لېكىن كېيىنكى قېتىملىق ئىش تەرتىپىدىن ئۆتكۈزۈلۈپ، داۋاملىق ھالدا پىششىقلاپ ئىشلىنىدىغان ياكى قۇراشتۇرۇلىدىغان مەھسۇلات.

**يېرىم تۆۋەن سوزۇق تاۋۇش** <تىل> تەلەپپۇز قىلغاندا تىل ئورنى يۇقىرى سوزۇق تاۋۇشلارنى تەلەپپۇز قىلغانغا قارىغاندا ئىككى ھەسسە؛ يېرىم يۇقىرى سوزۇق تاۋۇشلارنى تەلەپپۇز قىلغانغا قارىغاندا بىر ھەسسە تۆۋەن تۇرىدىغان؛ يېرىم يۇقىرى سوزۇق تاۋۇشلارنى تەلەپپۇز قىلغانغا قارىغاندا ئېغىز سەل چوڭراق ئېچىلىدىغان، ئەمما ئوچۇق تاۋۇشلارنى تەلەپپۇز قىلغانغا قارىغاندا

سەل يېپىقراق بولىدىغان سوزۇق تاۋۇش. مەسىلەن، ئۇيغۇر تىلىدىكى «ئەتە» سۆزىدىكى «ئە» يېرىم تۆۋەن سوزۇق تاۋۇش ھېسابلىنىدۇ.

**يېرىم تۈز سىزىق** <مات> ① تۈز سىزىقنىڭ ئۈستىدىكى بىر نۇقتا تۈز سىزىقنى ئىككى بۆلەككە بۆلىدۇ. ئۇنىڭ ھەربىر بۆلىكى يېرىم تۈز سىزىق دېيىلىدۇ. ② مەلۇم بىر قوزغالماس نۇقتىدىن بىر تەرەپكە قاراپ سوزۇلغان تۈز سىزىق.

**يېرىم تۈن** <ئاستر> ← **يېرىم كېچە.**

**يېرىم جان** نىمجان، زەئىپ، ماغدۇرسىز؛ چالا ئۆلۈك: يېرىم جان بىر كىشى بېشىنى ئۇتقىنچە يەردىن تۇرۇپ تۆپىلىكنىڭ ئۈستىگە قاراپ سۈرۈلۈپ كېلىشكە باشلىدى. * شاگىرت كىرسە، ئۇستىسى يېرىم جان بولۇپ، تاياق زەربىدىن تولغىنىپ ياتقۇدەك.

**يېرىم چاتقال** <بوت> ئاساسىي غولى روشەن بولمىغان ياغاچ غوللۇق ئۆسۈملۈكلەرنىڭ بىرى. ئۆسۈملۈك تۈپى ئادەتتە پاكار بولۇپ، شاخلىرى توپلىشىپ ئۆسىدۇ. چاتقالدىن پەرقى شۇكى، پەقەت يەر ئاستى قىسمىلا كۆپ يىللىق بولۇپ ئۆسىدۇ. يەر ئۈستى قىسمى بولسا بىر يىللىق بولۇپ ئۆسىدۇ، قىشتىن ئۆتۈش ۋاقتىدا قۇرۇپ كېتىدۇ. مەسىلەن، ئەمەن خىلىدىكى بەزى ئۆسۈملۈكلەرگە ئوخشاش.

**يېرىم چەمبەر** <مات> چەمبەرنىڭ خالىغان بىر دىئامېترىنىڭ ئىككى ئۇچى ئۇنى ئىككى ياپغا بۆلىدۇ. بۇنداق ياي يېرىم چەمبەر دەپ ئاتىلىدۇ. بۇنداق ياي بىلەن دىئامېتر ئارقىلىق ئورالغان يۈز ۋە شەكىلمۇ يېرىم چەمبەر دەپ ئاتىلىدۇ.

**يېرىم چەمبەرلىك شەكىل** <مات> يېرىم چەمبەر ۋە ئۇنىڭ ئىككى ئۇتاشتۇرغۇچى دىئامېتىر ئارقىلىق قورشالغان شەكىل.

**يېرىم دولقۇن پلاستىنكىسى** <فىز> ئادەتتىكى نۇر بىلەن پەۋقۇلئاددە نۇرنىڭ مۇساپە ئايرىمىسىنى يېرىم دولقۇن ئۇزۇنلۇقىغا ياكى يېرىم دولقۇن ئۇزۇنلۇقىنىڭ تاق سان ھەسسىسىگە تەڭ قىلىدىغان پلاستىنكا.

**يېرىم دولقۇنلۇق توك توغرىلاش** <فىز> ئۆزگىرىشچان توكنىڭ پەقەت ئۇڭ يېرىم دەۋرى (ياكى تەتۈر يېرىم دەۋرى) دىنلا پايدىلىنىپ توك توغرىلاش.

**يېرىم دولقۇن يوقىتىش** <فىز> قايتىش يۈزىدىكى قايتقان دولقۇن فازىسى بىلەن چۈشكەن دولقۇن فازىسىنىڭ فازا پەرقى بولغان قايتىش.

**يېرىم دۈگىلەك** <مات> ← **يېرىم چەمبەر.**

**يېرىم دىدار** يېرىم يەنى ۋاستىلىك كۆرۈشۈش: خەت — يېرىم دىدار (ماقال).

**يېرىم سايە** <فىز> سۈزۈك بولمىغان جىسىم نۇر مەنبەسىنى توسىۋالغاندا، ئەگەر نۇر مەنبەسى نىسبەتەن چوڭراق بولغان نۇر چىقارغۇچى جىسىم بولسا، ئۇنىڭدىن ھاسىل بولغان سايە ئىككى قىسمغا بولۇنىدۇ. ئۇنىڭ پۈتۈنلەي قاراڭغۇ قىسمى تولۇق سايە؛ يېرىم يورۇق، يېرىم قاراڭغۇ قىسمى يېرىم سايە دەپ ئاتىلىدۇ.

**يېرىم سەرلىك پۇل** <مال> جۇڭگونىڭ

قەدىمكى زاماندىكى مىس پۇلى. چىن شىخۇاڭ جۇڭگونى بىرلىككە كەلتۈرۈپ «پىچاقسىمان پۇل»، «ئوتنىغۇچسىمان پۇل» «قۇلۇلە پۇل» قاتارلىق پۇللارنى ئەمەلدىن قالدۇرغاندىن كېيىن، «يېرىم سەرلىك پۇل» نى بىرلىككە كەلگەن قۇيما پۇل قىلغان. ئۇنىڭ ھەربىرىنىڭ ۋەزنى يېرىم سەر بولغان.

**يېرىم سوزۇق تاۋۇش** <تىل> سىيرىلاڭغۇ تاۋۇشلارنىڭ بىر خىلى، يەنى سىيرىلاڭغۇلۇقى ئاجىزراق بولغان سىيرىلاڭغۇ تاۋۇشلار. مەسىلەن، ئۇيغۇر تىلىدىكى « j » (ي)، « W » (ۋ) تاۋۇشلىرى يېرىم سوزۇق تاۋۇش ھېسابلىنىدۇ.

**يېرىم سوتسىيالىستىك ئىگىلىك** <س ئىق> سوتسىيالىستىك ئاممىۋى بولغان، خۇسۇسىي مۇلۇكچىلىك ئاممىۋى بولغان ئىگىلىك، يەنى يەككە ئىگىلىكنى سوتسىيالىستىك كوللېكتىپ ئىگىلىكى قىلىپ ئۆزگەرتىش يولىدىكى ئۆتكۈنچى خاراكتېرلىك ئىگىلىك.

**يېرىم سۈزۈك پەردە** <فىز> ئاقار جىسىملار ئىچىدىكى مەلۇم خىلدىكى مولېكۇلىلارنى ئۆتكۈزۈپ، ئىككىنچى بىر خىل مولېكۇلىلارنى ئۆتكۈزمەيدىغان پەردە. مەسىلەن، جانلىقلار ھۈجەيرىلىرىدىكى سۇ مولېكۇلىلىرىنى ئۆتكۈزۈپ، قەنت مولېكۇلىلىرىنى ئۆتكۈزمەيدىغان پەردىگە ئوخشاش.

**يېرىم شار** <مات> شارنىڭ خالىغان بىر دىئامېترىنىڭ ئىككى ئۇچى بويىچە كېسىلگەن ھەربىر بۆلىكى.

**يېرىم فېئوداللىق جەمئىيەت** <پەلس> فېئوداللىق مەملىكەت جاھانگىرلىك ئىقتىسادىنىڭ تاجاۋۇزىغا ئۇچرىغاندىن كېيىن شەكىللەنگەن بىر خىل ئىجتىمائىي فورماتسىيە. ئۇنىڭدا ئەسلىدىكى فېئوداللىق ئىگىلىك ۋەيران قىلىنغان، كاپىتالىزم مەلۇم دەرىجىدە راۋاجلانغان بولىدۇ، لېكىن فېئوداللىق ئېكسپلاتاتسىيە يەنىلا ساقلىنىپ قالىدۇ.

**يېرىم قورساق بولماق** قورساقنى چالا-بۇلا تويغۇزماق.

**يېرىم كونۇس سىرتى** <مات> كونۇس تىك بۇلۇڭلۇق ئۈچ بۇلۇڭنىڭ ئۆزىنىڭ بىر تىك تەرىپىنى ئوق قىلىپ، بىر قېتىم ئايلىنىشىدىن ھاسىل بولغان شەكىل بولۇپ، شۇ تىك بۇلۇڭلۇق ئۈچ بۇلۇڭنىڭ يانتۇ تەرىپىنىڭ ئايلىنىشىدىن ھاسىل بولغان سىرت كونۇس يان سىرتى دەپ ئاتىلىدۇ. كونۇس يان سىرتىنىڭ يېرىم كونۇس سىرتى بولىدۇ.

**يېرىم كۇبلۇق پارابولا** <مات> تەكشىلىكتىكى تىك بۇلۇڭلۇق كوئوردىنات سىستېمىسىدا تەڭلىمە ئىپادىلىگەن ئەگرى سىزىق.

**يېرىم كۇبلۇق ھىپىربولا** <مات> تەكشىلىكتىكى تىك بۇلۇڭلۇق كوئوردىنات سىستېمىسىدا تەڭلىمە ئىپادىلىگەن ئەگرى سىزىق.

**يېرىم كۆلەڭگە** <فىز> ← **يېرىم سايە.**

**يېرىم كۈنلۈك تۈزۈمدىكى مەكتەپ** <مائار> يېرىم كۈن ئوقۇش مەشغۇلاتى ئېلىپ بېرىلىدىغان مەكتەپ. يېرىم كۈن ئىشلەپ، يېرىم كۈن ئوقۇيدىغان مەكتەپلەر ۋە سىمېنا بىلەن ئوقۇيدىغان مەكتەپلەرمۇ بۇنىڭغا كىرىدۇ.

**يېرىم كېچە** <ئاستر> كالېندار ھېسابىدا سوتكىنىڭ تۆتتىن بىر قىسمى،

يەنى تۈننىڭ دەسلەپكى نىسپى تۈگەپ، كېيىنكى نىسپى باشلانغان ۋاقىت. ئادەتتە كېچە سائەت 11:00 دىن 1:00 گىچە بولغان ۋاقىت كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

**يېرىم مۇستەملىكە** <پەلس> شەكىل جەھەتتىن مۇستەقىل، ئەمەلىيەتتە بولسا سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە ھەربىي قاتارلىق جەھەتلەردە جاھانگىرلىكنىڭ كونتروللۇقىدا بولىدىغان دۆلەت ياكى رايونلار.

**يېرىم مۇستەملىكە، يېرىم فېئوداللىق جەمئىيەت** <پەلس> جاھانگىرلارنىڭ تاجاۋۇز قىلىپ كىرىپ، بىر تەرەپتىن فېئوداللىق جەمئىيەتنى يىمىرىپ، كاپىتالىزم ئامىللىرىنىڭ تەرەققىي قىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشى؛ يەنە بىر تەرەپتىن سىياسىي، ئىقتىسادىي جەھەتلەردىن تىزگىنلەپ ئۆزىگە قارايدىغان قىلىشى نەتىجىسىدە شەكىللەنگەن يېرىم مۇستەملىكە، يېرىم فېئوداللىق ھالەتتىكى جەمئىيەت. مەسىلەن، جۇڭگو 1840 ـ يىلدىن 1949 ـ يىلغىچە شۇنداق جەمئىيەت ھالىتىدە ئىدى.

**يېرىم مېتال** ① <خىم> خۇسۇسىيەتلىرى مېتاللار بىلەن مېتالوئىدلار ئوتتۇرىسىدىكى ئاددىي ماددىلار. ② <فىز> توك ئۆتكۈزگۈچى ئېلېكترونلارنىڭ قويۇقلۇقى ۋە توك ئۆتكۈزۈش ئىقتىدارى بويىچە ئايرىغاندا كېلىپ چىقىدىغان، يېرىم ئۆتكۈزگۈچلەر بىلەن مېتاللار ئوتتۇرىسىدىكى قاتتىق ماددىلار. مەسىلەن، ۋىسمۇت، گرافىت، سۈرمە، ئارسېن قاتارلىقلار.

**يېرىم مېتال پارقىراقلىقى** <گېئول> پارقىراقلىق دەرىجىسىنىڭ بىرى، يەنى مېتالنىڭ يېغىدىن پارقىرىتىلغان يۈزىدىن سەل-پەل تۇتۇقراق بولۇپ، خۇددى كونىراپ كەتكەن مېتال قاچا يۈزىنىڭ نۇر قايتۇرۇش پارقىراقلىقىغا ئوخشاش پارقىراقلىق. مەسىلەن، ماگنىت رۇدىسىنىڭ پارقىراقلىقىغا ئوخشاش.

**يېرىم ئوچۇق ئارىلىق** <مات> تەڭسىزلىك $a<x\leqslant b$ ياكى $a<x\leqslant b$ نى قانائەتلەندۈرىدىغان بارلىق ھەقىقىي سان $x$ لەرنىڭ توپلىمى. ئۇلار تەرتىپ بىلەن (a, b) ۋە [a, b) بەلگىلەر ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ.

**يېرىم ئۆتكۈزگۈچ** <فىز> توك ئۆتكۈزۈشچانلىقى ئۆتكۈزگۈچ بىلەن ئىزولياتور ئارىلىقىدا بولغان ماددىلار. مەسىلەن، گېرمانىي، كرېمنىي، سېلېن ۋە نۇرغۇنلىغان ئوكسىد، سۇلفىد قاتارلىقلار. بۇ خىل ماددىلار بىر يۆنىلىشلىك توك ئۆتكۈزۈش ئالاھىدىلىكىگە ئىگە بولۇپ، بۇنىڭدىن پايدىلىنىپ دېتېكتور، توغرىلىغۇچ، تېرموقارشىلىق، فوتو قارشىلىق ۋە كرىستال لامپا قاتارلىقلارنى ياساشقا بولىدۇ.

**يېرىم ئۆتكۈزگۈچ فىزىكىسى** <فىز> قاتتىق جىسىم فىزىكىسىنىڭ بىر تارمىقى. ئاساسەن يېرىم ئۆتكۈزگۈچلەردىكى ئاتوملارنىڭ ۋە ئېلېكترونلارنىڭ ھالىتىنى تەتقىق قىلىدۇ.

**يېرىم ئۆتكۈزگۈچلۈك توپلاشتۇرۇلغان توك يولى** <فىز> بارلىق ئېھتىياجلىق ئېلېكترونلۇق ئېلېمېنتلارنى بىر پارچە يېرىم ئۆتكۈزگۈچ مونوكرىستال پلاستىنكىسى ئۈستىگە ياساش ۋە ئۇلارنى تۇتاشتۇرۇشتىن ھاسىل قىلىنغان پۈتۈن لىنىيە.

**يېرىم ئۆتكۈزگۈچلۈك دېتېكتور** <فىز> تەتۈر يۆنىلىشلىك ئېغىشتۇرغۇچى p—n تۇگۇنى (ياكى n—p تۇگۇنى) دىن پايدىلىنىپ ياسالغان يادرو رادىئاتسىيە دېتېكتورى.

**يېرىم ئۆتكۈزگۈچلۈك دىئود** <فىز> يېرىم ئۆتكۈزگۈچ ماتېرىيالدىن ياسالغان، بىر يۆنىلىشتە توك ئۆتكۈزۈش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە ئىككى قۇتۇپلۇق ئەسۋاب.

**يېرىم ئۆتكۈزگۈچلۈك گاز سېنزورى** <فىز> گاز تەركىبىدىكى ئىنتايىن ئاز مىقداردىكى كۆمۈر گازى، ئىسپىرت هورى قاتارلىق ئوكسىگېنلىق تەركىبلەرنى ئۆلچەشتە ئىشلىتىلىدىغان يېرىم ئۆتكۈزگۈچلۈك ئېلېمېنت.

**يېرىم ئۆتكۈزگۈچلۈك لازېر** <فىز> يېرىم ئۆتكۈزگۈچ ماتېرىياللارنى ئىشچى ماددا قىلىدىغان لازېر.

**يېرىم ئۆتكۈزگۈچلۈك مۇزلىتىش** <فىز> يېرىم ئۆتكۈزگۈچنىڭ پېلتىي ئېففېكتى ئارقىلىق ئىسسىقلىق سۈمۈرۈپ تۆۋەن تېمپېراتۇرا هاسىل قىلىش ئۇسۇلى.

**يېرىم ئۆتكۈزگۈچلۈك ئۈچ قۇتۇپلۇق لامپا** <فىز> يېرىم ئۆتكۈزگۈچ ماتېرىياللىرىدىن ياسىلىدىغان ھەمدە ئۈچ دانە ئېلېكتر قۇتۇپى بولغان كرىستال لامپا. ئادەتتە ئۇ تارقاتقۇچى قۇتۇپ، ئاساس قۇتۇپ ۋە يىغقۇچى قۇتۇپلاردىن تەشكىل تاپىدۇ. كۆپىنچە رادىئو تېخنىكىسىدا ئىشلىتىلىدۇ.

**يېرىم ئۆتكۈزگۈچنىڭ ئىسسىقلىق ئۆتكۈزۈشچانلىقى** <فىز> يېرىم ئۆتكۈزگۈچ ئىچىدە تېمپېراتۇرا گرادىيېنتى مەۋجۇت بولغان چاغدىكى ئىسسىقلىق ئېنېرگىيىسى ئېقىمىنىڭ زىچلىقى بىلەن تېمپېراتۇرا گرادىيېنتى ئوتتۇرىسىدىكى تاناسىپ كوئېففىتسېنتى.

**يېرىم ئۆزگىرىشچان كوندېنساتور** <فىز> ئېلېكتر سىغىمىنى مەلۇم بىر كىچىك دائىرە ئىچىدە تەڭشىگىلى بولىدىغان ھەمدە تەڭشەلگەندىن كېيىن مەلۇم بىر مۇقىم سانلىق قىممەتكە ئىشلەيدىغان ئۆزگىرىشچان كوندېنساتور.

**يېرىم ئېنىق زەمبۇرۇغلار** <بوت> زەمبۇرۇغلار تىپىنىڭ بىر خىلى. زەمبۇرۇغ يىپچىلىرى كۆپ ھۈجەيرىلىك، ھايات تارىخىدا كۆپ خىل جىنسسىز سپورىلارنى ھاسىل قىلىدۇ. جىنسلىق كۆپىيىشى ئېنىق ئەمەس. شۇڭا يېرىمى ئېنىق زەمبۇرۇغ دەپ ئاتالغان. بۇ خىل زەمبۇرۇغنىڭ تۈرى كۆپ بولۇپ، ئۆسۈملۈكلەرنى ھەر خىل كېسەللىكلەرگە گىرىپتار قىلىدۇ.

**يېرىم ياللانما** ھەم ئۆز ئىلكىدىكى ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرىغا تايىنىپ تىرىكچىلىك قىلىدىغان، ھەم باشقىلارغا ياللىنىپ ئىشلەيدىغان: يېرىم ياللانما دېھقان.

**يېرىم يالىڭاچ** كىيىملىرى تولۇق ئەمەس، پۈتۈن بەدىنىنى ئوراپ تۇرغۇدەك كىيىم كىيمىگەن ياكى كىيەلمىگەن، چالا-بۇلا كىينگەن: يېرىم يالىڭاچ كىينگەن باللار دۆررىدە ئەتراپىمغا ئولاشتى. * ئىشكىنى چېكىپ تۇرۇشۇمغا يېرىم يالىڭاچ بىر قىز چىقتۇدى، نېمە قىلىشىمنى بىلەلمەي ھاڭ-تاڭ بولۇپ تۇرۇپ قالدىم.

**يېرىم يولدا** بىرەر ئىش-پائالىيەت ياكى ھەرىكەت جەريانىنىڭ يېرىمىدا، ئاخىرلاشماستىنلا، تۈگىمەستە، يەكۈنى چىقماستا: يېرىم يولدا ئوقۇشنى تاشلاپ كەتسەك، سەت تۇرىدۇ. * مەن ئۇنىڭ سۆزىنى يېرىم يولدا ئۈزۈپ چىقىپ كەتتىم.

**يېرىم يۇقىرى سوزۇق تاۋۇش** <تىل> تەلەپپۇز قىلغاندا تىل ئۇستى يۇقىرى كۆتۈرۈلىدىغان، ئەمما يۇقىرى سوزۇق تاۋۇشلارنى تەلەپپۇز قىلغان ۋاقىتتىكىگە قارىغاندا تىل ئورنى بىر ھەسسە تۆۋەن تۇرىدىغان، ئېغىزنىڭ ئېچىلىش دەرىجىسى يۇقىرى سوزۇق تاۋۇشلارنى تەلەپپۇز قىلغانغا قارىغاندا سەل چوڭراق بولىدىغان سوزۇق تاۋۇش. مەسىلەن، «ئۆز» سۆزىدىكى «ئۆ»؛ «ئېتىز» سۆزىدىكى «ئې» قاتارلىقلار. ئۇ يەنە «يېرىم سوزۇق تاۋۇش» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

**يېرىم يېمىرىلىش دەۋرى** <خىم> رادىئوئاكتىپ ئېلېمېنتلارنىڭ يېمىرىلىشى تۈپەيلىدىن، ئۇنىڭ ئەسلىي مىقدارىنىڭ يېرىمىنىڭ باشقا ئېلېمېنتلارغا ئايلىنىشى ئۈچۈن كېتىدىغان ۋاقىت، رادىئوئاكتىپ ئېلېمېنتلارنىڭ يېرىم يېمىرىلىش دەۋرىنىڭ ئۇزۇن-قىسقىلىقىدا پەرق ناھايىتى زور بولۇپ، قىسقا بولغانلىرى بىر سېكۇنتقىمۇ يەتمەيدۇ؛ ئۇزۇن بولغانلىرى نەچچە 10 مىڭ يىلغا بارىدۇ.

**يېرىملاتماق** «يېرىملىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇ ئەسەبىيلىك بىلەن ۋارقىرىدى: — تەگنەگنى يېرىملىتىپ كىرسەڭ بولمايتتىمۇ؟ قانداق ئەخلاقسىز نېمە سەن!.

**يېرىملاشتۇرماق** ① «يېرىملاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى. ② يېرىم ھالەتكە كەلتۈرمەك، يېرىم قىلماق: بۇ يىغلىغان نەرسىلەرنى لەشكەر ۋە ئات-ئۇلاغلار بىر كۈن يەپ ئاران يېرىملاشتۇرۇپتۇ.

**يېرىملاشتۇرۇلماق** «يېرىملاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئاخىرى ئامبارىدىكى سۇ يېرىملاشتۇرۇلدى.

**يېرىملاشماق** پ. يېرىمى قالماق، يېرىم بولماق؛ يېرىمىغا ياكى ئوتتۇرىسىغا يەتمەك: ئادەتتە ئىككى كۈن چېكىدىغان بىر قاپ مەززىلىك تاماكىسى شۇ بىرنەچچە سائەت ئىچىدىلا يېرىملىشىپ قالدى. * تون يېرىملاشقان بولسىمۇ، ئۇنىڭدىن ھېچ خەۋەر بولمىدى.

**يېرىملىق** «يېرىم» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: ئۇمۇ تويى بولۇۋاتقان بىر قىز-دە، لېكىن ئۇنىڭ كۆڭۈل يېرىملىقىمۇ بار ئىدى، ئۇ ئانىسىنى ئويلايتتى.

**يېرىملىماق** پ. يېرىملاشماق، يېرىمى قالماق ياكى يېرىم بولماق؛ يېرىمىغا، ئوتتۇرىسىغا يەتمەك: ئامبارىدىكى سۇمۇ يېرىملاپ قالغانىدى.

**يېرىم-يارتا** تولۇق، پۈتۈن ئەمەس، سىستېمىلىق مۇكەممەل ئەمەس: ئۇلار ئۇ يەردىن-بۇ يەردىن ئاڭلىۋالغان يېرىم-يارتا مەلۇماتى بىلەن ئۆزىنى ئۆزى «يەر يۈزىدە بىرىنچى» ھېساپلايدۇ. * ئۇ ئابلىزنىڭ كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ، ئۆز تاكتىكىسىنىڭ يېرىم-يارتا ئەمەلگە ئاشقانلىقىنى جەزم قىلدى.

**يېرىندى** ئى. كۆتەكنىڭ يېرىلىپ، ئۇششاقلانغان پارچىسى: پالتا زەربىدە كۆتەكتىن يېرىندىلار ئۇچۇپ چىقاتتى.

**يېزا** ① ئاھالىسى ئاساسەن دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان جاي، مەھەللە، رايون؛ قىشلاق؛ سەھرا: ئۇ خوتۇن بالا-چاقىلىرى بىلەن يېزىدا تۇرىدىكەن. * ئىككىيلەن يېزىغا يېتىپ كەلگەندە توخۇ ئۈچىنچى قېتىم چىللىغانىدى. ② مەملىكىتىمىزنىڭ مەمۇرىي رايون بۆلۈنمىسىدىكى ئاساسىي

قاتلام تەشكىلىي ئورگىنى. ئادەتتە ناھىيە ياكى ناھىيە دەرىجىلىك ئورگاننىڭ باشقۇرۇشىدا بولىدۇ. ئۇنىڭ باشقۇرۇشىدا يەنە كەنتلەر بولىدۇ؛ ئۇ يەنىلا يېزا باشلىقى بولۇۋەردى، قوغدىنىش ئەترىتىنىڭ باشلىقى بىر تەرەپتىن بېكىتىلدى. * بۇ يىل ناھىيىدە ئۈچ قېتىم يېزا خىزمەت يىغىنى ئېچىلدى.

**يېزا ئامانەت-قەرز كوپېراتىپى** <مال> مەملىكىتىمىزدىكى دېھقانلار ئاممىسى ئىختىيارلىق بىلەن ئۆزئارا مەنپەئەت يەتكۈزۈش پرىنسىپىغا ئاساسەن ئۇيۇشتۇرغان ھەمكارلىق پۇل مۇئامىلە تەشكىلاتى. ئۇنىڭغا ئامانەت-قەرز كوپېراتىپ ئەزالىرى كوللېكتىپ ئىگىدارچىلىق قىلىدۇ.

**يېزا پرولېتارىياتى** <پەلس> ← **يالانما دېھقان.**

**يېزا پۇل مۇئامىلىسى** <س ئق> يېزىلاردىكى پۇل ئامانەت قويۇش، پۇل قەرز بېرىش، ھېساب بوغۇش قاتارلىق ئىقتىسادىي پائالىيەتلەرنىڭ ئومۇمىي نامى.

**يېزا جامائەسى** <پەلس> ئىپتىدائىي جامائە تۈزۈمىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى تەرەققىيات باسقۇچىدا بارلىققا كەلگەن بىر خىل ئىقتىسادىي بىرلەشمە شەكىل.

**يېزا خەلق گۇڭشېسى** <س ئق> جۇڭگو يېزىلىرىدىكى ئالىي يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش كوپېراتىپى ئاساسىدا بىرلەشتۈرۈلۈپ تەشكىللەنگەن، ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرى ئەمگەكچىلەر ئاممىسىنىڭ كوللېكتىپ مۈلۈكچىلىكىدە بولىدىغان ئىقتىسادىي تەشكىلات.

**يېزا مېمورانىدۇم راسچوتى** <مال> مەملىكىتىمىزدىكى دۆلەت ئىگىلىكىدىكى تەمىنلەش-سودا كوپېراتىپلىرى يېزىلاردىكى ئىشلەپچىقىرىش ئەترەتلىرىدىن يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى سېتىۋالغاندىن كېيىن، ھېساب ئاچقان بانكىغا مال پۇلىنى ئۆز ھېسابىدىن ئامانەت-قەرز كوپېراتىپىدىكى گۇڭشې-ئەترەت ھېسابىغا ئاغدۇرۇپ بېرىشنى ھاۋالە قىلىدىغان بىر خىل راسچوت شەكلى.

**يېزا ئىگىلىك ئاساسىي قۇرۇلۇشى** <س ئق> يېزا ئىگىلىكىدە تۇراقلىق مۈلۈكلەرنى يېڭىلاش ۋە كېڭەيتىش. مەملىكىتىمىزدە دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق، قوشۇمچە كەسىپ قاتارلىق تۈرلۈك كەسىپلەردە ئىشلەپچىقىرىش، ساقلاش، يۆتكەش، پىششىقلاپ ئىشلەش ئۈچۈن ئېھتىياجلىق بولغان تۇراقلىق مۈلۈكلەرنى يېڭىلاش ۋە كېڭەيتىشنى كۆرسىتىدۇ.

**يېزا ئىگىلىك ئەمگەك ئۈنۈمدارلىقى** <س ئق> يېزا ئىگىلىكىدىكى ئەمگەكچىلەرنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئۈنۈمى. ئۇ بىرلىك ۋاقىت ئىچىدە ئىشلەپچىقىرىلغان يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى ياكى بىرلىك يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتىغا كەتكەن ئەمگەك ۋاقتى بىلەن ئىپادىلىنىدۇ.

**يېزا ئىگىلىك بوغالتىرلىقى** <مال> يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ئورۇنلىرىغا باپ كېلىدىغان كەسپىي بوغالتىرلىق. ئۇ يېزا ئىگىلىك ئىقتىسادىنى باشقۇرۇشنىڭ مۇھىم قورالى بولۇپ، پۇلنى ئاساسىي ئۆلچەم قىلىپ يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش، جۈملىدىن دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، قوشۇمچە كەسىپ، بېلىقچىلىق ئورۇنلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش تىجارەت جەريانى ۋە نەتىجىسىنى ئۈزلۈكسىز

سىستېمىلىق ھېساب قىلىدۇ ھەمدە ھېسابات ماتېرىياللىرىغا ئاساسەن تەھلىل ۋە تەكشۈرۈش ئېلىپ بارىدۇ.

**يېزا ئىگىلىك بېجى** <مال> دۆلەتنىڭ يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ۋە ئۇنىڭدىن كىرىم قىلىدىغان ئورۇن ياكى شەخسلەردىن ئالىدىغان بېجى.

**يېزا ئىگىلىك تاۋار مەھسۇلات قىممىتى** <س ئىق> يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ئورۇنلىرى، ئايرىم يېزا ئىگىلىك تارماقلىرى ياكى پۈتكۈل يېزا ئىگىلىكنىڭ مەلۇم مەزگىلدە ئىشلەپچىقارغان ھەمدە تاۋار قىلىپ ئوبوروت قىلىش ئۈچۈن تەمىنلەپ بەرگەن يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ قىممىتى.

**يېزا ئىگىلىك تەبئىي بايلىقلىرى** <جۇغ> يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ ئاساسىي ۋاسىتىلىرى بىلەن ئەمگەك ئوبيېكتلىرى. ئۇلار ئېقلىم بايلىقى، سۇ بايلىقى، تۇپراق بايلىقى ۋە جانلىقلار بايلىقى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

**يېزا ئىگىلىك تېخنىكىسى** <دېھ> زىرائەتلەرنى پەرۋىش قىلىپ ئۆستۈرۈش، ئورۇق تاللاش قاتارلىقلارغا ئائىت تۈرلۈك تېخنىكىلار.

**يېزا ئىگىلىك جۇغراپىيىسى** <جۇغ> جۇغراپىيىنىڭ بىر تارمىقى، يەنى يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى ۋە رايونلۇق قانۇنىيىتىنى تەتقىق قىلىدىغان پەن.

**يېزا ئىگىلىك خىمىيىسى** <خىم> خىمىيىنىڭ بىر تارمىقى، يەنى تۇپراقنىڭ مۇنبەتلىكلىكىنى، ئوغۇتلارنىڭ ئىشلىتىلىشى ۋە ئۈنۈمىنى، يېزا ئىگىلىك دورىلىرىنىڭ خۇسۇسىيىتىنى، ئۈنۈمى ۋە زىيىنىنى، شۇنىڭدەك يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەش ۋە ئۇلاردىن پايدىلىنىشنى تەتقىق قىلىدىغان پەن.

**يېزا ئىگىلىك دورىلىرى** <خىم> يېزا ئىگىلىكتە كېسەل ۋە زىيانداش ھاشاراتلاردىن مۇداپىئەلىنىش، ئۆسۈملۈكلەرنىڭ ئۆسۈشىنى تەڭشەش، ياۋا كۆكتاتلارنى يوقىتىش قاتارلىقلاردا ئىشلىتىلىدىغان دورىلار. كۆپ ساندىكىلىرى سۇيۇق ياكى قاتتىق ھالەتتە، ئاز ساندىكىلىرى گاز ھالەتتە بولىدۇ.

**يېزا ئىگىلىك دۆلىتى** <جۇغ> سانائىتى تەرەققىي قىلمىغان، خەلق ئىگىلىكى كىرىمىدە يېزا ئىگىلىكى كىرىمى ئاساسىي سالماقنى ئىگىلەيدىغان دۆلەتلەر.

**يېزا ئىگىلىك ساپ مەھسۇلات قىممىتى** <س ئىق> يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ئورۇنلىرى، ئايرىم يېزا ئىگىلىك تارماقلىرى ياكى پۈتكۈل يېزا ئىگىلىكنىڭ مەلۇم مەزگىلدە يېڭىدىن ياراتقان قىممىتى. ئۇ يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش پائالىيىتىنىڭ ساپ مېۋىسىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ.

**يېزا ئىگىلىك سانائەت-سودا بىرلەشمىسى** <س ئىق> يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشى، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەش ۋە سېتىش ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈلگەن ئىقتىسادىي تەشكىلات. ئۇنىڭ ئىككى خىل شەكلى بار. بىرى ئۇنىۋېرسال خاراكتېرلىك بولۇپ، دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، قوشۇمچە كەسىپ ۋە بېلىقچىلىق مەھسۇلاتلىرى قاتارلىقلارنى ئىشلەپچىقىرىشنى پىششىقلاپ ئىشلەشنى ۋە سېتىشنى ئۆز ئىچىگە

ئالىدۇ؛ يەنە بىرى كەسپىي خاراكتېرلىك بولۇپ، چاي-سانائەت-سودا بىرلەشمە كارخانىسى، بېلىقچىلىق-سانائەت-سودا بىرلەشمە كارخانىسى ۋە باشقىلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

**يېزا ئىگىلىك ساھەلىرى قۇرۇلمىسى** <س ئق> بەلگىلىك رايون دائىرىسىدىكى تەبىئىي، تېخنىكا، ئىقتىسادىي شارائىتلارنىڭ ئورتاق تەسىرىدە يېزا ئىگىلىكىنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرى ئارىسىدا ياكى ھەرقايسى ساھەنىڭ ئۆز ئىچىدە بەلگىلىك نىسبەت بويىچە شەكىللەنگەن بىر-بىرىگە تايىنىش، ئۆزئارا بىر-بىرىنى شەرت قىلىش ھالىتىدىكى يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش سىستېمىسى.

**يېزا ئىگىلىكى سوتسىيالىزمى** <پەلس> ئۇششاق دېھقان ئىگىلىكى ئاساسىدىكى تەڭ تەقسىماتچىلىق ئىدىيىسى. بۇنىڭ تەرەپدارلىرى دۇنيانى ئۇششاق دېھقان ئىگىلىكىنىڭ ئۆلچىمى بىلەن ئۆزگەرتىپ، پۈتكۈل ئىجتىمائىي ئىگىلىكنى بىر قېلىپتىكى «تەڭ تەقسىمات» ئاساسىدىكى ئۇششاق دېھقان ئىگىلىكىگە ئۆزگەرتىشنى تەشەببۇس قىلىدۇ.

**يېزا ئىگىلىك كرېدىتى** <مال> يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشنى كېڭەيتىش مەبلەغ بىلەن تەمىنلەش ئۈچۈن ئۇيۇشتۇرۇلغان قەرز پۇل.

**يېزا ئىگىلىك كرىزىسى** <س ئق> كاپىتالىستىك مەملىكەتلەرنىڭ يېزا ئىگىلىك تارماقلىرىدىكى ئىشلەپچىقىرىش ئوشۇقچىلىقى كرىزىسى.

**يېزا ئىگىلىك كلىماتولوگىيىسى** <مېتېئور> يېزا ئىگىلىكىدىكى كلىمات مەسىلىسىنى تەتقىق قىلىدىغان پەن. ئۇنىڭ دائىرىسى: يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشنىڭ كلىمات فاكتورى جەھەتتىكى كونكرېت تەلەپلىرىنى تەتقىق قىلىش، ئوخشاش بولمىغان كلىمات شارائىتلىرىنىڭ يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى تەھلىل قىلىش، يېزا ئىگىلىكىنى كلىمات بويىچە رايونلارغا ئايرىش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

**يېزا ئىگىلىك ماشىنا سايمانلىرى** <س ئق> يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىدا ئىشلىتىلىدىغان ھەر خىل ماشىنا-ئۈسكۈنىلەر. بۇنىڭغا دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، قوشۇمچە كەسىپ، بېلىقچىلىق جەھەتلەردىكى توك بىلەن ياكى قول بىلەن باشقۇرۇلىدىغان ماشىنىلار كىرىدۇ. مەسىلەن، تراكتور، سوقا، تىرنا، سېيالكا، كومبايىن، كۆچەت تىكىش ماشىنىسى، يەم-خەشەك ئۇۋۇتىش ماشىنىسى ۋە يۇڭ قىرقىش ماشىنىسى قاتارلىقلار.

**يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ تاۋارلىق نىسبىتى** <س ئق> يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ تاۋار مىقدارىنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلات مىقدارىغا بولغان نىسبىتى. ئادەتتە پىرسەنت بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. ئۇ يېزا ئىگىلىكىنىڭ تاۋار خاراكتېرلىك ئىشلەپچىقىرىشنىڭ تەرەققىيات دەرىجىسىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ.

**يېزا ئىگىلىك مېتېئورولوگىيىسى** <مېتېئور> ئەمەلىي مېتېئورولوگىيىنىڭ بىر تارمىقى، يەنى يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىغا مۇناسىۋەتلىك بولغان ھاۋا رايى مەسىلىلىرىنى تەتقىق قىلىدىغان پەن.

زىرائەتنىڭ ئۆسۈشىدىكى ھاۋا رايى شارائىتلىرى، يېزا ئىگىلىك تېخنىكىلىق تەدبىرلىرىنىڭ ھاۋا رايى ئېففېكتى، يېزا ئىگىلىكىدىكى ھاۋا رايى ئاپەتلىرى ۋە ئۇنىڭدىن مۇداپىئە كۆرۈش، يېزا ئىگىلىك ھاۋا رايى ئەسۋابلىرى ۋە بايقاش ئۇسۇللىرى، يېزا ئىگىلىك ھارا رايى مەلۇماتى، ئاخباراتى ۋە ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك نەزەرىيە مەسىلىلىرىنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ تەتقىقات دائىرىسىگە كىرىدۇ.

**يېزا ئىگىلىك ھاۋا رايى مەلۇماتى** <مېتېئور> يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ پەۋقۇلئاددە ئېھتىياجى ئۈچۈن بېرىلىدىغان مەخسۇس ھاۋا رايى مەلۇماتى. ئادەتتە زىرائەتلەرنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىش مەزگىلى مەلۇماتى، كېسەللىكلەر، ھاشارەتلار ھاۋا رايى شارائىتى مەلۇماتى، يېزا ئىگىلىك ھاۋا رايى ئاپەتلىرى مەلۇماتى، ئېتىز-ئېرىق، تۇپراق، سۇ ئەھۋالى مەلۇماتى ۋە مەھسۇلات مەلۇماتى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

**يېزا ئىگىلىك ئورگانىك دورىلىرى** <خىم> خىمىيۋى ئوغۇتلاردىن باشقا دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق ئىشلەپچىقىرىشى ۋە مۇھىت تازىلىقىنى ئۆستۈرۈش ھەمدە ئاسراش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان ئورگانىك خىمىيە دورىلىرى.

**يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى** <س ئق> بەلگىلىك ۋاقىت ئىچىدە (كۆپىنچە بىر يىل) يېزا ئىگىلىك تارماقلىرىدىكى ئەمگەكچىلەرنىڭ ئىشلەپچىقارغان مەھسۇلات قىممىتىنىڭ يىغىندىسى. ئۇ يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشى جەريانىدا سەرپ قىلىنغان ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرى قىممىتى ۋە دۆلەت بويىچە يېزا ئىگىلىك ئەمگەكچىلىرى بىر يىل ئىچىدە ئەمگەك قىلىپ ياراتقان قىممەتنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

**يېزا ئىگىلىكى** <س ئق> زىرائەتلەرنى ئۆستۈرۈش ۋە مال چارۋىلارنى بېقىشتىن ئىبارەت ئىشلەپچىقىرىش ئىشلىرى. خەلق ئىگىلىكىدە، دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، بېلىقچىلىق شۇنداقلا يېزا قوشۇمچە كەسىپلىرى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

**يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش بازىسى** <س ئق> مەھسۇلاتنىڭ تاۋارلىق نىسبىتى بىرقەدەر يۇقىرى بولغان يېزا ئىگىلىكى مەخسۇسلاشقان رايون. ئۇ يېزا ئىگىلىك ئەمگىكىنىڭ رايونلۇق ئىش تەقسىماتى بىلەن تاۋار ئىگىلىكى تەرەققىياتىنىڭ نەتىجىسى.

**يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش قەرزى** <مال> مەملىكىتىمىز يېزىلىرىدىكى ئىشلەپچىقىرىش ئەترەتلىرى مۇقىم مۇلۈك قىلىش ئېھتىياجى بىلەن بانكا ياكى ئامانەت-قەرز كوپېراتىپىدىن ئالغان قەرز.

**يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمى** <س ئق> يېزىلاردىكى كوللېكتىپ ئىگىلىك تەشكىلاتلىرىدا يولغا قويۇلغان، ئىشلەپچىقىرىشنىڭ باشقۇرۇلۇشى، ئەمگەكنىڭ تەشكىللىنىشى ۋە ھەق ھېسابلاش چارىسى زىچ بىرلەشتۈرۈلگەن ئىگىلىك باشقۇرۇش مەسئۇلىيەت تۈزۈمى.

**يېزا ئىگىلىك ئىقلىم بايلىقى** <جۇغ>

مەلۇم بىر خىل يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىغا پايدىلىق بولغان ھەر خىل ئىقلىم شارائىتى ۋە جەريانلىرى. مەسىلەن، مۇۋاپىق جۇغلانما تېمپېراتۇرا، قىروسىز مەزگىل، قۇياشنىڭ يورۇتۇشى ۋە ھۆل-يېغىن قاتارلىقلار.

**يېزا ئىگىلىكىنى تېخنىكا جەھەتتىن ئۆزگەرتىش** <س ئىق> ئىلغار پەن-تېخنىكا ۋە ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىسىنى قوللىنىپ، يېزا ئىگىلىكىنىڭ قالاق قىياپىتىنى ئۆزگەرتىش. ئۇنىڭ ئاساسىي ۋەزىپىسى يېزا ئىگىلىكىنى زامانىۋى ماشىنا تېخنىكىسى ۋە زامانىۋى بىئولوگىيىلىك تېخنىكا بىلەن قوراللاندۇرۇش ھەمدە ئەمەلىي ئېھتىياج ۋە ئوبيېكتىپ ئىمكانىيەتكە قاراپ يېزا ئىگىلىكىنى زامانىۋىلاشتۇرۇشنى پەيدىنپەي ئەمەلگە ئاشۇرۇشتىن ئىبارەت.

**يېزا ئىگىلىكىنىڭ رايونلارغا بۆلۈنۈشى** <س ئىق> تەبىئىي ئىگىلىك بايلىقلىرى ئۈستىدە ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىش، ھەرقايسى رايوننىڭ يېزا ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە ئۇنىڭ تەرەققىيات قانۇنىيىتىنى تونۇش ئاساسىدا، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىنى رايونلارغا ئايرىش كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

**يېزا ئىگىلىكىنىڭ ماشىنىلىشىش دەرىجىسى** <س ئىق> پۈتكۈل يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەشغۇلاتى ئىچىدە، ماشىنا بىلەن ئورۇنلانغان مەشغۇلات مىقدارىنىڭ ئىگىلىگەن نىسبىتى. ئادەتتە پىرسەنت بىلەن ئىپادىلىنىدۇ.

**يېزا ئىگىلىكىنىڭ ئومۇمىي گەۋدە قۇرۇلمىسى** <س ئىق> يېزا ئىگىلىكىنىڭ دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، قوشۇمچە كەسىپ، بېلىقچىلىقتىن ئىبارەت بەش ساھەدىن تەركىب تاپقان قۇرۇلمىسى.

**يېزا ئىگىلىكىنى ئۇنىۋېرسال راۋاجلاندۇرۇش** <س ئىق> رايون دائىرىسىدە، يېزا ئىگىلىكىنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرىنىڭ نىسبەتلىك مۇناسىۋىتى ۋە ئۇنى تەڭشەش جەريانى.

**يېزا ئىگىلىكىنى ئىجتىمائىيلاشتۇرۇش** <س ئىق> يېزا ئىگىلىكىنى يەككە، ئۇششاق ئىشلەپچىقىرىشتىن ئىجتىمائىيلاشقان يىرىك ئىشلەپچىقىرىشقا ئايلاندۇرۇش جەريانى.

**يېزا ئىگىلىكىنى ئىلمىيلاشتۇرۇش** <س ئىق> يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشى ۋە يېزا ئىگىلىكىنى باشقۇرۇش جەريانىدا زامانىۋى پەن-تېخنىكىنى كەڭ تۈردە قوللىنىش ئارقىلىق، ئەنئەنىۋى يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىنى زامانىۋىلاشقان يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىغا ئايلاندۇرۇش جەريانى.

**يېزا ئىگىلىك ياللانما ئىشچىسى** <س ئىق> يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ياللانما ئىشچى. ئۇ كاپىتالىستىك دېھقانچىلىق مەيدانلىرى، چارۋىچىلىق فېرمىلىرى، ئۆي قۇشى فېرمىلىرى، باغۋەنچىلىك مەيدانلىرى، مال بورداش مەيدانلىرى ۋە باشقا ئېكىنزارلىق ئورۇنلىرىدىكى ياللانما ئەمگەكچىلەرنى كۆرسىتىدۇ.

**يېزىلاردىكى دەسلەپكى بازار** <س ئىق> يېزا-بازارلاردىكى دۆلەت سودىسى، كوپېراتىپ سودىسى قاتارلىقلار بىلەن دېھقانلار ئوتتۇرىسىدا، شۇنداقلا دېھقانلار بىلەن دېھقانلار ئوتتۇرىسىدا بىۋاسىتە سودىلىشىدىغان بازار. ئۇنىڭ مال بازىرى، ماددىي ئەشيالار بازىرى،

يېزا بازىرى قاتارلىق شەكىللىرى بولىدۇ.

**يېزىلاردىكى كوللېكتىپ مۈلۈكچىلىك ئىگىلىكى** <س ئىق> ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرى ۋە ئىشلەپچىقىرىش مېۋىلىرى يېزىلاردىكى ئەمگەكچىلەر ئاممىسى تەرىپىدىن كوللېكتىپ ئۆزلەشتۈرۈلىدىغان بىر تۈرلۈك ئومۇمىي مۈلۈكچىلىك ئىگىلىكى.

**يېزىلاردىكى يېڭى ئىقتىسادىي بىرلەشمىلەر** <س ئىق> يېزىلاردا كۆپ خىل شەكىلدىكى ئائىلە بويىچە مەسئۇلىيەتتە بىرلەشتۈرۈپ ھۆددىگە بېرىش تۈزۈمىنى يولغا قويۇش ئاساسىدا ئىختىيارىيلىق ۋە ئۆزئارا مەنپەئەت يەتكۈزۈش پرىنسىپى بويىچە، ئىككى ياكى بىرقانچە تەرەپنىڭ ھەمكارلىشىشنى شەرت قىلغان، ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇپ، كىرىمنى ئاشۇرۇشنى مەقسەت قىلغان ھالدا قۇرۇلغان ھەمكارلىق ئىگىلىكى.

**يېزا-بازار** يېزا ۋە بازار: يېزا-بازار كارخانىسى.

**يېزا-بازار سودىسى** <س ئىق> دۆلىتىمىز قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئەسلىدىكى يېزا بازىرىنى (سودىسىنى) ئۆزگەرتىش ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن بىر خىل سودا شەكلى.

**يېزا-بازار كارخانىسى** <س ئىق> مەملىكىتىمىز يېزىلىرىدىكى يېزا، كەنت، بازارلار قۇرغان كارخانا ھەمدە گۇڭشې ئەزالىرى بىرلىشىپ ياكى باشقا شەكىللەردە قۇرغان ھەمكارلىق كارخانىلىرى ۋە يەككە كارخانىلار. ئەسلىي ئىسمى گۇڭشې-دۈي كارخانىسى ئىدى، 1984-يىل 3-ئايدىن تارتىپ ئىسمى يېزا-بازار كارخانىسىغا ئۆزگەرتىلدى.

**يېزا-قىشلاق** يېزا ۋە قىشلاق، دېھقانچىلىق ۋە چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان جايلار: شۇنىڭدىن كېيىن غاردىكى كەپتەرلەر كۆچۈپ، شەھەرلەر، يېزا-قىشلاقلار ۋە باغلارغا قاراپ تارقىلىپ ئۇچۇشۇپ كېتىپتۇ.

**يېزا-كەنت** يېزا ۋە كەنت: ئۇ پۈتۈن يېزا-كەنتلەرنى ئارىلاپ، دېھقانلارنىڭ ئەھۋالىنى تەپسىلىي تەكشۈردى.

**يېزنە** ئى. ئاچىسىنىڭ ئېرى ياكى ئېرىنىڭ ئاكىسى: دەپنە ئىشلىرى ئىدارىسىدە ئىشلەيدىغان يېزنىسى ۋاقىتسىخان بىرلەشمىدىكى جىيەنى بىلەن سۆزلىشىپ، تۇردىنى مۇشۇ يەرگە جايلاشتۇردى.

**يېزىخو** ئى (خەن) ← **يېزىخو ئەمنى.**

**يېزىخو ئەمنى** <بوت> مۇرەككەپ گۈللۈكلەر ئائىلىسىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. مەززىلىك پۇرايدۇ. ئېگىزلىكى 20 ــ 45 سانتىمېتىر، بىر قانچە شېخى سىڭارىيان ئۆسىدۇ، غولىنىڭ رەڭگى سۆسۈن ياكى ئازراق يېشىل، سىرتىنى ئاق تۈكلەر ئوراپ تۇرىدۇ. يوپۇرمىقى پەيسىمان تولۇق يېرىلىپ، نۆۋەتلىشىپ ئۆسىدۇ، سېپى بولمايدۇ، باشسىماق گۈل رېتى يوپۇرماق قولتۇقىدىن ئۆسۈپ چىقىدۇ، پۈتۈن گۈل رېتىنىڭ كۆرۈنۈشى بىر ئومۇمىي گۈل رېتىگە ئوخشايدۇ، گۈلى سېرىق، پۈتۈن ئۆسۈملۈك تېبابەت دورا قىلىنىدۇ، ئىسسىقنى قايتۇرۇش، زەھەر ياندۇرۇش، تاماق ھەزىم قىلىشقا ياردەم بېرىش رولى بار.

**يېزىداش** ئى. بىر يېزىلىق، بىر يېزىدا بىللە ھايات كەچۈرگەن كىشى: ئۇ سۆيۈملۈك يېزىداشلىرىنىڭ، تەشكىلنىڭ سەممىي ئۈمىدىنى ئاقلاش ئۈچۈن پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن بېرىلىپ ئۆگەندى.

**پېزىداشلىق** « پېزىداش» سۆزىنىڭ ئابستراكت ئىسىم شەكلى.

**پېزىش** « يازماق» پېئىلىنىڭ يەنە بىر خىل ئىسىمدىشى: پېزىش تەرتىپى. پېزىش ئۇستىلى. پېزىش ئىستىلى.

**پېزىش تەرتىپى** <تىل> خەت، پېزىق، ماقالە قاتارلىقلارنىڭ پېزىلىشىدىكى ئۆزىگە خاس قائىدىلىك رەت-تەرتىپى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

**پېزىشماق** « يازماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: كۆردى ئۇلار بۇندا بۇگۇنمۇ، پاتەم بىلەن زۇپەرنى بىللە. ئەتراپىدا بىر توپ كىچىك دوست، پېزىشاتتى خەتلەرنى بىللە.

**پېزىق** ① ئى. تىلنى (سۆزلىگەن گەپ-سۆزنى) خاتىرىلەيدىغان شەرتلىك بەلگە: لاتىن پېزىقى. رۇس پېزىقى. * ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمى تېخى ئۇيغۇر پېزىقنى بىلمەيتتى. ② ئى. خەت، پوچېركا، قەلەم ئىزى: بىزنىڭ ئارىمىزدا ئابلىز ئاكامنىڭ پېزىقى چىرايلىق ئىدى. ③ سۈپ. مەخسۇس خەت-پەت، ماقالە ۋە شۇنىڭغا ئوخشاشلارنى پېزىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان، قەلەم بىلەن ئىشلەيدىغان خىزمەتلەرنى ئىشلەشتە ئىشلىتىلىدىغان: پېزىق ئۇستىلى. ④ ئى. ماقالە، ئومۇمەن مەخسۇس پېزىپ تەييارلانغان تۈرلۈك ئەسەرلەر: پېزىق تىلى.

**پېزىق تەرجىمىسى** <تىل> مەلۇم بىر مىللەت تىلىنىڭ يازما شەكلىدىكى نۇتقىنى يەنە بىر مىللەتنىڭ يازما نۇتقىغا تەرجىمە قىلىش جەريانى، ئىشى ۋە نەتىجىسى.

**پېزىق تىلى** <تىل> پېزىق ئارقىلىق خاتىرىلەنگەن تىل. « ئاغزاكى تىل» غا نىسبەتەن ئېيتىلىدۇ.

**پېزىق ئۆزگەرتىش** <تىل> بىر مىللەتنىڭ ئۆزى قوللىنىدىغان پېزىقنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، يەنە بىر خىل پېزىقنى قوللىنىشى. ياكى مەلۇم دەرىجىدە ئىسلاھ قىلىشى.

**پېزىق ئۇستىلى** ئولتۇرۇپ قەلەم ۋە شۇ قاتارلىقلار ۋاسىتىسى بىلەن ئېلىپ بېرىلىدىغان خىزمەتلەرنى ئىشلەش ئۈچۈن مەخسۇس تەييارلانغان ئۇستەل، جوزا: ئۆيگە كىرىپلا كۆزۈم پېزىق ئۇستىلى ئۈستىدىكى باغاقچىغا چۈشتى.

**پېزىقچىلىق** ئى ① ھەر خىل شەكىلدىكى ئەدەبىي ئەسەر پېزىش ئىشى، تۈرلۈك يازما ئەسەرلەرنى پېزىش كەسپى: مەن ئۇنىڭ پېزىقچىلىق جەھەتتىكى تىرىشچانلىقى ۋە قابىلىيىتىگە قەۋەتلا ھەۋەس قىلاتتىم. ② <مائار> مەخسۇس تۈرلۈك يازما ھۆججەت، ماتېرىيال، دوكلات ۋە تۈرلۈك ئەسەرلەرنى پېزىشنى تەتقىق قىلىدىغان ھەم ئۇنى ئۆگىتىدىغان ئىلىم: ئۇ پېزىقچىلىقتىن ئاران 60 نومۇر ئاپتۇ. * مېنىڭ پېزىقچىلىقتىن تازا مەلۇماتىم يوق. // ئىمام مۇئەللىم بىزگە پېزىقچىلىق دەرسى بەرگەنىدى.

**پېزىقسىز** سۈپ ① پېزىقى يوق، ئۆز تىلىنى خاتىرىلەيدىغان خاس شەرتلىك بەلگىلىرى، ھەرپلىرى يوق: نەتىجىدە ئىشلەپچىقىرىش ئەمگىكى بىلەن شۇغۇللانغۇچىلارنىڭ ئەڭ دەسلەپكى پېزىقسىز ۋاقىت كالېندارى (يۇلتۇز كالېندارى) پەيدا بولدى. ② خاتىرىلەنمىگەن، پېزىلمىغان، يازما شەكىلدە پېزىپ

پۈتۈلمىگەن.

**يېزىقشۇناس** ئى <تىل> يېزىقنىڭ خاراكتېرى، قۇرۇلمىسى، ئۆزگىرىشى ۋە تەرەققىي قىلىشىنى تەتقىق قىلغۇچى مۇتەخەسسىس.

**يېزىقشۇناسلىق** ئى <تىل> تىلشۇناسلىقنىڭ بىر تارمىقى. يېزىقنىڭ خاراكتېرى، قۇرۇلمىسى، ئۆزگىرىشى ھەم تەرەققىي قىلىشىنى تەتقىق قىلىدۇ.

**يېزىقلىق** سۈپ ① يېزىقى بار، ئۆز تىلىنى خاتىرىلەيدىغان خاس شەرتلىك بەلگىلىرى — ھەرپلەر سىستېمىسى بار بولغان، شۇنىڭغا ئىگە: تۈركىي خەلقلەر مىلادىيەدىن خېلى كۆپ ئەسىر ئىلگىرىلا يېزىق بىلەن ئۆز تىلىنى خاتىرىلەشنى بىلىپ، دۇنيادىكى يېزىقلىق قەدىمكى مىللەتلەر قاتارىدىن ئورۇن ئالغان. ② خاتىرىلەكلىك، يېزىلغان، پۈتۈلگەن، خاتىرىلەنگەن: ئۇ تىزىملىكتە مېنىڭ ئىسمىمۇ يېزىقلىق ئىكەن.

**يېزىلماق** «يازماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ناھايىتى ئېنىق، بۇ خەت ئۇستىلىق بىلەن يېزىلغان. * رەيھاننىڭ مۇنۇ بىر پارچە خېتى 1964-يىلى يېزىلىپتۇ.

**يېزىلمىش** ئى. يېزىلغان نەرسە: ئۇنىڭدىكى يېزىلمىشلار «مىللىي ئارمىيە باش قوماندانى گېنېرال ئىسھاقبېك مۇنۇنوۋنىڭ بۇيرۇقىغا بىنائەن...» دېگەندەك گەپلەر بىلەن باشلانغىنى ئۈچۈن گېنېرال ئۇ يەرلەرگە ئېرەنسىزلا قاراپ ئۆتۈپ كەتتى.

**يېزىلىق** سۈپ ① يېزىدا، سەھرادا تۇغۇلۇپ ئۆسكەن، يېزىنى ماكان تۇتقان؛ يېزىدا ئۇزاق تۇرغان ياكى يېزىدا چوڭ بولغان: — قادىر ئاكا، سېكرىتارمۇ مۇشۇ يېزىلىق كىشىمۇ؟ — دەپ سورىدىم ئۆيگە قايتىپ كىرگەندىن كېيىن. * ئۇ ھېلىقى يېزىلىق كىشىنىڭ يېنىغا بېرىپلا قاقاھلاپ كۈلۈۋەتتى. ② يېزىغا تەۋە، يېزا دائىرىسىدىكى ياكى يېزا باشقۇرۇشىدىكى؛ يېزا دەرىجىلىك: يېزىلىق ئون پونكىتى. يېزىلىق خەلق ھۆكۈمىتى.

**يېسسى** سۈپ. ياپىلاق، يالپاق: يېسسى پۇرچاق.

**يېسسى بۇرمىلىق قۇلۇلە** <زوئول> قورساق پۇتلۇقلارنىڭ بىر ئائىلىسى. قېپى قىزغۇچ قوڭۇر، يېسسى ھەم نېپىز، باش قىسمى چوڭ كېلىدۇ، بىر جۈپ ئىنچىكە ئۇزۇن سەزگۈ مۈڭگۈزچىسى بولىدۇ. سازلىق، كۆل، ئېرىق، ئېتىز سۇلىرىدا ياشايدۇ. بەزى تۈرلىرى فاسسىئولا قۇرتىنىڭ ئارىلىق خوجايىنى بولۇپ، ئىنسانلارنىڭ سالامەتلىكى ئۈچۈن زىيانلىق.

**يېسسى بېلىق** <زوئول> بىر خىل بېلىق، تېنى ياپىلاق، بېشى كىچىك ھەم ئۇچلۇق، تەڭگىچىلىرى نىسبەتەن ئۇششاق بولىدۇ، تاتلىق سۇدا ياشايدۇ.

**يېسسىلاتقۇزماق** «يېسسىلىماق» پېئىلىنىڭ قوش مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**يېسسىلاتماق** «يېسسىلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**يېسسىلاشماق** «يېسسىلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**يېسسىلانماق** «يېسسىلىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**يېسسىلىماق** پ. يېسسى ھالەتكە كەلتۈرمەك، يالپاقدىماق، ياپىلاقلىماق: ئۇ پولات يېسسىلاش زاۋۇتىدا ئىشلەيدۇ.

**يېسسىمۇق** ئى <بوت> ① پۇرچاق ئائىلىسىدىكى بىر يىللىق، سامان غوللۇق

ئۆسۈملۈك، غولى ياماشقۇچى غول. كىچىك يوپۇرمىقى تۆمۈ[illegible]دە، گۈلى ئاق ياكى سۆسۈن، [illegible]ېۋىسى ئېللىپس شەكلىدە بولۇپ، ياپىلاق، سەل ئېگىلگەن بولىدۇ. ئۇرۇقى ئاق ياكى سۆسۈن قارا. يۇمران چوكا مېۋىسى ئادەتتىكى كۆكتات ھېسابلىنىدۇ. ئۇرۇقى تىبابەتچىلىكتە دورا قىلىنىدۇ، ئىسسىقنى قايتۇرۇش، تالنى قۇۋۋەتلەش رولىغا ئىگە. ② شۇ خىل ئۆسۈملۈكنىڭ چوكا مېۋىسى ياكى ئۇرۇقى.

**يېسقاق** ئى. ئالتۇن كېنىنىڭ شېغىل قەۋىتىن كېيىنكى ئۇيۇل تاش قىسمى.

**يېسىر** سۈپ (ئە) ئېرى ئۆلگەن، ئېرىدىن ئايرىلغان، تۇل.

**يېشىرقىماق** ئۇنۇمسىزلەشمەك، قۇۋۋەتسىزلەشمەك، قۇۋۋىتى يوقالماق (تېرىلغۇ يەر ھەققىدە).

**يېشىش** ① «يەشمەك» پېئىلىنىڭ يەنە بىر خىل ئىسمدىشى. ② <مات> تەڭلىمىدىكى نامەلۇمنىڭ قىممىتىنى تېپىش جەريانى. ③ <لوگ> ئومۇمىيلىقتىن ئايرىملىققا، ئومۇمىي قائىدىدىن ئايرىم خۇلاسىگە ئۆتۈشتىن ئىبارەت ئەقلىي يەكۈن چىقىرىش ئۇسۇلى.

**يېشىشمەك** «يەشمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: مەكتىپىدىن قايتىپمۇ، تېپىشىدۇ ئېزلىشىپ. شۇنچە قىزغىن سۆزلىشەر، سوئاللارنى يېشىشىپ.

**يېشكىسىز** سۈپ ① يېشىلمىگەن، چىگىشى بار. ② كۆچمە. ئېنىق بولمىغان، ھەقىقىي ئەھۋالى ياكى يەكۈن، نەتىجىسى نامەلۇم، بىلىنمىگەن، ئايان بولمىغان: ئۇ ئەمدى ئوقۇتقۇچىلىق قىلمىغۇدەك، نېمە ئىش قىلىدىغانلىقى تېپىشماقتەك يېشكىسىز.

**يېشىل** ① ئى <گەن> كۆك بىلەن سېرىقنىڭ قوشۇلۇشىدىن ھاسىل بولىدىغان ۋە ئوت-چۆپ، دەل-دەرەخلەرنىڭ يوپۇرمىقىغا ئوخشايدىغان ئارا رەڭ. دولقۇن ئۇزۇنلۇقى 500 — 530 مىللىمىكروم بولىدۇ. ② سۈپ. شۇ خىل رەڭگە ئىگە، شۇ خىل رەڭدە بويالغان ياكى شۇ خىل رەڭ بېرىلگەن: يېشىل ياغلىق.

**يېشىل ئەمەس ئۆسۈملۈكلەر** <بوت> تەركىبىدە خلوروفىل بولمايدىغان، فوتوسىنتېز يۈرگۈزەلمەيدىغان، ئۆزى ئوزۇقلۇق ياسىيالمايدىغان، پەقەت باشقا ئۆسۈملۈكلەر تېنىدە پارازىت ياشايدىغان ياكى چىرىگەن جانلىقلار تېنىدىن ئوزۇقلۇق سۈمۈرۈپ ئېنېرگىيىگە ئىگە بولىدىغان ئۆسۈملۈكلەر.

**يېشىل باش چىۋىن** <زوئول> چىۋىننىڭ بىر خىلى. تېنى ئۆي چىۋىنىدىن سەل چوڭ، سارغۇچ يېشىل بولۇپ، پارقىراپ تۇرىدۇ. سېسىغان گۆشلەرنى يېيىشنى ياخشى كۆرىدۇ، كېسەل يۇقتۇرىدۇ.

**يېشىل باش ئۆردەك** <زوئول> قۇشلار كلاسى، ئۆردەك ئائىلىسىدىكى قۇش يەنى ئۆي ئۆردىكىنىڭ ئەجدادى. تېنىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 60 سانتىمېتىر ئەتراپىدا، ئەركىكىنىڭ بېشى ۋە بويىنى يېشىل، پارقىراپ تۇرىدۇ. بويىنىنىڭ ئاستىدا ئاقۇچ ھالقىسمان ئالىسى بولىدۇ؛ چىشىسىنىڭ رەڭگى سارغۇچ بېغىر رەڭدە بولۇپ، تۇتۇق بېغىر رەڭ سەپكۈنلىرى بولىدۇ. كىچىك توپ بولۇپ، كۆل-دەريالاردىكى قومۇش ئارىسىدا ياشايدۇ، ئۆسۈملۈك بىلەن ئوزۇقلىنىدۇ، ئۇنىڭدىن باشقا يۇمشاق تەنلىكلەر، سازاڭلار ۋە قاسىراقلىق ھايۋانلارنىمۇ تۇتۇپ يەيدۇ.

شىمالدا كۆپىيىپ، جەنۇبتا قىش ئۆتكۈزىدۇ. شىنجاڭدىمۇ بار.

**يېشىل پاقا** <زوئول> قوش ماكانلىق هايۋان، يېتىلگەنلىرىنىڭ تېنى 8 — 9 سانتىمېتىر، باش قىسمى ئۈچ بۇرجەك، كۆزى يۇملاق ۋە تومپىيىپ چىققان بولىدۇ. ئېغىزى چوڭ، تىلى ياپىلاق، ئۇچى ئاچىماق كېلىدۇ. ئارقا پۇتى ئالاھىدە تەرەققىي قىلغان بولۇپ، سەكرەشكە ۋە سۇ ئۈزۈشكە ماسلاشقان. دۈمبە تەرىپىنىڭ رەڭگى سارغۇچ يېشىل بولۇپ، رەتسىز قارا داغلىرى بولىدۇ. كۆلچەك، ئېرىق، شاللىق ياكى دەريا-ئۆستەڭ بويلىرىدىكى چۆپ ئارىلىرىدا ياشايدۇ. زىيانداش هاشاراتلارنى تۇتۇپ يەيدۇ. يېزا ئىگىلىكىگە پايدىلىق.

**يېشىل پلاست** <بوت> ئۆسۈملۈك هۈجەيرىسىدە ئالاھىدە بولىدىغان يېشىل رەڭلىك پلاست. تەركىبىدە خلوروفىل قاتارلىق پىگمېنتلار ۋە ئاقسىل، ماي، يادرو كىسلاتاسى قاتارلىق ماددىلار بولىدۇ. يۇقىرى دەرىجىلىك ئۆسۈملۈكلەرنىڭ فوتوسىنتېز رولى يېشىل پلاستتا ئېلىپ بېرىلىدۇ.

**يېشىل تارشا جىنس** <گېئول> يېشىل رەڭلىكتىن تۇتۇق يېشىل رەڭگىچە بولغان تارشىسىمان تۈزۈلمىدىكى رايون دائىرىلىك ئۆزگەرگەن جىنسلارنىڭ ئومۇمىي نامى. ئۇ ئاساسلىقى خلورىد، ئەپىدوت، ئاكتىنولىت قاتارلىقلاردىن تەركىب تاپىدۇ.

**يېشىل تاشپاقا** <زوئول> تاشپاقىنىڭ بىر خىلى. تەن سىرتىنى قاتتىق قاپ ئوراپ تۇرىدۇ، رەڭگى يېشىل كېلىدۇ. ئادەتتە ئۆزىنىڭ بېشى ۋە پۇتلىرىنى قېپىنىڭ ئىچىگە تىقىۋېلىپ ئۆزىنى قوغدايدۇ. قېپى مۇڭگۈزسىمان تاختىلاردىن تەركىب تاپقان بولۇپ، ئۈستۈنكى تەرىپى دۈمبە قېپى دەپ ئاتىلىدۇ. دۈمبە قېپى قوۋۇرغا، ئومۇرتقا سۆڭەكلىرى بىلەن تۇتىشىدۇ. ئادەتتە ئۇ سۇدا ياشايدۇ، دېڭىز بويىدىكى قۇملۇقلارغا تۇخۇم سالىدۇ. ھەرىكىتى ئاستا بولۇپ، ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرىدۇ.

**يېشىل جىنس** <گېئول> ئوتتۇرا ئاساسلىق ماگما جىنسلارنىڭ رايون دائىرىلىك ئۆزگىرىشىدىن شەكىللەنگەن يۈزە ئۆزگەرگەن جىنس.

**يېشىل چارپاقا** <زوئول> چارپاقىنىڭ بىر خىلى. رەڭگى يېشىل بولۇپ، تېنىدە كۆپلىگەن ئاق رەڭلىك مۇدۇر-چوقۇرلىرى بولىدۇ. قوش ماكانلىق هايۋان هېسابلىنىدۇ، هاشارات ۋە ئۈزۈم قۇلۇلىسى قاتارلىق كىچىك هايۋانلار بىلەن ئوزۇقلىنىدۇ.

**يېشىل چىت** <ئورم> ياغاچ غوللۇق ياكى سامان غوللۇق ئۆسۈملۈكلەرنى زىچ تىكىپ ئۆستۈرۈپ هاسىل قىلىنغان توساق.

**يېشىل چىراغ** <قاتن> كېسىشكەن يول ئېغىزلىرىغا ئورنىتىلىدىغان ھەمدە قاتناش ۋاسىتىلىرىنىڭ يۈرۈشى ئۈچۈن يېشىل رەڭلىك سىگنال بېرىدىغان بەلگە چىرىغى.

**يېشىل چىراغ يېقىپ بەرمەك** بىرەر ئىش-ھەرىكەتنىڭ ئېلىپ بېرىلىشىغا، بولۇشىغا شارائىت يارىتىپ بەرمەك، يول قويماق.

**يېشىل ئوغۇت** <دېھ> ئۆسۈملۈكلەرنىڭ يۇمران غول-يوپۇرماقلىرىنى يەرگە كۆمۈپ ئېچىش ئارقىلىق ياسالغان ئوغۇت،

ئادەتتە تۇپراقتىكى ئۇزگانىك ماددىلارنى ئاشۇرۇپ، تۇپراق تۈزۈلمىسىنى ياخشىلاش رولىنى ئوينايدۇ.

**يېشىل ئوغۇت زىرائەتلىرى** <بوت> مەخسۇس يېشىل ئوغۇت قىلىنىدىغان زىرائەتلەر. مەسىلەن، بېدە، تۈكلۈك بۇيا، قاشقا بېدە، دېڭىز ئېلىنىدىغان قىچا قاتارلىقلار.

**يېشىل ئۆسۈملۈكلەر** <بوت> تەركىبىدە خلوروفىل بولغان ئۆسۈملۈكلەر. ئاز بىر قىسىم باكتېرىيىلەر، زەمبۇرۇغلار، بىر قىسىم يۇسۇنلەر ۋە بەزى پارازىت ياشايدىغان يۇقىرى دەرىجىلىك ئۆسۈملۈكلەردىن باشقا، كۆپ ئۇچرايدىغان ئۆسۈملۈكلەرنىڭ ھەممىسى يېشىل ئۆسۈملۈكلەر بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

**يېشىل ياقۇت** <گېئول> بىر خىل زۇمرەت تاش. خىمىيىلىك تەركىبى $Be_3Al_2(Si_6O_{18})$. تەركىبىدىكى BeO مىقدارى 11% — 14% گىچە. ئالتە ياقلىق كرىستال سىستېمىسىغا كىرىدۇ. كرىستالىنىڭ ئالتە ياقلىق تۈۋرۈك شەكىلدىكىلىرى كۆپ ئۇچرايدۇ، دانىچىسمانلىرىمۇ بولىدۇ. رەڭگى ئادەتتە يېشىل ئارىلاش ئاق بولىدۇ. نەشپۈت رەڭگىدە سۈزۈك بولغانلىرى ساپ يېشىل ياقۇت؛ ئاچ زەڭگەر رەڭلىك سۈزۈك بولغانلىرى كۆك ياقۇت؛ سۇس كۆك سۈزۈك بولغانلىرى سۈزۈك كۆك ياقۇت دەپ ئاتىلىدۇ. بەزىلىرى سېرىق، سۈت رەڭمۇ بولىدۇ. ئەينەك پارقىراقلىقىغا ئىگە، قاتتىقلىقى 7.5، سېلىشتۇرما ئېغىرلىقى 2.9 ئەتراپىدا.

**يېشىل يۇسۇنلەر** <بوت> يۇسۇن ئۆسۈملۈكلەرنىڭ بىر تىپى. تاتلىق سۇ، دېڭىز سۈيى ياكى نەم جايلار، دەرەخ غوللىرىدا ئۆسىدۇ. بىر ياكى كۆپ ھۈجەيرىدىن تۈزۈلىدۇ. شارسىمان، تورسىمان، يىپسىمان، نەيچىسىمان قاتارلىق تۈرلىرى بولىدۇ. ئۆسۈملۈك تېنى يېشىل ياكى سارغۇچ يېشىل بولىدۇ، مەسىلەن، سپىروگىرا، خلامىدوموناس قاتارلىقلار.

**يېشىل يىڭناغۇچ** <زوئول> بىر خىل ھاشارات. تېنى يېشىل، لىچىنكىسىنىڭ شەكلى ئورچۇققا ئوخشايدۇ، كۆكپىت بىلەن ئوزۇقلىنىدۇ. يېزا ئىگىلىكىگە پايدىلىق.

**يېشىل يىلان** <زوئول> بىر خىل زەھەرلىك يىلان. تېنى يېشىل بولۇپ، كۆزىنىڭ ئاستىدىن باشلاپ قورسىقىنىڭ ئىككى يېنى ۋە قۇيرۇقىغىچە ئاقۇچ سېرىق رەڭلىك ئالىسى بولىدۇ. قۇيرۇق ئۇچى قىزغۇچ قوڭۇر كېلىدۇ. مۆتىدىل ۋە تروپىك بەلباغلاردىكى دەرەخلەردە ياشايدۇ.

**يېشىلچىلىق** ئى. ئوت-چۆپ، دەل-دەرەخلەر باراقسانلاپ يوپۇرماق چىقارغان، ئەتراپ ياپيېشىل بولۇپ كەتكەن مەنزىرە، ياپيېشىل كۆكىرىپ كەتكەن دەرەخلىك ياكى چۆپلۈك: سايىم ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ، قولىدىكى تاماكىسىنى سىلكىپ تاشلىۋىدى، يېشىلچىلىق ئارىسىغا مۆكۈنۈپ ياتقان قېرى چېكەتكىمۇ سەكرەپ قاچتى.

**يېشىلزارلىق** ئى ← **يېشىللىق**: ئەينەك دېرىزىلىك ئاپئاق ئۆيلەر يېشىلزارلىق ئارىسىدىن كۆزگە ئالاھىدە چېلىقىپ تۇرىدۇ.

**يېشىلقات** ئى (يېشىل+قات) <بوت> تاشيارغان ئائىلىسىدىكى يوپۇرماق تاشلايدىغان چاتقال. يوپۇرمىقى تۆمۈنە شەكىللىك،

گۈلى سارغۇچ يېشىل، شىرنىلىك مېۋىسى كۆك بولىدۇ. يىلتىزى ۋە يوپۇرمىقى دورا قىلىنىدۇ. بەزگەكنى داۋالاش رولىغا ئىگە. دۆلىتىمىزنىڭ جەنۇبى، ھىندىستان، فىلىپپىن قاتارلىق جايلاردا ئۆسىدۇ.

**يېشىللىق** ① «يېشىل» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: — نېمە دەيسىز، — دېدى ئۇ ھەيران بولۇپ، — بۇ يېشىل رەڭدە تۇرامدۇ؟ كۆزىڭىز ئۇنىڭ يېشىللىقىنى سېزەلمەيۋاتامدۇ يا؟ ② ياپيېشىل كۆكلەپ كەتكەن ئوت-چۆپ، دەرەخلەر بىلەن پۈركەنگەن ھالەت، شۇنداق مەنزىرە؛ ئوت-چۆپلۈك، دەل-دەرەخلىك: يېشىللىق زېمىننىڭ ئىگەن زىننىتى، ئاڭا گۈل قېتىلسا ئاشار قىممىتى، ئىنساننىڭ قىممىتى ئىكەن ياشلىقى ۋە لېكىن بىلمىدۇر ئىززەت-ھۆرمىتى.

**يېشىلمەك** «يەشمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئارغامچا يېشىلدى، بىز ھارۋىدىكى ئوتۇنلارنى چۈشۈرۈشكە باشلىدۇق. * ئۇلارنىڭ ئارىسىدا تېخى يېشىلمىگەن سىرنىڭ بارلىقىدىن قاسىمنىڭ خەۋىرى يوق ئىدى.

**يېشىم** ئى ① <ئەد> ئەدەبىي ئەسەرلەردىكى زىددىيەت-توقۇنۇشنىڭ ھەل قىلىنىشى. سۇژىت راۋاجلىنىپ يېشىم باسقۇچىغا بارغاندا، پېرسوناژلار ھەم ۋەقەلەردىن بەلگىلىك نەتىجە چىقىرىلىدۇ، باش تېما پۈتۈنلەي ئېچىلىدۇ ۋە سۇژىتمۇ يېشىم بىلەن ئاخىرلىشىدۇ. ② <مات> ئالگېبرالىق تەڭلىمىدىكى نامەلۇمنىڭ قىممىتى. مەسىلەن، تەڭلىمە $x+16=0$ دە، $x=-16$. شۇڭا تەڭلىمە $x+16=0$ نىڭ يېشىمى $-16$ بولىدۇ.

**يېشىندۈرمەك** «يېشىنمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇ غالىپنىڭ يېنىغا كېلىپ، ئۇنى تەستە يېشىندۈرۈپ ياتقۇزدى.

**يېشىندۈرۈشمەك** «يېشىندۈرمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**يېشىنمەك** پ. كىيىم-كېچەكلىرىنى سالماق؛ كىيىملىرىنى سېلىپ يالىڭاچلانماق، يالىڭاچ بولماق: ئۇلار تەڭلا يېشىنىپ سۇغا سەكرەشتى. * بىر ئازدىن كېيىن ئابدۇللا يېشىنىپ ياتتى.

**يېشىنىشمەك** «يېشىنمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار ھەر كۈنى ئىشتىن چۈشكەندە قىپيالىڭاچ يېشىنىشىپ يۇيۇنۇشىدىكەن.

**يېغا** ئى. بالا-قازا، ئاپەت، جەڭگى-جېدەل، ئۇرۇش-غوۋغا: يېغا ياندىن قوپار، دۈشمەن تاپاندىن (ماقال). * يېغىدا پەرق ئەتمەكمۇ ئاسان ئەمەس، دوست-دۈشمەن بەلگىسىنى-قاشقىسىنى. كۆزۈمگە قان تولسىمۇ پەخەس بولدۇم، ئاتماسقا چېقىلغاندىن باشقىسىنى.

**يېغا ياغماق** بالا-قازا كەلمەك، ئۇرۇش-جېدەل، ئۇرۇش-غوۋغا كۆتۈرۈلمەك، بالايىئاپەت بولماق.

**يېغىر** ئى ① ئات، ئېشەك قاتارلىق ھايۋانلارنىڭ تېرىلىرىنىڭ زەخىملىنىشى نەتىجىسىدە پەيدا بولغان يىرىڭلىق يارا، جاراھەت: يېغىر قەيەردە — چىۋىن شۇ يەردە (ماقال). * ئات ئورۇق بولسىمۇ يېغىر بولمىسۇن، گۆش سۆڭەك بولسىمۇ بېرىغ بولمىسۇن (ماقال). ② ئادەم بەدىنىگە چىققان ھەرخىل يارا، جارەھەت: يا بىر نۆۋەت ئاپىبۇستا قايتقانغا بىرەر يېرى يېغىر بولۇپ قالامدۇ؟ ياكى «قېنى پىكاپىڭ؟» دەپ ئالىي سوت، شۇ باشلىقنى مەنسىپىدىن

ئالامدۇ؟

**يېغىرىغا تەگمەك** زىتىغا تەگمەك، ئەيىب-نۇقسانلىرىنى، خۇدۇكلىنىدىغان ئاجىز يېرىنى ئاچماق، چىشىغا تەگمەك: ئۇلارنىڭ يېغىرىغا تېگىپ قويدۇڭمۇ، بولدى. خۇددى غالجىر ئىتتەك سېنى تالايدۇ. * گۈلسۈمنىڭ سوئالى ئايىمخاننىڭ تازا يېغىرىغا تەگكەنىدى.

**يېغىرىغا تۇز سەپمەك** يۈرەك يارىسىنى قوزغىماق، ئاچچىقىنى، غەزەپ-نەپرىتىنى يەنىمۇ ئۇرلەتمەك، دەرد-ئەلىمىنى كۆچەيتمەك: بارات مەزىننىڭ يېغىرىغا تۇز سېپىدىغان ئىشلار بۇنىڭ بىلەنلا تۈگىمىدى.

**يېغىرىغا تۇز قۇيماق** ← **يېغىرىغا تۇز سەپمەك**: مەھمۇت ئۇنىڭ يېغىرىغا تۇز قۇيۇپ، يەنە زاڭلىق قىلىشقا باشلىدى.

**يېغىرىنى ئاچماق** ← **يېغىرىغا تەگمەك**: قارا سېنى، بالا كەلسە قېرىنداشتىن دەپ، بىر مەھەللىلىك تۇرۇپ يېغىرىڭنى ئېچىۋەتتى.

**يېغىرىنى تاتىلماق** ← **يېغىرىغا تەگمەك**: — ھەي، ئاداش، يەنە مېنىڭ يېغىرىمنى تاتىلغىلى تۇردۇڭمۇ؟! — دېدى ئۇ نارازى بولۇپ.

**يېغىرىنى كولىماق** ← **يېغىرىغا تەگمەك**: ئۇ ھە دېسىلا خەقنىڭ يېغىرىنى كولاشقا ئامراق، ئۇنىڭ كارامىتىنى ئەتە-ئۆگۈن كۆرىسىز — تېخى.

**يېغىرىنى ئېچىشتۇرماق** ← **يېغىرىغا تۇز سەپمەك**: — ھا... ھا... قۇرغۇي مىجەز يىگىت، گەپلىرىم يېغىرىڭىزنى ئېچىشتۇرۇۋاتامدۇ؟ — دېدى ئايخان يېقىمسىز كۈلۈپ.

**يېغىرىنى ياپماق** دەرد-ئەلىمىنى، ھەسرىتىنى ياكى ئەيىب-نۇقسانلىرىنى يوشۇرماق: بۇ بۇيرۇقتىن خەۋەر تاپقان ياڭ زىڭيۈەن يېغىرىنى يېپىش ئۈچۈن ئايالى ۋە باشقىلارغا: « غەربىي شىمال قوماندانلىق شتابى خىزمەتكە چاقىرىپتۇ، ئەملىم ئۆرلىدى...» دېگەنلەرنى تارقىتىدۇ.

**يېغىرى ئېچىلىپ قالماق** ئەيىب-نۇقسانلىرى، دەرد-ئەلىمى پاش بولۇپ، بىلىنىپ قالماق: ئۇ ئۆز قوۋمىنىڭ يېغىرى ئېچىلىپ قالغىنى ئۈچۈن ئەخمەتنىڭ ئالدىدا ئىنتايىن خىجىل بولدى.

**يېغىردان** سۆپ. دىئال. يېغىر، جاراھەت قاپلاپ كەتكەن، بەدىنىنى يارا بېسىپ كەتكەن، جاراھەتلىرى كۆپ.

**يېغلاشماق** پ. قاتتىق جېدەللەشمەك، ئۇرۇش-غوۋغا قىلىشماق: بۇ ئىش سەۋەبلىك ئىككى قوشنا قاتتىق يېغلاشتى.

**يېغىلىق** « يېغا » سۆزىنىڭ ئابستراكت ئىسىم شەكلى: يېغىلىق كۆندە يات ياخشى (ماقال). * كىچىكىمدە بىزنىڭ ئاۋاتتا ھادى خەنجەر يېغىلىقى، مويدۇن پالۋان يېغىلىقى دېگەن ئۇرۇشلار بولۇپ ئۆتكەن.

**يېغىن** ئى <مېتېئور> ئاتموسفېرادىن يەر يۈزىگە قاتتىق جىسىم ياكى سۇيۇق جىسىم ھالىتىدە چۈشىدىغان سۇ. ئاساسلىق شەكىللىرى يامغۇر بىلەن قار.

**يېغىن مىقدارى** <مېتېئور> مۇئەييەن ۋاقىت ئىچىدە تۈز يەرگە ياغقان (مەسىلەن، سىڭىپ كەتمىگەن، پارغا ئايلانمىغان ۋە ئېقىپ كەتمىگەن) يېغىننىڭ توپلىنىپ ھاسىل قىلغان سۇ قاتلىمىنىڭ (قاتتىق ھالەتلىك يېغىن بولسا، سۇيۇق ھالەتلىك سۇغا سۇندۇرۇپ ھېسابلىنىدۇ) چوڭقۇرلۇقى. ئادەتتە ئۇ مىللىمېتىر بىلەن ئىپادىلىنىدۇ.

**يېغىننى سۈنئىي ياغدۇرۇش** <مېتېئور> يېغىننىڭ بۇلۇت قاتلىمىدىن يېغىشىغا سۈنئىي ئۇسۇل بىلەن تۈرتكە بولۇش

تەدبىرى، مەسىلەن، ئوخشاش بولمىغان بۇلۇت قاتلىمىنىڭ فىزىكىلىق ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن، مۇۋاپىق خىمىيىۋى دورىنى (تۇز پاراشوكى، تۇز سۈيى، قۇرۇق مۇز ياكى كۆمۈش يودلارنى) قېتىش يادروسى ۋە ياكى توڭلىتىش يادروسى سۈپىتىدە بۇلۇتقا چېچىپ، بۇلۇتتىكى سۇ تامچىسى ياكى قارنى مەلۇم دەرىجىگىچە يوغىنىتىپ، يەرگە ياغدۇرۇپ يېغىن ھاسىل قىلىنىدۇ.

**يېغىن ياغماق** ئاسماندىن يامغۇر، قار، مۆلدۈرگە ئوخشاش نەم نەرسىلەر چۈشمەك، ھۆل-يېغىن بولماق: ئاسماندا كىچىككىنە قارا بۇلۇت پەيدا بولۇۋىدى، ئۇلار خۇش بولۇشۇپ «ئاسماندىن يېغىن ياغىدىغان بولدى» دەپ چاۋاك چېلىشتى.

**يېغىنگەرچىلىك** ئى. كۆندە دېگۈدەك ياغقان يامغۇر-يېشىن ۋە شۇنداق ھالەت: بۇ يىل ياز يېغىنگەرچىلىك بىلەن ئۆتتى.

**يېغىن-يېشىن** ھۆل-يېغىن، قار-يامغۇر: بۇ يىل يېغىن-يېشىن كۆپ بولدى.

**يېقىشلىق** سۈپ. كىشىگە ياقىدىغان، زوق بېغىشلايدىغان، ھۇزۇر بېرىدىغان، يېقىملىق: بۇلبۇل كۈيى ئاڭلانغاندەك شۇنچە گۈزەل-يېقىملىق، سۆز-ئىبارەڭ بولسۇن شۇنداق ۋەزنى بار ھەم يېقىشلىق.

**يېقىشماق** «ياقماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار بىر-بىرىنىڭ ئالدىغا ئېتىلىپ بېرىپ، مەگزىنى مەگزىگە يېقىشىپ، بىر-بىرىنى مەھكەم قۇچاقلاشتى. * باللار يوللارغا كۆلخان يېقىشىپ ئاتلىشىپ ئوينايتتى.

**يېقىقسىز** سۈپ. يېقىلمىغان، ياندۇرۇلمىغان: كېچىدە چىراغ يېقىقسىز ئۆي قاراڭغۇ بولىدۇ.

**يېقىقلىق** سۈپ. يېقىلغان، يېقىپ قويۇلغان، ياندۇرۇلغان: ئۇ يەردە يېقىقلىق شامۇ بار ئىدى.

**يېقىلغۇ** ئى <خىم> ئىسسىقلىق ئېنېرگىيىسى ۋە يورۇقلۇق ئېنېرگىيىسى ھاسىل قىلىدىغان ماددىلار، ھالىتىگە ئاساسەن قاتتىق يېقىلغۇ (كۆمۈر، ياغاچ كۆمۈرى ۋە ياغاچ)، سۇيۇق يېقىلغۇ (بېنزىن، كېروسىن) گاز يېقىلغۇ (كۆمۈر گازى، مېتان) دەپ ئۈچ خىلغا ئايرىلىدۇ. يەنە يادرو ئېنېرگىيىسى پەيدا قىلىدىغان ماددىلاردىن ئۇران، پلۇتونىي قاتارلىقلارمۇ بار.

**يېقىلغۇ باتارېيىسى** <خىم> يېقىلغۇ كۆيگەندە ھاسىل بولغان خىمىيىۋى ئېنېرگىيىنى ئېلېكتىر ئېنېرگىيىسىگە ئايلاندۇرىدىغان بىر خىل گالۋانى ئېلېمېنت.

**يېقىلغۇ كان قېنى** <گېئول> ئىلگىرىكى گېئولوگىيىلىك دەۋرلەرنىڭ مەلۇم باسقۇچىدا يەر شارىدىكى جانلىقلار تۈركۈمى ئۆلگەندىن كېيىن، مۇۋاپىق مۇھىتتا دۆۋىلىنىپ، ئالاھىدە فىزىكىلىق ۋە خىمىيىلىك تەسىرلەر ھەم كان ھاسىل قىلىش رولى ئارقىلىق شەكىللەنگەن كان قېنى. مەسىلەن، كۆمۈر، مايلىق سىلانېتس، نېفىت، تەبىئىي گاز قاتارلىقلار.

**يېقىلغۇ كان ياتمىسى** <گېئول> سانائەت ياكى تۇرمۇشتا ئىشلىتىلىدىغان ۋە يېقىلغۇ ماتېرىيالى بولالايدىغان يەر ئاستى بايلىقلىرى.

**يېقىلغۇلۇق** سۈپ. يېقىلغۇسى بار ياكى يېقىلغۇ قاچىلانغان، يېقىلغۇ قىلىشقا بولىدىغان: بۇ خىل باشقۇرۇلىدىغان بومبىدا قاتتىق يېقىلغۇلۇق راكېتا ئىتتىرگۈچى قوللىنىلغان.

**يېقىلماق** «ياقماق» پېئىلىنىڭ مەجهۇل دەرىجىسى: ئىككىسى تاماق يەپ بولغاندىن كېيىن ئۆيگە چىراغ يېقىلدى.

**يېقىم** مىق. بىر قېتىملا كۆيدۈرۈشكە بولىدىغان، ئوچاققا بىر قېتىملا سالغىلى بولىدىغان ئوتۇن-ياغاچ مىقدارى: بىر يېقىم ئوتۇن. بىر يېقىم كۆمۈر.

**يېقىمسىز** سۈپ ① كىشىنى بىزار قىلىدىغان، سەسكەندۈرىدىغان؛ كۆڭۈلسىز، سوغۇق: ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا غوپۇراخۇننىڭ يېقىمسىز تەلەتى كەلدى. * شەپقەتسىز تەبىئەت غادايغان دەرەخلەرنىڭ ياپراقلىرىنى سارغايتسا، يېقىمسىز كۈز شامىلى ئۇنى ئۇچۇرتۇپ، چاڭ-توزانلار ئارىسىغا دەپنە قىلماقتا ئىدى. * ئۇنىڭ ئەسەبىيلىكى تۇتۇپ، ۋۇجۇدىنى غەلىتە ھەم يېقىمسىز بىر سەزگۈ ئوراشقا باشلىدى. ② قوپال، بىمەنە، تېتىقسىز، لاۋزا (گەپ-سۆز ھەققىدە): مەن ئۇنى مەسخىرە قىلغاندەك يېقىمسىز كۈلۈپ قويدۇم. * خەمىت ئۇنىڭ يېقىمسىز سۆزلىرىدىن بىزار بولدى. ③ سېسىق، كىشىنى شۈركۈندۈرىدىغان، بىزار قىلىدىغان: يېقىمسىز پۇراق.

**يېقىمسىزلىق** «يېقىمسىز» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: ئۇنىڭ كۈلكىسىنىڭ يېقىمسىزلىقى تولىمۇ زىتىمغا تەگكەنىدى، شۇڭا چىقىپ كەتتىم.

**يېقىملىق** سۈپ ① كىشىنىڭ ئامراقلىقىنى قوزغايدىغان، كىشىنى سۆيۈندۈرىدىغان، زوقىنى كەلتۈرىدىغان، مېھرى ئىسسىق؛ چىقىشقاق، خۇشخۇي، ئوچۇق چىراي: مەن گۈلپىيەنىڭ بۇنچىلىك يېقىملىق چوڭ بولىدىغانلىقىنى ئويلاپمۇ باقماپتىكەنمەن! * ئاباسىنىڭ ھەم چوڭ ھەم چىرايلىق كۆزلىرى، يېقىملىق چىرايى ئاچىسىنىڭكىگە نېمىدېگەن ئوخشىغان. * ئەكبەر ھەققەتەن يېقىملىق يىگىت بوپتۇ. ② قۇلاققا يېقىشلىق، تاتلىق، مۇڭلۇق ھەم تەسىرلىك؛ كىشىگە ھۇزۇر، زوق بېغىشلايدىغان (تۈرلۈك ئاۋازلار ھەققىدە): «دادا...» دېگەن يېقىملىق ئاۋاز ئۇنىڭ خىيالىنى بۆلۈۋەتتى. * ئۇنىڭ قۇلىقىغا يېقىملىق نەي ئاۋازى ئاڭلاندى. * ئۇ سازنى شۇنداق يېقىملىق چالدىكى، ئۇنىڭ ناخشىسى بىلەن تەڭ كىشى قەلبىمۇ ئاجايىپ يېڭى ھېسلارغا چۆمەتتى. * ئۇ ناخشىنى ناھايىتى يېقىملىق ئېيتىدۇ. ③ سالقىن، ساپ، كىشىگە ھۇزۇر-ھالاۋەت، راھەت بەخش ئېتىدىغان (ھاۋا، شامال قاتارلىقلار ھەققىدە): سەھەرنىڭ يېقىملىق ھاۋاسى كىشىنى سۆيۈندۈرەتتى. * يېقىملىق باھار شامىلى بوۋاينىڭ ئاپئاق، يىرىك ساقاللىرىنى تاراپ ئۆتەتتى. ④ تەملىك، مەززىلىك، تاتلىق، خۇش پۇراقلىق (تۈرلۈك پۇراق ھەققىدە): يېقىملىق پۇراق. * تاماقنىڭ سۈپىتى ياخشى، ئۆزى يېقىملىق، خۇشپۇراقلىق بولغىنى ياخشى، بۇ ئىشتىھانى ئاچىدۇ.

**يېقىملىقلىق** «يېقىملىق» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: جاپپار دېگەن بۇ ئىسىم نېمىدېگەن يېقىملىق! بۇنداق دېسەم ھەيران قالماڭ، ئۇنىڭ يېقىملىقلىقى — مەنىسى ۋە شەكلەن گۈزەللىكىدە ئەمەس، بەلكى قىرىق نەچچە يىلدىن بېرى جاپپارغا بىردىنبىر خاس ئىسىم بولۇپ كېلىۋاتقانلىقىدا... ھازىر ئۇ باشلىق بوپتۇ، بۇرۇن ئادەتتىكى كادىر ئىدى.

**يېقىن** سۈپ (ئە) ① ئارىسى يىراق ئەمەس، ئارىلىقى قىسقا، بىر-بىرى بىلەن ئازراقلا ئارىلىق بىلەن ئايرىلىپ تۇرىدىغان: جەينەك يېقىن بولسىمۇ چىشلىگىلى بولماس (ماقال). * بۇ يەرگە كۆل يېقىن بولغانلىقتىن، يەرنى ئازراقلا كولىسا، سۇ چىقاتتى. * تىرىكلىكتە ئارتۇقچە ئىشىنىپ كەتمە،

ئېھتىيات قىل، چۈنكى تىرىكلىك ئۆلۈمگە بەكمۇ يېقىن. * كورلا دېگەن لوپنۇرغا يېقىن. // ئېشەك ئالساڭ يېقىندىن ئال، خوتۇن ئالساڭ يىراقتىن ئال (ماقال). ② سۆزلەۋاتقان ياكى كۆرسىتىدىغان ياكى كۆرسىتىلگەن ۋاقىتقا ئاز قالغان، شۇ ۋاقىتنىڭ كېلىشىگە ئاز قالغان، ۋاقىت پەرقى ئۇزۇن بولمىغان: خېلى ئېتىشىش ئارقىلىق كەچقۇرۇنغا يېقىن ئۇلار بۇ بىنانى ئىگىلىدى. * ئۇ چۈشكە يېقىن شەھەرگە يېتىپ كەلدى. * بۇ ئۇلارنىڭ يېقىن كەلگۈسىدە نېمىلەرنى قىلىشى لازىملىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. ③ كۆچمە. دوستانە مۇناسىۋەتتە بولغان، دوستانە ئالاقە قىلىشىدىغان، ئۆز ئارا مۇناسىۋىتى ياخشى، ئالاقىسى قويۇق، بىر-بىرىگە كۆيۈنىشىدىغان، مېھرىبان: بىز بىر تۇغقان قېرىنداش بولمىغىنىمىز بىلەن، بىر تۇغقان قېرىنداشلاردىنمۇ يېقىن * ئۇلار ئەنۋەرنى ئۆزلىرىنىڭ ئەڭ يېقىن دوستى قىلىشۋالدى. // مېنىڭ سېنىڭدىن باشقا يېقىنىم يوق، مەن ساڭىلا ئىشىنىمەن. * رېھىم ئاكام رەھمەتلىك ئاتامنىڭ ئەڭ يېقىنلىرىدىن بىرى ئىدى. ④ بېرىش كېلىشتە كەلگەن مىقدارلارغا ۋە ئايرىم سۆزلەرگە قوشۇلۇپ كېلىپ، تەخمىن، پەرەز مەنىسىدە شۇ مىقدار ياكى شۇ ئەھۋالغا تەڭ دېگۈدەك ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ بىلەن كۆپ پەرقلەنمەيدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ: شۇ كۈنى مىڭغا يېقىن دۈشمەن چېرىكى ئۇشتۇمتۇت باستۇرۇپ كەلدى. * مەملىكىتىمىزدە ئالتاي تىللىرى سىستېمىسىغا مەنسۇپ تىللار 20 خىل بولۇپ، بۇ تىلدا سۆزلىشىدىغانلار 20 مىليونغا يېقىن. * بۇ ئاۋاز ھېلىقى چارۋىچىنىڭ چېدىرىدىن چىققان بولۇشىمۇ ئېھتىمالغا ناھايىتى يېقىن. ⑤ كۆچمە. كۆپ پەرقى يوق، ئاساسەن ئوخشاش، ئومۇمەن بىر خىل، باشقىچە ئەمەس: ئۇلارنىڭ پىكرى بىر-بىرىگە يېقىن. * ئىككى ئەسەرنىڭ مەزمۇنى بەكمۇ يېقىن ئىكەن.

**يېقىن ئارىدا** ① شۇ جايدىن يىراق بولمىغان جايدا، شۇ جايغا يېقىن يەردە، شۇ ئەتراپتا: مەن ئاتنى يېقىن ئارىدىكى بىر قورۇغا ئەكىرىپ قويغاندىن كېيىن، بىز بىللە پىيادە ماڭدۇق. ② ئارىدىن كۆپ ۋاقىت ئۆتمىگەن مەزگىل ئىچىدە، قىسقا ۋاقىت ئىچىدە، پات ئارىدا: ئۇ يېقىن ئارىدا ئۈرۈمچىگە كەلمەكچى ئىكەن. * بىز يېقىن ئارىدا ھەرەم باغقا ھۇجۇم قىلىشنىڭ تەييارلىقىنى قىلىۋاتىمىز.

**يېقىن ئاۋاز مەيدانى** <فىز> ئاۋاز مەنبەسى ئەركىن ئاۋاز مەيدانىدا رادىئاتسىيىلەنگەندە، ئاۋاز مەنبەسىگە يېقىن ئورۇندىكى پەيتلىك ئاۋاز بېسىمى بىلەن ماددىي نۇقتىنىڭ تېزلىكىنى فازىسى ئوخشاش بولمايدىغان ئاۋاز مەيدانى.

**يېقىن ئەتراپتا** ئارىلىقى ئۇزۇن بولمىغان جايلاردا، كۆرسىتىلگەن يېقىن ئارىدىكى يەرلەردە، مۇشۇ ئەتراپتا: ئەمدى ئاڭلاڭ، مۇشۇ يېقىن ئەتراپتا بىر شەھەر بار، مەن ئاشۇ شەھەرلىكمەن، ئاتامنىڭ ئېتى ئەخمەت باي.

**يېقىن بولماق** دوستلاشماق، دوست بولماق، ئالاقىسى قويۇق ھەم كۆپ ئارىلىشىدىغان بولماق، قويۇق مۇناسىۋەتتە بولماق: شۇنداق قىلىۋېرىپ ئۇ پادىشاھقا يېقىن بولۇپ قاپتۇ. * ئۇنداق يامان ئادەملەرگە يېقىن بولساڭ، ئۇنىڭ كاساپىتى يۇقىدۇ، ئىشىڭ ئىلگىرى كەلمەيدۇ، بالا-قازادىن يىراق بولمايسەن.

**يېقىن تەۋە ئۇقۇم** <لوگ> بىر ئۇقۇمنىڭ

ئۇرغۇن تەۋە ئۇقۇملىرى ئىچىدىكى قوللىنىلىش دائىرىسى تارراق بولغىنى.

**يېقىن شەرق** <جۇغ> ئاسىيا قىتئەسىنىڭ غەربىي جەنۇبى قىسمى ۋە ئافرىقا قىتئەسىنىڭ شىمالىي قىسمى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ئادەتتە، ئۇ ئاسىيادىكى ئەرەب يېرىم ئارىلى، تۈركىيە، ئىراق، سۈرىيە، ئىئوردانىيە، لىۋان، پەلەستىن رايونلىرى ۋە ئافرىقىدىكى مىسىر ۋە سۇدانىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

**يېقىن كەلتۈرمەسلىك** بىرەر ئىش-پائالىيەتكە قەتئىي ئارىلاشتۇرماسلىق، ھەرگىز يولاتماسلىق، ئارىلىشىشنى قەتئىي توسۇش: ئۇ تويىنىڭ گېپى چىقسىلا «كېيىن ئوقۇش پۈتكەندە بىر گەپ بولۇر» دەپ بىزنى يېقىن كەلتۈرمىدى.

**يېقىن كەلمەك** مەلۇم ئالاھىدىلىك ياكى شۇنداق تەرەپلىرى ئوخشاپ قالماق، پەرقى ئاز بولماق، ئوخشاش دېگۈدەك بولماق: بۇ مېنىڭ ئاغىنەم، ئىسمى ئادىل، بۇ قىزنىڭ ئىسمى ئادالەت، ئىسىملىرىمۇ يېقىن كېلىدىكەن، تاھىر-زۆھرە دېگەندەك.

**يېقىن كۆرمەك** دوست، ئىشەنچلىك كىشى دەپ ھېسابلىماق: ئۇنىڭ مېنى يېقىن كۆرۈپ كۆڭۈل سىرىنى ئېيتماقچى بولىۋاتقانلىقىنى سېزىپ سۆيۈنۈپ كەتتىم

**يېقىن كۆرۈنۈش** <كىنو> ئادەمنىڭ يۇقىرى يېرىم گەۋدىسى ياكى مەلۇم بىر ئوبرازنىڭ كىنو ئاپپاراتى ئارقىلىق ئېلىنىدىغان كۆرۈنۈشى.

**يېقىن نۇقتا** <فىز> ئادەم كۆزى فوكۇسلاشقاندا، كۆزنىڭ مۈگۈز پەردىسىدە ئېنىق تەسۋىر ھاسىل قىلىدىغان ئەڭ يېقىن جىسىم نۇقتىسى.

**يېقىننى كۆرەر كۆز** <تىب> كۆز ئالمىسىنىڭ ئۇزىراپ كېتىشى، مۈگۈز پەردىسى ئەگرىلىكىنىڭ چوڭىيىپ كېتىشى ياكى خرۇستال تەنچىنىڭ كۆرۈش پەردىسىدىن بەك يىراقلىشىپ كېتىشى تۈپەيلىدىن، يىراق نۇقتىسى يېقىنلىشىپ كەتكەن، نورمال بولمىغان كۆز.

**يېقىننى كۆرەلمەسلىك** <تىب> نۇر سۇندۇرۇش دەل بولماسلىقنىڭ بىر تۈرى. كۆز ئالمىسىنىڭ ئالدى-كەينى دىئامېتىرى زىيادە قىسقا بولىدىغانلىقى ياكى كرىستال تەنچىنىڭ كابىنكىلىك دەرىجىسى زىيادە كىچىك بولۇپ قالىدىغانلىقى ئۈچۈن، نۇرنىڭ كۆزگە كىرىپ ھاسىل قىلغان فوكۇسى تور پەردىنىڭ ئارقا تەرىپىگە چۈشىدۇ-دە، تەسۋىر ئېنىق چىقمايدۇ. كېسەل كىشى كابىنكىلىك كۆزەينەك تاقىسا، تۈزەتكىلى بولىدۇ.

**يېقىن ئۆتمەك** قويۇق ئالاقە قىلىشىپ، دوستانە مۇناسىۋەتتە بولۇشماق، ئۆزئارا ئىشەنچ بىلەن بىر-بىرىگە ئەقىدە قىلىپ ھالاۋەت ۋە جاپادا بىللە بولۇپ ئۆتمەك، دوستانە ئۆتمەك: مەن ھېلىقى بىز بىلەن يېقىن ئۆتىدىغان مېھرىنىسانىڭ ئۆيىدىن قايتىپ كېلىۋاتاتتىم. * ئۇ بۇرۇن دادام بىلەن يېقىن ئۆتۈپتىكەن، بىركۈنى مېنى ئۆيىگە چاقىرىپ، بېشىمنى سىلاپ تاماق بەردى.

**يېقىن يولىماسلىق** قەتئىي ئارىلاشماسلىق، ھېچقانداق ئالاقە ياكى دوستانە مۇناسىۋەتتە بولماسلىق: — سىز يېقىنلاشمىغۇچە، مەن يېقىن يولىمايمەن، — دەپتۇ شاھزامان. * ئەزەلدىن زۆرۈر ئىشلاردا خوتۇن خەقنى يېقىن يولاتمايدىغان شەيخ، ئۆز پۇشتىدىن بولغان قىزىغىمۇ شۇنداق مۇئامىلە قىلىپ كەلمەكتە ئىدى.

**يېقىنچىلىق** ئى ← **يېقىنلىق**: ئەزىزخان

ھەيران بولدى، ئۇ قوشنىسىدىن تۇيۇقسىزلا يېقىنچىلىق سەزدى. * مەن سىزنىڭ شۇ قەدەر يېقىنچىلىقىڭىزدىن خۇشال بولۇپ، ھېچنېمە دېيەلمەي ئۆتكۈر كۆزلىرىڭىزگە قارىدىم.

**يېقىنچىلىق قىلماق** ← **يېقىنلىق قىلماق:** — ئىسمىڭىز نېمە؟ — دەپ سورىدى ئۇ يېقىنچىلىق قىلماقچى بولغاندەك بولۇپ. * ئۇنىڭغا يېقىنچىلىق قىلىپ سىردىشىش ئىستىكى مېنىڭدە كۈنسېرى ئۇلغىيىپ باراتتى.

**يېقىندا** رەۋ ① يات ئارىدا، يېقىن ئارىدا، ئۇزۇن بولمىغان مەزگىل ئىچىدە: مەنمۇ يېقىندىلا مۇشۇ يەردە خىزمەتكە ئورۇنلاشتىم. * بىز يېقىندا ئوقۇتقۇچىلار بىلەن يىغىن ئاچىمىز. * ئۇ تېخى يېقىندا ھېلىقى قىز بىلەن توي قىلغانىكەن. ② شۇ جايدىن ئۇزاق بولمىغان جايدا، شۇ ئەتراپتا: — يېقىندا ماگىزىن بارمۇ، قىزىم، — دەپ سورىدى بوۋاي.

**يېقىنداش** سۈپ. ئارىلىقى ياكى مۇناسىۋىتى ئۆز ئارا يېقىن، يېقىن كېلىدىغان، يېقىن مۇناسىۋەتلىك.

**يېقىنداشلىق** « يېقىنداش » سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: يېقىنداشلىق كۈچى.

**يېقىنداشلىق كۈچى** <خىم> ئىككىدىن ئارتۇق ماددا بىرىكىپ بىرىكمە ھاسىل قىلغان ۋاقىتتىكى ئۆز ئارا تەسىر قىلىش كۈچى.

**يېقىنداشماق** (توغرىسى: يېقىنلاشماق) ← **يېقىنلاشماق.**

**يېقىندىماق** (توغرىسى: يېقىنلىماق) ← **يېقىنلىماق.**

**يېقىندىن** رەۋ ① سۆزلىنىۋاتقان ۋاقىتتىن سەل ئىلگىرى، سەل بۇرۇنقى مەزگىلدىن، تېخى ئۇزۇن بولمىغان ۋاقىتتىن: يېقىندىن بۇيان. يېقىندىن بېرى. ② بىۋاسىتە ھالدا؛ سەمىمىيلىك بىلەن، چىن ساداقەت بىلەن، ھەقىقىي كۆيۈنۈش، غەمخورلۇق تۇيغۇسى بىلەن: يېقىندىن ياردەملەشمەك. يېقىندىن ھەمكارلاشماق. ③ ئىنچىكە تۇردە، بىۋاسىتە ھالدا، يېنىدا تۇرۇپ، داۋاملىق كۆز تىكىپ: بىز ئۇنى يېقىندىن كۆزىتىۋاتىمىز، بىراق ھازىرغىچە ھېچقانداق باشقا غەيرىي ئەھۋاللارنى سەزمىدۇق.

**يېقىندىن بۇيان** ← **يېقىندىن بېرى:** خەۋىرىم يوق ئىكەن، يېقىندىن بۇيان يۇرتنىڭ خەۋىرىنى كۆپ ئاڭلىمىدىم.

**يېقىندىن بېرى** تېخى ئۇزۇن بولمىغان مەزگىلدىن بېرى، ئازراقلا ئىلگىرىكى ۋاقىتتىن باشلاپ: يېقىندىن بېرى ئاڭلىنىۋاتقان خەۋەرلەرگە قارىغاندا، قاراخانىيلار دۆلىتىنىڭ خاقانى سۇتۇق بۇغراخان بۇ ياققا يۈرۈش قىلىپ ئۈچ ئالار ئىمىش... * گۈلشات يېقىندىن بېرى تېخىمۇ ئۆزگىرىشكە باشلىدى.

**يېقىندىن چېتىشتۇرۇش** <بىئول> تۇغقانچىلىق مۇناسىۋىتى يېقىن بولغان يەككە تەنلەرنى ئۆز ئارا چېتىشتۇرۇپ كۆپەيتىش ئۇسۇلى.

**يېقىندىن چېتىشتۇرۇش كوئېففىتسېنتى** <بىئول> بىر يەككە تەننىڭ يېقىندىن چېتىشتۇرۇش دەرىجىسىنى ئىپادىلەيدىغان كوئېففىتسېنت، يەنى بۇ جانلىقلار يەككە تېنىنىڭ ئوخشاش زىگوتلىق ئاللېلىلىكىنىڭ ئوخشاش جانلىقلار توپىنىڭ چېتىشىش ئاللېلىلىكى ئىچىدە ئىگىلىگەن پىرسەنتى.

**يېقىندىن ھەمكارلاشماق** سەمىمىي، چىن ساداقەتتە ھەمكارلىق ئورناتماق، سەمىمىيلىك بىلەن ھەمكارلاشماق: ئۇلار باشتىن-ئاخىر بىز بىلەن يېقىندىن ھەمكارلاشتى، بىز ئۇلاردىن كۆپ مىننەتدارمىز.

**يېقىندىن ياردەم بەرمەك** سەممىيلىك بىلەن بىۋاسىتە ياردەم قىلماق، غەمخورلۇق قىلماق، قوللىماق: ئۇ زادىلا ياخشى ئوقۇماپتۇ، مەن مۇئەللىملەرنىڭ ئۇنىڭغا يېقىندىن ياردەم بېرىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

**يېقىندىكى** سۈپ ① تېخى ئۇزۇن بولمىغان ۋاقىت ئىچىدە بولۇپ ئۆتكەن، ئازراقلا ۋاقىت ئىلگىرى يۈز بەرگەن، سەللا بۇرۇنقى: — بۇ تېخى يېقىندىكى گەپ ئاغىنىلەر، — دېدى ئۇ چۈشەندۈرۈپ، — كۆپ بولسا ئارىدىن بىرەر ھەپتە ئۆتكەندۇ. ② ئارىلىقى ئۇزۇن بولمىغان جايدىكى، يېقىنلا يەردىكى، مۇشۇ ئەتراپتىكى: ئۇلاردىن بىرى يېقىندىكى جوھود تېۋىپنىڭ ئۆيىنى كۆرسىتىپ قويۇپتۇ.

**يېقىنسىنماق** پ. يېقىن كۆرمەك، يېقىن ھېس قىلماق: ھېلىلە ياغلىق چەككەن كىچىك قىزچاق، يېقىنسىنىپ شوپۇرغا گەپ باشلىدى — ئاڭلىساق ئۇرۇمچىنى يىراق دەيدۇ، كۈچىسى ئەينەكتەكمىش.

**يېقىنقى** سۈپ. بۇنىڭدىن ئازراق بۇرۇنقى مەزگىللەردە مەيدانغا كەلگەن ياكى بولۇپ ئۆتكەن، يۈز بەرگەن؛ ئۆتۈپ كەتكىنىگە ئۇزۇن بولمىغان: بۇنداق داغدۇغا يېزىمىزنىڭ يېقىنقى تارىخىدا كەم كۆرۈلگەنىدى. * يېقىنقى كۈنلەردىن بېرى ئۇنىڭ ئىپادىسى ناھايىتى ياخشى بولۇۋاتىدۇ.

**يېقىنقى زامان** <تارىخ> ① ئىلگىرى ئۆتكەن ھەمدە ھازىرقى زامانغا يېقىنراق بولغان زامان. مەملىكىتىمىز تارىخىنى دەۋرلەرگە بۆلگەندە، كۆپرەك XIX ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن 4-ماي ھەرىكىتىگىچە بولغان ۋاقىت كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ② كاپىتالىزم دەۋرى.

**يېقىنقى زامان فىزىكىسى** <فىز> مىكرو زەررىچىلەرنى ۋە ھەرىكەت تېزلىكى يۇقىرى بولغان فىزىكىلىق ھادىسىلەرنى تەتقىق قىلىدىغان فىزىكىنىڭ ھەرقايسى تارماقلىرى. ئۇ كۋانت مېخانىكىسى، نىسبىيلىك نەزەرىيىسى، كۋانت ستاتىستىكا فىزىكىسى، كۋانت مەيدانى نەزەرىيىسى، قاتتىق جىسىم فىزىكىسى ۋە زەررىچىلەر فىزىكىسى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

**يېقىنلاتماق** «يېقىنلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇ بېشىنى غوجىغا سەل يېقىنلىتىپ، غوجىنىڭ قۇلىقىغا بىرنېمىلەرنى پىچىرلىدى.

**يېقىنلاشتۇرماق** «يېقىنلاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇ قولۋاقنى قىرغاققا يېقىنلاشتۇرۇپ، يەنە شۇ سۆگەتنىڭ تۈۋىدە توختاتتى.

**يېقىنلاشتۇرۇشماق** «يېقىنلاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار ھەممىسى قولۋاقلىرىنى قىرغاققا يېقىنلاشتۇرۇشتى.

**يېقىنلاشتۇرۇلماق** «يېقىنلاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**يېقىنلاشماق** پ ① بىرەر كىشى ياكى نەرسىنىڭ يېنىغا يېقىن بارماق، يېقىن كەلمەك، ئالدىغا ياكى يېنىغا يېقىنلاپ كەلمەك: — پۇتىڭىز بىرنەرسە بولدىمۇ، قېنى مەن كۆرۈپ باقاي، — دېدى دوختۇر ھېيزەمگە يېقىنلىشىپ. * ئۇ خالتىنى سۆرەپ غۇلامغا يېقىنلاشتى. * ئۇ ئۆيگە يېقىنلىشىپ قالغانىدى. ② مەلۇم بىر ۋاقىتقا، مەزگىلگە يېتىشكە ئاز قالماق، ۋاقىت جەھەتتىن يېقىن كەلمەك، ئاز ۋاقىت قالماق: ۋاقىت چۈشكە يېقىنلىشىپ قالغانىدى.

* تىرىلغۇ يېقىنلىشىپ قالدى، ئېغىلنىڭ قىغىنى چىقارغاچ تۇرىمىزمۇ؟ * ئاي-كۈنۈم يېقىنلاشقىنىنى ئاڭلاپ ئاپام تۇرالمايلا قالدى. ③ مىقدارنى بىلدۈرىدىغان سۆزلەردىن كېيىن كېلىپ، شۇ مىقدارغا تەڭ بولۇشقا، ئۇنىڭغا يېتىشكە ئاز قالغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ: — ھەممىمىز يۈز ياشقا يېقىنلىشىپ قالدۇق، — دېدى بوۋاي جاۋاب بېرىپ. * سائەت 10 غا يېقىنلاشقاندا، ئۇ كۆزى قىيمىغان ھالدا توپ ئارىسىدىن چىقتى. * ئۇنىڭ ئانار بىلەن توي قىلىۋالغىنىغا يېرىم يىلغا يېقىنلاشتى. ④ بىرەر ئىشنى بېجىرىشكە، مۇرەسسە قىلىشقا ئاز قالماق؛ پىكىر-مەقسەت، كۆز قاراش جەھەتتە بىر يەرگە كېلىشكە ئازقالماق ياكى بىرەر مەقسەت-كۆز قاراشقا كېلىشكە ياكى قوشۇلۇشقا ئازقالماق: — توغرا ئېيتتىڭلا، — دېدى شاھنىياز گەپنىڭ مەقسەتكە يېقىنلاشقانلىقىدىن خۇشال بولۇپ. * بۇ مۇھىم نۇقتىلاردا ئۇلارنىڭ پىكىر قىلىش يوللىرى تولىمۇ يېقىنلاشقانىدى. ⑤ دوستانە مۇناسىۋەتتە بولماق، قويۇق ئالاقە قىلىشىپ تۇرماق، دوستلاشماق، سىرداشلاردىن بولماق: سەلىمە زاۋۇتتا باتۇر بىلەن خېلىلا يېقىنلىشىپ قالغانىدى. * ئۇلار بىر ئۆرۈلۈپلا ھەنىپەمنىڭ ئۆيىدىكىلەر بىلەن يېقىنلاشتى ۋە ھەنىپەمنى ماڭا تونۇشتۇردى. * ئادىل بىلەن رەنا بارغانسېرى يېقىنلىشىپ كېتىۋاتاتتى.

**يېقىنلىق** «يېقىن» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: يېقىنلىق دەرىجىسى. * — مەن ئىككىڭلارنىڭ ئۆيىنىڭ ئارىسىنىڭ بۇنچىلىك يېقىنلىقىنى زادىلا بىلمەيدىكەنمەن، — دېدى ئۇ كۈلۈپ. * ئەمدى ئىسمىنى ئاتاپ سەنلەپ سۆزلەۋەر، سەنلىگەنلىك ھۆرمەتسىزلىك ئەمەس، يېقىنلىقنىڭ ئالامىتى.

**يېقىنلىق قىلماق** دوستلۇق بىلدۈرمەك، دوستانە مۇئامىلىدە بولماق: مەن ئۇنىڭغا شۇنچە يېقىنلىق قىلىپمۇ ئۇنىڭ بىرەر ئېغىز ئىللىق گېپىگە ياكى كىچىككىنە تەبەسسۇمىغا ئېرىشەلمىگەنىدىم.

**يېقىنلىماق** پ ① بىرەر كىشى ياكى نەرسىگە يېقىن بارماق، بىرەر نىشانغا يېقىن كەلمەك، يېتىشكە، تېگىشكە ئازلا ئارىلىق قالماق: — بورتالاغا يېقىنلاپ قالدۇق، — دېدى نادەم كۈلۈمسىرەپ. * ئۇ يولغا يېقىنلاپ كەلگەندە، قانداقتۇر بىر قارا گەۋدە كۆرۈندى. ② مەلۇم ۋاقىتقا يېتىشكە ياكى مەلۇم ئىش-پائالىيەتنىڭ بېجىرىلىش، يۈز بېرىش ۋاقتىغا ئاز قالماق، ۋاقىت جەھەتتىن ئاز قالماق: ۋاقىت چۈشكە يېقىنلاپ قالغانىدى. * دەرەخلەر يوپۇرماق تاشلايدىغان چاغلارمۇ يېقىنلاپ قالدى. * سوغۇق قىش يېقىنلاپ كەلمەكتە. ③ مىقدارنى بىلدۈرىدىغان سۆزلەر بىلەن بىللە كېلىپ، مەلۇم مىقدارنىڭ شۇ مىقدارغا تەڭ بولۇشقا ياكى يېتىشكە ئازلا قالغانلىقىنى ياكى ئاساسەن تەڭلىشىپ قېلىۋاتقانلىقىنى بىلدۈرىدۇ: بىر ھەپتىدىن كېيىنلا بۇ يەردىكى ۋېلىسىپىتلار يۈزگە يېقىنلاپ قالدى. * شۇنداق قىلىپ تاشۋاي 20 ياشقا يېقىنلاپ قالدى. ④ مەلۇم ئالاھىدىلىكى بىلەن مەلۇم بىر نەرسىگە ئوخشاپ قالماق ياكى شۇ نەرسىگە يېقىن شەكىلگە ئىگە بولماق، ئوخشىماق، بىردەك بولماق: بىز بۇ تاملارغا سىزىلغان سۈرەتلەردىن پېپا دەستىسىنىڭ بارغانسېرى ئۆزىراپ تەمبۇرگە يېقىنلاپ كەلگەنلىكىنى كۆرىمىز.

**ييقىن-يورۇق** ئۇمۇمەن ئۇرۇق-تۇغقان، ئەتراپتىكى ئوبدان ئۆتۈشكەن قولۇم-قوشنا ۋە دوست-يارەنلەرنىڭ ھەممىسى: ئۇلار شۇ كۈنى ئۆي-ئۆيلىرىگە ييقىن-يورۇقلىرىنى چاقىرىشتى. * بارا-بارا دادامنىڭ ييقىن-يورۇقلىرى كۆپىيىپ قالدى.

**ييقىن-يىراق** ييقىن ۋە يىراق، ئۇمۇمەن ھەممە ئەتراپ، ھەممە يەر: پارتىزانلار قوشۇنغا تەرەپ-تەرەپتىن، ييقىن-يىراقلاردىن كىشلەر كېلىپ قوشۇلۇشقا باشلىدى. * كەلدى مېھمان ييقىن-يىراقتىن، تويىمىزنىڭ داڭقىنى ئاڭلاپ. يەتتە ياشتىن يەتمىش ياشقىچە، ئويناپ كەتتى ناخشىلار باشلاپ.

**ييكەن** ئى <بوت> ① ييكەن ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. سۇدا ئۆسىدۇ. يوپۇرمىقى تار ھەم ئۇزۇن، گۈل رېتى ئوقنىڭ ئۈستى تەرىپىدە ئاتىلىق گۈللىرى، ئاستى تەرىپىدە ئانىلىق گۈللىرى بولىدۇ. ئانىلىق گۈللىرى زىچ توپلىنىپ ئۆسۈپ شام شەكلىنى ھاسىل قىلىدۇ، پىشقاندا توزغاق چىقىرىدۇ. يوپۇرمىقىدىن يەلپۈگۈچ، بورا قاتارلىقلارنى توقۇشقا بولىدۇ. گۈل چېڭى قان توختىتىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ. ② شۇ خىل ئۆسۈملۈكنىڭ يوپۇرمىقى ياكى غولى.

**ييكەن توزغىقى** <بوت> ييكەننىڭ ئانىلىق گۈل باشقى ئۈستىدىن ئۆسۈپ چىققان ئاق رەڭلىك تىۋىت. ياستۇققا قاچىلاشقا بولىدۇ.

**ييكەندە بۆرۈت ئالدىغان** ناھايىتى ھىيلىگەر، قۇۋ؛ ساختىپەز، بىر ئىشلارنى ئالداپ-سالداپ ئەپلەشتۈرىدىغان: — تېخىچىلا شاگىيۇكامنى ئۇقمايدىكەنسىز-دە، شەرۋان ئاغىچا، — دېدى باسىت، — ئۇ ئاكىمىز ييكەندە بۆرۈت ئالىدۇ دېسىلە.

**ييكەن سېرىق قۇشقىچى** <زوئول> بىر خىل قۇش، تېنى قۇشقاچچىلىك ياكى ئۇنىڭدىن سەل كىچىك كېلىدۇ. تۇمشۇقى ئالاھىدە بولۇپ، ئېغىزىنى ياپقاندا ئۈستۈنكى قىسمى گىرۋەكلىرى بىلەن ئاستىنقى قىسمىنىڭ گىرۋەكلىرى بىرلەشمەيدۇ، رەڭگى سېرىق كېلىدۇ. ييكەنلىك ئارىسىدا ياشايدۇ، يەرگە ئۇۋا سالىدۇ. زىرائەت دانلىرى ۋە ھاشاراتلار بىلەن ئوزۇقلىنىدۇ.

**ييكەن سېلىنچا** ييكەننىڭ يوپۇرمىقى، مەڭگەن قاتارلىقلاردىن توقۇلغان قېلىن ھەم يۇمىلاق كەلگەن سېلىنچا. ئائىلىلەردە ئولتۇرۇش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

**ييكەن شاخسانىغۇچى** <زوئول> بىر خىل قۇش. تېنى تەخمىنەن 18 سانتىمېتىر ئەتراپىدا، دۈمبىسىنىڭ پەيلىرى ئاچ قوڭۇر بولۇپ، قورساق تەرىپىدە سارغۇچ ئاق رەڭلەر ئارىلاشقان بولىدۇ. كۆپىنچە سۇ بويىدىكى ييكەنزارلىقتا ياكى چاتقاللىقلاردا ياشايدۇ. ئاساسەن ھاشارات يەيدۇ.

**ييكەنتوخۇسى** ئى (ييكەن+توخۇ+سى) <زوئول> بىر خىل قۇش. تەن شەكلى توخۇغا سەل ئوخشاپ كېتىدۇ. تۇمشۇقى سەل ئۇزۇن، قۇيرۇقى قىسقا دۈمبىسى كۈل رەڭ قوڭۇر ۋە سەپكۈنلۈك كېلىدۇ .قانىتى قارامتۇل قوڭۇر، پۇتلىرى قىزغۇچ قوڭۇر بولىدۇ. سازلىق ۋە سۇلۇق ئېتىزلار بويىدىكى چۆپلۈكلەردە ياشايدۇ. سۇ ئۈزەلەيدۇ.

**ييكەنچار** ئى (ييكەن+چار) <زوئول> بىر

خىل ييلىق. ئۈستىدە قارا داغلىرى بار، بېشى لوخۇ بېلىققا قارىغاندا سەل كىچىك كېلىدۇ. ئەڭ يوغانلىرى 5 — 6 كىلوگرام كېلىدۇ.

**ييكەنداز** ئى. ئاستىغا سېلىپ ئولتۇرۇش ئۈچۈن، ئادەتتىكى كۆرپىلەردىن تار ۋە ئۇزۇن قىلىپ، چۆرىسىگە زىغىزىق تۇتۇپ تىكىلىدىغان كۆرپە.

**ييكەنسۇندۇكى** (ييكەن+سۇندۇك+ى) <زوئول> بىر خىل قۇش. تېنىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 18-سانتىمېتىر ئەتراپىدا، پەيلىرى قوڭۇر ۋە ئاق كېلىدۇ. يان تەرىپىدە ئېنىق قارا يوللىرى بولىدۇ. سۇ بويىدا ياشايدۇ. ھاشاراتلار بىلەن ئوزۇقلىنىدۇ.

**ييكەنلىك** ئى. ييكەن كۆپ ئۆسكەن، ييكەن بىلەن قاپلانغان جاي: ييكەنلىكتىن ئازراق ييكەن ئورۇپ كەلدىم.

**ييگانە** سۈپ (پ) ① تەنھا، يالغۇز، مۇڭداشقۇدەك ياكى ھەمكارلاشقۇدەك ھېچكىم، ھېچنېمىسى يوق، بىر: — ئەي ييگانە كىشى، بۇ يەردە نېمە ئىش قىلىسەن؟ — دەپتۇ مەلىكە ھاتەمگە قاراپ. * تۈمەن دەرياسىمۇ تاشۋايغا ئوخشاش ھېچقانداق تەسەللى بولغۇچىسى يوق ۋە ييگانە ئىدى. * ئۇ ييگانە ئۆزى بىمارغا قاراپ ئولتۇراتتى. ② مىسلى كۆرۈلمىگەن دەرىجىدە، ھېچكىم ياكى ھېچ نەرسە تەڭ كېلەلمەيدىغان، ھەممىدىن ئېسىل دەرىجىدە، بىرلا: شاھنىڭ بىرلا ئارزۇلۇق قىزى بار ئىكەن، ھۆسن-جامالدا ييگانە ئىكەن. * ھەرقاچان ھەر زامان ھەزرەتنىڭ پېشنى تۇتۇپ، ساداقەت ئالەمدە ييگانە مۇرىت بولىمەن. * يىگىت ئىدى يىگىت ئىچىدە مەردانە، يىگىت ئىدى يەر يۈزىدە ييگانە.

**ييگانە تۈزۈم** <ئش ت> بىرقانچە مەمۇرىي رايوندىن تەركىب تاپقان، بىر ئېگىلىك ھوقۇقى بولغان بىر پۈتۈن دۆلەتنىڭ تۈزۈلۈش شەكلى. مۇشۇنداق شەكىلدە تەشكىل قىلىنغان دۆلەت «ييگانە تۈزۈمدىكى دۆلەت» دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇ خەلقئارا ئالاقىدىكى ئاساسىي گەۋدە بولۇپ، ئۇنىڭدا بىرلا ئاساسىي قانۇن ۋە بىرلا ئالىي دۆلەت ھاكىمىيەت ئورگىنى بولىدۇ.

**ييگانىلىق** «ييگانە» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: ئۇ بىردىنلا ييگانىلىق ھېس قىلىپ، پۈتۈن ۋۇجۇدى شۈركىنىپ كەتتى.

**ييگەك** ئى <سەلب> جىنسىي مۇناسىۋەت جەھەتتە نورمال ئەخلاق-قائىدىسىدىن چىقىپ كەتكەن بۇزۇق ئايال ياكى ئەر.

**ييگەن-ئىچكەن** ئومۇمەن ييىلگەن، ئىچىلگەن، قورساق ئۈچۈن سەرپ بولغان، ييمەك-ئىچمەككە كەتكەن:

ئۇلارنىڭ ئىشتىھا بىلەن تاماق ييگۈسى كەلمەيتتى، ييگەن-ئىچكەن ھالەتتىمۇ ييگەن-ئىچكەنلىرىنى، كىيگەنلىرىنى ھېسابلاپ كۆرۈۋىدى، توپتوغرا ئىككى مىڭ سوم بولدى.

**ييگەن-ئىچكەندەك** ييگەن-ئىچكىنى چىرايىغا چىققان، قاۋۇل ھەم مەزمۇت، سالاپەتلىك: ئەخمەق، بۇ دېگەن چاقچاق، كۆرۈۋاتىسەنغۇ، ييگەن-ئىچكەندەك، سوقا-سەندەلدەك خوتۇن بۇ.

**ييگۈزمەك** «ييمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: — بولمايدۇ، — دېدى ئۇ رازىيەنى توسۇپ، — بۇ بالىغا ئۇنى ييگۈزسەك بولمايدۇ.

**ييگۈزۈشمەك** «ييگۈزمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**يېگۈزۈلمەك** «يېگۈزمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئۇنىڭغا ئىسسىق چاي ئىچكۈزۈلدى، زورلاپ نان يېگۈزۈلدى.

**يېگۈسىز** سۈپ. يېگىلى بولمايدىغان، يېيىشكە كۆڭۈل-تارتمايدىغان (تاماق ھەققىدە): — ۋېيەي، — دېدى قاراپ تۇرغانلاردىن بىرى، — پاسكىنا چۈمۈچنى تىقىپ، ئاشنى يېگۈسىز قىلىۋەتتىڭغۇ؟

**يېگۈلۈك** ئى. يەيدىغان نەرسە، قورساق تويغۇدەك نەرسە، يېمەكلىك: — ئەي ئاشىق، — دەپتۇ مەلىكە، — يەيدىغان نەرسىلەر تۈگىدى، ئورنىڭىزدىن تۇرۇپ يېگۈلۈك تېپىپ كېلىڭ.

**يېڭى** ① سۈپ. كۆپ ئىشلىتىلمىگەن، تۇتۇلمىغان؛ يېقىندا ياسالغان، تىكىلگەن ياكى توقۇلغان: يېڭى قازان. يېڭى پىچاق، يېڭى ئىشىك. يېڭى كىيىم. يېڭى گىلەم. * يېڭىنى ئاسرىغان كونا، كىگىزنى ئاسرىغان بورا (ماقال). * مەن ئەتىگەن تۇرۇپ يېڭى كىيىملىرىمنى كىيدىم. ② سۈپ. يېقىندا پەيدا بولغان، ياسالغان ياكى ئىلگىرىكىلىرىگە نىسبەتەن كېيىنرەك ۋۇجۇدقا كەلگەن ھەم ئىشلىتىلىۋاتقىنىغا ئۇزۇن بولمىغان: يېڭى يول. يېڭى ئۆي. يېڭى دۇكان. يېڭى زاۋۇت. * ئۇ يېڭى يولغا چىققاندا كەينىدىن بىرى موتسىكىلىتلىق يېتىپ كەلدى-دە، ئۇنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ توختىدى. ③ سۈپ. يېقىندا يېزىلغان ياكى يېقىندا ئېلان قىلىنغان، نەشر قىلىنغىنىغا، يېزىلغىنىغا ئۇزۇن بولمىغان (تۈرلۈك ئەسەر، كىتابلار ھەققىدە): ئۇ «ئىنقىلابىي شەرقىي تۈركىستان» گېزىتىنىڭ يېڭى سانىنى كۆتۈرۈۋالغانىدى. * ئىككى ھەپتىدىن بۇيان بۇ يەرگە بىرمۇ يېڭى كىتاب كەلمىگەنىدى. ④ سۈپ. يېقىندا ئىجاد قىلىنغان، يېقىندا ئىشلەنگەن ياكى جامائەتكە تېخى يېقىندىلا مەلۇم بولغان: يېڭى دورا. يېڭى كۈي. يېڭى كەشپىيات. * — بۇ ھەققەتەن يېڭى كەشپىيات ئىكەن، — دېدى ئۇ ماختاپ. * بۈگۈن بۇ يەردە يېڭى كىنو بار ئىكەن؛ كەچتە كىنو كۆرۈپ ئەتە كەتمەملا. ⑤ سۈپ. ئىلگىرىكىدىن باشقا، ئىلگىرىكىسىگە ئوخشىمايدىغان، پۈتۈنلەي باشقا؛ ئالاھىدە، باشقىچە: — خوپ شاھىم، — دەپ يېڭى ھېكايىسىنى باشلاپتۇ شەھرىزاد. * ئۇ ھەمىشە، دېگۈدەك يېڭى پىكىرلىك ياخشى شېئىرلارنى يېزىپ كېلىۋاتىدۇ. * بۇنىڭ يەنە بىر يېڭى تەرجىمىسى يېقىندا نەشر قىلىنماقچى. ⑥ سۈپ. يېقىندا بەلگىلەنگەن، يېقىندا ئەمەلگە ئاشۇرۇلىدىغان ياكى يېقىندىن بېرى يولغا قويۇلۇۋاتقان، يېقىندا ئىجرا قىلىنىدىغان ياكى يېقىندىن بېرى ئىجرا قىلىنىۋاتقان (تۈرلۈك چارە-تەدبىر، قائىدە-نىزاملار ھەققىدە): يېڭى تەرتىپ. يېڭى قائىدە. يېڭى قانۇن. يېڭى چارە. يېڭى نىزام. * يېڭى سىياسەتنىڭ خاسىيىتىدىن تۇرمۇشىمىز كۆپ ياخشىلاندى. ⑦ سۈپ. ئىلگىرىكى كىشىنىڭ ئورنىغا چىققان ياكى يېقىندا كەلگەن، ئىلگىرىكىسىنىڭ ئورنىغا كەلگەن، كەلگىنىگە ئۇزۇن بولمىغان: يېڭى ھاكىم. يېڭى باشلىق. يېڭى ئوقۇغۇچى. يېڭى ئەسكەر. * — بۇ يىلقى يېڭى ئوقۇغۇچىلارنى ئورۇنلاشتۇرۇش بىلەن ئالدىراشمەن، — دېدى ئۇ چۈشەندۈرۈپ. ⑧ سۈپ. يېقىندا ئىش باشلىغان، تەجرىبىسىز، خام، ئۆگەنچى: يېڭى شوپۇر. يېڭى تېخنىك. يېڭى دوختۇر. * — ھەي، قانداق بولار، — دېدى ئۇ سەل ئىككىلىنىپ، — ئالىيە

تېخى يېڭى دوختۇر، بولسا كونىراق دوختۇرلار بولغان بولسا ياخشى بولاتتى. ⑨ سۈپ. شۇ يىلى ياكى شۇ مەۋسۇمدە يېتىشكەن، شۇ يىلقى، ئۇزۇن بولمىغان ۋاقىت ئىچىدە يېتىلگەن؛ بۇزۇلمىغان، سۈپىتى، تەمى ياخشى، تەم-قۇۋۋىتى تولۇق ساقلانغان؛ تازا، پاكىز (تۇرلۇك ئۆسۈملۈك، ھايۋانات ۋە يېمەكلىكلەر ھەققىدە): يېڭى پاقلاننىڭ گۆشى. يېڭى ئۆزۈك. يېڭى تال. يېڭى سەي. يېڭى ئالما. * ئۇ قولىدىكى سومكىسىنى يېڭى سەيلەر بىلەن تولدۇرۇپ يۈرۈپ كەتتى. * – يېڭى تۇخۇم ئالساڭلار كېلىڭلار! – دەپ ۋارقىرايتتى ھېلىقى تۇخۇم سېتىۋاتقان بالا. ⑩ سۈپ. ئۆتۈپ كېتىدىغان ۋاقىتنىڭ ئورنىغا كېلىدىغان، ئالدىمىزدىكى، نۆۋەتتىكى (ۋاقىت ھەققىدە): يېڭى يىل. يېڭى ئەسىر. يېڭى ئاي. يېڭى ھەپتە. * بۇ دەل يېڭى يىل كىرىدىغان نورۇز كېچىسى ئىدى. ⑪ سۈپ. ناتونۇش، بۇرۇن كۆرۈپ باقمىغان، ئەمدىلا تۇنجى كۆرۈنۈۋاتقان: بۇ مەھەللە مەن ئۈچۈن يېڭى. ⑫ سۈپ. يېقىن ئۆتمۈشتە ياكى ھازىرقى دەۋر، ھازىرقى زامانغا ئائىت، شۇ دەۋرگە مەنسۇپ: يېڭى مەدەنىيەت. يېڭى تارىخ. يېڭى دېھقانچىلىق. ⑬ رەۋ. يېقىندا، ئۇزاق ئۆتمىگەن ۋاقىتتا ياكى ھازىرلا: رەپىق ئاكا يېڭى ياساتقان بۇرۇتىنى مەمنۇنىيەت بىلەن سىلاپ قويدى. * – شۇنداق، مەن يېڭى كەلدىم، – دېدى ئۇ جاۋابەن. ⑭ رەۋ. قايتىدىن، يېڭىباشتىن: – مەن ئەمدى ئىشنى يېڭىدىن باشلاپ كۆرەي، – دېدى ئۇمۇ بوش كەلمەي.

**يېڭى ئاي** <ئاستر> ① ھىجرىيە ۋە مىلادىيە كالېندارىدىكى ئاي بېشى كۈنى. ② شۇ كۈنى كېچىسى كۆرۈنگەن ئاي، ھىلال ئاي.

**يېڭى ئەدەبىيات** <ئەد> ئېلىمىزنىڭ 4-ماي ھەرىكىتىدىن كېيىنكى ئەدەبىياتى. ئۇنىڭدىكى ئاساسىي ئېقىم جاھانگىرلىككە، فېئوداللىزمغا قارشى تۇرۇشنى ئاساسىي مەزمۇن قىلغان بولۇپ، ئەسەرلەردە رېئال تۇرمۇش ۋە كۈرەش كۆپرەك تەسۋىرلەنگەن ھەمدە خەلقنىڭ دېموكراتىك ئىنقىلابقا بولغان تەلپى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. ئۇ پرولېتارىيات رەھبەرلىكىدىكى كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ جاھانگىرلىككە، فېئوداللىزمغا قارشى مەدەنىيەت ھەرىكىتىنىڭ مەھسۇلىدۇر. لۇشۈن ئەسەرلىرى يېڭى ئەدەبىياتنىڭ گەۋدىلىك ۋەكىلى ھېسابلىنىدۇ.

**يېڭى باسقۇچ** بىرەر تارىخىي دەۋر ياكى شەيئىلەر تەرەققىياتىنىڭ دەسلەپكى ھالىتى، باسقۇچى.

**يېڭى بەت** بىرەر تارىخىي دەۋر ياكى شەيئىلەر تەرەققىياتىنىڭ دەسلەپكى دەۋرى، سەھىپىسى: يېڭى بەت ئاچماق.

**يېڭى بەت ئاچماق** يېڭى بىر ساھەگە ياكى ئايرىم بىر دەۋرگە قەدەم قويماق.

**يېڭى بىلەن كونىنىڭ ئالمىشىشى** <پەلس> يېڭى شەيئى بىلەن كونا شەيئىنىڭ ئورۇن ئالماشتۇرۇشى، يەنى كونا شەيئىنىڭ ھالاك بولۇشى ۋە يېڭى شەيئىنىڭ تۇغۇلۇشى.

**يېڭى پەدە** ① <مۇز> يېڭىدىن ئىجاد قىلىنغان ناخشا-مۇزىكىلار. ② كۆچمە. يېڭىچە ئۇسۇل، ئامال-چارە: يېڭى پەدىدە ئىش قىلماق.

**يېڭى پلاتونىزم** <پەلس> رىم ئىمپېرىيىسى ھالاك بولۇپ بېرىۋاتقان مەزگىللەردىكى ئەكسىيەتچىل سىرلىقلاشتۇرمىچىلىق

پەلسەپىسى، يەنى قۇلدار ئاقسۆڭەكلەرنىڭ ئىدېيىۋى سىستېمىسى. ئۇنىڭدا، پلاتوننىڭ «رېئال دۇنيا تۇيغۇدىن تاشقىرى بولغان ئىدراكى دۇنيانىڭ سايىسى» دېگەن ئىدېئالىستىك تەلىماتى ماددىي دۇنيا روھىي مەنبەدىن سىرلىق رەۋىشتە كەلگەن دەپ قارايدىغان شەكلىنى ئالغان.

**يېڭى پىكىر ئېقىمچىلار** <ئەد> XIX ئەسىرنىڭ ئاخىرى، XX ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ياپونىيىدە باش كۆتۈرگەن ئەدەبىي ئېقىم. بۇ ئېقىمدىكىلەرنىڭ روشەن ئەدەبىي تەشەببۇسلىرى يوق، ئەمما ئىجادىيەتتە ناتۇرالىستلارنىڭ ساپ ئوبيېكتىپچىلىق تەسۋىرلەش ئۇسۇلىغا قارشى تۇرىدۇ. ئەدەبىياتنىڭ غايىۋىلىكىدىنمۇ گۇمانلىنىدۇ، ئۇلار ئەدەبىي ئەسەرلەردە توقۇلما بولۇشقا، تېمىنىڭ كۆپ خىللىقىغا ئېتىبار بېرىپ، بەدىئىي ماھارەتكە، بەدىئىي شەكىلنىڭ مۇكەممەللىكىگە بەكرەك ئەھمىيەت بېرىدۇ.

**يېڭى تاش قورال دەۋرى** <ئارخېئول> تاش قورال دەۋرىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلى. بۇ دەۋردە ئىنسانلاز تاش قوراللارنى سىلىقلاپ ئىشلىيەلەيدىغان بولغان؛ كۇلالچىلىقنى كەشىپ قىلغان، شۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە دېھقانچىلىق ۋە چارۋىچىلىق كەسىپلىرىنىمۇ باشلىغان.

**يېڭى تاش قوراللار** <كېئول> پارچە تاشلاردىن ياپىلاقلاپ ياكى ياساپ مەلۇم شەكىلگە كەلتۈرۈلگەن ۋە ئىشلىتىشكە بولىدىغان تاش قوراللار. ئىنسانلارنىڭ يېڭى تاش قوراللارنى ئىشلىتىشى بۇرۇن ئىشلىتىش ئۈچۈن ياسىغان كونا تاش قوراللىرىغا سېلىشتۇرغاندا بىر تەرەققىيات. يېڭى تاش قوراللار مىس قوراللار بىلەن بىللە ئىشلىتىلگەن دەۋر ۋە برونزا دەۋرىگىچە ئىشلىتىلگەن. بەزى رايونلاردا تاكى يېقىنغىچە سىلىقلاپ ئىشلەنگەن تاش قوراللار ئىشلىتىلگەن.

**يېڭى تەنقىدچىلەر** <ئەد> XX ئەسىرنىڭ 20- يىللىرىدىن 50- يىللىرىغىچە ئەنگلىيە، ئامېرىكىدىكى ئەدەبىي تەنقىدچىلەر ساھەسىدە تەسىرى بىرقەدەر چوڭراق بولغان ئېقىم. بۇ ئېقىمدىكىلەر بەلگىچىلەرنىڭ ئېستېتىكىلىق نۇقتىئىنەزىرىدىن چىقىپ، ئەسەرنى مۇستەقىل، ئوبيېكتىپ بەلگە، سىرتقى دۇنيا بىلەن مۇناسىۋىتى يوق، ئۆز-ئۆزىنى تەمىنلەيدىغان ئورگانىك گەۋدە دەپ قارايدۇ؛ ئۇلار ئەدەبىياتنى ماھىيەتتە بىر خىل ئالاھىدە تىل شەكلى، تەنقىدنىڭ ۋەزىپىسى ئەسەرنىڭ يېزىقىنى تەھلىل قىلىش، ھەرقايسى بۆلەكلىرى ئوتتۇرىسىدىكى ئۆزئارا تەسىر قىلىش رولى ۋە يوشۇرۇن مۇناسىۋەتىنى تەتقىق قىلىش دەپ قارايدۇ. يېزىق مەنىلىرىنى تەھلىل قىلىش بۇ ئېقىمنىڭ ئوبزورچىلىقىدىكى ئاساسىي ئۇسۇلى.

**يېڭى توماسىزىم** <پەلس> كاتولىك دىنىي جەمئىيىتىنىڭ رەسمىي پەلسەپىۋى تەلىماتى. ئۇ ئوتتۇرا ئەسىر مەدرىسە پەيلاسوپى توماس ئاكۋىنانىڭ ئىلاھىيەت-ئىدېئالىزم سىستېمىسىنى تىرىلدۈرۈپ، ئۇنى جاھانگىر بۇرژۇئازىيىنىڭ ئېھتىياجىغا ماسلاشتۇرغان.

**يېڭى تۇيغۇچىلار** <ئەد> XX ئەسىرنىڭ 20- يىللىرىنىڭ بېشىدا ياپونىيىدە مەيدانغا كەلگەن ئەدەبىي

ئىقىم. بۇ ئېقىمدىكىلەر: كىشىلەر كۆرۈش سېزىمى، ئاڭلاش سېزىمى ئارقىلىق دۇنيانى بىلىدۇ ۋە دۇنيانى ئىپادىلەيدۇ دەپ قارايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار يېڭى ھېس-تۇيغۇ ئارقىلىق شەيئىلەرنى يېڭىباشتىن تونۇش ۋە ئۇنىڭدىن يېڭىچە تەسىرات ئېلىش، ئاندىن رېئاللىققا نىسبەتەن بەدىئىي ئىش قوشۇش كېرەك دەپ تەشەببۇس قىلىدۇ.

**يېڭى تۆتىنچى ئارمىيە** <ھەرب> جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى رەھبەرلىكىدىكى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئىنقىلابىي قوراللىق قوشۇن. ئەسلىدە قىزىل ئارمىيە پارتىزانلار ئەترىتى ئىدى، 1937-يىلى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش باشلانغاندىن كېيىن، يېڭى تۆتىنچى ئارمىيە قىلىپ ئۆزگەرتىلگەن. ئۇ ئوتتۇرا جۇڭگودا ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئاساسىي كۈچ بولغان، 3-قېتىملىق ئىچكى ئىنقىلابىي ئۇرۇش دەۋرىدە 8-ئارمىيە ۋە باشقا خەلق قوراللىق كۈچلىرى بىلەن بىرلىكتە جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى بولۇپ ئۆزگەرگەن.

**يېڭى تۈزۈلمە** <گېئول> يېڭى تۈزۈلمە ھەرىكىتى پەيدا قىلغان گېئولوگىيىلىك تۈزۈلمە. ئۇنىڭ ئەڭ ئاساسلىق ئالاھىدىلىكى شۇكى، شۇ جىنس قاتلىمىنىڭ ئۆزگىرىشىدە ئىپادىلىنىپلا قالماستىن، بەلكى يەر قىياپىتى ھالىتىدە بىۋاسىتە ئىپادىلىنىشى مۇمكىن.

**يېڭى تۈزۈلمە دەۋرى** <گېئول> يېڭى تۈزۈلمە ھەرىكىتىدە بارلىققا كەلگەن گېئولوگىيىلىك دەۋر.

**يېڭى تۈزۈلمە ھەرىكىتى** <گېئول> ھازىرقى زامان يەر شارائىتىنىڭ ئاساسىي ئالاھىدىلىكىنى پەيدا قىلىدىغان تۈزۈلمە تەسىرى. ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكى: ئومۇملۇققا ۋە رىتىملىققا ئىگە بولۇپ، ئەڭ ئاددىي ئىپادىلىنىش شەكلى تەۋرىنىش، يەنى قۇرۇقلۇق پەيدا قىلىش ھەرىكىتىدىن ئىبارەت.

**يېڭى تۈزۈلمشۇناسلىق** <گېئول> يەر پوستىنىڭ ئاخىرقى ۋە يېقىنقى مەزگىللىك تۈزۈلمىلىرى ۋە ئۇنىڭ تارىخىنى تەتقىق قىلىدىغان پەن. ئۇنىڭ تەتقىق قىلىدىغان مەزگىلى ئوتتۇرا يېڭىلىنىش ئېپوخىسىنىڭ ئاخىرىدىكى كېيىنكى 3-دەۋر ۋە 4-دەۋردۇر.

**يېڭى چىنلىق نەزەرىيىسى** <پەلس> جاھانگىرلىك دەۋرىدە ئەكسىيەتچىل ئىدېئالىستىك پەلسەپىدىكى بىر ئېقىم. XX ئەسىرنىڭ 20-يىللىرىدا پەيدا بولغان ۋە كەڭ تارقالغان. بۇ ئېقىمدىكىلەر ئىدېئالىزمغا قارشى تۇرۇش دېگەن ساختا شوئار ئاستىدا پەلسەپە ئىدېئالىزمنى قوغدايدۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇلار بىر خىل ئىدېئالىزمنى يەنە بىر خىل ئىدېئالىزمنىڭ ئورنىغا دەسسىتىدۇ.

**يېڭى دەۋر** <پەلس> مۇئەييەن ئىجتىمائىي فورماتسىيىنىڭ كونا ئىجتىمائىي فورماتسىيە ئورنىنى ئىگىلىگەن ياكى دەۋر بۆلگۈچ ئەھمىيەتكە ئىگە زور تارىخىي ۋەقەلەر ئارقىلىق يېڭىلانغان باسقۇچ: يېڭى دەۋر ئەدەبىياتى.

**يېڭى دەۋر ئەدەبىياتى** <ئەد> ئېلىمىزدە ئازادلىقتىن كېيىنكى ئەدەبىيات كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

**يېڭى دېموكراتىزم** <پەلس> جاھانگىرلىك ۋە پرولېتارىيات ئىنقىلابىي دەۋرىدە، مۇستەملىكە ۋە يېرىم مۇستەملىكە

ئەللەردىكى پرولېتارىياتنىڭ دېموكراتىك ئىنقىلابقا رەھبەرلىك قىلىشى توغرىسىدا يولداش ماۋزېدۇڭ ئوتتۇرىغا قويغان نەزەرىيە.

**يېڭى دېموكراتىك** يېڭى دېموكراتىزمغا ئائىت، يېڭى دېموكراتىزمغا ئاساسلانغان: يېڭى دېموكراتىك ئىقتىساد. يېڭى دېموكراتىك ئىنقىلاب.

**يېڭى دېموكراتىك ئىقتىساد** <س ئىق> سوتسىيالىستىك خاراكتېردىكى دۆلەت ئىگىلىكى رەھبەرلىك قىلغان، كۆپ خىل ئىگىلىك تەركىبلىرىدىن تەشكىل تاپقان ئۆتكۈنچى خاراكتېرلىك ئىقتىساد.

**يېڭى دېموكراتىك ئىنقىلاب** <تارىخ> جاھانگىرلىك ۋە پرولېتارىيات ئىنقىلابى دەۋرىدە، مۇستەملىكە، يېرىم مۇستەملىكە دۆلەتلەردە ئېلىپ بېرىلغان، پرولېتارىيات رەھبەرلىكىدىكى بۇرژۇئا دېموكراتىك ئىنقىلاب. دۆلىتىمىزدە 1919-يىلدىكى 4-ماي ھەرىكىتىدىن 1949-يىلغىچە داۋاملاشقان ئىنقىلاب يېڭى دېموكراتىك ئىنقىلابقا مەنسۇپ.

**يېڭى سىپىرىفىر** <بىئول> جەينەك پۇتلۇقلار تىپى، چېتىشمىلىقلار كلاسسىدىكى سىپىرىفىر ئەترىتىنىڭ بىر ئۇرۇقدىشى. قۇلۇلە تېنى توغرىسىغا كېڭەيگەن ئۈچ بۇرجەك شەكىلگە يېقىنراق كېلىدۇ. ئۇنىڭ چېتىشما سىزىقى تۈز ۋە ئۇزۇن بولۇپ، قېپىنىڭ ئەڭ كەڭ يېرى ھېسابلىنىدۇ. ئۇلار تاشكۆمۈر دەۋرىدىن پېرم دەۋرىگىچە دۇنيانىڭ ھەممە يېرىگە تارقالغان. مەملىكىتىمىزنىڭ تاشكۆمۈر سىستېمىسىدا ناھايىتى كۆپ، پېرم سىستېمىسىدىمۇ بايقالغان.

**يېڭى شەيئى** <پەلس> پەيدا بولۇۋاتقان ۋە راۋاجلىنىۋاتقان، ئىستىقباللىق، پۈتۈن جەمئىيەتنىڭ ياكى جەمئىيەتنىڭ مەلۇم تەرەپلىرىنىڭ تېز راۋاجلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرەلەيدىغان شەيئىلەر.

**يېڭى شۋاگېرىنا** <بىئول> فۇسۇلىنا ئەترىتىنىڭ بىر ئۇرۇقدىشى. قاسىرىقى چوڭ، ئېللىپس شەكىلدىن قوغۇن شەكىلگىچە بولىدۇ. قاسىرىقىنىڭ چەمبەرلىرى كۆپ ۋە زىچ بولۇپ، ئەڭ كۆپ بولغاندا يىگىرمىگىچە يېتىدۇ. ئايلانما پەردىسى زىچ قەۋەت ۋە ھەرە كۆنەكسىمان قەۋەتتىن تۈزۈلگەن. ئايرىش پەردىسى تىك بولۇپ، ئۇنىڭدا قاتار تۆشۈكچىلىرى بولىدۇ. ئايلانما ئومۇرتقىسى كەڭ ھەم قىسقا بولۇپ، تولۇق يېتىلگەن. دەسلەپكى پېرم دەۋرىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە ئاسىيا، ياۋروپا قىتئەلىرىگە، شىمالىي ئامېرىكىغا تارقالغان.

**يېڭى قاتلام تىپى** <بىئول> بۇزۇلغان ياكى تاشلىۋېتىلگەن كونا قاتلام تىپىنىڭ ئورنىغا دەسسىتىش ئۈچۈن، كېيىن يېڭىباشتىن تاللانغان قاتلام تىپى.

**يېڭى كانتچىلىق** <پەلس> XIX ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا پەيدا بولغان، بۇرژۇئا پەلسەپە مەزھەپلىرىدىن بىرى. ئۇنىڭدا كانت پەلسەپىسىدىكى ئەڭ رەزىل، ئەڭ ئەكسىيەتچىل، ئەڭ قاتمال، ئەڭ سۇبيېكتىپ ئىدېئالىزمچە تەركىبلەرنىڭ ھەممىسى قايتىدىن بىر سىستېما قىلىپ قۇراشتۇرۇلغان. تەنقىدنىڭ تىغ ئۇچى ماركسىزمغا قارىتىلغان.

**يېڭى كەلداخۇن** بىرەر جايغا باشقا يۇرتلاردىن يېڭى كەلگەن كىشى: مەن ھېلىقى يېڭى كەلداخۇننى تېپىپ، شۇنىڭغا قىلدۇرسام ئاسانراق بولىدۇ ئەمەسمۇ؟

**يېڭى گراماتىكچىلار ئېقىمى** <تىل> تىلشۇناسلىق ئېقىملىرىدىن بىرى،

XIX ئەسىرنىڭ 70 - يىللىرىدا شەكىللەنگەن. بۇ ئېقىمدىكىلەر تىلنىڭ ئۆزگىرىشى قائىدىلىك بولىدۇ دەپ قاراپ، جانلىق تىل (هازىرقى تىرىك تىل) ۋە دىئالېكتنى تەتقىق قىلىشقا ئەھمىيەت بېرىش تەكىتلىنىدۇ ھەمدە تىل ماتېرىياللىرىنى يىغىش ۋە ئۇنى ئانالىز قىلىشقا ئەھمىيەت بەرسمۇ، لېكىن ئىندىۋىدۇئال پسىخىكىلىق پائالىيەتلەر تىل تەرەققىياتىغا ئاساسىي سەۋەب بولغۇچى نەرسە دەپ قارايدۇ.

**يېڭى گېگېلچىلىق** <پەلس> XIX ئەسىردىكى بۇرژۇئا پەلسەپە ئېقىملىرىدىن بىرى، ئۇنىڭدا گېگېل پەلسەپىسىنىڭ ئەكسىيەتچىل تەرىپى پرىنسىپىنىڭ ئاساسى قىلىنغان. بۇ ئېقىمدىكىلەر گېگېلنىڭ ئوبيېكتىپ ئىدېئالىستىك سىستېمىسىنى سۇبيېكتىپ ئىدېئالىزم مەيدانىدا تۇرۇپ تەنقىد قىلىدۇ، گېگېل دىئالېكتىكىسىدىكى «ئەقىلغا مۇۋاپىق مېغىز» نى، يەنى تەرەققىيات ئىدىيىسىنى بىر چەتكە قايرىپ قويىدۇ ۋە ئۇنى سۇبيېكتىپ دىئالېكتىكىغا ئايلاندۇرۇپ قويىدۇ.

**يېڭى مەدەنىيەت ھەرىكىتى** <تارىخ> 4 - ماي ھەرىكىتىنىڭ ئالدى-كەينىدە دۆلىتىمىزدە ئېلىپ بېرىلغان مەدەنىيەت ئىنقىلابى ھەرىكىتى. ئۇنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى: كونىچە مەكتەپ باشقۇرۇش ۋە ئوقۇتۇشقا قارشى تۇرۇپ، يېڭىچە مەكتەپ باشقۇرۇش ۋە ئوقۇتۇشنى تەشۋىق قىلىش؛ پرولېتارىياتنىڭ يېڭىچە مەدەنىيىتىنى فېئوداللار سىنىپىنىڭ كونا مەدەنىيىتىنىڭ ئورنىغا دەسسىتىشنى تەشەببۇس قىلىش؛ پرولېتارىيات رەھبەرلىكىدىكى كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ ئىجتىمائىي پەن ۋە ئەدەبىيات-سەنئەت ساھەسىدە جاھانگىرلىككە ۋە فېئودالىزمغا قارشى دېموكراتىك مەدەنىيەت ھەرىكىتىنى ئېلىپ بېرىش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

**يېڭى مۇستەملىكىچىلىك** <پەلس> جاھانگىرلىكنىڭ كونا مۇستەملىكىچىلىك سىستېمىسى يىمىرىلىپ كېتىۋاتقان ۋەزىيەتتە يېڭىچە ئۇسۇل بىلەن يۈرگۈزۈۋاتقان مۇستەملىكىچىلىك سىياسىتى.

**يېڭى ھايات ئېرا تېمى** <گېئول> يېڭى ھايات ئېراسىدا شەكىللەنگەن يەر قاتلاملىرى.

**يېڭى ھايات ئېراسى** <گېئول> گېئولوگىيىلىك يىلنامىنىڭ 5 - ئېراسى، 67 مىليون يىل بۇرۇن باشلىنىپ ھازىرغىچە داۋاملاشقان. بۇ ئېرا ئۈچىنچى ۋە تۆتىنچى دەۋر دەپ ئىككى دەۋرگە بۆلىنىدۇ. بۇ ۋاقىتتىكى ئورگانىزملار ھازىرقى بىلەن ئاساسەن ئوخشىشىدۇ. ئومۇرتقىلىق ھايۋانلارنىڭ ئالاھىدىلىكى شۇكى، سۈت ئەمگۈچىلەر ئەۋج ئالغان ۋە تەرەققىي قىلغان بولۇپ، ئاخىرقى باسقۇچتا ئادەم ئەجدادلىرى پەيدا بولغان. ئۆسۈملۈكلەردىن يېپىق ئۇرۇقلۇقلار ئاساس قىلىنغان. دۆلىتىمىزنىڭ بۇ ۋاقىتتىكى يەر قاتلاملىرى ئاساسەن قۇرۇقلۇق تۇسىدىكى چۆكمىلەرنى ئاساس قىلىدۇ. بۇ ۋاقىتتا يۈز بەرگەن يەر پوستى ھەرىكىتى ھىمالايا ھەرىكىتى دېيىلىدۇ. شەرتلىك بەلگىسى K .

**يېڭى ئۇرۇقداشلىق** <بىئول> يېڭىدىن نام بېرىلىپ، رەسمىي ئېلان قىلىنغان ئۇرۇقداشلىق.

**يېڭى ئۈچىنچى دەۋر** <گېئول> ھايات

يېڭى ئېراسىنىڭ ئۈچىنچى دەۋرىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلى. بۇ دەۋرنىڭ داۋاملاشقان ۋاقتى 2-2+26 مىليون يىل. ئۇ ئوتتۇرا يېڭىلىنىش ۋە ئاخىرقى يېڭىلىنىش ئېپوخاسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ دەۋردىن باشلاپ جانلىقلار دۇنياسىنىڭ ئومۇمىي قىياپىتى ھازىرقى زاماندىكىگە تېخىمۇ يېقىنلاشقان. سۈت ئەمگۈچىلەر تېخىمۇ كۆپەيگەن، تېنى چوڭايغان. دېڭىزدا ياشايدىغان ئومۇرتقىسىز ھايۋانلار ئىچىدە فورامىنىفېرلار تۈردىكى چوڭ تەڭگىسىمان قۇرت يوقىلىپ، ئۇنىڭ ئورنىنى كىچىك فورامىنىفېرلار ئالغان. ئۆسۈملۈكلەر دۇنياسىدا يۇقىرى دەرىجىلىك ئۆسۈملۈكلەرنىڭ رايون سىستېمىسى ھازىرقى زاماندىكىدىن ئانچە پەرق قىلمايدىغان بولغان. تۆۋەن دەرىجىلىك ئۆسۈملۈكلەر تاتلىق سۇدا كۆپ بولغان. ئۆسۈملۈكلەرنىڭ جۇغراپىيىلىك رايونى ھازىرقى زامانىدىكىسى بىلەن يېقىنلاشقان.

**يېڭى ئۈچىنچى سىستېما** <گېئول> يېڭى ئۈچىنچى دەۋردە شەكىللەنگەن يەر قاتلاملىرى.

**يېڭى ئېنېرگىيە مەنبەسى** <جۇغ> يېقىنقى بىرقانچە يىلدىن بۇيان ئىنسانلار تەرىپىدىن پايدىلىنىشقا باشلىغان ياكى بۇرۇن پايدىلىنىپ، كېيىنچە باشقىسىغا ئورۇن بوشىتىپ بەرگەن، ھازىر يېڭىدىن پايدىلىنىۋاتقان ئېنېرگىيە مەنبەسى. مەسىلەن، ئاتوم ئېنېرگىيىسى، يەر ئىسسىقلىقى، دېڭىز-ئوكيان ئېنېرگىيىسى، قۇياش ئېنېرگىيىسى، پاتقاق گازى، شامال ئېنېرگىيىسى قاتارلىقلار.

**يېڭى يىل** <ئاستر> كالېندار ھېسابىدا داۋاملىشىۋاتقان يىل ئاياغلىشىپ، يېڭىدىن باشلانغان يىل ۋە شۇ يىلنىڭ بېشى، بىرىنچى كۈنى: ئۇلار يېڭى يىل مۇناسىۋىتى بىلەن ئۇلتۇرۇش قىلىۋاتقانىكەن.

**يېڭى يىل بايرىمى** مىلادىيە كالېندارى بويىچە ئاياغلاشقان كونا يىلنى ئۇزىتىپ، يېڭىدىن باشلانغان يىلنى كۈتۈۋېلىش يۈزىسىدىن، يىلنىڭ 1-كۈنى ئۆتكۈزۈلىدىغان بايرام.

**يېڭىباشتىن** رەۋ (يېڭى+باش+تىن) قايتىدىن، ئىككىنچى قېتىم، باشقىدىن: سادىرنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدى يېڭىباشتىن كۈچ-قۇۋۋەتكە تولغاندەك بولدى. * ئادىل يەنە بايىقى يەرگە چىقىپ، يېڭىباشتىن ئولتۇردى.

**يېڭىباشتىن گۇرۇپپىلاش** <فىز> مۇرەككەپ كۆپ جىسىم مەسىلىلەرنى ئۆزئارا تەسىر مەۋجۇت بولمىغان ياكى ئۆزئارا تەسىرى ئېتىبارغا ئېلىنمىسىمۇ بولىدىغان ئاددىي سىستېمىسىغا ئالماشتۇرۇپ، مۇرەككەپ كۆپ جىسىملىق ئېففېكتلارنى يېڭىباشتىن بەلگىلەنگەن ماسسا بىلەن باغلىنىشلىق كونستانتلارغا يىغىنچاقلاشنىڭ باسقۇچلىرى. ئاقار جىسىملار مېخانىكىسى ۋە كۋانت ئېلېكترودىنامىكىلىرىدا قوللىنىلىدۇ.

**يېڭىچە** رەۋ. ئىلگىرىكىگە ئوخشىمايدىغان ھالدا، يېڭى ئۇسۇلدا، يېڭى تەرتىپتە، يېڭى رەۋىشتە: شۇنداق، ئەمدى ھەممىنى پۈتۈنلەي يېڭىچە ئىشلەيدىغان گەپ. * مەن قوشنىلارنىڭ بۇنداق يېڭىچە ئۆزگىرىشىدىن ھەيران بولدۇم. // ئۇنىڭ يېڭىچە تۇرمۇش ئۇسۇلىغا بولغان ئىشتىياقى بارغانسېرى كۈچىيىپ كەتتى.

**يېڭىدىن** رەۋ. قايتىدىن، قايتا باشتىن، باشقىدىن: ئۇلار ئۆز تۇرمۇشىنى يېڭىدىن

باشلىماقچى.

**يېگىدىن-يېگى** بىر-بىرىدىن، يېڭى، ئەڭ يېڭى: ئۇنىڭ روھىي دۇنياسىغا سىڭىپ كەتكەن بۇ خۇلق ئۇنىڭغا ھەرجايدا يېگىدىن-يېگى تونۇش تېپىۋېلىش ئىمكانىيىتىنى بېرەتتى. * ئۇ ئۆزىمۇ بۇنداق يېگىدىن-يېگى خەۋەرلەردىن بىرئاز ۋەھىمىگە چۈشۈپ قېلىۋاتاتتى.

**يېگىراقتا** رەۋ. ئانچە ئۇزۇن ئۆتمەستە، تېخى يېقىندىلا، ھېلىلا: – يېگىراقتا ئىككى ئوغۇللىرى كېلىپ بېشى بىلەن قانتىنى يەپ كەتتى، – دەپ جاۋاب بېرىپتۇ قۇل.

**يېگىسار** ئى <جۇغ> شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى قەشقەر ۋىلايىتىدىكى بىر ناھىيىنىڭ نامى.

**يېگىسار پىچىقى** پىچاقنىڭ بىر تۈرى. تاق بىسلىق بولۇپ، قىلىچقا ئوخشاپراق كېتىدۇ، ساپاق تەرىپى راۋابنىڭ قۇلىقىغا ئوخشايدۇ، تولتىسى كۈمۈش ياكى ئۇنىڭ قېتىشمىلىرىدىن ياسىلىپ، يۈزىگە زىننەت ئۈچۈن سۆگەك ۋە ھەر خىل سۇلياۋلار قويۇلىدۇ. ئەسلىدە يېگىساردىن چىققانلىقى ئۈچۈن شۇ نام بىلەن ئاتالغان.

**يېگىش** «يەگمەك» سۆزىنىڭ يەنە بىر ئىسمىدىشى.

**يېگىش تاپماق** غالىب كەلمەك، يەگمەك، غەلىبە قىلماق: بۈگۈن كېچە ئۇلارنىڭ قارارگاھىغا تېگىش قىلايلى، ئەگەر يېگىش تاپساق ئاندىن بىرنەرسە دېيىشەيلى.

**يېگىشچان** سۈپ. غالىب، بولۇشقا، غەلىبە قىلىشقا ئىنتىلىدىغان؛ ھەممە ئىشتا توسالغۇلارنى يېگىپ ماڭىدىغان، يېگىلمەس: ئەللەي بالام، ئەللەي، ئاتا-بوۋاڭ كۈرەشچان. ئۆگەن شۇلار روھىنى، بول كۈرەشتە يېگىشچان. * ئوت يۈرەك، كۈرەشچان قىز، ئىرادەڭ زور يېگىشچان قىز.

**يېگىشمەك** «يەگمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار ھەممىسى ئۆز دۈشمەنلىرىنى يېگىشىپ، غالىب ئاتالغانلاردۇر.

**يېگىلاتماق** «يېگىلمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**يېگىلاش** ① «يېگىلماق» پېئىلىنىڭ يەنە بىر خىل ئىسمىدىشى. ② <ئورم> كېسۋېتىلگەن ياكى كۆيۈپ بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغان ئورمانلار ئورنىغا قايتىدىن دەل-دەرەخ تىكىپ يېڭىچە ئورمان بەرپا قىلىش.

**يېگىلاش، ئۆزگەرتىش فوندى** <س ئىق> مەملىكىتىمىزنىڭ دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلىرىدا، مۇقىم مۈلۈكلەرنى يېگىلاش، تېخنىكىلىق ئۆزگەرتىش ۋە ئۇنىڭ تېخنىكا تەدبىرلىرىگە ئىشلىتىلىدىغان بىر تۈرلۈك مەخسۇس فوند.

**يېگىلاشماق** «يېگىلماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**يېگىلانماق** ① «يېگىلماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: شىرە ئۈستىدىكى سەي-زاكۇسكىلار يېگىلاندى. * ئۇ يولدا كېتىۋېتىپ هارۋا شوتىسىنىڭ يېگىلىنىپ قالغانلىقىغا كۆزى چۈشتى. ② «يېگىلماق» پېئىلىنىڭ ئۆزلۈك دەرىجىسى: ئەللىك يىلدا ئەل يېگىلىنىپتۇ، يۈز يىلدا قازان (ماقال). * يەنە بىر كۈن يېگىلاندى.

**يېگىلتەك** سۈپ. مۇقىم مەيدان، ئېتىقادى يوق، تۇتۇرۇقسىز، تۇتامى يوق، تايىنى يوق: ئېيتىڭا ئەزىزىخان، سىلەر ئاياللارنىڭ كۆڭلى شۇنداق يېگىلتەك بولامدۇ؟

**يېگىلمەس** سۈپ. قەتئىي يېگىلمەيدىغان، ھېچقانداق توسقۇنلارغا توسۇلمايدىغان؛ غالىب، ھەرقانداق ئىشتا غەلىبە قىلىدىغان:

بەزى ھۆۋلار يىراقتىن جۇدۇن، چېقىپ ئۆتەر ئاچچىق شىۋىرغان. مەزمۇت تۇرار چېگرىچى ھامان، يېڭىلمەس كۈچ-قۇدرەتكە تولغان.

**يېڭىلمەس قوشۇن** <تارىخ> چىڭ ھۆكۈمىتى ئەنگلىيە-ئامېرىكا تاجاۋۇزچىلىرى بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ تەشكىللىگەن ئەكسىيەتچى قوراللىق تەشكىلات. 1862-يىلى قۇرۇلۇپ، تەيپىڭ تيەنگو ئىنقىلابىنى غالجىرلىق بىلەن باستۇرغان. 1864-يىلى تارقىتىۋېتىلگەن.

**يېڭىلمەسلىك** «يېڭىلمەس» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى.

**يېڭىلمەك** «يەڭمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: بىز مۇسابىقە جەريانىدا ياخشى ماسلىشالمىدۇق، شۇڭا ئاخىرى يېڭىلدۇق. * پادىشاھ لەشكەرلىرى يېڭىلىپ، ھەممە نەرسىلىرىنى تاشلاپ شەھەرگە قاچتى.

**يېڭىلىشسىز** سۈپ. ھېچقانداق خاتا، سەۋەنلىكى يوق، ئەيىب-نۇقساندىن خالىي، توغرا، يۈزدەيۈز ھەق، مۇكەممەل: يېڭىلىشسىز گەپ. يېڭىلىشسىز يول.

**يېڭىلىشلىق** ئى. خاتالىق، سەۋەنلىك، ئەيىب ياكى گۇناھ: — سۆزىڭىزدە يېڭىلىشلىق بار، قۇشبېگى! — دېدى ئۇ ئورنىدىن تۇرۇۋېتىپ. * ئۇنىڭ خېتىدىن قارىغاندا بىرمۇنچە يېڭىلىشلىق ئۇنىڭدىنمۇ ئۆتكەن ئوخشايدۇ.

**يېڭىلىشماق** پ. خاتالاشماق، سەۋەنلىك سادىر قىلماق، خاتالىق ئۆتكۈزمەك؛ خاتا قىلماق: — توختاڭ، توختاڭ، سىز يېڭىلىشپسىز، — دېدى كاتىپ ۋە كۈلۈمسىرىدى، — بۇ ئىش شۇجىسىزمۇ ھەل بولىدۇ. * ئۇ ئۆزىنىڭ يېڭىلىشقانلىقىنى قىلچىمۇ سەزمىدى.

**يېڭىلىق** ① «يېڭى» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: ئۇ خېنىم ھەدەپ كىيىملىرىنىڭ يېڭىلىقىنى كۆز-كۆز قىلىۋاتاتتى. ② ئى. ئىلگىرى بولمىغان، يېقىندا كۆرۈلگەن نەرسە ياكى ھادىسە، يېڭى ئەھۋال، يېڭى ھادىسە: مەن مەركىزىي ئاشخانىغا بېرىپ قايتقۇچە كۆندە مىڭ خىل يېڭىلىقنى كۆرىدىغان بولدۇم. ③ ئى. يېقىندا ئاڭلانغان، يېڭى بولغان ھادىسىلەر ھەققىدىكى خەۋەر، ئۇچۇر، يېڭى خەۋەر، يېڭى مەلۇمات: شاراپەت ئۇنىڭغا كۆپ يېڭىلىقلار ھەققىدە سۆزلەپ بەردى. * — كەلگىنىڭىز ناھايىتى ئوبدان بولدى، — دەپتۇ زەرگەر دوستىغا، — قېنى دەڭا، شەھەردە نېمە يېڭىلىق، نېمە خۇش خەۋەرلەر بار؟ ④ ئى. جان‌ت. ئەتىيازدا ھەممىدىن بالدۇر پىشىدىغان مېۋىلەرنىڭ ئەڭ دەسلەپكى پىشقان مېۋىسى، ئادەتتە ئاساسەن ئۈجمە قاتارلىق مېۋىلەرگە قارىتا ئېيتىلىدۇ: — دادا، ساڭا يېڭىلىق ئېلىپ كىردىم، — دېدى ئۇ قولىدا كۆتۈرۈۋالغان بەش دانە ئۈجمىنى كۆرسىتىپ.

**يېڭىلىق تۇتماق** ئەتىيازدا ئەڭ دەسلەپ پىشقان مېۋىلەرنى ياكى دەسلەپكى تەييارلانغان كۆك چۆچۈرىسى، كۆدە مانتىسى، قاپاق مانتىسى قاتارلىقلارنى تۇغقانلار ياكى يېقىن ئەل-ئاغىنىلەرگە سوۋغا قىلماق.

**يېڭىلىق ياراتماق** بۇرۇن بولۇپ باقمىغان، خەلقئالەمگە پايدا-مەنپەئەت يەتكۈزىدىغان بىرەر يېڭى نەرسە ياراتماق، خەلققە پايدىلىق يېڭى ئىشلارنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرمەك: ئالغا باسىمىز، يېڭىلىق يارىتىمىز، يېزىمىزنى تەرەققىي قىلدۇرىمىز!

**يېڭىلىقپەرۋەر** سۈپ. يېڭىلىققا ئىنتىلگۈچى، يېڭىلىق يارىتىش تەرەپدارى، يېڭىلىقنى ياقلىغۇچى: يېڭىلىقپەرۋەر ياش سەيپۇڭ

ئۇستىلار قىزنىڭ قاملاشقان بەستىگە، ياراشقان كىيىمگە قاراپ، ئۆز ھۈنىرىنى نامايان قىلغۇدەك كىيىملەرنى تىكىپ، ئۇنىڭغا كىيدۈرۈپ، مودا قىلغۇسى كېلەتتى.

**يېڭىلماق** پ. بۇرۇنقىسىنى يېڭى نەرسىگە ئالماشتۇرماق، بۇرۇنقىسىنىڭ ئورنىغا يېڭىسىنى قويماق؛ يېڭى قىلماق. يېڭى ھالەتكە كەلتۈرمەك: ھەر ھالدا ئوقتىم يامان ئەمەس، خۇداغا شۈكرى، تەن سالامەتلىكىمۇ ياخشىلاندى، كىيىم-كېچەكلىرىمنىمۇ يېڭىلىۋالدىم. * سەيلىخان ئاچا پات-پات پىيالىلەردىكى چايلارنى يېڭىلايتتى.

**يېڭىياچە** رەۋ. يېڭىدىن، ئەمدىلا، تۇنجى قېتىم، ھەم يېڭىلا: ئۇ ھوشىغا كەلگەن چاغدا، ئۇنىڭغا گويا ئۇزاققا سوزۇلغان ئېغىر كېسەلدىن يېڭىياچە تۇرغاندەك بىلىندى. * قەنتىم بارغۇ، قەنتىم بار، يانچۇقۇمدا قەنتىم بار. يېڭىياچە يار تۇتتۇم، ئايرىلماسقا شەرتىم بار.

**يېڭىياچىلىق** ئى. ئىشنىڭ دەسلەپكى باسقۇچ-ھالىتى، يېڭى باشلىنىشى: — ئۆيىنى مۇشۇنچىلىكرەك قىلىۋالدۇق، — دېدى ئۇ قويۇۋېتىپ، — يېڭىياچىلىق، بىردەم پاراڭلىشايلى.

**يېڭى-يېڭى** «يېڭى» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى: ئۇلار كەلگۈسى ھاياتنى قانداق ئۆتكۈزۈش ھەققىدە يېڭى-يېڭى پىلانلارنى تۈزۈشەتتى.

**يېلىك** سۈپ. نېپىز، يۇپقا: يېرىم باينىڭ ياتقۇسى كەلمەس، كىيىمى يېلىكنىڭ قوپقۇسى (كەلمەس) (ماقال). * ھەسەن بەدىردىن ئۇزۇقمۇ ئالماي، يېلىك چاپاننى سىيلىپ بېشىغا يۆگەپ، شەھەر تاشقىرىسىغا قاراپ يۈگۈرۈپتۇ.

**يېلىك-يالىڭاچ** يېلىك ۋە يالىڭاچ، يېلىك ۋە يالىڭاچ دېگۈدەك: ئۇلار يېلىك-يالىڭاچ ھالدا بىر-بىرىنى يۆلىشىپ يولغا چىقىپتۇ. * بالىلىرىم يېلىك-يالىڭاچ، ئۇلار پۇلنى يەنىلا بەرمىدى، ئاچچىقىمدا مانا ئەمىسە دەپ بىر كادىرنىڭ كانىيىنى بوغدۇم.

**يېلىك-يوپۇق** كىيىم-كېچەكلىرىنىڭ تايىنى يوق، تۈزۈك ئۈستىبېشى يوق، يېلىك-يالىڭاچ: ئۈچ جان ئادەم مەسچىتنىڭ بىر بولۇڭىغا تىقىلىپ، ئاچ-زېرىن، يېلىك-يوپۇق ئۆتۈشكە باشلىدى. * ئەمدى ئۇلار بۇرۇنقى ئاشۇ نامرات، يېلىك-يوپۇق تۇرمۇشنى ئۇنتۇپتۇمۇ؟

**يېلىم** ئى. ① دەرەخنىڭ غولى ياكى شاخلىرىدىن سارقىپ چىقىپ قېتىپ قالىدىغان بىر خىل يېپىشقاق نەرسە: جىگدە يېلىمى. ئۆرۈك يېلىمى. شاپتۇل يېلىمى. * ئۇ ھەتتا بىر جىگچە جىگدە يېلىمىمۇ ئەكەپتۇ. ② نەرسىلەرنى بىر-بىرىگە ئۇلاش، بىرىكتۈرۈش، چاپلاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان يېپىشقاق سۇيۇقلۇق: يېلىم تەييارلىماق. يېلىم سۈركىمەك. يېلىم چاپىماق.

**يېلىم چاپىماق** جىگدە يېلىمىنى سوقۇپ، سۇدا ئېرىتىپ باشقا چاپىماق، چاچقا سۈركىمەك (ئاياللارغا قارىتا ئېيتىلىدۇ).

**يېلىم نەيچىسى** <بوت> بەزى ئۆسۈملۈكلەرنىڭ غولىدىكى يېلىم ئېقىپ چىقىدىغان ئۇششاق نەيچە.

**يېلىمى ئېرىمەك** بۇرۇنقى قاتتىق پوزىتسىيىسى يۇمشىماق، بىرەر ئىشقا قارىتا بۇرۇنقى قەتئىي قارارىنى ئۆزگەرتمەك: بىرقانچە كۈندىن كېيىن جاسارەت ئادىلنى چاقىرىپ ھېلىقى پىلان بويىچە ئىش باشلاشنى تەكلىپ قىلدى، ئادىلنىڭ يەنە يېلىمى ئېرىشكە باشلىدى.

**يېلىمسىمان** سۈپ. يېلىمغا ئوخشاش، يېلىم

ھالىتىدىكى: يېلمسمان ئوتتۇرا قەۋەت.

**يېلمسمان ئوتتۇرا قەۋەت** <بىئول> ① ئىككى قوشنا ھۈجەيرىنىڭ ئارىلىقىدىكى قەۋەت. ئۇ پېكتىن خىلىدىكى ماددىلاردىن تەركىب تاپقانلىقتىن، ھۈجەيرىلەرنى ئۆزئارا يېپىشتۇرۇش ھەمدە ھۈجەيرىلەر ئارىلىقىدىكى بېسىمنى تەڭشەش رولىنى ئوينايدۇ. ② كاۋاك ئىچلىك ھايۋانلارنىڭ تەن دىۋارىنىڭ ئىچكى، تاشقى تېرەلمە قەۋىتى ئارىلىقىدىكى ھۈجەيرە تۈزۈلۈشى بولمايدىغان بىر قەۋەت ماددا.

**يېلملاتماق** «يېلىملىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**يېلملاشماق** پ. يېلىم تۇتماق ياكى يېلىمغا ئايلانماق، يېلىم بولماق.

**يېلملىماق** پ. يېلىم سۈرتمەك، يېلىم سۈركىمەك؛ يېلىم بىلەن يېپىشتۇرماق، چاپلىماق.

**يېلىن** ئى <ئانات> ئايال كىشى ياكى سۈت ئەمگۈچى چىشى ھايۋانلار تېنىدە بولىدىغان سۈت ئاجرىتىش ئورگىنى، سۈت بېزى ۋە ئەمچەك.

**يېلىن خالتىسى** <ئانات> ئايال كىشى ياكى سۈت ئەمگۈچى چىشى ھايۋانلار تېنىدىكى سۈت بېزىنى ئوراپ تۇرىدىغان خالتىسمان تۈزۈلۈش؛ ئەمچەك.

**يېلىن سالماق** تۇغىدىغان ھايۋانلارنىڭ يېلىنى يوغىنىماق، تولماق: كېلىننى كەلگەندە كۆرۈڭ، يېلىننى سالغاندا كۆرۈڭ (ماقال).

**يېلىنجاتماق** «يېلىنجىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: سەن ئاشۇ چولپاننى يۈرەك ئوتۇڭ بىلەن يېلىنجىتىپ، بۇ زېمىننى ھامان ئۆمىدلەندۈرۈپ كەلگەن گۈزەل سۈبھى بولدۇڭ.

**يېلىنجىماق** پ ① يالقۇنلىماق، يالقۇنلاپ ئىسسىق تەپتى ئەتراپقا تارالماق، كۈچلۈك ئىسسىقلىق تارقاتماق: ئۆگزىسى پاخال بىلەن يېپىلغان لەمپە ئاستىدىكى يېلىنجاپ تۇرغان گۈلخان يېنىدا ئۈچ ئەسكەر ئولتۇراتتى. * ئۇلار گۈگۈم چۈشۈشى بىلەنلا يىراقتا ئوت يېلىنجاۋاتقانلىقىنى كۆردى. ② ئىسسىقتىن تاۋلانماق، قۇياش نۇرىدا يالتىراپ كۆرۈنمەك: يەتتىنچى ئاي، ياز قۇشى كۆپكۆك ھاۋادا، يېلىنجايدۇ ياز ئاپتىپى تاغدا-دالادا. كۆن ئۆرلىگەنسېرى ھاۋا تىنچىپ كەتتى، ئەتراپ خۇددى تونۇردەك يېلىنجايتتى. ③ كۆچمە. كۆچەيمەك، تېخىمۇ ئۇلغايماق، ئەۋجگە چىقماق، يۇقىرى پەللىگە يەتمەك: قەلبىمدىكى بۇ ئەزىز تۇپراققا بولغان سۆيگۈ ئوتى باشقىچە يېلىنجىدى. * تىنچىمايدۇ ئاتلار دۈپۈرى، ئاۋۇللارنىڭ كۈلكە-شاۋقۇنى. يۈرەكلەردە يېڭى ھاياتقا، يېلىنجايدۇ ئىشق يالقۇنى.

**يېلىندۇرماق** «يېلىنماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**يېلىنسمان** پ. شەكلى يېلىنغا ئوخشاش، يېلىن شەكىللىك: ئۇ كۆپىنچە ئۆزۈمسمان، بۆرەكسمان، يېلىنسمان، كاللەك توپسمان قوراماق ھالەتتە بولىدۇ.

**يېلىنلىق** سۈپ. يېلىنى بار؛ يېلىنى يوغان، سۈتى كۆپ: يېلىنلىق ئىنەك.

**يېلىنلىماق** پ. يېلىن سالماق، يېلىنى يوغىناپ تولماق، يېلىنى چوڭايماق.

**يېلىنماق** پ. يالۋۇرماق، ئىلتىجا قىلماق، بىچارىلەرچە ياردەم تەلەپ قىلماق: ھالى يەتمىگەن خۇداغا يېلىنار (ماقال). * ئەگەر مەرھۇم ئېرىم ھايات بولغاندا ئىدى، بۇ مۇتتەھەمگە قىلچە يېلىنمايتتىم. * ئۇ ئۆزىنى بوۋاينىڭ ئاياغلىرىغا تاشلاپ، يېلىنغىنىچە

كۆزلىرىدىن ياش تۆكۈپتۇ.

**يېلىنىپ-يالۋۇرۇپ** يېلىنىپ ھەم يالۋۇرۇپ: مەن ئۇنىڭغا ھەممە ئەھۋالنى چۈشەندۈرۈپ، يېلىنىپ-يالۋۇرۇپ تۇرۇۋالدىم. * ئامالسىز قالغان جادۇگەر بوۋايغا يېلىنىپ-يالۋۇرۇشقا باشلاپتۇ.

**يېلىنىشماق** «يېلىنماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**يېمەك** I ئى. يەيدىغان نەرسە، يېگىلى بولىدىغان ياكى يېيىش ئۈچۈن تەييارلانغان نەرسە، يېگۈلۈك: يېمەك يېيىشتىن ئىلگىرىلا ياكى يېمەكتىن كېيىنلا ئۇسسۇزلۇق ئىچىش ئانچە ياخشى ئەمەس. * — بىر گېپىم بار دەۋالاي، — دەپتۇ ئېشەك، — رازىمەن ئاندىن مېنى قىلساڭ يېمەك.

**يېمەك** II پ ① تاماق ئىستېمال قىلماق، يېمەك-ئىچمەك بىلەن قورساق توقلىماق، غىزالانماق، تاماقلانماق: توخۇنى ئوغرىلىغانمۇ ئوغرى، تۇخۇمنى يېگەنمۇ ئوغرى (ماقال). * ئاش كەلسە يە، سۆز كەلسە دە (ماقال). * ئۇلار تاماقنىمۇ ناھايىتى تويۇپ يەپتۇ. ② تىرىكچىلىك ياكى ئەيش-ئىشرەت ئۈچۈن سەرپ قىلماق، خەجلىمەك، ئىشلەتمەك: ئاتىسى ئۆلگەندىن كېيىن خاقانىڭ ئوغلى ئەلى نۇرىدىن ھەممە بار-يوقنى سېتىپ يېدى. * ئارپا تاپساڭ ئاتقا بەر، سامان يېسۇن كالىلار. پۇلنى تاپساڭ ئۆزەڭ يە، ئىشلەپ يېسۇن باللار. ③ باشقىلارنىڭكىنى ئۆزىنىڭ قىلىۋالماق، خەقنىڭ ھەققىنى قانۇنسىز ھالدا ئۆزىنىڭ قىلىۋېلىپ، ئۆز ئىشلىرى ئۈچۈن سەرپ قىلماق، ئۆزىنىڭ ئىشى ئۈچۈن ئىشلىتىۋالماق: پارا يېمەك. * ئۇ شۇنچىۋالا كۆپ پۇلۇمنى يەپ، تېخىچە بۇ ئىشىمنى ھەل قىلىپ بەرمەيۋاتىدۇ. ④ كۆچمە. كاردىن چىقارماق، يوقاتماق، ئۆلتۈرمەك، سەپتىن چىقارماق: پۇقرا يۇمشاق بولسا «ئۇلۇغ» يەيدۇ، ياغاچ يۇمشاق بولسا قۇرت يەيدۇ (ماقال). * مۇزەپپەر دېگەن بۇ جاللات ئاخىرى سېنى يەپ قويىدۇ. * ئاتاڭمۇ يوق، ئاناڭمۇ يوق، ئەللەي بالام، ئەللەي. يېدى ئۇنى زالىملار، ئەللەي بالام، ئەللەي. ⑤ ئادەمنى زەخمىلەندۈرەلەيدىغان ھەم كۆرگىلى، تۇتقىلى بولىدىغان نەرسىلەرنىڭ نامى بىلەن بىللە كېلىپ «شۇ نەرسە بىلەن ئۇرۇلماق، تىلىنماق، زەخمىلەندۈرۈلمەك؛ شۇ نەرسىنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرىماق، زەربىسىگە ئۇچرىماق» دېگەندەك مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ: تاياق يېمەك. كالتەك يېمەك. خەنجەر يېمەك. مۇشت يېمەك. كاچات يېمەك. ئوق يېمەك. پىچاق يېمەك. دەررە يېمەك. پەشۋا يېمەك. ⑥ كۆز بىلەن كۆرگىلى، قول بىلەن تۇتقىلى بولمايدىغان، ئەمما ئادەم ياكى نەرسىلەرگە مەلۇم دەرىجىدە زىيان ياكى پايدا ئېلىپ كېلەلەيدىغان نەرسىلەرنىڭ نامى بىلەن بىللە كېلىپ «شۇ نەرسىنىڭ زەربىسى ياكى ھۇزۇرىغا ئۇچرىماق، زىيىنى ياكى پايدىسىنى كۆرمەك، شۇ نەرسىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىماق» دېگەندەك مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ: سوغۇق يېمەك. شامال يېمەك. ھاۋا يېمەك. ئۇشۇك يېمەك. تولغاق يېمەك. دەككە يېمەك. ⑦ كىشىنىڭ روھىي دۇنياسى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان ئىسىملار بىلەن بىللە كېلىپ، شۇ ئىسىم بىلدۈرگەن ھالەتكە مۇپتىلا بولۇشنى، شۇنداق ھالەتتە ئۇزۇن مۇددەت تۇرۇشنى بىلدۈرىدۇ: غەم يېمەك. پۇشايمان يېمەك. ئازار يېمەك. ئارمان

يېمەك. ۋەھىمە يېمەك. * ئۇ كىشى ھازىر باش سەركەردە، ئۇزۇندىن بېرى ئۆزلىرى بىلەن كۆرۈشسەم دەپ كېچە-كۈندۈز ئارزۇلىرىنى يەيدۇ. ⑧ «گەپ» سۆزى بىلەن بىللە كېلىپ «ئالماق، قوبۇل كۆرمەك، ماقۇل بولماق، قوشۇلماق» دېگەندەك مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ: بۇ يەردە ھېچكىم ھېچكىمنىڭ گېپىنى يېمەيتتى، ھەممىنىڭ خىيالى بىر يۇتۇم بولسىمۇ، ئۆز يېرىگە كۆپرەك سۇ ئېلىش، بىر مىنۇت بولسىمۇ بۇرۇنراق سۇ تۇتۇشتا ئىدى. ⑨ تېرە ئاشلاشتا ئىشلىتىلىدىغان ئاش بىلەن بىللە كېلىپ ئۇنى پېئىللاشتۇرۇپ «ئاشلانماق» مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ: توڭگۇز تېرىسى سېسىقلىقىدىن ئاش يېمەس، ئادەم تېرىسى ئۇلۇغلۇقىدىن (ئاش يېمەس) (ماقال).

**يەپ قويماق** ① باشقىلارنىڭ مەنپەئىتىنى ئۆز ئىشى ئۈچۈن سەرپ قىلىۋەتمەك، كىشىنىڭ ھەققىنى ئۆز ئىشى ئۈچۈن ئىشلىتىۋەتمەك: — ئۇ پۇلدىنمۇ ئازراق يەپ قويۇپسەن-دە، — دېدى ئۇ سەمەتكە. ② بۇرۇن ئۆگەنگەن، بىلىۋالغان نەرسىنى ئۇنتۇپ قالماق، بۇرۇن بىلگەن نەرسىسىنى بىلمەيدىغان بولۇپ قالماق، ئۇنتۇپ قالماق: — سەمەت سىز قۇرئاننى يەپ قويغانسىز-ھە؟-دېدى ئۇ سەمەتكە سوئال نەزىرى بىلەن قاراپ. — ياقەي، — دېدى سەمەت جاۋابەن، — بىرئاز كۆرۈۋالسام، يەنىلا بۇرۇنقىغا ئوخشاش ئوقۇۋېرىمەن.

**يەپ كەتمەك** ① ھارام ئىستېمال قىلىۋالماق، كىشىنىڭ ھەققىنى ئىشلىتىۋالماق، باشقىلارنىڭكىنى ئۆزىنىڭ قىلىۋالماق: ئۇھ، ئەجەب قوي ئىدى... ئۇلار يەپ كېتىشتى، خۇددى مۇشۇك بالىسىنى يېگەندەك يەپ كېتىشتى. ② بۇرۇن ئۆگەنگەن ھەم بىلىپ بولغان نەرسىنى ئۇنتۇپ قالماق، بىلەلمەيدىغان بولۇپ قالماق، ئۇنتۇپ كەتمەك: ئۇ ئۇزۇن مۇددەت ئۆز كەسپىنى ئىشلەتمىگەچكە، مەكتەپتە ئۆگەنگەنلىرىنى ئاساسەن يەپ كەتكەنىدى. ③ نابۇت قىلماق، يوقىتىۋەتمەك، ئۆلتۈرۈۋەتمەك: — يوقسۇ، بۇنىڭ دادىسىمۇ شۇڭقار ئىدى، بىراق كاچ زامانىنىڭ ئاچ كۆز ھۇقۇشلىرى يەپ كەتتى،—دېدى ئانا.

**يەمسە ياق** يېمەك-ئىچمەكلەرنىڭ ناھايىتى مول بولۇپ كەتكەنلىكىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

**يەمسە يوق** ← **يەمسە ياق**: ئۇ بوگۇنكىدەك ھېيت-ئايەم كۈنلىرىدە ئاپپاق خوجا مازىرىدا يەمسە يوق بولۇپ كېتىدىغان نەزىر-نۇسرەت، زارا خەتمىلەرنى ئېسىگە ئالدى.

**يېگەن تۇزىنى ئاقلىماق** ئېرىشكەن ياخشىلىققا جاۋابەن لايىقىدا ئىش قىلماق، ياخشىلىققا ياخشىلىق قىلماق: — خەلقنىڭ ئۈمىدىنى، يېگەن تۇزۇڭلارنى ئاقلايدىغان پۇرسىتىڭلار كەلدى، — دەپ ۋارقىرىدى سادىق داموللام.

**يېگەن ئېشى ئاش بولماسلىق** يېگىنى سىڭمەسلىك، مەنپەئەت قىلماسلىق؛ كۆڭلى تىنماسلىق: ئىشچىلار ئارىسىدا ئۇنى «كۈندە بىر قېتىم ئۇرۇشمىسا، يېگەن ئېشى ئاش بولمايدۇ...» دەپ تىللايدىغانلارمۇ بار ئىدى.

**يېگەن ئېشى مەيدىسىگە تەپمەك** تۇزكورلۇق قىلماق، ئاش بەرگەنگە مۇشت بەرمەك.

**يېگەن ئېغىز ئۇيىلىدۇ** باشقىلاردىن پايدىغا ئېرىشكەندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ يامان گېپىنى قىلىشقا ياكى ئۇلارنىڭ

مەنپەئىتىنى زىيانغا ئۇچرىتىشقا ئادەم خىجىل بولىدۇ، يۈزى چىدىمايدۇ: – يېگەن ئېغىز ئۇيىلىدۇ، دېگەن گەپ راست ئىكەن، – دەپ قاقاھلاپ كۈلدى مامۇت.

**يېگىلى ئېغىز يوق** تۇرمۇشنىڭ ناھايىتى باياشات، توقچىلىق ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ: ئۆي دېگەندە قاپاق-قاپاقتا ياغ، يېگىلى ئېغىز يوق، قۇيماقنى تولا يەپ زېرىكىپ كەتتىم.

**يېگىنى تېنىگە سىڭمەسلىك** ← **يېگەن ئېشى ئاش بولماسلىق.**

**يېگىنى چىرايىغا چىقمايدىغان** سەمرىمەيدىغان، خۇددى ھېچ نەرسە يېمەيدىغاندەكلا كۆرۈنىدىغان، ئاۋاق، ئورۇق: – سالام دېگەن يېگىنى چىرايىغا چىقمايدىغان جاغدا بىرنېمە، – دېدى ئۇ تېخىمۇ قاتتىق ئاۋازدا.

**يېگىنى زەھەر، كىيگىنى كېپەن بولماق** زەھەر يۇتقاندەك، كېپەنگە ئورالغاندەك ھېس قىلماق، قاتتىق ئازابلانماق، قاتتىق قىينالماق: –ئوغلۇم سېنىڭ ئىشق دەردىڭدە ئۆرتەندى، ئۇزۇندىن بېرى يېگىنى زەھەر، كىيگىنى كېپەن بولدى، سېنى ئەمدى قولغا كەلتۈردۈم، ھازىردىن باشلاپ سەن ئوغلۇمنىڭ بولدۇڭ، – دەپتۇ جادۇگەر پەرىزاتقا.

**يېگىنى ئوغا، كىيگىنى كېپەن بولماق** ← **يېگىنى زەھەر، كىيگىنى كېپەن بولماق:** – يۇرتقا بارالماي، يېگىنىم ئوغا، كىيگىنىم كېپەن بولۇپ، بىر كۆزۈم ياش، بىر كۆزۈم قان يۈرۈپتىمەن، – دېدى ئۆي ئىگىسى.

**يېگىنى ئېغىزىدا، يۇتقىنى كارنىيىدا قالماق** قاتتىق خۇشاللىق ياكى تاسادىپىي شۇم خەۋەردىن نېمە قىلارىنى بىلەلمەي قالماق، قاتتىق ھاياجانلانماق، ھاڭ-تاڭ قالماق: بۇ خەۋەر بىلەن قاتتىق تەقەززالىق ئىچىدە تۇرۇۋاتقان مىرشەپ بېگى جۇمەنىڭ يېگىنى ئېغىزىدا، يۇتقىنى كانىيىدا قالدى.

**يېگىنى يېگەن، ئەتكىنى ئەتكەن بولماسلىق** كۆڭلى ئىنتايىن پەرىشان، ئىنتايىن غەم-ئەندىشىدە قالماق: بىچارە ئانىنىڭ ياتسا-قوپسا خىيالى شۇ ئىشتا قالدى، بىرقانچە كۈندىن بېرى يېگىنى يېگەن، ئەتكىنى ئەتكەن بولمايۋاتاتتى.

**يېمىگەن پوقى يوق** قىلمىغان ئەسكىلىكى قالمىغان، ھەممە ئەسكىلىك، بۇزۇقچىلىقلارنى قىلغان، ئەسكى، بۇزۇق: ئۇنىڭ بۇ يۇرتتا يېمىگەن پوقى يوق، قىلمىغىنى قالمىدى.

**يېمىگەننىڭ چىشىغا تاش** «يېمىسەڭ زىيان تارتىسەن، ئاياپ يېمىسەڭ، ئۆلگۈچە يېيەلمەيسەن» دېگەن مەنىدىكى سۆز: – يېمىگەننىڭ چىشىغا تاش! – دەپ پىچىرلىدى بۇ گەپنى ئاڭلىغان شوپۇر يېنىدىكى ھەمراھىغا.

**يېمىگەن مانتىنىڭ پۇلىنى تۆلىمەك** ئۆزى ئېرىشمىگەن پايدا، ياخشىلىق ئۈچۈن ناھەق تۆلەم تۆلىمەك؛ ناھەق جاۋابكارلىققا تارتىلماق، ناھەق قارىلانماق: ئادىلمۇ ئون بىر يىلدىن بېرى يېمىگەن مانتىنىڭ پۇلىنى تۆلەۋاتامدۇ؟ ناۋادا ئايگۈلمۇ شۇنداق قۇرۇق تۆھمەتكە قالسا، بىر ئۆمۈر ئازابلىنىشى تۇرغان گەپ.

**يېمەكلىك** ئى. يەپ-ئىچىش ئۈچۈن تەييارلانغان، يېگىلى بولىدىغان نەرسە، يېگۈلۈك، يېمەك: غەنىم بازارغا چىقىپ ياغ، گۆش، مېۋە ۋە باشقا يېمەكلىك بىلەن مەي ئېلىپ كېلىپتۇ. * ئۇ يېمەكلىكنىڭ ئاشقان قىسمىنى يەنە گېزىتكە ئوراپ قويدى. // بۇ ئەتراپ ھەر خىل يېمەكلىك دۇكانلىرى، تاماقخانىلار بىلەن تولغانىدى.

**يېمەكلىك سانائىتى** <س ئىق> يېمەكلىك پىششقلاپ ئىشلەيدىغان سانائەت، ئادەتتە ئۇ يېچىنە - پىرەنىك زاۋۇتى، كەمپۇت، قەنت-گېزەك زاۋۇتى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

**يېمەك-ئىچمەك** يەيدىغان ھەم ئىچىدىغان نەرسىلەر، ئومۇمەن يەپ-ئىچىش ئۈچۈن تەييارلانغان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى: ئۇ چاغدا ئابدەملەرنىڭ يېمەك-ئىچمىكى تولۇق ئىدى.

**يېمىش** ئى. ھۆل-قۇرۇق مېۋە-چېۋە: سارايىنىڭ ئالدىدا يوغان بىر خوتۇن يېمىش سېتىۋاتاتتى. * بوۋاي نەۋرىسىنىڭ يانچۇقلىرىنى قۇرۇق يېمىشلەر بىلەن تولدۇرۇۋەتتى. // يېمىش ئۆرۈك. يېمىش جىگدە.

**يېمىش جىگدە** <بوت> جىگدىنىڭ بىر خىل سورتى. مېۋىسى يوغان، گۆشلۈك بولۇپ، تەمى ياخشى، يېيىشلىك كېلىدۇ.

**يېمىش ئۆرۈك** <بوت> پىشقاندا پەقەت يېيىلىپ تۆگەيدىغان ئۆرۈكلەر، بۇ خىل ئۆرۈكلەرنىڭ تەمى ناھايىتى تاتلىق بولۇپ پىشقاندا يېيىلىپ تۆگەيدۇ. ئاساسەن گۈلە (قاق) قىلىپ قۇرۇتمايدۇ، چۈنكى، بۇ خىل ئۆرۈكلەردىن گۈلە قۇرۇتۇلسا، گۈلىسى گۆشسىز خەشەك قۇرۇيدۇ.

**يېمىشلىك** سۈپ. يېمىشى بار، مېۋىلىك: يېمىشلىك باغ.

**يېن** مىق. ياپونىيىنىڭ پۇل بىرلىكى.

**يېنىپ-يېنىپ** قايتا-قايتا، ئارقىمۇئارقىدىن، بىرقانچە رەت: — ئەركىن جېنىم بالام، — رابىخان موماي ئەركىننى باغرىغا بېسىپ، يۈزلىرىگە يېنىپ-يېنىپ سۆيدى، — ھەممىنى ئۇقتۇم قوزام، جىگىرىم بالام!

**يېنىچە** رەۋ ① بىر يېنىنى بېسىپ، يانتۇ ھالەتتە؛ يېنىنى قىلىپ، يانتۇ بولۇپ: چورۇق ھېكىم زەمبىلدە يېنىچە ياتاتتى. * قاسىم كېچە ئاسمىنىغا قاراپ، يېنىچە ئولتۇراتتى. * شەمەر ئۇنىڭغا يېنىچە قاراپ سورىدى: — تۆرەم ئىشقا كەتتىمۇ؟ ② ئىككىلا پۇتىنى بىر يانغا ساڭگىلىتىپ، بىر يانغىلا قاراپ: ئۇ ماي قاپاقلىرى ئارتىلغان ئېشەككە يېنىچە مىنىپ، راۋابنى شوق پەدىگە چېلىپ يولغا راۋان بولدى.

**يېنىچىلاپ** رەۋ → **يېنىچە**.

**يېنىش** « يانماق » سۆزىنىڭ يەنە بىر خىل ئىسمىدىشى.

**يېنىش قىممىتى** <فىز> بىر كىلوگرام مەلۇم بىر خىل يېقىلغۇ پۈتۈنلەي يېنىپ بولغۇچە چىقارغان ئىسسىقلىق مىقدارى.

**يېنىش نۇقتىسى** <خىم> بەزى ماددىلار كۆيۈشكە باشلىغان چاغدا، ئۇنىڭغا زۆرۈر بولغان ئەڭ تۆۋەن تېمپېراتۇرا شۇ ماددىنىڭ يېنىش نۇقتىسى دەپ ئاتىلىدۇ.

**يېنىشتۇرماق** « يېنىشماق » پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**يېنىشچان** سۈپ. ئاسان يانىدىغان، ئاسان ئوت ئالىدىغان؛ يانغاق: يېنىشچان گاز.

**يېنىشچان گاز** <خىم> كۆيىدىغان ھەمدە كۆيگەندە ئىسسىقلىق ئېنېرگىيىسى ۋە يورۇقلۇق ئېنېرگىيىسى ھاسىل قىلىدىغان گازلار.

**يېنىشلاپ** رەۋ. قايتا-قايتىلاپ، ئارقىمۇ ئارقا، يېنىپ-يېنىپ؛ قايتا، ئىككىنچى، يەنە بىر قېتىم: ئۇ قادىر ئۇستىنىڭ ئىسمىنى ئاتاپ بىرقانچە رەت يېنىشلاپ چاقىرغان بولسىمۇ، ھېچبىر سادا چىقمىدى. * مۇرات يانچۇقىدىكى لېنتىنى يېنىشلاپ مۇجۇپ قويدى-دە، ئۇدۇل ئۆيگە قاراپ يول ئالدى.

* بىر ئاي ئىچىدە قاسىم دوختۇرخانىغا يېنشلاپ قەدەم قويمىدى.

**يېنشلاپ-يېنشلاپ** «يېنشلاپ» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى: باتۇر قىزغا يېنشلاپ-يېنشلاپ قارايتتى.

**يېنشماق** ① «يانماق I» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۆي تەكشۈرگۈچىلەر كەينىگە يېنىشتى. * مەلىكىنىڭ غۇلاملىرى كەردان شاھقا سوۋغا-سالاملارنى بېرىشىپ يېنىشتى. ② ۋەدە، پىلان، قارارلىرىنى بىكار قىلماق: ئايتونەم بىلەن ئېلى يەنە يېنىشتى. * ئۇلار قۇدىلىشىپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا، يوق گەپلەرنى تەگىشىپ يېنىشىپ كېتىپتۇ.

**يېنىش-يېنشلاپ** قايتا-قايتىلاپ، ئارقىمۇئارقا، ئۈزۈلدۈرمەي، تەكرار، كەينى-كەينىدىن:
– ھەسەن بالام، ئۈمىدىمىزنى يەردە قويماي ياخشى ئىشلەڭلار، – دەيتتى لېتىپ ئاكا يېنىش-يېنشلاپ.

**يېنىق I** ئى. بىرەر جاي ياكى پەتە، ئۆلۈم قاتارلىق پائالىيەتلەردىن قايتىش، يېنىش ئىشى، يېنىش: يېنىقتىن يانماق.

**يېنىقتىن يانماق** ئۆلۈمنى دەپنە قىلىش، ھازىغا ئوخشاش پائالىيەتلەرگە قاتنىشىپ بولۇپ قايتماق، يانماق.

**يېنىق II** سۈپ. ياندۇرۇلغان ھالەتتە، ياندۇرۇلغان، ياندۇرۇپ قويۇلغان (چىراغ قاتارلىقلار ھەققىدە): كەنت ئىشخانىسىنىڭ يېنىق چىرىغى يىراقتىنلا كۆرۈنۈپ تۇراتتى. * گۈلچىمەن ئاستا ھويلىغا چىقىپ، گۈلسۈمخانىنىڭ ھۇجرىسىغا قارىدى، چىراغ يېنىق تۇراتتى. * سېخىنىڭ ئالدىدىكى چوڭ چىراغمۇ دائىم يېنىق تۇراتتى.

**يېنىقلىق** سۈپ. ياندۇرۇلغان، يېنىق پېتى تۇرغان: ئۇ پەم بىلەن يېنىقلىق شاملار ئارىسىدىن ئۆتۈپ، پوپنىڭ ئالدىغا باردى. // مەن مەكتەپتىن قايتىپ كېلىۋاتسام، يولدىكى چىراغلار يېنىقلىق تۇرۇپتۇ.

**يېنىك** ① سۈپ. ۋەزنى ئېغىر ئەمەس، يەڭگىل: ئۇ شاھنىڭ ئۆيىدىكى ئۆزى يېنىك، باھاسى قىممەت نەرسىلەرنى كۆتۈرۈپ ئېلىپ مېڭىپتۇ. * ئۇجمە ياغىچى يېنىك، چىدامىلىق، ئېگىپ ئىشلىتىشكە ئەپلىك، ئاسان سۇنمايدۇ. ② سۈپ. كۆچمە. مۇشەققەتتى ئاز؛ بېجىرىلىشى، ئورۇنلىنىشى ئوڭاي، ئاسان: يامانلىقنىڭ يولى يېنىك، ياخشىلىقنىڭ يولى ئېغىر (ماقال). // تۇرمە ھاياتى ئۇنىڭغا خېلىلا يېنىك تۇيۇلدى. ③ سۈپ. كۆچمە. تېز ھەزىم بولىدىغان، ئاسان سىڭىدىغان (تۈرلۈك يېمەك-ئىچمەكلەر ھەققىدە): ئۇ توخۇ گۆشىگە ئوخشاش يېنىك ۋە مەززىلىك نەرسىلەرنى يەپ ئۇخلاشنى ياخشى كۆرەتتى. ④ سۈپ. كۆچمە. ھەرىكىتى، يۈرۈش-تۇرۇشى چاققان: يىگىتنىڭ تاشقى قىياپىتى ئۆزگىچە، بېشىغا چاچ قويغان، چاققان، يېنىك، زىغىر رەڭ گىمناستۇركىسىنىڭ ئۈستىدىن كەمەر باغلىغان. * ئېغىر بويۇڭنى يېنىك قىلىپ، تېز بېرىپ كەل بالام دېدى ئۇ بالىسىغا. ⑤ سۈپ. كۆچمە. مىجەزى ئىنتىك، بىر ئىشلارنى چوڭقۇر ئويلىمايلا بىر تەرەپ قىلىۋېتىدىغان، ئالدىراڭغۇ، يەڭگىلتەك: بۇ سىرنى ئېرىنگەندىن باشقا ھېچكىمگە بىلدۈرمىگىن، قىپىناغمۇ يېنىك خوتۇن، بولۇپمۇ كۆندىشىڭ سەزگۈدەك بولمىسۇن. ⑥ سۈپ. كۆچمە. ئاز، ئېغىر ئەمەس، قىيىن ئەمەس، ئاسان: – سىز بارىدىغان جايدا قىيىنچىلىق يېنىك دەپ كىم ئېيتىپتۇ؟ — دېدى كادىر ئورنىدىن تۇرۇپ. ⑦ سۈپ <ھەرب> ئىخچام، ئېلىپ يۈرۈشكە ئەپلىك: ئۇ ئۈچ مىڭ يېنىك ئاتلىق لەشكەرگە قوماندانلىق قىلىپ، ئالدىنقى سەپتە جەڭ قىلىۋاتاتتى. // باش قوماندان ئەسكەرلەرگە دەرھال يېنىك جابدۇنۇپ ھۇجۇمغا ئۆتۈشكە تەييارلىنىش

ھەققىدە بۇيرۇق چۈشۈردى. ⑧ سۈپ. كۆچمە. ئۇنچە كۈچلۈك ئەمەس، بوش ھەم مۇڭلۇق: يېنىك ئاھاڭ. يېنىك مۇزىكا. يېنىك شامال. * ھاجىپ باغقا چىقىپ، پېشايۋاندىلا ئىپارگۈلنىڭ يېنىك ئاۋاز بىلەن ئېيتىۋاتقان مۇڭلۇق ناخشىسىنى ئاڭلىدى. * ئۇنىڭ مۇزىكىلىرى قانداق يېنىك، قانداق يېقىملىق-ھە! كىشىگە ھەر قېتىمدا يېڭى ھۇزۇر-ھالاۋەت بېغىشلايدۇ. // – ئابدۇۋېلىلا ماقۇل دەيدىغان بولسا پېقىر تەييار، — دېدى ئۇ مەيدىسىگە مۇشتلاپ. ئابدۇۋېلى يېنىك كۈلۈپ قويدى. ⑨ سۈپ. كۆچمە <قا> دەرىجىسى ئېغىر بولمىغان، قاتتىق ئەمەس، يەڭگىل، ئادەتتىكىدەك: يېنىك جازا. يېنىك جىنايەت. * بۇ پۇل ناۋادا خىيانەت قىلىنغان بولسا قانۇنىي جازا يېنىك بولمايدۇ. * تۇتۇپ تۇرۇپ ئەمگەككە سېلىش جازاسى — يېنىكرەك بولغان جىنايەتلەرگە تەتبىق قىلىنىدۇ. ⑩ سۈپ. كۆچمە. زەخىملىنىش، بۇزۇلۇش دەرىجىسى قاتتىق ئەمەس: شۇ قېتىم يىقىلغان چاغدا ئۇنىڭ تىز سۆڭىكىدە يېنىك دەز پەيدا بولغانىكەن. * ئۇلار ماڭا سىزنىمۇ يېنىك ياردارلار قاتارىدا ئېلىپ كېتىشنى بۇيرۇغان. // ئۇ ھېلىقى يېنىك زەخىملەنگەن يىگىتكە قاراپ بىرنېمىلەرنى پىچىرلىدى. ⑪ رەۋ. كۆچمە. روھىي جەھەتتىن ناھايىتى خاتىرجەم: ئۇ ئەتىگەندىن بېرى يۈگۈرۈپ-چېپىپ يۈرگىنىگە قارىماي، ئۆزىنى يېنىك سېزەتتى. * تۇرسۇن ئاتا ئەتىسى ئورنىدىن ناھايىتى يېنىك تۇردى. * مەن دائىم دادام كەلگەن ھامانلا خۇددى ھاردۇقۇم چىققاندەك يېنىك بولۇپ قالاتتىم. ⑫ رەۋ. كۆچمە. كۆپ كۈچىمەيلا، كۆپ قىينالمايلا: ئاتلار سوقىلارنى يېنىك سۆرەپ كېتىپ باراتتى. * ئەبىلغازى بەش-ئالتە مېتىر كەڭلىكتىكى ئۆستەڭدىن يېنىكلا سەكرەپ ئۆتۈپ كەتتى. ⑬ رەۋ. كۈچىمىسىز، بوشقىنا؛ ئاستا، يەڭگىل: ھېلىقى كىشى يېنىك بىر يۆتىلىپ گېلىنى قىرىپ قويدى. * ئۇنىڭ قوللىرى يېنىك تىترەيتتى. * – ھەي، قويسىلا بۇ گەپنى، ئوسمانجان، – دېدى ئۇ قولىنى يېنىك شىلتىپ. * كۆلدىكى سۈزۈك سۇ سالقىن شامالدا يېنىك دولقۇنلىناتتى. * ئۇ يېنىك پۇشۇلداپ، غەمسىز ئۇخلاۋاتاتتى. ⑭ سۈپ. كۆچمە. ئاسان چۈشەنگىلى، ئاسانلا بىلىۋالغىلى بولىدىغان: يېنىك دەرس.

**يېنىك ئاتلېتىكا** <تەن> مېڭىش، يۈگۈرۈش، سەكرەش، ئېتىش قاتارلىق تەنھەرىكەت ماھارەتلىرىدىن تەركىب تاپقان، شەخسنى ئاساس قىلغان تەنھەرىكەت تۈرى.

**يېنىك ئاتلېتىكا تەنھەرىكىتى** <تەن> تەنتەربىيە ھەرىكىتىنىڭ چوڭ بىر تۈرى. بۇنىڭدا ھەر تۈرلۈك سەكرەش، ئېتىش، يۈگۈرۈش، مېڭىش قاتارلىق مۇسابىقىلەر بولىدۇ.

**يېنىك ئاتلېتىكا مۇسابىقىسى** <تەن> ئېتىش، سەكرەش، يۈگۈرۈش ۋە مېڭىش مۇسابىقىلىرىنىڭ ئومۇمىي نامى.

**يېنىك ئاتلىقلار** <ھەرب> يېنىك جابدۇنغان ئاتلىق ئەسكەرلەر.

**يېنىك ئاھاڭ** <تىل> ← **يېنىك تون.**

**يېنىك پالەچ** <تىب> ← **يارتا پالەچ.**

**يېنىك پىلىموت** <ھەرب> پىلىموتنىڭ بىر خىلى. بىرقەدەر يېنىك بولۇپ، بىر ئادەم ئېلىپ يۈرۈشكە ۋە ئىشلىتىشكە قولاي كېلىدۇ.

**يېنىك تام** <بىن> يېنىك ماتېرىياللاردىن قوپۇرۇلغان، ئۈستىگە ئېغىرلىق چۈشمەيدىغان تام.

**يېڭىلىق تون** <تىل> خەنزۇ تىلىدا بەزى بوغۇملار تۆت خىل تونىنىڭ مەلۇم بىرى بىلەن ئەمەس، بەلكى ھەم ئاجىز، ھەم قىسقا ئاھاڭ بىلەن تەلەپپۇز قىلىنىدۇ. بۇ ئادەتتە يېڭىلىق تون دەپ ئاتىلىدۇ. يېڭىلىق تونلۇق بوغۇمغا تون بەلگىسى قويۇلمايدۇ.

**يېڭىلىق تۇمان** <مېتېئور> يەر يۈزىگە يېقىن ھاۋادىكى ئۇششاق سۇ تامچىلىرىنىڭ لەيلەپ يۈرۈشىدىن ھاسىل بولغان ھەمدە يەر يۈزىدىكى گورىزونتال كۆرۈش ئارىلىقى 1000 مېتىردىن چوڭ بولغان تۇمان.

**يېڭىلىق جازا** <قا> جىنايەت جازاسىدا بەلگىلەنگەن يېڭىلىق جازا. ئۇ قانۇندا بېكىتىلگەن جازا ئۆلچىمى دائىرىسى ئىچىدە ھۆكۈم قىلىنىدىغان ئەڭ يېڭىلىق ياكى بىرقەدەر يېڭىلىق بولغان جازانى كۆرسىتىدۇ.

**يېڭىلىق سانائەت** <س ئىق> تۇرمۇش ۋاسىتىلىرىنى ئىشلەپچىقىرىشنى ئاساس قىلىدىغان سانائەت. ئادەتتە ئۇ توقۇمىچىلىق سانائىتى، يېمەكلىك سانائىتى ۋە دورا سانائىتى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

**يېڭىلىق شامال** دەرىجىسى بىر-ئىككى بال ئەتراپىدىكى كىشىگە بىر خىل ھۇزۇر بېغىشلايدىغان سالقىن شامال: كەچكە يېقىن چىققان يېڭىلىق شامال ئەمدى خېلى كۈچەيگەنىدى.

**يېڭىلىق قورال‌لار** <ھەربى> ئېتىش مۇساپىسى بىرقەدەر يېقىن، ئېلىپ يۈرۈشكە ئەپلىك بولغان قورال‌لار. مەسىلەن، مىلتىق، ئاپتومات، پىلىموت قاتارلىقلار.

**يېڭىلىق قوللۇق** بىر ئىشلارنى ماھىرلىق بىلەن تېز بېجىرىدىغان، ھەرىكىتى چاققان، قولى ئەپچىل: سەن بۇ ھۈنەرلەرنى ئوبدان ئۆگىنىپ، تېز ئىشلەيدىغان، يېڭىلىق قوللۇق، ساپ-پاك نىيەتلىك بولۇپ، كىشىلەرنىڭ تەلىپى، ئارزۇسى بويىچە ئىشلەپ بەرگەيسەن!

**يېڭىلىق مۇزىكا** <مۇز> رىتىمى روشەن، مېلودىيىسى شوق، يېقىملىق كەلگەن مۇزىكا ئاھاڭلىرى، ئۇ كىشىلەرگە يېڭىلىق، شاد-خۇراملىق تۇيغۇ ۋە ھۇزۇر بېغىشلايدۇ، كىشىلەرنىڭ مەنىۋى تۇرمۇشنى بېيىتىدۇ. يېڭىلىق مۇزىكا ھازىرقى زامان تۇرمۇشى بىلەن زىچ باغلانغان بولۇپ، خەلق ئاممىسى ئوڭاي چۈشىنىدىغان ۋە قىزغىن ئالقىشلايدىغان بىر خىل مۇزىكا ژانىرى ھېسابلىنىدۇ.

**يېڭىلىق مېتاللار** <خىم> سېلىشتۇرما ئېغىرلىقى 5 تىن تۆۋەن بولغان مېتاللار. مەسىلەن، ناترىي، كالىي، ماگنىي ۋە ئاليۇمىن قاتارلىقلار.

**يېڭىلىق ئېلېمېنتلار** <خىم> ئاتوم ئېغىرلىقى يېڭىكرەك بولغان ئېلېمېنتلار. مەسىلەن، ھىدروگېن، گېلىي قاتارلىقلار.

**يېڭىلىكلە تمەك** « يېڭىلىكلىمەك » پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ھازىر كۆز يېشى، تىللاش-قارغاشلار خەلقنىڭ دەردىنى يېڭىلىكلىتىشكە ياردەم بېرەلمەيدىغان بولۇپ قالدى. * سالقىن شامال تاشۋايىنى يېڭىلىكلىتىپ، ئۇنىڭغا يەنە باشقىچە روھ ئاتا قىلدى.

**يېڭىلىكلىتىپ جازا بېرىش** <قا> قانۇندا بەلگىلەنگەن ئەڭ تۆۋەن جازادىن يېڭىلىق جىنايى جازا بېرىش.

**يېڭىلىكلە شتۈرمەك** پ. يېڭىلىق ھالەتكە كەلتۈرمەك، يېڭىلىق قىلماق، يەڭگىللەتمەك:

تەجرىبىلىك بوۋاينىڭ ياردىمى ياش ئەترەت باشلىقىنىڭ نۇرغۇن ئىشنى يېنىكلەشتۈرۈۋەتتى. * ئوقۇتقۇچىمىز دەرسلەرنى يېنىكلەشتۈرۈش ئۈچۈن كۆپ كۈچ چىقاردى. * ئەمدى ھەرقانداق بىر قىز مېنىڭ ھەسرەتلىرىمنى يېنىكلەشتۈرەلمەيدۇ.

**يېنىكلە شتۈرۈشمەك** «يېنىكلەشتۈرمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**يېنىكلە شتۈرۈلمەك** «يېنىكلەشتۈرمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**يېنىكلە شمەك** پ. يېنىك بولماق، يېنىك ھالەتكە كەلمەك، يېنىكلىمەك: تېخنىكا يېڭىلاش نەتىجىسىدە ئەزالارنىڭ ئەمگەك سىجىللىقى يېنىكلەشتى. * سادىق كېچىدىن قاتتىق تەرلەپ، ھازىر خېلىلا يېنىكلىشىپ قالغاندى.

**يېنىكلە نمەك** «يېنىكلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**يېنىكلىتىشمەك** «يېنىكلەتمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**يېنىكلىتىلمەك** «يېنىكلەتمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: — ھەي ياڭگاڭزا، جازا يېنىكلىتىلدۇ، سەن بىلگەننى يوشۇرماي ئېيت، — دېدى دارىن يەنە.

**يېنىكلىك** ① «يېنىك» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: ئۇ تاغارنى كۆتۈرۈپ بېقىپ، ئۇنىڭ يېنىكلىكىنى كۆرۈپ، ھاڭ-تاڭ قالدى. * ئۇنىڭ جىنايىتىنىڭ يېنىكلىكى بىزگە مەلۇم. * ئۇ بۇ يەردىكى ئىشنىڭ يېنىكلىكىنى بىلەتتى. * مەن ئۇنىڭ يارىسىنىڭ يېنىكلىكىنى كۆرۈپ سەل ئارام تاپقاندەك بولدۇم. ② ئى. روھىي جەھەتتىكى خاتىرجەملىك، ئەركىن-ئازادىلىك، ئازاب-ۋەھىمىدىن قۇتۇلغاندىن كېيىنكى نورمال ھالەت، خاتىرجەملىك: خان كۆڭلى ئارام ئالغاندەك يېنىكلىك ھېس قىلىپ، چوڭقۇر نەپەس ئالدى. * كىشىگە يېنىكلىك بېغىشلايدىغان بۇ مەنزىرىگە قاراپ زوقلانغان ئەختەم يېنىك ئاھاڭدا ناخشا باشلىدى. ③ ئى. ئاقىۋىتىنى ئويلىمايلا قىلىغان، ھەرىكەت ئالدىراڭغۇلۇق، يەڭگىلتەك، تەنتەكلىك: توي دېگەن ئۆمۈر سودىسى، ئۇنىڭدا ھەرگىز يېنىكلىك قىلىشقا بولمايدۇ. * مەخمۇت بۇ ئىشتا يېنىكلىك قىلسا بولمايدىغانلىقىنى ئوبدان چۈشىنەتتى.

**يېنىكلىك قىلماق** ئالدىراقسانلىق قىلماق، ئىشنىڭ ئاقىۋىتىنى ئويلىمايلا ئالدىراپ-سالدىراپ تەنتەكلىك بىلەن ھەرىكەت قىلماق، ئالدىراڭغۇلۇق قىلماق: — يولداش سادىق، — دېدى ئابباس سادىقتىن بىرئاز ئەنسىرەپ، — سىز ئالدىراپ يېنىكلىك قىلماڭ.

**يېنىكلىمەك** پ ① ئېغىرلىقى كېمىيىپ بۇرۇنقىدىن يېنىك بولۇپ قالماق، يېنىك ھالەتكە كەلمەك، ئېغىرلىقى ئازايماق: تاغاردىكى مالنىڭ يېرىمى يولدا چۈشۈپ قالغاچقا، تاغار خېلىلا يېنىكلەپ، كۆتۈرگىلى بولغۇدەك بولۇپ قالغاندى. * خۇرجۇننى مورەڭگە ئېلىۋالساڭ، ئېشەك بىچارىمۇ يۈكى يېنىكلەپ ئارام تاپىدۇ. ② بىرەر ئىش، پائالىيەت جەريانى قاتارلىقلار ئاسانلاشماق، ئاسان، ئوڭاي ھالەتكە كەلمەك: بوۋاينىڭ ياردىمى بىلەن ئېغىر ئىشىمىز يېنىكلەپ بىزمۇ خېلىلا ئارام تېپىپ قالدۇق. ③ كۆچمە. ئومۇمەن ئادەمنى روھىي ياكى جىسمانىي جەھەتتىن خورىتىدىغان تۈرلۈك تۈيغۇ ياكى زەربىلەرنىڭ زىيىنى كېمەيمەك، ئادەمگە كەلتۈرگەن كۆڭۈلسىزلىكلىرى ئازايماق، زەربىسى تۆۋەنلەپ بارماق: كېسىلى يېنىكلىمەك. دەردى يېنىكلىمەك. غەمدىن يېنىكلەپ قالماق. ۋىجدان ئازابى يېنىكلىمەك. * ئەگەر ئۇنى بىر كۆرۈۋالسام، ھېچ بولمىغاندا ئۇنىڭ خېتىنى بولسىمۇ تاپشۇرۇپ ئالسام، ھىجران ئازابىم سەل يېنىكلىگەن

بولاتتى. ④ روھىي جەھەتتىن خاتىرجەم، خۇش بولۇپ قالماق، ئۆزىنى يېنىك، ئەركىن-ئازادە ھېس قىلماق: مەن ئۇنى كۆرۈپ ناھايىتى يېنىكلەپ قالدىم. * ئۇ مۇشۇ ئويلاردىن كېيىن خېلىلا يېنىكلەپ قالغاندەك بولدى.

**يېنىك-يېنىك** «يېنىك» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى: ھەنيەم يېنىمدا يېنىك-يېنىك تىنىق ئېلىپ، يىراقلارغا نەزەر تاشلاپ كېتىۋاتاتتى.

**يېۋروپىي** ئى (ر<لات) <خىم> مېتال ئېلېمېنت. بەلگىسى Eu (europium). سىرەك يەر مېتاللىرى ئىچىدىكى ساقلىنىش مىقدارى ئەڭ ئاز بولغان بىر خىلى. ئاتوم رېئاكسىيە قازىنىدا پروتون سۈمۈرگۈچى قىلىنىدۇ.

**يېيىتما** ① سۆپ. يېيىتىلغان ياكى يېيىتىلىدىغان: يېيىتما خىش. ② <گ سەن> جۇڭگوچە رەسىم سىزىشتىكى بىر خىل كەسىپىي ماھارەت، يەنى كۆڭلەن گۈل-گىياھ سىزمىلىرىنىڭ ماھارىتى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. بۇنىڭدا، ئىزنا سىزىقلىرى ئىشلىتىلمەيدۇ، موي قەلەمنىڭ ئۇچى سىياھقا چىلىنىپ، قەغەز يۈزىگە سەل-پەل تەگكۈزۈلگەن ھامان سىياھ يېيىلىدۇ. بىرلا قەلەمدە قېنىق-سۇسلۇق دەرىجىسى تەڭ چىقىرىلىدۇ.

**يېيىتماق** «يايماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: مەۋلان مېنى يېيىتىپ قويۇلغان زىغىر پاخلى ئۈستىگە ئولتۇرغۇزۇپ قويدى.

**يېيىتىلماق** «يېيىتماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئۇ شېغىل يېيىتىلغان يولدا ئاستا كېتىۋاتاتتى.

**يېيىشسىز** سۆپ. تازا يېيىشلىك ئەمەس، ئادەمنىڭ ئانچە يېگۈسى كەلمەيدىغان، تازا ئۇخشىمىغان (تۇرلۇك تاماق ۋە يېمىشلەر ھەققىدە).

**يېيىشلىك** سۆپ ① تەمى ياخشى، ئادەمنىڭ يېگۈسى كېلىدىغان: ئۈزۈم كىشلەر ياخشى كۆرىدىغان، ئەڭ يېيىشلىك مېۋىلەرنىڭ بىرى. ② نەپسى چوڭ، يېمەك-ئىچمەككە ئامراق، تويماس، تۇرمۇشتىكى ئۇششاق-چۈششەك ئىشلارغا كۆپ خىراجەت قىلىدىغان: مېلىڭ يېيىشلىك بولسا بەردى خۇدا، خوتۇنۇڭ يېيىشلىك بولسا ئۇردى خۇدا (ماقال).

**يېيىشماق** «يايماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار يوتقان-كۆرپىلىرىنى ئاپتاپقا يېيىشىپ بولۇپ ئۆزلىرىمۇ ئاپتاپتا بىردەم ئولتۇردى-دە، ئاندىن يەنە ئۆيگە كىرىپ كېتىشتى.

**يېيىشمەك** «يېمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار قىمىز ئىچىپ، كاۋاپ يېيىشىپ ئوبدان مېھمان بولۇشتى.

**يېيىق** سۆپ. يېيىلغان، يېيىپ قويۇلغان: ماشىنا يېيىق ئېقىننىڭ سايلىقىدىن ئۆتۈپ بولغاندىلا ئۇ كۆزىنى ئاچتى.

**يېيىق بۇلۇڭ** <مات> بىر نۇرنى ئۆزىنىڭ بىر ئۇچى ئەتراپىدا ئۆزىنىڭ دەسلەپكى ئورنى بىلەن بىر تۈز سىزىق ھاسىل قىلغۇچى ئايلاندۇرۇشتىن ھاسىل بولغان بۇلۇڭ.

**يېيىق جۈملە** <تىل> جۈملە شەكىللىرىدىن بىرى، ئىگىسى بىلەن خەۋىرى كېڭەيتىلگەن ياكى باش بۆلەك بىلەن ئەگەشمە بۆلەك بىللە كەلگەن بىر خىل جۈملە. مەسىلەن، «ئۇ باتۇر جەڭچى» دېسەك، بۇ جۈملە «ئۇ جەڭچى» دېگەن جۈملىگە نىسبەتەن يېيىق جۈملە بولىدۇ.

**يېيىق سۆيى** زىرائەت تېرىلىپ ئۈنگەندىن كېيىن سىرغىتىپ قويۇلغان

دەسلەپكى سۇ: تۇرلۇك ئامالّلارنى قىلىپ تېرىلغان زىرائەتلەرگە. ھەتتا يېيىق سۇيىمۇ بېرىلمىدى.

**يېيىق ئىككى ياقلىق بۇلۇڭ** <مات> سىزىقلىق بۇلۇڭى يېيىق بۇلۇڭ بولغان ئىككى ياقلىق بۇلۇڭ.

**يېيىقلىق** سۈپ. يېيىلغان، يېيىپ قويۇلغان، يېيىتىلغان: ئۇنىڭ توخۇلىرى باشقىلارنىڭ يېيىقلىق بۇغدىيىنى يەپ كېتىپتۇ. // ئۇستەلدە بۇگۈنكى يېڭى گېزىت يېيىقلىق تۇرۇپتۇ.

**يېيىلاڭغۇ** سۈپ. يېيىلىپ تۇرىدىغان: ئوڭ تەرەپ جەينەك چوققىلىق تاغ، سول تەرەپ يېيىلاڭغۇ دەريا ئىدى. * كۆزلىرى قىيغاچ، قاشلىرى يېيىلاڭغۇ، لەۋلىرى قېلىن بۇ قىز ئىككى پۇتىنى كارىۋاتتىن ساڭگىلىتىپ، قاتۇرۇپ قويغاندەك جىم ئولتۇراتتى.

**يېيىلغۇچى** سۈپ. يېيىلىپ بارىدىغان، يېيىلىدىغان: يېيىلغۇچى سىزىق.

**يېيىلدۇرماق** « يېيىلماق » پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇلار بىر قولىدىكى ياغاچ ئەندىۋا بىلەن لايىنى يېيىلدۇرۇپ ماڭاتتى.

**يېيىلدۇرۇشماق** « يېيىلدۇرماق » پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**يېيىلدۇرۇلماق** « يېيىلدۇرماق » پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**يېيىلغۇچى** سۈپ. يېيىلىپ بارىدىغان، يېيىلىدىغان: يېيىلغۇچى سىزىق.

**يېيىلغۇچى سىزىق** <مات> بىر ئەگرى سىزىقنىڭ ھەرقايسى نۇقتىلىرىدىكى نورمالى يەنە بىر ئەگرى سىزىقنىڭ ئۇرۇنمىسى بولغاندا، كېيىنكى ئەگرى سىزىق ئەسلىدىكى ئەگرى سىزىقنىڭ يېيىلغۇچى سىزىقى دېيىلىدۇ.

**يېيىلما** سۈپ. يېيىلىپ تۇرغان، يېيىلغان ياكى يېيىتىپ قويۇلغان.

**يېيىلما سىزىق** <مات> بىر ئەگرى سىزىقنىڭ ھەرقايسى نۇقتىلىرىدىكى نورمالى يەنە بىر ئەگرى سىزىقنىڭ ئۇرۇنمىسى بولغاندا، ئەسلىدىكى ئەگرى سىزىق كېيىنكى ئەگرى سىزىقنىڭ يېيىلما سىزىقى دېيىلىدۇ.

**يېيىلماق** ① « يايماق » پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: نوزۇگۇمنىڭ بېشى مەيدانغا ئۈزۈلۈپ چۈشۈپ، ئۇزۇن چاچلىرى تۇپراق ئۈستىگە يېيىلدى. * ئۇنىڭ بەدىنىدىن ئېقىۋاتقان قان ئايىغى ئاستىدىكى توپا-تاشلارغا يېيىلىۋاتاتتى. ② كۆچمە. تارالماق، ئەتراپقا تارىلىپ ھەممە ياقنى بىر ئالماق، ھەممىگە ئاڭلانماق ياكى ھەممىگە مەلۇم بولماق: بۇ خەۋەر ھەش-پەش دېگۈچە پۈتۈن مەكتەپكە يېيىلدى. * ئۈچ پودىن تەڭلا چىققان گۈلدۈرلىگەن ئاۋاز پۈتۈن قۇمۇل زېمىنىغا يېيىلدى. * دەپتۇ بىر كۈن: « ئەي ئۇكام! كېتىپسەن زەپ باي بولۇپ. يېيىلىپتۇ شۆھرىتىڭ ھەممە يەرگە تونۇلۇپ. ③ كۆچمە. قاپلىماق باسماق، ئەتراپنى ئۆزىنىڭ ھالىتىگە كەلتۈرمەك: (نۇر ياكى قاراڭغۇلۇق ھەققىدە): ئاستا-ئاستا تولۇن ئاينىڭ ئاقۇچ نۇرلىرى ئەتراپقا يېيىلدى. * ئۇ چىنارخانىنىڭ يېنىدىن قايتقاندا ئەتراپقا كۆكۈم يېيىلغانىدى. * شۇئان ئايلاندى تۈتۈن-تۇمانغا، يېيىلدى تۇمان پۈتكۈل ئاسمانغا. * ئۇلار تۈن يېيىلغاندىلا ئىشنى توختاتتى. ④ كۆچمە. خۇشال بولماق، روھىي جەھەتتىن ئازادىلىك ھېس قىلماق، خۇشال-خۇرام يۈرمەك: بۇنى لەيلى كۆرۈپ كۈلدى، يېيىلدى، نە كۈلدى خۇددى بىر گۈلدەك ئېچىلدى.

**يېيىلمەك** « يېمەك » پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: تاماق يېيىلىپ بولغاندىن كېيىن ھېچكىم زۇۋان سۈرمىدى.

**يېيىلىپ-ئېچىلىپ** ناھايىتى خۇشال-خۇرام، ئەركىن-ئازادە ھالدا، ھېچقانداق غەم-ئەندىشە ياكى قورۇنۇشى، تارتىنىشى يوق ھالدا، ئەركىن-ئازادە تۇرۇپ:
– ھېلىقى تېلېفون كىمدىن كېلىپتۇ دېمەمسىز؟
– دېدى ئۇ بايىقى خاپىلىقنى ئۇنتۇغان ھالدا يېيىلىپ-ئېچىلىپ، – شۇجەدىن كېلىپتۇ.

**يېيىلىش** ① «يېيىلماق» پېئىلىنىڭ يەنە بىر خىل ئىسمىدىشى. ② <فىز> ئېلېكترونلار دەستىسى ياكى دولقۇن دەستىسىنىڭ بەلگىلىك يۆنىلىشنى بويلاپ رەتلىك، دەۋرىي ھالدا يۆتكىلىش جەريانى.

**يېيىلىشچان** سۈپ. يېيىلىش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە، يېيىلىدىغان.

**يېيىلىشچانلىق** ① «يېيىلىشچان» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى. ② <فىز> مېتاللارنىڭ بازغانلاش ياكى بېسىشقا ئۇچرىغان چاغدا يېرىلىپ كەتمەستىن، داۋاملىق نېپىزلىنىپ ياپىلاقلىنىش خۇسۇسىيىتى. مەسىلەن، مىس، كۈمۈش، ئالتۇن، پلاتىنا قاتارلىق مېتاللار ئەڭ مول يېيىلىشچانلىققا ئىگە.

**يېيىم** مىق. ساناق سانلار بىلەن كېلىپ شۇنچە قېتىم يېيىشقا بولىدىغان، شۇنچە قېتىم يايسا تۈگەيدىغان مىقدارنى بىلدۈرىدۇ: بىر يېيىم چۆپ. ئۈچ يېيىم ئاش.

**يىپ** ئى ① پاختا، يىپەك، چىگە، يۇڭ ۋە شۇ قاتارلىقلارنىڭ تالاسىدىن ئىنچىكە قىلىپ ئېگىرىلگەن، تىكىش، توقۇش ماتېرىيالى: پاختا يىپ. يۇڭ يىپ. يىپ ئېگىرمەك. يىپ رەخت. ماشىنا يىپى. ② ئومۇمەن باغلاش، ئوراش ۋە شۇ قاتارلىق مەقسەتلەر ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان نەرسە؛ شوينا، كاناپ: ئاياغ يىپى. يىپى ئۈزۈلگەن لەگلەك. ③ <بىئول> بەزى ھايۋانات ۋە ئۆسۈملۈكلەر ئاجرىتىپ چىقىرىدىغان ياكى ئۇلارنىڭ ئۆز تېنىدە بولىدىغان تالاسىمان توقۇلما: يىپ بېزى.

**يىپ ئاتلاش** كىيىم تىكىش جەريانىدا، ئاستى-ئۈستى يىپىنىڭ بىر-بىرى بىلەن ئالمىشالماسلىق ھادىسىسى.

**يىپ ئاسقۇ** گىلەم توقۇشتا، كوۋۇل قىلىنغان يىپلارنى ئاسىدىغان ئاسقۇ.

**يىپ بازىرى قىلماق** باش-ئايىغى يوق پاراڭلار بىلەن قالايمىقانلاشتۇرۇۋەتمەك:
– سىز بىزگە يىپ بازىرى قىلىپ كۆرسىتىۋاتامسىز؟ – ئۇ دەردىنى سېكرېتاردىن ئالدى.

**يىپ بېزى** <بىئول> ئۆمۈچۈك تېنىدىكى يىپ ئاجرىتىپ چىقىرىدىغان بەز. يىپ چىقىرىش ئۆسۈمتىسىنىڭ ئىچكى قىسمىغا جايلاشقان.

**يىپ تۈرمەك** ① چاق ئېگىرگەندە يىكتىكى يىپنى قومۇش ياكى شۇنىڭغا ئوخشاش نەرسىگە يۆگىمەك. ② توقۇش ساھەسىدە يىپنى قومۇشقا يۆگەپ، بىر قومۇش بىر قومۇشتىن تەييارلىماق.

**يىپ چېكىش** ماشىنىچىلىقتا، كىيىمنىڭ بولۇپمۇ سارجا كىيىملەرنىڭ مۇناسىپ ئورۇنلىرىغا تىكىش مەشغۇلاتى جەريانىدىكى تەكشۈلۈكنى ساقلاش يۈزىسىدىن، ئاق يىپ بىلەن ئالدىن ئۇرۇلغان بەلگە.

**يىپ قاپلىق سىم** <فىز> پاختا يىپ ئوراپ ئىزولياتسىيە قەۋىتى ھاسىل قىلىنغان ئۆتكۈزگۈچ سىم. ئۇنىڭ بىلەن كۆپىنچە ئېلېكتر ماشىنىسى ۋە ئېلېكترلىك ئالاقىلىشىش قۇرۇلمىلىرىدىكى ئورامىلىق غالتەك (كاتۇشكا) ئورىلىدۇ.

**يىپ قىسقۇچ** تىكىش ماشىنىسىنىڭ قىسىپ

بىرىش روللىنى ئوينايدىغان دېتالى.

**يىپ ئۇچى** بىرەر چىگىش مەسىلە، ھادىسە قاتارلىقلار ھەققىدىكى دەسلەپكى ئۇچۇر، مەلۇمات، دەسلەپ مەلۇم بولغان خەۋەر: ئەر-ئايال ئىككىسى توغرىسىدا بىرەر يىپ ئۇچىغا ئېرىشەلىدىڭلارمۇ؟ * شۇنچە قىلىپمۇ بىرەر ئىشەنچلىك يىپ ئۇچىغا ئېرىشەلمىگەن رەھىمجاننىڭ ئاچچىقى تېخىمۇ چېكىگە يەتتى.

**يىپ ئۆتكۈزۈپ داۋالاش** <تب> مەقئەت ئاقمىسىنى داۋالاشنىڭ بىر خىل ئۇسۇلى. بۇنىڭدا دورىلىق يىپ ئاقما كانىلى ئىچىگە كىرگۈزۈلۈپ، مەقئەت تۆشۈكىدىن چىقىرىلىدۇ. دورا يىپنىڭ ئىككى ئۇچى چىڭ چىگىلىدۇ. دورا يىپنىڭ بېسىمى ۋە چىرىتىشى بىلەن ئاقما كانىلى تەدرىجىي ئايرىلىپ، يوقىلىدۇ.

**يىپ ئېشەلمەسلىك** ← **قولىغا سۇ قۇيۇپ بېرەلمەسلىك**: دېھقانلار راستىنلا يامبۇدا ئىشلىك تاقىغۇدەك بولۇپتۇ، ئۇلارنىڭ ئالدىدا سىلى بىلەن بىز يىپ ئېشەلمەيدىكەنمىز. * يىپ ئېشەلمەيدۇ سىياقىڭ ئالدىدا باغى ئېرەم، مىڭ بېھىشنىڭ ھۆسنى سىڭگەن سەن گۈزەل جەننەت ماڭا.

**يىپ ئېشىپ قالماق** ماھارەت-كارامىتىگە قاراپ ھاڭ-تاڭ قالماق، قاتتىق قايىل بولۇپ تۇرۇپ قالماق، قول قويماق: نېمە دەۋاتقىنىڭ بۇ، توخۇچىنىڭ كارامەتلىرى ئالدىدا سەن دېگەن رۇسمۇ يىپ ئېشىپ قالىدۇ.

**يىپىدىن يىڭنىسىگىچە** ئۇجۇر-بۇجۇرىغىچە، ھېچنېمىنى قالدۇرماي، ھەممىسىنى: ئۇنىڭ يېنىدا ھەربىر ئىشنى يىپىدىن يىڭنىسىگىچە ئۆگىنىدىغان دادىسى بار. * سەن ئۇ ئىشلارنى يىپىدىن يىڭنىسىگىچە بىلەمسەن؟

**يىپەك** ئى ① پىلە غوزىسىدىن ئېلىنىدىغان ئىنچىكە تالا ۋە ئۇنىڭدىن ئېگىرىلگەن يىپ، مەشۇت: خام يىپەك. پىشۇرۇلغان يىپەك. ② شۇنداق يىپلاردىن توقۇلغان رەخت، شايى ۋە ئۇنىڭدىن تىكىلگەن كىيىم ياكى بۇيۇم: يىپەك رومال. يىپەك يولى. يىپەك ياغلىق. يىپەك كۆڭلەك.

**يىپەك ئاكاتسىيىسى** <بوت> پۇرچاق ئائىلىسىدىكى يوپۇرماق تاشلايدىغان دەرەخ. تۆت-بەش مېتىر ئېگىزلىكتە ئۆسىدۇ. يوپۇرمىقى ئىككى قايتىلانغان جۈپ سانلىق پەيسىمان مۇرەككەپ يوپۇرماق بولۇپ، نۆۋەتلىشىپ ئۆسىدۇ، كىچىك يوپۇرماقلىرىنىڭ شەكلى پىچاق شەكلىدە، سېپى يوق. باشسىمان گۈل رېتى يېڭى شېخىنىڭ ئۇچىدا ئۆسىدۇ، قاسىراقلىق مېۋىسى مۈڭگۈزگە ئوخشايدۇ ھەم نېپىز كېلىدۇ، پىشقاندا سارغۇچ قوڭۇر رەڭگە ئۆزگىرىدۇ. قوۋزىقى، غۇنچىسى ۋە يېڭى ئېچىلغان گۈلى دورا قىلىنىدۇ. تەمى تاتلىق. تەبىئىتى مۆتىدىل، زەھەرسىز. نېرۋىنى تىنچلاندۇرۇپ خاپىغاننى تۈگىتىدۇ، قاننى جانلاندۇرىدۇ، ئاغرىق توختىتىدۇ، پەي ۋە سۆڭەكلەرنى چىڭىتىدۇ.

**يىپەك پارقىراقلىقى** <كېئول> بىر خىل ئالاھىدە مېتاللوئىد پارقىراقلىقى. تالاسىمان قۇراشمىسىنىڭ سۇس رەڭلىك سۈزۈك مىنېراللىدا ھەربىر تالادىن قايتقان نۇرنىڭ ئۆزئارا تەسىرى نەتىجىسىدە ھاسىل بولغان يىپەكتە كۆرۈلىدىغان پارقىراقلىققا ئوخشاش. مەسىلەن، تاشپاختا پارقىراقلىقى.

**يىپەك تارتماق** پىلە غوزىكىدىن مەشۇت چىقارماق.

**يىپەك توقۇلما** يىپەكتىن توقۇلغان ھەر خىل قول سانائەت ۋە تۇرمۇش بۇيۇملىرى.

**يىپەك قاپلىق سىم** <فىز> سىرتىغا يىپەكتىن ئىزولياتسىيە قەۋىتى ئورالغان مېتال ئۆتكۈزگۈچ سىم. كۆپىنچە ئېلېكتر ماشىنىسى ۋە ئېلېكترلىك خەۋەرلىشىش قۇرۇلمىلىرىدىكى كاتۇشكىلارنى ياساشتا ئىشلىتىلىدۇ.

**يىپەك قۇرتى** <زوئول> ← **پىلە قۇرتى**.

**يىپەك يولى** <تارىخ> غەربىي خەن سۇلالىسى دەۋرىدە ئېچىلغان، جۇڭگودىن غەربىي ئاسىيا، ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ياۋروپاغا مال توشۇلىدىغان سودا يولى. بۇ يولدا جۇڭگونىڭ يىپەك ۋە يىپەك بۇيۇملىرى چاڭئەندىن خېشى كارىدورى ئارقىلىق ھازىرقى شىنجاڭدىن ئارىسقا (ئاسىيانىڭ غەربىدىكى تۈركىي دۆلەت) ۋە غەربىي ئاسىياغا ھەم ياۋروپادىكى رىم ئىمپېرىيىسىگە توشۇلغان.

**يىپەك يىپ** پىلە غوزىسىدىن ئېلىنىدىغان تالادىن ئېگىرىلگەن يىپ. چىدامىلىق ۋە جۇلالىق بولىدۇ.

**يىپەكچى** ئى ① پىلىدىن يىپەك يىپنى سۇغۇرۇپ چىقىرىپ، يىپەك توقۇشقا تەييار قىلىپ بەرگۈچى، پىلىنىڭ يىپىنى سۇغۇرغۇچى. ② يىپەك رەختلەرنى توقۇغۇچى ياكى يىپەك توقۇش ئىشچىسى.

**يىپەكچىلىك** ئى. يىپەكچىلەر مەشغۇل بولغان ئىش، يىپەكچىلەر شۇغۇللانغان كەسىپ، ھۈنەر: ئۇلار يىپەكچىلىك تەرەققىي قىلغان بۇ يۇرتلاردىن نۇرغۇنلىغان يىپەك بۇيۇملارغا ئىگە بولدى ۋە پىلىچىلىك تېخنىكىسىنى ئۆگەندى.

**يىپچە** ① ئى <بىئول> بىر خىل ئىنچىكە يىپ ياكى تالا. مەسىلەن، يىلتىز تۈكچىسى ۋە توغرا يوللۇق مۇسكۇللارنىڭ تۈزۈلمە بىرلىكىگە ئوخشاش. ② سۈپ. يىپقا ئوخشاش، يىپ ھالىتىدىكى: يىپچە قۇرت.

**يىپچە قۇرت** <زوئول> پارازىت قۇرتلارنىڭ بىر خىلى. شەكلى يىپقا ئوخشاش ئىنچىكە ھەم ئۇزۇن بولىدۇ. ئادەم ۋە بەزى سۈت ئەمگۈچى ھايۋانلارنىڭ تېنىدە پارازىت ياشاپ، بەزىلىرى كېسەل تارقىتىدۇ.

**يىپتەك** سۈپ. يىپكە ئوخشاش، مەلۇم بىر ئالاھىدىلىكى جەھەتتە يىپكە ئوخشايدىغان.

**يىپسىز** سۈپ. يىپ يوق، يىپ ئۆتكۈزۈلمىگەن، يىپقا ئىگە بولمىغان: يىپسىز يىڭنە. * مەن ئۇنىڭغا يىپسىز باغلانغان تۇرسام، نەگىمۇ قاچالايتتىم.

**يىپسىز بۆلۈنۈش** <بىئول> ھۈجەيرە بۆلۈنۈشىنىڭ بىر خىل شەكلى. بۇنىڭدا، ھۈجەيرىنىڭ بۆلۈنۈش ۋاقتىدا ئالدى بىلەن ھۈجەيرە يادروسى ئۈزۈرايدۇ ۋە بۆلۈنۈپ ئىككى قىسمىغا ئاجرايدۇ. ستوپلازما شۇنىڭغا ئەگىشىپ بۆلۈنىدۇ-دە، ئىككى بالا ھۈجەيرىگە ئايلىنىدۇ.

**يىپسىمان** سۈپ. يىپقا ئوخشاش، يىپ شەكلىدىكى، يىپتەك: يىپسىمان باكتېرىيە. يىپسىمان ھايۋان. يىپسىمان يوپۇرماق.

**يىپسىمان باكتېرىيە** <بىئول> باكتېرىيىلەر بىلەن زەمبۇرۇغلارنىڭ ئارىلىقىدىكى، باكتېرىيىلەرگە بەكرەك ئوخشايدىغان بىر ھۈجەيرىلىك مىكروئورگانىزملار. يىپچىسى ئىنچىكە بولىدۇ، شاخلىنىدۇ. كۆپىنچە بىر مەركەزدىن تۆت ئەتراپقا شولىسىمان ئۆتىدۇ؛ ھۈجەيرىسىدە

شەكىلگە كىرگەن ھۈجەيرە يادروسى بولمايدۇ. باكتېرىيە يىپچىلىرى ۋېگېتاتىۋ باكتېرىيە يىپچىلىرى ۋە ھاۋادىكى باكتېرىيە يىپچىلىرىغا دىففېرېنسىيىلىنىدۇ. ۋېگېتاتىۋ باكتېرىيە يىپچىلىرى ئۇزۇقلۇق سۈمۈرىدۇ، ھاۋادىكى باكتېرىيە يىپچىلىرى بۆلۈنگۈچى سپورىلارنى ھاسىل قىلىدۇ. تەبىئەتتە، بولۇپمۇ تۇپراقتا كەڭ تارقىلىدۇ. كۆپ ساندىكىلىرى چىرىتىش ئۇسۇلى بىلەن ياشايدۇ.

**يىپسمان ھايۋانلار** <زوئول> ھايۋانلار دۇنياسىدىكى بىر تىپ. بۇ تىپتىكى ھايۋانلارنىڭ تېنى يۇملاق تۈۋرۈكسىمان بولۇپ، ئىككى ئۇچى ئۇچلۇق كېلىدۇ، بوغۇملارغا بۆلۈنمەيدۇ. دەسلەپكى تەن بوشلۇقى بولىدۇ.

**يىپسمان يوپۇرماق** <بوت> يوپۇرماق شەكلىنىڭ بىر تۈرى. ئادەتتە ئۇزۇن، تاسما شەكىللىك بولۇپ، تۈۋى بىلەن ئۇچىنىڭ كەڭلىكى ئاساسەن ئوخشايدۇ. مەسىلەن، بۇغداينىڭ يوپۇرمىقىغا ئوخشاش.

**يىپسمان يۇقىرى مولېكۇلىلار** <خىم> مونومېرلارنىڭ تۈرغۇنلىغان بىرلىكلىرىنىڭ ئۆز ئارا تۇتىشىشىدىن ھاسىل بولىدىغان زەنجىرسىمان تۈزۈلۈشتىكى يۇقىرى مولېكۇلىلار. تۈز زەنجىرلىك ۋە تارماق زەنجىرلىك دەپ ئىككى خىل بولىدۇ. ئېلاستىكلىقى، ئىسسىقلىقتىن يۇمشاشچانلىقى ۋە ئېرىشچانلىقى ھەمدە سۇيۇقلىنىشچانلىقى يۇقىرى.

**يىپلاشماق** پ. يىپ پەيدا بولماق، يىپقا ئايلانماق.

**يىپلانماق** پ ← **يىپلاشماق.**

**يىپلىق** سۈپ. يىپ بار، يىپ ئۆتكۈزۈلگەن ياكى يىپقا چېتىلغان؛ يىپ بىلەن بېزەلگەن ياكى يىپى بار: بىز سېتىۋالغان ئىنچىكە يىپلىق ئاق مىشكاپلار شۇ يەردە قالغانىدى.

**يىپلىق بۆلۈنۈش** <بىئول> ھۈجەيرە بۆلۈنۈشىنىڭ بىر خىل شەكلى. بۇنىڭدا ئالدىنقى دەۋر، ئوتتۇرا دەۋر، كېيىنكى دەۋر ۋە تۈگەنچى دەۋر دەپ تۆت دەۋر بولىدۇ. ئالدىنقى دەۋردە خروماتىن تورى يىغىلىپ خروموسومىغا ئايلىنىدۇ. ئىككى دانە مەركىزىي دانچە ئارىلىقىدا ئۇرچۇقسىمان تەنچە پەيدا بولىدۇ. ئوتتۇرا دەۋردە خروموسوما بويىغا ئىككىگە بۆلۈنىدۇ ھەمدە ئېكۋاتور تاختىسىغا تىزىلىدۇ. كېيىنكى دەۋردە ئىككى توپ بالا خروموسومىلار ئايرىلىپ ھۈجەيرىنىڭ ئىككى قۇتۇپىغا يۆتكىلىدۇ. تۈگەنچى دەۋرىدە ئىككى توپ بالا خروموسومىلار ھۈجەيرىنىڭ ئىككى قۇتۇپىغا يېتىپ بېرىپ، قايتىدىن ئىككى دانە بالا ھۈجەيرە يادروسىنى تەشكىل قىلىدۇ ھەمدە بۆلۈنۈپ ئىككى بالا ھۈجەيرىنى ھاسىل قىلىدۇ.

**يىپلىنىش** «يىپلانماق» پېئىلىنىڭ يەنە بىر خىل ئىسمدىشى: يىپلىنىش دانچىسى. يىپلىنىش نۇقتىسى.

**يىپلىنىش دانچىسى** <بىئول> خروموسومىنىڭ مۇئەييەن ئورنى، يەنى ھۈجەيرە بۆلۈنۈش ۋاقتىدا كېلىپ چىقىدىغان ئۇرچۇق يىپچىسىنىڭ يېپىشىش ئورنى. يىپلىنىش دانچىسىنىڭ ئورنى بۆلۈنگەندىن كېيىن، خروموسومىنىڭ تاياق، يا ۋە r شەكىللىك بۆلۈنۈشىنى بەلگىلەيدۇ. ئادەتتە بىر خروموسومىدا بىردىن يىپلىنىش دانچىسى بولىدۇ.

**يىپلىنىش نۇقتىسى** <بىئول> خروموسو مىلارنىڭ تار بوغماقلىرىدىكى قېنىق رەڭ ئالىدىغان ئۇششاق دانىچىلىرى.

**يىپ-يىڭنە** يىپ ۋە يىڭنە، يىڭنە ئىشىدا ئىشلىتىلىدىغان ئۇششاق-چۈششەك نەرسىلەر: ئۇ يىپ-يىڭنىلىرىنى كۆتۈرۈپ كىيىم ئىشكاپى ئالدىغا كەلدى.

**يىت** ئى. ئەرۋاھلارغا ئاتاپ مايدا پوشكال، قۇيماق سالغان ۋاقىتتىكى مايىنىڭ ھىدى، پۇراق: يىت پۇراتماق.

**يىت پۇراتماق** دىنىي ئادەت بويىچە تاسادىپىي بالا-قازانىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن خۇدا يولىدا ياكى روھ-ئەرۋاھلارغا ئاتاپ پوشكال، قۇيماق سېلىش يولى بىلەن ماي پۇراتماق: — چۈشۈم بۇزۇلۇپ، قاپتىكەن، ئەتىگەن تۇرۇپ ئازراق يىت پۇرىتىپ دۇئا قىلدۇرۇۋەتتىم، — دېدى ھۆسنارىخان.

**يىت سالماق** ← **يىت پۇراتماق.**

**يىتتۈرمەك** «يىتمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: رۇقىيە گويا قىممەتلىك بىر نەرسىسىنى يىتتۈرۈپ قويغان ئادەمدەك بولۇپ قالدى.

**يىتتۈرۈشمەك** «يىتتۈرمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**يىتمەك** پ. يوقالماق، يوق بولماق، غايىب بولماق: يىتكەن پىچاقنىڭ سېپى ئالتۇن (ماقال). * زادى مۇشۇ ئۆيدىن كېتىپ كۆزۈڭدىن يىتسەم بولامدۇ؟... بولدى، ياقا يۇرتقا چىقىپ كېتىمەن.

**يىخېتۇەن** ئى (خەن) <تارىخ> XIX ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا دۆلىتىمىزنىڭ شىمالىدىكى خەلقلەرنىڭ ئىستىخىيىلىك ھالدا تەشكىللىنىپ، جاھانگىرلارنىڭ تاجاۋۇزىغا قارشى تۇرغان ئاممۋى تەشكىلاتى. ئۇنىڭ ئەسلىي نامى يىخېچۇەن بولۇپ، بەيلەن دىنىنىڭ تارماق مەزھىپى ئىدى. ئۇلار ئەڭ ئالدى بىلەن شەندۇڭدا ھەرىكەت قىلىپ، ئۇزۇن ئۆتمەي شىمالدىكى بىرقانچە ئۆلكىگە كېڭەيگەن. چامباشچىلىق تېخنىكىسىنى مەشق قىلىش، چامباشچىلىق ئورۇنلىرىنى قۇرۇش ئارقىلىق ئاممىنى تەشكىللەپ، چەت ئەل تاجاۋۇزىغا قارشى كۈرەش ئېلىپ بارغان.

**يىخېتۇەن ھەرىكىتى** <تارىخ> 1900-يىلى شىمالىي جۇڭگودىكى دېھقانلارنى ئاساسىي گەۋدە قىلغان جۇڭگو خەلقىنىڭ جاھانگىرلىككە قارشى ۋەتەنپەرۋەرلىك ھەرىكىتى.

**يىراق** ① سۈپ. ئارىلىقى، مۇساپىسى نېرى، يېقىن ئەمەس، ئۇزۇن: مەكتەپ بىلەن ئۆيىمىزنىڭ ئارىلىقى بەك يىراق ئىدى. * مەھەللىدىن ئانچە يىراق بولمىغان بىر كوچىدا كىچىكرەك بىر دوختۇرخانا بار ئىدى. // بىراق ئۇرىدىن يىگىرمە كۈن ئىچىدە ناھايىتى يىراق كەتكەنىكەن. ② ئى. سۆزلىگۈچى تۇرغان يەردىن ئارىلىقى، مۇساپىسى ئۇزۇن بولغان جاي: يىراقتىكى تۇغقاندىن يېقىندىكى قوشنا ياخشى (ماقال). * مەن بېشىمنى كۆتۈرۈپ يىراقلارغا كۆز تاشلىدىم. ③ سۈپ. مۇساپىسى ئۇزۇن ھەم نېرى جايلاردا ئېلىپ بېرىلغان: مەن دادامنىڭ يىراق سەپەردىن قايتىپ كەلگەنلىكىنى ئاڭلاپ، دەرھال ئۆيگە يۈگۈردۈم. ④ سۈپ. ئالاقىسى، مۇناسىۋىتى تازا قويۇق ئەمەس: — ياقەي، بىز يىراق ئەمەس، — دېدى ئۇ چۈشەندۈرۈپ، — بىز پات-پات ئۇچرىشىپ، سىردىشىپ تۇرىمىز، كۆڭۈلمىز يېقىن. // ئويلاپ قىلساڭ سۆزۈڭنى،

ئاما بولىدۇ ئامراق. يوغان تۇتسالڭ ئۆزۈڭنى، ئەل بولۇر سەندىن يىراق. ⑤ سۈپ. ۋاقىت جەھەتتە ئۇزاق؛ خېلى كېيىن كېلىدىغان: بۇ زالىملارنى كۆيدۈرۈپ كۈل قىلىۋېتىدىغان چاغلارمۇ يىراق ئەمەس. * بىز قېرىنداشلىرىمىزنىڭ، شۇنداقلا جىمكى ئەۋلادلارنىڭ يىراق كەلگۈسى تەقدىرىنىڭ غېمىنى يېيىشىمىز لازىم. ⑥ ئى. ئىشنىڭ كەلگۈسى، ئىش-پائالىيەتنىڭ كېيىنكى ئەھۋالى: يىراقنى كۆزلىمەك. يىراقنى كۆرمەك. * — ئەرزان دەپ يىراقنى ئويلىمساق بولمايدۇ،- دېدى تېخنىك كەسكىنلا كېسىپ. * — ھەر ھالدا سىز يىراقتا نەزەر سېلىسىڭ! — دېدى ئۇ قوشۇمچە قىلىپ. ⑦ سۈپ. چىقىش كېلىشتە كەلگەن ئايرىم ئىسىم ياكى ھەرىكەتناملىرىدىن كېيىن كېلىپ، نەتىجىنىڭ شۇ ئىسىم ياكى ھەرىكەتنامى بىلدۈرگەن ھالغا كەلمىگەنلىكىنى، بەلكى شۇ ھالغا كېلىشتىن كۆپ تۆۋەن، كەم ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ: — بىز تېخى تەلەپتىن كۆپ يىراق، — دېدى ئايجامال. * — بۇمۇ ئېھتىمالدىن يىراق ئەمەس، — دېدى ئەكبەر سەل يۇمشاپ.

**يىراق ئاۋاز مەيدانى** <فىز> ئاۋاز مەنبەسى ئەركىن ئاۋاز مەيدانىدا رادىئاتسىيىلەنگەن چاغدا، ئاۋاز مەيدانىدىن يىراقتىكى پەيتلىك ئاۋاز بېسىمى بىلەن ماددىي نۇقتا تېزلىكى ئوخشاش فازىلىق بولىدىغان ئاۋاز مەيدانى.

**يىراقتىن باشقۇرۇش** <فىز> سىملىق ياكى سىمسىز ئېلېكتر زەنجىرلىك ئەسۋابلار ئارقىلىق مەلۇم ئارىلىقتا تۇرغان ماشىنا، ئۈسكۈنىلەرنى باشقۇرۇش. ئۇ سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسى، ئايروپىلان، ئۇچىدىغان قوراللار ۋە ئاپتوماتلاشقان ئىشلەپچىقىرىش قاتارلىق جەھەتلەردە كەڭ قوللىنىلىدۇ.

**يىراقتىن تەسىرلىشىش** <فىز> ئارىلىقتىكى ئۆزئارا تېگىشمەيدىغان ئىككى جىسىم ئارىسىدىكى ئۆزئارا تەسىرنىڭ پەيدا بولۇشى ھەققىدىكى خاتا چۈشەندۈرۈش.

**يىراقتىن چېتىشتۇرۇش** <بىئول> تۇغقاندارچىلىق مۇناسىۋىتى يىراق بولغان يەككە تەنلەرنى ئۆزئارا چېتىشتۇرۇپ كۆپەيتىشنىڭ بىر خىل ئۇسۇلى.

**يىراقتىن سېزىش تېخنىكىسى** <فىز> 60-يىللاردا بارلىققا كەلگەن بىر خىل تەكشۈرۈش-ئۆلچەش تېخنىكىسى. بۇنىڭدا ماگنىت دولقۇنلىرى نەزەرىيىسىگە ئاساسەن، ھەر خىل تارقىتىش-سېزىش ئەسۋابلىرىدىن پايدىلىنىپ يىراق جايلاردىكى نىشان تارقاتقان ۋە قايتۇرغان ماگنىت دولقۇنلىرى ئۇچۇرى قوبۇل قىلىنىپ، توپلىنىپ، ۋە بىر تەرەپ قىلىنىپ، ئەڭ ئاخىرىدا تەسۋىرگە ئايلاندۇرۇلىدۇ. بۇ ئارقىلىق يەر يۈزىدىكى ھەر خىل نەرسىلەر ئۈستىدە تەكشۈرۈش-ئۆلچەش ئېلىپ بېرىشقا ۋە پەرق ئېتىشكە بولىدۇ.

**يىراقتىن ئۆلچەش** <فىز> بوشلۇقتىكى توشۇش قوراللىرى ۋە زامانىۋى ئېلېكترونلۇق ئەسۋابلار، ئوپتىكىلىق ئەسۋابلاردىن پايدىلىنىپ، يىراقتىكى تەتقىقات ئوبيېكتىنى تەكشۈرۈش ۋە پەرق ئېتىش.

**يىراق شەرق** <جۇغ> ياۋروپالىقلارنىڭ ئاسىيانىڭ شەرقىي رايونلىرىنى ئاتىشى.

**يىراقتا سەكرەش** <تەن> يېنىك ئاتلېتىكا ھەرىكىتىنىڭ سەكرەش تۈرلىرىدىن بىرى. بۇنىڭدا، ياردەمچى يۈگۈرۈش

يولىدا تۈز سىزىق بويلاپ ياردەمچى يۈگۈرۈپ، يۈگۈرۈش جەريانىدا بىر پۇتتا قاڭقىپ سەكرەپ چىقىپ بوشلۇققا كۆتۈرۈلۈپ، ئاخىرىدا ئىككى پۇت بىلەن قۇم ئازگىلىغا چۈشىدۇ. يىراققا سەكرەش ھەم مۇسابىقە تۈرى، ھەم باشقا ھەرقايسى تەنھەرىكەت تۈرلىرىنىڭ مۇھىم مەشىق قىلىش ۋاستىسى ھېسابلىنىدۇ. مۇسابىقىدا نام تەرتىپى سەكرىگەن يىراقلىققا قاراپ بەلگىلىنىدۇ.

**يىراق قەدىمىي ئېرا** <گېئول> گېئولوگىيىلىك يىلنامىنىڭ ئىككىنچى ئېراسى. بۇنىڭدىن 2 مىليارد 400 مىليون يىل بۇرۇن باشلىنىپ، 570 مىليون يىل بۇرۇن ئاياغلاشقان. بۇ ئېرادا يۈسۈنلەر ۋە مىكروئورگانىزملار تەرەققىي قىلغان، ئاخىرقى ۋاقىتلىرىدا ئومۇرتقىسىز ھايۋانلار تاسادىپىي كۆرۈلۈشكە باشلىغان. بەك قەدىمىي ئېرا بىلەن سېلىشتۇرغاندا، بۇ ۋاقىتلاردىكى تاغ جىنسلىرىنىڭ ئاينىش دەرىجىسى بىرقەدەر تېيىز، شۇنداقلا بىر قىسىم ئاينىشقا ئۇچرىمىغان چۆكمە جىنسلارنىمۇ كۆرگىلى بولىدۇ. ئاساسىي تاغ جىنسلاردىن تاختا جىنس، مەرمەر جىنس، دولومىت جىنس، ھاكتاش جىنس، تارىشا جىنس، قۇمتاش جىنس، مىڭقات جىنس قاتارلىقلارنىمۇ ئۇچراتقىلى بولىدۇ. يىراق قەدىمىي ئېرا تېمى دۆلىتىمىزنىڭ شىمالىي ۋە جەنۇبىنىڭ ھەرقايسى يەرلىرىگە تارالغان. شەرتلىك بەلگىسى: pt.

**يىراق قەدىمىي ئېراتېمى** <گېئول> يىراق قەدىمىي ئېرادا شەكىللەنگەن يەر قاتلاملىرى.

**يىراق كەلگۈسى** كېلىشۋاتقان ھەم كېلىدىغان، ئۇزاق ۋاقىتلاردىن كېيىن كېلىدىغان كۈنلەر، كەلگۈسى، يىراق كېلەچەك: كىم بىلىدۇ، بەلكىم ئۇ يىراق كەلگۈسىنىڭ ئىشىدۇر.

**يىراق كۆرۈنۈش** <كىنو> كىنوغا ئېلىش ئاپپاراتلىرى ئارقىلىق، مەنزىرە ۋە كىشىلەرنىڭ يىراقتىن ئېلىنغان كۆرۈنۈشى.

**يىراق مەزگىللىك پېرېۋوت چېكى** <مال> مەلۇم مەزگىلدىن كېيىن پۇل بېرىلىدىغان سودا پېرېۋوت چېكى.

**يىراق نۇقتا** <فىز> خرۇستال تەنچىنىڭ ئەگرىلىك رادىئۇسى ئەڭ چوڭ چاغدا كۆرگىلى بولىدىغان ئەڭ يىراق جىسىم نۇقتىسى.

**يىراقنى كۆرەر كۆز** <تىب> كۆز ئالمىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى قىسقارغانلىقى، مۈڭگۈز پەردىسىنىڭ ئەگرىلىكى كىچىكلىگەنلىكى ياكى كۆز گۆھىرى كۆرۈش پەردىسگە تولىمۇ يېقىن بولغانلىقى ۋە كۆزنىڭ تەڭشەش ئىقتىدارى نورماللىسىزلاشقانلىقى تۈپەيلىدىن يېقىن نۇقتىنى يىراققا سۈرىدىغان كۆز. بۇنداق نۇقسانى كۆزنىڭ ئالدىغا فوكۇسى مۇۋاپىق كېلىدىغان بىر كۆپۈنكى لىنزىنى قويۇپ تۈزەتكىلى بولىدۇ.

**يىراقنى كۆرەلمەسلىك** <تىب> نۇر سۇندۇرۇش دەل بولماسلىقنىڭ بىر تۈرى. بۇنىڭدا كۆز ئالمىسىنىڭ ئالدى-كەينى دىئامېتىرى زىيادە ئۇزۇن بولۇپ كەتكەنلىكى ياكى خرۇستال تەنچىنىڭ كۆپۈنكىلىك دەرىجىسى زىيادە چوڭ بولۇپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن، يىراقتىن كەلگەن پاراللېل نۇرنىڭ كۆزگە كىرىپ ھاسىل قىلغان فوكۇسى تور پەردىنىڭ ئالدى تەرىپىگە چۈشىدۇ-دە، تەسۋىر ئېنىق

چىقمايدۇ. بىمار بۇنى پىتنىقلىق كۆزەينەك تاقاش ئارقىلىق تۈزىتەلەيدۇ.

**يىراقنى كۆرمەك** بولىۋاتقان ياكى بولىدىغان ئىش-ھەرىكەت، ھادىسىنىڭ ئاقىۋىتىنى، نەتىجىسىنى توغرا مۆلچەرلىمەك، ئىش-ھەرىكەتنىڭ ئاخىرىنى ئوبدان ئويلاپ توغرا يول تۇتماق: ياشلار يىراقنى كۆرۈشى، پىداكارلىق بىلەن كۈرەش قىلىشى، ئالغا بېسىش روھىنى ساقلىشى، ئامىمدىن ئايرىلىپ قالماسلىقى لازىم. * ئەخمەتبەگ يىراقنى كۆرەلمەيدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۇنىڭ ئوغۇللىرى ئەخمەقرەك نېمىلەر، ئاتىسىنىڭ ئىزىنى باسالمايدۇ.

**يىراقنى كۆزلىمەك** كەلگۈسىنى كۆزدە تۇتماق: — ناھايىتى ئەقىللىق چارە، — دېدى سادىق ئوسمان تارانىنىڭ تەكلىپىگە قوشۇلۇپ، — يىراقنى كۆزلەۋاتىسەن، بولىدىغان گەپ.

**يىراقنى يېقىن قىلماق** قىيىن، مۇشكۇلچىلىكلەرنى ئاسانلاشتۇرماق، ئېغىرچىلىقنى يېنىكلەشتۈرمەك، ئاسان قىلماق: كېرەك يوق، ئۇ تۈل خوتۇن، يىرىقنى يېقىن قىلىپ بەرگۈچىسى يوق، ئۇنىڭغا تېرىقتەك زىيان تاۋۇزدەك بىلىنىدۇ. * مەن ئۆيۋاقامنى بېسىقتۇرۇپ بولغۇچە، بۇلار ماڭا قول-پۇت بولۇپ يىراقنى يېقىن قىلىشىپ بەردى، نۆۋەت بىلەن ئۆيلىرىگە چاقىرىپ ئادىمگەرچىلىكنى يەتكۈزدى.

**يىراق ئورۇن** <فىز> ← **يەرگە يىراق نۇقتا.**

**يىراقلاتماق** «يىراقلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**يىراقلاشتۇرماق** «يىراقلاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: مەردان شۇنداق دېدى-دە، غەلىتە قوپاللىق بىلەن رۇقىيەمنى ئۆزىدىن يىراقلاشتۇردى. * مەن قايغۇنى ئۆزۈمدىن يىراقلاشتۇرۇپ 6-ئاينىڭ 6-كۈنى گۇڭشېغا بېرىپ، رەھبەرلىككە ئەھۋالنى ئېيتىپ خىزمەت تەلەپ قىلدىم.

**يىراقلاشتۇرۇشماق** «يىراقلاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**يىراقلاشتۇرۇلماق** «يىراقلاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**يىراقلاشقۇچى** سۈپ. تەدرىجىي يىراقلىشىپ بارىدىغان، يىراقلىشىدىغان: يىراقلاشقۇچى سانلار ئارقىمۇئارقىلىقى.

**يىراقلاشقۇچى سانلار ئارقىمۇئارقىلىقى** <مات> لىمىتى مەۋجۇت بولمىغان ياكى چەكسىز چوڭغا ئىنتىلىدىغان سانلار ئارقىمۇئارقىلىقى. مەسىلەن، سانلار ئارقىمۇئارقىلىقى $\{(-1)^n\}$، $\{n^2\}$ ( n تەبىئىي سان)لار يىراقلاشقۇچى سانلار ئارقىمۇئارقىلىقىدۇر.

**يىراقلاشماق** پ ① بىرەر نەرسە ياكى كىشىنىڭ يېنىدىن يىراققا كەتمەك، ئايرىلماق، نېرى بولماق، ئۇزاقلاشماق: ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ قارا سۇنى بويلاپ بۇلاق بېشىدىن يىراقلاشتى. * ھېلىقى ناخشا ئاۋازى بولسا بارغانسېرى يىراقلاشماقتا ئىدى. ② كۆچمە. ئۇرۇق-تۇغقانلىق، دوستلۇق ئالاقىلىرى سۇسلاشماق: مەن ئۆزۈمنىڭلا غېمىدە بولۇپ، سەندىن يىراقلىشىپ كەتتىم. * مانا قاراڭ، يەكشەنبە كۈنى گۈلئايشەمنىڭ ئالىقاچان يىراقلىشىپ كەتكەن دوستلىرى ئەر-ئايال بولۇپ، بىر ماشىنىغا ئولتۇرۇپ ئۇنى ئىزلەپ كەپتۇ. ③ كۆچمە. پەرق چوڭايماق: ئىدىيە جەھەتتىمۇ ئىككىيلەن خېلى روشەنلا يىراقلىشىپ قالغانىدى. * مۇشۇ كۈنلەردە ئاكا-ئۇكا ئىككىيلەن كۆزقاراش جەھەتتىمۇ خېلىلا يىراقلىشىپ كېتىۋاتاتتى.

**يىراقلىق** « يىراق » سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: ئۇ كېتەي دەپمۇ ئويلاپتۇ، بىراق بېسىپ كەلگەن يولنىڭ يىراقلىقى يۈرىكىنى تىلىپتۇ. * جۇڭگو بىلەن تۈركىيىنىڭ ئارىلىقى يىراق. بىراق، دوستلۇق يولى ئۈچۈن يىراقلىق يوق.

**يىراقلىماق** پ ← **يىراقلاشماق:** ئورمان ئىشچىسى بۇ يەردىن خېلىلا يىراقلاپ كەتكەنىدى. * – ياق، ئۇنداق ئىشلاردىن ھازىر يىراقلاپ كەتتۇق، – دېدى كېۋىر كۈلۈمسىرەپ.

**يىراق-يېقىن** يىراق ۋە يېقىن، ھەممە ئەتراپ: ئىككى يىل ئىچىدە ئۇ « يېڭى زامانىنىڭ دۆلەتمىنى» دېگەن نام بىلەن يىراق-يېقىنغا تونۇلدى. * تەبرىكلەپ بوۋاينى يىراق-يېقىندىن، ئەۋەتتى سەپداشلار يۈزلەپ سالام خەت.

**يىرتقۇچ** سۈپ ① يىرتىدىغان، ئۆتكۈر: يىرتقۇچ چىشلىقلار. ② جانلىقلار بولۇپمۇ ھايۋانلار گۆشى بىلەن ئوزۇقلىنىدىغان، گۆشخور، ۋەھشىي، ياۋۇز (ھايۋانلار ھەققىدە): يىرتقۇچ ھايۋانلار. يىرتقۇچ قۇشلار.

**يىرتقۇچ چىشلىقلار** <زوئول> تاشقا ئايلانغان، گۆشخور يەر بېغىرلىغۇچى ھايۋانلار. پېرم دەۋرىنىڭ يەر قاتلىمىدىن تېپىلغان. ئۇلارنىڭ سۈت ئەمگۈچى ھايۋانلارنىڭكىگە ئوخشاش چىشلىرى بولۇپ، ئوتتۇرا چىش، قوزۇق چىش ۋە ئېزىق چىشلارغا دىففېرېنسىيىلەنگەن. تۆت پۇتىنىڭ تۈزۈلۈشىمۇ سۈت ئەمگۈچى ھايۋانلارنىڭكىگە ئوخشايدۇ، ئۇلار قەدىمكى يەر بېغىرلىغۇچىلاردىن سۈت ئەمگۈچىلەرگە تەدرىجىي تەرەققىي قىلغان ئۆتكۈنچى تۈرلەر بولۇپ، ترىئاس دەۋرىدە نەسلى يوقالغان.

**يىرتقۇچ قۇشلار** <زوئول> قۇشلارنىڭ بىر تۈركۈمى. بۇ خىل قۇشلارنىڭ تۇمشۇقى قىسقا ياكى ئۇچلۇق، ئۆتكۈر، ئۈستۈنكى تۇمشۇقى ئۇچلۇق ھەم ئىلمەك، قانىتى چوڭ، تاپان سۆڭىكى تەرەققىي قىلغان، ئۇچۇشقا ماھىر، پۇتلىرى قىسقا، توم ۋە مەزمۇت كېلىدۇ. بارماقلىرىدا قارماقسىمان تىرناقلىرى بولىدۇ. كۆرۈش سېزىمى ئۆتكۈر كېلىدۇ. باشقا قۇشلار ۋە كىچىك ھايۋانلار بىلەن ئوزۇقلىنىدۇ. مەسىلەن، تازقارا، بۈركۈت، سار قاتارلىقلارغا ئوخشاش.

**يىرتقۇچ ھايۋانلار** <زوئول> سۈت ئەمگۈچى ھايۋانلار ئىچىدىكى تېنى زور، خۇسۇسىيىتى ۋەھشىي كېلىدىغان گۆشخور ھايۋانلار. مەسىلەن، يولۋاس، شىر، يىلپىز قاتارلىقلار. بۇ خىل ھايۋانلار ئادەتتە باشقا ھايۋانلارنى ئوزۇق قىلىدۇ. بەزىلىرى ئادەملەرگىمۇ زىيان يەتكۈزىدۇ.

**يىرتقۇچلۇق** ئى. ۋەھشىيلىك: شۇ چاغدا ئۇنىڭ رەڭگىدىن يىرتقۇچلۇق ۋە بىر گۇناھسىزنىڭ ئۈستىگە ھۇجۇمغا تەييارلىنىش ۋەھشىيلىكىنىڭ بەلگىلىرى كۆرۈنەتتى.

**يىرتقۇزماق** « يىرتماق » پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**يىرتماق** پ ① قەغەز، لاتىغا ئوخشاش نەرسىلەرنى قول ياكى باشقا نەرسىلەر ۋاسىتىسى بىلەن پارچىلىماق، بۆلەكلەرگە ئاجراتماق، پارچە-پارچە قىلماق؛ بۇزماق: قۇرۇق قوشۇق ئېغىز يىرتار (ماقال). * ئۇ قولىدىكى خەتنى قويۇپ قويۇپ، 2-كونۋېرتنى يىرتتى. * تۆمۈر رېشاتكا ئۇنىڭ يەڭلىرىنى يىرتىۋەتتى. * قارا تۈن پەردىسىن يىرتىپ،

چېچىپ نۇر يولچى يولتۇزدەك، كېزىپ چىققان ئېلى، تۇرپان، خوتەن، تارىم ۋە قەشقەرنى. ② كۆچمە. تۇرلۇك يازما توختام، كېلىشىم قاتارلىقلارنى بىكار قىلماق، ئىناۋەتسىز قىلماق، ئۇنى ئىجرا قىلىش، ئەمەلىيلەشتۇرۇشنى توختاتماق: ئۇلار سۆھبەت جوزىسىدىن ئايرىلىپلا، بىتىمنىڭ سىياھى قۇرۇمايلا بىتىمنى يىرتىپ تاشلىدى.

**يىرتىشماق** «يىرتماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار كىرگەن بويى كىتابلارنى يىرتىشىپ، ئوت قويۇشقا باشلىدى. * چۈنكى بىز ئۇ چاغ يولدىن ئادىشىپ، ياتلاردەك بولۇپ ياقا يىرتىشقان. خانىنىڭ ۋە بەگنىڭ ھۆكمى دېيىشىپ، كۆندە دېگۈدەك ئوقلار ئېتىشقان.

**يىرتىق** سۈپ. يىرتىلغان؛ يىرتىلىپ كاردىن چىققان، بۇزۇلغان: ئون نەچچە ئادەم سۇپىنىڭ ئۈستىدىكى يىرتىق كىگىزدە ھەر خىل تېمىدا سۆزلىشىپ ئولتۇراتتى. * مېنىڭ يىرتىق كىيىملىرىم ئۇ سوۋغات قىلغان يېڭى كىيىملەردىن مىڭ ئەلا.

**يىرتىق-ياماق** ھەم يىرتىق ھەم ياماق، يىرتىلغان يەرلىرىمۇ، يامالغان يەرلىرىمۇ بار: يىرتىق-ياماق ئىدى ئۈستى ئۇلارنىڭ، خالتىلىرى پۇلاڭلايتتى قۇپقۇرۇق. چىرايلىرى ئىدى تۈنگە مۇپتىلا، يىرۇسالىم ئاسمىنىدەك بۇلۇتلۇق.

**يىرتىلماق** «يىرتماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئۇنىڭ كۆڭلىكىنىڭ ياقىسى يىرتىلغان، ئاپتاپتا كۆيگەن بويىنىڭ بىرقانچە يېرىدە قان ئىزى كۆرۈنەتتى.

**يىرغۇزماق** «يىرماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**يىرگەندۇرمەك** «يىرگەنمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇنىڭ سۆزلىرى سەلىمىنى يىرگەندۇرۇۋەتتى. * ئۆمەر ئاكىمۇ سولايمانىنىڭ كىشىنى يىرگەندۇرىدىغان بەزى قىلىقلىرىدىن بىزار بولۇپ يۈرەتتى.

**يىرگەندۇرۇشمەك** «يىرگەندۇرمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**يىرگەنمەك** پ. سەسكەنمەك، بىزار بولماق؛ بىمەنىلىك، تېتىقسىزلىق، بەتتەملىك ھېس قىلماق؛ زېرىكمەك: ياخشىدىن ئۆگەن، ياماندىن يىرگەن (ماقال). * مەن ئۇنىڭ مىلىچلاپ قاڭسىق پۇراپ تۇرغان تېرىنى يىرگەنمەي، ئالقانلىرىدا مۇجۇشىغا قاراپ ھەيران بولاتتىم.

**يىرگىنچ** ئى. سەسكىنىش، بىزار بولۇش تۇيغۇسى، بىزارلىق، بىمەنىلىك: قەمەرنىسا قاتتىق يىرگىنچ ئىچىدە تۇردىخان دەللە توغرىسىدا ئويي-پىكىر يۈرگۈزۈشكە باشلىدى. * ئۇ يىرتىق كىيىملەر بىلەن بىر چەتتە تۇرغان نۇرنىساغا يىرگىنچ بىلەن نەزەر سالدى.

**يىرگىنچلىك** سۈپ. كىشىنى قاتتىق بىزار قىلىدىغان، يىرگەندۇرىدىغان: بۇ ماتېرىياللار ئۇنىڭغا تۇتۇشقا بولمايدىغان يىرگىنچلىك بىرنەرسىدەك بىلىنىشكە باشلىدى. * ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا يەڭگىگىنىگە تېخى ئىككى كۈن بولغان ئانىسىنى رەھىمسىزلارچە دەسسەپ چەيلەۋاتقان قانخورنىڭ يىرگىنچلىك تەلەيتى پەيدا بولدى.

**يىرگىنىشلىك** (توغرىسى: يىرگىنچلىك) → **يىرگىنچلىك**.

**يىرگىنىشمەك** «يىرگەنمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**يىرماق** پ ① ئوتتۇرىسىنى ئاچماق، ئارىسىنى ئېچىپ كەرمەك، بۆلمەك: شاخنى يىرماق. * سەلىمە زاۋۇتنىڭ قورۇسىدا ئۇ قىزنى تۇتۇۋېلىپ، تازا سوقۇشۇپ بىر قۇلىقىنى يىرىۋېتىپتۇ. ② كۆچمە. رەت قىلماق،

ئىنكار قىلماق، ماقۇل بولماي قويماق، ئىلىك ئالماي كەتمەك (گەپ-سۆز ھەققىدە): — مەن دۈيجاڭ، مېنىڭ گېپىمنى نېمىشقا يېرىسەن؟ — دېدى ئۇ مەسۇمگە ۋارقىراپ. * مەن شۇ تاپتا نارازى بولسامۇ، لېكىن ئۇنىڭ گېپىنى يېرىشقا ئامالسىز ئىدىم. ③ كۆچمە. بۆلمەك، ئايرىلماق، يېرىم يولدا توختىتىپ لوقما سالماق (گەپ-سۆز ھەققىدە): كېۋىراخۇن سەلەي ئىمامنىڭ سالاپەت بىلەن ئولتۇرۇپ، مەنسۇر ھەققىدە قىلغان ھېكمەتلىك سۆزلىرىنى يېرىمدى. * ھارۋىكەشلەر شائىرنىڭ سۆزىنى يېرماي، جىمجىت ئولتۇرۇپ ئاڭلاشتى.

**يېرىشماق** «يېرماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: تىنىمسىز باللار باھار چاغلىرى، قىي-چۇلاپ، سۈكۈنات، ئاسمانىنى، يېرىپ... يېرىشىپ شاخلارنى، پۇتلىسىن ئۇنىڭ — ئېپ كېتەر ئۆيىگە قويماستىن سىيرىپ.

**يېرىق** ① يېرىلغان ياكى ئاچماقلانغان جاي: شاخنىڭ يېرىقى. ② <ئانات> سان بىلەن قورساق ئارىلىقىدىكى ئويمان ئېرىقچە.

**يېرىك** سۈپ ① ھەجمى، ئۆلچىمى ياكى دانىچە دىئامېتىرى نىسبەتەن چوڭ؛ زور: يېرىك قۇرۇلۇش. يېرىك گۈرۈچ. يېرىك قۇم. ② كۆپ كىشىدىن تەركىب تاپقان، كۆپ سانلىق: يېرىك قوشۇن. يېرىك تەشكىلات. ③ زور ماددىي كۈچ ۋە ئىمكانىيەتلەرگە ئىگە بولغان، كۆلىمى كەڭ؛ كەڭ كۆلەملىك: يېرىك سانائەت. يېرىك ئىگىلىك. يېرىك كارخانا. يېرىك خوجىلىق. ④ ئۆز ئىشى ۋە پائالىيىتى ياكى تەسىرى بىلەن كۆزگە كۆرۈنگەن، شۆھرەت، ئابرۇي قازانغان؛ ئاتاقلىق، نوپۇزلۇق: يېرىك ئالىم. يېرىك مۇتەخەسسىس. يېرىك ئەدىب يېرىك شائىر. ⑤ كۆچمە. توزۇ، سىلىق بولمىغان، قوپال: يېرىك تېرە. يېرىك تاختا. يېرىك قەغەز. ⑥ كۆچمە. تېخنىكىسى تۆۋەن، ئەمگەك سىجىللىقى بىرقەدەر يۇقىرى: يېرىك ئىش. يېرىك ئەمگەك. يېرىك مەشغۇلات. يېرىك ئىشلەپچىقىرىش.

**يېرىك باشقۇرۇش** <س ئىق> مەلۇم مىقداردىكى ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىسى ۋە ئەمگەكنى كۆپرەك سەرپ قىلىپ، يېرىك ۋە ئاددىي ئۇسۇلدا ئېلىپ بېرىلىدىغان ئىگىلىك باشقۇرۇش ئۇسۇلى.

**يېرىك تاش قوراللار** <ئارخېئول> كونا تاش قورال دەۋرىنىڭ مەھسۇلى. يېڭى تاش قورال دەۋرىدىمۇ مەۋجۇت. بۇنداق تاش قوراللار ئاساسەن تاشلارنى چېقىش، پارچىلاش ئارقىلىق مەلۇم شەكىلگە كىرگۈزۈپ ياسالغان بولۇپ، ئىشلەپچىقىرىش ۋە تۇرمۇش قوراللىرى قىلىپ ئىشلىتىلگەن.

**يېرىك تېپىلىق ستوپلازما ئىچكى تورى** <بىئول> پەردىسىگە رىبوسوملار يېپىشىپ تۇرىدىغان ستوپلازما ئىچكى تورى. ئۇ ئاقسىلنى سىنتېزلىغۇچى ئورۇن ھېسابلىنىدۇ.

**يېرىك ساپال** <ئارخېئول> قەدىمكى ساپال بۇيۇملارنىڭ ئورتاق نامى. تەركىبىدە ئاز مىقداردا قۇم بولىدۇ.

**يېرىك سانائەت** <س ئىق> زور ماددىي كۈچ ۋە ئىمكانىيەتلەرگە ئىگە، ئىشلەپچىقىرىش كۆلىمى كەڭ بولغان سانائەت.

**يېرىك ئىش** <س ئىق> تېخنىكىلىقى تۆۋەن، ئەمگەك سىجىللىقى يۇقىرى

بولغان ئىش.

**يىرىك ئىشلەپچىقىرىش** <س ئق> زور ماددىي كۈچ ۋە ئىمكانىيەتلەرگە ئىگە، كۆلىمى كەڭ بولغان ئىشلەپچىقىرىش.

**يىرىك ئىشلەش** <ماشىن> راسلانمىلارنى دەسلەپكى قەدەمدە پىششىقلاپ ئىشلەش جەريانى. بۇنىڭدا، ئىرىشىلگەن نازۇكلۇق ۋە يۈز پارقىراقلىق دەرىجىسى تۆۋەن بولۇپ، ئاساسەن نازۇك پىششىقلاپ ئىشلەش ئۈچۈن زۆرۈر بولغان تەييارلىق ئىش رىتمى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

**يىرىكچىلىك** ئى. سوغۇق مۇناسىۋەت، مۇناسىۋەتنىڭ يىراقلىشىشى: ئۇلارنىڭ ئارىسىغا يىرىكچىلىك سالغان كىم؟

**يىرىكدەشمەك** پ ← **يىرىكلەشمەك.**

**يىرىكدىمەك** پ ← **يىرىكلىمەك.**

**يىرىكلەشتۈرمەك** « يىرىكلەشمەك » پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**يىرىكلەشتۈرۈلمەك** « يىرىكلەشمەك » پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**يىرىكلەشمەك** پ ① يىرىك ھالەتكە كەلمەك: ئۇ ئات-ئۇلاغلارنىڭ ئاستىدا تۇرۇۋېرىپ يىرىكلەشكەن پاخاللارنى بىر چەتكە يىغىپ قويدى. ② كۆچمە. قوپاللاشماق، سوغۇقلاشماق؛ كۆرۈمسىزلەشمەك، سەتلەشمەك: سۆزلىگەنسېرى ئۆمەر ئاكىنىڭ تەلەپپۇزى يىرىكلىشىپ نەپىسى بوغۇلماقتا ئىدى. * مەن ئۇنىڭ قاتتىق بورانىدا يىرىكلىشىپ كەتكەن ساقاللىرىغا قاراپ تۇرۇپ قالدىم. ③ كۆچمە. سوغۇقلاشماق، تۇرلۇك ئازارلىنىش، ئاداۋەت، نىزالار سەۋەبىدىن ئارىدىكى مۇناسىۋەت يامانلاشماق، مۇناسىۋەت قوپاللاشماق: ئۇ ئىككى-ئۈچ كۈن بۇرۇن بۇ ئىككىسىنىڭ ئاز-تولا يىرىكلىشىپ قالغانلىقىنى ئاڭلىغانىدى. * سۇلتان بۇ ئىش تۈپەيلى مەترۇزى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنىڭ يىرىكلىشىپ قېلىشىدىن ئەندىشە قىلاتتى.

**يىرىكلىك** ① « يىرىك » سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى. ② <ماشىن> مەھسۇلات، ئىش تۈرى قاتارلىقلارنىڭ زىلىلىق ياكى سىجىللىق دەرىجىسى.

**يىرىك-يۇمشاق** يىرىك ۋە يۇمشاق، ئومۇمەن ئېغىر-يېنىك ياكى سىلىق-قوپال: ئۇ ئىشنىڭ يىرىك-يۇمشىقىنى تاللىمايدۇ، پايدا-زىيانىنى سۈرۈشتۈرمەيدۇ.

**يىرىڭ** ئى <تىب> ياللۇغلانغان ئورۇندىكى ئۆلگەن توقۇلما ۋە ئۆلگەن ئاق قان ھۈجەيرىلىرى شەكىللەندۈرگەن سۇس يېشىل رەڭلىك، قويۇق سۇيۇقلۇق: ئۇ ئالدى بىلەن جاراھەت ئېغىزىنى تازىلاپ يىرىڭنى سىقىپ چىقاردى.

**يىرىڭدىن زەھەرلىنىش كېسىلى** <تىب> كېسەل قوزغاتقۇچى باكتېرىيىلەرنىڭ كۆپىيىشى ۋە ئۇنىڭ يۇقۇملانغان رايوندىكى ھاسىلاتلىرىنىڭ قان تەركىبىگە سۈمۈرۈلۈشى سەۋەبىدىن كېلىپ چىقىدىغان زەھەرلىنىش كېسىلى.

**يىرىڭدىماق** پ ← **يىرىڭلىماق.**

**يىرىڭ-زەرداب** يىرىڭ ۋە زەرداب، ئومۇمەن جاراھەتلەنگەن، ياللۇغلانغان ئورگانىزمدا پەيدا بولغان يامان پۇراقلىق قويۇق سۇيۇقلۇقلارنىڭ ھەممىسى: راست، نۇركامال يېتىپتۇ، ماغدۇرىدىن كېتىپتۇ. پۇتىدىكى يارىدىن يىرىڭ-زەرداب ئېقىپتۇ.

**يىرىڭلىق** سۈپ. يىرىڭى بار، يىرىڭ بولغان، يىرىڭلىغان ياكى يىرىڭلايدىغان: يىرىڭلىق يارا.

**يىرىڭلىق چاقا** <تب> باكتېرىيىلەر بىلەن يۇقۇملىنىشتىن كېلىپ چىقىدىغان يۇقۇملۇق تېرە كېسەللىكى. كۆپىنچە يۈزدە، پۇت-قولدا پەيدا بولىدۇ، دەسلەپتە قاپىرىپ چىقىدۇ، كېيىن تېزلىكتە يىرىڭدايدۇ، قاتتىق قىچىشىدۇ. ھەمىشە قاشلاش ئارقىلىق باشقا يەرلەرگە يۇقىدۇ.

**يىرىڭلىق قاپارتقۇ** <تب> يىرىڭداش خاراكتېرلىك بىر خىل تېرە كېسىلى. ئادەتتە زەنجىرسىمان شارچە باكتېرىيە ياكى ئۈزۈمسىمان شارچە باكتېرىيە كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. بۇنىڭدا، تېرە يۈزىگە قىزىل داغلار چىقىپ، ناھايىتى تېزلا سۇلۇق ياكى يىرىڭلىق قاپارتقۇغا ئايلىنىدۇ. كۆپىنچە يۈز، بويۇن ۋە پۇت-قوللارغا چىقىدۇ. كۆپرەك بالىلاردا بولىدۇ.

**يىرىڭلىق ئىششىق** <تب> ياللۇغلانغان جايدىكى توقۇلمىلارنىڭ بىر قىسمى ئۆلۈپ، سۈيۈلۈپ ۋە يىرىڭغا ئايلىنىپ، ياللۇغلانغان توقۇلمىغا توپلىنىشۋېلىش نەتىجىسىدە يۈز بېرىدىغان بىر خىل پاتولوگىيىلىك ھادىسە.

**يىرىڭلىماق** پ. يىرىڭ پەيدا بولماق، يىرىڭ يىغماق: دەسلەپ يىرىڭلاش توختاي دەپ قالغانىدى، كېيىن نېمە ئىش بولدى، يەنە يىرىڭلاپ كەتتى.

**يىرىلماق** «يىرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: كۆچەت ئۇلىغان يېرىدىن يىرىلغانىدى. * تۆگە بېشىنى سوزۇپ بىر شاخنى چىشلەپ تارتىۋېدى، شاخ يىرىلىپ يەرگە چۈشتى.

**يىزۇ** ئى <ئىرق> مۇشۇ نام بىلەن ئاتالغان مىللەت ۋە بۇ مىللەتكە مەنسۇپ كىشى.

**يىزۇ تىلى** <تل> يىزۇلار ئىشلىتىدىغان تىل. بۇ تىل خەنزۇ-زاڭزۇ تىللىرى سىستېمىسى زاڭ-مىيەن تىللىرى تۈركۈمىنىڭ يى تىللىرى تارمىقىغا كىرىدۇ. مەملىكىتىمىزنىڭ يۈننەن، سىچۈەن، گۈيجۇ، گۇاڭشى قاتارلىق ئۆلكە، ئاپتونوم رايونلىرىدىكى يىزۇلار ئارىسىدا ئىشلىتىلىدۇ. دۆلەت سىرتىدا بولسا، لولو تىلى دەپ ئاتىلىپ، ۋېيتنام، بىرما دائىرىسىدە قوللىنىلىدۇ.

**يىزۇچە** ① سۈپ. يىزۇ مىللىتىگە، ئۇلارنىڭ تىلى، يېزىقى، ئەدەبىياتى ۋە مەدەنىيىتىگە ئائىت: يىزۇچە ئۇسسۇل. يىزۇچە كىيىم. يىزۇچە ئادەت. ② ئى. يىزۇ تىلى: يىزۇچىنى ياخشى ئۆگەنمەك. ③ رەۋ. يىزۇ تىلى ياكى يېزىقىنى ئىشلىتىپ، يىزۇ تىل-يېزىقىدا، تىلىدا: ئۇلار يىزۇچە سۆزلىشىپ كەتتى.

**يىزۇلار** ئى <ئىرق> يىزۇ مىللىتى، يىزۇ خەلقى. ئۇلار ئېلىمىزدىكى بىر ئاز سانلىق مىللەت بولۇپ يۈننەن، سىچۈەن، گۈيجۇ، گۇاڭشى قاتارلىق ئۆلكە ئاپتونوم رايونلىرىدا ياشايدۇ. چەت ئەللەردىن ۋېيتنام، بىرمىدىمۇ بار.

**يىغا** ئى ① كۆزدىن ياش تۆكۈش، يىغلاش: ئون كۈلكىنىڭ بىر يىغىسى بار (ماقال). * يىغىسى يوق ئۆلۈم بولماس، كۈلكىسى يوق توي (بولماس). * خۇشاللىقتا بەلگە ئەمەس كۈلكىلا، كىشى خۇشال بولۇۋەرمەس كۈلسىلا. ئۈيلمىغىن يىغا كۆرسەڭ غەملا دەپ، ئاددىي ئەمەس ھايات دېگەن ئاچچىلا. ② كۆچمە. دەرد-ئەلەم، ھەسرەت، بىرەر ئىشتىكى مۇشكۈلچىلىك، قىيىنچىلىق: — ھازىرمۇ ئوخشاشلا كەمبەغەلنىڭ يىغىسىنى ھېچكىم ئاڭلىمايدىكەن، ئۇكام، — دېدى ھېلىقى كىشى ماڭا ئۈمىدسىزلىك بىلەن قاراپ، — بىر ھەپتىدىن بېرى قاتراپ يۈرۈپمۇ ئەھۋالىمنى

ئاڭلىغۇدەك بىرەر باشلىق تاپالمىدىم.

**يىغا ئاچماق** يىغا-زار قىلماق، ئاۋاز چىقىرىپ ئۈنلۈك يىغلىماق، هازا قىلماق.

**يىغا ئارىلاش** يىغلىغاندەك، يىغلاپ تۇرۇپ، يىغلىغان هالدا: يىغا ئارىلاش چىققان بۇ قاتتىق ئاۋاز مېنى خېلى تەمتىرىتىپ قويدى.

**يىغا سالماق** ئاۋاز چىقىرىپ يىغا باشلىماق، يىغلىماق: كۆپچىلىك يەنە تەۋرىدى، قىزلار چىرقىراپ يىغا سالدى. * بۆشۈكتىكى بوۋاق ئويغىنىپ كەتتى ۋە خىرقىراپ يىغا سالدى.

**يىغا ئۇلاشماق** يىغلىغۇسى كەلمەك، چىرايىدا يىغا ئىپادىلىرى ئەكس ئەتمەك: بۇ شۇم خەۋەرنى ئاڭلاپ، چەكسىز قايغۇغا چۆكتۈم، كۆزلىرىمگە يىغا ئۇلاشتى.

**يىغا ياماشماق** ← **يىغا ئۇلاشماق.**

**يىغىسىنى يىغلىماق** غېمىنى يېمەك، هېسداشلىق قىلماق: – خاتىرجەم بولۇڭلار، سىڭىللىرىم، – دېدى روزاخۇن بوۋاي ئۇلارغا هېسداشلىق قىلىپ، – بىز سىلەرنىڭ يىغاڭلارنى يىغلاۋاتىمىز، تەخىر قىلايلى، ئاشلىقمۇ، پۇلمۇ بار بولىدۇ، هازىر ئۆيۈڭلەرگە قايتىپ تۇرۇڭلار.

**يىغا-زار** يىغا ۋە زار، ئومۇمەن قايغۇلۇق ھەرىكەتلەر: ئۇلارنىڭ ئايرىلىشى قاتتىق يىغا-زار، ئېغىر جۇدالىق ۋە مۇسىبەتلىك هېسسىيات ئىچىدە ئۆتتى.

**يىغا-زار قىلماق** قاتتىق قايغۇ-ھەسرەت بىلەن دەرد-ئەلەملىرىنى تۆكۈپ يىغلاپ نالە قىلماق، داد-پەرياد قىلماق: تۇيۇقسىز مەهەللە ئىچىدىن قاتتىق يىغا-زار قىلىشقان بىر توپ كىشى ئۇزۇن سەپ تارتىشىپ چىقىپ كەلدى.

**يىغدۇرماق** «يىغماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**يېغقان-تەرگەن** ← **يىغقان-تۆگكەن.**

**يىغقان-تۆگكەن** ئۇزۇن مەزگىللەردىن بېرى يىغىپ، ئاياپ كەلگەن، ئىقتىساد قىلىپ جاپادا يىغقان، يىغىپ ئىقتىساد قىلىپ توپلىغان: قوباقنىڭ چىرايلىقى ۋاپا قىلمىدى، يىغقان-تۆگكىنىنى ئېلىپ، قوباقنى ئەپلەپ-سەپلەپ شەھەرگە يولغا سېلىپ، ئۆزى قېچىپ كەتتى.

**يىغقۇچ** ئى. تۈرلۈك نەرسىلەرنى بىر يەرگە يىغىش رولىنى ئوينايدىغان ئەسلىھە: توزان يىغقۇچ.

**يىغقۇچى** سۈپ. تۈرلۈك نەرسىلەرنى بىر يەرگە يىغىش، مەركەزلەشتۈرۈش رولىغا ئىگە، يىغىدىغان، مەكەزلەشتۈرىدىغان: يىغقۇچى ئەينەك، يىغقۇچى لىنزا.

**يىغقۇچى ئەينەك** <فىز> ① نۇرنى يورۇقلۇق دەستىسى قىلىپ يىغقۇچى كۆپۈنكى ئەينەك. ② پاراللېل نۇرنى فوكۇسلىغۇچى پېتىنقى ئەينەك.

**يىغقۇچى قۇتۇپ** <فىز> يېرىم ئۆتكۈزگۈچلۈك ئۈچ قۇتۇپلۇق لامپىنىڭ بىر ئېلېكتىر قۇتۇپى. تارقاتقۇچى قۇتۇپ تارقاتقان ئېلېكترونلارنى توپلاپ، ئېلېكترون ئېقىمى شەكىللەندۈرەلەيدۇ.

**يىغقۇچى لىنزا** <فىز> ئوتتۇرىسى قېلىن، چۆرىسى نېپىز بولغان شار يۈزلۈك لىنزا. بىر دەستە پاراللېل يورۇقلۇق نۇرى يىغقۇچى لىنزىدىن ئۆتكەندىن كېيىن، بىر نۇقتىغا يەنى يىغقۇچى لىنزىنىڭ فوكۇسىغا يىغىلىدۇ.

**يىغلاپ-قاقشاپ** يىغلاپ ۋە قاقشاپ، مۈشكۈللۈك دەستىدىن دەرد-ھەسرەتلىنىپ،

ئازا بىلىنىپ، نالە-زار قىلىپ: ئۇلار يىغلاپ-قاقشاپتۇ، بىر-بىرىنى باغرىغا بېسىپتۇ. * ئاتا-ئانىسى يىغلاپ-قاقشاپ ئوغلىغا دۇئا بېرىپ، ئۇزىتىپ قويۇپتۇ.

**يىغلاتماق** «يىغلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: سېخىينىڭ كۈلكىسى پېخىلنى يىغلىتار (ماقال). * ئاق سارايدىن قىز چىقىىدۇ، قۇلۇپنى تولغاپ. ئۆتەر بىزنىڭ كۆڭلىرىمىز، يىغلىتىپ ئويناپ.

**يىغلاشماق** «يىغلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار چىڭ قۇچاقلاشقان ھالدا خېلى ئۇزۇنغىچە ئۆكسۈپ-ئۆكسۈپ يىغلاشتى.

**يىغلا-قاقشا** ← **يىغلاپ-قاقشاپ**: ئۇمۇ يىغلا-قاقشا، ئاخىرى بىر يىلنى ئۆتكۈزدى.

**يىغلاڭغۇ** I سۈپ. تولا يىغلايدىغان، يىغىسى تولا: مەن بۇنداق يىغلاڭغۇ قىزلارنى تولا كۆردۈم، كېيىنچە ئۇلارمۇ كۆنۈپ كەتكەن، قايغۇرمىغىن، سېنىڭ قىزىڭمۇ شۇلارنىڭ بىرى، ئۇمۇ كېيىن كۆنۈپ قالىدۇ. // ئەللەي ئېيتىپ چىرايلىق، يىغلاڭغۇنى ئۇخلاتتى. دېمەك، مومام دەرسنى، يۈرىكىمگە ئورناتتى.

**يىغلاڭغۇ** II ئى. ھايۋانلارنىڭ چاۋا يېغىغا چاپلىشىپ تۇرىدىغان نېپىز پەردىلىك ئىچىدىكى سۇيۇقلۇققا ئىگە نەرسە.

**يىغلاڭغۇلۇق** «يىغلاڭغۇ I» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: — مۇنداق يىغلاڭغۇلۇق قىلىسىڭىز، يەنە ئاللە كۈندە ئۆزىڭىزنىمۇ، مەغپىرەتخانىنىمۇ كاردىن چىقىرىۋېتىسىز... — دېدى ئايۇپ شۇجى ئۇنى بەزلەپ.

**يىغلامسىراتماق** «يىغلامسىرىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**يىغلامسىراشماق** «يىغلامسىرىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**يىغلامسىرىماق** پ. بوشراق يىغلىماق، كۆزلىرىدە ياش پەيدا بولماق: ئۇ نېمە دېيىشنى بىلەلمەي يىغلامسىراپ تۇرۇپ قالدى. * — قېنى پۇل؟ — دېدى ئايالى يىغلامسىراپ، — ماڭا نېمىدى، سەتچىلىك ساڭا بولىدۇ.

**يىغلىتىشماق** «يىغلاتماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**يىغلىغاق** سۈپ. كەلسە-كەلمەس يىغلاۋېرىدىغان، كۆپ يىغلايدىغان، يىغلاڭغۇ: نېمىگە يىغلايسەن، يىغلاپ ئۆگىنىپ قالساڭ، چوڭ بولغاندا تېخىمۇ يىغلىغاق، ئىشقا چىدىماس بولۇپ قالىسەن.

**يىغلىماق** پ ① مەلۇم سەۋەبلەر بىلەن ياش تۆكمەك، كۆزىدىن ياش ئاققۇزماق: دوستۇمنىڭ ئۆلگىنىگە يىغلىمايمەن، قارا ئېشەكنىڭ كەتكىنىگە يىغلايمەن (ماقال). * قىز ھۆكرەپ يىغلىۋەتتى. ② كۆچمە. دەرد-ھەسرىتىنى تۆكۈپ نالە قىلماق، دەردىنى تۆكمەك، قايغۇ-ئەلىمىنى ئېيتىپ ياردەم تەلەپ قىلماق: ئويۇنۇڭنى قەيەردە ئوينساڭ، يىغاڭنى شۇ يەردە يىغلا (ماقال). * بالام ئۆلۈپ كېتىشى مۇمكىن، سەن ياق دېسەڭ كىمگە يىغلايمەن. * يۈز بېشىغا يىغلىساق، سۆزگە قۇلاق سالمايدۇ. مۇنداق جەبىر-جاپادا، باللار ئامان ياتمايدۇ.

**يىغلاپ كۆرۈشكۈدەك بولماق** بەك سېغىنماق، ئىنتايىن تەقەززا بولماق، ھەددىدىن ئارتۇق تەشنا بولماق: مەن ئون نەچچە كۈندىن بۇيان لەگمەن بىلەن يىغلاپ كۆرۈشكۈدەك بولۇپ كەتتىم.

**يىغلاپ كۆرۈشمەك** ناھايىتى بەك سېغىنىش ياكى كۆپ قايغۇ-ھەسرەت تۇپەيلىدىن ئۆزئارا كۆز يېشى قىلىشىپ كۆرۈشمەك: ئاتا-بالا بىر-بىرى بىلەن يىغلاپ كۆرۈشۈپتۇ.

**يىغلاي دېسە تېخى، كۆلەي دېسە تېخى** نېمە قىلارىنى بىلەلمەي، تەمتىرەپ،

ھولۇقۇپ قالغانلىقىنى بىلدۈرىدىغان ئىبارە: ئۇ بۇ ئىشلارنى كۆرۈپ قاتتىق ئېچىندى، يىغلاي دېسە تېخى، كۈلەي دېسە تېخى.

**يىغلىغۇدەك بولماق** قاتتىق قايغۇ-ھەسرەتكە تولماق، ئازابلانماق، كۆڭلى يېرىم بولماق، پەرىشان بولماق: گۈلشات يىغلىغۇدەك بولۇپ ئالدىمغا كەلدى.

**يىغما** سۈپ ① تۈرلۈك قىسىملاردىن يىغىلىپ، بىر پۈتۈنلۈك تەشكىل قىلغان ياكى قىلىندىغان؛ يىغىلغان، توپلانغان، جەملەنگەن: يىغما خۇلاسە. * مەن بالىلىرىمنى بېقىش ئۈچۈن بىر يىل مەھەللىمىزنىڭ يىغما قويلىرىنى باقتىم. ② يىغىلىدىغان، يىغقىلى بولىدىغان: مامۇت بەگ شىۋىرغاننىڭ خۇددى يىرتقۇچ بۆرىلەردەك ھۇۋلاشلىرىغا قۇلاق سېلىپ، يىغما كارىۋاتتا جىم ياتاتتى.

**يىغما خۇلاسە** <لوگ> خۇلاسىنىڭ بىر تۈرى، يەنى بىر قاتار كونكرېت پاكىتلاردىن ئومۇمىي بىر قائىدىنى يىغىنچاقلاپ چىقىش ئۇسۇلى. ئادەتتە «يەشمە خۇلاسە» گە نىسبەتەن ئېيتىلىدۇ

**يىغما مارامېترلىق تەۋرىنىش سىستېمىسى** <فىز> تەۋرەنگەندە ئېنېرگىيە پەقەت مەلۇم بىر ئېلېمېنتقىلا يىغىلىدىغان تەۋرىنىش سىستېمىسى.

**يىغماق** پ ① بىر يەرگە توپلىماق، جەملىمەك، بىرلەشتۈرمەك، بىر قىلماق: ئۇ باشقا شېرىكلىرىگە تاغقا چىقىپ مېۋە يىغىپ كېلىشنى ئورۇنلاشتۇرۇپتۇ. * بىر ھەپتە ئۆتكەندىن كېيىن ھاتەم ھەممە يلەننى يىغدى. * ئۇ ھەممە ئوردېنلىرىنى قاداپ، بارلىق گېنېراللارنى يىغىپتۇ. ② ئۆزىگە تېگىشلىك بولغان ھوسۇل-زىرائەت، قەرز ۋە شۇ قاتارلىقلارنى ئۇكۇشلۇق ھالدا جەملەپ ئۆز قولىغا، ئىلكىگە ئۆتكۈزمەك، قولىغا ئالماق: — ئەجەبمۇ بوشاڭ ئادەمغۇ شۇ، بۇغدىينى يىغىۋالماي بۇ كەمگىچە نېمە قىلىپ يۈرىدىغاندۇ؟ — دېدى سېكرېتار. * نېمە، سېنى دۇيدىن قەرز يىغىشقا سايلىدىمۇ؟ ③ ئاز-ئازدىن توپلاپ ئاينىتماق، كۆپەيتمەك: بۇقىا بويىنغا يىغار، ئابدال قويىنغا يىغار (ماقال). * بىرى پۇل يىغسا، بىرى خالتا تىكەر (ماقال). * ئاز يىغساڭمۇ ھالال يىغ (ماقال). * چاشقانغا ئالدۇرماس ئىكەن كېپەكنى، بىلمەسكەن پۇل ۋە مال يىغىپ بۆلەكنى. ④ پۈكلىنىدىغان، قاتلىنىدىغان، يىغىلىدىغان نەرسىلەرنى قاتلاپ-پۈكلەپ يىغىق ھالەتكە كەلتۈرمەك، قاتلىماق، پۈكلىمەك: كارىۋاتنىڭ بىرسىگە ئورۇن-كۆرپىلەر يىغىلغانىدى. * ئۇلار داستىخان يىغىلغاندىن كېيىن، دەم ئېلىش ئۈچۈن تارقاشتى. ⑤ كۆچمە. مەلۇم بىر نۇقتىغا مەركەزلەشتۈرمەك، نۇقتىلىق قاراتماق (كۈچ، خىيال، ئەس-ھوش قاتارلىقلار ھەققىدە): سابىر پۈتۈن كۈچىنى يىغىپ، ئۆز ئورنىدا قىمىر قىلماي تۇرىۋالدى. * ئۇ ھەرقانچە قىلىپمۇ دىققىتىنى يىغالمىدى. * تۇرغانلاردىن يەنە بىرى «ھوشۇڭنى يىغ، توغرىسىنى سۆزلە!» دەپتۇ. ⑥ كۆچمە. مۇجەسسەملەشتۈرمەك، ئەڭ زور دەرىجىدە ئىخچاملاپ مەركەزلەشتۈرمەك (ئاساسەن گەپ-سۆز، پىكىر-مۇلاھىزە ھەققىدە): ئۇ قەلبىدىكى پۈتۈن ھېس-تۇيغۇسى بىلەن ئارزۇ-ئىستىكىنى مانا شۇ بىر جۈملە سۆزگە يىغقانىدى. * مەرىپەت ناخشىسى ياڭرايدۇ ھەر يان، ئېيتىمىز جاراڭلىق ئەۋلادتىن ئەۋلاد. * خەلقىمىز قەلبىنى يىغساق بىر سۆزگە: «مەھمۇت كاشغەرى

مەڭگۈگە ھايات!» ⑦ تۇرلۇك ئىش-ھەرىكەت، پائالىيەت ۋە شۇ قاتارلىقلارنى توختاتماق، يىغىشتۇرۇپ قويماق، بولدى قىلماق: — گېپىڭنى يىغ! — تۇردىئاخۇن ئاكامنىڭ ئاچچىقى كەلگەنلىكى بىلىنىپ تۇراتتى. * — ئاغزىڭنى يىغ — ھە! — دېدى سەلىمە ئۇنى يەنە ئاگاھلاندۇرۇپ. * ئۇ دەرھاللا دۇكىنىنى يىغىپ، ئالدىراپ ئۆيىگە قايتتى.

**يىغىپ ئېيتقاندا** ھەممە پىكىر-مۇلاھىزىنى، گەپنى خۇلاسىلىغاندا، يەكۈننى چىقارغاندا: يىغىپ ئېيتقاندا، پەقەت ئىقتىسادىي ئىشلەپچىقىرىش بىلەن ماددىي ھايات ئۈزلۈكسىز يېڭىلىنىپ تۇرغاندىلا، مۇقىملىشىپ قالغان بەزى ئادەتلەرنىڭ ئۆزگىرىشى ۋە ياخشى تەرەپكە قاراپ تەرەققىي قىلىشى مۇمكىن بولىدۇ.

**يىغىپ-تۆشەپ** ① ناھايىتى كۆپ ئەجىر بىلەن بىرمۇبىر ئىقتىساد قىلىپ، ئاز-ئازدىن يىغىپ، جەملەپ، تېرىپ-تۆشەپ: ئۇنىڭ ئۆيدە بىر يىلدىن بىرى يىغىپ-تۆشەپ تاپقان ئۈچ يۈز يۈەنلا پۇلى بار ئىدى. ② ھەممىسىنى يىغىپ، بارىنىڭ بىرىنىمۇ قويماي، بارى-يوق ھەممىسىنى، بارىنى: ئۆي سەرەمجان ھېسابىتا، يوتقان كونا، كىگىز جۇل. يىغىپ-تۆشەپ ساتساقمۇ، جەم بولمايدۇ ئالتە پۇل.

**يىغىپ-يۆگەپ** يىغىپ ۋە يۆگەپ، پۈكلەپ: ئۇ سەككىز چېرىكنىڭ ھەممىسىنى يىغىپ-يۆگەپ يەر چىشلەتتى.

**يىغىچى** سۈپ. ئۆلۈم-يېتىم ئىشلىرىدا ھازا ئېچىپ يىغلاشقا ئۇستا، يىغلاشقا ماھىر: ئۇلارنىڭ يۇرت ئارىسىدىكى ئىناۋىتى يۇقىرى بولۇپ، شۇ يۇرت ئىچىدە بىرەر كىشى ۋاپات بولسا، ئۇنىڭ بالا-چاقىلىرى ئالدى بىلەن ئەنە شۇ يىغىچى ئايالغا خەۋەر بېرىدۇ.

**يىغىش** «يىغماق» پېئىلىنىڭ يەنە بىر خىل ئىسىمدىشى: ھازىرقى ئاساسىي نېشانىمىز چارۋا-ماللارنى ئامان-ئېسەن يىغىش ۋە ئۇلارنى ئوبدان بېقىپ، كېلەر يىللىق تۆل ئېلىشقا تولۇق كاپالەتلىك قىلىشتىن ئىبارەت.

**يىغىش قىلماق** ئۆزئارا مۇۋاپىق نىسبەتتە پۇل-مال چىقىرىشىپ، ئۇنى جەملەپ بىر قىلماق، بىرەر پائالىيەت ئۈچۈن مۇۋاپىق دەرىجىدە ئىقتىساد چىقىرىپ توپلىماق: قولىدا پۇلى بارلار يىغىش قىلىپ، بارلىق ياشلارغا بىر كېچە چوڭ زىياپەت قىلىپ بەردۇق. * بىزنىڭ ئۆلۈم ئۇزاتقۇدەك پۇلىمىز بولمىغاچقا مەھەللىدىكى قولۇم-قوشنىلار يىغىش قىلىپ بەرگەن پۇل بىلەن دادامنى يەرلىككە قويدۇق.

**يىغىشتۇرغۇزماق** «يىغىشتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇلار شاپتۇللۇق تاغقا ئادەم ئەۋەتىپ لەشكەر، پۇل-پۇچەك، ئوزۇق-تۈلۈكلەرنى يىغىشتۇرغۇزۇپ، تۇرا-قاشالارغا ئوت قويغۇزۇۋەتتى.

**يىغىشتۇرماق** پ ① يېيىلغان، چېچىلغان نەرسىلەرنى رەت-رېتى بويىچە يىغىپ، بىر يەرگە جەم قىلماق، رەتلىك توپلىماق، يىغماق: ئانا ئۇنىڭ چىنە، ھېچىبىر ۋە باشقا قاچا-قۇچىلارنى سۇندۇرۇشىدىن ئەنسىرەپ، ئۇلارنى يىغىشتۇرۇۋالدى. * ئۇ ياتاق ئۆيگە كىرىپ ئوغلىنىڭ ئورۇنلىرىنى يىغىشتۇرۇشقا باشلىدى. ② بىرەر ئىش-پائالىيەت ئاخىرلاشقان ياكى توختىتىپ قويۇلغاندا، شۇ ئىش-پائالىيەت ئۈچۈن ۋاستە بولىۋاتقان تۈرلۈك نەرسە-كېرەكلەرنى يىغماق، يىغىپ بىر چەتكە قويماق: ئۇلار داستىخاننى يىغىشتۇرۇپ، ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشقا تەمشەلدى. * ئەركىن ئەسۋاب-ئۈسكۈنىلەرنى يىغىشتۇرۇپ، تاغسى

قاسىم كاسسىرنىڭ ئىشخانىسىغا قاراپ كەتتى. * پارتىلاتقۇچىلار گۇرۇپپىسىنىڭ ئەزالىرى سايمانلىرىنى يىغىشتۇرۇپ، قايتىپ كەتتى. ③ سۈپۈرمەك، تازىلاپ تەرتىپكە سالماق، پاكىز، رەتلىك هالەتكە كەلتۈرمەك، رەتلەپ تازىلىماق: شەرۋانەم ئۆز ئادىتى بويىچە هويلا-ئارامنى يىغىشتۇرۇپ بولۇپ، كەچلىك تاماققا تۇتۇش قىلىۋاتاتتى. * – ماڭا هېچ گەپ ئەمەس، – دېدى جەمىلە ئۆينى يىغىشتۇرۇۋېتىپ. * ئۇلار شتاب ئىچىنى يىغىشتۇرغاندىن كېيىن، كونىشەهەرگە يۈرۈپ كەتتى. ④ كۆچمە. ئىش-هەرىكەت، پائالىيەتنى توختاتماق، ئۇنىڭدىن ۋاز كەچمەك، بىر چەتكە قايرىپ تاشلاپ قويماق، بەرهەم بەرمەك: پۇل بولمىغاچقا، ئوقۇشنى يىغىشتۇرۇپ قويۇشقا مەجبۇر بولدۇم. * مېهمانلارنىڭ سورۇنى يىغىشتۇرغۇسى يوق ئىدى. * ئۇ ئۆزىنىڭ قىزىغا بولغان ئىسسىق مۇهەببىتىنى ۋاقتىنچە يىغىشتۇرۇپ قويۇپ، ئۇنى هەربىر قەدەمدە قىسىشقا باشلىدى. * ئۇ كۆلكىلىرىنى يىغىشتۇردى-دە، جوزىغا بېشىنى قويۇۋېلىپ يىغلاشقا باشلىدى. ⑤ كۆچمە. يوقاتماق، ئۆلتۈرمەك هالىدىن كەتكۈزمەك، ۋەيران قىلماق، دەرمانىدىن كەتكۈزمەك: ئۇلار قاراقچىلارنى يىغىشتۇرۇپ، ئۆتەڭنى تېنچلاندۇرۇپتۇ. * تۈن بويى قاتتىق قوغداش ۋە يىغىشتۇرۇشلار بىلەن هارغان جازا جاللاتلىرىمۇ ئۆز گۆرلىرىدە ياتقانىدى. ⑥ هوسۇل-زىرائەت، يەل-يېمىش، قەرزگە ئوخشاش سىرتتا تۇرۇۋاتقان، ئەمما ئۆزىگە تەئەللۇق بولغان نەرسىلەرنى ئۆز رېتى بويىچە يىغىپ، ئۆز ئىلكىگە ئۆتكۈزۈۋالماق، ئوڭۇشلۇق هالدا يىغىۋالماق، توپلاپ ئۆز ئىلكىگە ئالماق: – ئۆزۈڭنىڭ ئىشىنى بىل، – دەپ ۋارقىرىدى توختاخۇن، – بۇغدايىنى كېلىپ بىر كۈندىلا يىغىشتۇرۇپ بولمەن. سەندەك نېمىلەرگە ئېغىرىمنى سالغۇچە ئۆلۈۋالمەن!

**يىغىشتۇرۇشماق** «يىغىشتۇرماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار پەيلىدىن يېنىشىپ، قوللىرىدىكى نەرسىلەرنى يىغىشتۇرۇشتى.

**يىغىشتۇرۇلماق** «يىغىشتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجهۇل دەرىجىسى: داستىخاندىكى يېمەكلىكلەر يىغىشتۇرۇلۇپ، يوغان تەخسىلەرگە گۆشلىرى هىل-هىل پىشقان شويلا كەلتۈرۈلدى.

**يىغىشماق** «يىغماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: بىردەمدىن كېيىن باللار ئويۇنلىرىنى يىغىشتى. * ئىشقا چۈشتى ئەسكەرلەر، ئاجايىپ غەيرەت بىلەن. ئاشلىقمنى يىغىشتى، ماڭا زور هۆرمەت بىلەن.

**يىغىق** سۈپ. ئىخچام، يىغىنچاق، قۇرۇلما ۋە ئىچكى قىسىملىرى ئاددىي: يىغىق جۈملە. * جۈملە ئاددىي جۈملە ۋە قوشما جۈملە دەپ ئىككى چوڭ تۈرگە بۆلۈنىدۇ. ئاددىي جۈمللەر يىغىق جۈملە ۋە يېيىق جۈملە دەپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ.

**يىغىق جۈملە** <تىل> باش بۆلەكلەردىن يەنى ئىگە ۋە خەۋەردىن تۈزۈلگەن جۈملە. مەسىلەن، «سەمەت كەلدى» دېگەن جۈملىگە ئوخشاش.

**يىغىقلىق** رەۋ. يىغىلغان هالدا، يىغىپ قويۇلغان تەرزدە، يىغىلغان ياكى توپلانغان پېتى: كىگىزنىڭ ئۈستىدە يوتقان-كۆرپىلەر يىغىقلىق تۇراتتى.

**يىغىلغۇچى** سۈپ. تەدرىجىي يىغىلىپ بارىدىغان، يىغىلىدىغان: يىغىلغۇچى سانلار ئارقىمۇئارقىلىقى.

**يىغىلماق** ① «يىغماق» پېئىلىنىڭ مەجهۇل دەرىجىسى: ئۇلارنىڭ ئورۇن-كۆرپىلىرىمۇ يىغىلىپ بولۇپتۇ، مەن ئۆي ئىگىسىدىن ئۇلارنى

سورىدىم. * شۇنداق قىلىپ، ئازلا ۋاقىت ئىچىدە بەش مىڭ تەڭگىلىك مال يىغىلدى. ② «يىغماق» پېئىلىنىڭ ئۆزلۈك دەرىجىسى: ۋىراچ ۋە سېستىرالار ئوپېراتسىيە ئۈستىلىنىڭ ئەتراپىغا يىغىلدى. * بىردەمدىلا ئەتراپتىكى بىكارچىلاردىن يىگىرمە-ئوتتۇزكىشى يىغىلدى.

**يىغىلىش** ① «يىغىلماق» پېئىلىنىڭ يەنە بىر خىل ئىسىمدىشى: بۇ يەرگە ھەممەيلەن دەل سائەت بەشتە يىغىلىشى كېرەك دەپ ئۇقتۇرۇش چىقىرىلغانىدى. ② بىرەر تەشكىل، كوللېكتىپ ئەزالىرىنىڭ ياكى شۇنداق مۇناسىۋەتلىك كىشىلەرنىڭ بىرەر پائالىيەت، ھەرىكەت ئۈچۈن توپلىنىپ جەم بولۇش، باش قوشۇش ھەرىكىتى؛ بىرەر پائالىيەت يۈزىسىدىن ئۆتكۈزۈلگەن بەلگىلىك كۆلەمدىكى مۇراسىم ياكى يىغىن: — نېمە يىغىلىش ئىكەن؟ — سورىدى شارىپلىق ئادەم. * ھەر شەنبە كۈنى ئۇچۇق يىغىلىش بولغاندا، بۇ يەر ھەمىشە ئادەمگە لىق تولۇپ كېتەتتى.

**يىغىلىشچان** سۈپ. ئاسان يىغىلىدىغان، يىغىلىش خۇسۇسىيىتى كۈچلۈك، تېز يىغىلىدىغان: گەرچە ئادەتتە يىغىلىشچان خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولۇپ، پارچە-پارچە قاناتلار رەتلىك تۇتاشتۇرۇلۇپ ياسىلىدۇ.

**يىغىلىشچانلىق** ئى. يىغىلىش ئالاھىدىلىكى، تېز، ئاسان يىغىلىدىغان خۇسۇسىيىتى: ئۇنىڭ يىغىلىشچانلىقى تازا كۈچلۈك ئەمەس.

**يىغىلىشماق** «يىغىلماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار ساراي ئۆيگە يىغىلىشىپ، قانداق قىلىش ھەققىدە مەسلىھەتلىشىشكە باشلىدى. * ئۇلارنىڭ ھەممىسى مەيدان ئوتتۇرىسىدىكى سەھنىگە يىغىلىشتى.

**يىغىم** ئى ① دېھقانچىلىق ئېتىزلىرىدىكى پىشقان زىرائەتلەرنى ئورۇپ، يىغىپ بىر تەرەپ قىلىش ئىشى، زىرائەتلەرنى يىغىش ئىشى: ئۇلارنىڭ سەپەرۋەر قىلىشى بىلەن يازلىق يىغىم چوڭ داغدۇغا بىلەن باشلىنىپ كەتتى. * ئۇلار كۈزلۈك يىغىمدىن بېسىقىپلا توي قىلماقچى. * بالا ئاخىرى تېرىقچىلىقتىن تارتىپ يىغىمغىچە بولغان ھەممە ئىشنى ئۆگىنىۋاپتۇ. ② زىرائەتلەر پىشىپ يىغىدىغان ۋاقىت، شۇ مەزگىل: ئەمدىلا ئۇھ دەپ تۇرۇشىمىزغا يازلىق يىغىم كەلدى، يەنە ئېتىزغا يۈگۈرمىسەك بولمىدى.

**يىغىم-تېرىم** يىغىش ۋە تېرىش (يەر ھەيدەش) ئىشى، ئومۇمەن دېھقانچىلىق زىرائەتلىرىنى يىغىش ھەم ئۇنىڭ ئورنىنى تېرىش قاتارلىق دېھقانچىلىق پائالىيەتلىرى: بىز كەنتنىڭ كۈزلۈك يىغىم-تېرىم ئەھۋالى ھەققىدە يېرىم سائەتچە پاراڭلاشتۇق.

**يىغىم-سىرىم** يىغىش ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش پائالىيەتلەردە، ئومۇمەن زىرائەتلەرنى يىغىپ بىر تەرەپ قىلىش: شەھەر ئەتراپىدا قىراۋ ئاستىدا قالغان كەنجى زىرائەتلىرىنى يىغىۋېلىشقا ئالدىراۋاتقان دېھقانلار ھە دەپ ئاخىرقى يىغىم-سىرىم ئىشى بىلەن بەند ئىدى.

**يىغىن** ئى. كىشىلەر مەلۇم مەسىلىلەر ھەققىدە پىكىرلىشىپ، مۇۋاپىق قارار-بەلگىلىمە چىقىرىدىغان يىغىلىش، مەجلىس: ئۇلار روستەمنىڭ قورۇسىدا قەسەم بېرىش يىغىنى ئاچتى.

**يىغىن ئاچماق** مەلۇم مەسىلىلەر ھەققىدە پىكىرلىشىپ، مۇۋاپىق قارار-بەلگىلىمە چىقىرىش ئۈچۈن يىغىلماق: بۈگۈن چاۋار شۇجى ئۆزى ئالاھىدە كېلىپ مەن ئۈچۈن مەخسۇس يىغىن ئاچىدىكەن.

**يىغىن ئەھلى** ئومۇمەن يىغىنغا قاتناشقان

ھەممە ئادەم: سادىق يىغىن مەيدانىغا كىرگەندە، يىغىن ئەھلى گويا ئۇنى يېڭىدىن كۆرۈۋاتقاندەك ھەممىسى تىكىلىپ قارىدى.

**يىغىن ئۆتكۈزمەك** ← **يىغىن ئاچماق:** ئۇلار بۇ ھەقتە دەرھاللا قارار ماقۇللاش ئۈچۈن، ئالدىراپ-سالدىراپ تەشكىلاتنىڭ كېڭەيتىلگەن يىغىنىنى ئۆتكۈزدى.

**يىغىنچاق** سۈپ. كېلەڭسىز ئەمەس، رەتلىك؛ ئىخچام: ئاھالىلار خېلى يىغىنچاق جايلاشقان بۇ يېزىدا بىرەر ئەھۋال يۈز بەرسە، بىرپەسنىڭ ئىچىدىلا ھەممىيلەن ئاگلاپ بولۇشاتتى. *″« قارار » نىڭ مەدەنىيەت زور ئىنقىلابىغا دائىر قىسمىنى يىغىنچاق قىلىپ يېزىش كېرەك.

**يىغىنچاقلاتماق** « يىغىنچاقلىماق » پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**يىغىنچاقلاش** ① « يىغىنچاقلىماق » پېئىلىنىڭ يەنە بىر خىل ئىسمدىشى: يىغىنچاقلاش لوگىكىسى. يىغىنچاقلاش مەسىلىسى. يىغىنچاقلاش ئۇسۇلى. ② <لوگ> ئوبيېكتنىڭ نۇرغۇن ئورتاق بەلگىلىرىنى بىرەر نۇقتىغا توپلاش.

**يىغىنچاقلاش لوگىكىسى** <لوگ> بىر قاتار كونكرېت پاكىتلاردىن ئومۇمىي پرىنسىپنى يىغىنچاقلاپ چىقىدىغان بىر خىل لوگىكا شەكلى.

**يىغىنچاقلاش ئۇسۇلى** <لوگ> ← **يىغما خۇلاسە.**

**يىغىنچاقلاشتۇرماق** پ ← **يىغىنچاقلىماق:** ئۇلارنى ئورتاق بىر قائىدە بويىچە يىغىنچاقلاشتۇرۇش كېرەك.

**يىغىنچاقلاشتۇرۇلماق** « يىغىنچاقلاشتۇرماق » پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**يىغىنچاقلاشماق** ① « يىغىنچاقلىماق » پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى. ② يىغىنچاق ھالەتكە كەلمەك، يىغىنچاقلانماق.

**يىغىنچاقلانماق** « يىغىنچاقلىماق » پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: بۇنىڭدا مەزمۇن كۆپ يىغىنچاقلانغان.

**يىغىنچاقلىق** « يىغىنچاق » سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى.

**يىغىنچاقلىماق** پ. يىغىنچاق، ئىخچام ھالەتكە كەلتۈرمەك: ئۇ بارلىق يۈرەك سۆزىنى ئەنە شۇ بىر جۈملە سۆزگە يىغىنچاقلىغانىدى. * ئۇ مەسىلىلەرنى يىغىنچاقلاپ ئوتتۇرىغا قويدى. * ئۇ پىكىرلىرىنى يىغىنچاقلاپلا ئوتتۇرىغا قويدى.

**يىغىندى** ① ئى. بىر تۈرلۈك نەرسىلەرنىڭ بىر جايغا توپلانغان ھالىتى، توپلىمى، جەمئىيىتى: قانۇنلار يىغىندىسى. قارارلار يىغىندىسى. ② سۈپ. يىغىلغان، جەملەنگەن؛ قوشما؛ جەمئىي: يىغىندى تەۋرىنىش. يىغىندى كۈچ. يىغىندى تېمپېراتۇرا. يىغىندى قار. ③ ئى <مات> ئىككى ياكى ئىككىدىن ئارتۇق سانلارنى قوشقاندا كېلىپ چىققان ئومۇمىي سان.

**يىغىندى تەۋرىنىش** <فىز> بىرنەچچە تەۋرىنىشنىڭ تەسىرى بىلەن ئوخشاش بولغان تەۋرىنىش.

**يىغىندى تېمپېراتۇرا** <مېتېئور> بەلگىلىك ۋاقىت ئىچىدە، ھەرقايسى كۈنلەرنىڭ مۇئەييەن شەرتكە مۇۋاپىق كېلىدىغان ئوتتۇرىچە ھاۋا تېمپېراتۇرىسى ياكى ئۈنۈملۈك تېمپېراتۇرىنىڭ يىغىندىسى.

**يىغىندى دوكومېنت** <مال> باشلانغۇچ دوكومېنت ياكى ھېسابقا چۈشۈرۈش دوكومېنتلىرىدىكى ماتېرىياللارنى كۈنلۈكى ياكى قەرەللىك رەتلەپ يىغىندىلاش ئارقىلىق تۈزۈپ چىقىلىدىغان دوكومېنت.

**يىغىندى شەكىل** <گېئول> ئىككى ياكى ئىككىدىن ئارتۇق يەككە

شەكىللەر يىغىلىپ ھاسىل قىلغان كرىستال شەكلى. يىغىندى شەكىلنى تەشكىل قىلىدىغان يەككە شەكىللەر چوقۇم ئوخشاش سىممېترىيىلىككە ئىگە بولۇشى شەرت. بىر يىغىندى شەكىلدە مەيدانغا كېلىدىغان يەككە شەكىللەر تۈرى چەكلىك بولىدۇ، ئەمما بىر يىغىندى شەكىلنى تەشكىللەيدىغان يەككە سانى چەكسىز بولىدۇ.

**يىغىندى قار** <مېتېئور> قارنىڭ يەر يۈزىدىكى يىغىلىشى، يەنى قارنىڭ يەر يۈزىنى قاپلىغان ئوبيومى بىر جايدىكى ئەتراپتا كۆرۈنگەن ئوبيومنىڭ يېرىمىدىن ئاشقاندا، يىغىندى قار دەپ ئاتىلىدۇ.

**يىغىندى قىممەت شەكلى** <س ئىق> بىر خىل تاۋارنىڭ قىممىتىنى كۆپ خىل تاۋار بىلەن ئىپادىلەيدىغان قىممەت شەكلى.

**يىغىندى كۈچ** <فىز> بىر كۈچنىڭ تەسىرى بىلەن باشقا بىرنەچچە كۈچنىڭ بىرلا ۋاقىتتىكى تەسىرىنىڭ ئۈنۈمى ئوخشاش بولغاندا، بۇ كۈچ ئاشۇ بىرنەچچە كۈچنىڭ «يىغىندى كۈچى» دەپ ئاتىلىدۇ.

**يىغىندى كۈچ مومېنتى** <فىز> ئەگەر ئوخشاش بىر نۇقتىغا نىسبەتەن شەكىللەنگەن بىرنەچچە كۈچ مومېنتى بىر جىسىمغا تەڭلا تەسىر قىلسا ھەمدە ئۇلارنىڭ جىسىمنىڭ ئايلىنىشىغا كۆرسەتكەن تەسىرىنىڭ ئۈنۈمى شۇ نۇقتىغا نىسبەتەن شەكىللەنگەن ئىككىنچى بىر كۈچ مومېنتىنىڭ ئايرىم تەسىر قىلغاندىكى ئۈنۈمىگە ئوخشاش بولسا، ئۇ ھالدا، بۇ كۈچ مومېنتى ئۇلارنىڭ «يىغىندى كۈچ مومېنتى» دەپ ئاتىلىدۇ.

**يىغىندى-ئايرىما** يىغىندى ۋە ئايرىما: يىغىندى-ئايرىما مەسىلىسى، يىغىندى-نىسبەت تېئورېمىسى.

**يىغىندى-ئايرىما مەسىلىسى** <مات> تىپىك مەسىلىلەرنىڭ بىر خىلى. بۇنىڭدا ئىككى ساننىڭ يىغىندىسى ۋە ئۇلارنىڭ ئايرىمىسى مەلۇم بولغاندا، بۇ ئىككى سان تېپىلىدۇ.

**يىغىندى-ئايرىما نىسبەت تېئورېمىسى** <مات> تاناسىپتىكى يىغىندى-ئايرىما نىسبىتىنىڭ مۇناسىۋىتىنى ئىپادىلەيدىغان تېئورېما. ئۇنىڭ تەبىرى: بىر تاناسىپتىكى بىرىنچى نىسبەتنىڭ ئالدىنقى ۋە كېيىنكى ئەزالىرى يىغىندىسىنىڭ ئۇلارنىڭ ئايرىمىسىغا بولغان نىسبىتى ئىككىنچى نىسبەتنىڭ ئالدىنقى ۋە كېيىنكى ئەزالىرى يىغىندىسىنىڭ ئۇلارنىڭ ئايرىمىسىغا بولغان نىسبىتىگە تەڭ دېگەندىن ئىبارەت. يەنى:

$$\frac{a}{b}=\frac{c}{d}\neq 1 \Rightarrow \frac{a+b}{c-b}=\frac{c+d}{c-d}$$

(ئارفمېتىكىدا $d>b, a>b$ دەپ بەلگىلىگەن).

**يىغىندى-نىسبەت تېئورېمىسى** <مات> تاناسىپتىكى يىغىندى-نىسبەت مۇناسىۋىتىنى ئىپادىلەيدىغان تېئورېما. ئۇنىڭ ئېنىقلىمىسى: بىر تاناسىپتىكى بىرىنچى نىسبەتنىڭ ئالدىنقى ۋە كېيىنكى ئەزالىرى يىغىندىسىنىڭ ئۇلارنىڭ ئايرىمىسىغا بولغان نىسبىتى ئىككىنچى نىسبەتنىڭ ئالدىنقى ۋە كېيىنكى ئەزالىرى يىغىندىسىنىڭ ئۇلارنىڭ ئايرىمىسىغا بولغان نىسبىتىگە تەڭ دېگەندىن ئىبارەت. يەنى:

$$\frac{a}{b}=\frac{c}{d}\neq 1 \Rightarrow \frac{a+b}{c-b}=\frac{c+d}{c-d}$$

(ئارفمېتىكىدا $c>d, a>b$ دەپ بەلگىلەنگەن).

**يىغىندىنىڭ ئۆزگىرىشى** <مات> يىغىندىنىڭ قوشۇلغۇچىلارنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ ئۆزگىرىش قانۇنىيىتى.

**يىغىندىلىماق** پ ① بىر تۈردىكى نەرسىلەرنى توپلاپ مۇئەييەن تەرتىپتە ئىخچاملاپ سىستېمىلىق ھالەتكە كەلتۈرمەك، توپلىماق، توپلاپ رەتكە سالماق: ئۇلار بۇ ئاخباراتلارنى ئۈچ نۇقتىغا يىغىندىلىدى. ② ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن ئارتۇق سانلارنىڭ ئۆزئارا قوشۇلۇشىدىن ھاسىل بولىدىغان نەتىجىسىنى تاپماق ياكى سانلارنى ئۆزئارا قوشماق، بىرلەشتۈرۈپ قوشۇپ نەتىجە چىقارماق.

**يىغىۋېلىپ** رەۋ. مەلۇم ۋاستىلەر ئارقىلىق بىر يەرگە جەم قىلىۋېلىپ، توپلىۋېلىپ.

**يىغىۋېلىپ تەكشۈرۈش** <قا> دۆلىتىمىزنىڭ جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگانلىرى قانۇنغا خىلاپ يېنىكرەك جىنايى قىلمىشى بولغان كىشىلەرنى ئەمگەك بىلەن تەربىيىلەش ئورۇنلىرىغا ئەۋەتىپ، مەخسۇس ئەترەتلەرگە بۆلۈپ تەكشۈرۈش ئېلىپ بارىدىغان بىر خىل مەمۇرىي تەدبىر.

**يىغىۋېلىش** ئى (يىغىپ+ئېلىش) ① <س ئىق> ھۆكۈمەتنىڭ ئۆزىگە قاراشلىق ئورۇن ياكى خەلق تاپشۇرۇشقا تېگىشلىك باج، ئاشلىق قاتارلىقلارنى قانۇن بويىچە ئۆتكۈزۈۋېلىشى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ② <قا> دۆلىتىمىزنىڭ جامائەت خەۋپسىزلىك ئورگانلىرى قانۇنغا خىلاپ يېنىكرەك جىنايى قىلمىشى بار كىشىلەرنى ئەمگەك بىلەن تەربىيىلەش ئورۇنلىرىغا يىغىپ، مەلۇم مۇددەت تەربىيىلەپ ئۆزگەرتىش ئورنى: — جېنىم تاغا، — دېدى ئۇ يىغلامسىراپ، — ئۇ زادى بارمۇ-يوق، ياكى يىغىۋېلىشقا تۇتۇلۇپ قالدىمۇ؟

**يىغىۋېلىش نەيچىلىرى** <بىئول> توفېلكىنىڭ تېنىدە ئارتۇق سۇ ۋە ئارتۇق كېرەكسىز ماددىلارنى يىغىۋالىدىغان، ئۇزىراش-قىسقىراش ۋاكۇئولىسىنىڭ ئەتراپىدا شولىسىمان جايلىشىدىغان كىچىك نەيچىلەر.

**يىقىتماق** پ ① كۈچ بىلەن ئۇرۇپ، تۈرتۈپ ۋە ياكى شۇنىڭغا ئوخشاش ھەرىكەتلەرنى قىلىپ. قارشى تەرەپنى غۇلاتماق، تىك تۇرغان ھالەتتىن يەردە ياتقان ھالەتكە كەلتۈرمەك، ياتقۇزۇپ قويماق: مەرد باتۇر يىقىتىدۇ، ئۆلتۈرمەيدۇ (ماقال). * ئۇ قىزنى بىر تۈرتۈپلا يەرگە يىقىتتى. * مىركېرەم ئۇنى يىقىتىپ قىلىچ سانجىدى. ② بۇزماق، ۋەيران قىلماق، ئۆرۈۋەتمەك، چۇۋۇپ تاشلىماق، ئىشلەتكىلى بولمايدىغان ھالەتكە كەلتۈرۈپ قويماق (ئومۇمەن ئۆي-ئىمارەت ۋە ئۇششاق-چۈششەك تىك ھالەتتە تىكلەنگەن نەرسىلەر ھەققىدە): بىز بىر ئاي ئىچىدە تۆت-بەش دېھقاننىڭ ئۆيىنى يىقىتتۇق، لېكىن ئۇلارغا ئۆيلۈك يەر كۆرسىتىپ بېرەلمىدۇق. * — ھە، دىققەت قىلىڭ، — دېدى ئۇ مېنى ئاگاھلاندۇرۇپ، — بۇ لوگقىلاردىن بىرەرىنى يىقىتىۋەتسىڭىز ئۈچ-تۆت يۈز سوم تۆلەيسىز، جۇمۇ! ③ دەل-دەرەخ، زىرائەت قاتارلىقلارنى كېسىش، ئورۇش قاتارلىق ھەرىكەتلەر بىلەن يەرگە ياتقۇزماق، يەرگە غۇلاتماق: ئۇلار ئۈچ كۈندىلا پۈتۈن بىر مەيدان يەرنىڭ بۇغدىيىنى يىقىتىپ بولدى. * — بۇ قارىياغاچلارنى يىقىت، سات، — دېدى ئۇ چۈشەندۈرۈپ، — پۇلىغا ياخشى ئېشەك بىلەن ھارۋا كېلىدۇ. * زىرائەتلەرنىڭ كۆپ قىسمىنى بوران يىقىتقانىدى. ④ كۆچمە. ھوقۇقىنى ئېلىپ

تاشلىماق، ئەمەل-مەنسىپىدىن چۈشۈرمەك: بىزدە يېڭى باشلىق بولغانلار كونا باشلىقلارنى يىقىتىش ئۈچۈن بەل باغلايدۇ، نەتىجە ئۆزىمىزلا ئۇلار دۈشمەنلىشىپ ماڭىدۇ. * ئۇ مېنىڭ قابىل ئىكەنلىكىمنى كۆرەلمەي، مېنى يىقىتماقچى... ⑤ ھالىدىن كەتكۈزمەك، روھىي ياكى جىسمانىي جەھەتتىن قاتتىق زەربە بېرىپ بىچارە ھالەتكە چۈشۈرۈپ قويماق، ماغدۇرسىزلاندۇرماق: ئۈستى-ئۈستىلەپ كەلگەن روھىي-ئازاب رەھىم سايىتنى يىقىتتى. ⑥ كۆچمە. يوقاتماق، ئۆلتۈرمەك، ھاياتلىقتىن ياكى مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشتىن مەھرۇم قىلماق، ئاغدۇرماق (دۈشمەن كۈچلەر ياكى ھاكىمىيەت، شاھ-پادىشاھلار ھەققىدە): ئۇ ئوقياسى بىلەن تۆت چېرىكنى يىقىتتى، لېكىن بۇ چاغدا ئۇنىڭ ئىككى يېرىگە ئوق تەگكەندى. * ئۇلار بىر قېتىملىق ھەربىي ئۆزگىرىش قوزغاپ، پادىشاھلىق تۈزۈمنى يىقىتتى. ⑦ كۆچمە. مەلۇم بىرەر ساھەدىكى مەنپەئەتنى، پايدىسىنى زىيانغا ئۇچراتماق؛ ئىقتىسادىي مەنپەئىتىنى ئازراق زىيانغا ئۇچراتماق، پۇل خەجلەشكە مەجبۇر قىلماق: — مېنى يىقىتتىلا-دە، — ئابلىز خۇش خۇي كۈلۈمسىرىدى، — بۈگۈن مەن مېھمان قىلاي، قېنى كېلىڭلار.

**يىقىتىشماق** «يىقىتماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار بىر-بىرىنى يىقىتىشىپ، يەنە تۇرۇشۇپ، يەنە سوقۇشۇپ يۈرۈپ ئۈچ ئاي توختىماي ئېلىشىپتۇ.

**يىقىتىلماق** «يىقىتماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: قاتتىق ئېلىشىش نەتىجىسىدە، ئاخىرى قارشى تەرەپ يىقىتىلدى.

**يىقىلماق** پ ① كۈچ بىلەن ئۈرۈلۈش، تۈرتۈلۈش ياكى شۇنىڭغا ئوخشاش سەۋەبلەر بىلەن غۇلماق، ئۆرۈلمەك، يېتىپ قالماق: يىقىلغاننى يەر كۆتۈرەر (ماقال). * سۇغا يىقىلغان يامغۇردىن قورقماس (ماقال). * يىقىلغانغا يۆلەك بول، يىرتىلغانغا ياماق بول (ماقال). * قاتتىق تەگكەن كالتەك زەربىدىن پەرھات ھوشسىزلىنىپ يەرگە يىقىلدى. * كۈچلۈك قارا بوران تەسىرىدىن ئۆيلەر يىقىلىپ، ئۇرغۇنلىغان كىشىلەر ئۆي-ماكانسىز قالدى. ② كۆچمە. ھوقۇق، ئەمەل، ۋەزىپە قاتارلىقلاردا يۇقىرى ئورۇندىن تۆۋەنگە چۈشۈپ قالماق ياكى شۇ ۋەزىپە، ئەمەلدىن ئايرىلىپ قالماق: قاسىم يىقىلغان تەقدىردىمۇ، ئۇنىڭ ئورنىنى يەنىلا ئۇ ئۆزى تىكلىگەن ئاسىم ئىگىلەيدۇ. * مەن يىقىلسام سەنمۇ تۈگەيسەن، شۇڭا سەن مېنىڭ ئورنۇمنى مۇستەھكەملەشكە ھەرىكەت قىل. ③ كۆچمە. ماغدۇرسىزلىنىپ ھالىدىن كەتمەك، ساغلام، روھىي كۆتۈرەڭگۈ بولغان نورمال ھالىتىنى يوقىتىپ غەم-ئەلەمگە مۇپتىلا بولماق: ئوغلىنىڭ دەردىدە بىچارە ئانىمۇ ئۆزىنىڭ تېتىكلىكىنى يوقىتىپ يىقىلىپ قالايلا دەپ قالغانىدى. ④ كۆچمە. ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدا بولغان كۈرەش ياكى مۇسابىقە، بەسلەشتە مەغلۇب بولماق، يېڭىلمەك، ئارقىدا قالماق: قاسىم يىقىلغانغا تەن بېرىدىغان ئادەم ئەمەس ئىدى. ⑤ كۆچمە. ھاياتلىقتىن ياكى مەۋجۇت بولۇشتىن مەھرۇم بولماق، يوقالماق: چېۋەر قولدا ئاپتومات، سايرىماقتا «تا-تا-تات». يىقىلماقتا دۈشمەنلەر، مەرگەنلەرنىڭ كۆڭلى شاد. * يىقىلدى تۆت ئاپەت، كۈلدۈرۈپ جىمى ئالەمنى. شادلىنىپ بىزمۇ باستۇق، ئۆزگىچە يېڭى قەدەمنى. ⑥ كۆچمە. مەلۇم مەنپەئەتنى قۇربان قىلماق، مەلۇم مىقداردا پۇل خەجلەشكە توغرا كەلمەك:

ئۇ بۇ قېتىم ئاز كەم مىڭ يۈەنگە يىقىلغانىدى. ⑦ كۆچمە. چۈشمەك، ئىناۋەت-ئابرۇيىنى يوقاتماق، يۈزى تۆكۈلمەك: – ئەۋلىيانىڭ نەزىرىدىن يىقىلىپ، بالا-قازاغا يولۇقسامۇ مەيلىلا! – دېدى ئۇ كەسكىن قارارغا كەلگەندەك قىلىپ.

**يىقىلىپ-سوقۇلۇپ** يىقىلىپ ۋە سوقۇلۇپ، ئومۇمەن شۇنىڭغا ئوخشاش ئىشلارغا يولۇقۇپ: نەسىبە خۇددى يارىلانغان كېيىكتەك يىقىلىپ-سوقۇلۇپ يۈرۈپ سابىرنىڭ يېنىغا قېچىپ كەلدى.

**يىقىلىپ-قوپۇپ** يىقىلىپ يەنە قوپۇپ، يەنە يىقىلسا يەنە قوپۇپ: ئۇ كەلگۈچە بىرنەچچە قېتىم يىقىلىپ-قوپۇپ، خېلى تەستە كەلگەنىدى.

**يىقىلىشماق** «يىقىلماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار بىرنەچچىسى تەڭلا يىقىلىشتى.

**يىك** ئى. يىپ ئېگىرىش ئۈچۈن چىدامىلىق، قاتتىق ياغاچتىن قىرىپ ياسالغان ئىككى ئۇچى ئۇچلۇق سايمان.

**يىك باسماق** ← **چاك باسماق.**

**يىك خانىسى** يىكنىڭ چەمەك تۇرىدىغان جايى.

**يىك خانىلىقى** يىكنىڭ تاناپ تۇرىدىغان جايى.

**يىك قۇيرۇقى** يىكنىڭ يىپ ئېگىرىلمەيدىغان تەرىپى.

**يىك ئۇچى** يىكنىڭ يىپ ئېگىرىش ئۈچۈن ئۇزۇنچاق ۋە ئۇچلۇق تەييارلانغان تەرىپى.

**يىكتەك** سۈپ. تۈز، تۈپتۈز؛ قائىدە-تەرتىپلەرگە ياۋاشلىق بىلەن بويسۇنىدىغان، رايىش: شۇ زەربىدىن كېيىن ئۇ يىكتەك بولۇپ كەتتى.

**يىكتەك بولۇپ قالماق** ھەددىدىن ئارتۇق جۇدەپ ئورۇقلىماق، بەك جۇدىمەك، بىر تېرە بىر سۆڭەك بولۇپ قالماق: مەن بەش قېتىم ئاغرىپ ساقايدىم. گۈزەلچۇ؟ بىچارە دوستۇم ئورۇقلاپ يىكتەك بولۇپ قالدى.

**يىكتەك بولۇپ كەتمەك** قىلىق-ھەرىكىتى مۇلايىملىشىپ قائىدىلىك، ئەدەبلىك، قائىدە-نىزاملارغا بويسۇنىدىغان ھالغا كەلمەك، ئەخلاقلىق بولماق، ئەدەب-قائىدىلىك بولماق: ئۇ بالا تۇردى بوۋاينىڭ قولىدا ئىككى ئاي ئىچىدىلا يىكتەك ئادەم بولۇپ كەتتى.

**يىكچى** ئى. ياغاچ ماتېرىياللىرىدىن يىك قىرىدىغان، يىك ياسايدىغان ئۇستا: ئۇ ئون ئىككى-ئون ئۈچ يېشىدىلا يۇرتتىكى داڭلىق يىكچىلەردىن بولۇپ قالغانىدى.

**يىكچىلىك** ① ئى. يىك ياساش، يىك قىرىش كەسپى، يىك ياساش ھۈنىرى: ئۇنىڭ يىكچىلىكتە يىراق-يېقىنغا داڭقى كەتكەنىدى. ② سۈپ. يىك ياساش، يىك قىرىشتا ئىشلىتىلىدىغان، يىك قىرىش، ياساش ئىشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك: ئۇنىڭ يىكچىلىك ئەسۋابلىرى پۈتۈنلەي كۆيدۈرۈلدى. * ئۇ ئاۋۋال ياغاچچى قوشنىسىغا يىكچىلىك دۇكىنى ياساتتى.

**يىكدان** ئى. تۇرۇم چاقتا تالام ناچىلىرىنى تۇتۇپ تۇرىدىغان تۆمۈر يىكلەر ئورنىتىلغان ئىككى مېتىر ئېگىزلىكتىكى جازا.

**يىگ** ئى. مەلۇم يۆنىلىشتە سوزۇلغان نەرسىنىڭ تالاسى، ھەربىر قاتلام يولى، قاتلىمى: ئوتۇننىڭ يىگىنى تېپىپ تۇرۇپ يارمىسا يېرىلمايدۇ، پالتىنى ئوتۇننىڭ يىگىگە ئۇرۇش كېرەك.

**يىگلەتمەك** «يىگلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**يىگلەش** سۈپ ① سۈيى قېچىپ قورۇلۇپ،

پۈرلىشىپ قالغان، قورۇلۇپ قالغان: يىگلەش پىلەك. يىگلەش چۆپ. * هازىر ئۇ خۇددى هال چۈشۈپ پىلىكى قۇرۇپ قالغان يىگلەش تەرخەمەككە ئوخشايتتى. ② كۆچمە. ئورۇقلاپ جۇدەپ كەتكەن، ئورۇق، ئەتسىز، بىر تېرە-بىر ئۇستىخان بولۇپ تېرىلىرى قورۇلۇپ كەتكەن، جۇدەڭگۈ: — سەندەك يىگلەش بەل، تەمبۇر قورساق بولغۇچە سەل سېلىنچىلىق بولغانمۇ تۈزۈك، — دېدى ئۇ چىنىدىكى قورۇمىغا مەنسىتمىگەن هالدا قارىۋېتىپ.

**يىگلەشمەك** پ ← **يىگلىمەك**: ئۇ يىگلىشىپ كەتكەن بىر تۈپ پىلەكنى تارتىپلا يۇلۇۋەتتى. * كاۋىلارنىڭ هەممىسى يىگلىشىپ قورۇلۇپ قاپتۇ.

**يىگلىمەك** پ ① سۈيى قېچىپ، قورۇلۇپ قالماق: ئۇ يىگلەپ قالغان هەربىر مېۋىگە ئىچ ئاغرىتاتتى. * ئۇنىڭ تېرىغان قاپاق مايسىلىرى، چېچەكلەپلا يىگلەپ قالىدىكەن. ② كۆچمە. جۇدەپ ئورۇقلاپ كەتمەك، جۇدەپ تېرىلىرى قورۇلۇپ كەتمەك، جۇدىمەك، ئورۇقلاپ كەتمەك: بىچارە يىگلەپ قورايدەك بولۇپ قالغانىدى.

**يىگىت** ئى ① جىنسىي ۋە جىسمانىي جەهەتتىن يېتىلگەن ئەر، ئەركەك كىشى: هەلىمخان پاسىل تامدىن ئاتلاپ چۈشتى، يىگىتلەر هەيران بولۇپ ئۇنىڭ ئالدىغا باردى. * ياش ئايالنىڭ هېسسىياتچان قەلبى ناخشا بىلەن ئويغاندى. «قويچى بولساڭمۇ يىگىتسەن، — دېدى ئۇ ناخشىغا زوقلىنىپ، — شۇڭا ناخشاڭغا ئەگەشتىم». ② ئوغۇل پەرزەند، ئوغۇل بالا: — سىز ئىزدىگەن «سىرلىق شىپا» مۇشۇ، — دېدى مەريەم كۈلۈپ، — ئەمدى بىر يىگىتكە ئاتا بولدۇم دەۋېرىڭ. ③ كۆچمە. قەيسەر، باتۇر، يۈرەكلىك ئادەم ياكى شۇنداق ئەركەك: بىر ئىشقا بەل باغلاپ يېرىم يولدىن قايتقان كىشىنى يىگىت دېگىلى بولامدۇ؟ // مانا مىسىر ئۆز-ئۆزىگە ئىشەندى قاتتىق، «يىگىت خەلق» دەپ ياغدى پۈتۈن جاهاندىن هۆرمەت. ④ شەخس قوشۇمچىسى بىلەن تۈرلىنىپ «قىزنىڭ سۆيگەن كىشىسى، يارى، كۆڭۈل بەرگەن ئادىمى، لايىقى» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ: ئۇ چۈمبەلنى ئاستا ئېچىپ قارىغۇدەك بولسا، دېگەندەك ئۆزىنىڭ يىگىتى ئىكەن. * — شۇنداق قىلماڭ، — دېدى ئۇ ماھىرەگە نەسىھەت قىلىپ، — ئۇ يەردە ئاتىڭىز بىلەن يىگىتىڭىز خەۋپ-خەتەر ئىچىدە تۇرۇۋاتىدۇ. ⑤ بىرەر مۇئەييەن قائىدە-ئىنتىزامى بار گۇرۇپپىغا، قوشۇنغا مەنسۇپ بولغان ئەر كىشى، هەربىي خاراكتېردىكى ۋەزىپە ئىجرا قىلىۋاتقان ياكى قىلىدىغان ئەركەك، ئەسكەر: ئاسىم ئۆزىنىڭ پارتىزان يىگىتلىرى بىلەن يېتىپ كەلدى. * يىگىتلىرىم كېلىپ مېنىڭ يېنىمغا، بوز ئېتىمنى، مېنى ئېلىپ يىنىڭلار. ئوتتۇز يەردىن ئوق تېگىپتۇ بويۇمغا، يىگىتلىرىم مېنى ئېلىپ يىنىڭلار. ⑥ ئۆزىگە نىسبەتەن ياش، ياش جەهەتتىن كىچىك بولغان ئەرلەرگە مۇراجىئەت قىلىش، چاقىرىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ: ئەمىر باھاۋۇدۇن ئۇنىڭ پېشانىسىگە سۆيۈپ سورىدى: — ئەي يىگىت! سەن نېمە ئۈچۈن مېنى ئۆلتۈرۈشكە يول قويمىدىڭ؟! * — يىگىت، — دېدى دېھقان ساز ئاياغلاشقاندىن كېيىن، — سەن بۇ پەدىنى نەدىن ئۆگىنىۋالدۇڭ؟

**يىگىت قولدىشى** تويدا تويى بولغان يىگىتكە هەمراھ بولۇپ، ئەتىگەندىن كەچكىچە ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولۇشقا بەلگىلەنگەن ئوغۇل بالا: تويۇمدا ئۇ ماڭا

يىگىت قولدىشى بولغانىدى. * خۇشلۇقىدىن بوۋا مۇز تاغ ياش ئېلىپ جۇپ كۆزىگە، تويدا «يىگىت قولدىشى» دەپ بەردى ئۇنۋان ئۆزىگە.

**يىگىتنىڭ گۈلى** ئەرلەرنىڭ، ئوغۇللارنىڭ، يىگىتلەرنىڭ ئەڭ يارامىلىقى، يىگىتلەر ئارىسىدىكى ئەڭ ئېسىلى: — سەن يىگىتلەرنىڭ گۈلى سەن-دە، گۈلى! — دېدى ئۇ ئالىمغا زوقلىنىپ.

**يىگىتبېشى** ئى (يىگىت+باش+ى) ① تۈرلۈك مەرىكە، بەزمە، مەشرەپ، ئولتۇرۇشلاردا شۇ سورۇننى ئومۇمىيۈزلۈك باشقۇرۇپ، تەكشەپ تۇرۇشقا بەلگىلەنگەن ئەر، يىگىتلەرنىڭ سەردارى: قىز سورۇنغا چۈشكەندە، يىگىتبېشى ئۇنىڭ يۈزىدىكى ياغلىقنى ئېلىۋەتتى. * ئۇ چاغلاردا مەشرەپتە يىگىتبېشى تۆردە ئولتۇراتتى. ② كونا. ئۆيلىنىدىغان يىگىتكە توي جەريانىدا ئەر-خوتۇنچىلىق ئىشلىرى ھەققىدە تەربىيە بېرىدىغان ئەر كىشى.

**يىگىتتەك** سۈپ. يىگىتكە ئوخشاش؛ مەردانە، قەيسەر؛ دۇرۇس، توغرا، ھەق: — يارايسەن، ئوغلۇم، — دېدى بوۋاي ئۇنى ماختاپ، — يىگىتتەك ئىش قىلدىڭ.

**يىگىتتەك گەپ قىلماق** توغرا دۇرۇس گەپ قىلماق؛ مەردانە، سۆزلىمەك: — ناھايىتى ياخشى، يىگىتتەك گەپ قىلىپسەن، — دېدى ئاسىم رازى بولۇپ.

**يىگىتچە** سۈپ. يىگىتكە خاس، يىگىتكە ئوخشاش، يىگىتتەك: ئۇنىڭدىن شىپا تاپقان بوۋاي ئېيتار: «دۇنيادا يەنە تالاي ياشار بولدۇم. يىگىتچە قۇۋۋەت كىردى بىلىكىمگە، سۆزسىزكى، يۈز ياشلاردىن ئاشار بولدۇم».

**يىگىتچىلىك** ئى. يىگىتلەرگە خاس غۇرۇر، قىلىق-ھەرىكەت؛ يىگىتلىكتە بولىدىغان تۈرلۈك ھەرىكەت، يۈرۈش-تۇرۇش.

**يىگىتلىك** ① سۈپ. يىگىتلەرگە خاس، يىگىتلەردە بولىدىغان، قەيسەر، جەسۇر: ئۇ كۆزىگە كەلگەن ياشنى زورىغا توختىتىپ، يىگىتلىك غەيرىتى بىلەن كەتمەننى مۈرىسىگە سالدى-دە، دادىسىنىڭ ئارقىسىدىن ئەگىشىپ ھويلىدىن چىقتى. * ئۇنىڭ يىگىتلىك غۇرۇرى ئۇنى ئالدىغا سۆرەپ ماڭاتتى. ② سۈپ. يىگىت يېشىدىكى، يىگىت باسقۇچىدىكى: يىگىتلىك چاغ. يىگىتلىك دەۋر. يىگىتلىك مەزگىل. ③ ئى. يىگىتلەرگە خاس بولغان مەردانىلىق، باتۇرلۇق، قەھرىمانلىق، جاسارەت: ئوغلۇڭ چوڭ بولسا يىگىتلىكىڭنى ئالۇر، قىزىڭ چوڭ بولسا چوكانلىقىڭنى (ئالۇر) (ماقال). * — سەن بارمىساڭمۇ بولۇۋېرىدۇ، — دېدى ئۇ ھىجىيىپ، — سەن بۇ يەردە بەھۇزۇر يىگىتلىكىڭنى قىلىۋەرگىن! ④ ئى. كۆچمە. ئادەمنىڭ تازا ھاياتىنىڭ پەيزىنى سۈرىدىغان مەزگىلگە يېتىپ كەلگەن دەۋرى، ياش، ئېسىل ۋاقتى: «ئوبدان ئويلان، — دەپتۇ ئۇ يەنە بىر قېتىم، — ئۆزۈڭنىڭ يىگىتلىكىڭگە ئېچىن...» * نادانلىق ئېلىپ كەتتى، يىگىتلىكتە باشىمنى. مېنىڭدەك ئېلىپ كەتكىن، ھاشىمدەك ئاداشىمنى.

**يىگىتلىك چاغ** ← **يىگىتلىك دەۋر**: يىگىتلىك چاغ غەنىيمەتتۇر، ئەزىز ئۆمرۈڭمۇ قىممەتتۇر، ساقال قاردەك ئاقارغاندا بىلىڭدە كۈچ-مادار بولماس.

**يىگىتلىك دەۋر** ئادەمنىڭ بالاغەتكە يەتكەندىن تارتىپ ئوتتۇرا ياشقىچە بولغان ئارىلىقتا ئۆتكۈزگەن ھايات مۇساپىسى، دەۋرى: ئۇنىڭ يىگىتلىك دەۋرى بىھۇدە ئۆتۈپ كەتكەنىدى.

**يىگىتلىك قىلماق** يىگىتلەرگە خاس

قىلىق-ھەرىكەت قىلماق، يىگىتلەرگە خاس سۆز-ھەرىكەتتە بولماق.

**يىگىرمە** سان. ئونىنىڭ ئىككى ھەسسىگە قوشۇلۇشىدىن ھاسىل بولغان، 19 دىن چوڭ، 21 دىن كىچىك بولغان سان. «20» رەقىمى: يىگىرمە سەر كۆمۈش.

**يىگىرمە تۆت تارىخ** <تارىخ> جۇڭگونىڭ قەدىمكى زامان تارىخىغا، جۈملىدىن غەربىي دىيار تارىخىغا ئائىت 24 پارچە كلاسسىك تارىخ كىتابىنىڭ ئومۇمىي نامى. بۇ كىتابلار: «تارىخنامە»، «خەننامە»، «كېيىنكى خەننامە»، «ئۈچ دۆلەت ھەققىدە قىسسە»، «جىڭنامە»، «سۇڭنامە»، «جەنۇبىي چىنامە». «لياڭنامە»، «چېننامە»، «ۋېينامە»، «شىمالىي چىنامە»، «جۇنامە»، «سۈينامە»، «جەنۇبىي خاندانلىقلار تارىخى»، «شىمالىي خاندانلىقلار تارىخى»، «تاڭنامە» (كونا تاڭ تارىخى)، «يېڭى تاڭنامە»، «بەش دەۋر تارىخى» (كونا بەش دەۋر تارىخى)، «يېڭى بەش دەۋر تارىخى»، «سۇڭ خاندانلىقى تارىخى»، «لياۋنامە»، «جىن خاندانلىقى تارىخى»، «يۈەن خاندانلىقى تارىخى»، «مىڭ خاندانلىقى تارىخى» دىن ئىبارەت بولۇپ، بۇلارنىڭ ھەممىسىدە قەدىمكى غەربىي يۇرت تارىخىغا ئائىت مەخسۇس جىلدلار ئاجرىتىلغان. بۇلار بىزنىڭ قەدىمكى ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە شىنجاڭ تارىخىنى تەتقىق قىلىشىمىز ئۈچۈن، سېستىمىلىق ۋە بىرقەدەر ئىشەنچلىك تارىخىي ماتېرىياللار بىلەن تەمىنلەيدۇ.

**يىگىرمە تۆت مەۋسۇم** <ئاستر> يەر شارى قۇياشنى بىر قېتىم ئايلىنىپ چىققاندا ھاسىل بولغان مەۋسۇملەر. بۇلار: 1) باش باھار 2) ئەگىز سۈيى 3) جانىۋارلارنىڭ ئويغىنىشى 4) ئەتىيازلىق كۈن-تۈن تەڭلىكى 5) چوكانتال 6) قىزىلكوس 7) باش ياز 8) سەراتان ئىسسىقى 9) ئورما ۋاقتى 10) يازلىق كۈن-تۈن توختىشى 11) باش تومۇز 12) تومۇز 13) باش كۈز 14) كۈزگى تېرىم 15) ئاق شەبنەم 16) كۈزلۈك كۈن تۈن تەڭلىكى 17) سوغۇق شەبنەم 18) قىرو چۈشۈكى 19) باش قىش 20) سېرىق قار 21) ئاق قار 22) قىشلىق كۈن-تۈن توختىشى 23) قارا سوغۇق 24) قاپاقيارداق قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. بۇ مەۋسۇملەر ھاۋا كىلىماتىنىڭ ئۆزگىرىشى ۋە دېھقانچىلىق پەسىللىرىنى ئىپادىلىگەن بولۇپ، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىدا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

**يىگىرمىنچى** سان. سان تەرتىپى ياكى دەرىجە جەھەتتىن 19-دىن كېيىن، 21-دىن بۇرۇن تۇرىدىغان، سان تەرتىپى «20» رەقىمى بىلەن ئىپادىلەنگەن: 20-نومۇرلۇق ياتاق.

**يىگلەش** ① «يىگلىمەك» پېئىلىنىڭ يەنە بىر خىل ئىسمدىشى. ② <تب> ئومۇمىي بەدەن ياكى مەلۇم ئەزانىڭ ئوزۇقلىنىشى بۇزۇلۇپ، ھەجمىنىڭ كىچىكلەپ كېتىشى.

**يىگلىگەن** «يىگلىمەك» پېئىلىنىڭ سۈپەتدىشى: يىگلىگەن تەنچە.

**يىگلىگەن تەنچە** <بىئول> پىشقاندا تۇخۇم ئانا ھۈجەيرىسىدىن ئايرىلىپ چىقىدىغان مەلۇم بىر خىل تۇخۇمنىڭ

نۇرغۇن ھۇجەيرىلىرى ياكى كىچىك تەنچىلىرىدىن بىرى.

**يىگىنە** ئى. قۇلاققا ئاسىدىغان ھالقا، ساپاق: يارىمنىڭ قۇلاقىغا، يىگىنە بولاي دەيمەن. ئۇلۇق يانىمغا چاچ قويۇپ، دىۋانە بولاي دەيمەن. * يىراق يەردىن مەن كەلدىم، خان ئەركىسى يار سەنەم، يىگىنەڭنى ماڭا بەر، يول خەجىسى يار سەنەم.

**يىلڭ** ئى (خەن) <ھەرب> ئارمىيىنىڭ شتات بىرلىكى. تۇەنىنىڭ ئاستىدا بولىدۇ. ئۇنىڭغا بىرقانچە لىيەن قارايدۇ. تۇەنگە قارىمايدىغان يىلڭ مۇستەقىل يىلڭ دەپ ئاتىلىدۇ.

**يىڭپياۋ** ئى (خەن) <مال> ← **يىڭپياۋ پۇلى.**

**يىڭپياۋ پۇلى** <مال> جەنۇبىي سۇلاڭ سۇلالىسىدىن كېيىنكى كۆمۈش تەڭگىنىڭ ئورنىدا ئىشلىتىلگەن قەغەز پۇل. ئەڭ دەسلەپتە ئۇنى گاۋزۇڭ شاۋشىڭنىڭ 7 - يىللىرى (مىلادىيە 1137 - يىللار) سىچۇەن، شەنشى شۇنۇۋنىڭ مۇئاۋىن ھەربىي ئەمەلدارى ئۇجە دېگەن كىشى خېچى دېگەن جايدا يىڭخۇيزى دېگەن نام بىلەن تارقاتقان. ئۇنىڭ تۈرى بىر مىسقال ۋە يېرىم مىسقالدىن ئىبارەت ئىككى خىل بولغان.

**يىڭجاڭ** ئى (خەن) <ھەرب> يىڭنى باشقۇرىدىغان ھەربىي ئەمەلدار.

**يىڭگىلىك** ئى. كىچىك قىزلارنىڭ ئېسىشى ئۈچۈن ياسالغان ھالقا: ئۇ ھېيزەمنىڭ قۇلىقىدىكى سەھنە سۆكىسىنى ئاستا ئېلىۋېتىپ، كۆمۈش يىڭگىلىكنى سېلىپ قويدى.

**يىڭناسقۇ** ئى (يىڭنە+ئاس+قۇ) <تىب> بىر خىل كۆز كېسەللىكى. ئۈزۈمسىمان شارچە باكتېرىيىنىڭ كۆز قاپقىدىكى تېرە ماي بېزىگە كىرىشى سەۋەبىدىن كېلىپ چىقىدۇ. بۇنىڭدا، قاپاق قاتتىق ئاغرىيدۇ، قاپاقنىڭ چۆرىسىدىكى كىرپىككە يېقىن جايدا ئۇششاق دانىچىسىمان نەرسىلەر چىقىپ، مەلۇم جاي قىزىرىدۇ ۋە ئىششىدۇ.

**يىڭناغۇچ** ئى (يىڭنە+ئال+غۇچ) <زوئول> بىر خىل ھاشارات. تېنى ئىنچىكە، ئۇزۇنچاق، كۆكرەك قىسمىنىڭ كەينى تەرىپىدە ئىككى جۈپ پەردىسىمان قانىتى بار. ئېگىز ئۇچالايدۇ. پاشا قاتارلىق كىچىك ھاشاراتلارنى ئوزۇق قىلىدۇ. چىشىسى قۇيرۇقىنى سۇغا تەگكۈزۈپ سۇغا تۇخۇم سالىدۇ. لىچىنكىسى سۇ قۇرتى دېيىلىدۇ، سۇدا ياشايدۇ، پايدىلىق قۇرت.

**يىڭنە** ئى. تۆمۈر قاتارلىق مېتاللاردىن ياسالغان، بىر تەرىپى ئۇچلۇق ھەم ئۆتكۈر، يەنە بىر تەرىپى تومراق ھەم يىپ ئۆتكۈزگۈدەك تۆشۈك ئېچىلغان، تىكىش سايمىنى: يىڭنە كىچىك بولسىمۇ يۇتقىلى بولماس (ماقال). * ئۇ يىڭنىنىڭ كۆزىدىن يىپ ئۆتكۈزۈپ، دېرىزە پەردىسىگە قاراپ ئولتۇرىۋېرىپتۇ.

**يىڭنە بېلىق** <زوئول> بىر خىل بېلىق. تېنى ئىنچىكە ھەم ئۇزۇن، يۈزىدە ھالقىسىمان سۆڭەك پلاستىنكىسى بار، بىر تال دۈمبە پالاقچىسى بار. قورساق پالاقچىسى يوق، دېڭىزدا ياشايدۇ، قاسىراقلىق ھايۋانلارنى تۇتۇپ يەيدۇ.

**يىڭنە بىلەن قۇدۇق قازغاندەك** ئىشنىڭ ناھايىتى قىيىن، ئاسان ئەمەلگە ئاشۇرغىلى بولمايدىغان، ئىنتايىن جاپالىق ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدىغان ئىبارە: مۇشۇ كۈچ بىلەن بۇ يەردىن يول ئېچىش خۇددى يىڭنە بىلەن قۇدۇق قازغاندەك بىر ئىش.

**يىڭنە بىلەن قۇدۇق كولىغاندەك** ←

**يىڭنە بىلەن قۇدۇق قازغاندەك.**

**يىڭنە تۇتقا** تىكىش ماشىنىسىنىڭ يىڭنىنى تۇتۇپ تۇرىدىغان دېتالى.

**يىڭنە تۇمشۇق بېلىق** <زوئول> بىر خىل بېلىق. تېنى يۇملاق تۆۋرۈك شەكلىدە، ئاستىنقى جاغى ئالاھىدە ئۇزارغان ۋە يىڭنە شەكىللىك، تەڭگىچىلىرى يۇملاق، قۇيرۇق پالاقچىسى ئارا شەكلىدە كېلىدۇ. يېقىن دېڭىزدا ياشايدۇ. تاتلىق سۇدىمۇ بولىدۇ.

**يىڭنە تۆمۈر تاش** <گېئول> بىر خىل مىنېرال. خىمىيىلىك تەركىبى $a-FeO(ON)$. تەركىبىدىكى تۆمۈر 62,9%، ياننۇ ياقلىق كرىستال سىستېمىسىغا كىرىدۇ. كرىستالى يىڭنىسىمان ياكى تۆۋرۈكسىمان بولۇپ، قۇراشمىسى كۆپىنچە بۆرەكسىمان، ئەمچەكسىمان بولىدۇ. رەڭگى تۇتۇق قوڭۇر، ئىز سىزىقى جىگەر رەڭ، يېرىم مېتال پارقىراقلىقىغا ئىگە. قاتتىقلىقى 5 — 5,5 سېلىشتۇرما ئېغىرلىقى 4.0 ~ 4.4 . ئاساسلىق تۆمۈر تەركىبلىك مىنېراللارنىڭ ئوكسىدلىنىشىدىن ۋە ئاجرىلىشىدىن شەكىللەنگەن ئىككىلەمچى مىنېرال بولۇپ، قوڭۇر تۆمۈر رۇدىسىنى ھاسىل قىلىدىغان ئاساسلىق مىنېرال ھېسابلىنىدۇ.

**يىڭنە چاغلىق** يىڭنىچىلىك، ناھايىتى ئاز، يوق دېيەرلىك: كېلىن قىزمۇ يىڭنە چاغلىق نەرسە قالمىغان بۇ قۇرۇق ئۆيدىن بوغچىسىنى كۆتۈرۈپ ئانىسىنىڭكىگە كەتكىنىچە قايتىپ كەلمىدى.

**يىڭنە چوكىسى ← يىڭنە تۇتقا.**

**يىڭنە ساقلىق قازان** <ماشىن> ساقلىق قازاننىڭ بىر خىلى. ئىچكى پولات چەمبەر، تاشقى پولات چەمبەر ۋە يىڭنە ساقىدىن تۈزۈلىدۇ. يىڭنە ساقا ئادەتتە ئىككى پولات چەمبەرنىڭ ئوتتۇرىسىغا ئورۇنلاشتۇرۇلىدۇ.

**يىڭنە سانجىپ داغلاپ داۋالاش** <تىب> يىڭنە سانجىش ۋە داغلاش ئۇسۇللىرىنىڭ ئومۇمىي نامى. يىڭنە سانجىش ئۇسۇلىدا، ئالاھىدە ئىشلەنگەن مېتال يىڭنە بىمارنىڭ تېنىگە بەلگىلىك پەللەر بويىچە سانجىلىپ، تولغاش، كۆتۈرۈش قاتارلىق قول مەشغۇلاتلىرى ئارقىلىق، كېسەل داۋالىنىدۇ. داغلاش ئۇسۇلىدا بولسا، كۆيۈۋاتقان ئەمەن مامۇقى كېسەل كىشى تېنىدىكى بەلگىلىك پەللە بويىچە تېرىگە يېقىن قويۇلۇپ ياكى تەگكۈزۈلۈپ، قىزىق ئۆتكۈزۈش ئارقىلىق كېسەل داۋالىنىدۇ. بۇ ئىككى خىل ئۇسۇل ئېلىمىز تىبابەتچىلىكىدىكى قىممەتلىك مىراس ھېسابلىنىدۇ.

**يىڭنە سانجىش** <تىب> ئالاھىدە ئىشلەنگەن يىڭنىنى مۇسكۇل ئىچىگە سانجىش ئارقىلىق كېسەل داۋالاش ئۇسۇلى.

**يىڭنە قۇيرۇق ئۆردەك** <زوئول> ئۆردەكنىڭ بىر تۈرى. قۇيرۇقى ئۇچلۇق ۋە يىڭنىسىمان بولىدۇ.

**يىڭنە ئىشى** يىڭنە بىلەن قىلىنىدىغان ئىش.

**يىڭنە يوپۇرماق** <بوت> يوپۇرماقنىڭ بىر تۈرى. شەكلى يىڭنىگە ئوخشاش ئىنچىكە ھەم ئۇچلۇق بولىدۇ.

**يىڭنە يوپۇرماقلىق دەرەخ** <بوت> يوپۇرمىقىنىڭ شەكلى يىڭنىگە ئوخشايدىغان ياكى تەڭگىگە ئوخشايدىغان دەل-دەرەخلەر. مەسىلەن، قارىغاي، ئارچا، شەمشاد قاتارلىقلار.

**يىڭنە يوپۇرماقلىق ئورمان** <ئورم> قارىغاي، ئارچا قاتارلىق يوپۇرماق شەكلى يىڭنىگە ئوخشايدىغان دەرەخلەردىن شەكىللەنگەن ئورمان.

**يىڭنە يۇتۇۋالغاندەك بولماق** قاتتىق ئازابلانماق، ئىنتايىن بەك قىينالماق: ھەر قېتىم ئۇنىڭ قاپاق تۈرگىنىنى كۆرسەم يىڭنە يۇتۇۋالغاندەك بولۇپ كېتىمەن زادى...

**يىڭنە يەۋالغان ئىتتەك** بەك جۇدەپ، ئەبگارلىشىپ، ھالسىزلىنىپ كەتكەنلەرنى ئوخشىتىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان ئىبارە: ئۇ يىڭنە يەۋالغان ئىتتەك بولۇپ قاپتۇ، ماڭغۇچىلىك ھالى يوق.

**يىڭندە قۇدۇق قازغاندەك ← يىڭنە بىلەن قۇدۇق قازغاندەك.**

**يىڭنىنىڭ تۆشۈكىدىن ئۆتكۈزمەك** بىر ئىشلارغا بەك ئىنچىكە، بەك ئەستايىدىل مۇئامىلىدە تۇرۇپ بېجىرمەك، قىلنى قىرىق يارماق.

**يىڭنىنىڭ تۆشۈكىدىن مىڭ قېتىم ئۆتىدىغان ← يىڭنىنىڭ تۆشۈكىدىن قىرىق ئۆتىدىغان.**

**يىڭنىنىڭ تۆشۈكىدىن قىرىق ئۆتىدىغان** ناھايىتى بېخىل، پىخسىق: بىزنىڭ خوتۇنمۇ پۇلغا كەلگەندە يىڭنىنىڭ تۆشۈكىدىن قىرىق ئۆتىدىغىنىدىن، بىراق شۇنداق قىلمايمۇ بولمايدۇ-دە، بايا ئۇنىڭغا پۇل بەرمەي دېسەم قۇتۇلغىلى بولمىدى، ھەي...

**يىڭنىنىڭ قۇلىقىدىن ئۆتكۈزمەك ← يىڭنىنىڭ تۆشۈكىدىن ئۆتكۈزمەك.**

**يىڭنىچىلىك** سۈپ ① يىڭنىگە ئوخشاش، چوڭ-كىچىكلىكى يىڭنىدەك بولغان. ② قىممىتى ياكى ئىشقا ياراش دەرىجىسى بەك تۆۋەن، يىڭنە چاغلىق: ئۇ كىچىكىدىن تارتىپلا يىڭنىچىلىك بىرنەرسىنى باشقىلارغا بېرىپ باققان ئەمەس.

**يىڭنىدەك** سۈپ ① چوڭ-كىچىكلىكى، ئېغىر-يېنىكلىكى جەھەتتىن يىڭنىدىن كۆپ پەرقلەنمەيدىغان، يىڭنىگە ئوخشاش. ② ناھايىتى قاتتىق، ئاچچىق، ئادەمگە ئېغىر زەربە بولغۇدەك دەرىجىدە (ئاچچىق سوغۇق، شىۋىرغان قاتارلىقلار ھەققىدە)؛ يۈز-كۆزىگە يىڭنىدەك سانجىلىۋاتقان قارمۇ، دەھشەت بىلەن ئۇرۇۋاتقان بورانمۇ ئۇنىڭ ئىرادىسىنى تەۋرىتەلمىدى.

**يىڭنىزىرە** ئى (يىڭنە+زىرە) ئالتۇندىن گۈل چىقىرىپ ياسالغان، قۇلاققا سالىدىغان زىننەت بۇيۇمى.

**يىڭنىمىخ** ئى (يىڭنە+مىخ) ئۇچى ئۇچلۇق، تۈۋىدە كىچىك قالپىقى بار، مېتالدىن ياسالغان، قەغەز، رەختكە ئوخشاش يۇپقا نەرسىلەرنى ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈپ تۇپلەش قاتارلىق ئىشلاردا ئىشلىتىلىدىغان بىر خىل كىچىك مىخ.

**يىل** ئى ① يەر شارىنىڭ قۇياش ئەتراپىدا بىر قېتىم ئايلىنىپ چىقىش مۇددىتى؛ يەنى ئون ئىككى ئايغا ئېيىغا تەڭ ۋاقىت: يىل بېشى. يىل ئوتتۇرىسى. يىل ئاخىرى. * بىر مىڭ توققۇز يۈز توقسان يەتتىنچى يىل. ② بىرەر ۋەقە، ھادىسە يۈز بەرگەن كۈندىن باشلاپ ئۆتكەن ئون ئىككى ئايلىق ۋاقىت: ئۇ ئالىي مەكتەپكە كىرگىلى ئۈچ يىل بولدى. ③ ئون ئىككى ئايلىق ۋاقىت بىلەن ھېسابلىنىدىغان كالېندار سىستېمىسى: يېڭى يىل. مىلادىيە يىلى. ھىجرىيە يىلى. شەمسىيە يىلى. كونىچە يىل. قەمەرىيە يىل ھېسابى. ④ <ئاستر> بىرەر پلانېتنىڭ قۇياش ئەتراپىدا بىر قېتىم ئايلىنىپ ئۆتۈش مۇددىتى: مارس يىلى. يۇپىتېر يىلى.

⑤ مۆچەل يىل ھېسابىدىكى ئون ئىككى مۆچەلنىڭ ھەربىرى: قوي يىلى، ئات يىلى. ⑥ كىشى ئۆلگەندىن كېيىن، بىر يىل توشقاندا بېرىلىدىغان نەزىر: يىلىنى قىلماق. يىلىنى بەرمەك. ⑦ كۆپلۈك قوشۇمچىسى بىلەن تۈرلىنىپ، مۇئەييەن تەرتىپ سانلاردىن كېيىن كېلىپ، ئۇن يىللىق مۇددەتنى ئىپادىلەش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ: ئوتتۇزىنچى يىللار. سەكسىنىنچى يىللار.

**يىل بويى** يىلنىڭ بېشىدىن ئاخىرىغىچە، پۈتۈن يىلنىڭ ھەممە ۋاقتىدا، يىل داۋامىدا: ئامال قانچە، يىل بويى ئىشلىسەكمۇ، قولۇمغا تۈزۈك بىرنېمە تەگمەيدۇ.

**يىل چەمبىرىكى** <بوت> ← **يىل ھالقىسى**.

**يىل نەزىرى** ئۆلگۈچىنىڭ ئۆلگىنىگە بىر يىل توشقانلىق مۇناسىۋىتى بىلەن ئۇنىڭ روھىغا ئاتاپ ئەلگە بېرىلىدىغان نەزىر.

**يىل ھالقىسى** <بوت> ياغاچ غوللۇق ئۆسۈملۈكلەرنىڭ ئاساسىي غولىنىڭ تېز ــ ئاستا بولۇشى پەسىل ئۆزگىرىشىگە قاراپ ئوخشىمايدىغانلىقى ئۈچۈن، ياغاچلىق قىسمىنىڭ كەسمە يۈزىدە شەكىللىنىدىغان ھالقا شەكىللىك سىزىقلار. يىل ھالقىسىنىڭ ئومۇمىي سانى ئاساسىي جەھەتتىن دەرەخ يېشىغا ۋەكىللىك قىلىدۇ.

**يىل ھالقىسى ئانالىزى** <ئارخېئول> ياغاچلارنىڭ يىل ھالقىسىنى ئانالىز قىلىپ، ئاسارئەتىقىلەرنىڭ يىلىنى بېكىتىدىغان بىر خىل ئۇسۇل.

**يىلدىن-يىلغا** يىللار ئۆتكەنسېرى، ۋاقىت ئۆتكەنچە: ھازىر دېھقانلار يىلدىن-يىلغا بېيىۋاتىدۇ.

**يىلان** ئى <زوئول> سۆرەلگۈچى ھايۋان. تېنى يۇمىلاق ھەم ئىنچىكە، ئۇزۇن بولىدۇ، تەڭگىچىلىرى بولىدۇ، پۇتى بولمايدۇ. تۈرلىرى ناھايىتى كۆپ بولۇپ، بەزىلىرى زەھەرلىك، بەزىلىرى زەھەرسىز كېلىدۇ. پاقا قاتارلىق كىچىك ھايۋانلار بىلەن ئوزۇقلىنىدۇ. چوڭلىرى يوغانراق ھايۋانلارنىمۇ يۇتۇۋېتەلەيدۇ.

**يىلان باش بېلىق** <زوئول> بىر خىل بېلىق. تېنى يۇمىلاق ھەم ئۇزۇن، باش قىسمى تۈز، ياپىلاق ۋە تەڭگىچىلەر بىلەن قاپلانغان بولىدۇ. ئېغىزى چوڭ ۋە قىيپاش يېرىقچىسىمان بولۇپ، ئۆتكۈر چىشلىرى بولىدۇ. دۈمبە ئۈزگۈچىسى ۋە ساغرا ئۈزگۈچىسى ئۇزۇن، قۇيرۇق ئۈزگۈچىسى يۇمىلاق بولىدۇ. تېنىنىڭ رەڭگى قارا بولۇپ، ئۈستىدە بويىغا سوزۇلغان ئىككى تال قارا يولى بولىدۇ. تاتلىق سۇنىڭ ئاستىدا ياشايدۇ، يىرتقۇچ كېلىدۇ. بېلىقچانلار بىلەن ئوزۇقلىنىدۇ. گۆشى سېمىز ۋە مەززىلىك، ئىستېمال قىلىشقا بولىدۇ.

**يىلان باغرى** يىلاننىڭ بېلىنى تولغاپ ماڭغان ۋاقتىدىكىگە ئوخشاش تولغىماچ: ساي يولى يىلان باغرى بولۇپ، تىمغا كېتىدىغان ئۆستەڭنى ياقىلاپ گاھى يېقىن، گاھى يىراقلاپ كېتەتتى.

**يىلان بېلىق** <زوئول> بىر خىل بېلىق. تېنى يىلانغا ئوخشاش بولۇپ، تەڭگىچىلىرى بولمايدۇ. رەڭگى سارغۇچ كۆل رەڭ كېلىدۇ. ئۈستىدە قارا رەڭلىك سېپكۈنلىرى بولىدۇ. سۇ بويىدىكى پاتقاقلىقلاردا ياشايدۇ.

**يىلان كۆشىگەنى بىلىدىغان** ← **يىلاننىڭ كۆشىگىنىنى تۇيىدىغان**: قىز بالا دېگەن يەرنىڭ ئاستىدىكى يىلاننىڭ

كۆشىگىنىنى بىلىدىغان خەق جۇمۇ.

**يىلاننىڭ كۆشىگىنىنى تۈيىدىغان** ناھايىتى ھوشيار، سەزگۈر: ئۇنىڭ سۆزى يەتتە قات يەرنىڭ تېگىدىكى يىلاننىڭ كۆشىگىنىنى تۈيۈپ تۇرىدىغان سىيىت ھاجىغا ناھايىتى تېزلا تەسىر قىلدى.

**يىلان يىلى** <ئاستر> 12 مۇچەلنىڭ بىرى، يەنى مۇچەل يىل ھېسابىدىكى ئالتىنچى يىل.

**يىلان-چايان** يىلان ۋە چايان، ئومۇمەن يىلان ۋە چايان تىپىدىكى زەھەرلىك ئۆمىلىگۈچىلەر.

**يىلانچى** ئى. يىلان باققۇچى ياكى ئويناتقۇچى كىشى.

**يىلانچى يۇلتۇز تۈركۈمى** <ئاستر> ئېكۋاتور بەلبېغىدىكى يۇلتۇز تۈركۈملىرىدىن بىرى. مەركىزىي ئورنى: ئېكۋاتور ئۇزۇنلۇقى 17 سائەت 20 مىنۇت، ئېكۋاتور كەڭلىكى $-30°$، يەنى گېركۇلىس يۇلتۇز تۈركۈمىنىڭ جەنۇبىغا، ئەقرەب يۇلتۇز تۈركۈمىنىڭ شىمالىغا توغرا كېلىدۇ.

**يىلانسىمان** سۈپ. يىلانغا ئوخشاش، يىلان شەكلىدىكى: يىلانسىمان قامچىئوت.

**يىلانسىمان قامچىئوت** <بوت> قامچىئوت ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. غولى يىلتىزسىمان بولۇپ تۈم، تىك، يەككە ھالەتتە ئۆسىدۇ، تۈۋىدىن ئۆسكەن يوپۇرمىقى چوڭ، سېپى ئۇزۇن، شەكلى ئۇزۇن تۇخۇمغا ئوخشايدۇ؛ غولىدا ئۆسكەن يوپۇرمىقى كىچىك، ساپاقسىز بولۇپ، نۆۋەتلىشىپ ئۆسىدۇ. گۈلى كىچىك، ئاق ياكى ھال رەڭ بولۇپ باشاقسىمان گۈل رېتىدە. مېۋىسى كىچىك، قاتتىق ئۈچ قىرلىق ۋە قارا بولۇپ پارقىراق كېلىدۇ. يىلتىزسىمان غولى دورا بولىدۇ، ئىسسىق قايتۇرۇش، زەھەرنى تارقىتىۋېتىش ۋە ئىششىق ياندۇرۇش رولىغا ئىگە.

**يىلانلىق** ئى ① يىلان ماكانلاشقان، يىلان كۆپ جاي. ② توقسۇن ناھىيىسىدىكى بىر يېزىنىڭ نامى.

**يىلانئوت** ئى (يىلان+ئوت) <بوت> يىلانئوت ئائىلىسىدىكى سۇغا چۆكۈپ ئۆسىدىغان سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. غولى كۆپ شاخلىنىدۇ، غولىدا شالاڭ تىكەنلىرى بولىدۇ. يوپۇرمىقىدىمۇ تىكەنلىرى بولىدۇ. گۈلى تاق جىنسلىق، ئاتىلىق-ئانىلىقى ئايرىم تۈپتە. مېۋىسى سوقىچاق. يېشىل ئوغۇت قىلىشقا بولىدۇ.

**يىلپىز** ئى <زوئول> سۈت ئەمگۈچى ھايۋان. يولۋاسقا ئوخشاپ كېتىدۇ، لېكىن ئۇنىڭدىن كىچىكرەك بولىدۇ. تېنىدە نۇرغۇن تەڭگىسىمان داغلىرى ياكى يوللىرى بولىدۇ. ۋەھشىي كېلىدۇ، دەرەخكە چىقالايدۇ، باشقا ھايۋانلارنى تۇتۇپ يەيدۇ. ئادەم ۋە چارۋىغا زىيان يەتكۈزىدۇ. تۈرلىرى كۆپ.

**يىلپىز تۇماق** قاسقىنىغا يىلپىز تېرىسى تۇتۇلغان تۇماق.

**يىلتىز** ئى ① <بوت> يۇقىرى دەرىجىلىك ئۆسۈملۈكلەرنىڭ ۋېگېتاتىۋ ئەزاسى. ئۇ «ئوق يىلتىز» ۋە «چاچما يىلتىز» دەپ ئىككى چوڭ تۈرگە بۆلۈنىدۇ. يىلتىز ئۆسۈملۈكنى تۇپراققا مۇقىم تۇرغۇزالايدۇ، تۇپراقتىكى سۇ ۋە سۇدا ئېرىگەن ئوزۇقلۇقلارنى سۈمۈرىدۇ. بەزى يىلتىزلار يەنە ئۆزىدە ئوزۇقلۇقنى زاپاس ساقلىيالايدۇ. ② چىش، چاچ، تىرناق قاتارلىقلارنىڭ تېرە ياكى ئەت

ئارىسىغا جايلاشقان قىسمى، تومۇرى: چىشنىڭ يىلتىزى. چاچنىڭ يىلتىزى. ③ <تىل> سۆزنىڭ ئاساسلىق، تۈپكى قىسمى: سۆز يىلتىزى. ④ كۆچمە. بىرەر نەرسىنىڭ ئاساسى، نېگىزى: يىلتىزىدىن قۇرۇتماق. ⑤ <مات> مەلۇم بىر دەرىجىگە كۆتۈرۈلگەندە، ئۆز-ئۆزىگە كۆپەيتىلگەندە بېرىلگەن سانىنى ھاسىل قىلىدىغان سان؛ رادىكال: توققۇزنىڭ كۋادرات يىلتىزى ئۈچ.

**يىلتىز ئالماشتۇرۇش** <تىل> گراماتىكىلىق ۋاسىتىلەردىن بىرى. بەزى تىللاردا سۆزنىڭ ئېتىمولوگىيىلىك مەنبەسى ئوخشاش بولمىغان، ئەمما ھازىرقى زاماندىكى لېكسىكىلىق مەنىسى ئوخشاش بولغان سۆزلەرنى ئالماشتۇرۇپ قوللىنىش ئارقىلىق گراماتىكىلىق مەنە ئىپادىلىنىدۇ. مانا مۇشۇنداق ۋاسىتە تىلشۇناسلىقتا «يىلتىز ئالماشتۇرۇش» دەپ ئاتىلىدۇ، ئىنگلىز تىلىدا بۇ خىل ۋاسىتە سەل ئۇنۇملۇكرەك.

**يىلتىز باكتېرىيىسى** <بىئول> ← **يىلتىز تۈگۈنچە باكتېرىيىسى.**

**يىلتىز بەلگىسى** <مات> يىلتىز تېپىش بەلگىسى. مەسىلەن، كۋادرات يىلتىزنى تېپىش بەلگىسى $\sqrt{}$، كۇب يىلتىزنى تېپىش بەلگىسى $\sqrt[3]{}$ بولىدۇ. ئومۇمەن، $n$ ىنچى دەرىجىلىك يىلتىزنى تېپىش بەلگىسى $\sqrt[n]{}$ بولىدۇ.

**يىلتىز بوينى** <بوت> ① تۆرەلمە ئوقى بىلەن ئوق يىلتىزنىڭ تۇتىشىدىغان يېرى، يەنى يىلتىز تۈزۈلۈشىنىڭ غول تۈزۈلۈشىگە ئۆتۈشىدىكى ئۆتكۈنچى رايون. ② قەلەمچە تىكىش، قەلەمچە بېسىش ئارقىلىق كۆپەيتىلىدىغان كۆچەتلەرنىڭ ھاسىل قىلغان يالغان يىلتىز بوينى.

**يىلتىز بېسىمى** <بوت> ئۆسۈملۈك يىلتىز سىستېمىسى فىزىئولوگىيىلىك پائالىيىتىنىڭ سۇيۇقلۇق ئېقىمىنى يىلتىز قىسمىدىن يۇقىرى ئۆرلىتىدىغان بېسىمى. ئادەتتە 1 — 2 ئاتموسفېرا بېسىمغا تەڭ بولىدۇ. تۇپراقنىڭ سۇ تەمىناتى يۇقىرى ھەمدە يوپۇرماقنىڭ پارغا ئايلاندۇرۇش مىقدارى تۆۋەن بولغان چاغدا يىلتىز بېسىمى چوڭراق بولىدۇ.

**يىلتىز بىخى** <بوت> ئۆسۈملۈكنىڭ يىلتىزىدىن ئۆسۈپ چىققان يۇمران بىخ. ئۇ تۇپراقتىن ئۆسۈپ چىققاندىن كېيىن، كۆچۈرۈپ تىكىش ئارقىلىق مۇستەقىل ئۆسۈملۈك تېنىگە ئايلىنالايدۇ.

**يىلتىز-تاج نىسبىتى** <بوت> ئۆسۈملۈكنىڭ يەر ئۈستى قىسمىنىڭ يەر ئاستى قىسمىغا بولغان نىسبىتى. ئادەتتە يەر ئۈستى قىسمى گرام بىلەن، يەر ئاستى قىسمى مىللىگرام بىلەن ئېلىنىدۇ.

**يىلتىز تارتماق** مۇستەھكەم ئورۇنلاشماق، ئورۇنلىشىپ روناق تاپماق: ئەگەر مۇشۇ يەردە يىلتىز تارتىپ قالسىڭىز، سىزنى بېشىمىزغا ئېلىپ كۆتۈرەتتۇق، بوستان چاچلىرىڭىزغا گۈل قىستۇرۇپ قوياتتۇق.

**يىلتىز تەكشۈرۈش** <مات> تەڭلىمىنىڭ تېپىلغان يېشىملىرىنى ئەسلىي تەڭلىمىدىكى ئورنىغا قويۇپ تەكشۈرۈش ئارقىلىق ئارتۇق يىلتىزلارنى تاشلاش، كەم قالغان يىلتىزلارنى تولۇقلاش جەريانى.

**يىلتىز تۈكچىسى** <بوت> يىلتىزنىڭ ئۇچى قىسمىدىكى زىچ ئۆسكەن ئىنچىكە تۈكچىلەر. ئادەتتە ئۇ يىلتىزنىڭ سۇ ۋە ئوزۇقلۇقلارنى سۈمۈرىدىغان ئاساسلىق قىسمى ھېسابلىنىدۇ.

**يىلتىز تۇكلۇك قىسمى** <بوت> يىلتىز تۇكچىلىرى ئۆسۈپ چىقىدىغان قىسمى. ئۇ ئۇزارغۇچى قىسمىنىڭ ئۈستى تەرىپىدىكى بىر سانتىمېتىردىن بىرقانچە سانتىمېتىرغىچە ئارىلىقتىكى ئورۇنغا جايلاشقان، ئادەتتە ئۇ سۇ ۋە ئانئورگانىك تۇزلارنى سۈمۈرىدىغان مۇھىم قىسىم ھېسابلىنىدۇ.

**يىلتىز تۈگۈنچە باكتېرىيىسى** <بوت> باكتېرىيىنىڭ بىر خىلى. پۇرچاق ئائىلىسىدىكى ئۆسۈملۈكلەرنىڭ يىلتىز قىسمىدا يىلتىز تۈگۈنچىسىنى شەكىللەندۈرۈپ، ئازوتلۇق بىرىكمىلەرنى سىنتېزلاپ، ئۆسۈملۈكلەرنى ئۇلار بىلەن تەمىنلەيدۇ. يېزا ئىگىلىكىدە ئۇنى ئورۇق بىلەن ئارىلاشتۇرۇش ئارقىلىق، زىرائەتلەرنىڭ مەھسۇلاتىنى ئاشۇرۇشقا بولىدۇ.

**يىلتىز تۈگۈنچىسى** <بوت> پۇرچاق ئائىلىسىدىكى ئۆسۈملۈكلەرنىڭ يىلتىز قىسمىدا ئۆسىدىغان شار شەكىللىك كىچىك تۈگۈنچە، يىلتىز تۈگۈنچە باكتېرىيىسىنىڭ يىلتىز قىسمىغا كىرىشى ئارقىلىق شەكىللىنىدۇ. ئادەتتە ئۇ ئۆسۈملۈكلەرنىڭ ئۆسۈشى ئۈچۈن پايدىلىق دەپ قارىلىدۇ.

**يىلتىز تىكىش** <بوت> بەزى ئۆسۈملۈكلەرنى كۆپەيتىشنىڭ بىر خىل ئۇسۇلى. بۇنىڭدا ئۆسۈملۈك يىلتىزى بىرقانچە بۆلەككە بۆلۈنۈپ يەرگە كۆمۈلىدۇ. شۇ ئارقىلىق بىرقانچە مۇستەقىل ئۆسۈملۈك تېنى ئۆستۈرۈلىدۇ. مەسىلەن، مامكاپىنى مۇشۇ خىل ئۇسۇل بىلەن كۆپەيتىشكە بولىدۇ.

**يىلتىز چىقىرىش** <مات> بىر ساننىڭ يىلتىزىنى تېپىش ئەمىلى، يەنى دەرىجىگە كۆتۈرۈشنىڭ تەتۈر ئەمىلى.

**يىلتىز سان** <مات> يىلتىز چىقىرىش ئەمىلىدىكى يىلتىز تېپىلىدىغان سان. مەسىلەن، $\sqrt[n]{a}$ دىكى a يىلتىز سان بولىدۇ.

**يىلتىز سۆز** <تىل> پەقەت سۆز يىلتىزىدىنلا ئىبارەت بولغان سۆز. مەسىلەن، ئىش، ئادەم، نان، ئانا، قىز، بىر، مالڭ، تۇر... دېگەنلەرگە ئوخشاش.

**يىلتىز سىرتىدىن ئوغۇتلاش** <دېھ> ئوغۇتلاشنىڭ بىر خىل ئۇسۇلى. بۇنىڭدا سۇيۇق ياكى پاراشوك ھالەتتىكى ئوغۇت ئۆسۈملۈكنىڭ يوپۇرمىقىغا پۈركىلىپ، ئۆسۈملۈكنى قوبۇل قىلدۇرىدۇ. بۇ كۆپىنچە ئۆسۈملۈكنىڭ ئاخىرقى ئۆسۈش مەزگىللىرىدە ئىلىپ بېرىلىدۇ.

**يىلتىز سىستېمىسى** <بوت> غول يىلتىز ۋە بارلىق يان يىلتىزلارنىڭ ئومۇمىي نامى. ئادەتتە ئۇ ئوق يىلتىز سىستېمىسى ۋە چاچما يىلتىز سىستېمىسى دەپ ئىككى خىل بولىدۇ.

**يىلتىز غىلىپى** <بوت> يىلتىزنىڭ ئۇچىدا ئۆسىدىغان قوغدىغۇچى توزۇلمە. شەكلى غىلاپقا ئوخشاش بولۇپ، يىلتىزنىڭ ئۆسۈش نۇقتىسىنى ئاسرىيالايدۇ.

**يىلتىز كۆلىسى** <بوت> قىرىققۇلاق خىلىدىكى بەزى ئۆسۈملۈكلەرنىڭ ئاساسىي غولىنىڭ ئالاھىدە بىر تارماق شېخى. ئادەتتە يوپۇرماق بولمايدۇ. بۇ شاخنىڭ چوققىسىدىن تۇراقسىز يىلتىزلار ئۆسۈپ چىقىپ، پەسكە قاراپ ئۆسۈپ، تۇپراققا كىرىدۇ. ئۇ ئوزۇقلۇق سۈمۈرۈش ۋە غولنى تىرەپ تۇرۇش رولىنى ئوينايدۇ.

**يىلتىز كۆچۈرۈش** <دېھ> بەزى ئۆسۈملۈكلەرنى كۆپەيتىشنىڭ بىر خىل

ئۇسۇلى. بۇنىڭدا، ئۆسۈملۈك يىلتىزى بىرنەچچە پارچە كېسىلىپ، تۇپراققا كۆمۈلگەندىن كېيىن، ھەربىرى مۇستەقىل بىر تۈپ بولۇپ يېتىلىدۇ.

**يىلتىز كۆرسەتكۈچ** <مات> يىلتىزلىق ئىپادىدىكى يىلتىز بەلگىسىنىڭ سول تەرەپ يۇقىرى بۇرجىكىگە يېزىلىدىغان سان. مەسىلەن، $\sqrt[3]{27}$ دىكى 3 رەقىمى يىلتىز كۆرسەتكۈچتۇر.

**يىلتىز ئۇچى** <بوت> يىلتىزنىڭ ئەڭ ئالدى تەرىپىدىكى تەخمىنەن بىر سانتىمېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى قىسمى. يىلتىز غىلىپى، ئۆسۈش نۇقتىسى، ئۇزىراپ ئۆسكۈچى قىسمى ۋە يېتىلگەن قىسمىدىن ئىبارەت تۆت قىسمىغا بۆلۈنىدۇ. يىلتىز ئادەتتە يىلتىز ئۇچىغا تايىنىپ ئۆسىدۇ ۋە سۇ سۈمۈرىدۇ.

**يىلتىز ئۇلاق** <ئورم> بىر خىل ئۇلاق شەكلى، يەنى دەرەخ يىلتىزىنى ئۇلاق تۇۋى قىلىپ ئۇلاش ئۇسۇلى. بۇنىڭدا، كۆچەت يىلتىزى 6 ــ 8 مىللىمېتىر يېرىلىپ ئىسكىنە ئۇلاق قىلىنىپ، كۆچەتخانىغا تىكىلىپ كۆچەت يېتىشتۈرۈلىدۇ. يىلتىز ئىنچىكە بولسا، ئۇلاق تۇۋى يېرىلىپ، قىيپاچا سانجىلىدۇ.

**يىلتىزى چىڭىماق** ئورنى مۇستەھكەملەنمەك، مەزمۇت، مىدىرلىماس بولۇپ ئورۇنلاشماق، مەزمۇت ئورۇنلىشىپ كەتمەك: دېمىسىمۇ، شۇنداق مۇددىئايىمىز يوق ئەمەس، لېكىن ئاغچىنىڭ يىلتىزى چىڭىپ، قورسىقى دومبىيىپ قالغۇچە كەشىسىنى توغرىلىمىساق، كېيىنچە قۇتۇلغىلى بولماي قالىدۇ ئەمەسمۇ؟

**يىلتىزىدىن قومۇرۇپ تاشلىماق** ئەسلى-نەسلىدىن تارتىپ يوقاتماق، تۈپتىن، ئۈزۈل-كېسىل يوق قىلماق، تۈپتىن يوقاتماق.

**يىلتىزىدىن قۇرۇتماق** ← **يىلتىزىدىن قومۇرۇپ تاشلىماق**: كۈنچىقىشتىن كۈن چىقتى، يۇرتىمىزنى يورۇتتى. بىزنى ئەزگەن زالىمنى، يىلتىزىدىن قۇرۇتتى.

**يىلتىزىغا پالتا چاپماق** قاتتىق زەربە بەرمەك، ھالاكەتكە يۈزلەندۈرمەك: — خەلقىمىز بىركۈنى بولمىسا بىركۈنى كۆتۈرۈلۈپ، جاھالەتنىڭ يىلتىزىغا پالتا چاپماي قويمايدۇ، — دېدى پەرھات گېپىنى داۋاملاشتۇرۇپ.

**يىلتىزىنى قومۇرۇپ تاشلىماق** ھاياتىنى قۇرۇتماق، يوق قىلماق: ئۇلار كەسكىن تەدبىر قوللىنىپ، سىياسىي ئاغدۇرمىچىلىق ۋە بۆلگۈنچىلىكنىڭ يىلتىزىنى قومۇرۇپ تاشلىدى.

**يىلتىزىنى قۇرۇتماق** ← **يىلتىزىنى قومۇرۇپ تاشلىماق**: سەن ئۇنىڭ مىجەزىنى بىلمەيسەن. ئۇ بىرى بىلەن ئېتىشىپ قالسا، يىلتىزىنى قۇرۇتمىغىچە توختىمايدۇ.

**يىلتىزىنى قىرقىماق** ← **يىلتىزىغا پالتا چاپماق**: ھازىر بۇ يەردە بەگنىڭ يىلتىزىنى قىرقىيدىغان يىگىتلەر پەيدا بولدى. جاھان ئۆزگىرەرمىش، ھەققىمىزنى ئالىدىغان ئوخشايمىز.

**يىلتىزداش** سۈپ. يىلتىزى بىر، بىر يىلتىزدىن كەلگەن: يىلتىزداش سۆزلەر.

**يىلتىزداش سۆز** <تىل> بىر سۆز يىلتىزى ئاساسىدا ياسالغان سۆزلەر. مەسىلەن، ئۇيغۇر تىلىدا «باش» دېگەن سۆز ئاساسىدا «باشلىق» «باشلىماق»، «باشلامچى»، «باشلانغۇچ»، «باشباشتاق» «باشپاناھ»، «باشچىلىق»، «باشقارما» قاتارلىق سۆزلەر ياسالغان. بۇلارنىڭ ھەممىسى يىلتىزداش سۆزلەردۇر.

**يىلتىزسىز** سۈپ. يىلتىزى يوق، يىلتىز تارتمىغان.

**يىلتىزسىمان** سۈپ. يىلتىزغا ئوخشايدىغان، يىلتىزغا ئوخشاش: يىلتىزسىمان غول. * ئۇنىڭ مېۋىسى غوزىلىق، ئۇرۇقى قارا كېلىدۇ، تىبابەتچىلىكتە يىلتىزسىمان غولى دورا قىلىنىدۇ.

**يىلتىزسىمان غول** <بوت> يەر ئاستى غولىنىڭ بىر خىلى. ئادەتتە ئۇزۇن بولىدۇ. يەر ئاستىدا توغرىسىغا ئۆسىدۇ. سىرتقى شەكلى يىلتىزغا ئوخشايدۇ، ئەمما بوغۇمى بولىدۇ. يىلتىز غىلىپى بولمايدۇ، بەلكى چوققا بىخى بولىدۇ. مەسىلەن، نىلۇپەر، قومۇش قاتارلىقلارنىڭ يەر ئاستى غولىغا ئوخشاش.

**يىلتىزلىق** سۈپ ① يىلتىزى بار، يىلتىز تارتقان: يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئەينى چاغدىكى ياش كۆچەت ئەنە شۇنداق چوڭقۇر يىلتىزلىق دەرەخكە ئايلانغانىدى. ② <مات> يىلتىز بەلگىسى بار، يىلتىز بەلگىسى ئىچىگە ئېلىنغان: يىلتىزلىق ئىپادە.

**يىلتىزلىق پەرق** <مات> كۋادراتلىق پەرقى $O^{-2}(S^2)$ نىڭ كۋادراتلىق يىلتىزى $\sqrt{O^{-2}}$ ($\sqrt{S^2}$) يىلتىزلىق پەرق دېيىلىدۇ.

**يىلتىزلىق تىل** <تىل> تىپلار بويىچە تۈرگە ئايرىش ئۇسۇلى ئارقىلىق، سۆزلەرنىڭ قۇرۇلمىسىنى ئاساسىي ئۆلچەم قىلىپ ئايرىپ چىقىلغان تىل تىپلىرىنىڭ بىرى. بۇنداق تىللارنىڭ ئالاھىدىلىكى شۇكى، سۆزلەرنىڭ ئىچكى قىسمىدا گرامماتىكىلىق مەنە ئاڭلىتىدىغان مەخسۇس قوشۇمچە بەلگە يوق. سۆزلەر قوشۇمچە قوشۇش ئارقىلىق ياسالمايدۇ ياكى شۇنداق بولغاندىمۇ رولى ناھايىتى ئاجىز بولىدۇ. سۆزلەردە مورفولوگىيىلىك تۈرلىنىش بولمايدۇ ياكى بولسىمۇ ناھايىتى كەم بولىدۇ. جۈملىدە سۆز بىلەن سۆزنىڭ مۇناسىۋىتى پەقەت سۆزلەرنىڭ رەت تەرتىپى ئارقىلىق ياكى ياردەمچى سۆزلەر ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن، خەنزۇ تىلى ئادەتتە مۇشۇ تىپتىكى تىللارغا كىرىدۇ.

**يىلتىزلىق ئىپادە** <مات> تەركىبىدە رادىكال بولغان ئارىفمېتىكىلىق ياكى ئالگېبرالىق ئىپادە.

**يىلتىزلىق ئىپادە كوئېففىتسېنتى** <مات> يىلتىزلىق ئىپادىنىڭ ئالدىدىكى راتسىئونال كۆپەيتكۈچى. مەسىلەن، يىلتىزلىق ئىپادە $\frac{b+c}{a}\sqrt[3]{ab}$، $4\sqrt{2}$ لارنىڭ كوئېففىتسېنتلىرى ئايرىم-ئايرىم ھالدا 4 ۋە $\frac{b+c}{a}$ بولىدۇ.

**يىلتىزلىماق** پ. يىلتىز تارتماق: ئانا يۇرتتا يىلتىزلىدى بۇ كۆچەت، بولدى ياشلىق مېھنىتىمنىڭ زىننىتى.

**يىلداش** ئى. ئوخشاش بىر يىلدا تۇغۇلغان، يېشى تەڭ بولغان كىشىلەر.

**يىلسايىن** رەۋ. يىللار ئۆتكەنسېرى، يىلدىن-يىلغا، ۋاقىت ئۆتكەنچە: بۇ يەرلەرنىڭ ئۈنۈمدارلىقى يىلسايىن تۆۋەنلەپ كەتكەنىدى.

**يىلسېرى** رەۋ → **يىلدىن-يىلغا**: ئۇ تۆت يىلدىن بېرى خىزمەتنى ئوبدان ئىشلەپ، كەسپتە يىلسېرى ئىلگىرىلىدى.

**يىلسىز** رەۋ. يىل ئۆتمەي تۇرۇپ، يىلغا توشماي تۇرۇپ، يىل بولماي تۇرۇپ: بۇلار ئەمدى يەنە ئۇن يىلسىز ئۆز ئەكسىگە كېلەلمىسە كېرەك.

**يىلقا** ئى <چار> ئات پادىسى؛ دالادا بېقىلىدىغان ئات: يىلقا باقماق. ئەتىۋەت

يىلقىسى.

**يىلقىچى** ئى. يىلقا باقىدىغان ئادەم.

**يىلقىچىلىق** ئى. يىلقا بېقىش ئىشى، يىلقا بېقىش كەسپى.

**يىللاپ** رەۋ. يىل بويى، يىل ۋە يىللار داۋامىدا؛ بىرنەچچە يىل: يەرلەر ھۆددىگە بېرىلگەندىن كېيىن، يىللاپ بىر تىيىن پۇل كۆرمىگەن دېھقانلارنىڭ قولىغا پۇل كىرىپ، قورسىقى تويۇپ، كىيىم-كېچىكى يېڭىلاندى.

**يىللاپ-يىللاپ** «يىللاپ» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىپ كۈچەيتىلگەن شەكلى: نادان خەلق يىللاپ-يىللاپ ئاچ قورساق، يىغىن ئېچىپ، شوئار توۋلاپ ئۆتەتتى. ئەل بېشىغا مىنىۋالغان فاشىستلار، ئېگىلىكنى بۇزۇپ ۋەيران ئېتەتتى.

**يىللىق** ① سۈپ. بىر يىلغا مۆلچەرلەنگەن؛ بىر يىل ئىچىدە بولۇپ ئۆتكەن ياكى بولىدىغان ئەھۋاللارغا ئائىت، كۆرسىتىلگەن يىلغا، شۇ يىلدىكى ئەھۋال-ۋەقەلەرگە مۇناسىۋەتلىك: دۆلەت خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك ۋە يىللىق پىلانلىرىنى تۈزۈپ چىقتى. * ئۇ چاغدا بىزلەردىن يىللىق ئىمتىھان ئېلىنىۋاتاتتى. * يىللىق خۇلاسىدا ھەربىر كىشىنىڭ خىزمىتىنى باھالاشتا مۇشۇ خاتىرە ئاساس قىلىنىدۇ. ② سۈپ. مىقدار ۋە سانىنى بىلدۈرىدىغان سۆزلەر بىلەن كېلىپ «شۇنچە يىلغا مۆلچەرلەنگەن؛ شۇنچە يىل داۋام قىلىدىغان ياكى قىلغان؛ شۇنچە يىل بولغان» دېگەندەك مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ: ئاخىرى مېنىڭ ئۈچ يىللىق ئوقۇش ۋاقتىم توشۇپ، خىزمەتكە تەقسىم قىلىندىم. * مەن دەسلەپكى 19 يىللىق ھاياتىمنى ئاشۇ يەردە ئۆتكۈزدۈم. * سىز بىلمەيسىز، قاسىم دېگەن يېزىمىزنىڭ ئون نەچچە يىللىق سۇ كادىرى. ③ ئى.

<ماثار> مەكتەپلەردىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ مەكتەپكە كىرگەن يىل چەكلىمىسى ئاساسىدا بۆلۈنگەن دەرىجە ئايرىمىسى: 92-يىللىق ئۇيغۇر تىلى سىنىپى. 3-يىللىق 2-سىنىپ. ④ ئى. يىل بويى سەرپ قىلغان مېھنىتى، ئەمگىكى ئۈچۈن بېرىلىدىغان ھەق، مائاش: ئېسىڭدە تۇت، بىز سەن بىلەن يىللىقىڭنى ئالتە پاقلاندىنلا كېلىشكەنمىز. * قوناق بىلەن يارچەنگە، بىر يىللىقىم كېتىدۇ. يەتتە يىللىق ئىش ھەققىم، ماڭا پۈتۈن قايتىدۇ. ⑤سۈپ. يىل مۇددىتى بىلەن توختاملاشقان، يىل بويى ئىشلەشكە ياللانغان: يىللىق ئىشچى. * سۈپىتاي ئون نەچچە يىلدىن بېرى بۇ يەردە گاھ يىللىق، گاھ ئايلىق ئىشلەپ يۈرەتتى. ⑥ ئى. بىرەر تارىخىي ۋەقە ياكى ھادىسىنىڭ كۆرسىتىلگەن ياكى سۆزلەنگەن يىلغا توشقانلىق خاتىرە كۈنى ياكى خاتىرە يىلى: ئەخمەتجان قاسىمى تۇغۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقى. ل. مۇتەللىپ ۋاپاتىنىڭ 50 يىللىقى.

**يىللىق باھا** <ماثار> ئوقۇغۇچىنىڭ بىر يىللىق ئوقۇش جەريانىدىكى ئۆگىنىش، ئەخلاق، ئىنتىزام ۋە ھەر خىل پائالىيەتلەردىكى ئىپادىسىگە بېرىلگەن ئومۇمىي باھا.

**يىللىق پاراللاكس** <ئاستر> تۇرغۇن يۇلتۇزلارنىڭ ئارىلىقىنى ئۆلچەشتە يەر شارىنىڭ قۇياش ئەتراپىدا ئايلىنىش ئوربىتىسىنىڭ رادىئۇسى ئاساسى سىزىق قىلىنىدۇ. بۇنىڭدىن چىققان پاراللاكس يىللىق پاراللاكس دەپ ئاتىلىدۇ.

**يىللىق پايدا** <س ئىق> بىر يىلدا كىرىم قىلىنغان ئومۇمىي پايدا.

**يىللىق پايدا نىسبىتى** <س ئىق> بىر يىلدا ئىشلەپچىقارغان ئومۇمىي قوشۇمچە

قىممەت مىقدارىنىڭ پۈتۈن ئاۋانس كاپىتالغا بولغان نىسبىتى.

**يىللىق پىلان** ئىشلەپچىقىرىش، خىزمەت ۋە ئۆگىنىش قاتارلىقلارنىڭ بىر يىلغا مۆلچەرلەنگەن پىلانى.

**يىللىق تەقسىمات** <س ئىق> يىل ئاخىرىدا قىلىنغان تەقسىمات.

**يىللىق چىقىم** <مال> دۆلەتنىڭ خام چوت يىلى ئىچىدىكى بارلىق چىقىمى.

**يىللىق دارامەت** <س ئىق> ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتى ئەزالىرىنىڭ يىل ئاخىرىدا ئالىدىغان بىر يىللىق ئەمگەك ھەققى.

**يىللىق قوشۇمچە قىممەت مىقدارى** <س ئىق> بىر يىل ئىچىدە، ئىشچىنىڭ قوشۇمچە ئەمگىكى ياراتقان قوشۇمچە قىممەتنىڭ ئومۇمىي مىقدارى.

**يىللىق قوشۇمچە قىممەت نىسبىتى** <س ئىق> بىر يىل ئىچىدە ئىشلەپچىقارغان قوشۇمچە قىممەتنىڭ ئومۇمىي مىقدارىنىڭ ئالدىن چىقىم قىلىنغان ئۆزگىرىشچان كاپىتالنىڭ ئومۇمىي سوممىسىغا بولغان نىسبىتى.

**يىللىق كىرىم** <مال> دۆلەتنىڭ خام چوت يىلىدىكى بارلىق كىرىمى.

**يىللىق نەق چوت** <مال> يىل ئاخىرىدا قىلىنىدىغان ھېسابات.

**يىللىق ھېسابات** <مات> كونا جۇڭگودىكى دۆلەتنىڭ يىللىق كىرىم-چىقىم، تەخمىنىي چوتى، خام چوتى ۋە نەق چوتى قاتارلىقلارنى بېجىرىدىغان خىزمەتلەرنىڭ ئومۇمىي ئاتىلىشى.

**يىللىق ئۆسۈم** <مال> يىل بويىچە ھېساب قىلىنىدىغان ئۆسۈم.

**يىللىقچى** ئى. ئۇزۇن مۇددەتلىك ياكى يىللىق توختام بويىچە باشقىلارغا يالىنىپ ئىشلەيدىغان كىشى، مەدىكار، خىزمەتكار: ئاسىم شەھەرشاھ ھاجىلارنىڭ ئۆيىدە ئۆتكۈز قوشى تۇتۇپ، يىللىقچى بولۇپ ئىشلەپ يۈرگەندە، ئەكبەر شۇ باينىڭ قويچىسى ئىدى.

**يىللىقچىلىق** ئى. باشقىلارغا يالىنىش، يىللىقچى بولۇپ ئىشلەش، مەدىكارچىلىق: ئۇ ئىككى-ئۈچ يىلدەك بايلارنىڭ ئۆيىدە پادىچىلىق، يىللىقچىلىقمۇ قىلغان.

**يىللىماق** پ. يىلنى ئۆتكۈزمەك، يىلنى ئاخىرلاشتۇرماق، يىلنى چىقارماق، يىل بويى تۇرۇپ قالماق: ئۇ خەتتە ئاقسۇدا يىللايدىغانلىقىنى، ھازىرچە يۇرتقا قايتىپ كەلمەيدىغانلىقىنى يېزىپتۇ.

**يىلمان** (توغرىسى: ئىلمان) ← **ئىلمان.**

**يىلمۇيىل** ھەر يىلى، يىللار بويى، يىللارنىڭ ھەممىسىدە؛ ئۇدا، داۋاملىق: بۇ دۆيدە ئالمىدىن يىلمۇيىل مول ھوسۇل ئېلىنىدى.

**يىلنامە** ئى ① يىل تەرتىپى بويىچە يېزىلغان ۋەقە-ھادىسىلەر تارىخى؛ يىل تەرتىپى بويىچە يېزىلغان تارىخىي خاتىرىلەر: بۇ يەردە ئېرادىن مىڭ يىل ئىلگىرى، ئۇيغۇرلار يىلنامە ياراتقانىدى. ئۆزىنىڭ يېزىقى، ئېلىپبەسىنى، جىمى ئەل ئىچىگە تاراتقانىدى.

**يىلنامىلىق** سۈپ. يىلنامە قائىدىسى بويىچە يېزىلغان، يىلنامە ئالاھىدىلىكىگە ئىگە، يىلنامىگە ئوخشاش تەرتىپتە، يىل رېتى بويىچە يېزىلغان: بۇ ھەقتە كارل ماركس ئۆزىنىڭ «ھىندىستان تارىخىنىڭ يىلنامىلىق خاتىرىسى» دېگەن كىتابىدا تەپسىلىي بايان قىلىپ ئۆتكەن.

**يىلى** ئى ← **يىل نەزىرى.**

**يىلىك** ئى <ئانات> سۆڭەك ئىچىدىكى

كاۋاكچىلارغا تولۇپ تۇرغان يۇمشاق توقۇلما. قىزىل يىلىك ۋە سېرىق يىلىك دەپ بۆلۈنىدۇ. قىزىل يىلىك قان ئىشلەپچىقىرىش رولىغا ئىگە. بەزى جانلىقلارنىڭ يىلىكنى ئىستېمال قىلغىلى ۋە ئۇنىڭدىن ماي ئىشلەپچىقارغىلى بولىدۇ.

**يىلىك غىلىپى** <ئانات> ئۇقسىمان ئۆسۈك ياكى ئۇزۇن شاخسىمان ئۆسۈكنى ئوراپ تۇرىدىغان ماددا. ئۇنى نېرۋا پېلىمىسمان ماددا ھۈجەيرىلىرى ھاسىل قىلىدۇ. تەركىبى ئاقسىل ۋە مايلار بولۇپ، ئىزولياتسىيىلىك رولى بار. ئۇ نېرۋا ئىمپۇلسىنىڭ تېزدىن ئۆتكۈزۈلۈشىگە پايدىلىق.

**يىلىكى توشماق** ① كۈچ-قۇۋۋەتتە ۋايىغا يەتمەك، ساغلام يېتىلمەك. ② پۇل-مېلى، ئىقتىسادىي كۈچى زورايماق، ئاشماق؛ ئۇلى چىڭىماق.

**يىلىكى توق** ① تېمەن، ساغلام، كۈچ-قۇۋۋىتى بار: باينىڭ بالىسى ئەمەسمۇ؟ يىلىكى توق-دە. ② پۇل-مېلى، ئىقتىسادىي كۈچى بار، بايلىق ئاساسىي ياخشى، ئىقتىسادىي ئاساسىي ئۇللۇق: – پۇلىمىزنى بەرگەن بولساڭلار، – دېدى بوۋاي كۆزلىرىنى چىمچىقلىتىپ، – يىلىكىمىز توقراق بولار ئىدى.

**يىلىكىدە سۇ ئىچمەك** ① قاتتىق زەربە بەرمەك، ۋەيران قىلماق، ھالاك قىلماق: – تىلىۋالدىنىڭ يىلىكىدە سۇ ئىچمەن! – دېدى قۇبدۇن زەھەرخەندىلىك بىلەن، – مېنىڭدىن ئۆتۈپ كەتكىنىنى كۆرەي ئۇنىڭ... ② باشقىلارنىڭ كۈچىدىن نومۇسسىزلارچە پايدىلانماق، باشقىلارنىڭ پايدا-مەنپەئىتىنى پەسكەشلەرچە ئۆزى ئۈچۈن ئىشلەتمەك: ئۇنداق خەقنىڭ يىلىكىدە سۇ ئىچىدىغان پېخسىقتىن ئالمىغان پۇلنى كىمدىن ئالىمىز؟!

**يىلىكى سۇيۇق** كۈچ-قۇۋۋىتى ئاز، ماغدۇرسىز، ئاجىز، ساغلام ئەمەس.

**يىلىكى شورلۇق** ← **شور پېشانە**: – مېنىڭ يىلىكىم شورلۇق، مۇشۇ ئىشتىمۇ مەن قىلماي، باشقا بىرىڭلار قىلىڭلار، – دېدى ئۇ نارازى بولغاندەك قىلىپ.

**يىلىكىنى چاقماق** ۋەيران قىلماق، ئەبجىقىنى چىقارماق، ھالسىزلاندۇرۇپ كاردىن چىقارماق، كۈچ-قۇۋۋىتىدىن ئايرىماق.

**يىلىكىنى شورىماق** قاتتىق ئەزمەك، ئېكسپىلاتاتسىيە قىلماق، بوزەك قىلىپ ئەمگىكىدىن ئۆزى بىلگەنچە پايدىلانماق: ھايانكەشلەر خەلقنىڭ يىلىكىنى شوراش ئۈچۈن تۈرلۈك شۇملۇقلارنى قىلاتتى.

**يىلىكىنى قۇرۇتماق** ئەسلىي-نەسلىنى يوق قىلماق، ۋەيران قىلماق: قۇرغاقچىلىق بولسا، ئەل-يۇرتنىڭ يىلىكىنى قۇرۇتۇشقا باشلاپتۇ.

**يىلىكى ئۈزۈك** ① تېنى ساغلام ئەمەس، بەدەن قۇۋۋىتى ئاجىز، ماغدۇرى كەم. ② ئىقتىسادىي كۈچى ئاجىز، تۇرمۇش كەچۈرۈشى تەس، كەمبەغەل، نامرات.

**يىلىكى ئۈزۈلمەك** ئىقتىسادىي جەھەتتە قىيىن ھالەتكە چۈشۈپ قالماق، ئىقتىسادىي ئەھۋالى ئىنتايىن ناچارلاشماق، نامراتلاشماق: قېيناتامنىڭ ئۆلۈمىنى ئۈزىتىمىز، يەتتە، قىرىق نەزىرلىرىنى بېرىمىز دەپ، يىلىكىمىز ئۈزۈلۈپ قالدى. * – ئۇ يىللاردا قوشنىلىرىمىزنىڭ يىلىكى بەك ئۈزۈلۈپ كەتكەن، – دېدى ئۇ ئېغىر ئۇھ تارتىپ.

**يىلماق** (توغرىسى: ئىللماق) ← **ئىللماق**.

**يىل-يىللاپ** يىلمۇيىل، يىللار بويى، يىللارنىڭ ھەممىسىدە: ئۇ باي ئۇچۇن يىل-يىللاپ ئىشلەپ بىر كىچىك پاخلانغا ئىرىشەلمەي، ئاخىرى قاقشاپ ئۆلۈپ كەتتى.

**يىملەشمەك** (توغرىسى: ھىملەشمەك) ← ھىملەشمەك.

**يىمىرمەك** پ ① خىمىر قاتارلىقلارنى ئەيلەپ پىشۇرماق، قول بىلەن مۇجۇپ ئەيلىمەك، پىشۇرماق: خىمىرنى يىمىرمەك. ② قاتتىق نەرسىلەرنى قول ياكى مۇناسىۋەتلىك ئەسۋابلار بىلەن سىقىپ، مۇجۇپ ئىزىپ ئۇۋۇماق، ئىزىلگەن، مۇجۇلغان، ئۇۋاق ھالەتكە كەلتۈرمەك: ئۇ دېڭىز ساھىلىدا ئولتۇرۇپ، بىر قولى بىلەن تاشنى يىمىرىپ ئۇۋاپ، يەنە بىر قولىنى قۇمغا پاتۇرۇپتۇ. ③ قاش-كۆز، لەۋ قاتارلىق ئەزالارنى پۈرۈشتۈرمەك، پۈرمەك ياكى يېنىك تۈرمەك: — ھە، بۇ نېمە دېگىنىڭىز؟ — دەپتۇ شاھ قاشلىرىنى يىمىرىپ. * ئۇ قاپقارا، ئىنچىكە بۇرۇتىنى يىمىرىپ ئولتۇرۇپ، گەپ باشلىدى. * — ساڭا نېمىشقا تەڭ ئىدى، — دېدى مەشۇراخۇن كالپۇكىنى يىمىرىپ، — تۈگەپ كەتسە، تېپىپ بېرىدىغان ئادەم مەن ئەمەسمۇ؟ ④ كۆچمە. بىرەر گۇرۇھ، تەشكىلات، ھاكىمىيەتكە ئوخشاش جەمئىيەتكە تەسىر كۆرسىتىۋاتقان ئىجتىمائىي كۈچنى ئاغدۇرماق، يوقاتماق ياكى ئۇنى تۈرلۈك ۋاسىتىلەر بىلەن ئەسلىدىكى كۈچ-قۇۋۋىتىدىن مەھرۇم قىلماق، ئاجىزلاشتۇرماق، غۇلاتماق، ۋەيران قىلماق: قەتئىي تەدبىر قوللىنىپ بارلىق ئەكسىلئىنقىلابىي كۈچلەرنى پارچىلاش ۋە يىمىرىپ تاشلاش كېرەك. * بىز ئاخىرى فېئودالىزم تۈزۈمىنى يىمىرىپ تاشلىدۇق.

* تۈن-جاھالەتنى يىمىرگەچ ھۆر زامان، ئۆرلىدى ئەل، تۈزلىنىپ توسقۇن-داۋان.

**يىمىرىشمەك** «يىمىرمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئارغامچىنى يىمىرىشمەك. خىمىرنى يىمىرىشمەك. تاشلارنى يىمىرىشمەك. لەۋلىرىنى يىمىرىشمەك.

**يىمىرىلمەس** سۈپ. مۇستەھكەم، مەزمۇت، ھەرقانداق جايدا، ھەرقانداق ئەھۋالدا بۇزۇلمايدىغان، ئېزىلمەيدىغان، يېڭىلمەيدىغان، ئاغدۇرۇلمايدىغان، غالىب: بۇنىڭدىن كېيىن بىز بارلىق چارە-تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، خەلق ئارمىيىسىنى مەڭگۇ يىمىرىلمەس ئورۇنغا ئىگە قىلىشىمىز لازىم. * — بىز يىمىرىلمەس كۈچ بولۇپ ئۇيۇشتۇق، — دېدى ئەنۋەر جىددىي ھالدا.

**يىمىرىلمەك** ① «يىمىرمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئۇ شاختىكى چېچەكلەرنى ئېلىپ بىر ئۇۋۇلىغانىدى، ھېلىقى چېچەكلەر يىمىرىلىپ، كىچىككىنە بىر كاللەككە ئايلىنىپ قالدى. * ئەشرەپ بوۋاينىڭ كۆزلىرى پارقىراپ، قېلىن كالپۇكلىرى كۈلكىدىن يىمىرىلدى. ② كۆچمە. ئاجىزلاشماق، ھالىدىن كەتمەك، ۋەيران بولماق، يوقالماق: تاملارمۇ خارابىدەك بولۇپ كەتكەن — سۇۋاقلىرى پۈتۈنلەي چۈشۈپ، يىمىرىلىشكە باشلىغانىدى. * يىگىتنىڭ ئۆزىگە مىختەك قادالغان ئوتلۇق كۆزلىرى ئالدىدا، قىزنىڭ جاسارىتى يىمىرىلدى. * ئەختەملەرنىڭ تويى يېزىلار ئېغىر ئىقتىسادىي يىمىرىلىشنى باشتىن كەچۈرۈۋاتقان پەيتكە توغرا كەلگەنىدى. ③ كۆچمە. بىرەر ئىجتىمائىي تۈزۈم، ھاكىمىيەت ياكى ھوقۇق تۇتۇۋاتقان گۇرۇھ، شەخسلەر ۋەيران بولماق، يوقالماق، ئاغدۇرۇلماق، ئەسلىدىكى ئىمتىيازدىن مەھرۇم بولماق: فېئوداللىق چوڭ ئائىلە تۈزۈمى مۇقەررەر

يىمىرىلدى. * ئۇ «كۆرۈپ تۇرۇڭلار، سىلەرنىڭ يىمىرىلدىغان كۈنۈڭلار ئەتىلا يېتىپ كېلىدۇ» دەپ ئويلىدى. ④ يەرگە مەھكەم چاپلاشماق، يەرگە مەھكەم ئورۇنلاشماق (ئولتۇرۇش ھەرىكىتى ھەققىدە): ئۇ ئەمدى يىمىرىلىپ ئولتۇرۇپ، ھېكمەت بىلەن تېخىمۇ چوڭقۇرلاپ سىردىشىشقا ئۆتتى.

**يىمىرىلىش** ① «يىمىرىلمەك» پېئىلىنىڭ يەنە بىر خىل ئىسمدىشى. ② <گېئول> ئۇزۇن مۇددەتلىك شامالنىڭ يالىشى، ئاپتاپتا قېلىش، ھۆل-يېغىنلارنىڭ نەمدەپ يالىشى، ئورگانىزملارنىڭ بۇزۇلۇشى قاتارلىق تەسىرلەر نەتىجىسىدە، يەر پوستىنىڭ يۈزىدىكى ۋە يەر پوستىنى تەشكىل قىلغان ھەر خىل تاغ جىنسلىرىنىڭ بۇزۇلۇپ ۋەيران بولۇشى ياكى ئۆزگىرىپ كېتىشى. ③ <فىز> بىر ئاتوم يادروسىنىڭ ماسسىلىرى ئوخشاشراق بولغان ئىككى يادروغا بۆلۈنۈش جەريانى. ④ <فىز> رادىئوئاكتىپ نۇكلىدلارنىڭ رادىئوئاكتىپ زەررىچىلەرنى رادىئاتسىيىلەپ چىقىرىش ئارقىلىق باشقا بىر خىل نۇكلىدقا ئۆزگىرىش جەريانى، تۇراقسىز ئاساسىي زەررىچىلەرنىڭ ئۆزلۈكىدىن يېڭى زەررىچىلەرگە ئۆزگىرىش جەريانىمۇ يىمىرىلىش دەپ ئاتىلىدۇ. ⑤ <خىم> كرىستال ھىدراتلارنىڭ ئۆي تېمپېراتۇرىسىدا ۋە قۇرغاق ھاۋادا كرىستال سۈيىنىڭ بىر قىسمىنى ياكى ھەممىسىنى يوقىتىش ھادىسىسى.

**يىمىرىلىش پوستى** <گېئول> يەر پوستى ئۈل جىنسىنىڭ يىمىرىلگەن ئۈستى قەۋىتى. يەر پوستى ئۈستى قەۋىتىدىكى جىنسلار يىمىرىلىش تەسىرىدە بۇزۇلۇپ، ئۇلارنىڭ ئەسلىدىكى ئورنىدا يۇمشاق دۆۋىلەنمىلەر شەكىللىنىدۇ. ئادەتتە ئۇ ئاجىز يىمىرىلگەن زونا، كۈچلۈك يىمىرىلگەن زونا، قالدۇق قاتلام، قالدۇق توپا قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

**يىمىرىلىش رولى** <گېئول> يەر پوستىنىڭ سىرتقى قاتلىمىدىكى تاغ جىنسلىرىدا ئاتموسفېرا، سۇ ۋە جانلىقلار قاتارلىق تاشقى كۈچلەرنىڭ ئۇزاق مەزگىللىك تەسىرى تۈپەيلىدىن يۈز بېرىدىغان بۇزۇلۇش رولى. ئۇ فىزىكىلىق يىمىرىلىش رولى ۋە خىمىيىلىك يىمىرىلىش رولىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

**يىمىرىلىش كونستانتى** <فىز> تۇراقسىز ئاتوم يادرولىرىنىڭ بىرلىك ۋاقىت ئىچىدىكى يىمىرىلىش ئېھتىماللىقى. ئۇ رادىئوئاكتىپ ماددىلارنىڭ يىمىرىلىش تېزلىكىنىڭ ئۆلچىمى ھېسابلىنىدۇ.

**يىن** ئى. ھايۋانلارنىڭ قېرىنى ئىچىدىن چىقىدىغان پوق، گەندە.

# قوشۇمچە

# ئۇيغۇر تىلىدىكى سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچىلار

| 1. تۈرگۈن سۆزلەردىن تۈرگۈن سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچىلار | |
|---|---|
| قوشۇمچىلار | مىساللار |
| - انە | ئاقىلانە، خالىسانە، جەسۇرانە، دوستانە، شائىرانە، باتۇرانە، مەردانە، مەيۇسانە، ۋەھشىيانە، غەيۇرانە… |
| - ەن | ئاساسەن، جاۋابەن، تامامەن، قەستەن، تەخمىنەن، خىيالەن، زاھىرەن، ھەقىقەتەن، ئۇمۇمەن… |
| - با، - بە | بامەسلىھەت، بەدۆلەت، بەئەينى، بەقۇۋۋەت، بەھۇزۇر… |
| - باز، - ۋاز | تەركىبباز، كىتاباز، قىلىپباز، تەرەپباز، خوتۇنباز، دارۋاز، قىمارۋاز، شەكىلۋاز، پاھىشىۋاز، گۇرۇھۋاز، كەپتەرۋاز… |
| - بان، - ۋەن | مېھرىبان، باغۋەن، سارايۋەن، دەرۋازىۋەن… |
| بەت- | بەتقىلىق، بەتنىيەت، بەتبەشىرە، بەتنام، بەتتەم، بەتخۇي، بەتبۇي… |
| - بەخش | ھاياتبەخش، ئىلھامبەخش، ئارامبەخش، ھۇزۇربەخش… |
| - بى- | بىئارام، بىئەدەب، بىۋاپا، بىسەرەمجان، بىپايان، بىتەلەي، بىخەۋەر، بىقارار، بىمەھەل، بىسوراق، بىتاب، بىئەپ… |
| - پەرەس | ئابرۇيپەرەس، خوتۇنپەرەس، راھەتپەرەس، مەنسەپپەرەس، خىيالپەرەس، ئۇرۇشپەرەس، پۇرسەتپەرەس، ئاپتاپپەرەس… |
| - پەرۋەر | ئادالەتپەرۋەر، خەلقپەرۋەر، ۋەتەنپەرۋەر، تەرەققىيپەرۋەر، ئىنسانپەرۋەر، تىنچلىقپەرۋەر، مەرىپەتپەرۋەر… |
| - پەز | ئاشپەز، سامساپەز، مانتىپەز، كاللىپەز، ساختىپەز، زاسۇيپەز |
| - پۇرۇش | كىتابپۇرش، مەيپۇرۇش، چايپۇرۇش، دورىپۇرۇش، يۇندىپۇرۇش، ئەسكىپۇرۇش… |
| - تاراش، - تىراش | ھەيكەلتاراش، سىمتىراش… |
| - تاق | قىلتاق، شالتاق، تومتاق… |
| - تاك، - داك | شورتاك، ئۇلتاك، ياردىك، ئويداك… |
| - چا | قولاقچا، قىزىلچا، قىيىقچا… |

| قوشۇمچىلار | مىساللار |
|---|---|
| -چە | سىزنىقچە، كىتابچە، خەنزۇچە، قازاقچە، پۇقراچە، سەھراچە، يىگىتچە،<br>چىرايلىقچە، سىزچە، مەنچە... |
| -چان | ئاغرىقچان، ئەمگەكچان، ئىسسىقچان، سوغۇقچان، كۆڭلەكچان،ئىشچان،<br>كۆيۈمچان، نومۇسچان، ئۇيقۇچان... |
| -چى | ئاخباراتچى، ئالدامچى، ئەمگەكچى، ئەينەكچى، ئوقۇغۇچى، جەڭچى،<br>بېلىقچى، قىزىقچى، خەۋەرچى، مەنمەنچى،<br>گۇپپاڭچى، يالغانچى، يالاقچى، چېقىمچى... |
| -چىل | ئەپچىل، ئىقتىسادچىل، خەلقچىل، كەمچىل، ئىزچىل، راستچىل، سولچىل،<br>ئوڭچىل... |
| -چىلاپ // -چىلەپ | پاقىچىلاپ، تۆگىچىلەپ، ئوغۇلچىلاپ... |
| -چىلىق // -چىلىك | دېھقانچىلىق، پاتقاقچىلىق، يىپەكچىلىك، ئارتۇقچىلىق، كەمچىلىك<br>ئازچىلىق، قۇرغاقچىلىق، قىيىنچىلىق، خاپىچىلىق، يېتەكچىلىك... |
| -خان | كىتابخان، غەزەلخان، قىرائەتخان، دۇئاخان ... |
| -خانا | ئاشخانا، تاماقخانا، دەرسخانا، دوختۇرخانا، ئىشخانا ... |
| -خور | بالاخور، پارىخور، جازانىخور، قانخور، غەمخور، قەسەمخور،<br>گۇمانخور، پىتنىخور، مىراسخور، زىناخور، گۆشخور، ئوتخور... |
| -دار | بايراقدار، بىسمىدار، تاجدار، ئالاقىدار، قۇلدار، ئەمەلدار، چارۋىدار،<br>خەۋەردار، چېقىمدار، قەرزدار، رەڭدار، ھازىردار، ۋاپادار، يارىدار... |
| -دارچىلىق | ئاتىدارچىلىق، ئاغىنىدارچىلىق، قوشنىدارچىلىق،<br>جاھاندارچىلىق، يۇرتدارچىلىق... |
| -داش | ئاھاڭداش، ساۋاقداش، يولداش، مەسلەكداش، پىكىرداش،<br>چېگرىداش، ۋەتەنداش، قولداش، خىزمەتداش، سەپداش،<br>تىلەكداش، ئېمىلداش، قاپىيىداش، شەكىلداش، مەنىداش... |
| -دان | چايدان، چوغدان، شامدان، كاۋاپدان، ئوقدان،<br>ئۇرۇقدان، كۇلدان، گەپدان، قەدىردان، سۇدان... |
| -دۇرۇق -تۇرۇق، -دۈرۈك | ساقالدۇرۇق، ئېغىزدۇرۇق، بويۇنتۇرۇق، كەمەلدۈرۈك، ئۆمۈلدۈرۈك... |

| قوشۇمچىلار | مىساللار |
| --- | --- |
| - زار | كۆچەتزار، لالىزار، چىمەنزار، ئېكىنزار، پاختىزار... |
| - ساز | قۇلۇپساز، ماشىنىساز (لىق)، كېمىساز(لىق)، سائەتساز(لىق)... |
| - ستان //- ىستان | قەبرىستان، قازاقىستان، گۈلىستان، ئەرەبىستان، گۆرىستان... |
| - سۇق | خامسۇق... |
| - سىز | ئارمانسىز، ئارسىز، ئەقىلسىز، ئاڭسىز، ئەخلاقسىز، باھاسىز، بىلىمسىز، تېتىقسىز، پەمسىز، تۇراقسىز، تىنىمسىز، دېرەكسىز... |
| - سىمان | ئادەمسىمان، قالقانسىمان، باشاقسىمان، دولقۇنسىمان، گۈمبەزسىمان، قاناتسىمان، شارسىمان، زەنجىرسىمان، مايمۇنسىمان... |
| - شۇناس | تارىخشۇناس، تۇپراقشۇناس، تۆرەلمەشۇناس، تىلشۇناس، قانۇنشۇناس، ئەدەبىياتشۇناس، ئۆسۈملۈكشۇناس، ئۇيغۇرشۇناس ... |
| - غى، - قى//- گى، - كى | يازغى، ئاخشامقى، ھازىرقى، كەچكى، ئاخىرقى، كۈزگى، بۈگۈنكى، ئەتىكى، ئەتىگەنكى، تۈنۈگۈنكى، قەدىمكى، كېيىنكى... |
| - قىرى// - كىرى | تاشقىرى، ئىچكىرى ... |
| - كار، - كەر// - گەر | پاختىكار، پىداكار، جاۋابكار، تەشەببۇسكار، سەنئەتكار، گۇناھكار، ھەۋەسكار، مىسكەر، سودىگەر، زەرگەر، جادۇگەر، دەۋاگەر، دورىگەر، ھىيلىگەر، ئىغۋاگەر... |
| - كەش | ئەپيۇنكەش، تەخسىكەش، تەنزىكەش، زىيانكەش، ھارۋىكەش، گۆرۈكەش، نەشىكەش، ھايانكەش، مېھنەتكەش، ھاراقكەش، چاڭچىلىكەش... |
| - گاھ | جەڭگاھ، قارارگاھ، سەجدىگاھ، ئارامگاھ، لەشكەرگاھ ... |
| - گەرچىلىك | ئادەمگەرچىلىك، ئاۋارىگەرچىلىك، سىپايىگەرچىلىك... |
| - گۇي | خۇداگۇي، دۇئاگۇي، پارسگۇي، تۈركىيگۇي... |
| - گىر، | باجگىر، جاھانگىر، ... |
| - لاپ، - //- لەپ، | ئايلاپ، پاتمانلاپ، تاغارلاپ، خالتىلاپ، چارەكلەپ، كۆپلەپ... |
| - لارچە// - لەرچە | ئاتلارچە، قەھرىمانلارچە، باتۇرلارچە، باللارچە، مەردلەرچە، يۈزلەرچە، پەسكەشلەرچە... |
| - لاق، | بوتىلاق، تايلاق، ئوتلاق، يايلاق ... |

| قوشۇمچىلار | مىساللار |
|---|---|
| - لىق، - لىك// - لۇق، - لۈك | ئاتاقلىق، ئاجىزلىق، ئاچلىق، ئازلىق، ئاشلىق؛ ئەپلىك، ئەدەبلىك، شەرەپلىك، سەممىيلىك، ئابرۇيلۇق، ئاچقۇچلىق، قورۇقلۇق، بوزۇقلۇق؛ سۈتلۈك، سەزگۈرلۈك، تەتۈرلۈك، كۆرگۈلۈك... |
| نا- | ناتايىن، ناتوغرا، ناباپ، نالايىق، نائىنساپ، ناماقۇل، نائىلاج، نائۇستا، نارازى، ناتونۇش، نائۈمىد، نامەھرەم، نامۇۋاپىق، نارەسىدە... |
| - نامە | بايانامە، تەبرىكنامە، تەزىيەنامە، تەكلىپنامە، چاقىرىقنامە، خەتابنامە، شەرتنامە، گۇۋاھنامە، نىزامنامە، ۋەدىنامە، ئەھدىنامە، توختامنامە... |
| ھەم- | ھەمتاۋاق، ھەمداستىخان، ھەمسەپەر، ھەمسۆھبەت، ھەمنەپەس، ھەمدەرد، ھەميان... |
| - ى | يازلىقى، قىشلىقى، كۈزلۈكى، ئەتىگەنلىكى، كۈنلۈكى ... |
| - ىدە | پاقىدە، غىققىدە، تىرىڭگىدە، شاققىدە، پالاققىدە، تاراققىدە، شاراققىدە، تىرىققىدە، توككىدە، لىككىدە... |
| - ىزم | كاپىتالىزم، سوتسىيالىزم، بۇددىزم، ئاتېئىزم، فېئودالىزم، ماتېرىيالىزم كوممۇنىزم... |
| - ىيە | ئالبانىيە، روسىيە، ياپونىيە، گېرمانىيە، بۇلغارىيە، ئىتالىيە، تۈركىيە... |
| - ىچە | يازىچە، كۈزىچە، قىشىچە... |
| يى، - ۋى - ىي - | سەھرايى، پىدايى، ئەنئەنىۋى، پەلسەپىۋى، خىمىيىۋى، ئاساسىي، ئەخلاقىي، ئەقلىي، تارىخىي، قانۇنىي، ۋىجدانىي، ياۋايى ... |
| **2. تۈرغۈن سۆزلەردىن پېئىل ياسىغۇچى قوشۇمچىلار** | |
| - ا، - ە، - ئى | بوشا- ، ئوينا- ، ياشا-، يوغىنا-، ئوتا- ، چۈشە-، تۈنە-، تۈزە- ، كۈچە- ، لىپىد- ، بېپىد(بېپىماق)- ... |
| - ر، - ار، - ەر// - ي، - اي، - ەي | ياشار-، ئاقار-، قىسقار-، بوزار-، قىزار- ، كۆكەر-...، قاراي -، ئازاي -، سارغاي -، تاراي -، كۆپەي -، كۈچەي -، پەسەي - ... |
| - اڭغىرا// - ەڭگىرە | ياشاڭغىرا- ، ئېسەڭگىرە- ... |

| قوشۇمچىلار | مىساللار |
|---|---|
| ـ ە(ر)كە // ـ ە(ر) كەش | چۈشەكە ـ، ئۆچەكەش ـ... |
| ـ را، ـ رە، ـ ىرا | ھاڭرا ـ، ئىڭرا ـ، ھۆكرە ـ، مەرە ـ، مۆرە ـ، يالتىرا ـ... |
| ـ سىت | تەڭسىت ـ، مەنسىت ـ، كەمسىت ـ... |
| ـ سىرا، // ـ سىرە | تۇزسىرا ـ، سۇسىرا ـ، قانسىرا ـ، يىغلامسىرا ـ، مايسىرا ـ، كۆلۈمسىرە ـ، خەۋپسىرە ـ، ئەرسىرە ـ، ئەنسىرە ـ ... |
| ـ سىن | ئازسىن ـ، خۇدۇكسىن ـ، غېرىبسىن ـ، خورسىن ـ، ئېغىرسىن ـ، قىزىقسىن ـ... |
| ـ شى | كاپشى ـ، تەمشى ـ، غۇدۇڭشى ـ، غىڭشى ـ، ھاۋشى ـ... |
| ـ غار، // ـ قار، ـ قىر // ـ كىر // ـ قۇر، ـ كۇر | سۇغار ـ، باشقۇر ـ، ئاڭقار ـ، مىشقىر ـ، كېكىر ـ، پۈشقۇر ـ، تۈكۈر ـ ... |
| ـ قىرا، ـ كىرا، ـ كىرە | پارقىرا ـ، شارقىرا ـ، غارقىرا ـ، كاركىرا ـ، گۈركىرە ـ ... |
| ـ لا، ـ لە // ـ دا، ـ دە // ـ شا // ـ شە، // ـ قا | ئالقىشلا ـ، تورلا ـ، داۋالا ـ، ئويلا ـ، مەدھىيىلە ـ، تەقدىرلە ـ، كەملە ـ، جەملە ـ، ئورۇندا ـ، چىڭدا ـ، ئۇلدا ـ، ئىزدە ـ، چۆرىدە ـ، تىڭشا ـ، تەڭشە ـ، چىڭقا ـ ... |
| ـ لاش، // ـ لەش | داۋاملاش ـ، ماشىنىلاش ـ، قاراڭغۇلاش ـ، ماكانلاش ـ، قانۇنلاش ـ، گۈزەللەش ـ، سانائەتلەش ـ، تىكەنلەش ـ، رەزىللەش ـ، زەئىپلەش ـ، پۇچەكلەش ـ، مەسلىھەتلەش ـ، كېپەكلەش ـ ... |
| ـ لان، // ـ لەن | شادلان ـ، قورال‌لان ـ، روھلان ـ، مۇڭلان ـ، گۇمانلان ـ، ھالسىزلان ـ، ھوشسىزلان ـ، ئوزۇقلان ـ، غەزەپلەن ـ، ھەۋەسلەن ـ، گەۋدىلەن ـ، قانائەتلەن ـ، مەيۈسلەن ـ، كۆڭۈلسىزلەن ـ ... |
| ـ ىرقا | تاشىرقا ـ، ئىچىرقا ـ، يېتىرقا ـ، تېڭىرقا ـ ... |
| ـ ىلدا، ـ ىلدە // ـ ۇلدا، ـ ۇلدە | تاقىلدا ـ، شاقىلدا ـ، پىرىلدا ـ، پىژىلدا ـ، لەپىلدە ـ، كۇسۇلدا ـ، پۇشۇلدا ـ، سوكۇلدا ـ، بۇژۇلدا ـ، گۈرۈلدە ـ، دۈرۈلدە ـ ... |
| ـ ۇق، ـ ىق، ـ ىك | يولۇق ـ، تېلىق ـ، بىرىك ـ، ئىچىك ـ، تېرىك ـ ... |

| 3. پېئىللاردىن تۇرغۇن سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچىلار | |
|---|---|
| قوشۇمچىلار | مىساللار |
| -ت، -ىت، -ەت // -ۇت، -ۈت | سارقىت، چېكىت، كىيىت، كۆچەت، تۇغۇت، قۇرۇت، تۈزۈت... |
| -چ | تايانچ، ئىشەنچ، سۆيۈنچ، ئۆكۈنچ... |
| -چا // -چە | تامچا، سىلىنچا، يىپىنچا، بوغچا، ئېشىنچا، چۈشەنچە، سۆيۈنچە... |
| -داق، -دەك // -دۇق، -دۈك | قونداق، قورداق، ياسىداق، كېكىردەك، تاشلاندۇق، هاردۇق، قالدۇق، سۈيدۈك... |
| -دى | پالاندى، ساقلاندى، يۇندى، يالاندى، قېقىندى، توزۇندى، سۈپۈرۈندى، ئاسراندى، چىرىندى، سارقىندى، قوغلاندى، ئۈزۈندى، بېقىندى، قىرىندى... |
| -ش، -ىش // -ۇش، -ۈش | ئوخشاش، ئوقۇش، ئۆگىنىش، كىرىش، سوقۇش، ئۇرۇش، قوشۇش، كۆرۈنۈش... |
| -غا، -قا // -گە، -كە // -غۇ، -قۇ // -گۈ، -كۈ، | سالغا، ئىلغا، تۇتقا، سوققا، سۈپۈرگە، كۆيدۈرگە، تۈرتكە، كۈلكە، ئاتالغۇ، يېقىلغۇ، تېرىلغۇ، تۇيغۇ، يايغۇ، تارتقۇ، ئېزىتقۇ، سەزگۈ، تەپكۈ... |
| -غان // -قان | قورغان، چېقىلغان، تۇغقان، قاپقان... |
| -غۇچ، -قۇچ // -گۈچ، -كۈچ | ئويىنغۇچ، ئۇتىنغۇچ، ئاچقۇچ، باسقۇچ، تەپكۈچ، چەككۈچ، يەلپۈگۈچ، تۈگۈچ... |
| -غۇچى، -قۇچى // -گۈچى، -كۈچى | يازغۇچى، ئوقۇغۇچى، قىرغۇچى، ئېنىقلىغۇچى، ئوقۇتقۇچى، ياراتقۇچى، بۆلگۈچى، بۆلۈنگۈچى، كۈتكۈچى، كۆزەتكۈچى... |
| -غۇر، -قۇر // -گۈر، -كۈر، | جىمىغۇر، بولمىغۇر، ئۇچقۇر، تاپقۇر، ئۆلگۈر، سەزگۈر، ئۆتكۈر... |
| -غۇلۇق، -قۇلۇق // -گۈلۈك، -كۈلۈك | ئالغۇلۇق، قىلغۇلۇق، تارتقۇلۇق، گۆرگۈلۈك، كەلگۈلۈك، ئىچكۈلۈك... |
| -غىن، -قىن، -كىن // -غۇن، -قۇن، -گۈن، -كۈن | ئازغىن، يانغىن، تاشقىن، كەسكىن،تۇرغۇن، سولغۇن، قاچقۇن، ساتقۇن، توسقۇن، تۈرگۈن، سۈرگۈن، كەلكۈن، سەپكۈن... |

| قوشۇمچىلار | مىساللار |
| --- | --- |
| -ق، -ىق، -اق، -ۇق // -ك، -ىك، -ەك، ۈك | ئاقساق، باغلاق، سوراق، قورۇق، سوْلاق، قىشلاق، قالاق، تۇراق، ئېچىق، يىرتىق، قىسىق، سۇنۇق، توسۇق، تىرەك، چىرىك، كۈزلەك، كېسىك، كېچىك، ئېزىك، كېسەك، كۆرەك، ئۆلۈك، كۆمۈك... |
| -غاق، -قاق // -گەك، -كەك، | ئۇسسۇرغاق، توڭغاق، بارغاق، پاتقاق، چىچقاق، كۆكەرگەك، ئۈركۈگەك، ئۈسكەك، تېرىككەك... |
| -ڭ، -اڭ // -ەڭ، | بوشاڭ، قىستاڭ، بۇلاڭ، تالاڭ، قوزغىلاڭ، ئۆتەڭ، كۆرەڭ... |
| -ڭغۇ، -اڭغۇ // -ڭگۈ، -ەڭگۈ، | ئالدىراڭغۇ، يىغلاڭغۇ، سىيرىلاڭغۇ، چېچىلاڭغۇ،جۆدەڭگۈ، تىترەڭگۈ، سۆزلەڭگۈ، كۆتۈرەڭگۈ، گۈمۈرەڭگۈ، كېلىشەڭگۈ، ئېڭىشەڭگۈ... |
| -ىلغۇ // -ەلگۈ | قونالغۇ، تۇرالغۇ، تۇسالغۇ، كۆنەلگۈ... |
| -م، -ىم، -ام، ەم، -ۇم، -ۈم | تۇتام،كۈزەم، باغلام، تاسقام، يارام، كىرىم، چىقىم، بوغۇم، ئۇقۇم، كۆرۈم، ئۆنۈم ... |
| -ما // -مە | ئايلانما، ئۇيۇشما، قۇرۇلما، باسما، باشقارما، تاللانما، چاچما، چاتما، دارىتما، سىزما، ئەزمە، ئەسلىمە، كۆرگەزمە، كۆرسەتمە، ئەسلەتمە، ئەسكەرتمە، بىرلەشمە، سۈزمە، بەلگىلىمە، ئۆسمە، ئۈندۈرمە... |
| -ماچ // -مەچ، | قوتۇرماچ، قو(رۇ) ماچ، تولغىماچ، يۆگىمەچ، چۆرگىلىمەچ، ئەگمەچ، كۆمەچ... |
| -ماس // -مەس | ئايرىلماس، بۇزۇلماس، تۇغماس، تويماس، تېپىلماس، چىدىماس، قورقماس، ئۇنتۇماس، يارىماس، ئەرزىمەس، ئۆلمەس، يېڭىلمەس، ئۆچمەس، كۆچمەس... |
| -ماق // -مەك | باسماق، تېپىشماق، چاقماق، ئويماق، قىسماق، يېمەك، ئىچمەك... |
| -مەل | تۈرمەل، چۈچۈمەل، سۈرمەل... |
| -مۇر // -مۈر | يامغۇر (ياغمۇر)، ئۆسمۈر... |
| -مىش // -مۇش، -مۈش | قىلمىش، كەچمىش، ئاتالمىش، تۇرمۇش، ئۆتمۈش... |
| -ىن // -ۇن، -ۈن | سېغىن، يىغىن، ئېقىن، تولۇن، قويۇن، يۇلۇن، تۈگۈن... |

| | |
|---|---|
| **4. پېئىل ۋە تۇرغۇن سۆزلەردىن تۇرغۇن سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچىلار** | |
| - دۇق، - تۇق // - تۈك | تاشلاندۇق، قالدۇق، هاردۇق، ئورۇندۇق، قولتۇق، ئۆلۈمتۈك، كەمتۈك... |
| - ل، - ىل // - ۇل، - ۈل | ئاچال، يېشىل، قىزىل، قاتمال، قاقشال، تۈگەل، ئۇيۇل، ئۆزۈل، كېسىل (ئۆزۈل-كېسىل)، چېقىل (چېقىل-چۇقۇل)... |
| - مان // - مەن | ئويمان، ئىلمان، دەردمەن، سۆزمەن، ئىتائەتمەن، هاجەتمەن، زوقمەن، ئۆچمەن، ئۆلەرمەن، ئىچەرمەن، چېكەرمەن، ئاتارمەن... |
| - ۋۇل // - اۋۇل | باقاۋۇل، ياساۋۇل، قاراۋۇل، تۇتقاۋۇل، مەشقاۋۇل... |
| - چاق - چەك // - چۇق، - چۈك | تارتىنچاق، ماختانچاق، قىسىلچاق، سوقىچاق، ئوبدانچاق، ئۇزۇنچاق، ياخشىچاق، كۆلچەك، تۈگۈنچەك، كۆلچەك، دۈمچەك، ئېرىنچەك، كۈلگۈنچەك، قارىچۇق، تارچۇق، ياسانچۇق، قارانچۇق، قىزغانچۇق، يۆلەنچۈك، كەسلەنچۈك، يەمچۈك... |
| **5. پېئىلدىن پېئىل ياسىغۇچى قوشۇمچىلار** | |
| - شتۇر، - شتۈر // - ىشتۇر، - ىشتۈر، | تاتىلاشتۇر-، سىلاشتۇر-، سىيپاشتۇر-، تۈزەشتۈر-، يۆمەشتۈر-، ئىزدەشتۈر-، يىغىشتۇر-، تىزىشتۇر-، قىرىشتۇر-، كېسىشتۈر-، كېلىشتۈر-، يېتىشتۈر- ... |
| - ق، - ىق // - ۈك | قىزىق -، بېسىق -، كۆنۈك - ... |

ئۇيغۇر تىلىدا بۇلاردىن باشقا يەنە «شىق» (شىلىمشىق)، «سۇل» (يوقسۇل)، «كەل» (ئۆتكەل)، «نەك» (كۆزنەك)، «چ» (ئاراچ)، «ساك» (قۇمساك) «تەك» (شۇمتەك)، «گەي» (كۈنگەي)، «كەي» (تەسكەي — ئەسلى: تېرىسكەي) قاتارلىق ياسىغۇچى قوشۇمچىلار بولسىمۇ، ئەمما ئۇلار پەقەت بىرەر-يېرىم سۆز ياساش بىلەن چەكلىنىپ قالغان ئۈنۈمسىز قوشۇمچىلار بولغانلىقى ئۈچۈن بۇ جەدۋەلگە كىرگۈزۈلمىدى.

# ئۇيغۇر تىلىدىكى سۆز تۈرلىگۈچى قوشۇمچىلار

## I ئىسىمنىڭ گراماتىكىلىق شەكىللىرى

| تۈرى | | | | بەلگىسى | مىساللار |
|---|---|---|---|---|---|
| سان شەكلى | | | بىرلىك | نۆل | بالا، تۇخۇم، نان، ئات، قەغەز، مەكتەپ، پۇت، كۆل… |
| سان شەكلى | | | كۆپلۈك | - لار//- لەر | باللار، تۇخۇملەر، نانلار، ئاتلار، پۇتلار،قەغەزلەر، مەكتەپلەر، كۆللەر… |
| تەۋەلىك شەكلى | 1_شەخس | | بىرلىك | - م، - ىم// - ۇم، - ۈم | بالام، تۇخۇمەم، نېنىم، ئېتىم، قەغىزىم، مەكتىپىم، پۇتۇم، كۆلۈم… |
| تەۋەلىك شەكلى | 1_شەخس | | كۆپلۈك | - مىز//- ىمىز | بالىمىز، تۇخۇمىمىز، نېنىمىز، ئېتىمىز، قەغىزىمىز، مەكتىپىمىز، پۇتىمىز، كۆلىمىز…. |
| تەۋەلىك شەكلى | 2_شەخس | ئاددىي تۈر | بىرلىك | - ڭ، - ىڭ// - ۇڭ، - ۈڭ | بالاڭ، تۇخۇمەڭ، نېنىڭ، ئېتىڭ، قەغىزىڭ، مەكتىپىڭ، پۇتۇڭ، كۆلۈڭ… |
| تەۋەلىك شەكلى | 2_شەخس | ئاددىي تۈر | كۆپلۈك | - ڭلار//- ىڭلار// - ۇڭلار//- ۈڭلار | بالاڭلار، تۇخۇمەڭلەر، نېنىڭلار، ئېتىڭلار، قەغىزىڭلار، مەكتىپىڭلار، پۇتۇڭلار، كۆلۈڭلار… |
| تەۋەلىك شەكلى | 2_شەخس | سىپايە تۈر | بىرلىك | - ڭىز//- ىڭىز | بالىڭىز، تۇخۇمىڭىز، نېنىڭىز، ئېتىڭىز، قەغىزىڭىز، مەكتىپىڭىز، پۇتىڭىز، كۆلىڭىز… |
| تەۋەلىك شەكلى | 2_شەخس | سىپايە تۈر | كۆپلۈك | - ڭىزلار، - ىڭىزلار// - ڭىزلەر، - ىڭىزلەر | بالىڭىزلار، نېنىڭىزلار، پۇتىڭىزلار، تۇخۇمىڭىزلەر، قەغىزىڭىزلەر، مەكتىپىڭىزلەر، كۆلىڭىزلەر…. |
| تەۋەلىك شەكلى | 2_شەخس | ھۆرمەت تۈرى | بىرلىك ۋە كۆپلۈك | - لىرى | باللىرى، تۇخۇملىرى، نانلىرى، ئاتلىرى، قەغەزلىرى، مەكتەپلىرى، پۇتلىرى، كۆللىرى… |
| تەۋەلىك شەكلى | 3_شەخس | | بىرلىك ۋە كۆپلۈك | - ى//- سى | بالىسى، تۇخۇمىسى، نېنى، ئېتى، قەغىزى، مەكتىپى، پۇتى، كۆلى… |

| | تۈرى | بەلگىسى | مىساللار |
|---|---|---|---|
| كېلىش شەكلى | باش كېلىش | نۆل | ياز، باش، ئۆي، كۆز... |
| | ئىگىلىك كېلىش | - نىڭ | يازنىڭ، باشنىڭ، ئۆينىڭ، كۆزنىڭ... |
| | يۆنىلىش كېلىش | - غا، - قا// - گە، - كە// - قە | يولغا، ئاتقا، باغقا، ئۆيگە، مەكتەپكە، قەغەزگە، قەشقەرگە، خەلققە ... |
| | چۈشۈم كېلىش | - نى | يولنى، مەكتەپنى، ئۆينى، خەلقنى... |
| | ئورۇن كېلىش | - دا، - دە// - تا// - تە | يولدا، ئۆيدە، ئاتتا، مەكتەپتە... |
| | چىقىش كېلىش | - دىن// - تىن | يولدىن، ئۆيدىن، ئاتتىن، مەكتەپتىن... |
| | ئوخشاتما كېلىش * | - دەك// - تەك | تاغدەك، ئۆيدەك، ئاتتەك، مەكتەپتەك... |
| | ئورۇن - بەلگە كېلىش | - دىكى// - تىكى | تاغدىكى، ئۆيدىكى، ئاتتىكى، مەكتەپتىكى... |
| | چەك كېلىش | - غىچە// - قىچە - گىچە// - كىچە | يولغىچە، تاغقىچە، باشقىچە، ئۆيگىچە، مەكتەپكىچە... |
| | تەڭلەشتۈرمە كېلىش | - چە (- چىلىك) | تاغچە، ئۆيچە، ئاتچىلىك، مەكتەپچىلىك... |

* ئەنئەنىۋى گراماتىكا بويىچە كېلىشلەر يۇقىرىدىكى ئالتە خىل بىلەن چەكلىنىدۇ. بىرمۇنچە تەتقىقاتچىلار كېيىنكى تۆت خىل قوشۇمچىنىڭ جۈملىدە ئوينىغان رولىنىڭ باشقا كېلىشلەرگە ئوخشاشلىقىغا قاراپ، بۇلارنىمۇ كېلىش ئىچىگە كىرگۈزۈۋاتىدۇ. كۆپچىلىكنى كېلىشلەر ئۈستىدە مۇشۇنداق تەتقىقاتنىڭ بولۇۋاتقانلىقىدىن خەۋەرلەندۈرۈپ قويۇش مەقسىتىدە بۇ جەدۋەلگە كىرگۈزۈپ قويدۇق.

## Ⅰ سانىنىڭ گرامماتىكىلىق شەكىللىرى

| تۈرى | | بەلگىسى | مىساللار |
|---|---|---|---|
| ساناق سان | | نۆل | بىر، ئىككى، بەش، ئون، ئون بىر، يۈز، ئىككى يۈز، مىڭ، ئون مىڭ، مىليون... |
| مۆلچەر سان | | A. «-چە»، «-دەك، -تەك» قوشۇلىدۇ. B. يېقىن ئىككى سان جۈپلىنىدۇ. | بەشچە، يۈزچە، ئوندەك، مىڭدەك، بەشتەك، بىر-ئىككى، ئون-يىگىرمە، قىرىق-ئەللىك... |
| تەرتىپ سان | | -نچى // -ىنچى | بىرىنچى، تۆتىنچى، ئالتىنچى، ئون بىرىنچى، مىڭىنچى ... |
| كەسىر سان | | مەخرەجگە «-دىن // -تىن» قوشۇلىدۇ | ئۈچتىن ئىككى، ئوندىن ئۈچ، مىڭدىن بىر، يۈزدىن بەش ... |
| تەقسىم سان | | -دىن // -تىن | بىردىن، ئىككىدىن، بەشتىن، تۆتتىن... |
| سۈپەت سان | | -لىغان // -لىگەن | مىڭلىغان، مىليونلىغان، يۈزلىگەن، تۈمەنلىگەن... |
| رەۋىش سان | | -لاپ // -لەپ | مىڭلاپ، ئونلاپ، بىرلەپ، ئىككىلەپ، بەشلەپ، يۈزلەپ، تۈمەنلەپ... |
| كىشىلىك سان | | -يلەن // -ەيلەن | ئىككىيلەن، يەتتەيلەن، بەشەيلەن، بىرەيلەن... |
| ئالماش سان | 1-شەخس | -مىز // -ىمىز | ئىككىمىز، بىرىمىز، بەشىمىز، ئونىمىز... |
| | 2-شەخس | -ڭلار // -ىڭلار | ئىككىڭلار، بىرىڭلار، بەشىڭلار، ئونىڭلار... |
| | 3-شەخس | -ى // -سى | بەشى، بىرى، ئىككىسى، يەتتىسى... |

## Ⅱ سۈپەتنىڭ گرامماتىكىلىق شەكىللىرى (دەرىجىلىك سۈپەتلەردىلا كۆرۈلىدۇ )

| تۈرى | | بەلگىسى | مىساللار |
|---|---|---|---|
| دەرىجە | ئەسلى دەرىجە | نۆل | يورۇق، سىلىق، ئەپچىل، سۈزۈك ... |
| | كېمەيتمە دەرىجە | -راق // -رەك | يورۇقراق، سىلىقراق، ئەپچىلرەك، سۈزۈكرەك ... |
| | ئاشۇرما دەرىجە | ئالدىدىكى سوزۇق تاۋۇشقا «پ» قوشۇلۇپ ئاندىن تولۇق ئېيتىلىدۇ | يوپيورۇق، سىپسىلىق، قاپقارا، سۈپسۈزۈك... |
| | ئەركىلەتمە دەرىجە | -غىنا، -قىنا // -گىنە، -كىنە | پاكارغىنا، سىلىققىنا، ئوماققىنا، ئەپچىلگىنە، سۈزۈككىنە ... |
| كۆپلۈك شەكلى | | تەكرارلىنىدۇ | ئېنىق - ئېنىق، چىرايلىق - چىرايلىق، ئېگىز - ئېگىز، پاكار - پاكار، چوڭ - چوڭ... |

## VI پېئىلنىڭ ئۆزەك شەكىللىرى

| تۈرى | | قوشۇمچىسى | تەلەپپۇز ۋە ئىملاسى |
|---|---|---|---|
| دەرىجە | ئەسلى دەرىجە | نۆل | ياسا ـ، ياز ـ، تۇت ـ، كۆر ـ، باشلا ـ، قىل ـ يۇل ـ،بۆل ـ ... |
| | مەجهۇل دەرىجە | - ل، - ىل // - ۇل، - ۈل<br>- ن، - ىن // - ۇن، - ۈن | ياسال ـ، يېزىل ـ،تۇتۇل ـ، كۆرۈل ـ، باشلان ـ، قىلىن ـ، يۇلۇن ـ، بۆلۈن ـ ... |
| | ئۆزلۈك دەرىجە | - ل، - ىل // - ۇل، - ۈل<br>- ن، - ن // - ۇن، - ۈن | ياسان ـ، كىيىن ـ، ئۇرۇن ـ، كۆرۈن ـ، ئوگشال ـ، ئېچىل ـ، تۇتۇل ـ، سۈرۈل ـ ... |
| | ئۆملۈك دەرىجە | - ش، - ىش، // - ۇش، - ۈش | سۆزلەش ـ، يېزىش ـ، ـتۇتۇش ـ،كۆرۈش ـ ... |
| | مەجبۇرىي دەرىجە | - دۇر، - تۇر، // - دۈر، - تۈر، - ت // - غۇز، - قۇز // - گۈز، - كۈز - ار، - ۇر، - ۈر | تاگدۇر ـ،باقتۇر ـ،كىيدۈر ـ،كەلتۈر ـ، هارغۇز ـ، تۇتقۇز ـ، تەرگۈز ـ، پۈتكۈز ـ، ئىشلەت ـ، چىقار ـ، ئۇچۇر ـ، چۈشۈر ـ ... |
| * تۈس | ئىمكان تۈس | ـ ا، ـ ە، ـ ي رەۋىشدىشى + ئال - + - ا، - ە، - ي رەۋىشدىشى | يازالا ـ، كۆرەله ـ، ئوينىيالا ـ، سۆزلىيەله ـ ... |
| | چەكلىمىسىز تۈس | ـ ا، ـ ە، ـ ي رەۋىشدىشى + بەر - | يازىۋەر ـ، كۆرىۋەر ـ، ـ ئويناۋەر ـ، سۆزلەۋەر ـ ... |
| | ئۆزلۈك تۈس | «پ» لىق رەۋىشداش + ئال | ياسىۋال ـ، يېزىۋال ـ، تۇتۇۋال ـ، كۆرۈۋال ـ... |
| | كۆچەيتمە تۈس | «پ» لىق رەۋىشداش + ئەت - < ئات - | ياسىۋەت ـ، يېزىۋەت ـ، ئۇرۇۋەت ـ، كۆرۈۋەت ـ... |
| | ئىزچىل تۈس | «پ» لىق رەۋىشداش + يات - | ياساۋات ـ، يېزىۋات ـ، كۆرۈۋات ـ، سۆزلەۋات ـ، يۇلۇۋات ـ، قىلىۋات ـ ... |
| | تەمشەلمە تۈس | مەقسەت رەۋىشدىشى + يات - | ياسىغىلىۋات ـ، يازغىلىۋات ـ، كۆرگىلىۋات ـ، سۆزلىگىلىۋات ـ، قىلغىلىۋات ـ ... |
| بولۇشلۇق – بولۇشسىزلىق | بولۇشلۇق | نۆل | ياسا ـ، يېزىل ـ، كۆرۈن ـ، سۆزلەش ـ، كەلتۈر ـ، يازالا ـ، يازىۋەر ـ، تۇتۇۋال ـ ... |
| | بولۇشسىز | - ما // - مە | ياسىما ـ، يازالما ـ، يېزىلما ـ، تۇتۇۋالما ـ، كۆرۈنمە ـ، سۆزلەشمە ـ، كەلتۈرمە ـ، يازىۋەرمە ـ ... |

* پەقەت قوشۇمچىلاشقان (سىنتېتىك) تۈس شەكىللىرىلا كۆرسىتىلدى.

**٧ پېئىلنىڭ تۈرغۇن سۆز شەكىللىرى**

| تۈرى | | | بەلگىسى | مىساللار |
|---|---|---|---|---|
| سۈپەتداش | | پۈتكەن سۆز | -غان،-قان// -گەن،-كەن | يازغان، ساتقان، كۆرگەن، كەتكەن ... |
| | پۈتمىگەن سۆز | 1-خىلى | ـ ا، ـ ە، ـ ي لىق رەۋىش + دىغان | يازىدىغان،كۆرىدىغان، ساقلايدىغان، سۆزلەيدىغان ... |
| | | 2-خىلى | -ر، - ار، - ەر،(-س*) | يازار، ئۇچار، كۆرەر، كېتەر... |
| | | ئىزچىل تۈر | ئىزچىل تۇسلۇك ئۆزەك + -قان | ساقلاۋاتقان، يېزىۋاتقان، بولۇۋاتقان، كۆرۈۋاتقان ... |
| | | تەمشەلمە تۈر | مەقسەت رەۋىشدىشى + - ياتـ - + - قان | يازغىلىۋاتقان، ساتقىلىۋاتقان، كۆرگىلىۋاتقان، كەتكىلىۋاتقان ... |
| رەۋىشداش | چېتىلما | 1-خىلى | - پ، - ىپ// - ۇپ، - ۈپ(- ي*) | ساقلاپ، يېزىپ، بولۇپ، كۆرۈپ ... |
| | | 2-خىلى | - ا، - ە، - ي | يازا، كۆرە، سۆزلە(ي) ، يازا-يازا، كۆرە-كۆرە، كېلە-كەلمەي، كۆرە-كۆرمەي... |
| | | ئۇزاما | -سىرى | يازغانسىرى، ساقلىغانسىرى، كۆرگەنسىرى، ئۆتكەنسىرى... |
| | | چەك سېلىشتۇرما | - غۇچە، - قۇچە// - گۈچە، - كۈچە | يازغۇچە، ياتقۇچە، كۆرگۈچە، كۈتكۈچە... |
| | | سەۋەب | - غاچ، -قاچ// -گەچ، -كەچ + يۈنىلىش كېلىش قوشۇمچىلىرى | يازغاچقا، ساتقاچقا، كۆرگەچكە، كۈتكەچكە... |
| | | مەقسەت | -غىلى، -قىلى// -گىلى، -كىلى | يازغىلى، ساتقىلى، كۆرگىلى، كۈتكىلى... |
| | | «غاچ» لىق | -غاچ، -قاچ// -گەچ، -كەچ | يازغاچ، ساتقاچ، كۆرگەچ، كۈتكەچ... |

| | تۈرى | | قوشۇمچىسى | مىساللار |
|---|---|---|---|---|
| ئىسىمداش | «ش» لىق | | - ش،- ىش//- ۇش،- ۈش، (- س + - لىق//- لىك *) | ساقلاش، يېزىش، بولۇش، كۆرۈش... |
| | «ماق» لىق | | -ماق//-مەك | يازماق، كۆرمەك ... |
| | «غۇ» لۇق | | -غۇ،-قۇ//-گۈ،-كۈ | يازغۇ، ساتقۇ، كۆرگۈ، كەتكۈ... |
| | پۈتكەن تۈر | | پۈتكەن تۈر سۈپەتداش + -لىق//-لىك | يازغانلىق، ساتقانلىق، كۆرگەنلىك، كەتكەنلىك... |
| | پۈتمىگەن تۈر | | ئىزچىل تۈر سۈپەتداش + -لىق | يازىدىغانلىق، ساتىدىغانلىق، كۆرىدىغانلىق... |
| | ئىزچىل تۈر | | ئىزچىل تۈر سۈپەتداش + -لىق | يېزىۋاتقانلىق، سېتىۋاتقانلىق، كۆرۈۋاتقانلىق... |
| | سۇبيېكت | | «غۇ» لۇق ئىسىمداش + -چى | يازغۇچى، ساقلىغۇچى، ساتقۇچى، سۆزلىگۈچى، كەتكۈچى... |
| مەقسەت پېئىلى | | | «ماق» لىق ئىسىمداش + -چى | يانماقچى، ساقلىماقچى، سۆزلىمەكچى، كەتمەكچى... |

* بولۇشسىزلىققا قوشۇلىدىغان قوشۇمچە

## VI پېئىلنىڭ خەۋەر شەكىللىرى

### 1. بۇيرۇق-تەلەپ مەيلى

A شەكلى

| تۈرى | | | قوشۇمچىسى | مىساللار |
| --- | --- | --- | --- | --- |
| 1-شەخس | | بىرلىك | - اي// - ەي | يازاي، كېتەي، تۇتاي، كۆرەي، ئىشلەي... |
| 1-شەخس | | كۆپلۈك | - ايلى// - ەيلى | يازايلى، كېتەيلى، تۇتايلى، كۆرەيلى، ئىشلەيلى ... |
| 2-شەخس | ئاددىي تۈر | بىرلىك | نۆل * | ياز، كەت، تۇت، كۆر، ئىشلە... |
| 2-شەخس | ئاددىي تۈر | كۆپلۈك | -ڭ، -ىڭ،// -ۇڭ، - ۈڭ + - لار | ئىشلەڭلار، يېزىڭلار، كېتىڭلار، تۇتۇڭلار، كۆرۈڭلار... |
| 2-شەخس | سىپايە تۈر | بىرلىك | -ڭ، -ىڭ// - -ۇڭ، -ۈڭ | ئىشلەڭ، يېزىڭ، كېتىڭ، تۇتۇڭ، كۆرۈڭ ... |
| 2-شەخس | سىپايە تۈر | كۆپلۈك | -ڭىز، -ىڭىز// -ۇڭىز-، -ۈڭىز + -لار// -لەر | يېزىڭىزلار، تۇتۇڭىزلار، كېتىڭىزلەر، كۆرۈڭىزلەر، ئىشلىڭىزلەر، كېلىڭىزلەر... |
| 2-شەخس | ھۆرمەت تۈرى | بىرلىك | پەرەز-قارشىلىق مەيلى قوشۇمچىسى: -سا// -سە + -لا// -لە | يازسىلا، كەتسىلە، تۇتسىلا، كۆرسىلە، ئىشلىسىلە ... |
| 2-شەخس | ھۆرمەت تۈرى | كۆپلۈك | ئۆملۈك دەرىجە قوشۇمچىسى + ھۆرمەت تۈرى بىرلىك قوشۇمچىسى | يېزىشسىلا، تۇتۇشسىلا، ئىشلەشسىلە، كېتىشسىلە ... |
| 2-شەخس | سەتلىمە تۈر | | ئۆملۈك دەرىجە | يېزىش، كېتىش، تۇتۇش، كۆرۈش، ئىشلەش ... |
| 3-شەخس | | بىرلىك ۋە كۆپلۈك | -سۇن | يازسۇن، كەتسۇن، تۇتسۇن، كۆرسۇن، ئىشلىسۇن... |

* يېقىنچىلىق تەرزىدە ئېيتىلغاندا «- غىن، -قىن // - گىن، - كىن» قوشۇلۇپ كېلىدۇ.

B شەكلى *

| شەخس | تۈر | سان | قوشۇمچىسى | مىساللار |
|---|---|---|---|---|
| 1-شەخس | | بىرلىك | -غاي،-قاي// -گەي، -كەي + -مەن | يازغايمەن، تۇتقايمان، كۆرگەيمەن، ئىشلىگەيسەن، كەتكەيمەن ... |
| | | كۆپلۈك | -غاي،-قاي// -گەي، -كەي + -مىز | يازغايمىز، تۇتقايمىز، كۆرگەيمىز، ئىشلىگەيمىز، كەتكەيمىز... |
| 2-شەخس | ئاددى تۈر | بىرلىك | -غاي،-قاي// -گەي، -كەي + -سەن | يازغايسەن، تۇتقايسەن، كۆرگەيسەن، ئىشلىگەيسەن، كەتكەيسەن... |
| | | كۆپلۈك | -غاي،-قاي// -گەي، -كەي + -سىلەر | يازغايسىلەر، تۇتقايسىلەر، كۆرگەيسىلەر، ئىشلىگەيسىلەر، كەتكەيسىلەر... |
| | سىپايە تۈر | بىرلىك | -غۇي،-قاي// -گەي، -كەي + -سىز | يازغايسىز، تۇتقايسىز، كۆرگەيسىز،ئىشلىگەيسىز، كەتكەيسىز ... |
| | | كۆپلۈك | -غاي،-قاي// -گەي، -كەي + -سىز + -لەر | يازغايسىزلەر، تۇتقايسىزلەر،كۆرگەيسىزلەر، ئىشلىگەيسىزلەر، كەتكەيسىزلەر ... |
| | ھۆرمەت تۈرى | بىرلىك | -غاي،-قاي// -گەي، -كەي + -لا | يازغايلا، تۇتقايلا، كۆرگەيلا، ئىشلىگەيلا، كەتكەيلا ... |
| | | كۆپلۈك | ئۆملۈك دەرىجە قوشۇمچىسى + ھۆرمەت تۈرى بىرلىك قوشۇمچىسى | يېزىشقايلا، تۇتۇشقايلا، كېتىشكەيلا، كۆرۈشكەيلا، ئىشلەشكەيلا... |
| 3-شەخس | | بىرلىك ۋە كۆپلۈك | -غاي،-قاي// -گەي،-كەي | يازغاي، تۇتقاي، كۆرگەي، ئىشلىگەي، كەتكەي ... |

* بۇ پېئىلنىڭ 1-، 2- شەخس شەكىللىرى ئاساسەن يېزىق تىلىدىلا قوللىنىلىدۇ.

## 2. پەرەز ـ قارشىلىق مەيلى

| تۈرى | | | قوشۇمچىسى | مىساللار |
|---|---|---|---|---|
| 1ـشەخس | | بىرلىك | - سا//- سە + - م | تۇتسام، يازسام، كەتسەم، ئىشلىسەم... |
| 1ـشەخس | | كۆپلۈك | - سا//- سە + - ق،- ك | تۇتساق، يازساق، كەتسەك، كۆرسەك/ئىشلىسەك ... |
| 2ـشەخس | ئاددىي تۈر | بىرلىك | - سا//- سە + - ڭ | يازساڭ، كەتسەڭ، تۇتساڭ، كۆرسەڭ/ئىشلىسەڭ، يامىساڭ... |
| 2ـشەخس | ئاددىي تۈر | كۆپلۈك | - سا//- سە + - ڭ + - لار | يازساڭلار، كەتسەڭلار، تۇتساڭلار، كۆرسەڭلار، ئىشلىسەڭلار... |
| 2ـشەخس | سىپايە تۈر | بىرلىك | - سا//- سە + - ڭىز | يازسىڭىز، كەتسىڭىز، تۇتسىڭىز، كۆرسىڭىز، ئىشلىسىڭىز... |
| 2ـشەخس | سىپايە تۈر | كۆپلۈك | - سا//- سە + - ڭىز + - لار//- لەر | يازسىڭىزلار، تۇتسىڭىزلا، كەتسىڭىزلەر، كۆرسىڭىزلەر، ئىشلىسىڭىزلەر... |
| 2ـشەخس | ھۆرمەت تۈرى | بىرلىك | - سا//- سە + - لا//-لە | يازسىلا، تۇتسىلا، كەتسىلە، كۆرسىلە، ئىشلىسىلە... |
| 2ـشەخس | ھۆرمەت تۈرى | كۆپلۈك | ئۆملۈك دەرىجە قوشۇمچىسى + ھۆرمەت تۈرى بىرلىك قوشۇمچىسى | يېزىشسىلا، تۇتۇشسىلا، كېتىشسىلە، كۆرۈشسىلە، ئىشلەشسىلە... |
| 2ـشەخس | سەتلىمە تۈر | | ئۆملۈك دەرىجە قوشۇمچىسى + - سا//- سە + - ڭ | يېزىشساڭ، تۇتۇشساڭ، كېتىشسەڭ، كۆرۈشسەڭ، ئىشلەشسەڭ... |
| 3ـشەخس | | بىرلىك ۋە كۆپلۈك | - سا//- سە | يازسا، تۇتسا، كەتسە، كۆرسە، ئىشلىسە... |

## 3. ئارمان مەيلى

| تۈرى | | | قوشۇمچىسى | مىساللار |
|---|---|---|---|---|
| 1_شەخس | | بىرلىك | - سا//- سە + -م + ئىدىم~ئىدى | يازسامىدى (يازسامىدىم)، كەتسەمىدى (كەتسەمىدىم)، كۆرسەمىدى (كۆرسەمىدىم)... |
| 1_شەخس | | كۆپلۈك | - سا//- سە + - ق// - ك + ئىدۇق | يازساقىدۇق، كۆرسەكىدۇق، كەتسەكىدۇق... |
| 2_ شەخس | ئاددىي تۈر | بىرلىك | - سا//- سە + - ڭ + ئىدىڭ~ئىدى | يازساڭىدى (يازساڭىدىڭ)، كەتسەڭىدى (كەتسەڭىدىڭ)، كۆرسەڭىدى، (كۆرسەڭىدىڭ)... |
| 2_ شەخس | ئاددىي تۈر | كۆپلۈك | - سا//- سە + - ڭ + - لار//- لەر + ئىدى | يازساڭلارىدى، تۇتساڭلارىدى، كەتسەڭلەرىدى، كۆرسەڭلاردى، ئىشلىسەڭلەرىدى... |
| 2_ شەخس | سىپايە تۈر | بىرلىك | - سا//- سە + - ڭىز + ئىدى | يازسىڭىزىدى، تۇتسىڭىزىدى، كەتسىڭىزىدى، كۆرسىڭىزىدى، ئىشلىسىڭىزىدى... |
| 2_ شەخس | سىپايە تۈر | كۆپلۈك | - سا//- سە + - ڭىز + - لار//- لەر + ئىدى | يازسىڭىزلاردى، تۇتسىڭىزلاردى، كەتسىڭىزلەرىدى، كۆرسىڭىزلەرىدى،ئىشلىسىڭىزلەرىدى... |
| 2_ شەخس | ھۆرمەت تۈرى | بىرلىك | - سا//- سە + - لا//- لە + ئىدى | يازسىلىدى، تۇتسىلىدى، كەتسىلىدى، كۆرسىلىدى، ئىشلىسىلىدى... |
| 2_ شەخس | ھۆرمەت تۈرى | كۆپلۈك | ئۆملۈك دەرىجە + ھۆرمەت تۈرى بىرلىك قوشۇمچىسى | يېزىشسىلىدى، تۇتۇشسىلىدى، كېتىشسىلىدى، كۆرۈشسىلىدى، ئىشلەشسىلىدى... |
| 2_ شەخس | سەتلىمە تۈر | | ئۆملۈك دەرىجە + ئاددىي تۈر بىرلىك قوشۇمچىسى | يېزىشساڭىدى، تۇتۇشساڭىدى، كېتىشسەڭىدى، تۇتۇشساڭىدى، كۆرۈشسەڭىدى، ئىشلەشسەڭىدى... |
| 3_شەخس | | بىرلىك ۋە كۆپلۈك | - سا//- سە + ئىدى | يازسىدى، تۇتسىدى، كەتسىدى، كۆرسىدى، ئىشلىسىدى... |

**4. ئارزۇ ـ تەكلىپ مەيلى**

| تۈرى | | | قوشۇمچىسى | مىساللار |
| --- | --- | --- | --- | --- |
| 1ـ شەخس | | بىرلىك | - سا//- سە + م + ئىكەن | يازسامىكەن، ئاتسامىكەن، كۆرسەمىكەن، كەتسەمىكەن... |
| 1ـ شەخس | | كۆپلۈك | - سا//- سە + - ق//- ك + ئىكەن | يازساقىكەن، ئاتساقىكەن، كۆرسەكىكەن، كەتسەكىكەن ... |
| 2ـ شەخس | ئاددىي تۈر | بىرلىك | - سا//- سە + - ڭ + ئىكەن | يازساڭىكەن، ئاتساڭىكەن، كۆرسەڭىكەن، كەتسەڭىكەن... |
| 2ـ شەخس | ئاددىي تۈر | كۆپلۈك | - سا// - سە + - ڭلار // ڭىزلەر + ئىكەن | يازساڭلارىكەن، ئاتساڭلارىكەن، كۆرسەڭلەرىكەن... |
| 2ـ شەخس | سىپايە تۈر | بىرلىك | - سا//- سە - ڭىز + ئىكەن | يازسىڭىزكەن، ئاتسىڭىزكەن، كۆرسىڭىزكەن... |
| 2ـ شەخس | سىپايە تۈر | كۆپلۈك | - سا//- سە + - ڭىزلەر // - ڭىزلەر + ئىكەن | يازسىڭىزلارىكەن، ئاتسىڭىزلارىكەن، كۆرسىزلەرىكەن، كەتسىڭىزلەرىكەن... |
| 2ـ شەخس | ھۆرمەت تۈرى | بىرلىك | - سا//- سە + - لا//- لە + ئىكەن | يازسىلىكەن، ئاتسىلىكەن، كۆرسىلىكەن، كەتسىلىكەن... |
| 2ـ شەخس | ھۆرمەت تۈرى | كۆپلۈك | ئۆملۈك دەرىجە + - سا//- سە، + - لا// - لە + ئىكەن | يېزىشسىلىكەن، ئېتىشسىلىكەن، كۆرۈشسىلىكەن، كېتىشسىلىكەن... |
| 3ـ شەخس | | | - سا//- سە + ئىكەن | يازسىكەن، ئاتسىكەن، كۆرسىكەن، كەتسىكەن... |

**5. تىلەك مەيلى ***

| تۈرى | | | قوشۇمچىسى | مىساللار |
|---|---|---|---|---|
| 1-شەخس | | بىرلىك | - غاي،- قاي// - گەي، - كەي + ئىدىم | يازغىيدىم، تۇتقىيدىم كۆرگىيدىم، ئىشلىگىيدىم، كەتكىيدىم... |
| | | كۆپلۈك | - غاي، - قاي،//- گەي كەي + ئىدۇق | يازغىيدۇق، تۇتقىيدۇق، كۆرگىيدۇق، ئىشلىگىيدۇق، كەتكىيدۇق... |
| 2-شەخس | ئاددىي تۈر | بىرلىك | - غاي، - قاي//- گەي، - كەي + ئىدىڭ | يازغىيدىڭ، تۇتقىيدىڭ، كۆرگىيدىڭ، ئىشلىگىيدىڭ، كەتكىيدىڭ... |
| | | كۆپلۈك | - غاي، - قاي//- گەي، - كەي + ئىدىڭ + - لار | يازغىيدىڭلار، تۇتقىيدىڭلار، كۆرگىيدىڭلار، ئىشلىگىيدىڭلار، كەتكىيدىڭلار... |
| | سىپايە تۈر | بىرلىك | -غاي، -قاي// -گەي، -كەي + ئىدىڭىز | يازغىيدىڭىز، تۇتقىيدىڭىز، كۆرگىيدىڭىز، ئىشلىگىيدىڭىز، كەتكىيدىڭىز ... |
| | | كۆپلۈك | -غاي، -قاي// -گەي، -كەي + ئىدىڭىز + -لار// -لەر | يازغىيدىڭىزلار، تۇتقىيدىڭىزلار، كۆرگىيدىڭىزلەر، ئىشلىگىيدىڭىزلەر، كەتكىيدىڭىزلەر ... |
| | ھۆرمەت تۈرى | بىرلىك | - غاي، - قاي//- گەي، - كەي + ئىدى + -لا// -لە | يازغىيدىلا، تۇتقىيدىلا، كۆرگىيدىلە، ئىشلىگىيدىلا، كەتكىيدىلە ... |
| | | كۆپلۈك | ئۈملۈك دەرىجە + ھۆرمەت تۈرى بىرلىك قوشۇمچىسى | يېزىشقىيدىلا، تۇتۇشقىيدىلا، كۆرۈشكىيدىلە، كېتىشكىيدىلە... |
| | سەتلىمە تۈر | | ئۈملۈك دەرىجە + ئاددىي تۈر بىرلىك قوشۇمچىسى | يېزىشقىيدىڭ، تۇتۇشقىيدىڭ، كۆرۈشكىيدىڭ، كېتىشكىيدىڭ، ئىشلەشكىيدىڭ... |
| 3-شەخس | | بىرلىك ۋە كۆپلۈك | - غاي، - قاي//- گەي، - كەي + ئىدى | يازغىيدى، تۇتقىيدى، كۆرگىيدى، ئىشلىگىيدى، كەتكىيدى ... |

* بۇ پېئىلنىڭ بولۇشسىز شەكلى ئەنسىرەش تەرزىنى بىلدۈرىدۇ.

# ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرى

«ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرى»نىڭ بۇ تىزىملىكى بۆلۈممىز ئۇزۇندىن بېرى يىغقان كىشى ئىسىملىرى كارتىلىرى ئاساسىدا تۇرغۇزۇلدى. ئىسىملارنى تىزىملىككە كىرگۈزۈشتە ئۇنىڭ كۆپ ياكى ئاز ئۇچرىشى ئۆلچەم قىلىنمىدى، پەرقلەندۈرۈپ ئاتاش رولىغا ئىگە ئىسىملار مۇمكىنقەدەر كىرگۈزۈلدى. تىزىملىككە كىرمەي قالغان يەنە نۇرغۇن ئىسىملارنىڭ بولۇشى تەبىئىي.

«ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرى» تىزىملىكى «ئەرلەرنىڭ ئىسىملىرى» ۋە «ئاياللارنىڭ ئىسىملىرى»گە ئايرىلىپ، ئۆز دائىرىسىدە ئېلىپبە تەرتىپىدە بېرىلدى. تىزىملىكتىكى ئىسىملارنىڭ ھەم ئىسىم ئىگىسى قوبۇل قىلالايدىغان ھەم قېلىپلاشتۇرۇشتا يېتەكلەش رولىغا ئىگە بولۇشى ئۈچۈن ئۇنىڭ ئىملاسى تۆۋەندىكىدەك بېرىلدى.

1. «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ ئىملا لۇغىتى»، «ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى»دە ئىملاسى بېكىتىلگەن يەككە ۋە بىرىككەن سۆزلەردىن ئىسىم بولۇپ قوللىنىلغانلىرىنىڭ ئىملاسى مەزكۇر لۇغەتلەردە بېكىتىلگىنىدەك بېرىلدى.

2. يۇقىرىقى ئىككى لۇغەتكە كىرگۈزۈلمىگەن ئىسىملارنىڭ ئىملاسى ئىملا قائىدىسىدىكى پرىنسىپلار بويىچە بىر تەرەپ قىلىندى، ئالاھىدە ئەھۋالغا كونكرېت پرىنسىپ بەلگىلەندى.

3. ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرى ئىچىدىكى ئەرەب-پارس تىللىرىدىن كىرگەنلىرىنىڭ ئىملاسىنى بېكىتىشتە ئۇنىڭ ئەسلىي تەلەپپۇزى بىلەن بىرگە تىلىمىزدىكى تەلەپپۇزىمۇ نەزەرگە ئېلىندى، مۇھىمى تىلىمىزنىڭ تەلەپپۇز نورمىلىرى يېتەكچى قىلىندى.

4. تىلنىڭ ھەردائىم قىسقا، ئىخچام بولۇشقا ئىنتىلىشچانلىقىنى نەزەردە تۇتۇپ، ئىسىمنىڭ تولۇق ۋە قىسقارغان شەكىللىرىنىڭ ئىملاسى ئايرىم ھەل قىلىندى، بىرىكمە ئىسىملار ۋە قىسقارغان ئىسىملاردىكى فونېتىكىلىق ئۆزگىرىش ئېتىبارغا ئېلىندى.

5. تىل ئەمەلىيىتى جەريانىدا ئۇزۇندىن بېرى ئىككى خىل ئىستېمال قىلىنىپ كېلىنگەن ئىسىملارنىڭ ھەر ئىككىلىسى تەلەپپۇزىغا ئاساسەن بېرىلدى.

6. ئىسىملارنىڭ بېشىغا ياكى ئاخىرىغا قوشۇلۇپ ئىسىمنىڭ تەركىبىي قىسمى بولۇپ كېلىدىغان «خان، ئاي، نىسا، گۈل، ئايىم، قىز، پاشا، بۈۋى، بانۇ...» ۋە «ئاخۇن، باي، جان، خوجا، بەگ، قارى، ھاجى، موللا، تاي، مىر، ئوبۇل، شاھ، زۇل، قۇل...» قاتارلىقلار قوشۇلۇپ يېزىلدي، بۇلار ئارىسىدىكى فونېتىكىلىق ئۆزگىرىش ئېتىبارغا ئېلىندى.

## 1. ئەرلەرنىڭ ئىسىملىرى

### ئا

ئابا
ئابابەكرى
ئابات
ئاباجى
ئاباخان
ئاباق
ئابام
ئابامبەگ
ئابامئۇلۇغ
ئابەك
ئابباس
ئابباسخان

ئاباسخوجا
ئابدۇ
ئابدۇئالىم
ئادۇئامىر
ئابدۇئامىل
ئابدۇئەسەد
ئابدۇئەلى
ئابدۇئەۋۋەل
ئابدۇبارى
ئابدۇباسىت
ئابدۇبايىز
ئابدۇبەرنا
ئابدۇبەسىر
ئابدۇبەشەر
ئابدۇبەننا
ئابدۇپازىل
ئابدۇپاشا
ئابدۇپەتتاھ
ئابدۇپەرمان
ئابدۇتالىب
ئابدۇتاھىر
ئابدۇتەۋۋاپ
ئابدۇجاببار
ئابدۇجامى
ئابدۇجەبىر
ئابدۇجەلىل
ئابدۇجەمىل
ئابدۇجەۋاد
ئابدۇجۇمە
ئابدۇخالىس
ئابدۇخالىق
ئابدۇخەلىل
ئابدۇخەۋەر
ئابدۇخەير
ئابدۇخوجا

ئابدۇخېۋىر
ئابدۇدائىم
ئابدۇدىلبەر
ئابدۇراپى
ئابدۇراخمان
ئابدۇراززاق
ئابدۇرازى
ئابدۇرازىق
ئابدۇراۋى
ئابدۇرەپىق
ئابدۇرەشىد
ئابدۇرەقىپ
ئابدۇرەھمان
ئابدۇرەھمەت
ئابدۇرەھىم
ئابدۇرەئۇپ
ئابدۇرۇپ
ئابدۇرۇسۇل
ئابدۇرىزا
ئابدۇزارى
ئابدۇزاھىد
ئابدۇزاھىر
ئابدۇزەپەر
ئابدۇزەئىل
ئابدۇزۇننۇن
ئابدۇسائەت
ئابدۇسابىر
ئابدۇساتتار
ئابدۇسادىق
ئابدۇسالام
ئابدۇسالامەت
ئابدۇسالىھ
ئابدۇساۋۇت
ئابدۇسايىت
ئابدۇسەبەر

ئابدۇسەلىم
ئابدۇسەمەد
ئابدۇسەمەر
ئابدۇسەمى
ئابدۇسەئىد
ئابدۇسەيپى
ئابدۇسوبۇر
ئابدۇسۇپى
ئابدۇسۈننەت
ئابدۇسىددىق
ئابدۇش
ئابدۇشاكىر
ئابدۇشاھىد
ئابدۇشەرەپ
ئابدۇشەرىپ
ئابدۇشەھىد
ئابدۇشەيخ
ئابدۇشۈكۈر
ئابدۇغاپپار
ئابدۇغازى
ئابدۇغايىپ
ئابدۇغەنى
ئابدۇغوپۇر
ئابدۇغۇلام
ئابدۇغۇناق
ئابدۇق
ئابدۇقابىز
ئابدۇقابىل
ئابدۇقادىر
ئابدۇقارى
ئابدۇقازى
ئابدۇقاسىم
ئابدۇقاھھار
ئابدۇقاھىر
ئابدۇقائىد

ئابدۇقايىم
ئابدۇقەمەر
ئابدۇقەۋى
ئابدۇقەيىس
ئابدۇقۇددۇس
ئابدۇقۇربان
ئابدۇك
ئابدۇكامال
ئابدۇكامىل
ئابدۇكەبىر
ئابدۇكەرىم
ئابدۇكەمىت
ئابدۇكۆرەش
ئابدۇگۈل
ئابدۇل
ئابدۇلەتىپ
ئابدۇلئەزىز
ئابدۇلئەزىم
ئابدۇلئەلا
ئابدۇلئەلىم
ئابدۇلئەھەد
ئابدۇلبەر
ئابدۇللا
ئابدۇلمۇتەللىب
ئابدۇلھەق
ئابدۇلھەكىم
ئابدۇلھەلىم
ئابدۇلھەمىد
ئابدۇلھەي
ئابدۇلۋالى
ئابدۇمالىك
ئابدۇماناپ
ئابدۇمامۇت
ئابدۇمانى
ئابدۇمەبۇد

ئابدۇمەجىد
ئابدۇمەرد
ئابدۇمەسىر
ئابدۇمەسىھ
ئابدۇمەقسۇد
ئابدۇمەلىك
ئابدۇمەنسۇر
ئابدۇمەنان
ئابدۇمەھمۇد
ئابدۇمۇتى
ئابدۇمۇتەئالى
ئابدۇمۇجىب
ئابدۇمۇختار
ئابدۇمۇراد
ئابدۇمۇسا
ئابدۇمۇسەۋۋىر
ئابدۇمۇقەددەم
ئابدۇمۇقسىت
ئابدۇمۇقىت
ئابدۇمۇمىت
ئابدۇمۇنتەقىم
ئابدۇمۇنزىر
ئابدۇمۇنئىم
ئابدۇمۇھەممەد
ئابدۇمۇھسى
ئابدۇمۇھسىن
ئابدۇمۇھىت
ئابدۇمۇھيى
ئابدۇمۇئىد
ئابدۇمۇئىز
ئابدۇمۇمىن
ئابدۇمۇلك
ئابدۇمۇنۇپ
ئابدۇن
ئابدۇنازىر

ئابدۇناسىر
ئابدۇنامان
ئابدۇنەبى
ئابدۇنەزەر
ئابدۇنەزىر
ئابدۇنەسىر
ئابدۇنەسىم
ئابدۇنەيىم
ئابدۇنۇر
ئابدۇنىزار
ئابدۇنىياز
ئابدۇھاپىز
ئابدۇھادى
ئابدۇھارىس
ئابدۇھاشىم
ئابدۇھايات
ئابدۇھەپىز
ئابدۇھەزىز
ئابدۇھەسەن
ئابدۇھەسىب
ئابدۇھەنىپ
ئابدۇھىلىم
ئابدۇئوسمان
ئابدۇئۆمەر
ئابدۇۋاپا
ئابدۇۋاجىد
ئابدۇۋارىس
ئابدۇۋاسى
ئابدۇۋاسىت
ئابدۇۋاسىل
ئابدۇۋاققاس
ئابدۇۋاقى
ئابدۇۋاھاب
ئابدۇۋاھىد
ئابدۇۋەدۇد

ئابدۇۋەكىل
ئابدۇۋەلى
ئابدۇۋەيس
ئابدۇئىمام
ئابدۇئىمان
ئابدۇياقۇپ
ئابدىمان
ئابدىمەت
ئابزارى
ئابزەر
ئابزىقار
ئابلا
ئابلاباقى
ئابلاقۇل
ئابلايار
ئابلەت
ئابلەق
ئابلەقمەت
ئابلەھەت
ئابلەي
ئابلىتىپ
ئابلىز
ئابلىزخان
ئابلىزىم
ئابلىكىم
ئابلىمىت
ئابۇپ
ئابۇت
ئابۇتاي
ئابۇزەر
ئابۇش
ئابىخان
ئابىد
ئابىدجان
ئابىدخان

ئابىدخوجا
ئابىدىن
ئابىدشاھ
ئابىدنەزەر
ئابدۇللا
ئابىرەھمەت
ئابىل
ئاپپاپ
ئاپپاق
ئاپپاقخوجا
ئاپىرىن
ئاتا
ئاتابەگ
ئاتات
ئاتار
ئاتاش
ئاتاق
ئاتاۋۇل
ئاتاۋۇللا
ئاتاي
ئاتچى
ئاتكەلدى
ئاتلىق
ئاتۇش
ئاتىپ
ئاتىتالى
ئاتىجان
ئاتىخان
ئاتىش
ئاتىك
ئاتىكى
ئاتىلا
ئاتىللا
ئاتىم
ئاچارى

ئاچۇق
ئاچىق
ئاخچە
ئاخمول
ئاخۇن
ئاخۇنباي
ئاخۇنبەگ
ئاخۇنجان
ئاخۇنزادە
ئاخۇنقارى
ئاخۇنموللا
ئاخۇننىياز
ئاخۇنھاجى
ئادامتوغرۇل
ئادايۇ
ئادۇغ
ئادىل
ئادىلبەگ
ئادىلجان
ئادىلشاھ
ئادىم
ئادىنە
ئارابۇغا
ئاراپات
ئارتۇق
ئارتۇقجان
ئارتۇقمەت
ئارتۇقنەزەر
ئارتۇقنىياز
ئارتۇن
ئارزۇ
ئارزۇبەگ
ئارزۇجان
ئارزۇللام
ئارزۇمەت

ئارزۇمۇھەممەد
ئارسلان
ئارغۇ
ئارغۇن
ئارقا
ئارقۇ
ئارقىش
ئارمان
ئارمانتۇرسۇن
ئارمانجان
ئارماندۇ
ئارمىيە
ئارۇن
ئارىپ
ئارىپجان
ئارىز
ئارىش
ئارىغ
ئارىم
ئارىيەت
ئازاتەلى
ئازاتمۇراد
ئازاد
ئازاق
ئازغىر
ئازلا
ئازنا
ئازناخۇن
ئازنىقۇل
ئازنىمەت
ئازنىۋاقى
ئازۇق
ئازۇقلۇغ
ئازى
ئازىچوڭ
ئازىغ
ئازىقۇلى
ئازىم
ئاژۇن
ئاسات
ئاساق
ئاسقاۋۇل
ئاسقىن
ئاسىپ
ئاسىغ
ئاسىل
ئاسىم
ئاشان
ئاشانتۇغرۇل
ئاشاي
ئاشتال
ئاشۇر
ئاشى
ئاشىر
ئاشىق
ئاشىقمۇھەممەد
ئاغارلاغ
ئاغۇش
ئاغىر
ئاق
ئاقاخۇن
ئاقار
ئاقاش
ئاقامدىن
ئاقائىد
ئاقايىل
ئاقبەگ
ئاقبۇغا
ئاقپاشا
ئاقپۇلات
ئاقتاش
ئاقتوغاش
ئاقچاۋار
ئاقچى
ئاقسەيدى
ئاقسوپا
ئاقسوم
ئاققارى
ئاققان
ئاقلاجان
ئاقلىم
ئاقمال
ئاقمەت
ئاقموللا
ئاقموللاق
ئاقموللام
ئاقمۇھەممەد
ئاقنىياز
ئاقھاجى
ئاقھېلىم
ئاقۇپ
ئاقۇپجان
ئاقۇللا
ئاقۋاي
ئاقى
ئاقىب
ئاقىل
ئاقىلجان
ئاقىيول
ئاكىجان
ئاكىچى
ئالامەت
ئالاۋۇدۇن
ئالاي
ئالايدىن

ئالپاغۇت
ئالتۇن
ئالتۇنباي
ئالتۇنبەگ
ئالتۇنتاش
ئالتۇنجان
ئالتۇنقارا
ئالچىن
ئالچىنباي
ئالچىنبەگ
ئالدىرشاھ
ئالقا
ئالقىش
ئاللابەردى
ئاللابەرگەن
ئاللادوست
ئاللاشۈكۈر
ئاللاق
ئاللاقۇل
ئاللاقۇۋۋەت
ئاللامۇراد
ئاللانەزەر
ئاللانۇر
ئاللانىياز
ئاللايار
ئالما
ئالماس
ئالماسخان
ئالمۇرات
ئالمنىياز
ئالمۇۋاي
ئالىپ
ئالپئاتا
ئالپئايا
ئالپئەرتۇڭا
ئالپتېكىن
ئالىك
ئالىم
ئالىمجان
ئالىمخوجا
ئالىمنەزەر
ئالىمنىياز
ئالىي
ئالىيار
ئالىيجان
ئالىيمۇھەممەت
ئالىيموللا
ئامان
ئامانەت
ئامانئەل
ئامانبەردى
ئامانتاش
ئامانتاي
ئامانتۇر
ئامانتۇرا
ئامانتۇردى
ئامانجان
ئامانخوجا
ئامانسائەت
ئامانشاھ
ئامانشۈكۈر
ئامانقۇل
ئاماننەپەس
ئاماننۇر
ئاماننىياز
ئامانۇللا
ئامانيار
ئامەت
ئامەتۇللا
ئامنەسىر
ئامۇت
ئامۇر
ئامۇل
ئامىر
ئامىرجان
ئامىسىر
ئامىل
ئامىلجان
ئامىن
ئاناربەگ
ئانۇغ
ئاۋاز
ئاۋاش
ئاۋاق
ئاۋامۇسلىم
ئاۋزەر
ئاۋسەن
ئاۋشىت
ئاۋۇت
ئاۋۇدۇن
ئاۋۇش
ئاۋۇق
ئاۋۇل
ئائىز
ئاياز
ئايەتۇللا
ئايباش
ئايبالا
ئايبەك
ئايبولسۇن
ئايتاش
ئايتۆمۈر
ئايجان
ئايخوجا
ئايدوست

ئا يدىق
ئا يدىڭ
ئا يسوم
ئا يسىرى
ئا يشۆھرەت
ئا يقۇت
ئا يقۇددۇس
ئا يگاڭ
ئا يلام
ئا يمەت
ئا يمەردان
ئا يمۇراد
ئا يمۇھەممەد
ئا ينەزەر
ئا ينىياز
ئا يۇپ
ئا يۇم
ئا يىت
ئا يىز

## ئە

ئەبەي
ئەبەيدۇل
ئەبەيدۇللا
ئەبۇ
ئەبۇئابباس
ئەبۇئەسەد
ئەبۇئەنۋەر
ئەبۇبەدرى
ئەبۇبەرىكە
ئەبۇبەسىر
ئەبۇبەكرى
ئەبۇپەرھە
ئەبۇتالىپ
ئەبۇتىيىب
ئەبۇجامال
ئەبۇخەتىب
ئەبۇرەيھان
ئەبۇزارى
ئەبۇزاھىر
ئەبۇزەيىد
ئەبۇسەئۇد
ئەبۇلبەشەر
ئەبۇلپەتىھ
ئەبۇلپۇتۇھ
ئەبۇمەجىد
ئەبۇمەرسەد
ئەبۇمەسئۇد
ئەبۇمۇسلىم
ئەبۇمۇكەررەم
ئەبۇمۇنىر
ئەبۇمۇھسىن
ئەبۇھادى
ئەبۇھارىس
ئەبۇئۇبەيدە
ئەبۇۋاققاس
ئەبۇيۇسۇپ
ئەبرارىدىن
ئەبىت
ئەپەندى
ئەپرايىم
ئەپرۇل
ئەپرۇللا
ئەپرىدۇن
ئەپھەدۇللا
ئەپىر
ئەپىرايىل
ئەپىردىن
ئەپىرىم
ئەتپۇدىن
ئەتپۇللا
ئەتتار
ئەتتاردىن
ئەتىپ
ئەتىپدىن
ئەتىردىن
ئەتىقۇللا
ئەتىللا
ئەتىۋاقى
ئەتىيۇللا
ئەجدەر
ئەخەت
ئەختەرجان
ئەختەرىدىن
ئەختەم
ئەختۇللا
ئەخلەتاخۇن
ئەخلەتجان
ئەخلەتخان
ئەخمەت
ئەخمەتباقى
ئەخمەتتوختى
ئەخمەتقادىر
ئەخمەتنۇر
ئەخمەتنىياز
ئەخمەر
ئەدەخمەت
ئەدەم
ئەدەي
ئەدەيتۇل
ئەدەيتۇللا
ئەدھەم
ئەدىب
ئەدىتى

ئەدیر
ئەدیرەلی
ئەدیرۆللام
ئەدیشاهچوك
ئەدیل
ئەدیلشاه
ئەدیلغازی
ئەرەب
ئەرەبشاه
ئەربول
ئەرتیكین
ئەررابەت
ئەرسۆل
ئەرش
ئەرشەم
ئەرشی
ئەرشیدین
ئەرشیگۆلی
ئەرك
ئەركە
ئەركەچ
ئەركین
ئەركیۆای
ئەزاجان
ئەزەت
ئەزەم
ئەزەمشاه
ئەزەیتۆل
ئەزبۆ
ئەزبۆدین
ئەزهەر
ئەزهەرجان
ئەزۆیدین
ئەزیدین
ئەزیز
ئەزیزۆل
ئەزیزۆللا
ئەزیزیدین
ئەزیم
ئەزیما
ئەزیمەت
ئەزیمجان
ئەزیمۆللا
ئەزیمدین
ئەس
ئەساریدین
ئەسەد
ئەسەددین
ئەسەدۆل
ئەسەدۆللا
ئەسەن
ئەسەنقارا
ئەسەیدۆل
ئەسەیدۆللا
ئەسئەد
ئەسئەدۆللا
ئەسپەر
ئەستۆل
ئەستۆللا
ئەسرار
ئەسرۆللا
ئەسقەت
ئەسقەر
ئەسلا
ئەسلاییم
ئەسمەت
ئەسمەتخان
ئەسمتۆل
ئەسمتۆللا
ئەسدۆل
ئەسدۆللا
ئەسدین
ئەسیر
ئەسیردین
ئەسیرۆل
ئەسیرۆللا
ئەسیەرجان
ئەشەت
ئەشپەر
ئەشرەپ
ئەشقەر
ئەشۆر
ئەغنا
ئەقب
ئەقیل
ئەقیم
ئەکبەر
ئەکرەم
ئەکرەمشاه
ئەکری
ئەکسەل
ئەکمەل
ئەگقەر
ئەلا
ئەلاچی
ئەلەم
ئەلەمشاه
ئەلبەدەر
ئەلبەدری
ئەلبیللام
ئەلپاغۆت
ئەلپامیش
ئەلپەتتاه
ئەلپەر
ئەلدەکتان

ئەلقەت
ئەلقەم
ئەلقۇت
ئەلقۇتنۇر
ئەلكۇن
ئەللامە
ئەلمەت
ئەلمۇراد
ئەلمدىن
ئەلنازى
ئەلى
ئەلئەسپەر
ئەلئەكبەر
ئەلپشاھ
ئەلخان
ئەلدار
ئەلزات
ئەلشاد
ئەلشاھ
ئەلشر
ئەلشربان
ئەلقۇل
ئەلل
ئەلم
ئەلنىياز
ئەليار
ئەمەت
ئەمەتنىياز
ئەمەدشاھ
ئەمەر
ئەمەرقۇلى
ئەمەق
ئەمەك
ئەمەل
ئەمەللە

ئەمدالى
ئەمرۇل
ئەمرۇللا
ئەمردىن
ئەمرئۇاجىب
ئەمدىن
ئەمر
ئەمرباقى
ئەمربەگ
ئەمرپاشا
ئەمرتاش
ئەمرجان
ئەمردىن
ئەمرسەيد
ئەمرشاھ
ئەمرۇل
ئەمرۇللا
ئەمرھەمزە
ئەمرىم
ئەمش
ئەمن
ئەمنپاشا
ئەنەس
ئەنەش
ئەنەيتۇل
ئەنەيتۇللا
ئەنبەرى
ئەنجات
ئەندەلب
ئەندەلبشاھ
ئەنزەر
ئەنسار
ئەنساردىن
ئەنسەر
ئەنسەرۇللا

ئەنسەردىن
ئەنقەر
ئەنئۇەر
ئەنس
ئەنكاجى
ئەنيار
ئەھەد
ئەھەدۇللا
ئەھدى
ئەھرار
ئەھزەم
ئەھسەن
ئەھلام
ئەھلى
ئەھلدىن
ئەھمەد
ئەھمەدجان
ئەھمەدخان
ئەھمەددىن
ئەھمەدۇللا
ئەھمەر
ئەھمدىن
ئەۋەن
ئەۋەي
ئەۋەيت
ئەۋزەل
ئەۋزەلخۇجا
ئەۋزۇل
ئەۋسى
ئەۋسدىن
ئەۋلا
ئەۋلك
ئەۋليا
ئەۋۋام
ئەۋدىن

ئەۋىن
ئەۋىندىن
ئەيتۇق
ئەيسا
ئەيساق
ئەيسىر
ئەينەر
ئەينۇل
ئەيندىن
ئەينزەپەر
ئەيۆمن
ئەييامدىن
ئەييۇب

## ب

باباخان
بابلمىت
بابۇر
باتۇر
باتىن
بادامشاھ
بارات
باراتخان
باراتۇللا
بارمان
بارۇزى
بارى
بارىز
بارىس
باسىت
باسىتدىن
باسىتۇللا
باسىق
باسىم
باشمەت
باغىر
باغلە
باق
باقەر
باقۇللا
باقى
باقىر
باقسايىم
باقىش
باقمەت
باقنياز
باكىر
باگى
بالەك
بالىغ
بامان
بانۇ
باھا
باھاپ
باھار
باھاربەگ
باھام
باھائۇدىن
باھاي
باھايدىن
باھايىدىن
باھىر
باۋۇدۇن
باۋۇش
باي
باياخۇن
باياز
باياشات
باياغۇت
بايان
بايبەگ
بايبول
بايبولدى
بايتاش
بايتوختى
بايتۇر
بايتۇرا
بايتۇردى
بايتۇرسۇن
بايتۇيغۇن
بايتۆمۇر
بايچوك
بايخان
بايخوجا
بايدۆلەت
بايدىن
بايشات
بايغازى
بايمەت
بايموللا
بايمۇراد
بايمۇھەممەد
بايمۆمىن
باينەزەر
باينۇر
باينياز
بايھاجى
بايھاكىم
بايىز
بايىس
بەختاخۇن
بەختىلىك
بەختبار
بەختچوك

بەختخوجا
بەختشاد
بەختنۇر
بەختيار
بەخشەندە
بەخشۇللا
بەخشى
بەدەلشاھ
بەدەلغازى
بەدەلقارى
بەدەلنۇر
بەدەلهاجى
بەدرۇللا
بەدرىددىن
بەدىر
بەدىرشاھ
بەدئۇززامان
بەرام
بەرەمشاھ
بەرەنبەگ
بەردى
بەردبەگ
بەردخوجا
بەردۋاي
بەرزات
بەرك
بەرگەن
بەرلا
بەرنات
بەرىددىن
بەرىكەت
بەرىل
بەزەت
بەزلەن
بەسەر
بەسى
بەسىر
بەسىرۇللا
بەسىرىددىن
بەشەر
بەشىر
بەشىرۇللا
بەشىرىددىن
بەقەر
بەكتۇر
بەكرى
بەكرىددىن
بەكرىش
بەكىر
بەكىرۇللا
بەگ
بەگئارسلان
بەگبول
بەگبۇقا
بەگتاش
بەگتۇتۇق
بەگتۇرمىش
بەگتۆمۇر
بەگقۇلى
بەگلەن
بەگمەت
بەگمۇراد
بەگمۇھەممەد
بەگى
بەگيار
بەندەلى
بەندىقۇل
بەندىۋاي
بەھرام
بەھرۇز
بەھرۇللا
بەھرى
بەھرىددىن
بەھزاد
بەھمەن
بەيتۇللا
بەيدۇل
بەيدى
بەيمەت
بەيىن
بوزئوغلان
بوسۇق
بوسۇقنىياز
بوغۇغ
بولان
بولۇس
بوۋا
بوۋارەھىم
بوۋاق
بوۋاقۇلى
بوۋامۇھەممەد
بوۋانەزەر
بوۋاياخون
بوۋبەگ
بويۇن
بويۇنقارا
بۇتۇق
بۇرام
بۇرسلان
بۇرھان
بۇرھانىددىن
بۇزاغۇ
بۇساق
بۇسۇغا
بۇغا

بۇغدا
بۇغرا
بۇقا
بۇلاق
بۇلبۇل
بۇلبۇلجان
بۇلبۇللا
بۇنيامىن
بۇۋاخۇن
بۆكە
بۆگۈ
بۆگۈبىلگە
بۆگۈخان
بۆگۈش
بۈزۈرۈك
بىرىزات
بىلىق
بىلىقيار
بىجەرىپ
بىجەن
بىگۈ
بىلال
بىلالىدىن
بىلگە
بىلگە بەگ
بىلگە تۇتۇق
بىلگە قاغان
بىللا
بىلمى

## پ

پاتىخ
پاتىھۇللا
پاخىر
پارس
پارقارى
پارلاق
پارۇق
پازىل
پازىلبەگ
پازىلكەرىم
پاسار
پاسارۋاي
پالتاخۇن
پالتىۋاي
پالۋان
پامىر
پامىرجان
پاناھىدىن
پاۋان
پاۋزۇ
پەتتار
پەتتاھ
پەتتاھىدىن
پەتتۇل
پەترىدىن
پەتقۇللا
پەتھۇللا
پەتھىدىن
پەتىدىن
پەتىھ
پەخرۇللا
پەخرىدىن
پەخىر
پەدەلى
پەردۇن
پەررۇخ
پەرسا
پەرسان
پەرقۇت
پەرقۇزات
پەرمانجان
پەرمەنشاھ
پەرمانقۇل
پەرھاد
پەرھان
پەرھىدىن
پەرۇش
پەرۋەر
پەرۋىن
پەرىدىن
پەرىدۇن
پەزلۇللا
پەزلى
پەزلىدىن
پەزۇل
پەزىل
پەزىلەتشاھ
پەسىھ
پەسىھۇللا
پەقىر
پەقىرىدىن
پەنان
پەيزەخمەت
پەيزۇل
پەيزۇللا
پەيزى
پەيزىدىن
پەيزىراخمان
پەيزىمەت
پەيكەر
پوزۇر
پولات
پۇئاد

پۈرقەت
پۈلۈش
پېتەك
پىدا
پىداجان
پىداقمەت
پىداقۇل
پىداكار
پىدام
پىدانۇرۇم
پىداۋاي
پىراۋۇدۇن
پىرەخمەت
پىرئەھمەد
پىردەۋس
پىرزات
پىرنەزەر
پىربەگ
پىردۇن
پىرىم
پىرمقۇل
پىزىدىن
پىسى
پىسىپ
پىكىر

## ت

تابدۇ
تاپار
تاپتى
تاپقان
تاپقۇر
تاتەك
تاتلىق
تاتلىقجان
تاجاخۇن
تاجەر
تاجەلى
تاجى
تاجىخوجا
تاجىدىن
تاجىر
تاجىقارى
تاجىكېرەم
تاجىم
تاجىمەت
تاجىمۇھەممەد
تاجىنۇر
تاجىنىياز
تاجىۋاقى
تاجىۋاي
تاراخۇن
تارەم
تارتۇق
تارخان
تارى
تارىق
تارىقچىبەگ
تاش
تاشاخۇن
تاشئەلى
تاشباتۇر
تاشبەگ
تاشپالتا
تاشپولات
تاشتوختى
تاشتۇردى
تاشتۆمۈر
تاشچوك
تاشخوجا
تاشغۇلام
تاشقارى
تاشقان
تاشقىن
تاشلاق
تاشلان
تاشلانجان
تاشمەت
تاشموللا
تاشمۇھەممەد
تاشمىر
تاشنىياز
تاشھاجىم
تاشۋاي
تاشى
تاغاش
تاغاشار
تاغمۇھەممەت
تاغۋاي
تاقى
تاكاتمىش
تاكسۇق
تالىپ
تالىپجان
تالىش
تاھا
تاھىر
تاۋاب
تاۋار
تاۋىدىن
تاي
تايەم
تايخان
تايىلىپ

تايۇق
تايىپ
تەبرىكجان
تەبىبۇللا
تەربى
تەربىجان
تەركەن
تەركىپ
تەسەددۇق
تەسەللى
تەسكىن
تەسلىم
تەسلىمجان
تەشرىپ
تەشنا
تەقى
تەقىول
تەكىش
تەگىن
تەگىنئۆگە
تەڭرى
تەڭرىبەردى
تەڭرىبەرگەن
تەڭرىتۇغمىش
تەڭرىقۇل
تەڭگەر
تەڭىزكەن
تەڭىرلى
تەلەم
تەلەي
تەلئەت
تەلئەتجان
تەلىپ
تەلىم
تەمكىن

تەھسىن
تەۋەككۇل
تەۋەللا
تەۋپىق
تەۋرىز
تەۋھىد
تەيىب
تەيىبزات
توختاش
توختام
توختامىش
توختەم
توختۇش
توختى
توختىبەگ
توختىتۇرسۇن
توختىتۆمۈر
توختىخوجا
توختىروزى
توختىسۇلايمان
توختىسۇن
توختىسىيت
توختىشاھ
توختىشۋاق
توختىقۇربان
توختىكېپەك
توختىمەت
توختىمەخمۇت
توختىمۇراد
توختىمۇھەممەد
توختىنىياز
توختىھاجى
توختىۋاقى
توختىۋەلى
توختىيار

توختىيۇسۇپ
توخسۇن
توخشا
توخىپ
توزۇن
توسۇن
توغاش
توغان
توغرۇل
توغىياز
توقا
توقال
توقسۇن
توقىش
توگار
توگارنىياز
توڭا
توڭائالىپ
توڭاتېگىن
توڭاخان
تويبولدى
تويغان
تويمەت
توينىياز
تويىن
تۇتۇش
تۇتۇق
تۇتۇقبەگ
تۇدام
تۇدەش
تۇر
تۇرا
تۇرئابدىن
تۇراپ
تۇراجان

تۇراجى
تۇراخۇن
تۇرادىن
تۇراق
تۇرامەت
تۇران
تۇرانقۇل
تۇرانى
تۇراۋدۇن
تۇرەخمەت
تۇرەك
تۇرئەلى
تۇرئەھمەد
تۇرپان
تۇرجاھان
تۇرجان
تۇرجۇن
تۇرخەلىل
تۇرخوجا
تۇردەخمەت
تۇردەم
تۇردۇش
تۇردى
تۇردىخوجا
تۇردىمەت
تۇردىمۇھەممەد
تۇردىنىياز
تۇردىۋاقى
تۇردىيار
تۇرراشىدىن
تۇرسۇن
تۇرسۇنبەگ
تۇرسۇنپاشا
تۇرسۇنپولات
تۇرسۇنتاش

تۇرسۇنتاي
تۇرسۇنتوختى
تۇرسۇنمەت
تۇرسۇننىياز
تۇرسىيت
تۇرشاھ
تۇرغان
تۇرغۇن
تۇرقۇل
تۇرمەت
تۇرمۇش
تۇرۇپاخون
تۇرۇپنىياز
تۇرۇق
تۇرۇم
تۇرۇمتاي
تۇغلۇق
تۇغمىش
تۇمەك
تۇرمىش
تۇمارىس
تۇنىياز
تۇيغۇن
تۆتۈن
تۆرە
تۆرەم
تۆگە
تۆلاجى
تۆلەك
تۆلەن
تۆلەندى
تۆلىگەن
تۆمۈر
تۆمۈرپولات
تۆمۈرتاش

تۆمۈرجۈمە
تۆمۈرخان
تۆمۈرخوجا
تۆمۈرنىياز
تۆۋەك
تۈرك
تۈركىزات
تۈركىستان
تۈركىش
تۈزمىش
تۈزۈن
تۈمەناخۇن
تۈمەنباي
تۈنگە
تېپىق
تېپىلدى
تېپىۋالدى
تېتىك
تېشىل
تېگىنبەگ
تېۋىپجان
تىتىللا
تىران
تىلال
تىلەخمەت
تىلەش
تىلەك
تىلەكغازى
تىلەلھاپىز
تىلەم
تىللا
تىللاق
تىلمان
تىلىم
تىلىۋالدى

تىمەن
تىمەنشاھ
تىمىن
تىيىپ
تىيىۋاجى

## ج

جاببار
جاببارسادىق
جاببارسالىھ
جابىر
جابىرشاھ
جاپپاش
جارماش
جارۇپ
جارۇل
جارۇللا
جارى
جاسارەت
جاگۇت
جالار
جالال
جالالىدىن
جالائىدىن
جاللۇك
جاماخۇن
جاماك
جامال
جامالىدىن
جاماي
جامايدۇل
جامايدۇللا
جامائىدىن
جامباقى
جامى
جامىد
جامىددىن
جامىر
جامىل
جان
جانابىل
جانايۇپ
جانباز
جانباي
جانپولات
جانتۆمۈر
جاندوست
جانسەئىد
جانسوپى
جانسۆيەر
جانغازى
جانقۇلى
جاننىسار
جانۋاپا
جانى
جاھان
جاھانزەپەر
جاھانقۇلى
جاھانگىر
جاھانگىرخوجا
جاھانشاھ
جاۋۇت
جائىر
جەپەر
جەپەرسادىق
جەدەيدىللا
جەددات
جەسۇر
جەڭگىۋار
جەلەك
جەلەل
جەللى
جەلى
جەلىل
جەمشى
جەمشت
جەمىل
جەننان
جەۋدەت
جەۋلان
جەۋھەرىدىن
جۇرمۇھەممەد
جۇرۇپ
جۇرى
جۇشقۇن
جۇكۇر
جۇلالە
جۇللا
جۇماق
جۇمئەدىل
جۇمى
جۇنەيت
جۇنەيتتىن
جۇنەيتىللا
جۇنئىمام
جۇرئەت
جۇمە
جۇمەتاش
جۇمەتۇردى
جۇمەش
جۇمەك
جىلال
جىلان
جىلەك

جىنايەت
جىھاد

## چ

چارشەنبە
چاققان
چاقماق
چاقماقجان
چاۋار
چاۋارنىياز
چەۋەنداز
چورۇق
چوڭ
چوڭئاخۇن
چوڭئاي
چوڭزەك
چوڭقارى
چوڭھاجى
چوڭياسىن
چۈكۈر
چۈگار
چۈگام
چىچەن
چىۋەر
چىچزى
چىراغ
چىڭتۆردى
چىڭتۆرسۈن
چىلانباي
چىلانبەگ
چىملەك
چىنپولات
چىنتاش
چىنتۆمۈر
چىڭگىز

## خ

خاتەم
خاتىپ
خارجى
خارىس
خاكىر
خالدار
خالمەت
خالمۇراد
خالمۇھەممەد
خالى
خالبەگ
خالجان
خالىد
خالىددىن
خالىس
خالىسمەت
خالىق
خالىم
خالىۋاي
خالىۋەر
خامال
خامتاي
خامۇش
خانتۆرەم
خانجاھان
خانقۇلى
خانمىرزا
خاننىياز
خاننەزەر
خەبىر
خەپىر
خەتتاب
خەتىپ
خەتىپاقى
خەسەن
خەسيار
خەلەك
خەلپەت
خەلپىتەم
خەلپىدىن
خەللاد
خەللاق
خەلبۇل
خەلپە
خەلىل
خەلىلەخمەت
خەللۇل
خەللۇللا
خەلىم
خەلۋۇل
خەلۋۇللا
خەمىت
خەنپاي
خەنجەر
خەۋەر
خەۋىر
خەيرۇل
خەيرۇللا
خەيرىددىن
خوجا
خوجائابلا
خوجائەلى
خوجابدۇل
خوجابدۇللا
خوجاپىز
خوجاش

خوجاشم
خوجامبەردی
خوجامکەلدی
خوجامنیاز
خوجامیار
خوجەهرا
خوجباۋۆدۆن
خوجبەی
خوجبول
خوجبۆللا
خوججاهان
خوجخان
خوجدۆل
خوجشاه
خوجکامال
خوجمەت
خوجمۆقبۆل
خوجمۆهەممەت
خوجنیاز
خوجئمن
خودەك
خوزی
خۆپیدن
خۆدابەخش
خۆدابەردی
خۆداقۆل
خۆدانەزەر
خۆدایار
خۆدایارخان
خۆدایداد
خۆدایمبەردی
خۆدۆیۆم
خۆدیار
خۆرەمشاه
خۆرسەن
خۆرسەندی
خۆزایت
خۆشال
خۆشئەهمەد
خۆشبەخت
خۆشتار
خۆشتارجان
خۆشتەر
خۆشتۆر
خۆشدار
خۆشدل
خۆشکەلدی
خۆشمەت
خۆشنەم
خۆشنۆد
خۆشنیاز
خۆماردن
خبۆر
خزمەت
خزر
خسلەت
خۆر

## د

دابل
داتقار
دادا
دادائەلی
داداش
داداشەرپ
داداق
دادامەت
دادامۆهەممەد
دادەك
دادخان
دادل
دادلجان
دارۋاز
داستان
دالم
دالن
داموللا
دامۆل
داملبەگ
داملجان
دانا
دانابەگ
داناقۆل
دانی
دانجان
دانش
دانیار
دانیال
داۋامەت
داۋۆد
دائم
دەرەپشاه
دەرگۆش
دەرمان
دەرمانجان
دەرۋش
دەریا
دەریاشاه
دەمن
دەۋران
دەۋرانجان
دەیتللەم
دوستبول
دوستخوجا

| | | |
|---|---|---|
| دوستكەلدى | دىلنىزات | راقىن |
| دوستمەت | دىلىم | رام |
| دوستموللا | دىليار | رامان |
| دوستمۇھەممەد | دىمىن | رامۇت |
| دوستنىياز | دىنارەم | رامۇز |
| دوستيار | دىنىزات | رامۇق |
| دوسۇن | دىيار | رامۇل |
| دولان | دىيانەت | رامى |
| دولقۇن | | رامىزان |
| دولقۇنجان | **ر** | رامىق |
| دۇئا | | رامىل |
| دۇئام | رابات | راھەتباي |
| دۇئامەد | رابۇل | راھەتۇللا |
| دۇرنەم | رابىت | راھىب |
| دۇگانىياز | رابىتدىن | راھىن |
| دۇنيازات | رابىئۇللا | راۋات |
| دۇنيامەن | راپىق | راۋۇپ |
| دۇۋان | راجى | راۋۇپۇللا |
| دۇۋاي | راجىدىن | راۋۇت |
| دۆلەت | راجىل | رائىد |
| دۆلەتباي | راخمان | رائىددىن |
| دۆلەتشاھ | راخمانشاھ | رايىم |
| دۆلەتقەدەم | راخىت | رايىن |
| دۆلەتكەلدى | راخىتجان | رەببانى |
| دۆلەتمەن | رادىپ | رەبىدۇللا |
| دۆلەتنۇر | رادىل | رەبىل |
| دۆلەتنىياز | راززاق | رەبىئۇللا |
| دۆلەتيار | رازى | رەپائىل |
| دۆلەتيۈسۈپ | رازىق | رەپپەق |
| دېھقانباي | رازىم | رەپقەت |
| دىلاۋەر | رازىمەن | رەپىق |
| دىلدار | راشى | رەپىئۇللا |
| دىلشاد | راشىد | رەجا |
| دىلمۇراد | راشىددىن | رەجەب |
| دىلمۇھەممەد | راغىب | رەجەبۇللا |

رەجىۋۇل
رەخمەت
رەخىم
رەشىد
رەشىددىن
رەشىدۇللا
رەقەم
رەقى
رەقىب
رەمەت
رەمتۇل
رەمزۇللا
رەمزى
رەمزىددىن
رەمنىياز
رەمۇللا
رەمى
رەمتىل
رەمتىللا
رەمىش
رەھبەر
رەھمان
رەھمەت
رەھمەتشاھ
رەھمۇل
رەھمىتۇل
رەھمىتۇللا
رەھمىددىن
رەھنامە
رەھىم
رەھىمباقى
رەھىمبەردى
رەھىمجان
رەھىمداد
رەھىمشاھ
رەھىمۇللا
رەۋەيدۇل
رەۋەيدۇللا
رۇبۇل
رۇبۇللا
رۇز
رۇزاق
رۇزالىم
رۇزۇللا
رۇزى
رۇزىتوختى
رۇزىقۇل
رۇزىمەت
رۇزىمۇھەممەد
رۇزىمۆمىن
رۇزىنىياز
رۇزىۋاقى
رۇستەم
رۇسلان
رۇسۇل
رۇسۇلشاھ
رۇمۇلخان
رىبىيىم
رىبات
رىپات
رىجا
رىجەك
رىجىت
رىزا
رىزاق
رىزائىددىن
رىزىقۇل
رىزىقۇللا
رىزىن
رىشات
رىشتى
رىنات
رىۋۇل
رىيات

## ز

زابىت
زاپىر
زاتخوجا
زاتۇك
زادە
زارى
زارىپ
زاكىر
زاكىرجان
زاكىرۇللا
زالى
زالخوجا
زامان
زامانشاھ
زامانۇس
زاماندىن
زامىر
زاھا
زاھايىددىن
زاھىد
زاھىددىن
زاھىدۇل
زاھىدۇللا
زاھىر
زاھىرىددىن
زاۋۇت
زايىم
زەبۇر

زەبىر
زەبىرۇللا
زەبىھ
زەبىھۇللا
زەپەر
زەپەرىدىن
زەپىرىدىن
زەربات
زەربىدىن
زەرىپ
زەرىپجان
زەرىدىن
زەكەرىيا
زەكى
زەلىل
زەمچە
زەمزەم
زەمىر
زەھىرۇللا
زەھىرىدىن
زەيدۇن
زەيدى
زەيدىن
زەينا
زەينۇل
زەينۇلئابىدىن
زەينۇللا
زەيىندىن
زەيىن
زوردىن
زوردىنشاھ
زورۇللا
زوقجان
زوھۇر
زوھۇرىدىن

زۇبدۇن
زۇپار
زۇپەر
زۇلال
زۇلاھىيەت
زۇلئابىدىن
زۇلەت
زۇلپىشاھ
زۇلپىقار
زۇلجالال
زۇلقار
زۇلقەت
زۇلقەر
زۇلقەرنەيىن
زۇلقەن
زۇلقەھرى
زۇلۇن
زۇليار
زۇمدۇن
زۇمرەت
زۇمرەتشاھ
زۇنۇن
زىمىن
زىبەي
زىبۇللا
زىكرۇل
زىكرۇللا
زىكرى
زىكرىيا
زىلال
زىلام
زىلامبەگ
زىلىخ
زىمام
زىمەدىن

زىممىتىللا
زىنان
زىنۋەرىيا
زىنۋىللا
زىيا
زىياد
زىيام
زىيانبەگ
زىياۋۇل
زىياۋۇللا
زىياۋۇلھەق
زىياۋى
زىيايىدىن
زىيىت

## س

ساباھ
ساباھى
ساباھىدىن
سابۇر
سابى
سابىت
سابىتىدىن
سابىر
سابىرمەت
سابىرنىياز
سابىرۇللا
سابىق
ساپاك
ساتتار
ساتتى
ساتقان
ساجىد
ساخار

ساداقەت
سادام
سادۇللا
سادىر
سادىق
سادىل
سادىللا
سادىم
سادىن
سارسال
سارمۇساق
ساغاش
ساغۇن
ساقى
ساكىم
ساكىن
سالام
سالامەت
سالاھىدىن
سالاۋات
سالجۇق
سالقىن
ساللات
سالمان
سالى
سالىپ
سالىخ
سالىك
سالىم
سالىھ
ساماخۇن
سامان
ساماۋەر
سامساق
ساملاق

سامۇت
سامۇر
سامۇس
سامى
سامىت
سامىخ
سامىدىن
سامىش
سانا
ساناۋۇل
ساناۋۇللا
سانجاپ
سانگۇن
سانىش
ساھابىدىن
ساھاپ
ساھام
ساھىب
ساھىببەگ
ساھىر
ساۋاق
ساۋۇت
ساۋۇر
ساۋۇق
ساۋى
سائىدىن
سايلام
سايلى
سايۇپ
سايىت
سايىم
سەببار
سەبلەت
سەبۇرى
سەبۇھ

سەبۇھۇللا
سەبىر
سەبىل
سەبىلەت
سەبىلۇللا
سەپەر
سەپەرجان
سەپەرنىياز
سەپەرۋاي
سەپەريار
سەپۋەت
سەپى
سەپىخ
سەپىدىن
سەپىلا
سەپىيۇللا
سەتەم
سەترىدىن
سەتىھ
سەجىر
سەخى
سەدەن
سەدەنشاھ
سەددىدىن
سەدۇق
سەدۇللا
سەدىر
سەدىردىن
سەدىقۇللا
سەدىن
سەردار
سەردىن
سەركىبەگ
سەرۋان
سەرۋەدىن

سەرۋەر
سەزگۈر
سەغىرجان
سەقى
سەلەي
سەلەيخان
سەلىم
سەمەتنىياز
سەمەد
سەمەر
سەمەرجان
سەمەن
سەمەندەر
سەمى
سەمىتىللا
سەمىجان
سەمىر
سەمىردىن
سەمىرۇللا
سەمىم
سەمىن
سەنئەتۇللا
سەھەت
سەھەر
سەھىبۇللا
سەۋرى
سەۋرىدىن
سەۋنۇل
سەۋنۇللا
سەۋۇگ
سەئىد
سىەئىددىن
سەئىدى
سەئىز
سەيبۇرخان
سەيپۇك
سەيپۇل
سەيپۇللا
سەيپۇلمۇلۇك
سەيپى
سەيپىدىن
سەيدالىم
سەيدەخمەت
سەيدەك
سەيدەكرەم
سەيدەكىم
سەيدەلى
سەيدلاچىن
سەيدۇل
سەيدۇللا
سەيدى
سەيدىقارى
سەيدىل
سەيدىماخمۇت
سەيدىمەمەت
سەيدىمىن
سەيدىنىياز
سەيدىۋاققاس
سەيدىۋاقى
سەيكۇن
سەيلا
سەيلاۋۇدۇن
سەيناخۇن
سەيت
سەيتئاباس
سەيتئەسقەر
سەيتباقى
سەييار
سەيىدىنا
سوغۇن
سوم
سومقارى
سوقى
سونە
سونغۇش
سۇبات
سۇباخۇن
سۇبهان
سۇبهانجان
سۇبهانقۇل
سۇبهانۇللا
سۇبۇر
سۇبۇھ
سۇپى
سۇپىتۇللا
سۇپىنىياز
سۇپىياخۇن
سۇقاقبۆكەن
سۇكقۇر
سۇلايمان
سۇلايمانشاھ
سۇلتان
سۇلتانقۇل
سۇلتانمۇراد
سۇلتانئەسەب
سۇلتانىم
سۇللا
سۇللال
سۇلھەت
سۇمبۇل
سۇمۇۋۇللا
سۇنۇر
سۇنئۇل
سۇنئۇللا
سۇۋان

سۈۋۈر
سۈيسۈر
سۈگۈ
سۈبھەت
سۈبھەتجان
سۈبھەتۇل
سۈبھەتۇللا
سۈبھى
سۈپۈرگە
سۈرئەت
سۈرگۈن
سۈرگۈنىياز
سۈزۈك
سۈزۈكھاجى
سۈلئەت
سۈلھەت
سۈلھەتجان
سۈلھى
سېپبۇللا
سېپىر
سېپىليا
سېتى
سېتباقى
سېتنىياز
سېتۋالدى
سېردان
سېلىم
سېلىمساق
سېمەر
سېھىردار
سىبەن
سىبىر
سىبىللا
سىپار
سىپەر
سىپىدۇللا
سىپىر
سىدە
سىدەخوجا
سىدىر
سىدىق
سىدىقۇللا
سىراجەخمەت
سىراجى
سىراجىدىن
سىراش
سىراي
سىلابىردىن
سلىخ
سىنان
سىنىپ
سىۋىر
سىيىت
سىيىتئەمەت

## ش

شائابدۇ
شائابدۇللا
شائەسقەر
شائەكبەر
شائەكرەم
شائەنۋەر
شائەھمەد
شابارات
شابان
شابۇرھان
شاپولات
شاپى
شاتتۇرسۇن
شاتۇر
شاتۇرا
شاتۇردى
شاتۇرسۇن
شاتۆمۈر
شاجاھان
شاجەلىل
شاخەلىل
شاداۋۇت
شادەي
شاددىل
شادى
شادىمەت
شاراپ
شاراخمان
شارەھمەت
شارەھىم
شارۇستەم
شارۇسۇل
شارۇللا
شازۇنۇن
شاساقى
شاسالمان
شاسالىھ
شاسەئىد
شاشېرىپ
شاشىدىن
شاغاپپار
شاغەنى
شاغۇپۇر
شاغۇلام
شاغىياس
شاقاسىم
شاقۇت
شاقۇربان

شاكامال
شاكۇپ
شاكىر
شاماۇت
شامەشرەپ
شامەقسۇت
شامەمەت
شامەنسۇر
شامەھمۇد
شامۇرات
شامۇزەپپەر
شامىخ
شامىددىن
شامىل
شامىن
شاناسىر
شانەپەس
شانەزەر
شانى
شانىياز
شاھا
شاھاب
شاھاتەم
شاھام
شاھاۋىدىن
شاھباز
شاھبەگ
شاھۇسەين
شاھىد
شاھىدىن
شاھىشەرەپ
شاھىمەردان
شاھىمبەردى
شاھىمقۇل
شاھىمنۇر

شائوسمان
شاۋا
شاۋاز
شاۋان
شاۋاھھاب
شاۋاي
شاۋەلى
شاۋۇدۇن
شائىر
شائىسلام
شائىسمەت
شائىسھاق
شائىق
شايا
شايۇسۇپ
شەپقەتجان
شەپقەتۇللا
شەپىق
شەپىئۇللا
شەدى
شەرپى
شەردان
شەرقىدىن
شەرۇللا
شەرۇللام
شەرۋازى
شەرىپ
شەرىپدىن
شەرىدىن
شەرىزات
شەمەر
شەمەردىن
شەمەك
شەمسى
شەمسىدىن

شەمشاد
شەمشەر
شەمشى
شەمشجاھان
شەمشىدىن
شەمشىر
شەمە
شەمىدىن
شەمى
شەمئى
شەنبە
شەھرۇللا
شەھرىدىن
شەھىدىن
شەھىد
شەھىدىن
شەۋق
شەۋقۇللا
شەۋقىدىن
شەۋقىديار
شەۋكەت
شەۋكەتۇللا
شەيخ
شەيخەلى
شەيخزادە
شەيخىدىن
شەيدايى
شەيدۇل
شەيدۇللا
شەيدىل
شەيدىن
شۇجائىدىن
شۇكقار
شۆھرەت
شۇكۇر

شېرىپ
شېرىپخان
شېرىن
شېرىنجان
شېپىق
شىراز
شىرازى
شىرئەلى
شىرجان
شىرجاھان
شىرخان
شىرداق
شىردىل
شىرزات
شىرزامان
شىرقۇل
شىرمەت
شىرمەرد
شىرمۇھەممەد
شىرۇللا
شىرىدىن
شىرىم
شىرىنبەگ
شىريازدان
شىريەت
شىملەك
شىۋاق

# غ

غاپپار
غاپىر
غاپىرجان
غاپىرخوجا
غاپىل
غازى
غازىبەگ
غالەخمەت
غالى
غالىب
غالىبجان
غالىبنىيەت
غانىم
غايۇپ
غايىب
غايىبنىياز
غەلبە
غەلبەكرەم
غەلىبجان
غەلىل
غەلىم
غەلىمەتشاھ
غەنەم
غەنى
غەنىئەسقەر
غەنىئەكبەر
غەنىدىن
غەنىزات
غەنىيار
غەنىيۇللا
غەۋس
غەۋسىدىن
غەيبۇللا
غەيرەت
غەيرۇللا
غەيۇر
غۇيۇر
غۇجاق
غۇجەك
غۇجى
غۇلام
غۇلامەت
غۇلامئەلى
غۇلامجان
غۇلامزادە
غۇلامشاد
غۇلامشاھ
غۇلامقادىر
غۇلامقارى
غۇلامنىياز
غۇلامھاجى
غۇلامھەسەن
غۇلامھۈسەيىن
غۇلامىدىن
غۇلمان
غېرىب
غېرىبجان
غېرىبشاھ
غىلابىدىن
غىلاجىدىن
غىلمان
غىياس
غىياسىدىن

# ق

قابۇس
قابىز
قابىل
قاپان
قاپلان
قاچغار
قادىر
قادىرخان
قادىرۋاي

قادىللا
قارا
قارىباقشى
قارىبەگ
قارىبۇغا
قارىتوين
قارىتۆمۈر
قارىتىگىن
قارىجان
قارىخان
قارىهاجى
قارىكۆز
قارىمۇق
قارىنۋاي
قازى
قازىبەگ
قازىدىن
قازىرىزا
قاسىم
قاسىمباي
قاسىمبەگ
قاسىمجان
قاسىمخان
قاسىمشاھ
قاغان
قاقچى
قالىقازۇت
قانائەتۇللا
قانىپولات
قانىتۆمۈر
قاندىم
قانىنياز
قاھھار
قاھىر
قاھىرجان
قاۋاش
قاۋشۇت
قاۋۇز
قاۋۇش
قاۋۇل
قاۋۇلبەگ
قاۋۇلجان
قائىد
قائىدۇللا
قائىدىن
قائىمۇللا
قايتماس
قايمان
قايۇپ
قايۇم
قايىل
قايىلجان
قايىم
قەدە
قەدەر
قەدەم
قەدەمبەگ
قەدەمشاھ
قەدەميار
قەدىر
قەدىردان
قەدىردىن
قەدىرى
قەدىمباي
قەرەپ
قەسەم
قەشەمباي
قەششەم
قەشقەر
قەشقەرباي
قەلەم
قەلەمشاھ
قەلبىشاد
قەلبىم
قەلى
قەمەر
قەمىردىن
قەندىل
قەھەر
قەھرىمان
قەھرا
قەۋامىدىن
قەۋمىدىن
قەۋۇللا
قەۋى
قەيسا
قەيسەر
قەيس
قەييۇم
قوتەم
قورقماس
قوزا
قوزى
قوزىمەت
قوزىنۋاي
قوشتۆمۈر
قوشدۆلەت
قوشماق
قوشماقباي
قوشمەت
قوشنىياز
قولتۇق
قولداش
قولداشمەت
قومراخۇن

قوناق
قۇبەك
قۇتبى
قۇتبىدىن
قۇتقۇز
قۇتلۇق
قۇتلۇقبەگ
قۇتلۇققەدەم
قۇتلۇقئوغۇل
قۇتۇب
قۇتۇبى
قۇتۇزار
قۇتۇم
قۇتۇن
قۇتىدىن
قۇدات
قۇداق
قۇددۇس
قۇددۇسخان
قۇددۇسشېرىپ
قۇدرەت
قۇدرەتۇللا
قۇربان
قۇربانەلى
قۇربانباي
قۇربانبەگ
قۇربانخوجا
قۇربانشاھ
قۇربانىياز
قۇربانىدىن
قۇرداش
قۇرنەم
قۇزايىت
قۇززات
قۇززىتۇللا
قۇلاق
قۇلان
قۇلبەگ
قۇلخوجا
قۇلزات
قۇلنەزەر
قۇلۇن
قۇلى
قۇمۇل
قۇنام
قۇنانباي
قۇندۇزجان
قۇنىياز
قۇۋان
قۇۋانتۇز
قۇۋانجان
قۇۋاندىق
قۇياش
قۇياشبەگ
قۇياشجان
قىيۇم
قىران
قىرانمۇھەممەد
قىسمەت
قىلىچ
قىممەت
قىيار
قىياس
قىينجان

## ك

كاپالەت
كاتىپ
كاتىم
كادىر
كارامەت
كارامەتۇللا
كازىم
كازىمجان
كاشىپ
كامال
كامالبەگ
كامالىدىن
كامىران
كامىرون
كامىل
كامىلجان
كەبىر
كەبىرۇللا
كەبىرىدىن
كەرىش
كەرىم
كەرىمبەردى
كەرىمشاھ
كەرىمۇللا
كەكاخۇن
كەلدى
كەمتەرجان
كەنجالىم
كەنجى
كەۋسەر
كەۋسەرىدىن
كەيكاۋۇس
كونترا
كۇپايە
كۇپايىتۇللا
كۇرشات
كۆسەي
كۆكۆلداش

كۆچۈك
كۆرەش
كۆرەشجان
كۆنبەگ
كۆنچىقار
كىپەك
كىپەكنىياز
كىپە
كىچىكئاخۇن
كىچىكھاجى
كىرەم
كىشمىش
كىمسەم
كىۋىر
كىۋىرۇللا
كىيىك

## گ

گايىت
گۇمنام
گۆھەرشاھ
گۆزەر
گۇسۇت
گۈلەخمەت
گۈلبەگ
گۈلجەۋھەر
گۈلدىيار
گۈلشاھ
گۈلمەت
گۈلمەممەت
گىگىل
گىيىت

## ل

لاپىز
لاتىپ
لاچىن
لاچىنبەگ
لازاق
لازىم
لازىمبەگ
لاقىت
لاياقەت
لايىقجان
لەتىپ
لەتىپخان
لەلە
لەمەنشاھ
لوقمان
لۇتپۇسەيىد
لۇتپۇللا
لۇتپى
لۇتپىدىن
لىتىپ
لىۋا
لىۋائىدىن
لىۋىر

## م

مائالى
مائەم
ماتىۋاي
ماتىۋىن
ماجىد
ماجىدۇللا
ماراتشاھ
ماردىن
مارسۇل
ماركا
ماسەم
مالىك
مامۇت
مامۇر
مامۇش
مامۇن
مامىلى
مانزاق
مانناپ
مانناپجان
ماھىت
ماھىر
ماھىردىن
ماھىرشاھ
ماھىمجان
ماۋاق
ماۋاقى
ماۋى
ماياق
ماياقبەگ
مايىت
مايىدىن
مايىل
مايىمجان
مەبۇل
مەبىب
مەپاخۇن
مەپىز
مەتالىم
مەتەزىز
مەتەيسا
مەتتەقى
مەتبارات
مەتتارى
مەتتوختى
مەتتۇردى
مەتتۇرسۇن
مەتجان
مەتجىلىل

مه تخان
مه تخبلىل
مه تروزى
مه تروسول
مه تربهسم
مه تزا هست
مه تزىرىپ
مه تسا بىر
مه تسادىر
مه تساقى
مه تسالى
مه تساۋور
مه تسايت
مه تسايىم
مه تسه ئت
مه تسه ئدى
مه تسپلىم
مه تست
مه تسدىق
مه تشاھ
مه تشاۋاي
مه تغوپور
مه تقارى
مه تقاسىم
مه تقان
مه تقوربان
مه تقول
مه تكبرىم
مه تموسا
مه تنه زەر
مه تنورى
مه تنىاز
مه تئومەر
مه تۋاقى
مه تۋەلى

مه تيار
مه تياقوپ
مه تيوسوپ
مه جىد
مه جىددىن
مه جىدوللا
مه خه ت
مه خپى
مه خته م
مه ختوم
مه خدوم
مه خسوم
مه خمه ل
مه خموت
مه خموللا
مه ده تكار
مه دهىيه
مه دوللا
مه دى
مه راۋاي
مه رەپ
مه رەج
مه ردالىم
مه ردان
مه ردانه
مه ردى
مه رزوق
مه رغوب
مه رغول
مه رگه ن
مه رگيا
مه روپ
مه روپجان
مه روللا
مه زهه پ

مه زور
مه زىد
مه زىم
مه زىن
مه سادى
مه سه زى
مه سرور
مه سوم
مه سئود
مه سىر
مه سىردىن
مه شه مجان
مه شئه ل
مه شرەپ
مه شرىق
مه شهه ت
مه شهور
مه شهورجان
مه شوت
مه شور
مه شوق
مه شىت
مه شىق
مه غپور
مه غرور
مه غرىب
مه غزەم
مه قبول
مه قدور
مه قرەب
مه قسه ت
مه قسود
مه كتوللا
مه ككه م
مه كىت

مه كىدۇللا
مه ڭسۇر
مه ڭلىك
مه ڭنه م
مه ڭنياز
مه لتۇپ
مه لۇمجان
مه لىك
مه مه ت
مه مه تا يۇپ
مه مه تپاسار
مه مه تجالالدىن
مه مه تخان
مه مه تزاكىر
مه مه تسيلىم
مه مه تمۇسا
مه مه تناسىر
مه مه تۇرا يىم
مه مه تۇللا
مه مه تۋاقى
مه متىمىن
مه متۆۋەر
مه مدالى
مه مدۇن
مه مدىن
مه مرا
مه مۇر
مه مۇل
مه مىدىن
مه نزەر
مه نزۇر
مه نسۇر
مه ننان
مه هه م
مه هبۇب

مه هپۇز
مه هدى
مه هكه م
مه همۇد
مه ۋلان
مه ۋلانا
مه ۋلايار
مه ۋلىۋى
مه ۋۇپ
مه ۋۇل
مه ۋۇللا
مه ئىشه
مه يپۇل
مه يدۇللا
مه يدۇن
مه يدىن
مه يناخۇن
مه ينه م
مه ينۇس
مه ينۇللا
مه ينۇن
مه ينىدىن
مه يىن
مه يىنشاه
مورد‌ۇن
مورسۇل
موسۇت
موله ن
مولدۇز
موللا
موللاپپاق
موللاجى
موللاخۇن
موللاربهىم
موللاش

موللاشىم
موللاغىياس
موللاق
موللام
موللاۋات
موللاۋلا
موللاۋۇت
موللاۋىدىن
موللايۇپ
موللايىت
مولله خمه ت
مولله ك
مولله مه ت
مولله يسا
موللىبارات
موللىتاجى
موللىتالىب
موللىتاۋار
موللىتوختى
موللىتۇردى
موللىتۆمۇر
موللىجه مجىم
موللىچاۋار
موللىدابىت
موللىروزى
موللىربهىم
موللىرىشت
موللىزات
موللىزاده
موللىسابىت
موللىسالىم
موللىساهىب
موللىساۋۇر
موللىشه مشى
موللىسىدىق

موللىقۇۋان
موللىكېپەك
موللىكۈر
موللىگاڭ
موللىنەمەت
موللىنۇر
موللىنىياز
موللىھاپىز
موللىھوشۇر
موللىئوسمان
موللىمىن
موللىۋاقى
موللىيار
موللىيەھيا
مولىزىيا
مونۇر
مويبۇل
مويبۇللا
مويدۇللا
مويىدىن
مۇئادىل
مۇئايىد
مۇئايىدىن
مۇئەززەم
مۇئەللا
مۇئەييىدىن
مۇبارەك
مۇبارەكشاھ
مۇبارىز
مۇباشىر
مۇبەششەر
مۇبەششىر
مۇبەللا
مۇبتەدى
مۇبىن

مۇپتۇل
مۇپتۇللا
مۇپتى
مۇپتىز
مۇتەئالى
مۇتەل
مۇتەللا
مۇتەللىپ
مۇتەللىم
مۇتىئۇللا
مۇتىۋەللى
مۇتىئى
مۇجاھىد
مۇجەسسەم
مۇجىب
مۇجىبۇل
مۇجىبۇللا
مۇجىتىللا
مۇجىد
مۇخەممەر
مۇخپۇل
مۇختار
مۇختارنايىپ
مۇختەبەر
مۇختەدىل
مۇختەسەر
مۇخلىس
مۇدەسسىر
مۇراد
مۇرادىللا
مۇراسىل
مۇرتەزا
مۇرسىل
مۇرشىد
مۇزات

مۇزاتجان
مۇزەپپەر
مۇزەپپەن
مۇزەم
مۇسا
مۇسائىد
مۇسائىدىن
مۇسەپپا
مۇسەددەس
مۇسەللى
مۇسەللىم
مۇسئەد
مۇستاپا
مۇستەغنى
مۇستەقىم
مۇستەلىم
مۇستەئىد
مۇسلەي
مۇسلەيدىن
مۇسلىدىن
مۇسلىم
مۇسلىمۇدىن
مۇسۇل
مۇسۇلمانقۇل
مۇغزەم
مۇغنى
مۇغىس
مۇقارىب
مۇقاۋۇل
مۇقەددەر
مۇقەددەم
مۇقەددىر
مۇقەددىم
مۇقەررەب
مۇقەۋۋى

مۇقبىل
مۇقتەدىر
مۇقتىدى
مۇقتىزەر
مۇقىست
مۇقىت
مۇقىم
مۇقىيات
مۇكەررەمۇللا
مۇگار
مۇلۇتجان
مۇمۇت
مۇمۇن
مۇمىت
مۇناجىدىن
مۇنار
مۇناردىن
مۇنەببىھ
مۇنەك
مۇنەكشە نىبى
مۇنەڭ
مۇنەۋۋەر
مۇنتەزىر
مۇنتەسىر
مۇنتەقىم
مۇنتىزار
مۇنزىر
مۇنزىردىن
مۇنۇر
مۇنىب
مۇنىر
مۇنىرجان
مۇنىرۇللا
مۇنىردىن
مۇنىس

مۇنىم
مۇھاپىز
مۇھامىدىن
مۇھەممەد
مۇھەممەد ئابدۇللا
مۇھەممەد ئەزىز
مۇھەممەد ئەلى
مۇھەممەد ئەمىن
مۇھەممەد باقى
مۇھەممەد تۇردى
مۇھەممەد تۇرسۇن
مۇھەممەد جان
مۇھەممەد جەلىل
مۇھەممەد خەلىل
مۇھەممەد رەھىم
مۇھەممەد روزى
مۇھەممەد زەرىپ
مۇھەممەد سابىر
مۇھەممەد ساقى
مۇھەممەد سالىھ
مۇھەممەد سەلىم
مۇھەممەد سەئىد
مۇھەممەد سەيدى
مۇھەممەد سىدىق
مۇھەممەد موللا
مۇھەممەد نەزەر
مۇھەممەد نۇر
مۇھەممەد نىياز
مۇھەممەد ۋەلى
مۇھەممەد يار
مۇھەممەد يۈسۈپ
مۇھەممىدىن
مۇھتەدى
مۇھتەدىن
مۇھتەرەم

مۇھتەسىب
مۇھتەلىم
مۇھسىن
مۇھكەم
مۇھلىجان
مۇھىب
مۇھىبۇدىن
مۇھىبۇل
مۇھىبۇللا
مۇھىت
مۇھىتجان
مۇھىتۇللا
مۇھىددىن
مۇھىدۇل
مۇھىدۇللا
مۇھيى
مۇھيىدىن
مۇۋاشىر
مۇۋاكشىر
مۇۋەككىل
مۇئىد
مۇئىدىن
مۇئىدۇللا
مۇئىز
مۇئىززى
مۇئىززىدىن
مۇيەسسەر
مۆبۇللا
مۆتۆتۇللا
مۆتىۋەر
مۆجىزە
مۆسۈن
مۆكسۈن
مۆمىن
مۆمىنۇللا

مۆھتەرەم
مۆۋۆل
مۆيدىن
مۆلۆك
مۆلۆكھاجى
مىنەم
مىھمان
مىھمانباي
مىھمانشاھ
مىھماننىياز
مىھرۇللا
مىھرىدىن
مىھرجان
مىھرزات
مىتۆللا
مىر
مىرا
مىرابىت
مىراپ
مىراجى
مىراخ
مىرادىل
مىرال
مىرالى
مىرالىم
مىرامەت
مىرامجان
مىران
مىرانشاھ
مىراۋاي
مىراۋلا
مىراۋۇت
مىراۋۇدۇن
مىراۋۇللا
مىراي

مىرەك
مىرەمزى
مىرەلى
مىرەھەد
مىرەھمەد
مىرەھمەدۇللا
مىرەزەم
مىرباھار
مىربەردى
مىربۇللا
مىرپازىل
مىرتالىب
مىرتەيىب
مىرتۆمۆر
مىرجان
مىرخان
مىرخەلىل
مىردۆلەت
مىرەسۇل
مىرزا
مىرزابدىلىم
مىرزات
مىرزادە
مىرزالىم
مىرزامان
مىرزاھىد
مىرزاھىر
مىرزەبان
مىرزەپەر
مىرزەت
مىرزەخمەت
مىرزەكى
مىرزەم
مىرزەھمەد
مىرزۇلال

مىرزۇۋان
مىرزىبەگ
مىرزىجان
مىرزىخوجا
مىرزىدۆلەت
مىرزىزادە
مىرزىزامان
مىرزىقول
مىرزىكامىل
مىرزىكەرىم
مىرزىۋاقى
مىرزىياقۇپ
مىرساپا
مىرساقى
مىرسالى
مىرسالىم
مىرسالىھ
مىرسەپەر
مىرسەئىد
مىرسۇلتان
مىرسىيىت
مىرشاد
مىرشاھ
مىرشاھىد
مىرشەرىپ
مىرغازات
مىرغالى
مىرغۇلام
مىرغىياس
مىرقادىر
مىرقەدەم
مىركامال
مىركامىل
مىركەرىم
مىرمۇسا

مىرمۇھەممەد
مىرنەزەر
مىرھاجى
مىرھاشىم
مىرھايات
مىرھەسەن
مىرھەيدەر
مىرۇل
مىرۇللا
مىرۋاپا
مىرۋاقى
مىرۋەلى
مىرىدىن
مىرىزىم
مىرئىلياس
مىرىم
مىرىمچوك
مىزراپ
مىزىۋاقى
مىسەن
مىسراق
مىسران
مىسيا
مىشاخۇن
مىشاۋاي
مىكايىل
مىللەتجان
مىلىك
مىمان
مىناجىدىن
مىيىن

# ن

نابىد
ناپىر
ناجى
ناجىم
ناخۇن
نادى
نادىر
نادىل
نادىم
نارۇپ
نارىم
نارىمباي
نارىن
نازاك
نازەت
نازەم
نازى
نازىر
نازىل
نازىم
نازىمەت
ناسىب
ناسىخ
ناسىر
ناسىرجان
ناسىرۇللا
ناسىقۇل
ناسىھ
ناشىر
ناقىس
ناماخۇن
نامازدىن
ناماق
نامان
نامەت
نامۇنار
نامىل
ناۋاي
ناۋۇل
نائىب
نائىل
نائىلجان
نائىم
نايۇپ
نايىت
نايىك
نەبى
نەبىجان
نەبىرە
نەبىل
نەبىيۇللا
نەپىز
نەپىس
نەپىسجان
نەجمىدىن
نەجۆى
نەجىب
نەجىبۇل
نەجىبۇللا
نەجىبى
نەجىم
نەدىر
نەدىم
نەزەر
نەزەرەلى
نەزەرشاھ
نەزەرقۇل
نەزەرۋاي
نەزەم
نەزىر
نەزىردىن

| | | |
|---|---|---|
| نەزىل | نەۋرىدىن | نۇربەگ |
| نەزىم | نەۋقىران | نۇرتاي |
| نەزىمجان | نەۋكەر | نۇرتىيىپ |
| نەزىمۇھەممەد | نەۋمىدىن | نۇرجامال |
| نەستۇللا | نەۋىل | نۇرجان |
| نەسرۇل | نەئىم | نۇرخوجا |
| نەسرۇللا | نەئىمۇللا | نۇردۇن |
| نەسى | نەيمۇل | نۇردۇم |
| نەسىب | نەيىم | نۇرزات |
| نەسىر | نوجى | نۇرسالىھ |
| نەسىردىن | نودەر | نۇرسەيدۇل |
| نەسىم | نورۇز | نۇرسەيدۇللا |
| نەسىمجان | نورۇزات | نۇرشاد |
| نەشپۇت | نوشاڭ | نۇرشاھ |
| نەشۋەت | نۇجۇب | نۇرشەرىپ |
| نەغەم | نۇر | نۇرغالى |
| نەغمەت | نۇراجى | نۇرغۇلام |
| نەغىم | نۇراخۇن | نۇركامال |
| نەقى | نۇرادىل | نۇركامىل |
| نەقىب | نۇرازاد | نۇركەنجى |
| نەقشجاھان | نۇراسىم | نۇرلا |
| نەقۇل | نۇرالى | نۇرلان |
| نەكرى | نۇرالىم | نۇرلۇق |
| نەكىر | نۇرامەت | نۇرمان |
| نەمەت | نۇرامەدىن | نۇرمەت |
| نەمەك | نۇرامبەت | نۇرمۇھەممەد |
| نەمەنشاھ | نۇرامبەگ | نۇرنەمەت |
| نەمدالى | نۇرامىدىن | نۇرھاجى |
| نەمى | نۇرەخمەت | نۇرھاشىم |
| نەمتەم | نۇرەش | نۇرھاياد |
| نەمتۇللا | نۇرەك | نۇرۇل |
| نەمىر | نۇرەلى | نۇرۇللا |
| نەۋباھار | نۇرەمەت | نۇرۇم |
| نەۋپەل | نۇرەنبەگ | نۇرۇمباي |
| نەۋدار | نۇرەھمەد | نۇرۇمبەگ |

نۇرۋىباي
نۇرى
نۇرىددىن
نۇرىمان
نۇسرەت
نۇسرەتۇللا
نىغمەت
نىمەت
نىمىتۇللا
نىبۇۋۇللا
نىبىزۇللا
نىجات
نىدا
نىدىر
نىزار
نىزام
نىزامەت
نىزامىددىن
نىزەمەت
نىشان
نىقى
نىمشەھىد
نىمۇل
نىمۇللا
نىياب
نىياز
نىيازبەگ
نىيازقۇل
نىيازمەتخان
نىيازۋاقى
نىيبەت

## ھ

ھابىل
ھاپىز
ھاتەم
ھاتەمجان
ھاتىپ
ھاجەكبەر
ھاجى
ھاجىب
ھاجىبەگ
ھاجىخوجا
ھاجىراخمان
ھاجىرەھمەت
ھاجىسىدىق
ھاجىقارى
ھاجىقاسىم
ھاجىكاخۇن
ھاجىم
ھاجىمەت
ھاجىنىياز
ھاجىئۆمەر
ھاجىۋاقى
ھاجىۋاي
ھاجىياقۇپ
ھادەك
ھادى
ھادىخوجا
ھادىل
ھادىم
ھادىمۇھەممەد
ھارۇت
ھارۇن
ھارىس
ھارىل
ھارىن
ھازىر
ھازىق
ھازىم
ھاسسا
ھاسىل
ھاسىن
ھاشىت
ھاشىر
ھاشىم
ھاكى
ھاكىم
ھاكىمجان
ھالاۋەت
ھامات
ھامۇت
ھامۇتخان
ھامۇدۇن
ھامۇق
ھامۇل
ھامۇن
ھامى
ھامىد
ھامىددىن
ھامىر
ھامىز
ھامىل
ھانىس
ھاۋاز
ھاۋۇز
ھاۋۇل
ھاۋىل
ھائىل
ھايات
ھاياتۇللا
ھەبى
ھەبىب
ھەبىبۇل

هه بیبوڵلا
هه بیبزاده
هه بدوڵلا
هه بیل
هه بیللا
هه پیز
هه پیزوڵ
هه پیزوڵلا
هه تتام
هه تیب
هه جیبوڵ
هه دیل
هه دیلشاه
هه دیم
هه ردهم
هه زرهت
هه زیتوڵلا
هه زیر
هه زیرهت
هه زیز
هه زیا
هه سه ك
هه سه ل
هه سه لیدین
هه سه ن
هه سه نیدین
هه سرهت
هه سوق
هه سن
هه ق
هه قتوڵلا
هه ققاری
هه ققانی
هه ققوڵلا

هه ققوڵی
هه ققوڵبه گ
هه قنه زهر
هه قیقه ت
هه کیم
هه کیمدین
هه للاجی
هه لیل
هه لیم
هه لیمنیاز
هه لیمدین
هه مه ر
هه مه رنیاز
هه مدهم
هه مدهمبه گ
هه مدوڵ
هه مدوڵلا
هه مراقوڵ
هه مزه
هه مزهمان
هه مزوڵ
هه مزی
هه مزیل
هه مید
هه میر
هه میم
هه ننا
هه نناجی
هه ننان
هه ڤیل
هه ڤیللا
هه یدهر
هه یدهربه گ
هه یدهرقوڵ

هوشوڕ
هوڕمان
هوما یون
هوڤه یدا
هۆجیتللا
هۆرمه ت
هۆرمه تجان
هۆریدین
هۆسه ین
هۆسه ینیدین
هۆسنی
هۆسنجان
هۆسنیدین
هیزیم
هیسا پیای
هیکمه ت
هیکمه توڵلا
هیکمه تیار
هیکیم
هیکیمجان
هیکیمشاه
هیله ك
هیلیم
هیلیمجان
هیلیمشاه
هیلماجی
هیلیمنیاز
هینپیدین
هیبیت
هیبیته م
هیبیتقاری
هیبیتقوڵ
هیبیتمه مه ت
هیبیتنیاز

هىدايەت
هىدايەتۇللا
هىدايى
هىزبۇل
هىزبۇللا
هىزى
هىسام
هىسامەت
هىسامىدىن
هىلاجى
هىلال
هىلالىدىن
هىلەكنىياز
هىمات
هىممەت
هىممەت
هىمىش
هىۋەك

## ئو

ئوبۇق
ئوبۇل
ئوبۇلئەلا
ئوبۇلئەيسا
ئوبۇلبارى
ئوبۇلپەزلى
ئوبۇلتاجى
ئوبۇلتارى
ئوبۇلتاھىر
ئوبۇلخەيرى
ئوبۇلغازى
ئوبۇلقادىر
ئوبۇلقاسىم
ئوبۇلقاھىر
ئوبۇلكامىل
ئوبۇللا
ئوبۇلھاجى
ئوبۇلھەسەن
ئوبۇلھۇدا
ئوبۇليار
ئوبۇلياسىن
ئوبۇليۇسۇن
ئوردۇشاھ
ئوزەك
ئوسمان
ئوسمانجان
ئوسمانقۇل
ئوسماننىياز
ئوسىت
ئوغلەم
ئوغۇز
ئوغۇزخان
ئولمايىت
ئوليان
ئومان

## ئۇ

ئۇتار
ئۇتۇق
ئۇچار
ئۇچقۇن
ئۇچقۇنجان
ئۇدۇرنىياز
ئۇدۇق
ئۇرشات
ئۇلاتا
ئۇلەمزە
ئۇلپۇز
ئۇلۇغ
ئۇلۇغبەگ
ئۇلۇغمۇھەممەد
ئۇلوغنىياز
ئۇليا
ئۇليار
ئۇۋەيس
ئۇۋەيسىدىن
ئۇيسۇن
ئۇيغۇر
ئۇيغۇن
ئۇيۇپ

## ئۆ

ئۆتكۈر
ئۆدەك
ئۆركەش
ئۆرمەك
ئۆرۈپ
ئۆزەك
ئۆزگەن
ئۆكتەبىر
ئۆكتەم
ئۆكتەمنىياز
ئۆمەر

## ئۈ

ئۈمبۈت
ئۈممەت
ئۈمىد

ئۇنۇم
ئۇۋەش

## ۋ

ۋاپا
ۋاپابەگ
ۋاپادار
ۋاپىر
ۋاجىد
ۋارىس
ۋارىسجان
ۋاسلى
ۋاسى
ۋاسىت
ۋاسىق
ۋاسىل
ۋاقايىتىللا
ۋاققاس
ۋاقى
ۋاقىپ
ۋالى
ۋالىم
ۋانايەت
ۋاھاپ
ۋاھىب
ۋاھىد
ۋائىز
ۋايىس
ۋەرۇق
ۋەزىر
ۋەسىل
ۋەسىم
ۋەكىل
ۋەلى
ۋەلىشىر
ۋەلىم
ۋەيىل
ۋىسام
ۋىلاخۇن
ۋىلدان
ۋىلۋاي

## ئې

ئېتەك
ئېتبار
ئېدىل
ئېكسانجان
ئېكىن
ئېكىنزار
ئېلاخۇن
ئېلتاي
ئېلمەت
ئېلمۇراد
ئېلۋاقى
ئېھترام
ئېھتىيات
ئېھرام
ئېھرامجان
ئېھسان
ئېيىتنۇردى

## ئى

ئىبراھىم
ئىبراي
ئىبرۇل
ئىبىل
ئىپتىخار
ئىجاد
ئىجادجان
ئىخپا
ئىختىيار
ئىخلاس
ئىدرىس
ئىدۇل
ئىدىن
ئىرپان
ئىرشاد
ئىرىمبەك
ئىزاق
ئىزباسار
ئىززەتۇل
ئىززەتۇللا
ئىزنىللا
ئىزھار
ئىزىم
ئىسار
ئىسارخوجا
ئىسام
ئىسامەت
ئىسەن
ئىسەنقۇل
ئىسپەندىيار
ئىسراپىل
ئىسرار
ئىسران
ئىسرائىل
ئىسكەندەر
ئىسلام
ئىسلامجان
ئىسلامقۇل
ئىسلامنىياز
ئىسلاھات

ئىسمائىل
ئىسمەت
ئىسمەتيار
ئىسمەك
ئىسمىتۇللا
ئىسهاق
ئىسيان
ئىشان
ئىشانچوك
ئىشقۇللا
ئىشقىيار
ئىشىق
ئىقاي
ئىقبال
ئىكرام
ئىگەم
ئىگەمبەردى
ئىلاجىدىن
ئىلاق
ئىلاۋىدىن
ئىلتىپات
ئىلتىرىش
ئىلدار
ئىلدان
ئىلچىن
ئىلغار
ئىلمام
ئىلمىدىن
ئىلهام
ئىلهامىدىن
ئىلىك
ئىلمىزات
ئىلىيات
ئىلياس
ئىمادىدىن
ئىمادىن
ئىمام
ئىمامەت
ئىمامشاھ
ئىمامقۇلى
ئىمامنىياز
ئىمامىدىن
ئىمانقۇل
ئىمران
ئىممەت
ئىمىر
ئىمىش
ئىمىن
ئىمىنتۇرا
ئىمىننىياز
ئىناق
ئىنئام
ئىنئامشاھ
ئىنئامىدىن
ئىناۋەت
ئىنايەت
ئىنايىتۇللا
ئىنتىزار
ئىنقىلاب
ئىنقىلابجان
ئىۋەك
ئىۋىدۇل
ئىۋىدۇللا

## ي

ياپچان
ياخان
ياخشى
يادى
يادىگار
يار
ياران
يارئەلى
ياربەختى
يارتا
يارتاي
يارسەئىد
يارقارى
يارقىن
يارمەت
يارمۇھەممەد
يارنىياز
يارى
ياسىر
ياسىن
ياشات
ياشار
ياقۇب
ياقۇببەگ
ياقۇش
ياقىن
يالقۇن
ياماق
يانتاق
يەمەن
يەمەنجان
يەهيا
يولبولدى
يولداش
يولۋاس
يولۋاسخان
يونۇر
يۇردى
يۇرمان
يۇسرا
يۇلتۇزبەگ
يۇنۇس
يۇسۇپ
يۇسۇپئەخمەت
يۇسۇپباي
يۇسۇپقادىر
يىمىش
يىمىشبەگ

## 2. ئاياللارنىڭ ئىسىملىرى

### ئا

ئابىباسە
ئابۇسخان
ئابىتخان
ئابىداي
ئابىدە
ئابىدەم
ئابىدىقىز
ئابىدىگۈل
ئابىدىنىسا
ئابىنچۇ
ئابىنىق
ئابىھايات
ئاپپاق
ئاپپاقاي
ئاپپاقخان
ئاپپاققىز
ئاپپاقگۈل
ئاپرىل
ئاپىرىن
ئاپىيەت
ئاتايارخان
ئاتەشبۇۋى
ئاتەشخان
ئاتەشقىز
ئاتەشگۈل
ئاتەك
ئاتىپە
ئاتىخان
ئاتىرە
ئاتىرەم
ئاتىكە
ئاتىكەمخان
ئاتىگۈل
ئاتىلا
ئاتىلخان
ئاجىزە
ئاچىلاي
ئاچىلدىخان
ئاچىلدىگۈل
ئاچىلگۈل
ئاچىلنىياز
ئادالەت
ئادالەتگۈل
ئادالەتنىسا
ئادىلە
ئادىلاي
ئادىلگۈل
ئادىنە
ئادىنەم
ئادىيەم
ئاراماي
ئارامگۈل
ئارەستىخان
ئارتۇقاي
ئارتۇقبۇۋى
ئارتۇقگۈل
ئارخان
ئارزۇئاي
ئارزۇپاشا
ئارزۇخان
ئارزۇگۈل
ئارزۇنىسا
ئارزىم
ئارزىيە
ئارمان
ئارماناي
ئارمانگۈل
ئارماننىسا
ئارىپە
ئارىزە
ئارىمخان
ئارىيە
ئازاداي
ئازادە
ئازادەم
ئازادگۈل
ئازادنۇر
ئازادنىسا
ئازادىگۈل
ئازارە
ئازنىخان
ئازنىقىز
ئازنىگۈل
ئازىخان
ئازىقىز
ئازىگۈل
ئازىماي
ئازىمە
ئازىمگۈل
ئاستانە

ئاسغۇ
ئاسۇدە
ئاسۇدەم
ئاسۇر
ئاسۇرە
ئاسىپاي
ئاسىپە
ئاسىپەم
ئاسىپقىز
ئاسىپگۈل
ئاسىخان
ئاسىدە
ئاسىرا
ئاسىرىگۈل
ئاسىرە
ئاسىلە
ئاسىما
ئاسىماي
ئاسىمە
ئاسىمخان
ئاسىمگۈل
ئاسىيە
ئاسىيەم
ئاسىيبانۇ
ئاشاخان
ئاشى
ئاشبۈۋى
ئاشىرە
ئاشىرخان
ئاشىگۈل
ئاغال
ئاغچخان
ئاغچقىز
ئاغىنە
ئاغىنخان
ئاغىنسا

ئاقالتۇن
ئاقايلا
ئاقايىم
ئاقبۈۋى
ئاقبېكە
ئاقبېلىق
ئاقچە
ئاقچى
ئاقچىخان
ئاقخان
ئاقسەدەب
ئاقسۇلتان
ئاققىز
ئاقكۆڭۈل
ئاقكۈمۈش
ئاقگۈزەل
ئاقگۈل
ئاقلەيلى
ئاقمۇراد
ئاقنازىنىن
ئاقنۇر
ئاقنىسا
ئاقنىياز
ئاقنىيەت
ئاقئۈزۈم
ئاقىلاي
ئاقىلە
ئاقىلخان
ئاقئۆمەت
ئالانۇر
ئالامەت
ئالاھىدە
ئالتۇن
ئالتۇناي
ئالتۇنە
ئالتۇنپاشا

ئالتۇنخان
ئالتۇنقىز
ئالتۇنگۈل
ئالتۇننۇر
ئالتۇننىسا
ئالما
ئالمارە
ئالماسخان
ئالمام
ئالمىخان
ئالمىرە
ئالمىقىز
ئالمىگۈل
ئالىنا
ئالىخان
ئالىرات
ئالىقىز
ئالىگۈل
ئالىمانخان
ئالىمە
ئالىمقىز
ئالىمگۈل
ئالىمنىسا
ئالىمنۇر
ئالىنۇر
ئالىنىسا
ئالىيە
ئالىيە بۈۋى
ئامان
ئامانئاي
ئامانەت
ئامانەتگۈل
ئامانخان
ئامانگۈل
ئامانىنا
ئامانىسا

ئامانيول
ئامه تخان
ئامره
ئامله
ئاملىنسا
ئامنه
ئامنگۈل
ئاناتۇخان
ئاناچ
ئانار
ئانارەم
ئانار بۇۋى
ئانارجامال
ئانارجاھان
ئانارخان
ئانارقىز
ئانارگۈزەل
ئانارگۈل
ئانارنسا
ئانبه خت
ئانىخان
ئانسه
ئانقىز
ئانگۈل
ئانىنۇر
ئاۋازخان
ئاۋه تاي
ئاۋه تخان
ئاۋه تنسا
ئائىده
ئائىزه
ئائىزەم
ئائىزخان
ئائىشه
ئائىشبۇۋى
ئاياز

ئايه تخان
ئايه تقىز
ئايه تگۈل
ئايه تنسا
ئايه م
ئايەزىم
ئايبالداق
ئايبانۇ
ئايباھار
ئايبه ختى
ئايبه دەن
ئايبه رنا
ئايبوستان
ئايبولسۇن
ئايبۇلاق
ئايبۆرى
ئايبۇۋى
ئايبىكه
ئايبىلىق
ئايپاتەم
ئايپاتمه
ئايپاشا
ئايپەردە
ئايپەرى
ئايپۇجۇك
ئايپۇلات
ئايتاۋار
ئايتەۋەككۈل
ئايتوختاش
ئايتوختى
ئايتولان
ئايتولسۇن
ئايتولۇن
ئايتۇ
ئايتۇرا
ئايتۇراق

ئايتۇران
ئايتۇرسۇن
ئايتۇرغان
ئايتۇغدى
ئايتۇغقان
ئايتۇمار
ئايتۇنسا
ئايتۆره
ئايتۆرەم
ئايتۆمۈر
ئايتۈرك
ئايتۇن
ئايتۇنه
ئايتۇنه م
ئايتۇنگۈل
ئايتۇننسا
ئايتىكىن
ئايتىللا
ئايجامال
ئايجان
ئايجاھان
ئايجه نه ت
ئايجورا
ئايجۇمه
ئايچاۋار
ئايچولپان
ئايچىچه ك
ئايچىراغ
ئايچمه ن
ئايچنار
ئايچۆەر
ئايخان
ئايخاۋار
ئايخۇشتى
ئايخۇمار
ئايخنىم

ئايدانا
ئايدۆلەت
ئايدىئاي
ئايدىڭ
ئايدىل
ئايدىن
ئايدىنىسا
ئايراھەت
ئايروشەن
ئايرۇخسار
ئايرۇزى
ئايرىزا
ئايزاد
ئايزادە
ئايزادەم
ئايزامان
ئايزەۋىر
ئايزۇلخۇمار
ئايزۆھرە
ئايزىبا
ئايزىرا
ئايزىلال
ئايزىم
ئايزىمپاشا
ئايزىمگۈل
ئايزىمنىسا
ئايزىياد
ئايسائەت
ئايسادا
ئايسادەت
ئايسارە
ئايسارەم
ئايسالام
ئايسالىھ
ئايساھىب
ئايسە

ئايسەپەر
ئايسەدەب
ئايسەم
ئايسەمە
ئايسەمەر
ئايسەمەرگۈل
ئايسەنە
ئايسەنەم
ئايسوم
ئايسۇدى
ئايسۇلا
ئايسۇلتان
ئايسۇلۇ
ئايسۇپەت
ئايسىت
ئايسىخان
ئايسىما
ئايسىمان
ئايسىمە
ئايسىنە
ئايسىۋانە
ئايشاھ
ئايشەرەپ
ئايشەم
ئايشەمگۈل
ئايشەھەر
ئايشىرىن
ئايشىبۇۋى
ئايشىخان
ئايشىقىز
ئايشىگۈل
ئايقەمەر
ئايقۇت
ئايقىز
ئايكەرەم
ئايكەرىمە

ئايكۆز
ئايكۈمۈش
ئايكۈن
ئايكۈنگۈل
ئايكىم
ئايكىن
ئايگۈزەل
ئايگۈل
ئايگۈلسۈم
ئايگىلاس
ئايلىخان
ئايلىسارە
ئايلىقىز
ئايلىگۈل
ئايمامۇش
ئايمەخدۇم
ئايمەردان
ئايمەلىكە
ئايمەھەل
ئايمودەن
ئايموللا
ئايمۇراد
ئايمىرە
ئايمىلىك
ئايناخان
ئايناگۈل
ئايناۋات
ئاينەبى
ئاينەزەر
ئاينەسەب
ئاينۇر
ئاينۇرەم
ئاينىسا
ئاينىسەم
ئاينىگار
ئاينىياز

ئایهه‌کسم
ئایهه‌لیمه
ئایپه
ئایپه‌م
ئایده
ئایزه
ئایزخان
ئایم
ئایمبه‌سه‌ر
ئایمبۆڤی
ئایمپاشا
ئایمتاجی
ئایمتللا
ئایمدانا
ئایمسائه‌ت
ئایمساره
ئایمقز
ئایمگۆل
ئایمنسا
ئاینسم
ئاییاخشی
ئاییۆلتۆز

## ئه

ئه‌به‌یخان
ئه‌بۆنسا
ئه‌بۆهۆدا
ئه‌بره
ئه‌بگۆل
ئه‌بله
ئه‌پرۆزه
ئه‌پرۆزه‌م
ئه‌پپه
ئه‌پره
ئه‌پمه

ئه‌ته‌مخان
ئه‌تتیه
ئه‌تربه
ئه‌ترخان
ئه‌تقیه
ئه‌تله‌س
ئه‌تله‌ساي
ئه‌تپه
ئه‌تره
ئه‌ترم
ئه‌ترگۆل
ئه‌تقه
ئه‌تقگۆل
ئه‌تگۆل
ئه‌تۆار
ئه‌تیه
ئه‌خته‌رخان
ئه‌خته‌رگۆل
ئه‌خته‌رنسا
ئه‌خته‌مخان
ئه‌خترم
ئه‌خله‌تخان
ئه‌خلیه
ئه‌ده‌بیه
ئه‌دزه‌خان
ئه‌دبه
ئه‌دبه‌ر
ئه‌دپه
ئه‌دله
ئه‌دنه
ئه‌دهه‌م
ئه‌رابه‌ت
ئه‌رابه‌تگۆل
ئه‌ره‌مخان
ئه‌ره‌مسما
ئه‌ره‌منسا

ئه‌ربیه
ئه‌رده‌نی
ئه‌رسما
ئه‌رشه‌م
ئه‌رشگۆل
ئه‌رشنسا
ئه‌رکانه
ئه‌رکناي
ئه‌رکنقز
ئه‌رکننسا
ئه‌زه‌مگۆل
ئه‌زه‌منسا
ئه‌زرا
ئه‌ززه‌م
ئه‌زنه
ئه‌زنه‌م
ئه‌زنگۆل
ئه‌زیزاي
ئه‌زیزه
ئه‌زیزه‌م
ئه‌زیزگۆل
ئه‌زیزنسا
ئه‌زیمه
ئه‌زیمه‌تخان
ئه‌زیمه‌م
ئه‌زیمگۆل
ئه‌زینسا
ئه‌ساله‌ت
ئه‌سپرا
ئه‌سراره
ئه‌سرارخان
ئه‌سریه
ئه‌سلاخان
ئه‌سله‌مخان
ئه‌سما
ئه‌سمار

ئه سماره
ئه سمارگۆل
ئه سنه يخان
ئه سپه
ئه سرا
ئه سلا
ئه سله
ئه شره پخان
ئه شره پگۆل
ئه شۇرا
ئه قربه
ئه قلبيه
ئه قده
ئه قده‌م
ئه قله
ئه قلاي
ئه قلخان
ئه قمه
ئه كره‌مه
ئه كمله
ئه لاخان
ئه لاقز
ئه لاگۆل
ئه لانۇر
ئه لانسا
ئه لايم
ئه لئامان
ئه له مزاده
ئه له مگۆل
ئه له منسا
ئه لپده
ئه لپنه
ئه لپيه
ئه للامه
ئه لمهرى
ئه لمره
ئه لمرنگۆل
ئه لنگار
ئه لپه
ئه لپه م
ئه لزۆهره
ئه لنۇر
ئه لبيه
ئه مه خبنم
ئه مربيه
ئه مخان
ئه مراي
ئه مره
ئه مرنسا
ئه مرنگۆل
ئه منه
ئه مننسا
ئه نه سخان
ئه نه سقز
ئه نه ل
ئه نه لقز
ئه نه مخان
ئه نبه راي
ئه نبه رخان
ئه نبه رقز
ئه نبه رگۆل
ئه نبه رنسا
ئه نبيه
ئه نبيه گۆل
ئه نتقه
ئه ندام
ئه نداماي
ئه ندامگۆل
ئه نزه‌رخان
ئه نزره
ئه نساره
ئه نسلمه
ئه نقه به ر
ئه نقه به رگۆل
ئه نقه‌ره
ئه نۋه‌ره
ئه هدنۇر
ئه هراره
ئه هسه نه
ئه هلامخان
ئه هلامقز
ئه هلامنسا
ئه هلبيه
ئه همه دبيه
ئه همه ره
ئه ۋه‌زگۆل
ئه ۋزاخان
ئه ۋزه ل
ئه ۋزه لاي
ئه ۋزه لگۆل
ئه ۋزه لقز
ئه ۋسمه
ئه ۋۋه لخان
ئه ۋۋه لقز
ئه ۋۋه لنسا
ئه يزنسا
ئه يسخان
ئه يشخان
ئه يشگۆل
ئه يناخان
ئه يناگۆل
ئه ينالخان
ئه ينجامال
ئه ينجاهان
ئه ينخان
ئه ينكامال
ئه ييام

# ب

بابۆره
باتۆرنسا
باتنه
بادامچه
بادامخان
بادامقز
بادامگۆل
بادیه
باراتگۆل
باریزه
باربیه
باسته
باسمه
باسمخان
باسمقز
باسمگۆل
باغچگۆل
باغدات
باغداتگۆل
باغلەم
باغنسا
باقنیازخان
باقیه
باکره
بالئای
بالەت
بالبۆۆی
بالخان
بالقز
بالگۆل
بالىخان
بانۆ
بانۆخان
بانۆقز
بانۆگۆل
باهادره
باهارای
باهارایم
باهاربانۆ
باهارخان
باهارقز
باهارگۆل
باهارنسا
باهره
باهنۆر
بائزه
بائسای
بائسه
بائسخان
بایبۆۆی
بایبکه
بایچیچەك
بایقز
بایگۆل
باینسا
بەختلك
بەختۆدۆلەت
بەختتاجی
بەختخان
بەختساهب
بەختقز
بەختگۆل
بەختنۆر
بەختنسا
بەختنیاز
بەختیار
بەخشەندە
بەخشخان
بەدەلای
بەدەلخان
بەدەلقز
بەدری
بەدرنجامال
بەدرنجاهان
بەدرنکامال
بەدرنسا
بەدرنهایات
بەدرییه
بەدئە
بەدىگۆل
بەدنۆر
بەدئۆززامان
بەدئۆلجامال
بەدئنۆر
بەرەکە
بەرگگۆل
بەرنا
بەرنائای
بەرناگۆل
بەززەت
بەسالەت
بەسەرای
بەسەرخان
بەسدە
بەسرای
بەسره
بەسرەت
بەسرگۆل
بەسمای
بەسمە
بەشەرای
بەشره
بەقەم
بەگزادىخان
بەنەزەر
بەهرەم

به هره‌منیاز
به هرنقز
به هرنگۆل
به هرننسا
به هرنیه
به هرنیگۆل
به هنده‌م
به یسی
به یسگۆل
به ینی
به ینخان
به یینه
بورنخان
بوستان
بوستاناي
بوستانگۆل
بوشخان
بولده‌م
بولدنخان
بوۋاخان
بوۋاقخان
بویلاپ
بویلخان
بۆلاق
بۆلاقاي
بۆلبۆلخان
بۆلبۆلتاجی
بۆهه یره
بۆزرۆك
بۆزرۆکخوجا
بۆۋاتنکه
بۆۋارزۆ
بۆۋاسمه
بۆۋالنمگۆل
بۆۋامنه
بۆۋاي

بۆۋایسه
بۆۋه‌ختەر
بۆۋه‌رنخان
بۆۋه‌زنزه
بۆۋه‌نبەر
بۆۋه‌نقیه‌ت
بۆۋه‌یده
بۆۋه‌یسه‌م
بۆۋه‌ینه
بۆۋه‌ینه‌م
بۆۋنپاتمه
بۆۋنهه پنزه
بۆۋنتالیه
بۆۋنته‌رکه‌ن
بۆۋنجامال
بۆۋنجاهان
بۆۋنجه ننه‌ت
بۆۋنخان
بۆۋنخه لچه‌م
بۆۋنخه لنچه
بۆۋندانا
بۆۋنرابی
بۆۋنرابنگۆل
بۆۋنرابیه
بۆۋنرابیه‌م
بۆۋنرازنیه
بۆۋنراهنله
بۆۋنره‌هنماي
بۆۋنره‌هنمه
بۆۋنره‌ۋنخان
بۆۋنره‌یهان
بۆۋنرۆقیه
بۆۋنزاده
بۆۋنزاده‌م
بۆۋنزاهنده
بۆنزه‌زنپه

بۆۋنزه‌منره
بۆۋنزه‌ئنپه
بۆۋنزه‌ینه‌پ
بۆۋنزۆبه یده
بۆۋنزۆهره
بۆۋنزۆله‌ي
بۆۋنزۆله یخا
بۆۋنزنره‌گۆل
بۆۋنزنلال
بۆۋنزننه‌ت
بۆۋنزنیاده
بۆۋنسائه‌ت
بۆۋنسابا
بۆۋنساجنده
بۆۋنساده‌ت
بۆۋنساره
بۆۋنسالامه‌ت
بۆۋنسالی
بۆۋنسالنمه
بۆۋنسالنهه
بۆۋنسالیه
بۆۋنسه پنیه
بۆۋنسه لنمه
بۆۋنسه مه‌ر
بۆۋنسه نه‌م
بۆۋنسه ئنده
بۆۋنسه یله‌م
بۆۋنسوپی
بۆۋنسۆلتان
بۆۋنسنده
بۆۋنشه‌ره‌پ
بۆۋنشه‌رنپه
بۆۋنشه هری
بۆۋنشنرنن
بۆۋنشنرناي
بۆۋنکامال

بۆۆ بقىز
بۆۆ بگۆل
بۆۆ بماهىرۆي
بۆۆ بمه لۆم
بۆۆ بنار
بۆۆ بناز
بۆۆ بنسا
بۆۆ بنياز
بۆۆ بهاد بيه
بۆۆ بهه جه ر
بۆۆ بهه سه ل
بۆۆ بهه نپه
بۆۆ بهه ۋزه
بۆۆ بهوشۇر
بىشارەت
بىلىخان
بىلىقس
بىجگۆل
بىدالىقز
بىسەرەم
بىكە
بىكىرمىرە
بىلاق
بىلگە قاتىن
بىللۇر
بىناخان
بىناھار
بىنە پشە
بىنەرگۆل
بىنەس

## پ

پاتەم
پاتەمنسا
پاتمخان
پاتئاي
پاتىخان
پاتخە
پاتقز
پاتگۆل
پاتمە
پاتمنسا
پاتمزۆهرە
پاتهە
پاخرە
پاراسەت
پاراغەت
پاربهە
پازىلە
پاسارخان
پاساھەت
پاشا
پاشائاي
پاشاخان
پاشاگۆل
پاشايم
پاكدىلاي
پاكربيەم
پاكلپە
پاكزات
پاكزاي
پاكزە
پاكيە
پايزە
پە تھيە
پە تلە
پە خربيە
پە خرجاھان
پە خرنۇر
پە خرنسا
پە ردانە
پە ردئاي
پە ردخان
پە ردگۆل
پە ردنسا
پە ررەنەم
پە رزانە
پە رزەنتخان
پە رزدە
پە رزنە
پە رزنسا
پە رسەم
پە رقنسا
پە رقيەم
پە ركناي
پە رمانخان
پە رمۇدە
پە رھزە
پە رۋازخان
پە رۋاناي
پە رۋانە
پە رۋانەم
پە رۋانگۆل
پە رۋەر
پە رى
پە ريچهرە
پە ريخان
پە ريدە
پە ريدگۆل
پە ريزات
پە ريزاتگۆل
پە ريزادە
پە ريزە
پە ريزگۆل
پە ريشاد
پە ريقە
پە ريگۆل

پەرىھە
پەزالەت
پەزىلەخان
پەزىلەنىسا
پەزىلىيە
پەزىلە
پەزىلەت
پەزىلەگۈل
پەسىھە
پەھرىيە
پەھمى
پەھمىلە
پەھىماي
پەھىمە
پەيزىخان
پەيزىزۆھرە
پەيزىگۈل
پەيزىنۇر
پەيزىنىسا
پەيزىۋات
پەيزىۋاتگۈل
پۈجۈڭخان
پۈجۈڭگۈل
پۈچىناي
پۈرۈشخان
پۆپۈكاي
پۈپۈكخان
پىدائاي
پىداخان
پىداقىز
پىداگۈل
پىرۇزە
پىلورە
پىلورەم
پىيازخان
پىيازگۈل

## ت

تائەت
تابىخان
تاتلىقخان
تاجەم
تاجىئانار
تاجىئاي
تاجىبۇۋى
تاجىپاشا
تاجىتىللا
تاجىخان
تاجىرە
تاجىقىز
تاجىگۈل
تاجىنىسا
تازىخان
تازىقىز
تازىگۈل
تاشاي
تاشبۇۋى
تاشتۆمۈرخان
تاشخان
تاشقىز
تاشقىناي
تاشگۈل
تاشنىسا
تاشنىياز
تاقەت
تاڭنۇر
تاڭنۇرەم
تالىئە
تالىبە
تالىيە
تامارا
تامارەم
تاھىرە
تاۋارخان
تاۋارگۈل
تەبەسسۇم
تەبىبە
تەجەللىخان
تەخمىنە
تەرىبىيە
تەركىنىسا
تەرىپە
تەزكىرە
تەزىمە
تەسكىنە
تەسلىمە
تەسلىيە
تەسۋىرە
تەشرىپە
تەغرىرخان
تەكەنخان
تەلەيخان
تەلەيقىز
تەلەيگۈل
تەلەينۇر
تەلئەتاي
تەلئەتگۈل
تەلئە
تەلمىئانا
تەلىمە
تەلىھە
تەلىھەگۈل
تەمەرە
تەمكىناي
تەنەۋۋەر
تەنتەنە
تەھىيە

تەۋەككۇلە
تەۋەككۇلخان
تەۋپىقە
تەۋرىزە
تەۋسىيە
تەۋھىدە
تەيىبە
توختاشخان
توختاشگۇل
توختەم
توختىئاي
توختىبانۇ
توختىبۇۋى
توختىپاشا
توختىچاۋارخان
توختىخان
توختىساھىپ
توختىقىز
توختىگۇل
توختىنىسا
توختىنىيازخان
تورپىگۇل
تورغاي
توقان
تولغاناي
تولۇن
تۇبىخان
تۇبىگۇل
تۇبىنىسا
تۇتىخان
تۇتىقىز
تۇتىگۇل
تۇتىنىسا
تۇتىيا
تۇجانخان
تۇخان
تۇرابۇۋى
تۇراجىخان
تۇراجىگۇل
تۇراخان
تۇراقىز
تۇراگۇل
تۇرالا
تۇرانەم
تۇرانقىز
تۇرانگۇل
تۇرانىسا
تۇرانىخان
تۇرانىسا
تۇرايىم
تۇرەلا
تۇربۇۋى
تۇربىيە
تۇرپانگۇل
تۇرخان
تۇردەش
تۇردىئاي
تۇردىبۇۋى
تۇردىپاشا
تۇردىتاش
تۇردىجۇمە
تۇردىخان
تۇردىقىز
تۇردىگۇل
تۇردىنىسا
تۇردىنىياز
تۇردىيە
تۇرسۇناي
تۇرسۇنايىم
تۇرسۇنپاشا
تۇرسۇنتىللا
تۇرسۇنخان
تۇرسۇنگۇل
تۇرسۇننىسا
تۇرسۇننىياز
تۇرشەم
تۇرغۇناي
تۇرغۇنپاشا
تۇرغۇننىسا
تۇرقىز
تۇرگۇل
تۇرمۇشخان
تۇرنىخان
تۇرنىسا
تۇرنىساقىز
تۇرنىساگۇل
تۇرنىسايىم
تۇرنىيازخان
تۇرۋپخان
تۇرىمانگۇل
تۇزىخان
توقاچخان
تۇلپارخان
تۇمارااي
تۇمارە
تۇمارخان
تۇمارگۇل
تۇماناي
تۇمانخان
تۆرەخان
تۆرەمخان
تۆرەيسەم
تۆگۇل
تۆلەنقىز
تۆمۇرخان
تۆمۇرقىز
تۆھپە
تۆھپاي

تۆھپبۇۋى
تۆھپگۈل
تۆھپنىسا
تۇركەن
تۇرۇك
تۇرۇكئايلا
تۇزۇن
تۇزۇناي
تۇگۈل
تۇنەم
تۇنىخان
تىلەشخان
تىللاخان
تىللاقىز
تىللاگۈل
تىللام
تىللانىسا
تىمەناي
تىنىماي

## ج

جاسارەت
جالالە
جامالاي
جامالە
جامالبۇۋى
جامالخان
جامالقىز
جامالگۈل
جامالنۇر
جاناي
جانايىم
جانايخان
جانايقىز
جانايگۈل
جانان
جانانە
جانانقىز
جانانگۈل
جانانبۇۋى
جاناپپاشا
جانانىخان
جانانىگۈل
جانبۇۋى
جانى
جانىقىز
جانىگۈل
جانىم
جانىيە
جاھانئاي
جاھانبۇۋى
جاھانگۈل
جاھاننۇر
جاھاننىسا
جاۋاھىر
جاۋاھىرە
جائىزە
جەسۇرە
جەلىبقىز
جەلىبگۈل
جەلىبىيە
جەلىلە
جەملاي
جەملە
جەملەم
جەمئىيەت
جەمئىيەتقىز
جەنەت
جەنەتاي
جەنەتايىم
جەنەتبۇۋى
جەنەتگۈل
جەنەتنىسا
جەنىخان
جەنىسا
جەنىقىز
جەنىگۈل
جەۋلاناي
جەۋھەر
جەۋھەراي
جەۋھەربۇۋى
جەۋھەرگۈل
جۇراي
جۇرىپاشا
جۇرىخان
جۇرىگۈل
جۇشقۇناي
جۇگخۇاگۈل
جۇمھۇرىيەت
جۈمەئاي
جۈمەخان
جۈمەقىز
جۈمەگۈل
جۈمەنىسا
جىلانگۈل
جىمىخان
جىمىگۈل
جىنەستە
جىنەستىگۈل
جىنىسخان

## چ

چاۋارخان
چاۋارگۈل
چايگۈل
چەشمىگۈل

چوغلۇق
چوكان
چوكاننسا
چوڭخان
چوڭگۈل
چوڭنسا
چولپان
چولپاناي
چولپانقىز
چولپانگۈل
چۆچۈرىخان
چۈجىگۈل
چۈچۈكگۈل
چېچەك
چېچەكاي
چېچەن
چېھراي
چېھرىبانۇ
چېھرىگۈل
چېھرىنسا
چېۋەر
چېۋەراي
چېۋەرگۈل
چېۋەرنسا
چىلانخان
چىمەناي
چىمەنزار
چىمەنقىز
چىمەننسا
چىنار
چىنارەم
چىنارقىز
چىنارگۈل
چىناي
چىنتاشخان
چىنمۇدەن
چىنىخان
چىنقىز
چىنىگۈل

## خ

خاپىيە
خاتەم
خاتەمنسا
خاتىرە
خاتىرىگۈل
خاتىماي
خاتىمە
خادىمە
خاسىيەت
خالئاي
خالبەر
خالبۈۋى
خالتاجى
خالگۈل
خالمەك
خالنۇر
خالنسا
خالىخان
خالىداي
خالىدە
خالىدەم
خالىدىگۈل
خالىزات
خالىسە
خالىسخان
خالىنسا
خالىيە
خامۇشخان
خانانام
خاناي
خانايشە
خانايشەم
خانايىم
خانەم
خانبۈۋى
خانتاجى
خانتۆرەم
خانزاد
خانزادە
خانزادقىز
خانزۆھرە
خانشاھ
خانقىز
خانگۈل
خانلەيلى
خاننەزەر
خاننەم
خاننۇر
خاننۇراي
خاننسا
خاننىياز
خانىمخان
خانىمگۈل
خەبىرە
خەبىرنسا
خەتىپە
خەتىرە
خەتىرەم
خەتىرىگۈل
خەتىمە
خەدىچە
خەدىسخان
خەدىسگۈل
خەدىمە
خەزرا
خەزىنە

خەستخان
خەسخان
خەسگۈل
خەللە
خەلمە
خەمسبانۇ
خەمسخان
خەمدە
خەملە
خەملگۈل
خەيرى
خەيرنگۈل
خەيرنسا
خەيرىيە
خەيرىيەت
خوجىخان
خوجائۇممە
خۇبجامال
خۇبنگار
خۇرشىداي
خۇرشىدە
خۇرشىدەم
خۇرشىدگۈل
خۇرشىدنسا
خۇزەر
خۇزرا
خۇزرى
خۇزرىيە
خۇزۇرەم
خۇشاي
خۇشئەندام
خۇشتار
خۇشتارگۈل
خۇشتۆمۇر
خۇشجامال
خۇشروي
خۇشگۈل
خۇشنارە
خۇشنەزەز
خۇشنۇر
خۇشنسا
خۇشنگار
خۇشهال
خۇشيار
خۇلقار
خۇماراي
خۇماربۇۋى
خۇمارخان
خۇمارقز
خۇمارگۈل
خىنخان
خىنگۈل
خىنماي
خىنمقز
خىنمگۈل
خىنمنسا
خىۋرنسا
خىزرخان
خسلەت
خسلەتاي
خسلەتنۇر

## د

داخلە
داخلەم
دادىلاي
دادىلە
دادىلخان
دادىلقز
دادىلگۈل
دادىلنۇر
دارامەتاي
دارامەتقز
دارامەتگۈل
دامەتگۈل
دامرە
دامنە
دانا
داناائاي
داناخان
داناقز
داناگۈل
دانئاي
دانخان
دانشاي
دانشقز
دانشگۈل
دانقز
دانگۈل
داننۇر
دائمە
دەپنە
دەرماناي
دەرمانخان
دەرىقە
دەرياخان
دەستىگۈل
دەللخان
دەللە
دەللەم
دەللقز
دەللگۈل
دەمرە
دەمنە
دەۋراناي
دەۋرانە
دوسۇزخان

دولاناي
دولانخان
دولقۇناي
دۇرپاشا
دۇردانە
دۇررىيە
دۇرزادە
دۇرنەم
دۇرنسا
دۇنياخان
دۇنيازات
دۆلەتاي
دۆلەتبۇۋى
دۆلەتخان
دۆلەتنۇر
دۆلەتنسا
دۆلەتنىياز
دىدار
دىداراي
دىلارە
دىلارەم
دىلايەت
دىلئارام
دىلئاسا
دىلئاسۇدە
دىلئالەم
دىلەيسا
دىلەيسەم
دىلباھار
دىلبەر
دىلبەرنسا
دىلپەزىر
دىلپەھىم
دىلپىرۇزە
دىلپىگار
دىلجانان

دىلجاھان
دىلجەم
دىلخا
دىلخۇمار
دىلخىمان
دىلدادە
دىلدار
دىلداراي
دىلدارە
دىلرەبا
دىلرەھىم
دىلزات
دىلزاتاي
دىلزادە
دىلزارە
دىلزىيە
دىلساپا
دىلسار
دىلساز
دىلسەمى
دىلسۇزخان
دىلسۆيەز
دىلشادە
دىلشەم
دىلشەمى
دىلكەبىر
دىلكەرىم
دىلكەش
دىلكۇشات
دىلمېھرى
دىلمىرە
دىلنار
دىلناراي
دىلنارە
دىلناز
دىلنازە

دىلناۋا
دىلناۋاز
دىلنۇر
دىلھەسەل
دىلھەۋەس
دىلئاي
دىلخاس
دىلخۇش
دىلرۇس
دىليورۇق
دىليار
دىلياسىمەن
دىناراي
دىنارە
دىنارەم
دىنارخان

## ر

رابائاي
رابىتە
رابىجاھان
رابىخان
رابىگۈل
رابىنسا
رابىيە
راتىنا
راتىناقار
راجىبە
راجىلە
راجىيە
رادىيە
رازىخان
رازىقىز
رازىگۈل
رازىلە

رازىنسا
رازىيە
راسىلە
راشىدە
راغىبە
راقىيە
رامىزاناي
رامىلە
رامىيە
راھەت
راھەتاي
راھەتپاشا
راھەتگۈل
راھەتنىسا
راھىبە
راھىلە
راھىناي
راھىنە
راھىيە
راۋىيە
رائىدە
رەبىلە
رەپىرە
رەجەبخان
رەجەبگۈل
رەسىمگۈل
رەسىمنىسا
رەسۇلە
رەسىدە
رەسىمە
رەشىدە
رەشىدەم
رەغىبە
رەمزە
رەمزەئاي
رەمزىيە

رەنا
رەنائاي
رەناقىز
رەناگۈل
رەنانىسا
رەھبەر
رەھبەربۇۋى
رەھبەرنىسا
رەھىبە
رەھىماي
رەھىمە
رەھىمەم
رەھىمگۈل
رەھىمنىسا
رەھىنە
رەۋزە
رەۋىخان
رەۋىدە
رەۋىنىسا
رەئىسە
رەئىسىيە
رەيھان
رەيھاناي
رەيھانەم
رەيھانگۈل
رەيھاننىسا
روشەن
روشەناي
روشەننىسا
روماخان
رومان
روماناي
رومانەم
رومانگۈل
رومىقىز
روناخان

رۇپى
رۇخسارى
رۇخسەتاي
رۇخسەتخان
رۇزامانخان
رۇزايىم
رۇزەم
رۇزىخان
رۇزىقىز
رۇزىگۈل
رۇزىلەم
رۇزىنىسا
رۇزىنىياز
رۇزىھەلىمە
رۇسخان
رۇشتىنە
رۇقىيە
رىباقىز
رىبانەم
رىپائەت
رىزقىيە
رىزۋان
رىزۋاناي
رىزۋانەم
رىزۋانگۈل
رىزۋاننىسا
رىسالەت
رىيازەتخان

## ز

زاكىرە
زاكىيە
زالىيە
زالىيگۈل
زاماناي

زامانه
زامانقىز
زامانگۈل
زاھىپە
زاھىدە
زاھىدەم
زاھىدىگۈل
زاھىرە
زاھىيە
زەبۇرخان
زەبۇرىيە
زەبىرە
زەبىراي
زەبىرىگۈل
زەبىرىنىسا
زەبىھە
زەبىيە
زەپەراي
زەپەرخان
زەپەرگۈل
زەرگۈل
زەرىپاي
زەرىپە
زەرىپەم
زەرىپىگۈل
زەكىيە
زەلىقاي
زەلىقەم
زەلىلاي
زەلىلە
زەلىلىگۈل
زەمزەمە
زەمىرە
زەمىرەم
زەمىمە
زەميناي

زەمىنە
زەمىنىنسا
زەھە بىيە
زەھە بىيىگۈل
زەھىرە
زەھىنە
زەۋىرە
زەيتۇناي
زەيتۇنە
زەيتۇنەم
زەيتۇنىگۈل
زەيتۇنىنۇر
زەيتۇنىنىسا
زەينەپ
زەينۇرە
زەينۇرەم
زەينىقىز
زەينىگۈل
زەينىسا
زەيىدە
زورىخان
زورىگۈل
زويا
زۇئالىيە
زۇبە يدە
زۇبە يدىگۈل
زۇبە يرە
زۇپاگۈل
زۇلالئايىم
زۇلالىيە
زۇلئاي
زۇلئايەت
زۇلئايىم
زۇلە يخا
زۇلە يخان
زۇلە يقىز

زۇلە ينىسا
زۇلباھار
زۇلبۈۋى
زۇلپەم
زۇلپىدۇن
زۇلپۇناي
زۇلپونۇن
زۇلپىخان
زۇلپىرە
زۇلپىگۈل
زۇلپىنۇر
زۇلپىنىسا
زۇلپىيە
زۇلپىيەم
زۇلجالال
زۇلخۇمار
زۇلقە مەر
زۇلقە ھرە
زۇلماكان
زۇلمىھرى
زۇلمىرە
زۇلمىرەم
زۇلنار
زۇلھاجىخان
زۇلھالە
زۇلھامى
زۇلھايات
زۇلھە جچە
زۇلھە كىم
زۇلھىلال
زۇلئىكرام
زۇلىناي
زۇليە مىن
زۇمرەت
زۇمرەتاي
زۇمرەتايىم

زۇمرەتنىسا
زۇمرەتگۈل
زۇمرە
زۇننار
زۇننۇر
زۇننۇنخان
زۇننۇنگۈل
زۇها
زۇهالىيە
زۇهەيرە
زۇهەيلە
زۇۋانىسا
زۆھرە
زۆھرەئايىم
زۆھرەبانۇ
زۆھرەت
زۆھرەگۈل
زۆھرەنىسا
زۆھرەنىياز
زۆھمىرە
زېمىناي
زېمىنخان
زېمىنقىز
زېمىننىسا
زىبا
زىبارۇي
زىباگۈل
زىبان
زىبانۇر
زىبانىسا
زىبىخان
زىبىگۈل
زىراي
زىرىخان
زىرىگۈل
زىكراي
زىكرىبانۇ
زىكرىخان
زىكرىنىسا
زىكرىيە
زىلال
زىلالە
زىللەت
زىللەتگۈل
زىماگۈل
زىمىستان
زىننەت
زىننەتاي
زىننەتقىز
زىننەتگۈل
زىننەتنىسا
زىۋەرەم
زىۋەرىخان
زىۋەرىگۈل
زىۋىدە
زىۋىدەم
زىۋىدىگۈل
زىياپەت
زىياخان
زىيادەم
زىيادىخان
زىيادىگۈل
زىياقەمەر
زىياگۈل
زىياناھار
زىينىسا

## س

سائادەت
سائەتاي
سائەتبۈۋى
سائەتخان
سائەتنىسا
سابا
ساباتىيە
سابانىيە
ساباھەت
ساباھىيە
سابىئاي
سابىتە
سابىدە
سابىرە
سابىرنىسا
سابىرگۈل
سابىگۈل
ساجىبە
ساجىدە
ساجىدەم
ساجىرە
ساجىيە
ساچىئاي
ساچىنىسا
ساخاۋەت
ساداقەت
سادەتخان
سادەتگۈل
سادىرە
سادىرەم
سادىقە
سادىگۈل
سادىيە
سادىيىگۈل
سارە
سارەم
سارىئاي
سارىبۈۋى
سارىخان

سارنگۆل
سازاخان
سازنۆەنگۆل
ساغدەم
ساقىيە
ساكىنە
سالاخان
سالاشرىپ
سالاگۆل
سالاماي
سالامەت
سالامەتقىز
سالامەتگۆل
سالامخان
سالامگۆل
سالىپە
سالىخان
سالىمە
سالىھە
سالىھەم
سالىيە
ساماخان
سامىرە
سامىزە
سامىيە
سانا
سانائەت
ساناگۆل
سانايى
سانايىم
سانىخان
سانىگۆل
سانىمەك
سانىيە
سانىيەم
ساھىبە

ساھىبەم
ساھىبجامال
ساھىبدىل
ساھىبسالام
ساھىبقەدەم
ساھىبقىران
ساھىبكامال
ساھىبگۆل
ساھىبنەزەر
ساھىرە
ساھىرەم
ساھىلە
ساۋۇتخان
ساۋۇدەم
ساۋۇرەم
ساۋىخان
ساۋىدەم
سائىدە
ساياخان
سايرا
سايىرە
سايىمە
سايىمگۆل
سەبىەت
سەبى
سەبىئاي
سەبىرە
سەبىگۆل
سەبىلە
سەبىلەگۆل
سەبىنە
سەبىنۇر
سەبىنسا
سەبىھە
سەبىھەت
سەبىيە

سەپەراي
سەپەرخان
سەپەرگۆل
سەپۇرە
سەپى
سەپىدە
سەپىرە
سەپىناي
سەپىنە
سەپىنگۆل
سەپىيە
سەتەم
سەتىراي
سەتىرە
سەتىرەم
سەتىرگۆل
سەدەپ
سەدەپاي
سەدەپگۆل
سەدرىيە
سەدىدە
سەدىرە
سەدىقە
سەدىقەم
سەدىلە
سەدىنە
سەدىيە
سەرداراي
سەردارخان
سەردارگۆل
سەرۋانە
سەرۋەت
سەرۋەراي
سەرۋەرە
سەرۋەرنىسا
سەرۋى

سەرۋىراۋان
سەرۋىقامەت
سەرۋىگۈل
سەرۋىناز
سەرۋىنىسا
سەرىيە
سەرىيەت
سەرىيەتاي
سەغىرە
سەكىنە
سەكىنەم
سەكىنەگۈل
سەكىيە
سەلەيخان
سەلتەنەت
سەلكىناي
سەلىقە
سەلىلە
سەلىماي
سەلىمە
سەلىمبانۇ
سەلىھە
سەمەتخان
سەمەرە
سەمەرگۈل
سەمەرنىسا
سەمەناي
سەمەندەر
سەمەنگۈل
سەمبەرخان
سەمبەرگۈل
سەمىئە
سەمىخان
سەمىدە
سەمىرە
سەمىمە

سەمىمىيەت
سەمىناي
سەمىنە
سەمىنگۈل
سەمىنىسا
سەنەم
سەنەماي
سەنەمقىز
سەنەمگۈل
سەنەۋۋەر
سەنئەت
سەنئەتايىم
سەنئەتنىسا
سەھەت
سەھەرگۈل
سەھلىيە
سەھىبە
سەھىپە
سەھىدە
سەھىرە
سەھىنە
سەھىھە
سەۋرەم
سەۋرىخان
سەۋرىنىسا
سەۋرىيە
سەۋزاي
سەۋزە
سەۋزىدەۋلەت
سەۋزىگۈل
سەۋزىنىسا
سەۋسەر
سەۋسەراي
سەۋسەن
سەۋلىدەم
سەۋى

سەۋىرە
سەۋىرنىسا
سەۋىگۈل
سەئىپە
سەئىدە
سەئىداي
سەئىدخان
سەئىدىقىز
سەئىدىگۈل
سەيىپنىسا
سەيپىيە
سەيدەم
سەيدىخان
سەيدىگۈل
سەيدىنىسا
سەيدىۋانە
سەيرانە
سەيرىخان
سەيلىخان
سەيلىگۈل
سەيۋانە
سەيۋە
سەييارە
سەييارەم
سەييىدە
سەييىدەم
سوببەم
سومخان
سۇئاد
سۇبا
سۇبابە
سۇبات
سۇباتاي
سۇبارە
سۇبھاناي
سۇبھانە

سۇپۇرە
سۇپۇرەم
سۇپۇرنگۇل
سۇپۇۋەت
سۇپخان
سۇپگۇل
سۇپيە
سۇپيەم
سۇدۇر
سۇدۇرنسا
سۇدنخان
سۇدنئۇمە
سۇدنيە
سۇررۇر
سۇرنيە
سۇزخان
سۇلتانەم
سۇلتانخان
سۇلتانگۇل
سۇلتاننەسەپخان
سۇلتاننسا
سۇلتاننگار
سۇمبۇل
سۇمبۇلاي
سۇمبۇلە
سۇنۇر
سۇنيە
سۇنيەم
سۇهەيلە
سۇئۇت
سۇۋەيدە
سۇسەر
سۇسەرأي
سۇيۇنچە
سۇئەيە
سۇبهى

سۇبهگۇل
سۇبهنۇر
سۇبهنسا
سۇبهە
سۇپەتخان
سۇرئەت
سۇرەييا
سۇلەييا
سۇلهدەم
سۇننەتخان
سپپرەم
سپتخان
سپتقز
سپتنسا
سپهران
سراجەم
سراجخان
سراجگۇل
سياخان
سيانە
سيانگۇل
سيراپخان
سيتخان
سيتگۇل
سيتمەختۇمخان
سيتنسا

## ش

شاپائەت
شاتئاي
شاتقز
شاتگۇل
شاتلقيار
شاتنسا
شاتۇت

شاتۇتى
شاتيار
شادنخان
شادنقز
شادنگۇل
شادنمان
شادنماناي
شادننسا
شادنيان
شادنيە
شادنيەم
شادنيگۇل
شاراپەت
شاراپەتاي
شاراپەتگۇل
شازا
شازادە
شازادەم
شاشەم
شاشيە
شاكرە
شاكرەم
شاملە
شاملەم
شاهادەت
شاهادەتگۇل
شاهبانۇ
شاهبۇۋى
شاهپاشا
شاهزادە
شاهزادەم
شاهسەنەم
شاهسۇپەت
شاهنازە
شاهنۇر
شاهدە

شاھىدىگۈل
شاھىدەم
شاھىدىل
شاھىرە
شاھنۇر
شاۋانەم
شائىرە
شەبان
شەباناي
شەبانە
شەبانەم
شەبانىگۈل
شەپقەت
شەرەپ
شەرەپاي
شەرەپگۈل
شەربەتاي
شەربەتنىسا
شەرىپگۈل
شەرقىيە
شەرۋانە
شەرۋانەم
شەرۋانىگۈل
شەرىپە
شەرىپەم
شەرىپىگۈل
شەزىيە
شەزىيەگۈل
شەكىلە
شەمسى
شەمساي
شەمسبانۇ
شەمسجاھان
شەمسقەمەر
شەمسگۈل
شەمسنۇر
شەمسنىسا
شەمسىيە
شەھراي
شەھربانۇ
شەھرىخان
شەھرىزات
شەھرىگۈل
شەھرىنىسا
شەھرىيار
شەھرىيە
شەھلا
شەھىدە
شەھىدىگۈل
شەھىرە
شەۋقىيە
شەۋقىيەم
شەۋكەتاي
شەۋكەتايىم
شەۋكەتنىسا
شەۋۋال
شەيدا
شۆھرەتاي
شۆھرەتنىسا
شۆھرەتگۈل
شىرىن
شىرىناي
شىرىنقىز
شىرىنگۈل
شىرىننىسا
شىكەر
شىكەراي
شىكەربانۇ
شىئىرىيە
شىئىرىيەت
شىپاخان
شىپاگۈل
شىجائەت
شىرە
شىرىگۈل

## غ

غاپىرە
غازىخان
غازىنىسا
غازىيە
غالىبە
غالىبنىسا
غالىيە
غانىمە
غانىيە
غايىبە
غايىبنەزەر
غايىبنۇر
غەپۇرە
غەرىبە
غەزەلاي
غەزەلخان
غەزىيە
غەلىبە
غەمگۈزار
غەنىئاي
غەنىگۈل
غەنىيمەت
غەيرەتاي
غەيرەتگۈل
غۇنچە
غۇنچەم
غۇنچىخان
غۇنچىقىز
غۇنچىگۈل
غىلمان

غلماناي
غلمانبۇۋى
غلمه تخان
غياسه م
غياسخان
غياسددنخان

## ق

قابلاي
قابله
قابلبۇۋى
قابلخان
قابلنسا
قاپيه
قارلغاچ
قارىخان
قارىقاش
قارىكۆز
قارىيه
قارىيه م
قاسىمه
قاشخان
قاشىرخان
قالدىئاي
قالدىخان
قالدىقىز
قالغان
قامله
قانائه ت
قاندىماي
قاندىمخان
قاهىره
قاهىره م
قايىمه
قه بىله

قه دىره
قه دىرىگۇل
قه دىرىنسا
قه دىرىيه
قه دىمه
قه دىمخان
قه سىده
قه له م
قه له ماي
قه له مخان
قه له مسيا
قه له مقاش
قه له مگۇل
قه لبىئاي
قه لبىشاد
قه لبىگۇل
قه لبىنۇر
قه لبىنسا
قه مه چخان
قه مه ر
قه مه رنسا
قه مه رىيه
قه مبه ر
قه مبه رقىز
قه مبه رگۇل
قه مبه رنسا
قه مرا
قه نتخان
قه نتنسا
قه نتۇر
قه ندىل
قه ندىلاي
قه هرىگۇل
قوزايىم
قوزىخان
قوزىگۇل

قوشه مبه ر
قوشماقخان
قوشماقگۇل
قۇتبخان
قۇتبگۇل
قۇتبنسا
قۇتبيه
قۇتلۇقجامال
قۇتلۇقخان
قۇتلۇقنگار
قۇدره تاي
قۇدره تخان
قۇدره تنسا
قۇرباناي
قۇربانه م
قۇربانخان
قۇربانقىز
قۇربانگۇل
قۇربانىسا
قۇمرى
قۇمرىقىز
قۇمرىگۇل
قۇمرىنسا
قۇندۇز
قۇندۇزاي
قۇۋانخان
قۇۋانقىز
قۇۋانگۇل
قۇياشاي
قۇياشخان
قىراناي
قىرمىزاي
قىرمىزه
قىرمىزگۇل
قىزبۇۋى
قىزىلاي

قىزىلخان
قىزىلگۈل
قىسمەتخان
قىلىچخان
قىممەتاي
قىمىزخان
قىمىزگۈل
قىياتگۈل

## ك

كاپالەت
كاپىيە
كاتىبە
كارامەت
كازىمە
كاسىمە
كاشىپە
كامالاي
كامالەت
كامىلە
كامىلەم
كامىنۇر
كانارەم
كەبىرە
كەرىمە
كەرىمگۈل
كەلىمە
كەلىمەم
كەلىمبانۇ
كەمىنە
كەمىننىسا
كەنجاي
كەنجەم
كەنجىخان
كەنجىقىز
كەنجىگۈل
كەۋسەراي
كەۋسەرايىم
كەۋسەرخان
كەۋسەرقىز
كەۋسەرىيە
كوراخان
كونتاخان
كۇبرا
كۇپايەم
كۇچارخان
كۆركەماي
كۆركەمگۈل
كۆركەمنىسا
كۆلتىكىن
كۆمەچخان
كۇرەشخان
كۇرەشقىز
كۇمۇشاي
كۇمۇشايىم
كۇمۇشبۇۋى
كۇمۇشخان
كۇمۇشنىسا
كۇنئاي
كۇنپەرى
كۇنتۇرا
كۇنخان
كۇندۇزە
كۇندۇزخان
كۇنسىلىڭ
كۇننىسا
كىپەكخان
كىپىلە
كىپەخان
كىچىكئاي
كىچىكخان
كىرەمخان
كىلارە
كىمياخان
كىۋىرخان

## گ

گوياخان
گوياقىز
گويانىسا
گۇمانقىز
گۆھەر
گۆھەربانۇ
گۆھەرپاشا
گۆھەرخوجا
گۆھەرزات
گۆھەرشاھ
گۆھەرقىز
گۆھەرنىسا
گۆھەرنىياز
گۈزەل
گۈزەلاي
گۈزەلقىز
گۈزەلنۇر
گۈزەلنىسا
گۈل
گۈلابە
گۈلارا
گۈلايشەم
گۈلايىم
گۈلئارەم
گۈلئازاد
گۈلئاسا
گۈلئاسىم
گۈلئاسىمە
گۈلئالەم

گۈلئاۋات
گۈلئاي
گۈلئايەت
گۈلەپشان
گۈلەرەم
گۈلەم
گۈلەمبەر
گۈلەنداز
گۈلەندەم
گۈلەۋزە
گۈلەۋزەل
گۈلەيخان
گۈلەيسا
گۈلەيسەم
گۈلەيسى
گۈلەيقىز
گۈلەييا
گۈلئەركىن
گۈلئەزىز
گۈلئەسىر
گۈلبادام
گۈلباغ
گۈلبان
گۈلباناي
گۈلبانەم
گۈلبانۇ
گۈلبانۇم
گۈلباھار
گۈلبەدەن
گۈلبەر
گۈلبەرگ
گۈلبەرنا
گۈلبەرى
گۈلبەھرەم
گۈلبوستان
گۈلبۈي
گۈلبۈۋى
گۈلبېلكە
گۈلبېلىق
گۈلبىيە
گۈلپاشا
گۈلپەرەھ
گۈلپەرى
گۈلپەرىدە
گۈلپەرىزات
گۈلپەرىزە
گۈلپەزىلەت
گۈلپەمخان
گۈلپىيە
گۈلپىيەم
گۈلتاجى
گۈلتاماشا
گۈلتاۋار
گۈلتۇرا
گۈلجامال
گۈلجان
گۈلجاناي
گۈلجاھان
گۈلجەمەت
گۈلجەمى
گۈلجەمىل
گۈلجەمىلە
گۈلجەننەت
گۈلجەھرە
گۈلجەھرەم
گۈلجەۋھەر
گۈلجۈرى
گۈلچارە
گۈلچېچەك
گۈلچېھرە
گۈلچېۋەر
گۈلچىخان
گۈلچىراي
گۈلچىقىز
گۈلچىمەن
گۈلچىن
گۈلچىنار
گۈلخال
گۈلخان
گۈلخەبىر
گۈلخەبىرە
گۈلخەلىلەم
گۈلخەيرى
گۈلخۇمار
گۈلخېنىم
گۈلخىراج
گۈلخىيە
گۈلدار
گۈلداستىخان
گۈلدانە
گۈلدەس
گۈلدەستە
گۈلدۇرخان
گۈلدۇرۇسخان
گۈلدۇرۇق
گۈلدۆلەت
گۈلدىيار
گۈلرابا
گۈلرابان
گۈلرازى
گۈلرەنا
گۈلرەيھان
گۈلروزى
گۈلروھ
گۈلرۇز
گۈلرۇي
گۈلرىز
گۈلزاد
گۈلزادە
گۈلزادەم
گۈلزار

گۈلزارە
گۈلزامان
گۈلزە
گۈلزەبان
گۈلزەبىر
گۈلزەبىرە
گۈلزەپەر
گۈلزەمىرە
گۈلزېمىن
گۈلزەھىرە
گۈلزىخان
گۈلزىرە
گۈلزىنە
گۈلزىيا
گۈلسائەت
گۈلسادەت
گۈلسارە
گۈلسەپەر
گۈلسەمە
گۈلسەنەم
گۈلسەھەر
گۈلسەۋسەن
گۈلسۈپۈرەم
گۈلسۈپى
گۈلسۈپىيە
گۈلسۇرۇخ
گۈلسۇرۇر
گۈلسۆسەر
گۈلسۆيەر
گۈلسۇم
گۈلسۇماي
گۈلسىدە
گۈلسىرا
گۈلسىما
گۈلسىمان
گۈلشاد
گۈلشادە
گۈلشادەم
گۈلشاھ
گۈلشاھادەت
گۈلشەرىپ
گۈلشەرىپە
گۈلشەن
گۈلشەناي
گۈلشەنبە
گۈلشەھەر
گۈلشەھىدە
گۈلشىپا
گۈلغۇنچە
گۈلقەمەر
گۈلقىز
گۈلقىمىز
گۈلكەۋسەر
گۈلگۈن
گۈلگۈناي
گۈلگىنە
گۈللالە
گۈللەپەر
گۈللەن
گۈللەيلى
گۈلمان
گۈلمانقىز
گۈلمەپىز
گۈلمەت
گۈلمەختۇم
گۈلمەرىيەم
گۈلمەلىكە
گۈلمەنزىل
گۈلمەھرەم
گۈلمەينىسا
گۈلمۇھەممەد
گۈلمېھرى
گۈلمىرە
گۈلمىرەم
گۈلمىنە
گۈلنار
گۈلنارە
گۈلنارەم
گۈلناز
گۈلنازە
گۈلناۋا
گۈلناۋاز
گۈلنايىپ
گۈلنەپەر
گۈلنەپىسە
گۈلنەزەر
گۈلنەزىرە
گۈلنەسەب
گۈلنەما
گۈلنۇر
گۈلنىۋەر
گۈلنىسا
گۈلنىسايىم
گۈلنىگار
گۈلنىھار
گۈلنىھال
گۈلنىياز
گۈلھاپىز
گۈلھاجى
گۈلھايا
گۈلھايات
گۈلھەپىز
گۈلھەجەر
گۈلھەزرەت
گۈلھەسەل
گۈلھەي
گۈلئۇزار
گۈلۇرخان
گۈلۇس
گۈلۈك
گۈلۇم

گۈلۈماي
گۈلۈمبەردى
گۈلۈمقىز
گۈلۈمنۇر
گۈلۈمنىسا
گۈلۈميار
گۈلۋانقىز
گۈلۋەرى
گۈلئىپار
گۈلئىكرام
گۈلئىمان
گۈلئىنا
گۈلى
گۈلىخان
گۈلىستان
گۈلياخان
گۈليار
گۈلياسەمەن
گىياخان

## ل

لاتاپەت
لاچىناي
لاچىنخان
لالە
لالىرۇي
لالىقىز
لالىگۈل
لالىنىسا
لەتىپە
لەتىپەم
لەتىپىگۈل
لەززەت
لەيلى
لەيلىبۈۋى
لەيلىقىز
لەيلىگۈل
لەيلىنىسا
لۇتپىنىسا
لۇتپىيە
لىپات
لىدا
لىللائاي
لىنا

## م

ماتانەت
ماجىدە
مارجان
مارجاناي
مارجانبۈۋى
مارجانقىز
مارجانگۈل
مارى
مالىدەم
مالىناي
مامىخان
مامىگۈل
ماھارە
ماھىبانۇ
ماھىبە
ماھىبەدەر
ماھىبەر
ماھىپەرى
ماھىتابان
ماھىجامال
ماھىجاھان
ماھىچېھرە
ماھىدە
ماھىدىل
ماھىدىلبەر
ماھىرە
ماھىرەم
ماھىرگۈل
ماھىرۇي
ماھىسەپەر
ماھىسەرا
ماھىسەرۋەر
ماھىسەنەم
ماھىستەرا
ماھىسۇلتان
ماھىسىما
ماھىسىمىن
ماھىشەرەپ
ماھىقەمەر
ماھىكامال
ماھىگۈل
ماھىلە
ماھىم
ماھىمبۈۋى
ماھىمگۈل
ماھىمقىز
ماھىنۇر
ماھىنىسا
ماھىيە
ماھىيەم
ماۋىيە
مايسا
مايسەم
مايسىئاپپاق
مايسىمان
مايشىكەر
مايىگۈل
مايمۇنە
مايمۇنەم
مايمۇنگۈل
مايىل
مايىمخان
مايىندار

مه بۆده
مه پتۆنه
مه پتۆهه
مه پىزه
مه پىگۆل
مه تبۆئه
مه تلۆبه
مه تلۆبه م
مه جىده
مه خپىيه م
مه ختۆمه
مه ختۆمگۆل
مه ختۆمنسا
مه خدۆماي
مه خدۆمه
مه خسۆمه
مه ده‌ت
مه دهىيه
مه دهىيگۆل
مه دىليه
مه دىناي
مه دىنه
مه دىنه م
مه دىنۆر
مه دىنىنۆر
مه دىهه
مه‌ره‌م
مه‌ره‌منسا
مه‌ر بىيه
مه‌ر بىيه م
مه‌ر په مگۆل
مه‌ر پۆ
مه‌ر پۆئالىم
مه‌ر پۆئاي
مه‌ر پۆغه
مه‌ر پۆقىز
مه‌ر پىيه

مه‌رد ىئاي
مه‌رد ىگۆل
مه‌رد ىنسا
مه‌رزۆقه
مه‌رز ىيه
مه‌رز ىيه م
مه‌ر سۆمه
مه‌ر سىيه
مه‌ر غۆبه
مه‌ر گه ش
مه‌ر مه‌ر
مه‌ر مه‌راي
مه‌ر مه‌ر گۆل
مه‌ر ها با
مه‌ر ها باگۆل
مه‌ر هه مه‌ت
مه‌رۆ په
مه‌رۆ پقىز
مه‌رۆ پگۆل
مه‌رۆزه
مه‌رۆا نه
مه‌رۆا نىگۆل
مه‌رۆا يىت
مه‌رۆا يىتاي
مه‌رۆا يىتا يسم
مه‌رۆا يىتگۆل
مه‌ر ئىيه
مه‌ر ىپه
مه‌ر ىپه‌ت
مه‌ر ىپه تىگۆل
مه‌ر ىپه تقىز
مه‌ر يه م
مه‌ر يه منسا
مه‌ززه
مه‌زۆر
مه‌زۆره‌م
مه‌ز كۆره

مه‌ز لۆمه
مه‌ز ىده
مه‌ز ىد ىگۆل
مه‌ز بىيه
مه ستا نه
مه ستۆره
مه ستۆره‌م
مه ستۆر ىنسا
مه سرۆره
مه سلىهه ت
مه سئۆده
مه سئۆد ىگۆل
مه سۆمه
مه سۆمخان
مه سىده
مه شئه لقىز
مه شرۆ به
مه شكۆره
مه شهۆره
مه شهۆره‌م
مه شۆقه
مه غپۆره
مه غپره‌ت
مه غپر ىگۆل
مه غرۆره
مه غر ىبه
مه غىره
مه قد ىره
مه قسه داي
مه قسه دگۆل
مه قسۆداي
مه قسۆده
مه قسۆده‌م
مه قسۆد نسا
مه قسۆد ىگۆل
مه قىز
مه كتۆبه

مه ككه
مه ككنگۇل
مه ڭزنگۇل
مه ڭزىلاي
مه ڭگۇنۇر
مه ڭله ش
مه ڭلكاي
مه ڭلكئايىم
مه ڭنۇر
مه ڭنسا
مه ڭنساگۇل
مه ڭنياز
مه للاي
مه للخان
مه لهه ماي
مه لۇمخان
مه لكاي
مه لكه
مه لكه سه د
مه لكداد
مه لكزات
مه لكسما
مه لله
مه للگۇل
مه مۇراي
مه مۇره
مه مۇرخان
مه نزۇره
مه نزىره
مه نزىرەم
مه نزىلاي
مه نزىله
مه نزىلگۇل
مه نسۇبه
مه نسۇره
مه نناثاي

مه نناخان
مه نناقىز
مه نناگۇل
مه ننه م
مه ننئاي
مه هبۇبه
مه هپۇزه
مه هپۇزەم
مه هپۇزخان
مه هتۇبه
مه هجۇبه
مه هرەم
مه هرەماي
مه هرەمنسا
مه هلىيا
مه هلىيه
مه همۇده
مه همۇدەم
مەۋاخان
مەۋجۇداي
مەۋجۇده
مەۋجۇد بيه ت
مەۋجىنسا
مەۋسۇده
مەۋسۇماي
مەۋسۇمه
مەۋلانگۇل
مەۋلۇده
مه ينسا
مه ينگار
مه ينگۇل
مه ينياز
مودەن
موده نگۇل
موللخان
موللخىنىم

مۇئه تته ر
مۇئه تتپه
مۇئه ززەمه
مۇئه للىمه
مۇبادەم
مۇباراي
مۇبارەك
مۇبىنا
مۇتربه
مۇجه سسه م
مۇجىده
مۇخته به ر
مۇخته سه ر
مۇخترە
مۇخلس
مۇخلساي
مۇخلسه
مۇراسىم
مۇر ته زاخان
مۇرزەم
مۇر شىده
مۇرۇۋۋەت
مۇزه پپه ر
مۇسه پپا
مۇسه للخان
مۇسه ممه
مۇسلىمه
مۇسخان
مۇسگۇل
مۇشه ررەپ
مۇشپقه
مۇغه ننيه
مۇقه ددەس
مۇقه دد سه
مۇكه ررەم
مۇلايمخان

مۇنارەم
مۇنارخان
مۇنارقىز
مۇنارگۈل
مۇنەۋۋەر
مۇنبەرخان
مۇنكىرە
مۇنىرە
مۇنىسە
مۇنىمە
مۇھاپىزەت
مۇھەببەت
مۇھەببەتگۈل
مۇھەررەم
مۇھەندەم
مۇھسىناي
مۇھسىبە
مۇيەسسەر
مۆتىۋەر
مۆجىزە
مۆمىنە
مۆمىننىسا
مۆمىنقىز
مۆھتەرەم
مۆھلەتخان
مۆھلەتنىياز
مېراج
مېراجەم
مېراجگۈل
مېھراي
مېھرى
مېھرىبان
مېھرىبانۇ
مېھرىبانۇم
مېھرىبەر
مېھرىزىيا
مېھرىگۈل
مېھرىگىياھ
مېھرىنۇر
مېھرىنىسا
مېھرىنىگار
مېھرىيە
مېھمان
مېھماننىسا
مېھنىبانۇ
مېۋىخان
مىجىن
مىرزاي
مىرزىخان
مىرزىگۈل
مىرزىيە
مىرزىيىگۈل
مىرسالىمە
مىرسالىھە
مىركامىلە
مىرگۈل
مىرنىسا
مىرھاجىگۈل
مىزانگۈل
مىلا
مىلاقىز
مىناخان
مىمبەنىخان

## ن

ناجىرە
ناجىيە
نادىرە
نادىرگۈل
نادىرنىسا
نادىلە
نادىلەم
نادىيە
نارپاشا
نارنىسا
نارىگۈل
نارىيە
نازاپەت
نازارەت
نازاكەت
نازالەت
نازاھەت
نازۇك
نازۇكاي
نازۇكخان
نازۇكۇم
نازىرە
نازىگۈل
نازىلە
نازىلەم
نازىمە
نازىمگۈل
نازىنە
نازىنىن
نازىيەم
ناسىبە
ناسىخە
ناسىرە
ناشىرە
ناقىسە
نالىدە
نامانخان
ناھار
ناھارگۈل
ناۋات
ناۋاتاي
ناۋاخان

ناۋاگۈل
نائىبە
نائىبگۈل
نائىلە
نائىمە
نائىمگۈل
نەبۇۋەت *
نەبىئە
نەبىلاي
نەبىلە
نەپىسە
نەجىبە
نەجىمە
نەدىماي
نەدىمە
نەدىمگۈل
نەرزى
نەرزىنسا
نەرزىيە
نەرگىسە
نەرمىن
نەرۋىن
نەززارە
نەزكىرە
نەزىپە
نەزىپەم
نەزىراي
نەزىرە
نەزىلە
نەزىمە
نەسەب
نەسۇھا
نەسىبە
نەسىپە
نەسىپگۈل
نەسىخە
نەسىدە
نەسىمە
نەسىمخان
نەسىھە
نەسىھەت
نەشىپەت
نەشىۋت
نەغىمە
نەغىمەم
نەقىبە
نەقىياي
نەقىيە
نەمۇنخان
نەكىرە
نەۋباھار
نەۋرە
نەۋرەم
نەۋرىقىز
نەۋسىمە
نەۋشات
نەئىمە
نەئىمگۈل
نۇرالى
نۇرالقىز
نۇرالگۈل
نۇرالىم
نۇرالىيە
نۇرامىنەم
نۇرانەم
نۇرانگۈل
نۇرانىسا
نۇرانى
نۇرانسا
نۇرانىيە
نۇراي
نۇرئارا
نۇرەۋزا
نۇرەپشان
نۇرەلا
نۇرەلاقىز
نۇرەلەم
نۇرئەمنە
نۇربادام
نۇربانۇم
نۇرباھار
نۇربەختەم
نۇربەدەن
نۇربۇۋى
نۇربىيە
نۇرپاشا
نۇرتاجى
نۇرتىللا
نۇرجامال
نۇرجاھان
نۇرجەملە
نۇرچەشمە
نۇرخان
نۇرخۇمار
نۇرزات
نۇرزادە
نۇرزامان
نۇرزاھىد
نۇرزىمىن
نۇرزىگۈل
نۇرزىيە
نۇرساپا
نۇرساھىب
نۇرسەتگۈل
نۇرسەنەم
نۇرسۇلتان
نۇرسىدە
نۇرسىما
نۇرسىمان
نۇرسىمانگۈل
نۇرسىيە

نۇرسىيگۈل
نۇرشاد
نۇرشادە
نۇرشادەم
نۇرقەمەر
نۇرقىز
نۇركامال
نۇركامىلە
نۇرگۈزەل
نۇرگۈل
نۇرگىلە
نۇرمەت
نۇرنىجات
نۇرنىسا
نۇرىلە
نۇرىمان
نۇرىمانگۈل
نۇرىھۇدا
نۇرىيە
نۇرىيەم
نۇزھەت
نۇزھەتاي
نۇزھەتگۈل
نۇزۇكۇم
نۇسەر
نۇسرەت
نۇسرەتگۈل
نۇقرە
نۇھە
نۇھەيرە
نىلۇپەر
نىسا
نىسائاي
نىساگۈل
نىسبەت
نىسبەتاي
نىگار

نىگاراي
نىگارايىم
نىگارە
نىگارەم
نىھال
نىھالاي
نىھالەت
نىھالبۈۋى
نىھالقىز
نىھالگۈل
نىيابە
نىيازايىم
نىيازەم
نىيازخان
نىيازقىز
نىيازگۈل
نىشاناي
نىشانگۈل
نىيەتخان

## ھ

ھاپىزە
ھاپىزخان
ھاجەتخان
ھاجەر
ھاجىبۈۋى
ھاجىخان
ھاجىرە
ھاجىرەم
ھاجىرخان
ھاجىقىز
ھاجىگۈل
ھاجىنۇر
ھاجىنىسا
ھاجىيە
ھادىيە

ھارىسە
ھازىرە
ھازىمە
ھاسىلە
ھاشىيە
ھالاۋەت
ھالىبە
ھالىمخان
ھامى
ھامىخان
ھامىگۈل
ھامىلە
ھامىيە
ھانىيە
ھاۋا
ھاۋاگۈل
ھاۋالە
ھاۋانىسا
ھايات
ھاياتاي
ھاياتگۈل
ھاياخان
ھەبىبە
ھەبىبزادە
ھەبىبگۈل
ھەپىزە
ھەپىزەم
ھەپىزنىيازخان
ھەجەر
ھەجەرگۈل
ھەدىقە
ھەدىنۇر
ھەدىيە
ھەدىيەم
ھەرەمخان
ھەرەمسىما
ھەزارە

هەزرەتخان
هەززىخان
هەزىزە
هەززىگۈل
هەزىمە
هەزىمگۈل
هەسەلخان
هەسەلقىز
هەسەلگۈل
هەسەنە
هەسۈمخان
هەسىنخان
هەقىدە
هەقىقاي
هەقىقەت
هەكىماي
هەكىمە
هەكىمگۈل
هەكىمنىسا
هەلىبخان
هەلىلە
هەلىمە
هەلىمە بانەم
هەلىمە بانۇ
هەلىمنىسا
هەمدىخان
هەمرا
هەمرا بۇۋى
هەمراز
هەمراگۈل
هەمرا نىسا
هەمزىگۈل
هەمسارە
هەمسالام
هەمىدە
هەمىدەم
هەمدىگۈل
هەمىشە
هەمىشە باهار
هەمىلە
هەمىمە
هەمىمقىز
هەمىمگۈل
هەنىپە
هەۋزە
هەۋزەم
هەۋزىگۈل
هەۋزىنىسا
هوشۇرخان
هوشۇرقىز
هوشۇرگۈل
هوشيارخان
هۇبىبە
هۇبىبگۈل
هۇبىبنىگار
هۇبىبنىسا
هۇدا
هۇرەيرە
هۇزۇرخان
هۇمايەم
هۇمەيرە
هۇۋەيدە
هۇۋەيدىگۈل
هۆر
هۆرەم
هۆر بۇۋى
هۆر بىيە
هۆر پاشا
هۆرزاداي
هۆرزادە
هۆرزادىگۈل
هۆرقىز
هۆرلىقا
هۆرمەت
هۆرمەتاي
هۆرمەتنىسا
هۆرنىسا
هۆرنىياز
هۆرۋۇللا
هۆرىخان
هۆرىگۈل
هۆرىيەت
هۆسنەم
هۆسنەمگۈل
هۆسنىئاي
هۆسنىبانۇ
هۆسنىبۇۋى
هۆسنىجامال
هۆسنىخان
هۆسنىگۈل
هۆسنىنار
هىتاخان
هىتاقىز
هىتبۇۋى
هىكايەت
هىكمەت
هىكمەتاي
هىكمەتگۈل
هىيتنىسا
هىدايەت
هىدايەتبۇۋى
هىدايەتگۈل
هىلالايىم
هىلالقىز
هىلالنىسا
هىمايەت
هىممەت

## ئو

ئوبۇلنىسا

ئوسمىخان
ئوسمىگۈل
ئوغلاناي
ئوغلانخان
ئوغلەم
ئوغۇلاي
ئوغۇلبەختى
ئوغۇلبۈۋى
ئوغۇلپاشا
ئوغۇلتۇرسۇن
ئوغۇلتۆمۈر
ئوغۇلجان
ئوغۇلخان
ئوغۇلدانا
ئوغۇلدۆلەت
ئوغۇلزىبا
ئوغۇلخوجا
ئوغۇلسارە
ئوغۇلقىز
ئوغۇلنۇر
ئوغۇلنىسا
ئوغۇلنىياز
ئوغۇلۋانە
ئويسۇن
ئويناشخان
ئويناشگۈل
ئويناڭگۈل

## ئۇ

ئۇبەيدە
ئۇچخان
ئۇچقۇناي
ئۇچقۇنگۈل
ئۇزرا
ئۇزرابۈۋى
ئۇزۇناي
ئۇلارخان
ئۇلۇغپاشا
ئۇلۇغخان
ئۇلۇغقىز
ئۇلۇغنىسا
ئۇماققىز
ئۇمەت
ئۇمەتاي
ئۇمىخان
ئۇمىسەلىم
ئۇمىسەلىمە
ئۇمىگۈل
ئۇمىگۈلسۈم
ئۇمىنىسا
ئۇمىها
ئۇمۇ
ئۇمىيە

## ئۆ

ئۆرپىيە
ئۆكتەمنىسا
ئۆمەرخان
ئۆمەرسۇلتان
ئۆمەرنىسا
ئۆمەرىيە

## ئۈ

ئۈزۈماي
ئۈلپەتخان
ئۈلپەتنىسا
ئۈمىدە
ئۈمىدخان
ئۈنچە
ئۈنچىگۈل

## ۋ

ۋاپاخان
ۋاجىدە
ۋازىھە
ۋالىدە
ۋالىدەم
ۋاقىئە
ۋاھىدە
ۋائىزە
ۋائىلە
ۋەتەن
ۋەتەنگۈل
ۋەدىئە
ۋەزىرە
ۋەزىرنىسا
ۋەسىپە
ۋەسىدە
ۋەسىدەم
ۋەسىقە
ۋەسىقىگۈل
ۋەسىلە
ۋەسىماي
ۋەسىمە
ۋەسىيەتخان
ۋەكىلە
ۋەلىيە
ۋىنىرا
ۋىسال
ۋىلايەتخان
ۋىنا

## ئې

ئېتىبار
ئېتىقاد
ئېچىلدىخان

ئېھترام
ئېھرامبۇۋى
ئېھسان
ئېھساناي

## ئى

ئىباخان
ئىبادە
ئىبادەت
ئىبادەتگۈل
ئىبادىگۈل
ئىبارەتخان
ئىباقىز
ئىباگۈل
ئىپار
ئىپاراي
ئىپارگۈل
ئىپارنىسا
ئىپپەت
ئىپپەتاي
ئىپتىخار
ئىجابەت
ئىجاد
ئىجادگۈل
ئىجازەت
ئىختىيار
ئىخلاس
ئىخلاسە
ئىرادە
ئىرادىگۈل
ئىرپان
ئىززە
ئىززەت
ئىززەتاي
ئىززەتقىز
ئىززەتگۈل
ئىززەتنىسا
ئىززىگۈل
ئىزورە
ئىسارخان
ئىسارگۈل
ئىسپارە
ئىستەكاي
ئىسلامخان
ئىسلامنىسا
ئىسلاھاتخان
ئىسلاھگۈل
ئىشانخان
ئىشانخېنىم
ئىشانگۈل
ئىشخان
ئىقبال
ئىقبالەم
ئىقلىماي
ئىقلىمە
ئىقلىمخان
ئىقلىمنىسا
ئىكراماي
ئىكرامە
ئىكرامبۇۋى
ئىكرامقىز
ئىلتىپات
ئىلدانە
ئىلمىدە
ئىلمىنىسا
ئىلمىيە
ئىلھامىيە
ئىلمىنۇر
ئىماخان
ئىمان
ئىمانە
ئىمانەم
ئىمانگۈل
ئىماننىسا
ئىمانخان
ئىمانگۈل
ئىمىنە
ئىمىنقىز
ئىمىنگۈل
ئىناۋەتخان
ئىنايەت
ئىنئامە
ئىنتىزار

## ي

ياخشىقىز
يادىگار
يادىگاراي
يادىگارە
يادنگاربۇۋى
يادىگارقىز
يادىگارگۈل
يارخان
يارسەنەم
ياسەمەن
ياسەمەنگۈل
ياشارخان
ياشاراي
ياشنارخان
ياقۇت
ياقۇتگۈل
ياقۇتۇم
يامغۇراي
ياۋاشخان
يولۋاسخان
يۇلتۇز
يۇلتۇزاي
يۇلتۇزنىسا
يۇملاق
يېتەر
يېتەرخان
يېتەرگۈل

# شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ يېزىدىن يۇقىرى مەمۇرىي رايونلارغا بۆلۈنۈشى*

## ئۈرۈمچى شەھىرى

### تيانشان رايونى
قارلىغاچلىق مەھەللە ئىش باشقارمىسى
غالىبىيەت يولى مەھەللە ئىش باشقارمىسى
ئىتتىپاق يولى مەھەللە ئىش باشقارمىسى
جەنۇبىي ئازادلىق يولى مەھەللە ئىش باشقارمىسى
تېنچلىق يولى مەھەللە ئىش باشقارمىسى
شىمالىي ئازادلىق يولى مەھەللە ئىش باشقارمىسى
دۇڭمېڭ مەھەللە ئىش باشقارمىسى
شىنخۇا شىمالىي يولى مەھەللە ئىش باشقارمىسى
شىنمىن يولى مەھەللە ئىش باشقارمىسى

### سايباغ رايونى
چاڭجياڭ يولى مەھەللە ئىش باشقارمىسى
خوتەنگەي مەھەللە ئىش باشقارمىسى
ياڭزىجاڭ يولى مەھەللە ئىش باشقارمىسى
دوستلۇق يولى مەھەللە ئىش باشقارمىسى
1-ئاۋغۇست مەھەللە ئىش بارشقارمىسى
لۇيۈەنگەي مەھەللە ئىش باشقارمىسى
شىسەن مەھەللە ئىش باشقارمىسى

### تۇدۇڭخابا رايونى
تۇدۇڭخابا مەھەللە ئىش باشقارمىسى
غەربىي ۋوگزال مەھەللە ئىش باشقارمىسى

### شىمگو رايونى
شىمگو مەھەللە ئىش باشقارمىسى
ليۇداۋان مەھەللە ئىش باشقارمىسى
ۋېيخۇلياڭ مەھەللە ئىش باشقارمىسى
چازىۋەن مەھەللە ئىش باشقارمىسى

### يېڭىشەھەر رايونى
بېيجىڭ يولى مەھەللە ئىش باشقارمىسى
ئەرگۇڭ مەھەللە ئىش باشقارمىسى
سەنگۇڭ مەھەللە ئىش باشقارمىسى
نېفت يېڭى كەنتى مەھەللە ئىش باشقارمىسى
مېھمان كۈتۈش يولى مەھەللە ئىش باشقارمىسى

### نەنسەن كان رايونى
ئېۋىرغول مەھەللە ئىش باشقارمىسى
شىڭخو مەھەللە ئىش باشقارمىسى

### دۇڭسەن رايونى

### ئۈرۈمچى ناھىيىسى
داۋانچېڭ بازىرى
دۇڭگۇ يېزىسى
شىگۇ يېزىسى
ئاقسۇ يېزىسى
داۋان يېزىسى

* بۇ مەلۇمات شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ئىشلىرى نازارىتى بىلەن شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق يەر ناملىرى كومىتېتىنىڭ 1987-يىلى 5-ئايدىكى مەلۇماتى ئاساسىدا قىسمەن تولۇقلاپ ئىشلەندى.

چىداۋان يېزىسى
ئەرگۈلۈڭ يېزىسى
دىۋوپۇ يېزىسى
ئەنەنچۈي يېزىسى
چىڭگىداخۇ يېزىسى
سىشىخۇ يېزىسى
لىۇشىخۇ يېزىسى
سارداۋان يېزىسى
يۇڭفېڭ يېزىسى
گەنگۇ يېزىسى
شياۋچۈيزى يېزىسى
بەنفاڭگو يېزىسى
شۈيشىگو يېزىسى
سەيۋوپو يېزىسى
تولى يېزىسى
لۇساۋگۇ يېزىسى

**قاراماي شەھىرى**

قاراماي رايونى
ئەللىكبەش يېڭى بازىرى
جەرەنبۇلاق رايونى
تاغئېتەك بازىرى
جىنلۇڭ بازىرى
مايتاغ رايونى
ئورقۇ رايونى
ئورقۇ يېزىسى
شۆگەي يېزىسى

**شىخەنزە شەھىرى**

يېڭىشەھەر مەھەللە ئىش باشقارمىسى
شاڭياڭ مەھەللە ئىش باشقارمىسى
خۇڭسەن مەھەللە ئىش باشقارمىسى
كونا بازار مەھەللە ئىش باشقارمىسى
شىخەنزە يېزىسى

## ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستى

## ئىلى ۋىلايىتى

**غۇلجا شەھىرى**

سايبويى مەھەللە ئىش باشقارمىسى
چوڭكۆۋرۈك مەھەللە ئىش باشقارمىسى
خەنبىڭ يېزىسى
تاشكۆۋرۈك يېزىسى
قارادۆڭ يېزىسى
كېپەكيۈزى يېزىسى
توغراق يېزىسى
بايانداي يېزىسى
يېڭىيەر يېزىسى

**غۇلجا ناھىيىسى**

جىلىليۇزى بازىرى
دۆڭمازار بازىرى
دادامتۇ يېزىسى
پەنجىم يېزىسى
تۇرپانيۈزى يېزىسى
خۇدىيارىيۈزى يېزىسى
موللاتوختىيۈزى يېزىسى
سادىقيۈزى يېزىسى
چۆلۈقاي يېزىسى
ئۈچچۈن خۇيزۇ يېزىسى
ئونيار يېزىسى
مازار يېزىسى
قاش يېزىسى
سامىيۈزى يېزىسى
ئۇيغۇر ئۈچچۈن يېزىسى
بايتوقاي يېزىسى
يېڭىتام يېزىسى

ئارائۆستەڭ يېزىسى
قاراياغاچ يېزىسى
ئەۋلىيا يېزىسى

**نىلقا ناھىيىسى**

نىلقا بازىرى
سۇپتاي يېزىسى
قاراسۇ يېزىسى
ياقا ئۇلاستاي يېزىسى
نىلقا ئۆزەن يېزىسى
كۆكخوتقور موڭغۇل يېزىسى
ئۇلاستاي يېزىسى
كىبلەڭ يېزىسى
قاراتۆپە يېزىسى
قوجۇرتاي يېزىسى
مىس يېزىسى

**كۈنەس ناھىيىسى**

كۈنەس بازىرى
زېكتى بازىرى
بەشتۆپە يېزىسى
ئارالتۆپە يېزىسى
كەڭسۇ يېزىسى
تالدى يېزىسى
نارات يېزىسى
قارابۇرا يېزىسى
ئالمالى يېزىسى
تۇرگېن يېزىسى

**تۇققۇزتارا ناھىيىسى**

تۇققۇزتارا بازىرى
مۇخۇر يېزىسى
جىرغالاڭ يېزىسى
ئاغارسىن يېزىسى
دۆڭمەھەللە يېزىسى

تاشتۆپە يېزىسى
تىكئېرىق يېزىسى
ئاقتۆبەك يېزىسى

**تېكەس ناھىيىسى**

تېكەس بازىرى
خۇجىرتى موڭغۇل يېزىسى
كۆكسۇ يېزىسى
چىلئۆزەك يېزىسى
كۆكتېرەك قىرغىز يېزىسى
چولاقتېرەك يېزىسى
قارادالا يېزىسى
قاراتوقاي يېزىسى

**قورغاس ناھىيىسى**

سۇيدۇڭ بازىرى
لەڭگەر يېزىسى
سەندۇخوزا يېزىسى
ساربۇلاق يېزىسى
ئېچىگاشەن شىبە يېزىسى
سەنگۇڭ خۇيزۇ يېزىسى
كۇرە يېزىسى
داشىگۇ يېزىسى
لوسىگۇڭ يېزىسى
چىڭسىخوزا بازىرى

**موڭغۇلكۇرە ناھىيىسى**

موڭغۇلكۇرە بازىرى
خۇنۇقاي يېزىسى
ئاقدالا يېزىسى
ئۆزۈنبۇلاق يېزىسى
قاشاجار يېزىسى
سارقۇبۇ يېزىسى
قاراسۇ يېزىسى
چاغان ئۇسۇ موڭغۇل يېزىسى

شات قىرغىز يېزىسى
خوسۇمتوخارسون موڭغۇل يېزىسى

**چاپچال شىبە ئاپتونوم ناھىيىسى**
چاپچال بازىرى
ئايشىنسىرى بازىرى
سۇنجاچىنىرۇ يېزىسى (بەشىسۇمۇل)
ناداچىنىرۇ (يەتتە سۇمۇل) يېزىسى
چاقۇچىنىرۇ (سەككىز سۇمۇل) يېزىسى
كان يېزىسى
قوغونچى يېزىسى
قاينۇق يېزىسى
جاغىستاي يېزىسى
چوڭ بۇغرا يېزىسى
مىلەگچۈەن خۇيزۇ يېزىسى

## تارباغاتاي ۋىلايىتى

**چۆچەك شەھىرى**
تېنچلىق مەھەللە ئىش باشقارمىسى
دۆبىك مەھەللە ئىش باشقارمىسى
يېڭىشەھەر مەھەللە ئىش باشقارمىسى
چۆچەك بازىرى
ئەرگۈڭ يېزىسى
ئېمىل يېزىسى
قاراقاباق يېزىسى
چاشا يېزىسى
ئاشلى داغۇر يېزىسى
ئابدىرا يېزىسى

**تولى ناھىيىسى**
تولى بازىرى
تۆمۈر تام بازىرى
ئوت بازىرى
دولاتى يېزىسى
ئاقبىلدىق يېزىسى
كۆپ يېزىسى
ئۆرشۈلت يېزىسى

**دۆربىلجىن ناھىيىسى**
دۆربىلجىن بازىرى
شەھەر ئەتراپى يېزىسى
شاڭخۇ يېزىسى
ئۇش قاراسۇ يېزىسى
قارائېمىل يېزىسى
جىلئاغاش يېزىسى
ئېمالغۇلىن موڭغۇل يېزىسى
مارالسۇ يېزىسى
گۆرتى يېزىسى
خوجىرتى موڭغۇل يېزىسى
كۆرە يېزىسى

**چاغانتوقاي ناھىيىسى**
قارا بۇرا بازىرى
قارابۇرا يېزىسى
جاڭاجەر يېزىسى
ئالتۇن ئېمىل يېزىسى
جىيەك يېزىسى
جىڭىس يېزىسى

**شىخۇ ناھىيىسى**
شىخۇ بازىرى
خاتۇبۇخ بازىرى
بەيياڭگۇ بازىرى
باشىسخۇ يېزىسى
جوجەنلۇ يېزىسى
خۇاڭگۇڭ يېزىسى
شىخۇ يېزىسى
چېپە يزە يېزىسى
شىداگۇ يېزىسى

گەنخوزا يېزىسى
خۇمالياڭ يېزىسى
چىگشور يېزىسى
جىرگىلتى گولىن مۇڭغۇل يېزىسى
تابلىخات موڭغۇل يېزىسى
جاخوزا يېزىسى

**ساۋەن ناھىيىسى**
سەندوخوزا بازىرى
دۇڭۇەن بازىرى
شىگوبى يېزىسى
باجاخۇ يېزىسى
ئۇلان ئۇس يېزىسى
قورغاس يېزىسى
داچۇەن يېزىسى
يەنسخەي يېزىسى
يۈەنشىگۇڭ يېزىسى
بورتۇڭگى يېزىسى
كونا ساۋەن يېزىسى
سىداۋخوزا يېزىسى
شاڭخۇدى يېزىسى
ليۇماۋۇەن يېزىسى

**قوبۇقسار موڭغۇل ئاپتونوم ناھىيىسى**
قوشتۇلغاي بازىرى
قوبۇقسار بازىرى
شازغەت يېزىسى
تېبكىن ئۇسان يېزىسى
چاغانكۆل يېزىسى
باين ئوبا يېزىسى
مۆتگې يېزىسى

## ئالتاي ۋىلايىتى

**ئالتاي شەھرى**
ئالتۇنتاغ يولى مەھەللە ئىش باشقارمىسى
ئازادلىق يولى مەھەللە ئىش باشقارمىسى
شياۋوزا كوچا مەھەللە ئىش باشقارمىسى
شەھەر ئەتراپى رايونى مەھەللە ئىش باشقارمىسى
بەيتۈن بازىرى
خۇڭدۆڭ يېزىسى
ئاۋبيتان يېزىسى
شەمرشەك يېزىسى
ئالاقاق يېزىسى
قاراشىلىك يېزىسى
سارخۇلسۇن يېزىسى
بالباغاي يېزىسى
شىرىكشي يېزىسى
خاندىغاتى موڭغۇل يېزىسى

**چىڭگىل ناھىيىسى**
چىڭگىل بازىرى
چاغانغول يېزىسى
سارتوقاي يېزىسى
ئارال يېزىسى
ئاغاش ئوبا يېزىسى
ئارالتۆبە يېزىسى
ئاقشوپا يېزىسى

**كۆكتوقاي ناھىيىسى**
قۇئېرتش بازىرى
كۆكتوقاي بازىرى
تۇرغۇن يېزىسى
قارا تۇڭگې يېزىسى
كۇرتى يېزىسى
قارا بۇلغىن يېزىسى
دۇرە يېزىسى
تېمكى يېزىسى

**جېمنەي ناھىيىسى**
توپتېرەك بازىرى

توپتېرەك يېزىسى
توست يېزىسى
شالشقاي يېزىسى
قارجاۋ يېزىسى
بەستېرەك يېزىسى

**بۇرۇلتوقاي ناھىيىسى**
بۇرۇلتوقاي بازىرى
چەت ئارال يېزىسى
كۆكتاغاش يېزىسى
شغانجىيدە يېزىسى
قارامغاي يېزىسى

**قابا ناھىيىسى**
ئاقچى بازىرى
سارتام يېزىسى
جايىلما يېزىسى
ساربۇلاق يېزىسى
تېرەكتى يېزىسى
كۆلباي يېزىسى
چىبار يېزىسى

**بۇرچىن ناھىيىسى**
بۇرچىن بازىرى
ئويماق يېزىسى
دۆۋلايتى يېزىسى
قوستىق يېزىسى
چوڭقۇر يېزىسى
ئېگىز تۆپە يېزىسى
قۇمقاناس موڭغۇل يېزىسى

**كۈيتۇن شەھىرى**

ئۈرۈمچى شەرقىي يولى مەھەللە ئىش باشقارمىسى
ئىتتىپاق يولى مەھەللە ئىش باشقارمىسى
بېيجىڭ غەربىي يولى مەھەللە ئىش باشقارمىسى
ئۈرۈمچى غەربىي يولى مەھەللە باشقارمىسى
پويىز ئىستانسىسى مەھەللە ئىش باشقارمىسى

## بورتالا موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى

**بورتالا شەھىرى**
چىندېل مەھەللە ئىش باشقارمىسى
گۆلۈمتو مەھەللە ئىش باشقارمىسى
كىرگىنزو مەھەللە ئىش باشقارمىسى
شويىڭپەن بازىرى
چىندېل يېزىسى
ئۇتبۇلاق يېزىسى
دالتۇ يېزىسى
بىلىن خارمودۇن يېزىسى

**جىڭ ناھىيىسى**
جىڭ بازىرى
داخېيەنزە بازىرى
ماندانبۇلاق يېزىسى
تولى يېزىسى
تودوگ يېزىسى

**ئارشاڭ ناھىيىسى**
بۆگدۆر بازىرى
خاربۇخ بازىرى
ئاڭگىلىڭ يېزىسى
چاغانتۆگچى يېزىسى

## سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستى

**سانجى شەھىرى**
كونا شەھەر مەھەللە ئىش باشقارمىسى

يەنئەن شىمالىي يولى مەھەللە ئىش باشقارمىسى
يەنئەن جەنۇبىي يولى مەھەللە ئىش باشقارمىسى
لۇخاڭگۇ مەھەللە ئىش باشقارمىسى
شەھەر ئەتراپى مەھەللە ئىش باشقارمىسى
سەنگۇڭ يېزىسى
ئەرلىيۇگۇڭ يېزىسى
يۇشۇگۇ يېزىسى
داشۇچۇي يېزىسى
دەنبا يېزىسى
بىڭخۇ يېزىسى
لىيۇگۇڭ يېزىسى
ئاشلى قازاق يېزىسى

**گۇچۇڭ ناھىيىسى**

گۇچۇڭ بازىرى
لوچتەي بازىرى
بەنجەگۇ يېزىسى
بىلۇخې يېزىسى
جىبكى يېزىسى
دۇڭگۇەن يېزىسى
شىدى يېزىسى
كارىز يېزىسى
ۋۇماچاڭ قازاق يېزىسى
گۇچۇڭ يېزىسى
شىبىيۇەن يېزىسى
چورىن قازاق يېزىسى
چىخۇ يېزىسى
سەنگجاڭزا يېزىسى

**فۇكاڭ ناھىيىسى**

فۇكاڭ بازىرى
گەنخىزا بازىرى
بازار يېزىسى
جۇيۇڭگەي يېزىسى
زىنىچۇەنزە يېزىسى
سەنگۇڭ قازاق يېزىسى
ئاققول قازاق يېزىسى

**مىچۇەن ناھىيىسى**

گۇمۇدى بازىرى
تىچاڭگۇ بازىرى
چاڭسەنزە يېزىسى
ياڭماۋگۇڭ يېزىسى
سەنداۋبا يېزىسى
بەيياڭخې قازاق يېزىسى

**جىمسار ناھىيىسى**

جىمسار بازىرى
سەنتەي بازىرى
ئەرگۇڭ يېزىسى
بېيتىڭ يېزىسى
لاۋتەي يېزىسى
چىڭياڭخۇ يېزىسى
شىندى يېزىسى
دايۇ يېزىسى
چۇەنزىگەي يېزىسى

**قۇتۇبى ناھىيىسى**

قۇتۇبى بازىرى
دافېڭ بازىرى
چۇرگۇل بازىرى
ئەرشىلىدەن يېزىسى
يۇەنخۇسۇن يېزىسى
ۋۇگۇڭتەي يېزىسى
تاشپەلەمپەي يېزىسى

**ماناس ناھىيىسى**

ماناس بازىرى

لوتۇيى بازىرى
تۇگۇلۈك يېزىسى
لەنجۇكۇ يېزىسى
گۇاڭدۇڭدى يېزىسى
لەنجۇۋەن يېزىسى
بېيۇۋچا يېزىسى
ليۇخۇدى يېزىسى
باۋجيادەن يېزىسى
چىندىخوزا قازاق يېزىسى
تاسىرقاي قازاق يېزىسى

**موري قازاق ئاپتونوم ناھىيىسى**
موري بازىرى
ئېگىنبۇلاق يېزىسى
شىجىر يېزىسى
دۆڭچېك يېزىسى
جوبېيسەن يېزىسى
شىنخۇ يېزىسى
چۆرىن يېزىسى
بەيياڭخې يېزىسى
چوقبار تاش يېزىسى
دانەنگۇ ئۆزبېك يېزىسى

## تۇرپان ۋىلايىتى

**تۇرپان شەھىرى**
كونا شەھەر يولى مەھەللە ئىش باشقارمىسى
ئىدىقۇت يولى مەھەللە ئىش باشقارمىسى
چىچان بازىرى
داخىيەن بازىرى
يار يېزىسى
ئايدىڭكۆل يېزىسى
ئاستانە يېزىسى
قارغوجا يېزىسى
چاتقال يېزىسى
سىڭگىم يېزىسى
ئۈزۈمچىلىك يېزىسى

**توقسۇن ناھىيىسى**
توقسۇن بازىرى
كۇمۇش بازىرى
كۆجەي بازىرى
توتەي يېزىسى
خېدۇك يېزىسى
يىلانلىق يېزىسى
بوستان يېزىسى

**پىچان ناھىيىسى**
پىچان بازىرى
لۇكچۇن بازىرى
پىچان پويىز ئىستانسىسى بازىرى
پىچان يېزىسى
دۆڭبازار خۇيزۇ يېزىسى
چىقتىم يېزىسى
لەمجىن يېزىسى
دالانكارىز يېزىسى
دىغار يېزىسى
تۇيوق يېزىسى

## قۇمۇل ۋىلايىتى

**قۇمۇل شەھىرى**
شەرقىي ئۆستەڭ رايونى مەھەللە ئىش باشقارمىسى
غەربىي ئۆستەڭ رايونى مەھەللە ئىش باشقارمىسى
يېڭىشەھەر رايونى مەھەللە ئىش باشقارمىسى
يامانسۇ بازىرى
يەتتە قۇدۇق بازىرى

تاشۋىلىق يېزىسى
شوپۇل يېزىسى
خوتۇنتام يېزىسى
ئۇلاتاي قازاق يېزىسى
قوشقۇدۇق يېزىسى
بۇلۇڭتوغراق يېزىسى
پالۋانتۇر يېزىسى
شەھەر ئىچى يېزىسى
راھەتباغ يېزىسى
بوغاز يېزىسى
ئاستانە يېزىسى
قارا دۆۋە يېزىسى
قويلۇق يېزىسى
يەتتە قۇدۇق يېزىسى
دەۋەلدۆرۈك يېزىسى
غەربىي تاغ يېزىسى
قوراي يېزىسى
تۆمۈرتى يېزىسى
ئاقتاش يېزىسى
ئېدىر يېزىسى
شەھەر ئەتراپى يېزىسى

**ئارا تۈرۈك ناھىيىسى**

ئارا تۈرۈك بازىرى
نوم يېزىسى
ئاداق يېزىسى
باي يېزىسى
تۇزكۆل يېزىسى
تۇخۇلۇ يېزىسى
نىرىنكىر قازاق يېزىسى

**باركۆل قازاق ئاپتونوم ناھىيىسى**

باركۆل بازىرى
بۇرچۇن بازىرى
سارچوقا يېزىسى
كۆلىياقا يېزىسى
شىيالوبا يېزىسى
داخې يېزىسى
كۇيسۇ يېزىسى
شىرىنزا يېزىسى
خۇايۇەن يېزىسى
سەنتاڭخۇ يېزىسى
چوڭ قۇلىنچەرى يېزىسى
باچاگزى يېزىسى

## باينغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى

**كورلا شەھىرى**

كورلا مەھەللە ئىش باشقارمىسى
تەڭرىتاغ مەھەللە ئىش باشقارمىسى
تاشدەن مەھەللە ئىش باشقارمىسى
يېڭىشەھەر مەھەللە ئىش باشقارمىسى
يېڭىشەھەر يېزىسى
تېكىچى يېزىسى
چارباغ يېزىسى
پۇخۇي يېزىسى
ئاۋات يېزىسى
توۋۇرچى يېزىسى
قوشئېرىق يېزىسى
قارا يۇلغۇن يېزىسى
لەڭگەر يېزىسى
شاڭخۇ يېزىسى

**خوشۇت ناھىيىسى**

تېۋىلغا بازىرى
ئۇشتاقتال خۇيزۇ يېزىسى
چۇقۇ يېزىسى
تاغارچى يېزىسى
سوخاتۇ يېزىسى
نەرىنكىر يېزىسى

**خېجىڭ ناھىيىسى**
خېجىڭ بازىرى
بالغۇنتاي بازىرى
نەمىندودۇن يېزىسى
شەلمىر بوخ يېزىسى
خارمودۇن يېزىسى
بارون خارمۇدۇن يېزىسى
كىر ئۈت يېزىسى
ئالغۇ يېزىسى
گۈلجېنئۈل يېزىسى
بايانغول يېزىسى
بايانئۇل يېزىسى
كۆگگۆسىنغول يېزىسى

**باغراش ناھىيىسى**
باغراش بازىرى
تابانجۆكىن يېزىسى
بۇمبۇت يېزىسى
ئۇلان جېكسىن يېزىسى
چاغانئۇر يېزىسى
چېكىننۇر يېزىسى
باغراش يېزىسى

**بۇگۇر ناھىيىسى**
بۇگۇر بازىرى
دادولان يېزىسى
قاراباغ يېزىسى
چۇمپاق يېزىسى
ئاقبۇلاق يېزىسى
يېڭىسار يېزىسى
چېدىر يېزىسى
ئەشمە يېزىسى
سوخۇ يېزىسى

**چەرچەن ناھىيىسى**
چەرچەن بازىرى
ئارال يېزىسى
چوڭكۆل يېزىسى
توغراقلىق يېزىسى
باغئېرىق يېزىسى
يېڭىئۆستەڭ يېزىسى
ئاق تىكەندۆڭ يېزىسى
قوشساتما يېزىسى
تاتىراڭ يېزىسى
ئاچچان يېزىسى
قورامىلىق يېزىسى
ئويىيايلاق يېزىسى

**چاقىلىق ناھىيىسى**
چاقىلىق بازىرى
يېتىمبۇلاق بازىرى
تىكەنلىك يېزىسى
ئۇتام يېزىسى
ۋاششەرى يېزىسى
تۆمۈرلۈك يېزىسى
چىمەنتاغ يېزىسى

**لوپنۇر ناھىيىسى**
لوپنۇر بازىرى
تارىم يېزىسى
ئاقسوپى يېزىسى
شىڭپىڭ يېزىسى
ئىتتىپاق يېزىسى
دۆڭقوتان يېزىسى
قارچۇغا يېزىسى

**يەنجى خۇيزۇ ئاپتونوم ناھىيىسى**
قاراشەھەر بازىرى
بېيداچۇي يېزىسى

ئۇخاۋچۇي يېزىسى
يۇڭنىڭ يېزىسى
دەنزىل يېزىسى
بورقاي يېزىسى
چاغانچېكە يېزىسى
شىگشىن يېزىسى

## ئاقسۇ ۋىلايىتى

**ئاقسۇ شەھىرى**
لەڭگەر مەھەللە ئىش باشقارمىسى
يېڭىبازار مەھەللە ئىش باشقارمىسى
قىزىلكۆۋرۈك كوچا مەھەللە ئىش باشقارمىسى
يېڭىشەھەر مەھەللە ئىش باشقارمىسى
ئىگەرچى يېزىسى
بەشتوگمەن يېزىسى
قاراتال بازىرى
توپلۇق يېزىسى
قۇمباش يېزىسى
ئايكۆل يېزىسى
توقاي يېزىسى

**شايار ناھىيىسى**
شايار بازىرى
گۈلباغ يېزىسى
تويبولدى يېزىسى
قىزىل بايىراق يېزىسى
يېڭىمەھەللە يېزىسى
قايلور يېزىسى
نۇرباغ يېزىسى
تارىم يېزىسى

**كۇچا ناھىيىسى**
كۇچا بازىرى
يېڭىشەھەر مەھەللە ئىش باشقارمىسى
رەستە مەھەللە ئىش باشقارمىسى
ساقساق مەھەللە ئىش باشقارمىسى
قىرتاش مەھەللە ئىش باشقارمىسى
ئۇچار يېزىسى
ئىشخىلا يېزىسى
ئۇچئۆستەڭ يېزىسى
ئالاقاغا يېزىسى
بېيشباغ يېزىسى
چىمەن يېزىسى
خانىقاتام يېزىسى
دۆڭقوتان يېزىسى
ياقا يېزىسى
ئاقئۆستەڭ يېزىسى
ئۇزۇن يېزىسى
ئاغى يېزىسى
يېڭىدەريا يېزىسى

**باي ناھىيىسى**
باي بازىرى
تېرەك بازىرى
قېيىر يېزىسى
قىزىل يېزىسى
سايرام يېزىسى
توقسۇن يېزىسى
ياتۇر يېزىسى
كانچى يېزىسى
بۇلۇڭ يېزىسى
مىچىخ يېزىسى
ئونباش يېزىسى
چوڭكۆۋرۈك يېزىسى
قاراباغ يېزىسى

**توقسۇ ناھىيىسى**
توقسۇ بازىرى
ئىچئېرىق يېزىسى

پەيشەنبە بازار يېزىسى
تاشئېرىق يېزىسى
شويۇلتۇز يېزىسى
دايۇلتۇز يەكشەنبە بازار يېزىسى
ئۈچقات يېزىسى

**ئاقسۇ كوناشەھەر ناھىيىسى**

ئاقسۇ كوناشەھەر بازىرى
توخۇلا يېزىسى
ئارال يېزىسى
چاغراق يېزىسى
تۇمشۇق يېزىسى
جام يېزىسى
ئىشلەمچى يېزىسى
قىزىل يېزىسى
گۈلئاۋات يېزىسى
بوزدۆڭ قىرغىز يېزىسى

**ئۈچتۇرپان ناھىيىسى**

ئۈچتۇرپان بازىرى
ئاقتوقاي يېزىسى
ياركۆۋرۈك يېزىسى
ئاچاتاغ يېزىسى
ئاقيار يېزىسى
ئىماملىرىم يېزىسى
يېڭىئاۋات يېزىسى
يامانسۇ قىرغىز يېزىسى
ئوتبېشى يېزىسى

**كەلپىن ناھىيىسى**

كەلپىن بازىرى
گەزلىك يېزىسى
يۇرچى يېزىسى
ئاچال يېزىسى

**ئاۋات ناھىيىسى**

ئاۋات بازىرى

ئايباغ يېزىسى
تامتوغراق يېزىسى
غورۇچۆل يېزىسى
بەشئېرىق يېزىسى
يېڭىئېرىق يېزىسى
دولان يېزىسى
باغتوغراق يېزىسى

## قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستى

**ئاتۇش شەھىرى**

سۇنتاغ يېزىسى
ئازاق يېزىسى
ئاغۇ يېزىسى
ئۈستۈنئاتۇش يېزىسى
كاتتايىلاق يېزىسى
تۈگۈرمەتى يېزىسى
قاراجول يېزىسى

**ئاقچى ناھىيىسى**

ئاقچى بازىرى
قۇلانساراق يېزىسى
ساپارباي يېزىسى
سومتاش يېزىسى
قاراچى يېزىسى
قارابۇلاق يېزىسى

**ئاقتۇ ناھىيىسى**

ئاقتو بازىرى
ئويتاغ بازىرى
ئۆزمە يېزىسى
پىلال يېزىسى
بارىن يېزىسى
قارا كېچىك يېزىسى
جامالتېرەك يېزىسى
مۇجى يېزىسى
بۇلۇڭكۆل يېزىسى

قىزىلتو يېزىسى
چارلۇق يېزىسى
كوسراپ يېزىسى
تارتاجىك يېزىسى

**ئۇلۇغچات ناھىيىسى**
ئۇلۇغچات بازىرى
كانسۇ بازىرى
ئۇلۇغچات يېزىسى
ئوقسالۇر يېزىسى
جىغىن يېزىسى
بۆرىتوقاي يېزىسى
قىزىلئۆي يېزىسى
تويۇن يېزىسى
تېرەك يېزىسى
بايقۇرۇت يېزىسى
بوستانتېرەك يېزىسى

## قەشقەر ۋىلايىتى

**قەشقەر شەھىرى**
چاسا مەھەللە ئىش باشقارمىسى
يارباغ مەھەللە ئىش باشقارمىسى
ئۆستەڭبويى مەھەللە ئىش باشقارمىسى
قۇمدەرۋازا مەھەللە ئىش باشقارمىسى
نەزەرباغ يېزىسى
شامالباغ يېزىسى
دۆلەتباغ يېزىسى

**مارالبېشى ناھىيىسى**
مارالبېشى بازىرى
سېرىقبۇيا بازىرى
ئاۋات بازىرى
ئاچال بازىرى
چارباغ يېزىسى

دۆلەتباغ يېزىسى
ئاناركۆل يېزىسى
شامال يېزىسى
ئاقساقمارال يېزىسى
ئالاغىر يېزىسى
چوڭقۇرچاق يېزىسى
يېڭىئۆستەڭ يېزىسى

**پەيزاۋات ناھىيىسى**
بارىن بازىرى
تېرىم يېزىسى
يېڭىمەھەللە يېزىسى
جامباز يېزىسى
غولتوغراق يېزىسى
قىزىلبويى يېزىسى
مىشا يېزىسى
شاپتۇل يېزىسى
قوشئاۋات يېزىسى
قىزىلسۇ يېزىسى
گۈللۈك يېزىسى
ئۆدەكلىك يېزىسى
شىكەركۆل بازىرى

**قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسى**
توققۇزاق بازىرى
ئوپال يېزىسى
تاشمىلىق يېزىسى
تېرىم يېزىسى
بۇلاقسۇ يېزىسى
سايباغ يېزىسى
زەمىن يېزىسى
ئوغۇساق يېزىسى
پاختەكلە يېزىسى
سەمەن يېزىسى
خاگدى يېزىسى

لەڭگەر يېزىسى
مۇش يېزىسى
قوغان يېزىسى
بەشكېرەم يېزىسى
ئاۋات يېزىسى
يېڭئۆستەڭ يېزىسى
ئاققاش يېزىسى

**قەشقەر يېڭشەھەر ناھىيىسى**
قەشقەر يېڭشەھەر بازىرى
خانئېرىق بازىرى
ياپچان بازىرى
بارىن يېزىسى
ياندۇرما يېزىسى
يامانيار يېزىسى
باغچى يېزىسى
تازغۇن يېزىسى
يېڭئېرىق يېزىسى
تاغارچى يېزىسى
ئەرمۇدۇن يېزىسى
قومۇشئېرىق يېزىسى
ئارال يېزىسى
هاراپ يېزىسى
يېڭئاۋات يېزىسى

**يوپۇرغا ناھىيىسى**
يوپۇرغا بازىرى
يوپۇرغا يېزىسى
سىيەك يېزىسى
يەكشەنبەبازار يېزىسى
ئەشمە يېزىسى
ئاچچىق يېزىسى
تېرىم يېزىسى
بايئاۋات يېزىسى

ئاخۇنلۇقوم يېزىسى

**يېڭىسار ناھىيىسى**
يېڭىسار بازىرى
شەھەر يېزىسى
چولپان يېزىسى
ماگشىن يېزىسى
ئۇچار يېزىسى
سۆگەت يېزىسى
توپلۇق يېزىسى
قىزىل يېزىسى
ئەگىس يېزىسى
لومپا يېزىسى
ساغان يېزىسى
يېڭيەر يېزىسى
سىيتلە يېزىسى
ئېگىز يەر يېزىسى

**مەكىت ناھىيىسى**
مەكىت بازىرى
بازار جەمى يېزىسى
شېيتدۆڭ يېزىسى
يانتاق يېزىسى
تۆمەنتال يېزىسى
قۇرما يېزىسى
غازكۆل يېزىسى
قىزىلئاۋات يېزىسى
قۇمقۇسار يېزىسى
ھاگغىتلىق يېزىسى

**يەكەن ناھىيىسى**
يەكەن بازىرى
ئېلىشقۇ بازىرى
خاگدى بازىرى

ئاۋات بازىرى
بەشكەنت بازىرى
ئېگەرچى بازىرى
گۈلباغ يېزىسى
ئارال يېزىسى
چارباغ يېزىسى
يېڭىئۆستەڭ يېزىسى
تومئۆستەڭ يېزىسى
ئودانلىق يېزىسى
ئارسلانباغ يېزىسى
چارەك بازىرى
زەرەپشات تاجىك يېزىسى
ياقا ئېرىق يېزىسى
ئىشقۇل يېزىسى
مشا يېزىسى
پەكىچى يېزىسى
تاغارچى يېزىسى
قوشئېرىق يېزىسى
دۆڭباغ يېزىسى
ئالامەت يېزىسى
ئازادباغ يېزىسى
باغئاۋات يېزىسى
قاراسۇ يېزىسى
قوشراپ يېزىسى
كاچۇڭ يېزىسى
دامىسى يېزىسى

**پوسكام ناھىيىسى**
پوسكام بازىرى
كۆيباغ بازىرى
پوسكام يېزىسى
يىما يېزىسى
گۈلباغ يېزىسى
سەيلى يېزىسى
ئىككىسۇ يېزىسى

تۇغچى يېزىسى
كۆيباغ يېزىسى
ئاقتام يېزىسى
ئايكۆل يېزىسى
بۇيلۇق تاجىك يېزىسى

**قاغىلىق ناھىيىسى**
قاغىلىق بازىرى
يېڭى بازار يولى مەھەللە ئىش باشقارمىسى
مەدەنىيەت يولى مەھەللە ئىش باشقارمىسى
ئازادلىق يولى مەھەللە ئىش باشقارمىسى
ماگىيا يولى مەھەللە ئىش باشقارمىسى
چارباغ بازىرى
ئۇششارباش بازىرى
لۇق يېزىسى
بەشئېرىق يېزىسى
تېتىر يېزىسى
چاسامچىت يېزىسى
تۆگىچى يېزىسى
جاڭگىلئەسكى يېزىسى
جايتېرەك يېزىسى
بارىن يېزىسى
غوجا ئېرىق يېزىسى
شاخاپ يېزىسى
يىلقىچى يېزىسى
چىپان يېزىسى
سايباغ يېزىسى
يېتىملىقۇم يېزىسى
زۇڭلاڭ يېزىسى
كۆكيار يېزىسى
شىخشۇ يېزىسى

**تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىسى**
تاشقورغان بازىرى
تاشقورغان يېزىسى

تاغارما يېزىسى
كۆكيار قىرغىز يېزىسى
تىزناپ يېزىسى
دەفتەر يېزىسى
مارياڭ يېزىسى
ۋەچە يېزىسى
بەلدىر يېزىسى
قوغۇشلۇق يېزىسى
بۇرۇمسال يېزىسى
داتۇڭ يېزىسى

## خوتەن ۋىلايىتى

### خوتەن شەھىرى

ناۋاغ مەھەللە ئىش باشقارمىسى
نۇرباغ كوچا مەھەللە ئىش باشقارمىسى
گۈلباغ مەھەللە ئىش باشقارمىسى
گۇچانباغ مەھەللە ئىش باشقارمىسى
لاسكۇي بازىرى
ئىلچى يېزىسى
شورباغ يېزىسى
گۇجانباغ يېزىسى

### خوتەن ناھىيىسى

باغچى بازىرى
لايقا يېزىسى
بۇزاق يېزىسى
تۇساللا يېزىسى
خانئېرىق يېزىسى
يېڭىئاۋات يېزىسى
يېڭىئېرىق يېزىسى
لاگرۇ يېزىسى
سېغىزكۆل يېزىسى
ئىسلامئاۋات يېزىسى
تەۋەككۇل يېزىسى

قاشتېشى يېزىسى

### گۇما ناھىيىسى

گۇما بازىرى
دۇۋا بازىرى
قوشتاغ يېزىسى
كۆكتېرەك يېزىسى
سانجۇ يېزىسى
مۇجى يېزىسى
موكويلا يېزىسى
زاڭگۇي يېزىسى
پىشنا يېزىسى
چودا يېزىسى
پىيالما يېزىسى
باشلەڭگەر يېزىسى
ناۋئابات تاجىك يېزىسى
كەڭقىر قىرغىز يېزىسى
كىلياڭ يېزىسى

### قاراقاش ناھىيىسى

قاراقاش بازىرى
توخۇلا يېزىسى
زاۋا يېزىسى
ئاقساراي يېزىسى
جاھانباغ يېزىسى
سايباغ يېزىسى
ئۇرچى يېزىسى
ماڭلاي يېزىسى
پۇرچاقچى يېزىسى
قويچى يېزىسى
كۇيا يېزىسى
ياۋا يېزىسى
قاراساي يېزىسى
تۇۋەت يېزىسى
يېڭىيەر يېزىسى

كاۋاك يېزىسى
تۆزلۇقئوتاق يېزىسى

**لوپ ناھىيىسى**

لوپ بازىرى
يۇرۇڭقاش بازىرى
جىيا يېزىسى
بۇيا يېزىسى
ناۋا يېزىسى
سامپۇل يېزىسى
چارباغ يېزىسى
ھاڭگىيا يېزىسى
دول يېزىسى
بەشتوغراق يېزىسى

**كېرىيە ناھىيىسى**

مۇغاللا بازىرى
شەنبەبازار بازىرى
جاي يېزىسى
كۆكيار يېزىسى
ئارال يېزىسى
ئارش يېزىسى
لەڭگەر يېزىسى
سىيەك يېزىسى

توغراغاز يېزىسى
قارقى يېزىسى
شىۋول يېزىسى
ئويتوغراق يېزىسى
ئاچچان يېزىسى
يېڭىباغ يېزىسى

**چىرا ناھىيىسى**

چىرا بازىرى
چىرا يېزىسى
گۇلاخما يېزىسى
دامىكو يېزىسى
چاقا يېزىسى
ئۇلۇغساي يېزىسى
نۇرى يېزىسى
بوستان يېزىسى

**نىيە ناھىيىسى**

نىيە بازىرى
نىيە يېزىسى
روقىيە يېزىسى
سالغوزەك يېزىسى
يېيىق يېزىسى
ئەندىر يېزىسى

## ئەبجەد ھېسابى ۋە ھەرپىنىڭ رەقەم بويىچە ئىپادىلىنىش جەدۋىلى

| رەت تەرتىپى | ئوقۇلۇشى | ھەرپ ۋە رەقەملەرنىڭ تەرتىپ بويىچە ئىپادىلىنىشى | | | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | | يېزىلىشى | ئوقۇلۇشى | سان قىممىتى | يېزىلىشى | ئوقۇلۇشى | سان قىممىتى | يېزىلىشى | ئوقۇلۇشى | سان قىممىتى | يېزىلىشى | ئوقۇلۇشى | سان قىممىتى |
| 1 | ئەبجەد | ا | ئېلىپ | 1 | ب | بە | 2 | ج | جىم | 3 | د | دال | 4 |
| 2 | ھاۋۋەز | ھ | ھې | 5 | و | ۋاۋ | 6 | ز | زە | 7 | | | |
| 3 | ھۇتتى | ح | ھە | 8 | ھ | توا | 9 | ى | يا | 10 | | | |
| 4 | كەلەمەن | ك | كاف | 20 | ل | لام | 30 | م | مىم | 40 | ن | نۇن | 50 |
| 5 | سەفەس | س | سىن | 60 | ع | ئەين | 70 | ف | فا | 80 | ع | سواد | 90 |
| 6 | قەرەشەت | ق | قاف | 100 | ر | رە | 200 | ش | شىن | 300 | ت | تە | 400 |
| 7 | سەخخەز | ح | سە | 500 | خ | خە | 600 | ذ | زال | 700 | | | |
| 8 | زەزەغ | ع | زات | 800 | ھ | زوا | 900 | غ | غەيىن | 1000 | | | |

## ئەبجەد ھېسابى بويىچە يىل ھېسابلاش جەدۋىلى

| ئاي ھەرپلىرى | ئاي نامى / كۆن سانى / ھىجرىيە يىللىرى | | ا | ھ | ج | ز | د | ب | و | د |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | يىل ھەرپلىرى | | ا | ھ | ج | ز | د | ب | و | د |
| | | | 1393 | 1394 | 1395 | 1396 | 1397 | 1398 | 1399 | 1400 |
| | | | 1401 | 1402 | 1403 | 1404 | 1405 | 1406 | 1407 | 1408 |
| | | | 1409 | 1410 | 1411 | 1412 | 1413 | 1414 | 1415 | 1416 |
| ز | مۇھەررەم | 30 | يەكشەنبە | سەيشەنبە | شەنبە | پەيشەنبە | چارشەنبە | دۈشەنبە | جۈمە | چارشەنبە |
| ب | سەپەر | 29 | سەيشەنبە | شەنبە | پەيشەنبە | دۈشەنبە | جۈمە | چارشەنبە | يەكشەنبە | جۈمە |
| ج | رەبىيەلئەۋۋەل | 30 | چارشەنبە | يەكشەنبە | جۈمە | سەيشەنبە | شەنبە | پەيشەنبە | چارشەنبە | دۈشەنبە |
| ھ | رەبىيەلئاخىر | 29 | جۈمە | سەيشەنبە | يەكشەنبە | پەيشەنبە | دۈشەنبە | شەنبە | چارشەنبە | دۈشەنبە |
| و | جامادىيەلئەۋۋەل | 30 | شەنبە | چارشەنبە | دۈشەنبە | جۈمە | سەيشەنبە | يەكشەنبە | پەيشەنبە | سەيشەنبە |
| ا | جامادىيەلئاخىر | 29 | دۈشەنبە | جۈمە | چارشەنبە | يەكشەنبە | پەيشەنبە | سەيشەنبە | شەنبە | پەيشەنبە |
| ب | رەجەپ | 30 | سەيشەنبە | شەنبە | پەيشەنبە | دۈشەنبە | جۈمە | چارشەنبە | يەكشەنبە | جۈمە |
| د | شەبان | 29 | پەيشەنبە | دۈشەنبە | شەنبە | چارشەنبە | يەكشەنبە | جۈمە | سەيشەنبە | يەكشەنبە |
| ھ | رامىزان | 30 | جۈمە | سەيشەنبە | يەكشەنبە | پەيشەنبە | دۈشەنبە | شەنبە | چارشەنبە | دۈشەنبە |
| ز | شەۋۋال | 29 | يەكشەنبە | پەيشەنبە | سەيشەنبە | شەنبە | چارشەنبە | دۈشەنبە | جۈمە | چارشەنبە |
| ا | زۇلقەدە | 30 | دۈشەنبە | جۈمە | چارشەنبە | يەكشەنبە | پەيشەنبە | سەيشەنبە | شەنبە | پەيشەنبە |
| ج | زۇلھەججە | 29 | چارشەنبە | يەكشەنبە | جۈمە | سەيشەنبە | شەنبە | پەيشەنبە | دۈشەنبە | شەنبە |

# ملادىيە، ھجرىيە، شەمسىيە ئايلىرى ۋە مەۋسۇملارنىڭ ئايلار بويىچە بۆلۈنۈشى بىلەن باشلىنىش ۋاقتى، مۆچەللەر جەدۋىلى

| ئاي رېتى | ملادىيە ئايلىرىنىڭ نامى ۋە كۈن سانى: ئاي نامى | كۈن سانى | ھجرىيە ئايلىرىنىڭ نامى ۋە كۈن سانى: ئاي نامى | كۈن سانى | شەمسىيە ئايلىرىنىڭ ئەرەبچە ۋە ئۇيغۇرچە نامى ۋە كۈن سانى: ئەرەبچە ئاي نامى | ئۇيغۇرچە ئاي نامى | كۈن سانى | شەمسىيە ئايلىرىنىڭ ملادىيە ھېسابى بويىچە باشلانغان، ئاخىرلاشقان ۋاقتى | مەۋسۇملەرنىڭ نامى ۋە ئايلار بويىچە بۆلۈنۈش تەرتىپى | | مەۋسۇملەرنىڭ ملادىيە ھېسابى بويىچە باشلىنىش ۋاقتى | مۆچەل يىللىرى ۋە ئۇنىڭ نامى |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1 | يانۋار | 31 | مۇھەررەم | 30 | ھەمەل | قوزا | 31 | 21-مارتتىن<br>21-ئاپرېلغىچە | قارا سوغۇق | قاپاقىيادى | 6-يانۋار<br>21-يانۋار | چاشقان |
| 2 | فېۋرال | 28<br>29 | سەپەر | 29 | سەۋر | ئۇي | 31 | 22-ئاپرېلدىن<br>21-مايغىچە | بىلش باھار | ئەگىز سۈيى | 4-فېۋرال<br>19-فېۋرال | ئۇي |
| 3 | مارت | 31 | رەبىيەلئەۋۋەل | 30 | جەۋزا | قوشكېزەك | 32 | 22-مايدىن<br>21-ئىيۇنغىچە | جانۋارلارنىڭ ئويغىنىشى | ئەتىيازلىق كۈن-تۈن تەڭلىكى | 4-مارت<br>21-مارت | يولۋاس |
| 4 | ئاپرېل | 30 | رەبىيەلئاخىر | 29 | سەرەتان | تىمساھ | 31 | 22-ئىيۇندىن<br>21-ئىيۇلغىچە | چوكانتال | قىزىلكوس | 5-ئاپرېل<br>20-ئاپرېل | توشقان |
| 5 | ماي | 31 | جامادىيەلئەۋۋەل | 30 | ئەسەد | يولۋاس | 31 | 22-ئىيۇلدىن<br>21-ئاۋغۇستقىچە | بىلش ياز | سەرەتان ئىسسىقى | 6-ماي<br>21-ماي | بېلىق |
| 6 | ئىيۇن | 30 | جامادىيەلئاخىر | 29 | سۈنبۈلە | بۇغدايپىشى | 31 | 22-ئاۋغۇستتىن<br>21-سېنتەبىرگىچە | ئورما ۋاقتى | يازلىق كۈن-تۈن توختىشى | 6-ئىيۇن<br>21-ئىيۇن | يىلان |
| 7 | ئىيۇل | 31 | رەجەپ | 30 | مىزان | تارازا | 30 | 22-سېنتەبىردىن<br>21-ئۆكتەبىرگىچە | بىلش تومۇز | تومۇز | 7-ئىيۇل<br>21-ئىيۇل | ئات |
| 8 | ئاۋغۇست | 31 | شەبان | 29 | ئەقرەب | چايان | 30 | 22-ئۆكتەبىردىن<br>21-نويابىرغىچە | باش كۈز | كۈزگى تېرىم | 7-ئاۋغۇست<br>22-ئاۋغۇست | قوي |
| 9 | سېنتەبىر | 30 | رامىزان | 30 | قەۋس | ياچاق | 29 | 22-نويابىردىن<br>21-دېكابىرغىچە | ئاق شەبنەم | كۈزلۈك كۈن-تۈن تەڭلىكى | 7-سېنتەبىر<br>22-سېنتەبىر | مايمۇن |
| 10 | ئۆكتەبىر | 31 | شەۋۋال | 29 | جەدىي | ئوغلاق | 29 | 22-دېكابىردىن<br>21-يانۋارغىچە | سوغۇق شەبنەم | قىراۋ چۈشۈكى | 8-ئۆكتەبىردىن<br>23-ئۆكتەبىرگىچە | توخو |
| 11 | نويابىر | 30 | زۇلقەدە | 30 | دەلۋە | سوغا | 30 | 22-يانۋاردىن<br>21-فېۋرالغىچە | بىلش قىش | سېرىق قار | 7-نويابىر<br>22-نويابىر | ئىت |
| 12 | دېكابىر | 31 | زۇلھەججە | 29 | ھوت | بېلىق | 30 | 22-فېۋرالدىن<br>21-مارتقىچە | ئاق قار | قىشلىق كۈن-تۈن تەڭلىكى | 6-دېكابىر<br>21-دېكابىر | توڭگۇز |

# ئۆلچەم بىرلىكلىرى

## 1. مېتىر سىستېمىسىدىكى ئۆلچەم بىرلىكلىرى

### ئۇزۇنلۇق

| سانتىمېتىر ($cm$) | مىللىمېتىر ($mm$) | دېتسىمىللىمېتىر ($dmm$) | سانتىمىللىمېتىر ($cmm$) | مىكرون ($\mu$) | نامى (بەلگىسى) |
|---|---|---|---|---|---|
| $10mm$ | $10dmm$ | $10cmm$ | $10\mu$ | | تەڭلىك مىقدارى |

| كىلومېتىر ($km$) | گېكتومېتىر ($hm$) | دېكامېتىر ($dam$) | مېتىر ($m$) | دېتسىمېتىر ($dm$) | نامى (بەلگىسى) |
|---|---|---|---|---|---|
| $1000m$ | $100m$ | $10m$ | $10dm$ | $10cm$ | تەڭلىك مىقدارى |

### يۈز

| كۋادرات كىلومېتىر | كۋادرات مېتىر | كۋادرات سانتىمېتىر | كۋادرات مىللىمېتىر | نامى |
|---|---|---|---|---|
| 1000000 كۋادرات مېتىر | 10000 كۋادرات سانتىمېتىر | 100 كۋادرات مىللىمېتىر | | تەڭلىك مىقدارى |

### مەيدان

| كۋادرات كىلومېتىر | گېكتار | ئار | كۋادرات مېتىر | نامى |
|---|---|---|---|---|
| 100 گېكتار | 100 ئار | 100 كۋادرات مېتىر | | تەڭلىك مىقدارى |

### ھەجىم

| نامى | كۇب مىللىمېتىر | كۇب سانتىمېتىر | كۇب دېتسىمېتىر | كۇب مېتىر |
|---|---|---|---|---|
| تەڭلىك مقدارى | | 1 000<br>كۇب مىللىمېتىر | 1 000<br>كۇب سانتىمېتىر | 1 000<br>كۇب دېتسىمېتىر |

### سىغىم

| نامى | مىللىلىتىر | سانتىلىتىر | دېتسىلىتىر | لىتىر | دېكالىتىر | گېكتولىتىر | كىلولىتىر |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| تەڭلىك<br>مقدارى | | 10<br>مىللىلىتىر | 10<br>سانتىلىتىر | 10<br>دېتسىلىتىر | 10<br>لىتىر | 100<br>لىتىر | 10000<br>لىتىر |

### ئېغىرلىق

| نامى | مىللىگرام | سانتىگرام | دېتسىگرام | گرام | دېكا-<br>گرام | گېكتو-<br>گرام | كىلو-<br>گرام | سېنتنېر | توننا |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| تەڭلىك<br>مقدارى | | 10<br>مىللىگرام | 10<br>سانتىگرام | 10<br>دېتسىگرام | 10<br>گرام | 100<br>گرام | 1000<br>گرام | 100<br>كىلوگرام | 1000<br>كىلوگرام |

## 2. يەرلىك سىستېمىدىكى ئۆلچەم بىرلىكلىرى

### ئۇزۇنلۇق

| نامى | خاۋ | لى | پۇڭ | سۇڭ | چى | جاڭ | يول |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| تەڭلىك مقدارى | | 10<br>خاۋ | 10<br>لى | 10<br>پۇڭ | 10<br>سۇڭ | 10<br>چى | 150<br>جاڭ |

### يۈز

| نامى | كۋادرات خاۋ | كۋادرات لى | كۋادرات پۇڭ | كۋادرات سۇڭ | كۋادرات چى | كۋادرات جاڭ | كۋادرات يول |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| تەڭلك مقدارى | | 100 كۋادرات خاۋ | 100 كۋادرات لى | 100 كۋادرات پۇڭ | 100 كۋادرات سۇڭ | 100 كۋادرات چى | 22500 كۋادرات جاڭ |

### مەيدان

| نامى | خاۋ | لى | پۇڭ | مو | چڭ |
|---|---|---|---|---|---|
| تەڭلك مقدارى | | 10 خاۋ | 10 لى | 10 پۇڭ | 100 مو |

### ئېغرلق

| نامى | سى | خاۋ | لى | پۇڭ | مسقال | سەر | جڭ | دەن |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| تەڭلك مقدارى | | 10 سى | 10 خاۋ | 10 لى | 10 پۇڭ | 10 مسقال | 10 سەر | 100 جڭ |

### سغم

| نامى | چمدم | قوشۇق | ئوچۇم | شڭ | كۇره | دادەن |
|---|---|---|---|---|---|---|
| تەڭلك مقدارى | | 10 چمدم | 10 قوشۇق | 10 ئوچۇم | 10 شڭ | 10 كۇره |

## 3. ئۆلچەم برلكلرنڭ سپلشتۇرمسى

### ئۇزۇنلۇق سپلشتۇرمسى

1 كلومېتر = 2 يول = 0.621 ئنگلزملى = 0.540 دېڭز ملى
1 مېتر = 3 چى = 3.281 فۇت

| |
|---|
| 1 يول = 0.500 كىلومېتىر = 0.311 ئىنگلىزمىلى = 0.270 دېڭىز مىلى<br>1 چى = 0.333 مېتىر = 1.094فۇت |

| |
|---|
| 1 ئىنگلىزمىلى = 1.609 كىلومېتىر = 3.219 يول =0.868 دېڭىز مىلى<br>1 فۇت=0.305 مېتىر = 0.914 چى |

| |
|---|
| 1 دېڭىزمىلى = 1.852 كىلومېتىر = 3.704 يول = 1.150 ئىنگلىزمىلى |

## يۈز سىلىشتۇرمىسى

| |
|---|
| 1 گېكتار = 15 مو = 2.47 ئىنگلىز موسى |

| |
|---|
| 1 مو=6.667 ئار = 0.164 ئىنگلىز موسى |

| |
|---|
| 1 ئىنگلىز موسى = 0.405 گېكتار = 6.070 مو |

## ئېغىرلىق سىلىشتۇرمىسى

| |
|---|
| 1 كىلوگرام = 2 جىڭ = 2.205 قاداق |

| |
|---|
| 1 جىڭ = 0.500 كىلوگرام = 1.1025 قاداق |

| |
|---|
| 1 قاداق = 0.454 كىلوگرام = 0.907 جىڭ |

## سىغىم سىلىشتۇرمىسى

| |
|---|
| 1 لىتىر = 1 شىڭ = 0.220 گاللون |

| |
|---|
| 1 گاللون = 4.546 لىتىر = 4.546 شىڭ |

مەسئۇل مۇھەررىرلەر: **ئابلىز ياقۇپ، غەنىزات غەيۇرانى**
كوررېكتورلار: **ئابلىز ئەمەت، ئەلانۇر ئىمىن**
كومپيوتېردا خەت كىرگۈزگۈچى: **رەيھان ھامۇت**

# ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى

**(6)**

تۈزگۈچىلەر: **ئابلىز ياقۇپ، غەنىزات غەيۇرانى، ھەمدۇللا ئابدۇراخمان، ئىسمائىل قادىر، پەرھات نۇر، ئابلىز ئەمەت، ئەسقەر ئابدۇقادىر، ئابدۇزاھىر تاھىر، ئابلىكىم رېھىمجان**

نەشر قىلغۇچى ۋە تارقاتقۇچى: مىللەتلەر نەشرىياتى
شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر تىل-يېزىق خىزمىتى كومىتېتى
لۇغەت بۆلۈمىدە تىزىلدى.

ساتقۇچى: جايلاردىكى شىنخۇا كىتابخانىلىرى
1999-يىلى 1-ئايدا 1-قېتىم نەشر قىلىندى
1999-يىلى 1-ئايدا بېيجىڭدا 1-قېتىم بېسىلدى
تىراژى: 3000
باھاسى: 60.00 يۈەن

**图书在版编目(CIP)数据**

维吾尔语详解辞典 (6)阿布利孜等编。北京:民族出版社,1998.9

ISBN 7-105-03227-8

Ⅰ.维… Ⅱ.阿… Ⅲ.维吾尔语(中国少数民族语言)—词典Ⅳ.H215.6

中国版本图书馆CIP数据核字(98)第25320号

阿布利孜·牙库甫,艾尼扎提·艾尤拉尼,海木都拉·阿布都热合满,司马义·卡德尔,帕力哈提·努尔,阿布利孜·艾买提,艾斯哈尔·阿布都哈地尔,阿不都扎伊尔·塔伊尔,阿布力克木·热依木 编

责任编辑:阿布力孜·牙库甫
艾尼扎提·艾尤拉尼

责任校对:阿布利孜·艾买提
阿拉努尔·伊明

计算机录入员:热依汗·哈木提

民族出版社出版发行
(北京市和平里北街14号 邮编100013)
新疆维吾尔自治区民族语言文字工作委员会辞书微机室照排
民族印刷厂印刷
各地新华书店经销
1999年1月北京第1版 1999年1月北京第1次印刷
开本:787×1092毫米 1/16 印张:57
印数:0001—3000册 定价:60.00元